# 2003

# شىنجاڭ يىلنامىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى




خەرىتە تەكشۈرگۈچى: ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسى   خەرىتە نومۇرى: 067 (2003) 5 ش (تۈزىتىلگەن)



شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى
قازاقىستان
قىرغىزىستان
تاجىكىستان
پاكىستان
دۆستلۇق پورتى
خورغاس
قالجات
ئالمۇتا
بىشكەك
تەڭرىتاغ
ئىسسىقكۆل
تاشكۆمۈر
تورۇغات
ئەركەشتام
ئاقسۇ ۋىلايىتى
تارىم قۇمسانلىقى
تەكلىماكان چۆلى
خوتەن ۋىلايىتى
پامىر
كەشمىر
نىيە
كېرىيە
رايونى

# شىنجاڭ يىلنامىسى

# 2003

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

مۇدىر: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇئاۋىن مۇدىرلار: نۇرلان ئەبىلمەجىن، مەمتىمىن زاكىر، سەرجە، فېڭ داجېن، لى شىنگۇاڭ، ۋاڭ چۇڭجيۇ، سۇي شۇجيې (مەخسۇس)، ۋۇ شىڭدۇ (مەخسۇس)، سابىر ئەلى (مەخسۇس)

ئەزالار: لى يى، تۇرسۇن ئىبراھىم، ۋاڭ ۋېي، جيۇ چيەن، ما چىن، ليۇ يەنلياڭ، لى شۇجۇن، ھاپىز نىياز، چېن تۇڭۋېي، زۇنۇن قۇتلۇق، مۇھەممەت ئەلى، ليۇ چاڭمىڭ، خې فۇلىن، چيۇ يۈەنياۋ، لى زېشيەن، لى ۋېيچىڭ، مياۋ پۇشېڭ، خۇاڭ يۈەنسەي

# «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2003) نىڭ مۇھەررىرلىرى

باش مۇھەررىر: ۋۇ شىڭدۇ

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: خۇاڭ جيەنئەن

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ليۇ بىڭ، ۋۇ پېييۈن، جاڭ خۇي

# شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى

تەھرىرات باشلىقى: خۇاڭ جيەنئەن

مۇئاۋىن تەھرىرات باشلىقى: ليۇ بىڭ

مۇھەررىرلەر: ۋۇ پېييۈن، جاڭ خۇي

خىزمەتچى خادىملار: يەن جۇتىڭ، جاڭ ۋېي، ليۇ لېي



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، جۇڭگو باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋېي جيەنشىڭ 2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: ۋېي جيەنشىڭ ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرلىرىنى قوبۇل قىلماقتا.

سۇڭ جۈن فوتوسى




ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زوڭلىسى ۋۇ باڭگو 2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: ۋۇ باڭگو ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد ـ سودا يەرمەنكىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا لېنتا كەسمەكتە.

لى باڭ فوتوسى



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ چۇنيۇن 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: جياڭ چۇنيۇن قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

سۇڭ جۇن فوتوسى



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، دۆلەت كومىسسارى ۋۇ يى 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: ۋۇ يى ئالتاي ۋىلايىتىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ياۋ شىنشېڭ فوتوسى



ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ج ك پ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. سۈرەتتە: ۋاڭ لېچۈەن ئاخبارات ۋاستىلىرى مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلماقتا.

لى ياڭ فوتوسى




ئاپتونوم رايون پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبى پارتىيىگە تەلپۈنىدۇ» ناملىق كاتتا تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

فەن خاۋ فوتوسى



2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «شىنجاڭ مەنزىرىسى سەپىرى» تۇنجى نۆۋەتلىك ساياھەت بايرىمى باشلاندى.

جاۋ جۈنئەن فوتوسى



ئۈرۈمچى يىپەك يولى خەلقئارا كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ زىننەت بايرىمى 2002 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ ئەھۋالى.

جاۋ جۈنئەن فوتوسى




جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مۇھاكىمە يىغىنى 2002 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى ھەمدە ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ئەرەبچە 4 خىل تىلدىكى CD ، VCD ، DVD پىلاستىنكىلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقىتىلدى.

غەيرەت فوتوسى



2002 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى تارىم ئېغىتلىكى، شىنجاڭ كورلا، شەنشىنىڭ يەنچۈەندىكى سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك، جياڭسۇنىڭ ۋۇشى يېڭى رايونى ۋە شاڭخەينىڭ بەيخې بازىرىدىن ئىبارەت 5 قۇرۇلۇش ئورنىدا بىرلا ۋاقىتتا باشلاندى. شىنجاڭ بۆلىكى بۇگۇردىن باشلىنىدۇ، ئۇ بۇگۇر، كورلا، باغراش، خوشۇت، توقسۇن، تۇرپان، قۇمۇلدىن ئىبارەت 7 ناھىيە ـ شەھەردىن ئۆتىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 940 كىلومېتىر. سۈرەتتە: شىنجاڭ بۆلىكىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش ئىش ئورنى.

جاۋ جۈنئەن فوتوسى



2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى دۆلەتنىڭ 8 ـ بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش، غەربنى كەڭ ئېچىشتىكى 10 چوڭ قۇرۇلۇشنىڭ بىرى بولغان ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ يېڭى بىناسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

فەن خاۋ فوتوسى



2002 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ يىللىق خام نېفىت مەھسۇلاتى 10 مىليون توننىدىن ئېشىپ، جۇڭگونىڭ غەربىدىكى تۇنجى 10 مىليون تونىنا دەرىجىلىك چوڭ نېفىتلىك بولۇپ قالدى. سۈرەتتە: قارامايدىكى ھەرمىللەت خەلقى كاتتا تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزمەكتە.

سالڭ شىنجياڭ فوتوسى



2002 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئوتتۇرا تارىم 1 ـ قۇدۇقتىن چەرچەنگىچە بولغان قۇملۇق تاشيولى ئۇتۇپ قاتناش باشلاندى.

لى گەنجىڭ فوتوسى

# تەھرىر ئىلاۋىسى

1. «شىنجاڭ يىلنامىسى» يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامە بولۇپ، 1985 ـ يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنىپ كەلدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسەت، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاساسىي قىياپىتى ۋە ئاساسىي ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئېنىق تونۇشتۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا بارلىق ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

2. «2003، شىنجاڭ يىلنامىسى» جەمئىي 39 قىسىمغا ئايرىلدى: (1) ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار؛ (2) شىنجاڭنى ئېچىش؛ (3) پارتىيە؛ (4) ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش؛ (5) جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە؛ (6) ئاممىۋى تەشكىلاتلار؛ (7) تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار؛ (8) ھەربىي ئىشلار؛ (9) ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك؛ (10) مالىيە، باج؛ (11) بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە؛ (12) يېزا ئىگىلىكى؛ (13) سانائەت؛ (14) ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك؛ (15) قاتناش، ئالاقە؛ (16) شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى؛ (17) مۇھىت ئاسراش؛ (18) ساياھەتچىلىك؛ (19) سودا؛ (20) زېمىن بايلىقى؛ (21) يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە؛ (22) پەن ـ تېخنىكا؛ (23) مائارىپ؛ (24) مەدەنىيەت؛ (25) مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق؛ (26) رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە؛ (27) سەھىيە، تىببىي دورىگەرلىك؛ (28) تەنتەربىيە؛ (29) مىللەت، دىن؛ (30) نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت؛ (31) ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى؛ (32) ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت؛ (33) مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى؛ (34) ئىجتىمائىي تۇرمۇش؛ (35) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى؛ (36) شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى؛ (37) شەخسلەر؛ (38) يەرلىك نىزاملار؛ (39) قوشۇمچە.

«2003، شىنجاڭ يىلنامىسى» قىسىملار بىرلىك قىلىنىپ، تارماق ۋە ماقالىلەردىن تەركىب تاپتى، ماقالىلەرنىڭ ماۋزۇسى قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى.

3. «2003، شىنجاڭ يىلنامىسى» — «شىنجاڭ يىلنامىسى» نەشر قىلىنغاندىن بۇيانقى 19 ـ توم، ئۇنىڭدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2002 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ھەر قايسى ساھە ۋە كەسىپلەردە غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدەك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى تېزلىتىش، ئىشىكنى سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن يېڭى تەرەققىيات، يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، يېڭى تەجرىبىلىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بايان قىلىندى. «2003، شىنجاڭ يىلنامىسى»دا ئەسلىدىكى «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى» دېگەن سەھىپە «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى» دېگەن قىسىمغا ئۆزگەرتىلدى.

4. «2003، شىنجاڭ يىلنامىسى»گە كىرگۈزۈلگەن خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللاردا ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى ۋە جايلاردىكى ستاتىستىكا ئىدارىلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى ئاساس قىلىندى. ئوخشاش بولمىغان ئايرىم جايلاردا ستاتىستىكىلىق مەلۇماتنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەندىن باشقىلىرى ستاتىستىكىلىق ئاخبارات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى تۈزىتىلگەن سان.

5. «2003، شىنجاڭ يىلنامىسى»گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەردىكى «مىللىي» سۆزى ئادەتتە خەنزۇدىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇيغۇرچە يىلنامىگە كىرگۈزۈلگەن شەخسلەردىن ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلانمىدى، باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ نامى، ئادەتتە، تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا تولۇق ئاتالدى، باشقا جايلاردا ئادەتلەنگىنى بويىچە قىسقارتىپ ئېلىنىدى.

6. «2003، شىنجاڭ يىلنامىسى»گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلار، ئورۇنلار، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر كۆرسەتكەن ماقالە يازغۇچىلار (ئۇيۇشتۇرغۇچىلار) مۇناسىۋەتلىك خادىملار ياكى كەسپىي خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تەييارلىغان. بارلىق ماتېرىيال، سانلىق مەلۇماتلار نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن.

# 《新疆年鉴(2003)》维吾尔文版
# 编　译　人　员

主　　审:沙比尔·艾力

副 主 审:阿不都肉甫·艾力

责任编辑:加米拉·阿不拉、阿不都热依木·亚库甫

编译人员:(姓氏以维吾尔文字母为序)

阿不都热依木·亚库甫、阿不力孜·鄂尔浑、阿不里米提·亚库甫、阿不都赛买提·吐尔地、艾合买提·肉孜、艾合买提·依明阿吉·菊拜日、贝丽克孜·穆罕穆德、甫拉提·依米提、吐尔逊阿依·多莱提、加米拉·阿不拉、霍加阿合买提·优努斯、克热木·玉素甫、玛尔旦·艾合买提、玛尔哈巴·夏吾东、买买提明·阿西木、买买提·艾山、努尔穆罕穆德·多莱提、努尔尼沙·木克依提、吾买尔·帕祖力、吾买尔·玛木提、斯拉木·玉赛音

封面设计:穆拉丁·阿比提

责任校对:加米拉·阿不拉、贝丽克孜·穆罕穆德、玛尔哈巴·夏吾东

# مۇندەرىجە

## ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 1
پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ........ 25
2002 - يىلدىكى چوڭ ئىشلار ........ 27


## شىنجاڭنى ئېچىش


شىنجاڭدا غەربىي كەڭ ئېچىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ........ 47
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈشكە دائىر بىر قانچە سىياسەت - بەلگىلىمىلىرىنى يولغا قويۇشنىڭ قائىدىسى ........ 53
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشتا، باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى ........ 59
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەبلەغ سېلىش يۇمشاق مۇھىتىنى ياخشىلاشقا ئالاقىدار بىر قانچە بەلگىلىمىسى ........ 62
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشتىكى يەر ئىشلىتىش ۋە قېزىلما بايلىق ئېتىبار سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇش پىكرى ........ 69


## پارتىيە


ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........ 73
ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ........ 100
گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ........ 106
دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ........ 107
دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ........ 108
دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ........ 108
دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ........ 109
3 - سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ........ 110

## ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش


ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ........................ 111
ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ........................ 120
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ........................ 143


## جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە


جامائەت خەۋپسىزلىكى ........................ 151
تەپتىشلىك ........................ 157
سوت ........................ 160
ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ........................ 165


## ئاممىۋى تەشكىلاتلار


ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ........................ 172
جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ........................ 176
ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ........................ 185
ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ........................ 196


## تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار


تاشقى ئىشلار ........................ 200
مۇھاجىرلار ئىشلىرى ........................ 208
شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار ........................ 209


## ھەربىي ئىشلار


شىنجاڭ ھەربىي رايونى ........................ 215

هاۋا گارمىيىسى ........ 237
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ........ 244
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ........ 244
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى ........ 250
شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ........ 253
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى ........ 255
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى ........ 258
قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 ـ باش ئەترىتى ........ 260
خەلق هاۋا مۇداپىئەسى ........ 261


## ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك


ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ........ 263
ئىقتىساد ـ تېخنىكا هەمكارلىقى ........ 285
ستاتىستىكا ........ 294
ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ........ 295
باها خىزمىتى ........ 298
سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ........ 300
سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ........ 308
پورت خىزمىتى ........ 320
تاموژنا ........ 324
چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ـ چىقىرىلغان نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ........ 326


## مالىيە، باج


مالىيە ........ 331
يەرلىك باج ........ 333
دۆلەت بېجى ........ 335


## بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە


بانكا ........ 338
خەلق بانكىسى ........ 338
يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى ........ 342

تەرەققىيات بانكىسى ........ 343
سودا ـ سانائەت بانكىسى ........ 344
يېزا ئىگىلىك بانكىسى ........ 346
جۇڭگو بانكىسى ........ 348
قۇرۇلۇش بانكىسى ........ 351
قاتناش بانكىسى ........ 353
سۇغۇرتا ........ 355
جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ........ 355
جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى ........ 356
جۇڭگو بىرلەشمە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى ........ 356
جۇڭگو تىنچ ئوكيان مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى ........ 357
جۇڭگو تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ........ 357
جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ........ 357
يۈڭئەن مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ........ 358
شىنخۇا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ........ 358
ئاكسىيە ........ 358

## يېزا ئىگىلىكى

ئومۇمىي بايان ........ 364
تېرىقچىلىق ........ 384
چارۋىچىلىق ........ 386
ئورمانچىلىق ........ 400
دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ........ 407
سۇچىلىق ........ 412
يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ........ 421
بېلىقچىلىق ........ 423
نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش ........ 425

## سانائەت

ئومۇمىي بايان ........ 431
نېفىت سانائىتى ........ 431
شىنجاڭ نېفىتلىكى ........ 431
تارىم نېفىتلىكى ........ 437

تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ...... 440
جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى شىنشىلاڭ شىركىتى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى (ئىدارىسى) ...... 445
ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى ...... 448
جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى ...... 449
كۆمۈر سانائىتى ...... 450
ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتى ...... 454
پولات - تۆمۈر سانائىتى ...... 460
رەڭلىك مېتال سانائىتى ...... 462
ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى ...... 463
بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى ...... 469
خىمىيە سانائىتى ...... 473
يېنىك سانائەت ...... 475
توقۇمىچىلىق سانائىتى ...... 477
تاماكىچىلىق ...... 479

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك

يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك ...... 481

## قاتناش، ئالاقە

تۆمۈريول ...... 489
تاشيول ...... 495
خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ...... 501
پوچتا ...... 506
تېلېگراف ...... 510

## شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

شەھەر قۇرۇلۇشى ...... 515
كەنت - بازار قۇرۇلۇشى ...... 519
ئۆي - زېمىن كەسپى ...... 520
بىناكارلىق ...... 522

## مۇھىت ئاسراش

مۇھىت باشقۇرۇش ........ 534
تەبىئىي ئېكولوگىيىنى قوغداش ........ 537
مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە پەن - تېخنىكا ........ 538
مۇھىتنى تۈزەش ........ 543

## ساياھەتچىلىك

ئومۇمىي بايان ........ 547
چېگرىدىن كىرىش ساياھەتچىلىكى ئەھۋالى ........ 547
ئىچكى ساياھەتچىلىك ئەھۋالى ........ 548
ساياھەت بايرىمى پائالىيىتى ........ 550
ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش ........ 550
ساياھەت رايونى (نۇقتىسى) ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ........ 551

## سودا

دۆلەت سودىسى ........ 557
تەمىنات سودا كوپېراتىپى سودىسى ........ 561
ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش ........ 563
تاشقى ئىقتىساد - سودا ........ 566

## زېمىن بايلىقى

زېمىن باشقۇرۇش ........ 571
كانچىلىقنى باشقۇرۇش ........ 574
گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ........ 575
كارتوگرافىيە ........ 580

## يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە

يەر تەۋرەش ........ 588
مېتېئورولوگىيە ........ 596

## پەن - تېخنىكا

شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ........ 613
پەن - تېخنىكا پىلانى ........ 616
نەتىجە ۋە پاتېنت ........ 631
پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش - كېڭەيتىش ........ 644
پەن - تېخنىكا خىزمىتى ........ 659
تەبىئىي پەن ........ 674
ئېكولوگىيە، بايلىق ........ 674
فىزىكا ........ 681
ئاسترونومىيە ........ 683
دېھقانچىلىق ........ 684
چارۋىچىلىق ........ 693
ئورمانچىلىق ........ 694
ئىجتىمائىي پەن ........ 696

## مائارىپ

مائارىپ خىزمىتى ........ 716
ئاساس مائارىپى ........ 724
كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى ........ 728
ئالىي مائارىپ ........ 732
مىللىي مائارىپ ........ 736
كادىر باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتى ........ 737

## مەدەنىيەت

ئەدەبىيات - سەنئەت ........ 739
ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ........ 746
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ........ 751
مەدەنىيەت بازىرى ........ 757
تارىخ، تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالى ........ 759
ئارخىپچىلىق ........ 766

## مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق

ئومۇمىي بايان ........ 769
مەتبۇئاتچىلىق ........ 776
نەشرىياتچىلىق ........ 780

## رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 783
كىنو فىلىم ئىشلەش ئەھۋالى ........ 789
رادىئو دراممىسى ئىشلەش ئەھۋالى ........ 790
كىنو فىلىملىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئەھۋالى ........ 791

## سەھىيە، تىببىي دورىگەرلىك

سەھىيە ........ 797
تىببىي دورىگەرلىك ........ 807

## تەنتەربىيە

تەنتەربىيە خىزمىتى ........ 813
ماھارەت تەنتەربىيىسى ........ 815
ئاممىۋى تەنتەربىيە ........ 824
تەنتەربىيە كەسپى ........ 830

## مىللەت، دىن

مىللەتلەر ئىشلىرى ........ 832
مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى ........ 840
دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........ 846

## نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت

نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ........ 852
نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىنىڭ خىراجەت سېلىنمىسى ........ 854
سىتىپما بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتى ........ 856

## ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى

ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە شتات باشقۇرۇش ........ 857
كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتى ........ 860

## ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت

ئىجتىمائىي كاپالەت ........ 867
ئەمگەك ئىشلىرى ........ 870
ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى ........ 874

## مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 876
پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى ........ 878

## ئىجتىمائىي تۇرمۇش

ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئەھۋالى ........ 881
ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ........ 894
پاراۋانلىق ئىشلىرى ........ 897
مېيىپلار ئىشلىرى ........ 901
قىزىل كرېست جەمئىيىتى خىزمىتى ........ 904
ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ........ 907
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 911
ياشانغانلار خىزمىتى ........ 912
مەھەللە مۇلازىمىتى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى ........ 914
نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى ........ 916

## ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

ئۈرۈمچى شەھىرى ...... 917
تيانشان رايونى ...... 920
سايباغ رايونى ...... 922
يېڭىشەھەر رايونى ...... 925
شىمىگۇ رايونى ...... 928
تۇدۇنخابا رايونى ...... 930
داۋانچىڭ رايونى ...... 932
دۇڭشەن رايونى ...... 935
ئۈرۈمچى ناھىيىسى ...... 938
قاراماي شەھىرى ...... 941
مايتاغ رايونى ...... 945
قاراماي رايونى ...... 948
جەرەنبۇلاق رايونى ...... 950
ئورقۇ رايونى ...... 952
تۇرپان ۋىلايىتى ...... 954
تۇرپان شەھىرى ...... 957
پىچان ناھىيىسى ...... 961
توقسۇن ناھىيىسى ...... 963
قۇمۇل ۋىلايىتى ...... 966
قۇمۇل شەھىرى ...... 968
باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 971
ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ...... 973
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ...... 974
سانجى شەھىرى ...... 978
16 - قۇرۇلتاي روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سانجى شەھىرى ئىقتىسادنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى ...... 982
فۇكاڭ شەھىرى ...... 986
مىچۈەن شەھىرى ...... 989
قۇتۇبى ناھىيىسى ...... 991
ماناس ناھىيىسى ...... 993
گۇچۇڭ ناھىيىسى ...... 996
جىمسار ناھىيىسى ...... 999
مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 1001
بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ...... 1003
بورتالا شەھىرى ...... 1007
جىڭ ناھىيىسى ...... 1010
ئارىشاڭ ناھىيىسى ...... 1012
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ...... 1014

كورلا شەھىرى ...... 1017
بۆگۈر ناھىيىسى ...... 1020
لوپنۇر ناھىيىسى ...... 1021
چاقىلىق ناھىيىسى ...... 1023
چەرچەن ناھىيىسى ...... 1025
يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 1027
خېجىڭ ناھىيىسى ...... 1030
خوشۇت ناھىيىسى ...... 1032
باغراش ناھىيىسى ...... 1034
ئاقسۇ ۋىلايىتى ...... 1036
ئاقسۇ شەھىرى ...... 1041
ئونسۇ ناھىيىسى ...... 1044
كۇچا ناھىيىسى ...... 1049
شايار ناھىيىسى ...... 1052
توقسۇ ناھىيىسى ...... 1054
باي ناھىيىسى ...... 1056
ئۈچتۇرپان ناھىيىسى ...... 1060
ئاۋات ناھىيىسى ...... 1062
كەلپىن ناھىيىسى ...... 1064
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ...... 1066
ئاتۇش شەھىرى ...... 1069
ئاقتۇ ناھىيىسى ...... 1071
ئاقچى ناھىيىسى ...... 1073
ئۇلۇغچات ناھىيىسى ...... 1076
قەشقەر ۋىلايىتى ...... 1078
قەشقەر شەھىرى ...... 1080
پۇرسەتنى تۇتۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى ...... 1082
قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ...... 1086
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ...... 1087
يېڭىسار ناھىيىسى ...... 1089
پوسكام ناھىيىسى ...... 1091
يەكەن ناھىيىسى ...... 1094
قاغىلىق ناھىيىسى ...... 1096
مەكىت ناھىيىسى ...... 1098
يوپۇرغا ناھىيىسى ...... 1100
پەيزاۋات ناھىيىسى ...... 1103
مارالبېشى ناھىيىسى ...... 1105
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 1106
خوتەن ۋىلايىتى ...... 1108
خوتەن شەھىرى ...... 1111
خوتەن ناھىيىسى ...... 1113
قاراقاش ناھىيىسى ...... 1115

گۇما ناھىيىسى ...... 1117
لوپ ناھىيىسى ...... 1118
چىرا ناھىيىسى ...... 1120
كېرىيە ناھىيىسى ...... 1122
نىيە ناھىيىسى ...... 1124
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ...... 1126
كۈيتۇن شەھىرى ...... 1130
غۇلجا شەھىرى ...... 1132
غۇلجا ناھىيىسى ...... 1134
چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 1137
قورغاس ناھىيىسى ...... 1139
توققۇزتارا ناھىيىسى ...... 1141
كۈنەس ناھىيىسى ...... 1145
موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ...... 1147
تېكەس ناھىيىسى ...... 1150
نىلقا ناھىيىسى ...... 1152
تارباغاتاي ۋىلايىتى ...... 1154
چۆچەك شەھىرى ...... 1157
شىخۇ شەھىرى ...... 1159
دۆربىلجىن ناھىيىسى ...... 1164
ساۋەن ناھىيىسى ...... 1166
تولى ناھىيىسى ...... 1168
چاغانتوقاي ناھىيىسى ...... 1170
قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 1173
ئالتاي ۋىلايىتى ...... 1175
ئالتاي شەھىرى ...... 1178
بۇرچىن ناھىيىسى ...... 1180
كۆكتوقاي ناھىيىسى ...... 1183
بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ...... 1185
قابا ناھىيىسى ...... 1187
چىڭگىل ناھىيىسى ...... 1189
جېمىنەي ناھىيىسى ...... 1192
شىخەنزە شەھىرى ...... 1194

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ مەسئۇللىرى ...... 1197
يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى ...... 1204
يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ...... 1206
يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى ...... 1208
يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى ...... 1210

يېزا ئىگىلىك 5 ـ شىسى ........ 1212
يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىسى ........ 1214
يېزا ئىگىلىك 7 ـ شىسى ........ 1215
يېزا ئىگىلىك 8 ـ شىسى ........ 1217
يېزا ئىگىلىك 9 ـ شىسى ........ 1218
يېزا ئىگىلىك 10 ـ شىسى ........ 1220
بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش شىسى (بىڭتۇەن قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ...... 1222
يېزا ئىگىلىك 12 ـ شىسى ........ 1223
يېزا ئىگىلىك 13 ـ شىسى ........ 1224
يېزا ئىگىلىك 14 ـ شىسى ........ 1225

# شەخسلەر

## ئىلغار شەخسلەر

جاۋ لى ........ 1227
گۈلنىسا ھاپىز ........ 1227
ليۇ جيەنلىڭ ........ 1227
ۋاڭ ۋەنبى ........ 1228
تۇرسۇن ھوشۇر ........ 1228
ئەركىن روزى ........ 1228
شاۋ گودۇڭ ........ 1228
ئادىل ئابلىمىت ........ 1229
ۋاڭ شيۇچيۇڭ ........ 1229
فېي يۇئې ........ 1229
شى يۇخۇ ........ 1229
شۈي مىنخۇا ........ 1230
شۈي شۇچيەن ........ 1230
چۈي شۇخۇا ........ 1230
فەن شۇخۇا ........ 1231
ئىلھام ئوسمان ........ 1231
ليۇ شاۋجۈن ........ 1231
لى جىشىن ........ 1231

## ئىنقىلابىي قۇربانلار

چىن چىڭشياڭ ........ 1232
خەن شەن ........ 1232
جاۋ شىنمىن ........ 1232
چېن ۋېي ........ 1233
بىڭ كې ........ 1233
مۇتەللىپ ئۆمەر ........ 1233
خەن دېجياڭ ........ 1233

بەكرى قايىر ........ 1233

## ۋاپات بولغانلار

ۋاڭ ناڭۋېن ........ 1234
جاڭ يۈلىن ........ 1234
جا تىڭمىڭ ........ 1234
لوڭ شاۋشەن ........ 1234
شۈي كېلى ........ 1235
گوڭ يىنتىڭ ........ 1235
ۋۇ يىڭ ........ 1235
ۋېن گېنتۇڭ ........ 1235
ئىسھاقجان مەھمۇد ........ 1236
لى چېڭگاۋ ........ 1236
چېن كېۋېن ........ 1236
جېن چاڭگېڭ ........ 1237
لى فېڭيۇ ........ 1237
گو يۈنشەن ........ 1237
فۇ خۇڭمىڭ ........ 1238
ۋاڭ جىڭليې ........ 1238
جاڭ جيۈلىڭ ........ 1238
خۇ دانيەن ........ 1238
جۇ يىڭۋۇ ........ 1239
لو يۈجۇ ........ 1239
نىياز بەشىر ........ 1239
جاۋ باۋشياڭ ........ 1239
ليۇ ياۋمىڭ ........ 1240
ئەخمەتجان ئىبراھىم ........ 1240
جاڭ گۈيشېڭ ........ 1240
ۋاڭ پىڭ ........ 1241
جاۋ خەيچىڭ ........ 1241
جياۋ ۋېنجاڭ ........ 1241
چى چېڭدې ........ 1242
ياڭ يۈخۇ ........ 1242
نەن چىمىن ........ 1242
ھاكىم جاپپار ........ 1243
جاۋ يىرۇ ........ 1243
مەمەتمۇسا سارىق ........ 1243
گاۋ پىڭ ........ 1244
شۈي تۇڭچى ........ 1244
دۇ جۇڭلەن ........ 1244
ليۇ جىجۇڭ ........ 1245
سەيدۇللا سەيپۇللايوف ........ 1245
جاڭ ماۋشېڭ ........ 1246

ياڭ شېڭجۈن ........ 1246
جۇ رېنۋېي ........ 1246
يۇ سەيفۇ ........ 1247
خەن رۇجاڭ ........ 1247
جياڭ زىيەن ........ 1247
گوڭ سەيخۋا ........ 1248
مۇسا سابىت ........ 1248
جاڭ شۇنباڭ ........ 1248
لۇي جەنرېن ........ 1249
ۋاڭ ۋەنسىن ........ 1249
جۇ خەنجاڭ ........ 1249
ما جۇنجيې ........ 1249
ۋاڭ لىچۈەن ........ 1250

## يەرلىك نىزاملار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى ........ 1251
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئومۇھىت ئاسراش نىزامى ........ 1254
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى ........ 1259
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى قوغداش نىزامى ........ 1262
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاۋار سودا بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى ........ 1267
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى ........ 1273
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى ........ 1274
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى ........ 1277
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى ........ 1281
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى ........ 1290
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى ........ 1292
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى ........ 1295
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»نى يولغا قويۇشتا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى ........ 1304

## قوشۇمچە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2002 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستاتىستىكا ئاخباراتى ........ 1307

# ئۇمۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋالى

### تارىخى، مۇھىتى ۋە تەبىئىي بايلىقى

#### ئورنى ۋە كۆلىمى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 73°40′ - 96°23′، شىمالىي پاراللېل 34°25′ - 49°10′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، تاغلىق كۆلىمى (ئېدىرلىق ۋە ئېگىزلىكلەرنى شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، تۈزلەڭلىك كۆلىمى (تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارنى شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئېلىمىزدىكى ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئۆلكە - ئاپتونوم رايون.

شىنجاڭنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن قوشنا، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقىچە موڭغۇلىيە، روسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى، ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتى، پاكىستان جۇمھۇرىيىتى، ھىندىستان جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5600 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. دېمەك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئېلىمىزدىكى دۆلەت چېگرىسى ئەڭ ئۇزۇن ئۆلكە - ئاپتونوم رايون.

#### تەرەققىيات جەريانى ۋە رايونلارغا ئايرىلىشى

شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان، بۇنىڭ مەنىسى غەربىي قىسىمدىكى چېگرا رايون دېگەنلىك بولىدۇ. خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا سودا - ساياھەت ئالاقىسى بولغان. خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدى زامانىسىنىڭ جيەنيۈەن 3 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى) جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن. جاڭ چيەن 13 يىلدىن كېيىن غەربىي يۇرتتىن قايتىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتىكى بەگلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. تەيچۇ 4 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى) خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا يالۋاچ، چېرىكچى تۇرغۇزۇپ، كورلا ۋە بۈگۈر رايونلىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆرلىسى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسى) دا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايوننى باشقۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارغا ئەمەلدار تەيىنلەپ ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىگە رەسمىي كىرگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى باشقۇرغان بەگلىكلەر 50 كە يەتكەن.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن سۇي سۇلالىسىغىچە بولغان سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرتتا مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقى بۈگۈنكى تۇرپان رايونىدا قوجۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلغان، بۇ شىنجاڭدا ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىشنىڭ باشلىنىشى بولغان. سۇي سۇلالىسى يىشامشان، چالمادان ۋە ئىۋىرغول ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى باشقۇرۇش دائىرىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن ئېشىپ ئوتتۇرا ئاسىياغىچە يەتكەن ھەمدە جايلاردا ھەرخىل باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى يولغا قويغان. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدە

ئىۋىرغۇل، قوجۇ ۋە بېشبالىق ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغان، بۇ 3 ئايماق قارمىقىدا 12 ناھىيە بولغان، باشقا جايلاردا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن غەربىي يۇرتتا 3 قېتىم چوڭراق يەرلىك كۈچ يەنى قاراخانىيلار خانلىقى، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى پەيدا بولغان. بۇ يەرلىك كۈچلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى 5 سۇلالە ۋە سۇڭ، لياۋ سۇلالىلىرىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە قارىغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ۋاقىتلىق ۋازارەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، سەمەرقەندتە ئامۇ دەريا ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ ماۋرائۇننەھردىكى رايونلارنى باشقۇرغان؛ بۈگۈنكى قورغاس رايونىدا ئالمالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ ئىلىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىغىچە بولغان رايونلارنى باشقۇرغان. بۈگۈنكى جىمساردا بېشبالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنى باشقۇرغان. كېيىن يەنە بېشبالىق ۋاقىتلىق ۋازارىتى قارمىقىدا بېشبالىق، قۇجۇ، ئۇدۇندىن ئىبارەت 3 ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەمدە خوتەن رايونىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرى ئىدارە قىلىنغان.

شىنجاڭ رايونى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «بېشبالىق» دەپ ئاتالغان، كېيىن «ئىلبالىق» قا ئۆزگەرتىلگەن. چاغاتاي ئەۋلادلىرى غەربىي يۇرتتا دائىم ئىچكى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلغان. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىنى مىڭ سۇلالىسى بىرتۇتاش باشقۇرۇپ، يۇڭلى 4 - يىلى (1406 - يىلى) قۇمۇل لەشكەرگاھىنى قۇرغان.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە غەربىي يۇرت «شىنجاڭ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ «قايتۇرۇۋېلىنغان قەدىمكى زېمىن» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئېرتىش دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە شىمالى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن؛ ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسى ئىلى جاڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان جايلار گەنسۇ پەرمانبەردارىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. گۇاڭشۇ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى رەسمىي قۇرۇلدى، ئۈرۈمچى ئۆلكە مەركىزى بولدى. گۇاڭشۇ 32 - يىلى (1906 - يىلى) ئالتاي ۋىلايىتى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدىن مەركەزگە بىۋاستە قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) بۇ رايون شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە پائال يولغا قويۇلدى. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى بىۋاستە قاراشلىق شەھەر 6 (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2)، ۋىلايەت 7، ئاپتونوم ئوبلاست 5، ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر 9، ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر 7، ناھىيە 62، ئاپتونوم ناھىيە 6، شەھەرگە قاراشلىق رايون 11.

## نوپۇسى ۋە مىللەتلىرى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ 2002 - يىللىق ئۆزگىرىشىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ 2002 - يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 19 مىليون 51 مىڭ 900 ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 9 مىليون 754 مىڭ 600 بولۇپ، 51.2% نى، ئاياللار 9 مىليون 297 مىڭ 300 بولۇپ، 48.8% نى؛ شەھەر - بازار نوپۇسى 6 مىليون 447 مىڭ 200 بولۇپ، 33.84% نى، يېزا نوپۇسى 12 مىليون 604 مىڭ 700 بولۇپ، 66.16% نى ئىگىلەيدىكەن.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. نۇرغۇن قەدىمكى مىللەتلەر بۇ يەردە كۆپىيىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ، بۇ يەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇزاق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا مىللەتلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ، تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى تاماملىغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا بۇ يەردە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاجىك، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر، تاتاردىن ئىبارەت 13 مىللەت بار ئىدى. ھازىر ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە 55 مىللەت بار. 2002 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 11 مىليون 456 مىڭ 300 بولۇپ، ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ 60.13% نى ئىگىلىدى.

## تىل - يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالى

شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان 13 مىللەت ئىچىدە خەنزۇ بىلەن خۇيزۇلار خەنزۇ تىلىنى ئورتاق ئىشلەتكەندىن سىرت، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلى بار، كۆپ ساندىكى مىللەتلەرنىڭ يېزىقى بار. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىشلىتىدىغان تىل ئالتاي تىل سىستېمىسى، خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسى ۋە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە.

## جۇغراپىيىلىك مۇھىتى

شىنجاڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق، تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. شىنجاڭ تەۋەسىدە قاتمۇقات مۇزلۇق چوققىلار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار، بىپايان ياپلاقلار، يۇلتۇزدەك تارقالغان بوستانلىقلار بار. تەبىئىي بايلىقى مول. 3 تاغ 2 ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرىدۇ.

**تاغ تىزمىلىرى** شىمالدىكى ئالتاي تاغ تىزمىسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى قىسمى جەنۇبىي قاپتالغا كىرىدۇ، ئۇ غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇ تاغ تىزمىسىدا ئاساسەن ئالتاي شەھىرى ۋە چىڭگىل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئالتاي تېغى، گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى بەيتىك تېغى ۋە چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئارامتى تېغى بار. ئەڭ ئېگىز چوققا «دوستلۇق چوققىسى» نىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4374 مېتىر كېلىدۇ، ئۇ جۇڭگو، روسىيە، موڭغۇلىيە دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان؛ غەربىي شىمال قىسمى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق يەر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 مېتىردىن 3000 مېتىرغىچە كېلىدىغان نۇرغۇن پەس تاغلاردىن تەركىب تاپقان، شىمال تەرىپىدە تارباغاتاي تېغى، شەرق تەرىپىدە ساۋۇر تېغى، جەنۇب تەرىپىدە ئورۇكساي تېغى، سېمىست تېغى، بارلىق تېغى، مايلى تېغى قاتارلىق تاغلار بار، ئەڭ ئېگىز چوققا ساۋۇر تېغىدىكى مۇزتاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3806 مېتىر ئېگىز. شىنجاڭنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تەڭرىتاغ تىزمىسى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان 3 تاغ تىزمىسىغا ئايرىلىدۇ: شىمالىي تاغ تىزمىسىدا ئالاتاۋ تېغى (ئارشاڭ ناھىيىسى، بورتالا شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدا)، كۆكىرچىن تېغى (جىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى، نىلقا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، بولخىنۇر تېغى (جىڭ ناھىيىسىدىن شىخو ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغىچە)، ئېرەنقابىرغا تېغى (كۈيتۇڭ شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغىچە)، بوغدا تېغى (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقى، فۇكاڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبى، داخېيەن پويىز ئىستانسىسىنىڭ شىمالىدا) قاتارلىقلار بار؛ ئوتتۇرا تاغ تىزمىسىدا ئالاقار تېغى (چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، نارات تېغى (كۈنەس ناھىيىسى بىلەن خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا)، ئېرۋېنگېن تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە) قاتارلىقلار بار؛ جەنۇبىي تاغ تىزمىسىدا كۆكشال تېغى (تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، غەرب تەرەپتىكى دۆلەت چېگرىسىدا)، خالىق تېغى (موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بىلەن باي ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، تېرسكەي تېغى (تېكەس ناھىيىسى بىلەن باي ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، كۆكتېپە تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن بۈگۈر ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، خورۇ تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن بۈگۈر ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا) قاتارلىقلار بار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىلاردىن تۆمۈر چوققىسى (7435 مېتىر)، خانتەڭرى چوققىسى (6995 مېتىر)، بوغدا چوققىسى (5445 مېتىر) بار. جەنۇب تەرەپتىكى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بولۇپ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى پامىر ئېگىزلىكى، شىنجاڭ بىلەن كەشمىر ئوتتۇرىسىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرى ھەمدە ئاساسلىقى شىنجاڭ بىلەن شىزاڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى (شەرقتە چىڭخەي چېگرىسى ئىچىگە سوزۇلغان) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىمالىي تارمىقىدا ئالتۇن تاغ بولۇپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ، چىلىيەنشەن تېغىغا تۇتىشىدۇ، كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسىدا تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7500 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىلاردىن دۇنيا بويىچە 2 - ئېگىز چوققا دەپ ئاتالغان چوگىر چوققىسى (8611 مېتىر)، قوڭۇر تۆبە چوققىسى (7595 مېتىر)، مۇزتاغ چوققىسى (7546 مېتىر)، قوڭۇر چوققىسى (7519 مېتىر) بار.

**ئويمانلىقلىرى** شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقتىن غەربكە 1700 كىلومېتىردىن كۆپرەك سوزۇلغان تەڭرىتاغ تىزمىسى شىنجاڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن ئالتاي تېغى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق يەرلەرنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 180 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقى ئېلىمىزدىكى 2 - چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مەزكۇر ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان. تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى ئارىسىغا جايلاشقان تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 400 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى (كۆلىمى تەخمىنەن 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر) ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق، دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ كۆچمە قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. بايىنغولىن موڭغۇل

ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرى ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ جايلاشقان. تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىدە تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقلىرى بار.

**مۇزلۇقلىرى** بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قارلىق چوققىلار، سانچاق - سانچاق قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇزلۇق چوققىلار شىنجاڭدا يېتىلگەن مۇزلۇقلارنى ھاسىل قىلغان. ئاپتونوم رايون بويىچە 18 مىڭ 600 دىن ئارتۇق مۇزلۇق بار، بۇلارنىڭ كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى مۇزلۇق كۆلىمىنىڭ 42% نى ئىگىلەيدۇ، مۇزلۇقلارنىڭ سۇ زاپىسى 2 تىرىللىيون 580 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ؛ مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇ شىنجاڭدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارىنىڭ 21% نى ئىگىلەيدۇ (تەخمىنەن 17 مىليارد كۇب مېتىر). بۇ مۇزلۇقلار شىنجاڭنى خېلى مۇقىم سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەچكە، قەدىمدىن تارتىپ «قاتتىق سۇ ئامبىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

**دەريا - ئېقىنلىرى** شىنجاڭ تەۋەسىدە 570 تىن ئارتۇق دەريا - ئېقىن بار (تاغ بۇلاقلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ يىغىلىش دائىرىسىنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ياكى ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان دەريا - ئېقىنلار: شىمالىي شىنجاڭدىكى ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۈر دەرياسى، ئىلى دەرياسى، تېكەس دەرياسى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاراشەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، تارىم دەرياسى، قىزىل دەرياسى، يەكەن دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، يورۇڭقاش دەرياسى، چەرچەن دەرياسى.

**كۆللىرى** شىنجاڭدا كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان 139 تەبىئىي كۆل بار، بۇ كۆللەرنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 5500 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئاساسلىق كۆللەردىن باغراش كۆلى، ئۇلۇڭگۈر كۆلى، سايرام كۆلى، ئېبىنۇر كۆلى، ئاياغقۇم كۆلى ھەمدە ئايدىڭكۆل بار؛ مەشھۇر لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئايدىڭكۆل دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر پەس بولۇپ، ئېلىمىز قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ پەس جاي ھېسابلىنىدۇ. بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى باغراش كۆلىنىڭ سۇ كۆلىمى 1002.4 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاتلىق سۇ كۆلى ھېسابلىنىدۇ.

**ھاۋا كىلىماتى** شىنجاڭنىڭ كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل كىلىماتقا تەۋە بولۇپ، قىش پەسلى ئۇزۇن ھەم قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، ياز پەسلى قىسقا ھەم قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە كىلىمات ئۆزگىرىشى چوڭ بولىدۇ. شىنجاڭدا خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى موخې ناھىيىسىدىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە 2. سوغۇق قۇتۇپ - كۆكتوقاي بار (-51.5℃)، مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئىسسىق جايمۇ شىنجاڭدىكى تۇرپان (47.7℃). تەڭرىتاغ شىنجاڭنى جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغاچقا، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ كۆپ پەرقلىنىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا جەنۇبىي شىنجاڭدا 10℃، شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىدا 5℃ — 7.5℃، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە 2.5℃ - 5℃ بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىدىن 10℃ - 12℃ يۇقىرى بولىدۇ؛ 7 - ئايدا 2℃ - 3℃ يۇقىرى بولىدۇ، تاغلىق رايونلار بىلەن ئويمانلىقلارنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىرىيىل ئىچىدىكى ئەڭ ئىسسىق ئاي بىلەن ئەڭ سوغۇق ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى 30℃ تىن ئاشىدۇ، جۇڭغار ئويمانلىقىدا 35℃ - 40℃ قا چىقىدۇ. ئەمما تېمپېراتۇرىنىڭ كۈندىلىك سېلىشتۇرما پەرقى 12℃ - 15℃ بولىدۇ، پەرق ئەڭ چوڭ بولغاندا 20℃ - 30℃ بولىدۇ. شىنجاڭ قۇرغاق رايون بولۇپ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئازراق، تارقىلىشىمۇ تەكشى ئەمەس، شىمالىي شىنجاڭدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 150 - 200 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 100 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، توقسۇن ناھىيىسىدە ھۆل - يېغىن مىقدارى 10 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ؛ غەربتىكى ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى شەرقتىكى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 6 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ؛ تەڭرىتاغ تاغلىق رايونىدا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا ۋە ئالتاي تاغلىق رايوندا ھۆل - يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 500 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، بۇ شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدىكى بىلەن تەڭ؛ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى كۈنەس ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 840 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، بۇ ئېلىمىزنىڭ خۇەيخې دەرياسى ۋادىسىدىكى بىلەن تەڭ.

شىنجاڭدا قىش پەسلىدە قار كۆپ ياغىدۇ، شىمالىي شىنجاڭدىكى تۈزلەڭلىكلەردە قىش پەسلىدە قارنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 20 - 30 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، ئەڭ قېلىن بولغاندا 80 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەڭ قېلىن بولغاندا 20 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭلىكلەردىكىدىن تېخىمۇ قېلىن بولىدۇ. قىروسىز مەزگىل جەنۇبىي شىنجاڭدا

180 ـ 220 كۈنگىچە، شىمالىي شىنجاڭدا 140 ـ 185 كۈنگىچە بولىدۇ.

شىنجاڭدا ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايىنىڭ خىلى كۆپ بولۇپ، دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ قۇرغاقچىلىق، سوغۇق ئېقىم، بوران، ئۆششۈك، قىرو ئۆششۈكى، مۆلدۈر، قارا يامغۇر كەلكۈنى خەلق ئىگىلىكىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

## تەبىئىي بايلىقى

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول، ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۆھەر زېمىنى.

يەر بايلىقى　شىنجاڭنىڭ تۇپرىقىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 664 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 4 مىليون 115 مىڭ 900 گېكتار، باغ 222 مىڭ 100 گېكتار، ئورمانلىق 6 مىليون 603 مىڭ 900 گېكتار، ئوتلاق 51 مىليون 357 مىڭ 500 گېكتار، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان باشقا يەر 674 مىڭ 300 گېكتار.

سۇ ۋە ئېنېرگىيە بايلىقى　شىنجاڭنىڭ تاغلىقلىرىدا مۇزلۇقلار يېتىلگەن، دەريا ـ ئېقىنلار گىرەلىشىپ كەتكەن، تاغ بۇلاقلىرى، كۆللەر ھەممە يەرگە تارقالغان. سۇ بايلىقى ئۇراقلىق، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 88 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 25 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 33 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە ئېچىشقا بولىدىغان گېنېراتور زاپىسى 17 مىليون 960 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭدىن يىلىغا 84 مىليارد 500 مىليون كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى مول، قۇياش ئېنېرگىيىسى، يەر ئىسسىقلىقى، شامال ئېنېرگىيىسى قاتارلىق بايلىق مەنبەلىرى يېتەرلىك بولۇپ، مەملىكەت بويىچە كۈن نۇرى ئەڭ كۆپ چۈشىدىغان ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2600 ـ 3400 سائەتكە يېتىدۇ، قۇياش ئېنېرگىيىسىنىڭ يىللىق رادىئاتسىيە مىقدارى ھەر كۋادرات مېتىرغا 5000 مېگا جوئۇلدىن 6490 مېگا جوئۇلغىچە توغرا كېلىدۇ. ئادەتتىكى رايونلاردا يىغىندى تېمپېراتۇرا 3000℃ — 4000℃ قىچە بولىدۇ. بۇ 10℃ يىغىندى تېمپېراتۇرىغا ئەڭ ياقى ئۆتىشىدىن يۇقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 4000℃ تىن يۇقىرى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ 4500℃ — 5390℃ قىچە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە 2500℃ ـ 3600℃ قىچە بولىدۇ. تاغ ئېغىزلىرىدا شامال كۈچى ئېنېرگىيىسى بايلىقى ئەڭ مول، يىللىق ئوتتۇرىچە ئۈنۈملۈك شامال ئېنېرگىيىسى 10 مىڭ 800 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر.

ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك بايلىقى　شىنجاڭدا نەسىللىك كالا، قوي، ئات، تۆگە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىدىن باشقا 699 خىل ياۋايى ھايۋان بار، بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق 85 خىل، قوش ماكانلىق ھايۋانلار 7 خىل، ئۆمىلىگۈچى ھايۋاناتلار 45 خىل، قۇشلار 425 خىل، يىرتقۇچ ھايۋانلار (سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار) 137 خىل. يەنە قاڭشارلىق بۆكەن، ياۋا تۆگە، قۇلان، تۇت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، قۇندۇز، يىلپىز، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، ئاق يەلكىلىك بۈركۈت، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. قوش خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى قوش خىللىرىنىڭ 35.8% نى، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار خىللىرىنىڭ 33% نى، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار خىللىرىنىڭ 14.2% نى ئىگىلەيدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئازكەم 4000 خىلغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر كەندىرى، كاۋچۇك ئوت، ھىلىق، سوغىگۈل، ئالقات، چۈچۈكبۇيا، قار لەيلىسى قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋە دورىلىق قىممىتى بارلىرى 1000 خىلدىن ئاشىدۇ.

قېزىلما بايلىقى　شىنجاڭدا قېزىلما بايلىق مول، تۈرلىرى تولۇق. 2001 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكەت بويىچە 171 قېزىلما بايلىقتىن 138 خىلى شىنجاڭدا بايقالدى، بۇ مەملىكەت بويىچە بايقالغان قېزىلما بايلىق خىلىنىڭ 80.70% نى ئىگىلەيدۇ. مەملىكەت بويىچە 156 خىل كان زاپىسى ئېنىقلاندى (2 ـ خىلدىكىسى 212 خىل)، شىنجاڭدا 75 خىل كان زاپىسى ئېنىقلاندى (2 ـ خىلدىكىسى 96). ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسى جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن رۇدا تۈرى 75 خىل (2 ـ خىلدىكىسى 94). 2 ـ خىلدىكىسى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ كان زاپىسى جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن كان رايونى 866 بولۇپ، كۆلىمى چوڭراقلىرى 100، ئوتتۇراھاللىرى 188، كىچىكلىرى 578. بۇنىڭ ئىچىدە ئېنېرگىيە قېزىلما بايلىقى 4 خىل، 241 كان رايونى (نېفىت، تەبىئىي گاز بۇنىڭ سىرتىدا)؛ قارا مېتال قېزىلما بايلىقى 5 خىل، 90 كان رايونى؛ رەڭلىك مېتال قېزىلما بايلىقى 9 خىل، 80 كان رايونى؛ قىممەتلىك مېتال قېزىلما بايلىقى 4 خىل، 43 كان

رايونى؛ گاز ئۆچۈرىدىغان، تارقاق جايلاشقان، رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنت 9 خىل، 49 كان رايونى (ئۇران بۇنىڭ سىرتىدا)؛ مېتال تاۋلاشتا ياردەمچى خام ئەشيا قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قېزىلما بايلىقى 7 خىل، 21 كان رايونى؛ خىمىيە سانائىتىدە خام ئەشيا قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قېزىلما بايلىقى 13 خىل، 80 كان رايونى؛ بىناكارلىق ماتېرىيالى قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قېزىلما بايلىقى 43 خىل، 261 كان رايونى.

دۆلەتنىڭ قېزىلما بايلىق جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسى ئىچىدە تەبىئىي گاز، بېرىللىي، ناترىيلىق سېلىترا، چىرىمتال، ۋېرمىكۇلىت، سېغىز، مېتال تاۋلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتس، سېمونتتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتس، خىش - كاھىشتا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان جۇلاتاش قاتارلىق 10 خىل قېزىلما بايلىق مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ نېفىت، نىكېل، خرۇم، بارىي، تەبىئىي گۈڭگۈرت، كالىي تۇزى، ماگنىي تۇزى، دالا شپاتى، خىمىيۋى ئوغۇتتا ئىشلىتىلىدىغان سېرپېنتىن، بېنتونىت، سېمونتتا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر، ھاك ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ھاك تاش، خىش - كاھىشتا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، خىش - كاھىشتا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مۇڭگۈزتاشتىن ئىبارەت 15 خىل قېزىلما بايلىق 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ پلاتىنا، قۇيما تاشقا ئىشلىتىلىدىغان دىئاباز، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىئابازدىن ئىبارەت 3 خىل قېزىلما بايلىق 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ كۆمۈر، لىتىي، ماگنېزىت، شور، ۋېتېرىت، تاشپاختا، ئەينەك ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتس، سېمونت ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان گىلتاش، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر، شوردىن ئىبارەت 10 خىل قېزىلما بايلىق 4 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ سىېزىي، سىبلىن، ھاك تېشى، ساپال ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز توپا قاتارلىق 4 خىل قېزىلما بايلىق 5 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ۋىسمۇت، كوبالىت، ئادەتتىكى شپاتتىن ئىبارەت 3 خىل قېزىلما بايلىق 6 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ مايلىق سلانېتس، تىتان، مىرگېل، سېمونتتا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز توپا، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قۇمدىن ئىبارەت 5 خىل قېزىلما بايلىق 7 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ مىس، بور، سېمونتتا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاشتىن ئىبارەت 4 خىل قېزىلما بايلىق 8 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ مانگان، تانتالدىن ئىبارەت 2 خىل قېزىلما بايلىق 9 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ تۇز كېنى 10 - ئورۇندا تۇرىدۇ. نېفىت، تەبىئىي گاز، خرۇم، بىسمۇت، تانتال، بېرىللىي، لىتىي، سىېزىي، ماگنېزىت، مېتال تاۋلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتس، تەبىئىي گۈڭگۈرت، گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر رودىسى، ناترىيلىق سېلىترا، شور، دالا شپاتى، ساپال توپىسى، ئەينەك قۇمى، ئەينەك ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتس، ھاك ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ھاك تاش، مىرگېل، خىش - كاھىش قۇمى، سېمونتتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتس، سېمونتتا ئىشلىتىلىدىغان گىلتاش، خىش - كاھىشتا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، سېمونتتا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، خىش - كاھىشتا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز توپا، سېمونتتا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر، بېنتونىت، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان جۇلاتاش، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مۇڭگۈزتاش، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش، بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر، چىرىمتال، ۋېرمىكۇلىت، قۇيما تاشقا ئىشلىتىلىدىغان دىئاباز قاتارلىق 37 خىل قېزىلما بايلىق غەربىي شىمال رايونى بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆمۈر، مايلىق سلانېتس، تۆمۈر، مانگان، تىتان، ئاليۇمىن توپىسى، نىكېل، پلاتىنا، پاللادىي، ئۇيۇل ئالتۇن، نىئوبىي، گاللىي، سىبلىن، ئادەتتىكى يالتىراق تاش، ۋېتېرىت، خىمىيۋى ئوغۇتتا ئىشلىتىلىدىغان سېرپېنتىن، تۇز، ماگنىي، كالىي تۇزى، بور، ھاك تېشى، كرېمنىيلىق ھاك تاش، سېمونتتا ئىشلىتىلىدىغان ھاك تېشى، سېمونتتا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، سېغىز توپا، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىئاباز، سېئولىت قاتارلىق 27 خىل قېزىلما بايلىق غەربىي شىمال رايونى بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ساياھەت ئورنى بايلىقى** شىنجاڭ مول تەبىئىي ساياھەت ئورنى ۋە گۇمانىتارلىق ساياھەت ئورنى بايلىقىغا ئىگە. ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار، تاغلاردىكى گۈزەل كۆللەر، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەر، رەڭگارەڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا. شىنجاڭ تەۋەسىدە دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئېگىز چوققا چوگىر چوققىسى، دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان تۆۋەن جاي ئايدىڭكۆل، «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان، دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ قۇملۇق تەكلىماكان قۇملۇقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق ئىدىقۇت، يارغول، كىرروران قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، بوغدا كۆلى، بايىنبۇلاقتىكى ئاق قۇ كۆلى، قاناس كۆلى قاتارلىق ئېگىز تاغ كۆللىرى ۋە يەنە نۇرغۇنلىغان ئارشاڭ، ھور ئارشاڭ، مۇزلۇق قاتارلىق ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار بار.

شاڭ جيەن

# خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتكە دائىر تۈزۈلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە ۋە رىقابەت مۇھىتى جەھەتتىكى يېڭى ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىلىپ، غەربىي كەڭ ئېچىشنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى داۋاملىق ئالغا سۈرۈلۈپ، ئىچكى ئېھتىياج ئىزچىل كېڭەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى زور كۈچ بىلەن تەڭشىلىپ، ئۆزگىچە ئىقتىسادنى يېتىلدۈرۈش تېزلىتىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلار پائال ئېچىلىپ، ئىقتىساد مۇقىم ئاشۇرۇلۇپ، تۈزۈلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئالغا سۈرۈلدى.

خەلق ئىگىلىكى مۇقىم ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 159 مىليارد 828 مىليون يۈەنگە يەتتى، 2001 - يىلدىكىدىن %8.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 30 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى، %5؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 67 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يەتتى، %8.4، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 47 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى ، %8.6، بىناكارلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى 19 مىليارد 910 مىليون يۈەنگە يەتتى، %7.9؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 62 مىليارد 118 مىليون يۈەنگە يەتتى، %9.3 ئاشتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %19.1، 2 - كەسىپنىڭ %42، 3 - كەسىپنىڭ %38.9 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.3 پىرسەنت پوئېنتى، 2 - كەسىپنىڭ نىسبىتى 0.4 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلەپ كەتتى، 3 - كەسىپنىڭ نىسبىتى 0.7 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى. ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 8382 يۈەنگە يەتتى، %6.4 ئاشتى.

يېزا ئىقتىسادىدا ياخشى ئايلىنىش ھالىتى بارلىققا كەلدى. بىر يىلدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 52 مىليارد 505 مىليون يۈەنگە يەتتى، 2001 - يىلدىكىدىن %5.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليارد 277 مىليون يۈەنگە يەتتى، %3.9؛ چارۋىچىلىقنىڭ 14 مىليارد 804 مىليون يۈەنگە يەتتى، %8.9، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليارد 109 مىليون يۈەنگە يەتتى، %11.5، بېلىقچىلىقنىڭ 315 مىليون يۈەنگە يەتتى، %2.1 ئاشتى. بىر يىلدا ئېلىنغان ئاشلىق 8 مىليون 758 مىڭ 700 توننىغا يەتتى، %10 ئاشتى، پاختا 1 مىليون 500 مىڭ توننا بولۇپ، %4.5 كېمەيدى، ياغلىق دان 443 مىڭ 700 توننىغا يەتتى، %4.1، قىزىلچا 4 مىليون 668 مىڭ 100 توننىغا يەتتى، %2.6، كۆكتات 6 مىليون 749 مىڭ 600 توننىغا يەتتى، %38.7، قوغۇن - تاۋۇز 2 مىليون 334 مىڭ توننىغا يەتتى، %49.3، مېۋە - چېۋە 1 مىليون 982 مىڭ توننىغا يەتتى، %28.5 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 47 مىليون 817 مىڭ 700 تۇياققا يەتتى، 2001 - يىلدىكىدىن %3.9، چىقىم قىلىنغان چارۋا 28 مىليون 783 مىڭ 900 تۇياققا يەتتى، %9.3 كۆپەيدى؛ ئېلىنغان گۆش 1 مىليون 54 مىڭ 400 توننىغا يەتتى، %8.7، قوي يۇڭى 74 مىڭ 400 توننىغا يەتتى، %6.4، سۈت 948 مىڭ 700 توننىغا يەتتى، %17، ئۆي قۇشلىرى - تۇخۇم 226 مىڭ 400 توننىغا يەتتى، %11.1 ئاشتى. بىر يىلدا سۇ مەھسۇلاتلىرى 63 مىڭ 900 توننىغا يەتتى، %4.9 ئاشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 9 مىليارد 49 مىليون يۈەنگە يەتتى، %12.1، تىجارەت كىرىمى 37 مىليارد 395 مىليون يۈەنگە يەتتى، %10.7، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليارد 267 مىليون يۈەنگە يەتتى، %16.3، ئېلىنغان پايدا 2 مىليارد 257 مىليون يۈەنگە يەتتى، %6.8 ئاشتى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 47 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى، 2001 - يىلدىكىدىن %8.6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يەتتى، %12.5، ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 39 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى، %7.8 ئاشتى. بىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان يىپ 316 مىڭ 100 توننىغا يەتتى، %4.4، شېكەر 518 مىڭ 400 توننىغا يەتتى %23.5، كونسېرۋا 414 مىڭ 900 توننىغا يەتتى، %99.2، ئىچىملىك - ھاراق 307 مىڭ 200 توننىغا يەتتى، %3.7، ياغاچ ئۆي جاھازىسى 2 مىليون 151 مىڭ 800 گە يەتتى، %12.7، كۆمۈر 30 مىليون 986 مىڭ 700 توننىغا يەتتى، %9.9، نېفىت 20 مىليون 361 مىڭ 900 توننىغا يەتتى، %4.6، پىششىقلانغان نېفىت 10 مىليون 586 مىڭ 800 توننىغا يەتتى، %4.4، تارقىتىلغان توك 21 مىليارد 224 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتتى، %7.4، پولات 1 مىليون 754 مىڭ 500 توننىغا يەتتى،

%33.1، تەييار پولات ماتېرىيال 1 مىليون 730 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %28.8، سېمونت 10 مىليون 297 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %4.9، خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپقا سۇندۇرۇلدى) 766 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %5.1، ترانسفورماتور 11 مىليون 968 مىڭ 300 كىلوۋولت ئامپېرغا يېتىپ، %18.7 ئاشتى. بىر يىلدا كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى %137.16 بولۇپ، 7.2 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى 1.4 پىرسەنت پونكىتى، مۈلۈكنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىش بويىچە قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 3.7 پىرسەنت پونكىتى، مۈلۈكنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى 1.9 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى. تۇراقسىز مۈلۈكنىڭ ئوبوروت نىسبىتى 0.1 قېتىم تېزلەشتى، تەننەرخ خىراجىتىنىڭ پايدا نىسبىتى 3 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى، ئومۇمىي خادىملارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 4677.03 يۈەن بولدى.

قاتناش، پوچتا - تېلېگراف كەسپى مۇقىم راۋاجلاندى. بىر يىلدا ھەرخىل قاتناش قوراللىرى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 75 مىليارد 962 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى 42 مىليارد 530 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %6.6، تاشيولدا توشۇلغىنى 29 مىليارد 800 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %8، ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 82 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %30.2، تۇرۇبىدا توشۇلغىنى 3 مىليارد 550 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %3.8 ئاشتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 33 مىليارد 80 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %6.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 10 مىليارد 600 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %1.8، تاشيولدا توشۇلغىنى 18 مىليارد 560 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %9، ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 3 مىليارد 920 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %11 ئاشتى. بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %49.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليارد 790 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %53.7، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 680 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.1 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %18، كۆچمە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %15.8 بولدى، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 173 مىڭغا يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ خېلى تېز ئاشتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 81 مىليارد 302 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %15.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ 56 مىليارد 231 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.5 ئاشتى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ 786 مىليون يۈەن بولۇپ، %27 كېمەيدى، پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ 12 مىليارد 191 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.4، خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىكنىڭ 669 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.8، باشقا ئىگىلىكنىڭ 2 مىليارد 425 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.7 ئاشتى. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى جەھەتتىن ئايرىغاندا، يەرلىك ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 49 مىليارد 730 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %31 ئاشتى، مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 31 مىليارد 573 مىليون يۈەن بولۇپ، %3.3 كېمەيدى. مەبلەغ تۈرى جەھەتتىن ئايرىغاندا، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 50 مىليارد 369 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.8، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليارد 535 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.6 ئاشتى؛ ئۆي-زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليارد 771 مىليون يۈەن بولۇپ، %10.4 كېمەيدى. كەسىپ بويىچە ئايرىغاندا، 1 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد 317 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.5؛ 2 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 31 مىليارد 183 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ %0.3 كېمەيدى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ %93.5، توقۇمىچىلىق سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ %12.2 ئاشتى؛ 3 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 43 مىليارد 802 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش - ترانسپورتقا سېلىنغىنى %82 ئاشتى، پوچتا - تېلېگراف، خەۋەرلىشىشكە سېلىنغىنى %28.9 كېمەيدى، سۇچىلىققا سېلىنغىنى %33.2، ئىجتىمائىي مۇلازىمەتكە سېلىنغىنى %16.2 ئاشتى، ئۆي - زېمىن كەسپىگە سېلىنغىنى %7.1 كېمەيدى.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ياخشى ئورۇنلاندى. بىر يىلدا قۇرۇلۇش قىلىنغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرى 4535 كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 183 تۈر كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇشۇ يىلى ئىش باشلانغان تۈر 3584 بولۇپ، 182سى كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان 38 نۇقتىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىگە 24 مىليارد 521 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى سەل جانلاندى. بىر يىلدا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 44 مىليارد 288 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %9 ئېشىپ، 0.5 پىرسەنت پونكىتى تېزلەشتى. شەھەر،

يېزا بويىچە ئايرىغاندا، شەھەر بازارلىرىدىكى ئېشىش يېزا بازارلىرىدىكىدىن تېز بولدى. بىر يىلدا شەھەرلەردىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 28 مىليارد 474 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11 ئاشتى؛ يېزىلاردا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 15 مىليارد 814 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.6 ئاشتى، شەھەرلەردە يېزىلاردىكىدىن 5.4 پىرسەنت پونكىتى تېز بولدى. كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە پارچە سېتىش سوممىسىنىڭ ئېشىشى يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. بىر يىلدا يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 5 مىليارد 304 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19، توپ ۋە پارچە سېتىش كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 29 مىليارد 613 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.2 ئاشتى، باشقا كەسپلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 9 مىليارد 371 مىليون يۈەن بولۇپ، %1.7 كېمەيدى.

تاشقى سودا كۆرۈنەرلىك ئۆستى. بىر يىلدا ئامۇزنا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 692 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %52.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 308 مىليون دوللارغا يېتىپ، %95.8، ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 384 مىليون دوللارغا يېتىپ، %25.7 ئاشتى. ئېكسپورت سوممىسى ئىچىدە ئادەتتىكى سودىنىڭ 544 مىليون دوللارغا يېتىپ، %84.3، پېششىقلاش سودىسىنىڭ 155 مىليون دوللارغا يېتىپ، %27.4، ئاز سوممىلىق چېگرا سودىسىنىڭ 472 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1.6 ھەسسە، باشقا سودىنىڭ 137 مىليون دوللارغا يېتىپ، بىر ھەسسە ئاشتى. ئىمپورت سوممىسى ئىچىدە ئادەتتىكى سودىنىڭ 260 مىليون دوللارغا يېتىپ، %4.6، پېششىقلاش سودىسىنىڭ 29 مىليون دوللارغا يېتىپ، %15.6، ئاز سوممىلىق چېگرا سودىسىنىڭ 1 مىليارد 72 مىليون دوللارغا يېتىپ، %34.5 ئاشتى، باشقا سودىنىڭ 23 مىليون دوللار بولۇپ، %29.9 كېمەيدى. بىر يىلدا ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت سوممىسى 130 مىليون 840 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %18.4، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 420 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %20.2 ئاشتى.

ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى سەل كۆپەيدى. بىر يىلدا ئەمەلىي پايدىلىنىش بويىچە چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 43 مىليون 340 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 1.1 ھەسسە ئاشتى؛ سىرتقا قارىتا ھۆددىگە ئېلىنغان توختام سوممىسى 18 مىليون 470 مىڭ دوللار بولۇپ، %13 كېمەيدى.

ساياھەتچىلىك داۋاملىق راۋاجلاندى. بىر يىلدا كۈتۈۋېلىنغان ئىچكى ساياھەتچى 9 مىليون 679 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %13.3، ئىچكى ساياھەتچىلىك كىرىمى 8 مىليارد 395 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.9 ئاشتى. كۈتۈۋېلىنغان خەلقئارا ساياھەتچى 275 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %0.9 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار 41 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %23.5 ئازايدى؛ خەلقئارا ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 99 مىليون 424 مىڭ 100 دوللارغا يېتىپ، %0.9 ئاشتى.

مالىيە كىرىمى خېلى تېز ئاشتى. بىر يىلدا تولۇق ئۆلچەملىك مالىيە كىرىمى 36 مىليارد 145 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %23.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيە كىرىمى 14 مىليارد 24 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.2، يەرلىك مالىيە چىقىمى 38 مىليارد 473 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %36.5 ئاشتى.

شىنجاڭ بويىچە خەلق ئىگىلىكىنىڭ 2002 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئاساسلىق كۆرسەتكۈچى

| كۆرسەتكۈچ | سانى | كۆرسەتكۈچ | سانى | كۆرسەتكۈچ | سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (يۈەن) | 8382 | ئېلىنغان ياغلىق دان (كىلوگرام) | 23.5 | تارقىتىلغان توك (كىلوۋات سائەت) | 1123 |
| سانائەت، يېزا ئىگىلىك قىممىتى (يۈەن) | 9711 | ئېلىنغان قىزىلچا (كىلوگرام) | 246.9 | سېمونت (كىلوگرام) | 545 |
| سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 6934 | چوشقا، كالا، قوي گۆشى (كىلوگرام) | 46.9 | ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (يۈەن) | 2343 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 2777 | سۇ مەھسۇلاتى (كىلوگرام) | 3.4 | تاموژنا ئېكسپورت سوممىسى (دوللار) | 69.12 |
| تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ (يۈەن) | 4300 | مېۋە - چېۋە (كىلوگرام) | 104.6 | ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى (ئون مىڭدا بىر) | 70.77 |
| دۆلەت ئىلكىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ (يۈەن) | 2376 | قوغۇن - تاۋۇز (كىلوگرام) | 123.4 | ئوتتۇرا تېخنىكومدىكى ئوقۇغۇچى (ئون مىڭدا بىر) | 44.04 |
| يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى (يۈەن) | 616 | رەخت (مېتىر) | 11 | ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى (ئون مىڭدا بىر) | 702.73 |
| يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى چىقىمى (يۈەن) | 1910 | فابرىكا قەغىزى ۋە ماتربتسا (كىلوگرام) | 12 | دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات (ئون مىڭدا بىر) | 34.10 |
| تېرىلغۇ يەر (گېكتار) | 0.18 | يىپ (كىلوگرام) | 16.7 | سەھىيە تېخنىكا خادىمى (ئون مىڭدا بىر) | 47.13 |
| ئاشلىق (كىلوگرام) | 463.3 | كۆمۈر (كىلوگرام) | 1639 | بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر | 19.70 |
| پاختا (كىلوگرام) | 79.3 | نېفىت (كىلوگرام) | 1077 | شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى (يۈەن) | 5972 |

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

پۇل مۇئامىلە ئوبوروتى ئاساسەن نورمال بولدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 222 مىليارد 531 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 25 مىليارد 140 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، كارخانىلار ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 70 مىليارد 582 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 871 مىليون يۈەن، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 113 مىليارد 787 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14 مىليارد 385 مىليون يۈەن ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەر خىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 180 مىليارد 115 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 20 مىليارد 491 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، قىسقا مەزگىللىك قەرز پۇل 4 مىليارد 18 مىليون يۈەن، ئوتتۇرا مەزگىللىك قەرز پۇل 15 مىليارد 542 مىليون يۈەن.

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى سەل ياخشىلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7454.8 يۈەنگە يېتىپ، ئۆزگەرمەس ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا، 2001 - يىلدىكىدىن 13.1%، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5638.96 يۈەنگە يېتىپ، 11.4%؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1863.26 يۈەنگە يېتىپ، 8.9%؛ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1411.73 يۈەنگە يېتىپ، 4.6% ئاشتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆينىڭ ئىشلىتىلىش كۆلىمى 17.85 كۋادرات مېتىرغا يەتتى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 18.56 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2.9% كۆپەيدى. بىر يىلدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىنگېل كوئېففىتسېنتى 34% بولۇپ، 1.5 پىرسەنت پوئېنتى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىنگېل كوئېففىتسېنتى 49% بولۇپ، 1.4 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاشى 29 مىليارد 154 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.9%، خىزمەتتىكى ئىشچى -

خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 605 يۈەنگە يېتىپ، %12.9، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە %13.6 ئاشتى.

خۇاڭ شۈيىڭ

# ئاساسلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەرخىل ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى بەزىلىرىنىڭ ئۆستى، بەزىلىرىنىڭ تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. 2 - كەسىپ ئىچىدە سانائەت قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 3 - كەسىپ ئىچىدە قاتناش - ترانسپورت، ساقلاش، پوچتا - تېلېگراف، خەۋەرلىشىش كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىدا يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە 29 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 12 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ تەركىبىنى 3 كەسىپ بويىچە ئايرىغاندا: 1 - كەسىپنىڭ %19.1 نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 12 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 2 - كەسىپنىڭ %42.1 نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، 2 - كەسىپ ئىچىدە سانائەت %29.6 نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىناكارلىق %12.5نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 3 - كەسىپ %38.8 نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش - ترانسپورت، ساقلاش، پوچتا - تېلېگراف، خەۋەرلىشىشنىڭ %8.3 نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 11 - ئورۇندا، توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىدا يېمەك- ئىچمەك كەسپىنىڭ %8.8 نى ئىگىلەپ، 22 - ئورۇندا تۇردى، قاتناش - ترانسپورت، ساقلاش، پوچتا- تېلېگراف، خەۋەرلىشىش كەسپى بىر ئورۇن، توپ ۋە پارچە سېتىش كەسپىدە يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىكى بىر يىلدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، ئېشىش سۈرئىتى %5.2 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 16 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 26 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ئاشلىق مەملىكەت بويىچە 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ پاختا مەملىكەت بويىچە پاختىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەپ، پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى، بىرلىك ھوسۇلى، ئوتتۇرىچە ھوسۇلى جەھەتتە يەنىلا مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى؛ ياغلىق دان مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ شېكەر مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ مېۋە - چېۋە مەملىكەت بويىچە 13 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ گۆش مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، كالا گۆشى مەملىكەت بويىچە 8 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، قوي گۆشى مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، سۈت مەملىكەت بويىچە 5 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، سۇ مەھسۇلاتى

مەملىكەت بويىچە 26 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

سانائەت ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە كۆمۈر مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ خام نېفىت مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ توك مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ پولات مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ چويۇن مەملىكەت بويىچە 26 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ تەييار پولات ماتېرىيال مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ سېمونت مەملىكەت بويىچە 30 - ئورۇندا تۇرۇپ، 11 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ رەخت مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت) مەملىكەت بويىچە 16 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كونترول ئۇيۇشمىسى قىلىنغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچى ئىچىدە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى مەملىكەت بويىچە 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، ئېشىش سۈرئىتى 8.4% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 28 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ئومۇمىي پايدا مەملىكەت بويىچە 19- ئورۇندا تۇرۇپ، 5 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيىنى مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى مەملىكەت بويىچە 9 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى 9.1% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 13 - ئورۇندا تۇرۇپ، 8 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ مۈلۈكنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى 60% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا تۇرۇپ، 6 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قېتىم سانى 1.5 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ تەننەرخ خىراجىتىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 9.5% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ۋە بىناكارلىق بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش مەملىكەت بويىچە 19- ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ مەملىكەت بويىچە 13 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىش مەملىكەت بويىچە 24- ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا مەبلەغ سېلىش مەملىكەت بويىچە 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ تاۋار ئۆي سېتىش سوممىسى مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12 مىليون 86 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 5 ئورۇن، پۈتكەن ئۆي كۆلىمى 5 مىليون 536 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن، سېتىلغان ئۆي كۆلىمى 4 مىليون 5000 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت بويىچە 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 24 مىليون 970 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 12 مىليون 731 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

قاتناش - ترانسپورت بىر يىلدا ھەرخىل قاتناش ۋاسىتىلىرى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى مەملىكەت بويىچە 22 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تۆمۈريولدا توشۇلغىنى مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ تاشيولدا توشۇلغىنى مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تۆمۈريولدا توشۇلغىنى مەملىكەت بويىچە 30 - ئورۇندا تۇرۇپ، 8 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ تاشيولدا توشۇلغىنى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 5 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

مالىيە، سودا ۋە باھا ئاپتونوم رايون بويىچە يىللىق مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى مەملىكەت بويىچە 24- ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

بىر يىلدا ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە

سېتىلىش سوممىسى مەملىكەت بويىچە 25 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى 0.6% تۆۋەنلەپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 0.2 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى، مەملىكەت بويىچە 17 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 16 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

تاشقى سودا ۋە ساياھەتچىلىك بىر يىلدا ئىمپورت، ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 18 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 22 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ ئىمپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 17ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. چەت ئەل سودىگەرلىرى ئەمەلىي مەبلەغ سالغان تۈر مەملىكەت بويىچە 26ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى توختام بويىچە سالىدىغان مەبلەغ مەملىكەت بويىچە 26 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى ئەمەلىي سالغان مەبلەغ 30 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 28 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 27 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى مەملىكەت بويىچە 27 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ساياھەتچى سانى مەملىكەت بويىچە 24 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك ساياھەتچى مەملىكەت بويىچە 22 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ساياھەتچىلىكتىن يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت مەملىكەت بويىچە 22 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

نوپۇس، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 19 مىليون 50 مىڭ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 24ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.3‰ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 6 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن، نوپۇسنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 5.43‰ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 27 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.87‰ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 4 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 7 مىليون 10 مىڭ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 26 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 2 مىليون 423 مىڭ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 23 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 11 مىڭ 605 يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 13 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

خەلق تۇرمۇشى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى مەملىكەت بويىچە 14 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى مەملىكەت بويىچە 13 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئېنگىل كوئېففىتسېنتى 33.9% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 27 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى مەملىكەت بويىچە 17 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 8 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى مەملىكەت بويىچە 14ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 10 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئېنگىل كوئېففىتسېنتى 49% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 11 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە نەق پۇل كىرىمى مەملىكەت بويىچە 15 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، نەق پۇل چىقىمى مەملىكەت بويىچە 14 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، 2001 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

سۇن شۇيىڭ

## ئىگىلىكنى رەتكە تۇرغۇزۇپ باھالاش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ يىللىق مەلۇمات ماتېرىيالىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 2002 ـ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىگىلىكتىن ئالدىنقى 10 نى رەتكە تۇرغۇزۇپ باھالاش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10ـ لىككىچە بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر (ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شىخەنزە شەھىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ تەرتىپى مۇنداق: قاراماي شەھىرى (45 مىڭ 33 يۈەن)، ئۈرۈمچى شەھىرى (17 مىڭ 780 يۈەن)، بايىنغولىن ئوبلاستى (13 مىڭ 514 يۈەن)، تۇرپان ۋىلايىتى

(13 مىڭ 59 يۈەن)، شىخەنزە شەھىرى (10 مىڭ 973 يۈەن)، سانجى ئوبلاستى (9312 يۈەن)، تارباغاتاي ۋىلايىتى (8081 يۈەن)، قۇمۇل ۋىلايىتى (7815 يۈەن)، ئالتاي ۋىلايىتى (6563 يۈەن)، بورتالا ئوبلاستى (6519 يۈەن).

ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 ـ لىككىچە بولغان ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ تەرتىپى مۇنداق: كورلا شەھىرى (28 مىڭ 995 يۈەن)، فۇكاڭ شەھىرى (13 مىڭ 717 يۈەن)، كۈيتۇڭ شەھىرى (10 مىڭ 470 يۈەن)، سانجى شەھىرى (10 مىڭ 406 يۈەن)، مىچۈەن شەھىرى (10 مىڭ 113 يۈەن)، قۇمۇل شەھىرى (8874 يۈەن)، شىخو شەھىرى (8709 يۈەن)، چۆچەك شەھىرى (8639 يۈەن)، ئاقسۇ شەھىرى (8502 يۈەن)، بورتالا شەھىرى (7088 يۈەن).

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 ـ لىككىچە بولغان ناھىيىلەرنىڭ تەرتىپى مۇنداق: پىچان ناھىيىسى (22 مىڭ 171 يۈەن)، ماناس ناھىيىسى (11 مىڭ 616 يۈەن)، قۇتۇبى ناھىيىسى (9243 يۈەن)، ساۋەن ناھىيىسى (9068 يۈەن)، كۆكتوقاي ناھىيىسى (8411 يۈەن)، لوپنۇر ناھىيىسى (8037 يۈەن)، بۆرۋلتوقاي ناھىيىسى (7830 يۈەن)، جىمىنەي ناھىيىسى (7819 يۈەن)، چاقىلىق ناھىيىسى (7619 يۈەن)، دۆربىلجىن ناھىيىسى (7392 يۈەن).

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ تەرتىپىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايون ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدە يەنىلا روشەن ھالدا شىمالنىڭ يۇقىرى، جەنۇبنىڭ تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى مەۋجۇت، ئالدىنقى 10 ـ لىككىچە بولغانلار ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئاران بايىنغولىن ئوبلاستىلا بار. ئاپتونوم رايون ئىگىلىكىدە يەنىلا روشەن پەرق ۋە ئىنتايىن تەكشىسىزلىك مەۋجۇت. 1 ـ ئورۇندا تۇرغان قاراماي شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئەڭ ئاخىرىدا تۇرغان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدىن 22.8 ھەسسە كۆپ.

ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىدىن قارىغاندا، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر (ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شىخەنزە شەھىرى بۇنىڭ سىرتىدا) لەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئاپتونوم رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 27.8% نى ئىگىلىگەن، ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولغىنى 9. شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەردىن روشەن يۇقىرى بولغان، ئالدىنقى 10 ـ لىككىچە بولغانلار ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەر 80% نى ئىگىلەيدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادنى رەتكە تۇرغۇزۇش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى روشەن تېز بولغان، لېكىن ئومۇمىي كۆلىمى كىچىكرەك، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ رايونلار ئارا پەرقى زور، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جايلار باشقا رايونلاردىن ئومۇمىيۈزلۈك ئارقىدا قالغان. ئاپتونوم رايوندىكى 68 ناھىيىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئاپتونوم رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ئاران 35.1% نى ئىگىلىگەن، ئەمما ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە شەھەرلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئاپتونوم رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 37.1% نى ئىگىلىگەن. ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان پىچان ناھىيىسىنىڭ 22 مىڭ 171 يۈەن، ئەڭ تۆۋەن بولغان گۇما ناھىيىسىنىڭ 1527 يۈەن، ئالدىنقى 10 ـ لىككىچە بولغانلار ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا پەقەت بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 2 ناھىيىسىلا بار، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشقا 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى كۇچا ناھىيىسى (5177 يۈەن) بولۇپ، ئاران 24 ـ ئورۇندا تۇرغان. ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، يۇقىرى قوشۇلما قىممەتلىك تۈۋرۈك كەسىپ كەمچىل، كەسىپ قۇرۇلمىسى بىرلا خىل، 2.، 3 ـ كەسىپنىڭ تەرەققىياتى بەكلا ئارقىدا قېلىش جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب.

گۈلنار

## نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى، 33 تۈرگە دائىر مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ تۈرلەرگە 23 مىليارد 950 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان.

يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ تېلېگرافى شەرقىي ۋە شىمالىي ئايلانما ئوپتىك كابېل خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى، قەشقەر ئېلېكتر ئىستانسىسى، دۆلەت يولى 314 ـ لىنىيىسىنىڭ پارچە ساقالدىن توقسۇنغىچە بولغان بۆلىكى ۋە ئالاقىدار تاشيوللارنى

ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى يوندا بىرتەرەپ قىلىش ۋە كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى، دۆلەت ئاشلىق ئامبىرى، شىنجاڭ يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، مايتاغ ئېتىلېن قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق 7 تۈر پۈتۈنلەي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 7 يەككە تۈر ۋە قىسمەن ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەردىمۇ ئاساسەن پىلاندىكى نىشان ئىشقا ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تارىم يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت ئاسراش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى بويىچە 52 مىڭ گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى؛ شىنجاڭ سۈپەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشىدا 3020 گېكتار ئۇرۇقلۇق بازىسى قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلېكتر تورىنى تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كۆيتۈگەدىن جىمغىچە بولغان لىنىيىسىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك توك يوللاندى، كورلىدىن كۇچاغىچە بولغان لىنىيە تۇتاشتۇرۇلدى؛ شىنجاڭ نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش، تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ۋە غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ نېفىت - گاز تەكشۈرۈش- ئېچىشىدا زور ئىلگىرىلەش بولدى، 1 مىليارد 50 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاشۇرۇپ سېلىندى. باشقا داۋاملاشتۇرۇلىدىغان 13 تۈردە يىللىق پىلان نىشانى ئاساسەن ئىشقا ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدىكى 5 - نومۇرلۇق گېنېراتورلار گورۇپپىسى مۇددەتتىن بۇرۇن 72 سائەتلىك سىناقتىن ئۆتتى؛ شىنجاڭ خوڭيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 458 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 3 - نومۇرلۇق پېچ گەۋدىسى پۈتتى، سوۋۇتۇش مۇنارىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاساسەن تاماملاندى، ھازىر 3 - نومۇرلۇق پېچنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى قوراشتۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ؛ شىنجاڭدىكى ناھىيىلەر ئارا ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خېلى تېز ئىلگىرىلىدى، موريدىن باركۆلگىچە بولغان S303 لىنىيىسى، نىلقىدىن چورماقىچە بولغان S513 لىنىيىسى، سەككىزتاشتىن ئاقچىغىچە بولغان S603 لىنىيىسى ئاساسەن تۇتاشتۇرۇلغاندىن باشقا، قالغان 11 تۈردە ئاساسەن ئاپتوموبىل قاتنىدى؛ كۆيتۈگەدىن سايرامغىچە بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولنىڭ يول ئۇلى ۋە شېغىل تۆكۈش بويىچە 9 مىليون 710 مىڭ كۇب مېتىر توپا - تاش توشۇلدى، بۇ ئومۇمىي قۇرۇلۇشنىڭ %36.7 نى ئىگىلەيدۇ، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىدا 405 مېتىر كۆۋرۈك سېلىنىپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇشنىڭ %30.76 ى تاماملاندى؛ دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ توقسۇندىن خوشۇتقىچە بولغان قىسمىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 156 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يول ئۇلىغا 2 مىليون 620 مىڭ كۇب مېتىر توپا - تاش توشۇلدى، بۇ ئومۇمىي قۇرۇلۇشنىڭ %23.3 نى ئىگىلەيدۇ، 14 كىلومېتىر ئالاھىدە يول ئۇلى بىرتەرەپ قىلىندى، بۇ ئومۇمىي قۇرۇلۇشنىڭ %60 نى ئىگىلەيدۇ؛ خوتەن ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇچۇش رايونىدىكى بېتون يول يۈزى، ئاۋىئاتسىيە يۆنىلىش رادار پونكىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى؛ غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى) نىڭ 1 - بۆلىكىدىكى 285 كىلومېتىر تۇرۇبا لىنىيىسى قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ لوپنۇر كۆلى كالىيلىق ئوغۇت بازىسى تەجرىبە مەيدانى ۋە تۇزلۇق قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى تاشقى ئايلانما يولى قۇرۇلۇشى قاتارلىق داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈرلەرمۇ ئاساسەن يىللىق پىلان بويىچە تاماملاندى. يېڭىدىن ئىش باشلانغان 11 تۈر ئىچىدە، نارات ئايرودرومى، قاراماي ئايرودرومىنى كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى باشلانمىغاندىن باشقا، قاپچىغاي سۇچىلىق تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ «يورۇقلۇق قۇرۇلۇشى». توقسۇن ئوت ئېلېكتر قۇرۇلۇشى، كۇچا ئوت ئېلېكتر ئىستانسى قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى ۋوگزالىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ خوشۇتتىن كورلىغىچە بولغان قىسمىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ئاشلى مىس كېنىنىڭ رۇدا تاللاش قۇرۇلۇشى قاتارلىق 9 تۈردە قۇرۇلۇش باشلاندى. 12 زاپاس نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمەتلىرى خېلى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، كۇچا ئوقۇربۇلاق كان رايونىدىكى 2 - نومۇرلۇق قۇدۇقنى ئېچىش قۇرۇلۇشى 7 - ئايدا مۇددەتتىن بۇرۇن باشلاندى؛ گۇاڭخۇي تەبىئىي گاز (LNG) قۇرۇلۇشىدا تېخنىكا ۋە ئاساسلىق ماتېرىياللارنى كىرگۈزۈش توختىمى ئىمزالىنىپ، 6 - ئايدا ئىش باشلاندى؛ سانجى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، كورلا ئايرودرومى، ئۈرۈمچى لۇخۇاگۇ كان رايونىدىكى 3 - نومۇرلۇق قۇدۇقنى ئېچىشنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى تەستىقلاندى.

نۇقتىلىق تۈرلەر ئارقىلىق كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى: ئۆزگەرتىلگەن تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز 52 مىڭ گېكتار، ئۇرۇقلۇق بازىسى 3020 گېكتار، يۇقىرى، ئوتتۇرا بېسىملىق توك سىمى 7166 كىلومېتىر، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 185 مىڭ كىلوۋات، خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 3 مىليون 250 مىڭ توننا. 1 - دەرىجىلىك تاشيول 39 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 523 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 931 كىلومېتىر، تېلېگراف ئوپتىك كابېلى 1900 كىلومېتىر، كۈندىلىك يوندا بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 166 مىڭ توننا، ئاشلىق ئامبىرى سىغىمى 190 مىڭ توننا.

ياڭ يىبو

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2002 ـ يىلدىكى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

<table dir="rtl">
<tr><td colspan="2">ئاپتونوم ئوبلاست 5</td><td>ۋىلايەت 7</td><td>ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2</td><td>ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر 20</td></tr>
<tr><td colspan="2">ناھىيە 62</td><td>ئاپتونوم ناھىيە 6</td><td>شەھەرگە قاراشلىق رايون 11</td><td>رايونلۇق مەھكىمە 11</td></tr>
<tr><td colspan="2">يېزا 631 (يېزىنىڭ ئىچىدە مىللىي يېزا 43)</td><td>بازار 229</td><td>مەھەللە ئىش باشقارمىسى 133</td><td></td></tr>
<tr><td colspan="2">ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، رايون نامىلىرى</td><td colspan="3">قاراشلىق رايون، بازار، يېزا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى، رايونلۇق مەھكىمە</td></tr>
<tr><td rowspan="8">ئۈرۈمچى شەھىرى</td><td>«تيانشان» رايونى</td><td colspan="3">مەھەللە ئىش باشقارمىسى: قارلىغاچلىق، «غالىبىيەت» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، جەنۇبىي «ئازادلىق» كوچىسى، «تىنچلىق» كوچىسى، شىمالىي «ئازادلىق» كوچىسى، دۆڭمېن، شىمالىي «شىنخۇا» كوچىسى، جەنۇبىي «شىنخۇا» كوچىسى، ياشلار كوچىسى، «بەخت» كوچىسى، شور بۇلاق، «يەنئەن» كوچىسى؛ يېزا: داۋان</td></tr>
<tr><td>سايباغ رايونى</td><td colspan="3">مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «چاڭجياڭ» كوچىسى، خوتەنگەي، «ياڭزىجياڭ» كوچىسى، جەنۇبىي «دوستلۇق» كوچىسى، «1 ـ ئاۋغۇست» كوچىسى، لۈيەنگەي، شىمەن، يامالىق تېغى، شىمالىي «دوستلۇق» كوچىسى، خۇڭمياۋزى</td></tr>
<tr><td>يېڭىشەھەر رايونى</td><td colspan="3">مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «بېيجىڭ» كوچىسى، ئەرگۇڭ، سەنگۇڭ، يېڭى نېفىت كەنتى، «مېھمان كۈتۈش» كوچىسى، شەرقىي «قەشقەر» كوچىسى، «تيەنجىن» كوچىسى، «يەنجۈەن» كوچىسى، «خاڭجۇ» كوچىسى، «نەنۋېي» كوچىسى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى؛ يېزا: ئەرگۇڭ، دىۋوپو</td></tr>
<tr><td>شىمىگۇ رايونى</td><td colspan="3">مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شىمىگۇ، ليۇداۋان، ۋېيخۇلياڭ، «يېڭى خەلق» كوچىسى، باداۋان، پىكەنكۆل؛ يېزا: چىداۋان</td></tr>
<tr><td>تۇدۇڭخابا رايونى</td><td colspan="3">مەھەللە ئىش باشقارمىسى: تۇدۇڭخابا، غەربىي پويىز ئىستانسىسى، «ئۈرۈمچى ـ سانجى» كوچىسى، ۋاڭجياگۇ، «غەربىي شىمالىي ۋوگزال» كوچىسى</td></tr>
<tr><td>داۋانچىڭ رايونى</td><td colspan="3">مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ئۈچىرغول، شىڭفۇ، دۇڭفاڭ، ئۇلانباي؛ بازار: داۋانچىڭ؛ يېزىلار: دوڭگۇ، شىگۇ، ئاقسۇ، سايئوبا</td></tr>
<tr><td>دۇڭشەن رايونى</td><td colspan="3">مەھەللە ئىش باشقارمىسى: كازۇېن، دىياڭ، نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى؛ يېزا: لۇساۋگۇ</td></tr>
<tr><td>ئۈرۈمچى ناھىيىسى</td><td colspan="3">بازار: گەنتجۇ، شۇشىگۇ؛ يېزىلار: چىڭگىبداخۇ، سىشىخۇ، ليۇشىخۇ، سارداۋان، يۇڭفېڭ، گەنگۇ، شياۋچۈزى، بەنفاڭگۇ، تولى</td></tr>
<tr><td rowspan="4">قاراماي شەھىرى</td><td>مايتاغ رايونى</td><td colspan="3">مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شىمالىي كەنت، «جىنشەن» كوچىسى، «شىنلىڭ» كوچىسى</td></tr>
<tr><td>قاراماي رايونى</td><td colspan="3">مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «تەڭرىتاغ» كوچىسى، «غالىبىيەت» كوچىسى، «55» يېڭى بازىرى، «جىنلۇڭ» بازىرى، «كۈنلۈن» كوچىسى، «سامايولى» كوچىسى؛ يېزا: شۆگەي</td></tr>
<tr><td>جەرەنبۇلاق رايونى</td><td colspan="3">مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «يۇڭشاڭ» كوچىسى، «سەنپىڭ»</td></tr>
<tr><td>ئورقۇ رايونى</td><td colspan="3">مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ئاقبۇلاق؛ يېزا: ئورقۇ</td></tr>
<tr><td rowspan="3">تۇرپان ۋىلايىتى</td><td>تۇرپان شەھىرى</td><td colspan="3">مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «كونا شەھەر» كوچىسى، «ئىدىقۇت» كوچىسى؛ بازار: چىچان، داخېيەن؛ يېزىلار: يار، ئاستانە، قاراغوجا، ئايدىڭكۆل، چاتقال، سىڭگىم، ئۈزۈمچىلىك</td></tr>
<tr><td>پىچان ناھىيىسى</td><td colspan="3">بازار: پىچان، لۈكچۈن، پىچان پويىز ئىستانسىسى، چىقتىم، لەمجىن؛ يېزىلار: پىچان، دالانكارىز، دىغار، تۇيوق، دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى</td></tr>
<tr><td>توقسۇن ناھىيىسى</td><td colspan="3">بازار: توقسۇن، كۆمۈش، كۆجەي؛ يېزىلار: شاھ، غولبويى، ئىلانلىق، بوستان</td></tr>
<tr><td rowspan="3">قۇمۇل ۋىلايىتى</td><td>قۇمۇل شەھىرى</td><td colspan="3">مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شەرقىي ئۆستەڭ رايونى، غەربىي ئۆستەڭ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى، يېڭى نېفىت شەھىرى، ليۇيۈەن؛ بازار: يامانسۇ، يەتتە قۇدۇق، ئارايولتۇز، ئاستانە؛ يېزىلار: تاشبۇلىق، تەڭرىتاغ، قوشتۇدۇق، بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز، قارادۆۋە، غەربىي تاغ، ئاقتاش، شەھەر ئەترابى، ئېدىر، دەۋلەدۆرۈك قازاق يېزىسى، ئۇلاتاي قازاق يېزىسى</td></tr>
<tr><td>باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى</td><td colspan="3">بازار: باركۆل، بورچۇنچى، كۆيسۇ، داخې؛ يېزىلار: سارچوقا، كۆلياقا، شيالوبا، شىرىنزا، خۇايۈەن، سەنتاڭخۇ، چوڭ قۇلۇنچەرى، باچاگزى</td></tr>
<tr><td>ئاراتۈرۈك ناھىيىسى</td><td colspan="3">بازار: ئاراتۈرۈك، نوم؛ يېزىلار: ئاداق، باي، تۇزكۆل، توغۇلۇ، تېرىنكىر قازاق يېزىسى</td></tr>
</table>

| | | |
|---|---|---|
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | سانجى شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: كوناشەھەر، شىمالىي «يەنئەن» كوچىسى، جەنۇبىي «يەنئەن» كوچىسى، شەھەر ئەتراپى رايونى؛ بازار: لىيۇخۇاڭگو، يۇشۇگۇ، سەنگۇڭ، لىيۇگۇڭ، ئەرلىيۇگۇڭ، داشىجۇ؛ يېزىلار: دەنيا، بىنخۇ، مياۋئېرگو، ئاشىلى قازاق يېزىسى |
| | فۇكاڭ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «بېگى فۇكاڭ» كوچىسى، «بۇغدا» كوچىسى، شەرقىي «جۇڭغار» كوچىسى؛ بازار: گەنخېزا، جيۇيۈنگەي، زىنىجۇەنزە، بازار؛ يېزىلار: شىسىگۇ، سەنگۇڭخې قازاق يېزىسى، ئاقئول قازاق يېزىسى |
| | مىچۈەن شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «دوستلۇق» كوچىسى، غەربىي «گۇڭنۇدى» كوچىسى، شەرقىي «گۇڭنۇدى» كوچىسى؛ بازار: گۇڭنۇدى، تيېنچاڭگۇ، چاڭسەنزە، سەندوبا، ياڭخاۋگۇڭ؛ يېزىلار: تېرەكلىك قازاق يېزىسى |
| | قۇتۇبى ناھىيىسى | بازار: قۇتۇبى، دافېڭ، چۇرىگۇل، ئەرشىلدەن، يۈەنخۇسۈن، ۋۇگۇڭتەي؛ يېزىلار: تاشپەلەمپەي قازاق يېزىسى، قاراتۇپە قازاق يېزىسى |
| | ماناس ناھىيىسى | بازار: ماناس، لوتۇبى، باۋجيادەن، لياڭجۇخۇ، ليۇخۇدى، بەيۇبا، لەنجۇەن؛ يېزىلار: گۇاڭدۇڭدى، چىڭشۇيخوزا قازاق يېزىسى، ئاسىرقاي قازاق يېزىسى، خەنكازىتەن قازاق يېزىسى |
| | گۇچۇڭ ناھىيىسى | بازار: گۇچۇڭ، لاۋچىتەي، بەنجيېگۇ، جىبىكى، دۇڭۋەن، شىدى؛ يېزىلار: بىلىيۇخې، شىبىيۇەن، كارىز، گۇچۇڭ، چىخۇ، سەنگجاڭزا، ۋۇماچاڭ قازاق يېزىسى، چورىن قازاق يېزىسى، داچۇەن تاتار يېزىسى |
| | جىمسار ناھىيىسى | بازار: جىمسار، سەنتەي، چۇەنزىگەي، بېيتىڭ؛ يېزىلار: ئەركۇڭ، لاۋتەي، چىڭياڭخۇ، شىندى، دايۇ |
| | مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: مورى، شىجىر، دۇڭجېڭ؛ يېزىلار: ئىنگىنبۇلاق، جاۋبىسەن، شىنخۇ، چورىن، بەيياڭخې، چوقپارتاش، يوستان، دانەنگو ئۆزبېك يېزىسى |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | بورتالا شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: چىڭدېل، گۇلۇمتۇ، كىرگىنزو؛ بازار: شويىگېن، دالتۇ، ئوتبۇلاق؛ يېزىلار: چىڭدېل، بىلىن خارمۇدۇن |
| | جىڭ ناھىيىسى | بازار: جىڭ، داخىيەنزە؛ يېزىلار: ماندابۇلاق، تولى، تودوگ |
| | ئارىشاڭ ناھىيىسى | بازار: بۇگدۇر، خاربۇغ؛ يېزىلار: ئاڭگىلىك، چاغانتۇغگى، تاشۇ، زالمۇت |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | كورلا شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: سايباغ، قۇرۇلۇش، «تەڭرىتاغ»، يېڭىشەھەر، ئىتتىپاق؛ بازار: تاشدەن، شاڭخۇ؛ يېزىلار: يېڭىشەھەر، تېكىچى، چارباغ، يۇغۇي، ئاۋات، تۇۋۇرچى، قوشئېرىق، قارا يۇلغۇن، لەڭگەر |
| | بۈگۈر ناھىيىسى | بازار: بۈگۈر، جەنۇبىي بۈگۈر، چۇنپاق، يېڭىسار؛ يېزىلار: دادولان، قاراباغ، ئاقبۇلاق، چەدىر، سوغۇ، تارلاق، تېرەك بازار، ئەشمە |
| | لوپنۇر ناھىيىسى | بازار: لوپنۇر، شىنىغا؛ يېزىلار: تارىم، شىڭپىڭ، «ئىتتىپاق»، دۆڭقوتان، قارچۇغا، ئاقسۇپى، گۈلباغ |
| | چاقىلىق ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: چىمەن؛ بازار: چاقىلىق، يېتىمبۇلاق، لوپنۇر كۆلى؛ يېزىلار: ئىكەنلىك، ئۆتام، ۋاششەرى، تۇمۇرلۇك، چىمەنتاغ |
| | چەرچەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: ئاچچان؛ بازار: چەرچەن؛ يېزىلار: ئارال، چوڭكۆل، توغراقلىق، باغئېرىق، يېڭىئۆستەڭ، ئاقتېكەندۆڭ، قوشئاتا، ئاتىراڭ، ئاچچان، قورامىلىق، ئويبايلاق |
| | يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قاراشەھەر، شىكشىن، يۇڭنىڭ، دەنزىل؛ يېزىلار: بېيداچۇ، ۋۇخاۋچۇ، بورقاي، چاغانچېكە |
| | خېجىڭ ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: بايىنبۇلاق؛ بازار: خېجىڭ، بالغۇنتاي، باروۇن خارمۇدۇن، خارمۇدۇن؛ يېزىلار: ئەمىنمودۇن، شەلىمىربوغ، كىرغوت، ئالغو، ئۆلجېيتۈل، بايانغول، بايانئول، كۆنگكۆسىنغول |
| | خوشۇت ناھىيىسى | بازار: تېۋىلغا؛ يېزىلار: چۇقۇ، ئاقارچى، سوغاتۇ، ئەرىنكىر، شىنتاران، ئۇششاق تال خۇيزۇ يېزىسى |
| | باغراش ناھىيىسى | بازار: باغراش، بۆمبۆت؛ يېزىلار: ئابانچوكۇن، ئۇلانچېكسىن، چاغاننۇر، چېكسىنىنۇر، باغراش |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئاقسۇ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: لەڭگەر، يېڭىبازار، قىزىلكۆۋرۈك، يېڭىشەھەر، جەنۇبىي شەھەر؛ بازار: قاراتال، ئايكۆل؛ يېزىلار: ئىگەرچى، بەشتوگمەن، توپلۇق، قۇمباش، توقاي |
| | ئونسۇ ناھىيىسى | بازار: ئونسۇ، ئۇششۇق، جام، ئارال، قىزىل؛ يېزىلار: توخولا، چافراق، ئىشلەمچى، گۈلئاۋات، بوزدۆڭ قىرغىز يېزىسى |
| | كۇچا ناھىيىسى | بازار: كۇچا، ئۇچا، ئالاقاغا، چىمەن، دۆڭقوتان، ياقا، ئۆزۈن، ئىشقىلا، ياقىلا؛ يېزىلار: ئۆچئۆستەڭ، بېھىشباغ، خانىقاتام، ئاقئۆستەڭ، ئاقى، تارىم |
| | شايار ناھىيىسى | بازار: شايار، تۆپيولدى، قىزىلبايراق، يېڭىمەھەللە؛ يېزىلار: گۈلباغ، قايلۇر، ئۇرباغ، تارىم |
| | توقسۇ ناھىيىسى | بازار: توقسۇ، يۇلتۇزباغ؛ يېزىلار: ئىچكىئېرىق، پەيشەنبە بازار، تاشئېرىق، تامتوغراق، ئۆگەن، ئۆچقات |
| | باي ناھىيىسى | بازار: باي، تېرەك، چارچى، سايرام؛ يېزىلار: قىيىر، قىزىل، توقسۇن، ياتۇر، كانچى، بۇلۇڭ، مىجىغ، ئويباش، چوڭ كۆۋرۈك، قاراباغ |

| | | |
|---|---|---|
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | بازار: ئۈچتۇرپان؛ يېزىلار: ئاقتوقاي، ياركۆرۈك، ئاچاتاغ، ئاقيار، ئىمامبىرىم، يېڭىئاۋات، ئوتبېشى، يامانسۇ قىرغىز يېزىسى |
| | ئاۋات ناھىيىسى | بازار: ئاۋات، قورۇقچۆل، بەشئېرىق؛ يېزىلار: ئايباغ، ئامتوغراق، يېڭىئېرىق، دولان، ياڭتوغراق |
| | كەلپىن ناھىيىسى | بازار: كەلپىن؛ يېزىلار: گەزلىك، يۈرچى، ئاچال، چىلان |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | ئاتۇش شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «بەخت» كوچىسى، «نۇر» كوچىسى؛ يېزىلار: سۇنتاغ، ئازاق، ئاغۇ، ئۇستۈن ئاتۇش، كانتايلاق، تۇگۇرمىتى، قاراجول |
| | ئاقتۇ ناھىيىسى | بازار: ئاقتۇ، ئويتاغ؛ يېزىلار: ئۇجمە، پىلال، بارىن، قاراكېچىك، جامالتېرەك، مۇجى، بۇلۇڭكۆل، قىزىلتۇ، چارلۇق، كوسراپ، تار تاجىك يېزىسى |
| | ئاقچى ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: قۇلانسارىق، ساپارباي، سۇمتاش، قاراچى، قارابۇلاق |
| | ئۇلۇغچات ناھىيىسى | بازار: ئۇلۇغچات، كانسۇ؛ يېزىلار: ئۇلۇغچات، ئوقسالۇر، جىغىن، بورىتوقاي، قىزىلئۆي، تويون، تېرەك، بايقۇرۇت، بوستانتېرەك |
| قەشقەر ۋىلايىتى | قەشقەر شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: چاسا، يارباغ، ئۆستەڭبويى، قۇمدەرۋازا؛ يېزىلار: نەزەرباغ، شامالباغ، دۆلەتباغ، قوغان |
| | قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى | بازار: توققۇزاق؛ يېزىلار: ئوپال، تاشمىلىق، تېرىم، بۇلاقسۇ، سايباغ، زەمىن، ئوغۇساق، ياپتەكلى، سەمەن، خاڭدى، لەڭگەر، مۇش، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاققاش |
| | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | بازار: يېڭىشەھەر، خانئېرىق، پايچان؛ يېزىلار: بارىن، پاندۇرما، يامانيار، باغچى، تازغۇن، يېڭىئېرىق، ئاقارچى، ئەرمۇدۈن، قومۇشئېرىق، ئارال، هاراپ، يېڭىئاۋات |
| | يېڭىسار ناھىيىسى | بازار: يېڭىسار؛ يېزىلار: بازار، چۇلپان، ماڭشىن، ئوچار، سۆگەت، توپلۇق، قىزىل، ئەگىس، لومپا، ساقان، يېڭىيەر، سېيتلە، ئېگىزيەر |
| | پوسكام ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: كۆيباغ؛ بازار: پوسكام، كۆيباغ؛ يېزىلار: پوسكام، يىما، گۈلباغ، سەيلى، ئىككىسۇ، تۇغچى، كۆزباغ، ئاقتام، ئايكۆل، بۆيلىق تاجىك يېزىسى |
| | يەكەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: تومئۆستەڭ، ئىشقول، ئۇدانلىق، قوشراپ، ئاۋات، ئېلىشقۇ، بەشكەنت؛ بازار: يەكەن، چارەك، ئېلىشقۇ، خاڭدى، ئاۋات، بەشكەنت، ئىگەرچى؛ يېزىلار: گۈلباغ، ئارال، چارباغ، يېڭىئۆستەڭ، تومئۆستەڭ، ئۇدانلىق، ئارسلانباغ، ياقائېرىق، ئىشقول، مىشا، يەكچى، ئاقارچى، قوشئېرىق، دۆڭباغ، ئالامەت، ئازادباغ، باغئاۋات، قاراسۇ، قوشراپ، كاچۇڭ، داسى، زەرەپشان تاجىك يېزىسى |
| | قاغىلىق ناھىيىسى | بازار: قاغىلىق، چارباغ، ئۇششاقباش؛ يېزىلار: لوق، بەشئېرىق، تېتىر، چاسا مەسچىت، تۆگچى، باڭگىلئەسكى، جايتېرەك، بارىن، خوجا ئېرىق، شاخاپ، يىلقىچى، چىپان، سايباغ، يېتىملىقۇم، زۇڭلاڭ، كۆكيار، شىخوشۇ |
| | مەكىت ناھىيىسى | بازار: مەكىت؛ يېزىلار: بازارجەمى، شېھىتدۆڭ، يانتاق، تۆمەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات، قۇمقۇسار، ماڭقىتلىق، قورما |
| | يوپۇرغا ناھىيىسى | بازار: يوپۇرغا، ئەشمە؛ يېزىلار: يوپۇرغا، سېيەك، يەكشەنبە بازار، ئاچچىق، تېرىم، بايئاۋات، ئاخۇنلۇقۇم |
| | پەيزاۋات ناھىيىسى | بازار: بارىن، شېكەركۆل؛ يېزىلار: تېرىم، يېڭىمەھەللە، جامباز، غولتوغراق، قىزىلبويى، مىشا، شاپتۇل، قوشئاۋات، قىزىلسۇ، كۆلئۆلەك، ئۆرەكلىك |
| | مارالبېشى ناھىيىسى | بازار: مارالبېشى، سېرىقبۇيا، ئاۋات، ئاچال؛ يېزىلار: چاھارباغ، دۆلەتباغ، ئاناركۆل، شامال، ئاقساقمارال، ئالاغىر، چوڭقۇرچاق، يېڭىئۆستەڭ |
| | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: تاشقورغان، تاجىكئاۋات؛ يېزىلار: تاشقورغان، تاغارما، تىزناپ، دەفتەر، مارياڭ، ۋەچە، بەلدىر، قوغۇشلۇق، بۇرۇڭسال، داتوڭ، كۆكيار قىرغىز يېزىسى |
| خوتەن ۋىلايىتى | خوتەن شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ناۋۇي، نۇرباغ، گۈلباغ، گۈجانباغ؛ بازار: لاسكۈي؛ يېزىلار: ئىلچى، شورباغ، گۈجانباغ |
| | خوتەن ناھىيىسى | بازار: باغچى؛ يېزىلار: لايقا، بوزاق، تۇسالا، خانئېرىق، يېڭىئاۋات، يېڭىئېرىق، لاڭرۇ، سېغىز كۆل، ئىسلامئاۋات، تەۋەككۈل، قاشتېشى |
| | قاراقاش ناھىيىسى | بازار: قاراقاش؛ يېزىلار: توخۇلا، زاۋا، ئاقساراي، جاھانباغ، سايباغ، ئۈرۈچى، ماڭلاي، پۇرچاقچى، قويچى، كۆيا، ياۋا، قاراساي، تۇزۇت، يېڭىيەر، كاۋاك |
| | گۇما ناھىيىسى | بازار: گۇما، دۇۋا؛ يېزىلار: قوشتاغ، كۆكتېرەك، سانجۇ، مۇجى، موكۇيلا، زاڭگۇي، پىشنا، چودا، پىيالما، بەشلەڭگەر، كىلىياڭ، ئاۋئابات تاجىك يېزىسى، كەڭقىر قىرغىز يېزىسى |
| | لوپ ناھىيىسى | بازار: لوپ، يۇرۇڭقاش؛ يېزىلار: جىيا، بۇيا، ناۋا، سامپۇل، چارباغ، هاڭگۇيا، دول، بەشتوغراق |
| | چىرا ناھىيىسى | بازار: چىرا؛ يېزىلار: چىرا، گۈلاخما، دامىكو، چاقا، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستان |
| | كېرىيە ناھىيىسى | بازار: مۇنالا، شەنبە بازار؛ يېزىلار: جاي، كۆكيار، ئارال، ئارىش، لەڭگەر، سىپەك، توغراقاز، قارقى، شىۋۇل، ئويتوغراق، ئاچچان، يېڭىباغ، دەريا بويى |
| | نىيە ناھىيىسى | بازار: نىيە؛ يېزىلار: نىيە، روقىيا، سالغۇزەك، يېپىق، ئەندىر |

| | | | |
|---|---|---|---|
| | | كۈيتۇڭ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شەرقىي «ئۆرۈمچى» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، «يېڭىلىق» كوچىسى، غەربىي «ئۈرۈمچى» كوچىسى تاسكۆيتۇڭ، يېڭى ئىستانسىسى؛ يېزا: كەيكەنچى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | غۇلجا شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: سايبويى، چولۇق كۆۋرۈك، دۆڭمەھەللە، ھەرەمباغ، دۆلەتباغ، قازانچى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىلى دەرياسى» كوچىسى؛ بازار: بايانداي؛ يېزىلار: خەنبىن، تاشكۆۋرۈك، قارادۆڭ، كېپەكيۈزى، تومراق، يېڭىيەر |
| | | غۇلجا ناھىيىسى | بازار: جىلىلىيۇزى، دۆڭمازار؛ يېزىلار: دادامتۇ، يەنجىسىم، تۇرپانيۈزى، خۇدىيارىيۈزى، ئۈژگۈل، سادىقيۈزى، چۆلۈقاي، ئونيار، مازار، قاش، سامىيۈزى، ئۇيغۇر ئۆچىتون، بايتوقاي، يېڭىئام، ئارائۆستەڭ، قاراياغاچ، ئەۋلىيا، ئۆچىتون خويزۇ يېزىسى |
| | | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: چاپچال، ئايشىنسىرى؛ يېزىلار: سۇنجاچىنىرۇ، ئاداچىنىرۇ، جاقۇچىنىرۇ، كان يېزىسى، قوغۇنچى، قاينۇق، جانىستاي، چولۇق بۇقرا، دۇيچىنىرۇ، چوقۇر، تاشلىقبۇلاق خويزۇ يېزىسى |
| | | قورغاس ناھىيىسى | بازار: سۇيدۇڭ، چىڭسىخوزا، لوسىگۇڭ، كۆرە، سارىبۇلاق؛ يېزىلار: لەڭگەر، ساندۇخوزا، داشىگۇر، ئىچىگاشەن شىبە يېزىسى، سەنگۇڭ خويزۇ يېزىسى |
| | | توققۇزتارا ناھىيىسى | بازار: توققۇزتارا؛ يېزىلار: مۇغۇر، جىرغىلاڭ، ئافارسىن، دۆڭمەھەللە، تاشتۆپە، تىككىبۇرىق، ئاقتۆبەك |
| | | كۈنەس ناھىيىسى | بازار: كۈنەس، ئارالتۆپە، ئالدى، نارات، شوربۇلاق؛ يېزىلار: كەڭسۇ، قارابۇرا، ئالمالى، تۆرگىن |
| | | موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | بازار: موڭغۇلكۈرە؛ يېزىلار: خونۇقاي، ئاقدالا، ئۈزۈنبۇلاق، قاشايار، سارقوبۇ، قاراسۇ، چاغان ئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى، شوتا قىرغىز يېزىسى، خۇسۇمتۇخارسۇن موڭغۇل يېزىسى |
| | | تېكەس ناھىيىسى | بازار: تېكەس؛ يېزىلار: كۆكسۇ، چىلۋىزەك، چولاقتېرەك، قارادالا، قاراتوقاي، خوجىرتى موڭغۇل يېزىسى، كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى |
| | | نىلقا ناھىيىسى | بازار: نىلقا؛ يېزىلار: سوپتاي، قاراسۇ، ياقا ئۆلاستاي، نىلقا ئۆزەن، ئۆلاستاي، كىبەك، قاراتۆپە، قىزبۇرتاي، مىس، كۆكخوتخور موڭغۇل يېزىسى |
| | تارباغاتاي ۋىلايىتى | چۆچەك شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: تىنچلىق، دۆبېك، يېڭىشەھەر؛ بازار: ئەرگۈك؛ يېزىلار: ئېمىل، قاراقاباق، چاشا، ئابدىرا، ئاشلىي داغۇر يېزىسى |
| | | شىخۇ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: يېڭىشەھەر رايونى، جەنۇبىي باغ، شىجېڭ، قىزىلكۆۋرۈك، كۈيتۇڭ دەرياسى؛ بازار: خاتۇبوخ، بەيياڭگۇ، خۇاڭگوڭ، چېبېيزە، گۇرتى، گەنخوزا، بەيجۇەن، شىخۇ، چىڭشۇر، شىداگۇ؛ يېزىلار: باشسىخۇ، جۇجيەنلۇ، جاغوزا، تۈنەي، تاشكۆۋرۈك، جىرگىلتى موڭغۇل يېزىسى، تابىلغات موڭغۇل يېزىسى |
| | | دۆربىلجىن ناھىيىسى | بازار: دۆربىلجىن؛ يېزىلار: شەھەر ئەتراپى، شاخۇ، ئۈچ قاراسۇ، قارا ئېمىل، جىلتاغاش، مارالسۇ، گۇرتى، كۆرە، ئېمىلغولىن موڭغۇل يېزىسى، خوجىرتى موڭغۇل يېزىسى |
| | | ساۋەن ناھىيىسى | بازار: ساندۇخوزا، يەنسخەي، ئۇلانئۇس، سىداۋخوزا، دۇڭۋەن، شىگوبې، كوناساۋەن، لىۋماۋۋەن، قورغاس؛ يېزىلار: داچۈەن، بورتوڭگى، شاخۇدى |
| | | تولى ناھىيىسى | بازار: تولى، تېمىرتام، ئۆت؛ يېزىلار: دولاتى، ئاقبىلدىر، كۆپ، ئۆرشۆلت |
| | | چاغانتوقاي ناھىيىسى | بازار: قارابۇرا؛ يېزىلار: قارابۇرا، جاڭاجىر، جىيەك، ئالتۇن ئېمىل، ئېڭىس |
| | | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قوبۇقسار، قوشتولغاي؛ يېزىلار: شازغەت، تېبكىن ئۇسان، چاغانكۆل، بايىن گوبا، مۇتگې |
| | ئالتاي ۋىلايىتى | ئالتاي شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «ئالتۇنتاغ» كوچىسى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى؛ بازار: بېيتۈن، ئاۋېيتان، خوڭدۈڭ؛ يېزىلار: شىمىرشېك، ئالاقاق، قاراشىلىك، سارغولسۇن، بالباغاي، شىرىكتى، راستەي، قانداغايتى موڭغۇل يېزىسى |
| | | بۇرچىن ناھىيىسى | بازار: بۇرچىن؛ يېزىلار: ئويماق، دۆۋلەيتى، قۇستىق، چوقۇر، ئىگىزتۆپە، قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسى |
| | | كۆكتوقاي ناھىيىسى | بازار: قۇيىرتىش، كۆكتوقاي، چاكۆرتۇ؛ يېزىلار: تۈرغۈن، قاراتوڭكې، كۆرتى، قارابۇلغىن، دۆرى، تېمىكى |
| | | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | بازار: بۇرۇلتوقاي؛ يېزىلار: جىبتارال، كۆكتاغاش، شىخانجىيەن، قارامغاي، ئاردا |
| | | قابا ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: سارتام، جايلىما، سارىبۇلاق، تېرەكتى، كۆلباي، چىپار |
| | | چىڭگىل ناھىيىسى | بازار: چىڭگىل، تايكېشكېن؛ يېزىلار: چاغانغول، سارتوقاي، ئارال، ئاغاشتوبا، ئارالتۆپە |
| | | جېمىنەي ناھىيىسى | بازار: توپتېرەك، جېمىنەي؛ يېزىلار: توپتېرەك، توست، شالشتاي، قارجاۋ، بەستېرەك |
| | | شىخەنزە شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: يېڭىشەھەر، شياڭياڭ، قىزىلتاغ، كونا بازار، شەرقىي شەھەر؛ بازار: بېيچۈەن؛ يېزا: شىخەنزە |
| | | ئارال شەھىرى | |
| | | تۇمشۇق شەھىرى | |
| | | ۋۇجياچۈ شەھىرى | |

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2002 ـ يىلدىكى نوپۇسىنىڭ تارقىلىشى ۋە مىللىي تەركىبى

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى | 19051900 | 8692298 | 7595650 | 1333455 | 854576 | 171316 | 163804 | 41020 | 11193 | 40716 | 13921 | 4797 | 23534 | 6675 | 98945 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1757193 | 223928 | 1291306 | 52054 | 156453 | 1533 | 7275 | 4083 | 2992 | 248 | 1640 | 875 | 8773 | 415 | 5618 |
| شەھەرگە قاراشلىق رايونلار | 1677406 | 220196 | 1256334 | 31033 | 136891 | 1511 | 7157 | 4076 | 2979 | 245 | 1554 | 795 | 8731 | 410 | 5494 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى | 79787 | 3732 | 34972 | 21021 | 19562 | 22 | 118 | 7 | 13 | 3 | 86 | 80 | 42 | 5 | 124 |
| قاراماي شەھىرى | 290043 | 39990 | 225105 | 11328 | 6481 | 154 | 2020 | 892 | 577 | 48 | 235 | 85 | 1009 | 111 | 2008 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 566854 | 391352 | 136933 | 228 | 37014 | 3 | 137 | 28 | 65 | 1 | 10 | 1 | 328 | 4 | 750 |
| تۇرپان شەھىرى | 250232 | 176870 | 53398 | 28 | 19138 | 3 | 76 | 26 | 47 | 1 | 8 |  | 164 | 4 | 469 |
| پىچان ناھىيىسى | 210122 | 133517 | 65877 | 35 | 10256 |  | 54 | 2 | 18 |  | 2 | 1 | 137 |  | 223 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 106500 | 80965 | 17658 | 165 | 7620 |  | 7 |  |  |  |  |  | 27 |  | 58 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 519726 | 95573 | 357783 | 45952 | 15421 | 18 | 2184 | 143 | 94 |  | 7 | 30 | 1519 | 11 | 991 |
| قۇمۇل شەھىرى | 399146 | 86523 | 284202 | 10385 | 14518 | 18 | 847 | 137 | 84 |  | 5 | 2 | 1484 | 10 | 931 |
| بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 100767 | 194 | 67062 | 31785 | 277 |  | 1329 | 6 | 10 |  | 1 | 28 | 31 | 1 | 43 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | 19813 | 8856 | 6519 | 3782 | 626 |  | 8 |  |  |  | 1 |  | 4 |  | 17 |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 1527202 | 61588 | 1142164 | 125592 | 176133 | 185 | 6640 | 588 | 717 | 149 | 2309 | 949 | 3273 | 58 | 6857 |
| سانجى شەھىرى | 375159 | 11131 | 290711 | 17679 | 50000 | 96 | 1340 | 338 | 276 | 2 | 144 | 85 | 1269 | 18 | 2070 |
| فۇكاڭ شەھىرى | 155139 | 8967 | 113672 | 12454 | 18153 | 13 | 378 | 62 | 98 |  | 31 | 49 | 176 | 8 | 1078 |
| مىچۈەن ناھىيىسى | 178898 | 4843 | 113091 | 3591 | 55482 | 30 | 595 | 44 | 84 | 3 | 7 | 6 | 260 | 18 | 844 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 206141 | 5765 | 160928 | 22843 | 14603 | 7 | 266 | 32 | 91 |  |  | 17 | 173 | 3 | 1413 |
| ماناس ناھىيىسى | 165307 | 4952 | 135160 | 17292 | 6924 | 29 | 104 | 31 | 100 |  | 16 | 7 | 176 | 11 | 505 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى | 227671 | 15471 | 174585 | 21538 | 11721 | 4 | 1594 | 61 | 45 | 1 | 577 | 495 | 1100 |  | 479 |
| جىمسار ناھىيىسى | 132217 | 6223 | 94330 | 9759 | 18493 | 6 | 2357 | 14 | 14 |  | 374 | 207 | 119 |  | 321 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 86670 | 4236 | 59687 | 20436 | 757 |  | 6 | 6 | 9 | 143 | 1160 | 83 |  |  | 147 |

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى** | 424343 | 53437 | 285833 | 40409 | 15004 | 74 | 26175 | 366 | 152 | 5 | 134 | 19 | 331 | 13 | 2391 |
| بورتالا شەھىرى | 227614 | 35285 | 154772 | 16655 | 7873 | 21 | 11455 | 271 | 125 | 5 | 78 | 11 | 256 | 8 | 799 |
| جىڭ ناھىيىسى | 124557 | 15216 | 86954 | 11754 | 4768 | 21 | 4628 | 47 | 24 | | 23 | 2 | 45 | | 1075 |
| ئارشاڭ ناھىيىسى | 72172 | 2936 | 44107 | 12000 | 2363 | 32 | 10092 | 48 | 3 | | 33 | 6 | 30 | 5 | 517 |
| **بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى** | 1088702 | 356255 | 622990 | 1079 | 56340 | 119 | 45691 | 159 | 242 | 2 | 82 | 1 | 1164 | 16 | 4562 |
| كورلا شەھىرى | 389411 | 102542 | 271073 | 55 | 8804 | 8 | 4041 | 143 | 204 | 2 | 52 | 1 | 889 | 8 | 1589 |
| بۈگۈر ناھىيىسى | 92856 | 79002 | 13403 | 9 | 316 | | 29 | 6 | 4 | | | | 18 | | 69 |
| لوپنۇر ناھىيىسى | 104816 | 28385 | 75595 | 16 | 525 | 1 | 28 | | 3 | | 10 | | 21 | 8 | 224 |
| چاقىلىق ناھىيىسى | 30092 | 11455 | 17602 | 2 | 707 | 1 | 16 | | | | | | 2 | | 307 |
| چەرچەن ناھىيىسى | 55591 | 41363 | 14030 | 1 | 152 | | 8 | 1 | | | | | 2 | | 34 |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 123153 | 35552 | 56141 | 13 | 27854 | 31 | 2968 | | 2 | | 15 | | 55 | | 522 |
| خېجىڭ ناھىيىسى | 171389 | 40682 | 93048 | 942 | 6386 | 70 | 29095 | 8 | 20 | | 5 | | 123 | | 1010 |
| خوشۇت ناھىيىسى | 64838 | 8907 | 44298 | 30 | 5789 | | 5354 | 1 | 9 | | | | 38 | | 412 |
| باغراش ناھىيىسى | 56556 | 8367 | 37800 | 11 | 5807 | 8 | 4152 | | | | | | 16 | | 395 |
| **ئاقسۇ ۋىلايىتى** | 2144346 | 1561948 | 554641 | 164 | 13104 | 9288 | 681 | 85 | 136 | 24 | 121 | 6 | 441 | 3 | 3704 |
| ئاقسۇ شەھىرى | 561378 | 212539 | 339869 | 74 | 5065 | 226 | 500 | 58 | 83 | 3 | 37 | 5 | 303 | 1 | 2615 |
| ئونسۇ ناھىيىسى | 213964 | 159788 | 49461 | | 803 | 3624 | 18 | 1 | 4 | | | | 11 | | 254 |
| كۇچا ناھىيىسى | 395601 | 349865 | 43101 | 33 | 2156 | 114 | 54 | 17 | 21 | 3 | 30 | | 69 | 1 | 137 |
| شايار ناھىيىسى | 202174 | 170608 | 29811 | 44 | 1356 | 5 | 57 | | 16 | 18 | 9 | | 21 | 1 | 228 |
| توقسۇ ناھىيىسى | 140662 | 131987 | 8358 | 5 | 251 | 3 | | 1 | 6 | | | | 6 | | 45 |

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| باي ناھىيىسى | 200506 | 174034 | 24678 | 6 | 785 | 922 | 10 | 4 | | | | | 14 | | 53 |
| ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | 184640 | 166966 | 11742 | | 1449 | 4333 | 4 | | | | 33 | 1 | 12 | | 100 |
| ئاۋات ناھىيىسى | 205151 | 157487 | 46088 | 2 | 1230 | 10 | 38 | 4 | 6 | | 12 | | 5 | | 269 |
| كەلپىن ناھىيىسى | 40270 | 38674 | 1533 | | 9 | 51 | | | | | | | | | 3 |
| **قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى** | 451946 | 288099 | 26890 | 68 | 487 | 131999 | 23 | 8 | 7 | 4009 | 110 | 19 | 61 | | 166 |
| ئاتۇش شەھىرى | 203010 | 162170 | 16269 | 37 | 173 | 24100 | 20 | 2 | 7 | 24 | 20 | 5 | 56 | | 127 |
| ئاقتۇ ناھىيىسى | 169605 | 116768 | 4254 | 2 | 201 | 44333 | | | | 3985 | 44 | 14 | | | 4 |
| ئاقچى ناھىيىسى | 34728 | 1068 | 2224 | 18 | 76 | 31333 | 1 | | | | | | | | 8 |
| ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 44603 | 8093 | 4143 | 11 | 37 | 32233 | 2 | 6 | | | 46 | | 5 | | 27 |
| **قەشقەر ۋىلايىتى** | 3487556 | 3105616 | 328265 | 196 | 7577 | 5926 | 285 | 90 | 293 | 34259 | 3391 | 21 | 401 | 5 | 1231 |
| قەشقەر شەھىرى | 348998 | 273393 | 72210 | 23 | 1284 | 106 | 88 | 34 | 56 | 185 | 977 | 15 | 204 | 2 | 421 |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 362736 | 349907 | 11848 | 12 | 19 | 844 | 3 | | | 15 | 70 | | 1 | | 17 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 288078 | 269031 | 18246 | 17 | 218 | 449 | 24 | 5 | 11 | 3 | 45 | 4 | 11 | 2 | 12 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 225505 | 219980 | 4840 | 3 | 34 | 582 | | | 5 | 30 | 10 | 1 | 17 | | 3 |
| پوسكام ناھىيىسى | 178433 | 131483 | 40445 | 1 | 2952 | 61 | 27 | 4 | | 3385 | 3 | | 18 | | 54 |
| يەكەن ناھىيىسى | 646347 | 612640 | 28050 | 55 | 839 | 1100 | 40 | 14 | 4 | 2122 | 1374 | | 53 | 1 | 55 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 375258 | 338226 | 33207 | 31 | 641 | 825 | 7 | | 210 | 1348 | 718 | | 16 | | 29 |
| مەكىت ناھىيىسى | 201461 | 160758 | 40195 | 3 | 333 | | 19 | 3 | 1 | 3 | 9 | | 18 | | 119 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 134524 | 126076 | 8369 | 1 | 28 | | 4 | | | 4 | | | 2 | | 40 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 317640 | 311057 | 6475 | 1 | 9 | 9 | 11 | | | | 61 | | 3 | | 14 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 375087 | 310906 | 62122 | 44 | 1200 | 86 | 62 | 27 | 6 | 1 | 124 | 1 | 58 | | 450 |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 33489 | 2159 | 2258 | 5 | 20 | 1864 | | 3 | | 27163 | | | | | 17 |

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **خوتەن ۋىلايىتى** | 1717872 | 1663434 | 50884 | 93 | 1352 | 884 | 41 | 6 | 9 | 844 | 47 | 11 | 56 | 1 | 210 |
| خوتەن شەھىرى | 176929 | 146352 | 29561 | 51 | 732 | 18 | 29 | 4 | 9 | 5 | 30 | 3 | 32 | 1 | 102 |
| خوتەن ناھىيىسى | 267102 | 265640 | 1197 | | 265 | | | | | | | | | | |
| قاراقاش ناھىيىسى | 422925 | 417625 | 5216 | | 69 | | 2 | 2 | | | | | 8 | | 3 |
| گۇما ناھىيىسى | 218281 | 213556 | 2924 | | 79 | 840 | 1 | | | 839 | 1 | | | | 41 |
| لوپ ناھىيىسى | 244990 | 242081 | 2840 | 23 | 40 | | 1 | | | | | | | | 5 |
| چىرا ناھىيىسى | 134804 | 132651 | 2096 | | 39 | | 1 | | | | 6 | | | | 11 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 218002 | 214528 | 3287 | 18 | 109 | 1 | 4 | | | | | | 16 | | 39 |
| نىيە ناھىيىسى | 34839 | 31001 | 3763 | 1 | 19 | 25 | 3 | | | | 10 | 8 | | | 9 |
| **ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى** | 4017619 | 639614 | 1816246 | 1021497 | 334078 | 17047 | 67953 | 33435 | 5410 | 134 | 5491 | 2664 | 4707 | 5863 | 63480 |
| **ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە ـ شەھەرلەر** | 2477911 | 587014 | 1008202 | 494458 | 249107 | 14931 | 29109 | 31476 | 1460 | 107 | 4867 | 988 | 3654 | 405 | 52133 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 290405 | 1161 | 275935 | 4756 | 5853 | 25 | 934 | 259 | 98 | 4 | 20 | 8 | 407 | 35 | 910 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 399904 | 196968 | 74524 | 41546 | 60325 | 280 | 199 | 204 | 29 | 7 | 284 | 26 | 657 | 8 | 24847 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 162323 | 43027 | 55770 | 33698 | 6568 | 248 | 314 | 20914 | 108 | | 58 | 3 | 72 | 5 | 1538 |
| قورغاس ناھىيىسى | 351066 | 70743 | 160903 | 27547 | 71411 | 366 | 587 | 3121 | 238 | 25 | 176 | 82 | 365 | 275 | 15227 |
| توققۇزتارا ناھىيىسى | 159734 | 36212 | 51847 | 46710 | 18902 | 397 | 525 | 1488 | 97 | | 211 | 111 | 277 | 7 | 2950 |
| كۈنەس ناھىيىسى | 292365 | 26863 | 118643 | 125223 | 18380 | 402 | 144 | 454 | 100 | 5 | 425 | 74 | 157 | 1 | 1494 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 153632 | 14979 | 46789 | 70977 | 4525 | 3521 | 11913 | 81 | 35 | 7 | 195 | 223 | 19 | | 368 |
| تېكەس ناھىيىسى | 153325 | 15555 | 39655 | 60658 | 20144 | 8537 | 5660 | 443 | 14 | | 368 | 120 | 91 | 5 | 2075 |
| نىلقا ناھىيىسى | 149617 | 16128 | 43763 | 65712 | 13856 | 653 | 7767 | 628 | 59 | 5 | 134 | | 75 | 18 | 819 |

| رايون نامى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 937382 | 42118 | 545884 | 229757 | 64337 | 2020 | 32973 | 1868 | 3513 | 24 | 335 | 493 | 703 | 5446 | 7911 |
| چۆچەك شەھىرى | 153719 | 4975 | 98047 | 23206 | 10602 | 1663 | 1619 | 1460 | 2379 | 21 | 162 | 273 | 243 | 5334 | 3735 |
| شىخو شەھىرى | 201667 | 18535 | 126441 | 21862 | 25693 | 18 | 8049 | 152 | 215 | | 33 | 19 | 114 | 26 | 510 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | 192274 | 7544 | 106648 | 64036 | 5770 | 259 | 5524 | 54 | 570 | 2 | 97 | 49 | 96 | 28 | 1597 |
| ساۋەن ناھىيىسى | 200953 | 8495 | 139684 | 33021 | 17966 | 14 | 411 | 27 | 111 | 1 | 17 | 32 | 144 | 12 | 1018 |
| تولى ناھىيىسى | 86507 | 1118 | 24676 | 58706 | 1027 | 26 | 617 | 70 | 12 | | 12 | 63 | 59 | 5 | 116 |
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | 52744 | 190 | 33261 | 15304 | 2802 | 4 | 102 | 62 | 186 | | | 11 | 21 | 21 | 780 |
| قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | 49518 | 1261 | 17127 | 13622 | 477 | 36 | 16651 | 43 | 40 | | 14 | 46 | 26 | 20 | 155 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 602326 | 10482 | 262160 | 297282 | 20634 | 96 | 5871 | 91 | 437 | 3 | 289 | 1183 | 350 | 12 | 3436 |
| ئالتاي شەھىرى | 219297 | 5298 | 135299 | 67825 | 6350 | 34 | 2525 | 49 | 209 | 1 | 212 | 377 | 198 | 2 | 919 |
| بۇرچىن ناھىيىسى | 63492 | 1139 | 20128 | 35532 | 3744 | 6 | 1609 | 9 | 134 | | 3 | 360 | 31 | 1 | 796 |
| كۆكتوقاي ناھىيىسى | 81084 | 2056 | 20280 | 56254 | 1725 | 11 | 273 | 12 | 47 | | 14 | 88 | 47 | 8 | 269 |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 67809 | 681 | 37779 | 26424 | 2205 | 2 | 212 | 11 | 33 | 1 | 1 | 40 | 30 | | 390 |
| قابا ناھىيىسى | 78726 | 403 | 25130 | 47026 | 4878 | 2 | 451 | 5 | | | 11 | 72 | 5 | 1 | 742 |
| چىڭگىل ناھىيىسى | 54961 | 586 | 10017 | 42019 | 1036 | 6 | 785 | 4 | 11 | | 34 | 227 | 11 | | 225 |
| جېمىنەي ناھىيىسى | 36957 | 319 | 13527 | 22202 | 696 | 35 | 16 | 1 | 3 | 1 | 14 | 19 | 28 | | 96 |
| شىخەنزە شەھىرى | 610756 | 7185 | 578103 | 3457 | 15048 | 60 | 849 | 173 | 236 | 36 | 17 | 3 | 918 | 18 | 4653 |

ئىزاھ: ئاپتونوم رايونغا دائىر ئومۇمىي سانلىق مەلۇمات 2002 ـ يىلدىكى نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈشكە دائىر سانلىق مەلۇماتقا ئاساسەن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە دائىر سانلىق مەلۇمات ج خ ئورۇنلىرىنىڭ 2002 ـ يىلدىكى يىللىق مەلۇماتىغا ئاساسەن ھېسابلاندى.

# پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

## ۋېي جيەنشىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋېي جيەنشىڭ 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ۋېي جيەنشىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كورلا، ئالتاي، سانجى، شىخەنزە، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى تەكشۈردى، ئۇ ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرى، بىڭتۈەن ۋە نېفىت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى يوقلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ۋە ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە نازارىتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، بىڭتۈەننىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە پارتىيە ئىستىل - پاكلىق قۇرۇلۇشى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش- رېۋىزىيە ئورگانلىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىنى قەتئىي بوشاشماي ئىجرا قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ياخشى ۋەزىيەتنى قوغداشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۇن

## ۋۇ باڭگو شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇباڭگو 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ۋۇ باڭگو غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشتىكى ئىلۇنەر كۆلى ئىش ئورنىنى، دۆڭچيۈ 8 - قۇدۇقىنى، ياقا نېفىتلىك - گازلىقىنى، قورغاس پورتىنى شۇنىڭدەك «جۇڭجى» قىزىل كەسىپ سانائەت بازىسى، شىنجاڭ «مىڭ» خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ قۇلماق پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ۋۇ باڭگو مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ئېشىشىنى ساقلاش، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنى زور دەرىجىدە ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇش، جەمئىيەت مۇقىم بولۇش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ھاياتىي كۈچكە تولغان يېڭى كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. بىراق شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەككى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى نىسبەتەن ئاجىز، شۇڭا ئۇزۇن مۇددەت جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. غەربنى كەڭ ئېچىشتىن ئىبارەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، غەربنى كەڭ ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئۆز يېرىمىزنىڭ ئېنېرگىيە، قېزىلما بايلىق، ئورمان، ئوتلاق قاتارلىق مول بايلىقلىرىمىزنى ۋە تەبىئىي مەنزىرە ئەۋزەللىكى، ئۆزىمىزگە خاس مىللىي ئۆرپ ئادەت ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ غەربىي رايوننى راۋاجلاندۇرۇش ئومۇمىيىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر قىسىم زور ئىشلارنى قىلىپ، تاشيول، تۆمۈريول، ئاۋىئاتسىيە، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنى ياخشىلاپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، كارخانىلارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، غەربىي رايون ئالاھىدىلىككە ئىگە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلاردا رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە، ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدىغان مەھسۇلات ۋە كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، چېگرا رايوننىڭ تىنچلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۇن

## جياڭ چۈنيۈن شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ

ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ چۇنيۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ئىلى، تۇرپان، سانجى، شىخەنزە، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. جياڭ چۇنيۈن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭ غايەت زور بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياخشى ئېچىش مۇھىتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، ئىچكى جەھەتتە كىرگۈزۈش - سىرت بىلەن بىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، بايلىقنى پىششىقلاپ مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي ھالقىش شەكىلدىكى تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۈن

## ۋۇ يى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، دۆلەت كومىسسارى ۋۇ يى ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، شىخەنزە شەھىرى، بورتالا ئوبلاستى، ئىلى ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستىنى كۆزدىن كەچۈردى. ۋۇ يى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە بىڭتۇەننىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىنى ۋە بىڭتۇەننىڭ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش جەھەتتىكى زور تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ۋۇ يى مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: شىنجاڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشىدەك ئىككى تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا پايدىلىق بولغان يۇمشاق مۇھىتنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە كەسىپلەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۆزگىچە سۈپەتلىك، ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسىنى پائال يولغا قويۇپ، ئىمپورت- ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۈن

## تۆمۈر داۋامەت چەت ئەلگە زىيارەتكە چىقىپ قايتىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئالبانىيە قاتارلىق 4 دۆلەتكە قىلغان زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى ھەمدە ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختىدى. 22- كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا قايتتى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 17- كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە مۇسابىقىنى كۆردى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## جياڭ جېڭخۇا شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ جېڭخۇا 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورگىنىغا كېلىپ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. جياڭ جېڭخۇا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش يولغا قويۇلغان ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا

# 2002 - يىلدىكى چوڭ ئىشلار

## 1 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت «يېڭى

رىقابەتنى كۈچەيتىپ، يېڭى ۋەزىيەت پارتايلى» دېگەن تېمىدا 2002 - يىللىق يېڭى يىل تەبرىك سۆزى قىلدى.

### 5 - كۈنى

△ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى

كىرگەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىپ، ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن تۈرغۇزۇش جەھەتتىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىدە يەنىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئۈمىد قىلدى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## ئىسمائىل ئەھمەت ئۆمەك باشلاپ چەت ئەلگە زىيارەتكە چىقىپ قايتىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتتى

دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەت جۇڭگو ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتكە قىلغان زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىش سەپىرىدە 2002- يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتتى. ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ئۈرۈمچىدە توختىغان مەزگىلدە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر قىياپىتىنى كۆردى. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى 26 - كۈنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا قايتتى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## ئىسمائىل ئەھمەت شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەت 2002 - يىل 12- ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مىللىي رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەت بويىچە ئىش كۆرۈپ، چاكارلىق ئېڭىنى، مۇلازىمەت ئېڭىنى

تۇرغۇزۇپ ۋە كۈچەيتىپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ۋاڭ لياڭجۈن

## ياڭ رۇدەي شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ رۇدەي ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش مەخسۇس تېما گۇرۇپپىسىدىكى 16 كىشى 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈرۈمچى شەھىرى، گۇچۇڭ، جىمسار، توقسۇزتارا، قورغاس، يەكەن، بۇرچىن، قابا قاتارلىق ناھىيىلەردىكى يېزا - بازارلار شۇنىڭدەك غەربىي تەڭرىتاغ شەمشاد مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ «تيەنيۈەن» بىئوتېخنىكا چەكلىك شىركىتى، قاناس دۆلەتلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## رېن جيەنشىن شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رېن جيەنشىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭغا كېلىپ، 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. رېن جيەنشىن شىنجاڭدىكى مەزگىلدە شىخەنزە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگونىڭ غەربىنى ئېچىش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق يىغىنى، ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى، ئۇلار ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قەشقەر، قىزىلسۇ، تۇرپان، ئىلى، سانجى قاتارلىق جايلارنى تەكشۈردى.

ۋېن جىجۈن

تۇرمۇش ئەخلىتىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ شىنجاڭ بويىچە تۇرمۇش ئەخلىتىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان 2 - چوڭ زاۋۇت بولۇپ، زاۋۇت قۇرۇلۇشىغا 53 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى، زاۋۇت ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 600 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇ زاۋۇت كۈنىگە 450 توننا تۈرلۈك تۇرمۇش ئەخلىتىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

### 7 - كۈنى

△ شىخەنزە شەھىرى تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگولۇقلار ئولتۇراق مۇھىت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شەھەرلەردىن يەنە شېنجېن، دالييەن، خاڭجۇ ۋە نەنتۇڭلار بار، بۇ مۇكاپاتنى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەسىس قىلغان.

△ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى «راك»، «پەنجىگاھ» نىڭ CD، VCD پلاستىنكىلىرىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

△ دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىلىك كومىتېتى ۋە جېجياڭ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دىنىي ساھەسىدىكىلەر خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى يېزا، بازار شىپاخانىلىرىغا 3 مىليون يۈەنلىك تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىسى ئىئانە قىلدى.

### 8 - كۈنى

△ ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئىشقارلىق خلور زاۋۇتى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن شىنجاڭ «جۇڭتەي» خىمىيە پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەتنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 60 مىليون يۈەن، ئومۇمىي مۈلكىنىڭ قىممىتى 284 مىليون 940 مىڭ يۈەن.

### 11 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى 35 مىليون يۈەنلىك باھا بىلەن تۇۋۇز مىس كېنىنىڭ شەرققە سوزۇلغان مىس كېنى ۋە تۇۋۇز مىس كېنىنىڭ 7.97 كۋادرات كىلومېتىرلىق بۆلىكىنىڭ كان ئىزدەش ھوقۇقىنى شاڭخەي «شىنفباڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىگە ئۆتۈنۈپ بەردى. بۇ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم چوڭ كۆلەمدىكى كان ئىزدەش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھېسابلىنىدۇ.

### 12 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە

△ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 5 - يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

### 13 — 14 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، يېڭى ئەسىر، يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

### 15 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە

△ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

### 16 - كۈنى

△ شىنجاڭ «كونتۇ» گۈرۈچچىلىك چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەتنى قۇرۇشنى ئونسۇ ناھىيىلىك شالچىلىق مەيدانى تەشەببۇس قىلغان، بۇ يېشىل يېمەكلىك سۈپەتلىك گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىش، ئۇرۇق يىغىش ۋە يېتىشتۈرۈش، شال ئۆستۈرۈش، گۈرۈچ پىششىقلاپ ئىشلەش، گۈرۈچ سېتىش ۋە باشقا قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەشنى باشلامچى قىلغان پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىدۇر.

### 20 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئوبلاست (شەھەر) باشلىقلىرى، ۋالىيلار يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا جايلار ۋە تارماقلاردىن ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

### 21 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، نوپۇسنى تىزگىنلەش، بايلىقنى تېجەش، مۇھىت قوغداش خىزمىتىنى باشتىن - ئاخىر مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەكلىكى تەكىتلەندى.

△ ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ مەمۇرىي شتاتىنى 15% ئىخچاملاش بېكىتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 14 مىڭ 719 شتات قىسقارتىلىدۇ.

### 23 - كۈنى

△ شىنجاڭ پاختىسىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى «ئۇدا ئۈچ قېتىم چېمپىيون» بولۇپ، دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى، ئۇ 2001 - يىللىق جۇڭگودىكى 10 چوڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى خەۋىرى قىلىپ تاللاندى.

△ ئاپتونوم رايون سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنى

ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا سىياسىي قانۇن كادىر - ساقچىلىرى خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، مۇلازىمەتتە قىزغىن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

25 - كۈنى

△ مەركەزنىڭ «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» ھال سوراش ئويۇن قويۇش ئۆمىكى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا «سىزلەرگە بەخت تىلەيمىز» تېمىسىدىكى تۇنجى مەيدان كاتتا ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. ھال سوراش ئويۇن قويۇش ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە 4 مەيدان ئويۇن قويغاندىن كېيىن كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ھال سوراش ئويۇنى قويىدى.

26 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارنى زىيارەت قىلدى، قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى.

28 - كۈنى

△ شىنجاڭ «گۈلبوستان» يۇمشاق دېتال باغچىسى ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ سىرتىدىكى باغچىدا ۋۇيۇسكا ئېچىپ ئىش باشلىدى. يۇمشاق دېتال باغچىسىغا 210 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى يۇمشاق دېتال باغچىسى ۋە سىغىرلاشقان بىنا ھېسابلىنىدۇ.

31 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى ۋە بۇ ھەقتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئار پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

## 2 - ئاي

1 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاپتونوم رايونلۇق ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش تۇنجى قارارلىق كۇرسىدا شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتىنى توغرا تونۇپ، بۇ قېتىملىق قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى پۇختا، ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

2 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ شۇ كۈنى ئاياغلاشقان ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات خىزمىتى يىغىنىدا ياخشى ئىستىل بىلەن ئادەم تاللاش، ئىستىلى ياخشى ئادەملەرنى تاللاش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

4 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي يىغىندا سۆز قىلىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىمى «پۇقرادەك مۇئامىلە» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىككە باشقا مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، يۇمشاق مۇھىتنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

4 — 5 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3 - قېتىملىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن يىغىندا خىزمەت دوكلاتى بەردى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

6 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ۋۇ مىڭجۇ، شيا شۈنچيڭلار تۇنجى نۆۋەتلىك ئالاھىدە پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ھەر بىرى 500 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى. بۇ شىنجاڭدا تارىختىن بۇيان پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا بېرىلگەن ئەڭ ئالىي شەرەپ ۋە مۇكاپاتتۇر.

8 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى 5 يولغا بۆلۈنۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ

پەتلىدى، ئۇلارغا باپراملىق سالىمى يوللىدى ۋە ئامانلىق تىلىدى.

△ ئاپتونوم رايون خەيىدىن ئۆلكىمىزنىڭ سەنيا شەھىرىدە خەيىدىدە سۇپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش خىزمىتى بولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. خەيىدىدە سۇپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان 10 پەن - تېخنىكا خادىمى تەقدىرلەندى، ئۇلار: ۋۇ مىڭجۇ، لىن دىيېي، خەن شىنچېڭ، ۋاڭ جۇ شۈەن، ياۋ چۇنفۇ، ماۋ خۇڭمەي، چېن يۇخۇا، جاڭ يۇڭمىڭ، گەخمەتجان، لى شۇچېڭلاردىن ئىبارەت.

△ شىنجاڭ ئىلى ئالاھىدە ماركىلىق ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ «ئىلى» ناملىق ماركىسى جۇڭگونىڭ داڭلىق ماركىسى بولدى. بۇ شىنجاڭ تەڭرىتاغ يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «تەڭرىتاغ» ماركىسى جۇڭگونىڭ داڭلىق ماركىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ بويىچە 2 -، مەملىكەت بويىچە ئاق هاراقچىلىق كەسپىدە 8 - بولۇپ مۇشۇ شەرەپكە ئېرىشكەن كارخانىدۇر.

## 9 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون باھار بايرىمى، قۇربان ھېيتلىق كوللېكتىپ پەتلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن تەبرىك سۆزى قىلدى.

## 16 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئېبىنۇر كۆلى نەم يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

## 20 - كۈنى

△ سۇن جىنجياڭ قاتارلىق 10 مەمۇر ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى بەخت يولى مەھەللە باشقارمىسى قاتارلىق 5 مەمۇرلار كوللېكتىپى «خەلق رازى بولغان مەمۇر» ۋە «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

## 22 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىلىرى يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردى.

## 28 - كۈنى

△ شىنجاڭ «تيەنفۇ» ئېرمو ئېلېكترى (600509) شاڭخەي ئاكسىيە بازىرىدا پېيىنى بازارغا سالدى.

△ شىنجاڭ ھەمكارلىق توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى ئىش باشلىدى. بۇ شىركەتنى قۇرۇشنى شىنجاڭ قۇمۇل كۆمۈرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەشەببۇس قىلغان، بۇ شىركەت «ھەمكارلىق» پاختا توقۇمىچىلىق شىركىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ئۇ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇمۇل شۆبىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دۆلەت ئىلكىدىكى مال - مۈلۈك، مەبلەغ سېلىش تىجارەت چەكلىك شىركىتى بىلەن بىرلەشكەن ھەمدە ش ئۇ ئا ر تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلەغ سېلىش شىركىتى، شياڭگاڭ پيڭخاۋفېڭنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئورتاق تەشكىللىنىپ ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىنغان. بۇ شىركەت پاختا توقۇمىچىلىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، پاختا سېتىۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە تىجارەت بىرگەۋدىلەشكەن. شىركەتنىڭ مال - مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 260 مىليون يۈەن. كۆلىمى 100 مىڭ ئۇرچۇق، يىلىغا 15 مىڭ توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

△ شىنجاڭ «سىفاڭ» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەتنى قۇرۇشنى شىنجاڭ ئىلى «سىفاڭ» شېكەرچىلىك گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەشەببۇس قىلغان، جياڭسۇ، شەندۇڭ، ئىچكى موڭغۇل، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى 10 كارخانا ۋە ئورۇن بىرلىشىپ تەشەببۇس قىلغان، بۇ شىركەت 50 مىليون يۈەنلىك تىزىمغا ئالدۇرۇش ئارقىلىق قۇرۇلدى.

# 3 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ھەر يىلى 3 - ئاينى «يۇقىرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى» قىلىشنى قارار قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى تۇنجى قېتىملىق «يۇقىرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى» پائالىيىتىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تېلېۋىزىيە سۆزى قىلدى.

△ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 10 - سانلىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئاساسلىقى ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا قاتنىشىپ ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

△ جۇڭگو، قازاقىستان ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن جىمىنەي پورتى 3 - دۆلەتكە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى.

## 8 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق ھەر مىللەت ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ

«8 - مارت خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمى»نىڭ 92 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە «ئون ساھەدىكى 100 ياخشى» ئايالنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

△ شىنجاڭ ئېلېكتر ئارقىلىق يېرىش تېخنىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بى لياڭخەي تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ئېلېكتر ئارقىلىق يېرىشنى رەقەملىك كونترول قىلىش ئىستانوكى ئىنگلىز پورتىدىن ئامېرىكىغا يۆتكەلدى، سېتىۋالغۇچى تەرەپ ھەممىباپ ئېلېكتر - گاز شىركىتى. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ تولۇق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە يۇقىرى يېڭى - تېخنىكىلىق ئىستانوكىنىڭ تۇنجى قېتىم چەت ئەلگە چىقىرىلىشىدۇر.

## 9 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە 2002 - يىلى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى ئېچىپ، مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەننىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلىرىغا بېرىپ، جاپالىق شارائىتتا تۆھپە قوشۇپ، ئىگىلىك تىكلەشكە چاقىردى.

## 11 - كۈنى

△ شىخەنزە ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى بىلەن كورىيە «جىنگاڭ» تەرەققىيات شىركىتى شىخەنزە تەرەققىيات رايونىدا كورىيە سانائەت باغچىسى قۇرۇشنى كېلىشىپ بېكىتتى، بۈگۈن ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. سانائەت باغچىسى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 13.3 گېكتار بولۇپ، ئاساسلىقى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى، يېمەك - ئىچمەك، سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى، قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى قاتارلىق چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىندى، بۇ باغچىنى 2 — 3 يىلدا پۈتتۈرۈش پىلانلاندى، باغچا قۇرۇلۇشىغا 600 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىش، 20 كارخانىنى كىرگۈزۈش مۆلچەرلەندى.

△ ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جىيا چۈنۋاڭ بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، جاۋ شىمىنغا مەملىكەت بويىچە ج خ سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دېگەن نامنى بەردى. جاۋ شىمىن ھايات ۋاقتىدا ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىن ساقچىخانىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ئىدى، ئۇ 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جىنايەت گۇماندارىنىڭ ۋەقە سادىر قىلىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتىدا، جىنايەت گۇماندارىنىڭ تۇيۇقسىز پارتلاتقۇچنى پارتلىتىشى نەتىجىسىدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

## 14 - كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - سانلىق يىغىنى مەزگىلىدە شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقاندا شىنجاڭ ئۈمىدكە تولغان، ئىستىقبالى چەكسىز، دەپ كۆرسەتتى.

## 15 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچىدە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى كۈنىنى خاتىرىلىدى.

## 19 - كۈنى

△ ئەتىگەن سائەت 2 ئەتراپىدا ش ئۇ ئا ر پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ داخىيەن پاختا - چىگە پونكىتىدا پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئاز كەم 3000 توننا پاختا كۆيۈپ كەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 20 نەچچە مىليون يۈەنگە يەتتى.

## 21 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى قۇرۇلدى. ئۆمەكنىڭ 159 ئەزاسى بار.

## 23 - كۈنى

△ مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى بۈگۈندىن باشلاپ ھەپتە ئاخىرىدا ئاڭلىتىلىدىغان چوڭ تىپتىكى مەخسۇس پروگرامما «شىنجاڭغا كىرىش»نى يولغا قويدى.

## 24 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر گىدرولوگىيىلىك سۇ بايلىقى ئىدارىسى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتتىن ئايان بولۇشىچە: ئۆتكەنكى 10 يىلدا شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىسمىدىكى كەڭ رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەن. نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىغاندا، سۇ ئورنى 5 مېتىر تۆۋەنلەپ كەتكەن.

## 25 - كۈنى

△ غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدە ئومۇميۈزلۈك ئىش باشلاندى. شىنجاڭ بۆلىكى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ بۈگۈر، كورلا، باغراش، خوشۇت، توقسۇن، تۇرپان، پىچان، قۇمۇلدىن ئىبارەت 7 ناھىيە، شەھەرنى بېسىپ ئۆتىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 940 كىلومېتىر كېلىدۇ.

## 27 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭدىكى 5 - نۆۋەتلىك كۆزگە كۆرۈنگەن 10 ياشنى

تەقدىرلەندى.

### 28 - كۈنى

△ مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ تۈرلەرگە كۆچۈرۈش شىركىتى — شىنجاڭ «جىنىيۇ» بىئولوگىيە پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا قۇرۇلدى.

△ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى ئەسلىدىكى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ خىمىيە تەتقىقات ئورنى ئاساسىدا قۇرۇلغان.

### 29 - كۈنى

△ شىنجاڭ داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى.

## 4 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن شىنجاڭدىكى 6 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي كەڭ ئېچىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى: يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە ئالدىدا پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت غەربىي كەڭ ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسنى ياخشى سېلىپ، سەۋىيىنى ئۆستۈرۈپ، غەربىي كەڭ ئېچىش خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شەنشى، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى قارار چىقىرىپ، چېن چىڭشىڭنى مۇنەۋۋەر يېزا - بازار پارتكوم شۇجىسى دەپ ئېتىراپ قىلدى. چېن چىڭشىڭ ھايات ۋاقتىدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە تازغۇن يېزىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى ئىدى. 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۇ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاممىنى قۇتقۇزۇۋېلىش يولىدا قەھرىمانلارچە ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، بۇ يىل ئۇ ئاران 38 ياشتا ئىدى.

### 4 - كۈنى

△ چاقىلىق ناھىيىسىدە لوپنۇر بازىرى قۇرۇلدى. لوپنۇر بازىرىغا قاراشلىق رايوننىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 40 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بازارلىق ھۆكۈمەت ئولتۇراقلاشقان لوپنۇردا. بۇ رايون تەۋەسىدە دۇنياغا مەشھۇر كىرورەن قەدىمكى شەھىرى، سىرلىق ياردائىلىق، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت سەددىچىن سېپىلى خارابىسى ۋە قۇش لوكىكىلىق ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونى بار. لوپنۇر بازىرىنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك قۇرۇلۇش كۆلىمى بويىچە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىسى 5000.

△ لوپنۇر كۆلىدىكى كالىيلىق ئوغۇت بازىسىنىڭ 200 مىڭ توننىلىق كالىي سۇلفات خام ئەشيا - ماتېرىيالىنىڭ سىستېما قۇرۇلۇشى باشلاندى.

### 6 — 7 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىزنى ئاشۇرۇپ، ئادەتتىكىدەك خىزمەت ئىشلەش ھالىتىمىزنى قەتئىي ئۆزگەرتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، غەربىي كەڭ ئېچىشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتلار يىغىندا سۆز قىلدى.

### 8 - كۈنى

△ شىنجاڭ بىرلەشمە خەۋەرلىشىش CDMA رەقەملىك كۆچمە خەۋەرلىشىش تورىدا يۈكۈن تىجارەت باشلاندى.

△ «شىنخۇا ئاگېنتلىقى»نىڭ بىكىتۈەن تارماق ئاگېنتلىقى قۇرۇلدى. بۇ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا تەسىس قىلغان ئۈچىنچى تارماق ئاگېنتلىقى ھېسابلىنىدۇ.

### 10 - كۈنى

△ 6 - نۆۋەتلىك شەرق - غەرب ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسى شىئەندە يېپىلدى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى پۈتۈشكەن سومما 5 مىليارد 28 مىليون يۈەن غەلق پۇلىغا يەتتى. دېمەك بۇ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى زور نەتىجە قازانغان بىر نۆۋەتلىك يەرمەنكە بولدى.

△تەيۋەن سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان شىنجاڭ بويىچە

ئەڭ چوڭ تور — «دېڭشىن» خەلقئارالىق گۇرۇھى «كالا ئۇستام» ماركىلىق تەييار يېمەكلىك تورىگە شىنجاڭ ئىقتىساد. تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا ئۇل سېلىندى. بۇ تورگە 65 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىندى. بۇ توردا، ئاساسلىقى «كالا ئۇستام» ماركىلىق تەييار چۆپ، ئىچىملىك ۋە پېچىنە ـ پىرەنىك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. يىلىغا 12 مىليون ساندۇق تەييار چۆپ، 24 مىليون ساندۇق ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. يىللىق سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەن خەلق پۇلى. بۇ تورنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىنى 2002 ـ يىل 9. ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش مۆلچەرلەندى.

### 12 ـ كۈنى

△ بۈگۈن شىنجاڭنىڭ 21 ـ قېتىملىق ئومۇمىي خەلق مەجبۇرىيەت كۆچەت تىكىش كۈنى. ئۈرۈمچىدىكى 100 مىڭ ھەر مىللەتتىن بولغان كادىر ـ ئامما، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

### 16 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «دېھقانلار شادلىقى» زەنجىرسىمان باش تىجارەت بۆلۈمى، 11 تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بېرىش مەركىزى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا تارقالغان 138 يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى تىجارەت ئاپپاراتى رەسمىي تىجارەت باشلىدى.

### 18 ـ كۈنى

△ ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونى قۇرۇلدى.

△ سېچۈەن شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 15 ياشلىق قىز ئوقۇغۇچىسى جىن مەن 2002 ـ يىللىق دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسىدە جۇڭگو كوماندىسىنىڭ بايراقچىسى بولۇپ تاللاندى.

### 20 ـ كۈنى

△ ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 61 مىليون 250 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ھەقسىز ياردەم بېرىشى بىلەن يولغا قويۇلغان شىنجاڭ ئېھتىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە غەمخورلۇق قىلىش تۈرىدە ئىش باشلاندى. بۇ تۈرنىڭ ۋاقتى 5 يىل بولۇپ، ئاساسلىقى ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا يولغا قويۇلىدۇ.

### 22 ـ كۈنى

△ ئىسرائىلىيە ئېمسىبېك دېھقانچىلىق ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ كورلا شۆبە شىركىتى ئىش باشلىدى. بۇ شىركەتكە سېلىنغان مەبلەغ 20 مىليون يۈەن خەلق پۇلىدىن ئاشتى. بۇ شىركەت ئاساسلىقى ئىمىتتىپ سۇغىرىش ئۈسكۈنىسى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

### 25 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە

△ شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى تېزلىتىش تەدبىرى ئىلمىي مۇنبىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقىنى ھەقىقىي يېرىك كەسىپ، ئاساسىي يېتەكچى كەسىپكە ئايلاندۇرۇشنىڭ يادروسى تېرىقچىلىق، ئوتلاقچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئېكولوگىيە تېپىدىكى، ئۈنۈم تېپىدىكى چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

### 26 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى تەبرىكلەش ۋە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەنتەنىلىك تەقدىرلەندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا سۆز قىلغاندا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئاجىزلار توپىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

△ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى مەملىكەت بويىچە پاتېنت نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئۈلگە كارخانىغا ئايلاندى. بۇ غەربىي شىمال بويىچە تۇنجى مەملىكەتلىك پاتېنت نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئۈلگە كارخانىدۇر.

### 28 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 20 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى مۇناسىۋىتى بىلەن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى.

△ 230 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىنغان، 45 مىڭ تاماشىبىن سىغىدىغان شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىغا ئۇل سېلىندى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى باشلاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. 2002 ـ يىل تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان تۇنجى يىل. دۆلەت شىنجاڭغا تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ 173 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق يەردە ئورمان بەرپا قىلىش ۋەزىپىسى چۈشۈردى، بۇنىڭغا 300 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدۇ.

### 29 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار

ئىتتىپاقى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ھەر مىللەت ياشلىرى ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈلدى.

## 5 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىقتىساد - تۇرمۇش قانىلىدا پروگراما كۆرسىتىش باشلاندى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

### 10 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي يىغىن ئېچىپ، ئىلى ئوبلاستىدىكى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن بېرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر قىسىم رايونلاردا ئۇدا قارا يامغۇر، قاتتىق قار، مۆلدۈر يېغىپ، 560 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 400 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

△ ئاپتونوم رايون بويىچە يېيى بازارغا سېلىنغان 22 شىركەتنىڭ باش مۇدىرلىرى سەمىمىيەت ئەھدىنامىسىگە بىرلىكتە ئىمزا قويدى. ئۇلار سەمىمىي بولۇشقا، لەۋزىدە تۇرۇشقا، تىجارەتنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ۋەدە بەردى.

### 10 - كۈندىن 12 - كۈنىگىچە

△ ش ئۇ ئا ر يەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىدا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ خۇيىۋ يەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

### 12 - كۈنى

△ داڭلىق لىرىكىلىق كولوراتۇرىلىق، يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى دىلبەر بىلەن ياش ناخشىچى ۋاڭ خۇڭۋېي شىنجاڭ غەربىي قىسىم مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتى بىلەن توختاملىشىپ، غەربىي قىسىمنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىتتىپاقىغا كىردى.

△ ب د ت تەرەققىيات - پىلان مەھكىمىسى شىخەنزە شەھىرىنىڭ بېيجۈەن بازىرىنى جۇڭگودىكى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان كىچىك بازار قاتارىغا كىرگۈزدى. بۇگۈن قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

### 12 — 13 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر، بازارلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە، شەھەر، بازارلاردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىمۇۋى تەشكىلاتلارنى تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. يىغىندا پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى كۈچلەر ھەرىكەتكە كېلىپ، شەھەر - بازارلاردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر توپلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى. ئاپتونوم رايوندىكى مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ۋە بىر قىسىم ئورۇنلار باشلامچى بولۇپ نەق مەيداندا پۇل ئىئانە قىلدى.

### 14 - كۈنى

△ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ، خوتەن قاتارلىق 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئاساسىي قاتلام خىزمىتىگە ئاتلانغان ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن 35 ئوقۇغۇچى جاپالىق رايونلارغا بېرىپ تۆھپە قوشۇپ ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

### 15 - كۈنى

△ شىنجاڭ «تيەنسەي» يەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ تيەنسەي رەڭلىك پاختىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار 93 - نۆۋەتلىك پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن فرانسىيە لىپىن خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

### 16 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون 31 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىدا قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتتى.

△ دۆلەتنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلاندىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش غەربنى كەڭ ئېچىشتىكى 10 چوڭ قۇرۇلۇشنىڭ بىرى — ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ يېڭى بىناسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

△ «جۇڭگو - كورىيە كەلگۈسى مۇنبىرى»نىڭ 9-قېتىملىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە تەبرىك سۆزى قىلدى. «جۇڭگو - كورىيە كەلگۈسى مۇنبىرى»نى جۇڭگو خەلق دىپلوماتىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن كورىيە خەلقئارا ئالماشتۇرۇش مالىيە ئۇيۇمى بىرلىكتە ئۆتكۈزىدۇ، بۇ جۇڭگو - كورىيە 2 دۆلەت خەلقىنىڭ خېلى تەسىر كۈچكە ئىگە

مۇنبىرى ھېسابلىنىدۇ. 1994 - يىلدىن بېرى جۇڭگو بىلەن كورېيە بۇ مۇنبەرنى ئۇدا 8 نۆۋەت ئۆتكۈزدى.

## 17 - كۈنى

△ شىنجاڭ پاختىچىلىق جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

## 18 - كۈنى

△ پەن - تېخنىكا نازارىتى يولغا قويغان شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تورى (WWW. XJKP. XJinfo. gov. cn) رەسمىي ئېچىلدى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ھەپتىلىكى باشلاندى.

△ شىنجاڭ بويىچە نۆۋەتتىكى ئەڭ چوڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى — شىنجاڭ «تۇڭخۇي» چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى سىجۇڭ شەھرىدە قۇرۇلدى.

## 19 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قارارلىق ۋىلايەت، نازارەتلەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى قاتناشقان «دۇنيا سودا تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقاندىن كېيىنكى لايىقلىشىش خىزمىتى» مەخسۇس تېما مۇھاكىمە كۇرسى ئاياغلاشتى.

## 20 - كۈنى

△ پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان ئېركەشتام پورتى رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. بۇ پورت قىرغىزىستانغا قوشنا بولۇپ، 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋاقىتلىق ئېچىلغانىدى.

## 20 — 21 - كۈنلىرى

△ جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. نىۋ رۇجى يېڭى بىر نۆۋەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ھەيئەتلىكىگە سايلاندى.

## 24 - كۈندىن 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە

△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ رۇدەي گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش مەخسۇس تېما گۇرۇپپىسىدىكى 16 كىشى شىنجاڭنىڭ ئېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

## 28 - كۈنى

△ جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. جۇ جېنجۇڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىتتىپاقنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزالىقىغا سايلاندى.

△ شىنجاڭ پىۋا (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى. شىركەتنىڭ ئومۇمىي مۈلكىنىڭ قىممىتى 320 مىليون يۈەن، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 123 مىليون يۈەن، بۇ شىركەتتە ئانا شىركەت ۋە سانجى پىۋا چەكلىك شىركىتى، قورغاس پىۋا چەكلىك شىركىتى، ئاقسۇ پىۋا چەكلىك شىركىتى، قەشقەر پىۋا چەكلىك شىركىتى، گۈچۈڭ ئارپا ئۈندۈرمىسى چەكلىك شىركىتى ۋە تۇرپان ئەينەك ياسالمىسى چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت 6 بالا شىركەت بار، يىلىغا 150 مىڭ توننا پىۋا، 40 مىڭ توننا سۈپەتلىك ئارپا ئۈندۈرمىسى، 21 مىڭ توننا ئەينەك ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىدۇ. شىنجاڭ قىزىلتاغ پاي چەكلىك شىركىتى 55% پاي ھوقۇقىنى، شىنجاڭ دۆلەت ئىلكىدىكى مال - مۈلۈك، مەبلەغ سېلىش تىجارەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 45% پاي ھوقۇقىنى ئىگىلەيدۇ.

## 30 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ 1 - ئىيۇن خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

△ جۇڭگو «شەرق شامىلى» ئاپتوموبىل شىركىتى پاينى كونترول قىلىدىغان، جۇڭگو «شىندا» مال - مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتى، ئۈرۈمچى دۆلەت ئىلكىدىكى مال - مۈلۈك تىجارىتى شىركىتى، ئۈرۈمچى «شەرق شامىلى» ئالاھىدە ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى پاي قاتناشتۇرغان «شەرق شامىلى» شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى ئىش باشلىدى. «شەرق شامىلى» شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى قايتىدىن بىرىكتۈرۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئاپتوموبىل ساھەسىدىكى باشلامچى شىركەت بولۇپ قالىدۇ، ئۇ شىنجاڭ ئاپتوموبىل ساھەسىنىڭ كاپىتال ئايلىنىش دەۋرىگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

△ شىنجاڭدىكى تۇنجى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەرەققىيات باغچا رايونى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك مېيىپلار گۈزەللىك تەربىيىسى بايرىمى بۈگۈن ئاياغلاشتى. مېيىپلار گۈزەللىك تەربىيىسى بايرىمىدا 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇيان 11 تۈر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە 514 ئادەم قاتناشتى، 174 ئادەم مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

# 6 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئۈرۈمچى

شەھىرىدىكى سۇ ئۈستى باغچىسىدا مول مەزمۇنلۇق پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ، 1 - ئىيۇن خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

### 3 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ساياھەت خاتىرە بۇيۇمى بازىرى — تۇرپان ساياھەت خاتىرە بۇيۇمى بازىرى يالقۇنتاغ باغرىدىكى قۇملۇق يەرلىك سەنئەت سارىيىدا ئىش باشلىدى. خاتىرە بۇيۇملىرى 8 چوڭ يۈرۈش بويىچە 200 خىل ساياھەت خاتىرە بۇيۇمىدىن تەشكىل تاپتى.

### 5 - كۈنى

△ «يەر شارى ھاياتىي كۈچكە تولسۇن» دېگەن تېمىدىكى «5 - ئىيۇن» دۇنيا مۇھىت كۈنىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدا قانات يايدۇرۇلدى.

### 6 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلار خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلارنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ، ئۇلارنى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

### 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە

△3 - سىنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يۇ داۋغۇ 3 - سىنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك مۇدىر ھەيئەتلىكىگە سايلاندى.

### 7 - كۈنى

△ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا شىنجاڭدىن پارتىيە 16. قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى.

### 8 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇلغۇنچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە (شەھەر) لەردە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇلغۇنچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى قانات يايدۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

### 11 - كۈنى

△ مەركەز شىنجاڭغا ئاجرىتىپ بەرگەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى مەخسۇس تۈرىدىكى يۆتكەپ چىقىم قىلىنىدىغان مەبلەغ 134 مىليون يۈەن يۆتكۈلەپ ئەمەلىيلەشتى.

### 11 — 12 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك غەربىي ئېچىش بويىچە ماتارىپقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. 23 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ۋە بىڭتۇەن پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، ماتارىپ نازارىتى ھەمدە تولۇق ئوتتۇرا «ئۆلۈغۋار قابىلىكلەر سىنىپى» ئېچىشنى بېكىتىلگەن 42 مەكتەپنىڭ رەھبەرلىرى غەربىي ئېچىش بويىچە ماتارىپقا ياردەم بېرىش ئۆلۈغۋار پىلانى ئۈستىدە ئورتاق كېڭەشتى.

△ دېھقان، ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. سۇشىۋۇ دېھقان، ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزالىقىغا سايلاندى.

### 12 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جېڭخۇا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى.

### 13 - كۈنى

△ قۇمۇل شەھىرىدىكى قويلۇق يېزىسى بىلەن قوشقۇدۇق يېزىسى تۇنجى بولۇپ قۇياش ئېنېرگىيىسى ئېلېكتر چىرىغى ئىشلەتتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ 2 يېزا مەملىكەت بويىچە يېزىلارغا توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدىكى تۇنجى مەنپەئەتدار يېزا بولدى. 2002 - يىلى دۆلەت پىلان كومىتېتى قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ يېزىلارغا توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى بېكىتكەنىدى، بۇنىڭدىن مەقسەت بىر، ئىككى يىلدا غەربىي قىسىمدىكى چەت، نامرات رايونلاردىكى توك يوق يېزىلارنىڭ توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. شىنجاڭدا نۆۋەتتە 48 يېزىدا توك يوق بولۇپ، يېزىلارغا توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىغا 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى.

### 15 - كۈنى

△ جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. شۈي جاۋ گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك مۇدىر ھەيئەتلىكىگە سايلاندى.

### 16 - كۈنى

△ شىنجاڭ ساياھەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى.

△ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق «دىبالاڭ» ئاندالۇزىت كانچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ يىلىغا 50 مىڭ توننا ئاندالۇزىت ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى يەنجى ناھىيىسى خوروگىنغول كېنىدا باشلاندى. خوروگىنغولدا ئاندالۇزىت زاپىسى كۆپ، قېزىش ئاسان، ئارىلاشما ماددا ئاز. ئۇ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ، دۇنيا بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان دەرىجىدىن ئاشقىرى كاندۇر. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ كاننىڭ كەلگۈسى زاپاس مىقدارى تەخمىنەن 400 مىليون توننا ئىكەن.

ئاندالۇزىت بىر خىل ئالىيۇمىن تەركىبى مول مىنېرال بولۇپ، ئاساسلىقى جەنۇبىي ئافرىقا، فرانسىيە، جۇڭگو، ھىندىستانغا تارقالغان. ئۇ مېتاللورگىيە، ساپالچىلىق، سېمونت سانائىتىدە ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنى ئاساسلىق ئىستېمال قىلىدىغان دۆلەتلەر ئامېرىكا، ياپونىيە، روسىيە، گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيىدىن ئىبارەت.

### 18 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. 11 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى نۇقتىلىق ساھەلەرگە ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ئاتلاندى.

△ شىنجاڭ بويىچە 3 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى ئۈسكۈنىلىرى، پارنىك ۋە سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى باشلاندى.

△ ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇش پاي چەكلىك شىركىتى بىلەن «خۇاچۇن» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ قۇرىدىغان تەڭرىتاغ «ياۋگۇ. خۇاچۇن» غەربىي قىسىم بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى يۇقىرى پەن -تېخنىكا سانائەت باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

سانائەت باغچىسى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 30 گېكتار بولۇپ، 13 ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بار. ئۇنىڭغا 1 مىليارد 390 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىنى 2003 - يىل 8 - ئايدا تاماملاش مۆلچەرلەندى. تەڭرىتاغ «ياۋگۇ» قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ غەربىي قىسىمدىكى ئەڭ چوڭ كەسپىي بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى بويىچە يۇقىرى پەن - تېخنىكا سانائەت باغچا رايونى بولۇپ قالىدۇ.

### 19 - كۈنى

△ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ (خەنزۇچىسى) نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا بويىچىمۇ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسى ھېسابلىنىدۇ، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا 11 - ئەسىردىكى جۇڭگو - شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مىللەت، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە تونۇشتىكى قامۇس دەپ تەرىپلىمەكتە.

### 21 - كۈندىن 23 - كۈنىگىچە

△ شىنجاڭ ئېكېئولوگىيە، مۇھىت، مەدەنىيەت مىراسى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇنبىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر شىنجاڭنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا دائىر ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئورتاق كېڭەشتى.

### 22 - كۈندىن 24 - كۈنىگىچە

△شىنجاڭ بويىچە ياشلارنىڭ 4 - نۆۋەتلىك ئىلمىي يىللىق يىغىنى شىخەنزە شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايون ياشلار پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى.

### 24 - كۈنى

△ غەربىي يۇرت يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا باغچا رايونى قۇرۇلدى. غەربىي يۇرت دۆلەت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا باغچا رايونىنى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تۈز قىلىپ تۇرغۇزغان، ئۇ سانجى شەھىرىنىڭ شىمالىي شەھەر ئەتراپى رايونىغا جايلاشقان. بۇ تۈرنىڭ قۇرۇلۇش مۇددىتى 3 يىل، ئۇنىڭغا 158 مىليون 744 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. بۇ غەربىي شىمال رايونى بويىچە 2 - ئورۇندىكى دۆلەت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا باغچا رايونى.

### 26 - كۈنى

△ «شىنجاڭ مەنزىرىسى سەپىرى» ناملىق تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ساياھەت بايرىمى باشلاندى.

### 27 - كۈنى

△ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى شىنجاڭنىڭ نەسىللىك بۇقا بېقىشنى باشقۇرۇش ۋە كالىنىڭ توڭلىتىلغان ئىسپېرمىسىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ غەربىي شىمال رايونى بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

### 27 — 28 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم مەركىزىي گۇرۇپپىسىدىكىلەر باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «31 - ماي» دىكى مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئارقىلىق بارلىق خىزمەتلەرگە بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بەل باغلىدى.

### 30 - كۈنى

△ دۆلەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقاتقان «قۇملۇق ئۆسۈملۈكى» ئالاھىدە پوچتا ماركىسىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ بىر يۈرۈش پوچتا ماركىسى 4 پارچە بولۇپ، سۈرەتتىكى قۇملۇق پادوپ دەرىخى، قىزىل قوزاقلىق خوۋەنىيە جىگدىسى، ئىنچىكە غوللۇق مۈنچاق قوراي، ئىنچىكە يۆپۈكلۈك يۇلغۇن تىپىك قۇملۇق ئۆسۈملۈكىدۇر.

## 7 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى شىركىتى (1 - ئىيۇل توقۇمىچىلىق زاۋۇتى) زاۋۇت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ئەكتى 1 - ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى بولۇپ، ئۇ 1952 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭدىكى تۇنجى پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىسىدۇر.

△ شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى شىركىتى بىلەن «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى قاتارلىق 4 كارخانا ئورتاق مەبلەغ سېلىپ قۇرغان شىنجاڭ «جىنفاڭ» توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى ئىش باشلىدى.

### 4 - كۈنى

△ غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى تارىم گازلىقى، كورلا، شەنشى يەنجۇەن سېرىق توپىلىقى، جياڭسۇ ۋۇشى يېڭى رايونى ۋە شاڭخەي بەيخې بازىرىدىن ئىبارەت 5 قۇرۇلۇش ئورنىدا بىرلا ۋاقىتتا باشلاندى. باش شۇجى جياڭ زېمىن تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى، زۇڭلى جۇ رۇڭجى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ ھەمدە سۆز قىلدى.

### 9 - كۈنى

△ شىنجاڭ لوپنۇر كۆلىدە 210 مىليون تونىلىق كالىي تۇزى بايلىقى تېپىلدى، بۇ ئەسلىدىكى 129 مىليون تونىلىق بايلىق مىقدارىدىن ئاز كەم بىر ھەسسە كۆپ.

### 10 - كۈنى

△ «گۈلبوستان» پاي چېكى بىر يىل 2 ئاي سودىدىن توختاپ قالغاندىن كېيىن، بۈگۈن شاڭخەي ئاكسىيە بازىرىدا سودا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

### 12 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى پەن - تېخنىكا دوكلات يىغىنى ئاچتى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى لۇ يۇڭشياڭ تەكلىپكە بىنائەن «پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى كەسىپلەشتۈرۈش» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

### 13 - كۈنى

△ شىنجاڭ دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ ياسايدىغان 3 نۇقتىلىق تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرى — كۈيتۇڭ — سايرام ئالىي تاشيولىنىڭ قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمى كۈيتۇڭدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ تاشيول كۈيتۇڭدىن باشلىنىپ، ئۈرۈمچىدىن كۈيتۇڭغا بارىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يولغا تۇتىشىپ، شىخو، جىڭ، بورتالا ئاچالدىن ئۆتۈپ سايرام كۆلىگە بارىدۇ، يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 302.5 كىلومېتىر، دەسلەپكى لايىھىدىكى ئومۇمىي تەخمىن چوت مەبلىغى 3 مىليارد 55 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى 150 مىليون دوللار. يول 2005 - يىلى 11 - ئايدا پۈتكۈزۈلمەكچى.

△ شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ دەرىجىسى مەملىكەت بويىچە ئەرلەر ۋاسكېتبول كەسپىي بىرلەشمە مۇسابىقىسى (CBA) «ئا» گۇرۇپپىسىنىڭ «ئا» كوماندىسى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

بۇ جۇڭگودا 3 چوڭ توپ تۈرىنى كەسپىلەشتۈرۈش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى، شىنجاڭدىكى تۇنجى «ئا» گۇرۇپپىنىڭ «ئا» كوماندىسى ھېسابلىنىدۇ.

### 16 - كۈنى

△ شىنجاڭدا ئۆي - زېمىن بازىرىنىڭ تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى باشلىنىپ، قانۇنغا، بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارغا زەربە بېرىلدى.

### 18 - كۈنى

△ تارىم نېفىتلىكى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ پارتىيە تەشكىلىي مۇناسىۋىتى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

### 18 — 19 - كۈنلىرى

△ جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي مۇنبىرى 21 - ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە رايون

پەيغەمبەرلىكى ئەدلىيىسىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان ۋە جۇڭگودىكى بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملار، دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى بولۇپ 88 كىشى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

## 18 - كۈندىن 20 - كۈنىگىچە

△ جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. شىي شېگىرۇي دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزالىقىغا سايلاندى.

## 21 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى بىكىتىپ بىرىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى.

## 23 - كۈندىن 25 - كۈنىگىچە

△ ش ئۇ ئا ر «1 - ئاۋغۇست» ھال سوراش ئۆمىكى ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىدىن ھال سورىدى.

## 25 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتى «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش خىزمەت تۈزۈمى»نى مەخسۇس ئۆگەندى.

## 27 - كۈندىن 31 - كۈنىگىچە

△ 2002 - يىللىق ئۈرۈمچى يىپەك يولى خەلقئارا كىيىم- كېچەك، زىبۇ زىننەت بايرىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

## 28 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگە نۇقتا، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى.

△ جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش ئىناۋەتلىك ئابونىتى 1 مىليوندىن ئاشتى، بۇ شىركەت 1998 - يىلى قۇرۇلغانىدى.

## 29 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

## 31 - كۈنى

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونى «ۋەتەن چېگرىسىدا ئەسكەر بولىمەن» ناملىق كاتتا ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

# 8 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ كادىرلار ئىشلىرى مىنىستىرلىكى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يېڭىدىن تەسىس قىلغان 4 پوستدوكتور پەن تەتقىقات خىزمەت پونكىتىغا ۋۇيۇسكا بەردى. بۇ 4 ئورۇن: تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، «جىنشىن» ھاۋالە مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى، «تۈنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى، «ۋېيشىدا» بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى.

## 8 - كۈندىن 11 - كۈنىگىچە

△ 5 - نۆۋەتلىك جۇڭگو «خۇالىڭ» خەلقئارا بىناكارلىق بېزەكچىلىك كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نۆۋەتلىك كۆرگەزمىگە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 400 نەچچە كارخانا قاتناشتى. توختامدىكى پۈتۈشۈلگەن سومما 4 مىليارد 785 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل بىلەن پۈتۈشۈلگەن سومما 370 مىليون يۈەن خەلق پۇلى.

## 10 - كۈنى

△ غەربتىن نېفىت گازى — غەربتىن كەڭ ئېچىش ۋە جۇڭگو نېفىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇنبىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتنىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن 120 نېفىت مۇتەخەسسىسى ۋە ۋەكىل بۇ مۇنبەرگە قاتناشتى.

## 11 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى رايونىدا ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 38℃قا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ 7 بال بوران چىقتى. بۇنداق ھاۋارايى تارىختا ئاز كۆرۈلگەن.

## 12 - كۈنى

△ شىنجاڭ پىچان «كىروران» ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ چەت ئەلدىكى پاي كونترول شىركىتى — «كىروران» پاي كونترول چەكلىك شىركىتى «كىروران پاي كونترول» پاي چېكى شياڭگاڭ بىرلەشمە سودا ئورنىدا بازارغا سېلىنىپ، شياڭگاڭدىكى تۇنجى شىنجاڭ ئۇقۇمىغا ئىگە پاي چېكى ۋە تۇنجى ئۈزۈم ھاراقچىلىقى ئاساسىي كەسىپ قىلىنغان



ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، باش سوديە شياۋيالڭ 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: شياۋيالڭ ھەر مىللەت سودىيىلەر بىلەن كۆرۈشمەكتە. ۋاڭ شۈلىن فوتوسى

پاي چېكى بولۇپ قالدى. «كىرىوران پاي كونترول» پاي چېكى 100 مىليون پاي تارقىتىلدى.

## 13 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، جۇڭگو مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋېي جيەنشىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

## 13 - كۈنى

△ شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي چەكلىك شىركىتى ئۆزى لايىھىلەپ ياساپ چىققان 65KA ئۈچ قەۋەتلىك ئېلېكترولىزلانغان ساپ ئاليۇمىن ئوقۇرى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ دۆلىتىمىزدىكى تۇنجى چوڭ تىپتىكى ئوقۇردا يۇقىرى ئېقىم ئارقىلىق ساپ ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەت، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەملىكىتىمىزنىڭ ساپ ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىشتا خەلقئارا سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

## 16 - كۈنى

△ شىنجاڭنىڭ 23 - قېتىمدا بازارغا سېلىنغان پېيى — «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ [600581] پېيى شاڭخەي ئاكسىيە بازىرىدا سودا قىلىنىشقا باشلىدى.

△ شياڭگاڭ «ساغلاملىق تېز پويىزى» كۆچمە دوختۇرخانىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلدى. 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگىچە «ساغلاملىق تېز پويىزى» قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىكى كۆزىگە ئاق چۈشكەن 1000 بىمارنى ھەقسىز ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالىدى.

## 18 - كۈنى

△ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدا تىجارەت باشلاندى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد تىجارەت باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە لېنتا كەستى.

## 18 — 19 - كۈنلىرى

△ دۆلەت سودا - ئىقتىساد كومىتېتى، سۇچىلىق مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى بىرلىكتە باشقۇرغان مەملىكەتلىك سۇ تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ۋە كېڭەيتىش نەق مەيدان يىغىنى شىخەنزە شەھىرىدە ئېچىلدى. 13 ئۆلكە، شەھەردىن كەلگەن 100 نەچچە ۋەكىل ۋە مۇتەخەسسىس يىغىنغا قاتناشتى.

## 21 - كۈنى

△ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئامۇزنا ھەمكارلىق كومىتېتى «ئۈرۈمچى خىتابنامىسى»نى ماقۇللىدى. بۇ كومىتېت 20 - كۈنى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. كومىتېت ئەزالىرى جۇڭگو موڭغۇلىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجان، دۇنيا ئامۇزنا تەشكىلاتى ۋە ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسىدىن ئىبارەت.

## 22 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئالاتاۋ پورتى سانائەت - سودا پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەتنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 48 مىليون 440 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي مۈلكىنىڭ قىممىتى 94 مىليون 410 مىڭ يۈەن.

## 23 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

## 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق خىزمىتى يىغىنى سانجى شەھىرىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقنى زامانىۋى چارۋىچىلىققا بۇراش قەدىمىنى تېزلىتىپ،

شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقىدا تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك دەپ، تەكىتلەندى.

**26 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە**

△ 12 - نۆۋەتلىك تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلدى.

**27 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە**

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇ باڭگو شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

**28 - كۈنى**

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «زامانىۋى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويدى.

△ IBM ئۈرۈمچى ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۈچۈر سانائىتىنىڭ دۆلەت ھالقىغان شىركىتى IBM نىڭ شىنجاڭدا قەدەم كۆتۈرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. IBM يەنە خەلقئارا سودا ماشىنا - ئۈسكۈنە شىركىتى بولۇپ، 1914 - يىلى ئامېرىكىدا قۇرۇلغان. نۆۋەتتە ئۇنىڭ كەسپى 160 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا تارقالدى، مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلىرىدا ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

**29 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايون 4 - قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق تەربىيىسى ئېيى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. 4 - قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى — «ئىلغارلىقنى ئۆگىنىش، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش، تۆھپە قوشۇش»تىن ئىبارەت.

## 9 - ئاي

**1 - كۈندىن 8 - كۈنىگىچە**

△ 11 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇ باڭگو، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رېن جيەنشىن يەرمەنكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. بۇ نۆۋەتلىك يەرمەنكىدە تاشقى ئىقتىساد - سودا بويىچە پۈتۈشۈلگەن سومما 1 مىليارد 496 مىليون دوللارغا، ئىچكى سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە پۈتۈشۈلگەن سومما 31 مىليارد 176 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى.

**2 - كۈندىن 8 - كۈنىگىچە**

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، دۆلەت كومىسسارى ۋۇ يى شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

**3 — 4 - كۈنلىرى**

△ مەملىكەتلىك تۈنجى نۆۋەتلىك چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقارغان پاختىنى ئىشلىتىش، تەمىنلەش - ئېھتىياج يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. شياڭگاڭ «خۇارۇن» گۇرۇھى قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى 100 نەچچە پاختا ئىشلىتىدىغان چوڭ كارخانا، مەملىكەت بويىچە 7 ئاساسلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى 30 نەچچە پاختا سودىگىرى بۇ يەرمەنكىگە قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يەرمەنكىنى تاشقى ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق مىنىستىرلىكى، دۆلەت تەرەققىيات پىلان كومىتېتى ئۇيۇشتۇردى.

**5 - كۈنى**

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بىڭتۇەن تۈنجى قېتىم بىرلەشمە يىغىن ئاچتى، بۇنىڭدىن مەقسەت ئالماشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەرەققىياتنى ئورتاق تېزلىتىشتىن ئىبارەت.

**8 - كۈنى**

△ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

**10 — 11 - كۈنلىرى**

△ ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارنى قوبۇل قىلغاندا: تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىدىكى يولداشلار تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ۋە ياخشى ئىشلەپ، 16 - قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 12 ـ كۈنى

△ مايتاغدىكى يىلىغا 220 مىڭ توننا ئىشلىتىلىپ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ قۇرۇلۇشقا 1 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. بۇ قۇرۇلۇش 2001 ـ يىل 2 ـ ئايدا باشلانغانىدى.

## 14 ـ كۈندىن 21 ـ كۈنىگىچە

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ چۈنيۈن شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

## 14 ـ كۈنى

△ ئامېرىكا مۇۋەپپەقىيەت گۇرۇھىنىڭ باش دىرېكتورى، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق ئوقەتچى لى يۈلىڭ خانىم 300 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان «مۇۋەپپەقىيەت» مەيدانىدا تىجارەت باشلاندى. بۇ مەيدان 25 قەۋەتلىك يۇرۇشلۇق ياتاق بىناسى، 8 قەۋەتلىك ئايلانما بىنادىن تەشكىل تاپقان، مال سېتىۋېلىش، ساياھەتچىلىك، سودا، كۆڭۈل ئېچىش، كۆرگەزمىخانا، يېمەك ـ ئىچمەك، گۈش بېجىرىش، سودا يايما ئورنى بىر گەۋدىلەشكەن. بۇ مەيداننىڭ كۆلىمى 91 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە بازار كۆلىمى ئازكەم، 50 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

## 15 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ «جىنفېڭ» پەن ـ تېخنىكا پاي شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ شامال كۈچى گېنېراتورى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئۈرۈمچى ئىقتىساد. تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بازا ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 18 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4600 كۋادرات مېتىر، يىلىغا چوڭ تىپتىكى شامال كۈچى گېنېراتورىدىن 200نى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئۇ مەملىكىتىمىز بويىچە شامال كۈچى گېنېراتورى ياساش كەسپىدىكى مەركەزدۇر.

## 16 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەت بويىچە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

## 17 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر 5 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى غۇلجا شەھىرىدە باشلاندى.

△ شىنجاڭ ئالاھىدە ساياھەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى.

△ شىنجاڭ ئۈنۈۋېرسىتېتى پەن ـ تېخنىكا باغچىسىغا ۋۇۋسكا يېرىش مۇراسىمى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا. كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۈنۈۋېرسىتېتى پەن ـ تېخنىكا باغچىسى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ـ كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ رايون سىرتىدىكى باغچا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاساسلىقى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىنكۇباتسىيىلىك ئىقتىدارىنى ئاساس قىلىدۇ.

△ شىخەنزە ئۈنۈۋېرسىتېتى غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى قۇرۇلدى.

## 23 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ «بوستان» خەلقئارا ساياھەتچىلىك شىركىتى ئىش باشلىدى. بۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى چوڭ ساياھەتچىلىك گۇرۇھ شىركىتى بولۇپ، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 120 مىليون يۈەن. بۇ ساياھەت كوپېراتىپى، ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى، مېھمانساراي، ساياھەت مەھسۇلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر گەۋدىلەشكەن شىركەت.

## 25 — 26 ـ كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تورلۇق چارە ـ ئاماللار بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى.

## 26 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، دۆلەت تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنغان مەھسۇلات دەپ نام بەرگەن 5 كارخانىغا دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنغان مەھسۇلات گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. ئۇلار: شىنجاڭ «ئالتۇن غەربىي يۇرت» پەن ـ تېخنىكا يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «ئالتۇن غەربىي يۇرت» ماركىلىق بۇغداي ئۇنى، شىنجاڭ ئىلى «كاڭدا» ئۇن زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «كاڭدا» ماركىلىق بۇغداي ئۇنى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۇنى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «تەڭرىتاغ» ماركىلىق بۇغداي ئۇنى، شىنجاڭ «بۈيۈك بوغدا كۆلى» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ «مەيچۇر» ماركىلىق مىكروبسىز سۈتى، شىنجاڭ «شياۋجۇ» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ «شياۋجۇ» ماركىلىق جىياڭيۇ، ئاچچىقسۈيى.

### 29 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا دوستانە سۆھبەتلىشىلدى، ئۇلۇغۋار ئىشلار كېڭەشلەندى، دۆلەت بايرىمى كۈتۈۋېلىندى.

△ ئاپتونوم رايون تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، قانۇنغا ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپ سېلىنغان 40 بىناكارلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

## 10 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ ئالىي سەھەردە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە سىگنالغان ھەر مىللەت ئامما ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

### 4 - كۈنى

△ دۆلەتنىڭ غەربىنى كەڭ ئېچىشتىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى — قەشقەر ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2×50000 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى تورلاشتۇرۇلۇپ توك تارقاتتى.

△ چەرچەن — ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق تاشيولىدا قاتناش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ تاشيول قۇرۇلۇشىغا 126 مىليون 837 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2000 - يىل 11. ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىش باشلانغانىدى.

### 10 - كۈنى

△ قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ گورمانچىلىق باش ئەترىتى قۇرۇلدى.

### 10 - كۈندىن 12 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا يېڭى ۋەزىيەتتىكى دىن خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

### 11 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھ شىركىتى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى.

### 14 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

### 18 - كۈنى

△ «شىنجاڭ قامۇسى»نى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، جانابىل قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشتى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى بىرلىشىپ ئىشلىگەن ھېكايە فىلىم «قۇربان تۇلۇمنىڭ بېيجىڭغا سەپىرى» تۇنجى مەيدان قويۇلدى. بۇ فىلىمدا يۇنىڭدىن 44 يىل ئىلگىرى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ قۇربان تۇلۇمنى قوبۇل قىلغانلىقىغا دائىر تەسىرلىك ھېكايە ئېيتىلىپ، تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

### 18 - كۈندىن 20 - كۈنىگىچە

△ شىنجاڭنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ساياھەت ئىقتىسادى مۇھاكىمە يىغىنى قاراماي شەھىرىدە ئېچىلدى.

### 20 - كۈنى

△ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى دۆلەت سۈتچىلىككە دائىر چوڭ پەن - تېخنىكا مەخسۇس تۈرى بېيجىڭدا ئىمزالىنىپ باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ دۆلەتنىڭ 8 چوڭ سۈتچىلىك ئۆلگە بازىسىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

### 21 - كۈنى

△ «شىنجاڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى يىراقتىن تەكشۈرۈپ پەرق ئېتىپ تونۇش، تەكشۈرۈش ۋە بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى» تۈرى باھالاپ بېكىتىلدى.

### 27 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن «تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبى پارتىيىگە تەلپۈنىدۇ» ناملىق كاتتا ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

### 29 - كۈندىن 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى ج ك پ دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى كورىيىدە 8 كۈنلۈك دوستانە زىيارەتتە بولدى.

## 11 - ئاي

### 5 - كۈنى

△ شىنجاڭدىن ج ك پ 16 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر بېيجىڭغا يېتىپ باردى.

**8 - كۈنى**

△ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىر - ئاممىغا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، 16 - قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن تەبرىكلىدى.

**11 - كۈنى**

△ دېھقانچىلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش كومىتېتى 2002- يىللىق شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇلار: «سىجۇن» ماركىلىق گۆرۈچ؛ «مېيبالاڭ» ماركىلىق قۇلماق؛ «سەنتەي» ماركىلىق سەنتەي ماراق شامى، سەنتەي ئېسىل ھارىقى، سەنتەي قىزىل ھارىقى؛ «يىڭپەن» ماركىلىق يېڭى ئۇخۇم، «تيەنشۇ» ماركىلىق يۇرۇشلۇق ھەسەل مەھسۇلاتلىرى؛ «لىجۇن» ماركىلىق پەمىدۇر قىيامىسى؛ «غەربىي يۇرت» ماركىلىق تاۋۇز، قوغۇن ئۇرۇقى؛ «ئارمان» ماركىلىق نوقۇت تالقىنى، قۇۋۋەت تالقىنى، ياش - ئۆسمۈرلەر، ئوتتۇرا ياش، ياشانغانلار قۇۋۋەت تالقىنى، تۇزسىز سۈت تالقىنى، پەمىدۇر تالقىنى، ھۆممەل چاي، ئالكۆرا مېۋە قىيامى.

**12 - كۈنى**

△ پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىۋاتقان ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قۇرۇلتاي ئاخبارات مەركىزى ئۇيۇشتۇرغان 3 - مەيدان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىشنى ئېچىۋېتىشنىڭ توپ ئاساسى ۋە كىرىش نۇقتىسى قىلىپ، ئېچىۋېتىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ، ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

**13 - كۈنى**

△ زېمىن بايلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىقلار ئومۇمىي پىلانى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ جايلاردىن «ئومۇمىي پىلان»نى قاتتىق يولغا قويۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ كانچىلىق ئىگىلىكىدە ھالقىش خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

**15 - كۈنى**

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن ج ك پ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي سىياسىي بيۇرونىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

**18 - كۈنى**

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى يىغىنىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 16 - قۇرۇلتاي روھىنى تېز، ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ، ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

△ شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» گرانىت تاش كان تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى توقسۇن قاراتاغ كۆمۈر كېنىنىڭ 20 يىللىق كان ئېچىش ھوقۇقىنى 49 مىليون يۈەنگە تالىشىپ سېتىۋالدى. بۇ شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم كىم ئارتۇق شەكلى بىلەن كۆمۈر كان ئېچىش ھوقۇقىنى سېتىپ بېرىش ھېسابلىنىدۇ، بۇ مەملىكەت بويىچىمۇ تۇنجى قېتىملىق ئىش.

**19 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايون مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 16 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە يېقىنقى مەزگىللىك 16. قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

△ «بوغدا كۆلى»، «كېھىنەك شامى» قاتارلىق 67 تاۋار ماركىسى شىنجاڭنىڭ 2 - نۆۋەتلىك داڭلىق تاۋار ماركىسى دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

**22 - كۈنى**

△ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى، چوڭ يۇغىراۋۇي پاي تۈزۈمىدىكى كەسپىي دوختۇرخانا — شىنجاڭ يۈرەك - مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى ئۈرۈمچى يۇقىرى يېڭى تېخنىكا - كەسپلەر تەرەققىيات رايونىدا قۇرۇلدى. بۇ دوختۇرخانىنى شىنجاڭ «جىنباڭ» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئاساسلىق مەبلەغ سېلىپ قۇردى، بۇنىڭغا 200 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنندى.

**23 - كۈنى**

△ شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ 3C سېفىرلىق مەيدان — شىنجاڭ «سەيبو» سېفىرلىق مەيدانى تىجارەت باشلىدى. 3C مەھسۇلاتلىرى كومپيۇتېر مەھسۇلاتلىرى، خەۋەرلىشىش

مەھسۇلاتلىرى، سېغىزلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

### 26 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون مەخسۇس يىغىندا سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، قۇرۇلۇشتا قەرزنى سوزۇۋېتىش مەسىلىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئېنىقلاش ئىشىنى مۇھاكىمە قىلدى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندى.

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تور پونكىتى ئېچىلدى. تور ئادرېسى: WWW. Xinjiang. gov. cn

△ شىنجاڭ داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى 33 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 35 داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتنى 2002 - يىللىق شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى، دەپ بېكىتتى.

### 30 - كۈنى

△ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق تۈرى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى تۈنجى زور سىغىملىق، ئۆلترا يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق، يۇقىرى بېسىملىق ئوت ئېلېكترى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى — كۈچا ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق 135000×2 كىلوۋاتلىق قۇرۇلۇشى باشلاندى.

## 12 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن ئاز كەم 100 ئوقۇغۇچى ئۈرۈمچىدە «ئۆز ئارا كۆيۈنۈش، ھاياتنى ئورتاق بەھرى ئېلىش» تېمىسىدىكى دۇنيا ئەيدىز كېسىلى كۈنى تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

### 2 - كۈنى

△ «پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش» مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى شۈي جىڭۇلى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا تەشۋىقات ۋە چۈشەندۈرۈش دوكلاتى بېرىپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

### 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە

△ دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

### 4 - كۈنى

△ شىنجاڭدىكى پايدا ئېلىش خاراكتېرىدا بولمىغان ۋە پايدا ئېلىش خاراكتېرىدىكى تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى تۈرلەر بويىچە ئىشقا كىرىشتى. 4020 تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى تۈرگە ئايرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا ئېلىش خاراكتېرىدا بولمىغان تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى 821، پايدا ئېلىش خاراكتېرىدىكى تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى 3199.

### 5 - كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ شىنجاڭدا يۇقىرى تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىكى تەكلىپىنى ئاڭلىغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىنجاڭ چىندىن ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ۋە شىنجاڭچە ئەۋزەللىككە ئىگە يۇقىرى تېخنىكا تۈرىنى پىلانلىق تېز راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئۇ يەنە ھەر يىلى 10 مىليون يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، يۇقىرى تېخنىكا كەسپلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىگە مەدەت بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

### 9 - كۈنى

△ شىنجاڭ بويىچە 3 - نۆۋەتلىك كىتاب مۇكاپاتى تارقىتىلدى، 25 كىتاب مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

### 12 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ، مەركەز ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ شىبەيپودا ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيەدە بولغان چاغدىكى سۆزىنى يەتكۈزدى.

### 14 - كۈنى

△ شىنجاڭ «لېشىڭ» يىمەكلىك چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «تەڭرىتاغ» ماركىلىق قارا گازىر، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق قۇرۇق ئۈزۈم، «جۇرېن» ماركىلىق گازىرغا يېشىل يىمەكلىك بەلگىسى بېرىلدى. جۇڭگو يېشىل يىمەكلىك تەرەققىيات مەركىزى تارقاتقان يېشىل يىمەكلىك بەلگىسىگە ئېرىشكەن مەھسۇلات ئاسىيا رايونىدا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىپ، ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىشتا تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

### 16 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى «گۈزەل جۇڭخۇا» مېھمانسارىيى 5 يۇلتۇزلۇق چەت ئەلگە چېتىلىدىغان مېھمانساراي بولۇپ باھالاندى. بۇ شىنجاڭدىكى «خەيدې»، «كۈمۈش ئاستانە»، «خۇڭفۇ» مېھمانسارايلىرىدىن كېيىنكى 4 - بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانساراي.

## 18 — 19 - كۈنلىرى

△ جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامى مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ئەرەبچە 4 خىل تىلدا ئىشلەنگەن DVD، VCD، CD پىلاستىنكىلىرى بىرلا ۋاقىتتا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تارقىتىلدى.

## 20 - كۈندىن 22 - كۈنگىچە

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى 16 - قۇرۇلتاي روھى ۋە مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى، خۇ جىنتاۋنىڭ شىبەيپودا ئۆگىنىش، تەكشۈرۈشتە بولغان چاغدا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، 2003 - يىلى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىل، 10 يىل، 20 يىلدا شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى شۇنداقلا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش كۆرەش نىشانى، ئاساسىي پىكىر يولى ۋە زور تەدبىرلەرنى پىلانلاش، ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

## 24 - كۈنى

△ شىنجاڭ نېفىت شۆبە شىركىتى يىلىغا 10 مىليون توننا خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، مەملىكەت بويىچە غەربىي قىسىمدىكى تۇنجى 10 مىليون توننا دەرىجىلىك چوڭ نېفىتلىك بولۇپ قالدى.

## 25 - كۈنى

△ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىدىكى قۇياش ئېنېرگىيىسى ئېلېكتر ئىستانسىسى توك تارقىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېزا، بازارلىرىغا توك يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشتى.

## 26 - كۈنى

△ شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەملىكەت بويىچە ئۈچ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى قىلىشتا ئومۇمىي ھۆددىگەرلىك بويىچە ئالاھىدە دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي ۋۇۋېسكا يوپۇقىنى ئاچتى..

## 28 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى 6 يولغا بۆلۈنۈپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارغا بېرىپ زىيارەت قىلدى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

## 29 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى 6 يولغا بۆلۈنۈپ، شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەر، پېشقەدەم پروفېسسورلارنى سەمىمىي يوقلىدى. ئۇلارغا يېڭى يىل سالىمى يوللىدى، ئۇلارنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكا، مائارىپ خىزمىتى ھەققىدە بەرگەن پىكرىنى ئاڭلىدى.

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونى «شىنجاڭغا باھار كەلدى» ناملىق كاتتا يېڭى يىللىق سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

△ 13 - نۆۋەتلىك جۇڭگودىكى كۆزگە كۆرۈنگەن 10 ياشنى ئاللاش نەتىجىسى بېيجىڭدا ئېلان قىلىندى. شىنجاڭدىكى ئۆسمۈلچى دىلنار ئابدۇللار مۇشۇ شەرەپكە ئېرىشتى.

## 30 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش يېڭى يىللىق چاي زىياپىتى ئۆتكۈزدى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن تەبرىك سۆزى قىلدى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل چاي زىياپىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

△ شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ تېجەپ سۇغىرىش رايونى بولۇپ قالدى. 2002 - يىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەپ سۇغىرىش كېڭەيتىلگەن كۆلەم 93 مىڭ گېكتارغا يەتتى.

# شىنجاڭنى ئېچىش

## شىنجاڭدا غەربنى كەڭ ئېچىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى كۈچەيتتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 159 مىليارد 818 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %8.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 30 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 67 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.4 ئاشتى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 62 مىليارد 118 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.3 ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 8382 يۈەنگە يېتىپ، %6.4 ئاشتى. شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1. غەربنى ئېچىش ئومۇمىي پىلانى ۋە سىياسىتى يولغا قويۇلدى، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى باشلاندى.

2002 - يىلى شىنجاڭدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشتا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»، «سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈشكە دائىر بىرقانچە سىياسەت - بەلگىلىمىلەرنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشتا بەر ئىشلىتىش ۋە قېزىلما بايلىق ئېتىبار سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇش پىكرى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەبلەغ سېلىش يۇمشاق مۇھىتىنى ياخشىلاش ھەققىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسى» قاتارلىق تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىشقا ئائىت سىياسەت - تەدبىرلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دائىر بىرقانچە پىكىرنى ئېلان قىلدى.

2. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى داۋاملىق تېزلىتىلدى. زور تۈرلەردە ئىلگىرىلەش ئوڭۇشلۇق بولدى.

دۆلەت مەبلەغ ۋە سىياسەت جەھەتتە شىنجاڭغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى ئاشۇردى، ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ئۇل كەسىپ تۈرلىرىگە تېخىمۇ زور مەدەت بەردى، مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ بىرقەدەر تېز ئېشىپ كەلدى. 2002 - يىلى جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 81 مىليارد 302 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %15.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 50 مىليارد 369 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.8 ئاشتى. غەربنى كەڭ ئېچىش يولغا قويۇلغان 3 يىلدىن بۇيان دۆلەت شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ زور بىر تۈركۈم ئۇل كەسىپ ۋە ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرىنى قۇرۇپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ قۇرۇلۇش تۈرى 21 بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغ 79 مىليارد 200 مىليون يۈەن بولدى. ئاپتونوم رايون 47 نۇقتىلىق تۈرنى



ئۆزگەرتىلىپ قايتىدىن سېلىنغان ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈك بازىرى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى رەسمىي تىجارەت باشلىدى.

لى ياڭ فوتوسى

ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە، يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر 19، تولۇق ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈردىن 27 سى، يەككە ياكى قىسمەن ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈردىن 24 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇلارغا 61 مىليارد 666 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شىنجاڭنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدا ۋە غەربنى كەڭ ئېچىش پىلانىدا بېكىتىلگەن غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى، كۈيتۈڭ — سايرام ئالىي تاشيولى، ئۈرۈمچى تاشقى ئايلانما يولى ھەمدە «ئاسفالت يولنى ناھىيە - ناھىيىلەرگە تۇتاشتۇرۇش»، «يېزىلارغا توك يەتكۈزۈش»، «رادىئو - تېلېۋىزىيىنى ھەممە كەنتلەرگە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى قاتارلىق چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئىش باشلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات مۇھىتى ياخشىلىنىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى قوزغىتىشتا مۇھىم تۈۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

3. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە قۇرۇش ئىشلىرى دەسلەپكى تەرەققىياتقا ئېرىشتى، تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى.

2002 - يىلى شىنجاڭ سىجىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش بىلەن مۇھىتنى قوغداشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى، تەبىئىي ئورمان، ئوتلاق ۋە ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك بايلىقىنى قوغداش، ناچارلاشقان ئوتلاقلارنى تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇردى، كۆللەر، نەم يەرلەرنىڭ ئېكولوگىيىسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى تېزلەتتى. دۆلەتنىڭ قوللىشى بىلەن تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقلىرىنىڭ ئەتراپىنىڭ قۇملىشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش، ئېبىنۇر كۆلى رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تۈزەش، ئېكولوگىيىدە ئۆلگە كۆرسىتىش ناھىيىلىرىنى بەرپا قىلىش قاتارلىق قۇرۇلۇشلار يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، 2002 - يىلى تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىنغان كۆلەم 79 مىڭ گېكتارغا، ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىشقا باب قاقاس تاغ، قاقاس يەرلەردە بەرپا قىلىنغان ئورمان، ئوتلاق كۆلىمى 75 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ بىلەن قىسمەن رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى دەسلەپكى قەدەمدە قوغدالدى ۋە ياخشىلاندى.

4. كەسىپ قۇرۇلمىسى يەنىمۇ تەڭشەلدى ۋە ياخشىلاندى.

دۆلەتنىڭ پاردىسى پائال قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۈل كەسىپ ۋە ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى، ئۆزگىچە سانائەت، ساياھەت - مۇلازىمەتچىلىك، يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرىگە مەبلەغ سېلىش سالمىقى زورايتىلدى، ئەلا، كۈچلۈكلەرنى يۆلەش ئارقىلىق، بايلىق ئۈستۈنلۈكى ۋە بازاردا رىقابەت كۈچىگە ئىگە كەسىپلەر پائال يېتىشتۈرۈلدى، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى كەسىپ ئۈستۈنلۈكىگە، ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش قەدىمى تېزلىتىلدى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم نۇقتىنى ئاشلىقتا ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ ئېشىنىشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا قارىتىش شەرتى ئاستىدا، بازار ئېھتىياجلىق بولغان ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ۋە ئۆزگىچە ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك كەسىپلىرى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، زامانىۋى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىسى قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا مەبلەغ سېلىشقا بولغان ئېھتىياج ئاشقان پايدىلىق پۇرسەت نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇلۇپ، ئەمەلىي كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان كارخانا گۇرۇھلىرى ۋە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرگە تايىنىش ئارقىلىق ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلدى. نېفىت، تەبىئىي گاز تەكشۈرۈش - ئېچىش ھەمدە نېفىت، تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، ئېچىملىك، ھاراق ئېچىتىش، كونسېرۋا ئىشلەش، سۇ يېيىش قاتارلىق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېمەكلىك سانائىتى كارخانىلىرى توپى راۋاجلاندۇرۇلدى. رەڭلىك مېتال، قىممەتلىك مېتال، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال ۋە كالىيلىق تۇز تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، مېتال ماتېرىياللىرى قاتارلىق بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئاشۇرۇلدى. ساياھەتچىلىك، مەھەللە مۇلازىمەتچىلىكى، ئۇچۇر مەسلىھەت - مۇلازىمەتچىلىكى، يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەتچىلىكى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ساياھەتچىلىكنى يېتىلدۈرۈشنى ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىلدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ساياھەتچىدىن 9 مىليون 679 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، ئىچكى ساياھەت كىرىمى 8 مىليارد 395 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن 16.9% ئاشۇرۇلدى.

5. يېڭى - تېخنىكا، مائارىپنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى،

ئەقىل بايلىقىنى ئېچىش سالمىقى زورايتىلدى.

تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىلىپ، يەن - ە تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تېخنىكا نەتىجىسىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش تېزلىتىلدى. ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى زىچ دەۋرىي قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلاردا يېڭىلىق يارىتىش ۋە تېخنىكا نەتىجىسىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش يەنىمۇ تېزلىتىلدى، يېزا ئىگىلىكىدە يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈش، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقتىكى يېڭى تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، تۈرلەمە كۆچۈرۈش ھەمدە يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ۋە يېڭى پېتى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئەلا سورتلىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 90% تىن ئاشتى.

مەۋقە «ئىككى ئاساسەن» مائارىپىنى ياخشى تۇتۇشقا قويۇلۇپ، نامرات بالىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى تىرىشىپ ھەل قىلىنىپ، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. دۆلەت مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ ۋە دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ يولغا قويغان «مائارىپتا نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشى»، «ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى» قاتارلىق قۇرۇلۇشلار شىنجاڭنىڭ مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

مۇختەسساس ئىگىلىرى كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلدى، تۇراقلاشتۇرۇلدى ۋە جەلپ قىلىندى، تۈرلۈك مۇختەسساس ئىگىلىرى جاپالىق، چەت، يىراق رايونلارغا بېرىپ ئىشلەشكە پائال يېتەكلەندى. 2 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار، ئالىي مەكتەپلەر، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن 750 نەچچە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3.، 4 - خىلدىكى قالاق رايونلارغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 700 دىن ئارتۇق مۇختەسساس ئىگىسى كىرگۈزۈلدى، چەت ئەللەردىن تەكلىپ قىلىنغان مۇتەخەسسىس 1000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، مەركەزدىكى ھەر قايسى مىنىستىرلىكلەر ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار 940 نەچچە مۇختەسساس ئىگىسىنى شىنجاڭغا قىسقا مۇددەتلىك مۇلازىمەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

6. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى.

«ئىشىكنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش، سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش» فاڭجېنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىقتىسادنىڭ بىر شارلىشىش يۈزلىنىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىلدى، سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقى زورايتىلىپ، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ساھەلىرى ۋە بازارغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىندى، تاشقى سودا كۆلىمى پائال كېڭەيتىلدى. 2002 - يىلى تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 692 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 52.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 308 مىليون دوللار بولۇپ، 95.8% ئاشتى، شىنجاڭ ئېشىش ھەجمى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. ئاز سوممىلىق چېگرا سودا ئېكسپورت سوممىسى 472 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1.6 ھەسسە ئاشتى.

مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ھەقىقىي ياخشىلىنىپ، سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، مەملىكەت ئىچىدە كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ساھەلىك، كۆپ شەكىللىك ئىچكى توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. يىلدا بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۈرۈمچى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش ھەمكارلىق تۈرىدىن 452 سى ئىجرا قىلىندى، توختام سوممىسى 4 مىليارد 805 مىليون يۈەنگە يەتتى، باشقا ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلاردىن 1 مىليارد 554 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. ئاھالىلەرنىڭ كىرىم سەۋىيىسى داۋاملىق ئاشتى، خەلق تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلاندى.

يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقى يەڭگىللىتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 1863 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.9% ئاشتى. يېزىلارنىڭ سۇنى ياخشىلاش، ناھىيە - يېزا تاشيولى، ئېلېكتر تورى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ۋە كىچىك بازار قۇرۇلۇشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كەڭ يېزىلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىسى غەربنى كەڭ ئېچىشتىن كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ھەقىقىي يوسۇندا بەھرىمەن بولدى.

شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم سەۋىيىسى ئۆزلۈكسىز ئۆستى. 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىرىم كىشى بېشىغا 7454.8 يۈەندىن توغرا كەلدى، ئۆزگەرمەس ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا 2001 ـ يىلدىكىدىن 13.1% ئاشتى. شەھەر ـ بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى، 2002 ـ يىلى شەھەر ـ بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 400 مىڭ ئادەم بولۇپ، 31.1% ئاشتى. ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى ھەقىقىي كۈچەيتىلىپ، تېنىچلىق ئېغىر 150 مىڭ ئاھالىنىڭ كېيىنىش ـ تويۇنۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، كىرىمى تۆۋەن 285 ئاھالىنىڭ كىرىمى ئاشۇرۇلدى. كىرىمى تۆۋەن ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش تىنىچلىقى مۇۋاپىق ھەل قىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ساقلاندى.

غەربىي ئېچىش ئىشخانىسى

## غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى) نىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى 2002 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تارىم گازلىقى، شىنجاڭ كورلا، شەنشى يەنچۈەن سېرىق توپىلىقى، جياڭسۇ ۋۇشى يېڭى رايونى ۋە شاڭخەي بەيخې رايونى قاتارلىق 5 ئىش ئورنىدا تەڭلا باشلاندى.

2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى) غا 1 مىليارد 38 مىليون 663 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇبا ياتقۇزۇشقا سېلىنغىنى 923 مىليون 722 مىڭ 800 يۈەن، كىرىمنىي ئۆزەكلىك تۇرۇبا ياتقۇزۇشقا سېلىنغىنى 8 مىليون 326 مىڭ 600 يۈەن، يانداشما يول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 106 مىليون 613 مىڭ 600 يۈەن.

پىلان كومىتېتى

## ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2002 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى 2 ـ قارارلىق تەرەققىياتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، يۇقىرى، يېڭى پەن ـ تېخنىكىنى تايانچ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بىر يىلدا سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 24.1% ئاشتى. تەرەققىيات رايونىنىڭ مالىيە كىرىمى 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 24.8% ئاشتى؛ شۇ دەرىجىلىك مالىيە كىرىمى 220 مىليون يۈەنگە يەتتى.

تەرەققىيات رايونى ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنىڭ سوممىسى 260 مىليون دوللار (چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ 130 مىليون دوللار) غا يەتتى. بىر يىلدا 177 تۈر يېڭىدىن تەستىقلىنىپ، 1 مىليارد 33 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان تۈر 6، سېلىنغان مەبلەغ 20 مىليون 338 مىڭ دوللار. مۇشۇ يىلدا 5 كارخانا يېڭىدىن ئىشقا كىرىشتى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 460 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پورتتىن ئۆتكۈزۈلگەن مال 23 مىڭ توننىغا، قىممىتى 54 مىليون 150 مىڭ دوللارغا يېتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 2 ـ خىلدىكى 5 پورت ئىچىدە 1 ـ بولدى.

ئايشەم

## ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى

2002 ـ يىلى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى ۋە ئىككىلەمچى ئىگىلىك تىكلەشنى يولغا قويۇش ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا قەدەم قويغان بىر يىل. تەرەققىيات رايونى «بىر رايوندا يۈز دەسسەپ تۇرۇش، باغچىنى كۆپ، ياخشى قۇرۇش، سىرتقا تەسىر كۆرسىتىش، يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش» تەك خىزمەت پىكىر يولىغا ئاساسەن، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يېتەكچى قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى، سودىگەر چاقىرىش ـ مەبلەغ كىرگۈزۈش، ئۇل قۇرۇلۇش، باغچا رايون قۇرۇلۇشى، كارخانا قۇرۇلۇشى، ئىستىل قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم، تېز ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. تېخنىكا، سانائەت، سودىدىن بىر يىلدا قىلىنغان كىرىم 7 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 35.2% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 38.9% ئاشتى؛ تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 372 مىليون يۈەن باج ئېلىندى؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 126 مىليون 420 مىڭ دوللارغا يەتتى (ئىمپورت سوممىسى 46 مىليون 730 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 79 مىليون 690 مىڭ دوللار). يىل ئاخىرىدا تەرەققىيات رايونىدىكى كارخانا 822 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگىنى 280.

ئايشەم



كۈنسايىن گۈللەپ ياشناۋاتقان شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

جاۋ جۈنئەن فوتوسى

## شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2002 - يىلى شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 705 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %57.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1. كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليون 100 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 619 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 80 مىليون يۈەن بولدى. 2 - كەسىپ ئىچىدە سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 451 مىليون يۈەن بولۇپ، %64.24 ئاشتى؛ بىناكارلىق كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 168 مىليون يۈەن بولۇپ، %59.81 ئاشتى.

بىر يىلدا نەقلەشكەن مەبلەغ 1 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %156 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان تۈر 4، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 24 مىليون 450 مىڭ دوللار.

بىر يىلدا قۇرۇلۇش قىلىنغان تۈر 36 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى ياكى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغىنى 29. مۇقىم مۈلۈككە 850 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 640 مىليون يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %78 ئاشتى. ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: 65 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىنغان تەيۋەن «دىڭشىن» گۇرۇھى سانائەت باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا 2002 - يىل 4 - ئايدا ئىش باشلاندى، 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا «كاڭ ئۇستا» (شىنجاڭ) ماركىلىق تەييار يېمەكلىك ئىشلەش تۈرى تولۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ 293 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «سامانيولى» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ 50 مىڭ ئۇرچۇقلۇق پاختا توقۇمىچىلىق تۈرى 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىدا تولۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ 45 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىنجاڭ «شياڭبالا» كالا گۆشى ياساملىرىنى پىششىقلاش تۈرىنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشى ئاساسەن تاماملاندى؛ 70 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «يۈلىسمات» ساقلاش تېپىدىكى ئالما بازار تۈرىنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشى مۇشۇ يىل ئىچىدە پۈتتۈرۈلدى؛ 122 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بىڭتۈەن - يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «تيەنيۈەن» سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش تۈرىنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشىدا مۇشۇ يىل ئىچىدە ئىش باشلاندى.

يىللىق ئاشقى سودا ئېكسپورت - ئىمپورت سوممىسى 60 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %170 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 34 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 26 مىليون دوللار. ئامېرىكا، فرانسىيە، ئىتالىيە، كورىيە، ياپونىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىدىن 20 تۈركۈم (قېتىم)دە 200 سودىگەر (قېتىم) كېلىپ، مەبلەغ سېلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تەكشۈردى.

جۇ مېيلىڭ

## كۈيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2002 - يىلى كۈيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %32.9 ئاشتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 230 مىليون يۈەنگە يەتتى. باج كىرىمى 35 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22 ئاشتى. 2002 - يىلى تەرەققىيات رايونى سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى زورايتتى، بىر يىلدا 51 ھەرخىل كارخانا رويخەتكە ئېلىنىدى، رويخەتكە ئېلىنغان مەبلەغ 270 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت تۈرى 20، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 3، توختام بويىچە پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 8 مىليون 624 مىڭ دوللار.

يەتكۈزۈپ نەقلەشتۈرۈشنى، قالغىنىنى 24 ئاي ئىچىدە تولۇق نەقلەشتۈرۈپ بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**12 ـ ماددا** «بەلگىلىمە» نىڭ 4 ـ ماددا 3 ـ تارمىقىدا دېيىلگەن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تۈرلىرى دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايوننىڭ مەسئۇل پەن ـ تېخنىكا تارماقلىرى مۇئەييەنلەشتۈرگەن تۈرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلاردىن «بەلگىلىمە» نىڭ 6 ـ ماددا 1 ـ تارمىقىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرى تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش يازما توختامىنى ئېلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى ئالاقىدار ماتېرىياللارنى يەسلى بويىچە ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يىرتۇتاش يوللايدۇ.

«بەلگىلىمە» نىڭ 6 ـ ماددا 2 ـ تارمىقىدىكى ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەبلەغ ھېسابىدا چىقىرىپ پاي قوشماقچى بولسا، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا نەتىجىسى دۆلەت ياكى ئۆلكە دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىدىن ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن باھالاش ئورگىنىنىڭ باھالاپ باھا قويۇشىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك. باھا قويۇلغان سومما شىركەتنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغىدىن %20 ئاشقان بولسا، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، پاي قوشۇش نىسبىتىنى %45 كىچە كېڭەيتىشكە بولىدۇ.

پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى مەبلەغ ھېسابىدا چىقىرىپ پاي قوشۇش يولى بىلەن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى قۇرسا، ئۇلارنىڭ روپخەتكە ئالدۇرغاندا نەقلەشكەن مەبلىغى %10 تىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك، قالغان قىسمىنى ھەر يىلى %20 لىك نىسبەت بويىچە 5 يىلدا نەقلەشتۈرۈپ بولۇشى كېرەك.

**13 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلار سالغان مەبلەغ ئىلھام بېرىش تۈرىدىكى كەسىپلەر ۋە گۈزەل كەسىپلەر تۈرىگە ئۇيغۇن كەلسە، سېلىنغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە، ئۆزى ئىشلىتىدىغان ئىلغار تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى ئىمپورت قىلسا، دۆلەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلماسلىقنى بەلگىلىگەن تاۋارلاردىن باشقا تاۋارلارنىڭ تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ھالقىلىرىدىكى قوشۇلما قىممەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

«بەلگىلىمە» نىڭ 7 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدا دېيىلگەن چېگرا سودىسى تاۋارلىرى ئىمپورتىدا تاموژنا بېجى ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئاساسلىقى، چېگرا سودىسى سىياسىتىگە سېلىشتۇرغان ئاساستا، ئىمپورت تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ھالقىلىرىدىكى قوشۇلما قىممەت بېجىنى كېمەيتىپ يېرىم ئېلىشتىن بەھرىمەن بولۇشنى ھەمدە، ئىمپورت تاۋارلىرىنى ئۆز ئالدىغا ساتسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«بەلگىلىمە» نىڭ 7 ـ ماددىسىنىڭ 3 ـ تارمىقىدا دېيىلگەن ئالاقىدار ئېتىبار سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇش، ئاساسلىقى، پىششىقلاش سودىسىغا ئالاقىدار ئېتىبار سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. يەنى دۆلەت ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئىجازەتنامىسى ئىلتىماس قىلىش كېرەك دەپ بەلگىلىگەن تاۋارلاردىن باشقا تاۋارلارنى پىششىقلاش سودىسى بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئىمپورت ئىجازەتنامىسى ئالمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئىمپورت تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ھالقىلىرىدىكى قوشۇلما قىممەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«بەلگىلىمە» نىڭ 7 ـ ماددىسىغا ۋە يۇقىرىقى تارماقلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلار ئۈرۈمچى تاموژنىسىغا ئىلتىماس قىلىپ ئىمپورت بېجى جەھەتتىكى ئېتىبار تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇش رەسمىيىتىنى بېجىرسە بولىدۇ، ئىلتىماس تەكشۈرۈپ تەستىقلانغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ.

**14 ـ ماددا** «بەلگىلىمە» نىڭ 8 ـ ماددىسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلار چېگرا ئاز سوممىلىق سودا ھوقۇقى ياكى ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولماقچى بولسا، تۇرۇشلۇق جايدىكى تاشقى ئىقتىساد ـ سودىغا مەسئۇل تارماققا ئىلتىماس سۇنسا بولىدۇ، تاشقى ئىقتىساد ـ سودىغا مەسئۇل تارماق بەلگىلىمىدىكى باشقۇرۇش ھوقۇق چېكىگە ئاساسەن تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان ياكى يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، كارخانا ئاندىن چېگرا ئاز سوممىلىق سودا ھوقۇقىدىن ياكى ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**15 ـ ماددا** «بەلگىلىمە» نىڭ 9 ـ ماددىسىدىكى ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قانۇن بويىچە كانچىلىق كارخانىسى قۇرۇپ قېزىلما بايلىق ئېچىشتا بايلىق بېجى ئېلىشنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلماقچى بولسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زېمىن ـ بايلىققا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە، كانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ قانۇنلۇق كان قېزىش ئىسپاتىنى ئالىدۇ، ئاندىن شۇ ئىسپات ۋە ئالاقىدار ھۆججەتلەرگە ئاساسەن مەسئۇل باج ئورگىنىغا بايلىق بېجى ئېلىشنى ۋاقتىنچە 5 يىل كېچىكتۈرۈپ ئېلىشنى بېجىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

قېزىلما بايلىق تۈلەم پۇلىنى كېمەيتىپ ئېلىشنى ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانا ئەلتىماس قىلىدۇ، ئەلتىماسنى ئاپتونوم رايوننىڭ زېمىن ـ بايلىققا مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە تارمىقى بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.

**16 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار شىنجاڭغا كېلىپ دۆلەت ئىلكىدىكى «تۆت قاقاس» (قاقاس تاغ، قاقاس يەر، قاقاس ساھىل، قاقاس تۆپىلىك) نى ئېچىپ، كۆچەت تىكىش ـ ئوت ـ چۆپ تېرىشقا ئوخشاش ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بارسا، كىم كۆچەت تىككەن، ئوت ـ چۆپ تېرىغان ۋە باشقۇرغان بولسا، شۇ يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ۋە ئورمان ـ ئوتلاقتا ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ. دۆلەت ئىلكىدىكى «تۆت قاقاس» نى ئاچمىدىغان ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قانۇن بويىچە تەستىقلانغان ناھىيە دەرىجىلىك يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىغا ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مۇمكىنلىك تەتقىقاتى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئېچىش لايىھەسىنى بېكىتىپ، شۇ يەردىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زېمىن ـ بايلىققا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقىغا ئېچىش ھەققىدە ئەلتىماس سۇنۇشى كېرەك، بۇ ئەلتىماسنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن تەستىقلاش دائىرىسى بويىچە تەستىقلايدۇ. ئەلتىماس تەستىقلانغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قانۇن بويىچە يەر ئېچىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشىدۇ، تۈر تاماملانغاندىن كېيىن يەر ئېچىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئەلتىماس قىلىدۇ، يەر ئىشلىتىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتىگە ئاساسەن يەر ئىشلىتىش كىنىشكىسىنى بېجىرگەندىن كېيىن يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ. ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار يەر ئېچىش ئىجازەتنامىسى ۋە ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنىڭ ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇش گۇۋاھنامىسى قاتارلىق رەسمىيەتلەر ئارقىلىق ئالاقىدار تارماقلارغا يەرلىك باج پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە يەر ئىشلىتىش ھەققىنى كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىشنى بېجىرىپ بېرىشنى ئەلتىماس قىلسا بولىدۇ، يەر ئىشلىتىش كىنىشكىسى ۋە ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى كارخانىلارنىڭ ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇش گۇۋاھنامىسى قاتارلىق رەسمىيەتلەر ئارقىلىق يەر ئۆتۈنۈش پۇلىنى كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش ئىشىنى بېجىرىدۇ.

**17 ـ ماددا** «بەلگىلىمە» نىڭ 10 ـ ماددىسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلار دېھقانچىلىق بېجى، ئالاھىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بېجى ۋە چارۋىچىلىق بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئەلتىماس قىلسا، ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە ـ باج ئېلىش ئورگىنى تەكشۈرىدۇ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە مەسئۇل تارمىقىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىدۇ.

يەر ئىشلىتىش ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش ئەلتىماسى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زېمىن ـ بايلىققا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللىنىدۇ، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تەستىقلايدۇ.

ئوتلاق ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش ئەلتىماسى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ـ چارۋىچىلىققا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللىنىدۇ، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تەستىقلايدۇ.

«بەلگىلىمە» نىڭ 10 ـ ماددىسىدا دېيىلگەن «مەنپەئەتلىنىش يىلى» يەر ئېچىش ئىجازەتنامىسى ئالغان يىلدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 3 ـ يىلىنى كۆرسىتىدۇ.

**18 ـ ماددا** «بەلگىلىمە» نىڭ 11 ـ ماددىسىدىكى ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىجارىگە ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئېرىشمەكچى بولسا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى ئىجارە توختامى ئىمزالىشى كېرەك، يەر ئىجارىسى (يەرنى ھەقلىق ئىشلىتىش ھەققى) نى كەچۈرۈم قىلىش «بەلگىلىمە» نىڭ 11 ـ ماددا 1 ـ تارمىقىدىكى ئېتىبار بويىچە توختامدا بەلگىلەنسە بولىدۇ. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش زۆرۈر بولسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.

ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئۆتۈنۈپ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئېرىشمەكچى بولسا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى ئىمزالىشى كېرەك، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش «بەلگىلىمە» نىڭ 11 ـ ماددا 2 ـ تارمىقىدىكى ئېتىبار بويىچە توختامدا بەلگىلەنسە بولىدۇ. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش زۆرۈر بولسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.

ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار يەر ئىشلىتىش توختامى ئىمزالىغاندا ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنىڭ ئېتىبار سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇش گۇۋاھنامىسىنى تېخى ئالمىغان بولسا، ئەمما يەر ئايرىپ بېرىش، ئىجارىگە ئېلىش، ئۆتۈنۈش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى ئالدىنئالا بېجىرىپ تۇرۇش ھەمدە ئېتىبار سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇش زۆرۈر بولسا، توختامدا ئېتىبار سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇش قىسمىغا كىرىدىغان ھەققى ۋاقىتىنچە كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇشقا دائىر ماددىنى بەلگىلەپ تۇرۇشقا بولىدۇ، بۇنى زېمىن - بايلىققا مەسئۇل مەمۇرىي تارماق ساقلىۋالىدۇ ھەمدە ئالاقىدار ھەققىنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانا سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇش گۇۋاھنامىسىنى رەسمىي ئالغاندا ئاندىن ھەققى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ ھەمدە يەر ئىشلىتىش كىنىشكىسى ئالىدۇ.

**19 - ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار «بەلگىلىمە» نىڭ 12 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىدا دېيىلگەن تۈرلەر ۋە دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقى مۇئەييەنلەشتۈرگەن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زېمىن - بايلىققا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقىغا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، ئىلتىماس تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تەستىقلانغاندىن كېيىن مەمۇرىي جەھەتتىن ئايرىپ بېرىش ئۇسۇلى بويىچە يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

**20 - ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ئاپتونوم رايونىمىزدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سۇچىلىق قاتارلىق تۈرلەرگە مەبلەغ سالماقچى بولسا ۋە بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنۇۋېرسال ئېچىشقا ئالاقىدار سىياسەت - بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنۇۋېرسال ئېچىش ئىشخانىسىغا ئۇنى يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنۇۋېرسال ئېچىش تۈرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، ھەمدە ئۇلار ئالاقىدار ئېتىبار سىياسەتتىن ئاپتونوم رايون كارخانىلىرىغا ئوخشاش بەھرىمەن بولىدۇ.

**21 - ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامرات رايونلىرىدا نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەشكە ياردىمى تېگىدىغان ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىش، شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى يولغا قويماقچى بولسا ۋە بۇ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش تۈرلىرىگە ئائىت بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولسا، ئۇنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇشقا مەسئۇل تارمىقى نامراتلارنى يۆلەش- روناق تاپقۇزۇش تۈرلىرى قاتارىغا كىرگۈزىدۇ، نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىنى ئىلتىماس قىلىپ ئېلىشىغا ياردەملىشىدۇ.

**22 - ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلار يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكىلارنى ياراتماقچى بولسا، شۇ يەردىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقىغا ئۇنى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تۈرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ ھەمدە ئۇلار ئالاقىدار ئېتىبار سىياسەتتىن ئاپتونوم رايون كارخانىلىرىغا ئوخشاش بەھرىمەن بولىدۇ.

**23 - ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ئاپتونوم رايوندا بىر قېتىمدا 500 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق (500 كۋادرات مېتىرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاۋار ئۆي سېتىۋالسا، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار كارخانىلارنىڭ ئېتىبار سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇش گۇۋاھنامىسى ۋە ئۆي سېتىۋېلىش توختامى ھەمدە ئۆي-جاي سودىسىغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئېلىپ شۇ جايدىكى ئۆي-زېمىن بازىرىنى باشقۇرۇش تارمىقى ۋە مەسئۇل باج ئورگىنىغا ئۆي سېتىۋېلىش سودىسى رەسمىيەت پۇلى بىلەن ئۆي - جاي سودىسى بېجىنى كېمەيتىپ يېرىمىنى تاپشۇرۇش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنسا بولىدۇ.

**24 - ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار شىنجاڭدا مەبلەغ سالسا ۋە ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلار ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزسە، «بەلگىلىمە» نىڭ 18 -، 19 - ماددىلىرىغا ئۇيغۇن بولسىلا، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنىڭ ئېتىبار سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇش گۇۋاھنامىسىنى ھەمدە كارخانا كىرگۈزگەن خادىملارنىڭ ئالاقىدار ئىسپات ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ، مەبلەغ سېلىنغان جايدىكى ج خ ئورگانلىرىغا مەبلەغ سالغۇچىنىڭ ئۆزى، جۈرىسى ۋە پەرزەنتىگە ھەمدە كارخانا كىرگۈزگەن، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان خادىملارغا شەھەر، بازار ئاھالىلىرىنىڭ دائىملىق نوپۇسىنى بېجىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا، شەھەرلەرنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى ئاممىۋى ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنىڭ سىغىمىنى ئاشۇرۇش ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، ئاپتونوم رايون

سىرتىدىن قوبۇل قىلىنغان، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بولغان تېخنىكا ئاپپاراتلىرى ۋاقىتلىق تۇرۇش ئىجازەتنامىسى كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

25 ـ ماددا ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرى، چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونلىرى «بەلگىلىمە» ۋە مەزكۇر تەپسىلىي قائىدىگە ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقسا ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق ھەمكارلىق ئىشخانىسىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرسا بولىدۇ. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مۇشۇ تەپسىلىي قائىدىدىن پايدىلىنىپ ئىجرا قىلسا بولىدۇ.

26 ـ ماددا بۇ تەپسىلىي قائىدىنى ئىزاھلاشقا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشخانىسى مەسئۇل بولىدۇ.

27 ـ ماددا بۇ تەپسىلىي قائىدە «بەلگىلىمە» ئىجرا قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشتا، باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى

1. دۆلەت رىغبەتلەندۈرىدىغان كەسپلەردىكى ئىچكى مەبلەغلىك كارخانىلار ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان كارخانا تاپاۋەت بېجى 2001 ـ يىلدىن 2010 ـ يىلغىچە ئازايتىلىپ %15 باج نىسبىتى بويىچە ئېلىنىدۇ. مەسئۇل باج تارماقلىرى «ھازىر دۆلەت نۇقتىلىق رىغبەتلەندۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان كەسپلەر، مەھسۇلاتلار ۋە تېخنىكا مۇندەرىجىسى» (2000 ـ يىلى تۈزىتىلگەن)، «دۆلىتىمىز چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كەسپلەر يېتەكلەش مۇندەرىجىسى»، «دۆلىتىمىز ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان ئەۋزەل كەسپلەر مۇندەرىجىسى» (18 ـ نومۇرلۇق پەرمان) بويىچە تەكشۈرۈپ، يۇقىرىقى «مۇندەرىجە» دائىرىسىگە كىرىدىغان ھەمدە ئاساسلىق تىجارەت كىرىمى كارخانا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %70 ىدىن ئاشىدىغان ئىچكى ـ تاشقى مەبلەغلىك كارخانىلار مۇشۇ تۈردە ئېلىنىدىغان باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

2. ئاپتونوم رايون رىغبەتلەندۈرىدىغان كەسپلەردىكى ئىچكى مەبلەغلىك كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان كارخانا تاپاۋەت بېجى 2001 ـ يىلدىن 2010 ـ يىلغىچە ئازايتىلىپ %15 باج نىسبىتى بويىچە ئېلىنىدۇ. مەسئۇل باج تارماقلىرى «ھازىر ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق رىغبەتلەندۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان كەسپلەر، مەھسۇلاتلار ۋە تېخنىكا مۇندەرىجىسى» (بېكىتىلىش ئالدىدا) بويىچە تەكشۈرۈپ، يۇقىرىقى «مۇندەرىجە» دائىرىسىگە كىرىدىغان ھەمدە ئاساسلىق تىجارەت كىرىمى كارخانا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %60 ىدىن ئاشىدىغان ئىچكى مەبلەغلىك كارخانىلار مۇشۇ تۈردە ئېلىنىدىغان باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

يۇقىرىقى «مۇندەرىجە» دىن باشقا ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان كارخانا تاپاۋەت بېجىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىش ئارقىلىق قەرەللىك ئازايتىشقا ياكى كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ، بۇنى باج تارماقلىرى تەكشۈرۈپ ئىجرا قىلىدۇ. مەركەزنىڭ كارخانىلىرىدىن ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجىنى ئازايتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى ۋە تەرتىپى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

3. ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىچكى مەبلەغلىك كارخانىلار (دۆلەت پەرمان چىقىرىپ مەنئى قىلغان ۋە شاللىۋېتىلگەن كارخانىلار بۇنىڭ سىرتىدا) دىن ئېلىنىدىغان كارخانا تاپاۋەت بېجى ئاپتونوم رايونلۇق باج تارمىقىغا تەستىقلىتىش ئارقىلىق 3 يىل كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. يېڭىدىن قۇرۇلغان قاتناش (تاشيول، تۆمۈريول، ئاۋىئاتسىيە، پورت، پىرىستان ترانسپورت تىجارىتى ۋە تۇرۇبىلىق ترانسپورت، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، ئېلېكتر ئېنېرگىيە (ئېلېكتر ئېنېرگىيە تىجارىتى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، سۇچىلىق (دېڭىز، دەريا، كۆللەرنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ـ ھۆلچىلىكنى تۈگىتىش، سۇغىرىش، سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ بايلىقىنى ئاسراش، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، سۇ ۋە تۇپراقنى ساقلاش، دەريا ئېقىنلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، دېڭىز ـ دەريا توسمىلىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، پوچتا (پوچتا تىجارىتى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە (رادىئو-

تېلېۋىزىيە تىجارىتى، تۆۋەندىسۇ ئوخشاش)، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، ساياھەت ئىچكى مەبلەغلىك كارخانىلاردىن يۇقىرىقى تۈرلەر بويىچە كەسپىي كىرىمى كارخانا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %70 ىدىن ئاشسا، كارخانا تاپاۋەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئۈنىڭدىن ئېلىنىدىغان كارخانا تاپاۋەت بېجى كېمەيتىلىپ 3 يىلغىچە يېرىم ئېلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان قاتناش، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، سۇچىلىق، پوچتا، رادىئو - تېلېۋىزىيە كارخانىلىرى ئىچىدىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ يۇقىرىقى تۈرلەردىكى كەسپىي كىرىمى كارخانا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %70 ىدىن ئاشسا، تىجارەت مۇددىتى 10 يىلدىن ئاشسا، پايدا ئالغان يىلىدىن باشلاپ، 1 - يىلىدىن 2- يىلغىچە كارخانا تاپاۋەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، 3 - يىلىدىن 5 - يىلغىچە كارخانا تاپاۋەت بېجى كېمەيتىلىپ يېرىم ئېلىنىدۇ.

4. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش، تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ دەل - دەرەخ تىكىش (ئېكولوگىيىلىك ئورمان %50 تىن كۆپ بولۇش كېرەك)، ئوت - چۆپ تېرىشتىن بولغان يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلات كىرىمىدىن، كىرىم بولغان يىلىدىن باشلاپ 10 يىل ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى ئېلىنمايدۇ، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، توشقان زەدىكى، قومۇش قاتارلىق سانائەت كارخانا خام ئەشيالىرىنى تېرىشتىن بولغان يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلات كىرىمىگە قارىتا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش ۋە تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ دەل - دەرەخ تىكىش، ئوت - چۆپ تېرىش ھەققىدىكى سىياسەت بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

5. باشقا رايونلار ئاپتونوم رايونىمىزدا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىدە تۆۋەندىكى ئېتىبار سىياسەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ:

1) باشقا رايونلار ئاپتونوم رايونىمىزدا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار (ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى شېرىكسىز مەبلەغ كارخانىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ چىقارغان مەبلىغى %25 تىن ئاشقانلىرى، تىجارەت مۇددىتى 10 يىلدىن ئاشقان شېرىك مەبلەغلىك، سېتىۋېلىپ بىرلەشكەن، پاي قوشقان كارخانىلار، ياكى ھۆددىگە ئالغان، ئىجارىگە ئالغان ۋاقتى 5 يىلدىن ئاشقان كارخانىلار، تۆۋەندىسۇ ئوخشاش) نىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىدىن ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى باشلانغان كۈندىن باشلاپ 5 يىل ئىچىدە كارخانا تاپاۋەت بېجى، قاتناش ۋاستىلىرى ئىشلىتىش بېجى ۋە ئۆي - مۈلۈك بېجى ئېلىنمايدۇ، مۇددىتى توشقاندىن كېيىن 2010 - يىلغىچە كارخانا تاپاۋەت بېجى ئازايتىلىپ %15 باج نىسبىتى بويىچە ئېلىنىدۇ؛ قۇرۇلۇش مەزگىلىدە يەر ئىشلىتىش بېجى ئېلىنمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە دۆلەت، ئاپتونوم رايون بېكىتكەن نامرات ناھىيىلەر (بېكىتۈۋەندىكى نامرات تۈمەن - مەيدانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دە مەبلەغ سېلىپ كارخانا قۇرغانلاردىن 8 يىل كارخانا تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ، مۇددىتى توشقاندىن كېيىن 2010 - يىلغىچە كارخانا تاپاۋەت بېجى ئازايتىلىپ %15 باج نىسبىتى بويىچە ئېلىنىدۇ. يېڭىدىن قۇرۇلغان غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىدىن تىجارەت باشلانغان كۈندىن باشلاپ 3 يىل ئىچىدە كارخانا تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ. مۇددىتى توشقاندىن كېيىن كارخانا تاپاۋەت بېجى 3 يىلغىچە كېمەيتىلىپ يېرىم ئېلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ تىجارەت مۇددىتى 10 يىلدىن ئاشسا، ۋاقىتىنچە يەرلىك تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ.

2) باشقا رايونلار ئاپتونوم رايونىمىزدا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشتىن قىلغان كىرىمىدىن تىجارەت بېجى ئېلىنمايدۇ، تېخنىكىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش، تېخنىكىلىق مۇلازىمەت، تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق تېخنىكىلىق كىرىملەردىن كارخانا تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ.

3) باشقا رايونلار ئاپتونوم رايونىمىزدا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تۈرلىرىنى يېڭىدىن قۇرسا، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتى باشلانغان كۈندىن باشلاپ 8 يىل ئىچىدە، كارخانا تاپاۋەت بېجى، قاتناش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىش بېجى، ئۆي- زېمىن بېجى ۋە يەر ئىشلىتىش بېجى ئېلىنمايدۇ. مۇددىتى توشقاندىن كېيىن 2010 - يىلغىچە كارخانا تاپاۋەت بېجى ئازايتىلىپ %15 باج نىسبىتى بويىچە ئېلىنىدۇ. قۇرۇلۇش مەزگىلىدە يەر ئىشلىتىش بېجى ئېلىنمايدۇ.

تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ دەل - دەرەخ تىكىش، ئوت - چۆپ تېرىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراشقا مەبلەغ سېلىپ، يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ھاسىل قىلغان كىرىمىدىن 20 يىل ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى ئېلىنمايدۇ.

4) ئاپتونوم رايونىمىزدا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان يېزا

ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش تىجارەت كارخانىلىرى، باشلامچى كارخانىلار پىششىقلاپ ساتقان دۆلەت بەلگىلىگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان قوشۇلما قىممەت بېجى نىسبىتى 13% بويىچە ھېسابلىنىدۇ. ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا مالىيەدىن ياردەم بېرىلىدۇ؛ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سېتىلسا، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەلىكىدە ئۆزى ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ دەسلەپكى پىششىقلانغان مەھسۇلاتلىرى سېتىلسا، قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىنمايدۇ. چارۋىچىلىق تۈرلىرى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغانلاردىن پايدا ئالغان يىلىدىن باشلاپ 5 يىل ئىچىدە چارۋىچىلىق بېجى ۋە ئوتلاقتىن پايدىلىنىش بېجى ئېلىنمايدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىدىن 5 يىل دېھقانچىلىق بېجى ئېلىنمايدۇ.

5) باشقا رايونلار ئاپتونوم رايونىمىزدا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار قېزىلما بايلىق ئېچىش بىلەن (نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقىنى قېزىش بۇنىڭ سىرتىدا) شۇغۇللانسا، قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن ئايدىن باشلاپ، بايلىق بېجى ئېلىش 5 يىل كېچىكتۈرۈلىدۇ.

6) مەھسۇلات ئېكسپورت قىلىدىغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردىن بەلگىلەنگەن كارخانا تاپاۋەت بېجىنى ئازايتىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، شۇ يىلى ئېكسپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى شۇ يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 50% ىدىن ئاشسا، باج قانۇنىدا بەلگىلەنگەن باج نىسبىتى بويىچە كارخانا تاپاۋەت بېجىنى كېمەيتىپ يېرىم ئېلىشقا بولىدۇ؛ باج نىسبىتى ئازايتىلىپ كارخانا تاپاۋەت بېجى 15% بويىچە ئېلىنغان مەھسۇلاتى ئېكسپورت قىلىنىدىغان كارخانىلاردىن 10% باج نىسبىتى بويىچە كارخانا تاپاۋەت بېجى ئېلىنىدۇ.

7) چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى، پەن - تېخنىكا مائارىپى ۋە ساياھەتكە مەبلەغ سالغان كارخانىلىرىدىن 10 يىل ئىچىدە، شەھەر ئۆي - زېمىن بېجى ئېلىنمايدۇ.

چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە، ئۆزى ئىشلەتكەن ئۆي - زېمىنىدىن ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتنى باشلىغان ئايدىن باشلاپ 5 يىلغىچە شەھەر ئۆي - زېمىن بېجى ئېلىنمايدۇ. 6 - يىلىدىن 10 - يىلىغىچە شەھەر ئۆي - زېمىن بېجى كېمەيتىلىپ يېرىم ئېلىنىدۇ.

ئۆي - زېمىن تەرەققىيات تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردىن، قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن ئايدىن باشلاپ تەرەققىيات تىجارىتىنى باشلىغان ئالدىنقى 5 يىلدا يەر قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىش ۋاقىتلىق كېچىكتۈرۈلىدۇ.

8) چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا نۇقتىلىق رىغبەتلەندۈرىدىغان كەسپلەردىكى تۈرلەرگە سالغان ئەمەلىي مەبلىغى 5 مىليون دوللاردىن ئاشسا، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتنى باشلىغان كۈندىن باشلاپ، 5 يىل ئىچىدە مەزكۇر شىركەتنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ 10% ىدىن ئاشىدىغان مالىيە ياردىمىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

9) چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردىن سودا - سانائەت تىجارەت كىنىشكىسىنى ئالغان ئايدىن باشلاپ، 10 يىلغىچە قاتناش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىش نومۇر بېجى ۋە قان بېجى ئېلىنمايدۇ.

6. ئەگەر بىر كارخانىدىن ئېلىنىدىغان باجنى كەچۈرۈم قىلىش - ئازايتىش سىياسىتىدە، گىرەلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېتىبارلىق سىياسەت تەتبىقلىنىدۇ، 2 ياكى بىرقانچە تۈردىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتى قوشۇپ ئىجرا قىلىنمايدۇ. ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ۋاقتى ئۇلاپ ھېسابلىنىدۇ.

7. ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى دۆلەت تاشيولى، ئۆلكە تاشيوللىرىدىن تېرىلغۇ يەر ئىگىلەش بېجى ئېلىنمىغاندىن باشقا، دەرىجە تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يول قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرگە قارىتا تېرىلغۇ يەر ئىگىلەش بېجى ئېلىنمايدۇ. تاشيوللاردىن دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى ۋە دەرىجىلىك يوللاردىن باشقا يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يەرلەردىن تېرىلغۇ يەر ئىگىلەش بېجى ئېلىنىش - ئېلىنماسلىقىنى ئالاقىدار تارماقلار تەڭ دەرىجىدىكى مالىيە تارماقلىرىغا ئىلتىماس قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە تارمىقى بىرتۇتاش تەكشۈرگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارار قىلىشىغا يوللايدۇ. تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلىۋېلىش بېجى كەچۈرۈم قىلىشتىن بەھرىمەن بولىدىغان قۇرۇلۇش يېرىنىڭ كونكرېت دائىرىسى تاشيوللار، تاشيولنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئېرىقلار ئىگىلىگەن تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن چەكلىنىدۇ. تاشيول بويلىرىدىكى مال - مۈلۈك مەيدانلىرى، تاشيول ئاسراش ئۆچاستكىلىرى، تەكشۈرۈش پونكىتلىرى، قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى، ماشىنا يۇيۇش مەيدانلىرى قاتارلىقلار ئىگىلىگەن تېرىلغۇ يەرلەر باج كەچۈرۈم قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

يۇقىرىقى باج كەچۈرۈم قىلىنغان يەرلەرنىڭ ئىشلىتىش مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كەتسە باج كەچۈرۈم قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، ئىشلىتىش مەزمۇنى ئۆزگەرتىلگەن كۈندىن باشلاپ

تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلىۋېلىش بېجىنى تاپشۇرۇش لازىم.

8. «مەملىكەت ئىچىدىكى مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىدىن باج كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان ئىمپورت تاۋارلىرى مۇندەرىجىسى (2000 ـ يىلى تۈزىتىلگەن)» ۋە «چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان تۈرلەردىن باج كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان ئىمپورت تاۋارلىرى مۇندەرىجىسى» دە كۆرسىتىلگەن تاۋارلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىچكى مەبلەغ بىلەن رىغبەتلەندۈرىدىغان كەسىپلەر، چەت ئەل سودىگەرلىرى سالغان مەبلەغ بىلەن رىغبەتلەندۈرىدىغان كەسىپلەر ۋە ئەۋزەل كەسىپ تۈرلىرىنىڭ مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنىلىرىدىن تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ھالقىلىرىدىكى قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىنمايدۇ. تاشقى مەبلەغلىك ئەۋزەل كەسىپلەرنىڭ دۆلەت ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى، دۆلەت تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتى ۋە تاشقى ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىق مىنىستىرلىكى بىرلىشىپ چىقارغان «ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردا چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالىدىغان ئەۋزەل كەسىپلەر مۇندەرىجىسى» (18 ـ نومۇرلۇق پەرمان) بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى باج كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتى «گوۋۇيۈەننىڭ ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنىلەرگە قارىتىلغان باج سىياسىتىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (گ [1997] 37 ـ نومۇرلۇق) دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

9. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىچكى مەبلەغ كارخانىلىرى ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەت تەتقىق قىلىش ۋە يارىتىشتا ئىشلەتكەن تۈرلۈك خىراجەتلەر نىسبەت چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن باج ئېلىشتىن ئىلگىرى تۇتۇپ قېلىنىدۇ. كارخانا تەتقىقات ـ ئېچىش ھەققىنىڭ ئېشىش ھەجمى %10 تىن يۇقىرى بولغان كارخانىلاردىن، مەسئۇل باج ئارماقلىرى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئەمەلىي مۇئامىلە سوممىسىنىڭ %50 ى بويىچە باج تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تاپاۋەت بېجى سوممىسىنى توغرىلاپ چىقىرىۋېتىشە بولىدۇ.

10. ئاپتونوم رايونىمىزدا تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلغان يىللىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىش سوممىسى 15 مىليون دوللاردىن ئاشقان ياكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 10 مىليون دوللاردىن ئاشقان ئېكسپورت كارخانىلىرى (يېقىنقى 3 يىلدا باج ئالدامچىلىقى ياكى باج ئالدامچىلىقىغا چېتىشلىق مەسىلىلەر سادىر بولمىغان، مەلۇم كۆلەمدىكى مۇلۈككە ئىگە بولغان، مالىيە تۈزۈمى مۇكەممەل بولغان) ئېكسپورت تاۋارلىرى بېجىنى قايتۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە، ئېكسپورت تاشقى پېرېۋوت تەكشۈرۈش ئالونىنى ۋاقتىنچە بىرگە قوشۇپ بەرمەي، يىللىق ئېنىقلاشتا تولۇقلاپ بەرسىمۇ بولىدۇ.

11. بۇ يولغا قويۇش پىكرىنى ئىزاھلاشقا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە، باج ئارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مالىيە، باج ئارماقلىرى، ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتلىرى مۇلازىمەت ئېڭىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىلار بىلەن بولغان ئالاقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈچەيتىپ، زىچ ماسلىشىپ، ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشى لازىم.

12. بۇ يولغا قويۇش پىكرى 2001 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەبلەغ سېلىش يۇمشاق مۇھىتىنى ياخشىلاشقا ئالاقىدار بىر قانچە بەلگىلىمىسى

دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش ۋە غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، ئىشكنى ئېچكىرىلىگەنسىرى، سىرتقىمۇ ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى بەنىمۇ كېڭەيتىپ، ياخشى مەبلەغ سېلىش يۇمشاق مۇھىتى يارىتىش ئۈچۈن، «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ گوۋۇيۈەن غەربىي كەڭ ئېچىش ئىشخانىسىنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشقا ئالاقىدار بىرقانچە سىياسەت، تەدبىرنى يولغا قويۇش پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (گ ب [2001] 73 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت) نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەبلەغ سېلىش يۇمشاق مۇھىتىنى ياخشىلاش ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمە چىقاردى:

## 1. ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى بەنىمۇ ئۆزگەرتىپ، مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك

1) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر فۇنكسىيىسىنى ئىقتىسادنى تەڭشەش، بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، جەمئىيەت باشقۇرۇش ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەتكە ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئايلىنىشى ماسلاشقان، ئادىل ـ ئاشكارا بولغان، پاك ـ يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن،

ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەتلىك، تەرتىپلىك زامانىۋى بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى لازىم. ئالاقىدار تارماقلار دۆلەتنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشتا ئالاقىدار ئېتىبار سىياسەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تاشقى مەبلەغ ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى - سىرتىدىكى تۈرلۈك مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەيدىغان سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

2) سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق پىلان، ئىقتىساد - سودا تارماقلىرى دۆلەتنىڭ كەسپلەر سىياسىتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى مۇندەرىجىسى ۋە سودىگەر چاقىرىش ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، يېڭى مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويۇپ، چەت ئەللىك سودىگەرلەر ۋە ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى تۈرلۈك مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنى، شۇنىڭدەك شەخسلەرنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشقا ۋە تەرەققىيات قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىشى لازىم.

3) مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنى ھەر تەرەپلىمە مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. تارماقلار باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، مۇلازىمەت قارىشىنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلار ئۈچۈن ماسلاشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوبدان ئىشلىشى كېرەك. كىرگۈزۈلگەن چوڭ - چوڭ مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىگە ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، تۈرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، مەبلەغ سالغۇچىلار ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۈر تەستىقلىتىش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە تىجارەت جەريانىدىكى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

4) مەمۇرىي ئىشلاردا ئاشكارا بولۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىشقا چېتىلىدىغانلىكى تارماقلار ۋە ئورۇنلار مەمۇرىي ئىشلاردا ئاشكارا بولۇش ۋە مۇلازىمەتكە ۋەدە بېرىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئۆز تارمىقى ۋە ئۆز ئورنىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ۋە خىزمەت ئۆلچىمى، بېجىرىدىغان ئىشلارنىڭ سىياسەت ۋە ئاساسى، ئىش بېجىرىش تەرتىپى ۋە مۆھلىتى، شۇنىڭدەك ئىش بېجىرىش نەتىجىسى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئاشكارىلاپ، جەمئىيەتنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار يېڭى سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى چىقارغاندا، مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارغا چېتىلىدىغانلىكى مەزمۇنلاردا ساھە مەسئۇل تارمىقى ۋە ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، سىياسەتنى مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە قىلىشى لازىم.

5) ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى پائال يۆلەش كېرەك. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا كارخانىلارنىڭ تىجارەت ساھەسىنى بەنىمۇ قويۇۋېتىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىدا مەنئى قىلىنغانلىرىدىن باشقىلىرىدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا كارخانىلارنىڭ تۈرلۈك مەبلەغ سېلىش ساھەلىرى ۋە كەسپلىرىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەبلەغ سېلىش كۆلىمى، تېررىتورىيىسىنىڭ ئورنى، ئىلكىدىكى پاي چېكى نىسبىتىگە چەك قويماسلىق لازىم. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك سوبيېكتىنىڭ شېرىكسىز، شېرىكلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئالاھىدە ئىجازەت ھوقۇقى قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىش؛ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا كارخانىلارنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۆزگەرتىشكە قاتنىشىشىنى قوللاش لازىم. تۈر تۇرغۇزۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈپ قەرز پۇل بېرىش، كىرىدىت كېپىللىكى، نەتىجە باھالاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا كارخانىلار بىلەن دۆلەت كارخانىلىرىغا ئوخشاش كۆزدە قاراش كېرەك. دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئالغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا كارخانىلار ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش مالىيە مەبلىغى ياردىمىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ.

6) بازار ئىقتىسادىي تەرتىپىنى زور كۈچ بىلەن تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. ئىشنى ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، ساختا، ناچار تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان، ساتىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئەتكەسچىلىك قىلىش، ئەتكەس مال سېتىش، باج ئوغرىلاش، باج ئالداش، ساختىلىق قىلىپ قاقتى - سوقتى قىلىش قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش بازىرى، ترانسپورت بازىرى، سودا بازىرى، مەدەنىيەت بازىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى داۋاملىق ئوبدان ئىشلەش لازىم. تىجارەت خاراكتېرلىك يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە خېرىدار چاقىرىپ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار چىقىش، ھۆكۈمەت سېتىۋېلىشتا خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار چىقىش تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇپ، تۈرگە خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار چىقىش جەريانىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز

كۆمچەككە چوغ تارتىش، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش لازىم.

7) ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. قانۇن، بوغالتىرلىق، ئىقتىسادىي تەپتىش، باھالاش، مەسلىھەت بېرىش، كەسىپ تونۇشتۇرۇش قاتارلىق ۋاستىچى ئاپپاراتلارنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ساپالىق ۋاستىچى ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنىنى تەربىيىلەپ، مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. تۈرلۈك ۋاستىچى ئاپپاراتلار ئىشنى مۇستەقىل، ئادىل ئېلىپ بېرىشى، كەسپىي ئەخلاقتا رىئايە قىلىشى، مەسىلىلەرنى ئەينەن، توغرا ئىنكاس قىلىشى، چىقىرىپ بەرگەن ھۆججەتتە قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. ۋاستىچى ئاپپاراتلارنىڭ ساختا ئىناۋەت ئىسپاتى، ساختا باھالاش، ساختا گۇۋاھنامە چىقىرىپ بېرىشكە ئوخشاش قانۇنسىز قىلمىشلىرىنى قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك.

8) بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىش لازىم. ئالاقىدار تارماقلار مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقى، ماركا ھوقۇقى، لايىھە، تېخنىكا قېلىپى قاتارلىق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى تەدبىر قوللىنىپ قوغداپ، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىشى كېرەك. چەت ئەل سودىگەرلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى كارخانىلار شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ بازىرىدا سېتىلغان تونۇلۇشچانلىقى يۇقىرى، دەخلى - تەرۇزغا ئېغىر ئۇچرىغان تاۋارلىرىنىڭ رويخەتكە ئېلىنغان تاۋار ماركىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۇقتىملىق قوغدىلىدىغان تاۋار ماركىسى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ.

9) «پۇقرالا ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەممە پۇقرانىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ۋە مەدەنىيلىك ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شەھەر، يېزىلاردا مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇپ، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، كۆزنەك ساھە، كۆزنەك ئورۇنلارنىڭ ساھە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى ئۇقتىملىق تۇتۇپ، ساھە ناتوغرا ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن تۈزىتىش كېرەك. ئىجتىمائىي ئىناۋەت ئېڭى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پۇقرالارنىڭ ئىناۋەت قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، سەمىمىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇشتەك ياخشى كەيپىياتنى تىرىشىپ يارىتىش لازىم.

## 2. مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن ئىجراسى ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك

10) يەرلىكنىڭ مەمۇرىي تۈزۈم چىقىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتى قائىدىسى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يەرلىك تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن كەمسىتىلمەيدىغان، بازار ئېچىۋېتىلگەن ۋە ئادىل رىقابەتلىشىدىغان قانۇنچىللىق مۇھىتى يارىتىپ، مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنىڭ نورمال تىجارەت پائالىيىتى ۋە قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەك. جايلار ۋە تارماقلار تۈزۈپ چىققان مەبلەغ سېلىش ۋە كارخانا باشقۇرۇشقا دائىر سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە ئاممىنىڭ سۈرۈشتۈرۈشى ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئۇچۇر تورى بېكىتى ياكى مۇناسىپ ژۇرنال ۋە ئاخبارات ۋاستىسىدە ئېلان قىلىنىشى كېرەك.

11) مەمۇرىي تارماقلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ۋە خادىملار كارخانىلارنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق چېكى، دائىرىسى ۋە تەرتىپى بويىچە ئىش كۆرۈشى، تەكشۈرۈش ئۇقتۇرۇشنامىسى ۋە ئالاقىدار كىنىشكىلارنى كۆرسىتىشى لازىم. كارخانا قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش رەسمىيىتى يوقلارنىڭ تەكشۈرۈشىنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا، يۇقىرى، تۆۋەن ئورگانلارنىڭ ئوخشاش بىر كارخانىنى كۆپ دەرىجە بويىچە تەكشۈرۈشىگە، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش باھانىسىدا كارخانىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتىگە كاشىلا قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

12) قانۇن ئىجراسى تەكشۈرۈشىدىن باشقا تەكشۈرۈشلەرنى قاتتىق تىزگىنلەش لازىم. كارخانىنى قانۇن ئىجراسىدىن باشقا تۈردىكى تەكشۈرۈش ھەقىقەتەن زۆرۈر بولسا، ئىمكانقەدەر بىرلەشتۈرۈپ تەشكىللەپ، بىر قېتىمدىلا ئېلىپ بېرىش كېرەك.

13) مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارغا مەمۇرىي جازا بېرىشتە بەلگىلەنگەن ھوقۇق چېكى ۋە تەرتىپى بويىچە ئىجرا قىلىش لازىم. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرگۈچى خادىملار كارخانىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى بىكار قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە كەسپىنى توختىتىشقا بۇيرۇش، كۆپرەك سوممىلىق جەرىمانە قويۇش قاتارلىق چوڭ - چوڭ مەمۇرىي جازالارنى بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ پاكىتىنى، سەۋەبىنى ۋە ئاساسىنى ئۇقتۇرۇشى

ھەممە كارخانىنىڭ پىكىر بايان قىلىش، ئۆزىنى ئاقلاش ۋە گۇۋاھلىق ئاڭلاشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى ئۇقتۇرۇشى كېرەك. قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەمۇرىي ئورگاننىڭ بانكىغا كارخانىنىڭ مەبلىغىنى ئاغدۇرۇپ بېرىش ياكى ئىچچوتىنى توڭلىتىشنى بۇيرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، مال - مۈلكىنى پېچەتلەش، تۇتۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشىغىمۇ يول قويۇلمايدۇ.

14) قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئارماقلارغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باھالاش - تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش كېرەك. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ئىنتىزام ۋە ئىستىل تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ ھەرىكەت قېلىپىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىقتىسادىي دېلولار ۋە ماجىرالارنى قانۇن بويىچە ئادىل بىر تەرەپ قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىش، يېيىش، ئېلىش، بوزۇش، تەلەپ قىلىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەت كۆزلەش، قانۇن ئىجرا قىلىش جەريانىدا قوپاللىق قىلىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق مەنئى قىلىپ، قانۇن ئىجراسىدىكى چىرىكلىكنى توسۇشى لازىم.

## 3. مەمۇرىي تەستىق تۈزۈمىنى ياخشىلاپ، تۈر تەستىق تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇش لازىم

15) مەمۇرىي تەستىق تۈرلىرىنى داۋاملىق ئېنىقلاپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتى قائىدىسى، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش ۋە مەمۇرىي ئورگان بىلەن كەسپىي ئورۇننى ئايرىش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، بازارنى ئېچىۋېتىش ۋە ئادىل رىقابەتلىشىشكە پۈتلىكاشاڭ بولىدىغانلىكى مەمۇرىي تەستىق تۈرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئورنىغا بازار مېخانىزمىنى دەسسىتىشكە بولىدىغانلىرىدا بازار مېخانىزمى ئارقىلىق ئىش كۆرۈش؛ ھەقىقەتەن ساقلاپ قېلىشقا توغرا كېلىدىغان مەمۇرىي تەستىق تۈرلىرىنى ئىمكانقەدەر قوشۇۋېتىپ ۋە تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، قېلىپلىق مەشغۇلات قىلىپ، ھالقىلارنى ئازايتىش ھەمدە باشقۇرۇش ئىلمىي، تەرتىپى پۇختا، چەكلىمىسى ئۈنۈملۈك، مەسئۇلىيىتى ئەمەلىيلەشكەن تۈزۈم ئورنىتىش لازىم.

16) مەمۇرىي تەستىق فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزگۈچى ئارماقلار تەستىق تۈرلىرىنىڭ ئاساسى، شەرتى ۋە تەرتىپى قاتارلىقلارنى ئاشكارىلاپ، تەستىق خىزمىتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. تەستىقلىغۇچى ئورگان خادىملىرى مۇلازىمەتتە قىزغىن بولۇشى، خوجايىنلارغا تەستىق تەلىپىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشى، تەستىقلاشتا يوللاشقا توغرا كېلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ مۇندەرىجىسى ۋە ھۆججەت نۇسخىسىنى بىر قېتىمدىلا تەمىنلەپ بېرىشى، ماتېرىياللارنى تۈزىتىش پىكرىنى بىر قېتىمدىلا ئىزاھلىشى لازىم، بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ مەسئۇلىيەت ئارتىش ۋە قول ئۇچىدا ئىش كۆرۈشكە، خىزمەت تولۇق بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئىشنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

17) خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىيتىگە ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك بولغان، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زور تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ - چوڭ تۈرلەر ياكى ئالاھىدە بەلگىلىمە چىقىرىلغان تۈرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كارخانىنىڭ ئۆز مەبلىغى ياكى بانكا قەرز پۇلى ئارقىلىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ چەك قويۇلمىغان كەسىپلەرگە مەبلەغ سالىدىغان تۈرلەردىن ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش شەرتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغانلىرىدا ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارمىقى شۇ تۈر تەكلىپنامىسىنى تەستىقلايدۇ؛ قۇرۇش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش شەرتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ھاجەتسىز بولغانلىرىدا، تۈر تىزىملاپ ئەنگە ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. چوڭ - چوڭ تۈرلەر ياكى ئالاھىدە بەلگىلىمە چىقىرىلغان تۈرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالىدىغان تۈرلەردىن ئۆز مەبلىغى ۋە سودا بانكىلىرىنىڭ قەرز پۇلىنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رىغبەتلەندۈرىدىغان كەسىپلەر ۋە ئەۋزەل كەسىپلەرگە مەبلەغ قىلىپ سالىدىغان تۈرلەردە، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارمىقى تۈرنىڭ مۇمكىنلىك تەتقىقات دوكلاتىنىلا تەستىقلايدۇ، تۈر تەكلىپنامىسى، ئىش باشلاش دوكلاتى ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىلمايدۇ. يۇقىرىقى چوڭ - چوڭ تۈرلەرنىڭ نورمىسىنى تەستىقلىغۇچى ئارماق تۈزۈپ چىقىپ ئېلان قىلىدۇ.

18) تۈر تەستىقلاشتا «بىر ئىشخانىدىلا ئىش بېجىرىش» ۋە «بىر يېكەتتىلا مۇلازىمەت قىلىش» چارىسىنى پائال يولغا قويۇپ، تەستىقلاش ۋە تەكشۈرۈشنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىكى مۇلازىمەتنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. جايلار پائال شارائىت ھازىرلاپ، مەمۇرىي تەستىق بويىچە «بىر ئىشخانىدىلا ئىش بېجىرىش» سورۇنى تەسىس قىلىپ، ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك ئارماقلار بىرلىشىپ ئىش بېجىرىش، مەركەزلىك تەستىقلاش، ئايرىم - ئايرىم پۈتتۈرۈش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇشى؛ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، توردا ئۈچۈر ئېلان قىلىش،

توردا ئىش بېجىرىش ۋە توردا تەستىقلىتىشنى تېزدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تەستىقلاش ھالقىلىرىنى ئازايتىپ، تەستىقلاش سۈرئىتىنى تېزلىتىشى لازىم.

**4. ھۆججەتلەرنى بىرتەرەپ قىلىش، ئىش بېجىرىشتە ۋاقىتقا چەك قويۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم**

19) مەمۇرىي تارماقلار ۋە كارخانا ئىلتىماس قىلغان ئىشلارنى قوبۇل قىلغۇچى ئورۇنلار ئۆز تارمىقىنىڭ فۇنكسىيە ھوقۇق دائىرىسى ۋە شۇ ئورۇن قوبۇل قىلغان دائىرىگە كىرىدىغان ئىشلارنى چوقۇم بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە بېجىرىپ بولۇشى ياكى تەستىقلىشى؛ ئالاھىدە ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ ۋاقتىدا بېجىرەلمىسە ياكى تەستىق چۈشۈرەلمىسە، ئاساسلىق بېجىرگۈچى خادىم يوللىغان ئورۇن ۋە خوجايىنغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇشى كېرەك؛ بەلگىلەنگەن قەرەلدە بېجىرمىسە ياكى تەستىقلىمىسا ھەم ئەھۋالنىمۇ چۈشەندۈرمىسە، مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

20) پىلان، ئىقتىساد - سودا، تاشقى ئىقتىساد - سودا تارماقلىرى كارخانىلار مەبلەغ سالىدىغان تۈرلەرنى تەستىقلىغاندا، ئالاھىدە بەلگىلىمە بارلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ماتېرىياللىرى تولۇق بولغان، بەلگىلەنگەن سوممىدىن تۆۋەن بولغان تۈرلەرنىڭ ئالاقىدار رەسمىيەتلىرىنى چوقۇم 5 خىزمەت كۈنى ئىچىدە بېجىرىپ بولۇشى؛ بەلگىلەنگەن سوممىدىن ئېشىپ كەتكەن تۈرلەرنى 5 خىزمەت كۈنى ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلارغا يوللىشى ھەمدە جاۋاب بېرىشى لازىم.

21) يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك يەر بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلىشى ۋە ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى، مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنىڭ تۈرلىرىگە كېرەكلىك بولغان يەر رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە، ماتېرىياللىرى تولۇق، تەلەپ ۋە بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولغان ھەمدە ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدىكىلىرىنى چوقۇم 20 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تەستىقلىشى، شۇنداقلا يەر ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى بېرىشى لازىم.

22) سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلار تىزىملىتىشقا ئىلتىماس قىلغان، ماتېرىياللىرى تولۇق، كۆچكە ئىگە، قانۇندا بەلگىلەنگەن تىزىمغا ئالدۇرۇش شەرتى ۋە تەرتىپىنى ھازىرلىغان ئەھۋالدا، كارخانا نامىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى چوقۇم 3 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تاماملىشى؛ تەستىقلاپ تىزىمغا ئېلىش، ئۆزگەرتىپ تىزىمغا ئېلىش ئىلتىماسىنى 10 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تاماملىشى لازىم.

23) باج ئورگانلىرى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنىڭ باج تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرى ۋە ماتېرىيالى تولۇق بولغانلىرىنى چوقۇم 2 خىزمەت كۈنى ئىچىدە بېجىرىپ بولۇشى؛ قوشۇلما قىممەت بېجىنى كۆپ تاپشۇرغۇچىنى بېكىتىشتە، رەسمىيىتى تولۇق ھەمدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەلگىلىمىدىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى 3 خىزمەت كۈنى ئىچىدە بېجىرىشى؛ كارخانىلار ئىلتىماس قىلغان باجدا ئېتىبار بېرىش ۋە باج كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ رەسمىيىتى تولۇق ھەمدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەلگىلىمىدىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى 10 خىزمەت كۈنى ئىچىدە بېجىرىپ بولۇشى لازىم.

24) ئەمگەك - كاپالەت تارماقلىرى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنىڭ ئەمگەك توختامى گۇۋاھلىقىنى تەكشۈرۈشنى چوقۇم 2 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تاماملىشى؛ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا تىزىملىتىش ۋە ھەق تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش رەسمىيىتىنى 2 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تاماملىشى؛ رايون ئىچىدىكى ئىشتىن قالغانلار ۋە ئىشسىزلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈشنى 3 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تاماملىشى؛ كوللېكتىپ توختام ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈشنى 5 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تاماملىشى لازىم.

25) ج خ ئوت مۇداپىئە تارماقلىرى مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنىڭ ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندە، ئادەتتىكى قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى 5 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تاماملىشى ھەمدە تەستىقلىشى؛ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭكىنى 10 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تاماملىشى ھەمدە تەستىقلىشى كېرەك.

26) مۇھىت تارماقلىرى مۇھىت تەسىرىنى باھالاش ۋە «ئۈچ بىرلا ۋاقىتتا بولۇش» تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك، ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدىكى تۈرلەرنى تەستىقلاشتا، قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇھىت تەسىرى دوكلاتنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان 60 كۈن ئىچىدە، مۇھىت تەسىرى دوكلات جەدۋىلىنى تاپشۇرۇپ ئالغان 30 كۈن ئىچىدە، مۇھىت تەسىرىنى تىزىملىتىش جەدۋىلىنى تاپشۇرۇپ ئالغان 15 كۈن ئىچىدە، ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەستىق قارارنامىسى ھەمدە يازما ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تۈر ئىلتىماس قىلغان ئورۇنلارغا ئۇقتۇرۇشى لازىم.

27) مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلار ئوتتۇرىغا قويغان سۇ، گاز ۋە توك تەمىنلەش ئىلتىماسىدا رەسمىيەت تولۇق

بولغانلىرى، شارائىت بار بەرگەنلىرىنى ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلار ۋە ئورۇنلار 5 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تەستىقلىشى ھەمدە توختام بويىچە قەرەلىدە، مىقدارىدا كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا تەمىنلىشى لازىم. ئاسراش، تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۇ، توك، گاز توختىتىشقا توغرا كەلسە، 48 سائەت ئىلگىرى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئېلان قىلىشى؛ ھادىسە يۈز بېرىش سەۋەبىدىن سۇ، گاز، توك توختاپ قالسا، رېمونت خادىملىرىنى دەرھال تەشكىللەپ رېمونت قىلىپ، تەمىنلەشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشى لازىم.

## 5. ھەق ئېلىش بەلگىلىمىسى ۋە ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش كېرەك

28) مەمۇرىي - كەسپىي ھەقنى داۋاملىق ئېنىقلاپ، قانۇنسىز، نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، كېمەيتىش، تەكشۈرۈش، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەددىدىن ئارتۇق ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىش لازىم. تارماقلار «ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي - كەسپىي ھەق ئېلىشنى باشقۇرۇش نىزامى» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش لازىم، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھەق ئېلىش تۈرى تەسىس قىلىش، ھەق ئېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. قانۇن - نىزاملار ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مالىيە، باھا مەسئۇل تارماقلىرى ئېلان قىلغان نىزاملار، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قائىدە، نىزاملىرىدا قانۇن بويىچە تەسىس قىلىنغان ھەق ئېلىش تۈرلىرىدىن باشقا، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر، تارماقلار بېكىتكەن مەمۇرىي- كەسپىي ھەق ئېلىش تۈرلىرى بىردەك ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

29) ئاپتونوم رايون بېكىتكەن تۈرلۈك ھەق ئېلىش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ۋە ھەق ئېلىشنى ئىجرا قىلغۇچى ئورۇن ئېنىق بولۇشى كېرەك. ھەق ئالغۇچى ئورۇن كارخانىلاردىن ھەق ئالغاندا، جۇڭگو گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات - پىلان كومىتېتى (باھا ئىدارىسى) بىر تۇتاش باسقان ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسىنى چىقىرىپ ئاندىن ھەق ئېلىشى؛ مالىيە نازارىتى بىر تۇتاش باسقان ھەق ئېلىش تالونىنى ئىشلىتىشى، ئىمزا قويۇپ تامغا بېسىشى لازىم. كىنىشكىسىز ھەق ئېلىپ، بىر تۇتاش تالون ئىشلەتمىسە ياكى ھەق ئېلىش دائىرىسىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كېڭەيتسە ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرىۋالسا، كارخانىلارنىڭ تاپشۇرۇشنى رەت قىلىش ھوقۇقى بار.

30) مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا ھوقۇق بېرىپ كارخانىلارغا ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىشى ياكى شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ھەق ئېلىشى؛ يىغىن، باھالاش، تەربىيىلەشنى باھانە قىلىپ نامۇۋاپىق ھەق يىغىشى؛ كارخانىلارنىڭ پۇل، ماددىي بۇيۇم چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئۆلچەمگە يېتىش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش ۋە سىناش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشى؛ كارخانا ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنى گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشقا مەجبۇرلىشىغا بولمايدۇ. قانۇن - نىزاملاردا بەلگىلەنگەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنىڭ تارماقلار تەشكىللىگەن سېلىشتۇرۇپ باھالاش، تەقدىرلەش، ئىئانە توپلاش، ياردەم قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ياكى قاتناشماسلىقنى قارار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

31) ۋاستىچى ئاپپاراتلارنىڭ ھەق ئېلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. ھەر خىل ۋاستىچى ئاپپاراتلار قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ۋە مەمۇرىي تارماقلاردىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىلىپ، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، ئادىل، ئىختىيارىي بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇشى ھەمدە بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە ھەق ئېلىشى كېرەك. قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ۋە مەمۇرىي تارماقلارنىڭ كارخانىلارنى ئۆزى بەلگىلىگەن ئاپپاراتلاردا ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇرلىشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

32) جامائەت ئىشلىرىنىڭ باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. جامائەت ئىشلىرى باھاسىدا ئىسپات ئاڭلاش تۈزۈمىنى تەدرىجىي يولغا قويۇپ، كارخانا ۋە ئاممىنىڭ تىجارەتلىك ھەق يىغىشقا چېتىلىدىغانلىكى ئىشلاردا، ئۆلچەمنى بېكىتكەندە ھەق ئېلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش كېرەك. باھاغا بولغان نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاز ساندىكى تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قۇرۇلۇش مۇلازىمىتىنى مونوپول قىلىۋېلىش، تاۋار بىلەن تەمىنلەشكە مەجبۇرلاش قاتارلىق ناتوغرا باھا رىقابىتىنى يولغا قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

## 6. پورت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم

33) تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پورت، قاتناش، ترانسپورت، تەكشۈرۈش، ئىسكىلات قاتارلىق

تارماقلار سۈرئىتىنى خەلقئارا قائىدە بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ، ئاكتىپ مۇلازىمەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆز ساھەسىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىپ، رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، يولۇچى ۋە ماللارنىڭ كىرىپ - چىقىشىغا قولايلىق يارىتىپ، كارخانىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشى كېرەك. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، تۆمۈريول، تاشيول قاتارلىق يولۇچى ۋە مال توشۇش ئورۇنلىرى قىزغىن مۇلازىمەت قىلىش، مەدەنىيەتلىك قاچىلاش - چۈشۈرۈش، بىخەتەر دەل ۋاقتىدا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كارخانا مەھسۇلاتلىرى، بولۇپمۇ ئېكسپورت تاۋارلىرى ترانسپورتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

34) پورت ئۆل مۇئەسسەسەلىرى ۋە تەكشۈرۈپ يۈرۈشلەشتۈرۈش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، «مۇددەتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈشكە، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشكە يوللاش، ماللارنى ئۆتكۈزۈش» قاتارلىق تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئەندىزىسىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، زامانىۋى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. پورتلارنىڭ ئېلېكترونلۇق قانۇن ئىجرا قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قەغەزسىز تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى سىناق قىلىپ، تاشقى ئىقتىساد - سودا، باج، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، تاموژنا، چېگرا تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش، تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش تارماقلىرىنى تورلاشتۇرۇشنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، تاموژنىنىڭ ماللارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشى، چېگرىدىن چىقىرىش - كىرگۈزۈشتە تەكشۈرۈپ كارانتىن قىلىشنى باشقۇرۇشى، تاشقى پېرېۋوت ۋە ئېكسپورتتىن قايتقان باجنى باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلگەن ئىمپورت - ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ مەمۇرىي نازارەتچىلىك باشقۇرۇش ئېلېكترونلۇق تور سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم.

35) پورتلارنىڭ تەكشۈرۈپ يولغا سېلىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش كېرەك. زامانىۋى پەن - تېخنىكا ۋاسىتىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، توردا تاموژنىغا يوللاش، ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ تەكشۈرۈپ يولغا سېلىش، تېزدىن تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە كېپىللىككە قويۇپ بېرىش قاتارلىق قولاي تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش تەرتىپى ئورنىتىپ، ئىزدىنىش لازىم. ئېكسپورت - ئىمپورت قىلىشتا تەكشۈرۈشنى كەچۈرۈم قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن كارخانا ۋە مەھسۇلاتلارنى تەكشۈرمەسلىك؛ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى مۇقىم، سۈپەت نازارەتچىلىكى سىستېمىسى مۇكەممەل بولغان كارخانىلارنى، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇش لازىم.

36) مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلار تاموژنىغا تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش، ئېكسپورت - ئىمپورتتا تاموژنىغا مەلۇم قىلىش ھەمدە باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشتە، كۈچكە ئىگە ھۆججەتلەرنى ھازىرلىغانلا بولسا، 2 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تۈگىتىش لازىم. «٨ تۈردىكى باشقۇرۇلىدىغان كارخانىلار» نىڭ پىششىقلاش سودىسى، تاموژنىغا يوللاپ مال تەكشۈرتۈش قاتارلىق رەسمىيەتلىرىنى ئالدى بىلەن بېجىرىش لازىم. مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلار تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىشنى تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغاندا، كۈچكە ئىگە ھۆججەتلەرنى ھازىرلىغان بولسىلا كەلگەن ھامان دەرھال بېجىرىش؛ ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئۆلچىمى، سانى، ئوراپ قاچىلىنىش ھەم زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالىنى بېكىتىش (مەبلەغ سالغان مال - مۈلۈك باھاسىنى بېكىتىش ۋە چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن ئەسلىھەلەر بۇنىڭ سىرتىدا) نى 5 خىزمەت كۈنى ئىچىدە ئاياغلاشتۇرۇش لازىم.

## 7. ئەرز قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك

37) مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى نازارەت قىلىش-باھالاش سىستېمىسىنى ئورنىتىش لازىم. جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر ھەر يىلى بىر قېتىم سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى كارخانىلىرى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى كارخانىلار ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا كارخانىلارنىڭ شۇ جايدىكى مەبلەغ سېلىش مۇھىت ئەھۋالى ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالىغا بولغان پىكىر ۋە تەكلىپىنى بىۋاسىتە ئاڭلىشى ھەمدە مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارغا مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش، خىزمەت ئۈنۈمى، مۇلازىمەت سۈپىتى، قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسى، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى باھالاتقۇزۇپ، نەتىجىسىنى تارماقلار خىزمىتى ۋە ئورگان ئاساسىي رەھبەرلىرىنىڭ نەتىجە ئىسپاتى قىلىشى لازىم. مەمۇرىي تەپتىش تارماقلىرى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئورۇنلارنىڭ مۇشۇ بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم.

38) ئاپتونوم رايون ۋە جايلاردا كارخانىلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىش مەركەزلىرىنى قۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئەرز قىلىش تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىقتىساد - سودا، تاشقى ئىقتىساد - سودا، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق

ئىشخانىسى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق تارماقلار كارخانىلارنىڭ ئەرز قىلىش تېلېفونىنى ئورنىتىپ، كارخانىلارنىڭ پاش قىلىشى ۋە ئەرز قىلىشىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىشى ھەمدە ۋاقتىدا دېلو تۇرغۇزۇشى ياكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى؛ تەسىرى بىرقەدەر چوڭ بولغان ئەرز قىلىش ۋە پاش قىلىش دېلولىرىنى قوبۇل قىلغان تارماقنىڭ رەھبىرى ئۆزى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى ھەمدە مۇۋاپىق دائىرىدە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى خەۋەرنامە ئارقىلىق ئۇقتۇرۇشى كېرەك.

39) ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنىڭ مەبلەغ سېلىش يۇمشاق مۇھىتىغا بولغان نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ قانۇن - نىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلىرىنى، مەبلەغ سېلىش يۇمشاق مۇھىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش قىلمىشىنى ئاشكارىلىشىنى قوللاش لازىم. ئەرز قىلغان ۋە پاش قىلغان كارخانا، قانۇنىي ئىگە ۋە شەخسكە زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش لازىم.

40) جايلار ۋە تارماقلار ھەمدە خىزمەتچى خادىملار بۇ بەلگىلىمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى لازىم. مۇشۇ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ئەرز قىلىنغان، يامان تەسىر پەيدا قىلغان ئورۇنلار مەلۇم دائىرىدە خەۋەرنامە چىقىرىپ تەنقىدلىنىدۇ؛ مۇشۇ بەلگىلىمىدىكى تەلەپ بويىچە خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان ياكى مۇشۇ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ئەرز قىلىنغان، يامان تەسىر پەيدا قىلغان شەخسلەرنى ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىدىن يۆتكىۋېتىش كېرەك؛ مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلغان، خىزمەتتە سەۋەنلىك سادىر قىلىپ مەبلەغ سالغۇچى كارخانىنى زىيانغا ئۇچراتقان بىۋاسىتە مەسئۇل كىشىگە ئۆز ئورنى ياكى مەمۇرىي تەپتىش تارماقلىرى مەمۇرىي ياكى تەشكىلىي چارە كۆرىدۇ.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشتىكى يەر ئىشلىتىش ۋە قېزىلما بايلىق ئېتىبار سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇش پىكرى

1. يەر ئىشلىتىش ئېتىبار سىياسىتى

1) قاقاس تاغ، قاقاس يەر ۋە قاقاس ساھىللاردا ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا پائال رىغبەت بېرىلىدۇ. دۆلەت ئىلكىدىكى قاقاس تاغ، قاقاس يەر، قاقاس ساھىل قاتارلىق ئىشلىتىلمىگەن يەرلەر قانۇن بويىچە ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئورمان بەرپا قىلىپ، ئوت - چۆپ تېرىپ، ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش قىلىشىغا ئىجارىگە بېرىلسە، يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش پۇلى كېمەيتىلىدۇ ياكى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. يەرنىڭ ئىشلىتىش ئورنىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى 50 يىلغىچە ئۆزگەرمەيدۇ؛ مەبلەغ سومىسى ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامىدىكى بەلگىلىمىگە يەتسە ھەمدە ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلسە، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە، ئىجارىگە بېرىشكە، رەنىگە قويۇشقا بولىدۇ؛ يەر ئىشلىتىش ھوقۇق قەرەلى توشقاندا، يەنە ئۇزارتىشنى ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ.

يېزا كوللېكتىپى ئىلكىدىكى قاقاس تاغ، قاقاس يەر، قاقاس ساھىل قاتارلىق ئىشلىتىلمىگەن يەردە ئورمان بەرپا قىلىش، ئوت - چۆپ تېرىش قاتارلىق ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغۇچىلار كوللېكتىپ ئىلكىدىكى يەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ھۆددىگە ئېلىش، ئىجارىگە ئېلىش، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ۋە پاي قوشۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشسە بولىدۇ، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى 50 يىلغىچە ئۆزگەرمەيدۇ، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىشقا، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە (ئىجارىگە بېرىشكە) ۋە رەنىگە قويۇشقا بولىدۇ.

دۆلەت ئىلكىدىكى ئىشلىتىلمىگەن قاقاس تاغ، قاقاس يەر، قاقاس ساھىللاردا ئورمان بەرپا قىلىش، ئوت - چۆپ تېرىش قاتارلىق ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشلار توختامدا بېكىتىلگەن كېلىشىمگە يەتسە ھەمدە ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلسە، ئەڭ كۆپ بولغاندا بۇنىڭ ئىچىدىكى 20% يەرنى قانۇن بويىچە كېلىشىمدىكى ئۆتۈنۈپ بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندىن كېيىن، ئەڭ تۆۋەن ئۆتۈنۈپ بېرىش باھاسىغا ئاساسەن باشقا تىجارەتكە ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىلكىدىكى قاقاس تاغ، قاقاس يەر، قاقاس ساھىل قاتارلىق ئىشلىتىلمىگەن يەرلەرنىڭ ھوقۇق تەۋەلىك پاسىلى شۇ جاينىڭ دەسلەپتە تىزىمغا ئالغىنى بويىچە بېكىتىلىدۇ. زېمىن - بايلىق تارماقلىرى تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش، ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش ياكى ئىشلىتىلمىگەن يەرلەردە ئورمان بەرپا قىلىش، ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش قاتارلىق ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ ئىشلەتكەن يېرىنى ۋاقتىدا تىزىملىشى ياكى

يەر ئىشلىتىشنى ئۆزگەرتىش بويىچە تىزىملىتىشى لازىم.

2) ئىگىلىگەن تېرىلغۇ يەرگە تۆلەم بېرىپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىپ، تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي مىقدارىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش كېرەك. يەرلەرنى رەتكە سېلىش مەبلەغ سېلىنمىسىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. جايلار ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرىدىغان قۇرۇلۇش يېرىنى ھەقلىق ئىشلىتىش ھەققى يەر ئېچىش، رەتكە سېلىش تۈرى ئارقىلىق تۆۋەنگە ئاجرىتىپ بېرىلىپ، مەخسۇس يەر ئېچىش، رەتكە سېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ يەرلەرنى رەتلەپ ئېكىن يەرگە ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پائال ئىلھام بېرىلىپ، ئۈنۈملۈك تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كۆپەيتىلىدۇ، تېرىلغۇ يەر سۈپىتى ئۆستۈرۈلىدۇ. ئىشلىتىلمىگەن يەرلەرنى ئۆزگەرتىپ ئوتلاق، باغۋاران بەرپا قىلغانلارغا قارىتا، زېمىن - بايلىق تارماقلىرى تېرىلغۇ يەر قىلىپ تەڭشەشكە بولىدۇ، دەپ بېكىتكەنلىرىنى تولۇقلىنىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆرسەتكۈچىگە بالانس قىلىشقا، تېرىلغۇ يەر بويىچە قوغداشقا ۋە باشقۇرۇشقا بولىدۇ. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەريانىدا، جايلار ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، تېرىلغۇ شارائىتىغا بۇزغۇنچىلىق سالماسلىق شەرتى ئاستىدا، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرسا بولىدۇ.

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەستىقلىغان ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇش تۈرىگە تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، تېرىلغۇ يەرنىڭ بوز يەرلەشتۈرۈش ھەققى ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ئۆلچەمنىڭ تۆۋەن چېكى بويىچە ئېلىنىدۇ. قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە شەھەر پىلانى سىرتىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئىشلىتىلمىگەن يەرلەرنى ئىشلەتكەنلەرگە قانۇن بويىچە ئەڭ تۆۋەن باھادا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ياكى يەرنى باھاغا سۇندۇرۇپ پاي قىلىپ قوشۇشقا بولىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ يەر ئىشلىتىش ئومۇمىي پىلانىدا بەلگىلەنگەن بوز يەر ئاچقىلى بولىدىغان رايون ئىچىدە يەرنى ئۇنىۋېرسال ئاچقانلارنىڭ مەنپەئەتلەنگەن يىلىدىن باشلاپ 5 يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەر ئىشلىتىش ھەققى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

3) ئىجارىگە ئېلىش شەكلى بىلەن ئېرىشكەن دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋە ئىجارەت مۇددىتى 20 يىلدىن ئاشسا، ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كۈندىن باشلاپ، ئالدىنقى 5 يىللىق يەر ئىجارىسى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق رىغبەتلەندۈرىدىغان كەسىپ (ئايرىم بېكىتىلىدۇ) بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ 6 - يىلىدىن 10 - يىلىغىچە بولغان يەر ئىجارىسىنىڭ 50% ى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بېكىتكەن نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ناھىيە، نۇقتىلىق يېزىلارغا مەبلەغ سالغانلارنىڭ 10 يىللىق يەر ئىجارە ھەققى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ئۆتۈنۈپ بېرىش شەكلى بىلەن ئېرىشكەن دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى، ئىجارەت مۇددىتى 20 يىلدىن ئاشسا، يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىنىڭ 25% ى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ ئىجارەت مۇددىتى 30 يىلدىن يۇقىرى بولسا، 30% ى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بېكىتكەن نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ناھىيە، نۇقتىلىق يېزىلارغا مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىنىڭ 40% ى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ شەھەر - بازار پىلانى سىرتىدىكى دېھقانچىلىقتا ماس كەلمەيدىغان قاقاس تاغ، قاقاس يەرلەرنى ئىشلەتكەنلەرنىڭ يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىنىڭ 50% ى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئۆتۈنۈپ بېرىش شەكلى بىلەن ئېرىشكەنلەر يەر ئىشلىتىش ھەققى تاپشۇرمايدۇ.

دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئۆتۈنۈپ بېرىش شەكلى ياكى ئىجارىگە ئېلىش شەكلى ئارقىلىق ئېرىشىپ، ئۆتۈنۈپ بېرىش ياكى ئىجارىگە ئېلىش قەرەلى توشقاندىن كېيىن يەرنى يەنە داۋاملىق ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، قانۇن بويىچە تەستىقلاتقاندىن كېيىن داۋاملىق ئىشلىتىشكە بولىدۇ. يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئۆتۈنۈپ بېرىش شەكلى ئارقىلىق ئېرىشكەنلەر ئۆتۈنۈپ بېرىش پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ھەمدە توختامدىكى مەبلەغ سېلىش سوممىسى ۋە ئېچىش تەلىپىگە يەتكەندىن كېيىن، يەرنى قانۇن بويىچە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئىجارىگە بەرسە ياكى رەنىگە قويسا بولىدۇ؛ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئايرىپ بېرىش شەكلى ئارقىلىق ئېرىشكەنلەر ئۆتۈنۈپ بېرىش رەسمىيىتى ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش پۇلىنى تولۇقلاپ تاپشۇرغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئىجارىگە بەرسە ياكى رەنىگە قويسا بولىدۇ؛ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ھەقلىق ئېرىشكەنلەر يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى باھاغا سۇندۇرۇپ پاي قىلىپ قوشۇپ (ئېتىبار سىياسىتىگە تەۋە قىسمى چىقىرىۋېتىلىدۇ)، يېڭى كارخانا قۇرسا بولىدۇ.

4) قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى تەستىقلاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە دېھقانچىلىق يېرى ياكى كوللېكتىپ ئىلكىدىكى يەرلەرنى ئىشلەتكەندە، بۇنىڭ ئىچىدىكى گوۋۇيۈەنگە تەستىقلىتىشقا تېگىشلىكلىرىدە يەرنى تەستىقلاشقا يوللاش باسقۇچىدا، ئاپتونوم رايونلۇق زېمىن - بايلىق تارمىقى يەر ئىشلىتىش ئومۇمىي لايىھىسى ۋە پىلانغا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكى، تېرىلغۇ يەر ئىگىلەش بىلەن

تۆلەم بېرىشنىڭ ئەڭ چوڭ بولغان - بولمىغانلىقى، ئەمەلىيلەشكەن پاكى ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى ئاساسلىق تەكشۈرىدۇ. بولمىسىدىغان ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش مەزمۇنى بويىچە ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئاددىيلاشتۇرۇش كېرەك. بەلگىلىمە بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاشقا بولىدىغان يەرلەرنى يەنە داۋاملىق ئاپتونوم رايونلۇق زېمىن - بايلىق نازارىتى تەستىقلايدۇ. قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئىشلىتىلگەن يەرگە تۆلەم تۆلەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. تۈرلۈك قىستۇرۇلۇۋېلىپ ھەق ئېلىش ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغداش لازىم.

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە ئېھتىياجلىق يەر كۆرسەتكۈچىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلىدىغان يەر كۆرسەتكۈچى يېتىشمىسە، ئەھۋالغا قاراپ ئوبوروت كۆرسەتكۈچى، بالانس كۆرسەتكۈچى ۋە باشقا سىياسەت خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچلەرنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

تۆۋەندىكى تۈرلەردە، قانۇن بويىچە يەر ئىشلىتىش ئومۇمىي پىلانىنى تەڭشەشكە بولىدۇ: قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك يەر ئىشلىتىش ئومۇمىي پىلانغا كىرگۈزۈلمىگەن، ئەمما بۇ قۇرۇلۇش تۈرى «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ 26 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن ئۆز ئالدىغا ئورۇن تاللاش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلگەن قۇرۇلۇش تۈرلىرى؛ يەر ئىشلىتىش ئومۇمىي پىلانىدا ئېنىق يېزىلغان، ئەمما ئورۇن تاللانمىغانلىقتىن پىلان خەرىتىسىگە كونكرېت كىرگۈزۈلمىگەن ياكى پىلان خەرىتىسىدە قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلغا، ئەمما ئومۇمىي پىلاندا ئېنىق يېزىلمىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى.

قۇرۇلۇش ۋاقتى بىرقەدەر جىددىي بولغان، دۆلەت مەبلەغ سالغان يول مۇئەسسەسە تۈرلىرى ئىچىدىكى قۇرۇلۇش ۋاقتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئايرىم تېزگىنلىنىدىغان قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىپ، قانۇن بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق يېرىنى ئىشلىتىشنى تەستىقلىشى كېرەك بولسا، يەر ئېلىشنى ئاپتونوم رايونلۇق زېمىن - بايلىق نازارىتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاۋۋال قۇرۇلۇشنى باشلاپ تۇرۇپ، ئاندىن بەلگىلەنگەن قەرەل ئىچىدە يەر ئىشلىتىشنى تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە بولىدۇ.

5) يەر بازىرىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، بازارنىڭ يەر بايلىقىنى تەقسىم قىلىشتىكى ئۇللۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. قۇرۇلۇش تۈرىگە ئىشلىتىلىدىغان يەر ئىچىدە قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاجرىتىپ بېرىش شەكلى ئارقىلىق تەمىنلىنىدىغانلىرىدىن باشقىلىرىنى قانۇن بويىچە ھەقلىق ئىشلىتىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن تەمىنلەش لازىم.

تۈرلۈك تىجارەت خاراكتېرلىك يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە خېرىدار چاقىرىش، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، تاختاي ئېسىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەمدە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قېلىپلاشتۇرۇش شەرت. خېرىدار چاقىرىشتىكى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم ۋە كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشتىكى دەسلەپكى باھا قاتارلىقلارنى بېكىتىشتە كوللېكتىپ تەدبىر بەلگىلەپ، ئالاقىدار تەرتىپ ۋە بەلگىلىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش لازىم. تىجارەتكە ئىشلىتىلىدىغان يەر ئىچىدە خېرىدار چاقىرىش، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشقا بولمايدىغانلىرىنى كېلىشىش شەكلى ئارقىلىق ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدۇ، بىراق كېلىشىش ئالدىدا باھالىتىپ، كېلىشىم باھاسىنى كوللېكتىپ بېكىتىپ، كېلىشىم نەتىجىسىنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىش شەرت.

## 2. قېزىلما بايلىق ئېتىبار سىياسەتلىرى

6) گېئولوگىيىلىك چارلاش سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، گېئولوگىيىلىك چارلاش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىق ياردەم پۇلى، گېئولوگىيىلىك چارلاش مەخسۇس پۇلى تۈر پىلانىدا، كان ھاسىل بولۇشتىكى گېئولوگىيىلىك شارائىتى ئەۋزەل بولغان، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ۋە شۇ جاينىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان گېئولوگىيىلىك چارلاشنىڭ ئالدىنقى قاتارلىق تۈرلىرىنى ۋە بايلىقى تۈگەپ كېتىپ ئىشلەپچىقىرىشى توختاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان، بايلىق زاپىسىنى جىددىي كېڭەيتىشكە ياكى ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان بايلىق بازىسىنى ئىزدەشكە توغرا كېلىۋاتقان ھەم كان ھاسىل بولۇش شارائىتى يېتىلگەن گېئولوگىيىلىك چارلاپ تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىق ياردەم پۇلى، قېزىلما بايلىقنى قوغداش مەخسۇس خىراجىتى تۈر پىلانىدا، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان كان كارخانىلىرى ۋە قېزىلما بايلىقنى ئېچىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كان ئېچىش ۋاسىتىسىنى ئۆزگەرتىشكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان تۈرلەر نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىق ياردەم پۇلى، گېئولوگىيىلىك چارلاش مەخسۇس خىراجىتى تۈرىنى ئىلتىماس قىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلىدۇ. شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈرلۈك مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ ھەممىسى

ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

7) بەلگىلىمە بويىچە دۆلەت مەبلەغ چىقىرىپ قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن كان چارلاش هوقۇقى ۋە كان ئېچىش هوقۇقى پۇلى دۆلەتنىڭ مەسئۇل تارماقلىرى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ دۆلەت كاپىتالىغا ئۆزگەرتىلگەندىن باشقا، يەرلىك مالىيە مەبلەغ چىقىرىپ ئېرىشكەن كان چارلاش هوقۇقى، كان ئېچىش هوقۇقى تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كەلسە، قانۇن بويىچە باھالاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەسئۇل تارمىقى تەستىقلىغاندىن كېيىن، مەلۇم قىسمى ياكى ھەممىسىنى دۆلەت كان كارخانىسى ۋە ياكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ دۆلەت كاپىتالى قىلىپ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ:

تۆمۈر كېنى، ئەلا سۈپەتلىك مانگان كېنى، خروم، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش، كالىيلىق تۇز، پلاتىنا قاتارلىق قېزىلما بايلىقلارنى قىدىرىپ تەكشۈرگەن، ئاچقان بولسا؛ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بېكىتكەن نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ناھىيە، نۇقتىلىق يېزا ۋە نۇقتىلىق تەرەققىيات رايونلىرىدىكى قېزىلما بايلىقنى قىدىرىپ تەكشۈرگەن، ئاچقان بولسا؛ يەرلىكتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان كانچىلىق كارخانىلىرى قېزىلما بايلىقنىڭ خورىشى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان بايلىقنى قىدىرىپ تەكشۈرسە؛ دۆلەت كان كارخانىسى تەستىقلىتىش ئارقىلىق پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرگەن ياكى سىرت بىلەن شېرىكلەشكەن ۋە ھەمكارلاشقاندا، قولىدا دۆلەت كاپىتالى بار ئورۇن كان تەكشۈرۈش، ئېچىش هوقۇقى ئارقىلىق پاي قوشسا؛ دۆلەت كانچىلىق كارخانىلىرى تەبىئىي ئاپەت قاتارلىق قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ئامىللار تۈپەيلىدىن، كان چارلاش هوقۇقى، كان ئېچىش هوقۇقى پۇلىنى تاپشۇرۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىققا يولۇقسا.

يەرلىك مالىيىنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى ئارقىلىق ئېرىشكەن كان چارلاش هوقۇقى ۋە كان قېزىش هوقۇقى پۇلىنى باھالاش نەتىجىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق زېمىن - بايلىق تارمىقى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاندىن دۆلەت كاپىتالىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق زېمىن - بايلىق تارمىقى ۋە مالىيە تارمىقى تەستىقلايدۇ.

8) ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، قېزىلما بايلىقنى ئېچىش ئىشلىرى تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كەلسە، كان چارلاش هوقۇقىدىن پايدىلىنىش ھەققى ۋە كان قېزىش هوقۇقىدىن پايدىلىنىش ھەققىنى كېمەيتىشنى ياكى كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ: تۆمۈر كېنى، ئەلا سۈپەتلىك مانگان كېنى، خروم، مىس، كالىيلىق تۇز، پلاتىنا گۇرۇپپىسى قاتارلىق قېزىلما بايلىقلارنى قىدىرىپ تەكشۈرسە ۋە ئاچسا؛ چوڭ، ئوتتۇرا كان كارخانىلىرى ئەسلىدىكى كاننىڭ ئورنىنى باسىدىغان بايلىق ئىزدەش ئۈچۈن قىدىرىپ تەكشۈرۈش، قېزىشنى ئىلتىماس قىلسا؛ يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش سەۋىيىسى (جۈملىدىن سۈپىتى تۆۋەن، تاللاپ تاۋلاش قىيىن بولغان قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش ۋە كونا كان رايونلىرىدىكى قالدۇق كانلاردىن پايدىلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ئۆستۈرىدىغان قېزىلما بايلىقنى ئېچىش بىلەن شۇغۇللانسا، كان چارلاش هوقۇقىدىن پايدىلىنىش ھەققى 1 - قىدىرىپ تەكشۈرۈش يىلىدا ئېلىنمايدۇ، 2 - قىدىرىپ تەكشۈرۈش يىلىدىن 3 - قىدىرىپ تەكشۈرۈش يىلىغىچە 60% كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ 4 - يىلىدىن 7 - يىلىغىچە 25% ى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. كان قېزىش هوقۇقىدىن پايدىلىنىش ھەققى كاننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مۇددىتى ۋە كان ئىشقا كىرىشكەن 1 - يىلدا ئېلىنمايدۇ، ئىشقا كىرىشكەن 2 - يىلىدىن 3 - يىلىغىچە 50% كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، 4 - يىلىدىن 7 - يىلىغىچە 25% ى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. كان تاقالغان يىلى ئېلىنمايدۇ.

9) كان چارلاش هوقۇق ئىگىسى قانۇن بويىچە قىدىرىپ تەكشۈرۈش رايونى ئىچىدە مەبلەغ سېلىپ قېزىشقا بولىدىغان قېزىلما بايلىقنى چارلاپ چىققاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە كان قېزىش هوقۇقىغا ئاۋۋال ئېرىشىدۇ؛ باشقا گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ھەققىنى بۇ كان سودا خاراكتېرلىك قېزىش باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن مۈلۈكنى سورۇش بويىچە باج تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى قەرەلگە بۆلۈپ يىلمۇ يىل تاپشۇرسا بولىدۇ.

10) ئۈنۈۋېرسال قېزىش ئارقىلىق قېزىلما بايلىقنى يىغىۋالىدىغان كان كارخانىلىرىدىن ھەمراھ رۇدا قېزىلما بايلىق تولۇقلىما ھەققىنىڭ يېرىمى ئېلىنىدۇ.

11) كانچىلىق هوقۇقى بازىرىنى پائال يېتىلدۈرۈپ ۋە بەرپا قىلىپ، كان چارلاش هوقۇقى ۋە كان قېزىش هوقۇقىنى سېتىپ بېرىش ۋە ئۆتكۈنۈپ بېرىشنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. مەركەز مالىيىسى ۋە يەرلىك مالىيە سالغان مەبلەغ بىلەن قىدىرىپ تەكشۈرۈلگەن ھەمدە چارلاپ ئېنىقلانغان كان، قانۇن بويىچە دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان كان، كانچىلىق هوقۇقى ئۆزلۈكىدىن يوقىغان كانلارنىڭ ۋە كانچىلىق هوقۇقى بېكىتىلمىگەن باشقا رايونلارنىڭ كان چارلاش هوقۇقى ۋە كان قېزىش هوقۇقىنى خەبەردار چاقىرىش، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، تاختاي ئېسىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۆتۈنۈپ بېرىپ، كان چارلاش هوقۇقى ۋە قېزىش هوقۇقىغا ئەستىقلاش ئىلتىماسى ئارقىلىق ئۆتۈنۈپ بېرىپ، كان چارلاش هوقۇقى

# پارتىيە

## ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

### ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

شۇجى: ۋاڭ لېچۈەن (11 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن شۇجىلار: ئابلەت ئابدۇرېشىت، جۇ شېڭتاۋ (9 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەسقەت كەرىمباي (قازاق)، ئىسمائىل تىلىۋالدى، خۇ جيايەن (ئايال)، ۋاڭ جىنشياڭ.

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: يۈ لىنشياڭ، چېن دېمىڭ، ۋۇ دۇنفۇ، جاڭ شيۇمىڭ، جاڭ چىڭلى، جۇ يۈەن، ياڭ گاڭ، نۇر بەكرى، ئەركىن ئىمىرباقى، فۇ چياڭ

باش كاتىپ: فۇچياڭ (قوشۇمچە).

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: لى يى، جىن شېڭخۇي، روزى ئىسمايىل (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇ چاڭمىڭ (5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى بىن، ساۋ مېيشەن (7 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جاڭ مىڭلى (7 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى: لى يى (قوشۇمچە).

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ساۋ مېيشەن (قوشۇمچە)، سىدىق مەتسېيىت، خې شىنلىيەن (ئايال)، ياڭ ۋېنيۈ (ئايال)، جاڭ مىڭلى (7 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

### ش ئۇ ئا ر پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنى

2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن پارتىيىنىڭ 16 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 37 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 454 ۋەكىلى قاتناشتى.

قوشۇمچە

شىنجاڭدىن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 16 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكى

تۆمۈر داۋامەت، مادى، ۋاڭ لېچۈەن، ۋاڭ يىمىن، ۋاڭ جىڭچيەن، ئەسقەت كەرىمباي، كامىل ئابدۇللا، لۇ شاۋفېڭ، بەي جىجيې، ئىسمائىل تىلىۋالدى، چياۋ جىفۇ، ئەن ۋېن، ئەنۋەر ھامىت، مەھەممەت ھەسەن، ياڭ گاڭ، سۇڭ ئەيرۇڭ، جاڭ چىڭلى، جاڭ جىخۇڭ، جاڭ جىشۇن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، چېن دېمىڭ، نۇرلان ئەبىلمەجىن، جۇ شېڭتاۋ، خۇ جيايەن، خۇ چاڭئەن، چيەن جى، تاڭ دېخۇاڭ، گۈلزەپەر مامۇت، يې شيۈيىڭ، ئىلھام ئوسمان، ۋۇ مىڭجۇ، ۋۇ دېخيۇن، نۇر مۇھەممەت، لالىقان سالابېك، چاپنۇردان ئىبراي، زۈلپىيە قاھار، سۈي شيا.

ۋاڭ يۈڭپىڭ، خۇ جيەنرۇڭ

### ش ئۇ ئا ر 6 ـ نۆۋەتلىك پارتكومىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

2002 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 — 7 ـ كۈنلىرى

ۋە قېزىش ھوقۇقىغا تەستىقلاش ئىلتىماسى ئارقىلىق ئېرىشىش شەكلىنى پەيدىنپەي ئازايتىش لازىم. كان چارلاش ھوقۇقى ئىگىسى ۋە كان قېزىش ھوقۇقى ئىگىسى ئاپتونوم رايونلۇق زېمىن ـ بايلىق تارمىقىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، كان چارلاش ھوقۇقى ۋە كان قېزىش ھوقۇقىنى سېتىش، باھاغا سۇندۇرۇپ مەبلەغ قىلىپ سېلىش، ھەمكارلىشى قىلدۇرۇپ تەكشۈرۈش ياكى قېزىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق قانۇن بويىچە ئۆتۈنۈپ بەرسە بولىدۇ؛ ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە كان چارلاش ھوقۇقى ۋە كان قېزىش ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇشقىمۇ بولىدۇ.

3. باشقىلار

(12) يەر ئىشلىتىش، قېزىلما بايلىق بېجى ئېلىش جەھەتلەردىكى ئېتىبار سىياسەتلىرى ش ھ [2002] 29 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

(13) بۇ پىكىرنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق زېمىن ـ بايلىق نازارىتى ئىزاھلايدۇ.

(14) بۇ پىكىر ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ، ئىلگىرى بېكىتىلگەن يەر ـ قېزىلما بايلىق سىياسىتى بۇ پىكىر بىلەن بىردەك بولمىسا، بۇ پىكىر ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ 6 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي كەڭ ئېچىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، غەربىي كەڭ ئېچىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، غەربىي كەڭ ئېچىش جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلىپ بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ كۈچەيتىشكە تېگىشلىك بىر قانچە تەرەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇلار: بىرىنچىسى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش؛ ئىككىنچى، ئەلالىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى داۋاملىق يۆلەپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئۈچىنچى، ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇش؛ تۆتىنچى، يۇغۇرۇلما ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش؛ بەشىنچى، مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ھەقىقىي تېزلىتىش. ۋاڭ لېچۈەن يەنە ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش، تۈپتىن تۈزەشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىش ۋە جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتىلىق، قىيىن نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىش ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

ئابلەت ئابدۇرېشىتمۇ مۇھىم سۆز قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، نۆۋەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايوندىن پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر نامزاتلىرىنىڭ تەييارلىق نامزاتلىرى تاللاپ بېكىتىلدى؛ «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىش توغرىسىدىكى قارار» ئاۋازغا قويۇش يولى بىلەن ماقۇللاندى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانىلىرىنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ پارتىيە - مەمۇرىي مەسئۇللىرى ۋە قىسمەن يۇقىراۋى كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچىڭ

## ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك پارتكومىنىڭ 4 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 — 22 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: 16 - قۇرۇلتاينىڭ ۋە مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى، باش شۇجى خۇ جىنتاۋنىڭ شىبەيپونى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە باغلاپ، شىنجاڭنىڭ 2003 - يىللىق ۋە كېيىنكى 5 يىللىق، 10 يىللىق، 20 يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ كۆرەش نىشانى، تۈپ تەسەۋۋۇرى ۋە مۇھىم تەدبىرلىرىنى پىلانلاش، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (2) بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، سانائەتلىشىش جەريانىنى تېزلىتىش؛ (3) مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سالماقنى ئاشۇرۇپ، 3 - كەسىپنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ (4) ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى قوزغىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش؛ (5) ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن ياخشى تۈزۈلمە شارائىتى يارىتىش؛ (6) ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، يۇغۇرۇلما ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ (7) ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن كېڭەيتىپ، قىيىنچىلىقتا قالغان ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش؛ (8) ئادەمنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ۋە

ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ئۇ: ئەتتىي ئېيتقاندا «ئىككى قولدا تۇتۇپ، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇپ»، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشنى تەكىتلىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلاردىن «ئىككى بولسۇن»نى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىللىق تەرەققىيات نىشانى ۋە 2003-يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانىلىرىنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، مەمۇرىي مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك، ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلارنىڭ ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈگېڭ

## ش ئۇ ئا ر پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنى

2002-يىل 1-ئاينىڭ 13 — 14-كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا يېڭى ئەسىر، يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش مەسىلىسى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىندى؛ يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ۋە كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، «ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى.

يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز سۆز قىلىپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ 20 يىلدىن بۇيانقى ئالاھىدىلىكى ۋە تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى، يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ۋە كۈرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ خۇلاسە سۆزى قىلدى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈگېڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس - بايلىق - مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى

2002-يىل 1-ئاينىڭ 21-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇس، بايلىق، مۇھىتى دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش، تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادى ۋە جەمئىيىتىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈگېڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى

2002-يىل 1-ئاينىڭ 31-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى دۇچ

كەلگەن ۋەزىيەت تەھلىل قىلىندى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ رېئال جىددىيلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئۈستىدە سەپەرۋەرلىك ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ سۆزىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكلىكىنى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ رېئال جىددىيلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش پائالىيىتىنى پۇختا ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە تېخىمۇ كۈچلۈك زەربە بېرىپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىق ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە قوغداشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، مۇھىملىقى ۋە بۇ خىزمەتنى قانداق ياخشى تۇتۇش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ، ھەر قايسى چوڭ كارخانىلارنىڭ ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچېڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر - بازارلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش - قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى

2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى: «لۆڭكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، شەھەر - بازارلاردىكى قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىر - چارىلىرىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى قوزغىتىپ، ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەپ، قىيىنچىلىقى بارلارنى قوزغىتىپ، ئۆز ئارا ياردەم بېرىشتەك ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى جەھەتتىكى ياخشى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا «شەھەر - بازارلاردىكى قىيىنچىلىقى بارلارغا ئىجتىمائىي قوزغىتىش - ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى.

قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، كارخانا ۋە ئورۇنلار شەھەر - بازارلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارنى قوزغىتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەشنى يولغا قويۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ۋە ئىش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇردى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەر قايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايوندىن قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارغا ياردەم بېرىشكە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچېڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى بىكتۇەنگە بېرىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش يىغىنى

2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 21 — 22 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى

يېتىلدۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنگە بېرىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» يەتكۈزۈلدى، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومىلارنى يېتىلدۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى بىڭتۈەنگە بېرىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش ۋە پىلانلىق تەشكىللەش ئىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىڭتۈەننىڭ قوماندانى جاڭ چىڭلى سۆز قىلىپ، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومىلارنى يېتىلدۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىڭتۈەنگە كېلىپ ئىشلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بىڭتۈەندىكى ئورۇنلارنىڭ ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلىشى ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق پارتىيە - مەمۇرىي مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، بىڭتۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق خىزمىتى يىغىنى

2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە سانجىدا ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئاپتونوم رايوننىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە يوشۇرۇن ئەۋزەللىكلىرىنى ئەترابلىق تەھلىل قىلىپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ سىياسەت - تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىش، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقنىڭ زامانىۋى چارۋىچىلىققا قاراپ يۈرۈلۈشىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىرىنچى، ئۈنۈمنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش؛ ئىككىنچى، نەسىل ياخشىلاشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛ ئۈچىنچى، كەسىپلەشكەن تىجارەتنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەشكىللىنىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش؛ تۆتىنچى، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ بەشىنچى، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى بازارلارغا يۈزلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىنى ئېچىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش.

يىغىندا ئابلەت ئابدۇرېشىت خۇلاسە سۆزى قىلدى.

يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «زامانىۋى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»ى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزىتىلدى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە چارۋىچىلىق خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ھەمدە ئالاقىدار ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك شىلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، بىڭتۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالاقىدار كارخانىلار ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچىڭ، شۇ تاۋ

## ئاپتونوم رايونلۇق قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى

2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەملىكەتلىك قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشسىز خادىملارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىنى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى قوغداپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىندا ۋاڭ لېچۇەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە ئەمگەك، ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈگېپاڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 — 12 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ دىن خىزمىتى دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە ۋە تەھلىل قىلىپ، تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يېڭى ئەسىردىكى دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىندا ۋاڭ لېچۇەن مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ سۆزىدە: پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم، دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش لازىم، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم، دىنني سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە لايىقلىشىشقا پائال يېتەكلەش لازىم، پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دىن خىزمىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم، دەپ تەكىتلىدى. دىنىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى خەلقئارا سىياسىي كۈرەش ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىنى تەۋرەنمەي قوغداشتىن ئىبارەت ئومۇملۇقنى چىقىش قىلىپ، دىن خىزمىتىنى يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

يىغىندا ئابلەت ئابدۇرېشىتمۇ مۇھىم سۆز قىلدى، يىغىندا «ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ (ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ دىن خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى) نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى» مۇزاكىرە قىلىندى، 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ۋەكىللىرى سۆز قىلدى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ ئالاقىدار بۆلۈم، كومىتېتلىرىنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ قىسمەن چوڭ كارخانىلىرىنىڭ ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ ۋە بىڭتۇەننىڭ ھەر قايسى ئىشلىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى ھەمدە بىرلىك سەپ بۆلۈملىرى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت (دىن ئىدارىسى) لىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈگېپاڭ، لياڭ گاڭخۇا

## قارارلار

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم چىقارغان قارارلار (بىر قىسمى):

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «يولداش جېن چىڭشېڭنى (مۇنەۋۋەر يېزا (بازار) پارتكوم شۇجىسى) دەپ ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلامدىكى (ئىككىنى ھىمايە قىلىش) خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن ۋە نەمۇنىچى شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن 3 - تۈركۈمدىكى نەمۇنىچى كادىرلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «يولداش بەكرى قاھىرنى (ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك شەخس) دەپ ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## ئۇقتۇرۇشلار

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئوبلاست (شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «(شىنجاڭدىكى زاپاس قىسىملار ھەربىي تەلىم - تەربىيىسىنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانى)نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «(ئاپتونوم رايوندىكى ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پىكىر)نى يېڭىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىنى بەنمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «يېڭى دەۋرد» نۇقتىدا بەلگىلەپ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان قايتا تەربىيىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى بەنمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## پىكىرلەر

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تارقاتقان پىكىرلەر (بىر قىسمى):

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك، ناھىيە (شەھەر، رايون)لىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «(يۇقىرى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى)نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «2002 - يىللىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شەھەر - بازارلاردىكى قىيىنچىلىقى بارلارغا قارىتا ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشنى يولغا قويۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «يېزىلىق - بازارلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقاتتى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «زامانىۋى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقاتتى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «(ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ دىن خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى)نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «(ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشسىز خادىملارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى)نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى تارقاتتى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## بەلگىلىمىلەر

**2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم چىقارغان بەلگىلىمىلەر (بىر قىسمى):**

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى بېكىتىۋېلىپ ئىشلىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقاردى.

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «يىغىن، ھۆججەتلەرنى ۋە مۇراسىم، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا ئوخشاش ھەر خىل پائالىيەتلەرنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقاردى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## ش ئۇ ئا ر پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى

1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ فۇ چىياڭ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ بىئولوگىيىلىك دورا زاۋۇتى، شىنجاڭ ياغاچ ماتېرىياللار باش زاۋۇتى ۋە شىنجاڭ مېتاللورگىيە بىناكارلىق شىركىتى قاتارلىق قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارغا بېرىپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىلىرىدىن ھال سورىدى.

2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن ۋاڭ جىنشياڭ قاتارلىقلار بىلەن بىللە شىنجاڭ خورۇمچىلىق سانائىتى گۇرۇھى شىركىتىگە بېرىپ قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى.

2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن ش ئۇ ئا ر چاغانلىق ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىدىن ھال سورىدى. ھال سوراشقا جۇ شېڭتاۋ، ئىسمائىل تىلىۋالدى، خۇ جيايەن، ۋاڭ جىنشياڭ، جاڭ شيۇمىڭ، فۇ چىياڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خۇ جيايەن ش ئۇ ئا ر چاغانلىق ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى قورۇقلۇق ئارمىيە ئىنىستىتۇتى، 61478 - قىسىم ۋە 61592 - قىسىمدىن ھال سورىدى. ھال سوراشقا نۇر بەكرى، فۇ چىياڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، جۇ شېڭتاۋ، ئىسمائىل تىلىۋالدى، خۇ جيايەن، ۋاڭ جىنشياڭ، يۈ لىنشياڭ، ۋۇ دۇڭخې، جاڭ شيۇمىڭ، جۇ يۈەن، ياڭ گاڭ، نۇر بەكرى، ئەركىن ئىمىرباقى، فۇ چىياڭ قاتارلىقلار بەش بولۇغا بۆلۈنۈپ، مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئۆيىنى ھېيتلىدى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قۇربان ھېيت ۋاقتىدا جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، ئىسمائىل تىلىۋالدى، خۇ جيايەن، ۋاڭ جىنشياڭ، ۋۇ دۇڭخې، جاڭ شيۇمىڭ، جۇ يۈەن، نۇر بەكرى، ئەركىن ئىمىرباقى، فۇ چىياڭ قاتارلىقلار بەش بولۇغا بۆلۈنۈپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىدىن يۇقىرى پېشقەدەم كادىرلارنى يوقلىدى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇ شېڭتاۋ، فۇ چىياڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىغا بېرىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىردى.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خۇ جيايەن كەنت دەرىجىلىكلەرنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىدىكى ئالاقە باغلاش نۇقتىسى بولغان توقسۇن ناھىيىسىنىڭ گۈلبۇيى يېزىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

3 - ئاينىڭ 11 — 12 - كۈنلىرى ۋۇ دۇڭخې بۈگۈر ناھىيىسىگە بېرىپ، كەنت دەرىجىلىكلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

3 - ئاينىڭ 19 — 20 - كۈنلىرى ۋاڭ جىنشياڭ ساۋەن ناھىيىسىنىڭ يېزا - كەنت ۋە باشلامچى كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى نەق مەيداندا ھەل قىلدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى بايىنغولىن ئوبلاستىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر پېداگوگىكا مەكتىپى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئىستانسىسى، بايىنغولىن گېزىتخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى، ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتى ئۈستىدە 5 نۇقتىلىق تەلەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن بىللە ئۈرۈمچىنىڭ شىمىگو مەجبۇرىيەت كۆچەت تىكىش بازىسىغا بېرىپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق ھەربىي ۋە خەلق بىلەن بىرلىكتە ئومۇمىي خەلق مەجبۇرىيەت كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئەسقەت كەرىمباي، ئىسمائىل تىلىۋالدى، خۇ جيايەن، ۋاڭ جىنشياڭ، يۈ لىنشياڭ، چېن دېمىڭ، جاڭ شيۇمىڭ، جۇ

يۈەن، ياڭ گاڭ، ئەركىن ئىمىرباقى قاتارلىقلار كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ۋە 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ۋاڭ لېچۈەن ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 5 ناھىيە 2 شەھىرىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ئەسقەت كەرىمباي ئىلى ئوبلاستىدا يېزىلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى، كارخانا ئىسلاھاتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن شىنجاڭ چارۋا - ئۆي قۇشلىرى كۆپەيتىش - نەسىل ياخشىلاش باش پونكىتىغا بېرىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، چارۋىچىلىق يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ توڭلىتىلغان ئىسپېرمىسىنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق تەرەپلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ۋاڭ لېچۈەن ئىلى ئوبلاستىدىكى 6 ناھىيە - شەھەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى، سانائەت، كانچىلىق كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە جۇ شېڭتاۋ قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ يېزىلىرىغا بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە جۇ يۈەن قۇتۇبى، ماناس، شىخەنزە، ساۋەن، شىخۇلارغا بېرىپ، باشقا جايلاردا ۋەزىپە بىلەن ئىشلەۋاتقان كادىرلارنى تەربىيىلەش، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، يېزا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ۋۇ دۇڭفۇ بورتالا ئوبلاستىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئەسقەت كەرىمباي ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى، شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى - فارفور زاۋۇتىغا بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت، نامراتلارنى يۆلەش - قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى ۋاڭ لېچۈەن، ئەسقەت كەرىمباي، ئەركىن ئىمىرباقى، فۇ چياڭ قاتارلىقلار تۇرپان ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە ساياھەت بايرىمىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى تەكشۈردى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ۋاڭ لېچۈەن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 4 ناھىيە، بىر شەھىرىگە ۋە بىڭتۇەننىڭ 10 - شىسىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە جۇ شېڭتاۋ قۇمۇل ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن بىڭتۇەن رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ 148 -، 149 - تۇەن - مەيدانى ۋە يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ قاڭشاۋخۇ باش مەيدانىغا بېرىپ، يوپۇق ئاستىدا يۇمشاق تۇرۇبا بىلەن ئۈزلۈكسىز بېسىپ تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى سانجى ئىنستىتۇتى ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ سانجىدا قۇرۇلۇۋاتقان شۆبە مەكتىپىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋۇ دۇڭفۇ شىخەنزە شەھىرىدە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە «مەدەنىي شەھەر» بەرپا قىلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن ئەسقەت كەرىمباي، ئىسمائىل تىلىۋالدى، ياڭ گاڭ، فۇ چياڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ خەلق ئىشلىرى سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسى ۋە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىغا بېرىپ، داۋالاش بويىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، نامراتلارنى يۆلەش كېسەلخانىلىرىدا داۋالىنىۋاتقان ھەر مىللەت بىمارلىرىنى يوقلىدى.

7 - ئاينىڭ 23 — 24 - كۈنلىرى ئىسمائىل تىلىۋالدى

تۇرپان ۋىلايىتىدىكى 2 ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ يېزا، مەكتەپلىرىگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. ناھىيە (شەھەر) لەردە، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىدىيىۋلوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە ۋاڭ جىنشياڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق (جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى) كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ كېپىللىك قەرز پۇل يىغىنىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئەسقەت كەرىمباي، نۇر بەكرى قاتارلىقلار شىنجاڭ جىنلى ئاسفالت چەكلىك پاي شىركىتى، شىنجاڭ تيەنشەن يەن - تېخنىكا چەكلىك پاي شىركىتى، شىنجاڭ تيەنيەن بىئو تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ تېيباڭ دورىگەرلىك چەكلىك پاي شىركىتى قاتارلىق يۇقىرى يېڭى تېخنىكا شىركەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ۋۇ دۇڭخې ئىلى ئوبلاستىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئەسقەت كەرىمباي، ئىسمائىل تىلىۋالدى، خۇ جيايەن، جاڭ شيۇمىڭ، ئەركىن ئىمىرباقى، فۇ چياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، تۆت يولغا بۆلۈنۈپ، شىنجاڭ شىنتۈڭ گۇرۇھ شىركىتى، شىنجاڭ تيەنجۈەن يۇڭ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى (گۇرۇھى) شىركىتى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيال - فارفور زاۋۇتى، شىنجاڭ خۇرۇمچىلىق سانائىتى گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ مېتاللورگىيە قۇرۇلۇش شىركىتى قاتارلىق قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارغا بېرىپ، كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى، كارخانا ئىسلاھاتى، نامراتلارنى يۆلەش، ئىش ئورنىدىن قالغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە جۇ يۈەن خېجىڭ، خوشۇت ناھىيىلىرىگە بېرىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» بويىچە دائىملىق ئۆگىنىش - تەربىيە ئەھۋالى ۋە يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىللىي قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن سانجى داچېڭ چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ باقمىچىلىق بازىسىنى ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. فۇ چياڭ بىللە بولدى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە جۇ يۈەن ش ئۇ ئا ر كارخانا خىزمەت كومىتېتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى، شىنجاڭ خۇرۇمچىلىق سانائىتى شىركىتى، شىنجاڭ تاشقى سودا - خۇرۇمچىلىق شىركىتى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيال - فارفور زاۋۇتى قاتارلىق قىيىنچىلىقى ئېغىر، ۋەيران بولغان كارخانىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، سېخلارغا چۈشۈپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى، قىيىنچىلىقتا قالغان پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، پېشقەدەم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىغا ھال سوراش پۇلى بەردى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ «نەنمېن خەلقئارا شەھەرچە»نى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋۇ دۇڭخې سانجى ئوبلاستىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇرۇلۇش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىنى كۆزدىن كەچۈردى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەسقەت كەرىمباي، ئىسمائىل تىلىۋالدى، خۇ جيايەن، ۋۇ دۇڭخې، جاڭ شيۇمىڭ، جۇ يۈەن، نۇر بەكرى، ئەركىن ئىمىرباقى، فۇ چياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ئالتە يولغا بۆلۈنۈپ، شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەر، پېشقەدەم پروفېسسورلارنى سەمىمىي يوقلىدى، ئۇلاردىن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مائارىپ خىزمىتى ئۈستىدە پىكىر ئالدى.

ئاڭ جىڭخۇاڭ

## كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەرخىل تۈردىكى كادىر 663 مىڭ 400دىن ئارتۇق (مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ كادىرلىرى بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىر 345 مىڭ 800 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %52.12نى ئىگىلەيدۇ؛ ئايال

كادىر 308 مىڭ 900دىن ئارتۇق بولۇپ، 46.56%نى ئىگىلەيدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىدىكى كادىر 162 مىڭ 500 دىن ئارتۇق بولۇپ، 24.5%نى ئىگىلەيدۇ. كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئوقۇش تارىخى قۇرۇلمىسى مۇنداق: ئاسپىرانت 4000دىن ئارتۇق، ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 107 مىڭ 900 دىن ئارتۇق، مەخسۇس كۇرس ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 269 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، كادىر ئومۇمىي سانىنىڭ 57.4%نى؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 231 مىڭ 600دىن ئارتۇق بولۇپ، 34.9%نى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 34 مىڭ 600دىن ئارتۇق بولۇپ، 5.2%نى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 16 مىڭ 800دىن ئارتۇق بولۇپ، 2.5%نى ئىگىلەيدۇ. ئورگان، كەسپىي ئورۇن، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى 45 ياشتىن تۆۋەن كادىرلار 557 مىڭ 800دىن ئارتۇق بولۇپ، كادىر ئومۇمىي سانىنىڭ 84.1%نى ئىگىلەيدۇ.

2002 - يىلى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئارمىيىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلاردىن دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنغان ۋە قوبۇل قىلىنغان، تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىلگەن كادىر 21 مىڭ 900دىن ئارتۇق (يۆتكىلىپ كەلگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئورگانلارنىڭ 4600دىن ئارتۇق، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 17 مىڭ 200دىن ئارتۇق. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش، ئىستېپا سوراش، چېكىنىش، ھەيدىلىش، ئۆلۈش قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئازايغان كادىر 22 مىڭ 50دىن ئارتۇق (يۆتكىلىپ كەتكەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا) بۇنىڭ ئىچىدە ئورگاندىن 5000دىن ئارتۇق، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن 17 مىڭ 500دىن ئارتۇق.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار ئىچىدە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھەرخىل خادىم 500 مىڭ 900دىن ئارتۇق، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 451 مىڭ 600. بۇلار ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار 20 مىڭ 400دىن ئارتۇق، ئوتتۇرا ئۇنۋانلىقلار 108 مىڭ 700دىن ئارتۇق، باشلانغۇچ ئۇنۋانلىقلار 262 مىڭ 400دىن ئارتۇق؛ ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىكا خادىمى 253 مىڭ 600دىن ئارتۇق؛ ئايال كەسپىي تېخنىكا خادىمى 241 مىڭ 400دىن ئارتۇق.

لىيۇ يۈەنشىن

## پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك كومىتېتلىرى 111، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىر، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم 2، ۋىلايەتلىك پارتكوم 7، ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم 5، ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم 17، ناھىيىلىك پارتكوم 62، ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتكوم 6، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى رايونلۇق پارتكوم 11. پارتگۇرۇپپا 1504، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگان پارتگۇرۇپپىسى 76، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورگان پارتگۇرۇپپىسى 609، ناھىيە (شەھەر، رايون) دەرىجىلىك ئورگان پارتگۇرۇپپىسى 741، 2 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگان پارتگۇرۇپپىسى 78. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى 65 مىڭ 697، بۇنىڭ ئىچىدە پارتكوم 3468، پارتىيە باش ياچېيكىسى 3611، پارتىيە ياچېيكىسى 58 مىڭ 618.

تەن چىلڭ

## پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى پارتىيە ئەزاسى 1 مىليون 86 مىڭ 377. بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي پارتىيە ئەزاسى 1 مىليون 44 مىڭ 915، كاندىدات پارتىيە ئەزاسى 41 مىڭ 462؛ خەنزۇ پارتىيە ئەزاسى 665 مىڭ 770، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 420 مىڭ 607؛ 1949 - يىل 9 - ئايدىن ئىلگىرى پارتىيىگە كىرگەنلەر 8572، 1949 - يىل 10 - ئايدىن كېيىن پارتىيىگە كىرگەنلەر 1 مىليون 77 مىڭ 805، 36 ياشتىن تۆۋەنلەر 284 مىڭ 301، 36 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلار 802 مىڭ 76؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 638 مىڭ 550، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن مەلۇماتلىقلار 447 مىڭ 827؛ ئايال پارتىيە ئەزاسى 242 مىڭ 412؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پارتىيە ئەزاسى 231 مىڭ 741.

2002 - يىلى شىنجاڭدا 35 مىڭ 524 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 18 مىڭ 580، ئاز سانلىق مىللەت 16 مىڭ 944؛ 36 ياشتىن تۆۋەنلەر 27 مىڭ 743، 36 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلار 7781؛ ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 23 مىڭ 882، دېھقان، چارۋىچى 8620، يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئەمگەكچى 36، كەسپىي تېخنىكا خادىمى 11 مىڭ 319؛ ئىلغار، نەمۇنىچى شەخس 1525؛ ئايال 12 مىڭ 415.

تەن چىلڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 — 2 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تەشكىلات خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان شۇجى ياكى

مۇئاۋىن شۇجىلىرى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى، نازارەت - ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ سىياسىي (تەشكىلات، كادىرلار) باشقارمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇ يۈەن دوكلات بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىن ئاياغلاشقاندا سۆز قىلدى.

لۇڭ مىڭجى

## يېزىلاردا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى

مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن، بۇ پائالىيەت شىنجاڭدا 2002 - يىل 6 - ئايدا ئاخىرلاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرىدىن 600 مىڭ 900ى 4 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ قاتناشتى. ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى ئارقىلىق يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ سىياسىي كۆز قارىشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىندى، ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكى كۈچەيتىلدى؛ يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىستىلىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر خېلى ياخشى ھەل قىلىنىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ ئالاقىسى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇلدى؛ كادىرلارنىڭ سىياسەت سەۋىيىسى ۋە خىزمەت قابىلىيىتى ئۆستۈرۈلدى، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشۇرۇلدى؛ پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، جەڭگىۋارلىقى ۋە چاقىرىق كۈچى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى، كادىرلارنى دائىم تەربىيىلەپ تۇرىدىغان، دېھقانلارنى ئۇزاققىچە ئەمەلىي نەپكە ئىگە قىلىدىغان خىزمەت مېخانىزمى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى.

لۇڭ مىڭجى

## كادىرلارنى تەربىيىلەش - ئوقۇتۇش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مەخسۇس تېما بويىچە تەربىيىلەش چارىسى قوللىنىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلىرىدىن 1200 نەپەرسى ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە مۇددەت - تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتى مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، مەمۇرىي رەھبىرىي كادىرلىرى بولۇپ 90 نەچچە كىشى قاتناشتى. ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ «WTO ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشكە ماسلىشىش خىزمىتى» دېگەن مەخسۇس تېمىدا مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 164 كادىر قاتناشتى. «كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ ئىشلىتىش نىزامى» كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 198 كىشى قاتناشتى. ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى ئاساسىي سىنىپلارغا ۋە باشقا كۇرسلارغا كادىر ئەۋەتىپ تەربىيىلەش خىزمىتى داۋاملىق چىڭ تۇتۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى بىر يىلدا ئاساسىي سىنىپتىن 12نى تەسىس قىلىپ، 423 كۇرسانت تەربىيىلىدى. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ 8 سىنىپىغا 156 كۇرسانت ئەۋەتىلدى. دالىيەن تەبىئىي پەن - سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى، تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىنجاڭ سىنىپلىرىغا 150 كۇرسانت ئەۋەتىپ تەربىيىلەش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلەندى. مەركەز، ئالاقىدار مىنىستىرلىك - كومىتېتلار ئاچقان 45 سىنىپقا 394 كۇرسانت ئەۋەتىپ تەربىيىلەش خىزمىتى تاماملاندى. ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىردىن 20سى چەت ئەلگە چىقىرىلىپ تەربىيىلەندى، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىردىن 100ى، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل رەھبىرىي كادىرىدىن 40ى شېنجېن دىرېكتورلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنىستىتۇتى ۋە شەندۇڭ شەرقىي رايون - غەربىي رايون مەمۇرلىرىنى سىستېما بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتىپ تەربىيىلەندى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 4 ۋىلايەت، ئوبلاستىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلارنى باشقا جايلارغا ۋەزىپە بىلەن ئىشلەشكە ئەۋەتىش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلەندى. ۋەزىپە بىلەن ئىشلەش مۇددىتى توشقان 2 - تۈركۈمدىكى 780 كادىر تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلارنى ئۆز ئورنىغا قايتقاندىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئاساس ھازىرلاندى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتىن 4 - تۈركۈمدە 400 نەپەر يېزا - بازار كادىرى ئۈرۈمچى، سانجى، تارباغاتاي ۋە بىڭتۈەن قاتارلىق 74 نۇقتىغا ۋەزىپە بىلەن ئىشلەشكە ئەستايىدىل تەشكىللەندى.

لۇڭ مىڭجى

## كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال، پۇختا ئىلگىرى سۈردى. كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ

يۈرۈشلەشمە تۈزۈملىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئالدىدا ئېلان چىقىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى ئاۋازغا قويۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى»، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشتا ئومۇمىي يىغىن ئەزالىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىش چارىسى» قاتارلىق تۈزۈم خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر تارقىتىلدى، ئورۇمچى، قەشقەر، تۇرپان، ئالتايلاردا تەكشۈرۈلىدىغانلارنى ئالدىن ئېلان قىلىش، ئارتۇق نامزاتلىق تەكشۈرۈشنى تۈقىتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى، قىسمەن ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەردە كادىرلارنى تەكشۈرۈشتە ئالدىن ئېلان قىلىش تۈزۈمى، ئارتۇق نامزاتلىق تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى، ئوبلاست (شەھەر) لارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش يۈزىسىدىن تەكشۈرگەندە، تەكشۈرۈلىدىغانلارنى ئالدىن ئېلان قىلىش، ئارتۇق نامزاتلىق تەكشۈرۈش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى. «ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرىنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىنىڭ سىناق چارىسى» ۋە «ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرىنى سىناش خىزمىتىنىڭ سىناق چارىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرى رەھبىرىي خادىملىرىنى باشقۇرۇشنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى باشقۇرۇشتىكىدىن پەرقلىنىدىغان چارىسىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى باھالاش مەركىزىنى قۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆرۈلدى. ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىشنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە لايىق كېلىدىغان يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى. رەھبىرىي كادىرلار ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك كادىرلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش خىزمىتى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. «رەھبىرىي كادىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇش تۈزۈمى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان)» تۈزۈپ تارقىتىلدى. ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىگە نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى تەپتىش قىلىش ھاۋالە قىلىندى.

لۇڭ مىڭجى

## كوچا - مەھەللىلەردىكى پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2002 - يىل — ئاپتونوم رايوننىڭ كوچا - مەھەللە پارتىيە قۇرۇلۇشى يىلى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كوچا - مەھەللە پارتىيە قۇرۇلۇشىدا «ئالتە، ياخشى بولۇش» نىشانىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، خىزمەت سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى. ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) لەر كوچا - مەھەللە پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، كوچا پارتكومى، مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنى يادرو قىلغان مەھەللە تەشكىلات سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلدى. كوچا - مەھەللە كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايون شەھەرلەردىكى كوچا پارتكوم شۇجىلىرى، باشقارما مۇدىرلىرىنىڭ كۇرسىدىن 2 قارار (15 كۈنلۈكتىن) ئېچىپ، 306 كىشىنى سىستېمىلىق تەربىيىلىدى. سىلىنىشىنى كۆرۈپ، كوچا، مەھەللە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەت سورۇنى، خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. 18 شەھەر، 42 كوچا، 89 مەھەللىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى گىرەلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈلۈپ، تەجرىبىلەر ۋاقتىدا يەكۈنلىنىپ، ئومۇمىي خىزمەتنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئالغا سۈرۈلدى.

لۇڭ مىڭجى

## شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن كادىرلارنىڭ خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن كادىرلارنىڭ خىزمىتى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان 4 - تۈركۈمدىكى كادىرلارغا بولغان ئېھتىياج پىلانى تۈزۈلدى، شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن كادىرلار خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، ئىچكى ئۆلكە، شەھەر ۋە مەركەز، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىنىڭ 15 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىپ، 3 - تۈركۈمدە شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن 480 كادىر ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. 3 - تۈركۈمدە شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن كادىرلارنى ئۇزىتىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئۇلار ئىچكىرىگە ئامان - ئېسەن، تەرتىپلىك قايتۇرۇلدى. 4 - تۈركۈمدە شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن 808 كادىرنى قارشى ئېلىش، كۈتۈۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەندى. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار مىنىستىرلىكىگە ماسلىشىپ، بېيجىڭدا مەركەز، دۆلەت ئورگانلىرىدىن 4 - تۈركۈمدە شىنجاڭغا ياردەمگە كېلىدىغان كادىرلارنىڭ كۇرسى ئېچىلدى. ئۈرۈمچىدە

شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارغا كەلگەن كادىرلارنىڭ كۇرسى ئېچىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، نازارەت، ئىدارىلەردىكى ياردەمگە كەلگەن كادىرلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق 5 ئۆلكە - شەھەر جاۋابەن زىيارەت قىلىنىپ، شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن كادىرلار خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى ئالماشتۇرۇلدى. شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن قىسمەن كادىرلاردىن ھال سورالدى.

لۇڭ مىڭجى

## تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىدە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەز چىڭ دەۋرىي قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىنىپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، تەشەببۇسكارلىق جېڭى ئوبدان قىلىنىپ، 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنى قوزغىتىلىپ، ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، كۈچ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان ياخشى كەيپىيات بەرپا قىلىندى.

نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتى پائال ئىلگىرىلەش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى «1 - ئىيۇل» سۆزى، «31 - ماي» سۆزى ۋە جياڭ زېمىننىڭ بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە سېپىدىكىلەرنىڭ «31 - ماي» سۆزىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ۋە پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ «28 - ئاپرېل» سۆزىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ، ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئۈلگىلىك كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش تەسىراتلىرىنى سۆزلەش سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئاچتى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى؛ رەھبىرىي كادىرلار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ بىر تۈركۈم نۇقتىلىق ماقالىلەرنى يېزىشقا ئۇيۇشتۇردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاپتونوم رايون بويىچە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە سېپىدە مۇددەت - تۈركۈم بويىچە كۇرس ئېچىش شەكلى قوللىنىلىپ، ھەر مىللەت كادىر ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلىرى مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنىڭ ۋە جياڭ زېمىننىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى بىلەن قوراللاندۇرۇلۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى، مۇشەققەتلىكلىكىگە بولغان تونۇشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىقى ئۆستۈرۈلدى.

پارتىيىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ساھە، كەسىپلەر، ھەر قايسى ئورۇنلار دوكلات يىغىنلىرى، سۆھبەت يىغىنلىرى، ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. ش ئۇ ئا ر لېكسىيە ئۆمىكى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) لەرگە بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىغا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە تىللاردا 16 - قۇرۇلتاي روھىنى تەشۋىق قىلدى. 12 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە تەشۋىقات كادىرلىرىنىڭ 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش بويىچە 2 قارار (200 كىشىلىك) كۇرسى ئېچىلىپ، جايلار ۋە تارماقلار ئۈچۈن نەزەرىيە تايانچلىرى تەربىيىلەپ بېرىلدى.

ئاخبارات تەشۋىقاتىدا ئۆتكەلنى مۇقىم ئىگىلەش داۋامىدا ياخشى كەيپىيات يارىتىلدى. 2002 - يىلى ئاخبارات، جامائەت پىكرى خىزمىتىدە، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتى زىچ دەۋرىي قىلىنىپ، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقتا ۋە غەيرەتنى ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىجابىي تەشۋىقات ئاساس قىلىنىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش تەشۋىقاتى كۈچەيتىلدى، «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش تەشۋىقاتى كۈچەيتىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش

تەشۋىقاتى كۈچەيتىلدى، غەربىي كەڭ ئېچىش، ئۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يۈز بېرىدىغان يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە دائىر تەشۋىقات كۈچەيتىلدى، ئاخبارات قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كىچىك گېزىت - ژۇرناللارنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ئۇلارنىڭ يېتەكلەش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقى جامائەت پىكرى مەدەتتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسى بىر تۈركۈم مەخسۇس تېمىدىكى تەشۋىقات بەتلىرىنى ئېچىپ، ياخشى تەشۋىقات ئۈنۈمى ھاسىل قىلدى.

پارتىيىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندىن كېيىن ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى دەرھال «پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىش - خەۋەر قىلىش توغرىسىدا پىكىر» تۈزۈپ چىقىپ، 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنىنى دەرھال قوزغىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت كۈچەيتىلىش، ياخشىلىنىش داۋامىدا روشەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1. «يۇقىرى ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 2002 - يىل 3 - ئاي — تۈنجى «يۇقىرى ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل شەكىلدىكى چوڭقۇر، پۇختا ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 4 مىليوندىن ئارتۇق كىشى سەپەرۋەرلىك يىغىنى، دوكلات يىغىنى، لېكسىيە يىغىنى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتناشقان، 500 مىڭدىن ئارتۇق كىشى «يۇقىرى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»غا دائىر بىلىملەر مۇسابىقىسىگە قاتناشقان. 2. 5 - ئايدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ پائالىيەت ئارقىلىق «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. 3. پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي پروگراممىسى تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىزم تەربىيىسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. 4. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ئاساسىي قاتلامغا، ئەمەلىيەتكە، ئاممىغا يېقىنلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلدى. غەربىي ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى، يۈز ناھىيە مىڭ يېزىنىڭ تەشۋىقات - مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئارمىيە - بىڭتۈەن - ساقچى - خەلقنىڭ مىڭ چاقىرىملىق تۆمۈر يولىدا مەدەنىي لىنىيە بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق «ئەلرايى قۇرۇلۇشى»لىرى ئېلىپ بېرىلدى، بۇلار ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 5. 16 - قۇرۇلتاينىڭ چاقىرىلىشىنى كۈتۈۋېلىش بويىچە ئاممىۋى تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتى كەڭ دىلىك تۈردە ياخشى ئىشلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە 16 - قۇرۇلتاي روھى توغرىسىدا مىڭ مەيدان دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان مىڭ مەيدان ئەدەبىيات - سەنئەت كونسېرتى قويۇلدى، 10 مىڭ كادىر ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە 16 - قۇرۇلتاي روھىنى يۈز تۇرانە سۆزلەپ تەشۋىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، 10 مىڭ مەدەنىي ئورۇن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىش بويىچە جۈپ بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

ئەدەبىيات - سەنئەت، نەشرىيات خىزمىتى ساغلام تەرەققىي قىلىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز گۈللەندى. ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىش دېگەن تەلەپكە ئاساسەن، پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت مەركىزىي ھالقىنى چۆرىدەپ، «بەش بىر قۇرۇلۇشى»غا دائىر ئىجادىيەت، «مەدەنىيەتتە ئۆلكە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى»، ئاساسىي تېمىدىكى چوڭ - چوڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش، ئامما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى.

ئەسەرلەر دەل تاللىنىپ، مۇھىم نۇقتا چىڭ تۇتۇلۇپ، نادىر ئەسەر يارىتىشتىن ئىبارەت خىزمەت تاكتىكىسى ئەستايىدىل يولغا قويۇلدى. پائال تەشكىلاتچىلىق قىلىش ئارقىلىق كىنو فىلىمى «قۇربان تۇلۇمنىڭ بېيجىڭغا سەپىرى»، نەزەرىيىۋى مەخسۇس فىلىم «تۈنۈگۈن، بۈگۈن»، دراما «لوپ كەنتىدىكى تەزىيە»، تېلېۋىزىيە تىياتىرى «ساداقەت» قاتارلىق ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى، ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك ياش ناخشىچىلار مۇسابىقىسى ۋە غەربىي كەڭ ئېچىشقا دائىر ناخشا - مۇزىكىلارنى توپلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى گۈللەندۈرۈلدى، جۇڭگو ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا 19 مەيدان ھال سوراش ئويۇنى قويۇشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىندى؛ ش ئۇ ئا ر «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» ئويۇن قويۇش - ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ ئىلى ئوبلاستىنىڭ ناھىيىلىرىگە بېرىپ ئويۇن قويۇشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىندى؛ ئاپتونوم

رايون دائىرىسىدە قانات يايدۇرۇلغان «مەيدان مەدەنىيىتى» پائالىيىتىدە، 2000 مەيدان ـ قېتىمدىن ئارتۇق ئويۇن قويۇلدى؛ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى 9 سەنئەت تۈرى بويىچە 20 نەچچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىمى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 ـ سېپىگە بېرىپ ماھارەت كۆرسىتىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر «ئارمىيە ـ خەلق قەلبىداش» سەنئەت ئۆمىكى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مەلۇم بازىسىغا بېرىپ ھال سوراش ئويۇنى قويۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كۆپ قېتىم كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايوندا 16 ـ قۇرۇلتاينى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبى پارتىيىگە تەلپۈندۇ» ناملىق كاتتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكىنىڭ ئەھۋالى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كۆپ قېتىم كۆرسىتىلدى؛ ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ يېڭى ئەسىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى ۋە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن 8 مۇنەۋۋەر ھېكايە فىلىم تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى VCD پلاستىنكىسى يېزىلاردىكى مەدەنىيەت پونكىت ـ نۇقتىلىرىغا تەقدىم قىلىندى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشۋىقاتىنىڭ يول باشلاش يۆنىلىشى ئەستايىدىل ئىگىلىنىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى ناچار خاھىشلار قەتئىي توسۇلدى ۋە ئازلاندى، مەدەنىيەت بازارلىرىنى ماكرولۇق باشقۇرۇش خىزمىتىدە، نۇقتىلىق ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئومۇمىيەت چىڭ ئىگىلىنىپ، ئىستىھكام مەھكەم ساقلاندى، ئېغىر مەسىلىسى بار نەشر بۇيۇملار تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىندى.

بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى، بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇش فاڭجېنى بويىچە، «سېرىق مەرەزلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، قانۇنسىز نەشر بۇيۇملارغا زەربە بېرىش» خىزمىتى بوشاشماي قانات يايدۇرۇلۇپ، نەشرىياتچىلىق بازىرىدىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايى ھەرىكەتلىرىگە كۈچلۈك زەربە بېرىلدى. بىر يىلدا نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان قانۇنسىز كىتابتىن 572 مىڭ 800 نۇسخا، ئۈن ـ سىن بۇيۇمدىن 650 مىڭ قاپ، دىنغا دائىر قانۇنسىز نەشر بۇيۇمدىن 10 مىڭ نۇسخا، «فالۇن گۇڭپىسى»غا دائىر قانۇنسىز نەشر بۇيۇمدىن 970 نەچچە پارچە قولغا چۈشۈرۈلدى، چوڭ، مۇھىم دېلودىن 5ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، يوشۇرۇن قانۇنسىز تارقىتىش ئۇۋىسىدىن 5ى پاچاقلاپ تاشلاندى. قائىدىگە، قانۇنغا خىلاپ تىجارەت ئورنى ۋە قانۇنسىز ياپما نۇقتىسىدىن 23ى بىكار قىلىندى، لازىر نۇرلۇق ئويۇش ـ خاتىرىلەش ئۈسكۈنىسىدىن 2 يۈرۈش ئۈسكۈنە يىغىۋېلىندى، بۇنىڭ بىلەن نەشر بۇيۇملار بازىرى ساپلاشتۇرۇلدى، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ـ مەدەنىيەت بازىسى مۇستەھكەملەندى.

مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتى مۇستەھكەملىنىش، ئۇسۇش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى

مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 19 شەھەرنى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئومۇمىي پىلانى»نى ۋە «مەدەنىي شەھەر (رايون)، ناھىيە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»نى تۈزۈپ چىقىپ، ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى، پەن ـ تېخنىكا تەربىيىسى، قانۇن قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيىتى، داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش، ئىلمىي باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 6 ئىشنى مەھەللىلەرگە ئېلىپ كىرىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى. قاراماي، شىخەنزە شەھەرلىرى مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك يېتەكچىلىك كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر قىلىپ باھالاندى؛ قاراماي شەھىرىنىڭ قاراماي رايونى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر رايونى مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك يېتەكچىلىك كومىتېتى بىلەن خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە «ئۈلگە مەھەللىلىرىنى قۇرغۇچى رايون» قىلىپ باھالاندى. مەدەنىي كەنت ـ بازار بەرپا قىلىش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 10 يۇلتۇز دەرىجىلىك مەدەنىي ئائىلىلەرنى باھالاش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، چاغانتوقاي روھى ۋە ساۋەن تەجرىبىسى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپى يېزىسى، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ تېرەم يېزىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم يېزا ـ بازارغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئۈلگە يېزا ـ بازار دەپ نام بېرىلدى. مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. مەدەنىي سەيلىگاھ بەرپا قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى «ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىي مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى بەرپا قىلىش ئۆلچىمى ۋە باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇنلارنى ئېلان قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «مەدەنىي

باشقارما (بۆلۈم، ئىشخانا) بەرپا قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي گۇرۇپپىلار ئۈستىدىكى ئىجتىمائىي نازارەتچىلىك ۋە جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتتى، ھەرەل تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، باشقۇرۇش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، مەدەنىي گۇرۇپپىلارنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى.

ئاشقى تەشۋىقات خىزمىتى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلىش داۋامىدا ئۇنىڭ يوللىرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى. تۈرلۈك شەكىل ۋە خىلمۇ خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق شىنجاڭ مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى.

كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچىيىش داۋامىدا سىياسىي ئۈزلۈكسىز ئۈستى. مەركەزدىن ئاپىلىق، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، بيۇروكراتلىقتىن، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش يولىدا چىڭ تۇرۇلدى. 2002 - يىلى «يېزا ئىگىلىكى نېمە ئۈچۈن»نىڭ قازاقچىسىدىن 5000 يۈرۈش تەرجىمە - نەشر قىلىنىپ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقىتىلدى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىنو كۆرۈشتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا 86 يۈرۈش كىنو ئاپپاراتى ھەل قىلىپ بەردى. تەشۋىقات - مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي سىياسىي ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. كادىرلار «ئۆگىنىشچانلىق قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، پارتىيە ئىستىلى - پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە ئىمتىھان ئېلىندى، مەسئۇلار بىلىم يېڭىلاش يۈزىسىدىن تەربىيىلەندى ۋە ئۇلاردىن سىناق ئېلىندى؛ ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرىنىڭ ۋە زاپاس كادىرلارنىڭ كۇرسى ئېچىلدى، 6 كادىر مەركەزدىكى مۇناسىپ تەشۋىقات ئورۇنلىرىغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتىلدى. ئورگان كادىرلىرىغا ھەم سىياسىي جەھەتتىن قاتتىق تەلەپ قويۇلۇپ، ھەم سىياسىي ۋە تۇرمۇش جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىنىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى ئۆستۈرۈلدى.

ما يۇڭجۇ

## ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 — 21 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا 70 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىندا مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى ۋە مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 - يىللىق بىرلىك سەپ خىزمىتى يەكۈنلىنىپ، 2002 - يىللىق بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ليۇ كەي

## ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى شىخەنزىدە ئېچىلدى، يىغىنغا 40 نەچچە كىشى قاتناشتى، يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئالماشتۇرۇپ ۋە دىنغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

ليۇ كەي

## پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ سۆھبەت يىغىنلىرى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ 5 قېتىم سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم شىنجاڭ خەلق سارىيىدا دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇللىرىنىڭ ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز ئەربابلارنىڭ چاغانلىق، قۇربان ھېيتلىق سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا 80 نەچچە كىشى قاتناشتى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ۋاڭ لېچۇەن دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغا پىكىر ئالدى.

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇللىرىنىڭ دۆلەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. ۋاڭ لېچۇەن يىغىندا دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان رەھبەرلىرىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئۇ سۆزىدە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلاردىن مەركەزنى چۆرىدەپ، ئومۇمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل ۋە چارە - تەدبىر كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دېموكراتىك

پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىدىكىلەرنىڭ 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى.

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىدىكى ئالاقىدار زاتلارنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (مۇزاكىرە نۇسخىسى) ئۈستىدە پىكىر ئالدى.

جاۋ يۈلەن

## پارتىيە سىرتىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنى سەپلەش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە سىرتىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنى سەپلەش خىزمىتىگە داۋاملىق ئەھمىيەت بەردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر پارتىيە سىرتىدىكى زاتتىن بىر كىشى ئوبلاست باشلىقى يارەمچىلىككە قويۇلدى. 34 ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك ھۆكۈمەتتە پارتىيە سىرتىدىكى مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر، رايون باشلىقى) قويۇلدى.

ئاڭ چاۋ

## دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى گومىنداڭ ئىنقىلابىي پارتىيىسى، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، دېھقان - ئىشچىلار پارتىيىسى 3 - سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرى 5 - ئايدىن 7 - ئايغىچە ئىلگىرى - ئاخىر قۇرۇلتاي ئېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسىنى سايلاپ چىقتى، 112 ئەزا، 39 دائىمىي ئەزا، 18 مۇئاۋىن مۇدىر، 6 مۇدىر يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سايلاندى. ئۇلارنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 53.6 بولۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 3.5 ياش تۆۋەنلىدى، ئالىي ئۇنۋانلىقلار 23 بولۇپ، %96نى ئىگىلەپ، %4 ئۆستى، ئايال 4 نەپەر بولۇپ، %17نى ئىگىلىدى، شۇنداق قىلىپ ساپانى ئۆستۈرۈش، ئاپپاراتنى ياخشىلاش، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولغان، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ تىرىشىپ ئىشلەيدىغان رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇش تەلىپى بىر قەدەر ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

جاۋ يۈلەن

## شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ تەشكىلىي تەرەققىيات ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئەزاسى 3839 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 29ى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، گومىنداڭ ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى 176 بولۇپ، 9ى كۆپەيدى؛ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى 1243 بولۇپ، بىرى كۆپەيدى؛ دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 379 بولۇپ، 10ى كۆپەيدى؛ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ 581 بولۇپ، 11ى ئازايدى؛ دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ 343 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولدى؛ 9 - سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 577 بولۇپ، 20سى كۆپەيدى. دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھ ئەزالىرى ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار 1557 بولۇپ، %40.6نى، ئوتتۇرا ئۇنۋانلىقلار 1505 بولۇپ، %39.2نى ئىگىلەيدۇ؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 2890 بولۇپ، %75.3نى ئىگىلەيدۇ؛ ئوتتۇرىچە يېشى 55.8.

پاڭ جىجياڭ

## ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە 4 ئاز سانلىق مىللەت كادىر مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى شياڭگاڭ پېيخۇا مائارىپ بازىسىدا ئاچقان ئاز سانلىق مىللەت ئوبلاست باشلىقلىرىنىڭ 15 - قارارلىق ئىقتىساد باشقۇرۇش مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشتى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە 36 ئاز سانلىق مىللەت كادىر مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ سۇجۇ شۆبىسىدە شىنجاڭ ئۈچۈن ئاچقان ناھىيە دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ 8 - قارارلىق ئىقتىساد باشقۇرۇش كۇرسىغا قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ناھىيە دەرىجىلىك 6 ئاز سانلىق مىللەت كادىر مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى يۇقىرىدا دېيىلگەن مەكتەپتە ئاچقان 24 - قارارلىق ئىقتىساد باشقۇرۇش كۇرسىغا قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە مېھمانسارايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت باش دىرېكتورلىرىدىن 4 كىشى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى بىلەن شياڭگاڭ پېيخۇا مائارىپ بازىسى بىرلىشىپ گۇاڭدۇڭ جۇخەيدە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاچقان مېھمانسارايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت باش دىرېكتورلىرىنىڭ 4 - قارارلىق كۇرسىغا قاتناشتى.

ۋېي شىڭجاڭ

## بىرلىك سەپتىكى ئىككى قوشۇننى تەربىيىلەش ئەھۋالى

2002 - يىل 1 - ئايدىن 11 - ئايغىچە ئاپتونوم رايوندا بىرلىك سەپتىكى ئىككى قوشۇننى تەربىيىلەيدىغان ھەرخىل كۇرستىن 20 قارار ئېچىلىپ، 2665 ئادەم تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە، دىنىي زاتلار كۇرسىدىن 10 قارار ئېچىلىپ، 2015 ئادەم تەربىيىلەندى؛ يېزا - بازارلارنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن شۇجىلىرىنىڭ كۇرسىدىن 4 قارار ئېچىلىپ، 420 ئادەم تەربىيىلەندى؛ پارتىيە سىرتىدىكى ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىلىپ، 30 كىشى تەربىيىلەندى؛ تەيۋەنگە ئالاقىدار كادىرلار كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىلىپ، 40 ئادەم تەربىيىلەندى؛ مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى شىنجاڭدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى، مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى ئۈچۈن ئاچقان بىر قارار كۇرستا ئالاقىدار خادىملاردىن 60 ئادەم تەربىيىلەندى؛ مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ يەنتەي، سۇجۇ شۆبىلىرى ئاچقان ناھىيىلىك، شەھەرلىك بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرىنىڭ 2 قارار كۇرسىدا 60 ئادەم تەربىيىلەندى.

تاڭ چاۋ

## ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىدا ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار كۇرسىدىن 10 قارار، خۇيزۇ ئاخۇنلار كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتتىن 2015نى تەربىيىلىدى. تەربىيىلەشتە جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمام، خاتىپلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىندى. كۇرسانتلار كۇرستا پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرى ۋە باشقا ئالاقىدار سىياسەتلىرى، قانۇن-نىزاملار، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى، مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، ئۈرۈمچى بۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، گۇاڭخۇي گۇرۇھى قاتارلىق زامانىۋى سانائەت بازىلىرى ۋە كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

غالىپ ساۋۇت

## ئاپتونوم رايوندا دىن خىزمىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى

2002 - يىل 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۆڭتىڭى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر كومىتېتى، بىڭتۇەن پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن 20 نەچچە كىشىلىك 3 بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 40 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 40 نەچچە ناھىيە (شەھەر) ۋە قىسمەن يېزا، بازار، كەنتلەرگە ھەم بىڭتۇەنگە قاراشلىق 14 ئورۇنغا بېرىپ، دىن خىزمىتى ۋە دىنىي مەسىلە ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 8 نۇسخا تەكشۈرۈش دوكلاتى تەييارلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنىنى ياخشى ئېچىشتا مۇھىم ئاساس سېلىپ بەردى.

لىۇ شىنيۇ

## ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئىچكى ئۆلكە (شەھەر) لەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇلدى

ئاپتونوم رايون 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە، 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ 8 -، 9 - قېتىملىق ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەپ، بېيجىڭ، شاڭخەي، شەندۇڭ، جېجياڭ قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئىسلام دىنىدىكى 50 ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتتىن تەركىب تاپتى. ئۇلار ئېكسكۇرسىيە ئارقىلىق بىر قېتىملىق جانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىگە ئىگە بولدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

غالىپ ساۋۇت

## دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇللىرىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش كۇرسى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 27- كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇللىرىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى. كۇرسقا 42 كىشى قاتناشتى.

جاۋ يۇلەن

## شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى كومپارتىيىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن فوتو سۈرەت، ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى

بۇ كۆرگەزمە 2002 - يىل 10 - ئايدا ئۆتكۈزۈلدى،

كۆرگەزمىگە فوتو سۈرەت، ھۆسنخەت، جۇڭگوچە رەسىم، ماي بوياق رەسىم بولۇپ 70 نەچچە پارچە ئەسەر قويۇلدى. كۆرگەزمىنى دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلارنىڭ ئەزالىرى ۋە ئۇلار ئالاقە باغلىغان ئاممىدىن 2000غا يېقىن ئادەم ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

جاۋ يۈلەن

## ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق 33 كارخانىنىڭ مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 37 مىليارد 450 مىليون يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %8.7 ئاشتى، ئىگىدارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى 11 مىليارد 590 مىليون يۈەن بولۇپ، %15.4 ئاشتى، ئوتتۇرىچە ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 1.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، سېتىش كىرىمى 17 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.3 ئاشتى.

پارتىيە قۇرۇلۇش خىزمىتى    ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پەيدىنپەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىنىڭ ئىچكى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئاساس سالدى. 1 - ئىيۇل ھارپىسىدا تۇنجى قېتىملىق ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلىپ، 25 كارخانا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 60 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 40 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى تەقدىرلەندى. 16 - قۇرۇلتاي چاقىرىلغاندىن كېيىن كارخانا خىزمەت كومىتېتى 4 قارار كۇرس ئېچىپ 205 رەھبەرنى تەربىيىلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە 18 كارخانىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەكشۈرۈپ، 17 كارخانىنىڭ 72 رەھبىرىي خادىمىنى تەڭشىدى، 10 كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار ۋە ئۇلار قاراستىقىدىكى ئورۇنلاردىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن 56گە، ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن 48گە، رايون، ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن 55كە يەتتى. 28 ئاساسىي قاتلام ئورۇنغا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى دېگەن نام بېرىلدى، 3 كىشى مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى، 9 كىشى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئون ساھەدىكى 100 ياخشى» ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش    پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 4 - قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى ئېيى ۋە ئىبرەت تەربىيىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام قائىدە - بەلگىلىمىلىرىنى ئۆگىنىش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 3400 كىشىدىن سىناق ئېلىندى. «ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرى رەھبىرىي خادىملىرىنىڭ پاك - ئىنتىزاملىق بولۇشىغا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر» تۈزۈپ تارقىتىلىپ، كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى، پاك - ئىنتىزاملىق بولۇش ئېڭى كۈچەيتىلدى، بېرىلگەن سوۋغا، پۇلنى يۇقىرىغا تاپشۇرغانلار 96 ئادەم - قېتىم بولۇپ، قىممىتى 350 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

2002 - يىلى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى ئامما مەلۇم قىلغان ماتېرىيالدىن 406 پارچە تاپشۇرۇۋېلىپ، 167 پارچىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ، 63نى دېلو قىلىپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ 50نى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 6 مىليون 900 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىياننى قايتۇرۇۋالدى. 40 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، 38 كىشىگە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، 20 كىشى ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى، بىر تەرەپ قىلىنغانلار ئىچىدە، كارخانا رەھبىرى 14، ئوتتۇرا قاتلام كادىر 20.

ئۈنۈم تەپتىشلىكى پائال قانات يايدۇرۇلدى، 174 تۈر تۇرغۇزۇلدى، باشقۇرۇشنى ياخشىلاشقا دائىر 571 پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 48 مىليون 580 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى. مالىيە نازارەتچىلىكى كۈچەيتىلىپ، «كىچىك خەزىنە»لەر ئېنىقلىنىپ 970 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ يىغىۋېلىندى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كەسپى بويىچە 762 ئادەم - قېتىم تەربىيىلەندى.

تەكشۈرۈش خىزمىتى    2002 - يىلى 20 كارخانىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش، 9 كارخانىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، 20 پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى، 16 پارچە مەخسۇس تۈردىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىلىپ، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىنغانلىقىدىن گۇمان قىلىنغان يىپ ئۇچلىرى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىنىدى ھەمدە بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈنۈملۈك

قوغدالدى.

ساقلانغان مەسىلىلەر 1. كارخانىلارنىڭ تۈزۈم ئۆزگەرتىش ئىشى ئەقلەشمىگەن، بەزىلىرى تۈزۈمنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كونىچە ۋە ئۈسكىنىسى ئالماشتۇرۇپلا قويغان، مۈلۈك ھوقۇقى قۇرۇلمىسى بىر خىللا بولۇپ قالغان، قانۇنىي ئىگە ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولمىغان. 2. بەزى كارخانىلار چوڭ - چوڭ تەدبىرلەردە ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا تولۇق ئەھمىيەت بەرمىگەن، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

كارخانا خىزمەت كومىتېتى

## ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «ئورگان ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش يىلى»، «تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يىلى»، «ئەخلاق قۇرۇلۇشى يىلى»غا دائىر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى. 16 - قۇرۇلتاينى كۈتۈۋېلىش، ئىلغار - نەمۇنىچى بولۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى، «مەدھىيىمىزنى قەدىردان پارتىيىگە بېغىشلايمىز» ناملىق چوڭ تىپتىكى دېكلاماتسىيە قىلىش — ناخشا ئوقۇش يىغىنىنى ئۇيۇشتۇردى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتتىكى نەمۇنىچىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش يىغىنى ئاچتى؛ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا مەدھىيە» ناملىق ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

ئورگانلارنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئاساسىي ئەھۋالىغا دائىر ئۈچ تۈر ئامبىرى قۇرۇپ چىقىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، پارتىيە ئەزالىرى ئۈستىدە سىستېمىلىق، قېلىپلاشقان باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. باھار بايرىمى ئالدىدا 116 ئورۇندىكى 2000دىن ئارتۇق پارتىيە تەشكىلاتىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى قىيىنچىلىقى بار 32 كارخانىغا بېرىپ تەشكىلىي تورمۇش ئۆتكۈزدى، 520 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار 1035 ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسىدىن ھال سورىدى. كۆزنەك ئورۇنلار ۋە فۇنكسىيىلىك تارماقلار نازارەتچىلىك تېلېفونى ۋە پىكىر ساندۇقى تەسىس قىلىپ، ئىجتىمائىي نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى. پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى نەمۇنىچىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

ئورگان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئورگانلار ئارا «چاكار لوڭقىسى» تىكتاك توپ مۇسابىقىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاممىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى، مەمۇرلارنىڭ كەسپىي ساپا مۇسابىقىسى قاتارلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىنىپ، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئورگانلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ياڭ چىبىڭ

## سىياسىي قانۇن خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن تارماقلىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، مەركەزنىڭ تۈزەش ۋە «قاتتىق زەربە بېرىپ» تۈزەش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى كۈچلۈك قوغداپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

1. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قاتتىق زەربە بېرىلدى. ھەر قايسى سىياسىي قانۇن تارماقلىرى تېررورلۇققا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتىكى قوماندانلىق، ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. ئالاقىدار دۆلەتلەر ۋە ئىچكى ئۆلكە - رايونلار بىلەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، مۇداپىئە كۆرۈش ۋە زەربە بېرىشتە بىرلەشمە كۈچ شەكىللەندۈردى. تېررورلۇققا قارشى قەرەللىك تۈردە ئەمەلىي مانېۋىر ئېلىپ باردى. «فالۇن گۇڭ» بىدئەت تەشكىلاتىنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى تەرتىپكە سېلىپ، تەڭشەپ ۋە تولۇقلاپ، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ پۇختا ئاساسىنى قۇردى. «چېگرىنى پۇختىلاپ ئىچكى قىسمىنى مۇقىملاشتۇرۇش» جەھەتتىكى تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چېگرىدىكى مۇداپىئە سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ، چېگرا رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنىدا بەلگىلەنگەن كونكرېت

خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى.

2. «قاتتىق زەربە بېرىش» فاڭجېنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن تارماقلىرى بىر قاتار مەخسۇس كۈرەشلەرنى قانات يايدۇرۇپ، زوراۋان تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى قىسمەن رايونلاردا ئۇزاقتىن پاراكەندىچىلىك قىلىپ كەلگەن ئەھۋالنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى. 2002 - يىلى جىنايەتچىلەر شايكىسىدىن 1393نى پاچاقلاپ، جىنايەت گۇماندارىدىن 31 مىڭ 527نى قولغا چۈشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە قارا جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالغان گۇرۇھ 4 بولۇپ، ئەزاسى 12. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى قانۇن بويىچە «ئېغىرلىتىپ، تېز جازا بېرىش» فاڭجېنى ۋە «ئىككى ئاساسەن» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر تۈركۈم ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى قانۇن بويىچە جازالىدى. «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى ئارقىلىق ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايىتى دېلولىرى زور دەرىجىدە ئەدەپ كېتىۋاتقان ئەھۋال ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

3. چىرىكلىككە قارشى كۈرەش زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، قانۇن مۇلازىمەتچىلىكى كۈچەيتىلدى. 2002 - يىلى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ۋە ھەرخىل ۋەزىپە جىنايىتى دېلوسىدىن 751 نى تۇرغۇزۇپ ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەت ئۈچۈن 57 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىياننى قايتۇرۇۋالدى. 2002 - يىلى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھەق - تەلەپ، سودا ئىشلىرى، مەمۇرىي ئىشلار، تەپتىشلىك، دۆلەت تۆلىمى، ئىجرا قىلىش قاتارلىقلارغا دائىر دېلودىن 225 مىڭ 900 نەچچىنى قوبۇل قىلىپ، 220 مىڭدىن ئارتۇقىنى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى. ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ۋە خەلق مۇرەسسە خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى، «148» قانۇن مۇلازىمىتى مەخسۇس لىنىيىسى يەنىمۇ ئومۇملاشتى ۋە مۇكەممەللەشتى.

4. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە يېڭى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئامانلىقنى قوغداش، مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاممىۋى مۇداپىئە - ئاممىۋى تۈزەش قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلدى. زىددىيەت - ماجىرالارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ئېنىقلاپ تۈزەش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، زور تۈركۈمدىكى كوللېكتىپ ۋەقەلەرنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە ئوبدان بىر تەرەپ قىلىندى. ئاساسىي قاتلامدا ئامانلىق بەرپا قىلىش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، بىخەتەر - مەدەنىي مەھەللىلەرنىڭ شەھەر - بازارلارنى قاپلاش نىسبىتىنى %80كە يەتكۈزۈش، يېزىلارنى قاپلاش نىسبىتىنى %60تىن ئاشۇرۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاقما نوپۇسلارنى باشقۇرۇش، تەربىيىلەش ۋە ئۇلارغا قارىتىلغان مۇلازىمەتچىلىك قانۇن بويىچە كۈچەيتىلدى، ئىجارە ئۆيلەرنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش، ئاقما نوپۇس باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش بويىچە مەخسۇس ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىپ، سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. جەمئىيەت يۈزىدىكى كونتروللۇق كۈچەيتىلدى، بولۇپمۇ جىنايى جازا - ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەنلەر، «فالۇن گۇڭ» ئۇنسۇرلىرى قاتارلىق ئۆقتىلىق كىشىلەرگە قارىتىلغان نازارەتچىلىك - كونترول تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىر تەكلىپ قىلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، «ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لېكسىيە ئۆمىكى» تەشكىل قىلىندى، كارخانىلارنىڭ مەكتەپ ۋە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا ئامانلىق ساقلاش مۇھىتى بەرپا قىلىش، تۈزەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە دائىر چوڭ دېلو (ۋەقە) لارنى تەكشۈرۈپ سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى» ئىجرا قىلىنىپ، رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، «بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىش» ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلدى.

5. دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇش قانۇن بويىچە كۈچەيتىلدى. «قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، سىڭىپ كىرىشنى توسۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىش» پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتى قوغدالدى. دىنىي رادىكال كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىياسىي، مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئارىلىشىش ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە قەتئىي زەربە بېرىلدى. بەزى جايلاردا قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ئەسەبىيلىشىپ كەتكەن ئەھۋال توسۇپ قېلىندى.

6. سىياسىي قانۇن خىزمىتى ئىسلاھاتىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. خەلق سوت مەھكىمىسى ئىچكى ئاپپاراتلارنى تەڭشەپ، «دېلو تۇرغۇزۇش، سوت قىلىش، ئىجرا قىلىش» ئاپپاراتلىرىنى ئايرىپ تەسىس قىلىپ، باش سوتچى بىلەن خاس سوتچىنى تاللاپ بەلگىلەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. سوت قىلىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوچۇق سوت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، سودىيىلەرنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى، ئىجرا خىزمىتىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزدى. خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش

ئەيىبلىگۈچى ئەيتىش دېلو بېجىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئەيتىش ئىشلىرىنى ئاشكارىلىدى، رازۋېدكا قىلىش ـ نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى. ج خ تارماقلىرى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تۈزۈلمىسى ۋە ساقچىخانا خىزمىتى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېز ئىنكاس قايتۇرۇش مېخانىزمىنى كۈچەيتتى، ساقچىلىق ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش، ساقچىلىق مۇپەتتىشلىكى تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى، چېگرا مۇداپىئە تۈزۈلمىسى، نوپۇس باشقۇرۇش، چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققانلارنى باشقۇرۇش، ج خ بويىچە مەمۇرىي تەستىقلاش قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلدى. دۆلەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، «تىك رەھبەرلىك، ئىككى دەرىجىلىك باشقۇرۇش»نى يولغا قويدى. ئەدلىيە مەمۇرىي تارماقلىرى تۈرمە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈردى، ئادۋوكاتلىق، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، قانۇنىي ياردەم تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ مۇكەممەللەشتۈردى، خەلق مۇرەسسە خىزمىتىنى ياخشىلىدى. سىياسىي قانۇن تارماقلىرى كادىر باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدلىيە جەھەتتىن بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئەدلىيە ئىسلاھاتىنى پۇرسەت بىلىپ، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش، ئاخبارات جامائەت پىكرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

7. سىياسىي قانۇن قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، ئومۇمىي ساپاسى يەنىمۇ ئۆستى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن تارماقلىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى مەركەزلىك تەربىيىلەش ـ تۈزەش پائالىيىتى، غايە، ئاساسىي مەقسەت تەربىيىسى ۋە تۈرلۈك كەسپىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ، كادىر ـ ساقچىلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈردى. كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، ئوتتۇرا قاتلام كادىرلارنى رىقابەت ئاساسىدا ئىش ئورنىغا چىقىرىش، ئادەتتىكى كادىرلارنى ئىككى يۆنىلىشتە تاللاش يولىنى تۇتتى. «خەلق رازى سىياسىي قانۇن كادىر ـ ساقچىسى (ئورنى) بولۇش» پائالىيىتىنى تۈرتكە قىلىپ، قوشۇن قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىياسىي قانۇن قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. مۇرات، يەن ئۆچۈن، جاۋ شىنمىن قاتارلىق زور بىر تۈركۈم قەھرىمان ـ نەمۇنىچىلار مەيدانغا كەلدى.

ئابلىز ھوشۇر، ۋاڭ يىتىڭ

## مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى

1. مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا دائىر قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، مەخپىيەتلىككە چېتىلىدىغان خادىملارنىڭ دۆلەت مەخپىيىتىنى ساقلاشتىكى ئاڭلىقلىقى ئۆستۈرۈلدى. 2002 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەربىيىسى دەرسى تەسىس قىلىش پىلانى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتى. ھەر دەرىجىلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى تارماقلىرى مەخپىيەتلىككە ئالاقىدار خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتتى، 180 نەچچە خادىم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەربىيىلەشكە قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى 1989 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە تارقاتقان مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا دائىر نىزاملار ۋە قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر ئېنىقلاپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 20 ئورگاننىڭ مەخپىيەت دەرىجىسىنى بېكىتىش خىزمىتى تەكشۈرۈلۈپ، مەخپىيەت دەرىجىسىنى بېكىتىشنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى.

2. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، مەمۇرىي ئىشلاردا قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىنىپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىشىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش مۇھىم تارماق ـ ئورۇنلىرىنى بېكىتىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى. 2002 ـ يىلى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش دېلوسىدىن 12سى يۈز بەردى، بۇنىڭدىن 7سىگە دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، 3 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى. دۆلەت دەرىجىلىك ئىمتىھانلارنى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بويىچە باشقۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىش مېخانىزمى ئورنىتىلدى، نۇقتىلىق قىلىپ بەلگىلەنگەن باسما زاۋۇتلىرىنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى بېسىش ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ماتېرىيال تەكشۈرۈش ۋە مەخپىيەت دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، 600 مىڭ خەتلىكتىن ئارتۇق ماتېرىيال تەكشۈرۈلۈپ، مەخپىيەتلىك دەرىجىسى باھالاپ بېكىتىلدى.

3. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى تېخنىكىلىق

تەكشۈرۈش ۋە مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. مەخپىيەتلىككە ئالاقىدار سىستېما توپلاش سالاھىيىتىگە ئىگە 2 - تۈركۈمدىكى 7 ئورۇننى مەلۇم قىلىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتى تاماملاندى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىدىكى رەھبەرلەرنىڭ خىزمەت ئۆيى ۋە مۇھىم يىغىن مەيدانلىرى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى. كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ تېخنىكىلىق مۇداپىئە تەدبىرلىرى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. يىغىن كاشىلا ئەسۋابى، ئېلېكترونلۇق مەخپىي شىفىر ئىشكاپى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر كەڭ قوللىنىلدى.

4. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنىڭ يېڭى تەسەۋۋۇر، يېڭى يوللىرى يارىتىلدى. مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە يېڭى ئىچكى ۋەزىيەت ھەم شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىككە، تېررورلۇققا قارشى كۈرەشنىڭ 1 - سېپىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدەك ئەھۋال شۇنىڭدەك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بىلەن مەخپىيەتلىكنى ئوغرىلاش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىۋاتقان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە كۆزدە تۇتۇلۇپ، 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 28 ناھىيە (شەھەر) ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 52 ئورۇن نىشانلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى ئۈستىدە ئەستايىدىل تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى.

ئې شيەن

## پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدا دەم ئېلىشقا چىققان كادىر 14 مىڭ 843، بۇنىڭ ئىچىدە پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى 88، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىنقىلابقا قاتناشقان كادىر 2527، ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىنقىلابقا قاتناشقان كادىر 12 مىڭ 228.

1. پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى تارماقلىرى پېشقەدەم كادىرلارنى جياڭ زېمىننىڭ «31 - ماي» مۇھىم سۆزىنى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، پېشقەدەم كادىرلارغا سىياسىي جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتتى. جايلار ۋە ئورۇنلار دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈزۈملەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ تۈرلۈك تەشكىلىي پائالىيەتلىرىگە نورمال قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارغا قىلىنىدىغان سىياسىي مۇئامىلىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشنىڭ تەشكىلىي ئاساسىنى كۈچەيتتى. پېشقەدەم كادىرلار پائالىيەت مەركىزى (ئۆيى) نىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. ئازكەم 100 مىڭ پېشقەدەم كادىر تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلىنىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

2. «ئۈچ مېخانىزم»نى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. جايلار ۋە ئورۇنلار «ئورۇن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، جەمئىيەت بىر تۇتاش غەملەش، مالىيە ياردەم بېرىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئالاقىدار سىياسەتلەرنى بىر بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئاپتونوم رايون كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ داۋالىنىش راسخوتىنى ھەل قىلىش ۋە ۋەيران بولغان، تاقالغان كارخانىلاردىكى پېنسىيىگە چىققان خادىملارنى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇشنىڭ كونكرېت چارىسىنى بەلگىلىدى؛ دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ كۈتۈنۈش راسخوتىنىڭ ئۆلچىمىنى، ئالاھىدە ئېھتىياج راسخوتىنىڭ ئۆلچىمىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئاپتونوم رايون يەنە 31 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 351 خادىمنى قىيىنچىلىقى بار 31 كارخانىنىڭ خىزمىتىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىپ، كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ «ئىككى خىل تەمىنات»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. 2002 - يىلى 1204 پېشقەدەم كادىر ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ دەم ئېلىپ داۋالىنىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

3. ئەرزىيەت، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئۇچۇر ئامبىرى قۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە ھاسىل قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى تارماقلىرى ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئىنكاس قىلىنغان ھەربىر ئىشقا جاۋاپ قايتۇرۇپ، بىر - بىرلەپ بىر تەرەپ قىلىپ، بەزى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا دائىر ئىلمىي ماقالىدىن 80 نەچچە پارچە تاماملىدى، ھەرخىل ئۇچۇردىن ئازكەم 500نى يوللىدى. پېشقەدەم كادىرلار ئۇچۇر ئامبىرى قۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى، باشقۇرۇش تېخىمۇ قېلىپلاشتى، ئەمەلىي قوللىنىلىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا، 2 ، 3 - دەرىجىلىك ئۇچۇر ئامبارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى تەلەپ قىلغان ئۆلچەمگە ئاساسەن يەتتى.

زۇلڭ خې

## ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت ئىنستىتۇتى) خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت ئىنستىتۇتى) ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى دەۋرگە يېقىن ئەگەشتۈردى، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئەمەلىيىتىگە، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە يېقىنلاشتۇردى. يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش، كۆپ ۋاسىتىلىك ئوقۇتۇش قاتارلىق زامانىۋى ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرى ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش، ئەھۋالنى تەقلىد قىلىش، دېلولارنى تەھلىل قىلىشقا ئوخشاش يېڭى ئوقۇتۇش شەكىللىرىنى قوللىنىپ، ئوقۇتۇش ۋە تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى. «ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پروگراممىسى»نى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تۈزۈپ، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشتا ئالاقىدار بولغان رىغبەت ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈردى.

2002 - يىلى «WTO» ئاساسىي قائىدىلىرى ۋە بىلىملىرى كۇرسى، «كادىرلارنى ئاللاپ ئىشقا قويۇش نىزامى»نى ئۆگىنىش كۇرسى، 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش كۇرسىدىن كۆپ قارار ئېچىپ، 3000دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم)نى تەربىيىلىدى.

2002 - يىلى پەن تەتقىقات خىزمىتىدە يۈرۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. دۆلەت دەرىجىلىك تېمىدىن 3نى، ئۆلكە دەرىجىلىك تېمىدىن 4نى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، بىر ھەمكارلىق تېمىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، 300 مىڭ يۈەن راسخوت ئىلتىماس قىلىندى. پەن تەتقىقات خىزمىتىنى باشقۇرۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى تۈزۈلۈپ، ۋە رىغبەت - چەكلەش مېخانىزمى بەرپا قىلىنىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئالاقىدار خادىملارنىڭ پەن تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى.

«ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش يىلى»نى پۇرسەت بىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. 45 ياشتىن تۆۋەن مىللىي ئوقۇتقۇچىلار خەنزۇچە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بويىچە مەركەزلىك تەربىيىلەندى، قىسمەن ئوقۇتقۇچىلار مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەردە ھەرخىل تېپتىكى كۇرسلاردا تەربىيىلەندى، قىسمەن ئوقۇتقۇچىلار چەت ئەللەرگە قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. ئوقۇتقۇچىلار يەنە كۆپ ۋاسىتىلىك، زامانىۋى ئوقۇتۇش ماھارىتى ۋە ۋاسىتىلىرى بويىچە مەركەزلىك تەربىيىلەندى.

ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى سىستېمىسى ئوقۇش تارىخى ماتېرىيالىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، پارتىيە مەكتىپى سىستېمىسىنىڭ ئوقۇش تارىخى ماتېرىيالى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى. قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لەردە ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى قۇرۇلۇپ، سىرتتىن ئوقۇش ماتېرىيالىنىڭ قاپلاش دائىرىسى كېڭەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 34 سىرتتىن ئوقۇش رايونى، ئوقۇتۇش نۇقتىسى ئۈستىدە باشقۇرۇشنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش بويىچە تەكشۈرۈش باھالاش ئېلىپ بېرىلدى.

ئاسپىرانت ماتېرىيالىدا كۆلەم تەدرىجىي كېڭەيدى، ئاسپىرانت 800گە يەتتى. 2001 - يىلى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئوقۇتۇش نۇقتىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 2002 - يىلى يەنە 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئوقۇتۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى.

ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى

## ئاپتونوم رايوننىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان قايتا تەربىيە

2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەسپسىز خادىم — تۇرسۇنجان ئەمەت شىنجاڭ خەلق سارىيىدا 2000دىن ئارتۇق كۆرۈرمەن ئالدىدا ئىجتىمائىي رېئاللىققا ھۇجۇم قىلىدىغان، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ، ئىنتايىن يامان ئىجتىمائىي، سىياسىي تەسىر پەيدا قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان ئېغىر مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ، 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ 3 ئاي ۋاقىت چىقىرىپ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندىن كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات - مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى ھەر قايسى تارماق، ئورۇنلار ۋە ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتى دولقۇنىنى دەرھال قوزغىۋەتتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ، 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست،

شەھەرلەردە، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ پائالىيەت ئاپتونوم رايوندا ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى 11 مىڭ 70 ئورۇن، 490 مىڭ 627 كادىر، ئوقۇغۇچى قايتا تەربىيە پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئۈن-سىن نەشرىياتچىلىق ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىكى 29 مىڭ 57 كەسپكار كۈرەستا تەربىيىلەندى.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان قايتا تەربىيە پائالىيىتى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش يولىدىكى ئۆيتىن تۈزەش تەدبىرى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش تەربىيىسى»، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئۆگىنىشىدىن كېيىنكى تەشكىللەش سالمىقى ئەڭ زور، ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولغان بىر قېتىملىق ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى بولدى.

ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش، دوكلات ئاڭلاش، كۆرگەزمە كۆرۈش قاتارلىق شەكىللەردىكى تەربىيە پائالىيىتى ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى يەنىمۇ ئۆستى، ئۇلار مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرگەن، بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرىنى ۋە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پائالىيەت ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرىدىغان قويۇق كەيپىيات بارلىققا كەلدى. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەر مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، مۇداپىئە كۆرۈش - باشقۇرۇش تەدبىرلىرى كۈچەيتىلدى.

شىن جيەنخۇا

## بىدئەتچىلىك مەسىلىسىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى جايلار ۋە تارماقلار «فالۇن گۇمپىسى» قاتارلىق بىدئەت تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى «فالۇن گۇمپىسى»غا دائىر بىر تۈركۈم جىنايەت دېلولىرىنى پاش قىلىپ، بىر تۈركۈم «فالۇن گۇمپىسى» يوشۇرۇن تەشكىلات - شايكىلىرىنى، يوشۇرۇن ئۇۋىلىرىنى پاچاقلاپ، «فالۇن گۇمپىسى»غا دائىر نۇرغۇن تەشۋىق ۋەرەقى، كىتاب، ئۈن دىسكىسى قاتارلىق ئەكسىيەتچى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، «فالۇن گۇمپىسى» يوشۇرۇن تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بەردى. ھەر دەرىجىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە تارماقلىرى قائىدە - تۈزۈملەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆرسىتىش، ئاڭلىتىش ئۈسكۈنىلىرى جەھەتتىكى تېخنىكىلىق مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى ۋە لىنىيىنى مۇداپىئە قىلىش - ئاسراش كۈچىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى مەزگىلىدىكى رادىئو - تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش لىنىيىلىرىنىڭ ۋە ئاڭلىتىش - كۆرسىتىش ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار «مۇتلەق كۆپ سانلىق بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، تەربىيىلەش، قۇتقۇزۇش» قائىدىسىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، تەربىيىلەش - ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ ئۇسۇللىرى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى، نۇرغۇن كۈچ ۋە خىراجەت چىقىرىپ قانۇنچىلىق بويىچە تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، تۇرمە سىستېمىسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان، جازا ھۆكۈم قىلىنغان «فالۇن گۇمپىسى» خادىملىرىنى تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش سالمىقىنى ئاشۇردى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ئىجتىمائىي ياردەم - تەربىيە بېرىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، زور بىر تۈركۈم «فالۇن گۇمپىسى» مەستانىلىرىنى ئۈنۈملۈك تەربىيىلەپ قۇتقۇزىۋالدى. جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئۆزگەرگەن «فالۇن گۇمپىسى» خادىملىرىغا تۇرمۇش، خىزمەت، ئۆگىنىش جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى يېڭىۋاشتىن نورمال ئادەمدەك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ھەر دەرىجىلىك ئاخبارات ۋاستىلىرى مەركىزىي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇھىم خەۋەرلىرىنى ئۇلاپ بېسىش، ئۇلاپ ئاڭلىتىش، كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى «فالۇن گۇمپىسى» ئۇنسۇرى لىن چۈنمېي، ۋېي يۈيىڭنىڭ قاتىللىق دېلوسىنى مەخسۇس خەۋەر قىلدى. جايلار ۋە تارماقلار ئاممىنى ئاڭلاش، كۆرۈش، مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، تەشۋىق قىلىش، پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش دولقۇنىنى قوزغىدى. سۈرەت كۆرگەزمىسى ئېچىش، مەخسۇس فىلىم كۆرۈش، مۇزاكىرە يىغىنى، پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش يىغىنى ئېچىشقا ئوخشاش شەكىللەر ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بىدئەتچىلىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون 7 نۇقتىلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە بىدئەتچىلىك مەسىلىسىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل دائىمىي ئاپپارات تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست،

شەھەرلەرمۇ مەخسۇس خادىم قويدى. قەشقەر ۋىلايەت، ئوبلاستلار بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسى ئېغىر بولغان ناھىيە، شەھەرلەردە دائىمىي ئاپپارات تەسىس قىلدى. ئىدىيەۋى قۇرۇلۇش، ئىستىل قۇرۇلۇشى، كەسپىي قۇرۇلۇش خىزمىتى ئېتىبار بىلەن تۇتۇلۇپ، تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ش ئۇ ئا ر بىدئەتچىلىكتىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشخانىسى

## تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى

1. تاشقى ئىقتىسادىي تەشۋىقات

1) تۇنجى نۆۋەتلىك ساياھەت بايرىمىغا ماسلاشتۇرۇپ، تاشقى تەشۋىقات قانات يايدۇرۇلدى. 2002 - يىلى «شىنجاڭ مەنزىرىسى سەپىرى» — تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ساياھەت بايرىمى شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى يېڭى ئوبرازىنى ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتىن يارىتىپ، غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدىكى چوڭ تىپتىكى تاشقى تەشۋىقات پائالىيىتى قىلىندى. بايرامدىن ئىلگىرى بېيجىڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، بېيجىڭ رايونىدىكى 30 نەچچە ئاخبارات ئورنى خەۋەر بېرىشكە تەشكىللەندى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2 - يورۇش پروگراممىسىدا ئالتۇن ۋاقىتتا ئېلان بېرىلىپ تەشۋىق قىلىندى. ساياھەت بايرىمى مەزگىلىدە، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە 3 مەيدان كونسېرت قويۇلدى؛ 60 نەچچە ئاخبارات ۋاسىتىسىنىڭ مۇخبىرلىرى جەنۇبىي، شىمالىي، ئوتتۇرا شىنجاڭ لىنىيىسى بويىچە زىيارەت ئېلىپ باردى؛ «ياخشى خەۋەر مۇكاپاتى» باھالاندى. مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى 250 ساياھەت كوپېراتىپىدىن كەلگەن سودىگەرلەر، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى 100 ئاخبارات ۋاسىتىسىنىڭ مۇخبىرلىرى بايرام پائالىيىتىگە قاتناشتى، بايرام مەزگىلىدە 3000 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر بېرىلدى، بۇ مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى 10 مىڭغا يېقىن ساياھەتچىنى جەلپ قىلىپ، خېلى ياخشى تەشۋىقات ئۈنۈمى ھاسىل قىلىندى.

2) 11 - نۆۋەتلىك «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى» دىكى تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى. بۇ ھەقتە ئومۇمىي لايىھە تۈزۈلۈپ، بېيجىڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. يەرمەنكە مەزگىلىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىدىن 500گە يېقىن كىشى يەرمەنكىگە قاتنىشىپ خەۋەر بەردى، 3200 پارچە خەۋەر ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەركىزىي ئاخبارات ۋاسىتىلىرى بىلەن چەت ئەل ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ خەۋىرى 200 پارچىدىن ئاشىدۇ. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى «مەملىكەت خەۋەرلىرى، خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگراممىسىدا يەرمەنكىنىڭ ئېچىلىش - يېپىلىش مۇراسىمىنى خەۋەر قىلدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ باشقا قاناللىرى ۋە ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تونۇشتۇردى. ئېچىلىش مۇراسىمىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ۋە جۇڭگو - چەت ئەل مۇخبىرلىرىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى پۇختا تەشكىللەندى.

2) تاشقى ئاخبارات خەۋەرلىرى. جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلار ئۆمەكلىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشقا نىشانلىق تەكلىپ قىلىندى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 80 نەچچە مۇخبىرلار پونكىتى 3900 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر بەرگەن؛ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەر مەركىزى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىغا شىنجاڭ خەۋەرلىرىدىن 600 نەچچە پارچە يوللىغان، ئۇنىڭ 330 نەچچىسى ئىشلىتىلگەن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەلقئارا قانىلى شىنجاڭنىڭ خەۋەرلىرىنى 150 مىنۇت بەرگەن؛ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى مۇنتىزىم ھەمراھقا ۋە تورغا چىقىرىلىدىغان پروگراممىلارنى پۇختا ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى. شىنجاڭ بويىچە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ زىيارەت ئۆمىكىدىن 400 نەچچە تۈركۈم، 1000دىن ئارتۇق مۇخبىر، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۆمىكىدىن 9 تۈركۈم، 200دىن ئارتۇق ئادەم - قېتىم تەكلىپ قىلىندى.

3) شىنجاڭغا ئالاقىدار، تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. يىل بېشىدا مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى ۋە ج خ، دۆلەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى قاتارلىق ئالاقىدار ئورگانلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، «(شەرقىي تۈركىستان) تېررورچى كۈچلىرى جىنايى جاۋابكارلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنىڭ ئېلان قىلىنىشى يۈزىسىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىلدى؛ مەركەز مۇخبىرلىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» چىلارنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدىغان مەخسۇس فىلىمىنى سۈرەتكە ئېلىشىغا ھەمكارلاشتى. 7 - ئايدا مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىپ، 40 نەچچە ئورۇننى ئۇيۇشتۇرۇپ، 10 نەچچە مەيدان سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى؛ توردىن «شەرقىي تۈركىستان» چىلارنىڭ ئەھۋالىغا دائىر تەخمىنەن 115 مىڭ خەتلىك 61 پارچە ماقالە، 11 پارچە سۈرەت

ئېلىندى؛ مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسىدىكىلەر بىلەن بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىلىش، «شەرقىي تۈركىستان»چىلارنىڭ ماھىيىتىنى پاش قىلىش مەزمۇنىدىكى تاشقى تەشۋىقاتنى نىشانلىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئادەم ئەۋەتىلدى. 9 - ئايدا شىنجاڭغا تەكشۈرۈش - زىيارەتكە كەلگەن قازاقىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھەسەنوف پەرھاد ھايىبوۋىچ باشچىلىقىدىكى 6 كىشى كۈتۈۋېلىندى.

ئاساسەن روسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپا رۇس تىلى رايونىدىكى دۆلەتلەرگە يۈزلەنگەن «قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى» ژۇرنىلى 19 سان نەشر قىلىنىپ، 90 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق بېسىلدى ھەمدە بۇ ژۇرنال شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى تەركىبىدىكى دۆلەتلەرگە قاتنايدىغان 7 لىنىيىدىكى خەلقئارا ئۇۋۇتچى ئايروپىلانىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

4. تور ئاخبارات تەشۋىقاتى خىزمىتى. 2002 - يىلى شىنجاڭدا نۇقتىلىق ئاخبارات تورى — تەڭرىتاغ تورى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسى باشقۇرىدىغان شىنخۇا تورى شىنجاڭ پونكىتى، جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسى باشقۇرىدىغان شىنجاڭ ئاخبارات تورى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى باشقۇرىدىغان شىنجاڭ خەۋەرلىرى لىنىيىسى قاتارلىق ئاخبارات تور پونكىتلىرىنى ئاساس، ئۇنىۋېرسال خەۋىرىي ئاخبارات تور پونكىتى بولغان يىپەك يولى قىزىق لىنىيىسى قوشۇمچە قىلىنغان تور تەشۋىقات سېپى دەسلەپكى قەدەمدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى.

تەڭرىتاغ توردا تەڭرىتاغ باش بېتى، خەۋەر مەركىزى، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئۇچۇرلىرى، غەربنى ئېچىش قاتارلىق 11 زەنجىر تەسىس قىلىندى، ھەربىر زەنجىردە 100دىن ئارتۇق بالا سەھىپە ئېچىلدى، خەۋەرلەرنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە يېڭىلىنىش مىقدارى 80 ئەتراپىدا بولدى، 30 مىڭ پارچە خەۋەر يوللاندى، تەڭرىتاغ تورنىڭ رۇسچە نۇسخىسى بولغان چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى تور بېتىمۇ ئېچىلدى.

5. تاشقى مەدەنىيەت ئالاقىسى. 2002 - يىلى جۇڭگونىڭ ئاۋستىرالىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ۋە ئاۋستىرالىيە - جۇڭگو خەلقئارا ئالاقە مەركىزى، يېڭى زېلاندىيە ئاسىيا - تىنچ ئوكيان مەدەنىيەت ئالاقە مەركىزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ش ئۇ ئا ر تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى تەشكىللىگەن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى 51 كىشى ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيىگە بېرىپ 7 مەيدان زىيارەت ئويۇنى قويۇپ، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

10 - ئايدا ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭدىكى خەلقئارا دوستلارنىڭ «نەزەرىمىزدىكى شىنجاڭ» ناملىق سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، 12 دۆلەتتىن شىنجاڭدا ئىشلەش، ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن 53 مۇتەخەسسىس، ئوقۇتقۇچى، چەت ئەلدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى قاتناشتى. ئۇلار ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىگە دائىر سۈرەتلەر كۆرگەزمىسىنى كۆردى. بۇ پائالىيەتنى مەركەز، شىنجاڭ ۋە شياڭگاڭدىكى 20 نەچچە ئاخبارات ۋاسىتىسى تۈرلۈك شەكىللەردە خەۋەر قىلدى.

يىل ئاخىرىدا ماائارىپ نازارىتى، شىنجاڭ ماائارىپ خەلقئارا ئالاقە جەمئىيىتى بىلەن بىللە شىنجاڭدا چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇتەخەسسىس، ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە چەت ئەلدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئېچىلدى، 15 ئالىي مەكتەپتىن كەلگەن 200دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

6. تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئىشلەش ۋە تارقىتىش. 2002 - يىلى «شىنجاڭنىڭ تارىخى»، «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭنىڭ دىنى»، «شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئىقتىسادى» قاتارلىق تۈرلىرى تولۇق، قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولغان خەنزۇچە، چەت ئەلچە كىتابچىلەر نەشر قىلىندى، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇزىكىلىرىنىڭ CD پلاستىنكىلىرى ئىشلەندى ھەم تۈرلۈك يول، ئۇسۇللار بىلەن تارقىتىلدى. ھازىر شىنجاڭدا دەسلەپكى قەدەمدە 30 نەچچە تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرى كۆرگەزمە نۇقتىسى قۇرۇلدى، ئۇلار چەت ئەللىك مېھمانلارغا تۈرلۈك تىللار ۋە تۈرلۈك تىپلاردىكى تاشقى تەشۋىقات كىتابلىرى، يۈكلىمە بەتلىك ماتېرىيال، تونۇشتۇرۇش ماتېرىيالى، ژۇرنال، نۇر پلاستىنكا قاتارلىقلارنى تارقىتىدۇ.

ۋۇ نۇڭ

## ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك

**ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، باش كاتىپى، بەنگۇڭتىڭ مۇدىرىنىڭ ئىسىملىكى**

شۇجى: خۇ جيايەن (ئاپال).

مۇئاۋىن شۇجىلار: گو چېڭتەي، ئابدۇراخمان پولات، گو

قىڭلەن (ئاپال)، دولقىن ئابدۇرەسۇل (قازاق).

باش كاتىپ: ياۋ يىجيەن.

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: ما شاۋشىن (خۇيزۇ).

## چىرىكلىككە قارشى كۆرەش

1. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - ئىنتىزاملىق بولۇشى. 2002 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى مەركىزىي كومىتېتنىڭ «پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى قارارى»غا ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئۇنى «ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى»گە ئاساسەن، نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىستىلنى ياخشىلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون مالىيە نازارىتى، سودا - سانائەت ئىدارىسى، سۇ بەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسىدىن ئىبارەت 4 نازارەت - ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇندا، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر 68 پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە تارمىقىدا ئىستىلنى ياخشىلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 59 رەھبىرىي كادىر ئالغان نەق پۇل، ئاكسىيە بولۇپ جەمئىي 820 مىڭ يۈەننى ئۆزلۈكىدىن تاپشۇردى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلغان «539» پاكلىق ئىججوتى يۇقىرىغا تاپشۇرغان پۇلدىن 760 نەچچە مىڭ يۈەن تاپشۇرۇۋالدى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سوۋغا قوبۇل قىلغان 5 نەپەر نازارەت دەرىجىلىك كادىرنى جىددىي بىر تەرەپ قىلدى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جۆرىسى، پەرزەنتلىرى ۋە يېنىدا خىزمەت قىلىدىغان خادىملارغا بولغان تەربىيە ۋە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جۆرىلىرىنىڭ پاكلىق تەربىيىسى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى ھەمدە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جۆرىسى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقەت قىلىشىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جۆرىسى، پەرزەنتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۆرىلىرىنىڭ ئوقەت قىلىش ئەھۋالى تولۇقلاپ تەكشۈرۈلدى، ئولتۇراق ئۆي، ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن ماشىنا ئىشلىتىش ۋە خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەرگە داۋاملىق قاتتىق تەلەپ قويۇلدى، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋاللىرى ئېنىقلاندى ۋە تۈزىتىلدى. راھەت - پاراغەتكە بېرىلىش، بۇزۇپ چېچىپ ئىسراپ قىلىشتىن ئىبارەت ناچار ئىستىلنى توسۇش يولىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن خىزمەت نەتىجىلىرى داۋاملىق مۇستەھكەملەندى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1500دىن ئوشۇق ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرغا «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى رەھبىرىي كادىرلارغا مەكتۇپ» يوللىدى، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرىمىز ئۇقتۇرۇش تارقىتىش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، زىيارەت قىلىشتەك كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، پاك - ئىنتىزاملىق بولۇش تەربىيىسىنى بەنىمۇ كۈچەيتتى. 856 نەپەر يېزا - بازار كادىرى قاتناپ ئىشلەۋاتقان ئەھۋال تۈزىتىلدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كارخانىلىرى رەھبىرىي خادىملىرىنىڭ پاك - ئىنتىزاملىق بولۇشى توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىنى يولغا قويۇش پىكرى» تۈزۈپ چىقىلىپ ھەمدە ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دۆلەت كارخانىلىرى رەھبىرىي خادىملىرىنىڭ پاك - ئىنتىزاملىق بولۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ سىياسىي ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى داۋاملىق بىرىنچى ئورۇندىكى نازارەتچىلىك قاتارىدا تۇتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتتى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 2002 - يىلى يېڭى يىل كۈنى خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇزىكا كېچىلىكىدە يۈز بەرگەن ئەكسىيەتچىل مەزمۇندىكى شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىشتەك ئېغىر سىياسىي ۋەقەنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، رەھبەرلىك ۋە تەشكىللەش مەسئۇلىيىتى بار ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىقتەك مەسئۇلىيەتسىزلىكىنى جىددىي يوسۇندا سۈرۈشتۈردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 101نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 119 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بەردى.

2. ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى ئامما مەلۇم قىلغان 19 مىڭ 839 دېلونى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 4139نى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ، 2805 دېلو تۇرغۇزۇپ، 2813 دېلونى ئاياغلاشتۇردى، 3002 كىشىگە (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 17، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 173) پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بەردى، 55 مىليون 38 مىڭ 600 يۈەن ئىقتىسادىي زىياننى

قايتۇرۇۋالدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2404 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 17، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 144، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 485، ئادەتتىكى كادىر 716، باشقا خادىم 1042؛ 703 كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى، 741 كىشىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى، 108 كىشى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، 385 كىشى پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلدى، 467 كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى. مەمۇرىي جازا بېرىلگەنلەر 1017، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 2، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 94، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 280، ئادەتتىكى كادىر 579، باشقا خادىم 62؛ ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەنلەر 213، گۇناھ يېزىلغانلار 132، چوڭ گۇناھ يېزىلغانلار 167، دەرىجىسى چۈشۈرۈلگەنلەر 113، ۋەزىپىسى تۆۋەنلىتىلگەنلەر 12، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلار 217، خىزمەتتىن چىقىرىپ قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگىنى 46، خىزمەتتىن چىقىرىلغىنى 117. ئەدلىيە ئورگىنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگىنى 88. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى ئۆز ئالدىغا تورغۇزغان دېلو 10، ئاياغلاشتۇرغىنى 17، جازا بېرىلگەن كىشى 18.

3. ئارماقلار ۋە كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش. تىببىي دورا سېتىش - سېتىۋېلىشتىكى ناتوغرا ئىستىل ئەستايىدىل تۈزىتىلدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 261 دوختۇرخانا دورىنى مەركەزلەشتۈرۈپ خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. خېرىدار چاقىرىپ دورا سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 360 مىليون يۈەن بولدى، ئاممىنىڭ دورا پۇلى سېلىقى 135 مىليون يۈەن يەڭگىللىتىلدى، دورا سېتىۋېلىش، سېتىش بويىچە ئىنتىزامغا ۋە قانۇنغا خىلاپ دېلودىن 353نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 240 مىليون يۈەنلىك سېلىقى يەڭگىللىتىلدى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا چېتىلىدىغان ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ دېلودىن 191نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. كارخانىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى تۇتۇلدى، كارخانىلاردىن نامۇۋاپىق ھەق ئېلىشقا چېتىلىدىغان 46 مىليون 37 مىڭ يۈەنلىك 334 تۈر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، كارخانىلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرىدىغان ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ دېلودىن 148نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزەش نەتىجىلىرى مۇستەھكەملەندى، تاشيول پونكىت - نۇقتىسىدىن 16سى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىندى، تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان»غا دائىر 62 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. شىنجاڭ قاتناش مىنىستىرلىكى، ج خ مىنىستىرلىكى، گوۋۇيۈەن ئىستىل تۈزىتىش ئىشخانىسى تەرىپىدىن بارلىق تاشيوللاردا ئاساسەن «ئۈچ قالايمىقان» يوق ئاپتونوم رايون قىلىپ رەسمىي بېكىتىلدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەق ئېلىشى ۋە ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنىڭ ھەق ئېلىشى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى، قالايمىقان ئېلىنغان 17 مىليون 824 مىڭ يۈەن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بەلگىلىمىگە، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئېلىنغان 6 مىليون 930 مىڭ 600 يۈەن ھەق ئېنىقلاپ قايتۇرۇلدى. نازارەتچىلىك - تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا مال سېتىۋالدىغان پۇل بىلەن (كارتا) تارقىتىش ۋە ئىشلىتىش ناتوغرا ئىستىلى قاتتىق توسۇلدى. جايلاردىكى ئارماقلار كەسىپ ئىستىلىنى دېموكراتىك باھالاش، كەسىپ ئىستىلى بويىچە ئۈلگىلىك كۆزنەك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەسىپ ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

4. چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چىرىكلىكنى تۈزەش تۈپ مەنبەدىن تۇتۇلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 145 خىل مەمۇرىي تەستىقلاش تۈرىنى بىكار قىلدى، 28 خىل ھەق ئېلىش تۈرىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بەردى، باھا بەلگىلەشكە دائىر 5 تۈرنى بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان قىلدى، ياكى بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت باھا بەلگىلىمەيدىغان بولدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرمۇ مەمۇرىي تەستىقلاش تۈرلىرىنى ئېنىقلاپ چىقتى، مەمۇرىي تەستىقلاش خىزمىتىنىڭ ئاشكارىلىقىنى ئۆستۈردى. مالىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مالىيە ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى. ئارماقلار خام چوت تۈزۈش ۋە باجسىز كىرىملەرنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئاكتىپ، پۇختا قەدەم بىلەن قانات يايدۇرۇلدى، دۆلەت خەزىنىسى مەركەزلىك كىرىم قىلىش - چىقىم قىلىش تۈزۈمى پۇختا قەدەم بىلەن يولغا قويۇلۇپ، «كىرىم - چىقىمنى ئايرىپ باشقۇرۇش»تىن ئىبارەت باشقۇرۇش خىزمىتى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەندى. كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈلدى، كادىرلارنى تاللاپ، ئىشقا قويۇشتا، ئاشكارا تاللاش، ئىش ئورنىغا رىقابەتلىشىپ چىقىش، ۋەزىپىگە چىقىشتىن ئاۋۋال ئاشكارا ئېلان چىقىرىشقا ئوخشاش تۈزۈملەر يولغا قويۇلدى، قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) لەردە يەنە تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقلىقىغا تەيىنلەنمەكچى بولغانلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتى ياكى ئومۇمىي يىغىندا يوشۇرۇن ئاۋازغا قويۇش تۈزۈمى يولغا

قوبۇلدى. تىجارەت خاراكتېرىدىكى ھەر ئىشلەتكۈچى ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشتە خېرىدار چاقىرىپ كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چېقىش، ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش، مۈلۈك ھوقۇقى سودىسىنى بازارغا ئېلىپ كىرىشتىن ئىبارەت 4 خىل تۈزۈم ئاكتىپ يولغا قويۇلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، غۇلجا، كورلا شەھەرلىرىدە بىرلىك شەكىللىك بازار قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلدى. نازارەتچىلىك - باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار چېقىش ھەرىكىتى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش تۈزۈمى پائال يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليارد يۈەن بولۇپ 100 مىليون يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىندى. ھۆكۈمەت ئىشلىرى، زاۋۇت ئىشلىرى، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلدى، جايلار ۋە تارماقلار ئاممىنىڭ نازارىتى بىلەن دېموكراتىك باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاشكارىلاش خىزمىتىنى يەنىمۇ تۈزۈملەشتۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى.

خې جېن

## ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى

2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 — 5 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن 35 كىشى قاتناشتى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ۋە قىسمەن دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. ئومۇمىي يىغىن ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇجيابەننىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن «(ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش) مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سۈرەيلى» دېگەن تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. يىغىندا جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 7 - ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى ۋە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 7 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى، 2001 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، 2002 - يىللىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ھەمدە بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

خې جېن

## پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز داۋاملىق تۈردە پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتۈن بىر يىللىق خىزمەتكە سىڭدۈرۈلگەن ئاساسىي تومۇر قىلىپ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاك دىيانەتلىك بولۇش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئۆز رايونى ۋە ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىنى بېكىتىشتىن بۆلۈپ، ئىنچىكىلەپ، بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىر دەرىجە يەنە بىر دەرىجىنى تۇتۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتلاممۇ قاتلام تۇتۇشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت مېخانىزمىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. جايلار ۋە تارماقلار نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ۋە سىناش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈشنى چىڭىتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 215 نەپەر پارتىيىلىك كادىرنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلۈپ، 191 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى كۆرۈلدى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر بىر، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 36.

خې جېن

## پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق تەشۋىقات - تەربىيىسى

2002 - يىل 2 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار جۈرلىرىنىڭ ئۆگىنىش - سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. جايلار، تارماقلارمۇ كۆپ شەكىللەر ئارقىلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جۈرلىرى، پەرزەنتلىرى ۋە يېنىدا خىزمەت قىلىدىغان خادىملارنى پاكلىق تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى. پارتىيىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ

ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، جايلار، تارماقلار توغرا كەيپىياتنى ئۈستۈرۈش، ئىجابىي تىپلارنى تەشۋىق قىلىش تەربىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. ۋاڭ ياڭخۇ، ۋۇ دېگيۈن، چېن چىڭشىڭلارنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئىبرەت تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام توغرىسىدىكى قائىدە - نىزاملارنى ئۆگىنىش، بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ 5 يۇرۇش رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى 27 نەپەر ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرنىڭ باشلامچىلىقىدا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1110 نەپەر نازارەت دەرىجىلىك كادىر، 10 مىڭ 967 نەپەر ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر ئىمتىھانغا قاتناشتى. 9 - ئايدا، «ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش، تۆھپە يارىتىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان 4 - قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى 5 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى چىقىرىپ، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى بىرلىكتە «ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش، تۆھپە يارىتىش» بويىچە 7 مەيدان نۇتۇق سۆزلەش، دوكلات بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى تارماقلار گېزىت، ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، ئاخبارات - تەشۋىقات سېلىنما سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق تەربىيىسىنىڭ ئومۇمىي بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈردى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ، «بۈگۈنكى سۆھبەت»نىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشى مەزمۇنىدىكى مەخسۇس پروگراممىسىدىن 4 سان ئىشلىدى. «جۇڭگو ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش گېزىتى» بىلەن «شىنجاڭ پارتىيە ئىستىلى»نىڭ تەشۋىقاتچىلىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن «جۇڭگو ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش گېزىتى» 138 پارچە ماقالە قوبۇل قىلىپ ئىشلەتتى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا 21 مەخسۇس سەھىپە ئاچتى ۋە بىرلەشمە ئاچتى، 1000 پارچىدىن ئوشۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچلۈك تەشۋىق قىلدى.

لى جېن

## قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك

2002 - يىلى، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى. قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئارقىلىق قانۇنغا، ئىنتىزامغا خىلاپ بولغان 87 مىليون 434 مىڭ 600 يۈەن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 24 مىليون 630 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بىۋاسىتە قايتۇرۇۋېلىندى. قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى بولۇپمۇ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش جەريانى ئۈستىدە قانۇنلارنىڭ ئىجراسى جەھەتتىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق ھالدا ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق 4 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ 24 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىنى ئايرىلاپ تەكشۈردى. بىناكارلىق بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان 2976 تۈر تەكشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ 434ى قانۇنغا، قائىدىگە خىلاپ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بىناكارلىق بازارلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە پايدىسىز نىزام ۋە قائىدىلەر ئەستايىدىل ئېنىقلىنىپ، 95 پارچە ئالاقىدار ھۆججەت بىكار قىلىندى، 7 نىزام يېڭىۋاشتىن تۈزىتىلىپ، قۇرۇلۇش مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ مەمۇرىي ھەرىكىتى بەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قېلىپلاشتۇرۇلدى. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ش ئۇ ئا ر پاختا - چىگىت شىركىتى داخىيەن بازارلىق پاختا - چىگىت پونكىتىدا يۈز بەرگەن «19 - مارت» پەرۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى ۋەقەسى، ئاقسۇدا يۈز بەرگەن «10 - ئاۋغۇست» پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ۋەقەسى، قىزىلسۇدا يۈز بەرگەن «24 - دېكابىر» تۆمۈر يول سىرتىدىكى زور ئۆلۈش - يارىلىنىش ۋەقەسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈردى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى زايوم مەبلىغىنى، ئىجتىمائىي كاپالەت مەبلىغىنى، نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇش -

ئىشلىنىش ئەھۋالىغا دائىر قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىكنى قانات يايدۇرۇپ، كادىرلارنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئەسكەر ئېلىش، كەسپىي - تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش، ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىق ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈردى.

خې جېن

## پارتىيە ئىستىلى - پاكلىققا دائىر سىياسەت، قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈش ۋە نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش خىزمىتىگە دائىر جەمئىي 311 تەتقىقات تېمىسىنى ئورۇندىدى، بۇنىڭدىن 153ى تەدبىر كۆرۈشكە قوبۇل قىلىندى. بۇلار ئاساسەن: «بەش يىلدىن بۇيان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلار، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر ھەمدە مەۋجۇت مەسىلىلەر ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپلىرىمىز»، «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى»، «دۆلەت كارخانىلىرى رەھبىرىي خادىملىرىنىڭ پاك - ئىنتىزاملىق بولۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە ئويلىنىش»، «ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ تاپقان تاپاۋەتلەرنى سۈرۈشتۈرۈش، توڭلىتىش، سۈرۈشتۈرۈپ تاپشۇرغۇزۇش قاتارلىقلارغا دائىر تۈزۈملىرىنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى قاتارلىق تۈزۈملەر ئۈستىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە ئويلىنىش»، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2002- يىلدىكى پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى ۋە 2003 - يىللىق خىزمەت ئۈستىدىكى تەكلىپ» قاتارلىق تېمىلاردىن ئىبارەت. 7 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش سىستېمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە قانات يايدۇرۇلغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە باھالاپ مۇكاپاتلاش ئىشىنى ئېلىپ باردى، 42 پارچە ماقالە تاللىنىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى 10 ماقالە مۇنەۋۋەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى قىلىپ باھالاندى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئورگانلىرى، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملاردىن ھەم كارخانىلاردىن 6 كىشىنى بىرىنچى تۈركۈمدىكى تەكلىپلىك تەتقىقاتچىلىققا تەكلىپ قىلدى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۇچۇرى تورىنى بەرپا قىلدى. قانۇن - نىزاملارنى يېزىپ چىقىش ۋە مەسلىھەتچىلىك خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى دەل ۋاقتىدا بولغان كۈچلۈك قانۇن - نىزام كاپالىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، نەزەرىيە تەتقىقاتى سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. 7 - ئايدا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش ئىلمىي جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئېچىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىلمىي جەمئىيەت كېڭىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش سىستېمىسىدا 30 قېتىم نەزەرىيە تەتقىقاتى يىغىنى ئېچىلىپ، 1000 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئويۇشتۇرۇلدى.

خې جېن

## ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىقىنى تەدرىجىي ھالدا تەڭ دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى» كېرەكلىكى توغرىسىدىكى قارارى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىقىنى پۈتۈنلەي تەڭ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى ئۈستىگە ئالدى؛ ناھىيە (شەھەر، رايون) لەردە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى ئۈستىگە ئالدى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى ۋە ياخشىلىدى، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ،

تەكشۈرۈپ تەھقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئورۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، ئورۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى داۋاملىق نۇقتىلىق سىناپ باھالاپ تۇردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرىدا رىقابەتلىشىپ خىزمەت ئورنىغا چىقىش، خىزمەت ئورنىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تۇرۇش، ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن ئىلگىرى ئاشكارا ئېلان چىقىرىش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش كادىرلىرى كۆپ خىل يول ۋە كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تەربىيىلەندى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ياردىمىدە، شىنجاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش كادىرلىرى كۇرسى ئېچىلىپ، 80 نەپەر ناھىيە (شەھەر) لىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شۇجىلىرى، مەمۇرىي تەپتىش ئىدارىسى باشلىقلىرىدىن 80 كىشى تەربىيىلەندى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش سىستېمىسى بويىچە «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 25 ئىلغار كوللېكتىپ، 50 ئىلغار خىزمەتچى، 100 مۇنەۋۋەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش كادىرىنى تەقدىرلىدى ياكى مۇكاپاتلىدى.

خې جېن

## مۇھىم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشلار

2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شىنجاڭ مالىيە ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى لى رۇجۇڭ قاتارلىقلارنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ زىياپەتكە داخىل بولغانلىق ۋە بېرىلگەن سوۋغىلارنى قوبۇل قىلغانلىق خاتالىقى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 2002 - يىل يېڭى يىل كۈنى نۇرمۇھەممەد تۇرسۇننىڭ تەمبۇر كېچىلىكىدە ئەكسىيەتچىل شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىنغان ۋەقەنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچىنى سۈرۈشتۈرۈش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

خې جېن

## بەلگىلىمە، ئۇقتۇرۇشلار

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى چىقارغان بەلگىلىمە، ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، تەشكىلات بۆلۈمى، كارخانىلار خىزمەت كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى رەھبەرىي خادىملارنىڭ پاك - ئىنتىزاملىق بولۇشىغا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، تەشكىلات بۆلۈمى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى، كادىرلار نازارىتى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىستېمالنى باھالاش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى «〈ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش، تۆھپە يارىتىش〉 ئاساسىي تېما قىلىنغان 4 - قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

خې جېن

# گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىرى: شۇ جاۋ.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خۇ شىمېي (ئايال)، ياڭ جيالىن، ۋاڭ زىبىجىن.

## خىزمەت ئەھۋالى

2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ 5. قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، شۇ جاۋ مۇدىرلىققا سايلاندى. ئۇ قۇرۇلتايدا «گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

كومىتېت رەھبەرلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش ئاچقان مەسلىھەت يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى، ئەھۋال مەلۇم قىلىش يىغىنىغا كۆپ قېتىم قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 5. يىغىنىدا 38 تەكلىپ بەردى. بىر يىلدا گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن 11 كىشى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى بولدى، 76 كىشى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزاسى بولدى، 19 كىشى ھەر دەرىجىلىك تەكلىپلىك مەمۇرىي تەپتىش، تەپتىش، باشارىسپ

مۇھەندىس ۋە ساھە ئىختىسلىقى باھالىغۇچى بولدى.

ھەر يىلدا 3 قېتىم دائىمىي كومىتېت يىغىنى، 12 قېتىم مۇدىرلار يىغىنى ئېچىلدى.

ھەر يىلدا پارتىيىگە 15 ئەزا قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 12، ئالىي، ئوتتۇرا ئۇنۋانلىقلار 8. بۇلار يېڭى پارتىيە ئەزالىرى سانىنىڭ 53%نى ئىگىلەيدۇ؛ ئوتتۇرىچە يېشى 39.9. يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 716گە يەتتى. شەھەر دەرىجىلىك كومىتېتتىن 5ى، ئاساسىي قاتلام ياچېيكىدىن 27سى، گۇرۇپپىدىن 5ى بار. ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش - ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئاياللار خىزمىتى مەخسۇس كومىتېتلىرى يېڭىۋاشتىن تەڭشەپ چىقىلدى.

رايونلۇق كومىتېت گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ۋە جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن يېقىن ھەمكارلىشىپ كەلگەن شەرەپلىك تارىخنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىلەن بىردەك بولدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن كېيىن، رايونلۇق كومىتېت رەھبەرلىرى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇللىرىنىڭ 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى. رايونلۇق كومىتېت ئورگىنى كادىرلارنى ئىشتىن ئايرىپ ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، ئۆگىنىش مۇنبىرى ۋە تەشۋىقات سورۇنى تەسىس قىلدى.

لى جيې

## دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىرى: جۇ جېنخۇڭ.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ جېڭرۇڭ (ئايال)، دۇڭ يۇڭماۋ، چېن چى، جاڭ لىبىن، جىن ماۋچياڭ.

### خىزمەت ئەھۋالى

2002 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش ئاچقان مەسلىھەت يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى، ئەھۋال ئەلۇم قىلىش يىغىنىغا كۆپ قېتىم قاتنىشىپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، سىياسىي كېڭەش خىزمىتى ئۈستىدە پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 5 - يىغىنىدا 6 پارچە كوللېكتىپ تەكلىپ، 9 پارچە شەخسىي تەكلىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇنەۋۋەر تەكلىپلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ بىر كوللېكتىپ تەكلىپى، 4 شەخسىي تەكلىپى مۇنەۋۋەر تەكلىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

2002 - يىلى رايونلۇق كومىتېت ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى، جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزلىرى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. 8 - ئايدا تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. 10 - ئايدا باشقا دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بىللە 16 - قۇرۇلتاينى كۈتۈۋېلىش فوتو سۈرەت - ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى ئاچتى. 11 - ئايدا ھەر قايسى شەھەرلىك كومىتېتلار ۋە رايونلۇق كومىتېت ئورگىنى 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش كۇرسى ئاچتى. رايونلۇق كومىتېت رەھبەرلىرى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇللىرىنىڭ 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى.

2002 - يىل 12 - ئايدا جۇ جېنجۇڭ، ۋاڭ جېڭرۇڭ، دۇڭ يۇڭماۋ، چېن چى، تيەن گوجۇ، چېن دۇڭجى، جياڭ يۈپىڭ، جۇ جىشياڭ، دىڭ جيەنبىڭلار جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكەتلىك 9 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى، جۇ جېنجۇڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، جياڭ يۈپىڭ، ۋاڭ جېڭرۇڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى.

2002 - يىلى رايونلۇق كومىتېت ماكارىپ بويىچە نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىسى — ئۈرۈمچى ناھىيىسى بەنفاڭگۇ يېزىسىنىڭ لياڭشۇن كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىنى داۋاملىق يۆلىدى، بىر يىلدا 2 قېتىمدا قىممىتى 12 مىڭ 400 يۈەنلىك پارتا - ئورۇندۇق قاتارلىق ئوقۇتۇش بۇيۇملىرى ئىئانە قىلدى، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى 4 مۇتەخەسسىسنى شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان ئۆمەككە كىرگۈزۈپ، داۋانچىڭ رايونىغا نامراتلارنى يۆلەش يېزىسىدىن خالىسانە كېسەل كۆرۈشكە ئەۋەتتى، ئۇلار ئامبۇلاتورىيىدە 190 نەچچە ئادەم (قېتىم)نى

داۋالىدى، 460 ئادەم (قېتىم) گە داۋالىنىش بويىچە مەسلىھەت بەردى، داۋالىنىشقا دائىر تەشۋىقات - تەربىيە ماتېرىيالىدىن 1700 نەچچە پارچە تارقاتتى.

دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى؛ 5 - نۆۋەتلىك كومىتېت سايلاپ چىقىلدى؛ جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكەتلىك 9 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى. دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ پەخرىي رەئىسى، پەخرىي مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى سايلاپ چىقىلدى، رايونلۇق كومىتېتنىڭ 33 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. يېڭى نۆۋەتلىك كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 45.8 بولۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 7 ياش تۆۋەنلىدى. رايونلۇق كومىتېت دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. جۇ جىنجۇڭ رايونلۇق كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

2002 - يىلى 12 ئەزا قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 37 ياش بولدى. يىل ئاخىرىدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 1243كە يەتتى.

ساۋ شياۋيەن

## دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىرى: شيې شېگرۈي.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: دۇڭ شىڭگۇاڭ، خەن چياڭ.

### خىزمەت ئەھۋالى

2002 - يىلى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش ئاچقان ھەر خىل سۆھبەت يىغىنى، ئەھۋال مەلۇم قىلىش يىغىنلىرىغا ۋە ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، سىياسىي كېڭەش خىزمىتى ئۈستىدە پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 5 - يىغىنىدا 12 تەكلىپ بەردى. مەزمۇنى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، قاتناش، ساياھەتچىلىك، نەزەرىيە تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەرگە

چېتىلىدۇ.

2002 - يىلى رايونلۇق كومىتېت ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىدىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، جياڭ زېمىننىڭ «31 - ماي» سۆزىنى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە ئەزالىرى ئارىسىدا «ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسپىنى قەدىرلەش»، «ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، ئەنئەنىگە ئەھمىيەت بېرىش»كە ئوخشاش پۈرۈشلۈك پائالىيەتلەرنى ئۇزاقتىن قانات يايدۇرۇپ كەلدى. 10 - ئايدا باشقا دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلار، خۇاچياۋ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بىللە 16 - قۇرۇلتاينى كۈتۈۋېلىش فوتو سۈرەت - ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى ئاچتى. 11 - ئايدا كومىتېت ئورگىنى 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش - ئىزچىللاشتۇرۇش كۇرسى ئاچتى، كومىتېت رەھبەرلىرى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇللىرىنىڭ 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى.

دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا 12 ئەزا، 5 دائىمىي ئەزا سايلاپ چىقىلدى، شيې شېگرۈي مۇدىرلىققا سايلاندى.

2002 - يىلى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستقا قىممىتى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك تېز ئۆسەر تېرەك كۆچىتى ئىئانە قىلدى. ئەزا ما شياڭگۇاڭ جەمئىيەتكە 100 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى، ئۇ 2002 - يىلى شىنجاڭ 5 - نۆۋەتلىك «4 - ماي» مېدالىغا ۋە مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خۇسۇسىي كارخانىچى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

2002 - يىلى جەمئىيەتكە 13 ئەزا قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 39 ياش بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 11، ئالىي، ئوتتۇرا ئۇنۋانلىقلار 9. يىل ئاخىرىدا ئەزاسى 379غا يەتتى.

ساۋ شياۋيەن

## دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىرى: نيۇ رۇجى.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شى جيەنشىن، تۇڭ جاۋلىڭ

(ئايال) ، بۇ جىنتيەن،

خىزمەت ئەھۋالى

رايونلۇق كومىتېت دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان 21 - ئەسىردە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىدىغان يۇقىرى ساپالىق پارتىيە قۇرۇش دېگەن تەلەپكە بىنائەن، سىياسىي جەھەتتە قەتئىي ھەم سەزگۈر بولۇش، نەزەرىيە جەھەتتە سەگەك ھەم چوڭقۇر بولۇش، ئىدىيە جەھەتتە خالىس ھەم ئوچۇق - يورۇق بولۇش، ئىستىل جەھەتتە پۇختا ھەم كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆلچەم قىلىپ، ئەزالىرىغا چوڭقۇر ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە ئېلىپ باردى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تومۇر، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى مەركەز قىلىپ، بىر قاتار پۇختا، ئۈنۈملۈك سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت ئېلىپ باردى. رايونلۇق كومىتېت 2002 - يىل 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە 1 - قېتىملىق بىرلىك سەپ نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 26 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، 22 كىشى ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 19- كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. نيۇ رۇجى كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

رايونلۇق كومىتېتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، 16 - قۇرۇلتاينى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە خۇاڭپۇ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ فوتو سۈرەت - ھۆسنىخەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمىگە 100گە يېقىن ئەسەر قويۇلدى، بۇنىڭ 50 پارچىسىنى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى تەمىنلىگەن.

رايونلۇق كومىتېت ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، پروفېسسورلاردىن 5 كىشىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستقا قاراشلىق 10 ناھىيە، شەھەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مول 1 - قول ماتېرىيالغا ئىگە بولۇپ، ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - يىغىنى ئۈچۈن يۇقىرى سۈپەتلىك تەكلىپ يېزىپ چىقتى.

2002 - يىلى جەمئىيەتكە 11 ئەزا قوبۇل قىلىندى، يىل ئاخىرىدا جەمئىيەت ئەزاسى 581گە يەتتى. قارمىقىدا ئۈرۈمچى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتلىرى تەسىس قىلىندى، ئاساسىي قاتلام ياچېيكا ۋە گۇرۇپپىسىدىن 45ى بار.

2002 - يىلى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشكە تەكلىپ بېرىشتە ئىلغار ئورۇن، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى سىستېمىسى بويىچە 2002 - يىللىق مەملىكەتلىك ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

ليۇ جياۋېن

# دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىرى: سۇ شۇۋ (مانجۇ) .

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ليۇ بىياۋ، تىڭ يۈفېن (ئايال) .

خىزمەت ئەھۋالى

2002 - يىلى دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى جۇڭگو كومپارتىيىسى 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ئالدىغا قويدى. قۇرۇلتاي ئالدىدا «16- قۇرۇلتاينى كۈتۈۋېلىپ، شانلىق نەتىجە يارىتايلى» دېگەن تېمىدا تاختا گېزىت تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. باشقا دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار بىلەن بىللە فوتو سۈرەت - ھۆسنىخەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. قۇرۇلتاي ئېچىلغاندىن كېيىن ھەر قايسى شەھەرلىك كومىتېتلىرى ۋە ياچېيكىلىرىغا تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئەستايىدىل ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىشنى ئۇيۇشتۇردى ھەم ئۆگىنىش تېزىسى تارقاتتى. كومىتېت مەسئۇللىرى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەسئۇللىرىنىڭ 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى.

دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيى 6 - ئاينىڭ 11 — 12 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا سۇ شۇۋ مۇدىرلىققا سايلاندى.

2002 - يىلى رايونلۇق كومىتېتتىن 3 كىشى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، 18 كىشى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزاسى، 7 كىشى تەكلىپلىك تەپتىش، مائارىپ مۇپەتتىشى، ساھە ئىستىلىنى باھالىغۇچى بولدى. 2002 - يىلى رايونلۇق كومىتېت ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىغا 59 پارچە تەكلىپ بەردى. 12 - ئايدا شىنجاڭدىن 6 ۋەكىل دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 13 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. بۇنىڭدىن باشقا، رايونلۇق

كومىتېت ئامېرىكا «مىبېر - شەپقەت» فوندى ئىئانە قىلغان 10 مىڭ دوللارلىق دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى موھتاج نامرات رايونلارغا يەتكۈزۈپ بەردى. 20 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىدە قىسمەن پارتىيە ئەزالىرى يەنە تورلۇق ئىجتىمائىي خالىسانە داۋالاش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى.

2002 - يىلى پارتىيىگە 16 ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇدىر ۋراچ بىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ 2، ئاسپىرانت 2 (بۇنىڭ ئىچىدە دوكتور بىر)، يىل ئاخىرىدا شەھەرلىك كومىتېت 3، ياچېيكا، گۇرۇپپا 12، پارتىيە ئەزاسى 342.

لىيۇ جۈنجىياڭ

# 3 - سىنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىرى: يۈ داۋخۇ.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ دېجى، شيۇڭ خېگاڭ، گاۋ شىخېڭ.

## خىزمەت ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 5 - يىغىنىدا 3 - سىنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىدىن 2 كىشى چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقتى، 2 كىشى يازما سۆز قىلدى، 3 پارچە كوللېكتىپ تەكلىپ تاپشۇرۇلدى، يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار 38 پارچە شەخسىي تەكلىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا 3 - سىنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتىدىن كىرگەن ۋەكىللەر 5 پارچە شەخسىي تەكلىپ تاپشۇردى. شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «بوستانلىق ئىلمى بەرپا قىلىپ، بوستانلىق شەھەر قۇرۇش» دېگەن تېمىدىكى شىخەنزىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئەندىزە يەرلىكنىڭ بولۇپمۇ شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىس - ئالىملارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. رايونلۇق كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شۇ خۇاڭ 3 - سىنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن 2001 — 2002 - يىللىق ئۇچۇر خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

رايونلۇق كومىتېت ئۆز ئەزالىرىدىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئەزالىرىنى 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا چاقىردى. پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشى ئۈستىدە يەنىمۇ كونكرېت تەلەپلەرنى قويدى. 10 - ئايدا باشقا دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە خۇاچياۋ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بىللە 16 - قۇرۇلتاينى كۈتۈۋېلىش فوتو سۈرەت - ھۆسنىخەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى.

2002 - يىلى ئۈرۈمچى، شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتلار ۋە ئۇلارغا قاراشلىق شۆبە جەمئىيەتلەر نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى، تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە جەمئىيىتى نۆۋەت ئارىلىقىدا تەڭشەش ئېلىپ باردى، سانجى شەھەرلىك تەييارلىق كومىتېتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاساسىي قاتلام كومىتېتى قۇرۇلدى. بىر يىلدا يېڭىدىن 17 ئەزا قوبۇل قىلىندى، يىل ئاخىرىدا جەمئىيەت ئەزاسى 557گە يەتتى.

3 - سىنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى؛ 4 - نۆۋەتلىك كومىتېت ۋە 3 - سىنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك 8 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى؛ 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتقا پەخرىي مۇدىر كۆرسىتىلدى؛ «3 - سىنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 4 - قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

رايونلۇق كومىتېتقا 17 ئەزا سايلاندى، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 45.8 بولۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 7 ياش تۆۋەنلىدى. رايونلۇق كومىتېت دائىمىي كومىتېتقا 7 ئەزا سايلاندى. يۈ داۋخۇ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

ساۋ شياۋيەن

# ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

## ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

### ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپى، بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر: ھامىدىن نىياز

مۇئاۋىن مۇدىرلار: لى فېڭزى، ئابدۇرېھىم ھامىد، خەلچەم ئىسلام، جاڭ جېڭ، مىجىت ناسىر، ۋاڭ خۇەيبىڭ، قادىس جانابىل (قازاق)، خوجىخان ھاكىموۋ، ما جيەنگو (خۇيزۇ)، ئاسەنبېك تۇردى (قىرغىز)

باش كاتىپ: مۇھەممەت رەجەپ

مۇئاۋىن باش كاتىپ: تيەن جىخەي

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: تيەن جىخەي (قوشۇمچە)

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ ماۋچۈەن، شيې يۈەنيى، ئابدۇراخمان ئەلى (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ خۇەبىن

ئىزاھ: بۇ يىلنامىنىڭ ماقالىلىرى بوللىنىش ئالدىدا 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 1 - يىغىنىدا ئابلەت ئابدۇرېشىت ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئابدۇرېھىم ھامىد، ۋاڭ خۇەيبىڭ، خەلچەم ئىسلام، دەلىلقان مامىقان (قازاق)، مەمتىمىن زاكىر، خوجىخان ھاكىموۋ، ماجيەنگو (خۇيزۇ)، سۇڭ رۇخاۋ، ئاسەنبېك تۇردى (قىرغىز)، دۇ چىنرۇي مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

### ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»، تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خەن شۈجى بەرگەن «ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ھەم 2002 - يىللىق پىلان لايىھىسى توغرىسىدا دوكلات»، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى چېن زېيۇ بەرگەن «ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 - يىللىق مالىيە باش خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 - يىللىق مالىيە باش خام چوتىنىڭ لايىھىسى توغرىسىدا دوكلات»، مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد روزىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارارلار ماقۇللاندى.

جۇ جەنخۇ

### ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى

9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 2002 - يىلى 26 - قېتىملىقتىن 32 - قېتىملىقىچە جەمئىي 7 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى.

26 - قېتىملىق يىغىن 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 50 ئادەم قاتناشتى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش نىزامى (تۈزىتىلمە لايىھە)» نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ <جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى قانۇنى> نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلمە لايىھە)» نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كارخانىلارنىڭ يۈكىنى ۋە تەكلىپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 2001 - يىلدىكى «تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر پائالىيىتى» نىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى

دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا يەنە ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا تولۇقلاپ سايلانغان ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات، ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق 5 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ ۋە باش كاتىپىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە) توغرىسىدىكى ئىزاھات، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «مېتېئورولوگىيە قانۇنى» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «مېتېئورولوگىيە نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى داۋامىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قاماقخانا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى. يىغىندا خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىنى ئېچىش ۋاقتى توغرىسىدىكى قارارى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ۋەكىللەر قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» ماقۇللاندى. يىغىندا تۆكىن سۇلايمان دائىمىي كومىتېت ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، چىن ۋېي دائىمىي كومىتېت ئىچكى ئىشلار ئەدلىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، لىۋ يانىڭ دائىمىي كومىتېت مائارىپ، ئىلىم - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، يۈەن زىمىڭ دائىمىي كومىتېت يېزا ئىگىلىك - ئىقتىساد خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، لى گويۈن دائىمىي كومىتېت قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛ ۋاڭ شۈجياڭ دائىمىي كومىتېت قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، شۈي مېيجېي دائىمىي كومىتېت قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى. يىغىندا قادىر ھوشۇرنى ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن، روزى ئىسمايىلنى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى؛ قاسىم مامۇتنى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، غەيرەت ھەسەننى ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى. تۆلەۋقان يۇدباي (ئايال) ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىكىدىن، تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىدىن قالدۇرۇلدى؛ ئىسلامبېك ئابىلقان ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىكىگە، تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

27 - قېتىملىق يىغىن 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29. كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 48 خادىم قاتناشتى. يىغىندا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنى ۋە 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 5 - يىغىنىغا قاتناشقان پارتىيىلىك مەسئۇللارنىڭ يىغىندا قىلغان سۆزى، كومىتېت باشلىقى لى فېڭنىڭ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ يىغىندا قىلغان سۆزى، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 - يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى ھەم گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە قىلىندى؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھات، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەشھۇر تارىخىي مەدەنىيەت شەھەرلىرىنىڭ كوچا - رايونلىرىدىكى ئىمارەتلەرنى قوغداش نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىچىملىك سۇ بايلىقى رايونىنى باشقۇرۇش نىزامى» قاراپ چىقىلىپ تەستىقلاندى؛ «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش نىزامى» توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراپ چىقىلدى. يىغىندا ۋاڭ يۈمىڭ، لياۋ يۈمېيۈەنىڭ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىدىن قېلىپ قېلىش ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلىش قارار قىلىندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

28 - قېتىملىق يىغىن 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 31. كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 47 خادىم قاتناشتى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەشھۇر تارىخىي مەدەنىيەت شەھەرلىرىنىڭ كوچا - رايونلىرىدىكى ئىمارەتلەرنى قوغداش نىزامى» ماقۇللاندى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئالاقىسى نىزامى» قاتارلىق 5 يەرلىك نىزامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى؛ ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى تەقسىم قىلىش ۋە سايلاش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايون تەسىس قىلىنغان شەھەرلىك ۋە ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، رايون تەسىس قىلىنمىغان شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق خەلق



قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش ۋاقتى توغرىسىدىكى قارارى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق (شەھەرلىك)، ناھىيە (شەھەر، رايون) لىڭ يېڭى نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ سانى توغرىسىدىكى قارارى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى قاتارلىق 10 ناھىيە (شەھەر) نىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشىدا ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىنكى يېڭى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى توغرىسىدىكى قارارى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى؛ يىغىندا «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر كۆكەرتىشنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹ئۈرۈمچىنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىغا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمىسى› نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» نى تەستىقلاش قارار قىلىندى. يىغىندا تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات قاراپ چىقىلدى. يىغىندا قۇبەيدۇللا قسايىننى چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

29 - قېتىملىق يىغىن 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26. كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 48 خادىم قاتناشتى. يىغىندا دائىمىي كومىتېتنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازارلىرى نىزامى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىناكارلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاۋار سودىسى بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. يىغىندا كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر ئىشلار ماقۇللاندى.

30 - قېتىملىق يىغىن 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 20. كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 46 خادىم قاتناشتى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار، ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە نەق چوتى توغرىسىدىكى ۋە 2002 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى قارار، يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئارال، تۇمشۇق، ۋۇجياچۈي شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ سانى توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى. يىغىندا «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر يوللىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش نىزامى» تەستىقلاندى. يىغىندا كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر ئىشلار ماقۇللاندى.

31 - قېتىملىق يىغىن 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 47 خادىم قاتناشتى. يىغىندا 16 - قۇرۇلتاينىڭ روھى مەخسۇس ئۆگىنىلدى؛ يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى› نى يولغا قويۇشقا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى» ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارارى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. يىغىندا ئابدۇللا ھەمدۇللانى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن ئېلىپ تاشلاش قارار قىلىندى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

32 - قېتىملىق يىغىن 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى 47 خادىم قاتناشتى. يىغىندا «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش نىزامى (لايىھە)» ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى (كوپىيە) قاراپ چىقىلىپ، ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى؛ ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىنىڭ قارالمىسى (لايىھە)، ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىنىڭ تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە) قاراپ چىقىلىپ، ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنى تەييارلىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى؛ ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنى پىلان- خام چوت تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە) قاراپ چىقىلىپ، ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنى تەييارلىق يىغىنىنىڭ سايلىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىدىغان خادىملارنىڭ ئىسىملىكى قاراردىن ئۆتكۈزۈلدى؛ دائىمىي كومىتېتنىڭ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق

قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. يىغىن ئاخىرلاشقاندا مۇدىر ھامىدىن نىياز سۆز قىلدى.

جۇ جەنخۇ

## نازارەتچىلىك خىزمىتى

2002 - يىلى دائىمىي كومىتېت يېزا ئىگىلىكىگە دائىر قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قانۇن نازارەتچىلىكىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدە ئاپتونوم رايون دائىرىلىك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقىغان مەسىلىلەر، مەسىلەن: بەزى جايلارنىڭ «ئىككى ئېتىز تۈزۈمى» نى يولغا قويغانلىقى، يېزىلاردا «ئۈچ قالايمىقان» نىڭ بىرقەدەر ئېغىرلىقى، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە ئوخشاش قېلىپلاشقا يۈزلىنىش خاھىشىنىڭ ساقلانغانلىقىغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا ۋاقتىدا پىكىر، تەكلىپ بەردى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا پاتىدىغان بەزى مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. دائىمىي كومىتېت يەنە قىسمەن ۋەكىللەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ خىزمىتىنى باھالاپ، يېزا ئىگىلىكىدە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

دائىمىي كومىتېت 2002 - يىلى «قۇمدىن مۇداپىئەلىنىپ، قۇمنى تىزگىنلەپ، يۇرت - ماكاننى قوغداش» ئاساسىي تېما قىلىنغان «تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، قانۇن نازارەتچىلىكى بىلەن جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىت، بايلىققا ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇھىت ئاسراش ۋە بايلىقنى ئېچىش جەھەتتىكى بەزى قىززىق نۇقتىلىق، قىيىن نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، «پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قانۇنى»، «مائارىپ قانۇنى»، «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى»، «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى دائىم نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ تۇردى. دائىمىي كومىتېت ئاممىنىڭ ئىنكاسى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى، ئالايلۇق، شەھەر - بازارلاردىكى دوختۇرخانىلارنىڭ داۋالاش ھەققىنىڭ يۇقىرى بولۇۋاتقانلىقى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاممىنىڭ داۋالىنىشىنىڭ قىيىن بولۇۋاتقانلىقى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ چېگرىدىن چىقىشىنىڭ قىيىن بولۇۋاتقانلىقىغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ شۇلارغا ئالاقىدار خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەدەت بەردى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

ئەدلىيە نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، دائىمىي كومىتېت 2002 - يىلى ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى باھالىدى. باھالاشتا ھەم خىزمەت نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، ھەم ساقلانغان مەسىلىلەر ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى. مەسىلەن: خىيانەتچىلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا ئوخشاش ۋەزىپە جىنايەتچىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش سالمىقى تۆۋەن بولۇش، قانۇن نازارەتچىلىكىنىڭ سالمىقى يېتەرلىك بولماسلىق، تەپتىش قوشۇنىنىڭ سىياسىي، كەسپىي سەۋىيىسى تەلەپتىكىدەك بولماسلىق، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىشتا تەشەببۇسكارلىق، ئاڭلىقلىق كەمچىل بولۇشقا ئوخشاش مەسىلىلەر كۆرسىتىپ بېرىلىپ، تەرتىپكە سېلىش - تۈزىتىش تەلەپ قىلىندى. ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ زور كۈچ بىلەن تۈزەتتى، باھالاشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 6 تىپلىق ئەرز دېلوسىنى مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەل قىلىنماي سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم دېلونى بېجىرىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

جۇ جەنخۇ

## ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش خىزمىتى

2002 - يىلى دائىمىي كومىتېت كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، بۇ خىزمەتنى قەتئىي تۈردە، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىشلىدى. 2002 - يىلى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ 242 خادىمى ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىگە كىرىدىغان 7 كىشى (نازىر) نى ۋەزىپىگە تەيىنلەش،

ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى (تەيىنلەنگىنى 4، قالدۇرۇلغىنى 3). داڭىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن 19 كىشى ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلدى (تەيىنلەنگىنى 11، قالدۇرۇلغىنى 8).

جۇ جەنخۇ

## نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتى

2002 - يىلى داڭىمىي كومىتېت ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. ش ئۇ ئا ر 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەكىل سانى 550 ئىدى، 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگە قەدەر 47 سايلام ئورنى 549 ۋەكىل سايلىدى، بىر ۋەكىل كەم قالدى (خەنزۇ). سايلانغان ۋەكىللەر ئىچىدە، كومپارتىيە ئەزاسى ئەمەسلەر 150 بولۇپ، %27.3 نى ئىگىلىدى؛ ئاياللار 135 بولۇپ، %24.6 نى ئىگىلىدى؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 406 بولۇپ، %74 نى ئىگىلىدى؛ 55 ياشتىن تۆۋەنلەر 420 بولۇپ، %76.5 نى ئىگىلىدى. سايلانغان ۋەكىللەر ئىلغارلىق، كەڭ دائىرىلىك، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ساپاسى ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى. خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز يېزىقلىرىدا 12 مىليون پارچە سايلام بېلىتى، سايلىغۇچىلار گۇۋاھنامىسى بېسىلدى؛ ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كىنىشكىسىدىن 20 مىڭ پارچە، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش كىنىشكىسى، سىرتتىن قاتنىشىش كىنىشكىسى، خىزمەت كىنىشكىسىدىن 50 نەچچە مىڭ پارچە بېسىلدى؛ «ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى قىبلىنامىسى»، «سايلام خىزمىتىگە دائىر قانۇن ھۆججەتلىرى» گە ئوخشاش يېتەكچى كىتابلار تۈزۈپ چىقىلدى؛ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى، دۆلەت ئورگانلىرى رەھبىرىي خادىملىرىنىڭ نامزاتلىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەدۋىلى، ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى قاتارلىق 14 خىل ماتېرىيال بېسىپ تارقىتىلدى. داڭىمىي كومىتېت ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق خ ق داڭىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى كۇرسى ئېچىپ 150 نەچچە خادىمنى تەربىيىلىدى.

داڭىمىي كومىتېت «ئۈرۈمچى ناھىيىسى قاتارلىق 10 ناھىيە (شەھەر، رايون) نىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشىدا ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن يېڭى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى توغرىسىدا قارار» چىقاردى، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋۇ جياچۈي، ئارال، تۇمشۇق شەھەرلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋە داڭىمىي كومىتېت تەركىبىگە كىرىدىغان خادىملارنىڭ سانى توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، بۇ 3 شەھەرنىڭ 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

داڭىمىي كومىتېت يېزىلىق، بازارلىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىگە داۋاملىق يېتەكچىلىك قىلدى، 2002 - يىل 3 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 856 يېزا، بازارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئاخىرلاشتى.

جۇ جەنخۇ

## ۋەكىللەر خىزمىتى

2002 - يىلى داڭىمىي كومىتېت ۋەكىللەر خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ ئاساس خىزمىتى سۈپىتىدە ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى ۋە راۋاجلاندۇردى.

ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، تەۋسىيەلەرنى بىجىرىشكە ئەھمىيەت بەردى. ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنى مەزگىلىدە ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان 8 تەكلىپ تولۇق بىجىرىلدى، 689 تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر بىجىرىش ۋە ۋەكىللەرگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالاقىدار تارماقلارغا ۋاقتىدا تاپشۇرۇلدى. بىجىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، داڭىمىي كومىتېت 2002 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مالىيە نازارىتى، پىلان كومىتېتى قاتارلىق 10 ئورۇننى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيەلىرىنى بىجىرىش خىزمىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

ۋەكىللەر بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە ۋەكىللەرگە ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ تۇرۇش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلىدىكى رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. داڭىمىي كومىتېت داڭىمىي كومىتېت رەھبەرلىرىنىڭ ۋەكىللەرنى كۆتۈۋېلىش تۈزۈمى، داڭىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار ۋە خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ ۋەكىللەر بىلەن ئالاقە باغلاش تۈزۈمى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ

پىكىر، تەۋسىيەلەرنى ۋاقتىدا ئاڭلاپ ۋە ئىنكاس قىلىپ تۇردى. ۋەكىللەرنى ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەزىيىتى ۋە مۇھىم خىزمەتلىرىدىن قەرەللىك ۋاقىپلاندۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ئەھۋالىدىن، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. 7 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورۇنچىدىكى 130 نەپەر ۋەكىلنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەت ئەھۋالىدىن قىلغان دوكلاتىنى ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇردى.

«ۋەكىللەر قانۇنى» بىلەن «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ۋەكىللەر قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» ئۈستىدىكى تەشۋىقات كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋەكىللەرنىڭ بىلىم مۇسابىقە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق يېزىقلىرىدىكى جاۋاب قەغىزىدىن 25 مىڭ 607 پارچە يىغىۋېلىنىپ، 1-، 2-، 3 - دەرىجىلىك شەخس مۇكاپاتىغا 15 كىشى باھالاپ چىقىلدى. دائىمىي كومىتېت يەنە ۋەكىللەرنى ئۆگىنىش، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش، دائىمىي كومىتېتنىڭ يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇش، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كىنىشكىلىق كۆرۈشتۈرۈش، سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلولار ئۈستىدە قىلغان سوتىنى سىرتتىن ئاڭلاشقا قاتناشتۇرۇشقا ئوخشاش ئۇسۇللار ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا تىرىشىپ شارائىت يارىتىپ بەردى.

جۇ جەنخۇ

## تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا ھەيئەت رىياسىتىنىڭ قاراپ چىقىشى ئارقىلىق ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان 8 تەكلىپ (بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن 6 تەكلىپ) دائىمىي كومىتېتنىڭ بىرتەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا تاپشۇرۇلدى. مۇدىرلار يىغىنى بىر تەكلىپنى دائىمىي كومىتېتنىڭ بېجىرىشىگە، قالغان 5 تەكلىپنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇلار:

1. ۋۇ چىلىن، ئۆمەرجان مىرزائەخمەت قاتارلىق 26 ۋەكىلنىڭ قانۇن بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك مۇستەقىل ستاتىستىكا ئاپپاراتى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپى (20-، 48 - نومۇرلۇق).

2. بايخوجا مىرقىتباي، ۋاڭ لىڭ قاتارلىق 12 ۋەكىلنىڭ ناھىيىگە قاراشلىق دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپى (21 - نومۇرلۇق).

3. ئابلا يۈسۈپ، ياڭ شۈلياڭ قاتارلىق 10 ۋەكىلنىڭ ئورپاننىڭ قەدىمىي سۈچىلىق مۇئەسسەسەسى — كارىزنى قوغداش توغرىسىدىكى تەكلىپى (76 - نومۇرلۇق).

4. مۇھەممەت نۇز، لو بىدې قاتارلىق 27 ۋەكىلنىڭ قىرغىزچە تېلېۋىزىيە سۈنئىي ھەمراھ پروگراممىلىرىنى سۈنئىي ھەمراھقا چىقىرىش ۋە شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ پروگراممىسى ئىچىدە، موڭغۇلچە تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ۋاقىت بۆلىكى كۆپەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپى (134-، 311 - نومۇرلۇق).

5. گو ۋېن، نۇرجاقىپ چىنىبېك قاتارلىق 15 ۋەكىلنىڭ يىراق مۇساپىلىك ماگىرىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپى (363 - نومۇرلۇق).

6. جۇاڭ يۈگىلاڭ، ئەكرەم مەخسۇت قاتارلىق 10 ۋەكىلنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى› نى يولغا قويۇش نىزامى» نى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى (330 - نومۇرلۇق).

جۇ جەنخۇ

## ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيەلىرىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا ۋەكىللەر 689 تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر ئوتتۇرىغا قويدى (بۇنىڭ ئىچىدە، تەكلىپتىن تەۋسىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلگىنى 392). بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەت - قاتناش، مالىيە - سودا، ئاساسىي قۇرۇلۇش، پىلان قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر بولغىنى 261 بولۇپ، 37.9% نى ئىگىلەيدۇ؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا دائىر بولغىنى 150 بولۇپ، 21.8% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئىلىم - پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ساھەلىرىگە دائىر بولغىنى 137 بولۇپ، 19.9% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئەمگەك، كادىرلار، مائاش، پاراۋانلىق ساھەلىرىگە دائىر بولغىنى 42 بولۇپ، 6.1% نى ئىگىلەيدۇ؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە سىياسىي قانۇن خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە دائىر بولغىنى 66 بولۇپ، 9.6% نى ئىگىلەيدۇ؛ باشقا ساھەلەرگە دائىر بولغىنى 33 بولۇپ، 4.7% نى ئىگىلەيدۇ. 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋەكىللەر يىغىن مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيەلەر بېجىرىلىپ بولدى، بېجىرىلىش نىسبىتى 100% بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە بېجىرگۈچى ئورۇنلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان، ھەل قىلىنغان ۋە ئاساسەن ھەل قىلىنغان تەۋسىيە 170 بولۇپ، تەۋسىيە ئومۇمىي سانىنىڭ 24.8% نى ئىگىلەيدۇ؛ ھەل قىلىنمىغانلىقىنى پاكىت قىلىپ ئىچىدە ھەل قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى 320 بولۇپ،

%46.4 نى ئىگىلەيدۇ؛ شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى پاكى دۆلەتنىڭ سىياسەت، بەلگىلىمىسى تۈپەيلىدىن كېيىن ھەل قىلىشقا قالدۇرۇلغىنى 127 بولۇپ، %18.4 نى ئىگىلەيدۇ؛ پەيسەلنىشقا قالدۇرۇلغىنى پاكى ئىزاھات بېرىلگىنى 72 بولۇپ، %10.4 نى ئىگىلەيدۇ.

ئەسقەر توختى

## ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 138 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارىغا بىنائەن، مۇئاۋىن مۇدىر ما جيەنگو، باش كاتىپ مۇھەممەت رەجەپلەرنىڭ باشچىلىقىدا دائىمىي كومىتېتنىڭ قىسمەن ئەزالىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ 2001 - يىللىق خىزمىتىنى باھالاپ چىقتى. باھالاشتا تۆۋەندىكى تەرەپلەر ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى: (1) ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملار ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار، بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى. (2) قانۇن نازارەتچىلىكى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە خاتا دېلولارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ئەھۋالى. (3) خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىش ئەھۋالى. (4) پاك - دىيانەتلىك بولۇش، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇش ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشى ئەھۋالى. باھالاشتا دوكلات ئاڭلاش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، دېلو - ئارخىپ تەكشۈرۈش، ئاممىدىن ۋە ئالاقىدار ئورۇنلاردىن پىكىر ئېلىش، يۈزتۇرانە باھالاش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، باھالاش تەييارلىق كۆرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، باھالاش، تەرتىپكە سېلىش - تۈزەش ۋە خۇلاسىلەشتىن ئىبارەت 5 باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دائىمىي كومىتېت ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئاچتى. 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى باھالاش گۇرۇپپىسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، باھالاش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىدى. 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دائىمىي كومىتېت باھالاش يىغىنى ئاچتى. باش تەپتىش مۇھەممەت يۈسۈپ ئۆز ئىچىدە تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، ما جيەنگو ئەتراپلىق باھالاش سۆزى قىلدى، مۇدىر ھامىدىن نىياز سۆز قىلدى. باھالاشتا خىزمەتتىكى نەتىجىلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر كۆرسىتىپ بېرىلدى ھەم تەنقىد، پىكىر، تەكلىپ بېرىلدى.

باھالاش يىغىنىدىن كېيىن باھالاش خىزمىتى تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش باسقۇچىغا كىردى. ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باھالاشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 5 جەھەتتىكى 35 ماددىلىق پىكىرگە ئاساسەن، تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا بىر تۈركۈم يىغىلىپ قالغان دېلولارنى بىجىرىپ تاماملىدى. دائىمىي كومىتېتنىڭ 29 - قېتىملىق يىغىنىدا تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش ئەھۋالىدىن قىلغان دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر قاراپ چىقىش ئارقىلىق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش خىزمىتىدىن مەمنۇن بولدى.

جۇ جەنخۇ

## دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش ئەھۋالى

دائىمىي كومىتېت 143 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارىغا بىنائەن، 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بېرىلدى. باھالاشتا تۆۋەندىكى تەرەپلەر ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى: (1) يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئومۇمىي پىكىر يولى ۋە چوڭ - چوڭ تەدبىرلىرى. (2) يېزا ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن، نىزاملارنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر. (3) يېزىلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك تۈپ سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى. (4) ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ جايلىشىشىنى سەرخىللاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي تەدبىرلەر ۋە ئۈنۈم. (5) پاكلىق قۇرۇلۇشى ئەھۋالى. (6) دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلارغا دائىر تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بىجىرىش ئەھۋالى. باھالاش، تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش باسقۇچلىرىدىن كېيىن، دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسى روشەن ئۆستى. 2002 - يىل 11 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى ئالىم قادىر دائىمىي كومىتېتنىڭ 31 - قېتىملىق يىغىنىدا تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى دوكلاتنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى.

بېلىكتۇ

## «تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى» نىڭ ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى تەشكىللەش كومىتېتى «قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش - قۇمنى تىزگىنلەش - يۇرت - ماكانى قوغداش» ئاساسىي تېما قىلىنغان «تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. «دۇنيا قۇملىشىش ۋە قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈنى» بولغان 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خەلق سارىيىدا سەپەرگە ئاتلىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، مۇئاۋىن مۇدىر خەلچەم ئىسلام بىلەن خوجىخان ھاكىموف 2 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايون، مەركەز ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ 32 مۇخبىرىنى باشلاپ، 20 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، سانجى، تارباغاتاي، قاراماي، بورتالا، تۇرپان، باينغولىن، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق 6 شەھەر، 12 ناھىيىدىكى قۇم - بوراننىڭ خەۋپىگە ئۇچراۋاتقان ۋە قۇم - بوران تىزگىنلىنىۋاتقان 74 نەق مەيدان نۇقتىسىغا بېرىپ، قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش - قۇمنى تىزگىنلەش قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشتە بايقالغان مەسىلىلەرنى ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) لىرىگە ئىنكاس قىلدى ھەمدە ئالاقىدار ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى (خىزمەت كومىتېتلىرى) دىن بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تۈزەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى بىلەن بىللە بارغان مۇخبىرلار ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا 280 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، جايلارنىڭ قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇم تىزگىنلەش تەجرىبىلىرىنى تەشۋىق قىلدى، بەزى جايلارنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىغا سەل قارىغانلىقىغا دائىر مەسىلىلەرنى ئاشكارىلىدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى ساقلانغان مەسىلىلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1. قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش ئۈستىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى كۈچەيتىش لازىم. 2. قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش - قۇمنى تىزگىنلەش پىلانىنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىش لازىم. 3. چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئاسراش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. 4. ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق ئوبدان تۇتۇش لازىم. 5. قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش - قۇمنى تىزگىنلەش قانۇنىغا ماسلاشتۇرۇلغان يەرلىك نىزام، قائىدىلەرنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىش لازىم. 6. ھۆكۈمەت مەمۇرىي رەھبەرلىرىنىڭ قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش - قۇمنى تىزگىنلەش نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە سىناش - مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش لازىم. 7. دۆلەتنىڭ سىياسەت جەھەتتىن تېخىمۇ كۆپ مايىل بولۇش ۋە مەبلەغ جەھەتتىن تېخىمۇ كۆپ قوللىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

جۇ جەنخۇ

## «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

مۇئاۋىن مۇدىر خەلچەم ئىسلام، خوجىخان ھاكىموف قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى باشلاپ، 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندا «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى مۇنداق دەپ قارىدى: ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش ئاپپاراتلىرى ئاساسەن مۇكەممەل بولغان، مۇھىت ئاسراش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە قانۇنچىلىق يولىغا سېلىنغان، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش خىزمىتى مەلۇم دەرىجىدە كۈچەيتىلگەن، بىراق يەنە بىرمۇنچە مەسىلىلەر ساقلانغان: 1. مۇھىت ئاسراشتىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ ئۇل سىياسىتىگە بولغان تونۇش يېتەرلىك بولمىغان. 2. مۇھىتنى ئۇنۇۋېرسال تۈزەش قەدىمى ئاستا بولۇپ قالغان، شەھەرلەرنىڭ مۇھىت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى نىسبىي ئارقىدا قالغان. 3. مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقى يېتەرلىك بولمىغان. 4. مۇھىت ئاسراش بويىچە بىرلىككە كەلگەن نازارەتچىلىك - باشقۇرۇش مېخانىزمى شەكىللەنمىگەن. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش نىزامى» نىڭ ئىجراسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش توغرىسىدا 5 نۇقتىلىق تەۋسىيە ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇ جەنخۇ

## «ئاپتونوم رايوننىڭ تۈزچىلىق باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

مۇئاۋىن مۇدىر لى فېڭزى، قادىس جانابىل قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى باشلاپ، 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە «ئاپتونوم رايوننىڭ تۈزچىلىق باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى مۇنداق دەپ قارىدى: ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تۇز بايلىقىنى ئاسراش، ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، تۇز

ئىشلەپچىقىرىش، توشۇش، سېتىش، تۇز باشقۇرۇش، يودلۇق تۇز ئىستېمال قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، بەلگىلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. بىراق بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان، ئاساسلىقى: 1. نىزامنى چوڭقۇر ۋە كەڭ تەشۋىق قىلىش يېتەرلىك بولمىغان. 2. يودلۇق تۇزنى ئومۇملاشتۇرۇش تەكشى بولمىغان، يودسىز تۇزنىڭ ئىستېمال تۇزى بازىرىغا تەسىر كۆرسىتىش ئەھۋالى بىرقەدەر ئېغىر بولغان. 3. بازار باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. 4. تۇز بايلىقىنى ئاسراش خىزمىتىدە يوچۇق بار ئىكەن. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ 5 نۇقتىلىق تەۋسىيە ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇ جەنخۇ

## «قېزىلما بايلىق قانۇنى» ۋە «قېزىلما بايلىقنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۈڭتىڭىنىڭ ماۋالىسىغا بىنائەن، ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتى مۇئاۋىن مۇدىر خەلچەم ئىسلام، خوجىخان ھاكىموۋ باشچىلىقىدىكى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، «قېزىلما بايلىق قانۇنى» ۋە «قېزىلما بايلىقنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى زېمىن - بايلىق نازارىتى، پىلان كومىتېتى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ قانۇن ۋە نىزامنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىدىن قىلغان دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە شىمالىي شىنجاڭ گۇرۇپپىسى، شەرقىي شىنجاڭ گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ، ئۈرۈمچى، ئىلى، ئالتاي، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ۋە ئۇلارغا قاراشلىق 4 شەھەر، 5 ناھىيىگە بېرىپ نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاش ئالتۇن كېنى، ئاشلى مىس كېنى، شىنجاڭ كانچىلىق گۇرۇھى لىيۇداۋان كۆمۈر كېنى، تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكى قاتارلىق 18 نۇقتىنى تەكشۈرۈپ، قانۇن، نىزامنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى بىرقەدەر چوڭقۇر ئىگىلىدى. تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقىغان، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە كىرىدىغان مەسىلىلەرنى سۆھبەت ۋە يازما شەكىلدە شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) لەرگە ئىنكاس قىلدى ھەمدە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېت (خىزمەت كومىتېتى) لىرىدىن بەلگىلەنگەن مۇددەتتە تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مۇنداق دەپ قارىدى: ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قېزىلما بايلىق قانۇنى، نىزامىنى ئىزچىل يولغا قويۇشتىكى تونۇشى ئېنىق، پوزىتسىيىسى ئەستايىدىل بولغان، بولۇپمۇ قېزىلما بايلىقنى باشقۇرۇش تەرتىپىنى تۈزەش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىگەن، قېزىلما بايلىقنى ئېچىش، پايدىلىنىش، قوغداش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە قانۇنچىلىق يولىغا سېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قېزىلما بايلىقلارنىڭ تەگتى ئېنىق بولماسلىق، بىرلىككە كەلگەن، ئىلمىي بولغان تەپسىلىي پىلان بولماسلىق، بايلىق ئىسراپچىلىقى بىرقەدەر ئېغىر بولۇش، كانلارنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئاسراش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى بىرقەدەر ئاجىز بولۇش، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار بايلىق تولۇقلىما پۇلىنى ماتاشقا چىقىم قىلىش، كانچىلىق ھوقۇقى بازارلىرى يوق بولۇشتا ئوخشاش مەسىلىلەر ساقلانغان. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، 7 نۇقتىلىق تەۋسىيە ئوتتۇرىغا قويدى.

چېن يىڭجۇي

## «ئورمان قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

2002 - يىل 9 - ۋە 10 - ئايدا مۇئاۋىن مۇدىر جالاڭ خېلىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، بايىنغولىن، خوتەن، قەشقەر، ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىپ، «ئورمان قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مۇنداق مەسىلىلەرنى بايقىدى: ئورمان بەرپا قىلىشقا دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىن بولغان، ئورمانلىقنى قوغداش، باشقۇرۇشتا گەۋدىلىك مەسىلە ساقلانغان، ئورمان بايلىقىنى قوغداش، باشقۇرۇش ۋە ئورمانچىلىققا دائىر قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىشتا ئاجىز ھالقىلار ساقلانغان، ئورمانچىلىق سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، تۆۋەندىكى پىكىر - تەۋسىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1. ئورمانچىلىققا ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. 2. ئورمانچىلىققا ئائىت قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا ۋە ئورمانچىلىق خىزمىتىدە ساقلانغان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىش كېرەك. 3. ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكنى چوقۇم يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن باشلاپ، پىلانلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

جۇ جەنخۇ

# ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى

## ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ئىسىملىكى

رەئىس: ئابلەت ئابدۇرېشىت

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى، دەلىلقان مامىقان (قازاق)، شيۇڭ خۈيىن، مەتتىمىن زاكىر، جاڭ جۇ، ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، ليۇ يى

باش كاتىپ: ئايۇپ تىيىپ

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ياڭ جاۋجى، لى دېخۇڭ، لى شىلى، جاۋ جەنگوي، ئارىپ (قازاق)، يۈسۈپ قاسىم، جاڭ رېنجىې، لىي يىلياڭ، تۇرسۇن ئىبراھىم (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ شاۋنىڭ (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: ياڭ جاۋجى (قوشۇمچە)

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئابلىز ھوشۇر، يۇ جېنگوي

تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خەن شۈچى

ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇڭ رۇخاۋ

مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى: سائتار ساۋۇت

پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرى: گۇ جيايۇ

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇللا ھەمدۇللا (11 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى)

مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇھەممەت ئەلى

ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى: جاڭ شيۇمىڭ

دۆلەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ نازىرى: گۇڭ چىخۇا

مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى: ئابدۇراخمان پولات

خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى: جاپپار ھەبىبۇللا

ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: روزى ئىسمايىل (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، قاسىم مامۇت (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)

مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: چېن زىيۇ (7 ـ ئايدا ۋەزىپىدىن يۆتكەلدى)، لى شۈجۈن (7 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)

كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى: نىجات مەھمۇت

ئەمگەك ـ ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ نازىرى: قادىر ھوشۇر (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، غەيرەت ھەسەن (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)

زېمىن ـ بايلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: شارىپقان (قازاق)

قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى: لى جيەنشىن

قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرى: ئامان ھاجى

سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: ۋاڭ شىجياڭ

دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: ئالىم قادىر

چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: قەيسەر جايدار (قازاق، 5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئۇبەيدۇللا قسايىن (قازاق، 5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)

تاشقى سودا ـ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: چېن يۇڭ

مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى: زۇنۇن قۇتلۇق

سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: مەتتىمىن ياسىن

پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن ئايۇپ

ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى: جۇ دېگيۈن

ئىزاھ: بۇ يىلنامىنىڭ ماقالىلىرى يوللىنىشتىن ئىلگىرى، 2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 1 ـ يىغىنىدا ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە، ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى، شيۇڭ خۈيىن، جاڭ جۇ، ليۇ يى، نۇرلان ئابىلمەجىن (قازاق)، ئامان ھاجى، كۈرەش مەخسۇت ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 4 قېتىم ئومۇمىي يىغىن ئاچتى.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 10 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىپ، 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 7 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ش ئۇ ئا ر 6 ـ نۆۋەتلىك پارتكوم 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئۆگىنىلىپ، مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەن ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپى ئەتىشى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى داۋاملىق ئالغا سۈرۈلدى. يىغىندا ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆز قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 11 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەت داۋامىدىكى مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلار تەھلىل قىلىندى، كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەت

نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. يىغىندا ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆز قىلدى.

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 12 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىپ، ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئەھۋالى مۇھاكىمە قىلىندى، ھۆكۈمەتنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆز قىلدى.

10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى 13 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىپ، ئالدىنقى 3 پەسىللىك ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئەھۋالى مەلۇم قىلىندى، ساقلانغان مەسىلىلەر ئەستايىدىل تەھلىل قىلىندى، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىندا ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆز قىلدى.

گاۋ شىنلىڭ

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنلىرى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 4 قېتىم دائىمىي يىغىن ئاچتى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 17 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاياللار تەرەققىيات پروگراممىسى (2001 — 2010 - يىلغىچە)» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ بالىلار تەرەققىيات پروگراممىسى (2001 — 2010 - يىلغىچە)» مۇھاكىمە قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 18 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە ماسلىشىپ، يەرلىك قائىدە - نىزاملار، ھۆكۈمەت نىزاملىرىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، «ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى (لايىھە)» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ تەشكىلىي ئورگانلارنىڭ كودىنى باشقۇرۇش چارىسى» مۇزاكىرە قىلىندى، ھۆكۈمەتنىڭ باجسىز كىرىملەرنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، جاۋ شىنمىن، چېن ۋېيلارنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاش ۋە مۇھىت تازىلىقى ئىشچىلىرى بايرىمىنى تەسىس قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 19 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ كادىرلار ئىشلىرى تالاش - تارتىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بەلگىلىمىسى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ پارچە قاچىلانغان سېمونتنى باشقۇرۇش چارىسى» مۇزاكىرە قىلىنىپ، پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ جىنشياڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 20 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي كەڭ ئېچىش بويىچە يەر ئىشلىتىش ۋە قېزىلما بايلىق جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش پىكرى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ سېلىش يۇمشاق مۇھىتىنى ياخشىلاش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسى» مۇزاكىرە قىلىندى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى (لايىھە)» دىكى تۇغۇتقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدىكى پىكرى مەلۇم قىلىندى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 - يىلى كارخانىلاردىن پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ئاساسىي پېنسىيە پۇلىنى تەڭشەش چارىسى ۋە ۋەيران بولغان دۆلەت كارخانىلىرى تاپشۇرمىغان پېنسىيە سۇغۇرتا پۇلىنى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، ئاپتونوم رايوندا ئىجتىمائىي كاپالەت سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى توغرىسىدا قىلىنغان دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

گاۋ شىنلىڭ

## رەئىسلەر يىغىنى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 26 قېتىم رەئىسلەر يىغىنى ئاچتى.

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 88 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، شىنجاڭ تاشقى سودا گۇرۇھىنى قايتا تەشكىللەشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 89 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتىدىن قىلىنغان دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 90 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، ش ئۇ ئا ر يېزا باج ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مەملىكەتلىك يېزا باج ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئەھۋالىدىن قىلغان دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 91 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ،

ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، مالىيە نازارىتى، ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ۋە نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىدىن قىلىنغان دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 92 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن قىلىنغان دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى قاتارلىق 3 مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش لاياقىتىنى باھالاش مەسىلىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ لايىھىسى مۇھاكىمە قىلىندى، جېن چىڭشىڭ قاتارلىق 2 كىشىنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاش پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 93 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، مەمۇرىي جەھەتتىن تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ۋە غەربىي كەڭ ئېچىشتا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە دائىر پىكىر توغرىسىدا قىلىنغان دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، «شىنجاڭ مەنزىرىسى — ئۆرپ - ئادىتى سەپىرى — تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ساياھەت بايرىمى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، «غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە ماسلىشىپ، ئىختىساس ئىگىلىرى مۇھىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىرقانچە چارە» مۇزاكىرە قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 94 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ باھا مۇندەرىجىسى» نى تۈزۈشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، «ئاشلىق توبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» ۋە مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەرگە مۇكاپات ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئۆينى ھەل قىلىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ جىنشياڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 95 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 96 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، يەر تەۋرەش خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىدىن قىلغان دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 97 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خىزمىتىدىن قىلىنغان دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 98 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى شەھەر - بازار كوللېكتىپ كارخانىلىرىدىن پېنسىيىگە چىققان، لېكىن ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەت بىر تۇتاش غەملەيدىغان دائىرىگە كىرگۈزۈلمىگەن خادىملارغا تۇرمۇش پۇلى بېرىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مەملىكەتلىك 11 - قېتىملىق خەلق ئىشلىرى يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايوندا ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدا قىلغان دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى» (لايىھە) مۇزاكىرە قىلىندى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 99 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىن قىلىنغان دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 100 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ ئولتۇراق ئۆي جامائەت فوندى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى يولغا قويۇش پىكرى توغرىسىدا قىلغان دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، 2 قېتىملىق پەۋقۇلئاددە ئېغىر قاتناش ھادىسىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 101 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپەت ئەھۋالى، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى ۋە مەملىكەتلىك مىللىي مائارىپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا قىلىنغان دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 102 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، شىنجاڭ قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى قۇرۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىلىم باشلامچىلىرى، ئاياغ ئوقۇتقۇچىلارغا مەخسۇس ئىش ئورنى

قوشۇمچە پارتىسى بېرىشنى يولغا قويۇش پىكرى» مۇھاكىمە قىلىندى، ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرى بىلەن ئىتتىپاق تىياتىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى، كادىرلارنى جازالاشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىپ قارارىدىن ئۆتكۈزۈلدى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 103 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، 2002 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالىدىن قىلىنغان دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، «خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 15 - قېتىملىق خەلق ئىشلىرى يىغىنى ئېچىشتا تەييارلىق كۆرۈشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 104 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئولتۇراق ئۆيلەرنى پۇللاشتۇرۇپ تەقسىم قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پىكرى (لايىھە)، ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر ۋە غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى، مۇتەللىپ ئۆمەر قاتارلىق 5 كىشىنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاشقا ئالاقىدار مەسىلە مۇھاكىمە قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 105 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى ۋە مەملىكەتلىك تەنتەربىيە خىزمىتىنىڭ روھى ھەم ئاپتونوم رايوندا ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدا قىلىنغان دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 106 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، ئالدىنقى 3 پەسىللىك ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئەھۋالى مۇھاكىمە ۋە تەھلىل قىلىندى، 4 - پەسىللىك خىزمەتلەر ۋە يىللىق نىشاننى ئورۇنداشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا دائىر ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 107 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازار سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي پىلانى (2000 — 2020 - يىللىقچە)» مۇھاكىمە قىلىندى، ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا بېرىلگەن تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىدىن قىلىنغان دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 108 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، يېقىنقى مەزگىللىك خىزمەتلەر مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 109 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) مۇزاكىرە قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 110 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك يېزا سەھىيە خىزمىتى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئۇنى ئاپتونوم رايوندا ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدا قىلىنغان دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 111 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، 2003 - يىللىق ئاساسىي ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 112 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» ۋە ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك پارتكومنىڭ 4 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى مۇزاكىرە قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 113 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى خىزمىتى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈلدى، بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشى ئىشلەشكە تېگىشلىك بىرنەچچە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

گاۋ شىنلىڭ

## ئوبلاست (شەھەر) باشلىقلىرى، ۋالىيلار يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئېچىلدى. يىغىننىڭ قارالىسى ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك پارتكوم 2- ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ھەرىكەت ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش، 2002 - يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. ئابلەت

ئابدۇرېشىت يىغىنىدا سۆز قىلدى.

گاۋ شىنلىڭ

## ھۆكۈمەت پەرمانلىرى

2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ھۆكۈمەتنىڭ 103 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ كودىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ھۆكۈمەتنىڭ 104 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىسمەن قائىدە - نىزاملىرىنى بىكار قىلىش - تۈزىتىش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئېلان قىلدى.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ھۆكۈمەتنىڭ 105 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ھۆكۈمەتنىڭ 106 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كادىرلار ئىشلىرى تالاش - تارتىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ھۆكۈمەتنىڭ 107 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارچە قاچىلىنىدىغان سېمونتنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

ۋۇ لىجيې

## قارار، بەلگىلىمىلەر

**2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى چىقارغان قارار، بەلگىلىمىلەر (بىر قىسمى):**

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «2001 - يىللىق پىلانلىق تۇغۇتتا ئۈچنى ئاساس قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە، لاياقەتلىك ناھىيىلەرگە نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «2001 - يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت مەسئۇلىيەت نىشانىنى ئورۇندىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئورۇنلارنى تەقدىرلەش - مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «ئاپتونوم رايون بويىچە 2000- يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن خادىملار ۋە تۈرلەرنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «خېيىنەندە سورت يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «تۇرپان ۋىلايىتى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق 4 ئاپتونوم ئوبلاست، شەھەر، ۋىلايەتنىڭ ئالاقىدار ناھىيە (شەھەر) لىرى ئارىسىدىكى مەمۇرىي رايون چېگرا سىزىقىنى بېكىتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق 5 ئاپتونوم ئوبلاست، ۋىلايەتنىڭ ئالاقىدار ناھىيە (شەھەر) لىرى ئارىسىدىكى مەمۇرىي رايون چېگرىسىنى بېكىتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «ئاشات شاجيان قاتارلىق 8 مۇنەۋۋەر چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىگە ‹جۇڭگو تەڭرىتاغ مۇكاپاتى› بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «چېگرا ئۆلچەش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ VCD، CD، DVD پىلاستىنكىسىنى ئىشلەش - نەشر قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى ۋە ياردەم بەرگەن ئورۇنلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

**2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى چىقارغان قارار، بەلگىلىمىلەر (بىر قىسمى):**

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «2001 - يىللىق ‹مۇھىت نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامىسى› نى يولغا قويۇشتا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلاش قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇھىت تازىلىقى ئىشچىلىرى بايرىمى تەسىس قىلىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

ۋۇ لىجيې

## ئۇقتۇرۇشلار

**2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):**

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلار ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانى پروگراممىسىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»

چىقاردى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ چىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش باھاسىنى باشقۇرۇش چارىسى›، نى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر بازارلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «ھۆكۈمەتنىڭ باجسىز كىرىمىنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپاۋەت يېجى كىرىمىدىن تەلەپ بەھرىمەن بولۇش ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلىم-پەن تەرەققىياتى پروگراممىسى (2001 — 2010 - يىللىقچە)›، ۋە ‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بالىلار تەرەققىياتى پروگراممىسى (2001 — 2010 - يىللىقچە)›، نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ تېرىلغۇ يەرنى يوشۇتۇپ ئورمان بەرپا قىلىشقا دائىر سىياسەت - تەدبىرلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەققىدىكى بىرقانچە پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «تولتۇراق ئۆي جامائەت فوندىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ باھا مۇندەرىجىسى›، نى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغان مەمۇرىي تەستىقلاش ئىشلىرىنى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغان، ھوقۇق بېرىلگەن (تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن) ھەق ئېلىش (باھا بېكىتىش) ئىشلىرىنى ئېنىقلاش نەتىجىسىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «شىنجاڭ قۇرۇلۇش كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى مۇھىتىنى ياخشىلاشقا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمىسىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «2 - تۈركۈمدىكى مەمۇرىي تەستىقلاش ئىشلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنى نىسپىي مەركەزلەشتۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «شىنجاڭنىڭ سۈيەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «قىش، ئەتىياز پەسىللىك ئېتىز-ئېرىق - سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى مەكتىپى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنى بىرلەشتۈرۈپ شىنجاڭ كەسپىي تېخنىكىلارنى تەربىيىلەش ئىنستىتۇتى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «ئىلى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «سىرتقا چىقىدىغان ياكى سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەردىن ھەق ئېلىشقا دائىر ئالاقىدار تۈرلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «شىنجاڭدىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خەزىنە قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «‹ئاپتونوم رايوندا باغچىسىمان شەھەرلەرنى بەرپا قىلىشنى يولغا قويۇش چارىسى›، ‹ئاپتونوم رايوننىڭ باغچىسىمان شەھەرلەرنىڭ ئۆلچىمى›، ‹كۆكەرتىشتە لاياقەتلىك ئورۇن ۋە باغچىسىمان ئورۇن بولۇش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش چارىسى›، نى تارقىتىش توغرىسىدا

ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرىنى ئېنىقلاشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەرىتە بازارلىرى تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «‹ئاپتونوم رايوننىڭ ماي پونكىتلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى›نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «‹ئاپتونوم رايوننىڭ سودا بازارلىرىنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنىڭ لايىھىسى›نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئەيدىز كېسىلى، تاناسىل كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇلارنى تىزگىنلەشنىڭ ئوتتۇرا - ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ خام چوت ئورۇنلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پېنسىيىگە چىققان خادىملىرىغا ش ھ [1986] 61 - نومۇرلۇق ھۆججەتكە ئاساسەن، پېنسىيە قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈن «ش ھ [1997] 107 - نومۇرلۇق ھۆججەتكە ئاساسەن، ئالاھىدە ئىش تۈرلىرىدىكىلەرگە قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كېلىشىم مۇددىتى توشقاندىن كېيىن قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدە تۇرۇپ قېلىشىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەتنىڭ ئاقما نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى باشقۇرۇش چارىسى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى يولغا قويۇش پىكرى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «‹نامراتلارنى يۆلەپ، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىپ، شەپقەت يەتكۈزۈش› بويىچە ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «‹ئاپتونوم رايوننىڭ كۆمۈر كانلىق تاغ قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەن تاغلاردا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش چارىسى›نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، ھۆكۈمەت ئۇچۇرلىرىنى توردا يەتكۈزۈپ بىرتەرەپ قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 - يىللىق سېلىنمىسى بىلەن ھاسىلاتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ تارىم دەريا ۋادىسىنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرى ئىچىدىكى قۇرۇلۇشلارنى باشقۇرۇش چارىسى›نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە بايلىقلىرىنى تەقسىملەش ئۆلچىمىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «مالىيە دۆلەت خەزىنىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «‹ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تەرتىپىنى يولغا قويۇش چارىسى›نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت بازارلىرىدا يالغان، قانۇنسىز نەرسىلەرگە زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى›نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆكۈمەتنىڭ باجسىز كىرىملىرىنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ باجسىز كىرىملىرىنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «كۆمۈر كانلىرىدىكى گاز رايونىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلىنى تاپشۇرۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ گوۋۇيۈەن تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى، دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ زەنجىرسىمان تىجارەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدىكى بىرقانچە پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مىللىي سودا كارخانىلىرى ۋە مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق كارخانىلارغا باجنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى داۋاملىق بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «يۇقىرىغا مەبلەغ تاپشۇرىدىغان شەھەرلەرگە يۇقىرىغا تاپشۇرغان مەبلەغنى نىسبەت بويىچە قايتۇرۇپ بېرىشنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

## تەستىقلاپ تارقىتىلغان دوكلاتلار

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى):

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «مائارىپ نازارىتىنىڭ ئادەتتىكى ئالىي مائارىپنىڭ پەن - كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش پرىنسىپى توغرىسىدىكى پىكرى ۋە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە نۇقتىلىق پەنلەر قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «شىنجاڭدىكى رادىئو - تېلېۋىزىيە تورلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ بىرلەشتۈرۈش ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش تورى باش شىركىتى قۇرۇش لايىھىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تەستىقلاپ تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى):

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي تەرەققىيات نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىللىق ئۆز دەرىجىلىك خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم - چىقىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەپتىش قىلىش نەتىجىسى ھەققىدىكى دوكلاتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ «مۇھىت ئاسراش بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا مەمۇرىي جازا بېرىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ شەھەرلەردە سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ تېجەش ۋە سۇنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «كادىرلار نازارىتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2001 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە دۆلەت مەمۇرلىرىنى تەربىيىلەش پىلانى» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ ياشلار مەدەنىي كوللېكتىپى بەرپا قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى، ۋە ش ئۇ ئا ر ياشلار مەدەنىي كوللېكتىپى تەشكىلات كومىتېتى ۋە ئىشخانىسى خادىملىرىنىڭ ئىسملىكى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «ئەدلىيە نازارىتىنىڭ قانۇنىي ياردەم بېرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «كادىرلار نازارىتى، مائارىپ نازارىتى، تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىنىڭ 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدىكى پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى.

7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 - يىللىق كەلكۈن مەزگىلىدىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەييارلىق لايىھىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى،

مالىيە نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتى، زېمىن ـ بايلىق نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەر قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىش ـ باشقۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى.

7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «يول قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «مالىيە نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «دېھقانچىلىق نازارىتى، سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، سودا ـ سانائەت ئىدارىسى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ پاختا كەسپىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ساياھەت ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى ئالغا سۈرۈش ھەققىدىكى پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «ش ئۇ ئا ر تىل ـ يېزىق كومىتېتىنىڭ ‹ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشنى يولغا قويۇش لايىھىسى› توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى.

## تەستىق جاۋابلار

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان تەستىق جاۋابلار (بىر قىسمى):

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئاساسىي بۇلغىماللارنى قويۇپ بېرىش ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەش ـ پارچىلاش پىلانىنى يولغا قويۇشنى تەستىقلاش توغرىسىدا تەستىق جاۋاب» تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «دۆلەت يولى 216 ـ لىنىيىسىنىڭ گەنسۇ چۆنباۋدىن قەشقەر شەرقىي بولغىچە بولغان بۆلىكىدىكى تاشيولدا پونكىت قۇرۇپ، ماشىنىلاردىن قاتناش پۇلى ئېلىش توغرىسىدا تەستىق جاۋاب» تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «تاشيولدا قاتناش پۇلى ئېلىش ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇپ قەرز پۇل ئېلىش توغرىسىدا تەستىق جاۋاب» تارقاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەمۇرىي ـ كەسپىي ئورۇنلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا مەبلىغىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا تەستىق جاۋاب» تارقاتتى.

10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونى قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا تەستىق جاۋاب» تارقاتتى.

10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ كۆمۈر سانائىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ 10 ـ بەش يىللىق ئومۇمىي پىلانى توغرىسىدا تەستىق جاۋاب» تارقاتتى.

10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قىسمەن باھا بېكىتىش (ھەق ئېلىش) ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدا تەستىق جاۋاب» تارقاتتى.

11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «بىڭتۇەن سىستېمىسىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا يەر مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا تەستىق جاۋاب» تارقاتتى.

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ مۇھىت فۇنكسىيىسىنى رايونلارغا ئايرىش توغرىسىدا تەستىق جاۋاب» تارقاتتى.

## پىكىرلەر

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان پىكىرلەر (بىر قىسمى):

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش تۈزۈمى جەھەتتىكى ئۈچ تۈرلۈك ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشتا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» نى تارقاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «داۋالاشتا قوللىنىلىۋاتقان مىللىي تېبابەت دورىلار خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «ئاشلىق ئوبوروتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» نى تارقاتتى.

8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە باغلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتتى.

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونىنىڭ ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سۈرۈش تۈرلەرنى ۋاكالىتەن ئاشكارىلاش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشتا يەر ئىشلىتىش ۋە قېزىلما بايلىق جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتتى.

ۋۇ لىجيې

## رەھبەرلەرنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش پائالىيەتلىرى

2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 — 3 - كۈنلىرى ۋاڭ جىنشياڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قىزىلسۇ ئوبلاستىغا بېرىپ، تورغات پورتى ۋە ئەركەشتام پورتىدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنى، تاموژنا خادىملىرىنى يوقلىدى، جۇڭگو — قىرغىزىستان — ئۆزبېكىستان تۆمۈريولى ئومۇمىي پىلانى لايىھىسىنى تەكشۈردى، ئاتۇش شەھىرىنىڭ مۇناقى ئۈزۈم بازىرى، تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتى، خورۇم زاۋۇتىغا بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىدىن ھال سورىدى، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئابدۇقادىر نەسىردىن شىنجاڭ مەرھابا مېھمانخانىسىغا بېرىپ، دۆلەت دىن ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىلىك كومىتېتى، جىجياڭ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ شىپاخانىلىرىغا داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئىئانە قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

مەتتىمىن زاكىر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىكى «راك» ، «پەنجىگاھ» مۇقاملىرىنىڭ DVD، CD پلاستىنكىلىرىنى ئۈرۈمچىدە تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم تەبرىك سۆزى سۆزلىدى.

1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دەلىلقان ماسقان ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى 2 - قۇشخانا سىز مەھسۇلاتلىرى توپ سېتىش بازىرى، غەرب مېھمانخانىسىدىكى 2 - دەرىجىلىك كىتاب - ژۇرنال توپ سېتىش بازىرى، دوستلۇق سودا سارىيى قاتارلىق جايلارنىڭ بازار تەرتىپىنى تەكشۈردى.

1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى ئۈرۈمچىدە ش ئۇ ئا ر قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسىنىڭ شائخەي شامال ئېنېرگىيىسى ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىگە شەرقىي تەڭرىتاغدىكى تۆۋۈ مىس كانىنى تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش توختامىنى ئىمزالاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە شىۋلاڭ خۇيېن ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، باركۆل، ئارالتوبۇلاق ناھىيىلىرىنىڭ 10 يېزا (بازار) ، 20 كەنتىگە بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ 2 - يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش گورۇھىنىڭ 2 -، 3 - شىركەتلىرى قاتارلىق قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەنگە ھەمراھ بولۇپ، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى يوقلىدى.

1 - ئاينىڭ 29 — 30 - كۈنلىرى ئابدۇقادىر نەسىردىن ئاپتونوم رايوننىڭ چاغانلىق ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ تاشقورغانغا بېرىپ، ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىدىن ھال سورىدى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دەلىلقان ماسقان ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭدىكى يېيى بازارغا سېلىنغان كارخانىلار باش مۇدىرلىرىنىڭ سەمىمىيەت ئەھدىنامىسى» گە ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ، ئابدۇقادىر نەسىردىن ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىق رەھبەرلەرگە ھەمراھ بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى، ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى قاتارلىق قىسىملارنىڭ ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرىدىن ھال سورىدى.

لىۋ يى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى، ئابدۇقادىر نەسىردىن قاتارلىق رەھبەرلەر دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پېشقەدەم كادىرلارنى يوقلاپ، ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى.

ئەركىن ئىمىرباقى، جاڭ جۇ، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ خۇڭقىيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى، جۇڭتىيەن مەيدانى قۇرۇلۇش ئورنى، كۆمۈش ئاستانە مېھمانسارىيى، دوستلۇق

مېھمانسارىيى، كوئېنلۇن مېھمانخانىسى، ئۈرۈمچى تاماكا مونوپولىيە شۆبە ئىدارىسىنىڭ ئامبىرى قاتارلىقلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى تاشيول يولۇچى توشۇش مەركىزىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەترابى يولۇچى توشۇش بېكىتىگە بېرىپ، بايرام مەزگىلىدىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دەلىلقان ماسقان شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ئامبىرى، ئۈرۈمچى پاختا - چىگە پونكىتى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئامبىرىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئۈرۈمچى ئامبىرىغا بېرىپ، بايرام مەزگىلىدىكى ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىك ئەھۋالى ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى، دەلىلقان ماسقان، شيۇڭ خۇيىن، جاڭ جۇ، ئابدۇقادىر نەسىردىن، ليۇ يىلار نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ، بايرام مەزگىلىدە ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن، ج خ ساقچىلىرىدىن ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ كوماندىر، جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى، دەلىلقان ماسقان، شيۇڭ خۇيىن، مەمتىمىن زاكىر، جاڭ جۇ، ئابدۇقادىر نەسىردىن، ليۇ يى قاتارلىقلار ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇربان ھېيت ئالدىدا بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت پېشقەدەم كادىرلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن قىسمەن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلاردىن ھال سورىدى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شيۇڭ خۇيىن ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شېكەركۆل سۇ ئامبىرىنىڭ قوشۇمچە توغىنىنىڭ يار ئېلىپ كەتكەن يېرىدىكى خەۋپ - خەتەردىن قۇتقۇزۇش 1 - سېپىگە بېرىپ، خەۋپ - خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلدى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە دەلىلقان ماسقان تارباغاتاي ۋىلايىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش - تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئەھۋالىنى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى ئۈرۈمچىدە «‹فالۇن گۇڭ›ى بىدئەت تەشكىلاتىنىڭ جىنايەتلىرى» نامىلىق چولاڭ تېپتىكى سۈرەت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە كۆرگەزمىنى كۆردى.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دەلىلقان ماسقان ئەسكەرىيبايغا ھەمراھ بولۇپ، ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايوننىڭ «15 - مارت» خەلقئارا ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كۈنىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. جاڭ جۇ ش ئۇ ئا ر سودا، سانائەت ئىدارىسى، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۆتكۈزگەن «ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداش ئىشىنى ئەرتىپكە سېلىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىلمىي، بىخەتەر ئىستېمالنى يولغا قويايلى» دېگەن باش تېمىدىكى تەشۋىقات - مەسلىھەتچىلىك پائالىيىتىگە قاتناشتى.

3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دەلىلقان ماسقان ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مازۇلىسى بىلەن شىنجاڭ پاختا، چىگە شىركىتى داخېيەن پاختا - چىگە پونكىتىنىڭ يەۋقۇلئاددە ئېغىر ئوت كەتكەن نەق مەيدانىغا بېرىپ ئوت ئۆچۈرۈشكە قوماندانلىق قىلدى ۋە ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈردى.

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر مەملىكەتلىك يېزا كىنو قويۇش «2131 قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان 16 مىللىمېتىرلىق 115 يۈرۈش كىنو قويۇش ئۈسكۈنىسىنى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دەلىلقان ماسقان ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى، مېتال - قاتناش بۇيۇملىرى شىركىتى قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن ھال سورىدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دەلىلقان ماسقان ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا بېرىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، بۇ سىستېمىنىڭ ئىسلاھات - تەرەققىيات داۋامىدا ساقلانغان مەسىلىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى تۇۋۇز مېس كېنىغا بېرىپ، بۇ كاننى كەڭ كۆلەمدە قېدىرىپ تەكشۈرۈشنى باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى. دەلىلقان ماسقان ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى سودا بانكىسىنى تەكشۈردى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش داۋامىدىكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇردى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ۋاڭ

جىنشيالڭ، ئەركىن ئىمىرباقى قاتارلىق رەھبەرلەر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قار لەيلىسى ئېقىندا مەجبۇرىيەت كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئايلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ جۇ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى تەكشۈردى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئايلەت ئابدۇرېشىت ئالاقىدار تارماقلار ۋە سانجى ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، ماناس ناھىيىسىنىڭ يېزا - كەنتلىرىگە بېرىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» بويىچە ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئېرىقچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى، دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي نەپكە ئېرىشكەن - ئېرىشمىگەنلىكىگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

دەلىلقان مامىقان ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، خەبەردار چاقىرىش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دەلىلقان مامىقان شىنجاڭ يېڭى، ئالاھىدە دورىلارنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مەركىزى، «تۈرلۈك ماللار سودا شىركىتى»، «مېيىكې ئۆي جاھازلىرى» قاتارلىق 3 كارخانىغا بېرىپ، ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئايلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، بۇ مەكتەپنىڭ پەخرىي مۇدىرلىق سۈپىتى بىلەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىدىن چوڭ دەرس ئۆتتى، جاڭ جۇ ھەمراھ بولدى.

ئەركىن ئىمىرباقى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھىغا بېرىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق 1 - خىلدىكى 6 كارخانا بىلەن دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دەلىلقان مامىقان جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەمكارلىشىش ۋە ئاشكارا ئىناۋەت بېرىش كېلىشىمى ئىمزالاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئايلەت ئابدۇرېشىت ئالاقىدار تارماقلار ۋە بايىنغولىن ئوبلاستى رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۈگۈر ناھىيىسىدىكى نېفىت بازىسىنى، كۆچۈرۈلىدىغان دېھقان ئائىلىلىرىنى، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، كورلا قاقاس تاغنى كۆكەرتىش ئورنى، سېمىز قېرىسى، تارىم دەرياسىنى تۈزەش ئىش ئورنى، تارىم نېفىتلىكىنى فىزىكىلىق تەكشۈرۈش مەشغۇلات رايونى قاتارلىق جايلارنى 1 - دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ شىنجاڭ ئېلېكتىر شىركىتى، قاتناش نازارىتى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە قەرز پۇل توختامى ئىمزالاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

شيۇڭ خۇيىن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىغانلىق شىنجاڭنىڭ يىرىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىغانلىق بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

4 - ئاينىڭ 29 — 30 - كۈنلىرى شيۇڭ خۇيىن ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكىدىكى جايلارنىڭ ئىمتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە كېۋەز تېرىلغۇ ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئايلەت ئابدۇرېشىت، مەمتىمىن زاكىر قاتارلىقلار شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا بېرىپ، ئۇيغۇرچە ئىقتىساد - تۇرمۇش قانىلى ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شيۇڭ خۇيىن ۋاڭ لېچۈەنگە ھەمراھ بولۇپ، شىنجاڭ چارۋا - ئۆي قۇشلىرى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش - ياخشىلاش باش پونكىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئايلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسىگە بېرىپ، شىنجاڭدا قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش - ئېچىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئەركىن ئىمىرباقى ھەمراھ بولدى.

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئايلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى ئۈرۈمچى يامالىق تېغى ئېكولوگىيىلىك ئۆلگە رايونىنى تەكشۈردى ۋە كۆچەت تىكتى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دەلىلقان مامىقان ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيە چەكلىك پاي شىركىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئايلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلىرى ئاكادېمىيىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئەركىن ئىمىرباقى ئۈرۈمچىدە «مەملىكەتلىك قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركەزلىك تەشۋىقات كۈنى» پائالىيىتىگە قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئايلەت

ئابدۇرېشىت، ئابدۇقادىر نەسىردىن ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە يېزىلىق، بازارلىق پارتكوملارنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلىرى كۇرسىدا ئوقۇۋاتقان كۇرسانتلارنى يوقلىدى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك ئاساسلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ «WTO ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشكە ماسلىشىش خىزمىتى» بويىچە 1 - قارارلىق مەخسۇس مۇھاكىمە كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرىنى باشلاپ، قۇرۇلۇۋاتقان شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىپ، شىنجاڭدا ئۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە ئولتۇراق ئۆي جامائەت فوندىنىڭ ئىشلىتىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھىم يوليورۇق بەردى.

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ۋاڭ جىنشياڭ شىنجاڭ خۇڭيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بېرىپ، شىنجاڭدا ئۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغىنىڭ نۇقتىلىق ئېلېكتر قۇرۇلۇشىغا سېلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

دەلىلقان ماسقان ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ ئوسما بىئولوگىيە پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، شيۇڭ خۇيىسىن، خۇاڭ چاڭيۈەن ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى سۇچىلىق نازارىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئابدۇقادىر نەسىردىن شىنجاڭ خەلق سارىيىدا جۇڭگو كومپيۇتېر تەنتەربىيە لاتارىيىسىنى شىنجاڭدا تۇنجى تارقىتىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى شىنجاڭنىڭ تاشيول ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە قاتناش قۇرۇلۇشىنى ساياھەتچىلىك تەرەققىياتى، مۇھىت ئاسراش، كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت، ۋاڭ جىنشياڭ، شيۇڭ خۇيىسىن شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئەھۋالىنى ۋە شىنجاڭنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى سۈپەتلىك پاختا قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دەلىلقان ماسقان ئۈرۈمچىدە، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ MIA (يېڭىلىق پارتىشىنى باشقۇرۇش) دەرسلىكى بويىچە شىنجاڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ دەرس باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە، كارخانا پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ تەرەققىي قىلىش، زورىيىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. دەلىلقان ماسقان ھەمراھ بولدى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئابلەت ئابدۇرېشىت خۇاڭ چاڭيۈەن ۋە ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كەلپىن، ئۇچتۇرپان ناھىيىلىرى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يېزا - كەنتلىرى، كارخانىلىرىغا بېرىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئائىلىلىرىگە كىرىپ، يېزىلاردا نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش، شەھەر - بازارلاردا نامراتلارنى يۆلەش - قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى قۇرۇلۇش مەيدانىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 2 — 3 - كۈنلىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت خۇاڭ چاڭيۈەننىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ زاۋۇت - كان كارخانىلىرىغا بېرىپ، دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئاراملىرىغا كىرىپ، شەھەر - بازارلاردا نامراتلارنى يۆلەش - قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، يېزىلاردا نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى، شەھەرلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە كارخانا ئىسلاھاتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈردى.

6 - ئاينىڭ 3 — 4 - كۈنلىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت قىزىلسۇ ئوبلاستىغا بېرىپ، ئاتۇش شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئەھۋالىنى، ئەركەشتام پورتىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ئاتۇش شەھىرى ۋە ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ شەھەر - بازارلىرى، يېزىلىرىدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دەلىلقان ماسقان شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتىگە بېرىپ، بۇ شىركەتنىڭ قەرزنى پايغا ئايلاندۇرۇش ئەھۋالىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ئۇراقسىز مەبلەغ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 4 — 5 - كۈنلىرى ئەركىن ئىمىرباقى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى كانچىلىق (گۇرۇھ) شىركىتى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى (گۇرۇھ) شىركىتى قاتارلىق نۇقتىلىق شىركەتلەرنىڭ

ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، تىجارەت ئەھۋالىنى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئابدۇقادىر ئەسىردىن ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ «تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تەن - سالامەتلىكىنى ئاشۇرايلى» دېگەن بېغىشلىمىسىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە يۈز مىليونلىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سالامەتلىك پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش قوشۇنىنىڭ يۈگۈرۈشكە تاپانچا ئېتىپ بۇيرۇق بەردى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى ئۈرۈمچىدە مەملىكەت بويىچە 1 - بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېيى تەشۋىقات - مەسلىھەتچىلىك پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ئابدۇقادىر ئەسىردىن ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق «زەھەر چەكلەش شەمشىرى» مەشئىلىنى كۆچ ئۇلاپ يەتكۈزۈش پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ليۇ يى خەلق سارىيىنىڭ ئالدىدا دۇنيا قۇملىششىنىڭ ۋە قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۈنى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن «2002 - يىللىق تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى» نىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئابدۇقادىر ئەسىردىن ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، پەيزاۋات ناھىيىسى، مورى ناھىيىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دۆڭكەن رايونىغا نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن قىممىتى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەنلىك ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شيۇڭ خۈيىمىن ساۋەن ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايونلۇق شىمالىي شىنجاڭ بۆلىكى بويىچە كېۋەز ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشى ۋە ئىككى خىل قۇرتنى ھەر تەرەپلىمە مۇداپىئە كۆرۈش نەق مەيدان يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋاڭ لېجۇەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ جۇ شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭ مەنزىرىسى — ئۆرپ - ئادىتى سەپىرى» — تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ساياھەت بايرىمى ۋە شىنجاڭ ساياھەت مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ئەركىن ئىمىرباقى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھىنىڭ 1 -، 4 -، 3 - قۇرۇلۇش شىركەتلىرىنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىپ، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ زېمىن يېزىسىدىن كەلگەن 60 ئاز سانلىق مىللەت ئىشلەمچىنى يوقلىدى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتى — شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە نەق مەيداندا ئىش بېجىردى.

7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شيۇڭ خۈيىمىن ۋاڭ لېجۇەنگە ھەمراھ بولۇپ، ئۈرۈمچى غەربىي شەھەر ئەتراپى دۆلەت زامانىۋى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ئۈلگە رايونىنى تەكشۈردى.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ئىبراھىم سۇلايمان قاتارلىق ئالاقىدار رەھبەرلەر بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدە خەلق ھاۋا مۇداپىئە خىزمىتىنى تەكشۈردى.

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى كۈيتۇڭ — سايرام ئالىي تاشيولىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى. بۇ — دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن ياسىلىدىغان 3 - نۆۋەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى ۋە قىسمەن كارخانىلىرىنى تەكشۈردى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەنۇبىي مەكتەپ رايونىنى تەكشۈردى، ليۇ يى ھەمراھ بولدى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئابدۇقادىر ئەسىردىن ئاپتونوم رايوننىڭ «1 - ئاۋغۇست» ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ، ئالتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ، چېگرا رايوننى ساقلاۋاتقان خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنىدىن ھال سورىدى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ليۇ يى ئۈرۈمچىدە تەيۈەن خەيرىيەت ئىشلىرى فوندىنىڭ خەيرىيەت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىئانە بېرىش كېلىشىمى ئىمزالاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئابدۇقادىر ئەسىردىن ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ باشچىلىقىدىكى «1 - ئاۋغۇست» ھال سوراش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ ھال سوراش پائالىيىتىدە بولدى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئابدۇقادىر ئەسىردىن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ مەھەللە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى، جاڭ جۇ 2002 - يىللىق ئۈرۈمچى يىپەك يولى خەلقئارا كىيىم - كېچەك بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شىركىتىگە بېرىپ، شىركەتنىڭ قايتىدىن تەشكىللىنىپ تۈزۈمنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئەسقەت كەرىمبايىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ پىۋا (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، شىنجاڭدىكى پىۋا كارخانىلىرىنى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە بىرلەشتۈرۈپ تەشكىل قىلىشقا تېگىشلىك دەپ تەكىتلىدى.

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى» ئىجتىمائىي تەشۋىقات - مەسلىھەتچىلىك پائالىيىتىگە قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە ئاپتونوم رايونلۇق ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللىغان كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ خۇالىڭ گۇرۇھىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئەركىن ئىمىرباقى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى.

دەلىلقان ماسقان 5 - نۆۋەتلىك جۇڭگو غەربىي قىسىم (شىنجاڭ. خۇالىڭ) خەلقئارا بىناكارلىق - بېزەكچىلىك كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن كۆيتۈڭدا ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە مەركىزى، مۇزېي، گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق كۆرگەزمىخانىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ، ئىشلەمچى خادىملاردىن ھال سورىدى ھەمدە قۇرۇلۇشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دەلىلقان ماسقان ئاپتونوم رايوندىكى ئۆي - زېمىن، ساياھەت بازارلىرىنى مەخسۇس تۈزەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى شاڭخەي ئاكسىيە بازىرىدا شىنجاڭنىڭ بازارغا سېلىنغان 23 - پېيى — «1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈرى» نىڭ ۋۇشىكا ئېسىپ بازارغا سېلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ تۇرپاندا 12 - نۆۋەتلىك جۇڭگو يىپەك يولى تۇرپان ئۈزۈم بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

دەلىلقان ماسقان شىخەنزىگە بېرىپ، جۇڭگو غەربىي ئېچىش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دەلىلقان ماسقان ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچىنچى نۆۋەتلىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى قانۇن بويىچە تۈزەش - قېلىپلاشتۇرۇش كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ليۇ يى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن جۇ شېڭتاۋغا ھەمراھ بولۇپ، ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرىدا پېشقەدەملەر ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىنى كۆردى ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇنلارغا مۇكاپات تارقاتتى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جاڭ جۇ ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا «جىنشىن ئىناۋەتلىك ھاۋالە لوڭقىسى» بويىچە دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ ئاۋۇز چاقنىتىشىنى كۆتۈرۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئەگرىتاغنى ئايلىنىپ دالىدا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئابدۇقادىر نەسىردىن مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتكە ھەمراھ بولۇپ، غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئابلەت ئابدۇرېشىت قورغاس، نىلقا، غۇلجا ناھىيىلىرىنى ۋە غۇلجا شەھىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ئىسمائىل تىلىۋالدىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى ئەسىر كەسپىي ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى ئۈرۈمچىدىكى دۆڭكۆۋرۈككە جايلاشقان شىنجاڭ خەلقئارا بازىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىنى تەكشۈردى.

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ ئۈرۈمچىدە دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ۋە شىنجاڭنىڭ 4 - نۆۋەتلىك جۇڭگو «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇكاپاتىنى تارقىتىش (چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەقدىرلەش) يىغىنىغا قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مەمتىمىن

زاكىر ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. لىۋ يىنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ۋەزىيەت توغرىسىدا دوكلات بەردى.

دەلىلقان مامىقان ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا بېرىپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىردى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دەلىلقان مامىقان ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتىغا بېرىپ، بۇ زاۋۇتنىڭ ئۇدا قايتا تەشكىللىنىپ تەڭشەلگەنلىكىنى ۋە مىلاسىنى بىر قېتىمدىلا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە تەقدىرلەش - تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى شىنجاڭ ئاۋئاتسىيە شىركىتىدە «قازان (روسىيە تاتارستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى) — ئىمومسك — ئۈرۈمچى» يېڭى ئاۋئاتسىيە لىنىيىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ئابدۇقادىر نەسىردىن قەشقەردە قەشقەر شىنىيىغا 2 - دەرىجىلىك پورتنىڭ رەسمىي ئېچىلغانلىقىغا لېنتا كېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دەلىلقان مامىقان ش ئۇ ئا ر قاتلىق ئىدارىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا ئامما بىلەن بىرلىكتە دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت جېجياڭ ئالتۇن بۈركۈت گۇرۇھىنىڭ ئىلى يىڭ - چىڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، غۇلجا شەھەرلىك سامانيولى يوپايكا زاۋۇتىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى يوقلىدى.

ئەركىن ئىمىرباقى، دەلىلقان مامىقان ئايرىم - ئايرىم ھالدا ۋاڭ لېجۈەنگە ھەمراھ بولۇپ، ئۈرۈمچىدىكى قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، كەڭ كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ۋاڭ جىنشياڭ كۈنەس، نىلقا ناھىيىلىرىگە بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان يېزا - كەنتلەرنىڭ ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ «ئالتۇن ئۆكۈز» بىئولوگىيە چەكلىك پاي شىركىتىنى تەكشۈردى.

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئابدۇقادىر نەسىردىن شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە مائارىپ فاڭجېنىنى تەۋرەنمەي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان زاتلارنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

مەتتىمىن زاكىر ۋۇ دۇڭخۇ قاتارلىقلار بىلەن بىللە شىخەنزىگە بېرىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرى (شىمالىي شىنجاڭ بۆلىكى) نىڭ يېڭى ئەسىردىكى ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۈرۈمچىدە چوڭ تىپتىكى بىلىم كىتاب — «شىنجاڭ قامۇسى» نىڭ تارقىتىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

مەتتىمىن زاكىر ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرىدا «قۇربان تۇلۇمنىڭ بېيجىڭغا سەپىرى» فىلىمىنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇنجى قويۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە ئىسمائىل تىلىۋالدى بىلەن بىللە فىلىم ئىجادىيەتچىلىرى ۋە قۇربان تۇلۇمنىڭ قىزى توختىخان قۇربان بىلەن كۆرۈشتى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيىنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ، جاڭ جۇ ئۈرۈمچى نۇرباغ يېڭى دەۋر مېھمانسارىيىغا بېرىپ جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك ساياھەت مۇتەخەسسىسلىرىنى يوقلىدى، ئۇلار بىلەن شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىيات پىلانى ئۈستىدە پىكىرلەشتى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مەتتىمىن زاكىر ئاقسۇ مەدەنىيەت مەركىزىدە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرى (جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى) نىڭ يېڭى ئەسىردىكى ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ، ئەركىن ئىمىرباقى، مەتتىمىن زاكىر ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرىدا «تەڭرىتاغ ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ قەلبى پارتىيىگە تەلپۈنەر» (16 - قۇرۇلتايغا سوۋغا) ناملىق كاتتا ئەدەبىيات - سەنئەت

كېچىلىكىگە قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 27 — 28 - كۈنلىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت قوبۇقسار ناھىيىسىگە بېرىپ، زاۋۇت، كان كارخانىلىرى، سورتلۇق كالا يېتىشتۈرۈش بازىسى، يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىسى بويىچە ئۇنىۋېرسال ئېچىش رايونى ۋە قوشتورغاي بازىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت قوبۇقسار شۆبە يىغىن مەيدانىدا شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ «0210» تورىدا بىخەتەر، جىددىي ئالاقىلىشىش مانېۋىرىنى كۆردى. ئەركىن ئىمىرباقى ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۇزۇن يوللۇق ئالاقە يەتكۈزۈش ئىدارىسىدە تۇرۇپ مانېۋىرىنى كۆردى.

ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن ئۈرۈمچىدە، شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە خۇاچياۋ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ فوتو سۈرەت - ھۆسنخەت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىيۇڭ خۇيىسى ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرىدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىدىكى مۇنەۋۋەر نومۇرلارنى مۇكاپاتلاش كېچىلىكىگە قاتناشتى ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇن ۋە شەخسلەرگە مۇكاپات تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزگەن «مەدھىيىمىزنى قەدىردان پارتىيىگە بېغىشلايمىز» ناملىق كاتتا كونسېرت كېچىلىكىگە قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر شىنجاڭدىكى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنى ۋە مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق مۇخبىرلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزگەن «بىرلەشمە ئالاقە كېچىسى» ناملىق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكىگە قاتناشتى ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاخبارات خادىملىرىغا مۇكاپات تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر مەدەنىيەت نازارىتىدە، دۆلەت «2131 قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭغا سەييارە كىنو قويۇش ئاپتوموبىلى ۋە ئۈسكۈنىلىرى ئىئانە قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى، مەمتىمىن زاكىر شىنجاڭدىكى 10 كارخانىنىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ VCD، CD، DVD پىلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

دەلىلقان ماسقان ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى رايونىدا بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى تۈزەش، قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ئۈرۈمچىدە پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتى ۋە كونسۇلتاتسىيە ئوقۇشلۇقىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ئابدۇقادىر نەسىردىن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىللە ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا بېرىپ، قىسىمدىن چېكىنىپ شىنجاڭدىن ئايرىلىدىغان كونا ئەسكەرلەرنى ئۇزاتتى.

11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى، ليۇ يى ش ئۇ ئا رخەلق ھۆكۈمىتى ئاسمۇۋى تور پونكىتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ئۈرۈمچىدە، 15 - قېتىملىق دۇنيا ئەيدىز كېسىلى تەشۋىقات پائالىيىتى كۈنىدىكى چوڭ تىپلىق ئىجتىمائىي مەسلىھەتچىلىك پائالىيىتىگە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ھاياتنى تەڭ بەھرىمەن بولۇش» دېگەن تېمىدىكى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىگە قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەركىن ئىمىرباقى «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى بىلەن شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئابدۇقادىر نەسىردىن ئاپتونوم رايوندىكى رەھبىرىي كادىرلار (مەمۇرلار) دىن 2002 - يىلى قانۇن ساۋاتلىرى بويىچە ئىمتىھان ئېلىش مەيدانلىرى ئىچىدىكى ئارىلاپ تەكشۈرۈلىدىغان مەيدانلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئۈرۈمچى ئاياللار ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنى (باش ئورۇن) قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەم ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى.

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك كىتاب مۇكاپاتىنى تارقىتىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسىردىن ئاپتونوم رايونلۇق 4 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 2002 - يىللىق ئىمتىھان ئېلىش مەيدانلىرىدىن ئۈرۈمچىدىكى قىسمەن مەيدانلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دەلىلقان ماسقان ئۈرۈمچى شىمالىي پويىز ۋوگزالىنىڭ پاختا مەيدانى، ۋاڭجياگۇ نېفىت قاچىلاش لىنىيىسى، ليۇداۋان كۆمۈر كېنىنىڭ تۆمۈريول يۈك قاچىلاش مەيدانىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭدىن

چىقىرىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنىڭ توشۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

12 - ئاينىڭ 18 — 19 - كۈنلىرى مەمتىمىن زاكىر بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مۇھاكىمە يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆكۈمەت مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى، ياپونىيىلىك دوست شياۋداۋكاگېيز ئەپەندى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدە 2002 - يىللىق «شياۋداۋكاگېيز شىنجاڭ مەدەنىيەت، مەدەنىي يادىكارلىق ئىشلىرى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر ئورۇن، كوللېكتىپ، شەخسلەرگە مۇكاپات بەردى.

12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى قاراماي شەھىرىگە بېرىپ، شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ يىللىق نېفىت ئېلىش مىقدارىنى 10 مىليون توننىغا يەتكۈزگەنلىكىنى تەبرىكلىدى. جۇڭگو نېفىت گورۇھى شىركىتىنىڭ ما فۇسەي، چېن گېڭ قاتارلىق رەھبەرلىرى بىللە بېرىپ تەبرىكلىدى.

12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ليۇ يى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، پەنلەرنى تەڭشەش، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتى قاتارلىقلارنى تەكشۈردى.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەركىن ئىمىرباقى، دەلىلقان ماسقان، شيۇڭ خۇيىن، مەمتىمىن زاكىر، جاڭ جۇ، ئابدۇقادىر نەسرىدىن ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىللە 6 يولغا بۆلۈنۈپ، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گورۇھى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى گورۇھى، شىنجاڭ تيەنچۈەن يۇڭ توقۇمىچىلىق گورۇھى، شىنجاڭ لىيەنچياڭ يېزا ئىگىلىك - سانائەت - سودا شىركىتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال (گورۇھى) شىركىتى قاتارلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

شيې شۆتيەن

## ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن - نىزام چىقىرىش خىزمىتى

1. 2002 - يىلى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن - نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە، ھەرقايسى تارماقلار يوللىغان 80 نەچچە قانۇن - نىزام چىقىرىش تۈر تەكلىپى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىنىپ دەلىللىنىش ئاساسىدا قانۇن - نىزام چىقىرىش پىلانى تۈزۈلدى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىندى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، قانۇن - نىزام چىقىرىش تۈرىدىن 24 (ئېنىقلىنىپ تۈزىتىلگىنى 11) ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار چىقىرىشىغا سۇنۇلغان يەرلىك نىزام لايىھىسى 5، بۇلار: «ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ تاۋار سودىسى بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان قائىدە 13، بۇلار: «ئاپتونوم رايوننىڭ چارۋىچىلىق يېمى ئېلىش چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ تەييار نېفىت مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يەر ئاستى سۇدا بايلىقىنى تەكشۈرۈشنى باشقۇرۇش چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي - كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش ئوردېرلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يەر خېتى بېجىنى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ھاراق باشقۇرۇش چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ مەشھۇر تاۋار بەلگىلىرىنى بېكىتىش ۋە قوغداش چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹يەم - خەشەك ۋە يەم - خەشەك خۇرۇچلىرى نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ كادىرلار ئىشلىرى تالاش - تارتىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ كودىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ پارچە قاچىلىنىدىغان سېمونتنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تەرتىپىنى يولغا قويۇش چارىسى». ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسىنىڭ يىغىنىدا مۇھاكىمە قىلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ دائىمىي يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇنۇلغان قائىدە - نىزام لايىھىسى 7، بۇلار: «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش، كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ - چوڭ ھادىسىلەرنىڭ مەمۇرىي مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش بەلگىلىمىسى»، «شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كارخانىلىرى نازارەتچىلىك ھەيئىتىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇش چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قائىدە، خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرىنى ئەنگە ئالدۇرۇش توغرىسىدىكى

بەلگىلىمىسى».

يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىك نىزام، قائىدە لايىھىسى 10. بۇلار: «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەرلەردە سۇ چىقىرىۋېتىشنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ياۋايى ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش نىزامى› نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ نېفىت مۇئەسسەسەلىرىگە يەر ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تېپىلگەن تام ماتېرىياللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ سۇتچىلىكنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ، مۇھاجىرلار بالا - چاقىلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئۈستىدە تەپتىشلىك، نازارەتچىلىك قىلىش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئېنېرگىيە تېجەش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى».

2. گوۋۇيۈەن ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى چۈشۈرگەن پىكىرلەرگە دائىر جاۋاب ئالاقىدىن 39 ى بېجىرىلدى، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە 22 ئالاقە چىقىرىلدى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بەرگەن 25 تەكلىپ بېجىرىلدى.

3. 5 - ئايدا ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن - نىزام چىقىرىش كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىلىپ، 60 نەپچە ئورۇننىڭ قانۇنچىلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ خادىملىرى تەربىيىلەندى.

4. قانۇن - نىزام چىقىرىشنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش، خەلقتىن ئەقىل ئېلىپ، قانۇن - نىزام چىقىرىشنىڭ سۈپىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە ئالاقىدار بولغان، چوڭ ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە قانۇن - نىزام چىقىرىش تۈرلىرىنىڭ لايىھىسى («ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»، «‹شەھەر ئۆيلىرىنى چېقىش - كۆچۈرۈش نىزامى› نى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى») تۇنجى قېتىم گېزىتتە ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتىن پىكىر ئېلىندى.

جاڭ يۈگېبى

## قائىدە - نىزاملارنى ئېنىقلاش خىزمىتى

2002 - يىلى جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەنلىكىنىڭ ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش يۈزىسىدىن مەركەزنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھىغا ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قانۇنچىلىق خىزمىتى ئىشخانىسى قانۇنچىلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كەمسىتىش خاراكتېرىدىن خالىي بولۇش، ئاشكارا - ئوچۇق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، مال سودىسى، مۇلازىمەت سودىسى، سودىغا ئالاقىدار بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى، سودىغا ئالاقىدار مەبلەغ سېلىش تەدبىرلىرىگە چېتىشلىق يەرلىك نىزاملار، ھۆكۈمەت قائىدە - نىزاملىرى ۋە باشقا سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ چىقتى. ئېنىقلانغان يەرلىك نىزام 83، بىكار قىلىنغىنى 5؛ ئېنىقلانغان ھۆكۈمەت قائىدە - نىزامى 234، تۈزىتىلگىنى 8، بىكار قىلىنغىنى 115؛ سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتتىن 65 مىڭ 715 ھۆججەت ئېنىقلىنىپ، 8980 ى بىكار قىلىندى، سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەت ئىچىدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭىنىڭ ھۆججىتى 51 مىڭ 300، ئېنىقلاش مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلگەن ھۆججەت 332، بىكار قىلىنغان ھۆججەت 196؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى چىقارغان ھۆججەت 2601، بىكار قىلىنغىنى 1211؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ ھۆججەتلىرى 11 مىڭ 814، بىكار قىلىنغىنى 7573.

جاڭ يۈگېبى

## مەمۇرىي جەھەتتىن تەستىقلاش ئىشلىرىنى ئېنىقلاش خىزمىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق 48 مەمۇرىي ئورگان يوللىغان 934 تەستىقلاش ئىشى (بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز بەلگىلىگىنى 770، يەرلىك بەلگىلىگىنى 164) نى ئېنىقلاپ چىقتى. ئېنىقلاش ئارقىلىق، 1 - تۈركۈمدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق 17 تارماققا قارىتىپ قويۇلغان يەرلىك مەمۇرىي ھۆججەت دەپ بېكىتىلگەن 67 تۈرلۈك تەستىقلاش ئىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى، ھەق ئېلىش (باھا بېكىتىش) تۈرىدىن 5 نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى باھانى ھۆكۈمەت بېكىتمەي بازارنىڭ تەڭشىشىگە چۈشۈرۈپ بېرىش قارار قىلىندى. باھا بېكىتىش (ھەق ئېلىش تۈرىدىن 28 نى يولغا قويۇش ھوقۇقى ئۈرۈمچى شەھىرىگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. 2 - تۈركۈمدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغان مەمۇرىي تەستىقلاش تۈرىدىن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق 14 تارماقنىڭ يولغا قويۇشىغا چېتىلىدىغان تەستىقلاش ئىش تۈرى 78. تەستىقلاش بىكار

قىلىنغاندىن كېيىنكى ئالاقىدار خىزمەتلەر ئۈستىدە ئېنىق دەلىل ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەمۇرىي تەستىقلاش ئىشلىرىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

جالال يۈسۈپ

## مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش خىزمىتى

1. مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قارالغان دېلولار: 2002 - يىلى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش ئورگانلىرى قايتا قاراپ چىقىش ئىلتىماسىدىن 1518 نى تاپشۇرۇۋالدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق شەرتكە ئۇيغۇن كېلىپ قوبۇل قىلىنغىنى 1439، قوبۇل قىلىنمىغىنى 69، باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 10. ئىلتىماس قىلغان ئادەم تۈرى بويىچە ئايرىغاندا، پۇقرالارنىڭ قايتا قاراپ چىقىشقا ئىلتىماس قىلغىنى 1335، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ئىلتىماس قىلغىنى 183. قايتا قاراپ چىقىشقا ئىلتىماس قىلىنغان ئىش تۈرى بويىچە ئايرىغاندا، مەمۇرىي جازاغا دائىرى 1016، مەمۇرىي زورلاش تەدبىرىگە دائىرى 283، مەمۇرىي ئىجازەتكە دائىرى 33، مەمۇرىي ھەق ئېلىشقا دائىرى 14، مەمۇرىي ئورگاننىڭ كارى بولمىغانلىقىغا دائىرى 14، باشقا ئىشلارغا دائىرى 158. ئىلتىماس قىلىنغان ئادەم بويىچە ئايرىغاندا، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتىگە دائىرى 16، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە دائىرى 37، ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت) دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە دائىر بولغىنى 10؛ ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تارماقلىرىغا دائىر بولغىنى 1094، ئوبلاست، شەھەر (ۋىلايەت) دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تارماقلىرىغا دائىر بولغىنى 313، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرىغا دائىر بولغىنى 19؛ باشقا تەشكىلاتلارغا دائىر بولغىنى 29. قوبۇل قىلىنغان 1439 دېلو ئىچىدە، تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلغىنى 1270. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىلتىماس قىلغۇچى خاتالىقنى ئۆزلۈكىدىن تۈزەتكەندىن كېيىن ئىلتىماس قىلغۇچى ئۆزلۈكىدىن قايتۇرۇۋالغان ئىلتىماس 129، ئەسلىدىكى بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى ساقلاپ قېلىنغان دېلو 738، بىكار قىلىنغان دېلو 244، بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى ئۆزگەرتىلگەن دېلو 104، قانۇنغا خىلاپ دەپ بېكىتىلگەن ۋە ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇلغان دېلو 16، باشقىچە يول بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو 39.

2. مەمۇرىي جەھەتتىن ئەيىبلەنگەن دېلولار. 2002 - يىلى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي جەھەتتىن ئەيىبلەنگەن دېلو 385. بۇنىڭ ئىچىدە، قايتا قاراپ چىقىشتىن ئۆتكۈزۈلمەي بىۋاسىتە ئەرز قىلىنغان دېلو 190، قايتا قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن ئەرز قىلىنغان دېلو 195، قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان جاۋابكار بولغان دېلو 15. خەلق سوت مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو 287، تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلمىغان دېلو 98. تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە، خەلق سوت مەھكىمىسى بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان دېلو 166، بىكار قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان دېلو 41، ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان دېلو 6. دەۋاگەر ئەرزىنى قايتۇرۇۋالغان دېلو 43، باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنغان دېلو 27.

جالال يۈسۈپ

## مەمۇرىي قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك

1. مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنى نىسبىي مەركەزلەشتۈرۈش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. 2002- يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىق جاۋابىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قاراماي شەھىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە شەھەر باشقۇرۇش ساھەسىدە مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنى نىسبىي مەركەزلەشتۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىشنى تەستىقلىدى. 2 شەھەردە شەھەر باشقۇرۇش بويىچە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، شەھەر باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى گىرەلىشىپ كېتىش، تەكرار جازا بېرىش، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇشتەك ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى. خوتەن، قەشقەر، شىخەنزە، قاتارلىق قىسمەن ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەردە «چېچىلاڭغۇ ھالەت» تىكى مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنى نىسبىي مەركەزلەشتۈرۈش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈستىدە، تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. گوۋۇيۈەن بەرگەن ھوقۇققا ئاساسەن، ئالاقىدار قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە بىنائەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنى نىسبىي مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش چارىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مەقسىتى، تايىنىش ئاساسى ۋە تۈپ پرىنسىپى تۇرغۇزۇلدى، بۇ خىزمەتنى يولغا قويۇش دائىرىسى، مەلۇم قىلىش شەرتى، مەلۇم قىلىش تەرتىپى ۋە تەستىقلانغاندىن كېيىنكى ئالاقىدار خىزمەتلەر ئۈستىدە كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى.

2. «ئىككى تۈزۈم» مۇقىم ئالغا سۈرۈلۈپ، ھۆججەت- ئالاقىلەرنى باھالاش - تەكشۈرۈش پائالىيىتى قانات

پايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى چارۋىچىلىق نازارىتى بىلەن دورىلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنى ئىككى تۈزۈمنى يولغا قويۇش خىزمىتى بويىچە ئالاقە باغلاش ئورنى قىلىپ بەلگىلىدى. چارۋىچىلىق سىستېمىسىدىكى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار بىلەن قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلغۇچى خادىملارنى قانۇنچىلىق كەسپى بويىچە تەربىيىلىدى. 4 - ئاي، 6 - ئايدا يېڭىسار ناھىيىسى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئىلى ئوبلاستىنىڭ «ئىككى تۈزۈم» نى يولغا قويۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 7 - ئايدا ئىلى، بۇرتالا، بايىنغولىن ئوبلاستلىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشتا، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشتا دائىر ھۆججەت - ئالاقىلەرنى باھالاش - تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ رايونلارغا تەۋە 20 تارماق تەمىنلىگەن قانۇن ئىجرا قىلىش، قايتا قاراپ چىقىش، تۆلەم بېرىشكە دائىر 200 جىلد ھۆججەت - ئالاقىنى تەكشۈرۈپ باھالاپ، 11 مۇنەۋۋەر ئورۇننى تەقدىرلىدى.

3. قانۇن ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك كۈچەيتىلىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرى ۋاقتىدا تۈزىتىلىپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى تالاش-تارتىشلار ھەل قىلىندى. 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى گوۋۇيۈەننىڭ 337 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىغا بىنائەن، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئورگانلارنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرىنى ئەنگە ئالدۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش ۋە ئەنگە ئالدۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا چوڭقۇر مۇزاكىرىگە قويۇپ، كەڭ پىكىر ئالغاندىن كېيىن، ئىشخانا يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ، ھۆكۈمەت دائىمىي يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇندى.

مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ۋە نامۇۋاپىق قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرى ئۈستىدە ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك قىلىندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ تەستىقى يوليورۇقىغا بىنائەن، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق تارماقلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججىتىدىن 17 سى تەكشۈرۈلدى.

4. قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 63 ئورۇننىڭ «مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى» ۋە «قانۇن ئىجراسى نازارەتچىلىكى كىنىشكىسى» دىن 1955 ى تەكشۈرۈلدى، 607 يېڭى كىنىشكا بېجىرىلدى، ئىككى خىل كىنىشكىدىن 184 ى يىغىۋېلىندى ياكى بىكار قىلىندى.

5. كېسىم خىزمىتى پائال ماسلاشتۇرۇلۇپ ۋە ئۇنىڭغا پائال يېتەكچىلىك قىلىنىپ، كېسىم قانۇن - تۈزۈملىرى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىشخانىسى 2002 - يىلى گوۋۇيۈەن قانۇنچىلىق ئىشخانىسى قاراماي، ئۈرۈمچىدە ئاچقان كېسىم يىغىنلىرىغا قاتناشتى، ئۈرۈمچى كېسىم كومىتېتى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە پائال يېتەكچىلىك قىلدى، ئاقسۇ، كورلا، قۇمۇل شۆبە كومىتېتلىرىنى تەسىس قىلدى.

جاڭ يۈكېي

## مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) نىڭ خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، مەسلىھەتچىلىك قىلىش

1) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. 2002 - يىلى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) مەسلىھەتچىلەرنى 3 قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى. مەسلىھەتچىلەر بۇرتالا، ئىلى ئوبلاستلىرىغا ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر رايونىغا بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقتى. مەسلىھەتچىلەر پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشنىڭ خىرىسىغا قانداق ماسلىشىش مەسىلىسى، ئوتلاقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش، دۆلەتتىن نېفىت - تەبىئىي گاز بېجى سوممىسىنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلىش، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەت، تەكلىپ يېزىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش جەھەتتە پائال ئىش كۆردى. بىر يىلدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىدىن 4 پارچە، مەسلىھەت - تەكلىپتىن 4 پارچە يازدى، بۇنىڭدىن 6 پارچىسىغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى قوبۇل قىلىپ بېجىرىش ھەققىدە تەستىق سالدى.

2) مەسلىھەتچىلەر «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نى مۇزاكىرە قىلىش، تۈزىتىشكە قاتناشتۇرۇلدى. مەسلىھەتچىلەر بەرگەن پىكىر - تەكلىپلەرنىڭ بىرمۇنچىسى قوبۇل قىلىندى.

3) مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. ئۇلار يىغىندا نۇرغۇن ئىجابىي پىكىر، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2. پىشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەش - مەدەنىيەتنى قەدىرلەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە سەنئەت ئالماشتۇرۇشى قانات يايدۇرۇلدى.

1) تەھرىر ھەيئىتى تەشكىل قىلىندى، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇلدى، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ ئەسلىدىكى نومۇرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسىدىن بىر ساندىن تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇلدى، جەمئىي 19 پارچە ماقالە ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە 10 پارچە، 70 نەچچە مىڭ خەت، ئۇيغۇرچە 100 نەچچە مىڭ خەت.

2) تەتقىقات يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئەسەرلىرىنى ئېنىقلاش ۋە تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىش خىزمىتى تاماملاندى. تەتقىقات يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئەسەرلىرىنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، تەتقىقاتچىلارنىڭ سەنئەت نەتىجىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن، تەتقىقات يۇرتىدا يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن ھۆسنخەت، رەسىم ئەسەرلىرى ئېنىقلاندى ۋە تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىندى.

3) سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت ئالماشتۇرۇشى كۈچەيتىلدى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىدا ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش خاتىرە كۈنلىرىدە، شىنجاڭ تەتقىقاتچىلىرى يازغان ۋە ئىجاد قىلغان مەخسۇس ھۆسنخەت، رەسىم ئەسەرلىرى ئەۋەتىلدى.

3. پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتى توغرا ئىجرا قىلىنىپ، بىرلىك سەپ بويىچە بىرلەشمە دوستلۇق خىزمىتى ئوبدان ئىشلەندى.

باھار بايرىمى مارپىسىدا ئىشخانا (تەتقىقات يۇرتى) رەھبەرلىرى قىسمەن خادىملارنى باشلاپ 2 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلاردىن، ئائىلە تاۋابىئاتلاردىن ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملاردىن ھال سورىدى. 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلارنىڭ جىياڭ زېمىننىڭ «31 - ماي» مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلارنىڭ دۆلەت بايرىمى ۋە ئاۋۇز چاغنىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن چاي ئۆتكۈزدى.

4. مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىتاب - ئەسەر يېزىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا پائال مەدەت بېرىلدى. مەسلىھەتچىلەر جاڭ جىننەن رىياسەتچىلىك قىلغان دۆلەتنىڭ يەن - تېخنىكىلىق ئۆتكەل تۈرى — «كېۋەزدىن كەلگەن كۈلەمدە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۇنىۋېرسال يۇرۇشلەشكەن تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ كەشىپ قىلىش ۋە ئۆلكە كۆرسىتىش» تېمىسى شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، 2001 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا باھالاندى. مەسلىھەتچى گۇاڭ جىنيۇ يازغان «نامرات بالىدىن مالىيە نازىرى بولۇشقىچە — قىسقىچە ئەسلىمەم ۋە ئويلىرىم» دېگەن كىتاب (تەخمىنەن 300 مىڭ خەتلىك) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. تەتقىقاتچى مىن يىننەن شەندۇڭنىڭ تىڭجۇ شەھىرىدە شەخسىي ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى ئېچىپ، 100 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنخەت ئەسىرىنى كۆرگەزمە قىلدى.

2002 - يىلى يەنە «مەسلىھەتچىلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش - مەسلىھەتچىلىك قىلىش خىزمىتى تۈزۈمى»، «مەسلىھەتچىلەر خىزمىتى تۈزۈمى»، «تەتقىقاتچىلار خىزمىتى تۈزۈمى» (مۇزاكىرە نۇسخىسى) تۈزۈپ چىقىلىپ، مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ قېلىپلىشىشى، تۈزۈملىشىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. بىر يىلدا «خىزمەت خەۋىرى» دىن 6 سان، «مۇدىرلار يىغىنى خاتىرىسى» دىن 7 سان تۈزۈپ تارقىتىلدى، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) نىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى تۇرغۇزۇلدى. ئورگاننىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجىلەر يارىتىلدى. يەنە ئىچكى موڭغۇل تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى، چۇڭچىڭ تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىدىن شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەنلەر كۈتۈۋېلىنىپ، ئۆلكىلەر ئارا ئالماشتۇرۇش كۈچەيتىلدى.

لى شەنشەن

## «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى»

ھۆڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشى ۋە غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇش قەدىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېزلىشىشى ئارقىسىدا «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» يېڭى ۋەزىيەتكە پائال ماسلىشىپ، 2002 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ بەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، سىغىمىنى كېڭەيتىپ، ئايلىق ژۇرنالدىن يېرىم ئايلىق ژۇرنالغا ئايلاندى، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنىڭ يېتىمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بىلەن تەڭ قەدەمدە 16 فورماتلىقتىن A4 نەشر نۇسخىسىغا ئۆزگىرىپ، ۋاقىت ئۈنۈمدارلىقى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇردى.

سىياسەت ئۈچۈرلىرىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدى. ئابلەت ئابدۇرېشىت، ۋاڭ جىنشياڭ «ھۆكۈمەت ئاخبارات» نىڭ بەت ئۆزگەرتكەنلىكى سۈناسۆتى بىلەن بېغىشلىما يازدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «ھۆكۈمەت ئاخباراتى» نى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم پارتىيە گېزىت - ژۇرناللىرى قاتارىغا كىرگۈزدى.

2002 - يىل 10 - ئايدا ئابلەت ئابدۇرېشىت «ھۆكۈمەت ئاخباراتى» خىزمىتى يىغىنىدا، «ھۆكۈمەت ئاخباراتى» نىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى ماسلىشىش، «قۇياش نۇرى ھۆكۈمىتى» بەرپا قىلىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەھەتلەردە ئوينىغان مۇھىم رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە «ھۆكۈمەت ئاخباراتى» دىن «ئەمىر-پەرمانلارنى يەتكۈزۈش، سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش» تىن ئىبارەت ژۇرنال باشقۇرۇش مەقسىتىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

فېڭ لى

## مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئايرىلىشىدىكى ئۆزگىرىش

1. گوۋۇيۈەن 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى تەنچۈەن رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونغا ئايرىلىشىنى تەستىقلاشقا قوشۇلدى، يەنى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونىنىڭ ئۇلانباي مەھەللە باشقارمىسى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋانچىڭ بازىرى، دۇڭگۇ، شىگۇ، ئاقسۇ، سايئوپا يېزىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرى تەنجۈەن رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغان بولدى؛ تەنجۈەن رايونىنىڭ نامى داۋانچىڭ رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق ئورۇن يۈئېرگۇدىن داۋانچىڭغا كۆچۈرۈلدى.

گوۋۇيۈەن 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ئارال شەھىرى، ناھىيە دەرىجىلىك تۇمشۇق شەھىرى، ناھىيە دەرىجىلىك ۋۇجياچۈ شەھىرى تەسىس قىلىشىغا قوشۇلدى.

2. 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن 12 بازار (بۇنىڭ ئىچىدە 9 يېزا بازارغا ئۆزگەرتىلدى)، 2 مەھەللە باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ لوپنۇر بازىرى تەسىس قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ چاقۇرتۇ بازىرى تەسىس قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقىلا بازىرى تەسىس قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شايار ناھىيىسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭىمەھەللە بازىرى تەسىس قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شايار ناھىيىسىنىڭ تويبولدى يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تويبولدى بازىرى تەسىس قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شايار ناھىيىسىنىڭ قىزىلباغراق يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قىزىلباغراق بازىرى تەسىس قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئىشخىلا يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىشخىلا بازىرى تەسىس قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قىزىل بازىرى تەسىس قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى باغراش ناھىيىسىنىڭ بۆمبۆت يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بۆمبۆت بازىرى تەسىس قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ لىيۈەن مەھەللە باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ يېڭى نېفىت شەھەرچىسى مەھەللە باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شۈيشىگو يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شۈيشىگو بازىرى تەسىس قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سانجى شەھىرىنىڭ ئەرلىيۇگوڭ يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەرلىيۇگوڭ بازىرى تەسىس قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سانجى شەھىرىنىڭ داشىچۇ يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، داشىچۇ بازىرى تەسىس قىلىندى.

يى بىڭ

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا جايلاردا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىلىرى

بېيجىڭ ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: لى شىلى

ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خەيدەن رايونى سەنلىخې يولى 7 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 100044
تېلېفون نومۇرى: 68332266 (010) (باش ئاپپارات)
فاكس نومۇرى: 68353040 (010)
تېلېگراف نومۇرى: 7456

شاڭخەي ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: جاڭ يىڭ
ئادرېسى: شاڭخەي شەھىرى جۇڭشەن يولى 775 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 200437
تېلېفون نومۇرى: 65532387 (021)
فاكس نومۇرى: 65541474 (021)
تېلېگراف نومۇرى: 85705

تيەنجىن ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: جاڭ دېيىڭ
ئادرېسى: تيەنجىن شەھىرى نەنجىڭ يولى 305 ـ نومۇرلۇق جىڭلىيەن سارىيىنىڭ 13 ـ قەۋىتى
پوچتا نومۇرى: 300052
تېلېفون نومۇرى: 27313703 27313707 (022)
فاكس نومۇرى: 27313890 (022)

شىئەن ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: ليۇ لىرۇي
ئادرېسى: شىئەن شەھىرى دۇڭگۇەنجىڭ كوچىسى 129ـ نومۇرلۇق قورو 2 ـ نومۇرلۇق بىنا 2 ـ ئىشىك 1 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 710048
تېلېفون نومۇرى: 2488646 2496600 (029)

شېنجېن ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: لى خوجۇ
ئادرېسى: شېنجېن شەھىرى ۋېنجىندۇ جۇڭشىڭ يولى لىيەنجىڭ سارىيى 7 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 518002
تېلېفون نومۇرى: 5104186 (0755)
فاكس نومۇرى: 5104186 (0755)

شەندۇڭ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: لۇي شيەنچى
ئادرېسى: جىنەن شەھىرى لىشيا رايونى شەرقىي مەدەنىيەت يولى 27 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 250014
تېلېفون نومۇرى: 8928578 (0531)
فاكس نومۇرى: 8928516 (0531)

گۇاڭجۇ ئىش باشقارمىسى
مۇدىرى: ياڭ جوجۇن
ئادرېسى: گۇاڭجۇ شەھىرى شىمالىي تيەنخې يولى 7 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 510620
تېلېفون نومۇرى: 38817154 38817788

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

## سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

رەئىس: جانابىل (قازاق)

مۇئاۋىن رەئىسلەر: لى دۇڭخۇي، غوپۇر ئابدۇللا، يۈسۈپ ئەيسا، بېكمۇقامەت مۇسا (قازاق)، شىې جىچياڭ، ۋاڭ خەنرۇ، جاڭ گۇيتىڭ (خۇيزۇ)، ئارۇنخان ھاجى، پاشا ئىشان، سەرجە (موڭغۇل)، جۇ جىنجۇڭ، جاڭ يۈجۇڭ، خۇاڭ چاڭيۈەن

باش كاتىپ: جۇرئەت مەمتىمىن

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ۋاڭ جياگۇي، دەي دېچىن، روزى مامۇت، جۇماقان تۇرسىنقاباي (قازاق)

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ جياگۇي (قوشۇمچە)

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ زوزۇ، دىلمۇرات مۇسا

ئىزاھ: بۇ يىلنامىنىڭ ماقالىلىرى يوللىنىشتىن ئىلگىرى 2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر 9 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 ـ يىغىنىدا ئەسقەت كەرىمباي (قازاق) سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە، لى دۇڭخۇي، غوپۇر ئابدۇللا، ئابدۇقادىر تەسىردىن، جاڭ گۇيتىڭ (خۇيزۇ)، ياۋ يۈڭفېڭ، جياڭ شەن (ئايال)، ھارۇنخان ھاجى، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، سەرجە (موڭغۇل)، جۇ جىنجۇڭ، جاڭ يۈجۇڭ، خۇاڭ چاڭيۈەن، شارىپقان (قازاق) مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

## ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 5 ـ يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 18ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا 397 ئەزا قاتناشتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىدىن

بېرىلگەن دوكلات، پىلان ۋە مالىيە خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، سوت مەھكىمىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات ئۈستىدە مەسلىھەت - مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا دوكلات، تەكلىپ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات، تەكلىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ۋە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 5 - يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرى ئېچىلىش - يېپىلىش يىغىنلىرىغا ۋە گۇرۇپپا، بىرلەشمە گۇرۇپپا مۇزاكىرىلىرىگە قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يېپىلىش يىغىنىدا سۆز قىلدى. رەئىس جانابىل يېپىلىش يىغىنىدا سۆز قىلدى.

ۋېن جىجۈن

## ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى

2002 - يىلى دائىمىي كومىتېت 17 - قېتىملىقتىن 21 - قېتىملىققىچە 5 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى.

17 - قېتىملىق يىغىن 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 — 9 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات ۋە تەكلىپ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى؛ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 5 - يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى (لايىھە)، كۈنتەرتىپى (لايىھە)، سىرتتىن قاتنىشىش دائىرىسى، گۇرۇپپىلارغا ئايرىش چارىسى ۋە گۇرۇپپا يىغىنى چاقىرغۇچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى؛ كېڭەشىش ئارقىلىق ۋاڭ سۇنلۇڭنى سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى. رەئىس جانابىل يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

18 - قېتىملىق يىغىن 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 5 - يىغىنىدىكى گۇرۇپپا مۇزاكىرىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قىلىنغان ئۇنىۋېرسال دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى؛ 5 - يىغىننىڭ سىياسىي قارارى (لايىھە)، دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار (لايىھە)، 4 - يىغىندىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلات توغرىسىدىكى قارار (لايىھە)، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش تەكلىپ كومىتېتىنىڭ 5 - يىغىندا بېرىلگەن تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى (لايىھە) قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى؛ يىغىندا بەكرى ئابدۇللانىڭ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش قارار قىلىندى. رەئىس جانابىل يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

19 - قېتىملىق يىغىن 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ كارخانىلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى سۆزلىرى ۋە ش ئۇ ئا ر 6 - نۆۋەتلىك پارتكوم 3 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى؛ مۇئاۋىن رەئىس لى دۆڭخۇي، غوپۇر ئابدۇللا، يۈسۈپ ئەيسالارنىڭ تارىم دەرياسىنى تىزگىنلەش، كەسپىي مائارىپ ۋە يېزىلارنىڭ كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى ھەمدە ئالاقىدار تەكلىپ لايىھەلىرى قاراپ چىقىلدى. يىغىندا مەمتىمىن ھەلىمىدىن، جياڭ باۋخېڭلارنى سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى. رەئىس جانابىل يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

20 - قېتىملىق يىغىن 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا 16 - قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتى، مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ «16 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» قاتارلىق ھۆججەتلەر ئۆگىنىلدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن 16 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا مەمتىمىن ئوسمانىنى سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش، ئابلا ئايپاقنى سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن، زىننەت ئۆمەرنى سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، توختىخان ئىسمايىلنى سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى؛ ئابدۇللا ھەمدۇللانىڭ ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش قارار قىلىندى. رەئىس جانابىل يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

21 - قېتىملىق يىغىن 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر

8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات ۋە ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپ خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى؛ 9- نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى، 9- نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش 1 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ ۋە باش كاتىپىنىڭ ئىسىملىكى كېڭىشىپ قارار قىلىندى؛ 9 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش ۋاقتى، يىغىننىڭ قارالمىلىرى (لايىھە)، سىرتتىن قاتنىشىش دائىرىسى كېڭىشىپ ماقۇللاندى. يىغىندا كېڭىشىش ئارقىلىق ياڭ شىيجۇنى سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، باھادىر ئابدۇرېھىمنى سىياسىي كېڭەش تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، توختى مۇھەممەت ئالىمنى سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى؛ مۆمىن رۇستەمنى سىياسىي كېڭەش تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى. يىغىندا خۇ جىيەن ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى، 9 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش 1 - يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسەتلىكىگە ۋە باش كاتىپلىقىغا كۆرسىتىلگەن ئىسىملىك توغرىسىدا ئىزاھات بەردى. رەئىس جانابىل يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

ۋېن جىجۇن

## تەكلىپلەرنى بېجىرىش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 5 - يىغىنىدىن بۇيان 1013 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇۋېلىندى، تەكلىپ كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق بۇنىڭ 917 سى تەكلىپ قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. بۇلار رەتلەپ چىقىلىپ 82 بېجىرگۈچى ئورۇنغا يوللاپ بېرىلدى. ئەزالاردىن كەلگەن خەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنغان 96 تەكلىپ ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ پايدىلىنىشىغا يوللاپ بېرىلدى ھەمدە تەكلىپ قويغۇچىلارغا خەت ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 913 تەكلىپ بېجىرىلىپ جاۋاب قايتۇرۇلدى، بۇ تەكلىپ ئومۇمىي سانىنىڭ 99.6% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ھەل قىلىنغىنى، ھەل قىلىنىۋاتقىنى ياكى ھەل قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى 835، شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ۋاقتىنچە ھەل قىلىش قىيىن بولغىنى 78 بولۇپ، بېجىرگۈچى ئورۇنلار بۇ ھەقتە ئەزالارغا ئىزاھات بەردى. ئەزالارنىڭ تولىسى تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىشىدىن رازى بولدى.

ۋېن جىجۇن

## ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسى

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ تەدبىرى توغرىسىدا تەكلىپ لايىھەسى ماقۇللاپ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىغا تاپشۇردى. ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: ئۈنۈمنى يادرو قىلىپ، تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى زورايتىش ۋە كۈچەيتىش لازىم؛ ئۆزگىچە ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە ئۆزگىچە تېرىقچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم؛ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ مۇئەييەن كۆلەمگە ھەمدە بازاردا تەسىر كۆرسىتىش ۋە تۈرتكە بولۇش كۈچىگە ئىگە بولغان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر تۈركۈم باشلامچى، تايانچ كارخانىلارنى يېتىلدۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈش لازىم؛ پەن - تېخنىكىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پەن - تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بېرىدىغان مەدىتىنى كۈچەيتىپ، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم؛ بازارنى چۈشىنىپ، بازارنى تەتقىق قىلىپ، بازارنى زىچ چۆرىدەپ ئىش كۆرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، دېھقانلار ئۈچۈن ھەممە تەرەپتىن مۇلازىمەت قىلىش لازىم؛ ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىغا مېڭىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىنى ساغلام، تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

ۋېن جىجۇن

## ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ تارىم دەريا ۋادىسىنى يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسى

دائىمىي كومىتېت ئەزالارنى تەشكىللەپ، 2003 - يىلى

3 ـ ۋە 4 ـ ئايلاردا تارىم دەريا ۋادىسىنى تۈزەش قۇرۇلۇشىنىڭ پۇلغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 2002 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى دائىمىي كومىتېتنىڭ 19 ـ قېتىملىق يىغىنىدا تەكلىپ لايىھىسى ماقۇللىدى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تارىم دەريا قۇرۇلۇشىنى پۇلغا قويۇشتا ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش بىلەن قوغداشنى تۈپ ئاساس، سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىشنى يادرو قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەنبە ئېچىش بىلەن خول ئېقىنىنى تەڭ نەزەرگە ئېلىش، قۇرۇلۇش دائىرىسىگە كىرىدىغان تەدبىرلەر بىلەن كىرمەيدىغان تەدبىرلەرنى زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ماسلاشتۇرۇش، تۇرمۇشقا، ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە ئېكولوگىيىگە ئىشلىتىدىغان سۇنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم؛ تارىم دەريا ۋادىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش لازىم؛ تارىم دەريا ۋادىسىدىكى سۇ بايلىقىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى قۇرۇلۇش پىلانىنى پۇلغا قويۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش لازىم؛ رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئومۇمىي پىلان دوكلاتى» نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پۇلغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ۋېن جېجۈن

## ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ كەسپىي مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسپىي ماھارەت تىپىدىكى ئىختىساسلىقلارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھىسى

مۇئاۋىن رەئىس غوپۇر ئابدۇللا 2002 ـ يىل 3 ـ ئايدا قىسمەن ئەزالارنى باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستىنىڭ كەسپىي مائارىپ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي، مۇكەممەل كەسپىي مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، كەسپىي ماھارەت تىپىدىكى ئىختىساسلىقلارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش توغرىسىدا تەدبىرىي تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. دائىمىي كومىتېت 2002 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈندىكى 19 ـ قېتىملىق يىغىنىدا تەكلىپ لايىھىسى ماقۇللاپ ش ئۇ ئا ر پارتكومىغا تاپشۇردى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، كەسپىي مائارىپنىڭ يېڭى تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم. «كەسپىي مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش لازىم. يېڭى يول، يېڭى چارە ئىزدەپ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسىي مائارىپ بىلەن كەسپىي مائارىپنى بىرلەشتۈرۈش ھەمدە ئاساسىي مائارىپ ئىچىگە كەسپىي مائارىپ ئامىللىرىنى سىڭدۈرۈش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش لازىم. كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسىنى ۋە كەسىپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى تەڭشەپ، مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە تەربىيىلەش قابىلىيىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، كەسپىي مائارىپنىڭ تەربىيىلەش ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى بىلەن كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش تۈزۈمىنى، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا رۇخسەت قىلىش ۋە ئەمگەك تەييارلىقى تۈزۈمىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش لازىم. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، كەسپىي مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي كەسپىي مائارىپ ئۆزئارا جىپسىلاشقان، ئوقۇش تارىخى مائارىپى بىلەن غەيرىي ئوقۇش تارىخى تەربىيىسى بىرلەشكەن، كەسپىي مائارىپ بىلەن چوڭلار مائارىپى سىڭىشكەن، ئۆز خىل مائارىپ بىر تۇتاش پىلانلىنىدىغان ۋە ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان مائارىپ سىستېمىسىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

ۋېن جېجۈن

## شىخۇ قاتارلىق 6 شەھەر، ناھىيىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەكلىپ

مۇئاۋىن رەئىس يېكمۇقامەت مۇسا مىللەت ـ دىن ۋە قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى باشلاپ، 2002 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە شىخۇ، ساۋەن، شىخەنزى، ماناس، قۇتۇبى، سانجى قاتارلىق جايلارنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تۆۋەندىكىچە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، دىن خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ۋە يېڭى ۋەزىيەتتىكى دىنىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى لازىم. 2. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش لازىم. 3.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش، دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. 4. دىن باشقۇرۇش خىزمىتى كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى ساپالىق دىن خىزمىتى كادىرلىرى قوشۇنىنى تىرىشىپ تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش لازىم.

ۋېن جىجۇن

## ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلاردىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەكلىپ

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە شياڭگاڭ — ئاۋمېن — تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، مۇھاجىرلار بىلەن ئالاقە باغلاش كومىتېتى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن بىللە بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستىدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارنىڭ ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە تۆۋەندىكىچە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى:

1. تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارنىڭ ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. 2. كارخانىلارغا بېرىپ، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. 3. كارخانىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش لازىم. 4. ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرلىرى قوشۇنىنى تولۇقلاش، ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارنىڭ ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ۋېن جىجۇن

## ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ئاساسىي مائارىپ ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەكلىپ

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتى سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئۈچتۇرپان ناھىيىسى، ئونسۇ ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئاساسىي مائارىپ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، تۆۋەندىكىچە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى:

1. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون «ئىككى ئاساس» خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان جايلارغا مۇكاپاتلاش سىياسىتى بېرىش، 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن رايونلارنىڭ مائارىپ باپلىق تەقسىماتىنى سەرخىللاشتۇرۇشى ھەم ئۇلارنى يۆلەش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشى لازىم. 2. نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب پۇلى مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، ھەر بىر ئوقۇغۇچىدا بىر يۈرۈشتىن دەرسلىك كىتاب بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. 3. تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ نامرات رايونلارنىڭ مائارىپىغا بېرىدىغان ياردىمىنى كۈچەيتىش لازىم. 4. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلاپ، پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى نامرات جايلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا جەلپ قىلىش ۋە ئەۋەتىش لازىم. 5. كۆلۈمخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، نامرات جايلاردىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش لازىم. 6. دۆلەتتىن سىلىنما ئېلىپ، يىراق مۇساپىلىك مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

ۋېن جىجۇن

## شەھەرلەردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەكلىپ

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كادىرلار نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى (گۇرۇھى) شىركىتى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ھەمدە تيانشان رايونى، شىنشىگۇ رايونى قارمىقىدىكى 5 مەھەللە باشقارمىسى، بىر مەھەللە ئاھالە كومىتېتى، بىر يۇقىراۋى كارخانىغا بېرىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا - پېنسىيىگە چىققان خادىملار ۋە ئىشسىز خادىملارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۆۋەندىكىچە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدىكى تەشۋىقات - تەربىيە سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ كەسىپ تاللاش قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش لازىم. 2. ئادەم ئىشلىتىش نىسبىتىنى بەلگىلەپ، يەرلىك ئاممىغا تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى

يارىتىپ بېرىش لازىم. 3. ئورگانلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات مۇلازىمىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. 4. شەخسىي تاپاۋەت بېجى ئېلىش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كىرىم تەقسىماتىنى ئىككىلەمچى تەڭشەش - تىزگىنلەش ئىشىنى كۈچەيتىپ، كىرىم پەرقىنى كىچىكلىتىش لازىم. 5. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. 6. «ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كېلىشىم مۇددىتى توشقاندا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن چىقىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پىكرى» نى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. 7. مائاشنى كوللېكتىپ كېڭىشىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ، ئەمگەك - مائاش مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش لازىم. 8. كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ يىللىق مائاش تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى پائال، پۇختا ئېلىپ بېرىش لازىم. 9. دۆلەتنىڭ ئوقۇش ياردەم قەرز پۇلى بېرىش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشنى ئوڭۇشلۇق تاماملىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش لازىم.

ۋېن جىجۈن

## ئىلمىي، مۇۋاپىق ئوغۇتلاپ، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەكلىپ

مۇئاۋىن رەئىس يۈسۈپ ئەيسا 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا - مۇھىت ئاسراش كومىتېتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ بوستان ساكېنغۇ ئوغۇتچىلىق چەكلىك شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۆۋەندىكىچە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى: 1. نوقۇل ھالدا مەھسۇلات مىقدارىنى قوغلىشىدىغان خاتا چۈشەنچىدىن قۇتۇلۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىش لازىم؛ تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئۈنۈمى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى توغرا تونۇپ، ئۇنىڭ ئېگىشلىك ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنى مەھسۇلاتنىمۇ، كىرىمنىمۇ ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. 2. «تۇپراقنى ئۆلچەش، رېتسېپ تەييارلاش، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش - سېتىش، ئوغۇتلاش» بىر گەۋدىلەشكەن تېخنىكا - مۇلازىمەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم. 3. ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئورگانىك ئوغۇت، يېشىل ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانلارنى ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىشكە يېتەكلەش لازىم. 4. ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تېزراق تۈزۈپ چىقىپ، كارخانىلارنى ئورگانىك ئوغۇتنى زاۋۇتلاشتۇرۇپ، تۈجۈپلەپ، ئۆلچەملەشتۈرۈپ، تاۋارلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا پائال قاتنىشىشقا ۋە شۇنداق ئىشلەپچىقىرىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇشقا، ئورگانىك ئوغۇتنى يارىتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قىممىتىنى ئۆستۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم.

ۋېن جىجۈن

## ئاپتونوم رايوننىڭ نەشرىياتچىلىق كەسپى ۋە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلىش - تارقىتىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەكلىپ

سىياسىي كېڭەش مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ نەشرىياتچىلىق كەسپى ۋە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلىش - تارقىتىش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، تۆۋەندىكىچە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

1. كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، بۇ كەسىپنى يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش ھەمدە ئۇنى 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە قىلىش لازىم. 2. سىستېما بىلەن رايون ئايرىۋېتىلگەن نەشرىيات قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېزىق تۈرلىرى بويىچە يېڭىۋاشتىن تەرتىپكە سېلىپ، بىرلەشتۈرۈپ، باپلىقنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى يېزىقنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە رىقابەت كۈچىنى زورايتىش لازىم؛ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتابلارنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنى ئۆزى راۋاج تاپقۇزىدىغان، باپلىقنى ئۆزى توپلايدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش لازىم. 3. تارقىتىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى پۇختا قەدەم بىلەن چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنخۇا كىتابخانىلىرىنىڭ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق بولغان، ئىگىلىك باشقۇرۇش سۇبيېكتى ئايدىڭ بولغان، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى نەقلەشكەن

ئەھۋال ئاستىدا، شەھەرلەرنى مەركەز قىلىپ، زەنجىرسىمان تىجارەتنى قەدەممۇ قەدەم يولغا قويۇش لازىم. 4. سىياسەتنى ماھىللاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت نەشر بۇيۇملىرىنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەققىي ھەل قىلىش لازىم. 5. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى نەشر قىلىش - تارقىتىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم.

ۋېن جىجۇن

## ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقىراۋى داۋالاش ئاپپاراتلىرى، خۇسۇسىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى تۈزەش، قېلىپلاشتۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەكلىپ

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە تىيانشان رايونى، يېڭىشەھەر رايونى، شىسكۆ رايونىنىڭ يۇقىراۋى، خۇسۇسىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە يەككە ئەمبۇلاتورىيىلەرنى تۈزەش - قېلىپلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تۆۋەندىكىچە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى:

1. كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، يۇقىراۋى، خۇسۇسىي، يەككە داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئادىل رىقابەتلىشىشنى ۋە تەرتىپلىك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. 2. ھەر دەرىجىلىك سەھىيە نازارەتچىلىك ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش ۋە تولۇقلاش، سەھىيە نازارەتچىلىكى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سەھىيە بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش سىستېمىسىنى تېزراق قۇرۇپ چىقىش لازىم. 3. داۋالاش - سەھىيە خادىملىرىنىڭ قانۇنچىلىق قارىشى ۋە كەسپىي ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. 4. دائىملىق كەسپىي بىلىم ئۆگىنىش، تەربىيىلەش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىببىي خادىملارنىڭ كەسپىي قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. 5. قانۇنغا خىلاپ يول بىلەن دوختۇرلۇق قىلىدىغان، قانۇنسىز يول بىلەن كىنىشكىسىز دوختۇرلۇق قىلىدىغان قىلمىشلار ئۈستىدە قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئۇنداق ئىشلارنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش لازىم. 6. داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا ئۆز جايى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى، كىرىشىنى تەستىقلاش تۈزۈمىنىڭ ئۆلچىمىنى، تىجارەت باشلاشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىنى، كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى تەكشۈرۈش، ئۇلارنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىپ، يۇقىراۋى ۋە خۇسۇسىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك راۋاجلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم.

ۋېن جىجۇن

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىجتىمائىيەت - قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ داڭنىڭ باشچىلىقىدىكى 14 كىشى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئىلى، قەشقەر، تۇرپان، سانجى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ۋېن جىجۇن

## قىسمەن ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

2002 - يىلى خۇبېي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جۇڭنۇڭ باشچىلىقىدىكى 18 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى، فۇجيەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جىن نىڭچو باشچىلىقىدىكى 7 كىشىلىك، مۇئاۋىن رەئىسى خې شاۋچۈەن باشچىلىقىدىكى 7 كىشىلىك، مۇئاۋىن رەئىسى لى زوكې باشچىلىقىدىكى 13 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى، تيەنجىن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ساۋ شيۇرۇڭ باشچىلىقىدىكى 12 كىشىلىك، مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۈگېن باشچىلىقىدىكى 12 كىشىلىك، مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خاۋشېڭ باشچىلىقىدىكى 8 كىشىلىك، مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ داجىڭ باشچىلىقىدىكى 18 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى گوجۇڭ باشچىلىقىدىكى 4 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى، چۇڭچىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى مىڭ باشچىلىقىدىكى 7 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دىڭ فاڭمىڭ باشچىلىقىدىكى 3 كىشىلىك، مۇئاۋىن رەئىسى لى دېڭكۈي باشچىلىقىدىكى 7 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى، جياڭشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇاڭ دىڭيۈەن باشچىلىقىدىكى 6 كىشىلىك، مۇئاۋىن رەئىسى خۇاڭ

ماۋخىبلاڭ باشچىلىقىدىكى 6 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى، جېجياڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ليۇ فېڭ باشچىلىقىدىكى 5 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ ۋېيمىڭ باشچىلىقىدىكى 17 كىشىلىك، مۇئاۋىن رەئىسى پەن جىنجيې باشچىلىقىدىكى 15 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى ما گولياڭ باشچىلىقىدىكى 6 كىشىلىك، مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ نەيچيەن باشچىلىقىدىكى 7 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى، ئەنخۇي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ رۇنشيا باشچىلىقىدىكى 10 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى، جىلىن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چاڭ ۋېنخەي باشچىلىقىدىكى 5 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى، خېنەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇ تيۇن باشچىلىقىدىكى 10 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى، خۇنەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۇ بىجۇ باشچىلىقىدىكى 7 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى، خەينەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كاڭ تيباۋ باشچىلىقىدىكى 9 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى، سىچۇەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كې جيەنلى باشچىلىقىدىكى 8 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئىلگىرى - ئاخىر شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى.

ۋېن جېجۈن

## ئاپتونوم رايونلۇق ئاساسىي قاتلام سىياسىي كېڭەش خىزمىتى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10- كۈنىگىچە قاراماي شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ رەئىسلىرى، سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى قاتناشتى. رەئىس جانابىل يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

ۋېن جېجۈن

## ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكلىپ خىزمىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 5 يىلدىن بۇيانقى تەكلىپلىرى ئىچىدىكى 52 تەكلىپ، تەكلىپ بېجىرگۈچى 24 ئىلغار ئورۇن، تەكلىپ بېجىرگۈچى 40 ئىلغار خىزمەتچى تەقدىرلەندى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

ۋېن جېجۈن

## تارىخىي ماتېرىيال خىزمىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخىي ماتېرىيال كومىتېتى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىيال خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتتى، 3 قېتىم ئەزالارنى تەشكىللەپ تۇرپان، سانجى، بۆرتالا، ئىلى ۋە قاراماي لارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي ماتېرىيال خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش بىلەن ھەمكارلىشىپ «ئىلى تارىخىي ماتېرىياللىرى» (قازاقچە) نىڭ 17 - توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى؛ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش بىلەن ھەمكارلىشىپ «شىنجاڭدىكى تاجىك مىللىتىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» نى نەشر قىلدۇردى؛ «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى» بىلەن ھەمكارلىشىپ، «تارىخىي ماتېرىيال مۇنبىرى» مەخسۇس بېتىدىن 12 سان تۈزدى. «شىباڭ شىسەي» (خەنزۇچە) ناملىق كىتابنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىدى.

ۋېن جېجۈن

# جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

## جامائەت خەۋپسىزلىكى

### قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ج خ قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

1. يول قاتنىشى ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يېڭى مېخانىزمى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە «ھۆكۈمەت بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەر بىرلىكتە تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇش»تىن ئىبارەت قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يېڭى مېخانىزمى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ ۋە ئورنىتىلىپ، قاتناش بىخەتەرلىكى خىزمىتىنىڭ قاتلىمى ئۆستۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، تارماقلار مەسئۇل بولۇش، قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىشنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئىجابىي رولى پەيدىنپەي نامايان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك ج خ قاتناش تارماقلىرى يول قاتنىشىدا ھادىسە كۆپ يۈز بېرىدىغان نۇقتا ۋە بۆلەكلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقتى، بىر يىلدا ھادىسە كۆپ يۈز بېرىدىغان نۇقتا ۋە بۆلەكتىن 100نى تەكشۈرۈپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 13، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكى 87. ئۇلار ئۈستىدە مۇناسىپ تۈزەش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە قاتناش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ 21نى تۈزىدى. جايلار قاتناش ھادىسىلىرىنى تېز بىر تەرەپ قىلىش مېخانىزمىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە ئورنىتىپ، قاتناش ھادىسىدە يارىدار بولغانلارنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت «يېشىل يول» سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يارىدارلارنى ۋاقتىدا ۋە ھادىسە يۈز بەرگەن مەيداننى تېز بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى.

2. مەخسۇس تۈزەش سالمىقى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلۇپ، يول قاتنىشىنىڭ تەرتىپى روشەن ياخشىلاندى. جايلاردا يول قاتنىشى بىخەتەرلىك تەرتىپىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش بويىچە 4 قېتىم مەخسۇس ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلدى. جايلار ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قائىدىگە نۇقتىلىق خىلاپلىق قىلىشنى، نۇقتىلىق ئاپتوموبىللارنى ۋە نۇقتىلىق يول بۆلەكلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، يول قاتنىشىنىڭ راۋانلىقىغا ۋە بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئورغۇن گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 2 مىليون 269 مىڭى تۈزىتىلدى، 1 مىليون 898 مىڭ ئادەم (قېتىم)گە چارە كۆرۈلدى، 203 مىڭ پىراۋا بىلەن يول يۈرۈش كىنىشكىسى، 26 مىڭ 748 ئاپتوموبىل (قېتىم) ۋاقىتلىق تۇتۇپ قېلىندى، 9067 پىراۋا تۇتۇپ قېلىندى، 363 ئادەم (قېتىم) مەجبۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇلدى.

3. «ئامان - ئېمەن داغدام يول» بەرپا قىلىش، «راۋان بولۇش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. جايلار «ئامان - ئېمەن داغدام يول» بەرپا قىلىش داۋامىدا قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئازايتىشتىن ئىبارەت يادرونى گەۋدىلەندۈرۈپ، قاتناش باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان، ئوتتۇرا ئەترەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋاستە قىلىپ، باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، يولنى تىزگىنلەشنى چىڭىتىپ، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىش ھادىسىلىرىنى قانۇن بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ئاممىغا قۇلايلىق يارىتىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قاتناۋاتقان ئاپتوموبىل ۋە ئاممىغا يېقىندىن ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تاشيول چارلاش ساقچىلىرىنىڭ كۆپ ئىشقا ماھىر بولۇش، تېز ئىنكاس قايتۇرۇشتەك ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتوموبىلغا ۋە يولغا چېتىشلىق ھەر خىل ئامانلىق ساقلاش، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قەرەللىك بىر تەرەپ قىلدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بىر تۈركۈم جىنايەت گۇماندارلىرىنى قولغا چۈشۈردى. بىر يىلدا 4943 قېتىم ساقچىلىق ۋەزىپىسى ئۆتەلدى، ئاممىغا 2689 قېتىم ياردەم بېرىلدى، 296 ئامانلىق ساقلاش، جىنايى ئىشلار دېلوسى قەرەللىك بىر تەرەپ قىلىنىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 124 جىنايەت گۇماندارى تۇتۇلدى.

«راۋان بولۇش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويغان شەھەرلەردىكى قاتناش ساقچى تارماقلىرى شەھەر رايونى قاتناش

تەرتىپىنى مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «قالتىس باشقۇرۇلىدىغان كوچا»لارنىڭ تارقىلىش ۋە ئۈلگىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، يوللاردىكى قاتناش بەلگىسى، سىزىقى ۋە سىگنال چىراغلىرىنىڭ سەپلىنىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەرلەرنىڭ قاتناش مۇھىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى. ج خ مىنىستىرلىكى قاتناش ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىدىكى تەلەپكە ئاساسەن، باش ئەترەت 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، «راۋان بولۇش قۇرۇلۇشى» بويىچە 2 - نومۇرلۇق باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يارىتىشنى ئىلتىماس قىلغان شەھەرلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە باھالاپ چىقتى. ئۈرۈمچى شەھىرى مىنىستىرلىك تارقاتقان B تۈردىكى شەھەرلەرنىڭ 2 - دەرىجىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە؛ شىخەنزە بىلەن كورلا شەھىرى D تۈردىكى شەھەرلەرنىڭ 2 - دەرىجىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە يەتتى.

4. ھادىسىنى بىر تەرەپ قىلىش، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ۋە شوپۇرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى ۋە ياخشىلاندى. جايلار ھادىسىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا مەسئۇلىيەتنى ئاشكارا بېكىتىش، ئاشكارا كېلىشتۈرۈش، ئاشكارا كېسىم قىلىشنى يولغا قويۇپ، دېلو بېجىرىشنىڭ ئاشكارىلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دېلو بېجىرىشتە ئاشكارا بولۇش، ئادىل بولۇش، باراۋەر بولۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى. دېلو بىر تەرەپ قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، دېلولارنى بەلگىلەنگەن سۈرۈكتە بىر تەرەپ قىلدى، قايتا قاراپ چىقىلىدىغان، ئەرز سۇنۇلىدىغان ۋە دەرىجە ئاتلاپ يۇقىرىغا ئەرز قىلىنىدىغان دېلولارنى تىرىشىپ ئازايتتى. ئىلى، شىخەنزە، قاراماي، بورتالا، ئالتاي، تۇرپان، بايىنغولىن، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت 9 تارماق ئەترەتنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 2002 - يىلى قاتناش ھادىسىسى مەسئۇلىيىتىدىن 769ى قايتىدىن قاراپ چىقىلىپ بېكىتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى 586، ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنىش نىسبىتى 76.2% بولدى.

ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ۋە شوپۇرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى جەھەتتە، قاتناش ساقچى باش ئەترىتى بىر قاتار قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىنىڭ ئۆلچەملىك ئىشلىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى بىخەتەرلىك تېخنىكىسى بويىچە تەكشۈرۈپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇنى تۈزۈم جەھەتتىن قېلىپلاشتۇردى. ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى بىخەتەرلىك تېخنىكىسى بويىچە تەكشۈرگۈچى خادىملار كۇرسى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، باش ئەترەتنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلغان ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، ئاما ئىنكاس قىلغان بەزى قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئادىل، قانۇنلۇق، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈردى.

5. قاتناش باشقۇرۇشنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبى ئۈزلۈكسىز زورايتىلدى. 2002 - يىلى، باش ئەترەت ئۈچ تۈر سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى قاتناش تارماق ئەترەتلىرى بىلەن باش ئەترەتنىڭ تور ئارقىلىق يەتكۈزۈش سىستېمىسىنى تەڭشىدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ج خ قاتناش ئۈچ تۈر سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئاسراش خىزمىتى ئىشلەندى، تورنىڭ ئۇلىنىش نىسبىتى بىلەن سانلىق مەلۇماتلارنىڭ يېڭىلىنىش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ، مەملىكەت بويىچە ج خ قاتناش باشقۇرۇش بويىچە تەكشۈرۈش - سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ ئالماشتۇرۇش، ماتېرىيال يېڭىلاش خىزمىتى ئورۇندالدى؛ ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى شوپۇرلىرىنىڭ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىشى بويىچە خاتىرىلەنگەن نومۇرلارنى تور ئارقىلىق يەتكۈزۈش ۋە ھۆججەت، ماتېرىياللارنى تور ئارقىلىق يۇقىرىغا يوللاش ۋە تۆۋەنگە تارقىتىش، قاتناش ئەھۋالىنى ۋە پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى ئېلان قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ تۇرپان ئاپتوموبىل باشقۇرۇش پونكىتى ۋە شىخۇ ئاپتوموبىل باشقۇرۇش شۆبە پونكىتىنىڭ دائىرىلىك تور ئۆزگەرتىش خىزمىتى ۋە 43 قاتناش ساقچىسى چوڭ ئەترىتىنىڭ تور لىنىيىسى قۇرۇلۇشى پۈتتى، 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن 58 يۈرۈش رادارلىق سۈرئەت ئۆلچىگۈچ ۋە 270 ئىسپىرت ئۆلچىگۈچ سەپلەپ بېرىلىپ، باشقۇرۇش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.

6. قاتناش بىخەتەرلىكى تەربىيىسى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. جايلار يولنى چارلاپ ۋەزىپە ئۆتەش، قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ئاپتوموبىل ۋە شوپۇرلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق كۈندىلىك خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ يول قاتنىشىنى باشقۇرۇش قائىدە - تۈزۈملىرىنى ۋە قاتناش بىخەتەرلىك بىلىملىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى ۋە ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق كۈچلۈك تەشۋىقات كەيپىياتى ياراتتى.

قەرەلسىز ھالدا ترانسپورت ئورۇنلىرىغا بېرىپ بىخەتەرلىك باشقۇرۇش ھادىسىلىرىگە ۋە كەلكۈن ئاپىتىگە قارشى تۇرۇش ئەھۋاللىرىدا قاتناش بىخەتەرلىكى دەرسى ئۆتۈپ تۇردى، دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىقتىن بوشىغان ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ بازارغا كىرگەن ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، «قاتناش بويىچە بىخەتەر كەنت» ۋە «قاتناش بويىچە بىخەتەر مەھەللە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇردى. 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى مەملىكەتلىك يول قاتنىشى ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەشۋىق قىلىش كۈنىدە، 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى مەملىكەتلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەشۋىقات ـ مەسلىھەتچىلىك كۈنىدە ۋە 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە بولغان مەملىكەتلىك قاتناش بىخەتەرلىكى تەشۋىقات ھەپتىلىكى مەزگىلىدە جايلار قاتناش بىخەتەرلىكى بويىچە تەشۋىقات ـ تەربىيىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ۋۇ يەنلەن

## قاتناش ھادىسىلىرى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدا 10 مىڭ 95 قېتىم يول قاتنىشى ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 2563 ئادەم ئۆلدى، 9199 ئادەم يارىلاندى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا 37 مىليون 795 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنى 2001 ـ يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆلگەنلەر %0.9 ئاشتى، ھادىسە %3.69، يارىلانغانلار %1.23، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان %14.26 تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قاتناش بىخەتەرلىكى ۋەزىيىتى مۇقىملىققا قاراپ يۈزلىنىپ، يىل بېشىدا ئالدىن كۆزلەنگەن يول قاتنىشى ھادىسىلىرىنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى.

ۋۇ يەنلەن

## ئىقتىسادىي جىنايەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى «قاتتىق زەربە بېرىش، تۈزەش»نى باش تېما قىلىپ، ئىقتىسادىي جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، كۆچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پۇل مۇئامىلە ئالدامچىلىقى، پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزۇش، باجغا دائىر ۋە بازارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇردى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپىنى بۇزىدىغان دېلودىن 1472نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇلغىنى 1142. دېلوغا چېتىلىدىغان سومما 294 مىليون 806 مىڭ 300 يۈەن. پاش قىلىنغان دېلو 1045، 47 مىليون 845 مىڭ 900 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى، تۈرلۈك جىنايەت گۇماندارىدىن 835ى تۇتۇلدى.

خۇ بو

## ساختا، ناچار تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشى

2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ ساختا، ناچار تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشقا دائىر 1089 دېلونى تەكشۈرۈپ چىقتى، دېلوغا چېتىلىدىغان سومما 40 مىليون 190 مىڭ يۈەن، 337 جىنايەتچىگە زەربە بېرىپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇ ئىشتا 15 مىڭ 457 ساقچى (قېتىم)، 1297 ئاپتوموبىل (قېتىم) قاتناشتۇرۇلدى. كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بېجىرگەن لىيۇ زۇڭلىننىڭ ساختا، ناچار دېھقانچىلىق دورىسى سېتىش دېلوسىدا، 40 توننا ساختا دېھقانچىلىق دورىسى، 480 مىڭ يۈەن قانۇنسىز پايدا قولغا چۈشۈرۈلدى. بۇنى ج خ مىنىستىرلىكى 3 ـ تۈركۈمدىكى تەپتىشلىك قىلىپ بېجىرىلگەن دېلو قاتارىغا كىرگۈزدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە 27 تۈردىكى 63 خىل ساختا، ناچار تاۋار يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى، بۇنىڭ قىممىتى 11 مىليون 260 مىڭ يۈەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايوندىكى كىرەكسىز قىلىۋېتىلگەن ئاپتوموبىللارنى چۇۋۇش كارخانىلىرى ئېنىقلاندى ۋە تەرتىپكە سېلىندى، كېرەكسىز قىلىۋېتىلگەن ئاپتوموبىللارنى قايتا سېتىۋالىدىغان (چۇۋۇيدىغان) 3 ئورۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بىر ئورۇن چەكلىك مۇددەت ئىچىدە ئۆزگەرتىلىشكە بۇيرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە 13 گۆرۈخانا ئېنىقلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى، يېڭىدىن قۇرۇلغان كەم ئارتۇق قىلىپ ساتىدىغان ئورۇن ۋە گۆرۈخانا، قايتۇرۇپ سېتىۋېلىش ساھەسى تەكشۈرۈلدى ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈملىرى چىڭىتىلدى. سودا بازارلىرىنى مەخسۇس تۈزەش داۋامىدا، ئۈرۈمچى شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئىلى ئوبلاستى قاتارلىق 7 ئۇقتىلىق رايوندىكى 232 سودا بازىرى مەخسۇس تۈزەلدى، بۇنىڭغا 2300 ساقچى (قېتىم)، 700 ئاپتوموبىل (قېتىم) چىقىرىلدى، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ ھەر خىل دېلودىن 129ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، جىنايەت گۇماندارىدىن 137 كىشى تۇتۇلدى، بۇ دېلوغا چېتىشلىق سوممىسى 14 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ.

خۇ بو

## شىركەتلەرنىڭ مەبلەغ چىقىرىش ھەرىكىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش بويىچە مەخسۇس تۈزەش قانات يايدۇرۇلدى

2002 - يىل 2 - ئايدىن 6 - ئايغىچە، ج خ نازارىتى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە شىركەتلەرنىڭ مەبلەغ چىقىرىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش بويىچە مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇردى. ئەنگە ئالدۇرىدىغان مەبلەغنى، چىقىرىدىغان مەبلەغنى يالغان مەلۇم قىلىش ۋە چىقارغان مەبلەغنى ئېلىپ قېچىشتەك قانۇنسىز قىلمىشلارنى، شۇنىڭدەك يالغان باھالاپ بېرىش مەلۇماتىنى يېزىپ بېرىش، مەبلەغنى يالغان تەكشۈرۈپ بېرىش مەلۇماتىنى يېزىپ بېرىش، يالغان كۆۋاھلىق ماتېرىيالى بىلەن تەستىقلەشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىپ، سودا - سانائەت، باج قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ھەر خىل مالىيە ھېساباتى، بانكا ھېساباتى، تۇراقلىق مۈلۈك قاتارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك سېلىشتۇرۇپ، مەركەزلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈپ چىقتى. بۇ قېتىمقى مەخسۇس تۈزەشكە ئاپتونوم رايون بويىچە ج خ ئورگانلىرىدىن 1358 تەكشۈرگۈچى (قېتىم) چىقىرىلدى، 1500 كارخانا (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، چىقارغان مەبلىغىنى چىقىرىۋېلىش، يالغاندىن مەبلەغ چىقارغان بولۇۋېلىشتەك قىلمىشلاردىن 586سى سېزىلىپ، 229ى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلدى.

خۇ بو

## باجغا چېتىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرنى مەخسۇس تۈزەش قانات يايدۇرۇلدى

ج خ نازارىتى 2002 - يىل 8 - ئايدىن 12 - ئايغىچە، ج خ مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەت باش باج ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى بەزى رايون ۋە كەسىپلەردىكى باج ئوغرىلاش، يالغان قوشۇلما قىممەت بېجى تالونى كېسىپ بېرىش، قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى ۋە باشقا تالونلارنى ياساش - سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ئېغىر بولۇشىدەك ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە باجغا چېتىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە زور - مۇھىم دېلودىن 17سى تۇرغۇزۇلدى، جىنايەت گۇمانداردىن 22سى قولغا چۈشتى، بۇ دېلوغا چېتىشلىق سومما 93 مىليون 600 مىڭ يۈەن.

خۇ بو

## ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى باھالاش خىزمىتى

2002 - يىلى ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش ئۈچۈن، ج خ ساقچىخانىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ باھالاش خىزمىتى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلاندى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك ج خ ئىدارىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە باھالاپ چىقتى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ج خ ئىدارىلىرى سىناپ كۆردى، ج خ نازارىتى 3 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، جايلار مەلۇم قىلغان 1 .، 2 - دەرىجىلىك 187 ساقچىخانىنىڭ ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈپ چىقتى ۋە نەق مەيداندا سىناپ كۆردى. باھالاش ئارقىلىق 1 - دەرىجىلىك ساقچىخانىدىن 4ى، 2 - دەرىجىلىك ساقچىخانىدىن 14ى بېكىتىلدى. كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى «تەڭرىتاغ» يولى ساقچىخانىسى، شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى «شىمالىي مېرىدىئان» يولى ساقچىخانىسى، ئونسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئىشلەمچى ساقچىخانىسى، ئارا تۈرۈك ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى باي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى 1 - دەرىجىلىك ساقچىخانا؛ ئاقسۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى يېڭىشەھەر ساقچىخانىسى، ئارا تۈرۈك ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى تۇزكۆل چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى، خېجىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى پويىز ئىستانسىسى ساقچىخانىسى، قۇمۇل شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تاشۆيلۈق چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى، قۇمۇل شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئۈلاتاي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى، قۇمۇل شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى نوغاي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى، ئاقسۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى لەڭگەر ساقچىخانىسى، كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى يېڭىشەھەر ساقچىخانىسى، كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى «قۇرۇلۇش» يولى ساقچىخانىسى، ئالتاي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى لاستى چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى، مىچۈەن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى «شال» يولى ساقچىخانىسى، شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى كونا بازار ساقچىخانىسى، خېجىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بالغۇنتاي ساقچىخانىسى، خوشۇت ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئاغاچى ساقچىخانىسى 2 - دەرىجىلىك ساقچىخانا بولۇپ باھالاندى.

خۇ بو

## قورال - ياراغ، ئوق - دورا، پارتلىتىش بۇيۇملىرىنى تەرتىپكە سېلىش بويىچە مەخسۇس ھەرىكەت قانات يايدۇرۇلدى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ج خ ئورگانلىرى رايون



2002 ـ يىلى باھار بايرىمىدا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېجۇەن بايرام مەزگىلىدە ئىش ئورنىدا تۇرۇۋاتقان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قوماندانلىق مەركىزىدىكى كادىر ـ ساقچىلارنى يوقلىدى.

جياڭ شۈجى فوتوسى

ئوخشىتىپ ياسالغان مىلتىقنى توپ ۋە پارچە سېتىش ئورنىدىن 31نى تەكشۈرۈپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، راست مىلتىققا ئوخشىتىپ ياسالغان مىلتىقتىن 11 مىڭ 396سى، ئۆزى ياسىۋالغان ئوۋ مىلتىقىدىن 4ى، ئوقتىن 1238 پاي يىغىۋېلىندى ھەمدە توپ ۋە پارچە سېتىش ئورنىنىڭ خوجايىنلىرى بىلەن راست مىلتىققا ئوخشىتىپ ياسالغان مىلتىق تىجارىتى قىلماسلىق توغرىسىدا 11 مىڭ 721 پارچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاندى. مەخسۇس تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، ئىلى، قەشقەر، خوتەن، سانجى، تۇرپانلار مۇھىم نۇقتا قىلىندى، پارتلىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان جىنايەتچىلىك 1698 ئورۇن تەكشۈرۈلۈپ، يوشۇرۇن ئاپەتتىن 697سى بايقالدى، چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىش ئۇقتۇرۇشنامەسىدىن 495 پارچە تارقىتىلدى، ئىجازەتنامىدىن 5ى بىكار قىلىندى، 10 مىڭ 4.438 كىلوگرام پارتلىتىش دورىسى، 571 مىڭ 93 دانە كاپسۇل، 92 مىڭ 4.972 مېتىر پىلتە، 10 مىڭ 66 دانە سالبوت، 6029 يوجاڭزا، 5.15 كىلوگرام قارا مىلتىق دورىسى يىغىۋېلىندى.

خاراكتېرلىك قورال ـ ياراغلارنى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىش، ج خ ئورگانلىرى جامائەت ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قورال ـ ياراغلارنى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىش ۋە راست قورالغا ئوخشىتىپ ياسالغان قورال ـ ياراغ ئەتكەسچىلىكى، قورال ـ ياراغ ياساش، سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس ھەرىكىتى شۇنداقلا خەلققە كىبرەكلىك پارتلىتىش بۇيۇملىرىنى قانۇنسىز ياساش، ئېلىپ، سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىشنى قانات يايدۇردى. بىر يىلدا پاش قىلىنغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە قورال ـ ياراغلارغا چېتىلىدىغان جىنايەت دېلولىرىغا ئالاقىدار 46 مىلتىق، تاپانچا، 28 دانە ئۆزى ياسىۋالغان مىنا، 16 پاي يەر تەۋرىتىش ئوقى، ئۆزى ياسىۋالغان 5 پاي پارتلىتىش قۇرۇلمىسى، 860 پاي ئوق يىغىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆپلىگەن قانۇنسىز قورال- ياراغلار يىغىۋېلىندى، يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 676 تال ھەر خىل مىلتىق، تاپانچا (بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك كالىبىرلىق مىلتىق 119، يەل مىلتىق 12، توك سوقتۇرغۇچ مىلتىق بىر)، 7406 پاي ئوق، 7 گرانات، 43 ئۆزى ياسىۋالغان مىنا يىغىۋېلىندى. راست قورالغا ئوخشىتىپ ياسالغان قورال ـ ياراغلارنى ئەتكەس قىلىش، ياساش، سېتىشتەك جىنايەتلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس ھەرىكىتىدە، 3916 ساقچى (قېتىم)، 594 ماشىنا (قېتىم) چىقىرىلىپ، 15 مىڭ 294 تور ـ نۇقتا تەكشۈرۈلدى، راست مىلتىققا

خۇ بو

## «مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش»، «قانۇنسىز مەتبەئە بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش» مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى

2003 ـ يىل 3 ـ ئايدا، ج خ نازارىتى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە «مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش»، «قانۇنسىز مەتبەئە بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش» مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ جەرياندا ش ئۇ ئا ر ئاخبارات. نەشرىيات ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنىڭ مەخسۇس تۈزەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، مەخسۇس ھەرىكەت مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون بويىچە كىتاب بازىرى، پارچە سېتىش يايما ـ نۇقتىلىرى 300 قېتىمدىن كۆپرەك تەكشۈرۈلۈپ، 110 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك ھەر خىل ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان كىتاب، قانۇنسىز ئۈن ـ سىن نەشر بۇيۇمى يىغىۋېلىنغان (بۇنىڭ ئىچىدە، سىياسىي مەسىلە، فېئودال خۇراپاتلىق، شەھۋانىي مەزمۇندىكى كىتاب 5600دىن ئاشىدۇ)؛ مىللىي تىل ـ يېزىقتا قانۇنسىز نەشر قىلىنغان 38 پارچە كىتاب، ئوغرىلىقچە نەشر

قىلىنغان شەمۋانىي VCD پلاستىنكىسىدىن 201 مىڭ 300دىن كۆپرەكى، ئۈن لېنتىسى، سىن لېنتىسىدىن 840 نەچچە قاپ يىغىۋېلىنغان.

خۇ بو

## ناخشا ـ ئۇسسۇل، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا «باش چايقاش كومۇلچى»نى ئىستېمال قىلىش ۋە سېتىشنى تۈزەش بىر تۇتاش ھەرىكىتى

2002 ـ يىل 3 ـ ئايدا، ج خ نازارىتىنىڭ باشلامچىلىقىدا، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەت، مەدەنىيەت تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ناخشا ـ ئۇسسۇل، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا «باش چايقاش كومۇلچى»نى ئىستېمال قىلىش ۋە سېتىشنى تۈزەش بويىچە بىر تۇتاش ھەرىكەت قانات يايدۇرۇلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىدە جايلار 1378 ساقچى (قېتىم) چىقىرىپ، 972 ئورۇننى تەكشۈرگەن، 2 ئورۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، 13 ئورۇن ئىش توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇلغان، «باش چايقاش كومۇلچى»نى سېتىش، ئىستېمال قىلىش دېلوسىدىن 7سى پاش قىلىنىپ، 120 مىڭ 400دىن ئوشۇق «باش چايقاش كومۇلچى» يىغىۋېلىنغان، بۇنىڭ قىممىتى 400 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ، «باش چايقاش كومۇلچى» ساتىدىغان 5 كىشى تۇتۇلغان. «باش چايقاش كومۇلچى» ئىستېمال قىلىش گۇرۇھىدىن 3ى پاچاقلاپ تاشلانغان، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان ئادەم 44. 2000دىن كۆپرەك زەھەر چەكلەش تەشۋىقات ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى، 9000دىن ئارتۇق تەشۋىقات ۋەرىقى تارقىتىلغان.

خۇ بو

## مەملىكەت بويىچە ج خ سىستېمىسىدىكى 2002 ـ يىللىق مەدەنىي باشلار ئورۇنلىرى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىن 9 ئورۇن «مەملىكەت بويىچە ج خ سىستېمىسىدىكى مەدەنىي باشلار ئورنى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكۈچى بولۇپ باھالاندى. ئۇلار مۇنۇلار: ئاقسۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى چارلاش ساقچى چوڭ ئەترىتى دۆڭچىلىك ئوتتۇرا ئەترىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 ـ شىسى كۈيتۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ج خ ئىدارىسى لېۋ شىخۇ ساقچىخانىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسى ئارال بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتى، كورلا تۆمۈر يول ج خ باشقارمىسى قەشقەر ۋوگزالى ساقچىخانىسى، ئىلى چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى قورغاس پورتى چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى مۇھاپىزەت ئوتتۇرا ئەترىتى، ساۋەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى، قاراماي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتى، شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى شەھەر رايونى چوڭ ئەترىتى.

خۇ بو

## شىزاڭ بۆكىنىنى قوغداش بويىچە «بىرىنچى نومۇرلۇق ھەرىكەت»

2002 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئالتۇنتاغ رايونىدىكى ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلاش ھەرىكىتىگە زەربە بېرىپ، نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن شىزاڭ بۆكىنى قاتارلىق ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئورمان ساقچىسى شىنجاڭ باش ئەترىتى ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا شىزاڭ بۆكىنىنى قوغداش بويىچە «بىرىنچى نومۇرلۇق ھەرىكەت»نى قانات يايدۇردى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان شىنجاڭ ئورمان قوراللىق ساقچى باش ئەترىتى ۋە ئورمانچىلىق ج خ خەلق ساقچىلىرىدىن 100دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى، ئۇلار 11 كۈندە 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، 79 نەپەر ھەر خىل جىنايەت گۇماندارىغا زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلدى، ھەر خىل ئاپتوموبىلدىن 21نى تەكشۈردى، 2 مىلتىق، 105 پاي ئوقنى قولغا چۈشۈردى، 2 پارچە شىزاڭ بۆكىنى تېرىسى، 5 دانە شىزاڭ بۆكىنى كاللىسى، 36 دانە شىزاڭ بۆكىنى پاچىقى، 35 كىلوگرام شىزاڭ بۆكىنى گۆشى، 32 پارچە تاغ ئۆچكىسى تېرىسى، 32 تونىنا ئارتېمىيە قوڭغۇزى ۋە بىر قىسىم ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كاللىسى، مۈڭگۈزى، يۇڭى، تېرىسىنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى.

لى يىڭ

## بۆلگۈنچىلىككە، تېررورلۇققا قارشى كۈرەش تەشۋىقاتى

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن قانات يايدۇرۇلغان ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتى داۋامىدا، ج خ ئورگانلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا زىچ ماسلىشىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. 1 ـ ئايدا، ج خ نازارىتى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «ئاخبارات تەكشۈرۈش» پروگراممىسىدىكى خادىملارغا ماسلىشىپ، 2 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ 60 مىنۇتلۇق «شەرقىي تۈركىستان تېررورچىلىرىنىڭ جىنايەتلىرى» ناملىق پروگراممىنى

قىلىندى، بۇ پروگراممىا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1.، 4.، 9 - قاناللىرىدا بىر قانچە قېتىم كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. 2 - ئايدا ج خ نازارىتى شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە، تېررورلۇققا قارشى كۆرشى ناملىق كۆرگەزمىسى ئاچتى، كۆرگەزمىگە 66 تاختا، 28 تىپىك دېلو، 400دىن ئارتۇق سۈرەت ۋە كۆپلىگەن ماددىي بۇيۇم، ماددىي پاكىتلار قويۇلۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە زوراۋان تېررورچىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ئېچىپ تاشلاندى. كۆرگەزمە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، قوراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى، ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانىدا ئۆتكۈزۈلدى، 100دىن ئارتۇق ئورۇندىكى 80 مىڭدىن كۆپرەك كۆرۈرمەن كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ج خ نازارىتى جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن بىرلىكتە «جۇڭگو شىنجاڭ» تورىدا «شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە، تېررورلۇققا قارشى كۆرشى سەھىپىسى»نى ئېچىپ، شىنجاڭدىكى ج خ ئورگانلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە، تېررورلۇققا قارشى تەشۋىقاتىنى ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەندۈردى. 8 - ئايدا، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىمىز ئۇيۇشتۇرغان 30 نەچچە دۆلەتنىڭ مۇخبىرلىرى شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلدى، ج خ نازارىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى كۆرشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 5 مىنۇتلۇق سىنئالغۇ ماتېرىيال قىلىمىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەپ چىقىپ، چېگرا سىرتىدىكى چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىنى تەمىنلىدى.

خۇ بو

## بەڭ زەھەرلىك چاشقان دورىسى قاتارلىق زەھەرلىك خىمىيۋى بۇيۇملارنى مەركەزلىك يىغىۋېلىش بويىچە بىر تۇتاش ھەرىكەت

2002 - يىل 10 - ئايدا، جياڭشى ئۆلكىسىدە بەڭ زەھەرلىك چاشقان دورىسىنىڭ ئادەمنى زەھەرلەش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ج خ نازارىتى دەرھال ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە بەڭ زەھەرلىك خىمىيۋى بۇيۇملارنى مەركەزلىك يىغىۋېلىش بويىچە بىر تۇتاش ھەرىكەتنى دەرھال قانات يايدۇردى. ئاممىنىڭ پاش قىلىشى ۋە ج خ ئورگانلىرىنىڭ قاتتىق زەربىسى ئاستىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە 142 قانۇنغا خىلاپ بەڭ زەھەرلىك چاشقان دورىسى ساتىدىغان پايما ۋە نۇقتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 6 قانۇنسىز بەڭ زەھەرلىك چاشقان دورىسى ياساش ئورنى بېتچىت قىلىندى. 1230.62 كىلوگرام بەڭ زەھەرلىك چاشقان دورىسى، 1462.82 كىلوگرام باشقا زەھەرلىك چاشقان دورىسى، 4714.3 كىلوگرام زەھەرلىك خىمىيۋى بۇيۇم يىغىۋېلىندى، جايلاردىكى ئاممىۋى ج خ ئورگانلىرىغا 18.68 كىلوگرام بەڭ زەھەرلىك چاشقان دورىسى، 231.5 كىلوگرام باشقا زەھەرلىك چاشقان دورىسى، 2751.7 كىلوگرام زەھەرلىك خىمىيۋى بۇيۇمنى ئۆزلۈكىدىن تاپشۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنسىز زەھەرلىك خىمىيۋى بۇيۇم ياساش، سېتىش دېلوسىدىن 102سى تەكشۈرۈپ پاش قىلىندى، جىنايەت گۇماندارىدىن 102سى تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار بويىچە تۇتۇپ تۇرۇلغىنى 2 كىشى، ئامانلىق ساقلاش بويىچە تۇتۇپ تۇرۇلغىنى 6 كىشى، جەرىمانە قويۇلغىنى 7 كىشى، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى 85 كىشى، باشقىچە چارە كۆرۈلگىنى 2 كىشى.

خۇ بو

# تەپتىشلىك

## ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى

باش تەپتىش: مەھەممەت يۈسۈپ

مۇئاۋىن باش تەپتىشلەر: لى گۈيماۋ، تېلىۋقان يۈدباي (ئايال، قازاق، 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دۇڭ جيەن، ۋاڭ جۈن (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇراخمان مەھەممەت، لى رۇڭ (ئايال)، ئىسلامبەك ئابدۇلقان (قازاق، 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، نىي جيەنخۇا (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئارماقلىرى 12 مىڭ 714 دېلوغا چېتىشلىق 19 مىڭ 34 ئادەمنى قولغا ئېلىش دېلوسىنى تەكشۈردى. 18 مىڭ 659 ئادەمگە چېتىشلىق 12 مىڭ 466 دېلونى ئاياغلاشتۇردى. قوبۇل قىلىنغان قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش دېلولىرى ئىچىدە، تەپتىش ئورگانلىرى ئۆزلىرى رازۋېدكا قىلغىنى 300 ئادەمگە چېتىشلىق 285 دېلو بولۇپ، قولغا ئېلىش قارار قىلىنغىنى 276 دېلوغا چېتىشلىق 288 ئادەم، قولغا ئالماسلىق قارار قىلىنغىنى 7 دېلوغا چېتىشلىق 9 ئادەم؛ ج خ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى، تۈرمە ئورگانلىرى رازۋېدكا قىلىپ قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشقا ئىلتىماس قىلغىنى 12 مىڭ 183 دېلوغا چېتىشلىق 18 مىڭ 362 ئادەم،

تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، قولغا ئېلىش تەستىقلانغىنى 11 مىڭ 134 دېلوغا چېتىشلىق 16 مىڭ 359 ئادەم، قولغا ئېلىش تەستىقلانمىغىنى 1049 دېلوغا چېتىشلىق 2003 ئادەم.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈش، ئەيىبلەش تارماقلىرى ئەيىبلەشكە يوللانغان 14 مىڭ 992 دېلوغا چېتىشلىق 22 مىڭ 959 ئادەمنى تەكشۈردى، 19 مىڭ 458 ئادەمگە چېتىشلىق 12 مىڭ 958 دېلونى ئاخىرلاشتۇردى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 18 مىڭ 598 ئادەمگە چېتىشلىق 12 مىڭ 432 دېلونى سوت مەھكىمىسىگە ئەيىبلەشكە سۇندى، 526 دېلوغا چېتىشلىق 860 ئادەمنى ئەيىبلىمىدى. قوبۇل قىلىپ تەكشۈرۈپ ئەيىبلەنگەن دېلولار ئىچىدە، تەپتىش ئورگانلىرى بىۋاستە دېلو تۇرغۇزۇپ رازۋېدكا قىلىپ ئەيىبلەشكە يوللىغىنى 737 ئادەمگە چېتىشلىق 654 دېلو، تەكشۈرۈش ئارقىلىق سوت مەھكىمىسىگە 379 ئادەمگە چېتىشلىق 337 دېلونى ئەيىبلىدى، 186 ئادەمگە چېتىشلىق 161 دېلونى ئەيىبلىمىدى؛ ج خ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى، تۈرمە ئورگانلىرى رازۋېدكا قىلىپ ئەيىبلەشكە يوللىغىنى 22 مىڭ 191 ئادەمگە چېتىشلىق 14 مىڭ 328 دېلو بولۇپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق سوت مەھكىمىسىگە ئەيىبلەشكە سۇنۇلغىنى 18 مىڭ 219 ئادەمگە چېتىشلىق 12 مىڭ 95 دېلو، ئەيىبلەنمىگىنى 674 ئادەمگە چېتىشلىق 365 دېلو.

چېن چۈن، يالقۇن تىللايۇۋ

## خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق تەپتىشلىكى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق رازۋېدكا تارماقلىرى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەت دېلوسىدىن 1713نى قوبۇل قىلىپ، 1111نى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈردى، 671 ئادەمگە چېتىشلىق 610 دېلونى دېلو تۇرغۇزۇپ رازۋېدكا قىلدى. خىيانەت قىلغان، پارا ئالغان پۇل 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغان ھۆكۈمەت پۇلى 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى چوڭ دېلودىن 279نى، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 47 رەھبىرىي كادىرغا چېتىلىدىغان مۇھىم جىنايەت دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، رازۋېدكا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان 541 ئادەمگە چېتىشلىق 497 دېلو ئىچىدە ئەيىبلەشكە يوللانغىنى 437 ئادەمگە چېتىشلىق 397 دېلو، ئەيىبلىمەسلىككە يوللانغىنى 44 ئادەمگە چېتىشلىق 42 دېلو، بىكار قىلىنغىنى 60 ئادەمگە چېتىشلىق 58 دېلو. دېلو بىجىرىش ئارقىلىق 54 مىليون 862 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

چېن چۈن، يالقۇن تىللايۇۋ

## خىزمەتتە خاتالىشىش، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش تەپتىشلىكى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتتە خاتالىشىش، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش تەپتىشلىكى تارماقلىرى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ خىزمەتتە خاتالىشىش، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا دائىر دېلودىن 362نى تاپشۇرۇۋېلىپ بىجىردى، بۇنىڭدىن 314نى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈردى، 161 ئادەمگە چېتىشلىق 141 دېلونى دېلو تۇرغۇزۇپ رازۋېدكا قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم، ئالاھىدە زور دېلو 12. ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 9 رەھبىرىي كادىرغا چېتىلىدىغان مۇھىم جىنايەت دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 130 ئادەمگە چېتىلىدىغان 116 دېلونى رازۋېدكا قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى، 84 ئادەمگە چېتىلىدىغان 73 دېلونى ئەيىبلەشكە، 18 ئادەمگە چېتىلىدىغان 17 دېلونى ئەيىبلىمەسلىككە يوللاپ بەردى، 28 ئادەمگە چېتىلىدىغان 26 دېلونى بىكار قىلدى. دېلو بىجىرىش ئارقىلىق 2 مىليون 505 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

چېن چۈن، يالقۇن تىللايۇۋ

## تۈرمە، قاماقخانا تەپتىشلىكى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۈرمە، قاماقخانا تەپتىشلىكى تارماقلىرى تۈرمە باشقۇرىدىغان كادىر، ساقچىلارنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك 6 ئادەمگە چېتىلىدىغان جىنايەت دېلوسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. تۈرمىدە پىشمۇاشتىن جىنايەت ئۆتكۈزگەن 81 ئادەمگە چېتىشلىق 70 دېلونى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق 64 ئادەمگە چېتىلىدىغان 53 دېلونى تەكشۈرۈپ ئەيىبلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 31 ئادەمگە مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن يۇقىرى ھۆكۈم ئېلان قىلىندى. تۈرلۈك ئەرز دېلوسىدىن 229ى قوبۇل قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى تۈرمە، قاماقخانا تەپتىشلىكى تارماقلىرى قانۇنغا خىلاپ قاماپ قويۇش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا قاماقخانىدا قالدۇرۇپ قويۇش، تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش مۇۋاپىق بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپ ھالدا سىرتتا داۋالىنىشقا كېپىللىككە بېرىش قاتارلىق 57 ئادەم ئۈستىدىكى قانۇنغا خىلاپ ئەھۋالنى بايقىدى، 18 ئادەم (قېتىم) ئۈستىدە يازما تۈزىتىش پىكرى بەردى، بۇنىڭدىن 8 ئادەم (قېتىم) ئۈستىدىكى خىلاپ ئەھۋال تۈزىتىلدى. مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ قاماپ قويۇلغان 1690 ئادەمنى بايقىدى، 1710 ئادەم ئۈستىدە يازما تۈزىتىش پىكرى بەردى، بۇنىڭدىن 1660 ئادەم ئۈستىدىكى خىلاپ ئەھۋال تۈزىتىلدى.

چېن چۈن، يالقۇن تىللايۇۋ

## ھەق ـ تەلەپ، مەمۇرىي ئىشلار تەپتىشلىكى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ھەق ـ تەلەپ، مەمۇرىي تەپتىشلىك تارماقلىرى تۈرلۈك ھەق ـ تەلەپ، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي ئىشلار ئەرز دېلوسىدىن 1784نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان دېلو 1243، 546 دېلونى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى، 191 دېلونى باشقا تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ بەردى. 785 دېلونى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرزى سۇنۇلغىنى 154، تەكشۈرۈش توختىتىلغىنى 352، تەپتىشلىك تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى 101، باشقا دېلو 178. نارازىلىق ئەرزى سۇنۇلغان دېلو ئىچىدە سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى 34، ئەسلى ھۆكۈم ئاغدۇرۇلۇپ قايتا تەكشۈرۈشكە قايتۇرۇلغىنى 9، مۇرەسسە قىلىنغىنى 7، ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى 10.

چېن چۈن، يالقۇن ئىللايۇۋ

## ئەرز، شىكايەت تەپتىشلىكى ۋە پاش قىلىش خىزمىتى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئەرز ـ شىكايەت تەپتىشلىك تارماقلىرى ھال. ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەر ۋە ئەۋەتىلگەن خەت ـ چەكتىن 7569 ئادەم ـ پارچە (قېتىم) نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەت ـ چەك 4733 پارچە، ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەر 2836. پاش قىلىش، شىكايەت قىلىش يىپ ئۇچىدىن 5088نى قوبۇل قىلىپ، 5105نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاش قىلىش مەركىزىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرگىنى 429، باشقا تەپتىش مەھكىمىلىرىگە يوللاپ بېرىلگىنى 1812. شىكايەت ئەرزىدىن 2347نى قوبۇل قىلىپ، 2334نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇپ قايتا تەكشۈرۈپ چىقىلغىنى 153، باشقا تەپتىش مەھكىمىلىرىگە يوللاپ بېرىلگىنى 308، باشقا ئورگانلارغا يوللاپ بېرىلگىنى 259، بىۋاسىتە جاۋاب بېرىلگىنى 389، تەكشۈرۈش ئۈچۈن قالدۇرۇلغىنى 117.

چېن چۈن، يالقۇن ئىللايۇۋ

## تەپتىشلىك تېخنىكىسى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەپتىشلىك تېخنىكا تارماقلىرى تۈرلۈك تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش، باھالاشتىن 1066نى قوبۇل قىلدى، تۈرلۈك دېلودىن 1027نى ئاخىرلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە نەق مەيداندا تەكشۈرۈلگىنى 72، تەكشۈرۈپ باھالاپ بېرىلگىنى 843، يېزىق ئارقىلىق ئىسپاتلاپ تەكشۈرۈلگىنى 11، تېخنىكا ياردىمى بىلەن تەمىنلەنگىنى 101. ھۆججەت ـ ماتېرىيال چىقىرىپ بېرىلگىنى 771.

چېن چۈن، يالقۇن ئىللايۇۋ

## ۋەزىپە دائىرىسىدىكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھۋالى

2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر ۋەزىپە دائىرىسىدىكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغان، ئالاقىدار تارماقلار قاتنىشىدىغان ۋەزىپە دائىرىسىدىكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن 43ى، تەپتىش ئورگانلىرى ۋەزىپە دائىرىسىدىكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن 72سى، خىزمەتتە ئالاقىلىشىش ئاپپاراتىدىن 347سى قۇرۇلۇپ، 601 ئالاقىچى تەكلىپ قىلىندى، ۋەزىپە دائىرىسىدىكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەكتىپىدىن 29ى، ئاگاھلاندۇرۇش تەربىيىسى بازىسىدىن 17سى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەپتىش ئورگانلىرى 239 شەخس بويىچە ئالدىنى ئېلىش دېلوسىنى، 249 كەسىپ ۋە سىستېما بويىچە ئالدىنى ئېلىش دېلوسىنى، 71 مەخسۇس قۇرۇلۇش تۈرلىرى بويىچە ئالدىنى ئېلىش دېلوسىنى ئىشلىدى. دۇنيا بانكىسى قەرز بەرگەن، 3 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كۈيتۇڭ ـ سايرام يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ تۇپا قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت يولى 314 ـ لىنىيىسىنىڭ توقسۇندىن كۈمۈشكىچە بولغان 78 كىلومېتىرلىق قىسمى، كۈمۈشتىن ـ خوشۇتقىچە بولغان 112 كىلومېتىرلىق تاشيولىنىڭ تۇپا قۇرۇلۇشىغا خېرىدار چاقىرىش پائالىيىتىنى نازارەت قىلدى.

چېن چۈن، يالقۇن ئىللايۇۋ

## قانۇن، سىياسەت تەتقىقاتى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى تەپتىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 1820 پارچىدىن ئارتۇق خىلى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ماقالىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، بۇنىڭدىن ھەرخىل گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغىنى 1130 پارچىدىن ئاشتى. ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى باھالاشتا، شىنجاڭنىڭ تەپتىش سىستېمىسىدىن بىر تۈر 1 ـ دەرىجىلىك، بىر تۈر 2 ـ دەرىجىلىك، 2 تۈر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇيغۇرچە يەسەككىز خىل

جازا ۋە 413 خىل جىنايەت» دېگەن كىتاب ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بويىچە ياش ئاپتورلارنىڭ ياخشى ئەسىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن كومىتېتىنىڭ جايلارنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇشى توغرىسىدىكى مۇزاكىرىسىگە 5 قېتىم قاتناشتى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيىگە دائىر چۈشەنچە بەرگەن ھۆججەتلىرىنى، تەستىقىي جاۋابلىرىنى 16 قېتىم تارقىتىپ بەردى. «شىنجاڭ تەپتىشچىلىكى» (خەنزۇچىسى) نى 4 سان نەشر قىلدى.

چېن چۈن، ياڭقۇن تىللايۇۋ

# سوت

## ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى

مەھكىمە باشلىقى: مەھەممەت روزى

مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى: جاۋ شياڭۋا، چېن جياڭ (ئايال)، لۇچىڭا، خەن دېجېڭ (موڭغۇل)، جاڭ سىمىن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شەۋكەت ئىدرىس

### جىنايى ئىشلار سوتى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوتتا قارىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 16 مىڭ 979نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 16 مىڭ 485نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %97.09كە يەتتى. ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن 248 ئادەمگە چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى 77؛ پارتلىتىش، قورال - ياراغ، ئوق، پارتلىتىش بۇيۇملىرىنى قانۇنسىز ياساش، ئېلىپ سېتىش، قاتناش ھادىسىسى پەيدا قىلىش قاتارلىق جامائەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەت دېلوسى 1070؛ تونتام ئالدامچىلىقى، ئالون، ھۆججەت ئالدامچىلىقى، يالغان پۇل سېتىش، سېتىۋېلىش قاتارلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان جىنايەت دېلوسى 295؛ زەھەر سېتىش، توشۇش، شەھۋانىي بۇيۇملارنى ياساش، سېتىش قاتارلىق «شەھۋانىلىق، زەھەر» گە چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى 410؛ خىيانەت قىلىش، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش، پارا ئېلىش قاتارلىق خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايەت دېلوسى 455 ئادەمگە چېتىشلىق 403. قوبۇل قىلىنغان قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، پارتلىتىش ۋە قورال - ياراغقا چېتىشلىق جىنايەت دېلوسى، زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلىش، زەھەرلىك بۇيۇملارنى ياساش، سېتىش، ئاياللارنى ۋە بالىلارنى ئالداپ سېتىش قاتارلىق جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈش دېلوسى 8702.

ۋېي چۈنشيا

### ھەق - تەلەپ سوتى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوتتا قارىلىدىغان ھەق - تەلەپ ئىشلىرى دېلوسىدىن 140 مىڭ 320نى قوبۇل قىلىپ، 133 مىڭ 220نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %94.94كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان نىكاھ، ئائىلە ماجىراسىغا دائىر دېلو 42 مىڭ 975، مىراس ماجىراسى دېلوسى 1155، توختام ماجىراسى دېلوسى 63 مىڭ 889، ئەقلىي مۈلۈك ماجىراسى دېلوسى 117، ھوقۇق تەۋەلىكى، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش ماجىراسى ۋە باشقا ھەق - تەلەپ دېلوسى 25 مىڭ 84.

ۋېي چۈنشيا

### مەمۇرىي سوت

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوتتا قارىلىدىغان مەمۇرىي ئىشلار دېلوسىدىن 931نى قوبۇل قىلىپ، 803نى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %86.25 بولدى. سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە مەمۇرىي ئورگاننىڭ قارارى ساقلاپ قېلىنغىنى 275، مەمۇرىي ئورگاننىڭ قارارى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنى ۋە ئۆزگەرتىلگىنى 146، دەۋاگەر ئەرزىنى قايتۇرۇۋالغىنى 140، رەت قىلىپ قايتۇرۇلغىنى 60، باشقىلىرى 182. بىر يىلدا ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى دۆلەت تۆلەم دېلوسىدىن 90نى قوبۇل قىلىپ، 63 دېلونى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆلەم بېرىش قارار قىلىنغىنى 17، تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 804 مىڭ 900 يۈەن، تۆلەم تۆلەنمەيدۇ دەپ قارار قىلىنغىنى 24، باشقا دېلو 22.

ۋېي چۈنشيا

### شىكايەت قىلىش، ئەرز سۇنۇش ۋە سوت نازارەتچىلىكى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئاممىدىن كەلگەن 9223 پارچە خەت (قېتىم)نى بىر تەرەپ قىلدى، ھال - ئەھۋال ئىگىلەپ كەلگەن 62مىڭ



2002 - يىل 5 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىش كادىر - ساقچىلىرى ئىجرا قىلىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىجرائىيە خىزمىتىگە دائىر ساۋاقلارنى تەشۋىق قىلدى.

جۇ ياۋناڭ فوتوسى

788 ئادەم (قېتىم)نى كۈتۈۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھال - ئەھۋال ئىگىلەپ كەلگەنلەر 31 مىڭ 702، ئەرز سۇنغانلار 2121، ئىجرا قىلىنغىنى 10 مىڭ 704، ئەرز سۇنمىغىنى 7402، باشقىلىرى 10 مىڭ 859. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى سوت نازارەتچىلىكىگە ئائىت دېلولاردىن 1455نى قوبۇل قىلىپ، 1269نى قاراپ چىقىپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 87.22% بولدى.

ۋېي جۈنشيا

## ئىجرا قىلىش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىجرا قىلىش ئىلتىماس قىلىنغان 82 مىڭ 165 دېلونى قوبۇل قىلدى. ئىجرا قىلىنىدىغان ئوبيېكت سوممىسى 7 مىليارد 518 مىليون يۈەن. 64 مىڭ 191 دېلو ئىجرا قىلىنىپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى، ئىجرا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان ئوبيېكت سوممىسى 4 مىليارد 147 مىليون يۈەن، ئىجرا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 78.12% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىجرا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرى دېلوسى 58 مىڭ 908، جىنايى ئىشلار دېلوسى 1717، مەمۇرىي ئىشلار دېلوسى 419، باشقا دېلو 3147.

ۋېي جۈنشيا

## باشقا دېلولار

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى جازانى يېنىكلىتىش، كېپىللىككە قويۇپ بېرىشكە دائىر دېلولاردىن 18 مىڭ 756نى قوبۇل قىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە، جازانى يېنىكلىتىش دېلوسى 18 مىڭ 413، كېپىللىككە قويۇپ بېرىش دېلوسى 343). ئالاھىدە تەرتىپ قوللىنىلىدىغان 3460 دېلو قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالاھىدە تەرتىپ قوللىنىلىدىغىنى 38، ئېلان چىقىرىپ ھەيدەكچىلىك قىلىش تەرتىپى قوللىنىلىدىغىنى 309، تۆلىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش دېلوسى 2350، ۋەيران بولۇش دېلوسى 376، باشقا دېلو 387.

ۋېي جۈنشيا

## قوشۇن قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بارلىق سودىيەلەرنى ۋە باشقا خادىملارنى «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» بىلەن «سودىيەلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاق مىزانى»نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە سوت مەھكىمىلىرى قانۇن ۋە ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان 19 كادىر - ساقچىنى بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار جازاسى بېرىلگىنى 2، پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلگىنى 8، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلگىنى 9. 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 18 سىنىپلىق 11 قارار كۇرس ئېچىپ، 685 ئادەم (قېتىم)نى تەربىيىلىدى، 22 قاراردا 82 ئادەمنى دۆلەت سودىيەلەر ئىنستىتۇتىغا تەربىيىلەشكە ئەۋەتتى.

ۋېي جۈنشيا

## ئىلغارلارنى تەقدىرلەش

2002 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، فۇكاڭ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 - شى بېيتۈن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى «خەلق رازى بولغان ياخشى سوت مەھكىمىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇن ساقچى تارماق ئەترىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇن ساقچى تارماق ئەترىتى مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى «خەلق رازى بولغان قانۇن ساقچى ئەترىتى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاۋات

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى كۆيتۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - شى تۇمشۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى، غۇلجا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بايانداي خەلق سوت كوللېگىيىسى، قورغاس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ چىڭشۇيخوزا خەلق سوت كوللېگىيىسى، بۆگۈر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ يېڭىسار خەلق سوت كوللېگىيىسى، بىڭتۇەن قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ساقا خەلق سوت كوللېگىيىسى مەملىكەت بويىچە خەلق مۇرەسسە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆسمۈرلەر دېلولىرى سوت كوللېگىيىسى جۇڭگو ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى تەتقىق قىلىش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى. خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ سوتچىسى مەتتىمىن ئىبراھىم، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق - تەلەپ ئىشلىرى سوت كوللېگىيىسىنىڭ سوتچىسى چېن لىجۈەن (ئايال)، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئارال خەلق سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرائىيە سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى خۇ يىڭجۈنلەر مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى «خەلق رازى بولغان ياخشى سوتچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىمىن مەتنىياز، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن زېخەن، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى قانۇن ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى جاڭ شۈبىن مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىلىرى سىستېمىسىدىكى «خەلق رازى بولغان ئەدلىيە ساقچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ گۇما ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى سانجۇ خەلق سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى ئەبەي مىرزائەخمەت، جىڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى داخېيەنزە بازارلىق خەلق سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى چېن كۈيجاۋ، سانجى شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئەر لىۋگۇڭ خەلق سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى جۇ گۈيپىڭ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى يەركەت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇلاستاي خەلق سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى جيا ئېيمىن مەملىكەت بويىچە خەلق مۇرەسسە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ ياردەمچى سوتچىسى ئوغۇلنىسا ئەستۇللا مەملىكەت بويىچە «قاتتىق زەربە بېرىش، تۈزەش»تىكى ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما چۈنلۇ مەملىكەت بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مۇپەتتىشلىك بويىچە ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ۋېي چۈنشيا

## تىپىك دېلولاردىن مىسال

**جاڭ چىڭگو، ۋاڭ فېڭ، جۇ چياڭ قاتارلىقلارنىڭ قارا جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى تەشكىلاتنىڭ جىنايەت دېلوسى**

جاڭ چىڭگو باشلىق، ۋاڭ فېڭ، جۇ چياڭ، چېن خۇي، ۋاڭ خۇبلار تايانچ ئەزا بولغان قارا جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى تەشكىلات قانۇنسىز نەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت ئۈرۈمچى شەھىرىدە، تەشكىللىك ھالدا قىمارخانا ئېچىش، جازانىخورلۇق قىلىش، ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ ۋەقە تۇغدۇرۇش، قانۇنسىز قاماپ قويۇش، تويلىشىپ جېدەل چىقىرىش، قەستەن زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر مۇنچە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى قانۇنسىز تىزگىنلەپ زومىگەر بولۇۋالغان. بۇ جىنايەتچىلەر گۇرۇھى جەمئىيەت ئامانلىقىغا ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدىغان قانۇنغا خىلاپ كۆپلىگەن جىنايى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جاڭ چىڭگونىڭ پىلانلىشى ۋە قوماندانلىق قىلىشى بىلەن، ۋاڭ فېڭ، جۇ چياڭ، ۋاڭ خۇي، چېن جىڭ (قېچىپ يۈرمەكتە) لار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى جەي. . . . نى تۇتقۇن قىلىپ قانۇنسىز ئون نەچچە سائەت قاماپ قويغاندىن كېيىن زورلۇق بىلەن تەھدىت سېلىپ ئۇنى 410 مىڭ يۈەن نەق پۇل تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىغان. جاڭ چىڭگو 2000 - يىل 3 - ئايدا ۋاڭ فېڭغا كۆرسەتمە بېرىپ جۇ چياڭ، چېن خۇي، ۋەن پېڭ، گو چياڭ، جاڭ خەيلەرنى يىغىپ ئۆزى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغان لى دۇڭچياڭنى ئۇرۇش نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن، يەنە كۆپ قېتىم سۇيىقەست پىلانلىغان، جۇ چياڭ، چېن جىڭلار 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كەچتە، گو چياڭ، جاڭ خەي، جاڭ ۋېنبىن، چېن خۇي، يى شۇگاڭ، خەي ئوۋ، ۋاڭ خۇي قاتارلىقلارنى يىغىپ، پىچاق، تاياق - توقماقلىرىنى ئېلىپ لى دۇڭچياڭ تىزگىنلەپ

تۇرغان ئۈرۈمچى شەھىرى «ئوردا گۈزەللىرى» مۇراجىئەتخانىسىغا بېرىپ ئىش ئېلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان، 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئەتىگەن سائەت بىرلەردە، شېرىكلىرىدىن گې ۋەنلى، لىيۇ ۋېي قاتارلىقلار بۇ ھەرىكەتتىن چېكىنىپ چىقماقچى بولغان ۋە دېلو سادىر قىلىش قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ تاكسىغا ئولتۇرۇپ قايتماقچى بولغاندا، جۇ چيالڭ، چېن چېن قاتارلىقلار ئۇلارنى توسۇۋېلىپ ئۇرغان، گۇ چيالڭ، جاڭ خېي، جاڭ ۋېيبىن، بى شۇگاڭلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى گې ۋەنلىگە 22 قېتىم ئارقا - ئارقىدىن قىلىچ چاپقان، پىچاق تىققان، نەتىجىدە ئۇ نەق مەيداندا ئۆلگەن، جۇ چيالڭ، خېي ئوۋلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى لىيۇ ۋېينىڭ بېشىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ياردار قىلغان، چېن خۇي يەنە ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قاتتىق بىر پىچاق تىقىپ ئېغىر يارىلاندۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا، 1997 — 1998- يىللىرى ۋاڭ فېڭ كۆپ قېتىم باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ تۇتۇپ كېتىش، قانۇنسىز قاماپ قويۇش، تەھدىت سېلىش، قورقۇتۇش، ئۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى زورلىغان، قاقتى - سوقتى قىلغان، پۇل - مېلىنى ئېلىۋالغان، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاقسۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى كەچلىك ئاپتوبۇس بېكىتىدە قاتىللىق قوراللىرىنى چىقىرىپ قوغداش پۇلىدىن 91 سوم يۈەننى ئېلىۋالغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جاڭ چىڭگونى قارا جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى تەشكىلاتنى ئۇيۇشتۇرغانلىق ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغانلىق جىنايىتى، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى، قەستەن زىيانكەشلىك قىلىش جىنايىتى، قانۇنسىز قاماپ قويۇش جىنايىتى قاتارلىق جىنايەتلەرنى قوشۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى قارار قىلدى؛ گۇ چيالڭنى قارا جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى تەشكىلاتقا قاتناشقانلىق جىنايىتى، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى قاتارلىق جىنايەتلەرنى قوشۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنى، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى قارار قىلدى؛ ۋاڭ فېڭنى قارا جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى تەشكىلاتنى ئۇيۇشتۇرغانلىق، رەھبەرلىك قىلغانلىق جىنايىتى، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى، قەستەن زىيانكەشلىك قىلىش جىنايىتى، قانۇنسىز قاماپ قويۇش جىنايىتى، قاقتى - سوقتى قىلىش جىنايىتى، تۇتۇپ كېتىش جىنايىتى قاتارلىق بىر قانچە جىنايەتنى قوشۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى قارار قىلدى؛ جۇ چيالڭنى قارا جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى تەشكىلاتقا رەھبەرلىك قىلىش جىنايىتى، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى، قەستەن زىيانكەشلىك قىلىش جىنايىتى، قانۇنسىز قاماپ قويۇش جىنايىتى قاتارلىق بىر قانچە جىنايەتنى قوشۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى قارار قىلدى؛ بۇ تەشكىلاتنىڭ قالغان 13 ئەزاسىغا مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغىچە جازا ھۆكۈم قىلدى. جاڭ چىڭگو، ۋاڭ فېڭ، جۇ چيالڭ، گۇ چيالڭ قاتارلىقلار قايىل بولماي يۇقىرىغا ئەرز سۇندى. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئەسلىدىكى ھۆكۈم توغرا، سوتلاش تەرتىپى قانۇنغا ئۇيغۇن، جاڭ چىڭگو قاتارلىق 17 جاۋابكارغا بېرىلگەن جازا مۇۋاپىق دەپ قارىدى. يۇقىرىغا ئەرز بەرگەن جۇ چيالڭدا دېلو تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن چوڭ خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى كۆرۈلگەچكە، ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا يېنىكلىتىلدى: 1) ئەسلى ھۆكۈمدىكى جىنايى ئىشلارغا قوشۇمچە قىلىنغان ھەق- تەلەپ دەۋا ئىشلىرى ھۆكۈمىدە جاڭ چىڭگو، ۋاڭ فېڭ، گۇ چيالڭ، ۋاڭ خۇي قاتارلىقلارغا بېكىتىلگەن جىنايەت، جازا ئۆلچىمى قىسمى ۋە ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرى بويىچە تۆلەم قىسمى بىلەن جۇچيالڭنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە بېكىتىلگەن جازا قىسمى، جۇ چيالڭنىڭ قارا جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى تەشكىلاتقا رەھبەرلىك قىلىش جىنايىتى بىلەن قەستەن زىيانكەشلىك قىلىش جىنايىتىگە بېكىتىلگەن جىنايەت، جازا ئۆلچىمى، قانۇنسىز قاماپ قويۇش جىنايىتىگە بېكىتىلگەن جىنايەت، جازا ئۆلچىمى قىسمى ساقلاپ قېلىنىدى. 2) ئەسلى ھۆكۈمدىكى جىنايى ئىشلار قوشۇمچە قىلىنغان ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرى ھۆكۈمىدە جۇ چيالڭنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە نىسبەتەن بېكىتىلگەن جازا ئۆلچىمى قىسمى بىكار قىلىنىدى؛ 3) جۇ چيالڭغا قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش، 2 يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ھۆكۈم قىلىنىدى. ئەسلىدىكى ھۆكۈمدە قارا جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى تەشكىلاتقا رەھبەرلىك قىلىش جىنايىتى، قەستەن زىيانكەشلىك قىلىش جىنايىتى، قانۇنسىز قاماپ قويۇش جىنايەتلىرى قوشۇلۇپ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش قارار قىلىنغانىدى. بۇ ھۆكۈم ئاخىرقى ھۆكۈم، «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي سوت مەھكىمىسىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان قىسمەن دېلولارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن جاڭ چىڭگو، ۋاڭ فېڭ، گۇ چيالڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشتىن

ئىبارەت جىنايى ئىشلار ھۆكۈمى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى.

شىنجاڭ كۈنەس ناھىيىسى «سەيشىباڭ» بىناكارلىق ـ قۇراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن ئىلى گېزىتخانىسىنىڭ توختام ماجىرا دېلوسى

1999 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كۈنەس ناھىيىسى «سەيشىباڭ» بىناكارلىق ـ قۇراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (تۆۋەندە «سەيشىباڭ» شىركىتى دېيىلىدۇ) ئىلى گېزىتخانىسى (تۆۋەندە گېزىتخانا دېيىلىدۇ) بىلەن بىرلىشىپ بىنا سېلىش توختامى تۈزگەن. گېزىتخانا ئائىلىلىكلەر قورۇسى (3000 كۋادرات مېتىر) دىكى يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى شەرت قىلىپ، «سەيشىباڭ» شىركىتى بىلەن بىرلىكتە بىنا سالماقچى، بىنا پۈتكەندىن كېيىن «سەيشىباڭ» شىركىتى كوچىغا قاراپ تۇرىدىغان 1 ـ قەۋەتتىكى تىجارەت دۇكانلىرىدىن 800 كۋادرات مېتىر ئۆينى گېزىتخانا ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى، قالغان ئۆي ـ مۈلۈكلەر «سەيشىباڭ» شىركىتىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولماقچى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا «سەيشىباڭ» شىركىتى گېزىتخانا قورۇسىدىكى بىر كورپۇس ئولتۇراق ئۆينى سالىدىغان ھەمدە بۇ بىنانىڭ 1000 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولغان. «سەيشىباڭ» شىركىتى 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى 800 كۋادرات مېتىرلىق دۇكان ئۆيلەرنى گېزىتخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان، «سەيشىباڭ» شىركىتى ھەر بىر كۈن كېچىكتۈرسە گېزىتخانىغا 1000 يۈەندىن ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەيدىغان بولغان. توختام تۈزۈلگەندىن كېيىن گېزىتخانا ۋەدىسى بويىچە يەرنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، «سەيشىباڭ» شىركىتى گېزىتخانىغا 1000 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش پۇلىنى ئارقا ـ ئارقىدىن بەرگەن (ئالدىنئالا 600 مىڭ يۈەن بەرگەن) ھەم قۇرۇلۇشنى باشلىغان. 2000 ـ يىل 10 ـ ئايدا قۇرۇلۇش پۈتكەن. «سەيشىباڭ» شىركىتى گېزىتخانا توختامدىكى بەلگىلىمە بويىچە يېتەرلىك يەر بەرمىدى، دېگەننى باھانە قىلىپ، توختامدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي، گېزىتخانىغا 800 كۋادرات مېتىرلىق دۇكان ئۆينى ئۆتكۈزۈپ بەرمىگەن. گېزىتخانا ئەنە شۇ سەۋەبتىن سوتقا ئەرز قىلىپ، «سەيشىباڭ» شىركىتىنىڭ توختامدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى ھەمدە توختامغا خىلاپلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. 2 ـ سوتتا، ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ش ئۇ ئا ر يەر بايلىقنى پىلانلاش ـ تەتقىق قىلىش ئورنىغا گېزىتخانا تەمىن ئەتكەن يەر مەيدانىنى نەق مەيداندا ئۆلچەپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان. بۇ ئورۇن 2002 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يەرنىڭ ئىشلىتىلىش كۆلىمى 3152 كۋادرات مېتىر، ئىكەن دەپ خۇلاسە چىقارغان.

سوت مەھكىمىسى 1 ـ سوتتا: ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان توختام بىرلىشىپ ئۆي سېلىش توختامى دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەرىكىتى بولغان. گېزىتخانا يەر باشقۇرۇش تارماقلىرىغا باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش خىراجىتىنى تاپشۇرغان بولغاچقا، بۇ توختام قانۇنلۇق، كۈچكە ئىگە. ھازىر بۇ توختام ئىجرا قىلىنغان، يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۇنى ئېتىراپ قىلغان. شۇڭا قانۇن بويىچە يەر ئىشلىتىشنى ئۆتۈنۈپ بېرىش رەسمىيىتى ئۆتەلىشى كېرەك، دەپ قارىغان. گېزىتخانا بىلەن «سەيشىباڭ» شىركىتى كۆپ قېتىم مەسلىھەتلەشكەن ھەم بۇ يەرنى نەق مەيداندا ئۆلچەپ چىققاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ يەر ھەجىمىنى (3000 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا) ئېتىراپ قىلغان. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن «سەيشىباڭ» شىركىتى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ۋاقتىدىلا گېزىتخانا تەمىن ئەتكەن يەر ھەجىمى توغرىسىدا باشقىچە پىكىردە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىككى تەرەپ توختاملاشقان چاغدىكى ھەقىقىي پىكىرگە خىلاپلىق قىلغان. گېزىتخانا تەمىن ئەتكەن يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى قاتارلىق دەلىللەر يەر ھەجىمىنىڭ 3928 كۋادرات مېتىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان، بۇنىڭغا قاراپ گېزىتخانا ۋەدە قىلغان يەر ھەجىمىنى تولۇق تەمىن ئەتكەن، «سەيشىباڭ» شىركىتى ۋەدە قىلغىنى بويىچە 800 كۋادرات مېتىرلىق دۇكان ئۆيلەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى گېزىتخانىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەي توختامغا خىلاپلىق قىلغان، شۇ سەۋەبلىك «سەيشىباڭ» شىركىتى توختامغا خىلاپلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. شۇڭا، 1) ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان توختام قانۇنلۇق، كۈچكە ئىگە؛ 2) «سەيشىباڭ» شىركىتى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىنكى 2 ئاي ئىچىدە، توختامدا بەلگىلەنگەن 800 كۋادرات مېتىرلىق دۇكان ئۆيلەرنى گېزىتخانىنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەرسۇن؛ 3) «سەيشىباڭ» شىركىتى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولۇپ 3 كۈن ئىچىدە 100 مىڭ يۈەنلىك توختامغا خىلاپلىق قىلىش سوممىسىنى گېزىتخانىغا تۆلىسۇن؛ 4) گېزىتخانا ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىنكى 2 ئاي ئىچىدە سەيشىباڭ شىركىتىگە ياردەملىشىپ ئالاقىدار تارماقلارغا بېرىپ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بەرسۇن، يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش سوممىسىنى «سەيشىباڭ» شىركىتى ئۈستىگە ئالىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى. «سەيشىباڭ» شىركىتى بۇنىڭغا قايىل بولماي يۇقىرىغا ئەرز قىلدى. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئەرزنى قوبۇل قىلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئەرز رەت قىلىنسۇن، ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنسۇن، دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

ۋېي چۈنشيا

## شياۋ ياڭ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئويۇزلۇق چوڭ سودىيە شياۋ ياڭ 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، غۇلجا، شىخەنزە، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى تەكشۈردى ھەمدە خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى، ھەر مىللەتتىن بولغان سودىيىلەردىن ھال سورىدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن كۆرۈشتى.

ۋېي جۈنشيا

## جيۇ مىڭشەن شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جيۇ مىڭشەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 2- كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە «جۇڭگو سوت دېلو مىساللىرى كۆرگەزمىسى»نىڭ 8 - نۆۋەتلىك تەھرىرلىكى ۋە ئالاقە يىغىنىغا قاتناشتى، بۇ مەزگىلدە ئۇ ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە بىڭتۇەن سوت مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك، شىخەنزە شەھەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ۋېي جۈنشيا

# ئەدلىيە مەمۇرىيىتى

## قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىككىدە يۈرۈلۈش بولۇش، ئىككىدە ئۆستۈرۈش بولۇش» نىشان قىلىنىپ، 4 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيە ئىشلىرى بويىچە 4 - بەش يىللىق پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى ۋە تارقىتىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش لېكسىيە ئۆمىكى بېكىتىشتىن تەشكىللەندى ۋە تولۇقلاندى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلار قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىنى تولۇقلىدى ھەمدە 4 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسىنى قاتلاممۇ قاتلام ئىمزالىدى. ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، قارماقلار قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئاتالمىش كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، 1500دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلىدى. جايلار قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدەندى، سانجى ئوبلاستى قاتارلىق جايلار قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرلىكتە سىناپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. مەملىكەت بويىچە 4 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن بىر تۇتاش تۈزۈپ چىقىلغان دەرسلىك — «كادىرلارنىڭ قانۇن ساۋاتلىرى ئوقۇشلۇقى» تارقىتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرايلى» ۋە «ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىڭ قانۇن ساۋاتلىرى ئوقۇشلۇقى»دىن ئىبارەت 4 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش دەرسلىكى بىر تۇتاش تۈزۈپ تارقىتىلدى. جەمئىيەت مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قائىدە - تۈزۈم تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىدا «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرايلى» دېگەن تېمىدا قانۇنچىلىققا دائىر لېكسىيە سۆزلەش يولغا قويۇلۇپ، «قاتتىق زەربە بېرىش» تۈزەش كۈرىشىگە ماسلىشىلدى. بازار ئىقتىسادى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش كۈچەيتىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىشەنچ قىلىش تۈزۈمى قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسى ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپىنى قانۇن بويىچە تەرتىپكە سېلىش كۆرگەزمىسى تەشكىللىنىپ، جايلاردا سەييارە كۆرگەزمە قىلىندى، بۇ كۆرگەزمىنى 300 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇننى ئۆگىنىش - قانۇننى تەتبىق قىلىش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا قانۇننى ئۆگىنىش - قانۇندىن پايدىلىنىشنى تىزىملاش گۇۋاھنامىسى ۋە دەرس ئاڭلاش گۇۋاھنامىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسى كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە «قانۇنچىلىق مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى» تۈزۈمى يولغا

قوبۇلدى. جايلارنىڭ، كەسىپلەرنىڭ، ئاساسىي قاتلامنىڭ «ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇش»نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە بارلىق ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيە (شەھەر، رايون)، يېزا - بازار ۋە %70 مەمۇرىي كەنتتە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قانات يايدۇرۇلدى.

ما شاڭكۈن

## ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق ئورنى 101 (بىڭتۇەن بۆلىكى سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمىدىن 308ى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 4، 2 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 12، 3 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 63، 4 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 144، 85 ئادەم باھالانمىدى. 2002 - يىلى ھەر خىل ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن 232 مىڭ 257سى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى ھەق - تەلەپكە دائىر ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 48 مىڭ 915، ئىقتىسادىي تۈردىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 156 مىڭ 15، چەت ئەلگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىلىدىغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 27 مىڭ 327؛ 72 مىڭ 603 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، 1572 پارچە خەت بىر تەرەپ قىلىندى؛ باشقا جايلار ھاۋالە قىلغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن 79ى ئورۇندالدى؛ ئالاقىدار ئورۇنلارغا 94 ئەدلىيە تەكلىپى بېرىلدى، ئۇنىڭدىن 69ى قوبۇل قىلىندى؛ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىش ئارقىلىق قانۇنسىز ئىقتىسادىي ھەرىكەتتىن 185ى پاش قىلىندى ۋە توسۇپ قېلىندى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان سوممىسى 3 مىليارد 174 مىليون 340 مىڭ يۈەن، خەيجىڭخۇي (تەيۋەن بوغۇزى ئىككى قىرغىقى فوندى جەمئىيىتى)گە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خېتىنىڭ 115 پارچە قوشۇمچە نۇسخىسى ئەۋەتىلدى. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى ئىسلاھاتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى، ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى، سانجى شەھەرلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى، قاراماي شەھەرلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى ۋە ئاقسۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تاماملىدى. ئۆزئارا تەكشۈرۈش بىلەن ئارىلاپ تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى سۈپىتى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

ما شاڭكۈن

## خەلق مۇرەسسە خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە (بىڭتۇەن بۆلىكى سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى 16 مىڭ 34كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەنت مۇرەسسە ھەيئىتى 9330، ئاھالە مۇرەسسە ھەيئىتى 1806، زاۋۇت - كارخانا مۇرەسسە ھەيئىتى 2600، بىرلەشمە مۇرەسسە ھەيئىتى 173، قەرەللىك بازار مۇرەسسە ھەيئىتى 64، كۆچمەنلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە مۇرەسسە ھەيئىتى 49، باشقا مۇرەسسە ھەيئىتى 2012. مۇرەسسە خادىمى 68 مىڭ 201. بۇنىڭدىن باشقا، 1070 كارخانىدا مۇرەسسە باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنىپ، 4668 خادىم سەپلەندى؛ 645 كارخانىدا 1036 مەخسۇس مۇرەسسە كادىرى سەپلەندى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر خىل مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك ماجىرادىن 69 مىڭ 88نى مۇرەسسە قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇرەسسە قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنى 62 مىڭ 961 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %91.1كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ ماجىراسى 22 مىڭ 250، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %91.6؛ مىراس ماجىراسى 3029، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %87.1؛ بېقىش (يۆلەش، نەپىقە بېرىش) ماجىراسى 2494، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %90.9؛ نىكاھ - ئائىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماجىرا 4507، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %89.7؛ قولۇم - قوشنىلار ماجىراسى 11 مىڭ 764، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %92.8؛ ئۆي ئورنى ماجىراسى 5183، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %90.1؛ قەرز ماجىراسى 5696، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %89؛ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ماجىراسى 5497، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %95؛ تۆلەم ماجىراسى 3118، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %90.3؛ باشقا ماجىرالار 5550، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %88.3. بىرلەشمە مۇرەسسە ھەيئىتى 955 ماجىرانى مۇرەسسە قىلدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %90.1 بولدى. مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق، خەلق ئىچىدىكى 296 ماجىرادا 557 ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى؛ 2568 ئادەمگە چېتىشلىق خەلق ئىچىدىكى 936 ماجىرانىڭ جىنايى ئىشلار دېلوسىغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى؛ 521 قېتىم ئاممىۋى سوقۇشۇش توسۇپ قېلىندى؛ 16 مىڭ 51 ئادەمنىڭ 591 قېتىم كوللېكتىپ يۇقىرىغا ئەرز قىلىپ بېرىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. خەلق ئىچىدىكى ماجىرانى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە، ناھىيە، شەھەر، رايونلاردا ماجىرا 505 قېتىم رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ، 500ى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىندى، جىنايەت يىپ ئۇچىدىن 254ى پاش قىلىندى، 610ى ئالاقىدار ئارگانلارغا ئۆتكۈزۈپ

بېرىلدى. 2002 - يىلى خەلق مۇرەسسە ھەيئىتىدىن 6014ى تەرتىپكە سېلىندى، مۇرەسسە خادىمىدىن 45 مىڭ 563 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. بىر يىلدا 524 ئىلغار كوللېكتىپ، 805 ئىلغار شەخس ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

ما شاڭكۈن

## ئەدلىيە جەھەتتە باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى

2002 - يىلى ئەدلىيە نازارىتى جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئەدلىيە باھالاپ بېكىتىش ئاپپاراتىدىن 10نى تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئالدى. باھالاپ بېكىتىش كەسپىنىڭ دائىرىسى ئىزنى باھالاپ بېكىتىش، خەت - ھۆججەتلەرنى باھالاپ بېكىتىش، زەھەرلىك بۇيۇملارنى باھالاپ بېكىتىش، كۆمۈر كاندىكى يارىلىنىش، ئۆلۈش قاتارىغا كىرمەيدىغان ھادىسىلەرنى باھالاپ بېكىتىش، قاتناش ھادىسىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش، ئەدلىيە بوغالتىرلىقىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە مال-مۈلۈكنى مۆلچەرلەپ بېكىتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆمۈركاندىكى يارىلىنىش، ئۆلۈش قاتارىغا كىرمەيدىغان ھادىسىلەرنى باھالاپ بېكىتىش بىلەن قاتناش ھادىسىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش مەملىكەت بويىچە جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئەدلىيە باھالاپ بېكىتىش ئاپپاراتلىرى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن 13 خىل كەسىپ تۈرى سىرتىدىكى يېڭى باھالاپ بېكىتىش كەسپىي تۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باھالاپ بېكىتىش ئاپپاراتلىرىدا ھازىر 219 ئەدلىيە باھالاپ بېكىتكۈچىسى بار. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئەدلىيە باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، تۇنجى قېتىملىق جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئەدلىيە باھالاپ بېكىتكۈچىلەرنىڭ قانۇن ساۋاتلىرى كۇرسى ئېچىلدى.

چى لىي

## ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىكىسى شۇنداق) قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 811گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەدلىيە نازارىتىگە بىۋاسىتە قارايدىغان قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 26، يېزا - بازار قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 632، مەھەللە قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 94، باشقا قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 59. ئاساسىي قاتلام قانۇن خىزمەتچىسى 2301، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقى 62.6% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئادۋوكاتلىق ئۇنۋانى ئالغانلار 42، 1142 ئادەم ھەرخىل كۆرسىتىكى ئۆگىنىشلەرگە قاتناشتى. 2002 - يىلى ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 3037 ئورۇننىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمىتى بولغان كەنت (مەھەللە) كومىتېتلىرىدا قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغىنى 1904، ھەرخىل كارخانىلارنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغىنى 608، باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغىنى 525. بىر يىلدا ھەر خىل ماجىرادىن 13 مىڭ 988نى مۇرەسسە قىلدى، 17 مىڭ 625 قېتىم ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى بېجىرىشىپ بەردى، 11 مىڭ 481 قېتىم دەۋا ئىشىغا ۋاكالەتچىلىك قىلدى، دەۋاغا ياتمايدىغان 3568 ئىشقا ۋاكالەتچىلىك قىلدى، 105 مىڭ 929 ئىسپاتنى بېجىردى، 24 مىڭ 479 نۇسخا قانۇن ئىشلىرى پۈتۈكىنى ۋاكالىتەن يېزىپ بەردى، 100 مىڭ 618 ئادەم (قېتىم)نىڭ قانۇن جەھەتتە سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەردى، 4435 قېتىم قانۇن جەھەتتە ياردەم بېرىش ئىشىنى بېجىردى، ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىگە 3233 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە پۇقرانى 154 مىليون 81 مىڭ 800 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى، ئالغان كەسىپ ھەققى 8 مىليون 51 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلى ھازىرقى ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرى ئىنقىلاپ چىقىلغاندىن كېيىن تەرتىپكە سېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 25 قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى، 80 ئىلغار كوللېكتىپ، 126 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

ما شاڭكۈن

## ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدا ئەدلىيە ئورۇنلىرىنى رويخەتكە ئېلىش - تىزىملاش خىزمىتى ۋە قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. يىل ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايوندا قۇرۇلغان ئەدلىيە ئورنى 902گە يېتىپ (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىكىسى شۇنداق)، يېزا- بازار (مەھەللە) تۈزۈلمىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 92%نى ئىگىلىدى، ئەدلىيە ياردەمچىسى 1597گە يەتتى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەدلىيە ئورۇنلىرى خەلق ئىچىدىكى ھەرخىل ماجىرادىن 24 مىڭ 538نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 20 مىڭ 944نى مۇرەسسە قىلدى، 3171گە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا قارار چىقاردى؛ 18 مىڭ 375 قېتىم قانۇن تەشۋىق قىلدى، 10 مىليون 646 مىڭ 803 ئادەم (قېتىم) تەربىيە ئالدى؛ مۇرەسسە ھەيئىتىگە 8036 ماجىرانى مۇرەسسە قىلىشىپ بەردى؛ 4038 قېتىم ئاممىۋى خاراكتېرلىك

يۇقىرىغا ئەرز قىلىشنى؛ 355 قېتىم ئاممىۋى خاراكتېرلىك سوقۇشۇشنى توسۇپ قالدى؛ 2537 يېزا ـ بازار (مەھەللە) نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلدى؛ 2692 قېتىم قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشتى؛ ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلىرىگە 2093 تۈرلۈك ئەدلىيە تەكلىپى بەردى، بۇنىڭدىن 1602سى قوبۇل قىلىندى؛ ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلىرىگە 1397 پارچە قېلىپلاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ھۆججەتنى تەييارلىشىپ بەردى؛ مەخسۇس ئىدارە قىلىش ـ قاتتىق زەربە بېرىشكە 5523 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ 108 ئىلغار كوللېكتىپ، 205 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

ما شاڭكۈن

## قانۇن ياردىمى

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇن ياردىمى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تەستىقلاپ چۈشۈردى ھەمدە «ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇن ياردىمى نىزامى» نى قانۇن تۇرغۇزۇش پىلانىغا كىرگۈزدى. تۇنجى نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق قانۇن ياردىمى خىزمىتى ۋە قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىنى ئاچتى. قانۇن ياردىمى ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە، 42 ناھىيە (شەھەر، رايون) دە قانۇن ياردىمى ئاپپاراتى قۇردى. 2002 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك قانۇن ياردىمى مەركەزلىرى ھەرخىل قانۇن ياردىمى دېلوسىدىن 1747نى بېجىرىپ، 1889 ئادەمگە ياردەم بەردى.

ما شاڭكۈن

## ئادۋوكاتلىق خىزمىتى

2002 ـ يىلى ئەدلىيە نازارىتى يېڭىدىن 11 ئادۋوكاتلىق ئورنىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى (بىڭتۈەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىكىسىمۇ شۇنداق)، ئاپتونوم رايون بويىچە ئادۋوكاتلىق ئورنى 234كە يەتتى، 212 كەسپىي ئادۋوكات تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، كەسپىي ئادۋوكات 1824كە يەتتى. 2002 ـ يىلى كەسپىي ئادۋوكاتلار 2411 ئورۇننىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. تەكلىپ قىلغان ئورۇنغا 3805 پارچە قانۇن ئىشلىرى پۈتۈكى، قېلىپلاشتۇرۇلغان ھۆججەت يېزىپ بەردى، توختام ـ نىزامنامىلارنى تەكشۈرۈپ ۋە تۈزىتىپ بەردى، 81 مىڭ 921 ئادەم (قېتىم) نىڭ قانۇندىن سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەردى؛ 6186 جىنايى ئىشلار دەۋا دېلوسىغا ۋاكالىتەن ئاقلىغۇچى بولدى؛ 19 مىڭ 795 ھەق ـ تەلەپ دەۋا دېلوسىنى ۋاكالىتەن بېجىردى، مال ـ مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سوممىسى 421 مىليون 150 مىڭ يۈەن؛ 10 مىڭ 260 پارچە ئىقتىسادىي دەۋا دېلوسىنى ۋاكالىتەن بېجىردى، مال ـ مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سوممىسى 1 مىليارد 775 مىليون 870 مىڭ يۈەن؛ 646 مەمۇرىي دەۋا دېلوسىنى ۋاكالىتەن بېجىردى؛ دەۋاغا ئاتىمايدىغان 5499 قانۇن ئىشىنى بېجىردى، مال ـ مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سوممىسى 788 مىليون 60 مىڭ يۈەن. دۆلەت مەبلەغ سالغان ئادۋوكاتلىق ئورنى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، دۆلەت مەبلەغ سالغان 34 ئادۋوكاتلىق ئورنى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تاماملىدى، بۇ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قىلىنىشقا تېگىشلىك ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ 52%نى تەشكىل قىلىدۇ. ئادۋوكاتلارنى تەربىيىلەشنى تىزىملاش تۈزۈمى بىلەن كەسپىي ئادۋوكاتلارنىڭ قەسەم بېرىش تۈزۈمى بەرپا قىلىندى. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن بىرلىشىپ «سودىيەلەر بىلەن ئادۋوكاتلار دەۋا پائالىيىتىدە بىر ـ بىرىنى نازارەت قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى، بۇنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە مەملىكەت بويىچە ئومۇملاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئادۋوكاتلىقتا ئېلىنىدىغان ھەق (ۋاقىتلىق) ئۆلچىمى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوندا 5 يىلدىن بۇيان بىر تۇتاش يول ئېلىش ئۆلچىمى بولماسلىق ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى. ساختا، ناچار ئاۋارلارغا قەتئىي زەربە بەردى، 3 ساختا ئاۋار دېلوسىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇن مۇلازىمىتى بازىرىنى پاكىزلىدى. ئادۋوكاتلارنى جازالاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 11 ئادۋوكاتقا 3 ئايدىن بىر يىلغىچە كەسپىنى توختىتىش جازاسى بەردى، 2 ئادۋوكاتقا مەمۇرىي ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بەردى، 9 ئادۋوكاتقا ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن كەسپىي جازا بېرىلدى، 13 ئادۋوكات ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەندى. ئادۋوكات كەسپى بويىچە ئوبراز تىكلەش قۇرۇلۇشى پائال قانات يايدۇرۇلدى، 10 ئادۋوكاتلىق ئورنى مەدەنىي ئادۋوكاتلىق ئورنى دېگەن نامغا، 23 ئادۋوكات مۇنەۋۋەر ئادۋوكات دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ما شاڭكۈن

## تۈرمە خىزمىتى

1. تۈرمە باشقۇرۇشتا بىخەتەرلىكنى 1 ـ ئورۇندىكى ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، تۈرمە، قاماقخانىلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىپ كېتىش نىسبىتى ‰0.09 بولدى، بىر يىلدا زور، ئالاھىدە، چوڭ دېلو يۈز بەرمىدى، جىنايەتچىلەرنىڭ بىنورمال ئۆلۈش نىسبىتى ‰0.09 بولدى. 10 تۈرمە، قاماقخانا «ئۈچ يوق» (قاچقانلار يوق، بىنورمال ئۆلگەنلەر يوق، زور، چوڭ دېلو

بوق) بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1) جىنايەتچىلەرنىڭ ئىقرار قىلىش، پاش قىلىش، ئېچىپ تاشلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بىر يىلدا جىنايەتچىلەر 192 دېلو بىر ئۈچىنى پاش قىلدى ۋە ئېچىپ تاشلىدى، بۇنىڭدىن 164ى ج خ ئورگانلىرىغا بوللاپ بېرىلدى، دەلىللەشتە راست بولغىنى ۋە قايتما ئىنكاس قىلىنغىنى 13. تۈرمە باشقۇرۇش خىزمىتىدە «ئاساسىي كەسپىي يىلى» پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرمە، قاماقخانىلار بارلىق جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇچۇر ماتېرىياللىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ بولدى. بىخەتەر بولۇش، مۇقىم بولۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، تۈرمىدە تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسمى بىلەن بىرلىكتە تۈرمە، قاماقخانىلاردا ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىپ قېلىش مۇمكىن بولغان ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى. 2) سۈيىقەست پىلانلىنىۋاتقان دېلولارنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تۈرمە رازۋېدكىچىلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. بىر يىلدا پىلانلىنىۋاتقان سۈيىقەست دېلوسىدىن 14ى رازۋېدكا قىلىنىپ پاش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگۈچى جىنايەتچىلەر ئەكسىيەتچىل تەشكىلات ئۇيۇشتۇرماقچى بولۇش، تۈرمىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاشقا ئوخشاش زور سۈيىقەست دېلوسىدىن 5ى بار. 1996 - يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرمە، قاماقخانىلاردا يۈز بەرگەن ھەرخىل تىپتىكى دېلولار (پىلانلىنىۋاتقان دېلولارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يېشىپ رەتلەندى ۋە توپلام قىلىندى. 3) دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگۈچى جىنايەتچىلەر ئۈستىدىكى نازارەت، تەپتىشلىك ۋە باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 54 ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتنىڭ 80 نەپەر كاتتىۋېشى، 142 ئاپانچىسىنىڭ مەخسۇس ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگۈچى جىنايەتچىلەرگە قارىتىلغان جازانى يېنىكلىتىش تەرتىپى، ئۆلچىمى قاتارلىق بەلگىلىمىلەر بەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. 4) تۈرمە باشقۇرۇش خىزمىتىدە قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش، جەمئىيەت نازارەت قىلىشنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. تۈرمە ئىشلىرىنى ئاشكارا ئۆتۈش پائالىيىتى ئاپتونوم رايون سەۋىيىسىدىكى تۈرمە، قاماقخانىلاردا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. خەلق ساقچىلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشى، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشى بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە داۋالىنىش ئۈچۈن كېپىللىككە بېرىلگەن دېلولار ۋە 2000 - يىلدىن بۇيان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنىڭ يېنىكلىتىلىش، كېپىللىككە قويۇپ بېرىلىش ۋە رۇخسەت سوراش ئەھۋالى بىر - بىرلەپ قايتا تەكشۈرۈلدى. 5) جىنايەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئازلىقى خىزمىتى بەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. سەھىيە نازارىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىلىپ، جىنايەتچىلەردىكى ئېغىر كېسەللى بىلەن ئۆپكە تۇبېركۇلىيوزى كېسەللىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئاپتونوم رايوننىڭ تازىلىق، كېسەللىكتىن ساقلىنىش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلدى.

2. مەخسۇس تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش ئاساسىي كەسپىي قۇرۇلۇش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز قېلىپلاشتۇرۇلدى. تۈرلۈك ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگۈچى جىنايەتچىلەر بىلەن جاھىل، خەۋپلىك جىنايەتچىلەر ۋە «فالۇن گۇڭ» جىنايەتچىلىرىنى تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش خىزمىتى كەۋدىلىك ياخشى تۇتۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرمە، قاماقخانىلاردىكى جاھىل، خەۋپلىك جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى 38%، «فالۇن گۇڭ» جىنايەتچىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى 46% بولدى. «جىنايەتتىن ھېساب ئېلىش، كىملىك ئېڭىنى كۈچەيتىش، ئۆزگەرتىشكە بولغان پوزىتسىيىسىنى توغرىلاش»تىن ئىبارەت مەخسۇس تەربىيە، ئۆزگەرتىش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ئەدلىيە مىنىستىرلىكى بىر تۇتاش تۈزۈپ چىققان «دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت سىياسىتى» دېگەن دەرسلىك ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ 5000 نۇسخا، «تۈرمىدىن چىقىش تەربىيىسى» 3000 نۇسخا تارقىتىلىپ ئاز سانلىق مىللەت جىنايەتچىلىرىنى ئۆزگەرتىشتە دەرسلىك كەم بولۇش مەسىلىسى خېلى ياخشى ھەل قىلىندى.

3. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، تۈرمە، قاماقخانا ئىگىلىكىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 100 كۈن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ھادىسە كۆرۈلمەسلىك ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەشۋىقات ئېيى قاتارلىق پائالىيەتلەر پائال قانات يايدۇرۇلدى، بىر يىلدا ئېغىر، ئالاھىدە، زور ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىسى كۆرۈلمىدى. تۈرمە (قاماقخانا) بىلەن كارخانىلارنى ئايرىۋېتىش خىزمىتى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرمىلەر سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنى 510 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 270 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 240 مىليون يۈەن.

4. تۈرمىلەردىكى خەلق ساقچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، جەڭگىۋارلىقى ئۈزلۈكسىز

كۆچەيتىلدى. تۈرمىلەردىكى خەلق ساقچىلىرىدىن ئىش ئورنى ئاساسىي ماھارىتى بويىچە مەشىق قىلدۇرۇپ ئىمتىھان ئېلىندى، مەشىققە قاتنىشىش نىسبىتى %100، نەتىجىسى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100، ئەلالىق نىسبىتى %30تىن يۇقىرى بولدى.

5. يۇكسەك ھوشيارلىقتا بولۇش تۈرمە قورۇلۇشى خىزمىتى ئوخشۇلۇق ئىلگىرىلىدى. يۇكسەك ھوشيارلىقتا بولىدىغان 4 تۈرمە قورۇلۇشىنىڭ مەبلىغى ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەچكە، بىناكارلىق قورۇلۇش ۋەزىپىسى تولۇق ئورۇندالدى.

ما شاڭكۈن

## ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورگانلىرى «تەربىيىلەش، تەسىرلەندۈرۈش، قۇتقۇزۇش» تىن ئىبارەت ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمەت فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قېچىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىنورمال ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زور ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قاماقخانىلاردا دېلو توغدۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كادىر - ساقچىلارنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بىخەتەر بولۇش، مۇداپىئە كۈرۈش بويىچە باشقۇرۇش سىخانىزمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە خېلى ياخشى نەتىجە قازاندى. ئاپتونوم رايوندىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەيدان - ئورۇنلىرى داۋاملىق بىخەتەر بولۇش، مۇقىم بولۇشنى ساقلاپ قالدى. بىر يىلدا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ قېچىپ كېتىش نىسبىتى نۆل بولدى، سانجى، ئاقسۇ، غۇلجا، قەشقەردىكى 5 ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى «بەش يوق بولۇش» نى ئىشقا ئاشۇردى. «قالۇن گۇڭپىچى» غا دائىر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلاردىن ئۆزىنى يارىدار قىلىش، ئۆزىنى مېيىپ قىلىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھادىسىسىدىن بىرسىمۇ كۆرۈلمىدى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورگانلىرى «تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش بويىچە سۈپەت يىلى» خىزمىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەكتىپىدىن ئىبارەت بۇ تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش سورۇنىدىن پايدىلىنىپ، قوشۇمچە تەربىيە، ئىجتىمائىي تەربىيە، تەربىيىلەش ئورنى رايونىدىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق شەكىللەرنى تولۇق قوللىنىپ، تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقى بىلەن ئۈنۈمدارلىقىنى كۆچەيتىپ، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 تۈرلۈك مەسىلە (دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش مەسىلىسى، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت، قانۇنسىز تەشكىلات، قانۇنسىز كىتاب - ژۇرنال)، زەھەر چېكىش، «قالۇن گۇڭپىچى» بويىچە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان خادىملارنى تەربىيىلەپ ياخشى ئۆزگەرتىپ چىقىش نىسبىتى %85كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدىكى «قالۇن گۇڭپىچى» بويىچە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان خادىملارنىڭ تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆزگىرىش نىسبىتى %95كە يەتتى. تىجارەت قىلىش تەسەۋۋۇرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىگىلىكى تېز راۋاجلاندى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايوندىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەيدان، ئورۇنلىرى ئورۇندىغان ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 130 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %10.1، تىجارەت خاراكتېرلىك پايدا %12 ئاشتى. 2002 - يىلى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش سىستېمىسىدا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرى مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى بويىچە يېڭىدىن ئىش باشلىغان تۈر 5، داۋاملاشتۇرۇۋاتقىنى 4، پۈتتۈرگەن قۇرۇلۇش تۈرى 5، سېلىنغان مەبلەغ 39 مىليون 800 مىڭ يۈەن. 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى



2002 - يىلى شىنجاڭ 3 - تۈرمە جازا مۇددىتى ئۆتەۋاتقانلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىشقا تەشكىللىدى. سۈرەتتە: جازا مۇددىتى ئۆتەۋاتقانلار 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا.

ياڭ يۇمېي فوتوسى

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## ئاپتونوم رايوندىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ ئىسمىلىكى

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

رەئىس: مەمەتجان ئەمەت.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: لى جىمىڭ (ئايال)، ئۆمەر بەكرى، جەي چاڭلى، ۋاڭ لىپىڭ، خۇاڭ ياجۈن.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

شۇجى: ئەركىنجان تۇراخۇن.

مۇئاۋىن شۇجىلار: زۇڭ جيەن، جاڭ ۋېنجۈن، تالغات ئۇسۇن (قازاق)، ئەنۋەر ئابدۇشۈكۈر، جاڭ خۇاجۈڭ.

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى

رەئىس: رىزۋان ئەبەي.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: جىڭ خەييەن، سادىيقان ساقىتاي (قازاق)، تۇ فېڭيىڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى

رەئىس: ۋاڭ خۇەيبو.

مەخسۇس ۋەزىپىلىك مۇئاۋىن رەئىسلەر: جاۋ باۋجۈن، جۈرئەت قادىر، جاقىيا ئىسكەندەر (قازاق)، ۋېي شېڭگۈي.

قوشۇمچە ۋەزىپىلىك مۇئاۋىن رەئىسلەر: ساتتار ساۋۇت، جۇ جۈنلىن، گۇ جيايۇ، ۋاڭ يىلىن، ئاشپولات تېيىپ، خالمۇرات غوپۇر، لى شۇشەن، چېن تىڭ.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى

رەئىس: ۋۇ دۇنفۇ.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ياڭ دېچىۇ، نۇربېك (قازاق)، گې جىشىن، بەختىيار.

قوشۇمچە ۋەزىپىلىك مۇئاۋىن رەئىسلەر: توختى روزى، ۋۇ فۇخۇيەن، جاقىپ مىرزاقان (قازاق)، پەن رېنيۈەن.

شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى)

جەمئىيەت باشلىقى: ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن.

مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىرى: ما چاڭفا (خۇيزۇ)، چېن جيەنخۇا، ئەركىن مۇسا، جاڭ يىڭچۈن، بى نەيلىڭ

---

ئاياللار ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى ئورۇمچىدە قۇرۇلۇپ ئۇزۇنغا قالماي، بۇ، ئاپتونوم رايونىڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ يېڭىدىن يۈكسىلىش، ئۇرگە ئايرىپ باشقۇرۇش، ئۇرگە ئايرىپ تەربىيىلەش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. 2002 - يىلى ئۈرۈمچى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى مىنىستىرلىك دەرىجىلىك زامانىۋىلاشقان مەدەنىي ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى دېگەن نام ئېلىشنى، ئاقسۇ، بورتالا، شىخودىكى 3 ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك زامانىۋىلاشقان مەدەنىي ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى دېگەن نام ئېلىشنى ئىلتىماس قىلدى، 12 چوڭ ئەترەت زامانىۋىلاشقان مەدەنىي چوڭ ئەترەت بولۇپ باھالاندى.

ما شاڭكۈن

## دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى

2002 - يىل 1 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ تۇنجى قېتىملىق دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى خىزمىتى رەسمىي باشلاندى. 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ئىمتىھان قەغىزى بىخەتەر ھالدا باھالاش ئورنىغا يەتكۈزۈلۈپ، ھەرخىل خىزمەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. ئاپتونوم رايوندىن تىزىمغا ئالدۇرغانلار 8818 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي تىلدا ئىمتىھان بەرگەنلەر 1709 كىشى؛ ئەر 5332، ئايال 3486 كىشى؛ قانۇن كەسپى بويىچە مەخسۇس كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 6602 كىشى، ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 2173 كىشى؛ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىن ئىمتىھان بەرگەنلەر 2163 كىشى، تەرەپتىش سىستېمىسىدىن ئىمتىھان بەرگەنلەر 796 كىشى، قانۇن مۇلازىمىتى كەسپىدىن ئىمتىھان بەرگەنلەر 1577 كىشى، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملاردىن ئىمتىھان بەرگەنلەر 905 كىشى، باشقا خادىملار 3377 كىشى. 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە تۇنجى قېتىملىق دۆلەتلىك ئەدلىيە ئىمتىھانى ئېلىندى، 16 ئىمتىھان رايونى، 17 ئىمتىھان نۇقتىسى، 365 ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىندى. ئەمەلىيەتتە ئىمتىھانغا قاتناشقان ئادەم 8153، ئاپتونوم رايون بويىچە 228 كىشى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان ئىمتىھان نومۇرى چېكىدىن (240 نومۇر) ئۆتتى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق 318 كىشىگە قانۇن كەسپى بويىچە لاياقەتنامە بېرىلدى.

ما شاڭكۈن

(ئاپال)، ۋۇ تۇڭجيالڭ، ئەسقەربېك دۆمىش (قازاق)، سۇن گۇاڭشىن، تاڭ ۋېنلى، فېڭ دۇڭمىڭ، ياڭ مىڭدې (ئاپال)، مى ئېنخۇا (خۇيزۇ)، يۈ جىرۇڭ، ما يۇڭچۇەن، ئەكرەم ئەيسايوف، لى جيەنخۇڭ، جاۋ شياۋلىن.

شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

رەئىس: غازى ئەمەت (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ھېيتەم ھۆسەيىن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ليۇ بىڭ، ھېيتەم ھۆسەيىن (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شامىس قۇمار (قازاق)، لو يىڭفۇ، ئابلىمىت سادىق (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ تاۋ، پاتىخە مالىك (ئاپال، قازاق)، مەمتىمىن ھوشۇر، تۇيغۇن ئەخمىدى، خۇ لىيۇەن (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دورجى ناداي (موڭغۇل، 11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئادىل جۇمە تۇردى (قىرغىز)، جاۋ يەنلياڭ (11- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، دەنبى (موڭغۇل، 11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شىنجاڭ ياشلار بىرلەشمىسى

رەئىس: ئەركىنجان تۇراخۇن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەنۋەر ئابدۇشۈكۈر (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى

رەئىس: قۇربانجان ئالىم.

شىنجاڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى

رەئىس: لياڭ رىملىڭ.

شىنجاڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق ئۇيۇشمىسى

ئۇيۇشما باشلىقى: جاڭ گوچۈەن.

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى

ئۇيۇشما باشلىقى: شى جىڭيۇ.

# ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى 11 مىڭ 650، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 2 مىليون 365 مىڭ 800، ئاپتونوم رايوندىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 2 مىليون 208 مىڭ 500. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلغان ئورۇن 4673، بۇنىڭ ئىچىدە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدە بولمىغان كارخانا 568. بارلىق كېڭەشىش تۈزۈمى ۋە كوللېكتىپ توختام تۈزۈمى ئورنىتىلغان كارخانا 2649، كەسپىي كۆزىتىش خىراجىتىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا دوكلات قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئورۇن 3641، رەھبىرىي كادىرلارنى دېموكراتىك باھالاش قائىدە يولغا قويۇلغان ئورۇن 4107. ئىشچى - خىزمەتچىلەر مۇدىرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلغان شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانا 1004كە يەتتى، 480 كارخانىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مۇدىرىيەتكە كىردى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر نازارەتچىلىك ھەيئىتى تۈزۈمى ئورنىتىلغان شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانا 990گە يەتتى، 574 كارخانىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى نازارەتچىلىك ھەيئىتىگە كىردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 955 كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارا ئىقتىساد - تېخنىكا بويىچە بەسلىشىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئىشچىلار ئوقۇغۇچىلىق پارتىش قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇردى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## ئاپتونوم رايونلۇق «1 - ماي»نى تەبرىكلەش، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا سۆز قىلدى، ش ئۇ ئا ر رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي› ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن 7 ئورۇن، «مەملىكەتلىك ‹1 - ماي› ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن 18 كىشى، «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن 23 ئورۇن، «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالى»غا ئېرىشكەن 28 كىشى، «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى 10 ياخشى كوللېكتىپ»تىن ئونى، «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى 10 ياخشى ئۈلگە»دىن ئونى، «ئىشچى- خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ»تىن 26سى، «ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەخس»تىن 22سى، جان - دىل بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ كارخانا باشقۇرغان 10 پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرى، «ئىككىنى سۆيۈش، ئىككىنى باھالاش» پائالىيىتى بويىچە ئىلغار كارخانىدىن ئونى، مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوستى بولغان 9 كىشى ۋە 8 مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچى تەقدىرلەندى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## قوشۇمچە (1)

**2002 - يىلى «مەملىكەتلىك 1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن ئورۇنلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش**

**شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى** بۇ شىركەت نۆۋەتتە غەربىي رايوندىكى نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ كارخانا ھېسابلىنىدۇ. بۇ شىركەت 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 185 مىليون توننا خام نېفىت ئىشلەپچىقاردى. ھازىر 15 مىڭ 645 خادىمى، 32 مىليارد 40 مىليون يۈەنلىك مۈلكى بار، يىللىق خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىليون تونىغا يېتىدۇ. پەقەت 2000 ـ 2001 يىلغىچە دۆلەتكە 8 مىليارد 790 مىليون يۈەن پايدا تاپشۇردى، تۈرلۈك باجنى 3 مىليارد 540 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. 1999 - يىلى گوۋۇيۈەن «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە ئورۇن» دەپ نام بەردى. 2002 - يىلى شىركەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «مەملىكەت بويىچە نەمۇنە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» دېگەن نامغا، 2002 - يىلى «مەملىكەتلىك 1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

**ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى** بۇ ئىدارە دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ تۆمۈريول كارخانىسى بولۇپ، 61 مىڭ 790 ئىشچى - خىزمەتچىسى، 15 مىليارد 900 مىليون يۈەن تۇراقلىق مۈلكى بار. ئىدارىگە قاراشلىق 3007 كىلومېتىر تۆمۈريول گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرىدۇ. ئىدارە بويىچە ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا 21.5 جۈپ ئالاھىدە، تېز ۋە ئادەتتىكى يولۇچىلار پويىزى (يۈنىلىش ئىچىدە، خەلقئارالىق يولۇچىلار پويىزى 0.5 جۈپ)، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىغا 38 جۈپ بىۋاسىتە يۈك پويىزى قاتنايدۇ. 9 - بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، 38 مىليون 575 مىڭ يولۇچى، 150 مىليون 465 مىڭ توننا يۈك توشۇلدى، ئوبوروت مىقدارى 173 مىليارد 810 مىليون توننا كىلومېتىرغا يەتتى، 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن توشۇلغان يولۇچى 53.4%، يۈك 45.9%، ئوبوروت مىقدارى 43.7% كۆپ بولدى. خەلقئارالىق تۆمۈريولدا بىرلەشمە يۈك توشۇشتا 4 مىليون تونىلىق چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى، پورتتىن ئۆتكۈزۈلگەن مال مىقدارى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە تۆمۈر يول پورتلىرى ئىچىدە 2 -، توشۇش مىقدارىنىڭ ئېشىشى جەھەتتە ئۇدا 6 يىل 1 - بولۇپ كەلدى. ترانسپورت كىرىمى 13 مىليارد 229 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىنىڭ 2.3 ھەسسىگە باراۋەر بولۇپ، ئېشىش ھەجمى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 1 - بولدى. 2001 - يىلى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى لىنىيىسىدىنلا قىلغان ترانسپورت كىرىمى 5 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۇدا 13 يىل مەملىكەت بويىچە سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتتە ئىلغار كارخانا، 3 قېتىم مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە كارخانا بولۇپ باھالاندى. 2002 - يىلى «مەملىكەت بويىچە 1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

**تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى** 1989 - يىلى تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەت 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 24 نېفىتلىك - گازلىقنى تاپتى، 42 سانائەت خاراكتېرلىك نېفىت - گاز قۇرۇلمىسىنى بايقىدى، ئۇلار ئېرىشكەن ئۈچ دەرىجىلىك نېفىت - گاز زاپىسىنى ماي ئېكۋىۋالېنتىغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 1 مىليارد 542 مىليون تونىغا يېتىدۇ، 33 مىليون توننىدىن ئارتۇق خام نېفىت ئىشلەپچىقاردى، سېتىش كىرىمى 37 مىليارد يۈەندىن ئاشتى، 6 مىليارد 800 مىليون يۈەن پايدا ياراتتى، 11 نېفىتلىكنى ئاچتى، 5 مىليون 650 مىڭ توننا خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گورۇھى شىركىتىنىڭ 5 - چوڭ نېفىتلىكى بولۇپ قالدى. بۇ شىركەت مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنە ئورۇن، خوجىلىق باشقۇرۇشتا مۇنەۋۋەر ئۈلگە رايون، ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ئورۇن، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغانىدى. 2002 - يىلى «مەملىكەتلىك 1 - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

**شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى يولۇچىلار مۇلازىمەت بۆلۈمىنىڭ مۇلازىمەت چوڭ ئەترىتى** بۇ چوڭ ئەترەتتە 6 ئوتتۇرا ئەترەت، 329 خادىم بار. خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋە رايونلار ئارا ئېچىلغان 70 ھاۋا يولىدا قاتنايدىغان B - 757، B - 737، ATR - 72، IL - 86 قاتارلىق ئايروپىلانلارنىڭ مۇلازىمەت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 6 يىلدىن بۇيان نۆۋەتچى ئايروپىلاندا 26 مىڭ 674 قېتىم نۆۋەتچىلىك قىلىپ، بىرەر قېتىممۇ ئىناۋەتلىك ئەرز - شىكايەت پەيدا قىلمىدى، ياشانغانلار، ئاجىز، كېسەل، مېيىپلار ۋە بالىلاردىن ئىبارەت ئالاھىدە يولۇچىلارغا 7 مىليون 160 مىڭ قېتىمدىن كۆپرەك مۇلازىمەت قىلىپ، 22 مىڭ 782 پارچە رەھمەت خېتى تاپشۇرۇۋالدى، 1098 قېتىم يۈتكەن نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ياخشى كەسىپ ئوبرازىنى تىكلىدى. 4 ئادەم (قېتىم)، 7 كوللېكتىپ دۆلەت دەرىجىلىك شەرەپكە، 11 ئادەم (قېتىم)، 6 كوللېكتىپ باش ئىدارە ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك

شەرىپكە ئېرىشتى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەسىپ ئىستىلى قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 2002- يىلى «مەملىكەتلىك 1، - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

غۇلجا يولۇچى توشۇش بېكىتىنىڭ 2 - ئىسمېنىسى

بۇ ئىسمېنىدا ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، خەنزۇ، مانجۇ قاتارلىق 6 مىللەتتىن تەركىب تاپقان، 48 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بۇ كوللېكتىپ ئىسمېنا - گۇرۇپپا مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يولۇچى توشۇش مۇلازىمىتى كۆزنىكىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى نامايەن قىلدى، يولۇچىلارنى تۇغقانلىرىدەك، ئىش ئورنىنى ئائىلىسىدەك كۆردى، ھەرقايسى تەرەپلەردە ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. 1995 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» بولۇپ، 1998 ـ 2001 - يىلغىچە غۇلجا بېكىتى بويىچە ئىلغار ئىسمېنا - گۇرۇپپا بولۇپ باھالاندى. 2002 - يىلى «مەملىكەتلىك 1، - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك شۆبە شىركىتى چيۇلىڭ نېفىت ئېلىش زاۋۇتى بىرلەشمە پونكىتى  بۇ پونكىتتا 55 خادىم بار. 1995 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان، 6 مىليون 730 مىڭ توننا خام نېفىت، 369 مىڭ توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى ئىشلەپچىقىرىپ بىر تەرەپ قىلدى، ئۈرۈمچى شەھىرىنى 1 مىليارد 230 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەپ، 11 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. ئاپتونوم رايون، تۇرپان - قۇمۇل شۆبە نېفىتلىك شىركىتى تەرىپىدىن «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى»، «ئۈسكۈنە باشقۇرۇشتا ئىلغار كوللېكتىپ»، «ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئىلغار كوللېكتىپ»، «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى»، «ئىلغار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» دەپ نام بېرىلگەنىدى. 2002 - يىلى «مەملىكەتلىك 1، - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى شىركىتى كۈيتۇڭ توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى

بۇ شىركەتنىڭ 48 ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ، يېزا ئىگىلىك 7 - شى بوز يەر رايونى بىلەن كۈيتۇڭ شەھەر رايونىدىكى قىسمەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە ئاھالىلەرنى توك بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە جەمئىي 264 مىليون 230 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلىدى، يىلىغا ئوتتۇرىچە 11.6% تىن ئاشتى. 2001 - يىلى 55 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 7 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانىدا توكنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈپ، ئۆي - ئۆيلەرگە توك سائىتى ئورناتتى. بۇ شىركەت بىڭتۈەن، يېزا ئىگىلىك 7 - شى بويىچە بوز يەر ئېچىش چېگرىنى قوغداشتا ئىلغار كارخانا، مەدەنىيلىكتە ئۈلگە كۆزنەك ئورۇن، «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى»، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ باھالانغانىدى. 2002 - يىلى «مەملىكەتلىك 1، - ماي، ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

## قوشۇمچە (2)

2002 - يىلى «مەملىكەتلىك 1، - ماي، ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى (مۇشۇ يىلنامىنىڭ «شەخسلەر» قىسمىغا قاراڭ)

## قوشۇمچە (3)

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭنى ئېچىش-گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن ئورۇنلار

ئىلغار كوللېكتىپلار

سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتى، كورلا يەنچۈەن تۇرۇبا سۈيى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى كانچىلىق گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى لۇداۋان كۆمۈر كېنى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 128 - تۈەن - مەيدانى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى 68 - تۈەن - مەيدانى، قەشقەر شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش شىركىتى، شىخو شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ئىلى سىفاڭ قەنتچىلىك گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى.

ئىلغار ئىسمېنا - گۇرۇپپىلار

شىنجاڭ جۇڭخې پاي چەكلىك شىركىتى ئالیۇمىن شۆبە شىركىتى 1 - سېخ 2 - ئۇچاستىكىسى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى بۇرغىلاش-نېفىت ئېلىش ھۈنەر - سەنئەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ بۇرغىلاش ھۈنەر - سەنئەت ئىشخانىسى، «گېنېرال» تاماكا گۇرۇھى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتىنىڭ پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى تەتقىقات يۇرتىنىڭ يەر - مەيدان تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ كانچىلىق گۇرۇھى جيەنگو كېنى كان ئېچىش 1 - رايونى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئۈرۈمچى پاراۋوز ئۇچاستىكىسى، بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئاياللار بۆلۈمى، ۋۇجياچۈ ياشلار ئىگىرىش شىركىتىنىڭ ئىنچىكە ئىگىرىش «ئا» ئىسمېنىسى، ئارشاڭ ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2 - يىللىق گۇرۇپپىسى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شىركىتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئاربىن سېخىنىڭ قايتا رەتلەش 2 - ئىسمېنىسى، ئۈرۈمچى ئاممىۋى قاتناش باش شىركىتى 4 -

شىركىتىنىڭ 23 ـ كالونى، شىنجاڭ تۆمۈر جوقا ياپتىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى تارىم دەرياسى شۆبە شىركىتىنىڭ 2 ـ سېخ دائىملىق ئىسمىنىسى.

**قوشۇمچە (4)**

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭنى ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش مېدالى» غا ئېرىشكەنلەر

. لى خۇاسىن، لىۇ مېي (ئايال)، ماۋ شىنجۈن، مېھراي ئۇسۇپ، كۈندۈلەت (قازاق)، يۈەن لىن، ۋاڭ شياۋخۇاڭ، لى ياپىڭ (ئايال)، يۇ ۋېنگې، لى شۈمىڭ، ۋاڭ سوشىن، سۇي شياۋمىڭ، سۇي دېڭشيەن، ئىبرايىم ئەھەي، شى يۇمىڭ، ئابان ئاقبېتبېك (قازاق)، چېن يۇمىڭ (ئايال)، چېن لىبى، لۇ شىنرۇڭ، ۋاڭ جېنچاڭ، لىيۇ كەيۈەن، سۇڭ دېشى، ئابدۇشۇكۇر ئىيسا، لىيۇ گۇاڭ، تاڭ جيەن، لىيۇ گوشەن، لى پىڭ، جۇ خۇڭيۇ.

## يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يېڭىدىن قۇرۇلغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەشنى داۋاملىق مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتتى. ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكى ۋە قوللىشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇيۇشما تەشكىللەش خىزمىتىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ياھالاش سىستېمىسى قاتارىغا كىرگۈزدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر يېڭىدىن قۇرۇلغان كارخانىلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 8769 غا يەتتى، 234 مىڭ ئەزا قوبۇل قىلىندى.

ۋاڭ جېڭخۇا

## ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتى

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى يېڭىدىن تۈزىتىلگەن «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئاچقۇچ قىلىپ، قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، كارخانىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورناتقان دۆلەت، كوللېكتىپ كارخانىسى ۋە پاي تىزگىنلىگەن كارخانا 2703 كە، كەسپىي ئورۇن 2950 كە، ئورگان 1001 گە، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانا 803 كە يەتتى. 2712 كارخانا، 3301 كەسپىي ئورۇن، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان 901 كارخانا زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

ۋاڭ جېڭخۇا

## مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى، يېڭى يىل، باھار بايرىمى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت مەزگىللىرىدە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 52 كەسىپ، نازارەت ـ ئىدارىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى 33 مىليون 940 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە مەمۇرىي ئاپپاراتلار ئىئانە قىلغىنى 14 مىليون 290 مىڭ يۈەن) مەبلەغ توپلاپ، قىيىنچىلىقى بار 3621 كارخانىدىن، ئېغىر قىيىنچىلىقى بار 64 مىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئائىلىسىدىن ھال سورىدى.

ۋاڭ جېڭخۇا

## ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 5 ـ نۆۋەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى ئون ياخشى كوللېكتىپ بىلەن ئون ياخشى ئۈلگىنى تەقدىرلىدى.

ئون ياخشى كوللېكتىپ: شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى، قورغاس ناھىيىلىك يولۇچى توشۇش مۇلازىمەت مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك دېھقان ئىشلىرى باشقارمىسى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئىمسقلىق شىركىتى، ئۈرۈمچى ئېلېكتر ئىدارىسى، ئارشاڭ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ تەڭرىتاغ سېمونت پاي چەكلىك شىركىتى، خەلق ئاۋىئاتسىيە ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى بېخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك شىركىتىنىڭ سېتىش بۆلۈمى، يادرو سانائىتى گېئولوگىيە 216 ـ چوڭ ئەترىتى.

ئون ياخشى ئۈلگە: لى شياڭداڭ، سەي جۇڭيۇڭ، ۋاڭ جىڭ، لىيۇ يىلىيەن (ئايال)، زورەم مەخمۇت، جۇ كېيۈەن، تارىمبېك (قازاق)، ما جۇنخۇي (ئايال)، ياڭ زىجېڭ، ما پېيشياڭ (ئايال).

ۋاڭ جېڭخۇا

## كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى 93 قارار تۈرلۈك كۇرس ئېچىپ، 5600 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرى (قېتىم)نى تەربىيىلىدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قانۇنىي ياردەم بېرىش مەركىزى

بۇ مەركەز 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قۇرۇلدى، ياردەم بېرىش دائىرىسى قانۇن بويىچە ئەمگەك ماجىرالىرى كېسىم ئاپپاراتلىرى بىلەن خەلق سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك ئەمگەك ماجىرالىرى دېلوسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلى بىلەن ئەزالىق مۇناسىۋىتى بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا قۇتقۇزۇش، بېقىۋېلىش، خورلاش، تاشلىۋېتىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان، قانۇن بويىچە يۇقىرىغا ئەرز قىلىشقا بولىدىغان دېلولاردىن ئىبارەت. بۇ مەركەز ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولغان ۋە ئېغىر قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئاۋۋال مۇلازىمەت قىلىدۇ.

ۋاڭ جىڭخۇا

## جى مىڭبو شىنجاڭغا كېلىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى

مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى جى مىڭبو 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 -، 27 - كۈنلىرى شىنتۇڭ گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى، شىنجاڭ كىچىك ئاپتوموبىل زاۋۇتى قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار 7 كارخانىغا بېرىپ، مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى ھەمدە ئېغىر قىيىنچىلىقى بار 16 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئائىلىسىگە بېرىپ ھال سورىدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## سۇ لىچاڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى سۇ لىچاڭ 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭغا كېلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىدى ھەمدە مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 2003 - يىللىق خىزمەت تەسەۋۋۇرىنى ئېلان قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سۇ لىچاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ جىڭخۇا

# جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

## ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە 2002 - يىلدىكى ياش 3 مىليون 939 مىڭ 163، ئىتتىپاق ئەزاسى 1 مىليون 35 مىڭ 251. بۇ يىل ئىتتىپاققا 143 مىڭ 512 ئەزا قوبۇل قىلىندى، ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلى 33 مىڭ 817، مەخسۇس ئىتتىپاق كادىرى 2880.

**ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشى** 2002 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى ئورگان كادىرلىرىنى باشلاپ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قىسمەن كەنت دەرىجىلىك ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىغا بېرىپ نۇقتىدا تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەملەشتى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ۋىلايەت، ئوبلاست، كارخانا، مەكتەپ ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلارنىڭ ئىتتىپاق تەشكىلىي قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تۈركۈم قىممىتى بار تەتقىقات دوكلاتى ھازىرلاپ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ئىتتىپاق تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى تۈرلەر بويىچە يېتەكلىدى. ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قىسمەن ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە نازارەت - ئىدارە، ئالىي مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن قىسمەن ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشەش، تولۇقلاش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلىدى. «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشى داۋاملىق بىرتۇتاش ئىگىلىنىپ، «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنى ئۈچ

دەرىجىلىك بىرلەشمە ھەرىكەت ئارقىلىق بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيە دەرىجىلىك 2 ئىتتىپاق كومىتېتى «مەملىكەت بويىچە ئىتتىپاق تەشكىلىي قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى» دېگەن نامغا، 2 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق ياچېيكىسى (باش ياچېيكا) «مەملىكەت بويىچە «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق ياچېيكىسى» دېگەن نامغا، 3 ئىتتىپاق كومىتېتى «مەملىكەت بويىچە «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئىتتىپاق بايرىقىنى كۆتۈرۈش، ئىتتىپاق نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش، ئىتتىپاق ئىزنىكى تاقاش، ئىتتىپاق ناخشىسى ئېيتىش، ئىتتىپاق كىنىشكىسى ئىشلىتىش، ئىتتىپاق دەرسى ئۆتۈش پائالىيىتى ئاساس قىلىنغان ئىتتىپاق ئەزالىق ئېڭى تەربىيىسى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي ئېڭى كۈچەيتىلدى، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساس خىزمىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. قەرز قالغان ئىتتىپاق بەدىلىنى يىغىش سالمىقى كۈچەيتىلىپ، ئاز كەم 100 مىڭ يۈەن قەرز قالغان ئىتتىپاق بەدىلى يىغىۋېلىندى.

**ئىتتىپاق كادىرلىرىنى تەربىيىلەش** 228 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرى شاڭخەيدە ئېچىلغان شىنجاڭ ئىتتىپاق كادىرلىرىنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتىلدى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 90 نەپەر ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرى تەشكىللىنىپ، 10 كۈنلۈك «ئۈچ دەرىجىلىك بىرلەشمە ھەرىكەت» كۇرسى ئېچىلدى؛ 27 ئىتتىپاق كادىرى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ئاچقان ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلىي قۇرۇلۇشىدا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا ياش ئىشچىلار، ياش دېھقانلار خىزمىتى بۆلۈمى قاتارلىق تارماقلار نەچچە يۈزلىگەن ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرىنى تۈرلۈك كۇرسلارغا تەشكىللىدى. ئىتتىپاق كادىرلىرىنى ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەش خىزمىتى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى، 2 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا، ئورگاندىن بىر ئازسانلىق مىللەت كادىر، ئاساسىي قاتلامدىن 5 ئازسانلىق مىللەت كادىر شەندۇڭدا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتىلدى، ئاساسىي قاتلامدىن 5 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئورگىنىدا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا تاللاندى.

**تىپلارنى تىكلەش** ئاپتونوم رايوندىن 3 ئىتتىپاق كادىرى «2002 - يىللىق مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى» دېگەن نامغا، 2 ئىتتىپاق ئەزاسى «2002 - يىللىق مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ يۈ ۋۇجۇڭ قاتارلىق 10 كىشىگە 5 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ياشلار «4 - ماي» مېدالى» بېرىلدى؛ قۇربان جۇمەخۇن قاتارلىق 81 كىشىگە «ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى» دەپ، دۇ يۈڭ قاتارلىق 82 كىشىگە «ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى» دەپ، شىنجاڭ ۋېيخۇلياڭ توك تارقىتىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پار قازان بۆلۈمىنىڭ ئىشچىسى باتۇرجان قاتارلىق 10 كىشىگە «شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن 10 ياش» دەپ نام بېرىلدى.

لى جياڭفېڭ

## «ئۆچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپ ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى «‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش›نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش»نى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش مۇلازىمەت ئۆمىكى، «يۇقىرى ئەخلاق»نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش مۇلازىمەت ئۆمىكى، «كىرىمنى ئاشۇرۇپ ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش»نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش مۇلازىمەت ئۆمىكى تەشكىللەپ، «ئۆچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 678 مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، 45 مىڭدىن ئارتۇق ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى «ئۆچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» مۇلازىمەت پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى 62 ناھىيە (شەھەر) گە باردى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت مۇلازىمەت ئۆمىكى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇنەۋۋەر مۇلازىمەت ئۆمىكى - ئەترىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، بايىنغولىن كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت 10 مەكتەپكە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىدە ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى.

لى جياڭفېڭ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتى

«ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن» بەرپا قىلىش پائالىيىتى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بىرلىكتە 2002 - يىل 1 - ئايدا رادىئو ستېنسىدا «ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تۇنجى تۈركۈمدە 7 ئورۇنغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن» دەپ نام بەردى. 4 - ئايدا ئالاقىدار ساھەلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئاپتونوم رايوندىكى مەملىكەت دەرىجىلىك «ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن»لارنى تەكشۈردى، ئۇلار 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە، 5 سىستېمىدىكى 20 نەچچە ئورۇنغا چېتىلىدۇ. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە «ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن»نىڭ مەملىكەت دەرىجىلىكى 18گە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 82گە، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكى 168گە يەتتى. ھەرقايسى ساھەدىن 36 كادىر ئاجرىتىلىپ، ۋۇخەندە «ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن» بەرپا قىلىش بويىچە بىر قارار كۇرس ئۇيۇشتۇرۇلدى.

مەدەنىي ياشلار مەھەللىسى بەرپا قىلىش ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 400 مىڭ يۈەن مەبلىغى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن قەشقەر شەھىرىدە بىردىن ياشلار - ئۆسمۈرلەر مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭى شەھەر رايونىدا ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى مەھەللە ياشلار - ئۆسمۈرلەر قانۇن مەكتىپى قۇرۇلدى ھەمدە بۇ مەكتەپتە «يازلىق تەتىللىك مەھەللە سەپىرى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 6 - ئايدا ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەرلەردە زەھەر چەكلەش مەشئىلىنى يەتكۈزۈش پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە «مەھەللە ياشلار - ئۆسمۈرلىرىنىڭ زەھەردىن يىراق تۇرۇش» تەشۋىقات، تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر زەھەر چەكلەش ئىشخانىسىغا ماسلىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە كەڭ كۆلەملىك زەھەر چەكلەش تەشۋىقات كۈنى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە «ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىخەتەر، خاتىرجەم تورخانىسى» بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، «يېڭى يىپەك يولى» تورخانىسى قاتارلىق 5 تورخانىغا ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى «ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىخەتەر، خاتىرجەم تورخانىسى» دەپ نام بېرىلدى.

ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى 2002 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 2 - قېتىملىق خىزمەت يىغىنى ئېچىلىپ، ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ۋە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى بېكىتىلدى. ش ئۇ ئا ر قۇراسىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش كومىتېتى ئىشخانىسى، قاراماي شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى مەملىكەت بويىچە قۇراسىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ، باۋ شۈلەن قاتارلىق 3 كىشى جۇڭگو بويىچە قۇراسىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداشتا ئىلغار پۇقرا بولۇپ باھالاندى. 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن (مۇنەۋۋەر) ياش قوغدىغۇچىنى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، قەيسەر ئۆراز قاتارلىق 10 كىشى 3 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش قوغدىغۇچى» دېگەن نامغا، ۋاڭ چۈنلىن قاتارلىق 20 كىشى 3 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى جياڭفېڭ

## پىئونېرلار خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى 2002 - يىل 5 - ئايدا 13 نەپەر ھەر مىللەت پىئونېرىنى «ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى قول تۇتۇشۇپ بېيجىڭدا جەم بولايلى» دېگەن پائالىيەتكە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. 5 - ، 6 - ئايلاردا 100 نەپەر ھەر مىللەت پىئونېرىنى «تەڭرىتاغ - تيەنئەن تېغى پەرزەنتلىرى قول تۇتۇشايلى» دېگەن پائالىيەتكە تەشكىللىدى.

5 — 8 - ئايلاردا ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى، مەكتەپ رەھبەرلىرى، پىئونېرلار ئەترەت يېتەكچىلىرىدىن بولۇپ ئازكەم 100 كىشى شاڭخەي، گۇاڭجۇغا ئەۋەتىلىپ، 2 قارار يېتەكچىلەرنى تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىلدى.

7 — 8 - ئايلاردا مەملىكەتلىك پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى، جۇڭگو ياشلار سىياسىي ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى دۆلەت ئىچىگە داڭلىق ياشلار - ئۆسمۈرلەر مۇتەخەسسىسى تەكلىپ قىلىنىپ، ئىلى، قەشقەر، خوتەنلەردە ئاپتونوم رايوندىكى 826 نەپەر ھەر مىللەت يېتەكچىسى، مائارىپ تارماقلىرىنىڭ رەھبىرى، پىئونېرلار ئەترىتى خىزمەتچىلىرى تەربىيەلەندى.

9 — 11 - ئايلاردا مەملىكەتلىك پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى شىنجاڭ پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتىگە 200

مىڭ يۈەنلىك ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلدى. شەنشەن گۇرۇھى شىنجاڭنىڭ «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىغا 300 مىڭ يۈەنلىك ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلدى، شەنشەن گۇرۇھىنىڭ باش لىدېرى جېڭ يۇڭگاڭ شىنجاڭدىكى كارخانىچىلار بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا «دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

9 - ئايدا بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن بىرلىكتە «بىرلەشمە خەۋەرلىشىش لوڭقىسى» 2002 - يىللىق جۇڭخۇا ئۆسمۈرلەر بىرلەشمە كىچىك A دەرىجىلىك گۇرۇپپىسى پۇتبول مۇسابىقە پائالىيىتىنىڭ شىنجاڭ رايونى بويىچە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 11 - ئايدا 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر قاتناشقان شىنجاڭ رايونى بويىچە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 3 قېتىمدا ئاپەتكە ئۇچرىغان قىسمەن رايونلارغا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارغا شىيامېن تاموژنىسىنىڭ قىممىتى 6 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ماددىي ئىئانىنى يەتكۈزۈپ بەردى.

لى جياڭفېڭ

## ياش ئىشچىلار خىزمىتى

**مەدەنىي ياشلار ئورنى پائالىيىتى** 2002 - يىلى مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپىنىڭ ئىناۋەت قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ھەرىكىتى داۋاملىق يولغا قويۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپىنىڭ ئىناۋەت قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بويىچە 50 ئورۇنغا نام بېرىلدى؛ «شەھەر ماگىزىنلىرىدا مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپىنىڭ سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئۈنۈم يارىتىشى»، «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپىنىڭ ئەلا مۇلازىمەت ئارقىلىق ئارام كۆڭۈللۈك ئىگىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشى»، «مەدەنىي ياشلار ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بەرپا قىلىش» قاتارلىق پائالىيەتلەر داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى، 2- نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق 10 ياخشى «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» تەقدىرلەندى؛ مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 692 مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلاردىن شەرتكە توشمايدىغان 95 كوللېكتىپنىڭ تاختىسى ئېلىپ تاشلاندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا مەملىكەت دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپىدىن 148ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپىدىن 597سى بار بولدى. 2002 - يىلى ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ ئاخبارات بۆلۈمى قاتارلىق 60 كوللېكتىپ 2001- يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى بولۇپ باھالاندى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بىڭتۈەن شۆبىسى ئاقسۇ تارمىقى قاتارلىق 10 كوللېكتىپقا 2. نۆۋەتلىك «ئاپتونوم رايونلۇق 10 ياخشى مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» دېگەن نام بېرىلدى.

**ياشلارنىڭ يېڭىلىق ۋە ئۈنۈم يارىتىش پائالىيىتى** ياش ئىشچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلدى. پائالىيەت ۋاسىتىسى كۈچەيتىلىپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ يېڭىلىق ۋە ئۈنۈم يارىتىش پائالىيىتى داۋامىدىكى ياخشى چارە، ياخشى تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى، تور تۈزۈمى قاتارلىق پائالىيەت تىپى ئىزدىنىپ كېڭەيتىلىپ، پائالىيەتنىڭ شەكىللىك ھەم كونكرېت بولۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2002 - يىل 3- ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە ياشلار يېڭىلىق يارىتىش ماھىرى بولغان 42 كىشىنى تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق نازارەت، ئىدارە، كارخانىلاردا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۆرگەزمە قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ياشلارنىڭ ئۈنۈم، يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتلەر دۆلەت كارخانىلىرىدا ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر ئالغا سۈرۈلۈش ئاساسىدا، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا قاتارلىق ساھەلەردىمۇ كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. 2002 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ياش ئىشچىلار بۆلۈمى بىلەن «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىتتىپاق كومىتېتى مەملىكەت بويىچە ياشلارنىڭ يېڭىلىق، ئۈنۈم يارىتىش پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**ياشلار ئىش ئورنى ماھىرلىرى پائالىيىتى** ياشلار ئىش ئورنى ماھىرلىرى پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن داۋاملىق ئالغا سۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى كارخانىدىكى ياشلارنىڭ ساپاسى ۋە تەرەققىياتى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ياش ئىشچىلارنىڭ ساپاسىنى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى بىلەن بىرلىكتە 2 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق «ئون ياخشى ياشلار ئىش ئورنى ماھىرى»نى باھالاپ چىقتى، 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ئورنى ماھىرى بولغان 51 ياشنى تەقدىرلىدى. ياش ئىشچىلارنىڭ

تېخنىكا ماھارەت ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياش ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يېڭى بىلىم ئۆگىنىشكە، يېڭى ماھارەت يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلىدى، ئۇلاردا تېخنىكىغا ھۆرمەت قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىشتەك ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات ياراتتى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىگە ماسلىشىپ، ياش ئىشچىلار ئارىسىدا تېخنىكىدا بەسلىشىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بىر تۈركۈم ياشلارغا ئىش ئورنى ماھىرى دەپ نام بەردى. ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ياشلار ئارا پاتېنت بىلىملىرىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ساختىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

ياشلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۈلگە ئىش ئورنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى 2002 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى كارخانىلاردىكى ياش ئىشچىلار ئارىسىدا ياشلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۈلگىلىك ئىش ئورنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە «بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتى تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر» دېگەن تېمىدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى «بىخەتەرلىك جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئاپەت بىلەن خوشلىشىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۈلگە ئىش ئورنى بەرپا قىلايلى»، «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئالتۇن نۇقتا مۇسابىقىسى»، «بىخەتەرلىك ئۈچۈن بىر ئەقىل كۆرسىتىمەن»، «ئىتتىپاق ئەزالىرى ياشلار ئەتراپىدا ھادىسە يوق» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە ياشلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا ئۈلگە ئىش ئورنى بولغان 28 ئورۇننى تەقدىرلىدى.

ياشلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىش پىلانى 2002 - يىلى تۈرلۈك ئەمەلىي تېخنىكا ماھارىتى كۇرسىدىن 80 نەچچە قارار ئېچىلىپ، 5000 دىن ئارتۇق كىشى تەربىيىلەندى. ياشلاردىن كەسىپنى گۈللەندۈرۈش باشلامچىلىرىنى تەربىيىلەشكە مەدەت بېرىلدى، بىر تۈركۈم ئىش كۈتۈپ تۇرغان ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياشلار كىچىك كارخانىلارنى قۇرۇشقا يېتەكلەندى ۋە ئۇلار يۆلەندى. ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك كەسىپنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ياش باشلامچىلارنى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم كۆزگە كۆرۈنگەن (مۇنەۋۋەر) ياش كەسىپنى گۈللەندۈرۈش باشلامچىلىرى تەقدىرلەندى. سانجى ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتى «مەملىكەت بويىچە ياشلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىش پىلانى تۈزۈشتە مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى ئورۇن» دەپ، 3 كىشى «3 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ياشلارنىڭ كەسىپنى گۈللەندۈرۈش باشلامچىسى» دەپ نام ئالدى.

ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى 2002 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە ئەزالارنى ياۋروپادا ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىگە تەشكىللىدى. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ياش كارخانىچىلارنى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى ئۇچۇر مەسلىھەتى بىلەن تەمىنلەش، تېخنىكا جەھەتتىن قوللاش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇلازىمەت قىلىشقا تەشكىللىدى، بىر تۈركۈم ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ گۈللىنىشىگە ياردەملەشتى، بىر تۈركۈم ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. 8 - ئايدا مەملىكەتلىك ياش كارخانىچىلارنىڭ شىنجاڭ ئىقتىساد، سودا ھەمكارلىق يەرمەنكىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى، ش ئۇ ئا ر ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ سودىگەر چاقىرىش قوللانمىسىنى بېسىپ تارقاتتى، 100 دىن ئارتۇق ئەزا كارخانىنى يەرمەنكىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى، يەرمەنكىدە، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ كارخارخانىلىرى بىلەن 33 تۈردە ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالاندى، ھەمكارلىق سوممىسى 1 مىليارد 875 مىليون يۈەنگە يەتتى.

لى جياڭفېڭ

## ياش پىدائىيلار خىزمىتى

ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت كۈنى پائالىيىتى 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 5000 دىن ئارتۇق پىدائىيلار تەشكىللىنىپ، پىدائىيلار پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 50 نەچچە ئاپتوموبىل قار، 21 ئاپتوموبىل ئەخلەت توشۇلدى، 1500 مېتىر يول تەكشىلەندى. ھەرقايسى نازارەت، ئىدارە، كارخانا، مەكتەپ، قىسىم بولۇپ ئاز كەم 50 ئورۇندىن 2000چە ياش پىدائىي خەلق مەيدانىدا يۈرۈشلۈك مەسلىھەت بېرىش ۋە قولايلىق مۇلازىمەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ئىتتىپاق كومىتېتى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى شىركىتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە ياش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار 300 نەچچە ياش پىدائىينى تەشكىللەپ، ئۆي - زېمىن، يەر بىلىملىرىدىن مەسلىھەت بېرىش، كېسەل كۆرۈش

قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ياش پېدائىيلارنى تەشكىللەپ، قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش، مۇھىت ئاسراش تەشۋىقاتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. جەمئىيەتتىكى ھەرساھە ياشلىرىدىن ئىختىيارى تەشكىللەنگەن «شەپەت نۇر يېڭىتى» ياش پېدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى ياشلارنىڭ مەدەنىيەت - كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلەش ئۇرۇنلۇشىدىن مەسلىھەت بېرىش، ياش پېدائىيلار ئىستانە توپلاش، يېشىللىقنى، مۇھىتنى قوغداش تەشۋىقاتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، 50 نەچچە ياش پېدائىي (قېتىم) نى ھەقسىز قان تەقدىم قىلىشقا تەشكىللەپ، 10 مىڭ مىللىلىتېردىن ئارتۇق قان تەقدىم قىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاز كەم 500 ئوفىتسېر - ئەسكەرنى مۇھىتنى تۈزەش، مەيدانىنى گۈزەللەشتۈرۈش پائالىيىتىگە تەشكىللىدى.

ياش پېدائىيلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە كۆچ ئۇلاش پىلانى پائالىيىتى 5 - ئايدا سەھىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ ياش پېدائىيلار سەھىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش كۆچ ئۇلاش ئەترىتى تەشكىللەندى. 21 پېدائىي قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، 6 ئاي سەھىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش پېدائىيلار پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 9 - ئايدا جۇڭگو ياش پېدائىيلار يېتەكچىلىك مەركىزى، خېنەن ئۆلكىلىك ياش پېدائىيلار جەمئىيىتى بىلەن ياش پېدائىيلارنىڭ مائارىپقا ياردەم بېرىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش كۆچ ئۇلاش پىلانى قانات يايدۇرۇلدى، ئۇلار 2 تۈركۈمدە تەشكىللىگەن 15 ياش پېدائىي (قېتىم) كېرىيە ناھىيىسى بىلەن موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىگە بېرىپ، بىر يىللىقتىن مائارىپقا ياردەم بېرىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش كۆچ ئۇلاش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 3 - تۈركۈمدىكى پېدائىيلارنىڭ كورلا مائارىپقا ياردەم بېرىش ئەترىتى 7 - ئايدا، تىببىي ساھەگە ياردەم بېرىش ئەترىتى 9 - ئايدا كورلىغا كېلىپ، نامراتلارنى يۆلەش كۆچ ئۇلاش پىلانى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى شىخەنزە ئۇچاستكىسى قۇتۇبى يول ئاسراش رايونىدىكى ياش پېدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىگە «جۇڭگودىكى كۆزگە كۆرۈنگەن پېدائىيلار مۇلازىمەت كوللېكتىپى» دەپ؛ شەمسىيە ئەبەيدۇللا، ئايدۇڭشۇكۈر، يۈ جيەنفاڭلارغا «جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر پېدائىي» دەپ؛ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتى ياش پېدائىيلار «يېشىل قۇياش نۇرى» ھەرىكەت گۇرۇپپىسى، سانجى ئوبلاستلىق تىببىي مەكتەپ 99 - يىللىق كۇتۇش 2 - سىنىپى ئىتتىپاق ياچېيكىسىغا «جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر پېدائىيلار مۇلازىمەت كوللېكتىپى» دەپ نام بېرىلدى.

5 - ئايدا جايلاردىكى ھەر ساھە، ھەر كەسىپ ئىتتىپاق كادىرلىرى تەشكىللىنىپ، ياش پېدائىيلارنىڭ شىائىگاڭ ئاۋمېندا ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش كۇرسى ئېچىلدى. كۇرسانتلار شىائىگاڭ بىلەن ئاۋمېندا 15 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

8 - ئايدا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى بىلەن مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىگە پائال ماسلىشىپ، ئۈرۈمچى، شىخەنزە شەھەرلىرىدە ياش پېدائىيلار ھال سوراش ئۆيىنى قويۇلدى. جۇڭگو ياش پېدائىيلار جەمئىيىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، 14 ئاسپىرانت موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىگە بىر يىللىق مائارىپقا ياردەم بېرىپ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتىلدى ھەمدە غەربىي رايوندا كومپيۇتېر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش پىلانى تەشكىللەپ يولغا قويۇلدى. 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قىسمەن ئالىي مەكتەپلەر مەملىكەتلىك ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقات كۈنىگە ماسلىشىپ، ياش پېدائىيلارنى كوچىلارغا چىقىپ، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىشقا تەشكىللىدى.

لى جياڭفېڭ

## ياشلارنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىغا ماسلىشىپ، جۇڭگو ياشلار پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش كۆرگەزمىسىگە دائىر خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلىدى، كۆرگەزمىگە ياش پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىسىدىن 6نى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرىدىن 6نى، پەن تەتقىقاتى ئارقىلىق يارىتىلغان ئەڭ يېڭى مەھسۇلاتتىن 6نى، يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق كارخانىدىن 12نى تەۋسىيە قىلدى. ياش پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى پائال تەشكىللەپ 5 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ياشلار پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىنى باھالاشقا قاتناشتۇردى، 3 كىشى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

لى جياڭفېڭ

## شەھەر - بازارلاردىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەردەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى سىياسەتتىن مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېڭىنى پائال ئۆزگەرتتى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېڭى توغرىسىدا 6 مەيدان سەيىارە دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى ھەردەرىجىلىك

ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ياشلار ئىتتىپاقى «ئىش ئورنىنى تېپىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەملىشىش، مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» بويىچە مەسلىھەت بېرىش تەشۋىقات كۈنى پائالىيىتىنى بىر تۇتاش قانات يايدۇردى، مەھەللە، قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانا، ئالىي مەكتەپلەردە سىياسەتتىن مەسلىھەت بەردى، 200 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ۋارىقى تارقاتتى، 150 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە مەسلىھەت بەردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، «يېڭى ئەسىر، يېڭى خىرىس، يېڭى قاراش» ناملىق ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كەسىپ تاللاش قارىشىنى ئۆزگەرتىش مۇنبىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى، مۇنبەردە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى تەكلىپ بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى تونۇشتۇردى. ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىڭتۇەنگە بېرىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈلدى. 9 - ئايدا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى بىڭتۇەنگە بېرىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش تەشۋىقاتى بويىچە مەسلىھەت بېرىش كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئۈرۈمچىدىكى يىغىن مەيدانىدا 14 ئورۇن مەسلىھەت بېرىشكە قاتنىشىپ، 400دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن 1400دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى نەق مەيداندا مەسلىھەت ئالدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 1- يۈرۈش پروگراممىسىنىڭ «ئىقتىساد ھەققىدە سۆھبەت» پروگراممىسىدا ئالىي مەكتەپ ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى بىڭتۇەنگە بېرىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش تېلېۋىزىيە مۇنبىرى ئۇيۇشتۇردى، 10 ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن 100دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بىڭتۇەننىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن نەق مەيداندا سۆزلەشتى. مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى بىرگە بىر ياردەم پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 1107 «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» جۈپ بولۇپ ياردەم قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 1205 جۈپ بارلىققا كەلدى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياش ئىشچىلار بولۇپ 1329 كىشىنىڭ ئىش ئورنى تېپىشىغا ياردەم بېرىلدى.

لى جياڭفېڭ

## يېزا ياشلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش - قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش قۇرۇلۇشى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2002 - يىلى 5 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىسىدە، 10 - ئايدا سانجى شەھىرىدە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىلىرى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك يېزا ياشلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈردى، يېزا ياشلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش - قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى بىر تۈركۈم يېزا ياشلىرىدىن بېيىش تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللىدى، بۇ ئەترەتلەر دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە ۋە ئېتىز - ئېرىق بويلىرىغا بېرىپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىشنى تەشۋىق قىلدى، يېزا - كەنت ياشلىرى ئارىسىدا پەن - تېخنىكا يىغىلىش، قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، يېزا - كەنتلەردىكى ياشلار پەن- تېخنىكا كۇتۇپخانىسى (قىرائەتخانىسى) ، ياشلار رادىئو ئۈزىلى، ياشلار مەدەنىي كوچىسى قاتارلىق بازىلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېزا ياشلىرى ئارىسىدا پەن - تېخنىكا تەشۋىقاتى، پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش، ئۆزجۈردىن مەسلىھەت بېرىش، ئۈلگىلەرنى كېڭەيتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. «ئەسىر ھالقىغان ياش دېھقانلارنى پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويغان 17 ناھىيە، شەھەرنىڭ تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈردى، 56 ياش دېھقان، چارۋىچىنى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شوگۇاڭ شەھىرىگە كۆكتات، گۈل - گىياھ تېرىش - ئۆستۈرۈش، قوي- كالا بېقىش ئەمەلىي تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە تەشكىللىدى. يېزا ياشلىرى ئارىسىدىكى بېيىش تايانچلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ياشلار بىلەن قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم قىلىش، نامراتلىرىنى يۆلەش جەھەتتىكى جۈپ بولۇش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاۋۋال بېيىغانلارنىڭ كېيىن بېيىغانلارغا ياردەم قىلىش، چوڭ بالىلارنىڭ كىچىك بالىلارغا ياردەم قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مىڭلىغان ياشنىڭ تىگىلىك يارىتىپ بېيىش باشلامچىسى بولۇش، مىڭلىغان يېزا ئىتتىپاق ياچېيكا شۇجىسىنىڭ باشلامچىلىق بىلەن بېيىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەندى، مۇنەۋۋەر ياش بېيىش ماھىرلىرى تاللىنىپ، ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ ھەيئىتى تولۇقلاندى، يېزا ياشلىرى ئارىسىدىن ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك بىر تۈركۈم پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىش باشلامچىلىرى تەربىيىلەندى ۋە تىكلەندى، يېزا ياشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەربىيىلەش بازىلىرى، يېزا ياشلىرىنىڭ پەن تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بازىلىرى قۇرۇلدى، 17 كىشى 2001 - يىللىق «مەملىكەتلىك يېزا ياشلىرىنىڭ تىگىلىك تىكلەپ بېيىش باشلامچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. پارتىيىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىتتىپاق

تەشكىلاتلىرى دەل ۋاقتىدا، بىر ئائىلىق «پەن - تېخنىكىنى كەنتلەرگە يۈزلەندۈرۈش، ھەقىقىي مۇلازىمەتنى ياشلارغا تەقدىم قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، شىخو، سانجى شەھەرلىرىدە ۋە بەنجى ناھىيىسىدە بۇ پائالىيەتنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، مول مەزمۇنلۇق ياشلار پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى.

لى جياڭفېڭ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ يېڭى ئەسىردىكى كىتاب ئوقۇش پىلانى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ياشلار- ئۆسمۈرلەر كىتاب ئوقۇش بايرىمى، كىتاب ئوقۇش مۇنبىرى، دوكلات يىغىنى، نۇتۇق مۇسابىقىسى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كىتاب ئوقۇش ئاساسىي تېما قىلىنغان پائالىيەتلەرنى كەڭ قانات يايدۇردى. شەھەر - يېزىلاردا كىتاپ ئوقۇش بويىچە جۈپ بولۇش، يېزىلارغا كىتاب سوۋغا قىلىش پائالىيىتىنى تەشكىللەپ، 40 مىڭدىن ئارتۇق كىتاب، 5000 پارچە داھىي سۈرىتى، چاقانلىق رەسىم، مەسنەۋى ئىئانە قىلدى. ياشلار- ئۆسمۈرلەر پائالىيەت بازىسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى ھەل قىلىپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەر پائالىيەت بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئاساسىي تېما بويىچە كىتاب ئوقۇش، كىتاب ئوقۇش مۇنبىرى، كىتاپ ئوقۇش لېكسىيىسى، كىتاب ئوقۇش بويىچە ماقالە قوبۇل قىلىش، كىتاب ئوقۇش تەسىراتى كۆرگەزمىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ياشلار- ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىش ئىدىيىسىنى تىكلىشى ۋە مۇستەھكەملىشىگە ياردەم بەردى، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش داۋامىدا قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. مېخانىزم قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، جايلارنىڭ كىتاب ئوقۇش پىلانى رەھبەرلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى ئەسىر كىتاپ ئوقۇش كۇلۇبى، يېڭى ئەسىر كىتابخانىسى، ياشلار - ئۆسمۈرلەر يېڭى ئەسىر كىتاب ئوقۇش بازىسى، ئاساسىي قاتلام كىتاب ئوقۇش تەشكىلاتى ۋە شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر يېڭى ئەسىر كىتاپ ئوقۇش تورىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. جۇڭگو ياشلار - ئۆسمۈرلەر يېڭى ئەسىر كىتاب ئوقۇش پىلانىغا ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى، 10 - ئايدا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر كىتاب ئوقۇش پىلانىغا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىنى ئىلتىماس قىلدى، ياردەمگە ئېرىشكەن 10 ئوقۇغۇچىنى ئىچكىرىدىكى خۇسۇسلار ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتتى، يەنە ئالاقىدار ئورۇنلارنى يېڭى ئەسىردىكى ياشلار «ياشلىق باھار سالاھىيتى» مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى.

لى جياڭفېڭ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆچەت تىكىش، يېشىللىقنى ئاسراش پائالىيىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنى ۋە ھەرمىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنى تەشكىللەپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، كۆچەت تىكىش، ۋەتەننى كۆكەرتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 4- ئايدا ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئالىي مەكتەپ، ئورگان، كارخانا، قىسىم بولۇپ 30 ئورۇندىكى 5000 ياش پىدائىينى كۆچەت تىكىشكە تەشكىللىدى، ئۇلار 13.33 گېكتار قاقاس تاغنى كۆكەرتتى.

لى جياڭفېڭ

## نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم قىلىش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2002 - يىلى «جۈپ بولۇش، مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» نامىدىكى نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئورگىنى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلاردىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 37 مىڭ 250 يۈەن ئىئانە قىلدى. 6 - ئايدا شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى، شىنجاڭ كازىۋېن كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىدىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، پېشقەدەم ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 100 ئىشچى- خىزمەتچى ئائىلىسىدىن ھال سورىدى، دوختۇرخانىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى خالىس كېسەل كۆرۈشكە تەشكىللەپ، 6000 يۈەنلىكتىن ئارتۇق دورا بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى كارخانا، نازارەت - ئىدارىلەرنىڭ ئىتتىپاق تەشكىلى سىستېما بويىچە ياردەم قىلىش - نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا مەسئۇل بولغان ئورۇنلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھال سوراش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 25 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە نەرسە ئىئانە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىرنەچچە مەيدان «قەلبداشلار» ھال سوراش ئويۇنى قويۇلدى، ئويۇن قويۇشقا ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرى، كارخانا، نازارەت - ئىدارىلەردىكى ياشلار، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتى. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى، ئەخلاقتا ھەم ئۆگىنىشتە ياخشى، ئېغىر قىيىنچىلىقى بار 21 ئوقۇغۇچى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «خېگىدېن ئوقۇش مۇكاپاتى»غا ۋە بۈيۈك جۇڭخۇا

مائارىپ فوندىغا ئېرىشتى.

لى جياڭفېڭ

## ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش پىلانى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2002 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش پىلانى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش پىلانىنى يولغا قويۇشقا دائىر ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرستىن سىرتقى 13 پەن - تېخنىكا ئىلمىي ئەسىرىنى 3 - نۆۋەتلىك «خىرىس لوڭقىسى» تيەنئەن سىلىتسىيلىق جىلغا جۇڭگو ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش پىلانى مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن «ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر يۈرۈشلۈك يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلەش ۋە سېتىش پىلانامىسى» دېگەن ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، مائارىپ نازارىتى قاتارلىق 3 ئورۇن بىرلىكتە شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىلىم بايرىمىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ياخشى تاشقى شارائىت يارىتىپ بەردى.

لى جياڭفېڭ

## ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىلىم بايرىمى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى مائارىپ نازارىتى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە، 2002 - يىل 9 — 12 - ئايغىچە شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىلىم بايرىمى يۈرۈشلۈك پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. پائالىيەت داۋامىدا 6 مەيدان مەخسۇس ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، بۇلارغا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى قاتناشتى، 9 مەيدان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇنازىرە مۇسابىقىسى، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 7 ئالىي مەكتەپ بىلەن بىرلىشىپ، ئىگىلىك تىكلەش پىلانى مۇسابىقىسىنى نەق مەيداندا كۆرسىتىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى، 17 ئالىي مەكتەپتىن 4000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەشكىللىنىپ، خور ئۆتكۈزۈلدى، مەركىزىي شەھەردىكى ئون نەچچە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپنىڭ مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىسى تەشكىللىنىپ، ئۈنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار كەسپىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇشۇ بىر يۈرۈش پائالىيەتلەر ئارقىلىق ساپا مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش زىچ چۆرىدىلىپ، «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش پىلانى» ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن يېڭىلىق يارىتىش روھىغا، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىغا ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىسى يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى.

لى جياڭفېڭ

## ياشلار بىرلىك سەپ خىزمىتى

ش ئۇ ئار ئىتتىپاق كومىتېتى 2002 - يىل 8 - ئايدا مەملىكەتلىك ياشلار بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنى ئېچىشنى ئۈستىگە ئالدى، يىغىنغا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ 1 - شۇجىسى جۇ چياڭ، دائىمىي ئىشلار شۇجىسى سۇن جىنلۇڭ، شۇجىسى خۇ ۋېيلار قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مۇئاۋىن شۇجى جۇ شېڭتاۋلار يىغىن ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. يىغىن مەزگىلىدە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى جۇ چياڭ ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئورگىنىنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ياش دىنىي زاتلار خىزمىتى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلدى، شىنجاڭنىڭ دىنىي ساھەسىدىكى ياش ۋەكىللىك زاتلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەندى، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئۈرۈمچىدە ئېكسكۇرسىيە ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەندى.

لى جياڭفېڭ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى

مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتى    2002 - يىلى «ئۈمىد قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك كىرىم - چىقىم ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تەپتىش قىلىنغان نەتىجىسى» ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە تامامەن ئۇيغۇن چىقتى. 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەمۇرىي تەپتىشلىك سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، تەپتىشلىك نەتىجىسى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىندى.

11 ۋىلايەت، ئوبلاست، 19 ناھىيە، شەھەرنىڭ نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتى ۋە «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇش خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. گېزىت - ژۇرنال، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدە تەشۋىقات سالمىقى زورايتىلىپ، «ئۈمىد يۇلتۇزى» ئۆسمۈرلەر تالانت - سەنئەت مۇكاپاتلىق

مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلدى، 16 - قۇرۇلتاي سوۋغىسى سۈيىتىدە، ئىشلەنگەن مەخسۇس فىلىمدە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە 3 خىل تىلدا 15 مىنۇت تەشۋىقات قىلىندى.

**ياردەم قىلىش خىزمىتى** 400 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى تەييارلىنىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان قىسمەن رايونلاردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىندى ۋە ماتارىيال ئەسلىھەلىرى رېمونت قىلىندى. «قول تۇتۇشۇپ ھىممەت - باپراملىق پۇلنى ئىئانە قىلىش»، «سودا سارايلارنىڭ پۇل ئىئانە قىلىشقا ئۈندەش بىرلەشمە ھەرىكىتى» قاتارلىق پۇل ئىئانە قىلىپ شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى 12 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، «سودا سارايلارنىڭ پۇل ئىئانە قىلىشقا ئۈندەش بىرلەشمە ھەرىكىتى» ئارقىلىق «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىغا ئاتالغان پۇل ئىئانە قىلىش ساندۇقىدىن 27سى كۆپەيدى. بىر يىلدا ئازكەم 3 مىليون يۈەن مەبلەغ تەييارلىنىپ، «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىدىن 14ى سېلىندى، قىيىنچىلىقى ئېغىر 57 ئوقۇغۇچى «ئۈمىد يۇلتۇزى» ئوقۇش مۇكاپاتىغا، ئوقۇشسىز قالغان 866 بالا «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىنىڭ ياردىمىگە، 150 قىيىنچىلىقى ئېغىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى «ئالتۇن يوپۇرماق ئۈمىد يۇلتۇزى» ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن «كۆك ئاسمان غەربىي رايون ئۈمىد يۇلتۇزى» ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش ياردەم فوندىغا ئېرىشتى.

## ئىتتىپاق قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سۆز قىلدى. يىغىنغا پىشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى، پىشقەدەم كادىرلار ۋەكىللىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرساھە ئىلغار ياشلار ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 300دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى «ئىتتىپاق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەڭگۈ پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭايلى» ناملىق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى چۆرىدەپ، ئارقا - ئارقىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى، تەقدىرلەش يىغىنى، نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى، قوش تىللىق نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللىك خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئىتتىپاقنىڭ پارلاق تارىخى ۋە شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىشكە يېتەكلىدى ۋە تەربىيىلىدى، ئىتتىپاق تەشكىلىنىڭ ئۇيۇشچانلىقىنى ۋە تەسىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

لى جياڭفېڭ

## ياشلار تاشقى ئىشلار خىزمىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى ۋە ياش كارخانىچىلاردىن 45 كىشىنى گېرمانىيىنىڭ بېرلىن ئىقتىساد - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش تەربىيىلەش مەركىزىگە ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى. 8 ئۆسمۈرنى قىرغىزىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن «ئىسسىق كۆل يۇلتۇزى» ناملىق كىلاسسىك مىللىي مۇزىكا بايرىمىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى.

لى جياڭفېڭ

# ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى

## ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

**تەشكىلىي قۇرۇلۇشى** 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندا كەنت (ئاھالە) ئاياللار قۇرۇلتىيىدىن 10 مىڭ 456سى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاياللار كومىتېتىدىن 4187سى، ئاياللار كەسپىي جەمئىيىتى، بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى، تەتقىقات جەمئىيىتىدىن 1032سى بار بولدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 67 ناھىيە، شەھەرنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاياللار خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، «خىزمەت ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا پىكىر»نى تۈزۈپ تارقاتتى.

**ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە** 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ھەرمىللەت ئاياللىرىنى «تۆتكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل»دا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، ئاياللار بىرلەشمىسىدىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «ئاياللار ساپاسى قۇرۇلۇشى»نى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈردى. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىقلار بويىچە تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ۋە دۆلەت مەمۇرلىرىغا دائىر بىلىملەر، پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزامغا دائىر نىزاملار، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىغا دائىر ئىبرەت

تەربىيىسى بويىچە مەركەزلىك ئۆگىنىش ئېلىپ باردى ۋە ئىمتىھان ئالدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئۇدا 4 يىل ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىكتە ئىلغار ئورۇن، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ئىلغار ئورۇن بولدى. 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 8 - نۆۋەتلىك ئىجرائىي كومىتېتىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا 8 - نۆۋەتلىك ئىجرائىي كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر خۇلاسىلىنىپ، 2002 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 8- نۆۋەتلىك كومىتېتقا 2 دائىمىي ئەزا، ئىجرائىي كومىتېتقا 10 ئەزا تولۇقلاندى. 3 - ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «8 - مارت» ئاياللار بايرىمىنى تەبرىكلەپ، ئالاھىدە پروگرامما ئۇيۇشتۇردى، ئۈرۈمچى رايونىدىن كەلگەن 100 دىن ئارتۇق ھەرمىللەت ئايال كادىر «كۆڭۈل ئېچىش ماكانى ۋە زامانى» پروگراممىسىدىكى قىزىقارلىق پائالىيەتكە قاتناشتى؛ ھەرمىللەت - ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ «8 - مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمىنىڭ 92 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە يېڭى ئەسىردىكى يېڭىچە ئاياللارنى مەدھىيىلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 800 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئايال قاتناشتى، ئاپتونوم رايوندىكى 10 نەچچە نازارەت، ئىدارىنىڭ ئاياللىرى سەھنىدە سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسەتتى. 8 - 10- ئايغىچە «ئىش ئورنىدا كىتاب ئوقۇش» ۋە ئائىلە مەدەنىيەت- سەنئەت بايرىمى پائالىيىتى، ئائىلە باشقۇرۇشقا دائىر نادىر ئەقلىيە سۆزلەرنى توپلاش ۋە تەكشۈرۈش قەغىزى ئارقىلىق ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى مەملىكەتلىك ئائىلە مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى پائالىيىتىنى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى كانادا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىدىن زىيارەتكە كەلگەن گې سۇشەن (خەنزۇچە ئىسمى) باشچىلىقىدىكى 5 كىشىنى كۈتۈۋالدى، ئۇلارغا شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ تەرەققىيات، ئىلگىرىلەش ئەھۋالى بىلەن شىنجاڭدىكى ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى تونۇشتۇردى؛ ھەر مىللەت ئايال كادىرلارنى ج ك پ مەملىكەتلىك 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ تېلېۋىزىيىدە بېرىلگەن نەق مەيدان ئەھۋالىنى كۆرۈشكە، ئۇ ھەقتە سۆھبەت، مۇھاكىمە قىلىشقا تەشكىللىدى، كۇرس، لېكسىيەلەرنى ئۇيۇشتۇردى. 12 - ئايدا 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئاياللىرى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ 3 - قېتىملىق يىللىق يىغىنىنى ۋە ئاياللار نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچتى، يىغىن 37 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈپ باھالاش ئارقىلىق ئۇلاردىن 30نى تاللىدى، 2سى 1 - دەرىجىلىك، 5ى 2 - دەرىجىلىك، 10ى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 13ى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

2002 - يىلى بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە بەرپا قىلىش پائالىيىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. يۇقىرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ۋە ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى قۇرۇلۇشى تەشۋىقاتى بويىچە مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، يۇقىرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى پائالىيىتى، ئائىلە گۈزەل ئەخلاقىنى تۆمەن ئائىلىلەرگە يۈزلەندۈرۈش، بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە بەرپا قىلىش بويىچە باھالاپ سېلىشتۇرۇش، تۆمەنلىگەن ئاياللارنىڭ مېھىر - شەپقەت، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش جەمئىيەت ۋەدە بېرىشى بويىچە ئىمزا قويۇش پائالىيىتى قاتارلىق بىر يۈرۈش پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى.

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئۆزى مەبلەغ تەييارلاپ 32 كومپيۇتېر ۋە باسما ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 30 نامرات ناھىيە بىلەن بىر ۋىلايەتلىك، بىر ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسىگە ھەدىيە قىلدى؛ قىيىنچىلىقى بار كارخانا، ئاپەت رايونى ۋە سىستېما بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئۇقتىملىرىغا 100 مىڭ يۈەن قىممىتىدە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى؛ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ «زېمىنغا مۇھەببەت . ئانا سۇ» قۇرۇلۇشى تورىنىڭ ئوڭۇشلۇق پۈتكۈزۈلۈشىگە ھەمدەمچىلىك قىلىندى، بۇ قۇرۇلۇشتا 2 قۇدۇق كولاندى، 2 سۇ زاۋۇتى ياسالدى، 159.6 كىلومېتىر سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، بۇ ئارقىلىق 10 كەنت، 9 مەكتەپ، 2342 ئائىلە، 11 مىڭ 964 ئادەم، 22 مىڭ 593 چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى. مۇشۇ تۈردە ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 2002 - يىللىق تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، دۇ رومېي، چېن شياۋخۇا، جاڭ چىڭجۈن، تۇرغۇن مىجىتلار مۇنەۋۋەر شەخس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ژۇرنال تەشۋىقاتى 2002 - يىلى «شىنجاڭ ئاياللىرى» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلى ئوتتۇرىچە 85 مىڭ نۇسخا، «ھەمراھ» ژۇرنىلى ئوتتۇرىچە 30 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. «ھەمراھ» ژۇرنىلىغا 2002 - يىلى دۆلەت ئاخبارات نەشرىيات مەھكىمىسى جۇڭگو ژۇرناللار كۋادرات ماترىتساسى بويىچە قوش ئۈنۈملۈك ژۇرنال بەلگىسى بەردى.

«ئىككى پروگرامما» خىزمىتى 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاياللار تەرەققىيات پروگراممىسى (2001 — 2010 - يىلغىچە)» بىلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بالىلار تەرەققىيات

پروگراممىسى (2001 — 2010 - يىللىقچە)» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئىككى پروگرامما» دېيىلىدۇ) نى تۈزۈپ چىقتى، ئۇلارنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ ماقۇللىدى، 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى رەسمىي تارقىتىلىپ يولغا قويۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 90 ناھىيە، شەھەر (رايون) دە «ئىككى پروگرامما» ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى بۇ يېڭى پروگراممىنىڭ تەشۋىقات قوللانمىسىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە 150 مىڭ نۇسخا بېسىپ تارقاتتى. 8 — 10 - ئايغىچە ئىلى، قەشقەرلەردە «ئىككى پروگرامما» بويىچە 2 قارار كۇرس ئېچىپ، 650 ئادەمنى تەربىيىلىدى. 6 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە قىسمەن ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىك ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتلىرىمۇ تايانچ كادىرلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

4 - ئاينىڭ 12 -، 13 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار - بالىلار خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 90 - يىللاردىن بۇيانقى ئاياللار - بالىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى خۇلاسىلەندى، يېڭى دەۋردە «ئىككى پروگرامما» نى يولغا قويۇش، ئىزچىللاشتۇرۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەنلەر يىغىندا سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار - بالىلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر ئەسىرىدىن خىزمەت دوكلاتى بەردى. يىغىندا يەنە ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى ۋە قۇمۇل شەھىرىدىن ئىبارەت 4 ئورۇن مەملىكەت بويىچە 90 - يىللاردىكى ئاياللار - بالىلار پروگراممىسىنى يولغا قويۇشتا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ تەقدىرلەندى.

2002 - يىلى «ئانىلار ئامانلىقى» تۈرى خىزمىتى 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 45 ناھىيە، شەھەر (دېھقانچىلىق مەيدانى) دە قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى سەھىيە نازارىتىگە ماسلىشىپ، دۆلەت «ئانىلار ئامانلىقى» تۈرى مۇپەتتىشلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قەشقەر، ئاتۇش شەھەرلىرىگە بېرىپ، بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك مۇپەتتىشلىك ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا ياردەملەشتى. ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتى خاڭجۇ شەھىرىدە ئاچقان ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ سەھىيە ۋە ئوزۇقلۇق تۈرى يىللىق يىغىنىدا شىنجاڭ ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىغا «بالىلار ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتى» يەنى «بالىلار دوستى مۇكاپاتى» بەردى. بۇ 31 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى مۇشۇ سىستېما بويىچە تەقدىرلەنگەن بىردىنبىر ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

ئاياڵ كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 308 مىڭ 600 ئاياڵ كادىر بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 46.52%نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆلكە دەرىجىلىك ئاياڵ كادىر 5، نازارەت - ئىدارە دەرىجىلىكى 76 بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 6.63%نى؛ ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىر 1781 بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 14.48%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئاياڵ رەھبىرىي كادىر، 96 ناھىيە (شەھەر، رايون) نىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىگە 224 باش ۋە مۇئاۋىن ئاياڵ رەھبىرىي كادىر، بازار (مەيدان) لارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىگە 857 باش ۋە مۇئاۋىن ئاياڵ رەھبىرىي كادىر سەپلەندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، زاپاس ئاياڵ كادىر ئىختىساسلىقلار ئامبىرىدا ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك زاپاس ئاياڵ كادىردىن 1342سى بار بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار ئاياڵ كادىر 232 مىڭ 149 بولۇپ، ئاياڵ كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 79.31%نى ئىگىلىدى.

ئاياڵ كادىرلارنى تەربىيىلەش 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بىر قارار ئاياڵ كادىرلارنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام ئاياڵ كادىردىن 90 نى تەربىيىلىدى. ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسى كادىرىدىن 9نى تاللاپ، چەت ئەلگە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىردىن 70نى تەشكىللەپ، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى جوڭخۇا ئاياللار ئىنىستىتۇتىدا ئاچقان ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇردى. ش ئۇ ئا ر ئاياڵ كادىرلار مەكتىپى ئاساسىي قاتلامدىكى كەسپىي تېخنىكا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاياللاردىن 344نى تەربىيىلىدى؛ خوتەن، تۇرپان ۋىلايەتلىرىگە ۋە قۇمۇل شەھىرى، ش ئۇ ئا ر 3 - بىناكارلىق شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھىرىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار كومىتېتى، شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلەپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى.

لىيۇ ۋەنجۇن

## «ئاياللار تۆھپە يارىتىش» مۇسابىقە پائالىيىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «مەھەللە ئاياللار خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» تارقىتىپ، «ئاياللارنىڭ مەھەللە مۇلازىمىتى قۇرۇلۇشى»نى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، مەھەللە ئاياللار خىزمىتىنى ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئاياللارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى مەھەللە مۇلازىمىتى، ئائىلە مۇلازىمىتى قاتارلىق 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، كىچىك سوممىلىق قەرز بېرىش، جەمئىيەت ياردەم بېرىش ۋە تۈرلەرنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئايال ئىشچىلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشى جەھەتتە ئۇلارنى ئۇچۇر، تەربىيىلىنىش، مەبلەغ ياردەم قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، بۇ ئارقىلىق ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 1300 دىن ئارتۇق ئايال ئىشچىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللار مەھەللە مۇلازىمەت كۆزدىسى 20 نەچچىگە يەتتى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 6500 دىن ئارتۇق ئايال ئىشچى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، جۇڭخۇا ئايال پىدائىيلار قوشۇنىغا 600 دىن ئارتۇق كىشى قوبۇل قىلىندى.

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى شىنجاڭ ئايال كادىرلار مەكتىپىنى ئاساس قىلىپ ئاچقان شىنجاڭ ئاياللار كەسپىي مەكتىپى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، غەربچە، مىللىيچە پېچىنە - تورت پىشۇرۇش، تىككۈچىلىك، ئائىلە مۇلازىمىتى، گۈل تىزىش سەنئىتى، ھۆسن تۈزەش - ساتىراشلىق قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇپ، بىر يىلدا جەمئىيەتتىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان قىز - چوكانلار ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئايال ئىشچىلاردىن 208نى تەربىيىلىدى. 6 - ئايدا شىنجاڭ ئاياللار كەسپىي مەكتىپى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تەشكىللىگەن شىنجاڭ بويىچە كەسپىي ماھارەتتە تەربىيىلەش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان، ئىشسىز قالغان، ئىش كۈتۈپ تۇرغان خادىملار ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا پېچىنە - تورت پىشۇرۇش كەسپى بويىچە كوللېكتىپ ۋە ئورۇنلار ئارا 2 - بولدى.

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ «ئاياللارنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە ئىش ئورنى»نى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. جايلار «ئاياللارنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە ئىش ئورنى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە، كەسىپ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ، ئۈلگە ئىش ئورنى بەرپا قىلىش ساھەسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر «ئاياللار تۆھپە يارىتىش» مۇسابىقە پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئاياللارنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە ئىش ئورنى»لىرىنى باھالاپ سىنىدى ۋە تەكشۈرۈپ نازارەتچىلىك قىلدى. 12 - ئايدا جايلار ۋە ھەر ساھە - ھەر كەسىپتىكىلەر ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈش، ئۆزئارا تەكشۈرۈش ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈش، سىناپ باھالاش پائالىيەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، «ئاياللارنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە ئىش ئورنى» بەرپا قىلىش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

لىيۇ ۋېنجۈن

## «ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يېزا ئاياللىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىشنى يېزا ئاياللار خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ تۇتۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاياللارنىڭ «سىياسىينى ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، ئىتتىپاقلىقتا، نەتىجىدە، تۆھپىدە بەسلىشىش»تىن ئىبارەت «ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇردى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دېھقانچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى، پەن - تېخنىكا نازارىتى ۋە ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە «ئاياللارنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىش قۇرۇلۇشى»نى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»، «10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، تۈمەنلىگەن يېزا ئائىلە ئاياللىرىنى يۈزلىگەن يېڭى تېخنىكا»نى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش پىلانىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، «ئاياللارنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىش قۇرۇلۇشى» بىلەن «ئاياللارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇشنى يېڭى بىر نۇقتىلىك «ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىنىڭ داۋامى ۋە ۋاستىسى قىلىپ، ئەمەلىي تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش سالمىقىنى كۈچەيتتى، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يىلىغا 150 مىڭ يېزا ئايالىنى تەربىيىلەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەر

لېكسىيە سۆزلەش، ئەق مەيداننى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ھەرمىللەت يېزا ئاياللىرىنى يېتىشتۈرۈپ، تۈر، مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن قوللىدى.

ئاپتونوم رايوندىكى ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بىلىملىرى بويىچە 2046 قارار (قېتىم) كۇرس ئېچىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 293 مىڭ ئايال (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ، كۇچا، توقسۇ، شاھيار قاتارلىق 10 ناھىيە ۋە قىسمەن نۇقتىلىق نامرات يېزا- بازار ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ تېخنىكا كۇرسى ئېچىش ئىشىغا يار - يۆلەك بولۇپ، 1000 دىن ئارتۇق ئايالنى تەربىيىلىدى. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاياللار بىرلەشمىلىرى 2 مىليون 68 مىڭ يۈەن ئاز سوممىلىق قەرزنى قولغا كەلتۈردى ۋە تارقاتتى. جۈپ بولۇپ نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش جۈپى 14 مىڭغا يەتتى. نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئالاقە باغلاش ئائىلىسىدىن 34 مىڭى بارلىققا كەلدى، 21 مىڭ يېزا ئايالىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى.

جايلاردا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇئەييەن كۆلەمگە، ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۈنۈمى ياخشى بولغان، ئاياللار پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلىشتا ئۈلگە كۆرسىتىش بېغىدىن 486نى، ئاياللار پەن - تېخنىكا ئارقىلىق باقمىچىلىق قىلىشتا ئۈلگە كۆرسىتىش بېغىدىن 128نى، «8 - مارت» ئۆزگىچە ساياھەت بازىسىدىن 26نى، «8 - مارت» مېۋىلىك باغ بازىسىدىن 320 گېكتار، «8 - مارت» كۆچەت بازىسىدىن 218.67 گېكتار، «8 - مارت» يېشىل ئىھاتە ئورمان بەلبېغىدىن 446.67 گېكتار، «8 يۈز» قۇرۇلۇشى ئۈلگە بازىسىدىن 70.67 گېكتار، «10 بىر قۇرۇلۇشى» ئۈلگە ئائىلىسىدىن 16 مىڭنى قۇرۇشقا ياردەم بېرىلدى ياكى يېڭىدىن قۇرۇلدى، بۇ ئارقىلىق ئاياللارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بىر تۈركۈم ئىقتىسادىي گەۋدە شەكىللەندى.

3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى شەھەر - يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئارزۇگۈل مامۇت «ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

5 - ئايدا قۇتۇبى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا، چېن خۇيىڭ (ئورۇمچى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ كادىرى)، پاتىگۈل توختىقۇربان (يەكەن ناھىيىسى بەشكەنت بازارلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ كادىرى) «ئاپتونوم رايون بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لىۋ ۋېنجۈن

## ئاياللار - بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتى

1. مەنبەدىن ئارىلىشىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداشتا ئىجتىمائىيلاشقان تور ھاسىل قىلىندى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «شىنجاڭنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يولغا قويۇش چارىسى» دېيىلىدۇ) توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا قاتناشقان 50 نەچچە ۋەكىل «يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشكە ماس كەلمەيدىغان 7 -، 15 -، 27 -، 35 - ماددىلىرى ئۈستىدە تۈزىتىش پىكرى بەردى ھەمدە بۇ پىكىرنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىچكى ئىشلار - ئەدلىيە كومىتېتىغا يوللىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشنى شەرت قىلىپ تۇرۇپ، «شىنجاڭنىڭ كوللېكتىپ توختام تۈزۈمى (لايىھىسى)»نى مۇزاكىرە قىلدى ۋە تۈزەتتى. 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ يېزا ئاياللىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دائىر مەسىلىلەرنى تەكشۈردى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى بىلەن مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 10 يىلدىن بۇيان ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى يازما دوكلات قىلدى. 10 - ئايدا ئەدلىيە نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ش ئۇ ئا ر قانۇنىي ياردەم بېرىش مەركىزىنىڭ ئاياللار بىرلەشمىسى خىزمەت باشقارمىسى قۇرۇلۇپ ۋىۋىسكىسى ئېسىلدى، ئۇنىڭ ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەت بۆلۈمىدە تەسىس قىلىندى.

2. قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات - تەربىيىسى ۋە تەربىيىلەش خىزمىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. 3 - ئايدا «8 - مارت» ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداش بويىچە قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش، قىزىق لىنىيىلىك مۇلازىمەت تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر ئايال-

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى پەن قانۇننى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇرلاپ تەشۋىق قىلىش - تەربىيىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 4 كادىرنى ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتىپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام ئايال كادىر - ئاممىغا قانۇن بىلىملىرى لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇردى. 8 - ئايدا ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدىكى موۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن كادىرلىرىدىن 167سى موۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن بىرلەشمە سوتنىڭ «تەكلىپلىك خەلق زاسېداتېلى» بولۇش بويىچە ئىش ئورنىدا تەربىيىلەندى. «4 - دېكابىر» قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى كۈنىدە ئۈرۈمچى، خەنزۇچە بىر قارار قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 600 دىن ئارتۇق ئايال خىزمەتچى لېكسىيە ئاڭلىدى. ئاياللار تۇرمىسىگە بېرىپ، يېڭى يىل ۋە باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش، قېرىنداشلىق مېھرى ئارقىلىق ياردەم بېرىش - تەربىيىلەش بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىندى، ئايال جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلەشكە ياردەم بېرىش توغرىسىدا تۈرمە بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 3400 مەيدان (قېتىم) قانۇن بىلىملىرى لېكسىيىسى، دوكلات يىغىنى ۋە كۇرس ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 400 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىغا (قېتىم) تەربىيىلەندى.

3. ئاياللار تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇلۇپ، بالا ئالداشنى توسۇش، قىمار ۋە زەھەرنى چەكلەش قاتارلىق جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، ھەرتەرەپلىمە تۈزەش ئىشلىرىغا داۋاملىق ئىشتىراك قىلىندى. 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر زەھەر چەكلەش كومىتېتى بىرلىكتە 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە زەھەر چەكلەش كومىتېتلىرى بىلەن «زەھەرنى ئۆيۈمگە يولاتمايمەن» دېگەن مەزمۇندا ۋەدىنامە ئىمزالىدى. 5 ناھىيە، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان زەھەرسىز ناھىيە بەرپا قىلىش ئەھدى پائالىيىتىگە قاتناشتى، لوپنۇر ناھىيىسى قاتارلىق 30 ئورۇن «زەھەرسىز ئورۇن» بولدى ھەم ئۇلارغا شۇنداق تاختا بېرىلدى. «26 - ئىيۇن» خەلقئارا زەھەر چەكلەش كۈنىدە شىنجاڭ ئايال تەپتىشلەر جەمئىيىتى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن ئەدلىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرى رادىئو نۇتقى سۆزلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئاياللار مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان «نىكاھ قانۇنى»دىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەندى، شىخو شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى مەملىكەت بويىچە تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، شىخو شەھىرىدىن شيې لىڭ مەملىكەت بويىچە شەخسلەر ئارا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە «ئاياللار قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئاساسىي تېما قىلىنغان چوڭ كۆلەملىك قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بۇ ھەقتە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، پائالىيەت مەزگىلىدە ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدا قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش نۇقتىسىدىن ئالتىسى قۇرۇلدى، 3 تەشۋىقات ئاپتوموبىلى چىقىرىلدى، 15 لوزۇنكا تارتىلدى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە 40 مىڭدىن ئارتۇق تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى «ئاياللار قانۇنى»، «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى»، «نىكاھ قانۇنى» ۋە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تەشۋىقات، مەسلىھەت بېرىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.



2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ھەر مىللەت ئاياللىرىغا يۈزلىنىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئائىلە مۇلازىمىتى، گۈل تىزىش سەنئىتى، ھۆسن تۈزەش - ساتىراشلىق قاتارلىق جەھەتلەر بويىچە تەربىيىلەشنى قانات يايدۇردى. سۈرەتتە ھەر مىللەت ئاياللىرى 6 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىدە غەربچە ۋە مىللىيچە پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇش مۇسابىقىسى قىلماقتا.

سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى تەمىنلىگەن

ئېيتىشلەرنى ئەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا «زەھەر چەكلەش شەھىرى» ناملىق مەشئەل يەتكۈزۈش پائالىيىتى ۋە «زەھەرنى يوقىتىپ، ھاياتىمىزنى قەدىرلەيلى» ناملىق تۈمەن ئىمزالىق قەغەزگە ئىمزا قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، ھەمدە مەسلىھەت سورىغان ئاممىغا 5000 دىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى.

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بىر يىلدا ھال ئېيتىپ كەلگەن 277 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، 37 پارچە خەتنى بىر تەرەپ قىلدى، 140 نەچچە ئادەم (قېتىم) گە تېلېفوندا مەسلىھەت بەردى. ۋاكالىتەن سوتقا چىقىپ بىر تەرەپ قىلغان ھەق - تەلەپ دېلوسى ۋە سوت مەھكىمىسىگە ماسلىشىپ مۇۋاپىق مۇرەسسە قىلغان دېلو 6 گە يەتتى، 9 قېتىم سىرتقا چىقىپ مۇرەسسە قىلدى؛ خەلق ئىشلىرى، ئەدلىيە، سەھىيە تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، ھال ئېيتىپ كەلگەن قىيىنچىلىقى بار 20 نەچچە ئايال (قېتىم) نى قوتقۇزۇۋالدى، قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئارقىلىق ياردەم بېرىش، ماسلاشتۇرۇش، مۇرەسسە قىلىش جەھەتتە رازى قىلىش نىسبىتى %90تىن ئاشتى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى رەئىسلەر ئەرز قوبۇل قىلىش تۈزۈمى كۈنسېرى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈچ دەرىجىلىك ئەرزىيەت تورى تەشكىللى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىرى، ئايال تەپتىشلەر جەمئىيىتى، ئايال سودىيىلەر جەمئىيىتى، ئايال ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى شۇنداقلا ئاياللار - باللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش بىرلەشمە سوتى، ئەدلىيە ئورگانلىرى قاتارلىق جەمئىيەتتىكى ھەرساھەنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، 6000 دىن ئارتۇق (قېتىم) ئەرزىيەتنى بىر تەرەپ قىلدى.

ليۇ ۋەنجۈن

## باللار - ئۆسمۈرلەر خىزمىتى

1. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ باللار تەرەققىيات پروگراممىسى (2001 — 2010 - يىللىقچە)» تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 2002 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «،كىچىك پۇقرا، ئەخلاق قۇرۇلۇشى پىلانىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئىتتىپاق كومىتېتى، مائارىپ نازارىتى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى قاتارلىق 7 ئورۇن بىلەن بىرلىكتە «جۇڭگو ،كىچىك پۇقرا، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇش لايىھىسى»نى تارقاتتى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە ئىشلەنگەن «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمىنى تەبرىكلەش تېلېۋىزىيە سەنئەت كېچىلىكىنى سۈرەتكە ئالدى، شىنجاڭ باللار تەرەققىيات مەركىزىدىكى باللار يەنە «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن كاتتا تېلېۋىزىيە سەنئەت كۆرىكى ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا شىنجاڭنىڭ ،كىچىك پۇقرا، ئەخلاق قۇرۇلۇشى پىلانى رەسمىي يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت باللارغا، ئۆسمۈرلەرگە «لاياقەتلىك كىچىك پۇقرا بولۇش» پائالىيىتى تەشەببۇسنامىسى تارقىتىلدى. جايلاردا «كىچىك پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى پىلانى» پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى باللار باغچىسى ۋە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «بەش كىچىك» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش بىلەن ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى رەھبەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمىنى تەبرىكلەش - ھال سوراش ئۆمىكى SOS باللار كەنتى، باللار پاراۋانلىق ئورنى، قىيىنچىلىقى ئېغىر شىنجاڭ 9 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ باللار باغچىسىدىن ھال سوراپ، ئۇلارغا 20 مىڭ يۈەن قىممىتىدە يېمەكلىك ۋە پۇل بەردى.

2. ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتى.

2002 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنى ئېچىلىپ، جەمئىيەتنىڭ 3 - دائىمىي كېڭەش ئەزاسى تولۇقلاندى. 8 - ئايدا «ئاپتونوم رايوننىڭ ئائىلە باشلىقلىرى مەكتەپلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئائىلە تەربىيىسىگە دائىر 10 - بەش يىللىق پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى. 7 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە ش ئۇ ئا ر ئائىلە تەربىيىسى تايانچلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 55 تايانچ تەربىيىلەندى. 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ باللارنى مەكتەپ سىرتىدا تەربىيىلەش بازىسىدا ئېلېكترونلۇق رويال، روباب، تېز ئوقۇش، كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇش قاتارلىق 7 كەسىپ كۆپەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن كۇرس ئىلگىرىكى 21دىن 43كە يەتتى، تىزىمدىكى كۇرسانت 700دىن ئاشتى، 3000 دىن ئارتۇق بالا (قېتىم) تەربىيىلەندى. 4 — 6 - ئايغىچە رەسىم سىزىش كەسپىدىكى باللار مەملىكەتلىك «تاڭ نۇرى لوڭقىسى» باللار رەسىم سىزىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، بىرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 7سى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 20سى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بۇ ئورۇن مۇنەۋۋەر تەشكىللەش ئورنى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «يەر شارى ۋە مۇھىت» دېگەن تېمىدىكى سىچۈەن خەلقئارالىق ھۆسنخەت- رەسىم - فوتوسۈرەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 2سى ئالتۇن

مۇكاپاتقا، 2سى كۈمۈش مۇكاپاتقا، 20سى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 0 ـ 3 ياشقىچە بولغان بوۋاقلار، كىچىك بالىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن «ئاتا ـ ئانىلار سىنىپى»، «ئائىلە تەربىيىسى بويىچە ئايلىق يېتەكچىلىك پىلانى» قاتارلىق كونسۇلتاتسىيە كۇرسلىرى ئېچىلدى. ئائىلە سايا مائارىپى بويىچە 86 مەيدان لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇلدى، 64 مىڭدىن ئارتۇق ئاتا ـ ئانا (قېتىم) لېكسىيە ئاڭلىدى. ئائىلە تەربىيىسىدىن مەسلىھەت بېرىش پونكىتى قۇرۇلدى، ئازكەم 200 كىشى مەسلىھەت سورىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيىسى بىلەن بىرلىكتە بالىلار بىلەن ئوفېتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ سالامەت ـ سەنئەت پائالىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ھەربىي لاگېرغا يۈرۈش قىلىش» ناملىق مەخسۇس فىلىم ئىشلەندى. «نەشپۈت شەھىرىگە بېرىپ، بايىنغولىندىكى كىچىك دوستلار بىلەن قول تۇتىشايلى» ناملىق يازلىق لاگېر پائالىيىتى تەشكىللەندى. «شىنجاڭ بالىلار تورى» قۇرۇلدى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، «پىدائىيلارغا كۆڭۈل بۆلۈش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن تۇنجى بولۇپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 11 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئۆگىنىشتە ھەم ئەخلاقتا ياخشى 9 نامرات ئوقۇغۇچىغا ياردەم بېرىلدى.

3. غۇنچىلار پىلانى يولغا قويۇلۇپ، نامرات قىز بالىلارغا ياردەم بېرىلدى. 2002 ـ يىل 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «شىنجاڭنىڭ ‹غۇنچە قىزلار سىنىپى›نى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ تارقىتىپ، ئۇقتىسلىق ناھىيە، شەھەرلەردە «غۇنچە قىزلار» فوندى ئىشچوتى تەسىس قىلدى. «غۇنچە قىزلار ‹ئۈمىد› باشلانغۇچ مەكتىپى»، «غۇنچە قىزلار سىنىپى»نى داۋاملىق ئاچتى، ھاۋا ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ ياردىمىدە 20 مىڭدىن ئارتۇق نامرات قىز ئوقۇغۇچىنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەلدى. 5 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ، «نامرات، قىيىنچىلىقى بارلارنى يۆلەش، ئىئانە توپلاپ ئۇلارنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بېرىش» تېلېۋىزىيە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئورگىنى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار ۋە ھەر قايسى پارتىيە ياچېيكىلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرىلا ئوقۇشسىز قالغان 20 نەچچە نامرات بالىغا جۈپ بولۇپ ياردەم قىلدى. 6 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئورگان پارتكومى، بالىلار بۆلۈمى شىنجاڭ لۇداۋان كۆمۈر كېنى پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپىگە 5000 يۈەن ئىئانە قىلدى، ئېغىر قىيىنچىلىقى بار 15 ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ پەرزەنتىنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم قىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «1 ـ ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمى ھارپىسىدا «غۇنچە قىزلار سىنىپى»دىكى قىزلارنى تەشكىللەپ، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. 9 ـ ئايدا شياڭگاڭ بالىلارنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىدىن مۇڭگۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىنى كىرگۈزۈپ، بۇ تۈرنى قىزىلسۇ، ئاقسۇ، تارباغاتاي، ئالتايلاردا يولغا قويدى. 10 ـ، 11 ـ ئايلاردا قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ، ئىلى ئوبلاستلىرىنىڭ 11 ناھىيىسىدە «غۇنچە قىزلار سىنىپى» تۈرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى.

3 ـ ئايدا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاسىنە (لوپ ناھىيە بۇيا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، پەن ۋېنلى (موري ناھىيە دۆڭچېك بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، تۇرپانگۈل (قىرغىز، ئاقتۇ ناھىيە ئاقتۇ بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، رىزا (تاجىك، تاشقورغان ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىن) لارغا «مەملىكەت بويىچە يۈز مۇنەۋۋەر غۇنچە قىز» دەپ؛ گۈلنۇر (مارالبېشى ناھىيە دۆلەتباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى) غا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر غۇنچە قىزلار باغۋىنى» دەپ؛ ماھىرە (قازاق، نىلقا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى) گە «مەملىكەت بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئون غۇنچە قىز» دەپ نام بەردى. 5 ـ ئايدا ماھىرە، بېيجىڭغا بېرىپ تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى، ھەم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭغا قىزىل گالستۇك تاقاپ قويدى.

5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون 3 ـ نۆۋەتلىك غۇنچىلار پىلانى خىزمىتىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، باھارگۈل (سانجى شەھىرى لىيۇخۇاڭگۇ بازىرى لوجىۋاڭزى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىن) قاتارلىق 12 قىزغا «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر غۇنچە قىز» دەپ؛ ما خۇيىڭ (خۇيزۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونى دۇڭگۇ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى) قاتارلىق 9 ئوقۇتقۇچىغا «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر غۇنچىلار باغۋىنى» دەپ؛ نامرات قىزلارغا پۇل ئىئانە قىلغان مەريەم (ئۈرۈمچى شاھناز رېستورانىنىڭ باش دىرېكتورى) قاتارلىق 16 ئاق كۆڭۈل زاتقا «ئاپتونوم رايون بويىچە غۇنچىلار پىلانىنى قوللاشتىكى ئىلغار خىزمەتچى» دەپ؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بالىلار خىزمىتى بۆلۈمى قاتارلىق 7 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون بويىچە غۇنچىلار پىلانىنى يولغا قويۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ؛ ياڭ لىڭ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى) قاتارلىق 6 كىشىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹غۇنچىلار پىلانى› خىزمىتىنى قوللىغان ياخشى رەھبەر» دەپ نام بەردى.

لىيۇ ۋېنجۈن

## ھەمكارلىق تۈرلىرى خىزمىتى

1. 2002 - يىلى شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئەنگلىيە، ئاۋىستىرالىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىدار ھەمكارلىق تۈرلىرى بويىچە تەربىيىلەش ۋە يېڭى تۈرلەرنى ئالدىنقى قارارلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دەسلەپكى قارارلىق ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇردى. 1) تەشۋىقات - تەربىيىلەشكە دائىر كونا تۈرلەر. 4 - 7 - ئايغىچە ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنىڭ تۈر ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ مەكتەپلىرىدە ساغلاملىق تەربىيىسىگە دائىر تەشۋىقات، تەربىيىلەش ۋە تەكشۈرۈپ باھالاش ئىشلىرىنى تاماملىدى. 5- ئايدا ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «ھاياتنى قەدىرلەشنى ئۆزىمىزدىن باشلايلى» دېگەن تېمىدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساغلاملىق تەربىيىسى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 -، 41 -، 14-، 36 - ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى بالىلار، ئۆسمۈرلەر قاتناشتى. بۇ 5 مەكتەپ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساغلاملىق تەربىيىسى بويىچە ئاپانچىلارنى تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇش سىناق قىلىنىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىنىپ، تەربىيىلەشكە دائىر ئۇچۇق دەرس تەسىس قىلىندى. 2) يېڭى تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئىلتىماس قىلىش. 5- ئايدا شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ تۈر خادىملىرى ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنىڭ تۈر دىرېكتورى، تېخنىكا مەسلىھەتچىلىرى بىلەن بىللە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرلىرىنى يولغا قويۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى. 6 - ئايدا جۇڭگو، ئاۋىستىرالىيە ئەللىرىنىڭ شىنجاڭدا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە غەمخورلۇق قىلىش تۈرىنى باشلاش مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. 7 - 10 - ئايغىچە شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سايباغ رايونىدىكى ئايال يەككە سودا - ساناەتچىلەر ئارا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۈرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە دەسلەپكى قارارلىق ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 8 -، 9- ئايلاردا شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ تۈر خادىملىرى ئاۋىستىرالىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو - ئاۋىستىرالىيە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - غەمخورلۇق قىلىش تۈرىگە دائىر ئاساسىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە دەسلەپكى قارارلىق ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى. 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى.

2. كانادا باش ئەلچىسى فوندى تۈرى بىلەن يېڭى زېلاندىيە ئەلچىسى فوندىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى. 2002- يىلى 2001 - يىلى ئىلتىماس قىلىنىپ تەستىقلانغان 2 تۈرنىڭ مەبلىغى نەقلەشتى. قاراقاش ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنى گىلەم توقۇش بويىچە تەربىيىلەش تۈرى ئىجرا قىلىندى، ياپىنغولىندىكى «8 - مارت» يېشىل نەشپۈتلۈك بازىسى تۈرى باشلاندى، بۇ تۈرلەرگە 304 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلدى، 500 دىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت ئايال تەربىيىلەندى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى كانادا باش ئەلچىسى فوندى تۈرىدىن 11نى، دۇنيا بانكىسى ئىشخانىسىنىڭ تۈرىدىن بىرنى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «8 - مارت» يەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى تۈرىدىن 3نى ئىلتىماس قىلدى. 7 - ئايدا كانادانىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن تۈر ئەمەلدارى شياۋ لى (خەنزۇچە ئىسمى) خانىم باشچىلىقىدىكى 2 كىشى قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ 2001 - يىلىدىكى 7 تۈرنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى، 2002 - يىلى ئىلتىماس قىلغان تۈرلىرىنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى. تەكشۈرۈپ باھالاش ئارقىلىق شىنجاڭ ئاياللىرىغا ياردەم بېرىلىدىغان تۈرلەردىن رازى بولدى.

لىۋ ۋېنجۈن

## مەملىكەت بويىچە يېزا ئاياللىرىنىڭ «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» مۇسابىقىسى پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

2002 - يىل 6 - ئايدا مەملىكەتلىك يېزا ئاياللىرىنىڭ «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» مۇسابىقىسى پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋۇ لەنياڭ (بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى 142 - تۇەن - مەيداندىن)، رىزۋانگۈل (غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈزى يېزىسىدىن)، مەدىنەگۈل (قازاق، كۈنەس ناھىيە بەشتۈبە يېزىسىدىن)، لى سۇچېن (دۆربىلجىن ناھىيە شەھەر ئەتراپى يېزىسىدىن)، ئەۋلەي (موڭغۇل، قوبۇقسار ناھىيە قوشتولغاي بازىرىدىن)، قازىزا (قازاق، قابا ناھىيە چىبار يېزىسىدىن)، مەخپۇزە (جىمىنەي ناھىيە توست يېزىسىدىن)، كېشكىتا (موڭغۇل، بورتالا شەھىرى

بىلىنغارمۇدەۋۇن يېزىسىدىن) ، گو جېجېن (جىلاڭ ناھىيە تولى يېزىسىدىن) ، شۇ جىلاڭ (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى 152. تۈەن - مەيدانىدىن) ، ۋاڭ رۇخۇا (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8. شى 121 - تۈەن - مەيدانىدىن) ، فاڭ چى (ئۈرۈمچى ناھىيە لىيۇشىخۇ يېزىسىدىن) ، ئامىنىخان نەۋۇل (توقسۇن ناھىيە قولبويى يېزىسىدىن) ، ئۆبۈگۈل (تۇرپان شەھىرى يۈبلۈق يېزىسىدىن) ، فەن يۈشيا (باركۆل ناھىيە كۆيسۇ يېزىسىدىن) ، پاتىگۈل (قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىسىدىن) ، ھېيتەمخان زىيدۇن (كورلا شەھىرى چارباغ يېزىسىدىن) ، دورزەي (موڭغۇل، باغراش ناھىيە ئۇلان جېكسىن يېزىسىدىن) ، ئانارخان تۆمۈر (ئاۋات ناھىيە غورۇچۆل بازىرىدىن) ، پاتىگۈل ساپىر (كۇچا ناھىيە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن) ، جۇ لىپىڭ (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى 166 - تۈەن - مەيدانىدىن) ، يۈ خېڭجيۇاڭ (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى ماناس شىنخۇ 4. مەيدانىدىن) ، چېن فېن (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى 3. تۈەن - مەيدان يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن) ، ۋۇ جېجېن (جىمسار ناھىيە دايۈ يېزىسىدىن) ، شيا جىنجى (سىجۇەن شەھىرى سەندوبا بازىرىدىن) ، تۇرنىسا تۇرسۇن (خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرىدىن) ، ئالتۇنخان (قاراقاش ناھىيە قاراساي يېزىسىدىن) ، ئاتىگۈل غۇلام (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بارىن يېزىسىدىن) ، بۇسارىخان (يەكەن ناھىيە ئارال يېزىسىدىن) ، زورىگۈل (ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىسىدىن) ، تۇرسۇنخان توختى (ئاقتۇ ناھىيە پىلال يېزىسىدىن) ، ئايتىللا ئوسمان (شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن) دىن ئىبارەت 32 كىشىگە «مەملىكەت بويىچە ‹ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش، مۇسابىقە پائالىيىتىدە ئىلغار ئايال ماھىر» دەپ؛ پاتىگۈل سۇلايمان (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە دېھقانچىلىق تېخنىكىسى پونكىتىنىڭ ئالىي ئاگرونومى) ، جاۋ فېڭفېڭ (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى 79 - تۈەن - مەيدانىنىڭ ئاگرونومى) ، جياۋ ۋېنجۇن (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - شى تەمىنات - سودا - پاختا - چىگە باش شىركىتىنىڭ ئىنژېنېرى) ، گۈلنۇر خۇدابەردى (قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا ئۇچۇر پونكىتىنىڭ ئىنژېنېرى) ، جىياڭ گۇيفاڭ (قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسى تەرەققىيات مەركىزىنىڭ ئالىي ئاگرونومى) ، ۋاڭ يەن (پىچان ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسى مەركىزىنىڭ ئاگرونومى) ، چېن شىنخۇا (ساۋەن ناھىيە قورغاس دەريا بازارلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى پونكىتىنىڭ ياردەمچى ئىنژېنېرى) ، دۇ جيې (ئىلى ئوبلاستلىق ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچى) دىن ئىبارەت 8 كىشىگە «مەملىكەت بويىچە ‹ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش، مۇسابىقە پائالىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت خادىمى» دەپ؛ ئى ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى شەھەر - يېزا خىزمىتى بۆلۈمى بىلەن ماناس ناھىيىلىك «ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا «مەملىكەت بويىچە ‹ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش، مۇسابىقە پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى؛ ھەسەلخان (خېجىڭ ناھىيە خېجىڭ بازىرىدىن) ، لى خۇڭجېن (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 10- شى 187 - تۈەن - مەيدان سۇ پونكىتىدىن) ، لى خۇا (قۇمۇل راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن) ، ليۇ فېڭلىيەن (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى 29 - تۈەن - مەيدانىدىن) ، گۈلەيىم (قورغاس ناھىيە لەڭگەر يېزىسىدىن) ، يا يۈڭجېن (شىبە، چاپچال ناھىيە سۇنجاچىنۇرۇ يېزىسىدىن) ، چېن شۇيسۇن (بۇرۇلتوقاي ناھىيە جەئارال يېزىسىدىن) ، يۈ يۇڭخۇي (ئارشاڭ ناھىيە ئاڭگىلىڭ يېزىسىدىن) ، دىڭ گۇيبېي (گۇچۇڭ ناھىيە لوچىتەي بازىرىدىن) ، دۇ خېخۇا (ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىن) ، رېن لىڭ (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن) ، ئاتىكەم ئۆمەر (گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزىسىدىن) ، توختىخان غېنى (چەرچەن ناھىيە چوڭكۆل يېزىسىدىن) ، ئوغلەم موللانىياز (ئونسۇ ناھىيە توخۇلا يېزىسىدىن) ، مۇتەربىمخان تۇرسۇن (نىيە ناھىيە نىيە بازىرىدىن) ، رىيمىگۈل باسىت (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ئورمانچىلىق پونكىتىدىن) دىن ئىبارەت 16 كىشىگە «مەملىكەتلىك ‹8 - مارت› يېشىللىق مېدالى» بەردى؛ يەنجى ناھىيىسىدىكى يار تۆمەن مولۇق (667 گېكتار) يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق ئۈزۈم بازىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «‹8 - مارت› يېشىللىق قۇرۇلۇشى» ئۈلگە بازىسى مەملىكەت بويىچە «8 - مارت» يېشىللىق قۇرۇلۇشىدا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بولدى؛ ۋۇ لەنيىڭ (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى 142 - تۈەن - مەيدانىدىن) ، ھەسەلخان (خېجىڭ ناھىيە خېجىڭ بازىرىدىن) لار مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش سېپىدىكى ئون ئايال ماھىر مۇكاپاتىنىڭ ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لىيۇ ۋەنجۈن

## 3 - نۆۋەتلىك جوڭگو نېيتېڭ خەلقئارا بالا تەربىيىلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئەھۋالى

2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بېيجىڭدا بۇ مۇكاپاتنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، بالىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بالا تەربىيىلەش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان 7 زات مۇكاپاتلاندى. شىنجاڭدىن ئىجتىمائىي

پائالىيەتچىنىڭ ماھىنۇر قاسىمى (سابىق مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) نىڭ ئىسمى شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى.

لىيۇ ۋېنجۈن

## ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون كەسىپتىكى يۈز ماھىر»، «8 - مارت» قىزىل بايراقدارى بولغانلار

2002 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، كارخانا خىزمىتى كومىتېتى، ج خ نازارىتى، مائارىپ نازارىتى، قاتناش نازارىتى، ئالاقىلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى بىرلىكتە رابىگۈل ئىسمىن (قاغىلىق تاشيول باش ئۆچاستكىسى شېھىتلىك ئاياللار يول ئاسراش پونكىتىدىن) قاتارلىق 100 مۇنەۋۋەر ئايالغا ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون كەسىپتىكى يۈز ماھىر» دەپ نام بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئۇلارغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹8 - مارت› قىزىل بايراقدارى» دەپ نام بەردى.

لىيۇ ۋېنجۈن

## ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون ياخشى ساقچى ئايالى»

2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ج خ ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى جاڭ يىڭ (خوتەن ۋىلايەتلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى چېڭ گېنماۋنىڭ ئايالى)، تۇرنىسا روزى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى دىلمۇراتنىڭ ئايالى)، جيا چىڭمېي (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى 2 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ 4 - دەرىجىلىك ئەسكىرى چېن باۋپىڭنىڭ ئايالى)، لىيۇ يىڭ (ئاقسۇ شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش مەركىزى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى پېڭ شىمىننىڭ ئايالى)، تيەن گۈيىڭ (بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى ئارقاسەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن يىڭ دەرىجىلىك ۋەزىپىدىكى ياردەمچى خادىمى خې جيەنگونىڭ ئايالى)، گاۋ يىڭ (ئالتاي شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى فۇ ۋېيمىننىڭ ئايالى)، جاۋ چى (تۇرپان ۋىلايەتلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بېن شياۋشېڭنىڭ ئايالى)، جۇ خۇيفېي (گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ جياڭلۇڭنىڭ ئايالى)، قارىزگۈل ئوبۇل (قاغىلىق ناھىيىلىك ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن ياسىننىڭ ئايالى)، بۇئايشەم (غۇلجا شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن يىڭ دەرىجىلىك ۋەزىپىدىكى شتاب ئوفىتسېرى ياسىن ئوبۇلنىڭ ئايالى) دىن ئىبارەت قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرىنىڭ ئايالىغا «ئون ياخشى ساقچى ئايالى» دەپ نام بەردى. شۇ خېيمىن (بورتالا ئوبلاستلىق ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى زو لىننىڭ ئايالى) قاتارلىق 20 قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرىنىڭ ئايالى «ئون ياخشى ساقچى ئايالى» بويىچە ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لىيۇ ۋېنجۈن

## ئاياللار - بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىدە ئىلغار شەخس (كوللېكتىپ) بولغانلار

2002 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى زوردۇن (ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) قاتارلىق 94 رەھبىرىي كادىرغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداش خىزمىتىنى قوللىغان ياخشى رەھبەر» دەپ؛ چاپچال ناھىيە ئاشىنسىرى بازارلىق ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق 46 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ؛ ئايىم (ئىلى ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسىدىن) قاتارلىق 49 ئايال كادىرغا «ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئىلغار شەخس» دەپ؛ غۇلجا شەھىرى سايبويى مەھەللە باشقارمىسى ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق 47 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىگە قاتنىشىشتا ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ؛ تۇرسۇنئاي (غۇلجا شەھىرىنىڭ خەنبىڭ يېزىسىدىن) قاتارلىق 50 ئايال كادىرغا «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىگە قاتنىشىشتا ئىلغار شەخس» دەپ؛ ئىلى ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق 96 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ئەرزىيەت خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ؛ بامبې (شىبە، ئىلى ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسىدىن) قاتارلىق 98 ئايال كادىرغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ئەرزىيەت خىزمىتىدە ئىلغار

شەخس» دەپ نام بەردى ھەمدە تەقدىرلەنگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرگە مۇكاپات ئاتىتىسى ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.

لىۇ ۋېنجۇن

## شىنجاڭ مەھەللە كەسپىي تەربىيەلەش مەكىزى قۇرۇلدى

2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايون شىنجاڭ مەھەللە كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزى قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى ۋە بۇ مەركەزنىڭ ۋۇئەسكىسىنى ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ مەركەز شىنجاڭ ئايال كادىرلار مەكتىپىدە تەسىس قىلىندى.

لىۇ ۋېنجۇن

# ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى)

## شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى) خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى) 2002 - يىلغىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ناھىيە (رايون)لاردا سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتىدىن 98 (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىكى 14، ناھىيە دەرىجىلىكى 84)نى، يېزا - بازاردىكى شۆبە ئۆيۈشما ۋە ساھە سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسىدىن 154نى قۇردى ۋە ئەسلىگە كەلتۈردى، بىۋاسىتە قاراشلىق سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسىنىڭ ئەزاسى 110غا، ئومۇمىي ئەزا 19 مىڭ 28گە يەتتى.

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ئىتتىپاق كومىتېتى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى)گە بىۋاسىتە قاراشلىق ئەزا كارخانا — ئۈرۈمچى «گۈزەل ھايات» سودا چەكلىك شىركىتىگە «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» دەپ نام بەردى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى)نىڭ ئىجرائىيە ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلا بىلەن ئالتاي ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالتاي ياۋا ئات ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى چېن جىفىڭ «شىنجاڭدىكى ئون مەشھۇر ياش» بولۇپ سايلاندى.

4 - ئاينىڭ 13 — 29 - كۈنلىرىدە شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى) مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەملىكەتلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە جۇڭگو يۇقىراۋى (خۇسۇسىي) ئىگىلىك تەتقىقات جەمئىيىتىگە ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى سوئال قەغىزى تارقىتىش تەكشۈردى. ئۈرۈمچى، سانجى، سېيجۇن شەھەرلىرى، گۇچۇڭ، خىجىڭ، سورى ناھىيىلىرى شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى قىلىپ بېكىتىلدى؛ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان 80 كارخانا تەكشۈرۈلدى. ئەستايىدىل ئاللاش تارقىتىش تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغان 63 پارچە سوئال قەغىزى مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يوللاندى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سانجى ئوبلاستلىق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى) 3 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ئېچىپ، بىرلەشمىنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقتى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بورتالا ئوبلاستلىق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى) 2 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ئېچىپ، بىرلەشمىنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقتى.

5 - ئاينىڭ 9 — 19 - كۈنلىرىدە شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى)نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو چاڭجىڭ يۇقىراۋى كارخانىچىلاردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋە قىزىلسۇدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستقا بېرىپ، «شەرەپلىك ئىشلار»غا دائىر تۈرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مەبلەغ سېلىش شارائىتى، ئۆل ئەسلىھەلەر، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، نېفىت، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا دائىر ئەھۋاللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئىگىلەش ئارقىلىق 16 تۈردە كېلىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 توختامنامە، بىر مۇددىئانامە ئىمزالاندى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىلى ئوبلاستلىق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى) قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالمۇتا شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر ئۆيۈشمىسى بىلەن ئىككى تەرەپلىمىلىك دوست سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سودا - سانائەت بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى) 2 - نۆۋەتلىك ئەزالار

قۇرۇلتىيى ئېچىپ، بىرلەشمىنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقتى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە تيەنجىن شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ باشلىقى جاڭ يۈەنلۇڭ باشچىلىقىدىكى 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان تيەنجىن شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم 2002 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. تيەنجىن شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) بىلەن شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) دوستلۇق ئورناتتى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ 12 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەيبېي، تەيجۇڭ، گاۋشيۇڭ قاتارلىق 6 شەھەرنى زىيارەت قىلدى ۋە كۆزدىن كەچۈردى. ئۆمەك تەيۋەننىڭ 2 سودا - سانائەت ئىجتىمائىي تەشكىلاتىدىكى 30 نەچچە تەيۋەنلىك كارخانىچى زات بىلەن سۆھبەتلەشتى ۋە سودا ئىشلىرىدا كېڭەشتى ھەم ئۆز ئارا خاتىرە لايىھە تەقدىم قىلىشتى. ئىككى جاينىڭ كارخانىچىلىرى ئىككى تەرەپلىك ئىقتىساد - سودا جەھەتتە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى. شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) تەيۋەن جۇڭخۇا سودا، سانائەت كارخانىچىلار بىرلەشمە جەمئىيىتى بىلەن دوستلۇق ئورناتتى.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە جىجياڭ كارخانا بىرلەشمىسى ۋېنجۇ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

دېڭ تيېمېي

## 8 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى

شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 — 22 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە 8 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ئاچتى. قۇرۇلتايغا 262 ۋەكىل قاتناشتى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى باۋ يۈجۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى.

يىغىندا «يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشايلى» دېگەن خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلارغا «يېزىنىڭ تەتەنىلىك ۋەدىمىز» ناملىق تەشەببۇسنامە ئېلان قىلىندى؛ 8 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ 127 ئەزاسى، 58 دائىمىي ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، ئابدۇرېھىم ھاجىنىسىن بىرلەشمە باشلىقلىقىغا، ما جاڭفا، چېن جيەنخۇا، ئەركىن مۇسا، جاڭ يىڭچۈن قاتارلىق 17 كىشى مۇئاۋىن باشلىقلىققا سايلاندى.

دېڭ تيېمېي

## سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 8 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئالدىنقى نۆۋەتتىكى 99دىن 129غا كۆپەيدى (2سى زاپاس قالدۇرۇلدى). يۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەندىن 71، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت - ئىدارە، ئىجتىمائىي تەشكىلات، بىۋاستە قاراشلىق ئەزا ئورۇنلار، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت بىرلەشمىسى ئورگىنىدىن 56. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلار ئومۇمىي ئەزالارنىڭ 66.93%نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 6.93 پىرسەنت يۇقىرىلاپ كەتتى؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 74.8%نى ئىگىلەپ، 17.8 پىرسەنت يۇقىرىلاپ كەتتى. ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر ئالدىنقى نۆۋەتتىكى بىردىن 15كە يەتتى؛ ساھە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى 3 بولۇپ، 2سى كۆپەيدى؛ پارتىيە سىرتىدىكى زات 67 بولۇپ، 8ى كۆپەيدى، ئەزالارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 46.81 بولۇپ، 3.02 ياش تۆۋەنلىدى.

ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىق، باش كاتىپى 21 بولدى، ئاۋۋال 19 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 2سى زاپاس قالدۇرۇلدى، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 3 كىشى كۆپەيدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كومپارتىيە ئەزاسى 11، پارتىيە سىرتىدىكى زات 8، خەنزۇ 13، ئازسانلىق مىللەت 6 (ئۇيغۇر 3، قازاق بىر، خۇيزۇ 2)، ئايال 2، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى ئەرباب 10، ۋەزىپىسى ساقلاپ قېلىنغىنى 8، يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگىنى 11.

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 8 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 58 بولۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 18ى

كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زات 30 بولۇپ، 2ى كۆپەيدى؛ ساھە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىلى تۇنجى قېتىم دائىمىي كومىتېتقا كىردى؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر دائىمىي ئەزالار ئومۇمىي سانىنىڭ %82.76نى ئىگىلەپ، 21.9 پىرسەنت يۇقىرى ئاشتى؛ ۋەزىپىسى ساقلاپ قېلىنغانلار دائىمىي ئەزالار ئومۇمىي سانىنىڭ %60.86نى ئىگىلىدى.

تاڭ چاۋ

## شىنجاڭ «شەرەپلىك ئىشلار» تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا «شەرەپلىك ئىشلار» تۈرىدىن 218ى يولغا قويۇلدى، بۇ تۈرلەرگە 7 مىليارد 154 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، 5 مىليارد 386 مىليون يۈەن نەقلەشتى، 12 مىڭ 487 خادىم تەربىيىلەندى، 5993 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلدى، 17 مىڭ 555 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 42 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 134 يۇقىراۋى كارخانا دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىغا قاتناشتى، 205 دۆلەت كارخانىسى قوشۇۋېلىندى ياكى سېتىۋېتىلدى، كارخانىلارنىڭ 42 مىڭ 186 ئىشچى - خىزمەتچىسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 1 مىليارد 748 مىليون يۈەنلىك قەرز ۋە ماتاشقا مەسئۇل بولۇندى، 177 مىليون يۈەن قىممىتىدە نەرسە ۋە پۇل ئىئانە قىلىندى.

دېلىڭ تىيىمبى

## مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 3 - قېتىملىق تەشكىلىي ھەيئەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىسى چۇ خۇيىمىن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى نۇر بەكرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ بېيجىڭ، خۇنەن، جياڭسۇ، شاڭخەي قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردىن كەلگەن 22 ئەزاسى يىغىنغا قاتناشتى. ئەزالار يىغىن ئاياقلاشقاندىن كېيىن شىنجاڭ دېلۇڭ گۇرۇھى، شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ماركور كارخانا (گۇرۇھى) دىن ئىبارەت 3 يۇقىراۋى كارخانىنى ئېكسكۇرسىيە

قىلدى ھەمدە قەشقەر، بايىنغولىن قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

دېلىڭ تىيىمبى

## تاڭ ۋەنلى مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى

جۇڭخۇا مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 9 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى ئاچتى، قۇرۇلتايدا شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ دېلۇڭ (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى تاڭ ۋەنلى مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدىن ئابدۇرېھىم ھاجىئىمىن، ما چاڭفا (خۇيزۇ)، سۇن گۇاڭشىنلار مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا، چېن جيەنخۇا، مى ئىنخۇا (خۇيزۇ)، فېڭ دۇڭمىڭلار مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىي ئەزالىقىغا سايلاندى.

دېلىڭ تىيىمبى

☆ ☆ ☆

## خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 78 يىللىقىنى خاتىرىلەپ سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ساۋاقداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 110 كىشى قاتناشتى.

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى (باش ئۇيۇشما) 8 - ئاينىڭ 1 — 4 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى نۇر بەكرى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۇجۇڭ، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېڭ يۈەنلەر ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەردىكى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە

تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل يولداشلار بولۇپ 70 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى قىسمەن كېلەچەك ئەزالىرىنى ۋە خۇاچيىڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ساۋاقداشلارنى يىغىپ سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، جىن شۈيبيەننىڭ 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى ئاتالمىش «تەيۋەن قارشى قىرغاقتىكى جۇڭگو بىلەن بىرتەرەپ، بىر دۆلەت بولىدۇ، تەيۋەننىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى ۋە ھازىرقى ھالىتى»نى «يۇقىرالار بېلەت تاشلاش، ئۇسۇلى ئارقىلىق بەلگىلەش كېرەك» دەپ «تەيۋەن مۇستەقىللىقى»نى تەرغىب قىلغان بىر قاتار سۆزلىرىگە قاتتىق رەددىيە بەردى. سۆھبەت ئارقىلىق كۆپچىلىك بىردەك پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، خۇاچيىڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ساۋاقداشلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقىنى ۋە ئاخىرقى قىزغىنلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، چەت ئەلدىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆپرەك خەت يېزىپ ئالاقىلىشىپ، تەشۋىقات، ئالاقە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ۋەتەننى سۆيۈش، ئىنقىلاب قىلىشتىن ئىبارەت خۇاچيىڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» كۈچلىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ۋەتەننىڭ بالدۇراراق بىرلىككە كېلىشى ئۈچۈن كۈچ قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش، ئاۋۇز چاغنى ئۆتكۈزۈش يۈزىسىدىن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىنغا ئۇيۇشمىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كېلەچەك ئەزالىرى، خۇاچيىڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ھەرمىللەت ساۋاقداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

2002 - يىلى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ئامېرىكا، قىرغىزىستان، تەيۋەن، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن خۇاچيىڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ساۋاقداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 18 كىشىنى كۈتۈۋالدى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خۇاچيىڭ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى 877گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇ يىل قوشۇلغىنى 5.

سۇن گاڭ

## شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتى شىنجاڭنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى جەھەتتىكى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئۈنۈملۈك قانات يايدۇردى.

1. ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيادىكى 4 دۆلەتكە زىيارەت ئۆمىكى ئەۋەتتى. شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتى بىلەن سودا - ساناەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن تەشكىللەنگەن 5 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى 12 - ئاينىڭ 3 — 24 - كۈنىگىچە قىرغىزىستان، تاجىكىستان، قازاقىستان، تۈركىيەلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە زىيارەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلار تەشكىلاتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەربابلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش، ئەھۋال ئىگىلەش، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنى تەشۋىق قىلىش، كەڭ كۆلەمدە دوست تۇتۇش، چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يەنە شىنجاڭدىكى يۇقىراۋى كارخانىلارنىڭ چەت ئەلدىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، شىنجاڭدىكى يۇقىراۋى كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىياغا بېرىپ تەرەققىي قىلىشىنى قوللاش، ئىلھاملاندۇرۇش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ باردى.

2. كۈتۈش خىزمىتى

3 - ئايدا شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن شياڭگاڭ خەلقئارا مەكتەپنىڭ «يىپەك يولى» زىيارەت ئۆمىكى كۈتۈۋېلىندى، بۇ ئۆمەك ئۈرۈمچىدىكى بالىلار پاراۋانلىق ئورنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

7 - ئايدا شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن شياڭگاڭ، تەيۋەن جۇڭخۇا تارىخ - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى كۈتۈۋېلىندى.

8 - ئاينىڭ 17 — 24 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن جۇڭخۇا چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ شياڭگاڭ - ئاۋمېندىكى كېلەچەك ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن زىيارەت ئۆمىكى كۈتۈۋېلىندى.

10 - ئايدا زىيارەتكە كەلگەن قازاقىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ دوستانە زىيارەت ئۆمىكى كۈتۈۋېلىندى.

10 - ئايدا زىيارەتكە كەلگەن قىرغىزىستان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى شى زوشەن كۈتۈۋېلىندى.

ۋۇ جيەنپىڭ

# تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

## تاشقى ئىشلار

### قىرغىزىستاننىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستاننىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 10 يىللىقى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت جۇڭگو شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلگەن قىرغىزىستاننىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئىمانالىيېف بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

### قازاقىستان شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قازاقىستان شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ باشلىقى مىج ۋىدال لىئاندوۋىچ ۋە مەزكۇر ئوبلاستتىكى كارخانىچىلاردىن بولۇپ 6 كىشى 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 — 15 - كۈنلىرى مەخسۇس جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلىپ، ئىقتىساد، سودا جەھەتتە ھەمكارلىشىش ئۈستىدە ئىزدەندى. 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

### ھىندىستاننىڭ باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ھىندىستاننىڭ باش ئەلچىسى مېنون ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلىرىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلدى. 6 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىرباقى باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

### موڭغۇلىيە قوبدۇ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

موڭغۇلىيە قوبدۇ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى گالساندوگار ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 16 كىشى 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق جايلىرىنى زىيارەت قىلدى ھەم ئالاقىدار ھەمكارلىق كېلىشىملىرىنى ئىمزالىدى. 11 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقان ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

### ياپونىيىنىڭ سابىق نوپۇزلۇق دىپلوماتى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ياپونىيىنىڭ 5 كىشىلىك سابىق نوپۇزلۇق دىپلوماتلار ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنىڭ غەربىنى كەڭ ئېچىش تەرەققىياتىنىڭ ئەھۋالى ۋە مىللەت - دىن سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى يەنىمۇ چۈشىنىش مەقسىتىدە، 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. 23 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

### ياۋروپا پارلامېنتى يېشىل پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ياۋروپا پارلامېنتى تاشقى مۇناسىۋەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ 1 - مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى پېل كارتون باشچىلىقىدىكى ياۋروپا پارلامېنتى يېشىل پارتىيىسىنىڭ 5 كىشىلىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋەكىللەر ئۆمىكى 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلىرىنى زىيارەت قىلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگونىڭ مىللەت - دىن سىياسىتىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇش ۋە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ھەم غەربىنى كەڭ ئېچىش داۋامىدا شىنجاڭنى

ئېچىش، كۆللەندۈرۈش ۋە مۇھىتنى قوغداش ئىشىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى.

پەرھات

## كانادا خەلقئارا تەرەققىيات تورىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر گورۇپپىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

كانادا خەلقئارا تەرەققىيات تورىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر گورۇپپىسى كانادا خەلقئارا تەرەققىيات مەھكىمىسى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ ياردەم قىلغان «يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ غەربىدىكى رايونلارنىڭ ئاساسىي مائارىپ ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش قۇرۇلۇشى تورى»نى باشلاش مەقسىتىدە، 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ مۇتەخەسسىسلەر گورۇپپىسى بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

## قازاقىستاننىڭ دۆلەت كاتىپى قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى شىنجاڭدا توختاپ ئۆتتى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت كاتىپى قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى قاسىمجوماراتوقايېۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 25 كىشى 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەپەر ئۈستىدە جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت دۆلەت كاتىپى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

## «جۇڭگو - كورېيە كەلگۈسى مۇنبىرى»نىڭ 9 - قېتىملىق يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم تەبرىك سۆزى قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ نۇتۇق سۆزلىدى. جۇڭگو خەلق دىپلوماتىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن كورېيە خەلقئارا ئالماشتۇرۇش مالىيە گورۇھى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭگو - كورېيە كەلگۈسى مۇنبىرى» جۇڭگو، كورېيە خەلقلىرىنىڭ زور



2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت كانادا ھۆكۈمىتى تەرەققىيات مەھكىمىسىنىڭ تور ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى.

سۈرەتنى ئاشقى ئىشلار ئىشخانىسى تەمىنلىگەن

تەسىر كۈچىگە ئىگە مۇنبىرى. 1994 - يىلدىن بۇيان بۇ مۇنبەر جۇڭگو ۋە كورېيەدە ئۇدا 8 نۆۋەت ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، جۇڭگو بىلەن كورېيىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆز ئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

پەرھات

## تۈركىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تۈركىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى دۆلەت باغچېلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 42 كىشى (ئۇمەك بىلەن بىللە كەلگەن 20 مۇخبىرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە مىللەت - دىن قاتارلىق ئەھۋالىنى چۈشىنىش مەقسىتىدە 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنى مەخسۇس زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت تۈركىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشتى.

پەرھات

## قازاقىستان ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قازاقىستان ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ باشلىقى پولات تاكېنوف

باشچىلىقىدىكى كان ئېچىش ـ رۇدا تاللاش بىرلەشمە ۋەكىللەر ئۆمىكى 2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. 18 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي زىيارەتكە كەلگەن مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

## ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

2002 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شالېف بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشتى. باش ئەلچى شالېف ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ئىسرائىلىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

پەرھات

## ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى راند ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى 2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلىپ، غەربىي كەڭ ئېچىشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ۋە پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

## سىنگاپورنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

سىنگاپورنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى چېن شىبىرۇڭ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى 2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

## ئاۋىستىرالىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئاۋىستىرالىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى داۋىد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 12 كىشى 2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىنى زىيارەت قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

## پاكىستان غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسىنىڭ پاكىستان ـ جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

پاكىستان غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسى پاكىستان ـ جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى قازى شەمشىدىن باشچىلىقىدىكى 7 كىشىلىك پاكىستان دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى 2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

جاڭ خۇڭۋېي

## كونگو زۇڭتۇڭ ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

كونگو زۇڭتۇڭ ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. 21 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

## گانا يېڭى ۋەتەنپەرۋەرلىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك رەئىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

گانا يېڭى ۋەتەنپەرۋەرلىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك رەئىسى خارونا ئېسىبكو ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 6 كىشى 2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. 21 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن زىيارەتكە كەلگەن مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

## ئامېرىكا «شىماۋ» گۇرۇھىنىڭ لىدېرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئامېرىكا «شىماۋ» گۇرۇھىنىڭ لىدېرى كېيوس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 3 كىشى 2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭغا كېلىپ، ئۆزى 300 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلىپ جىمسار

ئامېرىكىغا سالدۇرغان «شىخۇا باشلانغۇچ مەكتىپى» ئۈچۈن ئىپتا كەستى. 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

كالىڭ لىيالىڭ

## روسىيە فېدېراتسىيىسى تاتارىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

روسىيە فېدېراتسىيىسى تاتارىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى قوشۇمچە قاتناش مىنىستىرى شىبنۇزوف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 8 كىشى 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 — 30 - كۈنلىرى جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۈرۈمچى - ئومسك - قازان ھاۋا يولىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. 29 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

## كانادا كىشىلىك ھوقۇقى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

كانادا كىشىلىك ھوقۇقى ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭدا جۇڭگو - كانادا 7 - قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇقى سۆھبىتىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. بۇ — دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا كېلىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان غەرب ئەللىرىنىڭ تۇنجى كىشىلىك ھوقۇقى ۋەكىللەر ئۆمىكى.

پەرھات

## كورىيە مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي ئىگىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەخسۇس ۋەزىپىلىك باش كاتىپ جىياڭ تەيچىياڭ باشچىلىقىدىكى كورىيە مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي ئىگىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 23 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئالاقە باغلاش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لۇ شاۋشىننىڭ ھەمراھلىقىدا، 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ شىنجاڭ خەلق سارىيىدا كورىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدىكى بىر قىسىم يۇقىراۋى كارخانىچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى ۋە سودا ئىشلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى ھەم ئۈرۈمچى، تۇرپانلارنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ كورىيە مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي ئىگىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيۇشتۇرۇپ تەشكىللەپ جۇڭگوغا كېلىپ مەبلەغ سېلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

دىڭ تېيمىڭ

## قىرغىزىستاننىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

قىرغىزىستاننىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئايتماتوف ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 6 كىشى 12 - ئاينىڭ 15 — 16 - كۈنلىرى جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلغاچ ئۆتتى. 16 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت زىيارەتكە كەلگەن مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

## ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئىشلىرىغا مەسئۇل يارىدەمچى دۆلەت كاتىپى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئىشلىرىغا مەسئۇل يارىدەمچى دۆلەت كاتىپى كرانېر باشچىلىقىدىكى 10 كىشىلىك ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇقى ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭدا 13 - قېتىملىق جۇڭگو - ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇقى سۆھبىتىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى.

پەرھات

## چەت ئەل مۇخبىرلىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

2002 - يىلى 18 دۆلەت ۋە رايوندىن 27 نورگۇندە 193 چەت ئەللىك مۇخبىر (قېتىم) شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئۇلارنىڭ زىيارەت قىلغان ۋە سۈرەتكە ئالغان مەزمۇنلىرى ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، خەلق تۇرمۇشى، مىللەت - دىن، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىلىرى ۋە يىپەك يولى قاتارلىقلارغا چېتىلدى.

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئاخبارات مەھكىمىسى بىلەن شىنجاڭ تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرۇشىدا ياپونىيە كيودو ئاگېنتلىقى، «خوككايدو خەۋەرلىرى»، «توكيو خەۋەرلىرى»، «مايىنچى خەۋەرلىرى»، «ئاكاخاتا گېزىتى»، «سانكېي خەۋەرلىرى»، ئامېرىكا CNN، يۇنايتېد پرېس ئاگېنتلىقى، «ئامېرىكا ئاۋازى»، «ۋول سترىت گېزىتى»، «بوگۇنكى ئامېرىكا گېزىتى»، پېگېبو ئاگېنتلىقى، «چىكاگو مۇنبىرى گېزىتى»، «يەر شارى تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى»، «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»، ئا ق ش

بىرلەشمە ئاگېنتلىقى، ئەنگلىيە رۇيتېر ئاگېنتلىقى، «يوشلۇق خەۋەرلىرى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»، ئاۋستىرالىيە رادىئو شىركىتى، «سىدنى سەھەر گېزىتى»، «ئاۋستىرالىيانلار گېزىتى»، فرانسىيە «فىگارو گېزىتى»، گېرمانىيە «سودا گېزىتى»، «ئەينەك ھەپتىلىك ژۇرنىلى»، «لىيپزىگ خەلق گېزىتى»، بېلگىيە «پۇل مۇئامىلە - ئىقتىساد ۋاقىت گېزىتى»، گوللاندىيە «گېزىتچىلىك بىرلەشمىسى»، «خەلق گېزىتى»، «ئورتاق گېزىتى»، ۋېنگرىيە «خەلق ئەركىنلىكى گېزىتى» قاتارلىق 9 دۆلەتنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق 37 مۇخبىرى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلىرىغا بېرىپ، مىللەت - دىن، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش، مۇھىت ئاسراش، ئېكولوگىيىنى تۈزەش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا زىيارەت ئېلىپ باردى ھەم 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنى زىيارەت قىلدى.

ياپونىيە «ئاساخى خەۋەرلىرى»نىڭ 5 مۇخبىرى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ۋە 9 - ئاينىڭ 15- كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈرۈمچىدە غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنى زىيارەت قىلدى.

تۈركىيە دۆلەت تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «يۇلتۇز» گېزىتى، «خەلق» گېزىتى، «ئەركىنلىك» گېزىتى قاتارلىق بىر قانچە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى، مىللەت - دىن ۋە خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەشنى مەقسەت قىلىپ تۈركىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى دۆلەت باغچېلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى.

ياپونىيە NHK نىڭ مۇخبىرلىرى 3- ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە، 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە، 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە، 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە، 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە، 10- ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە 6 قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، تۇرپان، قۇمۇل، بايىنغولىن، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردا غەربنى كەڭ ئېچىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مەدەنىيىتى، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي مەسىلىلەر قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان مەزمۇنلاردا زىيارەت ئېلىپ باردى ۋە سۈرەتكە تارتتى. 3- ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە بولغان زىيارەتتە مەخسۇس كىرورانغا بېرىپ سۈرەتكە تارتتى. بۇ قېتىمقى سۈرەتكە ئېلىشتا، ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان جۇڭگو شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىي يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسىگە ماسلىشىش ۋە بۇ كۆرگەزمىنى جۇڭگو - ياپونىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللاشقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

ياپونىيە ياماگاتا ناھىيىسىنىڭ 2 مۇخبىرى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە جۇڭگونى زىيارەت قىلىش دوستلۇق ئۆمىكىگە ئەگىشىپ تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ زىيارەتتە بولدى ۋە سۈرەتكە تارتتى.

ياپونىيە كاناگاۋا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 5 ئادىمى 7- ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ زىيارەتتە بولدى ۋە شىنجاڭنىڭ مول، رەڭدار مىللىي ئۆرپ - ئادىتى ۋە مەنزىرىسىنى سۈرەتكە ئالدى.

كانادانىڭ «شىپالىق يامغۇر» فىلىم ئىشلەش شىركىتىدىن 8 ئادەم 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ زىيارەتتە بولدى ۋە تېلېۋىزىيە مەنزىرە فىلىمىنى سۈرەتكە ئالدى.

فرانسىيە 2 - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق 3 مۇخبىرى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە كورلا، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، مىللەت، دىن ئىشلىرى ۋە نېفىت - تەبىئىي گازنى ئېچىش قۇرۇلۇشى، غەربنى كەڭ ئېچىش قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدا زىيارەت ئېلىپ باردى ۋە سۈرەتكە تارتتى ھەم شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدا ئۈرۈمچىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىرباقىنى زىيارەت قىلدى.

ئىئوردانىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن 4 ئادەم 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، مەشھۇر ئاسار - ئەتىقىلەر، مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە دىنىي پائالىيەتلەر قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدا زىيارەت ئېلىپ باردى ۋە سۈرەتكە تارتتى.

تۈركىيە دۆلەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە جەمئىيىتىدىن 3 ئادەم 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ شىنجاڭنىڭ مەنزىرىسى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى سۈرەتكە ئالدى.

موڭغۇلىيىنىڭ 12 كىشىلىك ئاخبارات ئۆمىكى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، غەربنى كەڭ ئېچىش، جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرا سودىسى ۋە پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى

زىيارەت قىلدى ۋە سۆزلەپ بەردى.

مىسىرنىڭ 4 كىشىلىك ئاخبارات ئۆمىكى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، غەربىي كەڭ ئېچىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مىللەت - دىن سىياسىتى قاتارلىقلارنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى زىيارەت قىلدى.

ئىرلاندىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن 4 ئادەم 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ زىيارەتتە بولدى ۋە سۆزلەپ بەردى.

تاجىكىستان دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن 4 ئادەم 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شىنجاڭدىكى تاجىك خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى زىيارەت قىلدى ۋە سۆزلەپ بەردى.

ئامېرىكا «خەۋەرلەر ھەپتىلىك ژۇرنىلى» بېيجىڭ شۆبە تەھرىراتىنىڭ باشلىقى ليۇ مېيىيۈەن 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە غەربىي كەڭ ئېچىش، شىنجاڭنىڭ ھاۋا ھايۋانلىرىنى قوغداش، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش، خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىق تۈرى قاتارلىق مەزمۇنلاردا شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

شۇ مىن

## ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە چەت ئەل ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى

2002 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى مەزگىلىدە شىنجاڭ بويىچە چەت ئەلنىڭ 17 ئۆمەك - گۇرۇپپىسىدىكى 75 ئادەم كۈتۈۋېلىندى. ئۇلار روسىيە، قازاقىستان، ئاۋستىرالىيە، بەھرەين، ئومان، قاتار، سەئۇدى ئەرەبىستانى، موڭغۇلىيە، تاجىكىستان، ئاۋستىرىيە، ھىندىستان، پاكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق 15 دۆلەتتىن كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 15 ئادەم مۇئاۋىن مىنىستىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى، ئۇلار: روسىيىنىڭ باش ئەلچىسى روگاچېۋ، قازاقىستاننىڭ باش ئەلچىسى قايىل بۇجانوۋ، ئاۋستىرالىيىنىڭ باش ئەلچىسى داۋىد، بەھرەيننىڭ باش ئەلچىسى شاكىر، ئوماننىڭ باش ئەلچىسى خۇسنى، قاتارنىڭ باش ئەلچىسى يۇئانىن، موڭغۇلىيىنىڭ باش ئەلچىسى لۇبساندانغۋا ئامۇرسانا، تاجىكىستان سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سەئىدوۋ، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى رەھىموف، تۈركمەنىستان تاشقى ئىقتىساد - سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ماتىيېۋ، روسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئالىي مەسلىھەتچىسى تومسىن، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سودا مەسلىھەتچىسى ئۆمەيرا، ئاۋستىرىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سودا مەسلىھەتچىسى ۋولفگان رونۇپ، ھىندىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سودا مەسلىھەتچىسى پاتنىكاي، پاكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سودا مەسلىھەتچىسى ساھاد مەھمۇد. 4 ئۆمەك - گۇرۇپپىنىڭ 55 ئادىمىنى كۈتۈۋېلىش ئىشى ماسلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن مىنىستىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 2 ئادەم بار (قازاقىستان دۆلەت سودا - سانائەت ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى داپىۋك، مەسلىھەتچىسى بەلتوق). ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئىسقەت كەرىمباي قاتارلىقلار مېھمانلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى.

ليۇ شياۋچىڭ

## ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا بېرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە چىققان ئۆمەك - گۇرۇپپا 2084 تۈركۈم (قېتىم)، 7541 ئادەم (قېتىم). بۇنىڭ ئىچىدە شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا بارغان ئۆمەك - گۇرۇپپا 235 تۈركۈم (قېتىم)، 764 ئادەم (قېتىم)؛ چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققانلار 25 تۈركۈم (قېتىم)، 31 ئادەم (قېتىم)؛ نازارەت دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ زىيارەتكە چىقىش ئۆمەك - گۇرۇپپىسى 363 تۈركۈم (قېتىم)، 500 ئادەم (قېتىم)؛ بېرىپ بېرىلگەن چەت ئەلگە چىقىش ۋەزىپىسى ئىجازەتنامىسى 425 نۇسخا؛ 23 تۈركۈمدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك 18 رەھبەر (قېتىم) نىڭ چەت ئەلنى زىيارەت قىلىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى. تەكلىپ قىلىنغان چەت ئەللىك 433 ئۆمەك - گۇرۇپپا، 1045 ئادەم (قېتىم) نى تەكلىپ قىلىش تەستىقلاپ بېرىلدى.

گۇ مېي

## چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى «چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ئىجازەتنامىسى» دىن 20 نۇسخا تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت، مائارىپ مۇتەخەسسىسىنىڭ 19 نۇسخا، ئىقتىساد مۇتەخەسسىسىنىڭ بىر نۇسخا. چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس گۇۋاھنامىسىدىن 129 ى تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت، مائارىپ مۇتەخەسسىسى گۇۋاھنامىسى 106، ئىقتىساد مۇتەخەسسىسى گۇۋاھنامىسى 23. 2002 - يىلدىن باشلاپ چەت ئەللىك مەدەنىيەت، مائارىپ مۇتەخەسسىسى ۋە ئىقتىساد مۇتەخەسسىسى ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ، چەت ئەللىك

مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش خىزمىتىگە ئىجازەت قىلىش، ئولتۇراقلىشىپ قېلىش، جۇڭگودا مۇلازىمەت قىلىش ۋە چېگرىدىن ئايرىلىش قاتارلىق ھالقىلار بويىچە تەرتىپلىك باشقۇرۇلدى.

گۇ مېي

## شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى «شىنجاڭ شياڭگاڭ - ئاۋمېن ئىشلىرى ئىشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىنى قوشۇپ ئاستى

ئاپتونوم رايونلۇق شىتات كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى 2002 - يىل 3 - ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شياڭگاڭ - ئاۋمېن ئىشلىرى ئىشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىنى قوشۇپ ئاستى، بۇ ئىشخانا ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا بارىدىغان ئۆمەك - گۇرۇپپا ۋە خادىملارنى تەستىقلاش، بىر قېتىمدا شياڭگاڭغا 30 كۈنلۈك، ئاۋمېنغا 20 كۈنلۈكتىن ئارتۇق قىسقا مۇددەتلىك خىزمەت ۋە تەربىيىلىنىشكە بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى تەكشۈرۈش، گوۋۇيۈەن شياڭگاڭ - ئاۋمېن ئىشلىرى ئىشخانىسىغا يوللاپ تەستىقلىتىش ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا زىيارەتكە چىقىش ئىشىنى يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىش خىزمىتىنى بېجىرىدۇ؛ شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە رايونىنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، مەشھۇر زاتلارنىڭ زىيارەتكە كېلىش ئىشلىرىنى يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاش ۋە كۈتۈۋېلىشنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئىشلىرىغا ئالاقىدار سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىنى تەتقىق قىلىپ لايىھىسىنى تەييارلايدۇ؛ شىنجاڭنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن بىلەن ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ گوۋۇيۈەن شياڭگاڭ - ئاۋمېن ئىشلىرى ئىشخانىسى تاپشۇرغان باشقا ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

گۇ مېي

## 4 - نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى»نى باھالاش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسى 4 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو تەڭرىتاغ مۇكاپاتى»نى باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 7 دۆلەتنىڭ 8 نەپەر مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسىنى باھالاپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارغا «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى» بەردى. ئۇلار: ئاشوت ساگىيان (ئەرمېنىيە، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى)، گېرىن (يېڭى زېلاندىيە، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى)، ياتابې خاراكو (ياپونىيە، شىنجاڭ موڭغۇل پېداگوگىكا مەكتىپى)، ئاندىل ماسابېر (شۋېتسىيە، قەشقەر ۋىلايەتلىك تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى)، مۇھەممەد سالى (يەمەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى)، گېبىن ترىسى «سەي خۇيجېن» (ئامېرىكا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، سابىكاتورىن راگىنىك سېرىغدېنبۇۋېچ (قىرغىزىستان، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى)، دېنىس زايكا (ئامېرىكا، شىنجاڭ ئاۋشاتىيە شىركىتى). بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشوت ساگىيانغا دۆلەت چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ئىدارىسى «دوستلۇق مۇكاپاتى» بەردى.

گۇ مېي

## جۇڭگونىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سۇن يۈشى سەپىرىدە ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى

جۇڭگونىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سۇن يۈشى بېيجىڭغا قايتىش سەپىرىدە 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 — 4 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختاپ، شىنجاڭ بىلەن ئافغانىستاننىڭ ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. 3 - كۈنى كەچتە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ باش ئەلچى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا زىياپەت بەردى.

قاسىم

## جۇڭگونىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى چەت ئەل خىزمىتى ئىدارىسى تەشكىللىگەن جۇڭگونىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق 64 كىشىلىك ئەلچىلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ ئۆمەك شىنجاڭنى يەنىمۇ ئوبدان تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىش مەقسىتىدە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتلىرىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە چوڭ، ئوتتۇرا



2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېجۈەن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى.

سۈرەتنى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى تەمىنلىگەن

كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى. 22 - كۈنى كەچتە، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېجۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى.

شۇ چاۋ

## جۇڭگو - ئامېرىكا ۋىزا خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ غەربىي شىمال بۆلىكى يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى كونسۇل مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ كونسۇللىرى، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ھەمدە شىنجاڭنىڭ «ماركور»، «دېلوڭ» قاتارلىق چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلىرى ئەۋەتكەن خادىملار قاتناشتى. بۇ يىغىن ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ خادىملىرى ئامېرىكا ۋىزىسىنى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىشنىڭ تەلەپلىرىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكى كونسۇللارنىڭ شىنجاڭغا بولغان ھېسسىي تونۇشى ۋە شىنجاڭ كارخانىلىرى ئوتتىسىدىكى چۈشىنىشى چوڭقۇرلاشتى.

شياۋ يىڭ

## ھۆكۈمەت ئىشى پاسپورتى، شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا بېرىش ئىجازەتنامىسى، ۋىزا قاتارلىقلارنى بېجىرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش كىنىشكىسىدىن 7820 سى تارقىتىلدى؛ شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا بېرىش يول خېتىدىن 1297 پارچە بېجىرىلدى؛ 7000 دىن ئارتۇق پاسپورت بىكار قىلىندى؛ چەت ئەلگە چىقىدىغان 1155 ئۆمەك-گۇرۇپپىدىكى 4139 ئادەم (قېتىم) گە ۋىزا بېجىرىپ بېرىلدى؛ 440 پارچە 1400 ئادەم (قېتىم) نىڭ تەكلىپ بىلەن جۇڭگوغا كېلىش ۋىزىسى (ۋىزا ئۇقتۇرۇشى) تەكشۈرۈپ تارقىتىلدى، 35 پارچە كونسۇل گۇۋاھلىقى ۋاكالىتەن بېجىرىلدى. بىر قېتىملىق چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش ئىسپاتىدىن 910 پارچىسى، كۆپ قېتىملىق چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش ئىسپاتىدىن 1001 پارچىسى بېجىرىپ بېرىلدى. 2001 - يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا پاسپورت %5.7، ۋىزا %11 كۆپەيدى.

جاڭ لى

## شىنجاڭ تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ تاشقى ئالاقە ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتى ياپونىيە، روسىيە، پاكىستان، نېپال، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن خەلق دوستلۇق ئۆمەك - گۇرۇپپىسىدىن 9 تۈركۈمدە 78 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى؛ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىدىن 7 تۈركۈمدە 86 ئادەم (قېتىم) نى، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، كورېيە، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە دوستانە زىيارەتتە بولۇشقا تەشكىللىدى. بۇ تاشقى ئالاقە پائالىيەتلىرى شىنجاڭنىڭ سىرتقا بولغان تەسىرىنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

جاڭ خۇڭۋېي

## بەرلىك تاشقى دوستلۇق جەمئىيەتلىرىنىڭ مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك خىزمەت ئالماشتۇرۇش يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىنغا مەملىكەت بويىچە 25

ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى 50 نەچچە شەھەردىن كەلگەن خەلق دىپلوماتىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 130 نەچچە ۋەكىل قاتناشتى. مەملىكەتلىك تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى چېن خاۋسۇ بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

جاڭ غۇڭۋېي

## ما ۋېنپۇ شىنجاڭدا خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما ۋېنپۇنىڭ باشچىلىقىدا مەركىزىي كومىتېت تاشقى ئالاقە بۆلۈمىدىكى پارتىيە ئىشلىرى كادىرلىرىنىڭ 17 كىشىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئىلى، بورتالا، بايىنغولىن ئوبلاستلىرى ۋە تورپان، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

پەرھات

# مۇھاجىرلار ئىشلىرى

## تەيۋەن مېھرى - شەپقەت، خەير - ساخاۋەت فوندىنىڭ باش مۇدىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

تەيۋەن مېھرى - شەپقەت، خەير - ساخاۋەت فوندىنىڭ باش مۇدىرى شيې جېڭدا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 3 كىشى 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلىپ ئۈرۈمچى، تورپان، بورتالا، شىخو شەھەرلىرىدىكى ۋە جىڭ ناھىيىسىدىكى 6 باشلانغۇچ مەكتەپكە 900 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت باش مۇدىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ مىن

## شياڭگاڭ «رىچېڭ» گۇرۇھىنىڭ رەئىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

شياڭگاڭ «رىچېڭ» گۇرۇھىنىڭ رەئىسى جېڭ جۇچېڭ 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئۆزى 430 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلىپ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ۋە يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئۇدانلىق يېزىسى ئۈچۈن سالدۇرۇپ بەرگەن 2 «مۇھاجىر قەلبى باشلانغۇچ مەكتىپى»نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

ئەلى

## ئوتتۇرا - غەربىي ئاسىيا رايونىدىكى شىنجاڭلىق ئۇقتىلىق مۇھاجىرلار ۋە جۇڭگولۇقلار ۋەكىللەر ئۆمىكى تەكلىپكە بىنائەن شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسى بىلەن گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى بىرلىشىپ تەكلىپ قىلغان، ئوتتۇرا - غەربىي ئاسىيادىكى سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، پاكىستان، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق 5 دۆلەتتىن كەلگەن شىنجاڭلىق ئۇقتىلىق مۇھاجىر، جۇڭگولۇقلاردىن 15 كىشى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، ئىلى، بېيجىڭ، شاڭخەي، سۇجۇ قاتارلىق جايلىرىنى زىيارەت قىلدى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچتە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنى قوبۇل قىلدى.

چى رۇي

## ئاۋسترالىيىدىكى مۇھاجىرلار باشلىقلىرى ئۆمىكى ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسىنى مەخسۇس زىيارەت قىلدى

ئاۋسترالىيە كۇينسلاند جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى چېن فەن باشچىلىقىدىكى 6 كىشىلىك ئاۋسترالىيە مۇھاجىرلار باشلىقلىرى ئۆمىكى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 31- كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە شىنجاڭغا كېلىپ 2002- يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى.

شېڭ يۈيىڭ

## شياڭگاڭ «جېنتەي» گۇرۇھى پۇل ئىئانە قىلىپ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە «جېنتەي باشلانغۇچ مەكتىپى» سالدۇردى

شياڭگاڭ «جېنتەي» گۇرۇھى 600 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، جەمئىي 1 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىنىپ قۇرۇلغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1160 كۋادرات مېتىرلىق قەشقەر يېڭىشەھەر «جېنتەي باشلانغۇچ مەكتىپى» 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

چى رۇي

## ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار پۇل ئىئانە قىلىپ مائارىپقا ياردەم قىلدى

ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق جۇڭگولۇق مۇھاجىر رېن جېڭگواڭ

بىلەن جالاڭ سەنمېي 250 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلىپ يېڭسار ناھىيە يېڭىيەر يېزىسىغا سالدۇرغان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنىتىش بىناسى 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يېزىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

چې رۇي

## ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمە باش ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمە باش ئۇيۇشمىسىنىڭ 6 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. بۇ مەزگىلدە ۋەكىللەر يەكەن، مارالبېشى، يېڭسار ناھىيىلىرىگە بېرىپ، 800 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلىپ سالدۇرغان 3 «مۇھاجىرلار قەلبى مەكتىپى»نى كۆزدىن كەچۈردى. 16 - كۈنى كەچتە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

چې رۇي

## شىنجاڭ تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسى جېجياڭ ئۆلكىلىك مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى بىلەن دوستلۇق - ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى

2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە شىنجاڭ تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسى جېجياڭ ئۆلكىلىك مۇھاجىرلار ئىشخانىسى بىلەن «دوستلۇق - ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش توغرىسىدا كېلىشىم» ئىمزالىدى.

چې رۇي

## لىن جاۋچۇ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە جۇڭگو مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس لىن جاۋچۇ ئۆمەك باشلاپ ئۈرۈمچى، سانجى، قەشقەر، تۇرپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلارنىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتى، خېرىدار چاقىرىش تۈرلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇھاجىرلار ئىشلىرى خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. 51 كىشىلىك بۇ ئۆمەك ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە، تايلاند ۋە جۇڭگو شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە ئەزالىرىدىن تەشكىل تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى مۇھىم ئەربابلار بار. 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت لىن جاۋچۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

مىقات

## لياۋ لىبجى ئەپەندى پۇل ئىئانە قىلىپ مائارىپقا ياردەم قىلدى

لياۋ لىبجى ئەپەندى جۇڭگولۇق بانكىر مۇھاجىر. ئۇ جۇڭگو مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ «يۈز، مىڭ، تۈمەن»گە قۇرۇلۇشىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ۋاپات بولغان رەپىقىسى شيۇ ۋېن خانىمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە 2002 - يىلى 200 مىڭ يۈەن پۇلنى لوپ ناھىيىسى يۇرۇڭقاش بازارلىق مەكتىپىگە ئىئانە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ خەتەرلىك سىنىپلاردىن قۇتۇلۇپ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى.

مىقات

# شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

## جۇڭخۇا چەت ئەل بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق كېڭەش ئەزالىرىنىڭ زىيارەت ئۆمىكى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭخۇا چەت ئەل بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ تىڭخەن باشلامچىلىقىدىكى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شياڭگاڭ ئاياللار ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى لىنبېي يۈجيا ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى جۇڭخۇا چەت ئەل بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق كېڭەش ئەزالىرىنىڭ 40 كىشىلىك زىيارەت ئۆمىكى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان، بورتالا، ئىلى قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېجۈەن، ئەسقەت كەرىمبايلار زىيارەت ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى.

زىيارەت ئۆمىكى قاراقاش ناھىيىسىگە بىر «خەيلىيەن باشلانغۇچ مەكتىپى» قۇرۇش ئۈچۈن 200 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى.

ۋۇ جيەنپىڭ

## شياڭگاڭ، تەيۋەن جۇڭخۇا تارىخ - مەدەنىيەت - مائارىپ ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شياڭگاڭ جۇڭخۇا پاش - ئۆسمۈرلەر تارىخ، مەدەنىيەت، مائارىپ فوندىنىڭ رەئىسى ۋۇ شۇچىڭ خانىم ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى 70 كىشىلىك شياڭگاڭ، تەيۋەن جۇڭخۇا تارىخ- مەدەنىيەت - مائارىپ ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى 2002 - يىل 7- ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا ئالماشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ مەزگىلدە ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسپورماتور ئېلېكتر سانائىتى گۇرۇھى، «مەيجۇر» گۇرۇھىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە كۆزدىن كەچۈردى، تۇرپان، بۇغدا كۆلى قاتارلىق داڭلىق مەنزىرىلىك جايلارنى تاماشا قىلدى. 24 - كۈنى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن بىلەن ئابلەت ئابدۇرېشىت تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ۋۇ جيەنپىڭ

## تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەملىكەتلىك تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى شى سىخاۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 5 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ 4- قېتىملىق كېڭەش ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى جاڭ گوچۈەن، كېڭەش ئەزاسى چېن خۇيپىي، ۋۇ شىلوڭلار ئاپتونوم رايوندىن بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ مەملىكەتلىك 7 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىدىغان تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋەكىللىكىگە بىردەك سايلاندى.

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى تەيۋەنلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ گۇاڭخېينى شىنجاڭغا ۋاكالىتەن بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان مەملىكەتلىك تەيۋەنلىك قېرىنداشلار پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىككە بىردەك سايلىدى.

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە جەمئىيىتى كېڭەش ئەزاسى سۇڭ ياڭنىڭنى بېيجىڭغا بېرىپ تەيۋەن ئۆلكىسىدىن 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىلنى كېڭىشىپ سايلاش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭلىق ۋەكىل قىلىپ كۆرسەتتى.

خې شياۋپىڭ

## تەيۋەنگە چېتىشلىق ئىشلار

2002 - يىلى شىنجاڭدىن تەكلىپ بىلەن تەيۋەن رايونىغا بېرىپ ئېلىپ بارغان تۈرلۈك ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى 42 تۈرگە، قاتناشقان ئادەم 163 كە يەتتى.

1 - ئايدا تەيۋەن تەيبېي شەھەرلىك قۇرۇلما قۇرۇلۇشى بويىچە سانائەت تېخنىكلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھەلەش يۇرتىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى يۈەن جىنشى تەيۋەنگە بېرىپ «ھېگىز بوغۇزىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكىلەرنىڭ ئېگىز بىنانىڭ تەۋرىنىشكە بەرداشلىق بېرىش قۇرۇلمىسى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

تەيۋەن «جۇڭگو پاشلار ئىلگىرىلەپ ئىشلەش باش جەمئىيىتى»نىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكتر تېخنىكىسى فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ ۋېيجاڭ تەيۋەنگە بېرىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولدى.

2 - ئايدا، تەيۋەن «جۇڭگو پاشلار چوڭ قۇرۇقلۇق تەتقىقاتى مەدەنىيەت - مائارىپ فوندى»نىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دا مىڭجاڭ باشچىلىقىدىكى 14 ئەزاسى تەيۋەنگە بېرىپ تەكشۈرۈش، ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولدى.

تەيۋەن «جۇڭگو تەيۋەنلىك سودىگەرلەر تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى»نىڭ كېڭەش باشلىقى جاڭ شياۋيەننىڭ تەكلىپى بىلەن، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، پەن - تېخنىكا نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەشكىللەنگەن 14 كىشىلىك شىنجاڭ ئىقتىساد - سودا تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەيۋەن رايونىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە سودىگەر چاقىرىش پائالىيىتىدە بولدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەيۋەندىكى مەزگىلدە تەيۋەنلىك سودىگەرلەر تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، «تەيسو» گۇرۇھى، «شىنجۇ» سانائەت تەتقىقات يۇرتى، تەيۋەن «توگىي» كارخانا گۇرۇھى، تەيۋەن «گوتۇڭ» خەلقئارا شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلارنى زىيارەت قىلىپ، تەيۋەننىڭ

سانائەت - سودا ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچراشتى.

تەيۋەن رايونلار تەرەققىياتى تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، بۇ شيەنجيانىڭ باشچىلىقىدا 15 كىشىلىك شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەتقىقات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىدىن 15 كىشى تەيۋەنگە بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولدى.

تەيۋەن WCPA/IUCN 4 - نۆۋەتلىك شەرقىي ئاسىيا رايونى بويىچە قوغداش رايونى يىغىنىنىڭ تەكلىپى بىلەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى خۇاڭ مىڭمىن تەيۋەنگە بېرىپ، خەلقئارا تەبىئەتنى قوغداش ئىتتىپاقى دۇنيا قوغداش كومىتېتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك شەرقىي ئاسىيا رايونى قوغداش يىغىنىغا قاتناشتى.

تەيۋەن «جۇڭخۇا ئاپتوموبىل سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى»نىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ «خېرىنكې» ئاپتوموبىل سېتىش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى چېن تاۋ تەيۋەنگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

تەيۋەن «جۇڭگو ئاخباراتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مۇخبىرلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى شىن جيەنجۈن تەيۋەنگە بېرىپ ئالماشتۇرۇش ۋە زىيارەت پائالىيىتىدە بولدى.

تەيۋەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن ۋېيشياۋنىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ھايۋانات ئىلمى فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى ۋاڭ جيېگەن تەيۋەنگە بېرىپ، «تەيۋەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ تۇجۇپلەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسى ۋە تەجرىبىلىرى ۋە ئۇنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق يېزا ئىگىلىكىگە بەرگەن ئىلھامى» دېگەن تېمىدىكى تەتقىقات ۋە ئالماشتۇرۇشقا قاتناشتى.

تەيۋەن «جۇڭخۇا سەنئەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى»نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى پەن چيۇجاڭ تەيۋەنگە بېرىپ كەسپىي ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

تەيۋەن گاۋشيۇڭ «چاڭگېڭ» خاتىرە دوختۇرخانىسىدىكى جىگەر يۆتكەش مۇتەخەسسىسى، پروفېسسور چېن جاۋلۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - شۆبە دوختۇرخانىسى ئادەتتىكى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچى جاڭ شىنفېڭ بىلەن ناركوز بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل ۋراچى خۇاڭ يى تەيۋەنگە بېرىپ 6 ئاي بىلىم ئاشۇردى.

تەيۋەن «جۇڭخۇا بويىۋەن مەدەنىيەت - ئىقتىساد جەمئىيىتى»نىڭ تەكلىپى بىلەن، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيىتى شىنجاڭدىن 16 خەتتات ۋە رەسسامنى تەشكىللەپ، تەيۋەنگە بېرىپ شىنجاڭ، تەيۋەن ھۆسن خەت ۋە رەسىم ئەسەرلىرى بىرلەشمە كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى.

6 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئاسراش باشقارمىسىنىڭ ئىنژېنېرى ياۋ فېڭ جۇڭگو شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ تەيۋەنگە بېرىپ، يول قۇرۇلۇشى قىلىش ۋە ئاسراش تېخنىكىسى بويىچە ئالماشتۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

تەيۋەن جۇڭشىن مەدەنىيەت، مائارىپ فوندىنىڭ باش مۇدىرى گاۋ جيەندۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شۈ تيەنۋېي، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ۋۇ شياۋچېڭ، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى خۇ جيېڭلار مائارىپ مىنىستىرلىكى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ تەيۋەنگە بېرىپ ئىلىم ئالماشتۇردى.

تەيبېي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خاۋ پېيشياڭ باشچىلىقىدىكى 8 كىشىلىك ئۆمەك تەيۋەنگە بېرىپ يېزا ئىگىلىكىنى تەكشۈردى.

7 - ئايدا تەيۋەن مالىيە گۇرۇھىنىڭ قانۇنىي ئىگىسى لو خۇيخۇ لۈيەن فوندىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، ئېغىز بوشلۇقى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچى ياۋ جىجۈن تەيۋەنگە بېرىپ، ئاسىيا توشقان كالپۇك، يېرىق تاڭلاي ئوپېراتسىيىسىنى تەتقىق قىلىش - ئۆگىنىش لاگېرىنىڭ توشقان كالپۇك، يېرىق تاڭلاينى داۋالاش بويىچە 2 - نۆۋەتلىك تېخنىكا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

تەيۋەن باش سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىلھام ئوسمان كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ تەيۋەنگە بېرىپ ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

تەيۋەن «ئوبوروت كەسپى جەمئىيىتى»نىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ دوستلۇق گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى چا پىڭ جۇڭگو سودا بىرلەشمىسى ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ، تەيۋەنگە بېرىپ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ ئوبوروت كەسپىدىكى ئوبوروت، سەپلەش مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

تەيۋەن «جۇڭخۇا تەيبېي ئولىمپىك كومىتېتى»نىڭ باش كاتىپى چېن گوشىننىڭ تەكلىپى بىلەن، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لى گۇاڭشىڭ شىنجاڭ ئاتقا چىقىش جەمئىيىتىنىڭ 9 ئەزاسىنى باشلاپ، تەيۋەنگە بېرىپ لىشەن مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى كۆردى.

تەيۋەن 8 ـ نۆۋەتلىك ئاسىيا ـ ياۋروپا رايونى بويىچە ئاڭلاش توسالغۇسى يېڭىش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ چاقىرغۇچىسى لىن ياۋگۈيىنىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ مېيىپلار سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىر ۋۇراج لىڭ چېكيوڭ بېيجىڭ «توڭرېن» دوختۇرخانىسى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ تەيۋەنگە بېرىپ يىغىنغا قاتناشتى.

9 ـ ئايدا تەيۋەن «مىللەتپەرۋەر جەمئىيىتى»نىڭ كېڭەش باشلىقى ليۇ ئاروڭنىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ دوتسېنتى شى لىن ماتارىپ مىنىستىرلىكى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ، تەيۋەنگە بېرىپ دېڭىز بوغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى مىللىي رايونلارنىڭ ماتارىپ تەرەققىياتى، زامانىۋىلىشىش ۋە مۇھىت ئاسراش بويىچە مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

گاۋشيوڭ شەھەرلىك ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) دىن 16 كىشى تەيۋەنگە بېرىپ ئىقتىساد ـ سودا ئىشلىرى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

تەيۋەن مىڭتەي مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى گو ياۋچىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 5 كىشى تەيۋەنگە بېرىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە بولدى.

تەيۋەن «ليەنخۇا» يېمەكلىك سانائىتى چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ دېلوڭ گۇرۇھى شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جېي شۈجۇڭ بىلەن شىنجاڭ پامىر «دېيالڭ» سۈتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى مېڭ شىتاۋ تەيۋەنگە بېرىپ ئىقتىساد ـ سودا ئىشلىرى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

تەيۋەن شىيۇجۇەن دوختۇرخانىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى سۇ نەيجاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى دورا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاڭ خۇيۋېن تەيۋەنگە بېرىپ تىببىي دورا، سەھىيە ۋە دورا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بويىچە ئىلىم ئالماشتۇردى.

تەيۋەن يېمەكلىك ماشىنىلىرى چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى خۇاڭ يۈڭشەننىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ مەيجۇر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لى يۈخۇ قاتارلىق 6 كىشى تەيۋەنگە بېرىپ سودا ئىشلىرى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

10 ـ ئايدا تەيۋەن دەنجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىل ـ ئەدەبىياتى ئىنىستىتۇتىنىڭ باشلىقى لىن ياۋفۇنىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى ئىنىستىتۇتىنىڭ باشلىقى، دوتسېنت جاڭ بىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى تەيۋەنگە بېرىپ، ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشى بويىچە 6 ـ نۆۋەتلىك مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

تەيۋەن «گوتۇڭ» خەلقئارا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى جاڭ لىرۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 6 كىشى تەيۋەنگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

تەيۋەن «گوتەي» ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى (شىنجاڭ) ئۈرۈمچى تېخنىكا بۆلۈمى يۇمشاق دېتال تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋۇ خاۋ قاتارلىق 2 كىشى تەيۋەنگە بېرىپ تەربىيىلەندى.

تەيۋەن خەنزۇشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ سابىق ئالىي مۇھەررىرى جۇڭ شىڭچى تەيۋەنگە بېرىپ يەرلىك ئەسەرلەر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

11 ـ ئايدا تەيۋەن گاۋشيوڭ شەھەرلىك بىرېدىژ قارتا سەنئىتى تەتقىقات ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېيلىيەندا قۇرۇلۇش مەسلىھەتچىلىكى چەكلىك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ۋۇ نيەنس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 5 كىشى جۇڭگو بىرېدىژ قارتا جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ تەيۋەنگە بېرىپ، 2002 ـ يىللىق گاۋشيوڭ شەھەرلىك ئىككى قىرغاقتىكىلەر بىرېدىژ قارتا تەكلىپ مۇسابىقىسىگە قاتناشتى.

تەيۋەن رېئاللىقنى تارقىتىش چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ياڭ ليەنيوڭ دۆلەت رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ تەيۋەنگە بېرىپ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى بويىچە ئالماشتۇرۇش ۋە ئېلان مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

تەيۋەن كىتاب تارقىتىشنى ھەمكارلىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ شىخەنزە شەھەرلىك شىنخۇا كىتابخانىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن دىرېكتور چېن شىنۋېن دۆلەت ئاخبارات نەشرىيات باش مەھكىمىسى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ تەيۋەنگە بېرىپ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ كىتاب - ژۇرنال تارقىتىش مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

12 - ئايدا تەيۋەن ئۇنىۋېرسىتېتى مۇھىت قۇرۇلۇشى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى ئەن خۇيمىن جۇڭگو مۇھىت پەنلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ تەيۋەنگە بېرىپ، مۇھىت بويىچە ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

تەيۋەن شۈدې پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن پىنجۈەننىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى شۇ دۇڭفېڭ تەيۋەنگە بېرىپ، تىل ۋە ئوقۇتۇشتا ئەمەلىي مۇھىتتىن پايدىلىنىش مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

تەيۋەن «فۇرېن» ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى دىڭ فۇتىڭنىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور ۋۇ فۇخۇەن، غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ پروفېسسورى چېن شىمىن تەيۋەنگە بېرىپ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ «ئادەم ۋە ئېتىكا» بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

تەيۋەن «جۇڭگو ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى»نىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ «جۇڭخې» چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى قوشۇمچە باش دىرېكتورى جاڭ يىڭچيەن جاڭجياڭ شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ تەيۋەنگە بېرىپ تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە بولدى.

تەيۋەن ئۇنىۋېرسىتېتى بىناكارلىق ۋە شەھەر - يېزا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكلىپى بىلەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى جاڭ شياۋلېي، كاندىدات تەتقىقاتچى ياڭ جاۋپىڭ ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پەن تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ھاياتلىق ۋە مۇھىت پەنلىرى ئىنستىتۇتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى جىن خەيلۇڭ قاتارلىق 5 كىشى تەيۋەنگە بېرىپ، يەر شارىلىشىش ۋە جۇڭگو ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

تەيۋەن ئۇنىۋېرسىتېتى بىناكارلىق ۋە شەھەر - يېزا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ تەبىئەتنى قوغداش جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى جۇ فۇدې، شىنجاڭ «ۋېينۇڭ» يېزا ئىگىلىك يۇقىرى پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، كاندىدات تەتقىقاتچى ۋاڭ جيالى تەيۋەنگە بېرىپ، يەر شارىلىشىش ۋە جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى، ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

تەيۋەن ئانا - بالىلار سەھىيە جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گۇەن فېڭشېڭ قاتارلىق 3 كىشى مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ تەيۋەنگە بېرىپ، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت، كۆپىيىش ساغلاملىقى بويىچە تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

تەيۋەن مالىيە گۇرۇھىنىڭ قانۇنىي ئىگىسى 10 ئادىر ياش فوندىنىڭ تەكلىپى بىلەن، شىنجاڭ شىخەنزا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن لى جىڭ، جاڭ خەيلياڭ، جۇ لىنلىن، سا ۋېي، جاڭ يەندىن ئىبارەت 5 ئوقۇغۇچى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەشكىللىگەن ئۆمەككە قوشۇلۇپ تەيۋەنگە بېرىپ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 2002 - يىللىق ئالماشتۇرۇش، ئۆگىنىش لاگېر پائالىيىتىگە قاتناشتى.

2002 - يىلى تەيۋەن رايونىدىكى ئالاقىدار زاتلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ مەدەنىيەت، ئىلىم، ئىقتىساد، تەنتەربىيە قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىپ بارغان ئالماشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش تۈرى 12، ئۇلارغا قاتناشقانلار 131 ئادەم (قېتىم).

5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن تەيۋەن «جۇڭتيەن تېلېۋىزىيىسى» چوڭ قۇرۇقلۇق فوكۇس پروگرامما گۇرۇپپىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

شىنجاڭ مائارىپ خەلقئارا ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، تەيۋەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرلىرى زىيارەت ئۆمىكىدىكى 14 كىشى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت ئۆمىكى شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى، شىنجاڭ شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە مائارىپ نازارىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەم ئىككى تەرەپنىڭ مائارىپ

ئۆچۈرلىرى ئالاقىسىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكلىپى بىلەن، تەيۋەن «لىمىڭ» باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ياڭ جيەنفۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 12 كىشى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكلىپى بىلەن، تەيۋەن «دۆلەت باغچىسى ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ پروفېسسورى جاڭ لۇڭشېڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 16 كىشى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 - ئايدا ئاۋېيىن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى تەييارلىق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەيۋەن ئالىي تېخنىكوم ئاۋېيىنلىق مەكتەپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كېڭەش باشلىقى چۇ جېنرۇڭ خانىم باشچىلىقىدىكى مەكتەپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ شىنجاڭنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىدىكى 20 كىشى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى.

شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تېبابەت جەمئىيىتى ئۈستىگە ئالغان جۇڭگو توكسىكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بىئوخىمىيە ۋە مالېكۇلا توكسىكولوگىيە كەسپىي كومىتېتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئىلمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. تەيبېي رۇڭمىن باش دوختۇرخانىسىنىڭ زەھەر مەركىزىدىكى دېڭ جاۋفاڭ قاتارلىق 6 مۇتەخەسسىس ۋە ئالىم يىغىنغا قاتناشتى ۋە ئىلىم ئالماشتۇردى.

تەيۋەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى تۈزىتىش جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش باشلىقى جۇ جېنگوۋ باشچىلىقىدىكى تەيۋەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى تۈزىتىش جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكىدىكى 19 كىشى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى.

ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار مەدەنىيەت-سەنئەت ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن، تەيۋەن ئىككى قىرغاق مەدەنىيەت ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى لۇ شياڭشيۇڭ تەيۋەن تەيىا شىنچۈەن سەنئەت ئۆمىكىدىكى 30 كىشىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولدى. سەنئەت ئۆمىكى ئاساسەن تەيۋەن رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان.

تەيۋەن ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانى ئېلىش مەركىزى تەتقىقات - تەرەققىيات باشقارمىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى لى مىڭيەن ھەمراھى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، جۇڭگو جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى شەھەر جۇغراپىيىسى كەسپىي كومىتېتى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى باشقۇرغان 21 - ئەسىردىكى جۇڭگو شەھەرلىرى ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشتى.

تەيۋەن «مەركىزىي تەتقىقات يۇرتى» ھېساپلاش مەركىزىنىڭ مۇدىرى لىن چيڭجيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 3 كىشى تەكلىپ بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تور سانلىق مەلۇمات مەركىزى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىرلىشىپ باشقۇرغان ئىلمىي سانلىق مەلۇمات ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى بويىچە 6 - نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

9 - ئايدا تەيۋەن فۇلۇن كوپېراتىپ مۇلازىمەت كومىتېتى تەشكىللىگەن جۇڭگو شىنجاڭ خالىسانە كېسەل كۆرۈش مۇلازىمەت ئۆمىكىدىكى 20 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ خالىسانە كېسەل كۆردى. مۇلازىمەت ئۆمىكى «مەمخورلۇق ئۇرۇقىنى چېچىپ، باشقىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش»نى مەقسەت قىلىپ، ئۈرۈمچىدە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى 2 كۈن ھەقسىز كۆردى، 30 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدىكى دورا ئىئانە قىلدى ھەم شىنجاڭدىكى مېيىپلارغا 21 دانە مېيىپلار چاقلىق ئورۇندۇقى ئىئانە قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى بىلەن تەيۋەن «جۇڭخۇا تەيبېي لوڭشۇن شىركىتى» بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ تەڭرىتاغنى ئايلىنىپ تاۋۇز چاغىنىنى كۈتۈۋېلىش بويىچە دالىدا يۈگۈرۈش پائالىيىتى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى. دالىدا يۈگۈرگۈچىلەر ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدىن يولغا چىقىپ، سانجى - قۇتۇبى - ماناس - شىخەنزە - مايتاغ - كۈيتۇڭ - جىڭ - سايرام كۆلى قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ غۇلجىغا بېرىپ، قايتىدىن كەلگەن يول بىلەن ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىغا قايتىپ كېلىپ 1600 كىلومېتىر مۇساپىنى باستى. بۇ مۇسابىقىگە شىنجاڭدىن 15 نەپەر، تەيۋەندىن 15 نەپەر ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ماھىرى قاتناشتى.

10 - ئايدا تەيۋەن فوگۇاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى دوكتور گوڭ پىڭجىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 5 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىدىكىلەر بىلەن ئىلىم ئالماشتۇردى. شىنجاڭدىكى مەزگىلدە فوگۇاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە - ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتىدىكىلەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە - ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئوقۇتۇش ئەھۋالى ۋە مىللىي مۇزىكا ماتارىيىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەم ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى

# ھەربىي ئىشلار

## شىنجاڭ ھەربىي رايونى

### شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى: ۋاڭ لېچۈەن (ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە).

قوماندان: چيۇ يەنخەن (جۇڭجياڭ).

سىياسىي كومىسسار: يۈ لىنشياڭ (جۇڭجياڭ).

مۇئاۋىن قوماندانلار: قۇربان ئەرشىدىن (شاۋجياڭ)، جاڭ تۇڭجىن (شاۋجياڭ)، جاۋۋېنلۇڭ (شاۋجياڭ)، چېن شىباۋ (شاۋجياڭ، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى شىنگۇاڭ (شاۋجياڭ، 10 - ئايدا تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: يۈ يىڭلىي (شاۋجياڭ)، ئىبراھىم سۇلايمان (شاۋجياڭ)، ۋاڭ خۇەنشىن (شاۋجياڭ).

شتاب باشلىقى: لى شىنگۇاڭ (شاۋجياڭ، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ شىمىڭ (شاۋجياڭ، 10 - ئايدا تەيىنلەندى).

سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى: لىيۇ جۇكۇي (شاۋجياڭ).

بىرلەشمە لاۋازىمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى: جاۋ شىجيەن (شاۋجياڭ، 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ ۋېنسۇڭ (داشياۋ، 6 - ئايدا تەيىنلەندى).

قورال - جابدۇق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى: ياڭ فۇشياڭ (شاۋجياڭ، 7 - ئايدا ئۇنۋان بېرىلدى).

### ھەربىي تەلىم - تەربىيە

شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى 2002 - يىلى ئاساس تەلىم - تەربىيىسى، ئۇرۇش تاكتىكىسى تەلىم - تەربىيىسى، نىشانلىق تەلىم - تەربىيە قاتارلىق تەلىم - تەربىيىلەرنى چىڭ تۇتتى. يىل بېشىدا ھەربىي رايون تەلىم - تەربىيە سەپەرۋەرلىكى بويىچە تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى چاقىردى، يىغىندا قوماندان چيۇ يەنخەن، سىياسىي كومىسسار يۈ لىنشياڭلار يىللىق تەلىم - تەربىيىنى باشلاش بويىچە سەپەرۋەرلىك ئېلىپ باردى. پارتكومىنىڭ يېرىم يىللىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا يەنە تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى مەخسۇس ئاڭلاپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى مەركىزىي ئورۇنغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك قوماندانلىق ئورگانلىرى ھەربىي تەلىم - تەربىيىگە تەشكىللەتچىلىك، رەھبەرلىك قىلىش فۇنكسىيىسىنى ئەستايىدىل ئادا قىلدى، مەخسۇس ۋەزىپە كۆپ بولغان ئەھۋالدىمۇ تەلىم - تەربىيە لايىھىسىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى. قىسىملار ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ

تېخنىكا كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

تەيۋەن «دىڭشىن» گۇرۇھى (كاڭ ئۇستام) 65 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ، شىخەنزە شەھىرىنىڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا 4 يۈرۈش تەييار چۆپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى قۇردى.

2002 - يىلى تۇغقان ۋە دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلاش، ساياھەت قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن تەيۋەنلىك قېرىنداشلار 24 مىڭ 107 ئادەم (قېتىم) گە، ئۇلارنىڭ تۇرغان ۋاقتى 38 مىڭ 193 (ئادەم) كۈنگە يەتتى.

شىنجاڭدىن شەخسىي ئىش ۋە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن 173 ئادەم (قېتىم) تەيۋەنگە باردى، 16 ئادەم تەيۋەندە ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

خې شياۋپىڭ

### شياڭگاڭ «يىدا» گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى ياڭ مىندې شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

شياڭگاڭ «يىدا» گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى ياڭ مىندې خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 10 كىشى 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭنى زىيارەت قىلىپ، مەزكۇر گۇرۇھنىڭ شىنجاڭغا داۋاملىق مەبلەغ سېلىش ئىشى توغرىسىدا ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى. بۇ گۇرۇھ 100 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ، شىنجاڭدا شېرىكسىز ۋە شېرىك كارخانىدىن 4 نى قۇرۇپ، شىنجاڭغا ئەڭ كۆپ مەبلەغ سالغان شياڭگاڭ مەبلىغى كارخانىسىغا ئايلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ ياڭ مىندې ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

جانجان مەنپەئىتى بىلەن ھەربىي تەلىم - تەربىيە نەتىجىسىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇردى ھەمدە مۇكاپاتلاش - جازالاش چارىسىنى چىڭىتتى. ھەربىي رايون 136 ئىلغار ئورۇن ۋە 2365 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. 2002 - يىلى يېڭى پروگرامما بويىچە تەلىم - تەربىيە يولغا قويۇلغان تۇنجى يىل، ھەربىي رايون 3 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ تارماقتىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە بارلىق ئورگان كادىرلىرىنى يېڭى پروگرامما بويىچە يىغىپ تەربىيىلەپ، ئورگانلارنىڭ قىسىملارنىڭ تىزىس بويىچە تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. ھەربىي رايون 49 قارار يېڭى پروگرامما بويىچە يىغىپ تەربىيىلەشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جۈن، شى، لۈي، تۇەن رەھبەرلىرى، ئورگان كادىرلىرى ۋە شۆبە قىسىم ئوفىتسېرلىرى، كوماندىر كەنجى ئوفىتسېرلارنى يىغىپ تەربىيىلىدى. ھەربىي رايون رەھبىرىي ئورگىنى قىسىملارغا 6 قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بىر يىلدا شىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك قىسىملار تەلىم - تەربىيە مەيدانلىرىغا 94 (قېتىم) مۇپەتتىشلىك گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى، يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن تۇەندىن يۇقىرى ھەربىي، سىياسىي مەسئۇل ئوفىتسېرلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 كۈندىن ئارتۇق نۇقتىدا تۇرۇپ تەلىم - تەربىيىنى تۇتتى. تەلىم - تەربىيە ئۆزگىرىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تەرتىپنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، «69220» قىسىمدا ئوقۇتۇش ئەترىتى قۇرۇلۇشىنى، «69210» قىسىمدا رىقابەت مېخانىزمىنى، «69230» قىسىمدا شتاتلىق تۇەنلەرنىڭ مۇنتىزىملاشقان تەلىم - تەربىيىسىنى، «69009» قىسىمدا جىسمانىي ئىقتىدار تەلىم - تەربىيىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ھەربىي رايون قىسىملىرى پروگرامما بويىچە تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويۇشنى تۇتۇش بىلەن بىرگە نىشانلىق تەلىم - تەربىيىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى.

6 — 7 - ئايلاردا «69220» قىسىم ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى «69221» قىسىمنى ۋە مەلۇم رازۋېدكا يېگىنى باشلاپ تاشقورغان رايونىغا باردى.

7 — 8 - ئايلاردا «69210» قىسىم ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى «69215» قىسىمنى باشلاپ 30 چاقىرىم گازارما رايونىغا بېرىپ، ھەر خىل قورال - ياراغلارنىڭ ئىقتىدارىنى تەجرىبە قىلىشتا تەشكىلاتچىلىق قىلدى، جىسمانىي ئىقتىدار، قارىغا ئېتىش مەشىقى ھەمدە بەندىن تۆۋەنگىچە تاكتىكا تەلىم - تەربىيىسىنى تاماملىدى.

6 — 7 - ئايلاردا «69006» قىسىم ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ ۋە ماشىنا - ئاپتوموبىللارنى ئېلىپ 30 چاقىرىم گازارما رايونىغا بېرىپ، ئېگىز، سوغۇق جايلارغا ماسلىشىش خاراكتېرىدىكى تەلىم - تەربىيىنى ئېلىپ بېرىپ، ئېگىز، سوغۇق جايلاردا ئۇرۇش قىلىشنىڭ قۇرۇلۇش كاپالىتى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنىڭ تەجرىبىلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. ھەربىي رايون تۇەندىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇل ھەربىي ئوفىتسېرلىرىنى، ھەربىي رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق يىڭ (ئەترەت) لەرنىڭ باشلىقلىرىنى تېررورلۇققا قارشى ھەربىي كۈرەش بويىچە يىغىپ تەربىيىلەشكە قاتناشتۇردى. 10 - ئايدا جۇڭگو - قىرغىزىستان تېررورلۇققا بىرلەشمە قارشى تۇرۇش باشلىقلىرى قوماندانلىق شتابلىرىنىڭ مانېۋىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەربىي كومىتېت باشلىقلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە قىرغىزىستان تەرەپنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى، تەلىم - تەربىيىنى يېڭى پروگرامما بويىچە يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەربىي رايون 4 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ تەييارلاپ، تەلىم - تەربىيە قوشۇمچە ياردىمى سۈپىتىدە قىسىملارغا چۈشۈرۈپ بەردى.

10 - ئايدا ھەربىي رايون 5 بىرلەشمە تەكشۈرۈش - سىناش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 - دەرىجە ۋە 2 - دەرىجىلىككە مەلۇم قىلىنغان قىسىملارنىڭ يىللىق ھەربىي تەلىم - تەربىيىسى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش، سىناش ئېلىپ باردى. قىسىملارنىڭ سىناش تۈرلىرىدە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %99كە يەتتى. دەرىجە بويىچە باھالاش ئارقىلىق 2 ئورۇننى 4 باش بۆلۈم 1- دەرىجە قىلىپ تەقدىرلىدى، 4 ئورۇننى لەنجۇ ھەربىي رايونى 2 - دەرىجە قىلىپ تەقدىرلىدى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى 16 ئورۇننى 1 - دەرىجە، 22 ئورۇننى 2 - دەرىجە قىلىپ، 12 ئوقۇتۇش ئەترىتىنى 1 - دەرىجە، 5 ئوقۇتۇش ئەترىتىنى 2- دەرىجە قىلىپ تەقدىرلىدى.

لى لىگېن

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى ئاساسىي قاتلامنى تۈزۈتۈشتا ئاۋۋال ئورگاننى تۈزۈتۈش تەلىپىگە ئاساسەن، تۇەندىن يۇقىرى رەھبىرىي ئورگانلاردا ئىدىيە - ئىستىل جەھەتتىن تەربىيىلەش - تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇش قىلىش، ئاساسنى پۇختا سېلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەكرار تۇتۇشتەك ئىدىيىۋى كۆز قاراشنى مەھكەم تۇرغۇزدى. ھەربىي رايون «رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئارمىيە ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى بايانلىرىدىن تاللانما»، «ئارمىيە ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئائىت ھۆججەتلەردىن تاللانما» قاتارلىق ماتېرىياللارنى تۈزۈپ باستۇردى، «لۈي، تۇەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ «پروگرامما»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە

دالىر 40 ماددا»نى تۈزۈپ تارقىتىپ، لۇي، ئوتتۇرا ئەتىرەتلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇردى، «قىسىملارنىڭ مۇنتىزىم تەرتىپىنى ساقلاش ھەققىدە پىكىر»نى تۈزۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇنتىزىم تەرتىپىنى تۈزۈم جەھەتتىن قوغدىدى.

رەھبىرىي ئورگان كادىرلىرىنىڭ قىسىملارغا چۈشۈپ ئۇقتىدا تۇرۇشى، ئەسكەر بولۇشى ۋە ۋاكالىتەن ۋەزىپە ئۆتىشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ئۇنۇم ئىز قوغلاپ سۈرۈشتە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئاخىرقى ئۇقتىدىكى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ياخشى تۇتۇلۇپ، خىزمەت سۈپىتى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى. «ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ كۈندىلىك ھەرىكىتىدە ‹تۆت ئىشقا رۇخسەت قىلماسلىق›» ھەققىدىكى بەلگىلىمە قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، تۆۋەندىن يۇقىرى كادىرلار ئارىسىدا ھوقۇق ئىشلىتىش، پاك ـ ئىنتىزاملىق بولۇش، روھىي ھالەت قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەر بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىندى. ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش، قىسىم تەرتىپىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش، كەنجى ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بويىچە مەخسۇس تۈزۈش خىزمىتى، مەركەزلىك ھالدا پىلانلىق، قەدەممۇ قەدەم ئېلىپ بېرىلىپ، قىسىملارنىڭ كەيپىياتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ھەربىي رايون ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى يەنىمۇ كۆپەيتتى، 40 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ تەييارلاپ ئاساسىي قاتلامغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى، ئاساسىي قاتلامنىڭ بولۇپمۇ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ داۋالىنىش ـ دەم ئېلىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى.

جالڭ شېڭبىڭ

## توپچى قىسىملار، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ خىزمىتى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى ئومۇمىيۈزلۈك تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. يېڭى ئەسكەرلەر قىسىمغا كەلگەندىن كېيىن 2 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قاتتىق مۇنتىزىم تەربىيىگە قاتنىشىپ، ئىدىيە، ئىستىل، تېخنىكا ۋە بەدەن ساپاسى جەھەتلەردە بىر قەدەر ياخشى ئاساسقا ئىگە بولدى، «69224»، «69250»، «69260» قىسىملار ھەربىي رايوننىڭ يېڭى ئەسكەرلەردىن تەلىم ـ تەربىيە بويىچە ئارىلاپ ئالغان ئىمتىھانىدا يۈزتۈزلەپ لاياقەتلىك بولدى. 3 ـ ئايدا، ھەربىي رايون توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىدىن ئۆگەنچى ئەسكەرلەرنى تاللاپ ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە كەسپىي تەلىم ـ تەربىيە چوڭ ئەترەتلىرىگە ئەۋەتىپ 4 ئايدىن 8 ئايغىچە تەربىيىلىدى. 4 — 10 ـ ئايغىچە ھەربىي رايون ئەسكىرىي تۈرلەر ئورگىنى ھەربىي رايون توپچى قىسىملاردا يېڭى قورال ـ جابدۇقلارنى ئىشلىتىش بويىچە يىغىپ تەربىيىلەش، يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەشغۇلاتچىلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىغا قاراشلىق «ئۈچ پونكىت» ئەسكەرلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش ۋە ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى پلانېرچىلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا مەشغۇلات تايانچىلىرىنى تەربىيىلىدى. 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە «69260» قىسىم لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ بىرلەشمە تاكتىكا تەلىم ـ تەربىيە بازىسى تەشكىللىگەن ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى راست ئوق تاكتىكا مانېۋىرى ۋە بىرلەشمە تاكتىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش مانېۋىرىغا قاتنىشىپ، مانېۋىرغا قاتناشقان قىسىملار ئىچىدە 1 ـ بولدى، نەق مەيداندا بىر قىسىم دەرسلەردە ئۈلگە كۆرسىتىپ، لەنجۇ ھەربىي رايونى ئورگىنى، مانېۋىرغا يېتەكچىلىك قىلىش بۆلۈمى ۋە مانېۋىر كۆزەتكۈچى ۋەكىللەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 8 — 9 ـ ئايلاردا ھەربىي رايون توپچى قىسىملىرى، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى راست ئوق تاكتىكا مانېۋىرى ئۆتكۈزۈپ، ياخشىدىن يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشتى. ھەربىي رايون «69235»، «69245» قىسىملارنى تاكتىكا ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە راست ئوق بىلەن قارىغا ئېتىش مەشىقىگە ئۇيۇشتۇردى، «69235» قىسىمنىڭ نەتىجىسى ياخشى، «69245» قىسىمنىڭ نەتىجىسى ئەلا بولدى. 10 — 11 ـ ئايلاردا ھەربىي رايون ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىدە 1 ـ ۋە 2 ـ دەرىجىلىككە يوللانغان ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ باھالىدى، باھالاشقا قاتناشقان ئورۇنلارنىڭ نەتىجىسى مۇنەۋۋەر بولدى. لەنجۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى نەتىجىسىدە، «69223»، «69216» قىسىملار ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنلۇقنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى، «69234»، «69245» قىسىملار ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىدە 2 ـ دەرىجىلىكتىن 1 ـ دەرىجىلىككە ئۆستى، باشقا توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئورۇن بولدى، «69250» ۋە «69260» قىسىملارنىڭ ئوقۇتۇش ئەترەتلىرى ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنلۇقنى ساقلىدى.

ۋاڭ شاۋخۇا

## برونبۇلاق قىسىملىرىنىڭ خىزمىتى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى برونبۇلاق (شۆبە) قىسىملىرى 2002 - يىلى 3 - ئايدا بىر قىسىم ئۆگەنچى تېخنىك ئەسكەرلەرنى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ تانكا شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش بازىسىغا ئەۋەتىپ 9 ئاي تەربىيىلىدى. 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ھەربىي رايون پىيادە ئەسكەرلەر يېڭى تىپتىكى ئۇرۇش ماشىنىلىرى شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسانتلاردىن 70 كىشى 2 - دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا دەرىجىسىگە ئېرىشتى. 6 — 7 - ئايلاردا ھەربىي رايون بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، «69214» قىسىمنىڭ تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش كۈچلىرىنى بەرپا قىلىش ئەھۋالىنى سىنىدى ۋە ئۇرۇش تەييارلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. 8 — 9 - ئايلاردا «69246» ۋە «69009» قىسىملارنىڭ قىسمەن ئەسكىرىي كۈچى ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان تېررورلۇققا قارشى ھەربىي ھەرىكەت بويىچە ئەمەلىي مۇھاكىمە مانېۋىرىغا قاتناشتى. 10 — 11 - ئايلاردا ھەربىي رايوننىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە دەرىجىسىنى سىناپ باھالىشىدا، «69225»، «69214»، «69236»، «69246» قىسىملار ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 2 - دەرىجىلىك ئورۇن بولدى.

ۋاڭ شاۋخۇا

## قۇرۇلۇش قىسىملىرىنىڭ خىزمىتى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلۇش (شۆبە) قىسىملىرى 2002 - يىلى 3 - ئايدا ئۆگەنچى تېخنىك ئەسكەرلەرنى لەنجۇ ھەربىي رايونى قۇرۇلۇش قىسىملىرى تېخنىكا چوڭ ئەترىتىگە ئەۋەتىپ، كەسپىي جەھەتتىن 8 ئاي تەربىيىلىدى. 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ھەربىي رايون «69006» قىسىمدا ھەربىي رايون بويىچە قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى مەشغۇلاتچىلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش ۋە يېڭى قۇرۇلۇش جابدۇقلىرى مەشغۇلاتچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى، كۇرس ئاخىرلاشقاندا ھەممەيلەننىڭ نەتىجىسى لاياقەتلىك بولدى. 5 - ئايدا ھەربىي رايون ئەسكىرىي تۈرلەر ئورگىنى «69006» قىسىمنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە ئۇنىڭغا نۇقتىدا تۇرۇپ ياردەم بەردى. 6 — 8 - ئايغىچە «69006» قىسىم ئۆزىگە قاراشلىق قۇرۇلۇش شۆبە ئەترەتلىرىگە 30 چاقىرىم گازارما رايونىدا ئېگىزلىك، سوغۇق رايونلارغا ماسلىشىش خاراكتېرىدىكى تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى. 6 — 10 - ئايغىچە «69006» قىسىم شىبۇچ بولىنى ياساش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. 8 — 9 - ئايلاردا «69006» قىسىم ۋە «69240» قىسىمنىڭ قۇرۇلۇش شۆبە قىسمى ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان تېررورلۇققا قارشى ھەربىي ھەرىكەت بويىچە ئەمەلىي مۇھاكىمە مانېۋىرىغا قاتناشتۇردى. 11 - ئايدا باش شتابنىڭ ئەسكىرىي تۈرلەر بۆلۈمى «69006» قىسىمنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇنلۇقىنى ساقلاپ قېلىش- قالالماسلىقىنى باھالاپ سىنىدى، بۇ قىسىم 95.1 ئومۇمىي نومۇر ئېلىپ، باش شتاب ئارىلاپ تەكشۈرگەن 5 ئورۇن ئىچىدە 1 - بولۇپ، باش شتاب تەرىپىدىن ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ باھالاندى.

مۇشۇ يىل ئىچىدە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئاساسلىقى 4 قوماندانلىق قىلىش - ئاسراش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى قوغداش، ئاسراش ۋەزىپىسىنى تاماملاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قۇرۇلۇشنىڭ مەلۇم بۆلىكى سۇ سىڭمەس قىلىندى. 10 — 11 - ئايلاردا ھەربىي رايون «69230»، «69240» قىسىملار، ئىلى، ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونلىرى، «69033» قىسىم قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ئەھۋالى ياخشى، بازىدىكى قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولدى، قۇرۇلۇشلارنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى %90تىن يۇقىرى بولدى.

ۋاڭ شاۋخۇا

## خىمىيۋى قوراللار مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق خىمىيۋى قوراللار مۇداپىئە (شۆبە) قىسىملىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 4 — ئايدىن 6 - ئايغىچە «69230» قىسىم «خىمىيۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان يۇيۇش - دېزىنفېكسىيە قىلىش ئاپتوموبىلىغا ئورنىتىلىدىغان تۈتۈن چىقىرىش ئەسۋابىدىن تېز سۈرئەتتە سپېكترلىق تۈتۈن چىقىرىش» دەرس تۈرىنى لەنجۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرىنىڭ كەنجى ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەش - باشقۇرۇش نەق مەيدان يىغىنىدا ئۈلگە كۆرسىتىشكە قاتناشتۇردى. 5 — 6 - ئايلاردا ھەربىي رايون لابوراتنتلارنى يىغىپ تەربىيىلىدى، كۇرس ئاياغلاشقاندىكى سىناقتا كۇرسانتلارنىڭ ئومۇمىي نومۇرى ئەلا بولدى. 7 - ئايدا ھەربىي رايون ئەسكىرىي تۈرلەر ئورگىنى «69240» قىسىم، خىمىيۋى قوراللار مۇداپىئە ئورگىنى بىلەن شۆبە قىسىمنىڭ خىمىيۋى قوراللار مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ «تېررورلۇققا قارشى ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە سىناش تىزىسى»نى يېزىش ۋەزىپىسىنى تاماملىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ تىزىس باش شتاب تەرىپىدىن

ئەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 8 — 9 - ئايلاردا «69007» قىسىم ۋە «69240» قىسىمنىڭ خىمىيۋى قوراللار مۇداپىئە شۆبە قىسىملىرى قىسمەن ئەسكىرىي كۈچىنى ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان تېررورلۇققا قارشى ھەربىي ھەرىكەت بويىچە ئەمەلىي مۇھاكىمە مانېۋىرىغا قاتناشتۇردى.

ۋاڭ شاۋخۇا

## قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە قىسمىنىڭ خىزمىتى

**ئۇچۇش تەلىم - تەربىيىسى** شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە قىسمى 2002 - يىللىق تەلىم-تەربىيە كۆرسەتكۈچىنىڭ 105%ىنى ئورۇندىدى. ئۇچقۇچىلارنىڭ تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىش نىسبىتى 100% بولدى. تاكتىكىلىق ئۇچۇش، تىك ئۇچار ئايروپىلاننى ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇش، يەر يۈزىدىكى نىشانلارغا ئوت كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىش، پاراشوت بىلەن سەكرەش قاتارلىق دەرسلەر بويىچە تەلىم - تەربىيىنى تاماملىدى.

**ئاۋىئاتسىيە قورال - جابدۇقلىرى** مۇشۇ يىلدا قىسىمدىكى تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى 82%، ۋەزىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىش نىسبىتى 100% بولدى، تىك ئۇچار ئايروپىلان ماتورىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش، زاۋۇتتا رېمونت قىلدۇرۇش، قەرەللىك تەكشۈرۈش، ئاۋىئاتسىيە ماتېرىياللىرىنى تەڭشەپ يۆتكەش قاتارلىق خىزمەتلەر ئورۇندالدى ھەمدە بىر قىسىم ئاۋىئاتسىيە قورال - جابدۇقلىرى ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، كىرگۈزۈلدى ۋە قوبۇل قىلىندى.

**ئورۇش ۋەزىپىسى كاپالىتى** مۇشۇ يىلدا 178 مەيدان (قېتىم) ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى، ئەلا سۈپەتلىك مەيدان (قېتىم) نىسبىتى 100% بولدى، قوراللىق تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنىڭ راست ئوق بىلەن قارىغا ئېتىش مانېۋىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەر تاماملاندى.

لى خۇي

## ئالاقە خىزمىتى

**ئۇرۇش تەييارلىقى بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش** 2002- يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى توك يولىنى جىددىي تەڭشەش، سىمسىز تېلېگرافنى جىددىي ئۇلاش، چېگرا مۇداپىئە توك يولىنى تەكشۈرۈش، سۈنئىي ھەمراھ تېلېفونىنى تەكشۈرۈش، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇلاش - يەتكۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى. 6 - ئايدا لەنجۇ ھەربىي رايونى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا چېگرا مۇداپىئە ئالاقىسىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئالاقە خىزمىتىدىكى قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ باشقۇرۇشقا سەل قاراش، ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ ئاسراشقا سەل قاراشتا ئوخشاش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، چېگرا مۇداپىئە ھەربىي كۈرەشنىڭ ئالاقە تەييارلىقىنى ھەقىقىي يوسۇندا ياخشى ئىشلىدى. 10 - ئاينىڭ 10 — 11 - كۈنلىرى جۇڭگو - قىرغىزىستان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش باشلىقلىرى قوماندانلىق شتابلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بىرلەشمە مانېۋىرىنىڭ ئالاقە ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالدى.

**ئالاقىچى ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيىسى** ھەر دەرىجىلىك ئالاقە تارماقلىرى ۋە ئالاقە، ئېلېكترونلۇق قارشىلىق (شۆبە) قىسىملىرى تەلەپكە ئاساسەن، ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى باسقۇچقا، قاتلامغا، تۈرگە ئايرىپ نۇقتىلىق چىڭ تۇتتى. 4 — 8 - ئايغىچە ھەربىي رايون «69016» ۋە «69230» قىسىملارنى ئارمىيىنىڭ سىمسىز راتسىيە مەشىق تورىدىكى پراكتىكىسىغا قاتناشتۇردى، باش شتاب ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا 3 سىمسىز راتسىيە قىزىلبايراقدار راتسىيە بولۇپ باھالاندى، 14 كىشى مۇنەۋۋەر رادىست، بىر كىشى مۇنەۋۋەر قوبۇللاپ يوللىغۇچى بولۇپ باھالاندى. ھەربىي رايون ئالاقە باشقارمىسىنىڭ شتاب ئوفىتسېرى خۇاڭ باۋسىن مەشىق تورىدا پراكتىكىغا ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 7 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي رايون بويىچە ئالاقە ئەسكەرلىرىنىڭ كەسپىي ئۇرۇش تېخنىكىسىدا بەسلىشىش بويىچە تاللاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە 120 ماھىر قاتناشتى. 2 ئورۇن كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1-، 10 كىشى يەككە تۈرلەر بويىچە 1 - بولدى. 8 — 9 - ئايلاردا ھەربىي رايون كوماندىسىدىن 201 ماھىر لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۆتكۈزگەن ئالاقە ئەسكەرلىرىنىڭ كەسپىي ئۇرۇش تېخنىكىسى مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، 5 ئورۇن كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 -، 4 كىشى يەككە تۈرلەر بويىچە 1 - بولدى، بۇ كوماندا 47 دانە مېدال ئالدى. ھەربىي رايون ئالاقە (شۆبە) قىسىملىرى «ھەربىي ئالاقە ئىلمى»، «ئالاقە جەڭچىسى» قاتارلىق ژۇرناللاردا 80 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. «69016»، «69029» قىسىملار ژۇرنال تەھرىراتى تەرىپىدىن ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، ھەربىي رايون ئالاقە باشقارمىسى ئۇدا 18 يىل ئىلمىي تەتقىقاتتىكى ئىلغار ئورۇن، لوۋباجياڭ قاتارلىق 6 كىشى ژۇرنال تەھرىراتى تەرىپىدىن 2002 - يىلدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

**ئالاقە قۇرۇلۇشى** 2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى يەرلىك بىلەن بىرلىكتە 2952 كىلومېتىر ئوپتىكىلىق كابېل تارتتى. ھەربىي رايون قىسىملىرى يەرلىككە ماسلىشىپ

قەشقەر — قاغىلىق — خوتەن، تارباغاتاي — قاراماي — ئالتاي، كورلا — غۇلجا لىنىيىسى بولۇپ 1920 كىلومېتىر ئوپتىكىلىق كابېل غول لىنىيىسىنى كۆمۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، قۇمۇل ئارقىلىق نامداۋاندىن باركۆل، ئاراتۇرۇككىچە بارىدىغان 225 كىلومېتىرلىق ۋە ئالتاي ئارقىلىق كۆكتوقايغا بارىدىغان 686 كىلومېتىرلىق ئوپتىكىلىق كابېل لىنىيىسىدىكى قۇرۇلۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى، شياۋخۇاڭشەندىن گۆچۈڭگىچە 121 كىلومېتىرلىق بوشلۇقتا ئوپتىكىلىق كابېل تارتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. 10 - ئايدا ھەربىي رايون ئاسادىپىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى 17 نۇقتىلىق خەلق ئەسكەرلىرى يىغىنغا 15 يۈرۈش سىمسىز ئالاقە سېپىكېرفون سىستېمىسى، 969 دانە سېپىكېرفون سەپلەپ بېرىلىپ، ئاسادىپىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى نۇقتىلىق خەلق ئەسكەرلىرى يىغىلىرىنىڭ قوماندانلىق ئالاقە ئىشلىرى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

سۈن چىجاۋ، دۇەن ۋېيبىن

## چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى

**چېگرا مۇداپىئەسى بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش**

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2002 - يىلى ھەر پەسىلدە، چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى ۋە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇش ۋەزىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى تۈزدى. ھەربىي رايون باشلىقلىرى ئېگىزلىككە، چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرىغا 20 نەچچە قېتىم بېرىپ نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، نەق مەيداندا ئىش بېجىردى ۋە قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. پەسىل ئۆزگىرىشى ۋە چېگرا بويىدىكى ئادەم، چارۋىلارنىڭ ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ھەربىي رايون چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ھەققىدە ۋاقتىدا يوليورۇق تارقىتىپ، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئوخشىمىغان پەسىللەردە چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھەربىي رايون ئورگان كادىرلىرىدىن 196 كىشىنى چېگرا مۇداپىئە شۆبە ھەربىي رايونلىرىغا بىۋاسىتە قاراشلىق 1. سەپتىكى لىيەندۇيلەرگە بېرىپ نۇقتىدا تۇرۇش، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەپ، چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى ۋە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

**چېگرا باشقۇرۇش** 2002 - يىلى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى تەدبىر قوللىنىپ چېگرا باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى، چېگرا پورتلىرى، چېگرا سىرتىغا ئۆتىشىدىغان مۇھىم تاغ ئېغىزلىرى، سەزگۈر رايونلاردا چارلاش، كۆزىتىش، يوشۇرۇنۇش ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىشنىڭ ۋاقتى ۋە قېتىم سانىنى كۆپەيتىپ، چەت ئەلگە چېتىلىدىغان چوڭ - چوڭ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، چېگرا باشقۇرۇش تەرتىپىگە خىلاپ ئادەتتىكى ۋەقەلەرنى كۆرۈنەرلىك ئازايتتى. ئىككى تەرەپنىڭ چېگرىدىن ئۆتكەن ئادەم، چارۋىلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى، چېگرىغا يېقىنلاشقان كىشىلەرنى نەسىھەت بىلەن قايتۇردى، چېگرىغا يېقىنلاشقان چارۋىلارنى كۆپ قېتىم توسۇپ قالدى.

**چېگرا مۇداپىئەسىدىكى چەت ئەلگە چېتىلىدىغان خىزمەتلەر** 2002 - يىلى ھەرقايسى سۆھبەتلىشىش - ئۇچرىشىش ئاپپاراتلىرى موڭغۇلىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، پاكىستان، ھىندىستانلارنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىدىكى چەت ئەلگە چېتىلىدىغان خىزمەت ئاپپاراتلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ ۋە سۆھبەتلىشىپ، ئاساسلىقى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىنى بىرلىكتە تەكشۈرۈش، جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنى ئۆلچەش، جۇڭگو - قىرغىزىستان تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە مانېۋىرى ئۆتكۈزۈش، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشنا دۆلەت چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ چارۋا ئوغرىلىشى، چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە قارشى تەرەپ بىلەن ۋاقتىدا ئەھۋال ئالماشتۇرۇپ، ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى.

**چېگرا مۇداپىئە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى** 2002 - يىلى دۆلەت 2001 - يىلى چۈشۈرگەن ئاپتوموبىللىق چارلاش يولىدىن 344 كىلومېتىر ياساش، 170 كىلومېتىر چېگرىغا تىكەنلىك سىم تارتىش ۋە 2 يۈرۈش نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش مۇئەسسەسەسى ياساش ۋەزىپىسى تاماملاندى؛ دۆلەت 2002 - يىلى چۈشۈرگەن ئاپتوموبىللىق چارلاش يولىدىن 389 كىلومېتىر، پىيادە چارلاش يولىدىن 25 كىلومېتىر ياساش، 179.5 كىلومېتىر چېگرىغا تىكەنلىك سىم تارتىش، چېگرا باشقۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان بەلگىدىن 189نى ۋە 3 يۈرۈش نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش مۇئەسسەسەسى ياساش ۋەزىپىسى تاماملاندى، بۇ 2002 - يىللىق ئومۇمىي ۋەزىپىنىڭ 50%نى ئىگىلەيدۇ. لەنجۇ ھەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا، قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۇنىۋېرسال باھالاش دەرىجىسى ئەلا بولۇپ باھالاندى.

شيا خۇي

## كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاقسۇ شۆبە ھەربىي

رايونى ۋە «69230» قىسىمنىڭ «نىزام»نى ئىزچىللاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنىڭ دېموكراتىك يوللىرىنى كېڭەيتتى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش خىزمىتىنىڭ تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇردى، ھەر بىر كادىرنى دەل ئاللاپ ياخشى ئىشلەتتى. كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى پىلانلىق ھالدا ياخشى ئىشلىدى.

كادىرلارنى تەربىيىلەش - باشقۇرۇش 8 سىناش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ 188 شتاتسىز تۈەن دەرىجىلىك بەنزە ئۈستىدە سىناش ئېلىپ بېرىلدى. تۈەندىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ خىزمەت ئورنىدىكى ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز ھالدا تەكشۈرۈپ مەلۇم قىلىندى، شىدىن يۇقىرى كادىرلار ۋە تۈەندىن يۇقىرى مەسئۇل ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى 4 قارار ئېچىلىپ، تۈەندىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلاردىكى ئىدىيە، ئىستىل، كەسپنى قەدىرلەش روھى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر نۇقتىلىق ھەل قىلىندى. ئاساسىي قاتلام كادىرلار تەربىيىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە ئاساسەن، «يېڭى دەۋردىكى لاياقەتلىك يېتەكچىلەردىن بولايلى» ناملىق دەرسلىك تۈزۈپ تارقىتىلدى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا قارىتا «ئون ئىشقا رۇخسەت قىلماسلىق» بەلگىلىمىسى تۈزۈلدى، بىر شى، 3 تۈەننىڭ كادىرلار تەربىيىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىندى، بىۋاستە قاراشلىق شى، لۈەندىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ كادىرلار بۆلۈم (باشقارما) باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ھەر ئايدا بىر دەرس ئۆتۈش تەربىيىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، «ئەڭ ياخشى ئايلىق دەرس»نى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق تەربىيە سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

پەن - تېخنىكا كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كادىرلار ئارمىيىنىڭ يېڭى قورال - جابدۇق تايانچلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ 4 - قارارلىق ئىنگلىز تىلى سەۋىيە ئۆستۈرۈش كۇرسى ۋە ھەربىي رايوننىڭ 3 - قارارلىق قوماندانلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا، ئارمىيە بويىچە كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ چەت ئەل تىلى ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەندى. كادىرلارنىڭ تېخنىكا ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈش، كەسپىي تېخنىكا دەرىجىسىنى تەڭشەش، مۇلكى كادىرلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە كادىرلارنىڭ پېنسىيىگە چىقىش، كەسپ ئالماشتۇرۇشقا دائىر ئىشلىرى بېجىرىلدى. مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا كادىرىدىن 27 كىشى باش شتاب، لەنجۇ ھەربىي رايونى ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. جاڭ شىجۇ 4 باش بۆلۈم تەرىپىدىن كەسپىي تېخنىكا بويىچە زور تۆھپە مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلاندى، بىر كادىر تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 25 كادىر ئارمىيىنىڭ مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى ئىش ئورنى ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى.

كادىرلارنىڭ كەسپ ئالماشتۇرۇش، قىسىمدىن قايتىش خىزمىتى كەسپ ئالماشتۇرىدىغان، قىسىمدىن قايتىدىغان 641 كادىر بېكىتىلدى، ئارمىيە بويىچە كەسپ ئالماشتۇرۇپ قىسىمدىن قايتۇرۇلۇپ شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان 624 كادىر ۋە كادىرلىققا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن كەسپ ئالماشتۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جاپالىق رايونلاردا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان 20 كەنجى ئوفىتسېر ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. كادىرلارنىڭ ئىچىدە پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى %78.6نى، كەسپىي ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىرى %16.7نى، تۈەن دەرىجىلىك كادىرلاردىن مۇناسىپ ۋەزىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى %89.5نى ئىگىلىدى. كەسپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيدىن قايتقان كادىرلارنىڭ ئىدىيىسى تۇراقلىق بولدى، بىرسىدىمۇ مەسىلە كۆرۈلمىدى، ئۇلارنىڭ قىسىمدىن ئايرىلىپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش نىسبىتى %98كە يېتىپ، يىللار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى بولدى.

بىي شاۋمىڭ، ۋاڭ گۇاڭخۇي، فەن جىدۇڭ

## قىسىملارنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى ئۇستابىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇش، قىسىم تەرتىپىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش بويىچە مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 6 جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ تۈزەتتى. ئاممىۋى توردىكى 4849 كۆچمە تېلېفون، 2027 چاقىرغۇ ئېنىقلاندى. قورال - ياراغ، ئوق - دورىلار ئېنىقلاندى. 8 - ئايدا ھەربىي رايون 3 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ جەنۇبىي، شىمالىي، شەرقىي شىنجاڭلاردىكى قىسىملارغا ئەۋەتىپ 11 شى دەرىجىلىك، 36 تۈەندىن يۇقىرى دەرىجىلىك قورال - ياراغ، ئوق - دورا ئامبىرىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن يوشۇرۇن خەۋپنى ۋاقتىدا بايقىدى ۋە تۈزەتتى، قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى بىخەتەر باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردى.

كەنجى ئوفىتسېرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ھەربىي رايون «69220» قىسىمدا كەنجى ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەش - باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، كەنجى ئوفىتسېر تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغان 3 يىلدىن بۇيانقى كەنجى ئوفىتسېرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى، يىغىندا 18 ئورۇن ۋە بىر كەنجى ئوفىتسېرلار ئۈلگىلىرى ۋەكىلى تەجرىبە ۋە ئىش - ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى، كەنجى ئوفىتسېرلار

قوشۇنى قۇرۇلۇشىدىكى 13 نەتىجە كۆرەك قىلىندى، كەنجى ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەش ـ باشقۇرۇشتىكى 7 ئىلغار ئورۇن، 10 مۇنەۋۋەر كەنجى ئوفىتسېر ئۈلگىسى ۋە 90 مۇنەۋۋەر كەنجى ئوفىتسېر تەقدىرلەندى، «كەنجى ئوفىتسېرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى» تارقىتىلدى.

«ئىككى مۇداپىئە» خىزمىتىنىڭ سالمىقى زورايتىلدى. بىر يىلدا ھەربىي رايون 6 قېتىم ئۇنىۋېرسال تۈزىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ۋە «ئىككى مۇداپىئە» خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى، ھەربىي رايون ھەر پەسىلدە بىر قېتىم بىخەتەرلىكنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندىن سىرت، ھەربىي رايوندىكى تارماق دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلەر بۆلۈنۈپ قىسىملارغا بېرىپ، بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. نۇقتىلىق نىشانلار ۋە مۇھىم جايلارنىڭ بىخەتەرلىكى قورۇقچىلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، «69240» قىسىمدا گازارما مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ تەسادىپىي ئەھۋاللارنى بىر تەرەپ قىلىش كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى، ھەر قايسى ئورۇنلار ھەربىي رايوننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئوق ـ دورا ئامبىرى، ماي ئامبىرى، گازارما دەرۋازىسى قاتارلىق نۇقتىلىق نىشانلارغا بىر ئۇتاش تېرىۋوگا قۇرۇلمىسى، مەخسۇس لىنىيىلىك تېلېفون قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئورنىتىپ، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ تەسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى. چوڭ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە رەھبىرىي ئورگان كادىرلىرى ئامباردا تۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، قورۇقلاش كۈچى كۈچەيتىلدى، نىشانلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

نى بىن

## ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتىيە ئىنتىزامىغا ئائىت نىزام ـ بەلگىلىمىلەرنى دائىملىق ئۆگىنىشنى ۋە ئىبرەت تەربىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆتتى، ئوتتۇرىدىن يۇقىرى كادىرلار ئارىسىدا ئىدىيە، ئىستىل، ئىنتىزام قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تۈزەتتى؛ ھەربىي رايون بويىچە ئوتتۇرىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تىزىملاشقا تەشكىللەپ، پاكلىق ئارخىپى تۇرغۇزدى؛ قىسىملارنىڭ كارخانىلارنى ساقلاپ قېلىش ئەھۋالى، قىسىملارنىڭ ھەقلىق تاشقى مۇلازىمەت تۈرلىرى، ھەربىيلەرنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار، ئورۇن ئالماپ يۆتكەلگەن كادىرلارنىڭ ئەسلىدىكى ئورۇننىڭ ئۆيىنى ئىگىلىۋېلىش ۋە رەھبىرىي كادىرلارغا ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ پىكاپ سەپلەپ بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېنىقلىدى ۋە قايتا تەكشۈردى؛ ئوتتۇرىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار، ئون دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە قىسىم مېھمانخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ۋە مالىيە باشقۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 8 سائەتتىن سىرتتىكى پائالىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىش سالمىقىنى زورايتتى. ئىنتىزامغا خىلاپ دېلو ۋە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، رەھبىرىي كادىرلار ۋە رەھبىرىي ئورگانلاردىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىش، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ئەخلاقتا بۇزۇلۇشقا ئوخشاش مەسىلىلەرگە قارىتا بىۋاسىتە دېلو بېجىرىش ۋە بىرلىشىپ دېلو بېجىرىش سالمىقىنى زورايتتى، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك، قىسىمدىكى تەسىرى بىر قەدەر زور بولغان دېلولارنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاخىرىغىچە تەكشۈردى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھەربىي رايون ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنى ئاممىنىڭ ئەرز خېتىدىن 295 پارچە (قېتىم) نى قوبۇل قىلدى. دېلو بېجىرىش جەريانىدا ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى يەنە خاتا پاش قىلىنغان 14 پارتىيىلىك كادىرنى ئاقلاپ نامىنى قوغداپ قالدى. ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان، قىسىم قۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرنى ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى، مەنىۋى تەپتىشلىكنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىش، كادىرلىققا ئۆستۈرۈش، كەنجى ئوفىتسېرلارنى تاللاش، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەڭشەپ سەپلەش قاتارلىق نازۇك خىزمەتلەر ئۈستىدە ۋاقتىدا قاتتىق ئىنتىزام تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەربىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمەتلىرىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى نازارەت قىلدى. قىسمەن چوڭ قۇرۇلۇشلارغا خېرىدار چاقىرىش ـ خېرىدار چىقىش ۋە ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىشقا ئادەم قاتناشتۇرۇپ، ناتوغرا ئىستىللاردىن ئۈنۈملۈك ساقلاندى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار تىپلارنى خۇلاسىلەپ تەشۋىق قىلدى، ئاساسىي قاتلامنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى 42 ئىلغار ئورۇن ۋە 14 ئىلغار شەخسنى ئومۇمىي ئۆتكۈزۈش چىقىرىپ تەقدىرلىدى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرىدىن 2 كىشى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرىدىن 7 كىشى لەنجۇ ھەربىي رايوننىڭ ئومۇمىي ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە



بورتالا شۆبە ھەربىي رايونىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر 2002 - يىلى 11 - ئايدا چارۋىچىلارغا 16 - قۇرۇلتاي روھىنى تەشۋىق قىلدى.
لى شياڭ فوتوسى

ئېرىشتى.

شياۋ شىمېي

## ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2002 - يىلى 4 - ئايدا شىدىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ رەئىس جياڭ زېمىننىڭ دۆلەت مۇدابىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. ۋاقتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاساسىي قاتلام ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، تەربىيە پائالىيىتىنى چىڭ تۇتتى. 7 - ئايدا «69241» قىسىمدا ئاساسىي قاتلامدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش تەربىيىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مەدھىيىلەش، 16 - قۇرۇلتاينى كۈتۈۋېلىش بويىچە تەربىيىلەش پائالىيىتى ۋە كادىرلارنى ھۆرمەتلەش - ئەسكەرلەرگە كۆيۈنۈش بويىچە مەخسۇس تەربىيە تۈزەش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. «غايە يەلكىنىنى چىقىرايلى» ناملىق كىتابنى تۈزىتىپ قايتا نەشر قىلدۇردى، يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ قىسىمغا كىرگەندىن كېيىنكى تەربىيىسى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ «ئايدا بىر دەرس» تەربىيىسىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتتى. 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە يەتكۈزدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئورۇنلار پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش بويىچە تەربىيە كۇرسىنى ئاچتى، شىدىن يۇقىرى بىر قىسىم ئورۇنلارنىڭ پارتكوم شۇجىلىرىنى لەنجۇ ھەربىي رايونى ئاچقان 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش بويىچە تەربىيە كۇرسىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. شى دەرىجىلىك كادىرلاردىن 5 كىشىنى ئايرىتىپ 16 - قۇرۇلتاي روھىنى تەشۋىق قىلىش لېكسىيە ئۆمىكى تەشكىللىدى، بۇ ئۆمەك ئوتتۇرىدىن يۇقىرى 33 ئورۇنغا بېرىپ 46 مەيدان (قېتىم) دوكلات بەردى.

جياڭ يۇخۇا، ۋاڭ شىنۋېي، ليۇ داۋشياڭ

## ھەربىي ئىشلار تەپتىشلىكى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەپتىشلىكى سىستېمىسى 6 دېلودىكى 7 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى، 2 دېلودىكى 3 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى قارار قىلدى، 8 دېلودىكى 10 كىشىنى تەكشۈرۈپ ئەيىبلىدى، ئۆزى رازۋېدكا قىلىدىغان 2 دېلونى تۇرغۇزۇپ 4 كىشىنى تەكشۈردى، بىر دېلودىكى بىر كىشىنى ئەيىبلىمىدى، يەككە دېلولارنى تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشقا كەتكەن ۋاقىت ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7 كۈنگە يەتمىدى، تەكشۈرۈپ ئەيىبلەشكە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 كۈن ئۆپچۆرىسىدە ۋاقىت كەتتى، بۇنىڭ بىلەن جىنايەتلەرگە ۋاقتىدا كۈچلۈك زەربە بېرىلدى. دېلو بىجىرىش ئارقىلىق قىسىملار ئۈچۈن 2 مىليون 350 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى. قىسىملار ئۈچۈن قانۇن مۇلازىمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ھەربىي رايون قىسىملىرىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋەزىپە جىنايىتى دېلولىرىنىڭ يۈز بېرىش ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى خۇلاسىلەندى ۋە تەھلىل قىلىندى. بىر دېلو ھەققىدە بىر تەكلىپ بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، قىسىملارنىڭ دېلو يۈز بېرىش سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ مەسىلە ۋە تەجرىبە- ساۋاقلارنى تېپىپ چىقىپ، ھەقىقىي يوسۇندا يولغا قويۇشقا بولىدىغان چارىنى تۈزۈپ چىقىشىغا ياردەم بېرىلدى. ھەربىي ئىشلار تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. مەھكىمە بويىچە 3 كىشى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر تەھقىقلەش ماھىرى، پاك مۇنەۋۋەر ئەيىبلىگۈچى بولۇپ باھالاندى.

شۇ كې

## ھەربىي سوت مەھكىمىسى خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى 1 - سوتتا قارىلىدىغان 14 كىشىگە چېتىلىدىغان 12 جىنايى ئىشلار دېلوسىنى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇرۇپ، 790 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي

زىياننى قايتۇرۇۋالدى. ئارمىيە ئىچىدىكى ھەق - تەلەپ دېلوسىدىن 4نى قوبۇل قىلدى. جازا مۇددىتى ئازايتىلىدىغان دېلولارنى قانۇن بويىچە قاراپ چىقىپ، ھەقىقەتەن ئۆزگىرىش ئىپادىسى بولغان 16 جىنايەتچىنىڭ جازا مۇددىتىنى ئازايتتى. قانۇن مۇلازىمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قىسىملاردا 12 دېلودىكى 14 كىشى ئۈستىدە سوت ئاچتى، قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە ئائىت 1100 نەچچە قاپ VCD پلاستىنكىسى تارقاتتى. قانۇنچىلىق بويىچە سەييارە لېكسىيە سۆزلەش گۇرۇپپىسى قىسىملارغا 3 قېتىم بېرىپ، 101 مەيدان (قېتىم) لېكسىيە سۆزلىدى، بۇ لېكسىيىلەردىن تەربىيە ئالغان ئوفىتسېر - ئەسكەر 47 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش قىزىق لىنىيىلىك تېلېفونىدىن 4ى ئېچىلدى، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىلىپ، قانۇن - نىزام بىلىملىرىدىن 180 نەچچە مىڭ خىلتىك سوئال - جاۋاب يېزىپ چىقىلىپ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي رايوننىڭ تار دائىرىلىك توردا ئىزدىشى ئۈچۈن تەمىنلەندى. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن بىرلىكتە 3 بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، ئارمىيىدە ۋە يەرلىكتە دۆلەت مۇداپىئە مەنپەئىتىنى قوغداش، ھەربىيلەر ۋە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، «ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداش» خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

پېڭ بو

## پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى

ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە كۈچەيتىلدى    2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى دەم ئېلىشقا چىققانلارنى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» ۋە «31 - ماي» دىكى مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مەدھىيىلەپ 16 - قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش بويىچە تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ساغلام، مەزمۇنلۇق ئىدىيە - مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. ھەربىي رايون پېشقەدەم كادىرلار ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلۇپ، 630 نەچچە پېشقەدەم كادىر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ئۆگىنىشكە قاتناشتى، ھەربىي رايوننىڭ مەملىكەتلىك ياشانغانلار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتۇرغان نومۇرى شەرەپ بىلەن ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مۇلازىمەت كاپالىتى    ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىدە يەرلىكتىكى ھۆكۈمەت تارماقلىرى بىلەن بولغان ئالاقە كۈچەيتىلدى. 2001 - يىلى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 370 كادىرنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى يوللاش خىزمىتى تاماملاندى، جۇڭ دەرىجىلىك 18 كادىرنى ۋە ياربەدار، كېسەل، مېيىپ بولغان، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 18 كادىرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلارغا ئۆي سېلىپ بېرىش پىلانى يۇقىرىغا يوللاندى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن 62 كادىر ئۈچۈن ئالاھىدە نەپىقە پۇلى ئىلتىماس قىلىندى، پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 46 كادىر ئۈچۈن كۆچۈنۈش پۇلى ئىلتىماس قىلىندى.

پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىگە ئېتىبار بېرىلدى    ھەربىي رايون رەھبەرلىرى پېشقەدەم كادىرلارنى دائىم يوقلاپ تۇردى، ئۇلارنىڭ تەلەپ - پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ خىزمەتلەرنى ياخشىلىدى. «1 - ئاۋغۇست»، يېڭى يىل، چاغان مەزگىللىرىدە ھەربىي رايون جۇڭ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پېشقەدەم كادىرلار سۆھبەت يىغىنى ۋە ھال سوراش چوڭ يىغىنى ئېچىپ تۇردى. ھەربىي رايون قوماندانى چېڭ يەنخەن، سىياسىي كومىسسارى يۈ لىنشياڭلار ئادەم باشلاپ بېرىپ كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىدىكى پېشقەدەم كادىرلاردىن ھال سورىدى. ھەربىي رايون پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى ۋە «ئۈچ ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلىپ، بىر تۈركۈم ئىلغار كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىلغار كادىرلار، ئىلغار پېشقەدەم كادىرلار خىزمەتچىلىرى تەقدىرلەندى. ھەربىي رايون ئورگىنى كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا 12 ئاپتوموبىلنى تەڭشەپ تولۇقلاپ بەردى، 200 نەچچە توننا ماي ياردەم قىلدى. ھەربىي رايون كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرى 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئاپتوموبىل ئىشلىتىش، دوختۇرغا كۆرۈنۈش، ئالاقە، ئۆي رېمونت قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى، كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلىدى.

لى شۇگۈي، ياڭ تۇگۈيى

## ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلىنىپ 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاخىرلاشتى. ئەسكەر بولۇش يېشىدىكى ياشلاردىن 29 مىڭ 642 كىشى ئەسكەرلىككە تىزىملاتتى، ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردا 246 ئەسكەر ئېلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، 3156 تىببىي خادىم ئاجرىتىلدى، 153 سالامەتلىك تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى، سالامەتلىكنى تەكشۈرتۈشكە قاتناشقانلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %52، سىياسىي تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %78 بولدى. ئېلىنغان ئەسكەرلەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر %23نى، ئايال ئەسكەرلەر %6نى، پارتىيە - ئىتتىپاق ئەزاسى %58نى، تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار %53نى، غەيرىي يېزا

ئىگىلىك نوپۇسىدىكى ياشلار %50نى ئىگىلەيدۇ، يېڭى ئەسكەرلەرنى قايتا تەكشۈرۈشتە شاللىنىش نىسبىتى %1.1 بولدى.

يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئەسكەر ئېلىش خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى ۋە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىمىدا ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى مېخانىزمى ئىسلاھاتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە جىڭ ناھىيىسى يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن تىزىمغا ئالدۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى؛ ئىلى ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 4 - شىمىدا ئايال ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىش چارىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى.

ما شاۋجۈن

## ئەسكەر تولۇقلاش، ھەربىيدىن چېكىندۈرۈش خىزمىتى

ھەربىي رايون 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 — 15. كۈنلىرى 2002 - يىللىق قىش پەسىللىك ئەسكەر تولۇقلاش، چېكىندۈرۈش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. يىغىندا لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ «2002 - يىللىق قىش پەسىللىك ئەسكەر تولۇقلاش، چېكىندۈرۈش ۋە كەنجى ئوفىتسېرلارنى تاللاش خىزمىتى ھەققىدىكى يوليورۇق»ى ۋە يېڭى ئەسكەرلەر شىلىرى (مۇستەقىل تۇەنلىرى) نىڭ باشلىقلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى؛ تولۇقلاش، تاللاش، چېكىندۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تولۇقلاش، تاللاش، چېكىندۈرۈش خىزمىتىنىڭ پىرىنسىپ، سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى؛ ھەربىي رايوننىڭ «2002 - يىل قىش پەسىللىك ئەسكەر تولۇقلاش، چېكىندۈرۈش ۋە كەنجى ئوفىتسېرلارنى تاللاش خىزمىتى ھەققىدىكى يوليورۇق»ى، «ئەسكەر تولۇقلاش، چېكىندۈرۈش خىزمىتى قوللانمىسى» مۇزاكىرە قىلىپ تۈزىتىلدى. يېڭى ئەسكەر شى، تۇەن، يىڭ، لىيەنلىرى قۇرۇلدى، 12 ئۆلكە (شەھەر، ئاپتونوم رايون) گە بېرىپ يېڭى ئەسكەرلەر قوبۇل قىلىنىپ، ئېلىپ كېلىندى. ھەربىيدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى توشۇش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 108 تۈركۈم (قېتىم) بولدى. تولۇقلاش، تاللاش، چېكىندۈرۈش خىزمىتىدە ئۇدا 11 يىل «ئۈچ بولماسلىق» ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى قىسمەن كەنجى ئوفىتسېرلارنى ھەربىيدىن چېكىندۈرۈش - ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتى پىلان بويىچە ئورۇندالدى. كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىيدىن قايتقانلارنىڭ ھەممىسى قىسمىدىن ئوڭۇشلۇق ئايرىلدى، ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى %100 بولدى.

چېن جىڭ

## زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى زاپاس قىسىملار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. ھەربىي رايون ئورگىنى 2 قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئايرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى 46 ئورۇننىڭ زاپاس قىسىملار قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، زاپاس قىسىملار قۇرۇلۇشىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان نۇقتىلىق، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى زۇ گېڭرېن 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى لەنجۇ ھەربىي رايونى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى زاپاس قىسىملىرىنىڭ بىر شىسىغا ۋە باشقا 3 مۇستەقىل تۇەنگە بېرىپ ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوندىن شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس قىسىملىرى پىيادە ئەسكەرلەر شىسىغا 3 مىليون يۈەن خىراجەت ھەل قىلىپ بەردى. ھەربىي رايون دائىرىسىدە مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان لىيەندىن تۆۋەن 18 ئوفىتسېر زاپاس قىسىملارغا تولۇقلاپ بېرىلىپ، ئاساسىي قاتلامدا كادىر يېتىشمەسلىك مەسىلىسى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىندى. 8 - ئايدا ئۈرۈمچى زاپاس قىسىملىرى ئالاقە تۇەنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خىزمەت باشقارمىسىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايون ۋە ھەربىي رايون شىخەنزە شەھىرىدە زاپاس قىسىملار خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا «زاپاس قىسىملار قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە پىكىر» ۋە «شىنجاڭ زاپاس قىسىملىرى ھەربىي تەلىم - تەربىيىسىنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانى» تۈزۈلدى، ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر تەقدىرلەندى. شەھەر خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى ئىسلاھاتى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھەربىي رايون «شەھەر خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى تەڭشەش - ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، شەھەر خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى تەڭشەش - ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرى خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ئىگىلىدى. خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرىنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيىسى چىڭ تۇتۇلدى. ھەربىي رايوندىكى زاپاس قىسىملار يىللىق تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ

بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە چېگرا مۇداپىئە شۆبە ھەربىي رايونلىرى باشلىق ئورگىنى ۋە تەسادىپىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى خەلق ئەسكەرلىرى شۆبە ئەترەتلىرىنى ئەمەلىي ئۇرۇش ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە ئۇرۇش مەشىقىگە قاتنىشىشقا ئومۇميۈزلۈك تەشكىللىدى؛ پۈتكۈل ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىگە قاراشلىق خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى جىددىي سەپەرۋەرلىك ۋە چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان تەلىم - تەربىيە ۋە مەشىقنى يولغا قويدى؛ قەشقەر زاپاس پىيادە ئەسكەرلەر تۈمەنى بىر يىلغا ئوفىتسېر - ئەسكەرنى جىددىي يىغىلىش مەشىقىگە تەشكىللىدى: ئىلى شۆبە ھەربىي رايونى ۋە پۈتكۈل يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى خەلق قوراللىق بۆلۈمى چېگرىدىكى تۈمەن - مەيدانلارنىڭ لېيەندۈي كادىرلىرىنى چېگرا مۇداپىئە لېيەنلىرىگە بېرىپ بىرلەشمە تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، تەلىم - تەربىيە ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى، ئارمىيە، ساقچى، ئەسكەر، خەلق بىرلەشمە مۇداپىئە تۈزۈلمىسىنى كۈچەيتىش ھەققىدە ئەھمىيەتلىك ئىزدىنىش ئېلىپ باردى. پۈتكۈل ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى 15 شىنىڭ ئالاقە، توپچى، قۇرۇلۇش قاتارلىق كەسپىي تېخنىكا شۆبە قىسىملىرىدىكى لېيەنجاڭ، پەيجاڭلارنى كۈچەيتىش تەلىم- تەربىيىسىگە قاتنىشىشقا مەركەزلىك تەشكىللىدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، تارباغاتاي، تۇرپان، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونلىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خىزمەت باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلار ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) لىق خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى ۋە تېخنىكىلىق تاكتىكا دەرسلىرىنى ئۆگىنىشكە ۋە تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. ھەربىي رايون بويىچە تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسى 83 قارار ئېچىلىپ، تۈرلۈك كادىر، ئاپانچىلاردىن 2958 كىشى تەربىيىلەندى. ھەربىي رايون تۇنجى قېتىم 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ھەربىي رايون تەۋەسىدىكى تەسادىپىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى بارلىق نۇقتىلىق پىڭلارنى سىناپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ساپاسىنى ۋە پۈتۈن پىلاڭ (لىيەن) بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال- جابدۇقلىرىنى بىخەتەر باشقۇرۇش خىزمىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ناھىيىدىن يۇقىرى خەلق ئەسكەرلىرى قورال - جابدۇق ئامبار - نۇقتىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بىراك قىلىنغان ئوق - دورا ھەمدە پارتلاتقۇچ بۇيۇملارنىڭ ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىنىپ، سانى، سۈپەت ئەھۋالى ئېنىقلاندى، باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى ئىگىلەندى. 5 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ھەر قايسى ئورۇنلارنى تەشكىللەپ، كېرەكسىز ۋە خەتەرلىك ھەممىباب ئوق - دورىدىن 8 . 85 توننا كۆيدۈرۈۋېتىلىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ بىراك قىلىنغان ئوق- دورا ۋە پارتلاتقۇچ بۇيۇملىرىنى ئېنىقلاش ۋە كۆيدۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. لەنجۇ ھەربىي رايونىغا ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - جابدۇق ئامبىرى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 2 مىليون 450 مىڭ يۈەن قوشۇمچە خىراجەت ھەل قىلىندى؛ پۈتۈن ھەربىي رايوندىكى خەلق قوراللىق بۆلۈم سىستېمىسىغا 1 مىليون 930 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرى قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىق ھەل قىلىندى. 12 - ئايدا ھەربىي رايون بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى قورال - جابدۇق ئامبارلىرىنىڭ ئامبارچىلىرى سىنىلىپ نەتىجىدە، خەلق ئەسكەرلىرى قورال - جابدۇق ئامبارچىلىرى قوشۇنىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرىنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلدى. چېگرا لىنىيىسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى قىسىملار ۋە ج خ ئورۇنلىرى، قوراللىق ساقچىلارغا ماسلىشىپ چېگرا رايونىدا چارلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا تەشكىللەندى. تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى شەرەپ بىلەن كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 9 زاپاس خەلق ئەسكىرى شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. مۇشۇ يىلدا خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسمىدىن 153 مىڭ ئادەم، 6400 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم) كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتۇرۇلۇپ، يەرلىك ئورۇنلار 54 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇشتا شايار ناھىيىسىنىڭ ياقىبۇلاق كەنتىدىكى خەلق ئەسكىرى راخمان ئەھەت قۇربان بولدى. 9- ئايدا ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونى 5 يېزا، بىر بازاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى تاسادىپىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترىتىنى ئاجرىتىپ، ئورمانلىقتا ئوت ئۆچۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

تاڭ بىن

## ئارقا سەپ تەمىنات باشقۇرۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ %95 شتاتلىق شى، لۈي، تۈەنلىرى خام چوت خىراجىتىدە كىرىم - چىقىمنى ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، باشقا ئورۇنلارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نىسبىتى %80تىن يۇقىرى بولدى. ئارىيەت ئېلىنغان، ئاۋانس قىلىنغان، ئىگىلىۋېلىنغان پۇللارنى ئېنىقلاپ قايتۇرۇۋېلىش سالمىقى زورايتىلدى، ھەربىي رايون ئۆز دەرىجە دائىرىسىدە كارخانىلارنىڭ 76 مىليون 307 مىڭ 600 يۈەن ئارىيەت پۇلىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ بەردى، قىسىملار ئىگىلەپ

تۇرۇۋاتقان ئاۋانس پۇلى، ئەڭ ئۇچۇقلۇق ئۈندە ئاۋانس پۇلى ۋە ئېلىپ قالغان خىراجەت 43 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، قىسىملار ئىگىلەپ تۇرغان ئاۋانس پۇلنىڭ 48%نى ئىگىلەيدۇ. قىسمەن ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملارنىڭ ۋە 35 گازارما رايونىنىڭ پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى. قىسمەن پىيادە قىسىملارنىڭ تۇرمۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە 20 خىل 511 دانە ئاشپەزلىك ئۈسكۈنىسى سەپلەپ بېرىلدى. ھەربىي رايون قىسىملىرىدىكى شتاتلىق ليەنلەردە ئاشخانا سېلىنىپ داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان مال جازىسى سەپلەپ بېرىلدى. يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن قوشۇمچە خىراجەت ئاجرىتىلدى. 1 مىليون 498 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 6 ئورۇندا كۆكتاتلارنى يېڭى پېتى ساقلاش سىناق نۇقتىسى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. ھەربىي رايوندىكى شتاتتا ھەربىي ئات بولغان چېگرا مۇداپىئە ليەنلىرىگە بىر قېتىمدا 3 يىللىق ئۆلچەم بويىچە 67 مىڭ يۈرۈش (دانە) تىن ئارتۇق ئات ئەگەر-جابدۇقى سەپلەپ بېرىلدى. ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە پونكىتى ۋە قىسىملىرىغا 4 خىل مەخسۇس دورا ۋە يېڭى، ئالاھىدە دورا تارقىتىپ بېرىلدى، پاشا ۋە كومۇتىنىڭ زىيىنىغا كۆپ ئۇچرىغان 1 - سەپتىكى ليەندۈيلەرگە ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا - سايمانلار تارقىتىپ بېرىلدى. 18 مىليون 749 مىڭ 400 يۈەن ئاجرىتىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ماددىي ئەشيا - ماي ئامبار (پونكىت) لىرىنى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 172 سى تاماملاندى. 1 - سەپتىكى قىسمەن چېگرا مۇداپىئە ليەندۈيلىرىنىڭ ماي قاچىلاش پونكىتلىرى ئۆزگەرتىلدى. 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ماددىي ئەشيا - ماي ئامبار (پونكىت) لىرىنىڭ خىراجەت چىقىمى ئېشىپ كېتىشتەك قالدۇق مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئارقا سەپ ماي ئامبىرى، قىسىم ماي ئامبار (پونكىت) لىرىنى «قوش ئەلا» قىلىپ باشقۇرۇش ۋە ماي بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇشنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. قىسىملارنىڭ 95% ماي ئامبىرى (پونكىتى) «قوش ئەلا» ئۆلچىمىگە يەتتى. ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان يەرگە ئائىت 12 قېتىملىق ماجىرا ۋە زىددىيەت مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى، يەرلىكنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدا ئارمىيىنىڭ ئۆي - زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىشقا ئائىت 10 دېلو ھەل قىلىنىپ، 15 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى، 23 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر قايتۇرۇۋېلىندى. بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن خىراجەت ھەل قىلىندى. ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك مۇنچا ئۈسكۈنىسى، قۇياش ئېنېرگىيىلىك چىراغ تەتقىق قىلىپ ياسىلىپ، چەت، يىراق جايلاردىكى 1 - سەپ قىسىملىرىنىڭ ۋە قاراۋۇلخانىلىرىنىڭ يۇيۇنۇشى، توك ئىشلىتىشى، سۇ ئىچىشى قىيىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلىرى كۆپ يوللار ئارقىلىق ھەل قىلىندى. 9 چېگرا مۇداپىئە ليەندۈيىگە شەھەر توكى ئۇلاشتۇرۇلدى، 12 چېگرا مۇداپىئە ليەن (يىڭ) نىڭ ئاشخانىسىغا پار ئورنىتىلدى، 11 چېگرا مۇداپىئە ليەنى ۋە 9 ليەندۈينىڭ پارقازىنى ۋە ئىشىك - دېرىزىسى يەڭگۈشلەندى، 11 چېگرا مۇداپىئە ليەنىنىڭ ئىچىملىك سۇ شارائىتى ياخشىلاندى. 715 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 246 ليەندۈيگە ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن قۇياش ئېنېرگىيىلىك مۇنچا ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلدى.

يۈچاۋ

## بىرلەشمە لاۋازىمات خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىرلەشمە لاۋازىمات تارماقلىرى ھەر قايسى ئارمىيە ئەسكىرىي قىسىملىرىغا 200 ئادەم ئەۋەتىپ مۇلازىمەت قىلىپ، 4200 نەچچە كىشىگە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ۋاكسىنىسىنى ھەقسىز تارقىتىپ بەردى، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىن 20 نەچچە تۈركۈم (قېتىم) ى ھەر قايسى ئارمىيە - ئەسكىرىي قىسىملىرىغا جىنسىيەت، جىنسىي ساغلاملىق بىلىملىرىدىن لېكسىيە سۆزلەشكە ئەۋەتتى، ئارمىيە ئەسكىرىي تۈر قىسىملىرىدىكى كادىرلار، ئائىلە تاۋابىئاتلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە داۋالىنىش كارتىسى بېجىرىپ بەردى. ھەر خىل خادىمدىن 150 نەچچىسى تەربىيىلەندى، 2800 ئاپتوموبىل تەكشۈرۈپ ئۆلچەندى، 3200 شوپۇر بىخەتەرلىك جەھەتتىن تەكشۈرۈلدى، 3 مىليون 170 مىڭ يۈەن قىممەتتىكى ئۈسكۈنە رېمونت قىلىندى، ئۈسكۈنە، پارقازانلار تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىندى، 6 مىليون 500 نەچچە مىڭ يۈەنلىك ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىندى، 28 مىڭ 417 كۋادرات مېتىرلىق ئولتۇراق ئۆي لايىھەلەندى. بىرلەشمە لاۋازىمات بويىچە ئەلا مۇلازىمەت پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، بىرلەشمە لاۋازىمات ئامبارلىرىغا ئىز قوغلاش كارتىسى ئورنىتىلدى. دوختۇرخانىلاردا ھەربىيلەرنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى ئۈچۈن «يېشىل يول» ئېچىپ بېرىلدى. ھەربىي پونكىتلار مۇلازىمەت كاپالىتى شارائىتىنى ياخشىلىدى، ئاپتوموبىل (شۆبە) قىسىملىرى نىزام - بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشتا نەمۇنە بولۇپ، ھەربىي ئاپتوموبىللارنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ھەربىي رايون بويىچە 8 ئورۇن لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن بىرلەشمە لاۋازىمات ئەلا مۇلازىمەتتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

بىرلەشمە لاۋازىمات كاپالىتى خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى، يېڭى يولى ھەققىدە پائال تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى، بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمى ئورگىنى، ھەر قايسى بىرلەشمە لاۋازىمات شۆبە بۆلۈملىرى ھەمدە بىرلەشمە تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدىغان شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ئەسكىرىي تۇر ئورۇنلىرى 40 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى. ئۇنىۋېرسال قابىلىيىتى كۈچلۈك، كەسپىي ساپاسى يۇقىرى ئورگان كادىرىدىن 12 سى ئارمىيە تۇرلىرى، باش شتاب قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىغا ۋەزىپە بىلەن ئۆگىنىش، چېنىقىشقا ئەۋەتىلدى.

بۇ چاۋ

## ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى %100كە يەتكۈزۈلۈپ، چېگرىنى توسۇش - تىزگىنلەش، ھەربىي كۈرەش تەييارلىقى، نۆۋەتلىك قىسىملار قۇرۇلۇشى، قىسىملارنىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش خىراجىتىگە نۆۋەتلىك كاپالەتلىك قىلىندى، تەمىنات ئۈزۈلۈپ قېلىش، نېسى قېلىش، ئۇنتۇلۇپ قېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمىدى. ھەربىيلەرنى ئاشلىق، گۆش، كۆكتات بىلەن تەمىنلەش مۇقىم بولدى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ كىيىملىرىنىڭ بىر قېتىم تارقىتىشتىلا دەل كېلىش نىسبىتى %90كە يەتتى. 3 چېگرا مۇداپىئە قىسمىدا كۆكتاتنى يېڭى ساقلاش ئامبىرى (گەمىسى) قۇرۇلدى. 2002 - يىلى ھەربىي رايوننىڭ ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى لېيەندۈيلىرىگە 150 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 17 خىل يېڭى، ئالاھىدە دورا تارقىتىپ بېرىلدى؛ نۇرغۇن ماددىي ئەشيا ۋە ئادەم توشۇلۇپ، ئېگىزلىكتىكى ترانسپورت كاپالىتى ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. ئۆز - ئۆزىگە كاپالەتلىك قىلىش، نۆۋەتتە تەسىس قىلىپ كاپالەتلىك قىلىش، شتات بويىچە كاپالەتلىك قىلىش ئاساس قىلىنىپ، ھەر خىل مايلار يەتكۈزۈلدى ۋە تەمىنلەندى، ماي ئۈسكۈنىلىرى ئاجرىتىلدى ۋە سەپلەندى. ھەر بىر چېگرا مۇداپىئە لېيەنىگە 2 كازارما رېمونتچىسى سەپلەپ بېرىلدى. 9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە ھەربىي رايوننىڭ چېگرا مۇداپىئە ئەسلىھە - ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش باش پونكىتى 8 شۆبە ھەربىي رايونى ۋە قىسمەن چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ 3 يىلدىن بۇياقى كازارمىلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى پىلانىنى ئورۇنداش ھەمدە خىراجەت كاپالىتى، خىراجەت ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش نەتىجىسى لاياقەتلىكتىن يۇقىرى بولدى. بىر يىلدا چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام كازارما ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى پىلانىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن 3 تۈركۈمدە، 7 مىليون89 مىڭ 700 يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلدى ھەمدە بارلىق چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرى ئۈچۈن ئەپلىك قۇياش ئېنېرگىيىلىك چىراغدىن 100نى زاكاز قىلىنىپ سېتىۋېلىندى؛ ئىسسىنىشتا قىيىنچىلىقى بار چېگرا مۇداپىئە لېيەنلىرىگە سۇسىز دىئېلېكترىك پار قازان سېتىۋېلىنىپ ئورنىتىپ بېرىلدى؛ ھەربىي زاۋۇتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئەپلىك مۇنچا ئۈسكۈنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ياساپ، جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى لېيەندۈيلەرنىڭ يۇيۇنۇش قىيىنچىلىقى مەركەزلىك ھەل قىلىندى. چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىدىكى ئولتۇراقلىشىش، ئىچىملىك سۇ ئىچىش، توك ئىشلىتىش، ئىسسىنىش، يۇيۇنۇش قىيىن بولۇشتەك زىددىيەت يېنىكلىتىلدى.

جاڭ خۇڭيىڭ

## قورال - جابدۇق باشقۇرۇش ۋە رېمونت قىلىش

2002- يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «قورال - جابدۇق نىزامى»نى ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، قورال- جابدۇق باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتتى. بىرىنچىدىن، قورال - جابدۇقلارغا كۆيۈنۈش، باشقۇرۇش تەربىيىسى كۈچەيتىلدى. ئىككىنچىدىن، قورال - جابدۇقلارنى كۈندىلىك ئاسراش كۈچەيتىلدى. ئۈچىنچىدىن، قورال - جابدۇقلارنى «ئۈچلەشتۈرۈپ» باشقۇرۇشنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. تۆتىنچىدىن، قورال - جابدۇقلارنى بىخەتەر باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. قىسىملار «قورال - جابدۇق رېمونتچىلىقى خىزمىتى نىزامى»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەستايىدىل تەشكىللىنىپ، قورال - جابدۇقلارنى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرى داۋاملىق مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى، بىر خىلدىكى رېمونت قىلىشتىن ئۇنىۋېرسال رېمونت قىلىشقا، نۇرغۇن ھالەتتە رېمونت قىلىشتىن ھەرىكەتچان ھالەتتە رېمونت قىلىشقا، كازارما رايونى قۇرۇلۇشىدىن ئۇرۇش مەيدانىدا ئالدىن ساقلاش قۇرۇلۇشىغا قاراپ يۈزلىنىش تەلىپىگە ئاساسەن، رېمونت شۆبە قىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. قىسمەن ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر ۋە خىزمەت سۇپىسى سەپلەپ بېرىلدى، رېمونت تەرتىپى، ھۈنەر - سەنئىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى نۆۋەتلىك تۈزۈلدى، قەرەللىك رېمونت قىلىش، ئىشلەش ھالىتىنى نازارەت قىلىش- تىزگىنلەش ۋە ئەھۋالغا قاراپ رېمونت قىلىش بىرلەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، يېڭى قورال - جابدۇقلارنى ئەھۋالغا

قاراپ رېمونت قىلىش ئىقتىدارى ۋە قىسىملارنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ رېمونت قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. بىر يىلدا زەمبىرەك، ئوپتىك ئۈسكۈنىلەر، رادار، قىسمەن رادار ئۈسكۈنىلىرى، برونېۋىك ئۈسكۈنىلىرى، ئاپتوموبىل، قورۇلۇش خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈسكۈنىلىرىنى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك رېمونت قىلىش ۋەزىپىسى تاماملاندى. ھەر قايسى قىسىملار 95 قېتىم سەييارە رېمونت قىلىشقا تەشكىللەندى. تېخنىك خادىملار ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملارنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بويىچە ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئورۇمچىدىكى 8 كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىنىڭ ئاپتوموبىللىرى سەييارە رېمونت قىلىندى. «69210» قىسىم تەشكىللىگەن 24 تېخنىك 27 كۈندە، دېڭىز يۈزىدىن 4200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قارلىق ئېگىزلىكتە 2 توشۇغۇچى برونېۋىكنى دالىدا ئوتتۇرا رېمونت قىلىپ، برونېۋىك ئۈسكۈنىلىرىنى ئېگىز، سوغۇق رايونلاردا رېمونت قىلىش ئىش سائىتى ۋە سايمانلارنىڭ خوراش قانۇنىيىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىدى.

ۋېي مەنخۇ، ياڭ يۈڭشياۋ

## قورال - جابدۇق ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2002 - يىل 5 - ئايدا «69210» قىسىمنىڭ قورال - جابدۇق ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىدى. 10 - ئايدا سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، بۇ تەجرىبىلەرنى ئومۇملاشتۇردى. يېڭى پروگرامما بويىچە تەلىم - تەربىيىنى ياخشى تۇتۇش ئۈچۈن شتاب ئورگىنى، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ يېڭى پروگرامما بويىچە تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويۇش نەق مەيدان كۆرگىكى ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە 18 كادىر كىچىك تەربىيىچىلەرنى تەربىيىلەشكە قاتناشتۇرۇلۇپ، تېخنىك ئەسكەرلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ھەربىي رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام كەسپىي كادىرلىرى يىغىپ تەربىيىلەندى. ھەربىي رايوننىڭ ھەربىي ئۈسكۈنە، ئاپتوموبىل تېخنىك ئىشچىلىرى تەلىم - تەربىيە ئەترىتى ۋە «69078» قىسىم قاتارلىق ئورۇنلار تېخنىك ئىشچىلار ۋە تانكا رېمونتچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ھەربىي رايون يەنە ھەر خىل كۆرسەتمىدىن 4 قارار ئېچىپ، ھەر خىل تېخنىكلارنى تەربىيىلىدى. ھەر قايسى ئورۇنلارمۇ تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بىر يىلدا ھەر خىل تېخنىكتىن 220 نەچچە ئادەم (قېتىم) نى يىغىپ تەربىيىلىدى ۋە قايتا تەربىيىلىدى.

ۋېي مەنخۇ، ياڭ يۈڭشياۋ

## قورال - جابدۇق نەزەرىيە تەتقىقاتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەر دەرىجىلىك قورال - جابدۇق ئورگانلىرى ۋە قىسىملاردىكى كەڭ ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر قورال - جابدۇق نەزەرىيە تەتقىقاتىغا دائىر 240 نەچچە پارچە ماقالە يازدى، بۇنىڭدىن 80 نەچچە پارچىسى ھەربىي رايوننىڭ «قورال - جابدۇق خىزمىتى» ژۇرنىلىدا، 50 نەچچە پارچىسى باش قورال - جابدۇق بۆلۈمى ۋە لەنجۇ ھەربىي رايوننىڭ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ باھالىشى نەتىجىسىدە، 2 ماقالە 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا، 2 ماقالە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 5 ماقالە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى لەنجۇ ھەربىي رايونى بويىچە قورال - جابدۇقلىرى نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. «شىنجاڭ ھەربىي رايونى برونېۋىك قورال - جابدۇقلىرى خىزمىتى تەتقىقاتى» دېگەن كىتاب تۈزۈپ باستۇرۇلدى. ھەربىي رايون نەزەرىيە تەتقىقاتىدا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، «69220»، «69250» قىسىملارنى ۋە 12 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

ۋېي مەنخۇ، ياڭ يۈڭشياۋ

## خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، «69220» قىسىم، ئىلى، ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونلىرىغا قاراشلىق قىسىملاردىن 20 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) ئاجرىتىپ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، ئوت ئۆچۈرۈپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، قار ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، مۇز چېقىپ خەتەرنى تۈگىتىش قاتارلىق زور خېيىمخەتەردىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىلىرىنى تاماملىدى. ئالى رايوندىكى زور قار ئاپىتى، پەيزاۋاتتىكى شېكەركۆل سۇ ئامبىرىدا يار ئېلىپ كېتىش ئاپىتى، دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسى ئارغىبۇلاق بۆلىكىنىڭ قۇلاپ كېتىش ئاپىتى، ماياتاغ — كۆچا ئاشيولىدا 400 نەچچە ئاممىنىڭ كەلكۈندە قاپسىلىپ قېلىشى، ئالتاي ۋىلايىتىدە ئورمانغا ئوت كېتىش ئاپىتى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى كەڭ كۆلەملىك كەلكۈن ئاپىتى قاتارلىق زور ئاپەت ۋە خېيىمخەتەردىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىلىرى بىر قەدەر ياخشى تاماملاندى.

گوۋېي، جۇ يۇجۇن

## تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن 20 تۈرلۈك ھەممىباب قورال - جابدۇق پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئارمىيىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى

مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، يەنە بىر تۈرلۈك نەتىجىسى ئارمىيىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 3 تۈرلۈك نەتىجىسى ئارمىيىنىڭ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا كۆرسىتىلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «GY6730X چېگرا چارلاش ئاپتوموبىلى»، «69032» قىسىم تەتقىق قىلىپ ياسىغان «2000 شامال — قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئۇنىۋېرسال توك مەنبەسى»دىن ئىبارەت 2 تۈر باش شتاب ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن كېڭەيتىپ سىناق قىلىنىدىغان ۋە ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان تۈر قىلىپ بەلگىلەندى.

2001 - يىلى يۇقىرىغا يوللاشقا كۆرسىتىلگەن «چېگرا مۇداپىئەسىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى تورلاشتۇرۇش سىستېمىسى»، «1 — 2001 تىپلىق شامال — قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئۇنىۋېرسال توك مەنبەسى»، «LRJ2001—1 سىستېمىسى» قاتارلىق تۈرلەرنىڭ 2002 - يىلى ئارمىيىنىڭ 2 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى تەستىقلاندى، قالغان 5 تۈر ئارمىيىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

دۇ سۇڭيۇڭ، دىڭ شېڭخۇا

## ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى 421 ئورۇنغا تىكتاك توپ تاختىسى، ئائىلە كىنوخانىسى بىرىكمە ئۈسكۈنىسى، كىتاب - ژۇرنال ئىشكاپى، جاڭ ۋە دۇمباق ساندۇقى، قارتا، شاھمات كۆڭۈل ئېچىش سايمانلىرى، كىچىك ساغلاملىق سايمىنى، كىچىك چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ۋاسكېتبول، پەي توپ مەيدانى سايمانلىرى قاتارلىقلاردىن 5116 يۈرۈش سەپلەپ بەردى. «ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش دەرسلىكى» تۈزۈپ باستۇرۇلدى. كىنوچىلار كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىلدى. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە لەنجۇ ھەربىي رايونى «69065» قىسىمدا ئاساسىي قاتلام «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى»نى خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش ھەمدە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. سەنئەت ئۆمىكى، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ باشلىق ئورگىنىغا ۋە شەرقىي بۆلەكتىكى قىسىملارغا 27 مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويدى، قازاقىستانغا زىيارەتكە بېرىپ 5 مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويدى. تەنتەربىيە يىغىپ تەربىيىلەش ئەترىتىنىڭ ۋاسكېتبول كوماندىسى لەنجۇ ھەربىي رايونىغا ۋەكالىتەن باش سىياسىي بۆلۈم ئۆتكۈزگەن ئارمىيىنىڭ 2002 - يىللىق ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ 3 - بولدى ھەمدە تەنتەربىيە ئەخلاق پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەدەنىيەت خىزمىتى پونكىتى 24 كىشىدىن تەركىب تاپقان 6 گۇرۇپپا تەشكىللەپ، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا 500 نەچچە دانە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە سايمىنى، 4000 دىن ئارتۇق كىنو - تېلېۋىزىيە پروگراممىسى پلاستىنكىسى يەتكۈزۈپ بەردى، سەپەرلىك سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە قوبۇللاش ئاپپاراتىدىن 91 يۈرۈشنى ئورنىتىپ بەردى، ھەر خىل كىنو - تېلېۋىزىيە سايمىنىدىن 400 نەچچىنى رېمونت قىلىپ بەردى.

جياڭ يۇخۇا، ۋاڭ شىنۇيې، ليۇ داۋشياڭ

## ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «خەلق گېزىتى»، «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» قاتارلىق مەركەز دەرىجىلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىدا 1848 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - بەتنىڭ باش تېمىسىغا بېرىلگىنى 44 پارچە. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئەۋەتكەن 144 خەۋەرنى كۆرسەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر»دە كۆرسىتىلگىنى 9، «ھەربىي خەۋەرلەر»دە كۆرسىتىلگىنى 103، مەخسۇس پروگراممىدا كۆرسىتىلگىنى 32. «خەلق ئارمىيىسى» گېزىتىدە 2969 پارچە ماقالە ۋە سۈرەت ئېلان قىلىندى. «69221» قىسىمنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتكەنلىكى، «69241» قىسىمنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەنلىكى، ئالىي شۆبە ھەربىي رايونى پارتكومى رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەرنىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىپ قارلىق چازىدا تۆھپە يارىتالىغانلىق ئىش - ئىزلىرى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، «69221» قىسىمنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتكەنلىك ئىش - ئىزلىرى «ئازادلىق ئارمىيىسى گېزىتى»دە 6 پارچە چاتما خەۋەر قىلىپ ئېلان قىلىندى. «سىزنى ئالەمنىڭ چېتىگىچە قوغلايمەن» ناملىق خەۋەر جۇڭگو بويىچە 2002 - يىللىق 2 - دەرىجىلىك ياخشى خەۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جياڭ يۇخۇا، ۋاڭ شىنۇيې، ليۇ داۋشياڭ

## بىخەتەرلىك - قوغداش خىزمىتى

بىخەتەرلىك - ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى 2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى نۇقتىلىق جايلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى، ھەربىي ماشىنىلارنى باشقۇرغۇچى، ئامبارچى، شوپۇر، مەمۇرلار قاتارلىق 12 خىل خادىملار ئۈستىدە تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش ئېلىپ باردى، كىچىك، تارقاق، يىراق جايلاردىكى بىۋاستە قاراشلىق جايلارنى 3 قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى، ھەربىي ماشىنا ئامبىرى، ئوق - دورا ئامبىرى قاتارلىق نۇقتىلىق جايلارنىڭ

بىخەتەرلىكىنى ئۈزلۈكسىز تەكشۈرۈپ تۇردى. ئوبيېكتىپلىق كاپىل كۆمۈش، تېررورلۇققا قارشى مانېۋىر ئۆتكۈزۈش، چېگرىنى قامال قىلىش، تىزگىنلەش ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە 2 ـ، 3 ـ پەسىللىك بىخەتەرلىك ـ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئۆتۈشكە ئەھمىيەت بەردى. خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىي رايون قوغداش خىزمىتى ھەققىدە پىكىر، ھەر پەسىللىك بىخەتەرلىك ـ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ھەققىدە يوليورۇق، زور بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە سەزگۈر مەزگىللەردىكى ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قاتارلىق ھۆججەت ـ تېلېگراممىلارنى تارقاتتى، 2 قېتىم ھەربىي رايون ھەر تەرەپلىمە تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىنى، بىر قېتىم «قوش مۇداپىئە» خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىنى ئاچتى، 13 قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ بىخەتەرلىكنى تەكشۈردى، چوڭ، قەبىھ دېلولارنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى، 2002 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىدا ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئەڭ ئاز كۆرۈلگەن بىر يىل بولدى.

بىخەتەرلىك مۇھاپىزەتچىلىكى ۋە كەسپىي قۇرۇلۇش بىر يىلدا 107 قېتىم قوغداش ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىندى. بۇنىڭغا ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى كادىردىن 223 ئادەم (قېتىم)، 636 جەڭچى (قېتىم) ئاجرىتىلىپ، چوڭ ـ چوڭ پائالىيەت ۋە قوغداش ئوبيېكتلىرىنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ھەربىي رايوننىڭ 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىشى بىلەن شى، لۈيەدىن تۆۋەن ئورۇنلارنىڭ قوغداش خىزمىتىنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. شى، لۈيەدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى قوغداش، باشقارما (بۆلۈم) لىرىنىڭ باشلىقلىرى، شتاتلىق تۈەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى قوغداش بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى، غەيرى شتاتلىق تۈەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى قوشۇمچە قوغداش كادىرلىرى 6 كۈن يىغىپ تەربىيىلەندى. شى، لۈي دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قوغداش ھەيئەتلىرى ۋە ئىدىيە ئاپاچىلىرىدىن 4285 كىشىنى تەربىيىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى.

چېن خۇڭجيې

## سەھىيە، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق قىسىملار گازارما رايونىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى تۈزەشنى كۈچەيتىش، يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان 14 ـ قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ھەربىي رايون قىسىملىرىدا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى 0.3%تىن تۆۋەن بولدى. ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىش، ئادەم، ھايۋانلار تەڭ كېسەل بولۇش ۋە يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى. يېڭى ئەسكەرلەرنى قايتا تەكشۈرۈش نىسبىتى، ئەملەش نىسبىتى، ئەيدىز كېسىلىنى تەكشۈرۈش نىسبىتى 100% بولدى. ئەيدىز، جىگەر ياللۇغى، تۇبېركۇليوز قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ قىسىملارغا تارقىلىشى تۈپتىن توسۇلدى. يېمەك ـ ئىچمەك، مۇھىم جايلار ۋە مېھمانساراي، مېھمانخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ سالامەتلىكى 2 قېتىم تەكشۈرۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ئاممىۋى تازىلىق ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇش، دېزىنفېكسىيە قىلىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، 474 دانە تازىلىق سايمىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 78.9% بولدى. ھەربىي رايون ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى قاتارلىق 5 سەھىيە داۋالاش ئورنىنىڭ دېزىنفېكسىيە قىلىشنى باشقۇرۇش، رادىئاتسىيە تازىلىقى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولدى. ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىدە، ئادەم، ۋاقىت، مەزمۇن، ئۈنۈمدىن ئىبارەت «تۆتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئاساسىي مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100%كە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 93%تىن كۆپرەككە يەتتى؛ داۋاملىق مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 95%كە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 89%كە يەتتى. «69065» قىسىم باش شتاب تەرىپىدىن ئارمىيە بويىچە مەدەنىي، پاكىز گازارما بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن دەپ تەقدىرلەندى، 21 ئورۇن لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن مەدەنىي، پاكىز گازارما بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن، 21 مېھمانخانا مەدەنىي، پاكىز مېھمانخانا بولۇپ باھالاندى، «69384»، «69250» قىسىملارنىڭ 2 داۋالاش ئەترىتى ئارمىيە بويىچە قىسىملار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن دەپ تەقدىرلەندى، 10 ئورۇن لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن قىسىملار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئىلغار ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئورنى دەپ تەقدىرلەندى.

ليۇ ۋېنجۈن

## ئاساسىي قاتلام گازارما قۇرۇلۇشى خىزمىتى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى گازارما رايونى قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنىڭ 10 يىللىق پىلانىنى تۈزدى، گازارما




شىنجاڭ ھەربىي رايونى «69006» قىسىمدىكى سەھىيە خادىملىرى 2002- يىل 3 - ئايدا خەلققە قولايلىق يارىتىش مۇلازىمەت پائالىيىتىنى يولغا قويدى.

سۈي جيەنجياڭ فوتوسى

رايونى پىلانىنى تۈزۈش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى ھەمدە ھەر تۈەندە نۇقتىدا سىناق ئېلىپ باردى، پىلان تۈزۈشنىڭ نۇقتىدا سىناق قىلىش تەجرىبىلىرىنى ھەربىي رايوندىكى 31 ئورۇننىڭ 35 گازارما رايونىدا كېڭەيتتى. 51 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 8 ئورۇننىڭ ئاساسىي قاتلام گازارما ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تۈرىدىن 71نى پۈتتۈرۈپ، ياتاق، ئاشخانا قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن گازارما قۇرۇلۇشىدىن 100 نەچچە مىڭ كۋادرات مېتىرنى تاماملىدى. 11 شتاتلىق يىلى، 9 بىۋاسىتە قاراشلىق ليەن يېڭى گازارمىغا كۆچۈپ كىردى. گازارمىلارنى چوڭ رېمونت قىلىشقا 9 مىليون 510 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلىپ رېمونت قىلىش تۈرىدىن 103ى پۈتتۈرۈلدى، ھەربىي رايوندىكى 56 ئورۇننىڭ 44 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق ھەر خىل گازارمىسى رېمونت قىلىندى، ئۆي سىرتىدىكى 950 مېتىر سۇ - پار تۇرۇبىسى ئوڭشاپ بېرىلدى. 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ، قىسىملارغا ھەر خىل گازارما سايمىنى سېتىۋېلىندى. 5 مىليون 243 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، پار قازىنىنى تېزدىن يەڭگىللەشكە تېگىشلىك 21 ئورۇنغا يېڭى پارقازان سەپلەپ بېرىلدى. پار قازان تەكشۈرۈش ئورنى ئۇيۇشتۇرغان 4 رېمونت گۇرۇپپىسى 2 ئاي ئىچىدە 20 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ھەربىي رايونغا قاراشلىق قىسىملار ۋە بىرلەشمە لاۋازىمات، بىرلەشمە تەمىنات ئورۇنلىرىنىڭ 750 پار قازىنىنى تەكشۈردى. 12 كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىنىڭ سېتىلمىگەن 700 نەچچە يۈرۈش ئۆيى باشقىدىن باھالىنىپ، ئەرزان، قولايلىق ئۆيلەرنىڭ باھاسى بويىچە پېشقەدەم كادىرلارغا سېتىپ بېرىلدى، ئۇلار ئۇرالغۇئۆي ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن قىلىندى. 5 - ئورگاندە دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى پىلانى ئۈچۈن 3 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ، ئۈرۈمچى شىمالىي بەش يۈلتۇز يولى كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىدىكى يېنىسىگە چىققان شى دەرىجىلىك 80 ئائىلىلىك كادىرغا تۇرالغۇ ئۆي سېلىش، ئۇنىۋېرسال خىزمەت بىناسى ۋە قوشۇمچە قۇرۇلۇشلارنى سېلىش ئىشى تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 8688 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى پىلانى ئۈچۈن 3 مىليون 468 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلدى، ھەربىي رايونغا قاراشلىق 17 كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىنىڭ گازارما باشقۇرۇشى قېلىپلاشتۇرۇلدى.

ۋاڭ شياڭ، ليۇ چۈن، لى ۋېيجياڭ

## يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 12 مىڭ 800 گېكتارغا، مەھسۇلات قىممىتى 133 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 46 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 622 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 20 مىڭدىن ئارتۇق چوشقا، 44 مىڭ كالا - قوي، 141 مىڭ ئۆي قۇشى قالدى. قىسىملارنىڭ گۆش بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 52%، كۆكتات بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 56% بولدى.

ۋاڭ چاۋشيۇڭ، لى شۈن

## ئوقۇغۇچىلار ھەربىي تەلىم - تەربىيە خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئالىي مەكتەپلەرگە ھەربىي مەشىق ئاپانچىدىن 913نى ئەۋەتتى، ھەر قايسى شۆبە ھەربىي رايونلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە 1401 كىشىنى ئەۋەتتى، جەمئىي ئەۋەتىلگىنى 2314. 8 — 10 - ئايغىچە 17 ئالىي مەكتەپنىڭ 43 مىڭ 375 ئوقۇغۇچىسىغا، 217 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 53 مىڭ 22 ئوقۇغۇچىسىغا ھەربىي تەلىم - تەربىيە بېرىش ۋەزىپىسى تاماملاندى، ھەربىي تەلىم- تەربىيىگە 96 مىڭ 397 ئوقۇغۇچى قاتناشتى، 2002 - يىلى تارىختا تەلىم - تەربىيىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچى ئەڭ كۆپ

بولغان بىر يىل بولدى.

خۇاڭ ۋېيخۇا

## ئاممىۋى خىزمەت

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى ئىككىنى ھىمايە قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى، ئۇلار ئۇقتىلىق قۇرۇلۇش، كۆكەرتىش، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇپ قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىشكە قاتنىشىشنى ياردەم بېرىشنىڭ مۇھىم ئۇقتىسى قىلىپ، يەرلىكنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇشلىرىغا پائال ياردەم بەردى. قىسىملار ۋە خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرى 860 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم)، 37 مىڭ دانە ئاپتوموبىل - ماشىنا (قېتىم) ئاجرىتىپ، «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنىڭ يانداشما يولى قۇرۇلۇشى؛ قاراماي — تارباغاتاي — ئالتاي، قەشقەر — خوتەن، كورلا — غۇلجا ئوپتىك كابېل قۇرۇلۇشى؛ تەكلىماكان چۆل قۇملۇقىنى چۆرىدەپ بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش ئورمىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگۇدىكى قاقاس تاغنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا قاتناشتۇردى. نامراتلارنى يۆلەش ۋە «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، شەھەر - بازارلاردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىگە 4 مىليون 479 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىندى، نامرات رايونلاردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە 118 دانە كومپيۇتېر، 4000 يۈرۈشتىن ئارتۇق ئوقۇتۇش سايمىنى، 760 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىندى، ئوقۇشتىن قالغان 1780 نەچچە بالىنىڭ مەكتەپ قويىنىغا قايتىپ كېلىشىگە ياردەم بېرىلدى. ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىدا بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى بەرپا قىلىشقا ياردەم بېرىش تەجرىبىسى لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن ئومۇملاشتۇرۇلدى. «69223» قىسىم، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگۇ رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمى قاتارلىق 5 ئورۇن، ئالتاي شەھىرى خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خې يۈخۇاڭ، توپچى ئەسكەرلەر مەلۇم قىسمى گازارما بۆلۈمىنىڭ ياردەمچىسى لى خەي قاتارلىق 7 كىشى لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. شىنجاڭدا مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگە شەھەر (ناھىيە) دىن 18 ى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگە شەھەر (ناھىيە) دىن 42 سى بارلىققا كەلدى؛ 1286 ئارمىيە - خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش ئۇقتىسىدىن %90 ى ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلار تەرىپىدىن مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىلىرى مەملىكەت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى.

جۇڭ بىن، ژۇ يېكې

## خىزمەت كۆرسەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەر

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى مائارىپ، تەلىم - تەربىيە، خىزمەت قاتارلىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە تۆھپە يازدى. بۇنىڭ ئىچىدە «69315» قىسىمنىڭ 30 - شۆبە قىسمىغا كوللېكتىپ 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تۆھپە يېزىلدى. «69315» قىسىم، «69213» قىسىمنىڭ 31 - شۆبە قىسمى، «69221» قىسىمنىڭ 74 - شۆبە قىسمى، «69220» قىسىمنىڭ 60 - شۆبە قىسمى، «69231» قىسىمنىڭ 75 - شۆبە قىسمى، «69234» قىسىمنىڭ 76 - شۆبە قىسمى، «69230» قىسىمنىڭ 33 - شۆبە قىسمى، «69260» قىسىمنىڭ 64 - شۆبە قىسمى، «69006» قىسىمنىڭ 63 - شۆبە قىسمى، ھەربىي رايون ئاپتوماتلاشتۇرۇش خىزمىتى پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا بىر قېتىم كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تۆھپە يېزىلدى. «69213» قىسىم، تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى، «69240» قىسىمنىڭ 24 - شۆبە قىسمى، «69250» قىسىمنىڭ 58 - شۆبە قىسمى، «69012» قىسىمنىڭ 3 - بۆلۈمى، «69014» قىسىمنىڭ 1- بۆلۈمى، «69015» قىسىمنىڭ 4 - بۆلۈمى، «69006»، «69027»، «69065» قىسىملار ھەمدە ھەربىي رايون ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسىنىڭ كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارغا بىر قېتىم كوللېكتىپ 3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تۆھپە يېزىلدى.

سانجى شۆبە ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى تەشكىلات - كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن تۈەن دەرىجىلىك كادىرى لۇ يۈەنخاۋ، «69018» قىسىم 1 - بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن لىيەن دەرىجىلىك شتاب ئوفىتسېرى شياۋ شىن، ھەربىي رايون بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمى سىياسىي بۆلۈمى قوغداش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن يىڭ دەرىجىلىك كادىرى جۇ كەيلەرگە بىر قېتىم 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تۆھپە يېزىلدى. قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى خۇ تۇڭجۈن، ھەربىي رايون بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمى ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن تۈەن دەرىجىلىك كادىرى جاڭ خۇڭيىڭ، «69014» قىسىم 1 - بۆلۈمىنىڭ تەرجىمانى جاڭ شۇخۇي (تېخنىكا 11- دەرىجىلىك)، «69006» قىسىمنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى فەن ئەيمىن، ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى قوغداش باشقارمىسىنىڭ يىڭ دەرىجىلىك كادىرى لو مىڭ، ھەربىي رايون ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى كلىنىكىلىق مېدىتسىنا

تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇل تېخنىكى يۈ ۋېجۇڭ (تېخنىكا 8-دەرىجىلىك) لارغا بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تۆھپە بېرىلدى.

جاڭ يىڭ

## شەھەر گارنىزون خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 9 گارنىزون قوماندانلىق شتابى ھەربىي ئاپتوموبىللار، ھەربىيلەر ۋە ھەر خىل ساختا قىلىنىشلارغا بولغان تەكشۈرۈش - تەرتىپ ساقلاش سالمىقىنى ئاشۇردى. 46 مىڭ ئادەم (قېتىم) ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى گارنىزون خادىمىدىن 46 مىڭ (قېتىم) نى، ئاپتوموبىلدىن 5230 (قېتىم) نى ئاجرىتىپ، ئۆتكەن - كەچكەن ھەربىيدىن 31 مىڭ ئادەم (قېتىم)، ئاپتوموبىلدىن 16 مىڭ (قېتىم) نى تەكشۈردى، يالغان ھەربىيدىن بىرى، يالغان ھەربىي ئاپتوموبىلدىن 3نى تۇتتى، ۋاقتى ئۆتكەن ۋاقىتلىق نومۇر تاختىسىدىن 8نى، ساقچى چىرىغىدىن 9نى يىغىۋالدى؛ ج خ تارماقلىرى ۋە يەرلىكتىكى ئاممىدىن كەلگەن تېلېفون، خەت - ئالاقىدىن 85نى تاپشۇرۇۋېلىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن 12 (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. يەرلىكتىكى ج خ، سودا - سانائەت مەمۇرىي تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆز ئالدىغا ھەربىي كىيىم تىكىش - سېتىش نۇقتىسىدىن ۋە باشقا تەقلىد قىلىپ ئىشلەش تىجارەت تور - نۇقتىسىدىن 58نى تەكشۈرۈپ ئىنىقلىدى، ھەر خىل ھەربىي كىيىم، تەقلىدىي بۇيۇمدىن 602 تۈر (يۈرۈش) نى يىغىۋالدى. سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يىل بېشىدا تىجارەت كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈش پەيتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كىيىم - كېچەك سېتىش دائىرىسى ۋە بازىرىنى قېلىپلاشتۇردى.

لۇ دېجياڭ

## تاشقى ئىشلار ئالاقىسى

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى شاۋجياڭ جاڭ تۇڭجىن مۇئاۋىن باش شتاب باشلىقى، شائجياڭ كۈي فۇلىن باشچىلىقىدىكى 11 كىشى 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە بېرىپ، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەر دۆلەت مۇداپىئە تارماقلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتناشتى.

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتى شياۋگۇەنلەر سىنىپى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 13 كىشى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى «69006» قىسىم، ش ئۇ ئا ر مۇزېي ۋە دۆڭفېڭزۇرۇڭ بازىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر قىياپىتى ۋە بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىنى تاماشا قىلدى.

قازاقىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ جۈنخۇي داشياۋ شىنجاڭ ھەربىي رايونى سەنئەت ئۆمىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 28 كىشىنى باشلاپ، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە بېرىپ، 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە زىيارەتتە بولدى ۋە ئويۇن قويدى. بۇ مەزگىلدە ۋەكىللەر ئۆمىكى قازاقىستان ئارمىيىسىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر ئالىي مەكتىپى قاتارلىق ئالاقىدار مەكتەپ ۋە قىسىملارغا بېرىپ 5 مەيدان ئويۇن قويدى، تاماشىبىنلار سانى 4000 دىن ئاشتى. قازاقىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى تاسبۇلاتوف شاۋجياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر جاڭ جۈنخۇي بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشتى.

موڭغۇلىيە دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى پا. سۆخبەت شاۋجياڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قۇربان ئەرشىدىن شاۋجياڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 6 كىشىنى باشلاپ، 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە موڭغۇلىيىدە رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى.

ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى سۇن گۈيتاڭ داشياۋنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قازاقىستان پانفىلوف چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى قوسەيىنوف جۇڭشياۋ باشچىلىقىدىكى 6 كىشى 8 - ئاينىڭ 3 -كۈنى غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ دەم ئالدى. قوسەيىنوف جۇڭشياۋ قازاقىستان مىللىي خەۋپسىزلىك كومىتېتى چېگرا مۇداپىئە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى زاكىيېف جۇڭجياڭنىڭ سۇن گۈيتاڭغا يازغان تەبرىك خېتىنى تاپشۇردى ھەمدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو تەرەپنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى لى شىنگۇاڭ شاۋجياڭ لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جياڭ شۇزياڭ جۇڭجياڭ باشچىلىقىدىكى 6 كىشى تەركىبىدە 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستانلاردا رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قۇربان ئەرشىدىن شاۋجياڭ، شتاب باشلىقى جاڭ شىمىڭ شاۋجياڭلار 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولۇۋاتقان موڭغۇلىيە دۆلەت مۇداپىئە باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ

باشلىقى يا. سۇقدېب باشچىلىقىدىكى 6 كىشى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى.

قىرغىزىستان، تاجىكىستان ھەربىي تەرەپنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى چيۇ يەنخەن جۇڭجياڭ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ھەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 7 كىشى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە قىرغىزىستان، تاجىكىستانلاردا رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى. بۇ مەزگىلدە ۋەكىللەر ئۆمىكى قىرغىزىستان، تاجىكىستانلارنىڭ يۇقىرى قاتلام ئارمىيە رەھبەرلىرى ھەمدە چېگرا مۇداپىئە تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جېن شياۋ شاۋجياڭ، مۇئاۋىن شتاب باشلىقى چياڭ بىڭ داشياۋ لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى زۇ گېڭرېن جۇڭجياڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ھىندىستان، نېپاللاردا رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى چيۇ يەنخەن جۇڭجياڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قازاقىستان مىللىي خەۋپسىزلىك كومىتېتى چېگرا مۇداپىئە باش ئىدارىسىنىڭ 1. مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە شتاب باشلىقى بېرقالىيېۋ شاۋجياڭ قازاقىستان چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 6 كىشىنى باشلاپ 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى.

جۇڭگو تەرەپ ئىلى رايونىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ۋەكىلى جاۋ جىڭخۇاڭ داشياۋنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قازاقىستان پانفىلوف رايونىنىڭ مۇئاۋىن چېگرا مۇداپىئە ۋەكىلى، پانفىلوف چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لەخمەتوف شاۋشياۋ قورغاس چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردىن 18 كىشىنى باشلاپ، 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈنجى قېتىم «69348» قىسىمنىڭ قورغاس چېگرا مۇداپىئە لىيەنگە كېلىپ بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى جالقىن بېكەش داشياۋ بېيجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى زاڭ ۋېنجىڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەربىي دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە 12. ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، رۇمىنىيەلەردە رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى.

قازاقىستان پانفىلوف چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۇسەينوف جۇڭشياۋنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى سۇن گۇيخاڭ ۋە ئۇنىڭ خانىمى بولۇپ 6 كىشى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى پانفىلوفتا بىر كۈن زىيارەتتە بولدى.

لى يۈيەن

## جۇڭگو - قىرغىزىستان باشلىق قوماندانلىق شتابلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە مانېۋىرى

لەنجۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىزىلسۇ شۆبە ھەربىي رايونى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق «69313» قىسىم ھەمدە سەپلەنگەن (شۆبە) قىسىمغا قوماندانلىق قىلىپ، قىرغىزىستان ئوش چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىدىكى ئەركەشتام رايونىدا 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 — 11 - كۈنلىرى جۇڭگو - قىرغىزىستان باشلىق قوماندانلىق شتابلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە مانېۋىرىنى ئۆتكۈزدى.

مانېۋىردا «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى نىزامنامىسى»، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رەھبەرلىرى خىتابنامىسى» يېتەكچى، «تېررورلۇققا، بۆلگۈنچىلىككە ۋە ئۇلتاتېزىمغا قارشى تۇرۇش شاڭخەي ئەھدىنامىسى»، جۇڭگو - قىرغىزىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى ئىمزالىغان بىرلەشمە مانېۋىر ئەسلەتمىسى ھەمدە ئىككى تەرەپ ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرى سۆھبەت ئارقىلىق ھاسىل قىلغان كېلىشىم ئاساس، جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرا رايونىغا كىرگەن دۆلەت ھالقىغان تېررورلۇق گۇرۇھىغا ئورتاق زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلىنىپ، «ئۆز ئارا ئاخبارات ئالماشتۇرۇپ، ئۇچۇردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش»، «ئەھۋالنى ئانالىز قىلىپ، بىر قارارغا كېلىش»، «يۇقىرىغا ئىرادە بىلدۈرۈپ، ھەمكارلىقنى تەشكىللەش»، «چېگرىنى توسۇش - تىزگىنلەش ئارقىلىق قورشاپ، توسۇپ يوقىتىش»تىن ئىبارەت 4 تەلىم - تەربىيە تېمىسى بويىچە گەۋدىلىك مانېۋىر ئېلىپ بېرىلىپ، جۇڭگو ئارمىيىسى بىلەن چەت ئەل ئارمىيىسى بىرلەشمە مانېۋىرى ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى مانېۋىر ئارقىلىق ئىككى دۆلەت ئارمىيىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئىشىنىش ۋە ھەمكارلىقى كۈچەيتىلىپ، ئىككى تەرەپ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ تېررورلۇققا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ھەرىكەت ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلۈپ، ئەتراپتىكى «ئۈچ خىل كۈچ»، بولۇپمۇ «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى چۆچۈتۈلدى، 2 دۆلەتنىڭ تېررورلۇققا ئورتاق زەربە بېرىش ۋە رايون بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى كۈچلۈك



شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مەلۇم قىسمى قىرغىزىستان چېگرا مۇداپىئە قىسمى بىلەن بىرلىكتە 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 — 11 - كۈنلىرى جۇڭگو- قىرغىزىستان چېگرىسىدا تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزدى.

لى شياڭ فوتوسى

ئىرادىسى ئىپادىلەندى ھەمدە «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىك بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە ئۈلگە تىكلەپ بېرىلدى.

چياۋ كۈن، شياۋ شياڭ

## 5 دۆلەت ئارا كۆزدىن كەچۈرۈش

2002 - يىلى «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» بىرلەشمە نازارەتچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى 6 - ۋە 8 - ئايلاردا 2 قېتىملىق ئۆز ئارا كۆزدىن كەچۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئاماملىدى.

1 - قېتىملىق كۆزدىن كەچۈرۈش: 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە بولدى، جۇڭگو تەرەپتىن «69349» قىسىم بىرلەشمە تەرەپ كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىنى قوبۇل قىلدى. بىرلەشمە تەرەپ كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسى قازاقىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئەسكەر قىسقارتىشنى نازارەت قىلىش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بارىنوق شاڭشياۋ، روسىيەدىن شىشىن جۇڭشياۋ، قىرغىزىستاندىن باتانوق جۇڭشياۋ قاتارلىق 7 كىشىدىن تەركىب تاپقان، گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى بارىنوق شاڭشياۋ ئۈستىگە ئالغان. بىرلەشمە تەرەپ كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسى كېلىشىمدىكى تەلەپ بويىچە «69349» قىسىم گازارما رايونىدىكى ئاپتوموبىل ئامبىرى، كۇلۇب، مېھمانخانا، سەھىيە ئەترىتى قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە «نازارەت ئوبيېكتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى» ئىمزالىدى. جۇڭگو تەرەپ كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى خاۋ مىڭگۇاڭ باشچىلىقىدىكى 7 كىشى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قازاقىستان 4 - مۇستەقىل رازۋېدكىچىلار يېڭىنىڭ گازارمىسى ۋە ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ياتىقى، برونېۋىك ئامبىرى، مەشىق مەيدانى، كۇلۇب قاتارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈردى، بۇ يىڭ شتابى ئورۇنلاشقان جاينىڭ كوئوردىناتى ۋە ئاساسلىق قورال- جابدۇق ئەھۋالىنى تەكشۈردى. بىرلەشمە تەرەپ بىلەن «نازارەت ئوبيېكتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى»نى ئىمزالىدى.

2 - قېتىملىق كۆزدىن كەچۈرۈش: 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە بولدى، جۇڭگو تەرەپتىن «69337» قىسىم بىرلەشمە تەرەپنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىنى قوبۇل قىلدى. بىرلەشمە تەرەپ كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قازاقىستانلىق بارىنوق شاڭشياۋ ئۈستىگە ئالغان، ئەزالىرى روسىيەدىن ۋاسلىيېق شاڭشياۋ، قىرغىزىستاندىن ئەسقەروق شاڭشياۋ، تاجىكىستاندىن مۇمىنوق شاڭشياۋ قاتارلىق 4 دۆلەتتىن كەلگەن 7 كىشىدىن تەركىب تاپقان. بىرلەشمە تەرەپ كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسى جۇڭگو تەرەپنىڭ «69337» قىسمىنىڭ گازارما رايونىدىكى ئاپتوموبىل ئامبىرى ۋە رېمونتخانا قاتارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە «نازارەت ئوبيېكتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى»نى ئىمزالىدى. جۇڭگو تەرەپ كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، تارباغاتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى بەي دونىڭ باشچىلىقىدىكى 6 كىشى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ ماكەنچىدە ئورۇنلاشقان چېگرا مۇداپىئە 4 - باش ئەترىتىنىڭ گازارمىسى ۋە ئوفىتسېر- ئەسكەرلەر ياتىقى، برونېۋىك ئامبىرى، كۇلۇب قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى، گازارما رايونىنىڭ كوئوردىناتى ۋە ئاساسلىق قورال - جابدۇقلىرىنى ئۆلچىدى ۋە سېلىشتۇردى ھەمدە «نازارەت ئوبيېكتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى»نى ئىمزالىدى.

فېڭ ۋېنجىن، يې خېجۈن

## ھەربىي ئەسلىھەلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ش ئۇ ئا ر خەلق

ھۆكۈمىتى بىڭتۇەندىكى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايون بويىچە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ئائىت مەسىلىلەر ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ھەربىي رايوندىكى 14 ۋىلايەت (ئوبلاست) دەرىجىلىك 105 ناھىيە دەرىجىلىك ھەربىي ئەسلىھە قوغداش كومىتېتىنى تەشكىللەپ، ھەربىي رايونغا قاراشلىق 83 ھەربىي چەكلەنگەن رايون، 743 ھەربىي باشقۇرۇش رايونى ھەمدە 30 مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن سىمان ھەربىي ئەسلىھەنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ھەربىي ئەسلىھەلەرنى باشقۇرۇشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ھەربىي ئەسلىھەلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەربىي ئەسلىھەلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەخپىيەتلىكىگە ھەم ئىشلىتىش ئۈنۈمىنىڭ نورمال جارى قىلدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

سۇن سىجۇڭ، ئەن جىگاڭ

## بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسىملىرىنىڭ خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسىملىرى جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئالىي تۆھپە قوشۇش، چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيۈش تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇردى. 8 ليەندۈي ئۇدا 4 يىل، 24 ليەندۈي ئۇدا 2 يىل ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار (ئۈلگە) ليەندۈي بولۇپ باھالاندى، 11 ليەندۈي شەرەپ بىلەن كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇرۇش تەييارلىقى تەلىم - تەربىيىسىنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، قىسىملارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، تەسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداش، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى قوللاش جەھەتلەردىكى زەربىدار ئەترەتلىك رولى جارى قىلدۇرۇلدى. ئارمىيە ۋە يەرلىك ئورۇنلار 8 مىليون 170 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ، تۇرالغۇ ئۆي، گازارما سايمىنى ۋە تەلىم - تەربىيە، مەدەنىي پائالىيەت ئەسلىھەلىرى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى. «دۆلەت زېمىنىدىن پايدىلىنىش كىنىشكىسى» بېجىرىلدى، گازارما رايونىنىڭ ئومۇمىي پىلان لايىھىسى پۈتتۈرۈلدى، گازارما قۇرۇلۇشىغا يەر ئېلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ۋاڭ جىنشياڭ گورۇپپا باشلىقى، جاڭ شيۈمىڭ بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى لى شىڭگواڭ مۇئاۋىن گورۇپپا باشلىقى بولغان، ئاپتونوم رايوندىكى 18 ئالاقىدار كومىتېت، نازارەت، ئىدارىنىڭ ۋە ھەربىي رايون 4 چوڭ بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىرى گورۇپپا ئەزاسى بولغان ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسىملىرى قۇرۇلۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گورۇپپىسى (25 كىشىلىك) قۇرۇلدى. بۇ گورۇپپا ئاساسلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسىملىرىنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات پىلانى ۋە قىسىم قۇرۇلۇشىغا ئائىت تۈزلۈك سىياسەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسىملىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

جۇ شۈشاڭ

# ھاۋا ئارمىيىسى

## شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسملىكى

قىسىم باشلىقى: جاڭ جيەنپىڭ (شاۋجياڭ).

سىياسىي كومىسسارى: لى ئېن (شاۋجياڭ، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ شياڭفۇ (شاۋجياڭ، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن قىسىم باشلىقلىرى: جۇڭ ۋېنفۇ (شاۋجياڭ)، دۇ خېگيۈەن (داشياۋ، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى: جۇ گۇاڭفۇ (شاۋجياڭ)

## ھەربىي تەلىم - تەربىيە

2002 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى ئاۋئاتسىيە قىسمى ئاۋئاتسىيە قىسمىنىڭ تەلىم - تەربىيىسى يىللىق تەلىم - تەربىيە پىلانىدىكى ۋاقىت كۆرسەتكۈچىنىڭ %101.3 نى ئورۇندىدى، لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ تەلىم - تەربىيە بازىسىغا ياردەملىشىپ مەلۇم تىپلىق قىرغۇچى ئايروپىلاننى قوراشتۇرۇش، ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇش، مەشىققە سىناش، ئۆز شتاتىغا قايتۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى تاماملىدى. ھەر قايسى ئورۇنلار يېڭى پروگرامما بويىچە تولۇقلاش، ھاۋادا توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشى قىلىش، كېچىدە ئۇچۇش، ئەڭ تۆۋەن شارائىتتا ئۇچۇش - قونۇش، تۆۋەن ۋە ئالاھىدە تۆۋەن بوشلۇقتا ئۇچۇش قاتارلىق قىيىن دەرسلەر تەلىم - تەربىيىسى ۋە تاكتىكا مەشىقىنى ئۆتكۈزۈپ، كونا تىزىستىن يېڭى تىزىسقا ئوڭۇشلۇق كۆچۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئاۋئاتسىيە قىسمىغا قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلار يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەشكىللىگەن كۆپ خىل ئەسكىرى تۈرلەرنىڭ ئەمەلىي قارشىلىشىش مەشىقىگە قاتنىشىپ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

بەر ئۈستى قىسمىنىڭ تەلىم - تەربىيىسى بەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمى تاكتىكىلىق قوزغىتىش تەلىم - تەربىيىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەربىي مانېۋىر ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. رادار قىسمى ئاساسىي بازىسىدىن زاپاس بازىغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىش مەشىقىنى ئۇيۇشتۇردى، كۆپ ساندىكى رادار پونكىتلىرى ھەر ۋاقىت يۆتكىلىپ ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىگە يەتتى. قىسىملار يېڭى قوراللار بىلەن ئەمەلىي قارىغا ئېتىش تەلىم - تەربىيىسىنى پائال ئۇيۇشتۇردى، چوڭ بايراملارغا بىرلەشتۈرۈپ پارات ئۇيۇشتۇردى.

لى شۇخۇڭ

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى «ئۈچ 1 -سەپ قۇرۇلۇشى» (1 - سەپ قوماندانلىق شتابى، 1 - سەپ ئۇرۇش ئىستىھكامى، 1 - سەپ يېتەكچىلىرى قۇرۇلۇشى)نى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتتى. قىسىملارنىڭ 4- نۆۋەتلىك ھەربىي قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك ھەربىي قۇرۇلتىيىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى. يىغىن ئارقىلىق تەربىيىلەش، مەركەزلىك يېتەكلەش، ۋەزىپىگە بىرلەشتۈرۈپ ياردەم بېرىش - يېتەكلەشكە ئوخشاش چارىلەر قوللىنىلىپ، «1 - سەپ قوماندانلىق شتابى»غا بولغان كونكرېت ياردەم ۋە يېتەكچىلىك كۈچەيتىلدى. ئورگانلاردىن 4 تۈركۈمدە 27 باشقارما باشلىقى ئاساسىي قاتلامدا نۇقتىدا تۇرۇشقا ئەۋەتىلدى، شى، تۇەنلەر تۇەندىن يۇقىرى 175 رەھبەرىي كادىر ۋە 345 ئورگان كادىرىنى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ نۇقتىدا تۇرۇشقا ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. نەتىجىدە «1 - سەپ ئۇرۇش ئىستىھكامى قۇرۇلۇشى» كۈچەيتىلدى؛ كوماندىر - تەربىيىچى باشلىقلار، ئاساسىي قاتلامدىكى مەسئۇل ئوفىتسېرلار، خوجىلىق باشلىقلىرى، ھەر خىل ئۆگەتكۈچىلەر دەرىجە بويىچە يىغىپ تەربىيىلىنىپ، «1 - سەپ ئەسكەر يېتەكچىلىرى»نىڭ ئىقتىدارى ۋە ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار تىپلار زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىنىپ، «ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتى پائال يولغا قويۇلدى، 2 ئورۇن ۋە 2 شەخس ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى مۇنەۋۋەر مەسئۇل ئوفىتسېرلار ئۈلگىسى بولۇپ باھالاندى. ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار 17 مىليون 480 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى.

ۋاڭ شاۋجۇن

## كادىرلار خىزمىتى

شى، تۈەن بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى 2002 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ئۆزىگە قاراشلىق قىسىملارنىڭ شى، تۈەن دەرىجىلىك پارتكوم بەنزىلىرىنى سىنىدى؛ شى، تۈەن دەرىجىلىك زاپاس كادىرلار قوشۇنىنى بەلگىلىدى، شى، تۈەن دەرىجىلىك قىسمەن پارتكوم بەنزىلىرىنى تەڭشەپ، ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملارغا 35 ياشتىن تۆۋەن تۈەن دەرىجىلىك كادىرلارنى سەپلىدى؛ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن تۈەن دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال يىغىپ تەربىيىلىندى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كوماندىرلارنى يىغىپ تەربىيىلەشكە قاتناشتۇرۇلىدىغان يىلى دەرىجىلىك كادىرلارنى يىغىپ ئاشكارا سىنىدى، ئۆستۈرۈلىدىغان تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلار ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشتىن ئاۋۋال ئېلان قىلىندى؛ مۇنەۋۋەر كادىرلار ئورگان ۋە قىسىملار ئارا ئالماشتۇرۇپ ۋەزىپىگە قويۇلدى. ھەربىي رايون ئاتالاپ ئالماشتۇرۇلغان شى، تۈەن دەرىجىلىك 8 كادىر قوبۇل قىلىنىپ، قاراشلىق قىسىملاردا ۋەزىپە (مۇۋەققەت)گە ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ تۈەن دەرىجىلىك كادىرلار ئامپىرانتلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا كۆرسىتىلدى، ئۇلاردىن 2سى ئامپىرانتلىققا قوبۇل قىلىندى؛ تۈەن دەرىجىلىك قىسمەن رەھبەرىي كادىرلار ئالىي مەكتەپلەردە تەربىيىلىنىشكە ئاللاپ ئەۋەتىلدى؛ ئايروپىلان كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، ساپاسى ياخشى، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە قىسمەن ياش ئۇچقۇچى رەھبەرىي كادىرلار تەڭشەپ ئۆستۈرۈلدى؛ ئالاقىدار ھۆججەتلەردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئامپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئېرىشكەن تۈەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ مائاش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، ئىش ئورنىدىكى نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان كادىرلارنىڭ ۋەزىپە دەرىجىسى، ھەربىي ئۇنۋانى ۋە مائاش دەرىجىسى مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆستۈرۈلدى. ئارمىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 10 مۇنەۋۋەر كادىر تەقدىرلەندى ۋە تەشۋىق قىلىندى.

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى يىلى، لىيەن دەرىجىلىك مەسئۇل ئوفىتسېرلارنى تەڭشەپ سەپلەندى ۋە كۈچەيتىلدى، ياش، ئوقۇش تارىخى يۇقىرى، ساپاسى ياخشى كادىرلار ئاساسىي قاتلامدىكى مەسئۇل ئوفىتسېرلىققا ئۆستۈرۈش ئوبيېكتلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئېچىلغان تۈرلۈك ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا ئاللاپ ئەۋەتىلدى ھەمدە ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىغا يېتەكچىلىككە

ئۈستۈرۈلگەن ئوبيېكتلارنى تەربىيىلەپ بېرىش ھاۋالە قىلىندى. كادىرلار ۋە ھەر خىل كۇرسلار ۋە ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى، مۇنەۋۋەر ئەسكەرلەر تاللىنىپ ئارمىيە ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلاردىن 35 كىشى ھەر خىل مەكتەپلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. ئاساسىي قاتلامغا يۈزلەندۈرۈش، ئېھتىياجغا قاراپ تولۇقلاش، كەسپىي ماس كەلتۈرۈش، مۇۋاپىق ئىشلىتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن بېگىدىن مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قاتلامدىكى شتاتى كەم ئورۇنلاردا ۋەزىپە ئۆتەشكە تەقسىم قىلىندى.

كادىرلارنىڭ ئۆز يولى بىلەن ئوقۇشى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئۆز يولى بىلەن ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى قاتتىق تىزگىنلەندى. ھەر دەرىجىلىك ئورگان، مەكتەپلەر نامۇۋاپىق ھالدا يۆتكەپ ئىشلىتىۋاتقان 12 كادىر قايتۇرۇلۇپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئۆز ئورنىدا تۇرۇش نىسبىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

پەن - تېخنىكا كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى بىر پەن - تېخنىكا كادىرى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ يۇقىرى قاتلام پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى سېپىگە تولۇقلاندى. ھاۋا ئارمىيىسىدە قالغان 24 تېخنىك تايانچى سىنالدى، 4 تېخنىك تايانچى تولۇقلاندى. ئىپادىسى ناچار بىر تېخنىك تايانچىنىڭ سالاھىيىتى بىكار قىلىندى. پەن - تېخنىكا كادىرلىرىنى ۋەزىپە مەزگىلىدە سىناش خىزمىتى نۇقتىدا سىناق قىلىنىپ، 38 سىناش ئوبيېكتى ئۈستىدىن خاراكتېر بېكىتىش يەكۈنى چىقىرىلدى، ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى توشقان 157 پەن - تېخنىكا كادىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى خىزمىتى ئەستايىدىل باھالىنىپ، بىر لاياقەتسىز پەن - تېخنىكا كادىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىلدى.

كادىرلار پاراۋانلىقى، كەسىپ ئالماشتۇرۇش ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار خىزمىتى ھەمدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى قىسىملاردىكى كادىرلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى 4 - قېتىم ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى. 141 كادىرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە پەرزەنتلىرىگە قىسىم بىلەن بىللە يۈرۈش رەسمىيىتى بېجىرىلدى، قىسىم بىلەن بىللە يۈرىدىغان 33 ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىشى ھەل قىلىندى، 3 ئايروپىلان كادىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا قىسىمغا ئالاھىدە قوبۇل قىلىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى، قىسىم بىلەن بىللە يۈرىدىغان خىزمەتسىز 721 ئائىلە تاۋابىئات ئۈچۈن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ياردەم پۇلى بېرىش ئىلتىماس قىلىندى. ئاساسىي قاتلامدىكى 10 مەسئۇل ئوفىتسېر ۋە ھاۋا ئارمىيىسىدىكى يۇقىرى قاتلام ئىختىساس ئىگىلىرى داۋالىنىپ دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

كەسىپ ئالماشتۇرىدىغان، ھەربىيدىن قايتىدىغان ئوبيېكتلار بېكىتىلدى، كەسىپ ئالماشتۇرىدىغان كادىرلارنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن بىللە يۆتكىلىدىغان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئارخىپى ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، ھەربىيدىن قايتىپ كارخانىلارغا ئورۇنلاشقان كادىرلاردىن ھال سورالدى. 5 - تۈركۈمدىكى ياشانغان كادىرلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىنى ئېنىقلاش خىزمىتى تاماملاندى. قىسىملارنىڭ نىكاھ تەربىيىسىنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش، جىنسىي ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىي ئائىلىلەرنى بەرپا قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتىنى يولغا قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلىندى، ھاۋا ئارمىيىسى ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى بويىچە سۈپەتلىك تۇغۇش ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلىندى، پۇل - مال چوقلىنىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە «تۆتنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى.

لو سېپىڭ

## مەدەنىيەت - تەشۋىقات خىزمىتى

تەزەربە تەربىيىسى 2002 - يىلى شىنجاڭدا ئورۇنلاشقان ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى يىغىلىپ ئۆگىنىش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىش، ھەر كىم ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىش، سىناش - تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئوخشاش كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇردى، «بايراق، يادرو، بۇرچ» ئاساسىي تومۇر قىلىنغان «تۆت تەربىيە»نى يېڭى نەتىجىلەرنى مەدھىيىلەپ، 16 - قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش بويىچە تەشۋىقات - تەربىيىسىنى، ناچار خاھىشلارنى تۈزىتىش بويىچە 100 كۈنلۈك مەخسۇس تەربىيە - تۈزەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئۇچقۇچىلار ئارىسىدا «ئارمىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش، چىڭ ساپا يېتىشتۈرۈش» مەخسۇس تەربىيىسىنى ۋە ئايدا بىر قېتىم قانۇن - ئىنتىزام تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ قانات يايدۇردى.

مەدەنىيەت خىزمىتى 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ قىسىملارنىڭ زال، مەدەنىي پائالىيەت مەركىزى ۋە ئاساسىي قاتلام كۇلۇبلىرى ئوڭشاپ بېرىلدى، ھەر خىل مەدەنىيەت - تەنتەربىيە سايمانلىرى تولۇقلاپ بېرىلدى. مول، رەڭدار مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى، 1000 مەيدانغا يېقىن ھەر خىل تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 200 نەچچە مەيدان (قېتىم)



ھاۋا ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە قىسمى مەلۇم شىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى «بىرلىكتە بەرپا قىلىش» ئورۇندىكىلەرگە دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى دەرسى ئۆتمەكتە.

ۋاڭ ياۋجېن فوتوسى

ئويۇن قويۇلدى ۋە نۇتۇق سۆزلەش، زېھىن سىناش، ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئويۇن قويۇش ئەترىتى ئاساسىي قاتلامدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە قىزغىن مۇلازىمەت قىلدى. ئۇلار 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ 80 نەچچە مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويدى. يىغىپ دەرس ئۆتۈش، بۆلەكلەر بويىچە كۇرس ئېچىشقا ئوخشاش چارىلەر قوللىنىلىپ، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت تايانچلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسىدىن 8 قارار ئېچىلدى، 300 نەچچە ئادەم تەربىيىلەندى، 400 نەچچە يۈرۈش ھەر خىل دەرسلىك ماتېرىيالى تارقىتىلدى، سىناش ئارقىلىق 38 كىشى دۆلەتلىك 3 - دەرىجىلىك رىيېر بولۇپ باھالىنىپ، ئاساسىي قاتلام ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئاخبارات خىزمىتى 2002 - يىلى ئۆلكە - ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا 1530 پارچە ماقالە (سۈرەت) ئېلان قىلىندى، كۆرسىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىك ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىنغىنى 138 پارچە، «ھاۋا ئارمىيە گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغىنى 181 پارچە.

لىي لىماڭ

## ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتى

ئارقا سەپ ئۇرۇش تەييارلىقى قۇرۇلۇشى 2002 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ئارقا سەپ ئۇرۇش تەييارلىقى پىلان لايىھىسىنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇرۇش تەييارلىقى ماددىي ئەشيا، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرىنىڭ زاپىسىنى كۆپەيتتى. كۆپ قېتىملىق چوڭ ھەربىي ھەرىكەت ۋە ھەربىي مانېۋىرنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. قورال - جابدۇق، ئادەملەرنى تېز ئارقىلاشتۇرۇش، ئۇرۇش مەيدانىدا قۇتقۇزۇش، ئاپتوموبىللارنى تېز رېمونت قىلىشقا ئوخشاش ئەمەلىي ئارقا سەپ مەشىقلىرى ئويۇشتۇرۇلدى. قىسمەن كاپالەت قورال - جابدۇقلىرى ۋە تايانچ خادىملار ئاجرىتىلىپ، جەڭدىكى ئەھۋالغا ئاقايىل تۇرغۇچى كاپالەت زاپاس شۆبە ئەترەتلىرى قۇرۇلۇپ، نىشانلىق تەلىم - تەربىيە ۋە مەشىق ئويۇشتۇرۇلدى. ئۇرۇش تەييارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە يۈرگۈزۈشكە چىڭ تۇرۇلدى. يېڭى ئايروپىلانلار ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىلىرىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە كىچىك ماي ئامبارلىرىنى تۈزەش - ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى تاماملاندى.

ئۇچۇش ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى ئۇچۇش ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتىنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، يېڭى تىپتىكى ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇش ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى، ئۇچۇش ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ماددىي ئەشيا - ئۈسكۈنىلەرنى تەييارلاش، تەمىنلەش ۋە كاپالەت قورال - جابدۇق، ئەسلىھەلىرى تەكشۈرۈپ كۈچەيتىلىپ، ئۇرۇش تەييارلىقى تەلىم - تەربىيە كاپالىتىنىڭ ئېھتىياجى بىر قەدەر ياخشى قاندۇرۇلدى. قىسىملارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى تەلىم - تەربىيىسى، زاپاس تۇرۇپ ئايرودرومغا يۆتكىلىش، بازىدا تۇرۇپ مەشىق قىلىش، مەخسۇس (ھۆددە) ئايروپىلان چىقىرىش ھەمدە مۇھىم ئۇچۇش ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىش، خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ قونۇشىغا تەييارلىق كۆرۈش قاتارلىق چوڭ - چوڭ كاپالەت ۋەزىپىلىرى ئورۇندالدى، ئەلا مەيدان (قېتىم) نىسبىتى 100% بولدى.

ئارقا سەپ تەمىنات باشقۇرۇشى ئۆلچەملىك خىراجەت، ئايروپىلان مېيى، قۇرۇلۇش - ئىنشائات مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئارقا سەپ تەمىنات كەسپىي باشقۇرۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئارقا سەپ باشقۇرۇشىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئارقا سەپ تەمىنات مۇلازىمىتى

كاپالەتنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىندى، مالىيە، ئاماق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. يوتقان - كۆرپە كەسپىي باشقۇرۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. «بەلگىلىمە - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، ھەربىي ئاپتوموبىللارنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش» پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. «تەلىم - تەربىيىنى مەركەزلەشتۈرۈش، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش» مەشىق ئۇسۇلى ئومۇملاشتۇرۇلدى، ماي سىستېمىسىدا مەخسۇس تۈزەش قانات يايدۇرۇلدى. گازارما مۈلكى، گازارما سايمىنى ۋە سۇ - توك ياھاسىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، قۇرۇلۇش باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.



2002 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى دالىدا تېز قۇراشتۇرۇش تەلىم - تەربىيىسى ئېلىپ باردى.

ۋاڭ باۋچېن فوتوسى

ئارقا سەپ تەمىنات تەلىم - تەربىيىسى يېڭى بىر ئەۋلاد ئارقا سەپ تەمىنات تەلىم - تەربىيىسى ۋە سىناش پروگراممىسىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى، يېڭى قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىش ئېيى پائالىيىتى بولغا قويۇلدى. سىناق ئۆتكۈزۈلگەن قىلىنغان ئورۇنلار مەشىققە تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى تېپىشقا ۋە مەشىق تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. قورال ئىشلىتىشنى ياخشى ئىگىلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىپ، مەشىق پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. قاراۋۇللۇق مەيدان - پونكىتلىرىدا ئىمپىنغا ئەگىشىپ ئۆگىنىش، جۇڭدىن يۇقىرى ئورگان كادىرلىرىنىڭ ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىشتە سىناق قىلىش ۋە ئارمىيىگىمۇ، يەرلىككىمۇ يارىملىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئارقا سەپ نەزەرىيە تەتقىقاتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، يېڭى تىپتىكى ئايروپىلان كاپالىتىگە دائىر تەجرىبىلەر خۇلاسىلەندى ۋە رەتلەپ چىقىلدى. 30نەچچە پارچە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ئارمىيە ۋە يەرلىكتىكى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى، بىر پارچىسى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات نەزەرىيە تەتقىقاتى نەتىجىلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 پارچىسى 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا باھالاندى، ھاۋا ئارمىيىسى ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسىنىڭ 3 تۈرلۈك نەتىجىسى ئارمىيىنىڭ 3 - دەرىجىلىك داۋالاش نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

سەھىيە ۋە كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش 1 . سەپ ئاۋئاتسىيە قىسمىنىڭ سەھىيە كاپالىتى ۋە سەھىيە، كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى تۇتۇلدى، قىسىملاردا يۇقۇملۇق كېسەل كۆرۈلۈش نىسبىتى 0.4‰ ئىچىدە تىزگىنلەندى. 7 تۈركۈمدە 26 ئادەم (قېتىم) داۋالاش مۇلازىمىتى كىچىك ئەترىتى قىلىپ تەشكىللىنىپ تۆۋەنگە ئەۋەتىلدى، بۇ داۋالاش ئەترەتلىرى ئۇچقۇچىلار ئۆيلىرى ۋە چەت، يىراق، جاپالىق جايلاردىكى لىيەندۈيلەرگە بېرىپ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردىن 5120 ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلىنى كۆردى ۋە سالامەتلىكىنى تەكشۈردى، 106 مىڭ 800 يۈەن قىممىتىدىكى دورىنى ئۇلارغا ياردەم تەرىقىسىدە بەردى ۋە تەقدىم قىلدى.

يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىش

يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى ۋە تېخنىكا سېلىنمىسى كۈچەيتىلىپ، لىيەندۈيلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. كۆكتاتلارنى يېڭى يېتىپ ساقلاش ئورىسى (ئامبىرى) دىن 25نى ياساش ۋە 14 پارنىكنى رېمونت قىلىش ئۆزگەرتىش ئىشى تاماملاندى، قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى يەنىمۇ تەڭشىلىپ ئەلالاشتۇرۇلدى. بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدىن 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئېلىنىپ، قىسىملارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

ئارقا سەپ تەمىنات ئىسلاھاتى بىرلەشمە لاۋازىمات تۈزۈلمىسىگە پائال ماسلىشىپ، بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمى بىلەن بولغان ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، خوتەن بۆلىكىدىكى قىسىملارنىڭ خىراجەت كاپالىتى مۇناسىۋىتى تەڭشىلىپ، تەمىناتنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كادىرلار، كەنجى ئوفىتسېرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى، ياتاق، تۇرالغۇ ئۆيلەرنى باشقۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ھەققىدە پائال ئىزدىنىلدى، ھاۋا ئارمىيىسى ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كۆكەرتىش ھەمدە تازىلىق ئىشلىرى

كاپالىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنى ئۆزلۈكىدە سىناق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق خىراجەت تېجەپ قىلىندى.

بۇ شىنتاۋ

## ئاممىۋى خىزمەت

ئاممىۋى ئىنتىزام تەربىيىسى 2002 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى «ئاممىۋى ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مەركەزلىك تەربىيىلەش - تۈزەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، مەخسۇس تېمىدىكى تەربىيە ماتېرىيالى تۈزۈلۈپ، قىسىملارنىڭ ئۆگىنىش، تەلىم - تەربىيە ۋە تۈزەش پائالىيىتىنى ياخشى بولغا قويۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، قىسىملارنىڭ بىخەتەر، مۇقىم بولۇشىغا ۋە بىرلىككە كاپالەتلىك قىلىندى.

ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت ياردىمى خوتەن، ئاقسۇ، كورلا، مالەن، يىچان ئايرودروملىرى بىرلىكتە ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرى ئۈچۈن داۋاملىق مۇلازىمەت قىلدى. 10 - ئايغا قەدەر ئىچكى ۋە خەلقئارالىق نۆۋەتچى ئايروپىلاندىن 43 مىڭ 951 ئايروپىلان (قېتىم)، بىرلەشمە ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانىدىن 357 ئايروپىلان (قېتىم)، ئاۋىئاتسىيىلىك ئۆلچەش، ئايروپىلاندا ئۇرۇق چېچىش ۋە قار - يامغۇر ياغدۇرۇش قاتارلىق ئۈچۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان ئايروپىلاندىن 209 ئايروپىلان (قېتىم)نىڭ ئۈچۈش - قونۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى ئورگىنى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق قىسىملار 2 - ئايدا نامرات رايونلاردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كومپيۇتېر ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە 20دانە كومپيۇتېر ئىئانە قىلدى. 4 - ئايدا ھاۋا ئارمىيىسى سىياسىي بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان «غەربىي قىسىمنىڭ ئەتىسى ئۈچۈن» ۋە شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى ئېغىر قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە پۇل ئىئانە قىلىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، 350 نەچچە مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. بىر يىلدا بىرلىكتە 4825 ئادىمى (قېتىم) ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇلدى، 11 مىڭ 500 ئادەم دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسىگە قاتناشتۇرۇلدى. ئورگان باللار باغچىسى بىرلىكتىن 79 بالا قوبۇل قىلىپ، 1700 يۈەندىن كۆپرەك خىراجەتنى ئازايتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى. رازۋېدكا قىسمى، مەلۇم رادار ئۇرنى قاتارلىق ئورۇنلار يەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى، 4 قارار يەن-

تېخنىكا كۇرس ئېچىپ بىرلىكتە ئىرىگاتسىيە، باقمىچىلىق تېخنىكا ماھىرىدىن 200 نەچچىنى تەربىيىلىدى.

داۋالاش، سەھىيە مۇلازىمىتى قاراشلىق قىسىملار بىر يىلدا داۋالاش مۇلازىمىتى ئۈچۈن 16 ئۆركۈمدە 52 ئادەم (قېتىم) ئەۋەتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا 32مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى دورىنى ھەقسىز يەتكۈزۈپ بەردى، بىرلىكتىكى تۇغۇت يېشىدىكى 3840 ئايال (قېتىم) غا سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش تېخنىكىسى بويىچە داۋالاش مۇلازىمىتى قىلدى. ھاۋا ئارمىيىسى ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسى ئامبۇلاتورىيىدە 178 مىڭ 167 ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلىنى كۆردى، 12 مىڭ 43 ئادەم (قېتىم)نى داۋالىدى. 6769 قېتىملىق ئوپېراتسىيىنى تاماملىدى، كېسەللەرنىڭ رازى بولۇش نىسبىتى %92كە يەتتى. 36 پارچە تەقدىرلەش خېتى، 58 پارچە لەۋھە ياكى لەۋھە تاختىسى تاپشۇرۇۋالدى. يىل بېشىدا دوختۇرخانا 5 مۇتەخەسسىسنى بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ خەلق دوختۇرخانىسىغا ياردەمگە ئەۋەتىپ، داۋالاشتا كۆرۈلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. 3 - ئايدا دوختۇرخانىنىڭ كۆز كېسەللىكلىرى مەركىزى شىيائگاڭ يۇرۇقلۇق ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ ياردىمىدە، 2 قارار 6 ئايلىق كۇرس ئاچتى، كۇرستا خوتەن شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىكى 20 دوختۇر - سېستىرا كۆز كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇش، داۋالاشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىۋالدى. 8 - ئايدا بۇ دوختۇرخانا يەنە 20 مۇتەخەسسىس ئەۋەتىپ، خوتەن شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇر - سېستىرالىرىغا ياردەم بەردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. دوختۇرخانا يەنە غەربىي شىمال رايونى بويىچە سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش مۇلازىمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش مەركىزىلىك رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەھەللىلەرگە بېرىپ، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەشتىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى، پىلانلىق تۇغۇت تايانچىلىرىنى تەربىيىلىدى، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى، بۇ ئىشلار ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، بۇ دوختۇرخانا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت تەربىيىسىنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دەپ تەقدىرلەندى.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قوغداش ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ئۈرۈمچى شەھىرى قار لەيلىسى تېغى، ياماللىق تېغى، كورلا كۆكەرتىش قورۇلۇشى قاتارلىقلارغا مەجبۇرىيەت

كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئەمگىكىگە ۋە يىجان ناھىيىسىدە بوراندىن مۇداپىئەلىنىش - قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئەمگىكىگە پائال قاتناشتى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىگە قاراشلىق قىسىملار بىر يىلدا 12 مىڭ 860 ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىپ، 1492 ماشىنا - ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، 93 مىڭ 669 تۈپ كۆچەت تىككەن، 30 مىڭ 615 كۋادرات مېتىر يەرگە ئوت-چۆپ تېرىغان.

لى خۇڭبۇ

## قۇرال - جابدۇق خىزمىتى

ئۇچۇش كاپالىتى 2002 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى قىسىملىرى يەككە ئايروپىلان رېمونت سۈپىتىنى تۈزەش، ئايروپىلان سۈپىتىنى چوڭ تەكشۈرۈش، 100 كۈنلۈك بىخەتەرلىك مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، مەلۇم تىپلىق قىرغۇچى ئايروپىلاننى 300 سائەت ئۇچۇرۇپ قەرەللىك تەكشۈرۈشنى پۇختا تەشكىللىدى ۋە تاماملىدى. لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى مەشىق بازىسىنىڭ مەلۇم تىپلىق قىرغۇچى ئايروپىلاننى ئالماشتۇرۇپ قوراشتۇرۇشنى پراكتىكىلىق ئۆگىنىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ياردەم بەردى. يىللىق ئۇچۇش كاپالىتى ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. ئايروپىلانلارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى %93.39كە، ئاۋىئاتسىيە ماتېرىياللىرى، ھەربىي ئۈسكۈنىلەر كاپالىتى بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەيدان (قېتىم) نىسبىتى %100كە يەتتى. بىر كىشى زور ھادىسىنى بايقاپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 31 كىشى 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى؛ 7 كىشى 800 سائەت بىخەتەر ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، 2-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى؛ 7 كىشى 500 سائەت بىخەتەر ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى.

قۇرال - جابدۇق باشقۇرۇش «قۇرال - جابدۇق ئىزامىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش يىلى» پائالىيىتى ۋە قۇرال - جابدۇق باشقۇرۇشنى «ئۈچلەشتۈرۈش» (ئۆلچەملەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈش، دائىملاشتۇرۇش) نى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، تۆۋەن دەرىجىلىك قىسىملارنىڭ %94ى «ئۈچلەشتۈرۈش» ئۆلچىمىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە «94040»، «93864»، «93918»، «94067» قىسىملار لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن «ئۈچلەشتۈرۈش»نى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشتىكى ئىلغار ئورۇن دەپ تەقدىرلەندى. 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق خىراجەت تەييارلىنىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى 40 ئورۇننىڭ قۇرال - جابدۇق ئەسلىھەلىرى ۋە قۇرال - جابدۇقلىرى ئوڭشىلىپ، قۇرال - جابدۇقلىرىنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى. قۇرال - جابدۇق مالىيىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. خىراجەت خام چوتى، ئىشلىتىش ۋە مەبلەغ باشقۇرۇش ئۆزتىكلى چەك ئېگىلىنىپ، قۇرال - جابدۇق خىراجىتى ئەمىنات كاپالىتىگە ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قۇرال - جابدۇق بۆلۈمى 4 باش بۆلۈم تەرىپىدىن ئارمىيە بويىچە قىسىملارنىڭ قۇرال - جابدۇق مالىيىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن دەپ تەقدىرلەندى. ئاۋىئاتسىيە ماتېرىياللىرى، ھەربىي ئۈسكۈنىلەر ئامبىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، ئامبارلارغا 837 دانە قۇرال ئىشكاپى، تىرېۋوگا قۇرۇلمىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابى سەپلەپ بېرىلىپ، قىسىملارنىڭ ئوق - دورىلارنى بىخەتەر باشقۇرۇش ۋە مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. ئوق - دورىلارنى قاچىلاش-چۈشۈرۈش، توشۇش، ساقلاش، ئىشلىتىش، بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ھالقىلاردىكى بىخەتەرلىك باشقۇرۇشى كۈچەيتىلدى، ئوق - دورىلارنى قوبۇل قىلىش، يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ، بىراك قىلىش، كۆيدۈرۈش قاتارلىق ۋەزىپىلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىندى. خىزمەت ئىستىلى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاندى، ئاساسىي قاتلامغا ياردەم بېرىش، يېتەكلەش سالمىقى زورايتىلدى، ئورگاننىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. قۇرال - جابدۇق بۆلۈمىنىڭ قۇرال-جابدۇق باشقارمىسى كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى.

ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئىلمىي تەتقىقات

ئوقۇشقا ئەۋەتىش، خىزمەت ئورنىدا تەربىيىلەش، يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، كادىر، تېخنىك ئەسكەرلەردىن 406 ئادەم (قېتىم) سىرتقا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. قۇرال - جابدۇق باشقۇرۇش، مالىيە، ئاۋىئاتسىيە ماتېرىيالى، ھەربىي ئۈسكۈنىلەر بويىچە 6 قارار يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، قۇرال - جابدۇق خادىملىرىنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. 2002 - يىلى 5 ئىلمىي تەتقىقات تۈرى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قۇرال - جابدۇق تېخنىكىسىنى يېڭىلاشتىكى يېڭى نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 6 تۈر باش قۇرال - جابدۇق بۆلۈمىنىڭ ئادەتتىكى تۈرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 تۈر باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. 4 پارچە ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتلاندى، 8 پارچە ماقالە ھەر خىل ژۇرناللاردا ئىشلىتىلدى.

جاڭ يۇڭ

# شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى

### قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: مىي شىڭرۇن (شاۋجياڭ).

1 - سىياسىي كومىسسارى: جاڭ شيۇمىڭ (فوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسارى: شۇ تيەنيو (شاۋجياڭ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: جاڭ خۇيسۇن (داشياۋ، 8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئىبزىز ھېبىت (داشياۋ)، سۇي شياڭرۇڭ (داشياۋ)، لى ياڭ (داشياۋ)، چى باۋبىن (داشياۋ، 9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، سۇي شۈلى (داشياۋ، 8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: گو جيافا (داشياۋ)، تاڭ ۋېنشۇن (داشياۋ)، جۇ جيەنپىڭ (داشياۋ).

### ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى باشلىق ئورگاننىڭ تەشكىللىشى، قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىنى ۋە قىسىملارنىڭ ھەر خىل مۇرەككەپ ئەھۋال، مۇرەككەپ يەر شارائىتىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتەندۇردى. 3 - ئايدا مەركىزىي خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى. 5 - ئايدا ئۇرۇشچى شەھەرلىك تارماق ئەترەتتە قوماندانلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش نۇقتىدا سىناق قىلىندى ھەمدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئۆلچىمى نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئۆلچىمى بەلگىلەشتۇرۇلدى. نەچچە ئون يەردىكى نۇقتىلىق، بىختەرلىك ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نىشانلىرى ئۈستىدە مەخسۇس تىزىش ئېلىپ بېرىلدى. ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئەسلىھەلىرىنىڭ يەن-
ئېخنىكا تەركىبى نۇقتىلىق ھالدا كۈچەيتىلدى، 4 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، 2 .، 3 - دەرىجىلىك تور قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. باش ئەترەت 2 - دەرىجىلىك تور ئارقىلىق 21 تارماق ئەترەتنى بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ تىزگىنلىيەلەيدىغان بولدى. ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا «قاراۋۇللار ئاساسلىق تىزگىنلەش، ئەسكەرلەر ئۆز ئارا تىزگىنلەش، سىنا پىتەكچىلىرى ھەمكارلىشىپ تىزگىنلەش، كادىرلار تەكشۈرۈپ تىزگىنلەش، نىشانى يارلەملىشىپ تىزگىنلەش، ئەسلىھەلەرنى ئايرىپ تىزگىنلەش» تىن ئىبارەت بىرلىكتە مۇداپىئە كۆرۈش، بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىش مېخانىزمى بەرپا قىلىندى، «ئادەم، ماددا، تېخنىكا ئارقىلىق مۇداپىئەلىنىش»نى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش تېخىمۇ ئاشۇرۇلدى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نىشان - ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 2001 - يىلدىكى 63.5% تىن ئۆسۈپ 87% كە يەتتى. 6 - ئايدا ۋەزىپە ئۆتەشتە تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى تورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى.

10 - ئايدا نۇقتىلىق، خەتەرلىك نىشانلاردا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «مۇنتىزىملاشقان ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى»، «ئۈچ تورتاق» (ئورتاق بەرپا قىلىش، ئورتاق باشقۇرۇش، بىخەتەرلىككە ئورتاق كاپالەتلىك قىلىش)، «ئۈچ بىر قېتىم» (ئايدا بىر قېتىم ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋەزىيىتىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش، نىشان ئورۇننى بىر قېتىم زىيارەت قىلىش، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئەسلىھەلىرىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈش) دىن ئىبارەت بۇ «ئۈچ ۋاستە» دىن تولۇق پايدىلىنىپ، ۋەزىپە ئىجارا قىلىشتا «دائىم كۆرۈلىدىغان ۋە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئىللەتلەر» يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزىتىلدى.

شىدىن يۇقىرى رەھبەرلەر يېتەكلىگەن 52 خىزمەت گۇرۇپپىسى 2 .، 4 .، 8 .، 10 .، 12 - ئايلاردا قىسىملارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، بىخەتەرلىك جەھەتتىكى يوشۇرۇن خەتەر ئامىللىرىنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نىشانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى.

بيەن باۋسىن

### باشقۇرۇش خىزمىتى

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى باشقۇرۇش خىزمىتىدە «ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ساقچىلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق باشقۇرۇش، ئىچكى مۇناسىۋەتنى قوغۇقلاشتۇرۇش» قا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، ئۇستابنى ئۆگىنىش بويىچە يەخىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ

28 تۈركۈم (قېتىم) دە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوفىتسېر - ئەسكەر (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. 6 - ئايدا ئارماق ئەترەت باشلىقلىرى، شتاب باشلىقلىرى، ساقچىلىق بۆلۈمچىلىرى باشلىقلىرى، ئارقا سەپ تەمىنات باشقارما باشلىقلىرى، مۇنەۋۋەر ئەسكەر يېتەكچىلىرى، مۇنەۋۋەر بەنجاڭلار بولۇپ 140 نەچچە كىشى قاتناشقان باشقۇرۇش تەربىيىسى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 6 - ئايدا شى دەرىجىلىك 9 رەھبەر باشچىلىقىدىكى بىخەتەرلىكنى چوڭ تەكشۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، 90 ئارماق ئەترەت، ئورگان ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى %30 ئوتتۇرا ئەترەتنى تەكشۈردى.

10 - ئايدا باش ئەترەت بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە ئەترەتلەرنىڭ پروگرامما بويىچە ئەترەت قۇرۇش كۆرىكى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىل بويى مەمۇرىي مەسئۇلىيەت تۈپەيلىدىن ئۆلۈش ھادىسىسى كۆرۈلمىدى. ئارماق ئەترەتتىن يۇقىرى %80 ئورۇندا «قوش ئۈچ بولماسلىق» (باش ئەترەت بويىچە مەمۇرىي مەسئۇلىيەت تۈپەيلىدىن ئادەم ئۆلۈش ھادىسىسى بولماسلىق، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا ھادىسە سادىر بولماسلىق، دېلو سادىر بولماسلىق. ئارماق ئەترەتتىن تۆۋەن ئورۇنلاردا ئۆلۈۋېلىش ھادىسىسى سادىر بولماسلىق، ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىپ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىش جازاسىغا ئۇچرايدىغان ئەھۋال بولماسلىق، دەرىجىلىك ھادىسە سادىر بولماسلىق) ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، قىسىملارنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ۋاڭ لىگۆي

## ھەربىي تەلىم - تەربىيە

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى قىسىملارنىڭ ئاساسىي تەلىم - تەربىيىسى، تاكتىكىلىق تېخنىكا تەلىم - تەربىيىسى ۋە باشلىق ئورگان تەلىم - تەربىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تاكتىكىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇردى. 3 - ئايدا ئارماق ئەترەت باشلىقلىرى، شتاب باشلىقلىرى، ئۇرۇش - مەشىق بۆلۈمچە باشلىقلىرىنى پروگرامما بويىچە تەربىيىلىدى، باش ئەترەت، ئارماق ئەترەتلەر بىر يىلدا 38 قارار ھەر خىل يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، نەچچە مىڭ ئادەمنى تەربىيىلىدى. زاپاس (شۆبە) قىسىملار توپىلاڭنى، كوللېكتىپ ئاماللىق ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەلىم - تەربىيىسىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، بەلگىلەنگەن تەلىم - تەربىيە كۈنىنى ئورۇندىدى؛ ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى (شۆبە) قىسىملار ھۇجۇمغا، قورال بۇلاشقا، تۈرمىدە جېدەل چىقىرىشقا تاقابىل تۇرۇش تەلىم - تەربىيىسى ۋە شۆبە قىسىمنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش تەلىم - تەربىيىسىنى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈردى؛ باشلىق ئورگان تاكتىكا تەلىم - تەربىيىسىنى نۇقتىلىق كۈچەيتتى. يىل ئاخىرىدىكى سىناشتا ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئۈنۈۋېرسال تەلىم - تەربىيە نەتىجىسى ياخشىدىن يۇقىرى بولدى. ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەتلىرىدىكى كادىرلارنىڭ %60تىن كۆپرەكى «تۆتنى بىلىدىغان» (سۆزلەشنى، ئىشلەشنى ئۆگىتىشنى، ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەشنى بىلىدىغان) تەربىيىچىلەر ئۆلچىمىگە يەتتى. بىر يىلدا نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تەلىم - تەربىيە بازىسىدا تەقلىدىي تاكتىكىلىق مەشىق مەيدانى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش مەشىق مەيدانى، ئالاھىدە قوراللار بىلەن قارىغا ئېتىش مەيدانى ۋە بۇلاڭچىلىققا قارشى تۇرغۇچى شۆبە قىسىمنىڭ تەقلىدىي مەشىق مەيدانى قۇرۇلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى %65 ئوتتۇرا ئەترەت «ئالتە مەيدان بىر ئۆي» (سەپ تۈزۈش مەيدانى، دۈشمەن تۇتۇش مەيدانى، تاكتىكا مەيدانى، سايمان مەيدانى، توساق مەيدانى، قارىغا ئېتىش مەيدانى ۋە سايمان ئۆيى) نى قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. باش ئەترەت 1 مىليون 400 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى بارلىق ئوتتۇرا ئەترەتلەرگە مەشىق پالىزى سەپلەپ بەردى.

بىيەن باۋمىن

## تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەلىم - تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدە 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 — 16 - كۈنلىرى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا، پارتلىتىشقا، بۇلاشقا قارشى تۇرۇش) ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەلىم - تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا باش شتاب، ج خ مىنىستىرلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابىنىڭ باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى، ھەر قايسى باش ئەترەت، زاپاس شىلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە تەلىم - تەربىيە باشقارما (بۆلۈم) باشلىقلىرى قاتناشتى. قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى يىغىننىڭ تەشكىلىي كاپالىتى ۋە 11 ئاساسىي دەرس، 4 تاكتىكا دەرسى بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ماھارەت كۆرسىتىشكە قاتناشقان قىسىملار 3 ئايدىن كۆپرەك كۈچەيتىش مەشىقى ئېلىپ باردى، ھېچقانداق ھادىسە سادىر بولمىدى. يىغىندا يەر ئۈستىدە ئايروپىلان بۇلاشقا قارشى تۇرۇش، ئاھالىلەر رايونىدا ئۆيلەرنى بىتچىت قىلىش، چېگرىدىكى مۇھىم نىشانلاردا تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا قارشى تۇرۇش، قۇملۇقتا بۇلاڭچىلىققا قارشى تۇرۇش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ماھارەت كۆرسەتتى، ماھارەت كۆرسىتىشكە قاتناشقان

قىسىملار قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى پارتكومىنىڭ ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىپ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

بيەن باۋمىن

## سىياسىي تەربىيە

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى، «1 - ئىيۇل» سۆزى، «31 - ماي» سۆزىنى ئۆگەندى، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مەدھىيىلەپ، 16 - قۇرۇلتاينى كۈتۈۋېلىش ئاساسىي تېما قىلىنغان مەخسۇس تەربىيىنى، ئىچكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان كادىرلارنى ھۆرمەتلەش - ئەسكەرلەرنى سۆيۈش تەربىيىسىنى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ قانۇنغا چېتىشلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان قانۇن - ئىنتىزام تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇردى. 2 - ئايدا ئىككى دەرىجىلىك پارتكوم ئورگىنى «سەككىزدە چىڭ تۇرۇپ سەككىزگە قارشى تۇرۇش»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى مەركەزلىك ئېلىپ باردى. 3 - ئايدا قوغداش، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن 6 گۇرۇپپا (قېتىم) قىسىملارغا بېرىپ سەييار، قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ باردى، ھەر قايسى يېڭى مەشىق نۇقتىلىرى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى 90% ئوتتۇرا ئەترەتكە بېرىپ مەخسۇس قانۇن - ئىنتىزام تەربىيىسى ئېلىپ باردى. 3 - ۋە 5 - ئايلاردا 7 كۈندىن ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، شى، تۇەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش كۇرسىدىن 2 قارار ئېچىلىپ، باش ئەترەتتىكى شى، تۇەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ 98%ى بىر قېتىمدىن نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەندى. باش ئەترەت پارتكومىنىڭ مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى يازغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ھەققىدىكى ئىمزالىق ماقالە «نۇر گېزىتى» نەزەرىيە ھەپتىلىك بېتىنىڭ 1 - بېتىگە بېسىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى باش ئەترەت پارتكومى مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش تەجرىبىسىنى كېڭەيتتى، پارتكوم مەركىزىي نەزەرىيە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىش تەجرىبىسى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1 - بېتىگە بېسىلدى.

لەي گۈيچاڭ

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 2002 - يىلى 1 -، 3 -، 5 - ئايلاردا «پروگرامما» بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 2 قارار، پارتكوم شۇجى، ھەيئەتلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن 3 قارار ئاچتى، تارماق ئەترەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتكوملارنىڭ ئەزالىرىنى بىر قېتىمدىن نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى. 3 - تارماق ئەترەت، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق ئەترەتتە پروگرامما بويىچە تارماق ئەترەت قۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. «1 - سەپ قوماندانلىق شتابى»نىڭ قۇرۇلۇشنى پروگرامما بويىچە تۈزۈش ۋە ئاساسىي قاتلامدا پروگرامما بويىچە ئەترەت قۇرۇش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇردى. ھەر قايسى تارماق ئەترەتلەر ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «پروگرامما» بويىچە تەربىيىلىدى. 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا باش ئەترەت ئاساسىي قاتلام سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنى ماھارەت مۇسابىقىسىگە تەشكىللىدى. 11 -، 12 - ئايلاردا جەنۇبىي شىنجاڭ قوماندانلىق شتابى ۋە تارماق ئەترەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بارلىق پارتكوم ھەيئەتلىرىنى بىر - بىرلەپ سىناپ باھالىدى.

3 - ئايدا بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە ئەترەتلەرنىڭ پروگرامما بويىچە ئەترەت قۇرۇش سۆھبەت يىغىنى، 5 - ئايدا تىپلارنى تۈزۈش يىغىنى، 9 - ئايدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى، غۇلجا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت، تاشقورغان ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت ۋە جۇاڭ شىخۇالار ئىلغار تىپ قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، بۇ تىپلار ھەر قايسى ئەترەتلەرگە بېرىپ 21 مەيدان سەييارە دوكلات بەردى. 5 قېتىم تەبرىكلەش، تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلىپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى 8 ئىلغار تارماق ئەترەت ۋە ئىلغار پارتكوم، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى 8 ئۈلگە ئوتتۇرا ئەترەت تەقدىرلەندى، نەچچە مىڭ ئادەم مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇپ باھالاندى، 4 ئوتتۇرا ئەترەت كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك، 13 ئورۇن كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 109 كىشى خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلاندى.

جاڭ خۇڭجياڭ

## كادىرلار خىزمىتى

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى كادىرلارنى تەڭشەپ ئىشلىتىشتە ئومۇمىيۈزلۈك سىناش، ساپا ئىمتىھانى ئېلىش، ئەلالىرىنى تاللاپ سەپلەشتە «ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ ئەلالىرىنى تاللاش ئۇسۇلى»نى قوللىنىشقا ئوخشاش تۈزۈملەردە چىڭ تۇرۇپ، ئادىل، ئاشكارا، دۇرۇس بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خىزمەتنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇردى، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ رازى بولۇش نىسبىتى 98%كە يەتتى، 100 دىن ئارتۇق كەسپىي تېخنىكا كادىرى ئۈستىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى خىزمىتىنى باھالاش ۋە داۋاملىق ۋەزىپىگە قويۇش يۈزىسىدىن باھالاش ئېلىپ باردى، 28 مۇنەۋۋەر ئەسكەر ساقچى ئوفىتسېرلىققا ئۆستۈرۈلىدىغانلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ۋە ئىمتىھانىغا

قاتناشتى. نەچچە يۈز ئوقۇغۇچى ھەر خىل مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى، يىلىغا، تۆۋەن دەرىجىلىك 30 نەچچە كادىر ھەر خىل ئالىي مەكتەپلەردە تەربىيىلەندى. بىر يىلدا كادىرلارنىڭ قىسىم بىلەن بىللە يۆتكىلىدىغان خىزمەتسىز ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 2 مىليون 900 نەچچە مىڭ يۈەن قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى، ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەر - خوتۇنلارغا 100 نەچچە مىڭ يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ۋە قىسىم بىلەن بىللە يۆتكىلىدىغان ئائىلە تاۋابىئاتلارنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش نىسبىتى %100كە، قىسىمدىن ئايرىلىپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. 5 - تۈركۈمدە پېنسىيىگە چىققان كادىرلارغا ئۆي سېلىپ بېرىش، ئۆي تەقسىملەش خىزمىتى تاماملاندى.

گۇلۇڭ گوچىلىڭ

## بىختەرلىكنى قوغداش خىزمىتى

2002 - يىلى قورallىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى مەركەز رەھبەرلىرى ۋە چەت ئەل دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن مەزگىلدىكى ھەمدە تۈنجى ساياھەت بايرىمى ۋە ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشقان مەزگىلدىكى بىختەرلىكنى قوغداش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىدى. يېڭى يىل، چاغان، قۇربان ھېيت قاتارلىق 7 چوڭ بايرام مەزگىلىدە، نەچچە 100 قېتىم قوراللىق چارلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى.

لەي گۈيچىڭ

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ئۆزى 12 مىليون 209 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ، يەرلىكنىڭ مەبلەغ ياردىمىدىن 10 مىليون 356 مىڭ يۈەننى توپلاپ، قۇرۇلۇش تۈرىدىن 134نى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 9 تارماق ئەترەت ئورگىنى، 7 ئوقۇتۇش ئەترىتى، 20 ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، گازارمىلىرىنى چوڭ رېمونت قىلىشقا ئوخشاش ۋەزىپىلەرنى تاماملىدى. گازارمىلارنى ئوخشاش نىسبىتى، سۈپەتنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى، ئەسلىھەلەرنىڭ سەپلىنىش نىسبىتى %100 بولدى. «تىڭ ئۈچار — 9» نىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تولۇق تاماملاندى، دوختۇرخانا ياتاق بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئۆزگىرىشنى يېيىش ئوڭۇشلۇق بولدى. 40 ئائىلىلىك پېشقەدەم كادىرنىڭ تۇرالغۇ بىناسى 9 - ئايدا پۈتتى. باش ئەترەت 8مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئاساسىي قاتلامغا بىرتۇتاش قاراۋۇلخانا، تەشۋىقات تاختىسى قاتارلىق 24 تۈرلۈك قۇرۇلۇشتىن 6900 يۈرۈشنى ياساپ بەردى، ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەتلىرىنىڭ %87نىگە يۇرىماق سۈزۈنى ماشىنىسى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ %90ىغا ياختىلىق يەككە سېلىنچا قاتارلىقلارنى تارقىتىپ بەردى. بىر يىلدا 89 مىڭ 200 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 165 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر يەرگە گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپ تېرىلدى. 20 قارار ھەر خىل يېغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 1837 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، ئارقا سەپ تەمىنات قوشۇنىنىڭ ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ تاماقتىن رازى بولۇش نىسبىتى %98كە يەتتى. «تۇرمۇشقا، مەركەزگە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتى پۇختا ئىشلەندى.

بېيەن باۋمىن

## خىزمەت كۆرسىتىش - نەمۇنىچى بولۇش ئەھۋالى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى قوماندانلىق شتابى مەخپىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى تۇ جيەنجاۋ 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەرىپىدىن مەخپىي ئىشلار خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس دەپ تەقدىرلەندى ھەمدە ئۆزىگە بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلدى.

2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋە 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مىي شىگرۇن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جاڭ شيۈمىڭ، سىياسىي كومىسسارى شۇ تيەنيۈلار ئومۇمىي يۈزىرۋقتا ئىمزا قويۇپ، سىياسىي بۆلۈم مەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشىچىلىرى مى خۇگجۇن، چيەن جىڭاۋلارغا 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەلىم - تەربىيىسى يىغىنىنىڭ خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 5 - تارماق ئەترەتنىڭ 8 - ئوتتۇرا ئەترىتى، 6 - تارماق ئەترەتنىڭ زاپاس توپچىلار ئوتتۇرا ئەترىتى، 7 - تارماق ئەترەتنىڭ زاپاس توپچىلار ئوتتۇرا ئەترىتى 82 تىپلىق ئارقىغا تەپمەيدىغان زەمبىرەك پەيگە كوللېكتىپ 2 -دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ ليۇ جيۇدۇڭ قاتارلىق 18 كىشىگە 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىدە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان 4 - تارماق ئەترەتنىڭ ترانسپورت ئوتتۇرا ئەترىتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنىڭ جىمىنەي ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىگە كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، جياڭ شاۋجۇن قاتارلىق 4 كىشىگە 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ئەركىن مۇشتلىشىش مۇسابىقىسىدە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان

جەڭچىلەردىن لو لىيۈبىن، جۇ جۈنخۇالارغا 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ نۇرمۇھەممەت، يۈ ياڭ، ئېلىجانلارغا 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

قۇراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ قوماندانى ۋۇ شۇاڭجەن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جيا جۇنۇاڭ، سىياسىي كومىسسارى شۇ يۇڭچىڭلار 2002 - يىل 11 - ئايدا ئۇمۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 8 - تارماق ئەترىتى ۋە تىك ئۇچار ئايروپىلان چوڭ ئەترىتىگە كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى تىك ئۇچار ئايروپىلان چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى مېڭ فەنجۈڭگە 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى خەن گوبۇغا 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن سۇي شياڭرۇڭ، سۇي شۇلىلارنى تەقدىرلىدى.

قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مىي شىڭرۇن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جاڭ شيۇمىڭ، سىياسىي كومىسسارى شۇ تيەنيۇلار 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۇمۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، 2 -، 5 -، 8 - تارماق ئەترەتلەرنى، ئىلى ئوبلاستلىق، تۇرپان، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق ئەترەتلەرنى، تىك ئۇچار ئايروپىلان چوڭ ئەترىتىنى ھەممە ئۇلارنىڭ پارتكوملىرىنى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار تارماق ئەترەت (ئورۇن) ۋە ئىلغار پارتكوم دەپ تەقدىرلىدى؛ 3 - تارماق ئەترەتنىڭ توپچىلار ئوتتۇرا ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق ئەترەتنىڭ سايباغ رايونلۇق ئوتتۇرا ئەترىتى، سانجى ئوبلاستلىق تارماق ئەترەتنىڭ 1 - ئوتتۇرا ئەترىتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنىڭ چىڭگىل ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتى، قاراماي شەھەرلىك تارماق ئەترەتنىڭ قاراماي شەھەرلىك ئوتتۇرا ئەترىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تارماق ئەترەتنىڭ چەرچەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنىڭ 5 - ئوتتۇرا ئەترىتى، قوماندانلىق شتاب ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتىنى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە ئوتتۇرا ئەترەت دەپ تەقدىرلىدى ھەممە ھەر بىرىگە كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ مەسئۇل ئوفىتسېرلىرىغا 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ 1 - تارماق ئەترەتنىڭ 4 - ئوتتۇرا ئەترىتى قاتارلىق نەچچە ئون ئوتتۇرا ئەترەتنى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت (ئورۇن) دەپ تەقدىرلىدى؛ تەلىم - تەربىيە، ئۇرۇش قىلىش، تەشكىلات، تەشۋىقات، ئارقا سەپ تەمىنات، ھەربىي لاۋازىمات، مالىيە باشقارمىلىرىنى، جەنۇبىي شىنجاڭ قوماندانلىق شتابى كاپالەت باشقارمىسىنى ئورگاندىكى ئىلغار باشقارما دەپ تەقدىرلىدى؛ گو جۈنۋېي، بيەن باۋسەن قاتارلىق 10 كىشىنى مۇنەۋۋەر ئورگان (تۈمەن دەرىجىلىك) كادىرى دەپ تەقدىرلىدى؛ ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەتلەردىكى 6 جۈپ مەسئۇل ئوفىتسېرنى «ياخشى بىر جۈپ مەسئۇل ئوفىتسېرلار» دەپ تەقدىرلىدى؛ 4 - تارماق ئەترەتنىڭ باشلىقى تيەن گۈيجۇڭ، 1 - تارماق ئەترەت مالىيە بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى ليۇ جىخۇڭلارنى پاك - ئىنتىزاملىق بولۇشتىكى ئىلغار شەخس دەپ تەقدىرلىدى؛ 3 - تارماق ئەترەت توپچىلار ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى مۇساڭ قاتارلىقلارنى ئون ياخشى ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، 2 - تارماق ئەترەت 3 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى ياڭ بو قاتارلىقلارنى ئون ياخشى يېتەكچى دەپ تەقدىرلىدى ھەممە 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ ئىلى ئوبلاستلىق تارماق ئەترەتنىڭ غۇلجا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنىڭ تاشقورغان ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىگە كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ سىياسىي بۆلۈم تەشۋىقات باشقارمىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنىڭ 1 - ئوتتۇرا ئەترىتىگە كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ ليۇ شېڭلىڭ، پېي شۈشياڭ، ۋاڭ يۇڭ، تاڭ يەن، ليۇ خەنجاڭلارغا 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بيەن باۋسەن قاتارلىق 86 كىشىگە 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى ئابلىز، سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما رۇڭخۇي، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەنۋەر ھۇسەن قاتارلىق 18 كىشىنى تەقدىرلىدى.

ۋۇ گۇاڭبىن

## ئەخمەت نىياز 5 - نۆۋەتلىك جۇڭگو قۇراللىق ساقچىلىرى ئىچىدىكى «ئون سادىق قوغدىغۇچى»نىڭ بىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى

قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتى كۇچا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئەخمەت نىياز 2002 - يىل 5 - ئايدا قۇراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن 5 - نۆۋەتلىك جۇڭگو قۇراللىق ساقچىلىرى ئىچىدىكى «ئون سادىق قوغدىغۇچى»نىڭ بىرى دەپ تەقدىرلەندى.

يەن فۇجياڭ

## مەدەنىيەت، تەشۋىقات خىزمىتى

2002 - يىلى قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى «قۇراللىق ساقچى قىسىمنىڭ 2001 — 2003 - يىلغىچە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پىلانى»نى

ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە مۇنەۋۋەر كىنو فىلىملىرىنى كۆرسىتىش، كىنو ئويۇنلىرى بېرىشتا، زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. باش ئەترەت سەنئەت ئۆمىكى قۇردى، بۇ ئۆمەك بىر يىلدا 26 مەيدان ئويۇن قويدى، ئۆمەكنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان نىشانلىق تەلىم - تەربىيىگە ماسلىشىش يۈزىسىدىن قويغان 2 مەيدان دوكلات ئويۇنى ۋە 8 مەيدان ھال سوراش ئويۇنى باش شتاب رەھبەرلىرىنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ھۆسنخەت، رەسىم، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، كۆرگەزمىگە 400 دىن ئارتۇق ئەسەر قويۇلدى، كۆرگەزمە جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئاساسىي قاتلامنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى تىرىشىپ ياخشىلاندى، 6 خىل، 259 دانە (يۈرۈش) مەدەنىيەت - تەنتەربىيە سايمىنى قىسىملارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىلىپ، قىسىملارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى جانلاندۇرۇلدى. بىر يىلدا قىسىملارنىڭ 370 نەچچە دانە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە سايمىنى رېمونت قىلىپ بېرىلدى، ئاساسىي قاتلامدىكى قىسىملارغا تەربىيە پلاستىنكىسى، كىنو فىلىمى، VCD پلاستىنكىسى، مەدەنىي پائالىيەت تەربىيىۋى فىلىمىدىن ئاز كەم 6000 قاپ (يۈرۈش) تارقىتىپ بېرىلدى، كىنو ئاپپاراتىدىن 7 يۈرۈش رېمونت قىلىندى، يېڭىلاندى ۋە ئورنىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قاتلامدا مەدەنىي پائالىيەتلەرنى يولغا قويۇش كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

چېن ۋېنكې

### خەۋەر ئاخباراتچىلىقى

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى مەركەز دەرىجىلىك ئاخبارات ۋاستىلىرىدا 712 پارچە، ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا 958 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىك ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ باش بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغىنى 36 پارچە. يېزىق، سۈرەت ۋە تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنىڭ سانى، سۈپىتى جەھەتتە باش ئەترەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى رېكورد يارىتىلىپ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ئىچىدە 1- بولدى، قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن ئاخبارات خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دەپ تەقدىرلەندى. 5 - ئارماق ئەترەتنىڭ «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»نىڭ 1 - بېتىنىڭ باش تەرىپىدە ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش توغرىسىدىكى ماقالىسى ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋەنىيەننىڭ ماختىشى ۋە تەستىق سۆزى يېزىشىغا ئېرىشتى. تاشقورغان ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ ئېگىزلىكتە يىلتىز تارتىپ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىدىغانلىق ئىلغار ئىش-ئىزلىرى تەشۋىق قىلىنغان ماقالە مەركەز دەرىجىلىك چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ۋە «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى. «ساداقەتمەن ئەخمەت» قاتارلىق 6 ھۆججەتلىك فىلىم مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلاندى.

يېن باۋمىن

### ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 20 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە تەشكىللىدى، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى 2000 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر - ئەسكەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خالىسانە كېسەل كۆرۈش، ئەخلەتلەرنى تازىلاش، ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىق «ئون بىر» پائالىيىتىنى كەڭ يولغا قويدى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە مىڭ چاقىرىملىق مەدەنىي تۆمۈريول لىنىيىسى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. بىر يىلدا يەرلىكنىڭ جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، مۇھىم تۈرىدىن 94 تۈرگە ياردەم بېرىلدى، 118 مىڭ 810 ئەمگەك كۈنى، 3460 دانە (قېتىم) ئاپتوموبىل ئاجرىتىلىپ، 298 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 12 مىڭ دانە ئورەك كولاندى، 18 مىڭ كۋادرات مېتىر يەرگە چىم تېرىلدى. قىسىملار ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى شەھەر - بازارلاردا نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىگە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 1 مىليون 30 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىندى، قىيىنچىلىقى ئېغىر 33 ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشىغا داۋاملىق ياردەم بېرىلدى. بىر يىلدا باش ئەترەتتىن 4 شەخس، 3 كوللېكتىپ ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈشتىكى ئىلغار شەخس ۋە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

چېن ۋېنكې

### خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى قەشقەر شىكەركۆل سۇ ئامبىرىنى يېرىلىپ كېتىش ئاپىتى، جىمسىنەي ناھىيىسىدىكى كەلكۈن ئاپىتى، ئالتاي سايبارا تېغىدىكى ئوت ئاپىتى قاتارلىق تۈرلۈك خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتلەردىن قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىپ، مىڭ توننىدىن ئارتۇق ھەر خىل ماددىي ئەشيا توشۇدى،

خەتەرگە يولۇققان ئاممىدىن نەچچە مىڭ كىشىنى قۇتقۇزدى، دەريا قىرغىقى ۋە دامبىدىن نەچچە مىڭ مېتىرنى يۆتكىلىدى، يەرلىكنى نەچچە مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى.

لەي گۇيپىڭ

# قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر: لى چاڭيۇڭ (داشياۋ).

1 - سىياسىي كومىسسار: ياڭ سى (شوشۇجى).

سىياسىي كومىسسار: جاۋ فۇدۇڭ (داشياۋ).

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ياڭ جىنچاڭ (داشياۋ)، جاڭ شىنرۇي (داشياۋ)، لى شېڭلى (داشياۋ، 5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ۋاڭ گۇاڭبىن (داشياۋ)، غاۋ ۋېنشياڭ (داشياۋ)، ۋاڭ جيەنشىن (داشياۋ).

## ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش تەرتىپىنى يېڭىدىن بەلگىلەشتۈردى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش لايىھىسى»نى قاتلاممۇ قاتلام تۈزدى، ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى قاراۋۇل، «جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى ئۈچ كىشىلىك گۇرۇپپا»، زاپاس بەن، ئۆز ئەترىتىدىن باشقا ئەسكىرىي كۈچ، ياردەم بەرگۈچى قوشنا كۈچ ۋە تارماق ئەترەتلەرنىڭ زاپاس شۆبە ئەترەتلىرى ئۆز ئارا جىپسىلاشقان تېررورلۇققا قارشى كۈچ سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. ئالاقىلىشىش، نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش، يورۇتۇش، قاراۋۇلخانا، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش يولى، رىشاتكا قاتارلىق ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۈسكۈنىلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. بارلىق ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىلىرى قاراۋۇللۇق ئورنىدا نازارەت قىلىش، تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى، شارائىتى ھازىرلانغان نۇقتىلار يىراقتىن نازارەت قىلىش - تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. 50% نىشاننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش تورى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 90% تىن ئارتۇق نىشان «بەش چوڭ سىستېما» تەلىپىگە ئاساسىي جەھەتتىن يەتتى. مۇشۇ يىل ئىچىدە، 22 قېتىمدا 22 جىنايەتچىنىڭ قېچىشى، جىنايەتچىلەرنىڭ بىر قېتىم قاراۋۇلغا ھۇجۇم قىلىشى توسۇپ قېلىندى، بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولدى؛ ج خ ئورگانلىرىغا ياردەملىشىپ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى گۇماندارىدىن 3 كىشى تۇتۇلدى، تۇيۇلمىغان ئەرز قىلىش ۋەقەسىدىن 4 ى بىر تەرەپ قىلىندى؛ مۇھاپىزەت قىلىش، جىنايەتچىلەرنى يۆتكەش، ئىجتىمائىي قاتارلىق ۋاقىتلىق ۋەزىپە 15 قېتىم ئورۇندالدى.

كاڭ يۇڭئەن

### ھەربىي تەلىم - تەربىيە

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى تايانچ قوشۇنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەردى. 1 - ئايدا ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ يېڭى مەشىق كادىرلىرى ۋە تارماق ئەترەت باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، شتاب باشلىقلىرى، ئۇرۇش - مەشىق بۆلۈمچىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ھەمدە چوڭ ئەترەت باشلىقلىرى يېڭى «پروگرامما» بويىچە 2 تۈركۈمگە بۆلۈپ يىغىپ تەربىيىلەندى. 2 — 3 - ئايلاردا ۋاقىت مەركەزلەشتۈرۈلۈپ 2 دەرىجىلىك ئورگاندا تەلىم - تەربىيىنى تەرتىپكە سېلىش - تەربىيىلەش پائالىيىتى تەشكىللىك قانات يايدۇرۇلدى، باشلىق ئورگاننىڭ تاكتىكا مەشغۇلاتى تەلىم - تەربىيىسى نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى شۆبە قىسىملارنىڭ 300 نەچچە ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەندى. 4 - ئايدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نىشانلىرىدا تېررورلۇققا قارشى ئۇنىۋېرسال مەشىق قىلىش، مۇنتىزىم ۋەزىپە ئىجرا قىلىش، زاپاس ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى تەرتىپى، ساقچى ئوفىتسېرلارنىڭ قوماندانلىقىدىن ئىبارەت 4 تېمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تەلىم - تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، ھەمدە ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى تارماق ئەترەت باشلىقلىرى، شتاب باشلىقلىرى، چوڭ ۋە ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقلىرى يىغىپ تەربىيىلەندى.

6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى تەلىم - تەربىيە شتاب ئوفىتسېرلىقىغا تەيىنلىنىش ئالدىدا تۇرغان ۋە تەيىنلەنگەن خادىملار كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەندى. 9 - ئايدا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى خادىملىرى ئۇرۇش قىلىش، ئالاقىلىشىش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، نەق مەيداننى باشقۇرۇش، دالىدا ئاساقلىنىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئۇنىۋېرسال مەشىققە تەشكىللەندى. ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى زاپاس شۆبە قىسىملارنىڭ «تولۇق دەرس، تولۇق خادىم، تولۇق قورال - جابدۇق» بويىچە دالىدا مەشىق قىلىشقا

يېتەكچىلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەخسۇس ۋەزىپە بويىچە مەخسۇس مەشىق قىلىش گەۋدىلەندۈرۈلدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 3 - ئارماق ئەترەت تەلىم - تەربىيە ئەترىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال مەشىق مەيدانى، 7 - ئارماق ئەترەتنىڭ ياتىقىش بىناسى ۋە ئوقۇتۇش چوڭ ئەترىتىنىڭ مەشىق سارىيى ھەمدە قوماندانلىق شتابى ئورگىنىنىڭ زامانىۋى ساقچى ئوفىتسېرلىرى تەلىم - تەربىيە مەركىزى پۈتتۈرۈلدى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىلىرىنىڭ 60%ىنىڭ مەشىق سايمىنى ۋە مەيدانى تولۇق سەپلەندى.

كالڭ يۈڭتەن

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

قوراللىق ساقچى قىسىم بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە «تۆت دەرىجىلىك» شۇجىلارنى يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە خىزمىتىنى ئىشلىيەلەيدىغان ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇشىنى تۇتالايدىغان ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى تەربىيىلىدى. تەربىيىلەش نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى ئورۇنلار مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە كۇرس ئېچىپ تېزىس بويىچە قۇرۇش ئېڭىنى ئۆستۈردى. 2 دەرىجىلىك پارتكوم ئورگىنى ئارقىلىق دائىمىي ھەيئەتلەر ئورگان كادىرلىرىنى يېتەكلەپ نۇقتىدا تۇرۇپ ياردەم بېرىش - يۆلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، 11 ياردەم بېرىش - يۆلەش ئوبيېكتىنىڭ ئىچىدىكى 2 ئوتتۇرا ئەترەت ئىلغارلار قاتارىغا كىردى، 6 ئوتتۇرا ئەترەت ئوتتۇرىدىكى ئورۇنلار قاتارىغا كىردى. 4 - ئايدىن 7 - ئايغىچە ھەر قايسى ئورۇنلار ئارقا - ئارقىدىن ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى ئاچتى، قىسىمدىن ئورۇنلار ئەسكەرلەر قۇرۇلتىيى ئاچتى، ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

بىر يىلدا كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ئورۇندىن 2سى، 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ئورۇندىن 6سى، ئۈلگە ئوتتۇرا ئەترەتتىن 5ى، ئىلغار چوڭ ئەترەتتىن 7سى، ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەتتىن 36سى، 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىدىن 2سى، 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىدىن 4ى بارلىققا كەلدى، 1 - ئارماق ئەترەتنىڭ ئىتتىپاق كومىتېتى قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن قوراللىق ساقچى قىسىملىرى بويىچە قىزىلبايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى دەپ باھالاندى، 1 - ئارماق ئەترەت 29 - ئوتتۇرا ئەترەت ئىتتىپاق ياچېيكىسى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى بويىچە ئىلغار ئىتتىپاق ياچېيكىسى، ئارقا سەپ تەمىنات ئۇنىۋېرسال ئامبىرى قىزىلبايراقدار ئامبار، 4 - ۋە 7 - ئارماق ئەترەتلەر ئۇدا 3 يىل «ئىككىدىن خالىي» ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

كالڭ يۈڭتەن

## كادىرلار خىزمىتى

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش، كۈچلۈك - ئاجىزلىرىنى سەپلەپ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆز ئارا تولۇقلاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىش ئورنىغا چىقىشتىن ئاۋۋال تەربىيىلەش، مەخسۇس تۈر بويىچە تەربىيىلەش ۋە يىغىن ئارقىلىق تەربىيىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل كادىرلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتتى، بىر يىلدا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ تەربىيىلىنىش نىسبىتى 96.8%كە، مەسئۇل ئوفىتسېرلارنىڭ تەربىيىلىنىش نىسبىتى 97.1%كە يەتتى.

ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ سىرتقا ئارىيەتكە بېرىلگەن، سىرتقا ئەۋەتىلگەن، كېسەل سەۋەبىدىن ئۇزاق دەم ئالغان، سىرتتا ئۆگىنىش قىلىۋاتقان كادىرلىرىنى ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇش ئوبيېكتلىرىنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ كادىرلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپە دەرىجىسىنى باھالىشى ئۈستىدە مۇپەتتىشلىك قىلىندى. مۇشۇ يىل ئىچىدە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 23 كادىر بىر تەرەپ قىلىندى، كەسىپ ئالماشتۇرغان، قىسىمدىن قايتقان 74 كادىرنىڭ قىسىمدىن ئايرىلىش نىسبىتى 100% بولدى. كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتىدىن 65 كىشىگە قىسىم بىلەن بىللە يۆتكىلىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى، 11 كادىرنىڭ پەرزەنتلىرىنى يەسلىگە، مەكتەپكە بېرىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 25 كىشى ئۈچۈن خىزمەت ئۇقۇشۇلدى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ تۇغقان يوقلاش، دەم ئېلىش نىسبىتى 90%تىن يۇقىرى بولدى.

كالڭ يۈڭتەن

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى ئۇرۇش تەييارلىقى كاپالىتى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دالا ئۇرۇشى يېمەكلىكلىرىنى زور مىقداردا توپلىدى، «ئۈچ كىشىلىك جەددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش گۇرۇپپىسى»غا 270 دانە قورال - ياراغ، ئوق - دورا ئىشكاپى، 120 دانە ئېلىپ يۈرۈشكە بولىدىغان مۆكتۈرمە مىلتىق ئىشكاپى ياسىتىپ بەردى. زاپاس شۆبە قىسىملارغا دالا

ئۇرۇشى ئاشخانا سايمىنىدىن 10 يۈرۈش ياساپ بەردى، جەمئىي قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ يۈرجەك ياغلىق بوقچىسىدىن 400نى سېلىپ بەردى. خام چوت باشقۇرۇش چىڭىتىلدى، 10 خام چوت ئورنى كىرىم - چىقىمدا ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇردى، %85 تارماق ئەترەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن خىراجىتى قوراللىق ساقچى قىسىم، باش شتابى بەلگىلىگەن ئاساس سانغا يەتتى، ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەتلىرىنىڭ خىراجەت كىرىم - چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نىسبىتى %100كە، مالىيە باشقۇرۇشتا «ئۈچتە ياخشى، بەشتىن خالىي بولۇش» نىسبىتى %95كە يەتتى، تارماق ئەترەت، ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ ئۆلچەملىك خىراجەتنى باشقۇرۇشنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش نىسبىتى ۋە تۇرمۇش خىراجىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش نىسبىتى %100كە يەتتى. پىلان بويىچە چىقىم قىلىش، ئاشلىقنى ئادەمگە قاراپ ئاجرىتىشتا چىڭ تۇرۇلدى، مىقدار جەھەتتە كېمىنىش - تويۇنۇشتىن ئوزۇقلۇق مىقدارى ۋە سۈپەت جەھەتتە كېمىنىش - تويۇنۇشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياساشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ تاماقتىن رازى بولۇش نىسبىتى %95تىن ئاشتى. «قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى باشقۇرۇشتا يولغا قويۇلىدىغان چارە» ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 263 دانە قورال، 656 دانە ئوق ئىشكابى رېمونت قىلىندى، ھەربىي ئۇسكۈنىلەر قويۇلغان ئۆيلەرنىڭ ئوغرىدىن ساقلايدىغان 167 تۆمۈر ئىشىكى ئۆزگەرتىپ ياسالدى، ئالماشتۇرۇلدى. ئاپتوموبىل باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، قىسىم ئاپتوموبىللىرىنىڭ ئامبارغا كىرگۈزۈلۈش نىسبىتى %98كە يەتكۈزۈلدى، كاپالەت ئاپتوموبىللىرىنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى %90كە، ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى ئاپتوموبىللارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى %95كە يەتتى. ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار 34مىليون 652 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 22 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىنى پۈتتۈردى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 53 مىڭ 97 كۋادرات مېتىر بولۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئەلالىق نىسبىتى %98كە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك - ئازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى، يىللىق خام چوت، نەق چوت تەپتىشلىكى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋەزىپىسىدىن يۆتكىلىش ئالدىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تەپتىشلىكىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 25 تۈرلۈك ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ خام چوتى تەپتىش قىلىنىپ، قۇرۇلۇش سوممىسى 2 مىليون يۈەن ئازايتىلدى، 20 تۈرلۈك ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ راسچوتى تەپتىش قىلىندى، 2 مىليون 280 مىڭ يۈەن تەپتىش قىلىنىپ ئازايتىلدى، ئازايتىلىش نىسبىتى %18 بولدى. سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، كادىرلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش نىسبىتى %98كە يەتتى، قىسىملاردا بىر سوتكىدا كېسەل كۆرۈلۈش نىسبىتى %1تىن، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىش نىسبىتى %3تىن تۆۋەن ھالەتتە تىزگىنلەندى، پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %98كە يەتتى.

كاڭ يۈگەن

### ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى 1500 نەچچە ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، ئۈرۈمچىدىكى قار لەيلىسى تېغىنى كۆكەرتىش، كورلىدىكى شەرقىي ئافنى كۆكەرتىش ۋە ۋۇجياچۈدىكى چىڭگىدا كۆلى ئورمان باغچىسىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇردى. بوغدا كۆلى تەبىئىي مەنزىرە رايونىدا ساقچى - خەلق بىرلىكتە ئورمان بەرپا قىلىش بازىسى قۇرۇلدى؛ بىڭتۈەن بىلەن ئامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىشتە ئالاقىلىشىش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، 250 ئامرات ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپ قويىنغا قايتىپ كېلىشىگە ياردەم بېرىلدى؛ بىڭتۈەننىڭ ئامراتلارنى يۆلەش - قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش فوندى جەمئىيىتىگە ئاز كەم 50 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىندى؛ ھەر ئايدا قىسىم تۇرۇشلۇق جايدىكى ئورناق بەرپا قىلىش ئورنىدىكى ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - مومايلارغا دورا ۋە تۇرمۇش قۇتقۇزۇش پۇلى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرۇلدى. 8. ئايدا قوماندانلىق شتابى ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگۇ رايونى تەرىپىدىن «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

كاڭ يۈگەن

### «15 - ئاۋغۇست» قورشاپ تۇتۇش جېڭى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، ج خ كادىر - ساقچىلىرىغا ماسلىشىپ، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 13 - شىنىڭ ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدا پارتلىتىش قورۇلمىسى ۋە ئۆزى ياسىۋالغان قورال بىلەن قوراللانغان، زوراۋانلىق - تېررورلۇق جىنايىتى گۇماندارىدىن 3 كىشىنى قورشاپ تۇتتى، نەق مەيداندا ئۆزى ياسىۋالغان پارتلاتقۇچتىن 5نى، ئاپتوماتتىن 3نى، يەرلىك مىلتىقتىن بىرنى، پارتلىتىش قورۇلمىسىدىن 2 نى، كاپسۇلدىن 5نى، ئوقداندىن 2 نى، مىخ ئاپانچىسىنىڭ دورىسىدىن بىر قاپنى ھەمدە قورال زاپچاسلىرىدىن بىر قانچىنى قولغا چۈشۈردى.

قوراللىق ساقچى قىسىم پارتكومى قورشاپ تۇتۇش جېڭىدە كۆۋدىلىك تۆھپە قوشقان نىڭ باۋلىي ۋە ياڭ خوجيائىلارنىڭ

ھەر بىرىگە بىر قېتىمدىن 1 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى. شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى پارتكومى لى جىشىن ۋە ما زېيجۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر قېتىمدىن 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

كاڭ يۈگۈەن

# شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى

## شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: جاۋ شىجۇڭ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسارى: سۇي ياجۇ (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: لى فېڭخەي (داشياۋ)، ليۇ شۈيېن (داشياۋ)، ساۋ شۇيجېڭ (داشياۋ)، جېڭ جىگيۈەن (داشياۋ)، مەخمۇت (داشياۋ).

## چېگرا رايونلارنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش

2002 ـ يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى نوپۇس ھالىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، تەۋەسىدىكى جايلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپى ۋە ئەمەلىي نوپۇسنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئامانلىق ساقلاشقا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدىغان كىشىلەر توپىنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش سالمىقىنى ئاشۇردى، كىملىكى، مۇقىم تۇرالغۇسى، مۇۋاپىق كىرىمى بولمىغان «ئۈچ يوق» كىشىلەرنى ئەستايىدىل ئېنىقلىدى. ئامانلىق ساقلاش ـ ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسى، بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىسى، چارلاش ئەترىتى، كەنت قوغداش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئاممىۋى ئامانلىق ساقلاش ـ بىرلەشمە مۇداپىئە تورىنى شەكىللەندۈردى.

«قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى ۋە مەخسۇس تۈزەش يولغا قويۇلۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، ئەسەبىي دىنىي رادىكال كۈچلەر ۋە زوراۋان ـ تېررورچى ئۇنسۇرلارغا قارىتا يۇقىرى بېسىم ھالىتى داۋاملىق ساقلاندى. كۆپ كۆرۈلىدىغان بۇلاڭچىلىق ۋە ئوغرىلىققا ئوخشاش مال ـ مۈلۈككە زىيان سېلىش دېلولىرىغا زەربە بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، «دېلو پاش قىلىش، قاچقانلارنى قوغلاش»، چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشكە قارشى تۇرۇش ۋە قورالغا، پارتلىتىشقا، زەھەرگە چېتىشلىق جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش مەخسۇس ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تەسىرى بىر قەدەر زور بىر تۈركۈم دېلولار پاش قىلىندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ج خ چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىلىرى بىر يىلدا مەلۇم قىلىنغان 7731 دېلونى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار دېلوسى تۇرغۇزۇلغىنى 1370 بولۇپ، 726 سى پاش قىلىندى، 1066 جىنايەت گۇماندارى، 22 قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچى تۇتۇلدى؛ قوبۇل قىلىنغان ئامانلىق ساقلاش دېلوسى 2301 بولۇپ، 1978 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 2943 كىشىگە جازا بېرىلدى. كوللېكتىپ ۋەقە ۋە جېدەل ئالامىتىدىن 3 ى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى، 33 قېتىملىق 76 كىشىگە چېتىشلىق چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈش دېلوسى پاش قىلىنىپ، 5 باشلامچى تۇتۇلدى؛ بىر ئەكسىيەتچى تەشكىلات پاش قىلىندى، 24 مىللىي بۆلگۈنچى تۇتۇلدى؛ يوشۇرۇن دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن 6 سى بىكار قىلىندى، 37 يوشۇرۇن تالىپقا زەربە بېرىلدى، 300 نەچچە ئەكسىيەتچى كىتاب ـ ژۇرنال ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇمى يىغىۋېلىندى؛ ھەر خىل قورال ـ ياراغدىن 107 دانە (ھەربىي قورال ـ ياراغ 6 دانە)، 1437 پاي ئوق، 1162 كىلوگرام پارتلىتىش دورىسى، 4479 دانە كاپسۇل، 2957.5 مېتىر پىلىتە قولغا چۈشۈرۈلدى؛ زەھەرگە چېتىشلىق دېلودىن 22 سى پاش قىلىنىپ 3 گرام خىروئىن، 29.2 كىلوگرام نەشە يىغىۋېلىندى، 60 مىڭ 774 تۈپ زەھەر ئۆسۈملۈكى يۇلۇپ تاشلاندى.

ۋاڭ يۈگۈچاڭ

## چېگرا باشقۇرۇش

2002 ـ يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، زوراۋان تېررورچى كۈچلەر ۋە دىنىي رادىكال كۈچلەرگە زەربە بېرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، زوراۋان تېررورچىلار ۋە ئەسەبىي دىنىي كۈچلەرنىڭ چېگرىدىن يوشۇرۇن كىرىش ـ چىقىشى، ئوغرىلىقچە قورال ـ ياراغ توشۇشى، يوشۇرۇن قوراللىق ھۇجۇم قىلىشىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆردى. ھەر قايسى چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترەتلىرى چېگرىدىكى نۇقتىلىق جايلار ۋە سىرتقا ئۆتىشىدىغان تاغ ئېغىزلىرىدا چېگرا قوغدىغۇچى، ئۇچۇرچى قويۇپ، ئورتاق مۇداپىئە كۆرۈش، ئورتاق تۈزەش تورى شەكىللەندۈردى. چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىلىرى جەمئىيەتنى تىزگىنلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆچمە نوپۇسنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى؛ ج خ تەكشۈرۈش پونكىتلىرى كىنىشكىلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، چېگرا رايوندا يۈرۈشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى؛ چېگرىدىكى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، كۆزىتىش، يوشۇرۇنۇش، توسۇش خىزمەتلىرىنى

نىشانلىق ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇھىم بۆلەك، نۇقتىلىق جايلارغا بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتتى. بىر يىلدا 25 مىڭ 86 ئادەم (قېتىم) ساقچى كۈچى ئاجرىتىلىپ، چېگرىدا 5794 قېتىم چارلاش ئېلىپ بېرىلدى، 850 قېتىم پىيادە چارلاندى، 385 قېتىم تاغ تازىلاندى، 242 قېتىم پىستىرما قويۇلدى، 352 قېتىم توساق قۇرۇلدى، چېگرا باشقۇرۇش رايونىغا كىرگەن-چىققانلاردىن 2 مىليون 450 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، كىنىشكىسى يوقلاردىن 23 مىڭ ئادەم (قېتىم) قايتۇرۇلدى، چېگرىدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان 385 ئادەم توسۇپ قېلىندى، كىنىشكىسى يوق تۇرۇپ چېگرىغا يېقىنلاشقان 2516 ئادەم ئېنىقلاندى. چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتكۈچىلەر 2001 - يىلدىكىدىن 3 قېتىم، 7 ئادەم ئازايدى.

دۇڭ جىنجۈەن

## چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈشى

2002 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى تەكشۈرگەن چېگرىدىن كىرگەن - چىققانلار 487 مىڭ 911 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3% ئاشتى، چېگرىدىن كىرگەن - چىققان قاتناش قوراللىرىدىن 83 مىڭ 652 سى تەكشۈرۈلدى. چېگرىدا كونتروللاش ئوبيېكتىدىن 110 ئادەم (قېتىم) تۇتۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي بۆلگۈنچى دەپ گۇمان قىلىنغىنى 96 ئادەم (قېتىم)؛ كونتروللاش ئوبيېكتى بولمىغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك گۇمانداردىن 10ى، ۋاقىتلىق كونتروللىنىدىغانلاردىن 4ى تۇتۇلدى، 28 قېتىمدا چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتكەن 64 ئادەم تۇتۇلدى، قانۇن - بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغان باشقا كىشىلەردىن 935 ئادەم (قېتىم) تۇتۇلدى، 177 پاي ئوق، 8 نۇسخا ئەكسىيەتچى تەشۋىقات بۇيۇمى، 2 دانە ئىستالغا قولغا چۈشۈرۈلدى. باش ئەترەت ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن 2 قېتىم يۇقىرى قاتلام سۆھبىتى ئۆتكۈزدى، ھەر قايسى چېگرا تەكشۈرۈش پونكىتلىرى ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ (كۆچمەنلەر) ئورگانلىرى بىلەن 16 قېتىم سۆھبەتلەشتى، 211 قېتىم ئۇچراشتى، 2 قېتىم دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

دۇڭ جىنجۈەن

## قىسىم قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى 23 پارتكوم بەنزىسىنى تەڭشىدى ۋە كۈچەيتتى، 44 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 45 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 22 مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى، 34 ئىلغار ئىتتىپاق ياچېيكىسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى، بىر يىلدا پارتىيىگە 611 ئەزا قوبۇل قىلدى. بىر كىشى شىنجاڭدىكى 10 كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دېگەن نامغا، بىر كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش قوغدىغۇچى دېگەن نامغا ئېرىشتى. قورغاس پورتى چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى قاتارلىق 9 ئورۇن ج خ مىنىستىرلىكى چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى تەرىپىدىن ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 6 تارماق ئەترەت دەرىجىلىك پارتكوم، 8 تارماق ئەترەت (چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى)، 13 چوڭ ئەترەت، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى 9 ئۈلگە ئورۇن ۋە 33 ئورگان باشقارما، ئىشخانىسى باش ئەترەت پارتكومى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. 14 ئۈلگىلىك كادىر، 14 ئۈلگىلىك ئەسكەر باھالاپ چىقىلدى. قەشقەر چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى پەيىك چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى ۋە خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى نازارەت قىلىش - قوغداش ئوتتۇرا ئەترىتى كوللېكتىپ 1 - دەرىجىلىك، 4 ئورۇن كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك، 7 ئورۇن كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 5 ئادەم 2 - دەرىجىلىك، 271 ئادەم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. باش ئەترەت پارتكومى ج خ مىنىستىرلىكى چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى پارتكومى تەرىپىدىن ئىلغار پارتكوم، باش ئەترەت باشلىقى جاۋ شىجۇڭ، سىياسىي كومىسسار سۈي ياجۇلار مۇنەۋۋەر مەسئۇل ئوفىتسېر بولۇپ باھالاندى.

دۇڭ جىنجۈەن

## باشقۇرۇش - تەلىم - تەربىيە

2002 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى يېڭى شتاتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىدى. 6 - ئايدا باش ئەترەت ئاساسىي قاتلامنىڭ يېڭى شتاتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ج خ مىنىستىرلىكى چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسىنىڭ «مۇنتىزىملاشتۇرۇپ باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرى»گە ئاساسەن، مۇنتىزىم تۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش، تەلىم - تەربىيە، خىزمەت، تۇرمۇش تەرتىپى بەرپا قىلىندى. باشقۇرۇش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، كەنجى ئوفىتسېرلار ۋە تارقاق ئەسكەرلەر مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ئەسكەر باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى؛ ئاپتوموبىل ۋە قورال - ياراغلارنى باشقۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، مەمۇرىي مەسئۇلىيەت ھادىسىسى يۈز بېرىشنىڭ ئالدى ئېلىندى. ئۇستاب - نىزاملار ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئۇستاب ئۆگىنىش ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. باش ئەترەت 6 قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ قىسىملارنىڭ باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. قىسىملار تارماق ئەترەت (پونكىت)، چوڭ ئەترەت، ئاساسىي قاتلام ساقچىخانا (پونكىت)لىرى ۋە زاپاس ئوتتۇرا ئەترەت، ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋاقتى، تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىش نىسبىتى، تەلىم -

تەربىيە مەزمۇنى ۋە سۈپەت كۆرسەتكۈچى، نەتىجە باھالاش قاتارلىقلار ھەققىدە بىر تۇتاش بەلگىلىمە چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن قىسىملارنىڭ تەلىم - تەربىيە سەۋىيىسى ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 7 - ئايدا چېگرا مۇداپىئەسى ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىشتا ئەمەلىي ماھارەت تەلىم - تەربىيىسى يولغا قويۇلدى. ھەربىي ئاپانچىلار، ئۆستۈرۈلىدىغان كەنجى ئوفىتسېرلار ۋە ئاپشاركا مەشىق قىلدۇرغۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى.

دۆلك جېنجۈن

## ئۇرۇش تەييارلىقى خىزمىتى

ئامېرىكىدا «11 - سېنتەبىر» تېررورلۇق ۋەقەسى كۆرۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ئۇرۇش تەييارلىقى خىزمىتى ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئالاقە سىستېمىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى راۋانلاشتۇردى. قىسىملار 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۇرۇش تەييارلىقى ھالىتىنى بىكار قىلىپ ئۆز ئورنىغا بىخەتەر قايتىپ كېلىپ، «تەۋە رايوننىڭ مۇقىملىقى ۋە قىسىملارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا باش ئەترەت ئۇرۇش تەييارلىقى ۋە چېگرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ 1 - دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلغان ئورۇن 2، 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلغىنى 4، 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلغىنى 7؛ شەخسلەردىن 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلغىنى 5، 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلغىنى 44، مۇكاپاتلانغىنى 21؛ مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ 38. بۇنىڭ ئىچىدە تارماق ئەترەت (پونكىت) 9، چوڭ ئەترەت 7، ساقچىخانا - پونكىت 22؛ مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى ئىلغار شەخس 43.

دۆلك جېنجۈن

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى خام چوت شتاتىنى ئىسلاھ قىلىپ، خىراجەت ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى، خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، ئىشلىتىش تەدبىرىنى بەلگىلەش ئۆتكۈللىكىنى چىڭ ئىگىلىدى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى، مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەركەزگە، مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، خىراجەتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇردى. بىر يىلدا چۈشۈرۈلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى 24 بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغ 16 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 13 مىڭ 920 كۋادرات مېتىرغا يەتتى؛ قىسىملار 113 دانە ھەر خىل ئاپتوموبىل، 190 دانە ماي قاچىلاش ماشىنىسى بىلەن قوراللاندۇرۇلدى، 99 تىپلىق يۈرۈشلۈك كېيىملەرنى ئالماشتۇرۇش - ئۆزگەرتىش خىزمىتى ۋاقتىدا تاماملاندى. يېڭى «قورال - ياراغ باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى» ئىشقا سېلىندى. يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مۇۋاپىق راۋاجلاندۇرۇلۇپ قىسىملارنىڭ تۇرمۇشتا ئۆزىنى قامداش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. رايون بويىچە قىسىملارنىڭ يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلىدىغان يېرى 7 .1096 گېكتارغا، پارنىك 36 مىڭ 685 كۋادرات مېتىرغا، قولدا قالغان چارۋا 19 مىڭ 437 گە، ئۆي قۇشى 265 مىڭ 630غا يەتتى. 7 - ئايدا ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە مالىيە، ھەربىي لاۋازىمات، گازارما ياردەمچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلدى.

دۆلك جېنجۈن

## ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ساھەلەر بويىچە نامراتلارنى يۆلەشتە ئاقچى ناھىيىسى سەپەرباي يېزىسىنى يۆلەپ، 698 مىڭ مەبلەغ ئىئانە قىلىپ، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئىچىملىك سۇ، ئولتۇراق جاي، ئالاقە قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. قىسىملار ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى نامرات ئامما، ئوقۇشسىز قالغان ئوقۇغۇچىلار ۋە مەكتەپلەرگە 687 مىڭ يۈەن پۇل، 2000 قۇردىن ئارتۇق كىيىم - كېچەك ئىئانە قىلدى.

دۆلك جېنجۈن

# قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: لېيەن يۇ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسار: مى شېيەنلىن (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقى: ئاۋ رۇنرېن (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: ئوسمان سىدىق (داشياۋ).

## ئوت ئۆچۈرۈش ۋە خېيىمخەتەردىن قۇتقۇزۇش

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئورۇنلىرىدا مەشىق قىلىش پائالىيىتىنى زوركۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، ھەممە ئادەمنى مەشىققە تولۇق قاتناشتۇرۇش ئاساسىدا ھەر دەرىجىلىك كوماندىرلار ۋە ئورگان خادىملىرىنىڭ تەلىم - تەربىيىسىنى گەۋدىلىك ھالدا ياخشى تۇتتى، ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا بويىچە مەشىق قىلدۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ئەمەلىي ئۇرۇش مەشىقىنى كۈچەيتتى.

داخېيەن ياختا - چىگە پونكىتىدىكى «19 - مارت» پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى ۋە كۈيتۇڭدىكى «13 - ماي» فورمالىن ئېقىپ كېتىش ھادىسىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆچۈرۈلۈپ ۋە بىر تەرەپ قىلىنىپ، زىيان ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە بىر يىلدا ئوت مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى 3755 قېتىم ئوت ئۆچۈردى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا، خېيىمخەتەردىن قۇتقۇزۇش ۋە ئىجتىمائىي ياردەم بېرىشكە 322 قېتىم قاتناشتى، چوڭ - چوڭ پائالىيەتلەردە 80 قېتىم ۋەزىپە ئىجرا قىلدى، 7438 دانە (قېتىم) ئاپتوموبىل، 46 مىڭ 7 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىلىپ، مال - مۈلۈك زىيىنى ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆلۈش - يارىلىنىشى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىلدى. ئاز كەم 6 مىليارد يۈەن قىممىتىدىكى مال - مۈلۈك قۇتقۇزۇۋېلىندى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## ئوت ئاپىتى ھادىسىلىرى

2002 - يىلى شىنجاڭدا 3145 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 44 ئادەم ئۆلدى، 106 ئادەم يارىلاندى، 1788 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، 55 مىڭ 421 كۋادرات مېتىرلىق ئىمارەت كۆيۈپ كەتتى، 35 مىليون 950 مىڭ 600 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى بىر قېتىم، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 16 مىليون 887 مىڭ 800 يۈەن، زور ئوت ئاپىتى 8 قېتىم، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 5 مىليون 199 مىڭ 900 يۈەن. بۇنى 2001 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوت ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانى 1.2% كۆپەيدى، ئۆلگەنلەر سانى 29% ئازايدى، يارىلانغانلار سانى 12.8% كۆپەيدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 60.1% كۆپەيدى. بىر يىلدا ئادەملەر توپى بىلەن ئۆلگەن، يارىلانغان قاباھەتلىك ئوت ئاپىتى ھادىسىسى كۆرۈلمىدى.

ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشتىكى ئاساسلىق سەۋەبلەردىن قارىغاندا، ئوت ئىشلىتىشتىكى بىخەستەلىك، ئېلېكتر سايمانلىرىدىكى كاشىلا، ئوت ئويناش ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشتىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر ھېسابلىنىدۇ. ئوت ئىشلىتىشتىكى بىخەستەلىكتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 40.8% نى، ئېلېكتر سايمانلىرىدىكى كاشىلىدىن كېلىپ چىققىنى 17.6% نى، ئوت ئويناشتىن كېلىپ چىققىنى 9.7% نى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا تاماكا چېكىشتىن كېلىپ چىققىنى 8.2% نى، ئوت قويۇشتىن كېلىپ چىققىنى 6.8% نى، قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلىشتىن كېلىپ چىققىنى 4.9% نى، تەبىئىي ئوت ئاپىتى 1% نى، باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققىنى ۋە كېلىپ چىقىش سەۋەبى ئېنىق بولمىغىنى 11% نى ئىگىلەيدۇ.

ئوت كېتىش ئورنىدىن قارىغاندا، ئۆي، نەرسە - كېرەك دۆۋىلەنگەن مەيدان، قاتناش سايمانلىرى ئىگىلىگەن نىسبەت كۆپرەك بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر - يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى ئوت ئاپىتى كۆرۈلگەن ئاساسلىق ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. رايونلار بويىچە ئايرىغاندا، شەھەرلەردىكى ئىمارەت زىچ جايلار ئوت ئاپىتى كۆپ كۆرۈلگەن رايون ھېسابلىنىدۇ. ئوت ئاپىتى كۆرۈلگەن ۋاقىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سائەت 16 دىن 18 گىچە بولغان ئارىلىقتا كۆرۈلگەن ئوت ئاپىتى 520 قېتىم بولۇپ، ئومۇمىي قېتىم سانىنىڭ 16.5% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا سائەت 14 تىن 16 گىچە كۆرۈلگىنى 500 قېتىم بولۇپ، 15.9% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇنىڭدىنمۇ قالسا سائەت 12 دىن 14 كىچە كۆرۈلگىنى 474 قېتىم بولۇپ، 15.1% نى ئىگىلەيدۇ.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## ئادەم توپلىشىدىغان سورۇنلارنى ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بويىچە 2 - قېتىملىق مەخسۇس تۈزەش

شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە قىسىملىرى 2002 - يىل 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون مىقياسىدا ئادەم توپلىشىدىغان سورۇنلارنى ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بويىچە 2- قېتىملىق مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ھەر دەرىجىلىك ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتلىرى 2001 - يىلدىن قالغان زور ئوت ئاپىتى يوشۇرۇن ئامىللىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، جەمئىيەتكە ئېلان چىقىرىش، ھۆكۈمەت تەكشۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۈزەش - ئۆزگەرتىش

سالىقىنى بەنىمۇ زورايتىپ، ئادەم توپلىشىدىغان سورۇنلاردا پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، بىر يىل داۋاملاشقان مەخسۇس تۈزەشتە ئاپتونوم رايون بويىچە 480 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، 10 مىڭ 473 ئورۇن (قېتىم) تەكشۈرۈلگەن، 4092 ئورۇندا يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىلى مەۋجۇتلۇقى بايقالغان، ھازىر 3196 ئورۇن تۈزىتىش - ئۆزگەرتىشنى تاماملاپ لاياقەتلىك بولدى، بايقالغان 9160 يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىلىدىن 7801ى تۈگىتىلدى، يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىللىرىنى تۈزىتىش - ئۆزگەرتىش نىسبىتى %85كە يەتتى. مەخسۇس تۈزەشتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتلىرى «نەق مەيداندا تۈزىتىشكە بۇيرۇش ئۇقتۇرۇشى»دىن 475 نۇسخا، «چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىشكە بۇيرۇش ئۇقتۇرۇشى»دىن 3532 نۇسخا، «زور ئوت ئاپىتى يوشۇرۇن ئامىللىرىنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىشكە بۇيرۇش ئۇقتۇرۇشى»دىن 34 نۇسخا، «قايتا تەكشۈرۈش پىكىرنامىسى»دىن 3331 نۇسخا، «جازالاش قارارنامىسى»دىن 223 نۇسخا تارقاتتى. مائارىپ تارماقلىرى يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىللىرىنى تۈگىتىشكە ئېتىبار بەرمىگەن ئورۇن ۋە خادىملارغا مۇناسىپ چارە كۆرۈش ھەققىدە 38 قېتىم قارار چىقاردى، سەھىيە تارماقلىرى يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىللىرىنى تۈگىتىشكە ئېتىبار بەرمىگەن ئورۇن ۋە خادىملارغا مۇناسىپ چارە كۆرۈش ھەققىدە 40 قېتىم قارار چىقاردى، ھەمدە بىخەتەرلىك شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان 6 داۋالاش ئاپپاراتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. سودا سانائەت تارماقلىرى 162 ئورۇننىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى بىكار قىلدى، قۇرۇلۇش تارماقلىرى قائىدىگە خىلاپ 154 ئىمارەتنى چاقتى، مەدەنىيەت تارماقلىرى 243 مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلدى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## سىياسىي تەربىيە

2002 - يىلى قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتى پارتىيىگە 107 ئەزا قوبۇل قىلدى، ئاساسىي قاتلامدىكى 29 پارتىيە تەشكىلاتى، 55 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 22 مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى باش ئەترەت پارتكومىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى. 288 كادىرنىڭ ۋەزىپىسى، ئۇنۋانى ۋە ئىش ئورنى ئۆستۈرۈلدى ۋە تەڭشەلدى، پەيجاڭلىقتىن لييەنجاڭلىققا، لييەنجاڭلىقتىن يىڭجاڭلىققا ئۆستۈرۈلىدىغان 95 كادىر تەربىيىلەندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترىتىدە كادىرلارنىڭ رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىشى ئۇقتىدا سىناق قىلىندى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## تۇنجى نۆۋەتلىك «ئەنجيا لوڭقىسى» شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە ياخشى خەۋەرلىرى باھالاندى

تۇنجى نۆۋەتلىك «ئەنجيا لوڭقىسى» شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە ياخشى خەۋەرلىرىنى باھالاشنىڭ نەتىجىسى 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاشكارىلاندى. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى خې شىخۇڭ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى ماشىنفېڭ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېرى لى خېياۋ قاتارلىق 13 كىشى ماقالە ۋە تېلېۋىزىيە خەۋىرى بويىچە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. باھالاش پائالىيىتىدە 60 نەچچە پارچە ئەسەر تاپشۇرۇۋېلىندى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## گۇاڭدۇڭ، شياڭگاڭ، شىنجاڭلارنىڭ ئوت مۇداپىئە ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنى

گۇاڭدۇڭ، شياڭگاڭ، شىنجاڭلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئوت مۇداپىئە ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا گۇاڭدۇڭ ئوت مۇداپىئە جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى جاڭ جىگيەن، شياڭگاڭ ئوت مۇداپىئە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شۇ جىگېلىڭ، شياڭگاڭ ئوت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ رۇڭدې، شىنجاڭ ئوت مۇداپىئە باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى لييەن يۇلەر ئۆز يېرىنىڭ ئوت مۇداپىئە خىزمىتىنى تونۇشتۇردى. 3 جاينىڭ ئوت مۇداپىئە ئىلمىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى يىغىندا ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى ھەمدە جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن ئوت مۇداپىئە نازارەتچىلىكى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش - ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە كەڭ دائىرىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. يىغىندىن كېيىن گۇاڭدۇڭ، شياڭگاڭ ئوت مۇداپىئە ئىلمىي ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 34 كىشى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت مۇداپىئە تارماق ئەترىتى ئالاھىدە ۋەزىپە ئەترىتىنىڭ ئوت مۇداپىئە قورال - جابدۇقلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، كەسپىي مەشىقىنى كۆردى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

# قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: شيۇڭ خۇيىن (قوشۇمچە).

پارتكومنىڭ 2 - شۇجىسى: لىن شياڭلىن (قوشۇمچە).

باش ئەترەت باشلىقى: گو شېڭخۇي (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسار: شۇ شۇشۇ (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: ۋاڭ لىۇيى (داشياۋ)، خۇاڭ تۇڭيىن (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: چېن شېڭيىڭ (داشياۋ).

## شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئورمان باش ئەترىتى (قىسقارتىلىپ شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى دەپ ئاتىلىدۇ)نى قۇرۇش خىزمىتى 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى باشلاندى. 10- ئاينىڭ 10 - كۈنى خەلق سارىيىدا قۇرۇلۇش يىغىنى ئېچىلدى. شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئورمان قوماندانلىق شتابى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ھۆكۈمەت، ھەم ئورمانچىلىقتا مەسئۇل تارماقنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، ئۇ شىنجاڭدىكى 6 مىليون 565 مىڭ 900 گېكتار ئورمان، 57 مىليون 333 مىڭ گېكتار ئوتلاقنى ئوت ئاپىتىدىن ساقلاش، ئوت ئۆچۈرۈش، ئورمان بايلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قانۇن بويىچە قوغداش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى زىممىگە ئالغان.

لىۋ پېڭشۇن

## ھەربىي خىزمەت

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتىنىڭ 2 دەرىجىلىك تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى ئۇرۇش مەيدانىدا نەق مەيداننى چارلاپ، شىنجاڭدا ئورماننىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئورمان ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئوت ئۆچۈرۈشنىڭ قانۇنىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلەپ، «قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ فۇنكسىيىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ھەققىدە پىكىر»نى شەكىللەندۈردى. يىل ئاخىرىغىچە كەسىپكە لايىق ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش تەلىپىگە ئاساسەن، باش ئەترەت 6 - ئايدا باشقا ئورۇنلاردىن كۈچ ئاجرىتىپ تەشكىللىگەن قىسىملارنىڭ 2 - تۈركۈمدىكى كادىر ۋە كەسپىي تېخنىكا ئەسكەرلىرىدىن 120 كىشىنى يىغىپ تەربىيىلىدى، باشقا ئورۇنلاردىن كۈچ ئاجرىتىپ 7 - ئايدا تەشكىللىگەن قىسىملارنىڭ %70ى ئەق بولغاندىن كېيىن، بىر ئايلىق تەربىيە - مەشىق ئېلىپ باردى. 3 - ۋە 12 - ئايلاردا باش ئەترەت 2 قېتىم باشلىق ئورگاننىڭ تەلىم - تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى؛ 10 - ئايدا كوماندىرلىقتا ئۆستۈرۈلىدىغان 72 كەنجى ئوفىتسېرنى ۋە يېڭى تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىدىغان يەنجاڭلارنى تەربىيىلىدى، تەلىم - تەربىيە ئارخىپلىرىنى ۋە دەرسلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى؛ 11- ئايدا ئىلى تارماق ئەترىتى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەلىم - تەربىيىسىنى ئۇقتىدا سىناق قىلدى ھەمدە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەلىم - تەربىيىسى نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. بىر يىلدا 11 ئوفىتسېر - ئەسكەر مۇنەۋۋەر ئۆگەتكۈچى بولۇپ باھالاندى، بىر كىشى ئورمان قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئۆگەتكۈچى بولۇپ باھالاندى.

لىۋ پېڭشۇن، جيا فېڭلىن

## ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتى تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، تېررورلۇققا، دىنىي رادىكال كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى ۋە «فالۇن گۇڭ»نى پاش قىلىش - تەنقىد قىلىش تەربىيىسىنى ھەمدە ۋەزىيەتكە يارىشا ئورۇنلاشتۇرۇلغان باشقا تەربىيىلەرنى يولغا قويدى، يەرلىكتىكى سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى 3 قېتىم دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى. تەربىيە ئۈنۈمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلەش، ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىگە ئوخشاش 10 تۈرلۈك ماسلاشما پائالىيەتنى قانات يايدۇردى. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا تېلېۋىزور، ئائىلە كىنوخانىسى قاتارلىق مەدەنىيەت ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلەپ بەردى. قىسىم، بىلەن بىللە يۈرىدىغان كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئورالغۇ ئۆي، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە، يەسلىگە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

باش ئەترەت يەرلىكنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، «غۇنچە پىلانى»، «ئانا دەرياني قوغداش ھەرىكىتى» ۋە يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونغا پۇل، مال ئىئانە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، يەرلىكنىڭ كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە 3 قېتىم قاتناشتى،



بىخەندىن قۇرۇلغان قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئۇرمان باش ئەترىتى 2002 - يىلى پروگراممىغا بويىچە مۇنتىزىم تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويدى. سۈرەتتە باش ئەترەتنىڭ مەشىق مەيدانى.

سۈرەتنى ئۇرمان باش ئەترىتى تەۋەتكەن

بارلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ۋەزىپە ئېغىر، خىزمەت مۇھىتى جاپالىق بولغان ئەھۋالدا، سىياسىي ئېتىقادىنى چىڭتىپ، ياخشى روھىي ھالىتىنى ساقلاپ، خىزمەتتە ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولۇپ، قىسىمنىڭ ئىچكى بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇردى.

بىر يىلدا بىر كىشى 2 - دەرىجىلىك، 54 كىشى 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 6 كىشى باش ئەترەتنىڭ يۇقىرى ئورۇنلار تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى، 9 كىشى ئۇرمان قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

ليۇ پېڭشۈن

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2002 - يىل 1 - ئايدا قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئۇرمان باش ئەترىتى ۋە تارماق ئەترەتلىرىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىلىرى تەق بولغاندىن كېيىن، ئاساسلىقى گازارما رايونىغا ئورۇن تاللاش، گازارما قۇرۇلۇشىغا خېرىدار چاقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش ئىشلىرىنى تۇتتى. باش ئەترەت ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، ئۇرمانچىلىققا مەسئۇل تارماق، يەر باشقۇرۇش تارمىقى قاتارلىقلار بىلەن ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەپ، يەرلىك بىلەن ياخشى ئالاقە ئورنىتىپ، قوش رەھبەرلىك مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، 4 قېتىم ماسلاشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىپ، گازارما قۇرۇلۇشىغا يەر تاللاش - يەر ئېلىش، خىراجەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش - سەپلەشكە ئوخشاش چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى. باش ئەترەت گازارما رايونىغا ئورۇن تاللاش، يەر ئاجرىتىش، خىراجەت سەپلەش، قىسىملارنىڭ ۋاقىتلىق تۇرالغۇسىنى ھەل قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە يەرلىكتىكى پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرگە زىچ تايىنىپ، تۇرلۇك مۇلازىمەت كاپالىتىنى خېلى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈردى. باش ئەترەت بويىچە گازارما قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 9 يەردىن 2 .64 گېكتار يەر ئېلىندى، 9 گازارما قۇرۇلۇشىنىڭ ھەممىسىدە ئىش باشلاندى. كاپالەت سىستېمىسى جەھەتتە ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش پونكىتى بىلەن ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛ قىسىملارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشىدىكى ئاساس ئەسلىھەلەر، گازارما سايمىنى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ئەمەلىيلەشتۈردى؛ ئارقا سەپ تەمىنات كەسپىي تېخنىكا ئاپانچىلىرىنى تۈرگە ئايرىپ تەربىيىلىدى.

ليۇ پېڭشۈن

## ئاخباراتچىلىق

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئۇرمان باش ئەترىتى مەركەز دەرىجىلىك ئاخبارات ۋاستىلىرىدا 25 پارچە، ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا 68 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. شىنجاڭدا تىبەت يۇكسىنى قوغداش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «1 - نومۇرلۇق ھەرىكەت»كە ئالاقىدار خەۋەر «شىنخۇا» ئاگېنتلىقى ۋە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بېرىلگەندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ كەڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

لى بىڭ

## «27 - سېنتەبىر» ئوت ئۆچۈرۈش جېڭى

2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بۇرچىن ناھىيىسىدە ئۇرمان ئوت ئاپىتى يۈز بەردى. قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئۇرمان باش ئەترىتى تېزلىكتە ئالتاي، ئىلى ئۇرمان تارماق ئەترەتلىرىدىن 382 ئوفىتسېر - ئەسكەر ئاجرىتىپ، 3 توركۈمگە بۆلۈپ ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىگە سالدى. ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىگە قاتناشقان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر 40 سائەتكە يېقىن تەمىناتسىز قالغان ئەھۋالدا، ئۈدا 6 كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ ئوتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تىزگىنلىدى. 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سائەت 22 دە بۇرچىن ئۇرمانلىقىدىكى ئوت پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈلدى. بۇ شىنجاڭ تارىخىدا ئادەم كۈچىگە تايىنىپ ئۆچۈرۈلگەن ئۈنجى ئۇرمان ئوت ئاپىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ليۇ پېڭشۈن

# قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 ـ باش ئەترىتى

**قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 ـ باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى:**

باش ئەترەت باشلىقى: خوخەنشىڭ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسار: جاڭ جېن (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: شۈي ماۋ (داشياۋ)، چېن يۈگۇ (داشياۋ)، ليۇ لىشەن (داشياۋ)، خې جۈنسەي (داشياۋ، 8 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ۋاڭ شىمىڭ (داشياۋ)، يۈەن جەنۋېن (داشياۋ، 6 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋېي جيەنخۋا (داشياۋ، 8 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى

قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 ـ باش ئەترىتى (شىنجاڭ كوئېنلۇن يول ـ پورت قۇرۇلۇشى شىركىتى) ئاساسلىقى تاشيول، شەھەر مەنزىرىي قۇرۇلۇشى، ئايرودروم، سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنى قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان. باش ئەترەت قارمىقىدىكى 4 تارماق ئەترەت مەملىكىتىمىزدىكى 14 ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا تارقىلىپ، 40 قۇرۇلۇش تۈرىنى ئۈستىگە ئالدى. 2002 ـ يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشكەن تۈر 14، پۈتكەن مۇساپە 187.24 كىلومېتىر، پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 618 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولدى. مۇشۇ يىلدا ئورۇندالغان توپا ـ تاش قۇرۇلۇشى 10 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر، ئىماەت قۇرۇلۇشى 270 مىڭ كۇب مېتىر، سۇئۆتكۈچ 588، ئۆززۇنلۇقى 10 مىڭ 732 مېتىر، كۆۋرۈك 74، ئۇزۇنلۇقى 4100 مېتىر، دەرىجىلىك ئاسفالت يول 193 مىڭ 49 كۋادرات كىلومېتىر، ئورۇندالغان قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 13 مىليون 180 مىڭ يۈەن. 2002 ـ يىلى باش ئەترەت 17 قۇرۇلۇش تۈرىگە خېرىدار بولدى، خېرىدار بولۇش مەبلىغى 999 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جاۋ شياۋماڭ، ۋاڭ شاۋدىڭ

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 ـ باش ئەترىتى 2 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ توپلاپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشى، گېزىت كۆرۈشى، كىنو كۆرۈش، تېلېفون بېرىشى ۋە يۇيۇنۇشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. خىزمەت كۆرسىتىپ ئەمۇنىچى بولۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، «بەسلىشىش، ئۆگىنىش، يېتىشتۈرۈش، ياردەم بېرىش، ئۈلگە كۆرسىتىش» كەيپىياتىنى يارىتىپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ تۈرلۈك قوشۇپ نەتىجە يارىتىش ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغىدى. ئاساسىي قاتلامدا «ئورۇنلار بايراق ئېلىش، كادىرلار ئەلا بولۇش، ئەسكەرلەر چولپان بولۇش» ئەزمۇنىدىكى باھالاپ سېلىشتۇرۇش مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

باش ئەترەت ۋە تارماق ئەترەتلەر تۈر باشقۇرغۇچىلار ۋە تېخنىكا ئاپانچىلىرى كۆرسىتىن 12 قارار ئېچىپ، ئاپانچىلاردىن 1000 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ گۇۋاھنامە ئېلىپ ئىش ئورنىغا چىقىش نىسبىتى %75كە يەتتى. مۇشۇ يىلدا باش ئەترەتتىكى 3 تارماق ئەترەت قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى، قوماندانلىق شتاب تەرىپىدىن ئىلغار ئورۇن دەپ تەقدىرلەندى، 3 ئوتتۇرا ئەترەت قوماندانلىق شتاب تەرىپىدىن ئۈلگە ئوتتۇرا ئەترەت دەپ تەقدىرلەندى، 160 نەپەر ئوفىتسېر ـ ئەسكەر قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى، قوماندانلىق شتاب، باش ئەترەت تەرىپىدىن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

لىن جيەنچياڭ، جۇ لىنخۇ

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2002 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 ـ باش ئەترىتى ئارقا سەپ خىزمىتىدە «ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، مۇلازىمەتنى مەركەز قىلىش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي تەلەپكە ئاساسەن، ئۆز قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. 8 ـ تارماق ئەترەت ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان شىنجاڭ شىزاڭ لىنىيىسىدىن 13.2 گېكتار يەر ئېلىنىپ، 20 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش قىلىندى، قۇرۇلۇشقا 61 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 29 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە 120 دانە ئۈسكۈنە سېتىۋېلىندى. كۆپەيتىلىدىغان كونا ئوق ـ دورىلارنى توشۇش ـ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئوگۇشلۇق تاماملاندى.

قىسىملارنىڭ خېرىدار بولۇشى ۋە ۋەزىپە ئېلىشى ئۈچۈن 54 نۇسخا ھەر خىل كاپالەت خېتى ۋە 50 نۇسخا كرېدىت ئىسپاتى بېجىرىپ بېرىلدى. يېڭى تاماق ئۆلچىمى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، ھەربىي ئاشلىق يىلەن ۋاقتىدا، يېتەرلىك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى. ئۆي ـ زېمىن ئېنىقلىنىپ، قىلىپلاشقان ئۆي ـ زېمىن ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. ماشىنىنى، ئادەمنى، مەسئۇلىيەتنى بېكىتىشتىن ئىبارەت «ئۈچنى

يېكىتىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى، ھەربىي تەمىنات ئېيىدىن 7430 توننا ئالاقىلىشىپ ھەل قىلىندى، ئىقتىسادىي ئەپچىللىك ۋە نازارەتچىلىك كۈچەيتىلىپ، ئەپچىللىك تەكلىپىنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى %85كە يەتكۈزۈلدى. 100 كۈنلۈك يېمەك - ئىچمەك تازىلىقى بىخەتەرلىكى ۋە مەدەنىي، پاكىز گازارما بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، قىسىملاردا كېسەل كۆرۈلۈش نىسبىتى 2001 - يىلدىكىدىن ئازايتىلدى. نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى تولۇق ئورۇندالدى.

لىۋ خەيبىن، دىڭ جيەنشىن

## ئۇرۇش تەييارلىقى ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى قورشاپ توسۇش، تۇتۇش، قوغدىنىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە 4 قېتىم مەشىق ئۆيۈشتۇردى ھەمدە 5 - تارماق ئەترەتنى دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ ئارغىبۇلاق بۆلىكىنىڭ سۇ بۇزۇۋەتكەن 30 كىلومېتىر يول بۆلىكىنى جىددىي رېمونت قىلىشقا سالدى، بۇ ئەترەت 12 سائەت ئىچىدە خەتەرگە يولۇققان 1300 دىن ئارتۇق ئامما، 600 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىلنى قۇتقۇزدى. باش ئەترەت جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلاردىكى 6 ۋىلايەت (ئوبلاست) تا ئۇرۇش تەييارلىقى شۆبە ئەترەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە قۇردى، بۇ شۆبە ئەترەتلەر چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

جياڭ جىنشۈي، ۋاڭ ۋۇ

## مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىگە ئاساسەن، قىسىملارنى باشقۇرۇش - تەربىيىلەش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. 3 - ئايدا ئۈرۈمچىدە مۇنتىزىملاشتۇرۇپ باشقۇرۇش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. 2 - باش ئەترەتكە قاراشلىق قىسىملار باشلىق ئورگاننىڭ نۆۋەتچىلىك تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپىنى، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە گازارما مۇھاپىزەتچىلىكى خىزمىتىنى ۋە ئاپتوموبىل باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. 2002 - يىلى باش ئەترەت 10 يىلدىن بۇيان «قۇرۇلۇش مەشغۇلاتىدا زور ھادىسە، ئادەم ئۆلۈش ھادىسىسى، جىنايى ئىشلار دېلوسى سادىر بولماسلىق»نى ئۈچىنچى قېتىم ئىشقا ئاشۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە 6 - تارماق ئەترەت ئۇدا 4 يىل، 7 - تارماق ئەترەت ئۇدا 5 يىل بىخەتەرلىك ھادىسىسى سادىر قىلمىغاچقا، قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

جياڭ جىنشۈي، ۋاڭ ۋۇ

# خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىنىڭ ئورگان ئىسلاھاتى خىزمىتىنى تاماملىدى، 7 ۋىلايەت خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى ئورگىنىنى مۇستەقىل تەسىس قىلدى، ئۆلچىمى ناھىيە دەرىجىلىك بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 87 ئادەم مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىلەندى، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى بويىچە 48 خىل مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ھۆججىتى تۈزۈلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى 4 قېتىم كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈلۈپ، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى بويىچە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى 210 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 4 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، ئۆزگىرىشچان توك ۋە تۇراقلىق توك ئىشلىتىلىدىغان يېڭى تىپتىكى ئېلېكتىرلىك تىرېۋوگا ئەسۋابى، يىراقتىن كونتروللاش تىرېۋوگا قۇرۇلمىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «82331» خەلق ھاۋا مۇداپىئە قوماندانلىق ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى تاماملاندى. خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىدىكى 3 نۇقتىلىق شەھەردە خەلق ھاۋا مۇداپىئە كەسپىي قوشۇنىنى تەشكىللەش - مەشىق قىلدۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 96 مەكتەپ، 610 سىنىپ، 300 مىڭ 30 ئوقۇغۇچى ئارىسىدا «ئۆچتىن مۇداپىئەلىنىش» تەربىيىسى يولغا قويۇلدى، تەربىيە ئالغانلار سانى 2001 - يىلدىكىدىن 27% ئاشتى، 8 مەكتەپ «ئۆچتىن مۇداپىئەلىنىش» تەربىيىسىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

لۇ جيې

## قۇرۇلۇش قىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى پىلانلاش، باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇش پىلانى»نى پۈتتۈردى. خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدىكى 26 ئۈچىنچى دەرىجىلىك نازارەتچى ئورۇننىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، ھەمدە خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلغۇچى 200 نەچچە ئىنژېنېرنى سىستېمىلىق تەربىيىلىدى. ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيلىرىنى لايىھىلەش كۇرسى ئېچىپ، 130 نەچچە

قۇرۇلۇش تېخنىكىنى تەربىيىلىدى. بىر يىلدا پۈتكەن قۇرۇلۇش تۈرىدىن 223ى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىندى، خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى ئاز كەم 210 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ خىراجىتى 550 مىليون يۈەنگە يەتتى. قۇمۇل ۋە ئاقسۇدىكى يەككە ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

ۋاڭ باۋپىڭ

## خەلق ھاۋا مۇداپىئە قوماندانلىق ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ توپلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «82331» خەلق ھاۋا مۇداپىئە جىددىي قوماندانلىق ئورنىنى ئوڭشىدى ۋە ئۆزگەرتتى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى «82331» خەلق ھاۋا مۇداپىئە جىددىي قوماندانلىق ئورنى توردا ئىش بېجىرىش، توردا يىغىن ئېچىش، ھەرىكەتلىك ھالەتتە نازارەت ـ كونترول قىلىش، كۆپ ۋاسىتىلىك نامايان قىلىش، ھالەتنى سۈرەت، بەلگىلەر بىلەن سۈرەتلەپ بېرىش قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن كۆپ ئىقتىدارلىق، زامانىۋى خەلق ھاۋا مۇداپىئە جىددىي قوماندانلىق ئورنىغا ئايلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قوماندانلىق ئورنىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايوننىڭ ئالدىغا ئۆتتى. 2002 ـ يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئوبلاستلىق خەلق ھاۋا مۇداپىئە قوماندانلىق مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى، يىل ئاخىرىدا بۇ قۇرۇلۇشىنىڭ تۇپا ـ تاش قىسمى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى.

ۋاڭ باۋپىڭ

## ئالاقە ـ تىرېۋوگا قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون سىمسىز سانلىق مەلۇمات يەتكۈزۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا ۋە تىرېۋوگا قۇرۇلۇشىغا 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى. 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى ۋە كورلا شەھەرلىرىگە ئۈزلۈكسىز ماسلىشىدىغان قىسقا دولقۇنلۇق سانلىق مەلۇمات يەتكۈزۈش راتسىيىسىدىن 3 يۈرۈشنى ئورناتتى. 650 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ھاۋا مۇداپىئە تىرېۋوگا سىستېمىسىنى ئۆزگەرتتى، ئۆزگىرىشچان توك ۋە تۇراقلىق توك ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكترلىك تىرېۋوگا ئەسۋابىدىن 40نى، يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان تىرېۋوگا قۇرۇلمىسىدىن بىر يۈرۈش ـ 23 نى يېڭىدىن ئورناتتى ھەمدە ئاقسۇ شەھىرىدە تىرېۋوگىنى ئاپتوماتىك ئۇسۇلدا بىر تۇتاش كونتروللاش سىستېمىسىنى قۇردى. ئۈرۈمچى ۋە شىخەنزە شەھەرلىرى ھاۋا ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش لايىھىسىنى تۈزۈتۈش خىزمىتىنى تاماملىدى ھەمدە باھالاش ئېلىپ باردى. ئۈرۈمچى، قاراماي ۋە كورلا شەھەرلىرى خەلق ھاۋا مۇداپىئە كەسپىي قوشۇنىنى تەشكىللەش، مەشىق قىلدۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى. 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق ھاۋا مۇداپىئە كەسپىي قوشۇنىنىڭ ئادىمى 5054كە يەتتى.

ۋاڭ باۋپىڭ

# ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە تىجارەتچىلىك

## ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش

### خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئالدىن كۆزلەنگەن ئاساسلىق نىشان مۇنداق بولدى: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 8% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭكىنى 3%، 2 - كەسىپنىڭكىنى 9.2%، 3 - كەسىپنىڭكىنى 9.5% ئاشۇرۇش؛ جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنى 15% ئاشۇرۇش؛ يەرلىك مالىيە كىرىمىنى 14% ئاشۇرۇش، ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنى 8% ئاشۇرۇش، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورتنىڭكىنى 8% ئاشۇرۇش؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنى 8.5% ئاشۇرۇش؛ ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى 102% بولۇش؛ شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلار نىسبىتىنى 4% ئىچىدە تىزگىنلەش؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنى 14.7‰ ئىچىدە تىزگىنلەش.

2002 - يىلى شىنجاڭدا غەربىنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسى پائال يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلما زور كۈچ بىلەن تەڭشىلىپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى داۋاملىق كۈچەيتىلىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلار پۇختا قەدەم بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىزچىل كېڭەيتىلىپ، بازارلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپى تەرتىپكە سېلىنىپ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 159 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ (ھازىرقى باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 2001 - يىلدىكىدىن 8.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ 5%، 2 - كەسىپنىڭ 8.4%، 3 - كەسىپنىڭ 9.6% ئاشتى؛ جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 81 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15% ئاشتى؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 44 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.9% ئاشتى؛ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 510 مىليون دوللارغا يېتىپ، 41.7% ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە كىرىمى 13 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.8% ئاشتى؛ شەھەر، بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلار نىسبىتى 3.8% بولدى.

پاڭ يىبو

### ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى ۋە سىياسەت - تەدبىرلىرى

1. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش سالمىقى زورايتىلىپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ياخشى ئىشلەندى.

2002 - يىلى شىنجاڭدا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغ 80 مىليارد 700 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 2001 - يىلدىكى خام چوتتىكىدىن 15%، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغ 47 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.7%، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 11 مىليارد 500 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 6% كۆپەيتىلدى. 2002 - يىلى قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش ۋەزىپىسىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر زور بولۇپ، بىر قەدەر كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا توغرا كەلدى.

نۇقتىلىق تۈرلەر ۋە زاپاس تۈرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. نۇقتىلىق دەريا - ئېقىنلاردىكى سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش تېزلىتىلىپ، نۇقتىلىق سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى ياخشى ئىشلەندى، قاپچىغاي سۇچىلىق تۈگۈنىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار باشلاندى، قاراڭگۇر قاتارلىق ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلدى. ھازىر بار بولغان چوڭ تىپتىكى 24 سۇغىرىش رايونىنىڭ سۇ تېجەش بويىچە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ياخشى ئىشلەندى، يەنە دۆلەتنىڭ 10 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشى قولغا كەلتۈرۈلدى. سۇ تېجەپ سۇغىرىش تۈرى ۋە سۇ تېجەپ سۇغىرىشتا ئۈلگە كۆرسىتىش

رايون قۇرۇلۇشى ياخشى ئىشلىنىپ، ھەر يەرنىڭ شەرت - شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈلۈپ، سىڭدۈرۈپ سۇغىرىش، پۈركۈپ سۇغىرىش، تېمىتىپ سۇغىرىش، نەيچە سۇغىرىش، تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغىرىش قاتارلىق سۇ تېجەش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 33 مىڭ گېكتار كۆپەيتىلدى. خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىش، مۇستەھكەملەش چىڭ تۇتۇلدى، نۇقتىلىق دەريا - ئېقىنلار ۋە شەھەرلەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. يېزىلاردىكى ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، 600 مىڭ ئادەمنىڭ سۇ ئىچىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلارنىڭ سۇنى ياخشىلاش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى.

قاتناش، خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. تاشيول قۇرۇلۇشىدا دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ پارچە ساقالدىن توقسۇنغا بارىدىغان قىسمى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار تاشيوللارنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، كۇيتۇڭ — سايرام كۆلى ئالىي تاشيولى قاتارلىق قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەر ئوبدان يولغا قويۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ توقسۇندىن خوشۇتقىچە، خوشۇتتىن كورلىغىچە بولغان قىسمىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەردە ئىش باشلاندى. «ئاسفالت يولنى ناھىيىلەرگىچە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى داۋاملىق يولغا قويۇلدى، دۆلەت ئورۇنلاشتۇرغان ناھىيىلەرگە بارىدىغان 15 ئاسفالت يولنىڭ قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ، قاتناش باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نامرات ناھىيىلەرنىڭ ئېكسپورتنى تۇتاشتۇرۇش يولى قۇرۇلۇشى داۋاملىق تېزلىتىلدى، يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن پۈتتۈنلەي قاتناش باشلاش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. تۆمۈريول قۇرۇلۇشىدا جۇڭگو - قىرغىزىستان - ئۆزبېكىستان تۆمۈريولى، جىڭ - ئىلى تۆمۈريولىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەندى، ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قۇرۇلۇشىدا خوتەن ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلدى، قاراماي ئايرودرومى، ئارات ئايرودرومىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى) نىڭ تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشى تەشكىللىنىپ ئوبدان يولغا قويۇلدى، ئۈرۈمچى - لەنجۇ تەييار ماي تۇرۇبا يولى تۈرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. خەۋەرلىشىش كەسپىدە تېلېگراف ئالاقىسىنىڭ شەرقىي ئايلانما، شىمالىي ئايلانما كابېلى خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلدى، ھەمدە ھازىر بار بولغان خەۋەرلىشىش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش ياخشى ئىشلەندى.

ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئاپانچ ئېلېكتر مەنبەسى قۇرۇلۇشى داۋاملىق كۈچەيتىلدى، شىنجاڭ خۇاڭيېنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، قۇمۇل 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، قەشقەر ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق داۋاملاشتۇرۇپ قۇرۇلىدىغان تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى، جىرىنتاي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، توقسۇن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، كۇچا ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلېكتر تورلىرىنى تۇتاشتۇرۇش سۈرئىتى تېزلىتىلدى، يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى (ئۆزگەرتىش) نى تۇتۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلىنىپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، چالىمىنى پۈتتۈرۈش خىزمىتىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش ئوبدان يولغا قويۇلۇپ، شەرت - شارائىتى ھازىرلانغان جايلاردا ئېلېكتر تورى بىلەن قاپلىنىشنى يېزىلارغىچە يەتكۈزۈشكە تىرىشىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەھەر بىلەن يېزىلاردا ئوخشاش تورغا ئوخشاش باھا قويۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تېزلىتىلدى. «توكنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇش تېزلىتىلدى، تورلاشتۇرۇش شارائىتى ھازىرلانمىغان، توك يەتكۈزۈش تەننەرخى بەك يۇقىرى يېزا - بازار، ئۆزەن - مەيدانلاردا ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈلۈپ، كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى، قۇياش كۈچى ياكى شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، «توك بولمىغان يېزىلار»نى توك بىلەن تەمىنلەشنى 2 يىلدا ھەل قىلىش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى.

قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 27 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى ۋە 11 يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈرگە 97 مىليارد يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2002 - يىلى سېلىش پىلانلانغان مەبلەغ 28 مىليارد يۈەن. مەبلەغ «نۇقتىلىقلارغا، چالىمىنى پۈتتۈرۈشكە، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش» پرىنسىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا كاپالەتلىك قىلىندى، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان تۈرلەرنى ۋاقتىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش، داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە باشقۇرۇلۇشى داۋاملىق

كۈچەيتىلىپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا دائىر ئاساسلىق مەسىلىلەر ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىندى، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى سۇ ۋە توك بىلەن تەمىنلەش، قاتناش قاتارلىق تاشقى ياندامشا شارائىتلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىلدى، بانكا بىلەن كارخانىنىڭ مۇناسىۋىتى ماسلاشتۇرۇلۇپ، ياخشى قۇرۇلۇش مۇھىتى يارىتىلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى ۋە سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

قۇرۇلۇش مەبلىغى تۈرلۈك يوللار بىلەن توپلاندى. (1) زايوم مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلەندى. 2002 - يىلى دۆلەت 150 مىليارد يۈەنلىك زايوم تارقاتماقچى بولغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز تۈرلەرنى تەييارلاش ۋە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش خىزمىتىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، زايوم مەبلىغىنىڭ ئالدى بىلەن ئەمەلىيلىشىشىگە، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋەدە قىلغان يەرلىك ياندامشا مەبلەغنىڭمۇ مۇناسىپ ئەمەلىيلىشىشىگە، سودا بانكىلىرى ۋەدە قىلغان كرېدىت مەبلىغىنىڭمۇ تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتىگە ماس قەدەمدە ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. (2) مالىيە مەبلىغىنىڭ يېتەكلەش رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە خام چوتىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ۋاقتىدا تولۇق ئەمەلىيلەشتى. (3) مەبلەغ كۆپ تەرەپتىن غەملىنىپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىراجەت سېلىنمىسى كۆپەيتىلدى. جايلار، تارماقلار ئالدىنقى قارارلىق خىراجەت سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەت نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈردى. ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى - لەنجۇ تەييار ماي تۇرۇبا يولى قاتارلىق 16 ئالدىنقى باسقۇچلۇق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. (4) بانكىنىڭ كرېدىت مەبلىغى سېلىش كۈچىمۇ زورايتىلدى ھەمدە تۈرلەرنىڭ سۈرئىتىگە ئاساسەن قەرز پۇل مەبلىغىنىڭ ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. (5) جەمئىيەت مەبلەغ سېلىشقا پائال يېتەكلەندى. جەمئىيەتنىڭ مەبلەغ سېلىشنى چەكلەيدىغان نامۇۋاپىق بەلگىلىمىلەر ئېنىقلىنىپ ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەھەرلەرنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش، يول، كۆۋرۈك، يۇندا ۋە ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ساھەلىرى ئېچىۋېتىلىپ، ئاممىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ مۇۋاپىق باھاسى، باج مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، ئەلئارا كاپىتالنىڭ قاتنىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىندى.

مەبلەغ سېلىش - يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ مەبلەغ سېلىش - يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى پائال پۇختا يولغا قويۇلدى. ئىش ئىسلاھ قىلىنىدىغان تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن باشلىنىپ، ھۆكۈمەت مەبلىغىنىڭ رىقابەت خاراكتېرلىك ساھەلەردىن تەدرىجىي چېكىنىپ چىقىشى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن، مەبلەغ سېلىنىدىغان تۈرلەر ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىش ۋە كارخانىلار مەبلەغ سېلىش بويىچە تۈرگە ئايرىلىپ، كارخانىلارنىڭ سالغان مەبلىغىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلدى، ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ھۆكۈمەتنىڭ جامائەت پاراۋانلىقى تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىشى جەھەتتە ۋاكالەتلىك تۈزۈمى ئورنىتىلدى، تۈر قانۇنىي ئىگە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، تۈر كاپىتال فوندى تۈزۈمى، قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار بولۇش تۈزۈمى، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى باشقۇرۇش - نازارەت قىلىش تۈزۈمى، قۇرۇلۇش مۇھىتىنى باشقۇرۇش - نازارەت قىلىش تۈزۈمى مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان 5 تۈرلۈك تۈزۈم قۇرۇلۇشى يەنىمۇ يولغا قويۇلۇپ، ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرى تۈزۈلۈپ، تۈرلەرنى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. نۇقتىلىق تۈرلەردە ۋە زايوم تۈرىنى تەپتىش قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ قىسىپ قېلىنماسلىقى، يۆتكەپ ئىشلىتىلمەسلىكى، ئېقىپ كەتمەسلىكىگە، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى ۋە سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

2. قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقى زورايتىلىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلار مەسىلىسى تىرىشىپ ھەل قىلىندى.

يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى ئۈستىدە تولۇق تونۇش ھاسىل قىلىنىپ، ئۇدا داۋاملىق ئىنتايىن جىددىي ۋە جاپالىق ۋەزىپە ھېسابلىنىپ، ئۇنى چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلىنىپ، تىرىشىپ بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىندى، 2002 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى 30 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3% ئاشۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەڭشەلدى. (1) ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇقىملاشتۇرۇلدى. 1 مىليون 433 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 8 مىليون 200 مىڭ توننا ھوسۇل ئېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سۈپەتلىك بۇغداي، ئارپا، كۆممىقوناق،

شالنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېزلىتىلىپ، سۈپەتلىك بۇغداي 267 مىڭ گېكتارغا كېڭەيتىلدى، سىلوسلىنىدىغان سۈپەتلىك يۇقىرى ھوسۇللۇق كۆممىقوناقنىڭ يېڭى سورتى پائال كېڭەيتىلدى. (2) كېۋەز كۆلىمى ئازايتىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى. 1 مىليون گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىپ، 1 مىليون 500 مىڭ توننا ھوسۇل ئېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. خەلقئارا بازاردا كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ تۆۋەن پاختا باھاسىغا، شىنجاڭدىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى بىلەن ئاشلىق زىرائەتنى تېرىشنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمى ئۈستىدىكى مۆلچەرگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ پاختا بىرلىك ھوسۇلى (ھەر 0.07 گېكتارنىڭكىنى) 120 كىلوگرامدىن ئاشۇرغاندا، خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشىپ، بازار خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، 2002 - يىلى كېۋەز كۆلىمى 133 مىڭ گېكتار ئەتراپىغا ئازايتىلىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ كېۋەز تېرىشقا باپ كەلمەيدىغان ۋە ئانچە باپ كەلمەيدىغان رايونلاردىكى كېۋەز تېرىش كۆلىمى قىسقارتىلىپ، سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق پاختا رايونىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، سۈپەتلىك پاختا چىقىدىغان 27 چوڭ ناھىيە نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىك ھوسۇلى (ھەر 0.07 گېكتارنىڭ) 120 كىلوگرامدىن ئېشىپ كېتىدىغان كېۋەزلىكنى 400 مىڭ گېكتارغا، بۇنىڭ ئىچىدە بىرلىك ھوسۇلى 150 كىلوگرامدىن ئاشىدىغان كېۋەزلىكنى 133 مىڭ گېكتارغا يەتكۈزۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. تىرىشىپ بىرلىك ھوسۇل ئۆستۈرۈلۈپ، سۈپىتى ياخشىلىنىپ، تەننەرخى تۆۋەنلىتىلىپ رىقابەت ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى. (3) چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېزلىتىلدى. سۈپەتلىك چارۋا مال نەسلى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى، ئەلا نەسىللىك چارۋا كىرگۈزۈش ۋە يېتىشتۈرۈش تېزلىتىلدى؛ يەم - خەشەك بازىسى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، يەم - خەشەكنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقىنى كىرگۈزۈش ۋە يېتىشتۈرۈش ئىشى ياخشى ئىشلەندى؛ تەربىيىلەش زور كۈچ بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، چارۋىچىلىقتا باپ كېلىدىغان تېخنىكىلار ئىگىلەندى. سۈت ياسالمىلىرى، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، كالا - قوي گۆشى ۋە ئۆزگىچە چارۋا، قۇش بازىسى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، كۆلەملەشكەن باقمىچىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، زامانىۋى چارۋىچىلىق تىجارەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش بىلەن ئائىلە چارۋىچىلىق مەيدانى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن چارۋىچىلىق رايونلىرىنى بېيىتىش قۇرۇلۇشى داۋاملىق يولغا قويۇلدى. ئوتلاق ئېكولوگىيىسى ئاسراشتۇرۇلدى، ئوتلاق قۇرۇلۇشى سېلىنمىسى كۆپەيتىلدى، تەبىئىي ئوتلاقنى ئۆزگەرتىش ۋە قوغداش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. شەھەر ئەتراپى باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، كۆلىمى چوڭ، باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى، يېتەكلەش كۈچى كۈچلۈك بىر تۈركۈم داڭلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلايدىغان كارخانىلار يېتىلدۈرۈلۈپ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ قوشۇلما قىممەت يارىتىش ئىلگىرى سۈرۈلدى. گۆشنى 1 مىليون 50 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن تەخمىنەن %10.5 ئاشۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. (4) ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. قوغۇن، نەشپۈت، ئۈزۈم، ئانار قاتارلىق يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە مەھسۇلاتلار چۆرىدىلىپ، 26 ئىقتىسادىي ئورمان بازىسى ناھىيىسى ۋە 30 قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە چوڭ ناھىيىسى نۇقتىلىق قۇرۇلدى، سۈپەتلىك كۆچەت، ئۇرۇق بازىسى قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، يېڭىدىن 67 مىڭ گېكتار ئورمان، باغ كۆپەيتىش ئۈچۈن تىرىشىلدى. ھازىر بار بولغان 333 مىڭ گېكتار ئىقتىسادىي ئورماننى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مېۋە - چېۋە پىششىقلاش، ساقلاش - يۆتكەش، يېڭى پېتى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، مېۋە - چېۋىنىڭ سۈپىتى ۋە تاۋارلىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. (5) ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. سەۋزە، قولاق، خۇشپۇراق ماتېرىيال، دورىلىق ئۆسۈملۈك قاتارلىق ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. پەمىدۇر، زاراڭزا، ئالقات ۋەكىللىكىدىكى قىزىل كەسىپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى كېڭەيتىلدى.

يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلدى. پاختا، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، سۈت ياسالمىلىرى ئاساس قىلىنغان بىر تۈركۈم ئاق رەڭلىك كەسىپلەر گۇرۇھى، پەمىدۇر، زاراڭزا، ئالقات ئاساس قىلىنغان بىر تۈركۈم قىزىل رەڭلىك كەسىپلەر گۇرۇھى، نەشپۈت، ئۈزۈم، قوغۇن ئاساس قىلىنغان بىر تۈركۈم قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە كەسىپلىرى گۇرۇھى قۇرۇلدى ۋە زورايتىلدى. ئاشلىق، پاختا، شېكەر ماتېرىياللىرى قاتارلىق تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلارغا داۋاملىق قەرز پۇل - باج جەھەتتە يار - يۆلەك بولۇندى. «شىركەتلەرگە قوشۇلغان دېھقان ئائىلىسى»، زاكاز يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق تىجارەت ئەندىزىسى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى ۋە

مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش، كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى كىچىك شەھەر - بازارلارغا مەركەزلىشىشكە يېتەكلەندى، يېزىلاردىكى 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 10 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن 10.3% ئاشۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. دۆلەت شىنجاڭدا نۇقتىلىق سىناق قىلىدىغان زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇلۇشى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇلۇپ، سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تېخنىكىلارنى، ئۆزگىچە زىرائەت ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يېڭى پېتى ساقلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تېزلىتىلدى، يېڭىچە تېرىقچىلىق تۈزۈمى پائال يولغا قويۇلدى. بۇغداي، كۆممىقوناقتىن ئىككى پەسىلدە ھەر موسىدىن بىر توننا ئاشلىق ئېلىنىدىغان ئېتىز قۇرۇلۇشى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، 67 مىڭ گېكتار يەردىكى ئاشلىقتىن بىر يىلدا 2 ياكى 3 قېتىم ھوسۇل ئالىدىغان يۇقىرى ھوسۇللۇق تېرىقچىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىلدى. پاختىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پائال يولغا قويۇلۇپ، سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش ئەندىزىسىنى سىناق قىلىشتا ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتى داۋاملىق چىڭ تۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇپراقنى نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىدىن ئۇنىۋېرسال مۇداپىئە كۆرۈش، ماشىنىلاشتۇرۇپ دەسمايىنى تېجەپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش تېخنىكىسى ئاساس قىلىنغان سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنىڭ تېخنىكىلىق تەدبىرلىرىنى كېڭەيتىش چىڭ تۇتۇلدى.

دېھقانلارنىڭ كىرىمى تىرىشىپ كۆپەيتىلدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1868 يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن تەخمىنەن 150 يۈەن ئاشۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ نەق پۇل كىرىمى كۆپ يوللار ئارقىلىق كۆپەيتىلدى. بىرىنچىدىن، تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ كىرىم كۆپەيتىلدى. 2002 - يىلى تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ، ئورمان ئوتلاق بەرپا قىلىش ۋە ئورمانغا باپ قاقاس تاغ، قاقاس يەرلەرگە ئورمان تىكىلگەن، ئوت - چۆپ تېرىلغان كۆلەمنى 67 مىڭ گېكتارغا يەتكۈزۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2 ھەسسە كۆپەيتىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نۇقتىلىق ھالدا تۆۋەن ھوسۇللۇق پاختا، ئاشلىق رايونلىرىدا تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش يولغا قويۇلۇپ، ھەم ئورمان تىكىلدى، ھەم ئوت - چۆپ تېرىلدى ھەمدە ئورمان تىكىش، ئوت - چۆپ تېرىش ۋەزىپىسىنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش، قوشۇمچە ياردەم بېرىش سىياسىتىنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئورمان، ئوت - چۆپكە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشىلدى. ئىككىنچىدىن، دېھقانلار ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەندى، بولۇپمۇ يېزا - كەنت يوللىرى، ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا ئىمكانقەدەر دېھقان ئىشچىلار ئىشلىتىلدى. ئۈچىنچىدىن، دېھقانلار سىرتقا چىقىپ ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللىنىپ، ئەمگەك مۇلازىمىتى كىرىمى كۆپەيتىلدى.

نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلەندى. تەرەققىي قىلدۇرۇش شەكلىدىكى نامراتلارنى يۆلەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، «ئۇرۇش سېپىنى قىسقارتىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، پۈتكۈل كەنتنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزىغا بېرىپ ماكانلىشىش» فاڭجېنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئوبدان ئىشلىتىلدى ۋە باشقۇرۇلدى. ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن قۇتقۇزۇش كۆلىمى پائال كېڭەيتىلىپ، مەبلەغ داۋاملىق ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 2 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا ئىشلىتىلدى، نامرات ناھىيە، يېزا، كەنت ئاممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىلىپ، نامراتلىق قىياپىتى تېزدىن ئۆزگەرتىلىپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر 150 مىڭ ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى، 285 مىڭ تۆۋەن كىرىملىك ئاھالىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە ياردەم بېرىلدى.

3. سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش يولغا قويۇلۇپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مۇقىم ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساقلانمىنى ئەڭشەش ۋە ئاشۇرۇلما كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق سانائەتلىشىش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 48 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8% ئاشۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نېفىت مەھسۇلاتىنى 20 مىليون 850 مىڭ توننىغا

يەتكۈزۈپ، %5.9 ئاشۇرۇش، تارقىتىلغان توكنى 21 مىليارد 380 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتكۈزۈپ، %8 ئاشۇرۇش؛ پاختا يىپنى 326 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈپ، %11.6 ئاشۇرۇش؛ پولات ماتېرىيالنى 1 مىليون 550 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈپ، %3.3 ئاشۇرۇش، سېمونتنى 10 مىليون 700 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈپ، %9.2 ئاشۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تېزلىتىلىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى زور كۈچ بىلەن تەڭشەلدى. بىرىنچىدىن، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىش تېزلىتىلدى. توقۇمىچىلىق سانائىتىدە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بىر تۈركۈم قالاق ئۈرچۈقلار شاللىۋېتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بازار رىقابىتىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانا گۇرۇھلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، سۈپەتلىك يىپ، سۈپەتلىك رەخت، يۇقىرى سۈپەتلىك ئىنچىكە دىنىيرلىق يىپەك قاتارلىق مەھسۇلاتلار تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، مەھسۇلاتنىڭ سۈپەت دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، توقۇلما بۇيۇملارنىڭ بوياشتىن كېيىنكى رەتلىنىش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىدە ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، نادىر پولات ئۆزەكلىك ئاليۇمىن يېلىم لىنىيىسى ۋە گاز - گازدىن تېمىتىپ سۇغىرىش مۇئەسسەسى قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ تەرەققىياتى زورايتىلدى. كۆمۈر سانائىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى دۆلەت ئىلكىدىكى ئۈنۈملۈك كۆمۈركانلارغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، كۆلەملىك ئىگىلىك سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىدە «تەڭرىتاغ» پاي شىركىتى ئاساس قىلىنىپ، قۇرغاق ئۇسۇلدا سېمونت ئىشلەش تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، كۆلەم ئۈنۈمى تېزلىكتە شەكىللەندۈرۈلدى. پولات - تۆمۈر سانائىتىدە تېخنىكا تەركىبى، قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلاتلار پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ پىيىنى ئىمكانقەدەر تېزراق بازارغا سېلىشى قولغا كەلتۈرۈلدى. تېخنىكىسى، ئۇسكۈنىسى قالاق، مەھسۇلاتى كاسات، بۇلغىشى ئېغىر كارخانىلارنىڭ تاقاشقا تېگىشلىكلىرى تاقالدى، شاللىۋېتىشكە تېگىشلىكلىرى شاللىۋېتىلدى. ئىككىنچىدىن، يۇقىرى يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. سىياسەت جەھەتتىن يار - يۆلەك بولۇش ۋە مەبلەغ سېلىش زورايتىلىپ، بىئولوگىيە تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، يېڭى ئېنېرگىيە، جۇڭگو تىبابىتى ۋە مىللىي تىبابەت دورىلىرى قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەر ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى يېتىلدۈرۈلدى. نېفىت خىمىيەت سانائىتى، ئۈستۈنلۈككە ئىگە قېزىلما بايلىقلار مەنبەسىنى ئېچىش ۋە ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى قۇرۇلۇشى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېڭىدىن كىندىروكاربون ۋە قېتىشما - ئاجرالما مايدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى بازىسى، تارىم نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتى تېزلىتىلىپ، دۆلەتنىڭ تېزرەك تۈر تۇرغۇزۇشىنى ياكى ئىش باشلىشىنى تەستىقلىشى قولغا كەلتۈرۈلدى؛ 703 — مايتاغ رايونىنىڭ تەبىئىي گاز تورۇبا لىنىيىسى قۇرۇلۇشى چوڭ تۈتۈلۈپ، تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىش تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ خىمىيىۋى ئوغۇت قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى تېزلىتىلىپ، تۇرپان ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستىدا مۇرەككەپ ئوغۇت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. يۇقىرى ئېنېرگىيە سەرپىياتلىق سانائەت رايونى بەرپا قىلىنىپ، مىس، ئالىيۇمىن قاتارلىق رەڭلىك مېتال سانائىتى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئاشىلى مىس كېنىنىڭ دورا ئاللاش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. مول يەر بايلىقى ئېچىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئورمان بىلەن قەغەزنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زاراڭزا، پۇرچاق، سۈت ياساللىرى، گۆش ۋە مېۋە - چېۋە كۆكتات پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ قوشۇلما قىممەت يارىتىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى.

ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئۆتۈش قىلىشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. ھازىر بار بولغان 20 چە مەھسۇلاتنىڭ بازىرى بار، ئاپتونوم رايوننىڭ پايدا - باج جەھەتتە تۆھپىسى زور كارخانا گۇرۇھلىرىنى قوللاش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ پاي ھەمكارلىقى، قوشۇۋېلىش، ۋەسىيلىك قىلىش، ئىجارىگە ئېلىش، ھۆددىگە ئېلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، مۈلۈك ھوقۇقىنى ۋاستە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى رايون، ساھە مۈلۈكچىلىك ھالقىغان مۇۋاپىق يۆتكىلىش ۋە تەشكىللىنىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، كەسىپلەشكەن، كۆلەملەشكەن تىجارەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا داۋاملىق ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلدى. ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانا گۇرۇھلىرى ئۆزىنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا، مەھسۇلات ماركىسى، ئىختىساسلىقلار ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىجارەت ساھەسىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرىكىش دەرىجىسىنى

ئۈستۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى تۈۋرۈكلۈك ۋە يېتەكچىلىك رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەندى.

دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش تېزلىتىلىپ، كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى ساغلاملاشتۇرۇلۇپ، «ئۈچنى ئۆزگەرتىش، بىرنى كۆچۈرۈش» خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، چوڭ تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى مال - مۈلۈكلىرىنىڭ تىجارەت قىلىنىشىغا ھوقۇق بېرىش قېلىپلاشتۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان بانكىنىڭ نېسى قالغان كونا ھېساباتىنى كۆتۈرۈۋېتىش، قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش، تېخنىكا يېڭىلاشقا بېرىلىدىغان ئۆسۈم ياردىمى قاتارلىق سىياسەتلەردىن تولۇق ۋە ياخشى پايدىلىنىپ، رىقابەت يوشۇرۇن كۈچى بار دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ يۈكى يەڭگىللىتىلىپ، ھاياتىي كۈچى ئاشۇرۇلدى. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى چوڭ كارخانىلار شىنجاڭدىكى كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ قايتا تەشكىللىنىشكە جەلپ قىلىنىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار ۋە جەمئىيەتنىڭ كاپىتالىنى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىغا قاتناشتۇرۇپ، بىرىكىپ تەرەققىي قىلىش يولىغا مېڭىشىغا يېتەكچىلىك قىلىندى ۋە ئىلھام بېرىلدى. كارخانىلارنىڭ پاي تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش قەدىمى تېزلىتىلىپ، شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن بىر قىسىم كارخانىلار تاللىنىپ، ئۇلارنىڭ بازارغا كىرىشىنى دۆلەتنىڭ تەستىقلىشى ئاكتىپلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈلدى. كرېدىت ۋە كېپىللىك سىستېمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى تېزلىتىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، بىر تۈركۈم داڭلىق مەھسۇلاتلارنى يېتىلدۈرۈش تېزلىتىلدى. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مەبلەغ، تەننەرخ، سۈپەت، تىجارەتتىن ئىبارەت 4 ئاچقۇچلۇق ھالقا قاتتىق كونترول قىلىنىپ، نورما بويىچە، تەننەرخ بويىچە ھېسابلاش مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ساقلانما مال - مۈلۈك جانلاندۇرۇلۇپ، سەرپىيات تۆۋەنلىتىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تىرىشىپ ئۈستۈرۈلدى.

4. مۇھىم تاۋارلار ئوبوروتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئىستېمال ئېھتىياجى پائال كېڭەيتىلدى.

ئىستېمالغا ئىلھام بېرىش سىياسىتى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، ئىستېمال مۇھىتى ياخشىلىنىپ، ئىستېمال ساھەسى كېڭەيتىلدى. ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، بازار سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، تاۋار بازىرىنىڭ گۈللىنىپ ياشنىشى ۋە مۇقىم بولۇشى ساقلاپ قېلىندى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 44 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن تەخمىنەن 8% ئاشۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مۇھىم تاۋارلار ئوبوروتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ئاشلىق ئوبوروتى تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش سىنىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئاقسۇ قاتارلىق ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلارغا سىياسەت جەھەتتە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى، ئۈرۈمچى، قاراماي، تۇرپان قاتارلىق ئاساسلىق ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغان رايونلارنىڭ نورما بەلگىلەپ ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى قويۇپ بېرىلدى، ئاساسلىق ئىستېمال رايونى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك نورما بەلگىلەپ سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىدى. ئاشلىق خەۋپ - خەتەر فوندى ۋە زاپاس ئاشلىقنى باشقۇرۇش چارىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. پاختا تىجارىتى يەنىمۇ قويۇپ بېرىلىپ، ئوبوروت يوللىرى كېڭەيتىلدى. ساھە ھالقىغان، رايون ھالقىغان، مۈلۈكچىلىك ھالقىغان چوڭ تىپتىكى پاختا كارخانا گۇرۇھى تەشكىل قىلىنىپ، گۇرۇھلىشىپ تىجارەت قىلىش يولىغا مېڭىلدى.

ئىستېمال قىزىق نۇقتىسى پائال يېتىشتۈرۈلدى. ئولتۇراق ئۆي، ساياھەتچىلىك، ئاپتوموبىل، مائارىپ ۋە ئۇچۇر مۇلازىمىتىدىن ئىبارەت 5 تۈرلۈك قىزىق نۇقتىسى چۆرىدىلىپ، ناموۋاپىق ھەق ئېلىش قاتارلىق ئىستېمالنى چەكلەيدىغان بەلگىلىمىلەر داۋاملىق ئېنىقلىنىپ ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىستېمالغا ئىلھام بېرىدىغان سىياسەتلەر يولغا قويۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ياخشى ئىستېمال مۇھىتى يارىتىلدى. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆي ئىسلاھاتى سىياسىتى داۋاملىق ئىجرا قىلىنىپ، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، تاۋار ئۆيگە 11 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلدى. يېڭى يېزا قۇرۇلۇش تەلىپىگە ئاساسەن، قۇرۇلۇش ئومۇمىي پىلانى ياخشى ئىشلىنىپ، دېھقانلار ئۆي قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلەندى ۋە ئىلھاملاندۇرۇلدى، شەرت - شارائىتى بار جايلاردا پۈتۈنلەي كاھىشلىق ئۆيلەر سېلىنىدى. ساياھەتچىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. پىلانلاپ يېتەكچىلىك قىلىش كۈچەيتىلىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن مەبلەغ جەلپ قىلىنىپ، نۇقتىلىق ساياھەت لىنىيىلىرىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە مەنزىرە نۇقتىسى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارى ياخشىلىنىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ

باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ دەرىجىسى ۋە ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ مەشھۇرلۇق دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىن كېلىدىغان ساياھەتچى مەنبەسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى. ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش كرېدىتى قاتارلىق ئالاقىدار سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، شەرت-شارائىتى بار ئائىلىلەرنىڭ ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشىغا ئىلھام بېرىلدى. مەھەللە مۇلازىمىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، كەسپلەشتۈرۈش پائال يولغا قويۇلۇپ، شەھەر - بازار ئائىلىلىرىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىغا ماسلىشىلدى. شەھەر - بازارلاردىكى ئاممىۋى قاتناش، سۇ، توك، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۈچۈر قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئائىلىلەرنىڭ ئىستېمال شارائىتى ياخشىلاندى. ماشىنى كۆپەيتىشكە ئالاقىدار سىياسەتلەر داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، شەھەر- بازار ئائىلىلىرىنىڭ كىرىم سەۋىيىسى ۋە سېتىۋېلىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى. شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7010 يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن تەخمىنەن 460 يۈەن ئاشۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

يېزا بازارلىرى زور كۈچ بىلەن ئېچىلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئوبوروت قىلىش مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى توپ ساتىدىغان سودا بازارلىرى قۇرۇلۇپ، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سىستېمىسى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىدىكى سېتىش تور- نۇقتىلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. يېزىلارنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئىستېمال مۇھىتى ياخشىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئىستېمالنى كۆپەيتىشىگە شارائىت يارىتىلدى.

ھازىرقى زامان ئوبوروت تەشكىللەش شەكلى ۋە سېتىش ئۇسۇلى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. زەنجىرسىمان سېتىش، ۋاكالەتچىلىك قىلىش، تەقسىملەپ بېرىش، تاللا بازار، ساقلاپ بېرىش شەكلىدىكى سېتىش ۋە ئالاھىدە ئىجازەتلىك ئىتتىپاق قاتارلىق ھازىرقى زامان ئوبوروت تەشكىللەش شەكلى ۋە ماركېتنىڭ ئۇسۇلى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئېلېكتىرونلۇق سودا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا شارائىت يارىتىلدى. دۆلەت ئىلكىدىكى ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، بىرلىشىش، قوشۇۋېلىش، سېتىۋېلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق قۇرۇلما خاراكتېرلىك تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىپ، كارخانىلارنىڭ رىقابەت كۈچى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.

5. باھا ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، باھانىڭ پىشاڭلىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

بازاردا شەكىللەنگەن باھا مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكى ئېھتىياجنىڭ كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، غەربنى كەڭ ئېچىشقا مەدەت بېرىلىدىغان باھا سىياسىتى تۈزۈپ چىقىلىپ، مەبلەغ سېلىش ۋە ئىستېمالغا چېتىلىدىغان بىر تۈركۈم ھەق ئېلىش تۈرلىرى ئېنىقلىنىپ ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باھا قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، بازاردىكى باھا ھەرىكىتى ۋە تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياخشى باھا مۇھىتى يارىتىلدى.

باھا ئىسلاھاتى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ھۆكۈمەتنىڭ باھا بېكىتىشى ۋە ھەق ئېلىشىنى شەكىللەندۈرىدىغان مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش نۇقتا قىلىنىپ، نېفىت، سۇ بىلەن تەمىنلەش، تاشيول، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، تېلېگراف ئالاقىسى قاتارلىق مونوپول كەسىپلەرنىڭ باھا ئىسلاھاتى پائال يولغا قويۇلۇپ، مۇۋاپىق باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىلدى. دۆلەتنىڭ مەركىزىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ يېڭى باھا بېكىتىش كاتالوگى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، باھا بېكىتىش تۈرى 18 قىلىپ بېكىتىلدى، باھاسى بېكىتىلگەن تۈرلەر ئۆۋەتتىكى 139 دىن 45كە ئازايتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ھۆكۈمەت باھا بېكىتىدىغان تۈر 114تىن 33كە، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىدىغان تۈر 25تىن 12گە ئازايتىلدى. جايلار ھازىر شەكىللەنگەن تولۇق رىقابەتلىك باھانى قەتئىي قويۇپ بېرىشى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون قويۇپ بېرىشكە ئاشكارا پەرمان چۈشۈرگەنلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم، خالىغانچە قالدۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

باھا پائال ۋە پۇختا تەرتىپكە سېلىندى. داۋالىنىش، دورا باھاسى ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، دورىنىڭ ساختا ھالدىكى يۇقىرى باھاسى زور ھەجىمدە چۈشۈرۈلدى. داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا كىرگۈزۈلگەن «ئا»، «ب» خىلدىكى دورىلارنىڭ باھاسى بېكىتىلىپ ۋە ئېلان قىلىنىپ، دۆلەت بىرلىككە كەلتۈرگەن داۋالىنىش مۇلازىمىتى باھا تۈرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى قېلىپلاشتۇرۇلدى ۋە مۇناسىپ تەرتىپكە سېلىندى. مائارىپ جەھەتتىكى ھەق ئېلىش ئۆلچىمى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ھەق ئېلىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. شەھەرلەردىكى ئېلېكتر تورىنىڭ توك باھاسى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈلدى. سۇ بىلەن تەمىنلەش باھاسىنى شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى ۋە يۇندا بىرتەرەپ قىلىش ھەققى جەھەتتىكى سىياسەتلەر يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى،

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۇرۇبا سۈيى باھاسى ۋە يولدا يىر تەرەپ قىلىش ھەققى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈلدى. پائال شەرت - شارائىت يارىتىلىپ، شەھەر - يېزىلاردىكى توك ئىشلىتىش ۋە تېلېگراف ئالاقىسى ھەققىنىڭ باھاسىنى ئوخشاش قىلىش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، يېزىلارنىڭ باج ئىسلاھاتىنى سىناق قىلىدىغان رايونلاردىكى دېھقانلارغا چېتىلىدىغان ھەق ئېلىش تۈرلىرى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. باھا قارارى ھەققىدە گۇۋاھلىق ئاڭلاش تۈزۈمى ۋە مۇتەخەسسىسلەر باھالاش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، باھا قارارىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ئېنىقلىق دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى.

باھا تەرتىپى داۋاملىق تەرتىپكە سېلىندى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى، ھەق ئېنىقلاش، قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش، يۈكنى يېنىكلىتىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، باھانى ۋە ھەققى مەخسۇس تۈر بويىچە تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش چىڭ تۇتۇلۇپ، سودا - سانائەت تارماقلىرىغا چېتىلىدىغان ھەق، شەھەرگە كىرىپ ئەمگەك مۇلازىمىتى قىلىدىغانلاردىن ئېلىنىدىغان ھەق، ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشنىڭ نوپۇس ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققى، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى ھەققى ۋە مائارىپ، دورا، داۋالىنىش مۇلازىمىتى باھاسى، ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتى ھەققى نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىندى ۋە تۈزىتىلدى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي ئىشلار خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش كاتالوگى ئېلان قىلىنىپ، تاشيول ھەققى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى، ھەق ئېلىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئاشلىق قوغداش باھاسىنى نازارەت قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كۈچەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش تارماقلىرىنىڭ خالىغانچە دەرىجە بېكىتىشى، دەرىجە چۈشۈرۈشى ۋە باھا چۈشۈرۈشى توسۇلدى. باھا مونوپوللۇقى، باھا ئالدامچىلىقى، تۆۋەن باھادا تۆكمە قىلىپ سېتىش دەپ گۇمانلىنىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر قاتتىق دىققەت قىلىنىپ ۋە كۆزىتىلىپ، ئۇنىڭغا ۋاقتىدا ئارىلىشىلىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. مۇھىم تاۋارلار ۋە مۇلازىمەت باھاسىنى كۆزىتىش، تەننەرخ تەكشۈرۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەكلىپى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

6. تاشقى سودا يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، چەت ئەل مەبلىغىدىن پائال ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلدى.

تاشقى سودا ئېكسپورتى تۈرلۈك يوللار بىلەن كۆپەيتىلدى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 890 مىليون دوللار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8% ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 756 مىليون دوللار بولۇپ، 8%؛ ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 134 مىليون دوللار بولۇپ، 8% ئاشۇرۇلدى. ئېكسپورت تاۋارلىرى، ئېكسپورت بازىرى ۋە تىجارەت سۇبيېكتىنىڭ قۇرۇلمىسى ياخشى تەڭشىلىپ، پاختا، پاختا يىپ، پاختا رەخت ئېكسپورتى ئىزچىل كېڭەيتىلدى. 1 مىليون دوللاردىن يۇقىرى بولغان كۆپ مىقدارلىق تاۋار ئېكسپورتى چىڭ تۇتۇلدى، بولۇپمۇ ئۆي جاھازلىرى، پەمىدۇر قىيامى، ئالاھىدە ترانسفورماتور قاتارلىق ئۆزگىچە سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشتا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. شياڭگاڭ، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە بازارلىرى مۇستەھكەملىنىپ، روسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق بازارلار زور كۈچ بىلەن ئېچىلدى، بولۇپمۇ قازاقىستان بىلەن بولغان سودا ھەمكارلىقى كۈچەيتىلىپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ مۇھىم سودا شېرىكىگە ئايلاندۇرۇلدى. خەلقئارا سودا مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا ئېكسپورت ماللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش رايونى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى. سانائەت رايونى پائال قۇرۇلۇۋاتىدۇ، يۈنى ھۆكۈمەت قۇرىسىمۇ بولىدۇ، كارخانىلار مەبلەغ چىقىرىپ قۇرىسىمۇ بولىدۇ. تاشقى سودا ئېكسپورتىغا ئىلھام بېرىدىغان سىياسەت - تەدبىرلەر ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئېكسپورت بېجىنى قايتۇرۇش سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، ئېكسپورت كرېدىتى ۋە ئىناۋەتلىك سۇغۇرتا كېڭەيتىلىپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈرلۈك كارخانىلارغا ئىمپورت - ئېكسپورت تىجارىتى ھوقۇقى بېرىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى خەلقئارا بازارغا بىۋاسىتە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. ئادەتتىكى سودىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاشقى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈپ ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىش، چېگرا ئېغىزلىرىدا قالايمىقان ھەق ئېلىش قاتارلىق چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلەر ئىمكانقەدەر تېز ھەل قىلىنىپ، چېگرا سودىسى ئىزچىل تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئېھتىياجلىق بولغان ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلىق قۇرۇلمىلار ۋە خام ئەشيالارنى ئىمپورت قىلىش ئوبدان تەشكىللەندى.

چەت ئەل مەبلىغىدىن پائال ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلدى. 163 مىليون دوللار چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن تەخمىنەن 7.7% ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، چەت ئەلدىن قەرز ئېلىنغان پۇل 137 مىليون دوللار بولۇپ، 5.9%؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 26 مىليون دوللار بولۇپ، 18% ئاشۇرۇلدى. چەت ئەل مەبلىغىدىن ۋاستىلىك پايدىلىنىش داۋاملىق مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، زاپاس تۈرلەرنىڭ تەييارلىقى ۋە تەكشۈرۈشكە مەلۇم قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، چەت

ئەل مەبلىغىنىڭ سېلىش يۆنىلىشى پائال يېتەكلىنىپ، ئەستىقلانغان تۈرلەرنىڭ مەبلىغىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، چەت ئەلنىڭ ئېتىبارلىق قەرز پۇل كۆلىمىدىن پايدىلىنىش تىرىشىپ كېڭەيتىلدى، يېزا ئىگىلىكى، مۇھىت ئاسراش، سۇ تېجەپ سۇغىرىش، شەھەر ئاساسىي مۇئەسسەسلىرى، مائارىپ ۋە سەھىيە قاتارلىق ساھەلەردە بىر تۈركۈم تۈرلەر قۇرۇلدى. سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. كېلىشىم ئىمزالانغان تۈرلەر ئىز قوغلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كېلىشىمنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. 2002 - يىلى مەبلەغ سېلىشتىكى يۇمشاق مۇھىتنى ياخشىلاش گەۋدىلىك چىڭ تۇتۇلۇپ، تۈرلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئەستىقلىنىش رەسمىيىتى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى، ئىش بېجىرىش تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ ۋە ئاشكارىلىنىپ، مۇلازىمەت ئېڭى كۈچەيتىلدى. سىرتقا چېتىشلىق يەرلىك قانۇن - قائىدىلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىش، كەلسە - كەلمەس سېلىق سېلىش قەتئىي توسۇلۇپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى قوغدالدى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «سىرتقا چىقىش»تىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇپ، شەرت - شارائىتى بار كارخانىلارنىڭ چەت ئەلگە بېرىپ مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشىغا، سىرتتىن قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىشقا ۋە سىرتقا ئەمگەك مۇلازىمىتى چىقىرىشقا ئىلھام بېرىلدى.

ئىچكى جەھەتكە ئېچىۋېتىش يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. شىنجاڭدىكى كارخانىلارنىڭ «سىرتتىن كىرگۈزۈش»، «سىرتقا چىقىرىش» قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كارخانىلار ئارا، ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلار بىلەن دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى كارخانىلار ئارا بىرلىشىش، قايتا تەشكىللىنىشكە ئىلھام بېرىلدى ۋە يېتەكچىلىك قىلىندى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى داڭلىق چوڭ كارخانىلار بىلەن بىرلىشىشى، ئۇلارغا تايىنىشى، ئۇلارنىڭ تېخنىكىسى، مەبلىغى، ئىختىساسلىق خادىملىرى، باشقۇرۇش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ئۆستۈرۈشى ۋە زورايتىشى ياخشى ئىشلەندى.

7. شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېزلىتىلدى.

پەن - تېخنىكىنىڭ 1 - ئىشلەپچىقىرىش كۈچلۈك رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش نىشان قىلىنىپ، ھالقىلىق ئورتاق تېخنىكىلارنى تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە كىرگۈزۈش، جەلپ قىلىش كۈچەيتىلدى، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە يۇقىرى تېخنىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش تېزلىتىلدى. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى يېڭىلاش كۈچەيتىلىپ، سۈپەتلىك سورتلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش تېخىمۇ چىڭ تۇتۇلۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى، ئىنچىكە يېزا ئىگىلىكى، تېجەمپەلەشكەن باقمىچىلىق تېخنىكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يېڭى پېتى ساقلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش زورايتىلدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇچۇر سىستېمىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆلچەملىك سۈپەت سىستېمىسى ۋە تەكشۈرۈپ كۆزىتىش، كارانتىن قىلىش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىش ۋە ئېنېرگىيىنى تېجەپ، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، سانائەت تېخنىكىسىنى يېڭىلاش كۈچەيتىلدى. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئىلغار تېخنىكا ۋە قۇرۇلمىلار زور كۈچ بىلەن كىرگۈزۈلۈپ، كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىلارنى ھەزىم قىلىش، قوبۇل قىلىش ۋە يېڭىلاش كۈچەيتىلىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ تېخنىكىلىق تەركىبى ئۆستۈرۈلدى. خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۇچۇر ئاساسىي مۇئەسسەسلىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئاممىۋى ئۇچۇر بايلىقى ئامبىرى قۇرۇلۇپ، قوللىنىشقا بولىدىغان ئۇچۇر تېخنىكىسى پائال كېڭەيتىلىپ، نۇقتىلىق تارماقلار ۋە كەسىپلەرنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇشتا ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش مۇساپىسى تېزلىتىلدى. بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەشنى ماسلاشتۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىيەت ئۇچۇرى ئىش ئاختىسى ئاكتىپ قۇرۇلۇپ، 2002 - يىلى ھۆكۈمەت ئىشىنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. پەن - تېخنىكا مەبلىغىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئەۋزەل بايلىق مەنبەسىنى ئالماشتۇرۇش، ئاساسىي مۇئەسسەسە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەرگە مايىل قىلىنىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىشەنچلىك تېخنىكا تۈۋرۈكى بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

مائارىپ تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھاتى تېزلىتىلدى. مەجبۇرىيەت مائارىپى مۇساپىسى ھەقىقىي يولغا قويۇلدى، دۆلەتنىڭ نامرات رايونلاردا يولغا قويىدىغان مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ياخشى تەشكىللىنىپ ۋە

يولغا قويۇلۇپ، خەتەرلىك مەكتەپ ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مائارىپ زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، شەرت - شارائىتى بار رايونلاردا تولۇق ئوتتۇرا مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلدى. كەسپىي مائارىپ زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئالىي كەسپىي مائارىپ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئىختىساسلىقلار يېتىشتۈرۈلدى. ئالىي مائارىپنىڭ «211» 2- قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى پائال ياخشى ئىشلىنىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئۇچۇر تورى قۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ئىرىشىپ ياخشىلىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش قەدىمى تېزلىتىلىپ، پەنلەر ۋە كەسىپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، ئارقا سەپ مۇلازىمىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمى داۋاملىق كېڭەيتىلدى، ئاسپىرانتلىققا 1100 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىش پىلانلىنىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 200 ئوقۇغۇچى كۆپەيتىلدى؛ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرسلىرىغا 19 مىڭ 300 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 500 ئوقۇغۇچى كۆپەيتىلدى؛ مەخسۇس كۇرس، كەسپىي ئالىي مەكتەپلەرگە 14 مىڭ 800 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 1800 ئوقۇغۇچى كۆپەيتىلدى.

8. تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

مەدەنىيەت، سەھىيە، رادىئو - تېلېۋىزىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت مۇئەسسەسلىرى قۇرۇلۇشى ياخشى پىلانلىنىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇئەسسەسلىرى قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمى تېزلىتىلىپ، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ھەممە ناھىيىدە كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى بولۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاسار- ئەتىقىلەرنى ئاسراش ۋە قوغداش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىقتىسادى سىياسىتى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مەدەنىيەتنى كەسىپلەشتۈرۈش مۇساپىسى ئىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تېررىتورىيىلىك سەھىيە ئومۇمىي پىلانى تېزلىكتە تۈزۈلۈپ، سەھىيە بايلىق مەنبەسى مۇۋاپىق تەقسىملىنىپ، يېزىلار سەھىيىسىنىڭ 3 تۈرلۈك قۇرۇلۇشى، يەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، جۇڭگو تىبابىتى، مىللىي تىبابەت، مەخسۇس دوختۇرخانا، نامرات ناھىيىلەر دوختۇرخانىسى قۇرۇش ئومۇمىي پىلانى يولغا قويۇلدى. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى داۋالاش، سەھىيە مۇلازىمىتى شارائىتى ياخشىلىنىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سالامەتلىك سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. تېلېۋىزىيە كەسپى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، مىللىي تىلدىكى نومۇرلارنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ يېزا - كەنتلەرگە تولۇق يەتكۈزۈش، «ھەممە كەنتلەردە رادىئو - تېلېۋىزىيە بولۇش» قۇرۇلۇشى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، «شىنجاڭ - شىزاڭ قۇرۇلۇشى» ياخشى ئىشلەندى. ناھىيە دەرىجىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ئىرىشىپ كۈچەيتىلىپ، رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىنى ئارىلاش قاپلاش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. پۇقرالارنىڭ تەن ساپاسىنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى داۋاملىق كۈچەيتىلىپ، چەت - ياقا دېھقان - چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە كۆچمە ئاھالىلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئۈنۈملۈك ياخشى ئىشلىنىپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى قاتتىق تىزگىنلەندى.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. 300 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەمگەك زىچلىقى تىپىدىكى كەسىپلەر تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئىجتىمائىي رايون مۇلازىمىتى قاتارلىق 3 - كەسىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، كىچىك شەھەر- بازار ئىگىلىكى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك ۋە ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. ئەمگەك كۈچلىرى بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئەمگەك مۇلازىمىتى ۋاستىچىسى تەشكىلاتلىرى يېتىلدۈرۈلۈپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش

مۇلازىمىتى سىستېمىسى ساغلاملاشتۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. كەسپىي ئىقتىدار بويىچە يېتىشتۈرۈش داۋاملىق كۈچەيتىلىپ، ئەمگەك تەييارلىقى تۈزۈمى ۋە كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى تۈزۈمى پەيدىنپەي يولغا قويۇلدى. شەھەر - يېزىلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۇقتىدا سىناق قىلىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش يولغا قويۇلۇپ، شەھەر - يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرى بايلىقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئىشسىز خادىملارنىڭ كەسىپ تاللاش قارىشىنى ئۆزگەرتىشى پائال تەشۋىق قىلىنىپ ۋە يېتەكلىنىپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، جانلىق بولغان، مۇنتىزىم بولمىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش شەكىللىرى كېڭەيتىلىپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

تۈرلۈك ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش پۇلى ۋە كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش فوندىنىڭ ۋاقتىدا بېرىلىشىگە، يېڭىدىن نېسى قېلىشنىڭ كۆرۈلمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. شەھەرلەردىكى شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %7.5كە يەتكۈزۈلۈپ، 2001-يىلدىكىدىن تەخمىنەن 3.1 پىرسەنت پونكىتى ئۆستۈرۈلدى. ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى كەڭ دائىرىلىك يىغىش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىدا ھەممىنى قاپلاش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، مەبلەغنىڭ يىغىلىش نىسبىتى %95تىن ئاشتى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلىشى 1 مىليون 400 مىڭ ئادەمدىن ئاشتى. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتىنى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش پۇختا قەدەم بىلەن يولغا قويۇلۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى بىلەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمىنى ئۇلاشتۇرۇش مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئىشسىزلار ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق جەھەتلەردە ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت ۋە ياردەمگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. 9. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئاسراشنىڭ سىجىل تەرەققىيات يولغا مېڭىش كۈچەيتىلدى.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى قوغداش كۈچەيتىلدى. تارىم دەرياسى ۋادىسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۈنۈمپەرسال تىزگىنلەش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمى تېزلىتىلىپ، 2002 - يىلدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىلدى. تەبىئىي ئورمانلارنى تىجارەت خاراكتېرلىك كېسىش قەتئىي توختىتىلىپ، 667 مىڭ گېكتار يەردىكى ئاممىۋى پاراۋانلىق ئورمىنى، تەبىئىي چۆللىشىشنى توسۇش ئورمىنى، توغراق ئورمىنى ۋە دەريا ۋادىسى ئورمىنى ھەقىقىي قوغداپ قېلىندى. ئېكولوگىيىنى ئۈنۈمپەرسال قوغداشتا ئۇقتىلىق ئۆلگە كۆرسىتىلىدىغان ناھىيە قۇرۇلۇشى كۆلىمى كېڭەيتىلدى، يەنە 10 ناھىيىنى كۆپەيتىش ئۈستىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى تەشكىللەش ۋە يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەريا بويلىرى، يول ياقىسىغا زور كۈچ بىلەن كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىندى، بولۇپمۇ ئورمان بىلەن قەغەزنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، تېز ئۆسۈپ مول مەھسۇلات بېرىدىغان ئورمان قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. 33 مىڭ گېكتار يەردە يېڭىدىن تېز ئۆسۈپ مول مەھسۇلات بېرىدىغان قەغەزچىلىك خام ماتېرىيالى ئورمىنى كۆپەيتىلدى. «ئۈچلەشكەن» ئوتلاقلارنى ياخشىلاش داۋاملىق قانات يايدۇرۇلۇپ، قاشالاش، قورشاپ يېتىشتۈرۈش ۋە سۇغىرىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق بۇزۇلغان ئوتلاقلار ياخشىلاندى ۋە ئوتلاق بەرپا قىلىندى. «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنىنىڭ 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، 40 ناھىيىنىڭ بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇمنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى ئۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى توپا - توزاننىڭ بۇلغىشىنى تىزگىنلەش يولغا قويۇلۇپ، ئېكولوگىيىنى كۆزىتىش ۋە تېلېتېخنىكىلىق تەھلىل قىلىش كۈچەيتىلدى، ئېبىنۇر كۆلى ساھىلىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش ۋە تىزگىنلەش ئومۇمىي پىلانى شۇنىڭدەك تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايون، ئېكولوگىيىلىك ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى، ئېكولوگىيىلىك ئىقتىدار رايونى قۇرۇلۇشى ياخشى ئىشلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۈنۈمپەرسال تىزگىنلەش ۋە سۇ، تۇپراقنى قوغداش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بىر تۇتاش نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

شەھەر مۇھىتىنى تۈزەش كۈچەيتىلدى. شەھەر مۇھىتىنى ئۈنۈمپەرسال تۈزەش كۈچەيتىلىپ، پاكىز ئىشلەپچىقىرىش پائال تەشكىللىنىپ ۋە يولغا قويۇلۇپ، شەھەرلەردىكى يۇندا،

ئەمەلدارلارنى ھەر تەرەپ قىلىش مۇئەسسەسىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، «ئۈچ كېرەكسىز»نىڭ پەيدا بولۇشى ئالا زور دەرىجىدە ئازايتىلدى ھەمدە ئۇ زىيانسىزلاشتۇرۇلدى، بايلىق مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاتموسفېرا مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش سالمىقى داۋاملىق ئاشۇرۇلۇپ، پاكىز ئېنېرگىيە جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى تۈزۈلۈپ، تەبىئىي گاز، قۇياش ئېنېرگىيىسى، شامال ئېنېرگىيىسى، پاكىز كۆمۈر قاتارلىق پاكىز ئېنېرگىيىنى ئىشلىتىش زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، ئېنېرگىيە ئىستېمالى قۇرۇلۇشى ياخشىلاندى. شەھەر مۇھىتىنى يېشىللاشتۇرۇش ياخشى يولغا قويۇلۇپ، شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ۋە يول يۈزىنى قاتتىقلاشتۇرۇش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئاتموسفېرانىڭ مۇھىت سۈپىتى ياخشىلاندى. شەھەر مۇھىتى سۈپىتىنى كۆزىتىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، شەھەر مۇھىتى سۈپىتىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

بايلىق مەنبەسى تېجەلدى ۋە قوغدالدى. سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، سۇنى تېجەشلىك ئىشلىتىش ئىلگىرى سۈرۈلدى، سۇدىن تەكرار پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. سۇنىڭ مۇھىتىنى بۇلغىنىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. يەر بايلىقى مۇۋاپىق ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ۋە ئۈنۈمدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلىپ، تېرىلغۇ يەر ھەقىقىي قوغدالدى. تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەر زور كۈچ بىلەن ئۆزگەرتىلىپ، شورلىشىشنىڭ زىيىنى تىزگىنلەندى. قېزىلما مەھسۇلاتلار بايلىقى ئۈنۈملۈك قوغدىلىپ ۋە ئۈنۈمدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلىپ، قېزىلما بايلىق كارخانىلىرىنىڭ قېزىلما بايلىقتىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىشى ۋە دەرىجىسى تۆۋەن، تاللاش تەس كانلار ۋە قۇيرۇق كانلار بايلىقىدىن قايتا پايدىلىنىشقا ئىلھام بېرىلىپ، قېزىلما بايلىقلارنى قېزىش، قايتا قېزىش ئۈنۈمى، رۇدا تاللاش، رۇدا يىغىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. كارخانىلارنىڭ ئېنېرگىيە تېجىشىگە ئىلھام بېرىلىپ، كېرەكسىز كونا ماددىي ئەشيالارنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش كۈچەيتىلىپ، كېرەكسىز، تاشلاندۇق نەرسىلەرنى ھەر تەرەپ قىلىشنى كەسپلەشتۈرۈش تېزلىتىلدى.

يالڭ يىبو

## سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ سانائەت قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتە يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىندى.

1. كارخانىلارنىڭ قوشۇلۇشى، قايتا تەشكىللىنىشىگە ئىلھام بېرىلدى. شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى «شەرق شامىلى» ئاپتوموبىل گۇرۇھىغا ۋە ياپونىيە ئاپتوموبىل گۇرۇھىغا يۆلەندى، شىنجاڭ «دوستلۇق» گۇرۇھى مالايسىيا «بەيشىڭ» گۇرۇھى بىلەن، «مېك» ئۆي جاھازلىرى شىركىتى ئامېرىكا ئىنتازون، ئارون ئۆي جاھازلىرى كارخانىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلدى؛ «ۋېيۋېي» گۇرۇھى، «بافۇ» گۇرۇھى، پورسىمات، سەنلىڭ جۇڭگۇڭ قاتارلىق ھەر تۈركۈم دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى داڭلىق كارخانىلارنىڭ شىنجاڭ كارخانىلىرىنى قوشۇۋېلىشى، قايتا تەشكىللىشىگە ئىلھام بېرىلدى؛ شىنجاڭدىكى «دېلۇڭ»، «تۈنخې»، دورىچىلىق گۇرۇھى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى قايتا تەشكىللىشىگە، «تەڭرىتاغ» گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭ سېمونت ۋە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بىلەن تولۇق بىرلىشىپ، قوشۇۋېلىش ھەمدە قايتا تەشكىللەش ئارقىلىق كارخانىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىشىغا مەدەت بېرىلدى.

2. ئەلالىرىغا، كۈچلۈكلىرىگە مەدەت بېرىلىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ ئۆزگىچە يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، نېفىت خىمىيە سانائىتى ۋە يۇقىرى ئېنېرگىيە سەرپىياتلىق كەسىپلەردىكى بىر تۈركۈم ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىگە يار - يۆلەك بولۇندى، «تيەنلۇڭ» كانچىلىق شىركىتى، «يۈڭچاڭ» پاي شىركىتى، «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق شىركىتى، «جۇڭتەي» خىمىيە شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ بازارنى نىشانلاپ دومىلىما شەكىللىك تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، كارخانىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىگە مەدەت بېرىلدى.

3. ھالى خاراب كارخانىلارنىڭ بازاردىن چېكىنىپ چىقىشىغا مۇۋاپىق ھەيدەكچىلىك قىلىندى. دۆلەتنىڭ ئىسلاھاتنى قوللىشى پاتال قولغا كەلتۈرۈلۈپ، 11 كارخانا مەملىكەت بويىچە كارخانىلارنىڭ تاقىلىشى، ۋەيران قىلىنىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، 10 كارخانا بانكا كۆرسەتكەن ۋەيران قىلىنىدىغان تۈرلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، ھېسابتا ئېسىلىپ قالغان 2 مىليارد 100 مىليون يۈەن ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى. خېجاڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتى قاتارلىق 10 كارخانىنى ۋەيران قىلىپ قايتا تەشكىللەش لايىھىسى پۇختا قەدەم بىلەن يولغا قويۇلدى، شىنجاڭ كۆن - خۇرۇم گۇرۇھ شىركىتىنىڭ ۋەيران بولغاندا قېلىپ قالغان مەسىلىلىرى مۇۋاپىق ھەل قىلىندى، يەنە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ھالى

خاراب بەزى كارخانىلار قانۇن بويىچە ۋەيران بولۇپ، بازاردىن چېكىنىپ چىقتى.

دېڭ شۈچى

## كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

1. پىيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىندى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى. پىيى بازارغا سېلىنغان 23 شىركەتنىڭ 22 سى دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىسى بولۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ئەھۋالى نازارەت قىلىندى، تەكشۈرۈلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى، مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

2. قەرزى پايغا ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش خىزمىتى تېزلىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قەرزى پايغا ئۆزگەرتىلگەن 13 كارخانا ئىچىدە 7سى رويخەتكە ئالدۇرۇپ شىركەت قۇردى، 4ى يېڭى شىركەت قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلماقتا.

3. كارخانىلارنىڭ جەمئىيەت باشقۇرۇش ئىقتىدارى پائال پارچىلاندى. «ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش، دوختۇرخانا باشقۇرۇشتىن ئايرىلىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر» ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلاردىكى 6 مەكتەپ يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 2 مەكتەپتە دۆلەت ئىلكىدىكى خەلق باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى.

4. دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ پاي تۈزۈمگە ئۆزگىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىسى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى 171 پاي كونترول سانائەت كارخانىسى ئىچىدە، 141ى شىركەت تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىلگەن دائىرە 82.5% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش دائىرىسى 90%تىن ئېشىپ كەتتى.

5. دۆلەت ئىلكىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار يەنىمۇ قويۇۋېتىلىپ جانلاندۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، «ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا پىكىر»نى تۈزۈپ چىقىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى، ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمى ۋە بەردىن پايدىلىنىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى، ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش دائىرىسى 90%تىن ئېشىپ كەتتى.

دېڭ شۈچى

## كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، «تيەنسەي» پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 10 كارخانا ئۇچۇرلاشتۇرۇش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان كارخانا قىلىپ بېكىتىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، نۇقتىلىق 30 كارخانا ئىچىدە 59%ى ئىچكى قىسمىدا قىسمەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ئەمەلگە ئاشۇرغان كارخانا 67%نى، مالىيە باشقۇرۇشنىڭ ئۇچۇر تور سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان كارخانا 69%نى ئىگىلەيدۇ.

دېڭ شۈچى

## كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە تېخنىكا يېڭىلاش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 17 تۈر 7 .، 8 - تۈركۈمدىكى زايوم پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 18 زايومغا تۈر تۈرغۇزۇلماقتا. شۇ يىلى سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 275 مىليون يۈەن. ئالاھىدە، ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي شىركىتىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ترانسفورماتورى، «يېڭى ئېنېرگىيە» شىركىتىنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىلىك نۇر ۋولتلىق توك تارقىتىش سىستېمىسى، «تەڭرىتاغ» گۇرۇھ شىركىتىنىڭ 2000 توننا سېمونتىنى قۇرغاق ئۇسۇلدا تەۋرىتىش قاتارلىق نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتۈرۈلدى. 90 يەرلىك كارخانىنىڭ نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇپ، ئىقتىسادنىڭ بىر تۈركۈم يېڭى ئېشىش نۇقتىسى شەكىللەندۈرۈلدى. بىر تۈركۈم يېڭى تۈرلەر زاپاسقا ئاللاندى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون تېخنىكا يېڭىلاش تۈرىدىن 358نى تۈزۈپ چۈشۈردى، بۇنىڭدىن 20 تۈر دۆلەت پىلانىغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى. 5 تۈر دۆلەتنىڭ يېڭى مەھسۇلاتنى نۇقتىلىق سىناپ ئىشلەپچىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

2002 - يىلى شىنجاڭ دورىچىلىق گۇرۇھى قاتارلىق 11 كارخانىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەركىزى ئاپتونوم رايون دەرىجىدىن ئېتىراپ قىلىندى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېخنىكا مەركىزى 53 كە يەتتى،

ئاپتونوم رايون بېكىتكەن نۇقتىلىق 30 كارخانىنىڭ 26 سىدە، كارخانا تېخنىكا مەركىزى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 21ى ش ئۇ ئا ر تېخنىكا مەركىزى دەرىجىدىن ئېتىراپ قىلىندى.

2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ماسلاش - ئۆگىنىش - تەتقىقات جەمئىيىتى تەتقىقات نەتىجىلىرى يەرمەنكىسى ئېچىلىپ، 82 پەن تەتقىقات نەتىجىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھەمكارلىشىش كېلىشىمى تۈزۈپ چىقىلدى. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ بىگىلىق بارىتىش تورى كارخانىلارنىڭ ھەمكارلىق ئىزدەش پۇرسىتى قىلىنىپ، ھەمكارلىق مۇددىئاسىدىن 50 نەچچىسى ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

دېلىڭ شۆچى

### كارخانىلارنىڭ بايلىق مەنبەسىنى تېجەش ۋە ئۈنۈمدىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش خىزمىتى ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا 42 كارخانىنىڭ 52 تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ بايلىق مەنبەسىدىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش بويىچە ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتۈپ، دۆلەتنىڭ باج جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، كارخانىلارنىڭ بايلىق مەنبەسىنى تېجەش ۋە ئۈنۈمدىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش ئاكتىپلىقى يەنىمۇ قوزغىتىلدى.

دېلىڭ شۆچى

### ھازىرقى زامان ئوبوروت سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ مۇنداق 4 قىسىمغا بۆلۈنگەن: (1) ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ۋەزىيىتى ۋە نىشانى. (2) ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. (3) ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىسلاھاتىنىڭ تەدبىرلىرى. (4) ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون شىنجاڭ دوستلۇق گۇرۇھى، شىنجاڭ ئالاھىدە دورا - سىللىي دورىلار شىركىتى، «مېك» خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى پاي شىركىتى، شىنجاڭ تۈرلۈك تاۋارلار گۇرۇھى، ئۈرۈمچى «شەرق شاملى» تاللا بازىرى چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 10 كارخانىنى تاللاپ، ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى سىناق قىلىدىغان نۇقتا قىلىپ بېكىتىپ، زەنجىرسىمان تىجارەت قىلىش، ماددىي بۇيۇملارنى تەقسىم قىلىپ ئەۋەتىش قاتارلىق يېڭى شەكىلدىكى ئوبوروت شەكلىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 10 كارخانا زەنجىرسىمان تىجارەت قىلىدىغان تىجارەت تور - نۇقتىسىنى 420 نەچچىگە، تەييارلانغان ماددىي بۇيۇملارنى تەقسىم قىلىپ ئەۋەتىش مەركىزىنى 17گە يەتكۈزۈپ، سېتىش كىرىمىنى 2001 - يىلدىكىدىن 31% ئاشۇردى.

دېلىڭ شۆچى

### بازارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش، قېلىپلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، سودا بازىرى، تەييار ماي، باج، ئۆي - زېمىن، ساياھەتچىلىك، پولات ماتېرىيال، ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى ۋە خەتەرلىك خىمىيىۋى بۇيۇملار نۇقتا قىلىنغان مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان تۈرلۈك دېلو 55 مىڭ بولۇپ، دېلو قىممىتى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەن، ساختا تاۋار ياساش ئۇۋىسىدىن 1500 دىن كۆپرەكى بۇزۇپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانىلار قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش، يۈكنى يېنىكلىتىش خىزمىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى، كارخانىلاردىن نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرىدىن 301ى ئېلان قىلىنىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇلارغا چېتىلىدىغان سومما 46 مىليون 37 مىڭ يۈەن.

دېلىڭ شۆچى

### بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا غەيرىي كۆمۈر كېنى، خەتەرلىك خىمىيىۋى بۇيۇملار، كۆمۈر كان بىخەتەرلىكى، يول قاتنىشى ۋە ئاممىۋى يىغىلىش سورۇنى نۇقتا قىلىنغان مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ئېلىپ بېرىلدى. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق ھالقىلاردىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئېغىر، چوڭ ۋەقەلەر زور ھەجىمدە تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە زاۋۇت، كان، كارخانىلاردا چوڭ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانى 2001- يىلدىكىدىن 28.9%، ئۆلگەن ئادەم 5.4% تۆۋەنلىدى.

دېلىڭ شۆچى

### ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۈنۈۋېرسال ماسلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۈنۈۋېرسال ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

(1) ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ پۇل قەرز ئېلىشى قىيىن بولۇش، كېپىللىك قىلىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىلدى. ئاپتونوم رايوندا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئوبوروت مەبلىغىگە كېپىللىك قىلىش قەرز پۇلى خىزمىتى مەخسۇس رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئىقتىساد ـ سودا، مالىيە، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىنىڭ بىرلىشىپ تەكشۈرۈشى، ئۆز ئارا ماسلىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە 148 كارخانىنىڭ 1 مىليارد 250 مىليون يۈەن قەرز پۇل ئېلىشى تەستىقلىنىپ، كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ جىددىي بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. (2) شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنىڭ توشۇلۇشى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىندى. دۆلەتنىڭ تۆمۈريولدا توشۇش كۈچىنى كۆپەيتىش قولغا كەلتۈرۈلدى، شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى توشۇشنىڭ يېتەكچى پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، نېفىت، پاختا، كۆمۈر، پولات ماتېرىيال، خىمىيىۋى ئوغۇت، ئاشلىق قاتارلىق ئۇقتىلىق ماددىي ئەشيالارنىڭ قوشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. (3) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كۈچەيتىلىپ ئۇقتىلىق مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسى «ئۈچ 50 مىليون يۈەن» يەنى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەخسۇس مەبلىغى 50 مىليون يۈەن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات تەننەرخى 50 مىليون يۈەن، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ قايتا كېپىللىك مەبلىغى 50 مىليون يۈەن تەدبىرىنى قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك قوللىدى. (4) مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى پائال يولغا قويۇلۇپ، خىزمەت فۇنكسىيىسىگە چېتىلىدىغان يەرلىك قانۇن، قائىدە ـ نىزاملار ۋە ئالاقىدار ھۆججەتلەر ئېنىقلاندى. (5) كارخانىلارنىڭ قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئۆسۈم ياردىمى ۋە نېسى قالغان بانكا ھېساباتىنى كۆتۈرۈۋېتىش قاتارلىق 3 چوڭ سىياسەتنى ياخشى قوللىنىشقا يېتەكچىلىك قىلىنىپ ۋە ئۇ نازارەت قىلىنىپ، بىر تۈركۈم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىغا مەدەت بېرىلدى.

دىڭ شۈچى

## ـ شىنجاڭدا كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى

شىنجاڭ كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەن، شۇنداقلا يىل ئاخىرىدىكى مال ـ مۈلكىمۇ، يىللىق تىجارەت كىرىمىمۇ 500 مىليون يۈەندىن ئاشقان 72 تۈرلۈك كارخانا گۇرۇھلىرىنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە، شۇ ئايدىڭ بولدىكى، 2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرى تەرەققىياتنى ئاساسىي تېما، قۇرۇلما تەڭشەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسىغا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقۇرۇپ ئۈنۈم يارىتىپ، ياخشى تىجارەت نەتىجىسىنى يارىتىپ، بىر قەدەر تېز تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالغان، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

1. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈك كۆلىمى كېڭىيىپ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئاشقان.

2002 ـ يىلى شىنجاڭدا كارخانىلارنىڭ قوشۇلۇشى، قايتا تەشكىل قىلىنىشى، تولۇق بىرلىشىشى ئارقىلىق، يېڭىدىن بىر تۈركۈم كارخانا گۇرۇھلىرى كۆپىيىپ، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈك كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئاپتونوم رايون بويىچە بار بولغان ھەر خىل تىپتىكى كارخانا گۇرۇھى 72گە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 8ى كۆپەيگەن؛ يىل ئاخىرىدىكى مال ـ مۈلكى 93 مىليارد 779 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %28.7 ئاشقان؛ يىل ئاخىرىدىكى پايچەكلار (ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار) ھوقۇق ـ مەنپەئىتى 30 مىليارد 971 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.3 ئاشقان؛ كارخانا گۇرۇھىدىكى ئورۇن بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە مال ـ مۈلۈك كۆلىمى 1 مىليارد 302 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %14.4 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، مال ـ مۈلكىمۇ، تىجارەت كىرىمىمۇ 500 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغان كارخانا 2001 ـ يىلدىكى 16 دىن 19 غا يەتكەن. 72 كارخانا گۇرۇھىنىڭ بار بولغان تولۇق مەبلەغلىك ۋە پاي كونترول يالا شىركىتى 526. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ كاپىتال تىجارىتىدە مال ـ مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش، ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ساقلاپ قېلىنغان، ئاشۇرۇلغان قىممەت نىسبىتى %127 بولغان.

2. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ پايدا ئېلىش ئىقتىدارى ئاشقان

تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچىدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، كارخانا گۇرۇھلىرى كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى سىرتقا كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، گۇرۇھىنىڭ ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان. 2002 ـ يىلى 72 كارخانا گۇرۇھىنىڭ تىجارەت كىرىمى 47 مىليارد 893 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن

%22.4؛ پايدا سوممىسى 1 مىليارد 855 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %66.3؛ ئاشۇرۇشقا ئېگىشلىك ئاپاۋەت بېجى 489 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %100؛ ئاشۇرۇشقا ئېگىشلىك قوشۇلما قىممەت بېجى 1 مىليارد 411 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %75.7 ئاشقان؛ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 271 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6.7 پىرسەنت پوئېنتى؛ تىجارەت كىرىمىنىڭ پايدا نىسبىتى %4.72 بولۇپ، 1.9 پىرسەنت پوئېنتى؛ تەننەرخ خىراجىتىنىڭ پايدا نىسبىتى %5.18 بولۇپ، 2 پىرسەنت پوئېنتى؛ مال - مۈلۈكنىڭ پايدا بېجى نىسبىتى %4.84 بولۇپ، 1.4 پىرسەنت پوئېنتى؛ مەبلەغنىڭ پايدا نىسبىتى %3.04 بولۇپ، 1.1 پىرسەنت پوئېنت ئۆسكەن.

3. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتى ساھەلەر قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

2002 - يىلى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن كارخانا گۇرۇھى 8، بۇنىڭ ئىچىدە 6 سى ياسىمىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ مال - مۈلكى 48 مىليارد 337 مىليون يۈەن بولۇپ، ھەر قايسى كەسپلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، پۈتكۈل گۇرۇھ مال - مۈلكىنىڭ %51.5نى ئىگىلەيدۇ؛ توپ - پارچە سېتىش سودىسىدا يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ مال - مۈلكى 15 مىليارد 655 مىليون يۈەن بولۇپ، %16.7نى ئىگىلەپ، 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ئۆي - زېمىن كەسپىنىڭ 11 مىليارد 569 مىليون يۈەن بولۇپ، %12.3نى ئىگىلەپ، 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ 3 چوڭ كەسىپ ئىچىدە ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ تىجارەت كىرىمى 22 مىليارد 374 مىليون يۈەن، پايدىسى 1 مىليارد 110 مىليون يۈەن؛ يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ تىجارەت كىرىمى 8 مىليارد 923 مىليون يۈەن، پايدىسى 105 مىليون يۈەن؛ ئۆي - زېمىن كەسپىنىڭ تىجارەت كىرىمى 7 مىليارد 445 مىليون يۈەن، پايدىسى 400 مىليون يۈەن بولۇپ، بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان پايدا ئېلىش ئىقتىدارىنى ئىپادىلەپ، ھەر قايسى ساھەلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىگەن. ماتېرىيال شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلېكترون ۋە خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ياسىمىچىلىق كەسپى، داۋالاش ئۈسكۈنىسى ۋە ئۆلچەش ئەسۋاب - ئۈسكۈنىسى ياساش كەسپى، ھازىرقى زامان بىئولوگىيىسى ۋە دورا ياساش كەسپى، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئېنېرگىيە ۋە مۇھىت ئاسراش قاتارلىق يېڭى تېخنىكا كەسپلىرى توپى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن.

4. گۇرۇھنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش سالمىقى زورايتىلىپ، يېڭى مەھسۇلات سېتىش كىرىمى كۆپەيگەن.

كارخانا گۇرۇھلىرى تېخنىكا يېڭىلاش مېخانىزمىنى پائال ئورنىتىپ كارخانىنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش سېلىنمىسىنى زورايتىپ، يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەھسۇلاتنىڭ تېخنىكا تەركىبىنى كۆپەيتكەن، دەرىجىسىنى ئۆستۈرگەن. 2002 - يىلى كارخانا گۇرۇھلىرى تەتقىقات، كەشىپ قىلىشقا ئىشلەتكەن خىراجەت 122 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاز كەم 5 ھەسسە كۆپەيگەن؛ تەتقىق قىلغۇچى، كەشىپ قىلغۇچى خادىملار 1990 بولۇپ، %54.4 كۆپەيگەن؛ تەتقىقاتچى، كەشىپ قىلغۇچى خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مائاشى 18 مىڭ 352 يۈەن بولۇپ، ئادەتتىكى كەسپكارلارنىڭكىدىن 5368 يۈەن يۇقىرى بولغان. يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش كىرىمى 1 مىليارد 787 مىليون يۈەن بولۇپ، 4.3 ھەسسە ئاشقان، يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش كىرىمىنىڭ تىجارەت كىرىمىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 2001 - يىلدىكى %0.86تىن %3.73كە كۆپەيگەن.

5. شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىسلاھات نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان.

2002 - يىلى 72 كارخانا گۇرۇھى ئىچىدە 67 سى تۈزۈلمىسىنى شىركەتكە ئۆزگەرتكەن. تۈزۈلمە ئۆزگەرتكەن كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تىجارەت ئۈنۈمى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغان. شىركەت تۈزۈمىدىكى 67 كارخانا گۇرۇھىنىڭ مال - مۈلكىنىڭ قىممىتى 90 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %30.9 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 2.2 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولغان؛ تىجارەت كىرىمى 46 مىليارد 351 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.2 ئاشقان؛ پايدا سوممىسى 1 مىليارد 962 مىليون يۈەن بولۇپ، %35.7 ئاشقان. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ مال - مۈلكىنىڭ قىممىتى 2 مىليارد 715 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.17 ئاشقان؛ تىجارەت كىرىمى 947 مىليون يۈەن بولۇپ، %23.2 تۆۋەنلىگەن؛ زىيىنى 111 مىليون يۈەن بولغان.

6. دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى پاي كونترول كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ سالمىقى تۆۋەنلەپ كەتكەن.

2002 - يىلى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئانا شىركىتى ئىچىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە باشقا پاي كونترول كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتى دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانا گۇرۇھى ۋە كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى پاي كونترول كارخانا گۇرۇھلىرىدىن تېز بولغان. دۆلەت ئىلكىدىكى مۇتلەق پاي كونترول كارخانا گۇرۇھى ۋە نىسپىي پاي كونترول گۇرۇھى 35 بولۇپ، بارلىق كارخانا گۇرۇھلىرى ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 2001 - يىلدىكى %50تىن %48.6كە، مال - مۈلۈك سالمىقى %52.8تىن %51.7كە چۈشكەن؛

كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى مۇتلەق پاي كونترول كارخانا گۇرۇھى ۋە نىسپىي پاي كونترول گۇرۇھى 6 بولۇپ، ئىگىلىگەن سالمىقى 14.06%تىن 8.3%كە، مال - مۈلۈك سالمىقى 24.3%تىن 23.2%كە چۈشكەن؛ باشقا شەكىلدىكى پاي كونترول كارخانا گۇرۇھى 31 بولۇپ، ئىگىلىگەن سالمىقى 35.93%تىن 43.1%كە، مال - مۈلۈك سالمىقى 22.9%تىن 25.1%كە ئۆرلىگەن.

7. كارخانا گۇرۇھلىرى ئاساسىي ئورۇندىكىلەر بىلەن 2. ئورۇندىكىلەرنى ئايرىغان. ئاساسىي تىجارىتىنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر تېز بولغان.

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى كارخانىلار گۇرۇھى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز، بازارنى يېتەكچى، سۈپەتنى ھاياتلىق تەلىپى قىلىپ، بازاردىكى يوشۇرۇن كۈچى زور، تەرەققىيات ئىستىقبالى ياخشى، مەبلەغ سېلىش تەننەرخى تۆۋەن، پايدا نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بىر قىسىم تۈرلەرنى تاللاپ، تېخنىكىسىنى يېڭىلاش، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق مەھسۇلاتنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئېكسپورت قىلىپ سېتىشنى كېڭەيتتى. ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىرى بىلەن 2 - ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى ئايرىشنى يولغا قويۇپ، ئاساسلىق كەسىپكە زېھىن ئىشلىتىپ، ئاساسلىق تىجارەت كەسپىنىڭ كىرىمىنى تېز سۈرئەتتە ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغان. مۇشۇ بىر يىلدىكى تىجارەت كىرىمى 47 مىليارد 893 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 22.4% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق تىجارىتىنىڭ كىرىمى 45 مىليارد 475 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26.1% ئاشقان، باشقا كەسپىي كىرىم 2 مىليارد 419 مىليون يۈەن بولۇپ، 21.2% چۈشكەن. كارخانا گۇرۇھلىرى ئاساسلىق تىجارەت كىرىمىنى كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش كىرىمى ۋە ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق سېتىلىش كىرىمىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنى ساقلاپ قالغان، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىش ئىقتىدارى بىر ئاز ئاشقان. 2002 - يىلى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ يېڭى مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 787 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.3 ھەسسە؛ ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق سېتىش سوممىسى 4 مىليارد 509 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2 ھەسسە ئاشقان.

ياڭ شياۋلى

## كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ كارخانا گۇرۇھلىرىنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىش، تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 72 كارخانا گۇرۇھىنىڭ 67 سىنىڭ ئانا شىركىتى تۈزۈمىنى شىركەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتكەن. تۈزۈم ئۆزگەرتىش كۆلىمى 93% بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.5 پىرسەنت يۇقىرى ئۆسكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 42 سى تۈزۈمىنى باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە، 6 سى پاي چەكلىك شىركىتىگە، 19ى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇستەقىل مەبلەغلىك شىركەتكە ئۆزگەرتكەن. شىركەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا، 88% كارخانا گۇرۇھى ئىچكى قىسمىدا كاپىتال ئۇتاشتۇرۇش بەلۈيغى قىلىنغان ئانا - بالا شىركەت تۈزۈلمىسىنى ئورناتقان، گۇرۇھ ئانا شىركىتىنىڭ ھەممىسىدە مەبلەغ چىقارغۇچىلار تۈزۈمى ئورنىتىلغان، 90% بالا شىركەتنىڭ مەبلەغ چىقارغۇچىلىرى ئايدىڭلاشقان، 90% گۇرۇھ چوڭ - چوڭ تىجارەت تەدبىرى بەلگىلەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن، 72%ىنىڭ كارخانا باشقۇرغۇچىلىرى تاللانغان، 69%ى مال - مۈلۈكتىن نەپ ئېلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتى كۆپ مەنبەلىشىشكە يۈزلىنىپ، پاي ھوقۇقىنىڭ تارقاقلىشىشى، ئىجتىمائىيلىشىشى ئىشقا ئاشقان. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى پاي كونترول شىركەتلىرىنىڭ نىسبىتى چۈشۈپ كەتكەن، باشقا پاي كونترول گۇرۇھلىرى 2001 - يىلدىكى 36%تىن 43% كۆپەيگەن؛ گۇرۇھ ئانا شىركەتلىرىدە قېلىپلاشقان ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ئورنىتىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ھوقۇق تۇتىدىغان، تىجارەت قىلىدىغان، نازارەت قىلىدىغان ئاپپاراتلار ئۆز ئارا ئايرىلىدىغان، ئۆز ئارا تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان قانۇنىي ئىگە تۈزەش مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈلۈپ، تەدبىر بەلگىلەش، نازارەت قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. 57% كارخانا گۇرۇھىدا پايچىكلار ھەيئىتى، 96% كارخانىدا مۇدىرىيەت قۇرۇلغان. گۇرۇھ ئانا شىركەتلىرىنىڭ باش دىرېكتورلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش شەكلىنى مۇدىرىيەت تەكلىپ قىلىش نىسبىتى 2001 - يىلدىكى 56% تىن 65%كە ئۆسكەن، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماق بىۋاسىتە بەلگىلەش ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماق نامزات كۆرسىتىش مۇدىرىيەت تەكلىپ قىلىش نىسبىتى 2001 - يىلدىكى 40.6%تىن 31.9%كە تۆۋەنلىگەن. مۇدىرىيەتنىڭ 71% ئەزاسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى مەبلەغ چىقارغۇچىلار ھاۋالە قىلغان. 81% كارخانىدا نازارەتچىلىك ھەيئىتى قۇرۇلغان. گۇرۇھ ئانا شىركەتلىرى گۇرۇھنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈش، قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، پايدىسىنى ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە يېتەكچى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەدبىرنى بىرلىككە

كەلتۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكەن. تەكشۈرۈش شۇنى كۆرسەتتىكى، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى جەھەتتە بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلەشنى يولغا قويغان كارخانا %97نى، چوڭ- مەبلەغ يۆتكەش ۋە ئۆزگەرتىش تۈرلىرى جەھەتتە بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلەشنى يولغا قويغان كارخانا %99نى، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى جەھەتتە بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلەشنى يولغا قويغان كارخانا %92نى، سىرتقا چېتىشلىق سودىسى ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى جەھەتتە بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلەشنى يولغا قويغان كارخانا %71نى، تەتقىقات ۋە كەشىپ قىلىش جەھەتتە بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلەشنى يولغا قويغان كارخانا %61نى ئىگىلىگەن.

خۇاڭ لىڭدى

## كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاقىدار يانداشما سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى

يادرولۇق رىقابەت كۈچىگە ئىگە چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بىر قاتار ياندىشما ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر قەدەر ياخشى بولغان تاشقى مۇھىت يارىتىپ بەردى. ياندىشما سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بىرىنچىدىن، مەبلەغ سېلىشتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى، سىرتقا كېپىللىك قىلىش ھوقۇقى، سىرتتىن قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەك ھەمكارلىقى ھوقۇقى، تاشقى ئىشلار بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن، مەبلەغ يۆتكەش يوللىرى كېڭەيتىلگەن، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ خەلقئارالاشقان تىجارىتى بىر ئاز كېڭەيدى. 72 گۇرۇھنىڭ 68ى مەبلەغ سېلىشتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. گۇرۇھقا ئەزا كارخانىلار ئىچىدىكى پەيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر 10 غا يەتتى. 14 گۇرۇھ پاي چېكى زايومى شەكلىدە كاپىتال بازىرىغا مەبلەغ يۆتكەشتۈردى، 11 گۇرۇھ چەت ئەل كارخانىلىرى بىلەن شېرىك مەبلەغ سېلىپ بىرلەشمە تىجارەت قىلىشنى يولغا قويدى؛ 61 گۇرۇھ سىرتقا قارىتا كېپىللىك قىلىش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، 54 گۇرۇھ سىرتتىن قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەك ھەمكارلىقى ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، 8 گۇرۇھ 2002-يىلدىن باشلاپ تاشقى ئىشلار بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ئىككىنچىدىن، باج سىياسىتى پەيدىنپەي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 28 گۇرۇھ بىر تۇتاش باج

تاپشۇرۇشنى يولغا قويدى. ئۈچىنچىدىن، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاشقا ياردەم بېرىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىيات غەيرىتى ۋە بازار رىقابەت ئىقتىدارى ئۆستى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون تېخنىكا يېڭىلاش تۈرىدىن 358نى چۈشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 20 تۈر دۆلەت پىلانىغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى، 5 تۈر دۆلەتنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئۇقتۇرۇش سىناق قىلىش پىلانىغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى، شىنجاڭ دورىچىلىق گۇرۇھى قاتارلىق 11 كارخانىنىڭ تېخنىكا مەركىزى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى. ئاپتونوم رايوندىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 25ىدە تېخنىكا تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش مەركىزى قۇرۇلدى. 2002 - يىلى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش خىراجىتى 2001 - يىلدىكىدىن 5 ھەسسە كۆپەيدى، يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش كىرىمى 4 ھەسسە كۆپەيدى، يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش كىرىمىنىڭ تىجارەت كىرىمىدىكى سالمىقى 2001 - يىلدىكى %86.0تىن %73.3كە كۆپەيدى. تۆتىنچىدىن، ئاكتىپنى كۆپەيتىپ، پاسسىپنى ئازايتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. 59 گۇرۇھ تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق دۆلەت كاپىتالى فوندىنى كۆپەيتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرز پۇلنى مەبلەغكە ئۆزگەرتىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغان گۇرۇھ 7دىن 9غا، ھەقدارلىق ھوقۇقىنى پاي ھوقۇقىغا ئۆزگەرتكەن گۇرۇھ 14 تىن 16گە كۆپەيدى، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ساپ مال - مۈلكى بىر قەدەر زور ھەجىمدە ئېشىپ، مال - مۈلۈكنىڭ قوغدالما قىممىتى ۋە ئاشۇرۇلما قىممىتى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

خۇاڭ لىڭدى

## كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرغان مەسىلىلەر

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانا باشقۇرغۇچىلىرىدىن سوئال سوراش قەغىزى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئاپتونوم رايوندىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تۈزۈلۈك كەمچىلىكى ۋە ئۆزگىچە كەمچىلىكى بىلەن كەڭ كۆلەملىك تونۇش قىلىش، خەلقئارا رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە چوڭ كارخانىلار گۇرۇھىنى يېتىلدۈرۈش مۇناسىۋىتىدە، مۇنداق ئىككى قاتلاملىق مەسىلىگە دۇچ كەلگەنلىكى ئەكس ئەتكەن:

بىرىنچى، كارخانا گۇرۇھلىرى تەرەققىياتىنىڭ سىرتقى مۇھىتىنى يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن، گۇرۇھلارنىڭ مال - مۈلۈكنى قايتا تەشكىللىشى، كۆلەمنى كېڭەيتىشى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىش قىيىن بولغان

توسالغۇغا ئۇچرىغان. ئاپتونوم رايوندىكى كارخانا گۇرۇھلىرى ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 4، دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل مەبلەغلىك كارخانا 19، دۆلەت يالغۇز مەبلەغ سالغان ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول گۇرۇھلىرى ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەنلىكتىن، دۆلەت مال - مۈلكىنىڭ ساقلانما قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قىيىن. ئىگىدارلىق هوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش هوقۇقىنى ئايرىۋېتىشتىمۇ قىيىنچىلىق بار، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىلماسلىق، مەمۇرىيەت بىلەن مەبلەغ ئايرىلماسلىق مۇئەييەن دەرىجىدە مەۋجۇت، كارخانىنىڭ تىجارەت مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈزۈل - كېسىل بولماسلىقى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ قوشۇلۇش، قايتا تەشكىللىنىشىنى تولۇق ئەمەلدىن قېلىپ قالغان مەسىلىگە دۇچ كەلتۈردى. %50تىن كۆپ كارخانا قوشۇۋېتىلىش هالىتىدە تۇرغان كارخانىلارنىڭ تارىختىن بۇيان بانكىدىن ئالغان قەرزلىرىنى قايتۇرالماسلىق يۈكىنىڭ بىر قەدەر ئېغىرلىقىنى، قوشۇۋېتىلىدىغان كارخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ قىيىنلىقىنى ئىنكاس قىلدى؛ %40 كارخانا رايونلار، تارماقلار بىلەن ساهەلەر بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى، كاپىتال بازىرى، مۈلۈك هوقۇقى بازىرىنىڭ يېتىلىش ساغلام بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ رايون ھالقىپ، ساھە ھالقىپ، مۈلۈكچىلىك ھالقىپ مال - مۈلۈكنى قايتا تەشكىللىشىنىڭ قىيىنلىقى بىر قەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىنكاس قىلدى. %65 گۇرۇھ دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى.

ئىككىنچى، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتى ۋە باشقۇرۇشىدا مەسىلە ساقلانغان، بۇ گۇرۇھلارنىڭ يەنىمۇ چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلىشى، تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشىنى چەكلىگەن. گۇرۇھنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللاردىن قارىغاندا، %83 كارخانا مەبلەغنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن چۆشلىنىپ قالغان، كارخانىنىڭ پاسسىپ نىسبىتى يەنىلا بىر قەدەر يۇقىرى بولغان. %42 كارخانىنىڭ قەرزدارلىق يۈكى بەك ئېغىر ئىكەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ پاسسىپ نىسبىتى %94كە، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ %66كە، پاي شىركەتلىرىنىڭ %58كە يەتكەن. %37.5 كارخانا مەھسۇلاتىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ كەم بولۇشى، ئاساسلىقى كارخانىلارنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئىقتىدارى، مەھسۇلات كەشىپ قىلىش ۋە بازارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، ئۆزىنىڭ تېخنىكىسى ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە مەھسۇلاتىنىڭ كەمچىل بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا كېلىپ چىققان ئارتۇق خادىملارنى ئارقىلاشتۇرۇش مەسىلىسىنىڭ بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، گۇرۇھنىڭ ئۆزلۈكىدىن مۇقىم تەرەققىي قىلىش ئاساسى مۇستەھكەم بولمىغانلىقىنى ئىنكاس قىلغان.
گۇرۇھلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش دۇچ كەلگەن ئاساسلىق مەسىلىلەردىن قارىغاندا، بەزى كارخانا گۇرۇھلىرى گەرچە تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ شىركەت تۈزۈمىگە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ زامانىۋى چوڭ شىركەتلەردىن ناھايىتى زور پەرقى بار ئىكەن. نۆۋەتتە، يەنە %40 گۇرۇھتا قېلىپلاشقان ئانا شىركەت تۈزۈلمىسى ئورنىتىلمىغان، %40 گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۈلۈك هوقۇقى مۇناسىۋىتى تېخى راۋانلاشمىغان. كەسپىي دىرېكتور قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقىدىن گۇرۇھ كارخانىچىلىرىنىڭ تۈھپىسى بىلەن كىرىمى ماس كەلمەي، گۇرۇھ قانۇنىي ئىگىسىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىغا ئىنتايىن زور تەسىر يەتكەن. %70 كارخانا گۇرۇھنىڭ قانۇنىي ئىگىسى گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە باشقۇرغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە چەكلەش مېخانىزمىنىڭ كەملىكى دەپ قارىغان. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تەقسىمات چارىسىنى ئىمكانقەدەر تېزلىكتە ئۆزگەرتىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان، بازارنىڭ ئايلىنىش قائىدىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، كارخانا گۇرۇھنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە چەكلەيدىغان مېخانىزمنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باشقۇرغۇچىلارنىڭ كىرىمى بىلەن باشقۇرۇش نەتىجىسىنى چېتىشتۇرۇش باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئەڭ زور يوشۇرۇن كۈچىنى ئىشقا سېلىش، كارخانىچىلار قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى.

خۇاڭ لىڭدى

## زىيانلىق كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭ كارخانا تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىشنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن 58 كارخانىدىن دۆلەت زىيانلىق ئالاقىلىشىدىغان 5 كارخانا، دۆلەت سىناق نۇقتىسى قىلغان 2 كارخانا، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان بىر گۇرۇھ ئانا شىركىتى، ئىلگىرى ئاپتونوم رايون سىناق نۇقتىسى قىلغان 14 كارخانا ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولغان 36 كارخانا ئۈستىدە، ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، 2002 - يىلى زىيانلىق كارخانىلارنىڭ مۈلۈك هوقۇقىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش پەيدىنپەي

شەكىللىنىپ، ئاكتىپ كۆلىمى كېڭىيىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى مال - مۈلۈكنىڭ قوغدالما قىسمىتى، قوشۇلما قىممىتى ئۆسكەن، كارخانا ئىسلاھاتى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

ئۆتقىلىق كارخانىلارنىڭ كەسىپ جەھەتتىن جايلىشىشى ئاساسەن مۇنداق: سانائەت كارخانىسى 44؛ توپ - پارچە سېتىش سودىسى قىلىدىغان كارخانا 6، بىناكارلىق كارخانىسى 4، يېزا ئىگىلىك كارخانىسى بىر، ترانسپورت كارخانىسى بىر، پوچتا - تېلېگراف كارخانىسى بىر، پۇل مۇئامىلە كارخانىسى بىر، باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا بىر.

ئۆتقىلىق كارخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىلىرىدىن ئىبارەت. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىسى 49. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى مۇتلەق پاي كونترول كارخانىسى 45، دۆلەت ئىلكىدىكى نىسپىي پاي كونترول كارخانىسى 4. كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى پاي كونترول كارخانىسى بىر، باشقا پاي كونترول كارخانىسى 8.

ئۆتقىلىق كارخانىلاردا چوڭ تىپتىكى كارخانا كۆپ، ئالاھىدە چوڭ تىپتىكىسى 5، چوڭ تىپتىكىسى 37، ئوتتۇرا تىپتىكىسى 14، كىچىك تىپتىكىسى بىر، تىپى ئايرىلمىغىنى بىر.

چېن كۈي

## ئۆتقىلىق كارخانىلاردا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىش ئەھۋالى

1. كارخانا تۈزۈمىنىڭ يېڭىلىنىش ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. كۆزىتىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئۆتقىلىق كارخانىلاردىن 49ى تۈزۈم ئۆزگەرتىشنى تاماملىدى، تۈزۈم ئۆزگەرتىش كۆلىمى %84.5كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن بىر ئاز كېڭەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈزۈمنى دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل مەبلەغلىك شىركەتكە ئۆزگەرتكىنى 13 بولۇپ، %22.4نى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە ئۆزگەرتكىنى 13 بولۇپ، %22.4نى؛ پاي چەكلىك شىركىتىگە ئۆزگەرتكىنى 23 بولۇپ، %39.7نى ئىگىلەيدۇ. تۈزۈمى ئۆزگەرتىلمىگەن كارخانىلاردىن 3ى تۈزۈمىنى شىركەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىۋاتىدۇ.

2. كارخانىلاردا ئېنىق بولغان مەبلەغ چىقارغۇچىلار تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئۆتقىلىق كارخانىلارنىڭ %93.1دە مال - مۈلۈك ئېنىقلاش، مەبلەغ تەكشۈرۈش تاماملىنىپ، ئېنىق بولغان مەبلەغ چىقارغۇچىلار بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەبلەغ چىقارغۇچىلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانى بىر بولغىنى 21، 2 دىن 5كىچە بولغىنى 22، 5 تىن كۆپ بولغىنى 11.

3. كارخانىنىڭ كاپىتال قۇرۇلمىسى كۆپ مەنبەلىشىشكە يۈزلەندى، دۆلەت كاپىتالىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، قانۇنىي ئىگە كاپىتالى ۋە باشقا تىپتىكى كاپىتالنىڭ كۆپىيىشى بىر قەدەر تېز بولدى. 2002 - يىلى ئۆتقىلىق كارخانىلاردا بار بولغان دەسمايە 54 مىليارد 60 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %49.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كاپىتالى 29 مىليارد 230 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي كاپىتالنىڭ %54.1نى ئىگىلەپ، 34 پىرسەنت پونكىت تۆۋەنلىدى؛ قانۇنىي ئىگە كاپىتالى 23 مىليارد 60 مىليون يۈەن بولۇپ، %42.7نى ئىگىلەپ، 37.1 پىرسەنت پونكىت كۆپەيدى؛ شەخسلەر كاپىتالى ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى كاپىتالى 1 مىليارد 570 مىليون يۈەن بولۇپ، %2.9نى ئىگىلەپ، 1.2 پىرسەنت پونكىت تۆۋەنلىدى.

4. قانۇنىي ئىگە ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى مۇكەممەللىشىشكە يۈزلەندى. ئۆتقىلىق كارخانىلارنىڭ %40دە پايچىكلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، %90 كارخانىنىڭ پايچىكلار ھەيئىتى شىركەتنىڭ تىجارەت فاڭجېنى ۋە مەبلەغ سېلىش پىلانى، سايلام ئۆتكۈزۈپ مۇدىرلارنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق چوڭ ئىشلارنى قارار قىلالايدۇ؛ %77.6 كارخانىدا مۇدىرىيەت قۇرۇلدى، %90 كارخانىدىكى مۇدىرىيەت شىركەتلەرنىڭ تىجارەت پىلانى تۈزۈش، مەبلەغ سېلىش، مالىيە ئىشلىرى ۋە ئاپپارات تەسىس قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلىرىنى تولۇق يۈرگۈزەلەيدۇ، يۇقىرى سەۋىيىلىك باشقۇرغۇچىلارنى تەكلىپ قىلالايدۇ؛ %65.5 كارخانىدا نازارەتچىلىك ھەيئىتى قۇرۇلدى، %90 كارخانىدىكى نازارەتچىلىك ھەيئىتى شىركەتنىڭ مالىيىسىنى تەكشۈرەلەيدۇ، مۇدىرىيەت ۋە دىرېكتورلارنىڭ شىركەت نىزامنامىسىگە خىلاپ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن نازارەت قىلالايدۇ.

5. كارخانىلارنىڭ 3 خىل تۈزۈم ئىسلاھاتى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. ئۆتقىلىق كارخانىلارنىڭ %93دە ئەمگەك توختامى تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى؛ %83دە بارلىق خادىملار رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ %78دە كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خادىملارغا قارىتا ئاشكارا رىقابەتلەشتۈرۈپ تەكلىپ قىلىش يولغا قويۇلۇپ، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەم كىرەلەيدىغان، ھەم چىقالايدىغان، كادىرلار ھەم ئۆرلىيەلەيدىغان، ھەم چۈشەلەيدىغان مېخانىزم دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ %85 دە ئىش ئورنى مائاشى ئاساس قىلىنغان مائاش تۈزۈمى شەكىللەندى؛ %45دە پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كىرىمىگە قارىتا رىغبەتلەندۈرۈش

مېخانىزمى يولغا قويۇلدى؛ %43دە باشقۇرغۇچىلارغا يىللىق مائاش بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ %14دە باشقۇرغۇچىلار پاي ھوقۇقى قەرەللىك چېكىگە ئىگە بولدى.

6. كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى يەنىمۇ كېڭەيدى. ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە، نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ باش دىرېكتورلىرى خىزمەت ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزەلەيدۇ. %98 كارخانىنىڭ باش دىرېكتورلىرى بازار ئىستىقبالى ۋە كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىگە ئاساسەن زور مەبلەغ سېلىش تەدبىرىنى تۈزەلەيدۇ، تىجارەتنى تەشكىللەپ يولغا قويالايدۇ؛ %95 كارخانىنىڭ باش دىرېكتورلىرى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئاپپارات تەسىس قىلىش لايىھىسىنى تۈزەلەيدۇ ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا رىياسەتچىلىك قىلالايدۇ؛ %83 كارخانىنىڭ باش دىرېكتورلىرى يۇقىرى قاتلامدىكى باشقۇرغۇچىلارنى تەكلىپ قىلالايدۇ ياكى تەكلىپنى بىكار قىلالايدۇ؛ %78 كارخانىنىڭ باش دىرېكتورلىرى باشقۇرۇشتا مەسئۇل خادىملارنى تەكلىپ قىلالايدۇ ياكى تەكلىپنى بىكار قىلالايدۇ. ئادەم باشقۇرۇش جەھەتتە، كارخانىنىڭ ئوتتۇرا قاتلام باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش ئۇسۇلى جەھەتتە، باش دىرېكتور ئۆز ئالدىغا قارار قىلالايدىغانلىرى ياكى باش دىرېكتور ئىسمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇدىرىيەت تەكلىپ قىلىدىغىنى %43نى تەشكىل قىلىدۇ.

7. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىنى باشقۇرۇش ۋە سۈپەت باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ %90دە مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمى ئورنىتىلدى ھەمدە قاتتىق ئىجرا قىلىندى. 40 كارخانا ISO9000 سۈپەت تەكشۈرۈش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئۆتتى ھەمدە 11 كارخانا ISO4000 نىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى.

چېن كۈي

## نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئىقتىدارىنىڭ ئېشىش ئەھۋالى

1. مۈلۈك كۆلىمى كېڭىيىپ، ئاساسلىق تىجارەت كەسپىنىڭ كىرىمى سىجىل ئاشتى. 2002 - يىلى نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مۈلكى 187 مىليارد 560 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %9.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىلىرىنىڭ %9، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى پاي كونترول كارخانىلىرىنىڭ %66.7، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ %27.2، دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل مەبلەغلىك شىركەتلەرنىڭ %36.6، پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ %31.7 ئاشتى. دۆلەت كارخانىلىرى

نىڭ %15.2 تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق تىجارەت كەسپىي كىرىمى 82 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 20 كارخانىنىڭ ئاساسلىق تىجارەت كەسپىي كىرىمى 1 مىليارد يۈەندىن، 10 كارخانىنىڭ ئاساسلىق تىجارەت كەسپىي كىرىمى 500 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

2. دۆلەت مۈلكىنىڭ قوغدالما قىممىتى ۋە قوشۇلما قىممىتى ئىشقا ئاشتى. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى پايچەك (ئىگىدارلىق قىلغۇچى) نىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى 82 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.2 ئاشتى؛ مۈلۈكنىڭ قوغدالما قىممەت، قوشۇلما قىممەت نىسبىتى %106.2 بولدى.

3. شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ تىجارەت ئۈنۈمى تۈزۈمى ئۆزگەرتىلمىگەن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭكىدىن ياخشى بولدى. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ پايدىسى 7 مىليارد 720 مىليون يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3 مىليارد 380 مىليون يۈەن ئازايدى. لېكىن نېفىت ساھەسىنىڭ پايدىسى زور ھەجىمدە ئاشقانلىقتىن، نۇقتىلىق كارخانىلاردىن پايدىسى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشقانلىرى 20، 500 مىليون يۈەندىن ئاشقانلىرى 5 بولدى، %60تىن ئارتۇق كارخانىنىڭ پايدا سوممىسىدا ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. پايدا سوممىسى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى پاي شىركىتىنىڭ 6 مىليارد 50 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.6 ئاشتى، ئۇنىڭدىن قالسا، باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ 920 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %128.4 ئاشتى؛ دۆلەت كارخانىلىرى 630 مىليون يۈەن زىيان تارتتى؛ دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل مەبلەغلىك شىركەتلەرنىڭ 140 مىليون يۈەن بولۇپ، %96.1 تۆۋەنلىدى.

4. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت قىلىپ سېتىش ۋەزىيىتى ياخشىلاندى. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت قىلىپ سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 640 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ %12.9 ئاشتى، توپ - پارچە سېتىش سودىسىدىكىلەرنىڭ %36.2 تۆۋەنلىدى. باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ %28.6، پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ %7.1، باشقا كارخانىلارنىڭ %108.3 ئاشتى، دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل مەبلەغلىك شىركەتلەرنىڭ %17.2 تۆۋەنلىدى.

5. نۇقتىلىق كارخانا كەسپكارلىرىنىڭ مائاشى كۆپەيدى. نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ كەسپكارلىرى 302 مىڭ 866 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.8 كۆپەيدى، كەسپكارلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 19 مىڭ 415 يۈەنگە

بېتىپ، %6.8 ئاشتى. ئۇقتىلىق كارخانىلاردىكى تەتقىق قىلىدىغان، ئۆزلەشتۈرىدىغان خادىملار 6060قا يېتىپ، %21.4 كۆپەيدى. ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 29 مىڭ 803 يۈەنگە يېتىپ، %10.8 ئاشتى.

6. كارخانىلاردىكى تېخنىكا يېڭىلاش ھەرىكىتى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ 35ىدە تېخنىكا مەركىزى قۇرۇلدى. 3 كارخانىدىكىسى دۆلەت دەرىجىلىك تېخنىكا مەركىزى، 33 كارخانىدىكىسى ئاپتونوم رايون ياكى باشقا دەرىجىدىكىلەر ئېتىراپ قىلغان تېخنىكا مەركىزى. كۆپ ساندىكى كارخانىلارنىڭ تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش خىراجىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەلەپنى قاندۇرىدۇ. ئۇقتىلىق كارخانىلار كۆپ خىل شەكىلدىن پايدىلىنىپ يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكىغا ئېرىشىپ، كارخانىنىڭ تىجارەت قىلىش غەيرىتىنى ئۇستۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئۆزلەشتۈرگەن ۋە كىرگۈزگەن تېخنىكىنىڭ ھەزىم قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغىنى، يېڭىلانغىنىنىڭ ھەر قايسىسى %60.3نى ئىگىلىدى؛ ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۆزلەشتۈرۈلگىنى %46.6نى، ئۆزلەشتۈرۈشكە ھاۋالە قىلىنغىنى %32.8نى، نەتىجىسى ئۆتۈنۈلگىنى %17.2نى ئىگىلىدى. 2002 - يىلى ئۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ يېڭى مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 880 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %35.4 ئاشتى.

چېن كۈي

# ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

## توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

2002 - يىلى شىنجاڭدا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈرىدىن 1273ى يېڭىدىن ئىمزالاندى. توختامدىكى سوممىسى 25 مىليارد 583 مىليون يۈەن. بۇنىڭدىن ئەمەلىيلىشىپ ئىجرا قىلىنغان ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈرى 1202 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %20.8 ئاشتى، ئىجرا قىلىنغان توختامنىڭ سوممىسى 11 مىليارد 408 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.2 ئاشتى؛ باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىن كىرگۈزۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 3 مىليارد 165 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.4 ئاشتى، ماددىي ئەشيا ھەمكارلىقى سوممىسى 3 مىليارد 161 مىليون يۈەن بولدى.

1. ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش - ھەمكارلىشىش، سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش مۇھىتى يەنىمۇ سەرخىللاشتى، جەلپ قىلىش كۈچى بەنىمۇ ئاشتى. 2002 - يىلى شىنجاڭدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈشكە دائىر بىر قانچە سىياسەت بەلگىلىمىلىرىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشتا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشتا يەردىن پايدىلىنىش ۋە قېزىلما بايلىق جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەبلەغ سېلىشنىڭ يۇمشاق مۇھىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەمكارلىق ئىشخانىلىرى شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىچكى جەھەتتە بىرلەشكەن كارخانىلارغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇش كۈۋاھنامىسى بېجىرىپ بەردى. شۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتى.

2. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھەمكارلىقىدا سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈشنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. 2002 - يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەر ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش - ھەمكارلىشىش، سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈشنى نىشانلىق باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، تۈرلەرنى كونكرېت ئورۇن ۋە جاۋابكارلارغا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى ۋە مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتىنى ئۆستۈردى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تۈرلەرنى ئىجرا قىلىش نىسبىتى %88.8كە يەتتى، مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى %65تىن ئاشتى.

3. ئەلئارا كاپىتال كىرگۈزۈشتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. 2002 - يىلى جايلاردىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تارماقلىرى دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ كارخانىلارنىڭ مەبلىغىنى كىرگۈزۈشنى كۆچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېڭىز بويىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلاردىكى شەخسلەر مەبلىغىنىڭ كىرگۈزۈلۈشىنى كۈچەيتتى. كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ ئىچىدە، كىرگۈزۈلگەن ئەلئارا مەبلەغ ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مەبلىغى كىرگۈزۈلگەن پۈتكۈل مەبلەغنىڭ %65نىنى ئىگىلىدى. ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ئىجرا قىلىنغان تۈرلەر ئىچىدە، باشقا ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىكى خۇسۇسىي كارخانىلار مەبلەغ سالغان تۈر %47.1نى ئىگىلىدى. بىر يىلدا ئىجرا قىلىنغان مەبلەغ ئىچىدە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مەبلىغى %45.9نى ئىگىلەيدۇ.

4. تۈرلۈك مەبلەغ سېلىش سۆھبەت يىغىنلىرىغا،

ئىقتىساد ـ سودا يەرمەنكىسىگە پائال قاتنىشىلىپ، سودىگەر چاقىرىش ـ مەبلەغ كىرگۈزۈش كۈچەيتىلدى. 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۇيۇشما تەشكىللەپ، شىئەن ئوتتۇرا ـ غەربىي قىسىمغا مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسى، گۇاڭجۇ تاۋار يەرمەنكىسى، شيامىن تاشقى ئىقتىساد ـ سودا يەرمەنكىسى قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ ئىقتىساد ـ سودا پائالىيىتىگە قاتناشتى. «شىئەن يەرمەنكىسى»دە شىنجاڭ 50 نەچچە ھەمكارلىق تۈرى ئىمزالىدى، توختام سوممىسى 2 مىليارد 659 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى.

5. ئالىي مەكتەپلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىق كۈچەيتىلىپ، شىنجاڭنىڭ «شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2002 ـ يىلى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ـ ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ خىمىيە سانائىتى ئۇنىۋېرسىتېتى، غەربىي ـ جەنۇب قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئوتتۇرا جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شەرقىي ـ شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىر تۈركۈم مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى كېلىشىمى ئىمزالاندى. ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە قۇرغان بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى — شىنجاڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەر باغچا رايونىدا 2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى باغچا رايوننى ئېچىش ۋىۋىسكىسى رەسمىي ئېسىلدى، كىرگۈزۈلگەن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تۈرى 22 بولۇپ، ئۇنىڭغا 600 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىنىدۇ. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى چېڭدۇ شۆبە ئاكادېمىيىسى، شاڭخەي شۆبە ئاكادېمىيىسى، دالىيەن خىمىيە ـ فىزىكا تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنى تەشكىللەپ، سانجى شەھىرىدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى ھەمدە سانجى ئوبلاستى بىلەن 218 پارچە توختام ۋە ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى بېيجىڭ «تيەنتەن» دوختۇرخانىسى بىلەن بىرلىشىپ شىنجاڭ تاشقى كېسەللىكلەر تېخنىكا تەتقىقات مەركىزى قۇردى.

يۈەن جىنلياڭ

## قوشۇمچە — 1

شىنجاڭ 2002 ـ يىلى باشقا ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كىرگۈزگەن تۈرلەر:

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 10 تۈر

1. جېجياڭ ئۆلكىلىك «پېندې» ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېتال بۇيۇملار، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ «شىنخۇا پېندې» سارىيى قۇردى، بۇنىڭغا 120 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. جېجياڭ «شىڭلې» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى بىڭتۇەن 2 ـ شىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «يېڭى ئەسىر» سودا مەيدانى قۇردى. بۇنىڭغا 120 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. بېيجىڭ شەھىرىدىكى «باۋلې» ئۈسكۈنە چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جيۇجياۋەن چوڭ ئەترىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ قار قور توپ سېتىش بازىرى قۇردى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. بېيجىڭدىكى «پۇرسمات» قا ئەزا مال سېتىۋېلىش مەركىزى شىنجاڭ غەربىي قىسىم ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «نومات» مال سېتىۋېلىش مەركىزى قۇردى، بۇنىڭغا 100 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى «تەيخۇ» بېزەكچىلىك چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرى دۇڭشەن رايونلۇق پىلان ئىقتىساد كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بېزەكچىلىك ماتېرىياللىرى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى جيۇخەيدىكى «يۇڭدا» خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ سىر ئىچەش دورىسى قوشۇش تۈرى قۇردى، بۇنىڭغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. خېيىەندىكى «خەيخۇاڭ» پاي كونترول چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ خەيخۇاڭ تىببىي دورا ئېلېكترونلۇق سودا مەركىزى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى «لۇڭناڭ» گۇرۇھى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا شىنجاڭ ـ لۇڭناڭ ئېلېكتر چەكلىك شىركىتى قۇردى، بۇنىڭغا 12 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. خېنەن ئۆلكىسىدىكى جېڭجۇ «يۇتۇڭ» ئاپتوبۇس پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا «يۇتۇڭ» ئاپتوبۇس سېتىش مۇلازىمەت مەركىزى قۇردى، بۇنىڭغا 9 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

10. بېيجىڭ «دېرۇن جۇڭتيەن» مەبلەغ سېلىش شىركىتى ئۈرۈمچى «تيەنكاڭ» چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ «تيەنرۇن» كالا ئوزۇق سۈتى پىششىقلاش لىنىيىسى قۇردى، بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 6 تۈر

1. شاڭخەي «شىڭاڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى توقسۇن ناھىيىسىدە، 50 مىڭ ئۇرچۇقلۇق توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتتى، بۇنىڭغا 46 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. گەنسۇدىكى «تيەنجىڭشياڭ» چەكلىك شىركىتى تۇرپان ۋىلايەتلىك «لوپىڭ» ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ قوغۇن ھارىقى سېتىش ھوقۇقىنى سېتىۋالدى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى سودىگەر سۇ يۈچىڭ پىچان ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ دوختۇرخانا قۇردى، بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى سودىگەر شۈي كاڭلۇڭ پىچان ناھىيىسىدە يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى ياڭ دۇڭفېڭ، جياڭ مىنشېڭ قاتارلىق 5 سودىگەر پىچان ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ تاش ماتېرىيال پىششىقلاپ ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭغا 29 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ تەنجاڭ شەھىرىدىكى «جاۋلۇ» شىركىتى پىچان ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ يېشىل ئۈزۈمنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى قۇردى، بۇنىڭغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 6 تۈر

1. بېيجىڭدىكى «جۇڭمېيەن زىڭگۇاڭ» پەن - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پاختا - چىگە شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، پاختا ئاقسىلى پىششىقلاپ ئىشلەشنى يولغا قويدى، بۇنىڭغا 11 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

2. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇئەن شەھىرىدىكى ئۆمۈر رۇدېسى تاللاش زاۋۇتى قۇمۇل شەھىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ۋىيا تانتال - تىتان - ماگنىت كېنى ئاچتى، بۇنىڭغا 13 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى «پېدەن» كۆن - خۇرۇم چەكلىك شىركىتى قۇمۇلدىكى «چاڭلىيەن چاڭيى» شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، يىلىغا 800 مىڭ دانە كۆن - خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش لىنىيىسى قۇردى، بۇنىڭغا 8 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى «شۈن تيەنشىن» سودا چەكلىك شىركىتى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى بىلەن كۆزلۈك قوغۇن سېتىۋېلىش - سېتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنجۇ شەھىرىدىن كەلگەن سودىگەر جاڭ لىخۇي قۇمۇلدا مەبلەغ سېلىپ ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭغا 50 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

سانجى ئوبلاستىنىڭ 29 تۈر

1. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي گەنسۇ «شېنلۇڭيەن» جۇڭيى تىبابىتى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر شىركىتى جىمسار ناھىيىسىدە، جۇڭيى تىبابىتى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر بازىسى قۇردى، بۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. خېبېي ئۆلكىسىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچى ۋاڭ گۇاڭشى جىمسار ناھىيىسىدە، كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇردى، بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. خېنەن ئۆلكىسىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچى خۇ جۈنى جىمسار ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ، «جىنخېڭمېي» كراخمال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. خۇبېي ئۆلكىسىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچى جياڭ خېڭتاۋ جىمسار ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ كۆمۈركانىنى كېڭەيتتى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى «نەنتۇڭ» بىزەكچىلىك شىركىتى مورى ناھىيىسىدە خەلق مەيدانى ياسىدى، بۇنىڭغا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مېيەنياڭ ۋىلايىتىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچى بۇ جۈبىن مورى ناھىيىسىدە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭغا 7 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. چۇڭچىڭ شەھىرىدىكى «داشىنەن» يېقىلغۇ گاز چەكلىك شىركىتى مورى ناھىيىسىدە، تەبىئىي گاز زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. خېنەن ئۆلكىلىك سۇچىلىق نازارىتىنىڭ قۇرۇلۇش 2 - ئىدارىسى مورى ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ ئىككىنچى بۇلاق سۇ ئامبىرىنى ياسىدى، بۇنىڭغا 11 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شۈيجۇ شەھىرىدىكى تاشقى بىناكارلىق شىركىتى فۇكاڭ شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ، شىمالىي شەھەر سودا بازىرىنى قۇردى، بۇنىڭغا 13 مىليون

يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

10. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ياڭجۇ شەھىرىدىكى «خۇڭشىن» شىركىتى فۇكاڭ ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

11. رەڭلىك مېتال شاڭخەي شىركىتى فۇكاڭ شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ قىممەت مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش لىنىيىسى قۇردى، بۇنىڭغا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

12. فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ فۇجۇ شەھىرىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچى فۇكاڭ شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ، «كاڭخۇا» ماي قاچىلاش پونكىتى قۇردى. بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

13. سىچۈەن «شىنتەي» يېقىلغۇ گاز شىركىتى فۇكاڭ شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى، بۇنىڭغا 19 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

14. شەندۇڭدىكى ئۆي چېقىش - كۆچۈرۈش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى فۇكاڭ شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ «شىنلۇڭ» ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى شىركىتى قۇردى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

15. سىچۈەن ئۆلكىسى چېڭدۇ شەھىرىدىكى يەن - تېخنىكا شىركىتى فۇكاڭ شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ شەرقىي جۇڭغار تاختاي زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 6 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

16. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى «ماۋشىن» سودا چەكلىك شىركىتى گۆچۈڭ ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ «يۈشىن» زىغىر زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 20 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

17. شەندۇڭ جېڭجۇدىكى «يەنشياڭ» پاختا يىپ ئېگىرىش شىركىتى قۇتۇبى ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

18. خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنشياڭ شەھىرىدىكى تاماكا-هاراق شىركىتى قۇتۇبىدىكى «دافېڭ» هاراق زاۋۇتىنى سېتىۋالدى، بۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

19. جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى «ۋېيۈيې» گۇرۇھى قۇتۇبى ناھىيىسىدە سۈت ياسالمىلىرى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 40 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

20. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ باۋدىڭ شەھىرىدىكى ئاليۇمىنچىلىق شىركىتى خېبېيدىكى «لىجۇڭ» شىركىتى بىلەن بىرگە سانجى شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ كوبالت - نىتان-بور بىرىكمىسى ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنى قۇردى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

21. خېبېي ئۆلكىسىدىكى «يۈگۈەن» كابېل گۇرۇھى سىچۈەن شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ سىم - كابېل ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويدى، بۇنىڭغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

22. خۇنەن ئۆلكىسىدىكى «چىڭخۇا» گۇرۇھى سىچۈەن شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ چايدان ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويدى، بۇنىڭغا 8 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

23. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنجۇ شەھىرىدىكى «ئاۋلۇڭ» فار فور چەكلىك شىركىتى سىچۈەن شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ فار فور ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويدى، بۇنىڭغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

24. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنجۇ شەھىرىدىكى «ئاتلانتىك ئوكيان» فار فور شىركىتى سىچۈەن شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ فار فور ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

25. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنجۇ شەھىرىدىكى فار فور شىركىتى سىچۈەن شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ، فار فور ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭغا 28 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

26. خېبېينىڭ باجۇ دېگەن يېرىدىكى «خۇيشىڭ» تورۇبا زاۋۇتى سىچۈەن شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ تورۇبا كەپشەرلەش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

27. جياڭسۇنىڭ يىجۇ دېگەن يېرىدىكى چارۋىچىلىق شىركىتى سانجى شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ «شىنجاڭ» ئالاھىدە ئۇن زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

28. شاڭخەي ئولتۇراق ئۆي يەن - تېخنىكىسىغا مەبلەغ سېلىش شىركىتى سانجى شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ شاڭخەي باغچىسى ئولتۇراق رايونى قۇردى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

29. شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خۇشيەن ناھىيىسىدىكى قەغەز زاۋۇتى سانجى شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ «ياڭيالىڭ» ياسىمچىلىق چەكلىك شىركىتى قۇردى، بۇنىڭغا 7 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

بورتالا ئوبلاستىنىڭ بىر تۈر

جۇڭچىڭ شەھىرىدىكى «جۇڭيالىڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى مەبلەغ سېلىپ بورتالا ئوبلاستلىق سۈت ياسالمىلىرى زاۋۇتىنى سېتىۋالدى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 15 تۈر

1. سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى «كەييۈەن» ئۆي - زېمىن

تەرەققىيات شىركىتى قەشقەر شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ، ئۈنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرى قۇردى، بۇنىڭغا 60 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى «جېڭدا» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى قەشقەر شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ سودا مەركىزى قۇردى، بۇنىڭغا 50 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. جېجياڭدىكى «لوڭدا» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى قەشقەر شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى قۇردى، بۇنىڭغا 7 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى يەنبىڭ سۇلياۋ بولات چەكلىك شىركىتى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ رەڭلىك رېسور چەكلىك شىركىتى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى «فۇمىن» چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ، ياغاچچىلىق شىركىتى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى «خۇيبىر» شىركىتى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ «خەيتېرس» بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى قىلدى، بۇنىڭغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ لەنشى شەھىرىدىكى سېمونت چەكلىك شىركىتى يېڭىسار ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ سېمونت زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 18 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. جۇڭچىڭ شەھىرىدىكى «سىنشىڭ» يېقىلغۇ گاز شىركىتى يەكەن ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇردى، بۇنىڭغا 7 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىنيۈ شەھىرىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچى يەكەن ناھىيىدە پىيادىلەر سودا كوچىسى قۇردى، بۇنىڭغا 8 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

10. سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى «كەييۈەن» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى يەكەن ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ ئۈنىۋېرسال مال سېتىۋېلىش سارىيى سالدى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

11. شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى پىڭيى يەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى يەكەن ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ 10 مىڭ مو (666.7 گېكتار) يەرگە ئۈچقات تېرىدى، بۇنىڭغا 8 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

12. جۇڭچىڭ شەھىرىدىكى «سىنشىڭ» يېقىلغۇ گاز شىركىتى پوسكام ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇردى، بۇنىڭغا 27 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

13. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ باۋدىڭ شەھىرىدىكى «يۈڭشىياڭ» شىركىتى قاغىلىق ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ قەغەز زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

14. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچى مارالبېشى ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بازىرى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

15. شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرىدىكى «سېندى» يەن - تېخنىكا شىركىتى مەكىت ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ چۈچۈكبۇيا مەلھىمى زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

خوتەن ۋىلايىتى 3 تۈر

1. شەندۇڭنىڭ دۇڭئا بار بېلىق گۇرۇھى خوتەن ۋىلايىتىگە مەبلەغ سېلىپ بار بېلىق ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭغا 13 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى «خۇاجىن» مەبلەغ سېلىش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى نىيە ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ ئالتۇن قازدى، بۇنىڭغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. شاڭخەيدىكى «جيەنجىن» سودا چەكلىك شىركىتى خوتەن ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ، قەدىمىي مۇداپىئە كۆرۈش ئورنىنى بەرپا قىلدى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 16 تۈر

1. گۇاڭدۇڭ شېنجېندىكى «جىنپۇرۇن» شىركىتى كۇچا ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ، پىيادىلەر كوچىسى ياسىدى، بۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. جېجياڭنىڭ نىڭبو دېگەن يېرىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچى كۇچا ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ، كۆندىلەڭ سۇلياۋ تورى قۇردى، بۇنىڭغا 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. سىچۈەندىكى «شىنتەي» مەبلەغ سېلىش شىركىتى كۇچا ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشى قىلدى، بۇنىڭغا 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. جېجياڭدىكى «فۇلى» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى ئاۋات ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ پاختا پىششىقلاپ

ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 9 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. شەندۇڭنىڭ گۇەنشيەن ناھىيىسىدىكى «خۇيفېڭ» گۇرۇھى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ پاختا يىپ ئىگىرىش زاۋۇتىنى سېتىۋالدى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. خېنەن ئۆلكىسىدىكى پىڭدىڭشەن كۆمۈر كېنى باي ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ، كۆمۈر كان ئاچتى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. شەندۇڭدىكى «لۇشى» خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى باي ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ، ئىسسىقلىق بىلەن مەركەزلىك تەمىنلەش تورىنى قۇردى، بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى «يىشېڭ» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى ئاقسۇ شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ، پاختا يىپ ئىگىرىش فابرىكىسى قۇردى، بۇنىڭغا 36 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى «گودا» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى ئاقسۇ شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ، سودا پىيادىلەر كوچىسى ياسىدى، بۇنىڭغا 70 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

10. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچى ئاقسۇ شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ، «تۇڭخۇاڭ» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇردى ھەمدە پاختا ئاقسىلى پىششىقلاپ ئىشلىدى، بۇنىڭغا 16 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

11. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنجېن شەھىرىدىكى «خېڭۋېي» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى شايار ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئاچتى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

12. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاڭجۇ شەھىرىدىكى «فۇلى» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى شايار ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ پاختا زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 9 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

13. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ باۋدىڭ شەھىرىدىكى «مېيخۇا» توقۇمىچىلىق شىركىتى شايار ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ پاختا زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

14. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى «يىفېڭ» سېمونتچىلىق چەكلىك شىركىتى ئونسۇ ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنى پۈتۈنلەي سېتىۋالدى، بۇنىڭغا 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

15. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ چىچىخار شەھىرىدىكى «تۇنىڭ» ماي خىمىيە سانائىتى شىركىتى ئونسۇ ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ سىلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

16. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شۈيجۇ كان ئىشلىرى ئىدارىسى كۇچا ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ ئوقۇربۇلاق كۆمۈر كېنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

بايىنغولىننىڭ 15 تۈر

1. سىچۇەندىكى «دادى» تېرىقچىلىق شىركىتى كورلا شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ زىيانسىز كۆكتات تېرىش بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى «خۇالۇڭ» دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق تەرەققىيات مەسئۇلىيەت شىركىتى بۆگۈر ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ قويۇلدۇرۇلغان ئۆرۈك مۇرابباسى ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك نېفىتلىكىدىكى گۇجيەڭ شىركىتى بۆگۈر ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ، نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتە مۇلازىمەت قىلىش تورى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. «غالىبىيەت» نېفىتلىكىدىكى «خۇاڭخې گۇجيەڭ» شىركىتى بۆگۈر ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتە مۇلازىمەت قىلىش تورى قۇردى، بۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى «خۇالۇڭ» دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق شىركىتى بۆگۈر ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ 10 مىڭ توننىلىق پەمىدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. سىچۇەن ئۆلكىسىدىكى «شىنتەي» گۇرۇھ شىركىتى قاراشەھەر ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ، تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشى قىلدى، بۇنىڭغا 42 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى لەنشى سېمونت زاۋۇتى خېجىڭ ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ ئەسلىدىكى ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. خېبېي ئۆلكىسىدىكى «لەنبىڭ» پىۋا گۇرۇھى خېجىڭ ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ 20 مىڭ توننىلىق پىۋا ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 17 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چىڭشۈي ناھىيىسىدىكى ئىسسىقلىق تارقىتىش لېنتىسى قېلىپ زاۋۇتى خېجىڭ ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇردى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

10. بېيجىڭدىكى «شىنفۇسالى» گۇرۇھىنىڭ مەبلەغ سېلىش شىركىتى خېجىڭ ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ «ئاق قۇ كۆلى» ساياھەت تۈرى بەرپا قىلدى، بۇنىڭغا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

11. خۇنەن ئۆلكىسىدىكى مېتاللورگىيە گۇرۇھى بايىنغولىن ئوبلاستىغا مەبلەغ سېلىپ «1 - ئاۋغۇست» مىس كېنىنى ئاچتى، بۇنىڭغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

12. سىچۈەندىكى «باجۇڭ» پاختا يىپ ئېگىرىش فابرىكىسى لوپنۇر ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ تور پاختا ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 8 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

13. خېنەن ئۆلكىسىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك «مەيشەن» ماشىنا - ئېلېكتر چەكلىك شىركىتى كورلا شەھىرىدىكى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا مەبلەغ سېلىپ، نېفىت ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 26 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

14. بېيجىڭدىكى «ئەندۇڭتور» شىركىتى بۈگۈر ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ نېفىتلىك تېخنىكا مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتى قۇردى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

15. جۇڭگو ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەندۇڭنىڭ يىمبالى دېگەن يېرىدىكى مېۋىلىك دەرەخ تەتقىقات ئورنى كورلا شەھىرىدە 10 مىڭ مولۇق (7. 666 گېكتارلىق) ئىھاتە ئورمىنىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

شىخەنزىنىڭ 2 تۈر

1. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى «گۈللىنارلىق» چەكلىك شىركىتى شىخەنزە ئىقتىساد تەرەققىيات رايونىدا ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭغا 33 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. تيەنجىندىكى «دېڭشىن» پاي كونترول چەكلىك شىركىتى شىخەنزە شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ، تەييار چۆپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە ئىچىملىك چەكلىك شىركىتى قۇردى، بۇنىڭغا 165 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ 12 تۈر

1. تيەنجىندىكى «گۇاڭخې» يېمەكلىك گۇرۇھى غۇلجا شەھىرىدىكى چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىغا مەبلەغ سېلىپ پەمىدور قىيامى ئىشلىدى، بۇنىڭغا 35 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى «چېدۇڭ فېيلوڭ» ماي شىركىتى توققۇزتارا ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ ماي زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى «دېڭخەي» ئۇرۇقچىلىق چەكلىك شىركىتى توققۇزتارا ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ كۆممىقوناق ئۇرۇقى بازىسى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. شاڭخەي شەھىرىدىكى «گۇاڭمىڭ» سۈتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىلىغا مەبلەغ سېلىپ ئەلا نەسىللىك كالا يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇردى، بۇنىڭغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. جېجياڭنىڭ لەنشى شەھىرىدىكى «ليۇتۇڭشەن» سېمونتچىلىق گۇرۇھى ئىلىغا مەبلەغ سېلىپ سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇردى، بۇنىڭغا 13 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ مىنشۇي ناھىيىسىدىكى زىغىرچىلىق تەرەققىيات شىركىتى ئىلىغا مەبلەغ سېلىپ سۈپەتلىك زىغىر ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇردى ھەمدە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلىدى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ يەنچېڭ شەھىرىدىكى «يۈنخې» سۈنئىي تاختاي زاۋۇتى غۇلجا ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ ئوتتۇراھال زىچلىقتىكى پرېسلانغان تاختاي ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى «ئالتۇن لاچىن» پاي چەكلىك شىركىتى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ زىغىر ئىشلەپچىقىرىش - پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭغا 40 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. شاڭخەي شەھىرىدىكى «سەيكېشىڭ» ياغاچچىلىق شىركىتى ئىلىغا مەبلەغ سېلىپ قېرىنداش تاختىيى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

10. جۇڭگو «ليەنتۇڭ» شىركىتى كۈيتۇڭ شەھىرىدە خەۋەرلىشىش بىناسى سالدى. بۇنىڭغا 40 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

11. جېجياڭنىڭ لەنشى شەھىرىدىكى «تۇڭشەن» سېمونتچىلىق گۇرۇھى كۈنەس ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇردى، بۇنىڭغا 25 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

12. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى «ئالتۇن لاچىن» گۇرۇھى ئىلى 1 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى سېتىۋالدى، بۇنىڭغا 45 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 11 تۈر

1. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شۈيجۇ شەھەرلىك كان

ئىشلىرى ئىدارىسى تولى ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ كۆمۈر كانىنى كېڭەيتىپ قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. بېيجىڭ شەھىرىدىكى دۆلەت باغچىسى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى چەكلىك شىركىتى تولى ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ خروم كېنى ئاچتى، بۇنىڭغا 7 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭجياگاڭ شەھىرىدىكى مېتال ياساللىرى شىركىتى چاغانتوقاي ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنجۇ شەھىرىدىكى «جىنباۋ» شىركىتى شىخو شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭغا 14 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. خۇبېي ئۆلكىسىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچىلار شىخو شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ پاختا زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. بېيجىڭ شەھىرىدىكى «جياخۇڭ» يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى چەكلىك شىركىتى شىخو شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ يېزا ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭغا 16 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى خۇسۇسىي كارخانىچىلار شىخو شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ پاختا زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى «تەيجيا» ئاللا بازىرى ساۋەن ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ ئاللا بازىرى قۇردى، بۇنىڭغا 26 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چىڭداۋ شەھىرىدىكى «ۋېنيۇ» پىۋىچىلىك چەكلىك شىركىتى ساۋەن ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ پىۋا زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇردى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

10. سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى «لىلەي» شىركىتى ساۋەن ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ پاختا زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

11. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شۈجۇ شەھىرىدىكى ئۇرۇقچىلىق شىركىتى ساۋەن ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ كۆممىقوناق ئۇرۇقى بازىسى قۇردى، بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 8 تۈر

1. خېنەن ئۆلكىسىدىكى تەرەققىيات - قۇرۇلۇش شىركىتى كۆكتوقاي ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ كانچىلىقنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. گۇاڭشىنىڭ ليۇجۇ ئوبلاستىدىكى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش - سېتىش شىركىتى كۆكتوقاي ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ قوغۇشۇن - سىنىك كېنى ئاچتى، بۇنىڭغا 21 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى «يۈجۈن» چەكلىك شىركىتى ئالتاي شەھىرىگە مەبلەغ سېلىپ ئالتۇن قازدى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. خېبېي ئۆلكىسىدىكى «تيەنلۇڭ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ بېلىقچىلىقنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭغا 7 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. بېيجىڭدىكى خاناس رەختچىلىك شىركىتى بۇرچىن ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ خاناس يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى قۇردى، بۇنىڭغا 9 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ لەنشى شەھىرىدىكى «ليۇتۇڭشەن» قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى گۇرۇھى ئالتايغا مەبلەغ سېلىپ 100 مىڭ توننىلىق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. فۇجيەندىكى شاڭخاڭزى ئالتۇن كانچىلىق چەكلىك شىركىتى ئاشىلى مىس كېنىنى ئېچىشقا مەبلەغ قاتناشتۇردى، بۇنىڭغا 40 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تۇڭلىڭ شەھىرىدىكى «جۇڭدۇ» كانچىلىق قۇرۇلۇش شىركىتى ئاشىلى مىس كېنى بىلەن ھەمكارلىشىپ مىس كېنى قازدى، بۇنىڭغا 28 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

## قوشۇمچە - 2

2002 - يىلى شىنجاڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق سىستېمىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا 5 مىليون يۈەن خەلق پۇلىدىن يۇقىرى چەت ئەل (شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مەبلىغى كىرگۈزۈلگەن تۈرلەر

1. ياپونىيىنىڭ تويوتا ئاپتوموبىلى بويىچە جۇڭگودا مەبلەغ سېلىش شىركىتى شىنجاڭ ھەربىي سانائىتى ئىمپورت ئاپتوموبىل سېلىملىرى چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «خۇاتۇڭ» تويوتا ئاپتوموبىلى سېتىش مۇلازىمەت مەركىزى قۇردى، بۇنىڭغا 13 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. شياڭگاڭ «جۇڭچۈەن» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «خېڭجى» ئوقەتچىلىك

چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ «شىنخېگې» سودا شەھەرچىسى قۇردى، بۇنىڭغا 70 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. چىڭداۋدىكى تەيۋەن «جىياتيەن» قەغەزچىلىك شىركىتى بىلتۇر 5 ـ ئاينىڭ ... بىلەن ھەمكارلىشىپ «جىياتيەن» قەغەزچىلىك چەكلىك شىركىتى قۇردى، بۇنىڭغا 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى مەبلىغى كىرگۈزۈلدى.

4. بېيجىڭدىكى ئامېرىكا «فىبىلى» شىركىتى بىلتۇر 5 ـ ئاينىڭ ... بىلەن ھەمكارلىشىپ ياغىيۇ پىششىقلاپ ئىشلىدى، بۇنىڭغا 12 مىليون 600 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. بېيجىڭدىكى كورىيە «جىيۇشى» سودا جەمئىيىتى بىلتۇر 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ـ مەيدانى بىلەن ھەمكارلىشىپ مۇز پىششىقلاپ ئىشلىدى، بۇنىڭغا 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. شىياڭگاڭ «شىشېڭدا» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى باي ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ سودا پىيادىلەر كوچىسى ياسىدى، بۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. شىياڭگاڭ «شىشېڭدا» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى باي ناھىيىسىگە مەبلەغ سېلىپ سانائەت ئېرىتمىسى زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. شىياڭگاڭ «كېنلەي» شىركىتى ئاقسۇ شەھىرىدە ئەسىر بىناسى سالدى، بۇنىڭغا 8 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

تاشقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئەھۋالى

قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەمكارلىقى 2002 ـ يىلى شىنجاڭدا تاشقى قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەمكارلىقى توختامىدىن 8ى ئىمزالاندى، بۇنىڭ سوممىسى 18 مىليون 470 مىڭ دوللار بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %13 تۆۋەنلىدى؛ تىجارەت سوممىسى 39 مىليون 600 مىڭ دوللار بولۇپ، %81.4 كۆپەيدى. شۇ يىلى 430 ئادەم سىرتقا ئەمگەك مۇلازىمىتى قىلىشقا ئەۋەتىلدى. ئۇلار ئاساسلىقى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، پاكىستان، سۇدانلارغا ئەۋەتىلدى. ھۆددە ئېلىنغان ئاساسلىق تۈرلەر نېفىتلىكتە قۇدۇق بۇرغىلاش، يەر ئۈستى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

سىرتقا سېلىنغان مەبلەغ 2002 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، روسىيە، قىرغىزىستانلاردا 7 كارخانا قۇرۇشى تەستىقلاندى، بۇلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغ 3 مىليون 370 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگونىڭ سالىدىغىنى 2 مىليون 590 مىڭ دوللار بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %77.4 ئاشتى.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدا 53 تۈردە، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامى ئىمزالاش تەستىقلاندى، بۇنىڭ سوممىسى 125 مىليون 330 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە شېرىك كارخانىلارنىڭ 33 تۈر، سوممىسى 43 مىليون 490 مىڭ دوللار؛ ھەمكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 9 تۈر، سوممىسى 45 مىليون 200 مىڭ دوللار؛ چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ 11 تۈر، سوممىسى 36 مىليون 640 مىڭ دوللار؛ ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 20 مىليون 640 مىڭ دوللار.

چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە مەبلەغ سالغان 53 تۈر ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكىسى 30، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكىسى 23. ساھە بويىچە ئايرىغاندا يېزا ئىگىلىكىنىڭ 8 تۈر، ياسىمىچىلىقنىڭ 30 تۈر، قازمىچىلىقنىڭ 2 تۈر، ئېلېكتر قۇۋۋىتىنىڭ 2 تۈر، بىناكارلىقنىڭ بىر تۈر، ئىجتىمائىي مۇلازىمەتنىڭ 3 تۈر، باشقا ساھەلەرنىڭ 7 تۈر.

چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 18 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن. ئاساسلىقى شياڭگاڭنىڭ 18 تۈر، سوممىسى 61 مىليون 580 مىڭ دوللار؛ ئاۋمېننىڭ بىر تۈر، سوممىسى 1 مىليون 210 مىڭ دوللار؛ تەيۋەننىڭ 7 تۈر، سوممىسى 3 مىليون 390 مىڭ دوللار؛ ياپونىيىنىڭ 3 تۈر، سوممىسى 1 مىليون 420 مىڭ دوللار؛ تايلاندنىڭ 2 تۈر، سوممىسى 8 مىليون 600 مىڭ دوللار؛ مالايسىيانىڭ بىر تۈر، سوممىسى 1 مىليون 850 مىڭ دوللار؛ ھىندونېزىيىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 50 مىڭ دوللار؛ پاكىستاننىڭ بىر تۈر، سوممىسى 20 مىڭ دوللار؛ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 600 مىڭ دوللار؛ ئىسرائىلىيىنىڭ 2 تۈر، سوممىسى 4 مىليون 150 مىڭ دوللار؛ گوللاندىيىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 510 مىڭ دوللار؛ قازاقىستاننىڭ 3 تۈر، سوممىسى 250 مىڭ دوللار؛ ئەزەربەيجاننىڭ بىر تۈر، سوممىسى 200 مىڭ دوللار؛ ۋىرگىن تاقىم ئاراللىرىنىڭ 2 تۈر، سوممىسى 440 مىڭ دوللار؛ كانادانىڭ بىر تۈر، سوممىسى 60 مىڭ دوللار؛ ئامېرىكىنىڭ 7 تۈر، سوممىسى 42 مىليون 610 مىڭ دوللار؛ ئاۋستىرالىيىنىڭ بىر تۈر، سوممىسى 70 مىڭ دوللار.

2002 ـ يىلى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان

كارخانىلارنىڭ ئېكسپورتتىن كىرىم قىلغان تاشقى پېرېۋوتى 66 مىليون 230 مىڭ دوللار بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.3 تۆۋەنلەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقى پېرېۋوت ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %10.2نى ئىگىلىدى.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## تېخنىكا كىرگۈزۈش - چىقىرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە ئۈسكۈنە ئىمپورت قىلىش توختامىدىن 10ى ئىمزالىنىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3ى كۆپەيدى، توختام سوممىسى 5 مىليون 800 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %29 ئاشتى. تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەر گېرمانىيە، ئامېرىكا، قازاقىستان، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن كىرگۈزۈلدى، ئۇلارنىڭ چېتىلىدىغان ساھەسى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز، شامال كۈچى بىلەن توك چىقىرىش، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى، كانچىلىق تەكشۈرۈش، خىمىيە سانائىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ۋاڭ يۈەنشۈن

# ستاتىستىكا

## ستاتىستىكىلىق ئانالىز خىزمىتى ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى ستاتىستىكا تەتقىق قىلىش، ئانالىز قىلىش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى، يېڭى ئالاھىدىلىكنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش، يېڭى ۋەزىيەتكە ھۆكۈم قىلىش، يېڭى يۈزلىنىشنى مۆلچەرلەش ئۈستىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، رەھبەرلىكنىڭ قارار چىقىرىشىنى بىر تۈركۈم قىممەتلىك، چوڭقۇر ستاتىستىكىلىق تەھلىل بىلەن تەمىن ئەتتى. يېزىپ چىقىلغان «رىقابەت كۈچىنى كۈچەيتىپ، بايلىق مەنبەسى جەھەتتىكى چوڭ رايوننى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كۈچلۈك رايونغا ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش - رايونلارنىڭ رىقابەت كۈچى سېستىمىسى ۋە شىنجاڭ ئۈستىدىكى دەلىللەش توغرىسىدا ئانالىز» دېگەن ماقالىدە شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشى زۆرۈر بولغان يېتەكچى كەسىپلىرى تاللىنىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يېزىپ چىقىلغان «دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەن، يېڭى ۋەزىيەتتە دۇچ كەلگەن شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»تا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدىكى مۆلچەر ۋە ھۆكۈمگە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە، ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل ئېلىپ بېرىلىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم مالىيە - ئىقتىساد ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، بىر قەدەر يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان. شىنجاڭ كارخانا تەكشۈرۈش ئەترىتى يېزىپ چىققان «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابىتى دورىسى — قاچان سىزنىڭ بېشىڭىزنى چۆكىشتۈرۈشنى قوزغار» دېگەن ماقالىدە ئۇيغۇر تىبابىتى دورىسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، ئىشلەپچىقارغان كارخانىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقى، ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە، ئىجابىي پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«شىنجاڭ ستاتىستىكا يىلنامىسى»، «شىنجاڭدىكى رەھبىرىي كادىرلار قوللانمىسى»، «شىنجاڭدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي ئەھۋال ئۈستىدە پايدىلىنىش ماتېرىيالى» قاتارلىق كۆپ خىل ستاتىستىكىلىق ماتېرىيال كىتابلار تۈزۈلدى، ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات كۆلىمى، سەۋىيىسى، سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆرسەتكۈچلەر قوشۇلۇپ، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ ئۆزگىرىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان جەدۋەللەر سېلىنىپ، ماتېرىيال تېخىمۇ بىۋاسىتە كۆزىتىشچانلىققا ئىگە قىلىنغان.

فېي يۇ

## ستاتىستىكا تۈزۈمى ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى بىلەن سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئورناتقان شىنجاڭدىكى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك ستاتىستىكىسى تۈزۈمى 2002 - يىلى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى باھا كۆرسەتكۈچىنى ئازايتىش ئۇسۇلى بىلەن ھېسابلاش يولغا قويۇلۇپ، سىناق تەرىقىسىدىكى ھەرىكەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

فېي يۇ

## سېلىنما، ھاسىلاتنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەھۋالى

2002 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ 2002 - يىللىق سېلىنما، ھاسىلاتنى تەكشۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، سېلىنما، ھاسىلاتنى تەكشۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى قۇردى، ئىشخانا ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىدا تەسىس

قىلىندى. شۇ يىلى تەكشۈرۈش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، تەكشۈرۈش جەھەتتە تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلىپ، نۆۋەتتا ئالماش، نۆۋەتتە سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىلمىي تەشكىللەندى، تەكشۈرۈش خىزمىتى سانلىق ماتېرىياللارنى رەتلەش باسقۇچىغا كىردى.

فېي يۈ

## ستاتىستىكا ئۇچۇرلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ ستاتىستىكا ئۇچۇرى تورى (ئىچكى - تاشقى تور) تۇتاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي تور - بېكىتى بولۇپ قالدى. ستاتىستىكا سىستېمىسىدا ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش پائال يولغا قويۇلۇپ، ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنى تايانچ قىلغان، جايلاردىكى ستاتىستىكا سىستېمىسىغا تارقالغان تور سىستېمىسى پەيدىنپەي شەكىللەندى.

فېي يۈ

## ستاتىستىكا جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا ستاتىستىكا جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 649 ى تەكشۈرۈپ تېپىلدى، 97 سى ئۈستىدە دېلو تۇرغۇزۇلدى، 78 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، ستاتىستىكا جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 82 ئورۇنغا 147 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

فېي يۈ

# ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

## ئومۇمىي بايان

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى 2002 - يىلى 3307 ئورۇن ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىپ، قانۇنغا، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىۋېلىنغان 7 مىليارد 380 مىليون يۈەن پۇلنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، 540 مىليون يۈەن تەڭشەش - تۈزىتىشكە بۇيرۇلدى، 198 مىليون يۈەن مالىيىگە تاپشۇرۇلدى، 286 مىليون يۈەن ئەسلىدىكى مەبلەغ يولىغا قايتۇرۇلدى. تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى دېلوسى يىپ ئۇچىدىن 68 ى ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

شاڭ يادۇڭ

## مالىيە ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى 1073 ئورۇننىڭ مالىيە باشقۇرۇش، مالىيە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش، خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 1 مىليارد 799 مىليون 220 مىڭ يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغىنى 166 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولۇپ، 146 مىليون 500 مىڭ يۈەن مالىيىگە تاپشۇرۇلدى، مالىيىدىن ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان پۇل ۋە قوشۇمچە ياردەم پۇلى 110 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى، 64 مىليون 260 مىڭ يۈەن ئەسلىدىكى مەبلەغ يولىغا قايتۇرۇشقا بۇيرۇلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك مالىيە خىزمىتىدە ساقلانغان «خام چوت قانۇنى» نى ۋە مالىيە - باج تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش قاتتىق بولماسلىق، خام چوت باشقۇرۇش قېلىپلاشماسلىق، مەبلەغنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىشلىتىلىشى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولماسلىق، كىرىم - چىقىمنى مەلۇم قىلىش ھەقىقىي ۋە توغرا بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر ئەكس ئەتتى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيە خىزمىتىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇۋاتقان خام چوت تەقسىماتى ئۆلچەملىك بولماسلىق، مەبلەغنىڭ يۆتكىلىشى مۇۋاپىق بولماسلىق قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، تارماقلار خام چوتنى ۋە خەزىنىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، مالىيە نازارىتى ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزەتتى ۋە ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيىدە خەزىنىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ چىقىم قىلىشنى ۋە تارماقلار خام چوتنى يولغا قويۇشنى نۆۋەتتە سىناق قىلىشنى كېڭەيتىش خىزمىتى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى مالىيە نەق چوتىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى بورتالا ئوبلاستى، بايىنغولىن ئوبلاستى، شىخەنزە شەھىرىنىڭ مالىيە نەق چوتى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مالىيە نەق چوتى ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 99 ئورۇن ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 203 مىليون 270 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ

چىقىلدى، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 6 مىليون 660 مىڭ يۈەندىن 5 مىليون 450 مىڭ يۈەن مالىيىگە تاپشۇرۇلدى. بەزى ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى يەنە يېزا - بازار مالىيىسى ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنى قانات يايدۇردى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك جەريانىدا ھەر دەرىجىلىك يەرلىك مالىيىنى ئىگىۋېلىش، يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ مالىيە كىرىمىنى قالدۇرۇپ قېلىش، خام چوت كىرىمنى يوشۇرۇش، چىقىمنى يالغان مەلۇم قىلىش، مالىيە قىزىل رەقىمنى يالغان مەلۇم قىلىش، مەخسۇس مالىيە مەبلىغىنى قىسمۇۋېلىش ۋە يۆتكەپ ئىشلىتىش قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ «باجنى ئايرىۋېتىش تۈزۈمى»دىن ئىبارەت مالىيە تۈزۈلمىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەر بايقالدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈلمىگە ۋە مالىيىنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى.

شاڭ يادۇڭ

## كارخانىلار ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى 198 دۆلەت كارخانىسى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىپ، قانۇن - بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 925 مىليون يۈەننى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 6 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى 31 كارخانىنىڭ ئاكتىپ، پاسسىپ ۋە پايدا - زىيىنى ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى سابىق «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىنىڭ 2000 — 2001 - يىللىق ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ئاكتىپ، پاسسىپ، پايدا - زىيان ئەھۋالى ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىدا ئۇزاق مۇددەت ساقلانغان باشقۇرۇشقا ماھىر بولماسلىق، ئىچكى جەھەتتە تىزگىنلەش قاتتىق بولماسلىق، بازار رىقابىتى ئېڭى كۈچلۈك بولماسلىق، تۈزۈم ئۆزگەرتىش جەريانىدا مال - مۈلۈكنى ئېقىتىلاش، مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەقىقىي بولماسلىق، دۆلەت مۈلكىنىڭ ئېقىپ كېتىش يوشۇرۇن خەۋپى مەۋجۇت بولۇش ۋە ئايرىم كىشىلەر ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە تۈزۈم ئۆزگەرتىش جەريانىدا ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى ئىگىۋېلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئېنىقلاپ چىقتى. ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى كارخانىلار ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىدىغان كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ئىگە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مېخانىزمى، ئىچكى تىزگىنلەش تۈزۈمى، بوغالتىرىيىلىك ھېساباتى ۋە ئۇچۇرى، شۇنىڭدەك مالىيە قانۇن - بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى پاش قىلدى ۋە ئەكس ئەتتۈردى، كارخانا باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، كارخانا ئىسلاھاتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

شاڭ يادۇڭ

## مەخسۇس مەبلەغ ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

2002 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى، ئۆي ئىسلاھاتى مەبلىغى، ئىجتىمائىي كاپالەت مەبلىغى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇشنى ئۇيۇشتۇردى، ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى يەنە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، مائارىپ، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەخسۇس مەبلەغلەر ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىپ، 620 مىليون يۈەن تۈرلۈك مەخسۇس مەبلەغ ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىپ، ھېسابات ئۆلچەملىك بولماسلىق، ئاجرىتىپ بېرىشنى كېچىكتۈرۈش ۋە ئۇزاقىچە بېسىپ قويۇش، ياندىشما مەبلەغ ئەمەلىيلەشمەسلىك، قىسمۇۋېلىش ۋە يۆتكەپ ئىشلىتىش، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىش قاتارلىق بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 960 مىليون يۈەن مەبلەغنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئارقىلىق، تۈرلۈك مەبلەغ باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مەخسۇس مەبلەغدىكى مەخسۇس پۇلنىڭ مەخسۇس ئىشلىتىلىشىگە ۋە تۈرلۈك ئىسلاھات سىياسەتلىرى، تەدبىرلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

دۆلەت (ئاپتونوم رايون) بېكىتكەن 30 نامرات ناھىيە (شەھەر)نىڭ 2001 - يىلدىن 2002 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنى يولغا قويۇش ئۇيۇشتۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ھۆكۈمەت ۋە مەبلەغ باشقۇرۇش تارماقلىرى تۈرلەرنى ۋە مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىش، پۇلنى ئاجرىتىپ بېرىشنى

كېچىكتۈرۈش، قىسىپ قېلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىش ۋە يانداشما مەبلەغ ئەمەلىيلەشمەسلىك قاتارلىق بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن مەبلەغدىن 78 مىليون 360 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى.

14 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) ۋە 75 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 2001 - يىللىق ئولتۇراق ئۆي مەبلىغى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغاندا، 3 مىليارد 760 مىليون يۈەن ئۆي ئىسلاھاتى مەبلىغى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىپ، قىسىۋېلىنغان، يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن ئولتۇراق ئۆي جامائەت فوندى ۋە ئۆي سېتىش كىرىمى، شۇنىڭدەك بەلگىلىمىگە خىلاپ كېپىللىك قىلىنغان، مالىيە ياردىمى ئەمەلىيلەشمىگەن ۋە كارخانا ئورۇنلىرى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغان قاتارلىق بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 767 مىليون يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى.

ئىلى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 2001 - يىللىق كارخانا ئىشچى- خىزمەتچىلىرىنىڭ ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ تاپشۇرۇلۇش ۋە باشقۇرۇلۇش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىپ، ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى فوندىنى ۋاقتىدا تاپشۇرماسلىق، قىسىۋېلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىش، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى تاپشۇرماسلىق قاتارلىقلار يۈز بەرگەن 117 مىليون يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى. چۆچەك شەھەرلىك ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇغۇرتىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرىنىڭ خىيانەت قىلىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى ساختا مەلۇم قىلىپ ئېلىش، ياشانغاندا كۆتۈنۈش فوندىنى يۆتكەپ ئىشلىتىشكە چېتىلىدىغان ئىنتىزامغا، بەلگىلىمىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى ئۇقتۇرۇلۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

شاڭ يادۇڭ

## تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى شىنجاڭدىكى 2 تاشيول (312 - دۆلەت يولىنىڭ شىڭشىڭشيا — لوتوچۈەنزى بۆلىكى ۋە قاراماي — جەرەنبۇلاق بۆلىكى) قۇرۇلۇشى تۈرى ۋە سانجى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ نەق چوت ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنى ئاخىرلاشتۇردى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ئاساسلىق شەھەر يوللىرى، سۇ بىلەن تەمىنلەش- سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە يۇندا بىر تەرەپ قىلىش، ئېنېرگىيە تېجەش قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ خام چوت، نەق چوتى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنى قانات يايدۇردى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغان تۈر 209، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 150 مىليون يۈەن بولۇپ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىشى قائىدىلىك بولماسلىق، مەبلەغ ئەمەلىيلەشمەسلىك، قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئىگىلىۋېلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىش، يوقىرى مۆلچەرلەش - قارىغۇلارچە ھېسابلاش ۋە زىيانغا ئۇچرىتىش، ئىسراپ قىلىش قاتارلىق قانۇن، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 126 مىليون يۈەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇشنىڭ ھېسابلاپ كېمەيتىلگەن راسچوت مەبلىغى 99 مىليون 280 مىڭ يۈەن، قايتۇرۇۋېلىنغان كەلمەس - كەلمەس ئېلىنغان مەبلەغ 6 مىليون 680 مىڭ يۈەن، يىغىۋېلىنغان باج 1 مىليون 570 مىڭ يۈەن.

شاڭ يادۇڭ

## چەت ئەل مەبلىغى، پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرى ۋە ھوقۇق بېرىلگەن تۈرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىش ئەھۋالى

2002 - يىلى چەت ئەل مەبلىغىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشتا، تۈر مەبلىغىنى قىسىۋېلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىش، ھېساباتنى يالغان مەلۇم قىلىش، تۈرلەرنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق، بىر قىسىم تۇراقلىق مۈلۈك ھېساباتقا كىرگۈزۈلمەسلىك، يانداشما مەبلەغ ئەمەلىيلەشمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ چىقىلغاندى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش دوكلاتىدا بۇ ئەھۋاللار ئەينەن مەلۇم قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى تەھلىل قىلىنىپ، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش پىكرى ۋە تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى سىستېمىسىنىڭ 2001 - يىللىق ئاكتىپ، پاسسىپ، پايدا - زىيىنىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشنى ئۇيۇشتۇرغانىدى، ش ئۇ ئا ر شۆبە بانكا ۋە شۆبە - تارماق ئاپپاراتلاردىن 54ى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى ھەمدە بۇ خىزمەت كېڭەيتىلىپ 94 ئاشلىق، پاختا، ياغ كارخانىلىرى تەكشۈرۈلدى، ئىچكى تىزگىنلەش تۈزۈمى مۇكەممەل بولماسلىق، كەلتۈرۈپ چىقارغان پايدا - زىيان ئەمەلىي بولماسلىق، كىرىدىت ئاكتىپىنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولۇش، كىرىدىت مەبلىغىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ يۆتكەپ ئىشلىتىش، تۇراقلىق مۈلۈكنى بەلگىلىمىگە خىلاپ سېتىۋېلىش ۋە ھېساب

سىرتىدىكى مۈلۈك مەۋجۇت بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر تېپىپ چىقىلىپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى سىستېمىسىنىڭ مال - مۈلۈك باشقۇرۇش ۋە بوغالتىرىيىلىك ھېسابات خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

دۆلەت ئىقتىسادىي تەپتىشلىك مەھكىمىسى بەرگەن موقۇقتا ئاساسەن، تېلېگراف ئالاقىسى، بىرلەشمە خەۋەرلىشىش قاتارلىق مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كارخانىلىرى ۋە ئۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئۈستىدە، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىلدى. مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ ھەقىقىيلىكى، بەلگىلىمىگە، قانۇنغا ئۇيغۇنلۇقى ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ تەشكىللىنىش، يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدە ئۇقتىلىق ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتە تەكشۈرۈپ چىقىلغان كىرىمنى يوشۇرۇش، تەننەرخ سەرپىيات چىقىمىنى قىسىپ قېلىش، باجنى ئاز تاپشۇرۇش ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش ئۆلچەملىك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر قانۇن بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىندى.

شالڭ يادۇلڭ

## ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ناھىيىدىن تۆۋەن پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى تەپتىشلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيىدىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى تەپتىشلىك قىلىشنى پائال قانات يايدۇردى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىكى 3 نەپەر ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى، ئىلى ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى قاتارلىق 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى 15 ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى 884 ئورۇندىكى ئىقتىسادقا مەسئۇل 920 ئادەم ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى، ئاساسلىقى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىش، مالىيە ئىنتىزامىغا بويسۇنۇش، زور ئىقتىسادىي قارارلارنى چىقىرىش ۋە پاك بولۇشتا ئۆزىنى تۇتۇش ئەھۋاللىرى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 620 مىليون يۈەن، زىيانغا ئۇچرىتىلغان، ئىسراپ قىلىنغان 7 مىليون 580 مىڭ يۈەن، شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىگە چېتىلىدىغان 2 مىليون 620 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغاندىن كېيىن تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى 34 ئادەمنى ۋەزىپىدىن قالدۇردى، 6 ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىنى تۆۋەنلەتتى، 4 ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدى، 10 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، 18 ئادەم ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىش تارماقلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا، 4 ئادەم ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

شالڭ يادۇلڭ

# باھا خىزمىتى

## باھا خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىدە ئاز ھەجىمدە تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاھالىلەر ئىستېمالىنىڭ باھا ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى 2001 - يىلدىكىدىن 0.6% تۆۋەنلىدى، 1 - يەسلىنىڭ ھەر ئېيىدا ئۆزگىرىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ھەممە ئايدا بىردەك تۆۋەنلىدى، يىل بويى باھا ئومۇمىي كۆرسەتكۈچىنىڭ ئەڭ چوڭ داۋالغۇش ھەجىمى پەقەت 3.4 پىرسەنت پوئىنتى بولدى. باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىدە كۆرۈلگەن قۇرۇلمىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى ئاھالىلەر ئىستېمالى باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى 8 چوڭ تۈر ئىچىدە، يېمەكلىك تۈرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى 2001 - يىلدىكىدىن 2.7%، كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ ۋە شەخسىي لازىمەتلىككلەر تۈرىنىڭ 0.8% تۆۋەنلىدى. داۋالىنىش - ساقلىقنى ساقلاشنىڭ 1.4%، قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش تۈرىنىڭ 1.7% ئۆستى.

خەن لىيەنلىڭ

## باھا باشقۇرۇش ۋە باھا ئىسلاھاتى

2002 - يىلى يولغا قويۇلغان باھانى مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى جەريانىدا، ئاپتونوم رايون «ئاپتونوم رايوننىڭ باھا كاتالوگى»نى تۈزۈپ چىقىپ، باھا بېكىتىش تۈرىنى 18 قىلىپ بېكىتتى، باھالىق تۈرلەر 139دىن 45كە ئازايتىلدى (مەركەز قىسمىدىكى 25سى شۇنىڭ

ئىچىدە)، رىقابەت شەكىللەنگەن تاۋارلار ۋە مۇلازىمەتنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلىپ، شىنجاڭ بازارلىرىدا شەكىللەنگەن باھا مېخانىزمىنىڭ ئورنىتىلىشى تېزلىتىلدى؛ رايون خاراكتېرى كۈچلۈك، يەنە كېلىپ چوقۇم ھۆكۈمەت باھا چىقىرىدىغان مۇھىم تاۋار ۋە مۇلازىمەتنىڭ باھاسىنى بېكىتىش ھوقۇقى ئاساسلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە بېرىلدى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون 1980 ـ يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنغان باھا قائىدە-نىزامى ۋە باشقا ئۆلچەملىك ھۆججەتلەر ئېنىقلاندى، ئاپتونوم رايون بويىچە 1045 پارچە ھۆججەت ئېنىقلىنىپ، 395 پارچىسى بىكار قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتە ئېنىقلانغان ھۆججەت 420 پارچە، بىكار قىلىنغىنى 180 پارچە.

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى باھا باشقۇرۇش تارماقلىرى بىر قىسىم ئۆزاققىچە تۈۋەنرەك بولغان ئاساس كەسىپلەر باھاسىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئامىۋى ئىشلار، پاراۋانلىق مۇلازىمىتى باھاسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ئېچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، قىسمەن رايونلارنىڭ ئېلېكتىر تورى كاتالوگىدىكى توك باھاسى ۋاقتىدا تەرتىپكە سېلىندى، يۇقىرى ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ ئېتىبارلىق باھاسى تۈزۈپ چىقىلدى؛ شەھەردىكى ئاھالىلەر ئىشلىتىدىغان توكنى بىۋاستە ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش تېزلىتىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان توكنىڭ باھاسى تۆۋەنلىتىلدى؛ سۇ باھاسى ئىسلاھاتى تېزلىتىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ سۇ تېجەش ئېڭى كۈچەيتىلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭ شەھەرلىرىدىكى تۇرۇبا سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى مۇنداق بولدى: ئاھالىلەر تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ ھەر كۇب مېتىرى 0.94 يۈەن، سودىدا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ھەر كۇب مېتىرى 1.74 يۈەن، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ھەر كۇب مېتىرى 1.61 يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ھەر كۇب مېتىرى 1.95 يۈەن، كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ھەر كۇب مېتىرى 0.67 يۈەن.

يېزا ئىگىلىكىگە چېتىلىدىغان باھا ۋە ھەق ئېلىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. يېزىلاردا ھەق ئېلىشنى ئاممىغا كۆرسىتىش كاتەكچىسى، ئاممىغا كۆرسىتىش تاختىسى، باھا جەدۋىلى تەسىس قىلىنىپ، ناھىيە دەرىجىلىكنىڭ ئاممىغا كۆرسىتىلىشى %94كە، يېزا ـ بازارنىڭ %72كە، كەنتلەرنىڭ %54كە يەتكۈزۈلۈپ، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىغا ئېلىنغان ھەقنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۆلچىمى ئېنىق بىلدۈرۈلۈپ، كەلسە ـ كەلمەس ھەق ئېلىش ھادىسىسى ئۈنۈملۈك توسۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقى يەڭگىللىتىلدى، كىرىمى كۆپەيتىلدى.

يېزىلاردا ئېلېكتىر قۇۋۋىتى تۈزۈلمىسى ۋە يېزا ئىگىلىك تورىنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا، ئوخشاش باھا سالىقى زورايتىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلگەن توك باھاسى ئوتتۇرىچە 0.25 يۈەن / كىلوۋات سائەت چۈشۈرۈلۈپ، يېزىلارنىڭ توك ئىشلىتىش ئىستېمالى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېزىلاردىكى سۇ ئىشلىتىش باھاسىنى باشقۇرۇش جەھەتتە، «ئاپتونوم رايوننىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش باھاسىنى ھېسابلاش چارىسى» ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقىلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي ئۈستىگە ئالىدىغان سۇ باھاسى ھەر كۇب مېتىرىدا 0.03 يۈەن ئازايتىلىپ، دېھقانلارنىڭ ھەر 0.07 گېكتار يەر ئۈچۈن تاپشۇرىدىغان سېلىقى 14 يۈەن ئەتراپىدا يەڭگىللىتىلدى. خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ باھاسى پائال مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇدا ئىشلىتىدىغان ئوغۇت باھاسىنىڭ زىيادىيتىنى ھەل قىلىش ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇلدى.

خەن لىيىلىڭ

## باھا نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك باھا باشقۇرۇش تارماقلىرى ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھۆكۈمەت دىققەت قىلىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان باھا جەھەتتىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى زىچ چۆرىدەپ مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك باھا دېلوسى 1162، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ ئاپاۋەت 29 مىليون 467 مىڭ 200 يۈەن، مۇئامىلىدارلارغا قايتۇرۇلغىنى 9 مىليون 188 مىڭ 700 يۈەن، مالىيىگە تاپشۇرۇلغىنى 10 مىليون 884 مىڭ 400 يۈەن. ئاپتونوم رايون بويىچە «12358» باھا پاش قىلىش تېلېفونىدىن 91ى ئورنىتىلدى، باھا پاش قىلىش ئەرزىدىن 970ى قوبۇل قىلىندى، ئاممىنىڭ بۇ ھەقتە سورىغان مەسلىھەتىگە 3000 قېتىمدىن ئارتۇق جاۋاب بېرىلدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، باھا ۋاسىتىسىگە تايىنىپ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىنىدىغان تۈرلۈك ھەقلەرنىڭ ئېتىبارلىق سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە كۆزدە تۇتۇلۇپ مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ئاممىنى خاتىرجەم بولالايدىغان دورىنى ۋە باھاسى مۇۋاپىق دورىنى يېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ۋاقتىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ باھاسى

بېكىتىلگەن دورىلار كاتالوگى»نى ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دورىنى ئەنگە ئېلىش تۈزۈمىنى كۈچەيتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. دورا بازارلىرىدىكى باھانى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئاساسىدا، شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان 420 خىل 1466 ئۆلچەملىك «ب» تۈردىكى خىمىيىلىك دورىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پارچە سېتىلىش باھاسى چۈشۈرۈلدى، چۈشۈرۈلۈش ھەجمى 20% — 25% بولدى. 101 خىل 568 ئۆلچەملىك قوشۇمچە دورىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پارچە سېتىلىش باھاسى چۈشۈرۈلدى، چۈشۈرۈلۈش ھەجمى 15% ئەتراپىدا بولدى. مۇشۇ ئاساستا، ئامبۇلاتورىيىدىكى نومۇر ئېلىش ھەققى، دىئاگنوز قويۇش ھەققى قاتارلىق داۋالاش مۇلازىمىتى باھاسى چۈشۈرۈلۈپ، بىمارلارنىڭ يۈكى يەڭگىللىتىلدى.

خەن لىيىڭ

## ئىستېمالچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك باھا باشقۇرۇش تارماقلىرى «ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسى»دىن 24 مىڭ 24 نى تەكشۈردى، يىللىق تەكشۈرۈش جەريانىدا ھەق ئېلىش تۈرىدىن 665ى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 129 ھەق ئېلىش ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلدى، ئىنتىزامغا خىلاپ ئېلىنغان 9 مىليون 253 مىڭ 700 يۈەن ھەق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، كارخانا ۋە ئاممىنىڭ 52 مىليون يۈەن يۈكى يەڭگىللىتىلدى.

خەن لىيىڭ

# سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

## سودا بازارلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى سودا بازارلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئىستېمال بويىچە 245 مىڭ 387 قانۇن ئىجرا قىلغۇچى (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 42 مىڭ 764ى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلدى، دېلونىڭ قىممىتى 633 مىليون 647 مىڭ 300 يۈەن، جەرىمانە ئېلىنغان، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 42 مىليون 237 مىڭ 300 يۈەن، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلىنغان ماددىي ئەشيانىڭ قىممىتى 56 مىليون 899 مىڭ 700 يۈەن؛ ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلگەن دېلو 17، يۇقىرىغا چېتىلىدىغىنى 15 ئادەم (قېتىم)؛ 76 قېتىم سودا بازارلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش جەمئىيەتكە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، 597 چولڭ، مۇھىم دېلو جەمئىيەتكە ئاشكارىلاندى.

جياڭ چې

## ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش، ناچار تاۋارلارنى تۈگىتىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ سودا -سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى يالغان، ساختا، ناچار تاۋار ئىشلەپ-چىقىرىش دېلوسىدىن 2258نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، دېلو قىممىتى 20 مىليون 145 مىڭ 400 يۈەن، جەرىمانە ئېلىنغان، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 4 مىليون 54 مىڭ يۈەن، چولڭ ساختا تاۋار ئىشلەش ئۇۋىسىدىن 525ى بىتچىت قىلىندى، تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلگەن قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنىڭ قىممىتى 56 مىليون 899 مىڭ 700 يۈەن، ئوچۇق قىممىتى 13 مىليون 696 مىڭ 200 يۈەنلىك يالغان، ساختا، ناچار تاۋار بىر تۇتاش كۆيدۈرۈلدى. بىرىنچىدىن، ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى قوغداش نۇقتا قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى بازىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى بازىرى سۇبيېكتىدىن 7745ى ئېنىقلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى، 35 ئائىلىنىڭ رويخېتى ئۆزگەرتىلدى، 21 ئائىلە رويخەتتىن ئۆچۈرۈلدى، 1 مىليون 8000 يۈەن جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى؛ قانۇنسىز سېتىلغان خىمىيىۋى ئوغۇتتىن 2220.96 توننا، ۋاقتى ئۆتكەن سۈپەتسىز دېھقانچىلىق دورىسىدىن 442.24 توننا، ئۇرۇقتىن 206.93 توننا تۇتۇپ قېلىندى، ساختا، ناچار يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىدىن 122سى قولغا چۈشۈرۈلۈپ، دېھقانلارغا ئورا كولايدىغان، زىيان يەتكۈزىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار توسۇپ قېلىندى. ئىككىنچىدىن، تەييار ماي بازىرى ۋە ماي قاچىلاش پونكىتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، بىخەتەر، ئۆلچەملىك تىجارەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىندى. يەرلىك نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىن 26سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ دېلو قىممىتى 4 مىليون 421 مىڭ 100 يۈەنلىك 1584.45 توننا تەييار ماي تۇتۇپ قېلىندى. ئۈچىنچىدىن، بوراكتا چىقىرىلغان ئاپتوموبىللارنى قانۇنسىز سېتىۋېلىپ چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇش قىلمىشىغا قاتتىق زەربە بېرىلدى، ئاپتوموبىلدىن 78ى، موتسىكلىتتىن 273ى، قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىلدىن 414ى، ئاپتوموبىل ۋە

مۇتەپىكلىت سەپلىمىسىدىن 9387سى قولغا چۈشۈرۈلدى، ئۈچىنچىدىن، يېمەكلىك، ئىچىملىك بازىرىنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ساختا، ناچار يېمەكلىكتىن 16.277 توننا، ئىچىملىكتىن 130 مىڭ بوتۇلكا، ھاراقتىن 27 مىڭ بوتۇلكا قولغا چۈشۈرۈلدى.

جياڭ چى

## بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاۋار سودىسى بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» رەسمىي ئېلان قىلىنىپ ئىجرا قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىز سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىدا «بازاردىن ئالدىن سىگنال بېرىش تۈزۈمى»، «يۇلتۇز دەرىجىلىك ئىناۋەت تۈزۈمى» ۋە «بازار قۇرىدىغان - باشقۇرىدىغان ئورۇنلار ئالدىن تۆلەم تۆلەش تۈزۈمى» قاتارلىق بىر قاتار قائىدە - نىزام، تۈزۈملەر ئورنىتىلىپ ۋە يولغا قويۇلۇپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرى مەركەزلىك ئېنىقلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى تۈرلۈك بازار سۇبيېكتىدىن 632 مىڭ 373 ئورۇن (قېتىم)نى تەكشۈردى، 6813 تۈرلۈك بازار (قېتىم)نى ئېنىقلىدى، 14 مىڭ 114 ئورۇننىڭ كىنىشكىسىز تىجارىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 4599 ئورۇنغا تىجارەت كىنىشكىسى تولۇقلاپ بېرىلدى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك بازار 1269 غا، بازاردا پۈتۈشۈش سوممىسى 26 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى 1168، پۈتۈشۈش سوممىسى 19 مىليارد 300 مىليون يۈەن؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى 74، پۈتۈشۈش سوممىسى 2 مىليارد 880 مىليون يۈەن؛ ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرى 27، پۈتۈشۈش سوممىسى 4 مىليارد 120 مىليون يۈەن.

جياڭ چى

شىنجاڭدىكى داڭلىق تاۋار ماركىلىرى

| تاۋار ماركىسى | ئىشلىتىلگەن تاۋار ياكى مۇلازىمەت | تاۋار ماركىسىنى رويخەتكە ئالدۇرغۇچى |
|---|---|---|
| بوغدا كۆلى كۆرۈنۈشى* | ئورىيە | جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى |
| بوستانلىق كۆرۈنۈشى | خىمىيىۋى ئوغۇت | شىنجاڭ «شىنخۇا» خىمىيىۋى ئوغۇت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| قىزىلتاغ كۆرۈنۈشى | سىر، ئېمۇلسىيىلىك سىر | ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىر زاۋۇتى |
| ئوسما كۆرۈنۈشى* | گىرىم بۇيۇمى | شىنجاڭ ئوسما بىئولوگىيە پەن - تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى |
| تەڭرىتاغ كۆرۈنۈشى* | نېفىت ياسالمىلىرى | جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مايتاغ نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى |
| ئۈچار كەسلەنچۈك كۆرۈنۈشى* | سىلىقلاش مېيى، ئاسفالت | جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى |
| ئالاھىدە مول ھوسۇل كۆرۈنۈشى* | ئىچىدىغان دورا | شىنجاڭ «تېنبىڭ» دورىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى |
| خۇاشى كۆرۈنۈشى | ئىچىدىغان دورا | شىنجاڭ «خۇاشىدىن» دورىچىلىق چەكلىك شىركىتى |
| تەڭرىتاغ كۆرۈنۈشى* | كەپشەر چوكىسى | شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» كەپشەر چوكىسى زاۋۇتى |
| ئۈز ئارا كۈچ كۆرسىتىش كۆرۈنۈشى | پولات ماتېرىياللىرى | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر پاي چەكلىك شىركىتى |
| خەيرلىك كۆرۈنۈشى | ماتېرىيال ئىشكاپى | شىنجاڭ «جىيېرۇيشياڭ» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى |
| بېگى ئاككۇمۇلياتور* | ئاككۇمۇلياتورلۇق باتارېيە | شىنجاڭ ئاككۇمۇلياتورلۇق باتارېيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |

| | | |
|---|---|---|
| ۋۇجياچۇ كۆرۈنۈشى* | ئېلېكترونلۇق سۇ ئاستى ناسوسى | شىنجاڭ سۇ ئاستى ناسوسى زاۋۇتى |
| يېڭى ئالامەتلىك كۆرۈنۈشى | ترانسفورماتور، ئېلېكتر سىمى، كابېل | شىنجاڭ ئالامەت ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى |
| قارلىق چوققا كۆرۈنۈشى | سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان پىستان، پارتلىتىش دورىسى | شىنجاڭ «شۇفېڭ» خەلق ئىشلىتىدىغان پارتلىتىش - بۇزۇش ئەسۋابلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| دولقۇن كۆرۈنۈشى* | ئوفىسچىلىق مەتبەئە قەغىزى | شىنجاڭ باغراش قومۇشچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى |
| SHATUO كۆرۈنۈشى | ئورالما پەشمەك، نورتاختىسى | شىنجاڭ ساتو پاي چەكلىك شىركىتى |
| سەت كىچىك ئۆردەك كۆرۈنۈشى* | سۇلياۋ ياسالمىلىرى | شىنجاڭ «جيۇجياڭ» سۇلياۋ زاۋۇتى |
| لاچىن كۆرۈنۈش | بىرىكمە دېۋىرقاي | جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى |
| تەڭرىتاغ كۆرۈنۈشى* | سېمونت | شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتى |
| تۈنخې كۆرۈنۈشى* | سېمونت | شىنجاڭ «تۈنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى |
| بوغدا كۆرۈنۈشى | سېمونت | شىنجاڭ «تيەنلۇڭ» كانچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى |
| «مېك» كۆرۈنۈشى | ئۆي جاھازلىرى | شىنجاڭ «مېك» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى |
| كۆمۈش كۆرۈنۈش | پاختا | شىخەنزە پاختا - چىگە شىركىتى |
| چولڭ دېڭىز كۆرۈنۈشى | پاختا | «شىنجاڭ لۈتەي فېڭشۇ» پاختىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| زەرەپشان كۆرۈنۈشى | پاختا | پەكەن ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركىتى |
| تەڭرىتاغ | پاختا رەخت | شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى «گۇرۇھ» شىركىتى |
| تەڭرىتاغ كۆرۈنۈشى ★ | يۇڭ پوپايكا | شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى |
| خۇشپۇراق - لاتاپەت كۆرۈنۈشى* | ئىلمە توقۇلما ئىچ كىيىم | ئۈرۈمچى شەھەرلىك «يۈگىخۇڭ» ئىلمە توقۇلما باش زاۋۇتى |
| ئالتاي تېغى كۆرۈنۈشى* | كىيىم - كېچەك | شىنجاڭ ئالتاي كۆن - خۇرۇم گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى |
| كېپىنەك شاھى كۆرۈنۈشى | ئىچ كىيىم | شىنجاڭ «كېپىنەك شاھى» ئىلمە توقۇلما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| تامبۇرا كۆرۈنۈشى | سۈت تالقىنى | شىنجاڭ ئىلى «تامبۇرا» سۈت ياسالمىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| ئارمان كۆرۈنۈشى | سۈت ياسالمىلىرى | شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى |
| تارىم تۈزلەڭلىكى كۆرۈنۈشى | زاراڭزا يېغى | شىنجاڭ «تايۈەن» زاراڭزا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| بۆكەن كاللىسى | سۇ يېغى | شىنجاڭ سايرام باغ باش زاۋۇتى |
| كۋادرات كۆرۈنۈشى* | قوم شېكەر | شىنجاڭ «سىفاڭ» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى |
| تەڭرىتاغ كۆرۈنۈشى* | ئېچىتقۇ | شىنجاڭ تەڭرىتاغ ئېچىتقۇ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| تەڭرىتاغ كۆرۈنۈشى* | ئۇن | شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۇن «گۇرۇھى» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| تۆگىقۇش كۆرۈنۈشى | جياڭيۇ، ئاچچىقسۇ | شىنجاڭ ۋۇجياچۇ ئېچىتقۇ زاۋۇتى |

| | | |
|---|---|---|
| تۈنجى كۆرۈنۈشى | پەممىدۇر قىيامى | شىنجاڭ «تۈنجى» گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| كۈنتو كۆرۈنۈشى | نومى گۈرۈچ | شىنجاڭ «كۈنتو» گۈرۈچچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى |
| مەيجۇر كۆرۈنۈشى | بولكا، پىرەنىك | شىنجاڭ «مەيجۇر» گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| تۇزكۆل كۆرۈنۈشى | ئاش تۇزى، سۇ، گۆش، گۆرت، كىسلاتا ئارىلاشتۇرۇلمىغان | شىنجاڭ «تۇزكۆلى» تۇزچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| تيەنكاڭ كۆرۈنۈشى* | يەم - خەشەك | شىنجاڭ «تيەنكاڭ» چارۋىچىلىق - بىئولوگىيە تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتى |
| تيەنيەن كۆرۈنۈشى | دورىغ، ئۇسۇملۇك | شىنجاڭ «تيەنيەن» بىئولوگىيە تېخنىكىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| كورلا نەشپۈتى كۆرۈنۈشى | نەشپۈت | بايىنغولىن ئوبلاستى كورلا نەشپۈتى جەمئىيىتى |
| غەربىي دىيار كۆرۈنۈشى | ئۇرۇق | شىنجاڭ غەربىي دىيار ئۇرۇقچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى |
| كاڭدى كۆرۈنۈشى | ئۇرۇق | شىنجاڭ «كاڭدى» يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى تەرەققىياتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| قىزغۇچ پاك ھەسەل كۆرۈنۈشى | يېڭى مېۋە | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك «قىزىلبايراق» دېھقانچىلىق مەيدانى |
| شىخو كۆرۈنۈشى* | پىۋا | شىنجاڭ شىخو پىۋا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| شىنجاڭ كۆرۈنۈشى* | پىۋا | شىنجاڭ پىۋا «گۇرۇھ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| شۆبەيجىن كۆرۈنۈشى | ساپ سۇ، مىنېرال سۇ | شىنجاڭ «ۋۇغوا» چارۋىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى |
| ئىلى كۆرۈنۈشى ★ | ئاق ھاراق | شىنجاڭ ئىلى ئالامەت ھارىقى ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| سەنتەي كۆرۈنۈشى* | ئاق ھاراق | شىنجاڭ سەنتەي ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| شىنتيەن كۆرۈنۈشى | ئۈزۈم ھارىقى | «شىنتيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھاراقچىلىقى چەكلىك شىركىتى |
| غەربىي دىيار كۆرۈنۈشى | ئۈزۈم ھارىقى | شىنجاڭ غەربىي دىيار ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى |
| ئاقتېرەك كۆرۈنۈشى | ئاق ھاراق | شىنجاڭ شىخەنزە ئاقتېرەك ھاراق زاۋۇتى |
| شور بۇلاق كۆرۈنۈشى | ئاق ھاراق | ئىلى شور بۇلاق ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| شىنئەن كۆرۈنۈشى | ئاق ھاراق | شىنجاڭ شىخەنزە «شىنئەن» ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| خوتەن كۆرۈنۈشى | قىزىل ھاراق | شىنجاڭ خوتەن «ئەتىرگۈل» ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| قار لەيلىسى كۆرۈنۈشى | پاپىروس | «گېنېرال» كۆك تاماكا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى |
| خۇالىڭ كۆرۈنۈشى | ئۆي ئىجارىكەشلىكى، تۇراقسىز مۈلۈك باشقۇرۇش | شىنجاڭ «خۇالىڭ» (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى |
| خۇڭجىن كۆرۈنۈشى | سەمىز چاقىرغۇ | شىنجاڭ «خۇڭجىن» ئالاقە چەكلىك شىركىتى |
| رەسىم شەكلى «(شىنجاڭ ئاۋئاتسىيىسى)»* | ئاۋئاتسىيە ترانسپورتى | شىنجاڭ ئاۋئاتسىيە شىركىتى |
| كۆمۈش توشقان كۆرۈنۈشى | ھۆسن تۈزەش، چاچ ياساش | ئۈرۈمچى شەھىرى كۆمۈش توشقان چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |

| سوْشى كۆرۈنۈشى | كالا گۆشى ئۆگرىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى سوْشى كارخانا تەرەققىياتى چەكلىك شىركىتى |
|---|---|---|
| بەيخۇاسوْن كۆرۈنۈشى | يېمەك - ئىچمەك مەيخانىسى | شىنجاڭ بەيخۇاسوْن پاي چەكلىك شىركىتى |

ئىزاھ: (1) «★» بەلگىسى بارلار بىرلا ۋاقىتتا جۇڭگو داڭلىق تاۋار ماركىسى؛ «•» بارلار 1999 - يىلى 1 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ داڭلىق تاۋار ماركىسىنىڭ 3 يىللىق كۈچكە ئىگە مۇددىتى توشقاندىن كېيىن قايتا ئېتىراپ قىلىنغان. (2) 2 - نۆۋەتلىك 67 داڭلىق تاۋار ماركىسىنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتى 3 يىل بولۇپ، 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 2005- يىل 11- ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە.

## تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا يېڭىدىن تىزىمغا ئېلىنغان تۈرلۈك بازار سۇبيېكتى 161 مىڭ 800، تىزىمنى ئۆزگەرتكىنى 3073، تىزىمدىن ئۆچۈرۈلگىنى 3945، تىجارەت كىنىشكىسى بىكار قىلىنغىنى 270؛ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان «ئۆچتىن خالىي» كارخانا 62، يالغان، ساختا مەبلەغ چىقارغان كارخانا 586، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان 151 كارخانا B دەرىجىلىك قىلىپ بېكىتىلدى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە رويخەتكە ئالدۇرۇپ تىزىملىتىلغان دۆلەت كارخانىسى 21 مىڭ 650، كوللېكتىپ كارخانا 12 مىڭ 44، بىرلىكتە تىجارەت قىلىدىغان كارخانا 119، پاي ھەمكارلىقى كارخانىسى 559، شىركەت 13 مىڭ 826، رويخەتكە ئېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 14 مىليارد 439 مىليون 800 مىڭ يۈەن. ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى 3265 كارخانىنىڭ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ تىزىملىتىش ئىشىنى بېجىرىپ، قىيىنچىلىقتا قالغان بىر قىسىم كارخانىلارنى ياخشى سۇپەتلىك تەرەققىيات يولىغا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە رويخەتكە ئالدۇرۇپ تىزىملىتىلغان چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانا 338گە، سالغان مەبلىغى 1 مىليارد 140 مىليون دوللارغا رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 752 مىليون دوللارغا، چەت ئەل تەرەپنىڭ تاپشۇرغىنى 419 مىليون دوللارغا يەتتى.

جياڭ چى

## شەھۋانىي نەرسىلەرنى تازىلاش، قانۇنسىز نەرسىلەرگە زەربە بېرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنى تازىلاشنى نۇقتا قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەشنى نۇقتىلىق، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا قانات يايدۇردى. سىستېما بويىچە مەتبەئە كارخانىسىدىن 1327 سى، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال تىجارىتى نۇقتىسىدىن 1762 سى، ئۈن - سىنئالغۇ تىجارىتى نۇقتىسىدىن 2929ى، «تورخانا»دىن 5481ى، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق زالىدىن 3816سى، ھور مۇنچا - ئۇۋۇلاش ئورنىدىن 1601ى تەكشۈرۈلدى. ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان 39 مىڭ 768 دانە VCD ئوپتىكىلىق دىسكىسى، 8627 دانە ئويۇنچۇق يۇمشاق دېتالى، 641 دانە شەھۋانە ئوپتىكىلىق دىسكا، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان 8627 پارچە كىتاب، قانۇنسىز نەشر قىلىنغان 211 پارچە سىياسىي خاراكتېرلىك كىتاب تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىندى، بىللادىننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئاسما مايكىدىن 38ى، ئېنگىلىزچە ئەكسىيەتچى شوئار بېسىلغان ئاسما مايكىدىن 142سى يىغىۋېلىندى، تىجارەت مەزمۇنىدا شەھۋانىيلىق، ئىشىق - مۇھەببەت، قىمار بارەپ گۇمان قىلىنغان 4 «تورخانا» ع خ ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، شۇنداق قىلىپ مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ تەرتىپى ئۈنۈملۈك پاكلاشتۇرۇلدى.

جياڭ چى

## ئاشلىق بازارلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى كۈندىلىك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاشلىق بازارلىرىدىكى قانۇنسىز تىجارەت قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. سىستېما بويىچە باشقۇرۇش خادىملىرى 26 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم)، 6224 ماشىنا (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، ئاشلىق تىجارىتى قىلىدىغان 36 مىڭ 635 كارخانا (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 1122 كارخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلىش دېلوسىدىن 149ى تەكشۈرۈپ بىر

تەرەپ قىلىندى، 2279.32 تونا ئاشلىق توتۇپ قېلىندى.

جياڭ چى

## پاختا بازارلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى پاختا بازارلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پاختا بازارلىرىنىڭ تىجارەت تەرتىپىنى قوغدىدى. بىرىنچىدىن، بازارغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىش ئۆتكىلى قاتتىق ئىگىلەندى، 382 پاختا سېتىۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى ۋە 602 پاختا زاۋۇتىغا «پاختا سېتىۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش لاياقەتنامىسى» بېرىلدى؛ پاختا سېتىۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتى ئومۇميۈزلۈك قايتا تەكشۈرۈلدى؛ كونا پاختا زاۋۇتلىرىنىڭ سالاھىيىتى ئېتىراپ قىلىندى، بىر زاۋۇتتا بىر كىنىشكا بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئىككىنچىدىن، پاختا بازارلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ھەرىكىتى مەركەزلىك ئېلىپ بېرىلىپ، پاختا بازارلىرىدىكى قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىلدى. سىستېما بويىچە پاختا سېتىۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىدىن 586سى تەكشۈرۈلۈپ، قانۇنسىز پىششىقلاپ ئىشلەش ئۆزۈسىدىن 44ى پېچەتلەندى، پاختا دېلوسىدىن 248ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، كىچىك چىگىت ئايرىش ماشىنىسى، يەرلىك پاختا تايلاش ماشىنىسىدىن 93ى يىغىۋېلىندى، 1277.1 تونا پاختا تۇتۇپ قېلىندى، 867 مىڭ يۈەن جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى.

جياڭ چى

## ساياھەت بازارلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ساياھەت بازارلىرىدىكى ساختا، قانۇنسىز قىلمىشلارغا زەربە بېرىپ، مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش خىزمىتىنى مەركەزلىك ئىشلىدى. «قارا جەمئىيەت»، «قارا يېتەكچى»، «قاراماشىنا» قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ساياھەت بازارلىرى تەرتىپىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، «1 - ماي»، «1 - ئۆكتەبىر» بايرىمىدىكى ساياھەتچىلىكنىڭ ئالتۇن ھەپتە مەزگىلىدە، سىستېما بويىچە 4900 (قېتىم) تەكشۈرۈش خادىمى، 853 (قېتىم) تەكشۈرۈش ئاپتوموبىلى چىقىرىلىپ، 109 بازار، 1198 ساياھەت تىجارىتى ئورنى تەكشۈرۈلدى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 62 كارخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، دائىرە ھالقىپ تىجارەت قىلىش دېلوسىدىن 22سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 25 ئورۇن ئۆزگەرتىپ تىزىملاندى ياكى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈلدى، كەلسە - كەلمەس تەسىس قىلىنغان 109 ياپما ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

جياڭ چى

## تاۋار ماركىسى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى روبخەتكە ئالدۇرۇلغان تاۋار ماركىسىنى مەخسۇس ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قوغداشنى يادرو، تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ياكى ساختا قىلمىشلارنى تەكشۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تاۋار ماركىسى بېسىش، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت قىلىش ساھەلىرىنى ئومۇميۈزلۈك نازارەت قىلدى ۋە باشقۇردى، بولۇپمۇ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشى ئېغىر بولغان رايون، ساھە ۋە تاۋارلارنى نۇقتىلىق تەرتىپكە سالدى، داڭلىق تاۋار ماركىلىرىنى مەخسۇس ئىشلىتىشنى قوغداش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى ئۇيۇشتۇردى. بىر يىلدا تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسىدىن 775ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، دېلو قىممىتى 6 مىليون 450 مىڭ 800 يۈەن، 2 مىليون 87 مىڭ 200 يۈەن جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى؛ قانۇنسىز تاۋار ماركىسى بېسىش دېلوسىدىن 43ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، دېلو قىممىتى 1 مىليون 653 مىڭ يۈەن، 90 مىڭ 300 يۈەن جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى؛ داڭلىق تاۋار ماركىسىغا ۋە داڭلىقلىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى تاۋار ماركىسىنى مەخسۇس ئىشلىتىش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسىدىن 114ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ تاۋار يەرمەنكىسى ۋە تاۋار سودىسى بازارلىرىدا تاۋار ماركىسىنى مەخسۇس ئىشلىتىش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسىدىن 12سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ تاۋار ماركىسى بەلگىسى، ئورالمىسىدىن 41 مىليون 6400 پارچىسى يىغىۋېلىندى. 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىلىرىنى باھالاش، ئېتىراپ قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسىدىن 67 سى باھالاپ چىقىلدى ۋە ئېتىراپ قىلىندى ھەمدە «ئىلى»نىڭ جۇڭگودىكى داڭلىق تاۋار ماركىسى بولغانلىقى، «جىڭ ئالقانى»نىڭ ئەسلى چىققان ئورنىنى ئىسپاتلايدىغان تاۋار ماركىسى ۋە 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭدىكى داڭلىق تاۋار ماركىسى بولغانلىقى ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 2002 - يىلىنىڭ

200 يۈەن جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئارگانلىرى ئېلان بازارلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېلان ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن يېتەكلىدى ۋە ئىلگىرى سۈردى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە بار بولغان ئېلان تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇن 1608، كەسىپكارى 11 مىڭ 204، تىجارەت سوممىسى 700 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

جياڭ چى

## توختام باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئارگانلىرى تۈرلۈك توختام ئالدامچىلىقى ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىپ، «توختامغا رىئايە قىلىدىغان، ئىناۋەتنى قەدىرلەيدىغان» كارخانا بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. بىرىنچىدىن، ئۆي - زېمىن، خېرىدار چاقىرىش - خېرىدار بولۇش بازىرى قاتارلىق مۇھىم ساھە ۋە ئۇقتىلىق تاۋارلار جەھەتتىكى توختاملارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئېلىم - بېرىم، بىرلەشمىلىك، ئۆي ئىجارىگە ئېلىش، ئارىغا چۈشۈش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ھۆددىگە ئېلىش توختاملىرىدىكى ئالدامچىلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرى ئۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى. بىر يىلدا توختام ئالدامچىلىقى دېلوسىدىن 86سى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق توختامى 9، ھۆددىگەرلىك توختامى 19) تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان سومما 17 مىليون 358 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، 200 مىڭ 200 يۈەن جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. ئىككىنچىدىن، كارخانىلار كۆچمە مۈلۈككە رەنگە قويۇلغان نەرسىلەردىن 363 ى تىزىملاندى، توختام تالاش - تارتىشىدىن 220 سى مۇرەسسە قىلىندى، 222 قېتىملىق كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ئەنگە ئېلىندى، 35 قېتىملىق كىم ئارتۇق سودىسى نەق مەيداندا كۆزىتىلدى. ئۈچىنچىدىن، قەتئىي ھالدا «توختامغا رىئايە قىلىدىغان، ئىناۋەتنى قەدىرلەيدىغان» كارخانا ئۆلچىمى بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك 348 «توختامغا رىئايە قىلىدىغان، ئىناۋەتنى قەدىرلەيدىغان» كارخانىغا، 716 ۋىلايەت دەرىجىلىك، 116 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانىغا قايتىدىن نام بېرىلدى.

جياڭ چى



ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلبايراق يولى سودا - سانائەت ئورنىدىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى جۇڭشەن يولى سودا كوچىسىدا تاۋارلارغا ئېنىق باھا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكتە.

سۈرەتنى سودا - سانائەت ئىدارىسى تەمىنلىگەن

ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە كۈچكە ئىگە بولغانلىقى رويخەتكە ئالدۇرۇلغان تاۋار ماركىسى 10 مىڭدىن ئاشتى، 2 سى («تەڭرىتاغ» يۈڭ پوپايكىسى، ئىلى ماركىلىق يىرىۇرۇش ئاق ھاراق) جۇڭگونىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى، 3ى — كورلا نەشپۈتى، قىزغۇچ ساپ ھەسەل بىگى مېۋىسى، غەربىي يۇرت ئۈرۈقى ئەسلى چىققان ئورنىنى ئىسپاتلايدىغان تاۋار ماركىسى بولدى.

جياڭ چى

## ئېلان باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى مەركەزلىك ھالدا «خاتا يېتەكلەشكە قارشى تۇرۇش، يالغان، ساختا قىلمىشلارغا زەربە بېرىش» مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئېلان بازارلىرىدا مەخسۇس تۈر بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەتتە ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان، بازار تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان، ئىجتىمائىي مۇھىتنى بۇلغايدىغان، ئىستېمالچىلارنى خاتا يېتەكلەيدىغان يالغان، ساختا، قانۇنغا خىلاپ ئېلانلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بىر يىلدا كۆزىتىلگەن ئېلان ۋاستىسى 258، ئېلان 528 مىڭ 200، بۇنىڭ ئىچىدە گېزىت ئېلانى 277 مىڭ 800، تېلېۋىزىيە ئېلانى 160 مىڭ 700، رادىئو ئېلانى 34 مىڭ 200، ژۇرنال ئېلانى 8850 بولۇپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغىنى 9689، قانۇنغا خىلاپ ئېلان دېلوسىدىن 3558ى (بۇنىڭ ئىچىدە ساقلىقنى ساقلاش، يېمەكلىك ئېلانى 323، دورا ئېلانى 88، داۋالاش ئېلانى 240) تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 2 مىليون 450 مىڭ

## شاخلىتىپ سېتىشقا زەربە بېرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى شاخلىتىپ سېتىش، شەكلى ئۆزگەرگەن شاخلىتىپ سېتىش دېلوسىدىن 14نى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، دېلو قىممىتى 237 مىڭ 500 يۈەن، 33 مىڭ 400 يۈەن جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. شاخلىتىپ سېتىلغان تاۋاردىن 43ى نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرۈلدى، تاۋارنىڭ قىممىتى 230 مىڭ يۈەن، 19 مىڭ 400 يۈەنلىك قانۇنسىز تاپاۋەت مۇسادىرە قىلىندى.

جياڭ چى

## ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش تارماقلىرى ۋە ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى زىچ ماسلىشىپ، «12315» پاش قىلىش مەركىزى تور - نۇقتىسىنى تايانچ، كومپيۇتېر تورىنى ۋاستە قىلىپ، ئەرز قىلىش - پاش قىلىش، تەرگاۋ قىلىش، قوماندانلىق قىلىش، تەكشۈرۈشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، «بىر مەركەز، ئۈچ دەرىجىلىك قانۇن ئىجرا قىلىش»تىن ئىبارەت ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش تورىنى بەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. بىر قىسىم ۋىلايەتلەردە ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) لىك ئىدارە، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتلىرىنىڭ 3 دەرىجىلىك بىرلەشمە تورى يولغا قويۇلۇپ، ھوقۇقنى قوغداش ئاپپاراتلىرى مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى، چوڭ سودا سارايلىرى، كارخانىلار، ساياھەت نۇقتىلىرى، بىڭتۇەننىڭ تۇەن - مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كەنت - بازارلارغىچە كېڭەيتىلدى ھەمدە نام ۋە بەلگە بىر تۇتاش قېلىپلاشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - يېزىلاردىكى ئىستېمالچىلارنىڭ تۈرلۈك ئەرز - شىكايەت قىلىش، پاش قىلىش پونكىت - نۇقتىسىدىن 2542سى، ئالاقىلىشىش پونكىتىدىن 664ى قۇرۇلدى. بىر يىلدا ھال ئېيتىپ، مەسلىھەت سوراپ كەلگەن 190 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، 7709 پارچە ئەرز قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ 6800ى ھەل قىلىندى، ھەل قىلىنىش نىسبىتى 88.21% بولۇپ، ئىستېمالچىلار 4 مىليون 721 مىڭ 800 يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان كوچىدىن 67سى، دۇكاندىن 111ى، بازاردىن 22 سى، سودا سارىيىدىن بىرى بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

جياڭ چى

## ناتوغرا رىقابەت قىلمىشىغا زەربە بېرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئېلېكتر قۇۋۋىتى، سۇغۇرتا، بانكا، پوچتا، تېلېگراف، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، تۆمۈريول قاتارلىق بازار ئىدارە قىلىش ئورنىغا ئىگە ھەمدە رىقابەت قىلىشنى چەكلەيدىغان مونوپول ساھەلەرگە بولغان تەرتىپكە سېلىش، قېلىپلاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇردى، گاز، توك، سۇ، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئاممىۋى كەسپىي ئورۇنلارنىڭ باشقۇرۇش ئورنىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىش ۋە مەجبۇرلاپ سودىلىشىش قاتارلىق رىقابەتنى چەكلەيدىغان قىلمىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك نازارەت قىلدى ۋە باشقۇردى. بىر يىلدا رايونلارنىڭ سېتىشنى قامال قىلىش ۋە ساھەلەرنى مونوپول قىلىش دېلوسىدىن 10نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭدىن 371 مىڭ 700 يۈەن جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. ناتوغرا رىقابەت دېلوسىدىن 620 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. دېلو قىممىتى 79 مىليون 331 مىڭ 500 يۈەن، بۇنىڭدىن 3 مىليون 302 مىڭ 300 يۈەن جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار نامىنى تەقلىد قىلىپ ئورىغان، بېزىگەن دېلو 290 بولۇپ، دېلو قىممىتى 1 مىليون 972 مىڭ 400 يۈەن؛ مۇكاپاتلىق سېتىش دېلوسى 9 بولۇپ، دېلو قىممىتى 41 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىن 138 مىڭ 500 يۈەن جەرىمانە ئېلىندى، مۇسادىرە قىلىندى؛ سودا پارىخورلۇقى ۋە تاۋار تۆھمەتخورلۇقى دېلوسى 89 بولۇپ، دېلو قىممىتى 48 مىليون 579 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىن 1 مىليون 499 مىڭ يۈەن جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى.

جياڭ چى

## نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى «دەرىجىگە ئايرىپ، دېلو بېجىرىش، ئۈچ دەرىجە بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش، تەۋەلىكنى سەييار تەكشۈرۈش»تىن ئىبارەت نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى مۇكەممەللەشتۈردى. «يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش، قاتلاملار بويىچە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، «تەكرار قانۇن ئىجرا

قىلىش، گىرەلىشىپ قانۇن ئىجرا قىلىش» مەسىلىسىنىڭ ئالدى ئېلىندى. «ئىقتىسادىي نوپۇس» باشقۇرۇش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، كارخانىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنىڭ قوش رېلىسلىق تۈزۈمى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. كارخانا ئىناۋىتىنى ئامىغا كۆرسىتىشنى ئۆلچىمىدە قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە، ئاپتونوم رايون بويىچە 398 چوڭ بازاردا ئادەتتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا ئالدىن سىگنال بېرىشتىن ئىبارەت بازارنىڭ ئالدىن سىگنال بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، «سەممىيەتنى ئاممىغا كۆرسىتىش گرافىسى» ۋە «ئالدىن سىگنال بېرىش گرافىسى» ئورنىتىلىپ، ساختىسىغا زەربە بېرىپ، ھەقىقىيسىنى قوغداش، ئەلالىرىنى تاللاپ، ناچارلىرىنى شاللاشتا ياخشى ئۈنۈم يارىتىلدى. ئۆز ئارا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى، سودا، سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا، بىرلىككە كەلگەن مۇلازىمەت زالى قۇرۇلدى. «بىر ئورۇن ھۆددىگە ئېلىش، مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئۆز ئارا يەتكۈزۈپ قويۇش، ئۆز ئارا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، مۆھلەت بەلگىلەپ تاماملاش»تىن ئىبارەت رويخەتكە ئېلىپ تىزىملاشنىڭ «بىر زال شەكىللىك» مۇلازىمىتى يولغا قويۇلدى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانىلارنى تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىشنى ئۆز ئارا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش زالىدىن 30ى قۇرۇلدى.

جياڭ چى

# سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى

## سۈپەت باشقۇرۇش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭدا 20 ناھىيە، شەھەر ۋە 35 كارخانىدا سۈپەت ئارقىلىق شەھەرنى ۋە كارخانىنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى ئۆلچىمىدە سىناق قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە 958 كارخانىدا سۈپەت ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونتچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى ۋە شىخەنزە «تيەنفۇ» تېرمو ئېلېكتر پاي چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت 2 كارخانا مەملىكەت بويىچە سۈپەت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كارخانا دېگەن نامغا، 3 ئادەم مەملىكەت بويىچە سۈپەت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نامغا؛ 35 كارخانا ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كارخانا دېگەن نامغا، 76 ئادەم ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، فەن سۇڭخۇاڭ

## داڭلىق مەھسۇلاتلارنى ئىلگىرىلىتىش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭدا داڭلىق مەھسۇلات ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرىلىتىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، «شىنجاڭدىكى داڭلىق مەھسۇلاتلارنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، بازارنىڭ باھا بېرىشى ئاساس، جەمئىيەتتىكى ۋاسىتىچى ئاپپاراتلار سۆيېكت، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ تۈرتكە بولۇشى، يېتەكلىشى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشى كاپالەت، خېرىدارلارنىڭ رازىلىق كۆرسەتكۈچى ئاساسلىق كۆرسەتكۈچ قىلىنغان باھالاش سىستېمىسى بېكىتىلدى. 106 كارخانا ئىلتىماس قىلغان 127 مەھسۇلات شىنجاڭ داڭلىق مەھسۇلات ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرىلىتىش كومىتېتى مەخسۇس كومىتېتىنىڭ ئۇنىۋېرسال باھالىشى ئارقىلىق چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى كارخانا تەتقىقات مەركىزى بىلەن شىنجاڭ شەھەر تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئىلتىماس قىلىنغان 62 مەھسۇلات ئۈستىدە بازار ئىگىلەش نىسبىتى ۋە خېرىدارلارنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى بويىچە تەكشۈرۈپ چىقىشقا ھاۋالە قىلىندى. شىنجاڭ داڭلىق مەھسۇلات ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرىلىتىش كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا قايتا قاراپ چىقىپ بېكىتىلدى ھەمدە «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئاممىغا ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ پىكرى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 33 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 35 داڭلىق مەھسۇلات شىنجاڭنىڭ 2002 - يىللىق داڭلىق مەھسۇلاتى بولۇپ قالدى («قوشۇمچە»گە قاراڭ). بۇ، شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتنى باھالاش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن بۇيان بارلىققا كەلگەن تۇنجى تۈركۈم داڭلىق مەھسۇلات.

جاۋ شاۋشۇاڭ، فەن سۇڭخۇاڭ

### قوشۇمچە

شىنجاڭنىڭ 2002 - يىللىق داڭلىق مەھسۇلاتلىرى (كارخانىلىرى)

«جۇڭخې» ماركىلىق ئېلېكترولىز كوندېنساتورىنىڭ سايىلىق يۇقىرى ئالىيۇمىن ياپراقچىسىدا ئىشلىتىلىشى (شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي چەكلىك شىركىتى)، «شىنتې» ماركىلىق ئېلېكتر سىمى، كابېل، «شىنتې» ماركىلىق ئېلېكتر قۇۋۋىتى ترانسفورماتورى (شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى)، «خۇلى» ماركىلىق پولات ماتېرىيال (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر پاي چەكلىك شىركىتى)، «شىنجى» ماركىلىق

ئۇيۇۋەت ئىچەيدىغان ماي سۈمۈرگۈچ (شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتى)، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق كەپشەر چوكىسى (شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» كەپشەر چوكىسى زاۋۇتى)، «شىنتيەن» ماركىلىق شېكەرسىزلەندۈرۈلگەن ئاق، قىزىل ئۈزۈم ھارىقى («شىنتيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى)، «لولەن» ماركىلىق شېكەرسىزلەندۈرۈلگەن ئاق، قىزىل ئۈزۈم ھارىقى (شىنجاڭ «لولەن» ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى)، «ئوسما» ماركىلىق يۇيۇشلۇق گىرىم بۇيۇملىرى (شىنجاڭ «ئوسما» بىئولوگىيە پەن - تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى)، «تۇنخې» ماركىلىق پەمىدۇر قىيامى (شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى)، «بوشۇ» ماركىلىق مەدەنىيەت قەغىزى (شىنجاڭ «تيەنخۇاڭ» قەغەزچىلىك چەكلىك شىركىتى)، «شۈبەيجېن» ماركىلىق مۇز سۈيى، ساپ سۇ (شىنجاڭ «شۈبەيجېن» ساپ سۇ چەكلىك شىركىتى)، «قار لەيلىسى» ماركىلىق پاپىرۇس («گېنېرال» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ شىنجاڭ پاپىرۇس زاۋۇتى)، «تېغىلاڭ» ماركىلىق جىياجىياگەي دورا ئىچىملىكى (شىنجاڭ «تېغىلاڭ» دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى)، «ئىلى ماركىلىق ئاق ھاراق (شىنجاڭ «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى)، «مەيجۇر» ماركىلىق ئاي توقاچ، ياۋروپاچە تورت، ماروژنى، يۈەنشاۋ (شىنجاڭ مەيجۇر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، «شياۋچۇ» ماركىلىق بوتۇلكىلىق، سۇلىياۋ قاپلىق جىياڭيۇ، ئاچچىقسۇ (شىنجاڭ «شياۋچۇ» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى)، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئۇن (شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۇنى گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، «ئالتۇن غەربىي يۇرت» ماركىلىق ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن (شىنجاڭ «ئالتۇن غەربىي يۇرت» پەن - تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىكى تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتى)، «تەيكۇن» ماركىلىق يەم - خەشەك (شىنجاڭ «تەيكۇن» گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، «ياشى» ماركىلىق پولىۋىنىل خلورىدلىق سۇ يېغى (شىنجاڭ شىخەنزە تەرەققىيات رايونى «جۇڭغار» خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى)، «تيەنيې» ماركىلىق كۆپەدۇرگۈچى ئىشقار (شىنجاڭ «تيەنيې» پاي چەكلىك شىركىتى شىخەنزە خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى)، «بوغدا كۆلى» ماركىلىق ئورىيە، «بوغدا كۆلى» ماركىلىق نازۇك P — فتالىن كىسلاتاسى (جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى)، «لاچىن» ماركىلىق گلىكول (جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى)، «نۇلاڭ - نۇلاڭ» ماركىلىق مۇرەككەپ ئوغۇت (شىنجاڭ «مەنجاڭخۇاڭ» يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، «شىنجۇن» ماركىلىق مۇرەككەپ ئوغۇت (ئۈرۈمچى «شىنجۇن» مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت چەكلىك شىركىتى)، «يەنتەرەڭ» ماركىلىق سىر (شىنجاڭ ئورگانىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى)، «كېپىنەك شاھى» ماركىلىق ئىلمە توقۇلما ئىچ كىيىم (شىنجاڭ «كېپىنەك شاھى» ئىلمە توقۇلما چەكلىك شىركىتى)، «فاڭتىڭ» ماركىلىق ئىلمە توقۇلما ئىچ كىيىم (ئۈرۈمچى شەھەرلىك «يۈڭخۇاڭ» ئىلمە توقۇلما باش زاۋۇتى)، «تۆگقۇش» ماركىلىق يىپەك مەھسۇلاتلىرى (شىنجاڭ خوتەن «تۆگقۇش» يىپەكچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، «دۆڭفاڭ شېنگو» ماركىلىق كورلا نەشپۈتى (كورلا نەشپۈتى پاي چەكلىك شىركىتى)، «جىنبو» ماركىلىق ئەينەكسىمان پولات تورۇبا، سىتېرنا (شىنجاڭ «يۇڭچاڭ» بىرىكمە ماتېرىياللار پاي چەكلىك شىركىتى)، «گۇاڭخۇي» ماركىلىق گرانىت تاش بېزەك تاختىيى (شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى)، «1 - ئىيۇل» ماركىلىق بوتۇلكىلىق، سۇلىياۋ قاپلىق جىياڭيۇ، ئاچچىقسۇ (شىنجاڭ «1 - ئىيۇل» ئىچىش چەكلىك شىركىتى).

جاۋ شاۋشۇاڭ، فەن سۇڭخۇاڭ

## قەرەللىك نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە «مەھسۇلات سۈپىتىنى قەرەللىك نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش كاتالوگى»، ئاپتونوم رايوندىكى 17 سۈپەت نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئاپپاراتىغا «مەھسۇلات سۈپىتىنى قەرەللىك نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پىلانى» تۈزۈپ بەردى. ئاپتونوم رايوندىكى 8723 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 430 خىل مەھسۇلاتنى قەرەللىك نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى، مەھسۇلاتلارنى 12 مىڭ 251 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈردى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %75.68كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 1.98 پىرسەنت يۇقىرى ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 192، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتى 259 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %77.22؛ پىششىقلاپ ئىشلىگەن يېمەكلىكى، ئىچىملىكى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 3831، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتى 5186 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %76.80؛ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 32، تەكشۈرۈلگەن

مەھسۇلاتى 38 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %94.74؛ يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 921، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتى 1325 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %72.23؛ ئىلمە توقۇلما، ئاياغ كىيىم مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 94، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتى 104 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %44.23؛ خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 310، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتى 404 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %84.90؛ بىناكارلىق ماتېرىيالى مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 2570، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتى 3703 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %73.10؛ ماشىنا - ئېلېكتر سايمانلىرى مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 186، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتى 279 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %93.55؛ مېتاللورگىيە مەھسۇلاتلىرى، مېتال ياسالمىلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 56، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتى 115 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %95.65؛ ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 497، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتى 771 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %78.60؛ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا بىر، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتى 2 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100؛ باشقا مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 33، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتى 47 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %42.55.

جاۋ شاۋشۇاڭ، زېڭ ۋېن

## بىر تۇتاش نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان 12 خىل مەھسۇلاتنى بىر تۇتاش نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى، 604 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 782 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلات تەكشۈرۈلۈپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %74.94 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 53 كارخانا ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان 61 تۈركۈم (قېتىم) سۇلياۋ يوپۇقنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %78.69؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 20 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 24 تۈركۈم (قېتىم) مۇرەككەپ ئوغۇتنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %58.33؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 4 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 4 تۈركۈم (قېتىم) كالتسىي سۇپېرفوسفاتنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 36 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 43 تۈركۈم (قېتىم) لىمىلىكنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %79.07؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 167 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 169 تۈركۈم (قېتىم) ئىچىملىك سۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %61.54؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 15 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 15 تۈركۈم (قېتىم) سۈت پاراشوكىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %46.67؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 54 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 123 تۈركۈم (قېتىم) سۇدىن ساقلىنىش ئورالما ماتېرىيالىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %56.1؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 55 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 59 تۈركۈم (قېتىم) قەغەز يەشىكىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %66.1؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 4 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 7 تۈركۈم بېنزىن، دىزېلىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 12 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 12 تۈركۈم (قېتىم) تاۋار بېتوننىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 105 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 153 تۈركۈم (قېتىم) ئاق ھاراقنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %88.89؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 79 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 112 تۈركۈم (قېتىم) سېمونتنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 بولدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، زېڭ ۋېن

## سۈپەت نازارەت قىلىش - ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى ئويۇشتۇرۇپ ساھەسىدىكى 67 خىل تاۋارنى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى، بۇ تاۋارلار ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 8622 كارخانىغا چېتىلىدۇ، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن تاۋارلار 41 مىڭ 981 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %86.6 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 1808 ئورۇننىڭ 38 خىل تاۋىرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 43 قېتىم نازارەت قىلىندى ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن تاۋارلار 2539 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %61.95 بولدى. يېڭى يىل، باھار بايرىمى، «15 - مارت» ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش كۈنى، «1 - ئىيۇل» بالىلار بايرىمى، ئاۋۇز چاغىنى، دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە يېڭى ۋە توڭلىتىلغان ھايۋان، قۇش گۆشى ياسالمىلىرى، مېۋە ھارىقى، پارچە ئاق ھاراق، ئىسپىرتسىز

تېچىلىك، ئىچىملىك سۇ، سوت پاراشوكى، سۇ بېقى، خۇرۇم قاتارلىق كىيىم نازارەت قىلىندى ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن تاۋارلار 449 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 59.2% بولدى. يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى تەكشۈرۈپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كاپالەتلىك قىلىش مەزگىلىدە، دومىلىما ساقلىق قازان، تراكتورنىڭ زەنجىر تاپان تاختىسى قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى سەپلىمىسى ۋە چاقلىق تراكتورلار نازارەت قىلىندى ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەھسۇلاتى 94 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 53.2% بولدى. مەخسۇس تۈر بويىچە ساختىلىققا زەربە بېرىش پائالىيىتىدە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، تاش ماتېرىيال، تازىلىق ئۈسكۈنىلىرى، ئېلېكتر سىمى، كابېل، توك مەنبەسىگە ئۇلىنىدىغان شتېپسېل، روزېتكا قاتارلىق تاۋارلار مەخسۇس تۈر بويىچە نازارەت قىلىندى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن تاۋارلار 315 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 43.2% بولدى. 4 - پەسىلدە ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، ئىلى، بايىنغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا گۆش پاسالىلىرى، يېقىلغۇ ئۈسكۈنىلىرى، توڭلاتتىن ساقلىنىش سۈيۇقلۇقى، پول، توك سائىتى قاتارلىق 8 تۈردىكى 19 خىل تاۋار نازارەت قىلىندى ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى. سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 634 كارخانىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 728 تۈركۈم (قېتىم) تاۋىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 58.24% بولدى. بىر يىلدا 3 قېتىم ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناچار تاۋارلارنى ساتقان ئورۇنلار تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، زىڭ ۋېن

## سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىدا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى رويخەتكە ئېلىپ تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەرنىڭ تەربىيىلىنىپ گۇۋاھنامە ئېلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، 2 قارار تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىلىپ، لاياقەت تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 80 ئادەم دۆلەتلىك رويخەتكە ئېلىپ تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇش توختىتىلىپ، 124 كارخانىغا مەملىكەتلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىن 69 خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان 1008 كارخانا دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى بەرگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، فەن سۇڭخۇاڭ

## مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسىدىن 400نى تارقاتتى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسىدىن 1500نى تەكشۈرۈپ ئالماشتۇردى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدىكى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىم 2621گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسى ئالغانلار 1222، قانۇن ئىجرا قىلىش سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالغانلار 1399. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ۋە 80 ناھىيە (شەھەر) لىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، 13 ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق 2 قانۇن ئىجرا قىلىش ئاپپاراتىنىڭ ھەممىسى سىناپ كۆرۈش، قايتا باھالاش ۋە ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىگە يەتتى. بىر يىلدا دېلو تۇرغۇزۇپ تەرگاۋ قىلىنغان دېلو 10 مىڭ 775، مەمۇرىي جازا بېرىلگىنى 10 مىڭ 12، نەق مەيداندا چارە كۆرۈلگىنى 4357، سوت مەھكىمىسىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشى ئىلتىماس قىلىنغىنى 398، ئەدلىيە ئورگانلىرى ياكى باشقا تارماقلارغا يوللاپ بېرىلگىنى 8. بۇ ئارقىلىق 24 مىليون 741 مىڭ 500 يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى، جەرىمانە قويۇلغان پۇل ۋە مۇسادىرە قىلىنغان ماددىي ئەشيانىڭ قىممىتى 5 مىليون 635 مىڭ 100 يۈەن.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## تالا تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ «تەبىئىي رەڭلىك ئىنچىكە تالالىق پاختا»، «ئۇزۇن تالالىق پاختا»، «يۇڭنى يۇيۇپ تازىلاشنى سىناق قىلىش ئۇسۇلى — قۇرۇتۇش ساندۇقى ئۇسۇلى»، «قوي يۇڭى» قاتارلىق تۈرلەرنىڭ دۆلەت ئۆلچىمىنى بېكىتىش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشتى ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئالدى، «ئوقۇغۇچىلار كىيىمى» جەھەتتىكى ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ئۆلچىمىنى تۈزدى. سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدا پاختا تەكشۈرۈش، گۇۋاھلىق بېرىش، ئەۋرىشكە ئېلىش، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش قاتارلىق كۇرسلاردىن 9 قارار ئېچىلىپ، تالا تەكشۈرۈش خادىملىرىدىن 390 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. تىجارەت

خاراكتېرلىك پاختىغا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈشنى ئۈستىگە ئالغان 24 ئاپپارات CNACL تالا توقۇش كەسپىي ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش ۋە تالا توقۇش ئىقتىدارىنى سېلىشتۇرۇش سىنىقىغا قاتناشتى. بىر يىلدا 229 مىڭ 846 توننا تىجارەت خاراكتېرلىك پاختا 11 مىڭ 865 تۈركۈم (قېتىم) ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە تالالىق پاختا 11 مىڭ 445 تۈركۈم، 219 مىڭ 599 توننا، ئۇزۇن تالالىق پاختا 420 تۈركۈم، 10 مىڭ 247 توننا؛ 247 مىڭ 649 توننا پاختا 11 مىڭ 398 تۈركۈم (قېتىم) ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىنچىكە تالالىق پاختا 9968 تۈركۈم، 204 مىڭ 761 توننا، رەڭلىك پاختا 546 تۈركۈم، 10 مىڭ توننا، ئۇزۇن تالالىق پاختا 884 تۈركۈم، 32 مىڭ 888 توننا؛ 3566 تۈركۈمدىكى 22 مىڭ 95 توننا پاختا نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى؛ 171 تۈركۈمدىكى 3666 توننا پاختا كېسىم قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى. 41 تۈركۈمدىكى 1500 توننا پىلە غوزىسى تەكشۈرۈلدى؛ 791 تۈركۈمدىكى 9108 توننا تۆۋەت تېپىدىكى تالا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى؛ 147 تۈركۈمدىكى 2071 توننا تۆۋەت ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلدى. زىغىر پالىقىنىڭ دۆلەت سېتىۋېلىش ناتورال ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ زىغىر پالىقى سېتىۋېلىش خىزمىتىدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى، بىر يىلدا 278 تۈركۈمدىكى 110 مىڭ توننا زىغىر نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى. 12 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 177 پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىنىڭ 707 تۈركۈمدىكى ئىنچىكە تالالىق پاختىسى، 7 تۈركۈمدىكى ئۇزۇن تالالىق پاختىسىنىڭ سۈپىتى نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 6 تۈرلۈك توقۇلما بۇيۇمى قىرەللىك نازارەت قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى. 4717 تۈركۈم (قېتىم) دىكى توقۇلما بۇيۇملار ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈشكە قوبۇل قىلىندى؛ پاختا تىجارىتىدە ئىشلىتىلىدىغان 3197 دانە ئۆلچەش سايمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، بۇ 2001 - يىلدىكىدىن %30 كۆپ. پاختىنى دەرىجىگە ئايرىشنىڭ 2989 يۈرۈش ناتورال ئۆلچىمى مەملىكەت بويىچە پاختا پىرىيوم قىلىش ئورۇنلىرىنى سىناشنىڭ 350 يۈرۈش پاختا ئەۋرىشكىسى تەقلىدىي پاسالدى ۋە تارقىتىلدى. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى يۈزىسىدىن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلمەي زاۋۇتقا كىرگۈزۈلگەن 5100 توننا پاختا نازارەت قىلىش ئۈچۈن تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۈلگە ئاتلاپ تەكشۈرۈلىدىغان 505 تۈركۈمدىكى 16 مىڭ 697 توننا دۆلەت زاپىس پاختىسى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى.

پاختا سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، پاختا سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنىڭ «قوش يۈزلۈك» جېڭى داۋاملىق ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 4900 ئادەم (قېتىم) قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خادىمى ئىشقا سېلىنىپ، 1233 سېتىۋالىدىغان زاۋۇت، پونكىت تەكشۈرۈلدى، پاختىكارلار ساتقان 3908 توننا چىگىتلىك پاختىغا چېتىلىدىغان 2269 كىچىك ئەۋرىشكە ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلدى. 890 چىگىتلىك پاختا دۆۋىسى تەكشۈرۈلدى، پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىدىن 137سى تەكشۈرۈلدى، 526 تۈركۈمدىكى 11 مىڭ 407.57 توننا تايلانغان پاختا ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، غەيرىي تالا سېتىۋېلىش كارخانىسىدىن 336 سى، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىدىن 137 سى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى، سۈپەت جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 116سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى، قانۇنسىز سېتىۋېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش ئورۇنلىرىدىن 105ى بىتچىت قىلىنىپ، دۆلەت ئاشكارا مەنئى قىلغان پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىسىدىن 61ى (يۈرۈش) مۇسادىرە قىلىندى. ئۈرۈمچىدىكى 123 دوختۇرخانا، مېھمانخانا، مەكتەپ، بالىلار باغچىسىنىڭ 30 مىڭ 747 كارىۋاتلىق تور پاختىسى تەكشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە «قارا نىيەتلىك پاختا» ئورۇنلىرىدىن 199ى بىتچىت قىلىنىپ، «قارا نىيەتلىك پاختا» پاسالمىسىدىن 2566 سى، قانۇنسىز پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىسىدىن 10ى (يۈرۈش) مۇسادىرە قىلىندى. ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي تالا تەكشۈرۈش سىستېمىسى بويىچە سۈپەت جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان تۈرلۈك دېلودىن 757سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 5 مىليون 540 مىڭ يۈەن جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. شىڭشىڭشيادىكى تەكشۈرۈش پونكىتى شىنجاڭدىن چىققان پاختا، يۇڭ بېسىلغان 4920 ئاپتوموبىلدىن 4500 تۈركۈمدىكى 100 مىڭ توننا پاختىنى تەكشۈرۈپ، سۈپەت دوكۇمېنتى يوق 1000 توننا پاختىنى، 400 تۈركۈمدىكى 7434 توننا ساپ يۇڭنى تەكشۈرۈپ، سۈپەت دوكۇمېنتى يوق 400 توننا يۇڭنى قولغا چۈشۈردى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ لىنى

## ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ پار قازان بېسىم قاچىسىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش تەتقىقات ئورنى دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ سالاھىيەت تەكشۈرۈش بويىچە قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ گۇۋاھنامىسىنى

ئالماشتۇردى، شىنجاڭ ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەر بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش ئورنى دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ سالاھىيەت تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، گۇۋاھنامە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 25 پار قازان، بېسىم قاچىسى، ئالاھىدە ئۈسكۈنە تېخنىكىسىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى تەكشۈرگەن سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى قايتا ئېتىراپ قىلىش ۋە قاراپ چىقىپ گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتىنى قوبۇل قىلدى. بىر يىلدا نورمال بېسىملىق ئىسسىق سۇ پار قازىنىنىڭ 172 پۈرۈش لايىھە چېرتيوژى، بېسىمغا بەرداشلىق بېرىدىغان پار قازىنىنىڭ 14 پۈرۈش لايىھە چېرتيوژى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى؛ بېسىم قاچىسى لايىھىلەش ۋە ياساش سالاھىيىتىگە ئىگە 7 ئورۇن، بېسىملىق تۇرۇبا يولى لايىھىلەيدىغان 3 ئورۇن كۆزدىن كەچۈرۈلدى، بېسىم قاچىسى لايىھە چېرتيوژىدىن 32 پۈرۈش، شارسىمان باكنى نەق مەيداندا قۇراشتۇرۇش، كەپشەرلەش قۇرۇلۇشىنى ئۇيۇشتۇرۇش لايىھىسىدىن 13 پۈرۈش تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. پار قازان ياساش ئىجازەتنامىسىدىن 23ى، بېسىم قاچىسى ياساش ئىجازەتنامىسىدىن 15ى يەڭگۈشلەپ تارقىتىلدى؛ نورمال بېسىملىق پار قازان ياساش ئىجازەتنامىسىدىن 14ى، بېسىم قاچىسى ياساش ئىجازەتنامىسىدىن 2 سى تەكشۈرۈپ تارقىتىلدى؛ نورمال بېسىملىق ئىسسىق سۇ پار قازىنىدىن 14نى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش تەستىقلاندى، 8گە ئاخىرقى ھېساباتا تەكشۈرۈپ گۇۋاھنامە تارقىتىلدى. قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش، ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىدا قۇراشتۇرۇش سالاھىيەتنامىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، پار قازان قۇراشتۇرۇش ئىجازەتنامىسىدىن 116سى، پار قازاننى خىمىيىلىك تازىلاش ئىجازەتنامىسىدىن 14ى يەڭگۈشلەپ تارقىتىلدى، 16 ئىجازەتنامە تەكشۈرۈپ تارقىتىلدى؛ پار قازاننى خىمىيىلىك تازىلاش ئورنىدىن 9ى، پار قازاننىڭ سۇ سۈپىتىنى كۆزىتىش ئورنىدىن 7سى تەكشۈرۈلدى؛ 26 پار قازاندا ئىش باشلاش دوكلاتى، پار قازاننى ئۆزگەرتىش لايىھىسىدىن 55 پۈرۈشى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، پار قازاننى خىمىيىلىك تازىلاش لايىھىسىدىن 8ى تەكشۈرۈلدى؛ سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى، تەبىئىي گاز قاچىلاش پونكىتىدىن 34ى تەكشۈرۈلدى، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن تىرۇبىنى قۇراشتۇرۇش بويىچە ئىش باشلاش لايىھىسىدىن 12 پۈرۈش، بېسىم قاچىسى قۇراشتۇرۇش لايىھىسىدىن 18 پۈرۈش، بېسىم قاچىسىنى رېمونت قىلىش، ئۆزگەرتىش لايىھىسىدىن 12 پۈرۈش تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى؛ دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىگە ماسلىشىپ بېسىملىق تۇرۇبا يولى قۇراشتۇرۇش ئورنىدىن 12 سى تەكشۈرۈلدى، 12 ئىجازەتنامە تەكشۈرۈپ تارقىتىلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە نېفىت، كران قۇراشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش، رېمونت قىلىش، ئاسراش ئورۇنلىرى تەكشۈرۈلۈپ، گۇۋاھنامىسى يەڭگۈشلەپ تارقىتىلدى. ئىشلىتىش ھالىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش كۈچەيتىلىپ، 516 پار قازىنى تىزىملىنىپ ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى؛ تۆمۈريولدا باكلىق ۋاگون ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسىدىن 296 سى، ئاپتوموبىل باكلىق ۋاگونى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسىدىن 54ى تەكشۈرۈلدى؛ 1744 ئالاھىدە ئۈسكۈنىنى قۇراشتۇرۇش، چوڭ رېمونت قىلىش، ئۆزگەرتىش ئەنگە ئېلىندى؛ ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەر مەشغۇلاتى گۇۋاھنامىسىدىن 4660ى تەكشۈرۈپ تارقىتىلدى، يەڭگۈشلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە پار قازان، بېسىم قاچىسى، ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تۈزىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پار قازان، بېسىم قاچىسى، تۇرۇبا يولى ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەردىن 37 مىڭ 695نى قايتا تەكشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە، پارقازان 10 مىڭ 606، بېسىم قاچىسى 16 مىڭ 862، لىفت 1942، كران 5821، زاۋۇت ئىچىدىكى زاپاس ئاپتوموبىل 2057، ساياھەت-كۆڭۈل ئېچىش ئۈسكۈنىسى 407. بۇلارنى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسىدىن 15 مىڭ 656 سى تارقىتىلدى، بۇ ئومۇمىي سانىنىڭ 41.5%نى ئىگىلەيدۇ. 4370 پارچە نازارەتچىلىك پىكىرنامىسى تارقىتىلدى، بۇلاردىن 1046 سى ئىشلىتىشتىن توختىتىلدى، 234ى براكقا چىقىرىلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەم بېكىتىش (تۈزىتىش كىرگۈزۈش) ۋە ئەنگە ئېلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى «پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان پەمىدۇرنى سېتىۋېلىش ئۆلچىمى»، «تەگرىتاغ، نەسىللىك بۇغىسى» قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ 15 يەرلىك ئۆلچىمىنى ئېلان قىلدى ھەمدە ھەر ساھەدىكى باشقۇرۇش تارماقلىرىنى ھازىر يولغا قويۇلۇپ ئۈنۈم بېرىۋاتقان يەرلىك ئۆلچەملەرنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاشقا ئۇيۇشتۇردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا ئۈنۈملۈك يەرلىك ئۆلچەمدىن 158ى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئۆلچەم 38، كۆرسىتىش خاراكتېرلىك ئۆلچەم 120. كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمىدىن 2634ى قوبۇل قىلىنىپ ئەنگە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى قوبۇل قىلغىنى 326. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون

بويىچە كارخانىلارنىڭ ئۆزئۆملۈك ئۆلچىمىدىن 8064ى ئەنگە ئېلىندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## خەلقئارا ئۆلچەمنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ 87 مەھسۇلاتى خەلقئارا ئۆلچەملىك مەھسۇلات بەلگىسىنى ئىشلىتىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ئۆلچەملىك مەھسۇلات بەلگىسى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## قوشۇمچە

**2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ خەلقئارا ئۆلچەم بەلگىسى ئىشلىتىلگەن مەھسۇلاتلىرى**

ساناەت ئوكسىگېنى (قۇمۇل «جىنلەن» ياساش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، ئېرىتكۈچى ئاتسېتىلېن گازى (قۇمۇل «كاڭخۇا قۇلى» ئېرىتكۈچى ئاتسېتىلېن گازى بىرلەشمە تىجارەت زاۋۇتى)، 10 گرادۇسلۇق شىخۇ پىۋىسى، 12گرادۇسلۇق شىخۇ پىۋىسى (شىنجاڭ شىخۇ پىۋىسى غۇلجا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، تۆۋەن بېسىملىق پورۇشلەشكەن ۋېكلىيۇچاتېل ئۇسكۈنىسى (كۈيتۇڭ «تونيۈەن» قۇۋۋەت تېجەيدىغان ئېلېكتر ئۇسكۈنىلىرى ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتى)، دىزېل ماتور مېيى CC40 (كۈيتۇڭ «يۇلى» ئالاھىدە ماي مەھسۇلاتلىرى چەكلىك شىركىتى)، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پولىئۈنىللىق پۈۋلەپ ياسالغان سۇلياۋ يوپۇق، يېزا ئىگىلىكىدە يەر يۈزىنى يېپىشتا ئىشلىتىلىدىغان پولىئۈنىللىق پۈۋلەپ ياسالغان سۇلياۋ يوپۇق (شىنجاڭ «كاڭشىڭ» سۇلياۋ ياسالمىلىرى زاۋۇتى)، قىزىلچا دانچە ئارزىگى (ئىلى «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، 12 گرادۇسلۇق شىنجاڭ پىۋىسى (شىنجاڭ «شىنپى» گۇرۇھى قورغاس پىۋا چەكلىك شىركىتى)، قىزىلچا دانچە ئارزىگى (شىنجاڭ «سىفاڭ» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى)، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (ئىلى «خاۋفېڭ» ساناەت - سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، قىزىلچا دانچە ئارزىگى (شىنجاڭ «سىفاڭ» گۇرۇھى كۈنەس شېكەرچىلىك چەكلىك شىركىتى)، 12 گرادۇسلۇق ئىلى پىۋىسى (شىنجاڭ ئىلى پىۋا زاۋۇتى)، يېزا ئىگىلىكىدە يەر يۈزىنى يېپىشتا ئىشلىتىلىدىغان پولىئۈنىللىق پۈۋلەپ ياسالغان سۇلياۋ يوپۇق، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (شىخەنزە ئۈسۈملۈك ئاسراش ماشىنىسازلىق زاۋۇتى)، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (شىخەنزە ئۈسۈملۈك ئاسراش ماشىنىسازلىق زاۋۇتى)، تۆۋەن بېسىملىق پورۇشلەشكەن ۋېكلىيۇچاتېل ئۇسكۈنىسى (شىخەنزە «تيەنشەن» ئېلېكتر مۇئەسسەسىلىرى چەكلىك شىركىتى)، لىمون كىسلاتاسى (ئەلا مەھسۇلات) (شىخەنزە شەھىرى «چاڭيۈەن» بىئو - خىمىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، تۆۋەن بېسىملىق توك تەقسىملەش ئىشكاپى (شىخەنزە «تيەنفۇ شىنمېي» ئېلېكتر سايمانلىرى چەكلىك شىركىتى)، ئۇستىرىتسا پەشكى (شىخەنزە «شۇگۇاڭ» قەغەز قاپ، قەغەز پەشىك زاۋۇتى)، ئۇستىرىتسا پەشكى (بىڭتۈەن 8 - شى 142 - تۈەن - مەيدان پەشىك زاۋۇتى)، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن، ساناەت ئازوتى (غەربىي - جەنۇبىي تارىم شىركىتى خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى)، J14. 6tex ساپ پاختا يىپ، J14. 5tex ساپ پاختا يىپ، 18. 2tex×18. 2tex ساپ پاختا سىپتا رەخت، 18. 2tex×19. 5tex ساپ پاختا سىپتا رەخت (شىنجاڭ قەشقەر «شىنشىڭ» توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، يېزا ئىگىلىكىدە يەر يۈزىنى يېپىشتا ئىشلىتىلىدىغان پولىئۈنىللىق پۈۋلەپ ياسالغان سۇلياۋ يوپۇق (شىنجاڭ «ۋۇتۇڭ» سۇلياۋ زاۋۇتى) يېزا ئىگىلىكىدە يەر يۈزىنى يېپىشتا ئىشلىتىلىدىغان پولىئۈنىللىق پۈلەپ ياسالغان سۇلياۋ يوپۇق (شىنجاڭ شىخەنزە شىيابىدى سۇلياۋ زاۋۇتى)، قىزىلچا دانچە ئارزىگى (شىنجاڭ «زۇڭخېڭ» شېكەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (شىنجاڭ «چىگىڭ» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، خىمىيە ساناىتى پاي چەكلىك شىركىتى)، 32S ئۈز رەڭلىك ئادەتتىكى ساپ پاختا يىپ، 32S ئۈز رەڭلىك سىپتا ساپ پاختا يىپ، 40S ئۈز رەڭلىك سىپتا ساپ پاختا يىپ (شىنجاڭ «لوپنۇر» توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ لوپنۇر پاختا توقۇمىچىلىق شۆبە شىركىتى)، قىزىلچا دانچە ئارزىگى (شىنجاڭ خوگۇاڭ شېكەر زاۋۇتى)، ئۈز رەڭلىك پاختا يىپ، گاز ئېقىمى بىلەن ئېگىرىلگەن ئۈز رەڭلىك پاختا يىپ، ئۈز رەڭلىك پاختا رەخت (شىنجاڭ كورلا پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، ئۇستىرىتسا پەشكى (شىنجاڭ خېجىڭ ناھىيىلىك تاختىلىق قەغەز ياسالمىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، قەغەز يۈزلۈك گىپس تاختا (كورلا «خۇڭيىڭ» بېزەك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى)، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (شىنجاڭ يەنجى ناھىيە «خۇڭفېڭ» ساناەت - سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، ئۇستىرىتسا پەشكى (شىنجاڭ كورلا سايدۇڭ ئورالما ياسالمىلىرى زاۋۇتى)، ئۇستىرىتسا پەشكى (كورلا «تىڭلۇڭ» پەشىك زاۋۇتى)، ئۇستىرىتسا پەشكى (كورلا شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى پاراۋانلىق باش شىركىتى)، قىزىلچا دانچە ئارزىگى (شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ

يەنجى يېمەكلىك شۆبە شىركىتى) ، ئوتتۇرا زىچلىقتىكى تالالىق تاختاي (شىنجاڭ باغراش سۈنئىي تاختاي زاۋۇتى) ، يېزا ئىگىلىكىدە ھەر يۈزىگە يېپىشقا ئىشلىتىلىدىغان پولىئېتىلىنلىق يۈزلەپ ياسالغان سۇلياۋ يوپۇق (قوبۇقسار ناھىيىلىك خىمىيە سانائىتى ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى) ، قىزىلچا دانچە ئارزىگى (بىڭتۈەن 9 ـ شى شېيۇ شېكەر زاۋۇتى) ، 12 گرادۇسلۇق «چىگىتاۋ» پىۋىسى (ساۋەن ناھىيىلىك «يۈكزۇڭ» پىۋا چەكلىك شىركىتى) ، ئەپس يۇڭ يىپ (شىنجاڭ «جىنتا» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى) ، S9 تىپلىق ئېلېكتر قۇۋۋىتى ترانسفورماتورى (سانجى شەھەرلىك تېجىن ترانسفورماتور زاۋۇتى، S9 تىپلىق ئېلېكتر قۇۋۋىتى ترانسفورماتورى (سانجى شەھەرلىك «يېدا» ئېلېكتر قۇۋۋىتى، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، مايغا چىلانغان ئېلېكتر ئېنېرگىيىلىك ترانسفورماتور (سانجى شەھەرلىك «خۇاكاڭ» ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى) ، 12 گرادۇسلۇق سۈزۈك پىۋا، 11 گرادۇسلۇق سۈزۈك پىۋا (شىنجاڭ «شىنبېي» گۇرۇھى سانجى پىۋا چەكلىك شىركىتى) ، يۇمشاق لىنىيىلىك ماس ئۆزەكلىك چەمبىرەكسىمان ئاسما ئۆتكۈزگۈچ سىم (مىچۈەن شەھىرى «بويۇەن» سىم ـ كابېل چەكلىك شىركىتى) ، پولىۋىنىل ئىزولياتسىيىلىك كابېل (مىچۈەن شەھىرى «بويۇەن» سىم ـ كابېل چەكلىك شىركىتى جېنجياڭ ئېلېكتر سىمى ـ كابېل زاۋۇتى) ، S9 تىپلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيىلىك ترانسفورماتور (سانجى شەھەرلىك «تەيشەن» ئۇنىۋېرسال ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى) ، پولىۋىنىل ئىزولياتسىيىلىك كابېل (مىچۈەن شەھىرى «شىنۇبېي» ئېلېكتر سىمى، كابېل زاۋۇتى) ، 18. 2tex ساپ پاختا يىپ (توقسۇن ناھىيىلىك «يۈگدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، 640 لىتىرلىق پىۋا بوتۇلكىسى (شىنجاڭ «شىنبېي» گۇرۇھى تۇرپان ئەينەك ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى) ، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (شىنجاڭ تۇرپان «شۇيۇاڭ» سانائەت چەكلىك شىركىتى) ، J11. 8tex ساپ پاختا يىپ (تۇرپان «يىدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى) ، ئالا دەرىجىسى پولى سىمولىلىق يالپاقداپ كۆرۈش، ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىلىدىغان 90 ـ نومۇرلۇق قوغۇشۇنسىز بېنزىن (جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى) ، يېزا ئىگىلىكىدە يەر يۈزىنى يېپىشقا ئىشلىتىلىدىغان پولىئېتىلىنلىق سۇلياۋ يوپۇق (شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سۇلياۋچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، ئەپس ئىشلەنگەن يۇڭ ئىلمە توقۇلما (ئۈرۈمچى «داۋبالىڭ» ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، 12 گرادۇسلۇق ئالىي دەرىجىلىك سۈزۈك پىۋا (شىنجاڭ پىۋا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، ئامىنوني نىترات (شىنجاڭ «شىنخۇا» خىمىيىۋى ئوغۇت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) CD40 دىزېل ماتور مېيى (قاراماي شەھەرلىك «كېلىدا» ماي، خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، سانائەت دى ئېتىل ـ گلىكولى (جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى) ، 25 ـ نومۇرلۇق ترانسفورماتور مېيى (جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ قاراماي شۆبە شىركىتى) ، خەت قەغىزى (شىنجاڭ باغراش قومۇشچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى) ، سىنك 12 مانگان ئوكسىدلىق قۇرۇق باتارېيە R6CR20 (شىنجاڭ باتارېيە زاۋۇتى) ، 3 ـ نومۇرلۇق رىئاكتىپ يېقىلغۇ (جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى) ، ئەپس توقۇلغان يۇڭ ئىلمە توقۇلما (مورى ياپىلىقىدىكى «شۇباڭ» تىۋىت توقۇلمىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، فېنىل گىدرازىنلىق سۈنئىي ئېفېدرىن (شىنجاڭ دورا زاۋۇتى) ، OE58tex گاز ئېقىملىق ئېگىرىلگەن ساپ پاختا يىپ (شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق گۇرۇھى پاي شىركىتى) ، 14. 5tex ئادەتتىكى ساپ پاختا يىپ، 18. 2tex ئادەتتىكى ساپ پاختا يىپ (شىنجاڭ «زۇڭخېڭ» پاختىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، OE58tex گاز ئېقىملىق ئېگىرىلگەن ئۆز رەڭلىك پاختا يىپ، 18. 2tex ئادەتتىكى ساپ پاختا يىپ (شىنجاڭ «تۆمۈرچوققا» پاختىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى) ، 18. 2tex ئادەتتىكى ساپ پاختا يىپ، 19. 5tex×19. 5tex ساپ پاختا سېپتا رەخت (شىنجاڭ خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى) ، 18. 2tex ئۆز رەڭلىك پاختا يىپ (ماناس ناھىيىلىك «لۇڭشېڭ» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى)

## يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى

2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى مەملىكەتلىك يۇقىرى موسۇل، ئەلا سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈم پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە 6 ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى يەنى «تۇرپان ئۈزۈمى» ، «چىگىل تىۋىتلىك ئۆچكىسى» ، «جىڭ ئالقاتى» ، «ساۋەننىڭ ئېكولوگىيىلىك كۆكەرتىشى» ، «چاپچال ناھىيىسىنىڭ ‹تەڭرىتاغ› بۇغىسى» ، «ئاۋات ناھىيىسىنىڭ پاختىسى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئاپتونوم رايون ئىلتىماس قىلغان «تەبىئىي رەڭلىك ئىنچىكە تالالىق پاختا» ، «ئۆزۈن تالالىق پاختا» ،

«ئۇرۇقسىز ئاق ئۈزۈم»دىن 3 تۈرنى دۆلەت ئۆلچىمىگە كىرگۈزۈش جۇڭگو ئۆلچەملەشتۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ، 2002 - يىللىق دۆلەت ئۆلچىمىنى تۈزۈش (تۈزىتىش كىرگۈزۈش) پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون ئىلتىماس قىلىشنى تۈيۈشتۈرغان «زىغىرنى ئۆلچەملەشتۈرۈش»، «ئورمان قەغىزى سانائىتىنىڭ خام ئەشيا ئورمىنى بازىسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش» قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىلىدىغان 3 تۈر جۇڭگو ئۆلچەملەشتۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3 - تۈركۈمدىكى يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى تۈر پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. پاختا جەھەتتىكى دۆلەتنىڭ 2300 يۈرۈش ناتۇرال ئۆلچىمىنى تەقلىد قىلىپ ياساش نۇسخىسى ۋە رەڭلىك پاختىنىڭ 94 يۈرۈش يەرلىك ناتۇرال ئۆلچىمىنى تەقلىد قىلىپ ياساش نۇسخىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەملەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ۋە نازارەت قىلىنىش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىستىبىسى «ئالدىن قاچىلانغان ئورالما يېمەكلىك بەلگىسىدە ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئۆلچەم» ۋە «گىرىم بۇيۇملىرى بەلگىسىدە ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئۆلچەم»دىن ئىبارەت مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك دۆلەت ئۆلچىمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، سېتىش ئورۇنلىرى، توپ سېتىش (پارچە سېتىش) دۇكانلىرىغا قارىتا ئالدىن قاچىلانغان ئورالما يېمەكلىك بەلگىسى، گىرىم بۇيۇملىرى بەلگىسى بويىچە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى. يېمەكلىك بەلگىسى 277 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 90.3% بولدى؛ گىرىم بۇيۇملىرى بەلگىسى 250 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 92.8% بولدى

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەملەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ ئۆلچەم سىناش تەتقىقات ئورنى سائەت قېپى شەكىللىك گاز ئېقىم مىقدارى ئۆلچىگۈچ، 3 فازىلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى جەدۋەلىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۈسكۈنىسىدىن ئىبارەت 2 تۈرنى، جەمئىيەت ئورتاق قوللىنىدىغان ئۆلچەملىك ئۆلچەمدىن 2 تۈرنى، تەكشۈرۈپ بېجىرىپ ساقلاش ئۆلچەملىك ئۆلچەمدىن 2 تۈرنى، جەمئىي 123 تۈرنى يېڭىدىن بېكىتتى. جەمئىيەتتە ئورتاق قوللىنىلىدىغان 123 تۈرلۈك تۈرغۇزۇلغان ئۆلچەملىك ئۆلچەم، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن 288 تۈر، سېلىشتۇرۇپ توغرىلانغان 150 تۈر ۋە سىناپ كۆرۈلىدىغان 3 تۈر دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرگۈچى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ نەق مەيداندىكى تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. شىنجاڭ ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش پونكىتى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، ئۆلچىگۈچ، سۇ سائىتى، توك سائىتى، گاز سائىتى، ماي قاچىلاش ماشىنىسى، تاكسىنىڭ باھا ھېسابلاش ئاپپاراتى قاتارلىق 6 تۈردىكى 13 خىل ئۆلچەم ئەسۋابىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەتتە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەملىك ئۆلچەمدىن 736 تۈر تۇرغۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 123، ۋىلايەت دەرىجىلىكى 406، ناھىيە دەرىجىلىكى 207. بىر يىلدا تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆلچەم ئەسۋابلىرى 950 مىڭ 42، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر ئۆلچەم ئاپپاراتى تەكشۈرۈپ بېكىتكىنى 280 مىڭ 526، ۋىلايەت بېكىتكىنى 315 مىڭ 103، ناھىيىلەر بېكىتكىنى 354 مىڭ 413؛ مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆلچەم ئەسۋابى 6685، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون بېكىتكىنى 3316، ۋىلايەتلەر بېكىتكىنى 1096، ناھىيىلەر بېكىتكىنى 2273.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى ئادىل ئۆلچەم تەكشۈرۈش خادىمىدىن 63نى تەربىيىلىدى، تەكشۈرۈپ كۆردى، ئۆلچەم تەكشۈرگۈچى خادىملارنى IC كارتوچكىسى بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. 16 ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ئورنى (پونكىتى)دا ئۆلچەم گۇۋاھلىقى يولغا قويۇلدى ھەمدە خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ئورنى (پونكىتى)دىن 32سى بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىرلىق ئۆلچەم پونكىتى 27، يەر - زېمىن ئادىل ئۆلچەم پونكىتى بىر، مىقدارلىق ئورالما ئاۋازلار ئۆلچەم پونكىتى 4.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى 7 كارخانىنى تەكشۈرۈپ، گۇۋاھنامىسىنىڭ قەرەلى توشقان ھەر كارخانىنىڭ گۇۋاھنامىسىنى يېڭىلاپ بەردى، 8 كارخانىغا ئۆلچەم ئەسۋابى ياساش ئىجازەتنامىسى بەردى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 5، ۋىلايەت دەرىجىلىكى 3)؛ 4 نىڭ ئىجازەتنامىسى بىكار قىلىندى. ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 6 كارخانىنىڭ ئۆلچەم سايمىنى ئەۋرىشكىسىنى سىناپ كۆرۈشنى تاماملىدى ۋە ئۇلارغا ئەۋرىشكە سىنىقى لاياقەتنامىسى بەردى. 4 كارخانىغا ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى رېمونت قىلىش ئىجازەتنامىسى بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ 3، ۋىلايەتنىڭ بىر. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەم ئەسۋابىنىڭ 64 خىل يېڭى مەھسۇلاتىنىڭ ئەۋرىشكىسى سىناپ كۆرۈلدى ھەمدە ئۇلار گۇۋاھنامىگە ئېرىشتى، 23 كارخانا ئۆلچەم ئەسۋابى ياساش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## كارخانىلارنىڭ ئۆلچەم خىزمىتى ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پار قازان زاۋۇتى ئۆلچەم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بويىچە تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، ئۇنىڭغا دۆلەتلىك سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق گۇۋاھنامە بېرىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە 18 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا ئۆلچەم سىناش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى. 162 ئوتتۇرا، كىچىك كارخانا ئۆلچەمنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 562 كارخانا ئۆلچەمنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆتتى. كارخانىلارنىڭ ئىختىيارىيلىقى ئاساسىدا، مىقدارلىق ئورالغان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقارغان كارخانىلارنىڭ ئۆلچەمگە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى باھالاش خىزمىتى يولغا قويۇلدى، شىنجاڭ «سەنتەي» ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 9 كارخانا مىقدارلىق ئورالغان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقارغان كارخانىلارنىڭ ئۆلچەمگە كاپالەتلىك قىلىشى بويىچە باھالاشتىن ئۆتتى، 7 تۈردىكى 43 خىل مىقدارلىق ئورالغان مەھسۇلاتقا «C» بەلگىسىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## تۇرغۇزۇلغان ئۆلچەملەرنى سىناش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ھوقۇق بېرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 45 ئورۇننىڭ 205 تۈردىكى ئۆلچەملىك ئۆلچىمىنى ئۆلچەملىك ئۆلچەم بويىچە سىناپ كۆردى (قايتا تەكشۈردى)، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن تۇرغۇزۇلغان ئۆلچەملىك ئۆلچەم 50 بولۇپ، ئۆلچەملىك ئۆلچەم لاياقەتنامىسىدىن 180ى بېرىلدى. 60 ئورۇنغا ئۆلچەملىك ئۆلچەمنى يېڭىلاپ تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھوقۇق بېرىلدى. 4 ئورۇنغا سىرتقا قارىتا ئۆلچەملىك ئۆلچەمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھوقۇقى، 5 ئورۇنغا ئىچكى قىسمىدا ئۆلچەمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھوقۇقى بېرىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايوندىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرىنىڭ لاياقەت تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، تارماقلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۆلچىمىدىن 1055 تۈر تۇرغۇزۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ 660، ۋىلايەتلەرنىڭ 332، ناھىيىلەرنىڭ 63. جەمئىيەتتە ئورتاق قوللىنىلىدىغان 161 ئۆلچەملىك ئۆلچەمنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ھوقۇق بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ 23، ۋىلايەتلەرنىڭ 138. قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا ھوقۇق بېرىلگەن ئاپپارات 43، يەككە تۈر بويىچە ھوقۇق بېرىلگەن ئاپپارات 45، ھوقۇق بېرىلگەن تۈر 54.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەملەرنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى سۈپەت جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى، سۈپەتنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى خادىملارنى 5000 ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىپ، 8287 سودا سارىيى، سودا بازىرى، ئاشخانا، مېھمانخانىنىڭ 30 مىڭ 744 دانە ئۆلچىگۈچىنى تەكشۈردى، ئۆلچىگۈچلەرنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى % 81 بولدى، لاياقەتسىز بولغان 349ى مۇسادىرە قىلىندى. 4 - ئايدا مىقدارلىق قاچىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ ساپ مىقدارى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى، 855 ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش كارخانىسىنىڭ ھاراق، سۇ يېغى، گۈرۈچ، ئۇن، سۈت، قېتىق، ئىچىملىك، ساپ سۇ، ئۇششاق يېمەكلىك، تېتىتقۇ قاتارلىق 10 تۈردىكى مىقدارلىق قاچىلىنىدىغان تاۋارلىرى 1043 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %71.3 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ 755 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلۈپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى % 71.2، سېتىش كارخانىلىرىنىڭ 288 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلۈپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %71.5 بولدى.

6 ـ ئايدا مىقدارلىق قاچىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ ساپ مىقدارى مەخسۇس تۈر بويىچە 2 ـ قېتىم تەكشۈرۈلدى، 436 سودا بازىرىنىڭ 3824 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن مىقدارلىق قاچىلىنىدىغان تاۋارلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 88% بولدى. 5 ـ ئايدا سۈپەت جەھەتتە ھوقۇق بېرىش خىزمىتىنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىش ۋە نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، ئۆلچەم جەھەتتە ھوقۇق بېرىلگەن 80 ئورۇن تەكشۈرۈلۈپ، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن 28 ئورۇننىڭ ئۆلچەم جەھەتتە ھوقۇق بېرىش گۇۋاھنامىسى بىكار قىلىندى، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى بار 4 ئورۇنغا چارە كۆرۈلدى. 6 ـ ئايدا، ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى ياسايدىغان، رېمونت قىلىدىغان ئورۇنلار نازارەت قىلىندى، تەكشۈرۈلدى. 17 ئورۇن تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى بار 4 ئورۇنغا مەمۇرىي جازا بېرىلدى. كۆز ئەينەكنىڭ ئوپتىكا كۆرسەتكۈچى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 561 كۆز ئەينەكنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 82.5% بولدى. 7 ـ ئايدا ئۆلچەم سايمىنى قۇراشتۇرىدىغان، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرىدىغان 269 ئورۇن تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇراشتۇرۇش، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش لاياقەتنامىسىگە ئېرىشكىنى 83؛ ئۆلچەم سايمىنى ساتىدىغان 683 ئورۇن تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تىزىملاپ ئەنگە ئېلىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكىنى 335. دۆلەت ئاشكارا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئىشلىتىشنى مەنئى قىلغان ئۆلچەم ئەسۋابىدىن 120 نى مۇسادىرە قىلىندى. 9 — 10 ـ ئايلاردا، ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش، تەكشۈرۈش خادىملىرى 3367 ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالىدىغان 1484 نۇقتا ئىشلىتىدىغان 4492 ئۆلچەم ئەسۋابىنى تەكشۈردى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 94.2% بولدى، ئۆلچەم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 185ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 9 ـ ئايدا ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ۋاستىچىسى بولغان 294 مۇلازىمەت ئاپپاراتى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈپەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكىنى 26 ئورۇن، تەكشۈرۈلگەن 313 ئۆلچەم ئەسۋابىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 91.7% بولدى، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى ئېغىرراق بولغان 32 ئورۇن قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. 10 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايون بويىچە داۋالاش ـ سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ مەجبۇرىي تەكشۈرىدىغان ئۆلچەم ئەسۋابلىرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن داۋالاش ـ سەھىيە ئورنى 903، تەكشۈرۈشنىڭ قاپلاش نىسبىتى 94% بولدى، تەكشۈرۈلگەن 13 مىڭ 718 ئۆلچەش ئەسۋابىدىن لاياقەتلىك بولغىنى 12 مىڭ 68 بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 88% بولدى، ئۆلچەم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 511ى بىر تەرەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆز ئەينەكنىڭ ئوپتىكا كۆرسەتكۈچى 2 ـ قېتىم نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 1770 كۆز ئەينەكنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 90.5% بولدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## ئۆلچەم ئۇچۇرى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى

2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تەشكىلىي ئاپپاراتلار كودىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى، بۇ چارە 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلدى. ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ كود كىنىشكىسى تارقىتىش نۇقتىلىرىغا 80 دانە فوتو تېلېگراف، 80 دانە بېسىش ماشىنىسى، 137 دانە IC كارتوچكىلىق ئوقۇش، يېزىش ئۈسكۈنىسى سەپلەپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەشكىلىي ئاپپاراتلار كود كىنىشكىسىدىن 35 مىڭ يۈرۈش بېجىرىلدى، IC كارتوچكىسىدىن 34 مىڭ دانە تارقىتىلدى، 35 مىڭ تەشكىلىي ئاپپارات يىللىق تەكشۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈنۈملۈك تەشكىلىي ئاپپارات كود كىنىشكىسى بېجىرگەن ئورۇن 180 مىڭ بولۇپ، كود ۋە IC كارتوچكىسى باج ئىشلىرى، سودا ـ سانائەتتىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش، خەلق ئىشلىرى، ئاموۋنا، شتات ۋە ئاپتوموبىل باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلاردا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلدى. يېڭىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان رەت نومۇر سىستېمىسىنىڭ ئەزاسى 160، يىل ئاخىرىغا قەدەر تەرەققىي قىلدۇرۇلغان رەت نومۇر سىستېمىسى ئەزاسىنىڭ رەت نومۇرغا ئىگە بولۇش مىقدارى 835، رەت نومۇرلۇق تاۋارنىڭ قاپلاش مىقدارى 8278 خىل. رەت نومۇر باسىدىغان 2 كارخانىغا رەت نومۇر بېسىش لاياقىتى گۇۋاھلىقى بېرىلدى. رەت نومۇر تېخنىكىسى جەھەتتە 7 قارار كۇرس ئېچىلىپ، لاياقەت تەكشۈرۈش ئارقىلىق 200 نەپەر كارخانا رەت نومۇرى خادىمىغا رەت نومۇرى بويىچە ئىش ئورنىغا چىقىش گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. بىر يىلدا يېڭىدىن 3870 تۈرلۈك ئۆلچەم سېتىۋېلىندى، كېرەكسىز بولغان 460 تۈرلۈك ئۆلچەم بىكار قىلىندى، يىل ئاخىرىغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان ئۈنۈملۈك ئۆلچەم 54 مىڭ 700. بىر يىلدا مەسلىھەت سوراپ كەلگەن 2600 كارخانا، 3300 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، 7200 تۈرلۈك ئۆلچەم مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## گۇۋاھلىق بېرىش ۋە تەكشۈرۈش - ئۆلچەش تەجرىبىخانىلىرىنىڭ باھالاپ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى شىنجاڭدىكى گۇۋاھلىق بېرىش بويىچە مەسلىھەت سوراپ كەلگەن ئاپپاراتلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئىنقىلاپ ئەرتىپكە سېلىش ۋە ئەق مەيداندا سىناش ھەمدە دۆلەت گۇۋاھلىق بېرىش - ئېتىراپ قىلىشنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئەستىقلىشىغا يوللاش ئارقىلىق، شىنجاڭ «خۇڭزې» ئۇچۇر - مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تۇڭما» تېخنىكا مۇلازىمىتى مەركىزى، شىنجاڭ «خېڭرۇن» گۇۋاھلىق بېرىش مۇلازىمىتى مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «كېلى» ئۆلچەم باشقۇرۇش مەسلىھەتچىلىكى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خەنيۇ» كارخانا باشقۇرۇش مەسلىھەتچىلىكى چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «شىنباۋ» گۇۋاھلىق بېرىشنى باشقۇرۇش مەسلىھەتچىلىكى مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «تيەنكې» سۈپەت باشقۇرۇش مەسلىھەتچىلىكى مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «ئاۋھاڭ» تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «باۋدېيەنجى» چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت 9 گۇۋاھلىق بېرىش مەسلىھەتچىلىكى ئاپپاراتى گۇۋاھلىق بېرىش مەسلىھەتچىلىكى ئاپپاراتى ئەستىقنامىسىگە ئېرىشىپ، گۇۋاھلىق بېرىش مەسلىھەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇشتىكى قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە بولدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە 424 كارخانا سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى ھەمدە سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىق بېرىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى؛ 23 كارخانىنىڭ 62 تۈرلۈك مەھسۇلاتى سۈپەت گۇۋاھلىقى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. مۇتەخەسسىسلەر باھالاش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، باھالاش پىلانىغا ئاساسەن 58 قېتىم باھالاش ئېلىپ بېرىلدى، 47 تەكشۈرۈش- ئۆلچەش ئاپپاراتى قەرەللىك تولۇقلاندىكى قايتا تەكشۈرۈشتە ياكى دەسلەپكى گۇۋاھلىق بېرىش سىنىقىدا لاياقەتلىك بولۇپ، سۈپەت گۇۋاھلىقىدا لاياقەتنامىگە ئېرىشتى، دۆلەت بويىچە بىر تۇتاش بەلگىلەنگەن سۈپەت گۇۋاھلىقى بەلگىسى CMA ۋە رەت نومۇرى (قوشۇمچىگە قاراڭ) نى ئىشلىتىشكە ئىجازەت ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 3 تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئاپپاراتىنىڭ سۈپەت گۇۋاھلىقى جەھەتتىكى لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى بىكار قىلىندى. شىنجاڭ ئۆلچەم ئەسۋابلىرى مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ ئورمان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ كۆمۈر مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش مەركىزى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، بىناكارلىق سەپلىمىلىرى بېكى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئورنى، شىنجاڭ ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش تەتقىقات ئورنىدىن ئىبارەت 8 مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى سالاھىيەت تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىش (تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش) تىن ئۆتۈپ، مۇناسىپ ھالدىكى مەھسۇلات تەكشۈرۈشنى ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتىنى ھازىرلاپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئورنى (پونكىتى) نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش (ئېتىراپ قىلىش) جەھەتتە لاياقەتنامىگە ئېرىشتى، CML شەرتلىك بەلگىسىنى ئىشلىتىشكە ئىجازەت ئالدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

### قوشۇمچە

ئۆلچەم گۇۋاھلىقىدا لاياقەتنامىگە ئېرىشكەن تەكشۈرۈش- ئۆلچەش ئاپپاراتلىرى

بىڭتۇەن چارۋا - مال دوختۇرخانىسىنىڭ يەم - خەشەك تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، پىچان ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، بىڭتۇەن سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، قۇمۇل شەھەرلىك «سەزگۈر» قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەشنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» نېفىت خىمىيە ماددىي ئەشيالار گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مايتاغ كلاپان تەجرىبىخانىسى، يەنجى ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونلۇق يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، سانجى شەھەرلىك سۇ چىقىرىۋېتىشنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ كورلا سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش بويىچە مۇھىت تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى، شىنجاڭ قاتناش يەن تەتقىقات ئورنى كۆۋرۈك - يول تەكشۈرۈش - ئۆلچەشنى سىناق قىلىش

مەركىزى، بورتالا ئوبلاستلىق تالا تەكشۈرۈش پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تالا تەكشۈرۈش ئورنى، شىخەنزە شەھەرلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك تالا تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ كۆمۈر مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش مەركىزى، ئىلى ئوبلاستلىق دورا تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىدارىسى 1 - ھىدروگېئولوگىيە قۇرۇلۇشى گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ تەجرىبە قىلىش - سىناش مەركىزى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، قۇمۇل شەھەرلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، بۈگۈر ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ تەجرىبىخانىسى، ش ئۇ ئا ر دۆلەت مېھمانخانىسى ئاپتوموبىل باش كالونىسىنىڭ تەكشۈرۈش- ئۆلچەش پونكىتى، باركۆل ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، ساۋەن ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ مەركىزىي تەجرىبىخانىسى، قۇمۇل «باۋشەن» كانچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تەجرىبە قىلىش، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، ئالتاي سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ ئورمان مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ نېفىت باھالاش ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، كورلا شەھەرلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سۈپەت ۋە ئۆلچەم تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئورنى، ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسىنىڭ فىزىكىلىق - خىمىيىلىك كان تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتىنىڭ تەجرىبىخانىسى، شىنجاڭ «شىنبىڭ» تاش - توپا قۇرۇلۇشى مەسلىھەتچىلىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش سۈپىتى - بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتى، شىنجاڭ «بېيشىنتىنفاڭ» كېمەك - ياغاچ قۇرۇلۇشى تەجرىبە - تەتقىقات ئورنىنىڭ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (مەركىزىي تەجرىبىخانىسى)، شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، بىناكارلىق سەپلىمىلىرى يېڭى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئورنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش ئورنى، مىچۈەن شەھەرلىك «سىپىڭ» زاپاس ماشىنىلارنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، سانجى ئوبلاستلىق زاپاس ماشىنىلار بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

## «15 - مارت» تەشۋىقات پائالىيىتى ئەھۋالى

2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى «بەلگىلىمىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئىناۋەتنى ساقلاش، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىش، بىخەتەرلىكنى قوغداش»تىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى زىچ چۆرىدەپ، «15 - مارت» ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەشكىللىدى. سۈپەت، مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئۆلچەم، ئالاھىدە ئۈسكۈنە، تالا ياسالمىلىرى، تاۋار رەت نومۇرى، ئىمپورت تاۋارلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە مەخسۇس تور بويىچە قانۇن ئىجراسى تەكشۈردى. «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق 16 ئاخبارات ۋاسىتىسى ئىز قوغلاپ زىيارەت قىلىپ خەۋەر قىلدى. 162 پارچە خەۋەر بېسىلدى ۋە ئېلان قىلىندى. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «خۇالىڭ» سودا شەھەرچىسىدە «15 - مارت» ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش كۈنى تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىستېمالچىلارغا راست، ساختا مەھسۇلات (تاۋار)لار ھەققىدىكى بىلىم تونۇشتۇرۇلدى، نەق مەيداندا ئەرز - شىكايەت قىلىش، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەسلىھەتچىلىكى، مۆلچەرلەش مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، خالىدە

# پورت خىزمىتى

## شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە 2002 - يىلغىچە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ئارقىلىق سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 1 - دەرىجىلىك پورت 16، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 2 - دەرىجىلىك پورت 11.

1 - دەرىجىلىك پورت ئىچىدە ئاۋىئاتسىيە پورتى 2،

قۇرۇقلۇق چېگرا پورتى 14. ئاۋىئاتسىيە پورتى ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە پورتى، قەشقەر ئاۋىئاتسىيە پورتىدىن ئىبارەت. قۇرۇقلۇق پورتى ئىچىدە شىنجاڭ ـ موڭغۇلىيە چېگرا پورتى 4، يەنى تۆمۈرتام پورتى (قۇمۇل ۋىلايىتىدە)، ئۇلاستاي پورتى (سانجى ئوبلاستىدا)، تاكېشكېن پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە) ۋە قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)؛ شىنجاڭ ـ قازاقىستان چېگرا پورتى 7، يەنى ئاقتۆبەك پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)، جېمىنەي پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)، باقتۇ پورتى (تارباغاتاي ۋىلايىتىدە)، ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى (بورتالا ئوبلاستىدا)، قورغاس پورتى (ئىلى ئوبلاستىدا)، دولاتا پورتى (ئىلى ئوبلاستىدا)، مۇزارت پورتى (ئىلى ئوبلاستىدا)؛ شىنجاڭ ـ قىرغىزىستان چېگرا پورتى 2، يەنى تورۇغات پورتى (قىزىلسۇ ئوبلاستىدا)، ئەركەشتام پورتى (قىزىلسۇ ئوبلاستىدا)؛ شىنجاڭ ـ پاكىستان چېگرا پورتى بىر، يەنى خۇنجېراپ پورتى (قەشقەر ۋىلايىتىدە).

2 ـ دەرىجىلىك 11 پورت مۇنۇلار: ئۈرۈمچى شەھىرى ئەنزىڭگۇ يولۇچىلار بېكىتى، چېگرا رايون مېھمانخانىسى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، سودا شەھەرچىسى، «خۇالىڭ» بازىرى، كۆيتۈڭ پويىز ئىستانسىسى، غۇلجا پورتى، ئىلى بايانداي پورتى، چۆچەك ئاپتوموبىل يولۇچىلار بېكىتى، سانجى شەھىرى «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرى، قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي ئاسىيا خەلقئارا سودا بازىرى.

1 ـ دەرىجىلىك 16 پورت ئىچىدە ھازىر رەسمىي ئېچىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقىنى 12، يەنى ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە پورتى، تۆمۈرتام پورتى، ئۇلاستاي پورتى، تاكېشكېن پورتى، قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى، ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى، قورغاس پورتى، باقتۇ پورتى، جېمىنەي پورتى، تورۇغات پورتى، خۇنجېراپ پورتى، ئەركەشتام پورتى. ۋاقىتلىق مال ئۆتكۈزۈلىدىغىنى دولاتا پورتى (چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆز ئارا بازىرى)، بۇنىڭ ئىچىدە قورغاس، ئالاتاۋ ئېغىزى، باقتۇ، خۇنجېراپ، ئەركەشتام پورتلىرى ۋە ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە پورتى 3 ـ دۆلەتكە ئېچىۋېتىلدى.

ئابباس ئابدۇللا

## پورت خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى پورتلار چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققانلارنى 536 مىڭ 320 ئادەم (قېتىم) تەكشۈردى، بۇ 2001 ـ يىلدىكىدىن %8 كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە ساياھەتچى 346 مىڭ 924 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %9.06 ئاشتى، چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆز ئارا بازارغا كىرىشى 12 مىڭ 47 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %11.8 ئازايدى، خىزمەتچىلەر 143 مىڭ 765 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %3.73 ئاشتى، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغۇچىلار 33 مىڭ 584 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %31 ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردا تەكشۈرۈلگەن چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان قاتناش ۋاسىتىسى 88 مىڭ 888 دانە (قېتىم) بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %7.32 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان 2303 قېتىم، پويىز 5003 قېتىم، ئاپتوموبىل 81 مىڭ 582 قېتىم.

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردىن ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 6 مىليون 593 مىڭ 200 توننا (تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 5 مىليون 811 مىڭ توننا، تاشيولدا توشۇلغىنى 765 مىڭ 600 توننا، ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 16 مىڭ 600 توننا) غا يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %12.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنى 5 مىليون 369 مىڭ تونناغا يېتىپ %12.3؛ ئېكسپورت قىلىنغىنى 1 مىليون 224 مىڭ تونناغا يېتىپ، %12.3 ئاشتى (ئادەتتىكى سودا ئېكسپورتى 956 مىڭ توننا، چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا بازاردا ئېكسپورت قىلغىنى 178 مىڭ توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلغىنى 90 مىڭ توننا).

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردا قىلىنغان سودا سوممىسى 2 مىليارد 156 مىليون دوللارغا يېتىپ، %58 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 273 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 883 مىليون دوللار (ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال سوممىسى 200 مىليون دوللار، چېگرا ئاھالىلىرى ئۆز ئارا سودا ـ سېتىق قىلغان 198 مىليون دوللارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردا تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليارد 565 مىليون يۈەن.

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردىن ئىمپورت قىلىنغان ماللار ئاساسلىقى: كېرەكسىز پولات، كېرەكسىز تۆمۈر، كېرەكسىز ئاليۇمىن، ياغاچ ماتېرىيال، خام نېفىت، پاختا، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت، تېببىي دورا، سانائەت ماشىنىلىرى، قەغەز ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ لازىمەتلىكلىرى، خۇرۇم، غەيرىي مېتال رۇدىسى قاتارلىقلار. ئېكسپورت قىلىنغان ماللار: كوكس، نېفىت، پولات ماتېرىيال، غەيرىي مېتال رۇدىسى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ئاشلىق، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، سانائەت ماشىنىلىرى، ئېلېكترون، ئېلېكتر ماشىنا، يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، ئىچىملىك، يېمەكلىك ۋە كۆك تاماكا ياسالمىلىرى، مېتال ياسالمىلىرى قاتارلىقلار.

ھەر قايسى پورتلارنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان ساياھەتچى 42 مىڭ 822 ئادەم ـ قېتىم (كىرگىنى 21 مىڭ

826 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 20 مىڭ 996 ئادەم ـ قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە، تۆمۈريول ئارقىلىق كىرگەن ـ چىققان ساياھەتچى 36 مىڭ 958 ئادەم ـ قېتىم (كىرگىنى 19 مىڭ 32 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 17 مىڭ 926 ئادەم ـ قېتىم)، تاشيول ئارقىلىق كىرگەن ـ چىققان ساياھەتچى 5864 ئادەم ـ قېتىم (كىرگىنى 2794 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 3070 ئادەم ـ قېتىم)؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 5 مىليون 847 مىڭ 373 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 5 مىليون 155 مىڭ 511 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 691 مىڭ 862 توننا)، بۇنىڭ ئىچىدە، تۆمۈريول ئارقىلىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 5 مىليون 811 مىڭ 378 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 5 مىليون 154 مىڭ 696 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 656 مىڭ 682 توننا)، تاشيول ئارقىلىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 35 مىڭ 995 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 815 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 35 مىڭ 180 توننا). سودا سوممىسى 1 مىليارد 297 مىليون دوللار (ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 73 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 224 مىليون دوللار).

قورغاس پورتى    چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان ساياھەتچى 116 مىڭ 876 ئادەم ـ قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگىنى 54 مىڭ 368 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 62 مىڭ 507 ئادەم ـ قېتىم (ئۆز ئارا بازارغا كىرگەن 12 مىڭ 47 ئادەم ـ قېتىم چېگرا ئاھالىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 340 مىڭ 293 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 21 مىڭ 842 توننا، ئادەتتىكى ئېكسپورت قىلىنغىنى 137 مىڭ 947 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلغىنى 26 مىڭ 600 توننا، چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا بازاردا ئېكسپورت قىلغىنى 153 مىڭ 904 توننا). سودا سوممىسى 337 مىليون دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 22 مىليون دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 315 مىليون دوللار (ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىنغان 27 مىليون 786 مىڭ 900 دوللار، چېگرا ئاھالىلىرى ئۆز ئارا بازاردا مال سېتىۋالغان 153 مىليون دوللارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

جىمىنەي پورتى    چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان ساياھەتچى 3227 ئادەم ـ قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگىنى 1455 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 1772 ئادەم ـ قېتىم (ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغان 1237 ئادەم ـ قېتىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 15 مىڭ 839 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 7040 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 3508 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلىنغىنى 5291 توننا). سودا سوممىسى 7 مىليون 434 مىڭ دوللار (ئىمپورت سوممىسى 2 مىليون 564 مىڭ 100 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 788 مىڭ 900 دوللار).

باقتۇ پورتى    چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان ساياھەتچى 12 مىڭ 903 ئادەم ـ قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگىنى 6124 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 6779 ئادەم ـ قېتىم (ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغان 2232 ئادەم ـ قېتىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 77 مىڭ 710 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 18 مىڭ 252 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 23 مىڭ 931 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلىنغىنى 35 مىڭ 527 توننا). سودا سوممىسى 52 مىليون 715 مىڭ 700 دوللار (ئىمپورت سوممىسى 4 مىليون 72 مىڭ 700 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 22 مىليون 831 مىڭ 200 دوللار، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلغىنى 25 مىليون 811 مىڭ 800 دوللار).

دولاتا پورتى    چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا بازاردا ئېكسپورت قىلغىنى 24 مىڭ 242 توننا. سودا سوممىسى 45 مىليون 271 مىڭ دوللار.

تۆمۈرنام پورتى    چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان ساياھەتچى 1647 ئادەم ـ قېتىم (كىرگىنى 812 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 835 ئادەم ـ قېتىم)؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 5802 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 540 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 5262 توننا). سودا سوممىسى 2 مىليون 914 مىڭ 300 دوللار، ئىمپورتنىڭ 425 مىڭ دوللار، ئېكسپورتنىڭ 2 مىليون 489 مىڭ 300 دوللار).

ئۇلاستاي پورتى    چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان ساياھەتچى 6641 ئادەم ـ قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگىنى 3340 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 3302 ئادەم ـ قېتىم؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 306 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 28 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 278 توننا). سودا سوممىسى 462 مىڭ 300 دوللار (ئىمپورتنىڭ 29 مىڭ 300 دوللار، ئېكسپورتنىڭ 433 مىڭ دوللار).

تايكېشكېن پورتى    چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان ساياھەتچى 27 مىڭ 650 ئادەم ـ قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگىنى 13 مىڭ 829 ئادەم ـ قېتىم، چىققىنى 13 مىڭ 821 ئادەم ـ قېتىم (ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغان 27 مىڭ 140 ئادەم ـ قېتىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 17 مىڭ 126 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 697 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 8646 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال 7783 توننا). سودا

سوممىسى 6 مىليون 578 مىڭ 400 دوللار (ئىمپورتىنىڭ 1 مىليون 364 مىڭ 700 دوللار، ئېكسپورتىنىڭ 2 مىليون 469 مىڭ 200 دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مالنىڭ 2 مىليون 744 مىڭ 500 دوللار).

قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 3125 ئادەم - قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگىنى 1565 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 1560 ئادەم - قېتىم (ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغان 2975 ئادەم - قېتىمىز شۇنىڭ ئىچىدە)؛ ئىمپورت -ئېكسپورت قىلىنغان مال 125 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى يوق، ئېكسپورت قىلىنغىنى يوق، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال 125 توننا). سودا سوممىسى 32 مىڭ 500 دوللار (ھەممىسى ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىنغان).

تورغات پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 13 مىڭ 569 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 6649 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 6920 ئادەم - قېتىم)؛ ئىمپورت- ئېكسپورت قىلىنغان مال 141 مىڭ 597 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 117 مىڭ 985 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 23 مىڭ 612 توننا). سودا سوممىسى 54 مىليون 464 مىڭ 600 دوللار (ئىمپورتىنىڭ 29 مىليون 745 مىڭ 300 دوللار، ئېكسپورتىنىڭ 24 مىليون 719 مىڭ 300 دوللار).

ئەركەشتام پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان خادىم 6168 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 3084 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 3084 ئادەم - قېتىم)؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 76 مىڭ 182 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 41 مىڭ 516 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 34 مىڭ 666 توننا). سودا سوممىسى 67 مىليون 477 مىڭ 300 دوللار (ئىمپورتىنىڭ 14 مىليون 477 مىڭ 700 دوللار، ئېكسپورتىنىڭ 52 مىليون 999 مىڭ 600 دوللار).

خونجېراپ پورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 10 مىڭ 299 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 5024 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 5275 ئادەم - قېتىم)؛ ئىمپورت- ئېكسپورت قىلىنغان مال 30 مىڭ 119 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 3972 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 26 مىڭ 147 توننا). سودا سوممىسى 22 مىليون 741 مىڭ 200 دوللار (ئىمپورتىنىڭ 3 مىليون 365 مىڭ 400 دوللار، ئېكسپورتىنىڭ 19 مىليون 375 مىڭ 800 دوللار).

ئۈرۈمچى ئايروپورتى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ساياھەتچى 138 مىڭ 280 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 67 مىڭ 154 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 71 مىڭ 126 ئادەم - قېتىم)؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 16 مىڭ 557 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 1959 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 14 مىڭ 598 توننا). سودا سوممىسى 261 مىليون دوللار (ئىمپورتىنىڭ 121 مىليون دوللار، ئېكسپورتىنىڭ 140 مىليون دوللار).

ئابباس ئابدۇللا

## ئەركەشتام پورتى رەسمىي ئېچىۋېتىلدى

2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىدىكى ئەركەشتام پورتىدا رەسمىي سىرتقا ئېچىۋېتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىرباقى مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى، ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى، جۇڭگونىڭ قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستانلاردا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىلىرى، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلاردىن 8 نەپەر مىنىستىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمەلدار ۋە ئاز كەم 300 جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمان ئېچىۋېتىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

جى يىڭجيې

## جېمىنەي پورتى 3 - دۆلەتكە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى

2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ جېمىنەي پورتى 3 - دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى، قاتنىشى ۋە ماللىرىغا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو، قازاقىستان تەرەپ جېمىنەي پورتىنىڭ كۆۋرۈكى ئۈستىدە جېمىنەي - مايقاپچاغاي پورتىنى 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىشنىڭ لېنتا كېسىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. پائالىيەت جەريانىدا جۇڭگو، قازاقىستان، روسىيە دۆلەتلىرىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى دوستانە بېرىش - كېلىش، ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى ئەسلەتمىسىگە ئىمزا قويدى، 3 دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، سودا خادىملىرى يەنە سودا سۆھبىتى ئۆتكۈزدى.

دۇرگەن

## قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي ئاسىيا خەلقئارا سودا بازىرى پورتى سىرتقا ئېچىۋېتىلدى

2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي ئاسىيا سودا بازىرى پورتى سىرتقا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. پورت 2000 - يىل 10 - ئايدا مەبلەغ سېلىنىپ قۇرۇلغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 169 مىڭ 660 كۋادرات مېتىر، سېلىنغان مەبلەغ 250 مىليون يۈەن.

لو لى

# تاموژنا

## ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى تاموژنىسىدا ھازىر تۈرلۈك ئاپپاراتتىن 27سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قاراشلىق تاموژنا 9. ئۈرۈمچى تاموژنىسى شىنجاڭدىكى دۆلەت بويىچە ئېچىۋېتىلگەن 1 - دەرىجىلىك 16 پورت ۋە 2 - دەرىجىلىك 11 پورتتىكى چېگرىدىن كىرىش - چىقىش پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 1 - دەرىجىلىك 16 پورت ئىچىدە يىل بويى ئېچىۋېتىلىدىغان پورت جېمىنەي، باقتۇ، ئالاتاۋ ئېغىزى، قورغاس (قازاقىستانغا ئېچىۋېتىلگەن)، تورۇغات، ئەركەشتام (قىرغىزىستانغا ئېچىۋېتىلگەن)، خونجېراپ (پاكىستانغا ئېچىۋېتىلگەن)، ئۈرۈمچى ئايروپورتىدىن ئىبارەت 8؛ پەسىل خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىلىدىغىنى: موڭغۇلىيىگە ئېچىۋېتىلگەن ئۇلاستاي، تۆمۈرتام، قىزىلتاغ ئېغىزى، تايكېشكېندىن ئىبارەت 4؛ ۋاقىتلىق ئېچىۋېتىلگىنى قازاقىستانغا ئېچىۋېتىلگەن دولاتادىن ئىبارەت؛ ئاقتوبەك، مۇزارت ۋە قەشقەر ئايروپورتى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن، ئاما ھازىرغىچە رەسمىي ئېچىلمىدى.

جىن رۇڭ

## ئېلېكترونلۇق پورت ئەھۋالى

2002 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى تاشقى ئىقتىساد - سودا، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج ئىشلىرى، دۆلەت پېرىۋوسى، تېخنىكا نازارەتچىلىكى، چەت ئەللىكلەرنى باشقۇرۇش، تېلېگراف قاتارلىق تارماقلار بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىپ، كارخانىلارنىڭ تورغا كىرىش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ بېجىردى. 2002 - يىلى كارخانا قانۇنىي ئىگە كارتوچكىسىدىن 168ى، مەشغۇلاتچىلار كارتوچكىسىدىن 207سى ياسالدى ۋە تارقىتىلدى. 2001 - يىل 7 - ئايدىن 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 554 كارخانا قانۇنىي ئىگە كارتوچكىسى بېجىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، ئۈرۈمچى تاموژنىسى كارخانا قانۇنىي ئىگە كارتوچكىسىدىن 554نى، مەشغۇلاتچىلار كارتوچكىسىدىن 843نى ياسىدى ۋە تارقاتتى.

جىن رۇڭ

## تاموژنىنىڭ نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا رايونىدا نازارەت قىلىنغان، باشقۇرۇلغان ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى 6 مىليون 62 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %14 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان مال 5 مىليون 259 مىڭ توننا بولۇپ، %12؛ ئېكسپورت قىلىنغان مال 803 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %4.28 ئاشتى. نازارەت قىلىنغان، باشقۇرۇلغان ترانسپورت قوراللىرى 276 مىڭ 180 قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل 74 مىڭ 700 بولۇپ، %4.6 ئازايدى، پويىز 119 مىڭ 200 بۆلەك بولۇپ، %8.14 ئاشتى، ئايروپىلان 2328 قېتىم بولۇپ، %2.16 كۆپەيدى. نازارەت قىلىنغان ۋە باشقۇرۇلغان چېگرىدىن كىرگەن - چىققانلار 474 مىڭ ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىدىن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 5 مىليون 424 مىڭ توننا بولۇپ، %6.5 كۆپىيىپ، تاموژنا رايونى بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىپ يۆتكەلگەن مال مىقدارىنىڭ %5.89نى ئىگىلىدى؛ ئۈرۈمچى پورتىنىڭ 185 مىڭ توننا بولۇپ، %64.243 كۆپىيىپ، %3؛ تورۇغات پورتىنىڭ 156 مىڭ 200 توننا بولۇپ، %45.27 كۆپىيىپ، %6.2 نى؛ قورغاس پورتىنىڭ 127 مىڭ 600 توننا بولۇپ، %53.5 ئازىيىپ، %1.2نى؛ ئەركەشتام پورتىنىڭ 53 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %8.0نى؛ چۆچەك پورتىنىڭ 42 مىڭ 500 توننا بولۇپ، %41.76 ئازىيىپ، %7.0نى؛ غۇلجا پورتىنىڭ 39 مىڭ 500 توننا بولۇپ، %13.171 كۆپىيىپ، %65.0نى؛ خونجېراپ پورتىنىڭ 13 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %5.210 كۆپىيىپ، %2.0نى ئىگىلىدى؛ جېمىنەي پورتىنىڭ 10 مىڭ 800 توننا بولۇپ، %44.64 ئازايدى؛ تايكېشكېن پورتىنىڭ 7600 توننا بولۇپ، %6.48 ئازايدى؛ قەشقەر پورتىنىڭ 2300 توننا بولۇپ، %77.50 كۆپەيدى.

جىن رۇڭ

## تاموژنا بېجى ئېلىش، باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى قانۇن ئىجرا قىلىش، باھالاپ مۆلچەرلەش سىستېمىسى ۋە باج تەھلىل قىلىش، نازارەت قىلىش، تىزگىنلەش سىستېمىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، باجنى نازارەت قىلىش - تىزگىنلەشنى ۋە تەتجىنى باھالاشنى قانات يايدۇرۇپ، باھا كۆرسەتكۈچى، باج ئېلىش سەۋىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى قەرەللىك نازارەت قىلىپ ۋە تىزگىنلەپ تۇردى. باھا يوشۇرۇشقا قارشى تۇرۇش مۇناسىۋىتىگە ماسلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، A تۈردىكى باشقۇرغۇچى كارخانىلار بىلەن باھا يوشۇرۇشقا قارشى تۈزىدىغان MOU ئىمزالاپ، باھا مۆلچەرلەش خىزمىتىنىڭ مەشغۇلات ئۇسۇلىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، باھانى يالغان مەلۇم قىلىدىغان، مەلۇم



2002 - يىلى ياقتۇ يورتى ئارقىلىق 77 مىڭ 700 توننا مال ئىمپورت- ئېكسپورت قىلىندى. سۈرەتتە: ئاموژنىنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خادىملىرى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مالنى تەكشۈرمەكتە.
سۈرەتنى ئاموژنا تەمىنلىگەن

قىلمايدىغان، تۆۋەن مەلۇم قىلىنىدىغان قىلمىشلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدى، پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان سودا كارخانىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلىدىغان تولۇقلىما باج سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، باج يولىنىڭ «يوقىلىشى، تەۋەككۈل قىلىش، تېيىپ كېتىش، ئېقىپ كېتىش»نىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئېلىشقا تېگىشلىكلەرنى ئىمكانقەدەر ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

2002 - يىلى ئۈرۈمچى ئاموژنىسى بويىچە ئېلىنغان باج 1 مىليارد 563 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %17.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاموژنا بېجى 271 مىليون يۈەن بولۇپ، %13.1 ئازايدى، ئىمپورت ھالقىلىرى بېجى 1 مىليارد 292 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26.7 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالاتاۋ ئېغىزى ئاموژنىسى ئالغان ئاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ھالقىلىرى ۋاكالەت بېجى 1 مىليارد 356 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %34.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېلىنغان ئاموژنا بېجى 217 مىليون يۈەن، ئىمپورت ھالقىلىرى ۋاكالەت بېجى 1 مىليارد 139 مىليون يۈەن. بىر يىلدا ئېنىقلاپ ئېلىنغان قېلىپ قالغان باج 925 مىڭ يۈەن، ياما تەكشۈرۈلۈپ تولۇقلاپ ئېلىنغان باج 15 مىليون 30 مىڭ يۈەن، تەپتىش قىلىنىپ تولۇقلاپ ئېلىنغان باج 11 مىليون 547 مىڭ يۈەن.

جىن رۇڭ

## ئەتكەسچىلەرگە زەربە بېرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئۈرۈمچى ئاموژنىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئارماقلىرى ئەتكەسچىلىك دېلوسىدىن 19نى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى، دېلو قىممىتى 2 مىليون 780 مىڭ يۈەن، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 84نى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى، دېلو قىممىتى 104 مىليون 860 مىڭ يۈەن، رازۋېدكا ئارماقلىرى تۇرغۇزغان دېلو 27 بولۇپ، دېلو قىممىتى 850 مىليون يۈەن، جىنايەت گۇمانداردىن 112 سى قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭدىن 16سىنى قولغا ئېلىش ئەستىقلاندى، 30ى تەپتىش مەھكىمىسىگە يوللاپ بېرىلدى. خروئېندىن 1700 گرام، يۆكەن مۈڭگۈزىدىن 870 كىلوگرام، كېرەكسىز تىتاندىن 1.89 توننا، تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسىدىن 50ى، ئەتكەس ئاپتوموبىلدىن 43ى قولغا چۈشۈرۈلدى.

2002 - يىلى ئۈرۈمچى ئاموژنىسى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقى، شەھۋانىي ئۈن- سىن بۇيۇملىرى، تارقىتىش خاراكتېرلىك دىنىي ياسما بۇيۇمدىن 7307نى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈپ ۋە يىغىۋالدى.

جىن رۇڭ

## پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ئەھۋالى

2002 - يىلى ئۈرۈمچى ئاموژنىسى پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. بىر يىلدا قەرەللى توشقان كىنىشكىدىن 338ى تەكشۈرۈلۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى، تولۇقلىما باجدىن 10 مىليون 630 مىڭ يۈەن تەكشۈرۈلۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى؛ 236 قېتىمدا 110 پارچە پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى توختامى ئۆزگەرتىلدى ۋە يېڭى توختام ئەنگە ئېلىندى، پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ئارخىپىدىن 1700 پارچىسى رەتلەندى، پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى كىنىشكىسىدىن 110ى بېجىرىلدى، بۇنىڭ سوممىسى 36 مىليون 960 مىڭ دوللار. تاۋار تۈرلىرى 20دىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون دوللاردىن ئاشىدىغان تاۋارلار پەمدۇر قىيامى، ترانسفورماتور، مىنېرال ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ماشىنا، سۈلياۋدىن ئىشلەنگەن ئوراش خالتىسى قاتارلىقلار.

جىن رۇڭ

# چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلىدىغان نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش

## تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئەھۋالى

شىنجاڭ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلىدىغان نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 2002-يىلى چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلىدىغان ماللارنى 911 مىڭ 570 تۈركۈم تەكشۈردى ۋە كارانتىن قىلدى، بۇ ماللارنىڭ قىممىتى 2 مىليارد 470 مىليون دوللارغا يەتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە، تەكشۈرۈلۈپ - كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان مال 26 مىڭ 558 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 881 مىليون دوللار، چېگرىدىن چىقىرىلىدىغان 1631 تۈركۈم لاياقەتسىز مال تەكشۈرۈپ تېپىلدى، بۇ ماللارنىڭ قىممىتى 32 مىليون 800 مىڭ دوللار؛ تەكشۈرۈلۈپ - كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن مال 64 مىڭ 599 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 1 مىليارد 589 مىليون دوللار، چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان 1781 تۈركۈم لاياقەتسىز مال تەكشۈرۈپ تېپىلدى، بۇ ماللارنىڭ قىممىتى 86 مىليون 150 مىڭ دوللار.

كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان هايۋانات ۋە هايۋانات مەھسۇلاتى 782 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 23 مىليون 990 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە، كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان هايۋانات ۋە هايۋانات مەھسۇلاتى 94 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 6 مىليون 570 مىڭ دوللار، يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالى سېزىلمىدى؛ كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن هايۋانات ۋە هايۋانات مەھسۇلاتى 688 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 17 مىليون 420 مىڭ دوللار، بىر تۈركۈمدىكىسىدە يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالى بايقالدى.

كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتى 19 مىڭ 468 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 367 مىليون 80 مىڭ دوللار، 8 تۈركۈمدىكىسىدە يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتى 16 مىڭ 696 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 350 مىليون 680 مىڭ دوللار، 7 تۈركۈمدىكىسىدە يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالى بايقالدى؛ كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتى 2772 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 16 مىليون 400 مىڭ دوللار، بىر تۈركۈمدىكىسىدە يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالى بايقالدى.

چېگرىدىن كىرگەن - چىققان 35 مىڭ 326 ئادەم (قېتىم) نىڭ كارانتىن قىلىنىش يۈزىسىدىن، 34 مىڭ 270 ئادەم (قېتىم) نىڭ ئەيدىز كېسىلىنى كۆزىتىش يۈزىسىدىن سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى، 2940 ئادەم (قېتىم) دە تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىك بارلىقى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغىنى 22، جىنسىي كېسەللىك 151، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى 5، ئاۋستىرالىيە ئانتىگېنى مۇسبەت 470، جىگەر ياللۇغى 305، باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىك 1987؛ 8854 ئادەم (قېتىم) گە مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئەملەندى، بۇنىڭ ئىچىدە خولېرا باكتېرىيىسى ۋاكسىنىسى ئەملەنگىنى 1404 ئادەم (قېتىم)، سېرىق قىزىتما كېسىلى ۋاكسىنىسى ئەملەنگىنى 41 ئادەم (قېتىم)، باشقىلىرى 7409 ئادەم (قېتىم).

كارانتىن قىلىنىپ - تەكشۈرۈلۈپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان قاتناش ۋاسىتىسى 159 مىڭ 25 قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان 2376 قېتىم، پويىز 103 مىڭ 30 بۆلەك، ئاپتوموبىل 53 مىڭ 346 قېتىم. كارانتىن قىلىنغان يۈك ساندۇقى 6586 ئۆلچەملىك ساندۇق (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن چىقىرىلغىنى 3432 ئۆلچەملىك ساندۇق (قېتىم)، چېگرىدىن كىرگۈزۈلگىنى 3154 ئۆلچەملىك ساندۇق (قېتىم).

تەكشۈرۈلۈپ - كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن - چىقىرىلغان يېمەكلىك ۋە گىرىم بۇيۇملىرى 2237 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 177 مىليون 2490 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە، چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن يېمەكلىك ۋە گىرىم بۇيۇملىرى 2122 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 175 مىليون 870 مىڭ دوللار، بۇنىڭدىن لاياقەتسىز بولغىنى 23 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 240 مىڭ دوللار؛ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن يېمەكلىك ۋە گىرىم بۇيۇملىرى 115 تۈركۈم بولۇپ، مال قىممىتى 1 مىليون 380 مىڭ دوللار.

چېگرىدىن چىقىرىلغان 298 تۈركۈم، 96 مىڭ 823 دانە ياغاچ ئورالمىلىق مال (ياغاچ پەتنۇس 214، ياغاچ ساندۇق 49 مىڭ 656، باشقىلىرى 46 مىڭ 953) نازارەت قىلىندى ۋە كارانتىن قىلىندى، بۇنىڭ مال قىممىتى 39 مىليون 330 مىڭ دوللار. چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن 523 تۈركۈم، 6510 دانە ياغاچ ئورالمىلىق مال نازارەت قىلىندى ۋە كارانتىن قىلىندى، بۇنىڭ مال قىممىتى 82 مىليون 770 مىڭ دوللار.

لى رۇيشىن

## نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 2002-يىلى غەربىي كەڭ ئېچىش ۋە تاشقى ئىقتىساد - سودىدا سۈپەت ئارقىلىق غەلىبە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى زىچ چۆرىدەپ، بىر قاتار يېڭى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭ ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە تاۋارلارغا مەدەت بېرىپ ۋە كاپالەتلىك قىلىپ، چوڭ تاۋارلارنىڭ ئېكسپورتىنى كېڭەيتىپ، تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمەت ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئېكسپورت ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلدى، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۈستۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلدى، تاشقى سودىدا ئېكسپورتنىڭ كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى.

1. ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەنبەسىدىنلا چىڭ تۇتۇلدى. شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش تارماقلىرى ئۆتكەلنى ئىگىلەش مۇلازىمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى مەنبەسىدىن تۇتۇپ، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى ۋە ئېكسپورتتىن ئىبارەت «ئىككى ئۆتكەل»نى ئىگىلەشكە يۈزلەندى. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەھلىل قىلىشنى قانات يايدۇردى، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە باشقۇرۇشى جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىگە، ئۈنۈملۈك بولغان سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئورنىتىشىغا ياردەم بەردى، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنى تېخنىكا ۋە ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۈستۈرۈشىگە مەنبە جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، تاشقى سودا ئېكسپورتىنى تۈرلۈك چارىلەر بىلەن كېڭەيتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت قىلىنىدىغان پەمىدۇر قىيامى 3629 تۈركۈم، 388 مىڭ 900 توننا؛ پاختا 15 مىڭ 350 تۈركۈم، 97. 31 توننا، تەشپۇت 51 تۈركۈم، 982 توننا، قوغۇن 18 تۈركۈم، 405 توننا تەكشۈرۈلدى ۋە كارانتىن قىلىندى.

2. ئېكسپورت ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. تۈركۈملەپ تەكشۈرۈش ئەندىزىسى ئۆزگەرتىلىپ، جەريانىنى نازارەت قىلىش - كونترول قىلىش ۋە ھەرىكەتلىك ھالەتتە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، شۇ ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ ئاكتىپلىقى ئىشقا سېلىنىپ، كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈستۈرۈشى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى مۇقىملىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تەننەرخ تۆۋەنلىتىلىپ، ئېكسپورت كېڭەيتىلدى. بىر يىلدا ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماشىنا - ئېلېكتر، خىمىيە سانائىتى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، يېمەكلىك ۋە ئېكسپورت تاۋارلىرى ئورالمىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان بىخەتەر، پاكىز ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى.

3. ھايۋانات، ئۆسۈملۈك قاتارلىق چېگرىدىن كىرگۈزۈش مەنئى قىلىنغان نەرسىلەرنى كارانتىن قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، پورتلاردىكى يېمەكلىك تازىلىقى ئۆتكىلى، ۋاستە ئۆتكىلى، ئالاھىدە بۇيۇملار ئۆتكىلى قاتتىق ئىگىلەندى. يۇقىرى خەۋپ - خەتەرلىك ئىمپورت تاۋارلىرىنى قاچىلاپ توشۇشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئىمپورت قىلىنىدىغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈكنى چېگرا سىرتىدا ئالدىن تەكشۈرۈش تۈزۈمى پائال قانات يايدۇرۇلدى. كېرەكسىز كونا مېتال، كونا ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كونا ماشىنا - ئۈسكۈنە قاتارلىقلارنى قاچىلاپ توشۇشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، ھايۋان، ياغاچ ماتېرىياللارنى چېگرا سىرتىدا ئالدىن تەكشۈرۈش نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەندى. قازاقىستاندا كېرەكسىز كونا مېتاللار قاچىلاپ توشۇشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ۋە قاچىلاشنى نازارەت قىلىش يولغا قويۇلۇپ، 2 مىليون 834 مىڭ 670 توننا كېرەكسىز كونا مېتال تەكشۈرۈلدى، ئەمەلىيەتتە 1 مىليون 517 مىڭ 600 توننىسى ئىمپورت قىلىندى، رادىئاتسىيىلىك بۇلغىمىلار، ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان نەرسىلەر، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىشى توسۇپ قېلىندى؛ كانادادا 403 نەسىللىك كالا كارانتىن قىلىنىپ، يۇقۇملۇق كېسەل بارلىقى تۈپەيلىدىن 108ى شاللىۋېتىلدى، يەنىمۇ ئايرىپ كارانتىن قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرىدا 200 كالا تاللىنىپ ئىمپورت قىلىندى.

4. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئىمپورت - ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۈچەيتىلدى. كارخانىلارنىڭ چەت ئەلنىڭ تېخنىكا قورغىنىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىلىرىگە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئۈستۈرۈشىگە ياردەم بېرىلدى. HACCP تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 40 نەچچە كارخانىنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئادىمى تەربىيىلەندى؛ ISO9000 سۈپەت گۇۋاھلىقى سىستېمىسىنىڭ ئىچكى تەكشۈرگۈچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى 9 قارار ئېچىلىپ، 360 ئادەم تەربىيىلەندى.

5. تەدبىر قوللىنىلىپ، پورتتا ئاموژنىدىن ئۆتۈشنىڭ تېز ۋە راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بىرىنچىدىن،

مەمۇرىي ئىشلار ۋە تەكشۈرۈش ئىشلىرى ئاشكارا بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىش بېجىرىش تەرتىپى، خىزمەتلەرنىڭ ئاقما تەرتىپى، ھەق ئېلىش تۈرى ۋە ئۆلچىمى ئاشكارىلىنىپ، خىزمەتلەرنىڭ سۈزۈكلۈك دەرىجىسى ئاشۇرۇلدى، جىددىي ئىشنى جىددىي بېجىرىش، شەكىللىك ئىشلارنى ئالاھىدە بېجىرىش، ئالدىن ۋەدىلىشىپ (تېلېفون، فوتو تېلېگراففا) تەكشۈرۈشكە مەلۇم قىلىش، تەكشۈرۈشكە ئالدىن مەلۇم قىلىش يولغا قويۇلدى، تۆمۈريول ئېغىزلىرىدا 24 سائەت دېجۇرنىلىق مۇلازىمىتى قىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ نازارىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىندى، نازارەت قىلىش - چەكلەش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تاشقى ئىقتىساد - سودىنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىشنىڭ ياخشى ئوبرازى يارىتىلدى. ئىككىنچىدىن، CIQ2000 تەكشۈرۈشكە مەلۇم قىلىش سىستېمىسى ۋە «ئۈچ ئېلېكترونلۇق قۇرۇلۇشى»نى كېڭەيتىش ۋە قوللىنىش تېزلىتىلىپ، تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىشتا گۇۋاھلىق بېرىش مۇھلىتى قىسقارتىلىپ، تاشقى سودىدا ماللارنىڭ كىرىش - چىقىشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇلدى. «ئېلېكترونلۇق تالون ئالماشتۇرۇش» كەسپى شىنجاڭدىكى پورتلاردا پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلدى. ئۈچىنچىدىن، «شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنىڭ تاشقى سودىنى قوللاپ، تاموژنىدىن ئۆتۈش مۇساپىسىنى تېزلىتىشنىڭ 10 تۈرلۈك تەدبىرى» تۈزۈپ چىقىلدى.

لى رۇيشىن

## خەۋپ - خەتەردىن ئالدىن سىگنال بېرىش تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىش - كونترول قىلىش ئۈچۈن، 2002 - يىلى ئادەملەردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەھۋالى، ھايۋانلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالى، ئۆسۈملۈكلەردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالى ۋە كېرەكسىز كونا مېتالدىن ئىبارەت رادىئاتسىيىلىك زىيانلىق نەرسىلەرنى نازارەت قىلىش - كونترول قىلىش تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، زور يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن جىددىي ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى ئورناتتى، خەۋپ - خەتەردىن ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش مېخانىزمىنى يولغا قويدى، شىنجاڭنىڭ پورت رايونلىرىدا تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش تورى قۇرۇلۇپ، تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش، بىلىش، مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئەملەش شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مۇناسىپ ھالدىكى تەييارلىق لايىھىسى تۈزۈلۈپ، تاسادىپىي يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرگە تېخىمۇ ياخشى تاقابىل تۇرۇلدى. ئۇچۇرلارنى ئۆز ئارا توردا سۈرۈشتۈرۈش، يىغىش، يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئەتراپتىكى دۆلەت، رايونلاردىكى تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىش يۈزلىنىشىگە ۋە ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ھالىتىگە زىچ دىققەت قىلىنىپ، چەت ئەلدە كۆرۈلگەن كېسەللىكلەردىن ۋاقتىدا كەسكىنلىك بىلەن ساقلىنىلدى ۋە ئۇ تىزگىنلەندى. پورت رايونلىرى ئىچىدە چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ياغاچ ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش رايونى قۇرۇلۇپ، بەلگىلىمە بويىچە زىيانداشلارنى ئىسلاپ بىر تەرەپ قىلىش يولغا قويۇلدى، ياغاچ پىششىقلاپ ئىشلەشتىن چىققان كېرەكسىز ماتېرىياللار، دەرەخ قوۋزىقىنى كۆيدۈرۈش نازارەت قىلىندى. پۈتۈن رايون دائىرىسىدە ئەمەلىي نازارەت قىلىش-ئۆلچەش قانات يايدۇرۇلدى. ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز مېتال ۋە كېرەكسىز ماددىي ئەشيالارنى تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش سايمان - ئۈسكۈنىلىرى يېڭىلىنىپ، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئۇسۇلى ياخشىلىنىپ، تەكشۈرۈش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. تەكشۈرۈش - ئۆلچەشتە تېپىپ چىقىلغان رادىئاتسىيىلىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن كېرەكسىز مېتاللار قەتئىي ھالدا چېگرا سىرتىغا قايتۇرۇۋېتىلدى. رادىئاتسىيىلىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن كېرەكسىز مېتاللارنى چېگرىدىن كىرگۈزۈش كۆپ قېتىم يۈز بەرسە جىددىي تىزگىنلەش تەدبىرى قوللىنىلىپ، چەت ئەلنىڭ مال تارقىتىش پونكىتلىرىدا تىزىملاش يولغا قويۇلۇپ، مەزكۇر چەت ئەل ماشىنا بېكىتىدە قاچىلانغان كېرەكسىز مېتاللارنى چېگرىدىن كىرگۈزۈش ۋە تەكشۈرۈشكە مەلۇم قىلىشنى قوبۇل قىلىش توختىتىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ كىرىشى ۋە چىقىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

لى رۇيشىن

## نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشقا گۇۋاھلىق بېرىش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئېكسپورت ئورالمىسى سۈپىتىگە ئىجازەتنامە بېجىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان 14 كارخانىنى سىناپ كۆردى، 37 كارخانىنىڭ يېمەكلىك تازىلىقىنى رويخەتكە ئېلىپ تىزىملىدى.

6 ئۈچەيچىلىك كارخانىسىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى رويخەتكە ئېلىنىشىنى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى، 6 ئۈچەيچىلىك كارخانىسى ياۋروپا ئىتتىپاقىدا رويخەتكە ئالدۇرۇلدى. سۈپەت سىستېمىسىغا گۇۋاھلىق بېرىش پائال يولغا قويۇلۇپ، ISO9000 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى 63 كارخانىنى تەكشۈرۈشكە، 43 كارخانىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشكە گۇۋاھلىق بەردى، ISO4000 مۇھىت بىخەتەرلىكى سىستېمىسى 7 كارخانىنى تەكشۈرۈشكە، HACCP يېمەكلىك تازىلىقى - بىخەتەرلىكى سىستېمىسى 6 كارخانىغا، 3 بىرلەشمە (ISO9000/ISO14000/OHSMS－18000) بىر كارخانىغا گۇۋاھلىق بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 176 ئېكسپورت كارخانىسى ISO9000 سۈپەت تەكشۈرۈش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى.

لى رۇيشىن

## بازار ئىقتىسادى تەرتىپىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كاراتىن قىلىش ئىدارىسى 2002-يىلى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنى تەشكىللەپ، سودا سارىيى، رېستوران، توپ سېتىش بازىرى، سوغۇق ساقلاش ئامبىرى قاتارلىق ئىمپورت تاۋارلىرى تىجارىتى قىلىدىغان سورۇن ۋە ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ تىجارەت قىلىدىغان 30 نەچچە سورۇننى، مەسىلە بار 1000 دىن ئارتۇق تۈرلۈك ئىمپورت تاۋارلىرىنى تېپىپ چىقىپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىك، گىرىم بۇيۇملىرى قاتارلىق تاۋارلارنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئىمپورت قىلىنغان ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرى، يېمەكلىك، قەنت - گېزەك، بالون قاتارلىق 3195 پارچە نەرسىنى تۇتۇپ قېلىپ ئۆز جايىدا پېچەتلىدى، بۇلارنىڭ ئاشكارا قىممىتى 200 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىدۇ؛ ئىمپورت قىلىنغان 26 ماركىدىكى 98 خىل تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان گىرىم بۇيۇمىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى؛ ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن هايۋانات مەنبەلىك 3 خىل گىرىم بۇيۇمىنى تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قالدى؛ 9 تۈرلۈك تاۋارنىڭ بەلگىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە قوبۇل قىلدى، ئۇلار ئاساسلىقى چاچ بويىقى، چاچ ئاسراش ماتېرىيالى، يۇيۇنۇش سۇيۇقلۇقى، چىش پاستىسى قاتارلىقلار، بۇلار پاكىستان، تۈركىيىلەردە ئىشلەنگەن؛ سوغۇق ساقلاش ئامبىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش جەريانىدا چەت ئەلدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك رايونىدىن كەلگەن هايۋانات مەھسۇلاتىدىن 160 گرام ئېغىرلىقتىكى 16 سى تېپىلىپ، قانۇن بويىچە كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

لى رۇيشىن

## هۆكۈمەت گۇۋاھلىقى نۇقتىسىدىن باھالاپ بېكىتىش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كاراتىن قىلىش ئىدارىسى 2002-يىلى 622 تۈركۈمدىكى 738 مىڭ 700 توننا ئىمپورت قىلىنغان خام نېفىتنىڭ ئېغىرلىقىنى باھالىدى، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن 1495.89 توننا كەم چىقتى؛ 45 تۈركۈمدىكى 25 مىڭ 978.58 توننا ئىمپورت قىلىنغان نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ ئېغىرلىقىنى باھالىدى، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن 103.91 توننا كەم چىقتى؛ 160 مىڭ 940 كۇب مېتىر ئىمپورت قىلىنغان ياغاچ ماتېرىيالىنىڭ ھەجىمىنى باھالىدى؛ 1142 تۈركۈمدىكى 6 مىليون 683 مىڭ 651 ئېكسپورت قىلىندىغان تاۋار ئورالمىسىنى باھالىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئورالما ئىقتىدارى بويىچە باھالانغىنى 970 تۈركۈم، 5 مىليون 647 مىڭ 281 دانە، خەتەرلىك مال ئورالمىسى ئىقتىدارى بويىچە باھالانغىنى 38 تۈركۈم، 865 مىڭ 768 دانە، خەتەرلىك مال ئورالمىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى بويىچە باھالانغىنى 134 تۈركۈم، 170 مىڭ 602 دانە. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان مال - مۈلۈكتىن باھالانغىنى 2 تۈركۈم، ئۇنىڭ ئەسلىدە مەلۇم قىلىنغان باھا سوممىسى 400 مىڭ دوللار، باھالانغان سوممىسى 240 مىڭ دوللار بولۇپ، 160 مىڭ دوللار ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

لى رۇيشىن

## ئادەتتىكى ئېتىبار تۈزۈمى بويىچە ئىسپات بېرىش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كاراتىن قىلىش ئىدارىسى 2002-يىلى ئادەتتىكى ئېتىبار بېرىش تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش رايونى گۇۋاھنامىسىدىن 1905نى تارقاتتى، بۇنىڭدا ئىسپات بېرىلگەن تاۋار سوممىسى 143 مىليون 961 مىڭ 500 دوللار؛ ئومۇمىي ئېتىبار بېرىش تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش رايونى گۇۋاھنامىسىدىن 773نى تارقاتتى، بۇنىڭدا ئىسپات بېرىلگەن تاۋار سوممىسى 52 مىليون 134 مىڭ 800 دوللار.

لى رۇيشىن

## تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كاراتىن قىلىش ئىدارىسى 2002-يىل ئىدارە سىستېمىسىدىكى تەجرىبىخانىلارنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى، تېخنىكا ئەھۋالىنى مۆلچەرلەپ باھالىدى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، شىنجاڭ رايونىدىكى كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە سىرتقا يۈزلەنگەن ئېغىزلارنىڭ تەرەققىيات

ئەمەلىيىتى ۋە يۈزلىنىشىگە ئاساسلىنىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش يۈزىسىدىن شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش تەجرىبىخانىسىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، تەجرىبىخانىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ۋە تېخنىكا خادىملىرىنى مۇۋاپىق سەپلىدى، بايلىقنىڭ تەقسىملىنىشىنى سەرخىللاشتۇردى، ئۈقتىلىق ساھە ۋە ئۈقتىلىق يۆنىلىشنىڭ 20 تەجرىبىخانىسىنى بېكىتتى. بۇ 20 تەجرىبىخانىنىڭ ھەممىسىدە دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى تەجرىبىخانىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىش ۋە روياخەتكە ئېلىپ سىناش خىزمىتى تاماملاندى. بىئولوگىيىلىك بىخەتەرلىك سەۋىيىسىدىكى P2 تەجرىبىخانىسىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە كۆيدۈرگە، خولېرا، چۈما قاتارلىق ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئاساسىي نىشان قىلىنغان كۆچلۈك ۋىرۇس تەجرىبىخانىسى قۇرۇلۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش - كاراتىن قىلىشنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، كېپەن ئۆزگەرتىش، دېھقانچىلىق دورىسى قالدۇقى، رادىئو ئاكتىپلىق، كۆيدۈرگە تاياقچە باكتېرىيىسى، تۇبېركۇليوز تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىق تۈرلەردىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات تېزلىتىلىپ، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئىقتىدارى ۋە تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2002 - يىلى 5 تەتقىقات نەتىجىسى ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە SN ئۆلچىمى 2 (ئالما كۈيە كېپىنىكىنى باھالاپ بېكىتىش ئۇسۇلى، ياڭيۇ قوڭغۇزىنى باھالاپ بېكىتىش)؛ تەتقىقات تېمىسى 3 (ۋەكىللىك بولمىغان كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ رادىئاتسىيىلىك دالدىلاش رولى ئۈستىدىكى تەتقىقات دوكلاتى»، «پورتلارنىڭ ئۆز تەكتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «يۇڭ ساندۇقىنىڭ دالدىلاش رولى توغرىسىدا دوكلات»).

لى رۇيشىن

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر

2002 - يىلى تۇرپان تەكشۈرۈش - كاراتىن قىلىش ئىدارىسىگە دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە سۈپەت نازارەتچىلىكى ۋە تەكشۈرۈش - كاراتىن قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دەپ نام بېرىلدى؛ ئالاتاۋ ئېغىزى تەكشۈرۈش - كاراتىن قىلىش ئىدارىسىدىكى لى گوجياڭغا كادىرلار مىنىستىرلىكى، دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە سۈپەت نازارەتچىلىكى ۋە تەكشۈرۈش - كاراتىن قىلىش سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دەپ نام بېرىلدى.

لى رۇيشىن

## لى چاڭچىياڭ، پۇ چاڭچېڭلار شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە، دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى چاڭجياڭ، مۇئاۋىن باشلىقى پۇ چاڭچېڭ قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇلار ئۈرۈمچى ئايرودرومى، قورغاس پورتى ۋە تاشقى سودا كارخانىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە 16 تاشقى سودا كارخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى.

لى رۇيشىن

# مالىيە، باج

## مالىيە

### مالىيە خام چوتى كىرىم - چىقىمنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

1. مالىيە كىرىمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىمى 14 مىليارد 23 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت (تەڭشەلگەن خام چوت، تۆۋەندىسۇ ئوخشاش) نىڭ 108.61%نى ئىگىلەپ، 2001 - يىلدىكىدىن 21.15% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 11 مىليارد 647 مىليون 240مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 22.48% ئاشتى؛ فوند خام چوت كىرىمى 2 مىليارد 376 مىليون 360 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 15.02% ئاشتى.

2. مەركەزگە ئايرىپ بېرىلىدىغان «ئىككى باج»نىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ مەركەزگە ئايرىپ بېرىدىغان «ئىككى باج» كىرىمى 7 مىليارد 842 مىليون 400 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، مەركەز چۈشۈرگەن ۋەزىپىنىڭ 113.74%نى ئىگىلەپ، 2001 - يىلدىكىدىن 25.82% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قوشۇلما قىممەت بېجى (75% قىسمى) 6 مىليارد 349 مىليون 280 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 21.73% ئاشتى؛ ئىستېمال بېجى 1 مىليارد 492 مىليون 760 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 46.81% ئاشتى.

3. مالىيە چىقىمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ مالىيە چىقىمى 38 مىليارد 472 مىليون 710 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، خام چوتنىڭ 95.81%نى ئىگىلەپ، 2001 - يىلدىكىدىن 36.52% ئاشتى. ئاساسلىق چىقىملار مۇنداق: ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك چىقىم 11 مىليارد 312 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 29.4%نى، خام چوتنىڭ 94.35%نى ئىگىلىدى؛ مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك چىقىم 22 مىليارد 965 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 59.69%نى ئىگىلەپ، خام چوتنىڭ 97.39%نى ئىگىلىدى.

4. ئاپتونوم رايون مالىيىسى كىرىم - چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلىنىش ئەھۋالى

ئادەتتىكى خام چوت كىرىم - چىقىمى ئەھۋالى ئومۇمىي كىرىم 36 مىليارد 125 مىليون 250 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ يىللىق كىرىم 11 مىليارد 647 مىليون 240 مىڭ يۈەن، مەركەز قوشۇمچە ياردەم بەرگەن كىرىم، 21 مىليارد 503 مىليون 230 مىڭ يۈەن، زايومنى قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىش كىرىمى 217 مىليون 500 مىڭ يۈەن، 2001- يىلدىكى زايومنى قەرز پۇلغا ئۆزگەرتكەن پۇلنىڭ قالدۇقى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن، 2001 - يىلنىڭ قالدۇقىدىن كىرگەن كىرىم 2 مىليارد 623 مىليون 640 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېلىنگەن مەبلەغ 131 مىليون 240 مىڭ يۈەن. جەمئىي چىقىم 36 مىليارد 667 مىليون 690 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ يىللىق چىقىم 36 مىليارد 117 مىليون 290 مىڭ يۈەن، مەركەزگە تاپشۇرۇلغان چىقىم 300 مىليون يۈەن، كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىدىغان خام چوت ئوبوروت سوممىسى 30 مىليون 500 مىڭ يۈەن، زايومدىن ئۆزگەرتىلگەن قەرز پۇل كىرىمىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان چىقىم 175 مىليون 400 مىڭ يۈەن، زايومنى قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىش كىرىمىنىڭ قالدۇقى 44 مىليون 500 مىڭ يۈەن، كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما ئامانەت پۇل قالدۇقى مىنۇس 542 مىليون 440 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە، كېيىنكى يىلغا ئاغدۇرۇلغان تۈرلۈك چىقىم 1 مىليارد 279 مىليون 760 مىڭ يۈەن، ساپ قالدۇق 1 مىليارد 822 مىليون 200 مىڭ يۈەن قىزىل رەقەم (2001- يىلى ھېسابىدا قالغان قىزىل رەقەم 1 مىليارد 689 مىليون 870 مىڭ يۈەن، شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن قىزىل رەقەم 132 مىليون 330 مىڭ يۈەن).

فوند خام چوتى كىرىم - چىقىم ئەھۋالى ئومۇمىي كىرىم 2 مىليارد 991 مىليون 620 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ يىللىق كىرىم 2 مىليارد 376 مىليون 360 مىڭ يۈەن، 2001 - يىلنىڭ قالدۇقىدىن بولغان كىرىم 561 مىليون 210 مىڭ يۈەن، مەركەزدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 52 مىليون 960 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېلىنگەن مەبلەغ 1 مىليون 90 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي چىقىم 2 مىليارد 355 مىليون 420 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ يىللىق چىقىم 2 مىليارد 355 مىليون 420 مىڭ يۈەن. كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس

قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما ئامانەت قالدۇقى 636 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

ۋاڭ جيەنجياڭ

## تارماقلارنىڭ خام چوتىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون شۇ دەرىجىلىك ئورۇنلاردا تارماقلارنىڭ خام چوت ئىسلاھاتىنى يېتەكچى قىلغان خام چوت باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويدى، ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ج خ نازارىتى قاتارلىق 3 ئورۇن خام چوت سىناق نۇقتىسى قىلىندى. تارماقلارنىڭ خام چوتىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، مالىيە نازارىتى تارماقلارنىڭ خام چوت ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، تارماقلارنىڭ خام چوتىنى تۈزۈشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئاساسىي پرىنسىپى، خام چوت تۈزۈش دائىرىسى ۋە مەزمۇنى، تۈزۈش قائىدىسى قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇردى. نۇقتىدا سىناق قىلىشتا ياخشى ئۈنۈم قولغا كېلىپ، تارماقلار خام چوتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يولغا قويۇشقا تەجرىبە توپلاندى.

ۋاڭ خېيۈەن

## تاپاۋەت بېجى كىرىمىنى بۆلۈشۈش ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

ئاپتونوم رايون 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ تاپاۋەت بېجى كىرىمىنى بۆلۈشۈش ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تاپاۋەت بېجى كىرىمىنى بۆلۈشۈش ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھەسى ۋە ئالاقىدار پانداشما سىياسەت، تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايون مەركەزنىڭ كارخانىلىرى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار، پايىنى بازارغا سالغان كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنى مەركەز بىلەن ئاپتونوم رايون بۆلۈشۈشنى؛ باشقا كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنى مەركەز بىلەن جايلار بۆلۈشۈشنى؛ شەخس تاپاۋەت بېجىنى مەركەز، ئاپتونوم رايون، جايلاردىن ئىبارەت 3 دەرىجە بۆلۈشۈش (2002 - يىلى مەركەز %50، ئاپتونوم رايون %10، جايلار %40تىن بەھرىمەن بولۇش؛ 2003 - يىلى مەركەز %60، ئاپتونوم رايون %10، جايلار %30تىن بەھرىمەن بولۇش)نى بەلگىلىدى. قالدىغان پايدىغا كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون ئوخشىمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، جايلارنىڭ تاپاۋەت بېجى كىرىمىنىڭ ئاجرىتىپ يۆتكىلىدىغان ئاساس سانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ھەر يىلى يەرلىك مالىيىگە مۇقىم قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى.

شياڭ ۋېنشيۇ

## مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قەرز قالغان مائاشى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، تولۇقلاپ تارقىتىلدى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسى قەرز قالغان مائاشنى ھەل قىلىشقا 1 مىليارد 160 مىليون يۈەن مەبلەغ ئىشلەتتى.

1) 1993 — 1994 - يىللىرى مائاش تەڭشىگەندە قەرز قالغان مائاشنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاندى. مالىيە نازارىتىنىڭ باشلامچىلىقىدا كادىرلار نازارىتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى، ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىدىن ئىبارەت 5 تارماقتىن بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، 2001 - يىلدىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئاساسىدا، 2002 - يىل 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 1993 — 1994 - يىللىرىدىكى قەرز قالغان مائاشنى تەكشۈرۈش ۋە تولۇقلاپ تارقىتىش خىزمىتى ئورۇنلاندى. 400 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 1993 — 1994 - يىللىرى قەرز قالغان مائاشى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىندى.

2) 1995 — 2002 - يىللىرى 760 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلىنىپ، 1995 - يىلدىن 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە قەرز قالغان 270 مىليون يۈەن مائاش، 1999 - يىلى مائاشنى بىر تۇتاش تارقىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ، 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە قىيىنچىلىقى بار ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى يېڭى كۆپەيگەن خادىملارنىڭ قەرز قالغان 370 مىليون يۈەن مائاشى ھەل قىلىندى. مائاشنى بىر تۇتاش تارقىتىش يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ، 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە قىيىنچىلىقى بار ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 2 يىلدا ئۈستۈرۈلگەن، پارچە - پۇرات قەرز قالغان 120 مىليون يۈەن مائاشى ھەل قىلىندى.

جياڭ يۇ

## قىيىنچىلىقى بار ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەرگە مەخسۇس ئىسسىنىش خىراجىتى ۋە تىببىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئوبوروت سوممىسى ئاجرىتىپ بېرىلدى

قىيىنچىلىقى بار ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئىسسىنىش خىراجىتى ۋە تىببىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئوبوروت سوممىسى يېتىشمەسلىكتىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون

مالىيىسى جايلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ مالىيە كۈچىنى تەڭپۇڭلاش ھېسابلانغاندىن كېيىن، 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ بېشىدا قوشۇمچە ياردەم مەبلىغىنى ئارتۇق ئاجرىتىپ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن قىيىنچىلىقى بار ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە 96 مىليون 850 مىڭ يۈەن شەخسىي ئىسسىنىش خىراجىتىنى ئارتۇق بۆلۈپ بېرىپ، قىيىنچىلىقى بار ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسسىنىش، قىشتىن ئۆتۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، شۇنداقلا، قىيىنچىلىقى بار ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە 114 مىليون 210 مىڭ يۈەن تېببىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئوبوروت سوممىسى ئاجرىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تېببىي داۋالىنىش خىراجىتى قەرز قىلىش، تېببىي داۋالاش ئىسلاھاتى مەبلىغىنى ئوبوروت قىلىش قىيىنچىلىقىنى پەسەيتتى.

جياڭ بو

# يەرلىك باج

## يەرلىك باجنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك باج سىستېمىسى ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك كىرىم 7 مىليارد 395 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %17.53 ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە باج كىرىمى 6 مىليارد 966 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.75 ئاشتى؛ مائارىپ خىراجىتى قوشۇمچە كىرىمى 261 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.1 ئاشتى؛ خەلق مائارىپ فوندى كىرىمى 93 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.84 ئاشتى؛ مەدەنىيەت كەسپىي قۇرۇلۇش خىراجىتى كىرىمى 70 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە؛ باشقا كىرىملار 4 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. باج كىرىمى ئىچىدە تىجارەت بېجى، شەخسىي تاپاۋەت بېجى، كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىدىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك كىرىم باج كىرىمىنىڭ %73.5نى، يەرلىكنىڭ «9 بېجى» %26.5نى ئىگىلىدى.

تىجارەت بېجى كىرىمى 3 مىليارد 260 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %29.43 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىناكارلىق كەسپىنىڭ تىجارەت بېجى %32.26 ئاشتى؛ مۇلازىمەت كەسپىنىڭ %29.13 ئاشتى؛ قاتناش - ترانسپورت كەسپىنىڭ %27.71 ئاشتى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، غەربنى كەڭ ئېچىش داۋامىدا ئاپتونوم رايوننىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمى روشەن زورايدى، 3 - كەسپىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولۇپ، ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ تېگىشلىك باج كىرىمىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى.

شەخسىي تاپاۋەت بېجى كىرىمى 1 مىليارد 197 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %21.91 ئاشتى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئالاھىدە كەسىپلەر، يۇقىرى كىرىملىك كىشىلەردىن شەخسىي تاپاۋەت بېجىنى ئېلىش كۈچەيتىلىپ، مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈپ، تۈزەش قانات يايدۇرۇلدى، شەخسىي تاپاۋەت بېجىنى ۋاكالىتەن تۇتۇپ قېلىش، ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش تۈزۈمى قېلىپلاشتۇرۇلدى، باج يىغىشتىكى بوشلۇقلار ئۈنۈملۈك توسۇلدى.

كارخانا تاپاۋەت بېجى كىرىمى 663 مىليون يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %23.24 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى: 1. 2001 - يىلدىكى تاپاۋەت بېجىنىڭ ئاساس سانى چوڭ ئىدى، مەركەز تاپاۋەت بېجىنى بۆلۈشۈش ئىسلاھاتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، 2002 - يىلى يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنى دۆلەت بېجى ئورۇنلىرى ئالىدىغان بولۇپ، باج مەنبەسىدە ئۆزگىرىش بولدى. 2. دۆلەت باش باج ئىدارىسى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشتا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئاپتونوم رايون بويىچە باج كىرىمىگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئاساسەن كارخانا تاپاۋەت بېجىدا گەۋدىلەندى. 3. دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى پاختا سېتىش بازىرىنىڭ تەمىنلەش - ئېھتىياج مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، پاختا - چىگە كارخانىلىرى كەڭ كۆلەمدە زىيان تارتتى، بۇنىڭ بىلەن كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. 4. يەرلىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولۇپ، كارخانا تاپاۋەت بېجىنىڭ ئېشىشى ئاجىزلاپ، كىرىمنىڭ ئېشىشىغا تەسىر يەتكۈزدى.

يەرلىكنىڭ «9 باج» كىرىمى 1 مىليارد 846 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %19.01 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەرنى قوغداش قۇرۇلۇشى بېجى كىرىمى 775 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.21 ئاشتى، ئاساسلىقى، خەلقئارا بازاردىكى نېفىت باھاسىنىڭ تەسىرىدە، دۆلەت بېجىنىڭ «ئىككى باج» كىرىم ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئايلىنىش بېجى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئاشتى؛ بايلىق بېجى كىرىمى 514 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25 ئاشتى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئىلگىرىكى يىللاردا قەرز قالغان باج كۆپرەك ئېنىقلاندى؛ ئۆي - زېمىن بېجى كىرىمى 405 مىليون يۈەن بولۇپ، %18.65 ئاشتى، ئاساسلىقى، باج قانۇنى تەشۋىقاتى كۈچەيتىلدى ھەم بازار بېجى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆي - زېمىن بېجىنى يىغىش مەخسۇس تەكشۈرۈلگەنلىكتىن، تولۇقلاپ



2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك باج خىزمىتى يىغىنىدا ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى بىر تۈركۈم «مەدەنىي باشلار كوللېكتىپى»نى تەقدىرلىدى.

شياڭ شۇفېڭ فوتوسى

تاپشۇرۇلغان باج كۆپرەك بولدى. قوشۇلما قىممەت بېجى 16.77%، بىر ئىشلىتىش بېجى 4.91% ئۆسۈۋەلدى.

ما خۇاليالى

## باج ئېلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ يەرلىك باج ئىدارىسى پۈتۈن يىللىق باج پىلانىنى تەقسىملەش لايىھەسىنى تۈزۈش ئاساسىدا، ئاساسىي قاتلام باج يىغىش ئورۇنلىرىنىڭ ئاي بويىچە باج ئېلىش پىلانىنى تۈزۈپ چۈشۈرۈپ، ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام باج يىغىش ئورۇنلىرىدىن ھەر 5 كۈندە بىر قېتىم كىرىمنى تەشكىللەش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، باج يىغىش سۈرئىتىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇردى ھەم ھەر 10 كۈنلۈك، ھەر ئايلىق باج كىرىمى ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرگە ئاساسەن تەدبىر قوللىنىپ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆز قەرەلىدە ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. 2002 - يىلى سىستېما بويىچە ئىلگىرىكى يىللاردا قەرز قالغان 79 مىليون 530 مىڭ يۈەن باج ئېنىقلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇقتىسلىق تىجارەت بېجى مەنبەسى بولغان 205 كارخانا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلدى، بۇنداق كارخانىلار 2001 - يىلدىكىدىن 153ى كۆپەيدى. نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلغان ئۇقتىسلىق تىجارەت بېجى مەنبەسى بولغان كارخانىلارنىڭ تاپشۇرغان تىجارەت بېجى سوممىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تىجارەت بېجى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 37%نى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بايلىق بېجىنىڭ يىللىق تاپشۇرۇلىدىغان سوممىسى 3 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان 5 كارخانا ئۇقتىسلىق باج مەنبەسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، بۇ 5 كارخانا تاپشۇرغان 537 مىليون يۈەن بايلىق بېجى خەزىنىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە خەزىنىگە كىرگۈزۈلگەن بايلىق بېجىنىڭ 70%نى ئىگىلىدى. تاشيول قۇرۇلۇشى، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇقتىسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى مەركەز مەبلەغ سالغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى قاتارلىقلارغا ئالاقىدار باجلارنى ش ئۇ ئا ر باج ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق باج ئىدارىلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋاكالىتەن تۇتۇپ قېلىپ، ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش تەدبىرى قوللىنىلدى، 90 مىليون يۈەندىن ئارتۇق باج پۇلى يىغىلدى، 51 ناھىيە (شەھەر) لىك ئىدارىلەردىكى 110 ئاساسىي قاتلام باج ئورۇنلىرىنىڭ باج ئېلىش تالونلىرى مەخسۇس تەكشۈرۈلۈپ، مەسىلە بايقالسا مۇددەت بەلگىلەپ تۈزىتىلدى، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىلدى. ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە ئۇقتىسلىرىنىڭ ئىشلەك بېلەتنى يەرلىك باج تالونلىرىنى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، تالون بېسىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ۋاقىتلىق تىجارەت پائالىيىتىدە تالون يېزىشتا ساقلانغان بوشلۇقنى ئېتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر خىل تالون ئىشلىتىش تەدرىجىي يولغا قويۇلدى، شۇنىڭدىن بۇيان، بىر قەدەر ياخشى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

ما خۇاليالى

## باج تەپتىشلىكى

2002 - يىلى شىنجاڭ يەرلىك باج تەپتىش ئارماقلىرى باج قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىنغان 30 مىڭ 988 دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 418 مىليون يۈەن باج پۇلىنى تەكشۈرۈپ تولۇقلىدى، 408 مىليون يۈەن خەزىنىگە كىرگۈزۈلۈپ، خەزىنىلەشتۈرۈش نىسبىتى 98%كە يەتتى. سودا بازارلىرىنىڭ بېجىنى تىزىملاش، باج تاپشۇرۇشنى مەلۇم قىلىشنى باشقۇرۇش ۋە تالون باشقۇرۇش ئۇقتىسلىق كۈچەيتىلىپ، كىنىشكىسىز، سەييارە سودا قىلغۇچىلار ئېنىقلىنىپ، باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرۇشتىن قېچىش، باج تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قەتئىي زەربە بېرىلدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 857 سودا بازىرى، بازاردىكى 48 مىڭ باج تاپشۇرغۇچى تەكشۈرۈلۈپ، باج تاپشۇرۇشتىن، باشقۇرۇشتىن قاچقان 4820 ئائىلە ئېنىقلىنىپ، 4 مىليون 528 مىڭ 400 يۈەن باج پۇلى تەكشۈرۈپ تولۇقلاپ ئېلىندى، بۇنىڭدا 597 مىڭ 300 يۈەن كېچىكتۈرۈش پۇلى ۋە جەرىمانە قوشۇپ ئېلىندى، نورمىسى يۇقىرىلىتىلغان باج تاپشۇرغۇچى 13 مىڭدىن ئېشىپ، ئايلىق باج پۇلى 1 مىليون 191 مىڭ 600 يۈەن كۆپەيدى.

ما خۇاليالڭ

شىنجاڭ يەرلىك باج سىستېمىسىنىڭ 2002 - يىلدىكى رايونلار بويىچە باج كىرىمىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

| ۋىلايەت | جەمئىي كىرىم (تۈمەن يۈەن) | 2001 - يىلدىكىدىن ±% |
|---|---|---|
| جەمئىي | 696639 | 17.8 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 251964 | 16.4 |
| قاراماي شەھىرى | 70600 | 11.8 |
| شىخەنزە شەھىرى | 16936 | 20.7 |
| سانجى شەھىرى | 49668 | 7.8 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 15688 | 15 |
| ئىلى ئوبلاستى | 75580 | 25 |
| ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 44070 | 22 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 21337 | 29 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 10173 | 29.9 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 60817 | 18.2 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 34407 | 32.2 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 2788 | 39.3 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 23915 | 20.8 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 9297 | 25.9 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 25625 | 13.9 |
| بورتالا ئوبلاستى | 9625 | 28.3 |
| بىۋاسىتە قاراشلىق باج ئىدارىسى | 44152 | 9.1 |
| تەپتىش ئىدارىسى | 5577 | 925.2 |

# دۆلەت بېجى

## دۆلەت بېجىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى دۆلەت بېجى سىستېمىسى ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك باج كىرىمى 12 مىليارد 444 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ئىچكى باج كىرىمى 11 مىليارد 628 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.3% ئاشتى. «ئىككى باج» كىرىمى 10 مىليارد 155 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 24.3% ئاشتى.



2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر دۆلەت بېجى ئىدارىسى ئۈرۈمچى باج يىغىش مۇلازىمىتىنى ياخشىلاپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.
سۈرەتنى دۆلەت باج ئىدارىسى تەمىنلىگەن

باج تۈرى كىرىمى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىچكى قوشۇلما قىممەت بېجى كىرىمى 8 مىليارد 662 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 21.1%؛ ئىچكى ئىستېمال بېجى كىرىمى 1 مىليارد 492 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 46.8% ئاشتى؛ كارخانىلار تاپاۋەت بېجى كىرىمى 901 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولۇپ، 54.1%؛ مەركەزنىڭ تىجارەت بېجى كىرىمى 117 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولۇپ، 48.4%؛ چەت ئەللەرگە چېتىلىدىغان كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى كىرىمى 58 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولۇپ، 55.3% تۆۋەنلىدى؛ ئامانەت پۇل ئۆسۈمى تاپاۋەت بېجى كىرىمى 372 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.2%؛ ۋاكالىتەن ئېلىنىغان يەرلىك باج كىرىمى 24 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 101.4%؛ تاموژنا ۋاكالىتەن يىغقان باج كىرىمى 1 مىليارد 289 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26.5%؛ ئېكسپورتتىن قايتۇرۇلغان باج 497 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10% ئاشتى.

گۇن پىڭ، بى ماۋ

## باج باشقۇرۇش

1. ئوبوروت بېجى يىغىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 2002 - يىلى تەييار ماينى پارچە ساتىدىغان ماي قاچىلاش پونكىتلىرىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجىنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، شەخسىي ماي قاچىلاش پونكىتلىرىدىن 246سى ئادەتتىكى قوشۇلما قىممەت بېجى تاپشۇرغۇچى، دەپ بېكىتىلدى. 5 يەككە ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ ئادەتتىكى باج تاپشۇرغۇچىلىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى، مەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە ماي قاچىلاش پونكىتلىرىغا ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنى ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتى تاماملاندى ھەم ئاپتونوم رايون بويىچە 100 مىڭ يۈەنلىك مەخسۇس تالونىنى ئىشلىتىدىغان سودا كارخانىلىرى ئىچىدە، كارخانا قوشۇلما قىممەت بېجىنى تاپشۇرۇش ئەھۋالىنى باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى باسمىچىلىق كەسپى ۋە قولماقچىلىق ساھەسىدە ساقلانغان ئەمەلىي قىيىنچىلىقتا ئاساسەن، باجدا ئېتىبار بېرىشتىن توختاش پايدىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قوشۇلما قىممەت بېجى ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغانلاردىن 5 مىليارد 210 مىليون 80 مىڭ يۈەن باج سوممىسى كەچۈرۈم قىلىندى، كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان تۈرلۈك باج سوممىسى 203 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. باج بىلەن سودىنىڭ ھەمكارلىقى، مۇلازىمەت كۈچەيتىلىپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكسپورت ماللىرىدىن قايتۇرۇلغان (كەچۈرۈم قىلىنغان) 402 مىليون 500 مىڭ يۈەن باج بېجىرىلدى.

3. تاپاۋەت بېجىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشتا ئالاقىدار سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت بېجى سىستېمىسى مەركەزگە قاراشلىق 47 كارخانىنىڭ تاپاۋەت بېجى سىياسىتىگە چېتىشلىق تەستىقلاش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بېجىردى. بۇنىڭ ئىچىدە، مۈلۈك زىيىنى، كەسپىي تەشۋىقات خىراجىتى، كەسپىي كۈتۈۋېلىش خىراجىتى، تۇراقلىق مۈلۈك رېمونت خىراجىتى، باش ئاپپاراتنىڭ باشقۇرۇش خىراجىتى قاتارلىق 206 مىليون 690 مىڭ يۈەن خىراجەتنى باجدىن ئىلگىرى تۇتۇپ قېلىش تەستىقلاندى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 22 مىليون 240 مىڭ يۈەن مال - مۈلۈك زىيىنى قائىدىگە ئۇيغۇن ئەمەس، باجدىن ئىلگىرى تۇتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارالدى، 7

كارخانىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش ئەستىقلاندى، 2 كارخانىنىڭ 6 تۈرلۈك تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدە، دۆلەت مۈلكى، ئۈسكۈنىلىرىگە سېلىنغان مەبلەغدىن 50 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كارخانا تاپاۋەت بېجىنى توغرىلاپ كەچۈرۈم قىلىشتىن بەھرىمەن بولۇشى ئەستىقلاندى.

گۇەن پىڭ، يى ماۋ

## باج يىغىش تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش

2002 - يىلى شىنجاڭ دۆلەت بېجى ئورگىنى ۋە ج خ ئورگىنى ماسلىشىپ 49 دېلونى بېجىردى، باج ئورگىنى ج خ ئورگىنىغا باجغا چېتىشلىق 26 دېلونى يوللاپ بەردى، ج خ ئورگىنى باجغا چېتىشلىق 24 دېلونى قوبۇل قىلدى، 21 نى دېلو قىلىپ تۇرغۇزدى، دېلوغا چېتىشلىق ئومۇمىي سومما 11 مىليون 775 مىڭ 900 يۈەن، 17 دېلو پاش قىلىندى.

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى دۆلەت بېجى سىستېمىسى 3 چوڭ نېفىتلىكنى، نېفىت خىمىيە سانائىتى، تاماكا، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، ئاق هاراق، پىيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ شۆبە شىركەتلىرى قاتارلىق 1198 كارخانىنى مەخسۇس تەكشۈردى، دەسلەپكى قەدەمدە مەسىلىسى بار 306 كارخانىنى تەكشۈرۈپ، 16 مىليون 440 مىڭ يۈەن قوشۇلما قىممەت بېجىنى، 9 مىليون 40 مىڭ يۈەن كارخانا تاپاۋەت بېجىنى تەكشۈرۈپ، تولۇقلاپ ئالدى، 4 مىليون 50 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى، 2 مىليون 70 مىڭ يۈەن كېچىكتۈرۈش ھەققىنى قوشۇپ ئالدى.

ماي قاچىلاش ماشىنىسىنىڭ باجنى تىزگىنلەش قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 1561 ماي قاچىلاش پونكىتى، 6775 ماي قاچىلاش ماشىنىسى بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىنىڭ ماي قاچىلاش پونكىتى 828، ماي قاچىلاش ماشىنىسى 3485؛ جەمئىيەتتىكى ماي قاچىلاش پونكىتى 733، ماي قاچىلاش ماشىنىسى 3290. 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە باجنى تىزگىنلەش قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىش خىزمىتى ئورۇندالدى.

ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت بېجى سىستېمىسى 1065 ئادەم ئاجرىتىپ، 417 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 542 بازاردىكى 32 مىڭ 676 باج تاپشۇرغۇچىنى تەكشۈرۈپ، جەمئىي 1 مىليون 610 مىڭ يۈەن باج پۇلىنى تەكشۈرۈپ، تولۇقلاپ ئالدى. 210 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى، 80 مىڭ يۈەن كېچىكتۈرۈش پۇلى قوشۇپ ئالدى، بۇ جەمئىي 1 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولدى. باجدىن، باشقۇرۇشتىن چۈشۈپ قالغان 4768 ئورۇن تەكشۈرۈپ تېپىلىپ، 1 مىليون 460 مىڭ يۈەن باج پۇلى تولۇقلاپ ئېلىندى، 160 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، 50 مىڭ يۈەن كېچىكتۈرۈش پۇلى ئېلىندى.

گۇەن پىڭ، يى ماۋ

## ئالتۇن باج قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى دۆلەت بېجى سىستېمىسى تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ ئالتۇن باج قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى تەشكىللىدى. بۇ يىل يىلدا كۆتەكلىك تالوندىن 1 مىليون 54 مىڭ 404 پارچە، توغرىلاپ چىقىرىۋېتىش تالونىدىن 1 مىليون 191 مىڭ 587 پارچە توپلاندى، ئالتۇن باج قۇرۇلۇشىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاشتا خاتالىق كۆرۈلمىدى.

ئالتۇن باج قۇرۇلۇشىدىكى باج تاپشۇرغۇچىلار مەخسۇس ئىشلىتىدىغان تالونلارنى بېزىش چەكلىمىسىنى ئەستىقلاشنىڭ قېلىپلاشمىغانلىقىغا ئاساسەن، «بېجى تىزگىنلىنىدىغان كارخانىلارنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجىغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان، ساختىلىقتىن ساقلىنىش تالونلىرىنى بېزىش چەكلىمىسىنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈپ تارقىتىلىپ، تالون بېزىش چەكلىمىسىنى ئەستىقلاش، ئايدا ئىشلىتىلىدىغان تالون سانىنىڭ كۆپىيىش - ئازىيىش ئۆزگىرىشى ۋە تەكشۈرۈپ ئەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى ئۈستىدە ئېنىق بەلگىلىمە بەلگىلەندى، بۇ مەخسۇس تالونلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. شىنجاڭ مالىيە - باج تور - بېكىتى بىلەن بىرلىشىپ، توردا، 168 تېلېفوندا ئادەتتىكى قوشۇلما قىممەت بېجى تاپشۇرغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش، سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسى ئېچىلىپ، تور - بېكەتتىن پايدىلىنىپ، باج ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەت بېرىش مۇنبىرى بەرپا قىلىندى، باج تاپشۇرغۇچى بىلەن ئالاقىلىشىش يولى ئورنىتىلدى، كارخانىلاردا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋاقتىدا ھەل قىلىندى.

گۇەن پىڭ، يى ماۋ

# بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە

## بانكا

### خەلق بانكىسى

#### پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىنى زىچ چۆرىدەپ، پۇل مۇئامىلە خەۋپ - خەتىرىدىن ساقلىنىش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مەدەت بېرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلدى، پۇل مۇئامىلە ھەرىكىتى مۇقىم بولدى، ئامانەت پۇل مۇقىم ئاشتى، قەرز پۇل تېز كۆپەيدى، ناچار قەرز پۇل قوش تۆۋەنلىدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم مۇقىم ئۆرلىدى، قەرز پۇل قۇرۇلمىسى كۆرۈنەرلىك تەڭشەلدى، قەرز پۇلنى تارقىتىش مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلىك بولدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك مەدەت بېرىلدى. يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 222 مىليارد 531 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 25 مىليارد 281 مىليون يۈەن كۆپەيدى، قەرز پۇل قالدۇقى 180 مىليارد 115 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 21 مىليارد 645 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا مەزگىللىك قەرز پۇل 4 مىليارد 18 مىليون يۈەن كۆپەيدى، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك قەرز پۇل 15 مىليارد 542 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كىرىم - چىقىم پەرقى چىقىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تارقىتىلغان نەق پۇل 6 مىليارد 790 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 180 مىليون يۈەن كۆپ تارقىتىلدى.

1. تۈرلۈك پۇل، كرېدىت سىياسەتلىرى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، «كۆزنەك يېتەكچىلىك» رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، كرېدىت مەبلىغى بىلەن مەدەت بېرىش سالمىقى زورايتىلدى. 1) تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ تەرەققىياتىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ھوقۇق بېرىش، ئىناۋەت بېرىش، بېرىلگەن كۆپەيتىش ۋە يىغىۋېلىپ ئورۇن يۆتكەش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ كرېدىت سېلىنمىسىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. 2) يېزا ئىقتىسادى، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق كەسىپلىرى ۋە كارخانىلىرى، ئۇل مۇئەسسەسە، شۇنىڭدەك، شەخسىي ئىستېمالغا مەدەت بېرىش سالمىقى نۇقتىلىق زورايتىلدى، شۇ يىللىق قەرز پۇلنىڭ بېرىلگەن ئاشقان ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە، سانائەتنىڭ بېرىلگەن ئاشقان ئومۇمىي سوممىسى 21.6%نى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 6.9%نى، ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ 33%نى ۋە ئىستېمالنىڭ 31%نى ئىگىلىدى. بىرىنچىدىن، ھەر قايسى سودا بانكىلىرى كەسىپ، خېرىدار، رايون، تۈر قاتارلىق جەھەتلەردە كرېدىت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، سانائەت ئىقتىسادىغا كرېدىت جەھەتتىن مەدەت بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل ئېلىش قىيىنچىلىقىنى خېلى ياخشىلىدى. ئىككىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكىگە، يېزىلارغا، دېھقانلارغا مەدەت بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەڭشىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ۋەزىپىنى زىچ چۆرىدەپ، كرېدىتنىڭ يېشائىلىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، شوخلا، زاراڭزا ۋەكىللىكىدىكى «قىزىل كەسىپ»نىڭ ۋە ئۈزۈم، نەشپۈت قاتارلىق ئۆزگىچە مېۋىچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. چارۋىچىلىققا قەرز پۇل بېرىش سالمىقى زورايتىلدى، شۇ يىلى شىنجاڭدىكى بانكا ساھەسى 13 مىليارد 300 مىليون يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقاتتى. بۇ 2001 - يىلدىكىدىن 870 مىليون يۈەن كۆپ تارقىتىلدى. دېھقانلارنىڭ ئاز سوممىلىق كرېدىت قەرز پۇلى ۋە دېھقانلارنىڭ بىرلەشمە ھۆددىگە ئېلىش قەرز پۇلى پائال كېڭەيتىلدى، يىل ئاخىرىدا يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى قالدۇقى 4 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 850 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە قەرز پۇلنىڭ بېرىلگەن ئاشقان سوممىسىنىڭ 60.2%نى ئىگىلىدى. ئۈچىنچىدىن، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك كرېدىت سېلىنمىسى زورايتىلىپ،

ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشقا مەدەت بېرىلدى. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، قاتناش، تېلېگراف، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كرېدىت سېلىنمىسى زورايتىلدى. بۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى 9 مىليارد 530 مىليون يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى تارقاتتى، بۇ 2001 - يىلدىكىدىن 3 مىليارد 840 مىليون يۈەن كۆپەيدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇل قالدۇقى 28 مىليارد 330 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 6 مىليارد 750 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ئۈچىنچىدىن، ئۆزگىچە كەسىپ ۋە ئۈستۈنلۈك كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈپ زورايتىشنى چۆرىدەپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى يولغا قويۇلدى. ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى شىركىتىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ترانسفورماتورى، يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەلىك قۇياش ئېنېرگىيىسى فوتوۋولت توك چىقىرىش سىستېمىسى، تەڭرىتاغ سېمونت شىركىتىنىڭ 2000 توننىلىق قۇرۇق ھالەتتە ئىشلەش خۇمدىنى قاتارلىق تۈرلەر ئۈستۈنلۈك ئۆزگەرتىلدى. يەرلىكنىڭ 90 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن كارخانىلارنىڭ بازاردىكى رىقابەت كۈچى ئاشتى، ئىقتىسادنىڭ بىر تۈركۈم يېڭى ئېشىش نۇقتىسى يېتىشتۈرۈلدى. بەشىنچىدىن، ئىستېمال كرېدىت كەسپى تېز تەرەققىي قىلدى. يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىستېمال قەرز پۇلى قالدۇقى 18 مىليارد 980 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 6 مىليارد 350 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 1 مىليارد 690 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى. ئالتىنچىدىن، تاشقى پېرېۋوت ئامانەت پۇلى ۋە قەرز پۇلى بىر ئاز ئاشتى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تاشقى پېرېۋوت ئامانەت پۇلى 570 مىليون دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 40 مىليون دوللار كۆپىيىپ، 20 مىليون دوللار ئارتۇق كۆپەيدى؛ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى 570 مىليون دوللارغا يېتىپ، 10 مىليون دوللار كۆپەيدى. 3) ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىككە سېلىنغان كرېدىت سېلىنمىسى روشەن كۆپەيدى. يىل ئاخىرىدا خۇسۇسىي كارخانىلارغا ۋە يەككە ئىگىلىكتىكىلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقى 920 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تۇرلۇك قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ %51.0نى ئىگىلىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئېشىش سۈرئىتى %1.56كە يەتتى.

2. خەلق بانكىسى كۆزنەك يېتەكچىلىكىنى زورايتىپ، پۇلنى راۋانلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ يەتكۈزۈش سالمىقىنى ئېشىرۇ زورايتتى. بىرىنچى، كۆزنەك يېتەكچىلىكى رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كرېدىت سېلىنمىسىنى داۋاملىق زورايتىشىغا يېتەكچىلىك قىلىندى. خەلق بانكىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «شىنجاڭنىڭ 2002 - يىلى بانكا ساھەسىنىڭ كرېدىتنى ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش پىكرى» قاتارلىق پۇل كرېدىت تەدبىرلىرىنى تۈزدى، ۋاقتىدا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يېتەكچىلىك پىكرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىقتىسادنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئىككىنچى، بانكا، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلار ئارىسىدا ئۆز ئارا مۇناسىۋەت باغلاپ ئالاقىلىشىدىغان ئۈچبۇر سۇپىسى بەرپا قىلىندى. قەرەللىك ھالدا قاراشلىق رايونلارنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالى مەلۇم قىلىپ تۇرۇلدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى تەھلىل - تەتقىق قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى قىزىق نۇقتىلىق، قىيىن نۇقتىلىق مەسىلىلەر پائال ھەل قىلىندى. يېزا ئامانەت قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئاز سوممىلىق كرېدىتىنى يولغا قويۇپ، ئامانەت قەرز كەنتى (بازىرى) بەرپا قىلىپ، دېھقانلارنىڭ قەرز ئېلىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي تارماقلار ۋە سودا بانكىلىرىغا ماسلىشىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ قەرز ئېلىش قىيىنچىلىقى ۋە ناھىيىلەر ئىقتىسادىغا پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن مەدەت بېرىش مەسىلىلىرى ئەستايىدىل ھەل قىلىندى. مائارىپ نازارىتى، مالىيە نازارىتىگە ماسلىشىپ دۆلەتنىڭ ئوقۇش ياردەم قەرز پۇلى تارقىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش قەرز پۇلى بېرىشنى ماسلاشتۇرۇش ۋە مۇيەتتىشلىك قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. ئۈچىنچى، قايتا قەرز پۇل بېرىش، قايتا دىسكونت قىلىش قاتارلىق پۇل سىياسىتى قوراللىرىدىن جانلىق پايدىلىنىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كرېدىت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ئەلالاشتۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىنىپ، كرېدىت سېلىنمىسى كۆپەيتىلىپ، ئوتتۇرا، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇقىم، ساغلام ھەرىكىتى قوغدالدى، بۇ بىر يىلدا خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مەركىزىي تارماق بانكىلىرى 11 مىليارد 910 مىليون يۈەن تۈرلۈك قايتا قەرز پۇل تارقاتتى، قايتا دىسكونت قىلدى، قالدۇقى 2 مىليارد 480 مىليون يۈەنگە يەتتى.

زىلاڭ جيەنجيالڭ

## پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش

2002 - يىلى شىنجاڭ خەلق بانكىسى سىستېمىسى پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋاستىسىنى يېڭىلاپ، تۈرلۈك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆز تەۋەسىدىكى ياخشى پۇل مۇئامىلە تەرتىپىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

1. پۇل مۇئامىلىدە، بىخەتەر رايون بەرپا قىلىش خىزمىتى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى. تەۋەلىكتىكى خەلق بانكىلىرى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالغان نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمەت مەسئۇلىيىتى بويىچە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، خىزمەت نىشانى مەسئۇلىيەتنامىسىنى قاتلاممۇ قاتلام ئىمزالاپ، نازارەت قىلىش ئوبيېكتىغا ئاساسەن، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنىڭ كونكرېت كۆرسەتكۈچلىرىنى ۋە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى بەلگىلىدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ناچار قەرز پۇلنى «قوش تۆۋەنلىتىش» خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، پۇل مۇئامىلە مۈلكى خېيىمخەتىرىنى تۆۋەنلەتتى. ھەر قايسى بانكىلارنىڭ «قەرز پۇل خېيىمخەتىرىنى تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپى» بويىچە قەرز پۇلنى 5 دەرىجىلىك تۈرگە ئايرىدى ھەم قەرز پۇلنى 5 دەرىجىلىك تۈرگە ئايرىشنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىچكى تىزگىنلەش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. شىنجاڭ بانكا كەسپى جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، بانكا كەسپداشلار جەمئىيىتىنىڭ پۇل مۇئامىلە ھەقدارلىق ھوقۇقىنى قوغداش، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپىي جەھەتتە ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇلدى.

2. ئوتتۇرا، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. باش بانكا، شۆبە بانكا تەستىقلىغان تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش لايىھىسى بويىچە، تەۋەلىكتىكى تېخى بىر تەرەپ قىلىنىپ بولمىغان 12 شەھەر ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى ماسلاشتۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىندى. يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى ئادا قىلىنىپ، تەۋەلىكتىكى يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك - باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇشنى ياخشىلىشىغا، مەبلەغنى كۆپەيتىپ، پايىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى ئورۇندىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئاز سوممىلىق ئامانەت - قەرزىنى، دېھقانلارنىڭ بىرلىشىپ ھۆددىگە ئېلىش قەرز پۇلىنى يولغا قويۇش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

3. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ھەر قايسى مەركىزىي تارماق بانكىلىرى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ۋە خىزمەت ئۆتەش ۋاقتى توشقان يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنى سىناش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندىدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنى كۈندىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملاردىن قانۇن - نىزاملاردىن ۋە كەسپتىن ئىمتىھان ئېلىش، سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ئىشىنى ئۇيۇشتۇردى، ئۈرۈمچى رايونىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ھەر قايسى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى (پوچتا ئامانىتى بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ تارماق بانكا باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى.

4. غەيرىي بانكا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋە پۇل مۇئامىلىدىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. تەۋەلىكتىكى شىنجاڭ خەلقئارا ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى ۋە شىنجاڭ جىنشىن ھاۋالە مەبلەغ شىركىتىنى ئىنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش ۋە يېڭىۋاشتىن تىزىملاش خىزمىتى، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىجارە شىركىتىنىڭ «پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىنىڭ قانۇنىي ئىگە ئىجازەتنامىسى»نى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ، «تيەنشى قەغەزچىلىك ساناتىتى»نىڭ زايومىنى نەقلەشتۈرۈشتە مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىندى. جازانىخورلۇق قىلمىشى ۋە يەر ئاستى سەررابخانىلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى خەلق بانكىلىرى ئۆز تەۋەلىكىدىكى «بانكا» نامىنى سۈيىئىستېمال قىلىش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

زېڭ جيەنجياڭ

## پۇل مۇئامىلىنى ئېلېكترونلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

1. بانكا كارتىسىنى ئىشلىتىش مۇھىتى ياخشىلاندى.

«بانكا كارتىسىنى تورلاشتۇرۇپ بىر تۇتاش ئىشلىتىش» خىزمىتىنىڭ سالمىقى زورايتىلىپ، «ئالتۇن كارتا» قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، بانكا كارتىسىنى تورلاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش ئىشلىتىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش تارىسقى قۇرۇلدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بىلەن قەرەللىك كېڭىشىش، مۇئاسىۋەت باغلاش مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، سىستېمىلىق سىناق قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە تۈزىتىش خىزمىتى ئەستايىدىل تەشكىللەندى. ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ «كۆمۈش كارتا» تارقىتىش، ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزگەرتىش، سودا قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللىرى قەرەللىك ستاتىستىكا، تەھلىل قىلىنىپ، بانكا، رايون ئاتلاپ سودا قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2. ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق بانكىسى سىستېمىسىنىڭ تورلىشىش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق بانكىسى سىستېمىسىنىڭ ئىچكى بىرلەشمە تورىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزگەرتىش ۋە بارلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىلارنىڭ كومپيۇتېر سىستېمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خىزمىتى تاماملاندى. تور زاپاس مېخانىزمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، كومپيۇتېرنى بىخەتەر باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، خەلق بانكىسىنىڭ ئىچكى بىرلەشمە تورىنىڭ كومپيۇتېر ۋىرۇسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تاماملاندى. باش بانكىنىڭ شىنجاڭ، چېگرىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىلىرى سىستېمىسى R5نىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئاكتىپ ماسلىشىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست شەھەرلەردىكى مەركىزىي تارماق بانكىلىرىدا سىستېمىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى يولغا قويۇش خىزمىتى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 4 مەركىزىي تارماق بانكىلىرى ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سىستېمىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

3. كەسپىي دەرىجە ئۆستۈرۈش تېزلىتىلدى. تاشقى پېرېۋوت، دۆلەت خەزىنىسى، بوغالتىرلىق، تەكشۈرۈش - ستاتىستىكا، پۇل، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق كەسپىي سىستېمىلارنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ يولغا قويۇلدى، چەقىم ئېنىقلاش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىلەرنىڭ كەسپلىرىگىچە ئېلېكترونلۇق بىرلەشمە بانكا تۇتاشتۇرۇپ بولۇندى. ئۈرۈمچى ۋېكسېل ئالماشتۇرۇش رايونى ئىچىدە، خەلق بانكىسىنىڭ ئېلېكترونلۇق بىرلەشمە بانكىسى سىستېمىسىنى سودا بانكىسىنىڭ كەسپىي سىستېمىسى بىلەن «ھەممىلا يەردە، تۇتاشتۇرۇش» ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كارخانا مەبلىغىنى ئوبوروت قىلىش سۈرئىتى تېزلەشتۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆستۈرۈلدى.

زىلال جېيەنچيالڭ

## دۆلەت خەزىنىسى خىزمىتى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت خەزىنىلىرى 18 مىليارد 513 مىليون يۈەن مالىيە خام چوت كىرىمىنى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەركەزنىڭ خام چوت كىرىمى 6 مىليارد 886 مىليون يۈەن، يەرلىكنىڭ خام چوت كىرىمى 11 مىليارد 627 مىليون يۈەن؛ بېجىرىلگەن يەرلىك مالىيە خام چوت چىقىمى 28 مىليارد 346 مىليون يۈەن. 2 مىليارد 726 مىليون يۈەنلىك دوكومېنت شەكىللىك زايوم تارقىتىلدى؛ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئىدارە، ئورۇنلار، شەخسلەرنىڭ تۈرلۈك زايوملىرىنىڭ دىرى ۋە ئۆسۈمى ئۈچۈن 4 مىليون 170 مىڭ يۈەن نەقلەشتۈرۈپ بېرىلدى.

زىلال جېيەنچيالڭ

## پۇل، ئالتۇن، كۈمۈش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭدا 1 مىليارد 170 مىليون يۈەن بۇزۇلغان، زەخىملەنگەن پۇل يىغىۋېلىندى، 1 مىليارد 460 مىليون يۈەن بۇزۇلغان، زەخىملەنگەن پۇل كۆيدۈرۈلدى. تارقىتىلمىغان فوندنى تەڭشەپ، بۆلۈپ بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، تارقىتىلمىغان فوندنى تەڭشەپ، بۆلۈپ بېرىش كۈچەيتىلىپ، نەق پۇلنى مۇۋاپىق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى. 5 - يۈرۈش خەلق پۇلىنىڭ 5 يۈەنلىك قەغەز پۇلى بىلەن 50 پۇڭلۇق تەڭگە پۇلىنى تارقىتىش بويىچە تەشۋىقات خىزمىتى تاماملاندى. ھەر قايسى سودا بانكىلىرىدا زەخىملەنگەن، بۇزۇلغان پۇللارنى تاپشۇرغان ۋاقىتتا يىغىۋېلىش، پارچە پۇل بىلەن ھەر ۋاقىت تەمىنلەشتىن ئىبارەت 2 تۈرلۈك مۇلازىمەت ۋەدىسى يولغا قويۇلۇپ، سودا بانكىسىنىڭ مەبلىغى خەزىنىدە بېسىلىپ قېلىش ۋە پارچە پۇل بىلەن تەمىنلەش تەكشى بولماسلىق زىددىيىتى ھەل قىلىندى. ئالتۇننى يىغىۋېلىش، سېتىش مۇلازىمىتى ۋە ئالتۇن بۇيۇملارنى پارچە سېتىش كەسپىنىڭ خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

زىلال جېيەنچيالڭ

## تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش

2002 - يىلى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى تاشقى پېرېۋوت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، نازارەتچىلىك - مۇلازىمەت

باشقۇرۇشنى ئىچــــكە قويۇپ، مۇلازىمەت ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى ئىقتىساد - سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال قوللاپ، خەلقئارا كىرىم - چىقىم ستاتىستىكىسى ۋە تەھلىلىنى كۈچەيتىپ، تاشقى پېرېۋوتنى قانۇنسىز ئېلىپ - سېتىش ھەرىكەتلىرىگە زەربە بەردى. نورمال تۈرلەردىكى تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش پەنسۇ ئىسلاھ قىلىنىپ ۋە ياخشىلىنىپ، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. خەلقئارا كىرىم - چىقىم مەلۇماتى ۋە تاشقى پېرېۋوت نازارەتچىلىكى - باشقۇرۇشى كۈچەيتىلىپ، خەلقئارا كىرىم - چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلۇقى قوغدىلىپ، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىنىڭ تاشقى پېرېۋوت كەسپىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش دېلولىرى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىپ، خېيىمخەتەر يوشۇرۇن ئاپتىسىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە تۈگىتىلدى. كاپىتال تۈرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت كاپىتالى پېرېۋوت پۇلىنى راسچوت قىلىش ۋە دۆلەت ئىچىدىكى بىۋاستە تىجارەت تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئىسلاھاتى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، چېگرا سىرتىدىكى كاپىتالنىڭ كىرىش - چىقىشىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش خىزمىتى ھەقىقى ياخشى تۇتۇلۇپ، چەت ئەل مەبلىغى ۋە تاشقى قەرزنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بانكىلار 2 مىليارد 939 مىليون 220 مىڭ دوللار پېرېۋوت پۇلىنى راسچوت قىلدى ۋە ساتتى، بۇ 2001 - يىلدىكىدىن 41% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە راسچوت قىلىنغان پېرېۋوت پۇلى 1 مىليارد 633 مىليون 720 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 77.45% ئاشتى؛ سېتىلغان پېرېۋوت پۇلى 1 مىليارد 305 مىليون 500 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 12.48% ئاشتى؛ راسچوت قىلىنغان ۋە سېتىلغان پېرېۋوت پۇلىنىڭ ئوڭ پەرقى 328 مىليون 220 مىڭ دوللار بولدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل تاشقى پېرېۋوت قەرز قالدۇقى 1 مىليارد 334 مىليون 279 مىڭ 600 دوللار بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 81 مىليون 567 مىڭ 900 دوللار ئازلىدى؛ ھەر خىل تاشقى پېرېۋوت قەرزنىڭ دىرى ۋە ئۆسۈمىدىن 248 مىليون 81 مىڭ 800 دوللار قايتۇرۇلدى.

زېڭ جيەنجياڭ

## يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى

### يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى 12 مىليارد 873 مىليون يۈەن ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان سېتىۋېلىش قەرز پۇلى (يۆتكەپ سېتىلغىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تارقاتتى. 1 مىليون 695 مىڭ توننا ئاشلىق، 1 مىليون 282 مىڭ 500 توننا پاختا، 180 مىڭ توننا ياغ سېتىۋېلىشقا مەدەت بەردى. يېڭى تارقىتىلغان ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنىڭ ماددىي ئەشيانى كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى 100% بولدى. قەرز پۇلنى ئۇنۇۋېرسال يىغىۋېلىش نىسبىتى 105.33% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ 101.03%، پاختىنىڭ 105.8% بولدى. ئۆسۈمنى ئۇنۇۋېرسال يىغىۋېلىش نىسبىتى 77.98%، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ 85.8%، پاختىنىڭ 72.14% بولدى. كىرىم - چىقىم مەبلىغىنى ئىشلىتىش نىسبىتى 97.5% بولدى. يىل ئاخىرىغىچە بانكا بويىچە 112 مىليون يۈەن زىيان كۆرۈلدى.

بانكا بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 21 مىليارد 590 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليارد 558 مىليون يۈەن ئازايدى. سەككىز دەرىجە بويىچە تۈرگە ئايرىپ تەھلىل قىلىش ستاتىستىكىسى بويىچە نورمال خەزىنە قالدۇقىدىن ئىشلىتىلگەن قەرز پۇل 10 مىليارد 854 مىليون يۈەن بولۇپ، بارلىق قەرز پۇلنىڭ 50.3% نى ئىگىلىدى؛ 5 دەرىجە بويىچە تۈرگە ئايرىپ تەھلىل قىلىش ستاتىستىكىسى بويىچە نورمال قەرز پۇل قالدۇقى 11 مىليارد 440 مىليون يۈەن بولۇپ، بارلىق قەرز پۇلنىڭ 53% نى ئىگىلىدى.

ساڭ شىنگۇاڭ

### تاۋار پاختا سېتىۋېلىش، سېتىش كىرىمىنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 370 يۈەن/50 كىلوگراملىق پاختا سېتىۋېلىش قەرز پۇلى يۇقىرى چېكى ئاساسىدا باشقۇرۇش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، يېڭى بىر يىللىق پاختا قەرز پۇلىنى بىر قەدەر ياخشى باشقۇردى. پاختىنى قىزغىن سېتىپ بېرىش ۋاقتىدا بىر قىسىم رايونلارنىڭ دەرىجىنى، باھانى ئۆستۈرۈپ سېتىۋېلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، يىراقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، يېڭى پاختىنى

سېتىۋېلىش باھاسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش سالمىقىنى زورايتتى. ھېساب ئاچقان كارخانىلارغا نىسبەتەن ئىناۋەت دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە قەرز پۇل سالاھىيىتىنى قايتا تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. پاختا كرېدىتىدىكى خەۋپ - خەتەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۈنۈملۈك مۈلۈك رەنىسى بىلەن كېپىللىك قىلىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى، يىل ئاخىرىغىچە ھېساب ئاچقان 118 كارخانا ئىچىدە 73 كارخانا رەنە تىزىملىتىشنى بېجىرىپ، 2 مىليارد 157 مىليون يۈەنلىك مۈلۈكنى رەنگە قويدى. ئاپتونوم رايوننىڭ 10 مىڭ توننا شىنجاڭ پاختىسى دۆلەت زاپىسى ۋە 8000 توننا ئېكسپورت پىلانىنى ئورۇندىشىغا مەدەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ پاختا يىغىپ ساقلاش ۋە ئېكسپورت قىلىش ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى مەبلەغ كاپالىتى بىلەن تەمىن ئەتتى، يىل ئاتلاپ پاختا سېتىش ۋە ئۆسۈم يىغىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. يىل ئاخىرىغىچە 70 تارماق تىجارەت ئاپپاراتىنىڭ 2001 - يىللىق قەرز پۇلىنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمى بىللە راسچوت قىلىندى، يېڭى پاختىنى سېتىۋېلىش - سېتىش سېلىشتۇرمىسى 62.18% كە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى. پۈتۈن تەۋەلىكتىكى 23 ناھىيىلىك تارماق بانكا ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك بىر شۆبە بانكا مۇشۇ يىلدا يېڭى پاختا سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى بىللە راسچوت قىلدى.

سالىق شىنگۇاڭ

## ئاشلىق كرېدىتىنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى دېھقانلارنىڭ ئېشىندى ئاشلىقىنى قوغداش باھاسى بويىچە كەڭ - كۆلەمدە سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلدى. سېتىۋېلىش مەبلىغىنى قوغداش باھاسى بويىچە تەمىنلىدى، توختام بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن قوغداش باھاسىنىڭ پەرق قىممىتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى مالىيە نازارىتىدىن پۇل قەرز ئېلىش ئارقىلىق ھەل قىلدى، شۇنداق قىلىپ بانكا، كارخانا ۋە دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلدى. 4. تۈركۈمدىكى مەركەزنىڭ زاپاس ئاشلىقىنىڭ زاپىسىنى كۆپەيتىش قەرز پۇلىنى تارقىتىش ۋە مەركەزنىڭ زاپاس ئاشلىق، يىغىشقا نۆۋەتلەشتۈرۈپ بېرىلىدىغان كرېدىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، يەرلىكنىڭ زاپاس ئاشلىق بازىسى قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلدى. ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك مۈلۈك رەنىسى بىلەن كېپىللىك قىلىش رەسمىيىتى بېجىرىلدى، رەنگە قويۇشنى تىزىملاتقان كارخانا 63 كە، رەنگە قويۇلغان مۈلۈك 484 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاشلىق سېتىۋالىدىغان، ساتىدىغان كارخانىلار بىلەن پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ بىرلەشمە تىجارىتىگە مەدەت بېرىلدى، سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق، يافلىق دان سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى بىلەن «تەڭرىتاغ» ئۈنچىلىق گۇرۇھى شىركىتى باش بانكا بىرلەشمە تىجارىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان 1 - تۈركۈمدىكى 28 جۈپ ئورۇن قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 2002 - يىلى يېڭى كۆپەيگەن ئاشلىقنىڭ مالىيە ئېلىپ قالغان ھېسابىنىڭ ئۆسۈمىگە بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم ئەمەلىيەتتە 60 مىليون يۈەن نەقلىشىپ، نەقلىشىش نىسبىتى 72% كە يەتتى.

سالىق شىنگۇاڭ

# تەرەققىيات بانكىسى

## دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 5 مىليارد 650 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ۋەدە قىلىنغان تۈر 6، ۋەدە قىلىنغان قەرز پۇل 7 مىليارد 420 مىليون يۈەن. بۇ بىر يىلدا ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان دىر بىلەن ئۆسۈم 1 مىليارد 770 مىليون يۈەن، شۇ مەزگىلدە قەرز پۇلنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا 5 دەرىجە بويىچە تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە ناچار قەرز پۇل نىسبىتى نۆل بولدى.

2000 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە شۆبە بانكا شىنجاڭدا 30 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق قەرز پۇل تارقاتتى، قەرز پۇل تۈرى 112 گە يەتتى، بۇ قەرز پۇل نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، تۆمۈر يول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، شەھەر ئۇل مۇئەسسەسەلىرى، ئالاقىلىشىش، يېزا ئىگىلىكى، ئورمانچىلىق قاتارلىق 12 كەسىپكە تارقىتىلىپ، شىنجاڭدىكى 3 چوڭ نېفىتلىكنى ئاساس قىلغان نېفىت بازىسى قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنى ئاساس قىلغان نېفىت خىمىيە سانائىتى بازىسى قۇرۇلۇشى، خوڭيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنى يادرو قىلغان تايانچ ئېلېكتر مەنبەسى قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇشنى يادرو قىلغان ئاۋىئاتسىيە تۈگۈنى قۇرۇلۇشى، دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسى ۋە 312 - لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى يادرو قىلغان ئاپتونوم رايوننىڭ يول تورى قۇرۇلۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر تورىنى تورلاشتۇرۇش، جىرىنتاي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى باسقۇچلۇق تەرەققىي قىلدۇرۇش،

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۈل مۇئەسسەسەلىرى، شىنجاڭ يەرلەشمە ئالاقە شىركىتىنىڭ GSM 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى.

2000 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە شۆبە بانكا شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى، شىنجاڭ خىمىيە توغۇتى زاۋۇتى قاتارلىق 43 تۈرنىڭ 2 مىليارد 786 مىليون يۈەن دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى ئاجرىتىۋېلىپ، «شىنداڭ» مال - مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى؛ دۆلەتنىڭ قوشۇۋېتىش، ئۆسۈمىنى كەچۈرۈم قىلىش، ۋەيران قىلىش ۋە ئۆز ئالدىغا تەكشۈرۈپ ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىش قاتارلىق سىياسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى، ئالتاي تاغ ئورمانچىلىقى ئىدارىسى، شىنجاڭ غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق 23 تۈرنىڭ 1 مىليارد 222 مىليون يۈەن دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى تەكشۈرۈپ ھېساباتىن كۆتۈرۈۋەتتى؛ بىڭتۈەننىڭ چېگرىدىكى 4 تۈەن - مەيدانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تۈرلىرىنىڭ ئۆسۈمىنى توختىتىپ، ھېسابىنى ئېسىپ قويدى، بۇنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمى 180 مىليون يۈەن.

خاۋ گاڭ

# سودا - سانائەت بانكىسى

## سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىسى 15 (ش ئۇ ئا ر شۆبە بانكا تىجارەت بۆلۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ناھىيىلىك تارماق بانكىسى 42، شەھەر رايونىدىكى تارماق بانكىسى 30، تىجارەت تور نۇقتىسى 423، تەربىيىلەش مەكتىپى بىر، بانكا ئىشچى - خىزمەتچىسى 8182.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى ھېساباتىدىكى ئومۇمىي مەبلىغى 59 مىليارد 738 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 791 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ تۈرلۈك خەلق پۇلى ئامانىتى قالدۇقى 55 مىليارد 215 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2 مىليارد 731 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ تۈرلۈك خەلق پۇلى قەرز پۇل قالدۇقى 37 مىليارد 218 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3 مىليارد 202 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ يېڭىدىن تارقىتىلغان تۈرلۈك خەلق پۇلى قەرز پۇلى 24 مىليارد 770 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 885 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى. تەكشۈرۈپ ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، تۈرلۈك قەرز پۇل يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 503 مىليون يۈەن كۆپەيدى. مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتكەن، تۇرۇپ قالغان، ھېساباتا ئېسىلىپ قالغان قەرز پۇللارنى تۈرگە ئايرىش ئۆلچىمى بويىچە ستاتىستىكا قىلغاندا، خەلق پۇلىنىڭ 3 تۈردىكى ناچار قەرز پۇلى 4.69 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى. «بەش دەرىجىلىك تۈرگە ئايرىش» (بانكىنىڭ ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇۋاتقان تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە) ئۆلچىمى بويىچە سىناق قىلغاندا، 6.24 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى.

دۇ خەيتاڭ

## شىركەت قەرز پۇلى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ شىركەت قەرز پۇلى قالدۇقى 32 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ (ئۆي ۋە ئىستېمال قەرز پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 370 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى 1 مىليارد 166 مىليون يۈەن كۆپەيدى، تۈر قەرز پۇلى 408 مىليون يۈەن كۆپەيدى. شۆبە بانكا قەرز پۇل قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتتى، يېڭى كۆپەيتكەن قەرز پۇلنى ئۈرۈمچى، سانجى، قاراماي قاتارلىق ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلارغا يەنىمۇ ماسلاشتۇرۇپ، ئىشەنچلىك خېرىدارلار ۋە پايدىسى بازارغا سالغان مۇنەۋۋەر كارخانىلارنىڭ بازىرىنى مۇستەھكەملىدى ۋە كېڭەيتتى، ئىشەنچلىك خېرىدارلارنى ئالاھىدە تېز مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. شۇنداقلا يېڭى كەسىپ تۈرىنىڭ ماركىسىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، تۇراقسىز مەبلەغ ئايلانما قەرز پۇلى، كېپىللىك ۋاكالەتچىلىك كەسپى قاتارلىق يېڭى قەرز پۇل تۈرلىرىنى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى.

دۇ خەيتاڭ

## تۇرالغۇ ئۆي پۇل مۇئامىلە كەسپى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھاۋالە خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي ئامانەت پۇلى قالدۇقى 1 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 216 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى پۇل ئامانىتى قالدۇقى 810 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 279 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ھاۋالە خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇل قالدۇقى 173 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9 مىليون 380 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى قەرز پۇلى قالدۇقى 154 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 9 مىليون 60 مىڭ

يۈەن كۆپەيدى. بىۋاسىتە تىجارەت خاراكتېرىدىكى تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى قالدۇقى 3 مىليارد 640 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 90 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تۇرالغۇ ئۆي تەرەققىيات قەرز پۇل قالدۇقى 931 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 389 مىليون يۈەن كۆپەيدى، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى قالدۇقى 271 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 703 مىليون يۈەن كۆپەيدى. تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى 2001 - يىلدىكىدىن 306 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى، تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلىنىڭ تۇرلۇك قەرز پۇللارنىڭ ئېشىش مىقدارى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %34كە يەتتى.

دۇ خەيتالڭ

## شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇلى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 339 مىليون يۈەن (شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 736 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شەخسىي ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز پۇلى يىل بېشىدىكىدىن 462 مىليون يۈەن، شەخسىي ئۇنىۋېرسال قەرز پۇلى 788 مىليون يۈەن، شەخسىي قىسقا مۇددەتلىك ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى 61 مىليون يۈەن، شەخسىي ئاز سومىلىق رەنلىك قەرز پۇلى 26 مىليون يۈەن كۆپەيدى. سودا - سانائەت بانكىسى شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇلى بىرىشتە مۇلازىمەتنى ئالدىغا سۈرۈشكە ئوخشاش تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەلا سۈپەتلىك كرېدىت بازىرىنى پائال كېڭەيتىپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇل كۆلىمىنى تەقسىملەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئىشەنچلىك خېرىدارلارغا مايىللىشىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېڭى كۆپەيگەن قەرز پۇلنىڭ ئۈنۈمدارلىقى، بىخەتەرلىكى ۋە تۇراقسىزلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

دۇ خەيتالڭ

## ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 24 مىليارد 839 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تۈرلۈك پۇل ئامانەت قالدۇقىنىڭ %44.99نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 622 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

دۇ خەيتالڭ

## يېزا ئىگىلىك پۇل ئامانىتى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 30 مىليارد 376 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 387 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 129 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تارقىتىلغان زايوم 660 مىليون يۈەن، ۋاكالىتەن يېچىرىلگەن فوند 189 مىليون يۈەن. بازار ماركېتىڭ خىزمىتى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى، جەنۇب ئەنگۇشتىرى زايومىنى سېتىش شەكلىدىكى فوند 103 مىليون يۈەنگە يەتتى، خۇاڭەن شائىجىيالڭ يېيىنى سېتىش «180» كۆرسەتكۈچ فوندى 85 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دۇ خەيتالڭ

## كەسپداشلار پۇل ئامانىتى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كەسپداشلار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 2 مىليارد 740 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 451 مىليون يۈەن كېمەيدى. سۇغۇرتا، ئاكسىيە، سودا بانكىسى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى قاتارلىق پۇل مۇئامىلىسىدىكى كەسپداشلار بىلەن ھەمكارلىق كۈچەيتىلدى، جۇڭخۇا پىرلەشمە سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى، شىنخۇا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى بىلەن كەسپىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى، ئاپتونوم رايون بويىچە %44 ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بىلەن كەسپىي ھەمكارلىق قانات يايدۇرۇلدى، پوچتا، سودىگەر چاقىرىش بانكىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم كەسپداشلار بىلەن پۇل ئامانەت ھېسابى ئېچىلدى.

دۇ خەيتالڭ

## مودەن كارتىسى كەسپى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مودەن كارتىسى سودىلىشىش سوممىسى 8 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولدى. مودەن كارتىسىنى بىۋاسىتە سېتىش سوممىسى 158 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %43.11 ئاشتى؛ مودەن كارتىسى كەسپىي ئومۇمىي كىرىمى 26 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %36.46 ئاشتى؛ مودەن كارتىسى بويىچە تەكلىپلىك ئورۇن 1107گە يەتتى؛ باشقا كارتىلاردىن تاپشۇرۇۋېلىش تالونى سودىسى سوممىسى 5 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دۇ خەيتالڭ

## ۋاستىچىلىك كەسپى

2002 - يىلى سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى 82 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 20 مىليون 180 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، پاراۋانلىق لاتارىيىسىنى ۋاكالىتەن سېتىش كىرىمى 3 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە

يېتىپ، 1 مىليون 740 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ شەخسىي راسچوت كەسپى كىرىمى 8 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4 مىليون 380 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ زايومنى ۋاكالىتەن تارقىتىشتىن قىلىنغان كىرىم 4 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولۇپ، 480 مىڭ يۈەن كېمەيدى؛ سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ قىلىنغان كىرىم 3 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2 مىليون 920 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ مائاشنى ۋاكالىتەن تارقىتىپ قىلىنغان كىرىم 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 700 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ تېلېفون ھەققىنى ۋاكالىتەن ئېلىشتىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ باشقا ۋاكالەتچىلىك كەسپىي كىرىمى 2 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دۇ خەيتاڭ

## خەلقئارالىق كەسىپ

2002 - يىلى سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تاشقى پېرېۋوت مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسى 129 مىليون 800 مىڭ دوللار بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 18 مىليون 10 مىڭ دوللار كېمەيدى؛ تاشقى پېرېۋوت ئامانەت قالدۇقى 91 مىليون 390 مىڭ دوللار بولۇپ، 8 مىليون 350 مىڭ دوللار كېمەيدى؛ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل قالدۇقى 39 مىليون 550 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 5 مىليون 300 مىڭ دوللار ئاشتى. جەمئىي 669 مىليون 720 مىڭ دوللار خەلقئارالىق راسچوت كەسپى بېجىرىلىپ، 65 مىليون 170 مىڭ دوللار كۆپەيدى؛ راسچوت قىلىنغان ۋە سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 566 مىليون 660 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 10 مىليون 110 مىڭ دوللار كۆپەيدى. بۇ بىر يىلدا تاشقى پېرېۋوتتىن 1 مىليون 140 مىڭ دوللار پايدا يارىتىلدى.

دۇ خەيتاڭ

# يېزا ئىگىلىك بانكىسى

## يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 30 مىليارد 760 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليارد 740 مىليون يۈەن كۆپەيدى. تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 26 مىليارد 820 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2 مىليارد 630 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ناچار قەرز پۇلنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يىل بېشىدىكىدىن تۆۋەنلىدى، مالىيە ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

دۇڭ شياۋجۈن

## بانكا كارتىسى كەسپى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 10 ۋىلايەت، ئوبلاستلىق بانكا بىلەن تور بانكىسىدا ئىچكى جەھەتتە ھېساب ئاغدۇرۇش كەسپىنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى مەكتەپ كارتىسى — سىجۈن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ كارتىسىنى تارقىتىش خىزمىتىنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلگەن داڭلىق ماركىلىق دېبېت - كرېدىت كارتىسى — ئالتۇن باشاق تەڭرىتاغ كارتىسىنى ۋاستە قىلىپ، «شىنتيەن» ھاراقچىلىق كەسپى ئۈزۈم سېتىۋېلىش راسچوت كارتىسى، شىخۇ تىببىي داۋالاش سۇغۇرتىسى كارتىسى، قەشقەر «بەش سۇغۇرتىنى بىرلەشتۈرۈش» كارتىسى قاتارلىقلارنى تارقىتىپ، كارتىنىڭ مەھسۇلات فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. شۆبە بانكا خەلقئارا كارتا كىرىم تالونى كەسپى يوق بولغان ھالەتنى ئۆزگەرتتى. قەرز خاتىرىلەش كارتىسى كەسپىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قەرز خاتىرىلەش كارتىسى ئارقىلىق ئىستېمالغا ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىش فۇنكسىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى.

دۇڭ شياۋجۈن

## شەخسىي پۇل مۇئامىلە كەسپى

2002 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى مائارىپ پۇل ئامانىتىدە باش بانكىنىڭ پىلانىنى 173.9% ئورۇندىدى، ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى ئىچىدە 1 - بولدى؛ ئاپتوموبىل قەرز پۇلى ۋە ئۆي رېھونت قەرز پۇلىنى باشلامچى قىلىپ، شەخسىي مال - مۈلۈك كەسپىنى پائال، سالماقلىق بىلەن قانات يايدۇردى. ئوچۇق فوندلارنى ۋاكالىتەن سېتىش، زايوم تارقىتىش ۋە تېگىشىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، 469 مىليون يۈەنلىك زايومنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى، 427 مىليون يۈەنلىك زايومنى تېگىشىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، پۇل مۇئامىلە تاللا بازىرىدىن 11ى كۆپەيدى.

دۇڭ شياۋجۈن

## ھۆكۈمەت پۇل مۇئامىلە كەسپى

2002 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتىنىڭ كۆپىيىش مىقدارىنىڭ بازاردا ئىگىلىگەن ئۈلۈشى 5 سودا بانكىسى ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى. شىركەت تۈرىدىكى ئىشەنچلىك خېرىدار يىل بېشىدىكىدىن 5% ئاشتى، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن قەرز پۇلنىڭ 89%تىن ئارتۇقى ئىشەنچلىك خېرىدارلارغا بېرىلدى. تۈرلۈك پۇلدىن نەپ ئېلىش ھوقۇقىنى رەنگە قويۇپ قەرز پۇل



2002 - يىلى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن شىنجاڭ بىڭتۈەن مال-مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ كەسپىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

سۈرەتنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى تەمىنلىگەن

تارقىتىش ئىجادچانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكدە ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر تورى قەرز پۇلىغا كېپىللىك قىلىش مەسىلىسى مەسلىھەت بىلەن ھەل قىلىندى، بەزى ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى تۈرلىرىگە مەدەت بېرىلدى، مالىيە سىستېمىسى بىلەن بولغان كەسپىي ھەمكارلىق كۈچەيتىلدى؛ «بەش سۇغۇرتىنى بىرلەشتۈرۈش» كەسپى يولغا قويۇلدى؛ ئامانلىق سۇغۇرتىسى قاتارلىق سۇغۇرتا خېرىدارلىرى بىلەن كەسپىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى؛ ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ داپىڭ ئاكسىيىسى، پىڭئەن ئاكسىيىسى قاتارلىق 13 ئاكسىيە ئاپپاراتى بىلەن بانكىغا ئامانەت قويۇپ ساقلاش كېلىشىمى ئىمزالاندى؛ بانكا بىلەن ئاكسىيىنى ئۇلاشتۇرۇش كەسپى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، 2 - دەرىجىلىك 15 شۆبە بانكىدا ئومۇميۈزلۈك ئۇلاشتۇرۇلدى.

دۆلەت شياۋجۈن

## يېزا ئىگىلىك كرېدىتى

2002 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈش كرېدىتى خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلارغا ئۇقتىلىق مەدەت بەردى، تۈنخې پاي چەكلىك شىركىتى، شىنتيەن خەلقئارا شىركىتى قاتارلىق يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلارغا تارقىتىلغان قەرز پۇل نورمال تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل سوممىسىنىڭ 41.6%نى ئىگىلىدى. شۆبە بانكا سودىلاشتۇرۇپ تىجارەت قىلىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كرېدىت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى باشقىچە ئىشلىدى، مەركەز ۋە يەرلىك مالىيىدىن 34 مىليون 540 مىڭ يۈەن ئۆسۈم قوشۇپ بېرىلدى. «ئاز سوممىلىق كرېدىت» ئارقىلىق نامراتلارنى ئۆيمۇئۆي بېرىپ يۆلەش قەرز پۇلىدىن 310 مىليون يۈەن تارقىتىلدى.

دۆلەت شياۋجۈن

## ئۆي - زېمىن كرېدىتى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئۆي-زېمىن كرېدىتى كۆلىمى 2 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 800 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي ئۆي قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 476 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى.

دۆلەت شياۋجۈن

## تەۋەككۈل قىلىپ سىڭىنغان مەبلەغنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى «تۇرۇپ قالغان ئىككى» قەرز پۇلنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىدىن 640 مىليون يۈەننى ئېنىقلاپ يىغىۋالدى، 360 مىليون يۈەننى تىرىلدۈردى، 1 مىليارد 60 مىليون يۈەننىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. (1) ناچار قەرز پۇللارنى خاس ھېساب ئارقىلىق تىجارەت قىلىش ئەندىزىسى يولغا قويۇلۇپ، كۆپ خىل تەدبىرلەر تەڭ ئىشقا سېلىنىپ، ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش ئىلگىرى سۈرۈلدى. «يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ناچار قەرز پۇللارنى خاس ھېساب ئارقىلىق تىجارەت قىلىشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپى» تۈزۈپ چىقىلدى، خاس ھېساب ئارقىلىق تىجارەت قىلىش ۋە مەركەزلەشتۈرۈپ ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش جەھەتتە روشەن ئۈنۈم ياراتقان 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكا ۋە ئاھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ ئېنىقلاپ يىغىۋېلىپ، تىرىلدۈرۈشتىكى تىپىك تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق خاس ھېساب بىلەن تىجارەت قىلىش شەكلىنى كەڭ دائىرىدە چوڭقۇر

راۋاجلاندۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقى زورايتىلدى. (2) يۇقىرى بىلەن تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، قانۇن بويىچە يىغىۋېلىش بىلەن مەسئۇرىي يول بىلەن يىغىۋېلىشنى بىرلەشتۈرۈش ۋە جەمئىيەتتىن خەبەردار چاقىرىپ يىغىۋېلىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، ناچار قەرز پۇللارنى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىپ، تىرىلدۈرۈش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى، دېھقانلارنىڭ قەرز پۇلىنى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىپ، تىرىلدۈرۈش جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ياخشى تۇتۇلدى. (3) قەرزگە تۇتۇپ بېرىلگەن مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. قەرزگە تۇتۇپ بېرىلگەن مۈلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. (4) قەرز تاپشۇرۇشتىن قېچىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. (5) ئورۇنلار ئۆزلىرى قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى ئايرىۋېتىپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى ۋە ئۆي-زېمىن تۈرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

دۇڭ شياۋجۈن

## كرېدىت باشقۇرۇش

2002 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى كرېدىت قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشىدى، بۇ بىر يىلدا جەمئىي 9 مىليارد 600 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن قەرز پۇلنى شۆبە بانكا تىجارەت بۆلۈمىگە ئوخشاش A خىلدىكى بانكىلارغا مايىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلارغا، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قاتارلىق ئەۋزەل كەسىپلەرگە ئۇقتىلىق مەدەت بەردى. كرېدىت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ بارغانسېرى مۇۋاپىقلاشتۇردى. بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك بانكا قەرزنى تەكشۈرۈش ئىشخانىلىرى دەرىجە باھالاش، ئىناۋەت بېرىش ۋە قەرز پۇل تەكشۈرۈش ئۈستەل ھېساباتى تۇرغۇزدى. 2002 - يىللىق كرېدىت باشقۇرۇشتا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ھوقۇقلار تەڭشەپ چىقىلىپ، يۇقىرى ئالدى، كېيىندىكى مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، قىسمەن كرېدىت كەسىپلىرىنىڭ مەشغۇلات تەرتىپى راۋانلاشتۇرۇلدى. ئىككىنچى، كرېدىت قۇرۇلمىسى زور كۈچ بىلەن تەڭشىلىپ، ئىشەنچلىك خېرىدارلار پائال يېتىلدۈرۈلدى. ھەر قايسى 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىلار ئاشقان مىقدارنى ۋە ئامانەت قويۇلغان مىقداردىن تىرىلدۈرگەن قىسمىنى AA دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خېرىدارلارغا ۋە شۆبە بانكا ئىشەنچلىك خېرىدار دەپ بېكىتكەن A دەرىجىلىك خېرىدارلارغا كونكرېت تارقاتتى. ھەمدە يېتىلدۈرگەن خېرىدارلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىشەنچلىك خېرىدارلارنى يارىتىش سالمىقىنى ئاشۇردى. قەرز پۇل ئاساسەن ئۆزئۆزى باغلىق بولغان A تۈردىكى، B تۈردىكى بانكىلارغا ۋە چوڭ شەھەرلەر، چوڭ كارخانىلار، چوڭ كۆزۈرە شىركەتلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ تارقىتىلدى. ئۈچىنچى، ناچار قەرزلەرنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى، قەرز پۇللارنى بەش دەرىجە بويىچە تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلىنىپ، كرېدىت مەبلىغىنىڭ سۈپىتى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلدى. تۆتىنچى، كرېدىت مەبلىغىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەش، ئىز قوغلاش، تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىنىپ، قەرزدىن كېيىنكى خەۋپ - خەتەرنى باشقۇرۇش ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بەشىنچى، كرېدىت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ قەرزدىن كېيىنكى باشقۇرۇش بۆلىكى ئارقىلىق خېرىدارلارنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتىنى نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كرېدىت خەۋپ - خەتىرى ۋاقتىدا بايقالدى ۋە پەسەيتىلدى.

دۇڭ شياۋجۈن

# جۇڭگو بانكىسى

## خەۋپ - خەتەرنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى خەۋپ - خەتەرنى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىناۋەت بېرىش نىشانىنى ئىگىلەش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كرېدىت قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش جەھەتتە بىر قاتار سىياسەت، تۈزۈم ۋە چارىلەرنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسىپنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى سىياسەت كاپالىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. 1. يېڭى ھوقۇق بېرىشنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى ۋاقتىدا تۈزۈلدى. قىسقا مۇددەتلىك ئىناۋەت بېرىش كەسپىنىڭ ھوقۇق بېرىشنى باشقۇرۇش ئەندىزىسى «يەككە ھېساب كەسپىگە ھوقۇق بېرىش»تىن «ئومۇمىي مىقدار قالدۇقىغا ھوقۇق بېرىش»كە ئۆزگەرتىلدى. يېڭى ھوقۇق بېرىش ھوقۇق دائىرىسى خېرىدارلارغا قىسقا مۇددەتلىك ئىناۋەت بېرىش ئومۇمىي مىقدارنى تىزگىنلەش تەلىپىنى گەۋدىلەندۈردى ھەم خېرىدارلارنىڭ ئىناۋەت دەرىجىسى ۋە ئىناۋەت بېرىش كەسپىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشىمىغان ھوقۇق دائىرىسى بەلگىلىنىپ، 2 - دەرىجىلىك شۆبە (تارماق) بانكىلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى كېڭەيتىلدى. 2. ئىناۋەت بېرىلگەن خېرىدارلارنىڭ كىرىش ۋە چېكىنىپ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىش تۈزۈمى

ئورنىتىلدى، كەسپلەرنىڭ كىرىشكە رۇخسەت قىلىش ئۆلچىمى بېكىتىلىپ، رەتبەتلەندۈرۈلىدىغان، ئادەتتىكى، چەكلىمە قويۇلىدىغان ۋە مەنئى قىلىنىدىغان خېرىدارلارنىڭ كىرىشكە رۇخسەت قىلىش شەرتلىرى ئېنىق بېكىتىلدى. كىرىشكە رۇخسەت قىلىش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان مازىرقى خېرىدارلارنى 3 يىلغا بۆلۈپ، بىر - بىرلەپ ئېنىقلاپ چېكىندۈرۈش پىلانى تۈزۈلدى. 3. ئىناۋەت بېرىلىدىغان كەسپلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا ئىككى ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئىناۋەت بېرىش، سۈرۈشتۈرۈشنى تەستىقلىغۇچىنىڭ سالاھىيىتى بەلگىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك ئىناۋەت بېرىش تۈرلىرىنىڭ ھوقۇقلۇق تەستىقلىغۇچىسى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، خىيىمخەتەرنى باھالاش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش بىر گەۋدە قىلىنغان خەۋپ - خەتەر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، ئىناۋەت بېرىلىدىغان تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

بۇ بىر يىلدا شۆبە بانكا تەستىقلىغان خەلق پۇلى بويىچە ئىناۋەت بېرىلگەن تۈر 513، سوممىسى 17 مىليارد 886 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %15.91 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بېرىش تەستىقلانغان «ب» دەرىجىلىكتىن يۇقىرى (يېڭى قۇرۇلۇپ، تېخى دەرىجىسى باھالانمىغان، بەلگىلىمە بويىچە B دەرىجىگە كىرگۈزۈلگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) خېرىدار %89.71نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 8 پىرسەنت پونكىت ئاشتى. تاشقى پېرېۋوت بويىچە ئىناۋەت بېرىش تەستىقلانغان تۈر 97، سوممىسى 165 مىليون دوللارغا يېتىپ، %6.45 ئاشتى. يىل ئاخىرىغىچە تۈرلۈك خەلق پۇلى قەرز پۇل قالدۇقى 15 مىليارد 676 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %32.76 ئاشتى؛ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل قالدۇقى 490 مىليون دوللار بولۇپ، %10.26 تۆۋەنلىدى. خەلق پۇلى بويىچە بېكىتىلگەن ئىناۋەت بېرىلگەنلەر ئاساسەن ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەتلەردىن ئىبارەت.

بۇ يىل ئىچىدە شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 346 خېرىدارنىڭ ئىناۋەت دەرىجىسى باھالاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، A دەرىجىلىكى 109 بولۇپ، دەرىجىسى باھالانغان ئومۇمىي خېرىدارنىڭ %31.5نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 7.03 پىرسەنت پونكىت يۇقىرى ئۆرلىدى؛ B دەرىجىلىكى 189 بولۇپ، %54.63نى ئىگىلەپ، 2.25 پىرسەنت پونكىت تۆۋەنلىدى؛ C دەرىجىلىكى 42 بولۇپ، %12.14نى ئىگىلەپ، 3.15 پىرسەنت پونكىت تۆۋەنلىدى، D دەرىجىلىكى 6 بولۇپ، %1.73نى ئىگىلەپ، 1.63 پىرسەنت پونكىت تۆۋەنلىدى.

بۇ بىر يىلدا نەق پۇل شەكلىدە ئېنىقلاپ يىغىۋېلىنغان ناچار قەرز پۇل 91 مىليون 190 مىڭ يۈەن، قايتىدىن تەشكىللەپ تىرىلدۈرۈلگەن ناچار قەرز پۇل 28 مىليون 300 مىڭ يۈەن، 96 ئورۇننىڭ ناچار قەرز پۇلى ھېسابلاپ تۈگىتىلدى، بۇ يىلنىڭ ئىچىدە، باش بانكىنىڭ تەستىقى بىلەن تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن تۇرۇپ قالغان ھېساب 120 مىليون يۈەن خەلق پۇلى. يىل ئاخىرىدا ئىناۋەت بېرىلگەن ناچار قالدۇق سومما يىل بېشىدىكىدىن 137 مىليون يۈەن كېمەيدى، ئىناۋەت بېرىشنىڭ ناچارلىق نىسبىتى 1.38 پىرسەنت پونكىت تۆۋەنلىدى. ئىناۋەت بېرىشنىڭ ناچارلىق نىسبىتى مەملىكەت بويىچە جۇڭگو بانكىسى سىستېمىسى بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 17 پىرسەنت پونكىت تۆۋەن بولدى.

تەن سۇڭلىيۇ

## تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل قالدۇقى 490 مىليون دوللار بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن %10.26 تۆۋەنلىدى. تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ ئۇدا زور كۆلەمدە تۆۋەنلەپ كېتىش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، شۆبە بانكا ھۆكۈمەت قەرز پۇلىنىڭ ماركېتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق 6 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈش 7 تۈرى ۋە سانجى ئوبلاستىنىڭ ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلىش تۈرى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ياشلار - ئۆسمۈرلەر بازىسى، شىنجاڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى قاتارلىق 3 تۈرنىڭ قەرز پۇلىنى ئاغدۇرۇپ بەرگۈچى بانكىلىق سالاھىيىتىنى قولغا كەلتۈردى، توختام ئومۇمىي سوممىسى 36 مىليون 960 مىڭ دوللار بولدى. بۇ يىل ئىچىدە بىر تۈردە توختام ئىمزالىنىپ، 5 تۈردە مەبلەغ توپلاشنى ھاۋالە قىلىش ئالاقىسى يۇقىرىغا يوللاندى. بۇ بىر يىلدا 31 مىليون 470 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىلدى. بۇ پېرېۋوتنى ئاساسلىق شىنجاڭ ماركور خەلقئارا ئۆي سايمانلىرى (تيەنجىن) ياساش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ گۇاڭخۇي كارخانا (گورۇھ) چەكلىك شىركىتى، سانجى ئوبلاستلىق سەھىيە ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى، سەھىيە نازارىتى، شىنجاڭ شىنتيەن خەلقئارا ئىقتىساد - سودا پاي چەكلىك شىركىتى ۋە جۇڭگو رەڭلىك مېتال ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى قاتارلىقلار ئىشلەتتى. يىل ئاخىرىدا تاشقى

پېرېۋوت قەرز پۇلىغا چېتىشلىق كارخانا 33كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 11 كارخانا ئىشتىن توختاپ قېلىپ، 13 مىليون 220 مىڭ دوللار قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمىدى. ئاشقى پېرېۋوت ناچار قەرز پۇلى نىسبىتى يىل بېشىدىكىدىن 0.41 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى.

تەن سۇگۈليۇ

## ئاشقى سودا قەرز پۇلى

2002 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 857 مىليون يۈەن ئاشقى سودا قەرز پۇلى تارقاتتى، قەرز پۇل قالدۇقى 633 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 5.68% ئاشتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاشقى سودا قەرز پۇلى بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن كەسپىي ئاشقى (چېگرا) سودا شىركىتى 41، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئاشقى سودا شىركىتى 12، قەرز پۇل قالدۇقى 522 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.91% ئاشتى، ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك ئاشقى (چېگرا) سودا شىركىتى 29، قەرز پۇل قالدۇقى 111 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى. 14 ئاشقى سودا شىركىتى نورمال تىجارەت قىلغاندىن سىرت، 27 ئاشقى سودا كارخانىسى تىجارەتتىن توختىدى. بۇ يىلدا ئۆرۈپ قالغان تىرىلمەس ھېسابىتىكى 47 مىليون 202 مىڭ 200 يۈەن ئاشقى سودا قەرز پۇلى ھېسابىتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى. بۇنىڭ دىرى 27 مىليون 62 مىڭ 600 يۈەن، ئۆسۈمى 20 مىليون 139 مىڭ 600 يۈەن.

تەن سۇگۈليۇ

## چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار قەرز پۇلى

2002 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا 1 مىليارد 46 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، قەرز پۇل قالدۇقى 879 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 9.94% ئازلىدى. يىل ئاخىرىغىچە قەرز پۇل قالدۇقى بار چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 19غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تىجارىتى نورمال بولۇۋاتقان كارخانا 9، تىجارىتى نورمال بولمىغان ياكى توختاپ قالغان كارخانا 10. تىجارىتى نورمال بولغان كارخانىلار ئىچىدە، 5 كارخانا ئېكسپورتتىن پېرېۋوت يارىتىدىغان كارخانا، ئۇلار شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ماركور خەلقئارا ئۆي سايمانلىرى كارخانا گۇرۇھى، تۇرپان «يىدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل «چاڭلىيەن» ئۈچەي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە شىنجاڭ «يۇشىن» ئاليۇمىنچىلىق چەكلىك شىركىتى. بۇ بىر يىلدا بۇ 5 كارخانىغا 933 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قەرز بېرىلدى، بۇ تارقىتىلغان قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 89.2%ىنى ئىگىلىدى، قەرز پۇل قالدۇقى 728 مىليون يۈەنگە يېتىپ، قەرز پۇل ئومۇمىي قالدۇقىنىڭ 82.82%ىنى ئىگىلىدى. بۇ بىر يىلدا ئېكسپورتتىن 96 مىليون 320 مىڭ دوللار پېرېۋوت يارىتىلدى.

تەن سۇگۈليۇ

## ئىستېمال كرېدىتى

2002 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئىستېمال كرېدىتىدە، مۇددەتكە بۆلۈپ قايتۇرىدىغان تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز پۇلىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، مائارىپتا ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قەرز پۇلىنى يولغا قويدى، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي ۋە ئۆينى زىننەتلەش بىرىكمە قەرز پۇلىنى، قەرزدارلىقنى يۆتكەش كەسپىنى، شۇنىڭدەك شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىش سۇغۇرتىسى، ئۇنىۋېرسال سۇغۇرتا قاتارلىق ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يولغا قويدى. پۈتۈن تەۋەلىكتە «يېڭى بىر ئەۋلاد» ئىستېمال كرېدىتى سىستېمىسى كېڭەيتىلىپ، ئۆسۈمنى ئاپتوماتىك ئۈزۈپ قېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئىستېمال كرېدىتىدە كۆپ مەنبەلىك تەرەققىيات يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئىستېمال كرېدىتى ئومۇمىي قالدۇقى 5 مىليارد 129 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 70.74% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 2 مىليارد 928 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 40.7% ئاشتى؛ ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز پۇلى قالدۇقى 781 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 250.22% ئاشتى؛ مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىش قەرز پۇلى قالدۇقى 1 مىليارد 356 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 170.12% ئاشتى. ئىناۋەت بېرىلگەن مۈلۈكنىڭ سۈپىتى ياخشى سەۋىيىدە ساقلاندى.

تەن سۇگۈليۇ

## پۇل ئامانىتى كەسپى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۈرلۈك خەلق پۇلى ئامانەت قالدۇقى 17 مىليارد 701 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 96 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كارخانا ئامانەت پۇل قالدۇقى 9 مىليارد 866 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 804 مىليون يۈەن ساپ كۆپىيىپ، يېڭى كۆپەيگەن ئومۇمىي سوممىنىڭ 81.35%ىنى ئىگىلىدى؛ پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 7 مىليارد 835 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 292 مىليون يۈەن ساپ كۆپەيدى، بۇ يېڭى كۆپەيگەن ئومۇمىي

سومىسىنىڭ %61.67نى ئىگىلىدى. تۈرلۈك ئاشقى پېرېۋوت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 388 مىليون دوللارغا يېتىپ، 37 مىليون دوللار كۆپەيدى. يۇننىڭ ئىچىدە چەت ئەل پۇلى ئامانىتى قالدۇقى 335 مىليون دوللارغا يېتىپ، 20 مىليون 830 مىڭ دوللار ساپ ئاشتى.

تەن سۇڭلىيۇ

## خەلقئارا راسچوت ئەھۋالى

2002 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 1 مىليارد 511 مىليون دوللار پېرېۋوتنى راسچوت قىلدى ۋە ساتتى، بۇ 2001 - يىلدىكىدىن %44.59 ئېشىپ، ئوخشاش كەسپتىكىلەرنىڭ بازار ئۈلۈشىدە %51.4نى ئىگىلىدى. ئاشقى سودا تۈرى بويىچە خەلقئارا راسچوت قىلىش كەسپى ئومۇمىي مىقدارى 1 مىليارد 36 مىليون دوللارغا يېتىپ، %32.14 ئاشتى، بۇ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سومىسىنىڭ %38.15نى ئىگىلىدى. غەيرىي سودا تۈرىدىكى خەلقئارا راسچوت كەسپى ئومۇمىي مىقدارى 636 مىليون دوللارغا يېتىپ، %37.37 ئاشتى.

بۇ بىر يىلدا ئېكسپورتنىڭ كېلىشىملىك چەقىم ھېسابى 1413، چەقىم قىلىنغىنى 125 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %35.84 ئاشتى؛ 540 ھېسابتىكى 59 مىليون 420 مىڭ دوللار ھاۋالە بىلەن بىخۇۋلىنىپ %115.34 ئاشتى؛ ئېكسپورتتا پېرېۋوت رەنىگە قويۇلغان ھېساب 126، سومىسى 12 مىليون 740 مىڭ دوللار، پېرېۋوت ئارقىلىق كىرىم قىلىنغان ھېساب 3191، سومىسى 246 مىليون دوللارغا يېتىپ، %38.98 ئاشتى؛ ئېكسپورتتىن 415 مىليون دوللار كىرىم قىلىنىپ، %36.07 ئاشتى. بۇ بىر يىلدا ئېكسپورتقا 901 ئىمپات بېرىلدى، سومىسى 430 مىليون دوللارغا يېتىپ، %91.96 ئاشتى؛ ۋاكالىتەن بىخۇۋلىنىغان ھېساب 114، سومىسى 7 مىليون 820 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %20.49 ئاشتى؛ سىرتقا پېرېۋوت قىلىنغان ھېساب 2764، سومىسى 119 مىليون دوللار بولۇپ، %29.59 تۆۋەنلىدى؛ ئىمپورتقا پېرېۋوت تۆلەنگەن ھېساب 3948، سومىسى 428 مىليون دوللارغا يېتىپ، %41.25 ئاشتى. بېرىلگەن ھەر خىل ئاشقى پېرېۋوت كاپالەت ئالاقىسى 41، سومىسى 6 مىليون 910 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %46.09 ئاشتى؛ خەلق پۇلىغا بېرىپ بېرىلگەن كاپالەت ئالاقىسى 411، سومىسى 324 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %163.41 ئاشتى. دۆلەت ئىچىدە 102 مىليون يۈەنگە، خەلقئارادا 5 مىليون 310 مىڭ دوللارغا كاپالەت بېرىلدى؛ 5 مىليون 844 مىڭ 300 يۈەنلىك ئىچكى كرېدىت گۇۋاھنامىسى بېجىرىپ بېرىلدى.

تەن سۇڭلىيۇ

## سەددىچىن كرېدىت كارتىسى كەسپى

2002 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ «سودىگەرلەر ئەزالىق كارتىسى»نى يولغا قويۇپ، سودىگەرلەرنىڭ ئەزالىق ئىستېمال خىراجىتىنى سەددىچىن كارتىسى بىلەن راسچوت قىلىش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، سودىگەرلەرنى، كارتا ئىگىلىرىنى ئېخىمۇ يېڭى مۇلازىمەت ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلىدى. سودىگەرلەرنى باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئۆزگەرتىلىپ، 20 نەكلىپلىك سودىگەر سىناق نۇقتىسى قىلىنىپ، «لىبەيدى» شىركىتىنىڭ قوغدىشى ئۈچۈن ئاشقى ھۆددىگە بېرىلدى. كرېدىت كارتىسىنىڭ ئالىنىش ئىناۋىتىنى باشقۇرۇش چارىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە كېڭەيتىلدى، كارتا ئالغۇچىنىڭ ئىناۋەت دەرىجىسىگە ئاساسەن ئوخشىمىغان ئۆلچەمدە ئىناۋەت بېرىلىپ، كارتا ئالغانلار ياخشى كۆڭۈل بىلەن ئاشۇرۇپ چەقىم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى. مۇلازىمەتسىز بانكا ۋە ATM ماشىنىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى تېزلىتىلىپ، ئاشقى مۇلازىمەتنىڭ قاپلاش دائىرىسى ئۆزارتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە سەددىچىن كرېدىت كارتىسى ئىچىدىكى ئۈنۈملۈك كارتا 135 مىڭ 900 پارچىگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 12 مىڭ 400 پارچە كۆپەيدى؛ قەرز خاتىرىلەش كارتىسى 879 مىڭ 200 پارچە بولۇپ، 25 مىڭ 200 پارچە كۆپەيدى؛ خەلقئارا كارتا 1125 پارچە بولۇپ، 534 پارچە كۆپەيدى؛ بانكا كارتىسى بىلەن بىۋاستە ئىستېمال سودىلىشىش سومىسى 237 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %53.89 ئاشتى. بۇ بىر يىلدا ۋاكالىتچىلىك كەسپىنىڭ سودىلىشىش سومىسى 2 مىليارد 519 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %64.32 ئاشتى. كرېدىت كارتىسىغا قويۇلغان ئامانەت پۇل قالدۇقى 346 مىليون يۈەن (ستاتىستىكا قىلىش ئۆلچىمى ئۆزگىرىپ، قەرز خاتىرىلەش كارتىسىغا قويۇلغان ئامانەت پۇل قالدۇقى پۇقرالار پۇل ئامانىتىگە قوشۇۋېتىلدى) گە يەتتى، يامان غەرەزلىك ئاشۇرۇپ چەقىم قىلىنغان 100 نەچچە ھېساباتتىكى 500 نەچچە مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى.

تەن سۇڭلىيۇ

# قۇرۇلۇش بانكىسى

## قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ياراتقان پايدا 594 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %32.30 ئاشتى. پۈتۈن سىستېما بويىچە ئامانەت



2002 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى كەسپىي تەشۋىقات مەسلىھەتچىلىك پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى.

خۇ يۈجېن فوتوسى

پۇلنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە قالدۇقى 47 مىليارد 675 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 5 مىليارد 820 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ ئادەتتىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 47 مىليارد 620 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5 مىليارد 190 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بانكا بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 29 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4 مىليارد 69 مىليون يۈەن كۆپەيدى. قەرز پۇل سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن، تۇرۇپ قالغان قەرز پۇللار بويىچە ستاتىستىكا قىلغاندا، ناچار قەرز پۇل نىسبىتى 5.36% بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 1.18 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

خۇ يۈجېن

## شىركەت بانكا كەسپى

2002 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى مەركىزى شەھەرلەر ۋە ئىشەنچلىك خېرىدارلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى پائال يولغا قويۇپ، ئۈنۈملۈك كەسىپ ۋە ئۈنۈملۈك كارخانىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تۈر زاپاس ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. ۋېكسېل كەسپى تىجارىتىنى باشقۇرۇش مەركىزىنى قۇرۇپ، ۋېكسېل كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى؛ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تىجارىتىنى باشقۇرۇش مەركىزىنى قۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ پۇل ئامانىتى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مەھسۇلاتىنىڭ بازىرى بار، تەرەققىيات ئىستىقبالى ياخشى، كەسپىنە نەتىجىسى ياخشى بولغان ھەر قىسىم ئوتتۇرا، كىچىك كارخانا خېرىدارلار ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان خېرىدارلارنى تاللاپ، ئۇلارنى ھەر تەرەپلىمە كرېدىت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. باش خېرىدار دىرېكتور تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، 30 ئۈنۈملۈك خېرىدارغا باش خېرىدار دىرېكتور تەسىس قىلىپ بەردى. خېرىدارلارنىڭ ئىناۋىتىنىڭ دەرىجىسىنى باھالاش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، 222 كارخانىنىڭ ئىناۋەت دەرىجىسى بېكىتىپ چىقىلدى. رايونغا ئۆسۈم قوشۇپ بېرىش تۈرى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلۈپ، ئەلالىرى تاللىنىپ يېڭى رايون تۈرىگە كىرگۈزۈلدى ھەم 10 تۈرنى باھالاش تاماملاندى. بۇنىڭ قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 490 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇ بىر يىلدا شىركەت تۈرىدىكى قەرز پۇل يېڭىدىن 2 مىليارد 222 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

خۇ يۈجېن

## شەخسىي بانكا كەسپى

2002 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى مەھسۇلات ماركىتىڭ پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، خېرىدارلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك بانكىلارغا مەخسۇس ۋەزىپىلىك شەخسلەر كەسپى خېرىدار دىرېكتورى سەپلەپ بەردى، ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىختىيارىي مۇلازىمەت ئۆتكۈنلىرى بىلەن شەخسىي مالىيە باشقۇرۇش كەسپىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈردى، WIP كۆزنىكىنى، ئېزىز خېرىدارلار ئۆيى ۋە چوڭ زال دىرېكتورى تەسىس قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، مۇھىم خېرىدارلارغا پەرقلىق مۇلازىمەت قىلىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى تەدرىجىي ئاچتى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بانكا بويىچە خەلق پۇلى ئامانىتى يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 202 مىليون يۈەن ئاشتى.

خۇ يۈجېن

## بانكا كارتىسى كەسپى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 3 مىليون 160 مىڭ پارچە بانكا كارتىسى تارقاتتى،

بۇ يىل بېشىدىكىدىن 740 مىڭ پارچە كۆپەيدى، كارتا تارقىتىش مىقدارىنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 46%نى، سودىلىشىش سوممىسى ئاپتونوم رايون بويىچە بانكا كارتىسى بىلەن سودا قىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 50%تىن ئارتۇقىنى ئىگىلىدى. ئەجدىھا كارتىسى بىلەن مال سېتىۋېلىش ئىستېمال سوممىسى 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.5 ھەسسە كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بانكا كارتىسىدا مال سېتىۋېلىش ئىستېمال سوممىسىنىڭ 47%نى ئىگىلىدى.

خۇ يۈجېن

### ۋاستىچىلىك كەسپى

2002 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋاستىچىلىك كەسپى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىغا مەبلەغ سېلىش نەق چوتى قاتارلىق چوڭ تۈرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قۇرۇلۇشقا ياما قويۇش بويىچە مەسلىھەت بېرىش كەسپى دائىرىلىق ماركىسىنى يارىتىپ، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ مەسلىھەت بېرىش كەسپىنىڭ ئابرويىنى كېڭەيتتى، «قىزىل ماي»، «چيەنشەنخۇڭ» سۇغۇرتا مەھسۇلاتلىرى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىنىپ، سۇغۇرتا ۋاكالەتچىلىك كەسپى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئەنئەنىۋى كەسپىي ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ، چوڭ خېرىدارلارغا مەدەت بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، مالىيە مەسلىھەتچىلىكى كەسپى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ ھاۋالە قەرز پۇل خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، تۆمۈر يولنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش تولۇقلىما فوندىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، شىنجاڭ تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى مەبلىغىنى قۇرۇلۇش بانكىسىدا راسچوت قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك قولغا كەلتۈرۈلدى. «تېز پېرېۋوت قىلىپ» 2 سائەتتە ھېسابقا كىرگۈزۈش مۇلازىمىتى يولغا قويۇلدى. بانكا بويىچە شەخسىي ئېلېكترونلۇق پۇل پېرېۋوت قىلىش كەسپىي مىقدارى 2001 - يىلدىكىدىن بىر قاتلاندى. بۇ بىر يىلدا ۋاستىچىلىك كەسپىدىن قىلىنغان ساپ كىرىم 91 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 56.5% ئاشتى.

خۇ يۈجېن

### تۇرالغۇ ئۆي پۇل مۇئامىلە كەسپى

2002 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى كەسپىنى پائال بېجىرىپ، ئۆينىڭ بازاردىكى ئۈلۈشىنى مۇستەھكەملىدى ۋە كېڭەيتتى، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى كەسپىنى يۇقىرى سۈرئەت، يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. شەھەردىكى بانكىلارنىڭ تەييار ئۆيلەر، مەبلەغ توپلاپ ئۆي سېلىش، سودىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلەر ۋە ئېگىز قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆيلەرگە شەخسىي قەرز پۇل بېرىشكە مەدەت بېرىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، ئىشەنچلىك، باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىلىرىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى، تەرەققىيات سودىگەرلىرىنىڭ ئومۇمىي مۇساپە بويىچە شەخسىي قەرز پۇل ئېلىشقا كېپىللىك بېرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى بېرىشتىكى «ساختا شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى»نى تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئۆي كرېدىت كەسپىدە «تالوننى نەق سېتىۋېلىش تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇپ، تۇرالغۇ ئۆي كرېدىت كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بانكا بويىچە ئۆي - زېمىن كەسپىنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى باش بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتكەن پىلاندىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، شۆبە بانكا باش بانكىنىڭ 2002 - يىللىق جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئۆي - زېمىن پۇل مۇئامىلە كەسپىنى ئۈنۋېرسال باھالىشىدا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

خۇ يۈجېن

### تور بانكىسى كەسپى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى كېلىشىم ئىمزالىغان تور بانكا خېرىدارى 10 مىڭدىن ئاشتى، تور بانكىسى سودا سوممىسى 10 مىليارد يۈەندىن ئاشتى. كارخانىلاردىن تور بانكىسى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاشقان خېرىدار 530 بولۇپ، سودىلىشىش سوممىسى 14 مىليارد يۈەنگە يەتتى.

خۇ يۈجېن

# قاتناش بانكىسى

## قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى، چەت ئەل پۇلى بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇلى 7 مىليارد 410 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 31.4% ئاشتى؛ خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى بويىچە ھەرخىل قەرز پۇل 4 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.2% ئاشتى. تۈرلۈك خەلق پۇلى ئامانىتى 7 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 32.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پۇقرالار پۇل ئامانىتى 1 مىليارد 890 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 35% ئاشتى؛ تۈرلۈك خەلق پۇلى قەرز پۇل 4 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.5% ئاشتى. ئامانەت

پۇل بىلەن قەرز پۇلنىڭ سېلىشتۇرمىسى %60.32 بولۇپ، باش بانكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە مۇۋاپىق كەلدى. تۈرلۈك چەت ئەل پۇلى ئامانىتى 24 مىليون 790 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 3 مىليون 850 مىڭ دوللار كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، چەت ئەل پۇلى پۇقرالار ئامانىتى 18 مىليون 520 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2 مىليون 730 مىڭ دوللار كۆپەيدى. تۈرلۈك قەرز پۇل 6 مىليون 230 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇ بىر يىلدا خەلق پۇلى، چەت ئەل پۇلى بويىچە 105 مىليون يۈەن پايدا يارىتىلدى. خەلق پۇلى، چەت ئەل پۇلىنىڭ ئۆسۈمىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %97.75كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.14 پىرسەنت پونكىنتى ئۆستى.

سۈي جەنجۈن

## شىركەت پۇل مۇئامىلە كەسپى

2002 - يىلى قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ قەرزدارلىق كەسپى داۋاملىق ئالدىنقى ۋە مۇھىم ئورۇندا تۇردى، تۈرلۈك ئامانەت پۇل كۆلىمى تېز ئېشىپ، قۇرۇلمىسى كۈندىن - كۈنگە ئەلالاشتى. يىل ئاخىرىغىچە خەلق پۇلىنىڭ تۈرلۈك ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 5 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 250 مىليون يۈەن ئاشتى؛ يىل ئاخىرىدا قەرەلسىز پۇل ئامانىتى %79.7نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن 4.2 پىرسەنت پونكىنتى يۇقىرى ئۆرلىدى؛ بىر يىلدا يېڭىدىن 1837 ئىسچوت، 5900 باش ئىسچوت ئېچىلدى، بىر يىلدا جەمئىي 5 مىليارد 950 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى، 5 مىليارد 210 مىليون يۈەن قەرز پۇل يىغىۋېلىنىپ، قەرز پۇل %21 ئاشتى. شىركەتنىڭ قەرزدارلىق كەسپىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب: 1. غەربىي كەڭ ئېچىش تارىخىي پۇرسىتى چوڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، قاتناش، نېفىت، تاشيول، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، ئاۋىئاتسىيە ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە ساھەلىرىگە پائال سىڭىپ كىرىپ، ئېچىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، خېرىدار كۆلىمى زورايتىلدى. 2. مالىيە، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، يېڭى گۈللەنگەن كەسپلەر، پايچى بازارغا سالغان شىركەتلەر پائال ئېچىلىپ، روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 3. كەسپداشلار ماركىتىڭدا يۈكسىلىش بولدى، كەسپداشلار پۇل ئامانىتى مۇقىم ئاشتى، سۇغۇرتا كەسپى بىلەن بولغان كەسپىي ھەمكارلىق يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، ئاكسىيە كەسپى بىلەن بولغان كەسپىي ئالاقە مۇستەھكەملەندى.

سۈي جەنجۈن

## خۇسۇسىي پۇل مۇئامىلە كەسپى

2002 - يىلى قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى 78 مىڭ پارچە كارتىنى كۆپەيتىپ تارقاتتى، كارتىغا قويۇلغان پۇل ئامانىتى 230 مىليون يۈەن كۆپەيدى، كارتا ئىستېمالى 31 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى، شەخسىي قەرز پۇل قالدۇقى 290 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 137 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى يېڭىدىن 62 مىليون يۈەن، شەخسىي ئاپتوموبىل قەرز پۇلى يېڭىدىن 87 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ شەخسىي قەرز ئالغانلار 4030قا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 1333ى كۆپەيدى. ۋاكالەتچىلىك كەسپىدە 153 مىڭ قېتىم سودا قىلىنىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 78 مىڭ كۆپەيدى، شەخسىي قەرز پۇل ۋە ۋاكالەتچىلىك كەسپىدىن 16 مىليون 290 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

سۈي جەنجۈن

## خەلقئارالىق كەسىپ

2002 - يىلى قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ خەلقئارا راسچوت مىقدارى 236 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ساياھەت قىلىپ مال سېتىۋېلىشتىن كىرىم بولغان تاشقى پېرېۋوت 60 نەچچە مىليون دوللارغا يېتىپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى پېرېۋوت ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %75نى ئىگىلىدى. تاشقى پېرېۋوت كەسپىنىڭ سودىلىشىش سوممىسى 9 مىليون دوللاردىن ئاشتى، خېرىدار 100دىن ئېشىپ كەتتى.

سۈي جەنجۈن

## ۋاستىچىلىك كەسپى

2002 - يىلى قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى 1 مىليارد 140 مىليون يۈەنلىك ئېتىراپلىق پېرېۋوت چېكىنى بىجىردى، 250 مىليون يۈەنلىك كاپالەت ئالاقىسى بىجىردى، 80 مىليون يۈەنلىك كرېدىت ئىسپاتى بەردى؛ ئېچىۋېتىش شەكلىدىكى 6 فوندنى ۋاكالىتەن تارقاتتى؛ ۋاكالىتەن ھەق يىغىش - ھەق تاپشۇرۇش، مەملىكەت بويىچە مەبلەغنى راۋان پېرېۋوت قىلىش، تەكلىپلىك سودىگەرلەرنىڭ ئىستېمالى ۋە ھەق تاپشۇرۇشنى راۋانلاشتۇرۇش، بانكا بىلەن ئاكسىيە ئورۇنلىرىنى ئۇلاشتۇرۇش قاتارلىق كەسپلەردىمۇ بىر قەدەر زور يۈكسىلىش بولدى. بانكا بويىچە ۋاستىچىلىك كەسپىي كىرىمى 13 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %62.88 ئاشتى، ۋاستىچىلىك كەسپىنىڭ كىرىمى تۈرلۈك كەسپىي كىرىملەرنىڭ %53.4نى ئىگىلەپ، 1.32 پىرسەنت پونكىنتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۆبە بانكىنىڭ يۇقىرىغا ئامانەت قويغان مەبلىغى، كەسپداشلار ئۆتنە بېرىم قىلغان مەبلەغ ۋە زايومغا سالغان مەبلەغ 74. جەمئىي سوممىسى 10 مىليارد يۈەن بولدى، ئۆسۈم كىرىمى 20

مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18 مىليون 390 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

سۈي جەنجۈن

# سۇغۇرتا

## ئومۇمىي بايان

### شىنجاڭ سۇغۇرتا بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنخۇا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى رەسمىي تىجارەت باشلىدى. شۇ كەمگىچە شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا بازىرىدا 9 سۇغۇرتا شىركىتى، بىر سۇغۇرتا ۋاكالەتچىلىك شىركىتى، 369 رەسمىي تىجارەت ئاپپاراتى بار بولدى. 2 سۇغۇرتا ۋاسىتىچى شىركىتى ۋە 2 سۇغۇرتا جامائەت مۆلچەرلەش شىركىتىنىڭ شىنجاڭغا كۆچكەن خادىملىرى كەسپىنى قانات يايدۇردى. سۇغۇرتا كەسپىنى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان ۋاكالەتچىلىك ئاپپاراتى 1708، ئەلئارا ئىجتىمائىي تەشكىلات 2. يىل ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا سۇغۇرتا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 30 مىڭدىن، سۇغۇرتا ۋاكالەتچىسى 28 مىڭدىن ئاشتى.

2002 - يىلى شىنجاڭغا قاراشلىق ھەر قايسى سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليارد 173 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %51.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليارد 647 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.21 ئاشتى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليارد 526 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %76.42 ئاشتى. تۈرلۈك تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليارد 329 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا بېرىلگەن تۆلەم 824 مىليون يۈەن، تۆلەم نىسبىتى %50؛ جىسمانىي سۇغۇرتا تۆلىمى ۋە بېرىلگەن پۇل 505 مىليون يۈەن، تۆلەم نىسبىتى %14.33.

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 19 مىليون 51 مىڭ 900، سۇغۇرتىلىنىش زىچلىقى 271.5 يۈەنگە يېتىپ، 89.45 يۈەن كۆپەيدى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بازىرىدا جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى %60.14نى؛ جۇڭخۇا بىرلەشمە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى (شىنجاڭ رايونى) %29.95نى؛ جۇڭگو تىنچ ئوكيان مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى %5.14نى؛ جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (مال مۈلۈك سۇغۇرتىسى) %3.8نى؛ يۇڭئەن مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى %0.97نى ئىگىلىدى. ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بازىرىدا جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتا شىركىتى شۆبىسى %67.73نى؛ جۇڭخۇا بىرلەشمە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى (شىنجاڭ رايونى) %3.18نى؛ جۇڭگو تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى %10.44نى؛ جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۆمۈر سۇغۇرتىسى) %18.34نى؛ شىنخۇا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى %0.31نى ئىگىلىدى.

2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سابىق شىنجاڭ بىڭتۇەن مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ نامى جۇڭخۇا بىرلەشمە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭ سۇغۇرتا ئاپپاراتى ۋە كەسپ دائىرىسى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىلدى، نۆۋەتتە، شاڭخەي، بېيجىڭ، تەنجىڭ قاتارلىق 9 چوڭ شەھەردە ئاپپارات قۇرۇلۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ.

2002 - يىلى شىنجاڭ «فېڭشىن» سۇغۇرتا ۋاكالەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا ۋاكالەتچىلىك كەسپىي كىرىمى 15 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جۇڭگو سۇغۇرتا نازارەتچىلىك - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى خاس ۋەكىل ئىش بېجىرىش باشقارمىسى بازار ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش بىلەن تۆلەم بېرىش ئىقتىدارىنى نازارەت قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى نازارەتچىلىك - باشقۇرۇشتىكى بىرىنچى مۇھىم ئىش، سۇغۇرتا كەسپىنىڭ تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى مەركەز قىلىپ، سۇغۇرتا بازىرىنى پائال يېتەكلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك، باشقۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

شىنجاڭ سۇغۇرتا ئىلمىي جەمئىيىتى

## جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى

### جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 174 مىليارد 600

مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %33.38 ئاشتى؛ بۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا كەسپىنىڭ كىرىمى 991 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.89 ئاشتى، 157 مىڭ قېتىملىق تۈرلۈك تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 507 مىليون يۈەن تۆلەم بېرىلدى. ئومۇميۈزلۈك تۆلەم بېرىش نىسبىتى %51.16كە يەتتى.

2002 - يىلى شۆبە شىركەت «قەھرىمانلىنى نەتىجىسىگە قاراپ باھالاش»، «مائاشنى نەتىجە ۋە تۆھپىگە قاراپ بېرىش» تەرەققىيات ئېڭىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، رەھبىرىي كادىرلارنى رىقابەت ئاساسىدا تەكلىپ بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كادىرلار ھەم چىقىدىغان، ھەم كىرىدىغان يولنى راۋانلاشتۇردى. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، شىركەتنىڭ ئىناۋىتىنى ئاشۇردى، شىركەتنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئۆزگەرتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد ئومۇميۈزلۈك كەسپىي بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى يولغا قويۇپ، كەسپ، مالىيە، ستاتىستىكىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، مۇلازىمەت مەزمۇنىنى بېيىتتى، مۇلازىمەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇردى، ئۈچ خىل تورنىڭ ئىنكاسلىق باشقۇرۇش داۋامىدىكى رولىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇردى، «95518» مەخسۇس لىنىيىلىك تېلېفوننىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى، ھادىسىگە ئۇچرىغان ئاپتوموبىللارنىڭ زىيىنىنى بېكىتىش سىستېمىسىنى مەجبۇرىي يولغا قويدى، «ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كەتكەندە تۆلەم بېرىش دېلوسىنى تېز بىر تەرەپ قىلىش چارىسى»نى يولغا قويدى. يوللۇق تۆلەم بېرىشنى تېزلىتىپ، يوللۇق تۆلەم بېرىش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

جاۋ خۇگېن

## جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى

### جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليارد 388 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %75.59 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ پايدا تەقسىملىنىدىغان مەھسۇلاتى، سېلىنمىنى ئۇلاشتۇرۇش مەھسۇلاتى ۋە باشقا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى مەھسۇلاتلىرى 2 مىليارد 179 مىليون يۈەنگە يېتىپ، سۇغۇرتا ھەققى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %91.25ىنى ئىگىلىدى، يېڭى يەككە سۇغۇرتا ھەققى 1 مىليارد 107 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇ بىر يىلدا تۆلەم بېرىلگەن ۋە چىقىم قىلىپ بېرىلگەن سوممىسى 365 مىليون يۈەن، چىقىم قىلىش - تۆلەم بېرىش نىسبىتى %15.28 بولدى.

2002 - يىلى شۆبە شىركەت تەشكىلىي باشقۇرۇش، مائارىپ - تەربىيىلەش، سېتىشنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىدا، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇلازىمەت كۆرۈنۈشى، سەممىيەت ئوبرازىنى ياراتتى. يېڭى بىر ئەۋلاد ئومۇميۈزلۈك كەسپىي بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى يولغا قويۇپ، كەسپ، مالىيە، ستاتىستىكا قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، مۇلازىمەت مەزمۇنىنى بېيىتتى، مۇلازىمەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇردى، ئۈچ خىللاشتۇرۇشنىڭ تىجارەت باشقۇرۇش داۋامىدىكى رولىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇردى. «95519» خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش مەخسۇس تېلېفونىنى ۋاستە قىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئۇلاشقان تۆلەم بېرىش تورى سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى، «يېشىللىق ئەلچىسى»نى يولغا قويۇپ، دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان خېرىدارلارغا كۆڭۈل يەتكۈزۈپ بەردى، مۇلازىمەت مەخسۇس لىنىيىسى ئېچىپ، خېرىدارلارغا تۇغۇلغان كۈن سالىمى يوللاشقا ئوخشاش ئۆزگىچە مۇلازىمەتنى قانات يايدۇردى.

ۋۇ جىنجياڭ

## جۇڭخۇا بىرلەشمە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى

### جۇڭخۇا بىرلەشمە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى (شىنجاڭ رايونى)نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى جۇڭخۇا بىرلەشمە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى (شىنجاڭ رايونى)نىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 25 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 605 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %21.98 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 493 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26.56 ئاشتى؛ جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 112 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %38.48 ئاشتى.. جەمئىي 66 مىڭ

200 تۆلەم دېلوسى بېجىرىلىپ، چىقىم قىلىنغان تۆلەم پۇلى 42 مىليون يۈەنگە يېتىپ، چىقىم قىلىپ بېرىش، تۆلەم بېرىش نىسبىتى %48.84 بولدى.

2002 - يىلى بۇ شىركەت 1 - سەپكە مايىللىشىدىغان رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭدىكى شۆبە، تارماق ئاپپاراتلاردا «ئىش ئۈنۈمىگە باغلاش» تەقسىمات چارىسىنى داۋاملىق يولغا قويدى، ئىچكى ئۆلكە (شەھەر) لەردىكى شۆبە شىركەتلەردە «بىر شىركەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» دىن ئىبارەت ئۆتكۈنچى سىياسەت قوللاندى، سۇغۇرتا كەسپىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي مائاش، خىزمەت ئۈنۈمىگە مۇكاپات قوشۇپ بېرىشتىن ئىبارەت مائاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئادەم ئىشلىتىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشقا قاراپ يۈزلەندى. سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئەۋلادىنى يېڭىلاش ئىشىنى تاماملىدى، تەكرار سۇغۇرتا، سىستېما تورىنىڭ بىخەتەرلىكى، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىنى مەلۇم قىلىش، توردا سېتىش قاتارلىق سىستېمىلارنى تەتقىق قىلىپ بەرپا قىلدى، شىركەتنىڭ تور پونكىتىنى قۇردى.

جۇڭخۇا سۇغۇرتىسى

## جۇڭگو تىنچ ئوكيان مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتى

### جۇڭگو تىنچ ئوكيان مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى جۇڭگو تىنچ ئوكيان مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 85 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %19 ئاشتى؛ تۆلەم چىقىمى 31 مىليون يۈەن، تۆلەم بېرىش نىسبىتى %36.85 بولدى.

2002 - يىلى شۆبە شىركەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئۈنۈمى مائاشىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۈنۈمگە ئاۋۋال ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىنى بەلگىلىدى، مۇكەممەل سىناش - تەقسىمات سىستېمىسىنى قۇردى، تۈزۈمنىڭ ئىنچىكىلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. 2002 - يىلى «AAA» مۇلازىمىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇلازىمەت كۆزنىكى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇلازىمەت مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى، مۇلازىمەت تۈرىنىڭ مەشغۇلاتچانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

لياۋ خۇڭجيۇڭ

## جۇڭگو تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى

### جۇڭگو تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى جۇڭگو تىنچ ئوكيان ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 368 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %97.85 ئاشتى. داۋاملاشقان مەزگىلدىكى سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 127 مىليون يۈەنگە يەتتى، داۋاملىق سۇغۇرتىلاش نىسبىتى %90 كە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى.

2002 - يىلى شۆبە شىركەت ۋاستىچىلىك كەسپىدە مۇۋاپىق سېتىش تورىنى شەكىللەندۈردى ھەم يۇقىرى ئۈنۈملۈك پۇل باشقۇرغۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلدى، مۇقىم، ساغلام تىجارەت قىلىش، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش پرىنسىپى بويىچە تۈزۈپ چىقىلغان يېڭى ماركىتنىڭ سۇغۇرتىسى كەسپى بىلەن بىۋاسىتە سېتىش كەسپىدىكى ئىلھاملاندۇرۇش چارىسى مالىيە پىشاڭىنىڭ تەڭشەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.

ۋاڭ چېڭجۇ

## جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى

### جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى) نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى) نىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 7 مىليارد 706 مىليون يۈەن بولدى، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 63 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %31.74 ئاشتى، تۈرلۈك تۆلەم دېلوسى 15 مىڭ، تۆلەم پۇلى چىقىمى 23 مىليون يۈەن، تۆلەم بېرىش نىسبىتى %36.72 بولدى.

2002 - يىلى شۆبە شىركەت تەشكىلىي ھەرىكەت

قۇرۇلمىسىنى يارغانىيرى يىشىپ يېتىلدۈردى، كادىرلارنى باشقۇرۇشنىڭ بىر قاتار قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، كادىرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش يولىغا سالدى، باشقۇرۇش خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى، بازار بۆلۈمى سېتىشنى باشقۇرۇش ۋە بازار ئېچىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، شۆبە شىركەتنىڭ سېتىش سىياسىتى ۋە سېتىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە يولغا قويدى.

لى يۈچىڭ

## جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۈرۈمچى سۇغۇرتىسى) نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۈرۈمچى سۇغۇرتىسى) نىڭ سۇغۇرتا ھەققى كەسپىي كىرىمى 647 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %75.85 ئاشتى، بۇ بىر يىلدىكى تۆلەم دېلوسى 21 مىڭ 300، تۆلەم سوممىسى 8 مىليون يۈەن، تۆلەم بېرىش نىسبىتى %12.39 بولدى.

2002 - يىلى شۆبە شىركەت (ئۈرۈمچى سۇغۇرتىسى) مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى، ئامانلىق «خۇشلى» پايدا بۆلۈشۈش تىپىدىكى سۇغۇرتا تۈرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن يەنە «ئەسىر ھەسەن - ھۈسەن» (پايدا بۆلۈشۈش تىپلىك)، ئامانلىق «خۇشبەخت» (پايدا بۆلۈشۈش تىپلىك)، ئەسىر مالىيىسى مەبلەغ سېلىش چاتما سۇغۇرتىسى ۋە ئېغىر كېسەللىكلەر پايدا بۆلۈشۈش سۇغۇرتىسى قاتارلىق سۇغۇرتا تۈرلىرىنى بازارغا سالدى. ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە «كەسىپ قىممەت» كۆرسى ئوبرازىنى كۈچەيتتى، ئېلېكترونلۇق سودا، تېلېفون مەركىزى ۋە پۇل مۇئامىلە دۇكىنىنى بەلگە قىلغان «3A» مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، خېرىدارلارنى بىر پونكىت شەكلىدىكى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، خېرىدارلارنى رازى قىلىش دەرىجىسىنى ئۆستۈردى.

جۇ شيەن

# يۈنتەن مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى

## يۈنتەن مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى يۈنتەن مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كەسپىي كىرىمى 16 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %111.81 ئاشتى، تۆلەم پۇلى چىقىمى 5 مىليون يۈەن، تۆلەم بېرىش نىسبىتى %30.9 بولدى.

2002 - يىلى شۆبە شىركەت ئاشكارا مۇكاپاتلاش - جازالاش، سىناش، تەقسىمات چارىلىرىنى يولغا قويۇپ، خىزمەتلەرنى قېلىپلاشتۇردى، تۈزۈملەشتۈردى، سىستېمىلاشتۇردى ۋە ئىلمىيلاشتۇردى. ئىگىلىك باشقۇرۇش داۋامىدا، سىناش چارىسىنى بەلگىلەپ، شۆبە بانكىنىڭ سىناش ئاساسىدىكى تىجارەت سىستېمىسىنى ئورناتتى.

ۋۇ جيەنتەي

# شىنخۇا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى

## شىنخۇا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنخۇا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە سۇغۇرتا ھەققى كەسپىي كىرىمى 10 مىليون 778 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تۆلەم سوممىسى 25 مىڭ 100 يۈەن، تۆلەم بېرىش نىسبىتى %0.2 بولدى.

2002 - يىلى شىركەت ئاساسىي كەسىپنى باشقۇرۇش، خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىركەتنىڭ كۆرسى ئوبرازىنى تىكلىدى، شىركەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا خېرىدارلارغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىش كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئىناۋەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئېپى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

شى لېي

# ئاكسىيە

## پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان 23 شىركەتنىڭ ھەممىسى پايدا ئېلىپ، ئاساسلىق تىجارەتتىن قىلغان كەسپىي كىرىمى 20 مىليارد 375 مىليون يۈەنگە

يەتتى، 2001 - يىلدىكىدىن 7 مىليارد 721 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ ساپ پايدىسى 1 مىليارد 425 مىليون يۈەنگە يەتتى، 435 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ ھەربىر پايدىن ئېلىنغان پايدا (دەپتەردە چېچىلغىنى) 0.23 يۈەنگە يەتتى، 21.05% ئاشتى؛ بۇ مەملىكەت بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ھەربىر پېيىنىڭ ۋەزنىلىك ئوتتۇرىچە پايدىسىدىن 0.085 يۈەن يۇقىرى بولدى، ساپ مۈلۈك پايدا نىسبىتى 8.77% بولۇپ، 1.54 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى.

2002 - يىلى پېيىنى بازارغا سالغان 23 شىركەت ئىچىدە، يېڭىدىن پېيىنى بازارغا سالغان شىركەت 2 (شىخەنزە «تيەنفۇ» تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر شىركىتى). 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پېيىنى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي پاي دەسمايىسى 6 مىليارد 309 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي مۈلكى 47 مىليارد 588 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي بازار قىممىتى 64 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى، شىنجاڭنىڭ شۇ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 40.29%ىنى ئىگىلىدى. شىنجاڭ تەۋەلىكىدە 2 شىركەت تۇنجى قېتىم پاي تارقاتقاندىن باشقا، پېيىنى بازارغا سالغان قالغان شىركەتلەر مەبلەغنى قايتا يۈرۈشتۈرۈپ، بۇ بىر يىلدا 1 مىليارد 379 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلىدى.

خې جىيې

## ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ تەۋەسىدە 2 ئاكسىيە شىركىتى (شىنجاڭ ئاكسىيە پاي چەكلىك شىركىتى، خۇڭيۈەن ئاكسىيە پاي چەكلىك شىركىتى) بولۇپ، رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتالى 1 مىليارد 94 مىليون يۈەن، ئومۇمىي مۈلكى 9 مىليارد 42 مىليون يۈەن، ساپ مۈلكى 1 مىليارد 345 مىليون يۈەن؛ ئاكسىيە تىجارەت ئورنى 31، بۇنىڭ ئىچىدە، يەرلىك ئاكسىيە سودا ئورنىغا تەۋە تىجارەت بۆلۈمى 19، باشقا جايلاردىكى ئاكسىيە سودا ئورنىغا تەۋە تىجارەت بۆلۈمى 12؛ ئاكسىيە مۇلازىمەت بۆلۈمى 20. تەۋەلىكتە ئاكسىيە ھېسابى ئاچقانلار 510 مىڭ. خېرىدارلارنىڭ كاپالەت سوممىسى قالدۇقى 3 مىليارد 295 مىليون يۈەن، بۇ بىر يىلدا يارىتىلغان ئاكسىيە سودىسى سوممىسى 193 مىليارد 348 مىليون يۈەن (B پاينىڭ سودىلىشىش سوممىسى بۇنىڭ سىرتىدا). 2002 - يىلى پاي بازىرى داۋاملىق چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ تىجارەت نەتىجىسىگە خېلى چوڭ تەسىر يەتكۈزدى، 23 ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈمى زىيان تارتتى، زىيان سوممىسى 44 مىليون يۈەن بولدى، 8 تىجارەت بۆلۈمى 18 مىليون يۈەن پايدا ئالدى، پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندا، ئومۇمىي زىيان 26 مىليون يۈەنگە يەتتى.

خې جىيې

## شىنجاڭ زاكاز مال بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى 4 زاكاز مال ۋاستىچىلىك شىركىتى (شىنجاڭ خۇيخې زاكاز مال ۋاستىچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ۋافلۇڭ زاكاز مال ۋاستىچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ شىنشىن زاكاز مال ۋاستىچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنتيەن زاكاز مال ۋاستىچىلىك چەكلىك شىركىتى)نىڭ ئومۇمىي سودىلىشىش سوممىسى 17 مىليارد 467 مىليون يۈەنگە يەتتى، 2001 - يىلدىكىدىن 26.2% ئاشتى، سودىلىشىش مىقدارى 504 مىڭ 200 قېتىمغا يەتتى، 1290 ئورۇن ھېساب ئېچىپ، 14.2% ئاشتى، 4 زاكاز مال شىركىتى ئىچىدە 2سى پايدا ئالدى، 2سى زىيان تارتتى.

خې جىيې

## ۋاستىچى ئاپپاراتلار

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە ۋاستىچىلىك ئاپپاراتى 15 بولۇپ، كەسپكارى 300دىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، تيەنجىن 5 قىتئە بىرلەشمىسى، شائخەي لىشىن بوغالتىرلىق ئورنىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قاتارلىق 2 ئورۇن، مال - مۈلۈكنى باھالاش ئاپپاراتىدىن 2سى، يەر باھاسىنى مۆلچەرلەش ئورنىدىن 3ى، ئادۋوكاتلىق ئورنىدىن 8ى بار.

خې جىيې

## پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش

1. 2002 - يىلى شىنجاڭ پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىش باشقۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۇدا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى گەۋدىلەندۈردى ھەم كۈچەيتتى. جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىكى جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى خاس ئىشخانىسى پېيى بازارغا سېلىنغان 10 شىركەت (پېيى بازارغا سېلىنغان 5 شىركەتنىڭ باشقا جايلاردىكى 8 تارماق ئاپپاراتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، بەلگىلەنگەن مۇددەتتە سېلىپ، ئۆزگەرتىش ئۇقتۇرۇشىدىن 7 پارچە تارقاتتى، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش پىكرىدىن 67نى، كۆزىتىش ئالاقىسى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئالاقىسىدىن 8نى تارقاتتى، ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملار بىلەن 3

قېتىم سۆھبەتلەشتى، 3 شىركەتنى ئىچكى جەھەتتە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلدى.

2. مۇدىرىيەت، نازارەتچىلىك ھەيئىتى، پايچىكلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، «پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنى تۈزەش نىزامى» ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ قانۇنىي ئىگە تۈزەش قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. خاس ئىشخانا ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى ۋە بىڭتۈەن ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ، تەۋەلىكتىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەردە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش ئەھۋالىنى ئۆز ئىچىدە تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەم دوستلۇق گۇرۇھى، شىنجاڭ «تيەنيې» گۇرۇھى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات شىركىتى قاتارلىق پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ چوڭ پايچىكلىرىنىڭ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش ئەھۋالى ۋە «بەشنى ئايرىش» ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈردى.

3. ئۇچۇرنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئۇچۇرنى ئاشكارىلاش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بازارنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى ۋە جامائەت ئىشەنچى كۈچلۈك ھەقىقىي كۈچەيتىلدى. تەۋەلىكتىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئۇچۇرنى ئاشكارىلىشىنىڭ ۋاقتىدا بولۇشى ۋە راستلىقىنى ھەرىكەت ھالىتىدە نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ، كۈندە گېزىت ئوقۇش، ئۇچۇر ئاشكارىلاش ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىش، ئۇچۇرغا ئەگىشىش قاتارلىقلارغا دائىر ئىچكى خىزمەت تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، نۆۋەتچىلىك خاتىرىسى ئورنىتىلىپ، يىللىق مەلۇمات، ئوتتۇرا مەزگىللىك مەلۇمات قاتارلىق قەرەللىك مەلۇمات ۋە ۋاقىتلىق مەلۇمات يوللىغاندىن كېيىنكى تەكشۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. قەرەللىك مەلۇماتتا ئۇنىڭ چىنلىقى نۇقتىلىق تۇتۇلدى ھەم يازما تەكشۈرۈش پىكرى يېزىپ چىقىلدى، ۋاقىتلىق مەلۇماتلاردا ئۇنىڭ ۋاقتىدا بولۇشى، مەجبۇرىيلىقى نۇقتىلىق تۇتۇلدى. ئىشتىن كېيىن يىللىق مەلۇماتنى تەكشۈرۈش، جەمئىيلەپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، 190 نەچچە ماددىلىق تەكشۈرۈش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇچۇر ئاشكارىلاش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بوغالتىرلىق ئورنى بىلەن ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئالاقە كۈچەيتىلىپ، كونكرېت دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ۋە ئۆتكەلنى ئىگىلەشنىڭ ئۆلچىمىگە دائىر تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۆتكەل ئېغىزى ئالدىغا سۈرۈلۈپ، يوچۇقلار ئېتىلدى.

4. پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ توپلانغان مەبلەغنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئاكسىيە نازارەتچىلىك ئىشخانىسى تۈزگەن «پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ توپلانغان مەبلەغنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش چارىسى» بويىچە، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ توپلانغان مەبلەغنى ئىشلىتىش ئەھۋالى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلۈپ، بىر قىسىم شىركەتلەرنىڭ توپلانغان مەبلەغنى قائىدىگە خىلاپ ئىشلىتىش مەسىلىسى تۈزىتىلدى، توپلانغان مەبلەغنى بىكار قويۇپ قويۇش مەسىلىسىگە نۇقتىلىق دىققەت قىلىندى، پېيى يېڭىدىن بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ توپلانغان مەبلەغنى مەخسۇس ھېسابقا كىرگۈزۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىندى، باشقا جايلاردا توپلانغان مەبلەغنى سالغان تۈرى بار شىركەتلەرنىڭ توپلانغان مەبلەغنى سالغان تۈرلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ھېساب ئېچىشى تەلەپ قىلىنىپ ھەم ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىنىپ، توپلانغان مەبلەغنى مۇۋاپىق ۋە بىخەتەر ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىندى.

5. پېيىنى بازارغا سالماقچى بولۇۋاتقان شىركەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، پېيىنى بازارغا سالماقچى بولۇۋاتقان شىركەتلەرنىڭ ھەرىكەت سۈپىتى مەنبەدىن باشلاپ ياخشى تۇتۇلدى. پېيىنى بازارغا سالماقچى بولغان 9 شىركەتنىڭ تۈزۈم ئۆزگەرتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش ئەھۋالى نەق مەيداندا باھالىنىپ، قايتا ئىنكاس پىكىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ تۇنجى قېتىم پاي تارقىتىش توغرىسىدىكى دوكلات ماتېرىيالىنى يۇقىرىغا يوللىغان 5 شىركەت ئۈستىدىن نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش دوكلاتى يېزىلدى؛ پېيىنى بازارغا سالماقچى بولغان 7 شىركەت نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىندى؛ مەسىلە كۆپرەك ساقلانغان شىركەتلەرگە تەرتىپكە سېلىش ـ ئۆزگەرتىش ئۇقتۇرۇشنامىسى چىقىرىلدى ھەم يېتەكچىلىك قىلغۇچى ئاكسىيە سودىگەرلىرى ۋە ئالاقىدار ۋاستىچى ئاپپاراتلار بىلەن ۋاقتىدا ئالاقە ئورنىتىلدى ۋە ماسلاشتۇرۇلدى.

6. نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئۇسۇلى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ۋاستىچى ئاپپاراتلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. «ۋاستىچى ئاپپاراتلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىش-سۆھبەتلىشىش تۈزۈمى» تۈزۈلۈپ، يولغا قويۇلدى، ئالاقىدار بوغالتىر، يېتەكچىلىك قىلغۇچى ئاكسىيە سودىگىرى، باھالىغۇچى، ئادۋوكات ۋە خاس ئىشخانىلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىش مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ۋاستىچى ئاپپاراتلار ۋە ئۇلارنىڭ كەسپكارلىرىنىڭ تىرىشىپ ئىشلەپ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، ھەرىكىتىنى قېلىپقا

سېلىپ ئىنتىزاملىق بولۇش تېگى كۈچەيتىلدى، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋاستىسى كېڭەيتىلدى. 2002 - يىلى 2 ۋاستىچى ئاپپاراتقا ئىچكى جەھەتتە تەقىد بېرىلدى پاكى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئالاقىسى چىقىرىلدى.

خې جيې

## تاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش

1. نەق مەيدان ۋە غەيرىي نەق مەيداندا تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، خېيىمخەتەر ۋاقتىدا بايقالدى ۋە ئاشكارىلاندى. 2002 - يىلى جۇڭگو تاكسىيە نازارەتچىلىكى ھەيئىتى ئۈرۈمچى خاس ئىشخانىسى تەۋەلىكتىكى 2 تاكسىيە شىركىتى، 4 زاكاز مال ۋاستىچىلىك شىركىتى، 11 تاكسىيە تىجارىتى بۆلۈمى ۋە 8 تاكسىيە مۇلازىمىتى بۆلۈمىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، مۇلۇك باشقۇرۇش، ئىچكى تىزگىنلەش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش، خېرىدارلار كاپالەت سوممىسىنى مەخسۇس ھېساباتقا ئامانەت قويۇش، ئۈچ ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ بىخەتەرلىكى، مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى قاتارلىقلارنى ئۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقىدى ھەم تەدبىر قوللاندى، تۈزەتكە 6 پارچە تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش ئۇقتۇرۇشنامىسى ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پىكرى تارقاتتى.

2. تۈرگە ئايرىپ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن «تەۋەلىكتىكى تاكسىيە تىجارىتى بۆلۈملىرىنى تۈرگە ئايرىپ نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» تۈزۈلۈپ، يولغا قويۇلۇپ، تاكسىيە تىجارىتى بۆلۈمىنىڭ سىناش كۆرسەتكۈچىنى مىقدارلاشتۇرۇش ۋە سىناش تەرتىپى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئۇنىۋېرسال سىناش نەتىجىسىگە ئاساسەن، كۈچەيتىلگەن نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى. تەۋەلىكتىكى 31 تاكسىيە تىجارەت بۆلۈمىدىن 4ى ئۇقتىلىق دىققەت قىلىنىدىغان بۆلۈم، 6 سى ئادەتتىكىچە دىققەت قىلىنىدىغان بۆلۈم، 21ى كۈندىلىك نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇلىدىغان بۆلۈم قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ھەرىكىتى قېلىپلاشمىغان ۋە بىر قەدەر زور خېيىمخەتەر يوشۇرۇن ئاپەتتى ساقلانغان تاكسىيە تىجارەت بۆلۈملىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سالمىقى زورايتىلىپ، خېيىمخەتەر ئۈنۈملۈك تۈگىتىلدى.

3. بازارغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىش ئۆتكىلى ياخشى ئىگىلىنىپ، يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. بېكىتىدىن ئەسىس قىلىنغان تاكسىيە تىجارىتى بۆلۈمىنىڭ تەييارلىقىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە تىجارەت باشلىغاندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزىۋېلىش، تاكسىيە مۇلازىمەت بۆلۈمىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزىۋېلىش، تاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش قاتارلىقلاردا ئۆتكەل چىڭ ئىگىلەندى. تەۋەلىكتىكى 4 قەرەللىك مال شىركىتىنى يىللىق تەكشۈرۈشتە بايقالغان مەسىلىلەرنى بەلگىلىمىلىك مۇددەتتە تەرتىپكە سېلىپ تۈزىتىش تەلەپ قىلىندى ھەم قايتا يوقلاپ تەكشۈرۈلۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. تاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتى ۋە خادىملارنى يىللىق تەكشۈرۈشتە مەسىلىسى بارلار بايقالسا، نەق مەيدان ۋاقتىدا زىيارەت قىلىنىپ ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىپ، سالاھىيىتى يوق تۇرۇپ مەسلىھەت بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىش قىلمىشى قەتئىي توسۇلدى.

4. خىزمەت ئاساسى پۇختىلىنىپ، ئاپپاراتنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ئاپپاراتنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئاپپاراتلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشقا ئالاقىدار قائىدە - تۈزۈملەر، چارىلار تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ھەم تەكشۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلۇپ، كۈندىلىك نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتى تەقسىماتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، كەسپىي ئىش جەريانى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تورلۇق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كەسپىي خىزمىتىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىندى.

خې جيې

## زاكاز مال ۋاستىچىلىك شىركەتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش

2002 - يىلى جۇڭگو تاكسىيە نازارەتچىلىكى ھەيئىتى ئۈرۈمچى خاس ئىشخانىسى تەۋەلىكتىكى زاكاز مال ۋاستىچىلىك شىركەتلىرى ئىچىدىكى ئايرىم ۋاستىچىلاردا ساقلانغان مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سېلىش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەخسۇس مۇھاكىمە ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر قاتار تۈزەش خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇردى. بىر تەرەپتىن، تەۋەلىكتىكى زاكاز مال ۋاستىچىلىك شىركەتلىرىنىڭ كەسپكارلىرىنى ئېنىقلاپ، ھەر قايسى زاكاز مال شىركەتلىرىدىن شىركەتنىڭ كەسپكارلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى خاس ئىشخانىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇشنى ھەم تىجارەت سورۇنىدا ئاشكارا ئېلان قىلىپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنى كەسپكارلار بىلەن

ۋاستىچىلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، تاكسىيە زاكاز مال كەسىپىي جەمئىيىتىنىڭ نامىدا مەبلەغ سالغۇچىلارنى خېيىم-خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش ئېلانى چىقىرىپ، ھەر قايسى زاكاز مال شىركەتلىرىدىن ئۇنى تىجارەت سورۇنىدا ئاشكارا چاپلاپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنى زاكاز مال سودىسى جەريانىدىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا توغرا تونۇشقا ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ خېيىم-خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

خې جيې

## تەپتىشلىك خىزمىتى

2002 - يىلى جۇڭگو تاكسىيە نازارەتچىلىك ھەيئىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى خاس ئىشخانىسى جۇڭگو تاكسىيە نازارەتچىلىك ھەيئىتى تاپشۇرغان تەكشۈرۈش ئىشىدىن 10نى، مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈشتىن 4نى تاماملىدى، باشقا تۈرلەرگە ماسلىشىپ، 8 تاكسىيە زاكاز مال شىركىتىنى تەكشۈردى، 72 ئەرزىيەت ۋە ئەرزنى قوبۇل قىلدى.

بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمى ۋە تاكسىيە زاكاز مال جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ئۇزاق ئۈنۈم بېرىدىغان مۇداپىئە مېخانىزمى ئورنىتىلدى. بۇ بىر يىلدا قانۇنسىز تاكسىيە زاكاز مال سودا ئورنىدىن 2سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

خې جيې

### شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

| شىركەت نامى | پېيىنى بازارغا سالغان ۋاقتى (يىل) | پاي بازارغا سېلىنغان بىرژا | تارقاتقان چاغدىكى پاي دەسمايىسى (تۈمەن پاي) | | يىغىلغان مەبلەغدىن تارقىتىلغىنى (تۈمەن يۈەن) | 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى پاي دەسمايىسى (تۈمەن پاي) | | 2002 - يىلى يىغىلغان جەمئىي مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئومۇمىي پاي دەسمايىسى | ئوبوروت قىلىنغان پاي دەسمايىسى | | ئومۇمىي پاي دەسمايىسى | ئوبوروت قىلىنغان پاي دەسمايىسى | |
| خۇئېيۈەن ماۋالە شىركىتى | 1994 | شېنجېن بىرژىسى | 17500 | 4500 | 10550 | 51875 | 15246 | 13971 |
| شىنجاڭ جۇڭفې شىركىتى | 1996 | شاڭخەي بىرژىسى | 7953 | 2025 | 9450 | 10339 | 2925 | 9450 |
| بەيخۇاسۈن | 1996 | شاڭخەي بىرژىسى | 6127.5 | 2700 | 10800 | 9480 | 4650 | 19500 |
| خۇيتۇڭ سۇچىلىقى | 1996 | شېنجېن بىرژىسى | 5000 | 1250 | 7062 | 23318 | 9596 | 17270 |
| دوستلۇق گۇرۇھى | 1996 | شاڭخەي بىرژىسى | 10700 | 2700 | 10607 | 31149 | 17131 | 51157 |
| شىنجاڭ تۈنخې شىركىتى | 1997 | شاڭخەي بىرژىسى | 7000 | 1750 | 9400 | 57543 | 29020 | 44400 |
| قۇلماق شىركىتى | 1997 | شاڭخەي بىرژىسى | 8000 | 3000 | 11523 | 36792 | 17412 | 24877 |
| شىنجاڭ تيەنيې شىركىتى | 1997 | شاڭخەي بىرژىسى | 6300 | 2430 | 16896 | 22680 | 9720 | 43482 |
| ئالاھىدە ترانسفورماتور شىركىتى | 1997 | شاڭخەي بىرژىسى | 8168 | 3000 | 14820 | 25949 | 13042 | 55830 |
| «شىنتيەن» خەلقئارا شىركىتى | 1997 | شاڭخەي بىرژىسى | 8600 | 2700 | 24071 | 23518 | 8923 | 32887 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| «ئەگىرتاغ» توقۇمىچىلىق شىركىتى | 1998 | شېنجېن بېرژىسى | 18782 | 4230 | 20783 | 36346 | 10998 | 40571 |
| «ئەگىرتاغ» پاي شىركىتى | 1999 | شاڭخەي بېرژىسى | 12946 | 4500 | 26394 | 17335 | 7800 | 44044 |
| «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك» تەرەققىيات شىركىتى | 1999 | شاڭخەي بېرژىسى | 29400 | 9000 | 32905 | 32100 | 11700 | 63420 |
| ئىلى ئالىي هارىقى | 1999 | شاڭخەي بېرژىسى | 22050 | 7500 | 45375 | 22050 | 7500 | 45375 |
| شىنجۇڭجى | 2000 | شاڭخەي بېرژىسى | 12459 | 4500 | 21011 | 12459 | 4500 | 21011 |
| گۇاڭخۇي پاي شىركىتى | 2000 | شاڭخەي بېرژىسى | 35378 | 5000 | 31652 | 72172 | 20400 | 31652 |
| خەلقئارا ئوقەتچىلىك | 2000 | شېنجېن بېرژىسى | 17179 | 7000 | 39837 | 17179 | 7000 | 39837 |
| ماركور پاي شىركىتى | 2000 | شاڭخەي بېرژىسى | 9208 | 4000 | 50923 | 11049 | 4800 | 50923 |
| تيەنلى يۇقىرى پەن - تېخنىكىسى | 2000 | شاڭخەي بېرژىسى | 17000 | 6000 | 42653 | 35700 | 12600 | 42653 |
| شىنجاڭ تيەنخۇاڭ | 2001 | شاڭخەي بېرژىسى | 8016 | 3000 | 16633 | 8016 | 3000 | 16633 |
| تەشۋۇت پاي شىركىتى | 2001 | شاڭخەي بېرژىسى | 16050 | 5000 | 23141 | 16050 | 5000 | 23141 |
| تيەنفۇ تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى | 2002 | شاڭخەي بېرژىسى | 16908.5 | 6000 | 42000 | 16909 | 6000 | 42000 |
| «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر شىركىتى | 2002 | شاڭخەي بېرژىسى | 40942.79 | 13000 | 92254 | 40943 | 13000 | 92254 |
| جەمئىي | | | 341667.79 | 104785 | 610740 | 630951 | 241963 | 866338 |

# يېزا ئىگىلىكى

## ئومۇمىي بايان

### يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2002 - يىلى، شىنجاڭدىكى جايلار مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى زور تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش نىشانىنى چۆرىدەپ، پائال تەدبىر قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 52 مىليارد 504 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.2% ، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1863.26 يۈەنگە يېتىپ، 8.9% ئاشتى. 2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى:

1. قۇرۇلمىنى تەڭشەشتە يېڭى ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. تېرىقچىلىقتا ئاشلىق، ئىقتىسادىي زىرائەت، ئوتلاقچىلىقتىن ئىبارەت 3 مەنبەلىك قۇرۇلمىغا قاراپ تېز يۈرۈلۈش ھاسىل قىلىندى، ئەۋزەل ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمى كېڭەيتىلدى، ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك قىلىنىدىغان زىرائەت كۆلىمى 567 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 133 مىڭ گېكتارغا كۆپەيدى، چارۋىچىلىق تېز تەرەققىي قىلدى، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پۈتۈن يېزا ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 28.2% كە يېتىپ، 1.2 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى، دېھقانلارنىڭ چارۋىچىلىققا تايىنىپ قىلغان كىرىمى ئوتتۇرىچە 79 يۈەن كۆپەيدى. ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك داۋاملىق تېز تەرەققىي قىلىپ، ئورمان، مېۋىلىك باغ كۆلىمى 406 مىڭ گېكتارغا، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئورمان، باغ كۆلىمى 75 مىڭ گېكتارغا يەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ئۆزگىچە ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك داۋاملىق كۆلەملىشىش، كەسپلىشىش نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى يېڭى يول بولۇپ قالدى. دېھقانلارنىڭ ئەمگەك مۇلازىمىتى ئارقىلىق كىرىم قىلىشى باشلاندى. دېھقانچىلىق تارماقلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن دېھقان 350 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتكەن، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 61 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 21 يۈەن كۆپەيگەن. 2. يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشتا يېڭى تەرەققىيات ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى تۈرلۈك باشلامچى كارخانا 329 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلكى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 57، يېڭىدىن كۆپەيگەن دۆلەت دەرىجىلىك باشلامچى كارخانا 11، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باشلامچى كارخانا 39. كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ساھەسى داۋاملىق كېڭەيدى. تېرىقچىلىقتىن تارتىپ ئورمان، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىققىچە، پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىدىن تارتىپ يېڭى پېتى ساقلاش، توشۇش، سېتىشقىچە، بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلار تېز تەرەققىي قىلدى. ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى پېيى بازارغا سىڭگەن بەزى شىركەت ۋە كارخانا گۇرۇھلىرى چارۋىچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشقا يۇقىرى سەۋىيە بىلەن قاتنىشىپ، سۈتچىلىكنى كەسپلەشتۈرۈش بەلۋېغىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. زاكاز يېزا ئىگىلىكى داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە زاكاز كۆلىمى زىرائەت تېرىلغان يەر كۆلىمىنىڭ 50% دىن ئېشىپ كەتتى. جايلاردا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەخسۇس سېتىۋالىدىغان، ساتىدىغان ۋاستىچى تەشكىلاتلار مەيدانغا كەلدى، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى 660 نەچچىگە يەتتى، بۇ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

3. يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۈكسەلدۈرۈشتە يېڭى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. كېۋەزنى قويۇق تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلدى. ساپ پاختىنىڭ مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلى 115 كىلوگرامغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 22 كىلوگرام ئاشتى. مو بېشى ھوسۇلى 150 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولغان كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 67 مىڭ گېكتاردىن ئاشتى. سۈپەتلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈشنى كېڭەيتىش ۋە تۆۋەن

ھوسۇللۇق مېۋىلىك باغلارنى ئۆزگەرتىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. مېۋىلىك دەرەختىن مول ھوسۇل ئېلىشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، بەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تېزلىتىلىپ، مېۋە ھوسۇلى ۋە سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. توڭلىتىلغان ئىسپىرما بىلەن نەسىللەندۈرۈش، سۈنئىي نەسىللەندۈرۈش ۋە تۆرەلمىنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسى ئاساس قىلىنغان ئېسىل نەسىل يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئىلمىي ئۇسۇلدا چارۋا بېقىش، يەم - خەشەكنى تەڭشەپ ئىشلەش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش قاتارلىق ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىنى دېھقانلار ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىك خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا بىرلىك قىلىنغان زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بازىدىن 110 ى بېكىتىلدى، كۆلىمى 300 مىڭ گېكتارغا يەتتى. 118 زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى دەلىللەندى، شىنجاڭ بويىچە داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىدىن 8 ى يېڭىدىن قوشۇلدى. 16 كارخانىنىڭ 21 تۈرلۈك مەھسۇلاتى يېشىل يېمەكلىك بەلگىسىگە ئېرىشتى. بۇ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

4. يېزىلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىغا سېلىنما سېلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك ئۇنۇمۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. يېزا يوللىرى، ئېلېكتىر قۇۋۋىتى، خەۋەرلىشىش، رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، سۇچىلىق مۇھىم نۇقتا قىلىنغان يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى، زىرائەت ئۇرۇقى، ئۆسۈملۈك ئاسراش، تۇپراقنى مۇنبەتلەشتۈرۈش، يېزا ئېنېرگىيە مۇھىتىدىن ئىبارەت 4 چوڭ قۇرۇلۇشقا ۋە سۈپەتلىك پاختا بازىسى، تۇپراقنى ياخشىلاش تۈرى قاتارلىقلارغا سېلىنغان مەبلەغ 360 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش، تەبىئىي ئوتلاقنى قوغداش، ئوتلاقنى ئاشلاش، ئۇرۇق بازىسى، ئوتلاقلاردا ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش، سۈپەتلىك ئۇرۇق قۇرۇلۇشى، ھايۋانلارنى قوغداش، يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق 32 تۈرگە دۆلەت سالغان تۈرلۈك مەبلەغ 500 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. ئورمانچىلىقتىكى تۈرلۈك قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 720 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانچىلىقتىكى 5 چوڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشقا 557 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

5. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان ئاساسىي سىياسىتى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. يېزىلاردىكى يەر ھۆددىگەرلىك مۇناسىۋىتى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «بەش بىر تۇتاش»، «بەش مۇلازىمەت» كە ئۆزگەرتىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى خوجايىنلىق ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. يېزىلارنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئوبوروت قىلىش تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى. دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. كوللېكتىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش، سېتىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى سالماق قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى، نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش سىياسىتى كەنت، ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 150 مىڭ قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىنىڭ كىيىمى يېتىش، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

شۆي تاۋ

## ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 — 6 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئاساسلىقى مەركەزدە ئېچىلغان يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھازىرقى يېزا ئىگىلىك، يېزا خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىندى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 - يىللىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) لەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، يېزا خىزمىتى ئۇنىۋېرسال تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى، يېزا ئىگىلىككە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرگەن 9 باشلامچى كارخانىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 130 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىدە، مەركەزنىڭ يېزا خىزمىتى يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان چوڭ - چوڭ تەدبىرلەرنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىپ، تۈرلۈك چارە - ئاماللار ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي

ۋەزىپىنى چۆرىدەپ، ئۇنۇملۇك، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ۋە ئۇنۇمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش لازىم. يىغىندا مۇنۇ 10 تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنى ياخشى تۇتۇش تەكىتلەندى: 1) ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، تۈرلۈك چارە - ئاماللار ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ 2) ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى گەۋدىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش، تېرىقچىلىقنى تەڭشەپ سەرخىللاشتۇرۇش، چارۋىچىلىق قۇرۇلمىسىنى كەڭ كۆلەمدە تەڭشەش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى تەڭشەپ كۈچەيتىش، يېزا ئىقتىسادىنى ماسلىشىشچانلىق خاراكتېرىدىكى تەڭشەشتىن ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشكە ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ 3) خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ 4) يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىقتىسادىنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك؛ 5) بازارلارنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇش كېرەك؛ 6) سىجىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ 7) كىچىك شەھەر، بازارلارنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ بىر گەۋدىلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك؛ 8) مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك؛ 9) يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك؛ 10) «تۆتنى ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، تەربىيە پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىستىلنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك.

جىن چاڭخۇ

## يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى

1. يېزا ئىقتىسادىنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

(1) يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى. 2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە (بەرلىك، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 44 مىليارد 390 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %10.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 28 مىليارد 109 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ %63.3 ىنى ئىگىلەپ، %11.9؛ (دېھقانچىلىقنىڭ 19 مىليارد 423 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.8؛ ئورمانچىلىقنىڭ 836 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.9؛ چارۋىچىلىقنىڭ 7 مىليارد 737 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %29.3؛ بېلىقچىلىقنىڭ 113 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.3 ئاشتى)؛ 2 - كەسىپ كىرىمى 7 مىليارد 781 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ %17.5 ىنى ئىگىلەپ، %4.9؛ 3 - كەسىپ كىرىمى 8 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ %19.2 ىنى ئىگىلەپ، %12.8 ئاشتى.

(2) يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي خىراجىتى 23 مىليارد 912 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ %53.9 ىنى ئىگىلەپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2 مىليارد 421 مىليون يۈەن ئاشتى.

(3) يېزا ئىقتىسادىنىڭ ساپ كىرىمى 20 مىليارد 478 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ %46.1 ىنى ئىگىلەپ، 2001 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 895 مىليون يۈەن ئاشتى.

(4) دېھقانلارنىڭ تاپاۋەت سوممىسى 18 مىليارد 937 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2 مىليارد 112 مىليون يۈەن ئاشتى.

(5) دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2042 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 332 يۈەن ئاشتى.

2. يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش ئالاھىدىلىكى

(1) قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك كىرىمى مۇقىم ئاشتى. جاھلار كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى زور دەرىجىدە ئازايتتى، كېۋەز تېرىشقا ماس كېلىدىغان رايونغا ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق پاختىچىلىق رايونىغا داۋاملىق مەركەزلەشتى. ئاشلىق، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتات ۋە باشقا ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق كىرىمى ئىچىدە، ئاشلىق زىرائەتلىرى كىرىمى %34.7 نى ئىگىلەپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.4 ئاشتى؛ پاختا كىرىمى %32.1 نى ئىگىلەپ، %7.5 تۆۋەنلىدى.

(2) چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق كىرىمى تېز ئاشتى، چارۋىچىلىق يېزا ئىقتىسادىدىكى تۈۋرۈك كەسىپ ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى بولۇپ قالدى. چارۋىچىلىق كىرىمى يېزا ئىقتىسادى كىرىمىنىڭ %17.4 ىنى ئىگىلىدى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئورمان-

## 2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىقتىسادى دارامىتى تەقسىملەشنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| ئومۇملاشتۇرغان ئورۇن | 1. ئومۇمىي كىرىم | بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلات سېتىش كىرىمى | 1) يېزا ئىگىلىك كىرىمى | بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلات سېتىش كىرىمى | 2) ئورمانچىلىق كىرىمى | 3) چارۋىچىلىق كىرىمى | 4) بېلىقچىلىق كىرىمى | 5) 2 . كەسىپ كىرىمى | 6) 3 . كەسىپ كىرىمى | 2. ئومۇمىي خىراجەت | 3. ساپ كىرىم | 4. دېھقانلار سىرتتا ئىشلەپ تاپقان كىرىم | 5. تەقسىملەنگەن ساپ كىرىم سوممىسى | 1) بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت بېجى | 2) كەنت كوللېكتىپى تاپاۋىتى | بۇنىڭ ئىچىدە دېھقان ئائىلىلىرى تاپشۇرغىنى | 3) دېھقانلارنىڭ تىجارەت تاپاۋىتى | 6. دېھقانلار تىجارەت تاپاۋىتىنىڭ سوممىسى | ھەر ئادەمگە توغرا كەلگىنى (يۈەن) | سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن ئادەم سانى (تۈمەن ئادەم) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 394219 | 151328 | 25330 | 18822 | 107 | 16403 | 1751 | 137926 | 212702 | 318797 | 75422 | 3312 | 79003 | 13657 | 3259 | 1773 | 44595 | 47639 | 3792 | 0.63 |
| قاراماي شەھىرى | 2692 | 2058 | 952 | 853 | | 146 | | 1083 | 511 | 1386 | 1306 | | 1306 | 133 | 23 | 23 | 844 | 867 | 3864 | |
| شىخەنزە شەھىرى | 18688 | 19263 | 9923 | 8146 | 38 | 272 | 2 | 8425 | 1028 | 12119 | 7569 | 117 | 7698 | 542 | 167 | 140 | 6950 | 7014 | 3905 | 0.08 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 213959 | 151855 | 111853 | 58281 | 718 | 32845 | 65 | 33278 | 35100 | 100179 | 113780 | 2509 | 116289 | 5143 | 2709 | 2709 | 107896 | 107896 | 2801 | 1.58 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 102305 | 56023 | 33093 | 21840 | 237 | 18914 | 33 | 21715 | 28313 | 63652 | 38653 | 2697 | 41350 | 2098 | 1118 | 1000 | 36514 | 37504 | 2143 | 1.25 |
| سانجى ئوبلاستى | 910541 | 504176 | 277182 | 198744 | 2997 | 181019 | 4806 | 264979 | 179558 | 608730 | 301811 | 13054 | 314871 | 16280 | 9779 | 6071 | 260401 | 263126 | 3751 | 5.24 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 582189 | 281891 | 194525 | 106246 | 5237 | 126423 | 1640 | 107828 | 146536 | 281548 | 300641 | 11359 | 312188 | 8621 | 6827 | 5991 | 285901 | 288378 | 2281 | 4.04 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 404063 | 223800 | 193651 | 147139 | 1295 | 65824 | 634 | 71826 | 70833 | 212792 | 191271 | 4789 | 196060 | 9415 | 8452 | 4896 | 174507 | 176004 | 3605 | 1.61 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 130532 | 57141 | 33648 | 18345 | 630 | 51678 | 109 | 14894 | 29573 | 54015 | 76517 | 1190 | 77707 | 1451 | 1577 | 1577 | 74435 | 74737 | 2589 | 0.39 |
| بورتالا ئوبلاستى | 133562 | 91331 | 61821 | 46305 | 338 | 20414 | 115 | 31293 | 19581 | 75454 | 58108 | 1158 | 59301 | 2431 | 1809 | 1398 | 52896 | 53738 | 3167 | 0.43 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 249239 | 162807 | 140995 | 93411 | 3572 | 40787 | 366 | 33408 | 30111 | 130145 | 119094 | 2755 | 121902 | 3217 | 4349 | 2509 | 110813 | 112238 | 3008 | 0.88 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 482301 | 304236 | 338981 | 233965 | 15743 | 84311 | 1626 | 14332 | 27308 | 208903 | 273398 | 2671 | 276069 | 5038 | 8824 | 6703 | 253863 | 25573 | 2114 | 1.98 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 56746 | 20069 | 29336 | 7824 | 1666 | 17668 | 5 | 2654 | 5417 | 17903 | 38843 | 912 | 39755 | 921 | 818 | 818 | 37869 | 38118 | 1167 | 0.56 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 541830 | 295345 | 363411 | 212362 | 38256 | 81921 | 36 | 18467 | 39739 | 216375 | 325455 | 4932 | 330387 | 6705 | 19589 | 10058 | 304093 | 306970 | 1293 | 11.13 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 215109 | 87166 | 127564 | 46590 | 12800 | 34962 | 95 | 15958 | 23730 | 89165 | 125944 | 5064 | 131008 | 2311 | 7596 | 5339 | 120824 | 123859 | 903 | 4.88 |
| شىمالىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 2893750 | 1538866 | 941978 | 624721 | 11597 | 514038 | 9155 | 693247 | 723735 | 1728612 | 1165078 | 40185 | 1205773 | 59771 | 35720 | 25578 | 1044939 | 1056903 | 2921 | 15.24 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 1545225 | 869623 | 1000287 | 594182 | 72037 | 259649 | 2158 | 84819 | 126305 | 662491 | 882734 | 16334 | 899121 | 88192 | 41178 | 25427 | 827462 | 836768 | 1479 | 19.42 |
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 4438975 | 2408489 | 1942265 | 1218903 | 83634 | 773687 | 11283 | 778066 | 850040 | 2391163 | 2047812 | 56519 | 2104894 | 77963 | 76896 | 51005 | 1872401 | 1893661 | 2042 | 34.67 |

يېزا ئىقتىسادى ئىدارىسى

چىلىق، باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. ئورمانچىلىق كىرىمى يېزا ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ 1.9%نى ئىگىلىدى.

(3) يېزىلاردىكى 2 ـ، 3 ـ كەسىپ زور دەرىجىدە ئاشتى. 2002 ـ يىلى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشىلاندى، ئېشىش سۈرئىتى تېز بولدى. باشلامچى كارخانىلارنىڭ يېتەكلەش رولى كۆرۈنەرلىك بولدى. 2 ـ كەسىپ كىرىمى 2001 ـ يىلدىكىدىن 4.9%، 3 ـ كەسىپ كىرىمى 12.8% ئاشتى.

(4) دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەشتىن قىلغان كىرىمى داۋاملىق ئاشتى. جايلار تەشكىللەش، يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەنلىكتىن، سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى، كىرىمى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

(5) دېھقانلارنىڭ يۈكى يەنىمۇ يېنىكلىتىلدى. 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ يۈكى «ئۈچنى ئۆستۈرۈش، بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» بويىچە 510 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 4 مىليون 440 مىڭ يۈەن ئازىيىپ، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ 3%نى ئىگىلىدى.

3. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى ئۆستىدە، تەملىل

2002 ـ يىلى شىمالىي شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2921 يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 255 يۈەن، جەنۇبىي شىنجاڭدا 1479 يۈەنگە يېتىپ، 159 يۈەن ئاشتى. جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم پەرقى 1442 يۈەن بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 96 يۈەن كېڭەيدى. ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە، شەھەرلەر ئىچىدە ماناس ناھىيىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 5318 يۈەنگە يېتىپ، 1 ـ ئورۇننى ئىگىلىدى. ئەڭ تۆۋەن بولغان چىرا ناھىيىسىنىڭ 775 يۈەن بولۇپ، 4543 يۈەن پەرقلەندى.

غالىپ مەشرەپ

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىقتىسادى دارامىتىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرى | 2002 ـ يىلى | ئومۇمىي كىرىمدە ئىگىلىگىنى (%) | 2001 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى ـ كېمەيگىنى ±% |
|---|---|---|---|
| 1. ئومۇمىي كىرىم | 4438975 | 100 | 10.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلات سېتىش كىرىمى | 2408489 | 54.3 | 15.1 |
| (1) دېھقانچىلىق كىرىمى | 1942265 | 43.8 | 5.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلات سېتىش كىرىمى | 1218903 | 27.5 | 8.5 |
| (2) ئورمانچىلىق كىرىمى | 83634 | 1.9 | 23.9 |
| (3) چارۋىچىلىق كىرىمى | 773687 | 17.4 | 29.3 |
| (4) بېلىقچىلىق كىرىمى | 11283 | 0.3 | 14.8 |
| (5) 2 ـ كەسىپ كىرىمى | 778066 | 17.5 | 4.9 |
| (6) 3 ـ كەسىپ كىرىمى | 850040 | 19.2 | 12.8 |
| 2. ئومۇمىي خىراجەت | 2391163 | 53.9 | 11.3 |
| 3. ساپ كىرىم | 2047812 | 46.1 | 10.2 |
| 4. دېھقانلار سىرتتا ئىشلەپ تاپقان كىرىم | 56519 | 1.3 | 53.6 |
| 5. تەقسىم قىلىنىدىغان ساپ كىرىم سوممىسى | 2104894 | 47.4 | 11 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1) دۆلەت بېجى | 77963 | | 1.2 |
| 2) يېزا، كەنت كوللېكتىپى تاپشۇرۇقى | 76896 | | .4.2 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۇنىڭ ئىچىدە دېھقان ئائىلىلىرى تاپشۇرغىنى | 51005 | | 0.9 |
| 3) دېھقانلار تىجارەت تاپاۋىتى | 1872401 | | 12.6 |
| 6. دېھقانلار تىجارەت تاپاۋىتى سوممىسى | 1893661 | 42.7 | 12.6 |
| ھەر بىر كىشىگە توغرا كەلگىنى (يۈەن) | 2042 | | 10.9 |
| ئومۇملاشتۇرۇلغان نوپۇس (تۈمەن ئادەم) | 927.43 | | 1.5 |
| سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن دېھقان (تۈمەن ئادەم) | 34.67 | | 144.8 |

يېزا ئىقتىسادى ئىدارىسى

### 2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى

بىرلىكى: يۈەن

| ئومۇملاشتۇرغان ئورۇن | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى | 2001 - يىلدىكىدىن ئاشقان، كېمەيگىنى (%) | ئومۇملاشتۇرغان ئورۇن | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى | 2001 - يىلدىكىدىن ئاشقان، كېمەيگىنى (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 2042 | 10.9 | تارباغاتاي ۋىلايىتى | 3605 | 10.6 |
| شىمالىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 2921 | 9.6 | ئالتاي ۋىلايىتى | 2589 | 9.6 |
| ئۈرۈمچى (رايونى) | 3792 | 10.1 | بورتالا ئوبلاستى | 3167 | 8 |
| قاراماي (رايونى) | 3864 | 18.2 | جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 1479 | 12.1 |
| شىخەنزە (رايونى) | 3905 | 92.5 | بايىنغولىن ئوبلاستى | 3008 | 9.7 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 2801 | 9.5 | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 2114 | 10.9 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 2143 | 10.7 | قىزىلسۇ ئوبلاستى | 1167 | 9 |
| سانجى ئوبلاستى | 3751 | 13.2 | قەشقەر ۋىلايىتى | 1293 | 15.8 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار | 2281 | 5.2 | خوتەن ۋىلايىتى | 903 | 9.4 |

## يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندا يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىشخانىسى دېھقانچىلىق نازارىتى قارمىقىدا بولدى؛ 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە قىسمەن ناھىيە، شەھەردىمۇ يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش خىزمەت ئاپپاراتى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى نۇقتىلىق باشلامچى كارخانىدىن 39 ى تۈنجى قېتىم بېكىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى نۇقتىلىق باشلامچى كارخانىلارغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە بېكىتىش چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى. يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش تۈر ئامبىرى قۇرۇلۇپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كەسىپلەشتۈرۈش مەخسۇس مەبلىغىدىن 5 مىليون 400 مىڭ يۈەن ۋە زايوم مەبلىغى ۋە ياردەم ئۆسۈملۈك مەبلەغدىن 115 مىليون يۈەن قولغا كەلتۈرۈلۈپ، 38 كەسىپلەشتۈرۈش قۇرۇلۇش تۈرىگە مەدەت بېرىلدى. 11

كارخانا 2 - تۈركۈمدە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى ئۇقتىلىق باشلامچى دۆلەت كارخانىسى قىلىپ بېكىتىلدى. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈرلۈك كارخانا 320 گە يەتكەن. بۇلار ئىچىدە ئومۇمىي مال-مۈلكىنىڭ قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 57، 60 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 79، 30 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 104. بۇ كارخانىلار ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلار ئائىلە سانىنىڭ %50 ىنى ئىگىلەيدىغان 1 مىليون 500 مىڭ دېھقان ئائىلىسىنى يېتەكلەپ (تەكرار گىرەلەشتۈرۈش ئامىللىرى بار)، ھەر بىر ئائىلىنىڭ كىرىمىنى 700 يۈەن ئاشۇرغان.

مەخمۇت ئابدۇللا

## ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرىدىغان ئۇقتىلىق باشلامچى كارخانىلار

2002 - يىلى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە 39 كارخانا يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى ئۇقتىلىق باشلامچى كارخانا قىلىپ بېكىتىلدى، بۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «زۇڭخېڭ» پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «مەيجۇر» گۇرۇھ چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنشەي» يەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «كېڧاڭ» پاختىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «بوستان» مېۋىچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «سىڧاڭ» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، غۇلجا «شاڭشىن» ئۆي قۇشلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۈن (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تەيكۇن» گۇرۇھ چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «يىدا» شىركىتى، شىنجاڭ «تېرىقچىلىق» (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «ۋۇغۇا» چارۋىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «بېيبۇەنجۇن» (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ پاختا كەسىپى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ خەلقئارا ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «قارمان» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «باغراش» قومۇشچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ خوشپۇراق ئۆسۈملۈك يەن - تېخنىكا تەرەققىياتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ قۇلماق پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جاۋۇ» سودا - سانائەت (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ مېرىنوس ئۆچكە يۇڭلۇق قوي يەن - تېخنىكا تەرەققىيات پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ كورلا «داخۇا» ئوقەتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئىلى «جۇڭجۇ» يۇقىرى يەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تايۈەن» زاراڭزا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «شىنئاۋ» سۈتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، ئاۋات ناھىيە «خېڭفېڭ» يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «غەربىي يۇرت» يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكا گۇرۇھ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «كۇنتۇ» گۈرۈچچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «يېشىل بوزيەر ئۇزلەشتۈرۈش» تەرەققىيات شىركىتى، قەشقەر «گۆھەر زېمىن» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى، كۇنەس ناھىيىسى «كاڭيۇەنبې» باقمىلا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنمۇ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، ئاۋات ناھىيە يىپەك يولى يەرياۋات قوغۇنى مېۋىچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «خۇڭشىڭ» ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «شىنخۇا» بىرلەشمە مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھ) شىركىتى، شىنجاڭ «جىنمۇ» ئوتلاقچىلىق يەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئاقسۇ تارىم پاختا (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «خۇاڭچاۋ» كارخانا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى.

مەخمۇت ئابدۇللا

## يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى ئۇقتىلىق باشلامچى دۆلەت كارخانىلىرى

2002 - يىلى شىنجاڭ «سىڧاڭ» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «كېڧاڭ» پاختىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۈن (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «غەربىي يۇرت يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكىسى گۇرۇھ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «زۇڭخېڭ» پاي چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «بېيبۇەنجۇن» (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «مەيجۇر» گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «جۇڭجى» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، «شىنتيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھاراقچىلىقى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «سايرام» زامانىۋى يېزا ئىگىلىك پاي چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت 11 كارخانا يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى ئۇقتىلىق باشلامچى دۆلەت كارخانىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

مەخمۇت ئابدۇللا

## يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى، شىنجاڭ يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللىك، پىلانلىق، تەرتىپلىك ھالدا سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ كىرىم قىلىشقا پائال يېتەكلەپ، يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تېرىقچىلىقتىن ئەدرىجىي باشقىچىلىققا ۋە 2، 3 - كەسىپكە يۆتكىلىش ئىشىنى ئاشۇرۇلدى. سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ كىرىمى 2001 - يىلدىكىدىن كۆپ بولدى، بۇ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى يېڭى يورۇق نۇقتا بولۇپ قالدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن ئەمگەك كۈچى 346 مىڭ 700 گە يېتىپ (يېزىلاردىكى ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ %9.6 نى ئىگىلەيدۇ)، 2001 - يىلدىكىدىن 205 مىڭ 100 ئادەم كۆپەيگەن؛ سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ تاپقان ئومۇمىي كىرىم 565 مىليون يۈەنگە يېتىپ (يېزا ئىقتىسادى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %1.3 نى ئىگىلەيدۇ)، %53.6 ئاشقان؛ ئوتتۇرىچە كىرىم 61 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 21 يۈەن كۆپەيگەن.

1. رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، ئاپپارات قۇرۇلۇپ ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق، تەرتىپلىك يۆتكىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كادىرلارنىڭ شىمالىي شىنجاڭغا كېلىپ ۋەزىپىلىك چېنىقىش ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى بايلىق شارائىتى نىسبەتەن ياخشى ئىشتىراق بولغان شىمالىي شىنجاڭغا كېلىپ كىرىم قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشۇرۇلدى.

2. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك يېزا ئىقتىسادى ستاتىستىكىسىنىڭ كۈچىگە تايىنىلىپ، 2002 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ تەكشۈرۈلدى. دەسلەپكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون يېزىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچى 3 مىليون 483 مىڭ 300 گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى 1 مىليون 46 مىڭ 700، 439 مىڭ 100 ئادەم يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ، يېزىلاردىكى ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ %12.6 نى ئىگىلىگەن، يۆتكىلىشكە تېگىشلىك ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى 607 مىڭ 600 بولۇپ، يېزىلاردىكى ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ %17.4 نى ئىگىلىگەن.

3. نۇقتىدا ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتى ياخشى تۇتۇلدى. 2002 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى توقسۇن ناھىيىسىنى يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىنىڭ يۆتكىلىشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان نۇقتا قىلىپ بېكىتىپ، تەربىيىلەشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، تۈرلۈك تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. بىر يىلدا ناھىيە بويىچە سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن دېھقان 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 قېتىم كەلگەن كۆلەمدە سىرتقا چىقىرىلغان ئەمگەك كۈچى 7000 ئادەم (قېتىم)، 2، 3 - كەسىپكە يۆتكەلگىنى 3000 ئادەم (قېتىم). سىرتقا چىقىپ ئەمگەك قىلىپ تاپقان كىرىم 18 مىليون يۈەنگە، ئوتتۇرىچە كىرىم 225 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 28 يۈەن ئارتۇق كىرىم قىلدى. 4. ئەھۋالغا قاراپ يېتەكلىنىپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ كىرىم قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. بىرىنچى، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا پائال قاتناشتۇرۇلدى. جايلار دېھقانلارنى شۇ يەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ۋە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا يېتەكلىدى. ئىككىنچى، يەرلىك ئەۋزەللىك جارى قىلدۇرۇلۇپ، ساياھەتچىلىكتىن كىرىم قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. ئۈچىنچى، دېھقانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىپ تىجارەت قىلىشىغا ئىلھام بېرىلدى. سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن دېھقانلارنىڭ يەر ھۆددىگەرلىك ھوقۇقى ساقلاپ قېلىنىپ، يەرنىڭ مۇۋاپىق ئوبوروت بولۇشى يولغا قويۇلدى، سىرتقا چىقىپ تىجارەت قىلغانلارغا نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى جەھەتتە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلدى، بۇ مەبلەغ تىجارەت باشلاش مەبلىغى قىلىندى. سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن دېھقانلارنىڭ جۇغلانما ئەمگىكى ۋە مەجبۇرىيەت ئەمگىكى مۇۋاپىق كەچۈرۈم قىلىندى. تۆتىنچى، ئەمگەك بازىرى ئۇچۇرلىرىنى توپلاش ۋە ئۇنى ئېلان قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، تەشكىلىي ئاپپاراتلار ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا چىقىدىغانلارغا بازار، ئۇچۇر تېپىپ بېرىپ، سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىنى باشتىلا يېتەكلەپ، قېلىپلاشمىغان ئىشقا تونۇشتۇرۇش مەركىزى ۋە ئەمگەك بازارلىرىنىڭ كاشىلا بولۇشى تۈگىتىلدى.

ھىممەت نىياز

## يېزا ئىگىلىكىدىكى ھۆددىگەرلىك توختامىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى، شىنجاڭدا يولغا قويۇلغان ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرغان يەر كۆلىمى 1 مىليون 830 مىڭ گېكتارغا، ئائىلە بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرغان دېھقان ئائىلىسى 1 مىليون 930 مىڭغا، نارقىتىلغان يېزا يەرلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىتىش ھوقۇقنامىسى 1 مىليون 800 مىڭغا يەتتى.

دېھقانلار ھۆددىگە ئالغان يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى ئۆبوروت قىلىنغان كۆلەم 66 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆددىگەرلىك ئۆزگەرتىلگەن يەر كۆلىمى 31 مىڭ گېكتار، ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن يەر كۆلىمى 6900 گېكتار، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغان يەر كۆلىمى 6400 گېكتار، ئىجارىگە بېرىلگەن يەر كۆلىمى 15 مىڭ 500 گېكتار، پاي قىلىپ قوشۇلغان يەر كۆلىمى 600 گېكتار، باشقا شەكىلدە ئۆبوروت قىلىنغان يەر كۆلىمى 6100 گېكتار. زاپاس يەر كۆلىمى 139 مىڭ گېكتار.

2002 - يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمزالانغان ھۆددىگەرلىك توختامى 1 مىليون 917 مىڭ بولۇپ، 2001-يىلدىكىدىن 9.3% ئازايدى، دېھقانلارنىڭ يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆبوروت قىلىش توختامى 40 مىڭ 800 گە يەتتى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يۈز بەرگەن يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى 4149 قېتىمغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 36.6% كۆپەيدى. كېسىم قىلىنغان توختام ماجىراسى 409 غا يەتتى.

2002 - يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختامىنى باشقۇرۇپ - كېسىم قىلىش ئاپپاراتى 972 گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 193 ى كۆپەيدى.

ئەركىن ھوسەن

## دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە دېھقان، چارۋىچىلار ئاپشۇرغان پىرسەنتتىن يىرتۇتاش قەملەنگەن خىراجەت 492 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 53.08 يۈەندىن توغرا كەلدى. يېزىلاردىكى مەجبۇرىيەت ئەمگىكى 36 مىليون 500 مىڭغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4 مىليون 140 مىڭ كۆپەيدى. ھەر بىر ئەمگەكچىگە 10.1 دىن توغرا كەلدى، جۇغلانما ئەمگەك 61 مىليون 820 مىڭغا يېتىپ، 2 مىليون 410 مىڭ كۆپەيدى. ھەر بىر ئەمگەكچىگە 17.1 دىن توغرا كەلدى. «ئىككى ئەمگەك» نى بىرلەشتۈرگەندە ھەر بىر ئەمگەكچىگە 27.2 دىن توغرا كېلىپ، 0.8 كۆپەيدى. «ئىككى ئەمگەك» نىڭ كۆپىيىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا چوڭ كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەچكە، يېزىلاردىكى مەجبۇرىيەت ئەمگىكى كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلار ئۈستىگە ئالغان ئىجتىمائىي سېلىق 26 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولدى، ئازايغىنى 86 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 2.8 يۈەن توغرا كەلدى.

8 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئىشخانىسى، ئىستېمال تۈزىتىش ئىشخانىسى بىرلىكتە ھۆججەت تارقىتىپ، كەنت دەرىجىلىكلەرنىڭ گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش خىراجىتىنى چەكلەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، چوڭ كەنتلەردە يىللىق مۇشتەرى بولۇش خىراجىتى 1000 يۈەن ئەتراپىدا بولۇشنى، ئوتتۇراھال كەنتلەردە 700 يۈەن ئىچىدە بولۇشنى، كىچىك كەنتلەردە 500 يۈەن ئىچىدە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ش ئۇ ئا ر دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى كەسپىتىكى ناتوغرا ئىستېلنى تۈزىتىش ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىللە، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى ئەستايىدىل تەكشۈردى ۋە مەخسۇس نازارەت قىلىپ تەكشۈردى. بىر يىلدا دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش تۈرىدىن 3 ى بىۋاسىتە نازارەت قىلىپ بېجىرىلدى، 2 سى باشقا ئورۇنلار ئارقىلىق بېجىرىلدى. 10 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ئىشخانىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا، ئاپتونوم رايون دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش بويىچە قانۇننىڭ ئىجراسىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، 11 ناھىيە، شەھەر، 22 يېزا، بازار، 37 كەنت، 5 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ نۇقتىلىق ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، 217 ئائىلىلىك دېھقان زىيارەت قىلىندى. ئالاقىدار تارماقلار يەنە ئۆز ئالدىغا ياكى بىرلىكتە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىغا ۋە ھەق ئېلىشقا، سۇنى ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىشقا، يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەق ئېلىشى قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى مەخسۇس تەكشۈردى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئېنىقلاش ۋە دېھقانلارغا چېتىلىدىغان ھەق ئېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىش ۋە مەخسۇس تىزگىنلەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون (يەرلىك، تۆۋەندىسۇ شۇنداق) بويىچە يېنىكلىتىلگەن دېھقانلار سېلىقى 145 مىليون يۈەن بولۇپ، ھەربىر دېھقانغا 15.8 يۈەندىن توغرا كەلگەن.

لىي جۈن

## يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى

1. يېزا ئىگىلىكىدە، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى تەربىيىلەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

2002 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى مەملىكەت بويىچە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيە - تەشۋىقاتىغا

بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى قانۇنچىلىق تەشۋىقات لوزۇنكىلىرىنى ئېسىپ، كادىرلارنىڭ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش دەرسلىكىگە مۇشتەرى بولۇپ، ئۇنى كادىرلارغا تارقىتىپ بەردى. دۆربىلجىن ناھىيىسىنى شىنجاڭ بويىچە 4 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە قىلغانلىقىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى. يېزا ئىگىلىكىدە، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە بىر قارار كۇرس ئېچىپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە قىسمەن كەسپىي ئاپانچىسىن 70 نى تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇرۇقچىلىق جەھەتتە بىر قارار قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش كۇرس ئېچىپ، 120 كىشىنى تەربىيىلىدى.

2. قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىكىدە، قانۇننى ئىجرا قىلىشنى ھاۋالە قىلىش ھەرىكىتى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئۇرۇقچىلىق جەھەتتە قانۇننى ئىجرا قىلىشنى ھاۋالە قىلىش، دېھقانچىلىق دورىلىرى جەھەتتە قانۇننى ئىجرا قىلىشنى ھاۋالە قىلىش قاتارلىقلار توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىلىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىشنى ھاۋالە قىلغاندا چوقۇم يېزىق ھاۋالىسى بولۇش، ھاۋالە قىلىنغۇچى ئورۇن كەسپىي، كارخانا ئورۇن دەپ ئايرىلىش، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش ۋە تىجارىتىنى پۈتۈنلەي ئايرىش ئېنىق بەلگىلەندى. بىر يىلدا دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرى بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان خادىمدىن 4509 (قېتىم) ى ئىشقا سېلىندى، 170 مىڭ 968 پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى بېسىپ تارقىتىلدى، 1001 كارخانا تەكشۈرۈلدى. 257 بازار تەرتىپكە سېلىندى، يالغان، ساختا، ناچار مەھسۇلات ياسايدىغان، ساتىدىغان نۇقتىدىن 11 ى بىتچىت قىلىندى، يالغان، ساختا، ناچار دېھقانچىلىق ماددىي ئەشياسى (ئۇرۇقلۇق، دېھقانچىلىق دورىلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت) دىن 782.4 توننا قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ قىممىتى 34 مىليون 35 مىڭ 700 يۈەن. پاش قىلىنغان دېلودىن 357 سى قوبۇل قىلىنىپ، 246 دېلو دېلو تۇرغۇزۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىندى، 206 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى. 7 مىليون 726 مىڭ 200 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

3. يېزا ئىگىلىكىدە، قانۇننى ئۇنىۋېرسال ئىجرا قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

دۆربىلجىن، توقسۇ ناھىيىلىرى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇننى ئۇنىۋېرسال ئىجرا قىلىشتىكى 2 - تۈركۈمدە نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئورۇن قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بېكىتكەن يېزا ئىگىلىكىدە، مەمۇرىي قانۇننى ئۇنىۋېرسال ئىجرا قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاست — سانجى ئوبلاستى بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىندى. دېھقانچىلىق نازارىتىدە، يېزا ئىگىلىكىدە، قانۇننى ئۇنىۋېرسال ئىجرا قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

ۋەن جىڭمىن

## كەنت دەرىجىلىك مالىيەدە ئاشكارا بولۇش يولغا قويۇلدى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كەنت دەرىجىلىك مالىيەدە ئاشكارا بولۇش ياخشى، ئەمەلىي تۇتۇلۇپ، مالىيەدە ئاشكارا بولۇش سۈپىتى داۋاملىق ئۆستۈرۈلۈپ، راست ئاشكارا بولۇشقا، دائىم ئاشكارا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى. مالىيەدە ئاشكارا بولۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خىزمىتى كۈچەيتىلدى. جايلار قەرەللىك ئاشكارا بولۇش بىلەن ۋاقىتلىق ئاشكارا بولۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاشكارا بولۇش قېتىم سانىنى كۆپەيتتى. ئاشكارا بولۇش مەزمۇنى ئەسلىدىكى 10 تۈردىن يېزا سىياسىتى، يەر ھۆددىگەرلىكى، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى، ئۆي ئورنىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، پىلانلىق تۇغۇت، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى، مالىيە چىقىمى قاتارلىقلارغىچە كېڭەيتىپ، كەنت ئىشلىرىدا، مالىيە ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇردى. قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لەر كەنت ھېساباتىنى يېزا باشقۇرۇش، بوغالتىرلار مەركەزلىشىپ ئىشلەش ۋە بوغالتىرلارنى بەلگىلەش تۈزۈمى قاتارلىق مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىللە، كەنت بوغالتىرلىقىدا ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش خىزمىتىنى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇپ، مالىيەدە ئاشكارا بولۇشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. كەنت دەرىجىلىك مالىيە باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكى، پۇلىنى خىيانەت قىلىدىغان، ئىگىلىۋالىدىغان قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلاندى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 9432 مەمۇرىي كەنت مالىيەدە ئاشكارا بولۇشنى، دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئاساسىي جەھەتتىن يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈزۈمنى قېلىپلاشتۇرغان ۋە بىر قەدەر قېلىپلاشتۇرغان كەنت 91.9% نى ئىگىلىدى.

ئىسرائىل ئاباس

## يېزا ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مەھەللە خاراكتېرلىك ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى 9473 كە يەتتى، بۇنىڭ

ئىچىدە يېزا ـ بازار دەرىجىلىك ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى 527، كەنت دەرىجىلىك ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى 8181، كەنتتىن تۆۋەن ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى 765. 2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىگە دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىق ئىقتىسادى تەشكىلاتىدىن 6 نى مەلۇم قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق يېزىسى پاختا كەسپىي كوپېراتىپى ۋە كورلا شەھىرى شائخۇ بازىرى ئەشپۈت تەرەققىيات مۇلازىمەت كەسپىي جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە كەسپىي ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشى تەستىقلاندى.

جاڭ شيا

## شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى

2002 ـ يىلى، داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق سانجى ئوبلاستى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش گۇرۇھى مىجۇەن چەكلىك شىركىتىنىڭ «مىجۇەن» ماركىلىق گۇرۇچى قاتارلىق 4 مەھسۇلات 2002 ـ يىللىق شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى. قەرەللى توشقان ھەمدە قايتا باھالاشقا مەلۇم قىلىنغان 1999ـ يىللىق، 2002 ـ يىللىق شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىكى داڭلىق ماركىلىق 4 مەھسۇلاتى قايتا باھالاش ئارقىلىق داۋاملىق 2002 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى قىلىپ بېكىتىلدى.

چيۇ جەنمىن

## قىزىل كەسىپ ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ساناقەت پەمىدۇرى، ئالقىتى ۋەكىللىكىدىكى قىزىل كەسىپ داۋاملىق تېز تەرەققىي قىلدى. ئالقات تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، 2001ـ يىلدىكىدىن 2200 گېكتار كۆپەيدى. ھوسۇلى 16 مىڭ 275 توننىغا يېتىپ، 3465 توننا ئاشتى. ساناقەت پەمىدۇرى تېرىلغۇ كۆلىمى 42 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، 82.9% ئاشتى، ھوسۇلى 2 مىليون 500 مىڭ توننىغا يېتىپ، 78.6% ئاشتى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن پەمىدۇر پاسىلىرى 486 مىڭ توننىغا يېتىپ، 51.88% ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە پەمىدۇر پاسىلىرىنىڭ 90% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، جۇڭگونىڭ پەمىدۇر ساناقىتى بويىچە تېرىلغۇ كۆلىمى، پىششىقلاپ ئىشلەش كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئېكسپورت قىلىنىش مىقدارى ئەڭ كۆپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ قالدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 2002 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ساناقەت پەمىدۇرى پاسىلىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى 335 مىڭ توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئېكسپورت قىلىنغان پەمىدۇرنىڭ 90% نى ئىگىلەپ، 160 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلغان.

ياڭ گۇەنيۇڭ

## يېشىل يېمەكلىكنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

مەلۇماتقا قارىغاندا 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان يېشىل يېمەكلىك مەھسۇلاتى 100 دىن كۆپرەككە يەتكەن، جەمئىيەت تەستىقلىغان بىخەتەر يېمەكلىك ۋە يېمەكلىك خام ئەشياسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 4 مىليون 77 مىڭ 800 توننىغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم، سۈت تۈرىدىكىسى 1 مىليون 86 مىڭ 500 توننا، مېۋە، كۆكتات تۈرىدىكىسى 1 مىليون 234 مىڭ توننا، ئاشلىق، ياغ تۈرىدىكىسى 728 مىڭ 500 توننا، ئىچىملىك تۈرىدىكىسى 245 مىڭ توننا، قەن ـ گىزەك تۈرىدىكىسى 209 مىڭ 700 توننا. يېشىل يېمەكلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان يېمەكلىك خام ئەشياسى ئىشلەپچىقىرىدىغان جايدىكى زىيانسىز يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىت كۆلىمىدىن 248 مىڭ 900 گېكتار يەر تەكشۈرۈپ ئۆلچەندى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 70 مىڭ گېكتار، چارۋىچىلىق ئوتلاق كۆلىمى 102 مىڭ 200 گېكتار، تەبىئىي سۇ رايونى كۆلىمى 76 مىڭ 700 گېكتار. 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە يېشىل يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان 50 كارخانىنىڭ 80 دىن ئارتۇق مەھسۇلاتى يېشىل يېمەكلىك بەلگىسىنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

ئايلىكىم

شىنجاڭ بويىچە 2002 ـ يىللىق داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى

| ئورۇن نامى | ماركا نامى | مەھسۇلات نامى |
|---|---|---|
| سانجى ئوبلاستى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش گۇرۇھى مىجۇەن چەكلىك شىركىتى | «مىجۇەن» ماركىلىق | گۇرۇچ |

| | | |
|---|---|---|
| شىنجاڭ غەربىي يۇرت يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكا گۇرۇھى يېزا ئىگىلىك سورتلۇق مايسا شىركىتى | «مېيبالا» ماركىلىق | قۇلماق |
| شىنجاڭ سەنتەي ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | «سەنتەي» ماركىلىق | سەنتەي ھاراق شاھى سەرخىل سەنتەي ساقلانغان ھارىقى، سەنتەي قىزىل ھارىقى |
| بورتالا شەھىرى يېڭېن كارخانا يەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى | «يېڭېن» ماركىلىق | يېڭى تۇخۇم |
| شىنجاڭ دېھقانچىلىق نازارىتى ھەسەل ھەرىسى نەسىل مەيدانى | «تيەنشۇ» ماركىلىق | بىر يۈرۈش ھەسەل مەھسۇلاتى |
| كورلا «لىجۇن» يەمدۈر ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى | «لىجۇن» ماركىلىق» | يەمدۈر قىيامى كونسېرۋاسى |
| شىنجاڭ «غەربىي يۇرت» يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكا گۇرۇھى تېرىقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | «غەربىي يۇرت» ماركىلىق | ئاۋزۇز، قوغۇن ئۇرۇقى |
| شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى | «ئارمان» ماركىلىق | نوقۇت، ئوزۇقلۇق، ياش، لوسىزور ۋە لوتئۇرا ياشلىق، ياشانغانلار ئوزۇقلۇق تالقىنى، سۈت، يەمدۈر، ھۆممەل چاي تالقانلىرى، ئانگورا مۇراببىاسى |

## 2002 - يىلى شىنجاڭدا يېشىل يېمەكلىك بەلگىسىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن مەھسۇلاتلار

| كارخانا نامى | مەھسۇلات نامى | ماركا نامى |
|---|---|---|
| شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۈنى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | قار ئۇچقۇنى ئۈنى | «تەڭرىتاغ» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۈنى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | بەنشىر ئۈنى | «تەڭرىتاغ» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۈنى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | لەغمەن مەخسۇس ئۈنى | «تەڭرىتاغ» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۈنى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | بۇغداي ئالاھىدە 2 - دەرىجىلىك | «تەڭرىتاغ» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «لۈجىن» قۇلماق ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى | قۇلماق دانچىسى | «شىنشىن» ماركىلىق |
| شىنجاڭ قۇلماق يېزا ئىگىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | قۇلماق | «شىنشىن» ماركىلىق |
| ئۈرۈمچى «شېننېي» بىئولوگىيە ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى | قويۇقلاشتۇرۇلغان سەۋزە شىرنىسى | «شېننېي» ماركىلىق |
| ئۈرۈمچى «شېننېي» بىئولوگىيە ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى | سەۋزە مۇراببىاسى | «شېننېي» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «بوستان» مېۋىچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى | دورىلىق شاتۇت شىرنىسى | «بوستان» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «بوستان» مېۋىچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى | كىشمىش ئۈزۈك شىرنىسى | «بوستان» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «بوستان» مېۋىچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى | نەشپۈت | «بوستان» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «بوستان» مېۋىچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى | قىزىل ئالما | «قىزىل بايراق شەجەرىسى» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «سىفاڭ» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى | ئاق شېكەر | «سىفاڭ» ماركىلىق |

| | | |
|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىلى «يەنبى» يېمەكلىك ـ ئىچىملىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ياۋا قارىئۆرۈك ئىچىملىكى | «يەنبى» ماركىلىق |
| شىخەنزە ئاق تېرەك ھاراق زاۋۇتى | ئاق تېرەك ساقلانغان ھارىقى | «ئاق تېرەك» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى شىخو شۆبە شىركىتى | پەمىدۇر قىيامى | «تۇنخې» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى خۇاشەن شۆبە شىركىتى | پەمىدۇر قىيامى | «تۇنخې» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى ماناس شۆبە شىركىتى | پەمىدۇر قىيامى | «تۇنخې» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى كەيزى شۆبە شىركىتى | پەمىدۇر قىيامى | «تۇنخې» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى بېشبالىق شۆبە شىركىتى | پەمىدۇر قىيامى | «تۇنخې» ماركىلىق |
| شىنجاڭ قىزىل مېۋە ئېكولوگىيىلىك ياسالما چەكلىك شىركىتى | زاراڭزا مېيى | «قىزىل مېۋە» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى ساۋەن شۆبە شىركىتى | پەمىدۇر قىيامى | «تۇنخې» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «تايۇەن» زاراڭزا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | زاراڭزا ئۇرۇقى | «يۇتايۇەن» ماركىلىق |
| شىنجاڭ يورى ھەسەل موگۇس كەسپىي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ھەسەل موگۇسى | «چىڭگې» ماركىلىق |
| شىنجاڭ يورى ھەسەل موگۇ كەسپىي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ھەسەل موگۇ كونسېرۋاسى | «چىڭگې» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «لېشاڭ» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى | ئاپتاپپەرەس | «جۇرېن» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «لېشاڭ» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى | قارا گازىر | «تەڭرىتاغ» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «لېشاڭ» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى | قۇرۇق ئۈزۈم | «تەڭرىتاغ» ماركىلىق |
| شىنجاڭ «ئالتۇن غەربىي يۇرت» پەن ـ تېخنىكا يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتى | ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئۇن | «ئالتۇن غەربىي يۇرت» ماركىلىق |
| شىنجاڭ يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا تەبىئىي ئۆسۈملۈك مېيى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | زاراڭزا سالات يېغى | «فاڭيۇەنلۇڭ» ماركىلىق |
| چاقىلىق ناھىيە كىروران چىلان كەسپىي تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | چىلان | «كىروران» ماركىلىق |

## زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى

1. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى. 2002 ـ يىلى، شىنجاڭدا تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئۈلگىلىك بازا ناھىيە — ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن تۇرپان شەھىرىدە بازا قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تۈرى «دۆلەت دەرىجىلىك زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى (ئۈرۈمچى ناھىيىسى، تۇرپان شەھىرى) نىڭ يېزا ئىگىلىك مۇھىتى سۈپىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۆلچەش، باھالاش توغرىسىدىكى دوكلات» نى يېزىش، ئۆسخا ئېلىش، كارانتىن قىلىش، ئۆلچەش، باھالاش، تۈزۈپ چىقىپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش خىزمىتى ئورۇندالدى. شىنجاڭ بويىچە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان 110 بازا بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالتاي، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت دەرىجىلىك بازا 3، ناھىيە دەرىجىلىك بازا 18. ئاپتونوم رايون بويىچە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بازىنىڭ كۆلىمى 300 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەككە يەتتى.

2. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ئىسپاتلاش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى. شىنجاڭدا نۆۋەتلىك تېرىلىدىغان 12 خىل كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز، كاۋا ـ قاپاقتىن ئىبارەت زىيانسىز مەھسۇلاتلارنى

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىكا قائىدىسى پاكىز تۈزۈپ چىقىلىپ، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بازىلاردا ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇلدى. 2002 - يىلى كارانتىن قىلىپ ئۆلچەپ ئىسپاتلانغان شىنجاڭدىكى زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى 118 گە، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 200 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەككە يەتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتات تەتقىقات ئورنى، ئاقسۇ شەھىرى، تۇرپان شەھىرى قاتارلىق جايلاردا يەنە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەخسۇس ساتىدىغان بازار، مەخسۇس ساتىدىغان رايون ۋە مەخسۇس پۈكەي قۇرۇلدى. ئىسپاتلاش ئارقىلىق شىنجاڭدا زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى بەلگىسى بار مەھسۇلاتلار بازارغا كىرىپ، دەسلەپكى قەدەمدە «ئەلا سۈپەتكە يۇقىرى باھا قويۇش» پرىنسىپى گەۋدىلىنىپ، باھاسى ئادەتتىكى مەھسۇلات باھاسىدىن 20% — 30% يۇقىرى بولدى.

3. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈلگە بازا ناھىيە قۇرۇلۇشى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى. 2002 - يىل 9 - ئايدا، تۇرپان شەھىرى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئۈلگە ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

4. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى تېز ئۆلچەش تېخنىكىسى. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بازىلىرىدا، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى توپ سېتىش بازارلىرىدا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازارلىرىدا، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ قالدۇقى ۋە زەھەرلىك، زىيانلىق ماددىلارنىڭ قالدۇقىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش قانات يايدۇرۇلۇپ، تېز ئۆلچەش ئەسۋابلىرى تەجرىبىخانىسى قۇرۇلۇپ، تېز ئۆلچەش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قۇمۇل شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى نۇقتىلىق توپ ساتىدىغان بازارلاردا، بىردىن ئۈچكىچە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى بازارلىرىنى تېز ئۆلچەش پونكىتى قۇرۇلۇپ، كۆكتات، قوغۇن- تاۋۇز، كاۋا - قاپاق، مېۋە - چېۋىلەردىكى دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى تېز ئۆلچەيدىغان ئىلغار ئۈسكۈنە، ئەسۋاب سەپلەندى. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان بازارلار قەرەلسىز ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى.

5. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازا قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرلىرى. 2002- يىلدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر، بايىنغولىن، سانجى، ئىلى، خوتەن، قۇمۇل، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست تۇرۇشلۇق شەھەرلەر ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە 10 - بەش يىللىق پىلاندىكى نۇقتىلىق زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بازا قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرلىرىنى يولغا قويدى. يىل ئاخىرىغىچە، 15 زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بازا قۇرۇلۇشى تاماملاندى، كۆلىمى 33 مىڭ گېكتارغا يەتتى. «پىدىگەن تۈرىدىكى كۆكتات»، «يوپۇرماقلىق كۆكتات» نى زىيانسىز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا قائىدىسى بويىچە پەن - تېخنىكا تەربىيىۋى فىلىمىنى ئىشلەش ۋە 12 زىيانسىز كۆكتات، قوغۇن، تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كاۋا - قاپاق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا قائىدە - ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىش دەسلەپكى قەدەمدە تاماملاندى.

6. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىجارىتىنى تەشكىللەش. «شىركەتلەرگە دېھقان ئائىلىلىرىنى قوشۇش، شىركەتلەرگە بازىلارنى قوشۇش» قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپلەشتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرىدىغان باشلامچى كارخانىلارنىڭ زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى بازار ئېھتىياجىغا قاراپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە يېتەكلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆلەملەشتۈرۈش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش سەۋىيىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەت بىخەتەرلىكىنىڭ سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. 2002 - يىلى، شىنجاڭ «خۇالىيەن» مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى خۇاشىن يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات شىركىتى ۋە شىنجاڭ «غەربىي يۇرت» گۇرۇھى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا شىركىتى قاتارلىق يېزا ئىگىلىككە چېتىلىدىغان باشلامچى كارخانىلارنىڭ زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىجارىتىدە، «ئىشلەپچىقىرىدىغان يەرنى بېكىتىش — ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش — بىرتۇتاش سېتىۋېلىش — قاپلاش، ئوراشنى ئىسپاتلاش - ساقلاش، توشۇش، سېتىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت تىجارەت ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە يولغا قويۇلۇپ، ئالدىن كۆزلەنگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

7. زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى (بازا) نى كۆلەملەشتۈرۈپ بېكىتىپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش.

«ئاپتونوم رايوننىڭ زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلارنى ئىسپاتلاش ۋاقىتلىق چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. دېھقانچىلىق نازارىتى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، مالىيە نازارىتى، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، بىڭتۇەن دېھقانچىلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ ش ئۇ ئا ر زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى باھالايدىغان مۇتەخەسسىسلەر باھالاش كومىتېتى قۇردى، زىيانسىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى (بازىلىرى) نۇسخا ئېلىش، كاراتتىن قىلىپ تەكشۈرۈش، باھالاش، ئاخىرقى تەكشۈرۈش، بېكىتىش، بەلگە باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ تۈزلۈك قائىدە تۈزۈملىرىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

ۋاڭ ۋېيگاڭ، ياقۇپجان تۇرسۇن

## شىنجاڭ بويىچە ئۇرۇق سۈپىتى ئىشەنچلىك كارخانا

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ ئۇرۇق باشقۇرۇش باش پونكىتى، بىڭتۇەن ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ بويىچە ئۇرۇق سۈپىتى ئىشەنچلىك كارخانىدىن 10 نى باھالاپ چىقتى. بۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: شىنجاڭ ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى، شىنجاڭ «كاڭدى» يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «كېنتاۋ»

قىسقا ماتېرىيال

## يېشىل يېمەكلىك

### يېشىل يېمەكلىك ئۇقۇمى

يېشىل يېمەكلىك دېگىنىمىز «يېشىل رەڭلىك» يېمەكلىكنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ «بۇلغانمىغان» يېمەكلىكنىڭ بىر خىل ئوبرازىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇھىت ئاسراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرگە ئادەتتە «يېشىل» دېگەن تاج كىيگۈزۈلىدۇ، بۇ خىل يېمەكلىك چىقىدىغان ياخشى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇنىڭغا يېشىل يېمەكلىك دەپ نام بېرىلگەن.

يېشىل يېمەكلىك سىجىل تەرەققىيات پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىپ، ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ. مەخسۇس ئاپپاراتنىڭ بېكىتىشى ئارقىلىق، يېشىل يېمەكلىك دېگەن بەلگە بار ماركىلىق، بۇلغانمىغان، بىخەتەر، سۈپەتلىك، ئوزۇقلۇق تۈرىدىكى يېمەكلىكنى ئىستېمال قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

### يېشىل يېمەكلىك بەلگىسىنىڭ مەنىسى

يېشىل يېمەكلىكنى ئادەتتىكى يېمەكلىكتىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بەلگە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. يېشىل يېمەكلىك بەلگىسى جۇڭگو يېشىل يېمەكلىك تەرەققىيات مەركىزى دۆلەت سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدە رەسمىي رويخەتكە ئالدۇرغان، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىدىغان تاۋار ماركىسى بولۇپ، ئۇنى مەخسۇس ئىشلىتىش ھوقۇقىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاۋار ماركىسى قانۇنى» قوغدايدۇ. يېشىل يېمەكلىك بەلگىسى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بەلگىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە قۇياش، ئاستى تەرىپىگە يوپۇرماق ۋە غۇنچە چۈشۈرۈلگەن، بەلگە شەكلى يۇمىلاق بولۇپ، ئاسراش، بىخەتەر دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. پۈتۈن شەكىلدە قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغان، ئىناقلىق، جۇشقۇنلۇق سۈرەتلەنگەن، ئۇ كىشىلەرگە يېشىل يېمەكلىكنىڭ پاكىز، ياخشى مۇھىتتا ئىشلەنگەن، بىخەتەر، بۇلغانمىغان يېمەكلىك ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرگە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ، يېشىل يېمەكلىك بەلگىسىنى ئىشلىتىش مۇددىتى 3 يىل.

### يېشىل يېمەكلىكنى دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمى

خەلقئارا ئورگانىك يېزا ئىگىلىكى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1996 - يىلدىن باشلاپ، يېشىل يېمەكلىكنى دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمى بەلگىلەندى، يەنى A دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك ۋە AA دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك دەپ ئايرىلدى. بۇنىڭ ئاساسى شۇكى، AA دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىكنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، ھەرقانداق خىمىيىۋى بىرىكمە تەركىبلىك مەھسۇلاتنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ. دېمەك، AA دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك خەلقئارادىكى ئورگانىك يېمەكلىككە تەڭ كېلىدۇ. لېكىن A دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىكنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، ناھايىتى ئاز خىمىيىۋى بىرىكمە تەركىبلىك مەھسۇلاتنى چەكلىك مىقداردا ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئابلىكىم

يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ يۈگۈر ناھىيىلىك ئۇرۇق باشقۇرۇش پونكىتى، شىنجاڭ كورلا شەھەرلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنسەي» يەن - تېخنىكا ياي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ياي ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى، شىنجاڭ يېڭى سورتلۇق ئۇرۇق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «شىجى» تېرىقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ غەربىي يۇرت گۈرۈجى تېرىقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى.

يەن گۇڭدىڭ

## زىرائەت، ئۆسۈملۈكنى كارانتىن قىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە قانۇنغا خىلاپ ئۇرۇق يۆتكەش ۋەقەسىدىن 174 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 85 دېلو بېجىرىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىلغان يەرنى كارانتىن قىلىش كۆلىمى 60 مىڭ گېكتارغا يەتتى، يۆتكەپ كېلىنگەن 7200 توننىدىن ئارتۇق ئۇرۇق 6000 تۈركۈم (قېتىم) دىن ئارتۇق كارانتىن قىلىندى، چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن ئۇرۇق 56 تۈركۈم (قېتىم) كارانتىن قىلىنىپ تەكشۈرۈلدى، جەمئىي 1315 كىلوگرام 700 تال. 24 تۈركۈم (قېتىم) دا 84. 5256 توننا ئۇرۇق تەكشۈرۈلدى، 24 پاختا يېڭى سورتىدىكى (سىستېمىسى) سارغىيىش كېسەللىكى ۋە سولىشىپ قۇرۇش كېسەللىكىنى باھالاش خىزمىتى تاماملاندى.

شىنجاڭدىكى زىيانلىق بىئولوگىيىلىك كېسەللىك ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تەكشۈرۈش داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى، جايلار يېزىنى بىرلىك قىلىپ، ئۇنۇملۈك تەكشۈرۈش جەدۋىلىدىن 1327 پارچىنى، دەسلەپكى تەكشۈرۈش جەدۋىلىدىن 2000 پارچىدىن كۆپرەكنى، ئۈنۈمسىز تەكشۈرۈش جەدۋىلىدىن 100 پارچىدىن كۆپرەكنى ئومۇملاشتۇرۇپ تولدۇردى، ئەۋرىشكىدىن 400 يۈرۈشتىن كۆپرەكنى ئىشلىدى، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش 13 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 49 ناھىيە، شەھەردىكى 245 يېزا - بازارنى ۋە بىڭتۇەندىكى 18 تۇەن - مەيداننى قاپلىدى، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ قاپلىنىشى 422 مىڭ گېكتار (قېتىم) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلگەن كۆلەم 61 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم)، كېسەللىك يۇقۇملانغان كۆلەم 45 مىڭ 600 گېكتار (قېتىم)، قاپلانغان ئامباردىكى ئاشلىق 707 مىڭ 500 توننا (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلگەن ئاشلىق 169 مىڭ توننا (قېتىم)، كېسەللىك يۇقۇملانغىنى 100 مىڭ 600 توننا (قېتىم)، 67 تۈرلۈك ئۆسۈملۈك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، 198 خىل زىيانلىق جانلىق مەۋجۇداتنىڭ تارقىلىشى تەكشۈرۈلدى، مەملىكەت بويىچە كارانتىن قىلىنىدىغان 32 خىل ئوبيېكت ئىچىدە، شىنجاڭدا تارقالغىنى 10 خىلغا يەتتى. شىنجاڭدا تولۇقلاپ كارانتىن قىلىنىدىغان 23 خىل ئوبيېكت ئىچىدە شىنجاڭدا تارقالغىنى 8 خىل، شىنجاڭدىكى زىيانلىق جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلدى.

ما دېچاڭ، راڭ جىڭجۇن

## زىرائەتلەردە كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش ئەھۋالى

2002 - يىلى، شىنجاڭدىكى زىرائەتلەردە ئاساسەن كېسەللىك، ھاشارات، چاشقان ئاپىتى ئوتتۇراھال يۈز بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە كېسەللىك، ھاشارات، چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن يەر كۆلىمى 3 مىليون 46 مىڭ گېكتار (قېتىم) غا يەتتى (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، بۇنىڭ ئىچىدە، كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 428 مىڭ گېكتار (قېتىم)، كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن كېۋەز كۆلىمى 521 مىڭ گېكتار (قېتىم)، كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن باغۋەنچىلىك زىرائىتى كۆلىمى 79 مىڭ گېكتار (قېتىم)، چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن يەر كۆلىمى 255 مىڭ گېكتار (قېتىم)، كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن ياغلىق زىرائەت كۆلىمى 87 مىڭ گېكتار (قېتىم)، كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن قىزىلچا كۆلىمى 27 مىڭ گېكتار (قېتىم)، كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن باشقا زىرائەت كۆلىمى 379 مىڭ 800 گېكتار (قېتىم)، كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن تېرىلغان يەم - خەشەك كۆلىمى 35 مىڭ گېكتار (قېتىم)، ياۋا ئوت-چۆپ ئاپىتى يۈز بەرگەن يەر كۆلىمى 1 مىليون 68 مىڭ گېكتار (قېتىم)، چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن ئېتىز كۆلىمى 21 مىڭ گېكتار (قېتىم)، كېۋەز قۇرتى ئاپىتى يۈز بەرگەن كېۋەزلىك 193 مىڭ گېكتار، كېۋەز پىتى ئاپىتى يۈز بەرگەن كېۋەزلىك 141 مىڭ گېكتار. كېۋەز يوپۇرماق سالجىسى، كېۋەزلىكتىكى خوخا تىكەن ئاپىتى يۈز بەرگەن كېۋەزلىك 103 مىڭ گېكتار، كېۋەز قۇرۇپ كېتىش، سولۇشۇش كېسىلى يۈز بەرگەن كېۋەزلىك 29 مىڭ 600 گېكتار. بۇغدايدىكى ھال كېسەللىكى ئىلى، بورتالا قاتارلىق جايلاردا كەڭ كۆلەمدە يۈز بەردى، ئاپەت يۈز بەرگەن كۆلەم 38 مىڭ گېكتار (قېتىم) غا يەتتى. مېۋىلىك دەرەخ، باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرىدە كېسەللىك،

ھاشارات ئاپىتى ئەۋجىگە چىقىپ، 187 مىڭ گېكتار يەردە ئاپەت يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك دەرەخ يوپۇرماق سالجىسى، قاسراقلىق قۇرت، ئۈزۈم يوپۇرمىقى چىپار تومۇزغىسى، ئامۇت پىتى قاتارلىق زىياندىش ھاشاراتلار ئاپىتى ئېغىرراق بولدى.

2002 - يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە 85 ئۆلچەپ مەلۇم قىلىش پونكىتى (نۇقتا) 1030 قېتىم ئاخبارات ئېلان قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىشتا ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە زىرائەتلەردىكى كېسەللىك، ھاشارات، ياۋا ئوت - چۆپ ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنغان، يوقىتىلغان يەر كۆلىمى تەخمىنەن 2 مىليون 793 مىڭ گېكتار (قېتىم) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق زىرائەتتى كۆلىمى 346 مىڭ گېكتار (قېتىم)، كېۋەز كۆلىمى 541 مىڭ گېكتار (قېتىم)، ياغلىق دان كۆلىمى 79 مىڭ 900 گېكتار (قېتىم)، قىزىلچا كۆلىمى 15 مىڭ گېكتار (قېتىم)، باغۋەنچىلىك زىرائەتتى كۆلىمى 127 مىڭ گېكتار (قېتىم)، مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى 114 مىڭ گېكتار (قېتىم)، ئوت - چۆپ كۆلىمى 29 مىڭ گېكتار (قېتىم)، چېكەتكە ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنغان، يوقىتىلغان ئېتىز كۆلىمى 187 مىڭ گېكتار (قېتىم) غا؛ چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنغان، يوقىتىلغان ئېتىز كۆلىمى 6000 گېكتار (قېتىم) غا، ياۋا ئوت - چۆپ يوقىتىلغان ئېتىز كۆلىمى 2 مىليون 779 مىڭ گېكتار (قېتىم) غا يەتتى. ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش ئارقىلىق، 233 مىڭ 619.5 توننا ئاشلىق، 45 مىڭ 114.4 توننا پاختا، 17 مىڭ 305.4 توننا ياغلىق دان، 591 مىڭ 511.2 توننا باشقا زىرائەت زىيانغا ئۇچراشتىن ساقلاپ قېلىندى.

مەختۇمگۈل

## دېھقانچىلىق دورىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە بازار باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە مىقدارى 5000 توننىدىن، خىلى 300 دىن ئاشىدىغان دېھقانچىلىق دورىسى تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنغان تۈرلۈك دېھقانچىلىق دورىسىغا ئائىت دېلو 120 نەچچىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ، مۇھىم دېلو 5. 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 10.7 توننا دېھقانچىلىق دورىسى مۇسادىرە قىلىندى. ساختا، ناچار دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان قارا ئۇۋىدىن بىرسى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 30 توننا خام ئەشيا - ماتېرىيال مۇسادىرە قىلىندى، قانۇنسىز تىجارەت قىلغان 48 ماگىزىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 82 مىڭ 700 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

بىر يىلدا دېھقانچىلىق دورىسى تىجارىتى ئىجازەتنامىسىدىن 32 سى تارقىتىلدى. دېھقانچىلىق دورىسى ئېلانىدىن 48 ى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى تىزىملاپ سىناق قىلىشتا 3 تۈردە دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈلدى. «دېھقانچىلىق دورىلىرىنى كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسىدىن 8 ى بېجىرىلدى. مىنىستىرلىك ئورۇنلاشتۇرغان تۈرلۈك دېھقانچىلىق دورىلىرىنى تىزىملاپ دورا ئۈنۈمىنى سىناق قىلىش تۈرىدىن 43 ى ئورۇندالدى. 2002 - يىلى دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ قالدۇقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلاندى، شىنجاڭ دورا تەكشۈرۈش ئورنى كۆكتات ئەۋرىشكىسىدىن 976 نى تەكشۈرۈپ ئۆلچىدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نۇقتىسى كۆكتات ئەۋرىشكىسىدىن 155 نى تەكشۈرۈپ ئۆلچىدى، ئۆلچەمدىن ئاشقىنى 4 كە يېتىپ، ئۆلچەمدىن ئېشىش نىسبىتى 2.58% بولدى. تۇرپان ۋىلايەتلىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نۇقتىسى 99 ئەۋرىشكىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچىدى، بۇنىڭ ئىچىدە پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتات ئەۋرىشكىسى 67، ئېتىزدا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتات ئەۋرىشكىسى 32، پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتات ئەۋرىشكىسىدىن 18 ى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى 26.87% بولدى. ئېتىزدا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتات ئەۋرىشكىسىدىن بىرى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى 3.13% بولدى. سىجۇەن شەھىرى 282 ئەۋرىشكىنى تەكشۈردى، بىرى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى 0.35% بولدى. ئومۇمىي تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق دورىلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىشتە خېلى چوڭ مەسىلە ھېلىمۇ ساقلانماقتا. بولۇپمۇ پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتاتلاردىكى دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ قالدۇقى مەسىلىسى گەۋدىلىك بولدى. بۇ ئاساسلىقى، كۆكتاتچى دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق دورىلىرىنى بىخەتەر، مۇۋاپىق ئىشلىتىش بىلىملىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى كەلسە - كەلمەس، قالايمىقان ئىشلىتىشىدىن بولغان.

سۈي جەنجۇڭ

## دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى

1. كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ كېۋەزنى قويۇق تېرىپ ھەر مو يەردىن (0.07 گېكتار) 150 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى.

2002 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە كېۋەزنى قويۇق تېرىپ ھەر مو يەردىن (0.07 گېكتار) 150 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىش ئۈنۈملۈك تېخنىكىنى كېڭەيتىش سالمىقى

ئاشۇرۇلدى. كېڭەيتىش كۆلىمى زورايتىلدى. كېۋەزنى قويۇق تېرىپ ئۆستۈرۈش قوللانمىسىدىن 200 مىڭ پارچە تارقىتىلدى، كېۋەز تېرىيدىغان 54 ناھىيە، شەھەر ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 140 كەسپىي تايانچ خادىم تەربىيىلەندى. ساۋەن ناھىيىسىدىن ئىبارەت پاختىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشتىكى ئۈلگە نۇقتا ياخشى تۇتۇلدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز قويۇق تېرىلغان يەر كۆلىمى 349 مىڭ 900 گېكتارغا يېتىپ، يەرلىكنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 68.9% نى ئىگىلىدى. ھەر مو (0.07 گېكتار) يەردىن 150 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بويىچە 67 مىڭ 900 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى؛ ھەرمو يەردىن (0.07 گېكتار) 120 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىنغان يەر كۆلىمى 206 مىڭ 100 گېكتارغا يەتتى. جايلارنىڭ ھوسۇلنى ئۆلچىشى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى كېۋەزنى قويۇق تېرىپ ئۆستۈرۈش بويىچە مۇتەخەسسىسلەر ئارىلاپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆلچەپ بېكىتىشىگە قارىغاندا، ھەرمو كېۋەزدىن (0.07 گېكتار) 200 كىلوگرامدىن يۇقىرى ساپ پاختا ئېلىنغان كۆلەم 3.834 گېكتارغا يەتكەن. لوپنۇر ناھىيىسى، كورلا شەھىرى، بۈگۈر، چەرچەن، چاقىلىق، شايار، ئونسۇ، مارالبېشى، مەكىت، پوسكام ناھىيىلىرى، قۇمۇل شەھىرى، ماناس ناھىيىسى، شىخو، بورتالا شەھەرلىرى قاتارلىق 14 ناھىيە، شەھەردە ھەر مو يەردىن (0.07 گېكتار) 200 كىلوگرامدىن يۇقىرى ساپ پاختا ئېلىنغان يەر بارلىققا كەلگەن. بۈگۈر، شايار، مارالبېشى ناھىيىلىرى، كورلا شەھىرى قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەردە 100 مو يەرنىڭ ھەر موسىدىن (6.67 گېكتار) 200 كىلوگرامدىن يۇقىرى ساپ پاختا ئېلىنغان سالا ئېتىز بارلىققا كەلگەن.

2. باغۋەنچىلىك تېخنىكا خىزمىتى كۈچلۈك قانات يايدۇرۇلدى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ تېخنىكا كېڭەيتىش مۇھىم نۇقتىسى ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، شېكەردىن قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، باغۋەنچىلىككە يۆتكىلىشكە باشلىدى. شىنجاڭنىڭ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە باغۋەنچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تەبىئىي شارائىت ئەۋزەللىكىگە ۋە سورت بايلىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە-چېۋە باغۋەنچىلىك يېڭى باسقۇچتا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم كەسىپ قىلىندى. يەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىشى ئويۇشتۇرۇلۇپ، يەر شارى بويىچە قىزىل ئۈزۈمنى سۈپەتلىك ئۇنىۋېرسال ئۆستۈرۈش، تورپان ئۈزۈمىنىڭ ساپاقتىن ئاجراپ كېتىش مەسىلىسى، قۇمۇل قوغۇنىنى ئۇنىۋېرسال ئۆستۈرۈش، كورلا نەشپۈتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىنى يېڭى پېتى ساقلاش، توشۇش ۋە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش مەسىلىسى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى.

3. ئۇنىۋېرسال ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە خېلى چوڭ بۆسۈش ھاسىل قىلىندى.

2002 - يىلى، ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق بۇغداي ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردا كېڭەيتىلگەن سۈپەتلىك بۇغداي كۆلىمى 226 مىڭ 700 گېكتارغا، مەخسۇس ئىستېمال قىلىنىدىغان بۇغداي كۆلىمى 13 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى. قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بىر يىلدا مو بېشىدىن 3 قېتىم ھوسۇل ئېلىش (0.07 گېكتار) تېخنىكىسى 66 مىڭ 700 گېكتار يەردە كېڭەيتىلدى؛ شالدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسى 20 مىڭ گېكتار يەردە كېڭەيتىلدى. سانجى، ماناس، قۇتۇبى، شىخو، ساۋەن قاتارلىق 5 ناھىيە (شەھەر) قوش تۆۋەن مايلىق قىچىنى تېرىپ سىناق قىلىشتا ئۈلگە كۆرسەتتى. سىناق قىلىش ئارقىلىق بۇ سورتنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، يىرىك ئاقسىل تەركىبى يۇقىرى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئېگىز ئورۇنغا تېرىشقا باپ كېلىدىغانلىقى، مەلۇم كېڭەيتىش قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

نۇر ئۆزگەرتىدىغان سۇلياۋ يوپۇق سىناق قىلىنىپ ئۈلگە كۆرسىتىلدى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا 5 نۇقتا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، نۇر ئۆزگەرتىدىغان سۇلياۋ يوپۇقنىڭ كېۋەز، كۆممىقوناق، قوغۇن زىرائەتلىرىنىڭ ھوسۇلىنى ئاشۇرۇشتىكى فۇنكسىيىسى ۋە رولى ئىگىلەندى. پەمىدۇرنىڭ يېڭى سورتى كىرگۈزۈلۈپ سېلىشتۇرۇپ سىناق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پەمىدۇر ئۆستۈرۈش ئەندىزىسى سىناق قىلىندى. پەمىدۇر ئاساسلىق سورتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە 5 — 87 نىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى تۆۋەن بولۇش، چېچىق قاچىلاش، توشۇش، ساقلاشقا بولمايدىغانلىقتەك ھالىتى كۆزدە تۇتۇلۇپ، قىزىل شالغۇت 18 ،، 33 ،، 32 - نومۇرلۇق 3 خىل يېڭى سورت كىرگۈزۈلۈپ، 5 — 87 بىلەن سېلىشتۇرۇپ سىناق قىلىندى. 3 نۇقتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سىناق قىلىش نۇقتىسى سانجى شەھىرى، ماناس ناھىيىسى ۋە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى 25 - تۇەن - مەيداندا تەسىس قىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن پەمىدۇر پىششىقلاپ ئىشلەشنى كېڭەيتىش ئەلا سورت زاپىسى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى. سانجى شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان نۇقتىدا ئابدىسىملىكتىن كىچىك كۆلەمدە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تەتقىق قىلىندى. يۇقىرى ھوسۇللۇق شالغۇت ئۇرۇقىنى تاللاش، قوش ئارىلىقنى ئۆزگەرتىش، ئوخشاش بولمىغان زىچلىقنى قوللىنىش

ئارقىلىق ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۈستىدە ئىزدىنىلدى، مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلى 378.2 كىلوگرامغا يەتتى.

گې جۈن

## يېزا ئىگىلىكىدىن «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى»

2002 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» تۈرىدىن 2 نى ئۈستىگە ئالدى. پىلاندىكى كۆلەم 20 مىڭ گېكتار، 2001 - يىلى داۋاملاشقان تۈرلەر «سۇيەتلىك كېۋەز سورتى كېڭەيتىلىدىغان كۆلەم» 10 مىڭ گېكتار. «شىنجاڭ كورلا نەشپۈتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىدىغان كۆلەم» 10 مىڭ گېكتار.

بىر يىل بولغا قويۇش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» تۈرىنىڭ 2 سى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئومۇمىي كۆلەم 44 مىڭ 600 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە «سۇيەتلىك كېۋەز يېڭى سورتىنى كېڭەيتىش» تۈرى بويىچە 34 مىڭ 500 گېكتار يەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 1974 كىلوگرام/گېكتارغا يەتتى. «شىنجاڭ كورلا نەشپۈتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېخنىكىسى» تۈرى بويىچە 10 مىڭ 100 گېكتار يەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 23.22 توننا/گېكتارغا يەتتى. 2002 - يىلى جايلار 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەملەپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىكىدىن «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» تۈرىنى يولغا قويۇشقا ئىشلىتىپ، 32 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 10 مىڭ توننا سۇلياۋ يوپۇق، 6000 توننا دېھقانچىلىق دورىسى سەرپ قىلدى. 20 نەپەر ئالىي دەرىجىلىك، 59 نەپەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك، 272 نەپەر باشلانغۇچ دەرىجىلىك تېخنىكا خادىمى ۋە دېھقان تېخنىك تۈرنى يولغا قويۇش خىزمىتىگە قاتناشتى، 356 مەيدان (قېتىم) نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا قاتناشقانلار 115 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 6100 قارار تۈرلۈك شەكىلدىكى كۇرس ئېچىلىپ، 725 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، 718 مىڭ پارچە پەن - تېخنىكا ماتېرىيالى تارقىتىلدى.

چيۇ جيەنمىن

## يېزىلارنىڭ ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزىلاردىكى كىچىك تىپتىكى جامائەت پاراۋانلىق مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىدا يېزىلارنىڭ ئېنېرگىيە تۈرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك كېڭەيتىش سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، تىپىك ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قۇرۇلدى، ئىككىلەمچى ئېنېرگىيە تېخنىكىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەربىيىلەش پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يېزا ئېنېرگىيە مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇش، يېزا ئېنېرگىيە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش ئاكتىپلىقى تولۇق قوزغىتىلدى، يېزا ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى يېڭى يول بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئېنېرگىيىسىنى كېڭەيتىشتىكى ئۈلگە ئائىلە 16 مىڭ 240 قا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە، پاتقاق گازى كۆلچىكى ياساپ پايدىلانغان ئائىلە 1890، كىچىك تىپتىكى شامال كۈچى ئارقىلىق توك تارقىتىش سىستېمىسى ئورناتقان ئائىلە 800، قۇياش ئېنېرگىيىسى كېڭەيتىلگەن ئائىلە 1550، قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق سۇ ئىسسىتىش ئۈسكۈنىسى كېڭەيتىلگەن ئائىلە 12 مىڭ). ھەر بىر ئائىلىنىڭ كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 يۈەن كۆپەيدى. 7 يېزىنىڭ كىچىك تىپتىكى جامائەت پاراۋانلىق مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىدىكى يېزا ئېنېرگىيە تۈرىنى ئۈستىگە ئالغان ناھىيىنىڭ 21 ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە كەنت قۇرۇلۇشى تاماملاندى. جىمسار ناھىيىسى دايۇ يېزىسى چاڭسەنزى كەنتىدە دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ يېزا ئېنېرگىيە پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قۇرۇلدى.

بىر يىلدا تېخنىكا كادىرلىرى ۋە دېھقانلاردىن 1000 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. شىنجاڭ بويىچە يېزا ئېنېرگىيە ئىشخانا مۇدىرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى مەركەزلىك تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە، 45 كىشى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى تارقاتقان پاتقاق گاز ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك گۇۋاھنامىگە، 28 كىشى باشلانغۇچ دەرىجىلىك گۇۋاھنامىگە ئېرىشتى. «ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 - يىلدىن 2007 - يىلغىچە بولغان يېزا ئېنېرگىيە تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى» ۋە «شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئائىلىلەرنىڭ پاتقاق گازدىن پايدىلىنىشىنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يېزا ئېنېرگىيە ئاپپاراتى قۇرۇلدى، 35 ناھىيىدە يېزا ئېنېرگىيە ئىشخانىسى يېڭىدىن قۇرۇلدى، 50 ناھىيىدە مەخسۇس كادىر سەپلەندى.

ليۇ جۈن

## يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق - باغۋەنچىلىك مەيدانى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ سىلىي

ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 894 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.38 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 569 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3.73 (2001 - يىلى 549 مىليون 480 مىڭ يۈەن ئىدى)، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 173 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.26، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 151 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.49 ئاشتى. 1-، 2-، 3 - كەسىپلەرنىڭ نىسبىتى 63.7:19.4:169 بولدى. پايدا 27 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئوتتۇرىچە سىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4485 يۈەنگە يەتتى، ساپ كىرىم 2810 يۈەنگە يېتىپ، 237 يۈەن كۆپەيدى. 2002 - يىلى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 314 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %16.6 ئاشتى. بىر يىلدا زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 65 مىڭ 140 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 24 مىڭ 450 گېكتار، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 25 مىڭ 971 گېكتار، شېكەر ماتېرىيالى تېرىلغۇ كۆلىمى 2569 گېكتار، ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 3889 گېكتار، قوغۇن - تاۋۇز، كاۋا - قاپاق، كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 2999 گېكتار، باشقا زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 4562 گېكتار. 172 مىڭ 252 توننا ئاشلىق، 42 مىڭ 21 توننا پاختا، 6822 توننا ياغلىق دان، 102 مىڭ 118 توننا قىزىلچا، 107 مىڭ 659 توننا قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا - قاپاق، كۆكتات، 1298 توننا كەندىر تۈرىدىكى مەھسۇلات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چوڭ چارۋا 70 مىڭ 200 گە، چوشقا 41 مىڭ 100 گە، قوي 506 مىڭ 500 گە، ئۆي قۇشلىرى 2 مىليون 8100 گە يەتتى، 10 مىڭ 997 توننا گۆش، 13 مىڭ 833 توننا سۈت، 976 توننا قوي يۇڭى، 13 مىڭ 177 توننا تۇخۇم، 1102 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 14 مىڭ 547 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىنىپ، 2001- يىلدىكىدىن %25 ئاشتى، ئومۇمىي مەھسۇلات 96 مىڭ 60 توننىغا يېتىپ، %24.8 ئاشتى، ئورمان كۆلىمى 39 مىڭ 817 گېكتارغا يەتتى، بىر يىلدا 3092 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 5 مىليون 450 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 220 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى.

2002 - يىلى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 371 مىليون 70 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %0.87 تۆۋەنلىدى. 159 مىڭ 820 توننا كۆمۈر، 10 مىڭ 124 توننا بۇغداي ئۇنى، 7883 توننا سۇ يېغى، 4313 توننا پەمىدۇر قىيامى، 278 مىڭ 160 كۇب مېتىر يېرىكمە تاختا، 144 مىليون 100 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى، 17 مىليون 920 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى. 1 مىليون 400 مىڭ مېتىر رەخت، 400 توننا ئىچىملىك، 6 مىليون يۇرۇش قەغەز يەشىك ئىشلەپچىقىرىلدى. يىل ئاخىرىدىكى بىناكارلىق ئورنى 19 غا، ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 976 گە، تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 37 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، ماشىنا - ئۈسكۈنە 327 گە يەتتى، شۇ يىلى 110 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆي - ئىمارەت سېلىندى.

2002 - يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 100 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 80 مىليون 310 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 20 مىليون 260 مىڭ يۈەن.

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، كەلكۈن، ھۆلچىلىك، قۇرغاقچىلىق، كېسەللىك، ھاشارات، ئۈششۈك ئاپىتىگە ۋە بوران، مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 3006 گېكتارغا يەتتى، 464 گېكتار يەردىن پەقەت ھوسۇل چىقمىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 1310 گېكتار بولۇپ، 1527 توننا ئاشلىق كېمىيىپ كەتتى، ئاپەتكە ئۇچرىغان كېۋەز كۆلىمى 1019 گېكتار بولۇپ، 250 توننا پاختا كېمىيىپ كەتتى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ياغلىق دان زىرائىتى كۆلىمى 314 گېكتار بولۇپ، 198 توننا ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى. ئاپەتكە ئۇچرىغان شېكەر ماتېرىيالى كۆلىمى 73 گېكتار بولۇپ، 1894 توننا ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى. 649 چارۋا ئۆلدى، 42 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 9646 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 30 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر: بىرىنچىسى، يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بازار ئېچىش قەدىمى بىردەك بولمىدى، ماسلاشمىدى. ئىككىنچى، ئۈچۈر قوبۇل قىلىش، يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى، پىششىقلاپ ئىشلەش سەۋىيىسى، سۈپەت ئۆلچىمى، مەبلەغ قىيىنچىلىقى قاتارلىق ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ھەقىقەتەن گەۋدىلەنگەن، تەسىر قوزغايدىغان ماركىلىق، داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئاز بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بازار ئېچىش يېتەرلىك بولمىدى. يەنە كېلىپ بازارغا سېلىش ۋاقتى مەركەزلىشىپ قېلىپ، بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولدى. ئۈچىنچىسى، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش خىزمىتى كېچىكتى. يېزا

ئىگىلىكىنىڭ مەخسۇسلاشتۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىشى ۋە كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئومۇمىيۈزلۈك شەكىللەنمىدى، باشلامچى كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئاجىز، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش سەۋىيىسى نىسبەتەن تۆۋەن بولدى. تۆتىنچىسى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى راۋان بولمىدى، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلمەي، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويدى. بەشىنچى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش سىياسىتى يۈرۈشلەشمىدى، مېخانىزم جانلىق بولمىدى. ئالتىنچى، مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق بولمىدى، قەرز ھوقۇقى روشەن بولمىدى، بۇلار دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىنى چەكلەپ قويدى.

مەھمۇت

# تېرىقچىلىق

## ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق زىرائەتى تېرىلغان يەر كۆلىمى 1 مىليون 497 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 9000 گېكتار كۆپەيدى. ئومۇمىي ھوسۇل 8 مىليون 758 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %10.03 ئاشتى؛ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 5862.75 كىلوگرام/گېكتارغا يېتىپ، 156.45 كىلوگرام كۆپەيدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا سورت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش مەركەز قىلىنىپ، بۇغداي، شال كۆلىمى تۇراقلاشتۇرۇلۇپ، يەم ـ بوغۇز قىلىنىدىغان كۆممىقوناق، پۇرچاق تۈرىدىكى ۋە سۈپەتلىك، ئۆزگىچە ئۈششاق قارا ئاشلىق كۆلىمى پائال كېڭەيتىلدى.

رەپقەت ئابلەت

## پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 944 مىڭ گېكتار بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 185 مىڭ 800 گېكتار ئازايدى. ئومۇمىي ھوسۇلى 1 مىليون 500 مىڭ توننا بولۇپ، %4.45 كېمەيدى. پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا، سۈپىتىنى، بىرلىك ھوسۇلىنى ئۆستۈرۈش، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش چۆرىدىلىپ، زور تېخنىكا تەدبىرلىرى ياخشى كېڭەيتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەزنى قويۇق تېرىپ، ھەر مو (0.07 گېكتار) يەردىن 150 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىش بويىچە ئۇنىۋېرسال ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى داۋاملىق ياخشى ئومۇملاشتۇرۇلدى، كەڭ ئەنلىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىش تېخنىكىسى، تۇپراقنى ئۆلچەپ نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش، كېسەللىك، ھاشارات ئاپەتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش قاتارلىق مۇنتىزىم تېخنىكا چىڭ تۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇزۇن تالالىق پاختا، ئوتتۇراھال ئۇزۇن تالالىق پاختا ۋە تەبىئىي رەڭلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش چىڭ تۇتۇلدى.

رەپقەت ئابلەت

## قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە قىزىلچا تېرىلغان يەر كۆلىمى 86 مىڭ گېكتارغا يەتتى، ئومۇمىي ھوسۇلى 4 مىليون 660 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %2.39 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 3 گورۇھقا قاراشلىق 13 شېكەر ئىشلەش كارخانىسى 2002 — 2003 ـ يىللىق شېكەر ئىشلەش پەسلىدە سېتىۋالغان قىزىلچا 4 مىليون 300 مىڭ توننىغا يېتىپ، %4.2، ئىشلەپچىقىرىلغان شېكەر 522 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %7.2 ئاشتى.

2002 ـ يىلى شىنجاڭدا قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشتا زاكازلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، تېرىلغۇ كۆلىمى بازارغا ئاساسەن تەڭشەلدى، باھا بازار ئارقىلىق بەلگىلەندى. ئاساسلىق تېرىلغان سورتلار ياخشىلانغان شىنجاڭ قىزىلچىسى 6 ـ نومۇر، KWS5075، KWS9103، شىنجاڭ قىزىلچىسى 8 ـ نومۇر، 10 ـ نومۇر، خۇادەن 1 ـ نومۇر، سۇكىن 8301، تيەندىەن 3 ـ نومۇر قاتارلىق سورتلاردىن ئىبارەت بولدى. قىزىلچا تېرىش جەريانىدا ئاساسلىقى قىر سېلىپ تېرىپ سۇلياۋ يوپۇق يېپىش، چوڭلۇق ئارتىپ تېرىپ تەكشى يېپىش قاتارلىق مۇنتىزىم تېخنىكا قوللىنىلدى ھەمدە دېھقان تېخنىكلار ئۆيۈشتۇرۇلۇپ مۇنتىزىم تېخنىكىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قىزىلچىنىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى پائال كېڭەيتىش چىڭ تۇتۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ خام ئەشياغا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى. 2002 ـ يىلى، ئاپتونوم رايوندا قىزىلچا سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ ئۆلچىمى ھەر توننىسىنىڭ 210 يۈەن، قەنت تەركىبى %15 قىلىپ بەلگىلەندى. جايلار ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، %10 يۇقىرى ـ تۆۋەن تەڭشەپ تۇردى.

رەپقەت ئابلەت

## ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 215 مىڭ گېكتار بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 2587 گېكتار ئازايدى. ئومۇمىي ھوسۇلى 443 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %4.06 ئاشتى. ياغلىق دان زىرائەتى كۆلىمى ئىچىدە، مايلىق قىچا كۆلىمى 70 مىڭ گېكتارغا يەتتى. بازارغا

ئاساسەن، «قوش تۆۋەن» مايلىق قىچا ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق مايلىق قىچا زور كۆلەم بىلەن كېڭەيتىلدى. زاراڭزا مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، مۇۋاپىق دەرىجىدە زىغىر، خاسىڭ، كۈنجۈت قاتارلىق ئۆزگىچە ياغلىق دان زىرائەتلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، شىمالىي شىنجاڭدا ياغلىق ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا ئىشلەپچىقىرىش ۋە جايلاردىكى ئۆزگىچە ياغلىق دان زىرائەتلىرى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

رەھمەت ئابلەت

## كەندىر تۈرىدىكىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

شىنجاڭدا كەندىر تۈرىدىكىلەر بايلىقى مول، زىغىردىن باشقا، يەنە ياۋا لوپنۇر كەندىرى، ياغ، تالا ئېلىنىدىغان زىغىر، ئابدىسلىك ۋە ئاز ساندىكى دورىلىق چوڭ كەندىر قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە، زىغىر تېرىلغۇ كۆلىمى چوڭراق، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشىراق.

2002 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە زىغىر تېرىلغۇ كۆلىمى 24 مىڭ 100 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ زىغىر تېرىلغۇ كۆلىمى 20 مىڭ 400 گېكتار، بىرلىك ھوسۇلى 278 كىلوگرام، ئومۇمىي ھوسۇلى 84 مىڭ 200 توننا. ئاساسلىقى «فەنتى» جىنسلىق كۆپىيىدىغان سورت كېڭەيتىلدى، بىر گېكتار يەردىن 900 كىلوگرامدىن 1000 كىلوگرامغىچە ھوسۇل ئېلىنىدى، بىر كىلوگرام كەندىرنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 1.1 يۈەن، بىر كىلوگرام كەندىر ئۇرۇقىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 5.5 يۈەن بولدى، ھەر گېكتار يەردىن قىلىنغان ساپ كىرىم 2250 يۈەنگە يەتتى.

رەھمەت ئابلەت

## قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مېۋىلىك دەرەخ بار يەر كۆلىمى 368 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 35 مىڭ 400 گېكتار كۆپەيدى، ئومۇمىي ھوسۇلى 1 مىليون 994 مىڭ توننىغا يېتىپ، 194 مىڭ توننا ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 12 مىڭ 700 گېكتار كۆلەمدىكى ھوسۇلى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار مېۋىلىك باغ ئۆزگەرتىلدى، قوغۇن - تاۋۇز تېرىلغان يەر كۆلىمى 80 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، 20 مىڭ گېكتار كۆپەيدى. ئومۇمىي ھوسۇلى 2 مىليون 76 مىڭ توننىغا يېتىپ، 276 مىڭ توننا ئاشتى.

2002 - يىلى باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكى خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى: بىرىنچى، ئالاقىدار تارماق ۋە ۋىلايەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭ نەشپۈتى، ئۆرۈكى، ئانىرى، ئۈزۈمى، قوغۇنىنى زىيانسىز ئۆستۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلدى ۋە تۈزىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە زىيانسىز قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە كۆلىمى 6500 گېكتارغا يېتىپ، ئالما، پەيزاۋات قوغۇنى، ئانار، گىلە، ياڭاق قاتارلىق زىيانسىز قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش رايونى شەكىللەندى. ئىسپاتلاشتىن ئۆتكەن ۋە ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلگەن «يېشىل يېمەكلىك» بەلگىسى بار قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئومۇمىي ھوسۇلى 31 مىڭ 200 توننىغا يەتتى، ئىككىنچى، ئۈستۈنلۈككە ئىگە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى رايونلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. نەشپۈت، قوغۇن، ئۈزۈم، ئانار، ئۆرۈك قاتارلىق 5 تۈرلۈك مەھسۇلات ئەۋزەللىككە ئىگە رايونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. ئۈچىنچى، جايلار قوغۇن، چاقلىق چىلىنى، تۇرپان كىشمىش ئۈزۈمى ۋە ئاق كىشمىش ئۈزۈم قاتارلىق قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەر ئەسلىدە ئىشلەپچىقىرىلغان يەرنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان تاۋار ماركىسى ئېلىشقا ئىلتىماس قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئىلتىماس قىلغان ئورۇنتىنىڭ سالاھىيەت ئىقتىدارى ۋە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان جاينىڭ دائىرىسى تەكشۈرۈلدى ھەمدە دۆلەت سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسىغا ئىسپات ماتېرىيالى يوللاندى. تۆتىنچى، ئەۋزەللىككە ئىگە كەسىپ جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى تۇتاشتۇرۇش كۈچەيتىلدى. ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆرۈك، ئانار كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇشى، بىراق سورتى توغرا كەلمەسلىك، باغ بەرپا قىلىش قېلىپلاشماسلىق، تېخنىكا بىرلىككە كەلمەسلىك، مەھسۇلات بازاردا مەركەزلىشىپ قېلىش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش تۇتاشماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، بۇ مەھسۇلاتلارنى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك ئىدارىلىرى، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيە ۋە «تۇنجى»، «بوستان» باغۋەنچىلىك گۇرۇھى، «كۆسەن» مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش شىركىتى، خوتەن ھاراق زاۋۇتى قاتارلىق 9 باشلامچى كارخانىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئانار، ئۆرۈك كەسپىي تەرەققىياتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش تارماقلىرى بىلەن كارخانىلارنى تۇتاشتۇرۇش ۋە ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى كۈچەيتىلدى.

خالزات

## پىلىچىلىك ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تارقىتىلغان پىلە ئۇرۇقى 170 مىڭ 900 قۇتا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 25.7%،

پىلە غوزىسى 2192 توننا بولۇپ، %35.5 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە تارقىتىلغان ئەتىيازلىق پىلە ئۇرۇقى 140 مىڭ 400 قۇتا، پىلە غوزىسى 1890 توننا، كۈزلۈك پىلە ئۇرۇقى 30 مىڭ 500 قۇتا، پىلە غوزىسى 302 توننا. شۇ يىلى پىلە غوزىسىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 742 مىڭ 400 يۈەنگە، ئومۇمىي ئەتىنەرخى 5 مىليون 639 مىڭ 700 يۈەنگە، پىلىچى دېھقانلارنىڭ كىرىمى 21 مىليون 102 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 600 مىڭ تۈپ گەتراپىدا ئۈجمە كۆچىتى تىكىلدى، 1 مىليون 430 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ئۈجمە ئۈلىنىپ ياخشىلاندى. 2002 - يىلى شىنجاڭ پىلىچىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولدى: بىرىنچى، دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى پىلىچىلىك ئىشخانىسى مەدەت بەرگەن شىنجاڭنىڭ پىلە ئۇرۇقىنى ياخشىلاش ۋە ئۈجمە سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش تۈرىنى ھەمدە شىنجاڭدا «سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈنئىي ئۈچ ھەسسىلىك تەنچە ئۈجمىنىڭ يېڭى سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈشنى تەتقىق قىلىش» تىن ئىبارەت 2 تۈرلۈك پەن تەتقىقات تۈرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، شىنجاڭ پىلىسى ۋە ئۈجمە سورتى يېڭىلىنىپ ياخشىلاندى. ئىككىنچى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى يىپەك بازارلىرى كاساتلىشىپ، ئېكسپورت باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلەپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى يىپەك غوزا باھاسى تۆۋەنلەپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن شىنجاڭدىكى پىلىچى دېھقانلارنىڭ پىلە بېقىش ئاكتىپلىقى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۈچىنچى، پىلىچىلىك كۆلەملىشىش، كەسىپلىشىش نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. پىلە باقىدىغان چوڭ ئائىلىلەر كۆپەيدى، تۆتىنچى، ئۈجمە سورتىنى يېڭىلاش قەدىمى تېزلەشتى. گۇاڭشىدىن ئابەسىلىكنىڭ ئەسلىدىكى بېقىش ئۇرۇقى كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭدا بۇ ئارقىلىق پىلە بېقىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى ھەمدە تېرىلىشقا باشلىدى. خوتەن پىلە پەن تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈرگەن سۈنئىي 3 ھەسسىلىك تەنچە ئۈجمىنىڭ يېڭى سورتى — 9024 نى 2 مىليون تۈپ ئۈجمىگە ئۇلاش كېڭەيتىلدى. بۇ سورتنىڭ يوپۇرماق مىقدارى شىنجاڭ ئۈجمىسى 1 - نومۇرلۇققا قارىغاندا %50 كۆپ.

دىڭ كاڭجۇ

## «كۆك - ئاق» قورۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كۆكتات تېرىلغان يەر كۆلىمى 164 مىڭ 200 گېكتارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %30.42 ئاشتى، ئومۇمىي ھوسۇلى 6 مىليون 749 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، %38.67 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پارنىك، چوڭ لاپاس كۆلىمى 9300 گېكتار بولۇپ، %16.25 كۆپەيدى. ئىشلەپچىقىرىلغان يېڭى ياخشى كۆكتات

ئازكەم 700 مىڭ توننىغا يېتىپ، %16.6، گۆش 1 مىليون 54 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %8.7، تۇخۇم 226 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %11.14 ئاشتى، سۈت 1 مىليون 11 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %16.13، سۇ مەھسۇلاتى 63 مىڭ 678 توننىغا يېتىپ، %4.8 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە كىشى بېشىغا 348.64 كىلوگرام كۆكتات، 54.46 كىلوگرام گۆش، 11.69 كىلوگرام تۇخۇم، 52.23 كىلوگرام سۈت، 3.29 كىلوگرام سۇ مەھسۇلاتى توغرا كەلدى.

2002 - يىلى شىنجاڭدا كۆكتات يىلەن تەمىنلەش تولۇق، تۈرلىرى مول بولدى. سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، باھاسى مۇقىملىق ئىچىدە تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە بازارغا سېلىنغان يازلىق كۆكتات تۈرى 150 خىلدىن ئېشىپ كەتتى. قىشلىق كۆكتات تۈرىمۇ 50 خىلدىن ئاشتى. جاۋبەي، سەنياۋ قاتارلىق ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ كۆكتاتلىرىنى سىناپ تېرىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، ئوراكۆز ئاق پاقا بېلىق، ئاق پاقا بېلىقنى سىناپ بېقىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى ھەمدە مەلۇم مەھسۇلات شەكىللەندۈرۈلدى. زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 44 مىڭ گېكتارغا يەتتى ھەمدە ئۈرۈمچى، تۇرپان، سانجى، كورلا، غۇلجا قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەردە زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىدىغان رايون، مەخسۇس ساتىدىغان بازار ۋە پۈكەي قۇرۇلدى.

ياڭ گۈەنيۈڭ

# چارۋىچىلىق

## چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قولدا قالغان چارۋا 47 مىليون 817 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.87 ئاشتى؛ مۇشۇ بىر يىلدا 28مىليون 783 مىڭ 900 تۇياق ھەر خىل چارۋا قولدىن چىقىپ، %5.28 كېمەيدى؛ 1 مىليون 54 مىڭ 400 توننا گۆش ئېلىنىپ، %8.7؛ قوي يۇڭى 74 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %6.44؛ ئۆچكە تىۋىتى 1 مىليون 335 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %6.22؛ سۈت 948 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %16.99؛ تۇخۇم 226 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %11.14 ئاشتى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشقان 150 يۈەن كىرىمى ئىچىدە، چارۋىچىلىقتىن كۆپەيگەن كىرىمى 80 يۈەن بولۇپ، %53.3نى ئىگىلىدى.

ۋاڭ لىجيەن

## ئوتلاق قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 617 مىڭ گېكتار ئوتلاق قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە، بەرپا قىلىنغان ئوتلاق 243 مىڭ گېكتار، ئۆزگەرتىپ ياخشىلانغىنى 202 مىڭ گېكتار، ئايروپىلان بىلەن تېرىلغىنى 12 مىڭ گېكتار، 160 مىڭ گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. 3700 گېكتار ئوت - چۆپ ئۇرۇقچىلىق بازىسى بەرپا قىلىنىپ، 3740 توننا ھەر خىل ئوت - چۆپ ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇقىم ئولتۇراقلاشقان 7000 ئائىلىلىك چارۋىچىنىڭ ئولتۇراق شارائىتى يۇرۇشلەشتۈرۈپ ياخشىلاندى.

2002 - يىلى 10 ناھىيىنىڭ قاشالاش قۇرۇلۇشى ۋە 4 ناھىيىنىڭ تەبىئىي ئوتلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەم قۇرۇش تۈرلىرىنى پىلانلاش خىزمىتى تاماملاندى ھەم قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئەسقاتىدىغان تەتقىقات دوكلاتى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ پىلاندىكى كۆلەم 302 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، 6700 گېكتار يەرگە ئوت - چۆپ تېرىلىدۇ، 26 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق قاشالىنىپ ياخشىلاندى، 96 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاق ئايرىلىپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ چارۋا بېقىلىدۇ، 172 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق قورشىلىپ، يېتىشتۈرۈلىدۇ.

جى خۇڭلياڭ

## ئوتلاق ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى تۇنجى قەرەللىك تەبىئىي ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇپ چىقىش تۈرلىرى (غۇلجا، كۆكتوقاي، ماناس، باركۆل، تاشقورغاندىن ئىبارەت 5 ناھىيە) نىڭ ۋەزىپىسى پىلان بويىچە ئورۇندىلىپ، 12 مىڭ گېكتار يەم - خەشەك يېرى بەرپا قىلىندى، 14 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، ئاساسىي ئوتلاق 1000 گېكتارغا يەتتى. بۇ تۈرلەرگە 37 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز سالغىنى 33 مىليون 270 مىڭ يۈەن، يەرلىك يۇرۇشلەشتۈرگىنى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن. 2001 - يىلى تەستىقلانغان قورغاس، قابا، ئاقتۇ، قۇتۇبى ئالتاي، پىچان، كۇچار، نىيە، ئارتۇشتىن ئىبارەت 9 ناھىيە (شەھەر) نىڭ تەبىئىي ئوتلاقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇپ چىقىش تۈرلىرى ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىپ، 23 مىڭ 533 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 28 مىڭ گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 1300 گېكتار ئاساسىي ئوتلاق بەرپا قىلىندى. بۇ تۈرلەرگە 66 مىليون 426 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز سالغىنى 57 مىليون 200 مىڭ يۈەن، يەرلىكنىڭ يۇرۇشلەشتۈرگىنى 9 مىليون 226 مىڭ يۈەن. 2002 - يىلى دۆلەت شىنجاڭغا 4 (توققۇزتارا ناھىيىسى، ئارا تۆرۈك ناھىيىسى، بۇرچىن ناھىيىسى ۋە قۇمۇل شەھىرى) تەبىئىي ئوتلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇپ چىقىش تۈرى ۋە 10 (سانجى شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، مىچۈەن شەھىرى، گۇچۇڭ ناھىيىسى، جىمسار ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسى، چىغىل ناھىيىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، جېمىنەي ناھىيىسى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسى) ئوتلاق قاشالاش تۈرىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 302 مىڭ 260 گېكتار. بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي ئوتلاق 6700 گېكتار، قاشالىنىپ، ئۆزگەرتىپ ياخشىلىنىدىغان ئوتلاق 26 مىڭ 700 گېكتار، ئايرىپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ چارۋا باقىدىغان ئوتلاق 96 مىڭ 300 گېكتار، قورشاپ يېتىشتۈرۈلىدىغان ئوتلاق 172 مىڭ 560 گېكتار. 135 يۈرۈش نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىندى.

جى خۇڭلياڭ

## ئوتلاق نازارەتچىلىكى ۋە ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئوتلاقلاردىكى ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىش ئىجازەتنامىسىدىن 68ى بېجىرىلىپ، 21 مىڭ 390 توننا؛ چاكاندا چېپىش 10 مىڭ 520 توننا چۈچۈكبۇيا قېزىش تەستىقلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتلاق نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرى 2888 قېتىملىق ئوتلاق قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، 122 مىڭ گېكتار ئوتلاقنى قوغداپ قالدى. 91 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە قار لەيلىسىنى ۋە چۈچۈكبۇيىنى قانۇنسىز يىغىش سېتىۋېلىش قاتارلىق ئوتلاق قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان چوڭ دېلو 13، چېتىلىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 4000 گېكتار، قايتۇرۇۋېلىنغان ئىقتىسادىي زىيان 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

2002 - يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە 43 قېتىم ئوتلاق ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ترېۋوگىسى 37 قېتىم، ئادەتتىكى ئوت ئاپىتى 4 قېتىم، ئېغىر ئوت ئاپىتى 2 قېتىم بولۇپ، 14 مىڭ 389 گېكتار ئوتلاق ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 17 مىليون 12 مىڭ يۈەنگە، ۋاسىتىلىق ئىقتىسادىي زىيان 349 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جى خۇڭلياڭ

## ئوت - چۆپ ئۇرۇقچىلىق بازىسى قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى دۆلەت شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرغان 3 ئوت- چۆپ ئۇرۇقچىلىق بازىسى قۇرۇلۇۋاتىدۇ.

ئىلى باغاچىسان ياۋا سۇبۇرگە ئوت - چۆپ ئۇرۇقچىلىق بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا 666.7 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى؛ 10 قۇدۇق قېزىلدى، 666.7 گېكتار ئوتلاق يۇركۈپ سۇغۇرىلە-

دىغان بولدى؛ 16 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى؛ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تاماملاندى.

خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ شالغۇت بېدە ئۇرۇقچىلىق بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا 18 مىڭ 128 مېتىر سۇ سىڭمەس سۇغىرىش ئۆستىڭى ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدە غول ئۆستەڭ 1071 مېتىر، تارماق ئۆستەڭ 2777 مېتىر، ئېرىق 14 مىڭ 280 مېتىر؛ سۇغىرىش ئېرىقى 14 مىڭ 100 مېتىر؛ تومۇر، قاپقاق 86، ئېرىقتا سۇ باشلاش ئېغىزى 7؛ كۆۋرۈك-سۇ ئۆتكۈزگۈچ 23؛ ئۇلاستاي دەرياسىنىڭ كەلكۈن قويۇپ بېرىش توسمىسىدا 31 باغلىما تاش توسما، بىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى؛ 24 مىڭ 434 مېتىر زەيكەش چېپىلدى، 3405 مېتىر كېلىدىغان زەيكەشنىڭ لاتقىسى تازىلاندى، شىمالىي قىرغاق ئۆستىڭى 750 مېتىر چېپىلىپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 28 مىڭ 589 مېتىرغا يەتتى؛ 271 گېكتار يەر رەتلەندى. 2002 - يىل 8 - ئايدا ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

قۇتۇبى تەسكەن ئۇرۇقچىلىق بازىسى قۇرۇلۇشىدا 521 كۋادرات مېتىر قوشۇمچە ئۆي-ئىمارەت، ئۇنىۋېرسال تەجرىبە بىناسى، ئۇرۇق ئامبىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئامبىرى قاتارلىق كېسەك ئۆيلەر پۈتكۈزۈلدى، 1250 كۋادرات مېتىر ئۆي-ئىمارەت رېمونت قىلىندى، 2 قۇدۇق قېزىلدى، 700 مېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 6500 مېتىر سۇ يەتكۈزۈش تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى؛ 100 گېكتار يەر رەتلەندى. ئوخشىمىغان رايونلاردىن ياۋا تەسكەن ئۇرۇقى قاتارلىق بالدۇر ئۈندىغان ئوت ئۇرۇقلىرىدىن 42 خىلى يىغىلدى، ساپ ياۋا تەسكەن ئۇرۇقىدىن 4.5 توننا سېتىۋېلىندى. بۇ ئۇرۇقلار تولۇق چېچىش ئالدىدا 13.3 گېكتار يەرگە تېرىلدى.

2001 - يىلى تېكەس ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇراھال قورغاقچىلىق مۇھىتىدا ئۆسىدىغان ئوت-چۆپ ئۇرۇقچىلىق بازىسى ۋە شىنجاڭ كەڭ يوپۇرماقلىق بېدە ئۇرۇقچىلىق بازىسى قۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئوتتۇراھال قورغاقچىلىق مۇھىتىدا ئۆسىدىغان ئوت-چۆپ ئۇرۇقچىلىق بازىسىدا 333.3 گېكتار يەر رەتلەندى، ئورمان بىنا قىلىش ئۈچۈن 53.3 گېكتار يەر تۈزلەندى، 100 مىڭ كۆچەت ئورنىكى كولاندى، 40 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يەر ئاستى تورۇبىسى كۆمۈلدى، 50 كىلومېتىر يول رېمونت قىلىندى؛ 1341 گېكتار ئوت-چۆپ بازىسى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 521.3 گېكتار يەرگە ئورمو ئوتى ۋە سۇدان ئاق قونىقى قات تېرىلدى، 131.2 گېكتار قىلتىرىقسىز ئارپىغان تۆپلەپ تېرىلدى، 266.1 گېكتار سۇلۇپ، 113.7 گېكتار ئارپا، 308.7 گېكتار ئارغاق چۆپ تېرىلدى. نۆۋەتتە 400 توننا ھەر خىل ئوت-چۆپ ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىلدى. شىنجاڭ خوتەن كەڭ يوپۇرماقلىق بېدە ئۇرۇقچىلىق بازىسىدا 6.7 گېكتار ئەسلى ئۇرۇق بازىسى قاشالاندى، 200 كۋادرات مېتىرلىق قوشۇمچە ئۆي-ئىمارەت سېلىندى، 1300 كۋادرات مېتىر ئۇرۇق قۇرۇتۇش مەيدانى قۇرۇلدى، 19 مىڭ 732 تۈپ ياۋا بېدە ئەسلى ئۇرۇق قىلىپ تېرىلدى. 2 كىلومېتىر غول ئۆستەڭ، 6.6 كىلومېتىر تارماق ئۆستەڭ، 4 كىلومېتىر ئېرىق، 32 توما رېمونت قىلىندى، 9 قۇدۇق قېزىلدى، 526.7 گېكتار يەر رەتلەندى، 433.3 گېكتار يەرگە ئوت-چۆپ تېرىلدى. 2002 - يىلى شىنجاڭ كەڭ يوپۇرماقلىق بېدە ئۇرۇقچىلىق بازىسىنىڭ داۋاملىق قۇرۇلۇش تورىدە 33.3 گېكتار ئەسلى ئۇرۇق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى.

جى خۇڭلياڭ

## ئوت-چۆپ ئۇرۇقلىرىنى پىرېيوم قىلىش

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 60 پارچە ئوت-چۆپ ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى 166 پارچە ئوت-چۆپ ئۇرۇقى تىجارىتى قىلىش ئىجازەتنامىسى بېجىرىلدى، 5 ئوت-چۆپ ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ 566.7 گېكتار ئۇرۇق ئېتىزى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى.

2002 - يىلى شىنجاڭ ئوت-چۆپ ئۇرۇقلىرىنىڭ سۈپىتىنى پىرېيوم قىلىش مەركىزى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىك سۈپەت-تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىلىرى، چارۋىچىلىق ئىدارىلىرى ۋە ئوتلاق پونكىتلىرىنى تەشكىللەپ، بىرلىكتە ئوت-چۆپ ئۇرۇقلىرى بازىرىدىكى ساختىلىققا زەربە بېرىشنى نۇقتىلىق تەشكىللەپ، قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئۇرۇق ساتقان 48 ئورۇننى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 150 نەچچە توننا ھەر خىل ساختا ئوت-چۆپ ئۇرۇقىنى تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قالدى. ئوت-چۆپ ئۇرۇق ئەۋرىشكىسىنى ئۆي ئىچىدە 262 قېتىم پىرېيوم قىلدى. 2 - قارارلىق ئوت-چۆپ ئۇرۇقلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش بويىچە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ئاساسىي قاتلاملار ئۈچۈن 135 قانۇن ئىجراچىسى تەربىيىلەپ بېرىلدى.

جى خۇڭلياڭ

## چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېچىش-ئۆلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇش تۈرى

2002 - يىلى چارۋىچىلىق نازارىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى بىرلىكتە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 1997 - يىلى يولغا قويۇلغان 3 - قارارلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئېچىش-ئۆلگە كۆرسىتىش

قۇرۇلۇش تۈرى بويىچە كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، دۆربىلجىن، قارشالاڭ، سورى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىدىن ئىبارەت 6 تۈر رايونى، 1998 ـ يىلى يولغا قويۇلغان 4 ـ قارارلىق چېگىلىپ ئېيىمەي، كۆنەس، چاغانتوقاي، جىڭ ناھىيىلىرى، قۇمۇل ئاقتاش چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە سانجى شەھىرىدىن ئىبارەت 7 تۈر رايونى 1999 ـ يىلى يولغا قويۇلغان 5 ـ قارارلىق ئالتاي شەھىرى، خوشۇت، چەرچەن ۋە ئۈلۈغچات ناھىيىسىدىن ئىبارەت 4 تۈر رايونىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، كۆنەس، چاغانتوقاي، قارشالاڭ، جىڭ، چەرچەن، ئاقتۇ، ئۈلۈغچات ۋە خوشۇت ناھىيىسىدىن ئىبارەت 10 تۈر رايونى ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى، قالغانلىرى لاياقەتلىك بولدى.

2000 ـ يىلى يولغا قويۇلغان 6 ـ قارارلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئېچىش ـ ئۆلگە كۆرسىتىش تۈرلىرى ئاساسەن تاماملاندى. 3800 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 6500 گېكتار ئوتلاق ئۈزگەرتىپ ياخشىلاندى، 11 مىڭ گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 340 گېكتار ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقچىلىق بازىسى بەرپا قىلىندى، 600 كۋادرات مېتىرلىق سۇنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى، 8 دورىلىق ۋاننا، 6 ئوتلاق تېخنىكا مۇلازىمەت ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىندى، ئېلېكتر ئوقۇتۇش ئەسۋابلىرىدىن 25ى سەپلەندى.

جى خوڭلياڭ

## دۆلەت دەرىجىلىك شاخ ـ شۆمبىدا چارۋا بېقىش بويىچە ئۆلگە ناھىيە (شەھەر) لەر تۈرى قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك شاخ ـ شۆمبىدا چارۋا بېقىش بويىچە ئۆلگە ناھىيە (شەھەر) 19غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە غۇلجا، كۈچار، قورغاس، توقسۇن، باي ناھىيىلىرى، سانجى شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇش مۇددىتى توشۇپ دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، تۇرپان شەھىرى، ئاۋات، مەكىت، غۇلجا ناھىيىلىرى (قۇرۇلۇۋاتقان) تۈر قۇرۇلۇشىنى يېڭىدىن باشلىغان ناھىيە بولدى. بۇ تۈرلەرگە 11 مىليون 599 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ مالىيىسىدىن ئاجرىتىلغان مەبلەغ 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن، يەرلىكنىڭ يۈرۈشلەشتۈرگىنى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئۆزلىرى تەييارلىغان مەبلەغ 4 مىليون 599 مىڭ 500 يۈەن.

2002 ـ يىلى شاخ ـ شۆمبىدا چارۋا بېقىش بويىچە ئۆلگە 19 ناھىيە (شەھەر) نىڭ قولدا قالغان چارۋىسى 10 مىليون 959 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %16.28 ئاشتى (2001 ـ يىلى 16 ناھىيە ئىدى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بۇنىڭ ئىچىدە قولدا قالغان كالا 1 مىليون 70 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، %18.07 ئاشتى؛ قولدا قالغان قوي 8 مىليون 876 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، %16.46 ئاشتى. شۇ يىلى قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 7 مىليون 928 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، %25.21 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قولدىن چىقىرىلغان كالا 633 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، %21.82 ئاشتى؛ قولدىن چىقىرىلغان قوي 6 مىليون 609 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، %27.43 ئاشتى. 292 مىڭ 500 توننا گۆش ئېلىنىپ %23.26 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى 86 مىڭ توننىغا يېتىپ، %14.27؛ قوي گۆشى 130 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، %39.08 ئاشتى. 2 مىليون 312 مىڭ 700 توننا شاخ ـ شۆمبا پىششىقلىنىپ ۋە تەكشۈرۈلۈپ %14.23 ئاشتى. 19 ناھىيە (شەھەر) نىڭ گۆش مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي گۆش مەھسۇلاتىنىڭ %27.74نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى %19.33نى، قوي گۆشى %30.33نى ئىگىلىدى. شاخ ـ شۆمبىنى پىششىقلاپ، تەكشۈرۈش سىقدارى %46.54نى ئىگىلىدى.

ۋاڭ ۋېيگو

## ھاشارات، چاشقان ئاپىتىنىڭ يۇز بېرىشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 953 مىڭ 800 گېكتار ئوتلاقتا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى (بۇنىڭ ئىچىدە 30 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئاسىيا ئۇچار چېكەتكىسى چۈشتى). ئاپەت ئېغىر بولغان كۆلەم 800 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاسىيا ئۇچار چېكەتكىسى ئېغىر ئاپەت كەلتۈرگەن كۆلەم 30 مىڭ 800 گېكتار). باشقا ھاشارەتلەر يۈز بەرگەن كۆلەم 119 مىڭ 900 گېكتارغا يەتتى. ئالتاي ۋىلايىتىدە 568 مىڭ گېكتار يەردە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى، ئېغىر ئاپەت بولغان كۆلەم 118 مىڭ 700 گېكتارغا، ھەر بىر كۋادرات مېتىر يەردىكى ئوتتۇرىچە زىچلىقى 15 تالدىن 23 تالغىچە توغرا كەلدى، ئۈستۈنلۈككە ئىگە چېكەتكە تۈرلىرىدىن بالداق تېكەنلىك چېكەتكە، قارا پۇتلۇق چىپار قاناتلىق چېكەتكە، قىزىل پۇتلۇق قاقاچلىق چېكەتكە، كىچىك قاناتلىق دۈمچەك چېكەتكە، ئىتالىيە چېكەتكىسى، سىبىرىيە چېكەتكىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، بۇندىن باشقا ئالتاي شەھىرىنىڭ كۆكسۇ كۆلى ئەتراپىدا ئاسىيا ئۇچار چېكەتكىسى 6700 گېكتار يەرگە، قابا ناھىيىسىنىڭ تۆلكىلى رايونىدا ئاسىيا ئۇچار چېكەتكىسى 2000 گېكتار يەرگە چۈشتى، بۇ رايونلاردا چېكەتكە شالاڭ چۈشتى؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 116 مىڭ 700 گېكتارغا،

ئاپەت ئېغىر كۆرۈلگەن 68 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى؛ قاراماي شەھىرىدە ئاسىيا ئۇچار چېكەتكىسى چۈشكەن كۆلەم 8900 گېكتارغا يەتتى؛ ئىلى ۋىلايىتىدە چېكەتكە ئاپىتى كۆلىمى 186 مىڭ 700 گېكتارغا، ئاپەت ئېغىر يۈز بەرگەن كۆلەم 56 مىڭ گېكتارغا يەتتى، ئاساسلىق چېكەتكە تۈرلىرى بالداق تېكەنلىك چېكەتكە، ئىتالىيە چېكەتكىسى، چىپار قاناتلىق چېكەتكىدىن ئىبارەت؛ بورتالا ئوبلاستىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 240 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت كۆلىمى 53 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى، ئاساسىي چېكەتكە تۈرى سىبىرىيە چېكەتكىسىدىن ئىبارەت بولدى؛ سانجى ئوبلاستىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 476 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت كۆلىمى 341 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى؛ ئاساسلىق چېكەتكە تۈرلىرى بالداق تېكەنلىك چېكەتكە، سىبىرىيە چېكەتكىسى، ئىتالىيە چېكەتكىسىدىن ئىبارەت؛ تۇربان ۋىلايىتىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 90 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت كۆلىمى 60 مىڭ گېكتارغا يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئاسىيا ئۇچار چېكەتكىسى چۈشكەن كۆلەم 3300 گېكتارغا يەتتى؛ قۇمۇل ۋىلايىتىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 120 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت كۆلىمى 26 مىڭ 700 گېكتارغا، بۇنىڭدىن باشقا ئاسىيا ئۇچار چېكەتكىسى چۈشكەن كۆلەم 9900 گېكتارغا يەتتى؛ بايىنغولىن ئوبلاستىدا چېكەتكىدىن ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 48 مىڭ 200 گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت كۆلىمى 44 مىڭ 900 گېكتارغا يەتتى، ئاساسلىق كەڭ بۇرۇتلۇق چېكەتكە چۈشتى؛ ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەتلەردە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم تەخمىنەن 77 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى، ئاساسلىق ئۈچلۈق قاناتلىق چېكەتكە چۈشتى. 2002 - يىلى ئونسۇ ناھىيىسى، كۇچا قاتارلىق جايلاردا يوپۇرماقلىق تۈكلۈك پەرۋانە ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 30 مىڭ گېكتارغا يەتتى، قەشقەر ۋىلايىتىدە 3300 گېكتار يەردە بىپىشقاق قۇرت پەيدا بولدى، قىزىلسۇدا 20 مىڭ گېكتار يەردە كېپىنەك قۇرتى پەيدا بولدى، قارامايدا 13 مىڭ 300 گېكتار يەردە كېپىنەك قۇرتى پەيدا بولدى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن، قابا ناھىيىلىرىدە 38 مىڭ گېكتار يەردە يوپۇرماق قوڭغۇزى پەيدا بولدى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە 13 مىڭ 300 گېكتار يەردە كېپىنەك قۇرتى پەيدا بولدى، بورتالا ئوبلاستى جىڭ ناھىيىسىنىڭ 2000 گېكتار يايلىقىدا ئوتلاق پەرۋانىسى پەيدا بولدى.

2002 - يىل 8 - ئايدىن بۇيان ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە توشقان قۇيرۇق سىرىق چاشقان شىددەت بىلەن كۆپىيىپ كېتىپ زىيان سالغان كۆلەم 619 مىڭ 300 گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت كۆلىمى 340 مىڭ گېكتارغا يەتتى.

قۇرباتتۇڭغۇت قۇملۇقىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدا چۆل چاشقىنى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا: قۇرباتتۇڭغۇت قۇملۇقىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى فۇكاڭ، جىمسار ناھىيىلىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇم بارخانلىرىدا چوڭ چۆل چاشقىنىنىڭ زىچلىقى ھەر بىر گېكتار يەرگە 790 ئۇۋۇدىن توغرا كەلگەن، فۇكاڭ شەھىرىدە ئاپەت بولغان كۆلەم 300 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت كۆلىمى 153 مىڭ گېكتارغا يەتتى، جىمسار ناھىيىسىدە ئاپەت بولغان كۆلەم 333 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت كۆلىمى 166 مىڭ 700 گېكتارغا؛ گۈچۈڭ ناھىيىسىدە ئاپەت كۆلىمى 500 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت كۆلىمى 266 مىڭ 700 گېكتارغا؛ مورى ناھىيىسىدە ئاپەت كۆلىمى 553 مىڭ 300 گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت كۆلىمى 326 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 2 مىليون 305 مىڭ 600 گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت كۆلىمى 1 مىليون 253 مىڭ 100 گېكتارغا يەتتى.

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە چېكەتكە ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋە يوقىتىلغان كۆلەم 607 مىڭ گېكتارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، يەر يۈزىدە ماشىنا ئارقىلىق خىمىيىۋى دورىلار بىلەن ئالدىنى ئېلىپ، يوقىتىلغان كۆلەم 157 مىڭ 400 گېكتار؛ سۈنئىي ئۇسۇلدا 955 مىڭ قارىغۇجا كىرگۈزۈلۈپ، 184 مىڭ گېكتار يەردىكى چېكەتكە تىزگىنلەندى، 751 مىڭ توخۇ، 180 مىڭ ئۆردەك ئارقىلىق 259 مىڭ گېكتار يەردىكى چېكەتكە تىزگىنلەندى؛ دېھىترۇكىسىن ئارقىلىق 6700 گېكتار يەردىكى چېكەتكە يوقىتىلدى. بىئولوگىيىلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش نىسبىتى %80تىن ئاشتى. 2002 - يىلى 980 مىڭ گېكتار يەردىكى چاشقان يوقىتىلدى.

شيۇڭ لىڭ

## كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 359 مىڭ 500 تۇياق كالىنىڭ نەسلى ياخشىلىنىپ، نەسىللەندۈرۈلدى، بوغاز بولۇشقا تېگىشلىك ئىنەكنىڭ %72.4نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، سۈنئىي ئۇسۇلدا توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈلگىنى 674 مىڭ 100 تۇياققا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %22.9 ئاشتى؛ نورمال ھارارەتتە ساقلانغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈلگىنى 55 مىڭ 400 تۇياق. 6105 تۇياق ئىنەكنىڭ تۆرەلمىسى يۆتكىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە كالىلارنىڭ ئەلا نەسىللىك نىسبىتى %51كە يەتتى.

2002 - يىلى شىنجاڭ چارۋا، ئۇۋ قۇشلىرىنى يېتىشتۈرۈش، نەسلىنى ياخشىلاش باش پونكىتى 1 مىليون

246 مىڭ ئامپۇل لاياقەتلىك توڭلىتىلغان ئىسپېرما تەييارلىدى، بۇنىڭدىن 114مىڭى ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتىغا سېتىلدى.

ۋېي شىنبۇ

## قوي، ئۆچكىلەرنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 14 مىليون 29 مىڭ 800 تۇياق ساغلىق نەسىللەندۈرۈلدى، بۇ بوغاز بولۇشقا تېگىشلىك قوينىڭ 78.7%نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، سۈنئىي نەسىللەندۈرۈلگىنى 2 مىليون 494 مىڭ 500 تۇياق، 2 مىليون 362 مىڭ 900 تۇياق تېۋىتلىق ئۆچكە نەسىللەندۈرۈلدى. بۇ بوغاز بولۇشقا تېگىشلىك ئۆچكە سانىنىڭ 70.16%نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، سۈنئىي نەسىللەندۈرۈلگىنى 354 مىڭ 200 تۇياق. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا نەسىللىك قوي نىسبىتى 61%كە، ئەلا نەسىللىك ئۆچكە نىسبىتى 47%كە يەتتى، قوي، ئۆچكىلەرنىڭ تۇغۇش ئىقتىدارى مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرىلىتىلدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 8 مىليون 650 مىڭ تۇياق قىشلىق تۆل نەسىللەندۈرۈلۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.6% ئاشتى.

ۋېي شىنبو

## قىشلىق تۆل ئېلىش ئەھۋالى

2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە قەدەر شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 8 مىليون 238 مىڭ 900 تۆل ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەپ بولغىنى 8 مىليون 148 مىڭ 500گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 500 مىڭ تۇياق كۆپەيدى، قوزىلارنىڭ ئەپ بولۇش نىسبىتى 98.9%كە يەتتى. بىر قىشلىق تۆلنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى ئەتىيازلىق تۆلگە قارىغاندا 50 يۈەندىن 70 يۈەنگىچە يۇقىرى بولدى، قىشلىق تۆل ئېلىش چارۋىچىلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتتى.

گولاڭ با

## چارۋىلارنى قىشتىن ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا قوتان سېلىش، ئوت ئورۇش ۋە بوغۇز تەييارلاشنى مەركەز قىلغان ھالدا، چارۋىلارنى قىشتىن، ئەتىيازدىن ئۆتكۈزۈشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى (يەنى «133» قۇرۇلۇشى) بىر قەدەر ياخشى ئىشلەندى.

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 15 مىليون 445 مىڭ توننا ئوت - چۆپ ئورۇلۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 522 مىڭ توننا كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورۇپ قۇرۇتۇلغان ئوت - چۆپ 7 مىليون 122 مىڭ توننىغا يېتىپ، 371 مىڭ توننا كۆپەيدى، زىرائەت شاخ - سامانلىرى 8 مىليون 323 مىڭ توننىغا يېتىپ، 93 مىڭ توننا كۆپەيدى؛ ھەر بىر چارۋىغا ئوتتۇرىچە 327.5 كىلوگرام ئوت - چۆپ توغرا كېلىپ، 6.5 كىلوگرام كۆپەيدى. 1 مىليون 617 مىڭ توننا بوغۇز تەييارلىنىپ، 118 مىڭ توننا كۆپەيدى، ھەر بىر چارۋىغا 34.28 كىلوگرامدىن توغرا كېلىپ، 2.23 كىلوگرام كۆپەيدى؛ يېڭىدىن 36 مىڭ 691 قوتان ياسىلىپ، 3778 قوتان كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ بىلەن يېپىلغان ئىسسىق قوتان 25 مىڭ 427، رېمونت قىلىنغان قوتان 68 مىڭ 623؛ ئاپتونوم رايون بويىچە 39 مىڭ دانە ئوت ئورۇش، توشۇش ۋە توغراش ماشىنىسى ئىشلىتىلىپ، 4000 ماشىنا كۆپەيتىلدى، يېزىلاردا ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، چارۋىلارنى قىشتىن ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا 18 مىڭ 640 ئادەم (قېتىم) كادىر چۈشۈرۈلدى، بۇ 6600 ئادەم (قېتىم) كۆپەيدى؛ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، چارۋىلارنى ساقلاش ۋە چارۋىلارنى قىشتىن، ئەتىيازدىن ئۆتكۈزۈشكە 639 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 97 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ كۆپ قىسمىنى چارۋىچىلار ئۆزلىرى تەييارلىغان.

گولاڭ با

## ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسى بەلگىلەندى

2002 - يىلى شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ «ساپالىق» پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە مەملىكەت بويىچە تۇنجى چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئۈنىۋېرسال ئۆلچەملەشتۈرۈش سىستېمىسى - «شىنجاڭ ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسى»نى بەلگىلىدى. بۇ ئۆلچەم سىستېمىسى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇش تېخنىكا ئۆلچىمى سىستېمىسى؛ ئىنچىكە قوي يۇڭىنى زامانىۋى باشقۇرۇش تېخنىكا ئۆلچىمى سىستېمىسى؛ ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ سۈپەت تېخنىكىسى ئۆلچەم سىستېمىسىغا بۆلۈنىدۇ. بارلىق ئۆلچەم سىستېمىسى 23 ئۆلچەمدىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە 6 تۈردە دۆلەت ئۆلچىمى قوللىنىلغان، 14 تۈردە يەرلىك ئۆلچەم بېكىتىلگەن، بىر تۈردە يەرلىك ئۆلچەمگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن، 2 تۈردە كارخانا ئۆلچىمى تۈزۈلگەن ۋە قوللىنىلغان. بۇ ئۆلچەم

سىستېمىسىنىڭ ئورۇنتىلىشى شىنجاڭنىڭ ئىنچىكە قوي يۇڭى كەسپى ۋە ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ بېيىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئالىڭ مىڭ

## نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 15 تۈركۈم نەسىللىك چارۋا تەكشۈرۈپ ئىمپورت قىلىندى، ئاساسلىقى خېستان كالىسى، ئېنگىس كالىسى ۋە سىمېنتال كالىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، يىل ئاخىرىغىچە ھەر بىر نەسىلدىن 4100 تۇياقتىن كالا كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭغا كىرگۈزۈش ۋە شىنجاڭدىن چىقىرىشقا تەستىقلانغان چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى 96 تۈركۈم. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدا 8 تۈركۈمدە، 504 نەسىللىك كالا؛ 2 تۈركۈمدە، 300 نەسىللىك قوي؛ 3 تۈركۈمدە 22 نەسىللىك ئات؛ بىر تۈركۈمدە، 50 نەسىللىك ئېشەك؛ 6 تۈركۈمدە، 156 نەسىللىك چوشقا، 57 تۈركۈمدە، 292 مىڭ 900 يۇرۇش ئاتا-ئانىسى گۆش توخۇسى نەسىللىك چۈجە؛ 2 تۈركۈمدە، 110 مىڭ دانە نەسىللىك گۆش توخۇسى تۇخۇمى، 9 تۈركۈمدە، 45 مىڭ 800 يۇرۇش ئاتا - ئانىسى تۇخۇم توخۇسى نەسىللىك چۈجە كىرگۈزۈلدى؛ 6 تۈركۈمدە، 214 مىڭ 200 تاۋار گۆش توخۇسى چۈجىسى؛ بىر تۈركۈمدە، 250 نەسىللىك غاز كىرگۈزۈلدى. بىر تۈركۈمدە 40 نەسىللىك قوي شىنجاڭدىن چىقىرىلدى.

گۈچۈڭ نەسىللىك توخۇ فېرمىسى، ئىلى «تەيكاڭ» نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرى چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ «قۇغاۋ» نەسىللىك توخۇ فېرمىسى، شىنجاڭ سانجى سەنيۈەن باقمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، باي نەسىللىك قوي فېرمىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆچكە تەتقىقات مەركىزىدىن ئىبارەت نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ئىجازەتنامىسىنىڭ قەرەللى توشقان 6 ئورۇننىڭ ئىجازەتنامىسى تەكشۈرۈپ ئالماشتۇرۇلدى. ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر تەشكىللىنىپ ئۈرۈمچى «بەنيې» ئالاھىدە باقمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ چەت ئەل ئۆردىكى باقمىچىلىقى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ھەم نەسىللىك چارۋا - ئۆي قۇشلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت قىلىش لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

جياڭ جياڭپىڭ

## قوي يۇڭى، ئۆچكە تىۋىتى ۋە تىرىك چارۋا ئوبوروت ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا 74 مىڭ 422 توننا قوي يۇڭى ئېلىنىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6.4% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە قوي يۇڭى 28 مىڭ 832 توننىغا يېتىپ، 9.2% ئاشتى. 1033.5 توننا ئۆچكە تىۋىتى ئېلىنىپ، 6.2% ئاشتى. ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ باھاسى كۆرۈنەرلىك ئۆرلەپ، سېتىۋېلىش - سېتىش ئىشلىرى ئاۋات بولدى. ھەر بىر كىلوگرام ئارىلاشما ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ باھاسى 13 يۈەندىن 15 يۈەنگىچە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ سېتىش باھاسى 2001 - يىلدىكىدىن 3 يۈەندىن كۆپرەك ئۆرلىدى. شىنجاڭ ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتى نەنجىڭ قوي يۇڭى بازىرىدا «ساپالىق» ماركىلىق قوي يۇڭىدىن 548 توننىنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىپ، ساپ قوي يۇڭى بويىچە ھەر بىر كىلوگرامىنى 42.8 يۈەندىن ساتتى، ئەسلىدىكى ھەر بىر كىلوگرام قوي يۇڭىنىڭ سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24.32 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 2001 - يىلدىكى باھا سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. ئۆچكە تىۋىتىنىڭ باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلەپ، ئىشلەپچىقىرىش رايونىدىكى ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 200 يۈەندىن 260 يۈەنگىچە بولۇپ، 20 يۈەندىن 40 يۈەنگىچە تۆۋەنلەپ كەتتى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىلغان ھەر خىل چارۋا 28 مىليون 784 مىڭ تۇياق بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 1 مىليون 606 مىڭ تۇياق ئازايدى. گۆش مەھسۇلاتى 1 مىليون 54 مىڭ توننىغا يېتىپ، 8.7% ئاشتى. تىرىك چارۋا ۋە گۆش بازارلىرى ئاۋات، سېتىلىشى راۋان، تەمىنلەش يېتەرلىك بولدى. تىرىك چوشقا بىلەن چوشقا گۆشىنىڭ باھاسى ئازراق تۆۋەنلىگەندىن تاشقىرى، قوي، كالا ۋە ئۆي قۇشلىرى گۆشىنىڭ باھا سەۋىيىسى 2001 - يىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولدى، ھەر بىر كىلوگرام قوي گۆشىنىڭ بازاردىكى پارچە سېتىلىش باھاسى 19 يۈەن ئۆپچۆرىسىدە، ھەر بىر كىلوگرام كالا گۆشىنىڭ باھاسى 17 يۈەن ئۆپچۆرىسىدە، بولدى، ھەر بىر كىلوگرام سۈتنىڭ باھاسى 1.8 يۈەندىن 2.2 يۈەنگىچە بولدى.

تيەن فېڭ

## چوشقا بېقىش، سېتىش

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قولدا قالغان چوشقا 2 مىليون 190 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.21% ئاشتى؛ قولدىن چىقىرىلغىنى 2 مىليون 590 مىڭ 500 تۇياق بولۇپ، 12.1% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ چوشقا گۆشى 197 مىڭ توننىغا يېتىپ، 7.42% ئاشتى. 2002 - يىلى چوشقىنىڭ بازار باھاسى سەل تۆۋەنلىدى، ھەر بىر كىلوگرام چوشقىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 6.2 يۈەن بولۇپ، 15.1% تۆۋەنلىدى، ھەر بىر كىلوگرام چوشقا كۈچۈكىنىڭ باھاسى 13 يۈەندىن 14 يۈەنگىچە بولۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن

ئاساسەن ئوخشاش بولدى. ھەر بىر كىلوگرام چوشقا گۆشىنىڭ ئاتتاپ باھاسى 10 يۈەندىن 11 يۈەنگىچە بولۇپ، 2001 - يىلدىكى باھا سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولدى. يېڭى چوشقا گۆشى (سۆڭەكلىك)نىڭ ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ بازاردىكى پارچە سېتىلىش باھاسى 10 يۈەندىن 12 يۈەنگىچە، شىلىنغان ئالدى پۇت گۆشى 11 يۈەندىن 12 يۈەنگىچە، كەينى پۇت گۆشى 13 يۈەندىن 14 يۈەنگىچە، قوۋۇرغا گۆشى 8 يۈەندىن 10 يۈەنگىچە، قارا گۆشى 14 يۈەندىن 17 يۈەنگىچە بولدى. 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، چوشقىنىڭ بازاردىكى سېتىۋېلىش - سېتىلىشى ئىتتىك بولدى، چوشقا گۆشىنىڭ باھاسى بىر قەدەر ئۆرە بولدى، ھەر بىر كىلوگرام چوشقىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.8 يۈەن بولدى. 11 - ئايدىن كېيىن چوشقىنىڭ باھاسى تۆۋەنلەشكە باشلىدى. چوشقا گۆشى باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى: ئىلگىرىكى ئىككى يىلدا چوشقىنىڭ باھاسى يۇقىرى بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ چوشقا بېقىش ئاكتىپلىقى قوزغىلىپ، 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بېقىلغان چوشقا كۆپىيىپ، بازاردىكى تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەن.

جېڭ جياڭپىڭ

## ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش ۋە سېتىش

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قولدا قالغان ئۆي قۇشلىرى 50 مىليون 484 مىڭ 200 گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 19.67% ئاشتى؛ قولدىن چىقىرىلغىنى 54 مىليون 352 مىڭ 700 گە يېتىپ، 11.7% ئاشتى؛ ئۆي قۇشلىرى گۆشى 95 مىڭ توننىغا يېتىپ، 11.76% ئاشتى؛ تۇخۇم 226 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 11.14% ئاشتى. تۇخۇم مەنبەسى يېتەرلىك، بازار باھاسى مۇقىم بولۇپ، ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 5 يۈەن ئۆپچۆرىسىدە بولدى. 2002 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا گۆش توخۇسىنىڭ باھا ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، گۆش توخۇ چۈجىسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 2.5 يۈەندىن بولدى. تۇخۇمنىڭ بازاردىكى باھاسى: ئاق تۇخۇمنىڭ ھەر كىلوگرامى 5.5 يۈەندىن 7.5 يۈەنگىچە، سېرىق تۇخۇمنىڭ ھەر كىلوگرامى 6.5 يۈەندىن 5.8 يۈەنگىچە، پەرلىك تۇخۇمنىڭ ھەر كىلوگرامى 13 يۈەن بولدى. بىراق، 7 - ئايدىن كېيىن چۈجە ۋە تۇخۇمنىڭ باھاسى تۆۋەنلەشكە باشلاپ، 12 - ئايغا كەلگەندە ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قېلىپ، ھەر بىر چۈجىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 1 يۈەنگىلا، ئاق توخۇ بىلەن سېرىق تۇخۇمنىڭ ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 4 يۈەن ئەتراپىغا، پەرلىك تۇخۇمنىڭ ھەر كىلوگرامى 13 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. باھا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى: باشقا كەسىپتىكىلەر كەسىپنى ئۆزگەرتىپ بەس - بەستە توخۇ بېقىش كەسپىگە مەبلەغ سالغانلىقى ئۈچۈن، قولدا قالغان توخۇ بىر قەدەر كۆپىيىپ كېتىپ، توخۇ مەھسۇلاتى ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەن.

جېڭ جياڭپىڭ

## ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىغان سۈت پىلانى يولغا قويۇلدى

2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىغان سۈت پىلانى رەسمىي يولغا قويۇلدى. «مەيجۇر» سۈتچىلىك گۇرۇھى شىركىتى شىنجاڭدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىغان سۈتنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىدىغان تۇنجى كارخانا بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەر بىر قېپىنىڭ سىناق باھاسى 1.25 يۈەن (200 مىللىلىتىر) سىناق ۋاقتى بىر يىل قىلىپ ئەستىقلاپ، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىغان سۈتنىڭ تەننەرخىنى ئۆتەۋرۈۋېلىپ، ئاز پايدا ئېلىشقا مەقسىتى كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. «مەيجۇر» سۈتچىلىك شىركىتى ئۈرۈمچىدىكى 6 ئالىي مەكتەپنىڭ شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىشىگە 5424 قاپ سۈت يەتكۈزۈپ بەردى، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1966 ئوقۇغۇچى سۈت ئىچىدىغان بولدى. 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قاراماي شەھىرى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىغان سۈت پىلانى خىزمىتىنى يولغا قويۇپ 13 ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىغان سۈت يەتكۈزۈپ بەردى، 12 - ئايدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىشىگە 10 مىڭ 120 قاپ سۈت يەتكۈزۈپ بەردى، ئىككى شەھەردە مۇشۇ بىر يىلدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىشىگە 15 مىڭ 544 قاپ سۈت يەتكۈزۈپ بېرىلدى، 12- ئايدا ئىككى شەھەر بويىچە كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى سۈت ئىچتى.

گاۋ چىڭجاۋ

## شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم خېستان ساپ نەسىللىك سۈت كالىسى كۆپلەپ ئىمپورت قىلىندى

2002 - يىلى شىنجاڭ «ئالتۇن ئۆكۈز» بىئولوگىيە پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى چەت ئەلدىن 2396 ئەلا نەسىللىك سۈت كالىسى كىرگۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كانادادىن كىرگۈزۈلگەن كالا 200 (ساپ نەسىللىك سۈت كالىسى 160، بۇقا 40). ئاۋستىرالىيىدىن 2196 تۇياق خېستان ئىنىكى كىرگۈزۈلدى.

گاۋ چىڭجاۋ

## ھايۋانلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 128 مىليون 530 مىڭ تۇياق چارۋا ۋە 12 مىليون 40 مىڭ ئۆي قۇشىنىڭ يۇقۇملۇق

كېسەللىكىنىڭ ئالدى ئېلىندى. ھەر دەرىجىلىك ھايۋانلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتلىرى ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان 25 تۈرلۈك بىئولوگىيىلىك پاسالما بىلەن تەمىنلەپ، مىقدارى 93 مىليون 826 مىڭ مىللىلىتىرغا يەتتى. قۇشخانىلاردا 5 مىليون 670 مىڭ تۇياق چارۋا كارانتىن قىلىندى، ئىشلەپچىقىرىلغان جايىدا 3 مىليون 460 مىڭ تۇياق چارۋا كارانتىن قىلىندى، چارۋا 43 مىليون 150 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ مەددە، قۇرتى چۈشۈرۈلدى. 37 مىليون 860 مىڭ تۇياق چارۋا دورا ۋاننىسىدا يۇيۇلدى، 5 مىليون 970 مىڭ تۇياق چارۋا داۋالاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالى ئاساسەن تۇراقلىق بولدى.

ئاتتا بولىدىغان يۇقۇملۇق قان كەملىك كېسىلىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، داۋالاندى. كارانتىن قىلىش، كېسەل تەككەن چارۋىلارنى شاللىۋېتىشتەك ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، 657 مىڭ 544 تۇياق ئات ئائىلىسىدىكى ھايۋان كارانتىن قىلىندى، مۇسبەت چىققىنى 84 تۇياق، مۇسبەتلىك نىسبىتى 0.013% بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 0.005 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى، مۇسبەت چىققان چارۋىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

بىرۇتسېللىيوز كېسەللىكى كارانتىن قىلىندى. 2002 - يىلى، بايىنغولىن، ئاقسۇ، ئالتاي ۋە سانجىدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 17 ناھىيە (شەھەر) دە چارۋىلاردىكى بىرۇتسېللىيوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئىممۇنىتېتىنىڭ ئۈنۈمىنى سىناق قىلىش، باكتېرىيە تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى، 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتا 3759 پارچە كېسەللىك ماتېرىيالى توپلاندى، گۇمانلىق باكتېرىيەدىن 20 نەپچە ئايرىپ يېتىشتۈرۈلۈپ، باكتېرىيە چىقىش نىسبىتى 0.53% بولدى. 20 نەپچە گۇمانلىق بىرۇتسېللىيوز باكتېرىيىسىنىڭ تىپىنى بېكىتىش خىزمىتى ئىشلەندى، بېكىتىش ئارقىلىق قويلاردا بولىدىغان بىرۇتسېللىيوز II تىپلىق باكتېرىيە ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

ئات ماڭقا كېسىلى كارانتىن قىلىنىپ تازىلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1406 ئات كارانتىن قىلىنىپ، مۇسبەتلىك ئالامىتى كۆرۈلمىدى.

كالىلاردا بولىدىغان تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ داۋالاندى. نەسىللىك چارۋا سۈتلۈك ئىنەك فېرمىلىرى ۋە شەھەر - بازارلاردىكى سۈت كالىلىرى ئۈستىدە تۇبېركۇليوز كارانتىن قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا 34 مىڭ 606 تۇياق كالا كارانتىن قىلىنىپ، 239 كالا مۇسبەت چىقتى، مۇسبەتلىك نىسبىتى 4.4% بولۇپ، مۇسبەت ئالامىتى كۆرۈلگەن كالىلارنىڭ ھەممىسى شاللاپ بىر تەرەپ قىلىندى.

ساياقات

## ھايۋانلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە نازارەتچىلىك قىلىش

2002 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى كارانتىن قىلىش ئىسپاتىدىن 13 مىڭ 635 نۇسخا، ھايۋاناتلارنى ئىشلەپچىقىرىش جايىدا كارانتىن قىلىش ئىسپاتىدىن 7085 نۇسخا، ناھىيە تەۋەسىدىن چىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلىرىنى كارانتىن قىلىش لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىدىن 1495 نۇسخا، توشۇش ۋاسىتىلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش ئىسپاتىدىن 1960 نۇسخا، ھايۋاناتلارنى كارانتىن قىلىش لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىدىن 1250 نۇسخا، ھايۋانات كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىدىن 10 مىڭ 20 نۇسخا، ھايۋاناتلارنى ئىممۇنىتېتلاش (ئىسپات) كارتىسىدىن 56 مىڭ نۇسخا، ئالىيۇمىن قېتىشمىسى جاھازىسىدىن 5216، ئەندىن 6405، قانۇننى ئىجرا قىلىش ھۆججىتىدىن 892 نۇسخا تارقىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 2160 دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، 2120 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، 357 مىڭ 675 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە 9 ھايۋانات كېسەللىك ئەھۋالىنى كۆزىتىش، مەلۇم قىلىش پونكىتى، چېگرا رايونغا جايلاشقان 10 ناھىيىنىڭ ھايۋانات كېسەللىكىنى نازارەت قىلىش - كۆزىتىش پونكىتى يېڭىدىن قۇرۇلۇپ، چوشقا ۋاباسى، توخۇ ۋاباسى قاتارلىق 9 خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكنى نازارەت قىلىش - كۆزىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - نازارەت قىلىش باش پونكىتىنىڭ دىئاگنوز قويۇش مەركىزى، چېگرا رايونغا جايلاشقان 20 ناھىيىنىڭ ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتى، 13 ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) نىڭ تورلىنىش زەنجىرسىمان تۈر قۇرۇلۇشلىرى تاماملاندى.

ساياقات

## مال دوختۇرلۇق دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى مال دوختۇرلۇق دورىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ دورىلىرى 643 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ نازارەت قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلگىنى 247 تۈركۈم (قېتىم)، تەكشۈرۈلگىنى 396 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولغىنى 338

تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك نىسبىتى 85.4%، لاياقەتسىز بولغىنى 58 تۈركۈم (قېتىم) لاياقەتسىزلىك نىسبىتى 14.6% بولدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق ئارىلاپ تەكشۈرۈپ، نازارەت قىلىنغىنى 1044 تۈركۈم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلمىگىنى 320 تۈركۈم (قېتىم)، تەكشۈرۈلگىنى 724 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولغىنى 631 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك نىسبىتى 87.2%، لاياقەتسىز بولغىنى 93 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتسىزلىك نىسبىتى 12.8% بولدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاست، شەھەرلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىغا لاياقەتسىز مەھسۇلاتلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا 174 قېتىم يېتەكچى خاراكتېرلىك پىكىر بېرىلدى. مال دوختۇرلۇق دورىلىرى 47 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈشكە ھاۋالە قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلمىگىنى 8 تۈركۈم (قېتىم)، تەكشۈرۈلگىنى 39 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولغىنى 32 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتسىز بولغىنى 7 تۈركۈم (قېتىم)؛ تەكشۈرۈشكە يوللاپ ئەستىقلانغىنى 708 تۈركۈم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلمىگىنى 288 تۈركۈم (قېتىم)، تەكشۈرۈلگىنى 420 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولغىنى 402 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتسىز بولغىنى 18 تۈركۈم (قېتىم)؛ ئىلتىماس قىلىنغىنى 14 تۈركۈم (قېتىم). بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلمىگىنى 2 تۈركۈم (قېتىم)، تەكشۈرۈلگىنى 12 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولغىنى 8 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتسىز بولغىنى 4 تۈركۈم (قېتىم) بولدى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى يىمەكلىك قىلىنىدىغان ھايۋاناتلارغا ئىشلىتىشنى چەكلىگەن مال دوختۇرلۇق دورىلىرى ۋە باشقا خىمىيۋى بىرىكمە دورىلار ئېنىقلاپ، مۇسادىرە قىلىندى.

سۈت ۋە قوي موسكۇل گۆشىدىكى ئېزى باكتېرىيىسى قالدۇقىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى تەكشۈرۈپ تەجرىبە قىلىندى؛ قوي موسكۇل گۆشى تەركىبىدىكى خلوروستىننىڭ قالدۇقى 100 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، سۈت تەركىبىدىكى خلوروستىننىڭ قالدۇقى 115 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

لىۇ ئەيرۇڭ

## يەم - بوغۇز كەسپىنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە بوغۇز خورۇچى ۋە خورۇچ ئارىلاشتۇرۇلغان بوغۇز ئىشلەپچىقىرىدىغان 16 كارخانىغا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىلدى، بېجىرىلگەن ۋە كۆپەيگەن ئەستىقى ھۆججەت 35كە يەتتى. 38 تۈرلۈك بىرىكمە بوغۇز، قويۇلدۇرۇلغان بوغۇز، ئۇجۇپىلەنگەن تولۇقلىما بوغۇز ۋە ماتېرىيالى بىر خىل بولغان تۆكمە يەم ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا كارخانىنىڭ ئەسىس قىلىنىش شارائىتىنى تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلدى، يەم - بوغۇز مەھسۇلاتلىرىنى تىزىملاش ھۆججىتى 475كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يەم - بوغۇز كەسپىنى باشقۇرۇش ئارماقلىرى 102 كارخانىنىڭ يەم - بوغۇز مەھسۇلات بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەكشۈرۈپ بېجىردى ۋە قايتىدىن بېجىردى. مۇتەخەسسىلەرنى تەشكىللەپ 38 يەم - بوغۇز كارخانىسىنىڭ 87 مەھسۇلات ئۆلچىمى تەكشۈرۈلدى.

2001 - يىلى ئاپتونوم رايوندا يەم - بوغۇز پىرېيوم قىلىش خادىملىرى، يەم - بوغۇز زاۋۇتلىرىنىڭ مەركىزىي كونترول قىلىش بۆلۈمى مەشغۇلات خادىملىرى، يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى رېمونتچىلىرىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى سىناش، تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، 85 ئادەم (قېتىم) قاتنىشىپ، 77 كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىك سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

لىۇ جۇنجيەن

## يەم - بوغۇز سانائىتى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى ھەر خىل يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى 319 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەم - بوغۇز پىششىقلاش كارخانىلىرى 158 (سائەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 514 توننا)، بىر خىل كونجۇرە تىرىپ ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار 161. يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى مەھسۇلات تۈرى بويىچە ئايرىغاندا (تەكرار ھېسابلانغان ئەھۋال بار): بىرىكمە يەم - بوغۇز كارخانىسى 119، قويۇلدۇرۇلغان يەم - بوغۇز كارخانىسى 40 (قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىدۇ)، خورۇچلۇق ئارىلاشما يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا 26، يەم - بوغۇز خورۇچىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 14 (بۇنىڭ ئىچىدە بىر كارخانا ئىككى خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئالغانلىرىمۇ بار). كارخانىلارنىڭ روييخەتكە ئالدۇرغان تۈرى بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت كارخانىسى 46، كوللېكتىپ كارخانا 62، پاي ھەمكارلىق كارخانىسى 22، پاي چەكلىك ھەسسىدارلىق كارخانىسى 12، ھەر خىل خۇسۇسىي كارخانا 89، جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا 3، باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 85.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 149 مىڭ 700 توننا ھەر خىل يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىلىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6.07% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - بوغۇز 1 مىليون 46 مىڭ توننىغا يېتىپ، 12.59%، قويۇقلاشتۇرۇلغان يەم - بوغۇز 94 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 62.33%، خورۇچلۇق ئارىلاشما يەم - بوغۇز 8900 توننىغا يېتىپ، 15.58% ئاشتى. ھەر خىل يەم - بوغۇزلارنىڭ ئاۋارلىشىش نىسبىتى 58.98%كە يەتتى. بىرىكمە بوغۇز

ئىچىدە، چوشقا بوغۇزى %98.12نى، توخۇم قۇشلىرى يېمى %37.23نى، گۆش قۇشلىرى يېمى %70.35نى، بېلىق يېمى %93.10نى، كۆشىگۆچى چارۋىلار بوغۇزى %88.6 نى، باشقا خىلدىكى يەملەر %14.10نى ئىگىلىدى. قويۇلدۇرۇلغان يەم - بوغۇز ئىچىدە، چوشقا بوغۇزى %37.38نى، توخۇم قۇشلىرى يېمى %31.37نى، گۆش قۇشلىرى يېمى %28.20نى، بېلىق يېمى %41.2نى، كۆشىگۆچى چارۋىلار يەم - بوغۇزى %48.1نى، باشقا يەملەر %15.0نى ئىگىلىدى. ئارىلاشما يەم - بوغۇز ئىچىدە، چوشقا بوغۇزى %46.24نى، تۇخۇم قۇشلىرى يېمى %88.21نى، گۆش قۇشلىرى يېمى %97.15نى، بېلىق يېمى %22.8نى، كۆشىگۆچى چارۋىلار يەم - بوغۇزى %98.17 نى، باشقا يەملەر %49.11نى ئىگىلىدى. يەم - بوغۇز خۇرۇچى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان كالتسىي كاربونات 14 مىڭ 10 توننىغا، سىلوس ئاكتىپ ئاياقچە باكتېرىيىسى 4.0 توننىغا، ۋىتامىن C تەخمىنەن 2 توننىغا، سۆڭەك تالقىنى ۋە گۆشلۈك سۆڭەك تالقىنى تەخمىنەن 3000 توننىغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 722 مىڭ 826 توننا ھەر خىل كۆنجىۋە - تىرىپ ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پۇرچاق تىرىپى 42 مىڭ 234 توننا، چىگىت تىرىپى 375 مىڭ 467 توننا، قىچا تىرىپى 256 مىڭ 243 توننا، باشقا كۆنجىۋە تىرىپلار 48 مىڭ 882 توننا.

2002 - يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە يەم - بوغۇز سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 107 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 5293كە يەتتى.

لىيۇ جۈنجيەن

## يەم - بوغۇز تەكشۈرۈش

2002 - يىلى شىنجاڭ يەم - بوغۇزنى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. جەمئىي 1465 تۈركۈم (قېتىم) ئۈسكە ئېلىپ تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە بوغۇز، قويۇلدۇرۇلغان بوغۇز 414 تۈركۈم (قېتىم)، بوغۇز خۇرۇچى ۋە ئارىلاشما بوغۇز 280 تۈركۈم (قېتىم)، ھايۋانات مەنبەسى خاراكتېرلىك بوغۇز 107 تۈركۈم (قېتىم)، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن ياقىمچىلار 664 تۈركۈم (قېتىم)، ئۈسكە ئېلىپ تەكشۈرۈلگەن ئۆزرىشكىلەر ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈش مەركىزى چەكلىگەن دورا - خۇرۇچلارنى 665 تۈركۈم (قېتىم) مەخسۇس تەكشۈرۈپ دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئۆلچىگۈن كەلدى؛ شىنجاڭ مال دوختۇرلۇق دورىلىرى - بوغۇزلارنى تەكشۈرۈش ئورنى تەكشۈرگەن 800 ئۆزرىشكە ئىچىدە، لاياقەتلىك چىققان مەھسۇلاتلار 770 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتسىز مەھسۇلاتلار 30 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك نىسبىتى %3.96كە يەتتى.

بىر يىلدا 1169 تۈركۈم (قېتىم) ھەر خىل بوغۇز پىرىيوم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، كارخانىلارنىڭ بوغۇز خۇرۇچى، خۇرۇچلۇق ئارىلاشما بوغۇز تەستىق نومۇرى ئېلىشقا يوللانغىدىنى 51 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلۈپ، لاياقەتلىك چىققىنى 48؛ باج كەچۈرۈم قىلىش بويىچە تەكشۈرۈلگىنى 216 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك چىققىنى 161، لاياقەتسىز چىققىنى 48 (تەكشۈرۈلمىگىنى 7 تۈركۈم «قېتىم»)؛ تەكشۈرۈشكە ھاۋالە قىلىنغىنى 298 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك چىققىنى 103، قالغانلىرى يەككە تۈرلەر بويىچە تەركىبى تەكشۈرۈلدى؛ قەرەللىك نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈلگىنى 54 تۈركۈم (قېتىم)، ھەممىسى لاياقەتلىك چىقتى؛ گىدروفلورىد كلونتىروسى مەخسۇس 550 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، گىدروفلورىد كلونتىروسى چىقمىدى.

ۋاڭ ۋېيگو

## چارۋىچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈش خىزمىتى

1. ئەۋزەللىككە ئىگە چارۋا مەھسۇلاتلىرى زور ھەجىمدە ئاشتى. 2002 - يىلى شىنجاڭدا سۈت 2001 - يىلدىكىدىن %8.19، گۆش %3.11، قوي يۇڭى %3.3، تۇخۇم %3.6 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ بىرلىك يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %30دىن ئېشىپ كەتتى.

2. سۈتچىلىك، سۈپەتلىك كالا - قوي گۆشى، سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭىدىن ئىبارەت «ئۈچ چوڭ» كەسپ بەلۋېغىنىڭ قۇرۇلۇشى يەنىمۇ تېزلىتىلدى. سۈتچىلىك كەسپ بەلۋېغى قاتنىشى قولايلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى تەرەققىي قىلغان، ئىستېمالچى ئاھالىلار توپلاشقان تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا جايلاشقان، يېزا ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، رايون ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىش، مەملىكەت ئىچىدىكى يېيىش بازارغا سىلىنغان كارخانىلار، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتە دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق باشلامچى كارخانىلىرىنىڭ كىرىشى، كەڭ دېھقانلارنىڭ پائال قاتنىشىشى ئارقىلىق، كاپىتال ۋە بايلىق مەنبەسى بۇ رايونغا مەركەزلەشتۈرۈپ مەبلەنىپ، سۈتچىلىك كەسپ بەلۋېغى ئالدى بىلەن دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، سۈتچىلىكنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئەندىزىسى شەكىللەندى. ئەلا سۈپەتلىك كالا ۋە قوي گۆشى ئىشلەپچىقىرىش بەلۋېغى جەھەتتە شىنجاڭنىڭ يەرلىك سۈپەتلىك گۆش چارۋىلىرىغا تايىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن سۈپەتلىك گۆش چارۋىسى نەسلى كىرگۈزۈلۈپ، گۆش كالىسى ۋە قويىنىڭ سانى ھەم سۈپىتى تېز يۇقىرى

كۆتۈرۈلدى. ئاربابائاي، ئالتاي ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلار باشباي قويى، ئالتاي قويى ۋە تۇركۈل قويلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ بېقىپ باشقۇرۇش، گۆش قويى داڭلىق مەھسۇلاتى بولۇپ لەنگە ئېلىندى. كىچىك ئورالغان سېپتا قوي گۆشى مەھسۇلاتلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى «خۇالىك» گۇرۇھى شىركىتى 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە چوڭ تىپتىكى زامانىۋى قۇشخانا لىنىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى. مەھسۇلاتلارنى ئېچىش، سۈپەت ۋە ئۆلچەم جەھەتلەردە خەلقئارا بازارلارغا كىرگۈزۈش شەرتلىرى بويىچە ئىشلىدى. شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى كۆندىن - كۈنگە مۇۋاپىقلاشتى، رايونلارنىڭ ئىش تەقسىماتى تەدرىجىي ئايدىڭلاشتى، بايلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

3. سۈتچىلىكنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھەر تۈركۈم يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلار تېزدىن بارلىققا كەلدى. ئۈرۈمچى يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رايونىدىكى «ئالتۇن ئۆكۈز» پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى 200 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن سۈتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاتنىشىپ، كانادا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن 6000 دىن ئارتۇق ئەلا نەسىللىك ئىنەك ئىمپورت قىلىپ، 1000 دىن كالا باقىدىغان يۇقىرى مەھسۇلاتلىق 6 فېرما قۇرۇپ ئاساسلىقى ئەلا نەسىللىك ئىنەك تۆرەلمىسى ئېلىشنى كەسپلەشتۈرۈش ۋە سۈت ئىشلەپچىقىرىشتا پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىنەكنى كۆپەيتىش، نەسلىنى ياخشىلاش، تۆرەلمە ئېلىشنى كەسپلەشتۈرۈش ۋە سۈت ئىشلەپچىقىرىشتىكى باشلامچى كارخانا بولۇپ قالدى. سانجى ئوبلاستىغا جايلاشقان مەيجۇر سۈتچىلىك گۇرۇھى شىركىتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن 2 - تۈركۈمدىكى يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانا بولۇپ باھالاندى، بۇ كارخانا دۆلەتنىڭ زايوم مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ تېخنىكا ئۆزگەرتىپ، بۇ تاماملانغاندىن كېيىن، كۈنلۈك سۈت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 300 توننىغا يەتكۈزدى، شىركەت بىلەن دېھقانلارنى بىرلەشتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق، 80 ئىنەك بېقىش كىچىك رايونى قۇرۇپ، شىركەتنىڭ سۈت مەنبەسى بازىلىرىدىكى ئىنەكلەرنىڭ سانىنى 4000 غا يەتكۈزدى. دېلۇڭ شىركىتىنىڭ چارۋىچىلىق كەسپى ۋە «ۋېيۇيى» سۈتچىلىك كەسپلىرى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت بولۇشتەك كۈچلۈك مەبلەغ ئاساسى ۋە مۇكەممەل سېتىش تورلىرى ئارقىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى باشلامچى قىلىپ، ئىنەك بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كالا بېقىش ئاكتىپلىقىغا تۈرتكە بولۇپ، نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى قۇردى.

نېلىك دوقخې

## بەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 134، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىگە تەۋە نامرات چارۋىچىلىق فېرمىسى 15. نوپۇسى 366 مىڭ 800، كەسپكارلار 155 مىڭ 200.

2002 - يىلى بەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 896 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %12.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 637 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.7؛ 2 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 141 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %34.2؛ 3 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 118 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %24.2 ئاشتى. ئاشلىق 271 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %22.3؛ ياغلىق دان 24 مىڭ توننىغا يېتىپ، %25.6؛ پاختا 30 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %19.6؛ شېكەر خام ماتېرىيالى 137 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %28.9 ئاشتى؛ گۆش 55 مىڭ 200 تونna بولۇپ، %9.5 كېمەيدى؛ سۈت 82 مىڭ توننىغا يېتىپ، %20.4 ئاشتى؛ قوي يۇڭى 5295 توننا بولۇپ، %11.4 كېمەيدى؛ ئۆچكە تىۋىتى 159 توننا بولۇپ، %10.6 كېمەيدى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 4 مىليون 119 مىڭ 700 تۇياق بولۇپ، %2.8 كېمەيدى.

2002 - يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 289 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %12 ئاشتى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %33.4 ئاشتى؛ يىل ئاخىرىدا تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 11 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %24 ئاشتى؛ 3 - كەسپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 131 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21 ئاشتى.

2002 - يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە 69 مىليون 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %16 كېمەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 66 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.8 ئاشتى. سېلىنغان مەبلەغدىن دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىققا ئىشلىتىلگىنى 49 مىليون 390 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %70 نى ئىگىلىدى؛ سانائەت ۋە بىناكارلىق كەسپىگە ئىشلىتىلگىنى 4 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولۇپ، %6.7 نى ئىگىلىدى؛ سودا، ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف

كەسپلەرگە ئىشلىتىلگىنى 2 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بېكىتىلگەن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈككە 41 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2600 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 2600 گېكتار ئوتلاقنىڭ سۈپىتى ياخشىلاندى، 56 چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور، 11 يۈك ئاپتوموبىلى، 351 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىسى سېتىۋېلىندى، 177 كىلومېتىر زەيكەش، سۈغىرىش ئۆستەڭلىرى چېپىلدى؛ فېرمىدا 54 نەسىللەندۈرۈش ۋە مال دوختۇرلۇق پونكىتى، 120 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چارۋا، قوش قوتىنى، 220 مىڭ كۋادرات مېتىر ھەر خىل ئامبار، 82 مىڭ كۋادرات مېتىر مەدەنىيەت - سەھىيە ئۆي - ئىمارەتلىرى بار. 966 كىلومېتىر توك يەتكۈزۈش يېسىم ئۆزگەرتىش سىمى تارتىلدى، 451 كىلومېتىر تېلېفون سىمى تارتىلدى، 141 مىڭ كۋادرات مېتىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئولتۇراق ئۆيى سېلىندى.

ياڭ بىڭ

## چارۋىچىلىقتىكى ئاپەت ئەھۋالى

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتا 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈشتۈمتۇت قېلىن قار ياغدى، بۇ قار ئۇدا 18 - كۈنگىچە داۋام قىلدى، تېمپېراتۇرا بىراقلا نۆلدىن تۆۋەن 20 گرادۇسنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتتى، كۆپ قىسىم ئوتلاقلاردىكى ئوت - چۆپلەر قارنىڭ ئاستىدا قالغان بولغاچقا، ماللار ئوتلىيالماي قالدى، 1 مىليون 570 مىڭ تۇياق چارۋا قاردا قاپسىلىپ قالدى، 14 مىڭ 710 تۇياق چارۋا قار ئاپىتىدە ئۆلدى، 6215 تۇياق بوغاز چارۋا بالا تاشلىۋەتتى. ئورۇق، ئاجىز چارۋا 1 مىليون 680 مىڭ تۇياققا يەتتى.

بورتالا ئوبلاستىنىڭ قىشلاقلىرىدا ۋە قورغاس ناھىيىسىنىڭ يىراقتا جايلاشقان قىشلاقلىرىدا 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە كۆپ قېتىم قار ياغدى، 657 مىڭ تۇياق چارۋا ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئوتلاقلار قارغا كۆمۈلۈپ قالغاچقا، چارۋىلار ئوتلىيالماي قالدى، يۇتۇنلەي يەم - خەشەككە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزدى، ئورۇق، ئاجىز چارۋا 350 تۇياققا يەتتى.

بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېمپېراتۇرا ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ، بوران چىقىپ يامغۇر ياغدى، خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بايىنبۇلاق چارۋىچىلىق رايونى، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئاچچان چارۋىچىلىق رايونى، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ چىمەن چارۋىچىلىق رايونىدا ئاپەت ئېغىر بولدى، بۇ 3 چارۋىچىلىق رايونىدا تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10℃ ئەتراپىغا چۈشتى ھەم 8 بالدىن 10 بالغىچە بوران چىقتى، بۇ قېتىمقى ئاپەتتە 20 مىڭ 560 تۇياق چارۋا ئۆلدى، بوران 48 كىگىز ئۆي، 56 قوتاننى بۇزۇۋەتتى، ئورۇق، ئاجىز چارۋا 300 مىڭ تۇياقتىن ئاشتى.

ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەردە 4 - ئايدا ئۇدا يامغۇر ياغدى، يېغىن مىقدارى ئومۇميۈزلۈك ھالدا يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيانقى ماكسىمۇم قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە - شەھەرلەردىكى 26 مىڭ 364 ئائىلە، 143 مىڭ 900 ئادەم ئاپەتكە ئۇچراپ، چارۋىچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ %77.2نى ئىگىلىدى.

ئۈلۈغچات ناھىيىسى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە قار ئارىلاش يامغۇر ياققان ئاپەتلىك ھاۋارايىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، يېغىن 15 سائەت داۋام قىلىپ، كەلكۈن كېلىپ، يېزا - كەنت يوللىرى ۋە كۆۋرۈك يوللىرىدىن 45 جايىنى بۇزۇۋەتتى، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى، 220 قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 800 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك چارۋا ئۆلدى، تاغلىق رايونلاردا 110 مىڭدىن ئارتۇق چارۋا قاپسىلىپ قالدى.

جىمىسار ناھىيىسىنىڭ ساۋۇر تېغىدا 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تۇيۇقسىز قاتتىق يامغۇر يېغىپ، نەچچە 10 يىلدىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان زور كەلكۈن ئاپىتى پەيدا قىلدى، 1200 چارۋىچى ئاپەتكە ئۇچرىدى، 580 چارۋىچى جىددىي يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپەتتە 180 تۇياق چارۋا ئۆلدى، لاي - شېغىل ئارىلاش لاتقا 300 گېكتاردىن ئارتۇق تەبىئىي ياپلاقنى، 167 گېكتاردىن ئارتۇق بېدىلىكنى بېسىۋالدى.

باي ناھىيىسىدە 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئومۇميۈزلۈك قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ياپلاقتا تۇرۇۋاتقان 3600 دىن ئارتۇق چارۋىچىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە ئېغىر تەھدىت سالدى. 11 چارۋىچى ئۆلۈپ كەتتى، 538 قوتان ئۆرۈلدى، 23 ئۆشتەك چارۋىلارنى نەسىللەندۈرۈش پونكىتى، 25 دورا ۋاننىسى ۋەيران بولدى، 12 مىڭ 678 تۇياق چارۋا ئۆلدى، لاتقا - شېغىل ئارىلاش كەلكۈن 6667 گېكتار ياپلاقنى بۇزۇۋەتتى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ قىشلاقلىرىدا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ، يامغۇر ئاز يېغىپ، ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولدى، ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشى ناھايىتى ناچار بولدى، ئالتاي ۋىلايىتىدە قۇرغاقچىلىقتا ئۇچرىغان ياپلاقلارنىڭ كۆلىمى پايدىلىنىشقا بولىدىغان ياپلاق كۆلىمىنىڭ %60دىن ئېشىپ كەتتى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان ياپلاقنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 370 گېكتار بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ياپلاق كۆلىمىنىڭ %35.2نى ئىگىلىدى.

بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ جەنۇبىي قىسمى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئۇدا قاتتىق قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۇدا

قار يېغىپ، قارنىڭ قېلىنلىقى 40 سانتىمېتىرغا يەتتى، چارۋىلارنىڭ ئوتلىشى مۇمكىن بولماي قالدى. پۈتۈن ناھىيىدىكى 7 يېزا (مەيدان) نىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 358 ئائىلىدىكى 1482 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 7270 تۇياق چارۋا ئۆلدى؛ تۇيۇقسىز ياغقان قاتتىق قاردا 13 مىڭ 300 تۇياق چارۋا ئېغىر ئورۇقلاپ كەتتى، چىشى چارۋىلاردا كېسەل، قىيىن تۇغۇت، بالا تاشلىۋېتىش ھادىسىلىرى كۆرۈلدى، يېڭى تۇغۇلغان قوزا - ئوغلاقلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەنلىدى. چاقىلىق ناھىيىسىدە 12 - ئاينىڭ 5 -، 6 - كۈنلىرى ئۇدا قار يېغىپ، تاغلىق رايونلىرىدا يىغىندا قار تېخىمۇ قېلىنلاپ، چارۋىچىلىق رايونىدىكى 62 ئائىلىلىك چارۋىچى ئاپەتكە ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 12 ئائىلىلىك چارۋىچىنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 1391 تۇياق چوڭ چارۋا ئۆلدى. بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قار ياغماي قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى، بولۇپمۇ خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بايىنبۇلاق چارۋىچىلىق رايونىدىكى يايلاقلاردا قۇرغاقچىلىقتىن سۇ كەمچىل بولۇپ، 920 ئائىلىدىكى 4600 ئادەم ۋە 460 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ سۇ ئىچىشى قىيىن بولدى. قىشلاقتا مۇقىم قار بولمىغاچقا، چارۋىلارنى يايلاقتا كۆچۈرۈش خىزمىتى 20 كۈن كېيىنگە سۈرۈلۈپ كەتتى.

كوڭ با

## چارۋىچىلىقتا چەت ئەللەر بىلەن ھەمكارلىشىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ چارۋىچىلىق جەھەتتە 5 تۈر بويىچە چەت ئەللەر بىلەن ھەمكارلاشتى. (1) ياپونىيە «يېشىل بايلىق» شىركەت گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ يولغا قويۇلغان «ئاسىيا رايونىنىڭ قۇملىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىي دەلىللەش تەكشۈرۈش تۈرى» بويىچە 166.7 گېكتار ئۆل مۇئەسسەسەلىرىنى رەتلەپ، تەييارلاش ئىشى ئورۇندالدى، 25 ئائىلىلىك چارۋىچى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، ياپونىيىنىڭ «يېشىل بايلىق» شىركەت گۇرۇھى 2 مىليون 630 مىڭ يۈەن ھەقسىز مەبلەغ سالدى. مۇشۇ بىر يىلدا ياپونىيە تەرەپتىن ھەر خىل مۇتەخەسسىسلەردىن 16 ئادەم (قېتىم) كېلىپ نەق مەيداندا خىزمەت ئىشلىدى، تۇپراق، ھاۋارايى، گىدروگېئولوگىيە، ئۆستۈرۈش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، شۇنىڭدەك ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەندىزىسىدىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ چارۋىچىلىق قىلىشقا يۆتكىلىشنى مۇلاھىزە قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش مەزمۇن قىلىندى. بۇ تۈر ئالتاي شەھىرىنىڭ ئالاقاق يېزىسى، قابا ناھىيىسىنىڭ قىردالا رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ تۈرنىڭ قەرەلى 5 يىل بولۇپ، 2006-يىلى تاماملىنىدۇ. (2) جۇڭگو - قازاقىستان ھەمكارلاشقان كارخانا چايلىم سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇش چەكلىك شىركىتى 8 - يىللىق خىزمىتى تاماملىدى، بۇ تۈرنىڭ ھەمكارلىق مۇددىتى 10 يىل. (3) دۇنيا بانكىسى قەرز پۇل بەرگەن تۈر — «شىنجاڭ چارۋىچىلىقنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى» نى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەستىقلىدى. 2002 - يىل 7 - ئايدا دۇنيا بانكىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى رەسمىي باھالاپ چىقتى، قەرز پۇلنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 28 مىليون دوللار، تۈرنىڭ مۇددىتى 6 يىل، بۇ تۈر 25 ناھىيە ۋە 3 نەسىللىك قوي فېرمىسىغا مۇناسىۋەتلىك. دۇنيا بانكىسى بۇ تۈرگە ماسلىشىپ شىنجاڭغا يەر شارى مۇھىت فوندىدىن 5 مىليون دوللار ئىئانە پۇل ئېلىپ بەردى، بۇ پۇل تۈرلەر يولغا قويۇلغان رايونلارنىڭ ئوتلاق ئېكولوگىيىسى ۋە جانىۋارلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداشقا ئىشلىتىلىدۇ. (4) 2002 - يىلى، دۇنيا بانكىسى «قار ئاپىتىگە جىددىي ياردەم بېرىش» تۈرىگە 5 مىليون دوللارلىق ئۆسۈمسىز قەرز پۇل بەردى، بۇ تۈرنى يولغا قويۇش مەزگىلىدە، ئىككى رايوندىكى كۆلىمى 246 مىڭ 276.5 كۋادرات مېتىرلىق 2711 قوتان رېمونت قىلىندى، كۆلىمى 187 مىڭ 324 كۋادرات مېتىر 1660 قوتان ياسالدى، 26 مىڭ 246 كۋادرات مېتىرلىق 354 چارۋىچىلار ئۆيى سېلىندى، 3812.9 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 7262.5 گېكتار ئوتلاقنىڭ سۈپىتى ياخشىلاندى؛ 1589 سىلوس ئورىسى ياسالدى، 376 ئوت - چۆپ ئورۇش، پىششىقلاش ماشىنىسى سېتىۋېلىندى، 9501 ئادەم (قېتىم) دېھقان - چارۋىچى تەربىيىلەندى. ئىككى رايوندىكى 8520 ئائىلىلىك دېھقان - چارۋىچى بۇ تۈردىن نەپ ئالدى. بۇ تۈرلەرگە 60 مىليون 396 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى 40 مىليون 465 مىڭ 900 يۈەن، دۆلەت ئىچىدىن يۈرۈشلەشتۈرۈلگىنى 19 مىليون 931 مىڭ يۈەن، بۇ تۈرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش- تۇرمۇش تەرتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، چارۋىچىلىق ئۆل مۇئەسسەسەلىرى ياخشىلاندى، تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. (5) ب د ت ئاشلىق - دېھقانچىلىق تەشكىلاتى ھەقسىز ياردەم قىلغان 297 مىڭ دوللار «ئوت - چۆپ ئۇرۇقچىلىق بازىسى تۈرى» ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى.

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق سىستېمىسى بويىچە 27 ئادەم چەت ئەلگە چىقىپ تەربىيىلەندى، ئۆگەندى ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ياپونىيە، كانادا، قازاقىستان ۋە موڭغۇلىيە قاتارلىق 14 دۆلەتنىڭ مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكىدىكى

70 ئادەم كۆتۈرۈلىدى، چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى شىنجاڭدا تېخنىكا ئالماشتۇرۇدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى. چەت ئەللەر بىلەن تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكۈسى.

ئابلەت

# ئورمانچىلىق

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، 80 ناھىيە، شەھەر ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇدى، 45 ناھىيە، شەھەر تۈزلەڭلىكىنى كۆكەرتىش ئۆلچىمىگە يەتتى. %93 ئېتىز - ئېرىق ئورمان تورى بىلەن ئۈنۈملۈك قوغدالدى، ئورماننىڭ قاپلاش نىسبىتى %2.1كە يەتتى.

شىنجاڭنىڭ ئورمانلىقلىرى ئاساسلىقى تاغلىق رايون تەبىئىي ئورمىنى، بوستانلىقلاردىكى بەرپا قىلىنغان ئورمان ۋە چۆللەردىكى، ئېقىن - جىلغىلاردىكى تەبىئىي ئورمانلىقلاردىن تەركىب تاپقان. ئورمانلارنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 10 مىليون 573 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايونلاردىكى تەبىئىي ئورمان كۆلىمى 2 مىليون 127 مىڭ 900 گېكتار، بوستانلىقلاردىكى بەرپا قىلىنغان ئورمانلىق 960 مىڭ گېكتار، چۆللەردىكى، ئېقىن - جىلغىلاردىكى تەبىئىي ئورمانلىق 7 مىليون 485 مىڭ 700 گېكتار. ئۆسۈۋاتقان ياغاچ زاپىسى 276 مىليون كۇب مېتىر.

شىنجاڭدا 644 تۈرلۈك ئومۇرتقىلىق ھايۋانات ياشايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىدىن ئۆتقىلىق قوغدىلىدىغىنى 103 خىل، ئاپتونوم رايون دەرىجىدىن ئۆتقىلىق قوغدىلىدىغىنى 44 خىل، ئىقتىسادىي قىممىتى بارلىرى 190 نەچچە خىل. ئۆسۈملۈك بايلىقلىرى ئىچىدە، دورىلىق قىممىتى بارلىرى 1160 خىل، بۇنىڭ ئىچىدە 719 خىلى ياۋا ئۆسۈملۈك.

ئاپتونوم رايوندا 500 دىن ئارتۇق ھەر خىل ئورمانچىلىق ئاپپاراتى، 35 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى بار. دۆلەت ئىلكىدىكى تاغلىق رايون ئورمانچىلىق مەيدانى 40، تۈزلەڭلىك ئورمانچىلىق مەيدانى 64، كۆچەتزارلىق 86، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش پونكىتى 103. 14 ۋىلايەت - ئوبلاست، 85 ناھىيە (شەھەر) دە ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە پونكىتى تەسىس قىلىنغان.

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 237 مىڭ 700 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (بىكتۈەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا). تاغلىق رايونلاردا سۈنئىي ئۇسۇلدا يېپىلاپ ئورمان بەرپا قىلىش، تاغنى قورشاپ ئورمان يېتىشتۈرۈش ۋە ئورمانلىقلارنى پەرۋىش قىلىش پىلان ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، كەسكەندىن كېيىن، ئورنىغا ئورمان يېپىلاش نىسبىتى %99.6كە ۋە سۈنئىي ئۇسۇلدا يېپىلاپ، ساقلاپ قېلىش نىسبىتى %99كە يەتتى. ئورماننىڭ قاپلاش نىسبىتى 2000 - يىلىدىكى %1.92تىن ئېشىپ %2.10كە يەتتى. بوستانلىقلاردىكى ئورماننىڭ قاپلاش نىسبىتى %10.75تىن ئېشىپ، %14.95كە يەتتى. ئاپتونوم رايوندىكى 19 شەھەرنىڭ شەھەر رايونىنى يېشىللىق بىلەن قاپلاش نىسبىتى %29.05كە كۆتۈرۈلدى.

5 چوڭ ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى. (1) تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش قۇرۇلۇشى پۇختا قەدەم بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشتا ئاساسلىقى تەبىئىي ئورمان بايلىقلىرىنى ئاسراش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش يولغا قويۇلغان رايونلاردا ياغاچ ماتېرىيالنى كېسىش مىقدارى %70 ئازايتىلدى، يىللىق كېسىش مىقدارى بۇ قۇرۇلۇش يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى 280 مىڭ كۇب مېتىردىن 80 مىڭ كۇب مېتىرغا ئازايتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە بۇ قۇرۇلۇش يولغا قويۇلغان 45 ئورۇننىڭ تاغلىق رايوندىكى 1 مىليون 978 گېكتار تەبىئىي ئورمانلىقى قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئورمان بايلىقىنى باشقۇرۇش، قوغداش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، تاغلىق رايونلاردىكى ئورمان بايلىقى ئۈنۈملۈك قوغدىلىپ، ئورمان كۆلىمى ۋە زاپىسى تەڭ كۆپەيدى. (2) تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق ئۆتقىلىق رايونلاردا سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى، شامالدا يىمىرىلىشنى تۈگىتىش ۋە مۇھىتنى تۈزەش مەسىلىلىرى ھەل قىلىنىدۇ. 10 يىلدا 1 مىليون 759 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىش پىلانلاندى. 2002 - يىلى 62 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ، ئورمان بەرپا قىلىندى. 61 مىڭ 300 گېكتار قاقاس تاغدا ئورمان بەرپا قىلىندى. بۇ قۇرۇلۇش ئاپتونوم رايوندىكى 75 ناھىيە - شەھەر (رايون)، 572 يېزا، 3412 كەنت، 136 مىڭ ئائىلىلىك دېھقانغا مۇناسىۋەتلىك. دەسلەپكى قەدەمدە ھېسابلىنىشىچە، تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، بۇ قۇرۇلۇشقا قاتناشقان ھەر بىر ئائىلىنىڭ

ئوتتۇرىچە كىرىمى 40 يۈەندىن كۆپەيگەن. (3) «ئۈچ شىمال» ئېھانە ئورمان سىستېمىسى قۇرۇلۇشى پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. 2001 ـ 2002 ـ يىللىرى 258 مىڭ 200 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى ۋە يېتىشتۈرۈلدى. (4) ياۋايى ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ۋە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى. بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق ئاساسلىقى گېننى ساقلاپ قېلىش، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش، تەبىئەتنى قوغداش، نەم يەرلەرنى قوغداش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. (5) تېز ئۆسۈپ مول ھوسۇل بېرىدىغان ئورماننى ئاساس قىلغان ئورمانچىلىق كەسپى بازىسى قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق تەبىئىي ئورمانلارنى كېسىشنى ئاساس قىلىشتىن بەرپا قىلىنغان ئورمانلارنى كېسىشكە بۇرۇلۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلۈپ، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىندى. 2002 ـ يىل 33 مىڭ گېكتار يەرگە قەغەز ئىشلەشتە خام ئەشيا قىلىنىدىغان ئورمان بەرپا قىلىشقا يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان تۈزۈلدى، ئىلى، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قاراماي قاتارلىق جايلارنىڭ تېز ئۆسۈپ، مول ھوسۇل بېرىدىغان ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلماقتا.

لىي خۇا، يۈەيشىن

## ئورمان بايلىقى ۋە ئورمان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

2002 ـ يىلى شىنجاڭدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئورمان كېسىشنى باشقۇرۇش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاغلىق رايونلاردا ياغاچ ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» تۈزۈلۈپ، ئورمان كېسىشنى باشقۇرۇش قېلىپلاشتى. ئورمان يېرى ۋە ئورمان ھوقۇقىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ئورمان يەرلىرىنى ئېتىۋېلىشنى تەكشۈرۈش تەرتىپى قېلىپلاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 150 نەچچە مىڭ ئورمان ھوقۇقى كېنىشكىسى تارقىتىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئورمان يېرىنى ئېتىۋېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى باشقۇرۇش چارىسى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققى ئېلىش ئۆلچىمى» يولغا قويۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن ئورمان يېرىنى ئېتىۋېلىش رەسمىيىتىدىن 30 نەچچىسى بېجىرىلىپ، 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن ئورمان، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققى ئېلىندى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، 2002 ـ يىلى 12 ياغاچ ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈش پونكىتى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغاچ ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈش پونكىتلىرى 103كە يەتتى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئورمان ئىشلىرى دېلولىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈپ چىقىپ تارقىتىلدى، 30 نەچچە قېتىملىق ئورمان ئىشلىرى دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا نازارەتچىلىك قىلىندى.

لىي خۇا

## ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە قورشاپ ئورمان يېتىشتۈرۈش كۆلىمى 317 مىڭ 900 گېكتارغا (ئوتلاق بۇنىڭ سىرتىدا)، بەرپا قىلىنغان ئورمان 237 مىڭ 700 گېكتارغا، چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۆلىمى 3700 گېكتارغا، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش سىستېمىسى 83 گېكتارغا يەتتى، 102 مىليون 384 مىڭ تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى، 234 مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىش بازىسى قۇرۇلۇپ، جەمئىي 675 كە يەتتى، بۇ بازىلاردىكى كۆكەرتىش كۆلىمى 59 مىڭ 900 گېكتارغا يەتتى. ئاپتونوم رايوندىكى 19 شەھەرنىڭ شەھەر رايونىنى يېشىللىق بىلەن قاپلاش نىسبىتىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى 1985 ـ يىلىدىكى 17.3%تىن 29.05%كە كۆتۈرۈلدى. يېشىللىق نىسبىتى 25.73%كە يەتتى، ئوتتۇرىچە كۆكلەمەيدان 3.5 كۋادرات مېتىردىن 6.36 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، 11 شەھەرنىڭ شەھەر رايونىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 30%دىن يۇقىرى بولدى، 5 شەھەر ۋە 4 ناھىيە بازىرى ئاپتونوم رايوننىڭ باغ، ئورمانلىق شەھەر قۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. كۆلىمى 2712.4 گېكتار كېلىدىغان، 1341.4 كىلومېتىر يول كۆكەرتىلىپ، 454 مىڭ 500 گېكتار يەرگە دەرەخ تىكىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 487.6 گېكتار كۆلەمدىكى، 157.6 كىلومېتىر تۆمۈريول بويىغا 660 مىڭ تۈپ دەرەخ تىكىلدى، 2718 كىلومېتىر دۆلەت، ئۆلكە يولى كۆكەرتىلدى، كۆلىمى 1018.29 گېكتار، 2 مىليون 968 مىڭ 700 تۈپ دەرەخ تىكىلدى. سۇچىلىق سىستېمىسى سۇ ئامبارلىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدا 550.51 گېكتار يەرنى كۆكەرتتى. دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئىككى قېتىدا 569.52 كىلومېتىر، كۆلىمى 2236.13 گېكتار يەرنى كۆكەرتتى، 1000.4 كىلومېتىر كېلىدىغان غول ۋە تارماق ئۆستەڭلەرنىڭ ئىككى قېتىدا 1171.08 گېكتار يەرنى كۆكەرتتى، 11 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 80 ناھىيە، شەھەر ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇپ بولدى، 42 ناھىيە ـ شەھەر تۈزلەڭلىكنى كۆكەرتىش ئۆلچىمىگە يەتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 93% ئېتىز ـ ئېرىق ئورمان تورى بىلەن قوغدالدى، ئورماننىڭ قاپلاش نىسبىتى 1978 ـ يىلىدىكى 1.03%تىن 2.1%كە

كۆتۈرۈلدى.

لىي خۇا

## تەبىئىي ئورمانلىقلارنى قوغداش قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي ئورمان بايلىقلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى بويىچە ئورمان قوغداش چارىسى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي ئورمان بايلىقلىرىنى باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، 29 ئورمانچىلىق مەيدانى باشقۇرۇشىدىكى ئورمانچىلىق رايونى، جىلغا، تۈپلىكلەردىكى 108 ئورمان باشقۇرۇش رايونى، 447 ئورمان قوغداش ئۆچاستىكىسى، 74 مىڭ 924 ئورمان قوغداش كۆرۈپىسى بويىچە بارلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى ھەر بىر تاغ چوققىسى يەر ۋە ئادەملەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئورمان كېسىش رايوننىڭ كۆلىمى قاتتىق كونترول قىلىندى، نامۇۋاپىق لايىھەلەر ۋاقتىدا تەڭشەلدى، ئورمان بايلىقىنى قوغداش كۈچەيتىلىپ، ئورمان بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلدى. بىر يىلدا ئورمانچىلىق كارخانىلىرىغا 3537 ئىشچى - خىزمەتچى بىر قېتىمدىلا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا شەرت ھازىرلاپ بېرىلدى.

لىي خۇا

## تىرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى

ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسى 2002 - يىل 9 - 10 - ئايلاردا، ئاپتونوم رايوننىڭ تىرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ، ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى بۇ قۇرۇلۇش يولغا قويۇلغان 23 ناھىيە ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈش كۆلىمى 6700 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تىرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ، ئورمان بەرپا قىلىنغان 5900 گېكتار، ئورمان بەرپا قىلىشقا بولىدىغان قاقاس تاغلاردا بەرپا قىلىنغان ئورمان 800 گېكتار. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە بۇ قۇرۇلۇش يولغا قويۇلغان ناھىيىلەردە تەكشۈرۈپ نەقلەشتۈرۈلگەن كۆلەم 135 مىڭ گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە تىرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ بەرپا قىلىنغان ئورمان 740 مىڭ گېكتار، ئورمان بەرپا قىلىشقا بولىدىغان قاقاس تاغلاردا بەرپا قىلىنغان ئورمان 61 مىڭ گېكتار. لاياقەتلىك بولغان كۆلىمى 117 مىڭ 100 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە تىرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ بەرپا قىلىنغان ئورمان 62 مىڭ 600 گېكتار (ئېكولوگىيە ئورمىنى 52 مىڭ 200 گېكتار، ئىقتىسادىي ئورمان 7400 گېكتار، تىرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ بەرپا قىلىنغان ئوتلاق 3000 گېكتار)، ئورمان بەرپا قىلىشقا بولىدىغان قاقاس تاغلاردا بەرپا قىلىنغان ئورمان 54 مىڭ 400 گېكتار (ئېكولوگىيە ئورمىنى 47 مىڭ 400 گېكتار، ئىقتىسادىي ئورمان 7000 گېكتار)، تىرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ بەرپا قىلىنغان ئوتلاق 7.3 گېكتار. 2001 - يىللىق تىرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىنغان يەرگە بېرىلىدىغان 10 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاشلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى ۋە 2002 - يىللىق تىرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان (ئوتلاق) بەرپا قىلىنغان يەرگە بېرىلىدىغان 77 مىليون يۈەن ئاشلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى 2002 - يىللىق كۆچەتلىك ۋە ئورمان بەرپا قىلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان 130 مىليون يۈەن قوشۇمچە ياردەم ۋە 22 مىليون يۈەن نەق پۇل، بۇ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان ناھىيىلەرگە نەقلەشتۈرۈپ بېرىلدى.

لىي خۇا

## ئورمانلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇش ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم ئۈچۈن تۆلەم بېرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئورمانلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ، رايونلارغا بۆلۈش، دائىرىسىنى بېكىتىش خىزمىتى تاماملاندى. رايونلاشتۇرۇش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان يېرى 72 مىليون 270 مىڭ گېكتار (تەبىئىي ئورمان بايلىقلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇش رايونلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يەر كۆلىمىنىڭ 4.4% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېھاتە ئورمىنى ۋە ئالاھىدە ئىشلىتىلىدىغان ئورمان 6 مىليون 971 مىڭ گېكتار، تاۋار ئورمىنى 256 مىڭ گېكتار. باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەتنىڭ ئېھاتە ئورمىنى ۋە ئالاھىدە ئىشلىتىلىدىغان ئورمان 5 مىليون 647 مىڭ گېكتار، يەرلىكنىڭ ئېھاتە ئورمىنى ۋە ئالاھىدە ئىشلىتىلىدىغان ئورمىنى 1 مىليون 324 مىڭ گېكتار.

تۇنجى تۈركۈمدىكى ئورماننىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمىگە تۆلەم بېرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى 37 ناھىيە (شەھەر) ۋە 4 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى 110 نەچچە ئورۇننىڭ ئورمانلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇش مۇۋەپپەقىيىتىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باھالاش ۋە دۆلەت دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ، بېكىتىش ئۆتكۈزۈلدى، ئالتاي، تارباغاتاي، قاراماي قاتارلىق 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 26 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئورمانلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش خىزمىتى تەكشۈرۈلۈپ، يېتەكچىلىك قىلىندى.

لىي خۇا

## ئورمانچىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى

2002 - يىلى شىنجاڭ ئورمانچىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئارماقلىرى ھەر خىل ئورمان ۋە ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك دېلولىرىدىن 2762نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 4428 ئادەم (قېتىم) جىنايەتچىگە زەربە بېرىپ، بىر تەرەپ قىلدى. 6526.5 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى، 600 تۇياق ياۋايى ھايۋانات مۇسادىرە قىلىنىپ، 6 مىليون 175 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى.

دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى باشلامچىلىق قىلىپ، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، قوراللىق ساقچى شىنجاڭ ئورمانچىلىق باش ئەترىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنى قاتناشتۇرۇپ، 2002-يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ياۋايى ھايۋانات بايلىقلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قانۇنسىزلىق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشى — شىنجاڭنىڭ تىبەت بۆكەننى قوغداش 1 - نومۇرلۇق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

لى خۇا

## ياۋايى ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ئورمانچىلىق ئارماقلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ياۋايى ھايۋانات - ئۆسۈملۈك بايلىقلىرى ئۈستىدە كۆپ تۈر بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. بۇنىڭدا، شىنجاڭنىڭ ئۇچار قۇش تۈرلىرى، قوڭغۇز ئېپىمىق، سۆلەيسۈن بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش؛ ئاق بوغۇز بۆكەن بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش؛ ئوتتۇرا كۈنپىلۈن تاغلىق رايونىدىكى ياۋايى ھايۋانات بايلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئۆزۈچىلىق قىلىشنى تەكشۈرۈش، پىلانلاش؛ سانجى ئوبلاستىنىڭ ياۋا قارا تايغان بۆغىسى، لاچىن بايلىقلىرى، ئارقار بايلىقىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش؛ ئىلى رايونىدىكى ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش، شورلۇق قېيىن دەرىخىنى كۆچۈرۈپ ئۆستۈرۈش ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئاساس قىلىندى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭدا ياشايدىغان ئومۇرتقىلىق ھايۋانات تۈرلىرى 644 خىل، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت تەرىپىدىن ئۈلچەملىك قوغدىلىدىغىنى 103 خىل، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئۈلچەملىك قوغدىلىدىغىنى 44 خىل، ئىقتىسادىي قىممىتى بارلىرى 190 نەچچە خىل؛ ئۆسۈملۈك بايلىقلىرىدىن دورىلىق قىممىتى بارلىرى 1160 خىل، بۇنىڭ ئىچىدە 719 خىلى ياۋا ئۆسۈملۈك ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. 20 ھەر خىل تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 5، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 15، مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 94 مىليون 630 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئاپتونوم رايون دۆلەت زېمىنىنىڭ 5.9%نى ئىگەللەيدۇ. شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ياۋايى ھايۋانات بايلىقلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش يۈزىسىدىن، خەلقئارالىق ۋە مەملىكەت ئىچى بويىچە ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش مەيدانىدىن 15ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلقئارالىق ئوۋچىلىق مەيدانى 11، مەملىكەت ئىچىگە قارىتىلغان ئوۋچىلىق مەيدانى 4. دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 4. 2002 - يىلى ئامېرىكا قاتارلىق 3 دۆلەتتىن كەلگەن خەلقئارالىق ئوۋچىلىق



شىنجاڭنىڭ تىبەت بۆكىنىنى قوغداش 1 - نومۇرلۇق ھەرىكىتى 2002-يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا قانات يايدۇرۇلدى. سۈرەتتە: ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۇڭ خۇيپىن ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا شىنجاڭنىڭ تىبەت بۆكىنىنى قوغداش 1 - نومۇرلۇق ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلماقتا.
سۈرەتنى ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەمىنلىگەن

ھەۋەسكارلىرى كۆتۈۋېلىندى. 2002 ـ يىلى يارىلانغان ياۋايى ھايۋانلار 23 قېتىم قۇتقۇزۇلدى، 4 قېتىم ياۋايى ھايۋانلار بېقىۋېلىندى، 2000 دىن ئارتۇق ياۋايى ھايۋانات تەبىئەتكە قويۇپ بېرىلدى.

لىبى خۇا

## ئورمانلىقتا ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 34 قېتىم ئوت ترىۋوگىسى، 4 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بەردى. 1256.2 گېكتار ئورمان ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئورمانلىقلاردا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىش نىسبىتى 1.2 قېتىم (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 مىڭ گېكتار ئورمانلىقتا) غا، ئورمانلىقنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى 0.0394%كە، زىيانغا ئۇچرىغان ياغاچ زاپىسى 87.5 كۇب مېتىر، زىيانغا ئۇچرىغان كۆچەت 4 مىليون 812 مىڭ تۈپ. 2002 ـ يىلى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانچىلىق رايونلىرىدا تېمپېراتۇرا سەل يۇقىرى، يامغۇر ئاز بولدى، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورمان ئوت ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش بويىچە مەمۇرىي رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش مەبلەغ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلاپ ۋە كۆپەيتىپ، ئورمان ئوت ئاپىتىنى ئالدىن كۆزىتىپ مەلۇم قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، ئىدارىگە قاراشلىق غەربىي ـ شىمال ئوت ئاپىتىنى كۆزىتىش شۆبە مەركىزى ھاۋارايى سۈنئىي ھەمراھىنىڭ 784 پارچە فوتو سۈرىتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، 65 قىزىق نۇقتىنى تۇتۇپ، شۇ جايدىكى ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تارماقلىرىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلدى.

لىبى خۇا

## ئورمانلىقتا كېسەللىك ـ ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كارانتىن قىلىش

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 173 مىڭ گېكتار ئورماندا كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەردى، 147 مىڭ 400 گېكتار ئورماندىكى ئاپەتنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە تىزگىنلەندى، ئورمانلىقتا كېسەللىك ۋە ھاشارەتنىڭ ئاپەت كەلتۈرۈش نىسبىتى 4.46%كە، ئورمانلىقتىكى كېسەللىك ـ ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش نىسبىتى 87%كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش كۆلىمى 31 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، ئالدىنى ئېلىش ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 21.5%نى ئىگىلىدى. ئورمانلىقلاردا كېسەللىك ھاشارات ئاپىتىنى كۆزىتىش نىسبىتى 83.6%كە يەتتى. كۆچەتزارلىقلارنى كارانتىن قىلىش نىسبىتى 95.53%كە يېتىپ، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى چۈشۈرگەن ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىشنى نىشانلىق باشقۇرۇش كۆرسەتكۈچىگە يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسى ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ئىمزالىغان 2002 ـ يىللىق ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىشنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانلىقلاردىكى كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش نىشانلىق باشقۇرۇشنى ئۇنىۋېرسال سىناق قىلىش چارىسى»گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، 20 ناھىيە، شەھەر ئورمانلىقلاردىكى كېسەللىك ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش نىشانىغا يەتتى. سانجى ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى سىناق قىلىشتا ئالدىنقى 3 ئورۇندا تۇردى.

2002 ـ يىلى دۆلەت دەرىجىلىك ئورماندىكى چاشقان ئاپىتىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىڭ يىللىق پىلانى ئورۇندالدى. ئالدىنقى قەدەمدە يولغا قويۇلغان جىمسار، گۇچۇڭ ناھىيىسى ۋە تۇرپان شەھىرىدىن باشقا، يەنە جىمسار، فۇكاڭ، قاراشەھەرلەرمۇ چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئۈلگە، ئۈلگىلىك ناھىيە (شەھەر) لەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. كۆشەندىلەر ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىشتا ئۈلگە رايوندىن 2سى بەرپا قىلىندى. كۆلىمى 8000 گېكتار. چۆل تۈلۈم چاشقان توپلىرىنىڭ سانىنىڭ ئۆزگىرىشى، كۆپىيىپ، ئاپەتكە ئايلىنىش ئەھۋاللىرى ئۈستىدە دالىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى قولغا كەلتۈرۈلدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ تۈر يولغا قويۇلغان جايلار مۇشۇ بىر يىلدا 174 مىڭ گېكتار ئورمان تەكشۈرۈپ چىقىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە، تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان ئورمان 75 مىڭ گېكتار؛ 274 مىڭ گېكتار يەردە چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىئولوگىيىلىك ئۇسۇلدا ئالدى ئېلىنغان، يوقىتىلغان كۆلەم 10 مىڭ 700 گېكتار، خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئالدى ئېلىنغان، يوقىتىلغان كۆلەم 9500 گېكتار، فىزىكىلىق ئۇسۇلدا ئالدى ئېلىنغان، يوقىتىلغان كۆلەم 500 گېكتار، تەبىئىي كۆشەندە قويۇپ بېرىپ ئالدى ئېلىنغان، يوقىتىلغان كۆلەم 6700 گېكتار. 40 تونىدىن ئارتۇق چاشقان دورىسى قويۇلدى، ئالدىنى ئېلىپ، يوقىتىلغان رايونلاردىكى چاشقان ئاپىتىنىڭ زىيانلىقى ئازايدى. 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 5900 گېكتار كۆچەتزارلىق كارانتىن قىلىنىپ، 129 مىليون 920 مىڭ تۈپ كۆچەت يېتىلدى، 50 مىليون 944 مىڭ 600 تۈپ كۆچەت قايتا كارانتىن قىلىندى، كارانتىن قىلىنغان 1 مىليون 136 مىڭ كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال،

5355.5 توننا مېۋە - چېۋە، 225 مىڭ 800 تال گۈل، 19 مىليون 166 مىڭ 300 توننا دورا ماتېرىيالى سىرتقا توشۇلدى.

لىي خۇا

## باغۋەنچىلىك كەسپى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىقتىسادىي ئورماننىڭ لاياقەتلىك كۆلىمى 75 مىڭ گېكتارغا، ئىقتىسادىي ئورمان ئومۇمىي كۆلىمى 406 مىڭ گېكتارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان لاياقەتلىك كۆلىمى 321 مىڭ گېكتار، مېۋە بەرگەن كۆلەم 167 مىڭ گېكتار. يىللىق مەھسۇلاتى 1 مىليون 310 مىڭ توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 919 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىكىدە نەشپۈت، ياڭاق، ئانار، بادام، قارا ئۈرۈك، چىلان، ئۈرۈك، ئالقات، ئۈزۈمگە ئوخشاش شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدە، ھۆل ۋە قۇرۇتۇلغان مېۋە - چېۋىلەر زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. باغۋەنچىلىك كەسپى بازىلىشىش، كۆلەملىشىش، كەسىپلىشىش تەرىپىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەلىي كۈچى بار 10 نەچچە كارخانا مېۋە - چېۋە پىششىقلاپ ئىشلەشكە كىرىشتى، 125 ھەر خىل ھۆل، قۇرۇق مېۋە - چېۋىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى، 517 تولۇق ئىسكىلاتى قۇرۇلدى، مېۋە - چېۋىلەرنى ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 428 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، بىر يىلدا 654 مىليون 800 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى، رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ئەۋزەللىك ۋە كۆلەملىك ئۈنۈم ئاساسەن شەكىللەندى. 2002- يىللىق جۇڭگو (بېيجىڭ) داڭلىق مېۋە مەھسۇلاتلىرى سودا يەرمەنكىسىدە، شىنجاڭ 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، 14 ناھىيە، شەھەر، 2 مېۋە - چېۋە ساقلاش - پىششىقلاش كارخانىسى ۋە بىر يېزىدىن 53 ھۆل ۋە قۇرۇق مېۋە - چېۋىنى باھالاش سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇردى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، يەرمەنكىگە تاللاپ قاتناشتۇرۇلغان 18 خىل ھۆل ۋە قۇرۇق مېۋىنىڭ 12 خىلى مەملىكەت بويىچە داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، سانجى شەھىرىنىڭ «چاڭرۇن» كۆكتات، تۇزچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كارخانىلارنىڭ قاتنىشىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لىي خۇا

## گۈلچىلىك كەسپى

2002 - يىلى ئورمانچىلىق نازارىتىدە گۈل باشقۇرۇش مەركىزى قۇرۇلدى. بۇ مەركەز نۇقتىلىق ھالدا گۈل يېقىش بويىچە ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش، گۈل سورتلىرىنى كىرگۈزۈپ يېتىشتۈرۈش، ئۈلگە كۆرسىتىپ، كېڭەيتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ. گۈل ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەسلىرى ئىلغار، تېخنىكا كۈچى زور بولغان تايانچلىق كارخانىلارنىڭ ئادەتتىكى گۈل - گىياھ ئىشلەپچىقىرىشتىن تەدرىجىي چېكىنىپ چىقىپ، نۇقتىلىق ھالدا تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، بازاردا قارشى ئېلىنىدىغان يېڭى گۈل سورتلىرىنى ئىشلىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. گوللاندىيەدىن 40 مىڭ دانە لالە گۈل ئۇرۇقى كىرگۈزۈلۈپ، گوللاندىيەدىن مۇتەخەسسىسلەر لالە گۈل ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىنىپ، جىمسار ناھىيەسىدە، شىنجاڭ لالە گۈلى ئۇرۇقىنى كىرگۈزۈپ، يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلدى. فرانسىيەدىن 6 خىل قۇددۇس گۈل سورتى كىرگۈزۈلدى ھەمدە فرانسىيەدىن قۇددۇس گۈلى يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى ئۆستۈرۈش ۋە تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەشكە، يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى. جۇڭگو گۈل دەستە تىزىش ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ئۈچىنچى نۆۋەتلىك گۈل دەستە تىزىش ماھارىتى كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە شىنجاڭدىن 2 ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتنىشىپ، 2 مىس مېدال ۋە 2 مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

لىي خۇا

## كۆچەت يېتىشتۈرۈش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 9700 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەت 6900 گېكتار. 1100 گېكتار ئەلا سۈپەتلىك ئورمان يېڭىدىن قويۇلۇپ، باشقۇرۇلدى، كۆچەتزارلىقلاردىن 290 مىليون تۈپ 1 - ۋە 2 - دەرىجىلىك لاياقەتلىك كۆچەت قولدىن چىقىرىلدى. ئەلا سۈپەتلىك ياڭاق ئۇرۇقىدىن 8.4 توننا يىغىلدى، 25 توننا دەل - دەرەخ ئۇرۇقى تەڭشەپ بېرىلدى.

لىي خۇا

## ئورمانلىق باغچىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئورمان ساياھەتچىلىكى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 46 ئورمانلىق باغچىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 6 (بوغدا كۆلى، جاۋبېيشەن تېغى، نارات، كۈنەس، جىيادېڭ جىلغىسى ۋە ئاق قابا)، ئاپتونوم رايون (ئۆلكە) دەرىجىلىكى 27، ناھىيە دەرىجىلىكى 13، ئومۇمىي كۆلىمى 511 مىڭ گېكتار. ئورمان باغچىلىرىنى باشقۇرغۇچى ۋە مۇلازىمەتچىلەر 704، سېلىنما ۋە قۇرۇلۇش سالمىقىنىڭ

ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئورمان ساياھەتچىلىك مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ ۋە يەرلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئورمان باغچىلىرى 650 ئادەم (قېتىم) ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى، ساياھەت كىرىمى 3 مىليون يۈەنگە يەتتى.

لىي خۇا

## ئافغانىستانغا ياۋايى ھايۋاناتلار تەقدىم قىلىندى

2002 - يىلى جۇڭگو ياۋايى ھايۋاناتلارنى قوغداش جەمئىيىتى شىنجاڭ ياۋايى ھايۋاناتلارنى قوغداش جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىقىدا، ئافغانىستانغا بىر تۈركۈم ياۋايى ھايۋانلارنى تەقدىم قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىر بىر جۈپ، بۇغا بىر جۈپ، قارا ئېيىق بىر جۈپ، بۆرە بىر.

لىي خۇا

## ئورمانچىلىقتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر 2002 - يىلى شىنجاڭدىن دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغارلار:

مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر:

دېي چاڭلۇ (شىخەنزە شەھەرلىك باغ - ئورمان باشقارمىسى باغچىسىنىڭ شۇجىسى)، ۋاڭ يۇمىڭ (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى غەربىي شىخەنزە نېفىتلىكى مەشغۇلات رايونىنىڭ دىرېكتورى)، لو مىڭ (خوبۇزۇ، ئىلى ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ليۇ شىڭۇاڭ (تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، شىيا يىڭ (تۇرپان ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، مىڭ يۇچياڭ (قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، گۇجىچاڭ (باي ناھىيىسى سىجىق يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى)، مەخمۇت ئاباق (قاغىلىق ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى بېتىملىقۇم يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ باشلىقى)، ۋېي شىنخۇي (گۇما ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى)، ساۋۇت نامان (ئۇلۇغچات ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، سۇڭگو (ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى شىخو ئورمان مەيدانىنىڭ باشلىقى)، لياڭ يۈەنچياڭ (شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى)، ئاڭ تيەنلىن (شىنجاڭ «تيەنيۈەن» بىئولوگىيە تېخنىكىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى).

مەملىكەت بويىچە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىدىكى ئىلغار ئورۇنلار: تۆمۈر چوققىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش پونكىتى، ئېبىنۇر كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش پونكىتى.

مەملىكەت بويىچە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىدىكى ئىلغار شەخسلەر: جاڭ مىنشىڭ (ياۋايى ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش - باشقۇرۇش ئىشخانىسىدىن)، شېڭ شىجياڭ (قارامايلى تېغى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ئورمان ساقچىخانىسىدىن)، ئابلىكىم كامال (بورتالا ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن)، گۇ جېڭچېن (بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن).

مەملىكەت بويىچە قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇمنى تىزگىنلەشتىكى ئىلغار ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇمنى تىزگىنلەش ئىشخانىسى، خوتەن ۋىلايىتى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئورمان بەرپا قىلىپ، قۇمنى تىزگىنلەش تەتقىقات ئورنى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسى، شىخو شەھىرى، ئاقسۇ كۆكيار ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى، سانجى ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسى، پەيزاۋات ناھىيىسى.

مەملىكەت بويىچە قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇمنى تىزگىنلەشتىكى ئىلغار شەخسلەر: ليۇ مىڭتىڭ (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىن)، ئالىمجان ياسىن (ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇمنى تىزگىنلەش ئىشخانىسىدىن)، يىن شۇيىن (ساۋەن ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن)، شۇ بيې (تۇرپان ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق پونكىتىدىن)، لى شىنچۈن (بۈگۈر ناھىيىسى قاراباغ يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن)، ئەخمەت ئىلھام (لوپ ناھىيىسى بەشتوغراق يېزىسىدىن).

لىي خۇا

## ليۇ مىڭتىڭ مەملىكەت بويىچە قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تىزگىنلەشتىكى 10 ئۆلگىنىڭ بىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى

2002 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى ليۇ مىڭتىڭ مەملىكەت بويىچە قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تىزگىنلەشتىكى 10 ئۆلگىنىڭ بىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ب د ت، مەملىكەت ۋە ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك 19 تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، شىنجاڭنىڭ قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تىزگىنلەش ئىشلىرىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان.

يىن جىڭيۈەن

# دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش

## دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 7 مىليون 177 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.93 ئاشتى؛ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تراكتور 314 مىڭ 200گە يېتىپ، %5.65 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ - ئوتتۇرا تراكتور 50 مىڭ 286گە يېتىپ، %6.33؛ تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان چوڭ - ئوتتۇرا دېھقانچىلىق سايمانلىرى 117 مىڭ 500 گە يېتىپ، %4.07 ئاشتى، يۈرۈشلەشتۈرۈش نىسبىتى 1:2.34 بولدى. كىچىك تراكتور 263 مىڭ 900گە يېتىپ، %5.56؛ سۆرىتىلىدىغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى 366 مىڭغا يېتىپ، %3.86 ئاشتى. يۈرۈشلەشتۈرۈش نىسبىتى 1:1.39 بولدى. تېرىقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلارنىڭ قۇۋۋىتى 882 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يېتىپ، %3.25 ئاشتى؛ سۇغىرىشقا، زەي چىقىرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلارنىڭ قۇۋۋىتى 621 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى. چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلارنىڭ قۇۋۋىتى 60 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يېتىپ، %5.02 ئاشتى؛ ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلار 1065كە يېتىپ، 414ى كۆپەيدى؛ ئورمانچىلىق ماشىنىلىرى 288گە يېتىپ، 208ى كۆپەيدى.

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تېرىقچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات مىقدارى 2 مىليون 142 مىڭ 400 گېكتارغا، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش سەۋىيىسى %93كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3 پىرسەنت پونكىتى ئاشتى؛ ماشىنا بىلەن تېرىش كۆلىمى 2 مىليون 106 مىڭ 800 گېكتارغا، ماشىنا بىلەن تېرىش سەۋىيىسى %83كە يېتىپ، 1 پىرسەنت پونكىتى ئاشتى؛ ماشىنا بىلەن يىغىش كۆلىمى 676 مىڭ 100 گېكتارغا، ماشىنا بىلەن يىغىش سەۋىيىسى %26كە يېتىپ، 2 پىرسەنت پونكىتى ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ماشىنا بىلەن بۇغداي ئورۇش كۆلىمى 408 مىڭ 600 گېكتارغا، ماشىنا بىلەن بۇغداي ئورۇش سەۋىيىسى %66.17كە يەتتى؛ رايون ئاتلاپ ماشىنا بىلەن بۇغداي ئورۇش كۆلىمى 123 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى. ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىش كۆلىمى 698 مىڭ 800 گېكتاردىن، 121 مىڭ 300 گېكتار كېمەيدى؛ ماشىنا بىلەن 6 مىليون 895 مىڭ 100 تونىنا ئاشلىق دېنى ئايرىلدى؛ ماشىنا بىلەن ئۆسۈملۈك ئاسراش مەشغۇلات مىقدارى 1 مىليون 141 مىڭ 200 گېكتار بولۇپ، 100 مىڭ 800 گېكتار كېمەيدى؛ ماشىنا بىلەن ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى يىغىش كۆلىمى 15 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى؛ ماشىنا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش، دان ئايرىش ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن يۈك توشۇش قاتارلىق يەككە مەشغۇلات مىقدارلىرى سەل ئاشتى؛ ماشىنا بىلەن 447 مىڭ 800 تۇياق قوينىڭ يۇڭى قىرقىلىپ، 122 مىڭ 600 تۇياق ئازايدى؛ ماشىنا بىلەن چوڭقۇر ئوغۇتلاش كۆلىمى 1 مىليون 489 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى؛ خەللاپ ۋە يېرىم خەللاپ ئۇرۇق سېلىش كۆلىمى 1 مىليون 15 مىڭ 900 گېكتارغا يېتىپ، %6.52 ئاشتى؛ ئېتىز - ئېرىقلاردا ماشىنا بىلەن سۇ تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى 491 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى؛ ئاغدۇرماي تېرىش كۆلىمى 22 مىڭ 100 گېكتار (بۇنىڭ ئىچىدە، ئاغدۇرماي يوپۇق يېپىپ تېرىش كۆلىمى 1000 گېكتار)غا يەتتى؛ ماشىنا بىلەن شاخ - سامانلارنى ئېتىزغا قايتۇرۇش كۆلىمى 376 مىڭ 100 گېكتارغا يەتتى؛ ماشىنا بىلەن 6 مىليون 344 مىڭ 800 تونىنا سېلوس ياسالدى، ماشىنا بىلەن 8 مىليون 707 مىڭ 500 تونىنا دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتى پىششىقلاندى؛ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىغا 338 مىڭ 800 تونىنا دىزېل ماي سەرپ قىلىندى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 6 مىليارد 214 مىليون يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 505 مىليون يۈەن ئازايدى؛ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئەسلى قىممىتى 5 مىليارد 507 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.33 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 4 مىليون 787 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.02 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات كىرىمى 4 مىليارد 387 مىليون يۈەن، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش كىرىمى 120 مىليون يۈەن، باشقا كىرىملەر 280 مىليون يۈەن. پايدا سوممىسى 1 مىليارد 645 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.64 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بار ئائىلىلەرنىڭ پايدىسى 1 مىليارد 398 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.68 ئاشتى.

ھەر خىل دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرى 280مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خادىملىرى 8193 ئادەم (قېتىم)، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىك خادىملىرى 14 مىڭ 900

ئادەم (قېتىم) ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش خادىملىرى 1922 ئادەم (قېتىم) ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتچىلىرى 249 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) .

خۇاڭ جىبىڭ

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە (بىڭتۇەن بۆلىكى سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى 872، خادىمى 7865 (پەن - تېخنىكا خادىمى 5054) ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىر، ۋىلايەت (شەھەر) دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى 12، ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى 91، يېزا (بازار) دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى 768 (يېزا - بازارلارنىڭ باشقۇرۇش - مۇلازىمەت پونكىتى 731) . يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش ئاپپاراتى 82، خادىمى 738 (ئوقۇتقۇچىسى 547) ، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكومى بىر، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى 81. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 5، خادىمى 122 (پەن- تېخنىكا خادىمى 104) ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋىلايەت، شەھەرلەرگە جايلاشقان. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەجرىبە قىلىپ بېكىتىش ئاپپاراتى بىر، خادىمى 37. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى 88، خادىمى 827 (پەن - تېخنىكا خادىمى 551) ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپپاراتى بىر، ۋىلايەت (شەھەر) دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپپاراتى 10، ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپپاراتى 77. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 95، خادىمى 1249 (پەن - تېخنىكا خادىمى 871) ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى بىر، ۋىلايەت (شەھەر) دەرىجىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 13، ناھىيە دەرىجىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 81. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەشغۇلاتى بويىچە مۇلازىمەت تەشكىلاتى 329 مىڭ 600 (پاي تۈزۈمىدىكىلىرى 59) ، خادىمى 365 مىڭ 100 (پەن - تېخنىكا خادىمى 1614) ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە (ناھىيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى بويىچە مۇلازىمەت تەشكىلاتى 26، يېزا (بازار) لاردىكى مەشغۇلات مۇلازىمەت تەشكىلاتى 186، كەنت دەرىجىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى بويىچە مۇلازىمەت تەشكىلاتى 2267، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بارلار 326 مىڭ 300 ئائىلە، 356 مىڭ 300 ئادەم. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى ۋە نۇقتىسى 3227، ئادىمى 5864، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك رېمونت نۇقتىسى 9، 2 - دەرىجىلىك رېمونت نۇقتىسى 118، 3 - دەرىجىلىك رېمونت نۇقتىسى 1552، كەسپىي رېمونتچىلىق نۇقتىسى 813. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تىجارىتى قىلىدىغان ئاپپارات 1715 (پاي تۈزۈمىدىكىسى 10) . بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئوبوروت قىلىش كارخانىسى 285، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىغا ماي تەمىنلەش پونكىت (نۇقتا) سى 387، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى 1043. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى سىستېمىسىدىكى باشقا كارخانا تەشكىلات 24 (بۇنىڭ ئىچىدىكى پاي تۈزۈمىدىكىسى 2) . يېزا، كەنتلەردىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىمى 377 مىڭ 400.

خۇاڭ جىبىڭ

## دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە رويخەتكە ئالدۇرۇلغان دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى 338 مىڭ 341، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكى 301 مىڭ 639، ئەمەلىي تەكشۈرۈلگىنى 278 مىڭ 25؛ رويخەتكە ئېلىنغان دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شوپۇرى 252 مىڭ 414، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكى 231 مىڭ 986، ئەمەلىي تەكشۈرۈلگىنى 215 مىڭ 43.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېتىز بويلىرى ۋە يوللاردا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى 1 مىليون 476 مىڭ (قېتىم) تەكشۈرۈلۈپ، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان 130 مىڭ ئادەم (قېتىم) تۈزىتىلدى. 147 قېتىم ھەر خىل دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋەقەسى سادىر بولدى، 93 ئادەم ئۆلدى، 58 ئادەم ئېغىر يارىلاندى، 293 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. ھەر 1000 دېھقانچىلىق ماشىنىسىدىن ۋەقە سادىر بولۇش قېتىم سانى 2001 - يىلدىكىدىن 14%، 1000 ماشىنا بويىچە ئۆلگەن ئادەم سانى 15.6% ۋە 1000 ماشىنا



كومبايىن بىلەن ئورۇش

خاۋ جۈنشەن فوتوسى

بويىچە ئىقتىسادىي زىيان 15.6% ئازايدى. ھەر 1000 دېھقانچىلىق ماشىنىسى ۋەقەسىدە ئېغىر يارىلانغان ئادەم سانى 54.5% كۆپەيدى. 2002 - يىلى 3 تىن كۆپ ئادەم ئۆلگەن ئېغىر دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋەقەسىدىن بىرسىمۇ سادىر بولمىدى.

شىنجاڭدا 2002 - يىل 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە «كېنىشكىسىز دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە شوپۇر»لارنى ئىنقىلاپ، بىخەتەرلىكنى تۈزەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپ، 37 مىڭ 807 نومۇر تاختىسى يوق دېھقانچىلىق ماشىنىسى، 47 مىڭ 300 كېنىشكىسىز شوپۇر ئېنىقلاندى، نوپۇسقا ئېلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 15 مىڭ 18 دېھقانچىلىق ماشىنىسىغا نومۇر تاختىسى بېجىرىپ بېرىلدى، شوپۇرلۇق كېنىشكىسى يوق 12 مىڭ 122 ئادەمگە تەربىيىلەپ، ئىمتىھان ئېلىپ شوپۇرلۇق كېنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتىدە چەرچەن ناھىيىلىك، قابا ناھىيىلىك، فۇكاڭ شەھەرلىك، ساۋەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش پونكىتلىرى ۋە بىڭتۇەن 5 - شىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش تارمىقى قاتارلىق 5 ئورۇن يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش باش پونكىتى تەرىپىدىن ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

2002 - يىلى، تۇرپان ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش ئورنى، تېكەس، كۇچا، جىمسار، قۇتۇبى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش پونكىتلىرى ۋە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 12 - شىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش ئورنى قاتارلىق 6 ئورۇن، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە 3. تۈركۈمدىكى «مەدەنىي نازارەت قىلىش، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش» بويىچە ئۈلگە كۆزنەك ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

سۈن يەن

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش، ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش

2002 - يىلى شىنجاڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى سىناپ، باھالاش پونكىتى (دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پونكىتى) ئاپتونوم رايوندىكى سۇلياۋ يوپۇق يېيىش سېيالكىسى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان سېيالكىلارنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ئىككى ئۇقتىغا يىغىپ قەرەللىك نازارەت قىلىپ، تەكشۈردى، 50 كارخانىنىڭ 51 تۈركۈم (قېتىم)، 10 نەچچە خىل مەھسۇلاتىنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈلگەن كارخانا ۋە مەھسۇلاتلار 95%دىن يۇقىرى بولدى، لاياقەتلىك بولغىنى 34 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتسىزى 17 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك نىسبىتى 66.7% بولدى. 12—26KW ئىبلىق رېزىنكە چاقلىق تراكتور دائىم نازارەت قىلىنىپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، 25 كارخانىنىڭ 48 خىل مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈش نىسبىتى 80%كە، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتلارنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 58.3%كە يەتتى، بىخەتەرلىك بەلگىسى، ۋە قوغدىنىش ئەسۋابلىرى لاياقەتسىز بولغان مەھسۇلاتلار 17 خىل بولۇپ، لاياقەتسىز مەھسۇلاتلار ئومۇمىي سانىنىڭ 85%نى ئىگىلىدى.

دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان شارەك، زەنجىر تاپان تاختىچىسى، چۆپ توغراش ماشىنىسىنى سېتىش ئورۇنلىرى نازارەت قىلىنىپ، تەكشۈرۈلدى، شارەك ۋە زەنجىر تاپان تاختىچىسىنى سېتىش كارخانىلىرىدىن 41ى، مەھسۇلاتىدىن 46 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، شارەكنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 52.6%، زەنجىر تاپان تاختىسىنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 25% بولدى. چۆپ توغراش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىدىن 21ى، مەھسۇلاتىدىن 51 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك نىسبىتى 68.7%كە، مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش نىسبىتى 90%كە يەتتى.

2002 ـ يىلى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىن 38نى باھالاندى، تەكشۈرۈپ، بېكىتىلگەن مەھسۇلاتلار سۈلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان پىرىبېتسېپ، چۆپ توغراش ماشىنىسى، ساپان، تراكتور زىرائەت غوللىرىنى چاناپ يەرگە قايتۇرۇش ماشىنىسى، ئوماللاتقۇچ ماشىنىسىدىن ئىبارەت.

باۋ ۋېي

## ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش پونكىتى «يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئۆلچىمىنى تۈزۈشنىڭ بەش يىللىق پىلانى»نى تۈزۈپ چىقتى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ كەسپىي ئۆلچىمى «پاختا تېرىش ماشىنىسىنىڭ مەشغۇلات سۈپىتىنى باھالاش» ۋە «تاشلاندۇق سۈلياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىش ماشىنىسىنىڭ مەشغۇلات سۈپىتى»نى تۈزۈپ چىقىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

باۋ ۋېي

## «5.5.1» ئاشلىق، پاختىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا قوللىنىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشى

2000 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى مەركەز قىلغان، يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى نىشان قىلغان «5. 5. 1» قۇرۇلۇشى (يەنى: 5 مىليون مو، 333 مىڭ گېكتار، ئاشلىق، 5 مىليون مو، 333 مىڭ گېكتار، كېۋەز، 1 مىليون مو، 67 مىڭ گېكتار، ئۆزگىچە دېھقانچىلىق زىرائىتى)نى يولغا قويدى. ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىدا مۇرەككەپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش، ماشىنا ئارقىلىق ئۆسۈملۈك ئاسراش، ئۇرۇقنى خىللاپ ئاز سېلىش، خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىش، تۇپراقنى نەسبەت بويىچە ئوغۇتلاشقا ئوخشاش ئادەتتىكى ۋە يېڭى تېخنىكىلار بىرلەشتۈرۈلگەن ماشىنىلاشتۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، تەننەرخىنى تېجەپ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىلىرى تولۇق قوللىنىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 3 يىلدا ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى قوللىنىلغان ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىنىڭ كۆلىمى 575 مىڭ 200 گېكتارغا، يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى قوللىنىلغان ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىنىڭ كۆلىمى 434 مىڭ 100 گېكتارغا، ئۆزگىچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى قوللىنىلغان ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىنىڭ كۆلىمى 128 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى. 32 مىڭ سۈرەتمە سايمانلار يېڭىدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مۇشۇ 3 يىلدا پاختا مەھسۇلاتى 58 مىڭ 500 توننا، مەھسۇلات قىممىتى 409 مىليون 80 مىڭ يۈەن؛ ئاشلىق 348 مىڭ 600 توننا، مەھسۇلات قىممىتى 305 مىليون يۈەن؛ ئۆزگىچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى 130 مىڭ 700 توننا، مەھسۇلات قىممىتى 118 مىليون يۈەن كۆپەيدى. دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى 444 مىليون يۈەن تۆۋەنلىدى.

خۇاڭ جېيىڭ

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى «سەكرەش پىلانى»، «948 پىلانى»، «مول ھوسۇل پىلانى»، «يېزا ئىگىلىكىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى» قاتارلىق 10 تەتقىقات تۈرىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن يولغا قويۇلغان تۈر 4، داۋاملاشتۇرۇلىۋاتقان تۈر 6.

«ئوتلاقچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ۋە سۈرەتمە ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى سىناق قىلىش» تۈرىنى سىناق قىلىدىغان نۇقتىلاردا 5100 گېكتار ئوتلاقنىڭ تۇپرىقى يۇمشىتىلىپ، سۈپەتلىك ئوت ـ چۆپ تولۇقلاپ تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆنەس ناھىيىسىنىڭ 800 گېكتار، قابا ناھىيىسىنىڭ 3300 گېكتار، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 1000 گېكتار.

«948» تۈردىكى «چەت ئەلدىن يۇقىرى قۇۋۋەتلىك تراكتور ۋە سۈرەتمە سايمانلارنى كىرگۈزۈپ سىناق قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» توختامىنى تۈزۈش تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇناسىۋەتلىك سودا ـ تاشقى سودا سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش (تاشقى سودا توختىمى، ۋاكالەتچىلىك كېلىشىمى). شۇنىڭدەك باجنى كەچۈرۈم قىلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش قاتارلىق خىزمەتلەر ئىشلەندى، چۆچەك شەھىرى ۋە قۇتۇبى ناھىيىسى بۇ تۈردىكى ماشىنا سايمانلارنى سىناق قىلىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلىپ، سىناق قىلىش پروگراممىسى ۋە يولغا قويۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ، نازارەت قىلىندى.

پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. يېڭىدىن يولغا قويۇلغان يېزا ئىگىلىكىنى پەن-

تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرىنىڭ 1 - ۋە 2 - دەرىجىلىك توختاملىرىنى ئىمزالاش خىزمەتلىرى تاماملاندى. 2003 - يىللىق «948» تۈرىدىكى «چەت ئەلدىن ئىلغار ئوت-چۆپ ئورۇش ئىلغار ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، سىناق قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىش»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش مەبلەغ تۈرى»، شۇنىڭدەك «چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى» قاتارلىق 10 تۈر ئىلتىماس قىلىندى.

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى پەن - مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئورنى ئۈستىگە ئالغان «ئامېرىكىدىن «975، تىپلىق تەكشى تەۋرىنىشچان قوش چىشلىق ساپاننى كىرگۈزۈش ۋە دۆلەت ئىچىدە ئىشلەشنى تەتقىق قىلىش» تۈرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى؛ ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئۈستىگە ئالغان يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پىلانى، مول هوسۇل پىلانى، سەكرەش پىلانى تۈرى ۋە «551» ئۈلگە رايونى، ئۈنۈم يىلى پائالىيىتى قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە «تۇجۇيېلەپ تېرىش، خېمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىشنى بىرىكتۈرۈپ ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى» قاتارلىق 7 تۈر ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

«ئاشلىق ۋە پاختىدىن يۇقىرى هوسۇل ئېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ مەشغۇلات قائىدىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2001 - يىلىدىن 2010 - يىلىغىچە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش پروگراممىسى»نى يولغا قويۇش لايىھىسى يېزىپ چىقىلىپ، ئېلان قىلىندى، TL—435 تىپلىق چاتما ساپان قاتارلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنى كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى تەكشۈرۈپ بېجىرىلدى.

بى خۇيىڭ

## يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالى

خىللاپ ۋە يېرىم خىللاپ تېرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى 2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلغان كۆلەم 1 مىليون 15 مىڭ 900 گېكتار (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) بولۇپ، 2001 - يىلىدىكىدىن 62 مىڭ 200 گېكتار كۆپەيدى؛ ماشىنا ئارقىلىق خېمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىش كۆلىمى 1 مىليون 489 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، 97 مىڭ 700 گېكتار كېمەيدى؛ ماشىنا بىلەن شاخ - ساماندىن ياسالغان سىلوس 6 مىليون 344 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 1 مىليون 309 مىڭ 800 توننا كۆپەيدى؛ 7 مىليون 27 مىڭ 900 توننا ئوت - چۆپ توغراپ مالغا بېرىلدى، بۇ 93 مىڭ 700 توننا ئاشتى؛ ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ئارقىلىق ياسالغان سىلوس 532 مىڭ 500 توننىغا يەتتى؛ ماشىنا بىلەن ئورۇلغان ئوت - چۆپ 6 مىليون 846 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 4 مىليون 56 مىڭ 100 توننا كۆپەيدى؛ ماشىنا ئارقىلىق تېجەشلىك سۇغىرىلغان يەر 491 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، 174 مىڭ 700 گېكتار كۆپەيدى؛ ئاقدۆرماي تېرىش كۆلىمى 22 مىڭ 100 گېكتارغا يەتتى؛ شاخ - شادىلارنى ماشىنا بىلەن چاناپ ئوغۇتلاش كۆلىمى 376 مىڭ 100 گېكتارغا يېتىپ، 30 مىڭ گېكتار كۆپەيدى.

ئورمان بەرپا قىلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش 2002 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئورمان بەرپا قىلىشنى سىناق قىلىش ناھىيىلىرى ئورمان بەرپا قىلىش ماشىنىسىدىن 257نى كىرگۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەندەك كولاش ماشىنىسى 106، ئورەك كولاش ماشىنىسى 140، كۆچەت تىكىش ماشىنىسى 11. ماشىنا بىلەن ئورمان بەرپا قىلىش كۆلىمى 10 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ئادەم كۈچى بىلەن كۆچەت تىككەنگە قارىغاندا ماشىنا بىلەن كۆچەت تىكىشنىڭ ئۈنۈمى 20 نەچچە هەسسە يۇقىرى بولۇپ، مەشغۇلات تەننەرخى 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2002 - يىلى ئورەك كولاش ماشىنىسى، خەندەك چېپىش ماشىنىسى، كۆچەت تىكىش ماشىنىسى ۋە كۆچەتلىك تۇپرىقىنى يۇمشىتىش سايمىنى قاتارلىق ئورمانچىلىق ماشىنىلىرىدىن 700 نەچچىسى كىرگۈزۈلدى.

ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلىرى ۋە يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىش 2002 - يىلى ئىلى، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تارماقلىرى ئىچكىرىدىن كەندىر يىغىش ماشىنا ئەۋرىشكىسىنى كىرگۈزۈپ، ماسلاشتۇرۇش سىنىقى قىلدى ۋە ئۇنى ياخشىلاپ دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈمگە ئېرىشتى؛ ئاتۇش دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خادىملىرى مەشغۇلات قىلماق ئاسان، باھاسى ئەرزان بولغان بىر خىل ئۈزۈم ئۈزۈش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى؛ ماناس ناھىيىسى پەمىدۇر ئۇرۇقىنى خىللاپ ئاز سېلىش ماشىنىسىدىن 53نى كىرگۈزۈپ، ماشىنا بىلەن 39 مىليون 330 مىڭ گېكتار پەمىدۇر تېرىپ، مەھسۇلاتنى 41 مىڭ 300 توننا، مەھسۇلات قىممىتىنى 9 مىليون يۈەن

ئاشۇردى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەۋزەل - ئۈزگىچە زىرائەتلەرگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان 500گە يېقىن سەپلىمە ماشىنا - سايمانلار كىرگۈزۈلۈپ ئۆزگەرتىپ ياسالدى.

قوغداش خاراكتېرلىك يەر ئاغدۇرۇشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى بۇ خىل تېخنىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى: زىرائەتلەرگە مۇۋاپىق ئۆسۈش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش، زىرائەت ئېگىزلىكى بىر ئۆستەڭگە تەكشى يېيىتىپ قويۇش ياكى تۇپراق ئاستىغا تېيىز كۆمۈش ئارقىلىق تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاش، تۇپراقنىڭ ئورگانىك تەركىبىنى ئاشۇرۇش، يەرنى كۆچلەندۈرۈش، تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش رولىنى ئويناپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، توپا - چاڭنى يېغىشنى ئازايتىشتىن ئىبارەت. 2002 - يىلى مورى قاتارلىق 4 ناھىيىدە، ئۇقتىدا سىناق قىلىنىپ، يەرنى ئاغدۇرماي تېرىش سېيالكىسى، يەرنى چوڭقۇر يۇمشىتىش سايىنى ئارقىلىق بۇرغىلاپ تېرىش ماشىنىسى قاتارلىق ھەر خىل ئاسراش خاراكتېرلىك تېرىش ماشىنىسىدىن 200 نەچچىسى كىرگۈزۈلۈپ، 2000 گېكتار ئوتلاقنىڭ توپىسى يۇشتىلىپ تولۇقلاپ تېرىلدى، بۇرغىلاپ تېرىش كۆلىمى 400 گېكتارغا يەتكۈزۈلدى، 1200 گېكتار يەر تۈزلەندى، 2200 گېكتار يەرنىڭ شاخ - شادىسى چاناپ ئوغۇتلاندى.

چەت ئەلدىن يۇقىرى قۇۋۋەتلىك تراكتور ۋە سۇرەتمە دېھقانچىلىق سايمانلىرى كىرگۈزۈلۈپ سىناق قىلىندى

2002 - يىلى فىنلاندىيىنىڭ ۋېيمېد شىركىتىدە ئىشلەنگەن بىر «8550» تىپلىق تراكتور ۋە بىر «980» تىپلىق يوڭ ماشىنىسى كىرگۈزۈلدى؛ فرانسىيىنىڭ كوئېن شىركىتىدە ئىشلەنگەن قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسى، يەرنى ئاغدۇرماي تېرىش سېيالكىسى، يەرنى چوڭقۇر يۇمشىتىش ماشىنىسى، موللاقچى سايان ۋە ھەرىكەتچان تىرنالاردىن بىردىن كىرگۈزۈلدى؛ ئامېرىكىنىڭ سپېكتر شىركىتىدە ئىشلەنگەن «1145» تىپلىق لازېر نۇرلۇق يەر تۈزلەش ماشىنىسىدىن بىرى، گېرمانىيىلىكلەردىكى تاشلاندۇق سۇلياۋ يوپۇقلارنى يىغىۋېلىش ماشىنىسىدىن 47سى، ئاغدۇرۇش قالدۇقىدىكى تاشلاندۇق سۇلياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىش ماشىنىسىدىن 30ى، ئىلاستىك چىشلىق سۇلياۋ يوپۇق يىغىۋېلىش ماشىنىسى، ئۆلچەملىك سۇلياۋ يوپۇق يىغىۋېلىش ماشىنىسى ۋە مىق چىشلىق تىرنا قاتارلىق سايمانلاردىن 1918ى كىرگۈزۈلدى. گېرمانىيىلىكلەردىكى تاشلاندۇق سۇلياۋ يوپۇقلارنى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش تېخنىكىسى 20 مىڭ گېكتار يەردە قوللىنىلدى، تاشلاندۇق سۇلياۋ يوپۇقلارنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %80دىن يۇقىرى بولدى.

تەن قىبخلەن

# سۇچىلىق

## سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىغا ئەمەلىي چۈشۈرۈپ بېرىلگەن مەبلەغ پىلانى 3 مىليارد 311 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز سالغىنى 2 مىليارد 513 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايون يۈرۈشلەشتۈرۈلگىنى 194 مىليون يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيىلەر يۈرۈشلەشتۈرگىنى 604 مىليون يۈەن.

مەركەز سالغان مەبلەغ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇقتىلىق سۇچىلىق تۈگۈن قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 817 مىليون يۈەن، يەرلىك ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبارلىرىغا 61 مىليون يۈەن، چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش رايونلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ قۇرۇش ۋە سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشكە 102 مىليون يۈەن، خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىدىكى خەتەرنى تۈگىتىش، مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىغا 148 مىليون يۈەن، ئادەم، چارۋىلار ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا 80 مىليون يۈەن، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون يۈەن، سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشىغا 22 مىليون يۈەن، ئىش تېپىپ بېرىش يولى ئارقىلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى 203 مىليون يۈەن، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشقا 21 مىليون يۈەن، جىددىي پەيتتە قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشقا 20 مىليون يۈەن، يېزىلىرى ئېلېكترلەشتۈرۈلىدىغان ناھىيىلەرگە 16 مىليون يۈەن، ئالدىنقى مەزگىللىك خىراجەتكە 9 مىليون يۈەن، باشقا تۈرلەرگە 5 مىليون يۈەن ئىشلىتىلدى.

ئاپتونوم رايون سالغان مەبلەغ ئىچىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇقتىلىق سۇ تۈگىنى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگىنى 120 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئاجرىتىلغان پۇل 51 مىليون يۈەن، ئالدىنقى مەزگىللىك خىراجەت 15 مىليون يۈەن، كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ياردەم پۇلى 8 مىليون يۈەن.

2002 - يىلى شىنجاڭ سالغان سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 3 مىليارد 157 مىليون يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز سالغان مەبلەغ 2 مىليارد 406 مىليون يۈەن، يەرلىك ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 751 مىليون يۈەن.

دۇڭ خەيبەن

## سۇچىلىق مەمۇرىيىتى خىزمىتى

2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق

9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 28-قېتىملىق يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» ماقۇللاندى، بۇ 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا سۇ بىلەن تەمىنلەش باھاسىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى بېكىتىپ تارقاتتى، بۇ 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى.

تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، سۇچىلىق نازارىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ يېڭى «سۇ قانۇنى»نى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى؛ ھەمدە شەرقىي، شىمالىي، جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى بويىچە ناھىيىلىك، شەھەرلىك سۇچىلىق ئىدارە باشلىقلىرى كۇرسى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى «سۇ قانۇنى»نى ئۆگىنىش ئۇيغۇرچە كۇرسى ئاچتى، 300 نەچچە ئادەم تەربىيىلەندى.

2002 - يىل باركۆل ناھىيىسى بىلەن قۇمۇل شەھەرلىك سۇچىلىق مەمۇرىيىتى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئۆلچەمگە يېتىپ، ئاخىرقى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 4 - قېتىملىق سۇ مەمۇرىيىتىنى تەكشۈرگۈچى 1900 نەچچە كىشىنىڭ «مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى»نى يىللىق تەكشۈرۈش ۋە كىنىشكىنى قايتىدىن ئالماشتۇرۇپ تارقىتىش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

با شىن

## سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا 27 مىڭ 581 يۈرۈش سۇ ئېلىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىلدى. 32 مىليارد كۇب مېتىر سۇ ئېلىش تەستىقلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 21 مىليون 758 مىڭ 200 يۈەن سۇ بايلىقى ھەققى يىغىۋېلىندى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرى سۇ بايلىقىنى دەلىللەش دوكلاتىنى تۈزۈش تىزىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، قۇرۇلۇش تۈرى سۇ بايلىقىنى دەلىللەش تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

2. 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، سۇ بايلىقى، سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ چىقىرىۋېتىش، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش، دەريا يولى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قاتارلىق شەھەرگە چېتىشلىق سۇ ئىشلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قاراماي شەھەرلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى.

3. پەسلىگە قاراپ ئۇقتىلىق دەريا - ئېقىن، كۆللەرنىڭ «سۇ سۈپىتى ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئانالىز قىلىش ھەققىدە قىسقىچە دوكلات» تارقىتىلدى؛ قەرەللىك ھالدا «شىنجاڭ گېزىتى»دە شىنجاڭدىكى نوپۇسى 200 مىڭدىن ئاشىدىغان ئۇقتىلىق شەھەرلەر ئاساسلىق تەمىنلىنىدىغان سۇ مەنبەسى ۋە سۇ بايلىقىنىڭ سۈپەت ئەھۋالى توغرىسىدا ئايلىق مەلۇمات (ئىلگىرىكى ئون كۈنلۈك مەلۇمات) ئېلان قىلىندى، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 12 سان ئېلان قىلىندى. 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سۇچىلىق نازارىتى «شىنجاڭ گېزىتى»دە «شىنجاڭنىڭ 2001 - يىللىق سۇ بايلىقى ئاخباراتى»نى ئېلان قىلدى، سۇ بايلىقى ئاخباراتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سۇنىڭ ئېقىم مىقدارى 102 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، 45 يىلدىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە سۇ بايلىق مىقدارىدىن 23 مىليارد كۇب مېتىر كۆپەيگەن.

4. سۇ ئىشلىتىش نورمىسى جەھەتتە تېخنىكىلىق پرىنسىپ تۈزۈلۈپ، خىزمەت ئورنى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ ئىشلىتىش نورمىسى»نى تۈزۈش خىزمىتى باشلاندى.

5. «شىنجاڭنىڭ قۇدۇق قېزىشنى باشقۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭنىڭ قۇدۇق قېزىش سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭنىڭ قۇدۇق قېزىش سالاھىيىتى ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى توغرىسىدا بەلگىلىمە» تۈزۈپ تارقىتىلدى، «قۇدۇق قېزىش لايىھىسىنى تۈزۈش تىزىسى» تۈزۈلۈپ قۇدۇق قېزىشنى باشقۇرۇش ئىشلىرى كۈچەيتىلدى.

با شىن

## سۇ ئىشلىرىنى پىلانلاش


ئېقىن ۋادىلىرىنى پىلانلاش 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سۇغىرىش رايونىنى پىلانلاش دوكلاتىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. شۇنداقلا «ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي پىلان دوكلاتى» دەسلەپكى نۇسخا بىلەن «ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش قۇرۇلۇش تۈرى تەكلىپنامىسى» (دەسلەپكى نۇسخا) ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. «500، سۇ ئامبىرىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىغان رايونلارغا سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قۇرۇلۇش ئومۇمىي پىلانى» تاماملاندى.

ئۇقتىلىق تۈرلەر 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تارىم

## ئاساسىي قۇرۇلۇش

### ئۈلۈغئاتا سۇ تۇگۇنلۇك قۇرۇلۇشى

2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈلۈغئاتا سۇ تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشىنىڭ باش توسما، قوشۇمچە توسما قاتارلىق 9 ئاساسلىق گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 12 - ئايدا سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن خۇاڭخې دەرياسى سۇچىلىق كومىتېتى رىياسەتچىلىكىدە پۈتكەن قۇرۇلۇشى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.



2002 - يىل 12 - ئايدا ئۈلۈغئاتا سۇ تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى پۈتۈپ دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. سۈرەتتىكىسى ئۈلۈغئاتا سۇ تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭ توسمىسى

جاۋ جۈنئەن فوتوسى

تارىم دەرياسىنى ئۈنۈمپەرسال تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ توسمىسى ئېتىلىپ تارىم دەرياسىغا سۇ مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇپ بېرىلدى. 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دۆلەتنىڭ غەربىي ئېچىش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى مەخسۇس تۈر پائالىيىتى — تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تەكشۈرۈش بويىچە پەننىي گومۇملاشتۇرۇش مىڭ چاقىرىملىق سەپەر پائالىيىتى ئاقسۇ شەھىرىدە باشلاندى. 2002 - يىلى بۈگۈر ناھىيىسى سوغۇ يېزىسىغا تۇنجى تۈركۈمدە ئېكولوگىيىلىك كۆچۈرۈلگەن 42 ئائىلە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە باغراش كۆلىدىن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا 4 - قېتىم جىددىي سۇ قويۇپ بېرىش خىزمىتى تاماملاندى، 330 مىليون كۇب مېتىر سۇ قويۇپ بېرىلدى. 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تەتقىقات خادىملىرى يەر شارى تېلېتېخنىكىسىنى قوللىنىپ مۇنۇلارنى يېڭىدىن ئۆلچەپ چىقتى، سۇ ئېقىنى 30 يىل ئۈزۈلۈپ قالغان تارىم دەرياسىغا 4 - قېتىم جىددىي سۇ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، تېتىما كۆلىدە شەكىللەنگەن سۇ دائىرىسى كۆلىمى 28.7 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تارىم دەرياسىغا مىڭ چاقىرىملىق توغان ياسىلىپ، خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تەرەپ - تەرەپكە يامراپ كەتكەن دەريا سۈيى يىغىۋېلىنىپ، سۇ تۆۋەنكى ئېقىمغا ئوڭۇشلۇق قويۇۋېتىلدى.

تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قۇم دەرياسى ئېغىزى — ئاچچىق دەرياسى ئېغىزى بۆلىكىدىكى غول ئېقىننىڭ ئىككى قىرغىقىغا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 230 كىلومېتىر، ئېگىزلىكى 3.5 مېتىر توغان ياساپ، دەريانىڭ دەرياسى ۋادىسىنى يېقىنقى مەزگىللىك ئۈنۈمپەرسال تۈزەشكە دائىر 131 تۈرنى تەكشۈرۈش تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى تۈرى 67، دەسلەپكى لايىھە دوكلاتى 73؛ ئالاتاۋ پورتىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش تۈرى، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن ئۈستەڭ بېشى مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى، دەسلەپكى لايىھە دوكلاتىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق باشقا 19 تۈرلۈك سۇچىلىقنى ئالدىنقى مەزگىللىك لايىھەلەش، تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈر تەكلىپنامىسىنى تەكشۈرۈش پىكىر تۈرى بىر، مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتىنى تەكشۈرۈش تۈرى 7، دەسلەپكى لايىھە تەكشۈرۈش تۈرى 11؛ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئالغۇ سۇ ئامبىرى، ئالتاي كۆكتوقاي جىلغىسىدىكى جەنۇبىي غول ئۈستەڭ قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى، دەسلەپكى لايىھە دوكلاتى، تۈر تەكلىپنامىسى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كەلكۈن بۆلۈش قۇرۇلۇشى، ئالتاي شەھىرى بىلەن قەشقەر دەرياسىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش پىلانىنى تەكشۈرۈش تاماملاندى. ئاپتونوم رايون سۇچىلىقىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك مۆلچەرلەنگەن مىقداردىكى تۈر زاپىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئېشىپ ئاشۇرۇلدى.

جايلار ئاراتۇرۇك دەرياسى، كۆچا دەرياسى، تېرەك دەرياسى، قورغاس دەرياسى، كۆيتۈك دەرياسى قاتارلىق 10 نەچچە دەريا ۋادىسىنى پىلانلاش ئىشىنى ئارقا - ئارقىدىن قانات يايدۇردى ھەمدە ئورۇندىدى.

لىي شياۋنيۇ

كەڭلىكنى نەچچە مىڭ مېتىردىن مىڭ مېتىرغا ئازايتتى. توغان ئۈستىنىڭ كەڭلىكى ئەمدىن 4 مېتىر بولۇپ، كىچىك ماشىنىلار ماڭالايدۇ، ئىككى قىرغاقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېكولوگىيىسىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇ يېنىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەلۇم ئارىلىقتا بىردىن توما ياسالدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى قاراقىغىر سۇ ئامبىرى ئۆزگۈنلۈك قۇرۇلۇشى 2002 - يىل 11 - ئايدا سۇ يىغىش باسقۇچى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، ئۆزىنى توغانغا سۇ يىغىلىپ، ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، مەزكۇر قۇرۇلۇش 2003 - يىلى پۈتۈپ دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ.

جىڭ ناھىيىسى شىيانىيەنجى سۇ ئامبىرى 2001 - يىل 9 - ئايدا ئېقىن توسۇلدى، 2002 - يىل 6 - ئايدا كەلكۈن بىخەتەر ئۆتتى، 9 - ئايدا 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ تىندۇرۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرى قۇرۇلۇش قۇيرۇقنى ئۈزۈش باسقۇچىغا كىردى. ئاتبېتكا ئېگىزلىكى 650 دىن يۇقىرى بېتون تاختا ۋە سول قىرغاقتىكى ئاتبېتكا ئېگىزلىكى 650 تىن يۇقىرى ئۆلىغا سېمونت لاي قۇيۇش قۇرۇلۇشى قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ساۋەن ناھىيىسى خەيزىۋەن سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى ئۆگىتىپ مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى سۇ ئامبىرىنىڭ لايىھەدىكى سىغىمچانلىقى 18 مىليون 250 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، قۇرۇلۇشقا 30 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇشنى 2003 - يىل 6 - ئايدا پۈتكۈزۈش پىلانلاندى.

ئادەم، چارۋىچىلار ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى 2002 - يىلى شىنجاڭدا يېزىلاردىكى ئادەم، چارۋىلارنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 543 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 324 مىليون 100 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەر سەپلىگىنى ۋە ئامما ئۆزى تەييارلىغىنى 219 مىليون 840 مىڭ يۈەن. 282 سۇ زاۋۇتى ياسالدى، 198 قۇدۇق قېزىلدى، 11 مىڭ 749 كىلومېتىر سۇ يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. بۇنىڭ بىلەن 1 مىليون 702 مىڭ 600 ئادەم بىلەن 2 مىليون 103 مىڭ 600 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ ئىچىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. %90تىن كۆپ دېھقان، چارۋىچى پاكىز سۇ ئىچەلەيدىغان بولدى، سۇ ئارقىلىق يۇقىدىغان تارقىلىشچان كېسەللىكلەر زور ھەجىمدە ئازايدى.

لى خۇڭبىن، لى قۇشىلىڭ

## چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش تۈرلىرى

دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى تارىم ئويمانلىقى يېزا ئىگىلىكىدە، سۇغىرىش، سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت ئاسراش 2- قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرى 2002 - يىل 3 - ئايدا تۈرنى ئوتتۇرا مەزگىللىك تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. بۇ تۈرگە ئەسلىدىكى مۆلچەر بويىچە 2 مىليارد 383 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنماقچىدى، ئوتتۇرا مەزگىللىك تەكشۈرۈشتىن كېيىن، 2 مىليارد 362 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بولدى. 10- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 1 مىليارد 559 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تۈر رايوندىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست ئۆزى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدىغان سۇغىرىش رايونىدا (SIDD) سۇ ئىشلەتكۈچى دېھقانلار جەمئىيىتىدىن 9ى قۇرۇلدى، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئوق ئېرىقنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش تەننەرخى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئومۇمىي تەننەرخىگە كىرگۈزۈلدى ھەمدە تەننەرخ پەيدىنپەي يىغىۋېلىنىپ جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئايلىنىش مېخانىزمى، باشقۇرۇش ۋە دەرىجىگە توشمىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئاسراشقا ئىشلىتىلدى. بۇ تۈر 2004 - يىلنىڭ ئاخىرىدا تاماملىنىدۇ.

ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق بانكىسى قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا سۇ تېجەپ سۇغىرىشنى يولغا قويۇش تۈرى بۇ تۈرگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 975 مىليون يۈەن، قەرز پۇل سوممىسى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەن (14 مىليارد 400 مىليون ياپونىيە يېنى). 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بۇ تۈر رەسمىي كۈچكە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈر رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ تۈر قۇرۇلۇشىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ياپونىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ تەكشۈرۈش پىلانىغا قوشۇلدى. بۇ تۈردە 1 - تۈركۈمدە خەۋەردار چاقىرىش بويىچە مۇددەتكە ئېلىنغان 6 بۆلەكنىڭ خەۋەردار چاقىرىش ھۆججىتى ياپونىيە تەرەپنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە يوللاندى. بۇ تۈرلەر ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇش باسقۇچىغا كىردى.

ياڭ جىڭلى

## كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش

كەلكۈن ۋە ئاپەت ئەھۋالى 2002 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭدا سوغۇق قايتىلانغان كىلىمات كۆرۈنەرلىك بولدى، شىمالىي شىنجاڭدىكى جايلاردا بىر قەدەر زور دەرىجىدە كەلكۈن يۈز بەرمىدى. 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يەر تەۋرىگەنلىكتىن شىبەر كۆل سۇ ئامبىرىدىكى قوشۇمچە توسمىنى يار ئېلىپ كەتتى. 4 - ئايدا ئىلىدا ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى ۋە تاغ

كۆمۈرلۈش، لاتقىلار ئېقىش قاتارلىق گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەر يۈز بەردى. كەلكۈن كەلگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە قىسمەن رايونلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە، مەلۇم دائىرىدە قارا يامغۇرلۇق كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە كەڭ دائىرىدە يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ۋە يامغۇرلۇق كىلىمات جەريانى كۆرۈلدى. نەتىجىدە ئاپتونوم رايون بويىچە 20 دەريا-ئېقىننىڭ ئېقىم مىقدارى ئېھتىيات سىزىقىدىن ئېشىپ كەتتى، 8 دەريا - ئېقىندىكى كەلكۈن خەتەرلىك ئېقىم مىقدارىدىن ئېشىپ كەتتى. بەزى ناھىيە (شەھەر) لەردە ئۆشتۈمتۇت پەۋقۇلئاددە زور قارا يامغۇرلۇق تاغ كەلكۈنى يۈز بەردى، ئۆگەن دەرياسىنىڭ كەلكۈن پەللىسى ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 3660 كۇب مېتىرغا يېتىپ، 100 يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلىدىغان كەلكۈن مىقدارىدىن ئېشىپ كەتتى. ئاقسۇ ۋىلايىتى، جېمىنەي ناھىيىسى قاتارلىق جايلار بىر قەدەر ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاھالە 990 مىڭغا، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، سۇچىلىق مۇئەسسەسەلىرىنىڭ 380 مىليون يۈەن.

قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى

ئەتىيازدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى دەريالارغا كەلگەن سۇ مىقدارى 2001 - يىلدىكىدىن 30% — 40% ئازىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇم بورانلىق، قۇرۇق ئىسسىق شاماللىق ھاۋارايى كۆپەيدى، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭلاردىكى بىر قىسىم كىچىك دەريالارنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان رايونلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق كۆرۈلدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كەڭ يايلاقلار قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن قۇرۇپ كەتتى، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ سۇ ئىچىشى بىر مەزگىل قىيىن بولدى. يازدا يەكەن دەرياسىنىڭ ئېقىم مىقدارى 50% — 70% ئازىيىپ كەتتى، بارلىق ۋادىلاردا ئەتىياز ۋە يازدا ئۇدا قۇرغاقچىلىق بولدى. كۈز كىرگەندىن كېيىن بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر) لەردە قۇرغاقچىلىق بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغان دېھقانچىلىق زىرائەت كۆلىمى 212 مىڭ گېكتارغا، زىيانغا ئۇچرىغان ئاشلىق 156 مىڭ تونىغا، زىيانغا ئۇچرىغان ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ قىممىتى 454 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي ئىقتىسادىي زىيان 618 مىليون يۈەنگە يەتتى. خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لەردە قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىر بولدى.

كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش باش شتابى سۇ ئامبىرىنى بىخەتەر باشقۇرۇش ۋە كەلكۈن مەزگىلىدە، سۇنى تەقسىملەش خىزمىتىنى نۇقتىلىق كۈچەيتتى. سۇ ئامبىرىنى كەلكۈندىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە، جايلار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قۇرغاقچىلىق ئەھۋالىنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە داۋاملىشىپ كېتىشىنى پەسەيتتى ۋە تىزگىنلىدى، بىر يىل قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق زىيانغا ئۇچرىغان 333 مىڭ تونا ئاشلىق، 1 مىليارد 107 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى ئىقتىسادىي زىرائەتنىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتا 1 مىليارد 460 مىليون يۈەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ ئاپەت خاراكتېرلىك دەريا ئېقىمىنى تىزگىنلەش سالمىقىنى زورايتىپ، كەلكۈندىن جىددىي مۇداپىئە كۆرۈش مۇستەھكەم قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىدى.

ئاۋ جىڭاڭ

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى

2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 52 مىليون 405 مىڭ ئىش كۈنى، 716 مىليون 128 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت سالغان مەبلەغ 358 مىليون 446 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلار تەييارلىغىنى 132 مىليون 134 مىڭ يۈەن، ئامما تەييارلىغىنى 225 مىليون 548 مىڭ يۈەن. 3381.3 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، سۇغىرىش رايونىدا 23 مىڭ ئىنشائات يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، 15 مىڭ 700 گېكتار يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىلىدىغان ئېتىز بەرپا قىلىندى، 695 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 990 ماشىنىلاشقان قۇدۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، 7310 ماشىنىلاشقان قۇدۇق رېمونت قىلىندى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 32 مىڭ كىلومېتىر سۇغىرىش، سۇ چىقىرىۋېتىش ئۆستىڭى رېمونت قىلىندى، 53 خەتەرلىك سۇ ئامبىرى پۇختىلاندى، 881.7 كىلومېتىر توسما مۇستەھكەملەندى، 29 مىڭ 600 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 100 مىڭ 200 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر ياخشىلاندى، 60 مىڭ گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. 49 مىڭ 300 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەم - خەشەك بازىسى بەرپا قىلىندى، 40 مىڭ چارۋىچىنى

ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئىشى ھەل قىلىندى.

2002 - يىلى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر تەشكىللىنىپ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇچىلىقى سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 6 تۈر، سۇ تېجەپ سۇغىرىش بويىچە 40 ئۆلگە كۆرسىتىش تۈرى، سۇ تېجەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان 20 ناھىيىنىڭ سۇ تېجەش ئومۇمىي پىلانى، ياپونىيە ھەمكارلىق فوندىنىڭ سۇ تېجەپ سۇغىرىش قەرز پۇلىغا دائىر 13 تۈر، تارىم دەرياسىنى ئۈنىۋېرسال تىزگىنلەش بويىچە سۇ تېجەپ سۇغىرىش تۈرىدىن 16 سى، يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە سۇ تېجەپ سۇغىرىش تۈرىدىن 3 نى تەكشۈردى. سۇچىلىق نازارىتى «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇش كەسپىنى مۆددىگە ئالغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئۆلچىمى»نى تارقىتىپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان 11 زاۋۇت، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇننى روبخەتكە ئېلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇش ئىجازەتنامىسى تارقاتتى. يىل بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق سۇ تېجەپ سۇغىرىش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش تۈرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 2001 - يىلى يولغا قويۇلغان سۇ تېجەپ سۇغىرىش بويىچە 29 ئۆلگە كۆرسىتىش تۈرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. 12 - ئايدا تارىم دەرياسىنى تىزگىنلەپ سۇ تېجەپ سۇغىرىش تارماق تۈرىدىن 6 سى يولغا قويۇلدى.

2002 - يىلى سۇچىلىق مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە 14 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇش دائىرىسىگە كىرگۈزدى، ئىچكى موڭغۇل بىلەن شىنجاڭ نۇقتا قىلىندى. سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، سۇچىلىق نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇچىلىق ئومۇمىي پىلانى خىزمىتىنى تەشكىللىك يولغا قويۇپ، 12 - ئايدا «شىنجاڭنىڭ ئوتلاق ئېكولوگىيىسى قۇرۇلۇشىدا سۇ بايلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسى ئومۇمىي پىلانى»نىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايوندىن چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان 4 تۈرنى دۆلەت تۈر قىلىپ تۇرغۇزدى، بۇنىڭغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. سۇ تېجەپ سۇغىرىشقا دائىر 12 ئۆلگە تۈرنى دۆلەت تۈر قىلىپ تۇرغۇزدى، بۇنىڭغا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر بىر تۈرنى دۆلەت تۈر قىلىپ تۇرغۇزدى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى.

ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى»نى تالىشىش، تەكشۈرۈپ باھالاپ سېلىشتۇرۇش پائالىيىتى يولغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 32 ناھىيە، شەھەرنى تەقدىرلىدى.

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ناھىيە، شەھەر 6: بۇلار فۇكاڭ شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، شىخو شەھىرى، بورتالا شەھىرى، قاغىلىق، يەنجى ناھىيىسىدىن ئىبارەت. 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ناھىيە، شەھەر 12: بۇلار تۇرپان شەھىرى، ئاراتۇرۇك، گۇچۇڭ، كۈنەس، ساۋەن، قابا، ئارشاڭ، قاراقاش، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىرى، ئاتۇش شەھىرى، ئونسۇ، خوشۇت ناھىيىلىرىدىن ئىبارەت. 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ناھىيە، شەھەر 12: بۇلار سانجى شەھىرى، تېكەس، دۆربىلجىن ناھىيىلىرى، ئالتاي شەھىرى، جىڭ، توقسۇن ناھىيىلىرى، قۇمۇل شەھىرى، لوپ، يەكەن، ئاقچى، باي ناھىيىلىرى، كورلا شەھىرىدىن ئىبارەت.

سۇ تېجەش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرغان ئىلغار ناھىيىلەر: جېمىنەي، مورى ناھىيىلىرىدىن ئىبارەت.

يىڭ جۈن

## سۇ - تۇپراقنى ساقلاش

1. سۇ - تۇپراقنى ساقلاشقا بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، سۇ - تۇپراقنى ساقلاش ئاپپاراتى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر سۇ - تۇپراقنى ساقلاش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنى تەڭشىدى. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش - ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش باش پونكىتى قۇرۇلدى، 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭدىكى تۇنجى ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتى سۇ - تۇپراقنى ساقلاش خىزمەت پونكىتى — تۇدۇنخابا ۋادىسى سۇ - تۇپراقنى ساقلاش پونكىتى ۋىۋىسكا ئېسىپ قۇرۇلدى.

2. سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئۆلكە ناھىيە (شەھەر) لەردىكى كىچىك ۋادىلارنى ئۈنىۋېرسال تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى. شىنجاڭنىڭ 2002 - يىلى مەركەز خام چوت ئىچىدە مەخسۇس مەبلەغ سالغان سۇ - تۇپراقنى ساقلاش تۈرى تاماملىنىپ 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇ تۈردە سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى تىزگىنلەنگەن كۆلەم 180 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭغا 17 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 12 مىليون يۈەن، يەرلىك ئورۇنلار يۈرۈشلەشتۈرگىنى 1 مىليون يۈەن، ئاممىا ئۆزى تەييارلىغىنى 4 مىليون 840 مىڭ يۈەن.

3. سۇنى تېجەش يېڭى پىكىر يولى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ،

سۇ - تۇپراقنى ساقلاپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئىزچىللاشتۇرۇلدى. چاقىلىق، غۇلجا ناھىيىلىرى، چۆچەك شەھىرى مەملىكەت بويىچە سۇ - تۇپراقنى ساقلاپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. چاقىلىق ناھىيىسى دۆلەتنىڭ 500 مىڭ يۈەن مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. غۇلجا ناھىيىسى بىلەن چۆچەك شەھىرى سۇ - تۇپراقنى ساقلاپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تاماملىدى ھەمدە بۇ لايىھە 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە خۇاڭخې سۇچىلىق كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

4. سۇ - تۇپراقنى ساقلاش ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمىتىنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمى تېزلىتىلدى. شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر پەن تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ - تۇپراقنى ساقلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى «شىنجاڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش، تەكشۈرۈپ - ئۆلچەش تور قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لايىھىسى»نى تۈزدى، بۇ خۇاڭخې سۇچىلىق كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئوتتۇرا ئېقىمىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پىلانلاش - لايىھىلەش يۇرتى ناھىيە دەرىجىلىك سۇ. تۇپراقنى ساقلاش ئومۇمىي پىلانىغا دائىر 23 تۈرلۈك مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى ۋە كىچىك ۋادىلارنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەشكە دائىر 9 تۈرلۈك مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتىنى تاماملىدى.

5. «سۇ - تۇپراقنى ساقلاش قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش كۈچەيتىلدى. 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سۇ - تۇپراقنى ساقلاش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «سۇ - تۇپراقنى ساقلاش قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 11 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى ھەمدە تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

6. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى سۇ - تۇپراقنى ساقلاپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. 5 - ئايدا شىنجاڭ سۇچىلىق ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھىلەش يۇرتى «تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى سۇ - تۇپراقنى ساقلاپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى خىزمەت پروگراممىسى»نى تۈزدى. 12 - ئايدا سۇچىلىق نازارىتى «تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى سۇ - تۇپراقنى ساقلاپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى»نى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈردى.

7. سۇ - تۇپراقنى ساقلاشتا قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە 6 مىنىستىرلىك - كومىتېت «جىرىنتاي» سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى 8 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىنى سۇ - تۇپراقنى ساقلاش خىزمىتى بويىچە قانۇن ئىجراسىنى بىرلىشىپ تەكشۈردى.

سۇچىلىق مىنىستىرلىكى «كۈيتۇڭ — سايرام يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسى خىزمەت پروگراممىسى»، «كۈيتۇڭ - سايرام يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسى دوكلاتى»، «ئۈلۈغئاتا تۇگۈنلۈك سۇ قۇرۇلۇشى سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسى دوكلاتى»، «دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ خوشۇت — كورلا بۆلىكىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇش تۈرى سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسى پروگراممىسى» قاتارلىق تەرەققىيات قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ سۇ. تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسى دوكلاتنامىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

سۇچىلىق نازارىتى 3 ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنىڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسى خىزمەت پروگراممىسى بىلەن تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش تۈرىنىڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاشقا دائىر 31 خىل لايىھىسىنى تەكشۈردى. 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - خەۋەردار بۆلىكى 2 - خەۋەردار بۆلىكىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

8. سۇ - تۇپراقنى ساقلاش ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمىتى بويىچە تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى ھەمدە تۈرنىڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسىدىكى ئا، ب دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئىگە بولغان ئورۇنلار سىنالدى ۋە تەكشۈرۈلدى. 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 2. كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ - تۇپراقنى ساقلاش ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمىتىدە تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. 8 - ئاينىڭ 3 — 4 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە تەرەققىيات قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسى جەھەتتە ئا، ب دەرىجىلىك سالاھىيەت كىنىشكىسى ئالغان 13 ئورۇن ۋە ئا، ب دەرىجىلىك سۇ - تۇپراقنى ساقلاش لايىھىسى تۈزۈش سالاھىيەت كىنىشكىسى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان 6 ئورۇن سىنالدى ۋە

ئەكشۈرۈلدى.

يەن يۈنپىڭ

## شەھەر - يېزىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تەمىنلىگەن سۇ مىقدارى 37 مىليارد 901 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. يېزا ئىگىلىكى تەمىنلەنگەن سۇ مىقدارى 36 مىليارد 703 مىليون كۇب مېتىر، سانائەت تەمىنلەنگەن سۇ مىقدارى 780 مىليون كۇب مېتىر، شەھەر - بازارلار تەمىنلەنگەن تۇرمۇشقا كېرەكلىك سۇ مىقدارى 418 مىليون كۇب مېتىر؛ سۇ ساقلاش قۇرۇلۇشىدىن تەمىنلەنگىنى 5 مىليارد 995 مىليون كۇب مېتىر، سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىدىن تەمىنلەنگىنى 27 مىليارد 493 مىليون كۇب مېتىر، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلار تەمىنلىگىنى 339 مىليون كۇب مېتىر، ماشىنىلاشقان ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە سۇ پومپىسى تەمىنلىگەن سۇ مىقدارى 166 مىليون كۇب مېتىر، باشقا سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى تەمىنلىگەن سۇ مىقدارى 857 مىليون كۇب مېتىر.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئائىلىلەرگىچە كېڭەيتىلگەن سۇ بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 710 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى، يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 370 مىڭ گېكتارغا كېڭەيتىلدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يىغىشقا تېگىشلىك سۇ ھەققى 769 مىليون 674 مىڭ 900 يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە يىغىلغان سۇ ھەققى 635 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 74 مىليون 144 مىڭ 100 يۈەن ئاشتى، سۇ ھەققىنىڭ ئەمەلىي يىغىلىش نىسبىتى 82.52% كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ ھەققىدىن قايتۇرۇلغان قۇرۇلۇش رېمونت ھەققى 144 مىليون 710 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 26 مىليون 703 مىڭ 100 يۈەن كۆپەيدى، سۇ ھەققىنىڭ قايتۇرۇلۇش نىسبىتى 22.79% بولدى.

جاڭ رۇڭ

## يەرلىك ئورۇنلارنىڭ سۇ - ئېلېكتر قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ سۇ - ئېلېكتر گېنېراتورى 14 مىڭ 300 كىلوۋات كۆپەيدى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سىغىمچانلىقى 582 مىڭ 800 كىلوۋاتقا، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى يىلىغا تارقاتقان توك 1 مىليارد 798 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتتى. شىنجاڭ چاڭيۈەن سۇچىلىق سۇ - ئېلېكتر كەسپىي گۇرۇھى پاي كونترول سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بۇرچىن توغانتاي ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن گېنېراتور سىغىمچانلىقى 10 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

خۇ يەن

## شامال كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش

زايوم بىلەن كېڭەيتىپ قۇرۇلغان شامال كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش مەيدانى تۈرى 2002 - يىلى بۇ تۈردە 5.6 كىلومېتىرلىق شامال ئېنېرگىيىسى — 110 كىلوۋولتلۇق شامال ئېنېرگىيىسى لىنىيىسىنىڭ ئاسما لىنىيە قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتىدىن شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى شىركىتىنىڭ شامال كۈچى بىلەن توك چىقىرىش مەيدانىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى توك يوللاش سىمى)؛ ئالتۇن سۇمۇرۇغ ماركىلىق S43/600 تىپلىق 8 يۈرۈش شامال گېنېراتورى ئاساسىي قۇرۇلۇشى، 1 - تراكتور زاۋۇتى — مېد 600AE/I تىپلىق 11 يۈرۈش شامال گېنېراتورى (لوياڭ 1 - تراكتور زاۋۇتى بىلەن ئىسپانىيە مېد شىركىتى شېرىكلىشىپ قۇرغان مەملىكىتىمىز بويىچە مەخسۇس شامال گېنېراتورى ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى) ئاساسىي قۇرۇلۇشى، مۇنار قۇرۇلۇشى، مەيدان رايونىغا 10 كىلوۋولتلۇق ئاسما سىم تارتىش قۇرۇلۇشى، مەيدان رايونىغا توك ئۆزگەرتىش ساندۇقىنى قاچىلاش، كابېل ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن 110 كىلوۋولتلۇق بېسىم تۆۋەنلىتىش پونكىتى ۋە شامال گېنېراتورى ئالاقە قۇرۇلۇشى، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش قۇرۇلۇشى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى شىركىتى شامال بىلەن توك چىقىرىش مەيدانىنىڭ ئارىلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

مەملىكىتىمىزدە شامال گېنېراتورىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە سېتىش تۈرى «750 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتور گورۇپپىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش» تۈرى ئېلىمىزنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدىكى پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 2002 - يىلى شامال گېنېراتورىدىن 2 سى تەتقىق قىلىپ ياسالدى ۋە شامال گېنېراتور ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

2002 - يىلى مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن 600 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتورىدىن 40نى سېتىش توختامى ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە گەنسۇ يۈمېنگە سېتىلغىنى 20 يۈرۈش، لياۋنىڭ دالىيەنگە سېتىلغىنى 12 يۈرۈش، ئۈرۈمچى شەھىرىگە سېتىلغىنى 8 يۈرۈش (شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتى). توختامدا دالىيەنگە 6 يۈرۈش شامال گېنېراتورىنى 2003 - يىلى تاپشۇرۇپ بېرىش بەلگىلەنگەندىن سىرت، قالغانلىرى ئۆز ۋاقتىدا يۆتكۈزۈلدى ۋە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

جۇڭگو - گېرمانىيە نۇر تارقىتىش ئېلېكتر ئىستانسىسى تۈرى 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو - گېرمانىيە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بېيجىڭدا «گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل ئىئانە كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى. ئىئانە پۇل شىنجاڭ ۋە يۈننەن ئۆلكىسى (ھەر بىر ئۆلكىگە 10 مىليون گېرمانىيە ماركى ئىئانە قىلىندى؛ يەرلىك ھۆكۈمەت سەپلىگىنى 24 مىليون يۈەن خەلق پۇلى)گە ئىشلىتىلىپ، ئىككى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)نىڭ چەت، يىراق رايونلىرىدىكى قىسمەن توكسىز كەنتلەردىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئاساسەن توك مەسىلىسى ھەل قىلىندى ھەمدە شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتى شىنجاڭدىكى بۇ تۈرگە خوجايىن ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى.

جاڭ شۇجۈن

## قۇرۇلۇشلارنى باشقۇرۇش

سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى 2002 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭدىكى سۇ ئامبارلىرىغا يىغىلغان سۇ مىقدارى 2 مىليارد 541 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 60 مىليون كۇب مېتىر كۆپ يىغىلدى. 2002 - يىلى داغەيزە سۇ ئامبىرى، ئېلىشقۇ سۇ ئامبىرى قاتارلىق 21 سۇ ئامبىرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى ياكى دەسلەپكى لايىھە دوكلاتىنى تەكشۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى 9، دەسلەپكى لايىھە دوكلاتى 15. قىزىل سۇ ئامبىرى، شىكەركۆل سۇ ئامبىرى چوڭ توسمىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باھالاشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. سۇچىلىق چوڭ توسمىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ تەلىپى بويىچە 21 ئوتتۇرا، كىچىك سۇ ئامبىرى چوڭ توسمىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باھالاش ماتېرىيالى يۇقىرىغا يوللاندى، 12 سۇ ئامبىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باھالاش سۇچىلىق مىنىستىرلىكى چوڭ توسمىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ سىناق قىلىپ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. گۇچۇڭ ناھىيىسى دۇڭتاڭ سۇ ئامبىرى، جىمسار ناھىيىسى غەربىي دالۇڭكۇ سۇ ئامبىرى قاتارلىق خەتەرلىك 10 سۇ ئامبىرى دۆلەتنىڭ خەتەرنى تۈگىتىپ مۇستەھكەملەش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭغا دۆلەت 140 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى.

سۇغىرىش رايونلىرىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش 2002 - يىلى چوڭ تىپتىكى 6 سۇغىرىش رايونىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش تۈرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى، 2001 — 2002 - يىللىق چوڭ تىپتىكى 21 سۇغىرىش رايونىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇش لايىھىسى ھەم 2002 — 2003 - يىللىق چوڭ تىپتىكى ئىككى سۇغىرىش رايونىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى. چوڭ تىپتىكى 21 سۇغىرىش رايونىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش تۈرى دۆلەتنىڭ داۋاملاشتۇرۇلىدىغان قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، دۆلەت بۇنىڭغا 102 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى.

سۇغىرىشنى باشقۇرۇش 2002 - يىلى ئەمەلىي سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 3 مىليون 13 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى. ئېتىزغا تېرىلغان زىرائەت كۆلىمى 323 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىققا باشلانغان ئومۇمىي سۇ مىقدارى 31 مىليارد 872 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر، سۇغىرىلغان يەر 13 مىليون 512 مىڭ 600 گېكتار - قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە ئەتىيازدا سۇغىرىلىدىغان يەر 4 مىليون 303 مىڭ 400 گېكتار - قېتىم، ھەر گېكتار يەرگە ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي سۇ مىقدارى 10 مىڭ 575 كۇب مېتىر، ھەر گېكتار (قېتىم) زىرائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك سۇغىرىشقا كەتكەن سۇ (ئومۇمىي سۇغىرىش نورمىسى) 2355 كۇب مېتىر، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئوتتۇرىچە 4.48 قېتىم سۇغىرىلدى.

سۇ تېجەپ سۇغىرىش 2002 - يىلى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ نەملىكى ساقلانغان كۆلەم 870 مىڭ 600 گېكتارغا، سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىلغان كۆلەم 565 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى. چۈنەكلەپ، تامچىلاپ سۇغىرىلغان كۆلەم 2 مىليون 280 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە چۈنەكلەپ، تامچىلاپ سۇغىرىلغان كۆلەم شۇ يىلى ئەمەلىي سۇغىرىلغان كۆلەمنىڭ %75.67نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە چۈنەكلەپ سۇغىرىلغان يەر 1 مىليون 29 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، %34.16نى؛ تامچىلاپ سۇغىرىلغان كۆلەم 1 مىليون 251 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، %41.51نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلچەملىك تامچىلاپ سۇغىرىلغان يەر 640 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، %21.26نى ئىگىلىدى. ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۇيىدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى 0.485.

جاڭ رۇڭ

## جاڭ جىياۋ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ جىياۋ سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ كېلىپ 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە تارىم دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى،

ئىلى دەرياسى قاتارلىق ۋادىلارنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى.

ۋاڭ شياڭدۇڭ

### جاڭ جىڭشۇ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

سۇچىلىق مىنىستىرلىكى دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ جىڭشۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش مۇئەسسەسەلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەننىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

ۋاڭ شياڭدۇڭ

### سۇ لىشىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سۇ لىشىڭ شىنجاڭغا كېلىپ 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ سۇ بايلىقى ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

ۋاڭ شياڭدۇڭ

## يېزا - بازار كارخانىلىرى

### يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 37 مىليارد 395 مىليون يۈەن (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %10.72؛ قوشۇلما قىممىتى 9 مىليارد 49 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.1 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ %5.66نى، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي قوشۇلما قىممىتىنىڭ %22.88نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 991 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.14؛ تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليارد 267 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.35؛ ساپ پايدا 2 مىليارد 257 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.76 ئاشتى. كەسپكار 866 مىڭ 700گە يېتىپ، 42 مىڭ 200ى كۆپىيىپ، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ %25نى، يېڭىدىن كۆپەيگەن كەسپكار ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدىكى كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ %12.06نى ئىگىلىدى. ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ھەققى 4 مىليارد 356 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.7 ئاشتى؛ دېھقانلارنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن ئېرىشكەن ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى كىرىمى 449 يۈەنگە يېتىپ، 47 يۈەن ئېشىپ، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ %25نى ئىگىلىدى.

جاڭ جيەنسو

### قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى كەسپىنى، مەھسۇلاتنى، ئورۇنلاشتۇرۇشنى ۋە مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قەغەزچىلىك 2001 - يىلدىكىدىن %46، ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش %33، ھاراق تۈرلىرى %26، پاختا توقۇمىچىلىق %23، خۇرۇمچىلىق %20 ئاشتى. يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىدىن 300 نەچچىسى شەكىللەندى، ئۇلار يېمەكلىك، ئىچىملىك، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، خۇرۇم ئىشلەش قاتارلىق 10 كەسپكە چېتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىش كىرىمى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 60. تەسىر دائىرىسى كەڭ، يېتەكلەش كۈچى كۈچلۈك، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچتىكى تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 30 باشلامچى كارخانىغا يار - يۆلەك بولۇندى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانا دەپ نام بېرىلگەن كارخانىدىن شىنجاڭدا 11ى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار كارخانىسى 3؛ ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باشلامچى كارخانا دەپ نام بېرىلگەن 39 كارخانا ئىچىدە يېزا - بازار كارخانىسى 13. كىچىك بازارلار قۇرۇلۇشىدا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشتا تەرەققىيات نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 10 سانائەت رايونىغا مەدەت بېرىلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروت بازارلىرىنىڭ سىستېمىا قۇرۇلۇشى ۋە كەسپىي جەمئىيەتلەر قاتارلىق ۋاسىتىچى تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئۆزگىچە ساياھەتچىلىك ۋە ساياھەت مەنزىرە رايونى، مەنزىرە نۇقتىسى مۇلازىمەتچىلىكى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 329 يېزا - بازار كۆمۈر كېنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 100 نەچچە كارخانىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان

لازىمەتلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق كارخانا قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىندى.

جاڭ جيەنسو

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى سېنتەبىردە 30 نەچچە يېزا - بازار كارخانىسى ISO9000 سۈپەت سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئۆتتى. مۇشۇ يىلدا 6 كارخانا ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كارخانىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى، 20 ئادەم دۆلەت ئېتىراپ قىلغان ISO9000—2000 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ رويخەتكە ئېلىنغان تەكشۈرگۈچىسى بولدى. ئىناۋەتنى باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، تىجارەت ھەرىكىتى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇلدى، «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق گۇرۇھى قاتارلىق 5 كارخانا مەملىكەت بويىچە ئىناۋەتنى ساقلاپ قانۇنغا رىئايە قىلغان يېزا-بازار كارخانىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى. يەكەنكۆل كارخانا گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى قوشۇمچە باش دىرېكتورى ۋۇ جەنلىن 2002 - يىلدىكى جۇڭگو يېزا - بازار كارخانىلىرى بويىچە 10 چوڭ مەشھۇر شەخس قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

جاڭ جيەنسو

## تور قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2002 - يىلى سېنتەبىردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىدىن 505 نى تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇپ قۇرۇلغىنى 31، يېڭىدىن قۇرۇلغىنى 286، كېڭەيتىپ قۇرۇلغىنى 103، تېخنىكىسى ئۆزگەرتىلگىنى 85. سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 679 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 12.5% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.37%؛ تۇراقسىز مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلەشكىنى 599 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 23.3% ئاشتى. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە، ئۆزلىرى تەييارلىغىنى 900 مىليون يۈەن بولۇپ، 43.27% نى، كىرگۈزۈلگىنى 780 مىليون يۈەن بولۇپ، 37.5% نى، قەرز پۇل 350 مىليون يۈەن بولۇپ، 16.83% نى ئىگىلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ياردەم ئۆسۈملۈك مەبلەغدىن 5 مىليون يۈەن، ياردەم ئۆسۈملۈك تۈردىن 132 سى ئەمەلىيلەشتى. ئۆزگىچىلىككە، غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە زور بىر تۈركۈم دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان تۈرلەر پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

جاڭ جيەنسو

## يېزا - بازار كارخانىلىرى سانائەت باغچا رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى سانائەت باغچا رايونىدىن 18 ى قۇرۇلدى. سانائەت باغچا رايونلىرىنىڭ نوپۇسى 338 مىڭ 300، پىلانلانغان كۆلىمى 755.53 كۋادرات كىلومېتىر، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 751 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 13 مىڭ 250 كارخانا قۇرۇلدى، 3 مىليارد 833 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك شەكىللەندۈرۈلدى، 71 مىڭ 600 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تىجارەت كىرىمى 5 مىليارد 441 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى كىرىمىنىڭ 14.5% نى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 21 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 25.58% نى ئىگىلىدى؛ سانائەت باغچا رايونىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3854.2 يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىدىن 1990.94 يۈەن يۇقىرى بولدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يەكەنكۆل سانائەت باغچا رايونى نېفىت باشقۇرۇش سەپلىمىلىرىنى ۋە ئۆي - زېمىن كەسپىنى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى؛ قورغاس ناھىيىسى چىڭسۇخوزا بازىرىدىكى سانائەت باغچا رايونى جۇغراپىيىلىك ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى؛ قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى سانائەت باغچا رايونى پاختا توقۇمىچىلىقى، ئىلمە توقۇمىچىلىق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يېتەكچى كەسىپ قىلدى؛ خوشۇت ناھىيىسىنىڭ چىڭسۇخوزا بازىرىدىكى سانائەت باغچا رايونى ئېفېدرىن، چۈچۈكبۇيا يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرى- نى ۋە مېۋە - كۆكتات يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلدى؛ مىچۈەن شەھىرىنىڭ گومۇدى بازىرىدىكى سانائەت باغچا رايونى يەم - خەشەك يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يېتەكچى كەسىپ قىلدى؛ قۇمۇل شەھىرىدىكى سانائەت باغچا رايونى قۇمۇل قوغۇنى، كۆكتات مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلدى.

جاڭ جيەنسو

## تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئەھۋالى

2002 - يىلى سېنتەبىردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى تېخنىكىنى پاي قوشۇش، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى يۇقىرى مائاش بېرىپ تەكلىپ قىلىش، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىش، پەن - تېخنىكا تۈرىنى ھەمكارلىشىپ

ئۆزلەشتۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئۇقتىسلىق كارخانىلارنىڭ تېخنىكىغا ئايىنىشى ۋە تېخنىكىنى ئىسراپ قىلىشىنى ھەل قىلدى، شۇ يىلى تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا 138 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جىرۇيشيالىڭ گۇرۇھى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانىلار تېخنىكا مەركىزى دەپ ئېتىراپ قىلىندى. ئىشلەپچىقىرىش تېخىدىكى ئۇقتىسلىق تاپانچ كارخانىلار بايلىق مەنبەسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش دەرىجىسىنى، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ۋە دەرىجىسىنى، مەھسۇلاتنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبى ۋە قوشۇلما قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى، مۇشۇ بىر يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىنى كېڭەيتىش تۈرىدىن 8ى قولغا كەلتۈرۈلدى، ئۇنى كېڭەيتىشكە 500 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى.

جاڭ جيەنسو

## قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ سېلىقنى يېنىكلىتىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدا يېزا - بازار كارخانىلىرى جەھەتتە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ سېلىقنى يېنىكلىتىش بويىچە «ئۈچنى تەكشۈرۈش» (ئاساسىي قائىدە ئورۇنلارنى، ئاجىز ھالقىلارنى، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش) پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرلىرى داۋاملىق ئېنىقلىنىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بىر يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن كەلمە - كەلمەس ھەق ئېلىش تۈرىدىن 181ى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇنىڭغا چېتىشلىق سوممىسى 29 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ سېلىقنى كۆپەيتىۋېتىشكە دائىر دېلودىن 270ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان سوممىسى 21 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

جاڭ جيەنسو

# بېلىقچىلىق

## بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي سۇ مەھسۇلات مىقدارى 63 مىڭ 678 توننىغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مىستېمىنىڭ 47 مىڭ 383 توننىغا يېتىپ، %0.6، بىڭتۇەننىڭ 16 مىڭ 295 توننىغا يېتىپ، %19.7 ئاشتى.

سۇ مەھسۇلاتى ئىچىدە، باقمىچىلىقنىڭ 53 مىڭ 795 توننىغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.1 ئېشىپ، باقمىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %84.5نى ئىگىلىدى، تەبىئىي كۆل دەريالاردىن تۇتۇلغىنى 9883 توننا بولۇپ، %1.2 تۆۋەنلەپ، تۇتۇلغان ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %15.5نى ئىگىلىدى.

باقمىچىلىق مەھسۇلات مىقدارى ئىچىدە بېلىق كۆلچەكلىرىدە بېقىلغىنى 41 مىڭ 594 توننىغا يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن %8.6 ئاشتى، كۆللەردە بېقىلغىنى 327 توننا بولۇپ، %18 ئازايدى. سۇ ئامبىرىدا بېقىلغىنى 7536 توننىغا يېتىپ، %1.4 ئاشتى، ئازگال - كۆلچەكلەردە بېقىلغىنى (دەريا جىلغىلىرىدا بېقىلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 3723 توننا بولۇپ، %4 ئازايدى. باشقا ئۇسۇلدا بېقىلغىنى (ئاساسلىقى زاۋۇتلاشتۇرۇپ ۋە تور - ساندۇقلاردا بېقىلغىنى) 615 توننا بولۇپ، %13.4 ئازايدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىق كۆلىمى 63 مىڭ 540 گېكتار بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %0.8 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق كۆلچىكى 11 مىڭ 190 گېكتار بولۇپ، %1.4، كۆل 4631 گېكتار بولۇپ، %1.1، سۇ ئامبىرى 37 مىڭ 284 گېكتار بولۇپ، %1.7 ئازايدى، كۆلچەك 10 مىڭ 187 گېكتارغا يېتىپ، %5.6 كۆپەيدى، باشقىلار 248 گېكتار بولۇپ، %45 ئازايدى، ئومۇمىي بېلىق باقمىچىلىقى كۆلىمى ئىچىدە، يەرلىك مىستېمىنىڭ 38 مىڭ 753 گېكتار بولۇپ، %6.8 ئازايدى، بىڭتۇەننىڭ 24 مىڭ 787 گېكتارغا يېتىپ، %10.2 كۆپەيدى.

ئومۇمىي سۇ مەھسۇلاتى ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى بېلىقچىلىق مەھسۇلات مىقدارى 27 مىڭ 119 توننا بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %43نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە باقمىچىلىق مەھسۇلات مىقدارى 22 مىڭ 210 توننىغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2539 توننا كۆپەيدى، تەبىئىي كۆل - دەريالاردىن تۇتۇلغىنى 4909 توننا بولۇپ، 1176 توننا ئازايدى. دۆلەت ئىلكىدىكى بېلىق باقمىچىلىقى كۆلىمى 44 مىڭ 604 گېكتار بولۇپ، 240 گېكتار ئازايدى.

ئاممىۋى بېلىقچىلىق ئومۇمىي سۇ مەھسۇلات مىقدارى 36 مىڭ 559 توننا بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %57نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە باقمىچىلىق مەھسۇلاتى 31 مىڭ 585 توننىغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 547 توننا، تەبىئىي كۆل - دەريالاردىن تۇتۇلغىنى 4974 توننىغا يېتىپ، 1058 توننا كۆپەيدى. باقمىچىلىق كۆلىمى 18 مىڭ 943 گېكتار بولۇپ، 276 گېكتار ئازايدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 3970 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 851 ئائىلە ئازايدى، بېلىقچىلىق نوپۇسى 17 مىڭ 659 بولۇپ، 2674ى ئازايدى،

بېلىقچىلىق ئەمگەك كۈچى 12 مىڭ 973كە يېتىپ، 2450 كىشى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئەمگەك كۈچى 7022 بولۇپ، 320 كىشى ئازايدى، قوشۇمچە ئەمگەك كۈچى 5951گە يېتىپ، 2770 كىشى كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى سۇ مەھسۇلاتلىرى كارخانىسى 142 (بىڭتۇەننىڭ 88) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا ئالغان كارخانا 129، پايدا سوممىسى 17 مىليون 416 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6 مىليون 991 مىڭ يۈەن ئازايدى، زىيان تارتقان كارخانا 13، زىيان سوممىسى 2 مىليون 188 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 981 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 2595 بولۇپ، 180 كىشى ئازايدى.

2002 - يىلى 519 مىليون دانە بېلىجان يېتىشتۈرۈلۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن 13 مىليون دانە ئازايدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 276 مىليون 172 مىڭ 900 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن 8 مىليون 630 مىڭ 400 يۈەن كۆپەيدى، ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 377 مىليون 180 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، 16 مىليون 680 مىڭ 600 يۈەن ئازايدى. بېلىقچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3227 يۈەنگە يەتتى.

داڭلىق، ئالاھىدە، ئەلا، يېڭى تۈرلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 9458 توننا (ئاساسلىق سازلىق بېلىقى، موزامبىك كىلاپىيە بېلىقى، رەڭدار تروۋت بېلىقى، تومباش بېلىقى، ئاق كورېتكونۇس بېلىقى، راك، قىسقۇچ پاقا ۋە ئەتىۋارلىق يەرلىك بېلىق تۈرلىرى قاتارلىقلار) بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %15نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىقدارى 3.5 كىلوگرام (18 مىليون نوپۇس ھېسابلىغاندا) غا يەتتى.

يەرلىك ئىستېمالدا سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 3500 توننىدىن ئاشقان ۋىلايەت، ئوبلاست 6: سانجى ئوبلاستىنىڭ 11 مىڭ 729 توننا، ئىلى ئوبلاستىنىڭ 8466 توننا، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 5910 توننا، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 4808 توننا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 4588 توننا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 3719 توننا. مەھسۇلات مىقدارى 1000 توننىدىن ئاشقان ناھىيە (شەھەر) 11: سانجى شەھىرىنىڭ 6800 توننا، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ 4602 توننا، باغراش ناھىيىسىنىڭ 4090 توننا، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ 3813 توننا، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ 2827 توننا، غۇلجا شەھىرىنىڭ 2411 توننا، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ 2250 توننا، باي ناھىيىسىنىڭ 2020 توننا، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ 1402 توننا، مىچۈەن شەھىرىنىڭ 1400 توننا، يەكەن ناھىيىسىنىڭ 1114 توننا.

ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر:

1. بېلىقچىلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى ئاجىز، بېلىقچىلىق بازىسى كونىراپ كەتكەن، مۇلازىمەت ۋاستىسى قالاق، پەن - تېخنىكا مىقدارى تۆۋەن.

2. بېلىقچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا باشلامچى كارخانىلارنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى كەمچىل، ساھەلەرنىڭ تەشكىللىي قۇرۇلۇشى ئاجىز، بېلىقچىلىقنى كۆلەملەشتۈرۈش سەۋىيىسى، تىجارەت سەۋىيىسى، تەشكىلچانلىق سەۋىيىسى، كەسپلەشتۈرۈش سەۋىيىسى تۆۋەن.

3. 2 ـ، 3 - كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش يەنىلا ئىنتايىن قالاق، ئەۋزەل يېتەكچى مەھسۇلاتلار گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن، كۆزنەك مەھسۇلاتلار شەكىللەنمىگەن.

4. مەبلەغ ۋە تېخنىكا جەھەتتە ياردەم بېرىش كەمچىل بولغانلىقتىن، ئاممىۋى بېلىق باقمىچىلىقنىڭ ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى بولمىدى، زامانىۋى بېلىقچىلىقنىڭ ئۈلگىلىك رولى كۈچلۈك بولمىدى.

ياڭ شياۋلىي

## باقمىچىلىق تۈرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى قۇرۇلمىسىدا كارپ بېلىقى، لاققا بېلىق، خايان باش بېلىق مەھسۇلاتى %68نى ئىگىلەپ، باھاسى داۋاملىق تۆۋەنرەك بولدى، ئەمما تاپان بېلىق، موزامبىك تىلاپىيە بېلىقى، رەڭدار تروۋت بېلىقى، راك، ئاق بېلىقى، ئەتىۋارلىق يەرلىك بېلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي قالدى، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. شۇڭا جايلار ئۆز جايىنىڭ كۈن نۇرى ئىسسىقلىق بايلىقى ۋە يەر ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، بازىرى بار داڭلىق، ئالاھىدە، سۈپەتلىك بېلىق تۈرلىرى باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەۋزەللىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى. ئىلى ئوبلاستى كالىفورنىيە ئالا بۇغا بېلىقى، چوڭ ئېغىزلىق ئامۇرسوم بېلىقى، ئوكۇن بېلىقى، جەنۇبىي ئامېرىكا ئاق پىراۋنى قاتارلىقلارنى، سانجى ئوبلاستى شياگيۇن تاپان بېلىقى، چېھار ئاچا قۇيرۇق ئامبيورۇس، ئالتۇن تروۋت بېلىقى قاتارلىقلارنى كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىق ئىستېمالدا داڭلىق، سۈپەتلىك تۈرلەر باقمىچىلىقى كۆپەيدى.

2002 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتى سازاڭ بېلىق، چورتان بېلىق يوسۇنىدىن 5 مىليون 40 مىڭنى سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتتى، يازلىق يوسۇنىدىن 2 مىليون 300 مىڭنى يېتىشتۈردى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىگە سازاڭ بېلىقچىسىدىن 320 مىڭنى كېڭەيتتى، بۇرچىندىكى ئېرتىش دەرياسى تەۋەسىدىكى سۇ سىستېمىسىغا سازاڭ بېلىقچىسىدىن 400 مىڭنى قويۇپ بەردى، 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئېرتىش دەرياسىغا سازاڭ بېلىق، ئالا ئىتبېلىق، لوتسىيوپېركا بېلىقچىسىدىن 800 مىڭنى قويۇپ بەردى.

ياڭ شياۋلېي

## تەبىئىي بېلىقچىلىق بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش ۋە مۇۋاپىق راۋاجلاندۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى سايرام كۆلىدىكى ئاق كورېگونۇس بېلىقىنىڭ 62 مىليون دانىدىن ئارتۇق سۈپەتلىك تۇخۇمى ئېلىنىپ، سايرام كۆلىدە تۇنجى قېتىم كۆلەملەشكەن ئاق كورېگونۇس بېلىقىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ئىشلىنىپ، 3 مىليوندىن كۆپ ئاق كورېگونۇس بېلىقچىسى ئېلىندى، بىيجاڭ، سىجۇەن، ئالتاي ۋىلايىتى 200 نەچچە مىڭ بېلىقچان بىلەن تەمىنلەندى، 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇتۇلغان ئاق كورېگونۇس بېلىقى 20 نەچچە توننا، ياناق ئاق كورېگونۇس بېلىقى بىر توننا بولۇپ، ھەر كىلوگرامى 30 يۈەندىن سېتىلدى. 5 - ئايدا بورتالا ئوبلاستى شېڭدا ئوقەتچىلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاق كورېگونۇس بېلىقى مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

ئۈرۈمچى ناھىيىسى شەرقىي جىلغا رەڭدار تروۋت بېلىقچىلىق مەيدانى بۇلغانمىغان تاغ بۇلىقىدا سوغاق سۇ بېلىقلىرىنى بېقىشنى راۋاجلاندۇردى، بۇ بېلىقچىلىق مەيدانى بېلىق دورىسى، يەم - خەشەك خورۇچى قاتارلىق سۇغا سىڭىدىغان بۇيۇملارنى ئىلمىي ئىشلىتىپ، يەم - خەشەكنى باشقۇرۇشتا ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلەپ، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ سۈپىتى ئەلا، ئوزۇقلۇق قىممىتى مول بېلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. بىر يىلدا ئىشلەپچىقارغان رەڭدار تروۋت بېلىقى 60 تونىغا يەتتى.

ياڭ شياۋلېي

# نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش

## نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى

1. قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەرنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئوڭۇشلۇق بولدى، كىرىمى تۆۋەن نامرات ھالەتتىن قۇتۇلغان دېھقان، چارۋىچىلار كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. 2002 - يىلى شىنجاڭدا قىيىنچىلىقى ئېغىر 150 مىڭ ئائىلىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، كىيىمى پۈتۈن قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل بولمىغان تىزىملىكتىكى نامرات ئائىلە 2000 - يىلدىكى 440 مىڭدىن 190 مىڭغا ئازايدى (شۇ يىلى قايتا نامراتلاشقان ئائىلە بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان 30 ناھىيىدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر 130 مىڭ ئائىلىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 270 مىڭ دېھقان، چارۋىچى كىرىمى تۆۋەن نامراتلىق سىزىقىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ 2001 - يىلدىكىدىن 100 مىڭ ئادەم كۆپ.

2. نامرات رايونلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى زورايتىلىپ، يېزا ئىقتىسادىدا ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان 30 ناھىيىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلىرىنىڭ نىسبىتى 2000 - يىلدىكى 29:14:57دىن 2002 - يىلى 31:19:50كە تەڭشەلگەن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليارد 960 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 51.6% ئاشقان. ئاشلىق 10.9% كۆپەيگەن. پاختا 3.2% ئازايغان، ياغلىق دان 22.7%، يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 3.9% كۆپەيگەن. يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى زورايتىلىپ، نامرات دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىم يوللىرى كېڭەيتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە 30 نۇقتىلىق ناھىيىنىڭ باغ - ئورمان كۆلىمى 141 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ياڭاقلىق 42 مىڭ گېكتار، ئۈرۈكلۈك 57 مىڭ گېكتار، ئانارلىق 10 مىڭ گېكتار. ئەمگەك ئارقىلىق كىرىم قىلىش تەدرىجىي نامرات ئائىلىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى يېڭى يول بولۇپ قالدى. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان 30 ناھىيىنىڭ شۇ يىلى ئەمگەك ئارقىلىق قىلغان كىرىمى 104 مىليون 625 مىڭ يۈەنگە، ئوتتۇرىچە كىرىمى 471 يۈەنگە يەتتى.

3. نامرات رايونلارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. كىيىمى پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسىنى مۇقىم ھەل قىلىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاندى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 2002 - يىلى نامرات رايونلاردا 9000 گېكتار ئاساسلىق ئېتىز - ئېرىق، 6000 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلگەن، 1727

كىلومېتىر ئۇل، ئارماق، ئۇق ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە دېھقانچىلىقتا سۇ سىڭەس ئۆستەڭ رېمونت قىلىنغان، يېڭىدىن 142 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلغان، 1706 كۆۋرۈك، سۇئۆتكۈچ ۋە تاپقاق يېڭىدىن ياسالغان، 568 كىلومېتىر يېزا- كەنت تاشيولى ئوتاشتۇرۇلغان، 11 مىڭ 385 ئائىلە كۆچۈرۈلگەن، كۆچۈرۈلگەن ئائىلىلەرگە 2288 يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆي سېلىپ بېرىلگەن، نامرات ئائىلىلەرنىڭ 1872 يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆيى ئۆزگەرتىلگەن، 31 مىڭ 522 ئائىلىگە تۇرۇبا سۈيى كىرگۈزۈلگەن، 18 مىڭ 677 ئائىلىگە توك ئۇلانغان. نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان 30 ناھىيە (شەھەر) دىكى 282 كەنتنىڭ سۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى، 61 كەنتكە تاشيول ئوتاشتۇرۇلدى، 126 كەنتكە توك ئۇلاندى، 354 كەنتكە تېلېفون ئۇلاندى، 155 كەنتكە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈلدى، 48 كەنتتە شىپاخانا قۇرۇلدى، 48 كەنتتە پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، 36 كەنتتە پوچتا ئوتاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن چەت، يىراق رايونلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇش شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى.

4. نامرات رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئومۇميۈزلۈك ئاشتى، كىرىمنىڭ ئېشىش نىسبىتى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كىچىكلىتىلدى. 2002 ـ يىلى نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان 30 ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1175 يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 132 يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت بەلگىلىگەن 27 نۇقتىلىق ناھىيە (شەھەر) دىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1165 يۈەنگە يېتىپ، 131 يۈەن كۆپەيدى. نامرات ئاھالە مەركەزلەشكەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1151 يۈەنگە يېتىپ، 136 يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ 96 يۈەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 177 يۈەن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 78 يۈەن كۆپەيدى. 30 نۇقتىلىق ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېشىش سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2001 ـ يىلدىكىدىن 92 يۈەن كۆپەيدى، 30 نۇقتىلىق ناھىيىنىڭ 63 يۈەن كۆپەيدى، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق 29 يۈەن بولدى، 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2001 ـ يىلدىكىدىن 153 يۈەن، 30 نۇقتىلىق ناھىيىنىڭ 2001 ـ يىلدىكىدىن 132 يۈەن كۆپەيدى، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق 21 يۈەن بولدى، ئېشىش نىسبىتى پەرقى 8 يۈەن ئازايدى.

ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر:

1. جايلاردا كىيىم يۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى دەكشى بولمىدى. بىرىنچىدىن، كەنت، ئائىلىلەرگە قارىتىلغان خىزمەت سالمىقى ۋە يۈرۈشلەشكەن تەدبىرلەر ئازا كۈچلۈك بولمىدى. ئىككىنچىدىن، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى تۈرى ئۈنۈمىنىڭ ئارقىدا قېلىشى كىيىم يۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش نىشانىنى ئورۇنداشقا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى. ئۈچىنچىدىن، نامراتلارنى يۆلەشكە تارقىتىلىدىغان ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل تولۇق نەقلەشمىدى، گەرچە كۆپ خىل ئۇسۇللار قوللىنىلغان بولسىمۇ، بىراق قەرز پۇلنى تارقىتىش ئەھۋالى يەنىلا ياخشى بولمىدى. تۆتىنچىدىن، ئايرىم جايلاردا تەبىئىي ئاپەت بىر قەدەر ئېغىر بولغاچقا، كىيىم يۈتۈن، قورساق توق بولۇش پىلانىنى ئورۇنداشقا پايدىسىز تەسىر پەيدا قىلدى. بەشىنچىدىن، بەزى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر كىيىم يۈتۈن، قورساق توق بولۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنغان ئاھالىلەرنىڭ سانىنى تولۇق مەلۇم قىلىشنى خالىماي ئىمكانىيەت قالدۇرغان، تولۇق مەلۇم قىلغاندا يۇقىرىنىڭ ياردەم سالمىقىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن.

2. نامراتلارنى يۆلەشتە كەنت ـ ئائىلىلەرگە قارىتىلغان تۈرلۈك تەدبىرلەر مۇكەممەل يۈرۈشلەشمىگەن. نامرات رايونلاردىكى قىسمەن رەھبەرلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەشتە كەنت، ئائىلىلەرگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغان، كونكرېت خىزمەتنى يولغا قويۇش داۋامىدا يۈزەكىلىك، شەكىلۋازلىق ۋە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش ھادىسىلىرى ساقلانغان، نەتىجىدە كەنت، ئائىلىلەرگە قارىتىلغان تەدبىرلەردە پەرق يۈز بېرىپ، ئۈنۈم كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان. كەنت، ئائىلىلەرنى يۆلەش ئوبيېكتى خالىغانچە كېڭەيتىۋېتىلگەن.

3. نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئايرىم جايلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مەبلەغنى قانۇن بويىچە ئىشلىتىشكە بولغان تونۇشى يېتەرسىز بولغان، نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى قىسمۇالغان، يۆتكەپ ئىشلەتكەن. بەزى جايلار مەبلەغ ئېلىش ئۈچۈن پەقەت تۈر مەلۇم قىلىشقىلا، مەبلەغ قولغا كەلتۈرۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك تەييارلىقى، دەلىللەش تۈر تۇرغۇزۇشنى ئىلتىماس قىلىشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن، تۈر

قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئىز قوغلاپ باشقۇرۇشى ۋە تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشى كەمچىل بولغان.

نيۇ لىنكاڭ

## نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى

2002 - يىلى شىنجاڭ ئەمەلىيەتتە سالغان نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 1 مىليارد 74 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 279 مىليون يۈەن، ئىش تېپىپ بېرىش پۇلى ئارقىلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى 322 مىليون يۈەن، نامراتلارنى يۆلەش ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى 473 مىليون يۈەن. نامراتلارنى يۆلەش-روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان 30 ناھىيىنىڭ كەنت - ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشكەن مالىيىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 194 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %70نى، تۈر 2426 بولۇپ، تۈر ئومۇمىي سانىنىڭ %75نى ئىگىلىدى؛ ئىش تېپىپ بېرىش پۇلى بىلەن ياردەم بېرىش ئورۇنلاشتۇرۇلغان كەنت - ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 265 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %82نى، تۈر 700 بولۇپ، تۈر ئومۇمىي سانىنىڭ %75نى ئىگىلىدى. قىيىنچىلىقى ئېغىر 44 مىڭ دېھقان ئائىلىسى، كىرىمى تۆۋەن 142 مىڭ نامرات ئائىلە يۆلەندى.

نيۇ لىنكاڭ

## جەمئىيەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون 142 ئورۇننى 30 نۇقتىلىق ناھىيە (شەھەر) دىكى 229 نۇقتىلىق يېزا بىلەن 1021 نۇقتىلىق كەنتكە ياردەم بېرىشكە بەلگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇرچاقچى، توخۇلا، ئۇرچى، زاۋا، ئاقساراي، سايباغ، كۇيا، قاراساي، ياۋا يېزىلىرى، قاراش بازىرى، ماقلاي، تۇۋەت، جاھانباغ، قويچى، يېڭىيەر، كاۋاك يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى (مەسئۇل ئورۇن)، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبە ئاكادېمىيىسى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى، پەن - تېخنىكا نازارىتى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى، شىنجاڭ «دېلۇڭ» گۇرۇھ شىركىتى، جۇڭگو نېفىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى؛ چىرا ناھىيىسىنىڭ بوستان يېزىسى، چىرا بازىرى، چىرا، گۇلاخما، چاقا، ئۇلۇغساي، دامكو، نۇرى يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: سۇچىلىق نازارىتى (مەسئۇل ئورۇن)، ش ئۇ ئا ر ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى شىركىتى، ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىبارەت؛ لوپ ناھىيىسىنىڭ چارباغ، دول، هاڭگىيا، جىيا، يېزىلىرى پۇرۇڭقاش بازىرى، بۇيا، سامپۇل يېزىلىرى، لوپ بازىرى، ئاۋا يېزىسىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: مالىيە نازارىتى (مەسئۇل ئورۇن)، ش ئۇ ئا ر پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىدىن ئىبارەت؛ نىيە ناھىيىسىنىڭ يېيىق، نىيە، روقىيە، سالغۇزەك يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى (مەسئۇل ئورۇن)، ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى؛ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كۆكيار، ئارىش يېزىلىرى، شەنبە بازار بازىرى، سىيەك يېزىسى، مۇغاللا بازىرى، جاي، ئويتوغراق، توغراغاز، قارقى، شىۋول، ئارال، ئاچچان، دەريا بويى، يېڭىباغ يېزىلىرىنى يۆلەش ئوبيېكتى: ش ئۇ ئا ر پارتكوم كارخانا خىزمەت كومىتېتى (مەسئۇل ئورۇن)، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ خۇالىڭ سانائەت - سودا گۇرۇھى شىركىتى، ئۈرۈمچى كانچىلىق گۇرۇھى شىركىتى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى؛ خوتەن ناھىيىسىنىڭ تەۋەككۇل، ئىسلامئاۋات، يېڭىئېرىق، خانئېرىق، يېڭىئاۋات، تۇسالا، لايقا، لاغزۇ، بۇزاق، سېغىزكۆل، قاشتېشى يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: سەھىيە نازارىتى (مەسئۇل ئورۇن)، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، تەڭرىتاغ يولى توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو نېفىتى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ گۇما ناھىيىسىنىڭ مۇجى، چودا، كۆكتېرەك، موكۇيلا، قوشتاغ، سانجۇ، پىشنا يېزىلىرى، كەڭقىر قىرغىز يېزىسى، كىلىياڭ يېزىسى، گۇما، دۇۋا بازارلىرى، پاشلەڭگەر، زاڭگۇي، پىيالما، ئاۋئابات تاجىك يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى (مەسئۇل ئورۇن)، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، شىنجاڭ بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى، جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى؛

تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تاشقورغان، تىزناپ، دەفتەر، مارياڭ، ۋەچە، بەلدىر يېزىلىرى، كۆكيار قىرغىز يېزىسى، تاغارما يېزىسى، تاجىك ئاۋات بازىرى، قوغۇشلۇق، داتۇڭ يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى (مەسئۇل ئورۇن)، ئۈرۈمچى شەھىرى، ش ئۇ ئا ر تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، شىنجاڭ خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق شىركىتى؛ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق، تېرىم، بۇلاقسۇ، سايباغ، ئوپال، يېڭىئۆستەڭ، ئاۋات، زەمىن، ئوغۇساق، مۇش، لەڭگەر يېزىلىرى، توققۇزاق بازىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ئەدلىيە نازارىتى (مەسئۇل ئورۇن)، جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم قانۇنچىلىق كومىتېتى، شىنجاڭ زاپاس ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى؛ پەكەن ناھىيىسىنىڭ قوشئېرىق، ئاغارچى، پەكچى، داسى، قوشراپ، گۈلباغ يېزىلىرى، چارەك بازىرى، زەرەپشات تاجىك يېزىسى، ياقا ئېرىق، كاچۇڭ يېزىلىرى، ئېلىشقۇ، ئىگەرچى بازارلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: دېھقانچىلىق نازارىتى (مەسئۇل ئورۇن)، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى، خەۋپسىزلىك نازارىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا - بازار كارخانىسى ئىدارىسى، سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، سۇچىلىق نازارىتى؛ يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يەكشەنبە بازار يېزىسى، ئەشمە بازىرى، سېيەك، ئاچچىق، يوپۇرغا يېزىلىرى، يوپۇرغا بازىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: قاتناش نازارىتى (مەسئۇل ئورۇن)، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى تاموژنىسى؛ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ لوق، بەشئېرىق، غوجائېرىق، يېزىلىرى، چارباغ بازىرى، زوڭلاڭ يېزىسى، ئۆششارباش بازىرى، چاسابچىت، بارىن، چىپان، پەلقىچى، بېشىلىقۇم، سايباغ، كۆكيار، شىخشۇ يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى (مەسئۇل ئورۇن)، ج خ نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، شىنجاڭ نېفىت سېتىش شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شۆبە شىركىتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى؛ پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ تېرىم، يېڭىمەھەللە، جامباز، قىزىلبويى، مىشا، قوشئاۋات، قىزىلسۇ، گۈللۈك يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: قۇرۇلۇش نازارىتى (مەسئۇل ئورۇن)، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى؛ يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ شەھەر، ئەگىز، ماڭشىن، ئېگىز يەر، ساغان، توپلۇق، سۆگەت، ئۈچار، لومپا، چولپان، قىزىل، يېڭىيەر، سىيىتلە يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى (مەسئۇل ئورۇن)، ش ئۇ ئا ر دۆلەت باج ئىدارىسى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى، سودىگەر چاقىرىش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئارال، ھاراپ، ئەرمۇدۇن، تازغۇن يېزىلىرى، خانئېرىق بازىرى، يېڭىئېرىق، قومۇشئېرىق، ئاۋات، يامانيار يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى (مەسئۇل ئورۇن)، ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى، مەدەنىيەت نازارىتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ دورىگەرلىك گۇرۇھى شىركىتى؛ ئاقچى ناھىيىسىنىڭ قارا بۇلاق، قاراچى، سومتاش، ساپارباي، قۇلانساراق يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى (مەسئۇل ئورۇن)، تىنچلىق سۇغۇرتىسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى، قواللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى، ش ئۇ ئا ر تاشيول ئىدارىسى؛ ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ پىلال، بارىن، كوسراپ يېزىلىرى، تارتاجىك يېزىسى، ئوجمە، قاراكېچىك يېزىلىرى، ئوپتاغ بازىرى، بۇلۇڭكۆل، چارلۇڭ، موجى يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى (مەسئۇل ئورۇنلار)، قاتناش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو تېلېگرافى شىنجاڭ شىركىتى، تارىم دەرياسى جەنۇبىي نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش شۆبە شىركىتى، تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى؛ ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ بايقۇرۇت، قىزىلئۆي، بۆرەتوقاي، بوستانتېرەك، ئۇلۇغچات، تېرەك يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر كۆمۈر سانائىتى باشقۇرۇش ئىدارىسى (مەسئۇل ئورۇن)، جۇڭگو نېفىت تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى، ش ئۇ ئا ر ئالىي تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى، دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى؛ ئاتۇش شەھىرىنىڭ تۈگۈرمەستى، كاتتايلاق، قاراجول يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش

بەنگۇۋتىنگى (مەسئۇل ئورۇن)، ش ئۇ ئا ر بەرلىك باج ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەت ئىدارىسى؛ ئۆچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيار، ئىماملىرىم، ئوتبېشى، ئاقتوقاي يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى (مەسئۇل ئورۇن)، ماياتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، ماياتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يۈرچى، گەزلىك يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: خەلق ئىشلىرى نازارىتى (مەسئۇل ئورۇن)، غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى؛ تولى ناھىيىسىنىڭ ئۈرشۈلىت، ئاقبىلدىۋ، كۆپ، دولاتى يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى (مەسئۇل ئورۇن)، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئېرتىش دەرياسى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى؛ قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ تېبكىن ئۇسۇن، چاغانكۆل، مۇتىگى يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: مالىيە نازارىتى (مەسئۇل ئورۇن)، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ قارابۇرا، جېگىس، ئالتۇن ئېمىل يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: تاشقى سودا نازارىتى (مەسئۇل ئورۇن)، شىنجاڭ قوراللىق ساقچى قىسىم باش ئەترىتى؛ نىلقا ناھىيىسىنىڭ سۇپتاي، قاراتۆپە، قاراسۇ، ياقا ئۆلاستاي يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى (مەسئۇل ئورۇن)، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ش ئۇ ئا ر ئىلى دەرياسى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى؛ چاپچال ناھىيىسىنىڭ كان، قوغۇنچى، قاينۇق، جاغىستاي، چوڭ بۇغرا يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى (مەسئۇل ئورۇن)، تەڭرىتاغ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ باچاڭزى، كۆلياقا، شيالوبا، چوڭ قىزىلئىچەرى، سارچوقا يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى (مەسئۇل ئورۇن)، تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش ـ ئېچىش قوماندانلىق شتابى، تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى؛ ئارا تۆرۈك ناھىيىسىنىڭ تۇزكۆل، ئېرىنكىر قازاق يېزىسى، ئاداق يېزىسىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسى (مەسئۇل ئورۇن)، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ بەستېرەك، توپتېرەك، شالىشقاي، قاجاۋ، توست يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر تاشقى (مۇھاجىرلار) ئىشلار ئىشخانىسى (مەسئۇل ئورۇن)، ش ئۇ ئا ر چېگرىدىن چىقىش ـ كىرىشنى تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر تاماكا مونوپول ئىدارىسى؛ چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ئارال، ئارالتۆپە، سارتوقاي، چاغانغول، ئاغاش ئوبا يېزىلىرىنى يۆلەيدىغان ئورۇنلار: كادىرلار ئىشلىرى نازارىتى (مەسئۇل ئورۇن)، زېمىن ـ بايلىق نازارىتى، نېفىت خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى شىركىتى غەربىي قىسمىدىكى يېڭى رايونلارنى تەكشۈرۈش تۈرى قوماندانلىق شتابى.

2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق بەلگىلەپ يۆلەش ئورۇنلىرى ئەۋەتكەن 693 كادىر يېزا ـ كەنتلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭغا 35 مىليون 349 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ياردەم مەبلىغى 28 مىليون 92 مىڭ يۈەن، ماددىي ئەشيالارنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 7 مىليون 257 مىڭ 600 يۈەن. 63 تۈر كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭغا 26 مىليون 582 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلدى. 4 مەكتەپ ئۆيى رېمونت قىلىندى، 19 مىڭ 500 نامرات ئوقۇغۇچىغا ياردەم بېرىلدى.

نيۇ لىنگاڭ

نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان 30 ناھىيە، شەھەردىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

| ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ نامى | | 1998 ـ يىل يۈەن/ئادەم | 1999 ـ يىل يۈەن/ئادەم | 2000 ـ يىل يۈەن/ئادەم | 2001 ـ يىل يۈەن/ئادەم | 2002 ـ يىل يۈەن/ئادەم | 2002 ـ يىلدىكىسى بىلەن 1988 ـ يىلدىكىسىنىڭ سېلىشتۇرما ئەھۋالى: ئاشقىنى ±(%) | 2002 ـ يىلدىكىسى بىلەن 1988 ـ يىلدىكىسىنىڭ سېلىشتۇرما ئەھۋالى: يىللىق ئوتتۇرىچە سۈرئىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتاي | چىڭگىل ناھىيىسى | 1463 | 1752 | 1944 | 2097 | 2248 | 54 | 11 |
| | جېمىنەي ناھىيىسى | 1324 | 1589 | 1670 | 1826 | 1978 | 49 | 11 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بەلگىلىگەن نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ناھىيىلەر | جاپچال ناھىيىسى | 1318 | 1518 | 1640 | 1804 | 1972 | 50 | 11 |
| | نىلقا ناھىيىسى | 1252 | 1457 | 1686 | 1766 | 1841 | 47 | 10 |
| | تولى ناھىيىسى | 1121 | 1217 | 1250 | 1385 | 1574 | 40 | 9 |
| | كەلپىن ناھىيىسى | 913 | 1177 | 1380 | 1155 | 1320 | 45 | 10 |
| | باركۆل ناھىيىسى | 1367 | 1475 | 1498 | 1530 | 1735 | 27 | 6 |
| | يەكەن ناھىيىسى | 1050 | 850 | 1123 | 1213 | 1357 | 29 | 7 |
| | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 863 | 732 | 927 | 986 | 1148 | 33 | 7 |
| | قاغىلىق ناھىيىسى | 932 | 826 | 938 | 1013 | 1215 | 30 | 7 |
| | يوپۇرغا ناھىيىسى | 970 | 776 | 901 | 1024 | 1250 | 29 | 7 |
| | تاشقورغان ناھىيە-سى | 626 | 477 | 577 | 641 | 850 | 36 | 8 |
| | يېڭىسار ناھىيىسى | 743 | 647 | 730 | 792 | 944 | 27 | 6 |
| | نىيە ناھىيىسى | 1036 | 966 | 1045 | 1099 | 1201 | 16 | 4 |
| | پەيزاۋات ناھىيە-سى | 1031 | 784 | 908 | 1005 | 1161 | 13 | 3 |
| | ئاتۇش شەھىرى | 1250 | 1107 | 1179 | 1260 | 1363 | 9 | 2 |
| | گۇما ناھىيىسى | 808 | 675 | 713 | 791 | 898 | 11 | 3 |
| | لوپ ناھىيىسى | 862 | 784 | 841 | 848 | 950 | 10 | 2 |
| | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 1175 | 887 | 947 | 1048 | 1248 | 6 | 2 |
| | خوتەن ناھىيىسى | 910 | 772 | 870 | 901 | 981 | 8 | 2 |
| | كېرىيە ناھىيىسى | 808 | 678 | 748 | 778 | 839 | 4 | 1 |
| | قاراقاش ناھىيىسى | 780 | 597 | 666 | 744 | 805 | 3 | 1 |
| | ئاقتۇ ناھىيىسى | 1010 | 733 | 811 | 905 | 1004 | −1 | −0.1 |
| | چىرا ناھىيىسى | 873 | 791 | 896 | 715 | 774 | −11 | −3 |
| | ئۇچتۇرپان ناھىـ-يىسى | 1397 | 907 | 1191 | 1167 | 1292 | −8 | −2 |
| | ئۇلۇغچات ناھىيە-سى | 1255 | 1078 | 1115 | 1018 | 1100 | −12 | −3.2 |
| | ئاقچى ناھىيىسى | 1165 | 974 | 860 | 888 | 942 | −19 | −5 |
| ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ناھىيىلەر | ئاراتۇرۈك ناھىيە-سى | 1445 | 1605 | 1562 | 1355 | 1672 | 16 | 4 |
| | چاغانتوقاي ناھىـ-يىسى | 1451 | 1745 | 1295 | 1602 | 1943 | 34 | 8 |
| | قوبۇقسار ناھىيە-سى | 1369 | 1570 | 1750 | 2036 | 2403 | 76 | 15 |

نىۋ لىنكاللا

# سانائەت

## ئومۇمىي بايان

### سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا قۇرۇلمىنى تەڭشەش پائال يولغا قويۇلۇپ، كارخانا ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، كارخانا باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش سالمىقى زورايتىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى.

1. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا بىر قەدەر تېز ئېشىش ساقلاپ قېلىندى. مۇشۇ يىلدا بارلىق سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 47 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %8.6 ئاشتى. يېنىك سانائەت تۆۋەن ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئېشىش سۈرئىتى ئېغىر سانائەتتىن تېزلەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 12 ئاساسلىق ساھەدە رەڭلىك مېتال ساھەسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسىدە ئېشىش ساقلاپ قېلىندى؛ 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەندىن 12 ئورۇندا ئېشىش ساقلاپ قېلىندى، ئىلى، سانجى، بايىنغولىن ئوبلاستلىرى، ئاقسۇ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى ۋە بورتالا ئوبلاستىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى.

2. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98كە يېتىپ، يىل بېشىدا بېكىتىلگەن نىشاندىن بىر پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى.

3. پەرلىك كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %1.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەرلىك كارخانىلارغا سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %39 ئاشتى.

4. ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى يىل ئاخىرىدا 1 - پەسىلدىكى %15.80تىن %136.5كە ئۆستۈرۈلدى. بىر يىلدا بارلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 8 مىليارد يۈەندىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەرلىك كارخانىلارنىڭ 1 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 400 مىليون يۈەن ئاشتى. ساھەلەر بويىچە قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە 12 ساھە ئىچىدە 10 ساھە پايدا ئالدى. ۋىلايەتلەر بويىچە قارىغاندا، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن 9 ۋىلايەت، ئوبلاست پايدا ئالدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، باھا تەسىرىدىن، نېفت ساھەسىنىڭ پايدىسى سەل ئازلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەتنىڭ پايدىسى 2001 - يىلدىكى سەۋىيىگە يېقىنلاشتى.

دېڭ شۈچى

## نېفت سانائىتى

### ئومۇمىي بايان

#### نېفت سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى نېفتلىكلەر 20 مىليون 204 مىڭ 600 توننا نېفت (نېفتلىكلەر جەملەنگەن سان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 4 مىليارد 801 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقاردى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ نېفتلىك شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان نېفت 10 مىليون 103 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 2 مىليارد 19 مىليون كۇب مېتىر؛ تارىم نېفتلىك شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان نېفت 5 مىليون 20 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 1 مىليارد 80 مىليون كۇب مېتىر؛ تۇرپان - قۇمۇل نېفتلىك شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان نېفت 2 مىليون 510 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 1 مىليارد 140 مىليون كۇب مېتىر؛ غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى (ئىدارىسى) ئىشلەپچىقارغان نېفت 2 مىليون 571 مىڭ 600 توننا، تەبىئىي گاز 553 مىليون كۇب مېتىر.

نېفت

### شىنجاڭ نېفتلىكى

#### نېفت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ نېفتلىك شۆبە شىركىتى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايىنبو 43 - قۇدۇق،

ئويمانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جەنۇبىي نېفىتلىك 21 - قۇدۇق، موسۇۋەندىكى موسۇۋەن 7 - قۇدۇقنى ئالدىن مۆلچەرلەشتە 3 چوڭ بايقاشقا ئېرىشتى؛ شەرقىي نېفىتلىك 2 - قۇدۇق رايونى، شەرقىي جۇڭغار جەنۇبىي قۇملۇق رايونى، غەربىي شىمال چېتىدە مۇھىم بىخلارنى بايقىدى؛ ياماللاش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش ۋە كونا رايونلاردىكى دۇملىما تەكشۈرۈشتىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى.

مۇشۇ بىر يىلدا 802 كىلومېتىر دائىرىدە 2 ئۆلچەملىك، 2869 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىلدى، مېتراژى 174 مىڭ مېتىر كېلىدىغان 81 قۇدۇق قېزىلدى، سانائەتكە كېرەكلىك نېفىت، گاز ئېقىملىق 53 قۇدۇق يېڭىدىن قولغا كەلتۈرۈلدى. نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 20 مىليون توننىدىن، تەبىئىي گازنىڭ 9 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشتى؛ نېفىتنىڭ يېڭىدىن تىزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 40 مىليون توننىدىن ئاشتى؛ نېفىتنىڭ 100 مىليون توننىدىن ئارتۇق گېئولوگىيىلىك زاپىسى ئالدىن مۆلچەرلەندى.

جۇ ۋېيبا

## نېفىت، گاز ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە ئىشلەپچىقارغان نېفىت 10 مىليون 103 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 420 مىڭ توننا ئاشتى؛ ئىشلەپچىقىرىلغان تەبىئىي گاز 2 مىليارد 19 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، 259 مىليون كۇب مېتىر، يېڭىدىن 1 مىليون 602 مىڭ 600 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، 158 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھازىرلاندى. سۇ بېرىش، پار بېرىشنى سەرخىللاشتۇرۇش ئارقىلىق 100 مىڭ توننا نېفىت مەھسۇلاتى كۆپەيتىلدى؛ يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق، 836 مىڭ توننا نېفىت كۆپەيتىلدى.

2002 - يىلى يېڭىدىن 1244 قۇدۇق قېزىلدى، 52 كونا قۇدۇقتىن پايدىلىنىلدى، قېزىلغان قۇدۇقلارنىڭ مېتراژى 1 مىليون 285 مىڭ مېتىرغا يەتتى، 1222 يېڭى قۇدۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يېڭى قۇدۇقلارنىڭ مەھسۇلاتى 861 مىڭ توننىغا يەتتى، يىل ئاخىرىدىكى سەۋىيىسى 4511 توننا بولدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 10 مىليون 650 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، سۇيۇق نېفىت 7 مىليون 458 مىڭ توننا، قويۇق نېفىت 3 مىليون 192 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز گاز قاتلىمىدىن گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 969 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلى بايلىق سېلىنمىسى بىلەن ھاسىلاتى ماسلاشتى، نېفىت مەھسۇلاتى 10 مىليون توننىدىن ئېشىپ كەتتى، نېفىتلىك ئاستىغا بېرىلگەن سۇ بىلەن ئېلىنغان نېفىتنىڭ نىسبىتى تەڭپۇڭلاشتى، يەر قاتلىمىنىڭ بېسىمى مۇقىملاشتى، نېفىتلىكنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشى ئاستىلاشتى. نېفىتنىڭ تەبىئىي ئازىيىش نىسبىتى %15.3، ئۇنىۋېرسال ئازىيىش نىسبىتى %6.86 بولدى، نېفىت مىقدارىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئازىيىش نىسبىتى 1.1 پىرسەنت پوئېنت ئاستىلىدى؛ يىللىق ئوتتۇرىچە ئۇنىۋېرسال سۇ تەركىبى %70.3 بولۇپ، %1.16 يۇقىرىلىدى، سۇ تەركىبىنىڭ يۇقىرىلىشى نورمال بولدى.

جۇ ۋېيبا

## ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بىر يۈرۈش ئۆز ئارا بۇرۇشلىشىدىغان كەسپىي باشقۇرۇش ۋە ئاساس باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورناتتى، پىلان - مالىيە، كارخانا باشقۇرۇش، كادىرلار باشقۇرۇش، پەن - تېخنىكا باشقۇرۇش، سۈپەت - بىخەتەرلىك باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئايلىنىشىنى باشقۇرۇش، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىلمىيلىشىش، قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىش يولىغا قەدەم تاشلىدى. نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئىشلىرىدا مۇكەممەل باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورناتتى. مەبلەغ سېلىش تەدبىرى قىلىش جەھەتتە «ئاۋۋال مەسلىھەت سوراپ ياماللاش، ئاندىن تۇر تۇرغۇزۇپ قارار قىلىش» تەرتىپى ئورنىتىپ 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدىغان تۈرلەردە، قارارىدىكى تەرتىپ بويىچە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى، 3 مىليون يۈەندىن تۆۋەن مەبلەغ سېلىنىدىغان تۈرلەردىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن دەلىللەشنى قانات يايدۇرۇپ، مەبلەغ سېلىشتا سەۋەنلىك كۆرۈلۈشتىن ئۈنۈملۈك ساقلاندى. مەبلەغ سېلىش پىلانىنى باشقۇرۇش جەھەتتە، تۈرلۈك قۇرۇلۇش مەبلىغىنى بىر تۇتاش يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈپ، قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈركۈمگە بۆلۈپ تۆۋەنگە چۈشۈردى، بىرى تەييار بولسا، بىرىنى تۆۋەنگە چۈشۈردى، مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، چەكلىك مەبلەغنى نېفىتلىكنىڭ ھەل قىلىش تېگىشلىك زۆرۈر بولغان ئىشلەپچىقىرىش تۈرىگە ئىشلەتتى. قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە، تۈرلەرنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىلەن تۈر لايىھىلەش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورناتتى ۋە ئۇلارنى مۇكەممەللەشتۈردى.

2002 - يىلى بۇ شىركەت ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 5 مىليارد 493 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، ئومۇمىي كىرىمى 11 مىليارد 825 مىليون يۈەن، ئومۇمىي چىقىمى 8 مىليارد 971 مىليون يۈەن، ئىچكى ئۆلچەملىك پايدىسى 2 مىليارد 854

مىليون يۈەن بولدى. ھەر يىلدا نېفىت، گاز مەشغۇلاتىنىڭ ھەرلىك تەننەرخى 4.06 دوللار/توننا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 0.17 دوللار/توننا تۆۋەنلىدى. نېفىت، گاز ئەكشۈرۈشنىڭ ھەرلىك تەننەرخى 1.75 دوللار/ توننا، نېفىت، گاز ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ھەرلىك تەننەرخى 3.71 دوللار/توننا بولدى.

2002 - يىلى بۇ شىركەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولغان ئويمانلىق 5 - قۇدۇقتىن ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىغا تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى ئۆز قەرەلىدە تاماملىنىپ، يىلىغا 300 مىليون كۇب مېتىر گاز يەتكۈزۈش ئىقتىدارى ھازىرلاندى. 2002 - يىلى بۇ شىركەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «توختامغا رىئايە قىلغان، ئىناۋىتىنى ساقلىغان» كارخانا بولۇپ باھالاندى.

جۇ ۋېيبا

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ھەر يىلدا زور ئۆلۈم - يېتىم، يارىلىنىش ھادىسىسى بولماسلىق، زور مۇھىت بۇلغاش ۋەقەسى كۆرۈلمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇردى، قۇدۇق فونتانلاشنى، ئوت پۈركۈپ تۇرۇشنى تىزگىنلىيەلمەسلىك، چوڭ ئوت ئاپىتى، پار قازان بېسىم قاچىسى پارتلاپ كېتىش ھادىسىلىرىگە خاتىمە بەردى، ھەر قېتىمدا بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 300 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىدىغان زور ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئالدى. ھەر يىلدا 7 قېتىم ئادەتتىكى ۋەقە سادىر بولۇپ، 8 ئادەم يېنىك يارىلاندى.

2002 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىدە HSE كومىتېتى (ساغلاملىق، بىخەتەرلىك ۋە مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسى) ۋە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەمدە سىستېما ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، شىركەتنىڭ HSE ھەققىدىكى ۋەدىسى، فاڭجېنى ۋە نىشانى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، باشقۇرغۇچىلار ۋەكىللىرى تەيىنلەندى، باشقۇرۇشقا دائىر مەشغۇلات ھۆججىتىدىن 60 نەچچىسى رەتلەندى، باشقۇرۇش قوللانمىسى ۋە 24 پارچە تەرتىپ ھۆججىتى تۈزۈلدى، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ HSE باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقى رەسمىي ئېلان قىلىندى.

2002 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىدە پار قازان، بېسىم قاچىسى، نېفىتلىكتە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان قاچا، ئالاھىدە ئۈسكۈنە، بېسىملىق تۇرۇبا يولى جەھەتتىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلدى، يىل ئاخىرىدا پار قازان 183كە، بېسىم قاچىسى 1690كە، ئالاھىدە ئۈسكۈنە 91گە يەتتى.

2002 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى مەملىكەتلىك خەتەرلىك خىمىيەۋى بۇيۇملار بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، ئاپتونوم رايون بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جۇ ۋېيبا

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى تەتقىقات تۈرىدىن 60نى پىلانغا كىرگۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش جەھەتتىكى تەتقىقات تۈرى 13، ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتىكى تەتقىقات تۈرى 13، تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تېخنىكىسىغا دائىر تۈر 14، ئۇچۇر تەتقىقات تۈرى 12، باشقا تەتقىقات تۈرى 8. تەتقىقات خىراجىتىگە 140 مىليون يۈەن سەرپ قىلىندى. بىر يىلدا جۇڭگو نېفىت، تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر تۈرلىرى پىلانىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىشى 100% بولدى، نېفىتلىك شۆبە شىركىتى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر تۈرلىرى پىلانىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى 95%تىن، پەن-تېخنىكا تۈرلىرىنىڭ سەرخىللىق نىسبىتى 60%تىن، پەن-تېخنىكا، ئۇچۇر تۈرىگە دائىر مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قوللىنىلىش نىسبىتى 90%تىن، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپە نىسبىتى 51%تىن ئاشتى. پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نېفىت مەھسۇلاتى 250 مىڭ توننا كۆپەيدى.

2002 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ بىر تۈردىكى مۇۋەپپەقىيىتى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 4 تۈردىكى مۇۋەپپەقىيىتى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتىغا، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات ۋە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 13 تۈردىكى مۇۋەپپەقىيىتى شىنجاڭنىڭ 2002 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ شىركەتتىن بىر ئادەم مەملىكەتلىك گېئولوگىيە ساھەسى بويىچە ياشلار گېئولوگىيە پەن - تېخنىكىسى مۇكاپاتى بويىچە ئالىي مۇكاپاتقا، بىر ئادەم شىنجاڭنىڭ 2002 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جۇ ۋېيبا

## يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى 2 مىليون 36 مىڭ 500 يۈەن بىلەن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولدى ۋە ئەتراپتىكى ناھىيە - شەھەرلەرگە ياردەم بەردى.

سانجى، ئالتاي، جىمسار، بۆرۈلتوقاي، شىخۇ قاتارلىق ئەتراپتىكى ناھىيە ـ شەھەرلەرنىڭ يوللىرىغا 520 توننا ئاسفالت، 10 توننا كونا پولات تۇرۇبا، تۇڭ چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتىگە تەخمىنەن 645 مىڭ يۈەن ياردەم بەردى؛ تولى ناھىيىسىگە 250 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ يول ياساپ بەردى، سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىغا 200 مېتىر كونا پولات تۇرۇبا بەردى؛ 1+1 ئوقۇش ياردىمى مەبلىغى 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جۇ ۋېيا

## شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئەھۋالى

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇلۇك ئومۇمىي سوممىسى 14 مىليارد 17 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 9 مىليارد 61 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 5 مىليارد 746 مىليون يۈەن. ئاساسلىق كەسپىي تېخنىكا ئەسلىھەلىرى 5000 دانە (يۈرۈش) دىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇرۇۋاي 95، يەر تەۋرىتىش ئەسۋابى 9، قۇدۇق ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى 59، ئۇنىۋېرسال قۇدۇق خاتىرىلەش ئۈسكۈنىسى 31، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى ئۈسكۈنىسى 191، قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى ئۈسكۈنىسى 479؛ ئۆزلىرى قۇرغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي گېنېراتور سىغىمچانلىقى 1 مىليون 710 مىڭ كىلوۋات، خەۋەرلەشتۈرىدىغان پروگراممىلىق ئاپتوماتىك كوممۇتاتورنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 110 مىڭ توچكا؛ 3 سۇ ئامبىرى بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 113 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر.

مۇشۇ بىر يىلدا ئومۇمىي كىرىمى 6 مىليارد 145 مىليون يۈەنگە يەتتى، قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %7.1 ئاشتى، ھەر بىر ئادەمنىڭ بىر يىللىق قوشۇلما قىممەتتىكى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 51 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، %18.6 ئاشتى. 3 تۈرلۈك خىراجەت تولۇقلىمىسى 2001 ـ يىلدىكىدىن 148 مىليون يۈەن ئازايدى، 100 مىليون يۈەنگە يېقىن خىراجەت يېگىلىدىن كۆپەيگەن ئەھۋالدا، گۇرۇھ شىركىتى چۈشۈرگەن تىجارەت نىشانى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندىلىپ، 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. بىر يىلدا قۇدۇق بۇرغىلاش مېترازى 1 مىليون 599 مىڭ 200 مېتىرغا يەتتى، 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش %37، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى %10، قۇدۇق ئۆلچەش %6، قۇدۇق ناتۇراللىنى خاتىرىلەش %18 ئاشتى. ئىدارە بىلەن شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ھەمكارلىشىپ ئاچىدىغان تۆۋەن ئۈنۈملۈك نېفىتلىكتە 2002 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئومۇميۈزلۈك ئىش باشلاندى. بىر يىلدا جەمئىي 316 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 4 مىليون 240 مىڭ توننا كېئولوگىيىلىك زاپاس يۈتكەپ ئىشلىتىلدى، 107 قۇدۇق قېزىلىپ، مېترازى 165 مىڭ مېتىرغا يەتكۈزۈلدى، 137 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھازىرلاندى، بىر يىلدا 57 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى.

چېن يىڭ

## پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنى تەكشۈرۈش ـ ئېچىش، قۇرۇلۇش تېخنىكا، مۇلازىمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قاتارلىق ئاساسلىق تىجارەت كەسىپلىرىنى چۆرىدەپ پەن ـ تېخنىكىدا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىش، يېڭى تېخنىكا كەشىپ قىلىش ۋە يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش ـ قوللىنىش تۈرىدىن 188نى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 55 تۈردە مۇۋەپپەقىيەتكە، 22 تۈردە پاتېنتقا ئېرىشتى، 30 تۈردە يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلدى، پەن ـ تېخنىكا خىراجىتىگە 72 مىليون 460 مىڭ يۈەن سەرپ قىلدى. «بۇرغىلاۋېتىپ ئۈچ‌ۈر بېرىش قۇرۇلۇشىدا قوللىنىلىدىغان تېخنىكىنى تەتقىق قىلىش ۋە كەشىپ قىلىش»، «يۇقىرى بېسىملىق قۇم تەركىبلىك نېفىت، گاز قۇدۇقلىرىنى ئۆلچەش تېخنىكىسى» تۈرى دۆلەت ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش تۈرى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. «تەكشۈلۈك بولىدىغان گورىزونتال قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى تەتقىقاتى»، «بۇرغىلاپ تۈگىتىش تېخنىكىسى تەتقىقاتى»، «جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى يۇقىرى ھارارەتلىك، يۇقىرى بېسىملىق ۋە تۆۋەن بېسىملىق ئاسان ئېقىپ كېتىدىغان قۇدۇقلارنى مۇستەھكەملەش تېخنىكىسى تەتقىقاتى»، «جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى زاپاس قاتلىمىدا قۇدۇق ئۆلچەشنى باھالاش تېخنىكىسى تەتقىقاتى»، «جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى» قاتارلىق 11 تۈر گۇرۇھ شىركىتىنىڭ 2002 ـ يىللىق پەن ـ تېخنىكا تۈرى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

قۇرۇلۇش تېخنىكىسى مۇلازىمىتىنىڭ قۇرۇلما تېخنىكا سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستى. 404 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ZJ70DB چاستوتىسى ئېلېكترلىك ئۆزگەرتىلىدىغان بۇرۇۋاي، ZJ30DBT چاستوتىسى ئېلېكترلىك ئۆزگەرتىلىدىغان چاتما بۇرۇۋاي، EX—2000 قۇدۇق ئۆلچەش سىستېمىسى، ئەنگلىيىنىڭ EXPRO يۇقىرى ھارارەت ـ يۇقىرى بېسىملىق 3 فازىلىق ئايرىش قاتارلىق بىر تۈركۈم دۆلەت ئىچىدە 1 ـ

گورۇندا ئۆرىدىغان، خەلقئارادا ئىلغار بولغان ئاپتوماتلىق ئۈسكۈنىلەر سەپلىنىپ، تېخنىكىسى قالاق بۇرۇۋايدىن 6 سى ۋە باشقا بىر تۈركۈم سەرپىياتى يۇقىرى، ھۈنەر - تېخنىكىسى قالاق، يوشۇرۇن خەۋپى بار قۇرۇلمىلار بىراقلا چىقىرىلدى ۋە كۆپەيتىلدى، ئاساسلىق قۇرۇلمىلارنىڭ بېكىتىلىنىش كوئېففىتسېنتى بىر ئاز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇرۇۋايلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق سۈرئىتى 2001 - يىلدىكى 2969 مېتىردىن 3468 مېتىرغا، قۇدۇق مۇستەھكەملەش سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %92.93تىن %98.5كە كۆتۈرۈلدى.

چېن يىڭ

## ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

1. ئىقتىدارلىقلار ئىستراتېگىيىسى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلدى. 2002 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش جەھەتتە «تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارە» قاتارلىق بىر يۈرۈش تەدبىرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش ۋە ئىختىساسلىقلار زاپىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇكەممەل سىستېما شەكىللەندۈردى. 2002 - يىلى كەسپىي تېخنىكا ئاپانچىلىرىدىن 380 نەچچە ئادەم، كەسپىي تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىدىن 2500 دىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلەندى، ئاسپىرانت، دوكتور قاتارلىق يۇقىرى قاتلاملىق بىرىكمە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن 180 نەچچە كىشى تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى، ئاشقى ھەمكارلىق خادىمىدىن 150 نەچچە كىشى يېتىشتۈرۈلدى، 1400 دىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت كادىر (قېتىم) تەربىيىلەندى. ئىدارە بويىچە 27 پەن - تېخنىكا باشلامچىسى باھالاپ چىقىلدى، دوكتور ئاشتى تەتقىقات پونكىتىغا 2 دوكتور ئاشتى كىرىپ خىزمەت قىلىشقا باشلىدى.

2. خام چوت ۋە باھالاشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئىدارە، زاۋۇتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك خام چوت باشقۇرۇش چارىسى تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، خام چوتنى ئىشتىن ئىلگىرى باشقۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش جەريانىدا نازارەت قىلىش نۇقتىلىق كۈچەيتىلدى، خام چوت باشقۇرۇشنىڭ قاپلاش كۆلىمى %100كە يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتنى باھالاشنىڭ كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ھېساباتنى يەكۈنلەشتە تېگىشلىك پۇل، سۈپەت، بىخەتەرلىك، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەر باھالاش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، قاتتىق باھالاندى ۋە نەقلەشتۈرۈلدى.

3. مەبلەغ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. نەق پۇلنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى باشقۇرۇش نۇقتا قىلىنىپ، راسچوت قىلىش رېتىمى تېزلىتىلىپ، مەبلەغ ۋاقتىدا خەزىنىگە قايتۇرۇپ كېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بارلىق كىرىم - چىقىملار خام چوت باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، مەبلەغنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، بىخەتەر باشقۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

4. تۆۋەن تەننەرخ ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت جەريانىدا تەننەرخ قەرەللىك تەھلىل قىلىندى، نازارەت قىلىندى ۋە كونترول قىلىندى. ئىدارە قارمىقىدىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئورۇنلىرىدا ئىچكى جەھەتتە تەننەرخنى باشقۇرۇش مەركىزى قۇرۇلۇپ، يەككە قۇدۇق، يەككە ئاپتوموبىل، مەشغۇلات ئەترەتلىرى بويىچە تەننەرخ ھېسابلاش ۋە باھالاش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئايلىنىش تەننەرخى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىندى.

5. پاي ھوقۇقىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى. پاي ھوقۇقىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، «شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ پاي ھوقۇقىنى باشقۇرۇشتا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، نېفىت ئىدارىسىنىڭ دۆلەت پاي ھوقۇقى ۋەكىلى، مۇدىر، نازارەتچىسىنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمى، تاللاپ ئۆستۈرۈش، تەيىنلەش تۈزۈمى، باھالاش - نازارەت قىلىش تۈزۈمى، ئىلھاملاندۇرۇش، چەكلەش تۈزۈملىرى ئورنىتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىدارە ئەۋەتكەن خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، ھاۋالە بويىچە تەيىنلەش، باشقۇرۇش تەرتىپى، شۇنىڭدەك قارار قىلىش، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش جەريانىدىكى ھەرىكەت ئۆلچىمى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، سىرتقا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

6. ISO9000، HSE باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كارخانىنىڭ سالاھىيىتى، باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى. ئىدارە بويىچە جەمئىي 23 ئورۇن ISO9000 سۈپەت سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى، 3 ئورۇن ISO14001 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئۆتتى.

چېن يىڭ

## بازار ئېچىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بازار ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، نېفىت رايونى

ئىچى، دۆلەت ئىچى، دۆلەت سىرتىدىن ئىبارەت 3 چوڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانلىق بازارنى تۇرغۇزدى. نېفىت رايونى ئىچىدىكى بازاردا ۋەدىلىك مۇلازىمەت ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئەلا مۇلازىمەت پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، سۈپەتلىك مەھسۇلات، سەرخىل قۇرۇلۇش بارلىققا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭدا نېفىتلىك بازارلىرىنىڭ ئېچىلىشى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان ئەھۋالدا، قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئۆلچەش، قۇدۇق خاتىرىلەش، نېفىت سىناشنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتى مۇقىم ھالدا %90تىن يۇقىرى بولدى. دۆلەت ئىچىدىكى بازاردا، تارىم نېفىتلىكى نۇقتا قىلىنىپ، تۇربان - قۇمۇل، چىڭخەي ۋە چاڭچىڭ نېفىتلىكلىرى بىلەن ئالاقە باغلاندى ھەمدە غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش تۇرۇبىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىلدى. تارىم نېفىتلىكى، غەربىي شىمال نېفىت شۆبە شىركىتى (ئىدارىسى) بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە قەرەللىك ئۆز ئارا زىيارەت قىلىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، مۇلازىمەت سۈپىتى A دەرىجىلىك يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. دۆلەت سىرتىدىكى بازاردا، ئوتتۇرا ئاسىيا نېفىتلىك بازىرى نۇقتا قىلىنىپ، ئوتتۇرا شەرق، جەنۇبىي ئامېرىكا، ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىكى دۆلەتلەردە تېخنىكا مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىقتا ياخشى تەرەققىيات يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى. ئىدارە قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئۆلچەش، قۇرۇلۇش قىلىش، چارلاش - لايىھىلەش، نېفىت ئېلىش ھۈنەر - سەنئىتى قاتارلىق ساھەلەردە قازاقىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىراق، مىسىر، ۋېنېسۇئېلا، يەمەن، نىگېرىيە، ئالجىرىيەدىن ئىبارەت 8 دۆلەتكە چېتىلىدىغان خەلقئارا ھەمكارلىققا قاتناشتى. 12 - ئايدا ئوتتۇرا ئاسىيا نېفىتلىكىدىكى ئاقجۇيىن نېفىت - گاز ياي شىركىتى بىلەن كېيىنكىياق نېفىتلىكىنىڭ تۇز ئۈستى نېپىز قاتلىمىدىن قويۇق نېفىت ئېلىش تۈرى جەھەتتە 4 يىللىق ھەمكارلىق كېلىشىمى ھاسىل قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا نېفىت ئىدارىسىنىڭ سىرتتىن قىلغان كىرىمى 840 مىليون يۈەنگە يەتتى.

چېن پىڭ

## بىخەتەرلىك، مۇھىت ئاسراش ئەھۋالى

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىدا جەمئىي 11 ئىشلەپچىقىرىش ئورنى 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە HSE/OSH باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى. ئىدارە بويىچە 207 ئاساسىي قاتلام سېخ، ئەترەتلەردە HES (ساغلاملىق، بىخەتەرلىك، مۇھىت) نىڭ «ئىككى كىتاب، بىر جەدۋەل»ى يولغا قويۇلدى، 27 ئىشلەپچىقىرىش ئورنىغا باش نازارەتچى ۋە مۇئاۋىن باش نازارەتچى سەپلەندى، ئىدارىدە HSE نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەركىزى قۇرۇلدى، قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتى، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات شىركىتى، قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق 15 ئورۇندا HSE باشقۇرۇش پونكىتى بەرپا قىلىندى. ئىدارە بويىچە مۇكەممەل بىخەتەرلىك باشقۇرۇش تورى بەرپا قىلىندى، توغرا لىنىيىدە، قىرغاقتا، تىك لىنىيىدە تېگىگە يېتىدىغان 3 دەرىجىلىك باشقۇرۇش تورى شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نېفىت تەكشۈرۈش، ئېچىش جەريانىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش كۈچەيتىلىپ، قۇرۇلۇش مەشغۇلات قوشۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن پاكىز، زىيانسىز ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدىغان، بۇلغىمىلارنى تۈگىتىدىغان بولدى. گۇرۇھ شىركىتىدىكى قۇرۇلۇش مەشغۇلات قوشۇنىنىڭ سالاھىيىتىگە گۇۋاھلىق بېرىش جەريانىدا نېفىت قۇرۇلۇشى تېخنىكىسى بويىچە مۇلازىمەت ۋە قۇرۇلۇش قىلىدىغان 320 مەشغۇلات قوشۇنىنىڭ ھەممىسى نەق مەيداندىكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. 86 قوشۇن 2001 - يىللىق شىنجاڭ نېفىتلىك بازىرىدىكى نېفىت قۇرۇلۇشى بويىچە مۇنەۋۋەر مۇلازىمەت قوشۇنى بولۇپ باھالاندى.

2002 - يىلى نېفىت ئىدارىسى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 10 قېتىم مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ۋەقە يۈز بېرىش يوشۇرۇن خەۋپىنى ۋاقتىدا تۈگەتتى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قانۇنى» بويىچە 5 قارار كۇرس ئاچتى، ئىدارە بويىچە 2. دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ زاۋۇت (باشقارما) باشلىقى، بىخەتەرلىك بۆلۈم باشلىقى، بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش كادىرلىرىدىن 450 ئادەم كۇرسقا قاتناشتى. ئاپتوموبىل ئەترەتلىرىدە «ۋەقە سادىر بولمىغان ئەترەت»، «ئورغۇن يولنى بىخەتەر باسقان» مۇنەۋۋەر شوپۇرنى باھالاش ۋە ئاپتوموبىل سۈرئىتىنى ئاستىلىتىش، ئىنتىزامسىز خىلاپلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان قاتناش بىخەتەرلىكى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

2002 - يىلى ئىدارە بويىچە زور ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانى ۋە ئۆلگەن ئادەم سانى 2001 - يىلدىكىدىن %50 ئازايدى. گۇرۇھ شىركىتى بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇھىت ئاسراشتىكى ئىلغار ئورۇن دەپ نام بېرىلدى.

چېن پىڭ

## مايتاغ نېفىت سانائىتى شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 12 مىليارد يۈەنگە يەتتى، خىزمەتچىلىرى 5800دىن ئاشتى، يىللىق سېتىش

كىرىمى 8 مىليارد يۈەندىن ئاشتى، نېفىت چەكلەيدىغان خىمىيە سانائىتى قۇرۇلمىسى 48 يۈرۈش بولدى. يىلىغا بىر قېتىمدا 6 مىليون توننا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلەيدىغان ۋە يىلىغا 250 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىدى. سىستېمىلىرى مۇكەممەل يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 135 مىڭ كىلوۋاتقا، پار بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى سائىتىگە 1400 توننىغا، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى سېكۇنتىغا 3.3 كۇب مېتىرغا يەتتى.

2002 - يىلى شىركەت ISO9001، ISO14001 ۋە HSE (سالامەتلىك، بىخەتەرلىك، مۇھىت) جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ئۆلچەملىك گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى. 7 چوڭ تۈردىكى 240 نەچچە خىل «تەڭرىتاغ» ماركىلىق چەككىلەنگەن نېفىت مەھسۇلاتى، 14 يۈرۈش 100 تۈردىن ئارتۇق قىران بۈركۈت ماركىلىق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقاردى. پاراخوتقا ئىشلىتىلىدىغان بۇ بىر يۈرۈش ماي ئىمپورتنىڭ ئورنىنى باسىدىغان يەككە مەھسۇلات بولۇپ قالدى. تولۇق پېچەتلەنگەن توڭلىتىلغان ئاپتول، 3 - نومۇرلۇق گاز پۈركۈش يېقىلغۇسى، پولىئولېفىنلىق ئۆسۈملۈك يېغى قاتارلىقلار دۆلەت بويىچە داڭلىق مەھسۇلات نامىغا ئېرىشتى. «تەڭرىتاغ» ماركىسى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ تەسىرى بار داڭلىق ماركا بولۇپ باھالاندى.

لى چۈەنۈبىن

## مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك سوممىسى 1 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 5900 دىن ئاشتى. لايىھىلەش يۇرتى قاتارلىق بىۋاسىتە قاراشلىق 34 ئورۇن چەككىلەش قۇرۇلۇشى شىركىتى قاتارلىق پاي قوشۇش، مۈلۈك ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى يولغا قويغان 5 كارخانا، پاي تىزگىنلىگەن «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا پاي كونترول چەكلىك شىركىتى بار. باش زاۋۇتنىڭ تۈرلۈك كەسپىي كىرىمى 289 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.77% ئاشتى.

باش زاۋۇتتىكى پاي قوشۇش، مۈلۈك ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يولغا قويغان كارخانىلارنىڭ پايدىسى 303 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تۇنجى قېتىم تولۇق پايدا ئالدى. باش زاۋۇتتىكى پاي تىزگىنلىگەن «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا پاي كونترول چەكلىك شىركىتىنىڭ سېتىش كىرىمى 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 98 مىليون يۈەن ئېشىپ، 52 مىليون 320 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

فەن شياۋبىن

## قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئومۇمىي ئەھۋالى

قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى 2002 - يىلى 2 مىليون 600 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قويۇق نېفىت 1 مىليون 111 مىڭ 700 توننا، ئاساسلىق تىجارەت كەسپىدىن 4 مىليارد 300 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى، 7 چوڭ تۈر ۋە مۇناسىپ ھالدىكى يېرىم تەييار مەھسۇلاتنىڭ ئېلىنىش نىسبىتى 72.69% بولدى؛ نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ ئۇنىۋېرسال تاۋارلىشىش نىسبىتى 94.57%كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 0.7 پىرسەنت پونكىت يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەشتە زىيان كۆرۈلۈش نىسبىتى 0.96% بولۇپ، 0.03 پىرسەنت پونكىت تۆۋەنلىدى؛ بىر توننا نېفىتنىڭ نەق پۇل ھېسابىدا پىششىقلاپ ئىشلىنىش خىراجىتى 131.53 يۈەن بولدى؛ بىر توننا نېفىتنى چەككىلەشتىكى ئېنېرگىيە فاكتورىنىڭ سەرپىياتى 11.0168 كىلوگرام ئۆلچەملىك نېفىت فاكتورى بولدى. تاۋار ئومۇمىي مىقدارى 2 مىليون 465 مىڭ 900 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بېنزىن، دىزېلىن 1 مىليون 472 مىڭ 200 توننا، سىلىقلاش مېيى ۋە ئاساس ماي 351 مىڭ 600 توننا، ئاسفالت 429 مىڭ 400 توننا بولدى. ئېلېكتىر ئىستانسىسى مۇشۇ بىر يىلدا 156 مىليون كىلوۋات سائەت توك تارقاتتى، 755 مىڭ 400 توننا پار بىلەن تەمىنلىدى.

خۇاڭ گوچياڭ

# تارىم نېفىتلىكى

## تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى بويىچە 5 مىليون 20 مىڭ توننا نېفىت، 1 مىليارد 80 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 73 مىڭ توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرىلدى، 4 مىليون 769 مىڭ توننا نېفىت سېتىلدى، 283 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەندى، 240 مىڭ توننا ئورىيە ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا سېتىش كىرىمى 6 مىليارد 670 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 1 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە، باج 710 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2002 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى «مەملىكەتلىك 1 - ماي، ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى.

لى جىن

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى نېفىت تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تەبىئىي گاز تەكشۈرۈشنى يۈكسەك قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈردى. دىنار چوڭ گازلىقىدا 100 مىليارد كۇب مېتىرلىق بايلىق مەنبەسى كۆلىمىنى ئېنىقلاپ تىزگىنلىدى، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي تارىم بانتۇلۇقى سىلود سىستېمىسىدىكى، خادادۇڭ دەرياسى قۇمتاشلىقىدىكى، يۇگۇر قەدىمىي يوشۇرۇن تېغىدىكى تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى داۋاملىق كېڭەيتىلدى، ئۈچتۇرپان ئويۇلمىسى يەكچىمۇز ئويۇلمىسى قاتارلىق يېڭى رايونلاردا نېفىت، گازنىڭ مۇھىم بىخلىرى بايقالدى، 2000 - يىلى يېڭىدىن ئېنىقلىنىپ تىزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك نېفىت زاپىسى 57 مىليون 270 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گاز 146 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىرغا، 3 - دەرىجىلىك زاپاس ئېكۋىۋالېنتى 220 مىليون توننىغا يەتتى.

1989 - يىلدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭدىن 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تارىم نېفىتلىكىدە، جەمئىي گېئولوگىيىلىك نېفىت زاپىسىدىن 350 مىليون توننا، گېئولوگىيىلىك تەبىئىي گاز زاپىسىدىن 644 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر ئېنىقلاندى. 3 - دەرىجىلىك نېفىت، گاز ئومۇمىي زاپىسىنى نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا سۇندۇرغاندا 1 مىليارد 670 مىليون توننا بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، تەبىئىي گازنىڭ 3 - دەرىجىلىك گېئولوگىيىلىك زاپىسى 1 تىرىللىيون 280 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ بىلەن غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدا تارىمنىڭ يىلىغا 18 مىليارد كۇب مېتىردىن 30 نەچچە يىل گاز بىلەن تەمىنلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

لى جىن

## نېفىتلىك ئېچىش ئەھۋالى

2002 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ ئوتتۇرىچە كۈندىلىك نېفىت مەھسۇلاتى 14 مىڭ توننا ئەتراپىدا بولدى، بىر يىلدا 5 مىليون 20 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 300 مىڭ توننا كۆپەيدى، ئېشىش ھەجمىدە جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى بويىچە 3 - بولدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلىتىشكە بولىدىغان نېفىتنىڭ ئېلىشقا بولىدىغان زاپىسى 6 مىليون توننىغا يېتىپ، سېلىنما بىلەن ھاسىلات تەڭپۇڭلاشتى.

نېفىت سۇ قۇدۇقى پونكىتلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈرۈشلۈك سۈپىتى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئېلېكتر ناسوسلۇق قۇدۇقلارنىڭ سائەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى 92.3%كە يەتكۈزۈلدى، ناسوسلارنىڭ ئوتتۇرىچە تەكشۈرۈلۈش مۇددىتى 400 كۈندىن ئېشىپ كەتتى. ھودسون رايونى بىلەن قەدىمىي يۇگۇر رايونىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون توننىغا يەتتى، شۇ يىلى ئېلىنغان نېفىت ھودسون رايونىنىڭ 820 مىڭ توننا، قەدىمىي يۇگۇر رايونىنىڭ 194 مىڭ توننا بولدى. ئوتتۇرا تارىم 1 - نومۇرلۇق تاشيولى يۈتۈپ قاتناش باشلاندى. ياقانىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇشى بويىچە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش بويىچە گازلىق ئېچىشنىڭ تەتۈر ھۆددىگەرلىك تۈرىگە تۇنجى قېتىم ئىشتىراك قىلىنىپ، قارا 205 - قۇدۇقنى سىناق قىلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. نېفىت، تەبىئىي گاز، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز، يېنىك ھىدروكاربون سېتىش پىلانى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندىلىپ، 68 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئۈنۈم يارىتىلدى.

1989 - يىلدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭدىن 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تارىم نېفىتلىكى جەمئىي 37 مىليون 150 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقاردى، ئېشىش ھەجمى جەھەتتە جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى بويىچە 1 - ئورۇننى ئىگىلىدى؛ 36 مىليارد 942 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە ئىشلەتكىنى 17 مىليارد 600 مىليون يۈەن؛ سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 40 مىليارد 758 مىليون يۈەن، باجدىن ئىلگىرىكى پايدا 8 مىليارد 114 مىليون يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 4 مىليارد 380 مىليون يۈەن بولدى.

لى جىن

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى

2002 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى گېئولوگىيە نەزەرىيىسى ۋە تەييارلاش - ساقلاش شارائىتىنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى، تۆۋەنلىك، ئويمانلىق رايونلاردىكى ھىدروكاربونلۇق ئانا جىنسلارنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى بۆسۈشكە ئېرىشىپ، كىرۋەك رايونلاردىكى نېفىت، گازلارنىڭ مول يىغىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى تونۇشقا ئىگە بولدى، ئويمانلىقتىكى 3 - قېتىملىق بايلىق مەنبەسىنى باھالاشنى تاماملاپ، نېفىت گازلىقلارنىڭ چوڭ مەيدانلىق يۆنىلىشىنى ئېنىقلاش ۋە تېپىشنى مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى. تەكشۈرۈش، ئېچىش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا قوللىنىشقا بولىدىغان ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولۇپ، تەكشۈرۈشتە بۆسۈش

ھاسىل قىلىش ۋە ئېھسىپ مەھسۇلات يارىتىشنى ئۈنۈملۈك قوللاش بىلەن تەمىن ئەتتى. دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق يەر - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تېمىسى پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، ئارىلىقتىكى باھالاشتا «ئا» دەرىجىگە ئېرىشتى؛ تارىم رەقەملىك نېفىتلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىش تورىنىڭ ئومۇمىي پىلان لايىھىسىنى تۈزۈش ئورۇندالدى، رەقەملىكلىش سىۋىيىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى ھەمدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

لى جىن

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىدە پىلانلىق باشقۇرۇش زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، خىزمەتتىكى پىلانچانلىق، ئالدىن كۆرەرلىك كۆرۈنەرلىك ھالدا كۈچەيدى. بازار تەرتىپى پائال تەرتىپكە سېلىنىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى بازىرى ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە سېلىندى، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشتىكى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %90تىن ئېشىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 18.2 پىرسەنت پوئېنت ئۆستى. بازارغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىش تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، نەتىجە ھالىتىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، قوشۇننى شاللاش مېخانىزمى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلدى. خېرىدار چاقىرىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى زورايتىلىپ، خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش ھەرىكىتى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمىتى پائال يولغا قويۇلۇپ، ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىشنى باشقۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلدى، ماددىي ئەشيالارنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشتىكى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %95تىن ئېشىپ، جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى بەلگىلىگەن 10 پىرسەنت پوئېنتتىن ئېشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا بىر قەدەر ياخشى كاپالەتلىك قىلىندى. ئومۇمىيۈزلۈك خام چوت بويىچە باشقۇرۇش، مەبلەغ، قەرزدارلىق، راسچوتنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشتىن ئىبارەت مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئىچكى تىزگىنلەش كۈچەيتىلىپ، مەبلەغ ئايلىنىشى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، قەرزدارلىق كۆلىمى مۇۋاپىق تىزگىنلىنىپ، باج - باھا سىياسىتى پائال تەتقىق قىلىنىپ، پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت خىزمىتىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. تۈرلەرنى ئالدىن دەلىللەش كۈچەيتىلىپ، لايىھەلەش سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، ئەلا لايىھەلەر تاللىنىپ، سېلىنما سەرپىياتى مەنبە جەھەتتىن تىزگىنلىنىپ، ئومۇمىي ئۈنۈم ئۆستۈرۈلدى. تۆۋەن تەننەرخ ئىستراتېگىيىسى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، تەننەرخ ھېساباتى يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈلدى، ئېھىش تەننەرخى يەككە ئادەم، يەككە قۇدۇق، يەككە سۇپا ئۆسكۈنىلىرىگىچە پارچىلاندى. مۇشۇ بىر يىلدا تۈرلۈك ئىقتىسادىي توختامدىن 2744ى ئىقتىسادىي تەھتىشلىك قىلىندى، توختام سوممىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتە كېمەيتىلىش نىسبىتى %2، ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنىڭ قاپلاش نىسبىتى %100 بولدى.

لى جىن

## بىخەتەرلىك ۋە مۇھىت ئاسراش ئەھۋالى

2002 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى ئۇدا 4 يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئۆز شتابىدا 13 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ۋەقە سادىر بولماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ ۋە جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈش - ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى تەرىپىدىن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش ۋە مۇھىت ئاسراشتا 3نى تەڭ ئىشلەش تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 1 - سەپتىكى بۇلغىمىنى مەنبەسىدىن تىزگىنلەش سالمىقى زورايتىلدى، قۇدۇق بۇرغىلاشتىكى بۇلغىما سۇلارنى، سانائەتتىن چىققان يۇقىرى خلورلۇق كىرەكسىز سۇنى COD بىلەن تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۇسۇلىدىكى تەتقىقات پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، مۇھىت ئاسراشتا كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە ياخشى نەتىجە داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. 535 زەھەرلىك، زىيانلىق مەشغۇلات مەيدانى ۋە شاۋقۇن - سۈرەن مەنبەسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش، ئانالىز ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىدىكى رادىئاتسىيىلىك سەۋىيىسىنى كۆزىتىش قانات يايدۇرۇلۇپ، كەسپىي ساغلاملىق ۋە يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىنى باشقۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، كەسپىي كېسەللەر ۋە كەسپىي كېسەللىك ۋەقەلىرىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

لى جىن

## نېفىتلىك بىلەن يەرلىكنىڭ ئورتاق قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى يۇغۇرۇلما ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا مەدەت بەردى. 550 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان خوتەن دەرياسى گازلىقىنى ئېچىش تۈرىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، تورۇبا قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈلەي پۈتتۈردى. بىۋاسىتە 14 مىليون يۈەندىن كۆپ مەبلەغ چىقىرىپ، يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش، نامراتلارنى

يولىش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئىشلەتتى.

لى جىن

## تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى بىلەن بىرلەشمە سودا باش كېلىشىمى ۋە 21 تۈرلۈك بىرلەشمە سودا توختامى ئىمزالاپ، بىرلەشمە سودا ئومۇمىي سوممىسىنى 401 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. بىر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەمەلىي كىرىمى 845 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولدى، تىجارەت پايدىسى 47 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %36 ئاشتى. غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش ۋە ئەتراپتىكى باشقا بازارلارنى ئېچىش ئارقىلىق، سىرتقى بازارلاردىكى ئۈلۈشنى كېڭەيتتى. جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى مالىيە شىركىتىگە كاپىتال ئايلاندۇرۇشنى ھاۋالە قىلىپ، بۇنىڭغا 250 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى؛ گۇرۇھ شىركىتىنى كەسىپلەشتۈرۈپ قايتا قۇرۇشقا پائال ئىشتىراك قىلىپ، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى قۇدۇق ئۆلچەش شىركىتىگە 80 مىليون يۈەن پاي قوشتى. غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى، جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى غەربىي شىمال قوماندانلىق شتابى بىلەن ھەمكارلىشىش كېلىشىمى ئىمزالاش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇرۇلۇش تېخنىكىسى، ماددىي ئەشيا سودىسى ۋە ئۆي - زېمىن خوجىلىق مۇلازىمىتى قاتارلىق بازارلارنى ئېچىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا سىرتتىن قىلىنغان كىرىم 58 مىليون 130 مىڭ يۈەن بولدى.

خاۋ گۈيپىڭ

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مال - مۈلۈك ئېنىقلاشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇردى، ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئۈسكۈنە، تۇرالغۇ ئۆي، زاۋۇت ئۆيلىرى، يەر قاتارلىق بايلىق مەنبەلىرىنى ئېنىقلىدى ۋە بۇ جەھەتلەردىكى ھوقۇقىنى قوغدىدى، مال - مۈلۈك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ چارىسى ۋە مال - مۈلۈك بىر تەرەپ قىلىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى، ئەمگەك قۇرۇلمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك سەرخىللاشتۇرۇپ، ئىشلىتىدىغان ئىشچىلارنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇردى، ئىشلىتىدىغان ئىشچى ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلىدى؛ خام چوت باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇردى؛ نورمىلىق باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، نورما سىستېمىسى ۋە باھا سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى؛ ئەنئەنىۋى سەرپىياتنى تىجارەت ھۆددىگەرلىكىنى تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئورگان خىراجىتى ھۆددىگەرلىكىنى ۋە يەككە تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى؛ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ۋە نازارەت قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، باشقۇرۇشتىكى بوشلۇقلارنى ئەتتى؛ سۈپەت ۋە بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قوماندانلىق شتابى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك 10 ئورۇن، 6 تىجارەت ئەمەلىي گەۋدىسىنى ISO9000 سۈپەت سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزدى؛ HSE باشقۇرۇش سىستېمىسىنى قۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىك خىزمىتىنى كۈچەيتتى؛ 23 تۈرلۈك باشقۇرۇش چارىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى، باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، ئەنئەنىۋى سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.

خاۋ گۈيپىڭ

# تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى

## تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 291 مىليون 620 مىڭ توننا نېفىت، گاز ئېكۋىۋالېنتىنى ئېنىقلىدى. گېئولوگىيىلىك نېفىت زاپىسىدىن 186 مىليون توننىنى يۆتكەپ ئىشلەتتى، پىچان، پىگەنسار، چيۇلىڭ، خوڭلىيەن، شىمالىي ئۈزۈمچىلىك قاتارلىق 20 نېفىتلىك، گازلىقنى ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە باشقۇرۇپ، نېفىتلىك سۇ قۇدۇقىدىن 1485نى بارلىققا كەلتۈرۈپ، 25 مىليون 330 مىڭ 500 توننا نېفىت ئىشلەپچىقاردى.

تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابىدا 13 مىڭ 515 ئىشچى - خىزمەتچى بار، ئورگاندىكى باشقارما، ئىشخانا 15، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇن 2، 2 - دەرىجىلىك ئورۇن 37، بۇنىڭ ئىچىدە سىرتتا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى 10. 2002 - يىلى قوماندانلىق

شتاي ئاساسىي تېمىسى راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ۋەزىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندىدى، كارخانىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ، ليۇ يۈجۈن

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ئىككى ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىپ 2269.38 كىلومېتىر، ئۈچ ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىپ 135.27 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىكى نېفىت، گازنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن 36نى بۇرغىلىدى، 20 قۇدۇقتىكى 37 قاتلامدا نېفىت سىنىقى ئېلىپ باردى. 39 قورشالما (15 دومىلىما قۇدۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ئالدىن تەكشۈردى ۋە باھالىدى، 11 قورشالمىدىكى 12 قۇدۇقتا سانائەتكە كىرەكلىك نېفىت، گاز ئېقىمىغا ئېرىشتى (7 دومىلىما قۇدۇق، 7 قورشالمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، قۇدۇق تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 32.4% (دومىلىتىپ تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، قورشالمىلارنى ئالدىن تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 28.2% (دومىلىتىپ تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 14 مىليون 130 مىڭ توننا؛ تەبىئىي گازنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 4 مىليارد 786 مىليون كۇب مېتىر؛ نېفىتنىڭ يېڭىدىن تىزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 7 مىليون 960 مىڭ توننا؛ نېفىتنىڭ يېڭىدىن ئالدىن ئۆلچەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 13 مىليون 90 مىڭ توننا، تەبىئىي گازنىڭ يېڭىدىن ئالدىن ئۆلچەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 5 مىليارد 334 مىليون كۇب مېتىر بولدى.

1. شىمالىي تۈپىلىك ئويۇلمىسىنىڭ تېيىز قاتلىمىدىكى نېفىت، گاز ئۈۋىسىنى تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. شىمالىي تۈپىلىك ئويۇلمىسىنىڭ تېيىز قاتلىمىدىكى ئىككىلەمچى نېفىت، گاز ئۈۋىسى ۋە مول يىغىلىش قانۇنىيىتىگە بولغان قايتا تونۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، قورشالمىلارنى تەسۋىرلەش ۋە زاپاس قاتلاملىرىنى ئالدىن مۆلچەرلەش تەپسىلىي قانات يايدۇرۇلۇپ، ئويۇلغان 9 قۇدۇقنىڭ 3 - سىستېمىسىدا سودىغا كىرەكلىك گاز ئېقىمى تېپىلدى، تەبىئىي گازنىڭ يېڭىدىن ئېنىقلانغان زاپىسى 4 مىليارد 786 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى، پىچان ئويۇلمىسىنىڭ تېيىز قاتلىمىدىكى مۇكەممەل گاز ئۈۋىسىدىكى زاپاس كۆلىمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ شىمالىي سىڭگىم تېيىز قاتلىمىنى باھالاش ئارقىلىق، شىمالىي سىڭگىم 402 -، 404 - قۇدۇقىدىن سانائەتكە كىرەكلىك نېفىت ئېقىمى تېپىلدى، نېفىتنىڭ يېڭىدىن ئېنىقلانغان زاپىسى 4 مىليون 190 مىڭ تونىنغا يەتتى.

2. خوڭتەي رايونىدىكى يوشۇرۇن نېفىت، گاز ئۈۋىسىنى تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. يۇقىرى پەرقلىق يەر تەۋرىتىش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلغان خوڭتەي 8 - قۇدۇقىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، تەبىئىي گازنىڭ يېڭىدىن ئالدىن مۆلچەرلەنگەن زاپىسى 5 مىليارد 354 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، خوڭتەي رايونىدىكى تەبىئىي گازنىڭ 3 - دەرىجىلىك زاپىسىنى 15 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

3. تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ 2 -، 3 - قەۋەت سىستېمىسىنى تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. چوڭقۇر قاتلامدا يەر تەۋرىتىش ۋە چوڭقۇر قۇدۇق ئىچىدە تېز بۇرغىلاش تېخنىكىسى جەھەتتە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى زورايتىش ئارقىلىق، ئېغىر ماگنىت بىلەن ئېلېكترلىق يەر تەۋرىتىلىدىغان بىرلەشمە ئۇنىۋېرسىيە قانات يايدۇرۇلۇپ، 2 -، 3 - قەۋەت سىستېمىسىدىكى تۈرلىمە ئويۇلما ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك بىلىنۋېلىندى، ئېدىرلىق ئىچكىرىسىدىكى 2 - قۇدۇقتا ياخشى بولغان نېفىت، گاز بېشارىتى كۆرۈلدى، يېڭىدىن ئالدىن مۆلچەرلەنگەن نېفىت تەركىبلىك كۆلەم 13.6 كۋادرات كىلومېتىرغا، نېفىت زاپىسى 13 مىليون 90 مىڭ تونىنغا يېتىپ، نېفىت بايلىقىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى جەھەتتە يېڭى ساھە ئېچىلدى.

4. يېڭى رايون ئويمانلىقىدىكى تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. مېنخې ئويمانلىقىدىكى سېرىق تويىلىق ئېدىرلىقتا يەر تەۋرىتىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش كۈچەيتىلىپ، ماچاڭ خارابىلىكى، ۋەنجۇەنباۋ، دابانگزىدىن ئىبارەت 3 ئاساسلىق ھۇجۇم رايونى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئورۇنلاشتۇرۇلغان مىنتەن 2 - قۇدۇقىنىڭ 3 قاتلام بۆلىكىدە گاز بېشارىتى كۆرۈلۈپ، ئويمانلىقتىن گاز ئېلىشنىڭ نىشانى ھازىرلاندى. سەنتاڭخۇ ئويمانلىقىدىكى مۇرەككەپ زاپاس قاتلىمى بىلەن جەنۇبىي چەتتىكى كۆمتۈرۈلمە بەلۋاغلىق مۇرەككەپ قۇرۇلما ئۈستىدىكى تەتقىقات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، 5 - رەتلىك قۇدۇقتا بېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىلغاندىن كېيىن، كۈندىلىك مەھسۇلاتى 20 كۇب مېتىر بولغان سانائەت نېفىتى ئېقىمى تېپىلدى، 2 - قەۋەت سىستېمىسىدىكى پېرمنىڭ زاپاس قاتلىمىنى تەكشۈرۈشتە يېڭى بۆسۈشكە ئېرىشىلدى.

5. تۈرلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. تەتقىق قىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، يولغا

قويۇش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن تور باشقۇرۇشنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، پەن تەتقىقات بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، تەكشۈرۈش بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈش ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تورلەرنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلگەنلىكتىن، نۆۋەتتىكى قۇدۇقلارنىڭ قېزىلىشىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش نىسبىتى %90كە يەتتى. تور باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ تېخنىكا كۈچى تولۇقلىنىپ، كۈچلۈك بولغان تېخنىكا جەھەتتىن مەدەت بېرىش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنىپ، تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يەر تەۋرىتىش، مېنخې ئويمانلىقىنىڭ سېرىق توپىلىق ئېدىرلىقىدا يەر تەۋرىتىش، تېگىدىن ئۆتۈشۈك تېشىپ، سۇ سىڭدۈرۈپ زاپاس قاتلىمىنى بېرىش قاتارلىق تېخنىكا ئارقىلىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە يول ئېچىلدى.

زېڭ خۇڭگو، جۇ شياۋلوڭ، ليۇ يۇڭجۇن

## نېفىتلىك، گازلىقلارنى ئېچىش ئەھۋالى

2002 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى 2 مىليون 510 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقاردى، يېڭىدىن 200 مىڭ تونىلىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى بارلىققا كەلتۈردى.

1. نېفىتلىكنىڭ مۇقىم مەھسۇلات ئاساسى مۇستەھكەملەندى. يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ ئاساسلىق رايون بۆلەكلىرىنى بىر قېتىملىق تورغا كىرگۈزۈپ تەڭشەش ئىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى، 182 قۇدۇق بۇرغىلاندى، 144 قۇدۇق ئۆزگەرتىشكە تاپشۇرۇلدى، 11 رايون بۆلىكى تەرتىپكە سېلىنىپ، تەرتىپكە سېلىنغان رايون - بۆلەكلەرنىڭ سۇ بىلەن ھەيدەپ كونترول قىلىش دەرىجىسى %10، سۇ بىلەن ھەيدەپ قوبۇل قىلىش ئۈنۈمى %4 ئۆسۈپ، بىر قېتىمدىلا تورغا كىرگۈزۈپ قاتلام - سىستېمىنى تەڭشەش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئېدىرلىق 4 - رايون بۆلىكى ۋە غەربىي يېڭىسار 6 - قۇدۇقنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە سۇ قويۇپ ئۆزلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئىلاھ بۇلاق، يەمشىلاردىكى بور سىستېمىسى، شىمالىي ئۆزۈمچىلىكتىكى شەرقىي بۆلەكلەرنىڭ سۇ بېرىپ ئېلىشتا قۇدۇقنى تورلاشتۇرۇش مۇكەممەللەشتى.

2. سۇ قويۇپ بېرىش خىزمىتى تېز ئىلگىرىلىدى. سۇ بېرىشنى چۆرىدەپ تورغا كىرگۈزۈپ تەڭشەش، سۇ بېرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، كەسمە يۈزنى كونترول قىلىش تەدبىرىنى ئۆتۈش سالمىقى زورايتىلىپ، ئۈنۈملۈك بېرىلگەن سۇنىڭ كونا قۇدۇقلارنىڭ مەھسۇلاتىنى مۇقىملاشتىكى ياردەملىك رولى كۈچەيتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇ بېرىشنى كۈچەيتىش تەدبىرى 113 قۇدۇق (قېتىم)، سۇنى بۆلۈپ بېرىش تەدبىرى 50 قۇدۇق (قېتىم) ئېلىپ بېرىلدى، يېڭى قۇدۇقتىن 5ى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كونا قۇدۇقتىن 59ى ئۆزگەرتىلدى، نېفىتلىكلەرگە سۇنى بۆلۈپ بېرىش ئۈنۈمى 4.6 پىرسەنت پوئېنتى، كەسمە يۈزىگە تېگىش ئۈنۈمى 3 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

3. نېفىتلىكتىن 3 قېتىم نېفىت ئېلىشتا ماھىيەتلىك قەدەم تاشلاندى. يېڭىسار 5 - گە گاز بېرىپ نېفىت ئېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى 6 - قۇدۇقنىڭ گاز بېرىش كۆلىمىگە يەتكۈزۈلدى. گاز بېرىشكە تاپشۇرۇلغان 3 قۇدۇققا 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رەسمىي گاز بېرىلدى. غەربىي يېڭىسار 1 -، غەربىي يېڭىسار 3 - قۇدۇقلارغا گاز بېرىپ نېفىت ئېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لايىھىسىنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈلۈشى تاماملاندى، چىۋلىڭ نېفىتلىكىدە، يۈزەكى ئاكتىپلاشتۇرغۇچى بېرىپ نېفىت ئېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتىنى سىناق تەرىقىسىدە باھالاش تاماملاندى.

4. دومىلىما تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى گەۋدىلىك بولدى. پىچان بايىسان بەلۋېغى، تۇرپاننىڭ ئىلاھ بۇلاق ۋە ئۈزۈمچىلىك رايونى، خۇڭلىيەن نېفىتلىكى ئەتراپىدىكى بىرىكمە نېفىت گاز - ئۆۋسى ۋە يوشۇرۇن نېفىت - گاز ئۆۋسى نىشان قىلىنىپ، گېئولوگىيىلىك ۋە تەييارلاش - ساقلاش قانۇنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، يېڭىسار 5 - قۇدۇق، جەنۇبىي يېڭىسار 3 - قۇدۇق، ئىلاھ بۇلاق بورا سىستېمىسى، يەمشى تۆۋەن ھەجىملىك قۇرۇلمىسىدا بايقاش قولغا كەلتۈرۈلدى، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن نېفىت تەركىبلىك كۆلەم 13.1 كۋادرات كىلومېتىرغا، ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى 9 مىليون 430 مىڭ تونناغا، قېزىشقا بولىدىغان زاپاس 3 مىليون 40 مىڭ تونناغا، يېڭىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 60 مىڭ تونناغا يەتتى.

5. بۇرغىلاش - قېزىش ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. يۇقىرى ئۈنۈملۈك قۇدۇق بۇرغىلاش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ۋە كۆپەيتىپ بېرىش، نېفىتلىكتىكى سۇنى تىزگىنلەش قاتارلىق 5 تۈرلۈك ئاساسلىق ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى يەنىمۇ يۈرۈشلەشتۈرۈلىدىغان ۋە كۆلەملەشتۈرۈپ يولغا قويۇلىدىغان بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا گورىزونتال قۇدۇقتىن 5ى پۈتتۈرۈلدى، گورىزونتال بۆلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇزۇنلۇقى 600 مېتىرغا يەتتى؛ نېپىز قەۋەتتە بىھىسىم ئارقىلىق قاتلام بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش نىسبىتى %100كە يېتىپ، يەككە قۇدۇقلاردىن كۈنىگە 6.4

تونىنا نېفىت كۆپ ئېلىنىدىغان بولدى؛ خىمىيىلىك تەڭشەشنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش نىسبىتى 78%؛ شتانگىلىق ناسوسنىڭ ئوتتۇرىچە ناسوس ئۈنۈمى 39.2%. ئوتتۇرىچە ناسوس چېتىش چوڭقۇرلۇقى 2264 مېتىر بولدى. 12 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكىنىڭ يېتەكچىلىك خاراكتېرى ئۈستىدىكى سىناقتا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۈنۈمگە ئېرىشىلدى.

6. ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتلىرىدا دەل ۋاقتىدا يۇقىرى ئۈنۈم ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 34 پارچە ئۆزلەشتۈرۈش لايىھىسى مۇددەتتىن بۇرۇن تۈزۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ قۇدۇق بۇرغىلاشنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، قۇدۇقلارنىڭ ساغلاملىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى 2001 ـ يىلدىكىدىن بىر ئاپەك كۆپەيدى؛ نېفىت قۇدۇقلىرىدا 532 قۇدۇق (قېتىم) تەدبىر يولغا قويۇلۇپ، 224 مىڭ توننا نېفىت كۆپەيتىلىپ، پىلاندىكىدىن 54 مىڭ توننا ئاشۇرۇلدى.

7. يەر ئۈستى سىستېمىسىنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 21 قۇرۇلۇش تۈرى ئۆز مۇددىتىدە ئېلىپ بېرىلدى؛ نېفىتلىكتىكى بىر قىسىم نېفىتنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە سۇسىزلاندۇرۇش سىستېمىسىدا تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى؛ نېفىتلىكنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى مەھسۇلاتنى ئۆلچەپ تاپشۇرۇش ـ تاپشۇرۇۋېلىش جەريانىدا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر ئۆزگەرتىلىپ، ئىچكى ـ تاشقى ئۆلچەم ئۇقتىسىنى بېكىتىش مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، 50 كىلوۋاتتىن يۇقىرى ئېنېرگىيە سەرپىياتلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆلچەش يولغا قويۇلدى؛ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال بېجىرىلىش نىسبىتى 98.4%، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىلىش نىسبىتى 70.5%كە يېتىپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى مەملىكەت بويىچە ئوخشاش كەسىپتە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ، ليۇ يۇگجۇن

## پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2002 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىدىن 105نى يولغا قويدى، ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى 52.8% بولدى. پەن ـ تېخنىكىغا سالغان خىراجەت 34 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2002 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى تەكشۈرۈشتە يۈسۈش ھاسىل قىلىشنى چۆرىدەپ، 21 تۈردە تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇردى. 2 ـ، 3 ـ قەۋەت سىستېمىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يەر تەۋرىتىش، سىنغى ئويمانلىقنىڭ سېرىق توپىلىق ئېدىرلىقىدا يەر تەۋرىتىش، ئېگىزدىن تۆشۈك تېشىپ سۇ سىڭدۈرۈپ نېفىت، گاز قاتلىمىدا بېسىم ئارقىلىق يېرىق يېرىشنى ئۆزگەرتىش، چوڭقۇر قۇدۇق بۆلىكىدە، سۇيۇقلۇق قۇدۇق بۇرغىلاش قاتارلىق 4تۈرلۈك تېخنىكىدا ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىپ، تەكشۈرۈشتە يۈسۈش ھاسىل قىلىشقا تېخنىكىلىق ئاساس سالدى؛ ئېچىش، مەھسۇلاتنى مۇقىملاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ 18 تۈردە تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، نېفىتلىكلەرنىڭ كەسمە يۈزىگە تېگىش ئەھۋالى، ئېشىنچا نېفىتنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇردى؛ نېفىت ئېلىش ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، 16 تۈردە ئۆتكەلگە تېخنىكا جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇردى، 16 تۈرلۈك تېخنىكا كىرگۈزۈپ، 8 تۈردە تېخنىكا كېڭەيتىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. چەت ئەللەردىكى نېفىت شىركەتلىرى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 13 تۈردە ئۆتكەلگە تېخنىكا جەھەتتىن بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، قۇدۇقلار ئارا يەر تەۋرىتىش، ئويمانلىقلارنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى گېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتنى تەتقىق قىلىش، قويۇق نېفىت ئېلىش قاتارلىقلار جەھەتتە كۆپ تۈر بويىچە تېخنىكا نەتىجىسىگە ئېرىشىپ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ ئومۇمىي تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.

2002 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى نەق مەيداندا تېخنىكا قوللىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىنى كۆرسىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە تېخنىكا يېڭىلاش قەدىمىنى تېزلەتتى. 3 تۈرلۈك پەن تەتقىقات تۈرى دۆلەت ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى، گورۇھ شىركىتى تەرىپىدىن ئۆتكەلگە ئۇقتىلىق ھۇجۇم قىلىش تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «يۇمشاق غەربىي چېگرىدىكى ئېگىز يانتۇلۇقىدىكى يەر قاتلىمىدا تۆۋەن تەننەرخ، يۇقىرى سۈرئەتلىك قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش» تۈرى يۈسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. 4 تۈرلۈك پەن تەتقىقات تۈرى گورۇھ شىركىتىنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، «قۇدۇق بۇرغىلىغاندا نېفىت ـ گاز قاتلىمىنى قوغداش تېخنىكىسى» گورۇھ شىركىتىنىڭ 2002 ـ يىللىق تېخنىكا يېڭىلاش نەتىجىلىرى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 8 چوڭ تەرتىپ بويىچە 66 تۈردە، ئۆزگىچە تېخنىكا، 251 تۈردە پىشىپ يېتىلگەن تېخنىكا دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ، ليۇ يۇگجۇن

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى كارخانا باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئەلا ياخشى باشقۇرۇش نىشانىنى

چۈرىدەپ، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانا باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ئۈچۈرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. پۈتۈن نېفىتلىكنى قاپلىغان CB يۇقىرى سۈرئەتلىك تور قۇرۇپ چىقىلىپ، نېفىتلىكنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى تور بىلەن ئىنتېرنېت تورىنىڭ بىرلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. تور تاپانچ قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇرلىرىنىڭ ئاپتوماتلىشىشى ۋە تور تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشىدا دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلدى. نېفىتلىكنىڭ ئېلېكتر تاسوسلۇق قۇدۇقلىرى، نېفىتنى گاز بىلەن كۆتۈرۈش قۇدۇقلىرى، كاچالكىلىق قۇدۇقلىرىغا ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلار ۋە مۇھىم مۇئەسسەسە، قۇرۇلمىلارنىڭ ھەرىكەتلىنىش پارامېتىرى جەھەتتە ئاپتوماتىك يىغىش، يۇقىرىغا يوللاش ۋە ئېلان قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش سورۇنلىرى، مۇھىم ئۈسكۈنىلەردە، تېلېۋىزوردا نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش ۋە بىخەتەرلىك بويىچە ئالدىنى ئېلىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ توردا ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سىستېمىسى ۋە ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىلىرى سىستېمىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلىش باسقۇچىغا كىردى؛ ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمىتى خىزمىتىنىڭ مۇساپىسى پۇختا قەدەملەر بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

نېفىتلىك شىركىتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىك مۇساپىسى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھەر قايسى ئورۇنلار ئۇچۇرنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يارىتىپ بەرگەن پايدىلىق شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، كەڭ دائىرىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، تەشكىلىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈردى.

. بازار باشقۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلدى. بازار باشقۇرۇش سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىچكى بازارلارنىڭ تەرتىپلىك رىقابەت مېخانىزمىنى ئورنىتىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى، تۈرلەرگە خېرىدار چاقىرىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، مۇشۇ بىر يىلدا 73 تۈرگە خېرىدار چاقىرىلىپ، توختام سوممىسى 182 مىليون يۈەن بولدى؛ مۇشۇ بىر يىلدا 179 تۈر ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىلىپ، تەپتىشلىكتە كېمەيگەن سومما 27 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولدى. ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ماددىي ئەشيالارنىڭ باھا سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، سېتىۋېلىش مەبلىغىدىن 5 مىليون 680 مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىندى.

2002 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش-ئېچىش قوماندانلىق شتابى گۇرۇھ شىركىتىگە ماسلىشىپ، جىسمىي ئىزدەش، قۇدۇق ئۆلچەشنى كەسىپلەشتۈرۈپ قايتا تەشكىللەشنى تاماملىدى؛ نېفىتلىك ج خ قوشۇنىنى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈشلۈق ئۆتكۈزۈپ بەردى. نېفىتلىك قۇرۇلۇشى، ھىناكارلىق، يول قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 3 ئورۇننى بىرلەشتۈرۈپ، نېفىتلىك قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قىلىپ تەشكىللىدى، كەسپىي ئۈستۈنلۈكنى بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن گەۋدىنىڭ رىقابەت ئەمەلىي كۈچىنى ئۆستۈردى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ، ليۇ يۇڭجۈن

## بىخەتەرلىك ۋە مۇھىت ئاسراش ئەھۋالى

2002 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى QHSE سىستېمىسىدا قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. QHSE نىڭ باشقۇرۇش سىستېمىسى ھۆججىتىنى ئېلان قىلدى، ئۇنى يولغا قويۇش جەريانىدا 5 قېتىم تەشكىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەكشۈرۈپ، سىستېما ھۆججىتىنى ۋاقتىدا مۇكەممەللەشتۈردى. 2 - دەرىجىلىك ئورۇنلار C قاتلاملىق مەشغۇلات ھۆججىتىدىن 228نى تۈزۈپ چىقتى، «ئىككى كىتاب بىر جەدۋەل» بازار باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ يېتەكچى ھۆججىتى بولۇپ قالدى.

ئىشلەپچىقىرىشتا قوماندانلىق قىلىش، ئاپتوماتىك ئوت ئۆچۈرۈش، سانائەت تېلېۋىزىيىسى ۋە ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق ساقچىغا مەلۇم قىلىشتىن ئىبارەت 3 سىستېمىنىڭ ئۆز ئارا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1 - دەرىجىلىك 7 مۇھىم تارماقتا 52 يۈرۈش ئاپتوماتىك نازارەت قىلىدىغان - تىزگىنلەيدىغان تېلېكامېرا، 52 جۈپ ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق كۆزىتىش ئەسۋابى ئورنىتىلدى. ماالقىلىق قۇرۇلمىلارغا يېقىلغۇ جىسىم ئارقىلىق ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغان تەكشۈرۈش ئۈچىدىن 526 سى، ئۈچقۇننى كۆزىتىش ئەسۋابىدىن 20 سى ئورنىتىلىپ، كومپيۇتېر، ساناھەت تېلېۋىزىيىسى، ساقچىغا مەلۇم قىلىش قۇرۇلمىسىدىن پايدىلىنىپ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنى ۋە مەشغۇلاتىنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش، خاتىرىلەش ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا 23 قېتىم بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 990 مەسىلە بايقالدى، 87 قېتىملىق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ۋەقەسى تۈزىتىلدى.

قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتىنى باشقۇرۇش ۋە پاسكىنا سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، كېرەكسىز سۇنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش جەھەتتە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى

%96گە، كېرەكسىز گازنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش جەھەتتە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %100كە يەتكۈزۈلدى، مۇھىتنى بۇلغايدىغان زور ۋەقەلەر نۆلگە چۈشۈرۈلدى.

2002 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش- ئېچىش قوماندانلىق شتابى قۇدۇق قونتانلاش تىزگىنسىز قىلىش ۋە قۇدۇق قونتانلاپ ئوت كېتىش، ئالاھىدە چوڭ ئوت ئاپىتى، پارتلاش ۋە بىر قېتىملىق بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغان ۋەقەلەرنىڭ كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. قاتناش ۋەقەسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا كۆرسەتكۈچلەر گۇرۇھ شىركىتى چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچ ئىچىدە تىزگىنلەندى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ، ليۇ يۇڭجۇن

## بازار ئېچىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش- ئېچىش قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇدۇق بۇرغىلاشتا ئىچكى بازارلارنى ئىگىلەش نىسبىتى 6 پىرسەنت پونكىتى كۆپەيدى؛ قۇدۇق ئاستىدا بىرىنچى ئارقىلىق يېرىق يېرىش، نېفىت سىناش، ئالاھىدە مەشغۇلاتلارنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتىدە %100لۈك ھالەت ساقلاپ قېلىنىپ، ئۇنىۋېرسال ئىگىلەش نىسبىتى %76 بولدى؛ قۇدۇق خاتىرىلەش ـ ئۆلچەشنىڭ ئۇنىۋېرسال بازار ئىگىلەش نىسبىتى %96 بولدى. باشقا كەسپىي خىزمەتلەر مىقداردا ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىق ساقلاپ قېلىندى. قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئاستى قاتارلىق تۈرلەر سىرتقى بازارلاردا بىر قەدەر ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالدى، قۇدۇق بۇرغىلاشتا 35 قۇدۇق بۇرغىلىنىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 21ى كۆپ بولدى، ئۇلارنىڭ مېتراژى 91 مىڭ 500 مېتىر بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 43 مىڭ 600 مېتىر كۆپ بولدى. قۇدۇق ئاستىنىڭ سىرتقى بازارلاردا مۇلازىمەت قىلىش ساھەسى يەنىمۇ كېڭەيدى، يېڭىدىن چاڭچىڭ بازىرىغا كىردى. جىم ئىزدەشتە يۈمېن بازىرىغا قايتىپ كېلىندى، چىڭخەي بازىرىدىكى خىزمەت مىقدارى %75 كۆپەيدى؛ قۇدۇق خاتىرىلەش ـ ئۆلچەشتە چاڭچىڭ بازىرىغا، جۇڭگو نېفىت خىمىيە بېيجىڭ رايون ئىشلىرى بۆلۈمى بازىرىغا قەدەم قويۇلدى، بۇ يەردىكى خىزمەت مىقدارى %17 ئۆرلىدى. ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»نىڭ 500 كىلومېتىرلىق تۇرۇبا يولى ياساش ۋە زاپچاسلارنى ساقلاش، تەمىنلەشنىڭ ئۆتەڭلىك كەسپىگە، يانداش يول قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش، داۋالاشقا كاپالەتلىك قىلىش، تۇرمۇش ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق مۇلازىمەت بازارلىرىغا ئىگە بولدى. نېفىتلىك قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولى، گاز يەتكۈزۈش، سۇ ئىشلىرى ۋە سۇغىرىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرنى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي بازارلاردىكى خىزمەت مىقدارى ئومۇمىي خىزمەت مىقدارىنىڭ %25نى ئىگىلىدى. خەلقئارا بازارلارغا كىرىش ۋەزىيىتى كۆپەيدى، قوماندانلىق شتابىنىڭ 17 قوشۇنى خەلقئارا بازارغا كىردى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ، ليۇ يۇڭجۇن

# جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى شىنشىڭ شىركىتى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى (ئىدارىسى)

## نېفىت، گاز ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى شىنشىڭ شىركىتىنىڭ غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى 25 مىليون 716 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىپ، ئوتتۇرىچە كۈندىلىك مەھسۇلاتتى 7045 تونناغا يەتكۈزۈپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %3.3 ئاشۇردى، 553 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىلغىنى 359 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، پايدىلىنىش نىسبىتى %65 بولدى.

2002 ـ يىلى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى 2 مىليون 365 مىڭ توننا نېفىت ساتتى، سېتىشتىكى خوراش نىسبىتى %38.3 بولدى؛ 50 مىليون 909 مىڭ 400 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ساتتى، نېفىتنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى %92، ھەر توننا نېفىتنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 795.16 يۈەن بولدى (باج بۇنىڭ سىرتىدا).

چېن لەنفاڭ

## تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى نېفىت، گاز تەكشۈرۈشكە 770 مىليون يۈەن، نېفىت، گاز ئېچىشقا 1 مىليارد 110 مىليون يۈەن، قۇراشتۇرۇلمايدىغان ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىشقا 18 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

2002 ـ يىلى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى نېفىت، گاز سېتىشتىن 1 مىليارد 840 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليارد 832 مىليون يۈەن، تەبىئىي گاز سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم

8 مىليون 130 مىڭ يۈەن. ھەر بىر توننا نېفىت، گازنىڭ نەق پۇل جەمئىيتىكى مەشغۇلات تەننەرخى 130.45 يۈەن بولدى، سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا بىر تۈگى 2.32 دوللار بولىدۇ، ھەر توننا نېفىت، گازنىڭ ئۈنۈمپەرسال بىرلىك تەننەرخى 477 يۈەن بولدى، سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا بىر تۈگى 8.48 دوللار بولىدۇ. 621 مىليون يۈەن پايدا ئالدى، باج، پايدا ئومۇمىي سوممىسى 674 مىليون يۈەنگە، ئىشلەپچىقىرىش قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى مۈلۈك سوممىسى 5 مىليارد 242 مىليون يۈەن، ساپ مۈلۈك قىممىتى 2 مىليارد 8 مىليون يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ مۈلۈك قىممىتى 830 مىڭ يۈەن بولدى، يىل ئاخىرىدىكى مۈلۈكنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى %61.69 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.11 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت قىممىتى 820 مىليون يۈەن، بىر توننا نېفىت نەق پۇل بويىچە مەشغۇلات تەننەرخى 286 يۈەن بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 451 مىڭ 900 توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلىدى، 205 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز بىر تەرەپ قىلدى، 25 مىليون يۈەن پايدا ئالدى، پايدا، باج سوممىسى 67 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، ئىشلەپچىقىرىش قوشۇلما قىممىتى 169 مىليون يۈەنگە، كارخانا جۇغلانمىسى 65 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى مۈلۈك قىممىتى 792 مىليون يۈەن، ساپ مۈلۈك قىممىتى 551 مىليون يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ مۈلۈك قىممىتى 1 مىليون 170 مىڭ يۈەن، مۈلۈكنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى %30 بولدى.

چېن لەنفىڭ

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت شىركىتى 9 تەكشۈرۈش قۇدۇقى، 16 باھالاش قۇدۇقى ئۈستىدە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى، يىللىق مېتراژىنى 117 مىڭ 700 مېتىرغا يەتكۈزدى، 19 قۇدۇقنىڭ 22 گېئولوگىيىلىك قاتلىمىدىن سانائەتكە كىرەكلىك نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى، قۇدۇق تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %79، قۇدۇق تەكشۈرۈشنىڭ كاپىتاللىشىش نىسبىتى %44 بولدى. تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى 512 كۋادرات كىلومېتىرلىق دالىدا 3 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ياقىندا 2 ئۆلچەملىك يەر تەۋرىتىپ ئەۋرىشكە يىغىش خىزمىتى ئورۇنلاندى، شۆبە شىركەت ئۆزىنى قېتىم دەلىللىگەن ھەمدە يولغا قويغان ياقىندىكى تاغلىق يەرلەرنى 3 ئۆلچەملىك تەۋرىتىشتىن ئىبارەت دالىدا ئەۋرىشكە يىغىش خىزمىتىنىڭ %52ى ئورۇنلاندى. سۇرەتلىك قۇدۇق ئۆلچەشتە 17 قۇدۇق تاماملاندى؛ 38 قۇدۇقتا سىناق تەرتىپىدە قاتلام ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلىپ، 8 قۇدۇقتا سانائەت نېفىت، گازى تېپىلدى. نېفىت گاز تەكشۈرۈشتە بىر زور بايقاش، بىر مۇھىم بايقاش، 4 مۇھىم ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.


بىر زور بايقاش شۇكى، ئەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدا چوڭ گازلىق بايقالدى. كۇچا قۇدۇقىنى يۇرغىلاشتا كۆپ قاتلاملىق ياغشى نېفىت، گاز ئالامىتى كۆرۈلدى، مۆلچەرلىنىشچە تەبىئىي گاز زاپىسى 640 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، چوڭ تىپتىكى مۇكەممەل گازلىق شەكىللىنىشىدىن ئۈمىد بار.

بىر مۇھىم بايقاش شۇكى، تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ 9 - رايوندا قېتىشقان گاز ئۇۋىسى بايقالدى، بۇ، نېفىتلىكنىڭ بايلىق قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ نېفىت بوغۇملىرى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە ئاساس سېلىپ بەردى.

4 مۇھىم ئىلگىرىلەش مۇنۇلار: بىرىنچى، ئوتتۇرا ۋە ئالدىنقى ئوردوۋىك ئوتتۇرىسىدىكى لاگىياتاغ گۇرۇپپىسى ھاك چىنسىلىرىنىڭ ئوقۇرشىدىن ھاسىل بولغان چالا شەكىلدىكى زاپاس قاتلام بايقالدى. قۇدۇق تېزگىنلەشتىكى نېفىت تەركىبلىك كۆلەم 650 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مۇھىم تەكشۈرۈش تېررىتورىيىسى ھېسابلىنىدۇ، بۇ يەردە بىر قەدەر زور زاپاس كۆلىمىنىڭ شەكىللىنىشىدىن ئۈمىد بار. ئىككىنچى، كېيىنكى ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى يۆلەكلەر گۇرۇپپىسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش، باھالاشتا مۇھىم ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش دائىرىسى جەنۇبقا كېڭەيتىلدى. ئۈچىنچى، تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش دائىرىسى تىك لىنىيە بويىچە چوڭقۇرلاشتى. تۆتىنچى، تاشكۆمۈر سىستېمىسىدىكى مارالبېشى گۇرۇپپىسىنىڭ شېغىل چىنسىلىق بۆلىكى ۋە دېۋون سىستېمىسىدىكى شەرقىي دەريا قۇم چىنسىلىق بۆلىكىنى تەكشۈرۈشتە دەسلەپكى ئىلگىرىلەشلەر بولدى، بۇ ئەھۋال مەزكۇر قاتلامنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم نىشانى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2002 - يىلى شۆبە شىركەتنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ تارىم دەرياسى رايونىدىكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈش تۈرى شىنشىڭ شىركىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىرى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ شايار 101 -، شايار 96 - قۇدۇقلىرى شىنشىڭ شىركىتى تەرىپىدىن زور بايقاش قۇدۇقى بولۇپ، شايار 95 -، T453 قۇدۇقلىرى مۇھىم بايقاش قۇدۇقى بولۇپ باھالاندى.

چېن لەنفىڭ



2002 ـ يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى تارىم نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى 255 مىڭ توننا ئاسفالت ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلاتى پۈتۈن مەملىكەتكە سېتىلدى. سۈرەتتە ئاسفالت ئاپتوموبىلغا قاچىلىنىپ سىرتقا توشۇلماقتا.

شى يۈشىڭ فوتوسى

## نېفىتلىك، گازلىقلارنى ئېچىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى ئالدىنقى يىلدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان 3 قۇدۇق، بۇ يىللىق 36 ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقىنى بۇرغىلاش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى (8 قۇدۇق كېيىنكى يىلغا قالدۇرۇلدى). كېيىنكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىدا 8 قۇدۇقنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئالدىن ئىشلىدى. مېترلىقى 223 مىڭ مېتىر بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 28 قۇدۇقنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ ئۆزلەشتۈردى، قۇرۇلۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 72.5% بولدى، يېڭى قۇدۇقلاردىن بىر يىلدا 592 مىڭ 800 توننا نېفىت ئېلىندى. 7 گورىزونتال قۇدۇق ۋە 11 ياندىن بۇرغىلاپ چوڭقۇرلىتىش قۇدۇقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىشلەندى. يۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن 10 قۇدۇقتىن يەككە قۇدۇقنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتى 200 توننىدىن كۆپ بولۇشتەك يۇقىرى مەھسۇلات قولغا كەلتۈرۈلدى. كىسلاتالاشتۇرۇپ يېرىش مەشغۇلاتى 35 قۇدۇق (قېتىم) دا ئېلىپ بېرىلىپ، 19 قۇدۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كىسلاتالاشتۇرۇپ يېرىلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن قۇدۇقلارنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 205 مىڭ توننا، يەككە قۇدۇقلارنىڭ ئوتتۇرىچە كۈنلۈك مەھسۇلاتى 62 توننا بولدى.

تەبىئىي بالدا قىسمان كېمىيىش نىسبىتى 27.43%، ئۇنىۋېرسال بالداقىسمان كېمىيىش نىسبىتى 21.22%، ئۇنىۋېرسال سۇ تەركىبى 34.05% بولدى، تۈرلۈك ئۆزلەشتۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرى ئاساسىي جەھەتتىن پىلاندىكى كۆرسەتكۈچ ئىچىدە تىزگىنلەندى.

بىر يىلدا غەربىي شىمال شۆبە شىركىتى يېڭىدىن ئىشلەتكەن گېئولوگىيىلىك نېفىت زاپىسى 136 مىليون توننا، يېڭىدىن ئىشلەتكەن ئېرىتمە گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 11 مىليارد 910 مىليون كۇب مېتىر، يېڭىدىن ئىشلەتكەن تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 1 مىليارد 381 مىليون كۇب مېتىر. يېڭىدىن ئىشلەتكەن قېتىشما نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 460 مىڭ توننا. 229 قۇدۇقنى بۇرغىلاپ، 162 قۇدۇقنى ئۆزلەشتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى يۇرگۈزۈپ چىقىرىدىغان قۇدۇق 99، ماشىنا بىلەن تارتىلىدىغان قۇدۇق 62، تاقالغان قۇدۇق 68.

چېن لەنفاڭ

## مەۋجۇت كارخانىلارنىڭ تىجارەت جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 ـ يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى «بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىش، كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش» تەلىپىگە ئاساسەن، بار بولغان كارخانىلارنى بۆلەكلەر بويىچە قۇرۇلما خاراكتېرلىك قايتا تەشكىللەپ، دەسلەپكى قەدەمدە نېفىت خىمىيە سانائىتى، تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى يادرو، نېفىتلىك قۇرۇلۇشى، قاتناش ـ ترانسپورت تۈۋرۈك قىلىنغان، بازىدىكى ئۆي ـ زېمىن خوجىلىقىنى باشقۇرۇش، نېفىتلىكتىكى تۇرمۇش مۇلازىمىتى، مېھمانخانا ـ ساياھەتچىلىك، سانائەت ـ سودا قاتارلىقلارغا ئالاقىدار كۆپ مەنبەلىك كارخانىلار ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندۈردى.

شىنشىڭ ئوقەتچىلىك (گۇرۇھ) شىركىتى ئۆزىگە قاراشلىق كارخانىلارنى قايتا تەشكىللەپ، ئوخشاش بولمىغان كەسىپ ئايرىمىسىغا ئاساسەن 7 شۆبە شىركەت قۇردى، بىر يىلغا يېقىن تىجارەت قىلىش ئارقىلىق، مېھمانخانا تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زىيان تارتقانلىقى ھېسابقا ئالىنمىغاندا، قالغان كارخانىلارنىڭ ھەممىسى پايدا ئالدى. باشلامچى كارخانا بولغان تارىم خىمىيە شىركىتى تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەدىمىنى

ئۆزلۈكسىز تېزلىتىش ئارقىلىق، يىللىق نېفىت بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى 700 مىڭ توننىغا يەتكۈزدى، بۇ كارخانا مۇشۇ بىر يىلدا 451 مىڭ 900 توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەپ، 547 مىليون 110 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، بۇ، مەۋجۇت كارخانا كىرىمىنىڭ 56%نى ئىگىلەيدۇ. تارىم خىمىيە شىركىتى مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئەسلىدە بار بولغان سېتىش تورلىرىنى تىرىشىپ مۇستەھكەملەپ، يېڭى سېتىش رايونلىرىنى پائال ئېچىپ، بازارلاردىكى ئۈلۈشىنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ، سېتىش يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىلىرىنىڭ داۋاملىق، مۇقىم ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بازا مۇلازىمەت مەركىزى مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مۇلازىمەت ساھەلىرىنى ئېچىشنى ئاساس قىلىپ، ئالاقىدار سودىلار ئارقىلىق، ئىجارىكەشلىك، ئۆي - زېمىن خوجىلىقى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، 81 مىليون يۈەندىن كۆپ كىرىم قىلدى.

چېن لەنفاڭ

# ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى

## ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ مال - مۈلۈك سوممىسى 6 مىليارد 651 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇراقسىز مۈلۈك سوممىسى 2 مىليارد 212 مىليون 680 مىڭ يۈەن، ئۇزاق مۇددەتلىك سېلىنغان مەبلەغ 83 مىليون 510 مىڭ يۈەن، ئۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى ئاز كەم 8 مىليارد يۈەن، ساپ قىممىتى 4 مىليارد 200 مىليون يۈەن، كارخانا قەرزى 3 مىليارد 243 مىليون 760 مىڭ يۈەن، مۈلۈكنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى 48.76%، ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى 3 مىليارد 356 مىليون 670 مىڭ يۈەن. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ لايىھەدىكى نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى يىلىغا 5 مىليون توننا بولۇپ، يىلىغا 2 مىليون 500 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلىيالايدىغان 2 يۈرۈش نېفىت ئايرىش قۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان؛ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ ئورىيە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 100 مىڭ توننا بولۇپ، ئىككى يۈرۈش چوڭ خىمىيىۋى ئوغۇت قۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - خىمىيىۋى ئوغۇت قۇرۇلمىسى مازوتنى خام ئەشيا قىلىپ، يىلىغا 300 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك، 520 مىڭ توننا ئورىيە ئىشلەپچىقىرىدۇ، 2 - خىمىيىۋى ئوغۇت قۇرۇلمىسى تەبىئىي گازنى خام ئەشيا قىلىپ، يىلىغا 300 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك، 520 مىڭ توننا ئورىيە ئىشلەپچىقىرىدۇ؛ خىمىيىۋى تالا زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 75 مىڭ توننا P - فتالىن كىسلاتاسى چەككىلىيەلەيدىغان قۇرۇلما، يىلىغا 520 مىڭ توننا پولى ئېستېر چىقىرالايدىغان قۇرۇلما، يىلىغا 15 مىڭ توننا قىسقا تالالىق تىرىلىن ئىشلىيەلەيدىغان قۇرۇلما، يىلىغا 5000 توننا ئۇزۇن تالالىق تىرىلىن ئىشلىيەلەيدىغان قۇرۇلمىدىن ئىبارەت 4 يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى بار؛ تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى 100 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، ئىككى 25 مىڭ كىلوۋاتلىق ۋە بىر 50 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى بار. سائىتىگە 220 توننا پار چىقىرىدىغان 2 پار قازىنى ۋە 410 توننا پار چىقىرىدىغان پار قازىنى خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەش قۇرۇلمىلىرىنى ۋە تۇرمۇش رايونىنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. شىركەت 9 چوڭ تۈر بويىچە 56 خىل نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى، خىمىيىۋى تالا مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

2002 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى 3 مىليون 500 مىڭ 400 توننا نېفىت، 384 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز كىرگۈزدى، 3 مىليون 710 مىڭ توننا نېفىت ۋە خام ئەشيا نېفىتى پىششىقلاپ ئىشلىدى، 2 مىليون 714 مىڭ توننا يېنىك ماي ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولدى، 53 مىڭ توننا P - دىمېتىل بېنزول ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولدى. 1 مىليون 164 مىڭ 100 توننا ئورىيە ئىشلەپچىقاردى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - خىمىيە قۇرۇلمىسى ئىشلەپچىقارغىنى 537 مىڭ 400 توننا، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100%؛ 2 - خىمىيىۋى ئوغۇت قۇرۇلمىسى ئىشلەپچىقارغىنى 626 مىڭ 700 توننا، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100%. 2 يۈرۈش خىمىيىۋى ئوغۇت قۇرۇلمىسى داۋاملىق ئۆلچەمگە يەتتى. 89 مىڭ توننا چەككىلەنگەن P - فتالىن كىسلاتاسى ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولدى. 45 مىڭ توننا پولى ئېستېر ئىشلىدى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولدى. 17 مىڭ توننا قىسقا تالالىق تىرىلىن ئىشلىدى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولدى. 4714 توننا ئۇزۇن تالالىق تىرىلىن ئىشلىدى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا

739 مىليون كىلوۋات سائەت توك تارقاتتى، 8 مىليون 358 مىڭ 400 توننا پار ھاسىل قىلدى.

شىنفېڭ پاي شىركىتى يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر - سەنئەتنى قوللىنىش ئارقىلىق پولى پروپىلىن قۇرۇلمىسىنىڭ مەھسۇلاتىنى 33 مىڭ تونىغا يەتكۈزدى.

مۇشۇ بىر يىلدا 2 مىليون 310 مىڭ 100 توننا بېنزىن، كىروسىن، دىزېلىن سېتىلىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 80 مىڭ 100 توننا ئاشتى. 1 مىليون 150 مىڭ توننا ئورېيە، 96 مىڭ 700 توننا خىمىيىۋى تالا مەھسۇلاتى سېتىلدى. سېتىش كىرىمى 7 مىليارد 158 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 243 مىليون يۈەنگە يېتىپ (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە)، 2001-يىلدىكىدىن 28 مىليون 910 مىڭ يۈەن ئاشتى، باج سوممىسى 729 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 87 مىليون 360 مىڭ يۈەن ئاشتى. ئىچكى قىسىمدا تەكشۈرۈلگەن پايدا 253 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 84 مىليون 890 مىڭ يۈەن ئاشتى.

سۇن جېڭ

## سۈپەت باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى تۈرلۈك مەشغۇلات تەرتىپى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىدىن 1991 ماددا (تارماق)نى رەتكە سالدى، تۈزەتتى، كارخانىغا ماس كېلىدىغان قانۇن، قائىدە - نىزام ۋە باشقا تەلەپلەردىن 936نى يەرقلەندۈردى، ھەر خىل خەۋپ - خەتىرى بار تۈرلەردىن 3999نى ئايرىپ چىقتى ھەمدە خەۋپ - خەتەرنى ئازايتىش، كونترول قىلىشنىڭ مۇناسىپ تەدبىرلىرىنى قوللاندى. 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى QHSE سىستېمىسى شاھادىكى سۈپەتكە كاپالەتلىك بېرىش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، جۇڭگو نېفىت سىستېمىسى بويىچە تۇنجى بولۇپ بىر قېتىمدا بىرلا ۋاقىتتا 3 تۈردىكى سىستېمىنىڭ كاپالەتلىك بېرىشىدىن ئۆتكەن كارخانا بولۇپ قالدى. QC گۇرۇپپىسىدىن 4ى «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى» دېگەن نامغا، بىر ئىممىنا - گۇرۇپپا «مەملىكەت بويىچە سۈپەت باشقۇرۇشتىكى ئىشەنچلىك ئىممىنا - گۇرۇپپا» دېگەن نامغا، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى «مەملىكەت بويىچە سۈپەت - ئۈنۈم تىپىدىكى ئىلغار كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

سۇن جېڭ

## يەن - تېخنىكا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى تۇراقلىق مۈلۈككە 264 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يىلىغا 400 مىڭ توننىلىق داۋاملىق تەڭشىلىدىغان قۇرۇلمىدا خام ئەشيا سىناق قىلىش بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ھەمدە لاياقەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى. ئاۋىئاتسىيە كىروسىنىغا ھىدروگېن قوشۇش، 1 - خىمىيىۋى ئوغۇت قۇرۇلمىسىدا نېفىت ئورنىغا گاز ئىشلىتىش قاتارلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى، تەنەرخ قۇرۇلمىسى سەرخىللاشتۇرۇلدى.

2002 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى ئاساسلىقى پولى ئېتېر قۇرۇلمىسىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتىپ ئۆزگەرتىش، ئوكسىدلىنىش قۇرۇلمىسىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، يىللىق پولى ئېتېر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 42 مىڭ توننىدىن 55 مىڭ توننىغا ئۆستۈردى. يېڭىدىن نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ 3 - سۇ ئايلىنىش سىستېمىسى، 3 - تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئىسسىق سۇ پونكىتى، شىمالىي ترانسفورماتور پونكىتى قاتارلىقلار قۇرۇلدى.

شىنفېڭ شىركىتى سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ قالدۇق گازى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ بىرىكمە گازىدىن پايدىلىنىپ، يېشىل مۇھىت ئاسراش مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەت ئىچى مەھسۇلات بازىرىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

سۇن جېڭ

# جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى

## جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

بۇ شىركەتنىڭ 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 3780، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىسى 1523. تۈرلۈك ئاپتوموبىلى 1570. شىركەت ئورگىنىدا 12 بۆلۈم، باشقارما، ئىشخانا تەسىس قىلىنغان، شىركەت قارمىقىدا 1 - شىركەت، 2 - شىركەت، 3 - شىركەت، تارىم ترانسپورت شىركىتى، قۇملۇق ترانسپورت شىركىتى ۋە ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتىدىن ئىبارەت 6 ئاساسلىق ترانسپورت ئورنى بار. شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى ئاساسلىقى شىنجاڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، سانجى، قاراماي، مايتاغ، كۇچا، كورلا، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان بولۇپ، ئاساسەن شىنجاڭدىكى 3 چوڭ نېفىتلىك، 4 چوڭ نېفىت چەككىلەش زاۋۇتى ۋە نېفىت

سېتىش شىركىتىنى چۆرىدەپ مۇلازىمەت قىلىدۇ.

ترانسپورت شىركىتىنىڭ 2002 ـ يىللىق ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداش ئەھۋالى مۇنداق:

ترانسپورت مىقدارى يۈك ئوبوروت مىقدارى 450 مىليون 60 مىڭ توننا ـ كىلومېتىر.

سېتىش كىرىمى يىللىق سېتىش كىرىمى 672 مىليون 870 مىڭ يۈەن.

ترانسپورت سۈپىتى بىخەتەر قاتنىغان ئارىلىق مۇساپە 10 مىليون 707 مىڭ ئاپتوموبىل ـ كىلومېتىر.

سەرپىيات ھەر 100 كىلومېتىرغا 34.03 كىلوگرام بېنزىن سەرپ قىلىندى، ھەر بىر بالوننىڭ ئىشلەش مۇساپىسى ئوتتۇرا ھېسابتا 77 مىڭ 498 كىلومېتىر بولدى.

تەننەرخ بىرلىك تەننەرخ ھەر 1000 توننا ـ كىلومېتىرنىڭ 385.58 يۈەن.

ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئوتتۇرىچە 3 مىليارد 574 مىليون 700 مىڭ توننا ـ كىلومېتىر.

ترانسپورت ئۈنۈمى ئاپتوموبىللارنىڭ بېجىرىلىش نىسبىتى %91.58، ئىشلىتىش ئۈنۈمى %81.13.

لىيۇ شۈ

# كۆمۈر سانائىتى

## كۆمۈر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش 2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 30 مىليون 986 مىڭ 800 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇقتىسلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرى مۇشۇ بىر يىلدا 6 مىليون 435 مىڭ 900 توننا كۆمۈر ساتتى، بۇ 2001 ـ يىلدىكىدىن %5.18 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكەلگىنى 1 مىليون 958 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %20.5 كۆپ.

زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى ئاشۇرۇش ئۇقتىسلىق دۆلەت كۆمۈركانلىرى شۇنىڭدەك ئىدارىگە قاراشلىق كارخانىلار تولۇقلىما ئالغاندىن كېيىن، 46 مىليون 280 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 745 مىليون يۈەن بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %34.23 كۆپەيدى (ھازىر باھا بويىچە ھېسابلاندى). ئۇقتىسلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرىدىكى كەسىپكار 20 مىڭ 910. ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئىش ئۈنۈمدارلىقى كىشىگە 3.25 توننا بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %18.18 ئاشتى.

كارخانا ئىسلاھاتى شىنجاڭ كۆمۈركان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى تۈزۈم ئۆزگەرتىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇردى، ئۈرۈمچى كۆمۈركان لايىھىلەش ـ تەتقىق قىلىش يۇرتىنىڭ تۈزۈم ئۆزگەرتىش لايىھىسى ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ يولغا قويۇلدى؛ قوبۇقسار ناھىيىسى بىرلەشمە سېتىش ئاساسىدا، كۆمۈر بىرلەشمە شىركىتى تەشكىل قىلدى؛ باي ناھىيىسىدىكى تېرەك كان رايونىدا تۇنجى كۆمۈر شىركىتى قۇرۇلدى. مەبلەغ كىرگۈزۈش جەھەتتە، شەندۇڭدىكى شۈجۇ كانچىلىق گۇرۇھى مەبلەغ سالغان، يىللىق مەھسۇلاتى 900 مىڭ توننا بولغان كۇچا ناھىيىسىدىكى ئوقۇربۇلاق كان رايونىدا 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۇل سېلىپ ئىش باشلاندى؛ شىنجاڭ ئۈرۈمچى كانچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى مەبلەغ سېلىپ، كورلىدىكى تاشدەندە يىللىق مەھسۇلاتى 600 مىڭ توننا بولغان كۆمۈركان قۇردى؛ قۇمۇل كۆمۈرچىلىك (گۇرۇھى) شىركىتى مەبلەغ سېلىپ قۇرىدىغان، يىللىق مەھسۇلاتى 300 مىڭ توننا بولغان سانجى لىيۇخۇاڭگو 3 ـ قۇدۇقىدا 8 ـ ئايدا قۇرۇلۇش باشلاندى.

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرى ئۇقتىسلىق دۆلەت كۆمۈركان كارخانىلىرىدا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىدىن 4 ى قۇرۇلدى، 490 ئىشچى ـ خىزمەتچى تارقاقلاشتۇرۇلدى ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلدى، 18 كىشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇلار ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانىنىڭ %7.3 ىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىگە كىردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى سوممىسىنى ئالدى. پۈتۈن سىستېمىدىكى بارلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا پاشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش ئەمەلەش يولغا قويۇلدى، بۇنىڭغا 26 مىڭ 45 ئادەم قاتناشتى، پاشانغاندا كۆتۈنۈش سوممىسى ئالىدىغان دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىم 14 مىڭ 898 گە يەتتى، پاشانغاندا كۆتۈنۈش سوممىسىنىڭ جەمئىيەتتىن تارقىتىلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

كۆمۈر كانلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئاپتونوم رايون بويىچە 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ھەر خىل كۆمۈركان قۇدۇقى 709. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىككى خىل كىنىشكا (كان ئېچىش ئىجازەتنامىسى ۋە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى) بار كان قۇدۇقى 680 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇقتىسلىق دۆلەت كۆمۈر كېنى 13، يەرلىك دۆلەت كۆمۈر كېنى 181، يېزا ـ بازار كوللېكتىپ كۆمۈر كېنى ۋە باشقا

كۆمۈركان 486) بولۇپ، كېنىشكا ئېلىش نىسبىتى 96% بولدى. بىر كېنىشكا ئالغان كۆمۈركان 29. يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن كان قۇدۇقى 680 بولۇپ، يىللىق تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك كان قۇدۇقلىرىنىڭ 96%نى ئىگەلىدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنسىز، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولمىغان 269 كان قۇدۇقى تاقالدى.

كۆمۈر سانائىتىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش 2002 - يىلى نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈركانلىرىنىڭ كۆمۈر قېزىشتىكى ماشىنىلىشىش دەرىجىسى 85.6%كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.6 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال قېزىشنىڭ 85.6%، ئۇنىۋېرسال ئىچكىرىلەپ قېزىشنىڭ 50.6%، ئىچكىرىلەپ قېزىش - قاچىلاشنىڭ 50.6% بولدى.

شىنجاڭ بويىچە 2002 - يىللىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

| تۈرى | يىللىق ئەمەلىي مەھسۇلاتى (تۈمەن تونا) | ئاپتونوم رايوننىڭ يىللىق مەھسۇلاتىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 3098.68 | 100 |
| ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كانلارنىڭ | 1209.93 | 39.05 |
| بۇنىڭ ئىچىدە، نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 738.81 | 23.84 |
| ۋىلايەت، ئوبلاستقا قاراشلىق كانلارنىڭ | 183.94 | 5.94 |
| ناھىيىگە قاراشلىق كانلارنىڭ | 538.81 | 17.39 |
| يېزا - بازار كانلىرى ۋە باشقا كانلارنىڭ | 1166 | 37.62 |

جىن يۈڭشياڭ

## كۆمۈركانلارنىڭ بىخەتەرلىك ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر خىل كۆمۈركانلاردا 149 قېتىم ئۆلۈش - يارىلىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4 قېتىم ئازايدى، قازا قىلغان ئادەم 197 بولۇپ، 23 ئادەم ئازايدى. نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرىدا مىليون تونна كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆلگەنلەرنىڭ نىسبىتى 0.25% بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچى چوڭ گۇرۇھ شىركەتلىرىدە، مىليون تونا بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى نۆل بولدى. ھەر خىل كۆمۈر كانلىرىدا 10 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن زور ۋەقە يۈز بەرمىدى. دۆلەت يەرلىك كۆمۈر كانلىرىدا 31 قېتىم ئۆلۈم - يېتىم ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 23 قېتىم ئازايدى، قازا قىلغان ئادەم 46 بولۇپ، 35 ئادەم ئازايدى؛ مىليون تونا بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى 4 ئادەم بولدى. يېزا - بازار كوللېكتىپ كۆمۈركانلىرىدا 114 قېتىم ئۆلۈم- يېتىم ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 22 قېتىم كۆپەيدى؛ قازا قىلغان ئادەم 147 بولۇپ، 18 ئادەم كۆپەيدى؛ مىليون تونا بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى 12 ئادەم بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش كان قۇدۇقلىرىدا 2 قېتىم ئۆلۈم - يېتىم ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 6 قېتىم ئازايدى؛ قازا قىلغان ئادەم 2 بولۇپ، 7 ئادەم ئازايدى.

جىن يۈڭشياڭ

## كۆمۈرلۈكلەرنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى كۆمۈرلۈكلەرنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە ماشىنا ئارقىلىق 11 مىڭ 71 مېتىرلىق نۇسخا ئېلىپ بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش، 8037 كۇب مېتىرلىق ئوقۇرسىمان تەكشۈرۈش تاماملاندى، 359 كۋادرات كىلومېتىر يەرنىڭ گىدروگرافىيىلىك ۋە گېئولوگىيىلىك خەرىتىسى تولدۇرۇلدى، 29 كۋادرات كىلومېتىر يەرنىڭ يەر شەكلى ئۆلچەندى، 2008 فىزىكىلىق نۇقتا ئېلېكتر ياردىمى بىلەن چارلاپ كۆرۈلدى. 14 بۇرغا تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىندى، ئالاھىدە «ئا» دەرىجىلىك تۆشۈك نىسبىتى 100% بولدى. گېئولوگىيىلىك چوڭ تەكشۈرۈش قاتارلىق دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيىلىك خىزمەت تۈرىدىن 10ى قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىجتىمائىي گېئولوگىيىلىك تۈرلەر بويىچە 67 توختام ئىمزالاندى. 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى كۆمۈرلۈك گېئولوگىيە ئىدارىسى تۈزگەن كۆمۈرلۈكلەرنى

گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئومۇمىي پىلانىنى تەستىقلىدى.

جىن يۈئېشياڭ

## كۆمۈرلۈكلەردە ئوت ئۆچۈرۈش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدا «شىنجاڭ كۆمۈرلۈكلىرىدىكى ئوت رايونلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ۋەزىپىسى تاماملانغان تېيجاڭگو، گۆچۈگەدىكى بەيتىك، فۇكاڭدىكى ئاقتېرەك دەرياسى، شياۋخواڭشەن، شياۋلۇڭكۇدىن ئىبارەت 5 چوڭ كۆمۈرلۈكتىكى ئوت رايونى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ليۇخواڭگو، داخواڭشەن، شياۋلۇڭكو قاتارلىق ئوت رايونلىرىدىكى قانۇنسىز كۆمۈر قېزىش قىلمىشلىرى قانۇن بويىچە بىكار قىلىنىپ، ئوت ئۆچۈرۈش مۇۋەپپەقىيىتى قوغداپ قېلىندى.

جىن يۈئېشياڭ

## كۆمۈركان لايىھىلەش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى ئۈرۈمچى 1 ـ ساناۋەت لايىھىلەش ـ تەتقىقات يۇرتى 135 تۈرلۈك توختامنى ئورۇندىدى، توختام سوممىسى 16 مىليون 390 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، كۆمۈر ساھەسىدىكى توختام سوممىسى 11 مىليون 364 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، توختام سوممىسىنىڭ 69%نى ئىگىلىدى. 10 مىليون 330 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى. ھۆججەت لايىھىسىدىن 93ى، قورۇلۇش خەرىتىسىدىن (1 ـ نومۇرلۇق خەرىتىگە سۇندۇرغاندا) 2404.68ى پۈتتۈرۈلدى، CADلىق سىزما نىسبىتى 100 % بولدى.

جىن يۈئېشياڭ

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1. بىخەتەرلىكنى چوڭ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. 2002 ـ يىلى شىنجاڭ كۆمۈر باشقۇرۇش ئىدارىسى 6 قېتىم بىر قەدەر چوڭ كۆلەملىك بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇردى ھەمدە ش ئۇ ئا ر بىخەتەرلىك كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان 2 قېتىملىق بىخەتەرلىكنى چوڭ تەكشۈرۈشكە قاتناشتى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك كۆمۈر باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە كۆمۈركان كارخانىلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بىخەتەرلىكنى چوڭ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى.

2. «100 كۈن بىخەتەر بولۇش، ھادىسە كۆرۈلمەسلىك» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. «بىردە راۋان بولۇش، ئۈچنى ئالدىنى ئېلىش»، ئاش تورۇسنى باشقۇرۇش ۋە سۇدىن مۇداپىئە كۆرۈشتىن ئىبارەت 3 مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلدى، يوشۇرۇن ھادىسىلەرنى تۈزەش، ئۆزگەرتىش سالمىقى كۈچەيتىلدى. ئاخبارات ئورۇنلىرىغا ماسلىشىپ 61 پارچە خەۋەر ـ ماقالە ئېلان قىلىندى.

3. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 2002 ـ يىلدىكى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىخەتەرلىك كۆرسەتكۈچى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بۆلۈپ بېرىلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايون بىلەن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ كۆمۈر باشقۇرۇش تارماقلىرى كۆمۈركان كارخانىلىرى بىلەن، كۆمۈركان كارخانىلىرى قۇدۇق، ئەترەتلەر بىلەن قاتلاممۇ قاتلام بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى، 3 دەرىجىلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، بىخەتەرلىكنى تېخنىكىلىق باشقۇرۇش خادىملىرى تولۇقلىنىپ، نەق مەيداننى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.



2002 ـ يىلى شىخو جىڭشۇر كۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كۆمۈر ساناۋىتىنى يەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆمۈر قېزىشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى كېڭەيتتى. سۈرەتتە يېڭى سېتىۋېلىنغان ئۇنىۋېرسال قېزىش ئۈسكۈنىسى.

سۈرەتنى كۆمۈرچىلىك ئىدارىسى تەمىنلىگەن

4. سۈپەتنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە بىخەتەرلىكتە سەۋىيە يارىتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 7 - ئايدىن باشلاپ، نۇقتىلىق 3 دۆلەت كۆمۈركان كارخانىسىنىڭ سۈپەتنى ئۆلچەملەشتۈرۈشى تەكشۈرۈلدى، قېزىش، ئېچكىرىلەش، ماشىنىلاشتۇرۇش، توشۇش، يۈرۈشلەشتۈرۈشنىڭ نىشانغا يېتىش ئەھۋالى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭدا ئاساسلىق مەسىلىدىن 179ى تېپىپ چىقىلدى، 5 كان قۇدۇقى دەرىجە سىرتىدىكى قۇدۇق قىلىپ باھالاندى. 12 - ئايدا قۇمۇل كۆمۈرچىلىك گورۇھىنىڭ 1 -، 2 - قۇدۇقلىرى ساھە دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى؛ ئۈرۈمچى كانچىلىق گورۇھىنىڭ 5 كانى ئۆلكە دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى؛ شىنجاڭ كوكس گورۇھىنىڭ 2 كانى ئۆلكە دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى. زايوم مەبلىغىنى بىخەتەر يۈرۈشلەشتۈرۈش تۈرى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىندى، دۆلەتنىڭ تولۇقلىما مەبلىغى بىلەن ئۈسكۈنىلەرنى ئۆتكۈزۈپ قېلىش پۈتۈنلەي ئەمەلىيلەشتى.

5. تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 3 دەرىجىلىك تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. شىنجاڭ كۆمۈركان بىخەتەرلىك تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزىدە 9 قارار كان (قۇدۇق) باشلىقلىرى كۇرسى ئېچىلىپ، 448 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى (تەكرار تەربىيىلەندى). كان باشلىقى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى قايتىدىن تارقىتىپ بېرىلدى.

جىن يۈڭشياڭ

## كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش، قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

1. كىچىك كۆمۈر كانلىرىنى تاقاش، تەرتىپكە سېلىش جەھەتتە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كۈچەيتىلدى. 2002- يىلى شىنجاڭ كۆمۈر باشقۇرۇش ئىدارىسى تاقاشقا تېگىشلىك كان قۇدۇقلىرى ۋە 6 تۈرلۈك ئۆلچەم بويىچە ھەقىقىي تاقالمىغان كان قۇدۇقلىرى ئۈستىدە شۇ كانلار تۇرۇشلۇق جايدىكى ھۆكۈمەتلەرگە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تېزدىن تاقاشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

2. تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قانۇن بويىچە مەمۇرىي تەپتىشلەش سالمىقى زورايتىلدى. 2002 - يىلى 890 كان قۇدۇقى مەمۇرىي جەھەتتىن تەپتىشلىنىپ، بىخەتەرلىك جەھەتتىكى 4127 يوشۇرۇن ئاپەت ۋە مەسىلە تېپىپ چىقىلدى، قانۇن ئىجرا قىلىشقا ئائىت 2847 پارچە ھۆججەت تارقىتىلدى، قانۇن ۋە قائىدە - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلغان 277 كان قۇدۇقىغا مەمۇرىي جەھەتتىن چارە كۆرۈلدى.

3. كۆمۈر كانلىرىدا كۆرۈلگەن ۋەقەلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقى زورايتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 197 ۋەقە بىر تەرەپ قىلىندى، دېلو ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 100% بولدى.

جىن يۈڭشياڭ

## كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش ئىدارىسى «شىنجاڭدىكى كىچىك كۆمۈركانلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاساسىي شەرتى (2002)» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لايىھىسى»نى تۈزۈپ، بايلىق مەنبەسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، تېخنىكىسى قالاق، مۇھىتنى بۇلغايدىغان ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي شەرتلىرىنى ھازىرلىمىغان 8 خىل كىچىك كۆمۈر كانىنى تاقاشنى ئېنىق كۆرسەتتى. يەنى، تاقىۋېتىلگەندىن كېيىن يەنە ئۆز مەيلىچە ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارغان كان قۇدۇقى؛ 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن ئىلگىرى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش ئۆلچىمىگە يەتمىگەن كان قۇدۇقى؛ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن باشقۇرۇشتا ئېغىر مەسىلە كۆرۈلگەن، ھازىر كىچىك كۆمۈركانلىرىنىڭ ئاساسىي بىخەتەرلىك شەرتىگە يېتەلمىگەن كان قۇدۇقى؛ «تۆت كىنىشكا» تولۇق بولمىغان كان قۇدۇقلىرى؛ 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن ئىلگىرى بەلگىلىمە بويىچە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئېلىشنى قايتىدىن ئىلتىماس قىلمىغان كان قۇدۇقى؛ ئومۇمىي پىلانغا كىرگۈزۈلمىگەن، ئۆز مەيلىچە ئىش باشلاپ قۇرۇلغان قانۇنسىز كان قۇدۇقى؛ كۆپ ماڭ، كۆپ گۈڭگۈرت قازىدىغان كان قۇدۇقى، نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرى بېكىتكەن «كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىخەتەرلىك نىزامى» بويىچە تەكشۈرۈلۈپ، «تۆتنى بىردەك ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەش لايىھىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى تاقاشقا تېگىشلىك 288 كان قۇدۇقىغا تاقاش ئۇقتۇرۇشى چۈشۈرۈلۈپ، تاقاش مۆھلىتى ئېنىق كۆرسىتىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 269 قۇدۇق تاقالدى. 2001 -، 2002 - يىللىرى نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرىدىكى 3 گورۇھ شىركىتى 450 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كان قۇدۇقلىرىنىڭ بىخەتەرلىك تېخنىكىسى بىلەن قوراللىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. يەرلىك دۆلەت

ئىلگىرىكى كۆمۈر كانلىرىمۇ كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتتى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە 75% كۆمۈر كان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى تەشكىلىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، كۆمۈركانلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىش قىلىش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى قايتا تەكشۈرۈش دائىرىسى 40%كە يەتتى.

جىن يۈشياڭ

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر سانائىتى جەمئىيىتى قۇرۇلدى

بۇ جەمئىيەت 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قۇرۇلدى، دۆلەت كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي تەپتىشلەش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ تيېجۈي ۋە جۇڭگو كۆمۈر سانائىتى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ رۇڭكاڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىر باقىلار يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى كۆمۈرچىلىك كارخانىلىرى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، تېخنىكىلىق مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇشقا شەرت ھازىرلاپ بەردى.

جىن يۈشياڭ

# ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتى

## ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭنىڭ توك تارقىتىش گېنېراتور سىغىمچانلىقى 5 مىليون 30 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان 220 كىلوۋولتلۇق ئاساسلىق ئېلېكتر تورى شەرقتە قۇمۇل ۋىلايىتى، غەربتە قاراماي شەھىرى، جەنۇبتا كۇچا ناھىيىسى، شىمالدا جىمسار ناھىيىسىگىچە بولغان كەڭ دائىرىنى قاپلىدى، خوتەن، قەشقەر، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى 110 كىلوۋولتلۇق تېررىتورىيىلىك ئېلېكتر تورىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە ئىشەنچلىكلىكىمۇ كېڭەيمەكتە ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ئاپتونوم رايون بويىچە 220 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى 22 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 2264 كىلومېتىر، بېسىم ئۆزگەرتىش سىغىمچانلىقى 2016 مېگاۋولت ئامپېر؛ 110 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى 8068 كىلومېتىر، بېسىم ئۆزگەرتىش سىغىمچانلىقى 34 مىڭ 473 مېگاۋولت ئامپېر.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھاسىل قىلىنغان توك 21 مىليارد 480 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6.3% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 17 مىليارد 400 مىليون كىلوۋات سائەت، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 مىليارد 880 مىليون كىلوۋات سائەت. شامال ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 200 مىليون كىلوۋات سائەت. سېتىلغىنى 18 مىليارد 100 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، 9% ئاشتى.

شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ۋە تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىنى بېكىتتى، توك مەنبەسى، ئېلېكتر تورى بىلەن بازار تەرەققىياتىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن تېجەشكە تەڭ ئەھمىيەت بەردى، پاكىز مەنبەدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، مۇھىتنى قوغداشقا كۆڭۈل بۆلدى. كۆمۈر ئېلېكترى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، تەڭشەش ئىقتىدارى ياخشى بولغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئېلېكترى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، گاز ئېلېكترى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، شامال ئېلېكترى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، توك چىقىرىش - توپلاش ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارلىق قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى، ئېلېكتر تورى زور كۈچ بىلەن قۇرۇلدى، چوڭ ئېلېكتر تورلىرىنىڭ بىخەتەر، ئىشەنچلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشتەك ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

دىڭ شۈچى

## شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 2 مىليون 999 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوت كۈچى بىلەن توك ھاسىل قىلىدىغان گېنېراتور سىغىمچانلىقى 2 مىليون 547 مىڭ كىلوۋات، سۇ كۈچى بىلەن توك ھاسىل قىلىدىغان گېنېراتور سىغىمچانلىقى 383 مىڭ 100 كىلوۋات، شامال كۈچى بىلەن توك ھاسىل قىلىدىغان گېنېراتور سىغىمچانلىقى 69 مىڭ 300 كىلوۋات. مۇشۇ يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن توك

ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 290 مىڭ كىلوۋات بولۇپ ھەممىسى ئوت كۈچى بىلەن توك ھاسىل قىلىدىغان گېنېراتور گۇرۇپپىسى. مۇشۇ يىلدا براكقا چىقىرىلغان توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 73 مىڭ كىلوۋات. شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە قاراشلىق 6000 كىلوۋاتتىن يۇقىرى سىغىمچانلىقتا ئىگە ئېلېكتر ئىستانسىسى (پونكىتى) 42، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى 27، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 12، شامال ئېلېكتر ئىستانسىسى 3.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە قاراشلىق 35 كىلوۋولتتىن يۇقىرى توك يوللاش لىنىيىسى 778، ئۇزۇنلۇقى 20 مىڭ 883 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە، 2220 كىلوۋولتلۇقى 24، ئۇزۇنلۇقى 2450 كىلومېتىر، 110 كىلوۋولتلۇقى 205، ئۇزۇنلۇقى 7464 كىلومېتىر، 35 كىلوۋولتلۇقى 549، ئۇزۇنلۇقى 10 مىڭ 969 كىلومېتىر. 35 كىلوۋولتتىن يۇقىرى ترانسفورماتور پونكىتى 484 بولۇپ، توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش سىغىمچانلىقى 9 مىليون 703 مىڭ 800 كىلوۋولت ئامپېر، بۇنىڭ ئىچىدە، 220 كىلوۋولتلۇقى 17، سىغىمچانلىقى 2 مىليون 895 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر، 110 كىلوۋولتلۇقى 126، سىغىمچانلىقى 4 مىليون 665 مىڭ 200 كىلوۋولت ئامپېر، 35 كىلوۋولتلۇقى 341، سىغىمچانلىقى 2 مىليون 143 مىڭ 600 كىلوۋولت ئامپېر.

2002 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 913 مىليون 200 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە، توك ھاسىل قىلىشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 654 مىليون 270 مىڭ يۈەن، توك يوللاش، توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 243 مىليون 780 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سالدى. قۇرۇلۇش كۆلىمى توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ سىغىمچانلىقى 1 مىليون 931 مىڭ 500 كىلوۋاتلىق 75 گېنېراتور، توك يوللاش قۇرۇلۇشىنىڭ 110 كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان 1666.5 كىلومېتىرلىق 8 لىنىيە، توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 110 كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان 1 مىليون 460 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرلىق 21 پونكىتتىن ئىبارەت. ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەر: (1) توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ سىغىمچانلىقى 235 مىڭ كىلوۋاتلىق 3 گېنېراتور، ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى قۇمۇل 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - نومۇرلۇق گېنېراتور گۇرۇپپىسى (135 مىڭ كىلوۋاتلىق، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، قەشقەر ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 -، 2 - نومۇرلۇق گېنېراتور گۇرۇپپىسى (50000×2 كىلوۋاتلىق، 2 - ئاينىڭ 10 -، 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنلىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى). (2) توك يوللاش قۇرۇلۇشىنىڭ 492.9 كىلومېتىرلىق 7 لىنىيە، ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى كۈيتۇڭ — جىڭ لىنىيىسى (220 كىلوۋولتلۇق، ئۇزۇنلۇقى 172 كىلومېتىر، 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، ئۈرۈمچى تيەنجىن يولى — تەرەققىيات رايونى، سەنگوڭ — تيەنجىن يولى ۋە ۋېيخۇلياڭ — لىيۇشەندىن ئىبارەت 3 لىنىيە (110 كىلوۋولتلۇق، ئۇزۇنلۇقى 19.4 كىلومېتىر، 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، كورلا — بۈگۈر لىنىيىسى (220 كىلوۋولتلۇق، ئۇزۇنلۇقى 196 كىلومېتىر، 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، بۈگۈر — كۇچا لىنىيىسى (220 كىلوۋولت، ئۇزۇنلۇقى 103 كىلومېتىر، 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، كۇچا 220 كىلوۋولتلۇق بېسىم ئۆزگەرتىش پونكىتىنىڭ يۆرۈشلەشكەن ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى (110 كىلوۋولتلۇق، ئۇزۇنلۇقى 2.5 كىلومېتىر، 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى). (3) توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 410 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرلىق 5 ترانسفورماتور، ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى جىڭ توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش پونكىتى (220 كىلوۋولتلۇق، 90000×1 كىلوۋولت ئامپېر، 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، لاۋمەنچىڭ ترانسفورماتور پونكىتىنىڭ 2 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى (220 كىلوۋولتلۇق، 150000×1 كىلوۋولت ئامپېر، 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، تيەنجىن يولى ترانسفورماتور پونكىتى (110 كىلوۋولتلۇق، 4000×2 كىلوۋولت ئامپېر، 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، كۇچا ترانسفورمات پونكىتى (220 كىلوۋولتلۇق، 90000×1 كىلوۋولت ئامپېر، 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى).

2002 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى 14 مىليارد 196 مىليون كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلدى ۋە سېتىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ھاسىل قىلغىنى 13 مىليارد 248 مىليون كىلوۋات سائەت (ئوت كۈچى بىلەن ھاسىل قىلىنغىنى 11 مىليارد 356 مىليون كىلوۋات سائەت، سۇ كۈچى بىلەن ھاسىل قىلىنغىنى 1 مىليارد 732 مىليون كىلوۋات سائەت) بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.56% ئاشتى.

2002 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ توك ھاسىل قىلىدىغان ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 4716 سائەت بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 79 سائەت ئازلاپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوت ئېلېكتر

ئۈسكۈنىلەردىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 4819 سائەت، سۇ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ 4522 سائەت، شامال ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ 2307 سائەت.

2002 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە قاراشلىق گېنېراتورلارنىڭ 6000 كىلوۋات ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى سىغىمچانلىقتىكى ئوت كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدا بىر كىلوۋات سائەت توك ئۈچۈن 443 گرام ئۆلچەملىك كۆمۈر سەرپ قىلىنىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5 گرام ئازايدى؛ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش نىسبىتى 7.62% بولۇپ، 0.14 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى. سىم يوللىرىنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى 9.25% كە يېتىپ، 0.45 پىرسەنت پوئېنتى ئۆرلىدى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئېلېكتر تورى ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي، كۈيتۇڭ شەھەرلىرىنى ۋە تارباغاتاي ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى، سانجى ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنى قاپلىدى.

فىڭ جيې، شېن شۈفېڭ

**شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە قاراشلىق سىغىمچانلىقى 50 مىڭ كىلوۋاتتىن ئاشىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى (پونكىت) لىرىغا دائىر 2002 - يىللىق مەلۇمات**

| تۈرى | ئېلېكتر ئىستانسىسى نامى | گېنېراتور سىغىمچانلىقى (تۈمەن كىلوۋات) | ھاسىل قىلىنغان توك مىقدارى (100 مىليون كىلوۋات سائەت) | ئۈسكۈنىلەردىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى (سائەت) |
|---|---|---|---|---|
| ئوت ئېلېكتر ئىستانسىلىرى | ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى | 60 | 34.81 | 5526 |
| | خۇگېينجى 1 - توك ھاسىل قىلىش شىركىتى | 42 | 20.81 | 4955 |
| | خۇگېينجى 2 - توك ھاسىل قىلىش شىركىتى | 40 | 18.47 | 4617 |
| | ۋېيخولياڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى | 25 | 12.91 | 5165 |
| | قۇمۇل تيەنگۇاڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى | 20.90 | 4.36 | 5895 |
| | ئىلى 2 - ئېلېكتر ئىستانسى | 5 | 2.49 | 4996 |
| | چۆچەك تېمىرتام ئېلېكتر ئىستانسىسى | 5 | | 2361 |
| | تاشدەن ئېلېكتر ئىستانسىسى | 9.90 | 4.42 | |
| | باي ئېلېكتر ئىستانسىسى | 9.90 | 5.33 | |
| | قەشقەر ئېلېكتر ئىستانسىسى | 10 | 1.50 | 3003 |
| سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | توقاي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | 5 | 2.36 | 4724 |
| | تاغ ئاغزى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | 8 | 3.57 | |

شېن شۈفېڭ

## شىنجاڭنىڭ 1 -، 2 - قارارلىق «ئىككىنى ئۆزگەرتىش، بىر ئوخشاش باھا بولۇش» قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوننىڭ 1 -، 2 -قارارلىق «ئىككىنى ئۆزگەرتىش، بىر ئوخشاش باھا بولۇش» قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. 1 - قارارلىق يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 383 مىليون يۈەن بولۇپ، مەبلەغ

سېلىش كۆلىمىنىڭ 98.1%نى ئىگىلىدى؛ 2 ـ قارارلىق يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 934 مىليون يۈەن بولۇپ، مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنىڭ 88.1%نى ئىگىلىدى. 1 ـ، 2 ـ قارارلىق يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ ئومۇمىي سېلىنىدىغان مەبلەغ پىلانىنىڭ 95.2%نى ئىگىلەپ، ھەممە يېزىغا توك يەتكۈزۈش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 83 ناھىيە (شەھەر) ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى، 625 يېزا ـ بازاردا توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلدى، باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى 792 يېزا ـ بازاردا بىۋاسىتە تەمىنلەش، بىۋاسىتە باشقۇرۇشنىڭ قاپلاش دائىرىسى 93.7%كە يېتىپ، شەھەر بىلەن يېزىنى توك بىلەن تەمىنلەشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتلىرى ئۆز تەۋەلىكىدىكى توك بىلەن تەمىنلەش رايونلىرىدا توك سائىتىنى ئۆيلەرگە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. يېزا ئېلېكتر تورىدا بىر ئائىلە بىر توك سائىتى بولۇش قۇرۇلۇشى 1 مىليون 691 مىڭ ئائىلىدە تاماملاندى، بۇ ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 65.8%نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە 27 ناھىيە، شەھەردە ناھىيە، شەھەرنى بىرلىك قىلغان ئوخشاش توردا ئوخشاش باھا بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاقسۇ، تۇرپان ۋىلايەتلىرىدە ۋىلايەتنى بىرلىك قىلغان شەھەر ـ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توكتا ئوخشاش توردا ئوخشاش باھا بولۇش ئالدى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ساۋەن توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئۈلگە قۇرۇلۇش دەپ باھالانغاندىن كېيىن، ساۋەن ناھىيىسىگە يەنە دۆلەت تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشتىكى ئىلغار ناھىيە دەپ نام بېرىلدى.

ئارزۇگۈل

## شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە يەتكۈزۈلدى

2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 220 كىلوۋولتلۇق كورلا — كۇچا توك يوللاش ـ يەتكۈزۈش ـ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە يەتكۈزۈلۈپ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئېلېكتر تورىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەشتىكى بىخەتەرلىكى، ئىشەنچلىكلىكى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ قۇرۇلۇش 220 كىلوۋولتلۇق كورلا — كۇچا — ئاقسۇ توك يوللاش ـ يەتكۈزۈش ـ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسمى، شەرقتە كورلا شەھىرىدىن باشلىنىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىدىكى بۈگۈر، كۇچا، باي، توقسۇ ناھىيىلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، غەربتە ئاقسۇ شەھىرىگە بارىدۇ. 220 كىلوۋولتلۇق 4 ترانسفورماتور پونكىتى ۋە 577 كىلوۋولتلۇق 220 كىلوۋولتلۇق سىم يولىدىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭغا 450 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ، شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى تارىخىدىكى بىر قېتىمدا قۇرۇلغان يەتكۈزۈش مۇساپىسى ئەڭ ئۇزۇن، سېلىنغان مەبلەغ ئەڭ كۆپ بولغان توك يەتكۈزۈش ـ يېيىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، قۇرۇلۇشتا 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئىش باشلانغانىدى.

ئارزۇگۈل

## جىرىنتاي 1 ـ دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشقا باشلىدى

2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى جىرىنتاي 1 ـ دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ چوڭ توسمىسىغا ئۇل سېلىندى. بۇ ئىستانسا ئىلقا ناھىيىسى تەۋەسىدە، ئىلى قاش دەرياسىنىڭ ئومۇمىي پىلانى بويىچە قۇرۇلىدىغان 18 پەلەمپەيسىمان ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىچىدىكى 10 ـ سى، 115 مىڭ كىلوۋاتلىق 4 گېنېراتور گۇرۇپپىسى بار، سىغىمچانلىقى 460 مىڭ كىلوۋات، ئامبار سىغىمى 2 مىليارد 350 مىليون كۇب مېتىر، قۇرۇلۇشقا تەخمىنەن جەمئىي 2 مىليارد 281 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، قۇرۇلۇشنىڭ مۇددىتى 5.5 يىل بولۇپ، 2006 ـ يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش قوشۇمچە ئېقىپ تولۇقلاش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش رولىنى ئوينايدۇ. 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جىرىنتاي پەلەمپەيسىمان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى، پاي دەسمايىسى 467 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ 72%ى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ، 12%ى شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ، 8%ى جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىم سۇ ئېلېكتر قوماندانلىق شتابىنىڭ، 4%ى شىنجاڭ سۇچىلىق سۇ ئېلېكتر ئۆلچەش ـ لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتىنىڭ، 3%ى ئىلى ئېلېكتر قۇۋۋىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ، 1%ى ئىلقا ناھىيىلىك دۆلەت مۈلكى بىلەن مەبلەغ سېلىش ـ تىجارەت قىلىش چەكلىك شىركىتىنىڭ، يەنە بانكىدىن 1 مىليارد 819 مىليون يۈەن قەرز ئېلىشقا ئىلتىماس سۇنۇلدى. 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىلار ئىش بېجىرىش يىغىنىدا ئېلېكتر

ئىستانسىسى تۈرى تولۇقسىزدىكى تەكلىپنامە ماقۇللاندى. 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇرۇلۇشنىڭ «بەشنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشى باشلاندى. 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىلار ئىش بېجىرىش يىغىنىدا ئېلېكتر ئىستانسىسى تۈرىنىڭ تەتقىقات دوكلاتى، ئىش باشلاش دوكلاتى تەستىقلاندى، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى قورشالما توغان ئاغزىدا ئېقىم توسۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

ئارزۇگۈل

### قۇمۇل 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى 3 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تۇنجى گېنېراتور گۇرۇپپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قۇمۇل 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى 3 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 135 مىڭ كىلوۋاتلىق تۇنجى گېنېراتور گۇرۇپپىسى تورلاشتۇرۇپ توك تارقاتتى. 3 - قارار كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى باشلانغان بولۇپ، كۆلىمى 135000×2 كىلوۋات كېلىدۇ، ئۇنىڭغا 978 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شىنجاڭنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشى تۈرى، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل بايلىقىنى مەھسۇلات ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئارزۇگۈل

### كۇچا توك ھاسىل قىلىش شىركىتىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئوللۇق ئوت ئېلېكتر قۇرۇلۇشى — كۇچا توك ھاسىل قىلىش شىركىتىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىش باشلاندى. شىركەتنىڭ ئومۇمىي پىلانىدىكى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 500 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ 135000×2 كىلوۋات بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۈلترا يۇقىرى بېسىملىق ئارىلىقتا قايتا قىزدۇرۇلىدىغان پار تۇربىنىلىق گېنېراتور گۇرۇپپىسى ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭغا 977 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇنى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى (مەبلەغ سېلىش نىسبىتى 85%)، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دۆلەت مۈلكى بىلەن مەبلەغ سېلىش - تىجارەت قىلىش شىركىتى (مەبلەغ سېلىش نىسبىتى 10%) ۋە ئاقسۇ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى (مەبلەغ سېلىش نىسبىتى 5%) بىرلىكتە قۇرىدۇ.

ئارزۇگۈل

### قەشقەر توك ھاسىل قىلىش شىركىتىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى

قەشقەر توك ھاسىل قىلىش شىركىتىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدىكى 50 مىڭ كىلوۋاتلىق 2 گېنېراتور گۇرۇپپىسى 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى. قۇرۇلۇش 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى باشلانغانىدى، ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق تۈر ھېسابلىنىدۇ، ئومۇمىي پىلاندىكى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 350 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، 2 قارارغا بۆلۈپ قۇرۇلدى، 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 50000×2 كىلوۋات، 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ 125000×2 كىلوۋات بولۇپ، شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى بىلەن قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە ئورتاق مەبلەغ چىقىرىپ قۇردى، 504 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى ئۇزاقتىنچە ئېغىر توك يېتىشمەسلىك تارىخى بىلەن خوشلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ئارزۇگۈل

### 220 كىلوۋولتلۇق كۈيتۇڭ - خۇاڭگۇڭ توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى

220 كىلوۋولتلۇق كۈيتۇڭ — خۇاڭگۇڭ (جىڭ ناھىيىسىدىكى خۇاڭگۇڭ ترانسفورماتور پونكىتى) توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى. بۇ قۇرۇلۇش يېڭىدىن قۇرۇلغان بىر 220 كىلوۋولتلۇق جىڭ پونكىتى، كۈيتۇڭ ترانسفورماتور پونكىتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە بىر 168.45 كىلومېتىرلىق توك يوللاش لىنىيىسى ھەم كۈيتۇڭ - جىڭ ئوپتىك ئالاقە قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، 180 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان. قۇرۇلۇشنىڭ ئىشقا كىرىشى بورتالا ئوبلاستىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەشتىكى ئىشەنچلىكلىكىنى يۇقىرى كۆتۈردى. شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئاساسىي ئېلېكتر تورى بىلەن غۇلجا ئېلېكتر تورىنىڭ بىرىكىشىگە يول سالدى.

ئارزۇگۈل

### قەشقەر - قىزىلسۇ ئېلېكتر تورى بىلەن يەكەن - پوسكام ئېلېكتر تورى تۇتاشتۇرۇلدى

2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى 220 ۋولتلۇق قەشقەر - يەكەن توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش

قۇرۇلۇشى يۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. قەشقەر - قىزىلسۇ ئېلېكتر تورى بىلەن يەكەن - پوسكام ئېلېكتر تورى تۇتاشتۇرۇلدى. بۇ قۇرۇلۇش 2000 - يىلى 11 - ئايدا باشلانغانىدى، لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 184 كىلومېتىر كېلىدۇ، ترانسفورماتور پونكىتىدىن 2 سى بار. قۇرۇلۇش ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، توك بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ئاساسىي ئېلېكتر تورىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىگە ئۇزارتىلغاندىن كېيىن، يەنە خوتەن ۋىلايىتىگە كېڭەيتىلىشىگە ئۇل سېلىندى.

ئارزۇگۇل

## قەشقەر - قىزىلسۇ ئېلېكتر تورىدا يېڭى توك باھاسى ئىجرا قىلىندى

2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق باھا ئىدارىلىرى توك باھاسىنىڭ تەڭشەلگەنلىكى ھەققىدە، ئاشكارا ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمەت كومىتېتى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستېمال تۈزىتىش ئىشخانىسى ھەم زاۋۇت - كان، كارخانا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى بولۇپ 50 نەپەرچە ۋەكىل قاتناشتى، زور كۆپچىلىك ۋەكىللەر باھا تەڭشەش لايىھىسىگە قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن ئېتىبارەن قەشقەر - قىزىلسۇ ئېلېكتر تورىدا يېڭى توك باھاسى ئىجرا قىلىندى، ئوتتۇرا ھېساباتا ھەر بىر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.39 يۈەندىن 0.436 يۈەنگە تەڭشەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسى 0.425 يۈەندىن 0.471 يۈەنگە، ئادەتتىكى سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسى 0.435 يۈەندىن 0.481 يۈەنگە، ئاھالىلەر تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسى 0.475 يۈەندىن 0.521 يۈەنگە، سودا ۋە يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتىگە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسى 0.53 يۈەندىن 0.576 يۈەنگە، يېزا ئىگىلىكىدە سۇ چىقىرىۋېتىش - سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسى 0.24 يۈەندىن 0.286 يۈەنگە تەڭشەلدى. بۇ قېتىمقى تەڭشەلگەن باھا يەنە بەلگىلەنگەن يېزا ئىگىلىك 3 - شىنىڭ بىر قىسىم تۈرى - مەيدانلىرىنىڭ ئۆزلۈكىچە سېتىلىدىغان توك باھاسى ۋە پەيزاۋات، يوپۇرغا، مارالبېشى، قەشقەر يېڭىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ئۆزلۈكىچە سېتىلىدىغان توك باھاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئارزۇگۇل

## تۇرپان ۋىلايىتىدە شەھەر - يېزىلاردىكى توكنىڭ باھاسى ئوخشاش بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇرپان ۋىلايىتىدە شەھەر - يېزىلاردىكى توكنىڭ باھاسى ئوخشاش بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ توك مىقدارىنى تەكشۈرۈشتە ئىجرا قىلىندى، يېزا ئاھالىلىرى تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان توكنىڭ ھەر بىر كىلوۋات سائىتى 0.119 يۈەن، غەيرىي ئادەتتىكى سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان توك 0.085 يۈەن، يېزا ئىگىلىكىدە، سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان توك 0.0005 يۈەن چۈشۈرۈلدى، ئوخشاش باھا يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى تەڭشەپ ئازايتىلغان قىسمى بىلەن دېھقانلارنىڭ يىللىق چىقىمىنى 5 مىليون 233 مىڭ 700 يۈەن ئازايتقىلى بولىدۇ.

ئارزۇگۇل

## خوتەن شەھىرىدە يېزىلاردىكى توك باھاسى تۆۋەنلىتىلدى

2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خوتەن شەھەرلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى يېزىلاردىكى توك باھاسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېزىلارنىڭ توك باھاسىنى يەنە بىر قېتىم زور ھەجىمدە تۆۋەنلەتتى. يورۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسى ھەر كىلوۋات سائىتىنىڭ 1.2 يۈەندىن 0.7 يۈەنگە، ھەرىكەتلەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسى 0.685 يۈەنگە، قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىش - سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسى 0.36 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى. دەسلەپكى مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ قېتىمقى يېزىلاردىكى توك باھاسىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق، ھەر يىلى دېھقانلارنىڭ توك پۇلى سېلىقىنى 1 مىليون 836 مىڭ يۈەن يەڭگىللەتكىلى بولىدىكەن.

ئارزۇگۇل

## 2 كارخانا مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ئېلېكتر قۇۋۋىتى كارخانىسى بولدى

2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە قاراشلىق ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى تەڭشەپ تەقسىملەش مەركىزىگە جۇڭگو بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ئېلېكتر تورىنى تەڭشەپ تەقسىملەش ئاپپاراتى دەپ، ئۈرۈمچى توك ئىشلىرى ئىدارىسىگە جۇڭگو بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى توك بىلەن تەمىنلەش كارخانىسى دەپ نام بېرىلدى.

ئارزۇگۇل

### شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى لايىھىلەش يۇرتى تۇنجى قېتىم چەت ئەلگە چېتىشلىدىغان ئېلېكتر قۇۋۋىتى لايىھىلەشكە خېرىدار بولدى

2002 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى لايىھىلەش يۇرتى تۇنجى قېتىم چەت ئەلگە چېتىشلىدىغان قۇرۇلۇش — سۇدان 110 كىلوۋولتلۇق توك يوللاش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەشكە خېرىدار بولدى. قۇرۇلۇش ئۇزۇنلۇقى 70.7 كىلومېتىر بولغان 110 كىلوۋولتلۇق 2 لىنىيە ۋە 110 كىلوۋولتلۇق6 ترانسفورماتور پونكىتىدىن ئىبارەت.

ئارزۇگۈل

### شىنجاڭ توك يوللاش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى شىركىتى ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى قۇرۇلۇشقا خېرىدار بولدى

2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىنجاڭ توك يوللاش- بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى شىركىتى ئۇزۇنلۇقى 58.4 كىلومېتىر كېلىدىغان 500 كىلوۋولتلۇق گۈيجۇ - گۇاڭدۇڭ توك يوللاش لىنىيىسىنىڭ ئۆلچەملىك 16 ئۈچاستكا قۇرۇلۇشىغا خېرىدار بولدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئورنى گۇاڭشىنىڭ ليۇجۇ - خېچى رايونىدا.

ئارزۇگۈل

### توك بىلەن ئىسسىتىشقا مەدەت بېرىلىپ مەركىزىي شەھەرنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشى ئازايتىلدى

2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى ئېلېكتر تورى ئىچىدە، مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئېلېكتر پار قازىنى، تۆۋەن ھارارەتلىك رادىئاتسىيىلىك توك بىلەن قىزىتىلىدىغان پەردە ۋە ئىسسىقلىق چىقىرىدىغان كابېل ئىشلىتىپ ئىسسىنىدىغان مۇئامىلىدارلارغا يېڭى توك باھاسى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى، يېڭى توك باھاسىدا ھەر كىلوۋات سائەتنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلىدە 0.45 يۈەن، ئادەتتىكى چاغدا 0.28 يۈەن، تۆۋەن پەللىگە چۈشكەندە 0.198 يۈەن بولدى. بۇ تەدبىرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىر قېتىملىق ئېنېرگىيىنى يەنىمۇ تېجەپ، كۆمۈر، ماي، گاز بىلەن ئىسسىنىشتىن توك بىلەن ئىسسىنىشقا يۈرۈلۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەركىزىي شەھەر ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىشقا پايدىلىق.

ئارزۇگۈل

### ئاساسلىق شەھەرلەردە توك بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتىنىڭ قىزىق لىنىيىسى ئېچىلدى

2002 - يىلى ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان قاتارلىق 14 شەھەردە توك بىلەن تەمىنلىنىدىغان مۇئامىلىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش قىزىق لىنىيىسى «95598» ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىپ، ئېلېكتر قۇۋۋىتى ۋەقەسىنى رېمونتقا مەلۇم قىلىش، توك بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتى ئۈستىدە ئەرز- شىكايەت قىلىش بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، توك ئىشلىتىدىغان مۇئامىلىدارلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇلدى. شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمەت سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

ئارزىگۈل

### ئالتاي بېيتۇن توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋەيران بولدى

2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئالتاي بېيتۇن توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغى يېتىشمىگەنلىكى، ئۇسكۇنىلەردە يېتىشسىزلىكلەرنىڭ بىر قەدەر كۆپلۈكى، توك ھاسىل قىلىش تەننەرخىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرىلىقى، زىياننىڭ ئېغىرلىقى، قەرزدارلىق نىسبىتىنىڭ 199%كە يەتكەنلىكى، قەرز قايتۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئارزۇگۈل

## پولات - تۆمۈر سانائىتى

### پولات - تۆمۈر سانائىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ پولات - تۆمۈر كارخانىسى بىر، يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك پولات - تۆمۈر كارخانىسى 2، يېزا- بازارلاردىكى كوللېكتىپ كارخانا ۋە خۇسۇسىي كارخانا ئاز كەم 70 بولۇپ، 1 مىليون 700 مىڭ توننا پولات، 1 مىليون 200 مىڭ توننا تۆمۈر، 1 مىليون 880 مىڭ توننا پولات ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پولات 1 مىليون 754 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 33.1%، تەييار پولات ماتېرىيال 1 مىليون 520 مىڭ توننىغا يېتىپ، 13.1% ئاشتى. شىنجاڭ پولات - تۆمۈر سانائىتىنىڭ تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى مۇنداق: بىرىنچىدىن، ئەلالىرىغا، كۈچلۈكلىرىگە مەدەت بېرىپ، چوڭ كارخانا (گۇرۇھ) ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش چوڭ تايانچ كارخانىلارنى قايتا تەشكىللەش - ئۆزگەرتىشكە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلىپ، مەبلەغ

سېلىش سۈپىتىدىكى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈلۈپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، قۇرۇلمىنى تەرتىپكە سېلىپ، بازارلارنى رەتلەش ۋە بىرىكتۈرۈش - ۋەيران قىلىش، قوشۇۋېتىش، قالاقلىرىنى شاللىۋېتىش ئارقىلىق، بايلىق مەنبەسى ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانىلارغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېزلىتىپ، كەسىپ ۋە مەھسۇلات دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش. سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش ئارقىلىق، «1. ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھىنىڭ تاغتايىسان بەلۋاغ قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سايلىشىش، يۈيۈملىشىش نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى تېزلىتىلىپ، بازارنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى ۋە مەھسۇلاتنىڭ رىقابەت كۈچى ئۆستۈرۈلدى.

دېڭ شۈچى

## شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە، ئىشلەپچىقىرىلغان كوكس 559 مىڭ 500 توننا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 0.26% ئازايدى؛ ئەسلى مىنېرال تۆمۈر رۇدىسى 1 مىليون 432 مىڭ 100 تونىنغا يېتىپ، 21.62%، ساپ تۆمۈر رۇدىسى 1 مىليون 47 مىڭ 900 تونىنغا يېتىپ، 20.27%، كاللەك رۇدا 801 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، 7.01% ئاشتى؛ كۆيدۈرۈلگەن رۇدا 809 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 9.02% ئازايدى؛ چويۈن 1 مىليون 173 مىڭ 100 تونىنغا يېتىپ، 9.94%؛ پولات 1 مىليون 674 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 33.49%، پولات ماتېرىيال 1 مىليون 581 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ، 32.87% ئاشتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 3 مىليارد 447 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 19.11%؛ ھازىرقى باھا بويىچە 5 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.31% ئاشتى؛ ساتقان مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 5 مىليارد 477 مىليون يۈەن بولۇپ، 0.02% ئازايدى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى (ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بويىچە) 1 مىليارد 579 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.06% ئاشتى، مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى 9 مىليارد 601 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.42% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقسىز مۈلۈك 3 مىليارد 802 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 21.98% ئاشتى، ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز سوممىسى 1 مىليارد 4 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.94% ئاشتى، تۇراقسىز قەرز 4 مىليارد 804 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 0.1% ئاشتى، مۈلۈكنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى 60.48%، تۇراقسىز سېلىشتۇرما نىسبىتى 79.16% بولدى. بىر يىلدا 1 مىليون 614 مىڭ 200 توننا پولات ماتېرىيال سېتىلىپ، 9.82% كۆپەيدى؛ ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى 114% بولدى؛ مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 3 مىليارد 683 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.25% ئاشتى؛ مەھسۇلات سېتىش خىراجىتى 213 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 34.81% ئاشتى؛ باشقۇرۇش خىراجىتى 429 مىليون يۈەن بولۇپ، 10.63% ئازايدى، مالىيە خىراجىتى 179 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.68% ئاشتى، پايدا - باج ئومۇمىي سوممىسى 551 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.28% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ساپ پايدا 60 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولۇپ، 4.64% ئازايدى.

لو يىڭپىڭ

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تۇراقلىق مۈلۈككە 230 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 130 مىليون يۈەن، يېڭىلاش-ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 100 مىليون يۈەن. 3 - نومۇرلۇق 42 تۆشۈكلۈك كوكس پېچى لايىھەلەندى ۋە ئۇنىڭدا ئىش باشلاندى؛ تاغتايىسان بەلۋاغ قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىي جەھەتتىن پىلانلاش لايىھەسى ۋە بىر قىسىم كىرگۈزۈلىدىغان ئۈسكۈنىلەر ئۈستىدىكى سۆھبەت تاماملاندى؛ سىخەي تۆمۈر رۇدىسى كېنىنىڭ داۋامى 2002 - يىل 4 - ئايدا باشلاندى؛ يامانسۇ كېنىنى ئۇچۇقچىلىقتىن قۇدۇق ئىچىدە قېزىشقا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ سەرخىل پولاتلار تۈجۈپىلىك رەتلىنىدىغان ئامبار قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلىتىلدى؛ تاختىلىق پۈرۋىنىنى ئۆزگەرتىشنىڭ 1 - قاتارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ بويى مېتال ياسالمىلىرى تۈرىدە، پولات چۆيۈق كەپشەرلەش تۈرىنىڭ 2 - نومۇرلۇق لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش تاماملاندى؛ 650 ئىسسىقلىق ساقلاش تىپىدىكى قىزدۇرۇش پېچى 2002 - يىل 11 - ئايدا پۈتتى ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئايلانما پېچ زاۋۇتىنىڭ 1 - نومۇرلۇق ئۈزلۈكسىز قۇيۇش ماشىنىسى ئۆزگەرتىلدى؛ ئىسسىقلىق بىلەن توكنى بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى 2002 - يىل 3 - ئايدا باشلىنىپ، تولۇق قۇرۇلۇشى تاماملاندى ۋە ئاساسىي گەۋدىلىك

ئۈسكۈنىلىرىنىڭ رامكىسى ئورنىتىلدى؛ سائىتىگە 6000 كۇب مېتىر ئوكسىگېن تەييارلايدىغان 2 - نومۇرلۇق ماشىنا قۇرۇلۇشىنىڭ داۋامى 2002 - يىل 5 - ئايدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ «كېپىنەك شامى» ئىلمە توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تاماملاندى؛ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ مەدەنىيەت مەيدانىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر سۇ ئۈزۈش سارىيىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى ھەمدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

لو يىڭپىڭ

## پەن تەتقىقات، مەھسۇلات كەشىپ قىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھ) شىركىتى 50CrVA پۈرژىنا پولاتنى كەشىپ قىلىش، 60Si2Mn پۈرژىنا يېسى پولاتنى ياندىن بېرىش، پوستىنى ئاجرىتىشتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە HRB335 بويىچە قىزدۇرۇپ پروكاتلانغان قوۋۇرغىسىمان پولات چىۋىقلىق يېڭى مەھسۇلاتنى كەشىپ قىلىش تەتقىقاتى قاتارلىق تۈرلەرنى تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 50CrVA پۈرژىنا پولات ئاپتونوم رايوننىڭ بوشلۇقىنى تولدۇردى. تۆۋەن تەننەرخلىق 2- دەرىجىلىك پولات چىۋىق 20MnSi، تۆۋەن تەننەرخلىق 3- دەرىجىلىك پولات چىۋىق، پاختا تاپلاش سىمى، يۇقىرى بېسىملىق سىم، قاتتىق سىم مەھسۇلاتلىرىنى كەشىپ قىلىش قاتارلىق تۈرلەرنى قانات يايدۇردى. مۇشۇ بىر يىلدا سورتلۇق پولاتتىن 47 مىڭ 600 توننا ئىشلەپچىقاردى، 44 مىڭ 900 توننا سېتىلدى.

لو يىڭپىڭ

## تاختىسىمان پۈرژىنا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھ) شىركىتىنىڭ تاختىسىمان پۈرژىنا شىركىتى 10 مىڭ 800 توننا تاختىسىمان پۈرژىنا ئىشلەپچىقاردى، بۇ 2001 - يىلدىكىدىن 32.62% كۆپ؛ ساتقان تاختىسىمان پۈرژىنا 10 مىڭ 500 توننا بولۇپ، 32.91% كۆپ. يىغىۋېلىنغان مەبلەغ 55 مىليون 887 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 26.2% ئاشتى، سېتىش كىرىمى 47 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26.73% ئاشتى، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى 97.6%. ئېلىنغان پايدا سوممىسى 3 مىليون 967 مىڭ 500 يۈەن، ساپ پايدا 2 مىليون 576 مىڭ 900 يۈەن بولدى.

لو يىڭپىڭ

## شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 2002 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 3029، مائاش ئومۇمىي سوممىسى 75 مىليون 259 مىڭ يۈەن. ئىشلەپچىقىرىلغان پولات 1 مىليون 674 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 33.49%؛ پولات ماتېرىيال 1 مىليون 581 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 32.87%، مۇشۇ يىلدا سېتىلغان پولات ماتېرىيال 1 مىليون 614 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، 9.82% ئاشتى؛ 3 مىليارد 180 مىليون يۈەن مەبلەغ يىغىۋېلىندى، پايدا، باج 321 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلى پاي چەكلىك شىركەتتە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ۋەقەسىدە يارىلىنىش نىسبىتى 5‰ بولدى.

لو يىڭپىڭ

## پاي چېكى بازارغا سېلىندى

«1 - ئاۋغۇست، پولات - تۆمۈر» (600581) پاي چېكى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شاڭخەي ئاكسىيە سودا بازىرىنىڭ تورىدا باھا بېكىتىلىپ تارقىتىلدى. ئوبوروتتىكى پاي دەسمايىسى 130 مىليون A پاي بولۇپ، پاينىڭ يەككە باھاسى 7.38 يۈەن بولدى. 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شاڭخەي ئاكسىيە سودا بازىرىدا رەسمىي ۋىۋىسكا ئېسىلىپ سودا قىلىندى. ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان جۇغلانما مەبلەغ 920 مىليون يۈەن، بۇنىڭدىن 480 مىليون يۈەن «1- ئاۋغۇست» گۇرۇھ شىركىتىنىڭ ئېلېكتر بىلەن پولات تاۋلاش زاۋۇتىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلدى؛ 240 مىليون يۈەن يېڭى تىزگىنلىنىدىغان «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە سىم ماتېرىياللىرى ئىشلەش چەكلىك شىركىتىگە سېلىندى.

لو يىڭپىڭ

# رەڭلىك مېتال سانائىتى

## رەڭلىك مېتال سانائىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى ئاساسلىقى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھ) شىركىتى، شىنجاڭ جۇڭخې ئالىيۇمىنچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى (پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت) قاتارلىق ئاساسلىق كارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭغا قاراشلىق چوڭ كانچىلىق كارخانىلىرى

كۆكتوقاي ئاز ئۇچرايدىغان مېتال كېنى، قارا تۈگكى مىس-نىكېل كېنى، فۇكاڭ مېتال تاۋلاش زاۋۇتى، شىنجاڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى، ئاشى ئالتۇن كېنى، قاراماي ئالتۇن كېنى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئاساسلىق مەھسۇلاتى ئېلېكترولىزلانغان نىكېل، ئېلېكترولىزلانغان ئاليۇمىن، ئېلېكترولىزلانغان مىس، ئالتۇن، لىتىيلىق تۇز مەھسۇلاتلىرى، مېتالسىمان لىتىي، ئوكسىدلانغان كوبالت، تانتال - نىئوبىي ساپ رۇدىسى، خروم رۇدىسى ۋە ئېلېكترون ئاليۇمىن ياپراقچىسى، ئاليۇمىنلىق ماتېرىيال قاتارلىق پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلاردىن ئىبارەت.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 10 خىل رەڭلىك مېتالنىڭ مەھسۇلاتى 2001 - يىلدىكىدىن %11تىن ئارتۇق ئاشتى، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى %99تىن ئېشىپ كەتتى. نۇقتىلىق تايانچ كارخانىلار ئىچىدە، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇھى شىركىتىنىڭ يىللىق سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، پايدىسى 10 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شىنجاڭ جۇڭخې پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يىللىق سېتىش كىرىمى 400 مىليون يۈەنگە يەتتى، پايدىسى 60 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

2002 - يىلى شىنجاڭدا كۆمۈر - ئېلېكتر - ئاليۇمىن بويىچە يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتال تاۋلاش مەركىزى قۇرۇش چېلى تۈزۈلدى، پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى ۋە كۆلەم ئۈستۈنلۈكى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال تاۋلاشنى كۈچلۈك كەسىپ قىلىپ، بېرىللىي، مىسنى نەيچە پىششىقلاپ ئىشلەپ، لىتىيلىق تۇزنى چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەپ شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتىنى ئىمكانقەدەر چوڭ ھەم كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا كۈچ چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە رەڭلىك مېتال بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى ھەمدە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلدى.

دىڭ شۈچى

### شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىل 3 - ئايدا، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى رەسمىي ئىش باشلىدى. گۇرۇھ شىركىتىگە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي گۇرۇپلار 22، كەسپكارى 15 مىڭدىن ئاشىدۇ. 2002 - يىلى گۇرۇھ شىركىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 675 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، پايدىسى 10مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 220 مىليون يۈەنگە يەتتى. دۆلەت مۈلكىنىڭ كۆپەيگەن قىممىتى %1 بولدى. ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى مۇنداق بولدى: ساپ لىتىيلىق رۇدا 7400 توننا، ساپ تانتال - نىئوبىي رۇدىسى 45 توننا، ئېلېكترولىزلاشقان نىكېل 1980 توننا، ئېلېكترولىزلاشقان مىس 3852 توننا، ئېلېكترولىزلاشقان ئاليۇمىن 9934 توننا، لىتىي گىدروكسىد 2454 توننا، لىتىي كاربونات 1635 توننا، لىتىي خلورىد 440 توننا، مېتاللاشقان لىتىي 36 توننا، ئالتۇن 63 مىڭ سەر. ئېلېكترولىزلاشقان نىكېلنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 2001 - يىلدىكىدىن %2، ئېلېكترولىزلاشقان مىسنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %1 ئاشتى.

شۇ سەيگۇاڭ

# ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى

### ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ئۈچۈر مەھسۇلاتى ياساش كەسپىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كۆلەمدىن يۇقىرى 164 سانائەت كارخانىسىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 4 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن %8.1 ئاشتى. سېتىلغان سانائەت مەھسۇلاتلىرى قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 4 مىليارد 480 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن ئالماشتۇرۇلغان مال قىممىتى 100 مىليون يۈەن؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.2 ئاشتى.

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ يۇمشاق دېتال كەسپىدىكى نۇقتىلىق ستاتىستىكا قىلىنغان 60 كارخانىنىڭ سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇمشاق دېتال سېتىش كىرىمى 70 مىليون يۈەن، سىستېما بويىچە توپلاشتۇرۇلغان سېتىش كىرىمى 300 مىليون يۈەن، پايدا 120 مىليون يۈەن.

جاڭ خەنجىن

## قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئەھۋالى

2002 - يىل 11 - ئايغىچە شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدىكى كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلار ئىچىدە، دۆلەت كارخانىسى 84 بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۈلكى بارلىق ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدىكى مۈلۈك سالمىقىنىڭ %27.6نى، مەھسۇلات قىممىتى بارلىق ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %29نى ئىگىلەيدۇ. ئىسلاھات، تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا بىر تۈركۈم ئەھۋالى ناچار كارخانىلار قوشۇۋېتىلىش، ۋەيران بولۇش ئارقىلىق دۆلەت ئىلكىدىكىلەر قاتارىدىن چېكىنىپ چىقتى. كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىدىكى كارخانىلار ۋە دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كارخانىلار شىنجاڭنىڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى.

2002 - يىلى ئۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمى يەنىمۇ تېزلىتىلدى. بىرىنچىدىن، باشلامچى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى چىڭ تۇتۇلۇپ، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ترانسفورماتور تۈرى، 500 كىلوۋولت دەرىجىلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى ترانسفورماتور تورىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، 750 كىلوۋولت دەرىجىلىك كەم ئۇچرايدىغان قېتىشما ئاليۇمىن سىم تۈرى ۋە 110 كىلوۋولت دەرىجىلىك بىرىكمە پولىئېتىلېنلىق كابېل تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئۇقتىلىق مەدەت بېرىلىپ، ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتىنىڭ 500 كىلوۋولتلۇق، 750 كىلوۋولتلۇقتىن يۇقىرى دەرىجىلىك توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش مەھسۇلاتلىرىنى تەڭشەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈزلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، ئاپتوموبىل سانائىتى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى چۆرىدەپ، مەبلەغ مەنبەسىنى رەتلەش - بىرىكتۈرۈش ئاساسىدا، شىنجاڭ «شەرق شاملى» ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتىنىڭ قولمۇق دالا ئاپتوموبىلى (10 توننىلىق)، ئېغىر تىپتىكى يۈك (موللاقچى) ئاپتوموبىلى، شۇنىڭدەك شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ ھەر خىل ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەدەت بېرىلدى. ئۈچىنچىدىن، بازىرى ئىتتىك بىر تۈركۈم دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىسازلىق مەھسۇلاتلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. تۆتىنچىدىن، نېفىت قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئۇقتىلىق مەھسۇلاتلارنى ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە يەنىمۇ بۆسۈش بولدى، تۈرلۈك يېڭى تىپتىكى ئېنېرگىيە تېجەشلىك ماي سۈمۈرۈش ماشىنىسىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈشى ئەسلىدە بار بولغان مېخانىك سۈمۈرۈش ماشىنىسىنى %30تىن ئارتۇق ئېنېرگىيە تېجەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇ ماشىنىنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتى ئاپتونوم رايوندا %70تىن يۇقىرى، ئىچكى ئۆلكىلەردە %18 بولدى.

2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ دۆلەت مۈلكى بىلەن مەبلەغ سېلىش - تىجارەت قىلىش چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ گۇاڭخۇي گۇرۇھىنىڭ ئۈچ - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى بىلەن شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئۈچ- زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ شىنجاڭ 1 - ئاپتوموبىل زاۋۇتىنى سېتىۋېلىپ قوشۇۋېلىشى توغرىسىدىكى كېلىشىمنى ئىمزالىدى.

جاڭ خەنجىن

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىنىڭ 21 تۈرى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ۋە پىلان كومىتېتىنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 201 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە سېلىنغىنى 174 مىليون يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىگە سېلىنغىنى 26 مىليون 970 مىڭ يۈەن. ئۇقتىلىق تۈرلەر: ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي شىركىتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 6، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان پولات ئۆزەكلىك ئاليۇمىن يالىتىلغان سىم تۈرى (سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليون 900 مىڭ يۈەن) گە مەبلەغ سېلىنىپ بولدى، زاۋۇت ئۆيلىرى پۈتۈپ، ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلۇپ بولدى؛ 110 كىلوۋولتلۇق بىرىكمە كابېل تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى (سېلىنىدىغان مەبلەغ 73 مىليون 80 مىڭ يۈەن) گە %90 مەبلەغ سېلىنىپ بولدى، زاۋۇت ئۆيلىرى پۈتتى، ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇشقا تەييار بولدى؛ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ترانسفورماتور تۈرى (سېلىنىدىغان مەبلەغ 89 مىليون 800 مىڭ يۈەن) گە 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، زاۋۇت ئۆيلىرى پۈتتى ۋە ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلۇپ بولدى. شىنجاڭ «شەرق شاملى» ئوت ئۆچۈرۈش يەن - تېخنىكىسى تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ EBM ئوت ئۆچۈرۈش سايمىنى تۈرىنىڭ مەبلىغى پۈتۈنلەي سېلىنىپ بولدى. مەھسۇلاتى سېتىلىشقا باشلىدى. شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن سۇ چىقىرىش ۋە يورۇتۇشقا ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىلىدىغان سىستېما تۈرىگە جەمئىي 140 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كاپىتالى 20 مىليون يۈەن، بۇ تۈر ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتىنىڭ ھەممىباب يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئوت - چۆپ يەنچىش ماشىنىسى

تۈرىدە، تۇراقلىق مۈلۈككە 5 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، زاۋۇتنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى، ئۈسكۈنىلىرى قۇراشتۇرۇلۇپ بولدى. شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتىنىڭ يېڭى تېخنىكا ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ماي سۈمۈرۈش ماشىنىسى تۈرىگە 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىپ بولغىنى 3 مىليون يۈەن، ئالاقىدار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىنىپ قۇراشتۇرۇلۇپ بولدى. شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنىنىڭ تېجەپ سۇغىرىشنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىش تۈرىگە 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ 1 مىليون يۈەنى ئۇچۇر سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ ئېلېكترون تەرەققىياتى فوندىدىن ياردەم بېرىلگەن. بۇنىڭ مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئۇيۇشتۇرغان يېڭى مەھسۇلاتلارنى باھالاشتىن ئۆتۈپ، تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە سېتىلىشقا باشلىدى.

چاڭ خەنجىن

## پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىنىڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 74 تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلاتى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسى بويىچە تەكشۈرۈشكە يوللانغان ۋە يولغا قويۇلغان تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرى 137. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتىنىڭ BG-1 ئېلېكتر دۇڭگاتېل چاستوتىسى/سانائەت چاستوتىسىنى ئاپتوماتىك ئالماشتۇرۇش - نازارەت قىلىپ كونترول قىلىش سايمىنى، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 20 كىلوۋاتلىق قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن سۇ چىقىرىش، يورۇتۇش ئۇنىۋېرسال سىستېمىسى، شىنجاڭ تيەننىڭ ئېلېكتر تېخنىكىسى - ئىزولياتسىيە ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ FZBW-110/12.5 تىپلىق يۇقىرى بېسىملىق مۇرەككەپ تۈۋرۈكلۈك ئىزولياتورى، FZBW-220/6 تىپلىق يۇقىرى بېسىملىق مۇرەككەپ تۈۋرۈكلۈك ئىزولياتورى قاتارلىق 4 مەھسۇلاتنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى، 30 مەھسۇلاتى دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

2002 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدە يارىتىلغان يېڭى مەھسۇلاتلار: TSQ5250GGS تىپلىق سۇ باكلىق ماشىنا، TSQ1261 تىپلىق يۈك ئاپتوموبىلى، XJ6106 تىپلىق ئاپتوبۇس، XJ6106W تىپلىق كارىۋاتلىق ئاپتوبۇس، XJ6106WA تىپلىق كارىۋاتلىق ئاپتوبۇس، XJ6108WA تىپلىق كارىۋاتلىق ئاپتوبۇس، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 0.38/0.66 كىلوۋولتلۇق كانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان رېزىنكە قاپلىق كۆچمە يۇمشاق كابېل، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 0.6/1 كىلوۋولتلۇق B·C خىلدىكى رېزىنكىلىك ئىزولياتورلۇق ئېلېكتر قۇۋۋىتى كابېلى، 70℃لۇق سوغۇققا چىداملىق پولى ۋىنىل خلورىدلىق كابېل ماتېرىيالى، XNY-YK20/3801 تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ توك مەنبەسىنى كونتروللىغۇچ، KYN□-12(Z)/T1250-31.5 تىپلىق ئالمىلىدە ئىشلىتىلىدىغان مېتال قاپلىق تارتمىلىق ۋېكلىيۇچاتېل ئۈسكۈنىسى، پولات بىلەن ئاليۇمىنىدىن ياسالغان مۇرەككەپ ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، LGJ185/30 تىپلىق پولات ئۆزەكلىك ئاليۇمىن يالىتىلغان سىم، ZR-IVA-VV22-0.6/1 كىلوۋولتلۇق 4X35 كۆيۈشكە قارشى كابېل، NH-IVB-VV22-0.6/1 كىلوۋولتلۇق 4X35 ئوتقا چىداملىق كابېل، VV223X120+1X70 تىپلىق پولى ۋىنىل خلورىدلىق ئىزولياتورلۇق ئېلېكتر قۇۋۋىتى كابېلى، YJV223X185 تىپلىق مىس ئۆزەكلىك بىرىكمە پولى ۋىنىل خلورىدلىق ئىزولياتورلۇق ۋە پولى ۋىنىل خلورىدلىق مۇھاپىزەت قاپچۇقى قاپلانغان ئېلېكتر قۇۋۋىتى كابېلى، 10KV ئاليۇمىن ئۆزەكلىك تورلۇق ئۆزەك قوشۇمچە قىلىنغان كۆتۈرمە ئىزولياتورلۇق كابېل، ئېلېكتر ماشىنىلىرى ئورام گورۇپپىسىغا كىرگۈزۈلىدىغان يۇمشاق كابېل ۋە يۇمشاق سىم، ئاق چۈمۈلىدىن مۇداپىئە كۆرۈش تىپىدىكى FYH-90℃ ئىسسىققا چىداملىق مۇھاپىزەت قاپچۇقى دەرىجىسىدىكى پولى ۋىنىل خلورىدلىق سۇلياۋ، QG12Z-A تىپلىق 8 توننىلىق مولاقچى ئاپتوموبىل، XJ6108K تىپلىق كارىۋاتلىق كاتتا ئاپتوبۇس، XJ6109K تىپلىق كارىۋاتلىق كاتتا ئاپتوبۇس، XJ6850K تىپلىق ئاپتوبۇس، پولات ئۆزەكلىك ئاز ئۇچرايدىغان ئاليۇمىن يالىتىلغان سىم، كومپيۇتېر كابېلى، پاختا پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق كونترول قىلىش سىستېمىسى، ئېلېكتر سىمى ۋە كابېلغا ئىشلىتىلىدىغان 70℃لۇق ئوتقا چىداملىق پولى ۋىنىل خلورىدلىق ئىزولياتورلانغان بوشلۇقتا تارتىلىدىغان سۇلياۋ، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 1KV ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بوشلۇقتا تارتىلىدىغان ئىزولياتورلۇق باغلام كابېل، يۇركۇپ، تېمىتىپ سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاليۇمىن قېتىشمىلىق يۇمىلاق تۇرۇبا، 1LZ-7.2 تىپلىق يەر تۈزلەش ماشىنىسى، XZC5260GYY ماي توشۇش ۋاگونى، XZC3220 تىپلىق مولاقچى ئاپتوموبىل،

S9—M. Y—40/10—100/10 تىپلىق نېفىت تېلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ترانسفورماتور، XJ6890 تىپلىق ئاپتوبۇس، XJ6970A تىپلىق ئاپتوبۇس، يەر يۇمشىتىش - ئوت ئوتاش ماشىنىسى، XJFT5090 تىپلىق سۇ چېچىش ماشىنىسى، XJFT5090ZLJ تىپلىق يۆرۈمە شەكىللىك موللاقچى ئەخلەت ئاپتوموبىلى، XHJ5260GYQ—S تىپلىق 10 توننىلىق سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى باكلىق ئاپتوموبىل، XZC3158 تىپلىق موللاقچى ئاپتوموبىل، تېجەپ سۇغىرىشنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىش سىستېمىسى، XZC9280P تىپلىق تېگى تەكشى تاختايلىق يېرىم پرىتسېپ، XZG5152CYY تىپلىق ماي توشۇش ئاپتوموبىلى، TSQ5250GYY تىپلىق ماي توشۇش ئاپتوموبىلى، TSQ5301GYY تىپلىق ماي توشۇش ئاپتوموبىلى، FXBW—330/100 تىپلىق يۇقىرى بېسىملىق ئاسما شەكىللىك مۇرەككەپ ئىزالياتور، FHBW—35/5 تىپلىق يۇقىرى بېسىملىق مۇرەككەپ توغرا بالداقلىق ئىزولياتور، FZBW—220/6 تىپلىق يۇقىرى بېسىملىق مۇرەككەپ تۈۋرۈكلۈك ئىزولياتور، FZBW—35/70 تىپلىق يۇقىرى بېسىملىق مۇرەككەپ ئىزولياتور، FXBW—110/100 تىپلىق يۇقىرى بېسىملىق ئاسما شەكىللىك مۇرەككەپ ئىزولياتور، FXBW—220/160 تىپلىق يۇقىرى بېسىملىق ئاسما شەكىللىك مۇرەككەپ ئىزولياتور، FZBW — 110/ 12. 5 تىپلىق يۇقىرى بېسىملىق مۇرەككەپ تۈۋرۈكلۈك ئىزولياتور، ئېلېكتر سىمى ۋە كابېلغا ئىشلىتىلىدىغان 90℃لۇق كۆيۈشكە قارشى قوغداش قاپچۇقى دەرىجىسىدىكى يۇمشاق پولى ۋىنىل خلورىدلىق سۇلياۋ، ئاز ئۆچرايدىغان قوش پولات ئۆزەكلىك ئالىيۇمىن يالىتىلغان سىم، XJ6120W تىپلىق كارىۋاتلىق كاتتا ئاپتوبۇس، 220KV دەرىجىلىك قەغەز ئىزولياتور بىرىكتۈرۈلگەن ئۆتكۈزگۈچ سىم، قەغەز ئورالغان يېپى سىم مەھسۇلاتلىرى، XNY—TLJ—60 تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك يول چىرىغى كونتروللىغۇچ، قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئىسسىقلىق توپلاش قۇرۇلۇشىنىڭ يىراقتىن كونترول قىلىش سىستېمىسى، XNYZ—100G تىپلىق ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان تۆۋەن نۇرلۇق تولۇق مەنبەسى، قەغەز ئىزولياتور بىرىكتۈرۈلگەن يالىڭاچ ئۆتكۈزگۈچ (ئېلېكتر ماگنىتلىق) سىم مەھسۇلاتلىرى، XNY—TDZ(P)—00(01) تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن نۇر ھاسىل قىلىدىغان يول چىرىغى، XNY—TC—01 تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك چىملىق چىرىغى، XNY—TH—30 تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك قارامتۇل نۇرلۇق چىراغ، 20KW تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك سۇ چىقىرىش ۋە يورۇتۇشتا ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىلىدىغان سىستېما، 2BMKQ تىپلىق گاز سۈمۈرۈش شەكىللىك تولۇق مىقدارلىق سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ تېرىش ماشىنىسى، 3WGZ—2000 تىپلىق ئېگىز جازىلىق ئاپتوماتىك ماڭىدىغان تومانلىتىش ماشىنىسى، BG—1 ئېلېكتر دۇئېگاتېل چاستوتىسى/سانائەت چاستوتىسىنى ئاپتوماتىك ئالماشتۇرۇش - نازارەت قىلىپ تېزگىنلەش سايمىنى، ئوكسىدلارنى گۇلدۇرماسىدىن ساقلايدىغان، سىرتى بوشلۇق قالدۇرماي قاپلانغان مۇرەككەپ مېتال سايمان، يۇقىرى بېسىملىق سىم يولىغا ئىشلىتىلىدىغان يەڭنە شەكىللىك مۇرەككەپ ئىزولياتور، XJ6120WA تىپلىق كارىۋاتلىق ئاپتوبۇس، ئالاھىدە MC تىپلىق نېلون، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 0. 3/0. 5KV لىق كۆمۈر كانىدا ئىشلىتىلىدىغان كۆيۈشكە قارشى يۇرغىنىڭ رېزىنكە قاپلىق كابېلى، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 0.6/1 كىلوۋولتلۇق تەييار تارماق كابېل.

جاڭ خەنجىن

شىنجاڭنىڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ياسىمىچىلىقى كەسپىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 2002 - يىللىق ئەھۋالى

| نامى | كارخانا سانى | سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) (تۈمەن يۈەن) | سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) (تۈمەن يۈەن) | سانائەت قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | مەھسۇلات سېتىش كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | مەھسۇلات سېتىش بېجى ۋە قوشۇمچە ھەق (تۈمەن يۈەن) | پايدا سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (ئادەم بېشىغا يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| نۇقتىلىق كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن كارخانىلار | 164 | 413830 | 454378 | 119303 | 463273 | 2568.7 | 3430 | 38627 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يۇنلاڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرى | 73 | 48967 | 56371 | 15277 | 60381 | 382 | —7016 | 15567 |
| كوللېكتىپ كارخانا | 15 | 17784 | 22214 | 5385 | 26914 | 476.8 | 731 | 20182 |
| پاي ھەمكارلىق كارخانىسى | 3 | 6482 | 8750 | 2650 | 8348 | 49.3 | 1110 | 51253 |
| چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 51 | 174141 | 211842 | 47423 | 197966 | 1100.9 | —3419 | 36890 |
| پاي چەكلىك كارخانىسى | 3 | 128891 | 114294 | 39068 | 129734 | 233.5 | 10155 | 193214 |
| خۇسۇسىي كارخانا | 14 | 21115 | 21504 | 5009 | 20404 | 86.1 | 505 | 28045 |
| شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا | 2 | 11421 | 12892 | 2786 | 12901 | 228.9 | 1051 | 28031 |
| چەت ئەل سودىگەرلىرى پاي ۋە مەبلەغ قوشقان كارخانا | 3 | 3989 | 5181 | 1234 | 5414 | 0 | 445 | 65265 |
| چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا | 17 | 212143 | 216309 | 56640 | 221115 | 538.3 | —816 | 56856 |
| كىچىك كارخانا | 147 | 201687 | 238069 | 62662 | 242157 | 2030.4 | 4246 | 29948 |
| يۇنلاڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى ۋە دۆلەت پاي كونترول كارخانىسى | 88 | 138681 | 166484 | 35730 | 158023 | 673.6 | —6539 | 24334 |
| ماشىنىسازلىق ياسىمچىلىق كەسپى | 160 | 396597 | 440284 | 116200 | 447948 | 2311.5 | 3173 | 38374 |
| دېھقانچىلىق ماشىنىسازلىقى | 24 | 27318 | 29405 | 6805 | 22957 | 75.6 | —8088 | 16496 |
| ئەسۋاب - پرىبورلار | 2 | 1580 | 1466 | 588 | 1427 | 1.7 | 53 | 90508 |
| نېفىت خىمىيە ھەممىباب ماشىنىسازلىقى | 11 | 28359 | 35862 | 11185 | 32822 | 191.3 | 2852 | 75521 |
| ئېغىر تىپتىكى ماشىنىسازلىقى | 5 | 5502 | 5287 | 1595 | 4873 | 27.4 | —2274 | 19405 |
| توك ئىشلىرى سانائىتى | 34 | 169607 | 160194 | 50033 | 180436 | 504.2 | 10407 | 76573 |
| ماشىنىسازلىق ئاساس زاپچاسلىرى | 4 | 4884 | 4939 | 1815 | 5021 | 29.6 | 334 | 17950 |
| يېمەكلىك ۋە ئوزۇق - قاچىلاش كەسپى | 5 | 9140 | 9125 | 2742 | 9280 | 71.9 | 556 | 21287 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتوموبىل سانائىتى | 25 | 85780 | 115869 | 18761 | 110920 | 342.8 | 190 | 32130 |
| باشقىلار ۋە خەلق ئىشلىتىدىغان ماشىنىسازلىق | 48 | 61717 | 75039 | 21450 | 76807 | 1044.9 | 168 | 25674 |
| قۇرۇلۇش ماشىنىسازلىقى | 2 | 2710 | 3098 | 1227 | 3405 | 22.1 | -1025 | 16122 |
| ئېلېكترون سانائىتى | 4 | 17233 | 14094 | 3103 | 15327 | 257.2 | 257 | 51281 |

شىنجاڭنىڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ياسىمچىلىق كەسپىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ 2002 ـ يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىلىش، سېتىلىش ستاتىستىكا جەدۋىلى

| مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | مەھسۇلات | | سېتىلغان مىقدار | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | مىقدارى | 2001 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى %± | مىقدارى | 2001 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى %± |
| تراكتور | دانە | 4096 | -69.3 | 4724 | -66.1 |
| ئۇنىڭ ئىچىدە: چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكىسى | دانە | 77 | -88.8 | 167 | -73.7 |
| كىچىك تىپتىكىسى | دانە | 4019 | -68.3 | 4557 | -65.8 |
| تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان ساپان | دانە | 459 | -43.7 | 447 | -40.4 |
| تېرىش ماشىنىلىرى | دانە | 118 | -83.4 | 158 | -79 |
| ئۇنىڭ ئىچىدە، تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان سېيالكا | دانە | 59 | 68.6 | 102 | -2.9 |
| سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسى | دانە | 60 | -91.1 | 11 | -98.3 |
| ماتورلۇق ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىسى | دانە | 30 | -91.8 | 0 | 0 |
| كومبايىن | دانە | 3503 | -0.2 | 3321 | -0.6 |
| كاچالكا | دانە | 1485 | 18.1 | 1419 | 14.2 |
| پومپا | دانە | 644 | -72.1 | 514 | -78 |
| شامالدۇرغۇچ | دانە | 1615 | -18.1 | 264 | -87.1 |
| يۇقىرى، تۆۋەن بېسىملىق كلاپان | توننا | 177 | -25.3 | 91 | -62.7 |
| مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى | توننا | 213 | -73.6 | 294 | -58.6 |
| كران ئۈسكۈنىلىرى | توننا | 153 | -84.8 | 78 | -91.2 |
| سانائەت پار قازىنى | پار توننا | 882 | -26 | 812 | -15.8 |
| ئۇنىڭ ئىچىدە، 10 توننا سائەتتىن يۇقىرىلىرى | پار توننا | 596 | -37.6 | 566 | -3.2 |
| ئۆزگىرىشچان توك ئېلېكترماتور | تۈمەن كىلوۋات | 4.6 | -64.6 | 5.6 | -53.3 |
| ترانسفورماتور | تۈمەن كىلوۋولت ئامپېر | 1148.9 | 16.8 | 1051 | 14 |
| يۇقىرى بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل تاختىسى | دانە | 761 | -4.5 | 834 | 93.5 |
| تۆۋەن بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل تاختىسى | دانە | 18801 | -57 | 20993 | -46.7 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| پولات ئۆزەكلىك ئاليۇمىن ياللىتىلغان سىم | توننا | 23747 | 12.1 | 24343 | 11.9 |
| ئېلېكتر قۇۋۋىتى كابېلى | 1000 مېتىر | 13815 | 88.6 | 13092 | 85.6 |
| تىزگىنلەش كابېلى | 1000 مېتىر | 1448 | -76.8 | 2183 | -62.5 |
| خەۋەرلىشىش كابېلى | 1000 مېتىر | 3100 | 14.4 | 2730 | -0.5 |
| لاتا قاپلانغان ئېلېكتر سىمى | 1000 مېتىر | 57814 | -11.1 | 55932 | -13.4 |
| بۇنىڭ ئىچىدە، ئاليۇمىن ئۆزەكلىك رېزىنكە قاپلىق سىم | 1000 مېتىر | 11515 | 1.6 | 11153 | -9.1 |
| مىس ئۆزەكلىك سۇلياۋ قاپلىق سىم | 1000 مېتىر | 38879 | -16.7 | 36893 | -17.7 |
| قوغۇشۇن كىسلاتالىق ئاككۇمۇلياتور | تۈمەن كىلوۋات ئامپېر | 8.3 | -53.9 | 10.5 | -34.4 |
| شارىك | تۈمەن يۈرۈش | 100.4 | 25.5 | 65.2 | -18.5 |
| ئاپتوموبىل | دانە | 3875 | 47.6 | 3639 | 44.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە، ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى | دانە | 3819 | 49.2 | 3584 | 46 |
| قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 1837 | 64 | 1771 | 53.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە، قۇراشتۇرۇلغان موللاقچى ئاپتوموبىل | دانە | 1184 | 123.4 | 1128 | 103.2 |
| ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان سۆرەتىلىدىغان ئاپتوموبىل | دانە | 270 | 15.4 | 267 | 11.7 |
| ئاپتوبۇس (قۇراشتۇرۇلغان) | دانە | 213 | -19.3 | 208 | -17.1 |
| باكىسمان مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 98 | 122.7 | 96 | 104.3 |
| ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى | تۈمەن يۈەن | 5293 | 22.7 | 5151 | 22 |
| ئېلېكترونلۇق باكتېرىيە يوقاتقۇچ | دانە | 704 | -66.4 | 921 | -45.7 |
| قۇياش ئېنېرگىيىلىك توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلمىسى | تۈمەن يۈەن | 5770 | 1087.2 | 5695 | 1323.8 |

# بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى

## بىناكارلىق ساھەسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى تولۇق ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا شىنجاڭ بىناكارلىق ساھەسىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 4 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %7.4 ئاشتى؛ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 6 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8 ئاشتى. ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىيالى بولغان سېمونت ۋە ئۆزگىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، يېڭى تىپتىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرى يەنىلا ئۆستى، بەزى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى سەل - پەل ئازايدى.

بۇنىڭ ئىچىدە، سېمونت 10 مىليون 300 مىڭ توننىغا يېتىپ، %5، گرانىت تاختاي 1 مىليون 490 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %35.5، مەرمەر تاختاي 34 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %50؛ ئەينەك پولات ياسالما 23 مىڭ 617 توننىغا يېتىپ، %25.3؛ كاۋاك بېتون 485 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %15.75؛ PCCP چوڭ ئېغىزلىق پولات كانايلىق بېسىملىق بېتون تۇرۇبا 16 كىلومېتىر؛ تاۋار بېتون 1 مىليون 900 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %35؛ تام ۋە يەرگە چاپلىنىدىغان چاپچۇق 1 مىليون 910 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %124.7؛ تاختا ئەينەك 916 مىڭ ساندۇققا يېتىپ، %8.5 ئاشتى؛ سېمونت يوندا تۇرۇبىسى 73 مىڭ 882 توننىغا يېتىپ، %1.14 ئاشتى؛ گەج تاختا 1 مىليون 620 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %0.6؛ سېمونت ستولبا 242 مىڭ توننا بولۇپ، %18.6؛ بېسىملىق سېمونت تۇرۇبا 4151 توننا بولۇپ، %65؛ خىش 8 مىليارد 100 مىليون دانە بولۇپ، %77؛ سېمونت قۇيۇلما 532 مىڭ كۋادرات

مېتىر بولۇپ، %19؛ ماي قەغەز 1 مىليون 100 مىڭ يۈگەم بولۇپ، %26.6؛ تاش پاختا 49 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %28 ئازايدى.

بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى بويىچە يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىسى 1109، كەسپكار 76 مىڭ، بۇ كارخانىلارنىڭ ساناەت مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 3 مىليارد 970 مىليون يۈەنگە، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى %95كە يەتتى.

بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆلەت كارخانىسى ۋە سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىسى 116 بولۇپ، ساناەت مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 2 مىليارد 530 مىليون يۈەن (ھازىرقى باھا بويىچە 4 مىليارد 110 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %14.5 ئاشتى؛ ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى %99.6 كە؛ ساناەت قوشۇلما قىممىتى 860 مىليون يۈەنگە؛ سېتىش كىرىمى 3 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ پايدىسى 793 مىليون يۈەن بولۇپ، %2.8 ئازايدى، پايدا - باج سوممىسى 1 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يەتتى.

دۇڭ لياۋيۈەن

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2002 - يىلى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىدىن 19ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 2001 - يىلدىن داۋاملاشتۇرۇلغان تۈر 6، يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر 13. يېڭىدىن باشلانغان تۈرلەر: شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ داخېيەندىكى 2 - قارارلىق كۆلنىگە 2000 توننا خۇمدان سىرتىدا پارچىلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ شىنجاڭ يۇڭجاڭ يېرىكمە ماتېرىياللار پاي چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن E—CR تېپلىق يىلىغا 12 مىڭ توننا ئەينەك تالا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يىلىغا 150 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان 9×3 مېتىرلىق بىر سېمونت تۈگمىنى؛ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت چەكلىك شىركىتىنىڭ 3 - نومۇرلۇق سوزگۇچلۇق سوۋۇتۇش ماشىنىسى بىلەن چاڭ - توزان يىغقۇچنى ئۆزگەرتىش تۈرى؛ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن 10 - نومۇرلۇق سېمونت تۈگمەن (دىئامېتىرى 38×11 مېتىر)، تولۇقسىمان چاڭداش ماشىنىسىنى سىرتقا يۆتكەش؛ سېمونت ئۈزۈتۈش ئىقتىدارىنى 300 مىڭ توننا كۆپەيتىش تۈرى؛ ئىلى نەنگاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئاقزاردىكى ھاك تېشى كېنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يىلىغا 800 مىڭ تونىغا يەتكۈزۈش بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى؛ شىنجاڭ بىناكارلىق سانائىتى گورۇھى خۇفېيەن بىناكارلىق ماتېرىياللىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يېنىكلىك كاۋاك بېتون ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 150 مىڭ كۇب مېتىردىن 220 مىڭ كۇب مېتىرغا كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى؛ يىلىغا 300 مىڭ كۇب مېتىر بېتون خىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ شىنجاڭ تۈنخې - ۋۇگوڭ سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 2، 3 - نومۇرلۇق خۇمدانلىرىنىڭ مۇھىت قوغدىشىنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىدىن بىر دانە 3.5×11.5 مېتىرلىق سېمونت تۈگمەن تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى؛ تەڭرىتاغ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى گورۇھىنىڭ يېنىكلىك كاۋاك بېتون ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى 30 مىڭ كۇب مېتىردىن 100 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈش بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى؛ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى يىلىغا 300 مىڭ توننا سېمونت پىششىق ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى يىلىغا 300 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدە، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى؛ غەربىي دىيار سېمونت چەكلىك شىركىتى شىخو شۆبە زاۋۇتىنىڭ 2.5×45 مېتىرلىق ئوتتۇرىسى كاۋاك خۇمدانىنى خۇمدان سىرتىدا پارچىلايدىغان خۇمدانغا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن ئىبارەت. داۋاملاشتۇرۇلغان تۈرلەر: شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ داخېيەندىكى كۈنلۈك مەھسۇلاتى 2000 توننا بولغان 1 - قارارلىق خۇمدان سىرتىدا پارچىلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ توققۇزتارا ناھىيىلىك سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئەسلىدىكى 2 - نومۇرلۇق خۇمداندا ئۈزۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يىلىغا 200 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان 4 بال شامال بېرىپ ئالدىن قىزىتقۇچ ئارقىلىق خۇمداندا ئالدىن پارچىلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇش تۈرى؛ قوبۇقسار ناھىيىلىك قارلىق تاغ سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئەسلىدىكى 2 - نومۇرلۇق خۇمداندا ئۈزۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنى يىلىغا 120 مىڭ توننا سېمونت پىششىق ماتېرىيالىنى يېڭى شەكىلدىكى قۇرغاق ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىگە ئۆزگەرتىپ قۇرۇش تۈرى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەسلىدىكى 3 - نومۇرلۇق خۇمدانىنى دىئامېتىرى 3/2.5×60 مېتىر بولغان قالدۇق ئىسسىقلىق بىلەن توك ھاسىل قىلىدىغان خۇمدانغا ئۆزگەرتىش تۈرى؛ شىنجاڭ تۈنخې بۇرچىن سېمونت شۆبە شىركىتىنىڭ

دېتالپېتىرى 60×3/2.5 مېتىرلىق ئوتتۇرىسى كاۋاك خومدانىنى 5 بال شامال بېرىپ ئالدىن پارچىلايدىغان خومدانغا ئايلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى؛ ئىلى غەربىي رايون بىناكارلىق چاقچۇق زاۋۇتىنىڭ بىناكارلىق چاقچۇقى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن ئىبارەت. بۇ تۈرلەرگە جەمئىي 861 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، مۇشۇ يىلى 363 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش پىلانى بويىچە سالىدىغان ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ %31ىنى ئىگىلەيدۇ. 19 تۈردىن 13ى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ داخېيەندىكى كۈنلۈك مەھسۇلاتى 2000 توننا بولغان 1 - قارارلىق خومدان سىرتىدا پارچىلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى 7- تۈركۈمدىكى مەخسۇس زايوم فوندى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

جاڭ يىنكۈي

## كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىسلاھات ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىش بىلەن قالاق ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنى شاللىۋېتىش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتى بازىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىلا كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇلدى. تەڭرىتاغ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى گۇرۇھى، تۇنخې گۇرۇھى، چىڭخۇاڭ بىناكارلىق - خىمىيە مەھسۇلاتلىرى شىركىتى، تيەنلۇڭ كانچىلىق گۇرۇھى قاتارلىق بىر تۈركۈم كارخانا گۇرۇھلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىپ، بىرلەشتۈرۈپ، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرى يېتەكچى قىلىنغان كارخانا گۇرۇھلىرىنى شەكىللەندۈردى. تەڭرىتاغ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى گۇرۇھى قوشۇۋېلىش، سېتىۋېلىش ۋە پاي قوشۇش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن 28 سېمونت كارخانىسىنىڭ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 570 توننىغا يەتكۈزدى، بۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە سېمونت مەھسۇلاتىنىڭ %58ىنى ئىگىلەيدۇ. باشقا ئوتتۇرا، كىچىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى شىركەتلىرىمۇ كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تۈزۈم ئۆزگەرتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈم ئۆزگەرتىش كۆلىمى %81كە يەتتى، مۈلۈك ھوقۇقى، مەسئۇلىيەت بىلەن ھوقۇق ئېنىق ئايرىلغان كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 2002 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى لايىھىلەش يۇرتى كارخانا تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، مۈلچەرلەپ باھالاپ ئېتىراپ قىلىنغان ساپ دۆلەت مۈلكىنى ئالاقىدار ھۆججەتلەردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئالماشتۇرۇپ ۋە مىقدارلاشتۇرۇپ تولدۇرۇپ، بارلىق خادىملاردا پاي بولغان، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى لايىھىلەش - تەتقىقات يۇرتى (چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)غا ئايلاندى. شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائەت مەكتىپى، ش ئۇ ئا ر بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپى ۋە شىنجاڭ شەھەر قۇرۇلۇشى مەكتىپىدىن ئىبارەت 3 مەكتەپ بىرلىشىپ، شىنجاڭ بىناكارلىق كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلدى.

بەي بىڭ

## بايلىق مەنبەسىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە، بايلىق مەنبەسىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىشى ئېتىراپ قىلىنغان كارخانا 38گە، مەھسۇلاتى 45كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سېمونت مەھسۇلاتى 28، يېڭى شەكىلدىكى تام ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتى 13، باشقا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتى 4.

ۋۇ ۋېنجۈن

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە تېخنىكا يېڭىلاش (يېڭى مەھسۇلات يارىتىش، يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىش) تۈرىدىن 28ى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى مەھسۇلات تۈرى 10، يېڭى تېخنىكا تۈرى 18. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى مەھسۇلاتلارنى باھالىشىدىن ئۆتكەن تۈر بىر، ئۇ بولسىمۇ ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونىدىكى سۇبېي خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ «XJ—1 تۆشۈك توسۇش پادىشاھى» ناملىق سۇ ئۆتكۈزمەس قۇرماسىغۇ لاي خورۇچى. شىنجاڭ يۈڭجاڭ بىرىكمە ماتېرىياللار پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ كارخانا تېخنىكا مەركىزى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانا تېخنىكا مەركىزى قىلىپ بېكىتىلدى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ تېخنىكا مەركىزى دۆلەت دەرىجىلىك كارخانا تېخنىكا مەركىزى قىلىپ بېكىتىلدى.

ۋۇ ۋېنجۈن

## سۈپەت باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىن 10 گۇرۇپپا مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق

ماتېرىياللىرى سالاھىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپا، 4 گۇرۇپپا ئىشەنچلىك گۇرۇپپا بولۇپ باھالاندى؛ 10 گۇرۇپپا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپا، 6 گۇرۇپپا ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى بويىچە مۇنەۋۋەر گۇرۇپپا بولۇپ باھالاندى.

يېڭ شياۋتيەن

ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ 2002 ـ يىلدىكى مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | ئۆلچەم بىرلىكى | يىللىق مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|
| سېمونت | تۈمەن توننا | 1030 |
| بېسىملىق سېمونت تۇرۇبا | توننا | 4151 |
| سېمونت يۈندا تۇرۇبىسى | توننا | 73882 |
| سېمونت ستولبا | توننا | 241723 |
| سېمونت قۇيۇلما | كۇب مېتىر | 531759 |
| خىش (ئۆلچەملىك خىش) | تۈمەن دانە | 812390 |
| مەرمەر تاختا | كۋادرات مېتىر | 34185 |
| گرانت تاختا | كۋادرات مېتىر | 1489088 |
| كاۋاك بېتون | كۇب مېتىر | 484872 |
| گەج تاختا | كۇب مېتىر | 1615057 |
| سىرلانغان خىش | تۈمەن كۋادرات مېتىر | 4.76 |
| تامغا، يەرگە چاپلىنىدىغان چاقچۇق | تۈمەن كۇب مېتىر | 191.22 |
| تاشپاختا ياسالمىلىرى | توننا | 87 |
| گرافت ۋە كاربون ياسالمىلىرى | توننا | 13293 |
| ماي قەغەز | يۈگەم | 1108851 |
| ئەينەك يولات ياسالمىلىرى | توننا | 23617 |
| تۈز تاختا ئەينەك | ساندۇق | 916210 |
| تۇرمۇشتا كېرەكلىك ئەينەك | توننا | 87642 |
| تازىلىق فارفورلىرى | توننا | 2068 |
| تۇرمۇش فارفورلىرى | تۈمەن دانە | 2068 |
| سانائەت فارفورلىرى | توننا | 233.2 |
| ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال ياسالمىلىرى | توننا | 36711 |
| تاشپاختا | توننا | 49431 |
| PCCP بېسىملىق تۇرۇبا | كىلومېتىر | 16 |
| تاۋار بېتون | تۈمەن كۇب مېتىر | 190 |

# خىمىيە سانائىتى

## خىمىيە سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى ساھەسى بويىچە (نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېلىش، نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس كۆيەدۈرۈش، خىمىيە خام ئەشيالىرى ئىشلەش ۋە كاۋچۇك ياسالمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆلەمدىن يۇقىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا 104 بولۇپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 49 مىليارد 464 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 6 مىليارد 493 مىليون يۈەنگە، پايدا ـ بېجى 11 مىليارد 255 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 23 مىليارد 85 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ خىمىيە سانائىتى سىستېمىسى بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا 74 بولۇپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 2 مىليارد 955 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %27.59؛ ھازىرقى باھا بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 114 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %28.57؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 9 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.65؛ خىمىيە سانائىتى سىستېمىسى بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ پايدىسى 128 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.4 ھەسسە ئاشتى، پايدا ـ باج سوممىسى 304 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.63 ئاشتى.

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 35 خىل ئاساسلىق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى ئىچىدىن تۆز كىسلاتاسى، كۆيەدۈرگۈچى ئىشقار، ساپ ئىشقار، گۈڭگۈرتلەشكەن ئىشقار، سۇسىز ناترىي سۇلفات، كالتسىي كاربىد، سۇيۇق خلور، سىنتېتىك ئاممىياك، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، ئازوتلۇق ئوغۇت، ئورېيە، دىمېتىل بېنزول ـP ، فورمالدېگىد، پولى ۋىنىل خلورىد سىمولاسى، پولى ئېتىلېن، كاربون قارىسى ۋە رېزىنكە شىلانكا قاتارلىق 17 خىل مەھسۇلات 2001 ـ يىلدىكىدىن ئاشتى. جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ ئېتىلېن قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىش باشلىغان ۋاقتى كېچىكىپ قالغانلىقتىن ئېتىلېن، پروپىلېن، بۇتادىيېن ۋە كېيىن پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان مەھسۇلات پولى ئېتىلېن، گلىكول، مالىئات، رېزىنكە قاتارلىق نېفىت خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا تەسىر يەتتى، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى.

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى نېفىت، نېفىت خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 49 مىليارد 685 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %1.47 ئاشتى. خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىنىڭ مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 3 مىليارد 114 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %42.26 ئاشتى.

لى شىجۈن

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى نېفىت خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى ساھەسىدە 2001 ـ يىلدىن داۋاملىشىدىغان ۋە يېڭىدىن ئىش باشلانغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاساسلىق تۈرلەر 16 بولۇپ، دەسلەپكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بۇ تۈرلەرگە 1 مىليارد 38 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى: جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى مايتاغ نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتىنىڭ ئېتىلېن قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، بۇنىڭدا ئېتىلېن ئىقتىدارى 140 مىڭ توننىدىن 220 مىڭ توننىغا كېڭەيتىلىدۇ؛ تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ يېنىك گىدروكاربوندىن پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى، بۇنىڭدا 20 مىڭ تونىلىق پاراكسىلېن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى؛ شىنجاڭ گۇاڭخۇي شىركىتىنىڭ 500 مىليون كۇب مېتىرلىق تەبىئىي گاز سۇيۇلدۇرۇش (LNC) قۇرۇلۇشى؛ شىنجاڭ مايتاغ تيەنلى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا پاي شىركىتىنىڭ 30 مىڭ تونىلىق B، A كېتون قۇرۇلۇشى؛ شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيە پاي شىركىتىنىڭ ئىئون پەردىلىك كۆيەدۈرگۈچى ئىشقار ۋە پولى ۋىنىل خلورىد ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 10 مىڭ توننىغا كېڭەيتىش تۈرى؛ تۇرپان 3 ئۆلچەملىك كالىي تۇزى بويىچە 50 مىڭ تونىلىق كالىي نىترات، ناترىي نىترات تۈرىدىن ئىبارەت. شىنجاڭ كوتېنلۇن پاي شىركىتىنىڭ 300 مىڭ يۈرۈش ئېغىرلىق كۆتۈرىدىغان مېرىدىئان بالونى ۋە كۆچا چوڭ خىمىيىۋى ئوغۇت تۈرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، شىنجاڭ لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتىنىڭ تۈزلۈق قۇرۇلۇشى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلدى، بۇ نېفىت خىمىيە تۈرلىرى قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ.

لى شىجۈن

شىنجاڭدىكى ئاساسلىق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ 2000 - يىلدىكى مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | مىقدارى | 2001 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى %± |
|---|---|---|---|
| گۈڭگۈرت كىسلاتاسى (100%) | توننا | 70407 | —2.90 |
| تۇز كىسلاتاسى (31%) | توننا | 76297 | 10.83 |
| كۈيدۈرگۈچى ئىشقار (%) | توننا | 93362 | 36.12 |
| ساپ ئىشقار | توننا | 85263 | 1.62 |
| گۈڭگۈرتلۈك ئىشقار | توننا | 130078 | 21.10 |
| سۇسىز ناترىي سۇلفات | توننا | 90310 | 15.11 |
| خروم پېشلى | توننا | 4479 | |
| كالتسىي كاربىد (300 لىتىر/كىلوگرام) | توننا | 73680 | 11.87 |
| سۇيۇق ئاۋارخلور | توننا | 9228 | 28.11 |
| بىرىكمە ئاممىياك | توننا | 956732 | 8.19 |
| يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت (100%) | توننا | 766290 | 5.11 |
| ئازوتلۇق ئوغۇت (N100%) | توننا | 748602 | 7.34 |
| ئورېيە (N100%) | توننا | 732202 | 8.17 |
| فوسفورلۇق ئوغۇت ($P_2O_5$100%) | توننا | 13150 | —42.55 |
| كالىيلىق ئوغۇت ($K_2O$100%) | توننا | 4538 | |
| خىمىيىلىك دېھقانچىلىق دورىسى | توننا | 274 | |
| ئېتىلېن | توننا | 157409 | —7.46 |
| پروپىلېن | توننا | 149415 | —2.13 |
| بۇتادىئېن | توننا | 18167 | —18.83 |
| P— دىمېتىل بېنزول | توننا | 53348 | 2 |
| چەككىلەنگەن مېتىل ئالكوگول | توننا | 4570 | —33.72 |
| ئېتىلېن گىلىكول | توننا | 43889 | —12.54 |
| فورمالدېگىد | توننا | 11770 | 82.57 |
| سىر | توننا | 9748 | —13.06 |
| بىناكارلىق سۇۋالغۇسى | توننا | 11523 | —20.66 |
| پولى ۋىنىل خلورىدلىق سىمولا | توننا | 80689 | 56.68 |
| پولى ئېتىلېنلىق سىمولا | توننا | 124800 | —13.24 |
| پولى پروپىلېنلىق سىمولا | توننا | 133477 | —5.42 |
| پولى بۇتادىئېن كاۋچۇك | توننا | 16734 | —24.06 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| چەككىلەنگەن پاراپېنزول دېمېتىل | توننا | 89285 | —2.45 |
| پولىئېستېر | توننا | 90795 | 8.60 |
| كاربون قارىسى | توننا | 13385 | 17.11 |
| ئاش كاسىر | تۈمەن دانە | 75.39 | —3.54 |
| رېزىنكە شىلانكا | تۈمەن مېتىر | 74.74 | 41.02 |
| رېزىنكا ئاياغ كىيىم | تۈمەن پار | 96.75 | —0.74 |

## پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شىنجاڭ لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتىنىڭ «كالىي سۇلفات ـ ماگنىي (I) تېپىتىكى شورلۇق سۇدىن يىلىغا 20 مىڭ توننا كالىي سۇلفات ئېلىش بويىچە سانائەت سىنىقى» قاتارلىق 5 تۈر دۆلەت ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، تۈرلۈك سىناق ۋە تەتقىقات خىزمىتى ئېلىپ بېرىلماقتا. شىنجاڭ شىنخۇا خىمىيۋى ئوغۇت شىركىتى بىرىكمە ئوغۇت شۆبە زاۋۇتىنىڭ مەخسۇس ئاق كىشمىش ئۈزۈمگە ئىشلىتىدىغان ئوغۇتى، جۇڭتەي خىمىيە پاي شىركىتىنىڭ نامىلىق ئامىئونىي كاربوناتنىڭ ئەسلى ئورنىغا جەملەنگەن PVC سىمولاسى، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى تەرەققىيات، خىمىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ كالىي كاربونات پروكىسىدى، تۇرپان ئۈچ ئۆلچەملىك كالىي تۇزى شىركىتىنىڭ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دان پەيدا قىلغۇچى ناترىي نىتراتى قاتارلىق 4 يېڭى مەھسۇلات باھالاشتىن ئۆتتى. شىنجاڭ كوئېنلۇن پاي چەكلىك شىركىتى ئىجاد قىلغان دىئاگونال بالونىنىڭ يېڭى سورتى بولغان 23.5 ~ 25 تىپلىق قۇرۇلۇش بالونى، 6—15—10PR، 7.50—15—14PR، 5.50—13—8PR تىپلىق يېڭى قاتلام دەرىجىلىك سورتلار، 10 يۇقىرى ئىقتىدارلىق بالونلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ نېفىت خىمىيە شىركىتى ئىلتىماس قىلغان بايلىق مەنبەسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش جەھەتتىكى 7 تۈر تەكشۈرۈپ باھالاش ئارقىلىق بايلىق مەنبەسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش مەھسۇلاتى دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

لى شىجۈن

# يېنىك سانائەت

## يېنىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى 306 مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان يېنىك سانائەت كارخانىسىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 560 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 16.3%؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 10 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 32.31% ئاشتى؛ مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىلىش نىسبىتى 98% بولدى؛ پايدا 304 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 63%؛ پايدا ـ باج 116 مىليون يۈەنگە يېتىپ 23.4% ئاشتى.

جيا ۋېنخاۋ

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يېنىك سانائەت ساھەسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | مىقدارى (تۈمەن توننا) | 2001 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى ±% |
|---|---|---|
| فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنىركە | 22.69 | 17.38 |
| زاۋۇت شېكىرى | 51.84 | 23.49 |

| | | |
|---|---|---|
| كونسېرۋا | 41.49 | 90.15 |
| خام تۇز | 50.75 | 10.33 |
| ئاق هاراق | 7.19 | —4.77 |
| پىۋا | 21.82 | 5.82 |
| سۈلياۋ ياسالما | 23.07 | —12.21 |
| بۇنىڭ ئىچىدە سۈلياۋ يوپۇق | 8.95 | —16.20 |

## مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېنىك سانائەت ساھەسىدىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 772 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان بولۇپ، 26 تۈر پىلانغا كىرگۈزۈلگەنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈر 5، سېلىش پىلانلانغان مەبلەغ 340 مىليون 690 مىڭ يۈەن، يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر 21، 1 - تۈركۈمدىكى 10 تۈرگە 277 مىليون 130 مىڭ يۈەن، 2 - تۈركۈمدىكى 11 تۈرگە 154 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى. ئەمەلىيەتتە 656 مىليون880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈرلەردىن كەيجىن قومۇشچىلىقىنىڭ 50 مىڭ توننا ئاقارتقۇچى قومۇش بوتقىسى تۈرى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1 - تۈركۈمدىكى يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈرلەر ئىچىدىكى شىنجاڭ تۇنخې مەبلەغ سېلىش پاي شىركىتىنىڭ ساۋەندىكى 1500 توننىلىق پەمىدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، خوتەندىكى 10 مىڭ توننىلىق قويۇلدۇرۇلغان مېۋە شىرنىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 2002 - يىلى يېنىك سانائەت ساھەسى بويىچە دۆلەتنىڭ دۆلەت زايومى مەخسۇس تۈر مەبلىغىنى ئىلتىماس قىلغان نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 8، بۇنىڭ ئىچىدە 3 تۈر دۆلەتنىڭ دۆلەت زايومى مەخسۇس تۈرىدىكى مەبلەغ پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، ئۇلار شىنجاڭ تۇنخې مەبلەغ سېلىش پاي شىركىتىنىڭ خوتەندىكى 10 مىڭ توننىلىق قويۇلدۇرۇلغان مېۋە شىرنىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تۈرى، شىنجاڭ تۇنخې سودا - سانائەت چەكلىك شىركىتىنىڭ مىكروبسىز ئوراش خالتىسى تۈرى ۋە شىنجاڭ «كارۋان» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 30 مىڭ توننىلىق ئاقارتىلغان پاختا پاتلاش تاختىسى تۈرى. دۆلەت تەرەققىيات پىلان كومىتېتى يولغا قويغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان يېمەكلىك سانائىتى بويىچە مەخسۇس قۇرۇلۇش تۈرلىرى جەھەتتە 3 تۈر 2 - تۈركۈمدىكى ئاشلىق، باغ پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى پىلانىغا، 4 تۈر مېۋە، كۆكتات پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

جيا ۋېنخاۋ

## تاشقى سودا ئېكسپورت ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورت ئەھۋالىدا ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئۆسۈش بارلىققا كەلدى. نۇقتىلىق 30 كارخانىنىڭ ئېكسپورتقا تاپشۇرغان مال قىممىتى 929 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %63 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەمىدۇر قىيامىنىڭ 534 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %54، ئۆي جاھازلىرىنىڭ 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %49، سۈلياۋ يوپۇقنىڭ 65 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاز كەم 13 ھەسسە ئاشتى.

جيا ۋېنخاۋ

## پەن - تېخنىكا سۈپىتى خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ يېنىك سانائەت كەسپى ئىشخانىسى ئاپتونوم رايوننىڭ يېنىك سانائەت تېخنىكا تەرەققىيات تۈرى پىلانىدىن 67نى تۈزۈپ تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى مەھسۇلات 34. دۆلەتنىڭ تېخنىكا تەرەققىيات تۈرىگە ئىلتىماس قىلىنغىنى 5 تۈر، بۇنىڭ ئىچىدىن 3ى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە مۇتەخەسسىسلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تۇنخې شىركىتىنىڭ «β سەۋزە ماددىسى»، «شېڭجېڭخۇاڭ»، شىركىتىنىڭ «شۇاڭيا كاپسۇلى»، قۇلماق شىركىتىنىڭ «يات قۇرۇلمىلىق قۇلمىقى» ئۈستىدە دەلىللەش ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلارغا دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق 5 مىليون يۈەندىن كۆپ پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدى. ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى جەھەتتە، يېنىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمىدىن 40 نەچچىسى قوبۇل قىلىندى، تۈزۈپ چىقىلدى ۋە تۈزىتىلدى، ئىلتىماس قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلغان 3 مەھسۇلات (شىخەنزە شيابېدى سۈلياۋ زاۋۇتى بىلەن ۋۇنۇڭ سۈلياۋ زاۋۇتىنىڭ يوپۇقى، باغراش قەغەز زاۋۇتىنىڭ يېزىق

ئەنزى) نىڭ ھەممىسى ش ئۇ ئا ر سۈپەت. تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تەشكىللىگەن دۆلەت ئۆلچىمىنى قوللىنىش مەقسىدىكى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتتى.

جيا ۋېنخاۋ

# توقۇمىچىلىق سانائىتى

## توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 505 مىليون يۈەنگە يېتىپ (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 2001 - يىلدىكىدىن %1.58 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ 3 مىليارد 617 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.52 ئاشتى؛ يۇڭ توقۇمىچىلىقىنىڭ 211 مىليون يۈەن بولۇپ، %19.16 ئازايدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 421 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ 1 مىليارد 217 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.99 ئاشتى. سېتىش كىرىمى 4 مىليارد 563 مىليون يۈەنگە يەتتى، پايدا سوممىسى مىنۇس 347 مىليون يۈەن بولۇپ، زىيان 37 مىليون يۈەن ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ پايدا سوممىسى مىنۇس 248 مىليون يۈەن بولۇپ، زىيان 25 مىليون يۈەن كۆپەيدى، پايدا - باج %30.86 ئاشتى.

2002 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئېكسپورتتا ئاپشۇرغان مال قىممىتى خەلق پۇلى ھېسابىدا 687 مىليون يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 187 مىليون يۈەن ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە، پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 439 مىليون يۈەن بولۇپ، ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %63.9نى ئىگىلىدى.

2002 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلەپ كېتىش، زىيان ئېغىر بولۇش ئەھۋالى مۇئەييەن دەرىجىدە تىزگىنلەندى. بىراق بېتەكچى كەسىپ بولغان پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ پۈتۈن ساھەنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا تۈرتكە بولۇش ۋە ئۈنۈمنى ئۈستۈرۈشتىكى رولى كۆرۈنەرلىك بولمىدى، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، خام ئەشيا تەننەرخىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىدە ئىگىلىگەن سالمىقى يۇقىرىراق بولدى، خام ئەشيا باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، ئەسما مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇمچە قىممىتىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ پايدا بوشلۇقىنى تارايتىۋەتتى. يۇڭ توقۇمىچىلىق، يىپەكچىلىك قاتارلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى يەنىلا تۆۋەن ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئالىيىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى كۆللىكتىپ، يۇقىراۋى ۋە جەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلارغا يېتەلمىدى.

گاۋ جياڭ

## تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 320 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %60 ئاشتى. ئۇقتىملىق تۈرلەر: تەڭرىتاغ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن 36 دانە گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش فابرىكىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، شىنجاڭ يىدا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ 46 مىڭ ئۇرچۇقلۇق «يىلى» يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، كېڭاڭ پاختا توقۇمىچىلىق (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتىنىڭ چاڭجيېن شىركىتى كىرگۈزگەن 50 مىڭ ئۇرچۇقلۇق «كامو» يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، كېڭاڭ پاختا توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن 6 دانە گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش فابرىكىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، شىخەي توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 19 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئىنچىكە تاراش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش فابرىكىسى، ئۈرۈمچىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق پاي شىركىتى كىرگۈزگەن 6 دانە ئىككى قوللۇق گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش فابرىكىسى، لوپنۇر كۆلى توقۇمىچىلىق (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى يېڭىدىن كۆپەيتكەن 20 دانە ھەسسىلەپ ئېشىش ماشىنىسى تۈرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شىنجاڭ يەنجى سېۋلون چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 1000 توننىلىق ئىنچىكە دېنېرى ئىنچىكە دېنېردىن ئېشىپ كەتكەن پولىپروپىلېن تالالىق مەشۇتى ۋە ئۇنىڭ بۇيۇملىرى كەسپلىشىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى بولدى.

كېڭاڭ پاختا توقۇمىچىلىق (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتىنىڭ چاڭجيېن شىركىتى كىرگۈزگەن 50 مىڭ ئۇرچۇقلۇق كامو يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئاپتونوم رايون كىرگۈزگەن 2 - كامو يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، شۇنداقلا ھازىر دۆلەت ئىچىدە

كىرگۈزۈلگەن كامو يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىشى بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور لىنىيە. تەڭرىتاغ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن 36 دانە پۈتۈن ئاپتوماتىك گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى (كۆلىمى 50 دانە بولۇپ، مەملىكەت بويىچە پۈتۈن ئاپتوماتىك گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ئەڭ زور بازا). شىنجاڭ يىدا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن 46 مىڭ ئۇرچۇقلۇق يىلى يىپ ئېگىرىش لىنىيىسىمۇ ھازىر مەملىكەت ئىچىدە ئەڭ چوڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىگە ئىگە. بۇ تۈرلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى ئاپتونوم رايون توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئاكتىپ ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

فەن جىخۇڭ

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| تۈرى | بىرلىكى | 2002 - يىل | 2001 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ±% |
|---|---|---|---|
| سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ساھە بويىچە) | 100 مىليون يۈەن | 45.05 | 1.58 |
| سانائەت قوشۇلما قىممىتى | 100 مىليون يۈەن | 14.21 | 4.10 |
| خىمىيىۋى تالا | توننا | 23698 | −26.87 |
| يىپ | توننا | 316094 | 4.44 |
| رەخت | تۈمەن مېتىر | 20679 | 18.52 |
| بويالغان رەخت | تۈمەن مېتىر | 781 | −25.83 |
| يۇڭ توقۇلما | تۈمەن مېتىر | 287 | 28.25 |
| يۇڭنىڭ ئىچىدە: سېپتا ئېگىرىلگىنى | تۈمەن مېتىر | 283 | −28.54 |
| توم ئېگىرىلگىنى | تۈمەن مېتىر | 4 | تەڭلەشتى |
| تىۋىت يىپ | توننا | 872 | 3.44 |
| يۇڭ ئەديال | تۈمەن دانە | 0.52 | −62.32 |
| پاختا ئىشلىمە توقۇلمىلارنىڭ يىپقا سۇندۇرۇلغان مىقدارى | توننا | 1894 | −27.57 |
| مەشۇت | توننا | 201 | −6.07 |
| يىپەك توقۇلما | تۈمەن مېتىر | 204 | 74.36 |
| زىغىر تالا يىپى | توننا | 211 | −64.05 |
| كىيىم - كېچەك | تۈمەن قۇر | 1242 | −9.28 |
| ئېكسپورتقا تاپشۇرغان مال | 100 مىليون يۈەن | 6.87 | −21.40 |

## تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەتقىقات خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدىن 30 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېخنىكا يېڭىلاش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەڭرىتاغ ياختا توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى كىرگۈزگەن خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىدىكى ھەسسىلەپ ئېشىش تېخنىكىسى بىلەن شىركەت ئىجاد قىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك گاز ئېقىملىق ئېگىرىلگەن قاتلىق يىپ مەھسۇلاتى دۆلەت دەرىجىلىك ئۇقتىلىق تېخنىكا يېڭىلاش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى يەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرىگە كىرگۈزۈلگىنى بىر تۈر، ئاپتونوم رايوننىڭ مەشئەل پىلانى تۈرىگە كىرگۈزۈلگىنى 2 تۈر. شىنجاڭ يىدا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ كامو بىر يۇرۇش يىپ مەھسۇلاتى، شىنجاڭ لۇكالىڭ لوپنۇر كەندىرى شىركىتىنىڭ لوپنۇر كەندىرى (قوي يۇڭى، يىپەك) ئارىلاشتۇرۇلغان يىپى، تەڭرىتاغ ياختا توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش، ئۆزلەشتۈرۈش، قوبۇل قىلىش تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى مەھسۇلات تۈرلىرىنى باھالىشىدىن ئۆتتى. شىنجاڭ توقۇمىچىلىق يەن - تېخنىكا تەتقىقات يۇرتىنىڭ دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن بوياش ماشىنىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش تۈرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۇتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تەھىيە

# تاماكىچىلىق

## كۆك تاماكا تېرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1357.1 گېكتار يەرگە كۆك تاماكا تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇتۇلىدىغان تاماكا 95.1 گېكتار، پۇراقلىق تاماكا 1262 گېكتار. 1905.65 توننا كۆك تاماكا سېتىۋېلىندى. بۇنىڭدىن 151.2 توننىسى ئېكسپورت قىلىندى، ئېلىنغان پايدا 4 مىليون يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.4% ئاز بولدى، ئېكسپورتتىن 4 مىليون 60 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا، كۆك تاماكا تېرىقچىلىقىدا بازار يېتەكچى قىلىنىپ، تېرىش كۆلىمى مۇۋاپىق قىسقارتىلدى، 3 دەرىجىلىك توختام تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، كۆك تاماكا تېرىقچىلىقى قېلىپلاشتۇرۇلدى، سېتىش يوللىرى ئۆستىدە پائال ئىزدىنىلىپ، ئېكسپورت كېڭەيتىلىپ، قالدۇق ئازايتىلدى. تېرىلىدىغان كۆك تاماكا سورتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى، BAT شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ پۇراقلىق تاماكىنىڭ ئىزمىر دېگەن يېڭى سورتىنى چاپچال ناھىيىسىدە سىناق تەرىقىسىدە تېرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

جاڭ شۇۋېن

## پاپىروس سانائىتى ئەھۋالى

2002 - يىلى گېنېرال گۇرۇھى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقارغان پاپىروسى 120 مىڭ 48 ساندۇقتا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.7% ئاشتى. 2002 - يىلى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى تەننەرخ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خام چوت بويىچە باشقۇرۇشنى پائال يولغا قويدى، تۈرلۈك ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىشتا خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار بولۇش تۈزۈمىنى قەتئىيلىك بىلەن يولغا قويۇپ، زاۋۇتنىڭ باشقۇرۇش تەننەرخى، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى، تىجارەت تەننەرخىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى. ئاممىۋى خاراكتېرلىك سۈپەت باشقۇرۇش پائالىيىتىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، ISO9002 ئۆلچىمىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەممە ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئاقما تەرتىپىدە ئۆلچەملەشتۈرۈپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پاپىروسنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش سۈپىتىنى ئۆستۈردى. كۆك سۈزگۈچلۈك «قار لەيلىسى پادىشاھى» ماركىلىق پاپىروس بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن سېتىلىشى بىر قەدەر ياخشى بولدى. سودا شىركەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە كۈچەيتىلىپ، پارچە ساتقۇچىلار بىلەن بولغان ھېسسىيات بىرلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، پارچە ساتقۇچىلارنىڭ ئۆزىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان تاماكىنى سېتىش ئاكتىپلىقى ئۆستى. پاپىروس قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋەزىپىسى تاماملاندى، 3 - خىلدىن يۇقىرى پاپىروس ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 17%ىنى ئىگىلىدى، خەزىنىگە كىرگۈزۈلگەن باج سوممىسى 2001 - يىلدىكىدىن 29.6% ئاشتى.

جاڭ شۇۋېن

## تاشقى سودا ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ تاماكىچىلىق شىركىتىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى دەرىجىسى، قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان پۇراقلىق تاماكا ئېكسپورتىنى كۆپەيتىپ، كۆك تاماكا ئېكسپورت قىلىش ۋەزىپىسىنى 38.7% ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. 780

تېڭىق پاپىروسنى ۋاكالىتەن ئىمپورت قىلىشنى تاماملىدى.

جاڭ شۇۋېن

## پاپىروسنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا سېتىلغان پاپىروس 357 مىڭ 118 ساندۇق بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %1.6 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن پاپىروس 118 مىڭ 77 ساندۇق بولۇپ، %3.2 ئازايدى. سودا پايدىسى 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.2 كۆپەيدى. 2002 - يىلى شىنجاڭ تاماكىچىلىق ئىدارىسى (شىركىتى) ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش سالمىقىنى زورايتىپ، پاپىروس تىجارىتى ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، پاپىروسنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلگەن توپ سېتىش باھاسىنى تۈزۈپ چىقتى. پاپىروس جەمئىيەت مال كىرگۈزۈش ئۆتكىلى قاتتىق ئىگىلىنىپ، داڭلىق پاپىروس بازارلىرىنى يېتىشتۈرۈش سالمىقى زورايتىلىپ، داڭلىق پاپىروسنىڭ بازارغا سېلىنىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى. شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتىغا مايىللىشىپ، ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن پاپىروسنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى، يېڭى پاپىروس «قار لەيلىسى پادىشاھى» ئاپتونوم رايونلۇق شىركەت تەرىپىدىن سېتىلىپ «تەشنا» شەكلىدە، بازارغا سېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بۇ پاپىروس بازار سېلىنغاندىن بۇيان ئىززەتلىك بازار تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. شىنجاڭدىكى بىر قىسىم بازارلارنىڭ بايلىق مەنبەسىنى ئۆز ئارا تېگىشىش شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، يۈننەندىكى «خۇڭخې»، «دالى» قاتارلىق ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ چېكىشىگە ماس كېلىدىغان 3 - خىلدىكى 2 تۈرلۈك پاپىروسنى ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىلدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن تاماكىنى ئاساسلىق ساتىدىغان سىناق رايونى قىلىنغاندى، يىل ئاخىرىغا قەدەر، بۇ جايلاردا ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن تاماكىنىڭ سېتىلىشى ئوتتۇرا ھېسابتا %78.3تىن ئېشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆزىمىزدە ئىشلەنگەن 3 - خىلدىن يۇقىرى تاماكىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %18.1كە يەتتى.

جاڭ شۇۋېن

## مونوپول تىجارىتىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا تاماكىچىلىقتا چېتىلىدىغان ھەر خىل دېلودىن 10 مىڭ 229ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، تۈرلۈك قانۇنسىز پاپىروستىن 4946 تېڭىق قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يالغان، ساختا پاپىروس 2343 تېڭىق، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان جەرىمانە پۇلى 3 مىليون 103 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلى شىنجاڭدا تاماكا مونوپول تىجارىتىنى باشقۇرۇشتا بازارنىڭ ساپلىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش نوپۇسلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنىڭ توپ نىشانى قىلىندى. پارچە ساتقۇچىلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش ئاساسىدا، پارچە ساتقۇچىلارنى مىقدارلاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى، ئىستېما بويىچە نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش يولغا قويۇلۇپ، پارچە ساتقۇچىلارنىڭ پۈتكۈل تىجارەت پائالىيىتى باشتىن - ئاخىر ئىستېمىنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرىدىغان قىلىندى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە، پاپىروسلارنىڭ تورلاشتۇرۇپ سېتىلىش نىسبىتى %99تىن ئاشتى، كىنىشكىسى بار پارچە ساتقۇچىلارنىڭ تورغا كىرىش نىسبىتى %100كە يەتتى، بازارنىڭ ساپلىشىش نىسبىتى %97.63 بولدى. جەمئىيەتتىن ئەكلىپ قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، مەلۇماتى يۇقىرى، سىياسىي شەرتى ياخشى خادىملار تۈركۈم بويىچە قوبۇل قىلىنىپ مونوپول تىجارەت ئورنىغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە مونوپول تىجارىتى باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلاندى، مونوپول تىجارىتى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاماكىچىلىق سىستېمىسىدىكى مونوپول تىجارەتتە قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملار 6 قارار قانۇن - قائىدە ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلدى ۋە ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى ھەممە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بېرىلدى.

جاڭ شۇۋېن

# ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك

### يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى پائال ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بىرىنچىدىن، ئوتتۇرا، كىچىك خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇۋاتقان «قەرز پۇل ئېلىش، يەر ئىشلىتىش، سودا ئىشى بىلەن چەت ئەلگە چىقىش قىيىن بولۇش» مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالاقىدار تارماقلارنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىشىغا كېپىل بولۇش شىركىتىدىن 20 نى تەشكىللىدى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك تەرەققىيات باغچا رايونىدىن 37 نى قۇرۇپ، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملىرىدىن 2446 ئادەم (قېتىم) نىڭ سودا ئىشى بىلەن چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشىپ بەردى. ئىككىنچىدىن، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە «كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىش، كەلسە - كەلمەس جەرىمانە قويۇش، كەلسە - كەلمەس سېلىق سېلىش» نى داۋاملىق ئېنىقلىدى، ھەق تاپشۇرۇشتا «ئاشكارا كارتا» تۈزۈمىنى پائال يولغا قويدى. يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش مۇلازىمەت مەركىزىدىن 132 نى قۇرۇپ، قانۇن مەسلىھەتچىسى تەكلىپ قىلىپ، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلار ئۈچۈن قانۇندىن مەسلىھەت بەردى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەردى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە تىزىمغا ئالدۇرغان يەككە سودا - سانائەت ئورنى 431 مىڭ 610 غا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3%، كەسپكار 656 مىڭ 171 گە يېتىپ، 2% كۆپەيدى، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلەغ 7 مىليارد 61 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 22.9%، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىلياد 692 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.3%، سېتىش سوممىسى 17 مىليارد 228 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.4%، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 10 مىليارد 481 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.2% ئاشتى؛ تىزىمغا ئالدۇرغان خۇسۇسىي كارخانا 27 مىڭ 938 گە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن 24.6%، كەسپكار 386 مىڭ 181 گە يېتىپ، 37.8% كۆپەيدى، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 34 مىليارد 117 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 42.6%، مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 983 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 31.8%، سېتىش سوممىسى 28 مىليارد 604 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25.8%، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 10 مىليارد 751 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 20.3% ئاشتى.

جياڭ چى

### ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان يېزا - بازار كارخانىلىرى دائىرىسىدىكى ئىگىلىك

2002 - يىلى شىنجاڭدا يېزا - بازار كارخانىلىرى دائىرىسىدىكى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار ئادىل رىقابەتكە، قانۇنغا رىئايە قىلىغان ئاساستا ئىگىلىك باشقۇرۇشقا يېتەكلىنىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ كۆلەمگە، سەۋىيىگە ئىگە بولۇشىغا مەدەت بېرىلدى. يىل ئاخىرىدا يېزا - بازار كارخانىسى دائىرىسىدىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىككە تەۋە بولمىغان يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانا ئاپتونوم رايون بويىچە شۇ خىلدىكى كارخانىلارنىڭ 77.2% نى، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانا 56.27% نى، يەككە كارخانىلارنىڭ كەسپكارى 96.91% نى، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ كەسپكارى 28.52% نى ئىگىلىدى. يېزا - بازار كارخانىسى دائىرىسىدىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تىجارەت كىرىمى ئاپتونوم رايون بويىچە شۇ خىل كىرىمنىڭ 62.59% نى، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 35.19% نى ئىگىلىدى.

جاڭ جيەنشياۋ

### ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك يېڭى قوشۇنىغا ئايلاندى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 100 مىليون

يۈەندىن ئاشىدىغان يۇقىراۋى كارخانا 30 غا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان 24 شىركەت ئىچىدە يۇقىراۋى پاي كونترول كارخانىسى 6. شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ دېلۇڭ (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شياڭگاڭ يىدا گۇرۇھى، شىنجاڭ مېڭ كارخانا گۇرۇھى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ خۇالىڭ سودا - سانائەت (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ قۇلماق پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار شىنجاڭدىكى يۇقىراۋى ئىگىلىكتىكى چوڭ كارخانا، چوڭ گۇرۇھلار ئىچىدىكى يادرو كارخانىغا ئايلاندى.

دىلى تېيىمبى

## يۇقىراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىسى 1300 گە يەتتى. يۇقىرىغا يوللانغان يۇقىراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ مەلۇمات جەدۋىلىدىكى 707 يۇقىراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، دۆلەت كارخانىسى 27، كوللېكتىپ كارخانا 27، پاي ھەمكارلىق كارخانىسى 5، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 506، پاي چەكلىك شىركىتى 21، خۇسۇسىي كارخانا 99، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 7، باشقا ئىقتىسادىي كارخانا 15 ئىكەن.

كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مۇلكىنىڭ قىممىتى 14 مىليارد 850 مىليون 98 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مۇلۇك قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن تۆۋەن كارخانا 351، 1 مىليون يۈەندىن 10 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 248، 10 مىليون يۈەندىن 50 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 65، 50 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 22، 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 21. كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك خاراكتېرى بويىچە ئايرىغاندا: دۆلەت كارخانىلىرى مۇلكىنىڭ قىممىتى 142 مىليون 924 مىڭ يۈەن بولۇپ، كارخانا ئومۇمىي مۇلۇك قىممىتىنىڭ %0.9 نى، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 1 مىليارد 477 مىليون 259 مىڭ يۈەن بولۇپ، %9.9 نى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ 5 مىليارد 388 مىليون 977 مىڭ يۈەن بولۇپ، %36.5 نى، پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ 6 مىليارد 750 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، %45.6 نى، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ 592 مىليون 892 مىڭ يۈەن بولۇپ، %3.9 نى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ 444 مىليون 18 مىڭ يۈەن بولۇپ، %2.9 نى، باشقا كارخانىلارنىڭ 53 مىليون 488 مىڭ يۈەن بولۇپ، %0.3 نى ئىگىلىدى.

2002 - يىلى يۇقىراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ كەسپكارى 25 مىڭ 959 غا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %35.1 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بارلار 1613، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 3712، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 4646؛ ئوقۇش تارىخى بويىچە ئايرىغاندا، دوكتور 70، ماگىستىر 342، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەنلەر 4210، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 6923، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 4327. ئۇنۋانى بارلار ئومۇمىي سانىنىڭ %38.4 نى، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى بارلار %44.4 نى ئىگىلەيدۇ.

2002 - يىلى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا، سودا - سانائەت كىرىمى 8 مىليارد 367 مىليون 39 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكىدىن قىلىنغان كىرىم 523 مىليون 666 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ %6.2 نى، مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 5 مىليارد 84 مىليون 105 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %60.7 نى، ماۋار سېتىش كىرىمى 704 مىليون 303 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.6 نى، باشقا كىرىم 2 مىليارد 54 مىليون 965 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %24.5 نى ئىگىلىدى. بۇ كارخانىلار بىر يىلدا 321 مىليون 288 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى، 1 مىليارد 21 مىليون 596 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، 482 مىليون 452 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت ياراتتى، كارخانىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىگىدارلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ قىممىتى 7 مىليارد 296 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، كارخانا مۇلكىنىڭ ئوتتۇرىچە قەرزدارلىق نىسبىتى %50 كە يەتتى.

تېخنىكا، سودا - سانائەت ئومۇمىي كىرىمى 50 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 12، بۇلار مۇنۇلار: شىنجاڭ «جىنفېڭ» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۇاشىدەن» دورىگەرلىك پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «گوتۇڭ» تورۇبا پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ئۇمىد» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «شىنشۇۋ» سۇتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «سەنيې» تورۇبا تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ قاراماي تەكشۈرۈش - ئېچىش پەن - تېخنىكا مەسلىھەت مۇلازىمىتى شىركىتى، شىنجاڭ «دەۋر» نېفىت قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ قاراماي «سەيفېڭ» ئوقەتچىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى،



غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ چوڭ سالاكارلىق ماتېرىياللىرى سودا بازىرى — خۇالىڭ ئۇنىۋېرسال بازىرى.

جاۋ جۇئەن فوتوسى

شىنجاڭ قاراماي «رۇەنجاڭ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ قاراماي «شىجىنتىيۇ» قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە شىنجاڭ «بەيشاڭ» ئېلېكتر سىمى - كابېل چەكلىك شىركىتى.

تېخنىكا، سودا - سانائەت كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 14، بۇلار مۇنۇلار: شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، مىلەك خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئالاھەدە، ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «گۇاڭشيا» ئۆي - زېمىن سودا تورى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جىرۇيشياڭ» مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «غەربىي يۇرت» يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «مەيجۇر» گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ يېۋا (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ مىلەك ئۆي جاھازلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنسەي» پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «شىنخۇاليەن» مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنكاڭ» چارۋىچىلىق پەن-تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۇڭجىڭ» خەۋەرلىشىش چەكلىك شىركىتى.

بۇ كارخانىلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي چىقىمى 6 مىليارد 599 مىليون 97 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا تەرەققىيات خىراجىتى 202 مىليون 669 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كارخانا تېخنىكا، سودا - سانائەت كىرىمىنىڭ %2.4 نى، تەتقىقات ۋە كەشپىيات خىراجىتى 122 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.5 نى ئىگىلىدى. تېخنىكا كەشىپ قىلىش خىراجىتىنى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي خاراكتېرى بويىچە ئايرىغاندا: دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سېلىنمىسى 4 مىليون 284 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كارخانا تېخنىكا تەرەققىيات خىراجىتىنىڭ %2.1 نى، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى 6 مىليون 27 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %2.9 نى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ سېلىنمىسى 119 مىليون 119 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %58.7 نى، پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ سېلىنمىسى 59 مىليون 25 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.5 نى، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى 9 مىليون 583 مىڭ يۈەن بولۇپ، %4.7 نى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ سېلىنمىسى 2 مىليون 431 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1.1 نى، باشقا كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1 نى ئىگىلىدى.

كارخانىلار 175 تۈرلۈك پاتېنتنى قوبۇل قىلىشتى، 97 تۈرلۈك پاتېنتقا ھوقۇق بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، 125 پاتېنت يولغا قويۇلدى.

ئەكبەر

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار كۆمۈر كېنى ئېچىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى

2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ سودا-سانائەت بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئويۇشمىسى) گە ئەزا كارخانىلاردىن شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» گرانىت تاش كېنى تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 49 مىليون يۈەنلىك باھا بىلەن توقسۇندىكى قاراتاغ كۆمۈر كېنىنىڭ 20 يىللىق كان ئېچىش ھوقۇقىنى ئالىشىپ سېتىۋالدى. بۇ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى كىم ئارتۇق شەكلى ئارقىلىق كۆمۈر كانىنىڭ كان ئېچىش ھوقۇقىنى سېتىش ھېسابلىنىدۇ، بۇ مەملىكەت بويىچىمۇ تۇنجى قېتىملىق ئىش.

دىلەڭ تېيىمىي

## لوپنۇر كۆلى كالىيلىق ئوغۇت تۈرى تەكشۈرۈپ باھالاشتىن ئۆتتى

2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ «دېلۇڭ» (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى كالىيلىق ئوغۇت بازىسىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 200 مىڭ توننا كالىيلىق ئوغۇت تۈرى جۇڭگو خەلقئارا قۇرۇلۇش مەسلىھەت مۇلازىمىتى شىركىتى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتتى.

دېڭ تيېمبېي

## شەرەپلىك ئىشلار بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتى باشلاندى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر شەرەپلىك ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى شەرەپلىك ئىشلار بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى، بۇنىڭدىن مەقسەت جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. پائالىيەت: نامراتلارنى يۆلەش تۈرى ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش؛ تەشكىللەش ۋە سەپەرۋەر قىلىش؛ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ۋەكىللىرىنى نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈشكە ۋە كېڭەشىشكە تەشكىللەش؛ تۈرنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت 4 قەدەم باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويۇلدى.

3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ش ئۇ ئا ر شەرەپلىك ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى قاتناشتۇرۇپ ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاست يوللىغان 16 نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنى بېكىتتى ھەمدە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق شەرەپلىك ئىشلار بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا نامراتلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى. 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ش ئۇ ئا ر شەرەپلىك ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى 7 يۇقىراۋى كارخانىنى ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 16 شەرەپلىك ئىشلار تۈرىنى ئىش ئورنىدا تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە پەيزاۋات قوغۇنىنى يېڭى پېتى ساقلاش مۇددىتىنى ۋە كالا نەسلىنى ياخشىلاش، بېدىدىن يوپۇرماق ئاقسىلى ئايرىشتىن ئىبارەت 2 توختام ئىمزالاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى دورىلىرى، ئانار ھارىقى، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى قاتارلىق تۈرلەردە چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلىندى.

لى يىنشياڭ

## يۇقىراۋى كارخانىلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىغا ئىئانە ۋە ياردەم بېرىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر شەرەپلىك ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى ھەر جەھەتتىكى زاتلارنىڭ نامرات رايونلارغا پۇل ۋە ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلىشىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. «تيەنيەن» شىركىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت - ئوبلاستقا 1 مىليون توپ «تيەنيۈەن» تېز ئۆسىدىغان تېرەك كۆچىتى ئىئانە قىلدى؛ جېجياڭ كارخانىلار بىرلەشمىسى قەشقەر شەھەرلىك 12 - ئوتتۇرا مەكتەپكە 120 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى؛ گۇيجۇدىكى يۇقىراۋى كارخانا «شىنچى» دورا زاۋۇتى ئاپتونوم رايونغا 700 مىڭ يۈەن قىممىتىدە تۇبېركۇليوزغا تاقابىل تۇرۇش دورىسى ئىئانە قىلدى، بۇ دورىلار نامرات رايونلار ۋە قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى تۇبېركۇليوز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارغا ئىشلىتىلدى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك «دۇجۇ» جۇڭگو تىبابىتى دوختۇرخانىسى قۇكاڭ، ماناس قاتارلىق جايلاردا ھەقسىز دوختۇر، تېببىي دورا ئەۋەتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئەۋەتىلگەن دورىلارنىڭ قىممىتى 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ شىنجاڭ «يىدا» شىركىتى «يىدا» كىتاب تۈرى بەرپا قىلىپ، تۇنجى تۈركۈمدە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە 710 مىڭ يۈەنلىك كىتاب ئىئانە قىلدى.

لى يىنشياڭ

### شىنجاڭدىكى شەھەر - يېزا بازارلىرىنىڭ 2002 - يىلدىكى سودا ئەھۋالى

| كۆرسەتكۈچ | 2002 - يىلى | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقىنى ۋە كېمەيگىنى%± |
|---|---|---|
| بازار | 1168 | − 11.38 |
| شەھەر | 664 | 4.9 |

| | | |
|---|---|---|
| يېزا | 504 | — 26.42 |
| بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما (تۈمەن يۈەن) | 1931188 | 3.40 |
| شەھەر | 1545967 | 11.07 |
| يېزا | 385222 | — 19.04 |
| پۈتۈشۈش سوممىسى ئىچىدە | | |
| ئاشلىق | 128199 | 5.31 |
| گۆش، ئۆي قۇشلىرى - تۇخۇم | 435902 | 28.82 |
| سۇ مەھسۇلاتلىرى | 74617 | 45.92 |
| كۆكتات | 252575 | 19.30 |
| قۇرۇق، ھۆل مېۋە | 120712 | 66.72 |
| چوڭ چارۋا | 52637 | —26.65 |
| باشقىلار | 97441 | 132.78 |

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار ئېرىشكەن ئىلغارلىق نامى

2002 - يىلى شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تۇنخې» پولىئېستېر چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «مەيجۇر» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، «شىنتيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھاراقچىلىقى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جىرۋېشيالڭ» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ بويىچە «سۈپەت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى. شىنجاڭ «مېك» كارخانىسى (گۇرۇھى)، شىنجاڭ قۇلماق پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «زۇڭخېڭ» پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «تۇنخې» گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «جىرۋېشيالڭ» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، ئوتتۇرا ئاسىيا سودا شەھەرچىسى، «يەتتە يۇلتۇز» بىناكارلىق گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ بويىچە 2- نۆۋەتلىك «توختامغا ئېتىبار بەرگەن، ئىناۋىتىنى ساقلىغان ئىلغار كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دېلڭ تېيمبي

## «دېلۇڭ» گۇرۇھى قاتارلىق 3 ئەزا كارخانا باج تاپشۇرۇشتىكى ئىناۋەتلىك ئەزا كارخانا بولۇپ باھالاندى

2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەملىكەتلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن دۆلەت باش باج ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا 54 كارخانىنى تەقدىرلىدى. شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) گە ئەزا كارخانىلاردىن شىنجاڭ «دېلۇڭ» (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «جۇڭجى» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى «باج تاپشۇرۇشتىكى ئىناۋەتلىك ئەزا كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دېلڭ تېيمبي

## شىنجاڭ «دېلۇڭ» (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى «تۆھپىكار كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا شىنجاڭ «دېلۇڭ» (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى «تۆھپىكار كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى، بۇ مۇشۇ خىل شەرەپكە ئېرىشكەن بىردىنبىر پۇقراۋى كارخانا.

دېلڭ تېيمبي

## شىنجاڭ «خۇالىڭ» سودا - سانائەت (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 2 ئەزا كارخانا «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئىلغار ئەزا كارخانا» بولۇپ باھالاندى

2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەملىكەتلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى بىرلىكتە سودا - سانائەت بىرلەشمىسىگە ئەزا 50 كارخانىنى تەقدىرلىدى، شىنجاڭ سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) گە ئەزا كارخانىلاردىن شىنجاڭ «خۇالىڭ» سودا - سانائەت (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «لۇڭلىڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك

شىركىتى «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئىلغار ئەزا كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دېڭ تېيمېي

## سۈن گۇاڭشىن جۇڭگودىكى 10 چوڭ يۇقىراۋى كارخانىچى دېگەن نامغا ئېرىشتى

2002 - يىلى «21 - ئەسىر ئىقتىساد گېزىتى» بىلەن جۇڭگو «يېڭى دولقۇن» تور بېكىتى بىرلىكتە جۇڭگودىكى 10 چوڭ يۇقىراۋى كارخانىچىنى باھالىدى، شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كېڭەش ئىدارىسىنىڭ رەئىسى سۈن گۇاڭشىن مۇشۇ شان - شەرەپكە ئېرىشتى.

دېڭ تېيمېي

## «شەرقتىكى 100» سودا سارىيى مەملىكەتلىك سودا ساھەسى بويىچە «خېرىدارلار رازى بولغان كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2002 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ «تيەندى» گۇرۇھىنىڭ «شەرقتىكى 100» سودا سارىيى جۇڭگو سودا بىرلەشمىسى ۋە مەملىكەتلىك سودا ئابونېنتى كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە سودا ساھەسىدىكى خېرىدارلار رازى بولغان كارخانا» بولۇپ باھالاندى.

دېڭ تېيمېي

## «مېيك» خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 3 ئەزا كارخانا «سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بويىچە سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرگەن، ئىناۋىتىنى ساقلىغان ئەزا كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەملىكەتلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا 57 كارخانىنى تەقدىرلىدى. شىنجاڭدىن سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) گە ئەزا كارخانىدىن «مېيك» خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ قۇلماق پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ شىخەنزە تەرەققىيات رايونى «ئادالەت» مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى «سودا - سانائەت بىرلەشمىسى بويىچە سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرگەن، ئىناۋىتىنى ساقلىغان ئىلغار ئەزا كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دېڭ تېيمېي

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانا خادىملىرىنى چەت ئەلگە چىقىشتا سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادىي زاتلار ئۈچۈن چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش رەسمىيىتىدىن 108 نى بېجىرىپ بەردى، 152 ئادەمنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈردى، 339 ئادەم (قېتىم) چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقتى. كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تېخنىكا ئۇنۋانى سالاھىيەت ئىمتىھانىغا 15 كەسىپ بويىچە 1621 ئادەم قاتناشتى، 2001 - يىللىق كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تېخنىكا ئۇنۋانى سالاھىيەتنامىسىدىن 71 ى بېجىرىلدى، 2001 - يىللىق ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى سالاھىيەتنامىسىدىن 67 سى، 2002 - يىللىق ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋان سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش رەسمىيىتىدىن 123ى بېجىرىلدى.

دېڭ تېيمېي

شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى يەككە سودا - سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ
2002 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| رايونلار | ئورۇن | كەسىپكار | تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلەغ | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | تىجارەت كىرىمى | ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 431610 | 656171 | 706163 | 169253 | 1722804 | 1048144 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 57199 | 108694 | 183462 | 19065 | 682788 | 256502 |
| قاراماي شەھىرى | 13645 | 22810 | 52453 | 7652 | 95664 | 64061 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شىخەنزە شەھىرى | 19650 | 29604 | 35708 | 8969 | 90274 | 71022 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 20290 | 30950 | 22710 | 2444 | 40635 | 36005 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 13049 | 19186 | 27231 | 9230 | 62906 | 52421 |
| ئىلى ئوبلاستى | 91074 | 126921 | 134934 | 30959 | 269092 | 190001 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەر | 49423 | 72018 | 65122 | 16038 | 131262 | 101829 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 28657 | 37925 | 53331 | 11597 | 91718 | 52262 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 12994 | 16978 | 16481 | 3324 | 46112 | 35910 |
| سانجى ئوبلاستى | 41458 | 60386 | 56209 | 24478 | 108657 | 74017 |
| بورتالا ئوبلاستى | 12686 | 18480 | 21551 | 3575 | 31480 | 22572 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 39104 | 57125 | 77894 | 23743 | 146246 | 124553 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 37592 | 53007 | 38768 | 18369 | 87785 | 59239 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 6010 | 10037 | 4395 | 912 | 9080 | 5830 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 50087 | 69313 | 38092 | 16582 | 71679 | 69845 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 29766 | 49658 | 12756 | 3275 | 26518 | 22076 |

## ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادىي زاتلارنىڭ ئۆگىنىش، تەربىيە خىزمىتى

2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) يىغىن ئېچىپ، ئۈرۈمچى رايونىدىكى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادىي ۋەكىل زاتلارغا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشى بويىچە قايتا تەربىيە سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارنىڭ يەتكۈزۈش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارنى ئاپتونوم رايونلۇق بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى قانۇن بويىچە تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش كۆرگەزمىسىنى كۆرۈشكە تەشكىللىدى. شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «شىنخۇاليەن» مەبلەغ سېلىش (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى قاتارلىق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان 5 كارخانىدىن ئازكەم 100 ئادەم كۆرگەزمىنى كۆردى.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا شىنجاڭ كورلا نەشپۈتى ھاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇدىرى فېڭ گوشياڭ، شىنجاڭ قۇمۇل «شىدا» سودا - سانائەت چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ چېن قاتارلىق 3 كىشى شياڭگاڭغا بېرىپ جۇڭگو يۇقىراۋى كارخانا خەلقئارا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مۇھاكىمە كۆرىشىگە قاتناشتى. مۇھاكىمە كۆرىشىدە ئاساسەن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، پاينى بازارغا سېلىش، سېتىۋېلىش، خىيىمخەتەرگە مەبلەغ سېلىش قاتارلىقلارغا دائىر بىلىملەر ئۆگىنىلدى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان 65 ئىقتىسادىي زات يىغىنغا قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ئۈرۈمچىدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا بىرقىسىم ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ۋەكىللەر 16 - قۇرۇلتاينىڭ مۆجىزىلىرىنى ئۆگىنىشكە دائىر تەسىراتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە سۆزلەشتى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى قانداق ئىلگىرى سۈرۈش، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دىلەك تېيىمبى

### شىنجاڭنىڭ شەھەر - يېزىلاردىكى يەككە سودا - سانائەتنىڭ 2002 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| تۈر | ئورۇن | كەسپكار | تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | تىجارەت كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | پارچە سېتىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 431610 | 656171 | 706162.7 | 169252.92 | 1722804.4 | 1048143.91 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق | 600 | 1517 | 5204.38 | 9151.12 | 5293.67 | 2929.26 |
| قازمىچىلىق | 481 | 2172 | 4585.59 | 9383.80 | | 4650.50 |
| ياسىمىچىلىق | 38650 | 70349 | 57797.01 | 149387.12 | | 41779.82 |
| بىناكارلىق | 165 | 606 | 735.77 | 1330.88 | | 326.76 |
| قاتناش - ترانسپورت ساقلاش كەسپى | 46484 | 59288 | 296160.50 | | 147763.82 | 51486.63 |
| توپ - پارچە سېتىش سودىسى يېمەك - ئىچمەك كەسپى | 272836 | 410344 | 242939.16 | | 1329133.23 | 846246.29 |
| بۇنىڭ ئىچىدە توپ، پارچە سېتىش سودىسىنىڭ | 201775 | 270505 | 167280.57 | | 903435.66 | 482838.53 |
| ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپىنىڭ | 63151 | 98256 | 85582.21 | | 163818.60 | 83509.99 |
| باشقا كەسپىنىڭ | 9243 | 13639 | 13158.08 | | 76795.08 | 17214.66 |

### شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى سودا - سانائەتنىڭ 2002 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| تۈر | ئورۇن | كەسپكار | تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | تىجارەت كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | پارچە سېتىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 295455 | 456080 | 553908.2 | 103239.92 | 1254025.16 | 753748.38 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق | 208 | 540 | 1333.86 | 5857.44 | 2944.12 | 2107.13 |
| قازمىچىلىق | 326 | 1160 | 2570.85 | 4403.20 | | 1900.56 |
| ياسىمىچىلىق | 22526 | 39828 | 31922.42 | 92232.08 | | 21938.97 |
| بىناكارلىق | 97 | 355 | 364.09 | 747.20 | | 233.26 |
| قاتناش - ترانسپورت ساقلاش كەسپى | 36771 | 48114 | 265141.90 | | 109193.14 | 35484.38 |
| توپ - پارچە سېتىش سودىسى يېمەك - ئىچمەك كەسپى | 185269 | 284946 | 177267.02 | | 945737.70 | 620460.20 |
| بۇنىڭ ئىچىدە توپ، پارچە سېتىش سودىسىنىڭ | 137214 | 184219 | 115668.11 | | 655418.47 | 328218.50 |
| ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپىنىڭ | 44659 | 72056 | 66632.56 | | 123662.70 | 57376.05 |
| باشقا كەسپىنىڭ | 5599 | 9081 | 8675.5 | | 72487.50 | 14247.83 |

# قاتناش، ئالاقە

## تۆمۈريول

### تۆمۈريول ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 23 مىليارد 99 مىليون يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 17 مىليارد 809 مىليون يۈەنگە يەتتى. باشقۇرۇش دائىرىسىدە 5 تىجارەت لىنىيىسى (تارماق لىنىيىلەر بىلەن لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسىنىڭ غەربىي بۆلىكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار. تىجارەت مۇساپىسى 3009.7 كىلومېتىرغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 0.1 كىلومېتىر ئۇزاردى؛ لىنىيىنىڭ كېڭەيمە ئۇزۇنلۇقى 5040.3 كىلومېتىرغا يېتىپ، 20.7 كىلومېتىر ئۇزاردى، بۇنىڭ ئىچىدە غول لىنىيە 3995.6 كىلومېتىر بولۇپ، 0.1 كىلومېتىر قىسقاردى؛ يول ئېغىزى 354 بولۇپ، 34ى ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم قارايدىغان يول ئېغىزى 21 بولۇپ، 8ى ئازايدى. ئىدارە بويىچە تىجارەت لىنىيىسى ئىچىدە قوش لىنىيە 986.3 كىلومېتىر بولۇپ، %32.8نى ئىگىلەيدۇ؛ ئىچىدىن باندىغان دۆڭگاتلىلىق پاراۋۇز لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3009.7 كىلومېتىر، ئۇلاقسىز لىنىيە 1251.1 كىلومېتىر. تىجارەت لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلكە بويىچە ئايرىغاندا، گەنسۇ تەۋەسىدىكىسى 235.2 كىلومېتىر، شىنجاڭ تەۋەسىدىكىسى 2774.5 كىلومېتىر. ئىدارە بويىچە كۆۋرۈك 1640، سوزۇلما ئۇزۇنلۇقى 59 مىڭ 701 مېتىر، تونېل 55، سوزۇلما ئۇزۇنلۇقى 43 مىڭ 378 مېتىر. سىگنال بىلوكى 3060 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوماتىك بىلوك 988 كىلومېتىر، يېرىم ئاپتوماتىك بىلوك 1993 كىلومېتىر. ئېلېكترلىك مەركەزلەشتۈرۈش پونكىتى 122. ئىچىدىن باندىغان دۆڭگاتلىلىق پاراۋۇزدىن 462سى سەپلىنىپ، 20سى كۆپەيتىلدى. 1310 يولۇچى ۋاگونى سەپلىنىپ، 27سى كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوش قەۋەتلىك ۋاگون 75، قاتتىق ئورۇندۇقلۇق ۋاگون 420، قاتتىق كارىۋاتلىق ۋاگون 491، يۇمشاق كارىۋاتلىق ۋاگون 99، يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق ۋاگون 8. ۋوگزال - بېكەت 152، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىكى 5، 2 - دەرىجىلىكى 5، گۇرۇپپىلاش ۋوگزالى 9.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىدارە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 61 مىڭ 694 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكىسى 57 مىڭ 220.

2002 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بويىچە توشۇلغان يولۇچى 9 مىليون 498 مىڭغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %2؛ توشۇلغان يۈك 41 مىليون 212 مىڭ توننىغا يېتىپ، %5.6؛ سوندۇرۇپ ھېسابلانغان ئوبوروت مىقدارى 53 مىليارد 760 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %5.8؛ خەلقئارا تۆمۈريولدا بىرلەشمە توشۇلغان يۈك 5 مىليون 811 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %16.1 ئاشتى؛ غەربىي ترانسپورتنىڭ نەقلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى %100 كە يەتتى. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ترانسپورت كىرىمى 5 مىليارد 140 مىليون يۈەن، زىيىنى 159 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن پايدا - زىيان پىلانىدىكىدىن زىيان 13 مىليون 590 مىڭ يۈەن ئازىيىپ، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن «ئۈچ نىسبەت» كۆرسەتكۈچى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندالدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ترانسپورت كىرىمى 870 مىليون يۈەنگە، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ 720 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇرۇلۇشقا 550 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە 336 مىليون يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇردى.

2002 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى پويىز قاتنىشىدا ئۇدا 287 كۈن ئالاھىدە ئېغىر، ئېغىر مەسئۇلىيەت ھادىسىسى، ئۇدا 37 ئاي ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆلۈشتەك مەسئۇلىيەت ھادىسىسى كۆرۈلمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇردى.

2002 - يىلى ئىدارە بويىچە كۆپ مەنبەلىك تىجارەت كارخانىلىرىنىڭ سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 3 مىليارد 460 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 157 مىليون يۈەنگە؛ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 449 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 10 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 592 پەرزەنتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2002 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 19 مىڭ 846 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن

%6.01 ئاشتى. 175 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆيى پۈتتى، يېڭىدىن 1484 كورپۇس تۇرالغۇ ئۆيى سېلىندى.

لى شياۋۋېن

## لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى غەربىي بۆلىكىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلاندى. ئۇنىڭغا جەمئىي 428 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول مىنىستىرلىكى سالىدىغىنى 178 مىليون يۈەن، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى ئالىدىغان قەرز پۇل 250 مىليون يۈەن. 2002 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى ئاساسلىق ئۈرۈمچى غەربىي ۋوكزالىدىن ئالاتاۋ ۋوكزالىغىچە بولغان 460.43 كىلومېتىرلىق يول لىنىيىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇ قۇرۇلۇش پىلان بويىچە 2003 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى پۈتىدۇ.

2002 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بويىچە ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| تۈرى | بىرلىكى | ئورۇندالغىنى | 2001 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ±% |
|---|---|---|---|
| سۈندۈرۈپ ھېسابلانغان ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون توننا - كىلومېتىر | 537.6 | 5.8 |
| يولۇچى ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون ئادەم - كىلومېتىر | 106 | 1.8 |
| يۈك ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون توننا - كىلومېتىر | 425.3 | 6.6 |
| توشۇلغان يولۇچى | 10 مىڭ ئادەم | 949.8 | 2 |
| توشۇلغان يۈك | 10 مىڭ توننا | 4121.2 | 5.6 |
| كۈنىگە يۈك قاچىلانغان ئوتتۇرىچە ۋاگون | ۋاگون | 2060 | 6.1 |
| كۈندە ئىشلىتىلگەن ۋاگون | ۋاگون | 13429 | 11.1 |
| يۈك پويىزىنىڭ ئوبوروت كۈن سانى | كۈن | 5.23 | 0.36 (كۈن) |
| يۈك پاراۋوزىنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلاتى | 10 مىڭ توننا - كىلومېتىر | 96.9 | −1.8 |
| يۈك پاراۋوزىنىڭ ئوتتۇرىچە سۆرەش ئېغىرلىقى | توننا | 2331 | 0.1 |
| پاراۋوزنىڭ 10 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا سەرپ قىلغان مېيى | كىلوگرام | 30.8 | 0.1 |
| ترانسپورت كىرىمى | 10 مىڭ يۈەن | 514188 | −0.5 |
| ترانسپورت بويىچە ئومۇمىي خادىملىرىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى | 10 مىڭ توننا - كىلومېتىر ئادەم/يىل | 134.5 | 1.05 |
| يولۇچىلار پويىزىنىڭ دەل ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 97.9 | −1.1 |
| يولۇچىلار پويىزىنىڭ دەل ۋاقتىدا قاتناش نىسبىتى | % | 97.8 | 1.2 |
| يۈك پويىزىنىڭ دەل ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 99 | −0.2 |
| يۈك پويىزىنىڭ دەل ۋاقتىدا قاتناش نىسبىتى | % | 95.8 | −1.2 |
| ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ | 10 مىڭ يۈەن | 55201.4 | |
| يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ | 10 مىڭ يۈەن | 33634 | |

قۇرۇلۇشنى لەنجۇ تۆمۈريول 1 - چارلاش - لايىھەلەش يۇرتى لايىھەلىدى، شىنجاڭ بىڭتۇەن بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، جۇڭگو تۆمۈريولىنىڭ ئېلېكتروۋوزلاشتۇرۇش ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو تۆمۈريول 1 - قۇرۇلۇش ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىئەن تۆمۈريول قۇرۇلۇشى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو تۆمۈريول 15 - قۇرۇلۇش ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو تۆمۈريول 5 - قۇرۇلۇش ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالدى.

قۇرۇلۇشتا ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىدىن شىخوغىچە بولغان ئارىلىق I دەرىجىلىك، شىخودىن ئالاتاۋ ئېغىزىغىچە بولغان ئارىلىق II دەرىجىلىك تۆمۈريول قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئىككىلىسى تاق لىنىيىلىك بولىدۇ. بۇ تۆردە يول ئۈلىدا 1 مىليون 849 مىڭ 600 كەسمە يۈز كۇب مېتىر توپا بىرتەرەپ قىلىنىدۇ، 3 ئوتتۇراھال كۆۋرۈك (2سى ئادەتتىكى كۆۋرۈك، بىرى پولات قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك)، 4 كىچىك كۆۋرۈك، 7 سۇڭگۈچ ياسىلىدۇ.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، جەمئىي 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

لى شياۋۋېن

## ئۈرۈمچى ۋوگزالىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى باشلاندى، جەمئىي 196 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ (تۆمۈريول مىنىستىرلىكى سالىدۇ). 2002 - يىلى 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ۋوگزال ئۆيىنى ئۆزگەرتىش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قىلىندى. پىلان بويىچە 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. ۋوگزال ئەڭ كۆپ بولغاندا 6000 يولۇچىنى سىغدۇرالايدىغان كۆلەم بويىچە لايىھەلەندى، 8 ئاپتوماتىك پەلەمپەي (1 - قاراردا ئورنىتىلىدىغىنى 4)، 4 لىفت ئورنىتىلىپ، يولۇچىلارنىڭ چىقىپ - چۈشۈش ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، كىرىش، چىقىش ۋوگزالىغا ھەر 8 مېتىردا بىردىن يەر ئاستى يول ياسىلىدۇ، ئوتتۇرىغا 12 مېتىر كەڭلىكتە بىر پىيادىلەر كۆتۈرمە كۆۋرۈكى (كارىدورلۇق كۆۋرۈك) ياسىلىپ، پويىز كۈتۈش ئورنىنى تەۋەللەشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت قالدۇرۇلىدۇ. ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 26 مىڭ 185 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

يۈك - تاق ئۆيى ۋە يۈك - تاق ماڭدۇرىدىغان يولنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3600 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئۇ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى تەييارلىغان مەبلەغ بىلەن ياسىلىدۇ. ئۇنى ئۈرۈمچى تۆمۈريول چارلاش - لايىھەلەش يۇرتى لايىھەلىدى، ئۇ ۋوگزال ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ باشلىنىپ، تەڭ پۈتىدۇ. پوچتىغا ئىشلىتىلىدىغان يول ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىنىڭ مەبلىغى بىلەن ياسىلىدۇ، ئۇنى ئۈرۈمچى تۆمۈريول چارلاش - لايىھەلەش يۇرتى لايىھەلىدى، ئۇمۇ ۋوگزال ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ باشلىنىپ، تەڭ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلىدۇ. ۋوگزال ئۆيىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆگزىسى 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يېپىلدى.

لى شياۋۋېن

## ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى تەۋەسىدىكى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسىدە ئېغىر رېلىسلاشتۇرۇش ۋە كېسىشىش ئېغىزىنى ئۆتۈشمىلەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ

2002 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىدىكى سۈرئەت ئاشۇرۇلغان 425 كىلومېتىرلىق بۆلەكنى چوڭ رېمونت قىلىپ رېلىسلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە بۇ بۆلەكتىكى تۈز كېسىشىدىغان 18 يول ئېغىزىنى ئۆتۈشمىلىك قىلىپ ئۆزگەرتىش بويىچە قۇرۇلۇش قىلدى. قۇرۇلۇشقا جەمئىي 427 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىگە قاراشلىق لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسىدىكى ئۈلاقسىز لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1304 كىلومېتىرغا يېتىپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىگە قاراشلىق لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسى ئومۇمىي مۇساپىسىنىڭ %65نى ئىگىلەيدۇ.

لى شياۋۋېن

## مىڭ چاقىرىملىق يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشكە 26 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى (جەمئىي سېلىنىدىغان مەبلەغ 108 مىليون 710 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش 2001 — 2004 - يىلغىچە بۆلۈپ ئىشلىنىدۇ).

2002 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى تۆمۈريولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن 136.2 كىلومېتىر ئارىلىقنى كۆكەرتتى، كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى %87.5، ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتى %85 بولدى. ئۈرۈمچى شۆبە تۆمۈريول

## جۇڭگو بويىچە پايانلانغان رېلىستا ماڭىدىغان تۇنجى يۆتكىلىشچان چوڭ پويىز ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدە ئىشلىتىلدى

2002 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى جۇڭگو بويىچە پايانلانغان رېلىستا ماڭىدىغان بۇ تۇنجى چوڭ پويىزنى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى. بۇ پويىزنى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قەرزى بىلەن باشتىن ئىمپورت قىلغان، ئۇنى فرانسىيە جىماس شىركىتى ئىشلەپچىقارغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 310 مېتىر كېلىدۇ، 20 ۋاگوندىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ماشىنىلىرى-نىڭ ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى. بۇ پويىز ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىگە قاراشلىق لىنىيىلەرنىڭ سۈپىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش، ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ سۈرئىتىنى تېزلىتىش، كەلكۈن يۇيۇۋەتكەن جايلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خادىملارنى ئازايتىپ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇچاستكىدا رېمونت قىلىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ پويىزنىڭ كىرگۈزۈلۈشى بىلەن شىنجاڭ تۆمۈريولىدا ئۇلاقسىز رېلىسلارنى ئالماشتۇرۇش رېمونتىدا قول بىلەن پايانلاش مەشغۇلاتىغا خاتىمە بېرىلدى.

لى شياۋۋېن



2002 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسىنىڭ سۈرئەت ئاشۇرۇلغان بۆلىكىدىكى 18 يول ئېغىزىسىنى ئۆتۈشمىلىك قىلىپ ئۆزگەرتتى. سۈرەتتە ئۆتۈشمىلىك يول ئېغىزى.
لى يىنلۇ فوتوسى

## خوتەن ناھىيىسىدىكى يامانبەگ يۇرۇڭقاش دەرياسىغا سېلىنغان ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈكتە قاتناش باشلاندى

بۇ كۆۋرۈكتە 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قاتناش باشلاندى. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1555 مېتىر، ئاساسىي كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 914.44 مېتىر، يۈزىنىڭ كەڭلىكى 7.5 مېتىر. بۇ، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بىلەن شىنجاڭ بىرلىكتە 18 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ سالغان نۇقتىلىق ئامراتلارنى يۆلەش تۈرى ھېسابلىنىدۇ. تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ جاۋچېڭ قاتارلىقلار كۆۋرۈك پۈتكەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن قاتناش باشلاش مۇراسىمىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى.

لى شياۋۋېن

## قارابۇلغۇن — ئىرشىك بېكىتى رايونىدا توك ئۇلاشتۇرۇلدى

جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى غەربىي بۆلىكىنىڭ ئىدارىسى ئەرشىلدەندىن سايئوياغىچە بولغان ئارىلىقتا 2 قۇدۇق كولىدى، ئۇنىڭ بىردىن سۇ چىقتى. ئاساسلىق تۇرۇبا تورىنى ياتقۇزۇش، ئورمان بەلۋېغىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، يەر تەكشىلەش ئىشلىرىنى تۈگەتتى. قۇمۇل شۆبە ئىدارىسى قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى ئىھاتە ئورمانىنى تولۇقلىدى. كۆچەتلەرنىڭ ئۆتۈش نىسبىتى %90تىن ئاشتى. قۇمۇلنىڭ غەربىي تەرىپىگە يېڭىدىن تىككەن كۆچەتلەرنىڭ ئۆتۈش نىسبىتىمۇ %90تىن ئاشتى. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋاقىتلىق باشقارمىسى قۇمنىڭ زىيىنى ئېغىرراق بولغان ئىرشىكتىن شىيەنشۈيگۈنىچە بولغان رايوندا 60 كىلومېتىرلىق ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىشنى پىلانلىدى، 104 كىلومېتىرلىق ئېلېكتىر لىنىيىسىنى پۈتكۈزۈپ، كۆكەرتىشكە سۇ تارتىش ئۈچۈن يېڭىدىن كولانغان 12 قۇدۇقنى توك بىلەن تەمىنلەپ، ئىرشىكتىن شىيەنشۈيگۈنىچە بولغان 3 بېكەت رايونىنىڭ ئېلېكتىرنى مەركەزلەشتۈرۈپ توك ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، يەنە ئۆزى مەبلەغ تەييارلاپ، 3.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 1 - قاتارلىق ئېكولوگىيىلىك يول ئاسراش ئورمىنى بەرپا قىلدى. شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى قۇمنىڭ زىيىنى ئېغىرراق بولغان ئېلىپىدىن بورتالاغىچە بولغان ئارىلىقتا 13 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ئورمىنى بەرپا قىلىشنى پىلانلىدى، 30 كىلومېتىر ئارىلىقتا ھەمكارلىشىپ بەرپا قىلغان دەل - دەرەخنىڭ ئۆتۈش نىسبىتى %85تىن ئاشتى.

لى شياۋۋېن

قارايۇلغۇن — تىرشاڭ بېكىتى رايونىدا 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تولۇق تۇتاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى تىرشاڭ، ياتاقلۇدۇق، شيەنشۈيگۇ، قارايۇلغۇندىن ئىبارەت 4 بېكەتتە توك، سۇ بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

لى شياۋۋېن

## تەڭرىتاغ تونېللىرىدىكى تېلېۋىزىيە ئارقىلىق نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش ۋە ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش - ساقچىغا مەلۇم قىلىش قۇرۇلۇشى

پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇنجى يىراق ئارىلىقتىن ساقچىغا مەلۇم قىلىش قۇرۇلۇشى — لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ تەڭرىتاغ تونېللىرىدىكى تېلېۋىزىيە ئارقىلىق نازارەت قىلىش-تىزگىنلەش، ئوغرىدىن ساقلىنىش - ساقچىغا مەلۇم قىلىش سىستېمىسى 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ ئۈسكۈنىگە نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش، ئاپتوماتىك سىن ئېلىش، چارلاش، ئالاقە مۇجەسسەملەشكەن، ئادەم كىرسە مەلۇم قىلىپ، پويىز ئۆتكەندە مەلۇم قىلمايدۇ، پەن - تېخنىكىلىق مىقدارى خېلى يۇقىرى.

لى شياۋۋېن

## باھار بايرىمىدىن كېيىن قىسمەن پويىزلارنىڭ بېلەت باھاسى ئۆستۈرۈلدى ياكى چۈشۈرۈلدى

2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە شاڭخەيدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان T52/3 - قېتىملىق، شاڭخەيدىن (نەنجىڭ غەربىي ۋوگزالى، خېفېي) ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان L346/7 - قېتىملىق پويىزنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقنىڭ بېلەت باھاسى %15، باشقا ئورۇندۇقنىڭ بېلەت باھاسى %20 ئۆستۈرۈلدى. شاڭخەيدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان T52/3 - قېتىملىق پويىزنىڭ بېلەت باھاسى 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە %10 چۈشۈرۈلدى.

2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە چوڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان 1082/3 - قېتىملىق، چېڭدۇدىن ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىغا قاتنايدىغان 1012/3 - قېتىملىق، چېڭدۇدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان L370/1 - قېتىملىق، L462/3 - قېتىملىق (ۋاقىتلىق كۆپەيتىلگەن يولۇچىلار پويىزى شۇنىڭ ئىچىدە) پويىزلارنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقنىڭ بېلەت باھاسى %15، باشقا ئورۇندۇقنىڭ %20 ئۆستۈرۈلدى. چوڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان 1082/3 - قېتىملىق، چېڭدۇدىن ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىغا قاتنايدىغان 1012/3 - قېتىملىق پويىزلارنىڭ بېلەت باھاسى 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە %10 چۈشۈرۈلدى.

2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە جېڭجۇدىن شاڭچيۇ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان 1045 - قېتىملىق پويىزنىڭ، شىئەندىن كورلىغا قاتنايدىغان 1067 - قېتىملىق، جېڭجۇدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان L311 - قېتىملىق، شىئەندىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان L421- قېتىملىق ئادەتتىكى يولۇچىلار پويىزلىرىنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقنىڭ بېلەت باھاسى %15، باشقا ئورۇندۇقنىڭ %20 ئۆستۈرۈلدى، شاڭچيۇدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان 1045 - قېتىملىق، شىئەندىن كورلىغان قاتنايدىغان 1067 - قېتىملىق پويىزلارنىڭ بېلەت باھاسى 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 13- كۈنىگىچە %10 چۈشۈرۈلدى.

ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىنقىلابتا يارىلانغان ۋە مېيىپ بولغان ھەربىيلەرگە ئېتىبار قىلىنىدىغان بېلەت باھاسى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان باھا بويىچە بولىدۇ.

لى شياۋۋېن

## جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا تۆمۈريولى بىرلەشمە كومىتېتىنىڭ 11 - يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 16- كۈنىگىچە ئالمۇتا شەھىرىدە ئېچىلدى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ جىگو باشچىلىقىدىكى جۇڭگو تۆمۈريول ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن قازاقىستان تۆمۈريول پاي شىركىتىنىڭ لىدېرى ئاتامگۇلوف باشچىلىقىدىكى قازاقىستان تۆمۈريول ۋەكىللەر ئۆمىكى يۈك توشۇش، سودا، ۋاگون مەسىلىسى، تېلېگراف - تېلېفون ئالاقىسى، ئۇچۇر - ئالاقە يېپىق ئۈسكۈنىلىرىنى ئورنىتىش قاتارلىق ئىشلاردا دوستانە كېڭەشتى ھەمدە كېلىشىم تۈزدى. «جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا تۆمۈريول كېلىشىمنامىسى»نى مۇھاكىمە قىلدى ۋە تۈزەتتى.

لى شياۋۋېن

## جۇڭگو - قازاقىستان ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا تۆمۈريولى بويىچە ئۇچرىشىشى

2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ خۇڭرۇ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو تۆمۈريول مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالاتاۋ پورتىدا قازاقىستان تۆمۈريول پاي شىركىتىنىڭ ترانسپورت مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكى بىلەن جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا تۆمۈريولىغا دائىر 4 قارالما توغرىلىق ئۇچراشتى ۋە ئۇ ھەقتە

ئورتاق تونۇشقا كەلدى. ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، ئالاقىلىشىش تۈزۈمى ئورنىتىش، پورتتىكى كېرەكسىز پولاتلارنى توشۇش تەرتىپىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىككى تەرەپ كومپيۇتېرلارنى تورلاشتۇرۇش ۋە ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا تەكشۈرۈش ۋاقتىنى قىسقارتىش توغرىلىق كېلىشىم تۈزدى.

لى شياۋۋېن

## ئالاتاۋ پورتىدا بىرلەشمە يۈك توشۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق 86 مىڭ 958 ۋاگوندا 515.46 توننا مال ئىمپورت قىلىندى، 2001-يىلدىكىدىن ۋاگون %15.3، مال %17.7 كۆپ بولدى. ئىمپورت قىلىنغان ماللار ئاساسلىقى مۇنۇلار: پولات - تۆمۈر 3 مىليون 227 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 21 مىڭ 200 توننا ئازايدى؛ نېفىت 798 مىڭ 900 توننا بولۇپ، %19.3 ئاشتى؛ مېتال رۇدىسى 604 مىڭ 700 توننا؛ خىمىيۋى ئوغۇت 190 مىڭ 900 توننا بولۇپ، %33.5 ئاشتى؛ ياغاچ ماتېرىيال 99 مىڭ 300 توننا بولۇپ، %77.3 ئاشتى؛ غەيرىي مېتال 82 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %187.1 ئاشتى؛ سېمونت 51 مىڭ 300 توننا بولۇپ، 6.5 ھەسسە ئاشتى. ئىمپورت يۈك ساندۇقى 4093 ئۆلچەملىك ساندۇق (بۇنىڭ ئىچىدە بوش ساندۇق 3111، چولڭ ساندۇق 982) بولۇپ، 682سى ئازايدى. قازاقىستاندىن جوڭگوغا كىرگۈزۈلگەن مال 4 مىليون 908 مىڭ 100 توننا بولۇپ، ئىمپورت قىلىنغان مالنىڭ %95.2نى ئىگىلىدى، 3 - دۆلەتتىن قازاقىستان ئارقىلىق جوڭگوغا كىرگەن مال 246 مىڭ 500 توننا بولدى. ئىمپورت ماللاردىن چاقىنى ئالماشتۇرۇلىدىغان پويىزدا توشۇلغىنى 972 مىڭ 600 توننا بولۇپ، ئىمپورت قىلىنغان بارلىق مالنىڭ %18.8نى ئىگىلەپ، %2.2 ئاشتى.

ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق 16 مىڭ 522 ۋاگوندا 656 مىڭ 800 توننا مال ئېكسپورت قىلىندى، 2001 - يىلدىكىدىن ۋاگون %1.9، مال %4.5 كۆپ بولدى. ئېكسپورت قىلىنغان ماللار ئاساسلىق مۇنۇلار: كوكس 233 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 19 مىڭ 100 توننا ئازايدى؛ خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى 64 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 17 مىڭ 500 توننا كۆپەيدى؛ سانائەت ماشىنىلىرى 53 مىڭ 800 توننا بولۇپ، 18 مىڭ 300 توننا كۆپەيدى؛ ئېكسپورت يۈك ساندۇقى 8635 ئۆلچەملىك ساندۇق بولۇپ، 350ى كۆپەيدى. ئېكسپورت قىلىنغان مال ئىچىدە جوڭگودىن قازاقىستانغا چىقىرىلغىنى 379 مىڭ 100 توننا بولۇپ، ئېكسپورت قىلىنغان بارلىق مالنىڭ %57.7نى ئىگىلىدى، قازاقىستان ئارقىلىق 3 - دۆلەتكە يەتكۈزۈلگىنى 277 مىڭ 700 توننا بولدى.

بىر يىلدا ئىمپورت - ئېكسپورت بويىچە خەلقئارادا بىرلىشىپ توشۇلغان يۈك 5 مىليون 811 مىڭ 400 تونىغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %16 ئاشتى.

لى شياۋۋېن

## خەلقئارا يولۇچىلارنى بىرلىشىپ توشۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 208 خەلقئارا يولۇچىلار پويىزىنى يولغا سېلىپ، جوڭگو ۋە چەت ئەللىك يولۇچىدىن 33 مىڭ 377نى توشۇدى، 2001 - يىلدىكىدىن 1055 يولۇچى ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە جوڭگو تۆمۈريولىدا توشۇلغىنى 22 مىڭ 438 بولۇپ، ئومۇمىي يولۇچىنىڭ %67.2نى ئىگىلىدى.

لى شياۋۋېن

## ۋاڭ جاۋچېڭ 2 قېتىم ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىگە كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ جاۋچېڭ 7 كىشىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 -، 23 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ چوڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ۋاڭ جاۋچېڭ تۆمۈريول بويلىرىغا بېرىپ، يولدىكى قۇرۇلۇش مەشغۇلاتلىرىنى ۋە يولنىڭ سۈپىتى، بىخەتەر خىزمىتى شۇنداقلا بوران رايونىدىكى بوراندىن مۇداپىئەلىنىش مۇئەسسەلىرىنى تەكشۈردى.

ۋاڭ جاۋچېڭ قاتارلىق 6 كىشى 8 - ئاينىڭ 17 — 19-كۈنىگىچە خوتەن ۋىلايىتىگە بېرىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

لى شياۋۋېن

## چاڭ گوجى ئالاتاۋ پورتىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ باش دىسپېتچېرى چاڭ گوجى 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئالاتاۋ پورتىنىڭ ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش لىنىيە، ئامبار، ئۈسكۈنىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئالاتاۋ پورتىدا بېكەتلەرنىڭ ترانسپورت، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئۆزگەرتىش ئەھۋالى ھەققىدىكى مەخسۇس دوكلاتنى ئاڭلىدى.

لى شياۋۋېن

## فۇ جىخۇەن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدە تەكشۈرۈشتە بولدى

2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۆمۈريول

مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، پارتگورۇپپا شۇجىسى فۇ جىخۇەن ئۈرۈمچى ۋوگزالى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىگە بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. ئۈرۈمچى ۋوگزالىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە يۈك، يولۇچى توشۇش ئەھۋالى شۇنداقلا پورتتىن يۈك ئۆتكۈزۈش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

لى شياۋۋېن

## شى لەنشىن «جۇڭگو بويىچە مۆنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2002 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى، ج خ مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق 12 ئورۇن قۇمۇل تۆمۈريول ج خ باشقارمىسىنىڭ پويىز ساقچىسى شى لەنشىنگە «جۇڭگو بويىچە مۆنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى» دېپ نام بەردى.

لى شياۋۋېن

## 10 كوللېكتىپ «مەملىكەتلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2002 - يىلى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى بىلەن تۆمۈريول مىنىستىرلىكى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدىكى 10 ياشلار كوللېكتىپىغا «مەملىكەتلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» دېپ نام بەردى. ئۇلاردىن ئۈرۈمچى يولۇچى توشۇش ئۆچاستكىسى بېيجىڭ پويىز ئەترىتى 3 - خىزمەت گۇرۇپپىسىغا يېڭىدىن نام بېرىلدى؛ قۇمۇل ئىش ئۆچاستكىسى قىزىلنۇر يول ئاسراش رايونى، خېجىڭ پويىز ئۆچاستكىسى يۇقىرىقى يېڭىنۇر بېكىتى، تۇرپان ۋوگزالى يۈك ئەكىش - توشۇش سېخى 2 - ئىسمېنا 1 - دىسپېتچېر گۇرۇپپىسى، ئۈرۈمچى يولۇچى توشۇش ئۆچاستكىسى شائخەي پويىز ئەترىتى 8 - خىزمەت گۇرۇپپىسى، كۈيتۇڭ ۋاگون ئۆچاستكىسى ئالاتاۋ پورتى پويىز تەكشۈرۈش پونكىتى، قۇمۇل ۋاگون ئۆچاستكىسى لىيۇيۈەن پويىز تەكشۈرۈش پونكىتى، كورلا يولۇچى توشۇش ئۆچاستكىسى ساياھەت پويىزى ئەترىتى، ئالاتاۋ پورتى ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش پونكىتى كىران ئىسمېنىسى، قۇمۇل پاراۋۇز ئۆچاستكىسى تەكشۈرۈش - رېمونت قىلىش سېخى رېمونت 1 - گۇرۇپپىسىنىڭ «مەملىكەتلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» دېگەن نامى داۋاملىق ئېتىراپ قىلىندى.

لى شياۋۋېن

## تۆمۈريول سىستېمىسى بويىچە ئىلغارلار

2002 - يىلى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خېجىڭ پاراۋۇز ئۆچاستكىسى قىزىلتاغ ئۆستەڭ بېكىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جيەنجېنغا «1 - ماي، ئەمگەك مېدالى» بەردى؛ تۆمۈريول مىنىستىرلىكى ئۈرۈمچى غەربىي پويىز ئىستانسىسى ۋاگون ئۆچاستكىسىنىڭ ئىش بېشى لۇ شىنۋېي، قەشقەر ئىش ئۆچاستكىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ لىيەنژۈن، قۇمۇل سۇ - ئېلېكتر ئۆچاستكىسىنىڭ ئىش بېشى لى يىڭ، قۇرۇلۇش گۇرۇھى 2 - شۆبە شىركىتىنىڭ دىرېكتور ياردەمچىسى ۋاڭ چاۋياڭ، تۆمۈريول ئىدارىسى كوللېكتىپ ئىگىلىك باشقارمىسى شىنتيې 1 - قۇرۇلۇش شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى دۇەن ۋېنخاۋ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول 2 - باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى گو يادى، تۆمۈريول مەركىزىي دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى جىجۇن، تۆمۈريول ئىدارىسى ئۆي - زېمىن مەركىزىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى بەي خېيجياڭ، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى خوتيېن شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى سۇي شۈيجاڭ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ج خ باشقارمىسىنىڭ پويىز ساقچىلىرى باشلىقى سۇڭ زېڭلياڭلارغا «پاراۋۇز مېدالى»، تۇرپان ۋوگزالى بىلەن دۇنخۇاڭ ۋوگزالىغا تۆمۈريول مىنىستىرلىكى «پاراۋۇز لوڭقىسى» بەردى.

لى شياۋۋېن

# تاشيول

## تاشيول ترانسپورتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە ئاپتوموبىل قاتنايدىغان تاشيول مۇساپىسى 82 مىڭ 882 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول 431 كىلومېتىر، 1 - دەرىجىلىك تاشيول 254 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 5765 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 20 مىڭ 712 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىك تاشيول 35 مىڭ 613 كىلومېتىر، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول 20 مىڭ 107 كىلومېتىر.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قاتناش تۇراقلىق مۈلكىگە 5 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرىدىن 30ى تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 2177 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ياسالغان 2 - دەرىجىلىك تاشيول 182 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 118 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىپ ياسالغان 1 - دەرىجىلىك تاشيول 61 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 741 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 1023 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىك تاشيول 52 كىلومېتىر. شىنجاڭ بويىچە 2 - قۇملۇق تاشيولى بولغان

چەرچەن — ئوتتۇرا تارىم 1 - قۇدۇقى تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودروس يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى ئەلا قۇرۇلۇش بولۇپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، بۇ يولنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تېخنىكىسى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى بولغان كۈيتۇڭ — سايرام ئالىي تاشيولى، خوشۇت — كورلا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ قۇرۇلۇشى ئارقا - ئارقىدىن باشلاندى. قاتناش تۇتاشتۇرۇلغان 15 ناھىيىنىڭ يولىنى ئاسفالىتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. 2002- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە غول تاشيولنىڭ ياخشى بولۇش نىسبىتى 74.29% كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.89% ئۆستى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىل 451 مىڭ 483 كە، تىجارەت خاراكتېرىدىكى يولۇچى، يۈك ئاپتوموبىلى 176 مىڭ 477 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تىجارەت خاراكتېرلىك يولۇچىلار ئاپتوموبىلى 35 مىڭ 328، تىجارەت خاراكتېرلىك يۈك ئاپتوموبىلى 141 مىڭ 149. تىجارەت خاراكتېرلىك يولدا توشۇلغان يولۇچى 160 مىليونغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7.6%، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 14 مىليارد 340 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، 10.3%، توشۇلغان يۈك 180 مىليون توننىغا يېتىپ، 9.4%، يۈك ئوبوروت مىقدارى 21 مىليارد 570 مىليون توننىغا يېتىپ، 21.4% ئاشتى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چېگرىدىن كىرىپ چىققان يولۇچىلاردىن توشۇلغىنى 101 مىڭ 700 گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 13 مىليون 836 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان يۈكنىڭ توشۇلۇش مىقدارى 702 مىڭ 400 توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 131 مىليون 282 مىڭ 200 توننا - كىلومېتىرغا يەتتى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يىغىلغان قاتناش قائىدىسى ھەققى (باج) 2 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 400 مىليون يۈەن ئاشتى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قاتناش پەن تەتقىقاتىغا 5 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ غەربىي رايون قاتناش قۇرۇلۇشىغا دائىر تۈرىدىن بىرى، ساھە بويىچە بىرلەشمە پەن - تېخنىكا ئۆتكەلى تۈرىدىن 4 ى قولغا كەلتۈرۈلدى. قاتناش نازارىتى پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 4نى ئومۇملاشتۇردى.

2002 - يىلى قاتناش نازارىتى قاتناش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تاشيولدا ئاساسەن «ئۈچ قالايمىقان» يوق 5 ئۆلكە،

ئاپتونوم رايوننىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە قاتناش سىستېمىسىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن 225 ى، ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن 160 ى، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن 145 ى بارلىققا كەلدى.

جاڭ پىڭ، ئاڭ جۈن

## ناھىيە - يېزا تاشيولى قۇرۇلۇشى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى 860 يېزا - بازارنىڭ 856 سىگە تاشيول تۇتاشتۇرۇلدى، بۇ ئومۇمىي يېزا - بازارنىڭ 99.5% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە 9417 مەمۇرىي كەنتنىڭ 8460 ىغا تاشيول تۇتاشتۇرۇلدى، بۇ ئومۇمىي مەمۇرىي كەنتنىڭ 89.8% نى ئىگىلەيدۇ. تاشيول مۇساپىسى ستاتىستىكىسىغا كىرگۈزۈلگەن ناھىيە - يېزا تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 مىڭ 498.2 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - دەرىجىلىك تاشيول 31.9 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 362.9 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 5822.1 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىك تاشيول 21 مىڭ 132.5 كىلومېتىر، دەرىجىگە توشمايدىغان يول 13 مىڭ 148.7 كىلومېتىر؛ ئالىي يول يۈزى 5531.5 كىلومېتىر، ئالىي دەرىجىلىكتىن كېيىن تۈزىتىلىدىغان يول يۈزى 12 مىڭ 203.2 كىلومېتىر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك يول يۈزى 8191.3 كىلومېتىر، تۆۋەن دەرىجىلىك يول يۈزى 12 مىڭ 119.2 كىلومېتىر، يول يۈزى يوق مۇساپە 7452.8 كىلومېتىر؛ كۆۋرۈك 1334، سوزۇلما ئۇزۇنلۇقى 30 مىڭ 239 مېتىر، سۇئۆتكۈچ 46 مىڭ 79. مۇساپىسى ستاتىستىكىغا كىرگۈزۈلمىگەن يېزا - كەنت تاشيولى 12 مىڭ 488 كىلومېتىر.

جاۋ يۇڭ

## ئوتتۇرا تارىم 1 - قۇدۇقىدىن چەرچەنگە بارىدىغان قۇملۇق تاشيولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى

شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى لايىھىلىگەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك نېفىت چارلاش ئىدارىسىنىڭ يول باشقۇرۇش شىركىتى، جاڭچىڭ نېفىت چارلاش ئىدارىسىنىڭ جاڭچىڭ يول باشقۇرۇش شىركىتى، چەرچەن ناھىيىلىك بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى ياساشنى ھۆددىگە ئالغان، ئوتتۇرا تارىم 1 - قۇدۇقىدىن دۆلەت يولى K1944+674K مېتىرلىق جايغا بارىدىغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 166.48 كىلومېتىر كېلىدىغان شىنجاڭ بويىچە 2 - قۇملۇق تاشيولىنىڭ قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى باشلانغانىدى، 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى پۈتۈن لىنىيىگە ئاسفالىت ياتقۇزۇلۇپ بولدى، 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. بۇ يولنىڭ پۈتۈشى بىلەن چەرچەندىن



2002 - يىل 11 - ئايدا دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ پارچە ساقالدىن توقسۇنغىچە بولغان 1 - دەرىجىلىك تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

لى گەنجىڭ فوتوسى

كورلىغىچە ترانسپورت ئارىلىقى 300 كىلومېتىر قىسقاردى.

جاڭ يىڭ

## ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

بۇ يول 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، قۇرۇلۇش سۈپىتى ئەلا بولدى. بۇ يول باغاچ ماتېرىياللىرى زاۋۇتىدىن باشلىنىپ، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومى ئايروپىلان كۈتۈش بىناسىنىڭ ئالدىدا توختايدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 9.8 كىلومېتىر. بۇ تۈردە 2000 - يىل 4 - ئايدا ئىش باشلانغانىدى، 2001 - يىل 10 - ئايدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى.

شى جى

## دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ پارچە ساقالدىن توقسۇنغىچە بولغان بۆلىكى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يوللار پۈتتى

بۇ بۆلەك 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

بۇ قۇرۇلۇش 2000 - يىل 7 - ئايدا باشلاندى، بۇ قۇرۇلۇشنى شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك باش شىركىتى، گۇاڭجۇ خۇبېي يول - كۆۋرۈك باش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئۈستىگە ئالدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 90 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە پارچە ساقالدىن توقسۇنغىچە بولغان 4 ئاپتوموبىل يولى بار، قوش يۆنىلىشلىك 1 - دەرىجىلىك تاشيول 39 كىلومېتىر؛ پارچە ساقالدىن ئۈرپانغىچە بولغان 2 ئاپتوموبىل يولى بار، تاق يۆنىلىشلىك 2 - دەرىجىلىك يول 51 كىلومېتىر، بۇ يول ئۈرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولىنىڭ پارچە ساقالدىن ئۈرپانغىچە بولغان بۆلىكىگە يانداش، بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 537 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

شى جى

## كۈيتۇڭ — سايرام ئالىي تاشيولىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى

شىنجاڭ بويىچە دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ ياسىلىدىغان 3 - تۈر — كۈيتۇڭ — سايرام ئالىي تاشيولىنىڭ قۇرۇلۇشى 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى باشلاندى.

بۇ يولنى ياساشنى جۇڭگو كۆۋرۈك باش شىركىتى قاتارلىق 15 كارخانا ئۈستىگە ئالدى، ئۇ كۈيتۇڭدىن باشلىنىپ، شىخو، جىڭ، بورتالا ئاچالدىن ئۆتۈپ، سايرام كۆلىگە بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 302.5 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە، كۈيتۇڭدىن شىخوغىچە بولغان 18 كىلومېتىر ئارىلىق 4 ئاپتوموبىل يولى بار يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول، شىخودىن بورتالا ئاچالغىچە بولغان 228.9 كىلومېتىر ئارىلىق 4 ئاپتوموبىل يولى بار 1 - دەرىجىلىك تاشيول، بورتالا ئاچالدىن سايرام كۆلىگىچە بولغان 55.6 كىلومېتىر ئارىلىق 2 - دەرىجىلىك تاشيول. بۇ يولنىڭ تۇپا - تاش قۇرۇلۇشى 15 توختام بۆلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي مۇددىتى 4 يىل.

جاڭ يىڭ

## دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ خوشۇتتىن كورلىغىچە بولغان بۆلىكىنى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قىلىش قۇرۇلۇشى باشلاندى

جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول — دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ خوشۇتتىن كورلىغىچە بولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشىدا 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى رەسمىي ئىش باشلاندى. بۇ يول توقسۇندىن خوشۇتقىچە ياسىلىۋاتقان تاشيولغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، يەنجى، تاشدەۋلەردىن ئۆتۈپ، كورلىدا توختايدۇ، ئۇزۇنلۇقى 92.4 كىلومېتىر، 4 ئاپتوموبىل يولى بار، قوش

يولسىلىك قۇرۇلۇش ئۆلچىمى قوللىنىلىدۇ. خېيمگەدىن پەيچىگىچە بولغان 27.8 كىلومېتىر ئارىلىقتا 2 - دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمى قوللىنىلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ مۇددىتى 3 يىل.

جاڭ پىڭ

## توغرىسىغا 2 يول، ئۇزۇنىسىغا 2 يول دۆلەتنىڭ ئۇقتىلىق تاشيول قۇرۇلۇشى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى

2002 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭدىن توغرىسىغا 2 يول، ئۇزۇنىسىغا 2 يول دۆلەتنىڭ ئۇقتىلىق قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

توغرىسىغا 2 يولنىڭ بىرى، ئالتاي — چاقىلىق تاشيولى، بۇ يول شىنجاڭ تەۋەسىدە ئالتاي شەھىرىدىن باشلىنىپ چاقىلىق ناھىيىسىگە بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 1618 كىلومېتىر؛ يەنە بىرى، ئالتايدىن شىزاڭنىڭ رىزاغا بارىدىغان تاشيول، بۇ يول شىنجاڭ تەۋەسىدە ئالتاي شەھىرىدىن باشلىنىپ، شىنجاڭ - شىزاڭ چېگرىسىدىكى تاغلىق داۋانغا بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 2799 كىلومېتىر.

ئۇزۇنىسىغا 2 يولنىڭ بىرى، دەندۇڭ — ئېركەشتام تاشيولى، بۇ يول شىنجاڭ تەۋەسىدە شىنجاڭ - گەنسۇ چېگرىسىدىكى سىڭشىڭشيادىن باشلىنىپ، ئېركەشتام پورتىغا بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2362 كىلومېتىر؛ يەنە بىرى، چىڭداۋ — قونجىراپ تاشيولى، بۇ يول شىنجاڭ تەۋەسىدە شىنجاڭ - چىڭخەي چېگرىسىدىكى يېتىمبۇلاقتىن باشلىنىپ، قونجىراپ پورتىغا بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2228 كىلومېتىر.

شى جى

## چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ترانسپورت ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن خەلقئارا يولۇچى، يۈك توشۇش لىنىيىسىدىن 47سى ئېچىلدى، چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ترانسپورتنى ئۈستىگە ئالغان كارخانا 37گە، ترانسپورت ئاپتوموبىلى 911گە يەتتى.

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە چەت ئەلگە چېتىشلىق ترانسپورتتا چېگرىدىن چىققان - كىرگەن 101 مىڭ 700 يولۇچى توشۇلۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %15.3 ئاشتى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 13 مىليون 836 مىڭ ئادەم - كىلومېتىر بولۇپ، %3.8 ئازايدى؛ توشۇلغان ئىمپورت - ئېكسپورت مېلى 702 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %2.7، يۈك ئوبوروت مىقدارى 131 مىليون 282 مىڭ 200 توننا - كىلومېتىر بولۇپ %3.3 ئازايدى. چېگرىدىن چىققان - كىرگەن يولۇچى، يۈك ئاپتوموبىللىرىدىن تىزىملاپ تەكشۈرۈلگىنى 64 مىڭ 312 ئاپتوموبىل (قېتىم) بولۇپ، %5.6 ئازايدى.

تۆرلۈك ترانسپورت كۆرسەتكۈچىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب مۇنۇلار: بىرىنچى، قازاقىستان تەرەپ كېلىشىمنى ئىجرا قىلمىدى ۋە كېلىشىمگە ئەمەل قىلمىدى، جۇڭگو تەرەپنىڭ C، B خىلدىكى ئىجازەتنامىسى بار ئاپتوموبىللىرىنىڭ بىۋاستە قازاقىستانغا بېرىشىنى چەكلەپ، مالنى پورتتىلا ئالماشتۇردى. ئىككىنچى، قازاقىستان تەرەپنىڭ ئاپتوموبىللىرى يۈكنى زىيادە ئارتۇق باسقاچقا، قاتناش ۋەقەسى كۆپلەپ كۆرۈلۈپ، يول راۋان بولمىدى. ئۈچىنچى، چەت ئەلگە چېتىشلىق يوللاردىكى يۈك توشۇش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چەت ئەللىك خادىملارغا ئۈنۈملۈك مەمۇرىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش تەس بولدى. تۆتىنچى، جۇڭگو - پاكىستان ئىككى تەرەپ «ئاپتوموبىل ترانسپورت كېلىشىمى»نىڭ تەپسىلىي قائىدىسىنى ئىمزالىمىغان بولغاچقا، ئىككى تەرەپنىڭ يولۇچى، يۈك توشۇش لىنىيىسىنى ئىچكىرىلەپ ئېچىشقا ئامال بولمىدى. بەشىنچى، جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىدا كىرىپ چىقىۋاتقان ئاپتوموبىللار ئارىسىدا يۈرۈش گۇۋاھنامىسى يوق ئاپتوموبىللار كۆپىيىپ قالدى.

شى جى

## ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش سىستېمىسى بويىچە «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزەش خىزمىتىدە 240 نەچچە قېتىم ئاشكارا تەكشۈرۈش ۋە يوشۇرۇن زىيارەت قىلىش ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 1100دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، مۇساپىسى 120 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشتى، تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان»غا دائىر مەسىلىدىن 31ى تۇسۇپ قېلىندى ۋە تۈزىتىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ «ئىككى مىنىستىرلىك، بىر ئىشخانا»سى ئاپتونوم رايونغا بارلىق تاشيوللىدا ئاساسەن «ئۈچ قالايمىقان» يوق ئۆلكە - ئاپتونوم رايون دەپ تاختا بەردى. جەمئىي 100 كۆزنەك ئورۇنغا ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش سىستېمىسى بويىچە ئىستىل قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە كۆزنەك ئورۇن دەپ تاختا بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىستىل تۈزىتىش ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر شەھەر تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللىگەن قانۇن ئىجراسى بويىچە جەمئىيەتنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە قاتناش نازارىتى ئاممىنىڭ رازىلىق نىسبىتى جەھەتتە 85 نومۇرغا ئېرىشىپ، يۇقىرى نومۇر بىلەن 1 - ئورۇندا تۇردى.

گاۋ كې

## پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى

2002 ـ يىلى قاتناش نازارىتى 5 تۈرلۈك پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتىنى تاماملىدى.

شىنجاڭنىڭ تاشيول قاتنىشىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇ ھەقتىكى ئىسلاھات ئۈستىدە تەتقىقات  بۇ تۈرنى قاتناش نازارىتىنىڭ سىياسەت ـ قانۇن ـ نىزام باشقارمىسى باش بولۇپ تاماملىدى. بۇ تۈردە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تەجرىبىلەر ئۆرنەك، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى چىقىش قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تاشيول قاتنىشىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى، ھازىرقى ئەھۋالى شۇنداقلا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئوبيېكتىپ باھا بېرىلگەن، شىنجاڭنىڭ تاشيول قاتنىشىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا دائىر بىرقەدەر تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇنىڭدىكى چارە ـ تەدبىرلەر يېتەكچى ئەھمىيەتكە ۋە مۇئەييەن مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە، ئىسلاھاتقا دائىر قىسمەن تەكلىپلەر قوبۇل قىلىندى.

بوراندا قۇم يېغىلىپ قالغان، شورلىشىپ كەتكەن يەرلەردىكى يول ئۇلى، يول يۈزىگە دائىر تەتقىقات  بۇ تۈرنى شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش ـ چارلاش ـ لايىھىلەش يۇرتى تاماملىدى. 5 يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 14.15 كىلومېتىر سىناق يول ۋە 20 كىلومېتىر سانائەت خاراكتېرلىك ئومۇملاشتۇرۇش يول بۆلىكى تاماملاندى، تەتقىق قىلىنغان يول ئۇلى ۋە يول يۈزىنىڭ قۇرۇلما شەكلى 37گە يەتتى. سىناق قىلىش ئارقىلىق، قۇملۇق چېتىدىكى بوراندا قۇم يېغىلىپ قالغان، شورلىشىپ كەتكەن يەرلەردە تاشيول ياساشتا ماس كېلىدىغان بىر يۈرۈش تېخنىكا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى، بۇ تېخنىكا بوراندا قۇم يېغىلىپ قالغان يول يۈزى قۇرۇلمىسىنى ھېسابلاشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىتىلدى. بوستانلىقنىڭ چېتىدىكى بوراندا يېغىلىپ قالغان قۇمنىڭ تېپىش مودېلىنىڭ E قىممىتى ۋە ئۇنىڭ ئىنچىكىلىك مودېلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈنجى قېتىم بېكىتىلدى؛ بوراندا يېغىلىپ قالغان قۇمنىڭ كاپىللىيارىدىكى سۇيۇقلۇق يۈزىنىڭ ئۆرلەش ئېگىزلىكىنىڭ 0.074 مىللىمېتىرلىق دانىچە تەركىبى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بېكىتىلدى؛ بوستانلىقنىڭ چېتىدىكى بوراندا يېغىلىپ قالغان قۇمدا قۇرۇلۇش قىلىش نورمىسى بېكىتىلدى. سېمونتلۇق تۇراقلاشتۇرغۇچى توپا، ھاك، قۇرۇم ئارقىلىق بوراندا يېغىلىپ قالغان قۇمنى تۇراقلاندۇرۇش، سېمونت ئارقىلىق بوراندا يېغىلىپ قالغان قۇمنى تۇراقلاندۇرۇش، خىمىيىلىك قاتۇرغۇچ بىلەن بوراندا يېغىلىپ قالغان قۇم (توپا)نى تۇراقلاندۇرۇش ئۈستىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، نەتىجە ھاسىل قىلىندى.

دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسىنىڭ كەڭسايدىكى ئۈزۈلۈپ قېلىش بۆلىكى بىلەن ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى يان قىيپاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات  بۇ تۈرنى شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش ـ چارلاش ـ لايىھىلەش يۇرتى تاماملىدى. بۇ تۈردە قېزىش، بۇرغىلاش، فىزىكىلىق تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىلغار بولغان تاشلىق قۇرۇلۇشنى چارلاش ۋاستىسىنى قوللىنىش ۋە نەق مەيداندا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسىنىڭ كەڭسايدىكى سىيرىلما بۆلىكىنىڭ چاتىقى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، بۇ بۆلەكنىڭ كۆلىمى، شەكىللىنىش سەۋەبى، ماددىي تەركىبى ۋە تىپى ئاساسەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، چاتاقنى تۈگىتىشكە دائىر كۆپ خىل لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى تاغلىق رايوندىكى تاشيولنىڭ تاشلىق قۇرۇلۇشىنى چارلاپ تەكشۈرۈشكە دائىر ئۆرنەك قىلىشقا بولىدىغان چارە ۋە ۋاستە بىلەن تەمىنلىدى.

شىنجاڭنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى تاشيول، سۇ قاتنىشى سىستېمىسىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات  بۇ تۈرنى قاتناش نازارىتىنىڭ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار تاماملىدى. بۇ تۈردە شىنجاڭنىڭ قاتناش سىستېمىسىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە ئۇنىڭدا ساقلانغان مەسىلىلەر تەتقىق قىلىندى ۋە ئانالىز قىلىندى، شىنجاڭنىڭ قاتناش سىستېمىسىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى نىسبەتەن توغرا ئانالىز قىلىنىپ، ئۇچۇرلار تۈرگە ئايرىلدى، شىنجاڭنىڭ قاتناش ساھەسىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشقۇرۇش لايىھىسى ۋە يولغا قويۇش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ تۈر شىنجاڭنىڭ قاتناش سىستېمىسىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

سوغۇقتا ئاسفالت بىرىكمە ماتېرىيالى ياتقۇزۇلغان يول يۈزىنى ئاسراشتا قوللىنىلىدىغان تېخنىكا ئۈستىدە تەتقىقات  بۇ تۈرنى بايىنغولىن ئوبلاستلىق قاتناش ئىدارىسى تاماملىدى. بۇ تۈر زال ئىچىدە سىناق قىلىندى ھەمدە دۆلەت يولى 314 ـ لىنىيىسى بىلەن يەنجىدىن چاقانقىچە بولغان بۆلەكتە سىناق قىلىندى، دۆلەت يولى 314 ـ لىنىيىسىدە يول

يۈزىگە ئاسفالت ياپالدى، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاسفالتلىق يول يۈزىنى ئاسراش جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

لى يۈلۇڭ

## ئىلغار كوللېكتىپلار

2002 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ ئالىي تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتناش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «تور باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر قانۇنىي ئىگە» دېگەن نامغا، شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش - چارلاش - لايىھىلەش يۈرتى «مۇنەۋۋەر لايىھىلىگۈچى ئورۇن» دېگەن نامغا (تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى)، شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك باش شىركىتى «مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش كارخانىسى» دېگەن نامغا (ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى 8 - توختام بۆلىكى)، قاتناش نازارىتى تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتى «مۇنەۋۋەر سۈپەت نازارەتچىلىك پونكىتى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شى جى

## خۇاڭ جېندۇڭ، جاڭ چۈنشيەنلەر شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى

قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى خۇاڭ جېندۇڭ، پارتگورۇپپا شۇجىسى، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مىنىستىر جاڭ چۈنشيەن 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلار تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى، دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسى، قۇملۇق تاشيولى، ئوتتۇرا تارىم 1 - قۇدۇقى — چەرچەن قۇملۇق تاشيولى، دۆلەت يولى 315 - لىنىيىسى، قەشقەر چېگرا تاشيولى ۋە ئېركەشتام پورتى تاشيولىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە ئاسرىلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شى جى

قىسقا ماتېرىيال

## تاشيولنى دەرىجىگە ئايرىش

تاشيول ئىشلىتىلىش ۋەزىپىسى، ئىقتىدارى ۋە ئۇيغۇنلىشىدىغان قاتناش مىقدارىغا قاراپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك، 1 - دەرىجىلىك، 2 - دەرىجىلىك، 3 - دەرىجىلىك، 4- دەرىجىلىك تاشيول دەپ 5 تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ئاپتوموبىللارنىڭ قاتناش يۆنىلىشى ۋە ماڭىدىغان يولى ئايرىلغان، كىرىش - چىقىش پۈتۈنلەي كونترول قىلىنغان قول تاشيولنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ 4، 6، 8 يوللۇقلىرى بولىدۇ. ئادەتتە ھەرخىل ئاپتوموبىللار كىچىك يولۇچى ئاپتوموبىلىغا سوندۇرۇلغان كەلگۈسى لايىھەدىكى يىل چېكى ئىچىدە، ھەر يىلى بىر سوتكىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25 مىڭدىن 100 مىڭغىچە ئاپتوموبىلنىڭ قاتنىشىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. 1 - دەرىجىلىك تاشيول ئاپتوموبىللارنىڭ ماڭىدىغان يۆنىلىشى ۋە يولى ئايرىلغان تاشيولنى كۆرسىتىدۇ، ئادەتتە ھەرخىل ئاپتوموبىللار كىچىك يولۇچى ئاپتوموبىلىغا سوندۇرۇلغان كەلگۈسى لايىھەدىكى يىل چېكى ئىچىدە، ھەر يىلى بىر سوتكىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 مىڭدىن 30 مىڭغىچە ئاپتوموبىلنىڭ قاتنىشىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. 2 - دەرىجىلىك تاشيول ئادەتتە ھەرخىل ئاپتوموبىللار ئوتتۇراھال يۈك ئاپتوموبىلىغا سوندۇرۇلغان كەلگۈسى لايىھەدىكى يىل چېكى ئىچىدە، ھەر يىلى بىر سوتكىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3000 دىن 7500 گىچە ئاپتوموبىلنىڭ قاتنىشىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. 3 - دەرىجىلىك تاشيول ئادەتتە ھەرخىل ئاپتوموبىللار ئوتتۇراھال يۈك ئاپتوموبىلىغا سوندۇرۇلغان كەلگۈسى لايىھەدىكى يىل چېكى ئىچىدە، ھەر يىلى بىر سوتكىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1000 دىن 4000 گىچە ئاپتوموبىلنىڭ قاتنىشىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. 4 - دەرىجىلىك تاشيول ئادەتتە ھەرخىل ئاپتوموبىللار ئوتتۇراھال يۈك ئاپتوموبىلىغا سوندۇرۇلغان كەلگۈسى لايىھەدىكى يىل چېكى ئىچىدە، ھەر يىلى بىر سوتكىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن قوش يولدا 1500 دىن تۆۋەن، تاق يولدا 1200 دىن تۆۋەن ئاپتوموبىلنىڭ قاتنىشىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

1998 - يىلى قاتناش مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچىمىدە، تاشيول مەخسۇس ئاپتوموبىل تاشيولى ۋە ئادەتتىكى تاشيول دەپ ئايرىلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى مەخسۇس ئاپتوموبىل تاشيولى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول، 1 - دەرىجىلىك تاشيول ۋە ئاپتوموبىل قاتنىشىغىلا ئىشلىتىلىدىغان 2 - دەرىجىلىك تاشيوللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ ئۈچ دەرىجىلىك تاشيول ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئالىي تاشيول دەپ ئاتىلىدۇ.

لى جىڭۋېن

# خەلق ئاۋىئاتسىيىسى

## خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2002 - يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى 57 مىڭ 601 ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ بىخەتەر ئۇچۇش - قونۇشىغا، 16 مىڭ 929 نۆۋەتچى ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ ئۇچۇشىغا، 24 مەخسۇس ئايروپىلان (قېتىم) غا، 48 نۆۋەتچى ئايروپىلان (قېتىم) نى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدە بىر قېتىم ھادىسە ئالامىتى كۆرۈلۈپ، ھادىسە كۆرۈلۈش ئالامىتىنىڭ ھەر 10 مىڭ سائەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.17 بولدى؛ شىنجاڭ ھەمساب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بىر قېتىم ھادىسە ئالامىتى كۆرۈلۈپ، ھەمساب ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ھادىسە كۆرۈلۈش ئالامىتىنىڭ ھەر 10 مىڭ ئايروپىلان (قېتىم) دا ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.36 بولدى. 48 يىل ھاۋا ترانسپورتى بويىچە ئۇچۇش بىخەتەرلىكى ۋە ھاۋا مۇداپىئە بىخەتەرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى ئايروپورتلارنىڭ يولۇچىلارنى قوبۇل قىلىش-چىقىرىش مىقدارى 2 مىليون 132 مىڭ 781 ئادەم (قېتىم) گە، مال، پوچتا يوللانمىلىرى، يۈك - تاقلارنى قوبۇل قىلىش-چىقىرىش مىقدارى 60 مىڭ 463.8 توننىغا، كاپالەتلەندۈرۈلگەن ھاۋا ترانسپورت نۆۋەتچى ئايروپىلانلىرى 22 مىڭ 933 ئايروپىلان (قېتىم) غا يەتتى. تىجارەت خاراكتېرلىك ئەمەلىي گەۋدىلەرنى شىركەتكە ئۆزگەرتىش پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، 12 چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى مەبلەغ سالدۇرۇپ، پاي كونترول قىلدۇرۇپ، پاي قوشتۇ-رۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرى يېتىشتۈرۈلۈپ، ئاۋىئاتسىيىنىڭ كېڭەيمە كەسپىنىڭ كىرىمى كۆپەيتىلدى، يېڭى سېلىنغان ئايروپىلان كۈتۈش بىناسىنىڭ سودا، يولۇچى-يۈك ئايروپىلانىنى ئىجارىگە بېرىش، ئېلان قاتارلىق بايلىقى ئومۇميۈزلۈك ئېچىلدى، ئايروپورتلاردىكى ساقلىنىۋاتقان مال-مۈلۈك جانلاندۇرۇلدى، ئېلان ۋە ئايروپىلان ئىجارە كەسپى خېلى تېز راۋاجلاندى.

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئورۇندىغان تۈرلۈك ئۇچۇش ۋاقتى 61 مىڭ 856 سائەتكە يەتتى، ئۇچۇشتىكى دەرىجىلىك ۋەقە ۋە ھاۋا مۇداپىئە ۋەقەسى كۆرۈلمىدى؛ ترانسپورت ئۇچۇش ۋاقتى 58 مىڭ 700 سائەتكە يەتتى، ترانسپورت ئوبوروت مىقدارى 430 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 13.2% ، يولۇچى توشۇش مىقدارى 1 مىليون 820 مىڭغا يېتىپ 15.8%، مال، پوچتا يوللانمىلىرى توشۇش مىقدارى 27 مىڭ توننىغا يېتىپ، 32.4% ئاشتى؛ ئاساسىي تىجارەت كەسپىي كىرىمى 2 مىليارد 537 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 8.25% ئاشتى، ئاساسىي كەسپىي تەننەرخ 1 مىليارد 932 مىليون 510 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1.75% تۆۋەنلىدى. يۇقىرىغا تاپشۇرغان خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قۇرۇلۇشى فوندى 64 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك باج 105 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، زىيان 191 مىليون 910 يۈەن (ئىل — 86 تىپلىق ئايروپىلاننى بىر تەرەپ قىلىشقا كەتكەن چىقىمىز شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى. شۇ يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 55 مىليون 100 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 6 مىليون 255 مىڭ 800 يۈەن، چوڭ رېمونت قىلىنىدىغان تۈرلەرگە 2 مىليون 841 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، جەمئىي سېلىنغان مەبلەغ 714 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ شىركەت 122 مىليون 560 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇپ، ئۈرۈمچى بويىچە 2002-يىللىق باج تاپشۇرۇشتا «تۆھپىكار كارخانا» مېدالىغا ئېرىشتى.

جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە ماي ماتېرىيال باش شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شىركىتى 88 مىڭ 164 توننا ئاۋىئاتسىيە مېيى سېتىپ، 219 مىليون 62 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، 11 مىڭ 543 ئايروپىلان (قېتىم) غا ماي قاچىلىدى، مەسئۇلىيەتكە ياتىدىغان كېچىكتۈرۈش نىسبىتى نۆل، ھەر 10 مىڭ ئايروپىلان (قېتىم) بويىچە مەسئۇلىيەت سەۋەنلىكى نۆل، ھەر 10 مىڭ توننا ماي بويىچە مەسئۇلىيەت سەۋەنلىكى نۆل، خېرىدارلارنىڭ رازى بولۇش نىسبىتى 100%، ماي سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 100%، ئۈسكۈنىلەرنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتىنى 95%تىن يۇقىرى نىسبەتتە ساقلاپ، دەرىجىلىك مەسئۇلىيەت ۋەقەلىرىنى تۈگەتتى.

شىنجاڭ ھەمساب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 22 ئايروپىلان ئاجرىتىپ، ئايروپىلانلارنى 17 ئايروپىلان گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ، 33 مىڭ 864 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچۇرۇپ ۋە قوندۇرۇپ، 243 مىڭ 300 گېكتار يەرنى بىر تەرەپ قىلدى؛ ئورۇندىغان ئۇچۇش ۋاقتى 5605 سائەت بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەشغۇلاتىدا 4313 سائەت، سانائەت مەشغۇلاتىدا 402 سائەت، مەشىق قىلىش ئۈچۈن 573 سائەت، ھۆكۈمەت ئىشى، سىناپ ئۇچۇش، ئايرودروم ئالمىشىپ ھەقسىز ئۇچۇش يۈزىسىدىن 317 سائەت ئۇچتى. 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى B8470 نىڭ Y5 تىپلىق ئايروپىلانىنى چوڭ رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنى تۇنجى قېتىم تاماملىدى ھەم خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى تارقاتقان Y5 تىپلىق ئايروپىلاننى چوڭ رېمونت قىلىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى.

لى ۋېنجيۇ، زېڭ چېچىن، ياۋ شىنگو، جاڭ جۇنفاڭ

## شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى جەنۇب ئاۋىئاتسىيە شىركىتىگە كىردى

2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جەنۇب ئاۋىئاتسىيە (گۇرۇھ) شىركىتى ئاساس قىلىنىپ، جۇڭگو شىمال ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ تەشكىللەنگەن جۇڭگو جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھ شىركىتى بېيجىڭدا قۇرۇلدى. 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جەنۇب ئاۋىئاتسىيە گۇرۇھىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۆۋەتچى ئايروپىلان ۋەكالەت نومۇرى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

زېڭ چىچىن

## ساھەلەرنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۆز قارمىقىدىكى ئاۋىئاتسىيە كارخانىلىرىغا بولغان يېتەكلەش، نازارەتچىلىك - باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ھەرىكەت تەرتىپلىكى جەھەتتە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىگە ھەمكارلىشىپ ATR—72 تىپلىق ئايروپىلاننى «تېز تەكشۈرۈش تالونى»، «نورمال تەكشۈرۈش تالونى» ۋە «ئۇچۇشتىكى ئۆلچەملىك ھەرىكەت قوللانمىسى»نى تۈزىتىش مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىشىنى تاماملىدى، شىنجاڭ ھەمسىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە ئەگرىتاغ ھەمسىباب ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۆلچەملىك ئۇچۇش ھەرىكىتىنى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ، تۈزەش ۋە ئۆزگەرتىش پىكرىنى بەردى؛ ھەرىكەت باشقۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇپ، شىنجاڭ رايونىدىكى ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك ۋە تەرتىپلىكنى كۈچەيتتى. كىنىشكا تەكشۈرۈش، سىناش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى چىڭىتتى، 8 ئۇچقۇچىنىڭ ئايروپىلان ئالمىشىشقان ۋە تېخنىكا ئۆلچىمى ئالماشتۇرۇلۇپ ئۆستۈرۈلگەن ئىشىنى تەستىقلىدى، تەقلىدىي ئايروپىلاندا 330 ئادەم (قېتىم) نى تەكرار مەشىق قىلدۇردى؛ قارمىقىدىكى ھەرقايسى ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىنىڭ ئۇچۇشنى تەكشۈرۈشكە تەيىنلەنگەن 33 ۋەكىلنى كۆرسەتتى ۋە مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىردى؛ 49 ئادەم (قېتىم) نى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدە توشۇش ۋە ئۇچۇش ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ نەزەرىيە ئىمتىھانىغا قاتناشتۇردى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھنامە بەردى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 754 ئادەمگە ھەر خىل گۇۋاھنامە، 696 ئادەم (قېتىم) گە ئۇچقۇچى گۇۋاھنامىسىنى (تېخنىكا تەستىقنامىسى) تەكشۈرۈپ بېجىرىپ بەردى، سودىغا ئىشلىتىلىدىغان 44 پارچە ئۇچۇش گۇۋاھنامىسىنى تۇنجى قېتىم بېجىردى؛ 6 نۆۋەتچى ئۇچقۇچىلار ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانى ئۆتكۈزۈشتۈردى، كەسپىي ئىنگلىز تىلى بويىچە لاياقەت گۇۋاھنامىسىدىن 52 نى، قۇرۇقلۇق بىلەن ھاۋادا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىش بويىچە لاياقەت گۇۋاھنامىسىدىن 53نى بېجىردى.

بۇ ئىدارە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ۋە شىنجاڭ ھەمسىباب ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلان رېمونت قىلىش ئورۇنلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالىدى، بارلىق رېمونت تۈرلىرىنى ئېنىقلاش، رېمونت قىلىش ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە رېمونت قىلىش ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى. رېمونت مەيدانىدىكى رېمونت قىلىش تۈرىدىن 410 نى، ئاۋىئاتسىيە ۋاستىلىرىنى مېخانىكىلىق رېمونت قىلىش ۋە قەرەللىك رېمونت قىلىش تۈرىدىن 30 نەچچىنى ئېنىقلىدى. شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ 22 ئايروپىلانى، شىنجاڭ ھەمسىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 30 ئايروپىلانىنى بېلىق تەكشۈرۈش ۋە ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇشقا ئۇيغۇن كىنىشكىسىنى قايتا ئىمزالاش خىزمىتىنى تاماملىدى. بىر يىلدا رېمونتچىلارنىڭ ئاساسىي گۇۋاھنامىسىدىن 38 نى، ئايروپىلان تىپى گۇۋاھنامىسىدىن 108 نى ئىمزالاپ تارقاتتى. شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ATR—72 تىپلىق ئايروپىلانىغا سوقۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىستېما (TCASII) سىنى ئورنىتىش ياكى ئۆزگەرتىش تۈرىنى، ئورنىتىدىغان، ئۆزگەرتىدىغان ئورۇن ۋە خادىملارنىڭ سالاھىيەت ۋە ئىقتىدارىنى تەكشۈردى، ئايروپىلانلارغا سوقۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسىنى ئورنىتىش ۋە يۇمشاق دېتالىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىدى.

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۇچۇش ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش مەركىزىنىڭ قول قويۇپ ماقۇللاش خىزمىتىنى تەكشۈردى، 23 ئادەمنىڭ قول قويۇپ ماقۇللىغۇچى گۇۋاھنامىسىنى تەكشۈرۈپ بېجىردى.

بۇ ئىدارە قارمىقىدىكى ئاۋىئاتسىيە بازىرىغا بولغان نازارەتچىلىك - باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتتى. 62 ۋاكالەتچى كارخانىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، كىنىشكا ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى؛ ئايروپىلان بېلىتىنى ۋاكالىتەن ساتىدىغان 6 ئورۇننى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، بازار تەرتىپىنى قوغدىدى؛ ھەمسىباب ئاۋىئاتسىيىنىڭ قانۇنسىز تىجارەت قىلغان 2 قېتىملىق ئۇچۇش پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ھەمسىباب ئاۋىئاتسىيە بازىرىنى ساپلاشتۇردى؛ كۆچكە ئىگە 13 ئەرزنى قوبۇل قىلىپ، ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى ۋە يول كۆرسەتتى.

«ئايرودروم باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»،

«ئايرودرومنىڭ ھاۋا بوشلۇقىنى تازىلاش ۋە مۇھىت باشقۇرۇش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ بويىچە ئايرودروملارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» قاتارلىق قېلىپ مۇججەت ۋە ماتېرىياللارنى تۈزۈپ چىقتى، ئايرودرومغا ئالاقىدار پايدىلىنىش قوللانمىسىنى تۈزۈش ۋە كىنىشكا ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايرودروملىرىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى تەكشۈرۈش، ئايرودرومنى پىلانلاش، ھاۋا بوشلۇقىنى تازىلاش ۋە قوغداش، قۇشلارنىڭ زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈستىدىكى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى، ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، ئالتاي، ئاقسۇ، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى ئايرودروملارنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى 2 قېتىم تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ چىققان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ماسلىشىشچانلىقنى تەكشۈرۈش خاتىرە كارتوچكىسىنى تارقاتتى ۋە تۈزىتىش مەقسىدە يوليورۇق چۈشۈردى.

لى ۋېنجيۇ

## ئايرودروم كاپالىتى

2002 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ ئايرودروم ئىشلىرى تارمىقى 32 مىڭ 803 مېتىر بەلگە سىزىقىنى يېڭىلىدى، ئۇچۇش رايونىدىكى 337 مىڭ كۋادرات مېتىر يەرنىڭ ئوت ـ چۆپىنى قىرقىدى، 7930 كۋادرات مېتىر يولنىڭ گىرۋىكىنى رېمونت قىلدى، 32 مىڭ 63 كۋادرات مېتىر ئۇچۇش ـ قونۇش يولىغا يېلىم سۈۋىدى، 480 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆتۈرۈلۈش ـ تۆۋەنلەش بەلۋېغىنى ياتجىدى، سىيرىلىپ يۈرۈش يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇش يولىدىكى 52 مىڭ مېتىر يوچۇقنى ئەتتى، 409 كۋادرات مېتىر ئۇچۇش ـ قونۇش يولىنى رېمونت قىلدى؛ ئۇچۇشقا ياردەم بېرىدىغان چىراغلارنى 867 قېتىم، 2502 سائەت ياندۇردى، ياندۇرۇش نىسبىتى بىلەن كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى، ھەر خىل چىراغلارنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى ئاساسەن ساھە بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتتى؛ ئۇچۇشقا ياردەم بېرىدىغان 1877 دانە چىراغنى تەكشۈرۈش، ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ئورۇندىدى، بۇزۇلغان 206 چىراغنى رېمونت قىلىپ ئاسرىدى، 6 دانە ئايرىش ترانسفورماتورىنى يەڭگۈشلىدى.

لى ۋېنجيۇ

## ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ يېڭى ئاۋىئاتسىيە پونكىتى بىناسى ئىشلىتىلدى

2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ يېڭى بىناسى رەسمىي ئىشلىتىلدى. يېڭى ئايرودروم بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 47 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 50 نەچچە مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى بار. بۇ قۇرۇلۇش 1999 ـ يىل 4 ـ ئايدا باشلىنىپ 2001 ـ يىل 12 ـ ئايدا پۈتۈپ دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، 2002 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

لى ۋېنجيۇ

## ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيىسى

2002 ـ يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيە باشقارمىسى 74 مىڭ 530 ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ ھەر خىل ئۇچۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، تۆۋەنچى ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇشىنىڭ نورمال بولۇش نىسبىتى مەملىكەت ئىچىدە ئۇچۇشنىڭ %73.07، خەلقئارالىق ئۇچۇشنىڭ %42.52 بولدى، مۇھىم ھاۋا رايى مەلۇماتلىرىنىڭ توغرىلىق نىسبىتى %83.12 كە يەتتى، مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىپ ئۆلچەشنىڭ خاتالىق نىسبىتى 10 مىڭدا 0.25 بولدى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىنىڭ تورلۇق ئاۋىئاتسىيە ئاخبارات ـ ماتېرىياللىرىدىن 427 مىڭ 80 پارچىنى قوبۇل قىلىپ تارقىتىپ بىرتەرەپ قىلدى. تورلۇق كەسپىي خىزمەتلەرنىڭ سۈپىتى ساھە ئۆلچىمىگە يەتتى. تور تېخنىكىسىدىكى 5 تورلۇق ئەمەلىي يەن ـ تېخنىكىسى خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى ھاۋا بوشلۇقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ۋە ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە «XJATM ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر تورىنى كۆپ قاتلاملىق ئېچىش» تۈرى خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى ھاۋا بوشلۇقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

چۇ جيەنپىڭ

## خەۋەرلىشىش، يول باشلاش

2002 ـ يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خەۋەرلىشىش ـ يول باشلاش رادارى 262 مىڭ 263.85 سائەت ئىشلىدى، نورمال بولۇش نىسبىتى %99.99 كە يەتتى؛ ئۈسكۈنىلىرى 50 مىليون 597 مىڭ 319.05 سائەت ئىشلىدى، بېجىرىملىق نىسبىتى %99.7 كە يەتتى؛ تېلېگرامما ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 871 مىڭ 75 كە يەتتى، 8142 پارچە خاتا مەلۇمات بىر تەرەپ قىلىندى. خەبەردارلارنى 69 ھەر خىل مەخسۇس ئايروپىلان (قېتىم) بىلەن كاپالەتلەندۈردى، 659 سائەت مەخسۇس ئايروپىلان مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. 8000 توپچىلىق پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورىنى ئورناتتى، خوتەن ئايرودرومىغا يۆنىلىشسىز بېشاكون ئاپپارات (NDB) لىق يول باشلاش سۈپىسى ئورناتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە تارماق لىنىيىلىك ئايرودروملارنىڭ يول باشلاش ئۈسكۈنىلىرىنى

ئۇچۇش داۋامىدا توغرىلاپ تەڭشەش خىزمىتىنى تاماملىدى.

چۆ جيەنپىڭ

## بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002-يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى 9328 ئايروپىلان (قېتىم) نى نازارەت قىلدى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك يولۇچىلاردىن 859 مىڭ 744 ئادەم (قېتىم) نى تەكشۈردى، يولۇچىلارنىڭ 2 مىليون 148 مىڭ 764 سومكا، يۈك-تاقلىرىنى تەكشۈردى، رەسمىيىتى ئۇيغۇن كەلمىگەن 40 يولۇچىنى تەكشۈرۈپ چىقتى، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان 2 جىنايەت گۇماندارىنى قولغا چۈشۈردى، 72 پاي ئوق، 19 دانە تەقلىدىي مىلتىق، ئاسان ئوت ئالىدىغان ۋە ئاسان پارتلايدىغان 465 بۇيۇم، 102 ساقچى جابدۇقى، 13 مىڭ 959 دانە تۈرلۈك پىچاق-خەنجەرنى، زەھەر ئېلىپ يۈرگۈچىدىن 2 ئادەم (قېتىم) نى، باشقا مەنئى قىلىنغان بۇيۇمدىن 1163 نى ئېنىقلاپ چىقتى. بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان نەق مەيدان تەرتىپىنى قالايمىقان قىلغان 3 قېتىملىق قىلمىشنى تىزگىنلىدى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ يۈكىنى توشۇشنى ھۆددىگە ئالغان 343 ئايروپىلان (قېتىم) غا كاپالەتلىك قىلدى. يۈك توشۇش ھۆددە ئايروپىلانىدىكى 13 مىڭ 686 توننا يۈكنى تەكشۈردى.

چۆ جيەنپىڭ

## ھاۋا قاتناش لىنىيىسى تىجارىتى

2002-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ھاۋا قاتناش لىنىيىسى 87 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى ھاۋا قاتناش لىنىيىسى 79 (شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ بىر)، خەلقئارا ھاۋا قاتناش لىنىيىسى 8. ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 117 مىڭ 570 كىلومېتىر (قايتىلانمايدىغان ئارىلىق بويىچە ھېسابلاندى)، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى ھاۋا قاتناش لىنىيىسى 99 مىڭ 850 كىلومېتىر (شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ 1323 كىلومېتىر)، خەلقئارا ھاۋا قاتناش لىنىيىسى 17 مىڭ 720 كىلومېتىر.

زېڭ چىچېن

## يېڭىدىن ئېچىلغان ھاۋا قاتناش لىنىيىلىرى

2002-يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى يولۇچى توشۇش ھاۋا قاتناش لىنىيىسىدىن 13 نى يېڭىدىن ئاچتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى 12، خەلقئارالىق بىر.

1-ئاينىڭ 8-كۈنى ATR72—210A تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىدىغان، شاڭخەي-خېفېي-شاڭخەي ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭ مۇساپىسى 412 كىلومېتىر.

1-ئاينىڭ 8-كۈنى ATR72—210A تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىدىغان، ئەنچىڭ-ۋېنجۇ-ئەنچىڭ ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭ مۇساپىسى 515 كىلومېتىر.

2-ئاينىڭ 4-كۈنى بوئىڭ 300-737 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىدىغان، ئۈرۈمچى-چۇڭچىڭ-كۇنمىڭ-چۇڭچىڭ-ئۈرۈمچى ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭ مۇساپىسى 3209 كىلومېتىر.

5-ئاينىڭ 8-كۈنى بوئىڭ 700-737 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىدىغان، ئۈرۈمچى-شىئەن-ۋۇخەن-شىئەن-ئۈرۈمچى ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭ مۇساپىسى 3041 كىلومېتىر.

5-ئاينىڭ 20-كۈنى ATR72—210A تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىدىغان، شاڭخەي-جوشەن بېرىپ كېلىش ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭ مۇساپىسى 210 كىلومېتىر.

6-ئاينىڭ 20-كۈنى ATR72—210A تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىدىغان، نەنچاڭ-نىڭبو-نەنچاڭ ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭ مۇساپىسى 592 كىلومېتىر.

7-ئاينىڭ 19-كۈنى بوئىڭ 700-737 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىدىغان، ئۈرۈمچى-دۇنخۇاڭ-جيايۈگۈەن-دۇنخۇاڭ-ئۈرۈمچى ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭ مۇساپىسى 1177 كىلومېتىر.

7-ئاينىڭ 22-كۈنى ATR72—210A تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىدىغان، شاڭخەي-نىڭبو-شاڭخەي ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭ مۇساپىسى 160 كىلومېتىر.

8-ئاينىڭ 26-كۈنى ATR72—210A تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىدىغان، شاڭخەي-يەنچېڭ-شاڭخەي ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭ مۇساپىسى 300 كىلومېتىر.

9-ئاينىڭ 19-كۈنى ATR72—210A تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىدىغان، شاڭخەي-ليەنيۈنگاڭ-چىڭخۇاڭداۋ-ليەنيۈنگاڭ-شاڭخەي ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭ مۇساپىسى 1128 كىلومېتىر.

10-ئاينىڭ 1-كۈنى ATR72—210A تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىدىغان شاڭخەي-فۇياڭ-شاڭخەي ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭ مۇساپىسى 586 كىلومېتىر.

12-ئاينىڭ 21-كۈنى ATR72—210A تىپلىق

ئايروپىلان ئىشلىتىلىدىغان، ئۈرۈمچى - كۇچا - ئاقسۇ - كۇچا - ئۈرۈمچى هاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭ مۇساپىسى 867 كىلومېتىر.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بوئىڭ 200 - 757 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىدىغان، ئۈرۈمچى - خەنجياڭ - ئۈرۈمچى هاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئاچتى، ئۇنىڭ مۇساپىسى 3693 كىلومېتىر.

زىباڭ چىچەن

## ئايروپىلان - قوشۇن كۆلىمى

2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى كىرگۈزگەن 9 بوئىڭ 200 - 757 تىپلىق B2830 نومۇرلۇق ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا قوندى. يىل ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانلىرى 20 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بوئىڭ 200 - 757 تىپلىق ئايروپىلان 9، بوئىڭ 700 - 737 تىپلىق ئايروپىلان 4، بوئىڭ 300 - 737 تىپلىق ئايروپىلان 2، ATR72—210A تىپلىق ئايروپىلان 5. ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى 696 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇچقۇچى 357، مۇلازىمەتچى 319، بىخەتەرلىك خادىمى 20. ئايروپىلان گۇرۇپپا سانى 109 گۇرۇپپا.

زىباڭ چىچەن

## ئىل - 86 تىپلىق ئايروپىلان سەپتىن چېكىندى

2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئىل - 86 تىپلىق 3 ئايروپىلان سەپتىن چېكىندى، بۇ جۇڭگو ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرى روسىيە ياسىغان ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇش تارىخى بىلەن خوشلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

زىباڭ چىچەن

## ئايروپىلان ئاسراش - رېمونت قىلىش

2002 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايروپىلان ئاسراش - رېمونت بازىسى هەر خىل تىپتىكى ئايروپىلانلارنىڭ 57 مىڭ 178 سائەت بىخەتەر ئۇچۇشىغا ۋە 28 مىڭ 152 ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ نورمال ئۇچۇش - قونۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، 163 ئايروپىلان (قېتىم) نى هەر خىل قەرەللىك تەكشۈردى، 20 ماتور (قېتىم) نى ئالماشتۇردى، 5842 ئايروپىلان (قېتىم) نى ئۇچۇشتىن بۇرۇن رېمونت قىلىشقا، 5837 ئايروپىلان (قېتىم) نى ئۇچۇشتىن كېيىن رېمونت قىلىشقا، 2473 ئايروپىلان (قېتىم) نى قىسقا ۋاقىت توختىتىپ رېمونت قىلىشقا، چەت ئەلدىن كەلگەن 2568 ئايروپىلان (قېتىم) نى رېمونت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلدى. 782 ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ ئامبارغا بىخەتەر كىرىش - چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلدى، 232 ئايروپىلاننىڭ سىرتقى يۈزىنى تازىلىدى، 407 ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ سىرتىدىكى قار - مۇزنى تازىلىدى. هەر خىل تىپلىق ئايروپىلانلارنىڭ ئوتتۇرىچە بېجىرىملىك نىسبىتى 90.63% كە يەتتى، نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ نورمالسىزلىق نىسبىتى 2.62‰ بولدى.

زىباڭ چىچەن

## هاۋا قاتناش يېڭى مەھسۇلاتلىرى

2002 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بازارنى ئىنچىكە بۆلۈش ئاساسىدا «ئائىلە ساياھىتى»، «ئەر - خوتۇن ساياھىتى»، «ئالتۇن شەپەق ساياھىتى»، «يېڭى توي ساياھىتى»، «ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ساياھىتى»، «ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىكى ئەلالارنى كاتتا مۇكاپاتلاش» قاتارلىق ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى ئارقا ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقاردى؛ ساياھەت بازىرىنى ئېچىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن «قەدىمىي يىپەك يولى ساياھىتى»، «دېڭىز شامىلى ساياھىتى» قاتارلىق ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى؛ سۈس پەسىلدىن پايدىلىنىپ «ئالتۇن رەڭلىك شىنجاڭ ساياھىتى»، «تەلەيلىك 4700 ۋە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيىسىدە ھېسسىياتنى پەرۋاز قىلدۇرۇش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئىچكى هاۋا لىنىيىسىدە مەنپەئەتلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ساياھەتچى، يولۇچىلارنى ھەقىقىي نەپكە ئېرىشتۈردى.

زىباڭ چىچەن

## 26 ئۇچقۇچى بىخەتەر ئۇچۇش مېدالىغا ئېرىشتى

2002 - يىل 7 - ئايدا ياڭ يۇشىياڭ، لۇ چېڭسۇن، شاۋ شىڭخۇا، جاۋ بىنچياڭ، ۋاڭ شىجۇ، شۇ شۆچۈن، ياڭ پىيتاڭ، لياڭ جۇنلياڭ، ۋېن يى قاتارلىق 9 كىشى بىخەتەر ئۇچۇش بويىچە ئالتۇن مېدالغا ۋە گۇۋاھنامىگە ئېرىشتى؛ چېن لىن، لى ليەنكەي، شى جىڭۋېن، ياۋ يۇنخۇاڭ قاتارلىق 4 كىشى بىخەتەر ئۇچۇش بويىچە كۈمۈش مېدالغا ۋە گۇۋاھنامىگە ئېرىشتى؛ جيا بىن، خۇ فۇرۇڭ، چا كې، لۇ جىنلۇڭ، ياڭ مىڭ، جاڭ داچياڭ، ليۇ ئەن، جاڭ مىڭشياڭ، ما چېڭيوڭ، ۋېن چىلياڭ، ۋاڭ شياۋپىڭ، جۇ جىنلى، جاڭ چياڭ قاتارلىق 13 كىشى بىخەتەر ئۇچۇش بويىچە مىس مېدالغا ۋە گۇۋاھنامىگە ئېرىشتى.

زىباڭ چىچەن

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

2002 - يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى ئىلغار شەخسلەر: ليۇ چۇەنپىڭ مەملىكەت

بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ «ئۈچ تەربىيە» پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەخس نامىغا، ئاۋ رۇنۋېن مەملىكەت بويىچە مەخسۇس ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئۆۋەتچىلىك قىلىش، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىش بويىچە مۇنەۋۋەر كوماندىر دېگەن نامىغا؛ ساۋ چيۇڭ مەملىكەت بويىچە خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدىكى ئاياال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىلغار دوستى دېگەن نامىغا؛ جاۋ شياڭلىڭ، دوڭ لىجۇڭ، ۋاڭ چىڭپىڭ، جاۋ گۈيبىي، جاڭ يىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە «10 ساھەدىكى 100 نادىر» ئاياال ئىشچى - خىزمەتچى دېگەن نامىغا ئېرىشتى.

ئىلغار كوللېكتىپلار: خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 2002 - يىللىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن، باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئورگىنى ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئۈرۈمچى ئايرودرومى، قەشقەر ئايرودرومى، غۇلجا ئايرودرومى ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ئايرودروم (غۇلجا ئايرودرومىغا تېخى مېدال بېرىلمىدى) بولۇپ باھالاندى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئوت مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىنىڭ 1 - ئوتتۇرا ترىتى مەملىكەت بويىچە «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» دېگەن مغا، بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش پونكىتى ئاپتونوم رايونلۇق 5 - ۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى «ئون نادىر» كوللېكتىپ دېگەن نامىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىكى ئىلغار شەخسلەر: لى پېڭۋېن مەملىكەت بويىچە ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتىكى ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نامىغا، جاڭ جيې مەملىكەت بويىچە خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدىكى ئىلغار ئاياال خىزمەتچى دېگەن نامىغا، جى لىشيا مەملىكەت بويىچە خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدىكى ئىلغار ئاياال خىزمەتچى دېگەن نامىغا، سۇن دېڭشياڭنىڭ ئائىلىسى مەملىكەت بويىچە خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدىكى مەدەنىي ئائىلە دېگەن نامىغا، جاڭ يۈ ئاپتونوم رايون بويىچە ياش ئىش ئورنى ماھىرى دېگەن نامىغا، جوڭ يۈ، لۇ يەن، جۇ تىڭلىبي، يۈ يۈن ئاپتونوم رايون بويىچە «10 ساھەدىكى 100 نادىر» ئاياال خىزمەتچى دېگەن نامىغا ئېرىشتى. ئىلغار كوللېكتىپلار: ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى چوڭ ئەترىتى مەملىكەت بويىچە «1 - ماي» ئەمگەك تەقدىرنامىسىگە ئېرىشتى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك بۆلۈمى مەملىكەت بويىچە ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامىغا، بازار ماركېتىڭ بۆلۈمى بېلەت سېتىش ئورنى يولۇچى توشۇش ئىشخانىسى مەملىكەت دەرىجىلىك «مەدەنىي ياشلار گۇرۇپپىسى» دېگەن نامىغا، ئۈچۈش بۆلۈمى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى دېگەن نامىغا، بەر يۈزى مۇلازىمەت شىركىتى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئىشخانىسى مەملىكەت بويىچە خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدىكى ئىلغار ئاياال خىزمەتچىلەر كوللېكتىپى دېگەن نامىغا، يولۇچىلار بۆلۈمى مۇلازىمەت بۆلۈمىنىڭ «قار لەيلىسى ئۈلگىلىك ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى گۇرۇپپىسى» مەملىكەتلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى بويىچە ئىناۋەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن دېگەن نامىغا، «كۆك ئاسمان ئۈلگىلىك ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى گۇرۇپپىسى» ئاپتونوم رايون بويىچە ئىناۋەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە ئورۇن دېگەن نامىغا، «بۇلۇتتىكى ياۋا غاز ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى ئۈلگە گۇرۇپپىسى» ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە ئورنى دېگەن نامىغا ئېرىشتى.

جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە ماي ماتېرىياللىرى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شىركىتىدىكى ئىلغار شەخسلەر: ياڭ جيەنلى بىلەن دۇ مىڭ باش شىركەت بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى، مې ۋېي ئاپتونوم رايون بويىچە «10 ساھەدىكى 100 نادىر» ئاياال خىزمەتچى دېگەن نامىغا ئېرىشتى. ئىلغار كوللېكتىپلار: ئاۋىئاتسىيە ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ 3 - تارماق ئەترىتى ئۇدا 4 يىل مەملىكەت دەرىجىلىك «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» بولۇپ باھالاندى؛ ئاۋىئاتسىيە ماي قاچىلاش پونكىتى، كەسپىي ماي ئامبىرى باش شىركەت بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

زېڭ چىجىن، ياۋ شىنگو، چۇ جيەنپىڭ، جاڭ جۈنپىڭ

## پوچتا

### شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ پوچتا كەسپىدىن كىرگەن كىرىم 705 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %7.6 ئاشتى؛ چىقىم پەرقى 168 مىليون يۈەن بولدى، زىيان 54 مىليون يۈەن ئازايدى؛ ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 54 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، %13.2 ئاشتى.

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەتكۈزۈش كەسپلىرىدىن قىلىنغان كىرىم ئاشتى، تۈرلۈك خەلقئارا كەسىپ تېز تەرەققىي قىلدى، خەت - چەك، پوسۇلكا، تېز يەتكۈزۈش، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش قاتارلىق يەتكۈزۈش كەسپلىرى كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى، يەتكۈزۈش كەسپلىرى كىرىمىنىڭ نىسبىتى 2001 - يىلدىكى %43.8تىن %45.6كە

ئۆسۈپ، 1.8 پىرسەنت پونكىت ئاشتى، كىرىمنىڭ تۇجمە نىسبىتى 50.6% بولدى. پۇل پېرېۋوت كەسپىدىن 49 مىليون 520 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، ئېلېكترونلۇق پېرېۋوت كىرىمنىڭ پۇل پېرېۋوت كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 81%كە يەتتى. ئەشيا ئوبوروتى، ۋاكالىتەن باشقۇرۇش، سىرتقى ئېلان كەسپلىرى كىرىمىنىڭ كەسپىي كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 5.4%كە يەتتى، بۇلار كىرىمنىڭ ئېشىشىنى 1.3 پىرسەنت پونكىت ئىلگىرى سۈردى.

2002 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى بويىچە 11 ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك كېمەك - ياغاچ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 44 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۈرۈمچى پوچتا رايونى مەركىزىي پوچتا ئىدارىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ كېمەك - ياغاچ قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى تاماملاندى. يېشىل كارتا تورى بويىچە ش ئۇ ئا ر بىرتەرەپ قىلىش مەركىزىنى ئۆزگەرتىش ۋە تورنى ئەلالاشتۇرۇش - بىرلەشتۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى، ئارىلىق كەسپىنىڭ ئىش تاختىسىدا كونا سىستېما يېڭى سىستېمىغا ئالماشتۇرۇلدى، بانكا بىرلەشمە كارتىسى قۇرۇلۇشىدا مەملىكەت بويىچە تورلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشتى، سىرتقا قويۇلىدىغان ATM ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسى ۋە نازارەت قىلىش - كونترول قىلىش سىستېمىسى سىناق قىلىنىپ ئېچىۋېتىلدى. بىر يىلدا يېشىل كارتا پۇل ئامانەت قويۇش تور نۇقتىسىدىن 31ى كۆپەيتىلدى، يېشىل كارتا تور نۇقتىسى 518گە يەتتى. شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ يۇقىرالار ئامانەت مەبلىغىنى ئېنىقلاش/تور ئارقىلىق باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ سىستېما سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاخىرقى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. ئۇنىۋېرسال تور ئارقىلىق ئېلېكترونلۇق پېرېۋوت قىلىش سىستېمىسىنىڭ كونا تۈزۈلمىسىنى يېڭى تۈزۈلمىگە ئالماشتۇرۇش ئىشى مەملىكەتتىكى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ئېلېكترونلۇق پېرېۋوت تور نۇقتىسىدىن 259ى كۆپەيتىلىپ، جەمئىي 482گە يەتتى؛ پوچتا ھەققى - ماركا بۇيۇملار سىستېمىسى، تېز يەتكۈزۈشنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى ۋە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئۆلكە ئارا تۈپ سانى سىستېمىسى توردا رەسمىي ئىشلىتىلدى؛ شىنجاڭ پوچتىسى ئۇنىۋېرسال تورنىڭ كەڭ ۋە تار دائىرىلىك تور ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يەككە تۈر قۇرۇلۇشىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش تاماملاندى. ئېلېكترونلۇق پوچتا ئىش سۆيىسى قۇرۇلۇشىدا ئۈرۈمچى «185» سىستېمىسىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش، ئىسىم - ئادرېس ئامبىرى سىستېمىسىنى ئاخىرقى تەكشۈرۈش تاماملاندى. تۇراقلىق مۈلۈككە جەمئىي 115 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

كاڭ يەن

## پوچتا ئالاقە مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى مۇلازىمەتنى ئاساسىي مەقسەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك مۇلازىمەت قىلىش بۇرچىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، قېلىپلاشقان مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى. مۇلازىمەت جەھەتتە قېلىپلاشقان ئۈلگە كۆزنەكتىن 34نى، مەھەللە مۇلازىمەت تور نۇقتىسىدىن 190نى بەرپا قىلىپ، ئابونېنتلارنىڭ پوچتىدىن پايدىلىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. پۇل ساناش ماشىنىسىدىن 1000نى، پوچتا ھەققى ھېسابلاش ماشىنىسىدىن 130نى، گېزىت - ژۇرنال بوتكىسىدىن 50نى كۆپەيتتى. پوچتا مۇلازىمىتى جەھەتتە ئابونېنتلارنىڭ رازى بولۇش نىسبىتى 2001 - يىلدىكى 83 نومۇردىن 84.5 نومۇرغا كۆتۈرۈلدى.

كاڭ يەن

## پوچتا كەسپىدە يېڭى كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش

2002 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى كەسپىي بازارنى پائال ئېچىپ، يېڭى كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقىنى كۈچەيتتى، خەت - چەك كەسپىدىكى تۈرلەرنى كۆپەيتىپ، خەت-چەك كەسپى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تۆۋەنلەپ كېلىۋاتقان ئەھۋالنى ئۆزگەرتتى. «شىنجاڭغا سەپەر» ناملىق پوچتا ھەققىلىك ئاتكرىتكىنى، شەھەر ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى نامايەن قىلىنغان ئاتكرىتكا، يۇرۇشلەشكەن ۋە ئۆزگىچىلەشكەن سىرخىل مەخسۇس ئاتكرىتكىلارنى ئىشلەپ، ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىشىك بېلىتى ئاتكرىتكىسى كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۈرى نىسبەتەن تولۇق، ئۆزگىچە خەت - چەك كەسپى تۈركۈمىنى شەكىللەندۈردى. ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ كىرىمى 15 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 31.2%، ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپىنىڭ كىرىمى 16 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 39.3%، سىرتقى ئېلان كەسپىنىڭ كىرىمى 7 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 33.2% ئاشتى.

كاڭ يەن

## خەت - چەك كەسپى

2002 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ خەت - چەك كەسپى مىقدارى 68 مىليون 130 مىڭ پارچىگە يەتتى، كىرىمى 47 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7.4% ئاشتى. ياسالغان سودا خەت - چېكى 7 مىليون 630 مىڭ پارچىگە يېتىپ، 31.3% ئاشتى، بۇ خەت - چەك

نىسبىتىنىڭ 11.2%نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ھېسابات تالونى تۈرىدىكى سودا خەت - چېكى 6 مىليون 610 مىڭغا يېتىپ، 27.2% ئاشتى. پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن ئېلان 24 مىليون 160 مىڭ پارچىگە يېتىپ، 66.3% ئېشىپ، خەت - چەك نىسبىتىنىڭ 35.5%نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە «جۇڭگو پوچتىسى مەخسۇس ئەۋەتكەن ئېلان» 20 مىليون 990 مىڭ بولۇپ، 61.3% ئاشتى. پوچتا ھەققى ھېسابلىنىدىغان ئېلان ئۈستىدىكى ئاتكرىتكا 6 مىليون 140 مىڭغا يېتىپ، 43.2% ئاشتى.

كاڭ يەن

## پوسۇلكا كەسپى

2002 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ پوسۇلكا كەسپىي مىقدارى 1 مىليون 750 مىڭغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.7% ئاشتى؛ پوسۇلكا كەسپىدىن 55 مىليون 90 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىپ، 4.3% ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈلىدىغان پوسۇلكا 351 مىڭغا يېتىپ، 78.3% ئېشىپ، پوسۇلكا كەسپىي مىقدارىنىڭ 20.1%نى ئىگىلىدى؛ كىرىمى 12 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پوسۇلكىدىن قىلىنغان كىرىمنىڭ 22.2%نى ئىگىلىدى.

كاڭ يەن

## تېز يەتكۈزۈش كەسپى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئالاھىدە تېز مەخسۇس يەتكۈزۈش كەسپىي مىقدارى 2001 - يىلدىكىدىن 10.4%، كىرىمى 10.72% ئاشتى. تېز يەتكۈزۈش كەسپىدە خەلقئاراغا تېز يەتكۈزۈشنىڭ 21.4% ئاشتى.

2002 - يىلى شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى چوڭ پوچتا خېرىدارلىرى ئۈچۈن يېڭىچە ماركېتىڭ ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ئۇلارنى بىر يۈرۈش زاكاس مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. سودا - سانائەت، كارخانا تۈرىدىكى خېرىدار، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە ساھە خاراكتېرلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلار قاتارلىق خېرىدارلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ھەمكارلىشىپ، باج تالونى، سوت مەھكىمىسىنىڭ چاقىرىقنامىسى، قاتناش ئورۇنلىرىنىڭ جەرىمانە ئۇقتۇرۇشى قاتارلىق كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. ناھىيە دەرىجىلىك پوچتا قائىدە - يوسۇن بازىرىنى ۋە مىللىي رايون پوچتا قائىدە - يوسۇن بازىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. ئالاھىدە تېز مەخسۇس يەتكۈزۈش بويىچە قائىدە - يوسۇن كەسپى تورىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى، ئېچىلغان نۇقتا 92گە يەتتى. قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى، كىملىك، پاسپورتلارنى يەتكۈزۈش قاتارلىق يەككە گۇۋاھنامە تۈرى كەسپىدىمۇ كۆلەملەشكەن تەرەققىياتنى شەكىللەندۈردى. يېڭىدىن خاڭجۇ UT سىداكاڭ ئاپشۇرۇۋالغۇچى ھەق تۆلەش كەسپىنى يولغا قويدى. 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، جەمئىيەتكە پۈتۈن مۇساپە ۋاقىت چېكىنىڭ يېڭى ئۆلچىمىنى ئېلان قىلدى. ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەكشۈرۈش سۈپىتىنى ياخشىلىدى، ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈش، خەت - چەك يەتكۈزۈش ئۇچۇرىنى توردا مەلۇم قىلىش نىسبىتىنى تارىختا يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزدى.

كاڭ يەن

## پوچتا پۇل ئامانىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ پوچتا پۇل ئامانىتىنىڭ يېڭىدىن ئاشقان قالدۇقى 1 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە، جەمئىي قالدۇقى 10 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى، پۇل ئامانەت كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 20.8% ئاشتى.

شۇ يىلى بېجىرىلگەن ئىچكى پوچتا پۇل پېرېۋوتى 6 مىليون 10 مىڭغا، قوبۇل قىلىنغان پېرېۋوت پۇل 5 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە، كەسپىي كىرىم 49 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. خەلقئارا پۇل پېرېۋوت كەسپىدە غەرب بىرلەشمە شىركىتىنىڭ پېرېۋوت كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، قوبۇل قىلىنغان ۋە يوللانغان پېرېۋوتى 681گە، پېرېۋوت سوممىسى 623 مىڭ دوللارغا يەتتى؛ ئادەتتىكى خەلقئارا پوچتا پۇل پېرېۋوتى كەسپىدە، قوبۇل قىلىنغان پېرېۋوت 185كە، پېرېۋوت سوممىسى 104 مىڭ دوللارغا يەتتى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 99%تىن ئارتۇق ناھىيە، شەھەردە، قەرەللىك پوچتا پۇل ئامانىتى بويىچە بىرتۇتاش قويۇپ بىرتۇتاش ئېلىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، تور نۇقتىسى 509غا يەتتى. تۇتاش ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسى (ATM) 118گە يەتتى، پوچتا پۇل ئامانىتىنىڭ يېشىل كارتىسىدىن 300 مىڭى تارقىتىلدى. پوچتا پۇل ئامانىتى بويىچە باشقا جايلاردا 364 مىڭ قېتىم سودا قىلىنىدى، سودا سوممىسى 1 مىليارد يۈەنگە يەتتى.

كاڭ يەن

## گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش

2002 - يىلى شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى 6186 خىل گېزىت - ژۇرنال تارقاتتى، تارقىتىش مىقدارى 320 مىليون نۇسخىغا يەتتى، تارقىتىش كەسپىدىن قىلغان كىرىمى 87 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 9.02% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پارچە سېتىش كىرىمى 21 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولۇپ، 273.3% ئاشتى.

كاڭ يەن

## پوچتا ماركىسى توپلاش

2002 - يىلى شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسىنىڭ پوچتا ماركىسى توپلاش كەسپى مىقدارى 46 مىليون 200 مىڭ پارچە كۆرۈلدى، توپلانغان پوچتا ماركىسى توپلىمى 1 مىليون 250 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭدىن قىلىنغان كىرىمى 99 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 18.4% ئاشتى.

كاڭ يەن

## ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپى

2002 - يىلى شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى 6 مىليون 100 مىڭ يۈەن سىزغۇرتا ھەققىنى ۋاكالىتەن يىغدى؛ باشلانغاندا كۆزنۈش يولىنى ۋاكالىتەن تارقاتتى ۋە باشقا ۋاكالىتەن يىغىش - تاپشۇرۇش كەسپلىرىنى بېجىردى، كەسپى كىرىمى مۇقىم ئاشتى. شۇ يىلى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپلىرىدىن 10 مىليون 228 مىڭ 600 يۈەن كىرىم قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپىدىن قىلغىنى 1 مىليون 520 مىڭ يۈەن. شىنجاڭ پوچتىسى تېلېگراف كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىشنى پوچتا تىجارىتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىلىپ تۇتتى، بۇ كەسپتىن قىلىنغان كىرىمى 15 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 26.4% ئاشتى.

كاڭ يەن

## پوچتا ئەشيا ئوبوروتى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ ئەشيا كەسپى ئوبوروتى كىرىمى 15 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 79.9% ئاشتى. شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ ئەشيا ئوبوروتى مۇلازىمىتى ئەنئەنىۋى، يەككە فۇنكسىيىلىك مۇلازىمەتتىن پەيدىنپەي ئۇنىۋېرسال، بىرگەۋدىلەشكەن زامانىۋى ئەشيا ئوبوروتىغا يۈزلەندى، مۇلازىمەت قاتلىمى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئەشيا ئوبوروتىغا چېتىشلىق دائىرە ۋە مەھسۇلات ئادەتتىكى نارقاق مەھسۇلات توشۇشتىن قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى بولغان «ئالىي، خىل، كوزۇر» شۇنداقلا داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارغا كېڭىيىپ، بىر تۈركۈم قوشۇلما قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى ۋە پوچتا ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان، ئەشيا ئوبوروتى، ئۇچۇر ئوبوروتى، مەبلەغ ئوبوروتى بىرگەۋدىلەشكەن بىرتۈركۈم كەسىپ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

كاڭ يەن

## پوچتا ئومۇمىي مۇلازىمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خەت - چەك يەتكۈزۈش ۋاقتىنى تېزلىتىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاپ، مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئومۇمىي مۇلازىمەت بۇرچىنى ھەقىقىي ياخشى ئادا قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا ئىدارىسى، پونكىتى، مۇلازىمەت تور نۇقتىسىدىن 1354ى (يېزىلاردىكىسى 922)، خەت - گېزىت ساندۇقى تۈركۈمىدىن 732سى، پوچتا يولىدىن 363ى (پوچتا يولىنىڭ يەككە مۇساپىسى 130 مىڭ كىلومېتىر) بولۇپ، يېزا - بازار ۋە تەرەپ - تەرەپلەرگە تۇتاشقان مۇلازىمەت تورى ئاساسەن شەكىللەندى. شىنجاڭ پوچتىسى بازار رىقابىتىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئالدىدا يەنىلا بىرلا خىل تۆۋەن ھەق ئېلىپ، ئاپتونوم رايون يۇقىرىلىرىنى ئومۇمىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى ھەم مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەرنىڭ خەت - چەكلىرى بىلەن ئەمالارنىڭ ئوقۇشلۇقىنى ھەقسىز يەتكۈزۈپ بېرىش كەسپىنى ئۈستىگە ئالدى.

كاڭ يەن

## مەخسۇس پوچتا ھەققى بېسىلغان «شىنجاڭغا سەپەر» ناملىق يۈرۈشلۈك ساياھەتچىلىك ئاتكىرىتكىسى ئىشلەندى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر پوچتا ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «شىنجاڭنىڭ مەنزىرىسى سەپىرى»، شىنجاڭ ساياھەت بايرىمى تەشكىلىي ھەيئىتى بىرلىكتە «شىنجاڭغا سەپەر» ناملىق مەخسۇس پوچتا ھەققى بېسىلغان يۈرۈشلۈك ساياھەت ئاتكىرىتكىسىنى تۇنجى قېتىم تارقىتىش مۇراسىمى 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئاتكىرىتكا شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئاشكارا تارقىتىلغان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ماددىي بايلىقى، گۈزەل مەنزىرىلىك جۇغراپىيىسى، ساياھەت مەنزىرىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پوچتا ھەققى بېسىلغان يۈرۈشلۈك ساياھەتچىلىك ئاتكىرىتكىسى ھېسابلىنىدۇ.

«شىنجاڭغا سەپەر» ناملىق پوچتا ھەققىلىك مەخسۇس سۈرەتلەر توپلىمى جەمئىي 60 ئاتكىرىتكىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «گۈزەل شىنجاڭ»، «باي شىنجاڭ»، «شادىمان شىنجاڭ»، «خىسلەتلىك شىنجاڭ»، «قەدىمىي شىنجاڭ»، «گۈللىنىۋاتقان شىنجاڭ» دەپ 6 گە ئايرىلغان، ھازىرغىچە 5 مىليون 756 مىڭ پارچە تارقىتىلدى.

كاڭ يەن

## «قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى» ناملىق ئالاھىدە پوچتا ماركىسىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى

دۆلەت پوچتا ئىدارىسى 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 -

كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىدە بىرلا ۋاقىتتا «قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى» ناملىق ئالاھىدە پوچتا ماركىسىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. دۆلەت پوچتا ئىدارىسىنىڭ «قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى» ناملىق پوچتا ماركىسىنى تارقىتىشتىكى مەقسىدى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى تەشۋىقات، تەربىيىنى كۈچەيتىش، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرىنى ئاسراش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش، ئامما ئارىسىدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئارقىلىق غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت.

كاڭ يەن

## «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پوچتا باشقۇرۇش چارىسى» ئېلان قىلىندى

بۇ چارە 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. بۇ چارە شىنجاڭنىڭ پوچتا تارىخىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ تۇنجى ئۇنىۋېرسال نىزامى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پوچتا ئومۇمىي مۇلازىمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، پوچتىنىڭ ئاساسىي رولىنى جارى قىلدۇرۇش شۇنداقلا ئاپتونوم رايوندىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاساسىي ئالاقىلىشىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېزلىتىش، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كاڭ يەن

# تېلېگراف

## شىنجاڭ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليارد 790 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %53.7 ئاشتى؛ تېلېگراف كەسپىي كىرىمى 5 مىليارد 950 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.3 ئاشتى؛ تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 960 مىليون يۈەن بولۇپ، %26 ئازايدى.

2002 - يىلى كۆچمە خەۋەرلىشىش تورىنىڭ كىرىمى 2 مىليارد 510 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تېلېگراف كەسپىدىن قىلىنغان ئومۇمىي كىرىمنىڭ %42.2نى، مۇقىم يەرلىك تېلېفون تورىنىڭ كىرىمى 2 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %34.1نى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون تورىنىڭ كىرىمى 1 مىليارد 90 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.3نى، سانلىق مەلۇمات خەۋەرلىشىش تورىنىڭ كىرىمى 210 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.5نى، سىمسىز چاقىرىش تورىنىڭ كىرىمى 77 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.3نى، باشقا كەسپلەرنىڭ كىرىمى 33 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %0.6نى ئىگىلىدى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ كەسپىي كىرىم نىسبىتى 2001 - يىلدىكى %54تىن %53كە، شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ %33تىن %31كە چۈشتى، جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ %11تىن %15كە كۆتۈرۈلدى، تۆمۈريول خەۋەرلىشىشى ۋە باشقىلارنىڭ %1نى ئىگىلىدى. كۆلىمى، كەسپى، مۈلۈكچىلىكى ئوخشاش بولمىغان كارخانىلار ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ بىرلىكتە تەرەققىي قىلىدىغان، كۆپ مەنبەلىك بازار ئەندىزىسى يېنىمۇ شەكىللەندى. شۇ يىلى تېلېگراف كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 620 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %31.2 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %2.3نى ئىگىلىدى.

مۇقىم تېلېفون كەسپى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى. 2002 - يىلى 749 مىڭ مۇقىم تېلېفون ئابونىتى كۆپەيدى، ئومۇمىي ئابونىت 3 مىليون 375 مىڭغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %28.5 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا-كەنتلەردە كۆپەيگىنى 130 مىڭ، شەھەرلەردە كۆپەيگىنى 614 مىڭ، مەخسۇس تور تېلېفونى ئابونىتىدىن كۆپەيگىنى 5000. تۇرالغۇ ئۆي تېلېفونى ئابونىتىدىن 704 مىڭ كۆپەيدى، ئومۇمىي ئابونىت 2 مىليون 533 مىڭغا يەتتى.

ئىنتېرنېت تورى ئابونىتلىرى تېز كۆپەيدى. يېڭىدىن 208 مىڭ ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى (تىزىمغا ئالدۇرمىغانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) كۆپەيدى، ئومۇمىي ئابونىت 448 مىڭغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %86.7 كۆپەيدى، نومۇر بۇرايدىغان ئابونىتلارنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىشلىتىش ۋاقتى 9.5 سائەت بولدى. ساھەگە مەسئۇل تارماقلارغا تىزىمغا ئالدۇرغان ISP تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇندىن 6سى، تىجارەت خاراكتېرلىك ISP ئورۇندىن 50ى، غەيرىي تىجارەت خاراكتېرلىك ISP ئورۇندىن

191ى بار بولدى. دائىرە نامىنى تىزىمغا ئالدۇرغان تور بېكىتى 364كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال تور بېكىتى 15، كەسپىي تور بېكىتى 102، كارخانىلارنىڭ تەشۋىقات تور بېكىتى 247. تور بېكىتى قۇرغان ياكى بەت ئاچقان ئورۇن 271گە يەتتى.

كۆچمە خەۋەرلىشىش كەسپىدە تېز ئېشىش بولدى. بىر يىلدا 1 مىليون 161 مىڭ كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى كۆپەيدى، جەمئىي ئابونېنت 2 مىليون 970 مىڭغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %64.2 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە GSM ئابونېنتىنىڭ كۆپەيگىنى 1 مىليون 16 مىڭ، جەمئىيسى 2 مىليون 825 مىڭ، CDMA ئابونېنتى جەمئىي 145 مىڭغا يەتتى.

IP تېلېفون كەسپىدە سۆزلىشىش مىقدارى ھەسسىلەپ ئاشتى. سۆزلەشكەن جەمئىي ۋاقىت ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا سۆزلەشكەن جەمئىي ۋاقىتنىڭ %37.3ىنى ئىگىلىدى، سۆزلەشكەن ۋاقىت 720 مىليون مىنۇت كۆپەيدى، ئومۇمىي ۋاقىت 1 مىليارد 360 مىليون مىنۇتقا يەتتى.

سىمسىز چاقىرىش كەسپى بازىرى كۈندىن كۈنگە تارىيىپ كەتتى. ئابونېنتى 2002 - يىلىنىڭ بېشىدىكى 1 مىليون 970 مىڭدىن 1 مىليون 389 مىڭغا چۈشۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن %30 ئازايدى. سىمسىز چاقىرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2001 - يىلدىكى 23تىن قايتا تەشكىللىنىپ 10 بولدى. بۇ ئورۇنلار يېڭى كەسىپ ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كەسىپ ئۆزگەرتىشنى سىناق قىلماقتا.

يېڭىچە تېلېگراف كەسپى تېز تەرەققىي قىلدى. 2002 - يىلى كۆچمە قىسقا ئۇچۇر كەسپىنىڭ مىقدارى 375 مىليون 680 مىڭغا يېتىپ، شىنجاڭدا قۇرۇلغان 3 كۆچمە تور ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى. بىرلەشمە خەۋەرلىشىشنىڭ CDMA كەسپى 2002 - يىلىنىڭ بېشىدا يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئۇنىڭ ئابونېنتى كۆچمە تېلېفون ئابونېنتىنىڭ %5ىنى ئىگىلىدى. كۆچمە خەۋەرلىشىشنىڭ GPRS ھەممىباب سىمسىز گورۇپپىغا ئايرىش كەسپى رەسمىي يولغا قويۇلۇپ، GPRS ئاساسىدىكى تېخنىكا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ يېڭى كەسىپ پەيدىن پەي ئېچىلدى ۋە قوللىنىلدى.

2002 - يىلى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى تايانچ يوللاش تورى قۇرۇلۇشىدا يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى — ئالتاي، ئۈرۈمچى — قۇمۇل، بورتالا — تارباغاتاي — قاراماي ئوپتىكىلىق خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق پۈتتى، شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ «بەش ھالقا، شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئىككى لىنىيە» قۇرۇلۇشىدا بىرىكمە ھالقىسىمان قۇرۇلما ئومۇمىيۈزلۈك شەكىللەندى. ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك تور كوممۇتاتورىنى ياخشىلاش - سىغىمىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى بويىچە 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش تاماملاندى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە سىمسىز شەھەر تېلېفونى كەسپى يولغا قويۇلدى. تۆمۈريول خەۋەرلىشىشى شىنجاڭ شىركىتى 4 ئۆلكە فول تورىنى ۋە تۆمۈريول ئوپتىك تالالىق ئۇلاش تورى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن تاماملاپ، ئۆلكە دەرىجىلىك فول يوللاش تورىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنى ئالدىغا ئۆزارتتى. جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىنجاڭ شۆبە شىركىتى 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ئۇلاشقان ئۇزۇن يوللۇق ئاساسىي يەتكۈزۈش تورىنىڭ ئوپتىكىلىق كابېلىنى، 10 مىڭ يول ئۈچىلىق ئۇزۇن يوللۇق ئالماشتۇرۇش ئىدارىسىدىن بىرنى قۇردى، ئالدىنقى كوممۇتاتور ئارقىلىق ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق تېلېگراف يەرلىك تورىغا بارغىلى بولىدۇ. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇزۇن يوللۇق ئوپتىكىلىق كابېل لىنىيىسى 22 مىڭ 500 كىلومېتىرغا، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون تولا يولى 89 مىڭغا يەتتى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 203 مىڭ ئۇچقا يېتىپ، 86 مىڭ ئۇچ كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىدارىلەر كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 4 مىليون 720 مىڭ تۇچكىغا يەتتى، يىلىدىن 1 مىليون 60 مىڭ كۆپىيىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %29 ئاشتى، ئوپتىكىلىق كابېل تورىنىڭ ئەڭ يۇقىرى يوللاش سۈرئىتى 32×2.5G بولدى. تور تىجارىتىنى باشقۇرۇش يەنىمۇ مەركەزلەشتۈرۈلدى، ھەرقايسى شىركەتلەر تورنى مەركەزلىك باشقۇرغاچقا، تورنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ تېلېگراف ساھەسى ئابونېنتلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «12300» شىنجاڭ تېلېگراف ساھەسى ئابونېنتلىرىنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش قىزىق لىنىيىلىك تېلېفونى يولغا قويۇلدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇقىم تېلېفون ئورناشتۇرۇلغان مەمۇرىي كەنت 6592گە يەتتى. كۆچمە خەۋەرلىشىشنىڭ GSM تورى بارلىق ناھىيە بازىرىنى ۋە قىسمەن يېزا - بازارنى قاپلىدى، ئۇنىڭ قاپلاش دائىرىسى داۋاملىق كېڭەيتىلىۋاتىدۇ. تېلېفون ئاساسلىق لىنىيىسىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 2001 - يىلى ھەر 100 ئادەمگە 14.2 لىنىيىدىن توغرا كەلگەن بولسا، 2002 - يىلى 18 لىنىيىدىن

تولۇقلاندى؛ كۆچمە تېلېفوننىڭ ھەر 100 ئادەمگە توغرا كېلىدىغىنى 8 . 9دىن 8 . 15گە كۆپەيدى. يۇقىرىقى 2 تۈرنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن ئېشىپ، غەربتىكى 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

شىنجاڭ تېلېگراف ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىدا ساقلانغان مەسىلىلەر:

1. شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى پەرقلەنگەچكە، يېزىلاردا تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى زىيادە تۆۋەن بولدى.

2. كەسپىي مىقدار بىلەن كىرىمنىڭ ئېشىشى تەكشى بولمىدى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك 3 سەۋەب بار:

بىرىنچى، ئابونتلارنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولغاچقا، ئاستىنقى ئۈچلۈق تېلېگراف كەسپىنىڭ ئابونتلىرى پەيدىنپەي كۆپەيدى. ئىككىنچى، تېلېگراف كەسپىنىڭ مارگىنال تەننەرخى تۆۋەنرەك بولغاچقا، تېلېگراف تىجارەت كارخانىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك كەسپىي مىقدارنى ئاشۇرۇشنى رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق كەسپىي كىرىمنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ماركېتنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تېلېگراف كەسپىي مىقدارىنىڭ كىرىمدىن كۆرۈنەرلىك ئېشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۈچىنچى، كارخانىلار بازاردىكى ئۈلۈشىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، تېلېگراف ھەققى ئۆلچىمىنى تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي، ئۆز ئالدىغا تۆۋەنلەتتى.

3. ئۆزئار ئالاقە راۋان بولماسلىق، يامان سۈپەتلىك باھا ئۇرۇشى تېلېگراف كەسپىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولدى. قىسمەن جايلاردا ئاممىۋى تېلېگراف تور ئارا ئالاقە راۋان بولماي، ئابونتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىغا بىۋاسىتە دەخلە يېتىپ، شىنجاڭ تېلېگراف ساھەسىنىڭ ئومۇمىي ئوبرازىغا زىيان يەتتى. بەزى كارخانىلار بازاردىكى ئۈلۈشىنى بىر تەرەپلىمە قوغلىشىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرى بىلەن كارى بولماي، تۈرلۈك شەكىلدىكى باھا چۈشۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، يامان سۈپەتلىك رىقابەت ئالامىتى پەيدا قىلدى.

شيې نەن

## شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ كەسپىي كىرىمى 3 مىليارد 111 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.9 ئاشتى، 115 مىليون يۈەن باج تاپشۇردى، تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 233 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمىنى 401 مىڭ تۇچكا ئاشۇردى ياكى ئۆزگەرتتى. ئىدارە كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 3 مىليون 500 مىڭ تۇچكىغا يەتتى؛ مۇقىم تېلېفون ئابونتىدىن 412 مىڭى كۆپەيدى، جەمئىي ئابونت 2 مىليون 712 مىڭغا يەتتى؛ مۇقىم تېلېفون ئاساسلىق لىنىيەسىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 9 . 15ادىن توغرا كەلدى؛ ئاممىۋى تېلېفون 88 مىڭ 800گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 176 مىڭغا، كەڭ بەلۋاغلىق تور ئابونتى 5504كە يەتتى.

شۈ لىن

## شىنجاڭ تېلېگرافى «بەش ھالقا، شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئىككى لىنىيە» ئوپتىكىلىق كابېل بىرىكمە ھالقا تورى قۇرۇپ چىقتى

2002 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى زىچ دولقۇننى ئايرىپ تەكرار ئىشلىتىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ قۇرىدىغان ئۈرۈمچى — ئالتاي، ئۈرۈمچى — قۇمۇل، ئۈرۈمچى — بورتالا — تارباغاتاي — قاراماي ئوپتىك تالالىق لىنىيە قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 160 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. شىنجاڭ تېلېگرافى 1993 - يىلى شىئەن — لەنجۇ — ئۈرۈمچى ئوپتىكىلىق كابېلىنى ياسىغاندىن كېيىن، يەنە ئارقا - ئارقىدىن جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭ ئوپتىكىلىق كابېلى، جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭ ئايلانما ئوپتىكىلىق كابېلى، شىنجاڭدىن چىقىدىغان 2 - ئوپتىكىلىق كابېل خەۋەرلىشىش غول لىنىيىلىرىنى ياسىدى، شىئەن — لەنجۇ — ئۈرۈمچى ئوپتىكىلىق كابېلى، ئۈرۈمچى — غۇلجا ئوپتىكىلىق كابېلى، جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭ رەقەملىك مىكرو دولقۇنلۇق غول لىنىيە ۋە جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭ غول لىنىيىلىك يوللاش تورىنىڭ سىغىمىنى ئاشۇرۇش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، ئۈرۈمچى — لەنجۇ — شىئەن ئوپتىكىلىق كابېلى بىلەن ئۈرۈمچى — كورلا — چەرچەن — گولمۇت ئوپتىكىلىق كابېلىدىن ئىبارەت شىنجاڭدىن چىقىدىغان 2 لىنىيىنى پۈتكۈزدى. 2002 - يىلى ئۈرۈمچى — قۇمۇل، ئۈرۈمچى — ئالتاي ۋە ئۈرۈمچى — بورتالا — تارباغاتاي ئوپتىكىلىق كابېلىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغىچە بولغان شەرقىي شىنجاڭ ئوپتىكىلىق كابېل ھالقا تورى، ئۈرۈمچىدىن ئالتايغىچە ۋە بورتالادىن تارباغاتايغىچە بولغان شىمالىي شىنجاڭ ئوپتىكىلىق كابېل ھالقا تورى، ئۇنىڭدىن باشقا تەكرىتاغنىڭ جەنۇبى، شىمالىنى كېسىپ ئۆتىدىغان 2 ھالقا تور يەنى كورلىدىن قەشقەر، چاقىلىقىچە

بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ ھالقا تورى ۋە ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغىچە بولغان شىمالىي شىنجاڭ ھالقا تورى بولۇپ 5 ئۆتكەللىك كابېل ھالقىسى شەكىللەندى. «بەش ھالقا، شىنجاڭدىن چىققان ئىككى لىنىيە»دىن ئىبارەت يېڭى يوللاش تورى قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى شىنجاڭنىڭ ئول تورىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تۈزەش، قوغداش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن تور بويىچە خەۋەرلىشىشنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى، بىخەتەرلىكىنى ۋە جانلىقلىقىنى ئۆستۈردى.

شۇ لېيەن

## تور بىخەتەرلىكى بويىچە دەمال ئالاقىلىشىش مەشقى

شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ خەۋەرلىشىش بىخەتەرلىكىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «شىنجاڭ تېلېگرافى 0210 تور بىخەتەرلىكى بويىچە دەمال خەۋەرلىشىش مەشقى» تەشكىللىدى. بۇ مەشىق شىنجاڭ ئۇزۇن يوللۇق يوللاش ئىدارىسىنىڭ ئاساسىي يىغىن مەيدانى بىلەن قوبۇقسار ناھىيىسىدىكى شۆبە يىغىن مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى، مەشىققە ئاربۇغاتاي، سانجى، قەشقەر، خوتەن، ئىلى، قاراماي شۆبە تېلېگراف شىركەتلىرىمۇ قاتناشتى. «شىنجاڭ تېلېگرافى 0210 مەشقى»دە ئۈرۈمچىدىن 1500 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم جايىدا ئېغىر تەبىئىي ئاپەت ۋە تۇيۇقسىز ۋەقە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان، ئاممىۋى خەۋەرلىشىش تورى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئەھۋال تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، دەمال خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىسى ئاساس، ئاممىۋى تور ئۈسكۈنىسى قوشۇمچە قىلىنىپ، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان، كۆپ سىستېمىدىن شەكىللەنگەن جىددىي ئەھۋالدا ئىشلىتىلىدىغان ھەرىكەتچان خەۋەرلىشىش تورى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئالاھىدە ئەھۋالدا جىددىي ئىشلىتىلىدىغان ھەرىكەتچان خەۋەرلىشىش كاپالىتى شەكىللەندۈرۈلگەن.

شۇ لېيەن

## شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ ATM كەڭ بەلۋاغلىق شەھەر تورى قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش 2002 - يىل 7 - ئايدا پۈتتى، 2002 - يىل 11 - ئايدا دەسلەپكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇ تور ئاپتونوم رايوندىكى 16 شەھەرنى قاپلىغان بولۇپ، ئۈرۈمچى، كۈيتۇڭ، كورلىلارنى يادرو قاتلام، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنى ئۇلىنىش قاتلىمى قىلغان، ھەرقايسى تۈگۈن ئارىلىقىنى 622 ياكى 155 گىرتسلىق تولۇق يولى ئۆتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ئوخشاش بولمىغان 1376 ئابونېنت ئۇچى (CE1، V35، ئېغىر ئۈچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شۇ لېيەن

## شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى IP كەڭ بەلۋاغلىق شەھەر تورى قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتتى، 7 - ئايدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئۇنىڭغا جەمئىي 35 مىليون 617 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ قۇرۇلۇش ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ئىنتېرنېت تورى كەسپىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە كېڭەيتىشنى، ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى ISP (ئۇچۇر مەزمۇنى بىلەن تەمىنلىگۈچى سودىگەر) ۋە خەلقئارا ئىنتېرنېت تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

شۇ لېيەن

## شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ رەقەملىك سانلىق مەلۇمات تورى (DDN) نىڭ 4 - قارارلىق سىغىم ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش 2002 - يىل 12 - ئايدا پۈتتى، ئۇنىڭغا جەمئىي 39 مىليون 265 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ قۇرۇلۇش ئاپتونوم رايوندىكى DDN تورى ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سىغىمىنى ئاشۇرىدۇ، ئۆزگەرتىدۇ، يېڭىدىن 183 تۈگۈننى كۆپەيتىدۇ، ئۇلارنىڭ سىغىمىنى ئاشۇرىدۇ، دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ، يېڭىدىن 4430 ئۇچنى كۆپەيتىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، ھەرقايسى تۈگۈنلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئابونېنتلار تولۇق يولى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئۇلىنىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشىدۇ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەرىكەت مۇقىملىقى كۈچىيىدۇ.

شۇ لېيەن

## شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ يەرلىك تېلېفون تورىنى مەركەزلىك نازارەت قىلىپ تىزگىنلەپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش 2002 - يىل 12 - ئايدا پۈتتى، ئۇنىڭغا جەمئىي 26 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ قۇرۇلۇشتا ئاساسلىقى شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان 16 يەرلىك تېلېفون تورىنى مەركەزلىك نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، ئۆزگەرتىلدى، يېڭىدىن شىنجاڭ

تېلېگرافىنىڭ تېلېفون تورىنى تور ئارقىلىق باشقۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى.

شۈ ليەن

## شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ يەرلىك تور كومموتاتورىنى ياخشىلاش، سىغىمىنى ئاشۇرۇش بويىچە 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى

شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى 2002 - يىل 12 - ئايدىن بۇرۇن، 14 يەرلىك تېلېفون تورىنىڭ تور يولىنى ياخشىلاش ۋە سىغىمىنى ئاشۇرۇش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، بۇ قۇرۇلۇشتا 300 مىڭ توچكىلىقتىن ئارتۇق كومموتاتور ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلدى ۋە كومموتاتورلارنىڭ سىغىمى ئاشۇرۇلدى، رەقەملىك كومموتاتور (ISDN) سىغىمى 3304 توچكا كۆپەيتىلدى، 90 مىڭ توچكىلىق كومموتاتور ئۈسكۈنىسى ئالماشتۇرۇلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. قۇرۇلۇشتا ئابونېنتلار نىسبەتەن مەركەزلەشكەن، چوڭ سىغىملىق كومموتاتور ئىدارىسىنىڭ لىنىيىسى يارالمايدىغان قىسمەن رايونلاردا سىغىمى ئوخشاش بولمىغان بۆلەكلەر ئىدارىسى ئۆلچەملىك تەسىس قىلىنىپ، مەركىزىي شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ئابونېنتلارنىڭ ئاپپارات سىغىمچانلىقى مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ ھەمدە 1 - قارارلىق ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدا ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغان ئانا ئىدارىلەرنىڭ سىغىمى ئاشۇرۇلىدۇ.

شۈ ليەن

## شىنجاڭ تېلېگرافى يەرلىك تورىنىڭ ھەق ھېسابلاش ھېساباتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش 2002 - يىل 12 - ئايدا پۈتتى، ئۇنىڭغا جەمئىي 84 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ قۇرۇلۇش شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ ھەق ھېسابلاش ھېسابات مەركىزى شۇنداقلا ھەرقايسى يەرلىك تور تېلېگراف شۆبە شىركەتلىرىنىڭ ھېسابات مەركىزى ۋە شەھەر، ناھىيە، يېزىلاردىكى تىجارەت زاللىرىدىن تەركىب تاپقان.

بۇ قۇرۇلۇش پۇلغا قويۇلۇشى بىلەن، پۈتۈن تور بىرلىككە كەلگەن، كەسىپ ئۇنىۋېرساللاشقان، تېخنىكىسى ئىلغار، ئىقتىدارى مۇكەممەل بولغان شىنجاڭ تېلېگرافى يەرلىك تېلېگراف تورىنىڭ مەركەزلىك ھەق ھېسابلاش ھېسابات سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، بۇ تۈرلۈك تېلېگراف كەسپىنىڭ ھەق ھېسابلاش ھېساباتىنى ئۆلچەملىك بىرياقلىق قىلىشقا پايدىلىق. بۇ ئارقىلىق تۈرلۈك تېلېگراف كەسپلىرى ۋە كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەق توغرا، مۇۋاپىق ھېسابلىنىپ، ھەق ھېسابلاشنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىسى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

شۈ ليەن

## ئىلغار كوللېكتىپلار

2002 - يىلى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى «ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ساھە» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ شىخەنزە شەھەرلىك شۆبىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك شۆبىسى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتىنىڭ غالىبىيەت يولى شۆبە ئىدارىسى، تۇرپان تېلېگراف سودا سارىيى، قاراماي تېلېگراف شۆبە شىركىتىنىڭ تىجارەت زالى «مەملىكەتلىك مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» بولۇپ باھالاندى.

شۈ ليەن

# شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

## شەھەر قۇرۇلۇشى

### شەھەر قۇرۇلۇشىدا تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى 19 شەھەرنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىدا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 120 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 98 مىليون 430 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. سېلىنغان مەبلەغنى كەسىپلەر بويىچە بۆلگەندە، شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە 445 مىليون 900 مىڭ يۈەن، شەھەرلەردىكى ئاممىۋى قاتناش ئىشلىرىغا 167 مىليون 270 مىڭ يۈەن، شەھەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىشقا 766 مىليون 980 مىڭ يۈەن، شەھەرلەردىكى يېقىلغۇ گازىغا 402 مىليون 440 مىڭ يۈەن، شەھەر يوللىرىنى ياساش، كۆۋرۈك سېلىشقا 1 مىليارد 7 مىليون 200 مىڭ يۈەن، شەھەرلەردىكى كىر-كىمىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا 519 مىليون 840 مىڭ يۈەن، شەھەرلەردە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە 10 مىليون 50 مىڭ يۈەن، شەھەرلەرنى باغۋارانلاشتۇرۇشقا 358 مىليون 140 مىڭ يۈەن، شەھەر مۇھىت تازىلىقىغا 148 مىليون 950 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا 293 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئەمەلىيەتتە ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 3 مىليارد 520 مىليون 880 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ ئورۇنلانغان خىزمەت مىقدارىنىڭ %85.5 ىنى ئىگىلىدى. شۇ يىلى 1 مىليارد 946 مىليون 950 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى.

شۈي يۈجۈن

### شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شەھەرلەرنى كۈنلۈك تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 113 مىڭ كۇب مېتىر ئاشتى، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 128.7 كىلومېتىرغا، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال سۇ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 3 مىليون 481 مىڭ 500 كۇب مېتىرغا، سۇ تەمىنلەش تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4829.79 كىلومېتىرغا، يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 650 مىليون 840 مىڭ كۇب مېتىرغا، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىدىغان ئادەم 4 مىليون 549 مىڭ 800 گە يەتتى، تۇرۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %95.75 كە، كۈنىگە ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ 156.53 لىتىرغا يەتتى. 66 ناھىيە بازىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەشتىكى ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 579 مىڭ 500 كۇب مېتىرغا، سۇ تەمىنلەش تۇرۇبا ئۇزۇنلۇقى 2861.7 كىلومېتىرغا يەتتى. يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 86 مىليون 940 مىڭ كۇب مېتىرغا، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىدىغان ئادەم 1 مىليون 727 مىڭغا، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %86.37 كە يەتتى. تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ كىشى بېشىغا كۈنىگە 103 لىتىردىن توغرا كەلدى.

شۈي يۈجۈن

### شەھەرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ پار بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش ئىقتىدارى سائىتىگە 130 تونناغا، ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىتىش ئىقتىدارى 871 مېگاۋاتت ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ پار بىلەن ئىسسىتىش ئىقتىدارى سائىتىگە 2559 تونناغا، ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىتىش مىقدارى 8943 مېگاۋاتقا يەتتى. يىللىق ئىسسىتىش مىقدارى پارنىڭ 14 مىليون 60 مىڭ جوۇلغا، ئىسسىق سۇنىڭ 80 مىليون 810 مىڭ جوۇلغا، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 83 مىليون 616 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدە، ئولتۇراق ئۆي 58 مىليون 157 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 44 ناھىيە بازىرىدا مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش يولغا قويۇلۇپ، پارنىڭ سائەتلىك ئىسسىتىش ئىقتىدارى 63 تونناغا، ئىسسىق سۇنىڭ 1763 مېگاۋاتقا يەتتى، يىللىق پار بىلەن ئىسسىتىش ئومۇمىي مىقدارى 470 مىڭ جوۇلغا، ئىسسىق سۇنىڭ 14 مىليون 490 مىڭ جوۇلغا يەتتى. مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 12 مىليون 691 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئولتۇراق ئۆي 7 مىليون 530 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

شۈي يۈجۈن

## شەھەرلەرنىڭ يېقىلغۇ گازى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە يېڭىدىن 323 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تەبىئىي گاز تورۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، جەمئىي تەبىئىي گاز تورۇبا ئۇزۇنلۇقى 65. 877 كىلومېتىرغا يەتتى. تەبىئىي گاز ساقلاش ئىقتىدارى 262 مىڭ كۇب مېتىرغا، يىللىق تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 137 مىليون 928 مىڭ 100 كۇب مېتىرغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 991 مىڭ 500 گە يەتتى. سۈنئىي كۆمۈر گاز تورۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 61 كىلومېتىرغا، سۈنئىي كۆمۈر گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 6 مىليون 240 مىڭ كۇب مېتىرغا، گاز ساقلاش ئىقتىدارى 90 مىڭ كۇب مېتىرغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 406 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىرغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 56 مىڭغا يەتتى. سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنى ساقلاش ئىقتىدارى 12 مىڭ 33 توننىغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش ئومۇمىي مىقدارى 183 مىڭ 902 توننىغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 3 مىليون 93 مىڭ 900 گە، گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %15. 87 كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە بازارلىرىنىڭ سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنى ساقلاش ئىقتىدارى 24. 6218 توننىغا، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 31 مىڭ 82. 95 توننىغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 1 مىليون 121 مىڭ 600 گە، گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %13. 59 كە يەتتى.

شۈي يۈجۈن

## شەھەر ئاممىۋى قاتناش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە 212 كوچا ئاپتوبۇسى كۆپىيىپ، كوچا ئاپتوبۇسى 5395 كە يېتىپ، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 35. 11 تىن كوچا ئاپتوبۇسى توغرا كەلدى. ترانسپورت تىجارەت لىنىيىسى تور ئۇزۇنلۇقى 2257 كىلومېتىرغا يەتتى. كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ يولۇچى توشۇش مىقدارى 720 مىليون 40 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. شەھەرلەردىكى كىرا ئاپتوموبىلى 22 مىڭ 988 گە يەتتى. 26 ناھىيە بازىرىدا ئاممىۋى قاتناش كەسپى يولغا قويۇلۇپ، كوچا ئاپتوبۇسى 1044 كە يېتىپ، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 18. 4 دىن توغرا كەلدى. بىر يىلدا 26 مىليون 436 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) يولۇچى توشۇلدى. 49 ناھىيە بازىرىدىكى كىرا ئاپتوموبىلى 9615 كە يەتتى.

شۈي يۈجۈن

## شەھەر يوللىرى ۋە كۆۋرۈكلەر

شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە 157. 2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول كېڭەيتىپ ياسالدى، كۆلىمى 660 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شەھەرلەردىكى يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3. 3169 كىلومېتىرغا، كۆلىمى 44 مىليون 191 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، كىشى بېشىغا 3. 9 كۋادرات مېتىردىن يول توغرا كەلدى. پۇختا كۆۋرۈكتىن 2 سى كۆپەيدى. جەمئىي كۆۋرۈك 280 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆتۈشمە كۆۋرۈك 21. 105 مىڭ 426 دانە يول چىرىغى ئورنىتىلدى. ناھىيە بازارلىرىدىكى يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1672.33 كىلومېتىرغا، كۆلىمى 31 مىليون 848 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15. 93 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. كۆۋرۈك 385 كە، يول چىرىغى 51 مىڭ 323 كە يەتتى.

شۈي يۈجۈن

## شەھەرلەردە يۇندا چىقىرىۋېتىش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە 14. 29 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇندا تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى. يۇندا تورۇبىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 02. 2261 كىلومېتىرغا، يۇندا تورۇبىسىنىڭ زىچلىقى 34. 4 كىلومېتىر/كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. يۇندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى 33 كە، كۈندە يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 1 مىليون 222 مىڭ 700 كۇب مېتىرغا، يىللىق يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئومۇمىي مىقدارى 239 مىليون 564 مىڭ 800 كۇب مېتىرغا، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى %37. 64 كە يەتتى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى 24. 164 كىلومېتىرغا يەتتى. ناھىيە بازارلىرىدىكى يۇندا تورۇبىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7. 947 كىلومېتىرغا، يۇندا چىقىرىۋېتىش تورۇبا زىچلىقى 2. 54 كىلومېتىر/كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى 19 غا، يىللىق يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئومۇمىي مىقدارى 17 مىليون 542 مىڭ 500 كۇب مېتىرغا، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى %97. 30 كە يەتتى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 69. 219 كىلومېتىرغا يەتتى.

شۈي يۈجۈن

## شەھەرلەرنى باغۋارانلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردىكى قۇرۇلۇش قىلىنغان رايونلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 16 مىڭ 2. 578 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %84. 31 كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 36. 1 پىرسەنت پويىنت ئۆرلىدى. قۇرۇلۇش قىلىنغان رايونلارنىڭ باغۋاران-كۆكلەمەيدان كۆلىمى 14 مىڭ 2. 532 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %91. 27 كە يېتىپ، 0.55

پىرسەنت يۇقىرى ئۆرلىدى؛ ئاممىۋى كۆكزۇلمەيدان كۆلىمى 3200.35 گېكتارغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 6.74 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. ناھىيە بازارلىرىدىكى قۇرۇلۇش قىلىنغان رايونلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 8517.7 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 22.87% كە يېتىپ، 2.09 پىرسەنت يۇقىرى ئۆرلىدى. قۇرۇلۇش قىلىنغان رايونلارنىڭ باغۋاران - كۆكزۇلمەيدان كۆلىمى 6648.1 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 17.85% كە يېتىپ 2.45 پىرسەنت يۇقىرى ئۆرلىدى؛ ئاممىۋى كۆكزۇلمەيدان كۆلىمى 1326.76 گېكتارغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 6.64 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى.

شۈي يۈگجۈن

## شەھەرلەرنىڭ مۇھىت تازىلىقى

2002 - يىلى، شىنجاڭدىكى شەھەرلەردىكى تۈرلۈك مۇھىت تازىلىق ماشىنىسى 871 گە يەتتى. ئەمەلىيەتتە 42 مىليون 938 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر تازىلاپ تۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ماشىنا بىلەن تازىلانغان كۆلەم 8 مىليون 756 مىڭ كۋادرات مېتىر. مۇشۇ يىلى 3 مىليون 210 مىڭ توننا تۇرمۇش ئەخلىتى، 43 مىڭ توننا گەندە توشۇلدى. ئاممىۋى ھاجەتخانا 1877 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، سۇ بىلەن يۇيۇلىدىغان ھاجەتخانا 1275. ناھىيە بازارلىرىدىكى تۈرلۈك مۇھىت تازىلىق ماشىنىسى 314 كە يەتتى. ئەمەلىي تازىلانغان كۆلەم 21 مىليون 620 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن تازىلانغان،كۆلەم 1 مىليون 631 مىڭ كۋادرات مېتىر. بىر يىلدا 2 مىليون 400 مىڭ توننا تۇرمۇش ئەخلىتى، 117 مىڭ توننا گەندە توشۇلدى. ئاممىۋى ھاجەتخانا 917 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سۇ بىلەن يۇيۇلىدىغان ھاجەتخانا 593.

شۈي يۈگجۈن

## 2 تۈر «جۇڭگو ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئۈلگە مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى

قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان 2002 - يىللىق «جۇڭگو ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئۈلگە مۇكاپاتى» نى باھالاش پائالىيىتىدە، شىنجاڭدىن 2 تۈر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇلار: كورلا شەھىرىنىڭ شەھەرنى كۆكەرتىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى، قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونىنىڭ شەھەرنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

زو شۇشياڭ

## شىخەنزە شەھىرىگە دۆلەت بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر دەپ نام بېرىلدى

2002 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 6 - تۈركۈمدە دۆلەت بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەرلەرگە نام بەرگەندە، شىنجاڭ شىخەنزە شەھىرىگىمۇ شۇلار قاتارىدا نام بەردى.

زو شۇشياڭ

## ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەرلەر

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 3 - تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەرلەرگە نام بەردى. كورلا شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر، چەرچەن ناھىيىسى بىلەن غۇلجا ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان ناھىيە بازىرى، قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر رايون بولدى، ھەرقايسىسىغا بىردىن مۇھىت تازىلىق ئاپتوموبىلى مۇكاپات بېرىلدى.

زو شۇشياڭ

## ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت تازىلىقى ئىشچىلىرى بايرىمى

2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت تازىلىق ئىشچىلىرى بايرىمى تەسىس قىلىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىنى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىت تازىلىق ئىشچىلىرى بايرىمى قىلىپ بېكىتتى.

زو شۇشياڭ

## مەملىكەت بويىچە شەھەر قىياپىتى، مۇھىت تازىلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر

2002 - يىل 6 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە شەھەر قىياپىتى، مۇھىت تازىلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. شىنجاڭدىن ئاقسۇ شەھەرلىك شەھەر مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى ۋە يېڭ يۈخۇا (قاراماي شەھەرلىك شەھەر قىياپىتى — مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن)، ئەخمەتجان قاسىم (قەشقەر شەھەرلىك شەھەر قىياپىتى - مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن) شەرەپ تاختىسىغا چىقتى.

زو شۇشياڭ

## شەھەرلەرنىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر شەھەرلەر

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2001 — 2002 - يىللىق ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر شەھەرلىرىنى

تەقدىرلەندى. كورلا، سانجى، غۇلجا، شىخەنزە، بورتالا، تۇرپان، قۇمۇل، خوتەن، قۇكالىڭ، شىخۇدىن ئىبارەت 10 شەھەرگە ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر شەھەر دەپ نام بېرىلدى؛ بۇگۇر، بۇرچىن، گۇنسۇ، ساۋەن، كۇنەس، ماناس، قاغىلىق، لوپ، چەرچەن، قەشقەر يېڭىشەھەر، چىرا، ئاقچى، يەكەن، لوپنۇر، كۇچا، گۇچۇڭ، جىمسار، كۆكتوقاي، پىچان، قوبۇقسار، باركۆل، توققۇزتارادىن ئىبارەت 22 ناھىيىگە ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر ناھىيە بازىرى دەپ نام بېرىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيانشان رايونى، سايباغ رايونى، قاراماي شەھىرىنىڭ قاراماي رايونى، جەرەنبۇلاق رايونى، مايتاغ رايونىدىن ئىبارەت 5 رايونغا ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر شەھەر رايونى دەپ نام بېرىلدى.

زو شۇشياڭ

## مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىنىڭ كەسىپ ئەخلاقى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك نۇقتا ۋە مەدەنىي مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئۈلگىلىك كۆزنەك ئورۇنلار

2002 - يىل 11 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىنىڭ كەسىپ ئەخلاقى قۇرۇلۇشىدىكى 31 ئۈلگىلىك نۇقتىنى بېكىتتى. شىنجاڭدىن كورلا شەھەرلىك شەھەر، يولۇچى توشۇش قاتنىشىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى بۇلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. 4 - تۈركۈمدىكى مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى مەدەنىي مۇلازىمەت قىلىشتىكى 73 ئۈلگىلىك كۆزنەك ئورۇننى بېكىتتى، شىنجاڭدىن شىخەنزە باغ - ئورمان باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى شەھەر مەمۇرىيىتى - شەھەر قىياپىتى - مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

زو شۇشياڭ

## شەھەر ئومۇمىي پىلانى

شىنجاڭ بويىچە يېڭى بىر نۆۋەتلىك شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى گوۋۇيۈەن رەسمىي تەستىقلىدى؛ قۇمۇل، ئالتاي، ئاتۇش، مىچۇەن، ئاقسۇ شەھەرلىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى ۋە پىچان، كۇنەس، قۇتۇبى، مورى، قورغاس، توققۇزتارا، نىلقا، ئاقتۇ، ئاقچى، ئۇلۇغچات، يەكەن، ئاۋات، ئۇچتۇرپان، باي، توقسۇ، جېمىنەي، بۇگۇر، قابا، ساۋەن، دۆربىلجىن، باركۆلدىن ئىبارەت 21 ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى رەسمىي تەستىقلىدى. يىل ئاخىرىغىچە 11 شەھەر ۋە 23 ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى گوۋۇيۈەن ياكى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي تەستىقلىشى ئارقىلىق يولغا قويۇلدى.

زو شۇشياڭ

## شەھەر پىلانىنى تۈزگۈچى ئورۇننىڭ سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى شەھەر پىلانىنى تۈزگۈچى ئورۇننىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 7 - ئايدا قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشى ۋە قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىگە يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، شىنجاڭ شەھەر - يېزىلارنى پىلانلاش - لايىھەلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پىلانلاش - لايىھەلەش يۇرتى «ئا» دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئىگە بولدى. قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھەلەش - تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق 18 ئورۇن «ب» دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئىگە بولدى. شىنجاڭ پولات - تۆمۈر لايىھەلەش يۇرتى قاتارلىق 46 ئورۇن «س» دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئىگە بولدى. بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - لايىھەلەش يۇرتى قاتارلىق 35 ئورۇن ۋاقىتلىق سالاھىيەتكە ئىگە بولدى.

زو شۇشياڭ

## يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى

2002 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە بىناكارلىق قۇرۇلۇشتا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ مۇستەھكەملەش تۈرىدىن 90 نەچچىسى تاماملاندى، بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 177 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، ئورۇندالغان خىزمەت مىقدارى 17 مىليون 315 مىڭ يۈەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېڭىدىن ياسالغان ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، يېڭىدىن ياسالغان ئۆي - ئىمارەتلەر قۇرۇلمىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە ئىشەنچلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا بىناكارلىق قۇرۇلۇشتا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرىدىن 3166 سى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3 مىليون 309 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىلانى شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈلۈپ، شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي پىلانى بىلەن بىللە يولغا قويۇلدى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ كوناشەھەر رايونىدا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ، 2 ـ نومۇرلۇق كىچىك رايوندىكى 3000 ئۆيلۈك 220 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى كولتۇراقلاشتۇرۇش ئۆي قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

شىياۋ دېيجۇن

# كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشى

## كەنت ـ بازارلارنى پىلانلاش

2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە ناھىيە بازىرىدىن باشقا شىتاتلىق بازار 161، بازار 635، كەنت 23 مىڭ 685، بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ئاھالە كومىتېتى (مەركىزىي كەنت) 9129. ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت ـ بازاردا تۇرۇشلۇق ئائىلە 2 مىليون 846 مىڭ 100، ئومۇمىي نوپۇس 12 مىليون 21 مىڭ 600. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 10 مىليون 503 مىڭ 200، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇس 1 مىليون 518 مىڭ 400. شىتاتلىق بازاردا تۇرۇشلۇق ئائىلە 276 مىڭ 600، نوپۇس 104 مىڭ 890؛ بازارلاردا تۇرۇشلۇق ئائىلە 441 مىڭ 900، نوپۇسى 1 مىليون 926 مىڭ 400؛ كەنتتە تۇرۇشلۇق ئائىلە 2 مىليون 127 مىڭ 600، نوپۇسى 9 مىليون 46 مىڭ 300. ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي پىلان تۈزگەن شىتاتلىق بازار 153، بۇ ئومۇمىي شىتاتلىق بازارنىڭ %95.03 ىنى ئىگىلىدى، ئومۇمىي پىلان تۈزگەن كوللېكتىپ بازار 421، بۇ ئومۇمىي بازارنىڭ %66.3 ىنى ئىگىلىدى. كەنت قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزگەن كەنت 7784، بۇ ئومۇمىي كەنتنىڭ %33.71 ىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەردە كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان 80 ئاپپارات تەسىس قىلىندى، 348 خادىم سەپلەندى. يېزا (بازار) دەرىجىلىك كەنت قۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان 435 ئاپپارات تەسىس قىلىندى، 1040 خادىم سەپلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش خادىمىدىن جەمئىي 2254 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

يارمۇھەممەت

## كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدا كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 150 مىليون 304 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 418 مىليون 328 مىڭ 400 يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 341 مىليون 965 مىڭ 800 يۈەن، جامائەت مۇئەسسەسەلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 390 مىليون 10 مىڭ يۈەن.

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت ـ بازارلاردا يېڭىدىن قۇرۇلغان جامائەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 888 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 565 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر. جەمئىي سېلىنغان جامائەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 24 مىليون 677 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 9 مىليون 325 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر. يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش كۆلىمى 716 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 402 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر. ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش كۆلىمى جەمئىي 13 مىليون 88 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 4 مىليون 109 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر.

2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 6858 كەنت ـ بازار تۇرۇبا سۈيىدىن بەھرىمەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىتاتلىق بازار 156، بازار 531، كەنت 6171. تۇرۇبا سۈيىدىن بەھرىمەن بولغان نوپۇس 7 مىليون 254 مىڭ 300 گە، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %60.34 كە يەتتى. توك تارتىلغان كەنت ـ بازار 14 مىڭ 569 غا يەتتى، %99.38 شىتاتلىق بازارغا، %93.07 بازارغا، %58.34 كەنتكە توك تارتىلدى. كەنت ـ بازار يوللىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 61 مىڭ 555 كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك، 2 ـ ئالىي دەرىجىلىك يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7982 كىلومېتىر. ئاپتونوم رايون بويىچە شىتاتلىق بازارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 5585 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %23.86 كە يەتتى؛ باغۋارانلىق كۆكۆلمەيدان كۆلىمى 3182 گېكتارغا، يېشىللىنىش نىسبىتى %13.6 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاممىۋى كۆكۆلمەيدان كۆلىمى 589 گېكتار بولۇپ، كىشى بېشىغا 5.62 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. باغ 32، كۆلىمى 508 گېكتار. بازارلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 18 مىڭ 31 گېكتار، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %30.22؛ باغ ـ ئورمان، كۆكۆلمەيدان كۆلىمى 7997 گېكتار، يېشىللىنىش نىسبىتى %13.4 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاممىۋى كۆكۆلمەيدان كۆلىمى 715 گېكتار، بۇ كىشى بېشىغا 3.71 كۋادرات مېتىردىن توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە شىتاتلىق بازارلاردىكى مۇھىت تازىلىق ماشىنىسى 130 غا، ئاممىۋى ھاجەتخانا 1017 گە يەتتى؛

كوللېكتىپ بازارلاردىكى مۇھىت تازىلىقى ماشىنىسى 56 گە، ئاممىۋى ھاجەتخانا 1737 گە يەتتى.

يارمۇھەممەت

### كەنت - بازارلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېڭىدىن تۇرالغۇ ئۆي سالغان دېھقان، چارۋىچى 72 مىڭ 300 ئائىلىگە يېتىپ، كەنت - بازاردىكى ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 2.54% نى ئىگىلىدى. كەنت - بازار تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليارد 505 مىليون 778 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 5 مىليون 868 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق ۋە خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 4 مىليون 908 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 182 مىليون 827 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق ۋە خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 54 مىليون 686 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر. كىشى بېشىغا 15.21 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى، 11.91 كۋادرات مېتىر ئىشلىتىش كۆلىمى، 9.97 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى توغرا كەلدى.

يارمۇھەممەت

### كىچىك شەھەر، بازار قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى

2002 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر كەنت - بازار قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئېچىپ، كىچىك شەھەر، بازار قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان يېزا - بازاردىن جەمئىي 24 نى يېڭىۋاشتىن ئايدىڭلاشتۇردى. بۇلار ئۈرۈمچى ناھىيىسى شۈيشىگۇ بازىرى، ئەنىنچۈي بازىرى، سانجى شەھىرى ليۇگۇڭ بازىرى، گۇچۇڭ ناھىيىسى كونا گۇچۇڭ بازىرى، قۇتۇبى ناھىيىسى دافېڭ بازىرى، ماناس ناھىيىسى لوتويى بازىرى، ئىلى ئوبلاستى قورغاس پورتى، قورغاس ناھىيىسى چىڭشۇيخوزا بازىرى، ئالتاي شەھىرى ئاۋېيتەن بازىرى، قوبۇقسار ناھىيىسى قوشتولغاي بازىرى، شىخو شەھىرى خاتۇبۇغ بازىرى، ساۋەن ناھىيىسى ليۇماۋۋەن بازىرى، بورتالا شەھىرى شويېڭپەن بازىرى، جىڭ ناھىيىسى داخىيەنزە بازىرى، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسى، تۇرپان شەھىرى داخىيەن بازىرى، خېجىڭ ناھىيىسى بارۇن خارمۇدۇن بازىرى، بۈگۈر ناھىيىسى يېڭىسار بازىرى، ئاقسۇ شەھىرى قاراتال بازىرى، ئونسۇ ناھىيىسى توخۇلا يېزىسى، ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسى، مارالبېشى ناھىيىسى سېرىقبۇيا بازىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ياپچان بازىرى، خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرىدىن ئىبارەت. يىل ئاخىرىغىچە بۇ نۇقتىلىق ئۈلگە يېزا - بازارلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 175 مىليون 833 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە سۇ بىلەن تەمىنلەشكە 45 مىليون 728 مىڭ يۈەن، يول ياساشقا 86 مىليون 323 مىڭ يۈەن، يۇندا چىقىرىۋېتىشكە 14 مىليون 50 مىڭ يۈەن، ئىسسىتىشقا 27 مىليون 982 مىڭ يۈەن، يېقىلغۇ گازغا 1 مىليون 750 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى. يېڭىدىن 98.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، يېڭىدىن 80.13 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول ياسالدى، يېڭىدىن 11.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇندا چىقىرىۋېتىش تورۇبىسى كۆمۈلدى، يېڭىدىن 16.24 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىسسىتىش تورۇبىسى كۆمۈلدى.

يارمۇھەممەت

## ئۆي - زېمىن كەسپى

### شەھەر - بازارلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر - بازارلارنىڭ تۇرلۇق ئۆي ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 204 مىليون 458 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7 مىليون 481 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 119 مىليون 741 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 8 مىليون 153 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر كۆپەيدى. يورۇشلەشكەن تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 80 مىليون 348 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19.96 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 0.9 كۋادرات مېتىر كۆپەيدى، غەيرىي تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 84 مىليون 717 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 672 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر ئازايدى.

خۇاڭ شىنجۇڭ

### ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە 4 مىليون 787 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى پىلانى چۈشۈرۈلدى، ئۇنىڭغا 3 مىليارد 790 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى قىلىنىغان كۆلەم 2 مىليون 962 مىڭ 500

كۆادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە، يېڭىدىن ئىش باشلانغان كۆلەم 2 مىليون 204 مىڭ 400 كۆادرات مېتىر، پۈتتۈرۈلگەن كۆلەم 1 مىليون 427 مىڭ 500 كۆادرات مېتىر. ئەمەلىيەتتە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 272 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، كەسىپىي بانكا بەرگەن قەرز پۇلدىن ئەمەلىيلەشكىنى 791 مىليون يۈەن، بەرلىك ئۆزى تەييارلىغىنى 1 مىليارد 481 مىليون يۈەن. ئەرزان، قولايلىق ئۆيلەردىن 1 مىليون 46 مىڭ 100 كۆادرات مېتىر ئۆي سېتىلىپ، سېتىلىش نىسبىتى %73.28 كە يەتتى.

چېن جىخۇڭ

## ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى ۋە تىجارىتى

2002 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا 8 مىليارد 771 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %11.31 ئاشتى. تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 793 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 5 مىليارد 706 مىليون يۈەن بولۇپ، %13.26 ئاشتى.

بىر يىلدا تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلانغان كۆلەم 12 مىليون 468 مىڭ 900 كۆادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 9 مىليون 461 مىڭ 100 كۆادرات مېتىر، تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىدا يېڭىدىن ئىش باشلانغان كۆلەم 5 مىليون 770 مىڭ 400 كۆادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 4 مىليون 335 مىڭ 700 كۆادرات مېتىر؛ تاۋار ئۆيلەردىن پۈتتۈرۈلگىنى 7 مىليون 272 مىڭ 100 كۆادرات مېتىر، پۈتتۈش باھاسى 7 مىليارد 446 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، پۈتكەن تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 6 مىليون 161 مىڭ 200 كۆادرات مېتىر، پۈتتۈش قىممىتى 5 مىليارد 869 مىليون يۈەن.

2002 - يىلى، ئەمەلىيەتتە سېتىلغان تاۋار ئۆي كۆلىمى 5 مىليون 66 مىڭ 600 كۆادرات مېتىر، سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 8 مىليارد 793 مىليون يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە سېتىلغان تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 4 مىليون 556 مىڭ 800 كۆادرات مېتىر، سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 6 مىليارد 582 مىليون يۈەن. تاۋار ئۆينىڭ ھەر كۆادرات مېتىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى 1735.48 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆينىڭ ھەر كۆادرات مېتىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى 1444.43 يۈەن. يۇقىرىغا 486 مىليون يۈەن تىجارەت بېجى ۋە قوشۇمچە خىراجەت تاپشۇرۇلدى. 213 مىليون يۈەن پايدا ئېلىندى. 3 مىليون 532 مىڭ 300 كۆادرات مېتىر تاۋار ئۆي بوش قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆيدىن بوش قالغىنى 2 مىليون 858 مىڭ 700 كۆادرات مېتىر بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن زور كۆلەمدە كۆپەيدى.

چېن جىخۇڭ

## ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن ئىلگىرى ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىسى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالغان كارخانىلارنى يىللىق تەكشۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىسى 527، يىللىق تەكشۈرۈشكە قاتناشقان كارخانا 505. يىللىق تەكشۈرۈشتە 392 كارخانا لاياقەتلىك بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك كارخانا 5، 2 - دەرىجىلىك كارخانا 34، 3 - دەرىجىلىك كارخانا 82، 4 - دەرىجىلىك كارخانا 122. سالاھىيىتى ۋاقىتلىق بېكىتىلگەن كارخانا 149. يىللىق تەكشۈرۈشتە 113 كارخانا لاياقەتسىز بولۇپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلگىنى 22، رويخەتتىن ئۆچۈرۈلگىنى 57. چەكلىك مۇددەتتە تەرتىپكە سېلىشقا، تۈزىتىشكە بۇيرۇلغان، گۇۋاھنامىسى ۋاقىتىنچە كېچىكتۈرۈپ تارقىتىلغىنى 34.

زو شۇشياڭ

## مەملىكەت بويىچە ئۆي - زېمىن كەسپىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇنلار

2002 - يىلى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 59 ئورۇنغا مەملىكەت بويىچە ئۆي - زېمىن كەسپىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن دەپ نام بەردى. غۇلجا شەھەرلىك ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە بېكىتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش ئىدارىسى شەرەپ تاختىسىغا چىقتى.

زو شۇشياڭ

## ئۆي - زېمىن بازىرى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېڭىدىن سېلىنغان تاۋار ئۆي (ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆيلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) سودىسىدا پۈتۈشكەن كۆلەم 2 مىليون 942 مىڭ 200 كۆادرات مېتىرغا، پۈتۈشكەن يۈرۈش ئۆي سانى 31 مىڭ 800 يۈرۈشكە، پۈتۈشۈلگەن سومما 5 مىليارد 317 مىليون يۈەنگە يەتتى. ساقلىنىپ قالغان ئۆيلەر سودىسىدا پۈتۈشكەن ئومۇمىي كۆلەم 2 مىليون 747 مىڭ 200 كۆادرات مېتىرغا، پۈتۈشكەن يۈرۈش ئۆي سانى 26 مىڭ يۈرۈشكە، پۈتۈشۈلگەن سوممىسى 1 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۆي ئىجارىسى تىزىمى 16 مىڭ 700 پارچە، ئىجارىگە بېرىلىپ تىزىمى ئەنگە ئېلىنغان كۆلەم 3 مىليون 218 مىڭ 500 كۆادرات مېتىر. رەنىگە قويۇلغان ئۆي - زېمىن تىزىمى 62 مىڭ 300 پارچە. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي تىزىمى 42 مىڭ

300 پارچە، رەڭگە قويۇلغان كۆلەم 13 مىليون 55 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 5 مىليون 608 مىڭ كۋادرات مېتىر؛ رەڭ تىزىمىدىكى سوممىسى 16 مىليارد 674 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆينىڭ 3 مىليارد 314 مىليون يۈەن.

خۇاڭ شىنجۇاڭ

### كىچىك تۇرالغۇ رايونلارنىڭ ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە سالاھىيەتكە ئىگە خوجىلىق باشقۇرۇش كارخانىسىدىن 358 ى قۇرۇلۇپ، 19 مىڭ 876 خوجىلىق باشقۇرۇش خادىمى سەپلەندى. ئۇلار 40 مىليون 311 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆينىڭ خوجىلىقىنى باشقۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك تۇرالغۇ رايون 702، كۆلىمى 32 مىليون 709 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر. خوجىلىق باشقۇرۇش كارخانىلارنىڭ ئىگە ئالدۇرغان كاپىتالى 1 مىليارد 534 مىليون يۈەنگە، تىجارەت كىرىمى 655 مىليون يۈەنگە يەتتى.

خۇاڭ شىنجۇاڭ

### شەھەر، بازارلاردىكى ئۆيلەرنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى، مۈلۈك تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى، شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازارلاردا 64 مىليون 333 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تىزىمغا ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دەسلەپتە تىزىملانغان كۆلەم 11 مىليون 950 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، يۆتكەپ تىزىملانغىنى 11 مىليون 826 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئۆزگەرتىپ تىزىملانغىنى 10 مىليون 69 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، باشقا ھوقۇق جەھەتتىن تىزىملانغىنى 10 مىليون 822 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، ئۆچۈرۈلگىنى 19 مىليون 665 مىڭ كۋادرات مېتىر.

يىل ئاخىرىغىچە تىزىمغا ئېلىنغان ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 204 مىليون 458 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۆي 91 مىليون 391 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئۆي 11 مىليون 148 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر، خۇسۇسىي ئۆي 98 مىليون 63 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر، باشقا ئۆي 3 مىليون 855 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر.

خۇاڭ شىنجۇاڭ

### شەھەر - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازارلاردا 63 مىليون 476 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر ھۆكۈمەت ئۆيى سېتىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىلغان ھۆكۈمەت ئۆيىنىڭ %87 نى ئىگىلىدى. ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنى سېتىپ يىغىۋېلىنغان مەبلەغ 22 مىليارد 214 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر - بازارلاردىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 19 مىليارد 30 مىليون يۈەن بولۇپ، يىغىۋېلىنغان مەبلەغنىڭ %85.7 نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق شەھەرلەردە ۋە %90 تىن يۇقىرى ناھىيە بازىرىدا تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ۋە ئورنىتىلىپ، جەمئىي 7 مىليارد 340 مىليون يۈەن تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى توپلاندى، توپلىنىش نىسبىتى %73 كە، توپلانغان قالدۇق سوممىسى 6 مىليارد يۈەنگە، شەخسلەرگە تارقىتىلغان تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى 680 مىليون يۈەنگە يەتتى.

تۇيا

## بىناكارلىق

### بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ستاتىستىكىلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن دەرىجىسى توشقان 761 قۇرۇلۇش قىلىش كارخانىسىنىڭ بىناكارلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليارد 664 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.48 ئاشتى؛ پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليارد 120 مىليون يۈەن بولۇپ، %4.04 تۆۋەنلىدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 18 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.54 ئاشتى. شۇ يىلى ئۆي قۇرۇلۇشى قىلىنغان كۆلەم 29 مىليون 290 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى يېڭىدىن ئىش باشلانغان كۆلەم 16 مىليون 330 مىڭ كۋادرات مېتىر. پۈتتۈرۈلگەن كۆلەم 16 مىليون 190 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 9 مىليون 800 مىڭ كۋادرات مېتىر، كەسپىكار يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 378 مىڭ، يىل ئاخىرىدىكى نەق بار ئىشچى - خىزمەتچى 305 مىڭ.

2002 - يىلى، بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت سوممىسى 35 مىليارد 774 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇرۇلۇش راسچوت كىرىمى 29 مىليارد 393 مىليون يۈەن. پايدا سوممىسى 856 مىليون يۈەنگە يەتتى. زىيان

تارتقان كارخانا 178 گە يەتتى، 2001 - يىلدىكىدىن 23 ى كۆپەيدى؛ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 73 مىليون 480 مىڭ يۈەن، ئازايغان زىيان 81 مىليون 830 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە كېيىنگە سۈرۈلگەن قۇرۇلۇش پۇلى 8 مىليارد 131 مىليون يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىنمۇ كېيىنگە سۈرۈلگەن قۇرۇلۇش پۇلى 5 مىليارد 332 مىليون يۈەن.

زو شۈشياڭ

## قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەپتىش قىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلار ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوندىكى بىناكارلىق بازارلىرىنى ئۈنۈملۈك تۈزەپ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى گەۋدىلىك تۇتتى، قۇرۇلۇش نازارىتى بىلەن مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە سېلىنىۋاتقان 143 قۇرۇلۇش تۈرى بويىچە قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى ئايرىلاپ تەكشۈردى، بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 202 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇشنىڭ باھاسى 1 مىليارد 420 مىليون يۈەن. قانۇن، قائىدە - نىزامغا خىلاپلىق قىلىنغان ۋە بىخەتەرلىكتىكى يوشۇرۇن ئاپەت ساقلانغان قۇرۇلۇشتىن 91 تۈر بايقالدى، قىلمىشى ئېغىرراق بولغان 40 كارخانا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىت قىلىندى ۋە ئاشكارىلاندى. بۇ بىر يىلدا ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلار قۇرۇلۇۋاتقان 3993 قۇرۇلۇشنى ئايرىلاپ تەكشۈرۈپ، قانۇن، قائىدە - نىزامغا خىلاپلىق قىلغان 630 قۇرۇلۇشنى بايقىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپنى ئىجرا قىلمىغان قۇرۇلۇش تۈرى 307، مەجبۇرلاش ئۆلچىمىگە خىلاپلىق قىلغان قۇرۇلۇش تۈرى 208، خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش جەريانىدا قانۇن، قائىدە - نىزامغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى سادىر قىلغان قۇرۇلۇش تۈرى 62، ھۆددىگەرلىكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە قانۇنغا خىلاپ ھالدا بۆلۈشتۈرۈپ ھۆددىلىۋالغان قۇرۇلۇش تۈرى 5، گۇۋاھنامىسىز ياكى دەرىجە ئاتلاپ ئۈستىگە ئالغان قۇرۇلۇش تۈرى 48. قانۇن، قائىدە - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلغان كارخانىلارنىڭ قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ چارە كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مۇددەت بەلگىلەپ تەرتىپكە سېلىشقا، تۈزىتىشكە بۇيرۇلغان كارخانا 465، ئىشنى توختىتىشقا بۇيرۇلغان كارخانا 77، دىبلو تۆرەنۈپ بىرتەرەپ قىلىنغان كارخانا 92. بۇلارغا جەمئىي 2 مىليون 417 مىڭ 400 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

زو شۈشياڭ

## قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە خېرىدار چاقىرىشقا تىگىشلىك ئۆي ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى 1602، خېرىدار چاقىرىش يولىغا قويۇلغان قۇرۇلۇش 1572، خېرىدار چاقىرىش نىسبىتى 98.13% بولۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى، ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش يولىغا قويۇلغان قۇرۇلۇش 896 گە، ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش نىسبىتى 57% كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 16.7 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇلۇش نازارىتى بېكىتكەن خېرىدار چاقىرىشنى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان ئاپپارات 60 قا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، «ئا» دەرىجىلىكى 9، «ب» دەرىجىلىكى 13، دەرىجىسى ۋاقىتلىق بېكىتىلگىنى 38. خېرىدار چاقىرىشنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپىنىڭ دائىرىسى ئۆي سېلىش، شەھەر مەمۇرىيىتى، تۆمۈريول، قاتناش، سۇچىلىق، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ۋە تېلېگراف قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى يولغا قويۇش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە ئۆلچەملىك تاللاپ ئىقتىدارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلغان 15 قۇرۇلۇش سودا مەركىزى (شەكىللىك بازار) نىڭ 12 سى خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىدىن تامامەن ئايرىلىپ چىقىپ، خىزمەتنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ۋە ئىش بېجىرىشنىڭ ئادىللىقىنى ئۆستۈردى.

زو شۈشياڭ

## بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى شىنجاڭ يېڭى سالاھىيەت ئۆلچىمى بويىچە بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىدى. ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق كارخانىسى 1119 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇرۇلۇش قىلىشنى ئومۇمىي ھۆددىگە ئالىدىغان كارخانا 480، كەسپىي ھۆددىگەر كارخانا 507، ئەمگەك مۇلازىمىتىنى ئايرىپ ھۆددىگە ئالىدىغان كارخانا 132. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق كارخانا 133 كە، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 901 گە، كوللېكتىپ كارخانا 53 كە، باشقا خىلدىكى كارخانا 32 گە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىشنى ئومۇمىي ھۆددىگە

ئالىدىغان ۋە كەسپىي ھۆددىگەر كارخانىلار ئارىسىدا، ئالاھىدە دەرىجىلىك كارخانا بىر، 1 - دەرىجىلىك كارخانا 49، 2 - دەرىجىلىك كارخانا 188، 3 - دەرىجىلىك كارخانا 749. قۇرۇلۇش قىلىشنى ئومۇمىي ھۆددىگە ئالىدىغان كارخانىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى بۇرۇنقى 84% تىن 42.9% كە تۆۋەنلىدى. كەسپىي ھۆددىگەر كارخانىنىڭ سالمىقى 16% تىن 45.3% كە ئۆرلىدى. ئەمگەك مۇلازىمىتى ئايرىپ ھۆددىگە ئالىدىغان كارخانا يوقتىن بارلىققا كەلدى، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 80.5% نى ئىگىلىدى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سالمىقى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى.

زو شۇشياڭ

## مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش كارخانىلىرى

شىنجاڭ بىناكارلىق جەمئىيىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 2002 - يىللىق مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش كارخانىسىدىن 19 نى باھالاپ چىقتى. ئۇلار: شىنجاڭ «ئۈچ بىرلەشمە» قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «يوڭشىباڭ» بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «غەربىي قىسىم» قۇرۇلۇش پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بىڭتۈەن قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، تۇڭجۇ شەھەرلىك بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش باش شىركىتى شىنجاڭ قۇرۇلۇش باشقارمىسى، شىخەنزە شەھەرلىك «تەيشەن» بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىخەنزە شەھەرلىك «تيەنجۇ» قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «تۇڭخۇي» قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، غۇلجا شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى باش شىركىتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك «جىڭتا» بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 13 - شى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش باش شىركىتى، شىنجاڭ «جۇجۇ» قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، كورلا «فۇشاڭ» بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى گۇرۇھى شىركىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق بىناكارلىق شىركىتى، ئاقسۇ «يۇئشەن» ئاساسىي قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 6 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، خوتەن «بوستان» بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 2 - بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بۇرۇنقى ئەمەلىي گەۋدە، قۇرۇلۇش جەريانىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىنغان قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىش ئەندىزىسىدىن قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى سۇبيېكت مەسئۇلىيەت سۇبيېكتلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇل ئاساسى، ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلمىسىنى ئايرىپ تەكشۈرۈش بىرلەشتۈرۈلگەن نازارەت قىلىش ئەندىزىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆي ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇش تۈرىدىن 6452 سى نازارەت قىلىندى، بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 25 مىليون 746 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر، نازارەت قىلىشنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 99.2% بولدى. قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن پۈتكەن قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغان قۇرۇلۇش 3164، قۇرۇلۇش كۆلىمى 11 مىليون 275 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر بولدى؛ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق ئەلا باھالانغان قۇرۇلۇش تۈرى 1785، قۇرۇلۇش كۆلىمى 6 مىليون 46 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر. پىچان ناھىيىسىنىڭ يېڭى، كونا يوللىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ مەركىزىي مەيدان قۇرۇلۇشى مەملىكەت بويىچە شەھەر مەمۇرىيىتى ئالتۇن لوڭقىسىغا ئېرىشكەن ئۈلگىلىك قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى.

زاڭ چاڭپىڭ

## مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر

2002 - يىل 12 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىدە نەتىجە ياراتقان 67 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 114 ئىلغار شەخسنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىدى. شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش سۈپىتى، بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتى، شىخەنزە شەھەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتى ۋە جاۋ يۇخۇا (ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش سۈپىتى، بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتىدىن)، لى ۋېنشياڭ (بورتالا ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش سۈپىتى - بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتىدىن)، ۋاڭ يۇخەي (كۈيتۇڭ شەھەرلىك قۇرۇلۇش سۈپىتى - بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتىدىن) شەرەپ تاختىسىغا چىقىرىلدى.

زو شۇشياڭ

## بىناكارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش يىلى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەدەنىي ئىش ئورنى مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. قۇرۇلۇش ساھەسىدە كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىلىرىگە ئاساسەن «بەش چوڭ زىيان - زەخمەت» نى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. تۈرلۈك شەكىلدىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، زور ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 27 قېتىم ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %22، 30 ئادەم ئازا قىلىپ، %45.5 تۆۋەنلىدى. بىناكارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش يىلى پائالىيىتى جەريانىدا، 4 ۋىلايەت مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 14 بىناكارلىق كارخانىسى بىناكارلىق قۇرۇلۇش بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش يىلى پائالىيىتى جەريانىدا، 4 ۋىلايەت مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 14 بىناكارلىق كارخانىسى بىناكارلىق قۇرۇلۇش بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالاندى، 22 نەپەر بىخەتەرلىك خادىمى مۇنەۋۋەر بىخەتەرلىك خادىمى بولۇپ باھالاندى. 17 نەپەر بىخەتەرلىك نازارەتچىسى مۇنەۋۋەر بىخەتەرلىك نازارەتچىسى بولۇپ باھالاندى. بىناكارلىق قۇرۇلۇش بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەدەنىي ئىش ئورنى مۇسابىقە پائالىيىتى جەريانىدا، 32 بىناكارلىق كارخانىسىنىڭ 46 قۇرۇلۇش ئىش ئورنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەدەنىي ئىش ئورنى بولۇپ باھالىنىپ، قۇرۇلۇش نازارىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

چېن دىخې

## قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتىنى يىللىق تەكشۈرۈش ۋە گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. يىللىق تەكشۈرۈشكە قاتناشقان كارخانا 109، لاياقەتلىك بولغىنى 33، بۇنىڭ ئىچىدە سالاھىيىتى «ئا» دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلگەن «ب» دەرىجىلىك كارخانا 5 (مەركەز باشقۇرىدىغان 2 كارخانا بۇنىڭ سىرتىدا)، ئەسلىدىكى سالاھىيەت دەرىجىسىنى ساقلاپ قالغىنى 26، ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتلىك بولغىنى 65، لاياقەتسىز بولغىنى 11. يىللىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىدىغان كارخانا جەمئىي 109 غا يەتتى (مەركەز باشقۇرىدىغان كارخانىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بۇنىڭ ئىچىدە «ئا» دەرىجىلىكى 12، «ب» دەرىجىلىكى 49، «س» دەرىجىلىكى 48. ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلىدىغان كارخانا 82، («ئا» دەرىجىلىكى 7، «ب» دەرىجىلىكى 29، «س» دەرىجىلىكى 46). باشقا كەسىپ تۈرىدىكى قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىدىغان كارخانا 27 («ئا» دەرىجىلىكى 5، «ب» دەرىجىلىكى 20، «س» دەرىجىلىكى 2).

زو شۇشياڭ

## بىناكارلىق كەسپىدە ئەمگەك سۇغۇرتا فوندىنى بىر تۇتاش غەملەش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق كەسپىدە ئەمگەك سۇغۇرتا فوندىنى بىر تۇتاش غەملەيدىغان 32 خىراجەت يىغىش، باشقۇرۇش پونكىتى جەمئىي 269 مىليون يۈەن ئەمگەك سۇغۇرتا فوندى خىراجىتى يىغىپ، يىللىق پىلاننى %12 ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئەسلىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 154 مىليون يۈەن، ئەسلىدىكى كوللېكتىپ بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 43 مىليون يۈەن، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 22 مىليون يۈەن، بىر تۇتاش غەملەش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 50 مىليون يۈەن. بىناكارلىق كارخانىلىرىغا 214 مىليون 500 مىڭ يۈەن بۆلۈپ بېرىلىپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەسلىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىغا 141 مىليون يۈەن، ئەسلىدىكى كوللېكتىپ بىناكارلىق كارخانىلىرىغا 23 مىليون يۈەن، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ بىناكارلىق كارخانىلىرىغا 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن، بىر تۇتاش غەملەش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان بىناكارلىق كارخانىلىرىغا 47 مىليون يۈەن بۆلۈپ بېرىلدى.

شىنجاڭ بىناكارلىق كەسپىي ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتىنى باشقۇرۇش باش پونكىتى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا خىراجىتى تاپشۇرىدىغان 170 تىن ئارتۇق قىيىنچىلىقى بار بىناكارلىق كارخانىسىغا ئەمگەك سۇغۇرتا خىراجىتىدىن 32 مىليون 683 مىڭ يۈەننى تەڭشەپ تولۇقلاپ بەردى. بىناكارلىق كارخانىلىرىدا 60 - يىللاردا ئىخچاملانغان خادىملار ئۈچۈن 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن تۇرمۇش خىراجىتى تارقىتىپ بەردى. مۇشۇ بىر يىلدا تەڭشەپ تولۇقلاپ بېرىلگىنى 33 مىليون 973 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.43 ئاشتى. ئاپەتكە ئۇچرىغان 18 بىناكارلىق كارخانىسىغا 1 مىليون 452 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلىپ، 398 ئائىلىلىك دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە



2002 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان «گۈزەل جۇڭخۇا» مېھمانسارىيى 2002 - يىللىق جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى ئەڭ ئالىي مۇكاپات — لۇبەن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

سۈرەتتە گۈزەل جۇڭخۇا مېھمانسارىيى تەسۋىرلەنگەن

چىققان خادىملارنىڭ ئۆيلىرىنى قايتىدىن سېلىشقا ياكى رېمونت قىلىشقا ياردەم بېرىلدى. ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار قىسمەن بىناكارلىق كارخانىلىرىدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 300 مىڭ يۈەن چاغانلىق، قۇربان ھېيتلىق تۇرمۇش ياردەم خىراجىتى تارقىتىپ بېرىلدى.

لى شاۋجۈن

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تىجارەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 1.64% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 290 مىليون يۈەن بولۇپ، 1.3% ئاشتى. كۆلىمى 2 مىليون 730 مىڭ كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈلدى، 94 مىليون 820 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى، دۆلەت مۈلكىنىڭ ساقلانغان قىممىتى، قوشۇلما قىممىتى 80 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، تاپشۇرغان باج 129 مىليون يۈەنگە يەتتى. شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) شىركىتى ئۇدا 3 يىلغىچە ئۈرۈمچى بويىچە باج تاپشۇرۇشتىكى ئۈلگىلىك كارخانا بولۇپ باھالاندى، گۇرۇھ شىركىتى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى كارخانىلار 20 نەچچە تۈرلۈك دۆلەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك شان - شەرەپكە ئېرىشتى.

شۇي خەيرۇڭ

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) شىركىتىنىڭ پەن تەتقىقات، پەن - تېخنىكا خىزمىتى

شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) شىركىتى 2001 - يىلى ئۈستىگە ئالغان ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆتكۈنلۈك ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پەن تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭنىڭ بىناكارلىقىدا ئېنېرگىيىنى تېجەيدىغان تۇرالغۇ ئۆي سىستېمىسى تەتقىقاتى» تېمىسى 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. تەتقىقات نەتىجىسى دۆلەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى ھەمدە شىنجاڭدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېنېرگىيە تېجەشنى ئۆلچەم قىلىپ سىناق قىلىدىغان 2 قۇرۇلۇشى 2002 - يىل 10 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

2002 - يىلى گۇرۇھ شىركىتى ئالدى بىلەن ئۈچۈرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، گۇرۇھ شىركىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا خىزمەتنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش تار دائىرىلىك تورى، تور بۇلۇڭىدە قۇرۇلۇش تۈرلىرى بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئۇچۇرلىرىنى قوللىنىش سۇپىسى قۇرۇپ، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، لىنىيىدە بەدەت بېرىدى ھەمدە تاشقى تور بىلەن ئۇلاشتۇردى. تۈر بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ئاچتى. بۇ سىستېما سىناق نۇقتىسى قۇرۇلۇشتا قوللىنىلدى.

2002 - يىلى گۇرۇھ شىركىتى پەن - تېخنىكا مەخسۇس تۈرىگە 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، يۇقىرى تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە، ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشقا، يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەتقىقاتىغا ئىشلەتتى. شىركەت قارمىقىدىكى كارخانىلار 2 تۈرلۈك مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق كەسپىدىكى يېڭى تېخنىكا

قۇللىنىشتىكى 10 تۈرلۈك قۇرۇلۇشقا كىرىشكە بولىدۇ. 2 -، 3 - بىناكارلىق شىركىتى سالغان «شىنجاڭ قاتناش نازارىتىنىڭ ئېگىز قەۋەتلىك ئۇنىۋېرسال تۇرالغۇ بىناسى»، «بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۈللۈك شەھەرچىسىنىڭ ئاستى قەۋىتى ماگىزىن قىلىنغان، ئېگىز قەۋەتلىك تۇرالغۇ بىناسى» قۇرۇلۇشى، 4- بىناكارلىق شىركىتى سالغان «غەربىي قىسىم خەلقئارا ئاللا بازىرى» دىن ئىبارەت 3 قۇرۇلۇش مەملىكەت بويىچە يېڭى تېخنىكا يولغا قويۇلغان ئۈلگىلىك قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە گورۇھ شىركىتىنىڭ 4 تۈرلۈك قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ «لۇبەن مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

2002 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گورۇھ) شىركىتى «قۇرۇلۇش بىخەتەرلىك تېخنىكا قائىدىسى» نى تۈزۈپ چىقتى، «بىناكارلىق قۇرۇلۇشنى قىش پەسلىدە ئىشلەش تېخنىكا بەلگىلىمىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزدى. «بىناكارلىق قۇرۇلۇشتىكى ئېنېرگىيە تېجەيدىغان تۇرالغۇ بىنا سىستېمىسى تەتقىقاتى» تېمىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، «بېتون قۇيۇلىدىغان پولىستىرول بىنزول تاختىسىنىڭ سىرتتىن هارارەت ساقلاش سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسخېمىلىرى توپلىمى»، «كوللوئىد ئالقىنى پولىستىرول بىنزول دانچىلىرىنىڭ سىرتتىن هارارەت ساقلاش سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسخېمىلىرى توپلىمى»، «بېتون قۇيۇلىدىغان EPS سىرتقى تامنىڭ سىرتتىن هارارەت ساقلاش قۇرۇلۇش تېخنىكا قائىدىسى»، «EPS نېپىز سۇۋاقلىق سىرتقى تامنىڭ سىرتتىن هارارەت ساقلاش قۇرۇلۇش تېخنىكا قائىدىسى»، «كوللوئىد ئالقىنى پولىستىرول بىنزول دانچىلىق سىرتقى تامنىڭ سىرتتىن هارارەت ساقلاش قۇرۇلۇش تېخنىكا قائىدىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. ئۆلچەملىك ئىسخېمىلار توپلىمىنى قۇرۇلۇش نازارىتى تەستىقلاپ، ئىشلىتىشكە ئېلان قىلدى.

جياڭ لى

## مەملىكەت بويىچە ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىي هۆددىگە ئېلىشتا ئالاھىدە دەرىجىلىك سالاھىيەت قولغا كەلتۈرۈلدى

2002 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گورۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەملىكەت بويىچە ئۆي - ئىمارەتلەر قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىي هۆددىگە ئېلىشتا ئالاھىدە دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئېرىشتى. مۇشۇنداق شان - شەرەپكە مەملىكەت بويىچە 43 كارخانا ئېرىشتى، غەربىي شىمال رايوندا 2 كارخانا ئېرىشتى.

شۈي خېيرۇڭ

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گورۇھ) شىركىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئىلغار شەخسلەر

2002 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گورۇھ) شىركىتى 1 - بىناكارلىق شىركىتى مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سۈپىتىنى باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر كارخانا، مەملىكەت بويىچە ئابونتلار رازى بولغۇدەك قۇرۇلۇش قىلغان كارخانا دېگەن نامغا، 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى مەملىكەت بويىچە «توختامغا ئەھمىيەت بەرگەن، ۋەدىسىدە تۇرغان» كارخانا دېگەن نامغا، لى نىيلۇ مەملىكەت بويىچە كېسەل - ياقاچ قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئاكتىپى دېگەن نامغا، جاڭ لىيەنفۇ مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر تۈر دىرېكتورى دېگەن نامغا، 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدىكى لۇ يىڭچاۋ مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر تۈر دىرېكتورى دېگەن نامغا، ۋۇ مىڭجۇن مەملىكەت بويىچە ياشلار يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا، دىڭ گۇاڭمىڭ 8 تۈلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر تۈر دىرېكتورى دېگەن نامغا، 5 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى مەملىكەت بويىچە «توختامغا ئەھمىيەت بەرگەن، ۋەدىسىدە تۇرغان كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

چېن ئەنجۈن

## مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش ئۆلچىمى نورمىسىنى بېكىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشكەن خىزمەتچىلەر

2002 - يىل 12 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قۇرۇلۇش ئۆلچىمى نورمىسىنى بېكىتىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان 128 ئىلغار كوللېكتىپ، 141 ئىلغار شەخس ۋە 173 شان - شەرەپكە ئېرىشكەن خىزمەتچىنى تەقدىرلەشنى قارار قىلدى. شىنجاڭدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار: قۇرۇلۇش نازارىتى ئۆلچەم نورمىسىنى بېكىتىش باشقارمىسى، شىنجاڭ قۇرۇلۇشقا باها قويۇشنى باشقۇرۇش باش پونكىتى. ئىلغار شەخسلەر: ۋۇ رۇي، چې ياپىڭ (شىنجاڭ بىكتۇەن قۇرۇلۇش ئىدارىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسىدىن)، جاڭ خېنگيې (شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتىدىن)، تاڭ چاڭجاۋ (ئىلى ئوبلاستلىق قۇرۇلۇشقا باها قويۇشنى باشقۇرۇش پونكىتىدىن)، شان - شەرەپكە ئېرىشكەن خىزمەتچىلەر: ۋاڭ چاڭخۇي، ياڭ چىلياڭ، پاڭ فۇلىي (شىنجاڭ قۇرۇلۇشقا باھا قويۇشنى باشقۇرۇش باش پونكىتىدىن).

زو شۇشياڭ

## قىدىرىپ تەكشۈرۈش - لايىھەلەش كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى قىدىرىپ تەكشۈرۈش-لايىھەلەش كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش، گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 37 «ئا» دەرىجىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش - لايىھەلەش كارخانىسى، 100 «ب» دەرىجىلىك كارخانا، 93 «س» دەرىجىلىك كارخانا تەستىقلاندى. سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش، گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، «ئا» دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئىگە ئورۇن كۆپەيدى، «ب» دەرىجىلىك ئورۇن ئازايدى، قىدىرىپ تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى تىزگىنلەندى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 70 «ئا»، «ب» دەرىجىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئورنى كارخانا قانۇنىي ئىگە تىجارەت كىنىشكىسى ئالدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە 29 كارخانا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورناتتى.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇش چېرتيوژى تەكشۈرۈلدى

2002 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى لايىھەلەش ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش، لايىھەلەش سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتىدىن 17 سى قۇرۇلدى، قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلغان رايونلاردىكى تەكشۈرۈش كۆلىمى 90% تىن ئاشتى. بىر يىلدا تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇش تۈرى جەمئىي 4080 گە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 17 مىليون 680 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 16 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 23 تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئورنى ISO9000 سۈپەت سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى.

زو شۇشياڭ

## بىناكارلىق قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش، لايىھەلەش سۈپىتى ۋە تەكشۈرۈش، لايىھەلەش ئورنىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى تەكشۈرۈلدى

قۇرۇلۇش نازارىتى شىنجاڭ تەكشۈرۈش - لايىھەلەش جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى ۋە شىخەنزە شەھىرىدىكى 24 بىناكارلىق لايىھەلەش ئورنىنىڭ 58 تۈرلۈك بىناكارلىق قۇرۇلۇش لايىھەلەش تۈرىنى، 31 تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ 65 تۈرلۈك قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش تۈرىنىڭ تەكشۈرۈلۈش سۈپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە يۇقىرىقى رايونلاردىكى 26 تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈلگەن 58 بىناكارلىق قۇرۇلۇش لايىھەلەش تۈرى ئىچىدە، 5 ى لاياقەتلىك بولدى، 51 تۈر ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتلىك بولدى، 2 تۈر لاياقەتسىز بولدى. تەكشۈرۈلگەن 65 بىناكارلىق قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش تۈرى ئىچىدە، 25 تۈر لاياقەتلىك بولدى، 33 تۈر ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتلىك بولدى، 7 تۈر لاياقەتسىز بولدى. 26 تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئورنىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىدىن 6 سى ئۈنۈملۈك (ئۆلچەمنى يولغا قويغان ئورۇن 2) بولدى، 6 سى (ISO9001 ئۆلچەمنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويغان ئورۇن بىر) ئاساسىي جەھەتتىن ئۈنۈملۈك بولدى، 14 ى «ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئورۇنلىرىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ئاساسىي ئۆلچىمى» نى يولغا قويمىدى (بۇنىڭ ئىچىدە «ئاساسىي ئۆلچەم» بويىچە سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورناتقىنى 4)، قۇرۇلۇش نازارىتى ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ، دەل ۋاقتىدا تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىشنى ھەمدە چەكلىك مۇددەتتە تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش پىكرىنى ۋە تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش نەتىجىسىنى قۇرۇلۇش نازارىتىگە مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇشنى بۇيرۇدى.

زو شۇشياڭ

## مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش لايىھەلەش ۋە مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش تۈرلىرى باھالاندى

2002 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 11 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش لايىھەلەش، 6 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش تەكشۈرۈشنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارە ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر تەكشۈرۈپ يوللىغان خەلق ئىشلىتىدىغان بىنالار، قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش، شەھەر مەمۇرىيىتى، سۇچىلىق، سۇ - ئېلېكتر، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، تاشيول، پولات - تۆمۈر، نېفىت خىمىيە سانائىتى، كۆمۈرچىلىك، يېنىك سانائەت، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، پوچتا - تېلېگراف، لۇچىۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەسىپىي تۈرلەر جەمئىي 246. بۇلار مۇتەخەسسىسلەر باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشى ۋە باھالاپ

بېكىتىش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاندى ھەمدە جەمئىيەتكە ئېلان قىلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە 11 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش لايىھىلەش، 6 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش بويىچە 22 تۈر 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 39 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 58 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 52 تۈر تەقدىرلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قۇرۇلۇش نازارىتى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەرنى ئېلان قىلدى ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەر مۇكاپاتلاندى.

زو شۈشياڭ

## مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر تەكشۈرۈش - لايىھەلەش مۇكاپاتى

2002 - يىل 7 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 2001- يىللىق مىنىستىرلىك دەرىجىلىك تەكشۈرۈش - لايىھەلەشنى باھالاش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى. ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى چەكلىك شىركىتى لايىھەلىگەن)، شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە مەركىزى (شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى لايىھەلىگەن) مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر بىناكارلىق لايىھەلەش تۈرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى شەھىرى ۋېيخۇلياڭ تېرمو ئېلېكتر بىرلەشمە ئىشلەپچىقىرىش تېرموتورى قۇرۇلۇشى (بېيجىڭ شەھەرلىك كۆمۈرگازى تېرمو قۇرۇلۇش لايىھەلەش يۇرتى لايىھەلىگەن)، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنى لايىھەلەش، يېقىلغۇ گاز، تېرمو كەسپىي قۇرۇلۇشى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق گۈللۈكى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك باغ - ئورمان لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى لايىھەلىگەن) مەنزىرە باغ ئورمان كەسپىي قۇرۇلۇشى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بايىنغولىن ئوبلاستى ساياھەتچىلىكنى پىلانلاش (جۇڭگو شەھەرلەرنى پىلانلاش - لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى لايىھەلىگەن)، ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ - يامالىق تاغ رايونى شەھەر مەنزىرىسىنى لايىھەلەش (ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر پىلانلاش- لايىھەلەش يۇرتى لايىھەلىگەن) مىنىستىرلىك دەرىجىلىك شەھەرلەرنى پىلانلاش، لايىھەلەش تۈرى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى رايون رەقەم ئېگىزلىك مودېلى (DEM) نىڭ ئورنىتىلىشى ۋە رەقەم مۇسبەت پروېكسىيىلىك سۈرەت (DOM) سىستېما قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىش، ئېچىش ۋە قوللىنىش (ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر تەكشۈرۈش - ئۆلچەش يۇرتى ئۆلچىگەن) مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش، قۇرۇلۇش ئۆلچەش ۋە شەھەر ئۆلچەش تۈرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

زو شۈشياڭ

## قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكىسى مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتىنىڭ ئالدىن تاللاپ دەللىلىشى ئارقىلىق، قۇرۇلۇش نازارىتى 84 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتنى شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى دەپ ئېلان قىلدى. بۇلار: SF ئۆگزىنىڭ ئالاھىدە سۇ ئۆتمەس سۇۋاقلىغۇسى JS بىرىكمە سۇ ئۆتمەس سۇۋاقلىغۇ، JG تىپلىق سۇ، زەي ئۆتمەس، سۇ، زەي ئۆتۈشنى توسۇش دورىسى، يېڭى تىپتىكى سۇ ئۆتكۈزمەس دورا، HX—I شورغا تاقابىل تۇرۇش دورىسى، ئورگانىك كرېمنىيلىق سۇ ئۆتكۈزمەس دورا، JB ئېلاستىكلىق سۇ ئۆتكۈزمەس سۇۋاقلىغۇ بويىيۇق، سېمونت رادىكالى سىڭدۈرگەن كرىستال تىپلىق سۇ ئۆتمەس سۇۋاقلىغۇ، غەيرىي كوكس مېيى تىپىدىكى پولىئامىنو مېتىل كىسلاتا ئېفىرى سۇ ئۆتمەس سۇۋاقلىغۇ، پولىئامىنو مېتىل كىسلاتا ئېفىرى ھىملاش مەلھىمى، رەڭلىك ئېلاستىكلىق پەملەپ ھىملايدىغان سۇ ئۆتمەس سۇۋاقلىغۇ، ZS سۇ ئۆتمەس ئانا سۇيۇقلۇق، LD سۇلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە سۇ ئۆتمەس كاۋچۇك سۇۋاقلىغۇ، GT قاتۇرغۇچ سۇ ئۆتمەس سۇۋاقلىغۇ، بىناكارلىقتا چاپلايدىغان يېپىشتۇرغۇچ، بېتون (قۇم بوتقىسى) ئارىلاشما ماتېرىيالى، پولى ئېتىلېن پروپىلېن قوش يۈزلۈك بىرىكمە سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ماتېرىيال، ئېلاستىكلىق ئۆزگىرىشچان سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ئاسفالت ماتېرىيال (SBS)، YA208 ئۆزگىرىشچان سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ئاسفالت ماتېرىيال، سوغۇق كاۋچۇك چاپلىغۇچ، پولى ئېتىلېن خلورىدلىق سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ماتېرىيال، ئۈچ ئاساسلىق ئېتىل سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ماتېرىيال، نېئوپرېن سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ماتېرىيال، بوتىل كاۋچۇك سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ماتېرىيال، غەيرىي سۇلفات تىپىدىكى نېئوپرېن سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ماتېرىيال، غەيرىي سۇلفات تىپىدىكى بوتىل كاۋچۇك سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ماتېرىيال، كۆپ قاتلاملىق، يۇقىرى مولېكۇلىلىق بىرىكمە سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ماتېرىيال، پولىئېستېر سۇ ئۆتمەس بىرىكمە ياپراقچە ماتېرىيال ۋە ھىملايدىغان رېزىنكا تاسما، پولىئامىنول ئېتىل كىسلاتا ئېفىرى — پولىئېتىلېن بىرىكمە ئىسسىقلىق

ساقلاش تۇرۇبىسى، ئاليۇمىنلىق سۇلياۋ بىرىكمە تۇرۇبا ۋە تۇرۇبا دېتالى، تۆۋەن بېسىمدا ئاقما جىسىملارنى يەتكۈزۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ئەستەرلىك سۇلياۋ ئاليۇمىن قېتىشما تۇرۇبا ماتېرىيالى ۋە تۇرۇبا دېتالى، ئۆتۈشتۈرۈپ بىرلەشتۈرۈلگەن پولىئېتىلېن تۇرۇبىسى (PEX)، زىچلىق دەرىجىسى يۇقىرى پولىئېتىلېن تۇرۇبىسى (HDPE)، ئۈچ تىپلىق پولىپروپىلېن تۇرۇبا ماتېرىيالى ۋە تۇرۇبا دېتالى (PP—R)، چوڭ دىئامېتىرلىق زىچلىق دەرىجىسى يۇقىرى قوش دىۋارلىق دولقۇنسىمان پولىئېتىلېن نەيچە، سۇ بىلەن تەمىنلەشكە ئىشلىتىلىدىغان كۈچەيتىلگەن پولىئېتىلېن تۇرۇبا ماتېرىيالى ۋە تۇرۇبا دېتالى (F—PPR، FW—PPR)، پولىئىزوبوتىلېن تۇرۇبا ماتېرىيالى ۋە تۇرۇبا دېتالى (PB)، ABS قۇرۇلۇش سۇلياۋ تۇرۇبا ماتېرىيالى ۋە تۇرۇبا دېتالى، سۇ بىلەن تەمىنلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئىچى سۇلياۋ بىلەن ئەستەرلەنگەن بىرىكمە پولات تۇرۇبا، بىنالارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندا چىقىرىۋېتىشتە ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق پولىۋىنىل خلورىد يۇرۇشلۇق تۇرۇبا ماتېرىيالى ۋە تۇرۇبا دېتالى (ئەمەلىي دىۋار، يۇرما، بوش دىۋار يۇرمىسى، كىرىن قاتلىمىنى كۆپەيتىش، قوش دىۋار يۇرمىسى)، پولات جازىنىڭ سۇلياۋ بىرىكمە تۇرۇبىسى ۋە تۇرۇبا دېتالى، كاۋاك تورلۇق پولات تاسما بىرىكمە سۇلياۋ تۇرۇبا ماتېرىيالى ۋە دېتالى تۆۋەن بېسىمدا سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان نېپىز دىۋارلىق قاتتىق پولىۋىنىل خلورىد تۇرۇبا ماتېرىيالى، مەركەزدىن قاچما قۇيما يۇمىلاق گىرافىتلىق (ئۈزلەرتىدىغان) تۆمۈر يېقىلغۇ گاز تۇرۇبىسى، قىسقۇچ مو تىپىنىڭ ئەۋرىشىملىك تۇتاشتۇرۇش ئېغىزلىق مەركەزدىن قاچما يۇندا چىقىرىۋېتىش قۇيما تۆمۈر تۇرۇبىسى، ئورالغان ئەينەك پولات تۇرۇبا، مەركەزدىن قاچما قۇيما ئەينەك پولات تۇرۇبا، PVC سۇلياۋ دېرىزە، PVC—U سۇلياۋ ماتېرىيال، قاتتىق پولىۋىنىل خلورىدلىق پوستى قاتۇرۇلۇپ ئازراق كۆپەيتۈرۈلگەن پولات سۇلياۋ قىستۇرۇلما تىپتىكى ماتېرىيال، قاتتىق پولىۋىنىل خلورىدلىق پوستىنى قاتۇرۇپ ئازراق كۆپەيتۈرۈلگەن پولات سۇلياۋ قىستۇرۇلما ئىشىك - دېرىزە، ئەينەك پولات دېرىزە، پولات زىنچىلىق قىسىپ ئۇلىغۇچ، پولات زىنچىلىق تۈز بورىما (دومىلىتىپ پرېسلانغان، زىنچا ئايرىۋېتىلىپ دومىلىما پرېسلانغان، ئازراق توم) ئۇلىغۇچ، ئاپتوماتىك ھالدا كەپشەرلىنىدىغان H تىپلىق پولات، پولات - ئاليۇمىن بىرىكمىلىك ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، تۈۋرۈكسىمان پولاتتىن ياسالغان چىرىتىشكە چىداملىق ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، قۇيما تۆمۈرتاق يۈزلۈك (مۇقىم يۆنىلىشلىك) قارىمۇ - قارشى ئاقىدىغان ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، TDD—G ئەگرى يۆنىلىشلىك ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، ئوتتىن، توك قېچىشتىن ساقلىنىش سىگنال ئەسۋابى، PVC مانتىيۇرلار كالوتى، PVC كۆپەيمەيدىغان كېسىك لىنىيە تۇرۇبىسى، سىم يوللىرىنىڭ قاپلاپ ئۇلاپ قىسىش شەكلىدىكى نېپىز دىۋارلىق پولات باشلامچى نەيچىسى، كىچىك تىپتىكى زەنجىر ئۈزگۈچ، توك قاچقاندا زەنجىر ئۈزگۈچ، سۇلياۋ قاپلىق زەنجىر ئۈزگۈچ، تۇراقسىز توكنى تۇتاشتۇرغۇچ، قوش ئېلېكتر مەنبەلىك ئالماشتۇرۇش قۇرۇلمىسى، ئۆزلىكىدىن قوغدايدىغان تولۇق ئاپتوماتلاشقان توك بېسىمى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان قوغدىغۇچ، ئۆزى قايتىلايدىغان تولۇق ئاپتوماتىك توك بېسىمى قوغدىغۇچى، ئاپتوماتىك ئالمىشىپ تۇرىدىغان ۋىكلىيۇچاتېل، يۇرۇشلۇق ئېلېكترونلۇق ئېلېكتر سىچوتچىكى، IC كارتىلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق سۇ سىچوتچىكى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئىستېمال خىراجىتىنى ھېسابلاش سىچوتچىكى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى مىقدارىنى تىزگىنلىگۈچ ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسى، تۆۋەن ۋالىنتلىق 2000 ئىخچام دەرىجىلىك باشقۇرۇش سىستېمىسى، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان يۇمشاق دېتال، S—GRC تام توسۇش تاختىسى، كىرەمنىي - ماگنىتلىق مۇتلەق يېنىك ئىچ تامنى توسۇش تاختىسى، پەلەم پاراشوكى پولىبېنزول دانىچىلىرى ئارقىلىق تاشقى تامنىڭ ئىسسىقلىقنى ساقلاش تېخنىكىسى، ھاۋا پەردىسى، ئېگىزلىكتە مەشغۇلات قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاسما سېۋەت، توك بېسىمنى ئۆزگەرتىش شەكلىدىكى گاز چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى، ZRF تۇرالغۇ ئۆيدىكى ئىس - تۈتەكلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ چىقىرىۋېتىش سىستېمىسى.

لى يېپىڭ

## يېڭى تېخنىكا قوللىنىشتىكى ئۈلگە قۇرۇلۇش

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە 30 تۈرلۈك «بىناكارلىق كەسپىدە 10 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىشتىكى ئۈلگە قۇرۇلۇش» (بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگە قۇرۇلۇش تۈرى 6، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۈلگە قۇرۇلۇش تۈرى 24) نىڭ 4 تۈرى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن، 19 تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشىدىن ئۆتتى. شۇ يىلى 2 تۈرلۈك قۇرۇلۇش مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق كەسپىدە 10 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىشتىكى ئۈلگە قۇرۇلۇش قاتارىغا كىردى. بۇلار: شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان شىنجاڭ «جۇڭگەن» مەيدانى قۇرۇلۇشى ۋە شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 5 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش

چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» دۇنيا سودا سارىيى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان شىنجاڭ غەربىي قىسىم خەلقئارا تاللا بازىرى قۇرۇلۇشى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىشنى يولغا قويغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 3 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان 17 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ بىناسى ۋە شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان 39 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ بىناسى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ئېنېرگىيە تېجەشنى يولغا قويغان ئۈلگە قۇرۇلۇش قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلۇشلار شۇ يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشتا ئېنېرگىيە تېجەشنى يولغا قويغان ئۈلگىلىك قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

لى بىپىڭ

## بىر تۈرلۈك قۇرۇلۇش «لۇبەن مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى

جۇڭگو بىناكارلىق جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 2002 - يىللىق جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى «لۇبەن مۇكاپاتى» (دۆلەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش) نى باھالاشتا، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان، شېنجېن «سەددىچىن» ئائىلە سايمانلىرى، بېزەكچىلىك قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتناشقان گۈزەل جۇڭخۇا مېھمانسارىيى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

زو شۇشياڭ

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى تەڭرىتاغ مۇكاپاتى

شىنجاڭ بىناكارلىق جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭ بويىچە 2002 - يىللىق بىناكارلىق قۇرۇلۇشى تەڭرىتاغ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغان (ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك قۇرۇلۇش) 31 تۈرنى باھالاپ چىقتى. ئۇلار: ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ ئايروپورت بىناسى (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان، شىنجاڭ

قىسقا ماتېرىيال

## ئەرزان، قۇلايلىق تۇرالغۇ ئۆي

ئەرزان، قۇلايلىق تۇرالغۇ ئۆي دېگىنىمىز، شەھەر، بازارلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەر تەمىنلەش ئوبيېكتى قىلىنغان ھەمدە دۆلەتنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش ئۆلچىمى بويىچە (داچا، ئالىي دەرىجىلىك ياتاق، چەت ئەللىكە سېتىلىدىغان ئۆيلەر بۇنىڭ سىرتىدا) سېلىنغان ئادەتتىكى ئاۋار ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەرزان، قۇلايلىق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەر مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن ئايرىپ بېرىلىدۇ، ئەرزان، قۇلايلىق تۇرالغۇ ئۆيگە يەر ئىشلەتكەندە چېقىپ كۆچۈرۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يەرمۇ مەمۇرىي بۇيرۇق ئارقىلىق تەمىنلىنىدۇ.

ئەرزان، قۇلايلىق تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرنىڭ باشقۇرۇش ھەققى مۇۋاپىق ئازايتىلىدۇ. ئەرزان، قۇلايلىق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدا مەبلەغ سېلىش نىشانى تەڭشەش بېجى، يەر ئىشلىتىش بېجى، يەرنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىنمايدۇ، شەھەرلەردىكى ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ھەققى، تام ئۆزگەرتىش ھەققى، كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش ھەققى، ئوت ئۆچۈرۈش مەبلىغى توپلاش ھەققى ئېلىنمايدۇ؛ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ھەققىنىڭ يېرىمى ئېلىنىدۇ؛ قانۇنىي ئاساسى يوق سېلىق سېلىش، مەبلەغ توپلاش ۋە ھەق ئېلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ؛ گوۋۇيۈەن ياكى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان مەمۇرىي كەسپىي خاراكتېرلىك ھەقنىڭ يېرىمى ئېلىنىدۇ.

ئەرزان، قۇلايلىق تۇرالغۇ ئۆيلەرنى سېلىش قەرز پۇلى ئېلىشتا يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ. سودا بانكىسى ئاكتىپ، پاسسىپ نىسبىتى ئىچىدە، ئەرزان، قۇلايلىق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا ئالدى بىلەن قەرز بېرىدۇ، تۈر تەستىقلاپ تۇرغۇزۇلغان، ھەقىقەتەن بازارلىق ئەرزان، قۇلايلىق ئۆيلەرنىڭ كرېدىت شەرتى مۇۋاپىق كەڭ قويۇۋېتىلىدۇ. بارلىق سودا بانكىلىرى بارلىق شەھەر - بازارلاردا شەخسىي ئولتۇراق ئۆي رەنىنىڭ قەرز پۇلى تارقاتسا بولىدۇ.

ئەرزان، قۇلايلىق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا لازىملىق

بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى قۇراشتۇرۇش - قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلۇشقا قاتناشقان)، شىنجاڭ پاختا سودا بازىرى پەن - تېخنىكا بويىچە تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ ئۈنۋېرسال بىناسى (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئايروپىلان خادىملىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، ئۈچ يۇلتۇزلۇق باغچا 9 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ بىناسى (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 3- بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، ئۈرۈمچى يېڭەنكۆل خەۋەرلىشىش تېرمىنال رېمونت قىلىش مەركىزى كەسپىي بىناسى (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش - تەربىيىلەش مەركىزى (شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى قۇرۇلۇش قىلىش باش شتابى سالغان)، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى 22 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ بىناسى (شىنجاڭ مېتاللورگىيە قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان)، ئۈرۈمچى يەر شارى كۆرگەزمە مەركىزى (شىنجاڭ بىڭتۇەن قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئۈنۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش)، كۆمۈرلۈك گېئولوگىيە ئىدارىسى «156» ئەترىتىنىڭ 10- نومۇرلۇق تۇرالغۇ بىناسى (شىنجاڭ «تيەنيى» قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي مەكتەپ رايونى 11 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ بىناسى (تۇڭجۇ شەھەرلىك بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش- قۇرۇلۇش باش شىركىتى شىنجاڭ قۇرۇلۇش باشقارمىسى سالغان)، «شاتلىق باغچىسى» كىچىك رايونى 63 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ بىناسى (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش)، قاراماي شەھىرىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى يۈەندىنى بىر

شەھەر مەمۇرىيىتى يۈرۈشلەشتۈرۈش مۇئەسسەسەلىرىنى يەرلىك ئورۇن شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇش پىلانى ئىچىدە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ كىچىك رايوندىكى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇئەسسەسەلەر تىجارەت خاراكتېرىدە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈش خىراجىتىنى تىجارەت قىلغۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ، تىجارەت خاراكتېرىدىكى بولسا، ھۆكۈمەت، كارخانا، ئۆي سېتىۋالغۇچى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدۇ. تۇنجى قېتىم ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆي سېتىۋالغان بولسا يەر بېجى ئېلىنمايدۇ.

ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆيلەرنى پىلانلاش، لايىھىلەش لايىھەسى تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ ۋە بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كېلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، يەر شەكلىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەت گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. ئەرزان، قولايلىق، كۆركەم قىلىنىپ، ئائىلىلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق ئەمەلىي ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ. تۇرالغۇ ئۆي ئۆلچىمى ۋە شەكلىدە شۇ جاينىڭ ھاۋا كىلىماتى ئالاھىدىلىكى، ئائىلە نوپۇس ئەھۋالى ۋە ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى قاتارلىق ئامىللارنى ئويلىشىپ، مۇۋاپىق بېكىتىش كېرەك. تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچكى تەكشىلىك قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق لايىھىلىنىشى، دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى، ئۆيلەردىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئاشخانا، تازىلىق ئۆيلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئەسلىھەلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، تۇرۇبا يوللىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

يېقىندىن بۇيان ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆيلەرنى سېتىش باھاسىدا ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچى باھاسى يولغا قويۇلۇپ، دەرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئاز پايدا ئېلىش پرىنسىپى بويىچە بېكىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆينىڭ تەننەرخى يەر ئېلىش، چېقىش، كۆچۈرۈش تۆلەم خىراجىتى، تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ۋە ئالدىنقى قاتارلىق قۇرۇلۇش خىراجىتى، قۇراشتۇرۇش - قۇرۇلۇش خىراجىتى، تۇرالغۇ كىچىك رايوندىكى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇش خىراجىتى (كىچىك رايوندىكى تىجارەت خاراكتېرىدە بولمىغان يۈرۈشلەشتۈرۈش جامائەت قۇرۇلۇش خىراجىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، باشقۇرۇش خىراجىتى، قەرز پۇل ئۆسۈمى ۋە باج قاتارلىق 7 تۈرلۈك ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پايدا 3% تىن تۆۋەن تىزگىنلىنىدۇ. سېتىش باھاسىنى شەھەر (ناھىيە) لىك خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرىدىكى 8 تۈرلۈك ئامىلغا ئاساسەن ئۈنۋېرسال بېكىتىدۇ ھەمدە قەرەللىك ئېلان قىلىدۇ. ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆينىڭ باھاسىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆستۈرۈپ سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ.

زو شۇشياڭ

ئەرەپ قىلىش زاۋۇتى (شىنجاڭ «سەنلىيەن» قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، قاراماي نېفىت ئېلىش 1 - زاۋۇتى سۇيۇق نېفىتنى بىرتەرەپ قىلىش پونكىتى (شىنجاڭ «يۈكشىباڭ» قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - نومۇرلۇق ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى (شىخەنزە «تيەنجۇ» قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، شىخەنزە «يېڭخې» ئۆي - زېمىن شىركىتىنىڭ 3 - نومۇرلۇق كىچىك رايون ئاستى قەۋىتى سودا سارىيى قىلىنغان تۇرالغۇ بىناسى (شىخەنزە شەھىرى «گۇاڭلىيەن» بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش - قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، «تەيكاڭ» سودا سارىيى، تۇرالغۇ بىناسى (شىخەنزە شەھىرى «تەيەن» بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، سانجى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى خىزمەت بىناسى (سانجى قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 13 - شى قىزىلىيۇلتۇز دوختۇرخانىسى دۇكان - تۇرالغۇ بىناسى (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 13 - شى بىناكارلىق قۇرۇلۇش - قۇراشتۇرۇش باش شىركىتى سالغان)، بايىنغولىن ئوبلاستلىق دۆلەت باج ئىدارىسى 3 - نومۇرلۇق B تۇرالغۇ بىناسى (شىنجاڭ «جيۇجۇ» قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، لوپنۇر ناھىيىلىك دۆلەت باج ئىدارىسى تۇرالغۇ بىناسى (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش)، بايىنغولىن ئوبلاستلىق دوختۇرخانا جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى (شىنجاڭ «چىشىڭ» قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، يەنجى ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئاستى سودا سارىيى قىلىنغان تۇرالغۇ بىناسى (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش)، بۆگۈر ناھىيىلىك «دۆڭگۈەن» كىچىك رايونى — LH 2 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ بىناسى (كورلا «فۇشىڭ» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى گۇرۇھى شىركىتى سالغان)، كورلا «چاڭلۇن» كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسى (كورلا شەھەرلىك 2 - بىناكارلىق شىركىتى سالغان)، غۇلجا قاتناش قائىدىسى خىراجىتىنى تەپتىش قىلىش باشقارمىسى جەنۇبىي تۇرالغۇ بىناسى (ئىلى بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان)، كۈيتۇڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى بىلەن «سەنشىڭ» شىركىتىنىڭ تۇرالغۇ بىناسى (شىنجاڭ «سەنشىڭ» بىناكارلىق يېڭى تېخنىكا شىركىتى سالغان)، كۈيتۇڭ شەھىرى «تيەنشاڭلى» 13 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ بىناسى (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش- قۇراشتۇرۇش شىركىتى سالغان)، كۈيتۇڭ شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى تۇرالغۇ بىناسى (كۈيتۇڭ شەھەرلىك بىناكارلىق شىركىتى سالغان)، ئالتاي ۋىلايەتلىك يوچتا ئىشلەپچىقىرىش بىناسى (قابا بىناكارلىق قۇرۇلۇش - قۇراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان)، يېزا ئىگىلىك 5 - شى 89 - تۈەن - مەيدان مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى (يېزا ئىگىلىك 5 - شى «بوسەي» قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان).

زو شۇشياڭ

# مۇھىت ئاسراش

## مۇھىت باشقۇرۇش

### ئومۇمىي بايان

2002 ـ يىلى گوۋۇيۈەن مەملىكەتلىك 5 ـ قېتىملىق مۇھىت ئاسراش خىزمىتى (تېلېۋىزىيە، تېلېفون) يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايون يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئاپتونوم رايون نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، «5 ـ ئىيون» دۇنيا مۇھىت كۈنىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ۋە مۇخبىرلارنى كۆتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 ـ يىللىق مۇھىت سۈپىتى ئەھۋالى ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلدى. «9 ـ بەش يىللىق پىلان» دىن بۇياقى مۇھىت ئاسراش خىزمىتى خۇلاسىلەندى، 2002 ـ يىللىق مۇھىت ئاسراشقا دائىر 10 تۈرلۈك تۈزۈم تۈرغۇزۇش • مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەمدە 10 تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنىڭ نىشان ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، مۇھىت ئاسراش بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلانىدىكى ئاساسىي بۇلغىمىلارنى قويۇۋېتىش ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەش ـ ئايرىش پىلانى چۈشۈرۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك فۇنكسىيىلىك رايون ئايرىمىسى، سۇ مۇھىتىنىڭ فۇنكسىيىلىك رايون ئايرىمىسى تۈزۈلدى. مۇھىت ئاسراشقا دائىر قانۇنسىز قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، بۇلغىنىشنىڭ قايتا ئەۋج ئېلىشىنى مەخسۇس تۈزۈپ بويىچە چەكلەش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ساناەتتىن بۇلغىنىش مەنبەسىنى تىزگىنلەش سالمىقى زورايتىلدى. دوختۇرخانىلارنىڭ پاسكىنا سۇيىنى تىزگىنلەش قەدىمى تېزلىتىلىپ، كېمەيكىسىز، خەتەرلىك خىمىيىۋى بۇيۇملار، رادىئاكتىپلىق كېمەيكىسىز نەرسىلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، يىغىپ ساقلاش سالمىقى كۈچەيتىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى تۈزەش خىزمىتى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2002 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە جەمئىي 229 پارقازان چېقىۋېتىلدى ۋە بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، 4 يىلدا مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش پونكىتىدىن 43ى قۇرۇلدى، شەھەرنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش نىسبىتى %60تىن ئاشتى. 94 مىڭ 782 ماتورلۇق ماشىنا تەكشۈرۈلدى، 6500 ماشىنىنىڭ گاز چىقىرىش قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلدى.

جاۋ چېڭلىن

### مۇھىت ئاسراش خىزمىتى يىغىنى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2002 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 — 27 ـ كۈنلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىت ئاسراش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مەملىكەتلىك 5 ـ قېتىملىق مۇھىت ئاسراش تېلېۋىزىيە، تېلېفون يىغىنى، مەركەزنىڭ نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ۋە 2002 ـ يىلى مەملىكەتلىك مۇھىت ئاسراش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ 2001 ـ يىلى «مۇھىت ئاسراش نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامىسى»نى ئىجرا قىلىشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئاقسۇ ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى، قاراماي شەھىرى تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى؛ 2002 ـ يىللىق مۇھىت ئاسراش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

جاۋ چېڭلىن

### مۇھىتقا دائىر سىياسەت تەتقىقاتى ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈش ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ تارقاتتى ۋاقىتلىق. شۇ يىلى مۇھىت ئاسراش جەھەتتە مەمۇرىي جازا بېرىلگەن دېلو 308، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسپات ئاڭلاش دېلوسى 11، جازا بېرىلگەن دېلولارنىڭ جەرىمانە سوممىسى 1 مىليون 412 مىڭ 176 يۈەن. مۇھىت مەمۇرىيىتى جەھەتتە قايتا قاراپ چىقىشقا دېلودىن 10ى قوبۇل قىلىندى، قايتا قاراپ چىقىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇرىي قىلمىشتىن ئىككىسى ساقلاپ قېلىندى. مۇھىت ئاسراشقا دائىر مەمۇرىي داۋا دېلوسىدىن 4ى ئاياغلاشتۇرۇلدى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى 4 دېلودا ئۇتتۇرۇپ چىقتى، ئەرز دېلوسى ئۆلچىمى سوممىسى 26 مىڭ 410 يۈەن.

ليۇ جىن

## قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتىنى باشقۇرۇش

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى، سىرتىدىكى مۇھىت تەسىرىنى باھالىغۇچى ئورۇنلارنى يىللىق تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئالدى. باھالاش ئورۇنلىرىنىڭ ئاخىرىدا قالغانلىرىنى ئاللىۋېتىش تۈزۈمىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورناتتى. ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى يەلەن سانجى سۇچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ دەرىجىسى چۈشۈرۈۋېتىلدى، ب دەرىجىسى ب دەرىجىلىكلەرنىڭ جەدۋەل تولدۇرۇش دەرىجىگە چۈشۈرۈلدى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مۇھىت قۇرۇلۇشى لايىھىلەش پونكىتى ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيە لايىھىلەش يۇرتى مۇھىت تەسىرىنى باھالاش سالاھىيەتنامىسىگە ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ۋە ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى بىرلىشىپ «ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە مۇھىت ئاسراشنى ئالدىن تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چارىسى»نى ئېلان قىلىپ، مۇھىت باشقۇرۇشتىكى تۈنجى تەكشۈرۈش ـ تەستىقلاش هوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1242 تۈر مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىت تەسىرىگە دائىر تۈزۈلگەن دوكلاتنامە 77، مەلۇمات جەدۋىلى 265، تىزىملاش جەدۋىلىنى تولدۇرغىنى 900. يولغا قويۇلغان تۈرلەردىن مۇھىت ئاسراشقا 1 مىليارد 121 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ مەلۇم قىلىنغان تۈرلەرگە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %95.4نى ئىگىلىدى.

2002 ـ يىلى ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش دوكلاتنامىسى (جەدۋەل)دىن 50 تۈر تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 16 تۈر ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تارىم دەرياسىنى يېقىن مەزگىل ئىچىدە ئۇنىۋېرسال تۈزەشكە دائىر تارماق تۈر 20 بولۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان تۈرنىڭ %40نى ئىگىلەيدۇ.

دۇڭ ياسىڭ، تۇرغۇن

## مۇھىتنى نازارەت قىلىش

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى مۇھىت نازارەت قىلىش ئاپپاراتىدىن جەمئىي 86نى قۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتى بىر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 19، ناھىيە دەرىجىلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتى 66. ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىتنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىدىكى ئەمەلىي خادىم 889، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتتىكىلەر 654. ھەر دەرىجىلىك مۇھىتنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەت قىلىنىۋاتقان ئۆي كۆلىمى 9758.34 كۋادرات مېتىر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك نازارەت قىلىش تارماقلىرىنىڭ 3710.64 كۋادرات مېتىر، ناھىيە دەرىجىلىك نازارەت قىلىش تارماقلىرىنىڭ 6047.7 كۋادرات مېتىر. قانۇن ئىجرا قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا 96، موتسىكلىت 33، ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىسى 200، كىنىشكا ئالغان قورال-سايمىنى 410 (يۈرۈش)، ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 13 مىليون 693 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىتنى نەق مەيداندا نازارەت قىلىش قېتىم سانى 133 مىڭ 477 قېتىمغا يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %49.62 ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە بۇلغىمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇئەسسەسەلىرى جەمئىي 7026 (يۈرۈش)، نورمال ئىشلىنىۋاتقىنى 6094 (يۈرۈش)، ئىشلىتىلىش نىسبىتى %86.7. بۇلغىمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش 46 مىڭ 663 قېتىمغا يەتتى. «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»، تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى قاتارلىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى جەھەتتە، ش ئۇ ئا ر مۇھىتنى نازارەت قىلىش باش ئەترىتى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مۇھىتنى نازارەت قىلىش تارماقلىرىنى تەشكىللەپ لىنىيە بويىچە نەق مەيداندا نازارەتچىلىك قىلدى ھەمدە مايتاغ تەبىئىي گاز تۇرۇبا قۇرۇلۇشى، «دېلوڭ» چارۋىچىلىقى ماناس سۈت مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر باش زاۋۇتىنىڭ تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق 2 ـ كۆمۈركان قۇدۇقى ۋە «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» تۇرۇبا قۇرۇلۇشى ھەمدە كۈيتۇڭ ـ سايرام ئالىي تاشيولى قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىمۇ مۇھىتنى مەخسۇس نەق مەيداندا نازارەت قىلىشنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە چەكلىك مۇددەتتە تۈزىلىدىغان تۈر 2237، ئۆز قەرەلىدە تاماملانغان تۈر 2110. بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى مەلۇم قىلىپ تىزىمغا ئالدۇرغان ئورۇن 31 مىڭ 704 بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 15 مىڭ 272 ئورۇن كۆپەيدى، ئەمەلىي مەلۇم قىلغان ئورۇن 19 مىڭ 323 بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 7685 ئورۇن كۆپەيدى، ئەمەلىي بۇلغىما قويۇپ بېرىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىلغان ئورۇن 4629 بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 2890 ئورۇن كۆپەيدى، ئاپتونوم رايون بويىچە بۇلغىما قويۇپ بېرىش ئېغىزى جەمئىي 3075 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەرتىپكە سېلىنغان بۇلغىما قويۇپ بېرىش ئېغىزى 2661. ئاپتونوم رايون بويىچە بۇلغىما قويۇپ بېرىش

ھەقنى ئېلىنىدىغان ئورۇن 20 مىڭ 594 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىسى 914، 3 - كەسىپ كارخانىسى 1827، يېزا، بازار كارخانىسى 410.

لىيۇ خەنفېڭ

## بۇلغىما قويۇپ بېرىشتىن ھەق ئېلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە بۇلغىما قويۇپ بېرىشتىن ئېلىنغان ھەق 91 مىليون 747 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 12.4% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېلىنغان ھەق 10 مىليون يۈەندىن ئاشقانلىرى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى نېفتىلىكتىن بىۋاسىتە ئالغان قىسمەن ھەقتىن ئىبارەت. ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە ئېلىنغان ھەق 2001 - يىلدىكىدىن 105.37%، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 132.08%، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 53.82% ئاشتى. شۇ يىلى تۈزەش تۈرىدىن 46 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۈزەشكە 33 مىليون 109 مىڭ يۈەن مەبلەغ ياردەم بېرىلدى. تۈزەش تۈرىدىن 26سى ئورۇندالدى. تۈزەشكە 30 مىليون 528 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى؛ قەرز پۇل بىلەن تۈزەلگەن 3 تۈرگە 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قەرز پۇل بېرىلگەن 8 تۈر ئورۇندالدى. بۇ تۈرلەرگە 25 مىليون 280 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىندى.

جىڭ چېن

## مۇھىت تەشۋىقات تەربىيىسى

2002 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپەت ئەھۋالىنى كۈن ئارىلاپ مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ «شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا دائىر ئاگاھلاندۇرۇش خاتىرىسى» مەخسۇس فىلىمىنى سۈرەتكە ئالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك مۇھىت ئاسراشقا دائىر ياخشى ماقالىلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى، مۇسابىقىگە 74 ئەسەر قاتناشتۇرۇلدى، 17 پارچە ماقالە مۇكاپاتلاندى، «شىنجاڭ گېزىتى» بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرچە بەتتە «مۇھىت ئاسراش لوڭقىسى» بويىچە ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 53 پارچە ئەسەرنى مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى، 10 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «5 - ئىيۇن» دۇنيا مۇھىت كۈنىدە مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ كۆزىتىۋېلىش كۈنى پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى ۋە توردا جەملەش خاراكتېرىدىكى مۇھىت ئاسراش زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى. مەملىكەت بويىچە 13 ئۆلكە، شەھەردىكى 300 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆتكەلدىن ئۆتتى. مائارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ تۇنجى تۈركۈمدە 28 مەكتەپكە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «يېشىل مەكتەپ» دەپ نام بەردى. مەملىكەت بويىچە «يېشىل مەكتەپ»لەرنىڭ مۇھىت دەرسلىك لايىھىسى ۋە كۆپ ۋاسىتىلىك دەرس دېتالى مۇسابىقىسىدە، شىنجاڭدىن 4 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، 2 كىشى ئىلغار تەشكىللىگۈچى مۇكاپاتىغا، 14 دەرسلىك لايىھىسى ۋە دەرسلىك دېتالى 1-، 2-، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر خىزمىتى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مۇھىتنىڭ كىچىك قوغدىغۇچىلىرى بولۇشتىن ئىبارەت بىر قاتار پائالىيەتلەردە، 3 ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇن، 13 مەكتەپ، 8 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 8000 نۇسخا ئۇيغۇرچە مۇھىت ئاسراشقا دائىر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقىنى تۈزۈشكە ئۇيۇشتۇردى، شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى تەھرىراتى بىلەن بىرلىشىپ «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنىڭ ئۇيغۇرچە بېتىدە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھىت ئاسراشقا دائىر زېھىن سىناش مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 60 نەچچە ناھىيىدىن 3000 غا يېقىن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى.

ئايگۈل

## مۇھىت ئاسراشقا سېلىنغان مەبلەغ

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەشكە 3 مىليارد 494 مىليون 749 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ شۇ يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 2.2% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كونا سانائەتتىن بۇلغىنىشنى تۈزەشكە سېلىنغان مەبلەغ 169 مىليون 518 مىڭ يۈەن، «ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش» تۈرىدىكى مۇھىت ئاسراشقا سېلىنغان مەبلەغ 226 مىليون 751 مىڭ يۈەن، بۇ 2 تۈر شۇ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە 0.3%نى ئىگىلىدى؛ شەھەر مۇھىتى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا 3 مىليارد 98 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ شۇ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە 1.9%نى ئىگىلىدى. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەشكە مەبلەغ سېلىشتا كېرەكسىز گازنى بىر تەرەپ قىلىشقا 2 مىليارد 249 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغنىڭ 64.4%نى ئىگىلىدى؛ كېرەكسىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا سېلىنغان مەبلەغ 635 مىليون 96 مىڭ يۈەن بولۇپ، 18.2%نى



ئىلى كىچىك پوپۇرماقلىق ياسىن (گەرمىدون) تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى سۈرىتىنى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

ئىگىلىدى؛ قاتتىق جىسىملىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا سېلىنغان مەبلەغ 154 مىليون 76 مىڭ يۈەن بولۇپ، %4.4نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك مۇھىت ئاسراش ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇھىت باشقۇرۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا 25 مىليون 942 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سانائەتنىڭ بۇلغىنىشنى تۈزەش مۇئەسسەسىلىرىنىڭ ئايلىنىش خىراجىتى 282 مىليون 345 مىڭ يۈەن.

شى شۈمېي

## مۇھىت بۇلغىنىش ھادىسىلىرى

2002 - يىلى شىنجاڭدا 21 قېتىم مۇھىت بۇلغىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 296 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ ھادىسە 3 قېتىم يۈز بېرىپ، 62 مىڭ يۈەن، چوڭراق ھادىسە 2 قېتىم يۈز بېرىپ، 27 مىڭ يۈەن، ئادەتتىكى بۇلغىنىش ھادىسىسى 16 قېتىم يۈز بېرىپ، 207 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 10 قېتىم سۇ بۇلغىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 191 مىڭ يۈەن زىيان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، خەتەرلىك خىمىيىۋى بۇيۇملارنىڭ بۇلغاش ھادىسىسى بىر قېتىم يۈز بېرىپ، 4000 يۈەن زىيان بولدى. بۇلغىنىش ھادىسىسىدە زىيانغا ئۇچرىغان دېھقانچىلىق زىرائەت كۆلىمى 168 مىڭ 198 كۋادرات مېتىر، بۇلغانغان بېلىق كۆلچىكى كۆلىمى 5334 كۋادرات مېتىر. تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان كۆلىمى 2576 كۋادرات مېتىر. بۇلغاش ھادىسىسىگە 281 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

شۈي شاڭ

# تەبىئىي ئېكولوگىيىنى قوغداش

## تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 26. ئومۇمىي كۆلىمى 214 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايون يەر كۆلىمىنىڭ %12.89نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 5، يەرلىك دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 21. قۇرۇلغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىدىن: ئورمان ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى، ئوتلاق چىملىق ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى، زېمىلىك ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى، چۆللۈك ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى، ياۋايى بىئو ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى بار. «ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ تەرەققىيات پىلانى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئالتۇنتاغ — لوپنۇر قوش لوكىلىق ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ نامىنى شىنجاڭ لوپنۇر ياۋا تۆگىسى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى دەپ ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىدى. «لوپنۇر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش» ئوتتۇرا تېپلىق تۈرى تولۇق تاماملاندى. 2002 - يىلى دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى.

تۇرغۇن

## ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە رايونى

2002 - يىلغا قەدەر دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭدىكى 8 ناھىيە (شەھەر، رايون) دە ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە رايون قۇرۇلۇشى سىناق قىلىندى. ئۇلار: ساۋەن ناھىيىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى، شۇيموگۇ رايونى، قۇمۇل شەھىرى، فۇكاڭ شەھىرى، قۇتۇبى ناھىيىسى، بۇرچىن ناھىيىسى، شىخەنزە شەھىرىدىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە

رايوننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 11 مىليون 59 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %6.7نى ئىگىلەيدۇ.

تۇرغۇن

## ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە قۇرۇلۇش

2002 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 350 مىڭ گېكتار (تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر 204 مىڭ گېكتار) يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 19 مىڭ گېكتار يەردە ئورمان يېتىشتۈرۈلدى، 181 مىڭ 500 گېكتار يەردىكى سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى تىزگىنلەندى، 204 مىڭ 100 گېكتار يەرنىڭ قۇملىشىپ كېتىشى تىزگىنلەندى. 245 مىڭ 800 گېكتار يەردىكى ئوتلاقنىڭ چېكىنىپ كېتىشى تىزگىنلەندى. «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى، يېزا ئىگىلىكىدىكى تېجەپ سۇغىرىش تۈرى پۇختا قەدەم بىلەن يولغا قويۇلۇپ، 516 مىڭ 500 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىش مەشغۇلاتى قانات يايدۇرۇلدى، تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشتە دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلۈپ، مۇھىتنى تەدرىجىي ياخشىلاندى. گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن تارىم دەريا ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرىگە جەمئىي 10 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. ھازىرغا قەدەر مەركەزنىڭ تارىم دەريا ۋادىسىنى تۈزەشكە چۈشۈرگەن مەبلىغى جەمئىي 1 مىليارد 810 مىليون يۈەن (بىڭتۈەننىڭ 330 مىليون يۈەننى شۇنىڭ ئىچىدە). بۇنىڭ ئىچىدە 2000 - يىلى چۈشۈرۈلگىنى 60 مىليون يۈەن، 2001 - يىلى چۈشۈرۈلگىنى 550 مىليون يۈەن، 2002 - يىلى چۈشۈرۈلگىنى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەن. باغراش كۆلى بىلەن ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ۋە سۈيى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش بولدى.

تۇرغۇن

# مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە پەن - تېخنىكا

## مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇھىت سۈپىتى يىللىق مەلۇماتى ۋە رادىئاتسىيىلىك مۇھىت سۈپىتى يىللىق مەلۇماتىنى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت سۈپىتى ئەھۋالى توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 17 شەھەرنىڭ گۈڭگۈرت دىئوكسىد، ئازوت دىئوكسىد، لەيلىمە دانىچە ماددىلارنىڭ ھاۋا سۈپىتىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى توغرىسىدا 182 قارار كۈن ئارىلاپ مەلۇمات بەردى. ئاپتونوم رايوندىكى 25 ئاساسلىق دەريا، 8 كۆل (ئامبار سۈيى)، 15 شەھەرنىڭ يەر ئاستى سۇ سۈپىتىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەردىكى ئىچىملىك سۇ سۈپىتى ئەھۋالى توغرىسىدا 36 قارار 10 كۈنلۈك مەلۇمات ئېلان قىلدى، يەر ئاستى سۇ سۈپىتى توغرىسىدا 12 قارار ئايلىق مەلۇمات ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 15 شەھەردىكى فۇنكسىيىلىك رايونلارنىڭ مۇھىت شاۋقۇن ئەھۋالىنى ئۆلچەپ تەكشۈردى. ئاپتونوم رايوندىكى بۇلغىما قويۇپ بېرىدىغان نۇقتىلىق كارخانىلارنى نازارەت خاراكتېرلىك تەكشۈردى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئەھۋالىغا دائىر 12 قارار ئانالىز دوكلاتى يازدى. سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ۋە رايون تەۋەسىدىكى نۇقتىلىق جايلارنى تېلېتېخنىكىلىق ئۆلچەپ تەكشۈردى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 - يىللىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تېلېتېخنىكىلىق ئۆلچەپ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تۈزدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئاتسىيىلىك مۇھىت سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئىئونلىنىش رادىئاتسىيىلىك مۇھىتى ۋە ئېلېكترو ماگنىت رادىئاتسىيىلىك مۇھىتى بىخەتەر بولدى. رادىئاتسىيىلىك مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش 5 خىل، 15 تۈردىكى رادىئاتسىيىلىك مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، 20 قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش خىزمىتىنى تاماملىدى، 9 ئورۇن قايتۇرغان رادىئو ئاكتىپ مەنبەسىدىن 64نى ساقلاپ قويدى. بۇرۇنقى يىللاردا قايتۇرۇلغان رادىئوئاكتىپ مەنبەسىدىن جەمئىي 297سىنى ساقلاپ قويدى.

سۇي يەنخۇا

## ئاتموسفېرا مۇھىت سۈپىتى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ ھاۋا بۇلغىنىشى يەنىلا قۇم، چاڭ - توزان ۋە كۆمۈر، ئىس - تۈتەك تىپىدىكى بۇلغىنىشتىن ئىبارەت بولدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە كۆمۈر ئىس - تۈتەكلىرىنىڭ بۇلغىنىشى ئاساسىي ئورۇندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە قۇم، چاڭ - توزاننىڭ بۇلغىنىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. شەھەرلەرنىڭ ھاۋا مۇھىتىنى بۇلغايدىغان ئاساسلىق بۇلغىمىلار لەيلىمە دانىچە ماددىلار ياكى سۈمۈرۈۋېلىنىدىغان دانىچە ماددىلاردىن ئىبارەت. ئۈرۈمچى شەھىرىدە گۈڭگۈرت (Ⅰ) ئوكسىدنىڭ بۇلغىنىشى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەندىن سىرت، باشقا

شەھەرلەرنىڭ ئۆلچەمگە يەتتى، ئازوت ( I ) ئوكسىدنىڭ بۇلغىنىشى بىر قەدەر يېنىكرەك بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەرلەر ئۆلچەمگە يەتتى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 16 شەھەرنىڭ ھاۋاسىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىكى ستاتىستىكا ئانالىزىغا قارىغاندا، ھاۋا سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتكەن. شەھەرلەر: قاراماي، بورتالا، شىخەنزىدىن ئىبارەت. شەھەرلەرنىڭ بىرسىنىڭ ھاۋا سۈپىتى دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى 1 ، 2 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكەن كۈن سانى %57.9نى ئىگىلەپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6.9 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى. شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن خېلى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسلىق بۇلغىمىلار دانىچە ھالەتتىكى بۇلغىمىلاردىن ئىبارەت. كۆپ ساندىكى شەھەرلەردە قۇم، چاڭ- توزان بىلەن بۇلغىنىش ئېغىر، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ ھاۋا تەركىبىدىكى لەيلىمە دانىچە ماددىلارنىڭ ئوتتۇرىچە قويۇقلۇقى 0.474 مىكرو گرام/كۇب مېتىر بولۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى. كۆپ ساندىكى شەھەرلەردە ئاساسەن ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ، ئاتۇش ۋە چۆچەك شەھىرىدە خېلىلا كۆپىيىپ قالدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىد ۋە سۇمۇرۇۋېلىنىدىغان دانىچە ماددىلارنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى، بىراق قويۇقلۇق دەرىجىسى 2001 - يىلدىكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋا سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھاۋا سۈپىتىدىن كۈندىلىك مەلۇمات بېرىشتە II دەرىجىلىكتە ياخشى بولغان كۈن سانى %59.2نى ئىگىلەپ، 2001 - يىلدىكىدىن 18.4 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. ھاۋا سۈپىتى گەرچە ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن ياخشىلانغان بولسىمۇ، بىراق 3 تۈرلۈك بۇلغىمىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچىدىكى سۇمۇرۇۋېلىنىدىغان دانىچە ماددىلار ۋە گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىد يەنىلا دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتمىدى، بولۇپمۇ قىش پەسلىدە ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى يەنىلا ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ھاۋا سۈپىتى IV دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتمىگەن كۈن سانى %19.8نى ئىگىلىدى.

ئەن خەييەن

## سۇ مۇھىتىنىڭ سۈپىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىتىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش تورى ئاپتونوم رايوندىكى 27 دەريا ئېقىننىڭ سۇ سۈپىتىنى ئۆلچەپ تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 20 دەريا - ئېقىننىڭ سۇ سۈپىتى دۆلەتنىڭ I ، II خىل سۇ سۈپىتى ئۆلچىمىگە يەتكەن. 7 دەريا - ئېقىننىڭ سۇ سۈپىتى IV خىلدىن V خىلغا چۈشۈپ قالغان. شىمالىي شىنجاڭدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇ سۈپىتىدە ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن ئاساسلىق تۈر ئاممىياكلىق ئازوت، پېرمانگانات كۆرسەتكۈچى سانى ۋە نېفىت تۈرىدىكىلەر، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇ سۈپىتىدە ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن تۈر ئاساسلىقى ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسىدىن ئىبارەت.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇ سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن خېلى ياخشى بولۇپ، %95.8 دەريا - ئېقىننىڭ سۇ سۈپىتى I خىلدىن III خىلغىچە بولغان، بىراق شەھەر دائىرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇ سۈپىتى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇلغانماقتا.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۈرۈمچى دەريا

شىنجاڭدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى

| تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ نامى | تۈرى | كۆلىمى (گېكتار) | ئاساسلىق قوغدىلىدىغان ئوبيېكت | قۇرۇلغان ۋاقتى | دەرىجىسى | كەسىپكە مەسئۇل تارماق |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چاقىلىق ناھىيىسى | 4500000 | ئېگىزلىك چۆل ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى | 1983 | دۆلەت دەرىجىلىك | مۇھىت ئاسراش تارمىقى |
| قاناس تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بۇرچىن ناھىيىسى | 220162 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1980 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| غەربىي تەڭرىتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | توققۇزتارا ناھىيىسى | 31217 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1983 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| گەنجاغۇ ئاق سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | شىخو شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى | 54667 | سۆكسۆك ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1983 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| بايىنبۇلاق ئاققۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | خېجىڭ ناھىيىسى | 148689 | ئەم يەر ۋە ئاق قۇ | 1980 | دۆلەت دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئالتۇنتاغ لوپنۇر كۆلى ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چاقىلىق ناھىيىسى | 6764000 | قوش لوككىلىق ياۋا تۆگە ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | مۇھىت ئاسراش تارمىقى |
| ئارشاڭ ناھىيىسى شىنجاڭ سالاماندراسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئارشاڭ ناھىيىسى | 694.5 | شىنجاڭ سالاماندراسى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1997 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | مۇھىت ئاسراش تارمىقى |
| بوغدا كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | فۇكاڭ شەھىرى | 38069 | ئورمان ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تۆمۈر چوققىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئونسۇ ناھىيىسى | 125637 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| ئىلى كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | غۇلجا ناھىيىسى | 404.67 | كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| توققۇزتارا ياۋا ياڭاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | توققۇزتارا ناھىيىسى | 1180 | ياۋا ياڭاق ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تارباغاتاي ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چاغانتوقاي ناھىيىسى | 1500 | ياۋا بادام ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تارىم توغراق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | لوپنۇر ناھىيىسى، بۈگۈر ناھىيىسى | 395420 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| قورغاس ناھىيىسى 4 پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | قورغاس ناھىيىسى | 27000 | 4 پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى ۋە ئېكولوگىيىلىك سىستېما | 1983 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| قارامايلى تۇياقلىقلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | كۆكتوقاي ناھىيىسى، گۆچۈڭ ناھىيىسى | 1800000 | ياۋايى هايۋان قاتارلىقلار | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| تاشقورغان ئەتىۋارلىق هايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | تاشقورغان ناھىيىسى | 1500000 | ياۋايى هايۋان قاتارلىقلار | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |
| بۇلغۇن دەرياسى قۇندۇز تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | چىڭگىل ناھىيىسى | 5000 | قۇندۇز ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق تارمىقى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| كۆنەس ناھىيىسى ئانىلىق بەرچىملىق تۈزلەڭلىكى ئوتلاق ئېكو. سىستېمىسى مۇھاپىزەت رايونى | كۆنەس ناھىيىسى | 65300 | ئانىلىق بەر چىملىق تۈزلەڭلىكى ئوتلاق ئېكو. لوگىيىسى | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | چارۋىچىلىق نارمىقى |
| بۆرتالا تاغ باغرىدىكى ناھىيىسى جىنتاس ئانىلىق بەر يايلاق تۈزلەڭلىكى ئەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بۆرتالا تاغ باغرىدىكى ناھىيىسى | 56700 | ئانىلىق بەر چىملىق تۈزلەڭلىكى ئوتلاق ئېكو. لوگىيىسى | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | چارۋىچىلىق نارمىقى |
| گۈنچۈلۈك ناھىيىسى چۆل تۈزلەڭلىكى ئوتلاق ئەبى. ئىي مۇھاپىزەت رايونى | گۈنچۈلۈك ناھىيىسى | 38600 | چۆل تۈزلەڭلىكى ئوتلاق ئېكولوگىيە سىستېمى. سى | 1986 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | چارۋىچىلىق نارمىقى |
| ئىلى قاراھەرە ئەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئىلى ئوبلاستى | | شىنجاڭ قارا ھەرىسى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت | 1980 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | دېھقانچىلىق نارمىقى |
| ئېبنۇر كۆلى نەم يەر ئەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بورتالا ئوبلاستى | 267085 | ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك | 2000 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق نارمىقى |
| شارشىل ئەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | بورتالا ئوبلاستى | 22000 | ئورمان ۋە ياۋايى ھايۋان | 2000 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق نارمىقى |
| ئالتاي ئېككى دەريا مەنبەسى ئەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئالتاي ۋىلايىتى | 1130000 | ئېكولوگىيە سىستېمى. سى ۋە بۇغا | 2001 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق نارمىقى |
| ئالتاي كۆكسۇ نەم يەر ئەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | ئالتاي ۋىلايىتى | 30666 .67 | نەم يەر | 2001 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق نارمىقى |
| ئوتتۇرا كۇئېنلۇن ئەبى. ئىي مۇھاپىزەت رايونى | چەرچەن ناھىيىسى | 3200000 | تىبەت بۆكىنى | 2001 | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك | ئورمانچىلىق نارمىقى |

١ سىنىڭ سۇ سۈپىتى IV خىلغا تەۋە بولۇپ، ئۇنى ئاساسلىق بۇلغايدىغان ماددا خىمىيىلىك كىسلارود سەرپىيات مىقدارىدىن ئىبارەت. شىخو دەرياسىنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر بولۇپ، سۇ سۈپىتى كۆپ يىللاردىن بېرى ناچار ھالەتتە بولۇپ، V خىلغا تەۋە، ئۇنى ئاساسلىق بۇلغايدىغان ماددىلار، خىمىيىلىك كىسلارود سەرپىيات مىقدارى، ئاممىياكلىق ئازوت، ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى، سولفاد، نىتروگوس كىسلاتالىق ئازوت، بىئو - خىمىيىلىك ئوكسىد مىقدارى، نېفىت تۈرىدىكىلەردۇر. كورلا شەھىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان كۆنچى دەرياسىنىڭ سۇ سۈپىتى ناچار ھالەتتە بولۇپ، V خىلغا تەۋە، ئۇنى ئاساسلىق بولغايدىغان ماددىلار ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسىدۇر. غۇلجا شەھىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئىلى دەرياسىنىڭ سۇ سۈپىتى

تۇرغۇن كۆپ ھاللاردا I خىلغا تەۋە، بەزى ۋاقىتلاردا IV خىل كۆرۈلىدۇ. ئۇنى بۇلغايدىغان ئاساسلىق ماددىلار پېرمانگانىك كىسلاتاسىنىڭ كۆرسەتكۈچ سانى. ئاقسۇ شەھىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دولان دەرياسىنىڭ سۇ سۈپىتى I خىلغا تەۋە، ئالتاي شەھىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان كىرەن دەرياسىنىڭ سۇ سۈپىتى I خىلغا تەۋە، يۇقىرىدىكى دەريالار - ئېقىنلارنىڭ شەھەردىن ئۆتىدىغان يۇقىرى ئېقىنىنىڭ سۇ سۈپىتى I خىلغا تەۋە.

ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش تورى 7 ئاساسلىق سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ سۈپىتىنى ئۆلچەپ تەكشۈردى، كۆللەرنىڭ سۇ سۈپىتى ئومۇمەن ناچارراق بولۇپ، ئادەتتە كۆپىنچىلىرى يوقىرى دەرىجىدە مىنېراللاشقان تۇزلۇق

كۆلگە ئايلىنىپ قالدى، سۇ سۈپىتى II I خىلدىكى ئۆلچەمگە يەتكەن كۆللەرنىڭ نىسبىتى %22.2نى، IV V خىلدىكىلىرى %18.5نى، ناچارلار ھالەتتىكى V خىلدىكىسى %59.3نى ئىگىلەيدۇ. سۇ ئامبارلىرىنى بۇلغايدىغان ماددىلار ئاساسلىقى سىنىبراللىشىش دەرىجىسى، ئومۇمىي ئازوت، ئومۇمىي فوسفوردىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن 17 شەھەرنىڭ مەركەزلەشتۈرۈش شەكلىدىكى ئىچىملىك سۇ مەنبىيى بار جايلاردا قىشقەر شەھىرىنىڭ ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى، كىسلاتالىق تۇز، ئومۇمەن چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ توپلىنىشى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىپ V خىلدىكى سۇ سۈپىتىگە تەۋە بولغاندىن سىرت قالغان 16 شەھەرنىڭ II I خىلدىكى سۇ سۈپىتىگە تەۋە. بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەردىكى مەركەزلەشتۈرۈش شەكلىدىكى ئىچىملىك سۇ مەنبىيىنىڭ سۇ سۈپىتىنىڭ ئومۇمەن ياخشىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەن خېيەن

## شەھەرلەردىكى شاۋقۇن ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر رايونلىرىدا مۇھىت شاۋقۇنىنىڭ تەڭ ئۈنۈملۈك ئاۋاز دەرىجىسى دائىرىسى 49.2 دېسىبىل — 62.4 دېسىبىل (A) بولدى. ئوتتۇراھال بولغانغان شەھەرلەرنىڭ نىسبىتى %10، يېنىك بۇلغانغان شەھەرلەرنىڭ نىسبىتى %20، ئاۋاز مۇھىت سۈپىتى ياخشىراق بولغان شەھەرلەرنىڭ سۈپىتى %70 بولدى. ئاۋاز مۇھىتى ياخشى بولغان شەھەرلەر 2001 - يىلدىكىدىن %33.6 ئاشتى.

ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ يول قاتنىشىدىكى شاۋقۇنىنىڭ تەڭ ئۈنۈملۈك شاۋقۇن دەرىجىسى دائىرىسى 64.3 دېسىبىلدىن — 71.9 دېسىبىل (A) ئارىلىقىدا بولغان، يول قاتنىشىدىكى شاۋقۇنىنىڭ ئوتتۇرىچە تەڭ ئۈنۈملۈك شاۋقۇن دەرىجىسى 68.7 دېسىبىل بولغان. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن قاتناش غول لىنىيىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 649.8 كىلومېتىر، يوللارنىڭ ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 25.1 مېتىر بولۇپ، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن يول بۆلىكى نىسبىتى %37.4 بولدى. ئوتتۇراھال بولغانغان شەھەرلەرنىڭ نىسبىتى %20، يېنىك بۇلغانغان شەھەرلەرنىڭ نىسبىتى %73.3، ئاۋاز مۇھىت سۈپىتى ياخشىراق بولغان شەھەرلەرنىڭ نىسبىتى %6.7 بولغان، شەھەر يول قاتنىشىدا شاۋقۇندىن بۇلغىنىشى ئېغىر بولۇپ، 2001 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن بۆلىكى نىسبىتى %6.2 ئېشىپ كەتكەن. ئاپتونوم رايون بويىچە يول قاتنىشىدىكى ئوتتۇرىچە تەڭ ئۈنۈملۈك ئاۋاز دەرىجىسى 0.8

دېسىبىل ئاشقان.

ئەن خېيەن

## مۇھىت پەن - تېخنىكىسى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى بىلەن پەن - تېخنىكا نازارىتى قاتارلىق 6 ئورۇن بىرلىكتە ئېتىبارگىيىنى پاكىزلاش بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنىدىغان ئۆلگە شەھەرلەر خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، يىغىندا 47 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى. ش ئۇ ئا ر سۈپەت تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى بىلەن «دىزېلىنىنى سۈزۈلدۈرۈش سۈيۈقلۇقى» ھەمدە «دىزېلىن تەركىبىدىكى دىزېلىن سۈزۈلدۈرۈش سۈيۈقلۇقىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈش-ئۆلچەش ئۇسۇلى»نىڭ 1 - قىسمى ۋە «خەيشىي ماركىلىق دىزېلىن سۈزۈلدۈرۈش سۈيۈقلۇقىنى تەكشۈرۈش ئۆلچەش»نىڭ يەرلىك ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى.

دېڭ كۈي

## شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش

2002 - يىلى ئۈرۈمچى قاتارلىق 19 شەھەر شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش بويىچە نورمىلىق تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى بىرلا ۋاقىتتا دۆلەت تەكشۈرىدىغان نۇقتىلىق شەھەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 2002 - يىلى شەھەرلەرنىڭ مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش بويىچە مىقدارلىق تەكشۈرۈش دۆلەتنىڭ «10 - بەش يىللىق پىلان»دىكى شەھەرلەرنى تەكشۈرۈش بېگى كۆرسەتكۈچ سىستېمىسىدىكى جەمئىي 20 تۈرلۈك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 19 شەھەرنىڭ مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش بويىچە مىقدارلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچ نەتىجىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نومۇرى 69.69، ئەڭ تۆۋەن نومۇرى 40.79، ئوتتۇرىچە نومۇرى 52.67 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇھىت سۈپىتى كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى %67.56، بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى %50.30، مۇھىت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى %44.41، مۇھىت باشقۇرۇش كۆرسەتكۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى %100 بولدى. قاراماي، شىخەنزە، كورلا شەھەرلىرى 19 شەھەرنى تەكشۈرۈشتە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

شۈي يەنخۇا

## ھاۋا سۈپىتىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئەھۋالى

ئۈرۈمچى شەھىرى مۇھىت ھاۋاسىنى ئاپتوماتىك ئۆلچەپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى بەرپا قىلىنغان نۇقتىلىق

شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلاپ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ھاۋا سۈپىتىدىن كۈندىلىك مەلۇمات بېرىدىغان بولدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇھىت ھاۋاسىنى ئاپتوماتىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سىستېمىسىغا ئامېرىكا داشىبى شىركىتىنىڭ DESL2000 تىپلىق سايمىنى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ھەر كۈنى 24 سائەت ئاپتوماتىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئېلىپ بارىدۇ. تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تۈرلىرى: گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىد، ئازوت ( I ) ئوكسىد، سۇمۇرۇۋېلىنىدىغان ماددىلاردىن ئىبارەت.

ھاۋا سۈپىتىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ستاتىستىكىلىق ئالدىن مەلۇمات بېرىش ۋە سانلىق قىممەت ئارقىلىق ئالدىن مەلۇمات بېرىشتىن ئىبارەت 2 خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، نۆۋەتتە ئۈرۈمچى شەھىرىدە قوللىنىلىۋاتقان ئۇسۇل ستاتىستىكىلىق ئالدىن مەلۇمات بېرىش شەكلىدىن ئىبارەت. 2002 - يىلى ھاۋانى 365 كۈن تەكشۈرۈپ ئۆلچەنگەن سانلىق مەلۇمات تەھلىلىگە قارىغاندا، ھاۋا سۈپىتى 2 - دەرىجىدە، ياكى ياخشى ھالەتتىكى 2 - دەرىجىدىكى كۈن 216 كۈن بولۇپ، %59.18نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 15 كۈننىڭ ھاۋا سۈپىتى 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى؛ 109 كۈننىڭ ھاۋا سۈپىتى 3 - دەرىجىگە يېتىپ، %29.86نى ئىگىلىدى؛ 40 كۈننىڭ ھاۋا سۈپىتى 3 - دەرىجىدىن ئېشىپ، %10.96نى ئىگىلىدى.

شۈي فېڭ

# مۇھىتنى تۈزەش

## سانائەتنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈزەش

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دوختۇرخانىلارنىڭ يۇندىسىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىش خىزمىتى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 21 ئورۇن سانائەتنىڭ بۇلغاش مەنبەسىنى تۈزەش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. %50 ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دوختۇرخانىلار يۇندىنى تىزگىنلەشنى تاماملاپ، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەتتىكى «ئۈچ كېرەكسىز»نى تۈزەش نىسبىتى پۇختا قەدەم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، سانائەتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 130ى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، يۇندىنى تىزگىنلەش تۈرى 37، كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەش تۈرى 67، قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى تىزگىنلەش تۈرى 9، شاۋقۇننى تىزگىنلەش تۈرى 10، باشقا تۈر 7. شۇ يىلى 85 تۈر پۈتكۈزۈلدى. بۇ تۈرلەرگە شۇ يىلى 169 مىليون 518 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يۇندىنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگىنى 50 مىليون 147 مىڭ يۈەن. كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 82 مىليون 408 مىڭ يۈەن، قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگىنى 22 مىليون 60 مىڭ يۈەن، كۈنىگە 57 مىڭ 507 توننا يۇندا، سائىتىگە 2 مىليون 82 مىڭ 200 كۇب مېتىر كېرەكسىز گاز، كۈنىگە 212 توننا قاتتىق كېرەكسىز نەرسە بىر تەرەپ قىلىنىدى.

جاڭ شىنجۇڭ

## ئاساسلىق بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يۇندىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 489 مىليون توننا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %2.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەت يۇندىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 164 مىليون توننا بولۇپ، %2.2 تۆۋەنلىدى، تۇرمۇش يۇندىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 325 مىليون توننا بولۇپ، %5.5 ئاشتى؛ يۇندىدىكى بۇلغىما ماددا خىمىيىلىك ئوكسىگېن تەلەپ قىلىدىغان مىقدارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 204 مىڭ 900 توننا بولۇپ، %2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەتتىكى خىمىيىۋى ئوكسىگېن تەلەپ قىلىدىغان مىقدارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 106 مىڭ توننا بولۇپ، %11.4 ئاشتى. تۇرمۇشتىكى خىمىيىلىك ئوكسىگېن تەلەپ قىلىدىغان مىقدارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 98 مىڭ 900 توننا بولۇپ، %6.5 تۆۋەنلىدى، كېرەكسىز گاز بۇلغىمىلىرىدىن ئىس - تۈتەك چاڭ - توزاننىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 191 مىڭ توننا بولۇپ، %3.6 تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەتتىكى ئىس - تۈتەكنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 98 مىڭ توننا بولۇپ، %0.1 تۆۋەنلىدى، تۇرمۇشتىكى ئىس - تۈتەكنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 93 مىڭ توننا بولۇپ، %7.1 تۆۋەنلىدى، كېرەكسىز گاز بۇلغىمىلىرىدىن گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىدنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 296 مىڭ 100 توننا بولۇپ، %1.3 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەتتىكى گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىدنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 193 مىڭ توننا بولۇپ، %2.2 ئاشتى، تۇرمۇشتىكى گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىدنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 103 مىڭ، 100 توننا

بولۇپ، %7.1 تۆۋەنلىدى. سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مىقدارى 10 مىليون 85 مىڭ توننا بولۇپ، %28.7 ئاشتى، قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 688 مىڭ 900 توننا بولۇپ، %10.2 ئاشتى.

شى شۆمېي

## سانائەت يۇندىسىنى تىزگىنلەش

2002 ـ يىلى شىنجاڭدا سانائەت كارخانىلىرى يۇندا تىزگىنلەش تۈرىدىن 37نى يولغا قويدى. بۇنىڭغا 50 مىليون 147 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 32 تۈر پۈتكۈزۈلدى، يۇندىنىڭ لايىھەدىكى بىر تەرەپ قىلىنىش ئىقتىدارى كۈنىگە 57 مىڭ 507 توننا ئاشۇرۇلدى. سانائەتتىكى يۇندىلارنى قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %68.1كە يېتىپ 7.7 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى.

شى شۆمېي

## سانائەتتىكى كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەش

2002 ـ يىلى شىنجاڭدا سانائەت كارخانىلىرى كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 66نى يولغا قويدى، بۇنىڭغا 82 مىليون 408 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. 35 تۈر پۈتتۈرۈلدى، كېرەكسىز گازنىڭ لايىھەدىكى بىر تەرەپ قىلىنىش ئىقتىدارى سائىتىگە 2 مىليون 82 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر كۆپەيتىلدى. سانائەتتىكى كېرەكسىز گاز بۇلغىمىلىرىنى قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %55.6كە يېتىپ، 17.2 پىرسەنت پوئىنت ئاشتى.

شى شۆمېي

## سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى تىزگىنلەش

2002 ـ يىلى شىنجاڭدا سانائەت كارخانىلىرى قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 9نى يولغا قويدى، ئۇنىڭغا 22 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، 8 تۈر پۈتكۈزۈلدى، قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ لايىھەدىكى بىر تەرەپ قىلىنىش ئىقتىدارى كۈنىگە 212 توننا ئاشۇرۇلدى. سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نىسبىتى %65.5 بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 4.9 پىرسەنت پوئىنتى ئازايدى.

شى شۆمېي

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى كەسىپلەر بويىچە ئۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن كارخانىلارنىڭ سانائەت يۇندىسى ۋە بۇلغىما قويۇپ بېرىش مىقدارى

| كەسىپ نامى | سانائەت يۇندىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | خىمىيىگە لازىملىق ئوكسىدنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | نېفىت تۈرىدىكىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | زەھەرلىك ـ زەيانلىق بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | سانائەت يۇندىسى قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش مىقدارى (تۈمەن توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 15013.32 | 98865.19 | 245.59 | 6.04 | 10688.92 |
| قازمىچىلىق | 1686.7 | 4533.69 | 73.39 | 1.04 | 1011.57 |
| يېمەكلىك، تاماكىچىلىق | 1989.12 | 28673.86 | 0.83 | 0.06 | 751.63 |
| توقۇمىچىلىق | 962.3 | 1777.02 | 1.4 | 0.05 | 898.65 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى ياسالمىلارنى ياساش | 805 | 1148.65 | 14.41 | 0 | 300.12 |
| نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە كوكس تاۋلاش | 2399.88 | 1906.78 | 85.69 | 0.81 | 2126.03 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ياسىمىچىلىقى | 379.8 | 2529.59 | 0.32 | 0.01 | 349.79 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پروكاتلاش كەسپى | 1257.5 | 1189.26 | 46.57 | 3.4 | 1047.44 |
| ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر گازى، سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش | 2414.6 | 648.56 | 18.44 | 0.5 | 2319.48 |
| باشقا كەسپلەر | 3118.42 | 56457.78 | 4.54 | 0.17 | 1884.21 |

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى كەسپ بويىچە نۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن كارخانىلارنىڭ، سانائەتتىكى كېرەكسىز گاز ۋە بۆلغىمىلارنى قويۇپ بېرىش مىقدارى

| كەسپ نامى | سانائەتتىكى كېرەكسىز گازنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن ئۆلچەملىك كۇب مېتىر) | ئىس - تۈتەكنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | گۈڭگۈرت ( I ) ئوكسىدنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | چاڭ - توزاڭنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | سانائەتتىكى كېرەكسىز گاز، بۆلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشتىكى ئۆلچەمگە يېتىش مىقدارى (توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 25121726 | 93727.64 | 185771.10 | 90087.11 | 211729.61 |
| قازمىچىلىق | 2147371 | 6666.07 | 11886 | 3664.94 | 4340 |
| يېمەكلىك، تاماكىچىلىق | 883283 | 4975.95 | 10755.66 | 120.54 | 9338.19 |
| توقۇمىچىلىق كەسپى | 701143 | 1085.68 | 4437.74 | 232.46 | 3787.62 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى ياسالمىلارنى ياساش | 594334 | 3811.98 | 6767.01 | 616.41 | 7840.87 |
| نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە كوكس تاۋلاش | 2847135 | 10239.4 | 19506.7 | 1474.91 | 26775.02 |
| غەيرى مېتال مىنېراللىرى ياسىمىچىلىقى | 6921884 | 18573.96 | 21380.97 | 80782.73 | 44665.56 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پروكاتلاش كەسپى | 1518391 | 1130.51 | 10372.75 | 2410.81 | 7017.04 |
| ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر گازى ۋە سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش | 8047543 | 42930.57 | 93150.4 | 0 | 100021.96 |
| باشقا كەسپلەر | 1460642 | 4313.52 | 7513.87 | 784.31 | 7943.35 |

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى كەسىپلەر بويىچە تەكشۈرۈلگەن كارخانىلاردىكى قاتتىق كېرەكسىز ئەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مىقدارى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىپ ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىش

| كەسىپ نامى | سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز ئەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مىقدارى (تۈمەن توننا) | سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز ئەرسىلەردىن ئۈنىۋېرسال پايدىلىنىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز ئەرسىلەرنىڭ ساقلىنىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز ئەرسىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز ئەرسىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 987.08 | 507.19 | 308.93 | 140.97 | 65.51 |
| قازمىچىلىق | 518.21 | 181.59 | 208.31 | 79.13 | 49.56 |
| يېمەكلىك، تاماكىچىلىق | 65.73 | 61.49 | 0.33 | 0.56 | 3.36 |
| توقۇمىچىلىق كەسپى | 5.51 | 2.98 | 0 | 1.73 | 0.81 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى ياسالمىلارنى ياساش كەسپى | 23.51 | 14.28 | 3.4 | 5.61 | 0.45 |
| نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە كوكس تاۋلاش كەسپى | 53.13 | 25.98 | 1.6 | 25.25 | 0.3 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ياسىمىچىلىقى | 35.75 | 47.9 | 0.52 | 1.47 | 6 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پروكاتلاش | 111.25 | 81.64 | 25.3 | 0 | 4.29 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر گازى، سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش | 150.69 | 70.53 | 64.33 | 26.52 | 0.14 |
| باشقا كەسىپلەر | 23.29 | 20.8 | 5.14 | 0.7 | 0.6 |

شى شۈمېي

# ساياھەتچىلىك

## ئومۇمىي بايان

### ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ۋە ساياھەتچىلىك كىرىمى

2002 - يىلى، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكتىن قىلغان كىرىمى 9 مىليارد 220 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %15.3 ئېشىپ، شىنجاڭنىڭ GDP قىممىتىنىڭ %5.77 ىگە تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۈتۈۋېلىنغان چېگرىدىن كىرگەن ساياھەتچى 275 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %0.8، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 99 مىليون 424 مىڭ 100 دوللارغا يېتىپ، %0.05 ئاشتى؛ كۈتۈۋېلىنغان ئىچكى ساياھەتچى 9 مىليون 679 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %13.3، ئىچكى ساياھەتچىلىك كىرىمى 8 مىليارد 395 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، %16.9 ئاشتى؛ ساياھەتچىلىكتە بىۋاسىتە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 93 مىڭغا، ۋاسىتىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 460 مىڭغا يېتىپ، %6 ئاشتى.

ما رۇي، لى فېي

### ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى

2002 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېت مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى ھەققىدىكى ئەھۋال تونۇشتۇرۇش دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي، ئىسمائىل تىلىۋالدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇلار ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىكنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنلىرىغا كۆپ قېتىم قاتنىشىپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاڭ لېچۈەن، ئەسقەت كەرىمباي، ۋاڭ جىنشياڭ، جاڭ جۇ قاتارلىقلار يەنە كۆپ قېتىم ساياھەت مەنزىرە رايونى (نۇقتىلىرى) غا بېرىپ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. نەق مەيداندا ئىش بېجىردى. ساياھەت، مەنزىرە رايونى (نۇقتا) لىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ۋاڭ لېچۈەن قاناس مەنزىرە رايونىغا بېرىپ، مەنزىرە رايوننىڭ قۇرۇلۇشى ۋە سىجىل تەرەققىياتى ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

ما رۇي، لى فېي

## چېگرىدىن كىرىش ساياھەتچىلىكى ئەھۋالى

### چېگرىدىن كىرگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كۈتۈۋېلىنغان چېگرىدىن كىرگەن ساياھەتچى 275 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %0.87، تاشقى پېرېۋوت 99 مىليون 424 مىڭ 100 دوللارغا يېتىپ، %8.7 ئاشتى. چەت ئەللەردىكى ئاساسلىق ساياھەتچى مەنبەسى بولغان دۆلەتلەر بويىچە ئايرىغاندا: مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردىن كەلگىنى 137 مىڭ 347 ئادەم (قېتىم)، ياپونىيەدىن كەلگىنى 35 مىڭ 98 ئادەم (قېتىم)، ئامېرىكىدىن كەلگىنى 11 مىڭ 240 ئادەم (قېتىم)، كورېيەدىن كەلگىنى 6757 ئادەم (قېتىم)، سىنگاپوردىن كەلگىنى 5483 ئادەم (قېتىم)، فرانسىيەدىن كەلگىنى 3968 ئادەم (قېتىم)، پاكىستاندىن كەلگىنى 3858 ئادەم (قېتىم)، مالايسىيادىن كەلگىنى 3276 ئادەم (قېتىم)، ئەنگلىيەدىن كەلگىنى 3117 ئادەم (قېتىم)، گېرمانىيەدىن كەلگىنى 2990 ئادەم (قېتىم)، ئىتالىيەدىن كەلگىنى 2156 ئادەم (قېتىم)، كانادادىن كەلگىنى 2050 ئادەم (قېتىم)، ئاۋسترالىيەدىن كەلگىنى 2009 ئادەم (قېتىم). كۈتۈۋالغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بويىچە ئايرىغاندا: ئۈرۈمچى شەھىرى 156 مىڭ 689 ئادەم (قېتىم)، تۇرپان ۋىلايىتى 35

مىڭ 378 ئادەم (قېتىم)، قەشقەر ۋىلايىتى 21 مىڭ 778 ئادەم (قېتىم)، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار 19 مىڭ 734 ئادەم (قېتىم)، ئالتاي ۋىلايىتى 17 مىڭ 599 ئادەم (قېتىم)، قىزىلسۇ ئوبلاستى 6938 ئادەم (قېتىم)، ئاقسۇ ۋىلايىتى 4265 ئادەم (قېتىم)، خوتەن ۋىلايىتى 4203 ئادەم (قېتىم)، قۇمۇل ۋىلايىتى 3154 ئادەم (قېتىم)، بايىنغولىن ئوبلاستى 2733 ئادەم (قېتىم)، سانجى ئوبلاستى 732 ئادەم (قېتىم)، تارباغاتاي ۋىلايىتى 727 ئادەم (قېتىم)، بورتالا ئوبلاستى 677 ئادەم (قېتىم)، شىخەنزە شەھىرى 389 ئادەم (قېتىم)، قاراماي شەھىرى 354 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

ما رۇي، لى قىي

## ساياھەتچىلەر بايلىقى بازىرىنى ئېچىش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى خەلقئارا ساياھەتچىلىك بازارلىرىنى ئېچىش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، ئاساسلىقى خەلقئارا ساياھەتچىلىك بويىچە ساياھەتچى بايلىقى بازىرىدا تەشۋىقات، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1. 2002 - يىلى جۇڭگو — ياپونىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللاشقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن جۇڭگو — ياپونىيە چوڭ تىپتىكى ساياھەت، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىگە قاتنىشىلدى. شىنجاڭدىن 8 ئادەم ئەۋەتىلىپ، شەنشى ئۆلكىسى بىلەن بىرلىكتە ئۆمەك تەشكىللىنىپ، «يىپەك يولى» نەپىس ماللار لىنىيىسى پۈتۈن كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى.

2. ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ تۇرپان ساياھەت، سەنئەت ئۆمىكى شياڭگاڭدا باھار بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت سەيارە ساياھەت پائالىيىتىنى ۋە گۇاڭدۇڭ، خۇنەن قاتارلىق جايلاردىكى تەشۋىقات، ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

3. ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى باشچىلىقىدىكى قازاقىستان، قىرغىزىستانغا بارىدىغان زىيارەت ئۆمىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان دۆلەتلىرىنىڭ ساياھەت چېگرىسىنى دوستانە ئۆتكۈزۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا ساياھەتچىلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇددىئانامە ئىمزالىدى. قىرغىزىستان ساياھەتچىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرىمۇ شىنجاڭنى جاۋابەن زىيارەت قىلىپ، چېگرا ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بارلىققا كەلتۈردى.

4. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇل رەھبىرىنىڭ باشچىلىقىدا ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە شىنجاڭ ساياھەتچىلىك پاي شىركىتى، غەربىي قىسىم ساياھەتچىلىك پاي شىركىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ياۋروپاغا بېرىپ، ساياھەت، تەكشۈرۈش ۋە سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىدە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت ئارقىلىق سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتلىمىنى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنى تەشۋىق قىلدى.


5. 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مالايسىيا مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە ساياھەتچىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى خۇاڭ يەنيەن خانىمنىڭ باشلامچىلىقىدىكى مالايسىيا ساياھەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «خەيدې» مېھمانسارىيىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مالايسىيا ساياھەتچىلىكىنى تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

ما رۇي، لى قىي

# ئىچكى ساياھەتچىلىك ئەھۋالى

## ئىچكى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ كۈتۈۋالغان ئىچكى ساياھەتچى 9 مىليون 679 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %13.3 ئاشتى. ساياھەتچىلىك كىرىمى 8 مىليارد 395 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، %16.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 3 مىليون 258 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم)، ئىلى ئوبلاستىنىڭ 842 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم)، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 802 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم)، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 783 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم)، سانجى ئوبلاستىنىڭ 741 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم)، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 658 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم)، شىخەنزە شەھىرىنىڭ 397 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم)، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 389 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم)، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 355 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم)، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 339 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم)، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 265 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم)، قاراماي شەھىرىنىڭ 264 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم)، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 240 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم)، بورتالا ئوبلاستىنىڭ 227 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم)، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ 110 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم). ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر كۈتۈۋالغان ئىچكى ساياھەتچىلەر



2002 - يىلى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ساياھەت خاتىرە بۇيۇمى بازىرى — تۇرپان ساياھەت خاتىرە بۇيۇمى بازىرى يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى چۆل بەرلىك سەنئەت سارىيى قۇرۇلدى.

جاۋ جۇنشەن فوتوسى

2001 - يىلدىكىدىن زور دەرىجىدە ئاشتى.

ما رۇي، لى فېي

## گۇرۇپپا، ئۆمەك تەشكىللەپ ساياھەت سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى تەشكىللىگەن ساياھەت كارخانىلىرى نەنجىڭ ئىچكى ساياھەتچىلىك سودا يەرمەنكىسى ۋە شاڭخەي خەلقئارا ساياھەت سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. بۇ 2 سودا يەرمەنكىسىدە شىنجاڭ 49 يايما ئورنى ئىلتىماس قىلدى، 50 تىن ئارتۇق كارخانا سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى، 46 ئەللىك يېڭى لىنىيە ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى، 300 مىڭدىن ئارتۇق خېرىدار ۋە ئامما كۆرۈپ، ساياھەتچى كۆتۈۋېلىندى، 290 نۇسخا مۇددىئانامە ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 9 مىليون يۈەندىن ئاشتى، كېلىشىمدىكى گۇرۇپپا، ئۆمەكتىكى ئادەم 80 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى، 4500 پارچىدىن ئارتۇق ماتېرىيال تارقىتىلدى.

ما رۇي، لى فېي

## گۇرۇپپا، ئۆمەك تەشكىللەپ مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ساياھەت خاتىرە بۇيۇمى لايىھىلەش مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى شىنجاڭدىكى ساياھەتچىلىك كارخانىلىرىنى 122 تۈردىكى 360 تىن ئارتۇق ئەسەرنى ئېلىپ، نەنجىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ساياھەت خاتىرە بۇيۇمى لايىھىلەش مۇسابىقىسىغا قاتنىششقا تەشكىللىدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مۇسابىقىدە 5 ئالتۇن مېدال، 8 كۈمۈش مېدال ئالدى، 20 تۈردە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، مەملىكەت بويىچە كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 4 - ئورۇندا تۇردى.

ما رۇي، لى فېي

## «دېھقانلار شاتلىقى» ساياھەتچىلىكىنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالى

2002 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىساد تەتقىقات مەركىزى، ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق ئىشخانىسى، ساياھەتچىلىك ئىدارىسى بىرلىشىپ تەشكىللىگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى قۇمۇل، تۇرپان، ئىلى، قەشقەر ۋە سانجىدىن ئىبارەت 5 ۋىلايەت، ئوبلاستقا بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئۆرپ - ئادەت ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر ئاساسىي ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئالاقىدار ناھىيە، شەھەر، يېزىدىكى 18 مىللىي ئۆرپ - ئادەت ساياھەت نۇقتىسىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە مىللىي ئۆرپ - ئادەت ساياھەتچىلىكىنىڭ شەكلى ئاساسلىقى ھويلا - ئارام ۋە ئېتىمىز-ئېرىق باغنى يۆلەك، مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە مىللىي دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى نامايان قىلىش ئالاھىدىلىك، دەم ئېلىش ۋە يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى مەزمۇن قىلىنىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورايغان. سانجى ئوبلاستىدىكى مىللىي ئۆرپ - ئادەت ساياھىتى ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 591 گە، بىۋاسىتە كەسىپكار 3000 دىن كۆپرەككە، 2001 - يىلى كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 140 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. تۇرپان شەھىرىدىكى مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە دائىر ئائىلە زىيارەت نۇقتىسى 30 گە، كەسىپكار 600 نەچچىگە، 2001 - يىلى كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 120 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. قۇمۇل شەھەر ئەتراپىدىكى 2 يېزىدا مىللىي ئۆرپ - ئادەت ساياھەت كەسپىي ئائىلىسىدىن 26 سى بار بولۇپ، ھەر يىلدا 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى.

ما رۇي، لى فېي

### دەم ئېلىش كۈنى ساياھەتچىلىكى

2002 - يىلى شىنجاڭ «1 - ماي»، «1 - ئۆكتەبىر» ئالتۇن ھەپتىلىكىدە دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەلدىن كەلگەن ساياھەتچىدىن 940 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. بۇ 2001 - يىلدىكىدىن 25% كۆپ، ئىچكى ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 499 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، 17% ئاشتى. چېگرىدىن چىقىش بويىچە ساياھەتچىلىك بازىرى 16% كۆپەيدى.

ما رۇي، لى فېي

### قىشلىق قار - مۇز ساياھەتچىلىكى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ بويىچە جايلاردىكى ئاساسلىق ساياھەتچىلىك تارماقلىرى ۋە ساياھەتچىلىك كارخانىلىرى قىشلىق قار - مۇز ساياھەتچىلىك پائالىيىتىنىڭ قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. تەشۋىقات، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مول مەزمۇنلۇق «قار - مۇز بايرىمى» نى ئۇيۇشتۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۈرۈمچى شەھىرى ئۈرۈمچى قىش قار - مۇز ئۈرپ - ئادەت ساياھەتچىلىكى ئاساس قىلىنغان قىشلىق ساياھەت پائالىيىتى، سانجى ئوبلاستى بوغدا كۆلى قار - مۇز ساياھەت بايرىمى، قۇمۇل تەڭرىتاغ قار - مۇز ساياھەت بايرىمى، بايىنغولىن ئوبلاستى ئالتۇن ساھىل قىشلىق مۇز ئويما بايرىمى ئۆتكۈزدى.

ما رۇي، لى فېي

## ساياھەت بايرىمى پائالىيىتى

### «شىنجاڭ مەنزىرىسى سەپىرى» تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ساياھەت بايرىمى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەت ساياھەتچىلىك ئىدارىسى بىرلىكتە «شىنجاڭ مەنزىرىسى سەپىرى» تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ساياھەت بايرىمى ئۆتكۈزدى، بايرام 3 ئاي داۋاملاشتى. بۇ قېتىملىق بايرامغا 2002 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ تەييارلىق كۆرۈلگەنىدى. ئاساسلىق پائالىيەت 3 لىنىيە بويىچە شىنجاڭنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش ۋە شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ ساياھەت يەرمەنكىسىدىن ئىبارەت 2 قىسمىدىن تەركىب تاپتى. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ساياھەت بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك مېھمانلار، جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك ساياھەتچى، سودىگەرلەر، ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلىرى بولۇپ 3000 دىن ئارتۇق كىشى باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. باشلىنىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش ئاپتوموبىل ئەترىتى شىنجاڭنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا، ئىلى، قەشقەر، بايىنغولىن، تۇرپان، سانجى، ئۈرۈمچى، ئالتاي، بورتالا، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، خوتەن، قاراماي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە چوڭ تىپتىكى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئۆرپ - ئادىتى ۋە سېھىرلىك تەبىئىي مەنزىرىلىرىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى يېڭى ئوبرازىنى، شىنجاڭنىڭ مول تەبىئىي ساياھەت بايلىقى ۋە گۈمانتارلىق ساياھەت بايلىقىنى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىگە يەتتى. ساياھەت بايرىمى مەزگىلىدە، ساياھەت ئاپتوموبىللىرى، ساياھەت تاۋارلىرى، خاتىرە بۇيۇمى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلدى، يەرمەنكىگە 300 دىن ئارتۇق ئورۇن قاتناشتى. يەرمەنكىگە قاتناشقان ساھە ۋە ئورۇنلار ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش سودىسى، سېتىش سودىسى، ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى، ساياھەت كوپېراتىپى، ساياھەت مېھمانسارىيى، ساياھەت بۇيۇملىرى، ساياھەت خاتىرە بۇيۇمى، ساياھەت مەكتەپلىرى، ساياھەت مەدەنىيىتى قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلدى. يايما ئورنى 800 نەچچىگە يەتتى. يەرمەنكىگە قاتناشقان ئورۇنلار 7 مىليون 280 مىڭ نۇسخا تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى. 44 مىڭ ئادەم كۆرگەزمە مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ساياھەت بايرىمى ۋە يەرمەنكىدە 2186 تۈر مۇددىئانامە ئىمزالاندى. كېلىشىمدىكى سومما 317 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى.

ما رۇي، لى فېي

## ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش

### ساياھەت بازارلىرىدا «ساختا ۋە قانۇنسىز بۇيۇملارغا زەربە بېرىش» بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ ساياھەت بازارلىرىدا «ساختا ۋە قانۇنسىز بۇيۇملارغا زەربە بېرىش» بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىدە، ساياھەتچىلىككە مەسئۇل تارماقلار ئاساس

قىلىنىپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن زىچ ماسلىشىلىپ، ساياھەت بازارلىرىنىڭ تەرتىپىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى 3 بۆلەك بويىچە قانات يايدۇرۇلدى. تىجارەت كىنىشكىسى يوق، قانۇنسىز تىجارەت قىلىدىغان مېھمانخانا كەسپى، دائىرىدىن ھالقىغان تىجارەت، قانۇنسىز ساياھەت يېتەكچىلىك كەسپى، ساياھەتچىلەرنى ئالداش، ئاپان ھەققى ئېلىش، ناتوغرا رىقابەتلىشىش قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى ۋە تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، ساياھەت بازارلىرىدىكى «تىزىملاتمىغان كوپېراتىپ»، «تىزىملاتمىغان ئاپتوموبىل»، «تىزىملاتمىغان يېتەكچى»، ئاپان ھەققى ئېلىپ چۈشنىكىگە سېلىش ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان قىلمىشلارغا كۈچلۈك زەربە بېرىلدى. مېھمانخانا ۋە ماگىزىندىن 92 سى، يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدىن 46 سى، ساياھەت بۇيۇملىرى سېتىش ماگىزىنىدىن 11 ى، ساياھەت يېتەكچىسىدىن 400 نەپىرى تەكشۈرۈلدى، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان 8 مېھمانخانىغا مەمۇرىي جازا بېرىلدى، ئۆز ئالدىغا ماگىزىن تەسىس قىلىۋالغان 10 ساياھەت كوپېراتىپى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. بىر يىلدا 102 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. قانۇنسىز تەسىس قىلىنغان چېگرا سىرتىدىكى بىر ساياھەت كوپېراتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان بىر تۈركۈم ساياھەت يېتەكچىسى قاتتىق بىرتەرەپ قىلىندى. ساياھەت يېتەكچىلىك كىنىشكىسى ساتقان 2 جىنايەت گۇماندارى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلۈپ، ج خ ئورگانلىرىنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى. دۆلەتنىڭ 6 مىنىستىرلىك، كومىتېت، ئىدارىسىنىڭ بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ساياھەت بازارلىرىدىكى «ساختىلىققا، قانۇنسىز بۇيۇملارغا زەربە بېرىش» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

ما رۇي، لى فېي

## ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 26 كارخانىنىڭ ساياھەت كوپېراتىپ مۇلازىمىتى بويىچە تىجارەت كىنىشكىسى ئېلىشى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، 201 ساياھەت كوپېراتىپى يىللىق تەكشۈرۈلدى. 12 مەنزىرە رايونى «ئا» دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بولۇشقا بوللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمىگۇ 3 «ئا» دەرىجىلىك ساياھەت رايونى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. «گۈزەل جۇڭخۇا مېھمانسارىيىنىڭ» دەرىجىسى 5 يۇلتۇزلۇق مېھمانساراي قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭدا 5 يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايى 4 كە يەتتى. ئۈرۈمچى، تۇرپان، كورلا شەھەرلىرىدىن ئىبارەت 3 مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى قايتا تەكشۈرۈشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

ما رۇي، لى فېي

# ساياھەت رايونى (نۇقتىسى) ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى

## ساياھەت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ساياھەتچىلىككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمى تەدرىجىي زورايتىلدى. ساياھەت ئۇل مۇئەسسەسەسى ۋە يۈرۈشلەشكەن مۇتەخەسسىسلەر ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە غەربىي قىسىم ساياھەتچىلىكى زايوم مەبلىغىدىن 141 مىليون يۈەننى ئەمەلىيلەشتۈردى. ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كۆپ تەرەپلىمە مەبلەغ سېلىش ئەندىزىسى شەكىللەندى. تەرەققىيات ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى بولدى. جەمئىيەت بويىچە ساياھەتچىلىككە 1 مىليارد 282 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلار سالغىنى 806 مىليون يۈەن خەلق پۇلى.

ما رۇي، لى فېي

## ساياھەت ھاجەتخانىسى قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونى (نۇقتىسى) ۋە ساياھەت شەھەرلىرىدە مۇھىت ئاسراش ھاجەتخانىسىدىن 60 ى كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن مۇھىت ئاسراش ھاجەتخانىسى 30. بوغدا كۆلى، نارات مەنزىرە رايونى، ئۈرۈمچى نەنشەن مەنزىرە رايونى، شىمىگۇ ساياھەت رايونى، ساۋەن ئارشاڭ ئارامگاھ رايونى قاتارلىق جايلارنىڭ ھاجەتخانا قۇرۇلۇشىدىمۇ خىزمەت سالمىقى ئاشۇرۇلدى.

ما رۇي، لى فېي

## دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق، داڭلىق مەنزىرە رايونلىرى

2002 - يىل 5 - ئايدا گوۋۇيۈەن دۆلەتنىڭ 4 - تۈركۈمدىكى 32 نۇقتىلىق، داڭلىق مەنزىرە رايونىنى ئېلان

قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭدىن قۇمتاغ قۇملۇق داڭلىق مەنزىرە رايونى، باغراش كۆلى داڭلىق مەنزىرە رايونى بار.

قۇمتاغ قۇملۇق داڭلىق مەنزىرە رايونى پىچان ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ، كۆلىمى 1880 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ تۇرپان ئۈززۈلمە - ئويۇلما ئويمانلىق مەركىزىدە ئۈززۈلمە ھالەتتە تومپىيىپ چىققان. بۇ رايون جايلاشقان ئورۇننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئالاھىدە بولغاچقا، ئەتراپىدىكى يەر شەكلىنىڭ، مۇھىتىنىڭ ۋە قىسمەن ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، كۆپ خىل تىپلىق قۇم - بورانلىق يەر شەكلىنى ھاسىل قىلغان. ئويۇلما قۇملۇق بار، كۆنەكسىمان قۇملۇق بار، تۈز قۇملۇق بار، دولقۇنسىمان قۇم بارخانلىق بار، چوڭ - كىچىك قۇم بارخانلىق بار ۋە چۆللۈك قاتارلىق كۆپ خىل تىپلىق قۇملۇق مەنزىرىسى بار. مەنزىرە رايونىنىڭ ئىچىدىكى قۇم بارخانلىرى كارىدورى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، قاتلىمى ئېنىق، بارخان ئۆمۈرتقىسى تۈپتۈز سوزۇلغان، قۇم بارخانلىرى مۇقىم، سىرتقا كۆچمەيدۇ. يۇلغۇن، يانتاق، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا قومۇش قاتارلىق قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسكەن. قۇملۇقنىڭ شىمالىي چېتىدىكى بىپايان قۇملۇق بوستانلىق بىلەن قۇملۇقنى، شەھەر بىلەن قۇملۇقنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىلدۇر. مەنزىرە رايونى يىپەك يولىنىڭ ئاساسلىق تۈگۈنىگە ۋە قەدىمىي پىشاشان دۆلىتىنىڭ يېنىغا جايلاشقان بولغاچقا، بۇ يەردە نۇرغۇن تارىخىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى بار.

باغراش كۆلى داڭلىق مەنزىرە رايونى باغراش ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ، كۆلىمى 3550 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىقى كۆل، قۇملۇق، قاقاسلىق، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئىزنالىرى ۋە ياۋايى ھايۋان، ياۋا ئۆسۈملۈك مەنزىرىسىدىن تەركىب تاپقان. باغراش كۆلى جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇلۇق كۆلى بولۇپ، كۆلىمى 1715 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ جۇڭگو ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى بىردىنبىر ئۈززۈلمە قاتلاملىق چوڭ تىپتىكى تاتلىق سۇلۇق كۆل. كۆلنىڭ شەرقىي تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، يۇلغۇنلار باراقسان ئۆسكەن، تەبىئىي مەنزىرىسى مۇكەممەل ساقلانغان، كۆلنىڭ غەرب تەرىپى پەس سازلىق بولۇپ، دەريالا گىرەلىشىپ كەتكەن. قومۇشلۇق كۆللەر ھەممە يەرگە تارالغان، قومۇش، يېكەن قاتارلىق تۈرلۈك سۇ ئۆسۈملۈكلىرى بۈك - باراقسان ئۆسكەن، ياتما نىلۇپەر كۆز يەتكۈسىز ئۆسكەن، بۇ جاي ئاققۇتان، ئاق چايكا، سېرىق ئۆردەك قاتارلىق سۇ قۇشلىرىنىڭ ئارامگاھى؛ كۆلنىڭ شىمالىي تەرىپى لاۋا تۈزلەڭلىكى بولۇپ، قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي يولى مۇشۇ جايدىن ئۆتىدۇ، مىڭ ئۆي، تۇر، قەدىمىي شەھەر قاتارلىق قەدىمىي ئىزنالاردىن 10 نەچچىسى بار.

زو شۇشياڭ

## شىنجاڭدىكى «ئا» دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا 4 «ئا» دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسىدىن 3 ى، 3 «ئا» دەرىجىلىكتىن 6 سى، 2 «ئا» دەرىجىلىكتىن 15 ى، بىر «ئا» دەرىجىلىكتىن 4 ى بار بولدى.

4 «ئا» دەرىجىلىكى: شىنجاڭ تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى داڭلىق مەنزىرە رايونى، شىنجاڭ تۇرپان يۈزۈملۈك شاتلىق باغچىسى، شىنجاڭ قاناس داڭلىق مەنزىرە رايونى؛ 3 «ئا» دەرىجىلىكى: شىنجاڭ ئالتۇن ساھىل ساياھەت ئارامگاھى، شىنجاڭ باغراش كۆلى ئاقغوڭكۆل ساياھەت مەنزىرە رايونى، شىنجاڭ كۆكتوقاي ئالتۇن دېڭىز قىرغىقى ئارامگاھى، شىنجاڭ نارات يايلىقى ساياھەت رايونى، شىنجاڭ قۇمۇل تەڭرىتاغ داڭلىق مەنزىرە رايونى، ئۈرۈمچى شىشگۇ مەنزىرە رايونى؛ 2 «ئا» دەرىجىلىكى: شىنجاڭ ساۋەن ناھىيىسى ئارشاڭ ساياھەت رايونى، شىنجاڭ قۇمۇل «تيەنباۋ» ساغلاملىق، كۆڭۈل ئېچىش مەركىزى، شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ باغچىسى، شىنجاڭ كاڭبۇرا ئاقتاش سالقىنداش ئارامگاھى، شىنجاڭ ئىلى نىلقا ئىككىلەمچى ئورمان ئارامگاھى، شىنجاڭ نارات دۆلەت ئورمان باغچىسى، شىنجاڭ بۆگدۇر ئارىشىڭ ئارامگاھى، شىنجاڭ قەشقەر ئىپارخان مەقبەرىسى، شىنجاڭ ئالتاي قېيىن ئورمان باغچىسى، شىنجاڭ قاراكۆل مەنزىرە رايونى، شىنجاڭ تەڭرىتاغ سىرلىق جىلغىسى، شىنجاڭ ئونسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغ سىرلىق ئورمان باغچىسى، شىنجاڭ شىخەنزە شەھىرى شىمالىي كۆل ساياھەت مەنزىرە رايونى، شىنجاڭ شىخەنزە يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا باغچا رايونى، شىنجاڭ شىخەنزە شەھىرى جۇ ئېنلەي خاتىرە سارىيى؛ بىر «ئا» دەرىجىلىكى: چۆچەك شەھىرى بېلىق تۇتۇش باغچىسى، شىنجاڭ سانجى دۆ جەمەتى ساياھەت ئارامگاھى، بورتالا ئوبلاستى غەلىتە تاش جىلغىسى داڭلىق مەنزىرە رايونى، بورتالا ئوبلاستى چىڭگىل ئارامگاھى.

ما رۇي، لى فېي

## شىنجاڭدىكى 3 يۇلتۇزلۇقتىن يۇقىرى مېھمانخانىلار

| مېھمانخانا نامى | يۇلتۇز دەرىجىسى | ئادرېسى | تېلېفون نومۇرى | فاكس نومۇرى |
|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى كۈنمۇش ئاستانە مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 39 - نومۇر | 0991 — 4536688 | 0991 — 4517166 |
| شىنجاڭ «خەيدې» مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 1 - نومۇر | 0991 — 2322828 | 0991 — 2321818 |
| شىنجاڭ «خۇڭفۇ» مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى 26 - نومۇر | 0991 — 5881588 | 0991 — 5823188 |
| شىنجاڭ «گۈزەل جۇڭخۇا» مېھمانسارىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 5 - نومۇر | 0991 — 2525888 | 0991 — 2846666 |
| شىنجاڭ يەر شارى مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 2 - نومۇر | 0991 — 3836400 | 0991 — 3836399 |
| شىنجاڭ ئىستىراھەت مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 168 - نومۇر | 0991 — 2818788 | 0991 — 2817422 |
| شىنجاڭ مەشئەل مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى ئالماس شەھەرچىسى 18 - نومۇر | 0991 — 3836699 | 0991 — 3835999 |
| ئورباغ يېڭى دەۋر مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق شىمالىي يولى 7 - نومۇر | 0991 — 4818688 | 0991 — 4818088 |
| تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى جياڭسۇ يولى 9 - نومۇر | 0991 — 6610066 | 0991 — 6639519 |
| تۇنخې خۇاھېيدا مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 52 - نومۇر | 0991 — 5876688 | 0991 — 5876685 |
| تارىم مېھمانسارىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 24 - نومۇر | 0991 — 6630101 | 0991 — 6621684 |
| تارىم نېفىت مېھمانسارىيى | 4 | كورلا شەھىرى نېفىت خىمىيە يولى | 0996 — 2170888 | 0996 — 2173167 |
| ئىسلام مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى 22 - نومۇر | 0991 — 2811017 | 0991 — 2811513 |
| لەييۈەن مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 3 - نومۇر | 0991 — 2828368 | 0991 — 2825109 |
| شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە مېھمانخانىسى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى دېموكراتىيە يولى 57 - نومۇر | 0991 — 2822911 | 0991 — 2826031 |
| شەھەر مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلبايراق يولى 119 - نومۇر | 0991 — 2309911 | 0991 — 2301818 |
| شىنجاڭ يىپەك يولى مېھمانخانىسى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 52 - نومۇر | 0991 — 2558899 | 0991 — 2557788 |
| «دىلخۇا» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 65 - نومۇر | 0991 — 4539999 | 0991 — 4536222 |
| بەشيولتۇز مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى بەشيولتۇز يولى 17 - نومۇر | 0991 — 2635555 | 0991 — 2618390 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| دوستلۇق مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شىمالىي دوستلۇق يولى 14 - نومۇر | 0991 — 4836888 | 0991 — 4826519 |
| «يىلۇلاڭ» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي قاراماي يولى 20 - نومۇر قوشۇمچە 1 - نومۇر | 0991 — 4547788 | 0991 — 4517780 |
| «شىنرۇلاڭ» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 20 - نومۇر | 0991 — 2841166 | 0991 — 2840902 |
| ئۈرۈمچى «ئالتۇن دان» مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 80 - نومۇر | 0991 — 2626788 | 0991 — 2833163 |
| شىنجاڭ «گوتەي» مېھمانسا- رىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتاي يولى 15 - نومۇر | 0991 — 3831188 | 0991 — 3821998 |
| مايتاغ مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي قاراماي يولى 20 - نومۇر قوشۇمچە 4 - نومۇر | 0991 — 4533116 | 0991 — 4530180 |
| شىخەنزە مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 10 - نومۇر | 0991 — 4524123 | 0991 — 4520742 |
| «خۇادۇ» مېھمانخانىسى | 3 | ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 23 - نومۇر | 0991 — 4529922 | 0991 — 4522708 |
| شىنجاڭ «خۇيىيۇەن» مېھمان- سارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 9 - نومۇر | 0991 — 2305678 | 0991 — 2844465 |
| ئۈرۈمچى «ۋېنجۇ» مېھمانسا- رىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭ جياڭ يولى 23 - نومۇر | 0991 — 5836666 | 0991 — 5851999 |
| شىنجاڭ «خۇەنتۇلاڭ» مېھمان- سارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى لۈيۈەن كوچىسى 100 - نومۇر | 0991 — 5850666 | 0991 — 5818515 |
| ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق كۆۋرۈ- كى مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجاڭ يولى 1 - نومۇر | 0991 — 3422856 | 0991 — 3815515 |
| بوغدا مېھمانخانىسى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى نۇرلۇق يولى 10 - نومۇر | 0991 — 2823910 | 0991 — 2815769 |
| ئىلى مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى چاڭجياڭ يولى 80- نومۇر | 0991 — 5856888 | 0991 — 5852668 |
| خۇارزمي مېھمانسارىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى بەشيۈلتۈز يولى 21 - نومۇر | 0991 — 2659999 | 2659999 — 6201 |
| يېمەك يولى بوستان مېھمانسارىيى | 3 | تۇرپان شەھىرى ياشلار يولى 41 - نومۇر | 0995 — 8522491 | 0995 — 8523348 |
| تۇرپان مېھمانسارىيى | 3 | تۇرپان شەھىرى ئەدەبىيات يولى 20 - نومۇر | 0995 — 8553888 | 0995 — 8553908 |
| تۇرپان مېھمانخانىسى | 3 | تۇرپان شەھىرى جەنۇبىي ياشلار يولى 2 - نومۇر | 0995 — 8522562 | 0995 — 8523262 |
| قۇمۇل مېھمانخانىسى | 3 | قۇمۇل شەھىرى مەرھابا يولى 4 - نومۇر | 0902 — 2233140 | 0902 — 2234345 |
| قۇمۇل ئېلېكتر مېھمانخانى- سى | 3 | قۇمۇل شەھىرى شىمالىي ۋەتەنپەرۋەرلىك يولى 18 - نومۇر | 0902 — 2259581 | 0902 — 2259573 |
| قۇمۇل شەھەرلىك «جافدا» مېھمانخانىسى | 3 | قۇمۇل شەھىرى شىمالىي ۋەتەنپەرۋەرلىك يولى 8 - نومۇر | 0902 — 2233346 | 0902 — 2235070 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بايىنغولىن مېھمانخانىسى | 3 | كورلا شەھىرى شەرقىي خەلق يولى | 0996 — 2022248 | 0996 — 2024007 |
| ئاقسۇ مېھمانخانىسى | 3 | ئاقسۇ شەھىرى غەربىي شىنخۇا يولى 9 - نومۇر | 0997 — 2123366 | 0997 — 2141418 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك «دوستلۇق» مېھمانخانىسى | 3 | ئاقسۇ شەھىرى مەرھابا يولى 65 - نومۇر | 0997 — 2513043 | 0997 — 2513511 |
| «باغ» مېھمانخانىسى | 3 | سانجى شەھىرى شەرقىي نىڭبيەن يولى 28 - نومۇر | 0994 — 2339110 | 0994 — 2330666 |
| شىخەنزە مېھمانخانىسى | 3 | شىخەنزە شەھىرى شەرقىي ئايلانما يولى 4 - نومۇر | 0993 — 2012587 | 0993 — 2017177 |
| ئىلى ئالامەدە ھارىقى مېھمانسارىيى | 3 | غۇلجا شەھىرى غالىبىيەت كوچىسى 98 - نومۇر | 0999 — 8035600 | 0999 — 8021819 |
| كۈيتۇن «شەرق» خەلقئارا مېھمانسارىيى | 3 | كۈيتۇن شەھىرى جەنۇبىي ئىستىپاق كوچىسى 46 — 1 - نومۇر | 0992 — 3222886 | 0992 — 3222121 |
| كۈيتۇن ھەربىيلەر بوزيەر ئېچىش مېھمانخانىسى «مەرۋايىت» بىناسى | 3 | كۈيتۇن شەھىرى شەرقىي ئىستىپاق يولى 12 - نومۇر | 0992 — 3222886 | 0992 — 3222886 |
| كۈيتۇن تۆمۈريول مېھمانسارىيى | 3 | كۈيتۇن شەھىرى ۋوگزال مەيدانىنىڭ غەربىي تەرىپىدە | 0992 — 3422311 | 0992 — 3423796 |
| ئىلى «شاپتۇللۇق» مېھمانسارىيى | 3 | غۇلجا شەھىرى ئىلى دەرياسى يولى 100 - نومۇر | 0999 — 8325300 | 0999 — 8328317 |
| «ئالتۇن كۆۋرۈك» مېھمانسارىيى | 3 | ئالتاي شەھىرى ئازادلىق يولى 1 - نومۇر | 0906 — 2127588 | 0906 — 2127519 |
| «خەيتاڭ» مېھمانسارىيى | 3 | قاراماي شەھىرى تارىم دەرياسى يولى 58 - نومۇر | 0990 — 6221919 | 0990 — 6222798 |
| قاراماي مېھمانخانىسى | 3 | قاراماي شەھىرى دوستلۇق يولى 96 - نومۇر | 0990 — 6883597 | 0990 — 6223587 |
| مايتاغ مېھمانخانىسى | 3 | قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى داچىڭ يولى 15 - نومۇر | 0992 — 3866571 | 0992 — 3872458 |
| ئىلى «گۈل شەھىرى» مېھمانخانىسى | 3 | غۇلجا شەھىرى ئەخمەتجان قاسىمى كوچىسى 7 - كوچا 5 - نومۇر | 0999 — 8031800 | 0999 — 8036077 |

## شىنجاڭدىكى خەلقئارالىق ساياھەت كوپىراتىپلىرى

| ساياھەت كوپىراتىپلىرى نامى | تېلېفون نومۇرى | فاكس نومۇرى |
|---|---|---|
| شىنجاڭ تاشقى ساياھەت باش شىركىتى | 0991 — 2821446 | 0991 — 2821445 |
| شىنجاڭ جۇڭگو تەبىئەت خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 2322251 | 0991 — 2331714 |
| شىنجاڭ جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 2823176 | 0991 — 2810689 |
| شىنجاڭ جۇڭگو ساياھەت كوپىراتىپى | 0991 — 2866210 | 0991 — 2862131 |

| | | |
|---|---|---|
| جۇڭگو ياشلار ساياھەت كوپېراتىپى شىنجاڭ خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 0991 — 2818451 | 0991 — 2817078 |
| شىنجاڭ قەشقەر جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0998 — 2823624 | 0998 — 2823087 |
| شىنجاڭ ئىلى خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0999 — 8023535 | 0999 — 8024939 |
| شىنجاڭ غەربىي دىيار خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0991 — 2335197 | 0991 — 2839746 |
| غۇلجا خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0999 — 8121133 | 0999 — 8120298 |
| شىنجاڭ خەلقئارا تەنتەربىيە ساياھەت كوپېراتىپى | 0991 — 3810878 | 0991 — 3810878 |
| شىنجاڭ مەدەنىيەت ساياھەت شىركىتى | 0991 — 2857891 | 0991 — 2854721 |
| ئۈرۈمچى تۆمۈريول خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0991 — 3448693 | 0991 — 3822953 |
| ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0991 — 2576268 | 0991 — 2576320 |
| تۇرپان جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0995 — 8532286 | 0995 — 8522786 |
| شىنجاڭ بايىنغولىن خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0996 — 2024341 | 0996 — 2024341 |
| شىنجاڭ خوتەن خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0903 — 2516090 | 0903 — 2512846 |
| شىنجاڭ بوستان جۇڭگو ساياھەت كوپېراتىپى | 0991 — 4522946 | 0991 — 4517401 |
| شىنجاڭ غەربىي قىسىم رايون خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0991 — 5833535 | 0991 — 5835727 |
| شىنجاڭ ئالتۇن كۆۋرۈك ئۆرپ - ئادەت خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0991 — 2325221 | 0991 — 2835767 |
| شىنجاڭ كائىخۇي خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0991 — 8623308 | 0991 — 2818439 |
| شىنجاڭ ئاۋشىئانسىيە خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0991 — 3804746 | 0991 — 3804746 |
| شىنجاڭ يەر - زېمىن خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 0991 — 3840899 | 0991 — 3835939 |
| شىنجاڭ مىللەتلەر خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0991 — 5883356 | 0991 — 5883896 |
| ئۈرۈمچى شىنجاڭ تۆمۈريول خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0991 — 3818135 | 0991 — 3816289 |
| ئۈرۈمچى «شۈندا» خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0991 — 2629902 | 0991 — 2630124 |
| قەشقەر جۇڭگو ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0998 — 2822262 | 0998 — 2822552 |
| شىنجاڭ شىنچىلىك خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0991 — 3710172 | 0991 — 3719839 |
| شىنجاڭ تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0994 — 3233306 | |
| شىنجاڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0901 — 6229796 | 0901 — 6229796 |
| جۇڭگو شىنجاڭ چۆچەك «ياۋرو - ئاسىيا» خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0901 — 6234789 | 0901 — 6223198 |
| شىنجاڭ ئىقتىساد - سودا خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0991 — 4550288 | 0991 — 4552208 |
| شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0991 — 5825188 | 0991 — 5851898 |
| شىنجاڭ «خۇيتۇڭ تيەنما» خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0991 — 5831247 | 0991 — 5851986 |
| كۇچا خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0997 — 7122524 | 0997 — 7122524 |
| شىنجاڭ قاناس خەلقئارا ساياھەت چەكلىك شىركىتى | 0906 — 6524934 | 0906 — 6522652 |
| شىنجاڭ «دېڭىز بوغۇزى» ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى | 0991 — 4834741 | 0991 — 4843306 |
| غۇلجا «دۇلدۇل» خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0999 — 8040329 | 0999 — 802817 |
| شىنجاڭ ئالاتاۋ خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى | 0909 — 6993422 | 0909 — 6993265 |

# سودا

## دۆلەت سودىسى

### سودىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ تاۋار بازارلىرى مۇقىم ئايلاندى، مۇقىملىق ئىچىدە ئۆرلىدى، مۇقىملىق ئىچىدە ئاۋاتلاشتى. ئايلىنىش سۈرئىتى خېلى ئۆستى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 44 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى كەسپى بىلەن ئىچىملىك كەسپى 2 خانىلىق سان بويىچە تېز سۈرئەتتە ئېشىش ساقلاپ قېلىندى. بازار ئايلىنىشىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى: بىرىنچىدىن، شەھەرلەردىكى بازارلارنىڭ ئېشىشى يېزا بازارلىرىنىڭكىدىن تېز بولدى. شەھەرلەردىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 35 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11 ئېشىپ، يېزا بازارلىرىنىڭكىدىن 5 پىرسەنت پوئىنتى تېز بولدى. ئىككىنچىدىن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ ئېشىشى توپ ۋە پارچە سېتىش كەسپىنىڭكىدىن تېز بولدى. يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ تىجارەت كىرىمى 5 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19 ئېشىپ، توپ ۋە پارچە سېتىش كەسپىنىڭكىدىن 9 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى. ئۈچىنچىدىن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك بىرقەدەر تېز ئاشتى، دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى سودا گۈللەنمىدى. دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىك، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ئۇدا تۆۋەنلىدى. خۇسۇسىي ئىگىلىك، يەككە ئىگىلىك ۋە باشقا ئىگىلىك تەركىبلىرى زور دەرىجىدە ئاشتى. تۆتىنچىدىن، يېڭى ئوبوروت كەسپىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى، 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە (سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان) زەنجىرسىمان دۇكان، تاللا بازىرى، مەخسۇس سېتىش بازىرى ئاز كەم 100گە يەتتى. ھەر خىل كىچىك كۆلەمدىكى مەخسۇس سېتىش دۇكىنى، قۇلايلىق دۇكان، نەپىسماللار دۇكىنى چوڭ كوچىلاردىن تارتىپ، خالتا كوچىلارغىچە ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىغىچە تارقالدى. ئاپان ھەققى تۈزۈمىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش، پىششىقلاشنى ماۋالە قىلىش قاتارلىق ماددىي ئەشيالار ئوبوروتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش شەكىللىرى ماددىي ئەشيا، چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى، چوڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلدى، تىجارەت دائىرىسى ۋە كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، كونا ماللار ئوبوروتى، قەرزبېرىش، ئېلېكترون سودىسى قاتارلىق يېڭى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى كۈچلۈك بولۇپ، ئىستېمال ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى. بەشىنچىدىن، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجى قاتلاممۇ قاتلام ئۆستى. رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى پۈتۈنلەي ئومۇملاشتى ھەمدە يېڭىلىنىشقا باشلىدى، كومپيۇتېر، ئۆي، ماشىنا، ماتورسىكلىت، ساياھەتچىلىك ۋەكىللىكىدىكى يېڭى بىر ئىستېمال قىزىق نۇقتىسى شەكىللەنمەكتە.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سودا سىستېمىسىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ تاۋار سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.5؛ سېتىش سوممىسى 4 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %4.6 ئاشتى؛ ئامباردا ساقلانغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 390 مىليون يۈەن بولۇپ، %16 تۆۋەنلىدى. ساھە بويىچە نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ كونترول قىلىنىدىغان 28 خىل چوڭ تاۋار ئىچىدە، ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۈسكۈنە، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى، مېتال ماتېرىياللار، مېتال ئېلېكتر ماتېرىياللىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق 15 تۈرلۈك تاۋارنىڭ سېتىلىشى تېز ئاشتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %33.4 ئېشىپ، نازارەت - كونترول قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ %53نى ئىگىلىدى، يېمەك - ئىچمەك، تاماكا، ھاراق، ئېلېكترون، ئون - سىن مەھسۇلاتلىرى، مەدەنىيەت ئىش بېجىرىش بۇيۇملىرى، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ سېتىلىشى ئالدىنقى يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، باش كىيىم قاتارلىق 11 تۈردىكى تاۋارنىڭ سېتىلىشى ئوخشىمان دەرىجىدە تۆۋەنلىدى.

2002 ـ يىلى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ـ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش زىددىيىتىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم ساھەسى بولغان شىنجاڭنىڭ سودا مۇلازىمەت كەسپى تېز تەرەققىي قىلدى. يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىدە تىجارەت شەكلى جەھەتتە تېز، باھاسى ئەرزان، پاكىز ۋە كۆپ ئىقتىدارلىق، كۆپ دەرىجىلىك بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىش ھاسىل قىلىندى. تېز تاماق، مۇلازىمەتسىز تاماق، مۇلازىمەتسىز يەلقازان شورپىسى قاتارلىق كەسپلەرنىڭ مۇلازىمەت شەكلى تېز تەرەققىي قىلدى، تېز تاماق كەسپى ئەنئەنىۋى توردىن جۈڭگوچە ۋە غەربچە تاماقلار بىرلەشتۈرۈلگەن تۈرلەرگە تەرەققىي قىلدى، دىكوس، ھامبىروگ توقچى، كېنتەكى ۋەكىللىكىدىكى غەربچە تېز تاماقلار شىنجاڭدىكى ئاساسلىق شەھەرلەرگە كىردى؛ تېز توڭلىتىلغان يېمەكلىكلەر، يېرىم پىشۇرۇلغان يېمەكلىك، خام ئەشيا پىششىقلاش، تاماقنى ئىشىك ئالدىغا ئاپىرىپ بېرىش قاتارلىق ئائىلىلەرگە قولايلىق بولغان مۇلازىمەت تۈرلىرى تېز گۈللەندى؛ مېھمانخانا مۇلازىمەت كەسپى نوقۇل قونۇشتىن سودا مەركىزىنى تەسىس قىلىش، غىزالىنىش، يېتىپ قوپۇش، يۇيۇنۇش، ھۆسن تۈزەش، كۆڭۈل ئېچىش، پۇل ئامانەت قاتارلىق بۇيرۇشلەشكەن مۇلازىمەتكە قاراپ يۈزلەندى؛ فوتو ـ سۈرەتچىلىك كەسپى ئەنئەنىۋى خاتىرە، ئەمەلىي ئىشلىتىش خاراكتېرىدىن كۆڭۈل ئېچىش، زىننەتلەش تىپىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى؛ فوتو سۈرەتچىلىكنىڭ شەكلى ۋە ئۇسلۇبى كۆپ خىللاشتى، مۇلازىمەت ساھەسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئۆلچىمى، دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ چاچ ياساش ۋە ھۆسن تۈزەش كەسپى چاچ ياساشتىن ھۆسن تۈزەش، گىرىم قىلىش ساھەسىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى، چاچ ياساش، گىرىم قىلىش بىر گەۋدىلەشتى؛ مۇنچا كەسپى پاكىز بولۇش تىپىدىن ساقلىق ساقلاش، ھوزۇرلىنىش، كۆڭۈل ئېچىش تىپىغا يۈزلەندى. ھورمۇنچا، مىنېرال سۇلۇق مۇنچا، ئۇۋۇلاش مۇنچىسى، قاينام قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى، يەنە دۇبېيە سۈرتۈش، تىرناق ياساش، چايخانا، كىيىم يۇيۇش قاتارلىق بۇيرۇشلەشكەن مۇلازىمەت تۈرلىرى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى؛ يۇيۇش ـ بوياش كەسپى ئاممىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. يېڭى تىپتىكى يۇيۇش ـ بوياش ئۈسكۈنىلىرى ئىشلىتىلدى، يېڭىلاش، يۇيۇش، دەزماللاش، بوياش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى.

جاڭ شاۋجۈن، ليۇ بىن

## گۆش تىجارىتى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھى سېتىۋالغان گۆش 4171 توننىغا يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %97.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى 2068 توننىغا يېتىپ، %91.3؛ كالا گۆشى 786 توننىغا يېتىپ، 2.57 ھەسسە، قوي گۆشى 1317 توننىغا يېتىپ، %62.3 ئاشتى. سېتىلغان گۆش 3233 توننىغا يېتىپ، %55.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى 1826 توننىغا يېتىپ، %33، كالا گۆشى 573 توننىغا يېتىپ، 2 ھەسسە، قوي گۆشى 834 توننىغا يېتىپ، %63.3 ئاشتى.

2002 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ شەھەر، يېزا سودا بازارلىرىدا سېتىلغان ھەر كىلوگرام يېڭى گۆشنىڭ پارچە سېتىش باھاسى مۇنداق بولدى: چوشقا گۆشىنىڭ 10 يۈەن ئەتراپىدا، كالا گۆشىنىڭ 16 — 17 يۈەنچە، قوي گۆشىنىڭ 17 — 18 يۈەن. توڭلىتىلغان گۆشنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى مۇنداق بولدى: چوشقا گۆشىنىڭ 8 — 8.5 يۈەنچە، كالا گۆشىنىڭ 12 — 13 يۈەنچە، قوي گۆشىنىڭ 12 — 13 يۈەنچە.

2002 ـ يىلى دۆلەت شىنجاڭغا 1000 توننا توڭلىتىلغان كالا، قوي گۆشى، 36 مىڭ تۇياق قوينى زاپاس ساقلاش ۋەزىپىسىنى تەقسىم قىلدى (گۆشكە سۇندۇرغاندا 400 توننا). بۇنىڭ بىلەن گۆش بازىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە مۇسۇلمان ئاھالىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ھېيت ـ بايراملىرىدىكى قوي بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى.

ساۋ شياۋلىڭ

## شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھى تىجارەت قۇرۇلمىسىنى ئۈزدا تەڭشەپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تىجارەت قىلىش، باش ۋاكالەتچىلىك قىلىش، پارچىلاپ سېتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەنئەنىۋى توپ سېتىش تىجارىتىنى ياخشى ئىشلىدى، كۆچمىنى مەركەزلەشتۈرۈپ زەنجىرسىمان تىجارەتنى ياخشى تۇتتى، بىراق تۈزۈلمە، مېخانىزمنىڭ ئارقىدا قېلىشى ۋە كارخانا مەبلىغىنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن كارخانا تىجارىتىنىڭ مۇشىلىشىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى بولمىدى. بىر يىلدا تاۋار سېتىش ۋە تىجارەت كىرىمى 113 مىليون يۈەنگە يەتتى. شېكەر سېتىۋېلىش، سېتىش كەسپىدە ئاساسەن چېكىنىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، 2002 — 2003 ـ يىللىق شېكەر ئىشلەپچىقىرىش پەسلىدە، دۆلەتنىڭ شېكەر زاپاس ئامبىرى كۆرسەتكۈچىنىڭ 10 مىڭ توننا بولۇشى قولغا كەلتۈرۈلدۇ. 3 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 10 مىڭ توننا شېكەر پۈتۈنلەي ئامبارغا كىرگۈزۈلۈپ بولدى. 839.53 توننا ھاراق سېتىلدى، سېتىلىش سوممىسى 41 مىليون 809 مىڭ

يۈەنگە يەتتى، باشقا قوشۇمچە يېمەكلىك سېتىش سوممىسى 25 مىليون 185 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ژاڭ جۈن

## ئىلمە توقۇلما كىيىم - كېچەك تىجارىتى

2002 - يىلى شىنجاڭدا ئىلمە توقۇلما كىيىم - كېچەك بازىرىدىكى ماللارنىڭ مەنبەسى مول، تۈرى كۆپ بولدى. سېتىلىش سوممىسىنىڭ سېتىلغان تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىشىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى تەدرىجىي ئۆستى. توقۇلما بازارلىرى يەنىلا تەبىئىي ئېقىمغا قاراپ يۈزلەندى. ھەر خىل ساپ پاختا توقۇلمىلاردىن سىلىق، تۈۋتلىك، قات رەختلەر يەنە كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەر خىل سىپتا ئىشلەنگەن ساپ پاختا توقۇلمىلار، پاختا رەختتەك بىلىنىدىغان ئارىلاشما تالالىق توقۇلمىلار، پارقىراق سىپتا توقۇلغان يۇڭ ئارىلاش توقۇلمىلار، يۇرلاشمايدىغان يۇڭ توقۇلمىلار، ئېلاستىك يۇڭ توقۇلمىلار، كاناپ رەختلەر، نېپىز تۈۋىت توقۇلمىلار، پاختا كاناپ ئارىلاش توقۇلغان رەخت ۋە پاختىلىق توقۇلمىلار داۋاملىق كۆپىيىشكە باشلىدى. گۈللۈك ئۈزگىچە، پارقىراق، يۇرلاشمايدىغان، سىلىنىپ تۇرىدىغان، دىلون، پاختا، چىگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ توقۇلغان ھەر خىل پەردىلەر، بېزەك رەختلىرىنىڭ سېتىلىشى داۋاملىق ئىتتىك بولدى. يىپەك تاۋار- دۇردۇن بازىرىنىڭ ئىگىلەش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. تاۋار - دۇردۇنلارنىڭ سېتىلىشى 2001 - يىلدىكىدىن 23.6% تۆۋەنلىدى. كىرىمنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، كارىۋات بۇيۇملىرى مودىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى، كىشىلەر تېخىمۇ ئاددىي، ئەپلىك بورۇشلۇق كارىۋات بۇيۇملىرىنى ياقتۇرىدىغان بولدى. پاسونى ئاددىي، ئۆينىڭ مۇھىتىغا ماسلاشتۇرۇلىدىغان بولدى. سىلىق پاختا - چىگە ئارىلاش توقۇلغان توقۇلمىلار، ساپ پاختىدىن يۇقىرى زىچلىقتا توقۇلغان يانتۇ يوللۇق توقۇلمىلار، ساپ پاختىدىن توقۇلغان سىپتا تارالغان كاتەكچە توقۇلمىلارنىڭ بازىرى ئىتتىك بولدى. سېتىلىشى 2001 - يىلدىكىدىن 3.98% ئاشتى. سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، تېگى قېلىن ئەر - ئاياللار يۇڭ يوپايكا قاتارلىق ئىلمە توقۇلما ئىچ كىيىملەرنىڭ سېتىلىشى ئالدىنقى يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. يۇڭ يوپايكا يەنىلا ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، داڭلىق ماركىلىق، ساپ يۇڭدىن توقۇلغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى تېخىمۇ ياخشى بولدى. پاسون جەھەتتە كۆپىنچە ئۆرە ياقىلىق، يۇمىلاق ياقىلاق، يېرىم ئۆرە ياقىلىق قاتارلىق ئەنئەنىۋى شەكىللەر ۋە گۈللۈك يۇڭ يوپايكىلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى. كىيىم ئۈستىگە يۇڭ يوپايكا كىيىش مودا بولغانلىقتىن، سىيرىتمىلىق يۇڭ يوپايكا، ئازادە پاسونلۇق ئارىلاش توقۇلغان يوپايكا قاتارلىق يېڭى پاسونلار ياشلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. مودا بولۇۋاتقان ئازادە ئەرلەر كىيىمىنىڭ شىنجاڭ بازارلىرىدا سېتىلىشى تېز ئېشىپ، كىيىم - كېچەك تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى. ئاياللار كىيىمىنىڭ گۈل شەكلى، پاسون تۈرىنىڭ دەرىجىسى جەھەتتە ئازادە تۈيغۇ بېرىدىغان كىيىملەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولدى، رەخت جەھەتتە ساپ پاختا رەخت، كەندىر پاختا، كەندىر - يىپەك قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولدى، بوياش جەھەتتىمۇ تەبىئىي مۇھىت ئاسراش تېمى ئاساس قىلىنىدىغان بولدى. نېپىز، يۇمشاق، ئۈزگىچە پادىچىلار كىيىمى يەنىلا ياش ئەر - ئاياللارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، ئۆزىنىڭ پاسونى، تۇرمۇش بارغانسېرى ئازادە بولۇش، مودىلىشىش، يۇرۇشلۇق بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. كىيىم - كېچەك تىجارىتىدە ئازادە كىيىملەر يېڭى، يارىشىملىق، مودا، چوڭ سۈپەت، پاسونلۇق بولۇش بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. سېتىلىش مىقدارى 2001 .. يىلدىكىدىن 25.8% ئاشتى، شوخ، چوڭ سۈپەت ياللار كىيىمى بازار سودىسىدىكى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندى.

ليۇ شۇدۇڭ

## ھاراقنى مونوپوللۇق سېتىشنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھاراق ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىدىن 119ى، ھاراقنى توپ ساتىدىغان كارخانىدىن 320سى، ھاراقنى پارچە سېتىش كارخانىسىدىن 50 مىڭى بار. بىر يىلدا 90 مىڭ توننا ئاق ھاراق، 30 مىڭ توننا مېۋە ھارىقى، 240 مىڭ توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرىلدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھاراقنى مونوپوللۇق باشقۇرۇش ئىدارىلىرى 13 مىڭ ئادەم (قېتىم) قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىم چىقىرىپ، بازارنى 1200 نەچچە قېتىم تەكشۈردى، يالغان، ساختا، ناچار ھاراق ياساپ سېتىش دېلوسىدىن 80 نەچچىسىنى تېپىپ چىقتى، يالغان ھاراق ياساش ئۇۋىسىدىن 30 نەچچىنى ۋەيران قىلدى، تۈرلۈك ساختا ھاراقتىن 430 مىڭ بوتۇلكىنى قولغا چۈشۈردى، دېلو قىممىتى 1 مىليون 500 نەچچە مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، كۆپ مىقداردىكى ساختا ھاراق چىقىرىش سايمىنى يىغىۋېلىندى ياكى ۋەيران قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن يالغان، ساختا، ناچار ھاراقنىڭ يامراپ كېتىشى تىزگىنلەندى.

سۇڭ يىڭۋاڭ

## كەم ئارتۇق سودىسى ساھەسىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىش سودا بازارلىرىنىڭ ئىگىلىك تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىپ، كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىش بازارلىرىنى قېلىپلاشتۇردى؛ كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە كەم ئارتۇق سودىسى ئۈستەللىرىنى

نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. كەم ئارتۇق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنىڭ كىنىشكىلىق ئىش ئورنىغا چىقىش نىشانىنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇپ ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تۇتاشقان كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىش بازىرى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى.

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كەم ئارتۇق سودىسى كارخانىسىدىن 44ى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكىسى 22، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكىسى 22. كەم ئارتۇق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم ئاز كەم 500 بولۇپ، ئۇلارنىڭ 82.2%ى تەبىيلىنىپ، جۇڭگو كەم ئارتۇق سودىسى جەمئىيىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن «جۇڭگو كەم ئارتۇق سودىسى كەسپكارى سالاھىيەتنامىسى»گە ئېرىشكەن، بۇ ساھەدە 96 نەپەر كەم ئارتۇق سودىسى ئۇستىسى بار. بىر يىلدا 554 مەيدان پۇتتۇشتۇرۇپ قويۇلدى، بۇ 2001- يىلدىكىدىن 180 مەيدان كۆپ. پۇتتۇشۇش سوممىسى 1 مىليارد 351 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە پۇتتۇشتۇرۇلگىنى 339 مەيدان بولۇپ، 135 مەيدان كۆپەيدى، پۇتتۇشۇش سوممىسى 1 مىليارد 2 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.9% ئاشتى؛ باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى كەم ئارتۇق سودا كارخانىلىرى 215 مەيدان پۇتتۇشتۇردى، بۇ 2001 - يىلدىكىدىن 45 مەيدان كۆپ. پۇتتۇشۇش سوممىسى 349 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 42.4% ئاشتى. كەم ئارتۇق سودىسىنىڭ دائىرىسى سانائەت بۇيۇمى، ئۆي - زېمىن، جەرىمانە قويۇلغان، مۇسادىرە قىلىنغان ماددىي ئەشيالار، كارخانا مۈلۈك ھوقۇقى، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر، ئىجتىمائىي قانۇنىي ئىگە پېيى قاتارلىق شەكىللىك ۋە شەكىلسىز مۈلۈكلەرگە چېتىلدى. بۇ ساھەدە سانائەت بۇيۇمىنىڭ پۇتتۇشۇش سوممىسى 66 مىليون 529 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمنىڭ مۈلكىنىڭ پۇتتۇشۇش سوممىسى 66 مىليارد 685 مىليون يۈەنگە، ئۆي زېمىنىنىڭ پۇتتۇشۇش سوممىسى 360 مىليون يۈەنگە، كارخانا مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ پۇتتۇشۇش سوممىسى 108 مىليون يۈەنگە، ۋەيران بولغان كارخانىلارنىڭ پۇتتۇشۇش سوممىسى 472 مىليون يۈەنگە، شەكىلسىز مۈلۈكنىڭ پۇتتۇشۇش سوممىسى 23 مىليون 427 مىڭ يۈەنگە، باشقا كەسپلەردىكى پۇتتۇشۇش سوممىسى 254 مىليون يۈەنگە يەتتى.

چېن جاڭئەن

## سودا ساھەسىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر سودا ساھەسىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى 13 ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى تۈرىنى ئەستىقلاپ چۈشۈردى، ئۇلارغا 420 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 114 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر.

بىرىنچى، خام چوت ئىچىدىكى قۇرۇلۇش تۈرى 10، بۇ تۈرلەرگە 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى 5 مىليون 100 مىڭ يۈەننى شۇنىڭ ئىچىدە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 88 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك تېمپېراتۇرىسى تەڭشىلىدىغان يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرىدىن 3ى پۈتكۈزۈلدى، ئامبار كۆلىمى 2800 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوقتا بېكىتىلگەن كالا، قوي گۆشى قوشخانىسىدىن 5ى ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا 5 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، چوڭ سودا بازىرىدىن 3ى قۇرۇلدى، كۆلىمى 81 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر بولۇپ 378 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئىككىنچى، ئۆزى مەبلەغ تەييارلايدىغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى تۈرىدىن 3ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، ئۇنىڭ كۆلىمى 26 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر.

ئۈرۈمچى دۆڭكۆرۈك مىللىي ئۆرپ - ئادەت كوچىسى شىنجاڭنىڭ مىللىي مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، مەنزىرىسى بىر گەۋدىلەشكەن سىمۋول خاراكتېرلىك ئىمارەت، بىنا ئىچىگە «سېھىرلىك شىنجاڭ»نىڭ كىچىكلىتىلگەن مەنزىرىسى تەسىس قىلىنغان، كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ؛ غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ ئۆرپ - ئادەت باغچىسىنىڭ كۆلىمى 8000 كۋادرات مېتىر، ياۋروپا - ئاسىيا تاۋار كوچىسىنىڭ كۆلىمى 18 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ؛ مىللىيچە ئۇسلۇبتا بېزەلگەن چايخانا، ناخشا ئۇسۇللۇق مەرىكە زالى، يىغىن، كۆرگەزمە مەركەزلىرىگە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى مۇجەسسەملەنگەن، ئۇنىڭغا 160 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 46 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇ ئىمارەت پۈتۈپ سىناق تەرىقىسىدە تىجارەت باشلاندى. شىنجاڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى (مىچۈەن توڭخۇي چوڭ تىپتىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرى كەسپىي بازىرى) نىڭ كۆلىمى 500 مىڭ كۋادرات مېتىر. 1 - قارارلىق، كالا، قوي گۆشى، كالا، قوي، تېرە، يۇڭ قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى سودىسى قىلىدىغان چوڭ تىپتىكى كەسپىي سودا بازىرى قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر، بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. پېشىل شەرق شامىلى «ئۈچ

يېشىل قۇرۇلۇشى» (يېشىل يول، يېشىل بازار، يېشىل ئىستېمال) يېشىل بازىرى، خام ۋە پىشىق يېمەكلىكلەر تاللا بازىرىنىڭ كۆلىمى 110 مىڭ كۋادرات مېتىر، ماددىي ئەشيالارنى ئوبوروت قىلىش، تەقسىملەش، يەتكۈزۈپ بېرىش مەركىزىنىڭ كۆلىمى 3800 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئېلېكتىرونلۇق ئالاقە سۇپىسى ۋە زىيانسىز يېمەكلىكلەرنى تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر، بۇ بازار قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 15 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. زىيانسىز يېمەكلىكلەر، يېشىل يېمەكلىكلەر، ئورگانىك يېمەكلىكلەر ھەممە ئائىلىلەرگە كىردى.

جياڭ لىڭ

## تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسى

### ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى تەمىنات سودا - كوپېراتىپى سىستېمىسى سېتىۋالغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 14 مىليارد 721 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 39.40% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، سېتىۋېلىنغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 10 مىليارد 686 مىليون يۈەن، سېتىۋېلىنغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سوممىسى 7 مىليارد 996 مىليون يۈەن. سېتىش سوممىسى 22 مىليارد 116 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 85.07% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، سېتىلغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 13 مىليارد 856 مىليون يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن سېتىلغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 3 مىليارد 310 مىليون يۈەن، دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلگەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 54 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا ئامباردا ساقلانغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 3 مىليارد 658 مىليون يۈەن بولۇپ، 44.42% تۆۋەنلىدى. بىر يىللىق خىراجەت سوممىسى 1 مىليارد 516 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، پايدا سوممىسى 166 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.86 ھەسسە ئاشتى؛ دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان باج سوممىسى 137 مىليون يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىغىچە سىستېما بويىچە قانۇنىي ئىگە ئورۇن 1395كە، كەسپىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 3934كە يەتتى. قانۇنىي ئىگە ئورۇنلار ئىچىدە، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 192، پاي كونترول شىركىتى 154، 2 يۇلتۇزلۇقتىن يۇقىرى مېھمانخانا 7. يىل ئاخىرىغىچە تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىكى كەسپكار 32 مىڭ 46گە، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىم 16 مىڭ 805كە، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملار ئىچىدە، پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشقان خادىم 15 مىڭ 520گە، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش كۆلىمى 92.35%كە يەتتى.

شۆ لىمىن

### تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈش تىجارىتىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈش تۈرىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن 400 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈش تىجارىتى ئارقىلىق ياراتقان پايدا 99 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان باج سوممىسى 12 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 316 مىڭ 375 ئائىلە بۇ كوپېراتىپقا ئەزا بولدى.

2002 - يىلى سىستېما بويىچە تۈرلۈك باشلامچى كارخانا 98گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 15 كارخانا مەملىكەت بويىچە تەمىنات - سودا سىستېمىسىدىكى باشلامچى كارخانا بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ پاختا كەسپىي گۇرۇھ شىركىتى، شىنجاڭ مېرىنوس ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، ئاقسۇ تارىم پاختا گۇرۇھى قاتارلىق ئورۇنلار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا بولۇپ باھالاندى. بۇ باشلامچى كارخانىلار 1 مىليون 209 مىڭ 747 دېھقان ئائىلىسىنى يېتەكلەپ، دېھقانلارنىڭ 3 مىليارد 478 مىليون 980 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىشىغا ياردەم بەردى. سىستېما بويىچە تۈرلۈك كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن 158ى قۇرۇلدى، كوپېراتىپقا 6221 دېھقان ئائىلىسى ئەزا بولدى، 9 مىليون 370 مىڭ يۈەن پاي قىلىپ قوشۇلدى، بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ 64 مىليون 70 مىڭ يۈەنلىك كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ياردەم بېرىلدى؛ سىستېما بويىچە تۈرلۈك تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تاۋار بازىسىدىن 110ى قۇرۇلدى، تېرىقچىلىق كۆلىمى 22 مىڭ گېكتارغا، بىرلەشكەن دېھقان ئائىلىسى 177 مىڭ 530غا يەتتى، كوپېراتىپنىڭ ياردىمىدە دېھقانلارنىڭ كىرىمى 35 مىليون 310 مىڭ يۈەن ئاشتى.

يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە، كەنت دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال

مۇلازىمەت پونكىتىدىن 1298ى، زىرائەت دوختۇرخانىسىدىن 343ى قۇرۇلدى. بىر يىلدا دېھقانلارغا يەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش بويىچە 60 مىڭ 200 گېكتار يەردە ئۈلگە كۆرسىتىلدى، 211 مىڭ 500 گېكتار يەر نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاندى، 134 مىڭ 900 دېھقان (قېتىم) غا تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت مۇلازىمىتى قىلىندى، دېھقانلار 2 مىليون 840 مىڭ يۈەنلىك ئۇرۇق ۋە مايما بىلەن تەمىنلەندى.

شۆ لىمىن

## پاختىچىلىق خىزمىتى

2002 - پاختا يىلىدا (2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە) شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 505 مىڭ 100 توننا پاختا سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ سېتىۋالغىنى 685 مىڭ 800 توننا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 46 مىڭ 900 توننا ئاز سېتىۋېلىندى؛ بىڭتۈەننىڭ سېتىۋالغىنى 635 مىڭ 300 تونىغا يېتىپ، 25 مىڭ 700 توننا كۆپ سېتىۋېلىندى؛ باشقا يوللار بويىچە سېتىۋېلىنغىنى 184 مىڭ تونىغا يەتتى.

2002 - يىللىق پاختا يىلىدا، ئىچكى پاختا بازارلىرى 2 يىلدىن بۇيانقى بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، باھا ئۆرلىدى، نەتىجىدە بازاردىكى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ۋەزىيىتى جانلىنىپ، سېتىش ۋەزىيىتى ياخشىلاندى. 2002 - يىل 9 - ئايدىن 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئىچكى بازارلاردىكى بىر توننا پاختىنىڭ باھاسى 10 مىڭ 100 يۈەندىن 11 مىڭ 100 يۈەنگە ئۆرلەپ، ھەر تونىسىنىڭ باھاسى 1000 يۈەن ئۆستى؛ 2 - ئاي كىرگەندىن كېيىن، ئىچكى بازاردىكى پاختا باھاسىنىڭ ئۆرلىشى كۆرۈنەرلىك تېز بولدى، 4 - ئاينىڭ بېشىدا بازارلاردىكى بىر توننا پاختىنىڭ باھاسى ئەڭ يۇقىرى نۇقتىدا 13 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پاختا سېتىۋېلىش كارخانىلىرى بازار باھاسىنىڭ زور دەرىجىدە قايتا ئۆرلىشىدەك پايدىلىق پۇرسىتىنى تۇتۇپ، تۆمۈريول قاتارلىق تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ماسلىشىشى ئارقىسىدا پاختا سېتىش ۋە يۆتكەشنى تېزلەتتى. 2003 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ناھايىتى ئاز بىر قىسىم پاختا يىپ ئېگىرىشكە قالدۇرۇلغاندىن سىرت، جايلاردىكى پاختا ئاساسەن سېتىلىپ بولدى.

لى كەي

## يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى سىستېمىسى دېھقانلارنى 988 مىڭ 200 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئازوتلۇق ئوغۇت 469 مىڭ 600 توننا، فوسفورلۇق ئوغۇت 508 مىڭ 500 توننا، كالىيلىق ئوغۇت 10 مىڭ 100 توننا، 2556 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 14 مىڭ 33 توننا سۇلياۋ يوپۇق بىلەن تەمىنلىدى.

2002 - يىلى ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كارخانىلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تىجارىتى ۋە دېھقانلارغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى جەريانىدا «دېھقانلار شاتلىقى» زەنجىرسىمان تىجارەت مۇلازىمەت تورىدىن ئىبارەت ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنى سۈپەتلىك، ئەرزان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «دېھقانلار شاتلىقى» زەنجىرسىمان تىجارەت تور - نۇقتىسى 327گە يەتتى، زەنجىرسىمان تىجارەت مۇلازىمەت ئاپپاراتى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 58 ناھىيە، شەھەرگە تارقالدى، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى %70كە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كارخانىلىرى سودا - سانائەت، تېخنىكا نازارەتچىلىكى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن پائال ماسلىشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازارلىرىنىڭ تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتتى، يالغان، ساختا تاۋارلارنى ياساپ سېتىپ، دېھقانلارنى شۇلىۋالىدىغان، دېھقانلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان قىلمىشلارغا زەربە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى. جايلاردىكى تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كارخانىلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تىجارىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بويىچە يەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. زىرائەت دوختۇرخانىسى قۇرۇش ئارقىلىق يەرنى نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش، مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، دېھقانچىلىق دورىسىنى ئىلمىي ئىشلىتىشنى قانات يايدۇردى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تاۋارلىرىنىڭ يېڭى سورتلىرىنى كېڭەيتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردى.

ۋاڭ يەنپىڭ

## تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى پاختا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كارخانىسى قاتارلىق ئەۋزەللىككە ئىگە كارخانىلارنى پاي كونترول تۈزۈمىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتتى، رىقابەت ئەۋزەللىكى يوق بازارلارنى پۈتۈنلەي قويۇۋەتكەن كارخانىلارنى تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق جانلاندۇردى، كۆپ زىيان تارتقان، زىياننى تۈگىتىشتە ئۈمىد يوق كارخانىلارنى قانۇن بويىچە ۋەيران قىلدى. 11 كارخانا گۇرۇھى، 30 مەركىزىي كوپېراتىپ تەشكىل قىلدى. 17 ناھىيە (شەھەر) دە، بىر ناھىيەدە بىر كوپېراتىپ بولۇش، 34 ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدا بىر كوپېراتىپتا ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى ئىسلاھ قىلىش، قايتا تەشكىللەش ئارقىلىق قەرزنى 304 مىليون يۈەن ئازايتتى.

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى كارخانىلىرى 3 تۈرلۈك تۈزۈم ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىنىڭ ئىچكى تىجارەت مېخانىزمىنى جانلاندۇردى. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا رىغبەتلەندۈرۈش، چەكلەپ تۇرۇش، نازارەتچىلىك قىلىش، تەقسىملەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىچكى قىسىمدىكى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ۋە خالىسانە نازارەت قىلغۇچىلار تۈزۈمىنى كۈچەيتتى، بىر قىسىم كارخانىلاردا يىللىق مائاش تۈزۈمى ۋە تىجارەتچىلەر كۆپ قىسىم پاينى ئىگىلەپ تۇرۇش چارىسى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە سىستېما بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 30 مىڭ 500گە يەتتى، جەمئىيەتتىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 1559 كىشى قوبۇل قىلىندى، 5291 ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئىش ئورنى ئالماشتۇرۇلۇپ ئارقاقلاشتۇرۇلدى.

2002 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، سانجى ئوبلاستلىق، بورتالا ئوبلاستلىق، ئىلى ئوبلاستلىق، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى ئۇدا پايدا ئالدى؛ بايىنغولىن ئوبلاستلىق، خوتەن ۋىلايەتلىك، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك، قاراماي شەھەرلىك، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق، ئالتاي ۋىلايەتلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى زىيان تارتىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ پايدا ئالىدىغان بولدى. تۇرپان ۋىلايەتلىك، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى زىيان تارتتى.

شۇ جىنجياڭ

## ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى 2001 ـ يىلدىكى 495 تىن 415 كە ئازايتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قايتىدىن تەشكىللەنگەن مەركىزىي كوپېراتىپ 30، بىر ناھىيەدە بىر كوپېراتىپ بولۇش يولغا قويۇلغان ئورۇن 17، بىر كوپېراتىپتا 2 خىل تۈزۈم بولۇش يولغا قويۇلغان كوپېراتىپ 34. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى زىياننى 2001 ـ يىلدىكىدىن 1 مىليون 264 مىڭ يۈەن ئازايتتى.

مۇھەممەت ئىسھاق

# ئاشلىق ـ باغ ستىمۇبلىش ـ سېتىش

## ئاشلىق ـ باغ ئوبوروتى

2002 ـ ئاشلىق يىلى (2002 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە) دا شىنجاڭ بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 8 مىليون 710 مىڭ توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 3 مىليون 860 مىڭ توننا، كۆممىقوناق 3 مىليون 820 مىڭ توننا. ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 1 مىليون 446 مىڭ توننا بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 11 مىڭ 700 توننا ئازايدى (بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 1 مىليون 348 مىڭ توننىغا يېتىپ، 116 مىڭ توننا ئاشتى؛ كۆممىقوناق 73 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 91 مىڭ 500 توننا ئازايدى) . ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار، تارباغاتاي، سانجى، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق بۇغداينى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشنى ساقلاپ كېلىۋاتقان 6 ۋىلايەت، ئوبلاست مۇشۇ يىلدا سېتىۋالغان بۇغداي 604 مىڭ توننا بولۇپ، 47 مىڭ توننا ئاز سېتىۋېلىندى، پىلاننىڭ %78.2 ى ئورۇندالدى. ئۈرۈمچى، قاراماي، تۇرپان، قۇمۇل، شىخەنزە، بايىنغولىندىن ئىبارەت ئاشلىقنى قويۇۋەتكەن 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر سېتىۋالغان ئاشلىق 162 مىڭ توننىغا يېتىپ، 13 مىڭ توننا ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بايىنغولىن ئوبلاستى سېتىۋالغان ئاشلىق 90 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 19 مىڭ توننا ئاشتى.

2002 ـ يىلدىكى ئاشلىق يىلىدا ئىچكىرىدىن تۆۋەن باھالىق ئاشلىق كىرگۈزۈلگەنلىكتىن، ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىقنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى

بازار باھاسىدىن يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى ساتقان ئاشلىق 1 مىليون 239 مىڭ توننا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 612 مىڭ توننا ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى ساتقان ئاشلىق 209 مىڭ توننا بولۇپ، 65 مىڭ 100 توننا ئازايدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئامباردا ساقلانغان ئوبوروت ئاشلىقى 2 مىليون 778 مىڭ تونناغا يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن 305 مىڭ توننا كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 2 مىليون 678 مىڭ تونناغا يېتىپ، 392 مىڭ توننا ئاشتى، كۆممىقوناق 62 مىڭ 500 توننا بولۇپ، 63 مىڭ 100 توننا ئازايدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى 148 مىليون يۈەن زىيان تارتتى، زىيان 2001 - يىلدىكىدىن 57 مىليون 500 مىڭ يۈەن كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانجى، ئۈرۈمچى، قاراماي، بورتالادىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى 16 مىليون 270 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، ئالتاي، بايىنغولىن، تۇرپان، قىزىلسۇ، شىخەنزىدىن ئىبارەت 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى زىيانىنى 28 مىليون 790 مىڭ يۈەن ئازايتتى، ئاقسۇ، خوتەن، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار، تارباغاتاي، قۇمۇلدىن ئىبارەت 6 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى 69 مىليون 830 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

2002 - ئاشلىق يىلىدا شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى سېتىۋالغان ياغلىق دان 25 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 14 مىڭ 100 توننا، ساتقان ياغلىق دان 36 مىڭ 300 توننا بولۇپ، 5500 توننا كېمەيدى، ئامبار قالدۇقى 18 مىڭ 300 توننا بولۇپ، 15 مىڭ 700 توننا كېمەيدى.

لى شياۋ

## ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى تەرەققىياتى تېزلەتتىلدى. ئۈرۈمچى، قاراماي، تۇرپان، شىخەنزە، قۇمۇل، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە كۆيتۇڭ شەھىرى ئاشلىق سېتىۋېلىش، ئاشلىق بازىرى ۋە ئاشلىق باھاسىنى قويۇۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىقنى سېتىۋېلىش - سېتىشنى بازارلاشتۇرۇشنى يولغا قويدى. ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار ۋە تارباغاتاي، ئالتاي، سانجى، ئاقسۇ، بورتالا، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار بۇغداينى قوغداش باھاسى بويىچە كەڭتاشا سېتىۋېلىش سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار ۋە تارباغاتاي، سانجى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار بۇغداي سېتىۋېلىش جەھەتتە دۆلەتنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى بويىچە 772 مىڭ توننا ئاشلىق سېتىۋېلىشنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كۆممىقوناقنى دۆلەتنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش دائىرىسىدىن چېكىنىپ چىقتى. بۇغداينىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن قوغداش باھاسىنى داۋاملىق ئاپتونوم رايون بېكىتتى. بۇنىڭدا ئايرىم باھا بېكىتىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلار قاتارلىق بۇغداينى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ساقلاپ قالغان 6 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئىجرا قىلدى، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسىدىن باشقىلىرى ۋە ئالتاي، بورتالا، قىزىلسۇدىن ئىبارەت بىر ۋىلايەت، 2 ئوبلاست بۇغداي سېتىۋېلىش جەھەتتە قوغداش باھانى ئىجرا قىلدى.

ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى جەھەتتىكى يۈرۈشلەشكەن سىياسەت، تەدبىرلەر داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. بىرىنچىدىن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار زاپاس ئاشلىق كۆلىمىنى 2002 - يىلدىن باشلاپ 3 يىل ئىچىدە 750 مىڭ توننىدىن 300 مىڭ تونناغا ئازايتتى. زاپاس ئاشلىق تۈرى جەھەتتە، بۇغداي، كۆممىقوناق زاپاس ئاشلىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىدى. ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋا ماللارنى قوغداشقا كېرەكلىك يەم بوغۇز ئاشلىقى ئامباردا ساقلىنىۋاتقان كۆممىقوناقتىن ھەل قىلىندى ھەمدە ئەسلىدىكى زاپاس كۆممىقوناقنى ساقلاشقا كېتىدىغان خىراجەت مۇۋاپىق باھا قوشۇمچە ياردىمىگە ئىشلىتىلدى. ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايون ئاشلىقنىڭ مۇۋاپىق ئوبوروت قىلىنىدىغان زاپاس تۈپ سانىنى 1 مىليون 200 مىڭ توننىدىن 600 مىڭ تونناغا ئازايتتى. ئىلى قاتارلىق 9 ۋىلايەت، ئوبلاست ئاشۇرۇپ ساقلاشقا قوشۇمچە ياردەم بېرىش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويدى. 600 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتكەن مۇۋاپىق ئوبوروت قىلىنىدىغان زاپاس تۈپ ساندىن باشقا ئاشلىققا خىراجەت ۋە ئۆسۈم قوشۇمچە ياردەم پۇلى بەردى. ئۈچىنچىدىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق خەۋپ-خەتىرى فوندىنى باشقۇرۇش چارىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىشنى بازارلاشتۇرغان 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ئىسلاھاتنى قوللاش ئۈچۈن، ھەر يىلدىن 3 يىلغىچە ئاپتونوم

رايوننىڭ ئاشلىق خىزمەتچىلىرى فوندىدىن مۇناسىپ قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق خىزمەتچىلىرى فوندىدىن بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەمنىڭ دائىرىسى مۇنداق بولدى: ھەرلىكنىڭ ئاشلىق ساقلىشىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم، ئاشۇرۇپ ساقلاشقا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەمگە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، قوشۇمچە ياردەم ئاساسلىقى ئاپتونوم رايوندا سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بويىچە يۇقىرى باھالىق ئاشلىق جەھەتتە كۆرۈلگەن پەرق ئۈچۈن بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم، كونا ئاشلىقنى بىر تەرەپ قىلىشقا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم، يېڭى - كونا ئاشلىقنى ھەزىم قىلىش جەھەتتە مالىيىدە، نىبىي قالغا ھېسابات ئۆسۈمىگە بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەمگە ئىشلىتىلدى.

لى شياۋ

## دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ئەھۋالى

2002 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، دۆلەت باج ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى قاتارلىق 9 ئورۇن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا: جايلاردىن دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى پائال، مۇۋاپىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، زاكاز يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئارتۇق خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن سىياسەت تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىسى 134 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 58ى ئازايدى. سانجى ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش گۇرۇھى قۇرۇلدى، ئىلى، تارباغاتاي، قاراماي، شىخەنزە، بايىنغولىن قاتارلىق جايلار پائال پىلان تۈزۈپ قۇرۇش باسقۇچىدا تۇرماقتا. جايلاردىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى مۈلۈكنى بەلۋاغ قىلىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بولغان بىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، «ئامبار بىلەن زاۋۇتنى بىرلەشتۈرۈش»نى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى پائال يولغا قويدى. ئۈرۈمچى قاتارلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىشنى بازارلاشتۇرغان 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ سېتىۋېلىش-سېتىش كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش قەدىمى كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى. قىسقارتىپ تارقاقلاشتۇرۇلغان خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 8654 بولۇپ، 2861ى ئازايتىلدى، كۆپ قىسىم كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى شۇ جايدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا كىردى. سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىغا چىقالايدىغان، ئىش ئورنىدىن چۈشەلەيدىغان، كىرەلەيدىغان، چىقالايدىغان يېڭى ۋەزىيەت ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. سېتىۋېلىش-سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي يوللۇق رولى جارى قىلدۇرۇلدى. بۇغدايىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى، يېزىلاردا قالدۇرۇلغان ئاشلىق ھەمدە سېتىۋېلىش مىقدارى بويىچە مۆلچەرىي ھېسابلاشقا قارىغاندا، 2002 - يىلى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى سېتىۋالغان بۇغداي دېھقانلار سېتىپ بەرگەن ئومۇمىي بۇغدايىنىڭ 65.8%نى ئىگىلىگەن.

لى شياۋ

## ئاشلىقنى كەسپلەشتۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدىكى 80%تىن يۇقىرى ئاشلىق ئورۇنلىرى باشقۇرغان كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى، ئۇن تارتىش، ياغ تارتىش، يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە گۈرۈچ پىششىقلاش ساھەسىدە مەلۇم كۆلەمگە ئىگە باشلامچى كارخانىدىن 15ى بارلىققا كەلدى، بۇلارنىڭ سېتىش كىرىمى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەتنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. «ئالتۇن غەربىي يۇرت» يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تەيكۇن» گۇرۇھى، شىنجاڭ تەڭرىتاغ ئۇنى گۇرۇھىدىن ئىبارەت 3 كارخانىنىڭ يىللىق سېتىش سوممىسى 200 مىليون يۈەنگە يېقىنلىشىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ، ئاپتونوم رايونغا تەسىر كۆرسىتىدىغان باشلامچى، تايانچ كارخانىغا ئايلاندى. قەشقەر «1 - ئاۋغۇست»، ئىلى «كائىدا»، ئاقسۇ «جىنگۇ»، سانجى «سىجۇن»، چاڭجىنىڭ يەم - بوغۇزى قاتارلىق بىر تۈركۈم

رايون خاراكتېرلىك باشلامچى كارخانىلار دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، ئۇلارنىڭ يىللىق سېتىش سوممىسى 40 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، شۇ جاينىڭ ئاشلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. جايلاردىكى ئاشلىق باشلامچى، تايانچ كارخانىلىرى «زاكاز» ئارقىلىق ئاشلىقنى كەسپلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنى، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە داڭلىق ماركىلىق ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىدىن: «ئالتۇن غەربىي يۇرت»، «تەڭرىتاغ» ۋە «كاڭدا» ئۇنلىرى، «بېشى» سۇ يېغى، «مىجۇەن» گۈرۈچى ۋە «ئالتۇن شىرە»، «جېڭدا»، «تەيكۇن» يەم - بوغۇزى بار. 2001 — 2002 - يىللىرى 28 مەھسۇلات «خاتىرجەم ئىستېمال قىلىدىغان ئۇن - ياغ» دېگەن نامغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك مەھسۇلات 8. دۆلەت سۈپەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق «ئالتۇن غەربىي يۇرت» قاتارلىق 3 ئاشلىق كارخانىسى ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى «دۆلەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنغان مەھسۇلات» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى شياۋ

## تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىشنى قوشۇمچە ياردەم ئاشلىقى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى 7 ناھىيە (شەھەر) دىن 65 ناھىيە (شەھەر) گە كېڭەيدى، كۆلىمى 7200 گېكتاردىن 73 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى، ھەر 0.07 گېكتار يەرنى 100 كىلوگرام يېرىك ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى تەمىنلىگەن ئاشلىق (يېرىك ئاشلىق) 82 مىڭ 600 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2000 - يىلدىكىسى 10 مىڭ 500 توننا، 2001 - يىلدىكىسى 21 مىڭ توننا، 2002 - يىلدىكىسى 51 مىڭ 200 توننا، تەمىنات ئاشلىقىنىڭ ئوتتۇرىچە باھا تەننەرخى ھەر كىلوگرامىنىڭ 1.475 يۈەن بولدى.

لى شياۋ

# تاشقى ئىقتىساد - سودا

## تاشقى ئىقتىساد - سودا ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 692 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %52.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 308 مىليون 490 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %95.8 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ %6.78نى، مەملىكەت بويىچە ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %0.4 ىنى ئىگىلىدى.

ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى: چالا مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 402 مىليون 280 مىڭ دوللار بولۇپ، ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %30.74نى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 906 مىليون 210 مىڭ دوللار بولۇپ، %69.26نى ئىگىلىدى.

ئېكسپورت تاۋارلىرى 118 دۆلەت ۋە رايونغا سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قازاقىستانغا سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 441 مىليون 970 مىڭ دوللار، قىرغىزىستانغا سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 99 مىليون 500 مىڭ دوللار، ئەزەربەيجانغا سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 86 مىليون 270 مىڭ دوللار، ئىتالىيىگە سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 79 مىليون 740 مىڭ دوللار، ئامېرىكىغا سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 75 مىليون 960 مىڭ دوللار، پاكىستانغا سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 66 مىليون 560 مىڭ دوللار، شياڭگاڭغا سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 66 مىليون 400 مىڭ دوللار، تەيۋەنگە سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 51 مىليون 230 مىڭ دوللار، روسىيە فېدېراتسىيىسىگە سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 47 مىليون 180 مىڭ دوللار، كورىيىگە سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 45 مىليون 700 مىڭ دوللار، ياپونىيىگە سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 28 مىليون 400 مىڭ دوللار، ھىندونېزىيىگە سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 25 مىليون 350 مىڭ دوللار.

ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 383 مىليون 370 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %25.7 ئاشتى.

ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى: چالا مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت سوممىسى 287 مىليون 820 مىڭ دوللار بولۇپ، ئىمپورت سوممىسىنىڭ %20.81نى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 95 مىليون 550 مىڭ دوللار بولۇپ، %79.19نى ئىگىلىدى.

ئىمپورت تاۋارلىرى 59 دۆلەت ۋە رايوندىن ئىمپورت قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، قازاقىستاندىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 923 مىليون 580 مىڭ دوللار بولۇپ، %66.76نى، روسىيە فېدېراتسىيىسىدىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 168 مىليون 220 مىڭ دوللار بولۇپ، %12.16نى، قىرغىزىستاندىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 54 مىليون 370 مىڭ دوللار بولۇپ، %3.93نى، ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ

سوممىسى 49 مىليون 840 مىڭ دوللار بولۇپ، %60.3نى، گېرمانىيىدىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 35 مىليون 620 مىڭ دوللار بولۇپ، %57.2نى، ئىتالىيىدىن ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ سوممىسى 32 مىليون 30 مىڭ دوللار بولۇپ، %32.2نى ئىگىلىدى.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## 2002 - يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد- سودا يەرمەنكىسى

بۇ يەرمەنكە 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 38 دۆلەت ۋە رايون شۇنىڭدەك دۆلىتىمىزدىكى 20 ئۆلكە، رايون، شەھەردىن بولۇپ 13 مىڭدىن ئارتۇق جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك سودىگەر، ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى يەرمەنكىگە قاتناشتى. يەرمەنكىدە ئىمزالانغان تاشقى ئىقتىساد - سودا توختام سوممىسى 1 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودا ئېكسپورتى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 485 مىليون دوللارغا، ئىمپورت بويىچە زاكاز قىلىنغان ماللارنىڭ سوممىسى 805 مىليون دوللارغا، تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 210 مىليون دوللارغا يەتتى، ئىچكى سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 31 مىليارد 177 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى سودا پۈتۈشۈش سوممىسى 7 مىليارد 543 مىليون يۈەن خەلق پۇلى، ئىچكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 23 مىليارد 634 مىليون يۈەن خەلق پۇلى.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## چېگرا سودىسى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسى بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 543 مىليون 700 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %57.4 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %57.35نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 472 مىليون 180 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %156.4 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، سۈنئىي تالالىق رەخت، سۇلياۋ ياسالما، كەڭگىس گۈرۈچى، رەڭسىز تېلېۋىزور، ئېلېكتر - چىراغ ۋە يورۇتۇش قۇرۇلمىسى، كوكس ۋە يېرىم كوكس، ئائىلە سايمانلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان مېتال سەپلىمە، تام قەغىزى قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 71 مىليون 520 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %34.5 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: ئىنچىكە تاۋلانغان مىس، ئىنچىكە تاۋلانغان مىس سىم، كېرەكسىز پولات، سوغۇق پروكاتلانغان تاختا، ئاليۇمىنلىق قېتىشما، سىنىك، قىزىق پروكاتلانغان تاختا، كېرەكسىز ئاليۇمىن، تۆمۈر رۇدىسى ۋە ئىنچىكە تاللانغان رۇدا، داغال ۋە باشقىلار.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## قازاقىستان بىلەن بولغان سودا

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ قازاقىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 1 مىليارد 365 مىليون 550 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %51.07 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ %50.73نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 441 مىليون 970 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %111.61 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: گۈرۈچ، يېمەكلىك، مېۋە - چېۋە، كۆكتات، چاي، تاماكا، كوكس، تەييار ماي، قەغەز، ئېگىرىلگەن يىپ ۋە توقۇلما بۇيۇم، كىيىم - كېچەك، ئاياغ - باش كىيىم، چايدان، سىر، سۇلياۋ تاغار، تۈرلۈك پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى، ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقىلار. ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 923 مىليون 580 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %32.88 ئاشتى، ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: پولات ماتېرىيال، خىمىيىۋى ئوغۇت، كېرەكسىز پولات، ئاليۇمىن ماتېرىيال، كېرەكسىز ئاليۇمىن، مىس ماتېرىيال، كېرەكسىز مىس، ئوكسىدلانغان ئاليۇمىن، تېرە، قوي يۇڭى، قىسقا تۈۋىت، پاختا قاتارلىقلار.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## روسىيە بىلەن بولغان سودا

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ روسىيە بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 215 مىليون 400 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %75.8 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %8نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 47 مىليون 180 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %43 ئاشتى، ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: پەمىدۇر قىيامىسى، تۈرلۈك مېۋە شەربەتلىرى، كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، توڭلىتىلغان چوشقا گۆشى، سۇلياۋ ياسالما، تاماكا قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 168 مىليون 220 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %87.87 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: ئايروپىلان ماتورى ۋە سەپلىمىلىرى، ئاپتوموبىل، پولات ماتېرىيال (كېرەكسىز پولات ماتېرىيالمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئاليۇمىن ماتېرىيال

(كېرەكسىز ئالىيۇمىنىي شۇنىڭ ئىچىدە)، رەڭلىك مېتال، خىمىيىۋى ئوغۇت، خىمىيە سانائىتىگە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار، پولىئېتىلېنلىق سۇلياۋ، ئاخبارات قەغىزى، ياغاچ ماتېرىيال قاتارلىقلار.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## قىرغىزىستان بىلەن بولغان سودا

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ قىرغىزىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 153 مىليون 870 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %55.44 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ %5.72نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 99 مىليون 500 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %74.84 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: گۈرۈچ، ناتىرىي سىئاند، قوي يۇڭى، پاختا رەخت، يىرىكمە تالالىق رەخت، كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، دان ئايرىش ماشىنىلىرى ۋە باشقىلار. ئىمپورت سوممىسى 54 مىليون 370 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %29.2 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: قىسقا تىۋىت، سىماپ، تېرە، كېرەكسىز سىم، كېرەكسىز پولات، كېرەكسىز مىس، كېرەكسىز ئالىيۇمىن ۋە باشقىلار.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## پاكىستان بىلەن بولغان سودا

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ پاكىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 69 مىليون 370 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %698.27 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ %2.58نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 66 مىليون 560 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %1035.8 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: پاختا، سۈنئىي تالالىق رەخت، كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، دىزېلماتور سەپلىمىلىرى، ترانسفورماتور، تۈرلۈك ئېلېكتر - چىراغ، كۆز ئەينەك، سائەت، ئويۇنچۇق ۋە باشقىلار. ئىمپورت سوممىسى 2 مىليون 810 مىڭ دوللار بولۇپ، %0.6 تۆۋەنلىدى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: مېۋە - چېۋە، قىسقا تىۋىت، فتالىك كىسلاتاسى ۋە باشقىلار.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## موڭغۇلىيە بىلەن بولغان سودا

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ موڭغۇلىيە بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 4 مىليون 210 مىڭ دوللار بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %51 تۆۋەنلەپ، ئاپتونوم رايون ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ %0.16نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 80 مىڭ دوللار بولۇپ، %43.6 تۆۋەنلىدى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: يېغداي ئۇنى، ئاپتوموبىل بېنزىنى ۋە ئاۋىئاتسىيە بېنزىنى، يېنىك دىزېلىن ۋە باشقىلار. ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 130 مىڭ دوللار بولۇپ، %64 تۆۋەنلىدى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار مۇنۇلار: ئات تېرىسى، كالا تېرىسى، قوي تېرىسى ۋە كۆرپە، تارالمىغان ئۆچكە تىۋىتى، تارالمىغان ھايۋانات يېرىك يۇڭى ۋە باشقىلار.

ۋاڭ يۈەنشۈن

## شىنجاڭدىكى 3 كارخانا مەملىكەت بويىچە 500 كۈچلۈك ئىمپورت - ئېكسپورت كارخانىسى قاتارىغا ئۆتتى

سودا مىنىستىرلىكى 2002 - يىلى جۇڭگودىكى ئېكسپورت سوممىسى ئەڭ كۆپ بولغان 200 كارخانا ۋە ئىمپورت سوممىسى ئەڭ كۆپ بولغان 500 كارخانىنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭدىن 3 كارخانا مۇشۇ قاتارغا كىردى. ئۇلار: «شىنتيەن» خەلقئارا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى (127 - ئورۇنغا تىزىلدى)، شىنجاڭ «ياشىن» خەلقئارا ئىقتىساد - سودا پاي چەكلىك شىركىتى (344 - ئورۇنغا تىزىلدى)، شىنجاڭ تاشقى ئىقتىساد - سودا (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (366 - ئورۇنغا تىزىلدى) دىن ئىبارەت.

شىن جيەن

## جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1. تاشقى ئالاقە خىزمىتى. 2002 - يىلى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتى پاكىستان، قازاقىستان، روسىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ياپونىيە، ئامېرىكا، ئىتالىيە، گېرمانىيە، تەيۋەن قاتارلىق 10 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 18 ئۆمەك تەركىبىدىكى 100 دىن ئارتۇق چەت ئەللىك مېھماننى زىيارەتكە ۋە سودا سۆھبىتىگە تەكلىپ قىلدى ۋە كۈتۈۋالدى.

2002 - يىلى كۈتۈۋېلىنغان ئاساسلىق ئۆمەك، گۇرۇپپا مۇنۇلار: قازاقىستان دۆلەتلىك سودا - سانائەتچىلەر جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 38 كىشى، پاكىستان مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر جەمئىيىتى ئىممىۋى مۇناسىۋەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى شېك. موخا ئەپەندى ۋە راۋالپىندى، ساگىدا قاتارلىق رايونلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى، ياپونىيە شاڭجۇەن سەنجىڭ شىركىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى

شىپەنتسىيەنىجبىگچى قاتارلىق 5 كىشىلىك ئۆمەك - گورۇپپىدىن ئىبارەت.

دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ھەمدە ياۋروپا ئىتتىپاقى تەشكىلاتى بىلەن سۆزلىشىشنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، شۆبە جەمئىيەت ۋە قەشقەردىكى تارماق جەمئىيەت ئورۇنچى ۋە قەشقەردە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لېۋون لېكسىيە سۆزلىگەن جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش- ئەمەلىي سودا تەدبىرلىرى توغرىسىدىكى ئالىي دەرىجىلىك مۇھاكىمە يىغىنى ئۆيۈشتۇردى. مۇھاكىمە يىغىنىغا 400 نەچچە ئادەم قاتناشتى.

2002 - يىلى شۆبە جەمئىيەت يەنە شىنجاڭدىكى كارخانىلارنى تايلاند، گېرمانىيە، قازاقىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە سۆھبەتكە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى ۋە ياردەم قىلدى.

2. كۆرگەزمە خىزمىتى. 2002 - يىلى شۆبە جەمئىيەت 4 قېتىم خەلقئارا ۋە ئىچكى كەسپىي خاراكتېرلىك كۆرگەزمە ئۆتكۈزدى ۋە بىرلىشىپ ئۆتكۈزدى. بۇلار 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ خەلقئارا ئاپتوموبىل، موتسىكلىت ساناىتى كۆرگەزمىسى، 2002 - يىللىق شىنجاڭ خەلقئارا مېھمانخانا بۇيۇملىرى، ئۈسكۈنىلىرى، يېڭى تىپتىكى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە خەلقئارا ساياھەتچىلىك بۇيۇملىرى، ساقلاملىق سايمانلىرى، ساقلاملىق تەنتەربىيە كۆڭۈل ئېچىش كۆرگەزمىسى، 2002 - يىللىق تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئىلان باسما تېخنىكىسى كۆرگەزمىسى، 2002 - يىللىق شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قىشلىق كىيىم - كېچەك، ئۆي جاھازلىرى، كۈندىلىك تاۋارلار ۋە بايراملىق بۇيۇملار، چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە كۆرگەزمىدىن ئىبارەت.

شۆبە جەمئىيەت ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ئاياللار، بالىلار بۇيۇملىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە ئۇششاق تاۋارلار كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىدى، شىنجاڭ خەلقئارا مېۋە - چېۋە بايرىمى، شىنجاڭ ساياھەت بايرىمى ئاپتوموبىل، موتسىكلىت ئوبراز خېنىمى، ئوبراز ئەپەندىسى، يول باشلاش ئوبراز مۇسابىقىسى قاتارلىق كۆرگەزمە پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى ۋە ياردەم بەردى.

3. قانۇنچىلىق خىزمىتى. 2002 - يىلى شۆبە جەمئىيەت سالامەتلىكنى دەلىللەش، سۈغۇرتىنى دەلىللەش، مۆرەسە قىلىش، مەسلىھەت بېرىش، كېسىم چىقىرىش قاتارلىق دۆلەتلىچى ۋە سىرتىغا چېتىلىدىغان كەسپىي ئىشلارنى بېجىرىشنى يولغا قويدى.

بىر يىلدا ئەسلى چىققان جاي گۇۋاھنامىسىدىن 400 نەچچە نۇسخا، شەكىللىك تالوندىن 200 نەچچە نۇسخا ئىمزا قويۇلۇپ تارقىتىلدى، چىقىرىپ بېرىلگەن گۇۋاھنامىلار دۇنيا بويىچە 80 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايونغا چېتىلىدۇ، تۈر جەھەتتە پەمدۇر قىيامى، توقۇلما بۇيۇم، پاختا، خىمىيە سانائىتى خام ئەشيا ماتېرىياللىرى، مېتال مەھسۇلاتلار ئاساس قىلىندى. تاشقى سودا تالونىنى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلار 40 نەچچە نۇسخا تالوننى دەلىللىدى.

شۆبە جەمئىيەت قۇمۇل شەھىرىدە 2002 - يىللىق شىنجاڭ بويىچە تاشقى سودا سىستېمىسىدا گۇۋاھنامە چىقىرىش- دەلىللەش خىزمىتى يىغىنى ۋە ئەسلى چىققان جاي گۇۋاھنامىسىگە ئىمزا قويۇش تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 71 كارخانىدىن 86 كىشى كۇرسقا قاتناشتى ۋە سىنالدى.

4. تەشۋىقات خىزمىتى. 2002 - يىلى شۆبە جەمئىيەت تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق كۆپ مىقداردا خەلقئارا ئىقتىساد - سودا ئۇچۇرلىرىنى توپلىدى ۋە رەتلىدى، بىر يىلدا «شىنجاڭدا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەھۋالى»دىن 12 سان تۈزۈپ تارقاتتى.

لىياڭ جيەنپىڭ

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېكسپورت سوممىسى 20 مىليون دوللاردىن ئاشقان تاۋارلار

| سومما تۈرى | تاۋار نامى | ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | ئېكسپورت سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|
| 80 مىليون دوللاردىن ئاشقىنى (5 خىل) | كىيىم - كېچەك، پەمدۇر قىيامى كونسېرۋاسى، پاختا، ئاياغ كىيىم، ئېگىرىلگەن يىپ، توقۇلما بۇيۇم | 82170 | 62.80 |
| 40 — 60 مىليون دوللارغىچە (بىر خىل) | ئۆي جاھازىسى | 6051 | 4.62 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 20 — 30 مىليون دوللارغىچە (بىر خىل) | سۈلياۋ ۋە سۈلياۋ ياسالما | 3548 | 2.71 |
| جەمئىي | 7 خىل | 91769 | 70.13 |

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىمپورت سوممىسى 20 مىليون دوللاردىن ئاشقان تاۋارلار

| سومما تۈرى | تاۋار نامى | ئىمپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | ئىمپورت سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|
| 100 مىليون دوللاردىن ئاشقىنى (3 خىل) | مىس، مىس ماتېرىيال، پولات ماتېرىيال، كېرەكسىز پولات | 84231 | 60.89 |
| 30 — 80 مىليون دوللارغىچە (بىر خىل) | ئاليۇمىن ۋە ئاليۇمىن ماتېرىيال | 4765 | 3.44 |
| 20 — 30 مىليون دوللارغىچە (4 خىل) | چالا سۈلياۋ، خام نېفىت، خىمىيىۋى ئوغۇت، توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى | 9928 | 7.18 |
| جەمئىي | 8 خىل | 98924 | 71.51 |

ۋاڭ يۈنشۈن

# زېمىن بايلىقى

## زېمىن باشقۇرۇش

### زېمىن بايلىقى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1900 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 1500 كىلومېتىر. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 664 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر. شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىدە ۋە قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن يەر 64 مىليون 155 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4 مىليون 115 مىڭ 900 گېكتار، ئېچىپ پايدىلىنىلغان يەر نىسبىتى 38.5%. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 0.22 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئورۇنلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 0.2 گېكتار، بىڭتۇەندە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 0.4 گېكتار، 15 ~ 25 گرادۇسلۇق يانتۇ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1100 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە ئايرىلغان ئاساسىي ئېتىز - ئېرىق مۇھاپىزەت كۆلىمى 3 مىليون 487 مىڭ 800 گېكتار (بىڭتۇەننىڭ شۇنىڭ ئىچىدە)، قوغدىلىش نىسبىتى 87.46%، زاپاس تېرىلغۇ يەر بايلىقى 14 مىليون 875 مىڭ 188.4 گېكتار، 2030 - يىلدىن ئىلگىرى سۇ بايلىقى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ ئېچىشقا بولىدىغان زاپاس بوز يەر بايلىقى 3 مىليون 319 مىڭ 58.52 گېكتار.

2002 - يىلى يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا خېرىدار چاقىرىش، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، ۋېۋىسكا ئېسىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلەرنى ھەقلىق ئىشلىتىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئاشتى، ئومۇمىي كىرىم 1 مىليارد 11 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 56.2% ئاشتى.

جاڭ فۇشەن، تاڭ جيەنيۇن، ۋېي جۈگىخۇا

### يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغداش

2002 - يىلى شىنجاڭ يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلاتقان تۈرلۈك قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر تۈرى 145 (بۇنىڭ ئىچىدە گوۋۇيۈەنگە يوللاپ تەستىقلىتىلغان تۈر 2). كۆلىمى 20 مىڭ 429.69 گېكتار بولۇپ، ئىشلىتىلىدىغان يەر كۆلىمى پىلان ئىچىدە كونترول قىلىندى. بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 35 مىڭ گېكتار، تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي مىقدارىنىڭ دىنامىكىلىق تەڭپۇڭلۇقى ۋە ئازراق كۆپەيتىشتەك نىشان ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

جاڭ فۇشەن، تاڭ جيەنيۇن، ۋېي جۈگىخۇا

### يەر تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى شىنجاڭدا ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يەرلەرنى دەسلەپكى تىزىملاش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، 34 ناھىيە (شەھەر) دە شەھەر - بازارنىڭ يەر تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، بۇلاردىن 28 ناھىيە (شەھەر) نىڭ يەر تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈش ئىشى تاماملاندى، ئاپتونوم رايون بويىچە تەۋەلىكى ئۆزگەرتىلگەن يەرلەرنى تەكشۈرۈشنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى، يېڭى، كونا يەرلەرنى تۈرگە ئايرىپ تىنچ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە يەرنى سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكا دىنامىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆلچەپ تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر - بازارلارنىڭ زېمىن كىنىشكىسى ۋە مۇستەقىل سانائەت - كان رايونلىرىنىڭ يەر كىنىشكىسىنى يىللىق تەكشۈرۈپ ئالماشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى. زېمىن بايلىقىغا ئائىت ماجىرالارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئىشى كۈچەيتىلدى، بىر يىلدا زېمىن بايلىقى ماجىراسىغا دائىر 1445 دېلو مۇرەسسە قىلىندى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە: يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى ماجىراسىغا دائىر دېلو 1153، ئوتلاقتىن پايدىلىنىش ھوقۇقى ماجىراسىغا دائىر دېلو 81، كان ماجىراسىغا دائىر دېلو 7؛ باشقا ماجىرالارغا دائىر دېلو 204.

بىڭتۇەننىڭ 134 تۇەن - مەيدانىدا يەرنىڭ تەۋەلىك ھوقۇقىنى بەلگىلەش خىزمىتى تاماملاندى، بۇ، يەرنىڭ تەۋەلىك ھوقۇقىنى بېكىتىشكە تېگىشلىك تۇەن - مەيدان ئومۇمىي سانىنىڭ 80% نى ئىگىلىدى. ئاۋىئاتسىيىلىك يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق 12 ناھىيە (شەھەر) دە يەردىن پايدىلىنىشتىكى ئۆزگىرىشلەرنى

تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە شۇ ئاساستا ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك يەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇش خىزمىتى ئىشلەندى. شىنجاڭدىكى زاپاس تېرىلغۇ يەر بايلىقى ۋە يانتۇ تېرىلغۇ يەرلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە قۇملىشىش خەۋپى ئېغىر بولغان 53 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 115 مىڭ گېكتار قۇملىشىپ كەتكەن تېرىلغۇ يېرىنى تەكشۈرۈش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. بۇنىڭ بىلەن تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئېكولوگىيىلىك ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يەر بىلەن تەمىنلەشكە ئاساس يارىتىپ بېرىلدى.

جاڭ فۇشەن، تاڭ جيەنيۇن، ۋېي جۇڭخۇا

## زېمىن بايلىقىنى پىلانلاش

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش ۋە تەستىقلاش ئىشىنى تاماملاش ئاساسىدا يېزا - بازار دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى تەستىقلاش ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلىندى ۋە نازارەت قىلىندى ھەمدە يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى، پىلانىنى يولغا قويۇش، باشقۇرۇش ئىشى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يەر ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. زېمىن بايلىقى ئومۇمىي پىلانى، پىلانىنى يولغا قويۇش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى يۈرۈشلۈك قائىدە - تۈزۈملەر تۈزۈلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئومۇمىي پىلان ۋە پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قېزىلما بايلىقى پىلانىنى تۈزۈش ئىشى قانات يايدۇرۇلدى، زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قېزىلما بايلىق ئومۇمىي پىلانى»نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قېزىلما بايلىق ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ «زېمىن بايلىقى ئاخباراتى» گېزىتىنى چىقىرىش خىزمىتى تاماملاندى.

جاڭ فۇشەن، تاڭ جيەنيۇن، ۋېي جۇڭخۇا

## زېمىن بايلىقى بازىرىنى يېتىشتۈرۈش

2002 - يىلى شىنجاڭدا زېمىن بايلىقى بازىرىنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىش قانات يايدۇرۇلدى. يەر ئىشلىتىشتە قانۇنغا ۋە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىنغان 6339 دېلو، كۆلىمى 1723.37 گېكتار كېلىدىغان يەر ئېنىقلاندى. ئېنىقلانغان مەسىلىلەر قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. 77 شەھەر، ناھىيە (شەھەر) دە بازارلارنىڭ ئۆلچەملىك يەر باھاسىنى مۆلچەرلەش ئىشى قانات يايدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 74 شەھەر، ناھىيە (شەھەر) ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، 10 ناھىيە (شەھەر) دە ئۆلچەملىك يەر باھاسىنى بېكىتىش ئىشى يولغا قويۇلۇپ ۋە تاماملىنىپ يەرنىڭ شەكىللىك بازار قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى. ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتكەن دۆلەت ئىلكىدىكى 15 كارخانىغا ئىلگىرى ئايرىپ بېرىلگەن يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا چېتىشلىق 374 دېلو بىر تەرەپ قىلىندى، ئۇنىڭغا چېتىشلىق يەر كۆلىمى 7 مىليون 885 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، ئومۇمىي باھاسى 614 مىليون يۈەن. 20 ناھىيە (شەھەر) دە يەر سېتىۋېلىش تەييارلىق خىزمىتى يولغا قويۇلدى، سېتىۋېلىنغان يەر كۆلىمى 916 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئۆتتۈنۈپ بېرىلگىنى 113 مىڭ كۋادرات مېتىر، زاپاس يەر 803 مىڭ كۋادرات مېتىر. كانچىلىق ھوقۇقى بازىرىنى قۇرۇش كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى، «كان ئېچىش ھوقۇقىنى ئۆتتۈنۈپ بېرىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «ئاپتونوم رايوننىڭ كانچىلىق ھوقۇقىنى خېرىدار چاقىرىپ كىم ئارتۇق قىلىپ ۋىۋسكا ئېسىپ سېتىشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كان ئېچىش ھوقۇقىنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش تۇنجى كۆرىكى نەق مەيدان يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەشكىللەندى، قومۇلدىكى 2 گرانىت كېنىنى قېزىش ھوقۇقى 800 مىڭ يۈەن ۋە 850 مىڭ يۈەن بىلەن پۈتۈشۈلدى. مەملىكەت بويىچە تۇنجى كۆمۈر كان قېزىش ھوقۇقىنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قوم-شېغىل كېنىنى قېزىش ھوقۇقىنى ۋىۋسكا ئېسىپ ئۆتتۈنۈپ بېرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇيۇشتۇرۇلدى. توقسۇن قاراتاغ كۆمۈر كېنى 49 مىليون يۈەن بىلەن پۈتۈشۈلدى. پىچان ناھىيىسىدىكى 2 قوم - شېغىل كېنىنى قېزىش ھوقۇقىنىڭ ۋىۋسكا ئېسىپ قويۇلغان باھاسى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن ۋە 1 مىليون 240 مىڭ يۈەنلىك باھا بىلەن ئۆتتۈنۈپ بېرىلدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كان قېزىش ھوقۇقى ئۆتتۈنۈپ بېرىلگەن كان 16، ئۆتتۈنۈپ بېرىش ھەققى 46 مىليون 190 مىڭ يۈەن. ھەقلىق ئۆتتۈنۈپ بېرىلگەن كان قېزىش ھوقۇقى 35، ئۆتتۈنۈپ بېرىش سوممىسى 3 مىليون 610 مىڭ يۈەن، خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزگەن شۇجۇ كان ئىشلىرى گۇرۇھى كۇچا ئوقۇر بۇلاق كۆمۈر كېنىنى

مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچتى. دۆلەت مەبلەغ چىقىرىپ تەكشۈرگەن 100دىن ئارتۇق كان باھالاندى. كان تەكشۈرۈش ھوقۇقى قانۇن بويىچە ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن كان 4. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ قۇمۇل شەھىرى «تۇۋۇ» مىس كېنىنى لومىيوزلۇڭ تەكشۈرۈش ۋە شىنجاڭ قۇمۇل شەھىرى يەندۇڭ مىس كېنىنى تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش باھاسى 35 مىليون يۈەن. بىر يىلدا 150 مىليون يۈەن كان بايلىقى تۆلەم ھەققى يىغىۋېلىنىپ خەزىنىگە كىرگۈزۈلدى.

جاڭ فۇشەن، تاڭ جيەنيۇن، ۋېي جۇگۇخۇا

## قانۇننىڭ ئىجراسىنى مەمۇرىي تەپتىش قىلىش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 18 ناھىيە (شەھەر) دە يەر قانۇنىنى ئىجرا قىلىش بويىچە نەمۇنە ناھىيە بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 84 ناھىيە (شەھەر) دە يەر ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، زېمىن بايلىقى قانۇنىغا خىلاپ دېلولارنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى. جايلار يەر ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قانۇنغا خىلاپ 813 قىلمىشنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئالدى. ئاپتونوم رايون ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 7 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق 49 ناھىيە (شەھەر) نىڭ كان بايلىقىنى باشقۇرۇش تەرتىپىنى تىزگىنلەپ رەتكە سېلىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، قېزىلما بايلىق ۋە نېفىت - گاز تەكشۈرۈش مۇپەتتىشلىرى خىزمەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى 16 چوڭ، ئوتتۇرا كانچىلىق كارخانىلىرى ۋە 4 مۇھىم تەكشۈرۈش رايون بەلۋېغىنى نازارەت قىلدى. تۈزەپ تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا تەكشۈرۈش ئىجازەتنامىسىدىن 939نى ئېنىقلاپ چىقتى. كان تەكشۈرۈش ھوقۇقى ئىجازەتنامىسىدىن 198نى قانۇن بويىچە رويخەتتىن ئۆچۈرۈۋەتتى، كان قېزىش ئىجازەتنامىسىدىن 1264نى ئېنىقلاپ چىقتى، 671نى بىكار قىلدى، ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ تارقىتىلغان 454 گۇۋاھنامىنى تۈزەتتى، 716 كۆمۈر كانىنىڭ كان قېزىش ئىجازەتنامىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى ۋە قايتىدىن تەكشۈرۈپ تارقىتىپ بەردى، شەرتكە توشمايدىغان 225 كۆمۈر كانىنىڭ كان قېزىش ئىجازەتنامىسىنى رويخەتتىن ئۆچۈرۈۋەتتى.

جاڭ فۇشەن، تاڭ جيەنيۇن، ۋېي جۇگۇخۇا

## گېئولوگىيىلىك مۇھىت

2002 - يىلى شىنجاڭدا گېئولوگىيىلىك ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش دەسلەپكى لايىھىسىنى تۈزۈش، خەتەرلىك ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈش، ئاپەتنى جىددىي تەكشۈرۈش ۋە ئاپەت ئەھۋالىنى ئىزدىن مەلۇم قىلىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى، گېئولوگىيىلىك ئاپەت كۆپ يۈز بېرىدىغان رايونلاردا ئالدىنى ئېلىش پىلانى ۋە دەسلەپكى لايىھىسى تۈزۈلدى. 10 ناھىيە (شەھەر) نىڭ گېئولوگىيىلىك ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە رايونلارغا ئايرىش خىزمىتى تاماملاندى ھەمدە دوكلات ۋە بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى سىستېمىسى يۇقىرىغا يوللاندى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆنەس ناھىيىسى بىلەن توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك ئاپەتنى تەكشۈرۈش ۋە رايونلارغا ئايرىش دوكلاتى ياخشى باھاغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە گېئولوگىيىلىك ئاپەتنى ئاممىۋى ئۆلچەش ۋە ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. شۇنداقلا بەلگىلىك خىزمەت تەجرىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە رايونلارنىڭ مۇھىت گېئولوگىيىسىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنىڭ گېئولوگىيىلىك ئاپەت خەتىرىنى مۆلچەرلەش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. كۆنەس، توققۇزتارا ناھىيىلىرى گېئولوگىيىلىك ئاپەتنى تەكشۈرۈش ۋە رايونلارغا ئايرىشنى يولغا قويۇپ، گېئولوگىيىلىك ئاپەت ئاسان يۈز بېرىدىغان رايون ۋە زور گېئولوگىيىلىك يوشۇرۇن ئاپەت نۇقتىلىرىنى بېكىتتى. گېئولوگىيىلىك يوشۇرۇن ئاپەت نۇقتىلىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدىغان چارۋىچىلار ئولتۇراق نۇقتىلىرى ۋە تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەسەلىرىنى ئالدىنئالا كۆچۈرۈۋېتىش توغرىسىدىكى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە كۆچۈرۈش لايىھىسىنى يولغا قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېئولوگىيىلىك ئاپەت ئەھۋالىدىن ئالدىنئالا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ئۇچۇرى ۋاقتىدا توغرا بولغاچقا، 2002 - يىل 5 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدە يۈز بەرگەن تاغلار كەڭ كۆلەمدە توپىلىشىپ سىيرىلىپ چۈشۈش، لاتقا - شېغىللىق ئېقىن ھاسىل بولۇشتەك گېئولوگىيىلىك ئاپەتتىن 3800 ئادەم يارلىنىشنىڭ ۋە 27 مىليون 640 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى. «ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 - يىلى گېئولوگىيىلىك ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش دەسلەپكى لايىھىسى» تۈزۈلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ ئىجرا قىلىنىپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئاپەتنى ئازايتىشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. كانلارنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئاسراشقا دائىر 24 پارچە لايىھەنى تەكشۈرۈش ھەمدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 11 قۇرۇلۇش تۈرىگە ئىشلىتىلىدىغان يەرنىڭ گېئولوگىيىلىك ئاپەت خەتىرىنى مۆلچەرلەش دوكلاتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى تاماملاندى. 2179 كاننىڭ گېئولوگىيىلىك

مۇھىتنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى كانلارنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىت ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 40تىن كۆپرەك ئورۇندىكى گېئولوگىيىلىك خادىسىلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئىشى تاماملاندى، 19 ئورۇندا گېئولوگىيىلىك خارابىلارنى قوغداش رايونى قۇرۇش دەسلەپكى پىلانى تۈزۈلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى لۈداۋان كۆمۈر كېنىنىڭ كۆمۈرۈلۈپ چۆككەن رايونىنىڭ مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - تۈزەش ئۈلگە قۇرۇلۇشى ۋە گۈچۈڭدىكى سىلىتسىيلاشقان ياغاچنىڭ گېئولوگىيىلىك خارابىلىرىنى قوغداش تۈرى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى كانلارنىڭ مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - تۈزەش ۋە گۈچۈڭ سىلىتسىيلاشقان ياغاچ — دىنازاۋۇر دۆلەت گېئولوگىيە باغچىسىنى قۇرۇشقا ئىلتىماس قىلىشقا ئاساس سېلىندى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 6 گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش پونكىتى ئاساسلىقى يەر ئاستى سۇ ئورنى، سۇ مىقدارى، سۇ سۈپىتى، سۇ تېمپېراتۇرىسى، گېئولوگىيىلىك يوشۇرۇن ئاپەت نۇقتىسى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەڭپۇڭلۇق مەيدانى، مېتېئورولوگىيىلىك تەجرىبە قاتارلىق 7 تۈر بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 50 مىڭ 853 گۇرۇپپا ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتقا ئېرىشتى؛ يەر ئاستى سۈيىنىڭ 5 يىللىق ئەھۋالىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشكە دائىر 7 پارچە دوكلاتنى يۇقىرىغا تاپشۇردى، يەر ئاستى سۇ ئەھۋالىغا ئالاقىدار 28 پارچە ئاخبارات، يەر ئاستى سۈيىگە دائىر 11 پارچە مەلۇمات ئېلان قىلدى. شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش يۇرتى باش بولۇپ تاماملىغان «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۈيى بايلىقىنى باھالاش دوكلاتى» زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر دوكلات بولۇپ باھالاندى.

جاڭ فۇشەن، تاڭ جيەنيۇن، ۋېي جۇڭخۇا

# كانچىلىقنى باشقۇرۇش

## كانچىلىقنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە، ئەۋزەل بايلىقنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ۋە ئەۋزەل بايلىققا تايىنىپ تۈۋرۈك كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەپەككۇر يولى ئىزچىل يولغا قويۇلدى، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، ئىلمىي ئېچىش بىلەن قېزىلما بايلىقلارنى ئۈنۈملۈك قوغداش ۋە مۇھىتنى ئاسراش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلدى. كانچىلىق ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، گېئولوگىيىلىك كان ئىزدەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى، كانچىلىق مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى پەيدىنپەي قانۇنچىلىق ئىزىغا چۈشۈرۈلدى. قېزىلما بايلىقنى تەكشۈرۈشتە ئاساسىي خاراكتېرلىك، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرلىك، ئىستراتېگىيىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ باھالاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر نۇقتىلىق كۈچەيتىلدى، بازار ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان سودا خاراكتېرلىك قېزىلما بايلىقنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا «نېفىت - گازنى تەڭ ئېچىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئۈچ چوڭ ئويمانلىقتىكى نېفىت - گازنى تەكشۈرۈش سالمىقى زورايتىلدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى رايونلار بويىچە قانات يايدۇرۇش، ئاساسىي نۇقتىنى بۆسۈش، شىمالىي شىنجاڭغىچە چوڭقۇرلاشتۇرۇش، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئېچىش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت قەدەم - باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. رايونلارغا ئايرىش، رايونلار ئارا تەڭشەش، ئىلمىي تەتقىقات، گېئولوگىيە، فىزىكىلىق - خىمىيىلىك تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت «بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش»نى يولغا قويۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، «ئالتاي تېغىغىچە چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاساسلىق ھۇجۇمنى تەڭرى تاغقا قارىتىش، كۇئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇن تاغنى ئېچىش» ئەندىزىسى قەدەممۇ قەدەم شەكىللەندى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، كان تەكشۈرۈش ھوقۇقى ئىلتىماسىدىن 660ى قوبۇل قىلىنىپ، بۇنىڭدىن 617سى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، تەستىقلانغان تەكشۈرۈش كۆلىمى 14 مىڭ 472.57 كۋادرات كىلومېتىر، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىق تولۇقلىما ھەققىدىن پايدىلىنىپ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر 28 تۈر يېڭىدىن تۇرغۇزۇلدى، بۇنىڭغا 29 مىليون 685 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن بېرى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت مەبلەغ چىقىرىپ تەكشۈرگەن گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرىدىن 877سى ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىندى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق شەرتى توشقان تۈر 100، زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىگە يوللىنىپ تەستىقلىتىلغان تۈر 35. تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىپ كان قېزىش ھوقۇقى بېرىلگەن 1192 كارخانا ئىچىدە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار %22نى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار %33نى، ئومۇمىي

مۇلۇكچىلىكتە بولىدىغان كارخانىلار 45%ىنى ئىگىلەيدۇ.

جاڭ فۇشەن، تاڭ جيەنيۇن، ۋېي جۇگۇاڭ

## گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش

شىنجاڭ 2002 - يىلى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە 231 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈلىدىغان بىر تۈركۈم قېزىلما بايلىق نۇقتىلىرى پەيدىن بايقالدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 2 مىليارد 590 مىليون توننا، ئېچىشقا بولىدىغان زاپاس مىقدارى 622 مىليون توننا، تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 983 مىليارد كۇب مېتىر، ئېچىشقا بولىدىغان زاپاس مىقدارى 527 مىليارد 250 مىليون توننا، ساقلانغان كۆمۈر بايلىقى زاپىسى 97 مىليارد 152 مىليون توننا، تۆمۈر رۇدىسى 744 مىليون توننا، لوپنۇر كالىيلىق تۇزى 240 مىليون توننا، ئالتۇن رۇدىسى مىقدارى 12 توننا، كۈمۈش 526 توننا، قومۇل يەندۇڭ مىسى 4 مىليون 750 مىڭ توننا، ئۇران 5500 توننىدىن ئارتۇق. 2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ نېفىت مەھسۇلاتى 20 مىليون 360 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 4 مىليارد 213 مىليون كۇب مېتىر، كۆمۈر 22 مىليون 662 مىڭ 300 توننا، تۆمۈر رۇدىسى 2 مىليون 518 مىڭ 400 توننا، نىكېل رۇدىسى 208 مىڭ توننا، مىس رۇدىسى 102 مىڭ 100 توننا، ئالتۇن 4355.18 كىلوگرام، تاشپاختا رۇدىسى 3 مىليون 610 مىڭ 300 توننا، گرانىت تاش 41 مىڭ 800 كۇب مېتىر بولدى. 2002 - يىلى ئەمەلىي يارىتىلغان كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت، تەبىئىي گاز مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليارد 788 مىليون يۈەن، كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 28.2%ىنى ئىگىلەپ، شىنجاڭ بويىچە بىردىن بىر مۇھىم تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندى.

جاڭ فۇشەن، تاڭ جيەنيۇن، ۋېي جۇگۇاڭ

## گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش

### ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى تۈرلۈك گېئولوگىيىلىك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، كەسىپ ئىگىلىكىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇردى.

1. 2002 - يىلى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرىگە 147 مىليون 900 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە زېمىن بايلىقىنى تەكشۈرۈش تۈرىگە سەرپ قىلىنغىنى 25 مىليون 400 مىڭ يۈەن، مەركەز مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتقان تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغىنى 57 مىليون 290 مىڭ يۈەن (2001 - يىللىق تۈر خىراجىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئاپتونوم رايون قېزىلما بايلىق ئۈچۈن تولۇقلاپ بېرىدىغان تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغىنى 13 مىليون 810 مىڭ يۈەن، دۆلەت قېزىلما بايلىق ئۈچۈن تولۇقلاپ بەرگەن تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغىنى 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ لوپنۇر كالىيلىق تۇز كېنى ۋە تۇۋۇز مىس كېنىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش تۈرىگە سەرپ قىلغىنى 13 مىليون يۈەن، باشقا ئىجتىمائىي مەبلەغ بىلەن تەكشۈرۈلىدىغان تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغىنى 35 مىليون 800 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا تاماملانغان ئاساسلىق ئاتۇرال خىزمەتلەر مۇنۇلار: 1:250000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلگەن جاي 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، 1:50000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلگەن جاي 800 كۋادرات كىلومېتىر، 1:200000 ماسشتاب بويىچە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن جاي 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، 1:50000 ماسشتاب بويىچە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن جاي 9836 كۋادرات كىلومېتىر، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈلگەن دائىرە 60 مىڭ 400 مېتىر، ئورەك ئېچىپ تەكشۈرۈلگەن دائىرە 96 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر. شۇ يىلى ھەرخىل گېئولوگىيىلىك دوكلاتتىن 56سى تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قېزىلما بايلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە دائىر دوكلات 38، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا مۇھىت ئاسراشقا دائىر دوكلات بىر، باشقا دوكلات 17؛ يېڭىدىن بايقالغان ياكى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەن كان 6، بۇلار مىس كېنى، نىكېل كېنى، ئالتۇن كېنى، كۈمۈش كېنى، كالىيلىق تۇز كېنى ۋە يەر ئاستى سۇ ئورنىدىن ئىبارەت.

2. شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش-ئېچىش ئىدارىسىنىڭ بىر يىللىق كىرىمى 673 مىليون يۈەنگە، ئىشلەپچىقىرىش قوشۇلما قىممىتى 311 مىليون يۈەنگە، ئۈنۈمۈرسال تېجەپ قېلىنغان پايدا نىسبىتى 4.8%كە يەتتى.

گۇ لەنزېي، ۋاڭ جىن

### يېڭىدىن بايقالغان كانلار

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى يېڭىدىن 6 كان بايقىدى،

بۇلار: پىچان ناھىيىسىدىكى ۋېيچۇەن كۈمۈش - مىس كان ياتىقى ( I تۈردىكى ئوتتۇرا تىپلىق) ، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى پىڭلۇڭ شىنجاڭ كالىيلىق تۇز كان ياتىقى ( I تۈردىكى ئوتتۇرا تىپلىق) ، چىڭگىل ناھىيىسىدىكى قاراسۇ مىس كان ياتىقى ( I تۈردىكى كىچىك تىپلىق) ، قۇمۇل شەھىرىدىكى بەيشەنچۇەن مىس - نىكېل كان ياتىقى ( I تۈردىكى كىچىك تىپلىق) ، قۇمۇل شەھىرىدىكى تيەنمۇ ئالتۇن كان ياتىقى ( I تۈردىكى كىچىك تىپلىق) ، كۇچا ناھىيىسىنىڭ تارىم يېزىسى ۋە سوغۇ يېزىسىدىكى يەر ئاستى سۇ مەنبەسى ( I تۈردىكى ئوتتۇرا تىپلىق) دىن ئىبارەت.

جۇاڭ داۋزې

## ئاپتونوم رايوننىڭ مەركەز مەخسۇس مەبلەغ سالغان گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرلىرى

2001 - يىل 10 - ئايدىن 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوننىڭ مەركەز مەخسۇس مەبلەغ سالغان گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرىدە يىللىق دالا مەشغۇلاتى ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندالدى، 25 مىڭ 58 مېتىر دائىرە يۇرغىلاپ تەكشۈرۈلدى، 161 مېتىر تېيىز قۇدۇق قېزىلدى، 34 مىڭ 941 كۇب مېتىر ئورەك ئېچىپ تەكشۈرۈلدى، 832 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە 1:50000 ماسشتاب بويىچە گېئوفىزىكىلىق - خىمىيىلىك تەكشۈرۈلدى، تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە ۋە ئېچىشقا بولىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 9 كانغا دائىر دوكلات يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ تىپتىكى كالىيلىق ئوغۇت (يىلىغا 1 مىليون 200 مىڭ توننا) ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بىر، چوڭ تىپتىكى كۆمۈر كان (يىلىغا 1 مىليون 400 مىڭ توننا) ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بىر، ئوتتۇرا تىپتىكى زاپاس مىس، نىكېل كېنىنى ئېچىش بازىسى بىر، چوڭ تىپتىكى بېنتونىت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بىر، ئېچىشقا بولىدىغان ئوتتۇرا تىپتىكى قوغۇشۇن، سىنىك كېنى بىر، ئوتتۇرا تىپتىكى مىس كېنى بىر، ئېچىشقا بولىدىغان ئوتتۇرا تىپتىكى ھوسۇللۇق تۆمۈر كېنى بىر، چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى ئالتۇن كېنى بىر، ئوتتۇرا - چوڭ تىپتىكى مولىبدېن كېنى بىر؛ كان تېپىش ئىستىقبالى ئەڭ ياخشى بولغان مىس، ئالتۇن، سۈرمە كېنى قاتارلىق مۇھىم كاندىن 7سى يېڭىدىن بايقالدى.

چېڭ جيەنشىن

## چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شىمالىي لوپنۇر ئويۇلمىسىدىكى كالىيلىق تۇز كان ياتىقىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش

بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە مەركەزنىڭ مەخسۇس مەبلىغى بىلەن تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى. بۇ تۈرنى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 3 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى ئۈستىگە ئالدى ۋە يولغا قويدى. 2002 - يىل 6 - ئايدا تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن گېئولوگىيىلىك دوكلات يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى. 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بۇ دوكلات ش ئۇ ئا ر مەركەز مەخسۇس مەبلەغ سالغان گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى تەشكىللىگەن مۇتەخەسسىسلەر باھالاش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، بۇ، مۇنەۋۋەر دەرىجىلىك دوكلات دېگەن باھاغا ئېرىشتى.

شىمالىي لوپنۇر ئويۇلمىسىدىكى سۇيۇق كالىي تۇزى كان ياتىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لوپنۇر قۇرۇق تۇز كۆلىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، كۆلىمى 1534.35 كۋادرات كىلومېتىر. شىمالىي لوپنۇر ئويۇلمىسى قاتتىق ۋە سۇيۇق فازىلىق تۇز بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، سۇيۇق فازىلىق تۇز ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان قۇرۇق تۇز كۆلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قاتتىق فازىلىق قېزىلما بايلىقلاردىن تاش تۇز، پولىكالىت، كالتسىيلىك شور كېنى بار. سۇيۇق فازىلىقتا يوشۇرۇن ئىشقارلىق سۇ ۋە بېسىملىق تۇزلۇق سۇ بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى تۇز تۈرىدىكى چۆكمە جىسىملاردا ساقلانغان بولىدۇ. تۇزلۇق سۇدا كالىي، ماگنىي، ناترىي، سېزىي قاتارلىق پايدىلىق تەركىبلەر مول. تۇز تۈرىدىكى قاتتىق، سۇيۇق فازىلىق كان ياتىقىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ.

بۇ قېتىمقى تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتىدە سۇيۇق جىسىم C+D+E دەرىجىلىك كالىي خلورىدلىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 186 مىليون توننا ئىكەنلىكى، باشقىچە ھېسابلىغاندا كالىي سۇلفات 219 مىليون توننا ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە C دەرىجىلىك كالىي خلورىدلىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 12 مىليون 274 مىڭ 800 توننا، D دەرىجىلىك كالىي خلورىدلىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 61 مىليون 359 مىڭ 300 توننا. تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتى كان ياتىقىنىڭ كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى كان ئېچىش ۋە پىلانلاشنى ئىشەنچلىك بايلىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى. مەزكۇر كان سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىغا كىردى.

فېڭ جياڭ

## 1:50000 ماسشتابلىق رەقەملىك گېئولوگىيىلىك ئىسخېما بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (شىنجاڭ)

بۇ جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى شىنجاڭ

گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتىغا چۈشۈرگەن زېمىن بايلىقىنى چولاڭ تەكشۈرۈش ئۈچۈر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈر 1999 - يىلى رەسمىي باشلىنىپ 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋاملاشتى. شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى ئۆلچەملىك 20 ئىسخېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1:50000 ماسشتابلىق گېئولوگىيىلىك ئىسخېمىنىڭ رەقەملىك بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى جۇغراپىيىلىك 6 ئىسخېما قاتلىمىنى، گېئولوگىيىلىك 13 سخېما قاتلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ مۇۋەپپەقىيەتنى MAPGIS ۋە ARCINFO دىن ئىبارەت ئىككى خىل سانلىق مەلۇمات فورماتلىرىدا ساقلاپ قويىدى. ھەر قايسى يىلدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ۋە ئەلا دېگەن باھاغا ئېرىشتى.

يەن چاۋشيا، جېن چېيىلاڭ

## شىنجاڭنىڭ غەربىي كوئېنلۇندىكى يەكەن دەرياسى — نىيە دەرياسى ۋادىسىنى رايون دائىرىسىدە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ تەسۋىر چۈشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى

2002 - يىل 6 - ئايدا غەربىي كوئېنلۇندىكى يەكەن دەرياسى — نىيە دەرياسى ۋادىسىنى رايون دائىرىسىدە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ تەسۋىر چۈشۈرۈش خىزمىتى پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى.

بۇ رايونىنى رايون دائىرىسىدە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ تەسۋىر چۈشۈرۈش — جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ، بۇ، شىنجاڭنىڭ غەربىي كوئېنلۇندىكى نىيە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىمىنى 1:200000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىسىدە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش، شىنجاڭنىڭ غەربىي كوئېنلۇندىكى يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنى 1:500000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىسىدە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە شىنجاڭنىڭ غەربىي كوئېنلۇندىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنى 1:500000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىسىدە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت 3 تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۈرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە شىنجاڭ، شەنشى ۋە خۇبېيدىن ئىبارەت 3 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتلىرى مەسئۇل بولدى، بۇ تۈرلەرنى يولغا قويۇش مۇددىتى 3 يېرىم يىل (1999 - يىلدىن 2002 - يىل 6 - ئايغىچە) بولدى، تەخمىنەن 115 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر رايون دائىرىسىنى گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ تەسۋىر چۈشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، 39 خىل ئېلېمېنت (ئوكسىدلار) نىڭ گېئوخىمىيىلىك يەر يۈزۈش خەرىتىسى تۈزۈپ چىقىلدى، غەربىي كوئېنلۇن رايونىدىكى 39 خىل ئېلېمېنتنىڭ ۋە ئوكسىدلارنىڭ زامان - ماكانغا تارقىلىشى، توپلىنىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئېلېمېنتلارنىڭ يېرىكىش قانۇنىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈلدى، ئۇنىۋېرسال گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن ھەرخىل 195 بىنورمال جاي، ئېلېمېنت توپلانغان 25 بەلۋاغ دائىرىلەپ چىقىلىپ، ئالتۇن، مىس، قوغۇشۇن، سىنك، سىماب قاتارلىق كان تېپىلىدىغان ئىستىقباللىق رايوندىن 34ى ئايرىپ چىقىلدى، نورمالسىزلىقنى تەكشۈرۈش - ئىسپاتلاش ۋە ئۇنىڭ بايلىقىغا باھا بېرىش ئارقىلىق، غەربىي كوئېنلۇن رايونىدىن تۇنجى قېتىم مول سېرىق سۈرمە كېنى ۋە ئۇنىڭ چولاڭ تېپىشتىن ئاشىدىغان ئىستىقباللىق كۆلىمى بايقالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاچال يول ئېغىزى، كەڭشۇەر، خېيجيا ۋە بېشىراما قاتارلىق رايونلاردا مىس تەركىبلىك كۆپ خىل مېتال، سىماب، ئالتۇن قاتارلىق 10دىن كۆپرەك كان (مىنېراللاشقان) ئورنى بايقالدى. تېپىلغان كاننىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈشىچە، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن.

لىيۇ تو، ياڭ ۋېنجى، جۇاڭ داۋزې

## لوپنۇر كالىيلىق تۇز كېنى، تۇۋۇۋ مىس كېنىغا يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان سۇنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى

بۇ، ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان مەخسۇس سۇ بىلەن تەمىنلەش مەنبەسىنى تەكشۈرۈش تۈرى ھېسابلىنىدۇ، بۇ تۈرگە 13 مىليون يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىنىدى، بۇ خىزمەتنىڭ مەقسىتى ئوخشاش بولمىغان باسقۇچتىكى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، «ئىككى كان»غا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش مەنبەسىنىڭ گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتىنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يەر ئاستى سۇ بايلىقىغا باھا بېرىپ، ئەڭ ئاخىرى يىلىغا 2 مىليون 200 مىڭ توننا كالىيلىق تۇز ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىگە ئىگە لوپنۇر كالىيلىق تۇز كېنىنى C دەرىجىلىك ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنغان يىللىق مىقدارى 24 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان بىر ئورۇن ۋە تۇۋۇۋ مىس كېنىنى C دەرىجىلىك ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنغان يىللىق مىقدارى 7 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىردىن 14 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىرغىچە سۇ بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان بىر ئورۇننى ئېنىقلاپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت.

2002 - يىل 7 - ئايدىن 11 - ئايغىچە يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان سۇنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ دالا خىزمىتى تاماملاندى، 11 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى 1:250000 ماسشتاب بويىچە گىدروگېئولوگىيىلىك ئۆلچەپ سىزىش، 6000 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى 1:100000 ماسشتاب بويىچە گىدروگېئولوگىيىلىك ئۆلچەش- سىزىش ئىشى تاماملاندى؛ گىدروگېئولوگىيىلىك ئىش باشلىنىپ 9 تۆشۈك تېشىلدى، ئۇنىڭ مېتىراژى 1550 مېتىر كېلىدۇ؛ 358 كىلومېتىر دائىرىنىڭ (EH—4) كەسمە يۈزى گىدروگېئو فىزىكىلىق تەكشۈرۈلدى، مەشغۇلات نۇقتىسى 409غا يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئىشخانىلاردا ماتېرىيال رەتلەش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىش باسقۇچىغا قەدەم قويۇلدى. «ئىككى كان»نى تەمىنلەيدىغان سۇنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەپسىلىي تەكشۈرۈش لايىھەنامىسى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، مۆلچەرلىنىشچە، ھەممىسى تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە دائىر دالا خىزمىتى 2003 - يىل 6- ئايدا تاماملىنىدۇ، «ئىككى كان»غا يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان سۇنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى 2004 - يىل 6 - ئايدا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ليۇ بىن

## شىنجاڭنىڭ گېئوخىمىيىلىك كاللەك پارچىلىرى ئىسخېمىسى تۈزۈلدى

2002 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگودىكى غەربىي قىسمىنىڭ گېئوخىمىيىلىك كاللەك پارچىلىرى تەركىبىدىكى قېزىلما بايلىقنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى مۆلچەرلەش تەتقىقات نەتىجىسى ئۈستىدىكى دوكلات (شىنجاڭ قىسمى) شىئەندە، جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى ھەمدە ئۇنىڭغا مۇنەۋۋەر دەرىجىلىك تەتقىقات نەتىجىسى دېگەن باھا بېرىلدى.

بۇ تۈر جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ گېئوخىمىيە تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇش قۇرۇلۇشى تۈركۈمىدىكى زېمىن بايلىقىنى كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈش تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۇرتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، بۇ تۈرنىڭ مۇددىتى بىر يىل بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەخمىنەن 860 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە ئۆل جىنس ئېچىلىپ قالغان رايوندىكى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، ۋولفرام، مولىبدېن، سىماب، نىكېل، ۋانادىي، خروم، كوبالت، سۈرمە، قەلەيدىن ئىبارەت 14 خىل ئاساسلىق كان ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتنىڭ گېئوخىمىيىلىك كاللەك پارچىلىرى ئىسخېمىسىنى تۈزۈش خىزمىتىنى تۇنجى قېتىم تاماملىدى ھەمدە رايونلارنىڭ گېئوخىمىيىلىك سانلىق مەلۇماتلىرىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى (GeoMDIS2000)نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ رايون دائىرىسىنى گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى يەنىمۇ تولۇقلىدى ۋە ئاكامۇللاشتۇردى. شىنجاڭنىڭ گېئوخىمىيىلىك كاللەك پارچىلىرى خەرىتىسىدە، كان ھاسىل قىلغۇچى ئاساسلىق 14 خىل ئېلېمېنتنىڭ گېئوخىمىيىلىك 322 دانە كاللەك پارچىسى دائىرىسىنى بېكىتىپ، ئۇنىڭدىن قىممەت مۇھىم گېئوخىمىيىلىك كاللەك پارچىلىرىنى ئاۋۋال تاللاپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىپ، گېئوخىمىيىلىك كاللەك پارچىلىرى بىلەن مەلۇم بولغان كان ياتقۇسىنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلدى ھەمدە ھەرخىل ئېلېمېنتلىق گېئوخىمىيىلىك كاللەك پارچىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى يوشۇرۇن بايلىق كۈچى (بايلىق مىقدارى)نى مۆلچەرلەپ چىقتى. مۇشۇ ئاساستا، شىنجاڭدىكى رايونلارنىڭ گېئولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە كان ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، چوڭ تىپتىكى كان ياتقۇسىنىڭ يوشۇرۇن بايلىق كۈچىگە ئىگە كان ھاسىل بولغان ئىستىقباللىق رايوندىن 42نى ئايرىپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە «A» خىلدىكى كان ھاسىل بولغان ئىستىقباللىق رايون 16، «B» خىلدىكى كان ھاسىل بولغان ئىستىقباللىق رايون 19، «C» خىلدىكى كان ھاسىل بولغان ئىستىقباللىق رايون 7. شىنجاڭدىكى قىممەتلىك مېتال ۋە رەڭلىك مېتال قاتارلىق مۇھىم قېزىلما بايلىق چىقىدىغان ئاساسلىق رايون ۋە كان تېپىلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك نىشانلىق رايوننى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى شىنجاڭنىڭ شۇ ساھەدىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

ليۇ تو

## شىنجاڭدىكى ھازىرقى زامان تۇز كۆللىرى ۋە كالىيلىق تۇز كانلىرىنى ھاسىل قىلىدىغان گېئولوگىيىلىك شارائىت ۋە كان تېپىلىدىغان نىشانلىق رايونلارنى ئالدىن تاللاش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسىنىڭ گېئو فىزىكىلىق - گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى كونكرېت ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىلەر باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى

ھەمدە بۇ تەتقىقات نەتىجىسى بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا كالىيلىق تۇز كانلىرىنى ئىزدەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارالدى.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە، شىنجاڭدىكى ھازىر بار تۇز كۆللىرى ۋە كالىيلىق تۇز كېنىغا دائىر ماتېرىياللار ئەتراپلىق، سىستېمىلىق توپلانغان بولۇپ، ئىشخانىلاردا ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلىش بىلەن دالىدا نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، كۆپ مىقداردىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال قولغا كەلتۈرۈلگەن. تەتقىقات نەتىجىسى دۆلىتىمىزدە تۇز كۆللىرىنىڭ گېئولوگىيىلىك شارائىتىنى تەتقىق قىلىشتىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى كالىيلىق تۇز كان ياتىقىدا كالىي ھاسىل بولۇش شارائىتى، كان ياتىقى تىپى، كان ياتىقى ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى ھەمدە كالىيلىق تۇز كانلىرىنىڭ ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتى بىرقەدەر چوڭقۇر ئىنچىكە ئانالىز قىلىنغان ۋە تەتقىق قىلىنغان، بولۇپمۇ شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى 3 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان 161 تۇز كۆلىنىڭ گېئولوگىيىسى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، 4 - دەۋر شىنجاڭدا تۇز ھاسىل بولغان ئاساسلىق دەۋر ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاخىرقى بېكىنىش ئېپوقاسى بىلەن تولۇق بېكىنىش ئېپوقاسى كالىي ھاسىل بولغان ئاساسلىق دەۋر شۇنداقلا كالىيلىق تۇز ئىزدەشتە ئاساسلىق مەقسەت قىلىنغان قاتلام ھېسابلىنىدۇ. دالادا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن ئىشخانىلاردا يىغىنچاقلاپ رەتلەش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى كالىيلىق تۇز ياتىقىنى ئايرىپ چىقىپ، سۇلفاتلار تىپى، خلورلۇق بىرىكمىلەر تىپى ۋە نىتراتلار تىپىدىن ئىبارەت 3 خىل تىپ بېكىتىلگەن. شىنجاڭدىكى ھازىرقى زامان تۇز كۆللىرىدىكى كالىيلىق تۇز قېزىلما بايلىقىدىن ھاسىل بولغان كانلارنى مۆلچەرلەش ئىشى قانات يايدۇرۇلغان، شىنجاڭنىڭ كالىيلىق تۇز قېزىلما بايلىقىدىن ھاسىل بولغان كانلارنى مۆلچەرلەش ئىسخېمىسى ۋە كان ئىزدەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىسخېمىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، كان ھاسىل بولغان 19 بەلۋاغ، 5 ئىستىقباللىق رايون دائىرىلەپ چىقىلغان ھەمدە كان تېپىلىدىغان 8 نىشانلىق رايون ئالدىن ئاللاپ چىقىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن كالىيلىق تۇز كانلىرىنى ئىزدەش نىشانى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

قياڭ جياڭ

## مەملىكەت بويىچە ئىزوتوپلارنىڭ گېئولوگىيىلىك يىلىنى ئۆلچەش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (شىنجاڭ قىسمى) نى قۇرۇش ئىشى تاماملاندى

2002 - يىل 6 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئىزوتوپلارنىڭ گېئولوگىيىلىك يىلىنى ئۆلچەش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (شىنجاڭ قىسمى) جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى تەشكىللىگەن مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى. بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ۋە ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئىزوتوپلۇق گېئولوگىيىلىك يىلىنى ئۆلچەش سانلىق مەلۇماتلىرى توپلانغان ھەمدە رەتلەپ چىقىلغان بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئاللاش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرى بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا 1561 ئىزوتوپنىڭ سانلىق مەلۇماتى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، Pb—Pb تەڭ ۋاقىتلىق سىزىق ئۇسۇلى 47، K—Ar ئۇسۇلى 882، Sm—Nd سانلىق مەلۇمات ئۇسۇلى 83، Sm—Nd تەڭ ۋاقىتلىق سىزىق ئۇسۇلى 36، Rb—Sr تەڭ ۋاقىتلىق سىزىق ئۇسۇلى 178، Rb—Sr ئۆلگە يېشى 32، Ar—Ar ئۇسۇلى 53، Pb—Pb پارغا ئايلىنىش ئۇسۇلى 79، U—Th—Pb ئۇسۇلى 125، U—Pb تەڭ ۋاقىتلىق سىزىق ئۇسۇلى 27، U—Pb تەكشى ئەگرى سىزىق ئۇسۇلى 19. سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇش خىزمىتى ئاساسەن «ئىزوتوپلارنىڭ گېئولوگىيىلىك يىلىنى ئۆلچەش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى خىزمىتى قوللانمىسى» ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئۆلچىمى ھەمدە ساھەلەرنىڭ ئۆلچىمىنى ئاساس قىلدى، سانلىق مەلۇمات شەكلى mdb، سانلىق مەلۇمات نۇقتىسى ئورنى ھەمدە ئالاقىدار ئالاھىدە مەزمۇنلار Arc/Info شەكلىدە بولدى. سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇش خىزمىتىدە، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تولۇق توپلاپ، سانلىق مەلۇمات تۈرلىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ئاللاپ ئىشلىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسىنى ئاپتوماتىك تەكشۈرۈشكە ۋە ئۆزئارا تەكشۈرۈشكە، مەخسۇس كىشى ئۆرنەك ئېلىپ تەكشۈرۈشكىمۇ بولىدۇ بۇ ئارقىلىق مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىنىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىشەنچلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

جياڭ يۇنخۇي، خەن شياۋمىڭ

## لوپنۇر، چاغانتوقاي قاتارلىق رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۈيىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى

شىنجاڭدىكى لوپنۇر، چاغانتوقاي قاتارلىق ئېغىر دەرىجىدە سۇ كەمچىل بولغان رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۈيىنى تەكشۈرۈش تۈرى جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك گېئولوگىيىلىك چوڭ تەكشۈرۈش تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىزمەتنىڭ مەقسىتى

شۆكى، شىنجاڭدىكى لوپنۇر، چاقىلىقتوقاي، كەلپىن، كۇچا، يوپۇرغىدىن ئىبارەت 5 ناھىيىدىكى ئېغىر دەرىجىدە سۇ كەمچىل بولغان رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۈيىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقىرىقى رايونلاردىكى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ياكى پەسەيتىشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە 3717 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى 1:50000 ماسشتاب بويىچە گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىشى تاماملاندى، 506 كىلومېتىر دائىرىنىڭ ھەرخىل كەسمە يۈزى گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈلدى، گىدروگېئولوگىيىلىك ئىش باشلىنىپ 12 قۇدۇق يۇرغىلاندى، ئۇنىڭ ئومۇمىي مېترازى 2146 مېتىرغا يەتتى. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلار، كەلپىن ناھىيىسىدىكى بىر يېزا، بىر بازار، كۇچا ناھىيىسىدىكى تارىم يېزىسى، يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى يەكشەنبە بازار يېزىسىنى تەكشۈرۈش بىلەن قېزىش بىرلەشتۈرۈلگەن 9 قۇدۇق بىلەن تەمىنلىدى، كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 10 مىڭ 200 كۇب مېتىرغا يېتىپ، 26 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنىڭ، تەخمىنەن 38 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بۇلاردىن كۇچا ناھىيىسىنىڭ تارىم يېزىسىدىكى تەكشۈرۈش بىلەن قېزىش بىرلەشتۈرۈلگەن 2 قۇدۇق ۋە يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يەكشەنبە بازار يېزىسىدىكى تەكشۈرۈش بىلەن قېزىش بىرلەشتۈرۈلگەن 2 قۇدۇق بۇ 2 رايوندىكى ئاھالىلارنىڭ ۋە چارۋىلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان كۆل سۈيى ۋە ئاچچىق تۇزلۇق سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلدى. بۇ تۈر 2002 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، دالا تەكشۈرۈشكە دائىر ماتېرىيال 91 پارچە، نەتىجە دوكلاتى 89 پارچە.

لىۋ بىن

# كارتوگرافىيە

## كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ساھەسى ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 133 مىليون 46 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارتوگرافىيە سىستېمىسىنىڭ 16 مىليون 56 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش سىستېمىسىنىڭ 18 مىليون 715 مىڭ يۈەن، گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار سىستېمىسىنىڭ 6 مىليون 315 مىڭ يۈەن، سۇ ئېلېكتر سىستېمىسىنىڭ 9 مىليون 888 مىڭ يۈەن، قاتناش سىستېمىسىنىڭ 10 مىليون 950 مىڭ يۈەن، كۆمۈر سىستېمىسىنىڭ 3 مىليون 222 مىڭ يۈەن، مېتاللچىلىق سىستېمىسىنىڭ 428 مىڭ يۈەن، نېفىت سىستېمىسىنىڭ 37 مىليون 868 مىڭ يۈەن، رەڭلىك مېتال سىستېمىسىنىڭ 320 مىڭ يۈەن، تۆمۈريول سىستېمىسىنىڭ 2 مىليون 975 مىڭ يۈەن، دۆلەت زېمىنى سىستېمىسىنىڭ 8 مىليون 515 مىڭ يۈەن، يەر تەۋرەش سىستېمىسىنىڭ 756 مىڭ يۈەن، يادرو سانائىتى سىستېمىسىنىڭ 305 مىڭ يۈەن، ماتارىپ - پەن تەتقىقات سىستېمىسىنىڭ 70 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق سىستېمىسىنىڭ 12 مىليون 163 مىڭ يۈەن، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سىستېمىسىنىڭ 300 مىڭ يۈەن، باشقا سىستېمىلارنىڭ 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى 127 تۈركۈم (قېتىم) نازارەت قىلىپ تەكشۈردى ۋە ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 107 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلات لاياقەتلىك بولدى.

بۇلار مۇنۇلار: 1 - دەرىجىلىك نىۋېلىرلىق ئۆلچەنگەن ئاتلىما ئۇزۇنلىقى قاتلام 43 كىلومېتىر، شىنجاڭنىڭ لوپنۇر كالىيلىق تۇزىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش رايونىدىكى زاۋۇت بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى ئۆلچەنگەن نۇقتىدىن 64. قابا ناھىيىسى ئاشلى مىس كېنى جامان قابا سۇ باشلاش لىنىيىسىدىكى 10 نۇقتىنىڭ يەر شەكلى ئۆلچەپ چۈشۈرۈلگەن 8 پارچە خەرىتە، سىجۈەن شەھىرى تېيچاڭگۇ بازىرىنىڭ تيانشان كەنتى كۆمۈر كېنىنىڭ يەر شەكلى گېئولوگىيىسى ۋە كان قۇدۇق ئاستىنى سېلىشتۇرۇشقا دائىر 3 پارچە خەرىتە، ئالتاي شەھىرىنىڭ 1:1000 ماسشتابلىق رەقەملىك يەر شەكلىنى ئۆلچەش قۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن 78، كورلا ئايرودرومىنى كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى ئۆلىنى كونترول قىلىپ ئۆلچەش نۇقتىسىدىن 156، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بىر پارچە قاتناش - ساياھەتچىلىك خەرىتىسى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ يەر ئاستى تۇرۇبا تورى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇش تېخنولوگىيىسىگە دائىر 8 پارچە ئىسخېما، C—5 رايونىنىڭ فېڭخۇالىدىكى 30 كورپۇس ئۆينىڭ ئائىلىلەرگە تەقسىملىنىشىنى ئۆلچەش خەرىتىسى بىر پارچە، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى ئۆلچەپ سىزىلغان 2 پارچە خەرىتە، ئۈرۈمچى شەھىرى شىرىنگۇ جىلغىسىدىكى 6 نۇقتىنىڭ يەر

شەكلى ئۆلچەپ سىزىلغان بىر پارچە خەرىتە، داشىگۇ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدىكى 43 نۇقتا ئۆلچەپ سىزىلغان 8 پارچە خەرىتە، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ 1:2000 ماشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىگە 46 نۇقتا چۈشۈرۈلگەن 8 پارچە ئىسخېما، ئارىسنى تەكشۈرۈشكە دائىر بىر پارچە خەرىتە، ئۆكۈرچىنىڭ 1:5000 ماشتابلىق رەقەملىك 2 پارچە خەرىتىسى، ئۈرۈمچى شەھەر رايونىنىڭ بىر پارچە قاتناش خەرىتىسى، ئۈرۈمچى شەھەر رايونىنىڭ بىر پارچە خەرىتىسى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى چۈشۈرۈلگەن (قايتا تەكشۈرۈلگەن) 2 پارچە خەرىتىسى، سانجى شەھەر ئەتراپى رايونىنىڭ 1:1000 ماشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىگە 11 نۇقتا چۈشۈرۈلگەن 4 پارچە ئىسخېما، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىنىڭ «1 - ئاۋغۇست» مەيدانىدىن نۇسخا ئېلىپ ئۆلچەنگەن 12 پارچە خەرىتە، ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ 1:10000 ماشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن ئورتوگرافىيىلىك تەسۋىر خەرىتىسى (DOM) دىن 9 نۇسخا، رەقەملەشتۈرۈلگەن ئېگىزلىك ئاتمېتكىسى مودېلى خەرىتىسى (DEM) دىن 9 نۇسخا، ماناس، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ 1:10000 ماشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىسى (DLG) دىن 9 نۇسخا، رەقەملەشتۈرۈلگەن ئورتوگرافىيىلىك تەسۋىر خەرىتىسى (DOM) دىن 9 نۇسخا، ئاۋات ناھىيىسىدىكى سۇغىرىلىدىغان بوستانلىق رايونلارنى تىزگىنلەش بويىچە ئۆلچەنگەن نۇقتا 13، جېمىسىنەي ناھىيىسىنىڭ ئورمانچىلىقنى تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇش، ئورمان كۋارتال خەرىتىسىدىن 10 نۇسخا، كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ يەرلەرنى قايتا ئۆزلەشتۈرۈش بويىچە 1:1000 ماشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىگە 13 نۇقتا چۈشۈرۈلگەن 8 پارچە خەرىتىسى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ (شەرقىي قىسمى) نىڭ 1:10000 ماشتابلىق ئاۋىئاتسىيىلىك سىرتتىن ئۆلچەنگەن يەر شەكلى خەرىتىسىدىن 84 نۇسخا، (شەرقىي قىسمىدىكى غەربىي رايونلار) نىڭ 1:10000 ماشتابلىق رەقەملىك سىزىقلىق خەرىتىسى (DLG) دىن 20 نۇسخا، رەقەملەشتۈرۈلگەن ئورتوگرافىيىلىك تەسۋىر خەرىتىسى (DOM) دىن 20 نۇسخا، «635» تۇرالغۇ جاي ئۆل لىنىيىسى ئۆلچەنگەن نۇقتىدىن 4 ى، بورتالا ئوبلاستىنىڭ يېڭى سانائەت - خىمىيە سانائىتى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى 1:1000 ماشتابلىق بىر پارچە يەر شەكلى خەرىتىسى، بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ 2 - قارارىدا ئۆلچەنگەن 10.6 كىلومېتىرلىق يۇندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى، خوتەن شەھىرى ئەخلەت مەيدانىنىڭ بىر پارچە يەر شەكلى خەرىتىسى، قاراماي شەھىرى شۆكەي يېزىسىنىڭ يوللىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا دائىر 8 پارچە خەرىتە، ئاقسۇ شەھىرى سانائەت باغچا رايونىنىڭ يەر شەكلىنى 1:1000 ماشتاب بويىچە ئۆلچەش قۇرۇلۇشىغا دائىر 8 پارچە خەرىتىسى، قۇتۇبى ناھىيىسى شەھەر رايونىنىڭ يەر تەۋرىنىشىنى ئۆلچەش - سىزىش بويىچە 1 - دەرىجىلىك تىزگىنلىنىدىغان 144 نۇقتا دائىرىسى 57 كىلومېتىر، پىچان، ئۈرۈمچىگە گاز يەتكۈزۈش تورۇبىسى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە مۇئەسسەسىلىرى GPS ئاپپاراتى ئۆلچەنگەن نۇقتا 76، 0302، 0303 چەنجىزى رايونىنىڭ ئۆي - زېمىنىنى ئۆلچەش بويىچە 3 نۇقتا چۈشۈرۈلگەن 43 خەرىتە، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى قۇرۇلۇشى پەن - تېخنىكا سانائەت باغچىسىنىڭ 1:2000 ماشتاب بويىچە رەقەملەشتۈرۈپ سىزىلغان بىر پارچە خەرىتىگە چۈشۈرۈلگەن نۇقتىدىن 4، سىجۇەن ناھىيىسى يۇقىرى خېيۇن كەنتىنىڭ 1:500 ماشتابلىق 8 پارچە ھازىرقى خەرىتىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئوتتۇرا ئايلانما يولى، ئۈرۈمچى - كۆچۈڭ يولى، ئازادلىق يولىنىڭ 1:1000 ماشتابلىق 8 پارچە بەلۋاغسىمان يەر شەكلى خەرىتىسى، دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىدىكى خوشۇتتىن كورلىغىچە بولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنى تىزگىنلەش بويىچە ئۆلچەپ سىزىلغان نۇقتا 17، كۈيتۇڭ شەھىرى ماناس كوچىسىنىڭ 9 پارچە ھازىرقى خەرىتىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 - شى 190 - تۇەن - مەيدانى ساياھەت رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۆلچەشكە دائىر 6 پارچە خەرىتىگە چۈشۈرۈلگەن نۇقتا 6، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 13 - شى قىزىلتاغ كۆمۈر كېنىنىڭ 1:2000 ماشتابلىق 7 پارچە يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئىشلەش ئۈچۈن 21 نۇقتىدا ئۆلچەنگەن دائىرە 9.6 كىلومېتىر، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى يۇلغۇن دەرياسىنىڭ 1:5000 ماشتاب بويىچە يەر شەكلى چۈشۈرۈلگەن 5 پارچە خەرىتىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 12 - شى سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ئورگىنىنىڭ 1:1000 ماشتاب بويىچە 81 نۇقتا ئۆلچەنگەن 8 پارچە يەر شەكلى خەرىتىسى، شىنجاڭنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى نېفىت - گازنى ئېچىش ئۆلچەش - سىزىش تورى بويىچە 1:10000 ماشتابلىق ئاۋىئاتسىيىلىك ئۆلچەش دالا مەشغۇلاتىغا دائىر 167 پارچە خەرىتىسى، ئاۋىئاتسىيىلىك ئۆلچەش بويىچە ئىچكى مەشغۇلات خەرىتىسى 10 پارچە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ چولاق قولىنچەرى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى 7 نۇقتا بويىچە ئۆلچەش - سىزىشقا دائىر 8 پارچە خەرىتىسى، سانجى شەھىرىنىڭ سەنتۇنخې نۇرجا سۇ ئامبىرىنىڭ 3 پارچە يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئىشلەش ئۈچۈن 3 نۇقتىدا ئۆلچەنگەن دائىرە 20.21 كىلومېتىر، چۆچەك شەھىرى ئابدۇللا سۇ ئامبىرىنىڭ 8 پارچە يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئۆلچەنگەن نۇقتا 11.

لاياقەتسىز مەھسۇلاتلار 20 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار: 1:2000 ماشتاب بويىچە ئۆلچەنگەن 6 نۇسخا

بەر شەكلى خەرىتىسى، شىنجاڭ جۇڭچى قىزىل كەسىپ يەن. تېخنىكا باغچىسىدىكى 14 نۇقتىنىڭ بەر شەكلى ئۆلچەنگەن 8 نۇسخا خەرىتىسى، پەيزاۋات مىس كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش تورىدىكى 1:1000 ماسشتاب بويىچە 6 نۇقتىنىڭ بەر شەكلى گېئولوگىيىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قۇرۇلۇشىغا دائىر 4 نۇسخا خەرىتىسى، شىنجاڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ 2 - دەرىجىلىك يېتەكلىمە لىنىيە تورىنىڭ ئاساسىنى تىزگىنلەپ ئۆلچەشكە دائىر 6 قوللانما، 706 - ئەترەت ۋە ئەنخۇەن ئولتۇراق رايونىنىڭ 1:500 ماسشتابلىق بەر شەكلى خەرىتىسىدىن 12 نۇسخا، جېمسەي ناھىيىسى جېمسەي بازىرىنىڭ بەر شەكلىنى 1:1000 ماسشتاب بويىچە مىنىزۇللىق ئۆلچەشكە دائىر بىر نۇسخا خەرىتە، جىمسار ناھىيىسى شەھەر رايونىنىڭ بەر تەۋەلىكىنى ئۆلچەشتە 1 - دەرىجىلىك تىزگىنلىنىدىغان نۇقتا 106، شىخەنزە شەھىرى كۆكتاتچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ 1:2000 ماسشتاب بويىچە ئۆلچەنگەن يەر تەۋەلىكى خەرىتىسىدىن بىر نۇسخا، تۇرپان شەھىرىنىڭ سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش دائىرىسىدىكى 4 نۇقتىنىڭ چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە دائىر بىر نۇسخا خەرىتىسى، ئۈلۈغچاتنىڭ شەرقىدىكى تۆرمۈش رايونلىرىنىڭ بەر شەكلىنى ئۆلچەشكە دائىر 3 نۇسخا خەرىتە، ئۈرۈمچى يوپىز ئىستانسىسى جەنۇبىي ۋوگزالنىڭ مېھمانسارىيىسىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇش نۇقتىسى 14، ئۈلۈغچاتا سۇچىلىق تۈگۈن قۇرۇلۇشىنىڭ كونا گىدرولوگىيە پونكىتىدىن 4 - شۆبە شىركەت تۇرۇشلۇق جايغىچە بولغان جايلارنىڭ بەر شەكلىنى ئۆلچەشكە دائىر 6 نۇسخا خەرىتىدىن ئىبارەت.

شىيا يىلاڭ

## كارتوگرافىيىلىك كاپالەت مۇلازىمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ماتېرىياللىرى ئارخىپخانىسى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنى تۆۋەندىكى كارتوگرافىيە نەتىجە ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىدى: سانلىق مەلۇمات ئامبىرى (سانلىق مەلۇمات) بويىچە DEM 1:100000 ماسشتابلىق (GB) 1.68 سانلىق مەلۇماتتىن 164 نۇسخا، DRG 1:100000 ماسشتابلىق (GB) 0.08 سانلىق مەلۇماتتىن 20 نۇسخا، DRG 1:250000 ماسشتابلىق (GB) 1.68 سانلىق مەلۇماتتىن 156 نۇسخا، DRG 1:50000 ماسشتابلىق (GB) 0.18 سانلىق مەلۇماتتىن 13 نۇسخا، ئىلى دەرياسى ۋادىسى، تەكلىماكاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا دائىر DLG 1:10000 ماسشتابلىق (GB) 0.15 سانلىق مەلۇماتتىن 67 نۇسخا. 1:500 ماسشتابتىن 1:5000 ماسشتابقىچە بولغان بەر شەكلى خەرىتىسىدىن 117 پارچە، 1:10000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 925 پارچە، 1:25000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 23 پارچە، 1:50000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 2460 پارچە، 1:100000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 2350 پارچە، 1:250000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 705 پارچە، 1:500000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 126 پارچە، 1:1000000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 98 پارچە، ئايروپىلان ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەت نېگاتىۋى 19 پارچە، سۈرەت 3489 پارچە، ئۈچبۇلۇڭ نۇقتىسى 1068، نىۋېلىر نۇقتىسى 867. مەخسۇس خەرىتە 136 نۇسخا، ئاتلاس (توپلام) 119 نۇسخا.

شىيا يىلاڭ

## كارتوگرافىيە ئىدارىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى

شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى 2002 - يىلى ئورۇندىغان كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرى مۇنۇلار: گېئو دېزىيىلىك ئۆلچەشتە: GPS بويىچە ئۆلچەنگەن B دەرىجىلىك (نۇقتا) 3، C دەرىجىلىك نۇقتا 157، D دەرىجىلىك نۇقتا 3، E دەرىجىلىك نۇقتا 80. رەقەملەشتۈرۈلگەن فوتوگرافىيىلىك ئۆلچەشتە: (DLG) 1:10000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن 585 نۇسخا، 1:5000 ماسشتابلىقى 6 نۇسخا، 1:2000 ماسشتابلىقى بىر نۇسخا، 1:500 ماسشتابلىقى 16 نۇسخا، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 1434 (MB)؛ (DEM) 1:10000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن ئېگىزلىك ئالىيتكىسى مودېلى خەرىتىسىدىن 647 نۇسخا، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 3544 (MB)؛ DOM ئايروپىلان بىلەن تارتىلغان سۈرەت، 1:10000 ماسشتابلىق خەرىتە 647 نۇسخا، سانلىق مىقدارى 19 مىڭ 410 (MB). رەقەمسىز فوتوگرافىيىلىك ئۆلچەنگەن 1:10000 ماسشتابلىق بەر شەكلى خەرىتىسى 269 نۇسخا؛ (DOM) 1:10000 ماسشتابلىق ئورتوگرافىيىلىك تەسۋىر خەرىتىسىنىڭ بەر شەكلى خەرىتىسىدىن 297 نۇسخا، 1:2000 ماسشتابلىق بەر شەكلى خەرىتىسىدىن 10 نۇسخا ئىشلەندى. دالىدا بەر شەكلى سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاپ خەرىتە ئىشلەشتە: (DLG) 1:2000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن 4 نۇسخا، 1:1000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 608 نۇسخا، 1:500 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 320 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 682MB بەر شەكلى خەرىتىسىنى رەقەملەشتۈرۈشتە: (DLG) 1:50000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن بىر نۇسخا، 1:10000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 11 نۇسخا، 1:1000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 224 نۇسخا، 1:500 ماسشتابلىق خەرىتىدىن

1473 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 558MB؛ (DRG) 1:50000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن كاتەكچىلىك پەر شەكلى خەرىتىسىدىن 4 نۇسخا ئىشلەندى؛ سانلىق مەلۇمات مىقدارى 169MB. پەر شەكلى خەرىتىسى ئىشلەشتە: 1:10000 ماسشتابلىق پەر شەكلى خەرىتىسىدىن 2 نۇسخا، 1:5000 ماسشتابلىق خەرىتىسىدىن 13 نۇسخا ئىشلەندى. مەخسۇس ئىشلەنگەن خەرىتىلەر: جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى شىنجاڭدىكى ناھىيە ـ شەھەرلەرنىڭ سۇنئىي ھەمراھ تەسۋىرلىك ئاسما خەرىتىسىدىن 30 نۇسخا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1:1750000 ماسشتابلىق ئاسما خەرىتىسىدىن بىر نۇسخا، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى شىنجاڭدىكى ناھىيە ـ شەھەرلەرنىڭ ئاسما خەرىتىسىدىن 40 نۇسخا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاتلىسىدىن بىر توپلام (6 باسما تاۋاقلىق) ، جۇڭگو تۆمۈريولىنىڭ دەرىجىلىك خەرىتە توپلىمىدىن بىرنى (10 باسما تاۋاقلىق) ئىشلەندى. مەخسۇس رەقەملىك خەرىتە مەھسۇلاتلىرى: سانجى ئوبلاستىدىكى ئورمانلارنىڭ تارقىلىش چېگرىسىنى بېكىتىش بويىچە 1:100000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 20 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 21MB؛ 1:300000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن بىرسى ئىشلەندى، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 102MB؛ سانجى ئوبلاستىدىكى ئورمانلارنىڭ تارقىلىش چېگرىسىنى بېكىتىش بويىچە 1:50000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 6 نۇسخا ئىشلەندى، سانلىق مەلۇمات مىقدارى 47MB. سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇش جەھەتتە: شىنجاڭ سانجى شەھىرىنىڭ يەرلەردىن پايدىلىنىش ھازىرقى ئەھۋالى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا دائىر 1:10000 ماسشتابلىق 126 نۇسخا 4788MB مەلۇماتى، 1:250000 ماسشتابلىق دۆلەت جۇغراپىيە ئۇچۇرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى يېڭىلاش بويىچە 88 نۇسخا 880MB سانلىق مەلۇماتى ئىشلەندى. چېگرا سىزىقىنى ئۆلچەش ـ سىزىش جەھەتتە: 39.7 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ يەر تەۋەلىكى 459 نۇسخا ئۆلچەپ سىزىپ چىقىلدى؛ 400 كىلومېتىر دائىرىنىڭ تەۋەلىك چېگرىسى (ئۇزۇنلۇقى) ئۆلچەپ سىزىپ چىقىلدى. قۇرۇلۇشلار 1:500 ماسشتابتىن 1:2000 ماسشتاب بويىچە 36 نۇسخا ئۆلچەپ چىقىلدى، ئۆلچەنگەن ئۇزۇنلۇقى 328.1 كىلومېتىر، 28.2 كۋادرات كىلومېتىر. 2002 ـ يىلى يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 56 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى مەشغۇلات مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 174 مىڭ يۈەن، تاشقى مەشغۇلات مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 740 مىڭ يۈەن، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش كىرىمى 1 مىليون 42 مىڭ يۈەن، باشقىلار 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە كارتوگرافىيە سالاھىيىتى ئېتىراپ قىلىنىپ گۇۋاھنامە ئالغان ئورۇنلار 163 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە A دەرىجىلىك ئورۇن 10، B دەرىجىلىك ئورۇن 23، C دەرىجىلىك ئورۇن 54، D دەرىجىلىك ئورۇن 76. سالاھىيەت دەرىجىسى ئۆسۈرۈلگەن ئورۇن 3، C دەرىجىدىن D دەرىجىگە چۈشۈرۈلگەن ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ ئورمانچىلىق تەكشۈرۈش ـ لايىھەلەش يۈرتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك سۇچىلىق سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش ـ لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يەرلەرنى تەكشۈرۈش ـ پىلانلاش يۇرتى.

كارتوگرافىيە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنىڭ مۇددىتى كېچىكتۈرۈلۈپ تىزىمغا ئېلىنىدىغانلار 10 ئورۇن، بۇلار تۆۋەندىكىچە: ئۈرۈمچى ئۆي ـ زېمىن مۈلۈك ھوقۇق ـ مۈلۈك تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ كارتوگرافىيە ئەترىتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سۇچىلىق ـ سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ـ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ پىلانلاش ـ لايىھەلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى يەرلەرنى پىلانلاش ـ قۇرۇلۇش، ئۆي ـ زېمىن ئىدارىسىنىڭ كارتوگرافىيە بۆلۈمى، غۇلجا شەھەرلىك پىلانلاش ئىدارىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ پىلانلاش ئىشخانىسى كارتوگرافىيە ئەترىتى، قۇمۇل شەھەرلىك پىلانلاش ـ باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ كارتوگرافىيە ئەترىتى، خوشۇت ناھىيىلىك شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ پىلانلاش بۆلۈمچىسى كارتوگرافىيە گۇرۇپپىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك قاتناش ـ تاشيول قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش ـ لايىھەلەش ئورنى، قەشقەر شەھەرلىك پىلانلاش-لايىھەلەش ئىشخانىسى. كارتوگرافىيە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئورۇن 4، بۇلار تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق لايىھەلەش يۇرتىنىڭ ئۆلچەش ئەترىتى، بىڭتۇەن 3 ـ بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى، چاقىلىق ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى كارتوگرافىيە ئەترىتى.

2002 ـ يىلى يېڭىدىن كارتوگرافىيە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالغان ئورۇن 25، بۇنىڭ ئىچىدە B دەرىجىلىك ئورۇن 2، بۇلار مۇنۇلار: شىنجاڭ جۇغراپىيە ئاساسىي ئۇچۇر مەركىزى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش ـ لايىھەلەش يۇرتى؛ C دەرىجىلىك ئورۇن 11 بولۇپ، بۇلار: شىنجاڭ دۆلەت زېمىنى كارتوگرافىيە قۇرۇلۇش چەكلىك

مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ كۆمۈرلۈكتە ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابىنىڭ گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت تېخنولوگىيىلىك قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، سانجى ئوبلاستلىق «ئالتۇن» يەرلەرنى باھالاش مەسلىھەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك يەرلەرنى تەكشۈرۈش - پىلانلاش يۇرتى، خوتەن ۋىلايەتلىك سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، خوتەن ۋىلايەتلىك يەرلەرنى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئەترىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يەر پىلانلاش - تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئەترىتى؛ D دەرىجىلىك ئورۇن 12، بۇلار: شىنجاڭ كۆمۈرلۈك گېئولوگىيە ئىدارىسىنىڭ 156 - ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى پەن تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ «شىڭخۇا» زېمىن مۈلكىنى باھالاش مەسلىھەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىخەنزە شەھەرلىك «تيەنيۈن» مۆلچەر مۆلۈك كارتوگرافىيە چەكلىك شىركىتى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك يەر تەكشۈرۈش كارتوگرافىيە چوڭ ئەترىتى، ئىلقا ناھىيىلىك يەر كارتوگرافىيە ئورنى، جىڭ ناھىيىلىك بىناكارلىق پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسى، مىچۈەن ناھىيىلىك شەھەر - يېزىلارنى پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسى، پىچان ناھىيىلىك يەرلەرنى ئۆلچەش - سىزىش - پىلانلاش ئەترىتى، قۇمۇل شەھەرلىك «جىيى» ئۆي - زېمىن ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، باغراش ناھىيىلىك يەر تەكشۈرۈش - پىلانلاش ئەترىتى، قابا ناھىيىلىك قۇرۇلۇش پىلانلاش - لايىھىلەش كارتوگرافىيە ئىشخانىسى.

شيا يىلى

## 1:250000 ماسشتابلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى يېڭىلاش تۈرى تاماملاندى

شىنجاڭ جۇغراپىيە ئۇچۇر مەركىزى بىلەن شىنجاڭ 2- كارتوگرافىيە يۇرتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1:250000 ماسشتابلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى يېڭىلاش تۈرى» 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك بولدى. بۇ تۈردە 63 خەرىتە ئىشلەنگەن بولۇپ، شىنجاڭ جۇغراپىيە ئۇچۇر مەركىزى 25 نى، شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۇرتى 38 نى تاماملىدى.

شيا يىلى

## كارتوگرافىيە قانۇنىغا خىلاپ دېلولار تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى

2002 - يىلى كارتوگرافىيە قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى كارتوگرافىيە قانۇنىغا خىلاپ 6 دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بۇلار مۇنۇلار: خوتەن ۋىلايەتلىك جاقىرىقىز؟ ئىستانسىسىنىڭ كۆرسەتمىلىك سودا ئېلانلىرىدا ئىشلىتىلگەن جۇڭگو خەرىتىسىگە جەنۇبىي دېڭىز تاقىم ئاراللىرى چۈشۈرۈلمىگەنلىك دېلوسى، شىنجاڭ تۇنخې مەبلەغ سېلىش چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ كارخانا تەشۋىقات قوللانمىسىدا ئىشلىتىلگەن جۇڭگو خەرىتىسىدە ئېغىر سىياسىي خاتالىق بارلىقى دېلوسى، جۇڭگو تۆمۈر سۇغۇرتا شىركىتى (شىنجاڭ باش بۆلۈمى) نىڭ كۆرسەتمىلىك «جۇڭگو تۆمۈر سۇغۇرتىسى ئېلان ئىشخانىسى») گە جەنۇبىي دېڭىز تاقىم ئاراللىرى چۈشۈرۈلمىگەنلىك دېلوسى، ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ تورلۇق ماللار بىناسى، ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ سودا سارىيىنىڭ ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى بۆلۈمىنىڭ «ئۆچمەس خالىي» بولمىغان خەرىتە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش دېلوسى، تيەنجيا كىتاب - ژۇرنال چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك غەربىي شىمال كىتاب بىناسىنىڭ سىياسىي مەسىلە بار كىتابلارنى ساتقانلىق دېلوسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كىتاب توپ سېتىش بازىرىدىكى پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت كىتاب - ژۇرناللىرىنى تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ سىياسىي خاتالىق بار خەرىتە ۋە رەسىملىك بالىلار ئويۇنچۇقلىرىنى ساتقانلىق دېلوسىدىن ئىبارەت.

شيا يىلى

## شىنجاڭ 1 - كارتوگرافىيە يۇرتى تاماملىغان كارتوگرافىيە قۇرۇلۇشلىرى

شىنجاڭ 1 - كارتوگرافىيە يۇرتى 2002 - يىلى كارتوگرافىيە تۈرىدىن 32 نى تاماملاپ، 8 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كارتوگرافىيە ئىدارىسى چۈشۈرگەن ۋەزىپە 2 تۈر بولۇپ، بۇلار تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ (شەرقىي قىسمى) نى 1:10000 ماسشتاب بويىچە ئاۋىئاتسىيىلىك ئۆلچەنگەن دالا مەشغۇلات خەرىتىسىدىن 84 نۇسخا ئىشلەش، كورلىنىڭ بوشلۇقتىكى ئۆچىبۇلۇڭلۇق 37 نۇقتىسىنى GPS بويىچە ئۆلچەشتىن ئىبارەت. بازار ۋەزىپىسى 30 تۈر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئاقسۇ شەھىرىنى C دەرىجىلىك GPS65 نۇقتا بويىچە كونترول قىلىپ ئۆلچەش، تارىم دەرياسىنىڭ قول ئېقىنىنى 1:10000 ماسشتاب بويىچە ئاۋىئاتسىيىلىك ئۆلچەش دالا مەشغۇلات خەرىتىسىدىن 129 نۇسخا ئىشلەش، جۇڭغار

ئويمانلىقىدىكى 5 قۇدۇقنى 1:10000 ماسشتاب بويىچە ئاۋىئاتسىيىلىك ئۆلچەش ئۈچۈن 56 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە دالا مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىش، كۇچا ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئەتراپى يەر شەكلى خەرىتىسىگە 60 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى 1:1000 ماسشتاب بويىچە چۈشۈرۈش، ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىدىكى سۇغىرىلىدىغان بوستانلىقلارنىڭ 1:10000 ماسشتابلىق ئورتوگرافىيىلىك خەرىتىسى (DOM) دىن 297 نۇسخا ئىشلەش، ئالاتاۋ ئېغىزى يەر شەكلى خەرىتىسىگە 7.2 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى 1:10000 ماسشتاب بويىچە چۈشۈرۈش، غۇلجا شەھىرىنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسىگە 20 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى 1:500 ماسشتاب بويىچە چۈشۈرۈش، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى، يەر تەۋەلىكىنى 1:1000 ماسشتاب بويىچە 15 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە ئۆلچەپ سىزىش، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يەر تەۋەلىكىنى 1:1000 ماسشتاب بويىچە 4 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە ئۆلچەپ سىزىشتىن ئىبارەت.

شيا يالڭ

## شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۈرتى تاماملىغان كارتوگرافىيە قۇرۇلۇشلىرى

شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۈرتى 2002 - يىلى 18 خىل كارتوگرافىيە تۈرىنى تاماملاپ، 5 مىليون 174 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كارتوگرافىيە ئىدارىسى چۈشۈرگەن ۋەزىپە 3 تۈرلۈك، يەنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ (سانجى شەھىرى، ماناس، قۇتۇبى ناھىيىلىرى) نى ئاۋىئاتسىيىلىك ئۆلچەش بويىچە ئىچكى مەشغۇلات ماتېرىيال ئىشخانىسىدىن 280 نۇسخا ئىشلەش، رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتە (DLG)، رەقەملەشتۈرۈلگەن ئورتوگرافىيىلىك تەسۋىر خەرىتىسى (DOM) نى سىزىش ۋەزىپىسىنى تاماملاش، شىنجاڭنىڭ 1:250000 ماسشتابلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى 88 نۇسخا يېڭىلاش، غەربىي قىسمىدىكى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 70 پارچە خەرىتىسىنى ئىشلەشتىن ئىبارەت.

بازار ۋەزىپىسى 16 تۈر يەنى قۇمتۇرا مىڭ ئۆيىدىكى 4 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئايروفوتوگرافىيىلىك ئۆلچەش، تۇرپان شەھىرىنىڭ 1:1000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى رەقەملەشتۈرۈلگەن نۇسخىسىدىن 128 نى ئىشلەش، 3 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى خەرىتىگە ئېلىش، شەھەرلەرنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن 84 نۇسخا ئىشلەش، كورلا شەھىرىنىڭ يەرلەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ 1:10000 ماسشتابلىق 126 نۇسخىسىنى، 1:100000 ماسشتابلىق نۇسخىسىدىن 13 نى ئىشلەش، بوغدا كۆلى ئۆلچەش رايونىنىڭ 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىنىڭ ئاۋىئاتسىيىلىك ئۆلچەنگەن ئىچكى مەشغۇلات ئىشخانىسىدىن 34 نۇسخا ئىشلەش، تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن 225 نۇسخا سىزىپ چىقىش، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى 5 قۇدۇقنىڭ نېفىت - گازىنى ئېچىشتا 40 نۇسخا ئىشخانىسىنى ئۆلچەپ سىزىش، قاراماي لۇلياڭ نېفىتلىك يولىغا 10 كىلومېتىر ئانا تارتىش، شىنجاڭ ماناس مەنزىرىلىك رايونىنىڭ 30.8 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىسىدە يەر شەكلى قۇم مودېلى ياساش، شىنجاڭ زاپاس ئىدارىسى 976 - باشقارمىسىنىڭ 1:10000 ماسشتابلىق، 1:5000 ماسشتابلىق ئاۋىئاتسىيىلىك ئۆلچەنگەن خەرىتىسىدىن 5 نۇسخا، 1:5000 ماسشتابلىق ئاۋىئاتسىيىلىك ئۆلچەنگەن خەرىتىسىدىن 5 نۇسخا ئىشلەش، جۇڭگو تۆمۈريولىنىڭ دەرىجىلىك خەرىتە توپلىمىدىن 10 باسما ئاۋاق ئىشلەش، كۈيتۇڭدىكى 20 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ يەر تەۋەلىكى، موقۇق تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈش، كۈيتۇڭ شەھىرىدىكى ھەربىيلەرنىڭ 200 نۇقتىدىكى يەر تەۋەلىك موقۇقىنى بېكىتىش، چېگرىسىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشى، كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ يەردىن پايدىلىنىش سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن 74 نى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 1:500 ماسشتابلىق يەر تەۋەلىكى خەرىتىسىنى 1476 نۇسخا ۋېكتورلاشتۇرۇش، «شىنجاڭنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسى قوللانمىسى» نى 6 باسما ئاۋاق قىلىپ تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت.

شيا يالڭ

## «9202 قۇرۇلۇشى» تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

دۆلەت كارتوگرافىيە ئىدارىسى بىلەن گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى كاتىبات ئىدارىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لەنجۇ شەھىرىدە «غەربنى كەڭ ئېچىش بويىچە شىنجاڭ ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەت جۇغراپىيە ئۇچۇر سىستېمىسى (قىسقارتىپ 9202 قۇرۇلۇشى دەپ ئاتىلىدۇ) نى نۇقتىدا سىناق قىلىش تۈرى» نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش يىغىنى ئېچىلىپ، ھەممە بۇ تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. «9202 قۇرۇلۇشى» تۈرى كۆرۈۋېپىس تۈرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىش سۇپىسى قىلىنغان CeoWmdoWs تىن پايدىلىنىپ، كۆپ خىل بوشلۇق ۋە غەيرىي بوشلۇق سانلىق مەلۇمات تىپلىرىنى سۇرۇشتۇرۇش ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ بايلىقىدىن ئىبارەت 2 تېمىنى



2002 - يىل 8 - ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن تەتقىقات، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارى بىلەن مۇتەخەسسىسلەر شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۇرتىدا قۇمتۇرا بۇددا ئۆڭكۈرىنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسى ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

شى خاقجاڭ فوتوسى

تۇرغۇزۇپ چىقتى، بۇ، كۆپ ۋاستىلار، RS ، GIS ۋە تور قاتارلىق كۆپ خىل تېخنىكىلارنى قوللىنىش يولى بىلەن ئۆزئارا بىرىكتۈرۈلگەن تور ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، زامانىۋى كارتوگرافىيە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىرىنى كىرگۈزۈش، ئۆزلەشتۈرۈش، ھەزىم قىلىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىشتە ئۈلگىلىك رول ئوينايدۇ. جۇغراپىيە ئۇچۇر تېخنىكىسى ئۇنجى قېتىم ھۆكۈمەتنىڭ ئىش بېجىرىشىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قورۇلۇشىدا قوللىنىلىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە ئىلمىي يوسۇندا تەدبىر بەلگىلەش ئۈچۈن تېخنىكا جەھەتتىن تىرەك بولدى. كارتوگرافىيە تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىش بوشلۇق دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بۇ تور ناھايىتى كۆپ سانلىق مەلۇمات تورلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مۇناسىۋەت تىپىدىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئارقىلىق بوشلۇق سانلىق مەلۇماتى غەيرىي بوشلۇق سانلىق مەلۇماتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، كۆپ ۋاستىلىك ئۇچۇر، كۆپ ئۆلچەملىك ۋە كۆپ تىپلىك سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلغان، ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى سىزىش ۋە تەدبىر ئىقتىدارىنى ئانالىز قىلىشتا ھەرخىل سانلىق مەلۇماتلارنى جۇغراپىيىلىك سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ۋە بىرىكتۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئاپتوماتىك ئېنىقلىما سانلىق مەلۇمات ئۆلچىمى قوللىنىلىپ، ھۆكۈمەت ئىش بېجىرىشكە دائىر سانلىق مەلۇمات ۋە بوشلۇقتىكى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلگەن.

شيا يىڭ

## خەرىتە بازارلىرى تەرتىپكە سېلىندى

2002 - يىل 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، تاشقى ئىقتىساد، سودا نازارىتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى تاموژنىسى، سۇيەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەرىتە بازارلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، شىخەنزە شەھىرى، قاراماي شەھىرى، ئىلى ئوبلاستىدىكى خەرىتە بازارلىرىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. ئېغىر سىياسىي خاراكتېرلىك مەسىلە بار گىلوبۇستىن 749 نى، 1364 پارچە خەرىتىنى، 48 ئاتلاسنى، 41 نۇسخا كىتابنى، 35 دانە خاتىرە دەپتىرىنى، مىس مەتبەئەلىك دۇنيا خەرىتىسىدىن 2 نى، بالىلار چاتما رەسىمىدىن 11 قۇتىنى، 12 سىنئالغۇنى، 30 مىڭ 500 پارچە تەشۋىقات قوللانمىسىنى قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلدى، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ 96 نۇسخا خەرىتە شەكلىنى تۈزىتىپ بەردى، 58 ئورۇننى قانۇنسىز ئىشلەنگەن خەرىتىنى سېتىشنى توختىتىشقا بۇيرۇدى. بۇ دېلولاردا جېرىمانە پۇل سوممىسى 274 مىڭ 500 يۈەن.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ كارتوگرافىيە باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. يۇنىڭ ئىچىدە زېمىن - بايلىق سىستېمىسىدىكى ئورۇنلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك زېمىن - بايلىق ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق زېمىن - بايلىق ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك پىلانلاش - زېمىن - بايلىق باشقۇرۇش ئىدارىسى، بورتالا ئوبلاستلىق زېمىن - بايلىق ئىدارىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك زېمىن - بايلىق ئىدارىسى، ئىلى ئوبلاستلىق زېمىن - بايلىق ئىدارىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك زېمىن - بايلىق ئىدارىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق زېمىن - بايلىق ئىدارىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك زېمىن - بايلىق ئىدارىسى،

قەشقەر ۋىلايەتلىك زېمىن - بايلىق ئىدارىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك زېمىن - بايلىق ئىدارىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق زېمىن - بايلىق ئىدارىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك زېمىن - بايلىق ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك زېمىن - بايلىق ئىدارىسى؛ قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىن شىخەنزە شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى ئاپتونوم رايوننىڭ كارتوگرافىيە باشقۇرۇش خىزمىتى قېلىپلاشقان باشقۇرۇش ئىزىغا چۈشتى.

شيا يىڭ

## 3 ئورۇن دۆلەت سۈپەت سىستېمىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى

2002 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدىكى شىنجاڭ 1 - كارتوگرافىيە يۈرتى، شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۈرتى، شىنجاڭ جۇغراپىيە ئاساسىي ئۇچۇر مەركىزى بېيجىڭ ئۈچ يۇلتۇزلۇق سۈپەت ئېتىراپ قىلىش مەركىزىنىڭ ISO9001 خەلقئارا سۈپەت سىستېمىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى.

شيا يىڭ

## شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشما ئەزالىرىنى تىزىملىدى

2002 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇشما ئەزالىرىنى قايتىدىن تىزىملاش خىزمىتىنى تاماملىدى، 161 ئورۇن تىزىمغا ئالدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە جەمئىيەت باشلىقى بولغان ئورۇن: كارتوگرافىيە ئىدارىسى؛ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى بولغان ئورۇن: شىنجاڭ 1 - كارتوگرافىيە يۈرتى، شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۈرتى، شىنجاڭ دۆلەت نېفىت قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى، قاراماي «شۇنشى» پەن - تېخنىكا ئوقەتچىلىك شىركىتى، ش ئۇ ئا ر زېمىن - بايلىق يەر تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسى، ش ئۇ ئا ر زېمىن - بايلىق پىلانلاش تەتقىقات يۈرتى، شىنجاڭ يەر تەۋرەش كارتوگرافىيە تەتقىقات يۈرتى، بىڭتۈەن تەكشۈرۈش - پىلانلاش - لايىھىلەش تەتقىقات يۈرتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر تەكشۈرۈش كارتوگرافىيە يۈرتى، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە تاش - تۇپا قۇرۇلۇشى مەسلىھەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «جىنۋېن» كارتوگرافىيە قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسىنىڭ كارتوگرافىيە يۈرتى، ئازادلىق ئارمىيە 69028 - قىسىم، گۇاڭجۇ جەنۇبىي كارتوگرافىيە ئەسۋابلىرى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش - تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۈرتى، ئۈرۈمچى ياۋروپا - ئاسىيا كارتوگرافىيە ئەسۋابلىرى چەكلىك شىركىتى.

شيا يىڭ

# يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە

## يەر تەۋرەش

### شىنجاڭ رايونىدىكى يەر تەۋرەش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ تەۋەسىدە 4026 قېتىم يەر تەۋرىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 2 — 2.9 بال يەر تەۋرەش 586 قېتىم، 3 — 3.9 بال يەر تەۋرەش 108 قېتىم، 4 — 4.9 بال يەر تەۋرەش 16 قېتىم، 5 — 5.9 بال يەر تەۋرەش 2 قېتىم. 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈلۈغچات ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن 5.7 بال يەر تەۋرەش مۇشۇ يىل ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ.

2002 - يىلى 2 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشنىڭ چاستوتىسى بىلەن كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 2001 - يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى. 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈلۈغچاتتا يۈز بەرگەن 5.7 بال يەر تەۋرەش 2 يىل ئىچىدە شىنجاڭدىكى 5 بال يەر تەۋرەشتەك تىنچ ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى، بۇ شىنجاڭدا يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ نىسپىي جانلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

4 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش مەركەزلىك ھالدا شەرقىي مېرىدىئان 88 گرادۇسلۇق لىنىيىنىڭ غەربىدىكى تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلبېغىغا تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلبېغىدا 4 قېتىم، جەنۇبىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلبېغىدا 6 قېتىم، جەنۇبىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلبېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە 3 قېتىم، غەربىي كۇئېنلۇن يەر تەۋرەش بەلبېغىدا 3 قېتىم يەر تەۋرىدى، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە چاستوتىسى جەھەتتە غەربتە كۈچلۈك، شەرقتە ئاجىز بولۇش، غەربتە تۆۋەن، شەرقتە يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىدى.

ئۈلۈغچاتتىكى 5.7 بال يەر تەۋرەشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر يىلدا ئوتتۇراھال يەر تەۋرەشنىڭ تارقىلىشى تەكشى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئوتتۇراھال يەر تەۋرەش 80 گرادۇسلۇق لىنىيىنىڭ شەرقىدىكى تەڭرىتاغ رايونىدا بىر قەدەر جانلىنىپ كەتتى، 7 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ئوتتۇراھال يەر تەۋرەش 80 گرادۇسلۇق لىنىيىنىڭ غەربىدىكى تەڭرىتاغ رايونىدا بىر قەدەر جانلىنىپ كەتتى.

بىر يىلدا 5 گۇرۇپپىدىكى 4 بال يەر تەۋرەش نىسبەتەن كىچىك دائىرىدە ۋە نىسبەتەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى 2 گۇرۇپپىدا 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋە 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كورلىدىن بۈگۈرگىچە بولغان رايونلاردا 2 قېتىم 4 بال يەر تەۋرىدى، 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋە 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بايدىن كۇچاغىچە بولغان رايونلاردا 2 قېتىم 4 بال يەر تەۋرىدى. جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى 3 گۇرۇپپىدا 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋە 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈلۈغچات رايونىدا 2 قېتىم 4 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىدى، 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋە 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ھەمدە 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋە 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈلۈغچات رايونىدىكى 2 گۇرۇپپىدا 4 بال يەر تەۋرىدى. ھەر بىر گۇرۇپپىدا يەر تەۋرەشنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 كۈندىن، تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئارىلىقى 230 كىلومېتىردىن ئېشىپ كەتمىدى. بۇ زامان ۋە ماكانغا توپلاشقانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىك (بۇنىڭ ئىچىدە 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ۋە 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى يەر تەۋرەش چېكىگرا سىرتىدىكى 80 كىلومېتىر دائىر ئىچىگە جايلاشقان) نى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ۋاڭ شياۋژاڭ، ۋاڭ جىدا

2002 - يىلى شىنجاڭدا ۋە قوشنا رايونلاردا يۈز بەرگەن M≥3.5 بال يەر تەۋرەش مۇندەرىجىسى

| رەت نومۇرى | يەر تەۋرىگەن ۋاقىت |  |  |  |  |  | تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى |  | تەۋرەش دەرىجىسى |  | H چوڭقۇرلۇقى (1000 مېتىر) | زىلزىلىلىك | پايدىلىنىلغان يەر نامى | ماتېرىيال مەنبەسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
|  | يىل | ئاي | كۈن | سائەت | مىنۇت | سېكۇنت | شىمالىي پاراللېل | شەرقىي مېرىدىئان | ML | M |  |  |  |  |
| 1 | 2002 | 1 | 2 | 22 | 11 | 6 | 35°25′ | 76°59′ | 4.1 | 3.6 |  | 4 | كەشمىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | تۇرپان | 1 | 23 | 3.9 | 4.4 | 89°02′ | 43°22′ | 15 | 27 | 13 | 13 | 1 | 2002 | 2 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | مەكىت | 1 | 20 | 3.7 | 4.2 | 77°48′ | 39°06′ | 21 | 32 | 2 | 15 | 1 | 2002 | 3 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۆزبەل تاغ ئېغىزىنىڭ غەربىي شىمالى | 2 | 3 | 3.8 | 4.3 | 73°23′ | 39°29′ | 24 | 38 | 18 | 25 | 1 | 2002 | 4 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | شىخەنزە | 1 | 33 | 3.9 | 4.4 | 85°51′ | 43°56′ | 23 | 37 | 7 | 7 | 2 | 2002 | 5 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | شىخۇ | 1 | 25 | 4.6 | 5 | 84°36′ | 44°04′ | 4 | 21 | 6 | 8 | 2 | 2002 | 6 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | خېجىڭ | 1 | 29 | 3.7 | 4.2 | 86°28′ | 42°39′ | 8 | 7 | 18 | 10 | 2 | 2002 | 7 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پامىر | 4 | | 3.7 | 4.2 | 73°19′ | 38°34′ | 8 | 11 | 16 | 13 | 2 | 2002 | 8 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇچتۇرپان | 1 | 19 | 3.7 | 4.2 | 78°50′ | 41°11′ | 19 | 54 | 19 | 15 | 2 | 2002 | 9 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | خوتەن | 1 | 32 | 3.7 | 4.2 | 80°36′ | 36°17′ | 49 | 30 | 9 | 19 | 2 | 2002 | 10 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | موڭغۇلكۈرەنىڭ غەربىي جەنۇبى | 1 | 31 | 3.6 | 4.1 | 80°19′ | 42°58′ | 45 | 28 | 6 | 25 | 2 | 2002 | 11 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | جىڭ ناھىيىسى | 1 | 44 | 3.6 | 4.1 | 82°56′ | 44°44′ | 16 | 37 | 5 | 3 | 3 | 2002 | 12 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | خېجىڭ | 1 | 30 | 4.5 | 4.9 | 85°52′ | 42°23′ | 49 | 26 | 7 | 12 | 3 | 2002 | 13 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | بۈگۈر | 1 | 28 | 4.2 | 4.7 | 84°11′ | 42°00′ | 41 | 57 | 2 | 13 | 3 | 2002 | 14 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كۈنەس | 1 | 31 | 4.1 | 4.6 | 83°53′ | 43°48′ | 40 | 49 | 21 | 2 | 3 | 2002 | 15 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۆزبەل تاغ ئېغىزىنىڭ غەربىي شىمالى | 2 | | 4 | 4.5 | 73°30′ | 39°36′ | 30 | 19 | 4 | 12 | 4 | 2002 | 16 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پامىر | 2 | 152 | 5.5 | | 73°06′ | 38°52′ | 16 | 4 | 10 | 14 | 4 | 2002 | 17 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كېرىيە | 1 | 33 | 3.7 | 4.2 | 81°31′ | 35°41′ | 39 | 27 | 15 | 23 | 4 | 2002 | 18 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كېرىيە | 2 | 5 | 4 | 4.5 | 81°31′ | 35°36′ | 9 | 30 | 1 | 26 | 4 | 2002 | 19 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پامىر | 2 | 17 | 3.8 | 4.3 | 74°31′ | 37°49′ | 14 | 18 | 6 | 5 | 5 | 2002 | 20 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | باي | 1 | 43 | 4.3 | 4.8 | 82°04′ | 42°19′ | 40 | 7 | 16 | 14 | 5 | 2002 | 21 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغ-چات | 1 | 24 | 4 | 4.5 | 74°27′ | 39°45′ | 13 | 12 | 17 | 22 | 5 | 2002 | 22 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كېرىيە | 1 | 23 | 3.7 | 4.2 | 82°06′ | 35°48′ | 27 | 11 | 21 | 25 | 5 | 2002 | 23 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | شىخو | 1 | 31 | 4.1 | 4.6 | 84°39′ | 43°43′ | 35 | 24 | 19 | 28 | 5 | 2002 | 24 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇزبەل تاغ ئېغىزىنىڭ غەربىي شىمالى | 2 | 11 | 4.7 | 5.1 | 73°12′ | 39°36′ | 10 | 14 | 2 | 31 | 5 | 2002 | 25 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | مارالبې-شى | 1 | 19 | 3.7 | 4.2 | 78°12′ | 40°04′ | 15 | 14 | 22 | 17 | 6 | 2002 | 26 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | باي | 1 | 27 | 3.8 | 4.3 | 80°55′ | 41°41′ | 22 | 7 | 18 | 21 | 6 | 2002 | 27 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | رىتۇ | 4 | | 4 | 4.5 | 81°04′ | 33°35′ | 44 | 15 | 22 | 21 | 6 | 2002 | 28 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | باي | 1 | 19 | 4.2 | 4.7 | 80°54′ | 41°41′ | 42 | 4 | 10 | 25 | 6 | 2002 | 29 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كۇچا | 1 | 43 | 4.2 | 4.7 | 83°32′ | 42°10′ | 2 | 25 | 9 | 30 | 6 | 2002 | 30 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پامىر | 2 | 57 | 3.7 | 4.2 | 73°27′ | 38°35′ | 40 | 1 | 23 | 6 | 7 | 2002 | 31 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | خوتەن | 2 | 42 | 3.9 | 4.4 | 79°20′ | 36°50′ | 16 | 17 | 16 | 1 | 8 | 2002 | 32 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 33 | 2002 | 8 | 22 | 8 | 30 | 20 | 40°43′ | 78°38′ | 4.7 | 4.2 | 11 | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 34 | 2002 | 9 | 2 | 5 | 46 | 57 | 41°44′ | 82°26′ | 4.2 | 3.7 | 36 | 1 | كۇچا | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 35 | 2002 | 9 | 2 | 16 | 23 | 33 | 39°02′ | 82°11′ | 4.2 | 3.7 | 19 | 2 | چاقىلىق | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 36 | 2002 | 9 | 4 | 7 | 50 | 43 | 38°13′ | 73°27′ | 4.5 | 4 | | 3 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 37 | 2002 | 9 | 7 | 6 | 24 | 57 | 40°20′ | 77°41′ | 4.4 | 3.9 | 8 | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 38 | 2002 | 9 | 10 | 1 | 37 | 5 | 40°41′ | 88°56′ | 4.3 | 3.8 | 24 | 1 | لوپنۇر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 39 | 2002 | 9 | 18 | 12 | 13 | 21 | 36°04′ | 89°43′ | 4.7 | 4.2 | | 4 | چىڭخەي يۇشۇ | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 40 | 2002 | 9 | 21 | 11 | 21 | 42 | 40°47′ | 77°32′ | 4.4 | 3.9 | 17 | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 41 | 2002 | 9 | 22 | 7 | 39 | 56 | 37°24′ | 78°14′ | 4.8 | 4.3 | 44 | 2 | قاغىلىق | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 42 | 2002 | 10 | 2 | 9 | 21 | 54 | 47°43′ | 82°45′ | 4.3 | 3.8 | 43 | 2 | چۆچەك-نىڭ غەر-بىي شى-مالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 43 | 2002 | 10 | 2 | 17 | 50 | 52 | 43°34′ | 88°50′ | 4.2 | 3.7 | 36 | 1 | تۇرپان | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 44 | 2002 | 10 | 5 | 6 | 25 | 7 | 39°34′ | 77°01′ | 4.2 | 3.7 | 17 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 45 | 2002 | 10 | 7 | 11 | 1 | 46 | 43°22′ | 87°09′ | 5.2 | 4.8 | 32 | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 46 | 2002 | 10 | 17 | 17 | 55 | 57 | 46°28′ | 86°54′ | 4.1 | 3.6 | 20 | 1 | قوبۇقسار | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 47 | 2002 | 10 | 29 | 5 | 56 | 55 | 49°45′ | 85°50′ | 4.1 | 3.6 | 30 | 2 | دوستلۇق چوققىسى-نىڭ غەر-بىي شى-مالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 48 | 2002 | 11 | 2 | 0 | 3 | 54 | 40°19′ | 77°40′ | 4.5 | 4 | 16 | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 49 | 2002 | 11 | 4 | 1 | 19 | 13 | 43°25′ | 96°38′ | 4.4 | 3.9 | | 4 | قۇمۇل-شىناڭ شەرقىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 50 | 2002 | 11 | 5 | 6 | 30 | 38 | 35°40′ | 75°10′ | 4.5 | 4 | | 4 | كەشمىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 51 | 2002 | 11 | 9 | 12 | 23 | 27 | 38°35′ | 92°40′ | 4.6 | 4.1 | | 4 | ماڭيا | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 52 | 2002 | 11 | 10 | 11 | 18 | 55 | 33°45′ | 80°40′ | 4.3 | 3.8 | | 4 | ريتۇ | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 53 | 2002 | 11 | 12 | 16 | 26 | 13 | 40°43′ | 78°36′ | 4.2 | 3.7 | 16 | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 54 | 2002 | 11 | 29 | 2 | 53 | 31 | 47°46′ | 82°32′ | 4.9 | 4.5 | 30 | 2 | چۆچەك-شىناڭ غەربىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 55 | 2002 | 12 | 1 | 11 | 59 | 15 | 38°35′ | 73°37′ | 4.1 | 3.6 | 49 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 56 | 2002 | 12 | 1 | 17 | 2 | 4 | 47°47′ | 82°18′ | 4.1 | 3.6 | 35 | 2 | چۆچەك-شىناڭ غەربىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 57 | 2002 | 12 | 6 | 1 | 34 | 6 | 41°43′ | 81°28′ | 4.5 | 4 | 18 | 1 | باي | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 58 | 2002 | 12 | 6 | 1 | 42 | 1 | 41°41′ | 81°31′ | 4.4 | 3.9 | 23 | 1 | باي | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 59 | 2002 | 12 | 16 | 2 | 45 | 55 | 39°21′ | 74°33′ | 4.9 | 4.5 | 15 | 2 | ئۇلۇغچات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 60 | 2002 | 12 | 19 | 5 | 50 | 13 | 39°45′ | 75°30′ | 4.4 | 3.9 | 23 | 1 | ئۇلۇغچات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 61 | 2002 | 12 | 21 | 20 | 55 | 50 | 42°23′ | 84°43′ | 4.1 | 3.6 | 22 | 1 | بۆگۈر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 62 | 2002 | 12 | 24 | 5 | 45 | 43 | 38°26′ | 74°02′ | 4.7 | 4.2 | 153 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 63 | 2002 | 12 | 25 | 20 | 57 | 2 | 39°35′ | 75°03′ | | 5.7 | 20 | 1 | ئۇلۇغچات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 64 | 2002 | 12 | 26 | 7 | 56 | 16 | 40°09′ | 76°38′ | 4.4 | 3.9 | 15 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

خۇاڭ جيەنىڭ

## ئۇلۇغچاتتا 5.7 بال يەر تەۋرىدى

يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سائەت 20 دىن 57 مىنۇت 02.8 سېكۇنت ئۆتكەندە، مىكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل 39°35′، شەرقىي مېرىدىئان 75°03′؛ ماكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل 39°41′، شەرقىي مېرىدىئان 75°05′؛ تەۋرەش دەرىجىسى: MS=5.7؛ تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 20 كىلومېتىر.

يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە يەر تەۋرەشتىن بولغان زىيان ئەھۋالى كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى VI° بولغان ئېغىر يەر تەۋرىگەن رايونلارنىڭ دائىرىسى شىمالدا ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ قىزىلئۆي يېزىسىدىكى ئاقچىيەر كەنتىدىن جەنۇبتا كانىۋ بازىرىنىڭ باسۇن كەنتىگىچە، غەربتە ئوقسالۇر يېزىسىغىچە، شەرقتە قىزىلئۆي يېزىسىنىڭ كەڭشىۋەر كەنتىگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇزۇن يېرىم ئوقى 25.2 كىلومېتىر، قىسقا يېرىم ئوقى 9.3 كىلومېتىر، دائىرىسى 736.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇلۇغچات ناھىيە بازىرىدىكى كۈچلۈك يەر تەۋرەش مۇنداق خاتىرىلەنگەن: شەرقتىن غەربكە بولغان يۆنىلىشى 60 سانتىمېتىر/سېكۇنت كۋادرات، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان يۆنىلىشى 47.8 سانتىمېتىر/سېكۇنت كۋادرات، ۋېرتىكاللىق يۆنىلىشى 22.7 سانتىمېتىر/سېكۇنت كۋادرات. VII° لۇق رايوننىڭ دائىرىسى جەنۇبتا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى قىرىقبۇلاقچە، غەربتە ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ ئۇلۇغچات يېزىسىدىكى جاسى كەنتىگىچە، شەرقتە ئاتۇش شەھىرىدىكى تورغات پورتىغىچە بولغان جايلارنى، شىمالدا ئادەمزات بولمىغان ئېگىز تاغلىق رايونلار. ئۇزۇن يېرىم ئوقى 56.7 كىلومېتىر، قىسقا يېرىم ئوقى 36 كىلومېتىر كېلىدىغان 5676.4 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەشقەر 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى كۈچلۈك يەر تەۋرەش مۇنداق خاتىرىلەنگەن: شەرقتىن غەربكە بولغان يۆنىلىشى 17.51 سانتىمېتىر/سېكۇنت كۋادرات، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان يۆنىلىشى 21.48 سانتىمېتىر/سېكۇنت كۋادرات، ۋېرتىكاللىق يۆنىلىشى 17.64 سانتىمېتىر/سېكۇنت كۋادرات. تالا تەۋرىنىش سىزىقىنىڭ ئۇزۇن ئوقى شەرقتىن غەربكە يۆزلەنگەن. ئاپەت رايونىدىكى ئاھالە 33 مىڭ 889 كىشى.

يەر تەۋرەشتە خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق 21 مىڭ 709 كۋادرات مېتىر ئۆي ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا، 43 مىڭ 858 كۋادرات مېتىر ئۆي يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى؛ كېسەك ياغاچ - تاش قۇرۇلمىلىق 92 مىڭ 832 كۋادرات مېتىر ئۆي ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا، 182 مىڭ 514 كۋادرات مېتىر ئۆي يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى؛ يەر تەۋرەشتە بىر ئادەم يېنىك يارىلاندى، ئۆلۈم - يېتىم كۆرۈلمىدى. 666 ئائىلىلىك 2724 كىشى ماكانسىز قالدى. 4885 كىشى باشقا جايغا جىددىي يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 30 مىليون 458 مىڭ 500 يۈەنگە، ۋاسىتىلىك ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليون 422 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سۇڭ لىجۈن

## قۇرۇلۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر تەۋرەش تەتقىقاتى

2002 - يىلى شىنجاڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىنى باھالاش ھەيئىتى شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى يوللىغان 13 قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش تۈرىنى تەكشۈردى. 4 - ئاينىڭ 25- كۈنى «بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ دىنار دەرياسى 1 - ماي سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋە 25 - كۈنى «شىنجاڭ گۇاڭخۇي سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز قۇرۇلۇشى مەيدانىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» ۋە «شىنجاڭ خۇالىڭ سانائەت - سودا شىركىتىنىڭ شەرقىي شىخۇڭ يولىدىكى پىيادىلەر ئۆتۈشمە يولى بىلەن يەر ئاستى ماشىنا توختىتىش مەيدانى قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكى قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» ۋە «كورلا شەھىرىنىڭ بايىن باغچىسى قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «ئۈرۈمچى يېڭى ئىستانسىسىنىڭ تۆمۈريول ترانسپورت مۇئەسسەسەلىرىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ۋە 26 - كۈنى «تارىمنىڭ يېڭىدىن قوشۇلغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» ۋە «بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى تۈمەن شتابىنىڭ يەر تەۋرەش دىنامىكىلىق پارامېتىرىنى قايتىدىن تەكشۈرۈش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋە 25 - كۈنى «كورلا - ئىقتىساد تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇش

ئورنىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» ۋە «دۆلەت رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى قەشقەر رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋە 26 - كۈنى «كۆيتۇڭ» دەرياسىنىڭ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدىكى جياگجۇنياۋ سۇ ئامبىرى توسمىسى ئورنىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» ۋە «شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى يېقىلغۇ گاز شىركىتىنىڭ سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنى ساقلاش - توشۇش سىستېمىسىنىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىشنى باھالاش، يەر تەۋرەش ئاپىتىنى ئالدىن مۆلچەرلەش بىلەن ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ شىمالىي ھويلىسىدىكى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى» تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى يەنە ئۈرۈمچى شەھەر رايونىنىڭ ھەرىكەتچان ئۆزۈلمە قاتلىمىنى تەكشۈرۈپ باھالاش تۈرىنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، 24 - كۈنى، 27 - كۈنى ۋە 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ بىنجياۋ ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھىرىلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسى، بىڭتۇەن ئورگان خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ جۇڭتەي شىركىتى ھاۋالە قىلغان ھەرىكەتچان ئۆزۈلمە قاتلامنى تەكشۈرۈپ باھالاشقا دائىر 5 تۈرنى تاماملىدى.

يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىنى باھالاش خىزمىتىدە، يەر تەۋرىشىنىڭ ھەرىكەتچانلىقى، رايون دائىرىسى ۋە مەيدانغا يېقىن رايونلارنىڭ يەر تەۋرەش قۇرۇلمىسى، يەر تەۋرىشىنىڭ پەسسىيش مۇناسىۋىتى، يەر تەۋرەش خەتىرىنى ئانالىز قىلىش، قۇرۇلۇش سېيسمولوگىيىسى شارائىتى، يەر تەۋرىشىنىڭ دىنامىكىلىق پارامېتىرىنى ئېنىق بېكىتىش، يەر تەۋرىشتىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەت قاتارلىق تۈرلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، قۇرۇلۇش مەيدانلىرىدا كەلگۈسى 50 يىل ئىچىدە ترانسېدېنتلىق ئېھتىماللىقى بولغان يەر تەۋرىشىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى، يەر تەۋرىشىنىڭ دىنامىكا ماكسىمۇم قىممىتىنىڭ تېزلىنىش دەرىجىسى، يەر تەۋرىشىنىڭ دىنامىكىلىق ئىنكاس سپېكتىر خۇسۇسىيىتىنىڭ دەۋرىيلىكى كۆرسىتىپ بېرىلىپ، شەھەرلەرنى پىلانلاش، يەرلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، قۇرۇلمىلارنى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ لايىھەلەشنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ھەرىكەتچان ئۆزۈلمە قاتلامنى تەكشۈرۈپ باھالاش قۇرۇلمىلارنى جايلاشتۇرۇشنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

لو فۇجۇڭ

## يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش - ئاپەتنى ئازايتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ ئۆلچەپ تەكشۈرۈش - ئالدىن مەلۇمات بېرىش مەھكىمىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر تەۋرەشنى رەقەملىك ئۆلچەش تورى، يەر تەۋرەشنى رەقەملىك ئۆلچەش ئىستانسا - تورى، يەر تەۋرەش ئالامەتلىرىنى رەقەملىك ئۆلچەش ئىستانسا - تورى ۋە يەر تەۋرەش ئۇچۇر مۇلازىمەت سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە لايىھەلەش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. مورى، موگخۇلكۈرە، ئاتۇشتىن ئىبارەت 3 ئورۇننىڭ يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىستانسىلىرىنى ئۆزگەرتىش ئىشىنى تاماملىدى. شىزاڭنىڭ ئالى شىچۇەن دەرياسى دۆلەت رەقەملىك يەر تەۋرەش ئىستانسىسىنى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى ھەمدە 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خاتىرىلەنگەن يەر تەۋرەش سىگنالى جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ قوبۇل قىلىش مەركىزىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ ئۆلچەپ تەكشۈرۈش - ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتى 2002 - يىلى مەملىكەتلىك يەر تەۋرەش سىستېمىسى بويىچە باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا بىرىنچى بولدى.

جۇڭگو يەرتەۋرەش ئىدارىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە مەبلەغ سالغان يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇشتا قوماندانلىق قىلىش، پەن تەتقىقات، ئىش بېجىرىش بىر گەۋدە قىلىنغان شىنجاڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش پەن تەتقىقات ئۇنىۋېرسال بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى باشلاندى. بۇ ئاساسىي بىنانىڭ يەر ئاستى بىر قەۋەت، يەر ئۈستى 14 قەۋەت، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن بىناسى 4 قەۋەت، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 107 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، VII بال يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە چوڭ شەھەرلەردىكى ھەرىكەتچان ئۆزۈلۈك قاتلاملارنى تەكشۈرۈش ۋە يەر تەۋرەش خەتىرىنى باھالاش خىزمىتىنى ئىشلەشتە 3 ئۆلكە شەھەرنىڭ بىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ بويىچە چوڭ شەھەرلەردىكى ھەرىكەتچان ئۆزۈلۈك قاتلاملارنى ۋە يەر تەۋرەش خەتىرىنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش - تەرپىيىلەش ئۆمىكى تەركىبىدىكى 10 كىشى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 20 -

كۈنىگىچە ياپونىيىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە تەربىيىلەندى.

ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى تەڭشەلدى. «شىنجاڭ يەر تەۋرەش سىستېمىسىنىڭ يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش تارماقلىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى»، «شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى تارماقلىرىنىڭ يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ھەرىكىتى لايىھەسى» ۋە «يەر تەۋرىگەن نەق مەيداندىكى تېخنىكىلىق مۇئەسسەسىلىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» قاتارلىق ئىچكى قىسىمدىكى مەمۇرىي نىزاملار تۈزۈپ چىقىلدى. دالادىكى يەر تەۋرەشكە دائىر نەق مەيدان سانلىق مەلۇماتلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش مەشىقى ئېلىپ بېرىلدى.

رىن يۇلياڭ

## يەر تەۋرەشكە دائىر پەن تەتقىقات ۋە تاشقى ئىشلار خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى تېمىسىدىن بىر تۈرنى، 10 - بەش يىللىق پىلانغا دائىر تارماق تېمىدىن 2 تۈرنى، جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ بىرلەشمە فوندى تېمىسىدىن 3 تۈرنى، يەر تەۋرەشنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش، مەلۇمات بېرىش، پەن تەتقىقاتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلەشتۈرۈلگەن تېمىدىن 2 تۈرنى ئۈستىگە ئالدى. مۇشۇ يىلى 60 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. بىر تۈرلۈك پەن تەتقىقات نەتىجىسى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، بىر تۈر جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىر تۈر ئۆلكە، ئىدارە دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

6 چەت ئەل مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكى - گۇرۇپپىسىدىكى 15 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى؛ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلىنىش، ھەمكارلىق تۈرلىرىنى ئىجرا قىلىش بويىچە 6 ئۆمەك - گۇرۇپپا تەركىبىدىكى 21 ئادەم (قېتىم) چەت ئەلگە چىقتى.

رىن يۇلياڭ

## كۇئېنلۇن تېغى ئېغىزىنىڭ غەربىدىكى 8.1 بال يەر تەۋرەش تەكشۈرۈلدى

2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سائەت 17 دىن 26 مىنۇت ئۆتكەندە، كۇئېنلۇن تېغى ئېغىزىنىڭ غەربىدىكى شىنجاڭ بىلەن چېگرىدىش تۇتاشقان جايدا 8.1 بال يەۋقۇلئاددە كۈچلۈك يەر تەۋرىدى.

شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، كاندىدات تەتقىقاتچى، دوكتور جاۋ رۇيبىن ئەترەت باشلىقلىقىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى 10 كىشى 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە تەۋرەش مەركىزىدىكى رايونلارنى نەق مەيداندا تەكشۈردى. تەكشۈرۈش مۇساپىسى 6000 كىلومېتىردىن كۆپرەككە، مۇھىم تەكشۈرۈلگەن نۇقتا 22گە يەتتى، يەر تەۋرەشتە كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان يەر ئۈستى يېرىق نۇقتىسى بىلەن ئالامەتلىرىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى ھەمدە تەييارخو كۆلىدىن كۇشۇيخۇنىگىچە بولغان يەر بۆلىكىدىن تۇنجى قېتىم كۇئېنلۇن تېغى ئېغىزىنىڭ غەربىدە 8.1 بال يەر تەۋرەشتە ھاسىل بولغان يەر ئۈستى يېرىلما زونىسىنىڭ غەربىي ئۇچىنى تاپتى.

كۇئېنلۇن تېغى ئېغىزىنىڭ غەربىدىكى 8.1 بال يەر تەۋرەشتە ھاسىل بولغان يەر ئۈستى يېرىلما زونىسىنىڭ غەربىي ئۇچى شەرقىي كۇئېنلۇندىكى ئەڭ ئېگىز چوققا — بۇقاداۋان چوققىسى جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ غەربىي يان تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4600 مېتىردىن 5000 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان كۆكشىل ئېگىز تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىدىكى تەييارخو كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن كۇشۇيخۇنىڭ شەرقىدىكى تاغ جىلغىسى بۆلىكىگە تارقالغان، يېرىلغان زونىدىكى غەربىي ئۇچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 25 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 — 300 مېتىر، ئومۇمىي يۆرۈش يۆنىلىشى 280° — 290° كېلىدۇ، ئۇ، كېڭىيىشچانلىق، قىسىلىشچانلىق ۋە قايچىلىنىشچانلىق قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى ئىككىلەمچى يېرىلمىلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ، شەرقىي قىسىم ئاخىرقى ئۇچى بۆلىكى، ئاساسىي گەۋدە يېرىلما بۆلىكى ۋە غەربىي قىسىم ئاخىرقى ئۇچى بۆلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەككە ئايرىلىدۇ. يەر ئۈستىدىكى يېرىلغان قۇرۇلمىلارنىڭ ئەڭ زور سول ئايلانمىلىق گورىزونتاللىق ئورۇن يۆتكىلىشى 3 مېتىر، ۋېرتىكاللىق ئورۇن يۆتكىلىشى ئومۇمەن 0.7 مېتىردىن 2 مېتىرغىچە كېلىدۇ، ئەڭ زور بولغاندا 2.9 مېتىرغا يېتىدۇ. تومپىيىپ چىققان ياكى قىسىلىپ چىققان ئومۇرتقىلارنىڭ ئەڭ زور قىسقىلىقى 4.2 مېتىر كېلىدۇ. يەر ئۈستىنىڭ يېرىلىش تىپى بىلەن بىرىكىش ئالاھىدىلىكى شۇنى كۆرسەتتىكى، يەر تەۋرەش ئۈزۈك قاتلاملىرى سولغا ئايلىنىپ سىيرىلىپ سىلجىشنى ئاساس قىلغان، شۇنىڭ بىلەن تەڭ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئۈستىگە شۇڭغۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، 8.1 بال يەر تەۋرەش تەرتىپىدىكى بىر قېتىملىق دەسلەپكى

ئېغىر يەر تەۋرەشتىن شەكىللەنگەن كۈچلۈك يەر تەۋرەش بولۇشى مۇمكىن.

لى جۈن

# مېتېئورولوگىيە

## شىنجاڭنىڭ 2002 ـ يىللىق كىلىماتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدا يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولدى، كۆپ قىسىم رايونلاردا يىللىق مۆل ـ يېغىن مىقدارى كۆپرەك بولدى، باش باھار پەسلى، ئاخىرقى قىراۋ مەزگىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپ قىسىم جايلاردا بالدۇرراق كەلدى، شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا باش قىراۋ مەزگىلى ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى ياكى سەل كېچىكتى. يىل بويى كۈن نۇرى تولۇق چۈشتى، مۆل ـ يېغىن بىر قەدەر كۆپ بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى 2001 ـ يىلدىكىدىن ئاز بولدى، لېكىن قىسمەن كەلكۈن، ئەتىياز پەسلىدە قۇم شتورمىسى، ئۇدا تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق تۇتۇق ھاۋارايى تەسىرى ئېغىرراق بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا قىش پەسلىدە ئاز كۆرۈلىدىغان يېغىندى قار پەيدا بولدى. بىر يىلدا دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مېتېئورولوگىيىسىنىڭ يىللىق كىلىماتى نورمال بولغان ھوسۇللۇق كىلىمات ھېسابلىنىدۇ.

تېمپېراتۇرا يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا (8 پونكىت ئۆلچىگەن ئوتتۇرىچە سان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 8.2℃، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا (8 پونكىت ئۆلچىگەن ئوتتۇرىچە سان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 12.2℃ بولدى. ئادەتتىكى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا 1.2℃ يۇقىرىراق بولدى، بۇ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئۇدا يۇقىرى بولغان 9 ـ يىل ھېسابلىنىدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 1℃ يۇقىرىراق بولدى، بۇ، تېمپېراتۇرا ئۇدا يۇقىرىراق بولغان 6 ـ يىل ھېسابلىنىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيانقى يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولغان 1997 ـ يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى.

قىش پەسلى (2001 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 2002 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 11℃ ـ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 4.4℃ ـ بولدى. ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 1.3℃ يۇقىرىراق بولدى، پەسىل ئىچىدە تېمپېراتۇرا تۇيۇقسىز ئۆرلەپ، تۇيۇقسىز تۆۋەنلەپ كەتتى. 2001 ـ يىل 12 ـ ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىك دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 4 ـ ئورۇندا تۇردى، 2002 ـ يىل 1 ـ ئايدا يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 ـ ئورۇندا تۇردى.

ئەتىياز پەسلى (3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 9.6℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.6℃ يۇقىرىراق بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 15℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.9℃ يۇقىرىراق بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قەشقەردە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 ـ ئورۇندا تۇردى، خوتەن تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 ـ ئورۇندا تۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 3 ـ ئايدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 3 ـ ئورۇندا تۇردى.

ياز پەسلى (6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 23.5℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.6℃ يۇقىرىراق بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 26.1℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1.3℃ يۇقىرىراق بولدى، تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 1 ـ ئورۇندا تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، پەنجەدە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 ـ ئورۇندا تۇردى، تۇرپان ۋە چەرچەندە تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 ـ ئورۇندا تۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىدا 8 ـ ئايدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىلدىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى.

كۈز پەسلى (9 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 13.3℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1.1℃ يۇقىرى بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 15.8℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.7℃ يۇقىرىراق بولدى. شىخەنزە، ئۈرۈمچى، ئاقسۇدا يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 ـ ئورۇندا تۇردى، غۇلجىدا يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 ـ ئورۇندا تۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 10 ـ ئايدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىلدىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى.

مۆل ـ يېغىن 2002 ـ يىلى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا يىللىق مۆل ـ يېغىن مىقدارى 256.2 مىللىمېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 60 مىللىمېتىر بولدى. ئادەتتىكى يىللاردىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا

%20 كۆپ بولدى، بۆرتالا ئىچىدە، جىڭ، شىخەنزىلەردە %30، ئىلى رايونىدا %50 كۆپ بولدى، ئالتاي، گۇچۇڭدا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، باشقا رايونلاردا %20 ئۆپچۆرىسىدە كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا %20 كۆپ بولدى، قۇمۇل، خوتەن، تۇرپاندا %60تىن كۆپرەك بولدى، ئاقسۇ، چەرچەندە %50 ئۆپچۆرىسىدە كۆپ بولدى، قەشقەردە %20 كۆپ بولدى، باشقا رايونلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى.

قىش پەسلى (2001 - يىل 12 - ئايدىن 2002 - يىل 2 - ئايغىچە): پەسىللىك ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 38.2 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن ئازكەم %10 كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 5.9 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن ئاز كەم %20 كۆپ بولدى، بۆرتالا ئىچىدە، خوتەندە ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2 ھەسسە كۆپ بولدى. 2001 - يىل 12 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا غۇلجا، كۈنەس قاتارلىق جايلاردا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى كۆپرەك بولدى، باشقا رايونلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى ياكى ئازراق بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا قۇمۇل، يەنجى، تۇرپاندا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقاندىن سىرت، باشقا جايلاردا كۆپرەك بولدى. 1 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم جايلاردا ھۆل - يېغىن ئومۇميۈزلۈك كۆپرەك بولدى، بۆرتالا ئىچىدە شىخەنزىدە ئادەتتىكى يىللاردىكىنىڭ 1.4 ھەسسىگە توغرا كەلدى، جىڭ ناھىيىسىدە 1.2 ھەسسە كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ھۆل - يېغىننىڭ تارقىلىشى پەقەت تەكشى بولمىدى، غەربىي قىسمىدا كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپرەك بولدى، شەرقىي قىسمىدا ئاساسىي جەھەتتىن يامغۇر ياغمىدى. 2 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا ھۆل - يېغىن كۆپ بولدى، بورتالادا ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا، جىڭدا 3 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئاساسەن يامغۇر ياغمىدى.

ئەتىياز پەسلى (3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە): پەسىللىك ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 90.7 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %50 كۆپ بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 13.3 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %30 كۆپ بولدى. بۆرتالا ئىچىدە، غۇلجىدا ئادەتتىكى يىللاردىكىنىڭ 1.2 ھەسسىسىگە باراۋەر كەلدى، تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى، ئۈرۈمچىدە تارىختىكى ئوخشاش مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 4 - ئايدا ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى شۇ مەزگىلدىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 4 - ئايدا ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى، 3 - ۋە 5 - ئايلاردا كۆپ قىسىم رايونلاردا ھۆل - يېغىن ئاز بولدى ياكى ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى.

ياز پەسلى (6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە): پەسىللىك ھۆل-يېغىن مىقدارى ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا شىمالىي شىنجاڭدا ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم جايلاردا كۆپرەك بولدى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا پەسىللىك ھۆل - يېغىن مىقدارى 67.5 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، بۆرتالا ئىچىدە غۇلجىدا كۆپرەك بولۇپ ئاز كەم %40كە يەتتى، چۆچەك، جىڭ، شىخەنزە، ئۈرۈمچىدە %20 ئۆپچۆرىسىدە كۆپ بولدى، گۇچۇڭدا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، ئالتاي، شىخودا %30 — %40 ئاز بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا پەسىللىك ھۆل - يېغىن مىقدارى 32.5 مىللىمېتىر بولۇپ، ئاز كەم %20 كۆپ بولدى، ھۆل-يېغىن ئاساسەن 6 -، 7 - ئايلارغا مەركەزلەشتى، بۆرتالا ئىچىدە تۇرپاندا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1.7 ھەسسە كۆپ بولۇپ، تارىختىكى شۇ مەزگىلدىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، قۇمۇل، ئاقسۇدا %60 كۆپ بولدى، خوتەندە %50 كۆپ بولدى، چەرچەندە ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، يەنجى، كۇچا، قەشقەردە %10 —%30 ئاز بولدى.

كۈز پەسلى (9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە): پەسىللىك ھۆل-يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 55 مىللىمېتىر بولۇپ، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قىممەتكە يېقىنلاشتى، ھۆل-يېغىن ئاساسەن غەربىي قىسمىغا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا ھەمدە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىغا مەركەزلەشتى. جەنۇبىي شىنجاڭدا 7.3 مىللىمېتىر بولۇپ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قىممەتكە يېقىنلاشتى، ئالدىنقى مەزگىلدە ھۆل - يېغىن ئاساسەن غەربىي قىسمىغا مەركەزلەشتى. 9 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 10.9 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %30 ئاز بولدى، ئالتايدا ئاز كەم %90 ئاز بولدى، ئازىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى؛ خوتەندە ھۆل - يېغىن مىقدارى 18 مىللىمېتىر بولۇپ، كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى. 10 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 21.5 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %10 كۆپ بولدى، بۆرتالا ئىچىدە، ئالاتاۋ تاغ ئېغىزىدا كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا، جىڭدا تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى. 11 - ئايدا

شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 22.6 مىللىمېتىر بولدى، لېكىن تارقىلىشى تەكشى بولمىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئايرىم رايونلاردا ئاز مىقداردا ھۆل - يېغىن بولغاندىن سىرت، باشقا رايونلاردا ئاساسەن ھۆل- يېغىن بولمىدى.

يېغىندى قار   2001 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا نېپىز قار توپلاندى، ئىلگىرىكى يىللارنىڭ قىش پەسلىدىكى ئەڭ زور يېغىندى قار قېلىنلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا 9 سانتىمېتىردىن 21 سانتىمېتىرغىچە نېپىز بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىدە 2 سانتىمېتىردىن 6 سانتىمېتىرغىچە نېپىز، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا 5 سانتىمېتىردىن 13 سانتىمېتىرغىچە نېپىز قار جۇغلاندى. 2002 - يىل 1 - ئايدا 3 قېتىم قارلىق جەريان كۆرۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا يېغىندى قار نېپىز بولۇشتەك ھالەت ئۆزگەرمىدى، 1 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي، غەربىي قىسىملىرىدا ھەمدە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا يېغىندى قارنىڭ ئەڭ زور قېلىنلىقى 6 سانتىمېتىردىن 24 سانتىمېتىرغا يېتىپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 14 سانتىمېتىردىن 31 سانتىمېتىرغىچە نېپىز بولدى، جىڭ ناھىيىسىدە ئاران 2 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قار يېغىلدى، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلاردا سەل قېلىنراق قار توپلاندى. 2 - ئايدا بىر قېتىملىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھاۋارايىدىن كېيىن يەنىلا نېپىز قار توپلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتايدا 5 سانتىمېتىر نېپىز بولدى، چۆچەك، چاغانتوقاي ۋە كۆكتوقايدا 32 سانتىمېتىردىن 34 سانتىمېتىرغىچە نېپىز بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا بىر سانتىمېتىردىن 16 سانتىمېتىرغىچە نېپىز بولدى، لېكىن بورتالا، موڭغۇلكۈرەدە 4 سانتىمېتىردىن 16 سانتىمېتىرغىچە قېلىنلىقتا قار توپلاندى.

1 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تارىم ئويمانلىقىدا ئاز كۆرۈلىدىغان قار توپلىنىشتەك ھادىسە كۆرۈلدى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، چەرچەن ۋە كورلا رايونلىرىدا يېغىندى قار قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىردىن 7 سانتىمېتىرغا يەتتى.

باش باھار پەسلى   ئاپتونوم رايوندىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا باش باھار پەسلى بالدۇر كەلدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى چۆچەكتە 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى باش باھار كىلىپ ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 15كۈن بۇرۇن بولدى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭدا 25 - كۈنلىرى باش باھار باشلىنىپ ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، باشقا كۆپ قىسىم رايونلاردا باش باھار پەسلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا توغرا كىلىپ ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 5 — 10 كۈن بۇرۇن بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا باش باھار 2 - ئاينىڭ 15- كۈنىدىن 20 - كۈنلىرىگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كەلدى، قۇمۇل، يەنجىدە ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقاندىن سىرت، باشقا رايونلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 5 — 20 كۈن بۇرۇن كەلدى.

ئاخىرقى قىرو مەزگىلى   ئاپتونوم رايوندىكى كۆپ قىسىم جايلاردا ئاخىرقى قىرو مەزگىلى بالدۇر بولدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى بورتالا ۋە ئۈرۈمچىدە، 7 — 12 كۈن كېچىككەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلاردا 1 — 10 كۈن بۇرۇن بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قۇمۇلدا 3 كۈن كېچىككەنلىكىنى، يەنجىدە ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلاردا 5 — 13 كۈن بۇرۇن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەندە 1961 - يىلدىن بۇيان ئاخىرقى قىرو ئەڭ بالدۇر چۈشكەن بىر يىل ھېسابلىنىدۇ، كورلا، چەرچەن 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

باش قىرو مەزگىلى   ئاپتونوم رايوندىكى كۆپ قىسىم جايلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1 — 24 كۈن كېچىكتى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئالتاي ۋە ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا قىرو 1 — 12 كۈن بالدۇر چۈشكەندىن سىرت، شىمالىي شىنجاڭدىكى قالغان رايونلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1 — 15 كۈن كېچىكتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كورلىدا باش قىرو 2 كۈن بۇرۇن چۈشكەندىن سىرت، قالغان رايونلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1 — 24 كۈن كېچىكتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، تۇرپاندا 1961 - يىلدىن بۇيان باش قىرو ئەڭ كېيىن چۈشكەن بىر يىل بولدى.

چاڭ تاۋ

## شىنجاڭنىڭ 2002 - يىلدىكى نورمالسىز مېتېئورولوگىيىسى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 104 ئىستانسا - پونكىت نورمالسىز مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسە توغرىسىدا يىللىق مەلۇمات يوللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 95 ئىستانسا - پونكىتنىڭ خاتىرىسىدە نورمالسىز مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسە كۆرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 27 تۈردە 425 قېتىم نورمالسىز ھادىسە كۆرۈلۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن 10 تۈر بويىچە 103 قېتىم كۆپەيدى، ئىستانسىلاردا نورمالسىزلىق قېتىم سانى ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن تۈرلەرنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق: يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 51 پونكىت ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 75 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن

مىقدارى 52 پونكىت ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 73 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق چەملەنگەن كۈن نۇرى ئەڭ ئاز چۈشكەن ۋاقىت 44 پونكىت ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 69 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق جەملەنگەن ھۆل سوتكىلىق ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى 32 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ ئايلىق ئوتتۇرىچە ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا 31 پونكىت ئىلگىرىكى 30 يىلدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 50 قېتىم ئېشىپ كەتكەن.

## ئاپتاپ تولۇق چۈشمىدى، كۈن نۇرى ئاز چۈشتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە خېلى بىر قىسىم ئىستانسا، پونكىتلارنىڭ خاتىرىسىدە ئاپتاپ تولۇق چۈشمەسلىك، كۈن نۇرى ئاز چۈشۈشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. بۇ، 9 ۋىلايەت، ئوبلاستقا چېتىلىدۇ، دائىرىسى كەڭ، پونكىتلارنىڭ خاتىرىلەنگەن نۇقتىلىرى كۆپ. ۋاقىت جەھەتتىكى تارقىلىشتىن قارىغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا ئاساسەن 1 -، 4 - ئايلارغا، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاساسەن 4 -، 6 -، 7 -، 12 - ئايلارغا مەركەزلەشكەن.

## تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولۇشنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى

2002 - يىلى تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولدى. بۇ ئاساسەن ئوتتۇرىچە يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە ئايلىق مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا تارىختا خاتىرىلەنگەن پونكىت (قېتىم) ساندىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنلىكتە ئىپادىلىنىدۇ. ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 51 ئىستانسا - پونكىت تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كەتكەن. ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىت ئاساسەن 1 -، 3 -، 8 - ئايلارغا مەركەزلەشكەن. ئايلىق مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىت ئاساسەن 1 -، 10 - ئايلارغا مەركەزلەشكەن.

شىمالىي شىنجاڭدا: چۆچەكتە ھەر ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 4 - ئايدا سەل تۆۋەنرەك بولغاندىن سىرت، قالغان ھەر قايسى ئايلاردا داۋاملىق يۇقىرى بولدى. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 8.5℃ بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە قىممەتتىن 1.9℃ يۇقىرى بولدى. بولۇپمۇ 1 - ئاي ۋە 2 - ئايدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن 6℃ — 7℃ يۇقىرى بولۇپ، قىشتا كۆرۈنەرلىك ئىللىق بولۇشتەك كىلىمات شەكىللەندى. ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈنەرلىك ھالدا سوغۇق قايتىلىنىشتەك ھاۋارايى كۆرۈلدى، بورانلىق ھاۋارايى كۆپ بولۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىسىز تەسىر كۆرسەتتى؛ ياز پەسلىدە كونۋېكسىيىلىك ھاۋارايى كۆپىيىپ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى؛ كۈز پەسلىدە تېمپېراتۇرا ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن يۇقىرىراق بولدى، ھاۋا نامايىتى ئوچۇق بولدى، ھۆل - يېغىن ئۈزلۈكسىز ئازىيىپ كېتىپ كەچكۈز زىرائەتلىرىنىڭ پىشىشىغا ۋە ھوسۇلىنى يىغىۋېلىشقا پايدىلىق بولدى. چاغانتوقايدا 1 - ئايدا ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، ئاشقان تېمپېراتۇرا 0.5℃ بولۇپ، يامغۇرلۇق ۋە يامغۇر ئارىلاش قارلىق ھاۋارايى پەيدا بولدى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردا نېپىز قار توپلاندى، ئايرىم جايلاردا كۈزلۈك بۇغدايني ئۈششۈتۈۋەتتى. قورغاستا 1 - ئايدا ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 2.4℃قا، مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا 11.9℃قا يېتىپ، يامغۇر يېغىپ، يەر ئۈستىدىكى قارلار ئېرىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. بۇرچىن ناھىيىسىدە 7 - ئايدا مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا 38.9℃قا يېتىپ، تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىگە (قۇرغاقچىلىق) تەسىر يەتكۈزدى. ئۈلانئۇستا 8 - ئايدا ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 32.3℃قا يېتىپ، 30 يىلدىن بۇيانقى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، كېۋەزنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولدى. سەيجياخۇدا 8 - ئايدا ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 35.1℃قا يېتىپ، تارىختا يەنە يېڭىدىن رېكورت ياراتتى، ئوچۇق ۋە ئىسسىق ھاۋارايى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە زىرائەت قوغۇن ۋە كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىنى پايدىلىق مېتېئورولوگىيىلىك شەرت - شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. ئارشاڭ ناھىيىسىدە يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە قىممەتتىن 2.2℃ يۇقىرى بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. قۇتۇبى ناھىيىسىدە 7 - ۋە 8 - ئايدا يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايى كۆرۈلۈپ كېۋەزنىڭ غوزىلىشىغا خېلى ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. سانجىدا 8 - ئايدا ئوتتۇرىچە يۇقىرى تېمپېراتۇرا جەھەتتە يۇقىرى قىممەت كۆرۈلۈپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزدى. گۇچۇڭدا 8 - ئايدا ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 30℃تىن ئاشقان كۈن سانى 25 كۈنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئۆدا 6 كۈن 35℃تىن ئېشىپ كەتتى.

شەرقىي شىنجاڭدا: پىچاندا 1 - ئايدا ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 0.7℃، 8 - ئايدا 38.7℃ بولۇپ، تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى. 1 - ئايدا تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولۇپ زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ قىشتىن ئۆتۈشىگە پايدىلىق بولدى؛ 8 - ئايدا تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولۇپ كېۋەز غونچىسى ۋە غوزىسىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، لېكىن كېيىنكى مەزگىلدە كېۋەزنىڭ

ئېچىلىشىغا ۋە ئۈزۈمنىڭ قەنت مىقدارى توپلىنىشىغا پايدىلىق بولدى. توقسۇندا 8 - ئايدا ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.2℃قا يېتىپ باش كۆزدىكى زىرائەتلەرگە خېلى پايدىلىق بولدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا: خېجىڭ ناھىيىسىدە 8 - ئايدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا جەمەتتە ئالاھىدە يۇقىرى قىممەت كۆرۈلدى، تېمپېراتۇرا ئۈزلۈكسىز يۇقىرى بولۇپ يامغۇر ئاز ياغقاچقا، يوپۇرماق پىتى تېز ياميراپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن مۈچىنىڭ پىگمېنت سۈپىتى تەلەپكە يەتمەي بازىرى كاساتلاشتى.

هۆل - يېغىننىڭ تەسىرى 2002 - يىلى هۆل - يېغىننىڭ نورماللىسىز بولۇشى ئاساسەن ئەڭ كۆپ هۆل - يېغىن مىقدارى بىلەن كۈندىلىك ئەڭ زور هۆل - يېغىن مىقدارىدا ئىپادىلىنىدۇ. هۆل - يېغىن ئەڭ كۆپ بولغان جايلار ئاساسەن چىڭگىل، بورتالا، ئالاتاۋ تاغ ئېغىزى، ئارشاڭ، غۇلجا، نىلقا، توققۇزتارا، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، چاپچال، داشىگۇ، مورى، بەيتىك تېغى، قۇمۇل، ئارانتۇرۇك، سەنجاپار، نوم، پىچان، توقسۇن، كۆمۈش، چاقىلىق، ئۈنسۇ، كۇچا، باي، توقسۇ، شايار، ئاۋات، پەيزاۋات، يوپۇرغا، قاغىلىق، مەكىت، يېڭىسار، پوسكام، يەكەن، خوتەن، نىيە، كېرىيە، قاراماي قاتارلىق جايلاردىن ئىبارەت. كۈندىلىك هۆل - يېغىن مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان جايلار ئاساسەن بۆرچىن، چىڭگىل، ئالاتاۋ ئېغىزى، بەيتىك تېغى، بوغدا كۆلى، موسوزەن، نىلقا، تېكەس، توققۇزتارا، داشىگۇ، قاراماي، قۇمۇل، نوم، كېچىك، پىچان، توقسۇن، كۆمۈش، خوشۇت، چاقىلىق، ئاقسۇ، ئۈنسۇ، مەكىت، پەيزاۋات قاتارلىق جايلاردىن ئىبارەت.

شىمالىي شىنجاڭدا: چىڭگىل ناھىيىسىدە بىر يىلدا هۆل-يېغىن كۆپ بولدى. 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى هۆل - يېغىن مىقدارى 23.9 مىللىمېتىرغا يەتتى. ياسىقۇچ خاراكتېرلىك قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولدى ھەمدە قۇرغاق ئىسسىق شامال چىقىپ 666.7 گېكتار يەردىكى بۇغداي ئاپەتكە ئۇچرىدى. قارامايدا 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مېتېئورولوگىيە خاتىرىلەنگەندىن بۇيان، كۈندىلىك هۆل - يېغىن ئەڭ كۆپ بولۇشتەك ھادىسە كۆرۈلدى، بىر سائەت 4 مىنۇت ئىچىدىلا 22.5 مىللىمېتىر يامغۇر ياغدى، 10 - ئايدا ئومۇمىي هۆل-يېغىن مىقدارى يەنە تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كەتتى. پاۋتەيدە 4 - ئايدا هۆل - يېغىن مىقدارى 46.7 مىللىمېتىرغا يېتىپ، تارىختىكى يۇقىرى قىممەتنى بۇزۇپ تاشلىدى، كېۋەز تېرىش قىيىن بولدى، مايسا مەزگىلى كېچىكتى؛ كۈز پەسلىدە هۆل - يېغىن نىسبەتەن ئاز بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باش قىرو مەزگىلى نىسبەتەن كېچىكتى، بۇ پاختىنىڭ سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولدى. موسوزەندە 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى هۆل - يېغىن مىقدارى 9.4 مىللىمېتىرغا يېتىپ كېۋەز تېرىلىدىغان تۇپراقنىڭ نەملىكى ۋاقتىدا تولۇقلاندى. تولى ناھىيىسىدە 6 - ئايدا هۆل - يېغىن مىقدارى 95.3 مىللىمېتىرغا يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلكۈن مەزگىلىدە هۆل - يېغىن كۆپىيىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا 1 مىليون 637 مىڭ يۈەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان سالدى. ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا هۆل- يېغىن 30% — 60% كۆپەيدى، 4 - ئايدا ئۇدا يامغۇرلۇق ھاۋارايى پەيدا بولۇپ، هۆل - يېغىن مىقدارى يۇقىرى قىممەت بولغان 99 مىللىمېتىردىن ئېشىپ كەتتى، ئۆيلەردىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئېقىنلار شىددەتلىك ئۆرلەپ كەتتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئېتىزلاردا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قالدى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى. قورغاستا 1 - ئايدا هۆل - يېغىن مىقدارى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ، 30.8 مىللىمېتىرغا، 5 - ئايدا 49.4 مىللىمېتىرغا يەتتى، 121 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، كەڭشايدىكى دۆلەت 312 - لىنىيىسىدە 2 قېتىم سىڭدىن كۆۋرۈك ئاپتوموبىل توسۇلۇپ قالدى، ئەتىيازدا تېرىلىدىغان 500 گېكتاردىن كۆپرەك يەردىكى زىرائەت مۇۋاپىق پەيتتە تېرىلمىدى، 80 گېكتاردىن كۆپرەك يەردىكى ئېتىزغا سېلىنىدىغان ئۇرۇق سىپسىپ كەتتى. غۇلجىدا 4 - ئايدا هۆل - يېغىن مىقدارى 125.5 مىللىمېتىرغا يېتىپ، تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، 3000 ئېغىزدىن كۆپرەك ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 6000 ئېغىزدىن كۆپرەك ئۆي خەتەرلىك ئۆيگە ئايلىنىپ قالدى. 30 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي زىيان بولدى. كۈنەستە 4 - ئايدا هۆل - يېغىن مىقدارى 151.7 مىللىمېتىرغا يەتتى، ئۇدا يامغۇر يېغىپ ناھىيە بويىچە 8470 ئائىلىدىكى 45 مىڭ 910 كىشى ئاپەتكە ئۇچرىدى، 2197 ئائىلىنىڭ 5699 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئۇنىڭ كۆلىمى 147 مىڭ 421 كۋادرات مېتىر؛ 3767 ئائىلىنىڭ 9777 ئېغىز ئۆيى خەتەرلىك ئۆيگە ئايلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 194 مىڭ 919 كۋادرات مېتىر؛ 592 ئېغىز مەكتەپ ئۆيى زىيانغا ئۇچرىدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 26 مىڭ 171 كۋادرات مېتىر، 3866 لاپاس - قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئۇنىڭ كۆلىمى 313 مىڭ 893 كۋادرات مېتىر؛ 2562.5 گېكتار يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئاپەتكە ئۇچرىدى، 1540.9 گېكتار يەردىكى ئوتلاقنى سۇ بېسىپ كەتتى، 1944 كالا، 682 ئات، 13 مىڭ 352 قوي ئۆلدى، 74 ئورۇندا تاغ سىيرىلىپ چۈشتى، 4823 تۈپ دەرەخ كاردىن چىقتى، 129.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول

بۇزۇلۇپ كەتتى، سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرىدىن 25 تۇسما، 10 كۆۋرۈك، 22 كۆۋرۈك - سۇئۆتكۈچ ۋەيران بولدى؛ يەنە 13 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ۋاقتىدا زىرائەت تېرىشقا ئامال بولمىدى. 71 مىليون 734 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. ئىلقىدا 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە، 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە، 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە 3 قېتىم قاتتىق يامغۇر ياغدى، جەريانلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 30 مىللىمېتىردىن ئاشتى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى، چارۋىلارنىڭ لاپاس - قوتانلىرى، يارنىڭ ۋە لاپاس قاتارلىق مۇئەسسەسەلەر كۆپ مىقداردا ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 21 مىليون 979 مىڭ 200 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

شەرقىي شىنجاڭدا: قومۇلدا تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش، قارلىق ھاۋارايى داۋاملىشىشتەك ئەھۋال كۆرۈلدى، مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرا 28.9℃ - قا چۈشتى، 26℃- دىن تۆۋەن بولغان تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق كۈن 8 كۈن داۋاملىشىپ 40 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن قىممەتنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئومۇمىي قار مىقدارى 14.9 مىللىمېتىر بولۇپ، يېقىنقى 40 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى؛ ئاز كۆرۈلىدىغان قەھرىتان سوغۇق مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئېغىر دەرىجىدە ئۈششۈتىۋەتتى؛ ئۈسكىنىگە 1 - 3 يىل بولغان چىلان دەرەخلىرىنىڭ نابۇت بولۇش نىسبىتى %100كە، ئۈسكىنىگە 4 — 8 يىل بولغان چىلان دەرەخلىرىنىڭ نابۇت بولۇش نىسبىتى %60كە، ئۈششۈك تەككەن كۆلەم 1666.7 گېكتارغا يەتتى؛ نەشپۈت، شاپتۇل دەرەخلىرى دېگۈدەك نابۇت بولدى، ئۆرۈك، ئالما دەرەخلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۈششۈك ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 80 مىليون يۈەنگە، ۋاسىتىلىك ئىقتىسادىي زىيان 150 مىليون يۈەنگە يەتتى. توقسۇندا 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ھۆل - يېغىن 16.9 مىللىمېتىرغا يېتىپ كەلكۈن ھاسىل بولدى، 21 مىليون 242 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا: يېڭىساردا 9 - ئايدا ھۆل - يېغىن 47.5 مىللىمېتىرغا، 1 — 3 كۈنلۈك جەريانلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 36.3 مىللىمېتىرغا يەتتى، كەلكۈن كېلىپ 66.6 گېكتار يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى، 1500 مېتىر ئۆستەڭ، 3000 مېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توغىنى، 10 كۆچۈرمە، 12 ئېغىز ئۆينى ۋەيران قىلىۋەتتى، 2 مىليون 860 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە زىيان بولدى. ئاۋاتتا 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يامغۇر يېغىپ، قىسمەن جايلاردا مۆلدۈر چۈشۈپ، ناھىيە بويىچە 29 مىڭ 340 گېكتار يەردىكى كېۋەز، 333.3 گېكتار يەردىكى تاۋۇز (قوغۇن)، 333.3 گېكتار يەردىكى كۆكتات، 133.3 گېكتار يەردىكى كۆممىقوناق ئاپەتكە ئۇچرىدى، 61 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 5 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 20 مىليون 330 مىڭ 400 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. نىيىدە 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يامغۇر ياغدى، جەريانلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 28.7 مىللىمېتىرغا يەتتى، بۇ، 80 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن ھېسابلىنىدۇ، دەرياغا كەلگەن سۇ زور دەرىجىدە كۆپەيدى، نىيە دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارى 200 ئېقىن مىقدارىغا يېتىپ، 300 مېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى، 500 مېتىر دۆلەت يولى 315 - لىنىيىسى، ناھىيە - يېزىلارنىڭ 10 ئورۇندىكى تاشيولىنى بۇزۇۋەتتى ۋە ۋەيران قىلىۋەتتى، 100 گېكتار يەردىكى بۇغدايىنى ياتقۇزۇۋەتتى، 14 گېكتار يەردىكى كۆچەتزارلىقنى سۇ بېسىپ كەتتى، ناھىيە بويىچە %90تىن كۆپرەك ئۆيلەردىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، 37 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 327 ئېغىز ئۆي خەتەرلىك ئۆيگە ئايلىنىپ قالدى، 2 مىليون 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىيان بولدى. ئاۋاتتا 4 - ئايدا ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىدى، 29 - كۈنى قارا يامغۇر ۋە قىسمەن مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان كېۋەز كۆلىمى 2930 گېكتارغا، كۆممىقوناق 400 گېكتارغا يەتتى. 61 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 5 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 20 مىليون 330 مىڭ 400 يۈەن زىيان بولدى.

مۆلدۈر، قارا بوران ئاپىتى    مەكىت ناھىيىسى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بوران - چاپقۇن، مۆلدۈرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، 13 مىڭ 110 كىشى، 301.1 گېكتار كېۋەزلىك ئاپەتكە ئۇچرىدى، 342 خامانىنى سۇ بېسىپ كەتتى، 80 لاپاس، قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 35 توك سائىتى، 4570 مېتىر توك سىمىنى بۇزۇۋەتتى، نەچچە يۈز مىليون يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. كورلىدا 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگىچە 4 قېتىم مۆلدۈرلۈك ھاۋارايى پەيدا بولدى، مۆلدۈرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 15 مىللىمېتىرغا يەتتى، مۆلدۈر 10 مىنۇت داۋاملىشىپ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا زىيان سالدى. سەنجاپاردا 205 كۈن قارا بورانلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى. 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بوراننىڭ ئەڭ زور تېزلىكى سېكۇنتىغا 40 مېتىر بولۇپ، تۆمۈريول قاتنىشىنىڭ نەچچە سائەت ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى، زىيان ئېغىر بولدى. نومدا 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بوراننىڭ مومېنتلىق ئەڭ زور تېزلىكى سېكۇنتىغا 30 مېتىرغا يەتتى ھەمدە قۇم، چاڭ - توزان ئارىلاش بوران چىقتى، بىڭتۇەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرىغا 134 مىڭ 800 يۈەن بىۋاسىتە زىيان سالدى.

ۋاڭ شياۋمېي

## شىنجاڭدىكى 15 شەھەرنىڭ 2002 - يىللىق مېتېئورولوگىيىسىدىكى مۇھىم ئامىللار

| شەھەر | تۈرى / ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -9 | -6.9 | 0.7 | 7.8 | 17.3 | 21.9 | 23.5 | 24.7 | 17.5 | 9.9 | 1.6 | -11.8 | 8.1 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 9.9 | 2.4 | 20.4 | 26.1 | 30.5 | 33.1 | 37.4 | 37.2 | 33.6 | 24.6 | 17.2 | 6.9 | 37.4 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -18.6 | -15.3 | -13.7 | -5.4 | 4.4 | 11.7 | 12.8 | 11.2 | 5.9 | -1.5 | -7.8 | -22.3 | -22.3 |
| | مۆل - يېغىن مىقدارى | 9.6 | 16.6 | 33.2 | 90.2 | 20.4 | 62.1 | 38.3 | 4.6 | 15.8 | 7.9 | 16.1 | 28.1 | 342.9 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 15 | 12 | 11 | 17 | 6 | 18 | 15 | 7 | 3 | 12 | 11 | 21 | 148 |
| قاراماي | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -14.2 | -9.6 | 1.1 | 11.1 | 20.2 | 24.3 | 27.2 | 27.8 | 20 | 11.1 | 2.8 | -11.6 | 9.2 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 0.5 | 3.6 | 18.7 | 24.3 | 33.9 | 35.8 | 40.4 | 41.7 | 33.4 | 28.5 | 13.5 | 1.9 | 41.7 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -24.2 | -22.4 | -16.1 | -3.5 | 7.5 | 16.6 | 14.9 | 15.7 | 9.2 | 0.7 | -7.8 | -23.7 | -24.2 |
| | مۆل - يېغىن مىقدارى | 5.6 | 6.2 | 6.4 | 15.5 | 13.2 | 52.5 | 21.3 | 6.7 | 2.6 | 36.9 | 0.3 | 6.7 | 173.9 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 16 | 12 | 7 | 11 | 8 | 20 | 17 | 11 | 6 | 8 | 7 | 11 | 134 |
| شىخەنزە | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -12.8 | -9.3 | 1.5 | 10.5 | 19.7 | 24.1 | 25.1 | 25.2 | 17.6 | 10.3 | 2.6 | -12 | 8.5 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 1.8 | 2.3 | 20.6 | 24.6 | 34.7 | 36.2 | 39.1 | 40 | 32.6 | 28.2 | 13.8 | -0.6 | 40 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -27.4 | -24.5 | -18.1 | -2 | 5.7 | 13.1 | 13.2 | 13.3 | 1.7 | -1.4 | -3.4 | -28.4 | -28.4 |
| | مۆل - يېغىن مىقدارى | 18.4 | 8.3 | 10.9 | 60.4 | 12.1 | 34.4 | 12.8 | 22.6 | 18.8 | 34 | 19.4 | 19.8 | 271.9 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 26 | 16 | 12 | 15 | 10 | 17 | 14 | 10 | 4 | 9 | 10 | 13 | 156 |
| غۇلجا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -4.4 | -2.2 | 7.5 | 11.5 | 16.7 | 21.5 | 22.9 | 24.1 | 17.8 | 11.5 | 4.9 | -6.8 | 10.4 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 10.6 | 10.9 | 26 | 27.4 | 30.7 | 33.8 | 37.6 | 36.6 | 31.9 | 31.1 | 21.3 | 5.7 | 37.6 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -18.8 | -14.7 | -3.6 | -0.7 | 3.1 | 11.4 | 9.9 | 12.2 | 4.8 | -1.3 | -4.9 | -26.9 | -26.9 |
| | مۆل - يېغىن مىقدارى | 30.5 | 18 | 13.3 | 99 | 55.2 | 23 | 41.3 | 22.2 | 4.2 | 49.3 | 27.2 | 34.4 | 417.6 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 12 | 7 | 15 | 19 | 14 | 21 | 8 | 12 | 4 | 9 | 14 | 17 | 152 |
| بورتالا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -12.7 | -9.8 | 0.4 | 9.6 | 17.6 | 21.6 | 23.6 | 24 | 16.7 | 9.4 | 1.3 | -12.1 | 7.5 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 3.2 | 1.9 | 17.3 | 22.9 | 31.9 | 32.9 | 37.7 | 38.1 | 31.8 | 27.7 | 13.3 | -0.3 | 38.1 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -24.8 | -23.4 | -20.1 | -1.2 | 3.6 | 12.2 | 12.4 | 11.3 | 5.1 | -1.3 | -6.3 | -26 | -26 |
| | مۆل - يېغىن مىقدارى | 10.1 | 21 | 10.8 | 51.6 | 47.6 | 70.1 | 29.6 | 17.3 | 17 | 40.3 | 0.5 | 6.4 | 322.3 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 18 | 15 | 11 | 16 | 10 | 21 | 15 | 13 | 6 | 10 | 5 | 19 | 159 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانجى | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -10.6 | -7.3 | 2.1 | 10.4 | 19.7 | 24.4 | 26 | 26.5 | 18.4 | 10.8 | 2.7 | -11.2 | 9.3 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 1.1 | 3.3 | 21.1 | 28.4 | 33.9 | 36.7 | 40.3 | 41.1 | 35.8 | 27.7 | 13.5 | 3.4 | 41.1 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -19.5 | -16.4 | -12.4 | -3.2 | 6.5 | 14 | 15.2 | 12.6 | 5.3 | -1.6 | -5.8 | -21.5 | -21.5 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 15.3 | 9.8 | 24.9 | 50.2 | 13.9 | 39.2 | 20.6 | 15 | 13.3 | 9.3 | 13.4 | 17.5 | 242.4 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 26 | 12 | 14 | 15 | 7 | 15 | 13 | 10 | 5 | 9 | 10 | 21 | 157 |
| چۆچەك | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -5.6 | -2.8 | 3.5 | 8.8 | 16.1 | 20.2 | 23 | 23.5 | 17.2 | 9.6 | 1.3 | -10.5 | 8.7 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 6.7 | 10.5 | 20.5 | 24.2 | 32 | 33.7 | 38.8 | 40.8 | 31.9 | 28.4 | 17.4 | 2.8 | 40.8 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -18.7 | -16.4 | -8.3 | -6 | 2.5 | 11.3 | 12 | 10.3 | 1 | -2.4 | -10.6 | -25 | -25 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 24.9 | 9 | 40.4 | 29.4 | 23 | 35.3 | 26.8 | 17.5 | 5.9 | 22 | 69.5 | 39 | 342.7 |
| | قار- يامغۇرلۇق كۈن | 16 | 15 | 19 | 12 | 15 | 22 | 14 | 10 | 3 | 12 | 19 | 16 | 173 |
| ئالتاي | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -10.9 | -9.5 | -2.4 | 7.4 | 16.4 | 20.5 | 22.1 | 21.8 | 14.7 | 5.9 | -2 | -14.7 | 5.8 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 5.3 | 6.5 | 16.8 | 19.8 | 29.8 | 31.9 | 36.6 | 37.5 | 29 | 25.7 | 13.6 | -1 | 37.5 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -23.3 | -22.9 | -17 | -9 | 0.4 | 9.2 | 10.1 | 5 | -0.9 | -7.5 | -20.3 | -29.8 | -29.8 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 18.8 | 20.2 | 29.9 | 16.9 | 11.1 | 11.8 | 9.5 | 18.2 | 1.6 | 12.6 | 5.5 | 16.5 | 202.6 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 12 | 9 | 13 | 10 | 9 | 13 | 9 | 7 | 3 | 10 | 10 | 15 | 120 |
| تۇرپان | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -3.8 | 3 | 11.7 | 18.3 | 26.6 | 31.5 | 33 | 33.7 | 23.7 | 15.3 | 6 | -5.1 | 16.2 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 5.6 | 16 | 27.3 | 30.7 | 42.6 | 42.7 | 44.9 | 43.6 | 36.2 | 23.3 | 17 | 6.9 | 44.9 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -10.4 | -8 | -0.7 | 5.7 | 11.4 | 18 | 21.4 | 22.8 | 10.7 | 3.4 | -2.6 | -16 | -16 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 0.2 | | 0 | 3.5 | 1.6 | 15.6 | 1.8 | 0 | 0 | 0 | | 2.9 | 25.6 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 2 | | 2 | 2 | 8 | 14 | 12 | 6 | 4 | 2 | | 16 | 68 |
| قۇمۇل | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -6.9 | -1.4 | 5.8 | 12.9 | 20.8 | 26 | 28.3 | 27 | 17.3 | 10 | 2 | -11.7 | 10.8 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 4.5 | 13 | 25.1 | 27.9 | 38.5 | 37 | 39.8 | 39.7 | 33.1 | 29 | 16.8 | 6 | 39.8 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -16.9 | -16.1 | -8.6 | -4.5 | 4 | 12.5 | 16.3 | 12.6 | 2.4 | -4.7 | -8.5 | -28.9 | -28.9 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 0.3 | 0 | 2.1 | 15 | 0.4 | 26.5 | 3.4 | 0.8 | 4.8 | 0 | 0 | 14.9 | 68.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 4 | 1 | 4 | 5 | 3 | 6 | 5 | 5 | 6 | 1 | 3 | 7 | 50 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 12.6 | -6.7 | 4.1 | 12.7 | 18.6 | 28.3 | 27 | 26.1 | 21.1 | 14.8 | 9 | 0.6 | -4.7 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | كورلا |
| 37.4 | 6.5 | 16.6 | 28 | 31 | 37.4 | 36.7 | 37 | 36 | 28.5 | 24.5 | 14.6 | 8.6 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -19.4 | -19.4 | -6.5 | -0.9 | 6.6 | 16.3 | 15.8 | 12.8 | 4.5 | 3.2 | -5.4 | -13.7 | -17.5 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 54.5 | 12 | | 0 | 4.4 | 0.4 | 11.3 | 15.4 | 0.7 | 8.2 | 0 | | 2.1 | مۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 93 | 21 | | 1 | 6 | 9 | 16 | 16 | 11 | 4 | 1 | | 8 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 11.4 | -7.8 | 4.1 | 12.5 | 17.9 | 25 | 22.9 | 23.4 | 20.3 | 14.7 | 8.9 | -0.1 | -5.2 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | ئاقسۇ |
| 35.8 | 5.5 | 17.2 | 28.9 | 30 | 35.8 | 35 | 35.4 | 34.2 | 30.4 | 23.5 | 12.7 | 5.8 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -19.5 | -19.5 | -4.4 | 0.6 | 8.1 | 14 | 12.7 | 9.9 | 6.2 | 1.6 | 1.8 | -13.4 | -15.7 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 106.9 | 8.9 | | | 8.9 | 7.4 | 31.3 | 34.8 | 1.4 | 11.4 | 0 | | 2.8 | مۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 99 | 20 | | | 7 | 2 | 21 | 18 | 5 | 6 | 1 | | 9 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 13.6 | -5.2 | 6.6 | 16.1 | 19.1 | 27.4 | 25.4 | 27.1 | 21.9 | 17 | 11.7 | 1 | -5 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | ئاتۇش |
| 36.7 | 6.4 | 17.3 | 30.9 | 32.8 | 36.7 | 36.3 | 36.7 | 34.6 | 33.4 | 26.1 | 13.7 | 8.3 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -16.8 | -15.1 | -3.1 | 3.9 | 8 | 16 | 15.1 | 16.3 | 6.8 | 4.2 | -0.1 | -11.4 | -16.8 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 101.5 | 17.2 | | | 33.6 | 10 | 14.8 | 1.3 | 14.2 | 0.9 | 0.3 | 0 | 9.2 | مۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 95 | 15 | | | 10 | 10 | 16 | 18 | 9 | 7 | 2 | 1 | 7 | قار - يامغۇرلۇق كۈن سانى | |
| -13 | -5 | 6.4 | 15.3 | 18.3 | 25.9 | 24.9 | 26 | 20.7 | 16.6 | 11.4 | 0.5 | -5.1 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | قەشقەر |
| 35.7 | 6 | 19.3 | 30.6 | 31.4 | 34.8 | 34.6 | 35.7 | 33.9 | 33.6 | 26.7 | 17.5 | 8.3 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -17.2 | -16.6 | -3.2 | 2.3 | 8.6 | 13.2 | 15.4 | 16.1 | 6.4 | 4.6 | -0.8 | -13.6 | -17.2 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 78.1 | 8.8 | | | 16.8 | 9.2 | 12.6 | 0.4 | 21.4 | 1.9 | 0 | 0 | 7 | مۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 100 | 18 | | | 10 | 12 | 16 | 12 | 12 | 5 | 1 | 4 | 10 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 13.4 | -3.5 | 7 | 15.6 | 18.7 | 26.9 | 23.9 | 26.1 | 21.9 | 17.2 | 12.1 | 0.7 | -5.5 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | خوتەن |
| 37.3 | 14.3 | 18.1 | 28.6 | 30.4 | 37.3 | 36.5 | 37.1 | 34.4 | 31.9 | 26.6 | 16.7 | 8.7 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -21 | -12 | -4.1 | 4.2 | 11.1 | 19.3 | 14.7 | 14.2 | 8.8 | 5 | 0.2 | -12.7 | -21 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 63.8 | 5.7 | | | 18.2 | 0 | 25.1 | 3.3 | 0.4 | 1.5 | | 0 | 9.6 | مۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 65 | 16 | | | 8 | 3 | 15 | 8 | 5 | 1 | | 2 | 7 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |

## مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

**شىنجاڭنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە قىسقا مۇددەتلىك كىلىماتنى مۆلچەرلەش ئۇنىۋېرسال سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات** بۇ، شىنجاڭنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئۇقتىلىق پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالدى. بۇ تەتقىقات ئالىي ئىنژېنېر جاڭ جياباۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى ھەمدە 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ تېمىدا شىنجاڭدىكى 90 مېتېئورولوگىيە پونكىتى، 20 دىن كۆپرەك گىدرولوگىيە پونكىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان رەتلەپ تۈزۈلگەن ماتېرىياللار ۋە 1000 دىن كۆپرەك دەرەخنىڭ يىل چەمبىرى ئەۋرىشكىسى ئاساس قىلىنىپ، مۇزلۇق، دېڭىز يۈزى تېمپېراتۇرىسى، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يىراقتىن سېزىش قاتارلىق ئالاقىدار ماتېرىياللارغا بىرلەشتۈرۈپ، سىستېما نەزەرىيىسى، ماتېماتىكىلىق ستاتىستىكا، كىلىماتقا دىئاگنوز قويۇپ ئانالىز قىلىش، دەرەخ يىل چەمبىرىنى ئانالىز قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن: يەر شارى كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىش ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ يېرىم ئەسىر ئىچىدىكى كىلىمات ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى، فىزىكىلىق مېخانىزمى، ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى ۋە ئۇنىڭ سۇ بايلىقىغا بولغان تەسىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن؛ شىنجاڭدىكى 3 چوڭ كىلىمات ئاپىتى، يەنى ئەتىياز پەسلىدىكى سۇ، قۇرغاقچىلىق، ياز پەسلىدىكى كەلكۈن، ھۆلچىلىك، ياز، كۈز پەسلىدىكى تۆۋەن تېمپېراتۇرا، سوغۇق ئاپىتىنىڭ جەريانلىق ئۆزگىرىشى، كۆرسەتكۈچ خۇسۇسىيىتى، دائىرىگە تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسى ۋە مەلۇمات بېرىش كۆرسەتكۈچى كۆرسىتىپ بېرىلىپ، شىنجاڭدىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئارماقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرىنى بەلگىلىشىنى، بولۇپمۇ ياختا ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگەن؛ يارلىققا كەلتۈرۈلگەن ۋە تەتقىق قىلىپ ئىشلەپ چىققان قىسقا مۇددەتلىك كىلىماتنى مۆلچەرلەش ئۇنىۋېرسال كەسپىي سىستېمىسى پەن تەتقىقات ۋە كەسپىي خادىملارنىڭ كىلىماتقا دىئاگنوز قويۇپ ئانالىز قىلىش، پەن تەتقىقات ۋە قىسقا مۇددەتلىك كىلىماتنى ئالدىن مۆلچەرلەش كەسپىنى ئېلىپ بېرىشتىكى ئۈنۈملۈك قورالى ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقات نەتىجىسى شىنجاڭنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىش، كىلىمات ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئومۇمەن قىلغاندا مەملىكەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن. رايون دائىرىلىك كىلىمات ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىش ۋە كىلىمات ئاپىتىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن.

**سۈنئىي ھەمراھ بۇلۇت خەرىتىسى ماتېرىياللىرىنى شىنجاڭنىڭ ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىشتە ئەمەلىي قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات** بۇ، شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزىدىكى ئالىي ئىنژېنېر ۋاڭ شۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. بۇ 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى ھەمدە 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى تۇرغۇن مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ ماتېرىياللىرىنى شىنجاڭنىڭ ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىش كەسپىدە قوللىنىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ھاۋارايى ھادىسىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتالى، ئوبيېكتنى ئانالىز قىلىپ دىئاگنوز قويۇش گرافىك سىستېمىسى بىلەن تۇرغۇن مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھنىڭ سانلىق قىممەت ماتېرىياللىرىنى قايتىدىن ئانالىز قىلىش يۇمشاق دېتالى سۈنئىي ھەمراھ بۇلۇت خەرىتىسىنىڭ سانلىق قىممەت ماتېرىيالى بىلەن گرافىك ھۆججەتتىن ئىبارەت ئىككىسىنى ئارىلىقتا ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، بۇلۇت خەرىتىسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئانالىز قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغان، بۇلۇت تۈپىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى مىقدارلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇ، ئوتتۇراھال، كىچىك ماسشتابلىق ھاۋارايى سىستېمىسىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە مەلۇمات بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. تۇرغۇزۇلغان شىنجاڭنىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇراھال ماسشتابلىق كونۋېكسىيە سىستېمىسى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، شىنجاڭنىڭ قۇم - بورانلىق تۇرغۇن مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ بۇلۇت خەرىتىسى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە شىنجاڭنىڭ مۆلدۈر تۇرغۇن مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ بۇلۇت خەرىتىسى

سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن ئىبارەت 4 مەخسۇس سانلىق مەلۇمات ئامبىرى مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقاتىنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. تەتقىقات نەتىجىسى ئومۇمىي جەھەتتىن مەملىكەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

شىنجاڭنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك ئۇچۇر ئارخىپىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات بۇ، شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تاماملاندى. بۇ تېمىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن شىنجاڭنىڭ مېتېئورولوگىيە ئارخىپىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى مۇنۇلار: ئابونېنتلارنىڭ كاتالوگىنى مەخپىي نومۇرلۇق قوغداش، ئارخىپ مۇندەرىجىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى ساقلاش، سۈرۈشتۈرۈش، ئاسراش، ستاتىستىكا قىلىش ھەمدە ئارىيەت ئېلىپ كۆرۈشنى باشقۇرۇش، ئارخىپ توپلىمى جەدۋىلىنى سىزىش، ئارخىپخانىدا دىنامىكىلىق تەقلىد قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. سىستېمىنىڭ لايىھىلىنىشى ئىلمىي، كۆرۈلمە يۈزى يېقىملىق، ئوبرازى ھەقىقىي بولۇپ، ئەڭ ياخشى ئېچىۋېتىش خاراكتېرىگە ئىگە. بۇ مەملىكەت ئىچىدىكى مېتېئورولوگىيە ئارماقلىرىنىڭ شۇ ساھەسى ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە تەۋە.

شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى ۋە مۇھىت كۆرسەتكۈچى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىش كەسپىي سىستېمىسى بۇ، شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تاماملاندى. بۇ تېمىدا تۇرغۇزۇلغان ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋا سۈپىتى ۋە مۇھىت كۆرسەتكۈچ سانىدىن مەلۇمات بېرىش كەسپىي سۈپىتى ئەمەلىي ۋاقىت بويىچە ئاپتوماتىك سانلىق مەلۇمات، توپلاش، كۆپ خىل تەقلىدىي ھېسابلاش، مەھسۇلاتلارنىڭ ھاسىل بولۇشىنى مەلۇم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە؛ تۇرغۇزۇلغان T213 تىپلىق مەھسۇلاتتىن مەلۇمات بېرىش ۋە قىسقا مۇددەتلىك ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىش ئاساس قىلىنغان كۆپ خىل ستاتىستىكىلىق مەلۇمات بېرىش مودېلى گۈڭگۈرت دىئوكسىد، كاربون ( N ) ئوكسىدنى سۈمۈرۈۋالىدىغان دانچە ماددىلارنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە قويۇقلۇقى (API كۆرسەتكۈچى)، ئاساسلىق بولغىنى، ھاۋا سۈپىتى قاتارلىقلارنىڭ دەرىجىسى ئۈستىدە مىقدارلىق مەلۇمات بېرەلەيدۇ. تېخنىكىلىق ئۇسۇلى ئىلمىي، مۇۋاپىق، سانلىق مەلۇمات ماتېرىياللىرى ئەينەن ھەم ئىشەنچلىك بولۇپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىجرا قىلىش ۋە كەسپىي جەھەتتىن ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئارقىلىق مەلۇمات بېرىش نەتىجىسى ئەڭ ياخشى بولدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە كەسىپ سۈپىتىنى قۇرۇش، ئەمەلىي ۋاقىت سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئاپتوماتىك توپلاپ تارقىتىش، سانلىق قىممەت

مەلۇمات مودېلىنى يەرلەشتۈرۈپ بارلىققا كەلتۈرۈش جەھەتتە خېلى زور يېڭىلىق يارىتىلغان بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن.

شىنجاڭدا ئوتتۇراھال ماسشتابلىق مۆل - يېغىن ئۈلگە مودېلى ۋە مۆلچەرلەش سىستېمىسىنى قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات بۇ، جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى ئالىي ئىنژېنېر سۈي سېيشياڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. تېما گۇرۇپپىسى ھازىر خەلقئارادا ئىلغار بولغان MM4، MM5 مودېلىنى كىرگۈزۈپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە جەھەتتىن تەھلىل قىلىش ۋە سىناق قىلىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ھەم شىنجاڭنىڭ رايونلۇق قىسقا مۇددەتلىك مۆل - يېغىن ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىشكە ئىشلەتكىلى بولىدىغان ھەم سىناق ئارقىلىق ئوتتۇراھال ماسشتابلىق سىستېما دىنامىكا خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ھاۋارايى جەريانىدا تەسىر كۆرسىتىش مېخانىزمىنى ئانالىز قىلالايدىغان شۇنىڭ بىلەن تەڭ تەكشۈرۈپ تومۇر قويۇش تەرتىپىگە ئىگە بولغان سانلىق قىممەت مەلۇمات كەسپىي سىناق سىستېمىسى ۋە پەن تەتقىقات سىستېمىسىنى تۇرغۇزغان. بىر يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى خېلى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى كۈندىلىك مەلۇمات بېرىشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ. سانلىق قىممەت مەلۇمات مەھسۇلاتلىرىنىڭ دىنامىكىسىنى تاللاپ ئىشلىتىش تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە MM5نى قوللىنىپ يەرلەشتۈرۈش ئىشىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئۆلكە دەرىجىلىك ھاۋارايى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىش كەسپىگە يېڭى ۋاستە قوشۇلدى.

چېن زوڭشۇ

## مېتېئورولوگىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە كەسىپ سۈپىتى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ مېتېئورولوگىيىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئاپانچ قۇرۇلۇشىدا يۈكسىلىش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىرى بولغان شىنجاڭنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد 7 ھاۋارايى رادارى قۇرۇلۇشى ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، كورلا، قاراماي، غۇلجا، شىخەنزە، قەشقەردە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 2001 - يىلى قۇرۇلغان ئاقسۇ رادار پونكىتى دوپلېر رادارى بىلەن مېتېئورولوگىيە ئىستانسا - تورىنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتى؛ ئۈرۈمچى رادار پونكىتىنىڭ نوۋا قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ كورلا، قاراماي، غۇلجا، شىخەنزىدە رادار پونكىت ئورنىنى تاللاش خىزمىتى ۋە ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمىتى تاماملاندى. رادار پونكىتى قۇرۇلىدىغان

بارلىق رايونلارنىڭ ھەممىسى بەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەر بىرگەن 8 مىليون يۈەندىن 10 مىليون يۈەنگىچە بولغان سەپلەنمە مەبلەغ ۋە 200 مىڭ يۈەندىن 400 مىڭ يۈەنگىچە بولغان ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىراجەتكە ئىگە بولدى. «ئاتموسفېرانى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئىشىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇش تۈرى باشلاندى، ئالاقىدار ئورۇنلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تېخنىكا جەھەتتىن قوراللىنىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىق ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى. دۆلەت مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ مەركىزىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، EOS/MODIS سۈنئىي ھەمراھ سانلىق مەلۇماتلىرى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىنىڭ كېڭەيتىش ئىشخانىسىغا يەتكۈزۈلۈپ مەلۇمات بىرىشتە قوللىنىلدى. سۈنئىي ھەمراھ سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئەمەلىي قوللىنىش ئىشى يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېغىندى قار، سۇ دائىرىسى، كۆلىمىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قاتارلىقلارنى يولغا قويۇشىغا مۇلازىمەت قىلدى. جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ «قۇم - بوراننى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تىرىۋگىسىنىڭ 1 - قاتارلىق قۇرۇلۇشى تەركىبىدىكى شىنجاڭ 1 - قاتارلىق قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى، خوتەن قاتارلىق 4 قۇم - بوران كۆزىتىش پونكىتى كۆزىتىپ ئۆلچەش ئىشىنى يولغا قويدى. ئاتموسفېرا ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆزىتىش پونكىتىنى قۇرۇش خىزمىتى باشلاندى، ئاگرومېتېئورو-لوگىيىلىك كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرى ئومۇميۈزلۈك يېڭىلاندى. مۇشۇ يىلى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى شىنجاڭغا 15 مىليون 372 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە زايوم تۈرى مەبلىغى 7 مىليون 437 مىڭ يۈەن) ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى سەرپ قىلدى، بۇ 2001 - يىلدىكىگە قارىغاندا خېلى كۆپەيدى.

2002 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە سىستېمىسىدا 14 تەتقىقات تېمىسى يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2001 - يىلدىكى 7 تېما ئاخىرلاشتۇرۇلدى، 11 تەتقىقات تۈرى باھالاش ۋە تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. پەن تەتقىقات نەتىجىسىدىن 7 تۈر مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك، بىر تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 14 قارار ھەرخىل كەسپىي باشقۇرۇش كۇرسى ئېچىلدى، 7 تۈر بويىچە چەت ئەلگە چىقىپ تەربىيىلەندى، بۇنىڭغا 410 كىشى قاتناشتى.

بىر يىلدا يەر ئۈستىدىن ئۆلچەپ بېرىلگەن مەلۇماتلارنىڭ خاتالىق نىسبىتى 0.4‰ بولۇپ، 8 قېتىم ئېغىر خاتالىق كۆرۈلۈپ 2001 - يىلدىكىسى بىلەن تەڭلەشتى؛ قۇياش رادىئاتسىيىسىنى ئۆلچەش مەلۇماتلىرىنىڭ خاتالىق نىسبىتى 0.04‰ بولدى؛ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىنى تەكشۈرۈشتە 6 خىل كۆرسەتكۈچ ساقلاپ قېلىندى؛ ئاگرو كىلىماتنى ئۆلچەش مەلۇماتىنىڭ خاتالىق نىسبىتى 0.16‰ بولدى؛ مۇشۇ يىلدا ئاگرو مېتېئورولوگىيە ئاخبارات سۈپىتىنى تەكشۈرۈشتە مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە سىستېمىسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى. يەر ئۈستىدىن ئۆلچەپ مەلۇمات بېرىشتە 250 ئىسمىنا ئىشلەپ خاتالىق سادىر قىلمىغانلار 20 ئادەم (قېتىم) گە، يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتە 100 ئىسمىنا ئىشلەپ خاتالىق سادىر قىلمىغانلار 430 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى جياڭچۈن قاتارلىق 19 كىشىگە سۈپەتلىك ئۆلچەپ مەلۇمات بەرگۈچى دەپ نام بەردى.

ئىككىنچى قېتىم بارلىققا كەلتۈرۈلگەن MICAPS سىستېمىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم كەسپىي تۈرلەرنى ئەمەلىي قوللىنىش ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولدى. زور ئاپەت خاراكتېرلىك، ئاچقۇچلۇق، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىش دائىرىسىنى يالغاندىن ئۆزگەرتكەن 2 كىشىگە خىزمەتتىن بوشىتىش چارىسى كۆرۈلدى. سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش مەشغۇلاتچىلىرىنىڭ كىنىشكىلىك ئىشقا چىقىش نىسبىتى %98كە يەتتى، ئوت ئېچىش قوراللىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش نىسبىتى %99كە، رادارغا قوماندانلىق قىلىش مەشغۇلات نىسبىتى %68كە يەتتى، بىر يىلدا ئېغىر بىخەتەرلىك ھادىسىلىرى كۆرۈلمىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي سىستېمىلارغا ۋىرۇستىن ساقلانغۇچى يۇمشاق دېتال ۋە قاتتىق دېتاللىق مۇداپىئە تېمى ئورنىتىپ بېرىلىپ تورلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ۋە قىسمەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردا ئېلېكترونلۇق يوللانما سىستېمىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ ئايلىنىشقا باشلىدى؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرىگە 100 مېگالىق تور ئالماشتۇرۇش ماشىنىسى سەپلەپ بېرىلىپ، دائىرىلىك تورلارنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

چېن لىپ

## مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى

2002 - يىلى مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك «جۇڭخۇا خىسلىتى لوڭقىسى» مېتېئورولوگىيە تېلېۋىزىيە پروگرامما-

ـسنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە فىلىم-تېلېۋىزىيە مەركىزى ئىشلىگەن «ھاۋارايىدىن مەلۇمات» تېلېۋىزىيە پروگراممىسى مەملىكەت بويىچە ئۈنۈۋېرسال باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ۋە 30 نەچچە ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى مېتېئورولوگىيە توغرىسىدا مەلۇمات بېرىش پروگراممىسىنى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىش ئىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. قەشقەر، ئالتايلاردا مېتېئورولوگىيە توغرىسىدا ئۇيغۇرچە - قازاقچە مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتى يولغا قويۇلدى. قاراماي تېلېۋىزىيىسىدە، مېتېئورولوگىيە پروگراممىسىغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىلار ئېكرانغا چىقتى. «121» ئاپتوماتىك مەسلىھەت بېرىش تېلېفونىنى ئىلگىرىكى ئاساستا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىش ئىشى تاماملاندى، كۆچمە تېلېفوندا مېتېئورولوگىيىگە دائىر قىسقا ئۇچۇر يەتكۈزۈش مۇلازىمىتى خىزمىتى پەيدىنپەي قانات يايدۇرۇلدى. ئاشلىق، كېۋەز، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئاساس قىلىنغان، ستېمېلاشتۇرۇلغان كەسپىي مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۆزگىچە بېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي مۇلازىمىتى پائال تۈردە بارلىققا كەلتۈرۈلدى ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىلدى. نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ۋە ئاساسىي ئۇرۇلۇشقا دائىر مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە چاقماقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتتىن ئازايتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلدى. ئاقسۇ، بورتالا، قاراماي، سانجى، شىخەنزە ۋە ئالتاي قاتارلىق 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر «چاقماقتىن مۇداپىئە كۆرۈپ ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ تارقاتتى، 3 ۋىلايەتتە چاقماقتىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى لايىھەسىنى تەكشۈرۈش ۋە پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش كەسپىي يولغا قويۇلدى. چاقماقتىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

چېن جياشېن

## ئۈرۈمچى مېتېئورولوگىيە سۇنئىي ھەمراھ يەر يۈزى پونكىتى «بوران - چاپقۇن 1 - نومۇرلۇق D» سۇنئىي ھەمراھ يوللىغان تۇنجى بۇلۇت خەرىتىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوبۇل قىلدى

2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سائەت 10 دىن 12 مىنۇت ئۆتكەندە، مۇكەممەل ئۈزىي تەتقىق قىلىپ ياسىغان «بوران - چاپقۇن - 1 - نومۇرلۇق D» قۇتۇپ ئوربىتىسىدىكى مېتېئورولوگىيە سۇنئىي ھەمراھ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلدى. سائەت 11 دىن 36 مىنۇت، 36 سېكۇنت ئۆتكەندە ئۈرۈمچى مېتېئورولوگىيە سۇنئىي ھەمراھ يەر يۈزى پونكىتى سۇنئىي ھەمراھ تارقاتقان كۆرۈنىدىغان نۇرلۇق تۇنجى بۇلۇت خەرىتىسىنى ئوڭۇشلۇق قوبۇل قىلدى. بۇلۇت خەرىتىسىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا بىرەر خاتا شىفىر كۆرۈلمىدى، سۈرەتنىڭ ئېنىقلىق ئەھۋالى لايىھەدىكى تەلەپكە يەتتى. خەرىتىدىن بۇلۇت سىستېمىسى، دەريا ئېقىن، كۆل قاتارلىقلارنىڭ يەر ئۈستىدىكى ھالىتىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇلۇت خەرىتىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قوبۇل قىلىنىشى «بوران - چاپقۇن 1 - نومۇرلۇق D» سۇنئىي ھەمراھقا ئورنىتىلغان ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلەش ھالىتىنىڭ تامامەن نورمال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە سۇنئىي ھەمراھ بىلەن يەر شارى ئوتتۇرىسىدىكى



2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچى مېتېئورولوگىيە سۇنئىي ھەمراھ يەر يۈزى پونكىتى سۇنئىي ھەمراھ تارقاتقان كۆرۈنىدىغان نۇرلۇق تۇنجى بۇلۇت خەرىتىسىنى ئوڭۇشلۇق قوبۇل قىلدى. سۈرەتتە سۇنئىي ھەمراھ بۇلۇت خەرىتىسىنى قوبۇل قىلىۋاتقان نەق مەيدان.

فەن جىبىڭ فوتوسى

ئالاقىسىنىڭ ئۇناشتۇرۇلغانلىقىنى ۋە يەر ئۈستىدىكى ئەمەلىي سىستېمىنىڭ ئايلىنىشى نورمال بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سۈنئىي ھەمراھ يونكىتى يۇقىرى ماتېرىياللارنى دەرھال ئەمەلىي ۋاقىت بويىچە دۆلەت سۈنئىي ھەمراھ مېتېئورولوگىيە مەركىزىگە يوللاپ بەردى. 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بۇ سۈنئىي ھەمراھنى ئوربىتىدا سىناش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلدى.

چېن لېي

## شىخەنزە مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش ھەرىكىتى بويىچە ئۈلگە نۇقتا» قىلىپ بېكىتىلدى

2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەركىزىي مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، گوۋۇيۈەن ئىستىل تۈزىتىش ئىشخانىسى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش پائالىيىتى بويىچە 3 - تۈركۈمدىكى ئۈلگە نۇقتىلارنى بېكىتتى، مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە سىستېمىسىدىن 3 ئورۇن ئۈلگە نۇقتا قىلىپ بېكىتىلدى، شىخەنزە مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى.

رېن يىڭ

## شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەت - ئېكولوگىيىلىك مۇھىت تېلېتېخنىكا مەركىزى قۇرۇش مۇمكىنچىلىكى ئۈستىدە تەتقىقات دوكلاتى

بۇ تەتقىقات دوكلاتى 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللىشىدىن ئۆتتى. شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەت - ئېكولوگىيىلىك مۇھىت تېلېتېخنىكا مەركىزى ئۈرۈمچى مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى يونكىتى بىلەن شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكا مەركىزى ئاساسىدا قۇرۇلىدۇ. بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە كەڭ تارقالغان مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ ئالاقە كەسپىي مۇلازىمەت سىستېمىسى ۋە زېمىن ئۆلچەپ تەكشۈرۈش تورى ھەمدە مۇلازىمەت تورىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ مۇھىت بايلىقىنى قوغداش، چوڭ تىپتىكى تەرەققىيات قۇرۇلۇش تۈرلىرى، ئېكولوگىيىنى تۈزەشكە دائىر چوڭ - چوڭ تۈرلەرنى يولغا قويۇش ھەمدە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرۇشنى ئىلمىي بولغان ئىشەنچلىك ئاساسىي ئۇچۇر ۋە ھەل قىلغۇچ تەدبىر ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا غايەت زور ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ سۈپەتلىك پاختىچىلىق بازىسىنى قۇرۇش ۋە تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

چېن لېي

## شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق رايونلاردا سۇ كۆپەيتىش قۇرۇلۇشى ۋە شىنجاڭدىكى تاغلىق رايونلاردا سۇ كۆپەيتىش ئۈلگە قۇرۇلۇش تۈرى دەلىللەندى

2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پىلان، تەرەققىيات كومىتېتى تەكلىپ قىلغان جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى جۇ شيۇجې، جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار 15 مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان مۇتەخەسسىسلەر دەلىللەش گۇرۇپپىسى شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق رايونلاردا سۇ كۆپەيتىش قۇرۇلۇشى ۋە شىنجاڭدىكى تاغلىق رايونلاردا سۇ كۆپەيتىش بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتىنى دەلىللەپ چىقتى.

بۇ تۈرنىڭ تېخنولوگىيىلىك قۇرۇلۇش مۇددىتى 3 يىل بولۇپ، ئاساسلىق قۇرۇلۇش مەزمۇنلىرى مۇنۇلار: ھۆل يېغىنلىق ھاۋارايىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش - مۆلچەرلەش سىستېمىسى؛ ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر توپلاپ ئانالىز قىلىش - بىر تەرەپ قىلىش ۋە تەدبىر بەلگىلەش قوماندانلىق سىستېمىسى؛ سۈنئىي كاتالىزلاش مەشغۇلات سىستېمىسى؛ سۇ كۆپەيتىش ئۈنۈمىنى باھالاش سىستېمىسى؛ پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە تېخنىكىلىق كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ئۈرۈمچىدە سۇ كۆپەيتىش قوماندانلىق مەركىزى، بايىنبۇلاقتا تاغلىق رايون سۇ كۆپەيتىش مەشغۇلاتى ئۈلگە بازىسى قۇرۇلىدۇ. بۇ تۈرگە 29 مىليون 960 مىڭ يۈەن (بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى دوپلېر رادار قۇرۇلۇشى مەبلىغى 14 مىليون 600 مىڭ يۈەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى.

مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق رايونلاردا سۇ كۆپەيتىش قۇرۇلۇشى ۋە شىنجاڭدىكى تاغلىق رايونلاردا سۇ كۆپەيتىش ئۈلگە قۇرۇلۇشىدا ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ھاۋا بوشلۇقىدىكى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىپ، رايون دائىرىسىدىكى ھۆل-يېغىن مىقدارىنى، دەريا سۈيىنىڭ سىڭغىم مىقدارىنى كۆپەيتىش، سۇنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى ياخشىلاش مەقسەت قىلىنغان، بۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى چەكلەپ كېلىۋاتقان سۇ بايلىقى قىس بولۇش، زامان ۋە ماكانغا تارقىلىش تەكشى بولماسلىقتەك گەۋدىلىك زىددىيەتلەرنى پەسەيتىشكە پايدىلىق. بۇ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، شەرقىي قىسىم بىلەن بولغان پەرقنى ئازايتىش، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، مەركەزنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە ۋە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بۇ 2 دوكلاتتا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى رايونلارنىڭ تاغلىق رايونلاردا سۇ كۆپەيتىش نەزەرىيىسى، ئەمەلىيەتتىن

ئۆتكەن ئەلا يېڭى نەتىجىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى سۇ كۆپەيتىش خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆلتىلىق قۇرۇلىدىغان «بىر مەركەز، بىر بازا، تۆت مەشغۇلات رايونى» دىكى ئاقلىق رايونلارنىڭ سۇ كۆپەيتىش تېخنولوگىيىلىك قۇرۇلۇش لايىھەسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان سۇ كۆپەيتىش كەسپىي تېخنىكا سىستېمىسىنى قۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

فەن خۇڭيۈن

## ئاكادېمىك تاۋشىيەن شىنجاڭغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلىدى

شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى 2000 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 — 24 - كۈنلىرى 2 ئاكادېمىيىنىڭ ئاكادېمىكى ۋە مېتېئورولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ چوڭ تىپتىكى ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى تاۋ شىيەن، چيۇ جىنخەن، ۋۇ گوشيۇڭ، لى زىچۈن ھەمدە جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىكى مۇتەخەسسىس - ئالىملار دوكلات بەردى. تاۋ شىيەن «شىنجاڭ كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى» دېگەن تېمىدا ئۆزىنىڭ ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيانقى تەتقىقات نەتىجىسىنى بايان قىلدى. يىغىندىن كېيىن ئاكادېمىك ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئاساسىي قاتلام مېتېئورولوگىيە ئىستانسا - پونكىتلىرىغا بېرىپ تەكشۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى.

چېن لىبى

## جۇڭگو يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تورى شىنجاڭ ئۇچۇر شۆبە مەركىزى قۇرۇلدى

2002 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئەسلىدىكى ئۈرۈمچى يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر تورى ئاساسىدا، نەشرىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تور پونكىتى (جۇڭگو يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تورى شىنجاڭ ئۇچۇر شۆبە مەركىزى) نى قۇرۇپ چىقتى، تور ئادرېسى: www. xjxnw. gow. cn تور پونكىتى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ مۇلازىمەت قىلىشقا باشلىدى.

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۈ شياۋفېڭ تور پونكىتنىڭ ۋۇسكا يويۇقىنى ئاچتى. تور پونكىتى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى، تەمىنلەش - تەلەپ قىزىق لىنىيىسى، دېھقانچىلىق ئىقتىسادىي ئۇچۇرى، ئاگرومېتېئورولوگىيە، سىياسەت، قانۇن - تۈزۈم، دېھقانچىلىق ئەھۋاللىرىنى توپلاش، ھېكتۇەننىڭ قىياپىتى، خەۋەردار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش قاتارلىق ئىستونلاردىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ئەھۋاللىرىنى توپلاش، ھېكتۇەننىڭ قىياپىتى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي ئۇچۇرى يېڭىدىن قوشۇلغان ئىستون ھېسابلىنىدۇ. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قۇمۇل، قەشقەر، ئالتاي، ئىلى، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكى مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرىدە يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تورى تارماق پونكىتىدىن 8 ى تەسىس قىلىندى. ئۈرۈمچى يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تورى 2 يېزا - بازارنىڭ يېزا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تورى قىلىپ قۇرۇلدى ھەمدە مەشغۇلات قىلىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەنەنچۈي يېزىسىغا ئۆزۈن قوزغاتقۇچ ئېكران ئىشلەپ بېرىلدى.

تيەن خۇيپىڭ

## مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش

2002 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالاقە خىزمىتى سالمىقىنى ئاشۇردى. قازاقىستان گىدرومېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىكى 2 مۇتەخەسسىس شىنجاڭنىڭ ئاگرومېتېئورولوگىيە ئاخبارات مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ قازاقىستانغا ماسلىشىشچانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى؛ 14 كىشىنى ئەنگلىيىگە بېرىپ دوپلېر رادار تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلىنىشكە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى. بىر يىلدا 7 قېتىم ئىلمىي دوكلات بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنى كۈتۈۋالدى. شىنجاڭنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىگە دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئالاقىدار 15 مۇتەخەسسىسنى تەكلىپ قىلدى. بىلىم كىرگۈزۈش تۈرى جەھەتتە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لېكسىيە سۆزلەش، خىزمەت قىلىشقا 2 مۇتەخەسسىسنى كىرگۈزدى، 2 تۈر بويىچە چەت ئەلگە خادىم چىقاردى.

چېن لىبى

## ئىلغارلار تەقدىرلەندى

2002 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى بويىچە زور مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ، جاڭ جۇنلەن (ئاقسۇ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن) ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ يۈەن يۈجياڭ (ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن) 2001 — 2002 - يىللىق جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ پەن تەتقىقات تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ پېنسىيىگە چىققان كادىر مەھەممەت ئېلى (خوتەن مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن) جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى بويىچە «ئۆتتە ياخشى» ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى مېتېئورولوگىيە سۇنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش پونكىتىغا جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە پەنلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەلىم - تەربىيە بازىسى دەپ نام

بېرىلدى.

چېن لىپې

## مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 13 قېتىم زور ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى مەلۇماتنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتىنى 36 سائەتتىن ئاشۇردى. بىر يىلدا مەلۇماتنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 60 سائەت بولدى؛ ئومۇمىي خاراكتېرلىك ھاۋارايى توغرىسىدا بېرىلگەن 24 سائەتلىك قىسقا مۇددەتلىك مەلۇماتنىڭ توغرىلىق نىسبىتى 55.2%، رايون خاراكتېرلىك 10 كۈنلۈك ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مەلۇماتىغا قويۇلغان نومۇر 62.9%، شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى توغرىسىدا بېرىلگەن مەلۇماتنىڭ توغرىلىق نىسبىتى 94.1% بولدى؛ قىسقا، ئوتتۇرا مۇددەتلىك مەلۇمات ھەمدە قىسقا مۇددەتلىك كىلىمات مۆلچەرى تۈرلىرىگە قويۇلغان نومۇر نەتىجىسى 2001 - يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى. شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى رەھبىرىي ئارگانلارنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن 22 سان مۇلازىمەت ماتېرىيالى يەتكۈزۈپ بەردى؛ ئاپتونوم رايوندىكى مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى ئاپەت ئەھۋالىغا دائىر 141 پارچە ماتېرىيال توپلاپ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنى ۋاقتىدا، توغرا تەدبىر بەلگىلەش ئۈچۈن ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھىدىن پايدىلىنىپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئەتىياز پەسىللىك مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونى بويىچە يىغىن ئېچىپ جايلارغا كېۋەز تېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. باغچىلىق رايونلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى يەر تېمپېراتۇرىسىنى كۆزىتىش ئىشىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، شۇ جايلارنى مۇۋاپىق پەيتتە كېۋەز تېرىشى ئۈچۈن ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. بورتالا ئوبلاستلىق، خوتەن ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرى كېۋەز تېرىش مەزگىلىدە، ئالدىن مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتىنى ۋاقتىدا، توغرا ئىشلىگەچكە، تېرىلغان كېۋەزنىڭ ھەممىسى تولۇق ئۈنۈپ چىقتى. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇمۇل ۋىلايىتىدە بوراندا تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى كۆرۈلدى، مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، لاپاس تېرىقچىلىقى، قاتناش - ترانسپورت، قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىق تەرەپلەرنى نەزەردە تۇتۇپ 6 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى. تۇرپان مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئويمانلىقىدا قارا يامغۇر ياغىدىغانلىقى توغرىسىدا 5 كۈن بۇرۇن توغرا مەلۇمات بەردى. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەدبىر بەلگىلەش مۇلازىمىتى شەكلى بىلەن ئاپتونوم رايون رەھبەرلىكىگە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئۇدا يامغۇر يېغىپ زور ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى كۆرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىلگىرى - كېيىن 7 قېتىم مەلۇمات بېرىلدى، جايلارنىڭ چارۋىلارنى ئوتلاققا كۆچۈرۈش مەزگىلىدىكى مېتېئورولوگىيىلىك مۇلازىمەت خىزمىتىنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئورۇندىدى. 4 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى يېڭىدىن تۇرغۇزۇلغان ئالاتاۋ تاغ ئېغىزىدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان قۇم - بورانلىق ھاۋارايىدىن بىرلەشمە مۇداپىئەلىنىش ترېۋوگا كەسپىي مۇلازىمەت سىستېمىسى جىڭ، موسۇۋەن، ياۋتەي، شىخەنزە، شىخۇ، ئۇلانۇسۇ قاتارلىق جايلاردا پەيدا بولغان قۇم ئۇچۇش ۋە قۇم-بورانلىق ھاۋارايىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆزەتتى. كەلكۈن مەزگىلىدىكى مۇلازىمەت مەزگىلىدە، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى تېلېتېخنىكىلىق كۆزىتىش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش تەدبىر مۇلازىمىتى قاتارلىق تەرەپلەردىكى تېخنىكا ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىگە تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلدى، يۇقىرى ۋە تۆۋەن ئېقىندىكى رايونلاردا بىرلەشمە مۇداپىئەنى كۈچەيتتى.

شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى باھار بايرىمى، دۆلەت بايرىمى، تۈنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭنىڭ شىمال ئەھۋالى سىڭ چاقىرىلىق خەلقئارا ساياھەت بايرىمى، «ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى»، يېڭى يىلى كېيىم - كېچەك بايرىمى قاتارلىق چوڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە مېتېئورولوگىيە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى. قاراماي شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى كەلكۈن پەللىسى بەيياڭخې سۇ ئامبىرىدىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن توغرا مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى؛ خوتەن ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئوما مەزگىلىدە بوران - يامغۇرلۇق ھاۋارايى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇددەتتىن بۇرۇن ئالدىن مەلۇمات بەردى. چۆچەك شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى يۇقىرى تېمپېراتۇرا توغرىسىدا 2 قېتىم ترېۋوگا ئېلان قىلىپ، ئورمان، ئوتلاقلاردا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش قاتارلىقلار ئۈستىدە تەدبىر بەلگىلەش مۇلازىمىتىنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. 7 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى ئۆگەن دەرياسى ۋادىسىدىكى قىزىل سۇ ئامبىرىغا يەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن كەلدى (ئەڭ زور كەلكۈن پەللە ئېقىن مىقدارى، سۇ ئامبىرىدىكى سۇ ئورنى، ئامبارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى جەھەتتە يۈز يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلىدىغان، كەلكۈن مىقدارى ئىككى يۈز يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلىدىغان مىقداردىن ئېشىپ كەتتى)، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەر EOS سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكا ماتېرىياللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ سۇ ئامبىرىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇنى تەڭشەپ تىزگىنلەشكە قارىتا ئاچقۇچلۇق تەدبىر بەلگىلەش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك - يېزا

ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئىشىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مۇلازىمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان مېتېئورولوگىيىلىك مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئىشلىدى. 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى پاختىچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە «9210» تېخنولوگىيە قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرىگە تايىنىپ ئاشلىق، پاختىچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان سىستېمىلاشتۇرۇلغان مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى. پاختىچىلىق تېخنولوگىيە قۇرۇلۇشىدا پاختىچىلىقتا سىستېمىلىق مېتېئورولوگىيىلىك مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن مول تەجرىبىلەر توپلانغان، كېۋەزنىڭ پۈتكۈل ئۆسۈش جەريانىنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىپ ئۆلچەش، مەلۇمات بېرىش ۋە مۇلازىمەت قىلىش ئىشىدا ئاشۇرۇلغان. مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئۆزگىچە ئاگرومېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى تۈرلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى پائال بارلىققا كەلتۈردى ۋە بۇ ھەقتە ئىزدەندى. چاغانتوقاي، نىيە ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرى يەنە زاراڭزا، توشقان زەدىكى، ئەندىر قوغۇنى، ئانار، ئابدىسلىك، چوڭ يوپۇرماقلىق، بىنەپشە چېچەكلىك بېدە قاتارلىق ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرگە قارىتا مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى.

ئاپتونوم رايون بويىچە مۆلدۈر قاتارلىق كۈچلۈك كونۋېكسىيىلىك ھاۋارايى ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپەيدى، جايلاردىكى ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش ئىشخانىلىرى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، زەمبىرەك، راكېتا ئارقىلىق مۆلدۈردىن مۇداپىئە كۆرۈش، يامغۇر (قار) نى كۆپەيتىش مەشغۇلاتىنى يولغا قويۇپ، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە مۆلدۈردىن سۈنئىي مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن 2818 قېتىم زەمبىرەك مەشغۇلاتى قىلدى، 114 مىڭ 709 پاي زەمبىرەك ئوقى، 720 پاي راكېتا ئوقى ئاتتى. يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن 158 قېتىم مەشغۇلات قىلدى، يامغۇر ياغدۇرۇش ئوقىدىن 5044 پاي، 158 پاي راكېتا ئوقى ئاتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى 14 قېتىم مەشغۇلات ئۇيۇشتۇرۇپ، مەشغۇلات قىلىنغان رايونلاردا ھۆل - يېغىنى ئوتتۇراھالدىن كۆپرەككە يەتكۈزدى، 250 مىڭ گېكتار يەرگە يامغۇر ياغدى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە بۇرچىن ناھىيىسىدە ئورمانلارغا ئوت كەتتى، ش ئۇ ئا ر سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش ئىشخانىسى شىمالىي شىنجاڭدىن ئىككى تەسىر كۆرسىتىش قوشۇنىنى نەق مەيدانغا يۆتكەپ كېلىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش مەشغۇلاتىنى يولغا قويدى. قاراماي شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە 136 - تۈەن - مەيدانى قىسمەن رايونلاردا بىرلەشمە مۇداپىئەلىنىشنى يولغا قويۇپ، پايدىلىق ھاۋارايىدىن پايدىلىنىپ 3 قېتىم مەشغۇلات ئېلىپ باردى، مەشغۇلات قىلىنغان رايونلارنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چۆللۈك يېپىنچا ئۆسۈملۈك قوغدىلىدىغان رايون يەسلىك ھۆل - يېغىن مىقدارىنى 139 مىللىمېتىرغا يەتكۈزۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن 36% ئاشۇردى. قىش پەسلىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ئايروپىلان ئارقىلىق قار ياغدۇرۇش خىزمىتى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى، مەشغۇلات قىلىنغان رايونلاردا جەريانلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.1 مىللىمېتىرغا يېتىپ، كۆزگى بۇغدايىنىڭ قىشتىن ئۆتۈشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشنى كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

چېن لىي

---

**قىسقا ماتېرىيال**

## يېڭى بىر ئەۋلاد ھاۋارايى رادارى

ئادەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان مېتېئورولوگىيە رادارلىرىنىڭ ھەممىسى غەيرىي كوگېرېنتلىق رادارغا تەۋە بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئەكس دولقۇن ئورنى ۋە كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بېكىتىشكىلا ئىشلىتىلىدۇ. ئىمپۇلسلىق دوپپلېر رادارى بىر خىل يېڭى تىپتىكى كوگېرېنتلىق رادار ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دوپپلېر ئېففېكتىدىن پايدىلانغان، ئەمما قايتما دولقۇننىڭ ئورنى ۋە كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ، يەنە گېتېرودىنىلىك نىسبىي رادار دولقۇن سۈرئىتىنىڭ يۆنىلىش سۈرئىتىنى ئۆلچەپ بېكىتكىلى بولىدۇ. يېغىن دانىچىلىرى نىسبىي ھالدا رادارغا چۈشكەن دولقۇن دەستىسى نىسبىي ھەرىكەت قىلغاندا، قوبۇل قىلىنىدىغان سىگنال بىلەن تارقىتىلغان سىگنالنىڭ يۇقىرى چاستوتا ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان پەرق (يۆتكەلمە چاستوتا) تىن ھاسىل بولغان ئېھتىماللىق ئۇچۇرنى ئۆلچەپ بېكىتەلەيدۇ. بۇ رادار ئارقىلىق چاچما جىسىملارنىڭ رادار دىكى نىسبىي سۈرئىتى، مەلۇم شارائىتتىكى ئىنژېنېرسىيە پەيدا قىلغان ئاتموسفېرا شامال مەيدانى، ھاۋا ئېقىمىنىڭ ۋېرتىكاللىق سۈرئەت تارقىلىشى ھەمدە تۇربۇلېنت ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆلچەپ بېكىتەلەيدۇ. بۇ، ھۆل - يېغىننىڭ شەكىللىنىشىنى تەتقىق قىلىش، ئوتتۇراھال، كىچىك مىقياسلىق ھاۋارايى سىستېمىسىنى ئانالىز قىلىش، كۈچلۈك كونۋېكسىيىلىك ھاۋارايى قاتارلىقلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جېڭ ئاۋ

# پەن - تېخنىكا

## شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش

### ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

پەن - تېخنىكا نازارىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىرلىكتە 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئاقسۇ شەھىرىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ناھىيە، شەھەر، رايون پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى، پەن - تېخنىكا ئىدارىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە 1999 — 2000 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تەكشۈرۈشتە مۇنەۋۋەر بولغان 21 ناھىيە، شەھەر، رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بولۇپ 90دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە، شەھەر، رايون پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش خىزمىتى خۇلاسىلەندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈپ ئۈنۈملۈك ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ ئالاقە تور يىغىنى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە كۇنەس ناھىيىسىدە ئېچىلدى. يىغىندا بىر يىلدىن بۇيانقى ناھىيە، شەھەر، رايونلارنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى خۇلاسىلەندى، بۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە، شەھەر، رايونلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى ئۈستىدە كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) دەپ نام بېرىلگەن 12 ناھىيە، شەھەر، رايونغا ۋە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن 26 ناھىيە، شەھەر، رايونغا تەقدىرنامە بېرىلدى، مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى 24 ئىلغار شەخسكە شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى، كېيىنكى نۆۋەتتە ساھىبخانلىق قىلىدىغان 9 ئورۇندىن تەركىب تاپقان 2 - نۆۋەتلىك ئالاقە تور كېيىنكى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى ئالاقىدار تارماقلاردىكى مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بولۇشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلغان 7 ناھىيە، شەھەر، رايوننى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. شىخەنزە شەھىرى، قاراماي شەھىرىنىڭ قاراماي رايونى، يەكەن، يوپۇرغا، مورى، تېكەس ناھىيىلىرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى ھەمدە ئۇلارغا ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 2001 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) دەپ نام بېرىلدى. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 29 ناھىيە، شەھەر، رايونغا ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) دېگەن نام بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 2000 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى خىزمىتىدە ئىلغار يېزا (بازار) بولۇشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلغان 45 يېزا (بازار) نى باھالاپ چىقتى. ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇھاكىمە قىلىشى ئارقىلىق، بورتالا شەھىرىنىڭ بىلىنخارمودۇن يېزىسى قاتارلىق 26 يېزا، بازار، مەيدانغا ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار يېزا (بازار) دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 43 يېزا، بازار، مەيدانغا ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار يېزا (بازار) دەپ نام بېرىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە 2 - قارارلىق ساپا قۇرۇلۇشىنىڭ 1 -

باسقۇچلۇق خىزمىتىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى بۇ تۈرگە 400 مىڭ يۈەن سەرپ قىلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر سەپلىمە مەبلەغتىن 43 مىليون 794 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتۈردى، ئاپتونوم رايوندا پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگە يېزا - بازاردىن 276سى، پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كەنتتىن 2344ى، پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگە ئائىلىدىن 166 مىڭ 900ى بەرپا قىلىندى، 9000دىن كۆپرەك دېھقان تېخنىك باھالاپ چىقىلدى، تەربىيىلەنگەن دېھقانلار تەخمىنەن 10 مىليون 400 مىڭ ئادەم (قېتىم)گە يەتتى. 2 - قارارلىق شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ساپا قۇرۇلۇشىنىڭ باسقۇچلۇق خۇلاسىلەش يىغىنى 8 - ئاينىڭ 13 — 14 - كۈنلىرى قومۇل ۋىلايىتىدە ئېچىلدى. يىغىندا شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ساپا قۇرۇلۇشىنىڭ 1- باسقۇچلۇق خىزمىتى خۇلاسىلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بارۇن خارمودۇن بازىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قارارلىق يېزا - بازارلارنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش كۇرسى ئاچتى، تەربىيىلەش ناھىيە (شەھەر)لەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، يېزا (بازار)لارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى ۋە ۋەزىپىسى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئارقىلىق، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلدى. 2002 - يىلى شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى يەنە ئوخشاش بولمىغان قاتلام ۋە تىپ بويىچە 4 قارار كۇرس ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى رەھبىرىي كادىرلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ چەت ئەلگە چىقىرىپ 2 قارار تەربىيىلىدى، ۋىلايەت، ناھىيە، ساھەلەردىكى پەن - تېخنىكا باشقۇرۇش كادىرلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ 2 قارار تەربىيىلىدى.

2002 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، «شىنجاڭ گېزىتى»دە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش مۇنبىرى مەخسۇس سەھىپىسى ئېچىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ناھىيە (شەھەر، رايون)لەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى»، «شەھەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېزلىتەيلى»، «خىزمەتلەرنى تەڭشەپ، مەزمۇنلارنى تولۇقلاپ، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ساپا قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى كۈچەيتەيلى»، «16 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى پىلانلىق تۈردە كۈچلۈك يولغا قويايلى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىلار 4 ساندا ئېلان قىلدۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ باشلىرىدا ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى كۈيتۇڭ شەھىرىدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە ئىقتىسادنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى بويلىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيە، پەن - تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس - ئالىملاردىن بولۇپ جەمئىي 90 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 50 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى «شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە دائىر ماقالىلار توپلىمى» (7 - ۋە 8 - توپلام)نى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇردى، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك يۇمشاق پەن مۇھاكىمە يىغىنى ۋە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش مۇھاكىمە يىغىنىدا قوبۇل قىلىنغان ماقالىلار ئىچىدىن مۇتەخەسسىسلەر تاللاپ چىققان 56 پارچە ماقالىنى تەھرىرلەپ «شىنجاڭنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە دائىر ماقالىلار توپلىمى» (شىنجاڭنىڭ 2 - نۆۋەتلىك يۇمشاق پەنلەر مۇھاكىمە يىغىنى ۋە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مەخسۇس ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى) قىلىپ نەشر قىلدۇردى.

ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى باش بولۇپ، 6 ئاخبارات ۋاسىتىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكىنى ئىشرەك قىلىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى ئاۋۋال تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساسىي تېما قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغدىكى 9 ناھىيە، شەھەر، رايوندا 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە تەڭرىتاغ سەپىرى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

جېي شاۋمىن

## ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايوننىڭ 2001 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە شىنجاڭنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پروگراممىسى»نى ئېلان قىلدى، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى، قۇرۇلۇش نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى، كارتوگرافىيە ئىدارىسى ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قايتىدىن تەڭشىدى ۋە قۇرۇپ چىقتى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، قۇرۇلۇش نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى، كارتوگرافىيە ئىدارىسى، مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار ساھەلەرنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتتى، ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى ۋە كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنلىرىنى ئاچتى. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قۇتۇبى، كونەس ناھىيىلىرىدە چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى كۆرگەزمىسى ئاچتى. ئورمانچىلىق ئىدارىسى ساھەلەرنىڭ پەن-تېخنىكا خىزمىتىنى كۈچەيتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە يولغا قويدى. ئورمانچىلىق ئىدارىسى، قۇرۇلۇش نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، كارتوگرافىيە ئىدارىسى قاتارلىق كەسپىي تارماقلار شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە ئىلغار ئورۇن بەرپا قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى ھەمدە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە ئىلغار ئورۇن بەرپا قىلىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. 10 - ئايدا قىسمەن نازارەت، ئىدارىلەردىكى ئالاقىدار خادىملار ئىچكى ئۆلكىلەردە ئېچىلغان پەن - تېخنىكا باشقۇرۇش كادىرلىرى كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى.

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ شېنياڭدا ئاچقان سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى پائال ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 11 - ئايدا ئاپتونوم رايون سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنىڭ بىرلەشمە خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى بىرلىكتە يۆلەش ۋە كارخانىلارنىڭ سىياسەت، تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش قاتارلىقلار ئۈستىدە تەكلىپ بېرىلدى، شىنجاڭنىڭ سودىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ پىلانى 2003 - يىلى مۇۋاپىق پەيتتە يولغا قويۇلىدىغان بولدى.

خۇاڭ جيەن

## شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرلىرى پىلانى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرىدە، تۈر پىلانى بويىچە 2 تۈركۈمدە 24 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 15 تۈر يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 9 تۈر داۋاملاشتۇرۇلدى. شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن 3 مىليون 990 مىڭ يۈەن خىراجەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان تۈرىدىن 18ى چۈشۈرۈلدى.

«تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق گۇرۇھى شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «ئالىي دەرىجىلىك ئىلمە توقۇلمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان گاز ئېقىمى ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ ئۆزلەشتۈرۈش» تۈرىدە، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە گاز ئېقىمى ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈلۈپ، ئالىي دەرىجىلىك ئىلمە توقۇلمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان پاختا يىپ مەھسۇلاتلىرى پىششىقلاپ ئىشلەندى، يىللىق پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 6960 توننىغا، يارىتقان مەھسۇلات قىممىتى 111 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، باج - پايدىسى 22 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھازىرقى يىللىق پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى بويىچە 7000 توننا پاختىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ھەر مو (0.07 گېكتار) يەرنىڭ ھوسۇلىنى 100 كىلوگرام بويىچە ھېسابلىغاندا، 4700 گېكتار يەرنىڭ پاختىسىنى ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ، بىر توننا چىگىتلىك پاختىنى 3500 يۈەن بويىچە ھېسابلىغاندا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى 24 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

«كۆيتۇڭ شەھىرىنىڭ كەيگەنچى كەنتىدە ئېكولوگىيىلىك ئورمان ۋە ئىقتىسادىي ئورمانلارنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش» ۋە «جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىشى ئېغىتلىكىدىكى قۇملۇقلارنى ئۇنىۋېرسال كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى» تۈرىدە، قاقاس يەرلەر ئېكولوگىيىلىك ئورمان ۋە ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىنىدىغان يەرلەرگە ئايلاندۇرۇلدى، ھەر يىلى جەمئىيەتنى 1 مىليون 630 مىڭ تۈپ ھەر خىل كۆچەت بىلەن تەمىنلەپ، يىلىغا 5 مىليون 220 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىدىغان بولدى. قۇملۇقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا 70 مىڭ كۋادرات مېتىر بوستانلىق ئېكولوگىيىسى ئۈلگە كەنتى بەرپا قىلىنىپ، قىسمەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قوغداپ قېلىندى ۋە ياخشىلاندى.

«تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «ئۆزگىچە مېۋىزارلىقلاردىكى مېۋە - چېۋىلەرنى توجىھلەپ پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ۋە

ئۇنى كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە، ئىتالىيەدىن ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى كىرگۈزۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئورمان - مېۋە بايلىقى تۈجۈپىلەپ پىششىقلاپ ئىشلەندى، 1000 گېكتار يەردە ئۆرۈك، شاپتۇل بازىسى قۇرۇلدى، كارخانىلار 30 مىليون يۈەن پايدا يارىتىپ، دېھقانلار كىرىمىنىڭ 29 مىليون يۈەن ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى. «سەۋزە ساغلاملىق يېمەكلىكلىرىنى تۈجۈپىلەپ پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ۋە ئۇنى كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى جايلاردا 1700 گېكتار سەۋزىچىلىك بازىسى قۇرۇلۇپ، سۈپەتلىك سەۋزە خام ئەشياسى پىششىقلاپ ئىشلەندى، ئۇنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرىدىن سەۋزە شەربىتى، سەۋزە بوتقىسى، ساغلاملىق ئىچىملىكى قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ تۈر 5000 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى.

جىمسار، كېرىيە، چاڭجى ناھىيىلىرىنىڭ 100 مىڭ مو (6700 گېكتار) يەردە يۇلغۇن، سۆكسۆك، توشقان زەدىكىنى ئۆستۈرۈش پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىنى قۇرۇپ چىقىشىغا ياردەم بېرىلدى، توشقان زەدىكى تەبىئىي كۆپىيىشتىن سۈنئىي كۆپەيتىشكە ئۆزگەرتىلدى. جىمسار ناھىيىسى ئۇرۇقنى پىششىقلاش، بالپاقلاپ پىششىقلاش سېخىنى قۇرۇپ چىقىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى پۈتۈن يۇرۇشلۇك تىكىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ئۇرۇق بىلەن تەمىنلىدى. خوتەن ۋىلايىتىدە 666.67 گېكتار يەرگە يۇلغۇن تىكىلىپ، ھەممىسىگە توشقان زەدىكى ئۇلاندى. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 5 يېزا - بازىرىدا 900 گېكتار يەرگە يۇلغۇن تىكىلدى، ئەڭ يېڭى تىكىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىغا ئاساسلىنىپ، يۇلغۇننى كەڭ دائىرىدە تىكىش بىلەن توشقان زەدىكىنى ئۇلاش ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلىپ، توشقان زەدىكىنىڭ ھوسۇل بېرىش مۇددىتى 2 — 3 يىل قىسقارتىلدى. توشقان زەدىكى تېرىلىپ 3 يىلدىن كېيىن ھەر مو (0.07 گېكتار) يەرنىڭ يىللىق كىرىمى 3000 يۈەنگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش سايا قۇرۇلۇشى تۈرىنى يولغا قويۇشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنىڭ 2 - قارارلىق سايا قۇرۇلۇشى تورى پىلانىنىڭ مۇددىتى 1999 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە بولىدۇ. 2002 - يىل 8 - ئايدا 1 - باسقۇچلۇق سايا قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى خۇلاسىلەندى، 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ھەمدە 13 ئۈلگە ناھىيە، شەھەرنىڭ سايا قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش خىزمىتى سېلىشتۇرۇپ باھالاندى.

«ئالىي دەرىجىلىك ئېلىمە توقۇلمىلارغا قوللىنىلىدىغان گاز ئېقىمى ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ ئۆزلەشتۈرۈش»، «L - گلۇتامىن»، «جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىش نېفىتلىكىدىكى قۇملۇقنى ئۇنىۋېرسال كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى» قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.

«ئوسما يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىش»، «خوتەن ۋىلايەتلىك يىپەك فابرىكىسىنىڭ ئەتلەس شايىسى» قاتارلىق تۈرلەر قازاقىستان، ئۆزبېكىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو پەن - تېخنىكا كۈنى» پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلدى.

2002 - يىلى قۇمۇلنىڭ «داماۋ» يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق دېھقانچىلىق ئۈلگە بازىسى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يۇلغۇن - توشقان زەدىكى ئېكولوگىيىلىك پەن - تېخنىكا ئۈلگە بازىسى شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنىڭ نامايەندە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشى دەپ بېكىتىلدى.

خۇاڭ جيەن

# پەن - تېخنىكا پىلانى

## ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەتقىقات پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئەھۋالى

1. پەن - تېخنىكا پىلانىنى تۈزۈش ئەھۋالى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىدا پەن - تېخنىكىلىق ئۆتكەل تۈرلىرى ۋە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرلىرىدىن 103ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ تۈرلەر 2 تۈركۈمگە بۆلۈپ چۈشۈرۈلدى. شۇ يىلى پەن - تېخنىكا 3 خىل خىراجىتى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا 15 مىليون يۈەن (پىلاننى باشقۇرۇشقا كېتىدىغان 200 مىڭ يۈەنمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئاجرىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكىلىق ئۆتكەل تۈرى 57، بۇنىڭغا 11 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، يۇمشاق پەن تۈرى 30، بۇنىڭغا 700 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 11، بۇنىڭغا 800 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، باشقا تۈرلەر 5، بۇنىڭغا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي پەنلەر فوندىدىن ياردەم بېرىش پىلانىدا جەمئىي 22 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، خىراجەت مەخسۇس تۈرلەر بويىچە چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

2. پەن - تېخنىكا پىلانىدىكى تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش

ئەھۋالى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا پىلانى بويىچە ئامالىنىشقا تېگىشلىك تۈر 36 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 28 تۈر ئامالاندى، كېچىكتۈرۈلۈپ ئامالىنىدىغان تۈر 8، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، توختىتىلغان تۈر بىر، ئامالىنىش نىسبىتى 78% بولدى.

پەن - تېخنىكىلىق ئۈلگىلىك پىلانى تۈرىدىكى «شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە سۈپەتلىك دېھقانچىلىق زىرائەت ئۇرۇقى قۇرۇلۇشى»، «كارخانا + پەن تەتقىقات + بازا» ئەندىزىسىدىن ئۆتتى، ئۈلگىلىك تۈرلىرى يولغا قويۇلغان 2 يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. 2002 - يىلى 3 خىل يېڭى سورت تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، ئوتتۇراھال، ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنىڭ 7 خىل يېڭى سورت لىنىيىسى تاللاپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلەشتۈرۈش تەجرىبىسىگە قاتناشتۇرۇلدى. كېسەلگە چىدامىلىق، ھاشاراتلارغا قارشى تۇرالايدىغان تەبىئىي رەڭلىك كېۋەزنىڭ 75 خىل يېڭى سورت لىنىيىسى تاللاپ چىقىلدى. كوممىقوناقنىڭ 9 خىل يېڭى سورتى ئاپتونوم رايون بويىچە سورتلارنى رايونلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشتا ئۈلگە كۆرسىتىشكە قاتناشتۇرۇلدى، كۆممىقوناقنىڭ يېڭى سورتى 53 مىڭ 300 گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى، 2500 توننا ئۇرۇق يېتىلدى.

«گۆش كالىسى، سۈت كالىسىنىڭ تۆرەلمىسىنى كەسپلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن كۆپەيتىش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش» تۈرىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە بازا قىلىنغان 20 ناھىيە، شەھەر (تۈمەن - مەيدان) دە گۆش كالىسى، سۈت كالىسىنىڭ تۆرەلمىسىدىن 16 مىڭ 537 تال ئىشلەپچىقىرىلىپ، قوبۇل قىلغۇچى كالىغا 13 مىڭ 460 تال كۆچۈرۈلدى، تۇغۇلتۇلغان تۆرەلمە بىلەن بوغاز بولۇش نىسبىتى 56% كە يەتتى. كالا قوتنى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەجرىبىخانىلار ياخشىلاندى ۋە يېڭىدىن سېلىندى، كالا تۆرەلمىسىنىڭ جىنسىنى بېكىتىش، تۆرەلمىلەرنى ئايرىش، تۆرەلمىلەرنى بەدەن سىرتىدا يېتىلدۈرۈش قاتارلىق تەتقىقات ۋە ئەمەلىي قوللىنىش ئىشى قانات يايدۇرۇلدى. تۆرەلمە كۆچۈرۈلگەن 200 تۇياق كالىنىڭ جىنسى ياھالاپ بېكىتىلدى، 300 تۇياق كالىغا تۆرەلمە پارچىلاپ كۆچۈرۈلدى، بەدەن سىرتىدا تۆرەلمە يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ 70 دانە تۆرەلمە ئىشلەپچىقىرىلدى. تۆرەلمە يېتىشتۈرۈش شۆبە پونكىتى ۋە تۆرەلمە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھەمدە نەسىللىك كالىچىلىق بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، تۆرەلمە كۆچۈرۈش بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى بىرلىكتە قۇرۇپ چىقىلدى، ئاساسىي قاتلام تېخنىك خادىمىدىن 100 كىشى تەربىيىلەندى، سىرتقا قارىتىلغان تېخنىكا مۇلازىمەتچىلىك دائىرىسى مەملىكەت بويىچە 15 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى بارلىق ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەرگىچە كېڭەيتىلدى.

«شىنجاڭدا ياۋا قارا ئېجرىق ئوتى چىملىقىنى يەرلەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش ۋە ئۇرۇقىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە، يېتىشتۈرۈپ تاللاپ چىقىلغان قارا ئېجرىق ئوت چىملىقىنىڭ 2 خىل يېڭى سورت لىنىيىسى مەملىكەتلىك ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك 1 - نومۇرلۇق قارا ئېجرىق» ئوتى جۇڭگودا تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن چىملىق ئوتنىڭ تۇنجى يېڭى سورتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ سورت قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، شورغا خېلى چىدامىلىق، ئىسسىققا، تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا چىدامىلىق، كۆپىيىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، تۇپلىرى پاكار، قۇرۇلمىسى بىر قەدەر ئىنچىكە، رەڭگى خېلى ياخشى، داۋاملىشىش خۇسۇسىيىتى ياخشى، يېشىللىق مەزگىلى ئۇزۇن، دەسسىلىشكە چىدامىلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنى يەنە ئېكولوگىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يانباغىرلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ كۆكەرتىش قاتارلىقلارغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى بىر قەدەر سوغۇق رايونلار ۋە قۇرغاق، سۇ كەمچىل رايونلاردا تېرىشقا باب كېلىدۇ. بۇ تۈردە قارا ئېجرىق ئۇرۇقىنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، خىمىيىلىك دورىلار بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئارقىلىق ياۋا قارا ئېجرىق ئوتىنىڭ ئۇرۇق تۇتۇش نىسبىتى تۆۋەن بولۇشتەك تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، ھەر گېكتار يەرنىڭ ئۇرۇق مەھسۇلاتى 723.9 كىلوگىرامغا يېتىپ دۇنيا رېكورتى يارىتىلدى.

«قېلىن شاپاقلىق قوغۇننىڭ كېسەلگە چىدامىلىق يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە كېسەللىكنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكا تەجرىبىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە، ئاق تۇزان كېسىلى ۋە ئاق پاختىلىشىش كېسىلىگە يۇقىرى دەرىجىدە چىدامىلىق بولغان، قىزىل، چۈرۈك قوغۇننىڭ بىر قانچە يەككە لىنىيىلىك ماتېرىيالى يېتىشتۈرۈلدى، ئاق تۇزان كېسىلىگە يۇقىرى دەرىجىدە چىدامىلىق، ئاق پاختىلىشىش كېسىلىگە ئوتتۇراھال چىدامىلىق ياكى يۇقىرى دەرىجىدە چىدامىلىق بولغان، يۇقۇملۇق پاختىلىشىش كېسىلىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىزىل، چۈرۈك كەنجى قوغۇننىڭ ئىككى خىل يېڭى سورت لىنىيىسى تۇنجى قېتىم تاللاپ يېتىشتۈرۈلدى ھەمدە كىچىك دائىرىدە ئۈلگە كۆرسىتىلدى. قوغۇننىڭ ئاساسلىق كېسەل زىياندىشى

بولغان ئاق توزان كېسىلى ۋە ئاق پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ كېسەللىك مەنبەسى، تارقىلىش ئامىللىرى ۋە كېسەل قوزغىلىش مەزگىلى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، شىنجاڭدا قېلىن شاپاقلىق كەنجى قوغۇننى تېرىپ ئۆستۈرۈشنىڭ بىر يۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى بەكىتىلىپ چىقىلدى ۋە تاماملاندى، ئاق توزان كېسىلى ۋە ئاق پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈمى ياخشى، ئۈنۈمى يۇقىرى، ئۈنۈملۈك، تۆۋەن زەھەرلىك مىكروب ئۆلتۈرگۈچى 5 خىل دورا تاللاپ چىقىلدى، بۇلاردىن دىلىكاڭ ۋە شۇاڭيى بېيكېجى دورىسى كەڭ دائىرىدە كېڭەيتىپ قوللىنىلدى. كەنجى قوغۇننى كېسەلدىن ئۈنۈۋېرسال مۇداپىئە كۆرەلەيدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىلىپ ۋە بۇ تېخنىكا 14 مىڭ 900 گېكتار يەردە كېڭەيتىلىپ توختامدىكى ۋەزىپە ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

پەن - تېخنىكىلىق ئۆتكەل پىلانى تۈرىدىكى «شىنجاڭدا CAD/CIMSنى قوللىنىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش»، «شىنجاڭنىڭ ياسىمىچىلىقىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئۈلگە قۇرۇلۇشى»دا، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى تېز سۈرئەتتە شەكىلگە كىرگۈزۈش تېخنولوگىيە تېخنىكا مەركىزى قۇرۇلدى، بۇ مەركەز خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە تېز شەكىلگە كىرگۈزۈش ئۈسكۈنىسى ۋە تېخنولوگىيىلىك يۇمشاق دېتاللىرىنى كىرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ شامال كۈچىدىن توك ھاسىل قىلىش، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، ئاپتوموبىل ياساش كەسىپلىرىنى تەتۈر يۈزلىنىشلىك قۇرۇلۇش، ئۈچ ئۆلچەملىك مودېل، تېز سۈرئەتتە قېلىپ ياساش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەپ، مەھسۇلات يارىتىش مۇددىتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتتى.

«شىنجاڭ بىناكارلىقىدىكى ئېنېرگىيە تېجەشلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى سىستېمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە، 50% ئېنېرگىيە تېجەش ئۆلچىمىگە يەتكەن، شىنجاڭدا 8 بال يەر تەۋرىنىشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان مۇداپىئە رايونلىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالايدىغان 9300 كۋادرات مېتىرلىق 2 كورپۇس ئۈلگە تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى، شىنجاڭ رايونىدا ئۇيۇل خىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىكرى، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ئېنېرگىيە تېجەش نىشانىغا ئۇيغۇن بولغان تام سىرتى ئىسسىقلىق ساقلاش تېخنىكىسىنىڭ ئۆلچىمى ۋە چېرتيوژى، ئىسسىنىش سىستېمىسىدىن مىقدارغا قاراپ ھەق ئېلىشنىڭ ئۆلچىمى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«كۆمۈرنى پاكىز كۆيدۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە، يېڭى تىپتىكى قېتىشما سۇلفۇرلۇق بارلىققا كەلتۈرۈلدى. 1 - قاتارلىق دەسلەپكى ئارىلىق سىنىقىدا گۈڭگۈرتسىزلىنىش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 46%كە يەتكۈزۈلدى، مۆلچەردىكى گۈڭگۈرت قېتىشىش ئۈنۈمى 40%كە يېتىپ، تۈر تۇرغۇزۇش نىشانى تاماملاندى.

«Ⅱ دەرىجىلىك قىزدۇرۇپ پروكاتلانغان لېنتىسىمان پولات چۆۋق ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىنى يارىتىش» تۈرىدە، تەننەرخى تۆۋەن، ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان Ⅱ دەرىجىلىك قىزدۇرۇپ پروكاتلانغان لېنتىسىمان پولات چۆۋق بارلىققا كەلتۈرۈلدى ھەمدە تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى، HRB335 تىپلىق پولات چۆۋقتىن 70 مىڭ توننىدىن كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىلدى.

پەن - تېخنىكىلىق ئۆتكەل پىلانى تۈرىدىكى «ئالتاينىڭ تايمېن بېلىقى، سازاڭ بېلىقى، لۈتسىيوپېركا بېلىقى، ئالاچورتان بېلىقى بايلىقىنى قوغداش ۋە ئېچىش»تا سوغۇق سۇدا ياشايدىغان تايمېن بېلىقى، ئالاچورتان، سازاڭ بېلىقى ھەمدە لۈتسىيوپېركا بېلىقى قاتارلىق بېلىق تۈرلىرىنىڭ تارقىلىش ۋە تۈر توپلىرىنىڭ سانى تەكشۈرۈلدى. كۆپىيىش فىزىئولوگىيىسى تەتقىقاتى ۋە سۈنئىي بېقىپ كۆپەيتىش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلىپ، ئالاچورتاننىڭ ئۇرۇقلىنىش نىسبىتى 80%كە، تۇخۇم چىقىرىش نىسبىتى 64%كە يەتكۈزۈلدى؛ سازاڭ بېلىقى ئۇغقانلار ئارا 750 گورۇپپا كۆپەيتىلىپ، ئۇرۇقلىنىش نىسبىتى 80%كە، تۇخۇم چىقىرىش نىسبىتى 75%كە يەتكۈزۈلدى. سازاڭ بېلىقىنىڭ تەملىك يەمچۈكىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە كۆلچەككە قويۇپ بېرىش تېخنىكىسى ئىگىلىۋېلىندى، ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەمدىكى ئالاچورتان، لۈتسىيوپېركا بېلىقى، سازاڭ بېلىقى ئۈستىدە ئۇزۇن يولدا توشۇش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلدى، ئۇنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 95%تىن ئاشتى ھەمدە سازاڭ بېلىقى كېسىلى (ساقاق چىرىش كېسىلى، تېرە چىرىش كېسىلى)نىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، بۇ جەھەتتە ئىلگىرىلەش بولدى. سۈنئىي قويۇپ بېرىش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلىپ، ئېرتىش دەرياسىغا 1 مىليون 200 مىڭ تال بېلىق قويۇپ بېرىلدى. ئۇغقانداش بېلىقلارنىڭ سانى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، موڭغۇلىيە، قازاقىستان بىلەن بېلىقچىلىق ھەمكارلىقىغا دائىر دەسلەپكى مۇددىئانامە ئىمزالاندى، تايمېن بېلىقى بىلەن لۈتسىيوپېركا بېلىقىدىن ئىبارەت ئۇغقانداش بېلىقلار كىرگۈزۈلدى. باقمىچىلىق كۆلىمى تۇرغۇزۇلدى: 2.67 گېكتار يەردە سازاڭ بېلىق، 0.4 گېكتار يەردە ئالا چورتان، 1.73 گېكتار يەردە لۈتسىيوپېركا بېلىقى بېقىلدى. 370 كۋادرات مېتىرلىق تۇخۇم چىقىرىش سېخى ۋە 1000 كۋادرات مېتىرلىق ئايلانما ئېقىم شەكىللىك بېلىق كۆلچىكى ياسالدى ھەمدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

پەن - تېخنىكىلىق ئۈنۈم پىلانى تۈرىدىكى «جىگەر كۆچۈرۈپ ئادەمدىكى جىگەر كۆپۈكسىمان ئېخىنوكوك كېسىلىنى داۋالاش»تا، مەملىكەت بويىچە كۆپۈكسىمان جىگەر ئېخىنوكوك كېسىلى (AE) گە گىرىپتار بولغان تۇنجى بىمارغا جىگەر كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلىش ئاساسىدا، يەنە كۆپۈكسىمان جىگەر ئېخىنوكوك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىككىنچى بىمارغا جىگەر كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلىندى، نەتىجىدە بىمارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياخشىلاندى. بۇ، غەربىي شىمال رايونى بويىچە چوڭلارغا مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆچۈرۈلگەن تۇنجى جىگەر بولۇپ، ئاخىرقى باسقۇچتىكى جىگەر كېسىلى — كۆپۈكسىمان جىگەر ئېخىنوكوك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلار ئۈچۈن بىر خىل ئۈنۈملۈك خىرورگىيىلىك داۋالاش ۋاسىتىسى تېپىپ چىقىلدى. «ئاللېرگىيىلىك بۇرۇن ياللۇغىغا شىپالىق مۇرەككەپ جۇڭيى ياسالما دورىسى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە، شىنجاڭدا بۇ خىل كېسەللىنىڭ قوزغىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «شامال، سوغۇق، ھاۋا، قۇرغاق» نىڭ ھەممىسى ئاللېرگىيىلىك بۇرۇن ياللۇغى كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ، دېگەن جۇڭيىچە يېڭى تەلىمات ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىرىكمە رېتسېپ جەھەتتە نورماللىقنى ساقلاپ قوۋۋەتنى ئاشۇرىدىغان، يەلنى تارقىتىپ سوغۇقنى ھەيدەيدىغان، ئۆپكىنى راۋانلاشتۇرىدىغان دورىلارنى ئىشلەتكەندىن سىرت، يەنە ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ مۇللۇك كەلتۈرىدىغان دورىلار كۆپەيتىلدى، كلىنىكىدا ئۇنىڭ داۋالاش ئۈنۈمى ياخشى بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ خىل دورىلار تېز ئۈنۈم بېرىش، قايتا قوزغىلىشنى ئازايتىش ھەمدە زەھەرسىز ھەم قوشۇمچە رولى بولماسلىقتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ تۈردە دورا ياساشنىڭ ھۈنەر - سەنئەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىدىغان دورا سۈپەت ئۆلچىمى ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۆتكۈر توكسىكولوگىيە تەجرىبىسى، دورا ئۈنۈمىنى سىناق قىلىش ئىشلىرى تاماملاندى. باسقۇچلۇق نەتىجىسى شىنجاڭ «تېيفېڭ» دورىگەرلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى ھەمدە دەسلەپكى ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالاندى. «ئىتلارغا ئىشلىتىلىدىغان پرازى كۆانتېللىق بوففېر دورىسى ئارقىلىق قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە، سىناق ئۈقتىسى قىلىنغان بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن دۆربىلجىن ناھىيىسىدە ئىتلارغا بوففېر دورىسىنى يېگۈدىن تولۇقلاندۇرۇپ بېرىش خىزمىتى تاماملاندى، ئادەمنىڭ سېۋورىتتا ئانتىتېلاسى سىلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىندى ۋە ئىتلارنىڭ گەندە ئەۋرىشكىسى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىندى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق سىناق ئۈقتىسىدىكى قويلارنىڭ قاپلىق قۇرت كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى ئۇر خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى %52دىن تۆۋەنلەپ %5 .17گە چۈشكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرى بولغان «شىنجاڭنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش تەجرىبە رايونلىرىنىڭ ئۈلگە قۇرۇلۇشى»دا، سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان تەجرىبە رايونلىرىنى قۇرۇش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى. بۇ تۈردە، فۇكاڭ شەھىرىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان تەجرىبە رايونلىرىنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە ۋە ئەۋزەل تېمىلارنى يولغا قويۇشقا ياردەم بېرىلدى، چوڭ شەھەرلەرنىڭ چېتىدىكى ئېكولوگىيىلىك سايامەت شەھەرلىرىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەجرىبە توپلىنىپ، ئۇنىڭ ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۇرپان شەھىرى بىلەن كورلا شەھىرىنى تەجرىبە رايونىنىڭ سىناق نۇقتىسى قىلىش جەھەتتە قىسمەن خىزمەت ئىشلەندى. تەجرىبە رايونلىرىنى قۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، «سەنگۇڭ دەرياسى ۋادىسىدا يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېكولوگىيىلىك كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرى تۇرغۇزۇلۇپ، ئېكولوگىيىلىك كەسىپلەر پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئېكولوگىيىنى ياخشىلاش ۋە مۇھىتنى قوغداش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىكى «خەلقئارا كۆممىقوناق، بۇغداي سورتىنى ياخشىلاش مەركىزى (CIMMYT) نىڭ شىنجاڭ بۇغداي تەجرىبە پونكىتى قۇرۇلۇشى» ۋە «خەلقئارا كۆممىقوناق، بۇغداي سورتلىرىنى ياخشىلاش مەركىزى (CIMMYT) نىڭ يازلىق بۇغداي سورتىنى كىرگۈزۈپ تەجرىبە قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈستىدىكى تەتقىقات» نىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ئوڭۇشلۇق بولدى. CIMMYT شىنجاڭ بۇغداي تەجرىبە پونكىتى 2002- يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىش باشلىدى، بۇ، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان تۇنجى تارماق ئاپپاراتى ھېسابلىنىدۇ. «جۇڭگو - فرانسىيە ھەمكارلىقىدىكى شىنجاڭدىكى توكسىز رايونلارنى توك بىلەن مۇستەقىل تەمىنلەش تېخنىكىسىنى قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە، 4 تېخنىك فرانسىيىگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەندى. ئۈلۈغچات ناھىيىسىنىڭ سۇگەك كەنتىدە 30 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئۈستەڭ بېشى قۇرۇلۇشى، ئۈستەڭنى ئۆزگەرتىش ياساش، يۇقىرى، تۆۋەن بېسىملىق ئېلېكتر تورى جازىسى قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر تاماملاندى، 30 كىلوۋاتلىق ئىككى يۈرۈش سۇ ئېلېكتر گېنېراتور گۇرۇپپىسى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرىدىكى «شىنجاڭدىكى كەسىپىي

ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئۈستىدىكى تەتقىقات»تا، شىنجاڭدىكى كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ۋەزىيىتى، نىشانى، يېتەكچى پرىنسىپى، ئومۇمىي ۋە يولغا قويۇش قەدەم باسقۇچلىرى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىندى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى، قىيىن نۇقتىلىرى ۋە تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ تۈرنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مائاش تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى» قاتارلىق سىياسەت خاراكتېرلىك 7 خىل ھۆججەت (لايىھە) تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى، ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ئورۇنلاردا كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش ئىشى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرىدىكى «شىنجاڭنىڭ دورىگەرلىك كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدىكى تەتقىقات»تا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تىببىي دورىگەرلىك كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى ۋە يۈزلىنىشى چوڭقۇر ئانالىز ۋە تەتقىق قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تىببىي دورىگەرلىك كەسىپلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دورىگەرلىك ۋە ئالاھىدە دورىگەرلىك كەسىپلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ تەپەككۇر يولى، نىشانى، تەدبىرى ۋە تەكلىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھۆكۈمەت ۋە كارخانىلار تەدبىر بەلگىلەشتە ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى، ھەمدە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

تەبىئىي پەن فوندى تۈرىدىكى «ئۈزۈم ۋە ئۇنىڭ پوستىدىكى سالامەتلىككە پايدىلىق ئۈنۈم تەركىبلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات»تا، شىنجاڭنىڭ پەرلىك 20 نەچچە خىل ئۈزۈم پوستى، ئۇرۇقى تەركىبىدىكى ئولىپتانولنىڭ كىسلاتا مىقدارىنى ئانالىز قىلىپ ئۆلچەپ بېكىتىش ئاساسىدا، مەھسۇلاتى كۆپ، مىقدارى يۇقىرى بولغان ئۈزۈم سورتلىرى تاللاپ چىقىلدى، يېڭى تىپتىكى ساغلاملىق يېمەكلىكى — ئۈزۈم كىسلاتالىق كاپسۇلا تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلدى، 2 كەشپىيات پاتېنتى ئىلتىماس قىلىندى، 4 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئۇنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش سوممىسى 300 مىڭ يۈەن بولدى. «سۇيۇقلاندۇرۇلغان قارا نېفتنى ھەيدەش سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ بىر دوزىسىنىڭ ئىئونسىز سىرتقى يۈز خورۇچىنى نېفت قازىسى بىلەن سۇ قازىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ھەرىكىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نېفت ئېلىش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئېمۇلسىيىسىزلىنىشىنى كۈچلەندۈرۈشتىن ئىبارەت قىيىن تېما نەزەردە تۇتۇلۇپ، كۆپلىگەن تەجرىبە ئارقىلىق سۇيۇقلاندۇرۇلغان قارا نېفتنى ھەيدەش سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ بىر دوزىسىنىڭ AP تىپلىق ئېمۇلسىيىسىز-لەندۈرگۈچ خورۇچىنىڭ نېفت ۋە سۇ قازىسىدىكى تەقسىملىنىشى ۋە ماددا ئالمىشىشىغا بولغان تەسىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، مۇۋاپىق ئېمۇلسىيىسىزلەندۈرۈش نىسبىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «بۇرمىلىق CT ئارقىلىق جىگەر راكىغا دىئاگنوز قويۇش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە، مىڭدىن كۆپرەك كېسەل ئۈستىدە تەتقىقات، ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىپ، ئەڭ ياخشى تېخنىكا پارامېتىرى، خۇسۇسىيىتى ۋە دىئاگنوز قويۇش ئاساسى خۇلاسىلىنىپ، جىگەر راكىغا دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇنى داۋالاش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. بۇ تەتقىقات مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى ھەمدە تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ئارقىلىق تەتقىقات نەتىجىسى تېز كېڭەيتىپ قوللىنىلىپ، شىنجاڭنىڭ بۇرمىلىق CT ئارقىلىق جىگەر راكىغا دىئاگنوز قويۇش تېخنىكا سەۋىيىسىنى بىر يېڭى باسقۇچقا كۆتۈردى.

جاڭ يۈ

## «ئۇچقۇن» پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرىدە 27 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈر 17، بۇلارغا جەمئىي 480 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنغان قەرز 220 مىليون يۈەن، ئۆز ئالدىغا غەملەنگەن مەبلەغ 260 مىليون يۈەن) مەبلەغ سېلىندى، ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيىسىدىن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ياردەم ئۆسۈم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۆلچەرلىنىشىچە، تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن، يېڭىدىن ئاشقان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 620 مىليون يۈەنگە، يېڭىدىن ئاشقان يىللىق باج - پايدا 140 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. دۆلەت دەرىجىلىك تۈر 10، بۇلارغا جەمئىي 1 مىليارد 106 مىليون يۈەن (بانكىدىن ئېلىنغان قەرز 509 مىليون يۈەن، ئۆز ئالدىغا غەملەنگەن مەبلەغ 597 مىليون يۈەن) مەبلەغ سېلىندى، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى پەن - تېخنىكا خىراجىتى ئۈچۈن 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن، يېڭىدىن ئاشقان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 157 مىليون يۈەنگە، يېڭىدىن ئاشقان يىللىق باج - پايدا 280 مىليون يۈەنگە، يىللىق يارىتىلغان ئاشقى پىرىبۇت 20 مىليون دوللارغا

پىتەدۇ. ئۇقتىلىق تۈرلەر مۇنۇلار: پاختا تۇقۇمچىلىقىنى كەسىپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇشى، چېكىتىنى ئۈجمىلەپ پىششىقلاپ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈمىرسال پايدىلىنىش، 100 مىڭ مو (6700 گېكتار) يەردە كۆممىقوناق ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى كەسىپلەشتۈرۈش، شىنجاڭدا بىدە، ئوت - چۆپلەرنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭدا سۈپەتلىك ئۈزۈمچىلىك بازىسى قۇرۇش ۋە ئۇنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، «ساپالىق» سۈپەتلىك قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، قىزىلچا سەرناقلىرى، پەمىدۇر تىرىپى، چېكىت پوستىدىن ئۈجمىلەپ دانچە يەم - خەشەك ئىشلەش تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، 10 مىڭ مو (666.67 گېكتار) يەردە زىيانسىز مېۋە - چېۋە، كۆكتات بازىسى قۇرۇش ۋە ئۇنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، لوپنۇر كەندىرىنى قوغداش، تېرىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈمىرسال ئېچىپ پايدىلىنىش، سەۋزە تېرىش ۋە ئۇنى ئۈجمىلەپ پىششىقلاش، كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، 10 مىڭ مو (666.67 گېكتار) يەردە چۆچۈكبۇيا تېرىش ۋە ئۇنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، 50 مىڭ مو (3300 گېكتار) يەردە جۇڭيىي دورا ئۆسۈملۈك بازىسى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، 10 مىڭ مو (666.67 گېكتار) يەردە ئەلا سورتلۇق ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش بازىسى قۇرۇش ۋە ئۇنى كەسىپلەشتۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2002 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرى 70 بولۇپ، شۇ يىلى ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 360 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 140 مىليون يۈەنگە، باج 70 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ يولغا قويۇلۇۋاتقان دۆلەت دەرىجىلىك «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرى 33 بولۇپ، ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 50 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 210 مىليون يۈەنگە، باج 100 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2002 - يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان تۈر 21، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان تۈرلەردە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 220 مىليون يۈەن، يارىتىلغان پايدا - باج 320 مىليون يۈەن. توختامدىكى ۋەزىپە ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان تۈر 8 بولۇپ، پىلاندىكى تۈرنىڭ %38 ىنى ئىگىلىدى. يولغا قويۇش نەتىجىسى بىر قەدەر ياخشى بولغان تۈرلەر مۇنۇلار: سىرەك يەر ئالىيۇمىدىن پولات ئۆزەكلىك سىمنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، چەت ئەلدىن ئېلىنغان تېخنىكا كىرگۈزۈپ 100 مىڭ ئورچۇقلۇق ئىنچىكە تاراش لىنىيىسىنى قۇرۇش، بورتالا شەھىرىدە 1 مىليون ئۆي قوشنى كەسىپلەشتۈرۈش ئۈلگە رايونى قۇرۇش، سايرام كۆلىگە سوغۇق سۇدا ياشايدىغان ئاق كورىگونۇس بېلىقى سورتىنى كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى كۆپەيتىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، كۈنىگە 300 توننا بۇغداينى بىر تەرەپ قىلىش ۋە مەخسۇس يۈرۈشلۈك ئۇن مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش قاتارلىق تۈرلەردىن ئىبارەت.

پەن - تېخنىكا نازارىتى مەملىكەتلىك «ئۇچقۇن» پىلانى خىزمىتى بويىچە 3 ئىلغار كوللېكتىپنى، مەملىكەتلىك «ئۇچقۇن» پىلانى بويىچە 3 نەپەر ئۈلگىنى، مەملىكەتلىك «ئۇچقۇن» پىلانى بويىچە 30 ئىلغار شەخسنى تاللاپ كۆرسەتتى. پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىگە «بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ «ئۇچقۇن» پىلانىغا پەرۋازلىق قانات بېرەيلى» دېگەن تېمىدىكى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ماتېرىيالىنى يوللىدى.

8 چوڭ پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى «ئۇچقۇن» پىلانى پائال يولغا قويۇلۇپ، پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرلىرى يۇقىرىغا يوللاندى. شىنجاڭ «غەربىي دىيار» دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكىدا يېتەكلىك يارىتىش تېمىدىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى باشلامچى كارخانا قىلىپ بېكىتىلدى، شىنجاڭ «تۇنخې» مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك سىرتقا يۈزلەنگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى كارخانا قىلىپ بېكىتىلدى.

2002 - يىلى مەملىكەتلىك غەربىي قىسىم ھەمكارلىق رايونلىرىنىڭ «ئۇچقۇن» پىلانى بويىچە تەربىيىلەش 2 - قېتىملىق خىزمەت يىغىنى ۋە ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا غەربىي قىسىم ھەمكارلىق رايونلىرىنىڭ «ئۇچقۇن» پىلانى بويىچە تەربىيىلەش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان ئورۇن — شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتى رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ دېھقانچىلىق كوپېراتىپ مەھكىمىسى، جىلىن ئۆلكىلىك پەن - تېخنىكا نازارىتى، خېنەن ئۆلكىلىك پەن - تېخنىكا نازارىتى، سەنشى ئۆلكىلىك پەن - تېخنىكا نازارىتى ھەمدە غەربىي قىسىم ھەمكارلىق رايونلىرىدىكى «ئۇچقۇن» پىلانى بويىچە تەربىيىلەش گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلاردىن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم

رايونى، شەنشى ئۆلكىسى، گەنسۇ ئۆلكىسى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، چىڭخەي ئۆلكىسى، يۈننەن ئۆلكىسى، گۇيجۇ ئۆلكىسى، چۇڭچىڭ شەھىرى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىن ئىبارەت 14 ئورۇننىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 40تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ «غەربىي قىسمىدىكى پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى» ۋە دۆلەتنىڭ «ئۈچقۇن» تۈرى بويىچە تەربىيىلەش پىلانىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، پەن - تېخنىكا نازارىتى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا ئىدارىسىدىكى ئالاقىدار خادىملارنى ۋە ئالاقىدار كارخانا باشقۇرغۇچى خادىملارنى ۋۇخەن، جۇڭخەي قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. «WTOنىڭ ئالاقىدار پرىنسىپلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئەمەلىي تېخنىكىنى قوللىنىش» قاتارلىق ھەر خىل تېخنىكا كۇرسلىرىدىن 8 قارار ئېچىپ، 1100دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى.

چېن جيەنخۇا

## «مەشئەل» پىلانى تۈرلىرى

ئاپتونوم رايون يولغا قويۇۋاتقان «مەشئەل» پىلانى تۈرىدە، 2002 - يىلى يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 283 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 2 مىليارد 269 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، پايدا 302 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، باج 168 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى، «مەشئەل» پىلانى تۈرىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلدىن 676 مىليون 50 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىدە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 383 مىليون 830 مىڭ يۈەن، سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 333 مىليون 870 مىڭ يۈەن، پايدا 112 مىليون 980 مىڭ يۈەن، باج 69 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىدە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 899 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 935 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، پايدا 189 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، باج كىرىمى 99 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانىدا 2002 - يىلى 12 تۈرلۈك ئىلتىماس قوبۇل قىلىندى، دەسلەپكى تەكشۈرۈش ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى ئارقىلىق، بۇنىڭدىن 8 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرى قىلىپ بېكىتىلدى، بۇلار مۇنۇلار: يېڭى تىپتىكى ئېنېرگىيە تېجەشلىك دولقۇنسىمان تۇرۇبىلىق لەيلىمە ھالقا — مېخانىكىلىق ھەسسىلەنگەن بېرىكمە، رەقەملەشتۈرۈلگەن ئايلانمىلىق ئېگىرىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ ئالىي دەرىجىلىك ئىلمە توقۇلمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان يىپ ئىشلەپچىقىرىش، قوش ماتېرىياللىق رەڭلىك شەكىللىك ماتېرىيال، 30 مىڭ ئورچۇقلۇق كامۇ مۇكىسى، مۇلياۋ قېتىشما — ئەينەك پولاتلىق كۆپ قاتلاملىق چىرىشتىن ساقلايدىغان بىرىكمە تۇرۇبا ماتېرىيالى، تۆۋەن بېسىمدا پارتلىتىپ قېزىش ھۈنەر - سەنئىتىنى قوللىنىش تېخنولوگىيىسى، لوپنۇر كۆلىدىكى كالوگېن سۇيىدىن يىلىغا 20 مىڭ توننا كالىي سۇلفات ئىشلەپچىقىرىش، باروترويىكلىق سۇر كاۋاك خىشتىن ئىبارەت. بۇ تۈرلەرگە 451 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنغان قەرز 273 مىليون 30 مىڭ يۈەن، ئۆز ئالدىغا غەملەنگەن مەبلەغ 178 مىليون 590 مىڭ يۈەن. مۆلچەرلىنىشىچە، تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن، يېڭىدىن ئاشىدىغان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 391 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، يېڭىدىن ئاشىدىغان يىللىق پايدا - باج 87 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. داۋاملىق ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرى 38. شۇ يىلى «مەشئەل» پىلانى تۈرىگە ياردەم ئۆسۈم ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

5 تۈر دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرى قىلىپ تەستىقلاندى، بۇلار مۇنۇلار: شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە چەكلىك پاي شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ سۇ چىقىرىش ۋە يورۇتۇش ئۇنىۋېرسال سىستېمىسى»، شىنجاڭ «چىكالك» دوكتور خالمۇرات ئۇيغۇر دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «ئۇيغۇرلارنىڭ دورىسى شىپالىق مەزى بېزى ئىچىملىكى ۋە قار لەيلىسىدىن ياسالغان مەزى بېزى توكچا دورىسى»، شىنجاڭ «تيەنكاڭ» چارۋىچىلىق بىئوتېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «كالا تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈش»، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتى ئۈستىگە ئالغان «MSD ئىقتىدارلىق تۆۋەن بېسىملىق تولۇق تەقسىملەش ئىشكاپى»، شىنجاڭ «جىنشى» ئاسفالت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «يوللارنى ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان 100 مىڭ توننىلىق SBS ئاسفالتى»دىن ئىبارەت. مۆلچەرلىنىشىچە بۇ تۈرگە 225 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنىدىغان قەرز 140 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئۆز ئالدىغا غەملىنىدىغان مەبلەغ 85 مىليون 400 مىڭ يۈەن. مۆلچەرلىنىشىچە بۇ تۈر تاماملانغاندىن كېيىن، يېڭىدىن ئاشىدىغان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 684 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، يېڭىدىن ئاشىدىغان يىللىق باج - پايدا 197 مىليون

150 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. شۇ يىلى دۆلەتنىڭ «ئۈچفۇن» پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. 2002 - يىلى دۆلەتكە 2003 - يىللىق دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىدىن 6 تۈر تەستىقلاپ بېرىشكە يوللاندى.

2002 - يىلى قاراماي «ھېرىكمە كۈچ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالغان 2000 - يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىدىكى «1L، 4L تىپلىق سىم تور ھاسىسىغا پولىستېتىلېن يۈركۈيدىغان سۇلياۋ تۇلۇڭ»، «شەرق شامىلى» شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان 1999 - يىللىق دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىدىكى «شەرق شامىلى 6X4 ئېغىر تىپلىق ئاپتوموبىل» تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، «600 كىلوۋاتلىق شامال كۈچى گېنېراتورى» قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 13 خىل «مەشئەل» پىلانى تۈرىمۇ تاماملاندى.

شىن لەنخەي

## دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش فوندى تۈرى

2002 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن، شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇلغان 6 تۈرى دۆلەتنىڭ مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇلار: 9QSD—1200 تىپلىق ھەممىباب كۆك ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسىنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش. شىنجاڭ تۆۋىتىلىك ئۆچكىسىنىڭ يېڭى تۈرى (بوغدا، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆۋىتىلىك ئۆچكىسى) نىڭ ئەلا نەسلىنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئارىلىقتا سىناق قىلىش. قوي گۆشىنى كۆلەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈرۈشلۈك تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش. شىنجاڭ قوغۇنىنىڭ يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ كۆپەيتىش ۋە ئۆستۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش. شىنجاڭدا بالدۇر پىشىدىغان، كېسەلگە چىداملىق، مول ھوسۇللۇق كېۋەزنىڭ يېڭى سورتى «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق كېۋىزى — 11» نى كۆپەيتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش. شىنجاڭدا سۈتلۈك كالىلاردا بولىدىغان تۇبېركۇلىيوز تاياقچە باكتېرىيىسىگە PCR دىئاگنوز قويۇش سىناق دورا قۇتىسىنىڭ كالىلاردىكى برۇتسېللىيوزغا تاقابىل تۇرالايدىغان ئۆزگىچە تىپلىق ئانتىبېلا ۋاكسىنىسىنى ئارىلىقتا سىناق قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ تۈرلەرگە 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن خىراجەت ياردەم بېرىلدى. تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش يىل چەكلىمىسى 2003 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە بولۇپ، 2002 - يىلى تۈرلەرنى تۇرغۇزۇش خىزمىتى تاماملاندى.

خۇاڭ جۈەن

## دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن، شىنجاڭ بويىچە 4 خىل يېڭى مەھسۇلات «2002 - يىلى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى»غا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭدىن 3 تۈر دۆلەتنىڭ 800 مىڭ يۈەن يېڭى مەھسۇلات قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىگە ئېرىشتى. 4 خىل يېڭى مەھسۇلات ۋە ئۇلارنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە: 9QSD—1200 تىپلىق ھەممىباب كۆك ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسى (شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى)، تۆۋەن يولى كىسلوزا (شىنجاڭ زوڭخېڭ پاي چەكلىك شىركىتى)، زىغىر ئۇرۇقى يېغى (سانجى شەھەرلىك «لۇچى» بىئولوگىيىلىك مەھسۇلاتلار چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، XJT9503 يۇقىرى ھارارەتلىك نېيترال پروتېئىنازا (شىنجاڭ «ۋېيشىدا» بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى).

جاڭ يۈ

## ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرسىتىشى، پەن - تېخنىكا نازارىتى تەشكىللىگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى بىلەن، 13 خىل يېڭى مەھسۇلات ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 - يىلغىچە نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 13 خىل يېڭى مەھسۇلات ۋە ئۇلارنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە: تەبىئىي رەڭلىك تاش كرېمنىيلىق دەرەخ يېلىمى سۇۋۇلغۇ ماتېرىيالى (سانجى شەھەرلىك «خۇڭفا» پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، تەبىئىي ھەقىقىي تاش سىر (سانجى شەھەرلىك «خۇڭفا» پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، تۆگە قىمىزى (شىنجاڭ «شيۇڭجيەن» ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، قوي پلاتسېنتاسى (توڭلىتىلغان) (شىنجاڭ «شيۇڭجيەن» ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، تۇپراقنى ياخشىلاپ سۇ ساقلاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش دورىسى (شىنجاڭ «مەنجياڭخۇڭ» دېھقانچىلىق ۋاستىلىرى خىمىيۋى ئوغۇت پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دانچە ناترىي نىترات (تۇرپان

ئۈچ ئۆلچەملىك نىترات چەكلىك شىركىتى)، ساپ ياغتا تىتىش كامۇ مۇكەممەل يۇرۇشلۇق مەھسۇلاتلىرى (شىنجاڭ «يىدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى)، سېرەك يەر كرېمنىي - كالتسىيىلىق بىرىكمە ئوغۇت (شىنجاڭ «تىيلى» ئوغۇتچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، يىراقتىن تىزگىنلىنىدىغان لوگىكا قۇلۇپلۇق شىفىرلىق بىخەتەر ئىشىك (شىنجاڭ «شىڭتۇڭ» پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، لوپنۇر كەندىرى (قوي يۇڭى، يىپەك) ئارىلاشتۇرۇپ ئىگىرىلگەن يىپ (شىنجاڭ لۇكاڭ لوپنۇر كەندىرى چەكلىك شىركىتى)، EBM يېڭى تىپلىق ئايروزوللۇق ئاپتوماتىك ئوت ئۆچۈرۈش قورۇلمىسى (شىنجاڭ خۇاخۇي پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، 9JYG—0.55 تىپلىق ئوت - چۆپلەرنى تۇرسىلەكلەپ باغلاش ماشىنىسى (شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى)، 9GM—0.55 تىپلىق سوزۇلۇشچان پەردىلىك ئوراش ماشىنىسى (شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى).

جاڭ يۈ

## يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش ئۈلگە قورۇلۇشى تۈرى

2002 - يىلى بۇ تۈردە ئاساسەن ئۇرۇقچىلىق، مەخسۇس ئۈن، چارۋىچىلىق، مېۋە - چېۋە، كۆكتات، باغۋەنچىلىكتىن ئىبارەت 4 كەسپىي زەنجىرنى چۆرىدەپ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشكە دائىر مەخسۇس 10 تارماق تۈر يولغا قويۇلدى. تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى خېلى ياخشى بولۇپ، باسقۇچلۇق ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

«تاۋۇز - قوغۇننىڭ يېڭى تېپتىكى يۇقىرى قەنتلىك، كېسەلگە چىدامىلىق سۈپەتلىك يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئەلا سورتلارنى كېڭەيتىش» تۈرىنى شىنجاڭ «غەربىي دىيار» دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭغا 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قوغۇننىڭ يېڭى تېپتىكى قەنت مىقدارى يۇقىرى بولغان يېڭى سورتى «غەربىي دىيار قارى — 1»، «غەربىي دىيار قارى — 2»، «غەربىي دىيار قارى — 3»نى تاللاپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. 2002 - يىلى قوغۇننىڭ 4 خىل يېڭى سورتىنى باھالاپ چىقتى، تاۋۇزنىڭ يېڭى سورتلىرىدىن 5 خىل سۈپەتلىك جۈرىسىنى باھالاپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئاساسلىق ئىقتىسادىي تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى توختامدىكى تەلەپكە يەتتى، بۇ شىركەت يەنە تاۋۇز - قوغۇننىڭ ئۆزىدىن چاڭلاشتۇرۇلغان لىنىيىسى ۋە F1 سېلىشتۇرما سورتىنى داۋاملىق تاللاپ يېتىشتۈردى؛ 3300 گېكتار يەردە تاۋۇز - قوغۇن ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش كۆلىمىنى يەرپا قىلىپ، يىلىغا 80 مىڭ توننا ھەرخىل ئۇرۇق ئىشلەپچىقاردى.

«ئېسىل قوغۇن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئۇنى ئۈزلەشتۈرۈش» تۈرىنى شىنجاڭ غەربىي دىيار دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئېلىپ، 6 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىش كۆلىمىنى 34.67 گېكتارغا يەتكۈزۈپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى (0.07 گېكتار)دىن 2 توننىدىن كۆپرەك ھوسۇل ئالدى ھەمدە 11 خىل قوشۇمچە سورت ئۆستۈرۈپ، يەرلەشتۈرۈش سىنىقى ئېلىپ بېرىپ، «غەربىي دىيار ئېسىل قوغۇننى ئىشلەپچىقىرىش - پىششىقلاش تېخنىكا قوللانمىسى»نى يېزىپ چىقتى.

«گۆش توخۇسىنىڭ ئايرىم مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش» تۈرىنى تەيكۈن گۇرۇھى شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، بۇ شىركەت ئاز كەم 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، مەملىكەت ئىچىدىن ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كىرگۈزدى. بۇ تۈر يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، 1600 توننا ئايرىم مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىپ، سېتىش كىرىمى 20 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە، پايدىسى 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ، ئاپتونوم رايوندا گۆش توخۇسىنىڭ ئايرىم مەھسۇلاتلىرى يوق بولۇپ كېلىۋاتقان بوشلۇق تولدۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ئەسلى لايىھەدىكى ئىقتىداردىن ئېشىپ كەتتى. گۆش توخۇسىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار شىنجاڭ بازارلىرىدىكى مىقدارنىڭ ئوندىن بىرىنى ئىگىلىدى، بۇ تۈر 6200 باقمىچى، تىجارەتچى ئائىلىنىڭ ئورتاق روناق تېپىشىغا تۈرتكە بولدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا كومىتېتى بۇ مەھسۇلاتلارغا «شەكسىز توخۇ گۆشى» دېگەن ماركىنى چاپلىدى.

«ئۆزگىچە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش» تۈرىنى شىنجاڭ «شىنئوۋ» سۈتچىلىك چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، بۇ شىركەت 16 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سۈت ئىچىملىكى، يېڭى سۈت، قېتىقتىن ئىبارەت 3 چوڭ سىستېما بويىچە 15 خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان، كۈنىگە 60 توننا يېڭى سۈتنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈردى. بۇ تۈر 800دىن كۆپرەك دېھقان ئائىلىسىنىڭ سېغىر باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى، يىللىق سېتىش كىرىمى 60 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە، باج - پايدا 6 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بۇ شىركەتكە كەسپلەشكەن نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا دەپ نام بەردى.

«كۈنىگە 300 توننا مەخسۇس بۇغداي ئۈنى يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش» تۈرىنى شىنجاڭ

«تەڭرىتاغ» ئۇن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، بۇ شىركەت 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سانجى ئوبلاستىدا 66 مىڭ 700 گېكتار يەردە سۈپەتلىك بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ چىقتى. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يادرو بىئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن 100 خىلدىن كۆپرەك بۇغداي سورتى ئىچىدىن شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ماس كېلىدىغان 6 خىل سۈپەتلىك بۇغداي سورتىنى تاللاپ چىقتى، 3 يىلدىن بۇيان سېتىش كىرىمى 600 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە، باج - پايدىسى 26 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە بۇ كارخانا يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزىنى قۇرۇپ، مەخسۇس لەغمەن ئۇنى، لىنجۇ كالا گۆشى ئۈگرە ئۇنى، چۆچۈرە ئۇنى تەتقىقاتىنى تاماملىدى، تىزگىنلەنگەن ئۆلچىمى دۆلەتنىڭ كەسىپ ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتتى، مەخسۇس لەغمەن ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى دۆلەتنىڭ كەشپىيات پاتېنتىغا يوللاندى. بۇ شىركەت 8. IQCC سۈپەت سىستېمىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى ھەمدە «سۈپەتلىك يېشىل يېمەكلىك خام ئەشياسى بولغان بۇغداينى تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى»نى تۈزۈپ چىقتى، سودا، پەن تەتقىقات، سانائەت، دېھقانچىلىق بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ كەسپلەشتۈرۈلگەن تىجارەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلدى.

«شىنجاڭدا زاۋۇتلاشتۇرۇپ مايسا يېتىشتۈرۈش» تۈرىنى شىنجاڭ «خۇاشىڭ» دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، بۇ شىركەت 34 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، چەت ئەلدىن ئىقتىدارلىق ئىلغار پارنىك كىرگۈزۈپ، 20 ئورۇندا كۆن تۈرى پارنىكى ياساپ چىقتى، 400 كۋادرات مېتىر يەردە توقۇلما يېتىشتۈرۈش پارنىكى قۇرۇپ چىقىپ، 15 مىليون 660 مىڭ تۈپ ھەرخىل مايسا ئىشلەپچىقاردى، سېتىش كىرىمى 12 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن، باج - پايدىسى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزدى، 130دىن كۆپرەك كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

«مەيجۇر UHT سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشنى كەسپلەشتۈرۈش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش» تۈرىنى شىنجاڭ «بوغدا كۆلى» يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، بۇ شىركەت 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، خەلقئارا ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كىرگۈزۈپ، ئەتراپتىكى رايونلاردا 14 باقمىچىلىق بازىسى قۇردى، كۈندىلىك پىششىقلاش ئىقتىدارىنى 55 توننىغا يەتكۈزدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن سۈت ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر نۇقتىلىق كارخانا يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك سۈتلۈك كالا ئۈلگە فېرمىسىنى قۇرۇپ چىقتى، شىياڭگاڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ يۈرۈشلۈك سۈت مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

«كۆممىقوناق يېڭى سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئەلا سورتلارنى كەسپلەشتۈرۈش» تۈرىنى شىنجاڭ «غەربىي دىيار» دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، بۇ شىركەت تەكرار تېرىشقا بولىدىغان 41 خىل بىرىكمە سورتنى كىرگۈزۈپ، 0.4 گېكتار يەردە ئېتىز تەجرىبىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 0.67 گېكتار يەردە ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىنى تاماملىدى، سىلوس تىپلىق ۋە قوشۇمچە تىپلىق سۈپەتلىك بىرىكمىدىن ئىككىنى دەسلەپكى قەدەمدە تاللاپ چىقتى.

«سانجى ئوبلاستىدا بۇغداي ئۇرۇقىنى كەسپلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تۈرىنى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۇنى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، بۇ شىركەت 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 5 خىل سۈپەتلىك بۇغداي سورتىنى كىرگۈزۈش خىزمىتىنى تاماملىدى، «يېشىل يېمەكلىك بولغان سۈپەتلىك بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىكا قائىدىسى» ۋە «سۈپەتلىك بۇغداي ئۆستۈرۈش تېخنىكا قائىدىسىنىڭ دېھقانچىلىق يەرلىك ئۆلچىمى»نى تۈزۈپ چىقتى، 12 گېكتار يەردە بۇغداينىڭ تاللانغان ئۇرۇقىنى تېرىش بازىسىنى قۇردى، 233.33 گېكتار يەرگە تاللانغان ئۇرۇق تېرىدى، 2000 گېكتار يەرگە تاۋار ئۇرۇق سورتىنى تېرىدى. مەخسۇس ئۇننىڭ ئىككى خىل قوشۇمچە سورتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

«سۈت كالىسىنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن بېقىپ كۆپەيتىشنى كەسپلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرى 2002 - يىلى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان تۈر بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ «بوغدا كۆلى» يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، بۇ شىركەت ئۆزىنىڭ 39 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بىر قېتىمدىلا 500 تۇياق سۈت كالىسى سېتىۋېلىپ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلدى، سۈت كالىسىنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش تەتقىقات مەركىزىنى قۇردى.

چېن جيەنخۇا

## ئاپتونوم رايون بويىچە 4 تۈر دۆلەتنىڭ چوڭ پەن - تېخنىكا مەخسۇس تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى

10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، جۇڭگونىڭ

ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئاچقۇچلۇق تېخنىكا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت بويىچە مەركەزلىك ئۆتكەل قىلىنىدىغان 12 تۈرلۈك چولاق مەخسۇس پەن - تېخنىكا تۈرى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ساھەسىگە چېتىشلىق 4 تۈر بار، بۇلار: سۈتچىلىك بويىچە چولاق ئاچقۇچلۇق تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە كەسپلەشتۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ئۈلگە كۆرسىتىش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تۈجۈپىلەپ پىششىقلاش تېخنىكىسى ۋە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى تەتقىق قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈش، زامانىۋى سۇ تېجەش دېھقانچىلىق تېخنىكا سىستېمىسى ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىش ھەم بارلىققا كەلتۈرۈش، مۇھىم تېخنىكا ئۆلچىمىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. شىنجاڭ بويىچە 4 تېما دۆلەتنىڭ چولاق مەخسۇس پەن - تېخنىكا تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

«غەربىي شىمالدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سۈتچىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش ۋە كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تېمىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار: شىنجاڭ «مەيجۇر» گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ دىلۇاڭ دېھقانچىلىق. چارۋىچىلىق تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ۋۇخۇا چارۋىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ھايۋانات ئۆرەلمە قۇرۇلۇشى تېخنىكا تەتقىقات مەركىزى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ تۈر ئاماللانغاندىن كېيىن، كالا سۈتىنىڭ سۈپىتىنى تېز تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكا سىستېمىسى تۇرغۇزۇلىدۇ، غەربىي رايوننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە 2 — 3 خىل داڭلىق سۈت مەھسۇلاتى بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. غەربىي شىمال دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سۈت كالىسىنى كۆلەملەشتۈرۈپ بېقىش، پەرۋىش قىلىش تېخنىكا ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلىدۇ، ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلۈك تېخنىكا مۇلازىمەت سىستېمىسى تۇرغۇزۇلىدۇ، سانجى ئۈلگە رايونىدا قولدا قالغان ئەلا نەسىللىك كالا ۋە ياخشىلانغان نەسىللىك كالا 40 مىڭ تۇياققا يەتكۈزۈلىدۇ، يېتىلگەن سېغىن كالىنىڭ يىللىق سۈت مەھسۇلاتى 6000 كىلوگرامدىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلىدۇ. 10 مىڭ تۇياق يادرولۇق يۇقىرى ھوسۇللۇق سۈت كالىسى يېتىشتۈرۈلۈپ، ئوتتۇرىچە يىللىق مەھسۇلاتى 8000 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇلىدۇ. غەربىي شىمال رايونلىرىغا ماس كېلىدىغان 2 — 3 خىل سۈت كالىسىنىڭ يەم - خەشەك تولۇقلىغۇچى دورىسى ۋە يەم - خەشەك رېتسېپى بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

«كۆكتات شىرنىسىنى كەسپلەشتۈرۈش ئاچقۇچلۇق ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تېمىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار: شىنجاڭ تۇنخې مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو جياڭنەن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ تۈردە كۆكتات پىرىكمە شىرنىسى، مېۋە - چېۋە - كۆكتات پىرىكمە شىرنىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تەملىك قىلىپ ياساش ۋە رەڭگىنى ساقلاش تېخنىكىسى ھەمدە پىششىقلاشنىڭ باشقا ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى ۋە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش مەسىلىسى نۇقتىلىق ھەل قىلىنىدۇ، تېما ئاماللانغاندىن كېيىن، 10 مىڭ توننىلىق پىرىكمە مېۋە - چېۋە - كۆكتات شىرنىسى ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگە لىنىيىسىدىن بىرى قۇرۇلۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتى 20%تىن ئاشۇرۇلىدۇ.

«شىمالدىكى قۇرغاق ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرىدىن سۇغىرىلىدىغان رايونلاردا دېھقانچىلىقنىڭ سۇ تېجەش ئۇنىۋېرسال تېخنىكا سىستېمىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» تېمىسىدا كۈيتۇڭ ئۈلگە رايونى، ئاقسۇ ئۈلگە رايونى ئۈلگە نۇقتىسى قىلىندى، بۇ ئۈلگە نۇقتىلىرىنى بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك ئورۇنلار بىرلىكتە ئۈستىگە ئالدى. ئاقسۇ ئۈلگە رايونىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار: شىنجاڭ سۇچىلىق ۋە سۇ ئېلېكتىر پەن تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ «شىنشۈي» پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ تېمىدا سۇغىرىشتا سۇ تېجەش تېخنىكىسى، دېھقانچىلىقتا سۇ تېجەش تېخنىكىسى ۋە ئۇنىۋېرسال سۇ تېجەش تېخنىكىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش، يۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، دېھقان ئائىلىلىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان دېھقانچىلىقنىڭ سۇ تېجەش ھەرىكەت مېخانىزمى ۋە مۇناسىپ تەشكىلىي شەكلى، سۇ بايلىقىنى رايونلارغا تەڭشەش، سۇ ھەققىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۈنۈمىنى كېڭەيتىش ۋە تولۇقلاش مېخانىزمى ھەمدە مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىقلار ئۈستىدە ئىزدىنىلىدۇ، غەربىي شىمالدىكى قۇرغاق ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سىستېمىلاشتۇرۇلغان، كۆلەملەشتۈرۈلگەن سۇ تېجەشلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا سىستېمىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ئۇنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىش ئۈلگىسى تىكلىنىدۇ. ئۈلگە رايوننىڭ كۆلىمى 666.67 گېكتارغا، ئومۇملاشتۇرۇلغان رايون 6666.67 گېكتارغا يېتىدۇ.

دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى 12 تۈرلۈك چولاق مەخسۇس پەن - تېخنىكا تۈرىنىڭ بىرى بولغان

«مۇھىم تېخنىكا ئۆلچىمى ئۈستىدە تەتقىقات»نى يولغا قويۇش جەريانىدا، ئۈرۈمچى شەھىرى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى، سۇيەت تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى، ئۆلچەم كومىتېتى قاتارلىق دۆلەتلىك ئورۇنلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى مۇھىم تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە سىناق نۇقتىسى شەھىرى قىلىندى. سىناق نۇقتىسىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى بىلەن پەن - تېخنىكا ئىدارىسى كونكرېت يولغا قويۇش ئىشلىرىنى تەشكىللىدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بېكىتىلگەن نۇقتىدا سىناق قىلىش لايىھىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان تېخنىكا ئۆلچىمى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش لايىھىسى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى؛ ئۈزگىچە ياختىچىلىق، بەيدۇر پىششىقلاپ ئىشلەش، ئىنچىكە قوي يۇڭى، ھاراق ئۈزۈمى، قۇلاق، شامال كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش قاتارلىق 6 كەسىپنىڭ 33 خىل مۇھىم تېخنىكا ئۆلچىمى تەتقىق قىلىنىپ ۋۇجۇتقا چىقىرىلدى؛ تېخنىكا ئۆلچىمى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن، تېخنىكا خاراكتېرلىك سودا توسقۇنى تۈرغۇزۇلدى، ئىلغار تېخنىكا ئۆلچىمى ئارقىلىق ئۆزگىچە كەسىپلەر تەرەققىي قىلدۇرۇلغان 3 ئۈلگە بازىسى بەرپا قىلىندى؛ مۇھىم تېخنىكا ئۆلچەملىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر تۈركۈم سىياسەت، باشقۇرۇش ۋاستىسى ۋە مۇۋاپىق تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلدى.

يۇقىرىقى تېمىلاردا 2002 - يىلى تۈرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئايرىش ۋە يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى.

خۇاڭ جۈەن، جاڭ يۇ

## دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 36 تۈر دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ 7 مىليون 370 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلىغا ئېرىشتى.

شۈ دېشىۋ

**قوشۇمچە:**

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈرلەر

| | |
|---|---|
| چۆللۈكلەردە، يەر ئۈستىدىكى بىئولوگىيىلىك قاسراقلارنىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمى ۋە ئۇنى قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا قوللىنىش | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| تارىم ئويمانلىقىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى نەم يەرلەرنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق مەنزىرىسى ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئاق دوغداقنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ۋە كۆپىيىش بىئولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| قۇرغاق كىلىماتلىق مۇھىتتا ئۆسۈملۈك تۆشۈكچىلىرىنىڭ ئاتموسفېرا نەملىكىگە بولغان تەسىرى مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |
| يۇلتۇز شەكىللەنگەن رايونلاردا يۇلىيۇزلار ئارىسىدىكى سۇ مازېرى ۋە ئۇنىڭ تەھدىت مەنبەسىنى كۆزىتىش ھەم تەتقىق قىلىش | ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى |
| دورىلارنىڭ يېڭى تىپى — ئالدىنقى تەندىكى ياغلىق تەنچە، ئالدىنقى تەن كاپسۇلىنى تەتقىق قىلىپ ياساش | شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدىكى قازاق ۋە تاجىكلاردا بولىدىغان قىزىلئۆڭگەچ راكىنىڭ ئىرسىيەتلىك يۇقۇملىنىشى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى |
| NEURITIN نېرۋا سىستېمىسىنىڭ شەكىلگە كىرىشچانلىق مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بالىياتقۇ راكى مولېكۇلىسىنىڭ ئىرسىيەتشۇناسلىقى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدىكى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز ئۆزلەشتۈرگۈچى ماددىلارنىڭ تەقسىملىنىش مەنبەسى ئامىبىرىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭ ھورمونىنى تەڭشەش - تىزگىنلەش ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |

| | |
|---|---|
| جىگەر قاپلىق قۇرتنىڭ ۋە تاشقى پەردىسى، تاشقى خالتىسىنىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمىنى كلىنىكىدا تەجرىبە قىلىش ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ھېيزېنبېرگ تورىدىكى فۇنكسىيە بوشلۇقى ۋە ئوپېراتور | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئېگىزلىك ھالەتتىكى ئىشقار مولېكۇلىسى بىلەن تۇراقلىق ھالەتتىكى ئاتوم ئارىلىقىدا سوقۇلۇش ئېنېرگىيىسىنىڭ يۆتكىلىشى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| كۆپ باسقۇچلۇق پېرتۇرباتسىيە ئۇسۇلى ۋە ئۇنى قوللىنىش | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| تاناسىپلىق گرافىكنىڭ ئۇتتۇشۇش خۇسۇسىيىتى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| پرازولون تۈرىدىكى نۇردا رەڭگى ئۆزگىرىدىغان بىرىكمىلەرنىڭ سىنتېز قۇرۇلمىسى ۋە خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭ شەھەرلىرىدىكى كۆكەرتىش سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان يۇندىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| فوتو ئېلېكتر ئىقتىدارىغا ئىگە يېڭى تىپتىكى ئارىلاش ھالقىلىق كوينۇگاتلىق يۇقىرى مولېكۇلىنى بىرىكتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا باھا | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| جۇڭغارىيىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى چۆللۈك بوستانلىقلاردىكى گىرەلەشمە بەلۋاغلاردىكى چاشقان تۈركۈملىرىنىڭ ئالمىشىشى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئاقسىل كېسەللى DNA ۋاكسىنىسىنىڭ پەردىنى يېپىشتۇرۇپ ئىممۇنىتېتلاش ئۈنۈمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەردىن پايدىلىنىش، يەر يېپىنچىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەبىئىي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭ ھاياتلىق ئۇچۇر سىستېمىسى گەندىزىمىنى تۇرغۇزۇش ۋە تەقلىد قىلىش | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| چوڭ تىپتىكى ئىنگلىزچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە لۇغەتنى تۈزۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| ئازو ئورگانىك پولىمېر، كۆپ تۈشۈكلۈك سىزىقسىز نۇر دولقۇنى ئۆتكۈزگۈچ ئەسۋابى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدىكى سۆكسۆك ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپىيىش بىئولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدىكى لەيلىمە چاڭ - توزاڭنىڭ زىرائەتلەرگە بولغان تەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| شىنجاڭدىكى ئاز ئۇچرايدىغان بىر نەچچە خىل مېۋىلىك دەرەخنىڭ قۇرغاقچىلىققا، شورغا چىدامىلىق خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| قاراشەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى سۇ، تۇپراقتىن پايدىلىنىشنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| بىرىك قۇملۇق رايونلاردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشىملىكى ۋە توپان سۇ دىنامىكىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەمدە ئۇنىڭ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| تارىم ئويمانلىقىغا يېقىن جايلارنىڭ يەر ئۈستىدىكى لەيلىمە چاڭ - توزاڭنىڭ ۋېرتىكاللىق تارقىلىشى ۋە شامالدا پالىنىش مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى |
| بوستانلىقتىكى قۇرغاق رايونلاردا قوغۇننىڭ ئاق پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ تارقىلىش ماكانى ئەھۋالى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭدىكى ئاساسلىق سالجا كېسىلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك، جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى ئۈستىدە، تەتقىقات | شىنجاڭ يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش تەتقىقات ئورنى |

| | |
|---|---|
| شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ بورىتالا - ئالتاي ئۆزۈلمىسىدىكى ئاخىرقى گېئولوگىيىلىك 4 - دەۋر ھەرىكىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى |
| شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىگە بولغان تەسىرى ۋە ئۇنىڭ تەدبىرى | ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات ئورنى |
| شورغا سەزگۈر مۇناسىۋەتلىك گېن پولىمور خىزمىتىنىڭ قازاقلارنىڭ يۇقىرى قان بېسىمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات | ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى |
| غەيرىي نورمال قارا ئۆت ماددىسىنى يېتىلدۈرۈش دورىسىنىڭ ئۈنۈملۈك قىسمىنى ئايرىتىۋېلىش ۋە ئۇنىڭ راكقا قارشى ئاكتىپلىقى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقات ئورنى |

شۇ دېشېۇ

## يۇمشاق پەن تەتقىقات خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى پىلانىغا 15 خىل يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى كىرگۈزۈلدى، بۇلار: شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ كىرىم مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل بايلىقى ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭدىكى ئوتلاقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئورۇن ئالماشتۇرۇشى ۋە چارۋىچىلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقىنى سەرخىللاشتۇرۇپ گورۇنلاشتۇرۇش ۋە ساياھەتچىلىكنى ھالقىش شەكلىدە راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنى شەھەرلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلىرىنىڭ بىلىم مۇلۇك ھوقۇقى ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭ رايونىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭدا ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار توپلاشقان رايونلارنى يېتىلدۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ رايون دائىرىلىك رىقابەت ئىقتىدارى ئۈستىدە تەتقىقات، كېڭەيمە خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنىڭ شىنجاڭدا پەيدا قىلغان ئۈنۈمىنى ئانالىز قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى كەسىپلىرىنى ئۆزگەرتىش باسقۇچى مەزگىلىدە، ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئورتاق گەۋدە بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدىكى مەنپەئەت مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات، غەربنى كەڭ ئېچىشتا شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇش مېخانىزمى توغرىسىدا، جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيىدىكى ئالتاي رايونلىرىنى دۆلەت ھالقىپ ھەمكارلىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت كىتابلىرىنى ئىستېمال قىلىش ماھىيىتى ۋە تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقاتتىن ئىبارەت.

2002 - يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان 3 خىل يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭنىڭ كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات، شىنجاڭنىڭ تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات، دۆلەتنىڭ سىياسىتى ۋە رايون ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ھەممىسى خېلى ياخشى قوللىنىلىپ، تەدبىر بەلگىلىگۈچى ئارماقلارنى ئىلمىي تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرىدىن 5ى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، بۇنىڭ ئىچىدە 2سى 2 - دەرىجىلىك، 3ى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جاڭ چۇن

## سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پاختا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئەھۋالى

2002 - يىلى تۇر گۇرۇپپىسى شىمالىي شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا 1700 گېكتارلىق يادرولۇق رايون (شىنخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى) ۋە 166 مىڭ 700 گېكتار ئۈنۈۋېرسال ئۈلگە رايونى قۇرۇش ئىشىنى تاماملىدى، ماشىنا بىلەن پاختا تېرىۋالىدىغان 3300 گېكتار ئۈلگە رايونىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە؛ سانجى ئوبلاستى مەخسۇس پاختا يېتىشتۈرۈش كەسىپلەشتۈرۈش قۇرۇلۇش تېخنىكىسى بويىچە 26 مىڭ 700 گېكتار ئۈلگە رايونى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتى 800 گېكتار (ئاۋات ناھىيىسى) يادرولۇق رايون ۋە 73 مىڭ 300 گېكتار ئۈنۈۋېرسال ئۈلگە رايونى قۇرۇپ چىقتى، قەشقەر ۋىلايىتى 8800 گېكتار (يەكەن ناھىيىسى) يادرولۇق رايون ۋە 73 مىڭ 300 گېكتار ئۈنۈۋېرسال ئۈلگە رايونى قۇرۇپ چىقتى.

2 يىللىق تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق، تاللاپ چىقىلغان يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، بالدۇر

پىشىدىغان، كېيىنكى چىدامىلىق 4 خىل ئەلا سورت ۋە ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىشقا باب كېلىدىغان 2 خىل سورتنى باھالاپ چىقتى. تور بېتىدە تۇپراق ئوزۇقلۇقىنى باشقۇرۇش ۋە ئوغۇتلاشقا دائىر يۇمشاق دېتال سىستېمىسىنى تاللاپ ئىشلەش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى. سۈپەتلىك، پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى چەكلەش ئامىلى قاتارلىق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، سۈپەتلىك، پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكا قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقتى. پاختا يىغىش ماشىنىسىغا سۈلياۋ يوپۇق ياپىدىغان سېيالكىنى سەپلەش ۋە ماشىنا بىلەن پاختا يىغىش - تېرىش ئەندىزىسىنى سىناق قىلىش تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىپ، 2BMJ—12 تىپلىق نەيچە - يوپۇق ياتقۇزۇپ تۈجۈپىلەپ تېرىش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، كېۋەز تېرىشتىن باشلاپ يىغىۋېلىشقىچە بولغان پۈتۈن جەرياننى ماشىنا ئارقىلىق يۈرۈشلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. بىرلا خىل سورتتىن مەخسۇس 1000 توننا پاختا ئىشلەپچىقاردى، 40 — 80 تارغاقلىق 800 توننا پاختا يىپنى سىناق تەرىقىسىدە ئېگىرىپ چىقتى. 2002 - يىلى بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك ئورۇنلاردىن 329 كىشى بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتىگە قاتناشتى.

خۇاڭ جۈەن

## كىچىك شەھەر - بازارلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇشى تۈرى

بۇنى قورغاس ناھىيىسىنىڭ چىڭسخوزا بازىرى بىلەن ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنىنچۈي بازىرى ئۈستىگە ئالغان. چىڭسخوزا بازىرى قورغاس پورتىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى بىلەن رايون ئىقتىسادىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەپ، يېڭى تىپتىكى سانائەتلەشتۈرۈش ۋە شەھەر - بازارلىشىش يولىغا ماڭدى. 140 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بازار رايونىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتتى، 18 كىلومېتىر يولنى چىڭداپ چىقتى، 52 مىڭ كۋادرات مېتىر پىيادىلەر يولىنى ياسىدى، 386 دانە يول چىرىغى ئورناتتى، 2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى ياتقۇزدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، خەۋەرلىشىش مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى، بازار رايونىدا تېلېفون ئورناتقان ئائىلە 95%تىن ئاشتى. يېڭىدىن 3 كەسپىي توپ سېتىش بازىرى بەرپا قىلىندى، 866.67 گېكتار ئۈزۈم ئۈلگە باغچىسى ۋە سىغىمچانلىقى 2100 كۇب مېتىر مۇل پېتى

ساقلاش ئامبىرى قۇردى؛ 113.33 گېكتار سۈپەتلىك چولاڭ چىلان بازىسى قۇردى؛ پارنىك، لاپاستا تېرىلىدىغان كۆكتاتلارنى 86.67 گېكتار يەرگە كېڭەيتتى، 10 مىڭ 600 توننا كۆكتات ئېلىپ مەھسۇلات قىممىتىنى 6 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 2002- يىلى بازار بويىچە ھەر خىل سودا- سانائەت كارخانىسى 4096گە، يىللىق پايدىسى 91 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، باج 16 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يېزا- بازار كارخانىلىرى يىلىغا يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچىدىن 2900دىن كۆپرەك كىشىنى ئورۇنلاشتۇردى؛ بازارنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 670 مىليون يۈەنگە يەتتى، 2 - ۋە 3 - كەسىپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى بازار بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 80%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، بازار رايونىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 5364 يۈەنگە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن 8.2%، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3225 يۈەنگە يېتىپ، 10.2% ئاشتى. بازار رايونى «يەتتىدە راۋان، بىردە باراۋەر بولۇش» ئۆلچىمىگە ۋە قاتتىقلىشىش، يورۇقلىنىش، يېشىللىنىش، ساپلىشىش نىشانىغا يەتتى. چىڭسخوزا بازىرى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە «ئۇچقۇن» پىلانى جەھەتتە كىچىك شەھەر - بازار بەرپا قىلىشتىكى ئۈلگە رايون قىلىپ بېكىتىلدى.

ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنىنچۈي بازىرى «كۆكتات كۆلىمىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئاشلىق كۆلىمىنى ئازايتىپ، مېۋە - چېۋە كۆلىمىنى كېڭەيتىش، چارۋىچىلىقنى كۆپەيتىپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»تىن ئىبارەت كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش نىشانىغا ئاساسەن، ئۈزۈمنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ ئۆستۈرۈش بويىچە 66.67 گېكتار ئۈلگە باغچىسى، ئارامگاھ ساياھەت رايونى ۋە 213.33 گېكتار كۆلەمدە 20 زىيانسىز كۆكتاتچىلىق نۇقتىسى بەرپا قىلدى، سۈپەتلىك مېۋە - چېۋە، كۆكتات، چارۋا يېڭى سورتىدىن 30 نەچچە خىلنى كىرگۈزدى، ساپ كۆكتات پىششىقلاش زاۋۇتىدىن بىرنى يېڭىدىن قۇردى، يېڭىدىن 80 گېكتار مېۋىلىك ئورمان بەرپا قىلدى، كالا - قويلارنى بېقىپ سەمرىتىش بويىچە 5.33 گېكتار كۆلەمدە 4 كىچىك ئۈلگە رايونىنى يېڭىدىن قۇردى. ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەتكە كەلگەن 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى كۈتۈۋالدى، ئېكسكۇرسىيە - ساياھەت كىرىمى 10 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلى بازار بويىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 104 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 15%؛ دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3670 يۈەنگە يېتىپ، 405 يۈەن ئاشتى. بۇ بازار قۇرۇلۇش نازارىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە

نۇقتىلىق قۇرۇلىدىغان 20 ئۈلگە بازارنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى.

چېن جيەنخۇا

## ئامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش ئەھۋالى

2002 - يىلى پەن - تېخنىكا نازارىتى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۈيا، سايباغ يېزىلىرىدىكى 18 كەنتكە ياردەم بەردى. ئامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش خىزمىتى لايىھىسى ۋە ئامراتلارنى يۆلەش پىلانىنى ئېنىق بېكىتىپ، ئامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتۈردى؛ «چارۋىچىلىق - باقمىچىلىق پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كەنت»، «سۈپەتلىك كۆچەت ۋە دانلىق، ئىقتىسادىي زىرائەت ئۇرۇقى ئىشلەش بويىچە ئۈلگە كەنت»، «مىللىيلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» قاتارلىق تۈرلەرنى نۇقتىلىق يولغا قويدى، شۇ جايلاردا 120 گېكتار ئۈزۈمچىلىك بازىسى، 100 گېكتار قىيام پەمىدۇرى تېرىقچىلىق بازىسى، 66.67 گېكتار زىيانسىز كۆكتات بازىسىنى قۇرۇپ چىقتى. كالا - قوي باقمىچىلىق ئائىلىسىنى 5000دىن كۆپرەككە يەتكۈزدى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىي تېخنىكا كۇرسىدىن 20 قارار ئېچىپ، 2400دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم)نى تەربىيىلىدى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 870 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 70 يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى. ناھىيە بويىچە 8640 ئائىلىلىك 38 مىڭ 497 ئامرات ئاھالە كىيىمى پۈتۈن - قورساق توق بولۇش سىزىقىدىن ئۆتتى.

دۆلەت دەرىجىلىك ئامراتلارنى يۆلەش تۈرى — «قەشقەر ۋىلايىتىدە چۈچۈكبۇينى سۈنئىي ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» تۈرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يوپۇرغا، بايئاۋات يېزىلىرىدا 8 گېكتار يەردە چۈچۈكبۇيا تېرىلدى، ئۈنۈش نىسبىتى %75تىن، مايسىلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتى %70تىن ئاشتى. «چۈچۈكبۇينى سۈنئىي ئۆستۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. 2 يېزىدا ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە 2 قارار كۇرس ئېچىلدى، 80 دېھقان تەربىيىلىنىپ، ھەر بىر ئائىلىدىن ئاز دېگەندە بىر كىشى چۈچۈكبۇينى سۈنئىي ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋالدى. «ئۇلۇغچۇر كۆلىدە بېلىقچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈش» تۈرىدە ھەرخىل كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق ئورۇندالدى ھەمدە 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلدى، يايونىيىگە قاقلاپ پىشۇرۇلغان ماۋز ئەركەك بېلىقتىن 65 توننا ئېكسپورت قىلىندى، تەيۋەن قاتارلىق جايلارغا 450 توننا ماۋز ئەركەك بېلىقى سېتىلدى، 670 مىڭ خالتا يۇمشاق كونسېرۋا ئىشلەپچىقىرىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. 160دىن ئارتۇق كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، كۆل بويىدىكى 8 بېلىق تۇتۇش مەشغۇلات نۇقتىسىدىكى 700دىن ئارتۇق بېلىقچىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 300 يۈەن ئاشتى.

2002 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ئامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش تۈرىدىن 2سى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇلار: ئالتايدا ھىڭ موگۇسىنى چوڭ ئېتىزلاردا ياۋىلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، چوڭ يوپۇرماقلىق، سۆسۈن گۈللۈك بېدىنىڭ ئەلا سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ تۈرلەر ئۈستىدە توختامنامە ئىمزالاندى، ھازىر تەشكىللىك پائال يولغا قويۇلماقتا. پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى شىنجاڭدىكى بۇرۇلتوقاي، بۇرچىن ناھىيىلىرىنى «ئۈچچۈن» پىلانى بويىچە يېزىلارنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ياشلار پەن - تېخنىكا مەركىزىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى سىناق نۇقتىسى ئورنى قىلىپ تاللاپ چىقتى.

چېن جيەنخۇا

# نەتىجە ۋە پاتېنت

## پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپات

ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى گو جىچىن بىلەن جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش دىرېكتورى ۋاڭ يىلىن 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بۇ 2 كىشىگە 500 مىڭ يۈەندىن مۇكاپات بەردى. تەتقىقاتچى گو جىچىن شىنجاڭدا چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت شۇغۇللىنىپ، ھايۋانلارنىڭ گېن كۆچۈرۈش تېخنىكىسى، چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى يېتىشتۈرۈش ۋە كۆپەيتىش، چارۋا ماللارنىڭ تۇرالما بىئولوگىيىسى قاتارلىق ساھەلەردە كۆپ تۈردە يۇقىرى سەۋىيىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا ئۇ تىبا گۈزۈيىسى بىلەن بىرگە نەسىل يېتىشتۈرۈش نەزەرىيىسىنى ئىجادىي يوسۇندا تەتبىق قىلىپ،

ئەلتېرە قوينىڭ تۆللەش نىسبىتىنى %100تىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ %200كە يەتكۈزدى ھەمدە شىنجاڭ قارا كۆل قوينىڭ كۆپ تۆرەلمە تېمىنى يېتىشتۈرۈپ، مەملىكەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 1976 - يىلى قوي، ئۆچكىنىڭ تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلىنى تۇنجى قېتىم كەشىپ قىلدى، بۇ ئۇسۇل خەلقئارادا «جۇڭگوچە ئۇسۇل» دەپ تەرىپلەندى ھەمدە شىنجاڭنىڭ چارۋا مال تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈش، تۆرەلمە بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى ساھەسىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. گو جېجىن مەملىكەت بويىچە ئالاھىدە تۆھپىسى بار مۇتەخەسسىس، مەملىكەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دېگەن ناملارغا ئېرىشتى.

ۋاڭ يىلىن پروفېسسور دەرىجىلىك ئالىي ئىنژېنېر، ئۇ جۇڭغار ئويمانلىقىدا نېفىت - گاز تەكشۈرۈش پەن - تېخنىكا تۈرىنى تەتقىق قىلىش ۋە يولغا قويۇشقا رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇ نېفىت تېپىش نەزەرىيىسىنى بېيىتىش جەھەتتە زور خىزمەت كۆرسىتىپ، جۇڭگونىڭ «شەرقىي قىسمىنى تۇراقلاشتۇرۇش، غەربىي قىسمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»تىن ئىبارەت نېفىت سانائىتى ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ۋە شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتى ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. جۇڭگو بويىچە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ياش مۇتەخەسسىس دېگەن نامغا، تۆمۈر ئادەم پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۆھپىكارى مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ بويىچە مەشھۇر ياش پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

شۇ جېجاڭ

## دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەر

2002 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 5 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

تارىم دەرياسى ۋادىسىنى تىزگىنلەش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، تارىم دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى؛ سۇڭ يۇدۇڭ، لېي جىدۇڭ، جياڭ فاۋلاڭ، فەن زىلى، خۇ خېيلاڭ، ماۋ شياۋخۇي، ۋاڭ راڭخۇي، ياڭ شىشيۇ، جۇ خەيىلاڭ، لى فالاڭ)، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى شىشى نېفىتلىكىنى بايقاش ۋە ئۇنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش (جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى؛ ۋاڭ يىلىن، دۇلاڭ پىيجى، شۇ يۇچىلاڭ، ليۇ سىڭگاۋ، جاڭ يىجيې، ۋېن يۇگۇي، جۇ دېلاڭ، چېن يەن، كۇاڭ جۈن، تاڭ چېڭلىلاڭ)، ئۈزمىزە ئىشلىتىلىدىغان 600 كىلوۋاتلىق شامال كۈچى گېنېراتور گۇرۇپپىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ جىنفېڭ پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتى، شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى تەتقىقات ئورنى؛ يۇ ۋۇمىڭ، ۋۇ گاڭ، گو جيەن، ۋاڭ ۋېيچىڭ، زۇ شيەنبىن، كۇڭ چىڭيۈەن، ۋاڭ شياڭمىڭ، ما خۇيمىڭ، جاڭ يەنجى، رېن شېڭرۇڭ)، يەكەن دەرياسىنىڭ تۇزلەڭلىك بوستانلىقلىرىدىكى 4 - دەرىجىلىك سۇنى ئۆزلەشتۈرۈش مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات (چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يەكەن دەريا ۋادىسى باشقارمىسى، سۇچىلىق نازارىتى؛ لېي جىدۇڭ، جۇ شياڭمىن، شاڭ سۇڭخاۋ، جياڭ چۇەنشياڭ، ياڭ شىشيۇ، جۇ جىلۇڭ، ليۇ چىڭمىڭ، خې چاڭدى، شېن يەنلى، ماۋ شياۋمىن)، جۇڭگو تەڭرىتاغ تاشيولىدىكى شىۋىرغان ئۈستىدە تەتقىقات ۋە تىزگىنلەشتە يېڭىلىق يارىتىش چوڭ قۇرۇلۇشى (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى سوغۇق - قۇرغاق رايون مۇھىتى ۋە قۇرۇلۇش تەتقىقات ئورنى، قاتناش نازارىتى تاشيول ئىدارىسى؛ ۋاڭ لۇڭجۇڭ، شۇ ماۋشياڭ، ۋاڭ چۈيى، فەن جياخۇا، چېن يۈەن، بەي چۇڭدې، لىياڭ يۇچۈەن، ليۇ شيەنۈەن، لى چاڭجى، ليۇ شيمىن)

سۇڭ چۇنخۇڭ

## 99 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق 99 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇلاردىن 5 تۈر 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 30 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 64 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1 - دەرىجىلىك مۇكاپات (5 تۈر)

قۇرام ئاشلىق نېفىتلىكىنى سۇ تەركىبى ئوتتۇراھال، يۇقىرى مەزگىلدە ئېچىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ جۇ شۈيجياۋ، ليۇ شۇنشېڭ، شياۋ چۈنلىن، يۇ شىنجيەن، تەن جيەنخۇا، ۋاڭ يۈخۇا، لېي سۇڭجۇڭ، زۇ جېڭبىن، دېي سەنشىڭ، راۋ جېڭ، ياڭ شىنپىڭ، جياڭ يېڭشياڭ)، جۇڭغار ئويمانلىقى

تاغ ئالدى قۇرغۇنلىق بەلۋاغىدا ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر نېفىت قۇدۇقى بۇرغىلاش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇرغىلاش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ شۇ شۇجيەن، دۇ چېڭشى، سۇڭ جاۋخۇي، تيەن شياۋشەن، خۇ كەيلى، سۇ خۇڭشىڭ، جۇڭ شيا، ليۇ جيەن، جاڭ لىپى، لو لياڭبو، گاۋ يىڭۋېي، لى شياۋجۇن)، تەبىئىي رەڭلىك كېۋەزنىڭ يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە كەسپلەشتۈرۈش (شىنجاڭ تيەنشەي پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، ئاۋات ناھىيىلىك مول ھوسۇل 3 - مەيدانى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى 148 - تۈەن - مەيدانى، شاپار ناھىيىلىك شىنيۈەن شىركىتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى 3 - تۈەن - مەيدان؛ جاڭ جېننەن، جاۋ شياۋلىن، لى جىڭجۈەن، مۇ جۇن، شيې جىلىڭ، جاڭ يۈڭشى، فاڭ شياڭكۇن، لى شياۋخې، ۋۇ مىڭگاڭ، جاۋ جىنخۇا، مەي مىڭشىڭ، گو جيەن)، قوشۇمچە سۆڭەك يانپاش بوغۇمىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئۇنى كلىنىكىدا قوللىنىش (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى؛ شى جېنمەن، شى جياڭ، پېڭ جياڭ، ساۋ پىڭ، ۋاڭ شىن، چېن جيەنجاڭ، ليۇ شۇخۇا، جاڭ جۇنخاۋ، ياڭ زىڭبىڭ، ما زېيسۇڭ، چېن ۋېنخۇڭ، ليۇ سۇڭ)، ئىنكېل رۇدىسىنى ئېرىتكەندە ھاسىل بولغان قالدۇق داشقالدىن مىس ۋە قىممەتلىك مېتال تاۋلاش تېخنولوگىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىش (فۇكاڭ مېتال تاۋلاش زاۋۇتى، ئۈرۈمچى رەڭلىك مېتال لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى؛ جاۋ فۇپىڭ، شى ۋېنبىڭ، ليۇ سىپې، ۋۇ تاۋ، چيەن جيەندۇڭ، سۇڭ ليەنسىن، لى چۇنلېي، جاڭ مۇخۇا، چېن جيەنبىڭ، ۋاڭ بو، ۋاڭ جىلىڭ، جۇ جيې).

2 - دەرىجىلىك مۇكاپات (30 تۈر)

تارىم ئويمانلىقىدا چوڭقۇر نېفىت قۇدۇقىنىڭ مۇرەككەپ شارائىتتىكى دولقۇن سېپېكتىرىنى ئانالىز قىلىش، خاتىرىلەش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتى (بېيجىڭ)؛ جۇ شىنيۈەن، ۋاڭ زىجاڭ، چېن داۋجىن، سەي يى، لى جىنشىڭ، لى شياڭفاڭ، چاۋ جۇڭيىڭ، چيۇ جېڭسۇڭ، لياۋ تاۋ)، ياغلىق دان زىرائەتلىرىدىن يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، كېسەلگە تاقابىلچان يېڭى سورت يېتىشتۈرۈش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى؛ ۋاڭ جاۋمۇ، چېن يۇخۇا، شياڭ لىجۈن، ۋاڭ جاڭخەي، ۋاڭ يەنفېي، چېن يۇجياڭ، شى جىڭ، لىپې جۇڭخۇا، مەھەممەتتىمىن ئىسمايىل)، دۆلەت چېگرىسىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، شىنجاڭ كومپيۇتېر قۇرۇلۇشى كونترول شىركىتى، شىنجاڭ ئېلېكترونىكا مەركىزى؛ چېن شى، گو شىنچياۋ، ياڭ لياۋ، ۋاڭ ۋېيشىڭ، ساۋ جۇن، خۇاڭ جىجيەن، باۋ ئەنمىڭ، چيەن جىڭ، جۇ كېخا)، جۇڭگو مېرىنوس قويى (شىنجاڭ تىپى) نىڭ يۇڭ سۈپىتى ئەلا، بەستى چوڭ يېڭى نەسىل سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش (شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ كۆنەس نەسىللىك قوي فېرمىسى؛ دى جياڭ، چې ۋېنگۇاڭ، جاۋ ۋېنشىڭ، لى يۇڭ، داۋلەت، لەززەت، ۋاڭ رۇيجېن، جاڭ ياجۇن، ياڭ جۇچىڭ)، كىچىك تۆشۈكلۈك گورىزونتال نېفىت قۇدۇقىنى ياندىن بۇرغىلاش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى بۇرغىلاش - نېفىت ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ جاڭ يەنپىڭ، ياڭ شېخۇي، چيەن فېڭ، سۈي بەنلى، پېڭ شىڭگو، ئەن يەندۇڭ، جىن جىپىڭ، چې ۋېنخۇي، جاۋ بىن)، 70 تونىلىق تۇراقلىق توك ئېلېكتر پايلىق پېچتا قىسقا لىنىيىلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئېلېكتر پېچتا پولات تاۋلاش زاۋۇتى؛ جاۋ شيا، سۇڭ ۋېيجاۋ، ۋاڭ لىنگېڭ، ۋاڭ شىنچېڭ، جۇ جۇن، نيۇ شىخاۋ، فەن جىنۋېي، ياڭ جيەنخۇي، دېڭ خۇاجۇن)، 2001 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە بولغان «شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» ئاساسىي تەرەققىيات يولى ۋە تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى، شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى؛ دەي گۇاڭفۇ، لى يۇكاڭ، گۇ جيايۇ، ما يىڭجۈن، دۇەن شېڭرۇڭ، فېڭ زوڭشيەن، فەن چىڭپىڭ، فېڭ يۈن، لياۋ چۇنلياڭ)، رادىئو چاستوتىلىق ئېرىتىش تېخنىكىسىنى يۈرەك رېتىمىنىڭ نورمالسىزلىنىشىنى داۋالاشتا قوللىنىش ۋە كېڭەيتىش (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ شۇ لىشۇ، ياڭ مىنجۈەن، لى گوچىڭ، پەرھات، ۋۇ جۇڭدۇڭ، ۋۇ گاڭ، چېن خۇي، ليۇ ئەيمېي، جياڭ شۇبىن)، ئۆزگىرىشچان كوئېففىتسېنتلىق جانلىقلار تۈركۈمىنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى؛ تېڭ جىدۇڭ، چېن لەنشۇن، يۈ يۈەنخۇاڭ)، كۇچا ئولتۇرۇشمىسىنىڭ تۇز قاتلىمى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە نېفىت - گاز قىدىرىپ تەكشۈرۈش (تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى

نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى، نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتى (بېيجىڭ) ؛ سۇن لوڭدې، جىن جىجۈن، ۋاڭ چىڭخۇا، تاڭ لياڭجېي، ۋۇ گۇاڭخۇي، لۇ شيۇشياڭ، يې شۈجۈن، ياڭ مىڭخۇي، لو جۈنچياڭ) . شىنجاڭنىڭ كېلىمات ئۆزگىرىشى ۋە قىسقا مەزگىللىك كېلىماتنى مۆلچەرلەش ئۇنىۋېرسال سىستېما تەتقىقاتى (جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى قۇملۇق مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزى؛ جاڭ جياباۋ، شى يۈگۇاڭ، يۈەن يۈجياڭ، ياڭ چىڭ، چېن خۇڭۋۇ، خې چىڭ، ياڭ دو، لى شىنجيەن، ئەن چىڭخۇاڭ) . كاربونات جىنسلىق نېفىت ئۆۋىسىنى كىسلاتالىق بېسىم تېخنىكىسى ئارقىلىق ياخشىلاش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىش قوماندانلىق شتابى يۇرغىلاش - نېفىت ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ فەن زىمىن، خۇ زىشۇ، ۋاڭ دۇڭمېي، جاڭ جيەنلى، ياڭ لەنتيەن، لاۋ شېڭخۇا، لى جۇڭلىن، سۇن جۇڭجېي، يۈەن دۇڭ) . خوتەندىكى ئۇيغۇر يۇۋاي - موماپلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى قىسمەن ئامىللار ۋە ياش چېكىنى بېكىتىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى؛ مەھەممەت ياسىن، چېڭ زۇخېڭ، مەسۇم، ۋاڭ شىجېن، جاقان، ئەن شياۋ، ما يىتوڭ، جاڭ شياڭياڭ، رەنا قاسىم) . دورا بىلەن داۋالاش قىيىن بولغان ئالامەت، قوزغىلىشچان يۈرەك مۇسكۇل كېسەللىنى فىزىئولوگىيىلىك قوش بوشلۇق قوزغاتقۇچ ئارقىلىق داۋالاشنىڭ كلىنىكىلىق ۋە ھېمودىنامىكىلىق رولىنى باھالاش (شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - دوختۇرخانىسى؛ تاڭ باۋپىڭ، ما يىتوڭ، جاڭ ئېيلۇن، چېڭ زۇخې، ۋاڭ شىجېن، فەن يىڭۋېي، ۋاڭ جياڭ، سۇن خۇيپىڭ، جاڭ يەنيى) . شىنجاڭنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىش جەريانىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىساد تەتقىقات مەركىزى، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى؛ لى جۇۋېي، لۇ زۇخۇي، جاڭ خۇڭياڭ، ليۇ جيەنيۇ، شې خۇڭبىن، لى خۇڭبو، سۇي گۇاڭلىيەن، ۋېي جىڭخۇي، ۋۇ جۈن) . شىمالىي موسۇۋەن نېفىت - گازلىق 2 - قۇدۇق رايونى سەنگۇڭخې گورۇپپىسى گازلىق نېفىت ئۆۋىسىنى ئېچىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ ۋاڭ بىن، گوۋياڭ كېيۇ، سۇڭ يۇشىن، لى چىڭ، سۇن باۋزۇڭ، ياڭ كۇن، لى يىفېڭ، چېن لى، جاڭ جۈنجېي) . نېفىت - گاز قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇر سىستېمىسى (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ ۋاڭ يىلىن، چېن شىنفا، لى چىڭخۇي، لى جۇڭجۈن، يۇ جيەنجۈن، ياۋ چاۋ، سۇڭ جياڭۋېي، زېڭ يېڭ، جىن يىنخۇا) . چوڭقۇر قاتلامدىكى قۇم شېغىللىق نېفىت ئۆۋىسىنىڭ كەسمە يۈزىنى تەڭشەش تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە قوللىنىش (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىت ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات ئورنى؛ پەن جىڭجۈن، ليۇ شەنلىڭ، چېن جېنشياڭ، لى شىڭشۈن، لى يۈەنلىن، دېڭ ۋېيبىن، شۇ جيەنخې، خۇاڭ چىڭمىن، جاڭ شىنگۈي) . شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئارقا كۆرۈنۈشىنى تېلېتېخنىكا ئارقىلىق تەكشۈرۈش ۋە دىنامىكىلىق كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسى (شىنجاڭ تېلېتېخنىكا مەركىزى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، بايلىق ۋە مۇھىت ئۇچۇر سىستېمىسى دۆلەتلىك نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە كەسپىي مەركىزى، شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش پەن تەتقىقات ئورنى؛ چېن شى، لى جىڭ، جۇ چېڭخۇ، جۇ كېفا، لى لياڭشۇ، شياۋ جىدۇڭ، زو چېنلىڭ، باۋ ئەنمىڭ، جاڭ خېيبو) . ماي پەتكۈزۈش تۇرۇبىسىنىڭ لىنىيە بويىچە سارقىما ماگنىتنى يۇقىرى ئېنىقلىقتا تەكشۈرۈش سىستېمىسى (شىنجاڭ سەنيى تۇرۇبا تېخنىكىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنياڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى؛ چېن يۈڭ، ياڭ لىجيەن، جۇ لىنيۈەن، مىن شىخۇا، سۇن جيەنگاڭ، جىن داچىڭ، چېن جۈن، ۋاڭ شياۋفېڭ، چېن لياڭ) . نۇر سۇندۇرۇش تېمپېرىدىكى مۇڭگۇز پەردە ئوپېراتسىيىسى ئارقىلىق يىراقنى كۆرەلمەسلىك، نۇر يىغالماسلىقنى داۋالاش تەتقىقاتى ۋە كېيىنكى ئاقىۋىتىگە باھا بېرىش (ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسى؛ گاۋ شياۋۋېي، رېن بىڭ، خۇ يۈكۈن، لى لىن، شياۋ يۈن، لى شياۋخۇاڭ، جاڭ تىڭ) . B تىپلىق ئاپپارات ۋە رەڭلىك دوپلېر ئېنېرگىيە سىخېمىسىنى كۆپۈكسىمان جىگەر ئېخىنوكوك كېسەللىكىگە دىئاگنوز قويۇشتا قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - دوختۇرخانىسى؛ لۇ يۈڭجۈن، ۋاڭ يىڭ، نادىرە تۇلىخان، ياۋ لەنخۇي، لى جۈن، ياۋ بىڭلى، جاۋ چېن) . شىنجاڭدا چوڭقۇر قۇدۇقنى ئۆلچەش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىت تەجرىبە قىلىش شىركىتى؛ ياڭ ۋېنشياڭ، ۋاڭ زۇۋېن، جۇ دۇڭمىڭ، جاڭ جۈن، تيەن شياۋشەن، دۇ يۈنمىڭ، پېڭ شاۋتاۋ، جاۋ جىڭخۇي، فۇ گوجياڭ) . ئادراسماننىڭ ئۆسمىگە قارشى يەككە ئاكتىپ تەركىبى ۋە ئۇنى قوللىنىش ئىستىقبالى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى؛ سۇن دېيەنجيا، ۋاڭ چاڭخۇاڭ، لى پەن، گاۋ شياۋلى، شېڭ جيەنگو، جېڭ لىمىڭ، چېڭ چېڭ) . 2001 - يىلى بۈگۈرنىڭ جەنۇبىي ئوردوۋۇڭ

سىستېمىسىدىكى تاغ ئاستى نېفىت قاتلىمىنى تەسۋىرلەش ۋە قىدىرىپ تەكشۈرۈش نىشانىنى تاللاش (تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، نېفىتلىك گېئوفىزىكىلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسى تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى كورلا شۆبىسى؛ پەن ۋېنچېڭ، گۇەن ۋېنشېڭ، گاۋ خۇڭلىياڭ، لىيۇ شىڭشياۋ، چى شىڭجۇڭ، لىيۇ جىڭجياڭ، خەن جيەنفا، جۇ يۇڭ، جاۋ لېيۇەن). KL—205 يۇقىرى بېسىملىق گازلىقنى يۇرغىلاش، تاماملاش ۋە زاپاس قاتلامنى مۇھاپىزەت قىلىش يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ سۇڭ ۋېنجيې، جۇ جيەندۇڭ، جاڭ فۇشياڭ، پېڭ شياۋگاڭ، جياڭ شۇخەي، لى زېجۇن، شېن جيەنشىن، كاڭ جيەنلى، جاڭ يى). ئۇلترا سىنەپشە نۇرغا تاقابىلچان مۇھىت ئاسرايدىغان KNH4006 نومۇرلۇق كاۋچۇك مېيىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش (قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ لۇ لېيلۇڭ، شىن شيۇتېڭ، چېن بىنجى، شيۇڭ چۇنجۇ، پېڭ يۇ، فەن خۇيىڭ، خۇ يۇخۇي، جېن شىنپىڭ، جاڭ ۋېنيۇ). كېۋەز مايسا مەزگىلىدە سۇلىياۋ يوپۇق يېپىدىغان MSM3 تىپلىق ماشىنىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ قىزىل بايراق ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى؛ شۆ ۋېنجىن، جۇ جىنجۇڭ، لىيۇ چېن، ۋاڭ گوچياڭ، جاڭ جىنجياڭ، نى گوچىڭ، ياڭ جۈن، ئىمىن مۇھەممەت، چى تېيجۈ). ئالاھىدە ساپ (5N) كاربوناتنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش (شىنجاڭ رەڭلىك مېتال تەتقىقات ئورنى؛ مى زىخۇا، دېي لىشىن، يۈەن جياڭپىڭ، فېڭ گوفۇ، دۇ چېڭئەن، ۋېڭ خۇڭبىڭ، ما يۈشىن). شېكەر لىپىنى بىر قىسىم ھاك تاشنىڭ ئورنىدا سېمونت خام ماتېرىياللىرىنىڭ خورۇچى قىلىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش (شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنى؛ جياڭ شېڭپىڭ، لىيۇ شياۋلى، جۇ فېڭلىڭ، شۇ شيۇخۇا، لىيۇ يىڭجۈن، گۈلباھار، گۇڭ زۇنخۇا، خې ۋېنجيې، تاڭ گۇاڭچياڭ).

3 - دەرىجىلىك مۇكاپات (64 تۈر)

شىش نېفىتلىكىدە چۆللۈكلەرنى كۆكەرتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى شىشى نېفىتلىك مەشغۇلات رايونى؛ ۋاڭ يۇمىڭ، شۆ جىشىن، پەن يۇجېن، سۇن جيەنۇي، لى دېمىڭ، لى جىنجيې، يېن لىنكې). ۋېنجىساڭ - مەدىڭ نېفىتلىكىدە گاز بېرىپ نېفىت ئېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش قوماندانلىق شتابى يۇرغىلاش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ ۋاڭ دۇڭمېي، لىپ يۇ، يېن يۇچۈەن، خې شيەنجۈن، لىيۇ خۇڭتىڭ، لىيۇ دېجى، ۋاڭ شۇ). جۇڭغار ئويمانلىقىدا يۇرا سىستېمىسىدىكى گاز ۋە نېفىتنىڭ ھاسىل بولۇپ ساقلىنىش شارائىتى ۋە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ ۋاڭ يىلىن، لى لىمېڭ، جاڭ يىجيې، كۇاڭ جۈن، چېن شۇفېڭ، ۋاڭ يىڭمىن، ياۋ گېنشۇن). ئورگانىك تۇزلۇق قۇدۇق يۇرغىلاش سۇيۇقلۇقىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى يۇرغىلاش شىركىتى، بېيجىڭ پېيكاڭ جىيايى تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى؛ لۇ خېيجۈن، ياۋ شاۋچۈەن، ۋاڭ شىگو، جاڭ يى، شيې يۈەنسەن، رېن فېڭجۈن، لىيۇ يى). BKD—10000/252—35 تىپلىق رېئاكتورنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور چەكلىك پاي شىركىتى ترانسفورماتور زاۋۇتى؛ يۇ يۇنجاڭ، ما شۇپىڭ، مېڭ جيې، لىيۇ چيۇيەن، ياڭ شىتيەن، جېي جياڭۇي، ما يۇنتېڭ). كوللاگېنلىق سۇۋالما قەۋەتنى كۆيدۈرۈپ، بىرىكمە سۆڭەك ھۆجەيرىسى بىلەن سۆڭەكنىڭ كەمتۈكلۈكىنى داۋالاش ئۈستىدە تەتقىقات (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى، ئازادلىق ئارمىيە 1 - ھەربىي تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى؛ شۇ يۇڭخۇا، گۇ ۋېيۋاڭ، شى جېنمەن، يىن شۇجۈن، جاڭ باۋدۇڭ، جاڭ دۇڭخۇي، جۇ دۇڭخۇي). تارىم ئويمانلىقىنىڭ گېئولوگىيىلىك جەريانى ۋە ھاسىل بولۇپ ساقلانغان دىنامىكىلىق ھالىتىنىڭ سانلىق قىممىتى توغرىسىدا تەقلىدىي تەتقىقات (غەربىي شىمال نېفىتلىك شۆبە شىركىتى تەكشۈرۈش-ئېچىش ئومۇمىي پىلانى لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، چېڭدۇ سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى؛ كاڭ جىخۇڭ، ۋاڭ يىڭمىن، چېن خۇيجاۋ، خۇ بىيجېن، دىڭ لىن، ياڭ خۇڭ، ما خۇيمىن). نېفىتلىكتە سۇ ئاساس قىلىنغان بىرىكمە بېسىمنى ئاستىلىتىپ قاتلام يېرىش سۇيۇقلۇقىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە پايدىلىنىش (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىت ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ لى شۇگۇاڭ، ۋاڭ يۇبىن، خۇاڭ گاۋچۈەن، جاڭ تيەنشياڭ، لى يۇنيۇن، ما شياڭياڭ، ۋۇ ۋېي). شىنجاڭنىڭ سەھىيە بايلىقىنى تەقسىملەش ئۆلچىمى ئۈستىدە تەتقىقات (شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى؛ ياڭ لىپ، چېن جياڭمېي، گو شۇشيا، جىڭ سىنشيا، لىيۇ جۈن، ۋاڭ جۇڭ، تاڭ جىڭشيا). قوغۇندىكى ئاق پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇسۇملۇك ئاسراش تەتقىقات ئورنى؛ ياڭ دو، ما جۈنيى، فەن يۇڭمېي، لى گۇاڭكو، ئىمىر، ئادىل، غەيرەت). تۆمۈر يولدا LJB—3 تىپلىق سىمسىز سىگنال سىستېمىسىنى ئىشلىتىش (ئۈرۈمچى تۆمۈر

يول ئىدارىسى قۇمۇل شىندا شىركىتى؛ لى باۋجۇ، لى زېڭخەي، لى جۈن، خۇ جيەنجياڭ، فۇ يۈلىڭ، خەن بياۋ، سۇلىڭ لىيەنشياڭ)، شەھەردىكى يوندىنى ئېلېكترولىزلاپ - ئاپتاپ كۆرسىتىپ تىندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش تېخنولوگىيىسىنى ياخشىلاش ۋە قوللىنىش (ئاقسۇ شەھىرى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە يوندا بىر تەرەپ قىلىش شىركىتى؛ ۋۇ لىجى، ياڭ سىلىڭ، دىڭ چىپىڭ، ياۋ شائىدۇڭ، ۋاڭ چيالىڭ، لى جىنچيالىڭ، چېن چاۋسۇ)، شىنجاڭنىڭ قىزىلچا سورتىنى ئىستونلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياخشىلاش تەتقىقاتى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى؛ زىڭ شيەنشيەن، ۋاڭ يەنفېي، ليۇ جۈن، فۇ زىخۇا، جاڭ شىفېڭ، ياڭ خۇڭزې، ليۇ خۇاجۈن)، غەربىي ئېچىش جەريانىدىكى شىنجاڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە دائىر تەدبىر ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سىياسەت تەتقىقات ئورنى؛ فەن چىڭپىڭ، تۇڭ شياۋچېن، خەن چيڭ، شۇ شياۋنىڭ، چېن بېي، ليۇ لىمەي، جاڭ ۋېنبىڭ)، لۇليالىڭ 9 - قۇدۇق رايونىدا مۇستەھكەملەنگەن قۇدۇق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە يۇرغىلانغان قاتلامنى مۇھاپىزەت قىلىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ جۇ خۇڭدېڭ، شۇ شيەنگۋاڭ، ياڭ جېيى، لى ۋېيشۈەن، لى شىپىڭ، ياڭ شىنچى، روڭ كېشىڭ)، قىزىلتۈڭگەج ئۆلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق كاردىئوگراممىسى ئارقىلىق يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكە دىئاگنوز قويۇش كلىنىكا تەتقىقاتى ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - دوختۇرخانىسى؛ مو يۈمىڭ، ۋاڭ شىجېن، تۇرسۇنئاي، خەن ۋېي، تاڭ چى)، يۇرغىلاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇدۇق ئۆلچەش تېخنىكىسىنى تارىم نېفىتلىكىدە قوللىنىش (تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، جۇڭگو نېفىت قۇدۇقى ئۆلچەش شىركىتى؛ جۇ شىنيۈەن، جاڭ شيائىدۇڭ، گو چىڭبىڭ، جاۋ يۈەنليالىڭ، چېن داچى، ليۇ چائىشىن، لى جىنشىڭ)، جۇڭغار ئويمانلىقى قۇملۇق رايونىدا تۆۋەن ئامپلىتۇدىيە قورشالمىسىنى ئايرىش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ لۇ خۇەنتۇڭ، تاڭ جيەنخۇا، خۇاڭ يى، گو يۈڭ، يەن زېجۈەن، شۇ چۈنلى، شۇ ۋېيپىڭ)، ئوڭ ئوقۇرەك ئارتېرىيىسىدىن نەيچە كىرگۈزۈپ مېڭىگە تالالاش خاراكتېرلىك سۈيۈقلۇق قويۇش تېخنىكىسىنى ئارتېرىيە ئوپېراتسىيىسىدە قوللىنىش (ئۈرۈمچى ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسى؛ مۇرات، شى باۋسىڭ، خې جېجيې، لەن جىشىن، شياڭ دۇڭمىڭ، لى لىيۇڭ، لى يۇڭجۈن)، چولاق تىپتىكى ترانسفورماتور ئورام سىستېمىسىنىڭ قىسقا تۇتۇشۇشقا بولغان تاقابىلچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى ترانسفورماتور زاۋۇتى؛ لۇ دېڭكو، نى رۇڭ، چېڭ جيەنگو، ما يۈنتىڭ، لى پېيفۇ، لۇ جۈن)، بەدەن سىرتىدا قان ئايلاندۇرۇپ يۈرەكنى بىۋاستە كۆرۈپ تۇرۇپ ئوپېراتسىيە قىلغاندىن كېيىنكى قان چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ چياۋ جۈن، يۈ شيائېيۇ، ما سۇفېڭ، مۇرات، جاڭ لىشىڭ، ما يەنپىڭ، خو چيالىڭ)، تۆۋەن ئۆتكۈزۈشچان نېفىتلىكتە يۇقىرى نىسبەتلىك قۇم ئارقىلىق بېسىپ يېرىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش- ئېچىش قوماندانلىق شتابى يۇرغىلاش - نېفىت ئېلىش تېخنولوگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ چېن جۈنمىڭ، ليۇ يەنجۈن، ليۇ جيەنۋېي، جاڭ جيەنپىڭ، ليۇ جيا، ليۇ خېيتىڭ، ۋاڭ يۈپىڭ)، سۈيۈق نېفىت بۇلغانما سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ جۇ زېمىن، شياڭ يۈجاڭ، يۈ زىنىڭ، رېن شۈيۈڭ، چېڭ ۋېنجۈن، جاڭ خۇڭخەي، جاڭ بېيۇڭ)، شىنجاڭدا ئاساسلىق كۆممىقوناق زىياندىش ھاشاراتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ گو ۋېنچاۋ، يۈ جيائېن، شۈي جيەنجۈن، جۇڭ يۈگۈي، چۇ لىخۇڭ، ما دېيىڭ، تۇرسۇن)، يېڭى تىپتىكى قۇدۇق ئاستى ئېقىن تەڭشەش ماي جۈمىكىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، جاڭ جىندې، يۈ يۈ، ليۇ لى، خەن جۈنۋېي، گۇ جىنگاڭ)، كۆكيار قېتىشما گازلىقىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش، تۇراقلاشتۇرۇش لايىھىسى ئۈستىدە تەتقىقات (تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ سۇڭ ۋېنجيې، ياڭ خېپىڭ، ۋاڭ شىنيۇ، دىڭ شىنلياڭ، نيۇ شىنشيەن، لۇ كېفېڭ، ۋاڭ بىيفاڭ)، سورتى ياخشىلانغان بىرىنچى ئەۋلاد شىنجاڭ بال قارىغىيىنى جىنسىسىز كۆپەيتىپ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش تەجرىبىسى ۋە ئۇرۇقچىلىق باغچىسى قۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ كۆچەت باشقۇرۇش باش پونكىتى، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى؛ شى يەنجياڭ، تاۋ خۇڭ، فېڭ يۇلياڭ، چېن تۇڭبىن، تاۋ جىنجۈن، قادىر، گو جۇڭيىڭ)، ئوت ئېلېكتر گېنېراتورلار گورۇپپىسىنىڭ ئىشلەش جەريانىدىكى ئوپېراش ئەھۋالىنى ئۆلچەش سىستېمىسى (شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە تەتقىقات يۇرتى؛ خەن گاڭ، ساۋ ۋېيدۇڭ، لۇ جۈن، چېن جيائېن، ۋاڭ شۇجۈن، خې شىنمىن)، جوڭغۇر

قاتلام ۋە ئالاھىدە چوڭقۇر قاتلام قۇمتاش جىنسلىرى ماي قاتلىمىدىن تىك قۇدۇق قېزىش ۋە سۇ توساش تېخنىكىسىنى قوللىنىش (تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ سۇن لوڭدې، ليۇ جيەنشۈن، چېن جۇ، داڭ يۇڭبىن، جۇلاڭ مياۋزې، ۋۇ شىڭگو، ئاۋ رۇشۇ)، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جۇڭگو بۆلىكىدىكى بېلىق تۈرلىرى بايلىقىنى تەتقىق قىلىش ۋە پايدىلىنىش تەجرىبىسى (شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى پەن تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو سۇ مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات يۇرتى خېيلوڭجياڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئېرتىش دەريا بېلىقچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى؛ رېن مۇلىيەن، گو يەن، جاڭ رېنمىڭ، جاڭ شيۇشەن، سەي لىنگاڭ، لى خۇڭ، قاداق)، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى نېفىت، گازنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش نىشانىغا باھا بېرىش ۋە نېفىت - گاز زاپىسىنى مۆلچەرلەش (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ جاڭ يۈچېن، ياۋ شىنيۈ، جاڭ سۇڭجېن، جاڭ شىن، ۋاڭ لىڭ، لى يۇڭگۇاڭ، ۋاڭ بىن)، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى يېقىلغۇ قىلىنىدىغان ئاپتوموبىلنىڭ ئوت ئېلىش ۋە تېزلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش تەتقىقاتى (شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى؛ كېرەم زورى، ئابدە، جاڭ خې، لى ۋېنفاڭ)، سۇيۇدۇك ئاقتۇزۇش دىنامىكىلىق تەكشۈرۈش ئەسۋابىدىن پايدىلىنىپ مەزى بېزى چوڭىيىش كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇش ئانالىزى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ شېڭ شىنفۇ، ۋاڭ جۈن، سۇن گولياڭ، جۇ شۇخۇي، ما تاۋ، ۋاڭ چىڭ، ۋاڭ يۇجيې)، 700 مىڭ كۇب مېتىر يېنىك ئالكانلىق قۇرۇلمىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنولوگىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ۋېنمى نېفىت ئېلىش زاۋۇتى؛ جۇ فېڭشەن، يۈ فەن، ليۇ يۇڭبىن، چېن جيې، ۋاڭ شاۋلىې، ليۇ گوخۇا، شۈ لىجياۋ)، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان 15 - نومۇرلۇق سۇيۇقلۇقنىڭ ئاق مايىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش (قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى؛ لو لېيلوڭ، چېن شاۋفېن، خې يىڭ، يېن خۇڭ، سۇن جۈن، جاڭ جىشەن، يۈ لىنخۇي)، شىنجاڭ غول لىنىيە تاشيوللىرىنىڭ قاتناش ئىقتىدارى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى؛ لى جياڭخۇا، خەن جىنچاڭ، خې شىنخۇڭ، ئەكبەر، جۇ دىيىڭ، دۇڭ جياڭ، ۋاڭ شاۋلۇ)، بۇرمىسىمان CT ئاپپاراتى ئارقىلىق دەسلەپكى باسقۇچتىكى جىگەر راكىغا دىئاگنوز قويۇش كلىنىكىلىق تەتقىقاتى (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ ليۇ ۋېنيا، جياڭ دېيى، خۇاڭ رۇيخۇڭ، تاشپولات، جۇ شىنشىڭ، لى شىچىڭ)، $O_4$نى ئاروماتىك كاربون ھىدرىدلارغا ئايلاندۇرۇشنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش (ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى، جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى نېفىت خىمىيە سانائىتى پەن تەتقىقات يۇرتى؛ لى شىشىن، شۇ شىنلياڭ، پۇ جۇڭبىڭ، شى شاۋدۇڭ، گۇاڭ تاۋ، لىن جيې، يۈ جۇڭۋېي)، تەۋرەتمەي پېتون چىڭداشتىكى تەڭشەش نىسبىتى، قۇرۇلۇش تېخنولوگىيە تەتقىقاتى ۋە ئۇنى قوللىنىش (ئۈرۈمچى تۆمۈر يول قۇرۇلۇش گۇرۇھى تېجىلىك قۇرۇلۇش شۆبە شىركىتى؛ ليۇ شىنلې، ليۇ يىجىڭ، سۇن ۋېيېن، شياۋ جياجىڭ، جاڭ شياۋلۇ، جاڭ ۋېيشىن، كۇاڭ لى)، لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ جىڭشيا - يەندۇن بۆلىكىدە قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش تەجرىبىسى (ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى قۇمۇل يول ئىشلىرى ئۇچاستكىسى، جۇڭگو تۆمۈر يول قۇرۇلۇش باش شىركىتى غەربىي شىمال پەن تەتقىقات يۇرتى؛ جاڭ دېڭشۇ، ۋاڭ شىلېي، ۋاڭ زېڭگۇاڭ، دىڭ شياڭدەن، لى گۇلى، جياڭ فۇچياڭ، جاڭ جيېنجۈن)، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى تەبىئىي ئولتۇرۇشمىسى شەرقىي قىسمىدىكى نېفىت گازنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش تەتقىقاتى ۋە ئۇنى قوللىنىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك شۆبە شىركىتى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى؛ لى ۋېيخۇا، لى بىن، ۋاڭ شىن، ليۇ جۇنتيەن، ۋاڭ جۇڭجيې، سۇڭ چېڭۋېن، سالڭ تىڭيى)، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆرۈك، ئانار ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسىنى توپلاش ۋە ئۆلگە كۆرسىتىش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك تەتقىقات ئورنى؛ چې فېڭبىن، لۇ چۇنشېڭ، گۇاڭ پىڭ، كېرەم ئىمىن، جاڭ پىڭ، ۋاڭ جىشۇن، لى لىمىن)، ئىنچىكە بىرىكتۈرۈلگەن فتالىك كىسلاتا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭ مېخانىكىلىق ھەملەش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش تېخنىكىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش (ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك چياڭشۇ تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى؛ شۇ جيارى، ۋاڭ ۋېنسەن، ۋېن گې، چېن جېن، ۋاڭ چاڭجۈن، ليۇ ۋېيدۇڭ، شۇ جىنجۈن))، يىرىڭدىن زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك قان كېسەللىكى بولغان چاشلارنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىكى گۇئانىلىك كىسلاتا بىرىككەن ئاقسىلنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىببىي پەنلەر بۆلۈمى؛ كېرەم ئابباس، ۋۇ لىلىڭ، جاڭ جيەنلۇڭ، لو شۇلىيەن، ۋاڭ يەنمېي)، بۈرگىلەرنى تۈرلەر ئارا چېتىشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تاكسونومىيىلىك ئەھمىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر يەرلىك كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش. داۋالاش تەتقىقات ئورنى؛ يې رۇيىيۇ، جاڭ جىنتۇڭ، جاڭ زىجيەن، چېن شىنرۇ، رىزۋان ئابلىز، يۈ شىن، جىن تاۋ)، غەيرىي تەبىئىي

سەۋدا ۋە ئۇنىڭ مۇتزىغ - مۇسەھلى ئۈستىدە تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر تىبابەت تەتقىقات ئورنى؛ خالمۇرات، ئابدۇرېھىم، ئىسرائىل، نۇرمۇھەممەت، ئەسقەر، ئەنۋەر، تۇرسۇن). تاغلىق رايون نېفىت - گازلىقنى تەۋرىتىپ قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئۇچۇر توپلاش، بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسى؛ شيا دېشۇ، ليۇ فېي، شيا جيەنجۈن، جاڭ گوجېن، لو شىنتەن، ۋەن جيې، جۇ چىڭخۇا). چاكاندا، جۇجۇكبۇيىنى كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش (شىنجاڭ جۇڭگېي دورا - سىللىي دورا تەتقىقات ئورنى، ئىلى غەربىي تەگرىتاغ دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن پايدىلىنىش شىركىتى، قۇتۇبى ناھىيىلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرى شىركىتى؛ جيا شياۋگۇاڭ، نى خۇي، بەي يۈەنشۇ، ۋاڭ گوفۇ، شۇ جيەنمىن، تيەن گوچياڭ، قەيسەر سۇلايمان). ئېلېكتر كابېل ئارقىلىق بىر قاتلامنى ئۆلچەش تېخنىكىسىنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقى نېفىت گازىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىشى (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ كۇاڭ لىجۈن، سۈن جۇڭچۈن، ۋاڭ جى، گاۋ چيۇتاۋ، خۇ چىنشيۇ، لو شىڭپىڭ، يى يۇنچىڭ). نېفىت، گاز، سۇنىڭ ئۈچ فازىلىق ئېقىشىنى تەقلىدىي بېكىتىش سىستېمىسى ئۈستىدىكى تەجرىبە تەتقىقاتى (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى قۇدۇق خاتىرىلەش - ئۆلچەش شىركىتى، گاۋ شۇبې، ۋاڭ جۇنلى، تەن زېڭجۇ، جاڭ جيەنلى، پاڭ لىنجۇ، لى دېچاۋ، ئەي ۋاڭشى). تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدە ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇرىنى تورلاشتۇرۇش ۋە نېفىتلىكنى ئاپتوماتىك كۆزىتىش - كونترول قىلىش سىستېمىسى (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ سەي جىڭاڭ، لياۋ شۇيگۇي، خۇ شياڭجۈن، ۋاڭ سۇڭماۋ، ۋاڭ يۇخۇ، فېڭ زۇڭفەن، گاۋ ۋېيدۇڭ). سۈنئىي ھەمراھ بۇلۇت خەرىتىسىنى شىنجاڭنىڭ ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشتە قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزى؛ ۋاڭ شۇ، ما يۈ، چېن خۇڭۋۇ، ۋاڭ خۇڭجياڭ، جياڭ يۇڭگۇاڭ، لۇ شىنپىڭ، جاۋ بىڭكې). شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ شەرقىدىكى خام نېفىتنى سىرتقا يەتكۈزۈش تۇرۇبا تورىنى سەرخىللاشتۇرۇش تېخنولوگىيە سىنىقى (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ مىن شىخۇا، سۈن جيەنگاڭ، خۇ شۇفېڭ، جياڭ يېپىڭ، چې ۋېنيۈەن، لياڭ داڭگو، ۋاڭ كەيشيۇڭ). شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئارتېزىيان قۇدۇق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش (سۇچىلىق نازارىتى سۇ سۈيىتىنى ياخشىلاش - كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشخانىسى: مەنسۇر، سۇلاڭ شىفەي، مىجىت، لى گۇاڭجۈن، جاۋ خۇڭشىن، نۇرسىمان، ۋەن فېي)، غەيرىي ھىدروفورمىرلاش ۋە ئىزومېرلاشتۇرۇش تېخنولوگىيىسىنى سانائەتتە سىناق قىلىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك شۆبە شىركىتى؛ شيې شىڭجياڭ، جاڭ خۇيجۈن، دۇ لىشىن، پاڭ جۈن، شى يىنجۇ، لۇ جيارېن، شۇ پېڭجېڭ)، باغراش كۆلىنىڭ ساياھەت بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ باھالاش (بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى؛ جاڭ زۇڭجۇ، ليۇ تىڭ، ليۇ سۇڭ، تەن داخەي، سۈن لىڭخۇا، جاڭ مىڭشېڭ، بەي پىڭ)، قويۇق نېفىتلىكنى ئېچىش ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى (شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى: جاۋ چاڭگۇي، ليۇ يۇڭشۇ، ۋاڭ گۇشېڭ، جۇ لىن، رېن بياۋ، ۋەن شىنمىن، پاڭ شۇدۇڭ)، ئاپتوماتىك بېسىم تۇراقلاشتۇرغۇچنى تەتقىق قىلىپ ياساش (ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىنتەن ئوقەتچىلىك شىركىتى؛ جاڭ يۇلياڭ، شۇ شياۋپىڭ، جياڭ تيەنجۈن)، ئېغىر دەرىجىدىكى چىش مىلىك پاللۇغىغا چىش كەمتۈكلۈكى قوشۇلۇپ كەلگەن كونۇسسىمان غىلاپلىق تومراق تاجىسىمان چىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چايناش ئىقتىدارىنى ئانالىز قىلىش (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا: خې خۇيېڭ، ئادالەت، جاڭ فۇچياڭ، دىلنۇر، ماھىنۇر)، يېڭى تۇغۇلغان موزاي، قوزىلارغا پۇرچاق پاراشوكىنى ئوغۇز سۈتى ئورنىدا بېرىش ئۈستىدە تەجرىبە تەتقىقاتى (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ لو چيۇجياڭ، نۇ چىڭاۋ، ياڭ كەيلۇن، خۇاڭ شىشيا، لى خۇيجۈن، يالقۇن، مېھرىگۇل)، خوتەننىڭ چۆللۈك رايونلىرىدا 10 مىڭ مو (67 .666 گېكتار) يۇلغۇن بازىسى قۇرۇش (كېرىيە ناھىيىلىك توشقان زەردىكى تەتقىقات ئورنى، كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كېرىيە ناھىيە ئويتوغراق يېزىسى، كېرىيە ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى؛ تيەن خۇيجۇ، رېن شياۋئەن، جاۋ جۇڭجيۇ، جۇ شىنخې، غەيرەت ئىسمائىل، جاڭ شيۇچياڭ، چېن شياۋبىن)، GCM—7 تىپلىق گېنېراتورلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆلچەش - خاتىرىلەش ئەسۋابىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە پەن تەتقىقات يۇرتى، خاربىن كېلىسى ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى؛ چې يۇڭ، لى مىن، فاڭ لىن، لى فۇشەن، تۇڭ تۇڭ)، قاراماي رايونىدا تۇبېركۇليوز كېسىلىنى تىزگىنلەش ئۈستىدە تەتقىقات (قاراماي شەھەرلىك سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى؛ ليۇ يەن، ياڭ فاڭلىڭ، لى ۋېيفېڭ، ۋاڭ يۇڭ، خې شېڭجۈن، ئامانگۈل، ليۇ يۇڭگاڭ)، نەق مەيدان ئىشلەپچىقىرىش سانلىق مەلۇمات ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى (تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، بېيجىڭ جۇڭگو نېفىت ئۇمىد پەن - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى؛ جۇ شىنيۈەن، گەن ۋېنخۇا، مەي گۇاڭرۇڭ، ۋاڭ شياۋبو، تاڭ رۇڭخۇا، جۇ يۈن، شيۇڭ ۋېي).

سۇلاڭ جۇنخۇاڭ

## پاتېنت خىزمىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ پاتېنت خىزمىتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ تارقاتتى. 93 - ئوتتۇرىلىق پارىژ خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش ئىشىغا تەشكىللەپ قىلىپ، بىر ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدالغا ئېرىشتى. شىنجاڭ تيەنىي پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى «تەبىئىي رەڭلىك پاختا ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتى» بويىچە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى بىلەن مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە ماسلىشىپ، يېڭى ئەسىردىكى ئايال كەشپىياتچىلارنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. «26- ئاپرېل» 2 - قېتىملىق دۇنيا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى كۈنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەشۋىقات ھەپتىلىكى ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر ياخشى خەۋەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 5 پارچە، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 10 پارچە، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 15 پارچە ماقالىنى تاللاپ چىقتى. مەملىكەتلىك پاتېنت مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمەت يىغىنى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، مەملىكەت بويىچە 30 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەردىكى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىدىن كەلگەن 62 ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. سانجى، ئىلى، بورتالا ئوبلاستلىرى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، خوتەن، قۇمۇل، قەشقەر، ئالتاي، تۇرپان ۋىلايەتلىرى، قاراماي، ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 46 قارار ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ۋە ئېچىلىپ 3975 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر مەخسۇس دوكلاتتىن 16 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 2290 كىشى قاتناشتى. «شىنجاڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى» قىسقا خەۋەرلىرىدىن 6 سان تۈزۈپ تارقىتىلدى. پاتېنت توغرىسىدا 400 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) گە مەسلىھەت بېرىلدى، پاتېنت ھۆججەتلىرىنى ئىزدەپ تاپقانلار 18 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. ئاپتونوم رايون 800 مىڭ يۈەن پاتېنت ئىلتىماسى قوشۇمچە ياردەم فوندى تەسىس قىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇنجى ھەمكارلىق خاراكتېرىدىكى پاتېنت ۋاكالەت ئاپپاراتى ئۈرۈمچى خىزۇاڭ پاتېنت ئىشلىرى ئورنى قۇرۇلدى.

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1239 پاتېنت ئىلتىماس قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كەشپىيات پاتېنتى 216، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتى 779، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنتى 244؛ شەخسلەرنىڭ پاتېنت ئىلتىماسى 949، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 12، زاۋۇت، كان، كارخانىلارنىڭ 238، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ 37، ئىدارە، تەشكىلاتلارنىڭ 3. پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 627، بۇنىڭ ئىچىدە، كەشپىيات پاتېنتى 61، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتى 407، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنتى 159؛ شەخسىي پاتېنت 484، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 6، زاۋۇت، كان، كارخانىلارنىڭ 91، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ 39، ئىدارە - تەشكىلاتلارنىڭ 7. مۇشۇ بىر يىلدا پاتېنت ماجىراسىغا دائىر 5 دېلو قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىغا دائىر دېلو بىر، پاتېنتنى يولغا قويۇشقا رۇخسەت قىلىش توختامى ماجىراسىغا دائىر دېلو بىر. 5 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 دېلو مۇرەسسە قىلىندى، بىر دېلو بىرتەرەپ قىلىندى. ساختا پاتېنت قىلمىشىغا دائىر بىر دېلو تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. بىر يىلدا قېلىپ قالغان 9 دېلو تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 دېلو بىرتەرەپ قىلىندى، 3 ئەرز قايتۇرۇۋېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 14 دېلو تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، ساختا پاتېنت قىلمىشىغا دائىر بىر دېلو تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. 6 ئەرزگە سوتتا جاۋاب بېرىلدى، دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىگە ئەڭ چوڭ بىر پاتېنت دېلوسى مەلۇم قىلىندى. «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەۋزەل كەسىپ پاتېنت ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» تېمىسى دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىنىڭ پاتېنت ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پاتېنت سىناق نۇقتىسى كارخانىلىرىنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مەملىكەت بويىچە تۇنجى پاتېنت سىناق نۇقتىسى كارخانىسى بولغان شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىش باشلىدى. دۆلەتنىڭ 2 - تۈركۈمدىكى پاتېنت ئۆلگە قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن 3 تۈردە 32 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىخەنزە شەھەرلىك خۇاتوڭ ئۇرۇقچىلىق ماشىنىلىرىنى ياساش شىركىتى 5 مىليون يۈەن، شىنجاڭ 3- ئىستانوك زاۋۇتى 12 مىليون يۈەن، شىنجاڭ جوڭخې پاي چەكلىك شىركىتى 15 مىليون يۈەن ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. پاتېنت يولغا قويۇش فوندىدىن 1 مىليون يۈەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە پاتېنت تېخنىكىسىنى يولغا قويۇش تۈرى پىلانىدا 10 تۈر تۇرغۇزۇلدى. پاتېنتنى يولغا قويۇش تۈرى خىراجىتى ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

خې يىڭگو

## شىنجاڭنىڭ 2002 - يىلدىكى قىسمەن كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت نامى مۇندەرىجىسى

### پاتېنت ئىلتىماس قىلىنغان كەشپىيات نامى (64 تۈر)

قاسىراقلىق قۇرت زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قۇرت يوقىتىش دورىسى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى (02122505.2)، ئاپتوقاچ قىيمىسى (02124503.7)، دىئابېت كېسىلى، يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىگە شىپالىق مەخسۇس ئوزۇقلۇق تالقىنى (02122316.5)، تۆمۈر ماددىسىنى تولۇقلىغۇچى — ئوكسىدلىق قان قىزىل ماددىسىنى ئاجرىتىۋېلىش ئۇسۇلى (02122321.1)، يۇقىرى هارارەتلىك كىلاتالىق دىئېلېكترىك پولات - تۆمۈر بوغقىبىرى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى (02100697)، نېفىت قۇدۇقىنىڭ هەرىكەتچان سۇيۇقلۇق يۈزىنى بېيىق هالقىسىمان تىزگىنلەش سىستېمىسى (02125546.6)، سىرەڭ بەر كىرسىنىلىق كالتىسى ئوغۇتى ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى (02122381.5)، خالتىلىق ئېرىتمە ئوغۇتقا ئىشلىتىلىدىغان سىرتقى خالتا قەۋىتى (02126743.X)، ئېرىنى ئوپېراتسىيىدىن بۇرۇن دېزىنفېكسىيە قىلىش دورىسى (02126050.8)، پادىرو كىلاتالىق ۋاكسىنىنىڭ ئىسسىقنىتېتىنى كۆپەيتكۈچى بىرىكمە ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش هەمدە ئىشلىتىش ئۇسۇلى (02123695.X)، دانىخورەككە شىپالىق دورىلار ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى (021266417)، بىرخىل كۆيۈك يارىسى مەلھىمى (02129169.1)، قۇياش ئېنېرگىيىسى ئىسسىقلىقىنى يىغىش قۇرۇلۇشىنى بىراقتىن تىزگىنلەش سىستېمىسى (02129631.6)، قىستۇرمىلىق قامالاشتىن پايدىلىنىپ قۇم - بوران ئاپىتىدىن مۇداپىئەلىنىش (02102110.4)، كېرەكسىز، كونا سۇلياۋدىن پايدىلىنىپ قۇم - بوران ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش (02102111.2)، چىغ تېرىش تېخنىكىسى (02102757.9)، بىر خىل دورا ئوشۇغۇچنى تىزگىنلەش بىرىكمە تېخنىكىسى (02101964.9)، بىر خىل زۇكام دورىسى (02100377.7)، نانومېتىر دەرىجىلىك تەبىئىي لېكوپېن مەھسۇلاتى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى (02100653.9)، بىرخىل پۈتۈن تەركىبلىك بۇغداي خلورىن ۋە ئۇنىڭ سكرولۇق قاپ مەھسۇلاتى هەم ئۇنى ياساش ئۇسۇلى (02100652)، كۆچمە قۇملۇقلاردا سۇ بېرىپ ئېرىق قېزىش يېڭى تېخنىكىسى (02104841.X)، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان سىل كېسىلى ئىچىملىكى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى (02104169.5)، بىر خىل ئىچ سۈرۈشكە شىپالىق سۈرەككەپ دورا (02103666.7)، كېرەكسىز، كونا بالونلارنى زىيانسىزلاشتۇرۇپ بىرتەرەپ قىلىپ پايدىلىنىش ئۇسۇلى (02107618.9)، ئۈزۈملۈك مېيى تاشلاندۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ يېقىلغۇ ماي ئىشلەپچىقىرىش هۈنەر - سەنئەت ئۇسۇلى (02107609.X)، غەيرىي پۇراقلىق ئوزۇقلۇق بېدە مايسىسىنى تېز ئۆستۈرۈش (02116555.6)، چاي ئۆستۈرۈش سۇيۇقلۇقى (02100734.9)، بىرخىل كوينىزگاتلىق لىنولېنىك سىنكات ۋە ناترىي چېرىندى كىسلاتاسى تەركىبلىك دورىلىق مەلھەم (02108604.4)، بىرخىل كوينوگاتلىق لىنولېنىك كىسلاتاسى پاكى كوينوگاتلىق لىنولېنىك كىسلاتالىق ئوغۇندى ماددىلىق سالامەتلىك هارىقى (02102288.7)، جەمبىل سالامەتلىككە پايدىلىق چاي ئىچىملىكى (02108945)، خەنزۇچە خەتلەرنى باش ئۆزۈك ئاۋۇش ئارقىلىق كومپيۇتېرغا ئايرىپ كودلاشتۇرۇش ئۇسۇلى (02107244.2)، ئاغرىق پەسەيتىدىغان، ياللۇغلىنىشقا قارشى ۋە ترومبوتسىن يىغىلىپ قېلىش رولىنى چەكلەيدىغان دورىلىق بىرىكمە (02113589.4)، تۇخۇم سېرىقى مېيى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش (02108185.9)، بىرىكمە ئانىلىق گورمون دورا بىرىكمىسى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى (02108875.6)، قەۋزىيەتنى داۋالايدىغان بىرخىل جۇڭيى دورىسى (02117303.6)، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ 4 چاق سۈرئىتىنى پەرقلەندۈرۈپ هەرىكەت تەقسىملەش قۇرۇلمىسى (02106315.X)، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ 4 چاقى مۇستەقىل قوزغىلىش هەرىكىتىنىڭ سۈرئىتىنى پەرقلەندۈرۈپ هەرىكەت تەقسىملەش قۇرۇلمىسى (02108283.9)، ئۈزۈملۈكنىڭ بىرىكمە ئامىنو كىسلاتاسى ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى (02118713.4)، سۇ خۇسۇسىيەتلىك سۇدىن مۇداپىئەلىنىدىغان سۇۋالغۇ (02108975.2)، سالامەتلىككە پايدىلىق ئۈزۈملۈك پولىيى ۋە پايپاق (02117751.1)، ئۈزۈم تېرىسىدىن ئېكستراكت ئاجرىتىۋېلىش ئۇسۇلى ۋە ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن جىگەرنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش كاپسۇلى (02118243.4)، ئەمەندىن ئىشلەنگەن خلاۋۇن كاپسۇلى (02118256.6)، ئۇسمە كومىلچى (02119614.1)، رەقەمدىن پايدىلىنىپ خەنزۇچە خەت ۋە ئۇنىڭ باش بۆلەكلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا كۆرسىتەلەيدىغان بىرخىل كودلاشتۇرۇش ئۇسۇلى (02103047.2)، مەرۋايىت كومىلچى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى (02122563.X)، قار لەيلىسى مايسىسىنى پارنىكتا سۈنئىي ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى (02108950.7)، جاراھەتنى ئوتاشتۇرغۇچى نوكچا دورا (02120523.X)، ئۇسمە كومىلچى (02119434.3)، قار لەيلىسىنى سۈنئىي ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى (02108685)، قار لەيلىسى لەۋزىشكىسىنى ياساش ئۇسۇلى (02108951.5)، بىرخىل ئۈزۈملۈك هاشاراتلىرىنى يوقىتىش دورىسى (02128450.4)، ئاگرىمونىيە كاپسۇلى (02130602.8)، بويا بىرىكمە ئوغۇتى

ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى (02130001.1)، تۇپراقنى ياخشىلاپ سۇ ساقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش دورىسى ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى (02108353.3).

ئەمەلىي يېڭى تىپ نامى (125 تۈر)    ھەر خىل ھاسا (02230572.6)، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىدىغان ھەرىكەتچان توسما (02207294.2)، ئۆيلەرنىڭ سىرتقى تېمىغا ئىشلىتىلىدىغان ئىسسىقلىق ساقلاش بىرىكمە تاختىسى (02201945.6)، ھەرخىل ئاپتوماتىك شوتا (02230127.5)، كۆپ ئىقتىدارلىق سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەيدىغان ئۇنىۋېرسال قۇرۇلما (02207208.X)، قۇۋۋەت كۈچەيتكۈچكە بىۋاسىتە سەپلىنىدىغان كۈچلۈك قۇۋۋەتلىك كەڭ چاستوتا بەلۋاغلىق بەلۋاغسىمان ئاۋاز ياڭرىتقۇ (02207365.5)، يۇمىلاق گۈرجەك (02207261.6)، سىنتېزچىلىق يول سۈرتكۈچ (02230059.7)، قورۇق ئۈزۈم ساپىقىنى تازىلاش ماشىنىسى (02230879.2)، ئاپتوماتىك تىزگىنلىنىدىغان نۇرلۇق ئەينەكلىك كەپشەر قالپىقى ئورنىتىلغان كەپشەرلەش ماشىنىسى (02206443.5)، كۆپ يۈزلۈك قاتلىما دوسكا (02207100.8)، سۇ سۈمۈرۈش تەرەت قاچىسى رادىئاتورىنىڭ سۇ چىقىرىش قۇرۇلمىسى (02207786.3)، بىرىكمە تەرەت قاچىسى (02232145.4)، كىچىك تەرەت قاچىسىنى تازىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ تېجەش قۇرۇلمىسى (02232124.1)، قومۇرۇشتىن مۇداپىئەلىنىدىغان قۇلۇپ (02232200)، ئېنېرگىيە تېجەشلىك ماي سۈمۈرۈش ماشىنىسى (02206942.9)، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا مودېلى (02230122.4)، ھاۋالىق قان تەركىبىدىكى ئابرالمىلارنى تەڭشەپ، جىگلو ۋە پەللىدىن سۈمۈرۈپ زەھەر قايتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان لوڭقا قويۇپ داۋالاش ئەسۋابى (02207070.2)، كىرا ئاپتوموبى-لىنىڭ ئېلان چىرىغى جازىسى (02207137.7)، موتوسىكلىتنىڭ ئوغرىدىن ساقلاش ئەسۋابى (02205596.7)، ئالاھىدە كەپشەرلەنگەن پوتەي ماي سۈمۈرگۈچ (02203589.3)، يېقىلغۇ گاز بىلەن قىزدۇرۇش قۇرۇلمىسى (02231731.7)، كىرا ماشىنىسىنىڭ ئېلان چىرىغىنى چاپلايدىغان يۈزلۈك قۇرۇلما (02207138.5)، سۇلياۋ يوپۇق يابىدىغان كۆتۈرمە-لىك سېيالكا (02206593.8)، كۆپتۈرمە نىتروگامىن پارتلىتىش دورىسىغا ئارىلاشتۇرۇلغان مەخسۇس سەپلىمە ماتېرىياللارنى تىزگىنلەش قۇرۇلمىسى (02207740.5)، ئويۇل ئۆزەكلىك يېنىك ئىشىك قانىتى (02202092.6)، سۇلياۋ تورۇبا بىلەن قاتتىق تورۇبا تۇتاشتۇرۇلغان ئېغىزنى مەھكەم چىڭىتقۇچ (02230570.X)، چىرىشتىن ساقلىنىدىغان تورۇبىلارنى قىسىدىغان تورۇبا چاتقۇچ (02201959.6)، ئۆزگەرتىلگەن ئاككۇمۇل-ياتورغا سىم ئۇلاش قۇرۇلمىسى (02207532.1)، كۆكېھت ئازدۇرۇش تاختىسى (02230446)، چاڭ-توزان سۈمۈرىدىغان سۈپۈرگە (02207863)، تېپىلىش-تىن ساقلىنىش بالونى (02203618)، ھاۋا چىقىرىۋېتىدىغان ئورۇندۇق شەكىللىك ھەممىباب تەرەت قاچىسى (02203617.2)، قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئەقلىي ئىقتىدارلىق دېرىزە (02205132.5)، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ھەممىباب دېرىزە (02205133.3)، نېفىت - گازلىقتا قۇيۇقتىن مۇداپىئەلىنىدىغان گىدراۋلىك لەڭگەر (02200876.4)، گىدروختورنىڭ كىلاتالىق سۇيۇقلۇق نەيچىسى (02230157.7)، تالا ئېلان ئېكرانىنى يۆتكەش ئەسۋابى (02221533.6)، ئاپتوماتىك ئايلىنىپ كۆپ سۈرەت كۆرسىتىدىغان ئېلان ماشىنىسى (02207742.1)، ئاپتوماتىك ۋاقىت بەلگىلەپ، تېمپېراتۇرىنى تىزگىنلەيدىغان توك بىلەن قىزدۇرۇلىدىغان تۇمانلاتقۇچ (02230158.5)، موتوسىكلىت زەنجىرىنى مايلاش قۇرۇلمىسى (02207738.3)، ئۆزگەرتىلگەن رومكىسان قاچىنىڭ ئېغىزىنى ھىملاش قۇرۇلمىسى (02230587.4)، سۇ ساقلاش - سۇ تېجەش ئەسۋابى (02230014.7)، ئۆزگەرتىلگەن تولۇق ھەسلەنگەن شارىكلىك ئىشلەك (02230582.3)، ماي سۈمۈرۈش ماشىنىسىنى تەڭشەپ ئېنېرگىيە تېجەش قۇرۇلمىسى (02204431)، ماي سۈمۈرۈش پومپىسى-نىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كلاپانى (02211973.6)، ئاۋاز پەرقلەندۈرۈش بەلگىسى (02236418.8)، كېۋەز شاكىلى، يوپۇرمىقىنى يىغىۋېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان سىلجىما ماشىنا (02204210.5)، قوم - شېغىل سۈزگۈچ (02236855.8)، زور ئېقىملىق سۈزگۈچ (02230203.4)، تېز سۈزگەتتە تورۇبا چاتقۇچ (02230583.1)، سوغۇقتىن ساقلايدىغان قۇلاق قاپچۇقى ۋە قۇلاق قاپچۇقىدىن ئىشلەنگەن قۇلاق - كۆز ئاسراش ئەينىكى (02207521.6)، سۇلياۋ يوپۇق يېپىش سېيالكىسىنىڭ يوپۇق ئالماشتۇرۇش قۇرۇلمىسى (02202090.X)، ئۇدا ئىشلەيدىغان قوش بىخەتەر ئاپتوماتىك چاشقان تۇتۇش ئەسۋابى (02202203.1)، قۇياش ئېنېرگىيىسى خىرە نۇردىن پايدىلىنىپ ھاشارات يوقىتىش چىرىغى (02232367.8)، قاراۋۇلخانىلارنىڭ توك بىلەن ئىسسىتىش كەپەۋرمە قۇرۇلمىسى (02222098.4)، كۆپ ئىقتىدارلىق شامالدۇرغۇچ (02207533.X)، ئۆزگەرتىل-گەن كاۋاپدان (02234330.X)، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك ماي ساقلاش قۇرۇلمىسىغا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوماتىك چوتكا (02207029.X)، سىگناللىق جوزەك (02230960.8)، سۇيۇقلۇق بېرىشنى ئاپتوماتىك نازارەت قىلىپ سىگنال بېرىش

ئەسۋابى (02231338.9) ، ئىنزولياتورلۇق نۇر چاقناپدىغان كۆرسەتكۈچ (02205274.7) ، قوش چىراغپايلىق چىراغ بېشى (02230877.6) ، تېمىتىپ سۇغىرىش ماشىنىسى (02206421.4) ، بوۋاقلارنىڭ سۈيدۈكىنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلمىسى (02203981.3) ، يېڭى تىپتىكى مۇسىخەت قەلىمى (02204678.X) ، سۈرئەت پەرقلەندۈرگۈچ ئارقىلىق قوزغىلىدىغان، تۆت چاقنىڭ سۈرئىتىنى پەرقلەندۈرۈپ ھەرىكەت تەقسىملەيدىغان قۇرۇلما (02234331.8) ، ماي ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان كۆپ يوللۇق ئالماشما كلاپان (02202628.2) ، نورمال بېسىمدا پار پەيدا قىلىدىغان تېز پارقازان (02200597.8) ، يېقىلغۇ كۆمۈر ئېنېرگىيىسىنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن تېجەيدىغان شامال ئۈچەكى (02200596.X) ، تاختا تۇرۇبىلىق ئىسسىقلىق ئالماشتۇرۇش قۇرۇلمىسى (02206592.X) ، ئاسما شەكىللىك ھەمىلەنگەن يۇزلۇك پىششىقلاش ماشىنىسى (02202086.1) ، قار كۆرىكى (02207323.X) ، گەۋدە بويىچە ئىسسىقلىق ساقلايدىغان تام تاختا (02235039.X) ، سۈزگۈچلۈك خۇشبۇيراقلىق تاماكا (02203986.4) ، ئېنېرگىيە تېجەشلىك كەپشەر ماشىنىسى (02202399.2) ، ئۆزگەرتىلگەن سىيا قۇتىسى (02201987.1) ، ئاپتوموبىللارنىڭ ئاپتوماتىك سىگنال بېرىدىغان ئېلېكترونلۇق قۇرۇلمىسى (02203980.5) ، ئاپتوموبىلنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق سىمسىز تىزگىنلەش ئەسۋابى (02200767.9) ، سۇ تېجەيدىغان قوش ئىدىشلىق پاكار رادىئاتور (02202299.6) ، ئۆزگەرتىلگەن سۈيۈقلۇق گاز ۋېنتىلىيۇچاتىلى (02201960.X) ، ئوت ئۆچۈرۈشتە تارقاقلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆزگەرتىلگەن بەلگە چىرىغى (02206756.6) ، ئۆي ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرۇپ نەملىگۈچ (02206428.1) ، رومكىسىمان قاپچا ئېغىزىنى ھىملەش قۇرۇلمىسى (02202004.7) ، يۇيۇش ھاجەتخانىسىز تەرەت قاپچىسى (02202010.1) ، ئۆزگەرتىلگەن قول ۋە پۇت ئۈچى بىلەن يەرنى تىرەپ چېنىقىش سايمىنى (02203610.5) ، چاتىمىلىق ئايلىنىدىغان ئالدىن گوقنى تەكشى ئېتىش قۇرۇلمىسى (02202215.5) ، ۋېلىسىپىتنىڭ قاتلىنىدىغان ئۈتكۈچى (02202205.8) ، 3 چاقلىق ماتورلۇق قار تازىلاش ماشىنىسى (02202023.3) ، ئېنېرگىيە تېجەشلىك مونچا ئىدىشى (02202206.6) ، يوپۇرماق تورىدىكى زىرائەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ تازىلاش ماشىنىسى (02202357.7) ، تۆت چاقنىڭ سۈرئىتىنى پەرقلەندۈرۈپ ھەرىكەت تەقسىملەش قۇرۇلمىسى (02203611.3) ، ئۆزگەرتىلگەن ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ تۆت چاقىنى قوزغىتىش قۇرۇلمىسى (02206418.4) ، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى تۆت چاقنىڭ سۈرئىتىنى پەرقلەندۈرۈپ ھەرىكەت تەقسىملەش قۇرۇلمىسى (02206457.5) ، ھەممىباب مۇھەت ئاسراش يېقىلغۇ گاز ئوچىقى (02203565.1) ، قولدا تۇتۇپ تۇرۇپ توك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان يىپچاق چاقلاش ئەسۋابى (02202003.9) ، ئەگرى ۋاللىق لىچىدىن پايدىغان ماتور (02203995.3) ، سۇغىرىشتا سۇ تېجەيدىغان سۇلياۋ يويۇق (02206758.2) ، يەككە سۈرئەت پەرقلەندۈرگۈچ بىلەن قوزغىلىپ، تۆت چاقنىڭ سۈرئىتىنى پەرقلەندۈرۈپ ھەرىكەت تەقسىملەش قۇرۇلمىسى (02207373.6) ، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى تۆت چاقنىڭ قوزغىلىش سۈرئىتىنى پەرقلەندۈرۈپ ھەرىكەت تەقسىملەش مۇستەقىل قۇرۇلمىسى (02230410.X) ، ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىدىغان بوتولكا ياپقۇچ (02206985.2) ، ئېنېرگىيە تېجەپ ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدىغان ھىملەش قۇرۇلمىسى (02203996.1) ، پاردىن پايدىلىنىپ ئىسسىق سۇ ئارقىلىق ئىسسىتىلىدىغان رادىئاتور (02201953.7) سىزىقسىمان ھەجىملىك ئېقىن ئۆلچىگۈچ (02202627.4) ، بۇلغانما مايىنى چىقىرىۋېتىدىغان ئىپلىق ماي ساقلاش ئىشكاپى (02204437.X) ، تۆشۈكلۈك ماي ساقلاش ئىشكاپى (02204438.8) ، ۋاكۇئۇملۇق ماي ساقلاش ئىشكاپى (02204439.6) ، يامغۇردىن ساقلايدىغان ماي ساقلاش ئىشكاپى (02204440.X) ، يېڭى تىپتىكى شارىكلىق ئامانلىق ساقلاش توك مەنبەلىك روزېتكا (02206802.3) ، كىيىم پىچىشتا بەدەننى ئۆلچەپ كىيىم سىناش قېلىپى (02240906.8) ، قىزىتقارلىق ئويۇنچۇق (02230002.3) ، تولدۇرۇلغان سۇ تېجەش مۇنچىسى (02206825.2) ، ئوت يۈركۈزىدىغان چىراغسىمان تومانلىتىش ماشىنىسى (02207364.7) ، ئۆزگەرتىلگەن سۈمۈرۈش ئېغىزلىق بوتۇلكا ياپقۇچ (02229962.9) ، مۇنچا سۈيىنى ئېچىش ئەسۋابى (02206984.4) ، ئاياغ چەمبىرىكى چاڭ ـ توزانلارنى تازىلاش ماشىنىسى (02232021) ، تېرە پارىسىنى پىشىشتۇرغۇچى پلاستېر (02236314.9) ، كىرا ماشىنىسىغا ئىشلىتىلىدىغان توك سوغۇپ ئوغرىدىن ساقلاش قۇرۇلمىسى (02236340.8) ، يول يۈزىدىكى مۇزلارنى پارچىلايدىغان ئۆزگەرتىلگەن تىغلىق تولۇق (02232161.6) ، سۇ مۇنارىسى رادىئاتورىغا ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش قۇرۇلمىسى (02233837.3) ، ئائىلىلەر ئىشلىتىدىغان سۇ تېجەش قۇرۇلمىسى (02233675.3) ، ئىسسىقلىقى يۇقىرى، شامال يەتكۈزۈشى كۈچلۈك قوش پارقازان (02229829) ، نېفىت ئۆلچەش سايمانلىرى ساندۇقى (02234477.2) ، ئېلېكترونلۇق توك يولىنىڭ سۇدىن ساقلاش ئەسۋابى (02230586.6) .

تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىلىرى نامى (92 تۈر) ئوراش-

قاپلاش خالتىسى (ئالاھىدە بېلىق) (02301978.6)، پىراقتىن سىمسىز ئۇلىنىپ تىزگىنلىنىدىغان ئېرمىنال (1) (02301943.3)، بوتۇلكا بەلگىسى (باپراق بەلگىلىك سوۋغات ھارىقى) (02301984)، قاپلاش قۇتىسى (1) (02302214)، ئوراش ـ قاپلاش خالتىسى (1) (02301630.2)، ئوراش ـ قاپلاش خالتىسى (2) (02301631)، پىراقتىن سىمسىز ئۇلىنىپ تىزگىنلىنىدىغان ئېرمىنال (3) (02301944.1)، پىراقتىن سىمسىز ئۇلىنىپ تىزگىنلىنىدىغان ئېرمىنال (2) (02301964.6)، ئوراش ـ قاپلاش خالتىسى (02304306.7)، مىللىيچە گۈزەللىشىدىكى يەلپۈگۈچ (گۈللۈك، يىپەك يەلپۈگۈچ)، (02301973.5)، گۈللۈك شار (02304023.8)، بوتۇلكا بەلگىسى (ئانار سوۋغات ھارىقى) (02301983.2)، بوتۇلكا بەلگىسى (ئېسىل سوۋغات ھارىقى) (02301985.9)، ھاراق قۇتىسى (2) (02327815.3)، قاپلاش قۇتىسى (تەڭرىتاغ ساقلانغان ھارىقى) (02330163.5)، ھۈنەر ـ سەنئەت قوي كاللىسى (02301886)، خالتا (02304044)، مىللىيچە پىچاق (يېڭىسار قەلەمتىراچى (5) (02308504.5)، ئىچىملىكنى يېڭى پېتى ساقلاش بوتۇلكىسى (02308314.X)، قورۇماس پىلاستىك ماگنىتلىق لېنتا (1) (02304602.3)، قوغۇن ساندۇقى (02304673.2)، ئوراش ـ قاپلاش خالتىسى (02304988.X)، شارغا ئىشلىتىدىغان ئېلان تاختىسى (02304934)، پىرسلاپ چاسلانغان بىدە يەم ـ خەشىكى (02306694.6)، قاپلاش قۇتىسى (تېز ئۆسەر بىدە مايسىسىنىڭ) (02306696.2)، بەدىئىي ئادەم ھەيكىلى (داموللا) (02305289.9)، تەشۋىق ۋەرەقىسى (بىدە مايسىسىنىڭ) (02306695.4)، پېچىنە ـ پىرەنىك تەخسىسى (02308617.3)، ئوراش ـ قاپلاش خالتىسى (02305407.7)، بەدىئىي ئادەم ھەيكىلى (كېرىيىلىكلەر) (02305287.2)، بەدىئىي ئادەم ھەيكىلى (مۇزىكا مەستانىسى) (02305288)، ھاراق بوتۇلكىسى (02305829.3)، قاپلاش ساندۇقى (مۇناقى ئۈزۈمىنىڭ) (02304971.5)، ئوراش ـ قاپلاش خالتىسى (گازىرنىڭ) (02300055.4)، ئوراش ـ قاپلاش خالتىسى (02302204.3)، خەتلەرنى گۈزۈۋېپلاش سېھىرىي كۆپىكى (02305519.7)، مۇز پەنجە (02301704.X)، سۇلياۋ تولۇك (جەنۇبىي قۇتۇپ يۇلتۇزى توڭلاشتىن ساقلاش سۇيۇقلۇقىنىڭ) (02305570.7)، پلاستىك ماگنىتلىق لېنتا (3) (02304604.X)، تولۇك چۈگۈن (2) (02325724.5)، تولۇك چۈگۈن (1) (02325725.3)، تولۇك چۈگۈن تەگلىكى (02325723.7)، تېلېۋىزورنىڭ سىمسىز تىڭشىغۇچى (1) (02322588.2)، تېلېۋىزورنىڭ سىمسىز تىڭشىغۇچى (1) (02322859)، تارغاق (02303817.9)، سالامەتلىككە پايدىلىق ئۇۋۇلاش پەلىيى (پايپاق) (02306266.5)، ھاراق بوتۇلكىسى (02308869.9)، خەت، سانلارنى ئۆگىنىشنىڭ يۈرۈشلۈك تاختىسى (02308951.2)، قاپلاش قۇتىسى (تەڭرىتاغ ئىشقى) (02330164.3)، بىرخىل ماركا بەلگىسى (02303818.7)، ھاراق بوتۇلكىسى (ئىلى ساقلانغان ھارىقى) (02301803.8)، قاپلاش قۇتىسى (A) (02300003.1)، قاپلاش قۇتىسى (2) (ئىلى 8 يىللىق ساقلانغان ھارىقى) (02301802.X)، قاپلاش قۇتىسى (ئىلى 8 يىللىق ساقلانغان ھارىقى) (02301804.6)، قاپلاش خالتىسى (2) (02304002.5)، ھۈنەر ـ سەنئەت كالا بېشى (02301888.7)، ماركا بەلگىسى (02304092)، قاپلاش قۇتىسى (ناچىز خېنىمنىڭ) (02304970.7)، ھۈنەر ـ سەنئەت ئۆچكە بېشى (02301887.9)، بىر قېتىملىق تاماق قاچىسى (02308592.4)، قاپلاش قۇتىسى (سەنئەتىي قاراقات ھارىقىنىڭ) (02329854.5)، ھاراق قۇتىسى (02332530.5)، يېمەكلىك ماركا بەلگىسى (02309053.7)، گازىر خالتىسى (شىنىا) (02327659.2)، گازىر خالتىسى (8 خىل پۇراقلىق) (02327915.X)، قورۇماس پلاستىك ماگنىتلىق لېنتا (2) (02304603.1)، پىرسلاپ تاسلانغان بىدە يەم ـ خەشەك (02306451.X)، قاپلاش قۇتىسى (BOB سىر) (02308573.8)، ھاراق قۇتىسى (شىنجاڭ سوۋغىتى) (02309544.X)، قاپچا (02301889.5)، ئوراش ـ قاپلاش خالتىسى (13 خىل پۇراقلىق تېتىتقۇنىڭ) (02308559.2)، ئوراش ـ قاپلاش خالتىسى (گازىرنىڭ تەڭرىتاغ قەغىزى خالتىسى) (02327919.2)، تەييار چۆپ ئوراش قەغىزى (02329858.8)، بىگىزلىك ئامبۇر (02329029.3)، قار لەيلىسى قۇتىسى (02328697)، بۇغا قامچىسىنى قاپلاش قۇتىسى (02328698.9)، قاپلاش قۇتىسى (بەش يۇلتۇزلۇق سەنئەتىي ساقلانغان ھارىقى) (02329856.1)، ئوراش ـ قاپلاش خالتىسى (02329549.X)، قار لەيلىسى سوۋغات قۇتىسى (02328699.7)، ئوراش ـ قاپلاش خالتىسى (قورۇتۇلغان ئات گۆشىنىڭ) (02331923.2)، مىللىيچە ھۈنەر ـ سەنئەت پىچىقى (يېڭىسار پىچىقى) (02329267.9)، ھاراق ۋە ئىچىملىك قاچىسى (02305526.X)، چولاق چىلان قاپلاش قۇتىسى (02309008.1)، ئوراش ـ قاپلاش خالتىسى (02328366.1)، ماركا بەلگىسى (02332533.X)،

ياۋا قار لەيلىسى سوۋغات قۇتىسى (02331987.9)، چىراغ ساندۇقى شەكلىدىكى ئەخلەت ئايرىش تۇڭى (02335329.5)، بېسىپ گۈل چىقىرىپ يىپ ئېگىرىشكە ئىشلىتىلىدىغان قەغەز نەيچە (02330999.7)، ھاراق قۇتىسى (شىنجاڭ ياغىشى) (02309545.8)، ياۋا قار لەيلىسى قاپلاش قۇتىسى (02331988.7)، قاپلاش قۇتىسى (مەنتەي ساقلانغان مارتىنساڭ) (02331997.6)، ماركا بەلگىسى (02331964.X).

خې يىڭگو

# پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش - كېڭەيتىش

## پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى

2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشچىلىقىدا، پەن-تېخنىكا، يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق 20 دىن كۆپرەك تارماقتىن 100 دىن ئارتۇق كىشى ئىلى ئوبلاستىغا بېرىپ «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» مۇلازىمىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئۇلار غۇلجا شەھىرىنىڭ باياندای بازىرى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ چىڭگىسخوزا بازىرى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ چۆلۆقاي يېزىسى، چاپچال ناھىيىسىنىڭ ناداچىنىرۇ (پەتتە سۇمۇل) يېزىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى 66 - تۇەن-مەيدانى قاتارلىق جايلاردا پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى ئېلىپ باردى، ھەرخىل پەن - تېخنىكا ماتېرىيالىدىن 127 مىڭ نۇسخا تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە 30 مىڭ پارچە، ئۇيغۇرچە 67 مىڭ پارچە، قازاقچە 30 مىڭ پارچە، ھەرخىل كىتابتىن 2200 نۇسخا تارقىتىپ بەردى. 54 رەسىملىك تاختا، ئاسما رەسىمنى كۆرگەزمە قىلدى، يېزىلارغا ئەمەلىي تېخنىكىغا دائىر 1000 نۇسخا كىتاب، 100 قاپ VCD پلاستىنكىسى ھەدىيە قىلدى. بۇ پائالىيەتتە 50 مىڭ ئادەم/قېتىم مەسلىھەت سورىدى، 5000 ئادەم (قېتىم) سورىغان تېخنىكىغا دائىر ھەرخىل سوئاللارغا جاۋاب بەردى.

2 - نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكىنى قانات يايدۇرۇشتا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق كەلگۈسىنى يارىتىش ئاساسىي تېما قىلىندى. 2002 - يىل 5 - ئايدىكى پائالىيەت ھەپتىلىكى مەزگىلىدە، 1200 پارچىدىن كۆپرەك ھەرخىل تەشۋىقات بېتى ئىشلەندى، 4100 پارچە تەشۋىقات رەسىمى كۆرگەزمە قىلىندى، 428 قىسىم سىنئالغۇ لېنتىسى قويۇپ بېرىلدى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە پەن - تېخنىكا ماتېرىيالى ۋە شىنجاڭنىڭ دىن تەرەققىيات تارىخى، بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن 340 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى.

يېزىلارغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىدىغان يۈز كىشىلىك يېشىل دوكتورلار خىزمەت ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئاساسىي قاتلامدىكى يېزا - بازارلاردا پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت ئورنىدىن 600 نەچچىسى قۇرۇلدى، ئۇلاردا 1700 دىن كۆپرەك يېڭى پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ 70 خىلدىن كۆپرەك يېڭى سورتى كۆرسىتىلدى، مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى بويىچە 600 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەك كۈتۈۋېلىندى، 74 مەيدان (قېتىم) ھەرخىل ئاممىۋى پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇ پائالىيەتكە بىۋاسىتە قاتناشقان پەن - تېخنىكا خادىمى 1200 ئادەمگە (قېتىم) گە يەتتى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا پەن - تېخنىكا توغرىسىدا مەخسۇس دوكلات بېرىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سانجى، ئىلى ئوبلاستلىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى، ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرىگە بېرىپ رەھبىرىي كادىرلارغا مەخسۇس دوكلات بېرىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى. خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ نەسىمودۇن يېزىسىدا پەن - تېخنىكا - مەدەنىيەت بازىرى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردىكى مۇتەخەسسىسلەر، پروفېسسورلار ۋە پەن- تېخنىكا خادىملىرى پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش، پەن - تېخنىكا توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەش، پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى، پەن - تېخنىكا تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ھەرخىل ئاخبارات ۋاستىلىرى ئالتۇن ۋاقىتتا 143 خىل تەشۋىقات شوئارىنى ئېلان قىلدى، 210 قىسىم ئىلمىي تەربىيىۋى فىلىم قويدى، 14 پارچە ئوبزور ماقالىسى، 85 پارچە مەخسۇس خەۋەر ئېلان قىلدى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىققا دائىر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى بويىچە تېلېۋىزىيە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

«شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەننى

ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيەت قۇرۇلۇشى» تۈرى بولغا قويۇلدى. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىكتە 2 - نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا 1997 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بويىچە 79 ئىلغار كوللېكتىپ، 172 ئىلغار خىزمەتچىنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى ھەمدە پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىگە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تاللاپ كۆرسەتتى. 10 - ئايدا پەن - تېخنىكا نازارىتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ نازارىتى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىكتە 11 ئورۇنغا ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا ۋە تەلىم - تەربىيە بازىسى دەپ نام بەردى ۋە ۋىۋىسكا ئاستى.

ئالاقىدار خادىملار «شىنجاڭنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەرەققىياتىدىن دوكلات» (1978 — 2002 - يىلغىچە) نى تاماملاشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆزنەك تور بېكىتى بەرپا قىلىندى.

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەترىتى مەملىكەت بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ما پىڭيەن (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى)، قۇربان نىزامىدىن (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى) مەملىكەت بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا، تەلىم - تەربىيە بازىسىدىن 11 ى بارلىققا كەلدى، ئۇلار مۇنۇلار: جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت رەسەتخانىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا پائالىيەت مەركىزى، شىنجاڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىقلار كۆرگەزمىخانىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تۇرپان قۇملۇق ئۆسۈملۈك باغچىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئەۋرىشكە سارىيى، شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيىسى كۆرگەزمىخانىسى شىنجاڭ يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى ئۈرۈمچى يەر تەۋرەش ئۆلچەملىك پونكىتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت پەنلىرى ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يەرلىك كېسەللىكلەر مولېكۇلا بىئولوگىيە تەجرىبىخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىڭجىيىت دېڭىز - ئوكيان سۇ جانلىقلىرى سارىيى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەنىڭجۇي ئۇنىۋېرسال تەجرىبە مەيدانىدىن ئىبارەت.

چېن جيەنخۇا

## شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇ جىجۇننىڭ شۇجىسى شۇ شەنخياڭ، ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل قاتارلىق رەھبەرلەر ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. شۇ شەنخياڭ، ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. 14 ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 500 كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى شۇ يىلىڭ خىزمەت دوكلاتى بەردى. مەملىكەت بويىچە 24 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى يىغىنغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. يىغىن پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلاپ چىقتى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ خۇەيىۇ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلىم - پەنگە، مەدەنىيلىككە ھۆرمەت قىلىپ، نادانلىق، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇشقا دائىر رەسىم كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى. كۆرگەزمىنى 1 مىليون ئادەم (قېتىم) كۆردى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلىك قىلىش، ئاۋامنىڭ ساداسى» ناملىق پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇردى، 530 تىن ئارتۇق ئاددىي پۇقرا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپىغا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ئالىي ئەمەلدارلىرىغا خەت يېزىپ، «فالۇن گوڭبىسى» بىدئەتچىلىك تەشكىلاتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى پاش قىلدى.

جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى غەربىي قىسىم پەننى ئومۇملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ياردىمى بىلەن، تۇرپان ئۈزۈمچىلىك بازىسى، شىخو شەھەرلىك توشقان زەدىكى تېرىقچىلىق - كېڭەيتىش بازىسى، شىخو شەھەرلىك كالا - قوي بورداقچىلىق بازىسى، شىخو شەھەرلىك ھالڭ موگۈسى تېرىقچىلىق بازىسى، يەنجى ناھىيىلىك ئېكولوگىيىلىك

ساياھەت دېھقانچىلىق بازىسى، توقسۇ ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك بازىسى، سانجى شەھەرلىك سۈپەتلىك ئوت - چۆپ بازىسى، غۇلجا شەھىرى لاپاس كۆكتاتچىلىق بازىسى قاتارلىق ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇلدى، بۇ بازىلار نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەشتە ئۈلگە كۆرسىتىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى گەنجۈي بازىرىنىڭ 200 گېكتارلىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك، سۈپەتلىك، ئۆزگىچە پەن - تېخنىكا ئۈلگە بازىسى ۋە كورلا شەھىرى يېڭىشەھەر يېزىسىنىڭ مۇھاپىزەتلىك يەردىكى كۆكتات، مېۋىلىك ئورمان، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكا ئۈلگە بازىسى 2002 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە مەملىكەت بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈلگە بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەجرىبە ئۈلگە تۈرى ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە، قۇتۇبى ناھىيىسى بىلەن سانجى شەھىرىدە دېھقان - چارۋىچى تېخنىكا خادىملىرىنى باشلانغۇچ دەرىجىلىك، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە تەربىيىلەش تۈرىنى يولغا قويۇپ، شۇ يەردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. 2 ناھىيە، شەھەر 700 دېھقاننى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئىنستىتۇتىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. سانجى ئوبلاستىدىكى قالغان ناھىيە، شەھەرلەرمۇ 1810 دېھقاننى ئالاقىدار مەكتەپلەرگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

پەن - تېخنىكا، مائارىپنى مەھەللىلەردە ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھەيتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، بايرام كۈنلىرىدىكى ئۇزاق دەم ئېلىش ۋاقتى ۋە خەلقئارالىق خاتىرىلەش كۈنلىرىدە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كۈچلىرى شەھەرلەردىكى مەھەللىلەردە ھەرخىل پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. شىنجاڭ پاشاغانلار سالامەتلىكنى ساقلاش ئىلمىي جەمئىيىتى مۇشۇ بىر يىلدا سالامەتلىكنى ساقلاش بىلىملىرى دوكلات يىغىنىدىن 100 قېتىمدىن كۆپرەك ئۆتكۈزدى. ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە قاتارلىق شەھەرلەر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مەيدانلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، مەخسۇس پەننى ئومۇملاشتۇرۇش لېكسىيىسى، پەن - تېخنىكا دوكلات يىغىنى، پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش، پەن - تېخنىكا كۆرسى ئېچىش، بايرام كۈنلىرى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمىسى ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى.

2002 - يىلى «پەن ۋە تۇرمۇش»، «بىلىم - كۈچ» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) دىن 16 سان 110 مىڭ نۇسخا، «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلىدىن 6 سان 4000 نۇسخىدىن ئارتۇق نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. «يېزىلاردا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە) ئەمەلىي تېخنىكا قوللانمىسىدىن 6 سان، 20 مىڭ نۇسخا تۈزۈپ باستۇرۇلدى، باشقا تىللاردا نەشر قىلىنغان ئەمەلىي تېخنىكا قوللانمىسى ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماتېرىيالىدىن 30 خىلدىن كۆپرەك 200 مىڭ پارچە تارقىتىلدى. 6 قىسىملىق ئەمەلىي تېخنىكا سىنئالغۇ فىلىمى سۈرەتكە ئېلىندى، بۇنىڭدىن «نامراتلىقتا جاڭ ئېلان قىلايلى» دېگەن فىلىم شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا قويۇلدى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## 13 - نۆۋەتلىك «قىشلىق پەن - تېخنىكا» پائالىيىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن قانات يايدۇرۇلغان 13 - نۆۋەتلىك «قىشلىق پەن - تېخنىكا» پائالىيىتىدە، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنىپ، ئەمەلىي بولۇش، پايدىلىق بولۇش، ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئەمەلىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ئاساسىي ۋاستە قىلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە مول مەزمۇنلۇق، كۆپ خىل شەكىللىك، جانلىق تىپتىكى تەشۋىقات، تەربىيە پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. پائالىيەت مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە 21 مىڭ 498 قارار ھەرخىل ئەمەلىي تېخنىكا كۇرسى ئېچىلدى، 2 مىليون 128 مىڭ 800 دېھقان - چارۋىچى (قېتىم) تەربىيىلەندى، 1 مىليون 35 مىڭ پارچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماتېرىيالى تۈزۈلۈپ بېسىپ تارقىتىلدى، 30 مىڭ 132 مەيدان (قېتىم) پەن - تېخنىكا كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمى قويۇلدى، دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ كۆپ قىسمى بىردىن ئىككىگىچە ئەمەلىي تېخنىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىۋالدى. يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئەمەلىي تېخنىكا ۋە بازار ئىگىلىكى بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش پىلانى داۋاملىق يولغا قويۇلدى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە 37 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 108 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## 2 - نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۈستىگە ئالغان 2.




2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق كەلگۈسىنى يارىتايلى دېگەن مەزمۇندا چوڭ تىپتىكى تەشۋىقات - مەسلىھەتچىلىك پائالىيىتى ئېلىپ باردى. سۈرەتتە: خىزمەتچى خادىملار ئاممىغا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرىنى تونۇشتۇرماقتا.

سۈرەتنى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەمىنلىگەن.

ئۇزۇنلۇق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋاڭ خۇيبيۇ ۋە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىق 79 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ياڭ كېشۇ قاتارلىق 172 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە پەن - تېخنىكا كەلگۈسىنى يارىتىمىز دېگەن مەزمۇندا چوڭ تىپتىكى تەشۋىقات، مەسلىھەتچىلىك پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ پائالىيەتكە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، شەھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قارمىقىدىكى 80 دىن ئارتۇق ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيىتى، 10 نەچچە پەن تەتقىقات يۇرتى، ئورنى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن كەلگەن مۇتەخەسسىس ئالىملاردىن بولۇپ 1000 غا يېقىن كىشى قاتناشتى. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەترىتى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش چوڭ ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات پائالىيىتىگە قاتناشتى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 100 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش رەسىم كاردورى ياسىدى؛ 12 تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى 100 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس نەق مەيداندا ئاممىنىڭ كېسىلىنى كۆردى ۋە داۋالىدى. بۇ پائالىيەتكە 10 مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشتى. پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى مەزگىلىدە، ھەرقايسى پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى مول مەزمۇنلۇق، كۆپ خىل شەكىللىك پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەترىتى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماشىنىسى بىلەن سانجى ئوبلاستىدىكى 7 ناھىيە، بىر شەھەر ۋە تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرگە بېرىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە سەييارە پائالىيەت ئېلىپ باردى، 2000 كىلومېتىرغا يېقىن مۇساپىنى بېسىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 40 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب، ماتېرىيال تارقاتتى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 100 پارچە ئاسما رەسىمنى 16 مەيدان (قېتىم) كۆرگەزمە قىلدى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى 12 مەيدان (قېتىم) كۆرسەتتى، پەن - تېخنىكا كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى 13 مەيدان (قېتىم) كۆرگەزمە قىلىپ قويدى، نەپ ئالغان ئامما 25 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا خىزمەت قىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن دېھقانچىلىق نازارىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتا پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش بويىچە بىرقاتار پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى داۋانچىڭ قۇرۇلۇش رايونىنى مەركەز قىلىپ، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەردىكى ئىلمىي جەمئىيەت تەركىبىدىكى مۇتەخەسسىس - ئالىملارنى تەشكىللەپ، داۋانچىڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈستىدە مۇھاكىمە ۋە دەلىللەش ئېلىپ بېرىپ، داۋانچىڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى بىلەن ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساس قىلىنغان تەرەققىيات پىكىر يولى ۋە يولغا قويۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ لايىھەنى داۋانچىڭ رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق ھۆكۈمەت

قوبۇل قىلدى. ئىلى ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى «زىبەر» ۋە «بەردەنبەر داڭدار» قاتارلىق باشلامچى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك خام ئەشيالىرىنى چۆرىدەپ، مۇتەخەسسىسلەرنى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئالاقىدار مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «زاۋۇت، ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت ھەرىكىتى» دە 45 ئورۇن جۈپ بولۇپ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. قاراماي شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئالاقىدار ئىلمىي جەمئىيەت ۋە كارخانىلارنى جۈپ بولۇپ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا تەشكىللىدى، ئىشلەپچىقىرىشتىكى تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى مەركەز قىلىپ، ئەقىل - پاراسىتىنى توپلاپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، بىر تۈركۈم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شىنجاڭ تۇپراق، ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ئالاقىدار كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۇپراقنى ئۆلچەپ رېتسېپ تەييارلاش، ئوغۇتلاش تېخنىكىسىنى نەق مەيداندا كۆرسىتىش، تۇپراق، ئۇسۇملۇك، ئوزۇقلۇق، ئوغۇت ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بىخەتەرلىكىنى مۇھاكىمە قىلىپ دەلىللەش ئارقىلىق 15 ئوغۇتچىلىق كارخانىسىغا تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

«ئالتۇن كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى» چوڭقۇر يولغا قويۇلۇپ، غايە سۆزلەش، تۆھپە سېلىشتۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. تاماملانغان تۈر توختامى 423 كە، توختام سوممىسى ئازكەم 100 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ 224 خىل تېخنىكا يېڭىلاش تۈرى تاماملىنىپ، 50 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى. مەملىكەت بويىچە 9 - نۆۋەتلىك غايە سۆزلەش، تۆھپە سېلىشتۇرۇش پائالىيىتىدە، شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتى ئىلغار كوللېكتىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدىكى ۋاڭ يى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا پائالىيىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 20 - نۆۋەتلىك ئىلىم - پەننى سۆيۈش ئېيى پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. پائالىيەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى «چوڭلار بىلەن كىچىكلەر قول تۇتۇشۇپ» يېڭى پەن - تېخنىكىنى ئۆگىنىپ، كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشتىن ئىبارەت بولدى. تەشۋىقات پائالىيىتى ئارقىلىق نەپ ئالغانلار 400 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، 150 مىڭدىن كۆپرەك پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماتېرىيالى تارقىتىلدى، 200 قېتىمدىن كۆپرەك ھەرخىل تەربىيىلەش، لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 10 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ياشلار - ئۆسمۈرلەردىن مەكتەپ سىرتىدا تەربىيىلەنگەن بالىلار 50 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۇچۇرشۇناسلىق (كومپيۇتېر) ئولىمپىك شۆبە رايونىنىڭ بىرلەشمە مۇسابىقىسى بويىچە شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىنىڭ تۈنجى مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئىلى ئوبلاستى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 1180 ياش - ئۆسمۈر مۇسابىقىگە قاتناشتى، ئاپتونوم رايوندىكى كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسلىرى ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش - باھالاش ئارقىلىق، ئۆستۈرۈش گۇرۇپپىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 5 نەپەر، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 15 نەپەر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 17 نەپەر، ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 5 نەپەر، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 9 نەپەر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 7 نەپەر ئوقۇغۇچىنى باھالاپ چىقتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ كوللېكتىپ 1 - لىككە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى مائارىپ كومىتېتى، مايتاغ 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا، تەلىم - تەربىيە بازىسىغا نام بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، پەن - تېخنىكا نازارىتى، مائارىپ نازارىتى بىرلىشىپ «ئاپتونوم رايون بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا، تەلىم - تەربىيە بازىسىغا نام بېرىشكە يوللاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى ھەمدە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ھەرقايسى بازىلار يوللىغان ماتېرىياللارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ تاللاپ چىقتى، 11 ئورۇنغا تۈنجى تۈركۈمدە «ئاپتونوم رايون بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا، تەلىم - تەربىيە بازىسى» دەپ نام بېرىلدى. 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت پەنلىرى ئىنستىتۇتىدا ۋىۋىسكا بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## «چوڭلار بىلەن كىچىكلەر قول تۇتۇشۇش» — ھاياتلىق پەنلىرى بىلەن تونۇشۇش بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مۇنبىرى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي جەمئىيەت بۆلۈمى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 10 ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 10 ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپنى «چوڭلار بىلەن كىچىكلەر قول تۇتۇشۇش» ھاياتلىق پەنلىرى بىلەن تونۇشۇشقا دائىر بىرقاتار پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مۇنبىرى پائالىيىتىنى بىرلىكتە قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇردى. شىنجاڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، مۇھىت پەنلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، ئالدىنى ئېلىش - تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، ئېكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، فىزىئولوگىيە پەنلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ئىلمىي جەمئىيىتى، كومپيۇتېر ئىلمىي جەمئىيىتى، ئۆسۈملۈك ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1-، 2-، 5-، 6-، 8-، 11- ئوتتۇرا مەكتەپلەر، 42- باشلانغۇچ مەكتەپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئوتتۇرا مەكتىپى، پېداگوگىكا مەكتىپى بىلەن جۈپ بولدى. 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پائالىيەتنى باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ھەرقايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار مەكتەپلەرگە كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، مەكتەپلەرگە پەن - تېخنىكا پائالىيىتىگە دائىر تېمىلارنى بېكىتىپ بەردى، ئوقۇغۇچىلارغا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا دوكلات بەردى، لېكسىيە سۆزلىدى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ۋە يازلىق پەن - تېخنىكا لاگېرى پائالىيىتى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇردى. ياشلار-ئۆسمۈرلەرنى، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن چىقىپ پەن تەتقىقات بازىسى ۋە تەجرىبىخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. ئوقۇغۇچىلار پەن - تېخنىكىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئىلمىي تەجرىبە جەريانىنى بىلىۋالدى ۋە ئىگىلىۋالدى ھەمدە ئالىملار بىلەن سۆزلىشىش، ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى، ئالىم - پروفېسسورلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ھاياتلىق پەنلىرى بىلەن تونۇشۇش»قا دائىر كىچىك ھەجىملىك پەن - تېخنىكا ئىلمىي ماقالىلىرىنى يېزىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان مەكتەپلەر ئوخشاش بولمىغان تېما ۋە مەزمۇنلاردا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش، نۇتۇق سۆزلەشكە ئوخشاش پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى، بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە نەچچە 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە ھاياتلىق پەنلىرى بىلەن تونۇشۇشقا دائىر 10 مەيدان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مەخسۇس مۇنبىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا مۇنبىرىگە 3500 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. مۇتەخەسسىس، ئالىملار مەكتەپلەردە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا 16 مەيدان (قېتىم) دوكلات بەردى ۋە لېكسىيە سۆزلىدى، ئاڭلىغانلار 5000 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

ژاڭ چاڭفۇ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەملىكەتلىك 17 - نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تاللانغان 17 مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا تۈرى، 7 مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا ئەمەلىيەت تۈرى، 30 پارچە ئىلمىي فانتازىيىلىك رەسىم ئەسەرلىرى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەملىكەتلىك 17 - نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى. 10 تۈر مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا تۈرى مۇكاپاتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇلاردىن بورتالا شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن لىبې شياڭ، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋاڭجياگو نېفىت ئىگىلىكى مەكتىپىدىن مەرھابا، كۈنەس ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۇرسۇنبەگ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بۈگۈر ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن لى ياڭ، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتى 4 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن شۈ پېڭ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن يېن چېن، گېڭ ۋېي، گۈچۈڭ ناھىيىسى دۆڭۋەن بازىرى ئوتتۇرا مەكتىپىدىن لى جيەن، شىخەنزە شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن سۇڭ جيەنلېي، بايىنغولىن ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدىن ياڭ يەنتىڭ، بورتالا شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئۇرنا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بورتالا شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ليۇ ئەنبېي مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا ئوقۇتقۇچىسى مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا مەركىزى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە 3 باشلانغۇچ مەكتەپ مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2002 - يىلى مەملىكەت بويىچە «ئەتىكى كىچىك ئالىملار»نى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە، ئاپتونوم رايون

بويىچە 5 ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە ئىسمى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ئىلىم - پەن مۇنبىرى

2002 - يىلى 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس- مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ دېھقانچىلىق گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ تۇنجى گۇرۇھى مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرى بويىچە ئىلىم - پەن مۇنبىرى ئۇيۇشتۇردى، 60 تىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ باردى ھەمدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ سۇندى، بۇ تەكلىپ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. كۆپلىگەن تەكلىپلەرنىڭ مەزمۇنلىرىنى 9 - ئايدا چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق خىزمىتى يىغىنى قوبۇل قىلدى. شىنجاڭ خۇاشىدەن دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتىدە چاقىرىلغان ياش ئالىملار بىلەن كارخانىچىلارنىڭ سەمىمىي سۆھبەت يىغىنى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق تەجرىبىخانا تەرەققىيات مۇنبىرى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي ئەمەلىي تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەتقىقاتى سەۋىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، تېخىمۇ كۆپ ياش پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى نۇقتىلىق تەتقىقات مەزمۇنى ۋە تەتقىقات يۆنىلىشىنى ئىگىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە غەربنىڭ گازى - غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە جۇڭگونىڭ نېفىت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى مۇنبىرى ئۆتكۈزدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى، جۇڭگو نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش باشلىقى ئاكادېمىك چيۇ جۇڭجيەن ئۆمەك باشلاپ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە ئىلمىي دوكلات بەردى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئۆز ئالدىغا ياكى بىرلىشىپ 142 قېتىم نۇقتىلىق ئىلىم يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 8000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، 6400 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، 43 خىل 150 سان پارچىدىن كۆپرەك قەرەللىك ژۇرنال نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. «شىنجاڭنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى»، «شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيىسى»، «قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى» قاتارلىق قەرەللىك ئىلمىي ژۇرناللار مەملىكەت ئىچىدە خېلى زور شۆھرەت قازاندى ۋە تەسىر پەيدا قىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 60 تىن كۆپرەك پەن - تېخنىكا خادىمى مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 4 - قېتىملىق يىللىق ئىلىم يىغىنىغا ۋە غەربىي قىسمىنىڭ پەن- تېخنىكا، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇنبىرىنىڭ 5 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى؛ ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، مائارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىكتە تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ستۇدېنتلىرى ئىلىم بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى، ستۇدېنتلارنىڭ مۇنازىرىلىشىش مۇسابىقىسى، ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسى، ماھارەت مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى.

ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى جەمئىيەت خىزمىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتتى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 16 ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىنى تاماملىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. 20 دىن ئارتۇق ئىلمىي جەمئىيەت ئەسلىدە ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالغان قىسمەن خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا باشلىدى، شىنجاڭ ئۆلچەم - سىناش ئىلمىي جەمئىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ماي قاچىلاش ماشىنىلىرىغا باج كونترول قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىشنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، شىنجاڭ تېببىي ئىلمىي جەمئىيىتى داۋالاش ۋەقەسىنى باھالاش، داۋاملىق تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى، شىنجاڭ روھىي گىگېنا ئىلمىي جەمئىيىتى پسىخولوگىيىدىن مەسلىھەت بەرگۈچى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش، باھالاش، گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## شىنجاڭ 4 - نۆۋەتلىك ياشلار يىللىق ئىلىم يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئېچىلدى، يىغىندا يېڭى ئەسىر، يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىس — بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن سىجىل تەرەققىي

قىلدۇرۇش ئاساسى تېيار قىلىنىپ، مەخسۇس تېمىدا دوكلات بېرىلدى ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. 560 تىن ئارتۇق ھەر مىللەت ياش پەن ـ تېخنىكا خادىمى، ئۈلكە دەرىجىلىك 9 رەھبىرى كادىر ۋە ئاكادېمىك يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جېنشياڭ «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم» دېگەن تېمىدا ۋەزىيەت دوكلاتى بەردى. جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاكادېمىك جۇ گاۋفېڭ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى قىسمەن ياش ئالىملار يىغىندا مەخسۇس دوكلات بەردى.

يىللىق يىغىندا 900 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى ئارقىلىق، 465 پارچە ماقالە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭ 4 ـ نۆۋەتلىك ياشلار يىللىق ئىلىم يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» (1 ـ، 2 ـ قىسىم، 2 مىليون 500 مىڭ خەتلىك) كە كىرگۈزۈلدى. بۇ نۆۋەتلىك يىللىق يىغىن ئىلمىي ھەيئىتى 60 پارچە ئىلمىي ماقالىنى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا باھالاپ چىقتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ئاپتونوم رايون بويىچە 7 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر تەبىئىي پەن ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاش پائالىيىتى

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 7 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر تەبىئىي پەن ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەت (جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيىتى) لەر ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيەتلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ پەن تەتقىقات باشقارمىلىرى يوللىغان 444 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇلاردىن 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 20 پارچە، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 65 پارچە، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 133 پارچە ماقالە تاللاندى.

**قوشۇمچە:**

**1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى:**

$M/M^B/1$ ئوپېراتورىنىڭ يېشىم ئۇقتىسى (غېنى قۇربان)، دەرەخلەرنىڭ يىل ھالقىسىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى يېقىنقى 348 يىلدىن بۇيانقى ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنى قايتىدىن تۇرغۇزۇش (يۈەن يۈجياڭ، لى جياڭفېڭ، جاڭ جياباۋ)، ناندىنا ئىمپۇلس پۇلتۇزىنىڭ تېز ئۆزگىرىشى (ۋاڭ نا، R. N. ManchesterR. T. Pace قاتارلىقلار)، يېڭى تىپتىكى 2 ـ فېنىل — 1،2،3 — ترىئازولىلىنىڭ 1،5 — بېنزولى ھەمدە فوسفورلۇق ئازوت ئارىلاشمىسى ۋە ئۇنىڭ — β لاكتام بىئولوگىيىلىك بىرىكمىسى (لىيۇ فاڭمىڭ، ۋاڭ باۋلېي، جاڭ جېڭفاڭ قاتارلىقلار)، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى بوستانلىق پەر پېينچىسىنىڭ ئۆزگىرىشى (دىڭ جيەنلى، تاشپولات تىيىپ، شيۇڭ خېيگاڭ)، جەنۇبىي ۋۇسەيۈەندىكى خام نېفىتنىڭ ئېقىش ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنى ئورۇۋا بىلەن يەڭگۈزۈپ بېرىش (چېن جۈن)، CDG يېلىمنى تەگشەش تېخنىكىسىغا ماس كېلىدىغان پايدىلىق شارائىت — جەنۇبىي ۋۇسەيۈەن نېفىتلىكى سەنگۇڭخې گورۇپپىسىدىكى نېفىت ئۇۋىسى مىسال قىلىندى (لى شىڭشۈن، جاڭ ۋۇ، شېن نەن)، نېفىت ئۇۋىسى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆيۈك تاغ نېفىتلىكىنى ئېچىش ئۈنۈمىنى ياخشىلاش (شۇ شۈچياڭ، چېن شۇشياڭ، ۋەن ۋېنشياڭ)، نەيچىسىمان توقۇلغان شەكىللىك دېتاللارنىڭ قۇرۇلمىسىنى لايىھىلەش ۋە ئۇنى ياساش تېخنىكىسى (ۋې خۇڭلېي، بې ۋېي، ۋاڭ لىخۇڭ)، رېزىنلىق قالپاقلىق گايكا ۋە ئۇنىڭ يېڭىچە لايىھىسى (لى شياۋيۈن، فېڭ دېيەن، ياڭ يۇڭخۇڭ)، سەنتاڭخۇ ئويمانلىقىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك يېتىلمىگەن نېفىتنىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭ گېئوخىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى (ۋاڭ جىيۇڭ، ۋاڭ يەنجاۋ، جاۋ جاڭيى)، قويىنىڭ BLG گېنى 5′ ۋە 3′ بويىچە تەگشەپ تىزگىنلەنگەن دائىرىسىدىكى كلون ۋە ئۇنىڭ تىزگىنلەنگەن GFP گېنىنىڭ سۈت بېزى ھۈجەيرىسىدە ئىپادىلىنىشى (لىيۇ مىڭجۈن، لى ۋېنرۇڭ، ۋۇ جيەن قاتارلىقلار)، شىنجاڭدا يۇقىرى ھوسۇللۇق يازغى بۇغداينىڭ ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات (ۋۇ جىنلۇ)، ئەشپۇت مېۋىسى پىشىشنىڭ چېكىنىش جەريانىدىكى 4 خىل ئىچكى مەنبەلىك ھورموننىڭ ئۆزگىرىشى (يۈەن شياۋ، ۋاڭ چياڭ، جۇ جياڭمىڭ قاتارلىقلار)، شىنجاڭدا كېۋەزنى يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈشنىڭ فىزىئولوگىيىلىك كۆرسەتكۈچى ئۈستىدە تەتقىقات (ۋاڭ كېرۇ، لى شياۋكۈن، سۇڭ گۇاڭجېي قاتارلىقلار)، شىنجاڭدا يۇقىرى ئۆلچەملىك ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە تېخنىكا يۈنىلىشى (خۇ يىڭ، ما جىنمىڭ)، يۈرەك دالانچە ـ قېرىنچىسىدىكى ئىككى يولنى بوغقاندا يۈرەكنىڭ قايتما خاراكتېرلىك زىيادە تېز سوقۇشى بىلەن يۈرەك قايتما خاراكتېرلىك تېز سوقۇشقا دالانچە ـ قېرىنچىدىكى تاجىسىمان ۋىنانىڭ ھالىتىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش (مۇقىيات، جياڭ زۇنىڭ، ما يەدەن)، سۆڭەك ئەزالىرىنى بالىياتقۇ سىرتىدا يېتىلدۈرۈش مېتودولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (لىيۇ كەيتەي، ما لىيىڭ، لى لىڭجى)، ئاق قان ھۈجەيرىسى ئېلېمېنتى — 1 گېنىنىڭ كۆپ ھالەتلىك

خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاستا خاراكتېرلىك چىش پاللۇغى يۇقۇملىنىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى (جۇڭ لياڭجۈن، جاڭ ۋېنخۇي، جاڭ جىنمەي)، مۇجەيرە، دانچە ئېخنوكوككى لىچېنكىسىغا قارشى قايتىدىن سۈنئىي بىرىكتۈرۈلگەن B تىپلىق ئانتىگېننىڭ تاق زەنجىرلىك ئۆزگىرىشچان ئانتىتېلاسىنى تاللاش، ياسالاش ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشى (چېن شىنخۇا، ۋېن خاۋ، جاڭ ياۋشىن).

ۋاڭ چاڭفۇ

## «تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تەكشۈرۈش بويىچە مىڭ چاقىرىملىق سەپەر» پەننى ئومۇملاشتۇرۇش سەييارە كۆرگەزمىسى

بۇ پائالىيەتنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۇيۇشتۇردى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتى، تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، ھەرقايسى جايلاردىكى قاتارلىق ئورۇنلار ھەمكارلاشتى. بۇ پائالىيەت 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە تارىم دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مۇساپىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۈستى ئوچۇق ماشىنا بۇ پائالىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا يېتىپ باردى. «تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تەكشۈرۈش بويىچە مىڭ چاقىرىملىق سەپەر» دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكەللىرى پىلانىدىكى غەربىي قىسىمدا پەننى ئومۇملاشتۇرۇپ، بايلىقنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تەتقىقات تۈرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭغا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەسئۇل بولدى. بۇ پائالىيەتتە كۇچا، توقسۇ، ئاقسۇ، بۈگۈر، كورلا، لوپنۇر، چاقىلىق قاتارلىق ناھىيە - شەھەرلەر بېسىپ ئۆتۈلۈپ، تەخمىنەن 4000 كىلومېتىر مۇساپە بېسىلدى. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمىسى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش لېكسىيىسى، پەن - تېخنىكا لېكسىيىسى، ئىلمىي تەربىيىۋى فىلىملەرنى قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 30 خىلدىن كۆپرەك 200 مىڭ پارچە ماتېرىيال تارقىتىلدى، تەشۋىقات، تەربىيىنى قوبۇل قىلغانلار 21 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

يىن جىڭيۈەن

## پەن - تېخنىكا سارىيىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئاۋازلىق، ئوپتىكىلىق، ئېلېكترلىك، ماگنىتلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمىسى، پەن - تېخنىكا شادلىق سەيناسى، «چېگرا رايون خەلقى پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ» ناملىق ھۈسنىخەت، گۈزەل - سەنئەت كۆرگەزمىسى ۋە «1 - ئىيۇل» نى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن شىنجاڭ پاشانغانلار «كۆچمە لوڭقا» ھۈسنىخەت ۋە رەسىم مۇسابىقىسى ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى، 16 - قۇرۇلتاينى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن پېشقەدەم كادىرلار ھۈسنىخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى، دېھقانلارنىڭ يۇغداي ئەتجىس رەسىمى ۋە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇردى. ئېكىسكۇرسىيە قىلغانلار 30 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ۋە ھەرخىل يىغىنلاردىن 47 مەيدان (قېتىم) دا 6000 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋالدى؛ توشقان زەدىكىنى ئۈستۈرۈش تېخنىكىسى، كومپيۇتېرنى قوللىنىش تېخنىكىسى ۋە باشقا ھەرخىل كۇرسلاردىن 15 قارار ئېچىپ، 6500 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش لوڭقىسى» دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن-تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى بويىچە تېلېۋىزىيە مۇكاپاتلىق مۇسابىقە پائالىيىتى

بۇ پائالىيەت 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى باشچىلىق قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، پەن - تېخنىكا نازارىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى، دېھقانچىلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى، چارۋىچىلىق نازارىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى باشقۇردى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى ئۈستىگە ئالدى. بۇ پائالىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ 1 - قانىلىدا پۈتۈن مەملىكەتكە ئۇلاپ كۆرسىتىلدى، بۇ مۇسابىقىنى كۆرگەن ئاما 1 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 16 ۋەكىللەر ئەترىتى مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىخەنزە شەھىرى كوماندىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بورتالا ئوبلاستى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتى كوماندىسى 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، سانجى ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە تۇرپان ۋىلايىتى كوماندىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ چاڭفۇ



2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو «بىرلەشمە خەۋەرلىشىش لوگىنى» دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى بويىچە تېلېۋىزىيە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

سۈرەتنى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەمىنلىگەن.

## قىسمەن ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

شىنجاڭ خىمىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 2002 - يىلى مەملىكەت بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىمىيە مۇسابىقىسى شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 174 ئوقۇغۇچى مەملىكەتلىك ئولىمپىك خىمىيە مۇسابىقىسى شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇلاردىن 20 كىشى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 67 كىشى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 87 كىشى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بەي شۈنىڭ قاتارلىق 5 ماھىر شىنجاڭغا ۋاكالىتەن 2003 - يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك ئولىمپىك خىمىيە مۇسابىقىسى بويىچە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا تاللاندى.

بۇ جەمئىيەت 5 - ئايدىن 11 - ئايغىچە بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ خىمىيە دەرسىگە يېتەكچىلىك قىلىش - تەربىيىلەشكە دائىر مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنى تاللاش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى.

مۇشۇ يىلدا ئىلمىي جەمئىيەت بويىچە 72 ئادەم (قېتىم) مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلمىي يىغىنلارغا قاتناشتى، 45 پارچە ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇردى. 15 قېتىم ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردى، قاتناشقانلار 1520 كىشىگە يەتتى. 130 دىن ئارتۇق تۈر بويىچە پەن - تېخنىكىدىن ھەقسىز مەسلىھەت بەردى.

شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 2002 - يىل 4 - ئايدا 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئېچىپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ باردى.

بۇ جەمئىيەت 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئېنېرگىيە گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ كانچىلىق بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە مىس، ئالتۇن، كالىي تۇزى قاتارلىق قاتتىق جىسىم قېزىلما بايلىقى ئالدىن ئاللانغان نىشانلىق رايونلار توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىش مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 17 قېزىلما بايلىق ئورنىدىن 70 تىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى، يىغىندا 34 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 — 5 - كۈنلىرى 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، كېڭەشنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىپ، يېڭى نۆۋەتلىك كېڭەشنى بارلىققا كەلتۈردى. تەخمىنەن 74 مىڭ خەتلىك بىر قىسىم مەخسۇس ئىلمىي ماقالىلەر ئەسىرىنى تەھرىرلەپ چىقتى.

بۇ جەمئىيەت يېزا ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتى، ئوتلاقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، چارۋىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، باغۋەنچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات دېگەن تېمىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە دېھقانچىلىق نازارىتى بىلەن بىرلىكتە 5 ۋىلايەت، ئوبلاست بويىچە پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مەخسۇس پويىزى» پائالىيىتىگە ماسلىشىپ، قەشقەر، بايىنغولىننىڭ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تېرىلغۇ كۆلىمى، تەبىئىي بايلىقى قاتارلىقلارغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ رەتلەپ چىقتى ۋە بۇ جايلاردا تېرىشقا باپ كېلىدىغان 13 خىل سورت، 6 خىل تېخنىكىنى تاللاپ چىقتى ھەمدە ئۇ ماتېرىياللارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نۇقتىلىق تەشۋىقات مەزمۇنى قىلدى.

شىنجاڭ ئومۇمىي يول ئىلمىي جەمئىيىتى 2002 - يىلى

1024 يېڭى ئەزا قوبۇل قىلدى. 13 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بىلەن بىرلىشىپ، 14 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ بىخەتەرلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى.

بۇ جەمئىيەت 4 ئۆلكە بىلەن بىرلىشىپ پەن - تېخنىكا قەرەللىك ژۇرنىلى — «شىمال تۇمۇربولى» نى نەشر قىلدى، يەنە «چوڭ قۇرۇلۇش كۆزۈركى» ناملىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال چىقاردى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە كۈنەس ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىيات مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، 12 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىلىرىدىن كەلگەن 50 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى، يىغىندا 96 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

بۇ جەمئىيەت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تورلىرىنى باشقۇرۇش ۋە داۋاملىق تەربىيىلەش بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك مۇھاكىمە كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 54 نەپەر پەن - تېخنىكا خادىمى قاتناشتى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بۇ جەمئىيەت ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى بىلەن بىرلىكتە قۇتۇبى ناھىيىسىدە 2002 - يىللىق چارۋىچىلىق ماشىنا مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى ۋە كۆمسەقوناقنى سىلوسلاش ماشىنىسى يەرمەنكىسى ئاچتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، كېڭەيتىش تارماقلىرى چارۋىچىلىق تارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە دېھقان ئىستېمالچىلاردىن 1500 دىن ئارتۇق كىشى يەرمەنكىگە قاتناشتى، 29 زاۋۇت كۆرسەتمىگە قاتناشتى.

2002 - يىلى «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» ژۇرنىلى 6 سان 60 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك تارقىتىلدى، بۇ ژۇرنال مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر قەرەللىك ژۇرنال دېگەن نامغا، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا قەرەللىك ژۇرناللىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇ جەمئىيەت 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىينى ئېچىپ يېڭى بىر نۆۋەتلىك كېڭەشنى سايلاپ چىقتى، نىزامنامىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى باھالاش ئارقىلىق 4 پارچە ئىلمىي ماقالىنى تاللاپ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش

ئىلمىي جەمئىيىتىگە يوللىدى.

شىنجاڭ مىللىي تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە غۇلجا شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ۋە WTO ھەم مىللىي تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى ۋە 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنى سايلاپ چىقتى. يىغىنغا 172 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا 201 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، 75 پارچە ماقالە ئالماشتۇرۇلدى.

«ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى - دورىگەرلىكى» ژۇرنىلى 4 سان نەشر قىلىنىپ، 120 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە بېسىلدى.

شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى 2002 - يىلى 600 ئەزا قوبۇل قىلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ ھازىر 2000 ئەزاسى بار، 37 ئورۇن كوللېكتىپ ئەزا بولدى.

جۇڭگو مولېكۇلا توكسىكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بىئوخىمىيە ۋە مولېكۇلا توكسىكولوگىيە كەسپىي ھەيئىتىنىڭ شىنجاڭدا ئاچقان مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئىلىم - پەن يىغىنىنى ئۈستىگە ئالدى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەشھۇر مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش، لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى، بۇلار ئىچىدە تەيۋەنلىك 6 ئالىم بار. خادىملارنى تەشكىللەپ جۇڭگو ئالدىنى ئېلىش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئونىنچى نۆۋەتلىك ئىلىم - پەن يىللىق يىغىنغا قاتناشتۇردى، 14 پارچە ئىلمىي ماقالىنى تاللاپ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزدى. لوبالىڭ چۈندۇ دورا شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ، «پۈتۈن خەلق يۈرەك - مېڭە قان تومۇرى سالامەتلىكىنى سۆيۈش قۇرۇلۇشى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

شىنجاڭ باشانغانلار سالامەتلىكىنى ساقلاش جەمئىيىتى باشانغانلارنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاشقا دائىر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى، 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر 35 نازارەت، ئىدارە، ئالىي مەكتەپ، چوڭ زاۋۇت، كان، كارخانىدا 62 قېتىم باشانغانلارنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاشقا دائىر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرىدىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى، لېكسىيە ئاڭلىغانلار 6000 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. خەلق مەيدانىدا 5 قېتىم چوڭ تىپتىكى پائالىيەت، 10 قېتىمدىن كۆپرەك ئوتتۇرا - كىچىك تىپتىكى پائالىيەت ئېلىپ باردى.

شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى 2002 - يىلى يېڭىدىن 3 ئورۇننى كوللېكتىپ ئەزالىققا قوبۇل قىلدى.

مۇشۇ يىلدا 36 قېتىم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئىلمىي ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 1236 پارچە ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇردى، بۇ پائالىيەتكە 3000 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ خام نېفىت مەھسۇلاتىنى 10 مىليون توننىدىن ئاشۇرۇش بويىچە نېفىت زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭغا 1700 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى، ئالدىنقى 1000 كىشىنى مۇكاپاتلىدى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە 11 - نۆۋەتلىك 4 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) نىڭ قويۇق نېفىت قېزىش تېخنىكىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، جۇڭگو نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 157 ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى، 29 پارچە ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى.

8 - ئايدا شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى نېفىت - گاز ساقلاش - توشۇش تېخنىكىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، 29 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە بۇ جەمئىيەت جۇڭگو نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچىدە غەربىي قىسىمنىڭ نېفىت - گازى - غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە جۇڭگونىڭ نېفىت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى مۇنبىرىنى ئۆتكۈزدى.

شىنجاڭ تۇپراق - ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە تۇپراق - ئۆسۈملۈك ئوزۇقلۇقى ۋە ئوغۇت ھەمدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىخەتەرلىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئېچىشنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ يىغىنغا جۇڭگو تۇپراقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۆسۈملۈك ئوزۇقلۇقى كەسپىي ھەيئىتى بىلەن جۇڭگو ئۆسۈملۈك ئوزۇقلۇقى ۋە ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مىنېرال ئوزۇقلۇق ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت كەسپىي ھەيئىتى رىياسەتچىلىك قىلدى.

بۇ جەمئىيەت جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە كۆپ تۈرلەر بويىچە چوڭ - چوڭ تېمىلارغا رىياسەتچىلىك قىلىپ ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئېلىپ نەتىجە قازاندى. شىنجاڭدا پاختىدىن ئىنچىكە تۈردە، سۈپەتلىك يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش ئۆلگە قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ھەمدە بۇ تۈر 2 ئاكادېمىيىنىڭ 566 نەپەر ئاكادېمىكىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق 2001 - يىلى جۇڭگو بويىچە 10 چوڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ بىرى بولدى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ۋە ئىلمىي ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ئېچىپ يېڭى بىر نۆۋەتلىك كېڭەشنى سايلاپ چىقتى. 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئىلغار ئىلمىي جەمئىيەت بولۇپ باھالاندى. 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تەتقىقاتچى ۋۇ شىنيۈەن 8 - نۆۋەتلىك جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ياشلار پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ساھەلەردىكى 7 مۇتەخەسسىسنى تەشكىللەپ، 5 ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) دە قىش پەسىللىك پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 2000 دىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلىدى.

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش جەمئىيىتى ISO9000 خەلقئارا سۈپەت سىستېمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە «سۈپەت باشقۇرۇش ئاساسىي ئۆلچىمى» نى يولغا قويۇش بويىچە تەشۋىقات ئېلىپ باردى، 3 قارار سۈپەت باشقۇرۇش كۇرسى ئېچىپ، 255 كىشىنى تەربىيىلىدى. ماركا ئىشتىراپ قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، ئاپتونوم رايون بويىچە «A» ۋە «B» دەرىجىلىك 23 يۈرۈشتا ماركا ئىشتىراپ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى ھەمدە بۇ خىزمەتنى نورمال يولغا قويدى.

قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن 2001 - يىلى ئەلا تۇرالغۇ ئۆيلەرنى لايىھىلەش مۇسابىقە پائالىيىتى ۋە ئىنشائات قۇرۇلۇشى (تەكشۈرۈپ لايىھىلەش) بويىچە QC گۇرۇپپا پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 7 مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىسىنى باھالاپ چىقىپ، ئۇلاردىن 4 نى مەملىكەتلىك باھالاشقا قاتنىشىشقا كۆرسەتتى. شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە لايىھىلەش يۇرتىنىڭ ئارخىپخانا QC گۇرۇپپىسى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىسى بولدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 11 - نۆۋەتلىك ئەلا قۇرۇلۇش لايىھىلەش، 6 - نۆۋەتلىك ئەلا قۇرۇلۇشلارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشنى باھالاش خىزمىتىنى تەشكىللەپ، 241 تۈرنى يۇقىرىغا يوللىدى، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 22 تۈر، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 39 تۈر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 58 تۈر، تەقدىرلەش مۇكاپاتىغا 52 تۈرنى باھالاپ چىقتى. 15 تۈرنى تاللاپ مەملىكەتلىك باھالاشقا قاتناشتۇردى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كارتوگرافىيە تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى قاتارلىق 5 لايىھىلەش يۇرتىنىڭ بىر تۈرى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ 2001 - يىللىق ئەلا تەكشۈرۈپ لايىھىلەش مۇكاپاتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 تۈرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى يېڭى ماتېرىيال ۋە يېڭى تېخنىكىنى توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشىدا

قوللىنىش ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. 32 پارچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىنى باھالاپ چىقتى، بۇلاردىن 3 پارچە ماقالە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 5 پارچە ماقالە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 24 پارچە ماقالە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شۋېيتسارىيە، فرانسىيەدىكى 6 شىركەت ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى 2 كارخانىنى تەشكىللەپ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 120 نەچچە كىشى قاتناشتى.

شىنجاڭ توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، 6 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ماقۇللىدى، «شىنجاڭ توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» غا تۈزىتىش كىرگۈزدى، 7 - نۆۋەتلىك كېڭەش ئەزالىرى، دائىمىي كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى.

شىنجاڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 8 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت رەسەتخانىسىنىڭ ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى بىلەن بىرلىكتە ئىمپۇلس يۇلتۇزىغا دائىر ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئاچتى، بېيجىڭدىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، پروفېسسور ۋۇ شىنجى «جۇڭگونىڭ ئىمپۇلس يۇلتۇزىنى كۆزىتىش تەتقىقاتى ۋە خەلقئارادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى تەتقىقات» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى، ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىك رادىئو رەسەتخانىسىنىڭ رادىئو ئاسترونومى، ئاكادېمىك مانچېستېر «ئۈزۈلمەس رىشتە، بىر ئۆمۈر ئىزدىنىش — ئىمپۇلس يۇلتۇزى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان 34 يىل» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى.

بۇ جەمئىيەت 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە سانجى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى، ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە سانجى ئوبلاستى بويىچە ئاسترونومىيە پەنلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش يېتەكچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 40 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە 9 مەكتەپتىن 100 گە يېقىن ئوقۇغۇچىنى ئەسەد ئاقار يۇلتۇز يامغۇرىنى كۆزىتىشكە ئۇيۇشتۇردى، يازلىق تەتىل مەزگىلىدە 7 قارار ئاسترونومىيە يازلىق لاگېرى ئۇيۇشتۇردى. 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پەن- تېخنىكا ھەپتىلىكى پائالىيەت مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى نەنسەن بازىسى سىرتقا بىر ھەپتە ئېچىۋېتىلدى، 100 دىن ئارتۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا قاتناشتى.

شىنجاڭ سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش پىلانى دوكلاتىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ تولۇقلىنىدىغان 2 - دوكلاتىنى يېزىشنى، كۇچا دەرياسىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش پىلانى دوكلاتىنى ئۈستىگە ئالدى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتى كۆكيار دەريا ۋادىسىنى پىلانلاش دوكلاتىنى تاماملىدى؛ تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشتە يەكەن دەريا ۋادىسىدىكى 15 ئۆستەڭنىڭ سۇ ۋە تۇپراقنى ساقلاش لايىھەسىنى تۈزۈش، يۇقىرىغا يوللاپ تەكشۈرتۈش خىزمىتىنى تاماملىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.

شىنجاڭ جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە 21 - ئەسىردىكى جۇڭگو شەھەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. 40 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە، 85 پارچە قىسقىچە ماقالە تاپشۇرۇۋالدى. يىغىنغا مەملىكەت بويىچە 60 تىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى.

8 - ئايدا 6 - نۆۋەتلىك ئىلمىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، 63 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، يىغىنغا 130 كىشى قاتناشتى؛ 2 ئاكادېمىك، 20 چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس ۋە تەيۋەن مەركىزىي تەتقىقات يۇرتى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تەتقىقات مەركىزىدىن 3 كەسىپداشمۇ تەكلىپ بويىچە بۇ يىغىنغا قاتناشتى.

شىنجاڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ 53 كىشىنى تەربىيىلىدى. سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي كۇرسى ئېچىشنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئارشاڭ ساناتورىيىسىگە ھاۋالە قىلدى، جۇڭگو سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، جۇڭگو - ياپونىيە دوستلۇق دوختۇرخانىسى سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور سۇن چىلياڭ، جۇڭگو سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور جى شۇرۇڭ قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنى لېكسىيە سۆزلەشكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. بۇ جەمئىيەت جياڭسۇ ئۆلكىلىك سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى سۆڭەك بۆلۈمى كەسپىي ھەيئىتى بىلەن بىرلىكتە ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى، 39 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى.

شىنجاڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى مۇتەخەسسىسلەر ئامبىرىنى قۇرۇش ئىشىنى تاماملىدى ھەمدە سەھىيە نازارىتىنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈش تىببىي مۇتەخەسسىسلەر ئامبىرى ۋە داۋالاش ۋەقەلىرىنى تېخنىكىلىق باھالاش بويىچە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىببىي مۇتەخەسسىسلەر ئامبىرىنى قۇرۇش ئىشىنى ئامالاشقا ياردەم بەردى.

**شىنجاڭ چوتچىلىق جەمئىيىتى** چوت بىلەن ھېسابلاش ۋە كۆڭۈلدە ھېسابلاش تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شىخەنزە چوتچىلىق مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ، چوت ئارقىلىق ھېسابلاش ۋە كۆڭۈلدە ھېسابلاش ترېنېر - ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، مەملىكەت بويىچە ئاتاقلىق مۇتەخەسسىس، ئازادلىق ئارمىيە مەشىق ئەترىتىنىڭ ترېنېرى ۋاڭ ۋېيدانى دەرس بېرىشكە تەكلىپ قىلدى، 187 ئوقۇتقۇچىنى تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ چوت بىلەن ھېسابلاش ۋە كۆڭۈلدە ھېسابلاش تەربىيىسىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇردى، ئۆگىنىشكە قاتناشقان بالا ۋە ئوقۇغۇچىدىن 4100 ى كۆپىيىپ، جەمئىي 36 مىڭ كىشىگە يەتتى. شىخەنزە شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، قۇتۇبى ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، فۇكاڭ شەھەرلىك بالىلار باغچىسىدىن ئىبارەت 3 چوتچىلىق تەجرىبە بازىسىنى قۇردى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چوتچىلىق تېخنىكا دەرىجىسىنى بېكىتىشكە قاتناشقان ئادەم 22 مىڭغا، لاياقەتلىك بولغانلار 10 مىڭ 46 كىشىگە، تارقىتىلغان كىنىشكا 9000 غا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 600 كىشى كۆپەيدى، چوت بىلەن ھېسابلاش ۋە كۆڭۈلدە ھېسابلاش دەرىجىسىنى بېكىتىشكە قاتناشقانلار 2816 گە، لاياقەتلىك بولغانلار 1340 قا، گۇۋاھنامە ئالغانلار 986 گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىگە قارىغاندا 3 ھەسسە كۆپەيدى.

5 - ئايدا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 16 - نۆۋەتلىك چوت بىلەن ھېسابلاش تېخنىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى دېڭىز بوغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ 11 - نۆۋەتلىك چوت بىلەن ھېسابلاش ئالاقە مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى. 7 - ئايدا پاينغولىن ئوبلاستىدا 3 - نۆۋەتلىك «ئۈمىد لوڭقىسى» چوت بىلەن ھېسابلاش ۋە كۆڭۈلدە ھېسابلاش تېخنىكىسى بويىچە كورلا تەكلىپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەندىن 27 كوماندا، 81 ماھىر مۇسابىقىگە قاتناشتى. كوماندا تەشكىللەپ مەملىكەتلىك 15 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت چوتچىلىق تېخنىكا مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى، بۇ كوماندا مۇسابىقىدە كوللېكتىپ 1 - لىككە، ماھىر لى شۈجيېن شەخسىي ماھىرلار مۇسابىقىسى بويىچە 2 - لىككە ئېرىشتى.

7 - ئايدا 3 - نۆۋەتلىك چوت بىلەن ھېسابلاش ۋە كۆڭۈلدە ھېسابلاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، 31 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، جۇڭگو چوتچىلىق جەمئىيىتىنىڭ ھېسابلاش قائىدىسى ۋە ھېسابلاش ئۇسۇلى يىللىق يىغىنى ۋە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىدا، قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونى 1 - بالىلار باغچىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جاڭ تۇگيېن ئېلان قىلغان «بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بالىلار باغچىسىنىڭ دەرسلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا چوت بىلەن ھېسابلاش ئوقۇتۇشى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەر بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىخەنزە چوتچىلىق جەمئىيىتىنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىسى — «چوت بىلەن ھېسابلاش ۋە كۆڭۈلدە ھېسابلاش ئوقۇتۇشىنىڭ بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى قوزغاش ئۈستىدىكى تەجرىبە تەتقىقاتى» تېمىسى 2001 - يىلى شىخەنزە شەھەرلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا باھالاندى، بۇ نەتىجە خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئالاقىدار ئىلمىي يىغىنلارغا كۆپ قېتىم تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە 2002 - يىل 10 - ئايدا دۇنيا چوت بىلەن ھېسابلاش ۋە كۆڭۈلدە ھېسابلاش بىرلەشمىسىنى قۇرۇش يىغىنىدا ئالماشتۇرۇلىدىغان 30 پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ بىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

**شىنجاڭ فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتى** 4 - ئاي ۋە 9 - ئايدا جۇڭگو 16 - نۆۋەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ فىزىكا مۇسابىقىسى بويىچە شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى، تەييارلىق مۇسابىقىسىگە 3800 ئوقۇغۇچى قاتناشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - لىككە ئېرىشكەن 120 ماھىرنى تاللاپ، نەزەرىيە جەھەتتىكى قايتا مۇسابىقىگە ۋە تەجرىبە مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى، مۇسابىقە رايونىدا 31 كىشى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 64 كىشى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 180 كىشى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 4 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى، بۇلاردىن بىر كىشى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 كىشى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ماس قەدەملىك رادىئاتسىيىلىك يۇمشاق X نۇرى ۋە ۋاكۇئۇم ئۇلترا بىنەپشە نۇر تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش ئىلمىي يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 110 ۋەكىل قاتناشتى، 60 پارچە ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى.

**شىنجاڭ ئۈسۈملۈك ئىلمىي جەمئىيىتى** 11 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا، شىنجاڭ ئۈسۈملۈك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشقۇرۇشى، شىنجاڭ ھايۋانات ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو

پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلىشى تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىئولوگىيە بايلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ دېگەن مەزمۇندا شىنجاڭ بويىچە 2002 - يىللىق بىئولوگىيە پەنلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 70 تىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى.

بۇ جەمئىيەت 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئوتتۇرا مەكتەپ بىئولوگىيە تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ كۈنەس ناھىيىسىدە ئېگىز تاغ ئۆسۈملۈكى، قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى بويىچە بىر قارار كۇرس ئاچتى، كۇرسقا 120 نەپەر بىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى قاتناشتى.

شىنجاڭ ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى 5 - نۆۋەتلىك 2 - قېتىملىق كېڭەش ۋە 5 - نۆۋەتلىك 3 - قېتىملىق دائىمىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچتى.

مەملىكەتلىك فىزىكىلىق - خىمىيىلىك باھالاش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت يىغىنىدا، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى فىزىكىلىق - خىمىيىلىك تەكشۈرۈپ ئۆلچىگۈچى، باھالاپ بېكىتكۈچى ئورۇنلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىندى ھەمدە ئىناۋەتلىك تامغا تارقىتىپ بېرىلدى.

شىنجاڭ ئاتوم ئېنېرگىيىسى يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى خەلقئارا كۆممىقوناق، بۇغداي سورتىنى ياخشىلاش مەركىزىنىڭ شىنجاڭ بۇغداي تەجرىبە پونكىتى 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى رەسمىي ئىش باشلىدى، بۇ، جۇڭگودا تۇنجى قۇرۇلغان بۇغداي تەجرىبە پونكىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ بۇغداي تەتقىقاتىنىڭ خەلقئارا ئىزغا چۈشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ جەمئىيەت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كېڭەيتتى. مۇشۇ يىلدا ئىلمىي جەمئىيەتتىن ئاساسىي ئۇقتىغا بېرىپ خىزمەت قىلغان خادىم 80 (قېتىم) دىن ئاشتى، ئۇلار 1162 كۈن ئىشلىدى، 5 قارار پەن - تېخنىكا كۇرسى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى دېھقان تېخنىكا خادىملىرى ۋە دېھقانلاردىن 500 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە 2000 پارچىدىن كۆپرەك ھەرخىل پەن - تېخنىكا ماتېرىيالى تارقاتتى. يازغى بۇغداي يېڭى سورتى، كۈزگى بۇغداي يېڭى سورتى، شال يېڭى سورتى، چۈتيەن شياۋدېلىڭ شېلى، دورىغا چىلانغان كېۋەز ئۇرۇقى، دورىلانغان بۇغداي ئۇرۇقىنى 224 مىڭ گېكتار يەرگە كېڭەيتىپ، 160 مىليون يۈەن ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

شىنجاڭ سۇ كۈچى بىلەن توك ھاسىل قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتى 6 - ئايدا سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈپ ئۆلچەش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتىدىكى ئالاقىدار خادىملار بىلەن بىرلىكتە بامراش كۆلى شەرقىي ناسوس پونكىتى قۇرۇلۇش ئۇلىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى سۈيۈقلىنىش مەسىلىسى بويىچە تېخنىكا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا ئاساسەن بامراش كۆلى شەرقىي ناسوس پونكىتىنىڭ قۇم قەۋىتى ئۇلىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى سۈيۈقلىنىشىغا ھۆكۈم قىلىش ۋە زاۋۇت ئۆيى قاتارلىقلارنى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىپ لايىھىلەش پرىنسىپىغا دائىر مەسىلىلەر تەھقىق قىلىندى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى.

شىنجاڭ ئاممىۋى بىناكارلىق ئىلمىي جەمئىيىتى 5 - ئاينىڭ 16 — 17 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، سايلام ئارقىلىق 7 - نۆۋەتلىك كېڭەشنى بارلىققا كەلتۈردى، بۇ جەمئىيەت 19 كەسپىي ئىلمىي ھەيئەت، 59 كوللېكتىپ ئەزا ئورۇندىن تەركىب تاپتى، ھازىر 1060 شەخسىي ئەزاسى بار، ئۇلارنى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئارقىلىق باشقۇرىدۇ.

بۇ جەمئىيەت «ئېلىمىز قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا نەزەر سېلىپ، WTO نىڭ پۇرسىتىگە ماسلىشىش ۋە خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش»، «شىنجاڭنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى لايىھىلەش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ۋە «غەيرىي شەكىللىك، غەيرىي ئىقتىدارلىق، غەيرىي قۇرۇلۇش» دېگەن تېمىلاردا ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئاچتى. شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى 2002 - يىللىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇش قىبلىنامە تۈرلىرىنى ئېلان قىلىش يىغىنى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇردى.

يېڭى قۇرۇلما، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماتېرىياللارنى كېڭەيتتى. «پولات چۆشۈق تۇرالغۇ بېتونلۇق كاۋاك تاختايلىق بىنا ئۆي قۇرۇلمىسىنى لايىھىلەش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش تېخنىكا قائىدىسى» (سىناق نۇسخىسى) 2002 — XJJ010 نى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يەرلىك ئۆلچەم قىلىپ تارقاتتى. «غەربىي رايون ئېلېكتر سايمانلىرىنى قوراشتۇرۇش سخېمىلىرى توپلىمى» نىڭ «ئۆي ئىچىگە سىم تارتىش قىسمى»، شىنجاڭ رايونىدا «تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئېلېكتر سايمانلىرىنى قوراشتۇرۇش سخېمىلىرى توپلىمى» دىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش ئۆلچەملىك سخېما سىستېمىسىنى قۇرۇلۇش نازارىتى ئۆلچەم ئىشخانىسىنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈپ، تەكشۈرۈپ بېكىتتى ھەمدە نەشر قىلىپ ئىشلەتتى. «ئاھالىلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئېلېكتر سايمانلىرىنى لايىھىلەشنى قېلىپلاشتۇرۇش» قا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

ھەرخىل تېخنىكا لېكسىيىسى، يېڭى مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇش يىغىنىنى 9 قېتىم ئۇيۇشتۇردى. 8 - ئايدا سانجى شەھىرىدە شىنجاڭ بىناكارلىق ئېلېكتر ئىلمىي جەمئىيىتى، ئاخبارات تورى، قۇرۇلۇش ئېلېكتر ھەيئىتىنىڭ 2002 - يىللىق يىغىنىنى ئاچتى. 60 تىن كۆپرەك لايىھىلەش يۇرتى (تورى) ۋە زاۋۇت، سودا تارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 250 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئىلىم ئالماشتۇرۇلدى ھەمدە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرىغا مۇكاپات بېرىلدى.

شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى 4 - ئايدا كورلا شەھىرىدە ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىللىق يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا 65 كېڭەش ئەزاسى ۋە ۋەكىل قاتناشتى، 62 پارچە ماقالە تاپشۇرۇۋالدى. تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تاشيول پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش يۇقىرى قاتلام مۇنبىرىگە 9 پارچە ماقالىنى تاللاپ كۆرسەتتى. بۇلاردىن 6 پارچە ماقالە مۇنبەرنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. 8 - ئايدا مەملىكەت بويىچە شەھەر تاشيولى 12 - نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنغا 14 پارچە ئىلمىي ماقالىنى تاللاپ كۆرسەتتى، 7 پارچە ماقالە مۇكاپاتلاندى، بۇلاردىن بىر پارچە ماقالە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 پارچە ماقالە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 پارچە ماقالە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇ جەمئىيەت ھەرقايسى كارخانا ھەيئەتلىرى بىلەن بىرلىكتە ISO9000 خەلقئارا سۈپەت سىستېمىسىنى ئېتىراپ قىلىش لېكسىيىسى ۋە تەربىيىلەش قاتارلىقلار بويىچە 8 قارار كۇرس ئاچتى، لېكسىيىنى ئاڭلىغان ۋە تەربىيىلەنگەن خادىم ئازكەم 1000 غا يەتتى.

تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىشكە دائىر 25 خىل ھاۋالە تۈرىنى قوبۇل قىلدى، مەسلىھەت مۇلازىمەت قىممىتى 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. «شورلۇق رايونلارنىڭ تاشيوللىرىنى لايىھىلەش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش ئۆلچىمى»، «شىنجاڭنىڭ يېرىك دانىچە تۇپرىقىدىكى ئاسان ئېرىيدىغان تۇزلارنى ئۆلچەپ بېكىتىش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات» تىن ئىبارەت 2 پەن تەتقىقات تۈرىنى يولغا قويدى. بۇ تۈرلەردە تەجرىبىخانىدىكى سىناقنى دەسلەپكى قەدەمدە ئانالىز قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى. «شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇش تېخنىكىسىغا دائىر سىياسەت» دېگەن تېمىنى تاماملىدى.

شيې شۈيەن

## ئەلئارا خەلقئارالىق پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ خەلقئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇش يولى يەنىمۇ كېڭەيدى. مۇشۇ يىلدا 19 تۈرەن - گۇرۇپپا تەركىبىدە 147 ئادەم (قېتىم) چەت ئەلگە زىيارەتكە چىقتى ۋە چەت ئەلدىن كەلگەنلەر كۈتۈۋېلىندى. روسىيە بىلەن بولغان مىكرو بىئولوگىيىلىك ئۇسۇلدا ماي ئېلىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئەلئارا ئالماشتۇرۇش خىزمىتى جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىدىكى رەھبەرلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. تاشقى مەبلەغ ئاپپاراتلىرىدىن بولغان گېرمانىيە — جۇڭگو پەن - تېخنىكا - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى بىلەن «ئەلئارا خەلقئارا پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كېلىشىم» ئىمزالىنىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە قىتئەسى ۋە ئافرىقا بىلەن بولغان ئەلئارا پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش يولى دەسلەپكى قەدەمدە ئېچىلىپ، ئەلئارا خەلقئارا پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

ۋاڭ چاڭفۇ

# پەن - تېخنىكا خىزمىتى

## مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر 3 - نۆۋەتلىك مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىنى ئاچتى ھەمدە شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر 3 - نۆۋەتلىك مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى كومىتېتىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىنى ئېچىپ، مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ 2002 - يىللىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتى ۋە مەسلىھەتچىلىك خىزمىتىگە دائىر 7 تۈرلۈك مۇھىم نۇقتىغا ئاساسەن، مۇشۇ بىر يىلدا 25 تۈرلۈك مەسلىھەت تېمىسى مەسلىھەتچىلىك پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭغا 750 مىڭ يۈەن تەتقىقات خىراجىتى سەرپ قىلىندى. «شىنجاڭدا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ»، «شىنجاڭدا يىلىغا 1 مىليون يۇرۇش مېرىدىئان سىزىقلىق بالون ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنى تېز تۇرغۇزۇش توغرىسىدا تەكلىپ»، «شىنجاڭنىڭ سۈتچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ» قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر مەسلىھەتچىلىك نەتىجىسى ئاپتونوم

رايون رەھبەرلىرى قوبۇل قىلدى، 15 تۈرلۈك مەسلىھەتچىلىك نەتىجىسى ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

3 - نۆۋەتلىك مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن چېن يۈچۈەن، لۇ لياڭنۇ، شى يۈلىن، تولۇڭ چىڭشى، يۈ جوڭجيەن، ليۇ يەنخۇا قاتارلىق 6 مۇتەخەسسىس ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى تەكلىپلىك ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىندى. 12 - ئايدا مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر 2002 - يىللىق «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (مۇزاكىرە نۇسخىسى) ئۈستىدە مەسلىھەت بەردى، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان 11 تۈرلۈك پىكىر ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئىشخانىسى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ «10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، شايارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پىلانىنى يولغا قويۇش»، «ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ 2001 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە بولغان ناھىيىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پروگراممىسى» نى تۈزۈش خىزمىتىگە ياردەم بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى، «بايىنغولىن ئوبلاستى چەكسىخوزا دېھقانچىلىق مەيدانىدا زىيانسىز ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگە بازىسى قۇرۇش» دوكلاتى 2002 - يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ زايوم مەبلىغى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

6 - ئايدا بورتالا شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە قىسمەن ناھىيە، شەھەر، رايونلارنىڭ مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئالاقە يىغىنى ئېچىلدى، شىنجاڭ تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقات تورى ۋە مەسلىھەت بېرىش تورى قۇرۇلدى.

مۇشۇ يىلدا مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردە مەخسۇس تېمىلار بويىچە 34 قېتىمدىن كۆپرەك ھەرخىل لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، لېكسىيە ئاڭلىغانلار 10 مىڭ 750 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، قىسمەن چارۋىچىلىق مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلىرى گوللاندىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيىنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. قىسمەن مۇتەخەسسىسلەر شەندۇڭ، جېجياڭ، جياڭسۇ، شاڭخەينىڭ شەھەرلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ئۆگىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. مۇشۇ يىلدا «تەدبىر بەلگىلەشتە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» دىن 14 سان، «قىسقا خەۋەرلەر» دىن 22 سان، «مەسلىھەتچىلىككە دائىر مەخسۇس مۇھاكىمە» دىن 4 سان تۈزۈپ تارقىتىلدى.

دېڭ شۇنلى

## تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى تارماقلارغا قاراشلىق مۇستەقىل پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى 128 (تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن ئاپپاراتلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). كەسپكار 7790، بۇنىڭ ئىچىدە، كەسپىي تېخنىكا كادىرى 5932 بولۇپ، كەسپكارلار ئومۇمىي سانىنىڭ 76.15% نى، پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 5643 بولۇپ، كەسپكارلار ئومۇمىي سانىنىڭ 72.44% نى ئىگىلەيدۇ.

1. ناھىيىدىن يۇقىرى تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى

1) تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات - تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندا تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 101 گە، كەسپكار 6571 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 4634، ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 3265.

يىللىق خىراجەت كىرىمى 461 مىليون 308 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجراتقان پۇل 311 مىليون 387 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 16.24% ئاشتى؛ تېخنىكىلىق كىرىم 81 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولۇپ، 17.88% تۆۋەنلىدى. خىراجەت چىقىمى 423 مىليون 394 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، خادىملارنىڭ خىراجىتى 171 مىليون 286 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 96 مىليون 995 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 952 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇ تېمىلارغا 2058 كىشى قاتناشتى، 126 مىليون 356 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. تېمىلارغا سەرپ قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە ئاساسىي تەتقىقات خىراجىتى 4.09% نى، ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى 26.54% نى، تەجرىبە تەرەققىياتى خىراجىتى 26.91% نى، تەتقىقات ۋە تەجرىبە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى قوللىنىش خىراجىتى 33.64% نى، پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى خىراجىتى 7.09% نى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى خىراجىتى 1.73% نى ئىگىلەيدۇ.

مۇشۇ يىلدا تېخنىكا توختامى ئىمزالاشتىن كىرگەن

ئەمەلىي كىرىم 1 مىليون 702 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پەن - تېخنىكىغا دائىر 1102 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 24 ماقالە چەت ئەلدە ئېلان قىلىندى. 19 خىل مەخسۇس پەن - تېخنىكا ئەسىرى نەشر قىلىندى. 23 پاتېنت ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 35، بۇنىڭ ئىچىدە، كەشپىيات پاتېنتى 32.

2) ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 8 گە، كەسپكار 381 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 299.

ئۇلارنىڭ يىللىق خىراجەت كىرىمى 19 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 16 مىليون 873 مىڭ يۈەن؛ خىراجەت چىقىمى 18 مىليون 121 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 9 مىليون 950 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 3 مىليون 706 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 56 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇنىڭغا 192 كىشى قاتناشتى، 2 مىليون 164 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. سەرپ قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە ئاساسىي تەتقىقات خىراجىتى 67.51% نى، ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى 20.19% نى، باشقا خىراجەت 12.3% نى ئىگىلىدى.

مۇشۇ يىلدا 400 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، 23 خىل مەخسۇس پەن - تېخنىكا ئەسىرى نەشر قىلىندى.

3) پەن - تېخنىكا ئۇچۇرچىلىق ئاپپاراتى ۋە ھۆججەت ئاپپاراتلىرى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئاپپاراتى 8 گە، كەسپكار 261 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا ئاخباراتىغا دائىر ھۆججەت - ماتېرىيال پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 236.

ئۇلارنىڭ يىللىق خىراجەت كىرىمى 24 مىليون 58 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 10 مىليون 393 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 13.83% ئاشتى؛ يىللىق خىراجەت چىقىمى 18 مىليون 902 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملار خىراجىتى 6 مىليون 647 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 5 مىليون 996 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 14 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇنىڭغا 38 كىشى قاتناشتى، 700 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. شۇ يىلى تېخنىكا توختامى ئىمزالاشتىن كىرگەن ئەمەلىي كىرىم 684 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پەن - تېخنىكىغا دائىر 37 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى.

2. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن پەن تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 7 تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى، كەسپكار 524 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن، تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 432.

ئۇلارنىڭ يىللىق خىراجەت كىرىمى 57 مىليون 2000 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 15 مىليون 473 مىڭ يۈەن، تېخنىكىلىق كىرىم 16 مىليون 796 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى كىرىمى 18 مىليون 303 مىڭ يۈەن. خىراجەت چىقىمى 54 مىليون 513 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 21 مىليون 653 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 8 مىليون 219 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 60 تەتقىقات تېمىسى قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭغا 144 كىشى قاتناشتى، 10 مىليون 194 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى.

3. ناھىيە دەرىجىلىك تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 4، كەسپكارى 53، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 42. ئۇلارنىڭ يىللىق خىراجەت كىرىمى 2 مىليون 245 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 2 مىليون يۈەن؛ خىراجەت چىقىمى 2 مىليون 272 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 1 مىليون 572 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 126 مىڭ يۈەن. مۇشۇ يىلدا 13 تەتقىقات تېمىسى قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭغا 24 كىشى قاتناشتى، 42 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى.

4. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەتقىقات ۋە تەرەققىيات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان كەسپىي ئورۇن 4، كەسپكارى 164، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 129.

شۇ يىلى پەن - تېخنىكا خىراجىتىدىن 1 مىليون 947 مىڭ يۈەن توپلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 630 مىڭ يۈەن؛ خىراجەت چىقىمى 5 مىليون 131 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملار خىراجىتى 2 مىليون 81 مىڭ يۈەن.

شۇ يىلى 8 تەتقىقات تېمىسى قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭغا 18 كىشى قاتناشتى، 463 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى.

ليۇ چيەن

## 2002 - يىلى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى

| ئاكادېمىيە، تەتقىقات ئورنى نامى | ئادرېسى | ئاكادېمىيە، تەتقىقات ئورنىنىڭ خاراكتېرى | مەسئۇل ئارماق |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو تېخنىكا - بىئو تېخنىكا تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق-ئوغۇتچىلىق تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى زىرائەت سورت بايلىقى تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكرو بىئولوگىيە ئەمەلىي تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەركىزىي تەجرىبىخانىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇرپان ئۈزۈم تاللىق كېۋەز تەتقىقات ئورنى | تۇرپان شەھىرى مۇنار يولى 6 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىقتىسادى پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | چارۋىچىلىق نازارىتى |
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتلاق تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇڭگو — ئاۋستىرالىيە قوي نەسلىنى يېتىشتۈرۈش تەتقىقات مەركىزى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى يەم - خەشەك تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 21 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي ساي يولى 60- نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | ئورمانچىلىق ئىدارىسى |
| شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى مېھرىبان 1 - يولى 17 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | قاتناش نازارىتى |
| شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جىيەنتاڭجياڭ يولى 36 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | خىمىيە سانائىتى ساھە ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭجياڭ يولى 19 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | سۇچىلىق نازارىتى |
| شىنجاڭ سۇ ئېلېكتىر پەن تەتقىقات يۇرتى | شىنجاڭ خوتيەنچى جەنۇبىي يولى 2 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سۇچىلىق نازارىتى |
| شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى پەن تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 106 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | سۇچىلىق نازارىتى |
| شىنجاڭ پولات - تۆمۈر تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇنخابا رايونى | تېخنىكا تەرەققىياتى | شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گورۇھى |
| شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | پەن - تېخنىكا نازارىتى |
| شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سىياسىتى تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر قوشۇمچە 7 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | پەن - تېخنىكا نازارىتى |
| شىنجاڭ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش مەركىزى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | پەن - تېخنىكا نازارىتى |
| شىنجاڭ ئانالىتىك ئۆلچەش تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | پەن - تېخنىكا نازارىتى |
| شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر قوشۇمچە 8 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | پەن - تېخنىكا نازارىتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 41 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | ماشىنا - ئېلېكتر ساھە ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 49 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | ماشىنا - ئېلېكتر ساھە ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ توقۇمىچىلىق پەن - تېخنىكا تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 34 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | توقۇمىچىلىق ساھە ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ مىللىي كىيىم - كېچەك تەتقىقات - لايىھىلەش مەركىزى | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 68 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | توقۇمىچىلىق ساھە ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ جۇڭيى - مىللىي دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىنمىن يولى 9 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سەھىيە نازارىتى |
| شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 9- نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سەھىيە نازارىتى |
| شىنجاڭ جۇڭيى دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى 53 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سەھىيە نازارىتى |
| شىنجاڭ ھايۋانات تەجرىبە مەركىزى | ئۈرۈمچى شەھىرى شوربۇلاق 1 - كوچا 4- نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سەھىيە نازارىتى |
| شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 36 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سەھىيە نازارىتى |
| شىنجاڭ پىلانلىق تۇغۇت تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى ئالماس شەھەرچىسى 1 — 52 نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى |
| شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش پەن تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 38 - نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى |
| شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 74 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | بىناكارلىق ماتېرىيالى ئىدارىسى |
| شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 78 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | ئاشلىق ئىدارىسى |
| شىنجاڭ يېنىك سانائەت لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى 102 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | يېنىك سانائەت ساھە ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ بىناكارلىق پەن تەتقىقات يۇرتى | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي باجياخۇ يولى 4- نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | قۇرۇلۇش نازارىتى |
| شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى پەن تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 84 - نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ رەڭلىك مېتال تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 4 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| شىنجاڭ قېزىلما بايلىق تەجرىبە تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 35 ـ نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى |
| شىنجاڭ ئۆلچەم ـ ئۆلچەش تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 ـ نومۇر قوشۇمچە 9 ـ نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سۈپەت نازارەتچىلىكى ئىدارىسى |
| شىنجاڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 32 ـ نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سۈپەت نازارەتچىلىكى ئىدارىسى |
| شىنجاڭ سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىك ئۇچۇر تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 32 ـ نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | سۈپەت نازارەتچىلىكى ئىدارىسى |
| شىنجاڭ نەشرىياتچىلىق باسمىچىلىق پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 346 ـ نومۇر | تېخنىكا تەرەققىياتى | ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى |
| شىنجاڭ تەنتەربىيە پەن تەتقىقات ئورنى | ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي ئىتتىپاق يولى 91 ـ نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | تەنتەربىيە ئىدارىسى |
| شىنجاڭ خوتەن پىلىچىلىك پەن تەتقىقات ئورنى | قاراقاش ناھىيىسى يۇرۇڭقاش بازىرى ئاۋاغ يولى 10 ـ نومۇر | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | دېھقانچىلىق نازارىتى |
| شىنجاڭ ئۈزۈم، قوغۇن ـ تاۋۇز تەرەققىيات ـ تەتقىقات مەركىزى | پىچان ناھىيىسى | ئىجتىمائىي پاراۋانلىق | دېھقانچىلىق نازارىتى |

## تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجەت خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسى

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 78 مىليون 235 مىڭ يۈەن خام چوت چىقىم كۆرسەتكۈچى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 33 مىليون 464 مىڭ يۈەن خام چوت چىقىم كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلدى. بۇ 2 تۈر ئۈچۈن 111 مىليون 699 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. مۇشۇ يىلدا ئەمەلىي چىقىم قىلىنغان تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتى 275 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، كەسپىي خىراجەت چىقىمى 226 مىليون 30 مىڭ يۈەن، تۈر خىراجىتى چىقىمى 28 مىليون 230 مىڭ يۈەن، تىجارەت خىراجىتى چىقىمى 20 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ھېسابقا يۆتكەلگەن ۋە ئۆزلىرى غەملىگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى 560 مىڭ يۈەن. يىللىق كىرىم 290 مىليون 180 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل 102 مىليون 240 مىڭ يۈەن، كەسپىي كىرىم 107 مىليون 940 مىڭ يۈەن، يۇقىرىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 34 مىليون 540 مىڭ يۈەن، قاراشلىق ئورۇنلار تاپشۇرغان پۇل 850 مىڭ يۈەن، تىجارەت كىرىمى 20 مىليون 950 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىم 23 مىليون 660 مىڭ يۈەن. كەسپىي كىرىم ئىچىدە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمى 12 مىليون 110 مىڭ يۈەن. مۇشۇ يىلدىكى كەسپىي خىراجەت قالدۇقى 4 مىليون 270 مىڭ يۈەن.

ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخنىكا تەرەققىياتى تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆزگەرتىپ كارخانىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى تۈرلەر بويىچە ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى، كېمەيتىلگەن كەسپىي خىراجەت مەبلىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، تۈرلەرگە چېتىش شەكلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، تېخنىكا تەرەققىيات تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىغا ياردەم بېرىلدى. تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تېخنىكا تەرەققىياتى تىپىدىكى 14 پەن تەتقىقات

يۇرتى، تەتقىقات ئورنىغا 19 خىل چاتما تۇر بويىچە ياردەم بېرىلدى، بۇنىڭغا 5 مىليون 635 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى.

پەن تەتقىقات يۇرتى، ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن 5 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، مەبلەغنى ئىشلىتىش دائىرىسىگە ئاساسەن، پەن - تېخنىكا نازارىتى، مالىيە نازارىتىنىڭ بىرلىكتە تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، 30 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تېخنىكا تەرەققىياتى تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىغا ۋە قىسمەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىغا ياردەم بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، پەن - تېخنىكا خىراجىتى ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىپ بېرىش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىش سالمىقى زورايتىلدى، ئىلىم - پەن كەسپىي خىراجىتىنىڭ مەبلەغ يۆنىلىشى ۋە قۇرۇلمىسى سەرخىللاشتۇرۇلدى، كېمەيتىلگەن ئىلىم - پەن كەسپىي خىراجىتىدىن پايدىلىنىپ، قىسمەن پەن تەتقىقات يۇرتلىرى، تەتقىقات ئورۇنلىرىغا مەخسۇس ئەسۋاب-ئۈسكۈنە خىراجىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇلار ئاساسەن ئۇقتىملىق تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرىنى كۈچەيتىش، تەجرىبىخانىلارنىڭ قۇراللىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئارىلىقتىكى سىناق بازىلىرىنى قۇرۇشقا ئىشلىتىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش ئۈچۈن ھەر يىلى 1 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 30 تۈر يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللاشقا مەخسۇس ئىشلىتىلدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 1 مىليون يۈەن ياردەم ئۆسۈملۈك پەن - تېخنىكا قەرز پۇل مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا قەرز پۇلىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى، لېكىن ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان نورمال مەخسۇس خىراجەتنىڭ كۆپ قىسمى ئۇدا 2 يىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەنلىكتىن، قىسمەن ئورۇنلارنىڭ ئالدىراشلىق بىلەن پايدىلانغان پەن - تېخنىكا خىزمىتىگە بىرقەدەر زور تەسىر يەتكۈزدى.

جارقىن

## خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى

1. پەن - تېخنىكىغا دائىر تاشقى ئىشلار پائالىيەتلىرى.

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 36 تۈركۈمدە 148 ئادەم (قېتىم) قاتناشقان پەن - تېخنىكا ئۆمەك - گۇرۇپپىسى چەت ئەلگە چىقتى، زىيارەتكە كەلگەن ئۆمەك - گۇرۇپپىدىن 14 تۈركۈمدە 35 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى.

جۇڭگو پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭگو پەن - تېخنىكا كۈنى» كۆرگەزمە پائالىيىتى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنت ۋە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتى 10 پەن تەتقىقات ئاپپاراتى ۋە كارخانىسىنى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇردى، تۇرلەر يېڭى ئېنېرگىيە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق، ئۇچۇر تېخنىكىسى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، چەت ئەل تەرەپ بىلەن 31 تۈردە كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

فرانسىيە خەلقئارا يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات - تەتقىقات ھەمكارلىق مەركىزى (CIRAD) بىلەن ئىتالىيە پەن - تېخنىكا كومىتېتى (ENEA) نىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 6 كىشى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولدى، CIRAD ۋە ENEA بىلەن پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى.

جۇڭگو بىلەن نورۋېگىيىنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى نازارەت قىلىش - كۆزىتىش تەتقىقاتى» دىن ئىبارەت پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، نورۋېگىيە ئەمەلىي ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئورنى (FAFO) بىلەن پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەتقىقات مەركىزىدىكى 7 كىشى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بورتالا ۋە قەشقەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش ئەھۋالى، كۆچمە چارۋىچى مىللەت ۋە شۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئۇقتىملىق ئىگىلىدى.

شياڭگاڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باش لىدىرى، دوكتور جياڭ يۇڭجېڭ باشچىلىقىدىكى شياڭگاڭ پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ يېپەك يولىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 19 كىشى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

شىنجاڭدىكى پەن تەتقىقات يۇرتلىرى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 15 كىشى

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

جۇڭگو شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 9 كىشى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە روسىيىنىڭ ئالتاي چېگرا رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن «بىزنىڭ ئورتاق ئائىلىمىز» 2 - نۆۋەتلىك خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىن جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيىدىن ئىبارەت 4 دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىس، ئالىملىرىنى تەكلىپ قىلدى. 4 دۆلەت ۋەكىللىرى ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. كېلىشىمدە، ئالتاي رايونىنىڭ ھەمكارلىقنى ماھىيەت خاراكتېرلىك باسقۇچقا كىرگۈزۈپ، بۇ رايوننى دۇنيا بويىچە داڭلىق ئېكولوگىيىلىك ساياھەت رايونى ۋە ئورگانىك دېھقانچىلىق كەسىپ بەلۋېغى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە 4 دۆلەت مەركىزىي ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇ رايونغا ئالاھىدە كونسۇل ھوقۇقى بېرىش، بۇ رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «خەلقئارا كۆممىقوناق، بۇغداي سورتىنى ياخشىلاش مەركىزى (CIMMYT) نىڭ شىنجاڭ بۇغداي سورتىنى ياخشىلاش پونكىتى» نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. خەلقئارا كۆممىقوناق، بۇغداي سورتىنى ياخشىلاش مەركىزىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى خې جۇڭخۇ قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشتى.

2. ھۆكۈمەتلەر ئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى. 2002 - يىلى شىنجاڭ يوللىغان ھۆكۈمەتلەر ئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىغا دائىر 6 تۈر پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. بۇلار مۇنۇلار: يېڭى يۆلجۈرگەن سورتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇرۇقنى كىرگۈزۈپ سىناق قىلىش تەتقىقات تەجرىبىسى (جۇڭگو — پولشا)، يىپچە قۇرت زەمبۇرۇغىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگو شىنجاڭدىكى قويلاردا بولىدىغان ئاشقازان - ئۈچەي يىپچە قۇرت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو — دانىيە)، سۈت ۋە ئۈزۈمچىلىك بويىچە كەسپىي ھەمكارلىق (جۇڭگو — لاتىن ئامېرىكىسى)، پىستىنىڭ ئەلا سورتىنى كىرگۈزۈپ يېتىشتۈرۈش (جۇڭگو — ئامېرىكا — ئىران)، ئىنەك تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈشنى كەسپلەشتۈرۈش تەتقىقاتى ھەمكارلىق تۈرى (جۇڭگو — كانادا)، شىنجاڭدىكى توكسىز يېزىلارغا مۇستەقىل توك يەتكۈزۈش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو — فرانسىيە) دىن ئىبارەت.

ھۆكۈمەتلەر ئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىغا دائىر 6 تۈر يولغا قويۇلدى. بۇلار: گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش ۋە ھەمكارلىشىش (جۇڭگو — قازاقىستان)، تەڭرىتاغنىڭ يەر تەۋرەش سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئالماشتۇرۇش سىستېمىسىنى قۇرۇش (جۇڭگو — قازاقىستان)، قۇرغاقچىلىقتا ۋە زىيادە ئېغىر قۇرغاقچىلىقتا ئۆسىدىغان ئوت - چۆپلەرنى كىرگۈزۈش ۋە ئېسىل سورتلارنى كۆپەيتىش (جۇڭگو — قازاقىستان)، قامغاقنى كىرگۈزۈش ۋە ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش (جۇڭگو — قازاقىستان)، مېغىزلىق مېۋىلەر، شىرنىلىك مېۋىلەر، تارقىلىشى چەكلىك بولغان زىرائەت ۋە گىلاس ئۆسۈملۈك بايلىقىنى توپلاش، ساقلاش ھەمدە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش (جۇڭگو — بېلورۇسىيە)، ئالىي ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى تەكشۈرۈش (رۇمىنىيە — جۇڭگو) دىن ئىبارەت.

3. جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى JICA يولى تېخنىكا ھەمكارلىقى. 2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە JICA (ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق كەسپىي گۇرۇھى) يولىدىن پايدىلىنىپ، ياپونىيىگە بېرىپ تەتقىق قىلىش ۋە بىلىم ئاشۇرۇشقا دائىر 2 تۈر ئىلتىماس قىلىندى، بۇلار: «خىزمەت ئۈنۈمىنى ياخشىلاش تېخنىكىسى» ۋە «سىرتقى خەۋەرلىشىش لىنىيىسى تېخنىكىسى» دىن ئىبارەت بولۇپ، تەتقىق قىلىش ۋە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن 2 كىشى ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، داۋاملىق يولغا قويۇلۇۋاتقان ھەمكارلىق تۈرى (سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش، قۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئالتاي رايونىنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ئىشىنى تەكشۈرۈش، قۇملىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش تېخنىكىسى قاتارلىق) جەھەتلەردىن تەربىيىلىنىش ئۈچۈن ياپونىيىگە 4 كىشى ئەۋەتىلدى. يەنە بىر نەپەر JICA دېھقانچىلىق مۇتەخەسسىسى ۋە چەت ئەللىك ھەمكارلىق ئەترىتىنىڭ 2 ياش ئەزاسى شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىندى.

شىنجاڭ كان تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 4 كىشى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ياپونىيىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار ياپونىيە تەرەپكە جۇڭگونىڭ گېئولوگىيە، قېزىلما بايلىق كەسپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتى ۋە شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق كەسپلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى — «شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى مىس، ئالتۇن كانلىرىنى تەكشۈرۈش» ئۈچۈن ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مۇھاجىرلار ئىشخانىسى، تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتى ۋە ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق كەسپىي ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ لاۋازىمات ئىشلىرى ئورنى بىرلىكتە باشقۇرغان جۇڭگو — ياپونىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى نورماللاشقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە JICA جۇڭگو لاۋازىمات ئىشلىرى ئورنى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە يىغىنى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. جۇڭگو — ياپونىيە ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي ساھەسى، پەن - تېخنىكا ساھەسى، ئىقتىساد ساھەسى، مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسى ۋە دوستلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. جۇڭگو — ياپونىيە ۋەكىللىرىدىن 15 كىشى مەخسۇس تېمىدا سۆز قىلدى، JICA ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈرلۈك ھەمكارلىق تۈرلىرىنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى. JICA تۈرى يولغا قويۇلۇۋاتقان ئورۇنلار نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

ۋاڭ يىلىڭ

## خەلقئارا نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى پىلانى

2002 - يىلى دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىغا خەلقئارا نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى پىلانى تۇنجى قېتىم ئايرىپ كىرگۈزۈلدى. جۇڭگو شىنجاڭ — ئەرمىنىيە بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات مەركىزى يوللىغان «ئامىنو كىسلاتاسى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىدارلىق ئاقسىلى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرى پىلانغا كىرگۈزۈلدى.

ۋاڭ يىلىڭ

## پەن - تېخنىكا ئاخبارات خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا پەن - تېخنىكا - ئىقتىساد ئۇچۇر مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىشىش سۇپىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە خەنزۇچە ئۇچۇر تور بېتى ۋە رۇسچە ئۇچۇر تور بېتى ئورنىتىپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈردى. خەنزۇچە ئۇچۇر توردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد - سودا ئۇچۇرى، سىياسەت، قانۇن - تۈزۈم، كارخانىلارنىڭ نامى، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، پەن- تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى، بايلىقلارنى ئېچىش قاتارلىق 14 ئىستون تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 10 مىڭدىن كۆپرەك ئۇچۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ رۇسچە ئۇچۇر توردا پەن - تېخنىكا ئەھۋالى، سىياسەت، قانۇن - تۈزۈم، خەۋەردار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش، ئىقتىساد - سودا ئۇچۇرى، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى، جەمئىيەت ئەھۋالى قاتارلىق 8 ئىستون تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 300دىن ئارتۇق ئۇچۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇر تورى سىستېمىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىپ ئەلا بەھرىمان بولۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق باغچىسى قۇرۇلدى ھەمدە باغچىغا قاتناشقانلارغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى تۈزۈپ چىقىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا پەن - تېخنىكا - ئىقتىساد ئۇچۇر مەركىزى مەسئۇل ئورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن باغچا رايونىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، خىزمەت لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، تۈرلەرنى كىرگۈزۈش، ۋاستىچى مەسلىھەتچى بولۇش، ئۇچۇر تور مۇلازىمىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى.

ئۇچۇر مەركىزى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى بىلەن بىرلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق باغچىسى تۈرىنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى. روسىيە، قازاقىستان، ئۇكرائىنا، ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملار تونۇشتۇرۇش يىغىنىدا بىئولوگىيە، تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك، مېتاللچىلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، قەغەزچىلىك، ئېلېكترون قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان 40تىن كۆپرەك تۈرنى ئېلان قىلدى، يىغىنغا 80دىن كۆپرەك ئورۇن، 100دىن كۆپرەك ۋەكىل قاتناشتى. چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇردى، ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى.

ئۇچۇر مەركىزى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو تەرەپتىن ئۆزبېكىستان، قازاقىستانغا بېرىپ پەن - تېخنىكا كۈنى پائالىيىتىگە قاتناشتى، يىغىندا ئوتتۇرا ئاسىيا پەن - تېخنىكا - ئىقتىساد ئۇچۇر مەركىزىنىڭ مۇلازىمەت تۈرلىرىنى نامايان قىلدى. كۆرگەزمە ئاچقان دۆلەتتىكى كارخانا، شىركەت، پەن تەتقىقات يۇرتى، ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى. مۇشۇ يىلدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۇكرائىنا دۆلەت ستاتىستىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، قازاقىستان دۆلەت ئاخبارات ئورنىنىڭ باشلىقى، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئورال شۆبىسى قاتتىق جىسىم تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، ئاكادېمىك، ئۇكرائىنا «ئۇۋۇكې» شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، تاجىكىستان دۆلەت پاتېنت ئۇچۇر مەركىزىنىڭ

بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتىۋالدى. ئۇلار بىلەن كۆپ تۈرلەر بويىچە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى ھەمدە مۇڭغۇلىيىنىڭ ئۇكرائىنادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ۋە ئۇكرائىنا دۆلەت پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى قاتارلىق پەن - تېخنىكا ئۇچۇرى ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئۆزبېكىستان تاشقى سودا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش شىركىتى، قىرغىزىستان دۆلەت پاتېنت ئۇچۇر مەركىزى، قازاقىستان سودا ساھەسى ئاخبارات ئۇچۇر مەركىزى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

ئۇچۇر مەركىزى شىنجاڭ رىۋېچى دۆلەت سودا شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ۋە شېرىكلىشىپ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش قوللانمىسى»نى نەشر قىلدۇردى، پۈتۈن كىتاب 200 مىڭ خەتتىن ئاشىدۇ. بۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ قانۇن، قائىدە - نىزاملىرى، مەبلەغ سېلىش سىياسىتى ۋە باشقا ئالاقىدار بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، داچىڭ نېفىتلىكى، خېبېي تەبىئىي گاز شىركىتى، مايتاغ نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى، تۇنخې گورۇھى ئوتتۇرا ئاسىيا تورى گورۇپپىسى، مايتاغ تيەنلى شىركىتى، ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى گورۇھى قاتارلىق كارخانىلار ئۈچۈن مەخسۇس ئۇچۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مۇلازىمىتى قانات يايدۇردى.

ئۇچۇر مەركىزى شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تورىنى ئېچىپ، 7300 ئۇچۇر كىرگۈزدى، بۇ تورنى 21 مىڭ 678 ئادەم (قېتىم) زىيارەت قىلدى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇر تورى پونكىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا 4360 ئۇچۇر كىرگۈزدى، ئۇنى 5069 ئادەم (قېتىم) زىيارەت قىلدى؛ شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تورىغا 1520 ئۇچۇر كىرگۈزدى؛ مەملىكەتلىك تەدبىر بەلگىلەش ئۇچۇر تورىغا 410 ئۇچۇر كىرگۈزدى. شىنجاڭ پاختىچىلىق كەسپىي ئۇنىۋېرسال سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى تورغا چىققان يېتەكلەش ئامبىرىغا 27 مىڭ 600دىن كۆپرەك ئۇچۇر كىرگۈزدى. نەتىجە ئامبىرىغا يېقىنقى 3 يىللىق ئۇچۇر كۆرسەتكۈچى ئاچقۇچى كىرگۈزۈش خىزمىتىنى تاماملىدى ھەمدە 470 ئۇچۇرنى بىر تەرەپ قىلدى؛ پاختىچىلىق ئامبىرىغا بىر يىللىق كۆرسەتكۈچ ئاچقۇچى كىرگۈزۈش خىزمىتىنى تاماملاپ، 648 ئۇچۇرنى بىر تەرەپ قىلدى؛ پەن - تېخنىكا قەرەللىك ژۇرنىلى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا 3177 ئۇچۇر كىرگۈزدى.

ئىزدەپ تېپىلغان ۋە تەكشۈرۈلگەن يېڭى تۈر 466گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلگەن يېڭى تۈر 373، مەسلىھەت سوراش يۈزىسىدىن ئىزدەپ تېپىلغان تۈر 93. «چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى» تېمىسىنىڭ تۇنجى كۆپىيىسىنى ۋە ئۇنى تۇنجى قېتىم تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى ھەمدە باش تېما گورۇپپىسىنىڭ باھالىشىغا تاپشۇردى؛ «شىنجاڭ رايونىنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى»، «شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئىقتىسادىي بەلباغ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇش» تەتقىقات تېمىسى تۈر قىلىپ بېكىتىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان 59 خىل پەن - تېخنىكا قەرەللىك ژۇرنىلى باشقۇرۇلدى. مۇتەخەسسىسلەر 14 خىل ژۇرنالنى تەكشۈرۈپ ئوقۇپ چىقىشقا ئويۇشتۇرۇلدى ھەمدە ئۇنىڭ خۇلاسىسى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىگە يوللاندى؛ 3 خىل قەرەللىك ژۇرنال تاللاپ چىقىلىپ، دۆلەتنىڭ 2 - نۆۋەتلىك قەرەللىك ژۇرنال مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلدى؛ 15 ئورۇن قوشۇمچە سان كۆپەيتىش رەسمىيىتىنى بېجىردى، 12 ئورۇن قەرەللىك ژۇرنالنى ئاشكارا تارقىتىشقا ئىلتىماس قىلدى. قەرەللىك ژۇرنال ۋە قەرەللىك ژۇرنالنىڭ يۇمشاق دېسكىسىنى توپلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

ئىلمىي جەمئىيەتكە ئەزا ئورۇنلار «پەن - تېخنىكا ئارقىلىق كەلگۈسىنى يارىتىش» مەزمۇن قىلىنغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ھەپتىلىكىگە قاتنىشىشقا ئويۇشتۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا ئۇچۇرچىلىق خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى؛ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەبىئىي پەنگە دائىر مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلارنى دەسلەپكى قەدەمدە باھالاپ كۆرسىتىش خىزمىتىگە ئويۇشتۇرۇلدى؛ «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى خەۋەرلىرى»دىن 3 سان تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرۇلدى. مەملىكەتلىك ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپلىرى يىغىنىدا، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

فۇ جيايى

## ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «قوش يۇمشاق» (يۇمشاق دېتال كارخانىسى ۋە يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتلىرى)نى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. مۇشۇ يىلدا يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىنغان يۇمشاق دېتال كارخانىسى 7گە يەتتى، يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆتكەن يۇمشاق دېتال كارخانىسى 26

بولۇپ، بۇلاردىن شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەنلەر بەلگىلىمە بويىچە مۇناسىپ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى. يېڭىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ تىزىمغا ئېلىنغان يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتى 34كە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېتىراپ قىلىنىپ تىزىمغا ئېلىنغان يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتى 49غا يەتتى. ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى ساھە ئالاھىدىلىكىگە، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە نۇقتىلىق ئېلېكترون ئۇچۇرلىرىنى قوللىنىش ئۈچۈن قەرز پۇل ئېلىشقا دائىر 10 تۈرلۈك تەكلىپ (ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش پىلانى)نى ئاللاپ چىقىپ، مەملىكەتلىك ئېلېكترون ئۇچۇر سىستېمىسىنى كېڭەيتىش ئىشخانىسىغا تۈر قىلىپ بېكىتىش ئىلتىماسى سۇندى، بۇنىڭغا سېلىنىدىغان مەبلەغ 51 مىليون 660 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى غەملەيدىغان مەبلەغ 16 مىليون 210 مىڭ يۈەن، قەرز پۇل 35 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ھازىر 8 تۈر يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. مۇتەخەسسىسلەرنى سانجى شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ «ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى» قاتارلىق 4 تۈرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئۇيۇشتۇردى. ئېلېكترون ئۇچۇرلىرى تەرەققىيات فوندىغا 3 تۈر (ياردەم ئۇسۇملۇك تۈر)نى يوللىدى.

شىنجاڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى 2002 ـ يىل 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق كومپيۇتېرنى قوللىنىش تېخنىكىسى بويىچە ئىجتىمائىيلاشقان تەربىيىلەش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا 2 يىلدىن بۇيانقى خىزمەت تەجرىبىلىرى يەكۈنلەيدى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندا كومپيۇتېرنى قوللىنىش تېخنىكىسىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش بويىچە 72 مىڭ 466 كىشى تەربىيىلەندى ۋە ئىمتىھان بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمتىھان بەرگەن ئاز سانلىق مىللەت (ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە) ئوقۇغۇچى 5796. 66 مىڭ 613 كىشى ئاپتونوم رايوننىڭ كومپيۇتېرنى قوللىنىش تېخنىكىسى بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك گۇۋاھنامە ئالدى. 2002 ـ يىلى مەملىكەتلىك كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرى بويىچە كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى ۋە سەۋىيە ئىمتىھانى ئېلىش خىزمىتى تاماملاندى، ئاپتونوم رايون بويىچە 1615 كىشى تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئىمتىھانغا قاتناشتى.

شىنجاڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر دۆلەت باج ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى، نەشرىيات ئىدارىسى، سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، تاشقى سودا نازارىتى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق دېتال كارخانىلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملىرى ۋە مالىيە خادىملىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسى، ئاپتونوم رايوندىكى ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ رەسمىي نەشر قىلىنغان يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتىش بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسىغا ئۇنىۋېرسال سىم ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسى، ئاپتونوم رايوننىڭ تور دىرېكتورلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، ئېلېكترون سودا ئىشلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى قاتارلىق كۇرسلارنى ئاچتى، 450تىن ئارتۇق كىشى تەربىيىلەندى.

شىنجاڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى 54 كارخانىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇچۇر قۇرۇلۇشى سىستېمىسىنى توپلاشتۇرۇپ بارلىققا كەلتۈرگەن ئورۇن بولۇش سالاھىيەت دەرىجىسىنى ئېتىراپ قىلدى، 195 كارخانىنى يىللىق تەكشۈردى. سالاھىيەت دەرىجىسى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن 195 كارخانا ئىچىدە، 11 ئورۇن «ئا» دەرىجىلىك، 55 ئورۇن «ب» دەرىجىلىك، 79 ئورۇن «س» دەرىجىلىك سالاھىيەتكە، 23 ئورۇن ۋاقىتلىق سالاھىيەتكە ئېرىشتى، 27 ئورۇن تەستىقلاندى. ئۇچۇر سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلىش شىركىتىدىن بىرى قۇرۇلدى ھەمدە «ئۇچۇر سىستېمىسى قۇرۇلۇشى نازارەتچىلىكىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش چارىسى» ۋە «ئۇچۇر سىستېمىسى قۇرۇلۇشى نازارەتچىلىك سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى.

ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى ئۇچۇرچىلىق سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ پەن ـ تېخنىكا مەھكىمىسى چۈشۈرگەن «شىنجاڭنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئۇچۇرچىلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەندىزىسى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن يۇمشاق پەن تەتقىقاتى تۈرىنى تاماملىدى؛ گوۋۇيۈەن ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ «جۇڭگونىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تەجرىبىلىرى ۋە ساۋاق قىلىنىدىغان رايونلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەتقىقات» تېمىسىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ قىسمىغا دائىر مەزمۇنلارنى تەلەپ بويىچە ئورۇندىدى، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭنىڭ ئۇچۇر مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ 10 ـ بەش يىللىق تەرەققىيات يېتەكچى پىكرى»نى تۈزۈپ چىقتى.

ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى گېزىت، رادىئو، تور بېكەتتى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى زورايتتى. مۇشۇ يىلدا 110 پارچە خەۋەر ئېلان قىلدى؛ شىنجاڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى تور بېكىتىنىڭ بېتىنى 2 قېتىم ئومۇميۈزلۈك يېڭىلىدى، ئىستونلارنى كۆپەيتتى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە

قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە كومپيۇتېر تور بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى.

جاڭ دېشىن

## بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتى

1. ماسلاشتۇرۇش - يېتەكچىلىك خىزمىتى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتى جەريانىدا، ئەزا ئورۇنلارنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى «15 - مارت» مەزگىلىدە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، نەشرىيات ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى كومىتېتى ۋە بېيخۇاسۇن يۇمشاق دېتال باغچىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۈرۈمچى مەدەنىيەت بازىرىنى نۇقتا قىلىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر قانۇن - تۈزۈم، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان بۇيۇملار ۋە ساختا پاتېنتنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى ئۈستىدە، تەشۋىق قىلىش، مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان كىتاب، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرى، ساختا پاتېنت قاتارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە زەربە بەردى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، پەن - تېخنىكا نازارىتى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى، تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىش ئاساسىي تېما قىلىنغان 2 - قېتىملىق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

2. خىزمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يىغىنى ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش - يېتەكچىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى، تەڭشەلگەندىن كېيىن بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش - يېتەكچىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىدا تەسىس قىلىندى. قۇمۇل، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش - يېتەكچىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەڭشىدى.

يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە %86.7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى قۇرۇلدى، 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلدى، مەخسۇس (قوشۇمچە) ۋەزىپىدىكى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى باشقۇرغۇچى خادىمدىن 108ى سەپلەندى. تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىن بىرى تەسىس قىلىنىپ، 5 خادىم قوشۇلدى، نەشر ھوقۇقىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىن بىرى تەسىس قىلىنىپ، 4 خادىم قوشۇلدى. يېڭىدىن بىر پاتېنت ئىشلىرى ئورنى قۇرۇلدى، بىر پاتېنت ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تاماملىدى، 2 پاتېنت ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى كېچىكتۈردى، 3 پاتېنت مۇلازىمەت ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ھازىر پاتېنت ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتىدىن 5ى، يەنى شىنجاڭ پاتېنت مۇلازىمەت مەركىزى، ئۈرۈمچى پاتېنت مۇلازىمەت ئورنى، شىخەنزە پاتېنت مۇلازىمەت ئورنى، قاراماي «شىپىسى» پاتېنت مۇلازىمەت ئورنى ۋە ئۈرۈمچى «خې زولاڭ» پاتېنت مۇلازىمەت ئورنى بار. ئاپتونوم رايون بويىچە 69 خادىم پاتېنت ۋاكالەت سالاھىيىتىگە ئېرىشتى؛ تاۋار ماركىسى ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتىدىن 2سى بولۇپ، 19 خادىمى بار.

3. سىياسەت، قانۇن - نىزام قۇرۇلۇشى. شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش قەدىمىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون 2 - نۆۋەتلىك داڭلىق تاۋار ماركىسىنى باھالاش كومىتېتى قۇردى. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «ئەۋزەل بايلىقتىن پايدىلىنىش بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» تېمىسىنى قانات يايدۇردى.

8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى بىلەن مالىيە نازارىتى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پاتېنت ئىلتىماسى ياردەم مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى، «ئاپتونوم رايونىنىڭ پاتېنتنى كېڭەيتىش مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسى»غا تۈزىتىش كىرگۈزدى. ش ئۇ ئا ر نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى ئالاقىدار خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ئۇيغۇرچە - قازاقچىگە تەرجىمە قىلىنغان ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ چىقتى. 2002 - يىلى پەن - تېخنىكا نازارىتى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاش خىزمىتى داۋامىدا «تۆتنى بىرلەشتۈرۈش»نى يەنى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاش خىزمىتىنى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكا

خادىملىرىنىڭ مەنىۋى ھوقۇقىنى دەخلى - تەرۇزسىز قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتتى.

4. تەشۋىقات - تەربىيىلەش خىزمىتى. 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەشۋىقات خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ۋە 2001 - يىللىق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر ياخشى خەۋەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلدى.

2 - قېتىملىق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەشۋىقات ھەپتىلىكى مەزگىلىدە، جايلار نەق مەيداندا مەسلىھەت بېرىش، تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىش، شوئار چاپلاش، تەشۋىقات لوزۇنكىلىرىنى ئېسىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ رەھبەرلىرى كەينى - كەينىدىن «26- ئاپرېل» دۇنيا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى كۈنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تېلېۋىزىيە نۇتقى ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەن قاتارلىق جايلاردىكى گېزىت رېداكسىيىلىرى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى مەخسۇس بېتى ئاچتى، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى كارخانىلارنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى خىزمىتىدىكى ئىلغار تىپلارنى خەۋەر قىلدى. تەشۋىقات ھەپتىلىكى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر ياخشى خەۋەرلەرنى باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئىلى ئوبلاستى قاتارلىق 7 ئورۇن ئەلا ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، 30 پارچە ماقالە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە ياخشى خەۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مۇشۇ يىلدا 53 قارار بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى كۇرسى ئېچىلىپ، 4318 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. پاتېنت سىناق نۇقتىسى كارخانىلىرى ئۆزلىرى 4710 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە 20 قېتىم مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئېچىلدى، قاتناشقان ئادەم سانى 3410غا يەتتى. «شىنجاڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى» ژورنىلىدىن 6 سان چىقىرىلدى. 38 مىڭ 650 پارچە تەشۋىقات بۇيۇمى بېسىپ تارقىتىلدى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى سالاھىيىتى بويىچە 2 كىشى ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋاكالەتچىلىك ئاپپاراتلىرى 309 پاتېنت ئىلتىماسىنى ۋاكالىتەن بېجىردى، 277 ئادەم (قېتىم) ھۆججەت سۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتى، 13 مىڭ ئادەم (قېتىم) مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى ئېلىپ باردى. 2995 پارچە (قېتىم) تاۋار ماركىسىنى روبخەتكە ئېلىپ تىزىملاش مۇلازىمىتى قىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە 362 مىڭ يۈەن تەربىيىلەش خىراجىتى ئاجرىتىپ بەردى.

5. پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىش، ھوقۇق بېرىش ۋە تاۋار ماركىسى، ئەسەرلەرنى تىزىملاش خىزمىتى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلتىماس قىلىنغان پاتېنت 1239غا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 13.88% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، كەشپىيات پاتېنت ئىلتىماسى 216، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنت ئىلتىماسى 799، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنت ئىلتىماسى 244؛ ۋەزىپە سىرتىدىكى كەشپىيات - ئىجادىيەت پاتېنت ئىلتىماسى 949، ۋەزىپە دائىرىسىدىكى كەشپىيات - ئىجادىيەت پاتېنت ئىلتىماسى 290. ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانىلار ئىلتىماس قىلغان پاتېنت 238 بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە پاتېنت ئىلتىماس سانىنىڭ 19.2%نى ئىگىلەپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.9 پىرسەنت پونكىتى ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە پاتېنت ئىلتىماسى 10 مىڭ 461گە يەتتى، پاتېنت ئىلتىماس مىقدارى غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - ئورۇنغا ئۆتتى. پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 627، بۇنىڭ ئىچىدە كەشپىيات پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 61، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 407، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 159؛ ۋەزىپە دائىرىسىدىكى كەشپىيات - ئىجادىيەت پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 143، ۋەزىپە سىرتىدىكى كەشپىيات- ئىجادىيەت پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 484. ئاپتونوم رايون بويىچە پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 5917. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋاكالەتچىلىك ئاپپاراتلىرى 309 پاتېنت ئىلتىماسىنى ۋاكالىتەن بېجىردى، 277 ئادەم (قېتىم) ھۆججەت سۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتى، 1420 ئادەم (قېتىم) مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى ئېلىپ باردى.

يېڭى «تاۋار ماركىسى قانۇنى»دا تەبىئىي شەخسلەرنىڭ تاۋار ماركىسىغا ئىلتىماس قىلىشى رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۈركۈم داڭلىق تاۋار ماركىسى، ئالايلۇق «داۋانچىڭ قىزى» ماركىلىق دادۇر، «ئابلاجان نانلىرى» قاتارلىق داڭلىق ماركىلار بارلىققا كەلدى؛ يەنجى ناھىيىسى قىزىل مۇچ، چوڭ بېسىۋېلەك، ئاق گازىر، زىرىدىن ئىبارەت 4 خىل مەھسۇلاتنى ئەسلى جاينىڭ تاۋار ماركىسى قىلىپ روبخەتكە ئېلىشقا ئىلتىماس قىلدى، بۇ ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەسلى جاينىڭ تاۋار ماركىسىغا ئەڭ كۆپ ئىگە بولغان ناھىيىلەردىن بولۇپ قالدى. 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايون 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسىنى باھالاش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. باھالاش ئارقىلىق 67 تاۋار ماركىسى شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى بولۇپ باھالاندى، بۇ 1 - نۆۋەتتىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىر ھەسسە ئاشتى. شىنجاڭ «ئىلى» تاۋار ماركىسى جۇڭگونىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى دەپ ئېتىراپ قىلىندى؛ شىنجاڭنىڭ «جىڭ ئالقىتى» ئەسلى جايدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات دەپ ئېتىراپ قىلىندى. 2002- يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە

ئىلتىماس قىلىپ روييخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى 2995كە، كۈچكە ئىگە تاۋار ماركىسى 11 مىڭ 241گە يەتتى. 2995 تاۋار ماركىسىنى روييخەتكە ئېلىپ تىزىملاش مۇلازىمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 60 پارچە ئەسەر ئىختىيارىي تىزىمغا ئالدۇرۇلدى، چەتكە چېتىشلىق ئەشىر هوقۇقى توختامىدىن 28ى تىزىمغا ئالدۇرۇلدى.

6. ئاشقى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى. 5 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ۋە پەن - تېخنىكا قاتارلىق ئارماقلار زىيارەتكە كەلگەن شىياڭگاڭ بىلىم مۈلۈك هوقۇقى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شې سۇفاڭ بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ بىلەن شىياڭگاڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ش ئۇ ئا ر كەشپىيات ئىلمىي جەمئىيىتى كارخانىلارنى تەشكىللەپ، پارىژ خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسى ۋە بېيجىڭ 5 - نۆۋەتلىك يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر خەلقئارا ھەپتىلىك پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى. ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تاۋار ماركا باشقارمىسى، ش ئۇ ئا ر تاۋار ماركىسى جەمئىيىتى ياپونىيە كارخانا ۋەكىللىرى بىلەن چەت ئەلنىڭ ساختا مەھسۇلاتلىرىغا زەربە بېرىش، هوقۇقنى قوغداش ئىشى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. 8 - ئايدا دۆلەت بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئىدارىسى باشقۇرغان، ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئىدارىسى ھەمكارلاشقان مەملىكەتلىك پاتېنت مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمەت يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك پاتېنت مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. 10 - ئايدا ئاپتونوم رايون 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئىدارىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى بېيجىڭ، گۇاڭدۇڭ، سىچۈەن قاتارلىق جايلارغا تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. 11 - ئايدا كارخانىلارنى تەشكىللەپ جۇڭگونىڭ يالىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 9 - نۆۋەتلىك يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇردى. مۇشۇ يىلدا خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدە 3 قېتىم كۆرگەزمىگە ئىشتىراك قىلىندى، كۆرگەزمىگە 34 تۈر قاتناشتۇرۇلدى، بۇلاردىن بىر تۈر خەلقئارا ئالتۇن مېدالغا، بىر تۈر كۈمۈش مېدالغا، 2 تۈر مىس مېدالغا ئېرىشتى؛ 2 تۈر مەملىكەت بويىچە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى، 8 تۈر بويىچە تېخنىكا ئالماشتۇرۇلدى.

7. قانۇننى ئىجرا قىلىش - قوغداش خىزمىتى. 7 - ئايدا شىنجاڭ توك ئارقىلىق ئېرىتىپ رەندىلەش تېخنىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە باش ئىنژېنېرى بې لياڭخېي كەشىپ قىلغان رەقەملىك تىزگىنلىنىدىغان توك ئارقىلىق ئېرىتىپ رەندىلەش ئىستانوكى نىڭبو پورتىدىن ئامېرىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئېلېكتر شىركىتىگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇ ئامانەن جۇڭگونىڭ مۇستەقىل بىلىم مۈلۈك هوقۇقىغا ئىگە بولغان يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق ئىستانوكىنىڭ تۇنجى قېتىم چەت ئەلگە چىقىرىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ يىلدا ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئىدارىسى پاتېنت هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش ماجىراسىغا دائىر 5 دېلو ئاپشۇرۇۋالدى، 2 ساختا پاتېنت دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 15 دېلو (2001 - يىلدىن قېلىپ قالغان دېلومۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نى ئاياغلاشتۇردى، 2 دېلونى ئاياغلاشتۇرمىدى ياكى توختىتىپ قويدى. ش ئۇ ئا ر تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى مۇشۇ يىلدا تاۋار ماركىسى قانۇنىغا خىلاپ 923 دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 1 مىليون 110 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى، 524 مىڭ تاۋار ماركا بەلگىسىنى يىغىۋالدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇردى، 876 توننا بۇيۇمنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۈرۈمچى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بىلىم مۈلۈك هوقۇقىغا دائىر 9 دېلو قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن 7 دېلونى ئاياغلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر نەشر هوقۇقى ئىدارىسى ئاپتورلۇق هوقۇقى ماجىراسىغا دائىر 25 پارچە ئەرزنى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن 13نى ئاياغلاشتۇردى، 80 خىلدىن كۆپرەك 40 مىڭ نۇسخا (دېسكا، دانە) نەشر بۇيۇمىنى باھالاپ چىقتى ۋە ئېتىراپ قىلدى، نەشر هوقۇقى ئوغرىلانغان كىتاب، يۇمشاق دېتال، ئۈن - سىن بۇيۇمىدىن 15 مىڭ 193 تال (دېسكا) نى يىغىۋالدى. ئۈرۈمچى تاموژنىسى هوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا دائىر 3 دېلونى بېجىردى، هوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىنغان 1037 پۈرۈش داڭلىق كىيىمنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

8. كارخانىلارنىڭ پاتېنت خىزمىتى. 2002 - يىلى شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى مەملىكەت بويىچە پاتېنت سىناق نۇقتىسى كارخانىسى قىلىپ تاللاندى. مۇشۇ يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 10 خىل پاتېنت تېخنىكا تۈرى يولغا قويۇلدى، مەخسۇس تۈرلەرنى يولغا قويۇش ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى؛ جەمئىي 34 خىل پاتېنت تېخنىكا تۈرى يولغا قويۇلۇپ، 4 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغ سەرپ قىلىندى. پاتېنت سىناق نۇقتىسى قىلىنغان كارخانىلار يولغا قويغان پاتېنت تېخنىكىسى 50 تۈرگە، پاتېنت تېخنىكىسىنى يولغا قويۇشتىن قىلىنغان كىرىم 373 مىليون 490 مىڭ 900 يۈەنگە، پايدا 45 مىليون 364 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

شى جىشۈن

## تېخنىكا بازارلىرى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1350 تۈرلۈك ھەرخىل تېخنىكا توختامى ئىمزالاندى، پۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد

6 مىليون يۈەنگە يەتتى، تېخنىكا توختاملىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سودا سوممىسى 745 مىڭ 900 يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تېخنىكا تەرەققىياتى توختامى 442 بولۇپ، پۈتۈشۈش سوممىسى 473 مىليون يۈەن؛ تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توختامى 198 بولۇپ، پۈتۈشۈش سوممىسى 340 مىليون يۈەن؛ تېخنىكا مەسلىھەتچىلىك توختامى 390 بولۇپ، پۈتۈشۈش سوممىسى 108 مىليون يۈەن؛ تېخنىكا مۇلازىمەت توختامى 320 بولۇپ، پۈتۈشۈش سوممىسى 85 مىليون يۈەن بولدى. تېخنىكا توختاملىرىنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسىنى مەملىكەت بويىچە رەتكە تىزغاندا يىلمۇ يىل ئالدىغا سۈرۈلدى، 2002 - يىلى رەت تەرتىپىدە 17 - ئورۇنغا ئۆتتى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 تۈركۈمدە 146 خىل تېخنىكا كەشپىياتى، تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توختامىدىن قىلىنغان 28 مىليون 138 مىڭ 400 يۈەن تېخنىكىلىق كىرىمنىڭ تىجارەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش تەستىقلاندى.

2002 - يىلى شىنجاڭ دائىمىي تېخنىكا بازىرى «شىنجاڭنىڭ تېخنىكا سودا تورى»نىڭ تور سۇپىسى مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ياخشىلاش ئاساسىدا، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالاقىدار تور بېكەتلىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى 50تىن كۆپرەك ئالاقىدار كەسپىي تېخنىكا سودا تور بېكىتى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. جۇڭگونىڭ شېنجېن «جەنۇبىي رايون» تېخنىكا سودا بازىرى قانات يايدۇرغان مەملىكەتلىك تېخنىكا سودا تورىغا كىرگۈزۈلگەن «تېخنىكا خەۋەرلىرى» قانىلىنىڭ شىنجاڭ قىسمىنى قۇرۇپ چىقىش خىزمىتىگە قاتناشتى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تور بېتى، قۇمۇل ۋە بورتالا ئوبلاستى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تور بەتلىرى تۇرغۇزۇلدى. شىنجاڭ دائىمىي تېخنىكا بازىرى دۆلەت دەرىجىلىك تېخنىكا سودا بازىرى — شىمال تېخنىكا سودا بازىرىنىڭ شىنجاڭ ئالاقە باشقارمىسى بولۇپ قالدى. شىنجاڭ دائىمىي تېخنىكا بازىرى شېنجېن شەھەرلىك تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، شېنجېن شەھىرى باۋئەن رايونلۇق پەن-تېخنىكا ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ — شېنجېن پەن-تېخنىكا ئالماشتۇرۇش - تەكشۈرۈش كۇرسى ئاچتى، شىنجاڭدىن 40تا يېقىن كىشى پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈشكە قاتناشتى.

جاۋ پېڭ

### شىنجاڭ بىلەن شەرقتىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە 3 - قېتىملىق بىرلەشمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە شىنيالڭ شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا مۇشۇ يىللىق بىرلەشمە يىغىننىڭ نۆۋەتچى ئىجرائىي رەئىسى ئەرەپ لياۋنىڭ ئۆلكىلىك پەن - تېخنىكا نازارىتى مەسئۇل بولدى. شىنجاڭ بىلەن شەرقتىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق بىرلەشمە يىغىنىغا ئەزا ئورۇنلار ۋە پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەرەققىيات - پىلان مەھكىمىسى ۋەكىل ئەۋەتىپ يىغىنغا قاتناشتۇردى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرى گۇ جيايۇ بىرلەشمە يىغىننىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. بىرلەشمە يىغىنغا ئەزا ئورۇنلار ئۆز ئۆلكە، شەھەرلىرىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، يىغىندا «شىنجاڭ بىلەن شەرقتىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە 3 - قېتىملىق بىرلەشمە يىغىننىڭ شىنجاڭ بىلەن شەرقتىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇش سۇپىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسنامىسى» مۇھاكىمە قىلىپ ماقۇللاندى ھەمدە ئالاقىدار ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇلدى.

يۇ جىپ

# تەبىئىي پەن

## ئېكولوگىيە، بايلىق

### «ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات، پۇرسەت ۋە خىرىس» شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات خەلقئارا مۇنبىرى

بۇ مۇنبەر 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 24- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇنبەرگە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن شياڭگاڭ يىدا گۇرۇھى ئۈستىگە ئالدى.

مۇنبەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئېكولوگىيىلىك بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. جۇڭگو، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان،

ئىسرائىلىيە، تايلاند ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق 12 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 400گە يېقىن كىشى مۇنبەرنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن يىيۇ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى. بۇ قېتىمقى مۇنبەردە 26 ۋەكىل دوكلات بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا دائىر ئىلمىي دوكلات 14 پارچە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا دائىر ئىلمىي دوكلات 10 پارچە، مەدەنىيەت مىراسلىرىغا دائىر ئىلمىي دوكلات 2 پارچە.

يىن جىڭيۈەن

## تارىم قۇملۇق تاشيولىنىڭ قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشىنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش

بۇ — دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكىلى پىلانىدىكى غەربنى ئېچىش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى تۈرى، ئۇنىڭغا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، 2002 - يىلى رەسمىي ئىش باشلاندى. بۇنىڭغا دۆلەت 2 مىليون يۈەن، تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى 3 مىليون 80 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىش پىلانلاندى. بۇ تۈردە تارىم قۇملۇق تاشيولىدا قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يېشىل كارىدور بەرپا قىلىشتا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاچقۇچلۇق قىيىن تېخنىكا مەسىلىسىگە قارىتا كۆپ پەنلەر بىرلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىشى قانات يايدۇرۇلىدۇ. قۇملۇق تاشيولى بويلىرىدىكى بوران - قۇم زىيىنىنىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمى ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مۇداپىئە كۆرۈش تېخنىكا تەتقىقاتى ئۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلىپ، قۇملۇق تاشيولى بويلىرىدىكى بوران - قۇم زىيىنىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىۋېلىنىدۇ، قۇملۇق تاشيولى بويلىرىنىڭ ھازىرقى ئوخشاش بولمىغان شارائىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى تېرىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تاللاش ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىپ، بىر يۈرۈش مۇكەممەل يېشىل كارىدور قۇرۇشقا باب ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنى تاللاش تېخنىكىسى بەرپا قىلىنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇملۇقنىڭ كەندىكىدە، قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ سۇ چىقىرىش ۋە ئوخشاش بولمىغان گرادىئېنتلىق تۇزلۇق سۇ بىلەن سۇغىرىپ ئورمان بەرپا قىلىش تېخنىكىسى ۋە قۇملۇق تاشيولىنىڭ يېشىل كارىدورىنى مۇھاپىزەت قىلىش سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 400 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تارىم قۇملۇق تاشيولى ئىھاتە ئورمىنىنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشىدا بىۋاسىتە قوللىنىلىدۇ، ئۇنى يەنە شىنجاڭدىكى چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يېشىل كارىدور قۇرۇلۇشىدا، ھەمدە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتى، تەكلىماكاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ قاتارلىق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ.

يىن جىڭيۈەن

## قۇملۇق، چۆللۈك رايونلاردا يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېكولوگىيىلىك كەسپلەرنى ئومۇميۈزلۈك بارلىققا كەلتۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇ، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆتكەل پىلانىدىكى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئېكولوگىيىسى زەئىپ ئۇقتىلىق رايونلارنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تېخنىكىسى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى تەركىبىدىكى 12 تېمىنىڭ بىرى. بۇ تۈر 2002 - يىلى رەسمىي باشلاندى. دۆلەت 3 مىليون 700 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى پىلانلىدى. بۇ تۈرگە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئوتلاق تەتقىقات ئورنى، «شىنجاڭ غەربىي رايون بوستانلىق ئېكولوگىيە تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قاراماي «جيەنشاڭ» شىركىتى، قاراماي شەھەرلىك «لۈيجياڭ» شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار قاتناشتى. بۇ تۈردە قاراماي تەتقىقات ئۈلگە رايونى قىلىنىپ، قۇرغاق چۆللۈك رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك كەسىپ قۇرۇلۇشىدىكى سىستېما ئېكولوگىيىلىك جەريانىنىڭ مۇكەممەل، تېخنىكا يوللىرىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى، ياشاش بىلەن ئىقتىسادىي جەرياننى بىرلەشتۈرۈشنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك سىجىل بولۇشى قاتارلىق ئىلمىي مەسىلىلەر ۋە چۆللۈكلەرنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېكولوگىيىلىك كەسىپ قۇرۇلۇشىدىكى ئېكولوگىيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا دائىر چوڭ - چوڭ تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ئۇقتىلىق ھەل قىلىنىدۇ.

يىن جىڭيۈەن

## چۆللۈكنىڭ يەر ئۈستىدىكى بىئولوگىيىلىك قاسراقلارنىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمى ۋە ئۇنى قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا قوللىنىش

بۇ — دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى غەربىي رايون مۇھىتى ۋە ئېكولوگىيە پەنلىرى ئۇقتىلىق فوندىدىن ياردەم بېرىلگەن تۈر، ئۇنى 2002 - يىل 10 - ئايدا دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى كومىتېتى تەستىقلاپ 850 مىڭ يۈەن خىراجەت ياردەم بەردى.

بۇ تۈرگە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، شائىخەي پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتناشتى. بۇ تۈردە دالادا نۇقتا بەلگىلەپ تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق تەتقىقات رايونىدىكى بىئولوگىيىلىك قاسراقلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ بايلىق مىقدارى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىدۇ ھەمدە تەجرىبىخانىلاردا ئانالىز قىلىش ۋە يېتىشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى قۇملۇقلارنىڭ يەر ئۈستىدىكى بىئولوگىيىلىك قاسراق تۈرلىرىنىڭ تەركىبى، قۇرۇلمىسى، فىزىئولوگىيىلىك، ئېكولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمى ئاساسىي جەھەتتىن كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ ھەمدە بۇ، نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىنىپ، تەجرىبىخانىلاردا قاسراق تۈرلىرىنى تاللاش، سۈنئىي يېتىشتۈرۈش، پارنىكلاردا كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش، تۈرلەر ئارا سەپلەش ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، بىئولوگىيىلىك قاسراقلارنى سۈنئىي يېتىشتۈرۈپ، دالادا كۆچۈرۈشكە دائىر بىر يۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

يىن جىڭيۈەن

## شىنجاڭدىكى ئاغلىق ـ بوستانلىق چۆللۈكلەردىكى ماددىلارنى تەخپۇقلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك بوشلۇق قۇرۇلمىسىغا بولغان تەسىرى (سەنگۇڭ دەريا ۋادىسى مىسال قىلىندى)

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش جۈملىسىدىكى مۇھىم نىشانلىق تۈرى بولۇپ، 2002- يىل 11 ـ ئايدا رەسمىي باشلاندى. بۇ تەتقىقات تۈرىگە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بولدى. مۆلچەرلىنىشىچە 2005 ـ يىلى تاماملىنىدۇ. بۇ تەتقىقات تۈرىدە بەۋقە ئىچكى قۇرغاقلۇق دەريا ۋادىسىدىكى 3 چوڭ سىستېما — ئاغلىق ـ بوستانلىق ـ چۆللۈككە قارىتىلىپ، قۇرغاق رايونلاردىكى 3 چوڭ ئېكولوگىيىلىك ئامىل سۇ، شور، ئۆسۈملۈك (يېپىنچا ئۆسۈملۈك) نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئۈچ بوشلۇق ئۆلچىمى جەھەتتە يەنى كولونىيە، لاندشافت بەلۋېغى، ۋادىلار ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئېكولوگىيىلىك ماكان قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلۈك ماددا قۇرۇلمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈر تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي قىسمى قىلىنىدۇ، ئىنسانلار پائالىيىتى يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلمىنىڭ ماكان ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق ئامىل قىلىنىدۇ. سۇ، شور جەريانى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، ئۆسۈملۈك كولونىيىسىنىڭ سۇ، شور ھەمدە باشقا مۇھىت شارائىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەھقىق قىلىنىدۇ. لاندشافت قۇرۇلمىسى بىلەن ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئېففېكتى تەھقىق قىلىنىپ، بۇ ۋادىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش ۋە ئىمكانىيەتلىك ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇناسىپ تەدبىر بىلەن تەمىنلەيدۇ. جۇڭگودىكى قۇرغاق رايونلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ۋادىلاردا بولۇپمۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى رايونلاردا بىۋاسىتە كېڭەيتىلىدىغان نەتىجىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يىن جىڭيۈەن

## شىنجاڭنىڭ يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيانقى LUCC ۋە ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئېففېكتى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش جۈملىسىدىكى مۇھىم نىشانلىق تۈرى بولۇپ، 2002. يىل 11 ـ ئايدا رەسمىي باشلاندى. بۇ تەتقىقات تۈرىگە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بولدى، مۆلچەرلىنىشىچە 2005 ـ يىلى تاماملىنىدۇ. بۇ تەتقىقات تۈرىدە ئاۋىئاتسىيىلىك ـ ئالەم بوشلۇقى سانلىق مەلۇماتلىرى ئىزاھلىنىپ، بىر نەچچە قېتىملىق بايلىق مۇھىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە دائىر سانلىق مەلۇمات ۋە ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتلىرى ئانالىز قىلىنىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيانقى ئوخشاش بولمىغان ماكان ئۆلچىمىدىكى LUCC (يەرلەردىن پايدىلىنىش ۋە يەر يۈپۈنچىسىنىڭ ئۆزگىرىشى) گە دائىر رەقەملەرنى قايتا تۈرگۈزۈش ئىشى تاماملىنىدۇ. شىنجاڭنى ئېچىش جەريانى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانى قايتىدىن نامايان قىلىنىدۇ. بۇ تۈر LUCCنى تەھقىق قىلىش ۋە شىنجاڭنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى سانلىق مەلۇمات ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقات نەتىجىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يىن جىڭيۈەن

## «شىنجاڭدىكى سۈت ئەمگۈچىلەر (ھايۋانلار) كاتولىكى»

بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابلىمىت ئابدۇقادىر تۈزگەن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ

يۈلۈشىنىڭ جۇڭگوغا مەشھۇرلار فوندى جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى ساھەسىدىكى ئالدىنقى قاتار تۈر خىراجىتىدىن ياردەم بېرىلگەن. بۇ كاتولوگ 2002 - يىل 9 - ئايدا «قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچە سانىغا بېسىلدى، ئىلىم - پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كاتولوگتا شىنجاڭدىكى سۈت ئەمگۈچى (ھايۋان) لەرنىڭ رايون سىستېمىسى ۋە ئېكولوگىيىلىك - جۇغراپىيىلىك تارقىلىش جەھەتتىن سۈت ئەمگۈچىلەر سىنىپىنىڭ ھەر قايسى ئەترىتى، ئائىلىسى، كەنجى ئائىلىسى، تۈرى ۋە كەنجى تۈرلىرىنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى ۋە نامى ھەمدە ئۇنىڭ چوڭ ماسشتابلىق ۋە كىچىك ماسشتابلىق تارقىلىشى ۋە ئېكولوگىيىلىك ياشاش ئومۇمىي ئەھۋالى قىسقىچە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يىن جىڭيۈەن

## «شىنجاڭنىڭ يەر - زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ ئەسەرنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى چېن ياڭنىڭ يازغان، 2002 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان، پۈتۈن كىتاب ئومۇمىي بايان ۋە قوشۇمچە بايانىدىن ئىبارەت 2 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، 194 مىڭ خەت. بۇ مەخسۇس ئەسەر پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەستىقلىغان غەربىي شىمالنىڭ يەر - زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتىگە دائىر زور تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش بويىچە دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى پەن - تېخنىكا ئۆتكەلى پىلانى تۈرىدىكى مەزمۇنلارنىڭ بىرى قىلىنغان.

يىن جىڭيۈەن

## «جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر پەنلىرى نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلى»

بۇ ئەسەرنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋاڭ راڭخۇي يازغان، 2002 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان. بۇ كىتاب 2 قىسىمغا بۆلۈنگەن، 14 باب، 400 مىڭ خەتتىن تەركىب تاپقان. ئەسەردە ئاساسەن جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر پەنلىرىگە دائىر ئاساسىي چۈشەنچە، پەن ئورنى، پەن سىستېمىسى بايان قىلىنغان، جۇغراپىيىلىك ئۇچۇرغا ئېرىشىش، بىر تەرەپ قىلىش، تەھلىل قىلىش، باشقۇرۇش ۋە يېڭىلاش ئۇسۇلى ھەمدە يولى شەرھلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇچۇر ئۇسۇلى، تىپ ئەندىزە ئۇسۇلى ۋە تېلېتېخنىكىسى، يەر شارىنىڭ ئورنىنى بېكىتىش سىستېمىسى، جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى قاتارلىقلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر پەن تەتقىقاتىدىكى نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان. زەئىپ مۇھىت سۈپىتىگە باھا بېرىش ئۇسۇلى ھەمدە زەئىپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئادەتتىكى مودېلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يىن جىڭيۈەن

## ئۆگەن دەرياسى ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئەندىزىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش

بۇ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىنىڭ يەر - زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى پىلانى بولۇپ، دۆلەت پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شىنجاڭدا جۇڭگو بويىچە يەر - زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا پىلانىدىكى ئۈلگە رايون قۇرۇش (تۇنجى تۈركۈم) تىكى شىنجاڭ قىسمىنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەم بەردى. بۇ تۈر 2000 - يىل 3 - ئايدا باشلاندى، بۇ تۈرگە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، يەنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتىنىڭ قۇم تىزگىنلەش تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئوتلاق تەتقىقات ئورنى بىلەن توقسۇ ناھىيىسى قاتنىشىپ تاماملىدى. 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: بىرىنچى، بۇ تېمىدا قۇرغاق رايونلاردىكى بوستانلىقلارغا جايلاشقان شەھەر - ناھىيىلەرنىڭ ئىمكانىيەتلىك ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي سىجىل تەرەققىياتى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ھەمدە دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش چىقىش قىلىنىپ، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكنى كۆپ مەنبەلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھازىرقى تېخنىكىلار مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈپ «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى بىلەن دېھقانچىلىقنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىنلىكى ئىستراتېگىيىسى تەتقىقاتى ۋە ئالاقىدار ئومۇمىي پىلانىغا دائىر 5 تۈر تاماملانغان؛ 10 مىڭ مو (666.7

گېكتار) يەردە دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈپ قۇرۇلمىنى تەڭشەش بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىپ ئۆلگە كۆرسىتىش ئىشى تاماملانغان. 57 گېكتار يەردە ئېكولوگىيىلىك ئىقتىسادىي ئىھاتە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، بوستانلىقلاردىكى چۆللۈك ئۆتكۈنچى بەلۋاغلاردا 37 مىڭ گېكتار يەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1900 گېكتار شورلۇق، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق يەرلەرنى ئۆزگەرتىپ ياخشىلاش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش ئىشى تاماملىنىپ، توختامدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان. ئىككىنچى، تىما گۇرۇپپىسى بوستانلىقنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، سەرخىللىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ بوستانلىقلاردىكى ئېكولوگىيىلىك دېھقانچىلىقىغا دائىر 13 خىل ئاچقۇچلۇق تېخنىكىنى ياخشىلاپ، 11 سىناق ئۆلگە بازىسىنى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك كەسپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەندىزىسىنى تەڭشەش ۋە شورلۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىپ ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە يېتەكلىك يارىتقان. ئۈچىنچى، بۇ توقسۇ ناھىيىسىدە ئۆلگىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىغان. 2000 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق كىرىمى 320 مىليون يۈەن (ھازىرقى باھا) غا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 34 مىليون يۈەن ئاشقان، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1275.12 يۈەنگە يېتىپ، 303.71 يۈەن كۆپەيگەن، بۇنىڭ بىلەن توقسۇ ناھىيىسىنىڭ بوستانلىق ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

يىن جىيۈەن

## شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تېلېتېخنىكا ئاساسىدىن تەكشۈرۈش ۋە دىنامىكىلىق ئۆلچەپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى

بۇ پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىيات (ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش) پىلانىدىكى تۈر بولۇپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭ تېلېتېخنىكا مەركىزى رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە كەسپىي مەركىزى، شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش تەتقىقات ئورنى، بايلىق مۇھىت ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ دۆلەتلىك نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى ئاساسلىق تاماملىدى. 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنى باھالاپ چىقتى. 1. بۇ تۈردىكى تەتقىقاتنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشىغا بولغان ئەھمىيىتى چوڭقۇر. 2. تەتقىقات نەتىجىسى تېلېتېخنىكا، جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى ۋە تور قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلار قوللىنىلىپ، ھازىرقى زامان گېئو سىستېما ئىلمى بىلەن ئېكولوگىيە نەزەرىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تېلېتېخنىكىلىق ئىزاملاش كۆرسەتكۈچى ۋە ئۇسۇلى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش ئەندىزىسى، ۋادىلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى باشقۇرۇش ۋە دىنامىكىلىق ئۆلچەپ تەكشۈرۈش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلارنى ھەل قىلىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە شىنجاڭنىڭ كەسپىي مەشغۇلات قىلىنىدىغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە تىپىك رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت دىنامىكىسىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە باھالاش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلۇپ، بىر قەدەر زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. 3. قۇرغاق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تېلېتېخنىكىلىق تەكشۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچ ۋە ئۇنىڭ ئۆلچىمى تۇرغۇزۇلۇپ، كۆپ مەنبەلىك ئۇچۇرلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۇپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغان، پايدىلىنىشقا بولىدىغان، چوڭ سىغىملىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى سىستېمىسى تۇرغۇزۇلۇپ، چوڭ سىغىملىق بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى باشقۇرۇش ۋە توردا ئۇچۇر تارقىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلغان؛ شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا باھا بېرىش كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى بىلەن باھالاش ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە تۇرغۇزۇلغان، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ پارچىلىنىش دەرىجىسى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ سۈپەت كۆرسەتكۈچ سانى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىدىغان ئېلېمېنتلىق ئاپتوماتىك ئاپپارات قاتارلىقلارنىڭ مودېلى ۋە ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە تىپىك رايونلاردا تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىپ ۋە قوللىنىلىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. تىپىك رايونلاردىكى گىدرولوگىيە، مېتېئورولوگىيە، ئاپەت ئەھۋالىنى تېز ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى دىنامىكىلىق ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلغان ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئەھۋالى ئانالىز قىلىنىپ باھالاپ چىقىلغان ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئەھۋالىدىن ئالدىن سىگنال بېرىلگەن. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى باشقۇرۇش ۋە تەدبىر بەلگىلەش ئىشىنى ئىشەنچلىك ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن، ئەمەلىي قوللىنىش جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىنغان ۋە يېتەكلىك يارىتىلغان. 4. تەتقىقات نەتىجىسى تارىم دەرياسىنىڭ

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەش قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش ۋە شىنجاڭدىكى بىر نەچچە ئاساسلىق دەريالاردا چوڭ قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە كېڭەيتىپ قوللىنىلىپ كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. تەتقىقات نەتىجىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى زور كېڭەيتىپ قوللىنىش قىممىتىگە ۋە ئىستىقبالىغا ئىگە.

يىن جىڭيۈەن

## دۆلەت چېگرىسىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى

بۇ، پەن - تېخنىكا نازارىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى بولۇپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، شىنجاڭ ئاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، شىنجاڭ كومپيۇتېر قۇرۇلۇشى كونترول شىركىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى كارتوگرافىيە ئەترىتى ۋە شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تاماملاندى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى پەن - تېخنىكا نازارىتى مەملىكەت ئىچىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى باھالاپ چىقتى. مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: تەتقىقات تۈرىدە، ئىلغار GIS ۋە تور تېخنىكىسى ئارقىلىق دۆلەت چېگرىسىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، دۆلەت چېگرىسىنى باشقۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرىنچى، تەتقىقات نەتىجىسىدە GIS تېخنىكىسىنى قوراشتۇرۇش ئاساس قىلىنىپ، ئۈچ ئۆلچەملىك مەۋھۇم ئەمەلىي تېخنىكا مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈپ، دۆلەت چېگرىسىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى ئىزدەپ تېپىش، بوشلۇقنى ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلىش، ئۈچ ئۆلچەملىك مەۋھۇم كۆرسىتىش، لېنىيە تەقلىدىي ئۇچۇشتىن ئىبارەت دۆلەت چېگرىسىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ يۇمشاق دېتال ئىش سۇپىسى تەتقىق قىلىنىپ ياساپ چىقىلغان، خەرىتىلەرنى پروېكسىيىلىك ئاپتوماتىك ئالماشتۇرۇش، ئەمەلىي ۋاقىتنى ئۈچ ئۆلچەم بويىچە ھېسابلاش ۋە كۆرسىتىش قاتارلىق كۆپ خىل تېخنىكىلارنى ئۇنىۋېرسال مۇجەسسەملەشتۈرۈش جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىنغان ۋە يېڭىلىق يارىتىلغان. ئىككىنچى، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى دۆلەت چېگرىسىنى باشقۇرۇشقا دائىر خەرىتە، ئايروفوتوگرافىيە، سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى، رەقەملىك يەر يۈزى مودېلى، ئارخىپ، ھۆججەت، كۆپ ۋاستىلىك ماتېرىيال قاتارلىقلار ئۇنىۋېرسال مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈپ، ئېچىۋېتىلگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك چوڭ سىغىملىق كۆپ مىزانلىق دۆلەت چېگرىسى سانلىق مەلۇماتلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى دۆلەت چېگرىسىغا دائىر ئۇچۇرلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئىشى تۇنجى قېتىم ئىشقا ئاشۇرۇلغان. تەتقىقات نەتىجىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، بۇ سىستېما شىنجاڭ ئاشقى ئىشلار ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلاردا سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

يىن جىڭيۈەن

## لى يەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 2002 - يىللىق «100 كىشىلىك پىلان» تۈرىگە ئاللاندى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ چەت ئەلدىن داڭلىق ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ «100 كىشىلىك پىلان» ئىشخانىسىنىڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، دوكتور لى يەن «100 كىشىلىك پىلان» تۈرىگە ئاللىنىپ، 2 مىليون يۈەن تەتقىقات خىراجىتى ياردىمىگە ئېرىشتى. دوكتور لى يەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى چەت ئەلدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتقان مۇنەۋۋەر خادىملارنىڭ بىرى، ئۇ ئىسرائىلىيىدە 8 يىل خىزمەت قىلغان ۋە ئوقۇغان، ئۆسۈملۈكنىڭ سۇ تەركىبى مۇناسىۋىتى بىلەن سۇغىرىشنى تىزگىنلەش تەتقىقات ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىلمىي نەتىجىلىرى ۋە پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق ياراتقان تېخنىكىسى مۇنۇلار: پۇلس تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆسۈملۈكنىڭ غولىدىكى سۇيۇقلۇقنى ئۆلچەپ تەجرىبىخانىلاردا بېكىتىش ۋە دالادا ئەمەلىي كۆزىتىپ ئۆلچەملەشتۈرۈش مەشغۇلاتى؛ دالا شارائىتىدا قىسمەن تۈپراقلاردىكى يىلتىز سىستېمىسىنىڭ كۈندىلىك سۈمۈرۈش جەريانىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشنى تۇنجى قېتىم ئىشقا ئاشۇرۇش. نەزەرىيە جەھەتتە مۇنداق يېڭىلىقلارنى ياراتقان: SPAC سىستېمىسىدا سۇنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئۈزلۈكسىز ئېقىشى ناتايىن، بۇ ھال سۇ ئەھۋالى بىلەن سۇ ئېقىمى مۇناسىۋىتىنىڭ غەيرىي لىنىيىلىك بولىدىغانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاسىل؛ مېتېئورولوگىيىلىك شارائىت ئاساس قىلىنغان سۇنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش تەڭلىمى

تۇپراقتىكى سۇنى بىۋاسىتە ئۆلچەپ بېكىتىشكە قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولغان سۇغىرىشنى تىزگىنلەش قورالىدىن ئىبارەت.

يىن جىڭيۈن

## شيا شۈنچىڭ مەشھۇر كەسپىي تېخنىكا تالانت ئىگىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شيا شۈنچىڭ 2002 - يىل 7 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، كادىرلار مىنىستىرلىكى، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى بىرلىشىپ تارقاتقان مەشھۇر كەسپىي تېخنىكا تالانت ئىگىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، مەملىكەت بويىچە 50 كىشى بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تەتقىقاتچى شيا شۈنچىڭ 1957 - يىلى نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن قۇملۇققا ئىشتىياق باغلىغان ھايات سەپىرىنى باشلىغان. ئۇ 45 يىلدىن بۇيان پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بېغىشلاپ، بىر تۈردە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇھىت - پىلان مەھكىمىسىنىڭ مۇكاپاتىغا، 2 تۈردە دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 تۈردە ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2002 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تۇنجى قېتىم تارقاتقان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 15 مەخسۇس ئەسەرنى ۋە ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغان، 78 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇرغان، نۇرغۇن تۈردە دۆلەت ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ھەر خىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

يىن جىڭيۈن

## چىرا قۇم تەتقىقات پونكىتى

2002 - يىل 7 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى چىرا قۇم تەتقىقات پونكىتى مەملىكەت بويىچە قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇم تىزگىنلەشتىكى ئۈلگە ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. چىرا قۇم تەتقىقات پونكىتىدىكى پەن تەتقىقات خادىملىرى 1983 - يىلدىن بۇيان چىرا ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، شۇ يەرلىك مول كەلكۈن سۈيى بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئادەتتە ئەتىياز پەسلىدە ئورمان بەرپا قىلىشنى ياز پەسلىدە، كەلكۈن سۈيىدىن پايدىلىنىپ ئورمان بەرپا قىلىشقا ئۆزگەرتىش، قۇمدىن ئېكولوگىيىلىك مۇداپىئەلىنىش بىلەن قۇرۇلۇشلاردا قۇمدىن مۇداپىئەلىنىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، چىرا بوستانلىقنىڭ سىرتىدا قۇمدىن ئۇنىۋېرسال مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كۆچمە قۇمنىڭ ئالدىنقى قىسمى 6000 — 8000 مېتىر كەينىگە چېكىندى. ئۆلكە رايونىدا ياز پەسلىدە كەلكۈن سۈيىدىن پايدىلىنىپ 16 مىڭ 700 گېكتار يەردە تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكنى ئەسلىگە كەلتۈردى؛ قۇمنى ئوراقلاشتۇرۇپ 200 گېكتار يەردە ئوتۇن ئورمىنى، 66.7 گېكتار يەردە مېۋىلىك باغ بەرپا قىلدى، 2000 گېكتار تېرىلغۇ يەرنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە ئۆزلەشتۈردى. چىرا پونكىتى كەڭ كۆلەمدىكى كۆچمە قۇمنى تىزگىنلەشتىن قۇملۇق - بوستانلىقلاردىكى ئۆتكۈنچى بەلۋاغلارنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش ۋە ئېچىشقا يۈزلىنىپ، قۇملىشىشقا قارشى كۈرەش قىلىش سەپىرىدە، چوڭ قەدەم تاشلىدى، ساندىن سۈپەتكە ئۆتۈش جەھەتتە چوڭ سەكرەشنى، «ئىنسانلارنىڭ قۇملۇقنى بويسۇندۇرۇش»تىن «قۇملۇقتا ئىنسانلارغا بەخت يارىتىش»قا قەدەم قويۇش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىلىم-پەننى ۋە دۇنيانى چۆللىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ يېڭى، تېپىك ئۈلگە بىلەن تەمىنلىدى. 1989 - يىلدىن بۇيان چىرا قۇم تەتقىقات پونكىتىنىڭ 11 تۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 تۈر خەلقئارا مۇكاپاتقا، 3 تۈر دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 6 تۈر ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1995 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇھىت - پىلان مەھكىمىسى دۇنيا مىقياسىدا تۇنجى قېتىم تارقاتقان يەر شارىدىكى يەرلەرنىڭ چېكىنىشى ۋە قۇملىشىشنى تىزگىنلەشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان 8 تۈرلۈك ئۈلگىلىك نەتىجە مۇكاپاتى ئىچىدە، جۇڭگو تەرەپ ئېرىشكەن 2 تۈر («چىرا ناھىيىسىنىڭ كۆچمە قۇمنى تىزگىنلەش ئۇسۇلىدىكى تەجرىبە تەتقىقاتى» بىلەن «شورلۇق، قۇملۇق يەرلەرنى كەلكۈن باشلاپ سۇغىرىش ئارقىلىق يۇلغۇنلۇقلارنى كەڭ كۆلەمدە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئورمان بەرپا قىلىش تېخنىكىسى») مۇكاپاتنىڭ ئىككىلىسىگە چىرا قۇم تەتقىقات پونكىتى ئېرىشتى. بۇ، يەر شارى مىقياسىدا ھازىرغا قەدەر بۇ ساھەدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇكاپات ھېسابلىنىدۇ. 1998 - يىلى چىرا پونكىتىنىڭ پاختىچىلىق ئۆلكە رايونىدا كېۋەزنى «قوش توپ، قوش قەۋەت»لىك قىلىپ ئۆستۈرۈش يېڭى تېخنىكىسى بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ، مەھسۇلات كەڭ كۆلەمدە، ئاشۇرۇلدى، سىناق قىلىنغان يەردىكى پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىدا ئۇدا 3 يىل دۇنيا بويىچە يېڭى رېكورت يارىتىلدى. ساپ پاختىنىڭ مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلى 236.25 كىلوگرامغا يەتتى. بۇ 2001 - يىلى جۇڭگو بويىچە 10 چوڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

يىن جىڭيۈن



جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى لىيۇ مىڭتىڭ 1999 - يىلى كېرىيە كۆچمە قۇملۇق رايونىدا تۇنجى توشقان زەدىكى تېرىقچىلىق مەيدانى قۇردى. 2002 - يىلى توشقان زەدىكىدىن مول ھوسۇل ئالدى. سۈرەتتە تېرىقچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى لىيۇ مىڭتىڭ توشقان زەدىكىنىڭ يەر ئاستىدىكى ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆزەتمەكتە.

سۈرەتنى لىيۇ جۇخۇا تەمىنلىگەن

# فىزىكا

## شىنجاڭ تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتىنىڭ ئۈچجۈر تورى قۇرۇلۇشى

بۇ تورنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى قارمىقىدىكى شىنجاڭ كومپيۇتېرلىق تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، 2002 - يىلى تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ توردا ئىچكى قىسىمدىكى ئىشخانا تورى بىلەن ئاممىۋى تورنى بىخەتەر ئايرىۋېتىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئۆز ئارا ئۇلاپ تۇتاشتۇرۇش ۋە بايلىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا

كاپالەتلىك قىلىنغان. يۇمشاق دېتاللار ئاساسەن ئىچكى قىسىمدا ئىشخانىلارنى ئاپتوماتلاشتۇرىدىغان يۇمشاق دېتال بىلەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق دېتاللىرىدىن ئىبارەت 2 قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سىستېمىغا B/S ئۈچ قاتلاملىق قۇرۇلما ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئابونتلار ئۇچىنىڭ ھەممىسىگە كۆزەتكۈچ ئىشلىتىلگەن. ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان سىستېمىلارغا ۋە سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسىگە مۇلازىمەتچى كىرگۈزۈلگەن. مەركەزلەشتۈرۈلگەن ORACLE چوڭ تىپتىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن پايدىلىنىپ بىر تۇتاش مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان. ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئىنتېرنېت تورىدىن تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتىنىڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزىنى كۆرەلەيدۇ. PKI بىلەن SSL تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ بىخەتەر مېخانىزم ئورنىتىلغان. مۇلازىمەتچىنىڭ تېرمىنالىغا ئۆزلەشتۈرۈلگەن JAVA ئىشلىتىلىپ، بىرلەشمە دېتاللاشتۇرۇلغان V－TIER سىستېما قۇرۇلمىسى قوللىنىلغان، ئۇنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى، ئىشەنچلىك، مۇھاپىزەت قىلىش ئاسان ھەمدە ئۇنى ئارقاقلاشتۇرۇپ ھېسابلاشتا يۆلەنگۈچ قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ تور مەملىكەت بويىچە ئۈچجۈر تورى قۇرۇلۇشىغا يۈزلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ تورغۇزۇلۇشى شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىقتىساد - سودا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولۇپ، زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە.

سۈي پىڭ، فېڭ تاۋ

## ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ رەقەملەشتۈرۈلگەن باغچا رايون سىستېمىسى

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى قارمىقىدىكى شىنجاڭ كومپيۇتېرلىق تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى شىركىتى بىلەن بېيجىڭ مېيدەنگوڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «رۇيلى» يۇمشاق دېتال چەكلىك شىركىتى ھەمكارلىشىپ ئاماللىغان، شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى بولۇپ يولغا قويۇلغان ئېلېكترونلۇق ھۆكۈمەت ئىشلىرى قۇرۇلۇش تورى بولۇپ، 2002 - يىلى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن كەسپىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇ قۇرۇلۇش تورىغا ئىشلىتىلگەن جازا قۇرۇلمىسى گوۋۇيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچ تور، بىر ئامبار» مودېلى ھەمدە ئىشخانىلارنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سىستېمىسى، تور ئىشخانا سىستېمىسى، بىر ئىپادىلىك

مەلۇمات سىستېمىسى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش ۋە دىنامىكىلىق ئۇچۇرلارنى تەقسىملەش سىستېمىسىدىن ئىبارەت. پروتوكول سىستېمىغا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەڭ كەڭ تارقالغان، بىر قەدەر تەييار بولغان B/S ئۈچ قاتلاملىق قۇرۇلما قوللىنىلغان بولۇپ، JIEE جازا قۇرۇلمىسى، كۆپ قاتلام (سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قاتلىمى، سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتلىمى، سانلىق مەلۇماتلارنى قوراشتۇرۇش قاتلىمى، كەسپىي تەھرىرلەش قاتلىمى، ئىپادىلەش قاتلىمى)لىق سىستېما ئۆلچىمى بىلەن EJB قاچىلاش ئاساس قىلىنغان، سانلىق مەلۇماتلارنى ئالماشتۇرۇشتا ئارىلما ئىش تاختىسىنىڭ XML تېخنىكىسى قوللىنىلغان، JAVA مەركەز قىلىنغان ئۆزلەشمە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئۇچۇر تارقىتىش ۋە ئېغىز سىستېمىسى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، سىستېمىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك، مۇقىم ۋە ئىشەنچلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنغان.

بۇ تۈرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونىدا قوللىنىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر قايسى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا، يەنە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا كېڭەيتىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئېلېكترونلۇق ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

سۈي پىڭ، فېڭ تاۋ

## پىروئېلېكترىك فارفور ماتېرىياللىرى تەتقىق قىلىندى ۋە بارلىققا كەلتۈرۈلدى

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى ئىشلىگەن ئەمەلىي قوللىنىشقا بولىدىغان تەتقىقات تۈرى بولۇپ، 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈردە، ھۈنەر - سەنئىتى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن ھەمدە ئەڭ ياخشى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئىقتىدارىغا ئىگە يېڭى تىپتىكى پىروئېلېكترىك فارفور ماتېرىياللىرى تەتقىق قىلىنىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. يۇقىرى ئىقتىدارلىق، ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق سېنزورغا ئېھتىياجلىق بولغان سەزگۈر ئۆزەك پلاستىنكىسىنى تەييارلاش ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. بۇ تۈردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر تۆۋەندىكىچە:

1. يېلىمنى سۇيۇقلاندۇرۇش - قېتىش ئۇسۇلى، سۇيۇق فازىلىق ئەڭ چۆكتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەييارلانغان نانومېتىرلىق پاراشوكسىمان ماتېرىياللار ماتېرىيالنىڭ فارفور ھالەتكە كەلتۈرىدىغان تېمپېراتۇرىسىنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلىتەلەيدۇ، ئۇنىڭغا يەنە سوغۇق بېسىمدا، مىكرو دولقۇندا كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەت بىرلەشتۈرۈلۈپ، زىچلىق دەرىجىسى يۇقىرى، بىردەكلىكى ياخشى، دىئامېتىرى 40 مىللىمېتىردىن ئاشىدىغان فارفور ماتېرىياللار ياساپ چىقىلغان، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ كېسىش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، قېلىنلىقى 100 مىكرومېتىردىن ئاشىدىغان، ئەۋرىشىملىكى ئەڭ ياخشى بولغان كەڭ ھەجىملىك فارفور ئۆزەك پلاستىنكىسى قولغا كەلتۈرۈلگەن.

2. مىكرو دولقۇندا كۆيدۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تەييارلانغان BST فار فور ماتېرىياللىرىنىڭ پىرو ئېلېكترىك كوئېففىتسېنتى بىلەن ئادەتتىكى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللار ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ، لېكىن دىئېلېكترىك تۇراقلىق سانى $\varepsilon$ ئادەتتىكى ئۇسۇل بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن فارفور ماتېرىياللارغا قارىغاندا 20% تۆۋەن بولغان، ئەمما دىئېلېكترىك سەرپىياتى $\tan\delta$ بولسا 1/2 گىمۇ يەتمەيدۇ. ئۆلچەم سىناق قىلىش ئارقىلىق بۇ خىل ماتېرىيالنىڭ پىروئېلېكترىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەنگەن يۇقىرى قىممەت فاكتورى شۇ خىلدىكى ئېقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن قېلىن پەردىلىك فارفورغا قارىغاندا 30% — 40% يۇقىرى بولغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك تەكشۈرۈش نىسبىتى يۇقىرى، دىئېلېكترىك سەرپىياتى تۆۋەن بولغان تەكشۈرگۈچنى تەييارلاشتا خېلى يۇقىرى قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە.

3. بىرىكمە ھۈنەر - سەنئەت قوللىنىلىپ، BST نانومېتىرلىق پاراشوك پولىمېرلىق ماتېرىيال PVDF بىلەن 3 — 0 تىپ بويىچە بىرىكتۈرۈلگەن. بۇ خىل ھۈنەر - سەنئەتنىڭ تېخنىكىسى ئاددىي، قوللىنىش قولايلىق بولۇپ، كيۇرى تېمپېراتۇرىسى بوشلۇق تېمپېراتۇرىسىغا يېقىنلاشتۇرۇلغان، تەكشۈرۈلگەن بۇ خىل قىممەتلىك فاكتور BST فار فور ۋە PVDF پولىمېرلىق ماتېرىياللاردىن ياسالغان يېڭى تىپتىكى پىروئېلېكترىك ماتېرىياللارنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەننەرخى تۆۋەن، كەڭ ھەجىملىك پىروئېلېكترىك سەزگۈر ئۆزەك پلاستىنكىسىنى ياساشقا بولىدۇ.

4. تەجرىبىخانىلاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن BST ئەۋرىشكىسىنىڭ پىروئېلېكترىك كوئېففىتسېنتى $5 \times 10^{-8}$C/CM2 · K دىن تۆۋەن ئەمەس.

سۈي پىڭ، فېڭ تاۋ

# ئاسترونومىيە

## ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپىغا 18 سانتىمېتىرلىق قوش قۇتۇبلۇق سوۋۇتۇلغان رادىئو قوبۇللىغۇچنى ئورنىتىش، تەكشۈرۈش ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ياردەم بەرگەن تېما. 18 سانتىمېتىرلىق قوش قۇتۇبلۇق سوۋۇتۇلغان رادىئو قوبۇللىغۇچ ئارقىلىق ئىمپۇلس يۇلتۇزنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاقتىنى كۆزىتىش سىستېمىسىنى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىدىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى بىلەن ئاۋسترالىيە دۆلەت رەسەتخانىسىدىكى تېخنىك خادىملار بىر يىل ھەمكارلىشىپ لايىھىلەپ ياساپ چىقتى. بۇ سىستېمىنى 2002 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئۈرۈمچى نەنشەن بازىسىدىكى 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپ ئۈستىگە ئورنىتىش، تەكشۈرۈش ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 18 سانتىمېتىرلىق قوش قۇتۇبلۇق سوۋۇتۇلغان رادىئو قوبۇللىغۇچ سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش، قۇراشتۇرۇش، تەكشۈرۈش ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ ئىمپۇلس يۇلتۇزنى كۆزىتىپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ما لۇ، جاڭ جىن

## ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ ئىمپۇلس يۇلتۇز تەتقىقاتى ۋە ئىمپۇلس يۇلتۇزنى كۆزىتىش سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېلىشىمى

ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شياڭگاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاۋسترالىيە دۆلەت رەسەتخانىسى ۋە ئەنگلىيە جياۋجىبەنكى رەسەتخانىسى بىرلىكتە 2002 ـ يىل 8 ـ ئايدا كېلىشىم ئىمزالاپ، ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ ئىمپۇلس يۇلتۇزنى كۆزىتىش تەتقىقات ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى ۋە تېمىلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى كېڭەيتتى. ھەمكارلىق مەزمۇنى 18 سانتىمېتىرلىق سوۋۇتۇلغان رادىئو قوبۇللىغۇچ سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ نۇسخا ئېلىنغان ئىمپۇلس يۇلتۇزنى كۆزىتىش، تۆۋەن چاستوتىلىق ئىمپۇلس يۇلتۇزنى كۆزىتىش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش ھەمدە ئىمپۇلس يۇلتۇزنى ئىزدەش سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ما لۇ، جاڭ جىن

# جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت رەسەتخانىسىنىڭ ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى

ئەسلىدىكى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى سۈنئىي ھەمراھ كۆزىتىش پونكىتى 1957 ـ يىلى قۇرۇلغانىدى. 1987 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۇنىڭ نامى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى، 1999 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى بويىچە سىناق ئورنى قىلىندى، 2001 ـ يىل 4 ـ ئايدا دۆلەت رەسەتخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھازىرقى نامىغا ئۆزگەرتىلدى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت رەسەتخانىسىنىڭ ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى رادىئو ئاسترونومىيىسىنى كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئۇزاقتىلىق قانات يايدۇرىدۇ، ئۇ، جۇڭگونىڭ ئاساسلىق ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش بازىسىنىڭ بىرى. 2001 ـ يىلى گوۋۇيۈەن ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاسترونومىيە پونكىتى 2 ـ دەرىجىلىك پەن ئاستروفىزىكا كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلارنى قوبۇل قىلىش، تەربىيىلەش ھەمدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ پونكىتتا 73 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا خادىمى 59، ئالىي كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 3، كاندىدات ئالىي ئۇنۋانى بارلار 12؛ دوكتور ئاسپىرانت 2، خىزمەتتىكى دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانت 5؛ گوۋۇيۈەننىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولغان مۇتەخەسسىس 5.

ئاسترونومىيە پونكىتىدا 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپ سىستېمىسى، سۈنئىي ھەمراھنى كۆز بىلەن كۆزىتىپ ئىز قوغلاپ خاتىرىلەش تېئودولىتى، سۈنئىي ھەمراھنى فوتو ئېلېكترلىق ئىز قوغلاش ئەسۋابى، قۇياش خروموسفېرا ـ فوتوسفېرا تېلېسكوپى ۋە يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش (GPS) كۆزىتىش سىستېمىسى قاتارلىق

### لۇ يۇڭشياڭ دۆلەت رەسەتخانىسى ئۈرۈمچى تەنسەن بازىسىنى تەكشۈردى

2002 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى، پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لۇ يۇڭشياڭ دۆلەت رەسەتخانىسىنىڭ ئۈرۈمچى تەنسەن بازىسىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

ما لۇ، جاڭ جىن

### پروفېسسور دىڭ جاۋجۇڭ دۆلەت رەسەتخانىسى ئۈرۈمچى تەنسەن بازىسىنى زىيارەت قىلدى

نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ چەت ئەل تەۋەلىكى ئاكادېمىكى، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى ئاتاقلىق پروفېسسور، فىزىكا ئالىمى دىڭ جاۋجۇڭ شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان، لېكسىيە سۆزلىگەن مەزگىلدە، 2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لېۋ يىنىڭ ھەمراھلىقىدا دۆلەت رەسەتخانىسى ئۈرۈمچى تەنسەن بازىسىغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە زىيارەتتە بولدى.

ما لۇ، جاڭ جىن

## دېھقانچىلىق

### ئۈزۈن تالالىق پاختا بايلىقى ماتېرىياللىرىدا يېڭىلىق يارىتىش، ماتېرىيال توپلاش ۋە كىرگۈزۈش

بۇ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تېرىقچىلىقنى باشقۇرۇش مەھكىمىسى چۈشۈرگەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە ئۈستىگە ئالغان، تۇرپان ئۈزۈن تالالىق پاختا تەتقىقات ئورنىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئاماللانغان تۈر. بۇ تۈر 2002 ـ يىل 9 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۈنۈملۈك ھۇجۇم قىلىش ۋە نۇقتىلىق پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە قانات يايدۇرۇلغان ئاساسلىق تەتقىقات خىزمىتى مۇنۇلار:

1. چەت ئەلدىن ئۈزۈن تالالىق پاختىنىڭ گېرمىپلازما

ئۈسكۈنىلەر بار. كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال قاتارلىق ھەر خىل ھۆججەتلەردىن ئاز كەم 10 مىڭ نۇسخا ساقلانماقتا.

ئاسترونومىيە پونكىتى 40 نەچچە يىلدىن بۇيان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو قويۇپ بەرگەن تۇنجى سۈنئىي ھەمراھنى كۆزىتىش ئىشىغا، كۆپ تۈر بويىچە مۇھىم ئاسترونومىيىلىك پەن تەتقىقات ۋە كۆزىتىش ئىشلىرىغا قاتناشتى، كۆپ مىقداردىكى ئەمەلىي ئۆلچەنگەن سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى، 100 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە ۋە كەسپىي دوكلات يېزىپ چىقتى، ۋەتىنىمىزنىڭ ئاسترونومىيە، ئالەم قاتنىشى، دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، مەملىكەتلىك ئىلىم ـ پەن يىغىنىنىڭ مۇكاپاتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەبىئىي پەن بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتى قاتارلىق 15 تۈر بويىچە ھەر خىل مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاسترونومىيە پونكىتىدىكى ئالىملار يەنە ياۋروپادىكى EVN تورى، روسىيىنىڭ LFVN تورى، ئامېرىكىنىڭ VLBA لىنىيىسى قاتارلىق خەلقئارالىق چوڭ رادىئو تېلېسكوپىدىن پايدىلىنىپ، زىچ سىممېترىك رادىئو مەنبەسى (CSO) نىڭ VLBI نى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم مۇھىم تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى 1997 ـ يىل 5 ـ ئايدا 1.3 سانتىمېتىرلىق دولقۇندىن پايدىلىنىپ تۇنجى قېتىم سۇمازېر مەنبەسىنى كۆزىتىش ئىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن يۇلتۇزلار ئارا مولېكۇلىلارنى كۆزىتىش سىستېمىسى جەھەتتە سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. 1996 ـ يىل 1 ـ ئايدا 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپ ئارقىلىق جۇڭگودا تۇنجى قېتىم ئىمپۇلس يۇلتۇزىنى كۆزىتىش تېمىسىنى ئورۇنداپ، جۇڭگونىڭ ئىمپۇلس يۇلتۇزىنى ئەمەلىي كۆزىتىش تەتقىقاتىغا تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ئىمپۇلس يۇلتۇزىنى كۆزىتىش تەتقىقاتى خەلقئارا سەۋىيىگە قەدەم قويدى، تەنسەن بازىسى جۇڭگو بويىچە بىردىنبىر سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئىمپۇلس يۇلتۇزى تەجرىبىخانىسى بولۇپ قالدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملار بۇ بازىدا 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپ ئارقىلىق كۆزىتىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 49 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 16 پارچە ئىلمىي ماقالە SCI غا كىرگۈزۈلدى. 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپى قۇرۇلۇشى» تۈرى شىنجاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات

بايلىقىدىن 14 تۈرى كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ 3 تۈرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 2 تۈرى، مىسىرنىڭ 3 تۈرى، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ 6 تۈرى. مەملىكەت ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ بايلىق ماتېرىياللىرىدىن 63 تۈرى يىغىۋېلىندى ھەمدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن بايلىق ماتېرىياللىرىنى ئېتىزلاردا كۆزىتىش، باھالاش ۋە تەمىرسىناشلاردا ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلدى.

2. چەتتىن كىرگۈزۈش، يىراق توغىنلار ئارا چېتىشتۇرۇش، مۇرەككەپ چېتىشتۇرۇش قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان سورت يېتىشتۈرۈش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەلا شەكىل ۋە خۇسۇسىيەتلىك بايلىق ماتېرىيالىدىن 106 تۈرى تاللاپ چىقىلدى، ئېتىزلاردا كۆزىتىش ۋە باھالاش ئارقىلىق بۇلاردىن ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان 17 تۈرى ماتېرىيال تاللاپ چىقىلدى. بۇلار ئومۇمىي شەكلى ۋە خۇسۇسىيىتى ئەلا بولغان ماتېرىيال ۋە غوزىسى يوغان، شالاڭ، چىداملىق، سىلىشتۇرما كۆچى ئالاھىدە يۇقىرى، سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلىگە قارشى تۇرۇش كۈچى يۇقىرى بولغان 1 — 1 تىپلىق ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. شەكلى ۋە خۇسۇسىيىتى ئالاھىدە بولغان بايلىق ماتېرىياللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ 100گە يېقىن شالغۇت بىرىكمىسى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، جەرياندا كۆپەيتىپ شىمالدا يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى سورت (لىنىيە) ۋە ئالاھىدە ماتېرىياللارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش جەريانى تېزلىتىلدى.

4. بىئولوگىيىلىك ئۆزۈك يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزۈن ئارىلىق پاختىنىڭ گېنىنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسى ئۇنىۋېرسال سىستېمىسىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، كېسەلگە، ھاشاراتلارغا قارشى كۆچۈرۈپ يېتىشتۈرۈلگەن تۈپلەر باھالاپ بېكىتىلدى.

لىۋ شياۋيۈن


مۇكاپاتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، شۇ يىلى دۆلەت ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش مەركىزىنىڭ 1999 - يىللىق «ئون چوڭ ئاسترونومىيە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى»نىڭ بىرى بولۇپ تاللاندى.

ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ سۇنئىي ھەمراھنى كۆز بىلەن كۆزىتىش گۇرۇپپىسى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سۇنئىي ھەمراھنى كۆز بىلەن كۆزىتىش تورى ئەزاسىنىڭ بىرى. 2001 - يىل 11 - ئاي-دا ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى GPSنى كۆزىتىش سىستېمىسىنى قۇردى ھەمدە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى، 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خەلقئارا GPS تورى (IGS) نىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى GPSنىڭ رەسمىي كۆچمە پونكىتى بولۇپ قالدى.

ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى خەلقئارا ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، نۇرغۇن چەت ئەللىك ئالىم بۇ پونكىتقا زىيارەتكە ۋە خىزمەتكە كەلدى. بۇ پونكىت خىزمەت ئىشلەش، زىيارەتتە بولۇش ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، روسسىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، ئاۋستىرالىيىگە نۇرغۇن ئادەم (قېتىم) ئەۋەتتى. ئۈرۈمچى

ئاسترونومىيە پونكىتى شىنجاڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بۆلەنچۈك ئورنى، ھازىر شىنجاڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇدىن ئىبارەت 5 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 115 ئەزاسى بار.

ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېك-



جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت رەسەتخانىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ 25 مېتىرلىق ئاسترونومىيىلىك رادىئو تېلېسكوپى

مالۇ فوتوسى

## ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنىڭ سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تېرىقچىلىقنى باشقۇرۇش مەھكىمىسى چۈشۈرگەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلغان، ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان، تۇرپان ئۇزۇن تالالىق پاختا تەتقىقات ئورنىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تاماملانغان تۈر. 2002 - يىل 9 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكۈنلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى ۋە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرى قاتارىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر بۇ تۈرنىڭ ئۇزۇن تالالىق كېۋەز سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلى دەسلەپكى باكتېرىيىسىنىڭ ھارارەتكە چىداملىق خۇسۇسىيىتى ۋە زىيانلىق كېسەللىك ھالىتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتا زور بۆسۈش بولغان، ئاساسلىق تەتقىقات مەزمۇنلىرىدىمۇ خېلى زور يېڭىلىق يارىتىلغان، دەپ ھېسابلىدى.

ئاساسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇنۇلار: شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن تالالىق كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلىرىدىكى ئۇزۇن تالالىق كېۋەزدە بولىدىغان سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك كىچىك سورتى، فىزىئولوگىيىلىك تىپى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنغان ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچەنگەن؛ ئۇزۇن تالالىق كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلاردىكى كېۋەز سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلى مىكروبىنىڭ سۈپەتلىك كىچىك سورتىنىڭ ئاساسەن 7 - نومۇرلۇق فىزىئولوگىيىلىك كىچىك سورت ئىكەنلىكى ئېنىق بېكىتىلگەن، ئۇزۇن تالالىق كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلاردىكى كېۋەز سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلىنىڭ مىكروب سىستېمىسى فىزىئولوگىيىلىك I تىپقا تەۋە ئىكەنلىكى سىناق ئەرقىسىدە تەمىن ئېتىلگەن، فىزىئولوگىيىلىك II تىپ تېخى بايقالمىغان، كېسەل قوزغاتقۇچى باكتېرىيىنىڭ كېسەل پەيدا قىلىش كۈچى بىر قەدەر ئاجىز بولغان، ئۇزۇن تالالىق كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلاردىكى كېۋەز سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلى مىكروبىنىڭ يېتىلىش شەكلى ۋە خۇسۇسىيىتى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنغان ھەمدە بايان قىلىنغان، Nitنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش ئەنچىسى تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، تۇغقانداش كېسەل مىكروبى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، كېسەل قوزغاتقۇچى باكتېرىيىنىڭ چوڭ بۆلۈنمە سىپورىسى، قىلسىمان تۇراقلىق سىپورىسى، پىگمېنت پەيدا قىلىش ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىنغان؛ ئۇزۇن تالالىق پاختىچىلىق رايونىدا ھازىر ئاساسلىق ئۆستۈرۈلۈۋاتقان سورتلارنىڭ كېسەلگە چىداملىق خۇسۇسىيىتى ھەمدە ئۇزۇن تالالىق كېۋەز سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلىنىڭ خەۋپى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. ئۇزۇن تالالىق كېۋەز سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تاكتىكىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

لىيۇ شياۋيۈن

## ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنىڭ يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش

بۇ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تېرىقچىلىقنى باشقۇرۇش مەھكىمىسى چۈشۈرگەن، دۆلەت پاختىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش مەخسۇس مەبلىغىدىن ياردەم بېرىلگەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە ئۈستىگە ئالغان، تۇرپان ئۇزۇن تالالىق پاختا تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە يولغا قويۇپ تاماملىغان تۈر. بۇ، 2002 - يىل 9 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكۈنلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرلىرى قاتارىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە، يېڭى گېرمپلازما بايلىقى كىرگۈزۈلۈپ، بەككە چېتىشتۇرۇشتىن مۇرەككەپ چېتىشتۇرۇشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياسالغان، كۆپ خىل سورت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەبىئىي كېسەل ئورنى بىلەن تەجرىبىخانىدا باھالاش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، سورتلارنىڭ كېسەلگە تاقابىلچانلىقى ئۆستۈرۈلگەن ھەمدە بىئو تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، كېسەلگە،

---

تىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى، ئۇنجى تۈركۈمدە مەملىكەت بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەلىم - تەربىيە بازىسى، مەملىكەت بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا، تەلىم - تەربىيە بازىسى، جۇڭگو ياشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتى تەلىم - تەربىيە بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى شۇنداقلا ئاپتونوم رايون بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەلىم - تەربىيە بازىسى بولۇپ قالدى. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا، ئاسترونومىيە پونكىتى بىلەن ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتى كۆپ قېتىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ما لۇ، جاڭ جىن

ماشاراتلارغا قارشى تۇرالايدىغان كېڭ ئېچىلگە كىرگۈزۈلگەن. تاللانغان D—748 سورت لىنىيىسى 1999. يىلدىن 2001 - يىلغىچە بولغان رايونلاشتۇرۇش سىنىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سىنىقى ئارقىلىق، ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق زىرائەت سورتلىرىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى ھەمدە ئۇنىڭغا «شىنجاڭ ئارال كېۋەزى — 19» دەپ نام بېرىلدى. بۇ سورتنىڭ قىرو چۈشۈشتىن ئىلگىرىكى ساپ پاختا بىرلىك ھوسۇلى 79.1 كىلوگرامدىن 98.2 كىلوگرام/مو (0.07 گېكتار) غىچە بولۇپ، سېلىشتۇرما سورت «شىنجاڭ ئارال كېۋەزى — 9» غا قارىغاندا ھوسۇلى %14.7 — %56.4 كۆپ ئاشقان. تالا ئۇزۇنلۇقى 36.7 مىللىمېتىرغا، سېلىشتۇرما كۈچلۈكلۈكى 27.9 گرام/tex غا، ماكلۇن قىممىتى 4كە يەتكەن، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك شەكلى ۋە خۇسۇسىيىتى سېلىشتۇرما سورتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىر تۈركۈم ئەلا سورت لىنىيىسى تاللاپ يېتىشتۈرۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە S03 سورتىنىڭ قىرودىن ئىلگىرىكى ساپ پاختا بىرلىك مەھسۇلاتى 91 كىلوگرام/مو (0.07 گېكتار) غا يېتىپ، سېلىشتۇرما سورت «شىنجاڭ ئارال كېۋەزى — 9» غا قارىغاندا ھوسۇلى %32.1 ئاشقان، تالالىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35.3 مىللىمېتىرغا، سېلىشتۇرما كۈچلۈكلۈكى 34.2 گرام/tex غا، ماكلۇن قىممىتى 4كە يەتكەن ھەمدە بۇ سورتنىڭ سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلىگە تاقابىل تۇرۇش خۇسۇسىيىتى يۇقىرى؛ K—102 سورتىنىڭ قىرو چۈشۈشتىن ئىلگىرىكى ساپ پاختا بىرلىك مەھسۇلاتى 95.49 كىلوگرام/مو (0.07 گېكتار) غا يېتىپ، سېلىشتۇرما سورتقا قارىغاندا ھوسۇلى %31.4 ئاشقان، تالا ئۇزۇنلۇقى 35.23 مىللىمېتىرغا، سېلىشتۇرما كۈچلۈكلۈكى 46.37CN/tex غا، ماكلۇن قىممىتى 4.4 كە يەتكەن.

لىيۇ شياۋيۈەن

## ئەلا دەرىجىلىك ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنىڭ يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش

بۇ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تېرىقچىلىقنى باشقۇرۇش مەھكىمىسى چۈشۈرگەن، دۆلەت پاختىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش مەخسۇس فوندى ياردەم بەرگەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە ئۈستىگە ئالغان، تۇرپان ئۇزۇن تالالىق پاختا تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە يولغا قويۇپ ئاماللىغان تۈر. بۇ تۈر 2002 - يىل 9 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرى قاتارىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە، مۇرەككەپ چېتىشتۇرۇش، نىشانلىق تاللاشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇسۇل قوللىنىلىپ، ئەلا دەرىجىلىك ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنىڭ يېڭى سورتى (لىنىيىسى) «شىنجاڭ ئارال كېۋەزى — 16» ۋە يېڭى سورت لىنىيىسى K — 354 مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتىشتۈرۈپ چىقىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە، «شىنجاڭ ئارال كېۋەزى — 16» نىڭ %2.5 ئاتلىما ئۇزۇنلۇقى 35.8 — 37.9 مىللىمېتىرغا، سېلىشتۇرما كۈچلۈكلۈكى 45.8CN/tex قا، ماكلۇن قىممىتى 73.3كە يەتكەن؛ K—354 يېڭى سورت لىنىيىسىنىڭ %2.5 ئاتلىما ئۇزۇنلۇقى 38 مىللىمېتىرغا، سېلىشتۇرما كۈچلۈكلۈكى 51.1CN/tex قا، ماكلۇن قىممىتى 33.4كە يەتكەن؛ بۇلارنىڭ ئاساسلىق سۈپەت كۆرسەتكۈچى مىسىرنىڭ ئەلا دەرىجىلىك ئۇزۇن تالالىق پاختىسى «جىجا — 70» قاتارلىق سۈپەتلىك سورتلارنىڭ سۈپەت دەرىجىسىگە يېقىنلاشقان ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ، جۇڭگودا ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنىڭ سۈپەتلىك سورتىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى زور بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

لىيۇ شياۋيۈەن

## شىنجاڭ بويىچە ئاساسلىق كۆممىقوناق زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، پەن - تېخنىكا نازارىتى چۈشۈرگەن، 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىشلىنىدىغان زور پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى، بۇ تۈرنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ ئاماللىدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا باھالاشتىن ئۆتتى ھەمدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن دەپ قارالدى.

بۇ تۈردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئېتىز - ئېرىقلارنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ۋە

تەجرىبىخانىلاردا باھالاش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردىكى قوناق كانىسىنىڭ تۈرلىرى ۋە تارقىلىش خەۋپى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان.

2. ئېتىز - ئېرىق سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاساسلىق كۆممىقوناق زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى ئېنىقلانغان.

3. تەكشۈرۈش ئارقىلىق قوناق يوپۇرماق كانىسى، ئۈچ چېكىتلىك يوپۇرماقلىق كانىسىنىڭ كۆشەندە تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىش ئىقتىدارى تەتقىق قىلىنغان. كۆممىقوناق زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ كۆشەندە تۈر مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە تۈر كۆشەندىسىنى تىزگىنلەش ئېففېكتى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان.

4. كۆممىقوناق كېپىنىكى، كۆممىقوناق يوپۇرماق كانىسى ۋە كۆممىقوناق ئۈچ چېكىتلىك يوپۇرماق كانىسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكىسى تەتقىق قىلىنغان.

5. يەككە تۈر تېخنىكىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ مۇجەسسەملەشتۈرۈش ئارقىلىق، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكىسى ئاساس قىلىنغان، بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكىسى بىلەن خىمىيىلىك ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكىسى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان، ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكا سىستېمىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە تۈزۈپ چىقىلغان.

لۇ چاۋخۇي

## زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ياڭيۇ ۋە سورتلۇق ياڭيۇنى كۆپەيتىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

بۇ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن بېزا ئىگىلىك ئەمەلىي تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، جىمسار ناھىيىلىك سۆيەتلىك ئورمان سورتى تەجرىبە پونكىتى، ئارشاڭ ناھىيىلىك پارتكوم ئىقتىسادىي خىزمەت ئىشخانىسى، تىلقا ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن تاماملاندى. بۇ تۈر 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈرنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇنۇلار:

1. توختامدا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك تېخنىكىلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ياڭيۇ مايسىسىنى زاۋۇتلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈش مەركىزى ۋە تاللانغان ئۇرۇقلارنى كۆپەيتىش بازىسى قۇرۇلۇپ، يىلىغا پروبىركىدا زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ياڭيۇ مايسىدىن 100 مىڭ تۈپ، زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن كىچىك ياڭيۇدىن 200 مىڭ تال كۆپەيتىش، تاللانغان 1 - ۋە 2 - ئەۋلاد ئۇرۇقتىن 120 توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندۈرۈلدى. ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق، زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ياڭيۇ مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىش ھەجمى 50%تىن ئاشتى، بۇ تۈر 1019.27 گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى، ھەر گېكتار يەرنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 42 توننىغا، مەھسۇلاتنىڭ ئېشىش ھەجمى 22.6% — 55.3%كە، يېڭىدىن ئاشقان كىرىمى 3 مىليون 283 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ياڭيۇنى ئاساسىي ماددىسىز زاۋۇتلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى تەتقىق قىلىنىپ تاماملاندى، ياڭيۇنىڭ چۈشۈش مىقدارى ئەنئەنىۋى ئاساسىي ماددىلىق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىغا قارىغاندا 25.5 ھەسسە ئۆستى.

3. ياڭيۇنىڭ غول قىسمىنى زەھەرسىزلەندۈرۈش ۋە كىچىك تېپىتكى ياڭيۇنى كۆپەيتىش تېخنىكا سىستېمىسى تۇرغۇزۇلدى، زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن سورتلۇق ياڭيۇنىڭ سۈپىتىنى دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

4. زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن سۈپەتلىك سورتلۇق ياڭيۇنىڭ ساغلام مايسىسىنى يېتىشتۈرۈش مەركەز قىلىنغان يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھەمدە بالدۇر يېتىلىدىغان زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ياڭيۇنى ئىككى پەسىلدە تېرىپ ئۆستۈرۈش تۈزۈمى سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

بۇ تۈردە كۆپ خىل تېخنىكا نەتىجىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن كىچىك ياڭيۇنى ئاساسىي ماددىسىز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

لۇ چاۋخۇي

## شىنجاڭ بويىچە بۇغدايىنىڭ سۈپەتلىك يېڭى سورتىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش

بۇ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا

ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئالتاي شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى بىلەن تولى ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن تاماملاندى. بۇ تۈر 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 3 يىل ئىچىدە، سۈپىتى خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتكەن، ئالاسى ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان سۈپەتلىك بۇغداينىڭ 5 خىل يېڭى سورتى 5987 گېكتار يەرگە ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلدى؛ سۈپىتى خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتكەن سۈپەتلىك بۇغداينىڭ 2 خىل سورتى 89 مىڭ 900 گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى. ھەممە نۆۋەتتە كېڭەيتىلىۋاتقان سۈپەتلىك، مەخسۇس بۇغداي سورتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال سۈپىتىنى ئۆلچەش ۋە كراخماللىرىنى تەكشۈرۈپ سىناق قىلىش ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئالالىرى كۈچلۈك بولغان سۈپەتلىك بۇغداي سورتى Y20 قاتارلىق سورتلارنى كىرگۈزۈش، ئۆلگە كۆرسىتىش ۋە مەخسۇس سۈپەتلىك ئۇنىنىڭ كراخمالىنى تەكشۈرۈش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقى تولدۇرۇلدى.

لۇ چاۋخۇي

## شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدە دانلىق زىرائەت، ياغلىق دان زىرائىتىنىڭ 2 خىل چىلگە سورتىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش

بۇ — ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن تېخنىكا كېڭەيتىش تۈرى، بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنى، ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى ۋە سانجى ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى بىرلىكتە تاماملىدى. بۇ تۈر 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى رايونلارنىڭ تېرىقچىلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش نەزەردە تۇتۇلۇپ، تەكرار تېرىش كۆرسەتكۈچ سانىنى ئۆستۈرۈش، كۈن نۇرى مەنبەسىدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، دانلىق زىرائەتلەرنىڭ بىرلىك ھەجىم مەھسۇلاتى ئاشۇرۇلغان.

لۇ چاۋخۇي

## زاراڭزا يېڭى سورتى ۋە ئۇنىڭ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

بۇ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئالتاي شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى ۋە تولى ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن تاماملانغان. بۇ تۈر 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈرنىڭ ئاساسلىق نەتىجىلىرى مۇنۇلار:

1. بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 3 يىل ئىچىدە زاراڭزىنىڭ يېڭى سورتى «شىنجاڭ زاراڭزىسى — 1»، «شىنجاڭ زاراڭزىسى — 2» 15 مىڭ 800 گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى، ئوتتۇرىچە مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلى 113.8 كىلوگرامغا يېتىپ، ھەر مو (0.07 گېكتار) يەرنىڭ ھوسۇلى 18.8 كىلوگرام، ياغ نىسبىتى 8% تىن كۆپرەك ئاشتى، ئاساسلىق تېرىلغان سورت «شىنجاڭ زاراڭزىسى — 1» مو بېشىدىن تېرىۋېلىنغان زاراڭزا چېچىكى 2.5 كىلوگرام ئاشتى.

2. بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 3 يىل ئىچىدە، «شىنجاڭ زاراڭزىسى — 1»، «شىنجاڭ زاراڭزىسى — 2» نىڭ تاللانغان ئۇرۇقى ۋە سۈپەتلىك سورتى 303.33 گېكتار يەرگە كېڭەيتىپ كۆپەيتىلدى، نورمىدىن ئاشۇرۇپ كۆپەيتىلگەن ئۇرۇق 91 مىڭ 400 كىلوگرامغا، نورمىدىن ئاشۇرۇپ كۆپەيتىلگەن «شىنجاڭ زاراڭزىسى — 4» ئۇرۇقى 75 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

3. زاراڭزىنى ھەر مو (0.07 گېكتار) يەردىن 150 — 200 كىلوگرام زاراڭزا مېغىزى چىقىدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلدى.

4. بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 3 يىل ئىچىدە، تۈر رايونىدا زاراڭزا ئۈرۈقى يېتىشتۈرۈش 4465 توننا، زاراڭزا قىلى 465 توننا، زاراڭزا يېغى 1900 توننا ئاشتى، بۇ 3 تۈردە يېتىشتۈرۈشتىن كەلگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم 42 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

بۇ تۈردە زاراڭزىنىڭ يېڭى سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

لۇ چاۋخۇي

## ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، كېسەلگە قارشى تۇرالايدىغان (بەرداشلىق بېرەلەيدىغان) يېڭى سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش

بۇ، پەن - تېخنىكا نازارىتى چۈشۈرگەن 9 - بەش يىللىق پىلاندىكى زور پەن - تېخنىكا ئۆتكۈللىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. بۇ تۈر 2002 - يىل 10- ئاينىڭ 22 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە باھالاشتىن ئۆتتى، بۇ تۈر ئومۇمىي جەھەتتىن مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

تۈر يولغا قويۇلغان مەزگىلدە، ھەرخىل ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ 7 خىل يېڭى سورتى يېتىشتۈرۈلدى، بۇ سورتلار 572 مىڭ گېكتار يەرگە كېڭەيتىلىپ، 746 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى.

1. قىچىنىڭ 3 خىل شالغۇت سورتى تاپشۇرۇلدى ھەمدە تەكشۈرۈلدى ۋە ئېتىراپ قىلىندى.

2. زاراڭزىنىڭ 2 خىل سورتى يېتىشتۈرۈلدى ۋە تاپشۇرۇلدى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

3. ياغلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ 2 خىل شالغۇت سورتى يېتىشتۈرۈلدى ھەمدە تاپشۇرۇپ بېرىلدى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

لۇ چاۋخۇي

## ياڭاقنى دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ھالقىلىق ئۈسكۈنىنى تەتقىق قىلىپ ياساش

بۇ، پەن - تېخنىكا نازارىتى چۈشۈرگەن ئۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. بۇ نەتىجە 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا باھالاشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە ياڭاقنى دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاشنىڭ شىنجاڭغا ماس كېلىدىغان ھۈنەر - سەنئەت تەرتىپى ئېنىق بېكىتىلىپ ياڭاقنىڭ ھۆل پوستىنى سويۇپ تازىلايدىغان 6BXH—800 ماشىنا لايىھىلىنىپ ياسالغان.

بۇ تەتقىقات تۈرىنىڭ نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

لۇ چاۋخۇي

## مەرۋايىتگۈلنى تېكىپ ئۆستۈرۈش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئۈزلەشتۈرۈپ ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش

بۇ، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن تېخنىكا كېڭەيتىش تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەنەنجۇي تەجرىبە پونكىتى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە تاماملىدى. 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە، 3 يىل تەتقىق قىلىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش ئارقىلىق شىنجاڭدا تېرىشقا ماس كېلىدىغان 2 خىل مەرۋايىتگۈل سورتى تاللاپ چىقىلدى، مەرۋايىتگۈل تېرىشنىڭ شىنجاڭغا ماس كېلىدىغان تېخنىكىسى خۇلاسىلەندى. 3 يىلدا كېڭەيتىلگەن كۆلەم 333.33 گېكتارغا، يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ ساقلىق ساقلاشتا ئىستېمال قىلىنىدىغان ئالىي دەرىجىلىك كۆكتات — مەرۋايىتگۈلنى ئىشلەپچىقىرىش تەتقىقاتى جەھەتتىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى.

لۇ چاۋخۇي

## پىششىقلىما پەمىدۇرنىڭ شالغۇت سورتىنى دەسلەپكى مەزگىلدە باھالاش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پىلاندىكى تۈر بولۇپ، ئۇنى باغۋەنچىلىك زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ

31 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە تۇنجى قېتىم شىنجاڭدىكى يەرلىك خاراكتېرلىك شەكىل ۋە خۇسۇسىيەتتىن پايدىلىنىپ، پىششىقلىما پەمدۇرنىڭ شالغۇت سورتى ئۈستىدە دەسلەپكى مەزگىلدە باھالاش ئېلىپ بېرىلىپ، بوغۇمسىزلىنىش، غولى كۆكىرىش ۋە سارغىيىپ قېلىشقا ئوخشاش يوشۇرۇن خاراكتېرلىك گېنلىق پەمدۇر ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر نەچچە يىللىق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ئاساسىدا، بىر ئەۋلاد شالغۇت پىششىقلىما پەمدۇرنى تاللاپ يېتىشتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان زور بىر تۈركۈمدىكى ئاتا - ئانىلىق ماتېرىيالى تاللاپ چىقىلدى: بولۇپمۇ «شىنجاڭ پەمدۇرى — 4» نى ئەسلى سورتى بويىچە بوغۇمسىز شەكىللىك ۋە خۇسۇسىيەتلىك قىلىپ كۆچۈرۈپ يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى شالغۇت ئەۋزەللىكىنىڭ پىششىقلىما پەمدۇر ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

لۇ چاۋخۇي

## قوغۇننىڭ ئاق پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، پەن - تېخنىكا نازارىتى چۈشۈرگەن تەبىئىي پەن فوندى تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا پەن - تېخنىكا نەتىجىسى بويىچە باھالاشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈرنىڭ ئاساسلىق نەتىجىلىرى مۇنۇلار:

1. قوغۇننىڭ پاختىلىشىش كېسىلى مىكروبىنى ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپتا كۆزىتىش، ئوخشاش بولمىغان پارازىت ئىگىسى پەيدا قىلغان كېسەل خۇسۇسىيىتىنى ئۆلچەش ۋە دەسلەپكى يۇقۇم مەنبەسى بولغان ئېتىز - ئېرىقلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قوغۇننىڭ پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ دەسلەپكى يۇقۇم مەنبەسى، ئاساسلىق تارقىلىش ئامىللىرى ھەمدە ھالقىلىق شارائىتلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

2. قوغۇندىكى پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ زاماندا تارقىلىش ئەھۋالى تەتقىق قىلىنىپ، قوغۇندىكى پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ تارقىلىشىنى ماتېماتىكىلىق مۆلچەرلەش مودېلى تۇرغۇزۇلدى.

3. قوغۇننىڭ پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ماكاندا تارقىلىش ئەھۋالى تەتقىق قىلىنىپ، بوستانلىقلاردىكى ئېكولوگىيىسى قۇرغاق رايونلاردا قوغۇننىڭ پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ تارقىلىش - كېڭىيىش سىستېما قۇرۇلما رامكىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ماكان دىنامىكا مودېلى ئاساس قىلىنىپ، بوستانلىقلاردىكى ئېكولوگىيىسى قۇرغاق رايونلاردا قوغۇننىڭ پاختىلىشىش كېسىلى پەيدا بولىدىغان دەسلەپكى ۋاقىتنى مۆلچەرلەش ئۇسۇلى يارىتىلدى.

4. قوغۇننىڭ پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك زامان ۋە ماكانغا تارقىلىشى ھەمدە كېسەل زىيانداشلىقىنىڭ زامان - ماكانغا تارقىلىشىنى مۆلچەرلەش تېخنىكىسى يادرو قىلىنغان قوغۇننىڭ پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكا سىستېمىسى بەرپا قىلىندى ھەمدە 7 ناھىيە، تۈەن - مەيداندا 25 مىڭ 800 گېكتار يەردە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلدى.

تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

لۇ چاۋخۇي

## قېلىن پوستلۇق كەنجى قوغۇننىڭ كېسەلگە قارشى سورتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە كېسەلدىن ئۇنىۋېرسال مۇداپىئەلىنەلەيدىغان قوغۇننى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەت تەتقىقات ئورنى بىلەن ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2002 - يىل 9 - ئايدا پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: يېڭى سورتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش جەريانىدا، كۆپ جەھەتتە ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان، ئاق توزان كېسىلى ۋە ئاق پاختىلىشىش كېسىلىگە قارشى تۇرالايدىغان چۈرۈك، قىزىل گۆشلۈك قوغۇننىڭ يەككە لىنىيە ماتېرىيالى يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى ھەمدە، ئاق توزان كېسىلىگە چىدامىلىقى يۇقىرى، پاختىلىشىش كېسىلىگە چىدامىلىقى ئوتتۇراھال ياكى يۇقىرى بولغان يۇقۇملۇق پاختىلىشىش كېسىلىگىمۇ چىدامىلىق بولغان چۈرۈك، قىزىل گۆشلۈك كەنجى قوغۇننىڭ 2 خىل يېڭى سورتى تۇنجى قېتىم يېتىشتۈرۈلدى؛ ئاق توزان كېسىلى، ئاق پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ مەنبەسى، تارقىلىش ئامىللىرى ۋە كېسەل پەيدا بولۇش مەزگىلى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، شىنجاڭدا قېلىن پوستلۇق كەنجى قوغۇننى تىكىپ

ئۈستۈرۈشنىڭ بىر يۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى خۇلاسىلەپ چىقىلدى؛ ئاق تۇزان كېسىلى ۋە ئاق پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈمى ياخشى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تۆۋەن زەھەرلىك 5 خىل مىكروب ئۆلتۈرگۈچى دورا تاللاپ چىقىلدى، بۇلاردىن دېلىكاڭ ۋە شۇاڭجېيبېكې دورىلىرى كەڭ دائىرىدە كېڭەيتىپ قوللىنىلدى؛ قوغۇن بىلەن بۇغداينى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش ۋە قوغۇننىڭ ياز پەسلىدە يېتىلدۈرۈلگەن مايسىسىنى ئېگىزگە كۆچۈرۈش قاتارلىق تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە كېڭەيتىش ئۇسۇلى بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

لو مىڭياڭ

## قوغۇننى سۈپەتلىك، مول ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش ئۈنۈۋېرسال تېخنىكىسىنى ئۆلكە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش

بۇ تۈرنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى قاتارلىق بىرنەچچە ئورۇن بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2002 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە ئوخشاش بولمىغان ئۆلكە رايونىدا تىكىپ ئۆستۈرۈش شارائىتى ۋە كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ پەيدا بولۇش ئالاھىدىلىكى نەزەردە تۇتۇلۇپ، قوغۇننىڭ «ئالتۇن سۈمرۈغ» قاتارلىق سۈپەتلىك، مول ھوسۇللۇق 6 خىل يېڭى سورتى پائال كېڭەيتىلدى، قوغۇننى سۈپەتلىك، مول ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دورىلارنى تېجەشلىك، مۇۋاپىق ئىشلىتىش قاتارلىق بىرقاتار تېخنىكا تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كېڭەيتىلگەن 5 خىل ئۆستۈرۈش ئەندىزىسى بازارلارنى تەمىنلەش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى تېخنىكا جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

لو مىڭيىڭ

## شىنجاڭدا قوغۇن - تاۋۇز، ئانار قاتارلىقلارنى ئېنېرگىيە تېجەپ يېڭى پېتى ساقلاش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش

بۇ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن دېھقانچىلىق ئەمەلىي تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرى، بۇ تۈر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تۈر يولغا قويۇلغان مەزگىلدە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى 12 ناھىيە، شەھەردە كىچىك تىپتىكى ئېنېرگىيە تېجەشلىك يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرىدىن 60 ى قۇرۇلدى، يېڭى پېتى ساقلاش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 18 قارار ئېچىلىپ، 3017 ئادەم تەربىيىلەندى. يېڭىدىن ئاشقان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 538 مىڭ 800 يۈەنگە، ساپ كىرىم 1 مىليون 99 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ تۈر ئومۇمىي جەھەتتىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

لۇ چاۋخۇي

## نەشپۈتنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش، ھوسۇلنى ئاشۇرۇشنىڭ ئۈنۈۋېرسال يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

بۇ — ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن تۈر. ئۇنىڭغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەت تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، كورلا شەھەرلىك چەرچى باغۋەنچىلىك مەيدانى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سايدۆڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. 2002 - يىل 5 - ئايدا بۇ تۈر ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈر يولغا قويۇلغان رايونلاردا نەشپۈتنىڭ سۈپىتى ۋە تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈنۈۋېرسال تېخنىكىسى، نەشپۈتتىكى سارغىيىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈۋېرسال تېخنىكىسى، ئوتتۇرا، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق باغلارنى ئۆزگەرتىش تېخنىكىسى، پاكارلاشتۇرۇپ قويۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، مېۋە شەكلىنى تەڭشەپ تىزگىنلەش تېخنىكىسى قاتارلىق ماس كېلىدىغان يېڭى تېخنىكىلار كېڭەيتىپ قوللىنىلدى، تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلىش، نەق مەيداندا تەربىيىلەش ئارقىلىق، بۇ تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 2 يىلدا ئۆلكە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلگەن يەر كۆلىمى 127.76 گېكتارغا، يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 33 مىڭ 300

يۈەنگە، يېڭىدىن ئاشقان ئىقتىسادىي پايدا 1 مىليون 138 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

لىيۇ شياۋيۈەن

## 1LB—240 تىپلىق گورىزونتال تەۋرىنىدىغان سوقىنى تەتقىق قىلىپ ياساش

بۇ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن «948» تۈر بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ «لۈكتەيىر» تراكتور زاۋۇتى بىرلىكتە تاماملىدى. 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا باھالاشتىن ئۆتتى.

ئۈزلۈكسىز ئىشلەتكەن سىنىقىلىق بۇ تۈر تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە ماشىنا سايمانلىرىنىڭ ئىقتىدارى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

لۇ چاۋخۇي

## جەنۇبىي شىنجاڭدا «341» تونىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيىلەرنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى

بۇ تۈر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، تۇپراق - ئوغۇتچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2002 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە كىرگۈزۈش بىلەن ئۈز ئالدىغا بەرپا قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش جەھەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەش ئاساسىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىغا ماس كېلىدىغان كۆپ خىل تېرىقچىلىق ئەندىزىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، توققۇز ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى ئاشلىق — ئاشلىق، ئاشلىق — ئىقتىسادىي زىرائەت، ئاشلىق — كۆكتات قاتارلىق كۆپ خىل ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىگە كېڭەيتىلىپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 4 يىلدا 62 مىڭ 700 گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر گېكتار يەرنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 22.5 توننىغا يەتكەن يەر 123.52 گېكتار، بىرلىك ھوسۇلى 18.75 توننىغا يەتكەن يەر 7300 گېكتار، يېڭىدىن ئاشقان ئاشلىق 260 مىڭ تونna، يېڭىدىن ئاشقان ساپ كىرىم 168 مىليون يۈەن.

لۇ مىڭيىڭ

## لوپ ناھىيىسىنىڭ تۇپراق بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئېچىش

بۇ تۈر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق - ئوغۇتچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى، 2002 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە لوپ ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تۇپراقلارنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىسى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقىلىپ، شۇ ئاساستا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا (مۇقىم) فوسفورلۇق ئوغۇت سېلىنمىسىنى پەيدىنپەي تۆۋەنلىتىپ، كالىيلىق ئوغۇتنى تولۇقلاپ بېرىش، كۆممىقوناقنى ئوغۇتلاشنى ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە كۆممىقوناقنى ئوغۇتلايدىغان فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن بۇغدايىنى ئوغۇتلاش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى ھەمدە لوپ ناھىيىسىدە تۇپراق، ئۆسۈملۈك تۈپى، ئوغۇتنى قائىدىلىك تەھلىل قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. بۇ تۈردە Mapinfo4.5GIS ئىش سۇپىسىدا لوپ ناھىيىسىنىڭ تۇپراق ئوزۇقلۇق ماددىسىنى باشقۇرۇش ۋە كۆرسەتمىلىك ئوغۇتلاش ئۈچۈر سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. بۇ سىستېما ئەمەلىيلەشكەن رېتسېپتىن پايدىلىنىپ يىلىغا 15 مىڭ توننا ئوغۇت ئىشلەپچىقىرالايدىغان مەخسۇس ئوغۇت زاۋۇتى قۇرۇلدى. 3 يىلدا ئىشلەتكەن يەر كۆلىمى 37 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، پاختىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 10%، ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 7% ئاشتى، ساپ كىرىم 28 مىليون 860 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. رېتسېپنى يېزا - بازار دەرىجىلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈش نىسبىتى 80% تىن ئاشتى، ئۇلگە كۆرسىتىپ ئومۇملاشتۇرۇلغان رايونلار 8 ناھىيە - شەھەرگە يەتتى.

لۇ مىڭيىڭ

# چارۋىچىلىق

## شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويچىلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي تارىختا ئەڭ يۇقىرى بولغان مەزگىلدىكى 11 — 12 مىليون تۇياقتىن ئازىيىپ، 3 مىليون تۇياققا چۈشۈپ قالدى. 1989 - يىلى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ۋە نەسلى ياخشىلانغان قوي ئىلىدا 2 مىليون 730 مىڭ تۇياق، تارباغاتايدا 1 مىليون 700 مىڭ تۇياق، بورتالادا 640 مىڭ تۇياق ئىدى. 1998 - يىلىغا

كەلگەندە بۇ بىرنەچچە رايوندا 1 مىليون تۈپقىمۇ يەتمەي قالدى. شىنجاڭنىڭ ئىنچىكە قوي يۇڭى مەھسۇلاتى 1989 - يىلدىكى 35 مىڭ توننا (ئومۇمىي قوي يۇڭى مەھسۇلاتىنىڭ 75.5% نى ئىگىلەيدۇ) دىن كېمىيىپ 1998 - يىلى 30 مىڭ توننا (48.3% نى ئىگىلەيدۇ) غا چۈشۈپ قالدى. ئىنچىكە يۇڭلۇق قويچىلىقنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، 1998 - يىلى بىڭتۈەن بىلەن ئاپتونوم رايون بىرلىشىپ جۇڭگودا بىرىنچى بولۇپ سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇپ، «ساپالىق» دېگەن ماركىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ جەمئىيەت ش ئۇ ئا ر يۇڭ تالاسىنى تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە ماسلىشىشى ئارقىسىدا، يۇڭ توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە قوي يۇڭى مەھسۇلاتىنى دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمىنى بېكىتىپ چىقتى. «ئالتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» تىن ئىبارەت ئىلمىي باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، ئىشنى ئاساسىي قاتلامدىكى قىرقىمچى، دەرىجىگە ئايرىغۇچىلارنى تەربىيىلەشتىن باشلاپ، ماشىنا بىلەن يۇڭ قىرقىش، ئۆلچەم بويىچە دەرىجىگە ئايرىش، ئۆلچەملىك ئايلاش - تەكشۈرۈشتە كەسكىن، ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇش، سۈپىتىگە قاراپ باھا قويۇش، بازاردا بىرتۇتاش سېتىشنى يولغا قويۇپ، ماركا يارىتىش، تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش، بازار ئېچىش، باھاغا تۈرتكە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. 2002 - يىلى بۇ جەمئىيەت توپلىغان 500 توننىدىن كۆپرەك سۈپەتلىك قوي يۇڭى ئىچىدە، كونەس نەسىللىك قوي فېرمىسىنىڭ 56.6 توننا «ساپالىق» قوي يۇڭىنىڭ ئوتتۇرىچە پۈتۈشۈش باھاسى 30.80 يۈەن/كىلوگرامغا يەتتى. 2002 - يىلى نەنجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن كىم ئارتۇق بېرىشىدا باي نەسىللىك قوي فېرمىسى بەككە تۈركۈمدىكى ھەر بىر كىلوگرام ساپ قوي يۇڭىنىڭ باھاسىنى 47.6 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ يۇقىرى پۈتۈشۈش باھاسىنى قولغا كەلتۈردى، فېرما بويىچە 45 توننا قوي يۇڭىنىڭ ئوتتۇرىچە خام ماتېرىيال يۇڭ باھاسى 29.72 يۈەن/كىلوگرامدىن ئاشتى. 500 توننىدىن كۆپرەك «ساپالىق» قوي يۇڭىنىڭ ساپ يۇڭ بويىچە پۈتۈشۈش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 42.8 يۈەن/كىلوگرامغا، خام ماتېرىيال يۇڭى بويىچە پۈتۈشۈش باھاسى 24.37 يۈەن/كىلوگرامغا يەتتى، شۇنداق قىلىپ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان مەملىكەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى باھادا سېتىشنى قولغا كەلتۈردى.

گۈلزار

### سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن نەسىللىك كالىنىڭ تۇغۇلتىلغان تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈش

بۇ تۈر شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى، 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تۈر گورۇپپىسى يېڭى زېلاندىيىنىڭ ساپ نەسىللىك ئانگلىر، سىممېنتال كالىسىنىڭ تۇغۇلتىلغان تۆرەلمىسىنى كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىنىكىنى رېتسىپىيېتور قىلىپ تاللىدى، قورساقتا بوغاز قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، چەت ئەلنىڭ سۈپەتلىك نەسىللىك گۆش كالىسىنى كىرگۈزدى ۋە كۆپەيتتى، چاپچال، كۇچا ۋە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى 165 - تۈەن - مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلاردا تۆرەلمىنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

بۇ تۈرنى يولغا قويۇش داۋامىدا ساپ نەسىللىك ئانگلىر ۋە سىممېنتال كالىسىنىڭ تۆرەلمىسى 733 كالىغا كۆچۈرۈلدى، بۇ كالىلار 333 نى موزايلىدى، ئوتتۇرىچە بوغاز بولۇش نىسبىتى 45.4% كە يەتتى، ئاپتونوم رايوننىڭ ساپ نەسىللىك كالا نەسلىدىن بولغان ئانگلىر ۋە سىممېنتال كالىسىنىڭ سانى كۆپەيدى ھەمدە ئامېرىكا، ياۋروپا كالىسىنىڭ قان ئېقىمىغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ گۆش كالىسى نەسلىنىڭ ئىرسىيەتلىكىنى كۆپ خىل بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتتى، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

گۈلزار

## ئورمانچىلىق

### پىرژېۋالىسكى ياۋا ئېتىنى كۆپەيتىپ ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ تۈرنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ھايۋانات - ئۆسۈملۈك پەرۋىش قىلىش ئىشخانىسى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە تاماملىدى، 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئومۇمىي تېخنىكا سەۋىيىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

ياۋا ئاتنى كىرگۈزۈپ ماسلاشتۇرۇپ بېقىپ كۆندۈرۈش ئارقىلىق، ياۋا ئاتنىڭ ئېكولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئىگىلىنىپ، سوغۇقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، ياۋا ئاتلار شۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتىغا

ماسلىشىش ۋە كۆپىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. ياۋا ئاتنىڭ كۆپىيىش، ئوزۇقلىنىش ھەمدە توپلىشىپ ياشاش ھەرىكىتى قانۇنىيىتى ئىگىلىنىپ، ئىلمىي، ئۈنۈملۈك بېقىپ پەرۋىش قىلىش ئۇسۇللىرى بېكىتىلدى. شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان بىر يۈرۈش كۆپەيتىش تېخنىكا ئەندىزىسى خۇلاسىلەندى. كېيىنكى ئەۋلادلارنى يېقىنلىرى ئارا چېتىشتۈرۈش كوئېففىتسېنتىنى تۆۋەنلىتىش پىرىنسىپ قىلىنىپ، ياۋا ئاتلار جۈپلەشتۈرۈپ تەبىئىي چېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپەيتىلدى، كۆپەيتىلگەن كېيىنكى ئەۋلادلارنى يېقىنلىرى ئارا چېتىشتۈرۈش ئوتتۇرىچە كوئېففىتسېنتى ئاتا - ئانىلىرىنىڭكىگە قارىغاندا 18.75% تۆۋەنلىدى. 3 يىلدا 17 ياۋا ئات ئەي قىلىندى، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 18.49% كە يېتىپ، دۇنيا بويىچە ياۋا ئاتنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىدىن 54.1% يۇقىرى بولدى. 1993 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر 117 ياۋا ئات كۆپەيتىلدى. ياۋا ئات كېسەللىكىگە دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشنىڭ ئەمەلىي تېخنىكىسى تەتقىق قىلىنىپ، ياۋا ئاتنى تەبىئەتكە قويۇۋېتىش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسەن شىنجاڭ ياۋا ئېتىنى كۆپەيتىش مەركىزىنىڭ ياۋا ئاتنى كۆپەيتىش نەسەبنامىسى تۇرغۇزۇلدى ھەمدە يېڭىدىن تۇغۇلغان ياۋا ئاتلارنىڭ خەلقئارا نەسەبنامىسىنى تىزىملاپ روبىخەتكە ئېلىش ئىشى تاماملاندى.

پرژېۋالىسكى ياۋا ئېتى دۇنيا بويىچە يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئەتىۋارلىق تۈر بايلىقىغا تەۋە. جۇڭگودا ئاللىبۇرۇن يوقالغان ياۋايى ھايۋاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى ئوڭشاپ قايتا قۇرۇش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن جۇڭگو 1985 - يىلى ئەنگلىيە، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكىدىن 16 ياۋا ئات كىرگۈزۈپ، ياۋا ئاتنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان شىنجاڭدا ياۋا ئات بېقىش-كۆپەيتىش تەتقىقات مەركىزىنى قۇردى ھەمدە ياۋا ئاتنى يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېلىپ قوغداش، بېقىش، كۆپەيتىش ۋە ياۋايىلاشتۇرۇش بويىچە تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ ئىش 1989 - يىلى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، پرژېۋالىسكى ياۋا ئېتىنى كۆپەيتىپ ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش تەتقىقات خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

لىن شىڭخۇي

## شىنجاڭدا بىر ئەۋلاد بال قارىغىيىنىڭ ياخشىلانغان جىنسىسىز سىستېمىسى ئۇرۇقلۇق باغچىسىنى قۇرۇش ۋە ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ

دەل - دەرەخ ئۇرۇقلۇق كۆچەت باشقۇرۇش باش پونكىتى ۋە قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى بىرلىكتە تاماملىدى. 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە شۇ خىلدىكى تەتقىقات ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

ئۇرۇقلۇق باغچىسى — دەرەخ ئۇرۇقىنىڭ ئىرسىيەتلىك سۈپىتىنى ياخشىلاش، سۈپەتلىك دەرەخ ئۇرۇقىنى كۆپەيتىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. بۇ تۈردە ئۇرۇقلۇق باغچىسى تەتقىقاتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىدا، سورتلۇق بازا قۇرۇش تۈرىگە بىرلەشتۈرۈپ، جىنسىسىز سىستېما ئالدىن ئاللىۋېلىنىپ، شىنجاڭ بال قارىغىيىنىڭ ياخشىلانغان بىر ئەۋلاد جىنسىسىز سىستېما ئۇرۇقلۇق باغچىسى بەرپا قىلىندى ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەمەلىي تېخنىكا تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلدى. ئەۋلادى يېتىشتۈرۈلگەن 4 گېكتار باغچا، 7.2 گېكتار ياخشىلانغان بىر ئەۋلاد جىنسىسىز سىستېما ئۇرۇقلۇق باغچىسى، 1.7 گېكتار سۈپەتلىك دەرەخ توپلانغان رايون بەرپا قىلىنىپ، شەكلى ۋە خۇسۇسىيىتى ياخشى تەبىئىي بال قارىغىيىنىڭ 150 سىستېمىسى ساقلاپ قېلىندى. دەسلەپكى ئۇرۇقلۇق باغچىسىنىڭ 40 تال جىنسىسىز سىستېمىسىدىكى ھازىرقى دەرەخ ۋە ئەۋلاد دەرەخنىڭ ئۆسۈشى، مېۋىلىشى، شەكلى ۋە سۈپىتى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەرگە ئەتراپلىق باھا بېرىلىپ، سۈپەتلىك جىنسىسىز سىستېمىدىن 29 ى تاللاپ چىقىلدى، 3 يىللىق كۆچەتنىڭ ئۆسۈش مىقدارى سېلىشتۇرما قىلىنغان دەرەخنىڭ ئۆسۈش مىقدارىدىن 30% تىن كۆپرەك ئېشىپ كەتتى. دەسلەپكى جىنسىسىز سىستېمىنىڭ 16.7 گېكتار ئۇرۇقلۇق باغچىسى مېۋىلەش باسقۇچىغا كىردى. سۈپەتلىك ئۇرۇقتىن ئاشىدىغان پايدا 15% تىن يۇقىرى بولدى. بال قارىغىيىنىڭ ئۇلاق تۆۋىدىكى پوستىنى كېسىپ ياپسار ئۇلاق ئۇلاش تېخنىكىسى خۇلاسىلەپ چىقىلدى، ئۇلاقنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 80% تىن يۇقىرى بولدى، نوتىلارنىڭ ئۆسۈش مىقدارى، چېچەكلەپ مېۋىلەش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. بال قارىغىيىنىڭ يۇمران چوڭقىلىرىنى قەلەمچە قىلىپ تىكىش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئۇرۇقلۇق باغچىسى بەرپا قىلىش ۋە باشقۇرۇشنىڭ بىر قەدەر سىستېمىلىق تېخنىكىسى خۇلاسىلەپ چىقىلىپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۇرۇقلۇق باغچىسى قۇرۇش ۋە سۈپەتلىك سورتلارنى كۆپەيتىش ئىشى ئۈنۈملۈك قىلىشقا بولىدىغان تېخنىكا ۋە ئەۋزەل بايلىق بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

لىن شىڭخۇي

# ئىجتىمائىي پەن

## شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھەرخىل ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەردىن 22 نى نەشر قىلدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئەسەر 4، بۇلار: «ئوتتۇرا ـ جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىللىي ـ دىنىي توقۇنۇش»، «شىنجاڭدىكى سەرگەردان بالىلار ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋال تېپىش سىرىنى تەكشۈرۈش»؛ ئەسەر 8، بۇلار: «شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدە يېڭى مۇلاھىزە»، «خەنزۇ تىلى مەدەنىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «تەرەققىي قىلىۋاتقان شىنجاڭ مالىيىسى» (ئۇيغۇرچە)، «تىل ـ يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرى» (ئۇيغۇرچە)، «جۇڭگو خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى. شىنجاڭ تومى. قازاقچە قىسمى» (قازاقچە)، «قازاق مىللىتىنىڭ تارىخىي شەخسلىرى — مايكىي» (قازاقچە)، «شەرق ئەدەبىياتى خەزىنىسى (2) — شاھ سەئىدى» (ئۇيغۇرچە)؛ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى، ماتېرىيال، دەرسلىكتىن 5، بۇلار: «شىنجاڭ تارىخى»، «شىنجاڭدىكى دىنلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭدىكى مىللەت ـ دىنغا دائىر بىلىملەردىن 100 سوئال»، «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى»، «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى»؛ تەرجىمە ئەسەر 5، بۇلار: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى)، «شىنجاڭنىڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى» (خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان)، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى» (خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان)، «قانۇندىن ئاساسىي ساۋات» (خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان)، «سىياسىي ئىقتىساد ئاساسىي بىلىملىرى» (خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان).

2002 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كەسپىي ئىلمىي ماقالە، نەزەرىيىۋى ماقالە ۋە تەتقىقات دوكلاتىدىن 340 نەچچە پارچە ئېلان قىلدى، ئۇلارنىڭ خەت سانى 5 مىليون 900 مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 46 پارچە ماقالە دۆلەتنىڭ يادرولۇق ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى باھالاشتا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 26 تۈرلۈك پەن تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 تۈر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 6 تۈر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 9 تۈر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 5 تۈر مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

2002 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە ئاكادېمىيە دەرىجىلىك ئالدىنقى بىرقانچە يىللىق تەتقىقات تۈرىدىن 9 نى تاماملىدى، تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ خەت سانى 3 مىليون 790 مىڭ خەت. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى 4، بۇلار: «جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى قازاق مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئاللانما تەرجىمىسى» (قازاقچە 2 ـ توم)، «ئەرەبچە ـ پارسچىدىكى ‹ئارۇز ۋەزنى› نەزەرىيىسى بىلەن ئېلىمىزنىڭ تۈركىي تىلدىكى كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى (2001)»، «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تارىخىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش»؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى 3، بۇلار: «نېفىت ـ تەبىئىي گازنى تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى»، «شىنجاڭ تارىخى پروگراممىسى»، «شىنجاڭنىڭ دىن تەرەققىيات تارىخى»؛ ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تېما 2، بۇلار: «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى لۇغىتى»، «شىنجاڭنىڭ 2001 — 2002 ـ يىللىق ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۆلچەر». 2002ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ھاۋالە قىلغان تۈر ۋە ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تۈردىن 18 نى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇش تەستىقىنى ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى 9، بۇلار: «غەربىي كەڭ ئېچىش ۋە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات»، «زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق جىنايىتى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى»، «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى نامراتلارنى يۆلەش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «چەت ئەللەردىكى شىنجاڭ بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «جۇڭگودىكى كۆچمەن مىللەتلەرنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات — شىنجاڭ مىسال قىلىنغان»، «غەربىي قىسمىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «قازاق مىللىتىنىڭ تىل تارىخى ئۈستىدە

تەتقىقات»، «ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات — جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتنىڭ خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنىڭ ئىزومورفىزملىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆزئارا تولۇقلاش خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇرلارنىڭ دىن تەرەققىيات تارىخى»؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى 4، بۇلار: «شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ ئۆي - زېمىن كەسپىنىڭ تەرەققىيات تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «قەدىمكى دەۋردىكى كۆچمەنلەر ۋە غەربىي دىيارنى ئېچىش ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە رايون كەسپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»؛ ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تېما 2: بۇلار «شىنجاڭنىڭ 2002 — 2003 - يىللىق ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۆلچەر»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكتلارنىڭ قوللىنىلىشى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات»؛ ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ھاۋالە قىلغان تۈر 3، بۇلار: «دىننىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى ئۈستىدە تەتقىقات».

لى شىڭلى

## «جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى قازاق مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئاللانما تەرجىمىسى» (قازاقچە 2 - توم)

بۇ — 1998 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات پىلانى فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادەتتىكى تۈر، ئۇنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى جاقىپ مىرزاقان ئۈستىگە ئالدى. 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە، تەرجىمە ئەسەر تەييارلاندى. جەمئىي 600 مىڭ خەتلىك تەرجىمە ئەسەردە جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرى قاتارىدىكى «26 تارىخ» ئاساس قىلىنىپ، «جىننامە»، «سۇڭنامە»، «جەنۇبىي چىننامە»، «لياڭنامە»، «چېننامە»، «ۋېينامە»، «شىمالىي چىننامە»، «جۇنامە»، «سۈينامە»، «جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» دىن ئىبارەت 13 تارىخ ۋە «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق مۇھىم ئۈرنەكلەر»، «كىتابلار جەۋھىرى»، «ئۇلۇغ شەھەت ئىبادەتخانىسى ئاچارىيانىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردىكى قازاق مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە ئالاقىدار ھۇن، ئۇسۇن، كانجۇت، تۈرك، غەربىي تۈرك، ئازار، تېلى، تۈركەش، ئاۋار، قاڭقىل، ساتار، ئۇيغۇر، قىتان، قومۇق، سىرۋى قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى ئاللاپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت تارىخى ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

لى شىڭلى

## يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تارىخىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش

بۇ — 2002 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات پىلانى فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادەتتىكى تۈر، ئۇنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دوكتور تيەن ۋېيجياڭ ئۈستىگە ئالدى، 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى، جەمئىي 160 مىڭ خەتلىك تەتقىقات دوكلاتى بىر ئاساسىي دوكلات ۋە 4 تارماق دوكلاتتىن تەركىب تاپقان.

لى شىڭلى

## ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى (2001)

بۇ — 2001 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات پىلانى فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادەتتىكى تۈر، ئۇنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى پەن جىپىڭ ئۈستىگە ئالدى، 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى، ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە تەتقىقات دوكلاتى تەييارلاندى، دوكلات ئاساسىي دوكلات ۋە مەخسۇس تېمىدىكى دوكلاتتىن ئىبارەت 2 قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئاساسىي دوكلات بىر پارچە بولۇپ، تەخمىنەن 20 مىڭ خەتلىك، مەخسۇس تېمىدىكى دوكلات 22 قىسىم بولۇپ، تەخمىنەن 300 مىڭ خەتلىك.

لى شىڭلى

## «ئەرەبچە - پارسچىدىكى «ئارۇز ۋەزىن» نەزەرىيىسى بىلەن ئېلىمىزنىڭ تۈركىي تىلىدىكى كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ — 1999 - يىلى دۆلەت ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات پىلانى فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادەتتىكى تۈر، بۇنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دوكتور زەمىر سايدۇللا ئۈستىگە ئالدى، 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە مەخسۇس ئەسەر تەييارلاندى، جەمئىي 430 مىڭ خەتلىك. بۇ تېمىدا ئاساسلىقى مىلادىيە 8 - ئەسىردىكى ئەرەب شېئىرلىرىدا پەيدا بولغان، كېيىن پارس ۋە تۈركىي تىلدىكى مىللەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ھەمدە بۇ ئۈچ تىل سىستېمىسىدىكى مىللىي شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىغان «ئارۇز ۋەزىن» نەزەرىيىسى تەتقىق قىلىنغان. «ئارۇز ۋەزىن» نەزەرىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئاساسىي قانۇنىيىتى، پارس ۋە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ شېئىرىيىتىدە قوبۇل قىلىپ قوللىنىش جەريانى ۋە تەرەققىيات جەريانىدا ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتلىرى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىش ۋە بايان قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو شىنجاڭدىكى مىللەتلەر بىلەن تارىختا ئەرەب ۋە پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئەدەبىيات جەھەتتىكى مۇناسىۋەت ئېتىبار بىلەن مۇھاكىمە قىلىنغان. بۇ جۇڭگو شەرق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ۋە جۇڭگودىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى مۇھىم يېڭى نەتىجە.

لى شىگلى

## «نېفىت - تەبىئىي گازنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتى»

بۇ — 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات پىلانى فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، ئۆزى تەييارلىغان خىراجەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تۈر، بۇنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋاڭ شۇەنجيەن ئۈستىگە ئالدى، 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە ئەسەر تەييارلاندى، جەمئىي 450 مىڭ خەتلىك، پۈتۈن كىتاب 12 باب. تېمىدا ئىلمىي تەتقىقات ۋە نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلغاندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن سانلىق مەلۇمات ۋە پاكىتلار ئارقىلىق كىشىلەرگە مۇنداق بىر قائىدە ئىسپاتلاپ بېرىلگەن: شىنجاڭنىڭ نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادنى كۈللەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمىنى تېزلەتتى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

لى شىگلى

## «شىنجاڭ تارىخى پروگراممىسى»

بۇ — 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات پىلانى فوندى ھاۋالە قىلغان تەتقىقات تۈرى، بۇنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى مياۋ پۇشېڭ بىلەن تەتقىقاتچى، دوكتور تيەن ۋېيجياڭ بىرلىكتە ئۈستىگە ئالدى، بۇ تۈر 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە ئەسەر تەييارلاندى، جەمئىي 350 مىڭ خەتلىك «شىنجاڭ تارىخى پروگراممىسى»دا ماركسىزمچە ماتېرىيالىزملىق تارىخى قاراش، بولۇپمۇ جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدىكى سۆزىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىنىپ، ئالاقىدار ھۆججەت - ماتېرىياللار كەڭ تۈردە توپلىنىپ، ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى تولۇق قوبۇل قىلىنىپ، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، سىياسىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەردىن شىنجاڭنىڭ تارىخ تەتقىقاتىنىڭ چىن مەنىسى ئۈستىدە ئىزدىنىلگەن، شىنجاڭنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋردىن 1949 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇزاق تارىخىي ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق رەتلىنىپ ۋە بايان قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىلمىي سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

لى شىگلى

## «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى

2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» تېما گۇرۇپپىسى 10 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا تاماملىدى. ئۇنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 3 توملۇق

نۇسخىسى 1984 - يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىنكى يەنە بىر چوڭ نەتىجە.

ۋاڭ شياۋمېي

## «شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى»

بۇ — 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات پىلانى فوندى ھاۋالە قىلغان تەتقىقات تۈرى، بۇنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى لى جىنشىن ئۈستىگە ئالدى. 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى. ئاخىرقى نەتىجە سۈپىتىدە مەخسۇس ئەسەر تەييارلاندى، جەمئىي 500 مىڭ خەتلىك. تېما 4 قىسىم، 19 باب، 58 پاراگراف ۋە ئومۇمىي باياندىن تۈزۈلگەن. بىرىنچى قىسىمدا، شىنجاڭ رايونىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى دىن قارشىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئەڭ دەسلەپ شەكىللەنگەن تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ۋە توتېمغا چوقۇنۇش، فاللىزم ۋە ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ھەمدە ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شەكىللەنگەن شامان دىنى ئېتىقادى بايان قىلىنغان؛ ئىككىنچى قىسىمدا، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، بۇددا دىنى، تويىن دىنى، نېستورىئان دىنلىرىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى بايان قىلىنغان. بۇ، بۇددا دىنى ئاساس قىلىنغان، كۆپ خىل دىنلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋر ھېسابلىنىدۇ، بۇ تېمىنىڭ مۇھىم قىسمى بولغان ئۈچىنچى قىسىمدا، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش، تەرەققىي قىلىش ئالاھىدىلىكى ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلەپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاساسلىق مىللەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا ئايلانغانلىقىدەك تارىخىي جەريان بايان قىلىنغان؛ تۆتىنچى قىسىمدا، شىنجاڭدىكى دىن تەرەققىياتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ۋە ئاساسىي يىپ ئۇچى بايان قىلىنغان، شىنجاڭدا كۆپ خىل دىنىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ تارىخىيلىقى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى، يات دىنلارنىڭ يەرلىكلىشىشى، مىللىيلىشىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى، دىنىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ دىنىي كونترول قىلىش ۋە قورال قىلىشىنىڭ مۇناسىۋىتى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئارىلىشىشى ۋە قوشۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بولغان تەسىرى قاتارلىقلار تەكىتلەنگەن.

لى شىڭلى

## ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىننى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، شىنجاڭ شەھەر پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىرلىشىپ باشقۇردى، ماقالە ئاپتورلىرى ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن بولۇپ 40 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىدا غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا 40 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە تاللاندى، ئۇنىڭ 2 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 6 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا باھالاندى.

فاڭ ۋېنجيې

## جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 9 - قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، مەملىكەت بويىچە 15 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئورگانلاردىن كەلگەن خەنزۇ، جۇاڭزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، زاڭزۇ، خۇيزۇ، مياۋزۇ، تۇجيازۇ، قازاق، قىرغىز، مانجۇ، شىبە قاتارلىق 10 نەچچە مىللەتنىڭ مىللەتلەر تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 94 مۇتەخەسسىس - ئالىمى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن ئىلمىي ماقالە ۋە ئاساسىي مەزمۇنى تونۇشتۇرۇلغان ئىلمىي ماقالىدىن 51 پارچە تاپشۇرۇۋالدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەركىزىي قارالمىسى جۇڭگودا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ چېگرا ئىشلىرى مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولدى. يىغىن ۋەكىللىرى جۇڭگودا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ چېگرا ئىشلىرىغا دائىر بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، چېگرا رايون ئىگىلىكى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش، نۆۋەتتە چېگرا رايونلاردا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، چېگرا ئىشلىرى مەسىلىسى تەتقىقاتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىقلارغا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

لى شىڭلى

### WTO ۋە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى — 2002 - يىللىق ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

بۇ مۇنبەر 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 — 17 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، بۇنى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ MBA كارخانىچىلار جەمئىيىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان، مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە ئەمەلىي خىزمەت ئىشلەۋاتقان خادىملاردىن بولۇپ 40 نەچچە كىشى مۇھاكىمىگە قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىدا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشنىڭ جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ھەمدە ئىجتىمائىيەت ساھەلىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى، شىنجاڭنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن قانداق تاقابىل تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

مۇھاكىمە يىغىنىدا 40 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە تاللاندى.

فاڭ ۋېنجيې

### مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ مەتبۇئاتچىلىق تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، 12 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ھەمدە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىدىن 70 نەچچە ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى، 12 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەكىللىرى يىغىندا مەخسۇس تېمىدا سۆز قىلدى، يىغىننى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى باشقۇردى.

ۋەكىللەر تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرناللىرىنى ياخشى چىقىرىش ئۈستىدە بەزى ئېنىق تونۇش ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، بۇلار مۇنۇلار: ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدىغان ئىجتىمائىي پەنگە دائىر نەزەرىيىۋى قىممەتلىك ژۇرناللار — پارتىيىنىڭ مۇھىم جامائەت پىكرى بازىسى ۋە تەشۋىقات قورالى، شۇڭا سىياسىي يۆنىلىشتە، سۈپەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نادىر ئەسەر ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش كېرەك؛ ئۆز جايىنى ئاساس قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىپ، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك؛ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، بازارغا يۈزلىنىپ، يېڭى يوللىرىنى كېڭەيتىش كېرەك. يىغىن مەزگىلىدە، ۋەكىللەر تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

فاڭ ۋېنجيې

### «ئاساسىي قانۇن» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىغا بېغىشلانغان نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن شىنجاڭ قانۇنچىلىق جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا 54 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، 60 نەچچە ئاپتور ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىس-ئالىم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 16 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھازىرقى «ئاساسىي قانۇن» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ بولۇپمۇ ئاپتونوم رايوننىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجە ۋە تەجرىبىلەرگە باغلاپ، يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتا ئاساسىي قانۇننى يادرو قىلغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇنچىلىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاساسىي قانۇننىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان دەۋر روھى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئاساسىي قانۇن بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئاساسىي قانۇننىڭ ئەدلىيىلىك تەتبىقلىنىشى، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئاساسىي قانۇن تۈزۈلمىسى ۋە ئاساسىي قانۇن نازارەتچىلىكى تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاساسىي قانۇننىڭ بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم رولى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

فاڭ ۋېنجيې

### شىنجاڭدا ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىشنى بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن شىنجاڭ ئاشلىق ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، قىسمەن كارخانىلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ماقالە ئاپتورلىرىدىن بولۇپ 50 نەچچە ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 25 پارچە ماقالە ئالماشتۇرۇلدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاشلىق ئوبوروتى

تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدىكى قالدۇق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىشنى بازارلاشتۇرۇشنى ھۆكۈمەت ئارقىلىق ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش، ئاشلىقنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي يوللۇق رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ بازار رىقابىتى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

فاڭ ۋېنجيې

## غەربىي شىمال رايونلىرىنىڭ 13 - قېتىملىق تۈرمە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن شىنجاڭ تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ تۈرمە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، بىڭتۇەن ۋە شىنجاڭ تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن كەلگەن 40 نەچچە ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، نۆۋەتتە تۈرمىلەرنىڭ تەربىيىلەش - ئۆزگەرتىش خىزمىتىدىكى قىزىق نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە تۈرمە ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ پىكىر يولى ۋە تەدبىرلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىن ۋەكىللىرى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: تۈرمە خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى تۈرمە فۇنكسىيىسىنىڭ جىنايەتچىلەرنى جازالاش، ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىككەنلىكىنى بەلگىلىگەن، جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزگىرىش سۈپىتى تۈرمە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. پەقەت دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە بۇ جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرگەندىلا، تۈرمە خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتقىلى بولىدۇ. يىغىندا تاللانغان مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە ئاپتورلىرى تەقدىرلەندى.

فاڭ ۋېنجيې

## 5 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى باھالاش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەشكىللەپ يولغا قويغان ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى باھالاش خىزمىتى 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرى تاماملاندى. باھالاش ئارقىلىق 267 نەتىجە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 24، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 51، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 98، ياشلار نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 18، مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 76.

فاڭ ۋېنجيې

### قوشۇمچە

**1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە ياشلار نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر تىزىملىكى**

**1 - دەرىجىلىك مۇكاپات (24 تۈر)**

جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەلىماتى (مەخسۇس ئەسەر)، ۋاڭ شۇەنجيەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن؛

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلىيىتى (مەخسۇس ئەسەر)، ياڭ فارىن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىمۇ ياكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكمۇ؟ (مەخسۇس ئەسەر)، پەن جىپىڭ (باش مۇھەررىر)، ۋاڭ جىجۇەن، ۋاڭ مىڭيې قاتارلىقلار، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

جۇڭگو شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنى تارىخى (مەخسۇس ئەسەر)، تۈزۈش گۇرۇپپىسى (باش مۇھەررىر: چېن خۇيشېڭ)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى (مەخسۇس ئەسەر)، تۈزۈش گۇرۇپپىسى (مەسئۇل مۇھەررىر: شۈي يۈچى) ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى.

شىنجاڭدىكى چاپۇخۇ — چولاق جەمەت قەبرىستانلىقىنى قېزىش توغرىسىدا دوكلات (ئەسەر) (باش مۇھەررىر: ۋاڭ مىڭجې) شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى؛

ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (ئەسەر)، تېما گۇرۇپپىسى (باش مۇھەررىر: لى شۇجۇەن)، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى؛

مائارىپ باشقۇرۇش ئىلمى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە (ئەسەر)، ۋاڭ خەنبو، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن.

تۇرپاننىڭ ساياھەت ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (ئەسەر)، تېما گۇرۇپپىسى (باش مۇھەررىر: لى ۋېيچاڭ)، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بويىچە مىللەت - دىن نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى (ئەسەر)، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى.

جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى قازاق مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ تاللانما تەرجىمىسى (1 - توم) (قازاقچە، تەرجىمە ئەسەر)، تېما گۇرۇپپىسى (باش مۇھەررىر: جاقىپ مىرزاقان، قازاق، مەسئۇل مۇھەررىر: قەھرىمان مۇقان، قازاق)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش ۋە ئىكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، چېن دەن (تۈر مەسئۇلى)، جۇ مېيلىڭ، پۇ چۈنلىڭ قاتارلىقلار، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن.

شىنجاڭنى كەلگۈسى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مالىيىدىن مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا (تەتقىقات دوكلاتى)، لى شۈجۇن، شيې شۈەن، مالىيە نازارىتىدىن.

شىنجاڭنىڭ تەييار نېفىتىنى سىرتقا يەتكۈزۈش تۇرۇبا قۇرۇلۇش تۈرى بويىچە مەسلىھەت سوراش دوكلاتى (تەتقىقات دوكلاتى)، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇش مەسلىھەتچىلىكى مەركىزى.

غەربنى كەڭ ئېچىش بويىچە شىنجاڭ ئىختىساس ئىگىلىرى ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، تېما گۇرۇپپىسى (پىلانلىغۇچى، ماقالىنى خۇلاسىلىغۇچى: ۋۇ مىنشىڭ)، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدىن.

چەت ئەل رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدىيە ساھەسىگە سىڭىپ كىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر (تەتقىقات دوكلاتى)، خې فۇلىن، شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن.

ئەسىر ئالمىشىش ئارىلىقىدىكى ئىقتىسادشۇناسلىق بىلەن پەلسەپەنىڭ باغلىنىشلىقى (ئىلمىي ماقالە)، گاۋ جىڭۋېن، يى سۇچېن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنچىلىق ئىنستىتۇتىدىن.

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ماركسىزملىق دىن نەزەرىيىسىگە قوشقان 10 چوڭ تۆھپىسى (ئىلمىي ماقالە)، ليۇ جۇڭكاڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)، ئازات سۇلتان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن.

جۇڭگو — ئامېرىكا سوت مەھكىمىلىرى تۈزۈمىنىڭ ماكرولۇق سېلىشتۇرمىسى ۋە مۇلاھىزە (ئىلمىي ماقالە)، دى چۈەنيىڭ (دافۇر)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنچىلىق ئىنستىتۇتىدىن.

كەندىر زەھەرلىك بۇيۇملىرى جىنايىتى ۋە بۇ ھەقتە تۇرغۇزۇلغان قانۇنغا باھا (ئىلمىي ماقالە)، ئالىم سەيپى (تاتار)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنچىلىق ئىنستىتۇتىدىن.

ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت (قورال كىتاب)، لياۋ زېيۇ، ما جۈنمىن تۈزگەن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى (تەزكىرە كىتابى)، تەزكىرە كومىتېتى (باش مۇھەررىر: مېڭ جاۋبى)، ھەربىي رايون «ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» كومىتېتى.

2 - دەرىجىلىك مۇكاپات (51 تۈر)

شىنجاڭ رايونىدىكى بايلىقلارنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، دەن جىنيۈەن، جاڭ نيەنسى قاتارلىقلار، شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

شىنجاڭنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، شېن دېرىن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، رۇڭ يۇمىن، ماۋ كېجېن، لى شاۋشيا قاتارلىقلار، ش ئۇ ئا ر ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن.

شىنجاڭدا بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە دائىر تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، باش مۇھەررىر: گو جېڭلى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىدىن.

پانتۈركىزملىق مەدەنىيەتكە نەزەر (مەخسۇس ئەسەر)، باش مۇھەررىر: چېن يەنجى، يەن جېبىڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلىرى — بۇددا دىنى كلاسسىك ئەسەرلىرىگە دائىر ئومۇمىي بايان ۋە پارچىدا ساقلانغان، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەر (مەخسۇس ئەسەر)، نيۇ رۇجى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزىدىن.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى (ئۇيغۇرچە، مەخسۇس ئەسەر) ئىسمائىل تۆمۈر، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

قازاق پەلسەپە - ئىدىيە تارىخى تەتقىقاتى (قازاقچە، مەخسۇس ئەسەر)، مۇۋلېتبېك (قازاق)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدىن.

قازاق ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىكى بۆسۈش نەزەرىيىسى (مەخسۇس ئەسەر)، شارىپخان ئابدال (قازاق)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ تەرەققىيات تارىخى (مەخسۇس ئەسەر)، تەھرىر ھەيئىتى (مۇھەررىر: جاۋ يۈجياڭ)، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتكومى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىدىن.

شىنجاڭنىڭ ئەسىر ھالقىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، تېما گۇرۇپپىسى (باش مۇھەررىر: ۋاڭ شۈەنجيەن، جاۋ جىبىنىڭ، فاڭ ۋېنجيې)، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىدىن.

جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىنى كەڭ ئېچىش، دۇنيا ئەللىرىنىڭ كەڭ ئېچىش تەجرىبىسى (ئەسەر)، يازغۇچى: فاڭ يىڭجيې، باش مۇھەررىر: جاڭ شىنتەي، ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيە مەكتىپىدىن.

غەربىي قىسىمدىكى مىللىي رايونلارنى سانائەتلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات (ئەسەر)، ما جيې (خۇيزۇ)، سۇ شۇجۈن، لىيۇ فاڭ قاتارلىقلار، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

يارغول قەدىمىي شەھىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە بۇ ھەقتە تەتقىقات (ئەسەر)، باش مۇھەررىر: شىي ياۋخۇا، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: چېيۇ لىڭ، خۇ جۈنچېيۇ، لىيۇ شۈتاڭ، مەدەنىيەت نازارىتىدىن.

قازاق مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى (ئەسەر)، باش مۇھەررىر: جياڭ زۇڭلۇن، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: تۇڭ كېلى، تۇڭ لىنجياڭ، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن.

شىنجاڭ گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھىنىڭ باش كۆتۈرۈشى توغرىسىدىكى ئەقلىي تەپەككۇر (ئەسەر)، بىرلەشمە تېما گۇرۇپپىسى (باش مۇھەررىر: دۇڭ جاۋۇ، فاڭ مىن)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

قاتناش ھادىسىلىرى ئۈستىدە تەھلىل ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش (ئەسەر)، لىيۇ شۇگو (ئاپتور)، لېين جىنخۇا (باش تەكشۈرگۈچى)، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتىدىن.

شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئۆزگىچە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ پىكىر يوللىرى ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، لىيۇ يەنلياڭ، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىدىن.

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدىكى مىقدارلىق تەتقىقات ۋە ئۇنى دەلىللەش ئۈستىدە تەھلىل (تەتقىقات دوكلاتى)، سۇ دېگۇي، لىيۇ گونىڭ، ۋۇ يۈن، ۋاڭ گۈيرۇڭ، ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىدىن.

«مەدەنىي شەھەر» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، تېما گۇرۇپپىسى (گۇرۇپپا باشلىقى: جاڭ يوخې، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى: گاۋ تيەنشەن، لى رۇنجې)، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىدىن.

شىنجاڭدىكى زوراۋانلىق - تېررورلۇق جىنايىتىگە قارشى تەدبىر توغرىسىدا تەكلىپ (تەتقىقات دوكلاتى)، جۇڭگو جىنايەتشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتى جىنايەت قارشى تەدبىرلىرى كەسپىي كومىتېتى، شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ قىسمەن دەرسلىكلىرىنى خەنزۇچە ئۆتۈش ئۈستىدە تەجرىبىۋى تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، مۇھەببەت قاسىم، خالىق نىياز قاتارلىقلار، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

شىنجاڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، گۈلنىسا جامال، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى خەنزۇچە ئوقۇتۇش بۆلۈمىدىن.

دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدىكى قانۇن مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات (يۈرۈشلۈك ئىلمىي ماقالە)، ۋاڭ فاڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتىدىن.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش مۇساپىسى ۋە ئىستىقبالى (ئىلمىي ماقالە)، چىن فاڭمىڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدىن.

يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش داۋامىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ بەزى تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەكلىپ (ئىلمىي ماقالە)، ما تيەنشىڭ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدىن.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى (ئۇيغۇرچە)، (ئىلمىي ماقالە)، ئابدۇۋەلى ھەمىت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدىن.

«خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ساختا كوللېكتىپ» ھادىسىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش (ئىلمىي ماقالە)، لى جىنيې

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدىن.

مالىيە پىشاقىدىن پايدىلىنىپ غەربنى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرەيلى (ئىلمىي ماقالە)، شيې شۈەن، مالىيە نازارىتىدىن.

ئانچە تەرەققىي قىلمىغان مىللىي رايونلاردا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا دائىر بىرقانچە تەكلىپ (ئىلمىي ماقالە)، ليۇ خۇاڭ، ش ئۇ ئا ر مالىيە نازارىتىدىن.

كۈيتۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا مۇھاكىمە (ئىلمىي ماقالە)، سۈن زۇرۇڭ، شى چىڭچىڭ، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن.

ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات كۆلىمىنى تىزگىنلەيلى (ئىلمىي ماقالە)، تەن يىۋېن، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىن.

كومپيۇتېرلاشقان بوغالتىرلىق ئۇچۇر سىستېمىسىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات (ئىلمىي ماقالە)، جاۋ سېلىڭ، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن؛

سوتسىيالىستىك بازار پرىنسىپى بىلەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتى پرىنسىپىنىڭ بىرلىكى توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)، جاڭ يۈندې، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

«ۋاھابىي» مەسىلىسى بولمىسا كېرەك — ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام گۈللىنىشىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئۈستىدە ئانالىز (ئىلمىي ماقالە)، ۋاڭ جىجۈەن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

يۇگوسلاۋىيە سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتىنىڭ مەغلۇپ بولۇش مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش (ئىلمىي ماقالە)، لىبي لىن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

يەرلەرنىڭ چۆللىشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى (ئىلمىي ماقالە)، سۇ خۇا، شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومىدىن.

كرورانلىقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ماسلىشىشى — لوپنۇر رايونىدىكى قەبرىستانلىقلارغا چاكاندا كۆمۈش مەدەنىيىتى ئۈستىدە مۇلاھىزە (ئىلمىي ماقالە)، شيا لېيمىڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

ئىدىقۇت ئايمىقىدىكى ئەمەلدارلارغا دائىر ھۆججەتلەردىن بايقالغان 16 بەگلىك مىزگىلدىكى ئاياق مەھكىمىسى ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى (ئىلمىي ماقالە)، ليۇ خۇڭلياڭ، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدىن.

جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پەنلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)، ۋاڭ يۇفۇ، لەي گۇاڭخۇي، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

«نەزمىنامە. بەگلىكلەر قوشاقلىرى» دىكى مۇھەببەت نەزمىلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببەت نەزمىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات (ئىلمىي ماقالە)، خەي بىڭ (خۇيزۇ)، سانجى ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى — «ئۇيغۇرلار كەلدى شىبى - خابىدىن» ئۈستىدە تەتقىقات (ئىلمىي ماقالە)، راھىلە داۋۇت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

خەنزۇچىنى ئىككىنچى تىل سۈپىتىدە ئۆگىنىشتىكى تىل ئاۋۇشى ئۈستىدە تەتقىقات (ئىلمىي ماقالە)، گاۋ لىجىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

«يېڭى تەقىدە» ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى (ئىلمىي ماقالە)، چېڭ شىنخېن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

خەنزۇچە - قازاقچە قىسقىچە لۇغەت (قورال كىتاب)، نايمان (قازاق) تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن.

خەنزۇچە - قىرغىزچە لۇغەت (قورال كىتاب)، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى (باش مۇھەررىر: ماكىلەك، قىرغىز، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەركىن، قىرغىز).

جۇڭگو قىرغىزلىرى قامۇسى (قورال كىتاب)، تەھرىر ھەيئىتى (باش مۇھەررىر: خې جىخۇاڭ، جاڭ گۇاڭخەن)، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن.

شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرىسى (تەزكىرە كىتاب)، تەزكىرە كومىتېتى (باش مۇھەررىر: جۇاڭ چاۋچۈن)، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرە ئىشخانىسىدىن.

ئۈرۈمچى شەھىرى تەزكىرىسى (6 توملۇق) (تەزكىرە كىتاب)، تەزكىرە كومىتېتى (باش مۇھەررىرلەر: ياڭ جېن، جاڭ خەن، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: تيەن گۇاڭيى، لى مىڭ، چېن خۇڭجى)، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە تارىخى - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن.

شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. نېفىت سانائىتى تەزكىرىسى (تەزكىرە كىتاب)، تەزكىرە كومىتېتى (باش مۇھەررىر: ۋاڭ ليەنفاڭ)، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن.

شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تىل - يېزىق تەزكىرىسى (تەزكىرە كىتاب)، تەزكىرە كومىتېتى (باش مۇھەررىر:

چېن يۈگۈي) ، ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدىن.

3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 98 :

دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسى ۋە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى (مەخسۇس ئەسەر) ، شى لەيزۇڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقى ۋە ئۇلارنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش (مەخسۇس ئەسەر) ، سى جېڭجيا، جاۋ جيەنشىن، ئۆمەر، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

غەربنى كەڭ ئېچىش داۋامىدىكى شىنجاڭ مالىيىسى (مەخسۇس ئەسەر) ، جاۋ خۇڭنىڭ، شيې شۈەن، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىدىن.

شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى غەيرىي يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرگە ئۆزگەرتىش ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى قوغداش ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر) ، چيەن يۈن، پېڭ يىڭجۈەن، ياڭ لىرۇيلەر ئاساسلىق تۈزگەن، زېمىن - بايلىق نازارىتىدىن.

شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر) ، چېن جاۋسىڭ، سۈي گۇاڭلىيەن قاتارلىقلار يازغان، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

شىنجاڭ رايونىدىكى باھا ئۈستىدە مۇھاكىمە (مەخسۇس ئەسەر) ، ليۇ دىشېڭ، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىدىن.

21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن شىنجاڭ كارخانا ماركېتىڭى (مەخسۇس ئەسەر) ، يىن شاۋمىڭ، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

يىپەك يولى ۋە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر) ، تيەن ۋېيجياڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

يېقىنقى زاماندىكى شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تارىخى (مەخسۇس ئەسەر) ، جۇاڭ خۇڭجۇ، ۋۇ فۇخۇەن، لى شېڭ، ۋېي چاڭخۇڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر) ، مىڭ نەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزىدىن.

رومانوف خانلىقىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى (مەخسۇس ئەسەر) ، جيۇ جېڭخۇڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنچىلىق ئىنستىتۇتىدىن.

تۈلەم قانۇنى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان (مەخسۇس ئەسەر) ، خې يۈنلۇڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

جۇڭگو ئاياللار ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى زامانغا دىففېرېنسىيىلىنىشى (مەخسۇس ئەسەر) ، رېن يىمىڭ، سانجى ئىنستىتۇتىدىن.

ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر) ، چۇ ۋېنلياڭ، جاڭ شۇشىن قاتارلىقلار يازغان، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

ھەنزۇ - ئۇيغۇر تىل ئاۋۇشلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاۋۇشلارنى پەرق ئېتىش (مەخسۇس ئەسەر) ، جاڭ ياڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

تۇرغۇتلارنىڭ مەنبەسى (خۇدۇم موڭغۇل يېزىقى) ، (مەخسۇس ئەسەر) ، داۋ. نەرەي (موڭغۇل) ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن.

ئىسلاھات ئالاھىدە ئۆزگىرىش دېمەكتۇر (مەخسۇس ئەسەر) ، جاڭ شىن، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىدىن.

21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن شىنجاڭ (سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قىسمى) ، (ئەسەر) ، باش مۇھەررىر: ۋاڭ شۈەنجيەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

شىنجاڭ چېگرا سودىسى ۋە ناھىيىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى (ئەسەر) ، ياڭ يىنگۈەن، جى شياۋلىن يازغان، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدىن.

قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش (ئەسەر) ، ۋاڭ خۇيمىن، ليۇ فېڭفاڭ قاتارلىقلار يازغان، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىدىن.

كارخانا باشقۇرۇش مەسلىھەتچىلىكى ۋە دېلو مىساللىرى تەتقىقاتى (ئەسەر) ، باش مۇھەررىر: شېن بولياڭ، ش ئۇ ئا ر ماشىنىسازلىق ئېلېكترون سانائىتى كەسپى ئىشخانىسىدىن.

غەربنى كەڭ ئېچىش، ئىلىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش (ئەسەر) ، باش مۇھەررىر: ۋاڭ يۈۋېن، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: زۇڭ شاۋپىڭ، ۋاڭ چيەنجياڭ، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدىن.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى 200 يىلدىكى پۇللىرى ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى (ئەسەر) ، دۇڭ چىڭشۈەن، مو يۈەن، خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىدىن.

يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋە دىن مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر) ، باش مۇھەررىر: جاۋ جېنمىڭ، فاڭ ۋېنجيې، ليۇ جوڭكاڭ، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىدىن.

كادىرلارنىڭ ئاتېئىزىم تەربىيىسى توغرىسىدا (ئەسەر)، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى.

يېڭى دەۋرگە خاس ئادەم بولۇش توغرىسىدا لېكسىيە (ئەسەر)، باش مۇھەررىر: جاۋ جىنبىڭ، جياڭ جيەنخۇا ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىدىن.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىنى يېزىش كۆرسەتكۈچى (ئەسەر)، مەن زۇگجۇ، جاڭ باۋجۇڭ، لى چۈەنلەي، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭىدىن.

شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى (ئەسەر)، باش مۇھەررىرلەر: ليۇ يۈن، شۆي شيا، تۇلاڭ يۇفېن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاياللار تەتقىقات مەركىزىدىن.

باشلانغۇچ مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا دەرسىنى نىشانلىق ئوقۇتۇش تەتقىقاتى (ئەسەر)، باش مۇھەررىر: جاڭ پىڭ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: ۋاڭ چېڭشياڭ، نىڭ شۇخۇي ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات مەركىزىدىن.

خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرى گرامماتىكىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى (ئەسەر)، جاڭ يۇيىڭ، جاۋ پىڭ، لى يۇڭشىڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى داۋاملىق مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن.

كىتاب ئاخباراتى ئاساسىي بىلىملىرى (ئەسەر)، خۇ تيەنخۇا، سانجى ئوبلاستلىق كۇتۇپخانىدىن.

ساناقەتنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى بىلەن مالىيە - باجنىڭ مۇناسىۋىتى (تەتقىقات دوكلاتى) ۋەن خېيجۈن، مالىيە نازارىتىدىن.

شىنجاڭدا 3 - كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، تېما گۇرۇپپىسى (گۇرۇپپا باشلىقى: خەن شۈجى، تېما رىياسەتچىسى: شېن جۇڭجى)، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىدىن.

شىنجاڭ بىڭتۇەن دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، تېما گۇرۇپپىسى (رىياسەتچى: پەن رېنيۈەن، قەلەم تەۋرەتكۈچى: جو گوشىڭ، جىن يۇڭگاڭ، ۋاڭ چۈەن)، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكومى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىدىن.

مۇۋاپىق ۋاقىتتا دۆلەتكە شىنجاڭدا دۆلەت دەرىجىلىك بازار — «ئۈرۈمچى پاختا توپ سېتىش سودا بازىرى» قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىش (تەتقىقات دوكلاتى)، خاۋ جېنيۇ شىنجاڭ سودا ئىشلىرى ئادۋوكاتلىق ئورنى بېيجىڭ شۆبە ئورنىدىن.

يوغالتىرلىق خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، جاۋ خۇڭشىڭ، خۇ جىجياڭ قاتارلىقلار، مالىيە نازارىتىدىن.

ئىلى ئوبلاستىنىڭ چارۋىچىلىق كەسپىدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا مۇھاكىمە (تەتقىقات دوكلاتى)، تېما گۇرۇپپىسى (تۇر رىياسەتچىسى: ۋاڭ خۇڭلىن)، ئىلى ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات ئورنىدىن.

تۇرپان ۋىلايىتى يېزا مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە يېزا ھاللىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، تېما گۇرۇپپىسى (تۇر مەسئۇلى: ما گوشىن)، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن.

جۇڭگو ھازىرقى زامان چېگرا مۇداپىئە تەلىم - تەربىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (تەتقىقات دوكلاتى)، تېما گۇرۇپپىسى (ئارمىيىنى بىرلىككە كەلتۈرگۈچى: جاڭ شوبياۋ، يازغۇچى: جاۋ جىنبىڭ قاتارلىقلار)، ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىدىن.

خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ قىسمەن ناھىيە، شەھەرلىرىدىكى قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ئۇنىڭغا قارىتىلغان تەدبىرلەر (تەكشۈرۈش دوكلاتى)، ۋاڭ گۇاڭلياڭ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدىن.

شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسىگە نەزەر — شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەرىكىتى (ئىلمىي ماقالە)، سۇ دېگۇي، ۋۇ جۈن، ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىدىن.

10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە (ئىلمىي ماقالە)، شېن جيەنۋېن، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

شىنجاڭنىڭ شەھەرلىشىش تەرەققىياتى ۋە شەھەرلىشىش يۈزلىنىشى (ئۇيغۇرچە)، (ئىلمىي ماقالە)، جۇرئەت رەھمەت، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن.

غەربنى كەڭ ئېچىش يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ناھىيە ئىقتىسادى بويىچە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر (ئىلمىي ماقالە)، لى جېنشىڭ ش ئۇ ئا ر تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسىدىن.

15 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرايلى (ئىلمىي ماقالە)، گاۋ جيەنلوڭ، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدىن.

كاپىتال ئوبوروتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ

ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرەيلى (ئىلمىي ماقالە)، شىې ياناۋ، مالىيە نازارىتىدىن.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بىرقانچە پىكىر (ئىلمىي ماقالە)، جياڭ شىنجۇن كۈيتۇڭ شەھەرلىك ۋېكىليۇچاپىل زاۋۇتىدىن.

يۇغۇرۇلما ئىگىلىك توغرىسىدا نەزەرىيىۋى مۇلاھىزە (ئىلمىي ماقالە)، خۇاڭ چاڭيۈەن، يېي يىڭمىڭ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن.

ساپ ئاسىل ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتىنىڭ ئاسىل سېلىنمىسى ۋە ئۇنىڭ تەنتەربىيگە بولغان تەسىرى (ئىلمىي ماقالە)، ۋاڭ شېڭشى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

بىڭتۇەن دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات (ئىلمىي ماقالە)، تېما گۇرۇپپىسى (يەن رېنيۈەن، ليۇ يىلىي، جاڭ شۇجۇن قاتارلىقلار)، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكومى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىدىن.

غەربنى كەڭ ئېچىشنىڭ تارىخىي جەريانى ۋە نۆۋەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر (ئۇيغۇرچە) (ئىلمىي ماقالە)، مۇھەممەتزۇنۇن ئابدۇكېرىم، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن.

غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى سودىسى بىلەن شىنجاڭ ئوتلاق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ بىر - بىرىگە ياخشى سۈپەتلىك تۈرتكە بولۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلايلى (ئىلمىي ماقالە)، يۈ يانەن، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

پۇل سىياسىتى بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىش مۇناسىۋىتى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش (ئىلمىي ماقالە)، ۋاڭ شۈي، شىنجاڭ كارخانا تەكشۈرۈش ئەترىتىدىن.

مالىيىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش داۋامىدىكى فۇنكسىيىلىك رولى (ئىلمىي ماقالە)، لى شۈجۈن، مالىيە نازارىتىدىن.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى مەخسۇس قەرزىنىڭ غەربنى ئېچىش داۋامىدىكى رولى توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)، ئابدۇرېشىت ئاۋۇت، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن.

باختا سىياسىتى توغرىسىدا بىرقانچە مۇلاھىزە (ئىلمىي ماقالە)، شېن يۈەنچيۇ، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىدىن.

شىنجاڭنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئۈستىدە دەسلەپكى تونۇش (ئىلمىي ماقالە)، جاڭ پىڭ، ۋاڭ خەيۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىدىن.

شىنجاڭنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات (ئىلمىي ماقالە)، زەمىنبېك زەيىن (قازاق)، ش ئۇ ئا ر تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسىدىن.

مەۋقەنى تەرەققىياتقا قويۇپ، ئۆزگىرىش داۋامىدا مۇقىملىقنى كۆزلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەسىر ھالقىيلى (ئىلمىي ماقالە)، سۈن گۇاڭشىن، شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك مەبلەغ سېلىش گۇرۇھىدىن.

ئاپتونوم رايوننىڭ كارخانا مالىيىسىنى باشقۇرۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە تەدبىر (ئىلمىي ماقالە)، دىڭ جىنجياڭ، تۇ شىنمىن، جاڭ يىن، ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىدىن.

ئالاتاۋ پورتىنى يەنىمۇ ئېچىۋېتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرى ۋە سىياسىتى توغرىسىدا تەكلىپ (ئىلمىي ماقالە)، لى شيالىڭ، بورتالا ئوبلاستلىق مۇتەخەسسىس - مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىدىن.

شىنجاڭنىڭ 21 - ئەسىردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى — ساياھەتچىلىك (ئىلمىي ماقالە)، قاسىمجان ئەخمىدى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەدبىرى (ئىلمىي ماقالە)، ۋاڭ تيەنجۈن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەنتەربىيە بۆلۈمىدىن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 50 - يىللاردا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، دىن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش قائىدىسى ۋە ئەمەلىيىتى (ئىلمىي ماقالە)، چې روشيۇڭ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىدىن.

شىنجاڭدىكى زوراۋانلىق - تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ سىياسىي يۈزلىنىشى توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)، ياڭ جىڭ، شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومىدىن.

ئىسلام ئېتىقادىدىكى دىنىي ئەقىدىچىلىكنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا بولغان خەۋپى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر توغرىسىدا تەكلىپ (ئىلمىي ماقالە)، دىلشات روزى، ئىبادەت ئابلىمىت قاتارلىقلار، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن.

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مۇساپىسىدىن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنىڭ ئالاھىدىلىكىگە نەزەر (ئىلمىي ماقالە)، لى شۇاڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن.

زامانىمىزدىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى (ئىلمىي ماقالە)، لى شۈبىن، ش ئۇ ئار پارتىيە مەكتىپىدىن.

ليۇ شاۋچىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىگە قوشقان زور تۆھپىسى (ئىلمىي ماقالە)، مەتتىمىن روزى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدىن.

كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭدىكى دەسلەپكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى (ئىلمىي ماقالە)، دۇ خەن، دۇ فېيېن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى تاشقى سودا قانۇنىنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا مۆلچەر (ئىلمىي ماقالە)، چىن پېڭ، يۈ فېي، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنچىلىق ئىنستىتۇتىدىن.

ئەر - ئايالنىڭ بىللە ئۆتۈش مەجبۇرىيىتى (ئىلمىي ماقالە)، بەي جېي، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنچىلىق ئىنستىتۇتىدىن.

توختاملاشقۇچىلارنىڭ توختامدا ئاساس قىلىنىدىغان قانۇنلارنى تاللاش مەسىلىسى توغرىسىدا (ئۇيغۇرچە) (ئىلمىي ماقالە)، ئۆمەر مەخمۇت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنچىلىق ئىنستىتۇتىدىن.

ۋىكېرس ئېنىقلىمىسىنىڭ شەكىللىنەلمەسلىكىدىكى سەۋەب توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)، جاۋ شىشاۋ، چېن شۈمېي، ئاۋات ناھىيىلىك مول ھوسۇل 3 - مەيدانىدىن.

يەر سىياسىتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن «مەدەنىيلىكنىڭ سوقۇلۇشى» (ئىلمىي ماقالە)، شى لەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

شىنجاڭ خەنزۇ يەرلىك مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)، لى شاۋشيا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

مىللىي رايونلاردا ئاخبارات تارقىتىشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىش (ئىلمىي ماقالە)، جياڭ يىفېڭ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللىي مائارىپىنىڭ 50 يىلى (ئىلمىي ماقالە)، گو ياڭجى، غوپۇر ھاشىم قاتارلىقلار، شىنجاڭ مائارىپ پەن تەتقىقات ئورنىدىن.

نۆۋەتتىكى شىنجاڭ ئالىي مائارىپىدىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)، ۋۇ فۇخۇەن، يۈ فۇبىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن.

مىللىي پەسكەشلىك ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرى (قازاقچە)، (ئىلمىي ماقالە)، بايقوجا مىركىتباي (قازاق)، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىدىن.

ئۇيغۇر، خەنزۇ ستۇدېنتلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئالاھىدىلىكىنىڭ مەدەنىيەتتىن ھالقىپ كېتىشى ئۈستىدە تەتقىقات (ئىلمىي ماقالە)، خۇ ۋېيفاڭ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن.

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى ۋە ئەسىر بېشىدىكى ئوقۇتقۇچىلار داۋاملىق مائارىپى قۇرۇلۇشى (ئىلمىي ماقالە)، گو دېڭ، گۇ خۇاشياڭ، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن.

HSK سىستېمىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزۈلۈشى، قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئۆزگەرتىلىشى توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)، جاڭ ۋېيگو، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

«نەسىر» ۋە شەرق ئەدەبىياتىدىكى «بەش توپلام شېئىر» ئەنئەنىسى (ئۇيغۇرچە)، (ئىلمىي ماقالە)، زامىر سەيدۇللا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

«قۇتادغۇبىلىك» تە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەمسىللەر ۋە ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا (ئۇيغۇرچە)، (ئىلمىي ماقالە)، ئارسلان ئابدۇللا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان قازاق پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتى (ئىلمىي ماقالە)، مۇرات غىنايات (قازاق)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

يارىلىش چۆچەكلىرىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرق توغرىسىدا (قازاقچە)، (ئىلمىي ماقالە)، كامىنا جاڭبوز (قازاق)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىدىكى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خەتلەر ۋە يېڭىدىن پەيدا بولغان خەتلەر (ئىلمىي ماقالە)، خاۋ ماۋ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

«مەن NP سېنى!» ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە (ئىلمىي ماقالە)، زۇ خۇيمىن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

«ئاخىرلىشىش» ئالدىدىكى ئوشۇق گەپ (ئىلمىي ماقالە)، لو جى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن.

«تىببىي دورىگەرلىك تەزكىرىسى» دىكى قەدىمكى تىل ھادىسىسى توغرىسىدا (قازاقچە)، (ئىلمىي ماقالە)، ئالىم جۇماش (قازاق)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن.

تاجىك خەلق چۆچەكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا (ئۇيغۇرچە)، (ئىلمىي ماقالە)، شېرىن قۇربان (تاجىك)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

غەربىي دىياردىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ كۆچەۋۇرۇپ دەپنە

قىلىش ئادىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە (ئۇيغۇرچە)، (ئىلمىي ماقالە)، ئەھمەت سۇلايمان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاش ئۆلچىمى ۋە باھالاش ئۇسۇلى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش (ئىلمىي ماقالە)، خې جۇڭدې، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن.

ئىلىم ـ پەننى قەدىرلەپ ئاتېئىزمدا چىڭ تۇرايلى (پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى)، باش مۇھەررىر: لى ئەيلى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: لى خۇڭشۈن. ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن.

«يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى تەزكىرىسى» (تەزكىرە كىتابى)، تەزكىرە كومىتېتى (باش مۇھەررىر: لى جياڭبو)، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 ـ شىدىن.

«ئۈرۈمچى دەريا ۋادىسى تەزكىرىسى» (تەزكىرە كىتابى)، تەزكىرە كومىتېتى (باش مۇھەررىر: لى شىنلياڭ)، ئۈرۈمچى دەريا باشقارمىسىدىن.

«شىنجاڭ يىلنامىسى» (2000 ـ يىللىق)، تەزكىرە كومىتېتى (باش مۇھەررىر: ۋۇ شىگدۇ)، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدىن.

ياشلار نادىر ئەسەر مۇكاپاتى (18 تۈر)

شىنجاڭدا خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي مەبلەغ سېلىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ئۈستىدە تەتقىقات (مەخسۇس ئەسەر)، جاڭ ۋېنجۇڭ، ما جيې، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

8 خىل جازا ۋە 413 خىل جىنايەت (ئۇيغۇرچە)، (ئەسەر)، يالقۇن تىللايوف، ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسىدىن.

ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى ياخشىلاپ، رايونلارنىڭ پەرقىنى ئازايتىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات (ئىلمىي ماقالە)، تېما گۇرۇپپىسى (تۈر مەسئۇلى: ۋۇ يىدىڭ، ئەزالىرى: ماۋ كېجيېن قاتارلىقلار)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدىن.

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىدىكى ئەمگەك كۈچى تاۋارلىرى ۋە ئادەم كۈچى، كاپىتال، مۈلۈك ھوقۇقى توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)، ما خەيشيا، فەن ۋاڭباڭ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

WTO غا كىرىشنىڭ شىنجاڭنىڭ نېفىت ۋە نېفىت خىمىيىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر (ئىلمىي ماقالە)، ليۇ باۋچېن، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى كارخانا باشقارمىسىدىن.

شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسى ئۈستىدە تەھلىل (ئىلمىي ماقالە)، ما شۈنيەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ـ سودا ئىنستىتۇتىدىن.

يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش ئەھۋالى ئۈستىدە مىقدارلىق تەتقىقات (ئىلمىي ماقالە)، سەي جۈن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ـ سودا ئىنستىتۇتىدىن.

21 ـ ئەسىردە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى يەرلەرنى كىم تېرىش توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)، ۋاڭ ئەيچېن، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن.

نەزەرىيە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتىكى ئۆگىنىش ئىستىلى توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)، دىڭ شۇچىڭ، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدىن.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئىدىيىسى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە (ئىلمىي ماقالە)، نى ئەيۋېن، سانجى ئىنستىتۇتىدىن.

مىللىي ئاڭ بىلەن پۇقراۋى ئاڭنىڭ ماس بىرلىكى توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)، ليۇ شىكو، لۇ يەنرۇڭ، سانجى ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپىدىن.

ئېلىمىزدىكى قازاقلارنىڭ بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىش ئەھۋالى (قازاقچە)، (ئىلمىي ماقالە)، مۇرات (قازاق)، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن.

قازاق ئەدەبىي ئوبزورچىلىقى توغرىسىدا (قازاقچە)، (ئىلمىي ماقالە)، كەنجىتاي (قازاق)، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىلمىگە دائىر ھۆججەت ـ ئەسەرلەر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە (ئىلمىي ماقالە)، ۋېن يەن (شىبە)، شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومىدىن.

قالماق ئۇرۇقى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى (ئىلمىي ماقالە)، گې لىجيې (موڭغۇل)، بايىنغولىن ئوبلاستلىق موڭغۇل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

«ئويرانلار قانۇن توپلىمى» دىكى سۆز ـ ئىبارىلەرگە بېرىلگەن ئىزاھاتتىكى قىسمەن خاتا ئىزاھلارنى تۈزىتىش (ئىلمىي ماقالە)، سې. باتۇ (موڭغۇل)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن.

قەشقەر رايونىدا خەنزۇ تىلىدىكى ئۆزگىرىش (ئىلمىي ماقالە)، خۇ كەيلەن، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن.

قوش تىللىق ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ۋە شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپى (ئىلمىي ماقالە)، گو ۋېيدۇڭ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمىدىن.

ئاپتونوم رايوندىكى ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى، تەتقىقات جەمئىيەتلىرى، جەمئىيەتلەرنىڭ 2002 - يىلدىكى ئاساسلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرى

| ئىلمىي پائالىيەت نامى | ۋاقتى (ئاي) | ئورنى | باشقۇرغان، ھەمكارلاشقان ئورۇن | ئاساسىي مەزمۇنى |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ پەلسەپە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پەلسەپە ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم لېكتورلار ئۆمىكى | يىغىندا ش ئۇ ئا ر پەلسەپە ئىلمىي جەمئىيىتى 4- نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ۋە ماقۇللاندى، يېڭى نۆۋەتلىك كېڭەش ۋە دائىمىي كېڭەش ئەزاسى ھەم يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. |
| شىنجاڭ مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، مالىيە نازارىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2001 - يىللىق خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كېڭەش ئەزالىرى، دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى تولۇقلاندى ۋە تەڭشەلدى، «WTO غا كىرىش ۋە شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىقتىسادى» دېگەن تېمىنى چۆرىدەپ مۇزاكىرە قانات يايدۇرۇلدى، شىنجاڭنىڭ مالىيىسىگە دائىر پەن تەتقىقات ئىلمىي ماقالىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر تەقدىرلەندى. |
| WTO غا كىرىش ۋە جۇڭگو مالىيە - ئىقتىساد ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتى مالىيە نازارىتى | مالىيە مىنىستىرلىكى پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دوكتور يېتەكچىسى پروفېسسور سۇ مىڭ، پروفېسسور ليۇ شاڭشىلار «WTO غا كىرىش ۋە جۇڭگو ئىقتىسادى»، «مالىيە - ئىقتىساد ۋەزىيىتى ۋە مالىيە سىياسىتى» دېگەن تېمىلاردا ئىلمىي دوكلات بەردى، مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەخمىنەن 500چە ئەزاسى دوكلاتنى ئاڭلىدى. |
| شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە تەتقىقات جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، «ئىككى دەرس» ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش، مائارىپ ئىسلاھاتى مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم كۆرسەتمىلىرىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى. |
| «WTO ۋە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى» سۆھبەت يىغىنى | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتى | «WTO ۋە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن تېمىنى چۆرىدەپ سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى، 20 نەچچە مۇتەخەسسىس، ئالىم قاتناشتى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات جەمئىيىتى 4 ـ قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 2 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات جەمئىيىتى | 3 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامىسى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 8 ـ نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى تەشكىللەندى؛ مەملىكەتلىك پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات جەمئىيىتى 3 ـ نۆۋەتلىك كېڭىشى 2 ـ يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، 4 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. |
| شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 2 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى | 3 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 103 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن يېڭى نۆۋەتلىك كېڭەش ۋە 33 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن دائىمىي كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، يېڭى نۆۋەتلىك ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى تەشكىللەندى، «ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2002 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» ماقۇللاندى. |
| شىنجاڭ شىبە تىلى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى | 2 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر شىبە تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى | شىبە تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى، قوش تىل ئوقۇتۇشى، شىبە تىل ـ يېزىقى تەتقىقاتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەت خۇلاسىسى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. |
| شىنجاڭ ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتى 4 ـ نۆۋەتلىك كېڭىشىنىڭ 3 ـ قېتىملىق يىللىق يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى | يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، 2002 ـ يىللىق خىزمەت پىلانى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى، ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەر خۇلاسىلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، يېڭى ئەسىر، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ يېڭى ئوي ـ پىكىر، يېڭى ئۇسۇللىرى مۇھاكىمە قىلىندى. |
| شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى | «يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر» قاتارلىق ھۆججەتلەر ئۆگىنىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ ئىلىم ئالماشتۇرۇلدى. ئىلمىي جەمئىيەت رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ئەزالىرىنى كۆپەيتىپ تولۇقلاش قارارى ماقۇللاندى. |
| شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىدارىسى | تەتقىقات، ئومۇمىي پىلان تۈزۈش ۋە تەشكىللەپ ماسلاشتۇرۇش ئىشىنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش داۋامىدىكى قىيىن، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ پىلانلاش جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پىلانلاش جەمئىيىتى | «شىنجاڭ پىلانلاش جەمئىيىتى نىزامنامىسىنىڭ كۆپىيىسى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، كېڭەش ۋە دائىمىي كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، جەمئىيەتنىڭ پائالىيەت پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. |
| شىنجاڭ سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 4 - يىغىنى ۋە مەخسۇس تېما بويىچە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى | WTO غا كىرگەندىن كېيىن سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش، سودا - سانائەتتە مەمۇرىي باشقۇرۇشتا WTO غا كىرگەندىن كېيىنكى رىقابەتلەرگە جاۋاپ قايتۇرۇش جەھەتتىكى بىر قانچە مۇلاھىزە ۋە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، 22 پارچە ئىلمىي ماقالە قوبۇل قىلىندى؛ ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ بىر قىسىم كېڭەش ئەزالىرى ۋە دائىمىي كېڭەشى سايلاندى ۋە تەڭشەلدى. |
| شىنجاڭ سۇغۇرتا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 4 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر سۇغۇرتا ئىلمىي جەمئىيىتى، بىختۇەن سۇغۇرتا شىركىتى | 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى، «نىزامنامە»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ يېڭى «نىزامنامىسى» قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى، 3- نۆۋەتلىك كېڭەش ۋە دائىمىي كېڭەش، يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك بەنزە سايلاپ چىقىلدى. |
| شىنجاڭ پۇل ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 4 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر پۇل ئىلمىي جەمئىيىتى | 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، «نىزامنامە»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، 4 - نۆۋەتلىك كېڭەش، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى، ئىلمىي جەمئىيەتكە پەخرىي باشلىق ۋە مەسلىھەتچى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەندى. |
| شىنجاڭ تۈرمە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 4 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر تۈرمە ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى | 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى، «شىنجاڭ تۈرمە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2 - نۆۋەتلىك كېڭىشى ۋە دائىمىي كېڭىشى سايلاپ چىقىلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى تەشكىللەندى. |
| ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى | 5 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، شىنجاڭ شەھەر پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى | غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات قاتارلىق مەخسۇس تېمىلارنى چۆرىدەپ چوڭقۇر نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، يىغىندا 40 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، 12 پارچە مۇنەۋۋەر ماقالە باھالاپ چىقىلدى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ بازار ماركېتىنگى جەمئىيىتىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ بازار ماركېتىنگى جەمئىيىتى | 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى قاراپ چىقىلدى، جەمئىيەت نامىنى ئۆزگەرتىش قارارى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ يېڭى «نىزامنامىسى» ماقۇللاندى، جەمئىيەت كېڭىشى ۋە دائىمىي كېڭىشى سايلاپ چىقىلدى، جەمئىيەتنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى تەشكىللەندى. |
| ش ئۇ ئا ر نەشرىياتچىلىق ساھەسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يۈلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە قايتا تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش سۆھبەت يىغىنى | 5 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر نەشرىيات خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى | ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇھىم بازا بولغان نەشرىياتچىلىق سېپىدە، يۈلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش تەربىيىسىنى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ۋە تەخىرسىز بولۇپ قالغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ تۈزۈش، بېسىش، تارقىتىش ھالقىلىرى بويىچە سۆھبەت ئېلىپ بېرىلىپ، خىزمەتنى ياخشىلاشنىڭ نۇرغۇن ھەقىقىي، ئەمەلىي تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. |
| شىنجاڭ باج ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ۋە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر باج ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر دۆلەت باج ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى | 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى، نۆۋەت ئالماشتۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش دوكلاتى، جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامىسى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، 8 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش ۋە يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى. |
| شىنجاڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى | 6 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىلمىي جەمئىيىتى | 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، «نىزامنامە»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى دوكلات قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، 5 - نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى ۋە دائىمىي كېڭەش، كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش تەشەببۇسنامىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. |
| شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش ئىلمىي جەمئىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قۇرۇش يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش ئىلمىي جەمئىيىتى، قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى | ئىلمىي جەمئىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامىسى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ كېڭىشى، دائىمىي كېڭىشى ۋە يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى، جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مەزگىللىك پەن تەتقىقات ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. |
| سەھىيە ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئالىي مۇھاكىمە - بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سەھىيە ئىقتىساد ۋە ستاتىستىكا ئىلمىي جەمئىيىتى | «WTO نىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ سەھىيە مۇلازىمەت كەسپىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى»، «داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش، دورىگەرلىك تۈزۈلمىسى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە»، ۋە «شەھەرلەردىكى پايدا ئالمايدىغان ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇشىدىكى قىيىن نۇقتىلار ۋە تەدبىر توغرىسىدىكى مۇلاھىزە»، «نۆۋەتتە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان داۋالاش مۇلازىمىتىنىڭ باھا سىستېمىسى مەسىلىسى، شەكىللىنىش سەۋەبى، تەڭشەش» ۋە «سەھىيە باشقۇرۇش خادىملىرىنى كەسپىلەشتۈرۈش تەتقىقاتى» قاتارلىق 5 مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە ئاڭلاندى ھەم نەق مەيداندا سوئاللارغا جاۋاب بېرىلىپ مۇزاكىرە قىلىندى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 9- قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى، ئىسلام دىنىدىكى مىللەتلىشىش مەسىلىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. |
| زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇرۇش كۇرسى | 8 — 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | كۇرس 28 كۈن، 4 قارار ئېچىلدى، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالار (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىبرىك، پاي كونترول ۋە شۆبە شىركەتلىرىدىكى دىرېكتور، مالىيە مەسئۇللىرى بولۇپ 365 ئادەم تەربىيىلەندى. دۆلەتنىڭ ماكرولۇق ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تەدرىجىي يولغا قويۇلۇشى ھەمدە WTO نىڭ ئوچۇق ئىقتىسادىي مۇھىتتىكى ھەرىكەت قائىدىسىگە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالار (گۇرۇھى) شىركىتىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، يىغىلىپ دەرس ئاڭلاش، ئاساسىي تېما بويىچە مۇزاكىرە قىلىش، يىغىندا ئالماشتۇرۇش، دىرېكتورلار سوئالغا جاۋاب بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تەربىيىلەندى. |
| ياغنى كەسىپلەشتۈرگەن نۇقتىلىق كارخانىلار سۆھبەت يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئاشلىق كەسپى جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى | ياغچىلىق كەسپى دۇچ كەلگەن WTO غا كىرىش، ئاشلىق بازارلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىشتا ئۇچراش مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش، بازار، باھا قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. |
| شىنجاڭ قازاق تىلى تەتقىقات ئۇيۇشمىسى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشىنىڭ يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر قازاق تىلى تەتقىقات ئۇيۇشمىسى | يىغىندا قاتناشقانلار ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە قايتا تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا بىردەك قوشۇلدى، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، ئىلاھات، ئېچىۋېتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇدىغانلىقىنى بىلدۈردى. |
| ش ئۇ ئا ر ھۆججەت - ئالاقە كاتىپلىرى جەمئىيىتىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 10 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ھۆججەت - ئالاقە كاتىپلىرى جەمئىيىتى | 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش دوكلاتى ۋە جەمئىيەتنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش قارارى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، كېڭەش، دائىمىي كېڭەش ۋە جەمئىيەتنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 6- نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىلمىي جەمئىيىتى | 5 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامىسى» مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزىتىلدى. 6 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش ۋە يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك بەنزىسى سايلاپ چىقىلدى. 6 - نۆۋەتلىك ستاتىستىكا ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىلمىي ماقالە ئاپتورلىرى ھەمدە ئىلمىي جەمئىيەتتىكى 2002 - يىللىق مۇنەۋۋەر ئالاقە گۇرۇپپىلىرى ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى. «ستاتىستىكا ئىسلاھاتى ۋە ئەمەلىيىتى»، «ستاتىستىكا ئانالىزى» قاتارلىق مەخسۇس تېمىلاردا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، 95 ماقالە قوبۇل قىلىنىپ، 51ى يىغىندا ئالماشتۇرۇلدى ۋە مۇكاپاتلاندى. |
| شىنجاڭ بوغالتىرلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 8- قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 12 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر بوغالتىرلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 7 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. 8 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش ۋە يېڭى نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى؛ جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك خىزمەت ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. |
| شىنجاڭ ئاياللار نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى ۋە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئاياللار نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتى | جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئاساسىدىكى ئاياللار نەزەرىيىسى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، 2002 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، 2003 - يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. |
| شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ KPI نەتىجە، ئۈنۈمنى سىناش - باشقۇرۇش سىستېمىسى كۇرسى | 12 | ئۈرۈمچى شىنجىڭ | ش ئۇ ئا ر كارخانىچىلار جەمئىيىتى، شىنجىڭ مالاتىپ كارخانا مەسلىھەتچىلىرى شىركىتى | KPI نەتىجە، ئۈنۈمنى باشقۇرۇش، سىناشنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ قائىدىسى، ئىشلىتىلىشى ۋە دائىرىسى سىستېمىلىق ئۆگىنىلدى، KPI شىنجىڭ سىستېمىسىنى يولغا قويۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان داڭلىق كارخانىلار ئېكسكۇرسىيە قىلىنىدى. KPI نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار باشقۇرۇش سىستېمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىزمەتچىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ئىلھام بېرىپ، يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغىتىپ، كارخانىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا تېخىمۇ زور ئۈنۈم ۋە پايدا يارىتىپ، تۈرتكە بولۇپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىسىنى ۋە تىجارەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ 10 نەچچە ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرۇش خادىمى كۇرسقا قاتناشتى. |

لى جيەن

# مائارىپ

## مائارىپ خىزمىتى

### دۆلەت مائارىپ مۇپەتتىشلىك ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

دۆلەت مائارىپ مۇپەتتىشلىك ئۆمىكىدىكى 7 كىشى 2 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 12 يېزا، 35 ئوتتۇرا مەكتەپنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، ئۇلار ئالاقىدار تارماقلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، 6 قېتىم ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلارنى قاتناشتۇرۇپ سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

مۇپەتتىشلىك ئۆمىكى تەكشۈرۈش جەريانىدا شۇنى كۆردىكى، شىنجاڭنىڭ «ناھىيە ئاساس قىلىنغان» يېزىلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ۋە «بىرگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىككىنى تىزگىنلەش، ئۈچنى نازارەت قىلىش» خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ياخشى بولغان، بولۇپمۇ ناھىيە (شەھەر) لەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى تولۇق تارقىتىشقا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە كۆيۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە ئۆگىنىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر ۋە پۇختا قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. «ئىككى ئاساسەن» نىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش شۇنىڭدەك مائارىپنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى جەھەتتە گەۋدىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈ.

مۇپەتتىشلىك ئۆمىكى مۇنۇ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: شىنجاڭ مائارىپ سېلىنمىسىنى يەنىمۇ كۆپەيتىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، كادىرلار ئىشلىرى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىشى، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلارنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات جەريانىدا مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ تەڭشەپ، مائارىپ بايلىقىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

ۋاڭ جيەندي

### مائارىپ ئىقتىسادىي تەپتىشلىكى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىكى مائارىپ تارماقلىرى مۇستەقىل ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئاپپاراتىدىن بىرنى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك فۇنكسىيىسى يۈرگۈزىدىغان ئاپپاراتتىن 6 نى تەسىس قىلدى. 93 ناھىيە، شەھەر (رايون) دىكى مائارىپ تارماقلىرى ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك فۇنكسىيىسى يۈرگۈزىدىغان ئاپپاراتتىن 28 نى تەسىس قىلدى. 22 ئالىي مەكتەپنىڭ 6 سى مۇستەقىل ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئاپپاراتى، 9 ى ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك فۇنكسىيىسى يۈرگۈزۈش ئاپپاراتى تەسىس قىلدى. شۇ يىلى مائارىپتا ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تۈرىدىن 1011 ى تەپتىش قىلىندى، تەپتىش قىلىنغان سوممىسى 693 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، مەسىلە بايقالغان مەبلەغ 18 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنتىزامغا ۋە قائىدە - نىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن سوممىسى 7 مىليون 860 مىڭ يۈەن، بۇزۇپ - چېچىلغان سوممىسى 3 مىليون 80 مىڭ يۈەن، مالىيە جەھەتتە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىغان سوممىسى 7 مىليون 870 مىڭ يۈەن. ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلگەن دېلو 3، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلگەن دېلو 7. ئاساسىي قۇرۇلۇش، رېمونت قىلىش تۈرى بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىشقا يوللانغان سوممىسى 192 مىليون 460 مىڭ يۈەن، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىپ كېمەيتىلگەن سوممىسى 19 مىليون 950 مىڭ يۈەن، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىپ كېمەيتىلىش نىسبىتى 10.4%. بىر يىلدا ئىقتىسادىي تەپتىشلىك بويىچە تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن 94 پارچە تاپشۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت تەدبىر بەلگىلەش جەھەتتە ئاساس بىلەن تەمىنلەندى.

شېن ۋېي

### ئالىي مائارىپ تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى تەڭشەلدى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە 10 - بەش يىللىق پىلاننىڭ

ئاخىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆلىمىنى ئەڭشىدى. ئەڭشەلگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە، 10 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆلىمى 130 مىڭ 300 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاسپىرانت 5500، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى 80 مىڭ، ئالىي كەسپىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 44 مىڭ 800. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىدىكى شۆبە مەكتەپلىرىنىڭ كۆلىمى بەلگىلەندى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 20 مىڭدىن ئاشىدىغان مەكتەپتىن بىرى، 10 مىڭدىن ئاشىدىغان مەكتەپتىن 3 ى، 5000 مىڭدىن ئاشىدىغان مەكتەپتىن 3 ى، 3000 - 5000 مىڭغىچە بولغان مەكتەپتىن 5 ى، 3000 دىن تۆۋەن مەكتەپتىن 12 سى بېكىتىلدى. بىر يىلدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى بولغان 2 - دەرىجىلىك 3 ئىنستىتۇتنى تەستىقلىدى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنى 2 - دەرىجىلىك ئىنستىتۇت قىلىپ قۇرۇش لايىھىسىنى تەستىقلىدى، قۇرۇلۇش كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

فا ژېن

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ 2002 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

بىرلىكى: نەپەر

| مەكتەپ تۈرى | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى |
| جەمئىي | 9013 | 839 153 | 1082772 | 4220451 | 311482 | 247571 |
| 1. ئاسپىرانت * | * 9 | 355 | 1104 | 2495 | 1005 | 1005 |
| 1) ئالىي مەكتەپ | 6 | 333 | 1028 | 2339 | 943 | 943 |
| 2) پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى | 3 | 22 | 76 | 156 | 62 | 62 |
| 2. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق، مەخسۇس كۇرسى | 24 | 16025 | 41704 | 132336 | 21510 | 10369 |
| تولۇق كۇرس ئالىي مەكتەپلىرى | 11 | 11333 | 32070 | 102345 | 15910 | 7323 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر (مەخسۇس كۇرس) ئالىي مەكتەپلىرى | 13 | 1947 | 7716 | 20116 | 5285 | 2941 |
| باشقىلار | | 2745 | 1918 | 9875 | 315 | 105 |
| 3. ئادەتتىكى تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 2173 | 410299 | 551353 | 1493580 | 124674 | 96469 |
| 1) ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 87 | 31598 | 22241 | 83902 | 10908 | 6031 |
| ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتەپلىرى | 67 | 21591 | 16065 | 58734 | 7843 | 4038 |
| ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى | 20 | 10007 | 6176 | 25168 | 3065 | 1993 |
| 2) تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى | 58 | 7411 | 10442 | 20055 | 5809 | 3325 |
| 3) ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر | 1945 | 356203 | 501924 | 1338836 | 104225 | 84714 |
| تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | 507 | 61932 | 113366 | 272381 | | 19031 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | 1438 | 294271 | 388558 | 1066455 | | 65683 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 4) كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر | 83 | 15087 | 16746 | 50787 | 3732 | 2399 |
| تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | 79 | 6823 | 6736 | 13803 | | 1970 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | 4 | 8264 | 10010 | 36984 | | 429 |
| 4. باشلانغۇچ مەكتەپلەر | 6043 | 411626 | 346386 | 2359788 | 149330 | 132435 |
| 5. ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرى | 7 | 848 | 874 | 3876 | 314 | 200 |
| 6. باللار باغچىسى | 766 | | 141351 | 228376 | 15654 | 8098 |

**ئىزاھ: ئومۇمىي مەكتەپ سانى ئاسپىرانت تەربىيىلەش ئورۇنلىرىنىڭ سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى سانى ئاسپىرانت يېتەكچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.**

**جاڭ شۈيجياڭ، نىڭ شياۋجۇ**

## مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 224 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەركەزنىڭ مائارىپ زايومى تۈرىدىن سېلىنغان مەبلەغ 182 مىليون 280 مىڭ يۈەن (ئالىي مەكتەپ باغچىسى تور قۇرۇلۇشى تۈرىگە سېلىنغىنى 25 مىليون 280 مىڭ يۈەن، غەربىي قىسمىدىكى بىر ئۆلكە، بىر مەكتەپ قۇرۇلۇشى تۈرىگە سېلىنغىنى 67 مىليون يۈەن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تۈرىگە سېلىنغىنى 20 مىليون يۈەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تۈرىگە سېلىنغىنى 70 مىليون يۈەن)، ئاپتونوم رايوننىڭ خام چوت ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 30 مىليون 310 مىڭ يۈەن (بىۋاسىتە قاراشلىق تۈرگە سېلىنغىنى 20 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تۈرىگە سېلىنغىنى 5 مىليون 178 مىڭ 900 يۈەن، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە سېلىنغىنى 300 مىڭ يۈەن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرى ئۈچۈن سېلىنغان ياردەم ئۆسۈملۈك مەبلەغ 4 مىليون 381 مىڭ 100 يۈەن)، مەركەز مەخسۇس تۈر بويىچە قوشۇمچە ياردەم بەرگەن مەبلەغ 12 مىليون 500 مىڭ يۈەن (ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى مەخسۇس تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئاساسىي مۇئەسسەسە مەخسۇس تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 700 مىڭ يۈەن، ئالاھىدە قىيىنچىلىق تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليون يۈەن، 2001 ـ يىلى ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى تۈرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغ 3 مىليون يۈەن).

تەكشۈرۈش ئارقىلىق، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق 12 ئالىي مەكتەپنىڭ خەتەرلىك ئۆيىنىڭ كۆلىمىنىڭ 194 مىڭ كۋادرات مېتىر ئىكەنلىكى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ 20 مىڭ 964 كۋادرات مېتىر ئولتۇراق ئۆيىنى چىقىرىۋەتكەندە، يەنە 173 مىڭ كۋادرات مېتىر خەتەرلىك مەكتەپ ئۆيى بارلىقى ئېنىقلاندى. شۇ سەۋەبتىن ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 3 يىلدا تاماملىنىدىغانلىقى پىلانلاندى، بۇنىڭ ئۈچۈن 280 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، 5 يىلدا ھۆكۈمەت جەمئىي 66 مىليون 60 مىڭ يۈەن ياردەم ئۆسۈم بېرىدۇ.

2002 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى ئورۇنلاشتۇرغان زايوم تۈرى قۇرۇلۇش ئەھۋالىغا دائىر رەسىم كۆرگەزمىسى ماتېرىيالىنى توپلاش، رەتلەش، يۇقىرىغا يوللاش خىزمىتى، شىياڭگاڭلىق كارخانىچى شاۋ يىفۇ ئەپەندىنىڭ ئاپەت رايونىغا پۇل ئىئانە قىلىش تۈرى قۇرۇلۇش ئەھۋالىنىڭ سىنئالغۇ فىلىمىنى سۈرەتكە ئېلىش، فىلىم ئىشلەش شۇنىڭدەك شاۋ يىفۇ ئەپەندىنىڭ ياردەم تۈرى تونۇرسىدىكى رەسىملىك قوللانمىسىنى تەھرىرلەش، باستۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى. شاۋ جەمەتى فوندىنىڭ 16 ـ تۈركۈمدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە پۇل ئىئانە قىلىش تۈرى بويىچە ئىئانە قىلغان 5 مىليون 850 مىڭ يۈەن شىياڭگاڭ پۇلى قوبۇل قىلىنىپ، قۇرۇلۇش تۈرى باشلاندى؛ شاۋ يىفۇ ئەپەندىنىڭ 14 ـ تۈركۈمدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە پۇل ئىئانە قىلىش تۈرى بويىچە ئەللارنى باھالاش خىزمىتى تاماملاندى.

جيەن ۋېن

## مەكتەپلەرنىڭ كەلسە ـ كەلمەس ھەق ئېلىش ئىشى داۋاملىق تۈزەلدى

2002 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا كەلسە ـ كەلمەس ھەق ئېلىش ۋە غەيرىي مەجبۇرىيەتسىز مائارىپ باسقۇچىدا ھەق ئېلىشنى قېلىپلاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «ئاپتونوم

رايون مائارىپ سىستېمىسىنىڭ 2002 ـ يىللىق ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش پىكرى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مائارىپ ئارماقلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتى بويىچە مەخسۇس تۈزەش نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى. باشقۇرۇش خىزمىتىدە، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتا تۇتۇلدى: بىرىنچى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە پۇل ئىئانە قىلىپ ئوقۇتۇشقا ياردەم بېرىش، ئوقۇغۇچىلار پايدىلىنىدىغان كىتاب، سۇغۇرتا، مەكتەپ فورمىسى، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش قاتارلىق مەسىلىلەر نۇقتىلىق تۈزەلدى. ئىككىنچى، «كىرىم بىلەن چىقىمدىن ئىبارەت ئىككى لىنىيىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەستايىدىل تۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرخىل مەكتەپلەردە مائارىپتا ھەق ئېلىش بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئۈچىنچى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلىنى كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى.

2002 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر بەلگىلىمىگە خىلاپ يىغقان 17 مىليون 824 مىڭ يۈەن تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 9 مىليون 466 مىڭ يۈەن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 8 مىليون 358 مىڭ يۈەن. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر بەلگىلىمىگە خىلاپ يىغقان 6 مىليون 930 مىڭ 600 يۈەن قايتۇرۇلدى. 35 ئالىي مەكتەپتە، 6769 ئوتتۇرا تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە مەكتەپ ئىشىدا ئاشكارا بولۇش يولغا قويۇلدى.

قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلار ئىچىدە پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلگەنلەر 4، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلار، يۆتكىۋېتىلگەنلەر، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىنغانلار، مەسئۇلىيىتى تەكشۈرۈلگەنلەر 36.

ۋاڭ جۈيىڭ

## ئوقۇتۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوقۇتۇشقا ياردەم بېرىش خىزمىتىدە يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى.

1. غەربىي قىسمىنىڭ ئوقۇتۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىدا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى. «غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇتۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى» مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى مەركەزنىڭ غەربنى ئېچىش ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن غەربىي رايونلارنىڭ ئىختىساسلىق خادىم تەربىيىلىشىگە ياردەم بېرىدىغان يورۇقلۇق قۇرۇلۇشى. 2002 ـ يىلى بىرىنچىدىن، مەبلەغ ياردەم بېرىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، ئىككىنچىدىن، ياردەمگە ئېرىشىدىغان ستۇدېنتلارنىڭ سانى كۆپەيتىلدى، ئۈچىنچىدىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە «ئۇلۇغۋار غايىلىكلەر سىنىپى» ئېچىلدى. شىنجاڭ «ئۇلۇغۋار غايىلىكلەر سىنىپى» نى شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى، ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى ئۈستىگە ئالدى، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ھەربىرى بىردىن سىنىپ قوبۇل قىلىدۇ، ھەربىر سىنىپتا 50 ئوقۇغۇچى بولىدۇ. 2002 ـ يىل 9 ـ ئايدا تۇنجى تۈركۈمدىكى ياردەمگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش باشلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇتۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى» دا ياردەمگە ئېرىشىدىغان 125 ئوقۇغۇچىنى ئېلان قىلدى.

2. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بېرىش چارىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 2002 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى، مالىيە نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. چارىدە، جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئوقۇش ياردەم پۇلى تەسىس قىلىشنى ھەمدە مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشلىتىشكە، ۋاقتىدا بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىندى. مالىيە نازارىتى 2001 ـ يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى چۈشۈرۈپ بەرگەن 30 مىليون يۈەندىن 5 مىليون يۈەننى ۋە مەركەز 2002 ـ يىلى چۈشۈرۈپ بەرگەن 30 مىليون يۈەندىن 12 مىليون يۈەننى دەرسلىك بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش خىراجىتى قىلىش ئۈچۈن جايلارغا تارقىتىپ بەردى.

3. «مېيىپلارنى يۆلەش ئوقۇش ياردىمى تورى» باشلاندى. «مېيىپلارنى يۆلەش ئوقۇش ياردىمى تورى» مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك يېتەكچىلىك كومىتېتى، جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسى، مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە تەشكىللەپ يولغا قويغان نامرات مېيىپ بالىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىش تورىدىن ئىبارەت. 2002 ـ يىلدىن 2006 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى 100 قارىغۇ بالا، 60 گاس بالا ۋە 40 ئاقساق ـ چولاق بالا مۇشۇ توردا ئۇدا 5 يىل مەبلەغ



ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى ئوقەتچى لى يۈلىس خانىم 2002 - يىلى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىدە، 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى. بۇ پۇل 6 يىلغا بۆلۈنۈپ شىنجاڭدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر 6000 ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىغا ياردەم بېرىلىدۇ.

شى گاۋساڭ فوتوسى

ياردەمگە ئېرىشتۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالاھىدە ئوقۇتۇش مەكتەپلىرى، ئالاھىدە ئوقۇتۇش سىنىپلىرىدا يېتىپ ئوقۇيدىغان ھەربىر ئوقۇغۇچى ھەر يىلى 1200 يۈەن مەبلەغ ياردەمگە، ئەگەشتۈرۈپ ئوقۇتۇلىدىغانلار 800 يۈەنگە ئېرىشتۇ. 2002 - يىلى نامراتلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن قالغان، ئوقۇشسىز قالغان تۇنجى تۈركۈمدىكى 200 قارىغۇ، گاس، گاچا، ئاقساق - چولاق بالا يېڭىۋاشتىن مەكتەپكە كىردى.

4. 2002 - يىلى دۆلەتنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلى ئۈچۈن قەرز پۇل بېرىش ئىشىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. 2795 ئوقۇغۇچى 10 مىليون 450 يۈەنلىك قەرز پۇلغا ئېرىشتى. 2002 - يىلى ھەرقايسى تىجارەت بانكىلىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 24 ئالىي مەكتەپ بىلەن بانكا - مەكتەپ قەرز پۇل كېلىشىمى ئىمزالىدى، كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش نىسبىتى %100 كە يەتتى. بۇ تۈركۈمدىكى ئوقۇش قەرز پۇلى ياردىمى ئىچىدە، قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى بەرگەن قەرز پۇل 6 مىليون 690 مىڭ يۈەن، قەرز پۇل ئالغان ئوقۇغۇچى 1875 بولۇپ، تىجارەت بانكىلىرى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. شىنجاڭ شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى قىيىنچىلىقى ئېغىر 735 ئوقۇغۇچى ئۈچۈن 2 مىليون 780 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئېلىپ، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى.

ۋاڭ جۈيىڭ

## پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا «قوش يۆنىلىشلىك تاللاش، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللاش» تىن ئىبارەت ئىشقا ئورۇنلىشىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 355 ئاسپىرانت ئوقۇش پۈتتۈردى (بۇنىڭ ئىچىدە دوكتور 14)، بۇلارنىڭ 314 ى ئىشقا ئورۇنلاشتى. 4471 ئوقۇغۇچى پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرسلىرىنى پۈتتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 1737، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 2734. تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 1484 ى ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %85 بولدى؛ مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 1607 سى ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %59 بولدى. 11 مىڭ 75 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈردى؛ 310 ئوقۇغۇچى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭغا قايتىدىغان ئوتتۇرا پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ، ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئىشقا ئورۇنلاشتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ شتاتى ئېشىپ كەتكەچكە، ئوتتۇرا پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى تۆۋەن بولدى.

يى ۋېن

## مائارىپقا ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى

**ياپونىيە يېڭى قەرز پۇلى ئارقىلىق ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم ئۈچۈن ئىقتىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش تۈرى** 2002 - يىلى بۇ تۈرنى جۇڭگو خەلقئارا مەسلىھەت مۇلازىمىتى شىركىتى تەكشۈرۈپ باھالىدى ۋە ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق بانكىسى رەسمىي باھالىدى. مۆلچەرلىنىشىچە بۇ تۈرگە 48 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىنىدۇ، 38 مىليون دوللار قەرز پۇل ئېلىش پىلانلاندى، شىنجاڭ مالىيىسى 10 مىليون دوللارنى يۈرۈشتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ مەبلەغ ئاساسەن شىنجاڭدىكى 8 ئادەتتىكى تولۇق كۇرس ئالىي مەكتەپكە ئۇسكۈنە - سايمان

سېتىۋېلىش، خادىم تەربىيەلەش ۋە تور - تاش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

جۇ كەيشۈەن فوند جەمئىيىتىنىڭ ياردەم بېرىش تۈرى

2002 - يىلى جۇ كەيشۈەن فوند جەمئىيىتى شىنجاڭدىكى 10 «ئەتە باشلانغۇچ مەكتىپى» تۈرىگە 1 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى، بۇ پۇل ئۇقتىلىق ھالدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلار ۋە ئاپەت رايونىدىكى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى. بۇ تۈرگە 2 مىليون 180 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، جۇ كەيشۈەن فوند جەمئىيىتى 1 مىليون يۈەن ياردەم قىلدى، ناھىيە، يېزىلار 1 مىليون 180 مىڭ 400 يۈەن قەملىدى، 10 مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3433 كۋادرات مېتىر.

جى ۋېن

## ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ يۇرتى، شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسى ئىچكى ئاپپاراتلارنى تەڭشىدى، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئاساسىي ۋەزىپە قىلىنغان زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپ مەركىزى، IP سۈنئىي ھەمراھ قانىلى پروگراممىلىرىنى ئىشلەش بۆلۈمى ۋە IP سۈنئىي ھەمراھ قانىلى پروگراممىلىرىنى تارقىتىش بۆلۈمى قۇرۇپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئۇچۇر تېخنىكىسى مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش، زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپ تورىنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولدى. 2002 - يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپ بويىچە نامراتلارنى يۆلەشتە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى تۈرى، لى جياچېڭ فوند جەمئىيىتىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپ بويىچە نامراتلارنى يۆلەشتە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ 1 - قاراردىكى 350 مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇقتىسى خىزمىتى تاماملاندى. IP سۈنئىي ھەمراھ قانىلى سۈنئىي ھەمراھقا يوللاش سۈپىتى ئاساس قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى بايلىق ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، 1 - تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتزۇچە ئوقۇتۇش بايلىق يۇمشاق دېتالى ئىشلىنىۋاتىدۇ. مائارىپ مىنىستىرلىكى ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باغچىسى تور سىنىپلىرى ۋە يېزا كومپيۇتېر تورى ئۇچۇر تېخنىكىسى قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىنى قوراشتۇرۇش، تەڭشەش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ئاساسەن تاماملاندى. زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك مائارىپ بويىچە نامراتلارنى يۆلەشتە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مەكتەپلەرنىڭ 1 - سەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش شۇنىڭدەك باشقا ھەرخىل مائارىپ ئۇچۇر تېخنىكىسى ئوقۇتقۇچىلىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەربىيەلەش ۋەزىپىسى تاماملاندى، تەربىيەلەشكە 40 ئادەم قاتناشتى. شىنجاڭنىڭ مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش، تەرەققىيات ۋە ھەمكارلىق ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۈچۈن، 2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە غەربىي قىسمىدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون شۇنىڭدەك بىڭتۇەن ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ھەمكارلىق مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.

2002 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسى 5100 سائەت بىخەتەر ئاڭلىتىش بەردى، مائارىپ ئوقۇتۇش نىسبىتى 60% كە يەتتى، 5 پروگرامما مەملىكەتلىك مائارىپ تېلېۋىزىيىسى پروگراممىلىرىنى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر پروگرامما 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 پروگرامما 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 پروگرامما 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ جيەندى

## شىنجاڭ مائارىپ تور بېكىتى ئېچىلدى

2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مائارىپ نازارىتى باشقۇرغان ھۆكۈمەت تور بېكىتى - شىنجاڭ مائارىپ تور بېكىتى رەسمىي ئېچىلدى. شىنجاڭ مائارىپ تور بېكىتىدە 20 سەھىپە بولۇپ، ئۇ مائارىپ مەمۇرىيىتى، ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەر، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مائارىپىنى تونۇشتۇرۇش، مائارىپ قانۇنى ۋە قائىدە - نىزاملىرى، مائارىپ سىياسىتى شۇنىڭدەك جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ۋاڭ ۋېن

## مائارىپ تاشقى ئىشلار خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ جەھەتتىكى تاشقى ئالاقە ۋە ھەمكارلىق قەدىمىنى تېزلەتتى. بىر يىلدا ھۆكۈمەت چىقارغان، ئۆز خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققانلار ۋە مائارىپ سىستېمىسىدىن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) تەكشۈرۈش، ئىلىم ئالماشتۇرۇشقا چىققان 579 ئادەم (قېتىم) نىڭ رەسمىيىتىنى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ئوقۇغۇچى 81، ئۆز خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققان ئوقۇغۇچى 170، چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىپ ئىلمىي يىغىنغا

قاتناشقانلار 137 ئادەم (قېتىم) (بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلار 18)، چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىپ تەربىيىلەنگەنلەر 31 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلار 3)، پەن تەتقىقات ھەمكارلىقىغا چىققانلار 17، چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتكە چىققانلار 143 (بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلار 27). ئاۋستىرالىيە، كانادا، ئامېرىكا، بېنگال، ياپونىيە، كورېيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردىن كەلگەن ھەرخىل مائارىپ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 11 تۈركۈم، 112 ئادەم كۈتۈۋېلىندى.

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 11 ئورۇن چەت ئەللىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ مۇتەخەسسىلىرىنى تەكلىپ قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىشنى ئىلتىماس قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، سانجى شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، گۈچۈڭ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئىلى قابىلىيەتلىكلەر مەكتىپى قاتارلىق 6 ئورۇن چەت ئەللىك مەدەنىيەت، مائارىپ مۇتەخەسسىلىرىنى تەكلىپ قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە چەت ئەللىك مەدەنىيەت، مائارىپ مۇتەخەسسىلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ئورۇن 44 كە يەتتى. 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس ۋە ئوقۇتقۇچىدىن 182 سى تەكلىپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئوقۇتقۇچى 28، قىسقا مۇددەتلىك مۇتەخەسسىس، ئوقۇتقۇچى 154. 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 نەپەر چەت ئەللىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ مۇتەخەسسىسى «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەر يەنە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىدىن 180 نى قوبۇل قىلدى. ئۇلار تىل ئۆگەنگەندىن باشقا يەنە 9 ئوقۇغۇچى تىبابەتچىلىك قاتارلىق تولۇق كۇرستا ئوقۇيدۇ.

ۋەي ۋېن

## مەكتەپ تەنتەربىيىسى

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپ تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى خىزمەت يىغىنى ئاچتى، مۇتەخەسسىسلەرنى «ئاپتونوم رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە دەرسلىكى» نى تۈزۈشكە ئۇيۇشتۇردى ۋە ئۇنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. 6 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيىسى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا تېخنىكوم تەنتەربىيە خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەنتەربىيە ئىمتىھانى ئېلىش خىزمىتىگە ياخشى تەييارلىق كۆرۈلدى. «ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيىسى خىزمىتى نىزامى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە باھالاش، ئەلالارنى تاللاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، باھالاش ئارقىلىق خىجاڭ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق 10 مەكتەپ، لياڭ تېيجيەن قاتارلىق 6 كىشى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق 17 مەكتەپ ۋە 15 كىشىنى تەقدىرلىدى. كوماندا تەشكىللىنىپ مەملىكەتلىك 8 ـ نۆۋەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىلدى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پۇتبول كوماندىسى (غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋەكىللەر كوماندىسى) 7 ـ لىككە ئېرىشتى، 400 × 4 مېتىرلىق كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا ئوغۇللار كوماندىسى 5 ـ لىككە، قىزلار كوماندىسى 7 ـ لىككە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى يۇمشاق ۋالېبول تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، 300 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەربىيىلىنىشكە قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تەنتەربىيىسى بويىچە سۈپەتلىك دەرسنى باھالاش پائالىيىتىدە شىنجاڭدىن 60 نەپەر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئىمتىھان دېپسىرتاتسىيىسىگە ۋە نەق مەيداندا دەرس ئۆتۈشكە قاتناشتى، 260 نەپەر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى نەق مەيداندا كۆزىتىپ كەچۈرۈشكە قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 2002 ـ يىللىق ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خواجېن لوڭقىسىنى ئالىشىش پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ (VBA) ۋاسكېتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۈچىنچى نۆۋەتلىك يۇمشاق ۋالېبول مۇسابىقىسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تېكتاكتوپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

تى ۋېن

## سەھىيە، ساغلاملىق مائارىپى

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈت ئىچىش بىرلەشمە يىغىنى بەرپا قىلىندى، مائارىپ نازارىتى بىلەن چارۋىچىلىق نازارىتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە ئىشخانا قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈت ئىچىش پىلانى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى، بۇ لايىھە ئۈرۈمچى ۋە قاراماي شەھەرلىرىدىكى بىرقىسىم مەكتەپلەردە يولغا قويۇلدى.

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسى، شىخەنزە

ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ سەھىيە - ساقلىق ساقلاش ئورنىنى مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساپاسىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتى قىلىپ بېكىتتى. 10 - 11 - ئايلاردا كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتى 18 شەھەر، يېزا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە 7 - 18 ياشقىچە بولغان 12 ياش باسقۇچىدىكى 12 مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ تەن ساپاسى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ۋە ئۆلچەپ، 5760 ئۈنۈملۈك ئەۋرىشكە ئالدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى 18 - 22 ياشقىچە بولغان 5 ياش باسقۇچىدىكى 6800 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ تەن ساپاسىنى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ۋە ئۆلچەپ، 3200 ئۈنۈملۈك ئەۋرىشكە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساپاسىنى ئۆلگە ئېلىپ كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋەزىپىسى تاماملاندى. شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ساقلاملىق مائارىپى ئاپائىچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىپ، 180 نەپەر ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر مەكتەپ قىزىل كىرست جەمئىيىتى خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى. مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «جۇڭگونىڭ ئەيدىز كېسىلىنى چەكلەش، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش پىلانى» (2001 - 2005 - يىللىقى) نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئەيدىز كېسىلىدىن ساقلىنىش تەشۋىقات تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى.

ۋىي ۋېن

## سەنئەت مائارىپى

2002 - يىلى مائارىپ نازارىتى دۆلەت دەرىجىلىك يېزا مەكتەپ سەنئەت مائارىپى تەجرىبە قىلىنىدىغان ناھىيە - ئۈرۈمچى، مەكىت ناھىيىلىرىنىڭ تەجرىبە تۈرلىرىنى ئوتتۇرا مەزگىللىك خۇلاسىلىدى ھەمدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گۈزەل سەنئەت، ھۈسنىخەت، رەسىم مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 5480 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى. مۇسابىقىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن 274 ى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن 822 سى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن 1096 سى، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن 1470 ى، 5 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن 1818 ى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەردىن 548 ى، تەشكىللەش خىزمىتىدىكى ئىلغار مەكتەپتىن 26 سى، تەشكىللەش خىزمىتىدىكى ئىلغار رايوندىن 6 سى باھالاپ چىقىلدى.

مائارىپ نازارىتى مەملىكەتلىك تەشكىللەش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 65 گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى ۋە 44 مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى. مۇسابىقىدە غەلىبە قىلغۇچى (ھەر بىرىدىن 3 تىن) شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي ماھارەت ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىغا قاتنىشىدۇ.

مى ۋېن

## تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سانائەت مۇدىرلىرى ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش مۇدىرلىرى خىزمەت يىغىنى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش بويىچە باغچە شەكىللىك مەكتەپ بەرپا قىلىش، مۇلازىمەت - ساپا مائارىپى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى، ئالىي مەكتەپ پەن - تېخنىكا باغچىسىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى سۆھبەت يىغىنى قاتارلىق 6 يىغىن ئاچتى، «ئاپتونوم رايوننىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئەمگەك مۇلازىمىتى پائالىيىتىنى باشقۇرۇشقا دائىر بىرقانچە پىكىر»، «ئاپتونوم رايوننىڭ مەكتەپ باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ بىخەتەرلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇغۇرتا خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ تارقاتتى.

ش ئۇ ئا ر تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئىشخانىسى مالىيە نازارىتى، سودا - سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى، پراكتىكا بازىسى، ئوقۇغۇچىلار سۇغۇرتىسى، ئەمگەك مۇلازىمىتى پائالىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىلى ئوبلاستى، بورتالا ئوبلاستىدىكى 7 ناھىيە (شەھەر) دىكى 27 مەكتەپنى مەخسۇس تېما بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە 4 بازىنى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان ساپا مائارىپى بازىسى دەپ بېكىتتى. ماناس، ساۋەن ناھىيىلىرى، كورلا شەھىرى، ئونسۇ، باي، توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلار

ئەمگەك مۇلازىمىتى پائالىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئوقۇغۇچى فورمىسى ئىشلىگۈچى كارخانىلارنى تەكشۈرۈپ باھالاپ، 48 كارخانىنى ئاپتونوم رايوندىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار فورمىسى ئىشلىگۈچى كارخانا دەپ ئېلان قىلدى ھەمدە ئۇلارغا «ئوقۇغۇچى فورمىسى ئىشلىگۈچى كارخانا سالاھىيەتنامىسى» تارقىتىپ بەردى. ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل تارقىتىش ۋە ئۇنى راسچوت قىلىش خىزمىتى تاماملاندى، 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشقا دائىر ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل كونترول قىلىنىدىغان كۆرسەتكۈچى 32 مىليون يۈەن بولدى، بۇ پۇل 142 تۈرگە ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈر 64. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشقا دائىر قەرز پۇلنىڭ ياردەم ئۆسۈمى راسچوت قىلىندى. 2002 - يىلى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سانائەت راسچوتى ئۈچۈن 59 مىليون 300 يۈەن ياردەم ئۆسۈم بېرىلدى، سانجى، تۇرپان، بايىنغولىن، تارباغاتاي، ئىلى، قىزىلسۇ، بورتالا، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا 710 مىڭ يۈەن ياردەم ئۆسۈم قوشۇپ بېرىلدى.

2002 - يىلى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشنى قانات يايدۇرۇش نىسبىتى %96 كە يەتتى، ساپ كىرىمى 215 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 21 مىليون 920 مىڭ يۈەن ئاشتى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 64.79 يۈەنگە يېتىپ، 6.45 يۈەن ئاشتى؛ مەكتەپلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 28 مىڭ 931 يۈەنگە يېتىپ، 3374 يۈەن ئاشتى. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش كىرىمى ئىچىدە، مائارىپ خىراجىتىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىلگەن پۇل 186 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولۇپ، شۇ يىللىق ساپ كىرىمنىڭ %86 نى ئىگىلەپ، 2001 - يىلدىكىدىن 16 مىليون 380 مىڭ يۈەن ئاشتى.

ۋاڭ جۇپىڭ

# ئاساس مائارىپى

## ئاساس مائارىپى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

شىنجاڭ بويىچە 2002 - يىلدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 1945، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 507 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 35 ى كۆپەيدى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 1438 بولۇپ، 19 ى ئازايدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 272 مىڭ 381 گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %20.8، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1 مىليون 66 مىڭ 455 كە يېتىپ، %6.3 كۆپەيدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 19 مىڭ 31 گە يېتىپ، %11.8 كۆپەيدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %63.19 كە يېتىپ، %1.71 ئاشتى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 65 مىڭ 683 كە يېتىپ، %5.3 كۆپەيدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %92.25 كە يېتىپ، %1.52 ئاشتى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %82.36، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %38.52، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيالماي قالغان ئوقۇغۇچىلار نىسبىتى %3.08 بولدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 24 : 16 بولدى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 8 مىليون 645 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %7.8 كۆپەيدى.

باشلانغۇچ مەكتەپ 6043 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 178 مەكتەپ ئازايدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2 مىليون 359 مىڭ 788 بولۇپ، %3.1 كېمەيدى؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 132 مىڭ 435 كە يېتىپ، %0.2 كۆپەيدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %97.82 كە يېتىپ، %0.66 ئاشتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %97.79 كە يېتىپ، %0.38. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 5 يىل ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتى %91.68 كە يېتىپ، %2.89 ئاشتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %94.39، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 82: 17 بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 8 مىليون 319 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %0.7 كۆپەيدى.

ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 2001 - يىلدىكىدىن %320.4، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى %7، مەكتەپ ئۆيى قۇرۇلۇش كۆلىمى 36 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %5.9 كۆپەيدى.

2001 - يىلدىكىدىن 15 بالىلار باغچىسى كۆپەيدى، باغچىدىكى بالا %1.6 ئازايدى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى %3.9، باغچا ئۆيى قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 22 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %4.3 كۆپەيدى.

ۋاڭ جيەندي

## مەجبۇرىيەت مائارىپى

2002 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مائارىپى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، «غەربىي رايونلاردا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ياش-ئۆسمۈرلەر ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»، نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» بىلەن «ئاساسىي مائارىپ دەرسلىكىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى سىناق قىلىش ـ كېڭەيتىش پىلانى توغرىسىدا پىكىر» نى يېزىپ چىقىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشتۈرۈش جەريانىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى قاتارلىق 17 ئاساسىي مائارىپ دەرسلىكىنى ئىسلاھ قىلىش تەجرىبە رايونىنى بېكىتتى. تەجرىبە رايونى تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ۋە دەرسلىكنى ئىسلاھ قىلىش ـ تەتقىق قىلىش ـ تونۇشتۇرۇش كۇرسى ئېچىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 3000 دىن ئارتۇق تايانچ ئوقۇتقۇچى ۋە 300 نەپەر ئوقۇتۇش تەتقىقاتى خادىمى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. «ئاپتونوم رايوننىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپ سىرتىدىكى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىيات پىلانى»، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپ سىرتىدىكى پائالىيەت سورۇنىغا كېتىدىغان مەبلەغنى باشقۇرۇش ـ ئىشلىتىش چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى؛ تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت ياردەملىك بولۇپ قۇرۇلىدىغان يېڭى ناھىيىسى قاتارلىق 16 ناھىيىنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپ سىرتىدىكى پائالىيەت سورۇنى قۇرۇلۇشى تۈرى باشلاندى، دۆلەت ئاجراتقان 19 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى.

يې ۋېن

## ئالاھىدە مائارىپ ۋە يەسلى مائارىپى

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون «گاسلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىشارەت تىلى لۇغىتى» نىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى بىلەن «تىل. ئەدەبىيات پروگراممىسى» نى يېزىش خىزمىتىنى تاماملىدى. مېيىپلارغا ياردەم بېرىش تۈرى مەبلىغىدىن 200 مىڭ يۈەن، 2001 ـ 2002 ـ يىللىق ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم بېرىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ۋە دەرسلىك خىراجىتى ئۈچۈن 780 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتى.

بىر يىلدا «ئاپتونوم رايوننىڭ يەسلى مائارىپىنىڭ يېتەكچى پروگراممىسى، نى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پروگراممىسى» نى تۈزۈش ئىشى تەشكىللەندى. ئۈرۈمچى قىزىل بايراق باللار باغچىسى قاتارلىق 6 باللار باغچىسى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى. «يەسلى مائارىپىنىڭ يېتەكچى پروگراممىسى» بويىچە يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا ئاپتونوم رايون بويىچە 230 نەپەر يەسلى خىزمەتچىسى قاتناشتى. IBM شىركىتىنىڭ «كىچىك ئىزدەنگۈچىلەر» تورىنى تور قىلىپ تورغۇزۇش خىزمىتى تاماملاندى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ باللار باغچىسى قاتارلىق 5 باللار باغچىسى تۇنجى تۈركۈمدە 1 مىليون 250 مىڭ يۈەنلىك تور ئەسلىھە پۇلىغا ئېرىشتى.

جى ۋېن

## ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى يەن تەتقىقاتى

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مائارىپ يەن تەتقىقات ئورنى، ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى 4 تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 17 ئاساسىي مائارىپ دەرسىنى ئىسلاھ قىلىش تەجرىبە رايونىدا دەرسلىك ئىسلاھاتى تەجرىبىسىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىسى مۇدىرلىرى يىغىنى ئېچىپ، ئىلغار ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىسى ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش تەتقىقاتچىلىرىنى تەقدىرلىدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) دەرىجىلىك مائارىپ تەتقىقاتى ئىشخانىلىرى خىزمىتىنىڭ يېتەكچى پروگراممىسى» بىلەن «شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مائارىپ دەرسلىكى ئىسلاھاتىنىڭ بەش يىللىق پىلانى» نى يېزىپ چىقتى. يەن مۇتەخەسسىسلىرى خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى، سايباغ رايونىدىن ئىبارەت ئىككى ئورۇننىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئاساسىي مائارىپ دەرسلىكىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. يەن گۇرۇپپىسى يەنە قاراماي، كۈيتۇڭ، شىخەنزە، كورلا، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا 84 مەيدان لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى، 400 نەپەرچە سائەت دەرس ئاڭلاندى. يېڭى دەرسلىك توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىش كۇرسى ۋە يېڭى دەرس ئۆلچىمى، يېڭى دەرسلىك بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 19 تەجرىبە رايونىدىكى ئىش ئورنىدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە تەجرىبە رايونى قىلىنمىغان رايوندىكى ئوقۇتقۇچىدىن 2000 نەپىرى كۇرسقا قاتناشتى.

تېما تەتقىقاتى خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. 2002 ـ يىلى «شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ

ماتېماتىكا ئوقۇتۇشىدا ساپا مائارىپى تەجرىبىسىنى يولغا قويۇش ۋە بۇ ھەقتە تەتقىقات» دېگەن تېمىنى تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭدىكى تېما تەجرىبە رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى، 8 قېتىم تېمىغا دائىر لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى، 60 نەچچە سائەتلىك دەرسنى باھالىدى. بىر يىلدا تېما گۇرۇپپىسى يۇقىرىغا 100 نەچچە پارچە ماقالە، 30 نەچچە سائەتلىك تەجرىبە سىنئالغۇ دەرسى، 50 نەچچە مۇنەۋۋەر دەرسلىك لايىھىسى، 40 نەچچە تەجرىبە دەرسى بۇيۇمى، 20 پارچە تېمىغا دائىر باسقۇچلۇق خۇلاسە يوللىدى. ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتىغا دائىر تېما — «يېڭىلىق يارىتىش تاپشۇرۇقى يېزىقچىلىق تەتقىقاتى» مەملىكەتلىك 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى. ئاپتونوم رايون 30 تەجرىبە مەكتەپنى بېكىتتى، بۇ مەكتەپلەرگە 2002 ـ يىلى ۋىۋىسكا ئېسىلدى. تەجرىبە مەكتەپلىرى بىلەن ش ئۇ ئا ر تەتقىقات تېمىسى گۇرۇپپىسى تەجرىبە لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى، 8 ـ ئايدا دۆلەت باش تەتقىقات تېمىسى گۇرۇپپىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، شىنجاڭدىن 27 تەجرىبە مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى، يىغىندا سىنئالغۇ دەرسى بىلەن ئىلمىي ماقالىلەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا «شىنجاڭدىكى مىللىي مەكتەپلەرنىڭ تەبىئىي پەن دەرسلىكى تەجرىبىسى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات» دېگەن تەتقىقات تېمىسىنىڭ لايىھىسى، «ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى تەتقىقات خاراكتېرلىك ئۆگىنىش»، «مىللىيچە، خەنزۇچە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي دەرسلەرنى سىنىپتا ئوقۇتۇشنى ئەلالاشتۇرۇش تەتقىقاتى»، «ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش جەھەتتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ھەمكارلىشىش، ئىزدىنىش ئاساسىدا ئۆگىنىش ئۇسۇلى توغرىسىدا تەتقىقات» قاتارلىق تېمىلار تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ.

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مائارىپ پەن تەتقىقات ئورنى بىلەن مائارىپ پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىئولوگىيە يېڭى پروگراممىسى، يېڭى دەرسلىك بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، خىمىيە ئوقۇتۇشىدا چېگرا رايونغا ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىن ياردەم بېرىش بويىچە لېكسىيە سۆزلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇردى. ماتېماتىكا مۇسابىقىسى، ئارىلاش سۆزلەش، ئىلمىي ماقالە باھالاش، ئوقۇغۇچىلار زېھىن سىناش مۇسابىقىسى قاتارلىق 16 تۈرلۈك پائالىيەت قانات يايدۇرۇلدى، بۇلار پەن تەتقىقات ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

ۋاڭ جيەندې

## مائارىپ مۇپەتتىشلىكى

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مائارىپ مۇپەتتىشلىكى ئىشخانىسى چىڭگىل ناھىيىسى، ئالتاي شەھىرىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈردى ھەمدە ئالتاي شەھىرى سارخۇلسۇن يېزىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاراتۇرۇك قاتارلىق 10 ناھىيە (شەھەر) نىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى قايتا تەكشۈردى. چەرچەن قاتارلىق 6 ناھىيىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى ۋە ئاساسىي مائارىپى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

بىر يىلدا ئاپتونوم رايون دۆلەت ئۇيۇشتۇرغان مائارىپ مۇپەتتىشلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك مۇپەتتىشتىن 150 نى تاللاپ ئەۋەتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 102 ئادەم قاتناشقان ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ «ئىككى ئاساسەن» مەجبۇرىيەت مائارىپى تورى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەمدە يەكەن ناھىيىسى، ئالتاي، قۇمۇل شەھەرلىرى مائارىپ مىنىستىرلىكى مائارىپ سۈپىتىنى تەكشۈرىدىغان ناھىيە (شەھەر) قىلىپ بېكىتىلدى. دۆلەت يۇقىرىدىكى 3 ناھىيە (شەھەر) گە 35 مىڭ — 45 مىڭ يۈەن مەخسۇس ئىش باشلاش خىراجىتى ئاجرىتىپ بەردى.

بىر يىلدا ش ئۇ ئا ر مائارىپ مۇپەتتىشلىك ئىشخانىسى 60 نەچچە مىڭ خەتلىك مۇپەتتىشلىك ماتېرىيالى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ماتېرىيالىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىنى تەشكىللىدى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە «شىنجاڭ مائارىپ مۇپەتتىشلىكى» نى 6 سان نەشر قىلدى.

ۋاڭ جيەندې

## تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئىسلاھاتى

2002 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئىسلاھاتىدا يېڭى بۆسۈش بولدى.

1. ئىمتىھان شەكلى ئىسلاھ قىلىنىپ، تولۇقلاپ ئىمتىھان بېرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يېڭى ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بىر دەرس تۈگىگەندىن كېيىن بىر دەرستىن ئىمتىھان ئېلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى يىلدا 2 قېتىم ئېلىنىدى، ئىمتىھان 1 ـ ۋە 6 ـ ئايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭدا ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان بېرىشكە تېگىشلىك پەنلەر ئىچىدىن تاللاپ ئىمتىھان بەرسىمۇ، ئوخشاش پەن بويىچە كۆپ قېتىم ئىمتىھان بەرسىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدا ئۆزى رازى بولغىدەك نەتىجىگە ئېرىشىش ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

2. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى جەمئىيەتكە ئېچىۋېتىلدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن

ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا تەڭ ئوقۇش تارىخى بار ياشلار ۋە ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ، كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى ۋە تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا قاتناشسا بولىدۇ. ئۇلار ياش، كەسىپ ۋە نوپۇس چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلار «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش دىپلومى» غا ئېرىشىدۇ، بۇ دىپلوم ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك دىپلومى بىلەن ئوخشاش ئىناۋەتكە ئىگە بولىدۇ.

3. مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىنى ئالماشلىق نۇقتىدا سىناق قىلىندى. مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى تەستىقلىغان مەملىكەتلىك مەلۇم پەندىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىغا قاتناشقان، ئاپتونوم رايون بويىچە 3 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلاردىن شۇ پەندىن ئېلىنىدىغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئېلىنمايدۇ، نەتىجىسى بىرتۇتاش ئا ھېسابلىنىدۇ. مائارىپ نازارىتى تەستىقلىغان قوش تىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبە سىنىپى، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تەجرىبە سىنىپى ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ئالاھىدىلىكى بارلار سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ ئىلتىماس قىلغان، ش ئۇ ئا ر مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئىشخانىسى تەستىقلىغاندىن كېيىن مەكتەپ ئۆزى مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا تەشكىللەيدۇ، مائارىپ نازارىتى مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئىشخانىسى قەرەلسىز ئارىلاپ ئىمتىھان ئالىدۇ.

4. ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسىدىن مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئېلىش نۇقتىدا سىناق قىلىندى. 2002 ـ يىلى كۈزدە مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون شارائىتى بار مەكتەپلەرنى تاللاپ ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسىدىن مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئېلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىدۇ ھەمدە نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىدۇ. ئۇچۇر تېخنىكىسى دەرسىدىن مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئېلىشتا تەدرىجىي قەغەز ئىشلەتمەسلىك ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. 2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا 208 مىڭ ئوقۇغۇچى قاتناشتى، 724 مىڭ پەن ـ ئادەم (قېتىم) ئىمتىھان ئېلىندى؛ 5 تىل سىستېمىسىنىڭ ھەر بىرىدە 10 مەدەنىيەت دەرسى تەسىس قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە ئەلالىق نىسبىتى 19.3%، لاياقەتلىك نىسبىتى 70% بولدى (1 ـ ئايدىكى ئىمتىھان نەتىجىسى ئۆلچەم قىلىندى). ئوقۇتقۇچىلار 4 قېتىم يېپىق ئىمتىھان سوئالى چىقىرىشقا تەشكىللەندى (1.، 3.، 6.، 8. ئايلاردا)، سوئال چىقىرىشقا 220 ئوقۇتقۇچى قاتنىشىپ، 351 يۈرۈش سوئال چىقىرىلدى، 384 ئوقۇتقۇچى ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈشكە قاتناشتۇرۇلۇپ، 720 مىڭ نۇسخا ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈلدى، 720 مىڭ نۇسخا ئىمتىھان قەغىزى تىزىملاندى، ستاتىستىكىلاندى، باھالاندى.

جى ۋېن

## ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇسابىقە پائالىيىتى تۈرى بېكىتىلدى

2002 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2002 ـ يىللىق مۇسابىقە پائالىيىتى تۈرىنى ئېلان قىلدى.

1. پەن تۈرى:

مەملىكەتلىك خىمىيە مۇسابىقىسى تۈرى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى)، مەملىكەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ماتېماتىكا بىرلەشمە مۇسابىقىسى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى)، مەملىكەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ فىزىكا مۇسابىقىسى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى)، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ مەملىكەتلىك 8 ـ نۆۋەتلىك ئۇچۇرشۇناسلىق (كومپيۇتېردا) ئولىمپىك بىرلەشمە مۇسابىقىسى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى)، مەملىكەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىئولوگىيە بىرلەشمە مۇسابىقىسى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى)، شىنجاڭ بويىچە 8 ـ نۆۋەتلىك ياۋايى ھايۋان ـ ياۋا ئۆسۈملۈك ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان فىزىكىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ماتېماتىكا مۇسابىقىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى ئاساسىي بىلىملىرى ۋە ئاساسىي ماھارەت مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق «خىمىيە ساپاسى ۋە تەجرىبە ئىقتىدارى» مۇسابىقىسى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشتىن كىچىك ئىلمىي ماقالە يېزىش مۇسابىقىسى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ماتېماتىكا مەسىلىلىرى مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئېنگلىزچە ئىقتىدار مۇسابىقىسى ۋە شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئېنگلىز تىلى ئىقتىدار مۇسابىقىسى، «ۋاقىت لوڭقىسى» بويىچە شىنجاڭدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماقالە يېزىش مۇسابىقىسى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «غەرب يۇلتۇزى» يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ماقالە

يېزىش مۇسابىقىسى.

2. پەن - تېخنىكا، تەنتەربىيە تۈرى:

مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك «ئوۋدى لوڭقىسى» ياشلار-ئۆسمۈرلەر 4 كىشىلىك ۋېلسىپىت مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ ئومۇمىي ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر پلانېر مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك «مەن ۋەتەننىڭ دېڭىز ياقىسى تېررىتورىيىسىنى سۆيىمەن» ناملىق ياشلار - ئۆسمۈرلەر پاراخوت مودېلى مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ ئومۇمىي مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

3. سەنئەت تۈرى:

شىنجاڭ «ئەخلاق قۇرۇلۇشى لوڭقىسى» بويىچە ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھۆسنخەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

جى ۋېن

## دەرسلىك تۈزۈپ ۋە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1489 خىل دەرسلىكنى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە تىل - يېزىقىدا تۈزۈپ - تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدى. ئەتىيازلىق ۋە كۈزلۈك دەرسلىك ئىچىدە يېڭىدىن نەشر قىلىنغىنى 409 خىل، قايتا نەشر قىلىنغىنى 1080 خىل، بۇلارنىڭ تىراژى 51 مىليون 747 مىڭ 200، جەمئىي باسما تاۋىقى 30 مىليون 912 مىڭ باسما تاۋاق، ئىشلىتىلگەن قەغەز ئازكەم 10 مىڭ توننا. دەرسلىك ئىچىدە، خەنزۇچە دەرسلىك 509 خىل، تىراژى 27 مىليون 660 مىڭ؛ ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكىسى 980 خىل، تىراژى 24 مىليون 87 مىڭ 200.

ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ سۈپەت تەكشۈرۈش پونكىتى 2 پەسىلدىكى 1124 خىل دەرسلىكنى تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە، سۈپەتلىك مەھسۇلات 170 خىل، سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتى 15.1%؛ ياخشى مەھسۇلات 195 خىل، ياخشى بولۇش نىسبىتى 32.4%. مائارىپ نەشرىياتى دەرسلىكنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەكشۈرۈپ ئوقۇش ئىشخانىسى قۇرۇپ ھەرخىل دەرسلىكلەرنى مۇتەخەسسىسلەرگە تەكشۈرۈپ ئوقۇتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بۇ يىللىق دەرسلىك باھاسى 2001 - يىلدىكى باھا ئاساسىدا 5% تۆراقسىز قىلىندى.

ۋاڭ جۈنپىڭ

## ئوقۇتۇش سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى

2002 يىلى شىنجاڭ ئوقۇتۇش سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇش باش پونكىتى نامرات رايونلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كومپيۇتېر ئىئانە قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىر يىلدا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە 540 كومپيۇتېر ئىئانە قىلدى. شۇ يىلى باش پونكىتنىڭ قوراللاندۇرۇش بۆلۈمى 1 مىليون 212 مىڭ 113 يۈەنلىك ئوقۇتۇش سايمىنى ساتتى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش مەركىزى 2 مىليون 900 مىڭ يۈەنلىك سايمان ساتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شائخەيدە ئىشلەنگەن پارتا 2630 يۈرۈش، قىممىتى 433 مىڭ يۈەن؛ 130 مىڭ 900 يۈەنلىك ھەرخىل دوسكا ساتتى؛ ئەمگەك تېخنىكا دەرسلىك بويىچە ياساش ماتېرىيالىدىن 140 سېتنى ساتتى، قىممىتى 900 مىڭ يۈەن؛ فۇنكسىيىلىك ھېسابلىغۇچ 5150، قىممىتى 206 مىڭ يۈەن؛ تاپشۇرۇق دەپتەر 2 مىليون، قىممىتى 470 مىڭ يۈەن؛ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ھەرخىل مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى 440 مىڭ يۈەن.

فاڭ جۇپىڭ

# كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى

## كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 2001 - يىلدىكىدىن 12 سى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 13.8%، ئوقۇتقۇچى 11.9%، 10 مىڭ ئادەم ئىچىدىكى ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 9.13%، مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 10.9% ئازايدى.

كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2001 - يىلدىكىدىن 6 سى ئازايدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 6.5% كۆپەيدى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 5.8%، مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1.3% ئازايدى.

چوڭلار ئالىي مەكتىپى 2001 - يىلدىكىدىن 2 سى ئازايدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 17%، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 5.7%، 10 مىڭ ئادەم ئىچىدىكى ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 7.22%، مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 10.9% كۆپەيدى. چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن 11 ى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 38.9%، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 9.9% ئازايدى.

چوڭلار ئوتتۇرا مەكتىپى 2001 - يىلدىكىدىن 11 ى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 50.1% ئازايدى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 25.4% كۆپەيدى.

چوڭلار تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش مەكتىپى 2001 - يىلدىكىدىن 145 ى ئازايدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 11.3% كۆپەيدى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 29.4% ئازايدى.

چوڭلار باشلانغۇچ مەكتىپى 2001 - يىلدىكىدىن 89 ى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 30.3%، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 17.6% ئازايدى.

ۋاڭ جيەندي

## شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك چوڭلار مەكتەپلىرىنىڭ 2002 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

بىرلىكى: نەپەر

| مەكتەپ تۈرى | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى: جەمئىي | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى: بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 50 | 39048 | 55527 | 148673 | 8374 | 4327 |
| 1. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى | 15 | 28522 | 48932 | 127831 | 5585 | 2795 |
| 1) رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى | 2 | 5349 | 1853 | 9246 | 2633 | 1182 |
| 2) ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئالىي مەكتەپلىرى | 6 | 2411 | 4282 | 9954 | 1011 | 596 |
| 3) مائارىپ ئىنستىتۇتى | 7 | 4018 | 9084 | 22424 | 1941 | 1017 |
| 4) ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر باشقۇرغىنى | | 16744 | 33713 | 86207 | | |
| خەت - چەك ئارقىلىق ئوقۇتۇش بۆلۈمى | | 8602 | 17528 | 46976 | | |
| كەچلىك ئۇنىۋېرسىتېت | | 3457 | 8372 | 21972 | | |
| چوڭلار ئىشتىن ئايرىلىپ ئوقۇش سىنىپى | | 4685 | 2813 | 17259 | | |
| 2. چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى | 35 | 10526 | 6595 | 20842 | 2789 | 1532 |
| 1) چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى | 28 | 9921 | 4807 | 17430 | 2690 | 1458 |
| (1) چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى | 28 | 6630 | 2825 | 13143 | 2690 | 1458 |
| رادىئو - تېلېۋىزىيە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى | 3 | 5181 | 1987 | 10391 | 1326 | 678 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى | 10 | 1242 | 528 | 1923 | 494 | 269 |
| ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى | 15 | 207 | 310 | 829 | 870 | 511 |
| (2) باشقا تۈردىكى مەكتەپلەر باشقۇرغىنى | | 3291 | 1982 | 4287 | | |
| 2) چوڭلار ئوتتۇرا مەكتىپى | 7 | 605 | 1788 | 3412 | 99 | 74 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا مەكتىپى | 7 | 350 | 350 | 350 | 77 | 56 |
| دېھقانلار ئوتتۇرا مەكتىپى | | 255 | 1438 | 3062 | 22 | 18 |
| 3) چوڭلار تېخنىكا يېتىشتۈرۈش مەكتىپى | 2356 | 1397311 | 999295 | 1309038 | 3372 | 1060 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا يېتىشتۈرۈش مەكتىپى | 17 | 25450 | 19535 | 21168 | 301 | 211 |
| دېھقانلار تېخنىكا يېتىشتۈرۈش مەكتىپى | 2339 | 1371861 | 979760 | 1287870 | 3071 | 849 |
| 3. چوڭلار باشلانغۇچ مەكتىپى* | 602 | 116039 | 52973 | 110919 | 1374 | 323 |
| دېھقانلار باشلانغۇچ مەكتىپى | 602 | 116039 | 52973 | 110919 | 1374 | 323 |
| باشقا ساۋات چىقىرىش سىنىپى | | 39110 | 17305 | 35305 | 877 | 190 |

ئىزاھ: جەمئىي چوڭلار باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى چوڭلار تېخنىكا يېتىشتۈرۈش مەكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

جاڭ شۇيجياڭ، نىڭ شياۋجۇي

## ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭدا ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلىنىپ 6 - كۈنى ئاخىرلاشتى.

بۇ يىل ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا 49 مىڭ 219 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي تىلدىكىسى 21 مىڭ 862، خەنزۇ تىلدىكىسى 27 مىڭ 357. 5 يىللىق تۈزۈمدىكى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغىنى 5792. ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 24 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلدا ئىمتىھان بېرىدىغانلار 13 مىڭ 12، مىللىي تىلدا ئىمتىھان بېرىدىغانلار 10 مىڭ 988.

2002 - يىلى ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: بىرىنچى، پىلاندىكى سان ئوقۇغۇچى ساندىن كۆپ بولدى. ئوقۇغۇچى سانى پىلاندىكى ساننىڭ ئاران %48.76 ىنىلا ئىگىلىدى. ئىككىنچى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى مەنبەسى تەكشىسىز بولدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى مەنبەسى يېتەرسىز بولدى، ئاز ساندىكى مەكتەپلەر، مەسىلەن: ئەدلىيە مەكتىپى، ساقچى مەكتىپى، پېداگوگىكا مەكتىپى، سېسترالىق مەكتىپى، تەنتەربىيە مەكتىپى، باغچا ئوقۇتقۇچىلىرى مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچى مەنبەسى تويۇنۇپ قالدى. ئۈچىنچى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى ئىچىدە 5 يىللىق تۈزۈم (يەنى 2+3 يىللىق ئوتتۇرا تېخنىكومغا 2 يىللىق ئالىي تېخنىكوم قوشۇش) دىكى كەسپلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بارغانسېرى زورىيىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆزلىنىشىگە ئايلاندى.

جى ۋېن

## 5 يىللىق تۈزۈمدىكى ئالىي كەسپىي مائارىپ

2002 - يىلى شىنجاڭدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئالىي كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىش، بۇ ئوقۇغۇچىلار 5 يىلدىن كېيىن قوش گۇۋاھنامىغا يەنى ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلىك دىپلومى ۋە كەسپىي تېخنىكا دەرىجە گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى.

5 يىللىق تۈزۈمدىكى ئالىي كەسپىي تېخنىكا مائارىپى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىدىغان، 5 يىللىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان ئالىي كەسپىي مائارىپ بولۇپ، ئېلىمىز ئالىي كەسپىي مائارىپىنىڭ مۇھىم شەكلى. 5 يىللىق تۈزۈمدىكى ئالىي كەسپىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئالىي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتلىرىدىن ئىبارەت.

2002 - يىلى سىناق تەرىقىسىدە باشقۇرۇلغان 5 يىللىق تۈزۈمدىكى ئالىي كەسپىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرى: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، سانجى ئىنستىتۇتى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى؛ ئالىي كەسپىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى: شىنجاڭ يېنىك سانائەت كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ماشىنا - ئېلېكتر كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، قاراماي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، سانجى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، بايىنغولىن كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، ئىلى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى، شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى.

جى ۋېن

## شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى «زاكاز» بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى نىشان قىلىپ، «زاكاز» بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇشنى پائال يولغا قويدى. 2002 - يىل 3 - ۋە 6 - ئايلاردا سانجى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى سانجى ئىنستىتۇتىدا شۇ قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلىپ 2 قېتىم ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، 800 دىن ئارتۇق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مال دوختۇرلۇق، باغۋەنچىلىك، ئۇرۇقچىلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار يېتىشمەي قالدى. ئىنستىتۇت 10 نەچچە يېزا (بازار، مەيدان) بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

ۋاڭ جۇيىڭ

## چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى بويىچە ئىمتىھانغا تىزىملاتقانلار 110 مىڭ 558 گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 37 مىڭ 62 ئادەم كۆپىيىپ، %34

ئاشتى (بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئالىي تېخنىكومغا ئۆرلەيدىغانلار 65 مىڭ 344 كە يېتىپ، 13 مىڭ 600 ئادەم كۆپىيىپ، %21 ئاشتى؛ ئالىي تېخنىكومدىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەيدىغانلار 38 مىڭ 299 غا يېتىپ، 20 مىڭ 147 ئادەم كۆپىيىپ، %11 ئاشتى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەيدىغانلار 6985 كە يېتىپ، 3315 ئادەم كۆپىيىپ، %48 ئاشتى). ئەمەلىيەتتە 59 مىڭ 216 ئادەم قوبۇل قىلىندى (ئاپتونوم رايون سىرتىدىن قوبۇل قىلىنغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس كۇرسقا قوبۇل قىلىنغىنى 41 مىڭ 968، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەيدىغىنى 1743، ئالىي تېخنىكومدىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەيدىغىنى 15 مىڭ 505.

چېڭ ۋېن

## شىنجاڭ بويىچە 17 چوڭلار ئالىي مەكتىپى ئوقۇش تارىخى بويىچە تەربىيىلەش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى

مائارىپ مىنىستىرلىكى 2002 - يىلى ئېلان قىلغان ئالىي ئوقۇش تارىخى بويىچە تەربىيىلەشكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ تىزىملىكى ئىچىدە، شىنجاڭدىن 17 مەكتەپ بار. بۇ مەكتەپلەر تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى شىركىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ بىناكارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، سەھىيە نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ بىڭتۇەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ بىڭتۇەن رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى، قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ بىڭتۇەن مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئىلى مائارىپ ئىنستىتۇتى، خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ نېفىت مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى.

چېڭ ۋېن

## شىنجاڭ قۇرۇلۇش كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى

2002 - يىلى 11 ئايدا شىنجاڭ بىناكارلىق كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپى، شىنجاڭ شەھەر قۇرۇلۇشى مەكتىپى ۋە شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەكتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ شىنجاڭ قۇرۇلۇش كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قىلىپ قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپنى قۇرۇلۇش نازارىتى باشقۇرىدۇ. ئۇ ئوقۇتۇش كەسپىي جەھەتتە مائارىپ نازارىتىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ مەكتەپتە پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى 3000 ئوقۇغۇچى بار. شىنجاڭ بىناكارلىق كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. باشقا 3 مەكتەپنىڭ ۋىۋىسكىسى ساقلاپ قېلىندى.

زو شۇشياڭ

## يېزا مائارىپى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتى

2002 - يىلى مائارىپ نازارىتى «ناھىيە دەرىجىلىك چوڭلار مائارىپى، كەسپىي مائارىپ مەركىزى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلانى»نى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - تۈركۈمدىكى يېزا مائارىپى ئىسلاھاتىدىكى تەجرىبە ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) ۋە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى كۆرسىتىش، مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى تەشكىللىدى. «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۈلگە يېزا (بازار) لاردىكى دېھقان - چارۋىچىلار مەدەنىيەت - تېخنىكا مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئۆلچىمى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) نى تۈزۈپ چىقتى. ۋىلايەت، ناھىيىلەردە يېزا مائارىپى ئىسلاھاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تايانچتىن 19 نى مەملىكەتلىك يېزا مائارىپى تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ۋە مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشتۇردى. يېزا مائارىپى ئىسلاھاتىغا دائىر ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان دەرسلىك «تەڭرىتاغ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا قوللانمىسى» (1 — 4 - قىسىم) نى تارقىتىپ ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەشكىللىدى، بىر يىلدا 3000 يۈرۈشتىن ئارتۇق دەرسلىك تارقىتىلدى. قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا مائارىپى ئىسلاھاتى بويىچە مەخسۇس كادىر يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئادەم ئەۋەتىپ يېتەكچىلىك قىلدى، كۇرسقا 50 نەچچە ئادەم قاتناشتى.

نۇڭ ۋېن

## شەھەر مائارىپى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتى

2002 - يىلى مائارىپ نازارىتى، مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى بىرلىكتە «ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللە مائارىپى تەجرىبە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر» تۈزۈپ تارقاتتى، ئۈرۈمچى شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق شارائىتى بىرقەدەر ياخشى 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 10 ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇننى تۇنجى تۈركۈمدىكى مەھەللە

مائارىپى تەجرىبە رايونى قىلىپ بېكىتتى. مەھەللە مائارىپى بويىچە مەخسۇس كۇرس ئېچىلدى، كۇرسقا 30 نەچچە ئادەم قاتناشتى. «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى بويىچە تەربىيىلەش ئاپاراتلىرىنى باھالاش خىزمىتى توغرىسىدا پىكىر» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) تۈزۈپ چىقىلدى. ئىشچى- خىزمەتچىلەر، چوڭلار مائارىپىنى باشقۇرغۇچى 15 كادىر مائارىپ مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتى.

ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، باھالاش خىزمىتى داۋاملىق ئوتتۇلدى. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئارقىلىق خەلق باشقۇرۇشىدىكى 2 مائارىپ ئاپپاراتى قۇرۇلدى. بىر يىلدا خەلق باشقۇرۇشىدىكى 15 مائارىپ ئاپپاراتى يىللىق تەكشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى 30 نەچچە مائارىپ ئاپپاراتىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى تەستىقلاندى، بىرقىسىم قانۇنسىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش قىلمىشلىرى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى.

چېڭ ۋېن

## ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايون بويىچە 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 31- كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىمتىھان ئېلىش باشلانغان تىبابەتچىلىك كەسپى (جۇڭگو تىبابىتى مەخسۇس، تولۇق كۇرسلىرى) گە قايتا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمىدى. 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن ئىلگىرى ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ 3 يىللىق ئۆتكۈنچى مەزگىلى بولىدۇ، ئۇلار 2005 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن ئىلگىرى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگەنلىك دىپلومى ئالسا بولىدۇ. 2002- يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئىمتىھان بېرىش بويىچە باشقۇرۇلىدىغان تىبابەتچىلىكتە (پەرۋىش ئىلمى بويىچە مەخسۇس، تولۇق كۇرس) ۋە پاتولوگىيىگە ئالاقىدار كەسپلەرگە مەھىيە تۈرى بويىچە كەسپىي سالاھىيەتكە ئېرىشكەن خىزمەتتىكى خادىملارلا قوبۇل قىلىنىدۇ.

2002 - يىلى 26 خىل دەرسنىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە دەرسلىكىنى تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» توغرىسىدىكى ئىمتىھان سوئالى تۇنجى قېتىم مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش ئىمتىھان ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. كېيىنكى بىرىنچى يىلدا «ئاساسىي قانۇنشۇناسلىق»، «ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ قانۇنىيەتلىرى»، «سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق» (مالىيە ئىقتىساد تۈرى) ۋە «بوغالتىرشۇناسلىقتىن ئاساس» قاتارلىقلار ئۈچۈنمۇ مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش ئىمتىھان سوئالى ئىشلىتىلدى. 2002 - يىلى ئۆزلۈكىدىن ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈرىتىنى ئېلېكتىرونلۇق يىغىش ۋە ئۇلارنى دۆلەت تىزىملاش خىزمىتى ئىشلەندى، ئۆزلۈكىدىن ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن 1991 - 1992 - يىللىق ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاش خىزمىتى تاماملاندى. مەملىكەتلىك كومپيۇتېر دەرىجە ئىمتىھانى، كەمبرىج ئۆسمۈرلەر ئېنگلىز تىلى ئىمتىھانى، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تىزىمغا ئالغان كۆرۈش - ئاڭلاش ئوقۇغۇچىلىرى ئىمتىھانىدىن كېيىن يەنە مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى ئېنگلىز تىلى دەرىجە ئىمتىھانى ۋە زامانىۋى يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش ئىمتىھانى باشلاندى. ھەرقايسى تۈرلەردىن ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 2001- يىلدىكىدىن 2 ـ 3 ھەسسە كۆپەيدى.

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئۆزلۈكىدىن ئىمتىھان بەرگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى 14 قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىمتىھاننى تاماملىدى، ئىمتىھانغا 270 مىڭ ئادەم قاتناشتى، ئىمتىھان ئېلىنغان پەن قېتىمى 600 مىڭ قېتىمغا يەتتى (ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك گۇۋاھنامە ئىمتىھانىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

زى ۋېن

# ئالىي مائارىپ

## ئالىي مائارىپ ھەققىدە ئومۇمىي بايان

شىنجاڭ بويىچە 2002 - يىلدىكى ئاسپىرانت تەربىيىلەش ئورنى 9 بولۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، مەكتەپتىكى ئاسپىرانت 42.7%، ئاسپىرانت يېتەكچىسى 11.8% كۆپەيدى. دوكتور تەربىيىلەش ھوقۇقى بېرىلگەن ئورۇن 3، دوكتورلۇق ئۇنۋانى كەسپىي نۇقتىسى 9؛ ماگىستىر تەربىيىلەش ھوقۇقى بېرىلگەن ئورۇن 7، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى كەسپىي نۇقتىسى 157. ئاسپىرانت تەربىيىلىنىدىغان پەن تۈرى پەلسەپە، ئىقتىساد، قانۇن، مەدەنىيەت - تارىخ، فىزىكا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، تىبابەتچىلىك، باشقۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل پەننى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 24، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم

رايونغا قاراشلىق ئالىي مەكتەپ 22 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3 ى كۆپەيدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى %22.5 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق مەكتەپلەردىكىسى %21.1 كۆپەيدى. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى %13.7 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق مەكتەپلەردىكىسى %11.9 كۆپەيدى. 10 مىڭ ئادەم ئىچىدىكى ئوقۇغۇچى %11.51 كۆپەيدى. مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى %18.2 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق مەكتەپلەرنىڭ %22.9 كۆپەيدى.

ۋاڭ جيەندې

## ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى

1. پەن، كەسپلەر تەڭشەلدى. 2002 - يىلى مائارىپ نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى 24 ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپكە خادىم ئەۋەتىپ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ۋە ئالىي كەسپىي مائارىپ كەسپلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، جەملەپ، ستاتىستىكا قىلىپ ۋە ئانالىز قىلىپ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ پەن، كەسپلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا دائىر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىگە ئاساس سالدى. 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن، كەسىپ قۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قۇرۇلۇشىنىڭ پرىنسىپى توغرىسىدا پىكىر» نى ئوتتۇرىغا قويدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن كەسپلەر ئىچىدە مۇھىم نۇقتا نامراتلارنى يۆلەش، ئەنئەنىۋى تىپىدىكى، تېخنىكا تىپىدىكى كەسپلەرگە قويۇلدى ھەمدە تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن، دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپ قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا تەڭ ئېتىبار بېرىلدى. يېڭىدىن 25 مەخسۇس كۇرس كەسپى (بۇنىڭ ئىچىدە، 2 كەسىپ مائارىپ مىنىستىرلىكىگە يوللىنىپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ)، 33 مەخسۇس كۇرس كەسپى كۆپەيتىلدى. مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مۇتەخەسسىسلەر تەشكىللىنىپ، 6 ئالىي كەسپىي مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ يوللىغان 16 كەسىپ باھالاندى، ئاخىرىدا دۆلەتلىك نۇقتىلىق كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇش تۈرىدىن 2 سى، نادىر كەسىپ قۇرۇلۇشى تۈرىدىن 3 ى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى ھەمدە مائارىپ مىنىستىرلىكىگە يوللاشقا كۆرسىتىلدى.

2. ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ئەندىزىسى ئىسلاھ قىلىندى. مەركىزىي، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ئەندىزىسى ئىسلاھاتى ۋە ئېچىۋېتىلگەن مائارىپنى نۇقتىدا سىناق قىلىش» ناملىق تەتقىقات تۈرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بۇ تۈرنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 2002 - يىلى مائارىپ نازارىتى مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى باھالىدى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە تۈرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىك نۇقتىدا سىناق قىلىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى تەسىس قىلغان شەنئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش مائارىپى مەكتەپ سىرتىدىكى مەركىزىي نۇقتىسىنى باھالىدى ھەمدە ئىجابىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، سانجى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ سىرتىدىكى مەركىزىي نۇقتا توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. ئالىي مەكتەپلەرنى ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقا ئۆستۈرۈشكە كۆرسىتىش خىزمىتىگە تەشكىللىدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەخسۇس كۇرسنى تۈگەتكەن ئادەتتىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىدىن 451 ى، چوڭلار مائارىپى بويىچە مەخسۇس كۇرسنى تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىدىن 311 ى مەخسۇس كۇرس دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئوقۇشقا ئېلىندى.

3. نۇقتىلىق پەنلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. 2002 - يىلى مائارىپ نازارىتى «ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ نۇقتىلىق پەن قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 20 چە نۇقتىلىق پەن قۇرۇلۇشى قىلىشنى، بۇ قۇرۇلۇشقا ئاپتونوم رايون مالىيىسى ۋە ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەر نۇقتىلىق قاتنىشىشنى پىلانلىدى. «غەربىي قىسىم ئالىي مەكتەپ كومپيۇتېر تورى قۇرۇلۇشى خىزمىتى تۈرى» دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلغان، بۇنىڭدىن مەقسەت غەربىي قىسىمدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ تورى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت. بۇ تۈرگە 900 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈردىن غەربىي قىسىمدىكى 152 تولۇق كۇرس ئالىي مەكتىپى نەپ ئالىدۇ، شىنجاڭدىن تەستىق ئارقىلىق تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلغان تولۇق كۇرس ئالىي مەكتىپى 11، سەرپ قىلىنىدىغان خىراجەت 75 مىليون يۈەن. تۈردە 9 - ئايدا ئىش باشلىنىدۇ، 10 - ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە مەكتەپ تورى قۇرۇشقا دائىر يولغا



2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. سۈرەتتە مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلمەكتە.

سۈرەتنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى تەمىنلىگەن.

قويۇش لايىھىسىنى باھالىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى» نىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ۋە 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرى دەلىللەندى.

4. مائارىپقا سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتى. 2002 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە رىياسەتچىلىكىدە، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خۇادۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خۇاجۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. كېلىشىمگە ئاساسەن ئىچكىرىدىكى 3 ئالىي مەكتەپ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش، تايانچ ئوقۇتقۇچىلارنى شىنجاڭغا دەرس ئۆتۈشكە ئەۋەتىش، پەن قۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭدىكى 3 ئالىي مەكتەپنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى.

گاۋ ۋېن

## ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

2002 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 1991 — 2000 ـ يىللىرىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن 25 دوكتور، 1276 ماگىستىر، ئالىي مائارىپ بويىچە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن 40 مىڭ 497 ئوقۇغۇچى، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن 53 مىڭ 607 ئوقۇغۇچى، چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن 2693 ئوقۇغۇچى، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن 117 مىڭ 481 ئوقۇغۇچىنىڭ دىپلومىنى تەكشۈردى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى تەكشۈرۈلدى ھەمدە ئوقۇش تارىخى ئىسپاتىنى ئېلېكترونلۇق رويخەتكە ئېلىش يولغا قويۇلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا ئاسپىرانت تەربىيىلەيدىغان 6 ئورۇن (پەن تەتقىقات ئورنى ئۇنىڭ سىرتىدا) دا 333 ئاسپىرانت ئوقۇش پۈتتۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ماگىستىر 318، دوكتور 15. 18 ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 16 مىڭ 740 ئوقۇغۇچى تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 7284، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 9456. 22 مىڭ 904 ئوقۇغۇچى 37 چوڭلار ئالىي مەكتىپىنىڭ تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 2247، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 25 مىڭ 151.

شۇ ۋېن

## ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى

2002 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تىزىملاتقان ئوقۇغۇچى 79 مىڭ 913. بۇنىڭ ئىچىدە، خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بېرىدىغانلار 52 مىڭ 22، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئىمتىھان بېرىدىغانلار 25 مىڭ 397، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بېرىدىغانلار 2494. ئەمەلىيەتتە 54 مىڭ 788 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى (ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسقا قوبۇل قىلىنغانلار 33 مىڭ 789 (خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بەرگەنلەر 23 مىڭ 808، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئىمتىھان بەرگەنلەر 8822، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بەرگەنلەر 1159)، ئالىي كەسپىي مائارىپ (مەخسۇس كۇرس) بويىچە ئىمتىھان بەرگىنى 20 مىڭ 999 (خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بەرگىنى 12 مىڭ 754، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئىمتىھان بەرگىنى 7741، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بەرگىنى 504).

4 . ئايدا ئاپتونوم رايون ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى بويىچە تېلېۋىزىيە تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى بەلگىلىدى: 1) قوبۇل قىلىش شەكلىدە توپ ئۆزگىرىش بولدى. بىرىنچى قېتىمدا خەنزۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن كومپيۇتېر ئارقىلىق يىراق مۇساپىلىك توردا قوبۇل قىلىش شەكلى قوللىنىلدى. 2) ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئېلىنىدىغان پەنلەر خېلى زور دەرىجىدە ئەڭشەلدى. تۇنجى قېتىمدا «3+X» يولغا قويۇلدى. 3) ئىمتىھان بەرگەن بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىشانلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملىتىشىغا يول قويۇلدى، ئەمما ئارزۇ تولدۇرۇشتىن ئىلگىرى جوقۇم نىشانلىق تەربىيىلەشنى ھاۋالە قىلغان ئورۇن (ياكى رايون) بىلەن «نىشان كېلىشىمنامىسى» تۈزۈلدى.

جاڭ ۋېي

## ئۇنۋان خىزمىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئۇنۋان ئىشخانىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاسپىرانتلار دەرسى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش ئوقۇتۇشىنى تەكشۈرۈپ باھالاش سىناق چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى.

2002 - يىلى گوۋۇيۈەن ئۇنۋان ئىشخانىسى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كەسپىي ئۇنۋان ماتارىپى تەسىس قىلىش سالاھىيىتى توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى تەستىقلىدى ھەمدە ئۇنۋان ماتارىپىنى 2002 - يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىغا كىرگۈزدى. بىر يىلدا ش ئۇ ئا ر ئۇنۋان ئىشخانىسى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن 5735 ئوقۇغۇچىغا ، چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن 371 ئوقۇغۇچىغا باكلاۋرلىق ئۇنۋانى، 14 ئوقۇغۇچىغا دوكتورلۇق ئۇنۋانى، 379 ئوقۇغۇچىغا ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بەردى.

ئۇنۋان بېرىش ھوقۇقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «ئاپتونوم رايونلۇق ئۇنۋان ھەيئىتى خىزمىتىنىڭ سىناق چارىسى» ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1 - نۆۋەتلىك ش ئۇ ئا ر ئۇنۋان ھەيئىتىدە نۆۋەت ئالماشتۇردى.

ۋاڭ جيەندې

## 13 ئالىي مەكتەپ 55 كەسىپنى يېڭىدىن كۆپەيتتى

ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسپىنى باھالاش ھەيئىتى 2002 - يىلى ئالىي مەكتەپلەر يېڭىدىن كۆپەيتكەن كەسىپلەرنى باھالىدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 13 ئالىي مەكتەپ يېڭىدىن 32 تولۇق كۇرس كەسپىنى، 23 مەخسۇس كۇرس كەسپىنى كۆپەيتتى.

يېڭىدىن كۆپەيگەن تولۇق كۇرس كەسىپلىرى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىجتىمائىي خىزمەت، خەلقئارا سىياسەت، بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى، بەدىئىي لايىھىلەش كەسىپلىرى؛ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەرىكەت مەشىقى (ماتارىپ مىنىستىرلىكى بىۋاستە باشقۇرىدىغان كەسىپ)، جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مۇھىت ئىلىم - پېنى، بىئولوگىيە تېخنىكىسى، ئىقتىسادشۇناسلىق كەسىپلىرى؛ شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ ئېنگلىز تىلى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى (سىناق تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىندۇ) كەسىپلىرى؛ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تەييارلىق ماتارىپى، مۇزىكىشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق (سىناق تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىندۇ) كەسىپلىرى؛ ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر پېنى ۋە تېخنىكىسى، تارىخشۇناسلىق (سىناق تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىندۇ) كەسىپلىرى؛ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر پېنى ۋە تېخنىكىسى، جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، خەلقئارا ئىقتىساد ۋە سودا، ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش (2002 - يىلى ۋاقىتلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمايدۇ) كەسىپلىرى؛ شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كەسپى؛ سانجى ئىنستىتۇتىنىڭ فىزىكا، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە، خىمىيە، مۇزىكىشۇناسلىق، تەنتەربىيە ماتارىپى، خەنزۇ تىلى تىلشۇناسلىقى (2002 - يىلى مەخسۇس كۇرسقا قوبۇل قىلىندۇ)، گۈزەل سەنئەت (2002 - يىلى مەخسۇس كۇرسقا قوبۇل قىلىندۇ)، كومپيۇتېر پېنى ۋە تېخنىكىسى (2002 - يىلى مەخسۇس كۇرسقا قوبۇل قىلىندۇ) كەسىپلىرى؛ شىنجاڭ ماتارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ خىمىيە ۋە تەييارلىق ماتارىپى ماتارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشكە يوللانماقچى.

يېڭىدىن كۆپەيگەن مەخسۇس كۇرس كەسپلىرى: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقى، مائارىپ تېخنىكىشۇناسلىقى، ئېكولوگىيە ۋە مۇھىت، ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش كەسپلىرى؛ شىنجاڭ سانائەت ئالىي مەخسۇس كۇرس مەكتىپىنىڭ بازار ماركېتىڭى، ئۆي - زېمىن ۋە خوجىلىق باشقۇرۇش، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر تېخنىكىسى، ئىنگلىز تىلى، كومپيۇتېر تور تېخنىكىسى كەسپلىرى؛ ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فوتو سۈرەت تېخنىكىسى، قانۇن، ئۆي - زېمىن ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش، ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش، تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ئىشلەش، سۇغۇرتا ماركېتىڭى، باغ - ئورمان باشقۇرۇش كەسپلىرى؛ شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر تور تېخنىكىسى، كومپيۇتېرنى قوللىنىش، ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۇچۇرلارنى باشقۇرۇش، مېھمانخانا باشقۇرۇش، ئېلان لايىھىلەش كەسپلىرى؛ سانجى ئىنستىتۇتىنىڭ سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش كەسپى.

گاۋ ۋېن

### شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخى مائارىپى بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر

1. تولۇق كۇرس مەكتەپلىرى (11) : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، سانجى ئىنستىتۇتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى.

2. ئالىي كەسپىي مائارىپ مەكتەپلىرى (10) : شىنجاڭ سانائەت ئالىي مەخسۇس كۇرس مەكتىپى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ساقچى - ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى، شىنجاڭ ماشىنا - ئېلېكتر كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يېنىك سانائەت كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، قاراماي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، سانجى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى.

3. شۆبە مەكتەپ، مەكتەپ باشقۇرۇش نۇقتىلىرى (3) : شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى.

جياڭ ۋېن

## مىللىي مائارىپ

### ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان قىيىنچىلىقى ئېغىر شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ياردەم بېرىش چارىسى

2002 - يىلى مائارىپ نازارىتى «ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان قىيىنچىلىقى ئېغىر شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ياردەم بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. «چارە» دە مۇنۇلار بەلگىلەندى: قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچى دېگىنىمىز ئائىلە ئىقتىسادى ئالاھىدە قىيىن، ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ كېلىش مەنبەسى (ئائىلىسى ياكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ياردەم قىلغان ۋە باشقا ھەرخىل قوشۇمچە ياردەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولغان، نورمال ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش چىقىمىنى قامدىيالمايدىغان، ئادەتتىكى ئالىي مائارىپنىڭ تولۇق، مەخسۇس كۇرسلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە تەييارلىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ياردەم بېرىش دائىرىسى ئىچكىرىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر شىنجاڭدىن ئادەتتىكى ئالىي مائارىپنىڭ تولۇق، مەخسۇس كۇرسلىرىغا قوبۇل قىلغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىبارەت (تەييارلىق سىنىپىدىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىلىدىغان خىراجەتنىڭ كېلىش مەنبەسى ھۆكۈمەت ئاجراتقان، ئىچكىرىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن ئىبارەت. ياردەم بېرىش ئۆلچىمى مۇنداق 3 دەرىجە بويىچە بولىدۇ: 1 - دەرىجىلىكلەرگە يىلدا 4800 يۈەن، 2 - دەرىجىلىكلەرگە يىلدا 4000 يۈەن، 3 - دەرىجىلىكلەرگە يىلدا 3500 يۈەن بېرىلىدۇ.

ۋاڭ جۈپىڭ

### ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كېڭەيتىلدى

2002 - يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى، دۆلەت پىلان

كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمى 2001 - يىلدىكى 1000 ئوقۇغۇچىدىن 1540 ئوقۇغۇچىغا كېڭەيتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەندىن شۇ قاراردا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن قوبۇل قىلىنغىنى 70 (مىللىي 35، خەنزۇ 35). دۆلەت پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى قوللاش ئۈچۈن، بىر قېتىملىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى كېڭەيتىش ئاساسىي قۇرۇلۇشى ۋە ئۈسكۈنىلىرى، كىتاب - ماتېرىيال ياردەم خىراجىتى ئورۇنلاشتۇردى، يېتىشمىگەن قىسمىنى سىنىپ ئاچقان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەسئۇل بولۇپ ھەل قىلدى. 2002 - يىل 9 - ئايدا 3 - قاراردا ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان 1540 ئوقۇغۇچى ئىچكىرىگە ئوقۇشقا باردى.

ۋاڭ جۈپىڭ

## خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى

2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى ۋە تەربىيىلەش مەركىزى شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا قۇرۇلدى.

خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى يىلدا 2 قېتىم ئېلىنىدۇ. ئاپتونوم رايون بۇ ئىمتىھاننى 1996 - يىلدىن ئېتىبارەن ئېلىشقا باشلىغانىدى. 2002 - يىلى ئىمتىھان بەرگەنلەر 80 مىڭدىن ئاشتى. 6 يىلدا جەمئىي ئاز كەم 180 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئىمتىھانغا قاتناشتى. ئىمتىھان نۇقتىسى دەسلەپكى بىردىن 38 گە يەتتى.

ۋاڭ جۈپىڭ

# كادىر باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتى

## ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ۋەزىپىسىنى باھالاپ بېكىتىش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش يېتەكچىلىك مەركىزى قۇردى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىگە دائىر ئۇچۇرلارنى باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالى بويىچە كۇرس ئېچىلدى. پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇتقۇچىلارنى «مائارىپشۇناسلىق»، «پسىخولوگىيە» بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش ھاۋالە قىلىنىپ، 50 نەچچە مىڭ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى ۋە ئورتاق تىل ئىمتىھانى خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە كەسپىي باھالاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 239 ئوقۇتقۇچىنىڭ مائارىپ ئوقۇتۇشى جەھەتتىكى ئاساسىي ساپاسى ۋە ئىقتىدارى سىنالدى. 3600 ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىندى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇنۋان ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان 1118 ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىلتىماسى تەكشۈرۈلدى، 938 ىنىڭ ماقۇللاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپلەردىكى پروفېسسور 47، دوتسېنت 197، لېكتور 105؛ تېخنىكوملاردىكى ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 175، لېكتور 81؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 149، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 163، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 21.

شى زۇۋېن

## مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

مەملىكەت بويىچە كەسپىي مائارىپتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر (شىنجاڭ قىسمى)

ئىلغار ئورۇنلار: بايىنغولىن ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى، ئاقسۇ شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتىپى، سانجى ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتىپى، ئۈرۈمچى «ئاق تۇشقان» كەسپىي تەربىيىلەش مەكتىپى، بىڭتۇەن ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى.

ئىلغار شەخسلەر: ما ۋېنشىن، ۋاڭ شاۋمىڭ، جۇاڭ ۋېنجۇ، يەن شاۋسۇڭ، قاسىم ياسىن، لى خۇەنجاڭ.

6 - نۆۋەتلىك سۇڭ چىڭلىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر (شىنجاڭ قىسمى) يۈ ۋېزى (قۇمۇل شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، سۇن يۈەنگى (ئايال، شىخەنزە شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ)، ۋاڭ لۇڭ (شىخەنزە شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، ئالىمجان ئۇبۇل (قاراماي شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، جاۋ يۈەنيۈەن (ئايال، قاراماي شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، لى لىنتاۋ

(ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى)، مۇلدىبېر (ئايال، دۆربىلجىن ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، بۇ شى (ئايال، ساۋەن ناھىيىلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، ئامىنە مەھەممەت (پىچان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، فەن ۋېنيۇ (ئايال، مورى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، جاڭ لىخۇي (ئىلقا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، جۇ لىي (ئايال، كۈيتۇڭ شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، قالى قابدىن (ئايال، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، روزى چاۋار (يەكەن ناھىيىلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، ئايجان (ئايال، بۇرچىن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، خې مۇرۇ (ئايال، بورتالا شەھەرلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپ)، جايناگۇل (ئايال، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ)، زۇلخۇمار ماخمۇت (قاراماي شەھەرلىك 11 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، جۇلدىز بايبېك (ئايال، جىڭ ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ)، شيې جىڭ (ئايال، تۇربان شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ)، گۈزەلنۇر مۇتەللىپ (مەكىت ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ)، پاكىزات (ئايال، ئالتاي شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ)، چېن شياۋفېي (چىڭگىل ناھىيە بازىرى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ)، ما شىن (ئايال، غۇلجا شەھەرلىك 14 - باشلانغۇچ مەكتەپ)، لى ياڭ (سانجى ئوبلاستلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ)، شياۋ جياڭدۇڭ (گۇچۇڭ ناھىيە جىبكۇ بازىرى تيەنخې مەكتىپى)، نيې يىڭ (ئايال، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ باشلانغۇچ قىسمى)، جاڭ شىڭ (ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ)، ئادىلە پەرھات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ باشلانغۇچ قىسمى).

جياڭ ۋېن

## ئالتاي ۋىلايىتى «كۆچمە سىنىپ» بىلەن خوشلاشتى

2002 - يىلغا كەلگەندە ئالتاي ۋىلايىتى ياتاقلىق مەكتەپتىن 50 نى قۇردى، چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئازكەم 30 مىڭ بالا مەكتەپ تەربىيىسى ئالدى. ياتاقلىق مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ئالتاي ۋىلايىتى «كۆچمە سىنىپ» بىلەن تۈزۈل - كېسەل خوشلاشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ، چارۋىچىلىق رايون مائارىپىدا «ياتاقلىق تۈزۈمنى، مەركەزلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇشنى، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشنى، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمنى ئاساس قىلىش» تىن ئىبارەت تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەربىر يېزىدا بىردىن چارۋىچىلىق رايونى ياتاقلىق مەكتىپى قۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئالتاي ۋىلايىتى چارۋىچىلىق رايونىدىكى بالىلارنى «مەكتەپكە كىرىش، مەكتەپتە تۇرۇش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ياتاقلىق مەكتەپلەرنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى كۈچەيتتى، مەكتەپ دەسلەپ قۇرۇلغان مەزگىلدە مەكتەپكە چارۋا، ئوتلاق، تېرىلغۇ يەر قاتارلىق تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش بازىسى ھەل قىلىپ بەردى ھەمدە تۇرمۇش ئاپتوموبىلى ھەل قىلىپ بەردى، تەربىيىچى تەكلىپ قىلىپ، داۋالاش ئۆيى تەسىس قىلدى.

ۋاڭ جۇيىڭ

# مەدەنىيەت

## ئەدەبىيات - سەنئەت

### مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتى

شىنجاڭدا 2002 - يىلدىكى سەنئەت ئۆمىكى 89، ئارتىس ۋە خىزمەتچى 4057؛ ئويۇن قويۇش سورۇنى 26، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2333. بىر يىلدا يېڭىدىن تەييارلىنىپ قويۇلغان ئويۇن 20، بۇ ئويۇنلار مەملىكەت ئىچىدە 8740 مەيدان (قېتىم) ئوينالدى. بىر يىلدا ئويۇن قويۇش كىرىمى 7 مىليون 194 مىڭ يۈەن، چىقىمى 97 مىليون 857 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي چىقىم 96 مىليون 253 مىڭ يۈەن، تىجارەت چىقىمى 477 مىڭ يۈەن. كەسپىي چىقىم ئىچىدە كەسپكارلارنىڭ مائاشى 62 مىليون 31 مىڭ يۈەن، رەپتىس قىلىش ۋە ئىشلەش چىقىمى 2 مىليون 46 مىڭ يۈەن.

نى يۈشىن، خې جيا

### ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىنى كۈتۈۋېلىش، ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىشتىن ئىبارەت تېمىنى چۆرىدەپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە سەنئەتكارلىرى جەمئىيىتى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى باشقۇرغان، شىنجاڭ «قۇياش نۇرى» مۇزىكا تارقىتىش چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭلىق خانىشلارنى تاللاش مۇسابىقىسى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى رەسمىي باشلاندى. بىرىنچى نۆۋەتلىك TOYAMA ئاسىيا ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر مۇزىكا مۇسابىقىسى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ئەترەتتىكى پىئانىنو چېلىش ماھىرلىرى ۋۇ يۈ، جاۋ مېڭچىلار ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتى، جاۋ مېڭچى 8 - دەرىجىلىكلەر گۇرۇپپىسىدا ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى بىرلىكتە باشقۇرغان ليۇ جۈنچىڭنىڭ «تەڭرىتاغقا باغلانغان چوڭقۇر مۇھەببەت» ناملىق شىنجاڭ جىلۋىسى فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە بېرىش ئۆگىنىش كۇرسى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يۈننەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە كۇنمىڭ شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئۇسسۇل بايرىمى ئۆتكۈزدى، شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمەكلىرىدىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 107 ئادەم ئۇسسۇل بايرىمىغا قاتناشتى. ئىلى ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان ئۇسسۇل «ئايدىڭ كېچىدىكى سۆيگۈ» ئورۇنداش ماھارىتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۇسسۇل «روھ» ئورۇنداش ماھارىتى بويىچە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان 3 كىشىلىك ئۇسسۇل «خورتدىن ساۋۇردىن» ئارتىسلار ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، بۇ 3 ئۇسسۇلنىڭ ئىجادچىسى ۋە رېژىسسورى مۇنەۋۋەر ئىجاد قىلغۇچى، رېژىسسور مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىدىكى دارۋاز ئادىل ھوشۇر 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە ئۆزىگە 600 سائەت ھەمراھ بولغان پولات سىمدىن چۈشۈپ، پولات سىمدا ئۇدا 25 كۈن تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە پولات سىمدا 123 سائەت 48 مىنۇت مېڭىشتىن ئىبارەت 2 تۈردە جىنىس رېكورتى ياراتتى. شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كىنو - فىلىم شىركىتى تەشكىللىگەن «كۈلۈمسىرىگەن قىسقۇچپاقا» ناملىق بالىلار فىلىمى توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچىدە چاقىرىلدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»

دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىللىگەن، يېقىنقى 10 يىلدىن بېرى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە قاتناشقان ئادەم سانى ھەممىدىن كۆپ، كۆلىمى ھەممىدىن كەڭ بولغان نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول مېڭىپ، خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنى توپلاش پائالىيىتى 5 - ئاينىڭ 11- كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 9 سەنئەت تارمىقىدىن كەلگەن 20 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت سەنئەتكارى 4000 كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرۈپ، ئېتىزلار، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپى، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشنىڭ مەنبەسىگە بېرىپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ 1 - سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئۆگەندى. شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى بىلەن «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» ئىدارىسى بىرلىكتە 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 6 قىسىملىق تېلېۋىزىيە چاتما تىياتىرىنىڭ سىنارىيىسى «چاقىرىق» توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ سىنارىيىسى 5 - ئايدا 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو دراما ئەدەبىياتى مۇكاپاتىنىڭ مىس مېدالىغا ئېرىشكەن ھەمدە «ھازىرقى زامان جۇڭگو درامىلىرىدىن تاللانما» غا كىرگۈزۈلگەنىدى، بۇ، بۇ قېتىمقى باھالاشتا شىنجاڭدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بىردىنبىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكىدىكى سىمسو يىللىق ئېتنوگرافىك تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرى مەركىزى باشقۇرىدىغان 36 - نۆۋەتلىك سىمسو يىللىق ئېتنوگرافىك تۇرمۇش سەنئەت بايرىمى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نىياز كېرىم شىنجاڭدىن تەكلىپ قىلىنغان بىردىنبىر سەنئەتكار بولدى. 7 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر - بالىلار ئورۇندىغان دراما ۋە ئەلنەغمە نومۇرلىرى بويىچە كىچىك قەنبۇل مۇكاپاتىنى ئاخىرقى ھېساباتتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە ئاپتونوم رايونىمىزدىن 9 ياشلىق موڭغۇل ماھىر جاڭ سى، 12 ياشلىق قازاق ماھىر جاقىپلاي ئالتۇن گۈل مۇكاپاتىغا، قىمبات، لى جياۋلار كۈمۈش گۈل مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ دراماتورگلار جەمئىيىتى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «كىتاب ئوقۇش ۋاقتى» پروگراممىسىنىڭ رىياسەتچىسى شىنجاڭلىق يازغۇچىلاردىن جاڭ گۇاڭمىڭ، لىۋ لياڭچېڭلارنى غەربىي قىسىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۈستىدە مەخسۇس زىيارەت قىلدى. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «بوستان» ژۇرنىلى تەھرىراتى، بىڭتۇەن 7 - شى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 2002 - يىللىق «كۆكتوقايدا يازغۇ ئەدەبىيات كۇرسى» 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كۆكتوقايدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ رەسساملار جەمئىيىتى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىدا دەرىجە ئىمتىھانى خىزمىتىنى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى رەسمىي باشلىدى. شىنجاڭ بەدىئىي سۈرەت تور پونكىتى، شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ سۈرەت ئامبىرى 8 - ئاينىڭ 28- كۈنى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 2002 - يىل 9 - ئايدا 14 - نۆۋەتلىك دالىيەن خەلقئارا كىيىم - كېچەك بايرىمىدا شىنجاڭ «قىزىل يۇلغۇن» كىيىم - كېچەك مودېللار ئەترىتى بىلەن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسىنىڭ ياشانغانلار سەنئەت ئۆمىكىدىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئەترىتى مۇشۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىدە كىيىم - كېچەك مودېللىرى بويىچە 2 خىل ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى، مۇشۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان باھالاش ھەيئىتى رەنا تەشكىللەش كومىتېتى تارقاتقان ھۆكۈمەت مۇكاپاتى — كىيىم - كېچەك «پەرىشتە مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە باشقۇرغان، جۇڭگو نېفىت خىمىيە گۇرۇھى شىركىتى ياردەملەشكەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك نېفىتلىكى، جۇڭگو نېفىت خىمىيە گۇرۇھى شىركىتى مۇزىكانتلار - ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى ئۈستىگە ئالغان تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر سەنئەت بايرىمى «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك نېفىتلىكى لوڭقىسى» مەملىكەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇسسۇل كۆرىكى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە خېنەن ئۆلكىسىنىڭ پۇياڭ شەھىرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك نېفىتلىكىدە ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى يوللىغان، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئورۇندىغان كوللېكتىپ ئۇسسۇل «ياپلاقتا مۇھەببەت» كۈمۈش مېدالغا، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئورۇندىغان 3 كىشىلىك ئۇسسۇل «دەسلەپكى قار» مىس مېدالغا، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى نىڭبودا ئۆتكۈزۈلگەن 3- نۆۋەتلىك جۇڭگودىكى 100 ياخشى تېلېۋىزىيە سەنئىتى خادىمىنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمىدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە سەنئەتكارلىرى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى شى شېڭتيەن، شىنجاڭ

تېلېۋىزىيە سەنئەتكارلىرى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قانات مەۋلىسباي، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كىنو - تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەكبەر قابىلمىت، شىنجاڭ شىنخۇا، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باش مۇھەررىرى جۇ گۇاڭپىلار «3 - نۆۋەتلىك جۇڭگودىكى 100 ياخشى تېلېۋىزىيە سەنئەتچى خادىمى» دېگەن پەخرىي نامغا ئېرىشتى. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە بىڭتۈەن يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان يۇ دىنىڭ «ئالقىسۇڭغەنىڭ چېگرا رايونى» ناملىق ئەدەبىي پارچىلار توپلىمىنى ئۇنجى قېتىملىق تارقىتىش مۇراسىمى ۋە ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «جاۋ گودۇڭنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن تاللانما» نى ئۇنجى قېتىملىق تارقىتىش مۇراسىمى ھەم مۇھاكىمە يىغىنى 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇنىڭغا ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتىنىڭ لوڭقىسى ۋە گۇۋاھنامىسىنى تەقدىم قىلدى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە باشقۇرغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مۇھاكىمە يىغىنى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بېيجىڭدىكى خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى ۋاڭ گۇاڭيىڭ، تۆمۈر داۋامەت، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ۋېنيۈەن، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جۇ ۋېيجى قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. روسىيە، ئامېرىكا، ئىران، پاكىستان قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە رايونلارنىڭ باش ئەلچىخانىلىرى ۋە بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرى ئەۋەتكەن خادىملار يىغىنغا قاتناشتى. «چولپانلار دەۋرى»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللار 2002 - يىلى باشلامچىلىق بىلەن ژۇرنال ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، سىرتقا چىقىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردە خېرىدار تېپىپ، بازارغا ئىگە بولدى.

جياڭ لىن

## ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لى شۇۋېن قۇرۇلتايغا قاتناشتى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ 400 ۋەكىلى قۇرۇلتايغا قاتناشتى. ۋاڭ لېچۈەن قۇرۇلتايدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»، مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى ئەسىردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتايدا ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات قاراپ چىقىلدى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە رەھبەرلىرى سايلاپ چىقىلدى.

جياڭ لىن

## «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» يۈزىسىدىن ھال سوراپ ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

مەدەنىيەت نازارىتى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى ئاساس قىلغان ئاپتونوم رايونلۇق «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» سەنئەت ھال سوراش ئۆمىكىنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىدى، ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدىكى 30 ئادەم غۇلجا شەھىرى، چاپچال، قورغاس، توققۇزتارا ناھىيىلىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ھەم مۇشۇ تەۋەدىكى بىڭتۈەن ئورۇنلىرى، قىسىملاردىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە 8 قېتىم ھال سوراش ئويۇنى كۆرسەتتى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قاتارلىق 11 كومىتېت، مىنىستىرلىكنىڭ ئاپشۇرۇقى بويىچە «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» يۈزىسىدىن شىنجاڭغا كەلگەن مەركەزنىڭ ھال سوراش ئۆمىكىدىكى 91 ئادەم 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ھال سوراش يۈزىسىدىن 12 قېتىم ئويۇن كۆرسەتتى.

نى يۈشىن

## «تەڭرىتاغ» ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى تەسىس قىلىندى

شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى 2002 - يىل 3 - ئايدا تەسىس قىلىندى.

«تەڭرىتاغ» ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئەڭ يۇقىرى مۇكاپات ھېسابلىنىدۇ. بۇ مۇكاپات ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدىن بېرىلىدۇ. باھالاش - مۇكاپاتلاش دائىرىسى ئەدەبىيات، ئەدەبىي تەرجىمە، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر (ئەلنەغمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، كىنو (تېلېۋىزىيە، كىنو شۇنىڭ ئىچىدە)، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئىتى، سېرك، رادىئو دراممىسى، ئەدەبىيات - سەنئەتكە قوشۇلغان تۆھپىدىن ئىبارەت 14 مۇكاپات تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر سەنئەت تۈرىدە 3 تىن 5 كىچە مۇكاپات سوممىسى تەسىس قىلىنغان، ھەر يىلى 7 تۈر باھالىنىپ مۇكاپاتلىنىدۇ، مۇكاپات سوممىسى 300 مىڭ يۈەن.

نى يۇشىن

## «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن كونسېرت كۆرسىتىلدى

مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش كونسېرتى 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا كۆرسىتىلدى. كونسېرت داۋامىدا شىنجاڭ دراما ئۆمىكى «قەلبىمىزدىكى ئۆچمەس داغلىق ئەسەرنى خاتىرىلەيمىز» ناملىق مۇزىكىلىق شېئىر دېكلاماتسىيىسىنى ئورۇندىدى، شىنجاڭ «مۇزىكا سۆيەر» مۇزىكا ئۆمىكى «ئاق چاچلىق قىز» ناملىق سىمفونىيىلىك يۈرۈشلۈك كۈيلەرنى ئورۇندىدى.

نى يۇشىن

## يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى نۆۋەتلىك كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى

مەدەنىيەت نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى نۆۋەتلىك كۆرىكى 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرى 14 سەنئەت كېچىلىكىنى ئورۇنداشقا قاتناشتى. باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەستايىدىل باھالىشى ھەم تەشكىللەش كومىتېتىنىڭ ئەستىقلىشى ئارقىلىق تەشكىللەش مۇكاپاتىدىن 15 ى، ئالاھىدە مۇكاپاتتىن بىرى، يەككە تۈردىكى مۇكاپاتتىن 74 ى، ئۇنىۋېرسال مۇكاپاتتىن 28 ى باھالاپ چىقىلدى. خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان ئۇيغۇرچە ناخشا - ئۇسسۇل «بارچە مىللەت چالدى ساز، يۈيتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە»، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك «تارىم» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان ئۇيغۇرچە ئۇسسۇللۇق تىياتىر «نەسىردىن ئەپەندى»، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان ئۇيغۇرچە ناخشا - ئۇسسۇل «قوغۇن يۇرتىغا مۇھەببەت» مۇنەۋۋەر ئويۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئىلى ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل «ئىلى شاتلىقى»، قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇرچە مۇزىكىلىق ئۇسسۇل «قەشقەر»، سانجى ئوبلاستلىق مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان خۇيزۇچە مۇزىكىلىق ئۇسسۇل «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ناخشىچى»، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل «گۈزەل بايىنغولىن»، ئۈرۈمچى چىنجۈ تىياتىرى ئۆمىكى ئورۇندىغان ھازىرقى زامان چىنجۈ تىياتىرى «تەڭرىتاغدىكى خەلق ساقچىسى جاۋ شىنمىن» قاتارلىق ئويۇنلار مۇنەۋۋەر ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «ئارا ئۇسسۇلى»، «ماھىر» قاتارلىق 20 كونسېرت مۇنەۋۋەر كونسېرت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## ئون ئىككى مۇقامنىڭ لازېرلىق پلاستىنكىلىرى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ئەرەبچە 4 خىل تىلدا ئىشلەنگەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ لازېرلىق CD، VCD، DVD پلاستىنكىلىرى 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىغا رەسمىي تارقىتىلدى.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ ھەر بىر مۇقامى «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» تىن ئىبارەت 3 چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا 25 تىن 30 غىچە تارماق ئاھاڭ بار، ئون ئىككى مۇقام بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان 360 ئاھاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇنى ئورۇنداپ بولۇشقا 24 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ ئاھاڭلاردا ئۇيغۇر كىلاسسىك

شائىرلىرىنىڭ ئېسىل شېئىرلىرى، خەلق داستانلىرىدىن پارچىلار ۋە خەلق قوشاقلىرى بولۇپ، 4492 مىسرا شېئىر تاللاپ سېلىنغان.

نى يۈشىن

## مۇزىكىلىق ناخشا ـ ئۇسسۇل «قەشقەر» دۆلەتلىك سەھنە سەنئىتى نادىر ئەسەرلىكىگە دەسلەپكى قەدەمدە تاللاندى

2002 ـ يىللىق دۆلەتلىك سەھنە نادىر ئەسەرلىرى قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى قەدەمدە تاللانغان ئويۇنلار 2002 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېكىتىلدى. دەسلەپكى قەدەمدە تاللانغان 30 ئويۇننى دۆلەتلىك سەھنە سەنئىتى نادىر ئەسەرلەر قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مەملىكەتتىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار يوللىغان 166 سەھنە سەنئىتى ئەسىرى ئىچىدىن باھالاپ تاللاپ چىققان. شىنجاڭ مەدەنىيەت نازارىتى يوللىغان چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇرچە مۇزىكىلىق ناخشا ـ ئۇسسۇل «قەشقەر» نادىر ئەسەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

نى يۈشىن

## 2 ـ نۆۋەتلىك ئېرتىش دەرياسى مەنبەسى مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى، كۆكتوقاي ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرغان 2 ـ نۆۋەتلىك ئېرتىش دەرياسى مەنبەسى مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايرىمى 2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كۆكتوقاي ناھىيىسىدە باشلاندى. بۇ مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايرىمى دەريا مەنبەسى مەدەنىيىتى مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، رايون خاراكتېرلىك مەدەنىيەت كاتتا مەركىسى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق رايون ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش، تېخىمۇ كۆپ كارخانىلارنى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش، دەريا مەنبەسى مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. سەنئەت بايرىمىدا چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنلىرى كۆرسىتىلدى، سەنئەتكارلار خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنى توپلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، دەريا مەنبەسى بەدىئىي سۈرەت كۆرگەزمىسى ۋە ئېرتىش دەرياسى مەنبەسىدىكى قەلئە تاشلار كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى.

جياڭ لىن

## 4 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياش ناخشىچىلىرى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت نازارىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان 4 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياش ناخشىچىلىرى تېلېۋىزىيە مۇسابىقىسىنىڭ تەكرار مۇسابىقىسى، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى 2002 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ نەق مەيداندىن بىۋاسىتە تارقىتىش زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن ۋاڭ مىڭجياڭ كەسپىي ناخشىچىلار مىللىي ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىشتا بىرىنچىلىككە ئېرىشتى؛ خالىدە ئوسمان كەسپىي ناخشىچىلار ئاممىباب ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىشتا بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرىنىڭ سېرىك ئويۇنى مۇكاپاتقا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، گۇيجۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە باشقۇرغان، زۈنيى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالغان «ئالتۇن شىر مۇكاپاتى» 4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ سېرىك مۇسابىقىسى 2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە زۈنيى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىدىن مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان ئۆسمۈرلەر سېرىك ئويۇنى «قىزچاقنىڭ چۈشى. ئىلەڭگۈچ ماھارىتى» كۈمۈش شىر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ نۇرگۈل نۇرمۇھەممەت ئوقۇتقۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ نۇسرەت ۋاجىدىن مۇزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن، ليۇ يەن

## دارۋازلىق ئويۇنى مۇكاپاتقا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ۋۇخەن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرغان 5 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ۋۇخەن خەلقئارا سېرىك سەنئىتى بايرىمى 2002 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە ۋۇخەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ دارۋازلىق ئەترىتى ئورۇندىغان پولات سىمدا مېڭىش ماھارىتى سەنئەت بايرىمى تەشكىلىي كومىتېتى بەرگەن ئالاھىدە شان ـ شەرەپ ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن، ليۇ يەن

## سەھنە ئەسىرى «ۋۇ دېڭيۇن»، «جەسۇر ئىپارخان» لار 12 ـ نۆۋەتلىك تۇز مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان 12 ـ نۆۋەتلىك «تۇز مۇكاپاتى» ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە شىنجاڭ دراما ئۆمىكىنىڭ دراماتورگى چېڭ ۋېنلى يازغان دراما «ۋۇ

دېگيۇن» ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بېكىتۆەندىكى جاڭ جيەنگې، گې يۇلاڭلار يازغان سەھنە ئەسىرى «جەسۇر ئېپارخان» مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## سەھنە ئەسىرى «چاقىرىق» توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى بىلەن «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» ئىدارىسى بىرلىكتە 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سەھنە ئەسىرى «چاقىرىق» توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. چېۋ يۇڭمۇ، ۋۇ جىندولار ئىجاد قىلغان بۇ سەھنە ئەسىرى 2002 - يىل 5 - ئايدا 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو دراما ئەدەبىياتى مۇكاپاتىنىڭ مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھەمدە «ھازىرقى زامان جۇڭگو درامىلىرىدىن تاللانما» غا كىرگۈزۈلگەنىدى. «چاقىرىق» — تېلېگراف تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىقى، ئىستېمالچىلارنىڭ تېلېگراف قانۇنى توغرىسىدا، ئەدلىيە ئىشلىرىنىڭ ئادىللىقى ھەققىدە چاقىرىق قىلغانلىقى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى.

جياڭ لىن

## «غەربىي قىسىم نۇرى» يېڭى يىللىق كونسېرتى كۆرسىتىلدى

مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرغان «غەربىي قىسىم نۇرى» يېڭى يىللىق كونسېرتى 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا كۆرسىتىلدى.

نى يۇشىن

## شياۋداۋ كاڭيۇ مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرى مۇكاپاتى تارقىتىلدى

2002 - يىللىق شياۋداۋ كاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەرلەر مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى 2002- يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىن خەلق سەنئەتكارى مۇسا ئاۋۇت، ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدىن شى دېجۈن، سانجى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن يەن جېجۈن، بايىنغولىن ئوبلاستىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇزىكانت گەنجاپ (موڭغۇل)، شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىدىن 1 - دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت ئۇستىسى سۇن لىمىڭ، بورتالا ئوبلاستلىق ئاسمۇۋى سەنئەت سارىيىدىن كاندىدات تەتقىقاتچى لى يەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇزىكانت زاكىر روزى، ئىلى ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن 1 - دەرىجىلىك كومپوزىتور كەرىم ئابدۇراخمان (قازاق) دىن ئىبارەت 8 كىشى مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەر شەخس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن ياردەمچى مەسئۇل باشقۇرغۇچى نيۇ گېڭ، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي ئىشلىرىنى مەسئۇل باشقۇرغۇچى لى جياڭ، ئىلقا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن ياردەمچى مەسئۇل باشقۇرغۇچى گۈۋەنسا (موڭغۇل)، ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي ئىشلىرىنى مەسئۇل باشقۇرغۇچى ئىبراھىم راخمان، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ ياردەمچى مەسئۇل بوغالتىرى ساۋ جيەن، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي ئىشلىرىنى مەسئۇل باشقۇرغۇچى مەتقاسىم تۇمۇر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي ئىشلىرىنى مەسئۇل باشقۇرغۇچى يەن سۇڭ، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت



ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ياپونىيىلىك دوست، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەتچىسى شياۋداۋكاڭيۇ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى.

سۈرەتنى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن ئالمىۋى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مەسئۇل باشقۇرغۇچى ۋۇ دىڭجۈن، شىخەنزە، هەربىيلەر بوزەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيىدىن كاندىدات تەتقىقاتچى لىۋ يۈدىن ئىبارەت 9 كىشى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەر شەخس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت باشقارمىسى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن ئىبارەت 3 ئورۇن مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىدىكى مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## 2002 - يىلى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاساسلىق گۈزەل سەنئەت، هۆسنخەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىلىرى

| ۋاقتى (ئاي) | كۆرگەزمە نامى | كۆرگەزمە ئورنى | ئۇيۇشتۇرغان ئورۇن |
| --- | --- | --- | --- |
| 3 | ئىمتىياز پەسىللىك رەسىم كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ماتارىپ ئىنستىتۇتى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 4 | شىنجاڭلىق 100 مەشھۇر كىشىنىڭ هۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى | ئۈرۈمچى يىغىپ ساقلاش جەمئىيىتى هۆسنخەت - رەسىم شۆبىسى | ئۈرۈمچى ئالمىۋى سەنئەت سارىيى |
| 5 | «گۈل ئۆمرى سالامەتلىك ۋە ئامانلىق لوڭقىسى» شىنجاڭ 7 - نۆۋەتلىك هۆسنخەت ۋە باسما ئەسەرلەر كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ماتارىپ ئىنستىتۇتى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسى |
| 5 | يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش هۆسنخەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى |
| 5 | گېتۇكېنىنىڭ هۆسنخەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى | شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى |
| 5 | مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى شىنجاڭ كۆرگەزمە رايونى ئەسەرلەر كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 6 | جۇڭگولۇق مەشھۇر خەتتاتلار ۋە رەسساملارنىڭ هۆسنخەت ۋە رەسىملىرى بىرلەشمە كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ هەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات كۇلۇبى | شىنجاڭ هەربىي رايونى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى |
| 6 | جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۈرۈمچى شەھىرى هەيكەلتاراشلىق ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك تەكلىپ كۆرگەزمىسى | ئۈرۈمچى «يەر شارى» كاتتا مېھمانسارىيى | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 6 | شيۇلاڭ بوچى هۆسنخەت ۋە رەسىم سەنئىتى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ماتارىپ ئىنستىتۇتى گۈزەل سەنئەت زالى | شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 6 | «چېگرا رايون خەلقى پارتىيىگە ئەگىشىدۇ» ناملىق ھۆسنخەت - گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى | ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى، «لۇيەن» گۇرۇھى مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزى |
| 7 | شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى شەھەر لوڭقىسى «پارتىيە نۇرى چېگرا رايوننى يورۇتتى» ناملىق ئۆسمۈرلەر - باللار ھۆسنخەت، رەسىملىرى مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەر كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى | ش ئۇ ئا ر ئۆسمۈرلەر، باللار مەدەنىيەت - سەنئەت كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى، ئۈرۈمچى يېڭى شەھەر رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى |
| 10 | شىنجاڭ پاشانغىلار ئۇنىۋېرسىتېتى 16 - قۇرۇلتايىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزگەن ھۆسنخەت، رەسىم، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات كۇلۇبى | شىنجاڭ پاشانغىلار ئۇنىۋېرسىتېتى |
| 10 | شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھۆسنخەت، رەسىم، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار بىرلەشمە خىزمەت بىناسى | شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلار، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى |

جياڭ لىن

## مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا 36 سەنئەت ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) تەركىبىدىكى 386 ئادەم (قېتىم) نىڭ 22 دۆلەت ۋە رايونغا بېرىپ، مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. 11 دۆلەت ۋە رايوندىن مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن 16 ئۆمەك (گۇرۇپپا) تەركىبىدىكى 213 ئادەم (قېتىم) دىن تەركىب تاپقان سەنئەت ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) كۈتۈۋېلىندى.

سىنگاپور «ئەيتۇاڭ» مەكتەپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ «تەڭرىتاغ شاتلىقى» دراما گۇرۇپپىسى تەركىبىدىكى 52 ئادەم 2002 - يىل 5 - ئايدا سىنگاپورغا بېرىپ، سىنگاپور «ئەيتۇاڭ» مەكتەپداشلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ئامېرىكا نېلسون مۇزېيىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 5 ئادەم 6 - ئايدا ئامېرىكىغا تەكشۈرۈشكە باردى ھەمدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگەزمە قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مۇددىئا كېلىشىملىرىنى ئىمزالىدى.

ئاۋستىرالىيە جۇڭگو خەلقئارا مەركىزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ «تەڭرىتاغ شاتلىقى» دراما گۇرۇپپىسى تەركىبىدىكى 51 ئادەم 9 - ئايدا ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيىلەرگە بېرىپ ئويۇن قويدى.

شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى 21 ئادەم 11 - ئايدا شاڭخەي كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش ئىشخانىسى فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە تەشكىللىگەن كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش تەشۋىقات كېچىلىكىدە ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى.

نى يۇشىن

# ئىجتىمائىي مەدەنىيەت

## ئىجتىمائىي مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتى

شىنجاڭدا 2002 - يىلدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت سارىيى 15، مەدەنىيەت سارىيى 91، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1078؛ مەدەنىيەت پونكىتى 909، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازارلاردىكى مەدەنىيەت پونكىتى 811، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1275.

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت پونكىتلىرى 1486 قېتىم ھەرخىل كۆرگەزمە، 7816 مەيدان (قېتىم) ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيىتى، 2415 قېتىم ھەرخىل

ئامموۋى خاراكتېردىكى سەنئەت كۇرسى ئۆتكۈزدى، سەنئەت كۇرسىدا 115 مىڭ ئادەم تەربىيەلەندى.

نى يۈشىن، خې جيا

## ئامموۋى كۇتۇپخانا

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى كۇتۇپخانا 82 گە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 885 كە يەتتى. ساقلانغان كىتاب 6 مىليون 440 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى كىتاب 96 مىڭ 536. كۇتۇپخانىلارنىڭ كىتاب سېتىۋېلىش خىراجىتى 2 مىليون 917 مىڭ يۈەنگە يەتتى، شۇ يىلى 57 مىڭ 518 كىتاب سېتىۋېلىندى.

نى يۈشىن، خې جيا

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى

مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى 2002- يىل 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە شىخەنزە شەھىرى ۋە ئاقسۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. كۆرەككە 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە قاراشلىق 56 ناھىيە (شەھەر، رايون) نىڭ 125 يېزا - بازىرىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن 1230 دىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى. باھالاش ئارقىلىق قەشقەر ۋىلايىتى قاتارلىق 13 ۋىلايەت، ئوبلاست كۆرەكنى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتى، شىخەنزە شەھىرى كۆرەككە ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «دولان مەشرىپى» قاتارلىق 37 ئويۇن ئۇنىۋېرسال ئويۇن تۈرلىرى بويىچە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى؛ «مانا بىز سەن — جۇڭگو» قاتارلىق 39 ئويۇن ئۇنىۋېرسال ئويۇن تۈرلىرى بويىچە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى؛ «گۈزەل ئالتايغا كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىڭ» قاتارلىق 40 ئويۇن ئۇنىۋېرسال ئويۇن تۈرلىرى بويىچە مىس مېدالغا ئېرىشتى؛ داپ ئۇسسۇلى «تەنتەنە» قاتارلىق 49 ئويۇن ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ يالغۇز كىشىلىك ناخشا «چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى» قاتارلىق 54 ئويۇن مۇنەۋۋەر ئارتىس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مۇراسىم مەدەنىيىتى مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە رايون مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مۇراسىم مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە رايون مۇسابىقىسى 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن كەلگەن، 7 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 138 ماھىر قاتناشتى. ئۈرۈمچى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن ئەنۋەرجان، ۋاڭ خۇيمېي (ئاپال) لار شىنجاڭ شۆبە رايون مۇسابىقىسىنىڭ ئەرلەر، ئاياللار گۇرۇپپىسى بويىچە چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى؛ قاراماي ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن چېن جۈن (ئاپال)، ئۈرۈمچى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن شى تاۋ شىنجاڭ شۆبە رايون مۇسابىقىسىدە ئەرلەر، ئاياللار بويىچە ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن ۋاڭ نا، ئادىلەلەر شىنجاڭ شۆبە رايون مۇسابىقىسىدە، ئاياللار بويىچە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى؛ ۋاڭ خۇيمېي قاتارلىق 10 ماھىر تۇنجى قېتىم شىنجاڭ بويىچە «ئون ياخشى مۇراسىم چولپىنى» بولدى. شىنجاڭ شۆبە رايون مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو مۇراسىم مەدەنىيىتى مۇسابىقىسىنىڭ مەملىكەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. چېن جۈن، ئەنۋەرجانلار ئەرلەر، ئاياللار بويىچە چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭچىلىق خانقىزلار مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە سەنئەتكارلىرى جەمئىيىتى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت 5 ئورۇن باشقۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭچىلىق خانقىزلارنى باھالاش 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، رۇس، شىبە، ئۆزبېكتىن ئىبارەت 7 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 700 ماھىر قاتناشتى. مۇسابىقىدە راھىلە ۋەلى چېمپىيونلۇققا، تۇڭ لىيا ئىككىنچىلىككە، ئەلفىيە ئۈچىنچىلىككە باھالاندى. بۇ، ئېلىمىزدە تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان يەر - جاي نامى بىلەن ئاتالغان ئوبراز تىپىدىكى مۇسابىقە ھېسابلىنىدۇ.

جياڭ لىن

## «مەھەللىلەرگە تۆتنى ئېلىپ كىرىش» ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇن كۆرسىتىش پائالىيىتىدە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى

مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، مەدەنىيەت

مىنىستىرلىكىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، مەدەنىيەت نازارىتى تاللاپ ئەۋەتكەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مەھەللە ئۇسسۇل ئويۇنى «دولان قىزلىرى» شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك «مەھەللىلەرگە تۆتنى ئېلىپ كىرىش» ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلدى ۋە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. يوللانغان ئۈن - سىن ماتېرىياللىرى — قاراماينىڭ مەھەللە ئۇسسۇلى «شىنجاڭ قىزلىرى» بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ مەھەللە ئۇسسۇلى «بۇلۇڭكۆل بويىدا» مىس مېدالغا ئېرىشتى؛ ئاقسۇ شەھىرى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## غەربىي قىسىم خەلق ناخشىلىرى مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى باشقۇرغان، غەربىي قىسىم رايونلىرىدىكى 12 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو غەربىي قىسىم خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداش مۇسابىقىسى 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرى ۋە يەنئەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدىن تاللىنىپ ئەۋەتىلگەن مېھراي مۇختار ئىشتىن سىرتقى گۇرۇپپا بويىچە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى؛ ۋاڭ جىنخۇا كەسپىي گۇرۇپپا بويىچە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى؛ گۈلنۇر، شۆ يۈڭشياڭلار ئىشتىن سىرتقى گۇرۇپپا بويىچە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى؛ جاڭ يەدەن قاتارلىق 4 ماھىر مىس مېدالغا ئېرىشتى؛ ناخشا «ئامانىساخان» ئىجادىيەت بويىچە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى؛ مەدەنىيەت نازارىتى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## تۈنجى نۆۋەتلىك «بالىلار باغچىسى لوڭقىسى» بويىچە ئۆسمۈرلەر، بالىلار ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ناخشا، قوش ئاۋازلىق ناخشا، يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا، قوش كىشىلىك مۇزىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر ئۆسمۈرلەر - بالىلار مەدەنىيەت - سەنئەت كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۈنجى نۆۋەتلىك ئۆسمۈرلەر، بالىلار ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ناخشا، قوش ئاۋازلىق ناخشا، يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا، قوش كىشىلىك مۇزىكا مۇسابىقىسى 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق ناخشىلىق مۇزىكىدا ئۆسمۈرلەر، بالىلار گۇرۇپپىسى بويىچە سىچۈەن شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن جاڭ دەن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 44 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن ما يەن، نېفىت پەرزەنتلەر مەكتىپىدىن رېن جىشياڭ، ئالتاي شەھەرلىك تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتەپتىن ۋاڭ جيېلەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئالتاي شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن فېن نا قاتارلىق 6 ماھىر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناخشىلىق مۇزىكىدا ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە شىخەنزە شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن جاڭ شۆ، ئالتاي شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن جۇ جىڭيى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئالتاي كۆمۈر بىناكارلىق شىركىتى پەرزەنتلەر مەكتىپىدىن تۇڭ تۇڭ، ئالتاي شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن گاۋ شياڭلار 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4 - بىناكارلىق شىركىتى قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىن چېڭ چېن قاتارلىق 4 ماھىر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 25 تارلىق چالغۇ ئەسۋابىدا ئۆسمۈرلەر، بالىلار گۇرۇپپىسى بويىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سايباغ رايونىدىن ۋېن بو بىرىنچىلىككە ئېرىشتى؛ 25 تارلىق چالغۇ ئەسۋابىدا ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 27 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن گو نەن بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. ئاككوردېئوندا ئۆسمۈرلەر، بالىلار گۇرۇپپىسى بويىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن شۈ مىڭياۋ بىرىنچىلىككە ئېرىشتى؛ ئاككوردېئوندا ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 43 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن لىيۇ چېن بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. چارتاردا ئۆسمۈرلەر، بالىلار گۇرۇپپىسى بويىچە شىخەنزە شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن خۇ ياڭشۇ بىرىنچىلىككە ئېرىشتى؛ چارتاردا ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن جاڭ لى بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. فىجەكتە ئۆسمۈرلەر، بالىلار گۇرۇپپىسى بويىچە قاراماي شەھەرلىك 17 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن ما شياڭ بىرىنچىلىككە ئېرىشتى؛ فىجەكتە ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە سانجى شەھەرلىك خۇيزۇ باشلانغۇچ مەكتىپىدىن جۇ جيېمىن بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. ئىسكىرىپكىدا ئۆسمۈرلەر، بالىلار گۇرۇپپىسى بويىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 44 - ئوتتۇرا مەكتەپ قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىن لى لىنفېڭ بىرىنچىلىككە ئېرىشتى؛ ئىسكىرىپكىدا ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن شۇ شۆنا بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. جازىلىق دۇمباقتا ئۈرۈمچى شەھىرى «تەڭرىتاغ» رايونلۇق باللار باغچىسىدىكى جاۋ جىڭشۈەن بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. نەيدە ئۆسمۈرلەر، باللار گۇرۇپپىسى بويىچە شىخەنزە شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن دۇڭ يۈنتىڭ بىرىنچىلىككە ئېرىشتى؛ نەيدە ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 55 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن يۈ بو بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. ئېلېكترونلۇق پىئانىنودا ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 42 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن شياۋ لۇگاۋ بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. كلارنېتتا ئۆسمۈرلەر، باللار گۇرۇپپىسى بويىچە ۋۇجياچۇ شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن لى تيەنچى بىرىنچىلىككە ئېرىشتى؛ كلارنېتتا ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن زۇ سۇنۇۋېن بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. ساكستا ئۆسمۈرلەر، باللار گۇرۇپپىسى بويىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن سەي ۋېنجې بىرىنچىلىككە ئېرىشتى؛ ساكستا ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى يۈ شياۋلىڭ بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. پىئانىنودا ئۆسمۈرلەر، باللار گۇرۇپپىسى بويىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن ۋېي ئەنيالىڭ بىرىنچىلىككە ئېرىشتى؛ پىئانىنودا ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن قەدىرىيە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. بۇلاردىن سىرت، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «ياجۇن» سەنئەت مەكتىپىدىن ۋېي ئەنيالىڭ بىلەن جاڭ مىڭتىڭ پىئانىنونى ماسلاشتۇرۇپ چېلىشتا ئۆسمۈرلەر، باللار گۇرۇپپىسى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## ئۆسمۈرلەر، باللارنىڭ ھۆسنخەت ۋە رەسىم مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر ئۆسمۈرلەر - باللار مەدەنىيەت - سەنئەت كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى بىرلىكتە باشقۇرغان، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالغان «يېڭى مۇۋەپپەقىيەت لوڭقىسى» بويىچە «پارتىيە چېگرا رايوننى يورۇتتى» ناملىق ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر، باللارنىڭ ھۆسنخەت ۋە رەسىم مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەرنى كۆرگەزمىسى 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، قاراماي، قۇمۇل، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن ئەۋەتىلگەن ئۆسمۈرلەر، باللارنىڭ 2000 دىن ئارتۇق ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئەسىرى مۇسابىقە كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق ئۆسمۈرلەر، باللار گۇرۇپپىسىدىكى 101 گۈزەل سەنئەت ئەسىرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئۆسمۈرلەر، باللارنىڭ 14 ھۆسنخەت ئەسىرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 21 ھۆسنخەت ئەسىرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 28 ھۆسنخەت ئەسىرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 65 ھۆسنخەت ئەسىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ باللار گۇرۇپپىسىدىكى 60 گۈزەل سەنئەت ئەسىرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 80 گۈزەل سەنئەت ئەسىرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 120 گۈزەل سەنئەت ئەسىرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 268 گۈزەل سەنئەت ئەسىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ باللارنىڭ 2 ھۆسنخەت ئەسىرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 ھۆسنخەت ئەسىرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 ھۆسنخەت ئەسىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن سىرت، 303 باغۋەن مۇكاپاتى باھالاپ چىقىلدى.

نى يۈشىن

## ئۆسمۈرلەر، باللارنىڭ ئۇسسۇل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر ئۆسمۈرلەر، باللار مەدەنىيەت - سەنئەت كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى، ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت سارىيى بىرلىكتە باشقۇرغان، كۈيتۇڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالغان «بىرلەشمە خەۋەرلىشىش لوڭقىسى» بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر، باللارنىڭ ئۇسسۇل مۇسابىقىسى 2002- يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە كۈيتۇڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئىلى ئوبلاستى، بورتالا ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، كۈيتۇڭ، شىخەنزە، مىچۈەن شەھەرلىرى، يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن كەلگەن 10 ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان 400 گە يېقىن ئۆسمۈر ۋە بالا مۇسابىقىگە قاتناشتى. دەسلەپكى مۇسابىقە ۋە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ئارقىلىق بورتالا ئوبلاستى ئاللاپ ئەۋەتكەن كوللېكتىپ ئۇسسۇل «توبۇشيۇغا مۇھەببەت»، كۈيتۇڭ شەھىرى ئاللاپ ئەۋەتكەن كوللېكتىپ ئۇسسۇل «قار رىتىمى»، شىخەنزە شەھىرى ئاللاپ ئەۋەتكەن كوللېكتىپ ئۇسسۇل «قۇياش چىقتى، كۆڭۈل ياپرىدى»، ئالتاي ۋىلايىتى ئاللاپ ئەۋەتكەن كوللېكتىپ ئۇسسۇل «دومبۇرامنى سۆيىمەن»، ئىلى ئوبلاستى ئاللاپ ئەۋەتكەن كوللېكتىپ ئۇسسۇل «ئۆيىن

تېخىدا باھار» ، بورتالا ئوبلاستى تاللاپ ئەۋەتكەن 3 كىشىلىك ئۇسسۇل «ئۇسسۇر چوپان» ، ئالتاي ۋىلايىتى تاللاپ ئەۋەتكەن 3 كىشىلىك ئۇسسۇل «سىم - سىم يامغۇردا» ، كۈيتۇڭ شەھىرى تاللاپ ئەۋەتكەن 3 كىشىلىك ئۇسسۇل «مەن ئوقۇشنى خالايمەن» قاتارلىق 8 ئۇسسۇل ئالتۇن مېدالغا، 12 كوللېكتىپ، 2 كىشىلىك، يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كۈمۈش مېدالغا، 15 كوللېكتىپ، 3 كىشىلىك، 2 كىشىلىك، يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل مىس مېدالغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## 2002 - يىللىق شىنجاڭ «جاۋچېڭ لوڭقىسى» بويىچە ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ 25 تارلىق چالغۇ ئەسۋابى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇسابىقە 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 71 ماھىر قاتناشتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە تەسىس قىلىنغان 4 گۇرۇپپا ئىچىدە، ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ نەتىجىسى ھەممىدىن گەۋدىلىك بولدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى «مەركىزىي شەھەر ئىستېمال سەھەر گېزىتى» ، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، بىڭتۇەن مۇزىكانتلار جەمئىيىتى باشقۇردى، ئۈرۈمچى «جاۋچېڭ» سودا-سانائەت چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالدى. چوڭلار گۇرۇپپىسىدىن نى يەن، ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىدىن نيۇ شياۋمىڭ، ئۆسمۈرلەر، بالىلار گۇرۇپپىسىدىن لىي يۈەنچىڭ، بالىلار گۇرۇپپىسىدىن چېن سوشۇ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جياڭ لىن

## جەنۇب ۋە شىمال خەلق ناخشىلىرى مۇسابىقىسىدە بىر كىشى ناخشا شاھى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى 2002 - يىل 9 - ئايدا جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شيەنجۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك مىللەتلەر خەلق ناخشىلىرى، ماناس جەنۇب ۋە شىمال خەلق ناخشىلىرى مۇسابىقىسىدە، ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت سارىيى تاللاپ ئەۋەتكەن ناخشىچى ئارزۇگۈل ئابدۇۋەلى ناخشا شاھى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى قىرغىز ناخشىچى مامان قۇربان ئەلا ياخشى ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## 2 ئۆسمۈر «شېنكار» خەلقئارا ئۆسمۈرلەر يېزىقچىلىق، رەسىم سىزىش مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى

2002 - يىل 9 - ئايدا ھىندىستاننىڭ يېڭى دېھلى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «شېنكار» خەلقئارا ئۆسمۈرلەر، بالىلار يېزىقچىلىق، رەسىم سىزىش مۇسابىقىسىدە جۇڭگو ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت سارىيى تاللاپ ئەۋەتكەن (قاراماي شەھىرىدىن) ما يۈخېڭ يازغان ماقالە «مەكتەپتىن قايتىش يولىدا» ، تاۋ جيڭ يازغان ماقالە «بوران چىققاندا» كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## شىنجاڭلىق جىڭجۇ تىياتىرى ھەۋەسكارلىرى تيەنجىندە مۇكاپاتقا ئېرىشتى

مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك «تىنچلىق لوڭقىسى» بويىچە جۇڭگو جىڭجۇ تىياتىرى ھەۋەسكارلىرىنىڭ تەكلىپ مۇسابىقىسى 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16-كۈنىگىچە تيەنجىن شەھىرىدىكى جۇڭگو كاتتا تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەدەنىيەت نازارىتى تاللاپ ئەۋەتكەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر مەمۇرىيىتى شەھەر قىياپىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن گو شياۋ ئورۇندىغان «لەن جىنفېن» دىن پارچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە «قوش ئون ياخشى ھەۋەسكار مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك جۇڭگو تىبابىتى دوختۇرخانىسىدىن ما لىجۈن ئورۇندىغان «شى شى» دىن پارچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە «مۇنەۋۋەر ھەۋەسكار مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى؛ مەدەنىيەت نازارىتى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## چېن شياڭلىڭ 11 - نۆۋەتلىك سۇڭ چىڭلىڭ كامفورا دەرىخى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن 11 - نۆۋەتلىك سۇڭ چىڭلىڭ كامفورا دەرىخى مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمىدا مەدەنىيەت نازارىتى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى چېن شياڭلىڭ سۇڭ چىڭلىڭ كامفورا دەرىخى مۇكاپاتى بويىچە شان - شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

كامفورا دەرىخى دۆلىتىمىزنىڭ پەخرىي رەئىسى سۇڭ چىڭلىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان دەرەخ ئىدى. جۇڭگو پاراۋانلىق جەمئىيىتى سۇڭ چىڭلىڭ ئۆمۈربويى كۆڭۈل بۆلگەن ۋە شۇغۇللانغان ئاياللار، بالىلار ئىشلىرىنى خاتىرىلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يۈزىسىدىن، ئاياللار، بالىلار خىزمىتى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت شۇغۇللانغان ھەمدە بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر خىزمەتچىلەرگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە سۇڭ چىڭلىڭ كامفورا دەرىخى مۇكاپاتىنى ئالاھىدە تەسىس قىلدى.

نى يۈشىن

## «يېڭى ئەسىردىكى كارخانا ساداسى» ناملىق ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

مەدەنىيەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى لوڭقىسى» بويىچە «يېڭى ئەسىردىكى كارخانا ساداسى» ناملىق ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا مۇسابىقىسى 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. جايلاردىكى كارخانىلاردىن كەلگەن 1300 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر خور ئۆمىكى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىمى «جىنيۈن» خور ئۆمىكى، جۇڭچەڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى خور ئۆمىكى، شىنجاڭ «دېلۇڭ» شىركىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر خور ئۆمىكى ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى؛ تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى خور ئۆمىكى قاتارلىق 6 خور ئۆمىكى كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ «تېلى» تېلېگراف ئوقەتچىلىك شىركىتى خور ئۆمىكى قاتارلىق 7 خور ئۆمىكى مىس مېدالغا ئېرىشتى. «گۇاڭخۇي» كارخانا گۇرۇھى قاتارلىق 9 ئورۇن كارخانىلار ناخشا ئىجادىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئاياللار خور ئۆمىكى قاتارلىق 17 ئورۇن تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ني يۈشىن

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە خىزمىتى

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاپپاراتى 105، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى 76، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پەن تەتقىقات ئورنى 2، باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاپپاراتى بىر، مۇزېي 24، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇكىنى بىر. ئىشچى - خىزمەتچى 810. ئاپتونوم رايون بويىچە ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقى 231 مىڭ 552، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى 706.

ني يۈشىن، ۋۇ لىجۈن

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونىمىزدا 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش مەخسۇس ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ھازىرقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ قولىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تىجارىتى ئىجازەتنامىسىنى تولۇق يىغىۋالدى، تەكشۈرۈپ لاياقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، يېڭىۋاشتىن تىزىملاپ روياخەتكە ئالدى. تەرتىپكە سېلىش مەزگىلىدە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەھەتتە نازارەت قىلىنىپ باشقۇرۇلىدىغان بۇيۇملار سودا بازارلىرى يېڭىدىن كۆپەيتىلمىدى.

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ج خ نازارىتى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە بىخەتەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش بويىچە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇزېي، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىدىن ئىبارەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەھەتتىكى 4 نۇقتىلىق ئورۇننى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى.

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچى تاموژنىسى بىلەن «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەھەتتىكى ئەتكەسچىلىك، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە ھەمكارلىشىپ زەربە بېرىش توغرىسىدا ئەسلەتمە» ئىمزالىدى.

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، ئىقتىساد - سودا نازارىتى، ج خ نازارىتى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى قاتارلىق تارماقلاردىن تەشكىللەنگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بازارلىرىنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەھەتتە نازارەت

قىلىنىپ باشقۇرۇلىدىغان بۇيۇملار بازارلىرىنى تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سالدى. تەكشۈرۈشتە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى مەلۇم بولدى: (1) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەھەتتە نازارەت قىلىنىپ باشقۇرۇلىدىغان بۇيۇملار تىجارىتى قىلىدىغان 3 بازار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تىجارىتى ئىجازەتنامىسى ۋە بازار تىزىملاش گۇۋاھنامىسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما، بازار ئىچىدىكى تىجارەت قىلىدىغان يەككە تىجارەتچىلەر تىجارەت كىنىشكىسىنى ئاساسەن ئالمىغان. (2) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەقلىدىي بۇيۇملىرىنىڭ شەرتلىك بەلگىسى قېلىپلاشمىغان. (3) بازار باشقۇرغۇچىلار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئوبوروت ساھەسىنى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇش ۋە قانۇن - تۈزۈم بىلىملىرىنى ئانچە ئۇقمايدىكەن. (4) مۇتلەق كۆپ قىسىم تاۋارلار سېتىلىشتىن ئىلگىرى باھالاشتىن ئۆتمىگەن. بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى تۈزىتىشكە مۆھلەت بەلگىلەپ بەردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولغانلىرىغا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى يېڭىۋاشتىن بېجىرىپ بېرىلدى.

ۋېن شۇن

## جۇڭگو شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياپونىيەدە كۆرگەزمە قىلىندى

جۇڭگو بىلەن ياپونىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى نورماللاشقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، ياپونىيە - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى، توكيو دۆلەتلىك مۇزېيى ھەم ياپونىيە تارقىتىش شىركىتى (NHK) بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى 2002 - يىلى توكيو، ئوساكالاردا ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر ئۆمەك باشلىقى بولغان شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مەتتىمىن زاكىر ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى ۋە لېنتا كەستى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا يەنە جۇڭگونىڭ ياپونىيەدە تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىسى ۋۇ داۋېي، ياپونىيە — جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى پىڭشەن يۇفۇ قاتارلىق ھەر ساھە زاتلىرىدىن 400 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مەدەنىيەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لۇ شىنخۇا يېتەكچىلىكىدىكى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 5 كىشى ياپونىيەنىڭ ئوساكا شەھىرىگە بېرىپ، جۇڭگو شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى — «يىپەك يولى، يىپەك ۋە ئالتۇن يولى» كۆرگەزمىسى (ئوساكا كۆرگەزمىسى) نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

كۆرگەزمە قىلىنغان 152 دانە (گۇرۇپپا) مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ھەم ئىلى، خوتەن، قەشقەر، بايىنغولىن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مۇزېي ئاپپاراتلىرى ئاللاپ ئەۋەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇنچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يېقىنقى يىللاردا تېپىلغان.

ۋېن بو

## جۇڭگو، ياپونىيە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو، ياپونىيە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇتەخەسسىسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى نورماللاشقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ش ئۇ ئا ر ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈرۈمچىدە UNESCO جۇڭگو، ياپونىيە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. ب د ت مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى بېيجىڭ باشقارمىسى مەدەنىيەت تۈرى مۇتەخەسسىسى مۇكالا قاتارلىق جۇڭگو، ياپونىيەنىڭ ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلىرى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى. جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنژېنېرى خۇاڭ كېجۇڭ «شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسارئەتىقىلەرنى قوغداش توغرىسىدا بىر نەچچە پىكىر» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى. ياپونىيە نارا مەدەنىيەت بايلىقى تەتقىقات ئورنىنىڭ يەر ئاستىدىكى مەدەنىيەت بايلىقىنى قوغداش مەركىزىدىن زىتيەن جېنجاۋ ياپونىيەنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردى. مۇتەخەسسىسلەر يەنە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئەۋرىشكە كۆرگەزمە ئۆيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

نى يۈشىن

## ئارخېئولوگىيە خىزمىتى

شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە «قوغداشنى ئاساس قىلىش، قۇتقۇزۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش»

پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ماسلاشتۇرۇپ قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى دالا ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تەستىقلىغان 12 تۈرلۈك دالا ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنى تاماملىدى؛ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىشخانا ئىچىدىكى ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە، ماتېرىياللارنى رەتلەش ئاساس قىلىنىپ، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يىڭپەن قەبرىستانلىقىدا 1995 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ماتېرىياللىرىنى رەتلەش، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يىڭپەن قەبرىستانلىقىدا 1999 - يىلى قېزىلغان 80 قەبرىنى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەش، باي ناھىيىسىدىكى قىزىلتۇر قەبرىستانلىقىدا 1990 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ماتېرىياللىرىنى رەتلەش، قۇمۇلدىكى ئەسكىشەھەر قەبرىستانلىقىدا 1999 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ماتېرىياللىرىنى رەتلەش، پىچان ناھىيىسىدىكى سۇ بېشى خارابىسى قەبرىستانلىقىدا 1992 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ماتېرىياللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەش، نىلقا ناھىيىسىدىكى چۈڭكېك قەبرىستانلىقىدا 2001 - يىلى تۈنجى قېتىم قېزىلغان ماتېرىياللارنى رەتلەش، جۇڭگو بىلەن فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا 2001 - يىلى ئېلىپ بارغان تولۇقلاپ قېزىشتىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى رەتلەش خىزمىتى ئىشلەندى.

نى يۈشىن

## 2002 - يىللىق چېگرا رايونلار ئارخېئو-لوگىيىسى تېما تۈرى باشلاندى

دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تەستىقلىغان 2002 - يىللىق چېگرا رايونلار ئارخېئولوگىيىسى تېما تۈرى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. شىنجاڭدىن دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشىغا ئېرىشكەن 2002-يىللىق چېگرا رايونلار ئارخېئولوگىيىسى تېما تۈرى 9، بۇلار تۆۋەندىكىچە: مىلادىيە X ئەسىردىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئارخېئولوگىيە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا ئائىت ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە تەتقىقات؛ يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى بوۋدا دىنى خارابىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات؛ شىنجاڭ رايونىدىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت خارابىلىكلەر ئۈستىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىش ۋە تەتقىقات؛ يارغولنىڭ غەربىدىكى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت جايلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە تەتقىقات؛ غەربىي يۇرتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مەدەنىيلىك جەريانى ئۈستىدە ئارخېئولوگىيە ئىلمى جەھەتتىن سېلىشتۇرما تەتقىقات؛ قۇمۇل رايونىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە تەتقىقات؛ شىنجاڭدىكى تارىختىن ئىلگىرى قەبرىلەر ئۈستىدە تەتقىقات؛ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش؛ خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تور خارابىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات.

ۋېن شۈن

## قاپچىغاي قەبرىستانلىقىنى قېزىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 2002 - يىلى تېكەس ناھىيىسىدىكى قاپچىغاي سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ تېكەس ناھىيىسىدىكى قاپچىغاي قەبرىستانلىقىدا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 29 قەبرىنى قازدى. قەبرىستانلىق تېكەس دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ ئىدى. قېزىشتىن كېيىن مۇنداق قارالدى: قەبرىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇيسۇن دەۋرىدىكى قەبرىلەر بولۇپ، يەر ئۈستىدە تاش دۆۋىلىرى بار، لەھەت تىك كولانغان توپا گۆردىن ئىبارەت، بىر گۆرگە بىر جەسەت بىر قېتىم دەپنە قىلىنغان، جەسەت گۆر ئىچىگە يۈز - قولىنى ئۆرۈن سۇنغان ھالەتتە ئوڭدا ياتقۇزۇپ قويۇلغان، گۆردىن ساپال بۇيۇملار ۋە ئۇششاق بىرونزا سايمانلار تېپىلدى. قەبرىلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى تۈركلەر دەۋرىدىكى قەبرىلەر بولۇپ، يەر ئۈستىدە، تاش دۆۋىلىرى بار، لەھەت تېيىزرەك كولانغان، گۆردىن ئاز ساندا تۆمۈر قوراللار تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر ئۈزەڭگە بار؛ يەنە بىر خىلى يىغىندا تاش دۆۋىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىپ 3 قەبرە قاتارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يۇقىرىسىدىكىسى يۇمىلاق شەكىلدىكى تاش دۆۋىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا قىزىل تاشلار دۆۋىلەنگەن، ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدۇ. ئاستىدىكى 4 بۆلۈكلۈك قۇرۇلۇشقا بىر قەۋەت دەريا شېغىلى ياتقۇزۇلغان، ئوتتۇرىسىغا بىر ئەر دەپنە قىلىنغان، قورامىغا يەتكەن بۇ ئەرنىڭ بېشى غەرب تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان، جەسەتكە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان بۇيۇم يوق. مۇنداق تاش دۆۋىلىرى بىر خىل نەزىر - چىراغ قۇرۇلۇشى بولۇشى مۇمكىن.

ۋېن يەن

## چىڭگىشوردىكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 2002 ـ يىلى كۈيتۇڭ ـ سايرام يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول قۇرۇلۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ، شىخو شەھىرىنىڭ چىڭگىشور دېگەن يېرىگە جايلاشقان قەبرىستانلىقتىكى 14 قەدىمكى قەبرىنى قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدە ئارخېئولوگىيىلىك قازدى. بۇ يەردىكى قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە غايەت زور دۆۋە بەلگە قويۇلغان، دۆۋىنىڭ تەكشى يۈزى يۇمىلاق بولۇپ، ھەممىدىن چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 40 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، ئېگىزلىكى 2 مېتىردىن ئاشىدۇ، ھەممىدىن كىچىكىنىڭ دىئامېتىرى 20 مېتىردىن ئاشىدۇ. دۆۋىنىڭ ئىچى كۆپىنچە ساپ سېرىق توپىدىن تەركىب تاپقان، دۆۋىنىڭ ئۈستى قەۋىتىنىڭ بىر قىسمىغا شېغىل ياتقۇزۇلغان. لەھەت دۆۋىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قۇرۇلمىسى تىك كولانغان توپا گۆردىن ئىبارەت، بەزى قەبرىلەردىكى گۆرنىڭ 4 تېمى ۋە گۆر ئېغىزىغا دۈگىلەك ياغاچلار قويۇلغان، كۆلىمى چوڭراق لەھەتلەردە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى لەھەت ئېغىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 مېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. لەھەت ئىچىدىكى ئىسكىلىتلارنىڭ كۆپىنچىسى چېچىلىپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 2 كىشى دەپنە قىلىنغان بىر لەھەتتىكى ئىسكىلىت بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان، جەسەتنىڭ بېشى غەرب تەرەپكە، پۇت ـ قولى شەرق تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان. جەسەتكە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان نەرسىلەر خېلى كۆپ، بۇ قەبرىلەردىن ساپال بۇيۇملار، برونزا بۇيۇملار، تۆمۈر ئەسۋابلار، ئالتۇندىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار قېزىۋېلىندى. ساپال بۇيۇملار قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپالدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كومزەك، چۆگۈن قاتارلىقلار بار. بۇ قەبرىلەردىن تېپىلغان ئالتۇندىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ئىچىدە ھايۋانلارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بېزەك بۇيۇملار بار بولۇپ، ئىنتايىن نەپىس ياسالغان. قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ كۆلىمىدىن تارتىپ يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغىچە بولغان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ دەۋرى يېقىنلىق دەۋرنىڭ ئالدى ـ كەينىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاقسۆڭەكلەر ياكى ھۆكۈمرانلارنىڭ قەبرىسى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھۆكۈم قىلىندى. بۇ رايوندا تۇنجى قېتىمدىلا مۇشۇنداق دەرىجىدىكى قەبرىلەرنىڭ بايقالغانلىقى ۋە قېزىلغانلىقى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا تارىختىن ئىلگىرىكى ئارخېئولوگىيە مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ۋېن بەن

## چۆچەك خارابىلىكىنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتچىلار جىرىنتاي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ 2002 ـ يىلى نىلقا ناھىيىسىدىكى چۆچەك خارابىلىكىنى ئارخېئولوگىيىلىك قازدى، بۇ جەرياندا 425 كۋادرات مېتىر يەر كۆلىمى قېزىلدى. خارابىلىكنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى 1.5 مېتىردىن 2 مېتىرغىچە قېلىنلىقتا بولۇپ، يۇقىرى قاتلام ۋە تۆۋەن قاتلامدىن ئىبارەت 2 قاتلامغا بۆلۈنىدۇ. يۇقىرى قاتلام ئاندرونوۋو مەدەنىيەت قاتلىمى بولۇپ، بۇ قاتلامدا قەبرىلەر، ماكانلىشىش ئورنى بارلىقى بايقالدى، يەر ئاستىدىن تاش قوراللار، سۆڭەكتىن ياسالغان بۇيۇملار، ساپال بۇيۇملار ۋە ھايۋانلارنىڭ ئورغۇن جەسەت سۆڭەكلىرى قېزىۋېلىندى. بۇ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە بايقالغان ۋە مۇئەييەن كۆلەمدە قېزىلغان كۆلىمى ھەممىدىن كەڭ ئاندرونوۋو مەدەنىيەت خارابىلىكى ھېسابلىنىدۇ. چۆچەك خارابىلىكىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا يادىكارلىقلار ۋە ساقلانغان نەرسىلەر ئازراق. خارابىلىكنىڭ تېگىدىن 2 ئۇششاق ئونكولىت قېزىۋېلىندى. چۆچەك خارابىلىكىنىڭ بايقىلىشى ۋە قېزىلىشى شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ۋېن بەن

## چۆچەك 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 2002 ـ يىلى نىلقا ناھىيىسىگە جايلاشقان چۆچەك 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدا قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ باردى. قەبرىستانلىقتىكى 44 قەبرىدىن بۇ قېتىم 40 ى قېزىلدى. قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەرنىڭ يەر ئۈستىدە توپا دۆۋىسى، لەھەت ئاغزىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە تاش ھالقا ۋە تاش دۆۋىسى بايقالدى، قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قەبرىلەر كەڭ دائىرىدە جايلاشقان، شىمالىي قىسمىدىكى قەبرىلەر ئاساسەن زەنجىرسىمان تىزىلغان. لەھەت كۆپىنچە تىك كولانغان تاش ئۆكەكتىن ئىبارەت. قېزىلغان قەبرىلەردە بىر توپا دۆۋىسى ئاستىدا كۆپىنچە بىر لەھەت بارلىقى، ئاز ساندىكىلىرىدە قوش لەھەت ياكى 4 لەھەت بارلىقى بايقالدى. ئۆلگۈچىلەرنىڭ كۆپى

بىر قېتىم دەپنە قىلىنغان، بېشى غەرب تەرەپكە، پۇتى شەرق تەرەپكە قارىتىلىپ، پۇت - قولى ئۇزۇن سوزۇلۇپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. ئۆلگۈچىلەردىن ئايرىملىرىنىڭ قول بارمىقى ياكى پۇت بارمىقى كەم، ئاز ساندىكى قەبرىلەردە ئۆلگۈچىنىڭ باش سۆڭىكى يوق. جەسەتكە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان نەرسىلەر ئىچىدە ساپال بۇيۇملار، تۆمۈر ئەسۋابلار، ياغاچ جابدۇقلار بار. ئاساسلىقى ساپال بۇيۇملار بولۇپ، قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ساپالدىن ياسالغان. بۇيۇملار ئىچىدە جام، تەشتەك ۋە ساپال ئاياغلار بار. ساپال كومزەك ئازراق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈزى سىدام ياسالغان. 2 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭكىدىن كېيىنرەك، مۇتلەق دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 500 - يىلدىن مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ. 2 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ قېزىلىشى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە مەدەنىيىتى تەرتىپىنى تەتقىق قىلىشنى يېڭى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى.

ۋېن يەن

## تۆمۈرتامدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 2002 - يىلى دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن تۆمۈر تامغا بارىدىغان يولدىكى قەدىمكى قەبرىلەر ئۈستىدە قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 12 قەبرىنى قازدى. قەبرىلەرنىڭ يەر ئۈستىدە توپا، تاشتىن ياسالغان دۆۋە بەلگىسى قويۇلغان، لەھەت تىك كولانغان توپا گۆردىن ئىبارەت بولۇپ، گۆر ئىچىگە تاش تىندۇرۇلغان. جەسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يالغۇز دەپنە قىلىنغان، جەسەت بېشى غەرب تەرەپكە، پۇتى شەرق تەرەپكە قارىتىلىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان ياكى پۇت - قولى ئۇزۇن سوزۇلۇپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. جەسەتكە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان نەرسىلەر ئازراق. بۇنىڭ ئىچىدە مىستىن ئىشلەنگەن ئېغىزدورۇق، ئانار نەيزە، ئەينەك مارجان، ئالتۇن ھالقا قاتارلىقلار بار. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىلەرگە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىن V ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەسلەپكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قەبرىلىرى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

ۋېن يەن

## شاڭخۇ بازىرىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ كورلا شەھىرىنىڭ شاڭخۇ بازىرىدىكى قەبرىستانلىقتا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 10 قەبرىنى قازدى. قەبرىلەرنىڭ يەر ئۈستىگە تاش دۆۋىسى ئارقىلىق بەلگە قويۇلغان. ئۆلگۈچى تاش دۆۋىسى ئاستىدىكى بوزيەرگە دەپنە قىلىنغان، جەسەت ئىسكىلىتى بىر قەدەر ناچار ساقلانغان، جەسەت بېشى شەرق تەرەپكە ياكى غەرب تەرەپكە قارىتىلىپ، پۇت - قولى ئۇزۇن سوزۇلۇپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، 2 - قېتىم دەپنە قىلىنغانلىرىمۇ بار. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە كەييۇەن تۆمۈرى، دالى يامبۇسى ۋە ئاز مىقداردىكى ساپال پارچىلىرى بار. دەۋرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىنكە توغرا كېلىدۇ. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ قېزىلىشى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يىپەك يولىنى تەتقىق قىلىشنى يېڭى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى.

ۋېن يەن

## قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىنى ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى

ب د ت مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى تۈرى گۇرۇپپىسى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بېيجىڭدا قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى توغرىسىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەش يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شەن جىشياڭ يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. قۇمتۇرا تۈرى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ كېجۇڭ قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىنى ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش تۈرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىنى ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى — ب د ت مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى، ياپونىيە ھۆكۈمىتى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى ھەم ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىگە ئالاقىدار ئالاھىدە قۇرۇلۇش. 2002 - يىل 8 - ئايغا كەلگەندە، قۇمتۇرا رايونىنى ئايروپىلان ئارقىلىق ئۆلچەش ۋەزىپىسى تاماملاندى، يېقىن ئارىلىقتىن سۈرەتكە ئېلىش تۈرىدە تىزگىنلەش تورى بەرپا قىلىش، ئۆڭكۈر تاغ جىنسى گەۋدىسىنىڭ سىرتقى يۈزىنى تەسۋىرىي ئۆلچەش - سىزىش ۋە بۇلارنى ئۆلچەش - سىزىش خىزمىتى ھەم تەكشى يۈزىنىڭ نۇسخا خەرىتىسى، ياتقۇ يۈزىنىڭ خەرىتىسى ۋە قىسمەن

تەسۋىرلىك خەرىتىلەرنى تەھرىرلەپ بىر ياقلىق قىلىش خىزمىتى، ئۆڭكۈرلەرنى گىدرو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، گورىزونتال ئۆشۈك ۋە تاغ جىنسلىرىنى سوزۇش - تارتىش سىناق تۈرى ئاساسەن ئاياغلاشتى.

ب د ت ماتارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەركىبىدىكى 16 ئادەم 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىنى تەكشۈردى ھەم قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىنىڭ ئارخىپ خاتىرىسى، تاماملانغان پەر شەكلى خەرىتىسى (1/2000، 1/500، 1/200)، يېقىن ئارىلىقتىن تارتىلغان سۈرەت، خەتەرلىك ئۆڭكۈرلەردىكى قىياتاش رەسىملىرىنى تەكشۈرۈش، گىدرو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قۇرۇلۇشنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە سوزۇش - تارتىش سىنىقى قاتارلىق تۈرلەر تەكشۈرۈلدى. مۇتەخەسسىسلەر 45-، 79 - ئۆڭكۈرلەر ۋە 5 ئۆتاش غارنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى تېمپېراتۇرا، نەملىك ۋە ئۆڭكۈر ئىچى - سىرتىنى ئۆلچىرا بىنەپشە رەڭ نۇردا رادىئاتسىيىلەندۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى 24 سائەت تەكشۈرۈپ ئۆلچىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېلىپ يۇرۇشكە ئەپلىك بولغان ياللىراق نۇرلۇق رەڭسىگىن نۇر ئانالىز ئەسۋابىدىن پايدىلىنىپ، 45 -، 79 - ۋە 56 - ئۆڭكۈرلەردىكى قىياتاش رەسىملىرىنىڭ بوياقلىرى تەھلىل قىلىندى. ياپونىيە مۇتەخەسسىسلىرى شۇ جايدا ياپونىيىنىڭ ئەنئەنىۋى سىرتقى يۈزنى مۇستەھكەملەش تېخنىكىسى ھەم قىسمەندا ياپونىيىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشتا كەڭ قوللىنىلغان سۇدا ئېرىيدىغان ئېپوكسى سمولاسى Site — Fx قاتارلىق مۇستەھكەملەش ماتېرىياللىرىنى تونۇشتۇردى. جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر يەنە شۇ جايدا 1 - ئۆڭكۈر، يېڭى 2 - ئۆڭكۈر ۋە 56 - ئۆڭكۈردىكى قىياتاش رەسىملىرىنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

ۋېن باۋ

## بوغدا كۆلى يېنىدىكى قاتتىق كاھىش ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىنى قېزىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 2002 - يىل 8 - ئايدىن 9 - ئايغىچە بوغدا كۆلى يېنىدىكى قاتتىق كاھىش ئىبادەتخانىسى خارابىسى ئۈستىدە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ باردى. قاتتىق كاھىش ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان، بۇ قېتىم تازىلىنىپ قېزىلغان خارابە كۆلىمى 2800 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئىبادەتخانىدا ئالدى دەرۋازا، ئاساسىي بىنا، ئارقا بىنا، قوڭغۇراق راۋىقى بار، پەرگە كۆك خىش ياتقۇزۇلغان. بەر ئاستىدىن قاتتىق كاھىش، چويۈن قازان، ساپال كاھىش، نۇر قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى. قاتتىق كاھىش ئىبادەتخانىسىنىڭ دەۋرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان قېزىش مەزكۇر ئىبادەتخانىنى يېڭىۋاشتىن سېلىشنى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى.

ۋېن بەن

## سۇغۇن تاشيولى ياقىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيىلەرگە بارىدىغان ئاسفالت يول قۇرۇلۇشى تۈرىگە ماسلىشىپ 2002 - يىل 8 - ئايدىن 9 - ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ئاقچى — سۇغۇن تاشيولى ياقىسىدىكى 14 قەدىمكى قەبرە ئۈستىدە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ باردى. قەبرىلەرنىڭ يەر ئۈستىدە تاش دۆۋىسى، توپا دۆۋىسى بەلگىلىرى بار، لەھەت تىك كولانغان توپا گۆردىن ئىبارەت بولۇپ، لەھەت ئىچىدىكى ئىسكىلىتلار چېچىلىپ كەتكەن. يەر ئاستىدىن ساپال بۇيۇملار، مىس بۇيۇملار، تۆمۈر سايمانلار قېزىۋېلىندى. بۇ قەبرىلەرنىڭ دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 500 - يىلدىن مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە ھۆكۈم قىلىندى.

ۋېن بەن

## تېكەس ناھىيىسىنىڭ قاپچىغاي سۇ ئامبىرى رايونىدىكى قەبرىلەرنىڭ تازىلىنىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى باشچىلىق قىلغان، ئىلى ئوبلاستلىق ۋە تېكەس ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ياردەملەشكەن تېكەس ناھىيىسىنىڭ قاپچىغاي سۇ ئامبىرى رايونىدىكى 29 قەبرە ئۈستىدە 2002 - يىللىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تازىلاش ئېلىپ بېرىش ئىشى 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تاماملاندى.

2002 - يىللىق قېزىش ۋە تازىلاش ئىشى ئاساسەن تېكەس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تېكەس دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا ۋە توققۇزتارا ناھىيىسى جىرغىلاڭ يېزىسىدىكى جىرغىلاڭ دەرياسى قىرغىقىغا مەركەزلەشتى. يەر ئۈستىدە دۆۋىلەنگەن تاشلارنىڭ ئاستى تىك كولانغان توپا گۆر ۋە تىك كولانغان ئۆڭكۈر گۆردىن ئىبارەت، بۇ يەردە يەنە تاش دۆۋە ئاستىغا جەسەتنى بىۋاسىتە دەپنە قىلىش ئەھۋالى مەۋجۇت. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرىدا ساپال بۇيۇملار، تۆمۈر سايمانلار، سۆڭەكتىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ئاساس قىلىنىدۇ. دەپنە قىلىش شەكلى، دەپنە قىلىش ئادىتىگە ۋە بىر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قاراپ مۆلچەرلىگەندە، قەبرىستانلىقنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزاقراق بولۇپ، خەن سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ياتىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيە خىزمىتى قاپچىغاي سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى بېسىپ كەتكەن رايوننىڭ قېزىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ئاز بىر قىسمىدىلا ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن سۇ ئامبىرى رايونىدا ئارخېئولوگىيىلىك قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك قېزىش ئىشى ئىپكەس دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەر ئۈستىدە ئارخېئولوگىيە مەدەنىيىتى يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتنى كۆپ قاتلاملىق مول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

نى يۈشىن

## دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەشكىللىگەن ئەترەت 2002 - يىل 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە چىرا ناھىيىسىدىكى دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىدا 2 قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ باردى. 1 - قېتىمدا جۇڭگو - ياپونىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 11 - ئايدىن 12 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا سىرتتا ئېچىلىپ قالغان بۇددا دىنىغا ئائىت قىياتاش رەسىملىرى يادىكارلىقلىرىنى قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىنى قازدى. ئىبادەتخانا دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، 2 ئورۇندا ئىبادەتخانا خارابىسى بار. ئىبادەتخانىنىڭ تەكشى يۈزى تىك تۆت تەرەپلىك بولۇپ، ئىبادەتخانا قالدۇق تېمىنىڭ ئېگىزلىكى 0.2 مېتىردىن بىر مېتىرغىچە كېلىدۇ، تام ئارىسىغا ياغاچ قويۇلۇپ، سىرتقا لاي سۇۋالغان. ئىبادەتخانا تاملىرى ئومۇميۈزلۈك ئۆرۈلۈپ كەتكەن، تاملاردىكى رەسىملەر ئاساسەن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان، رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى بۇددالار ۋە چاتما رەسىم شەكلىدىكى ۋەقەلىك رەسىملەردىن ئىبارەت. ساقلىنىپ قالغان رەسىملەر ئاساسەن تاشقى ئايلانما كارىدورنىڭ شىمالىدىكى قىيا، جەنۇبىدىكى قىيا ۋە غەربىي ئايلانما كارىدوردىن تېپىلدى. تازىلاش ۋاقتىدا جەنۇبىي ئايلانما كارىدور ۋە غەربىي ئايلانما كارىدور ئىچىدە يۈزتۈن يېشى كېسىۋېلىنغان قىياتاش رەسىمنىڭ ئىزى بايقالدى. غەربىي ئايلانما كارىدورنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدە يەنە قىيا تاش رەسىمى ئاستىغا ياستۇرۇلۇپ قويۇلغان 1927 - يىلى گېرمانىيىدە چىققان 10 نەچچە سان گېزىت تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «شۋېيتسارىيە بوتانىكى بوسھارد» دېگەن ئىسىم يېزىلغان بىر ئىسىم كارتوچكىسى بايقالدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئادەمنىڭ 1928 - يىلى ھەقىقەتەن دەندەن ئۆيلۈككە بارغانلىقى ئېنىقلاندى، بۇ، كېسىۋېلىنغان قىيا تاش رەسىمنى مۇشۇ ئادەم كېسىۋالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئومۇميۈزلۈك قېزىلغاندىن كېيىن، بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 8.2 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 6.02 مېتىر ئىكەنلىكى، تاشقى ئايلانما كارىدور ئىزناسىنىڭ ئاساسەن مۇكەممەل ساقلانغانلىقى، ئىچكى ئايلانما كارىدورنىڭ تەخمىنەن 5 كۋادرات مېتىر كېلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ مەركىزىدە مەركىزىي تۈۋرۈكنىڭ ئىزنىكى بولغان كرېست شەكىللىك رامكا بارلىقى، ئىبادەتخانا ئىشىكىنىڭ شىمال تەرەپكە قارايدىغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ئىبادەتخانىدىن 20 نەچچە چوڭ، كىچىك قىياتاش رەسىمى تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېنىقراق بولغانلىرىدىن بۇددا دىنىغا ئائىت چەۋەندازنىڭ رەسىمى، بىراھمان يېزىقىدىكى يېغىشلىما قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەسىلىلەرنى دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ قېتىمقى قېزىش جۇڭگو ئارخېئولوگلىرىنىڭ دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىنى تۇنجى قېتىم قېزىشى ھېسابلىنىدۇ.

ۋېي يەن

# مەدەنىيەت بازىرى

## مەدەنىيەت بازىرىنىڭ ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 7668 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناخشا - ئۇسسۇل زالى 1154، ئېلېكترون ئويۇنچۇقخانا 495، بىليارتخانا 68، دومىلاتما توپ سارىيى (زالى) 20، ئۇنىۋېرسال كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى 89، تورخانا 1811، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى توپ، پارچە سېتىش ئورنى 1153، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى قويۇش ئورنى 307، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى 916، گۈزەل سەنئەت شىركىتى، رەسىم دۇكىنى، رەسىم كارىدورى 19، كىتابنى توپ، پارچە سېتىش كارخانىسى 220، مەدەنىيەت -

مەنئەت ئىگىلىكىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئورنى 12، باشقا تىجارەت ئورنى 1404. كەسپكار 18 مىڭ 912. ئاساسىي تىجارەت كىرىمى 362 مىليون 76 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان تىجارەت بېجى ۋە قوشۇمچە ھەق 32 مىليون 583 مىڭ يۈەن، يارىتىلغان قوشۇلما قىممەت 217 مىليون 633 مىڭ يۈەن. بۇنىڭدىن باشقا، كىيىم - كېچەك مودېللىرى ئەترىتى 60، يەككە ئويۇن قويغۇچى 618.

نى يۈشىن، خۇاڭ جۈنفاڭ

## مەدەنىيەت بازارلىرى تەرتىپكە سېلىندى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى 2002 - يىلى مەدەنىيەت بازارلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى ناچار مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ۋە قانۇنسىز تىجارەت ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي تۈگىتىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

**مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرغۇچىلار تەربىيىلەندى** مەدەنىيەت نازارىتى 3 - ئايدا تۆۋەنگە ھۆججەت تارقىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرغۇچىلار ۋە كەسپكارلار ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش تەربىيىسى پائالىيىتىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. جايلار بۇ كىشىلەرنى مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلىدى.

**ئۈن - سىن بازارلىرى مەخسۇس تۈزەلدى** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى 4 - ئايدا ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى پارچە سېتىش، نەشر قىلىش، كوچىدا يايما يېيىش قاتارلىق قانۇنسىز سېتىش پائالىيەتلىرىنى ئەستايىدىل ئېنىقلاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇترىتىدىغان، فېئودال خۇراپاتلىقنى تارقىتىدىغان ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان سىياسىي خاراكتېرلىك قانۇنسىز ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى قايتا - قايتا تازىلىدى، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ يىغىۋالدى ۋە قەتئىي پېچەتلىدى. 5 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى 450 تىن ئارتۇق ئاپتوموبىل (قېتىم)، 2630 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى ئىشقا سېلىپ، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 2100 دىن ئارتۇق ئورۇن ۋە پايىنى تەكشۈرۈپ، 1785 تىجارەتچىنى بىخەۋەرلىكتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ تىزىملىدى، 315 قانۇنسىز تىجارەت ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، 300 مىڭدىن ئارتۇق قانۇنسىز ئۈن - سىن بۇيۇمىنى يىغىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي خاراكتېرلىك قانۇنسىز ئۈن - سىن بۇيۇمى 146. مەدەنىيەت نازارىتى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قانۇنسىز ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى مەركەزلىك يوقىتىش ھەرىكىتىنى تەشكىللىدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى باش يىغىن مەيدانىدا 190 مىڭدىن ئارتۇق قانۇنسىز ئۈن - سىن بۇيۇمى، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 100 مىڭدىن ئارتۇق قانۇنسىز ئۈن - سىن بۇيۇمى كۆيدۈرۈلدى.

**تورخانىلاردىكى ئالاھىدە توردا مۇلازىمەت قىلىش تىجارەت سورۇنلىرى تۈزەلدى** مەدەنىيەت نازارىتى 2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تورخانىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە باشقۇرۇش بىلەن تەربىيە بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىللە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ تورخانىلارغا كىرىش مەسىلىسىنى ھەم توردىكى زىيانلىق ئۇچۇرلارنى تازىلاش خىزمەت تەسەۋۋۇرى ۋە خىزمەت نىشانىنى گەۋدىلىك ھەل قىلدى. تورخانا تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ خوجايىنلىرى نىشانلىق مەركەزلىك تەربىيىلىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، 3000 دىن ئارتۇق كەسپكار تەربىيىلەندى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تورخانىلار بىلەن خوشلىشىش، ناچار ئويۇنلار ۋە زىيانلىق ئۇچۇرلارنى رەت قىلىش پائالىيىتى 20 نەچچە قېتىم قانات يايدۇرۇلدى. «ئىنتېرنېت تورىغا چىقىش مۇلازىمەت تىجارەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش يۈزىسىدىن 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 3000 ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرگۈچى، 120 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىل (قېتىم) ئىشقا سېلىندى، ئاممىنىڭ 50 قېتىمدىن ئارتۇق پاش قىلىش مەلۇماتى قوبۇل قىلىنىپ قاراپ چىقىلدى، 1940 تىجارەت سورۇنى تەكشۈرۈلدى. يوشۇرۇن ئوت ئاپىتى ئامىلى مەۋجۇت بولغان، ئوت ئۆچۈرۈش مۇئەسسەسىلىرى مۇكەممەل بولمىغان، قۇرامىغا يەتمىگەنلەر كىرىپ تۇرىدىغان 200 دىن ئارتۇق تورخانا تىجارىتىنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇلدى؛ مەكتەپ بىلەن ئارىلىقى 200 مېتىر ئىچىدە بولغان، گۇۋاھنامىسى بولمىغان ياكى رەسمىيىتى تولۇق بولمىغان، تىجارەت قىلىش شارائىتى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان 134 تورخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ 300 قېتىمدىن ئارتۇق ھەرخىل تىجارەت تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىندى.

تويۇن قويۇش بازارلىرى ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرىدىغان قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنى «تىجارەت خاراكتېرلىك تويۇن قويۇش نىزامى» ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزاملار بويىچە تەربىيىلىدى. 2002. يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا باشقا ئۆلكىلەردىن كەلگەن تويۇن قويۇش ئۆمىكىدىن 21 ى كۆزىتىۋېلىندى، سىرتقا چېتىشلىق 14 تۈرلۈك تويۇن كۆرسىتىلدى. تۈرلۈك تويۇن قويۇش ئۆمەكلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا 1200 قېتىمدىن ئارتۇق سودا خاراكتېرلىك تويۇن قويدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت تىجارەت سورۇنلىرىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش ۋە باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇردى، ئاپتونوم رايونىمىزدا 70 تىن ئارتۇق تانسخانا، 100 دىن ئارتۇق سىنخانا، 200 دىن ئارتۇق ئويۇنخانا تەكشۈرۈلدى، 50 تىن ئارتۇق سىنخانا، 30 دىن ئارتۇق ئويۇنخانا تىجارەتنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇلدى.

نى يۈشىن

## تورخانىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئۆتكۈزۈۋېلىندى

ش ئۇ ئا ر ئالاقە باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە مەدەنىيەت نازارىتى ئۈچۈر كەسپى مىنىستىرلىكىنىڭ تورغا چىقىش مۇلازىمەت تىجارەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 17. كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقە تورىغا چىقىش مۇلازىمەت تىجارەت سورۇنلىرىغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىردى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن تورخانا قاتارلىق ئىنتېرنېت تورىغا چىقىش مۇلازىمەت تىجارەت سورۇنلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتى ۋە كۈندىلىك باشقۇرۇش خىزمىتى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا تەۋە بولدى.

مەدەنىيەت نازارىتى، ج خ نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئالاقە باشقۇرۇش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە گۇۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «ئىنتېرنېت تورىغا چىقىش مۇلازىمەت تىجارەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» دىكى روھ بويىچە «مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، ج خ مىنىستىرلىكى، ئۇچۇر كەسپى مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسىنىڭ تورخانا قاتارلىق ئىنتېرنېت تورىغا چىقىش مۇلازىمەت تىجارەت سورۇنلىرىنى مەخسۇس تۈزىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى، مەدەنىيەت نازارىتى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئىشخانىسىنىڭ ئىنتېرنېت تورىغا چىقىش مۇلازىمەت تىجارەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان قانۇن ـ نىزاملار توغرىسىدىكى جاۋاب ئالاقىسى» نى تارقاتتى.

2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە 3000 ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرگۈچى، 120 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىل (قېتىم) ئىشقا سېلىندى، ئاممىنىڭ 50 قېتىمدىن ئارتۇق پاش قىلىش مەلۇماتى قوبۇل قىلىنىپ قاراپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1900 دىن ئارتۇق تورخانا، ئىنتېرنېت تورىغا چىقىش مۇلازىمەت تىجارەت سورۇنى تەكشۈرۈلدى، ئوت ئۆچۈرۈش مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل بولمىغان، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنغان 200 دىن ئارتۇق تورخانا ئىشتىن توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى، مەكتەپ بىلەن ئارىلىقى 500 مېتىر ئىچىدە بولغان، گۇۋاھنامىسى بولمىغان ياكى رەسمىيىتى تولۇق بولمىغان، تىجارەت قىلىش شارائىتى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان 134 تورخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بەلگىلىمىگە خىلاپ 300 قېتىمدىن ئارتۇق ھەرخىل تىجارەت تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىندى، قانۇنسىز تىجارەت پائالىيەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، تورخانا، ئىنتېرنېت تورىغا چىقىش مۇلازىمەت تىجارەت سورۇنلىرىنىڭ تىجارەت تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى.

نى يۈشىن

# تارىخ، تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالى

## پارتىيە تارىخى خىزمىتى

1. پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىغا سوۋغا تەقدىم قىلىش تۈرى تەشكىللىنىپ يولغا قويۇلدى. پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 16 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىش هارپىسىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە 3 تۈرلۈك سوۋغا تەقدىم قىلىش قۇرۇلۇشنى تەشكىللەپ يولغا قويدى: «يېڭى ئەسىرگە سەپەر — 15 ـ قۇرۇلتايدىن 16 ـ قۇرۇلتايغىچە» ناملىق 250 مىڭ خەتلىك كىتابنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇردى، بۇ كىتابتا 15.

قۇرۇلتايدىن بېرى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە تەجرىبىلەر ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلەندى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلدى؛ «چېگرا رايون خەلقى پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ» ناملىق مۇسنەخەت، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزدى، بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە بىر قىسىم ئاتاقلىق خەتتاتلار، رەسساملار ۋە مۇسنەخەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئەسىرى قويۇلدى؛ 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى تېما قىلىپ، «غەربىي قىسمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا شىنجاڭغا نەزەر» ناملىق سۆزلەر توپلىمىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇردى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىلەن بىرلىكتە پىلانلاپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈشى» ناملىق بىر يۈرۈش ئاسما خەرىتىنى تەھرىرلەپ ئىشلىدى.

2. پارتىيە تارىخى، دۆلەت تارىخى تەتقىقاتىدا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. پارتىيە تارىخى، دۆلەت تارىخىنى تۈزۈش جەھەتتە رامكا قۇرۇلمىسى، باب، پاراگرافلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ماتېرىياللارنىڭ تاللىنىشى، چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر ۋە مۇھىم شەخسلەر ئۈستىدىكى باھا ۋە بايان قاتارلىق جەھەتلەردە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىلدى. بۇ، نەشردىن چىقىپ بولغان «زامانىمىزدىكى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر» ۋە پات ئارىدا نەشردىن چىقىدىغان «زامانىمىزدىكى شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن 2 كىتابتا ئاساسلىق گەۋدىلەندۈرۈلدى. چوڭ. چوڭ تېمىلاردىكى تەتقىقاتلاردا يول ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، تەتقىقات ساھەسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ، يۈرۈشلۈك تەتقىقات نەتىجىلىرى يارىتىلدى. «شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش ھەققىدە تەتقىقات» تېمىسىدا، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى ئۇزاق مۇددەت تەتقىق قىلىدىغان نۇقتىلىق تۈر سۈپىتىدە ھەر يىلى بىر تۈركۈم تەتقىقات نەتىجىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە «ماركسىزم كلاسسىك يازغۇچىلىرى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن تاللانما»، «شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ‹ئۈچ خىل كۈچ› كە زەربە بېرىش كۈرىشىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، «شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ‹ئۈچ خىل كۈچ› كە زەربە بېرىش كۈرىشىگە ئائىت مەخسۇس ماتېرىياللاردىن تاللانما» دېگەن ئەسەرلەر تەكشۈرۈشكە يوللاندى. بۇنىڭدىن باشقا، «شىنجاڭ پارتىيە تارىخى» ژۇرنىلىمۇ پارتىيە تارىخى خىزمىتىگە ئائىت بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى تەشكىللەپ يازدۇردى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «تەڭرىتاغدىكى ئۆچمەس نۇر — يولداش ۋاڭ ئېنماۋ توغرىسىدىكى ئەسلىمە ماقالىلەر توپلىمى» تەھرىرلىنىپ بولدى، بۇ كىتاب پات ئارىدا نەشردىن چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە 87 مىڭ خەتلىك «جۇمھۇرىيەت بويىچە ئەلا» ناملىق كىتابنى يېزىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

3. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ پارتىيە تارىخى خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش كۈچەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى 2002 - يىلى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ پارتىيە تارىخى خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. 6 - ئايدا ئىلى ئوبلاستلىق پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرلىك پارتىيە تارىخى تۈزۈش خىزمىتى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى. رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭغا بۆلۈنۈپ بېرىپ، پارتىيە تارىخى خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پارتىيە تارىخى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، پارتىيە تارىخى تارماقلىرىدا ساقلانغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ياردەم بەردى. ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى پارتىيە تارىخى تارماقلىرى بىلەن بولغان توغرا لىنىيىلىك ئالماشتۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. 8 - ئايدا ئىچكى موڭغۇل پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە پارتىيە تارىخى خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان تارىخ ماتېرىياللىرى ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان تارىخ ماتېرىياللىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى يەنە «ھازىرقى زامان جۇڭگو شەھەرلىرىنىڭ تەرەققىياتى» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش خىزمىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنى، «يېڭى ئەسىرگە سەپەر — 15. قۇرۇلتايدىن 16 - قۇرۇلتايغىچە» دېگەن كىتابنىڭ غەربىي شىمال بۆلىكىنى تەھرىرلەش بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي خىزمەت تارىخىي تەجرىبىلىرى مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارغا قاتناشتى. مەملىكەت

خاراكتېرلىك بەزى يىغىنلارغا ۋە كۆتۈرۈلۈش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىش ئارقىلىق مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى، خېبېي، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلىك، شەھەرلىك پارتىيە تارىخى تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن خىزمەت تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى. شۇ يىلى «شىنجاڭ پارتىيە تارىخى» ژۇرنىلى 5 سان تەھرىرلەندى، ئۇنىڭ ئومۇمىي خەت سانى 370 مىڭ خەت كېلىدۇ. «شىنجاڭ پارتىيە تارىخى خىزمىتى قىسقا خەۋەرلىرى» 12 سان تەھرىرلىنىپ تارقىتىلدى، ئۇنىڭ ئومۇمىي خەت سانى 40 مىڭ خەت كېلىدۇ. بىر يىلدىن بېرى، پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى يەنە شىنجاڭ پارتىيە تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى، دۆلەت تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىگە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتتى. پارتىيە تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن دۆلەت تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر يۇقىرىغا يوللىنىدىغان 5 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەردىن 20 نەتىجىنى دەسلەپكى قەدەمدە باھالاشقا ئۇيۇشتۇردى. ئالاقىدار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە بۇ يىغىنلارغا ئادەم قاتناشتۇرۇلدى. مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تاللىنىپ يۇقىرىغا يوللىنىدىغان شىنجاڭدىكى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە ئائىت تارىخىي ئەسلىمىلەرگە كىرگۈزۈلىدىغان نامزاتلار، مىللەتلەر خىزمىتى تارىخىغا ئائىت ئەمەلىي ئىپىك ۋەقەلەر لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. 2002 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئاپتونوم رايون بويىچە 5 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش داۋامىدا ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن «ج ك پ شىنجاڭ يەرلىك پارتىيە تارىخى» (بىرىنچى توم) ۋە «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ چې روشيۇڭ يازغان «50 - يىللاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قائىدىسى ۋە ئەمەلىيىتى» دېگەن ئىلمىي ماقالە مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك پارتىيە تارىخىغا ئائىت مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە 5 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ليۇ جياڭخەي يازغان «غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش داۋامىدا مىللەت ئامىلى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە تەدبىرلەر ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئىلمىي ماقالە بىلەن شۇ يۈيى، دۇن شىجۈنلار يازغان «سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دېگەن ئىلمىي ماقالە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تاللىنىپ يوللانغان شىنجاڭدىكى پارتىيە مىللىي خىزمىتىگە ئائىت تارىخىي ئەسلىمىلەرگە كىرگۈزۈلىدىغان نامزاتلار، مىللەتلەر خىزمىتى تارىخىغا ئائىت ئەمەلىي ئىپىك ۋەقەلەر لايىھىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتتى.

جاڭ نىڭ

### تەزكىرە خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش، تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسىدىن 6 توم، ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىسىدىن 9 توم نەشر قىلىندى، ئۆلكە دەرىجىلىك 3 خىل ئۇنىۋېرسال يىلنامە، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك 4 خىل ئۇنىۋېرسال يىلنامە، ناھىيە دەرىجىلىك 3 خىل ئۇنىۋېرسال يىلنامە، 6 خىل كەسىپ، تارماق يىلنامىسى نەشر قىلىندى، تەزكىرە نەزەرىيىسىگە ئائىت بىر ئەسەر نەشر قىلىندى، تەزكىرە نەزەرىيىسىگە ئائىت 11 ماقالە، يىلنامە نەزەرىيىسىگە ئائىت 10 ماقالە ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 4 سان، ئۇيغۇرچە 4 سان نەشر قىلىندى، «تەزكىرىچىلىك ئۇچۇرى» 38 سان تۈزۈپ تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 5 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاشتا 15 تەزكىرە كىتابى مۇكاپاتلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «جۇڭگو قىرغىزلىرى قامۇسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرىسى»، «ئۈرۈمچى شەھىرى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. نېفىت سانائىتى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تىل - يېزىق تەزكىرىسى» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئاشلىق تەزكىرىسى» قاتارلىق 9 تەزكىرە كىتابى ۋە يىلنامە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش، نەشر قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ھەرقايسى رايونلار، ئورۇنلاردىكى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولمىغان رايونلار ۋە ئورۇنلاردىن تەزكىرە تۈزۈش

خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىمكان قەدەر تېزلىكتە كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تەزكىرىچىلەرنى يېتەرلىك سەپلەپ، تەزكىرە تۈزۈشكە كېتىدىغان خىراجەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۆز قەرەلىدە ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى. 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن 500 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش خىراجىتىگە قوشۇمچە قىلىشقا سەرپ قىلىندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 4 ـ ئاينىڭ 11 — 12 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق قارالمىسى تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، 1 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا ئورۇنداشتىن ئىبارەت بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلەت ئابدۇرىشىت يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئالدىنقى بىر باسقۇچلۇق تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ يىغىن 1 ـ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئىمكانقەدەر تېز ئورۇنداشتا پائال تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىگە نەزەرىيە جەھەتتىن ئوبدان تەييارلىق كۆرۈش يۈزىسىدىن 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرى، تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىنى ئاچتى، تەربىيىلەشكە 102 ئادەم قاتناشتى. كۇرستا، ئاساسلىقى، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشكە ئائىت ئاساسىي نەزەرىيە ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخى، مىللەت، دىن قاتارلىقلارغا ئالاقىدار بىلىملەر ئۆگىنىلدى.

لىيۇ دېرۇن

## يېقىندىن نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. كادىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 940 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2002 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىر ئالڭ شىدې. بۇ تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلدىن باشلىنىپ، ئاخىرقى چېكى 1990 ـ يىلدا توختايدۇ، كىتاب مىنگو دەۋرىدىكى ۋە مىنگو دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ئەمەلدارلىق تۈزۈمى، مەمۇرىي كادىرلارنىڭ تەركىبى، كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، كادىرلار تەربىيىسى، كەسپىي تېخنىكا كادىرلار، ئارمىيىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى، مائاش، سۇغۇرتا، پاراۋانلىق، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتى، ئاپپارات ۋە شتات باشقۇرۇش، كادىرلار ئىشلىرى ئاپپاراتلىرى ۋە قوشۇمچە قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ، ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك خاتىرىلەنگەن ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ۋە ئېنىق ماتېرىيال ھازىرلاپ بېرىلگەن.

چې جۈنشېڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئورمانچىلىق تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2002 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىر لىبې خۇا. بۇ كىتاب 800 مىڭدىن كۆپرەك خەتلىك بولۇپ، 9 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، كىتابقا ئورمانچىلىق ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا ئائىت 146 قىسىمەتلىك تارىخىي سۈرەت ۋە ھازىرقى زامان سۈرىتى كىرگۈزۈلگەن، كىتابتا بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بېرى شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق جەريان بايان قىلىنغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بېرى شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان، شىنجاڭ ئورمانچىلىقىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە قوشقان تۆھپىسى ھەم شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىقىدىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر نامايان قىلىنغان.

لىبې خۇا

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. سىياسىي كېڭەش تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 450 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2002 ـ يىل 11 ـ ئايدا خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىر ياڭ دېگۇي. بۇ تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى 1951 ـ يىل 5 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن مەسلىھەت كومىتېتىدىن باشلىنىپ، ئاخىرقى چېكى 1994 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا توختايدۇ، كىتاب ئاپپارات ـ خادىملار، مۇھىم يىغىنلار، ئاساسلىق خىزمەتلەر، پارتىيە تەشكىلاتى ۋە قوشۇمچە قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى مەخسۇس ئەكس ئەتتۈرگەن تۇنجى تەزكىرە كىتابى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدا شىنجاڭدا سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغاندىن بېرى ھەرقايسى

جەمئىيەتلەردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ئوبيېكتىپ ۋە سىستېمىلىق خاتىرىلەنگەن.

چى جۇنشياڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تەنتەربىيە تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 980 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2002 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىر جېي لىنچاۋ. بۇ تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى شىنجاڭدا تەنتەربىيىنىڭ باشلانغانلىقىدىن سۈرۈشتۈرۈلۈپ، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلدا توختايدۇ. كىتاب مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە، ئاممىۋى تەنتەربىيە، ماھارەت تەنتەربىيىسى، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تەنتەربىيە ئىشلىرى ئىلمىي تەتقىقاتى ۋە تەنتەربىيە تەشۋىقاتى، تەنتەربىيە جەمئىيەتتىكى بېرىش - كېلىشلەر ۋە تاغقا چىقىش ئېكىسپېدىتسىيىسى، ساياھەتچىلىك، تەنتەربىيە ئاپپاراتلىرى، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە تەنتەربىيە ساھەسىدىكى شەخسلەر ھەم قوشۇمچە قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ كىتابتا «ھازىرقىسىنى تەپسىلىي، قەدىمكىسىنى قىسقىچە بايان قىلىش» پرىنسىپى بويىچە، 1949 - يىل 10 - ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئومۇمىي جەريان نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

چى جۇنشياڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئۆلچەملەشتۈرۈش ئۆلچەم تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىر مياۋ شۈاڭ. بۇ تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى شىنجاڭدا ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم ئىشلىرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن تارتىپ يېزىلىپ، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىدا توختايدۇ. كىتاب ئۆلچەم، ئۆلچەملەشتۈرۈش، سۈپەتنى نازارەت قىلىش، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، ئاخبارات، ئىلمىي جەمئىيەت، مالىيە خىزمىتى، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ئاپپارات ۋە قوشۇن ھەم قوشۇمچە قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ كىتابتا شىنجاڭدىكى ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم ئىشلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى خاتىرىلەنگەن، ھازىرقى زاماندىكى ۋە كەلگۈسىدىكى شىنجاڭنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم ئىشلىرىغا ئىشەنچلىك ۋە پايدىلىق ئۈلگە ھازىرلاپ بېرىلگەن.

چى جۇنشياڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. يەر تەۋرەش تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1 مىليون 260 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2002 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىر جۇ لىگرېن. كىتابتا يەر تەۋرەش ھەرىكەتلىرى، يەر تەۋرەش گېئولوگىيىسى، يەر تەۋرەيدىغان رايونلار، يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، يەر تەۋرەش ئاپىتىنى ئازايتىش، يەر تەۋرەش ئىلمىي تەتقىقاتى، يەر تەۋرەش جەمئىيەتتىكى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 8 قىسىم تەسىس قىلىنغان. قىسىملارنىڭ ئالدىغا كىرىش سۆز ۋە ئومۇمىي بايان كىرگۈزۈلگەن، قىسىملارنىڭ ئارقا تەرىپىگە مۇھىم ھۆججەتلەر ۋە ئاخىرقى سۆز كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابتا شىنجاڭ تەۋەسىدە مىلادىيە 1600 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە يۈز بەرگەن چوڭ، مۇھىم يەر تەۋرەش ۋەقەلىرى ۋە يەر تەۋرەش ئاپەتلىرى سىستېمىلىق خاتىرىلەنگەن، 84 قېتىملىق يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى بويىچە تارقىلىش خەرىتىسى ۋە M≥4 بال يەر تەۋرەش مۇندەرىجىسى بېرىلگەن؛ شىنجاڭدا يەر تەۋرەش خىزمىتى قوشۇنىنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، پەيدىنپەي راۋاجلانغان ۋە ئۆلغايغان تارىخىي جەريانى بايان قىلىنغان؛ 30 يىلدىن بۇيرى شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىستانسا - تورلىرىنىڭ پەيدىنپەي زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىش جەريانى ھەم شىنجاڭدا يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشنىڭ ماۋات چىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئالدىن مەلۇمات بېرىشتىن فىزىكىلىق ئاساسقا ئىگە بولغان ئېھتىماللىق، تەجرىبىچانلىق ئاساسىدىكى ئالدىن مەلۇمات بېرىشكە راۋاجلانغان جاپا - مۇشەققەتلىك ئىزدىنىش مۇساپىسى بايان قىلىنغان؛ شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش خادىملىرىنىڭ خىزمەتتە ۋە ئىلمىي تەتقىقاتتا ئېرىشكەن نەتىجىلىرى بايان قىلىنغان. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. يەر تەۋرەش تەزكىرىسى» شىنجاڭدا تارىختىن بۇيرى شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەشلەرنى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە قارشى قىلغان كۈرەشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلغان تۇنجى كەسپىي خاراكتېرلىك تارىخىي كىتاب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش سېپىدە بىرنەچچە ئون يىل تىرىشىپ كۈرەش قىلغان ھەر مىللەت يەر تەۋرەش خادىملىرىنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

جۇاڭ ماۋلياڭ

«تۇرپان شەھىرى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2002 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرلەر جۇاڭ شىڭجى، خې لەنشىن، گې شىن قاتارلىقلار. بۇ كىتابتا ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلاردىن سىرت، تۈرلەرگە ئايرىپ تۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، كىتاب 1 مىليون 700 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 38 قىسىم، 207 باب، 730 پاراگرافتىن تەركىب تاپقان. بۇ تەزكىرە

كىتابنىڭ يۇقىرى چېكىدە شەيئىلەرنىڭ باشلىنىشى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، ئاخىرقى چېكى 1995 - يىلدا توختايدۇ، ئاخىرقى چەكتىن نەشردىن چىققان ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش يۈزىسىدىن، قوشۇمچە قىسمىدا 1996 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چوڭ ئىشلار، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئالاھىدە كىرگۈزۈلگەن. بۇ تەزكىرە كىتابىدا تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ۋەقەلەر، شەھەر تەۋەسىدىكى تۈرلۈك كەسىپلەردە كۆرۈلگەن كۆتۈرۈلۈش، پەسىيىش ۋە گۈللىنىش - چۈشكۈنلىشىش ئەھۋاللىرى ئومۇميۈزلۈك بايان قىلىنغان، كىتابتا يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش يۈزىسىدىن «بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تىزگىنلەش» ، «ئۈزۈم» قاتارلىق قىسىم - بابلار تەسىس قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ بەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىلمىي، ماتېرىياللىرى تەپسىلىي، ئېنىق ۋە توغرا، يەرلىك ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك، ئېتنوگرافىيىلىك ئالاھىدىلىكى روشەن، بۇ كىتاب ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىشتىكى ياخشى دەرسلىك. شۇنداقلا تۇرپاننىڭ قامۇسى بولۇپ، بىرقەدەر يۇقىرى تەتقىقات، پايدىلىنىش ۋە ساقلاش قىممىتىگە ئىگە.

يىن خۇڭمېي

«تولى ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 752 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2002 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرلەر چېن چىنيەن، لياڭ شياۋبىن. بۇ كىتابنىڭ يۇقىرى چېكىنىڭ چېكى يوق، ئۇنىڭدا شەيئىلەرنىڭ باشلىنىشىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تىرىشىلغان، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلدا توختايدۇ، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش يۈزىسىدىن، ئايرىم باب - پاراگرافلارنىڭ ئاخىرقى چېكى مۇۋاپىق ئۇزارتىلغان. بۇ كىتابتا قىسىم، باب، پاراگراف، تارماق قۇرۇلمىسى قوللىنىلغان بولۇپ، كىتاب 22 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. كىتابتا ناھىيىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋاللىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى ئوبيېكتىپ، سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك بايان قىلىنغان، كىتاب ئاخىرىدىكى قوشۇمچە قىسىمغا 1991 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە تولى ناھىيىسىدە بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىشلار ۋە ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى كىرگۈزۈلگەن، كىتابقا كىرگۈزۈلگەن مەزمۇنلاردا دەۋر ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىلغان.

يىن خۇڭمېي

«قەشقەر شەھىرى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2002 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرلەر ئابدۇرېشىت ھاجى، ۋاڭ شىشياڭ. بۇ تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى شەيئىلەرنىڭ باشلىنىشىدىن باشلىنىپ، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلى توختايدۇ، ئاخىرقى چەك يىلەن تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىققانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ماتېرىيال جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش يۈزىسىدىن كىتابنىڭ ئاخىرىغا داۋاملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلىدىغان قىسمى تەسىس قىلىنغان، بۇنىڭغا قەشقەر شەھىرىنىڭ 1991 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە بولغان تەرەققىيات ئومۇمىي كۆرۈنۈشى كىرگۈزۈلگەن. بۇ تەزكىرە كىتابى ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، مەخسۇس تەزكىرە، قوشۇمچە ۋە داۋاملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلىدىغان قىسىمدىن تەركىب تاپقان، بۇ كىتاب 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك بولۇپ، مەخسۇس تەزكىرىدە 23 قىسىم تەسىس قىلىنغان. يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش يۈزىسىدىن «مىللىي ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك» قاتارلىق قىسىم - بابلار ئالاھىدە تەسىس قىلىنغان، بۇ، كىشىگە يېڭىچە تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. بۇ تەزكىرە، كىتابىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ تەبىئىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى ئومۇميۈزلۈك، تەپسىلىي ۋە ئېنىق، ئىلمىي خاتىرىلەنگەن، ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك ۋە ماتېرىيالچانلىق جەھەتتە ئورگانىك بىرلىك بولۇش يولىدا تىرىشىلغان. بۇ تەزكىرە كىتابى روشەن دەۋر پۇرىقىغا، قويۇق مىللىي كەيپىياتقا ۋە كۆرۈنەرلىك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇ ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ماتېرىيال خاراكتېرىگە ئىگە نوپۇزلۇق ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

يىن خۇڭمېي

«جىمسار ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2002 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىر ياڭ مۇيىن. بۇ تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكىدە ماتېرىياللارغا ئاساسەن تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتە قىلىشقا تىرىشىلغان، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىدا توختايدۇ. ئۇسلۇب جەھەتتە بايان، خاتىرە، تەزكىرە، تەرجىمىھال، سۈرەت، جەدۋەل، ئۆزۈندە قاتارلىقلار ئاساس قىلىنغان، باب، پاراگراف، تارماقلارغا بۆلۈنگەن، ئاندىن كېيىن تەبىئەت، سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، شەخسلەر قىسىملىرى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كىتابنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىسمى بېرىلگەن، قوشۇمچە قىسمىدا چوڭ ئىشلار شەكلىدە بۇ ناھىيىنىڭ 1991 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان

قارىلىقتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى قوشۇمچە قىلىنغان. 38 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بۇ تەزكىرە كىتابنىڭ خەت سانى 1 مىليون خەت كېلىدۇ. ئۇنىڭدا جىمسار ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك، ئىلمىي ئاساستا بايان قىلىنغان، ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك، ماتېرىيالچانلىق بىر گەۋدە قىلىنغان، دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش يولىدا كۈچ سەرپ قىلىنغان، بۇ، ماتېرىيال خاراكتېرلىك چوڭ قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

يىن خۇڭمېي

«غۇلجا شەھىرى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1 مىليون 470 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2002 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىر غۇلاڭ داچياڭ. بۇ تەزكىرە كىتابنىڭ يۇقىرى چېكىدە تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتە قىلىشقا تىرىشىلغان، ئاخىرقى چېكى ئادەتتە 1990 - يىلدا توختايدۇ. كىتابتا غۇلجا شەھىرىنىڭ شەھەر بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. تەزكىرە كىتابتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش يۈزىسىدىن قوشۇمچە قىسمىغا غۇلجا شەھىرىدە 1991 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىشلار، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى كىرگۈزۈلگەن. بۇ تەزكىرە كىتابىدا ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلاردىن سىرت، 25 قىسىم تەسىس قىلىنغان، قىسىم، باب، پاراگراف، تارماقلارغا بۆلۈنگەن، بەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولۇپ، ئىدىيىۋىلىك، ماتېرىيالچانلىق، ئىلمىيلىك بىر گەۋدە قىلىنغان، بۇ كىتاب غۇلجا شەھىرىنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىن خۇڭمېي

«لوپ ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1 مىليون 300 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2001 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىر سۇن بىن. كىتابنىڭ يۇقىرى چېكىدە ئىمكانقەدەر شەيئىلەرنىڭ باشلىنىشى سۈرۈشتە قىلىنغان، ئاخىرقى چېكى 1994 - يىلدا توختايدۇ، قوشۇمچە قىسمىغا لوپ ناھىيىسىدە 1995 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىشلار، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى ئاساسىي ئەھۋالى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابتا چوڭ ئىشلار ۋە قوشۇمچە قىسىمدىن سىرت، 30 قىسىم تەسىس قىلىنغان. كىتابتا ناھىيىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئوبيېكتىپ، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ ماتېرىياللىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق، بەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىلمىي، يەرلىك ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك. بۇ كىتاب پايدىلىنىش قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى ماتېرىيال خاراكتېرلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

يىن خۇڭمېي

«سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 3 مىليون 210 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2002 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرلەر ما دېڭجيې، نيې جىشياڭ. كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى شەيئىلەرنىڭ باشلىنىشى ۋە ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا بەلگىلەنگەن، ئاخىرقى چېكى 1995 - يىلدا توختايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، شەخسلەر قىسمىنىڭ ئاخىرقى چېكى 2000 - يىلغىچە داۋاملىشىدۇ، بۇنىڭ سىرتىدا، ئاخىرقى چەك جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش يۈزىسىدىن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 1996 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالى ئالاھىدە داۋاملاشتۇرۇلۇپ كىرگۈزۈلگەن. تەزكىرە كىتابىدا 44 قىسىم تەسىس قىلىنغان، قىسىم، باب، پاراگراف، تارماقلارغا بۆلۈنگەن، بايان، خاتىرە، تەزكىرە، سۈرەت، جەدۋەل، تەرجىمىھال قاتارلىق بايان قىلىش شەكىللىرى قوللىنىلغان، تەزكىرە ئاساس قىلىنىپ، تۈرلەرگە ئايرىلىپ، تارىخىي پاكىتلار بايان قىلىنىپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تارىختىن بۇيرى تەبىئىي شارائىت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنىڭ گۈللىنىش - خارابلىشىش ۋە كۆتۈرۈلۈش - پەسىيىش ئەھۋالى ھەم تەبىئىي شارائىت ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى نامايان قىلىنغان. كىتابنىڭ بايانى تەپسىلىي ۋە ئېنىق، نۇقتىئىنەزەرى توغرا، تۈزۈلۈشى پۇختا، مەزمۇنى مول، ئۇسلۇبى ئاددىي - ساددا. بۇ كىتاب — سانجىنى چۈشىنىش، سانجىنى تەتقىق قىلىشتا جايلار ئەھۋالى توغرىسىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان كىتاب، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرىشتىكى ياخشى دەرسلىك.

يىن خۇڭمېي

«بۇرچىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 2002 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر

قىلىندى، باش مۇھەررىر جاۋ ۋېنلى، 1 مىليون 113 مىڭ خەتلىك بۇ كىتاب 28 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. كىتابنىڭ يۇقىرى چېكى شەھەرلەرنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ بايان قىلىنىدۇ، ئاخىرقى چېكى 1995 - يىلدا توختايدۇ. ئومۇمىي بايان، ساياھەتچىلىك، شەخسلەر قاتارلىق قىسىم، بابلار ھەم تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن خەرىتە، سۈرەتلەرنىڭ ئاخىرقى چېكى 2000 - يىلغىچە داۋاملىشىدۇ. ئاخىرقى چەك بىلەن كىتابنىڭ نەشردىن چىققان ۋاقتى ئارىلىقىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش يۈزىسىدىن، قوشۇمچە قىسىمغا 1996 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان چوڭ ئىشلار ھەم بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالى كىرگۈزۈلگەن. بۇ تەزكىرە كىتابنىڭ نۇقتىئىنەزىرى توغرا، قۇرۇلمىسى پۇختا، ماتېرىياللىرى تولۇق بولۇپ، مەزمۇنىنى بايان قىلىشتا دەۋر ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىنغان. مۇشۇ مەقسەتتە كىتابتا «قاناس دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى» دېگەن قىسىم تەسىس قىلىنغان. «بۇرچىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ئىلمىيلىك، ئەدىبىيلىك، ماتېرىيالچانلىق بىر گەۋدە قىلىنغان، بۇ، ماتېرىيال قىممىتى ۋە پايدىلىنىش قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان چوڭ قورال كىتاب بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بۇرچىن ناھىيىسىنى تونۇشى، چۈشىنىشىدە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىن خۇڭبى

«ئۈرۈمچى شەھىرى بېيتاشەھەر رايونىنىڭ تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 960 مىڭ خەتلىك بولۇپ، 2002 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىر لىيۇ گوشۈن. كىتابتا بايان قىلىنغان مەزمۇننىڭ ۋاقتى پىرىنسىپ جەھەتتە بېيتاشەھەر رايونى قۇرۇلغان 1961 - يىلنى يۇقىرى چەك قىلىدۇ، 2000 - يىلنى ئاخىرقى چەك قىلىدۇ، كىتاب باب، پاراگراف، تارماقلارغا بۆلۈنگەن، بايان، خاتىرە، تەزكىرە، تەرجىمىھال، خەرىتە، جەدۋەل، ئۈزۈندە بايان قىلىش شەكلى قىلىنىپ، بېيتاشەھەر رايونى تەۋەسىدە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ھەرقايسى ساھەلەردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى بايان قىلىنغان، ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، دەۋر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بېيتاشەھەر رايونى قۇرۇلۇشتا ياراتقان شانلىق نەتىجىلىرى ۋە بوشاشماي كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى نامايان قىلىنغان.

يىن خۇڭبى

# ئارخىپچىلىق

## ئارخىپچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. ئۇل قۇرۇلۇش ئەھۋالى. 2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئارخىپچىلىق خىراجىتى 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولدى (بىڭتۈەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، ئارخىپ ئامبارلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 53 مىڭ 890 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 17 مىڭ 105 كۋادرات مېتىر ئاشتى. ھەر دەرىجىلىك ئارخىپخانىلاردا 205 كومپيۇتېر، 63 نۇسخا ئالغۇ، 76 ھاۋا تەڭشىگۈچ، 17 قۇرۇتقۇچ، 6 دېزىنفېكسىيە ئۈسكۈنىسى كۆپەيدى. ئارخىپ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار، ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلار ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردىكى ئارخىپ تارماقلىرىنىڭ كەسپىي خادىملىرىدىن ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغانلار ئومۇمىي خادىمنىڭ 80% نى، ئارخىپ كەسپى بويىچە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغانلار ئومۇمىي خادىمنىڭ 18% نى ئىگىلىدى. 2002 - يىلى 70 كىشى ئارخىپچىلىق كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە باھالاندى ۋە تەكلىپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ كاندىدات تەتقىقاتچىسى 25، مەسئۇل باشقۇرغۇچى 31.

2. كەسپىي خىزمەت. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى 2002 - يىلى ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە مۇلازىمەت قىلدۇرۇش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. ھەر دەرىجىلىك ئارخىپ تارماقلىرى ئارخىپچىلىق خىزمىتىنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىپ، ئارخىپچىلىق خىزمىتىدىكى مۇلازىمەت مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا مۇلازىمەت قىلدۇرۇش چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىنى پائال كېڭەيتىپ، ئارخىپچىلىق خىزمىتىنىڭ مۇلازىمەت ۋاسىتىسى، مۇلازىمەت شەكلى، مۇلازىمەت دائىرىسىدە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلدى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى (ئارخىپخانا) ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش بازىسى ۋە ش ئۇ ئا ر ھۆججەت كۆرۈش مەركىزىنى قۇرۇشنى ئارخىپخانا قۇرۇلۇشىدىكى 1 - دەرىجىلىك چوڭ ئىش قاتارىغا قويدى. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش بازىسىنىڭ دەسلەپكى تەييارلىق خىزمىتى ئاساسەن تاماملاندى، ش ئۇ ئا ر ھۆججەت كۆرۈش مەركىزى ش ئۇ ئا ر پارتكوم

ئىشخانىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ دەستىقى بىلەن ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ھۆججەتلىرىنى بېغىش باسقۇچىغا كىردى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپخانا غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ئارخىپ تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى» نى تۈزۈپ چىقتى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى 2002 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارخىپ قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىغا 15 يىل بولغان پەيتلىك پەيتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئارخىپ ئارماقلىرىنى بىر قاتار داغدۇغىلىق تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بىڭتۇەن ئارخىپ ئىدارىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئارخىپ ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە خەلق مەيدانىدا 600 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان چوڭ خاتىرىلەش تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى، ئارخىپ ئىلمىي جەمئىيىتى ئارخىپ قانۇنى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 15 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «شىنجاڭ ئارخىپچىلىقى» نىڭ مەخسۇس سانىنى چىقاردى. يۇقىرىقى پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن ئاممىنىڭ ئارخىپچىلىق قانۇن - تۈزۈم ئېڭى يەنىمۇ كۈچەيدى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى 2002- يىلى ئارخىپچىلىق خىزمىتىدە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئارخىپچىلىق قانۇن- تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سۈردى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى 4- ئايدىن 5 - ئايغىچە ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال ئارخىپخانىلار خىزمىتىنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى تەشكىللىدى ھەمدە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئۇقتۇردى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى 11 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 11 ئارخىپخانا ۋە ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئارخىپ قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى، ئارخىپلارنى بىخەتەر ساقلاش ئەھۋالى، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش ئەھۋالى ھەم ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ يېڭى ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. 2002 - يىلى 94 ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇن ۋە 6 ئارخىپخانا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلار ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار ھەم چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردىكى ئارخىپ ئارماقلىرى 328 مىڭ 173 توپلام (دانە) ئارخىپ، 2752 قاپ ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ فىلىمى ئارخىپى، 23 مىڭ 615 پارچە سۈرەت ئارخىپى، 68 مىڭ 880 دانە نېگاتىپ، 394 قاپ (دانە) ئېلېكترون ئارخىپنى قوبۇل قىلدى.

3. ئارخىپتىن پايدىلىنىش خىزمىتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئارخىپ ئارماقلىرى 2002 - يىلى ئارخىپتىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىلغان ئارخىپ 230 مىڭ 509 توپلام (قېتىم)، 56 مىڭ 730 ئادەم (قېتىم) گە، پايدىلىنىلغان ماتېرىيال 13 مىڭ 589 جىلد (قېتىم)، 7836 ئادەم (قېتىم) گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى 38 مىڭ 864 توپلام (قېتىم)، خىزمەت تەكشۈرۈشنى 125 مىڭ 527 توپلام (قېتىم)، تارىخ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى 42 مىڭ 297 توپلام (قېتىم)، ئىلمىي تەتقىقاتنى 7898 توپلام (قېتىم)، تەشۋىقات - تەربىيىنى 1554 توپلام (قېتىم)، باشقا ئىشلارنى 14 مىڭ 713 توپلام (قېتىم) ئارخىپ بىلەن تەمىنلىگەن.

يۈ شياۋيەن

## ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 6 ئارخىپخانىنىڭ ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە، 81 ئورۇننىڭ ئورگان ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى باشقۇرۇشى ئاپتونوم رايون بويىچە 1- دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى، 12 كارخانا ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئۆلكە (مىنىستىرلىك) دەرىجىلىك ئورۇن، دەپ ئېتىراپ قىلىندى، بىر پەن - تېخنىكا كەسپىي ئورنى ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا ئۆلكە (مىنىستىرلىك) دەرىجىلىك ئورۇن، دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئارخىپخانا، دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئارخىپخانىلار: قاراماي شەھەرلىك ئارخىپخانا، توققۇزتارا ناھىيىلىك ئارخىپخانا، خوشۇت ناھىيىلىك ئارخىپخانا، چەرچەن ناھىيىلىك ئارخىپخانا، كۇچا ناھىيىلىك ئارخىپخانا، شايار ناھىيىلىك ئارخىپخانا.

ئورگان ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇنلار: بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى، ش ئۇ ئا ر 3 - تۇرمە، ش ئۇ ئا ر 5 - تۇرمە، سانجى ئوبلاستلىق يەرلىك باج ئىدارىسى، شايار ناھىيىلىك يەر ئىدارىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ غۇلجا ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ كۈنەس ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ نىلقا ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ تېكەس ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ چاپچال ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ توقسۇزتارا ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ مەكىت تارماق بانكىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك يەر تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش - لايىھىلەش يۈرتى، مىچۈەن شەھەرلىك ئۆي - زېمىن پونكىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك يەرلىك باج ئىدارىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك ئۆي - زېمىن ئىشلىرى ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى، جۇڭگو سودا-سانائەت بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسى، باغراش ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، تاشقورغان ناھىيىلىك باج ئىدارىسى، ئىلى ئوبلاستلىق دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسى، كۈنەس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، تېكەس ناھىيىلىك يەر ئىدارىسى، چاپچال ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، كۈنەس ناھىيىسى كۈنەس بازىرى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ كۈيتۇڭ شەھەرلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ غۇلجا ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قورغاس ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ تېكەس ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ چاپچال ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، كورلا شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، چەرچەن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، چەرچەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، خوشۇت ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ خېجىڭ ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ يەنجى ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ بۈگۈر ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ بايىنغولىن ئوبلاستلىق شۆبە بانكىسى، سانجى ئوبلاستلىق دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، مىچۈەن شەھەرلىك سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، مىچۈەن شەھەرلىك ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بىرلەشمە كوپېراتىپى، مورى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، مورى ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى، سانجى شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، سانجى ئوبلاستلىق تۇرمە، ش ئۇ ئا ر ئاماكا مەخسۇس سېتىش ئىدارىسىنىڭ تۇرپان ۋىلايەتلىك شۆبە ئىدارىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى، توقسۇن ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسى، پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى «تىيانشان» رايونىنىڭ «ئىتتىپاق» كوچا مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى «تەڭرىتاغ» رايونىنىڭ جەنۇبىي «شىنخۇا» كوچىسى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بۆرتالا ئوبلاستلىق شۆبە بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تۇرپان ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى «دوستلۇق» كوچىسى تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى «ياشلار» كوچىسى تارماق بانكىسى، قاراماي شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى، قاراماي شەھەرلىك قاتناش - ترانسپورت ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قاراماي شەھەرلىك ترانسپورت ئىدارىسى.

كارخانىلار ئارخىپ خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك ئورۇن، دەپ ئېتىراپ قىلىنغان

# مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق

## ئومۇمىي بايان

### مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭدا 2002 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتاب 3319 خىل (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي تىل - يېزىقتىكىسى 1974 خىل) غا، تىراژى 72 مىليون (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي تىل - يېزىقتىكىسىنىڭ تىراژى 29 مىليون 210 مىڭ) غا، باسما تاۋىقى 504 مىليون (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي تىل - يېزىقتىكىسىنىڭ 186 مىليون) غا؛ چىقىرىلغان گېزىت 97 خىلغا، تىراژى 347 مىليونغا، باسما تاۋىقى 900 مىليونغا؛ چىقىرىلغان ژۇرنال 213 خىلغا، تىراژى 13 مىليونغا، باسما تاۋىقى 46 مىليونغا؛ چىقىرىلغان ئۈن - سىن، ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇمى 89 خىلغا، سانى 480 مىڭ دانىگە يەتتى. باسما، تارقىتىش ئورۇنلىرى 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقىنى بېسىش، تارقىتىش خىزمىتىنى تاماملىدى. 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىگە قاراشلىق نەشرىيات، باسما، تارقىتىش كارخانىلىرىنىڭ كىتاب سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 1 مىليارد 160 مىليون 420 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنخۇا» كىتابخانىلىرىنىڭ كىتاب سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 1 مىليارد 130 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 34.5% ؛ پاراتقان پايدىسى 37 مىليون 310 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنخۇا» كىتابخانىلىرىنىڭ پاراتقان پايدىسى 27 مىليون 180 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 62% ئاشتى. مىللىي تىل - يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ تارقىتىلىشىدا خېلى زور ياخشىلىنىش بولدى، كىتابلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 32 مىليون يۈەنگە يەتتى. نەشرىياتچىلىقنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە نەشر ھوقۇقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئاساسىي نىشان قىلىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، كەسىپ تەرتىپى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. بىر يىلدا كىتاب، ژۇرنال ئاپاق كودىدىن 2691ى، ئىچكى قىسىمدىكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىدىن 506سى، كىتاب، قەرەللىك ژۇرناللارنى بېسىش ۋاكالەتنامىسىدىن 3770ى، نەشر بۇيۇملىرىنى شىنجاڭدىن چىقىرىپ بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىدىن 456سى بېجىرىپ بېرىلدى. ئاخبارات، نەشرىيات باش مەھكىمىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى 6 نەشرىياتنىڭ 10 خىل كىتابى تۇنجى تۈركۈمدە مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر كىتاب نەشر قىلىش فوندىغا، 3 نەشرىياتنىڭ 6 ئىلمىي ئەسىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىلمىي ئەسەر نەشر فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە نەشرىياتلار، «شىنخۇا» كىتابخانىلىرى ئامراتلارنى مەدەنىيەت ئارقىلىق يۆلەش ۋە يېزىلارغا كىتاب ھەدىيە قىلىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، بىر يىلدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى، ھەربىي قىسىم، مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارغا 10 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك كىتاب ئىئانە قىلدى. نەشرىيات سىستېمىسىدا كەسىپىي تېخنىكا

ئورۇنلار شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ تۇرپان ۋىلايەتلىك شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ سانجى ئوبلاستلىق شۆبە شىركىتى، سانجى ئوبلاستلىق تولۇق ئىدارىسى، شىنجاڭ «مەيچۈەر» گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «جۇڭتەي» خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى. ئۆلكە (مىنىستىرلىك) دەرىجىلىك ئورۇن دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئورۇنلار: ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «يېشىل ئالتۇن» قۇلماق ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «شىبىنبى» بىئولوگىيىلىك ياسالمىلار چەكلىك شىركىتى، كۇنەس ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى، غۇلجا ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى، خۇڭگىيەنچى 2 - ئېلېكتر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق «دوستلۇق» دوختۇرخانىسى پەن - تېخنىكا ئىشلىرىدىكى ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتىكى ئۆلكە (مىنىستىرلىك) دەرىجىلىك ئورۇن، دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

يالڭ لۇڭ

ئۇنۋانىنى باھالاش قانات يايدۇرۇلدى. 86 كىشى ئالىي ئۇنۋان سالاھىيىتىگە، 72 كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. ھەر قايسى نەشرىياتلار دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نەشرىيات ئورۇنلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى، 9 كىتابخانا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 9 - نۆۋەتلىك خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىپ، 41 خىل كىتاب توغرىسىدا ئامېرىكا، بېلگىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن نەشر ھوقۇقى سودا ئەھدىنامىسى ئىمزالىدى، پەن - تېخنىكا تۈرىدىكى 200 نەچچە خىل خەنزۇچە كىتاب توغرىسىدا ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى نەشرىياتلار بىلەن ھەمكارلىق ئەھدىنامىسى ئىمزالىدى. قىسمەن نەشرىيات، «شىنخۇا» كىتابخانىلىرى قوجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 13 - نۆۋەتلىك كىتاب بازىرىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسىدىن 9 قارار ئېچىلدى، كۇرسقا نەشرىيات، قەرەللىك ژۇرنال تەھرىراتى، «شىنخۇا» كىتابخانىسى، باسما كارخانىسىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىدىن بولۇپ 504 كىشى قاتناشتى. 40 كىشى ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلار ئاچقان تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا ئاللاپ ئەۋەتىلدى. نەشرىيات، باسما، تارقىتىش ئورۇنلىرىدىكى 6 نەپەر ئوتتۇرا ياش، ياش باشقۇرغۇچى ۋە كەسپىي تايانچ بېيجىڭ، شاڭخەي، نەنجىڭ قاتارلىق جايلارغا ۋەزىپە بىلەن ئۆگىنىشكە ئاللاپ ئەۋەتىلدى.

جاڭ شىنگي

## قوشۇمچە (1)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاشكارا تارقىتىلىدىغان گېزىتلەر:

«شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 7 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 7 سان، موڭغۇلچە ھەپتىدە 7 سان)

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 7 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان)

«بىڭتۇەن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 7 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان)

«ئىلى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 5 سان، قازاقچە ھەپتىدە 5 سان)

«سانجى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان)

«تارباغاتاي گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، قازاقچە ھەپتىدە 3 سان)

«ئاقسۇ گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان).

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 7 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 7 سان)

«قۇمۇل گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 4 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان)

«بايىنغولىن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان، موڭغۇلچە ھەپتىدە 3 سان)

«ئالتاي گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، قازاقچە ھەپتىدە 2 سان)

«قىزىلسۇ گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 4 سان، قىرغىزچە ھەپتىدە 2 سان)

«قەشقەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 5 سان)

«بورتالا گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان، موڭغۇلچە ھەپتىدە 3 سان)

«تۇرپان - قۇمۇل نېفىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان)

«تۇرمۇش كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان)

«خوتەن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان)

«تۇرپان گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان)

«ئىلى كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان، قازاقچە ھەپتىدە 3 سان)

«تارىم گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 4 سان)

«بوستان گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان)

«يەكەن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان)

«ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«بورتالا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان)

«جۇڭغار ۋاقىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان)

«كۈيتۇڭ سەھەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان)

«شىخەنزە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان)

«غەربىي چېگرا ۋاقىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«شىنجاڭ بېيتۈن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان)

«تەڭرىتاغ قۇرۇلۇش گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«كۈيتۇڭ گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان، قازاقچە ھەپتىدە بىر سان)

«چاپچال گېزىتى» (شىبەچە ھەپتىدە 2 سان)

«پەكەن گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 2 سان)

«كورلا كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان)

«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 2 سان)

«ئاسىيا كىندىكى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان)

«شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان)

«شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان، قازاقچە ھەپتىدە بىر سان)

«شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان، قازاقچە ھەپتىدە بىر سان)

«سەھەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«مۇلازىمەت تاللا بازىرى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«مەركىزىي شەھەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان)

«شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان)

«شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» سانجىدا نەشر قىلىنغىنى (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

قەشقەردە نەشر قىلىنغىنى (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

كۈيتۇڭدا نەشر قىلىنغىنى (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

چەپچەكتە نەشر قىلىنغىنى (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

بورتالا ئوبلاستىدا نەشر قىلىنغىنى (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

بايىنغولىن ئوبلاستىدا نەشر قىلىنغىنى (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

تۇرپاندا نەشر قىلىنغىنى (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«شىنجاڭ تۆمۈر يول گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان)

«شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 3 سان)

«غەربىي قىسىم قۇرۇلۇش گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«تارىم نېفىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان)

«شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر گېزىتى» (ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 2 سان)

«ئىلى ئۆسمۈرلەر گېزىتى» (ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 2 سان)

«ئىلى قانۇنچىلىق تۇرمۇش گېزىتى» (قازاقچە يېرىم ئايلىق گېزىت)

«يېڭى ئەسىر سودا گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 3 سان)

«قۇمۇل رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«شىخەنزە رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«قاراماي رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«ئىلى رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«ئاقسۇ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

(باشانغانلار گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» (ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 6 سان، قازاقچە ھەپتىدە 6 سان)

«شىنجاڭ ئاۋئاتسىيە گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە بىر سان)

«شەھەر ئىستېمال سەھەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 6 سان)

«شىنجاڭ بازار يېتەكچىسى گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 2 سان)

«باشلار - ئۆسمۈرلەر گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 5 سان)

«قۇمۇل تەرەققىيات گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان)

«مايتاغ نېفىت گېزىتى» (خەنزۇچە ھەپتىدە 2 سان، ئۇيغۇرچە ھەپتىدە بىر سان)

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە يېرىم ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق گېزىت)

«ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق گېزىت)

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت)

«ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت)

«شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق گېزىت)

«ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت، قازاقچە ئايلىق گېزىت)

«تارىم يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت)

«ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى كەسپىي مەكتىپى گېزىتى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق گېزىت)

«سانجى ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» (خەنزۇچە ئايلىق گېزىت)

«شىنجاڭ پارتىيە مەكتىپى گېزىتى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق گېزىت، ئۇيغۇرچە يېرىم ئايلىق گېزىت)

## قوشۇمچە (2)

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇرناللار**

«باغچىكا تۇرمۇشى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە ئايلىق ژۇرنال، موڭغۇلچە ئايلىق ژۇرنال)

«ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«بوستانلىق مەنزىرىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«بوستان» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«تارىم» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«تەڭرىتاغ» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«تىل ۋە تەرجىمە» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال، موڭغۇلچە پەسىللىك ژۇرنال، قىرغىزچە پەسىللىك ژۇرنال)

«قىرغىز ئەدەبىياتى» (قىرغىزچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ چارۋىچىلىقى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال، موڭغۇلچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ مائارىپى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ياشلىرى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ مالىيىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ سەنئىتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال، يېرىم يىللىق ژۇرنال)

«تۇرپان» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«تارباغاتاي» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىسادى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«چولپان» (موڭغۇلچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شوخلا» (قازاقچە ئايلىق ژۇرنال)

«ھەمراھ» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئاياللىرى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە ئايلىق ژۇرنال)

«يىپەك يولىدا ساياھەت» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ئىلى ياشلىرى» (قازاقچە ئايلىق ژۇرنال)

«ئىلى دەرياسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«قازاق ئۆسمۈر باللار ئىلمىي رەسىملىك ژۇرنىلى» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تەنتەربىيىسى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«تارىم غۇنچىلىرى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«بۇلاق» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئەدلىيە كەسپىدىن تەرجىمىلەر» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ تەنتەربىيىسى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ جۇڭيى دورىگەرلىكى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئالتاي ئاياسىدا» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«جاستۇلەك» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ تىبابىتى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئۇيۇق» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«دۇنيا ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«يېرىم ئايلىق سۆھبەت» (ئۇيغۇرچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال)

«ئۆسمۈرلەر ئىلىم - پېنى» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«پەن ۋە تېخنىكا» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«تىبابەتچىلىك بىلىملىرى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«قەشقەر ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«بىلىم - كۈچ» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«پەن ۋە تۇرمۇش» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«يېڭى قاشتېشى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«مورا» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ گېئولوگىيىسى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەن - تېخنىكىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«يەرلىك كېسەللىكلەر ئاخباراتى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«قۇرغاق رايونلار جۇغراپىيىسى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«لوقۇرمەنلەر دوستى» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئوتخور ئۆي قۇشلىرى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«خۇاشيا ئۆسمۈرلىرى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ مېتېئورولوگىيىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئۇيرات تەتقىقاتى» (موڭغۇلچە پەسىللىك ژۇرنال)

«قۇرغاق مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ئىچكى قۇرۇقلۇقتا يەر تەۋرەش» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ باھا ئۇچۇرى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال)

«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«غەربىي قىسىم كانچىلىق قۇرۇلۇشى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ خەلق ئاۋىئاتسىيىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزىلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ باج ئىشلىرى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«مىراس» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ مۇھىت ئاسرىشى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللىرى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ پارتىيە ئىستىلى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«تەرمىلەر» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» (خەنزۇچە قوش

ئايلىق ژۇرنال)، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئورمانچىلىقى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ تەشۋىقاتى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال)

«چېگرا مۇداپىئە تۇرمۇشى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈرچىلىكى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«سەھەر» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«بىڭتۇەن ئىشچىلار ھەرىكىتى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىخەنزە پەن ـ تېخنىكىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق پەن ـ تېخنىكىسى» (قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكى» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم يىللىق ژۇرنال)

«شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تېببىي ئىلمى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تېبابىتى» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«تارىم يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش ۋە قۇرۇلۇش» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«قانۇنچىلىق» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«بىڭتۇەن قۇرۇلۇشى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«ئادەم ۋە جەمئىيەت» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«ئىلى مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ نېفىت مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم يىللىق ژۇرنال)

«ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم يىللىق ژۇرنال)

«بىڭتۇەن مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«خوتەن ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ يىلنامىسى» (خەنزۇچە يىللىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يىللىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىيالى» (خەنزۇچە ھەپتىلىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ئېكسپېدىتسىيە» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«تەنتەربىيە ئەھۋالى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«خۇيزۇ ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«غەربىي قىسىم قانۇنچىلىق گۈلزارى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«سەنئەت يېتەكچىسى ژۇرنىلى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى توپلىمى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى يىلنامىسى» (خەنزۇچە يىللىق ژۇرنال)

«قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى» (رۇسچە ئايلىق ژۇرنال)

«ھازىرقى زامان سۈپەتچىلىكى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ تىببىي دورىگەرلىك، ساقلىق ساقلاش ژۇرنىلى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال)

«غەربىي قىسىم» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«قوزام» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يىلنامىسى» (خەنزۇچە يىللىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«سانجى ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، ئۇيغۇرچە يېرىم يىللىق ژۇرنال)

«ج ك پ ئىلى ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال، قازاقچە پەسىللىك ژۇرنال)

«ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» (ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىگە نەزەر» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«تىببىي دورىگەرلىك ساقلىق ساقلاش ژۇرنىلى» (خەنزۇچە يېرىم ئايلىق ژۇرنال)

«چولپانلار دەۋرى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«ئۆگىنىش ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش» (قازاقچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«بىڭتۇەن تىبابەتچىلىكى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئوت مۇداپىئەسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال)

«بىڭتۇەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش رېۋىزىيە ژۇرنىلى» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

«شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال، ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال)

«مىكرو ھېكايىلەردىن نەمۇنىلەر» (خەنزۇچە ئايلىق ژۇرنال)

## 4 كىشى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك 100 ياخشى ئاخبارات خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى

جۇڭگو مۇخبىرلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 5 - نۆۋەتلىك فەن چاڭجياڭ ئاخبارات مۇكاپاتى، تاۋفېن ئاخبارات مۇكاپاتى ۋە مەملىكەت بويىچە 100 ياخشى ئاخبارات خىزمەتچىسىنى باھالاش خىزمىتى 2002 - يىل 8 - ئايدا گۈيجۇدا ئاياغلاشتى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن جۇ جىلى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن جۇ شياۋپىڭ، «تۇرمۇش كەچلىك گېزىتى»دىن مېڭ چىڭشىن، «شىنجاڭ بىڭتۇەن گېزىتى»دىن شى باۋيەن مەملىكەت بويىچە 5 - نۆۋەتلىك 100 ياخشى ئاخبارات خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

## 6 ئەسەر جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2002 - يىلى شىنجاڭدىن 6 ئەسەر 12 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى: ئاپەت رايونىغا ئەھمىيەت بېرىشتە قار - شىۋىرغاندىمۇ ھەمسەپەر بولىمىز (رادىئو چاتما خەۋىرى)، ئاپتورى: كوللېكتىپ ئىجادىيەت، تەھرىرلىگۈچى: ۋاڭ خۇلى، بەي يەنچىڭ، رادىئودا ئاڭلاتقان ئورۇن: شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى؛ مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدۇ پارتىيىنىڭ شەپقىتى (تېلېۋىزىيە مەخسۇس خەۋىرى)، ئاپتورى: سۇن شياۋچىڭ، چېن گوچىڭ، ليۇ دۇڭ، تەھرىرلىگۈچى: شى يۇڭجياڭ، ئىلھام ئوسمان، تېلېۋىزىيىدە كۆرسەتكەن ئورۇن: شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى. 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى: يۇقىراۋى كارخانا خوجايىنى چېن يۇلىڭ پارتىيىگە كىردى (رادىئو خەۋىرى)، ئاپتورى: لى تاۋ، گو چىڭيۇ، تەھرىرلىگۈچى: گېڭ شيېنفاڭ، شۇ سىمىن، رادىئودا ئاڭلاتقان ئورۇن: شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى. 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى: پرېژېۋالسكى ياۋا ئېتى دالىغا قويۇۋېتىلدى (چاتما خەۋەر)، ئاپتورى: دەي جياڭنىڭ، تەھرىرلىگۈچى: ياۋ چېن، دۇڭ

چاڭخۇلاڭ، ۋېن شىن، گېزىتتە ئېلان قىلىنغان ئورۇن: «شەھەر ئىستىبالى سەھەر گېزىتى». گۈزرۈچ ئىگىلىكى ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلدى (خەۋەر)، ئاپتورى: گې يۈخۇلاڭ، تەھرىرلىگۈچىسى: جاڭ فۇپىڭ، گېزىتتە ئېلان قىلىنغان ئورۇن: «بىڭتۇەن گېزىتى»؛ توختاۋسىز ئىزدىنىش (تېلېۋىزىيە مەخسۇس خەۋىرى)، ئاپتورى: خو يۈچۈن، گې لۇپىڭ، ليۇ ئەن، تەھرىرلىگۈچى: گې لۇپىڭ، تېلېۋىزىيىدە كۆرسەتكەن ئورۇن: بىڭتۇەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

### 2 ئەسەر 12 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە گېزىت بېتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

ليۇ جيەنرۇڭ تەھرىرلىگەن «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى 1 ـ بېتى 3ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى گېزىت بېتى بويىچە ئالتۇن مېدالغا، ساۋ شىنلىڭ تەھرىرلىگەن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى 1ـ بېتى مىس مېدالغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

### 3 ئەسەر 12 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى گېزىت قوشۇمچە بېتى بويىچە ئالتۇن مېدال ۋە كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

جۇڭگو مۇخبىرلار جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو گېزىت قوشۇمچە بېتى تەتقىقات جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 12 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە گېزىت قوشۇمچە بەت ئەسەرلىرىنى قايتا باھالاش ۋە 2001 ـ يىللىق قوشۇمچە بەت ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتى 2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تيەنجىندە ئاياغلاشتى. جاڭ چېڭلۇڭنىڭ «ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «سۆدەك پاك قەلب» ناملىق فېليەتونى ئالتۇن مېدالغا، ياڭ باۋجىننىڭ «بىڭتۇەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئۇلۇغ كومپارتىيە» ناملىق نەسرى بىلەن ۋاڭ شيانىڭ «ئۇلۇغۋار سەپەر» ناملىق ئاخبارات ئەدەبىياتى كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

### شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك 10 ياخشى ئاخبارات خىزمەتچىسى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر مۇخبىرلار جەمئىيىتى 2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك 10 ياخشى ئاخبارات خىزمەتچىسىنى باھالىدى. ئۇلار: ھەجەرگۈل قاسىم (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن)، جۇ يۈكې («شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، ليۇ فېڭ («شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، ليۇ شياڭچېن (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن)، ۋۇ لى («شىنجاڭ تۆمۈريول گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، تۇرنىسا تۇردى مۇھەممەت (قىزىلسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن)، لى پاڭ («شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، چېن جيەنجۇڭ («بىڭتۇەن گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، جۇ جيەنشيۇڭ (بورتالا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن)، يۈن دېبىڭ («شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» ئىدارىسىدىن).

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

## مەتبۇئاتچىلىق

### «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. تەشۋىقات، خەۋەر قىلىش. 2002 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى، 16 ـ قۇرۇلتاينى كۈتۈۋېلىش ۋە قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق 20 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشى بويىچە قايتا تەربىيە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى پروگراممىسى»، تەڭرىتاغ مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى، تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ساياھەت بايرىمى قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم خەۋەرلەرنى پىلانلاپ ئۇيۇشتۇردى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە 16 ـ قۇرۇلتايغا دائىر تەشۋىقات ـ خەۋەرنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. «‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش›نىڭ يېتەكچىلىكىدە»، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش ئاساسىي قاتلامدا»، «‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش›نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش»، «يېڭى نەتىجىلەرنى ئەدەتلاپ، 16 ـ قۇرۇلتاينى كۈتۈۋېلىش»، «بەش يىللىق ئۆزگىرىشكە نەزەر»، «مېنىڭ بەش يىلىم — 16 ـ قۇرۇلتاي ھارپىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر» قاتارلىق سەھىپىلەرنى نۇقتىلىق ئاچتى، بىر قاتار نەزەرىيىۋى ماقالە ۋە ئوبزورلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئېلان قىلىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجىلەرنى جانلىق نامايان قىلدى.

ئاخبارات كەسپىنى باشقۇرۇش بويىچە بىر يۈرۈش تۈزۈم

ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، گېزىت سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

بالا گېزىت - ژۇرناللاردا ماركسىزملىق ئاخبارات قارىشى تەربىيىسى ۋە ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى يۈلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بويىچە قايتا تەربىيە ئارقىلىق گېزىت، ژۇرنال چىقىرىش ئىدىيىسىنى يەنىمۇ توغرىلىدى. «شىنجاڭ شەھەر گېزىتى» پىلانلىغان بىر تۈركۈم خەۋەرلەر «شەھەر گېزىتى»نىڭ داڭلىق ئوبرازىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى.

2. ئاپپارات ئىسلاھاتى. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئورۇن قىلىنىپ، ئېھتىياجغا قاراپ ئىچكى قىسىمدا ئاپپارات تەسىس قىلىش ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىسىنى تەڭشەش ئاساسىدا، مۇقىم ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمى توختام بويىچە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. تەكلىپ قىلىنغانلار ئىش ئورنى ياكى رەھبەرلىك ۋەزىپىسى، ئۇنۋانغا رىقابەت ئارقىلىق ئېرىشتى. «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئاللاپ ۋەزىپىگە تەيىنلەش خىزمەت نىزامى» ۋە «(شىنجاڭ گېزىتى) ئىدارىسىنىڭ يارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىشنى يولغا قويۇش چارىسى»دىكى بەلگىلىمە ۋە تەلەپكە ئاساسەن، باشقارما دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنى، بۆلۈم - گۇرۇپپا دەرىجىلىك ئورۇن ۋە باشقا ئىش ئورنى شۇنىڭدەك كەسپىي تېخنىكا ئورنىغا رىقابەتلىشىپ چىقىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى.

3. گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ يىللىق ئەمەلىي ئوتتۇرىچە تىراژى 126 مىڭ پارچىگە؛ ئۇيغۇرچە، قازاقچە «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى»نىڭ يىللىق ئەمەلىي ئوتتۇرىچە تىراژى 128 مىڭ پارچىگە؛ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»نىڭ يىللىق ئەمەلىي ئوتتۇرىچە تىراژى 3000 پارچىگە يەتتى. يىللىق ئېلان كىرىمى 38 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 1.2% كۆپەيدى.

ليۇ ۋەنجېن

## «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەملىكەتلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىش ئەھۋالى

2002 - يىلى گېزىتخانا مەملىكەت بويىچە دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسىدىكى ئىلغار ئورۇن مۇكاپاتىغا، گېزىتخانا ئىتتىپاق كومىتېتى مەملىكەت بويىچە ئانا دەريانى قوغداش ھەرىكىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ؛ ئەسەت ئوقابايې 2000 — 2001 - يىللىق مەملىكەتلىك گېزىتچىلىك كەسپىدىكى ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرغۇچى؛ مىڭ خۇڭجۈن 2000 — 2001 - يىللىق مەملىكەتلىك گېزىتچىلىك كەسپىدىكى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى، سادەت مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئاخبارات كوررېكتورى بولۇپ مۇكاپاتلاندى؛ چېن يەن، ساۋ شىنگلار تۈزۈپ 2001- يىل 3 - ئاينىڭ 23- كۈنىدىكى مۇھىم خەۋەرلەر بېتى 12- نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە گېزىت بېتىنى قايتا باھالاش ۋە يىللىق مۇسابىقىدە مىس مېدالغا؛ 10- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتى ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ۋاڭ پېيىنىڭ «ئۇيغۇر دېھقان ئابدۇللا ئاخۇن ماۋجۇشىنىڭ 15 مىڭ پارچە سۈرىتىنى قەدىرلەپ ساقلىدى»، ۋاڭ ۋېيجۇن، ياڭ شىنسەيىنىڭ «تېتىما كۆلىدىن شات - خۇراملىق ئىچىدە تارىم سۈيىنى كۆردۈق» دېگەن ماقالىسى 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتى ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جۇ بىيىنىڭ «ھاياتلىق قاراۋۇلى»، دۇ شىنگونىڭ «خەلقنىڭ سادالىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆلگە بولۇش»، لى ياڭنىڭ «غەربىي قىسمىدىكى 1 - كەنت» دېگەن ماقالىسى 10- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتى ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ پېي يىڭمىڭ، جاۋ يۇ، لۇ ۋېيجۇننىڭ «بىر پەسىلدىكى بىر پارچە خەت پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى»، لىيۇ فېڭ، لى نيەندۇڭنىڭ «قار خىسلىتى»، جاڭ لىپ، جۇ بىيىنىڭ «خوتەن ۋىلايىتىدە (يەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش) — (يەش مۇلازىمەت) كە ئۆزگەردى»، دا. جوركىتاينىڭ «ئالتاي تېغى باغرىدىكى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ھەل قىلغۇچ جېڭى» دېگەن ماقالىسى 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتى ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ۋاڭ شىڭنىڭ «ئالتۇن ھىلال ئاي زەھەرلىرى شىنجاڭغا سىڭىپ كىرمەكتە» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك پارتىيە گېزىتى مۇنەۋۋەر ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جۇ بىيىنىڭ «شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە ئىنقىلابىي ناخشا ماگنىتلىق لېنتىسىنى سېتىۋالغىلى بولمىدى»، ۋاڭ شىڭنىڭ «شىنجاڭنى مۇشۇنداق ئاچسا بولامدۇ؟» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ لىيۇ داۋپىڭنىڭ «قىممەتلىك بېلەت (قىزىل تاختا) غا بولۇۋققاندىن كېيىن باشقىچە قىياپەتتە مەيدانغا چىقتى» دېگەن ماقالىسى

مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە ياخشى خەۋەرلەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا؛ لى سېينىڭ «مائارىپ مەبلىغىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ»، لى يانىن، فۇ يەنلەرنىڭ «ئالتە دوختۇرخانا دورا باھاسى جەدۋىلى تۈزۈمىنى ھازىرغىچە ئىجرا قىلمىدى» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە ياخشى خەۋەرلەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا؛ گۇڭ يەدەننىڭ «50 توننا ئۆلۈك بېلىقنىڭ سۇنىڭ بۇلغىنىشى ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتى»، چېن شۇدۇڭنىڭ «شەكىلۋازلىققا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلايلى» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە ياخشى خەۋەرلەر 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا؛ يەن جىڭنىڭ «ئېبىنۇر كۆلىنى چاڭ-توزان مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇپ قويمايلى» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە ياخشى مۇھاكىمە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا؛ دۇ شىڭگونىڭ «ساختا ھېسابات قىلمايلى»، لۇ ۋېيجۈننىڭ «ياخشى جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى مۇھىتى بەرپا قىلايلى» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە ياخشى مۇھاكىمە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا؛ جاڭ جيېيىنىڭ «مۇلازىمەت نېمە ئۈچۈن ھەمىشە بىر قەدەم كەينىدە قالىدۇ؟» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك ياخشى مۇھاكىمە مۇكاپاتىغا؛ جياڭ يىفېڭ، ئەيمىننىڭ «لى كۈي لى گۈينى يېڭەلمىدى»، شى چياۋبىننىڭ «گۈنى جازالاپ خانىۋەيران قىلىپ، قايتا جىنايەت قىلالمايدىغان قىلىش» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە ياخشى تېما مۇكاپاتىغا؛ لى مېيىنىڭ «پارتىيە گېزىتى ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن خەت بېتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە (نازارەتچىلىك)، (تونۇشتۇرۇش) تىن ئىبارەت ئىككى پۇتتا تايىنىپ يول مېڭىشى لازىم» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا؛ ئەي مىن، جاڭ شىنلىلار تۈزۈگەن 2002- يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى «تا 1» بەت 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك باش مۇھەررىرلەر كېچىلىك ئىسمىدا خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنىدا ياخشى بەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ليۇ خۇڭ، ئەي مىنلەر تۈزۈگەن 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى «تا 1» بەت، جۇڭ شيۇلىڭ، ما ئاۋلار تۈزۈگەن 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى «تا 1» بەت 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك باش مۇھەررىرلەر كېچىلىك ئىسمىدا مۇھاكىمە يىغىنىدا ياخشى بەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ لى جيېڭنىڭ «يولغا قويۇش زۆرۈر بولغان كەسىپ»، «ساياھەتچىلىكتە مەدەنىي كۆزنەك بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك» دېگەن ماقالىلىرى مەملىكەتلىك ساياھەت بازارلىرىنى تۈزەش - تەرتىپكە سېلىش بويىچە 3- دەرىجىلىك ياخشى خەۋەر مۇكاپاتىغا ۋە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا؛ جاڭ جيې، جاۋ مىننىڭ «ئېبىنۇر كۆلى ھەرگىز 2 - لوپنۇر كۆلى بولۇپ قالمىسۇن» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك «دۆلەت لوڭقىسى» مۇھىتقا دائىر ياخشى خەۋەرلەر بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ شېن ياپىڭنىڭ «شىنجاڭ ئېلىمىزدىكى قوم - بوراننىڭ ئاساسلىق مەنبەسى»، ۋاڭ چىننىڭ «قايغۇلۇق يېشىللىق چۈشى» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك «دۆلەت لوڭقىسى» مۇھىتقا دائىر ياخشى خەۋەرلەر بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ۋاڭ يىڭجيېينىڭ «دېھقانلار ماھارەتكە قىزىقىپ قۇدرەت تاپتى» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك ئومۇمىي خەلق تەن ساقلاشقا دائىر ياخشى خەۋەرلەر بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ لى جيېينىڭ «قۇمۇل ۋىلايىتى ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك موڭغۇلچە گېزىت - ژۇرناللار ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئېرقىباتۇرنىڭ «كۆمۈشرەڭ قىشلاق»، تومانىڭ «ئاڭگىلىك يېزىسى ئۆزگىچە باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى» دېگەن ماقالىسى مەملىكەتلىك موڭغۇلچە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ سوسۇرنىڭ «مۇھەببەت ھەققىدە ھېكايە»، فېڭسىڭ باسما تۈزۈگەن 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىكى موڭغۇلچە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇھىم خەۋەرلىرى بېتى، ناسىڭ، فېڭسىڭ تۈزۈگەن سەھىپە مەملىكەتلىك موڭغۇلچە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ياخشى خەۋەرلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ليۇ ۋەنجېن

## 2001 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى ئويۇشتۇرغان 2001 -

يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى پائالىيىتىدە، گېزىت قىسمىدا 591 پارچە ئەسەر تاپشۇرۇۋېلىندى (ئۇيغۇرچىسى 109 پارچە، خەنزۇچىسى 429 پارچە، قازاقچىسى 34 پارچە، موڭغۇلچىسى 16 پارچە، قىرغىزچىسى 3 پارچە). باھالاش ئارقىلىق ئۇيغۇرچە 44 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 4، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 10، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 30. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن خەنزۇچە ئەسەر 160 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 15، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 40، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 101. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن قازاقچە ئەسەر 15 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 4، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 9. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن موڭغۇلچە ئەسەر 7 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 4. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن قىرغىزچە ئەسەر 2 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر.

### قوشۇمچە

2001 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ گېزىت قىسمىدا ئالاھىدە مۇكاپاتقا ۋە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

ئالاھىدە مۇكاپات: پۇشايمانسىز ياشلىق باھار (خەۋەر)، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قەلبىنى يورۇتقۇچى چىراغ (خەۋەر)؛

1 - دەرىجىلىك مۇكاپات: توققۇزتارا ئورمانچىلىق مەيدانىدا پەۋقۇلئاددە زور ئوغرىلىقچە ئورمان كېسىش دېلوسى يۈز بەردى، «سىياسىي كېڭەش رەئىسى پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاۋاز بېرىش يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشمىدى»، جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىنىڭ ئېقىمى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلدى، ئۇيغۇر دېھقان ئابدۇللا ئاخۇن ماۋجۇشىنىڭ 15 مىڭ پارچە سۈرىتىنى قەدىرلەپ ساقلىدى، بارىن يېزىسىدا ئۆزگىرىش بولماقتا، «خەلق قەلبى قۇرۇلۇشى» ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىلغۇسى، بىر پارچە ئالاھىدە ھېساب دەپتىرى، يۇرتىمىزدا ئەتىمىزلىك بولمىسۇن، ھاياتلىق قاراۋۇلى، باچىيكا شۇجىسى دىڭ شېڭگۇي، كەڭ ئېچىش ئۈچۈن يېشىللىق بەرپا قىلىش، خەلقنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ، ئىسكانىيەتنىڭ بارچە ئۈلگە كۆرسىتىش، دورىلاردىن شېرىنكانە ئېلىشنى ئىز قوغلاپ داۋاملىق خەۋەر قىلىش، ئۇلۇغ كومپارتىيە، گەنجياخۇغا بېرىش، يالغاندىن «رەھبەرنىڭ ئوقۇشى» بولۇۋالغان تۈلكىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى ئاشكارىلاندى، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرگۈچىلەر نەپ ئالدى، ئەتىگەنلىكتىكى خەيرلىك بولسۇن شەھەر باشلىقى، ھايات قىممەتلىك، مۇھەببەتنىڭ باھاسى ئېغىر يۇقىرى ئۆرلىمەكتە، ئىدىيىۋى تونۇشنى توغرىلاپ، ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش، پارتىيە ئۇلۇغ نىجاتكار، خەلق يۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ، قولۇستاي يېشىللىقنى چاقىرماقتا.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

## 13 - نۆۋەتلىك كەسپىي، كارخانا ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تۈرىدىكى گېزىت باش مۇھەررىرلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 — 18 - كۈنلىرى شىخەنزە شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا 36 گېزىتخانىنىڭ 40 نەچچە باش مۇھەررىرى ۋە گېزىتخانا باشلىقى قاتناشتى. يىغىندا 2003 - يىللىق ئاخبارات تەشۋىقات خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

## ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (شى) گېزىتلىرى باش مۇھەررىرلىرىنىڭ 19 - نۆۋەتلىك يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە قاراماي شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەندىن بولۇپ 25 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (شى) گېزىتخانىسىنىڭ 30 نەچچە باش مۇھەررىرى، گېزىتخانا باشلىقى قاتناشتى. يىغىندا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (شى) پارتىيە گېزىتلىرى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە تەشۋىق قىلىشنى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇشى، گېزىتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، گېزىتچىلىك ئىگىلىكىنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

## 2001 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە ئاخبارات فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى ۋە گېزىت - ژۇرناللار ئىشلەتكەن سۈرەتلەرنى باھالاش نەتىجىسى

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاخبارات - فوتو سۈرەتچىلەر ئىلمىي جەمئىيىتى باشقۇرغان، قەشقەر گېزىتى ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان 12 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى ۋە گېزىت - ژۇرناللار ئىشلەتكەن سۈرەتلەرنى باھالاش يىغىنى 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە

ئېچىلدى. باھالاش يىغىنىغا 49 ئاخبارات ئورنىدىن كەلگەن 118 ۋەكىل قاتناشتى، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 2سى، 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 6سى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 16سى باھالاپ چىقىلدى. «غەربنىڭ گازىتى شەرققە يەتكۈزۈش»، «ئۆز قېنىم بىلەن ساداقىتىمنى ئىپادىلەيمەن» ناملىق ئەسەرلەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

## 2002 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات نەزەرىيىسىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات نەزەرىيىسىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاش 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 30- كۈنى ئاياغلاشتى، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچىدىن ئىبارەت 3 خىل تىل - يېزىقتىكى 47 ئىلمىي ماقالە 1 -، 2 -، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «تارىخىي بۇرۇلۇش ۋە ئاخبارات ئىسلاھاتى» (ئاپتورى: سۇ جىنجاڭ)، «مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، دەۋر مېلودىيىسىنى ياڭرىتايلى» (ئاپتورى: دۇ شىنگو)، «WTO رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيىگە نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟» (ئاپتورى: شىن شىتىڭ)، «ئاخباراتقا دائىر تاشقى تەشۋىقاتنى ياخشىلاپ، غەربنى كەڭ ئېچىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلايلى» (ئاپتورى: ياڭ دۇڭ)، «ئاخبارات ۋاستىلىرىنى بىرىكتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» (ئاپتورى: كاڭ يىڭ) دىن ئىبارەت 5 ئىلمىي ماقالە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. پائالىيەتتە 100 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

# نەشرىياتچىلىق

## شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ھەر خىل تىل، يېزىقتا 936 خىل كىتاب، ژۇرنال نەشر قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىتاب 796 خىل (ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى كىتاب 317 خىل).

2002 - يىلى دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مۇھىم كىتابى — «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» رەسمىي نەشر قىلىنىپ، بۇ ساھەدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى. بىر تۈركۈم شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە نادىر كىتابلار ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى، ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار: «شىنجاڭغا نەزەر — جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئاخبارات ۋاستىلىرى شىنجاڭغا كۆز تىكتى»، «غەربىي يۇرتتىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ۋە تەكشۈرگۈچىلەر»، «ئېكسپېدىتسىيە ۋە بايقاش مەجمۇئەسى» (2 - قىسىم)، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى لۇغىتى»، «زامانىمىزدىكى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى»، «غەربىي شىمالغا نەزەر»، «كۆچمەنچى سەپەر»، «شىنجاڭدىكى چاغاتاي موغۇللىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى»، «قازاق مەدەنىيىتىگە نەزەر»، «شىنجاڭ چۆللۈكلىرىدىكى غەلىتە تاشلار». شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، «شىنجاڭنىڭ 2002 - يىلدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئۈستىدە ئانالىز ۋە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات»، «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئۈرۈمچى رايونىدىكى كەسىپلەرنى تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «غەربىي قىسىمدىكى يۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدا پاختىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدا قېزىلما بايلىق ئىزدەش، يۈزلىنىش ۋە ئۇنى ئېچىش ھەم مۇھىتنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»، «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تاغلىق جايلاردىكى ئورمانلىقتا سۇ - تۇپراقنى قوغداش فۇنكسىيىسىنىڭ ئۈنۈمى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش، مۇھىت ئاسراشقا دائىر بىر تۈركۈم كىتابلار نەشر قىلىندى. 16 - قۇرۇلتاي ئېچىلىش ھارپىسىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «16 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، (ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش) شىنجاڭدا» (ئاسما رەسىم)، «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەيلى» (قازاقچە) قاتارلىق كىتابلار مەملىكەت بويىچە 16 - قۇرۇلتايغا سوۋغا قىلىنغان 100 خىل كىتاب قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

2002 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 31 خىل كىتابى (قەرەللىك ژۇرنال) ئۆلكە - مىنىستىرلىك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كىتاب مۇكاپاتى ۋە قەرەللىك ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

2002 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قىرغىز تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئابدۇراي ئوسمان 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك 100 ياخشى نەشرىيات خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى.

مىلاڭ جىيا

## ئەسەر ھوقۇقىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى يېڭىدىن تۈزۈلگەن «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى» چوڭقۇر، كەڭ تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. يېڭى «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى»نى ئۇيغۇرچە، قازاقچىگە تەرجىمە قىلىپ تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئىشى ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئاخبارات - نەشرىيات، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى قاتارلىق كەسپىي تېخنىكا كۇرسلىرى ۋە دۇنيا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى كۈنى پائالىيىتىدە يېڭى «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى» تەشۋىق قىلىندى. ش ئۇ ئا ر ئۇيۇشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئىشلىتىدىغان ئەسلى نۇسخىدىكى يۇمشاق دېتال بويىچە بىر قارار كۇرس ئېچىلدى، كۇرستا 58 ئادەم تەربىيىلەندى. دۆلەت نەشر ھوقۇقى ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن 165 كىشى قاتناشقان غەربىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو رايونى بويىچە نەشر ھوقۇقىنى باشقۇرۇش مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئىشلىتىدىغان ئەسلى نەشردىكى يۇمشاق دېتالنى ئۆزى تەكشۈرۈپ ستاتىستىكىلاش ۋە تۈزۈش خام چوتى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نەشر ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ يېڭى يوللىرى ئىزدىنىپ ئېچىلدى، ش ئۇ ئا ر نەشر ھوقۇقىنى قوغداش جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بىر يىلدا ئەسەر ھوقۇقى ماجىراسىغا دائىر دېلودىن 10نى تاپشۇرۇۋېلىنىپ، 8 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى. ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان 10 مىڭدىن ئارتۇق نەشر بۇيۇمى تەكشۈرۈپ تېپىلدى، ئاز كەم 80 مىڭ نۇسخا (قاپ)، 1680 نەچچە خىل نەشر بۇيۇمىنىڭ نەشر ھوقۇقى باھالاپ بېكىتىلدى ۋە ئېتىراپ قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى گېزىت - ژۇرنال ئىدارىلىرىنىڭ قەلەم ھەققىنى تاپشۇرۇۋېلىش - يوللاش خىزمىتى تەكشۈرۈلدى، بىر يىلدا 29 مىڭ 976 يۈەن قەلەم ھەققى تاپشۇرۇۋېلىندى ۋە يوللاندى. 58 پارچە ئەسەر تىزىمغا ئېلىنىدى، نەشر ھوقۇقى چەت ئەلگە چىقىرىلىدىغان 28 پارچە ئەسەر تىزىمغا ئېلىندى.

جاڭ شىنگې

## كىتاب - ژۇرناللارنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈلدى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى 6 خىل تىل - يېزىقتىكى 86 خىل كىتابنىڭ تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق سۈپىتىنى تەكشۈردى. ئاللانغان 69 خىل سەزگۈر تېمىدىكى ئەسەر نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈپ ئوقۇلدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرگەن 109 خىل كىتاب، تەكشۈرۈشكە يوللانغان 35 پارچە ئەسەر تەكشۈرۈپ باھالاپ بېكىتىلدى. كەسپىي خادىملار كىتاب، ژۇرنال بازىرىدىكى سېتىلىش ئالدىدا تۇرغان 1428 خىل كىتابنى سېتىلىشتىن ئىلگىرى ئالدىن تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلىندى.

جاڭ شىنگې

## باسما سۈپىتى تەكشۈرۈلدى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى نەشرىياتلار 2001 - يىلى نەشر قىلغان كىتاب، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2002 - يىل ئەتىياز، كۈز پەسىللىك دەرسلىكلىرى ھەم قىسمەن كىتاب، ژۇرنال باسمىچىلىق كارخانىلىرى تەكشۈرۈشكە يوللىغان كىتابلارنىڭ باسما سۈپىتىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشكە يوللانغان كىتاب 691 خىل بولۇپ، سۈپەتلىك بولغىنى 96 خىل، ياخشى بولغىنى 210 خىل، لاياقەتلىك بولغىنى 374 خىل، لاياقەتسىز بولغىنى 11 خىل. ئەتىياز، كۈز پەسىللىك دەرسلىكلەردىن ئايرىلاپ تەكشۈرۈشكە يوللانغىنى 1719 خىل بولۇپ، بۇنىڭدىن سۈپەتلىك بولغىنى 314 خىل، ياخشى بولغىنى 330 خىل، لاياقەتلىك بولغىنى 1705 خىل، لاياقەتسىز بولغىنى چىقمىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك شىلىرى، نېفىت سىستېمىسى ھەم بىر قىسىم كەسپىي تۈردىكى 588 پارچە 49 خىل گېزىتنىڭ باسما سۈپىتى تەكشۈرۈلۈپ، باھالاپ سېلىشتۇرۇلدى، خەنزۇچە گېزىتتىن 7 خىلى سۈپەتلىك، 7 خىلى ياخشى، 14 خىلى لاياقەتلىك بولدى؛ مىللىي تىل - يېزىقتىكى گېزىتتىن 3 خىلى سۈپەتلىك، 7 خىلى ياخشى، 11 خىلى لاياقەتلىك بولدى. «ئىلى گېزىتى»نىڭ خەنزۇچە ۋە قازاقچىسى مىللىيچە، خەنزۇچە 2 خىل تىل - يېزىقتىكى گېزىتلەر بويىچە 1 - بولدى.

جاڭ شىنگې

## سېرىق مەزمۇندىكى بۇيۇملارنى تازىلاش، قانۇنسىز بۇيۇملارغا زەربە بېرىش ئەھۋالى

2002 - ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى دىن تۈردىكى قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى داۋاملىق ئېنىقلاپ، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىش، ئوغرىلىقچە بېسىش ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى، كونسۇلتاتسىيە ماتېرىياللىرىنى قانۇنسىز توپ سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، كىتاب، ژۇرنال، ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملىرىنى دائىملىق تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى، يوشۇرۇن توپ سېتىش ئۇۋۇلىرىنى چوڭقۇر قېزىپ، سەييارە ساتقۇچىلارنى زور كۈچ بىلەن تەرتىپكە سېلىپ، قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى قاتتىق بېسىم ئاستىغا ئېلىشتەك ۋەزىيەتنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ، نەشر

بۇيۇملىرى بازىرىنى ساپلاشتۇردى. بىر يىلدا 31 قېتىم مەركەزلىك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىپ، نەشر بۇيۇملىرى بازىرى يۇقىرى زىچلىقتا، قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈلۈپ، 48 مىڭدىن كۆپرەك قانۇنسىز نەشر بۇيۇمى تېپىپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسەت خاراكتېرلىك قانۇنسىز نەشر بۇيۇمى 3000 نەچچە نۇسخا، دىنىي تۈردىكى قانۇنسىز نەشر بۇيۇمى 10 مىڭ نەچچە نۇسخا، ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇمى، ئۈن ـ سىن بۇيۇمى 12 مىڭدىن كۆپ. جولاڭ دېلودىن 2سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، قانۇنسىز كىتاب ـ ژۇرنال سېتىش ئورنىدىن 21ى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يوشۇرۇن توپ سېتىش ئۆچىكىدىن 3ى بىتچىت قىلىندى. مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، مەكتەپ ئىچى ۋە مەكتەپ ئەتراپىدىكى مۇھىت تۈزىلىپ، زىيانلىق كارتون رەسىملىك كىتابلىرى ۋە شەھۋانىي يانچۇق كىتابلىرى ئۇقتىلىق يىغىۋېلىندى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى، كومپيۇتېر ماتېرىياللىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، دەرسلىك، كومپيۇتېر ماتېرىياللىرىنىڭ تارقىتىلىش تەرتىپى قوغدالدى. كوللېكتىپ، يەككە كىتاب، ژۇرنال تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئۆتكۈزگەن كىتاب كۆرگەزمىسى پائالىيىتى ئېنىقلىنىپ ۋە تەرتىپكە سېلىنىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ تىجارەت قىلغان ئورۇنلار جازالاندى. ش ئۇ ئا ر مەملىكەتلىك «سېرىق مەزمۇندىكى بۇيۇملارنى تازىلاش، قانۇنسىز بۇيۇملارغا زەربە بېرىش» بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئالتاي، قەشقەر، ئاقسۇ، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ «سېرىق مەزمۇندىكى بۇيۇملارنى تازىلاش، قانۇنسىز بۇيۇملارغا زەربە بېرىش» خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى.

جاڭ شىنگې

## 3 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ كىتاب مۇكاپاتى

ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر نەشرىياتچىلار جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن 3 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ كىتاب مۇكاپاتىنى باھالاش خىزمىتى 2002 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئاياغلاشتى، 3 كىتاب 1 ـ دەرىجىلىك، 6 كىتاب 2 ـ دەرىجىلىك، 7 كىتاب 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 9 كىتاب ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

### قوشۇمچە

3 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كىتابلار:

1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات: «جۇڭگو شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى» (1 ـ، 2 ـ قىسىم) (خەنزۇچە)، «ئاساسىي قۇرۇلۇش قوللانمىسى» (ئۇيغۇرچە)، «خەنزۇچە ـ قازاقچە قىسقىچە لۇغەت» (قازاقچە).

2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات:

«غەربىي قىسمىنى ئېچىش» (خەنزۇچە)، «كادىرلار ئاتېئىزم ئوقۇشلۇقى» (خەنزۇچە)، «20 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە)، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى» (ئۇيغۇرچە)، «دەستۇر ئىلاج» (ئۇيغۇرچە)، «چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش» (موڭغۇلچە).

3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات:

«دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلىيىتى» (خەنزۇچە)، «500 يىللىق ناخشا» (خەنزۇچە)، «پانتۈركىزملىق مەدەنىيەت ئۈستىدە تەھلىل» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭنىڭ قۇش تۈرلىرى بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات» (خەنزۇچە)، «ئۈزۈلمەس رىشتە» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى» (ئۇيغۇرچە)، «خەنزۇچە ـ قىرغىزچە لۇغەت» (قىرغىزچە).

ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتى:

«ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرى تەزكىرىسى» (2 قىسىم، خەنزۇچە)، «شىنجاڭنىڭ ئازاد قىلىنىشى» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭدىكى چەكسىز گۈزەل مەنزىرە» (خەنزۇچە)، «لېۋ نەيتىڭنىڭ بالىلار چۆچەكلىرىدىن ئاللانما» (خەنزۇچە)، «قىزىل يىڭنانۇچ چۆچەكلەر توپلىمى» (ئۇيغۇرچە)، «ئۇيغۇر تىبابىتى رېتسېپلار توپلىمى» (ئۇيغۇرچە)، «جۇڭگو قازاقلىرى» (قازاقچە)، «شىنجاڭ دورىلىق ئۆسۈملۈكلىرى» (قازاقچە)، «قىرغىزچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» (قىرغىزچە).

جاڭ شىنگې

# رادىيو، كىنو، تېلېۋىزىيە

## رادىيو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

رادىيو - كىنو - تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتى 2002 - يىلى شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات، ئىجتىمائىي تەربىيە پروگراممىسىدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئاساسىي قاتلامدا»، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش»، «يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىپ، 16 - قۇرۇلتاينى كۈتۈۋالايلى»، «شانلىق نەتىجىلەر گۇۋاھ»، «16 - قۇرۇلتاينى خۇشال كۈتۈۋېلىپ، يېڭى نەتىجىلەرگە مەدھىيە ئوقۇيلى»، «كەڭ ئېچىۋېتىش ئېلىپ كەلگەن زور ئۆزگىرىشلەر»، «بەش يىلنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سالايلى» قاتارلىق سەھىپىلەرنى ئاچتى. شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى يېزا بۆلۈمىسى «ئالتۇن تۇپراق» پروگراممىسىدا 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە 16 قىسىملىق چوڭ بىۋاستە خەۋەر — «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى ئۆزگىرىشكە نەزەر»، «ھەممە بىر نىيەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش» قاتارلىق پروگراممىلارنى ئاڭلاتتى. 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى رادىيو ئىستانسىسى خەۋەرلەر، مەخسۇس خەۋەرلەر ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت سەھىپىلىرىدە نەق مەيدان بىۋاستە ئاڭلىتىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە تەنتەنە»، «ئالتۇن تۇپراقتا ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىسى»، «ناخشىمىزنى سۆيۈملۈك پارتىيىگە بېغىشلايمىز» قاتارلىق ۋاقتى ئۇزۇن، ھەجىمى چوڭ پروگراممىلارنى ئاڭلاتتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى شىنجاڭ ئازاد بولغان 50 يىلدىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قىلغان غەمخورلۇقىنى ۋە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان 11 قىسىملىق ھۆججەتلىك فىلىم — «غەمخورلۇق»، پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى بويىچە 30 قىسىملىق فىلىم — «پارتىيە بايرىقى تەڭرىتاغدا نۇر چاچتى»، 3 قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «سادىق روھ»، كالتا ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى «تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبى پارتىيىگە تەلپۈنىدۇ» قاتارلىق نۇقتىلىق سوۋغا پروگراممىلارنى ئىشلەپ كۆرسەتتى. تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى 16 - قۇرۇلتايغا سوۋغا قىلىنغان كىنو فىلىم — «قۇربان تۇلۇمنىڭ بېيجىڭغا سەپىرى»، ھۆججەتلىك فىلىم «تۈنۈگۈن. بۈگۈن» نى ئىشلىدى. شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى بىر يىلدا رادىيو درامىسىدىن 97 قىسىم ئىشلىدى، 5 خىل تىلدا ئاڭلىتىش بويىچە بىرلا ۋاقىتتا پارتىيىگە ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىلىرىنى قوبۇل قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر يىلدا كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىن 1105 قىسىمنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلىدى. شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى ئۈن ئىككى مۇقامنىڭ 10 خىل CD ، VCD پىلاستىنكىسىنى ۋە نەشر نومۇرى بار 140 نەچچە ئۈن - سىن بۇيۇمىنى نەشر قىلدى.

شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى بىر يىلدا ھەرخىل تۈردىكى 146 مۇكاپاتقا، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 80 نەچچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 12 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاشتا شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ «ئاپەت رايونىغا كۆڭۈل بۆلۈش — بوران - چاپقۇندىكى سەپەرسىز» ناملىق خەۋىرى 1 - دەرىجىلىك، «يۇقىرلاۋى كارخانىچى چېن يۇلىڭ پارتىيىگە كىردى» ناملىق خەۋىرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «پارتىيىنىڭ شەپقىتى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس» ناملىق خەۋىرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان ھېكايە فىلىم «كۈلۈمسىرىگەن قىسقۇچپاقا» جۇڭگو كىنو «مۇراي» مۇكاپاتىغا، يەنە 3 تەرجىمە فىلىم «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

كەسپىي قۇرۇلۇش «شىنزاڭ - شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» نىڭ 1 -، 2 - باسقۇچلۇق ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، 8 - ئايدا دۆلەت رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون «شىنزاڭ — شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» بويىچە قوش ئىلغارلارنى باھالاش ۋە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. «شىنزاڭ — شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» نىڭ 3 - باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە باش ئىدارىغا يوللاندى، 3 - باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىدە ئىش باشلاندى.

سىملىق رادىئو - تېلېۋىزىيە تورى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئوپتىكىلىق كابېل غول لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4800 كىلومېتىرغا يېتىپ، دۆلەتنىڭ غول لىنىيە تورى بىلەن كەسپىي بىرلەشمە ئالاقە ئىشقا ئاشۇرۇلدى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 1 مىليون 200 نەچچە مىڭغا يەتتى. ئوپتىكىلىق كابېل قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق چەت ۋىلايەت، ئوبلاستلارغىچە ياتقۇزۇلدى، كەسىپ قومۇل، تۇرپان، سانجى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، قاراماي، بورتالا، كورلا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا تۇتاشتۇرۇلدى. مەملىكەت بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان تېلېۋىزىيە يىغىنى سىستېمىسى، ئاپتوماتىك ئىش بېجىرىش تورى سىستېمىسى، VSAT سىستېمىسى ئىشقا سېلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە تورىنى تۇتاشتۇرۇش خىزمىتى ۋە تەڭشەش - گۇرۇپپىلاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى رايون تورىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش - ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە ۋە ئۇنىڭ كەسپىي تىجارىتىدە نەتىجە ھاسىل قىلىندى. تور ئومۇمىي تىجارەت كىرىمى 2001 - يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 16 - قۇرۇلتاي مەزگىلىدە بىخەتەر ئاڭلىتىش - كۆرسىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ش ئۇ ئا ر تور شىركىتى نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، ئۈرۈمچى رايون تورىنى كەڭ كۆلەمدە ئۆزگەرتىپ چىقتى.

«ھەممە كەنتكە رادىئو يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» مۇستەھكەملىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا «چوڭ رادىئو، كاناي قۇرۇلۇشى» كۈچەيتىلدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى رادىئو پروگراممىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش - ئاڭلىتىش رەقەملىك سىستېمىسى ۋە تورلاشتۇرۇلغان ماقالە سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئالدىنقى ۋە كېيىن مەزگىلدىكى ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى رەقەملەشتۈرۈپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىشىنى تاماملىدى، دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدىغان 10 قاناللىق، رەقەملىك تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ماشىنىسىدىن 2 نى ۋە 4 قاناللىق رەقەملىك سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئۇلاپ تارقىتىش ماشىنىسىدىن 4 نى سېتىۋالدى. ئاپتونوم رايوندا سۈنئىي ھەمراھ رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى زاپاس ساقلاش سىستېمىسى قۇرۇلۇشقا باشلىندى.

بىخەتەر ئاڭلىتىش - كۆرسىتىش 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى 28 ئورۇن بىلەن بىخەتەر ئاڭلىتىش - كۆرسىتىش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە بىخەتەر ئاڭلىتىش - كۆرسىتىشكە 40 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ مەركىزىنىڭ ئىككىدىن ئارتۇق پروگراممىسىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىش - كۆرسىتىش ۋاسىتىسىگە ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ش ئۇ ئا ر تور شىركىتى دۆلەتنىڭ غول تورىدىكى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1 - يۈرۈش پروگرامما سىگنالىنى ئاچتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 11 قانىلىدا تۇنجى قېتىم ئاپپاراتلار چېتىلىپ مەركىزىنىڭ 1 - يۈرۈش پروگراممىسى ئۇلاپ كۆرسىتىلدى، 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر غول تور سىگنالىنى ئاساسىي سىگنال مەنبەسى قىلىدىغان بولدى، جايلار پروگرامما سىگنال مەنبەسىدىكى سىگناللارنىڭ ھەممىسىنى ئالماشتۇرۇش ۋېكلىيوچاتېلىغا ئۇلاپ، ئۈشتۈمتۇت ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تېخنىكىلىق تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويدى. 16 - قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە يېڭى نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ جۇڭگو - چەت ئەل مۇخبىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈش يىغىنى نەق مەيداندىن بىۋاسىتە كۆرسىتىلگەندە، ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق ئاڭلىتىش - كۆرسىتىش ئاپپاراتلىرى ماشىنىلارنى چېتىپ مەركىزىنىڭ 1 - يۈرۈش رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنى ئۇلاپ ئاڭلاتتى ۋە كۆرسەتتى، ش ئۇ ئا ر رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى دۆلەت رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە بىخەتەر ئاڭلىتىش - كۆرسىتىشتە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

ئىسلاھات، باشقۇرۇش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە تۈزۈلمىسى، مېخانىزمى، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئىزدىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلىدى، پروگرامما ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىش سالمىقى زورايتىلىپ، قانال چاستوتىسى كەسپىلەشتۈرۈلدى، سەھىپىلەر خاسلاشتۇرۇلدى، پروگراممىلار سەرخىللاشتۇرۇلدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلاش نىسبىتىنى تەكشۈرۈشكە ئاساسەن پروگراممىلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، خەۋەرلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەخسۇس تېمىلارنى كۈچەيتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى جانلاندۇردى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى رادىئو پروگراممىلىرى سائەت بۆلەكلىك پروگراممىدىن رىياسەتچى باشقۇرىدىغان 30 مىنۇتلۇقتىن يۇقىرى بۆلەكلىك پروگراممىغا تەڭشەلدى، قىسمەن پروگراممىلار بىۋاسىتە ئاڭلىتىلىدىغان بولدى. ئۇيغۇرچە، قازاقچە، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان موڭغۇلچە «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» خەنزۇچىسى بىلەن تەڭ ئاڭلىتىلىپ، مىللىي تىلدىكى خەۋەرلەرنىڭ ۋاقىت ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مىللىي تىلدىكى

پۇنكىتلىرىنى ئىنقىلاپ تەرزىدە تازىلاش خىزمىتىنى تاماملىدى. شىنجاڭنىڭ ئىنتېرنېت تورىدا تارقىتىلىدىغان رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى نازارەت قىلىش سىستېمىسى ئىچىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىنتېرنېت تورىدا تارقىتىلىدىغان رادىئو- تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى نازارەت قىلىش ۋاسىتىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى پروگرامما يېتكۈزۈش مەركىزىنىڭ دەرىجىسى مۇئاۋىن ئىدارە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن قىلىپ ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ مەركەز ھەرقايسى ئوتتۇرا - قىسقا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئىستانسىلىرى، ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىلىرى، تەجرىبە ئىستانسىلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايون يۇقىرىغا ئايرىپ بېرىلگەن 34 ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى، تەجرىبە ئىستانسىسىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئاپپارات شتاتىنى تەستىقلىدى.

ئىدارە ئىشخانىسى



مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ياڭ بو 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ نۇر ئاخبارات مەركىزىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

## مۇنەۋۋەر پروگراممىلارنى باھالاش ئەھۋالى

2001 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتىنى، رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتىنى باھالاش يىغىنى 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ۋۇ جياچۈدە ئۆتكۈزۈلدى. 640 پارچە ئەسەر رادىئو- تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى. 320 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 3 پارچىسى ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 50 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 93 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 174 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 34 پارچە ئەسەر مىللىي تىلدىكى رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتىنى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى، 20 پارچىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

6 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى (خەنزۇچە) نى باھالاش يىغىنى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 36 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 7 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك، 11 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، 18 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

پروگراممىلارنى ئۆزى ئىشلەش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مىللىي تىلدىكى رادىئو پروگراممىلىرى بەنمۇ موللاشتى. 2002 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 3 ئىستانسىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا، قاناللارنى كەسپلەشتۈرۈش ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، تەشۋىقات، تېخنىكا، مالىيە، ئېلان قاناللىقلارنىڭ باشقۇرۇش مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ تەقسىماتىنى تەڭشىدى. ھەرقايسى قاناللاردىكى پروگراممىلارنىڭ ئورنىنى قايتىدىن بەلگىلەپ، پروگراممىلارنى كەسىپ ۋە ئوبيېكتلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كىرگۈزۈشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇردى. ئەسلىدىكى پروگرامما بايلىقلىرىنى كەسپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قوشۇپ، تەڭشەپ كۆرۈپيېلاپ، 3 خىل تىلدىكى ئاخبارات ئۇنىۋېرسال قانىلىنى باشلامچى قىلغان، 8 كەسپىي قانال بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان، كەسپلەشكەن، ئوبيېكتلاشقان يېڭى تۈزۈلمىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى.

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى چەت ئەل تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى سۈنئىي ھەمراھتىن قوبۇل قىلىش يەر ئۈستى ئەسلىھەلىرىنى مەخسۇس تۈزەش ئىشىنى قانات يايدۇرۇپ، 3 باسقۇچلۇق تۈزەش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاڭلىتىش - كۆرسىتىش ئاپپاراتلىرى، كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەش تىجارەت ئاپپاراتلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى، شىنجاڭ بويىچە يېزا - بازار، كارخانا رادىئو - تېلېۋىزىيە

## قوشۇمچە (1)

2001 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى (رادىئو قىسمى) بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ۋە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەر: تارىم دەرياسىنى قۇتقۇزايلى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، نەق مەيداندىن بېرىلگەن خەنزۇچە خەۋەر)

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر: ئاتۇشلۇق ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئۆزلىرى پۇل چىقىرىپ مۇتەخەسسىسلەرنى WTO توغرىسىدا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، پاختىنى چوڭ كوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كەلدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، يۇقىراۋى كارخانىچى چېن يۇلىڭ پارتىيىگە كىردى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، «كۆك ئاسمان قۇرۇلۇشى» نېمىشقا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى؟ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئوبزور)، بىۋاسىتە ھۇجۇم قىلغان قۇم شتورمى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە نەق مەيدان بىۋاسىتە ئاڭلىتىش)، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ سوققىسى (شىنجاڭ سۇنتيى ھەمراھ ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە پروگرامما)، «بىر پاي توپ بىلەن مۆجىزە قازىنىش» خارابىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، كىچىك قۇرت چوڭ بازارغا بېسىپ كىردى (مىچۈەن خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، تارىم دەرياسى بويىدىكى ئەسىر ھالقىغان مويسىپىت (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە جامائەت خەۋىرى)، ئامەتلىك بېيجىڭ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە جامائەت خەۋىرى)، قاراماي ناخشىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قاراماي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە جامائەت خەۋىرى)، كىچىك دەريا قايتا پەيدا بولدى (شىنجاڭ سۇنتيى ھەمراھ ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇنىۋېرسال خەۋەر)، «بالا شۇجى» نىڭ ھېكايىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس خەۋەر)، ئاممىنى قەلبىگە پۈككەن كومپارتىيە (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس خەۋەر)، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى تېتىما كۆلىگە قۇيۇلدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە نەق مەيدان خەۋىرى)، «ئارام كۈندىكى پاراڭلار» پروگراممىسى 2001- يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سەھىپە)، «ئۆسمۈرلەر پروگراممىسى»، 2001 - يىل 10- ئاينىڭ 26 - كۈنى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سەھىپە)، ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئادەم قۇتقۇزغان شۇجى (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس خەۋەر)، بازاردا پائالىيەت قىلىۋاتقان قازاق ئاياللىرى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە ئۇزۇن خەۋەر)، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ ئەمەلىيەتچىسى (كۆكتوقاي ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە مەخسۇس خەۋەر)، جىمىڭ ناھىيە چاغانئوۋدۇن كەنتىدىكى چارۋىچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە يانتېلېفون بار بولدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى موڭغۇلچە ئۇزۇن خەۋەر)، موڭغۇللارنىڭ ئاساسىي مائارىپى توغرىسىدا (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، موڭغۇلچە مەخسۇس خەۋەر)، تېخىمۇ زور يېڭى شان - شەرەپ قوچايلى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قىرغىزچە ئوبزور).

## قوشۇمچە (2)

2001 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى (تېلېۋىزىيە قىسمى) بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ۋە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر: كومپارتىيە شىنجاڭدا! (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە چاتما فىلىم)، گېنېراللىڭ سەلتەنىتى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي تەربىيە چاتما فىلىمى).

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر باش شۇجى جياڭ زېمىن 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشقان ئاپتونوم رايونىمىز ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، ئىلىنىڭ توققۇزتارا ناھىيىسىدە بىر قېتىم پەۋقۇلئاددە زور ئوغرىلىقچە ئورمان كېسىش دېلوسى يۈز بەردى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم كەڭ دائىرىدە ياۋا ئات بېقىلدى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى تېتىما كۆلىگە باشلاندى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، ساپ مېھىر - مۇھەببىتىمىزنى پارتىيىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بېغىشلايمىز (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، بىز ئۇتتۇق (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، چوڭ ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرغان ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى شىركىتى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە چاتما خەۋەر)، مۇشۇنداقمۇ يول ھەققى بولامدۇ؟ (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئوبزور)، پارتىيىنىڭ شەپقىتى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە

مەخسۇس خەۋەر) ، ئىللىق باھاردا قەلبىمىز پارتىيىگە تەلپۈندى، پاشاۋاتقان مايسىلار مەيىن شامالدا يەلپۈندى (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە مەخسۇس خەۋەر) . 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ خەۋەرلىرى» (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە پروگرامما) ، قاراماي‌لىدا قىش (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن فىلىم) ، قازاق «بېلىقچى» لار (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن فىلىم) ، لىيۇ يىتۇڭ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى (ۋۇ جياچۈي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بېيتۇن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن فىلىم) ، ئەسىر ھالقىغان 100 يىللىق بايقاش (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بېيجىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە چاتما فىلىم) ، توخۇ، ئۆردەك، غازلار چېكەتكىلەرنى كەڭ كۆلەمدە تازىلىدى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا فىلىم) ، يەنە كەينىگە سۈرەشكە بولمايدۇ (گۇچۇڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا فىلىم) ، «دېھقان - چارۋىچىلار مۇنبىرى» 241 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە سەھىپە) ، تەڭرىتاغ سۇ تېجەپ سۇغىرىش سىستېمىسى ۋە كېۋەزنى سۇلىياۋ يوپۇق ئاستىدىن ئاچىلىتىپ سۇغىرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى (شىخەنزە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئىلمىي تەربىيە فىلىمى) ، چوڭ قىزىل بېلىقنىڭ سىرى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئىلمىي تەربىيە فىلىمى) ، بورتالانىڭ نەم يەرلىرىنى ئاسراش خاتىرىسى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئىقتىساد پروگراممىسى) ، دېھقان روزىنىساخان يېقىنقى زاماندىكى داھىيلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئاسما گىلەم توقىدى (خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە خەۋەر) ، تىل - يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مەسئۇلىيەت (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىجتىمائىي تەربىيىۋى پروگرامما) ، ھايات ۋە مۇھىت (ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئۆسمۈرلەر مەخسۇس پروگراممىسى) ، «ئالتۇن كۈزنەك» 90 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سەھىپە) ، ئالتاي ۋىلايىتى قار ئاپىتىگە قاتتىق تاقابىل تۇرماقتا (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە مەخسۇس چاتما خەۋەر) ، «غۇنچىلار» پروگراممىسى 5 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە سەھىپە) .

### قوشۇمچە (3)

2001 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى (ئۇيغۇرچە، قازاقچە) بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

2001 - يىللىق روزا ھېيتلىق رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى — «ئايەم سوۋغىسى» (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئۇنىۋېرسال سەنئەت) ، قۇربان ھېيتلىق رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئۇنىۋېرسال سەنئەت) ، 80 يىللىقىڭىز قۇتلۇق بولسۇن (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە ئۇنىۋېرسال سەنئەت) ، مېھىر - مۇھەببەت (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە رادىئو دراممىسى) .

### قوشۇمچە (4)

2001 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى (خەنزۇچە) بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:

غەربىي قىسىمغا مۇھەببەت (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رادىئو دراممىسى) ، باھار شامىلى يۈ مېنگۇەندىن ئۆتتى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رادىئو دراممىسى) ، شىنجاڭغا سەپەر (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇنىۋېرسال سەنئەت) ، قۇم دولقۇنى (قاراماي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رومان ئاڭلىتىش پروگراممىسى) ، كەلگۈسىگە قاراپ ئىلگىرىلەش (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، يېڭى ناخشىلارنى يېغىش پروگراممىسى) ، شۇ ناخشا ساداسى بىلەن قاناتلاندىم (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مۇزىكىلىق مەخسۇس پروگرامما) ، ھەربىي لاگېردىكى كۈلكە چولپىنى مو شىنۋېي ۋە ئۇنىڭ ئەلنەغمە ئەسەرلىرى (كۈيتۇڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مەخسۇس ئەلنەغمە پروگراممىسى) .

## مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ماقالىلىرىنى مۇكاپاتقا باھالاش پائالىيىتى

جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر رادىئو - تېلېۋىزىيە تەتقىقات جەمئىيىتى باشقۇرغان، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ماقالىلىرىنى مۇكاپاتقا باھالاش پائالىيىتى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئاقسۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. 385 پارچە ئەسەر باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى، 266 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 3 پارچىسى ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 37 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك، 80 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، 146 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

## قوشۇمچە

**مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى، ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ماقالىلىرىنى باھالاشتا ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر**

**ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر** تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى تېتىما كۆلىگە قۇيۇلدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە نەق مەيدان خەۋىرى)، گېنېرالنىڭ سەلتەنىتى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس چاتما خەۋەر)، چوڭ سەنئەتلىك فىلىم «پەرۋاز قىلىۋاتقان ئىلى» (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىسى).

**1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر** قەلبىنى خەلق ئاممىسىغا بېغىشلاش (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس خەۋەر)، شەھەر ئاھالىسىنىڭ دىققىتىنى تارتقان تاشقى ئايلانما يولى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە چاتما خەۋەر)، ئايىتىمدا ياڭرىغان بەخت ناخشىسى (قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس خەۋەر)، تۆمۈر داۋامەت مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس زىيارەت)، «غۇنچىلار پروگراممىسى» (كۇچا خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئۆسمۈرلەر پروگراممىسى)، ئايەم سوۋغىسى (2001 - يىللىق روزا ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكى) (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىسى)، بازاردا پائالىيەت قىلىۋاتقان قازاق ئاياللىرى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە ئۇزۇن خەۋەر)، پايتەختتە ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا يىغىن (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە خەۋەر)، مېھىر - مۇھەببەت (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە رادىئو دراممىسى)، پارلاق نەتىجە (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قىرغىزچە ئوبزور)، ھەممە كىشى پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىدىن بەھرىمەن (قىزىلسۇ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قىرغىزچە خەۋەر)، «ئالتۇن كۆزنەك» 90 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سەھىپە)، «مۇنبەت تۇپراق» 12 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە سەھىپە)، ھوشۇقنى تاپ، ئادەم بېدىكى! (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس فىلىم)، چۆل - جەزىرىنى باغۇ - بوستانلىققا ئايلاندۇرغان ساقچىلار (ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە خەۋەر)، 2001 - يىللىق قۇربان ھېيت ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىسى)، «دېھقان - چارۋىچىلار مۇنبىرى» 74 - سان (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە مەخسۇس پروگرامما)، 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىكى «چۈشلۈك خەۋەرلەر» پروگراممىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھاياتى (ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە رىياسەتچىلىك)، ئالتۇن دەۋر (2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە رىياسەتچىلىك)، 2001- يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى شىنجاڭ خەۋەرلىرى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش)، تۇغراقلىقتىكى ئورمان قوغدىغۇچى (ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش)، ئانا يۇرت (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە ئاڭلىتىش)، ئۈزۈلمەس رىشتە (ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە ئاڭلىتىش)، ئاخبارات قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر قىلىش كېرەك (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، ئاخباراتتىكى چىنلىق پرىنسىپى — مۇخبىر، مۇھەررىرلەر ئورتاق رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مىزان (يەكەن ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، تەرجىمە فىلىملىرىنىڭ تىلى توغرىسىدا (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرنىڭ پسىخىكىسى توغرىسىدا (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، ماقالىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئىنتوناتسىيىنىڭ ماسلىقى (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە ئىلمىي ماقالە)، زۇڭلى جۇ رۇڭجى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە)، 100 يىللىق ئىگىلىك تىكلەش بۈگۈندىن باشلىنىدۇ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە)، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە)، بىر قېتىملىق زەھەر تاشلاش دېلوسىدىن تۇغۇلغان ئويلار (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە ماقالە)، قاباھەتلىك جىنايەت (ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە)، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە تەرجىمە)، گەنجياڭنو سۆكمۆكلۈككە كىرىش (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە تەرجىمە)، تويۇس ۋە جەمئىيەت (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە تەرجىمە).

## مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە فىلىمى، مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى كىنولار بويىچە «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون تاللاپ ئۆتكەن «دۆلەت قۇرغۇچى داھىي ماۋ زېدۇڭ» قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى 15 تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىمى، «پامىر دوختۇرى» قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى 8 تېلېۋىزىيە ئەسىرى، «ۋىجدان» قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى 4 كىنو ئەسىرى مۇكاپاتلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، «پامىر دوختۇرى» ئوتتۇرا ھال تېلېۋىزىيە تىياتىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «بوز يەر ئاچقۇچىلار»، «ۋىجدان» كىنو فىلىمى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «چىن قەلب» كىنو فىلىمى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن «خاسىيەتلىك ياغاچ» بالىلار كىنو فىلىمى تۈرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «كۈلۈمسىرىگەن قىسقۇچپاقا» بالىلار كىنو فىلىمى تۈرى بويىچە باھالاش كومىتېتىنىڭ مۇكاپاتىغا؛ «ھايات - ماماتلىق تاللاش» قاتارلىق ئۇيغۇرچە، قازاقچە 5 كىنو تەرجىمە فىلىمى مۇنەۋۋەر تەرجىمە فىلىم مۇكاپاتىغا ۋە كىنو تەرجىمە فىلىم ئۇنىۋېرسال تېخنىكا مۇكاپاتىغا؛ «ۋىجدان» نىڭ ئاپتورى ئەڭ ياخشى سىنارىست مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مېي ياسەي

## كىنو فىلىم ئىشلەش ئەھۋالى

2002 - يىلى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى «قۇربان تۇلۇمنىڭ بېيجىڭغا سەپىرى» ناملىق ھېكايە فىلىم ئىشلىدى. فىلىم بۇنىڭدىن 44 يىل ئىلگىرى (1958 - يىلى) كېرىيە ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر دېھقان قۇربان تۇلۇمنىڭ ماۋ جۇشىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بارماقچى بولغانلىقى، ئاخىرىدا بۇ ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىدەك ئاجايىپ ھېكايىگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان، ئۇنىڭدا داھىي خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، داھىينى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قىزغىن سۆيىدىغان سەمىمىي مۇھەببەت ھەقىقىي، جانلىق نامايەن قىلىنغان. ھېكايىسىنىڭ ۋەقەلىكى تەسىرلىك، شەخسنىڭ ئوبرازى ھەقىقىي، بۇ، ئىدىيىۋىلىكى، بەدىئىيلىكى، زوق بېرىشچانلىقى بىر گەۋدىلەشكەن مۇنەۋۋەر كىنو فىلىم ھېسابلىنىدۇ.

سىنارىست: گۇخۇا، دۇڭ لىڭ، جاڭ جىيەڭ، رېژىسسورلار: لى چېڭشىڭ، دۇڭ لىڭ. ئاساسلىق ئارتىسلار: تۇيغۇن ئەخمىدى، خۇڭ تاۋ، گۇ يۈ.

جىن خۇڭلى

## تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 128 قىسىملىق 4 تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈرەتكە ئالغىنى: «نەسىردىن ئەپەندى» (50 قىسىم)، «قەشقەرلىك قېرىنداشلار» (20 قىسىم)، «غەربىي قىسمىدىكى ئۆسمۈرلەر كۈيى» (52 قىسىم)؛ «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگىنى: «قارلىق قىش» (6 قىسىم).

جىن خۇڭلى

## كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئەھۋالى

شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 2002 - يىلى 2304 قىسىملىق 339 كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەرجىمە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە قىلغىنى 91 فىلىم، 1105 قىسىم (ئۇيغۇرچە 74 فىلىم، 916 قىسىم، قازاقچە 17 فىلىم، 189 قىسىم)، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە قىلغىنى



100 قىسىملىق چاتما تېلېۋىزىيە تىياتىرى «نەسىردىن ئەپەندى» دىن بىر كۆرۈنۈش.

سۈرەتنى: ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەمىنلىگەن.



«قۇربان تۇلۇمنىڭ بېيجىڭغا سەپىرى» ناملىق كىنو فىلىمىدىن بىر كۆرۈنۈش. سۈرەتتە: قۇربان تۇلۇم (سولدىن 2 ـ كىشى) يەرلىك ئاممىا بىلەن سەممىي سۆھبەتتە.

سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

8 فىلىم، 195 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 26 فىلىم، 255 قىسىم (قازاقچە)، قەشقەر ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 12 فىلىم، 161 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 14 فىلىم 126 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، خوتەن ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 8 فىلىم، 102 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى تەرجىمە قىلغىنى 180 فىلىم، 360 قىسىم (ئۇيغۇرچە 100 فىلىم، 200 قىسىم، قازاقچە 80 فىلىم، 160 قىسىم).

جىن خۇڭلى

## رادىئو دراممىسى ئىشلەش ئەھۋالى

شىنجاڭ رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 2002-يىلى 97 قىسىملىق 37 رادىئو دراممىسى ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 33 دراما، 90 قىسىم: «تىرەكلىكتىن چىققان شامال» (8 قىسىم، خەنزۇچە)، «تەڭرىتاغقا مۇھەببەت» (5 قىسىم، خەنزۇچە)، «غەربىي قىسىمغا مۇھەببەت» (5 قىسىم، خەنزۇچە)، «غەربىي قىسىمدىكى ئالاھىدە ئۆزگىرىش» (8 قىسىم، خەنزۇچە)، «ئەسكەرلەر ئەلگە سۆيۈملۈك» (2 قىسىم، خەنزۇچە)، «نەسىردىن ئەپەندى» (6 قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «يۇرت ئوغلى» (9 قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «كۆلكىگە يوشۇرۇنغان يىغا» (7 قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «قورقۇنچلۇق ئافسۇنت» (3 قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «زەنجىرسىمان ئىشلار» (بىر قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «مۇساپىرلار قاۋاقخانىسى» (بىر قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «مۇقەددەس بۇرچ» (بىر قىسىم ئۇيغۇرچە)، «يىللار شۇنداق ئۆتكەن» (9 قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «كىچىك مەلىكە» (بىر قىسىم، ئۇيغۇرچە)، «شۇڭقار» (بىر قىسىم، ئۇيغۇرچە)، ئاقسىنلارنىڭ سېغىنىشى» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «هاشىم» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «مۇھەببەتنىڭ تەھدىتى» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «بەيسېنبۇ» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «دىلىڭ شىياۋپىڭ» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «ئانا يۇرت» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «چەۋەنداز» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «سالىخە» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «تاغ بۈركۈتى» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «تۇمۇرتاس» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «مۇئەللىمگە سالام» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «پىيما» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «ئىنتىلىش» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «ئىز» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «دوست» (بىر قىسىم، موڭغۇلچە)، «تاغ ئارىسىدا ياڭرىغان شاتلىق ناخشىسى» (3 قىسىم، موڭغۇلچە)، «پامىر ئوغلى» (4 قىسىم، موڭغۇلچە)، «دوختۇرخانىدىكى ئىشلار» (بىر قىسىم، موڭغۇلچە)؛ ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 3 دراما، 6 قىسىم: «باھار شامىلى يۈمىنگۈمەندىن ئۆتكەندە» (4 قىسىم، خەنزۇچە)، «ھەربىيلەرنىڭ خوتۇنلىرى» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «ھاياتلىق دەريخى» (بىر قىسىم، خەنزۇچە).

جىن خۇڭلى

## شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىقتىساد ـ تۇرمۇش قانىلى ئېچىلدى

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئىقتىساد ـ تۇرمۇش قانىلى 2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي ئېچىلدى، ھەر كۈنى 12 سائەت پروگراممىا كۆرسىتىلىدۇ. بۇ قانال ئۆزى «ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش»، «ئىقتىساد ۋە قانۇن»، «تىجارەت سەنئىتى»، «بازار ۋە ئىستېمال» قاتارلىق بۆلەكلىك پروگراممىلارنى يولغا قويغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ مۇنەۋۋەر كىنو فىلىم، تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە كارتون فىلىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەپ كۆرسىتىدۇ.

جىن خۇڭلى

## شىنجاڭ تەنتەربىيە پروگراممىسى كۆرسىتىلىشكە باشلىدى

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەنتەربىيە - ساغلاملىق قانىلىدا 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «شىنجاڭ تەنتەربىيىسى» سەھىپىسى يولغا قويۇلدى. بۇ سەھىپىنى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىشىپ ئاچقان. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتى، مۇسابىقە ئىشلىرى ۋە ئالاقىدار تەنتەربىيىچىلەر ھەققىدىكى مەخسۇس زىيارەت قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. پروگراممىدا ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى سائەت 21 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ھەر قېتىمدا 15 مىنۇت كۆرسىتىلىدۇ.

جىن خۇئلى

## 5 خىل تىلدىكى رادىئونى ئاپتوماتىك ئاڭلىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچىدىن ئىبارەت 5 خىل تىلدىكى رادىئودا رەقەملىك ئاۋاز چاستوتىلىق ئاپتوماتىك ئاڭلىتىش سىستېمىسىنى ئارقا - ئارقىدىن ئىشقا سېلىپ، ئاڭلىتىشنى ئاپتوماتلاشتۇردى، بۇ — «شىنژاڭ — شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» نىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى، بۇ سىستېما دۆلەت رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى چىقارغان نەچچە ئون مىليون يۈەنگە سېتىۋېلىنغان. ئۇنىڭدا پروگراممىلارنى لېنتىغا ئېلىش، تەھرىرلەش - رەتلەش، تەكشۈرۈش، باشقۇرۇش، ئاڭلىتىشتىن ئىبارەت پۈتكۈل جەرياننى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ھەمدە نازارەت قىلىش - تىزگىنلەشنى رەقەملەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

جىن خۇئلى

## كىنو فىلىم تارقىتىش، قويۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك كىنو فىلىم - تارقىتىش - قويۇش شىركىتى 14 كە، ناھىيە دەرىجىلىك كىنو شىركىتى 75 كە، شەھەر - بازارلاردىكى كىنوخانا 60 قا، يېزىلاردىكى كىنو قويۇش ئەترىتى 825 كە، كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2202 دىن كۆپرەككە يەتتى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىشلەنگەن 91 كىنو فىلىم تارقىتىلدى. بىر يىلدا 137 مىڭ 27 مەيدان كىنو قويۇلدى. كۆرگۈچىلەر 4 مىليون 110 مىڭ 799 ئادەم (قېتىم) گە، كىنو قويۇشتىن قىلىنغان كىرىم 18 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، تارقىتىشتىن قىلىنغان كىرىم 6 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

نى يۈشىن، جىن يىڭ

## كىنو فىلىملىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئەھۋالى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتى 67 كىنو فىلىمنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلدى، كۆپەيتىمىسى 462. بۇنىڭ ئىچىدە 35 مىللىمېتىرلىق ماگنىت يالىتىلغان كىنو فىلىم كۆپەيتىمىسى 31، 16 مىللىمېتىرلىق ماگنىت يالىتىلغان كىنو فىلىم كۆپەيتىمىسى 174، ئىلمىي تەربىيە فىلىمى كۆپەيتىمىسى 257.

نى يۈشىن، جىن يىڭ

## دۆلەت كىنو ئۈسكۈنىلىرى ياردەم قىلدى

مەدەنىيەت نازارىتى 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچىدە دۆلەت «2131» قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا ياردەم قىلغان سەييارە كىنو ئۈسكۈنىلىرىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. 2002 - يىلى دۆلەت «2131» قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا سەييارە كىنو ماشىنىسىدىن 14 نى، 16 مىللىمېتىرلىق كىنو ئاپپاراتىدىن 86 نى، گېنېراتور ماتورىدىن 20 نى ياردەم قىلدى، بۇلارنىڭ قىممىتى خەلق پۇلى ھېسابىدا 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن. 2001 - يىلدىن 2002 - يىل 11 - ئايغىچە شىنجاڭ 120 نەچچە يېزىنىڭ كىنو قويۇش ئەترىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە يېڭىدىن قۇردى.

دۆلەت «2131» قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2001 - يىلى شىنجاڭغا ياردەم قىلغان 7 سەييارە كىنو ماشىنىسى قويغان كىنو 1074 مەيدانغا، كۆرگۈچىلەر 362 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. دۆلەت ياردەم قىلغان 119 كىنو ئۈسكۈنىسىدە قويۇلغان كىنو 16 مىڭ مەيدان (قېتىم) غا، كۆرگۈچىلەر 3 مىليون 739 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

نى يۈشىن

## شىنجاڭ كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش بىلەتخانىسىنىڭ كىرىمى غەربىي شىمال بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى

2002 - يىلى شىنجاڭ كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتى 35 مىللىمېتىرلىق يېڭى ھېكايە فىلىمدىن 91 نى، قايتا قويۇلىدىغان فىلىمدىن 1457 نى تارقاتتى؛ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يېزا كىنوچىلىقى بويىچە «2131» قۇرۇلۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ماسلاشتى، بىر يىلدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە تارقىتىلغان ھېكايە فىلىمنى 24 كە، كۆپەيتىمىسىنى 105 كە، ئىلمىي

تەربىيە فىلىمىنى 43 كە، كۆپەيتىشنى 257 گە يەتكۈزدى. كىنوخانا بېلەتخانىسىنىڭ كىرىمىنى 18 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 10 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيانقى بېلەتخانا كىرىمىدە رېكورت يارىتىپ، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - بولدى.

نى يۈشىن

شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 2001 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ۋاقتى | ئورۇن | مۇكاپات نامى | ئەسەر | مۇكاپات دەرىجىسى |
| 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى | تەنجاڭ | 2001 - يىللىق جۇڭگو «ھەسەن - ھۈسەن مۇكاپاتى» | بوغدىدىكى بىر ئائىلىلىك ساياھەت يېتەكچىسى | 2 - دەرىجىلىك |
| 5 - ئاي | بېيجىڭ | مەملىكەتلىك موڭغۇلچە رادىئو ئاخباراتى — ئىجتىمائىي تەربىيە دىكتورلۇقىغا دائىر ئىلمىي مۇنەۋۋەر ماقالە مۇكاپاتى | خېجىڭ ناھىيە باجىن بازىرىنىڭ مۈچى كورىيە بازىرىغا كىردى | 1 - دەرىجىلىك |
| | | | تاڭ نۇرى | 1 - دەرىجىلىك |
| | | | گۈزەل خارغات | 1 - دەرىجىلىك |
| | | | ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى ئىگىلىشى توغرىسىدا | 2 - دەرىجىلىك |
| | | | چارۋىچىلارنىڭ ياخشى شۇجىسى — بارنا | 2 - دەرىجىلىك |
| | | | چۆچەك شەھىرى ياۋا قارا ئۆرۈك بازىسى ئېچىپ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى ئىشسىز موڭغۇل ياشلىرى تىرىكچىلىك يولىنى تاپتى | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈلگىسى — كۈشىپ | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | بېيىش يولى | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | مودا ناخشىلارنىڭ تۈنجىسى | 2 - دەرىجىلىك |
| | | | خۇسۇمۇتۇغا بەخت تىلەش | 2 - دەرىجىلىك |
| 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە | راڭچەن | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 2001 - يىللىق رادىئو ئاخبارات مۇكاپاتى | ئاپەت رايونىغا كۆڭۈل بۆلۈش — بوران - چاپقۇندىكى سەپىرىمىز | 2 - دەرىجىلىك |
| | | | بىۋاسىتە ھۇجۇم قىلغان قۇم شورىسى | 2 - دەرىجىلىك |
| | | | بوغدىدىكى بىر ئائىلىلىك ساياھەت يېتەكچىسى | 2 - دەرىجىلىك |
| | | | ئاتۇشلۇق ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئۆزلىرى پۇل چىقىرىپ مۇتەخەسسىسلەرنى WTO توغرىسىدا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | لوپنۇرلۇق 100 ياشلىق بوۋاينىڭ قېيىقى تارىم دەرياسىدا يەنە ئۈزدى | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | كۆك ئاسمان قۇرۇلۇشى نېمىشقا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ؟ | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | سۈن شۈمېي نېمىشقا قاقاس تاغ ئۈچۈن كۆز يېشى قىلدى؟ | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى «ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر» | 3 - دەرىجىلىك |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە | فۇجۇ | 2001 - يىللىق گې- زىت - ژۇرناللار مۇكا- پاتى | تارىم دەرياسىنى قوغلۇزۇش نامىلىق بىۋاسىتە ئاڭلىتىش رادىئو تارىخىدا يېڭى رېكورت ياراتتى<br>تورمۇش ئۆزگەرگەندە، ساداقەت ئۆزگەرمەيدۇ | 1 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 6 - ئاي | نىڭشيا | 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەت- لىك مۇنەۋۋەر ئېلان مۇكاپاتى | جۇڭگو تېلېگرافى — ۋېكچېك زېرەك، ئە قىسمىغا ئۈچۈر يوللىنىدى، خان بولدى<br>شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە شىركىتى — يورۇقلۇق قۇرۇلۇشى<br>پاراۋانلىق ئېلان — قار ئاپتى | 1 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك |
| 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە | شاڭخەي | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋى- زىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 2001 - يىللىق رادىئو ئىجتىمائىي تەربىيە پروگراممىسى | تارىم دەرياسى بويىدىكى ئەسىر ھالقىغان مۆجىزە<br>مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنىڭ گۇۋاھى<br>غەربنى كەڭ ئېچىشتا قانۇنچىلىق ئالدىدا مېڭىش كېرەك<br>ئەتىيازدا پىلانلىق تىكىلىك، كۈزدە بازار تىكىلىكى<br>ئاسىيا كىندىكى ھەققىدە رىۋايەت | 2 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 7 - ئاي | خۇنەن | 12 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى | ئاپەت رايونىغا كۆڭۈل بۆلۈش — بوران - چاپقۇندىكى سەپەرسىز پۇقراۋى كارخانىچى چېن يۈلەنگ پارتىيىگە كىردى | 1 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك |
| 9 - ئاي | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر دىكتورلۇق ۋە رىياسەت- چىلىك ئەسەرلىرى مۇكاپاتى | شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارقىتىلغان «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» (2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى) | 1 - دەرىجىلىك |
| 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | 2001 - يىللىق جۇڭگو رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى | شىنجاڭغا سەپەر<br>ھەربىي لاگېردىكى كۈلكە چولپىنى مو شىنۋېي ۋە ئۇنىڭ ئەلنەغمە ئەسەرلىرى<br>قۇم دولقۇنى | 3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە | گۇيلىن | 2001 - يىللىق جۇڭگو رادىئو دراممىسى مۇكاپا- تى | غەربىي قىسىمغا مۇھەببەت | 3 - دەرىجىلىك |

جىن خۇڭلى

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2002 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

| ۋاقتى | ئورنى | مۇكاپات نامى | ئەسەر | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 2 - ئاي | يۇگوسلاۋىيە | 6 - نۆۋەتلىك يۇگوسلاۋىيە ياڭىر خەلقئارا تېلېۋىزىيە بايرىمى پروگراممىلىرىنى باھالاش مۇكاپاتى | پامىر دوختۇرى | كۈمۈش مۇكاپات |
| 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە | نەنجىڭ | 2001 - يىللىق جۇڭگو «ھەسەن - ھۈسەن مۇ- كاپاتى» | شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەمدە ياۋا ئات يېقىلدى | 3 - دەرىجىلىك |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 5 - ئاينىڭ<br>13 - كۈنى | ياڭجۇ | 20 - نۆۋەتلىك جۇڭگو تېلېۋىزىيە «ئالتۇن بۈركۈت مۇكاپاتى» | قارامايلىنىڭ قىشى<br>تاغ قاشتېشى<br>مۇقام ھەققىدە ھېكايە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات<br>ئىسمى ئاتاش مۇكاپاتى<br>مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| 5 - ئاي | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە ئىقتىساد پروگراممىسى مۇكاپاتى | بورتالانىڭ نەم يەرلىرىنى ئاسراش خاتىرىسى<br>كۆنچى دەرياسى نالە قىلماقتا | 2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 6 - ئاي | بېيجىڭ | 12 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە تىياتىرى «پەرۋاز مۇكاپاتى» | پامىر دوختۇرى | 1 - دەرىجىلىك |
| 6 - ئاينىڭ<br>11 - كۈنىدىن<br>14 - كۈنىگىچە | خاڭجۇ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 2001 - يىللىق تېلېۋىزىيە ئىجتىمائىي تەربىيە پروگراممىسى | ئەسىر ھالقىغان 100 يىللىق بايقاش<br>تۇخۇ، ئۆردەك، غازلارنىڭ چېكەتكىنى كەڭ كۆلەمدە تازىلىشى<br>قارامايلىنىڭ قىشى<br>«دېھقان، چارۋىچىلار مۇنبىرى» 241 - قىسىم<br>تېتىما كۆلىدىكى قاراۋۇل | 2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 6 - ئاينىڭ<br>26 - كۈنىدىن<br>29 - كۈنىگىچە | چاڭچۈن | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 2001 - يىللىق تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مۇز تاغدا دۇنيا بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز جايلارغا دائىر كەڭ كۆلەملىك ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى<br>پارتىيىنىڭ شەپقىتى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس<br>شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەمدە ياۋايى ئات بېقىلدى<br>تارىم دەرياسىنىڭ پۈتۈن ئېقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى<br>2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ خەۋەرلىرى» | 2 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 6 - ئاي | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2001 - يىللىق مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە ئوبزور پروگراممىسى مۇكاپاتى | «بۈگۈنكى مۇھەببەت — مۇشۇنداقمۇ يول ھەققى بولامدۇ؟ | 3 - دەرىجىلىك |
| 7 - ئاي | خۇنەن | 12 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى | پارتىيىنىڭ شەپقىتى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس<br>2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ خەۋەرلىرى» | 1 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 8 - ئاي | جىنەن | 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە «تۇلپار مۇكاپاتى» | پامىر دوختۇرى<br>بوزيەر ئاچقۇچىلار<br>ئات ئۈستىدىكى بالا | 1 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 8 - ئاي | جىنەن | 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە «تۇلپار مۇكاپاتى» | ئارزۇ | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | ئارات مەنزىرىسى | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | قۇياشنى ھەممىدىن بۇرۇن كۆرىدىغان جاي | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | قاناتلىق كىشىلەر | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | قالىغاچ | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | مۇقام ھەققىدە ھېكايە | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | 30 مىنۇتلۇق شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىسى | مۇنەۋۋەر سەھنە مۇكاپاتى |
| | | | پامىر دوختۇرى | ئەڭ ياخشى سىنارىست مۇكاپاتى |
| | | | پامىر دوختۇرى | ئەڭ ياخشى رېژىسسور مۇكاپاتى |
| | | | پامىر دوختۇرى | مۇنەۋۋەر تەرجىمە مۇكاپاتى |
| | | | دۆلەت قوغدىغۇچى ماۋ زېدۇڭ | مۇنەۋۋەر تەرجىمە مۇكاپاتى |
| | | | بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | لۇ فامىلىلىك ئاكا - ئۇكىلار | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | شياڭزى تۇگە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەن ھەل قىلغۇچ جەڭ | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | ئارامسىز كىشىلىك ھايات | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | يىشيۇ ھەققىدە رىۋايەت | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | تيەن پروفېسسورنىڭ 28 ئۆي خىزمەتچىسى | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | قىزىل كاڭنەيشاڭ | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | پەۋقۇلئاددە بەدەل | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | يامغۇردىكى مۇھەببەت | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | ساداقەت | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | سۇغىرىش ماھىرى | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | چوڭ سودىيە | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | ۋىجدان | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | مۇھەببەت دېگەن نېمە؟ | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| | | | ئەمەلىيەتتە كەتكۈم يوق | مۇنەۋۋەر مۇكاپات |
| 8 - ئاي | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى مۇنەۋۋەر دېھقانلار تېلېۋىزىيە پروگراممىسى مۇكاپاتى | كۆز ئالدىمىزدىكى ئۆزگىرىش — بوغدىلىقلار | 1 - دەرىجىلىك |
| 9 - ئاي | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 14 - نۆۋەتلىك دىكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىككە دائىر مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتى | 2001 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ خەۋەرلىرى» | 3 - دەرىجىلىك |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 11 ـ ئاي | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى 8 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە قانۇنچىلىق پروگراممىسى مۇكاپاتى | سوتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا<br>كېسەل بولسا قالايمىقان دوختۇرغا كۆرۈنۈۋەرسەڭ مەسىلىگە كىرەك<br>ئالاھىدە پروگرامما: ساداقەت<br>كىمنىڭ ئىلى. COM | 1 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك<br>3 ـ دەرىجىلىك |
| 12 ـ ئاي | بېيجىڭ | 15 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەت «يۇلتۇز مۇكاپاتى» | ئورتاق مۇھەببەت — «شىنجاڭ، شائىخەي 2001 ـ يىللىق چاغانلىق سەنئەت كېچىلىكى<br>كاراچىدىن ئۆتكەندە (ئەدەبىيات ـ سەنئەت پروگراممىسى) | 2 ـ دەرىجىلىك<br>2 ـ دەرىجىلىك |

## 2002 ـ يىلى تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن فىلىملەرنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

| ۋاقتى | ئورۇن | مۇكاپات نامى | ئەسەر | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 8 ـ ئاي | چىنەن | 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى كىنو «تۇلپار مۇكاپاتى» | ۋىجدان<br>چىن قەلب<br>خاسىيەتلىك ياغىچ<br>كۆزلىمىسىرىگەن قىسقۇچپاقا<br>چىن قەلب<br>ھايات ـ ماماتلىق ئاللاش<br>قۇملۇق بوستانلىقنى چاقىرماقتا<br>مۇھەببەت توپىلى<br>خوراپاتلىق ئادەمنى بالاغا تىقىدۇ<br>يېزىغا مۇھەببەت | 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات<br>3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات<br>3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات<br>ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتى<br>ئەڭ ياخشى سىنارىست مۇكاپاتى<br>مۇنەۋۋەر تەرجىمە مۇكاپاتى<br>مۇنەۋۋەر تەرجىمە مۇكاپاتى<br>ئۇنىۋېرسال تېخنىكا مۇكاپاتى<br>ئۇنىۋېرسال تېخنىكا مۇكاپاتى<br>مۇنەۋۋەر مۇكاپات |

چىن خۇڭلى

# سەھىيە، تىببىي دورىگەرلىك

## سەھىيە

### سەھىيە بايلىقىنىڭ ھازىرقى ھالىتى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر خىل سەھىيە ئاپپاراتى 10 مىڭ 297گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دوختۇرخانا 622، ئامبۇلاتورىيە 352، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى (ئورنى) 96، مەخسۇس بۆلۈم بويىچە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئورنى (پونكىتى) 17، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى (يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى) 226، تىببىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 3، باشقا سەھىيە كەسپىي ئاپپاراتى 110، ئامبۇلاتورىيە، شىپاخانا، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى 7975. قالغان سەھىيە ئاپپاراتلىرى نىسپىي مۇقىم تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە ئاپپاراتلىرىدىكى كېسەل كارىۋىتى 67 مىڭ 535، بۇنىڭ ئىچىدە، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 52 مىڭ 458، ساناتورىيىلەردىكى كارىۋات 495، ئامبولاتورىيىدىكى كارىۋات 644، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىدىكى كارىۋات 736، مەخسۇس بۆلۈم بويىچە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش دوختۇرخانىلىرىدىكى كارىۋات 188، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىدىكى كارىۋات 112، دوختۇرخانا، شىپاخانىلارنىڭ كارىۋىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مىڭ كىشىگە 3.41 دىن توغرا كېلىدۇ.

ئاپتونوم رايون بويىچە 110 مىڭ 227 سەھىيە خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 89 مىڭ 789، باشقا تېخنىك خادىملار 3731، باشقۇرغۇچى 6542، قارا خىزمەتچى 10 مىڭ 165؛ سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە كەسپ ئىشلەۋاتقان ۋراچ 28 مىڭ 76، كەسپ ئىشلەۋاتقان ياردەمچى ۋراچ 9541، رويخەتكە ئېلىنغان سېستىرا 28 مىڭ 116، دورىگەر 5585، لابورانت 4404، باشقا خادىملار 14 مىڭ 67. ھەر مىڭ كىشىگە 1.97 دوختۇر، 1.48 رويخەتكە ئېلىنغان سېستىرا توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار شىپاخانىسى 830، كارىۋاتى 12 مىڭ 407، سەھىيە خادىمى 18 مىڭ 334. يېزا - بازار شىپاخانىسىنىڭ كارىۋىتى ھەر مىڭ يېزا نوپۇسىغا 1.02دىن، يېزا - بازار سەھىيە خادىمى ھەر مىڭ يېزا نوپۇسىغا 1.5 دىن توغرا كېلىدۇ.

2002 - يىلى مالىيە قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 1 مىليارد 289 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي چىقىم 6 مىليارد 16 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، سەھىيە سىستېمىسىنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 6 مىليارد 223 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە (ئامبۇلاتورىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يەتتى.

بۇخەلچەم

قوشۇمچە - 1

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى، كارىۋات، سەھىيە خادىملىرى

| | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى | | | | | | | باشقا تېخنىك خادىملار | باشقۇرغۇچى | قارا خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | كىچىك جەمئىي | كەسپىي ۋراچ | كەسپىي ياردەمچى ۋراچ | رويخەتكە ئېلىنغان سېستىرا | دورىگەر | لابورانت | باشقىلار | | | |
| جەمئىي | 12097 | 67535 | 110227 | 89789 | 28076 | 9541 | 28116 | 5585 | 4404 | 14067 | 3731 | 6542 | 10165 |
| دوختۇرخانا | 622 | 52458 | 69084 | 54847 | 17279 | 4180 | 21029 | 4071 | 2540 | 5748 | 2487 | 4518 | 7232 |
| ساناتورىيە | 10 | 495 | 305 | 162 | 49 | 9 | 67 | 13 | 8 | 16 | 2 | 54 | 87 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى | 24 | 201 | 587 | 506 | 144 | 100 | 188 | 33 | 9 | 32 | 8 | 21 | 52 |
| شىپاخانا | 837 | 12420 | 18517 | 14935 | 3093 | 2715 | 3776 | 756 | 553 | 4042 | 704 | 1114 | 1764 |
| ئامبۇلاتورىيە | 352 | 644 | 1451 | 1257 | 435 | 108 | 366 | 109 | 73 | 166 | 57 | 80 | 57 |
| جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى (پونكىتى) | 2 | | 42 | 25 | 16 | | 7 | 1 | | 1 | 5 | 6 | 6 |
| قان ئېلىش ـ تەمىنلەش ئاپپاراتى | 13 | | 284 | 191 | 28 | 11 | 42 | 9 | 73 | 28 | 28 | 28 | 37 |
| ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسى (پونكىتى) | 96 | 736 | 2794 | 2250 | 825 | 360 | 378 | 89 | 183 | 415 | 130 | 194 | 220 |
| مەخسۇس كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش داۋالاش دوختۇرخانىسى (ئورنى، پونكىتى) | 17 | 188 | 470 | 358 | 118 | 50 | 74 | 14 | 30 | 72 | 20 | 46 | 46 |
| كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تىزگىنلەش مەركىزى | 226 | 112 | 5680 | 4434 | 2097 | 526 | 189 | 53 | 728 | 841 | 232 | 413 | 601 |
| سەھىيە نازارەتچىلىك ئورنى | 1 | | 42 | 33 | 3 | 3 | 1 | | | 26 | | | 9 |
| سەھىيە نازارەتچىلىكى ـ تەكشۈرۈش ئورنى (پونكىتى) | 5 | | 43 | 36 | 17 | 4 | | 1 | 11 | 3 | 1 | 3 | 3 |
| تىببىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتى | 3 | | 11 | 6 | 1 | | 1 | | | 4 | 4 | 1 | |
| ساغلاملىق تەربىيەسى ئورنى (پونكىتى، مەركىزى) | 4 | | 32 | 25 | 6 | | | | | 19 | 6 | | 1 |
| باشقا سەھىيە ئاپپاراتلىرى | 110 | 281 | 604 | 443 | 93 | 45 | 95 | 24 | 69 | 117 | 47 | 64 | 50 |
| ئامبۇلاتورىيە، شىپاخانا، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتلىرى | 7975 | | 10281 | 10281 | 3872 | 1430 | 1903 | 412 | 127 | 2537 | | | |

بۇغەلچەم

## قوشۇمچە ـ 2

2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى تۈرلۈك سەھىيە ئاپپاراتلىرى، كارىۋات، خادىملار

| | ئەمەلىي سانى | | | | نىسبىتى (%) | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىمى | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىمى |
| جەمئىي | 10297 | 67535 | 110227 | 89789 | 100 | 100 | 100 | 100 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دۆلەت ئىلكىدىكى | 4740 | 59868 | 92446 | 74366 | 46.03 | 88.65 | 83.87 | 82.82 |
| كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى | 1008 | 5182 | 8834 | 7014 | 9.79 | 7.67 | 8.01 | 7.81 |
| بىرلەشمە تىجارەت قىلىدىغىنى | 22 | 59 | 116 | 96 | 0.22 | 0.09 | 0.11 | 0.11 |
| خۇسۇسىي ئىگىلىكىدىكى | 4398 | 1605 | 7928 | 7562 | 42.71 | 2.38 | 7.19 | 8.42 |
| باشقىلار | 129 | 821 | 903 | 751 | 1.25 | 1.22 | 0.82 | 0.84 |

بۆغەلچەم

## قوشۇمچە ـ 3

2002 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى، كارىۋات، خادىملار

| | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى | | | | | | | باشقا تېخنىك خادىملار | باشقۇرغۇچى | قارا خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | كىچىك جەمئىي | كەسپىي ۋراچ | كەسپىي ياردەمچى ۋراچ | رويخەتكە ئېلىنغان سېستىرا | دورىگەر | لابورانت | باشقىلار | | | |
| جەمئىي | 10297 | 67535 | 110227 | 89789 | 28076 | 9541 | 28116 | 5585 | 4404 | 14067 | 3731 | 6542 | 10165 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 831 | 11306 | 16823 | 13623 | 5259 | 423 | 5176 | 938 | 579 | 1248 | 680 | 932 | 1588 |
| قاراماي شەھىرى | 78 | 1630 | 2927 | 2312 | 794 | 224 | 961 | 144 | 136 | 53 | 78 | 131 | 406 |
| سانجى ئوبلاستى | 1477 | 5528 | 10180 | 8484 | 2561 | 934 | 2637 | 661 | 404 | 1287 | 116 | 758 | 822 |
| بورتالا ئوبلاستى | 381 | 1659 | 3123 | 2524 | 770 | 321 | 721 | 165 | 143 | 404 | 68 | 254 | 277 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق | 1946 | 8299 | 15033 | 12441 | 3618 | 1220 | 3570 | 746 | 638 | 2649 | 551 | 859 | 1182 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 784 | 3049 | 6071 | 4925 | 1411 | 795 | 1367 | 266 | 248 | 838 | 207 | 308 | 631 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 287 | 2184 | 4063 | 3391 | 1215 | 528 | 831 | 156 | 160 | 501 | 117 | 278 | 277 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 238 | 1963 | 3411 | 2812 | 952 | 233 | 819 | 169 | 157 | 482 | 145 | 204 | 250 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 347 | 2478 | 4484 | 3758 | 1160 | 409 | 1194 | 246 | 205 | 544 | 131 | 258 | 337 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 788 | 4614 | 7396 | 6181 | 2091 | 593 | 1788 | 375 | 353 | 981 | 253 | 414 | 548 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 639 | 6657 | 8815 | 7016 | 1883 | 787 | 2379 | 424 | 390 | 1153 | 468 | 437 | 894 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 85 | 1386 | 2917 | 2328 | 585 | 233 | 717 | 115 | 113 | 565 | 130 | 176 | 283 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 1304 | 8227 | 11758 | 9563 | 2488 | 1514 | 3034 | 497 | 453 | 1577 | 257 | 875 | 1063 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 309 | 4538 | 6388 | 4740 | 1349 | 622 | 1166 | 364 | 191 | 1048 | 326 | 269 | 1053 |
| شىخەنزە شەھىرى | 803 | 4017 | 6838 | 5691 | 1940 | 705 | 1756 | 319 | 234 | 737 | 204 | 389 | 554 |

بۆغەلچەم

## تىببىي داۋالاش، سەھىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى

ئاپتونوم رايون 2002 - يىلى «ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە بايلىقىنى تەقسىملەش ئۆلچىمى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جايلارنىڭ رايون سەھىيىسىنى پىلانلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ماكرولۇق ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. 4 تۈركۈمدە 4020 تىببىي داۋالاش ئاپپاراتىنى تۈرگە ئايرىپ تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە، پايدا ئالىدىغان تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى 3199، پايدا ئالمايدىغان تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى 821. تىببىي داۋالاش بازىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىش ئەندىزىسى تەدرىجىي شەكىللەندى، دورىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىشنىڭ قاپلاش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشتىكى ناھىيىدىن يۇقىرى 90.9% تىببىي داۋالاش ئاپپاراتىدا دورىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش قانات يايدۇرۇلۇپ، 2418 تۈرلۈك دورا سېتىۋېلىندى، سېتىۋېلىش سوممىسى 360 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا كىرگۈزۈلگەن دورىلار تىزىملىكىگە كىرگەن، كىلىنىكىدا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان، سېتىۋېلىش مىقدارى كۆپرەك بولغان دورىلار خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش سوممىسىنىڭ 53.9%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە خېرىدار چىقىقان دورىلارنىڭ باھاسىنىڭ چۈشۈش سالمىقى 16% بولدى، قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە دورا باھاسىنىڭ چۈشۈش سالمىقى 20% — 30%كە يەتتى، شەكىللەنگەن باھا پەرقىنىڭ 70%ى ئاغرىقلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىلىپ، ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن پايدا ئومۇمىي سوممىسى 80 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدا بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچ ئورۇندالدى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ 85%دە بالىنىستا يېتىش خىراجىتى ھېسابات تالونى چىقىرىپ بېرىش تۈزۈمى ياكى بالىنىستا يېتىش خىراجىتىنى سۈرۈشتۈرۈش چارىسى يولغا قويۇلدى، 78% دوختۇرخانىدا بىمارلار دوختۇرنى تاللاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. سەھىيە نازارىتى «كىلىنىكا كەسپىي سۈپىتىنى تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، كىلىنىكا كەسپىي سۈپىتىنى تىزگىنلەش مەركىزىدىن 9نى قۇردى. تىببىي داۋالاش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى قۇرۇش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. 10 - ئايدا ئۈنجى قېتىم ئۆرۈمچى رايونىدىكى 16 تىببىي داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ تىببىي داۋالاش ئۇچۇرى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىندى. مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتى خىزمىتىنىڭ قاپلاش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 45 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى، 261 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سەھىيە كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرى» يېزىپ چىقىلىپ، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، نىشانى ۋە پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە سەھىيە نازارەتچىلىكى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى تاماملىنىپ، سابىق ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ش ئۇ ئا ر يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەتقىقات ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ش ئۇ ئا ر كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى، سەھىيە نازارىتى سەھىيە نازارەتچىلىكى ئورنى تەشكىل قىلىندى، ش ئۇ ئا ر ئۆپكە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى ساقلاپ قېلىندى. ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەش ۋە سەھىيە نازارەتچىلىكى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى تەدرىجىي ئىشلەنمەكتە.

لى خۇيخەي

## ئۇيغۇر تىبابىتى داۋالاش ئاپپاراتى

شىنجاڭدا مۇستەقىل تەشكىلىي تۈزۈلمىدىكى ئۇيغۇر تىبابىتى دوختۇرخانىسىدىن 39ى، 1745 كارىۋات، 2272 خادىم بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىبابىتى بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1879، بىر ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقات ئورنى، بىر ئۇيغۇر تىبابىتى ئالىي تېخنىكومى بار. ئاپتونوم رايوندا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «ئۇيغۇر تىبابىتى دوختۇرخانىسىنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى»، «ئۇيغۇر تىبابىتى كېسەل تارىخىنى يېزىش قائىدىسى» تۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر تىبابىتى دوختۇرخانىسىنىڭ تۈرلۈك قائىدە، تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئۇيغۇر تىبابىتى دوختۇرخانىلىرى تۈزۈملەشتۈرۈپ، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش يولىغا سېلىندى.

جانار

## يېزا سەھىيىسى ۋە ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش

2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي

كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «يېزا سەھىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار»نى تارقاتتى. مەركەزنىڭ قارارىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا سەھىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، سەھىيە نازارىتى 12 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، ئۇلار ناھىيە دەرىجىلىك 312 تىببىي داۋالاش - يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى، 824 يېزا - بازار شىپاخانىسى، 111 دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى شىپاخانىسى، 7932 كەنت سەھىيە ئۆيىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، سەھىيە مۇلازىمىتى ۋە خىراجەت كىرىم - چىقىمى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى ھەم ئەمەلىي ئانالىز دوكلاتىنى يېزىپ چىقتى.

ش ئۇ ئا ر كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى ئىچىدە ش ئۇ ئا ر ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش مەركىزى تەشكىل قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوندا ئۇزاقتىن بۇيان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. جايلار ئاساسىي قاتلام ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش خادىملىرىنى تەربىيىلەش سالمىقىنى زورايتىپ، پۇختا خىزمەت ئىشلەپ، ئانا - باللارنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى %42 . 27، ھامىلدار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 100 مىڭ ئادەم ئىچىدە 32 . 160 بولدى. بۇ 2001 - يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى. جايلار «ئانىلار، بوۋاقلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش قانۇنى»نى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتتى، «تۇغۇلۇش تىببىي ئىسپاتى» قاتارلىق قانۇنىي گۇۋاھنامىلارنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى چىڭىتتى.

لى خۇيخەي

## ئوقتىلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش

2002 - يىلى شىنجاڭدا «ئا»، «ب» تۈردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى نىسپىي مۇقىم بولدى، يىل ئاخىرىغىچە مەلۇم قىلىنغان «ئا»، «ب» تۈردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان ئادەم 47 مىڭ 342 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %21 تۆۋەنلىدى. ئۆلگەنلەر 51 ئادەم بولۇپ، 100 مىڭ ئادەم ئىچىدە ئۆلۈش نىسبىتى 0.2763 بولدى، ئالدىنقى 5 ئورۇندا تۇرىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دىزىنتېرىيە، جىگەر ياللۇغى، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، چېچەك، لىمفا كېسەللىدىن ئىبارەت بولۇپ، كېسەل بولۇش ئومۇمىي سانىنىڭ %14 . 94نى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىغىچە 69 ناھىيىدىن ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان 6541 ئادەم، ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئاغرىغان 107 ئادەم مەلۇم قىلىندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلگىنى 43، يۇقۇملانغانلار مەملىكەت بويىچە يۇقۇملانغان ئادەم سانىنىڭ %20نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون ئاپپارات قۇرۇلۇشى، قابىلىيەت يېتىشتۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتتى، ھازىر بار بولغان دۆلەت دەرىجىلىك 6، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 8 ئەيدىز كېسىلىنى كۆزىتىش قاراۋۇل نۇقتىلىرى يۇقىرى خەتەرلىك، ئاجىز ئادەملەر توپى ئىچىدە ئارىلىشىپ نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلىندى، ھەرىكەتچان ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى بىلەن ئاغرىش نىسبىتى 1990 - يىلدىكىدىن %7 . 42، مۇسبەت خاراكتېرلىك ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى بىلەن ئاغرىش نىسبىتى %8 . 33 تۆۋەنلىدى. يود كاملىق كېسىلى، چۇما، جىگەر ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ھەم پىلانلىق ئىمۇنىتېتلاش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى.

لى خۇيخەي

## تىببىي داۋالاش مۇلازىمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سەھىيە ئاپپاراتلىرى جەمئىي 35 مىليون 40 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم)نىڭ كېسىلىنى دىئاگنوز قويۇپ داۋالىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئامبۇلاتورىيىدە داۋالانغىنى 30 مىليون 829 مىڭ ئادەم (قېتىم)، جىددىي كېسەللەر بۆلۈمىدە داۋالانغىنى 1 مىليون 201 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم)، بالنىستا ياتقىنى 1 مىليون 265 مىڭ 100 ئادەم (قېتىم)، بالنىستىدىن چىققىنى 1 مىليون 244 مىڭ ئادەم (قېتىم)، دوختۇرخانا كارىۋىتىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى %8 . 69كە يەتتى، ئامبۇلاتورىيىدە داۋالانغان ھەر بىر ئادەم (قېتىم)نىڭ ئوتتۇرىچە داۋالىنىش خىراجىتى 2 . 81 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، دورا خىراجىتى 7 . 46 يۈەن. بالنىستىن چىققان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە داۋالىنىش خىراجىتى 1 . 2648 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دورا خىراجىتى 7 . 1217 يۈەن. كېسەللەرنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى ئىچىدە دورا ھەققىنىڭ سالمىقى داۋاملىق تۆۋەنلىدى.

يۈخەنلچەم

## ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق

ھەرىكىتى بەرپا قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، پاكىز شەھەر (ناھىيە بازىرى) بەرپا قىلىش پائالىيىتى ۋە كۆپ خىل شەكىلدىكى ساغلاملىق تەربىيىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتىنى خۇلاسىلاش، مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلىپ، 66 پاكىز شەھەر (ناھىيە بازىرى) ۋە 149 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. 20 نەپەر ئىلغار شەخس مەملىكەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. سەھىيە نازارىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش 10 - بەش يىللىق خىزمەت پىلانى»نى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە پاكىز ھاجەتخانىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىنى ئەسلىدىكى 32%تىن 43%كە يەتكۈزۈش خىزمەت نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لى خۇيخەي

## سەھىيە قانۇنچىلىقى ۋە نازارەتچىلىك خىزمىتى

ئاپتونوم رايوندىكى سەھىيە تارماقلىرى 2002 - يىلى 113 تۈرلۈك مەمۇرىي تەستىقلاش ئىشىنى تەكشۈرۈپ، سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتتىن 46نى، يەرلىك نىزامدىن 2نى، يەرلىك ھۆكۈمەت نىزامىدىن 5نى ئېنىقلىدى. سودا بازىرىنى تۈزەش، يېمەكلىكلەردىكى ساختىلىققا زەربە بېرىش، زەھەرلىك، زىيانلىق خىمىيىۋى بويۇملارنى ئىشلەپچىقىرىپ سېتىش ۋە ئىشلىتىشنى تۈزەش قاتارلىق مەخسۇس كۆزەتلەرقانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە نازارەتچىلىكى، قانۇن ئىجرا قىلىش خادىملىرىدىن 27 مىڭ 904 ئادەم (قېتىم) ئاجرىتىلىپ، 10 مىڭ 936 تىجارەتچى تەكشۈرۈلدى، تۈرلۈك يېمەكلىك، ئىچىملىك، گۆشلەردىن 900 نەچچە خىلى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ قىممىتى 959 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. 22.9 توننا ھەرخىل ساختا، ناچار يېمەكلىك مۇسادىرە قىلىنىپ، 118 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. 9 ئورۇننىڭ تازىلىق ئىجازەتنامىسى بىكار قىلىندى، 102 ئورۇننىڭ تىجارىتى توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى ۋە قەرەل بەلگىلەپ تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش قارا ئۇۋىسىدىن 64ى بىكار قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆي سايمانلىرى ياساش، زىننەتلەش ماتېرىياللىرى ياساش، خۇرۇم ئىشلەش، چامدان-سومكا ئىشلەش، ئويۇنچۇق ياساش، ئاياغ كىيىم تىكىش كارخانا، ئورۇنلىرى ۋە يەككە سودا - سانائەتچىلەردىن 584ى تەكشۈرۈلدى. تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ۋە شەھەرگە تەۋە 2 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پايدا ئالمايدىغان بىر قىسىم تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە ئۈرۈمچى رايونىدىكى تېرە - جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش سورۇنلىرى زەربىدارلىق بىلەن تەكشۈرۈلدى ۋە ئاشكارا، يوشۇرۇن تەكشۈرۈلدى. پايدا ئالمايدىغان 7 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى زەربىدارلىق بىلەن تەكشۈرۈلدى، 8 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ تېرە، جىنسىي كېسەللىكلەر بۆلۈمى يوشۇرۇن تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشتە جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا كېسەللەرگە خاتا يېتەكچىلىك قىلىش، لابوراتورىيە ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ كېسەللەرنى ئالداش قىلمىشلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلانغانلىقى مەلۇم بولدى.

لى خۇيخەي

## ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئۆلۈش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە كېسەل ۋە زەخىملىنىش بىلەن ئۆلگەنلەر 4225، ئۆلۈش نىسبىتى 2.52‰ بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن سەل تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كېسەل، زەخىملىنىش بىلەن ئۆلگەن ئەر 2728، ئۆلۈش نىسبىتى 3.17‰؛ كېسەل، زەخىملىنىش بىلەن ئۆلگەن ئايال 1497، ئۆلۈش نىسبىتى 1.83‰. كېسەللىكلەر ئىچىدە ئالدىنقى 10 ئورۇندا تۇرىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى (100مىڭدىن بىر) بويىچە رەت تەرتىپى مۇنداق: ئايلىنىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 91.87، ئۆسمە 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 65.58، نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكلىرى 100مىڭ كىشى ئىچىدە 23.25، زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 20.510، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 13.23، ئىچكى ئاجراتمىلار، ئوزۇقلۇق ئالماشتۇرۇش كېسەللىكلىرى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 9.06، سۈيدۈك، كۆپىيىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 7.87، تۇغۇت مەزگىلىدىكى كېسەللىكلەر 100مىڭ كىشى ئىچىدە 5.72، باشقا كېسەللىكلەر 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 4.05، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 3.88.

يامان خاراكتېرلىك ئۆسمىدە ئۆلۈش نىسبىتى (100 مىڭدىن بىر) بويىچە ئالدىنقى 6 ئورۇندا تۇرىدىغان كېسەللەرنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق بولدى: ئۆپكە راكى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 13.59، جىگەر راكى 100 مىڭ كىشى

**قوشۇمچە ـ 1**

ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسىنىڭ 10خىل ئاساسلىق كېسەللىك بىلەن ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى ۋە ئۆلۈش مەخسۇس نىسبىتى

| رەتى | جەمئىي | | | | ئەر | | | | ئايال | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۆلۈش سەۋەبى | ئۆلگەن ئادەم | ئۆلۈش نىسبىتى (10 تۈمەن/1) | ئۆلگەنلەر سانىدا ئىگىلىگىنى % | ئۆلۈش سەۋەبى | ئۆلگەن ئادەم | ئۆلۈش نىسبىتى (10 تۈمەن/1) | ئۆلگەنلەر سانىدا ئىگىلىگىنى (%) | ئۆلۈش سەۋەبى | ئۆلگەن ئادەم | ئۆلۈش نىسبىتى (10 تۈمەن/1) | ئۆلگەنلەر سانىدا ئىگىلىگىنى (%) |
| 1 | ئايلىنىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 1541 | 91.87 | 36.47 | ئايلىنىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 978 | 113.51 | 35.85 | ئايلىنىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 563 | 69.01 | 37.61 |
| 2 | ئۆسمە | 1100 | 65.58 | 26.04 | ئۆسمە | 747 | 86.70 | 27.38 | ئۆسمە | 353 | 43.269 | 23.58 |
| 3 | نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 390 | 23.25 | 9.23 | نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 255 | 29.60 | 9.35 | نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 135 | 16.548 | 16.55 |
| 4 | زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش قاتارلىق تاشقى سەۋەبلەر | 344 | 20.51 | 8.14 | زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش قاتارلىق تاشقى سەۋەبلەر | 238 | 27.62 | 8.72 | زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش قاتارلىق تاشقى سەۋەبلەر | 106 | 12.993 | 7.08 |
| 5 | ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 222 | 13.23 | 5.25 | ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 142 | 16.48 | 5.21 | ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكلىرى | 80 | 9.81 | 5.34 |
| 6 | ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالماشتۇرۇشنىڭ باشقا كېسەللىكلىرى | 152 | 9.06 | 3.60 | ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالماشتۇرۇشنىڭ باشقا كېسەللىكلىرى | 80 | 9.29 | 2.93 | ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالماشتۇرۇشنىڭ باشقا كېسەللىكلىرى | 72 | 8.83 | 4.81 |
| 7 | سۈيدۈك ئاجرىتىش، تاناسىل كېسەللىكلىرى | 132 | 7.87 | 3.12 | سۈيدۈك ئاجرىتىش، تاناسىل كېسەللىكلىرى | 79 | 9.17 | 2.90 | سۈيدۈك ئاجرىتىش، تاناسىل كېسەللىكلىرى | 53 | 6.50 | 3.54 |
| 8 | ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى بەزى ئەھۋاللار | 96 | 5.72 | 2.27 | ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى بەزى ئەھۋاللار | 59 | 6.85 | 2.16 | ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى بەزى ئەھۋاللار | 37 | 4.54 | 2.47 |
| 9 | باشقا كېسەللىكلەر | 68 | 4.05 | 1.61 | باشقا كېسەللىكلەر | 38 | 4.41 | 1.39 | باشقا كېسەللىكلەر | 30 | 3.68 | 2 |
| 10 | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى | 65 | 3.88 | 1.54 | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى | 47 | 5.46 | 1.72 | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى | 18 | 2.21 | 1.20 |

يۇغدانچەم

ئىچىدە 39 .11، تاشقازان راكى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 24 .9، ئاق قان كېسەلى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 64 .3، قىزىل ئۆڭگەچ راكى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 4 .3، بوغماق ئۆچەي، تۈز ئۈچەي ۋە مەقئەت راكى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 34 .3، ئەنجەك بېزى راكى 100 مىڭ كىشى ئىچىدە 43 .1، بۇخەلچەم

قوشۇمچە ـ 2

ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ 2002 ـ يىلى يامان سۈپەتلىك ئۆسمە بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى (10 تۈمەن/1)

| | جەمئىي ئۆلۈش نىسبىتى (%) | ئەر | ئايال |
|---|---|---|---|
| جەمئىي | 64.98 | 85.89 | 42.90 |
| ئۆپكە راكى | 13.59 | 18.80 | 8.09 |
| جىگەر راكى | 11.39 | 16.71 | 5.76 |
| تاشقازان راكى | 9.24 | 13.70 | 4.54 |
| ئاق قان كېسەلى | 3.64 | 4.29 | 2.94 |
| قىزىل ئۆڭگەچ راكى | 3.40 | 5.46 | 1.23 |
| بوغما ئۈچەي، تۈز ئۈچەي، مەقئەت راكى | 3.34 | 3.71 | 2.94 |
| ئەنجەك راكى | 1.43 | | 2.94 |

## تىببىي ئىشلارنى باشقۇرۇش

2002 ـ يىلى سەھىيە نازارىتى تىببىي داۋالاش ئۈچۈرلىرىنى ئېلان قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، سۈپەتنى تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون ياخشى دوختۇرخانا» بەرپا قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى «تىببىي داۋالاش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى» بويىچە تىببىي داۋالاش ھادىسىسى تالاش ـ تارتىش دېلوسىدىن 40 نەچچىسى بىر تەرەپ قىلىندى. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن، يېڭى ئېلان قىلىنغان «تىببىي داۋالاش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش نىزامى»غا ئاساسەن، ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى بېكىتىش ۋە تىببىي داۋالاش ھادىسىلىرىنى تېخنىكىلىق بېكىتىشنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتى تاماملاندى. 2002 ـ يىللىق ۋراچلىق سالاھىيەت ئىمتىھانى ۋە سېستىرالىق كەسپىي ئىمتىھانى ئېلىش خىزمىتى تاماملاندى. 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋراچلىق سالاھىيەت ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا 8273 ئادەم ۋە مەملىكەتلىك سېستىرالىق كەسپىي ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا 5822 ئادەم تىزىملاتتى. 6805 ئادەم تىببىي پەنلەر بويىچە

بۇخەلچەم

يېزىقچە ئېلىنغان ئۇنىۋېرسال ئىمتىھانغا قاتناشتى، ساختا دېپلوم بىلەن ۋراچلىق سالاھىيەت ئىمتىھانىغا قاتناشقان 15 ئادەمنىڭ ئىمتىھان بېرىش سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى ھەم بۇ ۋەقە ئىمتىھان رايونىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنىپ، ئىمتىھان ئىنتىزامى چىڭىتىلدى.

2002 ـ يىلدىكى سېستىرالىق كەسپىي ئىمتىھانىدىن پۈتۈن ئىمتىھان رايونى بويىچە 2193 ئادەم ئۆتتى، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى %37.67 بولدى.

1999 ـ، 2000 ـ يىللىرى ۋراچلىق سالاھىيەت ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ لاياقەتلىك بولغانلارنىڭ كەسپىي ۋراچلىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىش خىزمىتى تاماملىنىپ، جەمئىي 7228 كىشىگە كەسپىي ۋراچلىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

جايلار تۇرلۇك شەكىللەرنى قوللىنىپ ھەقسىز قان تەقدىم قىلىش تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى ھەقسىز قان تەقدىم قىلىشقا تەشكىللىدى، سەپەرۋەر قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىختىيارىي ھەقسىز قان تەقدىم قىلىش نىسبىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ بىر يىلدا 21 مىليون 155 مىڭ

مىللىلىتىر قان ئېلىندى ۋە تەمىنلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەقسىز تەقدىم قىلىنغان قان 18 مىليون 821 مىڭ مىللىلىتىرغا يەتتى ھەم تەركىبلىك قان بېرىش نىسبىتى مۇقىم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

لى خۇيخەي

## تىببىي پەن - تېخنىكا مائارىپى

2002 - يىلى سەھىيە نازارىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەرىجىلىك قوشۇمچە تىببىي دورا تەتقىقات ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» ۋە «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوشۇمچە تىببىي دورا پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، ئورۇنلىرىنى ئەستىنلاش ئۆلچىمى»نى تۈزۈپ چىقىپ، قوشۇمچە تىببىي دورا پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى ھەم قېلىپلاشتۇردى. سەھىيە نازارىتىنىڭ ياش پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ مەخسۇس تۈردىكى 21 پەن تەتقىقات تۈرىگە مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىلدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ تىببىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى پىكرى» تارقىتىلدى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا دوختۇرلىرىنى تەربىيىلەش پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ داۋاملىق تىببىي مائارىپ بەلگىلىمىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ تىببىي تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ ئەستىنلاش چارىسى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ داۋاملىق تىببىي مائارىپ بويىچە ئۆگىنىش نومۇرىنى باشقۇرۇش چارىسى ۋە نومۇر بېرىش ئۆلچىمى» تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك داۋاملىق تىببىي مائارىپ تۈرىدىن 223ى ئېلان قىلىندى. ئومۇمىي بۆلۈملەر بويىچە ۋراچلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، «سەھىيە سۈنئىي ھەمراھ پەن - تېخنىكا مائارىپى تورى» پونكىت، نۇقتىسى قۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى، تور داۋاملىق تىببىي مائارىپى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىنسانلارنىڭ ياردەمچى كۆپىيىش تېخنىكىسىنى باھالاش ئۆلچىمى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسپېرما ئامبىرىنى باھالاش ئۆلچىمى» تۈزۈپ چىقىلدى. ئىنسانلارنىڭ ياردەمچى كۆپىيىش تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، 4 تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى ئىنسانلارنىڭ ياردەمچى كۆپىيىش تېخنىكىسىنى قانات يايدۇرۇشقا ئىجازەت ئالدى.

لى خۇيخەي

## جۇڭگو تىبابىتى، مىللىي تىبابەت دورىلىرى

2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ تۇنجى قېتىملىق جۇڭگو تىبابىتى، مىللىي تىبابەت دورىلىرى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، «جۇڭگو تىبابىتى، مىللىي تىبابەت دورىلىرى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى. مەملىكەت بويىچە يېزا جۇڭگو تىبابىتى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە ۋە مەملىكەت بويىچە ئۈلگە جۇڭگو (ئۇيغۇر) تىبابىتى دوختۇرخانىلىرىدا ئۈلگە ئورۇن بەرپا قىلىشتا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەخسۇس بۆلۈمدە، مەخسۇس كېسەل كۆرۈش بويىچە 10 قۇرۇلۇش تۈرى بەلگىلەندى. «جۇڭخۇا ئوت - چۆپ دورىلىرى قامۇسى — ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرى تومى»نى تۈزۈش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى.

لى خۇيخەي

## شىنجاڭ ئۇيغۇر دورىگەرلىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. مۇھاكىمە يىغىنىنى شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى تەشكىللىگەن. جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق فارماكولوگىيە مۇتەخەسسىسى، جۇڭگو تىببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دورا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ليۇگېڭتاۋ قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەر شىنجاڭغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلەپ، دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېڭى مەسىلىلەرنى بىرلىكتە تەتقىق قىلدى.

جانار

## سەھىيە كەسىپ ئىستىلى تۈزىتىلدى

2002 - يىلى سەھىيە نازارىتى جەمئىيەتكە «دوختۇرخانىلارنىڭ تىببىي ئەخلاقى، تىببىي ئىستىلىنى سوئال چىقىرىپ تەكشۈرۈش جەدۋىلى»دىن 130 مىڭ پارچىنى تارقاتتى، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى 1982 زاتنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىپ، پىكىر ئالدى. كەسىپ ئىستىلى نازارەتچىلىرىنىڭ يىغىنىنى 135 قېتىم ئاچتى، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەسىس قىلغان 196 تىببىي داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ كەسىپ ئىستىلىنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا باھالاپ، ئىنكاس قىلىنغان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەر ۋە گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەركەزلىك تۈزىدى. بۇ بىر يىلدا كەسىپ ئىستىلىغا دائىر 456 قېتىملىق ئەرز قوبۇل قىلىنىپ، 79 ئادەم (قېتىم)گە چېتىلىدىغان 51 ناتوغرا ئىستىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، قالايمىقان ئېلىنغان 418 مىڭ 600 يۈەن ھەق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 46 نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 11 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى.

لى خۇيخەي

### شەھەر، يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى

2002 - يىلى سەھىيە نازارىتى مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشنى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىپ، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت تورىنى بەرپا قىلدى، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەرگە يۈزلىنىپ، ئاساسىي تېببىي داۋالاش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى. بەرلىكتىكى، ئارمىيەدىكى چوڭ تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىغا ھەمكارلىشىپ، كارخانىلاردىكى مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى بىلەن ياردەم بېرىپ، يۆلەش مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى ياكى كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. ئۈنۈمپەرسال داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئىچىدە نامراتلارنى يۆلەش كېسەل كارتوتى تەسىس قىلىنىپ، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى داۋالاشقا يۆتكەپ بەرگەن قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر تۆۋەن باھادا ئېتىبار بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەندى. نامراتلارنى قوغداش دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇپ؛ نامرات ئائىلىلەر ئەڭ ئاساسىي تېببىي داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەندى. سەھىيە نازارىتى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ھەر قايسى رايون (ناھىيە) سەھىيە ئىدارىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۈرۈمچى رايونىدىكى 28 قىيىنچىلىقى بار كارخانىدا 4 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى ۋە 33 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتى پونكىتى قۇردى. كۆلىمى كىچىك، خادىملىرى تارقاق، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت ئاپپاراتى قۇرۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان قىيىنچىلىقى بار 11 كارخانىنى ھەرقايسى كەسىپ بويىچە مەدەت بېرىدىغان دوختۇرخانىلار بىلەن ماسلاشتۇرۇپ بۇ ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلار بىلەن كېسەل كۆرسىتىش توختامى ئىمزالاندى.

ئۈرۈمچى رايونىدىكى بەرلىك، ئارمىيىنىڭ 18 دوختۇرخانىسى قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلار بىلەن كەسىپ بويىچە ياردەم بېرىش ۋە نۇقتىلىق بەلگىلەپ ياردەم بېرىش، يۆلەش مۇناسىۋىتى ئورناتتى، كەسىپ بويىچە ياردەم بەرگۈچى تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى بىلەن قوش يۆنىلىشلىك يۆتكەپ داۋالاش تۈزۈمى ئورناتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 2-دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۈنۈمپەرسال دوختۇرخانىلاردا «مېھىر-شەپقەت كېسەل كارتوتى» تەسىس قىلىنىپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى كېسەل كۆرسەتكەندە داۋالىنىش خىراجىتىنى كېمەيتىپ ئېلىش، كەچۈرۈم قىلىش يولغا قويۇلدى. كەسىپ بويىچە مەدەت بېرىش، دوختۇرخانىلار ھەر يىلى بىر، ھېيت - بايراملاردا قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە دوختۇر، دورا ئەۋەتىپ خالىسانە داۋالاش پائالىيىتى قەتئىي، داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردا 4 قېتىم خالىسانە داۋالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، پائالىيەتكە مۇتەخەسسىسلەردىن ئاز كەم 400 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، خالىسانە داۋالانغان ئاممىنىڭ 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، 700 مىڭ يۈەنگە يېقىن دورا، سايمانلار ئىئانە قىلىندى. شەھەردىكى تېببىي خادىملار يېزىلارغا چۈشۈپ مۇلازىمەت قىلىش تۈزۈمى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇپ، جەمئىي ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 195 كىشىلىك 30 داۋالاش ئەترىتى تۆۋەنگە ئەۋەتىلىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە، مەدەنىيەتتىن ئىبارەت «ئۈچنى يېزىلارغا چۈشۈرۈش» ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

لى خۇيخەي

### دۆلەت قەرزى تۈرلىرى

2002 - يىلى دۆلەت قەرزى پۇلى بىلەن قىلىنغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئىچىدە كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئىشلەندى. كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 22سى (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى بىر، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكى 5، ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىكى 16) ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 45 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، سېلىنغان مەبلەغ 77 مىليون 800 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ قەرز مەبلىغى 69 مىليون 800 مىڭ يۈەن، يەرلىكتىن سەپلەنگەن مەبلەغ 8 مىليون يۈەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 16 ناھىيە دەرىجىلىك كېسەللىكنى تىزگىنلەش مەركىزىگە 22 خىل 265 دانە ئۈسكۈنە سەپلەپ بېرىلدى، بۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 3 مىليون 110 مىڭ يۈەن.

دۆلەت قەرزى بېرىلگەن قان پونكىتى تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قان پونكىتىنىڭ دۆلەت قەرزى پۇلى قۇرۇلۇش مەبلىغى بىلەن 48 مىليون 132 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى قۇرۇلىدىغان، ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك 14 قان پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 16 مىڭ 380 كۋادرات مېتىر، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 28 مىليون 200 مىڭ يۈەن؛ 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك قان پونكىتلىرى ۋە 14 ناھىيە دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام قان ئامبىرىغا 24 تۈرلۈك، 726 دانە ئۈسكۈنە سەپلەندى، ئۈسكۈنىگە 22 مىليون 392 مىڭ

400 يۈەن مەبلەغ كەتتى. خوتەن ۋىلايەتلىك قان پونكىتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن باشقان، قالغانلىرى پۈتتى.

لى خۇيخەي

## خەلقئارا ھەمكارلىق تۈرلىرى

2002 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو — ئاۋستىرالىيە شىنجاڭدا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە غەمخورلۇق قىلىش تۈرى باشلاندى. تۈرنىڭ ئىجرا قىلىنىش مۇددىتى 5 يىل بولدى. ئاۋستىرالىيە ھەقسىز 14 مىليون 760 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرى ياردەم بەردى، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا تەخمىنەن 61 مىليون 250 مىڭ يۈەن بولىدۇ. ئاپتونوم رايون 8 مىليون 200 مىڭ يۈەن سەپلەپ بەردى. بۇ خىزمەت ئاساسەن ئۈرۈمچى، غۇلجا ۋە قەشقەردە قانات يايدۇرۇلىدۇ. 11 - ئايدا دۇنيا بانكىسى قەرز بەرگەن ئەنگلىيە تەقدىم قىلغان پۇل بىلەن جۇڭگو تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرى رەسمىي باشلاندى. تۈرنىڭ ئىجرا قىلىنىش مۇددىتى 7 يىل. تۈرگە بېرىلگەن قەرز پۇل مەبلىغى 4 مىليون 420 مىڭ دوللار. ئاپتونوم رايون سەپلەيدىغان ئومۇمىي پۇل 22 مىليون 500 مىڭ يۈەن (ھەر يىلى 3 مىليون 210 مىڭ يۈەن سەپلەيدۇ). بۇ پۇل ئاساسەن ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش، كېسەللەرنى باشقۇرۇش ۋە تۇبېركۇليوز كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلارنى شەرتلىك ھالدا ھەقسىز داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. 11 - ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن خەلقئارا ۋاكسىنا ئىممۇنىتېتلاش بىرلەشمىسى / پەر شارى بالىلار ۋاكسىنىسى فوندى ھەمكارلىق تۈرى باشلاندى. بۇنىڭغا ياردەم بېرىلگەن چەت ئەل مەبلىغى 30 مىليون يۈەن. ئاپتونوم رايون سەپلەپ بېرىشكە تېگىشلىكى 10 مىليون يۈەن. تۈرنىڭ ئىجرا قىلىنىش دەۋرىي مۇددىتى 5 يىل. بۇ پۇل ئاساسەن يېڭى تۇغۇلغان بالىلارغا B تىپلىق جىگەر ياللۇغى ۋاكسىنىسى ئەملەش ۋە بىخەتەر ئوكۇل سېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

لى خۇيخەي

## شىياڭگاڭ «ساغلاملىق تېز پويىزى» تۈرى

2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىياڭگاڭ «ساغلاملىق تېز پويىزى» شىنجاڭدىكى 1 - بېكەت — قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاق چۈشكەن كۆزنى ئېچىش تۇنجى ئوپېراتسىيىسى ئىشلەندى. 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە داۋالاشنى باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جاڭ ۋېنكاڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتۆمىن زاكىر، شىياڭگاڭ «تېخىمۇ ياخشى ئەتە» فوند جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىي رەئىسى فاڭخۇاڭ جۈيىن خانىم، شىياڭگاڭ ئۇيۇشقان ئەلچىلەر ئۆمىكى، «ساغلاملىق تېز پويىزى» دوستى زىيارەت ئۆمىكى ۋە ھەر قايسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرى باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى. «ساغلاملىق تېز پويىزى» 3 ئاي تۇرۇپ، قەشقەر بېكىتى، ئاقسۇ بېكىتىدىكى خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى. 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تۆت خىزمەتتىنىڭ شىنجاڭ بېكىتىدىكى خىزمەتلىرى ئاخىرلاشتى. داۋالاش مەزگىلىدە كۆزىگە ئاق چۈشكەن 1219 نامرات كېسەلنىڭ كۆزى ھەقسىز ئوپېراتسىيە قىلىندى.

لى خۇيخەي

## غەربىي رايوندىكىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا كۆيۈنۈش ھەرىكىتى

سەھىيە مىنىستىرلىكى، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى، مەملىكەتلىك ياشانغانلار كومىتېتى ۋە جياڭسۇ ياڭزىجياڭ دورىگەرلىك گۇرۇھى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن غەربىي رايوندىكىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا كۆيۈنۈش ھەرىكىتى 2 - باسقۇچلۇق پائالىيىتى — شىنجاڭغا دورا ئىئانە قىلىش مۇراسىمى 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ياڭزىجياڭ دورىگەرلىك گۇرۇھى شىنجاڭنىڭ خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ، ئىلى ئوبلاستلىرى قاتارلىق نامرات ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا 1 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى دورىنى ئىئانە قىلدى.

لى خۇيخەي

# تىببىي دورىگەرلىك

## تىببىي دورىگەرلىك كەسپىنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى تىببىي دورىگەرلىك سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 425 مىليون 240 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.8% ؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 203 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 28% ئاشتى؛ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سېتىلىش نىسبىتى 91.1% بولۇپ، 17.1 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى. تىببىي دورىگەرلىك سودا ساھەسىنىڭ سېتىپ چىقىرىش سوممىسى 2 مىليارد 346 مىليون 430 مىڭ يۈەن (باجنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە يېتىپ، 32.5% ئاشتى؛ پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 294 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولۇپ، 9.4% تۆۋەنلىدى؛ 105

مىليون 90 مىڭ يۈەن سودا - سانائەت باج - پايدىسى يارىتىلىپ، %14.94 تۆۋەنلىدى. 2002 - يىلى تىببىي دورىگەرلىك سانائىتىدە تېخنىكا ئۆزگەرتىلگەنلىكى ۋە تىببىي دورا بازىرىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئۈچۈن تىببىي دورا ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە ئۈنۈمگە مۇئەييەن تەسىر يەتتى.

ۋاڭ كېشۈن

## تىببىي دورىگەرلىكتە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ تىببىي دورىگەرلىك كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 4 بولۇپ، 250 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ 2001 - يىلدىكىدىن %13.6 ئاشتى؛ شىنجاڭ دورىگەرلىك گۇرۇھى بىلەن شىنجاڭ شىنفۇساڭ دورا شىركىتى تېخنىكا مەركىزى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆتۈپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانا تېخنىكا مەركىزى بويىچە تۇنجى تۈركۈم ئەستىقلانغان تىببىي دورىگەرلىك كارخانىلىرى بولۇپ قالدى.

ۋاڭ كېشۈن

## دورىلارنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى

2002 - يىلنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىك - باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك دورا نازارەتچىلىك ئىدارىلىرىنى تەشكىللەشنى تاماملىدى ھەم 1 -، 3 - ئايلاردا ۋىلايەت دەرىجىلىك دورا نازارەتچىلىك ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەھۋالدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى، مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، ھەل قىلدى، خىزمەت تەدبىرلىرى ۋە تەلەپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇشقا تېگىشلىك 64 ناھىيە دەرىجىلىك شۆبە ئىدارىنى قۇرۇش خىزمىتى ئاساسەن تاماملاندى. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دورا بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈش ئورنى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك دورا بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈش ئورنى رەسمىي قوشۇۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە دورا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تىك يۆنىلىشتە باشقۇرۇش رامكىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ، دورىلارنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن راۋانلاشتۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك دورا نازارەتچىلىك ئىدارىلىرىنىڭ 38 رەھبىرىي كادىرى ئىلگىرى - ئاخىرى ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، ناھىيە دەرىجىلىك دورا نازارەتچىلىك ئىدارىلىرىنىڭ 127 رەھبىرىي كادىرى سەپلەندى. جايلاردىكى دورا ئىشلىرى، دورا تەكشۈرۈش ۋە تىببىي دورىلارنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىدىن تاللانغان 600 نەچچە نەپەر قوبۇل قىلىنماقچى بولغان خادىم بىر تۇتاش «كىرىش» ئىمتىھانىغا تەشكىللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 360 نەپىرى دەسلەپكى قەدەمدە تاللىۋېلىندى. «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت مەمۇرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش ۋاقىتلىق چارىسى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە، كادىرلار نازارىتى 8 -، 11 -، 12 - ئايلاردا ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك دورا نازارەتچىلىكى ئورگانلىرىدىكى 415 خىزمەتچىدىن 3 تۈركۈمگە بۆلۈپ، مەمۇرلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش ئىمتىھانى ۋە مەمۇرلۇققا ئۆتۈش ئىمتىھانى ئالدى.

لى ۋېيدۇڭ

## خىراجەت ۋە ئۈسكۈنىلەرگە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى

2002 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى مەركەز قوشۇمچە ياردەم بەرگەن ئىش باشلاش خىراجىتىنى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىدارىلەرگە 50 مىڭ يۈەن، ناھىيە دەرىجىلىك شۆبە ئىدارىلارغا 20 مىڭ يۈەن ئۆلچەم بويىچە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىلىرىگە بۆلۈپ بەردى. ھۆكۈمەت خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش ئارقىلىق ۋىلايەت دەرىجىلىك 15 ئىدارىگە قانۇن ئىجرا قىلىش ئاپتوموبىلى، كومپيۇتېر، نۇسخا كۆپەيتىش ماشىنىسى، تېلېۋىزور، تېلېكامېرا، فوتو ئاپپارات قاتارلىق 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى يۈرۈشلۈك ئۈسكۈنە سەپلەپ بەردى. مالىيە نازارىتى بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مالىيە ئىدارىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئىش باشلاش خىراجىتى، ساختا دورىلارغا زەربە بېرىش مەخسۇس خىراجىتى، دورىلارنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش خىراجىتى ئۈچۈن 8 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ھەل قىلىندى، بۇ پۇل مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئاساسىي قاتلام دورا نازارەتچىلىكى ئاپپاراتلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، دورا نازارەتچىلىك تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ۋە دورىگەرلىكنى قانۇن بويىچە تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

لى ۋېيدۇڭ

## دورا، داۋالاش سايمانلىرى بازىرىنىڭ تەرتىپى تۈزەلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرى دورا ۋە داۋالاش سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش، ئىشلىتىش داۋامىدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر

تەرەپ قىلىندى. مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 16 مىڭ 758 قانۇن ئىجرا قىلغۇچى (قېتىم)، 1366 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىلىپ، دورا، داۋالاش سايمانلىرى تىجارىتى قىلىنىدىغان 6072 ئورۇن تەكشۈرۈلۈپ، 1529 دېلو تۇرغۇزۇلدى، 1101 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى؛ ساختا، ناچار دورا، داۋالاش سايمانلىرىنى ياساش، سېتىش ئۇۋىسىدىن 18ى پاچاقلاندى، گۇۋاھنامىسىز تىجارەت قىلغان 152 ئورۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ 13 مىليون 674 مىڭ 300 يۈەنلىك قانۇنسىز تىجارەت قىلىنغان دورا، داۋالاش سايمانلىرى مۇسادىرە قىلىندى؛ ساختا، ناچار، ۋاقتى ئۆتكەن، ئۈنۈمدىن قالغان دورىلار، داۋالاش سايمانلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى، ئۇنىڭ قىممىتى 23 مىليون 100 مىڭ يۈەن كېلىدۇ. 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. جايلار ساختا، ناچار دورىلار كۆپ كۆرۈلىدىغان رايون، يېزا- بازار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرى خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيە ۋە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدىغان، مىكروبسىزلاندۇرۇلغان داۋالاش سايمانلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ تۇردى.

تيەن جۇڭخەي، لى چېن

## ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇش خىزمىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بىر تۇتاش پىلانلاش، ئۆلچەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قەدەم- باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىدارىلەر كونكرېت يولغا قويۇش چارىسىنى قوللىنىپ، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، شەرتىنى چىڭىتىپ، ياردەم بېرىش بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈپ، دورا، داۋالاش سايمانلىرىنى پارچە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇپ تارقىتىش خىزمىتىنى تەرتىپلىك قانات يايدۇردى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە دورىلارنى پارچە سېتىدىغان 1556 كارخانا ئىچىدە، 1299ى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتا لاياقەتلىك بولۇپ، ئىجازەتنامىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى، 166 كارخانا تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىلدى، 91 كارخانىنىڭ ئىجازەتنامىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىلمىدى؛ 1334 داۋالاش سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش كارخانىسى ئىچىدە، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغان 1273 ئورۇننىڭ ئىجازەتنامىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى، 45 ئورۇن تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىلدى، 16 ئورۇننىڭ ئىجازەتنامىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىلمىدى؛ 147 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ دورا ياساش بۆلۈمىدىن تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغان 100 ئورۇننىڭ ئىجازەتنامىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى، بىر ئورۇن تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىلدى، 46 ئورۇننىڭ ئىجازەتنامىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىلمىدى.

تيەن جۇڭخەي، جاڭ خۇڭ

## دورا سۈپىتىنى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش

2002 - يىلىنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى دورىلارنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش پىلانىنى چۈشۈردى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىلىرى دورا تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش، داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ دورا ئىشلىتىشىنى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ساختا، ناچار دورىلارنى ياساش، سېتىش قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىشنى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ بىر يىلدا 4604 تۈركۈم (قېتىم) دورا نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ 658 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتسىز چىقتى؛ دۆلەتنىڭ 60 تۈرنى 659 تۈركۈم (قېتىم) نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، 25 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتسىز چىقتى؛ دۆلەتلىك دورا نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش ئىدارىسى چۈشۈرگەن جۇڭگو تىبابىتى دورا ماتېرىياللىرىنىڭ 11 تۈرىدىن، 190 تۈركۈم (قېتىم) نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، 45 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتسىز چىقتى. ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن، دورا سۈپىتى توغرىسىدا 4 قېتىم ئېلان چىقاردى.

تيەن جۇڭخەي

## ئالاھىدە دورىلارنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى «ئېفېدرىن سېتىۋېلىش - ئىشلىتىش ئىسپاتى (ئېكسپورتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بېجىرىش خىزمىتىنىڭ تەرتىپى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان)»نى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، بىر يىلدا ئېفېدرىن سېتىۋېلىش، ئىشلىتىش ئىسپاتى (ئېكسپورتقا سېتىۋېلىپ، ئىشلىتىش ئىسپاتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 41نى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېفېدرىن ھىدروخلورىد ئىسپاتى 13 پارچە، 17.14 توننا؛ تەقلىدىي ئېفېدرىن ھىدروخلورىد ئىسپاتى 8 پارچە، 24.5 توننا؛ چاكاندا مەلھەمى ئىسپاتى 18 پارچە، 302 توننا. يەككە رېتسېپلىق ئېفېدرىن سېتىۋېلىپ ئىشلىتىش ئىسپاتىدىن 2 پارچە بېجىرىلدى. تەكشۈرۈپ بېجىرىلگەن ئالاھىدە دورىلارنى سېتىۋېلىپ ئىشلىتىش ئىسپاتىدا ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىدى. دۆلەتلىك دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، سەھىيە

قىلدى، بوتۇلكا ئىچىدە، تېلېۋىزىيە ئېلانى 279، رادىئو ئېلانى 82، بېزەكچە ئېلان 349، تەكشۈرۈپ، ئەستىقلىغان ياكى ئەنگە ئالغىنى 603، بوتۇلكا ئىچىدە، تېلېۋىزىيە ئېلانى 237، رادىئو ئېلانى 72، بېزەكچە ئېلان 294. بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان دورا ئېلانى ئىلتىماسىدىن 107سى قايتۇرۇۋېتىلدى، 16 تۈرلۈك ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەندى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇلغان دورا ئېلانى 92.

تيەن جۇڭخېي، گاۋ لۇ

## دورا ئىشلەپچىقىرىش - ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ دورا نازارەتچىلىك سىستېمىسى يېڭى قۇرۇلغان دورا، داۋالاش سايمانلىرى تىجارەتچى كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى چىڭىتتى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دورا، داۋالاش سايمانلىرى تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلارنى قۇرۇشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنىپ، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇلۇپ، شەرتلەر چىڭىتىلدى، دورىلارنى پارچە ساتىدىغان 878 دۇكان، داۋالاش سايمانلىرىنى توپ تارقىتىدىغان 139 كارخانا يېڭىدىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. ھەر دەرىجىلىك دورا نازارەتچىلىك تارماقلىرى دورىلارنى پارچە ساتىدىغان كارخانىلارنى زەنجىرسىمان تىجارەت قىلىش يولىغا مېڭىشقا، تىجارەت كۆلىمىنى كېڭەيتىش، تىجارەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە دورىلارنى پارچە ساتىدىغان زەنجىرسىمان كارخانىدىن 27سى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە تارقالغان دورىلارنى پارچە ساتىدىغان زەنجىرسىمان دۇكان سانى 572 گە يەتتى. «ئاكتىپ، سالماق بولۇش، قەدەم - باسقۇچ بويىچە يولغا قويۇش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش» فاڭجېنى بويىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە دورىلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش سىناق نۇقتىلىرىنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، دورىلارنى پارچە ساتىدىغان يېڭى كارخانىلار (زەنجىرسىمان دۇكانلار) نىڭ دورىلىرىنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش خىزمىتى چىڭىتىلدى،



2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىك ئىدارىسى دورا سۈپىتىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، ساختا، ناچار دورا ياساش، سېتىش قىلمىشلىرىغا زەربە بەردى. سۈرەتتە: 2002 - يىل 8 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ تېخنىكلىرى دورا سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ، بېكىتمەكتە.

سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىك ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «ناركوز دورىلىرىنى مەخسۇس ئىشلىتىش كارتىسى»، «ئەھۋال بىلىدىغانلارنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا ناركوز دورىسى ئىشلىتىش مەخسۇس كارتىسى ماقۇللۇقنامىسى» بېسىلىپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك دورا نازارەتچىلىك ئىدارىلىرىغا تارقىتىپ بېرىلدى. دۆلەتلىك دورا نازارەتچىلىك ئىدارىسى، ج خ مىنىستىرلىكى، سەھىيە مىنىستىرلىكى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «دورىلارنى قالايمىقان ئىشلىتىشنى نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىك ئىدارىسى 5 ئىختىيارىي زەھەر تاشلىتىش ئورنى، 6 مەجبۇرىي زەھەر تاشلىتىش ئورنىدىكى ئالاقىدار خادىملارنى تەشكىللەپ، «دورىلارنى قالايمىقان ئىشلىتىشنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش جەدۋىلى»دىن 1200 پارچىنى تولدۇرۇپ ۋاقتىدا دۆلەتلىك دورىلارنى قالايمىقان ئىشلىتىشنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش مەركىزىگە مەلۇم قىلدى.

لى جىنفېڭ

## دورا، داۋالاش سايمانلىرى ئېلانىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىك ئىدارىسى دورا، داۋالاش سايمانلىرى توغرىسىدىكى 710 ئېلاننى قوبۇل

2. خىلدىكى رېتسېپسىز دورىلار تىجارىتى مۇۋاپىق قويۇۋېتىلىپ، تۈرگە ئايرىپ تىزىش، تۈرگە ئايرىپ ساقلاش تەلىپى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

تيەن چۈنخەي، جۇڭ شىجيې

## گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى

2002 - يىلى دۆلەتلىك دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ مازىرقى دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان، تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلارنى جەزمەن بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە GMP، GSP گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش دېگەن تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك دورا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى تەشۋىق قىلىش، تەربىيىلەش، ياردەم بېرىش، ئىلگىرى سۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، دورا ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش كارخانىلىرىنىڭ GMP، GSPنى يولغا قويۇپ، كارخانىنىڭ بازار رىقابىتى ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى. 2002 - يىلى شىنجاڭ خۇاكاڭ دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى، تېيپىڭ دورىگەرلىك پاي چەكلىك شىركىتى، خوشۇت ئېفېدرىن ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى، شىنبېي دورىگەرلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى دۆلەتلىك دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تارقاتقان GMP گۇۋاھلىق بېرىش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 25 دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى GMPنى يولغا قويۇش گۇۋاھلىق خىزمىتى پىلانىنى يۇقىرىغا يوللىدى، دورىلارنى توپ تارقىتىدىغان 7 ئوتتۇراھال كارخانا، دورىلارنى پارچە ساتىدىغان بىر چوڭ كارخانا GSP گۇۋاھلىق خىزمىتى پىلانىنى يۇقىرىغا يوللىدى.

تيەن چۈنخەي، جۇڭ شىجيې

## دورىلارنى رويخەتكە ئېلىش خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندا يېڭى دورىلار، تەقلىدىي دورىلارنى تەتقىق قىلىش، مەلۇم قىلىش، قوبۇل قىلىپ بېجىرىش، تەستىقلاش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلىندى. ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر دورا تەتقىقات ئورنى، خۇاشىدىن دورا تەتقىقاتى چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 19 دورا تەتقىقات ئاپپاراتىنىڭ تىزىملىتىش، ئەنگە ئالدۇرۇش خىزمىتىنى تاماملاشقا يېتەكچىلىك قىلىندى، ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان 3 بازىنىڭ تېرىش، ئېچىش، تەتقىق قىلىپ ياساش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىلدى. دۆلەتلىك دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىغا دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان 39 كارخانىنىڭ دورىلارنىڭ تەستىق نومۇرىنى بىر تۇتاش ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان 640 پارچە ماتېرىيالى يوللاندى، 32 كارخانىنىڭ 388 تۈرلۈك دورىسى يېڭى ئالماشتۇرۇلغان دورا تەستىق نومۇرىغا ئېرىشتى. تەييار جۇڭگو تىبابىتى دورىلىرىنىڭ يەرلىك ئۆلچىمىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە، ئەمەلدىن قالدۇرۇلماقچى بولغان 2 كارخانىنىڭ يەرلىك ئۆلچەمدىكى دورا تۈرلىرى تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىلدى. 16 تۈرلۈك يېڭى دورا، 10 تۈرلۈك تەقلىدىي دورا ۋە جۇڭگو تىبابىتى دورا تۈرلىرىدىن قوغدىلىدىغان 2 تۈر دۆلەتلىك دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا سۇنۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، مىللىي تىبابەت دورىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ،

قىسقا ماتېرىيال

## پايدا ئالمايدىغان ۋە پايدا ئالىدىغان داۋالاش ئاپپاراتلىرى

پايدا ئالمايدىغان داۋالاش ئاپپاراتى: بۇ جەمئىيەتتىكى ئاۋامنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە تەسىس قىلىنغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان داۋالاش ئاپپاراتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ، كىرىمى تىببىي مۇلازىمەت تەننەرخىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئەمەلىي تىجارەت داۋامىدىكى كىرىم - چىقىم قالدۇقى پەقەت ئۆزىنى تەرەققىي تاپقۇزۇشقا، مەسىلەن داۋالاش شارائىتىنى ياخشىلاش، تېخنىكا كىرگۈزۈش، يېڭى داۋالاش مۇلازىمەت تۈرىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن داۋالاش مۇلازىمىتى يېتەكچى باھاسىنى ئىجرا قىلىدۇ، مۇناسىپ باج ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

پايدا ئالىدىغان داۋالاش ئاپپاراتى: بۇ داۋالاش مۇلازىمىتىدىن ئېرىشكەن پايدىسىنى مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئىقتىسادىي نەپ قايتۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان داۋالاش ئاپپاراتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ داۋالاش مۇلازىمەت باھاسى قويۇۋېتىلىدۇ، ئۇلار قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدۇ، بەلگىلىمە بويىچە باج تاپشۇرىدۇ. ھۆكۈمەت پايدا ئالىدىغان داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى قۇرمايدۇ.

لى خۇېخەي

ھازىرقى ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاندى، ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇناسىپ تەدبىر ۋە تەكلىپلەر بېرىلدى.

جاڭ شۈنيىڭ

## دورا كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەش

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىك ئىدارىسى كەسپكار پراۋىزورلارنى ئىمتىھاندىن ئىلگىرى تەربىيىلەش، سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە داۋاملىق تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. مەملىكەتلىك كەسپكار پراۋىزور سالاھىيىتى ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا 2080 ئادەم ئۆزىنى مەلۇم قىلدى، 2 قاراردا 430 كەسپكار پراۋىزور يىغىپ تەربىيىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك دورا نازارەتچىلىك ئىدارىلىرى «ئىجازەتنامە» تارقىتىش پۇرسىتىنى تۇتۇپ، دورا، داۋالاش سايمانلىرى تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرىنى «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن-نىزاملارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ھەرىكىتىنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە دورا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 16 مىڭ 700 نەچچە ئادەم (قېتىم) قانۇن - نىزام ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭى ۋە سۈپەت ئېڭى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپكار پراۋىزور 438گە يەتتى، كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 111 پراۋىزور ئېتىراپ قىلىندى.

چېن جىنگۇي

## تىببىي دورىلارنى سېتىۋېلىش، سېتىشتىكى ناتوغرا ئىستىللار تۈزىتىلدى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك دورا نازارەتچىلىك ئىدارىسى 6 مىنىستىرلىك، كومىتېت بىرلىشىپ چاقىرغان خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىببىي دورىلارنى سېتىۋېلىش، سېتىش داۋامىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، دورىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋالىدىغان، خېرىدار بولىدىغان كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتى، ۋاسىتىچى ئاپپاراتلارنىڭ خېرىدار چاقىرىش پائالىيىتى ۋە دورىلارنىڭ سۈپىتى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك دورا نازارەتچىلىك ئىدارىلىرى دورىلارنى خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىشقا 12 قېتىم قاتناشقان، ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك 261 دوختۇرخانىدىن 236 سى دورىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىشقا قاتناشقان، بۇ ئومۇمىي سانىنىڭ %90.9 نى ئىگىلەيدۇ، خېرىدار چاقىرىلغان دورا تۈرى 2945كە، خېرىدار چىققىنى 2368گە يەتتى. خېرىدار چىققان دورىلار، داۋالاش سايمانلىرىنىڭ قىممىتى 360 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دورا باھاسى تۇراقلاشتى، دورا سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

لى ۋېيدۇڭ، تيەن جۇنخەي

## دورىلارنىڭ ناچار تەسىرىنى نازارەت قىلىش، ئۆلچەش مەركىزى قۇرۇلدى

2002 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن ش ئۇ ئا ر دورىلارنىڭ ناچار تەسىرىنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش مەركىزى قۇرۇلدى، بۇ مەركەز، ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە دورىلارنىڭ ناچار تەسىرىگە دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش، باشقۇرۇش، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى دورىلارنىڭ ناچار تەسىرىنى نازارەت قىلىش ئۆلچەش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمىتىگە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش؛ ئاپتونوم رايون بويىچە دورىلارنىڭ ناچار تەسىرىنى نازارەت قىلىش ئۆلچەش ئۇچۇر تورىنى قۇرۇش، ئىشقا سېلىش ۋە قوغداش خىزمىتىنى باشقۇرۇش؛ ئاپتونوم رايوندىكى دورىلارنىڭ ناچار تەسىرى بويىچە مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەتچىلىك ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىنى تەشكىللەش؛ ئاپتونوم رايوننىڭ دورىلارنىڭ ناچار تەسىرى بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ.

ۋاڭ يىڭشەن، جۇاڭ شىجيې

# تەنتەربىيە

## تەنتەربىيە خىزمىتى

### ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تەنتەربىيىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە تەنتەربىيە (مەدەنىيەت - تەنتەربىيە) ئىدارىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئالاقىدار كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ۋە ساھەلەر تەنتەربىيە جەمئىيىتى، يەككە تۈردىكى تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مەسئۇللىرى، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە باشقارما ئىشخانىلارنىڭ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن جەمئىي 200 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا سۆز قىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك تەنتەربىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى دەۋردىكى تەنتەربىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكرى»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى» (مۇزاكىرە نۇسخىسى) مۇزاكىرە قىلىنىپ، شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى ۋە تەدبىرلىرى مۇھاكىمە قىلىندى، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

يۇ جىنخۇا

### ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر

2002 - يىل 1 - ئايدا دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى 2001 - يىللىق ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك پائالىيىتى ھەپتىلىكى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن بىر تۈركۈم ئىلغار ئورۇنلارنى مۇكاپاتلىدى. شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مالىيە ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن ئىبارەت 6 ئورۇن مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى مەدەنىيەت مەركىزى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى تەنتەربىيە جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستلىق تارمىقى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، قۇتۇبى ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، سودا - سانائەت بانكىسى گۇما ناھىيىلىك تارمىقى، بورتالا شەھىرى شىيىڭپەن بازىرى، «گېنېرال» گۇرۇھى شىنجاڭ ئاماكا زاۋۇتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن ئىبارەت 15 ئورۇن ئىلغار ئورۇن، دېگەن نامغا ئېرىشتى.

2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەزگىلىدە، «مەكتەپ تەنتەربىيە خىزمىتى نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر مەكتەپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى. شىنجاڭدىن خېجىڭ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئارشاڭ ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، كۇچا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، كۈيتۇڭ شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، سانجى ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، شىخەنزە شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، پىچان ناھىيىلىك لۇكچۈن ئوتتۇرا مەكتىپى، شىخۇ شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، بۇرچىن ناھىيە بازارلىق 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىبارەت 10 مەكتەپ مۇنەۋۋەر مەكتەپ دېگەن نامغا، لياڭ تىيجيەن (قاراماي 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، شىلى خۈيچياڭ (چەرچەن ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ)، ئابلەت مۇسا (قۇمۇل

ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، بولات خاكەن (ئالتاي ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، خالمۇرات ئابلىكىم (ئونسۇ ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، خۇاڭ جيەنگو (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ) دىن ئىبارەت 6 تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى.

2002 - يىل 12 - ئايدا دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى مەملىكەتلىك تىكتاك توپ كوماندىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭدىكى خەلقئارا دەرىجىلىك تىكتاك توپ رېپېرى گۈلەرەم مۇھەت بىلەن مۇئاۋىن ئالىي دەرىجىلىك تىكتاك توپ تىرېنېرى ليۇ بوغا «تىكتاك توپ تۆھپىكارى» مۇكاپاتى بەردى.

يۈ جىنخۇا

## دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇەن شىجيې شىنجاڭنىڭ كومپيۇتېرلىق جۇڭگو تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتىنى تۇنجى قېتىم تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۈەن ۋېيمىن قاتارلىق 7 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ مەشىق چوڭ ئەترەتلىرىنى، شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىنى ۋە بوغدا كۆلىدىكى تاغ ئۈستى مۇز مەيدانىنى، فۇكاڭ، سانجى، تۇرپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەشىق مەيدانى ۋە ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ مەزگىلدە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۇلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشتى.

يۈ جىنخۇا

## «دەردكە دەرمان بولۇش قۇرۇلۇشى» شىنجاڭغا ياردەم قىلدى

«دەردكە دەرمان بولۇش قۇرۇلۇشى» جۇڭگو تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى جامائەت پاراۋانلىق فوندىدىن پايدىلىنىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋە نامرات رايونلارنىڭ ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى ۋە ماھارەت تەنتەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بەردى. چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەنتەربىيە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى 2001 - يىلدىن باشلاپ جۇڭگو تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى جامائەت پاراۋانلىق فوندى ئىچىدە «دەردكە دەرمان بولۇش قۇرۇلۇشى» فوندىنى مەخسۇس تەسىس قىلدى. «دەردكە دەرمان بولۇش قۇرۇلۇشى» فوندىدىن تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا 4 مىليون يۈەن ئاجرىتىلىپ، غۇلجا ناھىيىلىك تەنتەربىيە مەشىق سارىيى بىلەن قەشقەر تەنتەربىيە مەكتىپى ئۇنىۋېرسال مەشىق سارىيى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى «دەردكە دەرمان بولۇش قۇرۇلۇشى» نىڭ 3 كىشىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ، 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ ياردەم بېرىش تۈرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. ئۇلار تۇرپان، فۇكاڭ، مارالبېشى، شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپىنى تەكشۈرۈپ، ئاخىرى تۇرپان بىلەن فۇكاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال مەشىق سارىيىنى «دەردكە دەرمان بولۇش قۇرۇلۇشى» نىڭ 2 - تۈركۈمدە ياردەم بېرىدىغان تۈرى قىلىپ بېكىتتى. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «دەردكە دەرمان بولۇش قۇرۇلۇشى» شىنجاڭدا 1 - قېتىم ياردەم قىلغان قۇرۇلۇش تۈرى — غۇلجا ناھىيىلىك تەنتەربىيە مەشىق سارىيى پۈتتى. مەشىق سارىيىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1500 تاماشىبىننى سىغدۇرالايدۇ، بۇ يەردە ۋاسكېتبول، ۋالېيبول، يەي توپ، تىكتاك توپ، گىمناستىكا، چامباشچىلىق، رۇداۋ، تەيچۈەنداۋ، چېلىشىش مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ، بۇ، بەدەن چېنىقتۇرۇش، مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش ۋە خىزمەت بېجىرىش بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال تەنتەربىيە مەشىق سورۇنىدۇر.

يۈ جىنخۇا

## تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىش

2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە شاڭخەي شەھەرلىك تەنتەربىيە ئىدارىسى 3 كىشىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىپ، پۇتبول ئىس باسارلىرىنى ھەمكارلىشىپ تەربىيىلەش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى بىلەن تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىشتى ۋە كېلىشتى. 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە جۇڭگو پۇتبول جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن رەئىسى يەن شىدو شاڭخەي شەھەرلىك تەنتەربىيە ئىدارىسى بىلەن سۇڭ چىڭلىڭ فوندى جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپقان 24 كىشىنى باشلاپ، ياش - ئۆسمۈرلەر پۇتبولى تەرەققىيات مەبلىغىدىن 100 مىڭ يۈەن ۋە 50 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى پۇتبول جابدۇقى، تېخنىكا ماتېرىيالىنى ئېلىپ، شىنجاڭغا كېلىپ ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتە ياردەم بەردى. ئۇلار تۇنجى نۆۋەتلىك «بىرلەشمە خەۋەرلىشىش لوڭقىسى» شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر پۇتبول مەشىق لاگېرىنىڭ ئېچىلىش

مۇراسىمغا قاتنىشىپ، تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ قىزلار پۇتبول كوماندىسى، شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپى ئوغۇللار پۇتبول كوماندىسى، ئۈرۈمچى تەنتەربىيە مەكتىپى ئوغۇللار پۇتبول كوماندىسى، U−13، U−15، U−17 ياش- ئۆسمۈرلەر ئوغۇللار پۇتبول كوماندىسى قاتارلىق 8 كوماندىنىڭ 5 مەشىق لاگېرىدىكى مەشىق ئەھۋالىنى كۆزدى ھەم تېخنىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلدى. 9 - ئايدا تاللاش ئارقىلىق 25 نەپەر شىنجاڭ قىز ئۆسمۈر پۇتبول تەنھەرىكەتچىسى شائخەي ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپىگە بېرىپ ئۆگەندى ۋە مەشىق قىلدى. سۇلاڭ چىڭلىلاڭ فوندى جەمئىيىتى شىنجاڭ پۇتبول ئۇيۇشمىسى بىلەن بىرلىكتە ياش - ئۆسمۈرلەر پۇتبول مەكتىپى قۇرۇش ھەمكارلىق كېلىشىمىنى تۈزدى.

جىن خۇا

### تەنتەربىيە مەيدان، سارايلىرى قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى تەنتەربىيە (مەدەنىيەت - تەنتەربىيە) ئىدارىلىرىنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى 3324 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەنتەربىيە مەيدانى 41، تەنتەربىيە سارىيى (مەشىق زالى) 46، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى (سارىيى) 59، چويلا توپ مەيدانى (سارىيى) 38، قارىغا ئېتىش مەيدانى (سارىيى) 18، يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى 324، پۇتبول مەيدانى 183، ۋاسكېتبول مەيدانى 1697، مەشىق ئۆيى 196، چېنىقىش يولى 94، بەيگە مەيدانى 40، باشقا مەيدانلار 588.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا رەسمىي ئىش باشلاندى. ئۇنىڭغا 230 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 75 مىڭ كۋادرات مېتىر، 45 مىڭ تاماشىبىن سىغىدۇ. يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ تەنتەربىيە مەركىزى تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ئۇل قىسمى پۈتكۈزۈلدى، تەنتەربىيە سارىيىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتتى. 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچى قىزىلتاغ تەنتەربىيە مەيدانىدا رەسمىي ئىش باشلاندى، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 37 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 10 مىڭ تاماشىبىن سىغىدۇ، ئۇنىڭغا 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 10 - ئايدا قۇرۇلۇش كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق، 4500 ئورۇندۇقى بار ئۈرۈمچى قىزىلتاغ تەنتەربىيە سارىيى رەسمىي پۈتتى. 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچى قىزىلتاغ تەنتەربىيە سارىيىدا سارايىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە CBA مەملىكەتلىك ئەرلەر ۋاسكېتبول A دەرىجىلىكلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى) نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە قىزىلتاغ تەنتەربىيە سارىيىدا 4 مەيدان مەملىكەتلىك ئەرلەر ۋاسكېتبول A دەرىجىلىكلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، تاماشىبىنلار تەخمىنەن 18 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

جىن خۇا

## ماھارەت تەنتەربىيىسى

### خەلقئارا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىن 6 مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچى يېنىك ئاتلېتىكا، پلانېر، چەۋەندازلىق، بوكس، قارىغا ئېتىش، چېلىشىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە خەلقئارا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، 6 تۈردە 1 -، بىر تۈردە 3 -، بىر تۈردە 4 -، 2 تۈردە 5 -، بىر تۈردە 8 - بولدى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە بوكس تەنھەرىكەتچىسى ئابدۇۋاغان ئابلىكىم گېرمانىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا بوكس تەكلىپ مۇسابىقىسىدا 3 - بولدى.

5 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى شۆ خەيفېڭ كرودىيە، تۈركىيە (2 بېكەت) لەردە ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا ئوقيا ئېتىش مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىدا، 111 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن شەخسلەر بويىچە 5 - بولدى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىسى نۇرمەھەممەت ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدا، 58.34 مېتىر ۋە 58.84 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەر دىسكا ئېتىش تۈرىدە 2 قېتىم 1 - بولدى.

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە چېلىشىش تەنھەرىكەتچىسى ئېلنۇر كانادادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا، 60 كىلوگراملىقلارنىڭ قەدىمكى چېلىشىش تۈرىدە 4 - بولدى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە پلانېر تەنھەرىكەتچىسى خەن شىنپىڭ گېرمانىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنياۋى يىپ بىلەن تىزگىنلەيدىغان پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا، نيۇ ئەنلىن (خېنەن)، جاڭ ۋېي (شەندۇڭ) لار بىلەن ھەمكارلىشىپ 18 مىڭ 29 نومۇرلۇق ئومۇمىي نەتىجە بىلەن كوللېكتىپ چېمپىيون بولدى ھەم 6083.5

نومۇر بىلەن شەخسلەر بويىچە چېمپىيون بولۇپ، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر بويىچە ئۇدا 5 قېتىم چېمپىيون بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چەۋەنداز جېڭىس شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن «جىيالىڭ لوڭقىسى» خەلقئارا ئات ئويۇنى بىرلەشمىسى شەرقىي ئاسىيا ئات ئويۇنى توساقتىن ئاتلاش مۇسابىقىسىدا چېمپىيون بولدى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىسى نۇرمۇھەممەت سىرىلانكىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا، 60.33 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەر دىسكا ئېتىش تۈرىدە چېمپىيون بولدى.

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىسى نۇرمۇھەممەت كورىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن 14 - نۆۋەتلىك ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا، 57.83 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەرنىڭ دىسكا ئېتىش تۈرىدە 5 - بولدى؛ ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى شۈ خەيفېڭ ھەمراھى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 234 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ئەرلەر كوللېكتىپ بويىچە 8 - بولدى.

يۈ جىنخۇا

## مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى مۇنەۋۋەر تەنتەربىيە كوماندىلىرى ۋە تەنھەرىكەتچىلەر مەملىكەتلىك تۈرلۈك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، 6 تۈردە 1 -، 5 تۈردە 2 -، 15 تۈردە 3 -، 7 تۈردە 4 -، 10 تۈردە 5 -، 4 تۈردە 6 -، 7 تۈردە 7 -، 2 تۈردە 8 - بولدى. بىر كوماندا، 3 ئادەم 28 قېتىم 10 تۈرلۈك ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى شۈ خەيفېڭ بىر ئادەم ئەرلەرنىڭ ئوقيا ئېتىشى بويىچە 7 تۈردە ئاپتونوم رايون رېكورتىنى 24 قېتىم بۇزدى، جاۋ ۋېيخۇا ئاياللارنىڭ ئوقيا ئېتىشى بويىچە 2 تۈردە ئاپتونوم رايون رېكورتىنى 2 قېتىم بۇزدى؛ قارىغا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى ۋاڭ لۇ ئەرلەرنىڭ قارىغا ئېتىشى بويىچە بىر تۈردە ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بىر قېتىم بۇزدى، شىرزات، ۋاڭ چاۋ، تيەن جوڭۋېيلاردىن تەركىب تاپقان ئەرلەر قارىغا ئېتىش كوماندىسى ئەرلەرنىڭ تاپانچا تاللاپ ئاستا ئېتىش كوللېكتىپ مۇسابىقىسى بويىچە ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزدى.

يۈ جىنخۇا

### 2002 - يىلى شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەردىكى ئالدىنقى 8 - لىككىچە ئېرىشىش ئەھۋالى

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مۇسابىقە نامى | ۋاقتى | ئورنى | مۇسابىقە تۈرى | نەتىجىسى | دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| نۇرمۇھەممەت | ئەر | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا چېمپىيونلۇق ۋە مۇكاپاتلىق ئاغىر-قى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە | 10 - ئاينىڭ 26 — 27 - كۈنلىرى | جېجياڭ | دىسكا | 58.84 مېتىر | 1 |
| فۇ لىڭلى | ئايال | مەملىكەتلىك قۇملۇق ۋالېبولى چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 7 - ئاينىڭ 24 — 27 - كۈنلىرى | جېجياڭ | قۇملۇق ۋالېبولى | 110 نومۇر | 1 |
| شۈ خەيفېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 10 — 16 - كۈنلىرى | ۋۇخەن | يەككە ئومۇمىي ماھارەت | 1321 ھالقا | 1 |
| خەن شىنپىڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى | جىنياڭ | F2B يەككىلەر مۇسابىقىسى | 6500 نومۇر | 1 |
| ئەلى ئەركىن | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش يۈرۈش-لۈك مۇسابىقىسى | 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى | بېيجىڭ | 80CC يەككىلەر ئومۇمىي نەتىجە | 248 نومۇر | 1 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئابدۇراخمان ئابلىكىم | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 11 - ئاينىڭ 3 — 15 - كۈنلىرى | جېجياڭ | 75 كىلوگراملىقلار | | 1 |
| ۋاڭ شىنخۇا | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى | جىنياڭ | SIA يەككىلەر مۇسابىقىسى | 383 | 2 |
| شۇ خېيفېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 10 — 16 - كۈنلىرى | ۋۇساڭ | يەككە 70 مېتىر | 326 ھالقا | 2 |
| ئابدۇروسۇل روزى | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 11 - ئاينىڭ 3 — 15 - كۈنلىرى | جېجياڭ | 63.5 كىلوگراملىقلار | | 2 |
| ئابدۇراخمان ئابلىكىم | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 8 - ئاينىڭ 13 — 23 - كۈنلىرى | جىنەن | 75 كىلوگراملىقلار | | 2 |
| ئابدۇروسۇل روزى | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 8 - ئاينىڭ 13 — 23 - كۈنلىرى | جىنەن | 63.5 كىلوگراملىقلار | | 2 |
| لى ۋېنكۇي | ئەر | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا چېمپىيونلۇق ۋە مۇكاپاتلىق ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 10 - ئاينىڭ 26 — 27 - كۈنلىرى | جېجياڭ | چويۇن توپ | 17.99 مېتىر | 3 |
| لى ۋېنكۇي | ئەر | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش ۋە ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تاللاش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 6 — 10 - كۈنلىرى | لياۋنىڭ | چويۇن توپ | 17.72 مېتىر | 3 |
| ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى | ئەر | مەملىكەتلىك پاش ئەرلەر ۋاسكېتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 16 — 21 - كۈنلىرى | لياۋنىڭ | ۋاسكېتبول | 3 ئۇتۇق 2 ئۇتتۇرۇق | 3 |
| نۇرمۇھەممەت | ئەر | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش ۋە ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تاللاش مۇسابىقىسى | 6 - ئاينىڭ 6 — 10 - كۈنلىرى | لياۋنىڭ | دىسكا | 57.02 مېتىر | 3 |
| كولاڭ فەنبى | ئايال | مەملىكەتلىك ياشلار تېز مۇز تېيىلىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 2 - ئاينىڭ 15 — 17 - كۈنلىرى | مۇدەنجياڭ | 1500 مېتىر | 2'13"91 | 3 |
| كولاڭ فەنبى | ئايال | مەملىكەتلىك ياشلار تېز مۇز تېيىلىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 2 - ئاينىڭ 15 — 17 - كۈنلىرى | مۇدەنجياڭ | 3000 مېتىر | 4'49"33 | 3 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كولاڭ فەنمېي | ئايال | مەملىكەتلىك پاشلار تېز مۇز تېيىلىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 2 ـ ئاينىڭ 15 — 17 ـ كۈنلىرى | مۇدەنجياڭ | تېز تېيىلىش ئومۇمىي ماھارەت | 180 نومۇر | 3 |
| خەيىت<br>ئەكبەر | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش يۈرۈشلۈك مۇسابىقىسى | 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى | بېيجىڭ | 250CC كوللېكتىپ ئومۇمىي نەتىجە | 112 نومۇر | 3 |
| جى جيەنخۇا | ئەر | مەملىكەتلىك ئاغلىق ۋېلىسىپىت ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى | يۈننەن | ۋاقىت خاتىرىلەش مۇسابىقىسى | 20'21"82 | 3 |
| جى جيەنخۇا | ئەر | مەملىكەتلىك ئاغلىق ۋېلىسىپىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى | يۈننەن | دالا مۇسابىقىسى | 1:48'56"82 | 3 |
| ئېلمنۇر | ئەر | مەملىكەتلىك چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە | ئەنخۇي | 60 كىلوگراملىقلار | | 3 |
| تۇلەۋقان سىبىنقان | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 8 ـ ئاينىڭ 13 — 23 ـ كۈنلىرى | جىنەن | 91 كىلوگراملىقلار | | 3 |
| تۇلەۋقان سىبىنقان | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 11 ـ ئاينىڭ 3 — 15 ـ كۈنلىرى | جېجياڭ | 91 كىلوگراملىقلار | | 3 |
| شىرزات<br>ژاڭ چاۋ<br>تيەن جوڭۋېي | ئەر | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش يۈرۈشلۈك مۇسابىقىسى (2 ـ بېكەت) ۋە كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە | شېنياڭ | كوللېكتىپ مۇسابىقە | 1652 ھالقا | 3 |
| دولقۇن<br>جېڭىس<br>جانارگۈل<br>نۇرراخمان | ئەر<br>ئەر<br>ئايال<br>ئەر | مەملىكەتلىك چەۋەندازلىق لەۋھە تالىشىش ۋە ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى تاللاش مۇسابىقىسى | 6 ـ ئاينىڭ 8 — 9 ـ كۈنلىرى | بېيجىڭ | توساقتىن ئاتلاش كوللېكتىپ مۇسابىقىسى | 28 نومۇر | 3 |
| كولاڭ فەنمېي | ئايال | مەملىكەتلىك پاشلار تېز مۇز تېيىلىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 2 ـ ئاينىڭ 15 — 17 ـ كۈنلىرى | مۇدەنجياڭ | 1000 مېتىر | 1'30"22 | 4 |
| دولقۇن | ئەر | مەملىكەتلىك چەۋەندازلىق لەۋھە تالىشىش ۋە ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى تاللاش مۇسابىقىسى | 6 ـ ئاينىڭ 8 — 9 ـ كۈنلىرى | بېيجىڭ | توساقتىن ئاتلاش يەككىلەر مۇسابىقىسى | 8 نومۇر | 4 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جۇن جۇاڭ<br>چۇ يولىڭ<br>شۇ خەيفېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش ئولىمپىك تۈرى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 10 - ئاينىڭ 12 — 18 - كۈنلىرى | گۇاڭدوڭ | كوللېكتىپ شاللاش مۇسابىقىسى | 231 ھالقا | 4 |
| جى جيەنخۇا | ئەر | مەملىكەتلىك تاغلىق ۋېلسىپىت چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى | يۈننەن | دالا مۇسابىقىسى | 1:56'51"45 | 4 |
| جى جيەنخۇا | ئەر | مەملىكەتلىك تاغلىق ۋېلسىپىت لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى | يۈننەن | ۋاقىت خاتىرىلەش مۇسابىقىسى | 28'15"38 | 4 |
| ياڭ فېڭ<br>خې خەيجياڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى | جىنياڭ | FIB كوللېكتىپ مۇسابىقىسى | 2317 نومۇر | 4 |
| ياڭ فېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى | جىنياڭ | FIB كوللېكتىپ مۇسابىقىسى | 1290 نومۇر | 4 |
| ئامىنجاپ | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5 - ئاينىڭ 9 — 14 - كۈنلىرى | دېياڭ | 5000 مېتىر | 14'41" | 5 |
| جۇ چېڭگو | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار تېز مۇز تېيىلىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 2 - ئاينىڭ 15 — 17 - كۈنلىرى | مۇدەنجياڭ | 5000 مېتىر | 7'48"50 | 5 |
| كوڭ فەنمېي | ئايال | مەملىكەتلىك ياشلار تېز مۇز تېيىلىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 2 - ئاينىڭ 15 — 17 - كۈنلىرى | مۇدەنجياڭ | 500 مېتىر | 43"63 | 5 |
| ۋاڭ جيې | ئايال | مەملىكەتلىك قۇملۇق ۋالىبولى چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 7 - ئاينىڭ 24 — 27 - كۈنلىرى | شېنجېن | قۇملۇق ۋالىبولى | 66 نومۇر | 5 |
| ۋاڭ جيې | ئايال | مەملىكەتلىك قۇملۇق ۋالىبولى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 10 - ئاينىڭ 5 — 8 - كۈنلىرى | سۇجياڭ | قۇملۇق ۋالىبولى | 66 نومۇر | 5 |
| ئەكرەم بارات | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 8 - ئاينىڭ 13 — 23 - كۈنلىرى | جىنەن | 60 كىلوگراملىقلار | | 5 |
| ئەكرەم بارات | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 11 - ئاينىڭ 3 — 15 - كۈنلىرى | جېجياڭ | 60 كىلوگراملىقلار | | 5 |
| قانات ئىسلام | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 11 - ئاينىڭ 3 — 15 - كۈنلىرى | جېجياڭ | 67 كىلوگراملىقلار | | 5 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جۇن جۇاڭ<br>چۇ يوڭ<br>شۇ خەيفاڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 ـ ئاينىڭ 10 — 16 ـ كۈنلىرى | ۋۇساڭ | شاللاش كوللېكتىپ مۇسابىقىسى | 243 ھالقا | 5 |
| پەرھات | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش يۈرۈش-لۈك مۇسابىقىسى | 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى | بېيجىڭ | 250CC ئومۇمىي نەتىجە | 105 نومۇر | 5 |
| سەي يوڭخۇي | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش يۈرۈش-لۈك مۇسابىقىسى | 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى | بېيجىڭ | 125CC ئومۇمىي نەتىجە | 59 نومۇر | 6 |
| شۇ خەيفاڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش ئولىمپىك تۈرى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 10 ـ ئاينىڭ 12 — 18 ـ كۈنلىرى | گۇاڭدۇڭ | شەخسلەر شاللاش مۇسابىقىسى | 107 ھالقا | 6 |
| گۈلجامال<br>ۋېن جۇن<br>فۇ چىڭجاڭ<br>جاۋ ۋېيخۇا | ئايال | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش ئولىمپىك تۈرى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 10 ـ ئاينىڭ 12 — 18 ـ كۈنلىرى | گۇاڭدۇڭ | كوللېكتىپ مۇسابىقە | 222 ھالقا | 6 |
| جۇ چىڭگو | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار تېز مۇز تېيىلىش لەۋھە تالىشىش مۇساب-قىسى | 2 ـ ئاينىڭ 15 — 17 ـ كۈنلىرى | مۇدەنجاڭ | 500 مېتىر | 39"30 | 6 |
| جاۋ ۋېيخۇا | ئايال | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 ـ ئاينىڭ 10 — 16 ـ كۈنلىرى | ۋۇساڭ | يەككە 70 مېتىر | 316 ھالقا | 7 |
| خەمىت | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش يۈرۈش-لۈك مۇسابىقىسى | 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى | بېيجىڭ | 125CC ئومۇمىي نەتىجە | 97 نومۇر | 7 |
| خەمىت | ئەر | مەملىكەتلىك دالا موتسىكلىت لەۋھە تالىشىش يۈرۈش-لۈك مۇسابىقىسى | 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى | بېيجىڭ | 125CC ئومۇمىي نەتىجە | 96 نومۇر | 7 |
| شۇ خەيفاڭ | ئەر | مەملىكەتلىك تالادا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6 ـ ئاينىڭ 2 — 8 ـ كۈنلىرى | جياڭسۇ | يەككە 70 مېتىر | 317 ھالقا | 7 |
| شۇ خەيفاڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 ـ ئاينىڭ 10 — 16 ـ كۈنلىرى | ۋۇساڭ | شەخسلەر شاللاش مۇسابىقىسى | 107 ھالقا | 7 |
| جاۋ ۋېيخۇا | ئايال | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 ـ ئاينىڭ 10 — 16 ـ كۈنلىرى | ۋۇساڭ | يەككە ئومۇمىي ماھارەت | 1315 ھالقا | 7 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جاۋ ۋېيخۇا | ئايال | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى | 4 ـ ئاينىڭ 10 — 16 ـ كۈنلىرى | ۋۇشى | شەخسلەر شاللاش مۇسابىقىسى | 101 ھالقا | 7 |
| جېڭلىس | ئەر | مەملىكەتلىك چەۋەندازلىق لەۋھە تالىشىش ۋە ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا تاللاش مۇسابىقىسى | 6 ـ ئاينىڭ 8 — 9 ـ كۈنلىرى | بېيجىڭ | شەخسلەر توساقتىن ئاتلاش مۇسابىقىسى | 20 نومۇر | 8 |
| لىۋ جۈنبو | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار تېز مۇز تېيىلىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 2 ـ ئاينىڭ 15 — 17 ـ كۈنلىرى | مۇدەنجياڭ | 5500 مېتىر | 39"75 | 8 |

## ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەرنى ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى بىنىڭ ئاتلېتىكا، قارىغا ئېتىش، ئوقيا ئېتىش، بوكس، خەلقئاراچە چېلىشىش، تېز مۇز تېيىلىش، ۋاسكېتبول، تەيچۇەنداۋ، رۇداۋچە چېلىشىش، تىكتاك توپ، سۇ ئۈزۈش، ۋالىبول، پۇتبول قاتارلىق 13 تۈر (قېتىم) بويىچە يىللىق مۇسابىقە ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭغا 2996 تەنھەرىكەتچى (قېتىم)، 401 ترېنېر (قېتىم)، 389 رېيېر (قېتىم)، 254 خىزمەتچى (قېتىم) قاتناشتى، 15 ئادەم 16 قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ 5 تۈردىكى ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى بۇزدى، 2 ئادەم 1 ـ دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى. ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئۈرۈمچى شەھىرى 5595 نومۇر بىلەن 1 ـ، قەشقەر ۋىلايىتى 2179 نومۇر بىلەن 2 ـ، ئىلى ئوبلاستى 2106 نومۇر بىلەن 3 ـ، ئاقسۇ ۋىلايىتى 4 ـ، شىخەنزە شەھىرى 5 ـ، بايىنغولىن ئوبلاستى 6 ـ بولدى.

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى ناھىيىسى شۈيشىگۇ يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇللاردىن 89 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئالتاي، سانجى، ئۈرۈمچى ۋەكىللەر كوماندىسى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى، 10 تەنھەرىكەتچى ئاپتونوم رايوننىڭ 3 تۈردىكى ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى 11 قېتىم بۇزدى.

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، ئىلى، بورتالا، چۆچەك، ئالتاي، قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، نېفىت تەنتەربىيە جەمئىيىتىدىن 211 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، ئىلى ۋەكىللەر كوماندىسى كوللېكتىپ نومۇر بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى، بىر تەنھەرىكەتچى 1 ـ دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى.

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر رۇداۋچە چېلىشىش مۇسابىقىسى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، ئىلى، تارباغاتاي، قۇمۇل، تۇرپان، قەشقەر، قىزىلسۇلاردىن 240 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. قىزىلسۇ، ئۈرۈمچى، ئىلى ۋەكىللەر كوماندىسى كوللېكتىپ نومۇر بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋالىبول مۇسابىقىسى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە كۈيتۈڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، ئىلى، بورتالا، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇلاردىن 13 كوماندا (ئەرلەر كوماندىسى 7، ئاياللار كوماندىسى 6)، 167 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. قەشقەر، قىزىلسۇ، ئۈرۈمچى كوماندىسى ئەرلەر بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە، قەشقەر، ئىلى، ئۈرۈمچى كوماندىسى ئاياللار بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە باغراش ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، ئىلى، بايىنغولىن، ئاقسۇلاردىن 90 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، ئىلى كوماندىسى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر تىكتاك توپ مۇسابىقىسى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە

ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، ئىلى، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، نېفىت تەنتەربىيە جەمئىيىتىدىن 106 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى كوماندىسى ئەرلەر ئا، ب گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ مۇسابىقىسىدا 1 ـ ، شىخەنزە كوماندىسى ئەرلەر س گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ مۇسابىقىسىدا 1 ـ ، ئۈرۈمچى كوماندىسى قىزلار ئا گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ مۇسابىقىسىدا 1 ـ ، بايىنغولىن كوماندىسى قىزلار ب، س گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ مۇسابىقىسىدا 1 ـ بولدى.

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە كۈيتۇڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ، تۆمۈريول تەنتەربىيە جەمئىيىتى، نېفىت تەنتەربىيە جەمئىيىتىدىن 660 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى، قەشقەر، بايىنغولىن ۋەكىللەر كوماندىسى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى، 5 ئادەم 2 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى 5 قېتىم بۇزدى، بىر ئادەم 1 ـ دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى.

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر بوكس مۇسابىقىسى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ئاتۇش شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ، نېفىت تەنتەربىيە جەمئىيىتىدىن 230 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى، قىزىلسۇ، سانجى ۋەكىللەر كوماندىسى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتاي، تۇرپان، بايىنغولىن، قەشقەر، قىزىلسۇ، نېفىت تەنتەربىيە جەمئىيىتىدىن 240 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر ۋەكىللەر كوماندىسى ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، نېفىت تەنتەربىيە جەمئىيىتىدىن 19 كوماندا (ئەرلەرنىڭ 12، ئاياللارنىڭ 7)، 254 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. بايىنغولىن، ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋەكىللەر كوماندىسى ئەرلەر بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە، ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، قەشقەر ۋەكىللەر كوماندىسى قىزلار بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، ئىلى، قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، تۆمۈريول تەنتەربىيە جەمئىيىتى، نېفىت تەنتەربىيە جەمئىيىتىدىن 133 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى، تۆمۈريول تەنتەربىيە جەمئىيىتى ۋەكىللەر كوماندىسى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئالدىنقى 2 ـ لىككىچە، قۇمۇل، ئاقسۇ كوماندىلىرى تەڭلا 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇلاردىن 350 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى، قەشقەر، قىزىلسۇ ۋەكىللەر كوماندىلىرى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر تەيچۈەنداۋ گۈرەش مۇسابىقىسى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، ئىلى، تارباغاتاي، قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، نېفىت تەنتەربىيە جەمئىيىتىدىن 226 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قەشقەر ۋەكىللەر كوماندىسى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

بۇ جىنغۇا

## 17 – U مەملىكەتلىك ياش ـ ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ كۈيتۇڭ ۋە شىخەنزە شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. گەنسۇ ئۆلكىلىك تەنتەربىيە مەكتىپى، گەنسۇ ئۆلكىلىك «تيەنما» پۇتبول كۇلۇبى، لەنجۇ «شىنشىلىڭ» پۇتبول كۇلۇبى، ئىچكى موڭغۇل تەنتەربىيە كەسپىي ئىنستىتۇتى، ئىچكى موڭغۇل «تيېبجى» پۇتبول مەكتىپى، نىڭشيا «يۇسەي» پۇتبول كۇلۇبى، شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپى، شىنجاڭ تەڭرىتاغ، شىنجاڭ يادرۇبى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، كۈيتۇڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى مەكتەپ، ئىدارە ۋە كۇلۇبلارنىڭ

11 كوماندا، 206 تەنھەرىكەتچىسى بۇ قېتىملىق غەربىي شىمال 2 - رايوننىڭ 2 - باسقۇچلۇق مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. شىنجاڭ يادۇيى، شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ پۇتبول كوماندىسى ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

خۇ خۇا

## جۇڭگو شىنجاڭ، قازاقىستان تىكتاك توپ دوستلۇق مۇسابىقىسى

2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە قازاقىستان ياش - ئۆسمۈرلەر تىكتاك توپ كوماندىسىدىن 17 كىشى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ۋە مۇسابىقىلەشتى. 10 - كۈنى جۇڭگو شىنجاڭ - قازاقىستان تىكتاك توپ دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ يېڭى تەربىيىلەش كوماندىسىنىڭ 20 تەنھەرىكەتچىسى ۋە قازاقىستاننىڭ 17 تەنھەرىكەتچىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭ يېڭى تەربىيىلەش كوماندىسى قىز، ئوغۇللار كوللىكتىپى بويىچە غەلىبە مۇكاپاتىغا، قازاقىستان كوماندىسى خاتىرە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. كېيىن قازاقىستان ياش - ئۆسمۈرلەر تىكتاك توپ كوماندىسى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ياش - ئۆسمۈرلەر تىكتاك توپ كوماندىسى بىلەن دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

شياۋ يۇ

## شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى ئا گۇرۇپپا A دەرىجىلىكلەر قاتارىغا كىردى

2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى CBA مەملىكەتلىك ئەرلەر ۋاسكېتبول ئا گۇرۇپپا B دەرىجىلىكلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسىدە، 8 مەيدان مۇسابىقىنىڭ 7 سىدە ئۇتۇپ، بىرىدە ئۇتتۇرۇپ 1 - بولدى. قائىدە بويىچە، ئالدىنقى 4 - لىككىچە ئېرىشكەن ئا گۇرۇپپا B دەرىجىلىك كوماندىلار ئۆز ۋە قارشى تەرەپ مەيدانىدا 5 قېتىم مۇسابىقىلىشىپ، 3 قېتىم ئۇتسا، ئالدىنقى 2 - لىككىچە ئېرىشكەن كوماندا ئا گۇرۇپپا A دەرىجىلىكلەر قاتارىغا كىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئاخىرى شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى 3:0 نەتىجە بىلەن شەندوڭ دابېن كوماندىسىنى يېڭىپ، مەملىكەتلىك ئەرلەر ۋاسكېتبول ئا گۇرۇپپا A دەرىجىلىكلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسىگە كىردى. بۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى مەملىكەتلىك ئا گۇرۇپپا A دەرىجىلىك كەسپىي كۇلۇب كوماندىسى ھېسابلىنىدۇ.

جىن خۇا

## جۇڭگو نۇقتىلىق ئوقيا ئېتىش تەنتەربىيە مەكتىپى قۇرۇلدى

2002 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ چاپچال ناھىيە ئىشتىن سىرتقى ئوقيا ئېتىش تەنتەربىيە مەكتىپىگە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئوقيا ئېتىش، قارىغا ئېتىش باشقۇرۇش مەركىزى جۇڭگو نۇقتىلىق ئوقيا ئېتىش تەنتەربىيە مەكتىپى، دەپ نام بەردى، 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قۇرۇلدى. دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمىدا بۇ مەكتەپكە 40 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئوقيا ئېتىش سايمانلىرىنى تەقدىم قىلدى. بۇ مەكتەپ شىنجاڭ بويىچە بىردىن بىر دۆلەت دەرىجىلىك تەنتەربىيە مەكتىپى بولۇپ قالدى.

جىن خۇا

## شىنجاڭ سۇڭ چىڭلىڭ پۇتبول مەكتىپى قۇرۇلدى

2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ سۇڭ چىڭلىڭ پۇتبول مەكتىپى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋىۋىسكا ئېسىپ رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ، سۇڭ چىڭلىڭ فوندى جەمئىيىتى مەملىكەت بويىچە مەبلەغ ياردەم قىلىپ قۇرغان تۇنجى ياش - ئۆسمۈرلەر پۇتبول كەسپىي مەكتىپى. ھەمكارلىق كېلىشىمىدە: 1 - باسقۇچ 5 يىل بولىدۇ، فوندى جەمئىيىتى ھەر يىلى مەكتەپكە 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاساسلىقى ئوقۇتۇش، مەشىق ۋە مۇسابىقىگە ئىشلىتىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شىنجاڭ پۇتبول جەمئىيىتى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن 13 — 14 ياشقىچە بولغان 50 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇتتى ۋە مەشىق قىلدۇردى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن دائىم تەڭشەش، تولۇقلاش ۋە شاللاش ئېلىپ بارىدۇ، مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسىم ھەقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. 1 - باسقۇچ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بۇ مەكتەپ ھەر دەرىجىلىك كەسپىي پۇتبول كۇلۇبلىرىغا، جۇڭگو ياشلار كوماندىسىغا ۋە دۆلەت كوماندىسىغا ئىختىساسلىق پۇتبولچىلارنى ئەۋەتىدۇ.

خۇ خۇا

## ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى 6 تەنتەربىيە مەكتىپى جەمئىي 953 يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ 407، ئۈرۈمچى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ 120، سانجى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ 30، ئىلى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ 80، قەشقەر تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ 209، ئاقسۇ تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ 107. 2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ ياش - ئۆسمۈر تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەتلىك

مۇسابىقىلەردە 7 تۈردە 1 ـ، 5 تۈردە 2 ـ، 4 تۈردە 3 ـ، 4 تۈردە 4 ـ، 9 تۈردە 5 ـ، 7 تۈردە 6 ـ، 12 تۈردە 7 ـ، 6 تۈردە 8 ـ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپى 3 ئالتۇن، 2 كۈمۈش، 2 مىس مېدال؛ ئۈرۈمچى تەنتەربىيە مەكتىپى 4 ئالتۇن، 3 كۈمۈش، 2 مىس مېدال ئالدى. شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى خۇاڭ شى 87"33'1 نەتىجە بىلەن قىزلارنىڭ 1500 مېتىرغا تېز مۇز تېيىلىش تۈرىدە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزدى. 2002 ـ يىلى شىنجاڭ 34 ترېنېرنى ئاجرىتىپ مەملىكەت ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىدا يېنىك ئاتلېتىكا، ۋاسكېتبول، چېلىشىش، قارىغا ئېتىش، بوكس، ۋالېبول، ۋېلسىپىت، تەيچۈەنداۋ قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ترېنېرلىرىنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەشكە؛ 10 رېيىرنى مەملىكەتلىك ۋالېبول، رۇداۋچە چېلىشىش، تەيچۈەنداۋ، چەۋەندازلىق قاتارلىق تۈرلەرنىڭ رېيىرلار كۇرسىغا؛ 9 رېيىرنى مەملىكەتلىك ۋاسكېتبول، چېلىشىش، بوكس، تەيچۈەنداۋ، قارىغا ئېتىش قاتارلىق تۈرلەر مۇسابىقىسىنىڭ رېيىرلىق خىزمىتىگە ئەۋەتتى. 2002 ـ يىلى شىنجاڭ جياڭ ۋېي (يېنىك ئاتلېتىكا)، خېڭ لى (قارتا)، لى ۋېيجيەن (تەنتەربىيە ئۇسۇلى) دىن ئىبارەت دۆلەت دەرىجىلىك 3 رېيىرنى؛ لى نا (قارىغا ئېتىش)، شۈ خەيفېڭ (ئوقيا ئېتىش) دىن ئىبارەت دۆلەت دەرىجىلىك 2 زەربىدار تەنھەرىكەتچىنى يېتىشتۈردى. دۆلەت دەرىجىلىك ۋاسكېتبول رېيىرى جېڭ باۋجۇاڭ دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تەرىپىدىن پەخرىي رېيىر بولۇپ باھالاندى.

خو چۈنجياڭ

## ياش ـ ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبلىرى

2002 ـ يىلى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭدا ياش ـ ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبىدىن 8 ى قۇرۇلدى. يەنى: كۈنەس ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، سانجى شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، جىمسار ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى تەنتەربىيە جەمئىيىتى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى، ئاتۇش شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، خېجىڭ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە دۆلەت قۇرغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى 40 قا، ئەزاسى 20 مىڭدىن كۆپەرەككە يەتتى.

ۋاڭ كېجيەن

# ئاممىۋى تەنتەربىيە

## 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسى 2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ جىنياڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 38 ئادەمدىن تەشكىل تاپتى، بۇنىڭ 22 سى تەنھەرىكەتچى بولۇپ، پلانېر، يەلپارت، ساغلاملىق ـ گۈزەللىك، دومىلاتماتوپ، جۇڭگوچە شاھمات، تەنھەرىكەت ئوسسۇلىدىن ئىبارەت 6 تۈرلۈك مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 2 تۈردە ئالتۇن مېدال، 2 تۈردە كۈمۈش مېدال ئالدى، بىر تۈردە 4 ـ، 2 تۈردە 5 ـ، بىر تۈردە 6 ـ بولدى. پلانېر تەنھەرىكەتچىسى خەن شىنپىڭ 6400 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن F2B شەخسلەر مۇسابىقىسىدا چېمپىيون بولدى؛ ساغلاملىق ـ گۈزەللىك تەنھەرىكەتچىسى ساۋ شىنلى ئاياللارنىڭ 55 كىلوگراملىقلار تۈرىدە چېمپىيون بولدى. پلانېر تەنھەرىكەتچىسى ۋاڭ شىنخۇا 383 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن S6A شەخسلەر مۇسابىقىسىدا 2 ـ بولدى؛ جۇڭگوچە شاھمات تەنھەرىكەتچىسى شۈ ۋېنجياڭ ۋە لى خوڭجيالار كوللېكتىپ 2. بولدى. پلانېر تەنھەرىكەتچىسى ياڭ فېڭ F1B شەخسلەر مۇسابىقىسىدا 4 ـ بولدى. پلانېر تەنھەرىكەتچىسى ياڭ فېڭ، ۋېن لىجياڭ، توڭ دېلار ئەركىن ئۇچۇرۇش ئۇنىۋېرسال كوللېكتىپ مۇسابىقىسىدا 5 ـ بولدى؛ يەلپارت تەنھەرىكەتچىسى ساۋ شىنلوڭ، ۋاڭ بىڭ، غەيرەت مۇھەممەتلەر 4 مەيدان يېڭىپ، 2 مەيدان يېڭىلىپ ئەرلەر بويىچە كوللېكتىپ 5 ـ بولدى. ساغلاملىق ـ گۈزەللىك تەنھەرىكەتچىسى نى ۋېيدۇڭ ئەرلەر 80 كىلوگراملىقلار تۈرىدە 6 ـ بولدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى، شىنجاڭ پلانېر كوماندىسى ۋە شىنجاڭ دومىلاتماتوپ كوماندىسى تەنتەربىيە ئەخلاق ـ يەزىلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شياۋ يۈ

## 5 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 ـ شىسىدىن بولۇپ 15 ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ 508 تەنھەرىكەتچىسى مىللىيچە چېلىشىش، ئات بەيگىسى، ئات يورغىلىتىش، ئوغلاق

ئارتىش، ئات چاپتۇرۇپ خادا تېرىۋېلىش، تۆگە چاپتۇرۇش، ئىلەڭگۈچ، چامباشچىلىق، كەينىچىلاپ ئارقان تارتىش، ئوقيا ئېتىشتىن ئىبارەت 10 تۈرلۈك مۇسابىقە ۋە دارۋازلىق، ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش، ئات چاپتۇرۇپ ئوقيا ئېتىش، قول قايرىشىش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، قىز قوغلاشتىن ئىبارەت 7 ئويۇن تۈرىگە قاتناشتى. بۇ نۆۋەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە 64 ئالتۇن مېدال، 63 كۈمۈش مېدال، 66 مىس مېدال تارقىتىلدى. ئۈرۈمچى، ئىلى، سانجىلار كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى؛ دارۋازلىق، قىز قوغلاش ۋە قوچقار سوقۇشتۇرۇشلار مۇنەۋۋەر ئويۇن كۆرسىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئىلەڭگۈچ تەنھەرىكەتچىسى ھۆرنىسا (سانجى) 88 قېتىم قوڭغۇراقنى تەككۈزۈپ، شەخسلەرنىڭ قوڭغۇراقنى تەككۈزۈشى بويىچە مەملىكەتلىك رېكورتنى بۇزدى، گۈلزىرە (سانجى) 87 قېتىم تەككۈزۈپ شەخسلەرنىڭ قوڭغۇراقنى تەككۈزۈشى بويىچە مەملىكەتلىك رېكورت بىلەن تەڭلەشتى، گۈلخېنىم، ۋاڭ فاڭ (قۇمۇل) بىلەن سۇبىنۇر (سانجى) 10.5 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن قوش كىشىلىك ئېگىزگە ئۇچۇش بويىچە مەملىكەتلىك رېكورت بىلەن تەڭلەشتى.

كېرىم، يۇ جىنخۇا

## 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق تەنتەربىيە بايرىمى

بۇ بايرام 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەڭلا ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى ئاساسىي مەيدان، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر شۆبە مەيدان بولۇپ، مىليونغا يېقىن ئادەم مەزمۇنى مول، شەكلى كۆپ خىل بولغان چېنىقىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن كەلگەن 400 دىن ئارتۇق ۋەكىل ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭىشەھەر رايونى تۆمۈريول ئىدارىسى، شىخگۇ رايونى يېڭەنكۆل، تىيانشان رايونى سۇ ئۈستى باغچىسى، سايباغ رايونى باللار باغچىسىدىن ئىبارەت 4 شۆبە مەيدان تەسىس قىلىندى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم شۇ كۈنلۈك پائالىيەتكە قاتناشتى.

شياۋ يۇ

## ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنتەربىيىسى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون تېنىس توپ، ۋاسكېتبول، قارتا، ئاڭقا چىقىش، رادىئو گىمناستىكىسى، تەيجى گۇڭپىسى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە 10 نەچچە قېتىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە 3000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، 95 نازارەت، ئىدارە ئورگانىدىكى 2000 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى ئارغامچا تارتىشىش ۋە ئاڭقا چىقىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىرلىشىپ، ماۋ زېدوڭنىڭ «تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرايلى» دېگەن بېغىشلىمىسىنى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە مىليونلىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ساغلاملىق پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى، 3000 دىن ئارتۇق ئادەم رادىئو گىمناستىكىسى، تەيجى گۇڭپىسى، ياڭگەر ئۇسسۇلى، سەۋۇللىق ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش، 5 كىشىلىك ياش - ئۆسمۈرلەر پۇتبولى قاتارلىق ئويۇن كۆرسىتىش ۋە مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق پائالىيىتى ھەپتىلىكى ۋە مىليونلىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ساغلاملىق پائالىيىتى، مىليونلىغان دېھقان - چارۋىچىلار ساغلاملىق پائالىيىتى، مىليونلىغان ياشانغانلار ساغلاملىق پائالىيىتىگە قاتناشقانلارنىڭ سانى 6 مىليون 500 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

زۇنۇن

## ئومۇمىي خەلق چېنىقىش يولى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىدا، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت سېلىپ بەرگەن سايمانلار ۋە چۈشۈرگەن مەبلەغدىن پايدىلىنىپ، 5 - تۈركۈمدىكى ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، چۆچەك، ئالتاي، ئاقسۇ، بورتالا، شىخەنزە، ئۈرۈمچى، ئاتۇش قاتارلىق شەھەرلەردە بىر تۈركۈم ئىسىل ئومۇمىي خەلق چېنىقىش مەيدانى قۇرۇلۇشىنى سالدى؛ يىجان، يەيزۇۋات، شىخۇ، گۈچۈڭ، خېجىڭ، ساۋەن قاتارلىق 15 ناھىيە (شەھەر) دە خەلق مەيدانى سالدى؛ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 22 ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپكە تاللادا 47 تېنىس توپ ئۈستىلى، 20 دانە كىچىك گار ياساپ بەردى، 53 يۈرۈش چېنىقىش يولى سايمانلىرىنى يېڭىدىن ئورنىتىپ بەردى. مۇشۇ ۋاقىتقىچە شىنجاڭدا 300 گە يېقىن ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق يولى ياسالدى.

جاۋ كۈن

## مەكتەپ تەنتەربىيىسى

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون 5 قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە يەككە تۈر بويىچە مەكتەپ تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە قاتناشقانلار 1500 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 100 گە يېقىن تەنھەرىكەتچىنى مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇپ، 6 مېدالغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «فىلىپ» پۇتبول مۇسابىقىسى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە مايتاغدا ئۆتكۈزۈلدى، 12 ئالىي مەكتەپ ۋەكىللەر كوماندىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 1 ـ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2 ـ، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى 3 ـ بولدى؛ شىنجاڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «خۇاچېن لوڭقىسى» پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا ئۆتكۈزۈلدى، 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پۇتبول كوماندىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى. غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى 2 ـ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ بولدى؛ CUBA ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاسكېتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى 11ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلدى، 16 ئالىي مەكتەپ ۋەكىللەر كوماندىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەرلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدا ئالدىنقى 5 ـ لىككىچە ئېرىشتى، شىنجاڭ مالىيە- ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ۋە سانجى ئىنستىتۇتى قىزلار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدا ئالدىنقى 2 ـ لىككىچە ئېرىشتى؛ شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلەر تىكتاك توپ مۇسابىقىسى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلدى، 6 ئالىي مەكتەپ مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي مەكتىپى ئەرلەر كوللېكتىپى بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى قىزلار كوللېكتىپ بويىچە ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى لى سىين ئەرلەر يەككە ئويناش بويىچە، ۋېي نا قىزلار يەككە ئويناش بويىچە چېمپىيون بولدى. 2002ـ يىل 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىللەر كوماندىسى دالىيەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، بىر ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال ئالدى. لياۋ شىنخۇي (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن) قىزلارنىڭ 7 تۈر بويىچە ئومۇمىي ماھارەت مۇسابىقىسىدا ئالتۇن مېدال ئالدى، ئابدۇللا (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن) ئەرلەر چويۈن توپ ۋە دىسكا ئېتىشتا 2 كۈمۈش مېدال ئالدى، ئەنۋەر (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن) ئەرلەر 5000 مېتىرغا ۋە 10 مىڭ مېتىرغا يۈگۈرۈشتە 2 كۈمۈش مېدال ئالدى، چېن يۈەن (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن) 800 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە كۈمۈش مېدال ئالدى.

شى چېڭيۈن

## مەملىكەتلىك 8 ـ نۆۋەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

بۇ مۇسابىقە 2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە نەنجاڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 33 ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 5000 تەنھەرىكەتچى 8 تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدە 58 ئەزا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 48 تەنھەرىكەتچى پۇتبول ۋە يېنىك ئاتلېتىكىدىن ئىبارەت 2 تۈردە مۇسابىقىگە قاتناشتى. غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوغۇللار پۇتبول كوماندىسى 7 ـ بولدى؛ جياڭ يى قاتارلىق 4 تەنھەرىكەتچى ئەرلەرنىڭ 4×400 مېتىرغا كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە 5 ـ بولدى؛ سۇي ۋېيۋېي قاتارلىق 4 تەنھەرىكەتچى قىزلارنىڭ 4×400 مېتىرغا كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە 7 ـ بولدى.

شى چېڭيۈن

## شىنجاڭدىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملار يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 10ـ كۈنىگىچە كۈيتۇڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 35 ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم(ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى 10، ئوتتۇرا تېخنىكوم 10، ئالىي مەكتەپ 15) نىڭ تەنھەرىكەتچى، ترېنېر، كوماندا يېتەكچىسى ۋە خىزمەتچىلىرى بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق ئادەم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپى، خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى، ئاقسۇ پېداگوگىكا مەكتىپى، ئىلى 2ـ پېداگوگىكا مەكتىپى، شىخەنزە پېداگوگىكا مەكتىپى، قۇمۇل پېداگوگىكا مەكتىپى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى گۇرۇپپىسىدا ئالدىنقى 6 ـ لىككىچە ئېرىشتى؛

شىنجاڭ قاتناش مەكتىپى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورت مەكتىپى، ئىلى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى (ئوتتۇرا تېخنىكوم بۆلۈمى)، سانجى ئوبلاستلىق سەھىيە مەكتىپى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى مەكتىپى، شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر مەكتىپى ئوتتۇرا تېخنىكوملار گۇرۇپپىسىدا ئالدىنقى 6 - لىككىچە ئېرىشتى؛ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئالىي مەكتەپلەر گۇرۇپپىسىدا ئالدىنقى 6 - لىككىچە ئېرىشتى. 28 ئادەم (قېتىم) ئاپتونوم رايوننىڭ 14 تۈردە ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى رېكورتىنى بۇزدى؛ بىر كوماندا، 10 ئادەم (قېتىم ) 12 تۈردە ئوتتۇرا تېخنىكوم رېكورتىنى بۇزدى؛ 2 كوماندا، بىر ئادەم 3 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپلەر رېكورتىنى بۇزدى.

شى چېڭۋېن

## مەھەللە تەنتەربىيىسى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون تەنتەربىيىدە ئىلغار مەھەللىلەرنى باھالاش پائالىيىتى ۋە «تۆتنى مەھەللىگە ئېلىپ كىرىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق دۆڭمەن ئىش باشقارمىسى، سايباغ رايونلۇق شىمالىي دوستلۇق يولى ئىش باشقارمىسى، يېڭىشەھەر رايونلۇق سەنگۇڭ ئىش باشقارمىسى ۋە تۇدۇڭخابا رايونلۇق غەربىي ۋوگزال ئىش باشقارمىسىغا دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار مەھەللە دەپ نام بەردى. ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، كۈيتۇڭ شەھىرى كۆپ خىل شەكىللىك تەنتەربىيىدە ئىلغار مەھەللىلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 7 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھىرى 2 - نۆۋەتلىك شەھەر مەھەللىلىرى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى، 7 رايون بىر ناھىيىنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسىدىكى 600 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى جۇڭگوچە شاھمات، بىليارت، سۇ ئۈزۈش، ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى مەھەللىلەرمۇ كۆپ خىل شەكىللىك، بىر بىرىگە ئوخشىمىغان يەككە تۈرلەردە تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزدى. 2002- يىلى «ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق پىلانى پروگراممىسى»نى يولغا قويۇش ئۈچۈن، مەھەللە تەنتەربىيە پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى، تەيجى گۇڭفۇسى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجتىمائىي تەنتەربىيە يېتەكچىسى كۇرسىدىن 3 قارار ئېچىپ، 150 نەچچە كۇرسانت تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كۇرسانتى 40 نەچچە. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا ئىجتىمائىي تەنتەربىيە يېتەكچىسى 5240 قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 50، 1 - دەرىجىلىكى 653، 2 - دەرىجىلىكى 1545، 3 - دەرىجىلىكى 2992.

خەي يەن

## يېزا - بازار تەنتەربىيىسى

2002 - يىلى شىنجاڭ دېھقان - چارۋىچىلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى مىليونلىغان دېھقان - چارۋىچىلار ساغلاملىق پائالىيىتىدە «ساغلاملىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر»، «ساغلام بولغاندىلا بېيىغىلى بولىدۇ» ۋە «تۇرمۇشتا ھاللىنىش ئۈچۈن، سالامەتلىكتە ھاللىنىش كېرەك» دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە تەنتەربىيە جەمئىيىتى قۇردى، 75% ناھىيە (شەھەر) ۋە 50% يېزا - بازاردا تەنتەربىيە جەمئىيىتى قۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 6 قېتىم ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك مۇسابىقە، 67 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىك مۇسابىقە، 800 نەچچە قېتىم يېزا - بازارلىق مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى، 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) مۇسابىقىگە قاتناشتى.

جەي لەنچاۋ

## مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى

2002 - يىلى شىنجاڭدا ئات بەيگىسى، چېلىشىش، تۆگە چاپتۇرۇش، ئوغلاق تارتىشىش، ئىلەڭگۈچ، قىز قوغلاش، خەلقئارا شاھمات، ئات چاپتۇرۇپ تەڭگە تېرىش قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. قەشقەر، ئاقسۇ، بايىنغولىن، ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، تۇرپان، سانجى، ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا 13 قېتىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، 8396 ئادەم (قېتىم) مۇسابىقىگە قاتناشقان؛ 101 قېتىم ناھىيە (شەھەر، رايون) دەرىجىلىك مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈپ، 26 مىڭ 829 ئادەم (قېتىم) قاتناشقان؛ 676 قېتىم يېزا- بازار دەرىجىلىك مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈپ، 74 مىڭ 244 ئادەم (قېتىم) قاتناشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، شەخسلەر مەبلەغ چىقىرىپ ئۆتكۈزگەن ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى 155 قېتىم، مۇسابىقىگە قاتناشقانلار 14 مىڭ 456 ئادەم (قېتىم). دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە ئالتاي ۋىلايىتى چوڭ كۆلەملىك ئات بەيگىسى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، نەچچە تۈمەن ھەر مىللەت ئاممىسى پائالىيەتكە قاتناشتى. بورتالا ئوبلاستى بورتالا شەھىرىدە «نادام ئوتلاق بايرىمى» ئۆتكۈزدى، بۇ مەزگىلدە قىز

قوغلاش، ئوغلاق تارتىشىش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، ئات بەيگىسى قاتارلىق مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى، پائالىيەتكە قاتناشقان ئادەم 40 مىڭغا يەتتى.

كېرەم، يۈ جىنخۇا

## پاشانغانلار تەنتەربىيىسى

2002 - يىلى شىنجاڭ مىليونلىغان پاشانغانلار سالامەتلىك پائالىيىتىدە، ۋاراتا توپى، تەيجى گۇڭپىسى (قىلىچىسى)، سالامەتلىك گىمناستىكىسى ۋە شاھمات قاتارلىق تۈرلەر قانات يايدۇرۇلدى، پائالىيەتكە قاتناشقانلار 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پاشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى پاشانغانلار تەنتەربىيە كوماندىسى تەشكىللەپ، 6 قېتىم مەملىكەتلىك (ياكى رايونلۇق) مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، 6 تۈردە 1 - (1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتنى شۇنىڭ ئىچىدە)، 6 تۈردە 2 -، 9 تۈردە 3 - (3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتنى شۇنىڭ ئىچىدە) بولدى. 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە شىنجاڭ پاشانغانلار ۋاراتا توپى ۋەكىللەر كوماندىسى 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسى بويىچە دەسلەپكى تاللاش مۇسابىقىسىدا تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە شىنجاڭ پاشانغانلار ۋەكىللەر كوماندىسى ئاسىيا ۋاراتا توپى تەكلىپ مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك ۋاراتا توپى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا 4 - بولدى؛ 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە چىڭخۇاڭداۋ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك سالامەتلىك ياڭگار ئۇسسۇلى مۇسابىقىسىگە شىنجاڭدىن 5 ۋەكىل كوماندا قاتنىشىپ، 2 تۈردە 3 - بولدى ۋە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ پاشانغان تەنھەرىكەتچىسى ۋاڭ داخېي بىلەن دې ۋېنبىن 12 - نۆۋەتلىك غەربىي رايون پاشانغانلار چويلا توپ مۇسابىقىسىنىڭ ئەرلەر س گۇرۇپپىسىدا 3 - بولدى؛ لى شيۇرۇڭ بىلەن ۋۇ رېنجۈ ئاياللار ئا گۇرۇپپىسىدا 4 - بولدى؛ چياۋ شياۋلياڭ بىلەن جۇ شياۋيەن ئاياللار ب گۇرۇپپىسىدا 5 - بولدى. 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە شىنجاڭ پاشانغانلار ۋەكىللەر كوماندىسى ئەنياڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئوتتۇرا ياش ۋە پاشانغانلار تەيجى گۇڭپىسى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش مۇسابىقىسىدا 5 ئالتۇن مېدال، 6 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى ۋە بىر تۈردە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 تۈردە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ پاشانغانلار ۋەكىللەر كوماندىسى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە بېيجىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئوتتۇرا ياش ۋە پاشانغانلار تەيجى ئەۋرىشىم توپ گۇڭپىسى مۇسابىقىسىدا بەلگىلەنگەن يۈرۈشلۈك يول بويىچە ئەڭ ياخشى ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، بېيجىڭ ۋە شاڭخەي شەھەرلىرى بىلەن تەڭ 1 - ئورۇندا تۇردى.

لى گۇاڭخۇي

## 12 - نۆۋەتلىك غەربىي رايون پاشانغانلار چويلا توپ مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى، چۇڭچىڭ شەھىرى، گەنسۇ ئۆلكىسى، يۈننەن ئۆلكىسى، سىچۈەن ئۆلكىسى، چاڭشا شەھىرى، گۈيجۇ ئۆلكىسى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، شەنشى ئۆلكىسى، چىڭخەي ئۆلكىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاتارلىق 11 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 13 ۋەكىللەر كوماندىسىدىكى 200 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ۋەكىللەر كوماندىسى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئورۇن سۈپىتىدە مۇسابىقىگە قاتناشتى. مۇسابىقىنى شىنجاڭ پاشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇردى.

لى گۇاڭخۇي

## مېيىپلار تەنتەربىيىسى

2002 - يىلى شىنجاڭ مېيىپلار بىرلەشمىسى تەنتەربىيە جەمئىيىتى 200 مىڭ يۈەن تەييارلاپ، شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپى بىلەن ھەمكارلىشىش شەكلى بىلەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمالار مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك گاس - گاچىلار مەكتىپى ۋە سانجى ئوبلاستلىق گاس - گاچىلار مەكتىپىدە مېيىپلار تەنتەربىيە مەشق بازىسى قۇرۇپ، 2003 - يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىدى. 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون 3 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 10 - ئايدا شىنجاڭنىڭ مېيىپ تەنھەرىكەتچىسى ۋاڭ يەنخۇڭ 8 - نۆۋەتلىك «يىراق شەرق ۋە جەنۇبىي تىنچ ئوكيان رايونى» مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ئاياللارنىڭ شەخسلەر بويىچە ئۈچ تۈرلۈك ئوقيا ئېتىش تۈرىدە چېمپىيون بولدى ھەم 301 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن دۇنيا رېكورتىنى بۇزدى.

جېي لەنجاۋ

## 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە كۈيتۇڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن كەلگەن 182

تەنھەرىكەتچى بىنىك ئاتلىتىكا، ئېغىرلىق كۆتىرىش، پەي توپ، قارىغا ئېتىش، ئوقيا ئېتىشتىن ئىبارەت 5 چوڭ تۈر ئىچىدىكى 76 كىچىك تۈر بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى، قاراماي، سانجى ۋەكىللەر كوماندىسى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى، بىر ئادەم بىر تۈردىكى مەملىكەتلىك رېكورتنى بىر قېتىم بۇزدى. مۇسابىقىنى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر مېيىپلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇردى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزدى.

بۇ شېڭيې

## «قارا ئالتۇن لوڭقىسى» مەملىكەتلىك ئەرلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تارانچى كان رايونىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتنىڭ بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەرلىرىدىكى كۆمۈرچىلىك سىستېمىسىدىن كەلگەن 10 كوماندا، 150 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. 21 مەيدان كەسكىن مۇسابىقىلىشىش ئارقىلىق شىڭتەي كانچىلىق گۇرۇھى شىركىتى 1 -، بېيجاڭ جىڭشىي گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى 2 - بولدى. بۇ مۇسابىقىنى جۇڭگو كۆمۈر كان تەنتەربىيە جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭ قۇمۇل كۆمۈرچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۆتكۈزدى.

شياۋ يۇ

## تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسى خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسى 29 يەككە تۈردىكى تەنتەربىيە جەمئىيىتىنى يىللىق تەكشۈردى. ئىلگىرى قانۇنىي ئىگە بولمىغان جەمئىيەتكە تەۋە 6 جەمئىيەتنىڭ دەرىجىسى قانۇنىي ئىگە جەمئىيەتكە ئۆستۈرۈلدى ھەم يەككە تۈردىكى جەمئىيەتتىن بىرى كۆپەيتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى يەككە تۈردىكى تەنتەربىيە جەمئىيىتى 35 كە يەتتى. 2002 - يىلى ھەرقايسى جەمئىيەتلەر ئادەم ئەۋەتىپ 7 قېتىم خەلقئارالىق مۇسابىقە ۋە پائالىيەتكە قاتنىشىپ، 5 ئالتۇن مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى ۋە بىر تۈردە 4 -، 2 تۈردە 5 - بولدى. ساغلاملىق - گۈزەللىك تەنھەرىكەتچىسى ساۋ شىنلى ئاسىيا ئاياللار ساغلاملىق - گۈزەللىك لەۋھە ئالىنىش مۇسابىقىسىدا 52 كىلوگراملىقلار بويىچە 1 -، ئەر - ئاياللار جۈپ ئويناش بويىچە 3 - بولدى. شىنجاڭدىكى 30 نەچچە يەككە تۈردىكى تەنتەربىيە جەمئىيىتى كوماندا تەشكىللەپ 89 قېتىم مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 17 ئالتۇن مېدال، 24 كۈمۈش مېدال، 10 مىس مېدال ئالدى ۋە بىر تۈردە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىر تۈردە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىر تۈردە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا، بىر تۈردە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، 9 تۈردە ئەخلاق - پەزىلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى؛ 86 قېتىم تىكتاك توپ، تەيجى گۈمپىسى، چېنىقىش توپى، مۇلەن گۈمپىسى، ساغلاملىق - گۈزەللىك، ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى، ئوقتىسىز توپ، پلانېر، موتسىكلىت، ياڭگار ئۇسسۇلى، بېلىق تۇتۇش، قىشلىق سۇ ئۈزۈش، يوپۇرماق كەپتىرى، قورشاۋ شاھمات، قارتا، خەلقئارا شاھمات، بىليارت، تەيجۇەنداۋ، دومىلاتما توپ قاتارلىق 40 نەچچە تۈردە ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە قاتناشقانلار 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى يەككە تۈردىكى تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى ساغلاملىق - گۈزەللىك، تەيجى گۈمپىسى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ 130 تىرېنېرىنى، ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ 210 رېپېرىنى، 1080 تەنھەرىكەتچى، موتسىكلىت شوپۇرى ۋە ئۇچقۇچىنى، ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ 160 نەپەر 1 -، 2 -، 3 -




2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كومپيۇتېرلىق جۇڭگو تەنتەربىيە لاتارېيىسىنى شىنجاڭدا تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى شىنجاڭ خەلق سارىيى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ جىنخۇا فوتوسى

دەرىجىلىك ئىجتىمائىي تەنتەربىيە يېتەكچىسىنى (بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىكى 110) تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى.

جېي لەنچاۋ

## تەنتەربىيە كەسپى

### تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى، سانجى، كۈيتۇڭ شىخەنزە، قاراماي، ئىلى، تۇرپان، قۇمۇل، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتىنى باشقۇرۇش تارمىقىنى قۇرۇپ مۇكەممەللەشتۈردى، 36 ناھىيە، شەھەردە لاتارىيە بېلىتى ساتىدىغان تۇگەنچە ئاپپاراتنى تورلاشتۇرۇپ، «تەنتەربىيە تۈرى خاراكتېرلىك 32 دىن 7 نى تاللايدىغان»، «كۆرۈيپىلاش خاراكتېرلىك 20 دىن 5 نى تاللايدىغان»، «يېڭىچە 32 دىن 7 نى تاللايدىغان» ھەمدە مەملىكەت بويىچە تورلاشقان «جۇڭگو پۇتبول لاتارىيە بېلىتى» قاتارلىق ئويناش ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. مۇشۇ يىلى جۇڭگو لاتارىيە بېلىتىنىڭ سېتىلىش مىقدارى 52 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %237.4 ئاشتى. يىغىلغان جامائەت پاراۋانلىق فوندى 18 مىليون يۈەنگە يەتتى. 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 16 ناھىيە (شەھەر) ۋە بىڭتۇەننىڭ بىر قىسىم تۈەن - مەيدانلىرىدا 21 قېتىم نەق مەيداندىلا ئاچىدىغان جۇڭگو لاتارىيە بېلىتى سېتىلىپ، سېتىلىش مىقدارى 7 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شىي ياپىڭ

### كومپيۇتېرلىق جۇڭگو تەنتەربىيە لاتارىيىسى شىنجاڭدا سېتىلدى

كومپيۇتېرلىق جۇڭگو تەنتەربىيە لاتارىيىسىنى شىنجاڭدا تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى ھەمدە بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەرلەردىن كەلگەن مېھمانلار مۇراسىمغا قاتناشتى. شۇ كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 24 ناھىيە (شەھەر) دىكى 650 سېتىۋېلىش نۇقتىسىدا جۇڭگو لاتارىيىسىنى ساتىدىغان كومپيۇتېر تورى بىرلا ۋاقىتتا ئېچىلدى. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 45 مىليون 580 مىڭ يۈەنلىك كومپيۇتېرلىق جۇڭگو تەنتەربىيە لاتارىيىسى سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە پۇتبول لاتارىيىسى 23 مىليون 678 مىڭ 500 يۈەن (دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسى لاتارىيىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، %51.9 نى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ شىنجاڭدا يەنە كومپيۇتېرلىق جۇڭگو تەنتەربىيە لاتارىيىسىنىڭ مۇكاپاتىنى تېلېۋىزوردا ئېچىش مەخسۇس سەھىپىسى — «مىليونلۇق قايناق ھېسسىيات» تەسىس قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 154 قارار مۇكاپات ئېچىلىپ، 112 ئالاھىدە مۇكاپات بارلىققا كېلىپ، 1 مىليون 513 مىڭ يۈەن شەخسلەر ئاسادىبى ئاپاۋەت بېجى تاپشۇرۇلدى.

شىي ياپىڭ

---

قىسقا ماتېرىيال

### ئوقيا ئېتىش يۇرتى

چاپچال ناھىيىسىنىڭ ئەزەلدىنلا «ئوقيا ئېتىش يۇرتى» دېگەن چىرايلىق نامى بار. 1973 - يىلى چاپچال ناھىيىسى ئىشتىن سىرتقى ئوقيا ئېتىش كوماندىسى قۇردى، كېيىن يەنە چاپچال ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى ئوقيا ئېتىش تەنتەربىيە مەكتىپى قۇردى. بۇ مەكتەپ رۇ گۇاڭ، گو خېيجىن، با يۇگشەن، شۇ خېيفېڭ قاتارلىق ئوقيا ساھەسىدىكى داڭلىق ماھىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. كەسپىي كوماندا، تەنتەربىيە مەكتەپلىرى، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە يۈزدىن ئارتۇق ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە خەلقئارا دەرىجىلىك تەنھەرىكەت ماھىرى 2، دۆلەت دەرىجىلىك تەنھەرىكەت ماھىرى 16، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى 30. 30 يىلدىن بېرى بۇ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇسابىقىلەردا 100 دىن ئارتۇق مۇكاپات ئالدى ھەم بىر كوماندا بىر قېتىم بىر تۈردىكى دۇنيا رېكورتىدىن ئاشتى، بىر ئادەم بىر قېتىم بىر تۈردىكى دۇنيا رېكورتى بىلەن تەڭلەشتى، 2 ئادەم 2 تۈردىكى ئاسىيا رېكورتىنى 7 قېتىم بۇزدى، 4 ئادەم 12 تۈردىكى مەملىكەت رېكورتىنى 30 قېتىم بۇزدى.

جىن خۇا

## تاغقا چىقىش ساياھىتى

2002 - يىلى شىنجاڭ تاغقا چىقىش جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ خەلقئارا تەنتەربىيە ساياھەتچىلىك كوپىراتسىيىسى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، ئاۋىستىرىيە، پولشا، لاتۋىيە، گوللاندىيە، روسىيە، قازاقىستان، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەت ۋە شياڭگاڭ، تەيۋەن رايونلىرىدىن كەلگەن 36 تاغقا چىقىش ئۆمىكى، ئەترەتلىرى ۋە 45 ساياھەت ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى، ئەترىتىدىكى 545 ئادەمنى كۈتۈۋېلىپ، 5 مىليون 250 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. 12 - ئايدا پولشالىق داڭلىق تاغقا چىقىش ماھىرى كرىستوف ۋىلتىس تەشكىللىگەن 34 كىشىلىك دۇنيا بويىچە ئەككىنچى ئېگىز چوققا چوگىر چوققىسىغا چىقىش ئەترىتى جۇڭگو تەرەپتىن تۇنجى قېتىم قىش پەسلىدە بۇ چوققىغا چىقىپ، 8000 مېتىردىن ئېگىز چوققىغا قىش پەسلىدە چىقىش رېكورتىنى بۇزدى. بېيجىڭ كارخانىچىلار مۇزتاغقا چىقىش ئەترىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئېكسپېدىتسىيە جەمئىيىتى مۇزتاغقا چىقىش ئەترىتى تاغقا چىقىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ تاغقا چىقىش جەمئىيىتى جۇڭگو تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى شىنجاڭ «مەملىكەتلىك ساغلام پائالىيەتچىلەر» تاغقا چىقىش پائالىيىتى ۋە «4 - ماي» نى كۈتۈۋېلىش شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر تاغقا چىقىپ چېنىقىش پائالىيىتى بىلەن «جۇڭگو ئۆمۈر لوڭقىسى» شىنجاڭ ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق تاغقا چىقىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى، پائالىيەتكە 5000 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

جىن يىڭجيې

## دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكىلەرنىڭ تەڭرىتاغنى ئايلىنىپ دالىدا يۈگۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى 30 نەپەر ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ماھىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق مەيدانىدىن يولغا چىقىپ، سانجى، قۇتۇبى، ماناس، شىخەنزە، مايتاغ، كۈيتۇڭ، جىڭ، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، 1630 كىلومېتىرلىق ئومۇمىي مۇساپىنى 6 كۈندە تاماملاپ، 21 - كۈنى ئەسلى يول بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىگە قايتىپ كەلدى. تەيۋەننىڭ 15 ۋە شىنجاڭلىق 15 تەنھەرىكەتچى 6 ئادەمدىن 5 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ھەر قېتىمدا 30 كىلومېتىردىن 133 سائەت ئۈزۈلدۈرمەي كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈپ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكىلەرنىڭ ھەمكارلىشىپ دالىدا ئۇزۇن مۇساپىگە كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش رېكورتىنى ياراتتى.

جىن يىڭجيې

## دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ياش - ئۆسمۈرلەر تاغقا چىقىش يازلىق لاگېرى

2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تەيۋەن، دالىيەن ۋە ئۈرۈمچىلەردىن كەلگەن 32 نەپەر ياش - ئۆسمۈر تاغقا چىقىش ھەۋەسكارى ئۈرۈمچى شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، بوغدا كۆلى تاغ جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، دادوڭجۇ دەرياسىغا قارشى يۈرۈپ، دېڭىز يۈزىدىن 3600 مېتىر ئېگىز بولغان بوغدا چوققىسىغا قاراپ مېڭىپ، لاگېر قۇرۇش، دالا تامىقى يېيىش، تاغقا چىقىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ پائالىيەتنى جۇڭگو ئولىمپىك تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن جۇڭگو تاغقا چىقىش جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇردى، شىنجاڭ تاغقا چىقىش جەمئىيىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئۆتكۈزدى.

جىن خۇا

## تۇنجى نۇۋەتلىك شىنجاڭ ئاپتوموبىل يىغىلىش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىدە ئاپتوموبىللار ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى، 20 گە يېقىن ئاپتوموبىل 1 - كۈنى كورلىغا يېتىپ باردى، ئاندىن قۇملۇق تاشيولىنى بويلاپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، نىيە، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇلارنى بېسىپ، تارىم ئويمانلىقىنى بىر ئايلىنىپ، 3700 كىلومېتىرلىق ئومۇمىي مۇساپىنى تاماملاپ، ئەڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. بۇ مۇسابىقىنى شىنجاڭ ئاپتوموبىل تەنتەربىيە جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇردى، شىنجاڭ ئالتۇن رەڭلىك قۇملۇق ئاپتوموبىل كۇلۇبى ئۆتكۈزدى. بۇ مۇسابىقە شىنجاڭنىڭ تۇنجى نۇۋەتلىك ساياھەت بايرىمى — شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى 10 مىڭ چاقىرىملىق كېزىش يۈرۈشلۈك پائالىيىتى ئىچىدىكى بىر تۈر، شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆلىمى ئەڭ چوڭ، دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئاپتوموبىل مۇسابىقىسى ھېسابلىنىدۇ.

جىن خۇا

# مىللەت. دىن

## مىللەتلەر ئىشلىرى

### مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى مىللەتلەر خىزمىتى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇملۇقنى قوغداشقا تۆھپە قوشۇلدى.

1. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مۇقىملىقنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش نىشان قىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى داۋاملىق چىڭ تۇتۇلدى. 20 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىگە دائىر ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، پائالىيەتنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە نەمۇنە شەخسلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى تەشۋىق قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تەسىرى كېڭەيتىلدى. مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ كادىرلار، ئاممىغا يۈزتۇرانە تەربىيە بېرىشكە تەشكىللەندى. جايلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تەربىيە مەزمۇنىنى ساپلاشتۇرۇپ، تەربىيە شەكلىنى يېڭىلاپ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچىلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىللىنىپ ئىچكى جايلاردىكى تەرەققىي تاپقان ئۆلكە - شەھەرلەرگە ئېكسكۇرسىيە قىلىش - ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى، ئۆمەك تەركىبىدىكىلەر شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەييارە نۇتۇق سۆزلەش، تەسىرات سۆزلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتى ۋە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئاممىنى رېئال تەربىيىگە ئىگە قىلدى.

2. مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى، «چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈش خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى» راۋاجلاندۇرۇلدى. چېگرا ناھىيە - شەھەرلەر پىلان تۈزۈش ۋە نۇقتىلىق تۈر ئامبىرى بەرپا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى. دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەيدىغان نامرات چېگرا ناھىيىلەر ۋە يېزا، مەيدانلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەكلىپ دەسلەپكى قەدەمدە تۈزۈپ چىقىلدى. تۈرلۈك مەبلەغ باشقۇرۇش خىزمىتى ئوبدان ئىشلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغىدىن 18 مىليون 550 مىڭ يۈەن، نوپۇسى ئازراق ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات سىناق نۇقتىسى مەبلىغىدىن 5 مىليون يۈەن، «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى» بويىچە سىناق نۇقتىسى مەبلىغىدىن 4 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر بۇيۇملىرى بويىچە نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى يېڭىۋاشتىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنغان 211 كارخانا دۆلەت تەرىپىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق كارخانا دەپ تەستىقلاندى. مىللىي بۇيۇملار تور - نۇقتىسى قۇرۇلۇشى ۋە نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن دۆلەتتىن 10 مىليون يۈەن ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىش ئىلتىماس قىلىندى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇسى ئازراق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى» (لايىھە) ۋە «پىلاندىكى تۈرلەر جەدۋىلى» تۈزۈلدى، ئاپتونوم رايون تەستىقلىغاندىن كېيىن گوۋۇيۈەنگە ۋە ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلارغا يوللىنىدۇ.

3. ئۆمەك تەشكىللەپ، ھەرخىل پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇلدى. جايلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەرخىل مەزمۇنلۇق مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. كۆپلىگەن ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئۆز رايونى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر بىلىم سىناش تەييارلىق مۇسابىقىسى ۋە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپلا قالماستىن، يەنە بۇ مۇسابىقىلەرنى تېلېۋىزىيىدە بىۋاسىتە كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرى ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرى بويىچە «تۇلپار مۇكاپاتى» باھالاش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 8 مىللىي داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ 25 تۈرى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مىللىي تېبابەت دورىلىرى -

ئۈزگىچە داۋالاش ئۇسۇللىرى بويىچە يەكۈنلەش - ئومۇملاشتۇرۇش - كۆرگەزمە قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتى، قازاق تېبابىتىنىڭ تەسىرى كېڭەيتىلدى.

4. مىللەتلەر خىزمىتى قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ئاۋۋال 80 نەپەرچە رەھبىرىي كادىر ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەشكىللىگەن ھەرخىل كۇرسلارغا ۋە چەت ئەلگە چىقىپ ئۆگىنىش - تەكشۈرۈشكە قاتناشتۇرۇلدى. كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، مىللىي خىزمەت كادىرلىرى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» سۆزىنى، «31 - ماي» مۇھىم نۇتقىنى ۋە 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش جايلاردىكى دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى، مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنىڭ تەربىيىلەش مەزمۇنىغا ۋاقتىدا كىرگۈزۈلدى. ئورگانلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، قائىدە - تۈزۈملەر مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، مالىيە باشقۇرۇش، كادىرلارنى سىناش، ئورگان خىزمىتى پەننىي تۈزۈملەشتۈرۈلدى، قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئۇچۇر خىزمىتىنىڭ سالىقى ئاشۇرۇلۇپ، دۆلەت مىللەتلەر خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر سىستېمىسىدىكى ئۇچۇر خىزمىتى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلغار ئورگان دېگەن نام قولغا كەلتۈرۈلدى.

ۋاڭ پىڭ

## چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ دەندۇڭ شەھىرىدە، گۇاڭشى ئاپتونوم رايونىنىڭ بېيخەي شەھىرىدە ئاچقان چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى بويىچە مەملىكەتلىك نەق مەيدان يىغىنى ۋە شەرق - غەرب ھەمكارلىق تۈرلىرى بويىچە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، چىڭخەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىكتە شىنىڭدا ئاچقان يۇقىراۋى كارخانىلارنىڭ غەربىي شىمالنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش تۈرىگە قاتنىشىشى بويىچە سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتنىشىلدى. 3 - ئايدا چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش - خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ناھىيىلەردىكى ئالاقىدار كارخانىلار ئاللىنىپ، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش - خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى بويىچە خەلقئارا سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن كەڭ دائىرىدە ئالاقە قىلىندى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى شېنجېندا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى داڭلىق - سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىلدى؛ دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن چېگرا رايونىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق بىر قىسىم ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتى ئوبدان ئىشلەندى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن شياڭگاڭ «داگۇڭباۋ» گېزىتخانىسى بىرلىكتە قانات يايدۇرغان غەربىي قىسىمدىكى مىللىي رايونلارنىڭ چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش - خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىنى خەۋەر قىلىش پائالىيىتىگە پائال ماسلىشىلدى. «داگۇڭباۋ» گېزىتىدە تەسىس قىلىنغان جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەتتە شىنجاڭنىڭ چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش - خەلقنى بېيىتىش ئەھۋالى خەۋەر قىلىندى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىگە دائىر ئومۇمىي پىلان تۈزۈپ چىقتى، 3 چېگرا ۋىلايەت - ئوبلاست، مۇتلەق كۆپ قىسىم چېگرا ناھىيە، شەھەرلەر ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ئۆز جايىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىغا بىرلەشتۈرۈپ، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىگە دائىر 10 يىللىق پىلان تۈزۈپ چىقتى. دۆلەت، ئاپتونوم رايون يېقىنقى 2 يىلدا چېگرا ناھىيە - شەھەرلەرگە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 2000 - يىلدىن بۇيان بېكىتىلگەن چېگرا ناھىيە - شەھەرلەر ئاساسىي مۇئەسسەسە، يېزا ئىگىلىكى، مائارىپ قاتارلىق تۈرلەر 641 گە، سېلىنغان مەبلەغ 115 مىليون يۈەنگە يەتكەن، چېگرا ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۈچەيتىلگەن.

جانار

## ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات فوندى

1998 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە، دۆلەت شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات فوندى ئۈچۈن 129 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش - خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى بويىچە سىناق نۇقتىلىرىغا ئىشلىتىلگىنى 15 مىليون يۈەن، نوپۇسى ئازراق ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىياتى بويىچە سىناق نۇقتىلىرىغا ئىشلىتىلگىنى 5 مىليون يۈەن. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1998 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە، ئاساسىي قاتلام تېببىي داۋالاش - سەھىيە تۈرىگە 46 مىليون 640 مىڭ يۈەن، مىللىي مائارىپ



1998 - يىلدىن بۇيان دۆلەت شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغى ئۈچۈن 129 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇردى، بۇ مەبلەغ مىللىي رايونلارنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسىلىرىنىڭ ئارقىدا قېلىش، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نۇقتىلىق ئىشلىتىلدى. سۈرەتتە: قابا ناھىيىسى ئاققابا كەنتىدە مۇشۇ مەبلەغدىن پايدىلىنىپ سېلىنغان شىپاخانا.

قۇرمانباي فونوسى

تۈرىگە 39 مىليون 790 مىڭ يۈەن، مەدەنىيەت ئىشلىرى تۈرىگە 8 مىليون 440 مىڭ يۈەن، رادىئو - تېلېۋىزىيە تۈرىگە 5 مىليون 90 مىڭ يۈەن، نامراتلارنى يۆلەش - ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش تۈرىگە 12 مىليون 230 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش تۈرىگە 4 مىليون 420 مىڭ يۈەن، ئەسقاتىدىغان تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش تۈرىگە 530 مىڭ يۈەن، باشقا تۈرلەرگە 11 مىليون 860 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلەر شىنجاڭنىڭ ھەممە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرى، 85 ناھىيە (شەھەر) نى قاپلىغان، 500 نەچچە يېزا (بازار) نەپ ئالغان. ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىياتىغا مەبلەغ سېلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغى تۈرىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئارقىلىق، نۇپۇسى ئازراق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا يار-يۆلەك بولۇنۇپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. (1) ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۈچى زورايتىلدى. (2) تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئىشلىرىغا سېلىنىدىغان سېلىنما كۈچەيتىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ كېسەل داۋالىتىش قىيىن بولۇش زىددىيىتى پەسەيتىلدى. (3) ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇل مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلىپ، ئاساسىي قاتلام يېزا، بازار، مەيدانلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ياخشىلاندى. (4) ئاساسىي قاتلامنىڭ رادىئو، تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرىلىدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق قوغدالدى. (5) مىللىي سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرىلدى، كارخانىلارنىڭ بېكىنلىق يارىتىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. (6) نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئوبدان ئىشلەندى. شىنجاڭنىڭ چېگرا رايونىنى گۈللەندۇرۇش - خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى ۋە نوپۇسى ئازراق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىياتى مەبلىغىنى 1998 - يىلى دۆلەت مەخسۇس تەسىس قىلغان، بۇنىڭدىكى مۇھىم نۇقتا مىللىي رايونلارنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسىلىرىنىڭ ئارقىدا قېلىشى، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

جياڭ گۇلى

## جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىن ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار ۋەزىپە بىلەن تەربىيىلىنىشكە تاللاپ ئەۋەتىلدى

2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستى تاللاپ ئەۋەتكەن 400 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئاساسىي قاتلام كادىرى شىمالىي شىنجاڭغا كېلىپ 2 يىللىق ۋەزىپە بىلەن تەربىيىلىنىشكە باشلىدى.

مۇيەسسەر

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشكە باردى

شىنجاڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە 5- تۈركۈم نەمۇنىچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى 2002 - يىل 5 -

ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە بېيجىڭ، تەنجىن، سۇجۇ، نىڭبو، خاڭجۇ، شاڭخەيلەرگە بېرىپ، ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشتە بولدى. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 32 كىشى، 10 مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى گوۋۇيۈەن ئاچقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە 3 - قېتىملىق تەقدىرلەش يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە 4 - قېتىملىق تەقدىرلەش يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن نەمۇنىچىلاردۇر.

مۇيەسسەر

## ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي سودا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كېرەكلىك بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىشى بىرلەشمە كېڭىشىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ش ئۇ ئا ر مىللىي سودا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كېرەكلىك بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئارىپ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم بىرلەشمە كېڭەش ئاپپاراتلىرىنى ۋە «بىرلەشمە كېڭەش نىزامى» نى جاكارلىدى. يىغىندا 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭدا مىللىي سودا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كېرەكلىك بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى مەلۇم قىلىندى ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملار ۋە ئۆزگىچە بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭەشلەندى. ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى، خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى ھەم يىغىندا سۆزگە چىقتى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر مىللىي سودا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كېرەكلىك بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن سۆز قىلدى. شىنجاڭ بويىچە 47 مىللەتكە كېرەكلىك بۇيۇم 100 نەچچە خىل بولۇپ، 2001 - يىلى مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جانار

## نوپۇسى ئازراق ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇس ساپاسى تەتقىقاتى باشلاندى

جۇڭگودا نوپۇسى 100 مىڭغا يەتمەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت (نوپۇسى ئازراق ئاز سانلىق مىللەت) 22 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 4 ى شىنجاڭدا. ئۇلار تاجىك، ئۆزبېك، رۇس ۋە تاتاردىن ئىبارەت. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى نوپۇسى ئازراق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى بىلەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نوپۇس تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئىلتىماس قىلغان تەتقىقات تېمىسى — «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇسى ئازراق 4 مىللەتنىڭ ساپاسى تەتقىقاتى» مەملىكەتلىك پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر پىلانلاش ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشى ئارقىلىق، 2002 - يىللىق دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى بولۇپ تەستىقلاندى ۋە 2002 - يىل 8 - ئايدا رەسمىي باشلاندى. بۇ تەتقىقات تۈرىدە، شىنجاڭدىكى نوپۇسى ئازراق 4 مىللەتنىڭ نوپۇس ساپاسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يۇقىرىدىكى 4 مىللەتنىڭ نوپۇس ساپاسىغا توغرا باھا بېرىشكە تىرىشىلىدۇ، نوپۇس ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار سىياسەت خاراكتېرلىك تەكلىپلەر نىشانلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى نوپۇسى ئازراق باشقا مىللەتلەرنىڭ سىجىل تەرەققىياتى ۋە نوپۇس ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈنمۇ مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

جانار

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇسى ئازراق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى» نى تەستىقلىدى

2002 - يىلى شىنجاڭدا ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى قاتارلىق 13 نازارەت، ئىدارە (ئىشخانا) ۋە نوپۇسى ئازراق 4 مىللەت نىسپىي مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، سانجى، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت 7 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىدىن تەشكىللەنگەن نوپۇسى ئازراق مىللەتلەر خىزمىتى بويىچە ئالاقە باغلاش تورى بەرپا قىلىندى. ش ئۇ ئا ر نوپۇسى ئازراق مىللەتلەر تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىنى يولغا قويۇشنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى نىشانلىق باشلاندى. 5 - ئايدا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىقتىساد مەھكىمىسىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، گۇاڭجۇ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى - دىنىي

ئىشلار ئىدارىسى سانجى ئوبلاستىدىكى تاتارلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇشىغا سىستېما بويىچە ياردەم بېرىدىغان بولدى.

مۇيەسسەر

## دېڭىز بوغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقى تۇنجى قېتىم ئەنئەنىۋى ئاھالىلار تۇرالغۇسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننى جۇڭگو مىللىي ئىمارەت تەتقىقاتى جەمئىيىتى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا قاتناشقان 100 نەچچە مۇتەخەسسىس شىنجاڭنىڭ ئاھالىلەر تۇرالغۇلىرىنى قوغداش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى ھەم بۇ ھەقتە تەكلىپ بەردى. مۇھاكىمە يىغىنىغا تەيۋەننىڭ مىمارچىلىق ساھەسىدىن 31 ۋەكىل قاتناشتى.

مۇيەسسەر

## ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆرپ - ئادەتلىرى

### ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى كۆركەم ھەم كۆپ خىل. ئەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇمى چاپان، كۆينەك، ئىشتان، بەلۋاغ، بەتىنكە، ئۆتۈك، دوپپا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چاپاننىڭ ئۇزۇنلۇقى تىزدىن ئاشىدۇ، يەڭلىرى كەڭ، تۈگمىسىز بولىدۇ، ئۇلار پېشىگە يانتۇ ياقا چىقىرىلىدۇ، چاپان كۆپىنچە رەڭلىك يوللۇق يىپەك رەختتىن تىكىلىدۇ، چوڭلار كۆپىنچە قارا، قېنىق قوڭۇررەڭ رەختلەردىن تىكىلگەن چاپانلارنى كىيىدۇ. قىشتا چاپان خورۇمدىن يەنى قارامتۇل يېشىل، ئەترەڭ، قوڭۇررەڭ، كۆك، قارا رەڭلىك خورۇملاردىن تىكىلىدۇ، ياقىسىغا تۈلكە تېرىسى، قاما تۇتۇلىدۇ. بۇنداق چاپان كۆركەم ۋە يارىشىملىق بولىدۇ. چاپان كىيگەن كىشى بېلىگە چاسا يىپەك ياغلىق ياكى بەلۋاغ باغلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆينىكى قىسقىراق بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئالدى ئوچۇق بولمايدۇ، ئاساسەن ئاق رەختلەردىن تىكىلىدۇ، ئۈرە ياقىلىق بولىدۇ، كۆينەكنىڭ ئالدى كۆكرەك قىسمىغا ۋە يەڭلىرىگە كانۋاي تىكىلىدۇ. كانۋاي تىكىشتە ئەنئەنىۋى نۇسخىلار، مەسىلەن: گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەر، ئانارگۈلى شەكلى ئاساس قىلىنىدۇ، كانۋاي نۇسخىلىرى ھەرخىل رەڭلىك يىپ بىلەن تىكىلىدىغان بولغاچقا، تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئەرلەر ئىلگىرى كەڭ ئاغلىق تامبال كىيەتتى، تامبالنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى بەك كەڭ، پۇشقىقى تار، پاسونى بىرقەدەر ئاددىي بولۇپ، يالاڭ تامبال، ئىچ تامبال، پاختىلىق تامبال دەپ ئايرىلاتتى ۋە ھەرخىل رەختلەردىن تىكىلەتتى. قوي تېرىسى، تۈلكە تېرىسىدىنمۇ تىكىلەتتى ھەم ئادەتتە ئاياللارنىڭ تامبىلىدىن قىسقىراق بولاتتى. ئۇيغۇر ئەر، ئاياللار بەتىنكە، ئۆتۈك كىيىشكە ئامراق. ئوتتۇرا ياش، ياشانغان ئەر - ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى مەسە كىيىدۇ، مەسە سىرتىغا كالاچ كىيىۋالىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىمى تۇماق ۋە دوپپىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. تۇماقنىڭ كۆپىنچىسى قوي تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. تۈلكە تېرىسى، توشقان تېرىسى، سۇغۇر تېرىسى، بۆلغۈن تېرىسى، قامادىن تىكىلىدىغانلىرىمۇ بار. ئەرلەر كىيىدىغان قەشقەر ئاق تۇمىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنداق تۇماق خۇددى سوقىغا ئوخشايدۇ، قوي تېرىسىدىن تىكىلىدۇ يەنى يۇڭى ئىچىگە، ياپاق قىسمى سىرتىغا قىلىپ تىكىلىدۇ، ئۈستۈنكى قىسمىدا 4 بۇرجىكى بولىدۇ، تۇماقنىڭ چۆرىسىگە بۆكلۈك جىيەك تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۇماقنىڭ ئانۇش تۇمىقى، سەرپىچ تۇماق، ئۈرە تۇماق قاتارلىق تۈرلىرىمۇ بار. ئەر، ئاياللارنىڭ ھەممىسى دوپپا كىيىدۇ، ئاياللار ئادەتتە قۇلاقلىرىغا ھالقا، قوللىرىغا بىلەزۈك، بويىنىغا زەنجىر تاقايدۇ، بەزىدە ئىرناقلىرىنى بويايدۇ، قاشلىرىغا قاشلىق ئېتىشىدۇ. ئاياللار قىزىل، يېشىل، سېرىق رەڭلىك رەختلەردىن ئۇزۇن كۆينەك، ئىچىگە سۇس رەڭلىك رۇباشكا كىيىدۇ. ئۇلار ئۆز مىللىتى ئىجاد ئەتكەن ئەتلەستىن ئۇزۇن كۆينەك كىيىشكە تېخىمۇ ئامراق.

ئۇيغۇر قىزلار ئۇزۇن چاچلىرى بىلەن تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئۇلار نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى چېچىنى ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ. نىكاھلانغاندىن كېيىن ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ، بېشىغا ئەگرى تارغاق قىسىۋالىدۇ. بەزىلىرى چېچىنى ياتتىلىۋالىدۇ.

### قازاقلارنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى

قازاقلارنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى يايلاق چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. كىيىم - كېچىكى پەلتو، باش كىيىم، كۆڭلەك، ئىشتان ۋە بەلۋاغدىن تەركىب تاپقان. ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى قارا، قوڭۇررەڭنى ياخشى كۆرىدۇ. قىشتا ئاساسەن جۇۋا، تېرە ئىشتان كىيىدۇ. كىيىم - كېچەك ماتېرىيالىدا قوي تېرىسى ئاساس قىلىنىدۇ. بۆرە، تۈلكە تېرىلىرى ياكى باشقا ئەتىۋارلىق ھايۋانات تېرىلىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئاتقا مىنىش، ئاتتىن چۈشۈشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كەڭ ئاغلىق ئىشتان كىيىدۇ. يازدا ئاق رەختتىن يۇمشاق ياقىلىق يەشمىز كۆينەك، كۆك ئىشتان كىيىدۇ. ياش چارۋىچىلار ياقىسى، يەڭلىرى ۋە كۆكرەك قىسمىغا كرېستسىمان گۈل تىكىلگەن كۆينەك كىيىپ، بېلىگە بەلۋاغ باغلىۋالىدۇ، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىدۇ. رايون ۋە كىلىماتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا

قاراپ، تۇماقلىرىنىڭ پاسونىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئالتايلىقلار ئۈستى ئۈچلۈك، تۆت قىرلىق تۈلكە تۇماق كىيىدۇ. ئىلى تاغلىق رايونىدىكىلەر قۇلاقچا كىيىدۇ، سىپتا ئاق كىگىزدىن تىكىلگەن قالپاقنىڭ چۆرىسىگە قارا جىيەك تۇتۇلىدۇ. قالپاقنىڭ شەكلى چاسا بولىدۇ.

قازاق ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى ئەرلەرنىڭكىدىن كۆپ ھەم خىلمۇخىل بولىدۇ. ئۇلار ياش قۇرامىغا قاراپ، ئوخشاش بولمىغان پاسوندا كىيىنىدۇ. قىزلار رەڭدار ئۇزۇن كۆينەك ۋە گۈللۈك چىلتەك تۇتۇلغان كەنجەر كىيىدۇ. كەنجەر كۆپىنچە دۇخاۋا ياكى مەخمەلدىن تىكىلىدۇ. ياقۇت، ئالتۇن - كۈمۈش بېزەكلەر بىلەن بېزىلىدۇ. ئۆسمۈر قىزلار رەڭدار مەخمەلدىن تىكىلگەن دوپپا كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇنداق دوپپىنىڭ ئۈستى مارجان، ئاق زەرلىك تاج بىلەن بېزەلگەن بولىدۇ. تاج ئۈستىگە ئۇمارلىق رولىنى ئوينايدىغان ئۇقارتۇكى سانجىپ قويۇلىدۇ. ياتلىق قىلىنغان قىزلارنىڭ قالپىقى ئۈچلۈك بولۇپ، چۆرىسىگە چىرايلىق - نەپىس نەقىشلەر ئىشلىنىدۇ. ئوتتۇرا ياش ئاياللار يازدا كالتە يەڭ چاپان ۋە كەنجەر كىيىدۇ، ئۇلارنىڭ چاپانلىرىنىڭ كۆكرەك ۋە يەشلىرىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا رەڭدار مەخمەلدىن جىيەك تۇتۇلىدۇ، ئىككى ئەرىپتە پانچۇقى بولىدۇ. ئۇلار بېشىغا باش ۋە مۈرىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان، تۆۋەنكى قىسمى بېلىگىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان لېچەك ئارتىۋالىدۇ. لېچەك ئاق رەختتىن تىكىلىدۇ ۋە زەر يىپلار بىلەن كەشتىلىنىدۇ، ئۇ ھەم شامال، چاڭ - توزاننى توساش رولىنى ئوينايدۇ ھەم چىرايلىق ۋە كۆركەم بولىدۇ. قازاق ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاياللار يەنە تامباللىرىنى كەشتىلەۋالىدۇ، كالاچلىرىنىمۇ بېزەۋالىدۇ.

قىرغىزلارنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى

قىرغىز ئەر - ئاياللار يىل بويى ئادەتتە قىزىل، سۆسۈن، كۆك چېمەرقۇتتىن تىكىلگەن دوپپا كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قىشتا ئەرلەر قوي تېرىسى ياكى تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن «تېبەتەي» دەيدىغان تۇماق كىيىدۇ. قىزلار بولسا قاما تېرىسى ياكى ئاق قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن «قۇندۇز» دەيدىغان تۇماق كىيىدۇ. يازدا ئەرلەر كۆپىنچە چۆرىسىگە قارا رەخت ياكى قارا پىپتىن زىغزىق تۇتۇلغان ئاق قالپاق كىيىدۇ. مۇنداق قالپاق ئوڭ، سول ئەرەپلىرىدە ئېغىزى بار - يوقلۇقى، چوققىسىنىڭ يۇمىلاق ياكى چاسا ئىكەنلىكى، شۇنداقلا چوققىسىدا مارجان، يۈپۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بار - يوقلۇقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. قالپاق كىيىش چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان. مۇنداق قالپاق قىرغىزلارنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. تېخى نىكاھلانمىغان قىرغىز قىزلار قىزىل مەخمەلدىن تىكىلگەن يۇمىلاق دوپپا كىيىدۇ، مۇنداق دوپپىنىڭ چوققىسىغا يۈپۈك، پەي قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ياش ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى قىزىل، سېرىق، كۆك باش ياغلىق ئارتىدۇ، ئوتتۇرا ياش، ياشانغان ئاياللار ئاق رومال سالىدۇ.

ئەرلەر ئادەتتە ئىچىگە گۈل كەشتىلەنگەن، يۇمىلاق ياقىلىق كۆينەك، سىرتىغا قوي تېرىسىدىن ياكى قارا، كۆك يىپ رەختتىن تىكىلگەن ياقىسىز، ئالدى ئوچۇق چاپان كىيىپ، بېلىگە تاسما ياكى گۈل كەشتىلەنگەن يىپ بەلۋاغ باغلايدۇ، پىچاق ئېسىۋالىدۇ، رەختتىن ياكى تېرىدىن تىكىلگەن ئىشتان كىيىدۇ. ئاياللار ئادەتتە ئۆرە ياقىلىق كۆينەك، سىرتىغا ئۇزۇن يەڭلىك كۆينەك كىيىدۇ. كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە ھەرخىل گۈللەر نەقىشلەنگەن، كۈمۈش تۈگمە، مىس پۇل قاتارلىق زىبۇ زىننەتلەر بىلەن بېزەلگەن دۇخاۋا كەنجەر كىيىدۇ، پەسلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە يارىشا يالاڭ ئىشتان ياكى پاختىلىق ئىشتان، يۇڭ ئىشتان كىيىدۇ. ئەر، ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈك ياكى دەپسەم كىيىدۇ، چارۋىچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى تىكىۋالغان چورۇقلارنى كىيىدۇ.

قىرغىز ئەرلەر ياكى ئاياللار بولسۇن، ھەممىسى بېزەك تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاياللار كۈمۈش ھالقا، زەنجىر، ئۈزۈك، بىلەزۈك تاقايدۇ، چاچلىرىغىمۇ كۈمۈش تەڭگە، مىس پۇل قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىۋالىدۇ. بەزىلىرى يەنە كۈمۈشتىن قۇيۇلغان نەقىشلىك كۆكرەك زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىۋالىدۇ. ئەرلەر ئۈزۈك تاقىغاندىن باشقا، يەنە بەلۋاغلىرىنى ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزەۋالىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، دۆربىلجىن ناھىيەسىدىكى لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياشانغان قىرغىزلار موڭغۇللارچە قىزىل تون كىيىدۇ. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ فۇيۈ ناھىيەسىدىكى قىرغىزلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى موڭغۇللارنىڭكىگە، بەزىلىرىنىڭ داغۇر، خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

خۇيزۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى

خۇيزۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەرلەر يۇمىلاق ئاق شاپاق دوپپا كىيىدۇ، مۇنداق دوپپىنىڭ قېنىق يېشىل، قارا، كۆلرەڭ، سېرىق رەڭلىك رەختلەردىن 5 بۇرجەك، 8 بۇرجەك، سوقچاق قىلىپ تىكىلگەنلىرىمۇ بولىدۇ. ئەرلەر ئاق كۆينەك، قارا كەنجەر كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوتتۇرا ياش ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساقال قويۇۋالىدۇ. قېرىلارنىڭ كۆپىنچىسى مەسە، كالاچ كىيىدۇ. قىزلار چېچىنى ئۆرۈۋالىدۇ، ئاياللار سېستىرالار بۆكىگە تەقلىد قىلىپ تىكىلگەن ئاق بۆك كىيىدۇ، ئوچۇق

رەڭلىك ياكى كۆلرەڭ رەختتىن تىكىلگەن ئوڭ پەشتىن ئېتىلىدىغان كالتە چاپان، ئاق كۆينەك ۋە كەڭ ئاغلىق تامبال كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. تامبىلىنىڭ پۇشقىقىنى پۇشقاق بېغى بىلەن باغلىۋالىدۇ. پۇتىغا ئادەتتە مەخمەل كەش كىيىدۇ. ھالقا، باش گۈلى، زەنجىر، بىلەيزۈك، ئۈزۈك تاقاش ئادىتى بار، تىرناقلىرىغا خېنە يېقىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىيىم-كېچەكنى كونا - يېڭى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر رەڭلىك، پاكىز، يارىشىملىق قىلىپ كىيىدۇ.

**موڭغۇللارنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى**

موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچىكى تون بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى موڭغۇلچە تون دەپ ئاتايدۇ. شىنجاڭدىكى موڭغۇللار يالاڭ توننى «لابشاك»، خۇرۇم توننى «دېبىل» دەپ ئاتايدۇ. موڭغۇلچە تون ئوڭ پەشلىك، ياندىن ئىزمىلىنىدىغان، پەكسىز، يېڭى ئۇزۇن ھەم تار، ياقىسى ئېگىز، تۆۋەندىكى پېشى كەڭ بولۇپ، مال باققاندا كىيىشكە باب كېلىدۇ. ياشلارنىڭ ھەممىسى تون كىيىدۇ، بېلىگە بەلۋاغ باغلايدۇ. ئادەتتە بىر پۈتۈن ئەن يىپەك رەخت بەلۋاغ قىلىنىدۇ، ئەرلەر بەلۋاغنىڭ ئوڭ، سول يانلىرىغا ئۆزگىچە موڭغۇل پىچىقى ۋە تاماكا خالتىسى ئېسىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. توي قىلغان ئاياللار كىيىدىغان تونىنىڭ پاسونى كۆپ بولىدۇ. ئۇ كۆپىنچە قىزىل، يېشىل، كۆك رەختلەردىن تىكىلىدۇ. ئۇزۇن تونىنىڭ ياقىسى، كۆكرىكى ۋە ئېتەكلىرىگە گۈل كەشتىلىنىدۇ. موڭغۇللار خۇرۇم ئۆتۈك، كىگىز ئۆتۈك ياكى لاتا ئۆتۈك كىيىدۇ. لاتا ئۆتۈك ئېسىل رەختلەردىن تىكىلىدۇ، مۇنداق ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇقى ۋە قونچىغا دۇخاۋىدىن گۈل كەشتىلىنىدۇ، گۈل نۇسخىلىرى تولىمۇ كۆركەم بولىدۇ. خۇرۇم ئۆتۈك قىزىل كالا خۇرۇمىدىن تىكىلىدۇ. موڭغۇل شىلەپىسى ئادەتتە نەپىس سوكنودىن تىكىلىدۇ، ئۇ سوقىچاق كېلىدۇ، چۆرىسىدە چېكىلىكى بولىدۇ، كۆپىنچە قارا، قوڭۇر ياكى كۆلرەڭ بولىدۇ. شىلەپىنىڭ ئالدى ئېگىز، كەينى پەس، چوققىسىنىڭ ئوتتۇرىسى سەل ئويۇق بولىدۇ، چۆرىسىگە زىغزىق تۇتۇلىدۇ. شىنجاڭدىكى موڭغۇللار «تورچىك» دېيىدىغان بۆكنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، بۇنداق بۆك يۇمىلاق، چوققىسى ئۇچلۇق بولىدۇ، سوغۇر، قۇندۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان تاسمىسى، چوققىسىدا قىزىل پوپۇكى بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ پوپۇكىدە قىزىل رەختتىن ئىشلەنگەن كىچىك يۇمىلاق مونەكچە بولىدۇ. موڭغۇلچە كەنجەر موڭغۇلچە تون ئۈستىگە كىيىدىغان كەمزۇلدۇر. موڭغۇل ئاياللار كەنجەر كىيىدۇ، ئادەتتە بەلۋاغ باغلىمايدۇ. كەنجەر ياقىسىز، يەڭسىز، پەشسىز بولىدۇ، ئارقا پېشى ئۇزۇنراق بولىدۇ. كۆكرىكىگە ئىككى قاتار تۈگمە ياكى ئىزما قادىلىدۇ، چۆرىسىگە ۋە ئۇدۇل پېشىگە گۈل كەشتىلىنىدۇ.

**شىبەلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى**

شىبە ئەرلەر ئەمگەك قىلغاندا كۆك، يېشىل، قوڭۇر رەڭ كالتە چاپان ۋە ئۇزۇن ئىشتان كىيىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئادەتتىكى چاغلاردا ئوڭ - سول ئېتەكلىرىدە چېكى بار، پەس ياقىلىق، ئوڭ پېشىگە تۈگمە قادالغان ئۇزۇن چاپان كىيىدۇ. ئىچىگە ئالدى ئوچۇق كالتە كۆينەك كىيىدۇ، مۇنداق كۆينەك كۆپىنچە ئاق رەختتىن تىكىلىدۇ، ئەرلەر ئىشتاننىڭ پۇچقىقىنى چىگىۋالىدۇ. ئۇزۇن چاپاننىڭ سىرتىغا ماگازا كىيىدۇ، بېشىغا چوققىسى يۇمىلاق بۆك ۋە قوش چېكىلىكى بار شەپكە كىيىدۇ. ئاياللىچە ئۇزۇن چاپاننىڭ پاسونى ئەرلەرنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنىڭ چۆرىسىگە ۋە يەڭلىرىنىڭ چۆرىسىگە گۈللۈك جىيەك تۇتۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى پۇتنى يېپىپ تۇرىدۇ. ياش ئاياللار كۆينەك كىيىدۇ، كۆينەك پۇتنى يېپىپ تۇرىدۇ، كۆپىنچە مەخمەلدىن تىكىلىدۇ. پۇتىغا گۈل كەشتىلەنگەن خەي كىيىدۇ. توي قىلمىغان قىزلار چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن چېچىنى بانتىلىۋالىدۇ. ياشانغان ئاياللار ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىدە كۆپىنچە بېشىغا ئاق رومال ئارتىدۇ، قىشتا ياختىلىق بۆك كىيىدۇ، مۇنداق بۆكنىڭ چۆرىسىگە تىيىلىن تېرىسى تۇتۇلغان بولىدۇ. شىبە ئاياللارنىڭ ھەممىسى ھالقا، ئۈزۈك ۋە بىلەيزۈك سېلىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنە كەشتىلەنگەن ۋە گۈللۈك قول ياغلىق تۇتۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

**داغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى**

داغۇرلار قىشتا يۇڭى ئىچىگە قىلىپ تىكىلگەن جۇۋا (ئوڭ جۇۋا) كىيىدۇ، مۇنداق جۇۋا كەڭ ھەم كالتە بولۇپ، تىزىغا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئالدى - ئارقا ئېتەكلىرىدە چېكى بولىدۇ. داغۇرلارنىڭ بۆك، پەلەي، ئۆتۈكلىرى ھايۋانات تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. ئاياللىچە كىيىم - كېچەك تىكىشتە پاختا رەخت ئاساس، يىپەك رەخت قوشۇمچە قىلىنىدۇ. داغۇرلاردا يەڭلىرى ۋە يۇقىرىسى تار، تۆۋىنى كەڭ، ئېتەكلىرىدە چېكى بار ئۇزۇن چاپان كىيىش ئادەتكە ئايلانغان. قېرىلار كۆك، كۆلرەڭ كىيىم كىيىشنى ئاساس قىلىدۇ، ئوتتۇرا ياش، ياشلار قىزىل، توققىزىل، قوڭۇررەڭ كىيىم كىيىدۇ ھەم كىيىملەرنىڭ چۆرىسىگە ھەرخىل پاسوندىكى جىيەك تۇتۇۋالىدۇ، پۇتىغا گۈل كەشتىلەنگەن خەي كىيىدۇ. داغۇر ئاياللار زىبۇ زىننەت تاقاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ چېچىغا دۇردۇن گۈل تاقىۋالىدۇ، ئالتۇن، كۈمۈش ياكى قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن ھالقا، سۆكە، بىلەزۈك ۋە ئۈزۈك تاقاپ يۈرۈيدۇ.

**مانجۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك زىننەت بۇيۇملىرى**

مانجۇلار ئاساسەن ئۇزۇن چاپان يەنى نىمچە كىيىدۇ. نىمچىنىڭ

ئاساسىي پاسونى شۇكى، ياقىسى يۇمىلاق، پېشى سول تەرەپتە، 2 ياكى 4 چېكى بولىدۇ، يەڭلىرى تار بولىدۇ. ئەرەنچە نىمچىنىڭ يەڭلىرىنىڭ ئۈچىدا يەڭ پېشى بار بولۇپ، خۇددى ئات تۇيىقىغا ئوخشايدۇ، شۇڭا، ئۇ ئادەتتە «ئات تۇيىقىسىمان يەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەنچە نىمچىغا سىپلىشتۇرغاندا، ئاياللچە نىمچىنىڭ ئېتىكى كەڭرەك بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئاياللار نىمچە كەيگەندە بېلىگە بەلۋاغ باغلىمايدۇ. ئاياللچە نىمچىنىڭ ياقىسى، يەڭ ئاغزى ۋە ئېتىكىنىڭ چۆرىسىگە ھەرخىل پاسوندىكى جىيەك تۇتۇلىدۇ، نىمچە ئاياللارنىڭ بەدەن گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. نىمچە تېرە نىمچە، ياختىلىق نىمچە، ياللاڭ نىمچە، ئەستەرلىك نىمچە دەپ بىرنەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ ۋە ئوخشاش بولمىغان پەسىللەردە كىيىلىدۇ. ئاياللارنىڭ چاچ پاسونى، زىننەت بۇيۇملىرى بىرقەدەر كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە «تۇغ باش» دېيىلىدىغان بىرخىل چاچ پاسونى بار، ئۇنىڭ شەكلى يەلپۈگۈچكە ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە دۇردۇن، تورقا، يىپ قاتارلىق ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ، ئۈستىگە دۇردۇن گۈل قىستۇرۇلىدۇ، مۇنداق چاچ پاسونى كۆپىنچە داغدۇغىلىق سورۇنلارغا ماس كېلىدۇ. ئاياللچە ئاياغ كىيىملىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە گۈل كەشتىلىنىدۇ، «تۇغ ئاياغ» دېيىلىدىغان بىرخىل ئۆزگىچە ئاياغ پاسونى بار بولۇپ، ئۇنىڭ پۇت ئالقىنى توغرا كېلىدىغان قىسمىغا 30 سانتىمېتىرچە كېلىدىغان ياغاچ چەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇنى كىيىپ ماڭغان ئادەمنىڭ قىياپىتى تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

تاتارلارنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى

تاتارلار كىيىم - كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەرلەر قارا، يېشىل، سېرىق، بىغىررەڭ دۇخاۋا دوپپا كىيىدۇ. ياشلار ياقىسىغا ۋە يەڭلىرىگە گۈل كەشتىلەنگەن، قايرىما ياقىلىق ئاق كۆينەك كىيىدۇ. ئوتتۇرا ياش - ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆك، كۆلرەڭ، بىغىررەڭ، قارا رەڭلىك، پۇشقىقى تار ئىشتان، ئۆتۈك ياكى بەتىنكە كىيىدۇ. ياشانغانلار كۆپىنچە ياقىلىق، سول پەشلىك ئاق كۆينەك، كۆينەك سىرتىغا قارا كەنجەر كىيىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا كۆپىنچىلىرى رەخت بەلۋاغ باغلىۋالىدۇ. قىش، كۈز پەسىللىرىدە بېشىغا تېرە قۇلاقچا، ئۇچىسىغا ھەرخىل پاسوندىكى ئۇزۇن - كالتە پەلتو، كالتە چاپان ۋە ئەتىۋارلىق ھايۋانات تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا كىيىدۇ. ياشىنىپ قالغانلار ئۆتۈك ياكى بەتىنكە سىرتىغا كالاچ كىيىۋالىدۇ. ھازىر ئەر تاتار ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى كاستيۇم - بۇرۇلكا ۋە مودا كىيىملەرنى كىيىدۇ. تاتار ئاياللار مارجان دوپپا كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى دۇخاۋا دوپپا كىيىدۇ. چوكانلار ۋە چوڭ ئاياللار يەنە دوپپا ئۈستىگە يىپەك رومال ئارتىۋالىدۇ، ئۇچىسىغا ھەرخىل گۈللۈك رەختلەردىن تىكىلگەن ئۇزۇن كۆينەك، پۇتىغا توپلەي، ئۆتۈك كىيىدۇ، چوڭ ئاياللار يەنە مەسە، كالاچ كىيىدۇ. ئاياللار ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ، ياقۇت كۆزلۈك ھالقا، ئالتۇن مېداليون، مەرۋايىت، ئالتۇن بىلەزۈك، ئالتۇن ئۈزۈك تاقايدۇ، چوڭ ئاياللار يەنە ئالتۇن زىرە سالىدۇ. ئالتۇن ئۈزۈك ئىككى خىل بولىدۇ، ياقۇت كۆز قويۇلغىنى ئۈزۈك دېيىلىدۇ، ئادەتتىكىسى «بالداق» دېيىلىدۇ. تاتار ئاياللارمۇ مودا كىيىملەرنى كىيىدۇ، ھەرخىل زامانىۋى زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقايدۇ.

تاجىكلارنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى

قورامىغا يەتكەن تاجىك ئەرلەر ئادەتتە قارا دۇخاۋا تۇماق كىيىدۇ، مۇنداق تۇماقنىڭ سىرتىغا بىرنەچچە قۇر ئىنچىكە يوللۇق گۈل ۋە بىر قۇر كەڭ يوللۇق جىيەك كەشتىلەنگەن بولىدۇ، تۇماقنىڭ ئىچىگە قارا ئەلتىپرە ئىشلىتىلىدۇ. ياش - ئۆسمۈرلەر شۇنىڭغا ئوخشاش پاسوندىكى ئاق تۇماقلارنى كىيىدۇ. مۇنداق تۇماق قاتتىق سوغۇق بولىدىغان جايلاردا كىيىشكە باب كېلىدۇ، قار - شىۋىرغانغا دۇچ كەلگەندە، تۇماقنىڭ چۆرىسىنى چۈشۈرىۋالسا ئادەمنىڭ قۇلاقلىرى ۋە يۈزى توڭلاپ كەتمەيدۇ. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كۆپىنچىلىكى كۆينەك سىرتىغا قارا ئۇزۇن چاپان (ياقىسىز، ئالدى ئوچۇق بولىدۇ) كىيىدۇ. قىشتا چاپان سىرتىغا يەنە رەخت بىلەن تاشلانغان جۇۋا كىيىۋالىدۇ. ئاياللار چوققىسى يۇمىلاق، گۈل كەشتىلەنگەن بۆك كىيىدۇ، مۇنداق بۆكنىڭ ئارقا يېرىمى ئۇزۇنراق بولۇپ، باشنىڭ ئارقا قىسمىنى ۋە قۇلاقنى يېپىپ تۇرىدۇ. سىرتقا چىققاندا ئاياللار بۆك ئۈستىگە چاسا رومال ئارتىۋالىدۇ، مۇنداق رومال ئادەتتە ئاق بولىدۇ، يېڭى ياتلىق قىلىنغان كېلىنچەكلەر قىزىل رومال ئارتىدۇ، كىچىك قىزلارنىڭ بەزىلىرى سېرىق رومال ئارتىدۇ. ئۇچىسىغا ئۇزۇن كۆينەك، ھاۋا سوغۇق بولغاندا سىرتىغا چاپان كىيىۋالىدۇ. چىرايلىق بولۇش ۋە كۆينەكنى ئاسراش يۈزىسىدىن، توي قىلغان ئاياللار كۆپ ھاللاردا بېلىنىڭ ئارقا قىسمىغا رەڭلىك پەرتۇق باغلىۋالىدۇ. ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ كىگىز پايپاق ۋە تىۋىت پايپاق كىيىدۇ، ئۇزۇن قونچلۇق، تۇمشۇقى ئۈچلۈق ئۆتۈك كىيىدۇ. ئۆتۈكنىڭ قونچىغا تاغ ئۆچكىسىنىڭ تېرىسى، چەمىگە قوتاز تېرىسى ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا، مۇنداق ئۆتۈك يېنىك، چىدامىلىق، تاغ - داۋانلاردىن ئۆتۈشكە ئەپلىك بولىدۇ.

زىننەت بۇيۇملىرى جەھەتتە، ئەرلەرنىڭ دوپپا - تۇماقلىرى كەشتىلەنگەن بولغاندىن سىرت، كۆينەكلىرىنىڭ ياقىسى ۋە بەلۋاغلىرىمۇ كەشتىلەنگەن بولىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى زىننەت بۇيۇملىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، بۆكلىرىنىڭ چۆرىسىگە بىرقۇر كىچىك ئاق زەنجىر باغلىۋالىدۇ، قۇلىقىغا چوڭ ھالقا، بويىنىغا بىرنەچچە قۇر مەرۋايىت، كۆكرىكىگە

«ھالقا» دەيدىغان چوڭ يۇمىلاق بېزەك تاقىۋالىدۇ. چوكانلار چېچىغا ئاق تۈگمىلەرنى قادىۋالىدۇ، يېڭى كېلىنلەر چېچىغا يىپەك چۇچىلارنى ئېسىۋالىدۇ.

قېرىنداش مىللەتلەر ئارا يېقىن ئالاقىلىشىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش تۈپەيلىدىن، ئۇزاقتىن بۇيان تاجىك چارۋىچىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىرغىزلارنىڭكىگە، دېھقانلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ قالدى.

ئۆزبېكلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى

ئۆزبېك دوپپىسىنىڭ تۈرى بەك كۆپ. ئۆزبېك دوپپىسى يۇمىلاق ياكى 4 قىرلىق بولىدۇ. ئىسلىق يېشىل، قارا، ئاق، چىلانرەڭ دۇخاۋا ۋە چېپەرقۇت قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلىدۇ، دوپپىنىڭ چوققىسى ۋە چۆرىسىگە ھەرخىل ئۆزگىچە گېئومېتىرىك شەكىللەر، گۈل - گىياھ نۇسخىلىرى نەپىس قىلىپ كەشتىلىنىدۇ. ئاياللار دوپپا كەيگەندە كۆپ ھاللاردا دوپپا ئۈستىگە ئىنتايىن نېپىز گۈللۈك رومال ئارتىۋالىدۇ. بۇ ئاياللارنى تولىمۇ زىلۋا كۆرسىتىدۇ. ھېيت-بايرام بولغان، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەر بىر يەرگە جەم بولغاندا، ئاياللار ھەممە زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى تولۇق تاقاپ، ئوبدان ياسىنىپ - تارىنىپ بارىدۇ، بۇ ھال ئۇلارغا ئاجايىپ لاتاپەت بەخش ئېتىدۇ. ئۆزبېك ئەرلەر ئەنئەنىۋى تون كىيىدۇ، بۇنداق توننىڭ ئۇزۇنلۇقى تىزدىن ئاشىدۇ، ياقىسى تۈز، ئالدى ئوچۇق، يېشى يوق بولىدۇ، ياقىسىغا، يېڭىنىڭ ئۇچىغا گۈل كەشتىلىنىدۇ، گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلەنگەن بولغاچقا، تون بەكمۇ چىرايلىق بولىدۇ، ئۆزبېكلەر يەنە ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرخىل چاپانمۇ كىيىدۇ ھەم چاپان سىرتىغا ئۇچبۇرجەك رومال باغلىۋالىدۇ. ئۆزبېكلەر كىيىدىغان كۆينەكنىڭ ياقىسى، يەڭ ئۇچى، كۆكرىكىگە قىزىل، يېشىل، كۆك يىپلار بىلەن گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلىنىدۇ. ئاياللار ئۇزۇن ھەم كەڭ كۆينەك كىيىدۇ، بېلىنى باغلىمايدۇ، بەزىلىرى كۆينەك سىرتىغا ھەرخىل رەڭدىكى كەنجەر كىيىۋالىدۇ. ئۆزبېك ئەرلەر ۋە ئاياللار يەنە دائىم رېزىنكە كالاچ كىيىۋالىدۇ، ئۆيگە كىرىدىغاندا كالاچنى سېلىۋېتىدۇ.

رۇسلارنىڭ كىيىم - كېچىكى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى

رۇسلار كىيىم - كېچەككە بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەرلىرى يازدا ئاق يىپەك كۆينەك كىيىدۇ، مۇنداق كۆينەكنىڭ يېڭى كەڭ، ياقىسى كەشتىلەنگەن بولىدۇ، ئەتىياز، كۈزدە كۆپىنچە چايرەڭ كاستيۇم، بورۇلكا كىيىدۇ، خوروم ئالتۇپكا كىيىشنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ھەرخىل رەڭلىك گالستۇك تاقايدۇ. سورۇن كىيىمى، گەلەپە شىم، ئۆتۈك، شىلەپە ئەرلەر ئۈچۈن زۆرۈر كىيىم - كېچەكلەردۇر. ئەرلەر قىشتا قۇلاقچا، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا، ئىچى يۇڭ ئۆتۈك ۋە پىيما كىيىدۇ. ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى تولىمۇ كۆركەم - چىرايلىق بولىدۇ، ئۇلار يىپەك ئۇزۇن كۆينەك، كوپتا - يوپكا، يىپەك پايپاق، ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىي كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ئەتىياز، كۈزدە كۆپىنچە ئۇچىسىغا قىزىل پەلتو، بېغىررەڭ كۆينەك كىيىدۇ. بەزى ئاياللار كاستيۇم - بورۇلكا، گۈللۈك يوپكا كىيىدۇ، چاسا رومال ئارتىدۇ. شۇڭا ئۇلار بەكمۇ لاتاپەتلىك كۆرۈنىدۇ. ھالقا، ئۈزۈك، زەنجىر قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش رۇس ئاياللارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئەنئەنىسىدۇر.

ۋاڭ پىڭ

# مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى

## شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان 13 مىللەتنىڭ تىل - يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

شىنجاڭدا 55 مىللەت بار، بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمدىن تارتىپ ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاجىك، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر، تاتاردىن ئىبارەت 13 مىللەتتۇر. بۇ 13 مىللەت ئىچىدە خەنزۇلار بىلەن خۇيزۇلار خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئورتاق قوللانغاندىن سىرت، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار، كۆپىنچىسىنىڭ يېزىقى بار. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر قوللىنىدىغان تىللار ئالتاي تىل سىستېمىسى، خەنزۇ - تىبەت تىل سىستېمىسى ۋە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە.

1. ئۇيغۇرلار قوللىنىدىغان تىل - يېزىق

ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان تىل - يېزىقتۇر.

ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ، ئۇ يېپىشقاق تىل ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى تۈرك تىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنبەسىدۇر. 11 - ئەسىرگە قەدەر، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭغا پەيدىنپەي كىرىشىگە ئەگىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قوللىنىشقا باشلىغان. كېيىن چاغاتاي ئەدەبىي تىلى شەكىللەنگەن، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ

باشلىرىغىچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەرەققىي تاپقان ھەم ئاخىرقى ھېسابتا ئۇيغۇرلار ئورتاق قوللىنىدىغان ئۆلچەملىك تىل — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلار تارىختا قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى قوللانغان. 11 - ئەسىردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى ئۇيغۇرلار ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان، لېكىن تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار تاكى 16 - ئەسىرگىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىپ كەلگەن. بىرقانچە ئەسىرلىك تەرەققىيات ئارقىلىق، ئاخىرى چاغىتاي يېزىقى ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى شەكىللەنگەن. شىنجاڭدا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۇيغۇرلاردىن سىرت، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللارنى قوللىنىدىغان بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ قوللىنىدۇ.

2. خەنزۇلار قوللىنىدىغان تىل - يېزىق

خەنزۇ — ئېلىمىزدىكى ئاساسلىق مىللەت. خەنزۇلار قوللىنىدىغان خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقى — دۆلەت بىر تۇتاش قوللىنىدىغان تىل - يېزىق، شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بىر تۇتاش قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىق. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، شۇنىڭدىن باشلاپ، «خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى غەربىي يۇرتتا جاكارلىنىدىغان بولغان»، خەنزۇ تىل - يېزىقى غەربىي يۇرت ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تىل - يېزىقى بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى خەنزۇلار قوللانغان تىل - يېزىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار قوللانغان تىل - يېزىق بىلەن ئومۇمداش بولغان. لېكىن شىنجاڭدىكى خەنزۇلار شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە دىئالېكت يەنى شىنجاڭ خەنزۇ دىئالېكتىنى شەكىللەندۇرگەن. شىنجاڭ خەنزۇ دىئالېكتى 3 رايونغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى لەنجۇ — يىنچۈەن ئورتاق تىلى شىمالىي شىنجاڭ رايونى بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى 20 ناھىيە، شەھەرگە تارقالغان؛ ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئومۇمىي تىلى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئىلى رايونىدىكى 45 ناھىيە - شەھەرگە تارقالغان؛ ئۈچىنچىسى، بېيجىڭ ئورتاق تىلى بولۇپ، جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭدىكى 18 ناھىيە - شەھەرگە تارقالغان. خەنزۇلار قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

3. قازاقلار قوللىنىدىغان تىل - يېزىق

شىنجاڭدىكى قازاقلار ھازىر قازاق تىلى ۋە قازاق يېزىقىنى قوللىنىدۇ. قازاق تىل - يېزىقى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە موري، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقتۇر.

قازاق تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىدىكى قىپچاق تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. قازاق تىلى قەدىمكى تۈرك تىلى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك تىلىدىن ئىبارەت تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. 15 - ئەسىردە قىپچاق تىلى ئاساسىدا، باشقا قەبىلە تىللىرىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق قازاق تىلى شەكىللەنگەن. 20 - ئەسىرگە كەلگەندە پەيدىنپەي ھازىرقى زامان قازاق تىلى شەكىللەنگەن.

قەدىمكى زاماندا قازاقلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇزاق مۇددەت تۈرك يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى ۋە چاغاتاي يېزىقىنى قوللانغان. 15 - ئەسىردىن كېيىن، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى قازاق يېزىقىنى قوللانغان، 20 - ئەسىرگە كەلگەندە پەيدىنپەي ھازىرقى زامان قازاق يېزىقى شەكىللەنگەن.

4. خۇيزۇلار قوللىنىدىغان تىل - يېزىق

خۇيزۇلارنىڭ ئەجدادى ئەرەبلەردۇر. ئۇلار جۇڭگوغا كەلگەندىن كېيىن، ئەرەب تىلى ياكى پارس تىلىنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەنزۇ تىلىنىمۇ قوشۇمچە قوللانغان. 16- ئەسىردىن كېيىن، خەنزۇ تىلىنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئورتاق تىلى قىلىپ قوللىنىشقا باشلىغان. شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكى جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن ياكى شەرقىي ئاسىيا ئارقىلىق سودىغا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان. ئۇلار خەنزۇ تىلىنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنىمۇ سىڭدۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار قوللىنىدىغان خەنزۇ تىلى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان.

شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ تىلى خەنزۇ تىلى شىمال دىئالېكتىنىڭ غەربىي شىمال قوشۇمچە دىئالېكتىغا كىرىدۇ، خەنزۇ پۈتۈڭخۇا تىلىغا سېلىشتۇرغاندا، تاۋۇش، لېكسىكا، گىراماتىكا جەھەتلەردىن پەرقلىنىدۇ، بولۇپمۇ تاۋۇش ۋە لېكسىكا پەرقى بەك چوڭ. لېكىن، شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار تىلىنىڭ غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەر قوللىنىدىغان خەنزۇ تىلى دىئالېكتى بىلەن مۇئەييەن ئومۇمداشلىق مۇناسىۋىتى بار، شۇنىڭدەك شىنجاڭ خەنزۇ تىلى دىئالېكتىدىكى 3 رايون بىلەنمۇ نۇرغۇن ئوخشاشلىقى بار. شىنجاڭ خۇيزۇ تىلى 2 رايونغا يەنى شىمالىي لىنىيە خۇيزۇ تىلى (ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭغا تارقالغان) ۋە جەنۇبىي لىنىيە خۇيزۇ تىلى (جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭلارغا تارقالغان) دەپ بۆلۈنىدۇ. خۇيزۇلار قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

5. قىرغىزلار قوللىنىدىغان تىل - يېزىق

قىرغىزلار قىرغىز تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ. قىرغىز تىل - يېزىقى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقتۇر.

قىرغىز تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈرك تىلىنىڭ قىپچاق تىل تارمىقىغا كىرىدۇ. قەدىمكى زاماندا قىرغىزلارنىڭ ئەجدادلىرى تۈرك تىلى، ئۇيغۇر تىلىنى قوللانغان. 14 - ئەسىردە، ئالتاي تىل گۇرۇپپىسىدىكى قىرغىز تىلى ۋە ئالتاي تىلىنىڭ جەنۇب دىئالېكتى شەكىللەنگەن ھەمدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىللىرىنىڭ تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە، ئاخىر قىرغىزلارغا ئورتاق تىل — قىرغىز تىلى شەكىللەنگەن.

قىرغىزلارنىڭ ئەجدادلىرى 6 - ئەسىردىن باشلاپ ئورخۇن - يەنسەي، تالاس يېزىقلىرىنى قوللىنىشقا باشلىغان، كېيىنكى چاغلاردا يەنە چاغاتاي يېزىقىنى قوللانغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قىرغىز تىلىغا ئاساسەن، يېڭى ئېلىپبە بېكىتىلگەن، 1983 - يىلغا كەلگەندە، قىرغىز يېزىقى ئاخىرقى ھېسابتا مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن.

لېكىن ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قىرغىزلار كۆپىنچە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

6. موڭغۇللار قوللىنىدىغان تىل - يېزىق

شىنجاڭدىكى موڭغۇللار موڭغۇللارنىڭ ئانا ماكانىدىن يىراق - يىراقتا بولغانلىقى، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇقراق بولغانلىقى، تۈرك تىلىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلار قوللىنىدىغان موڭغۇل تىلى روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، جۇڭگو موڭغۇل تىلىنىڭ بىر دىئالېكتى — ئويرات دىئالېكتى دەپ ئاتىلىدۇ.

موڭغۇل تىلى ئالتاي سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ۋە بېيشىقاق تىل ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى موڭغۇللار قوللىنىدىغان ئويرات دىئالېكتى تۇرغۇت يەرلىك تىلى ۋە چاخار يەرلىك تىلى دەپ ئايرىلىدۇ.

موڭغۇللار 13 - ئەسىردىن باشلاپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياسما يېزىقنى يەنى موڭغۇل يېڭى يېزىقىنى ئىجاد قىلغان. 1648 - يىلى شىنجاڭلىق زايابەندىدانامكزامسۇ ئەنئەنىۋى موڭغۇل يېزىقى (خۇدۇم موڭغۇل يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئاساسىدا تود موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلغان، بۇ يېزىق شىنجاڭدىكى موڭغۇللار ئارىسىدا ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكى موڭغۇللار ئاساسىي جەھەتتىن خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى قوللىنىدىغان بولغاچقا، ئېلىمىز موڭغۇللىرىنىڭ يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، شىنجاڭدىكى موڭغۇللارنىڭمۇ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى قوللىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، 1981 - يىل 10 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق موڭغۇل تىل - يېزىقى خىزمىتى يىغىنىنىڭ قارار قىلىشى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، 1982 - يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىكى موڭغۇللار ئارىسىدا خۇدۇم موڭغۇل يېزىقى ئومۇملاشتۇرۇلدى ھەم قوللىنىلدى.

موڭغۇل تىل - يېزىقى بايىنغولىن، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىرى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىل يېزىقتۇر.

7. شىبەلەر قوللىنىدىغان تىل - يېزىق

شىنجاڭدىكى شىبەلەر شىبە تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ. شىبە تىل - يېزىقى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقتۇر.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىبەلەرنىڭ ئەجدادلىرى سىيانپى تىلى، شىبە تىلى ۋە موڭغۇل تىلىنى قوللانغان. كېيىن شىبەلەر 8 خوشۇنغا تەۋە بولۇپ، لياۋنىڭ، شىنياڭ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كىرىپ، مانجۇ تىلى ۋە مانجۇ يېزىقىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. 1764 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن لياۋنىڭ، شىنياڭلىق شىبە ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 5000 كىشى شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىغا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرىنى قوغداشقا كەلگەن، ئۇلار مانجۇ تىل- يېزىقىنى قوللىنىش بىلەن بىللە، قوشۇمچە خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، رۇس تىللىرىنىڭ تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلغان ھەم مانجۇ تىل - يېزىقى ئاساسىدا ھازىرقى زامان شىبە تىلىنى شەكىللەندۈرگەن، يەنە 1947 - يىلى شىبە يېزىقىنى ئىجاد قىلغان.

8. تاجىكلار قوللىنىدىغان تىل - يېزىق

شىنجاڭدىكى تاجىكلار تاجىك تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ (ئىنتايىن ئاز ساندىكى پېشقەدەم زىيالىيلارلا تاجىك يېزىقىنى قوللىنىدۇ).

شىنجاڭدىكى تاجىكلار قوللىنىدىغان تاجىك تىلى ھىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئىران تىلىنىڭ شەرقىي ئىران تىل تارمىقىغا كىرىدۇ، يەنە پامىر تىل تارمىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاجىكلار سەرىقول تاجىكلىرى ۋە ۋاخان تاجىكلىرى دېگەن 2 بۆلەككە ئايرىلىدۇ. شۇڭا، تاجىك تىلىمۇ سەرىقول تاجىك تىلى ۋە ۋاخان تاجىك تىلى دەپ ئايرىلىدۇ.

9. مانجۇلار قوللىنىدىغان تىل - يېزىق

مانجۇ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ مانجۇ - تۇڭگۇس

تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. مانجۇ تىلى جۇرجىت تىلىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مانجۇ تىلى جىيەنجۇ دىئالېكتى ئاساسىدا ئورتاق تىل بولۇپ شەكىللەنگەن ھەم بىر مەھەل دۆلەت تىلى قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ مانجۇ تىلى ئاجىزلىشىپ، تەدرىجىي خەنزۇ تىلى تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغان. شىنگودىن كېيىن مانجۇلار ئاساسىي جەھەتتىن خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدىغان بولغان.

مانجۇلار تارىختا 2 قېتىم يېزىق ئىجاد قىلغان، ئاخىر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا مانجۇ يېزىقىنى شەكىللەندۈرگەن. چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەندىن كېيىن، مانجۇ يېزىقى ھۆكۈمەت يېزىقى بولۇپ قالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، مانجۇ يېزىقىنى قوللىنىدىغان ئاھالە بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەن.

ھازىر شىنجاڭدىكى مانجۇلار مانجۇ تىل - يېزىقىنى قوللانمايدىغان بولدى (ئىنتايىن ئاز ساندىكى ياشانغانلارلا ئاندا-ساندا مانجۇ تىلىنى قوللىنىپ قويىدۇ) . ئاساسەن خەنزۇ تىل-يېزىقىنى قوللىنىدۇ، بەزىلىرى ئۇيغۇر قاتارلىق باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ۋاھالەنكى، مانجۇ تىل - يېزىقى شىنجاڭدىكى شىبەلەر ئارىسىدا خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

10. ئۆزبېكلەر قوللىنىدىغان تىل - يېزىق

ئۆزبېك تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈرك تىلى گۇرۇپپىسىنىڭ قارلۇق تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ، تاۋۇش، سۆزلۈك، گىراماتىكا قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇيغۇر تىلى بىلەن بولغان ئورتاقلىقى %70 تىن ئاشىدۇ.

ئۆزبېكلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئورخۇن - يەنسەي يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىنى قوللانغان.

شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەر ئۇيغۇر، قازاقلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، كۆپىنچىسى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى، ئاز ساندىكىلىرى قازاق تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

11. رۇسلار قوللىنىدىغان تىل - يېزىق

رۇس تىلى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى سلاۋيان تىلىنىڭ شەرقىي سلاۋيان تىل تارمىقىغا كىرىدۇ، رۇس تىلى 17 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە مىللىي تىل بولۇپ شەكىللەنگەن.

شىنجاڭدىكى رۇسلار قوللىنىدىغان تىل روسىيىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان رۇس تىلى بىلەن ئاساسەن بىردەك، ئەمما ئومۇمەن ئىجتىمائىي ئالاقە دائىرىسىدە ۋە ياشانغانلار ئائىلىلىرى دائىرىسىدىلا قوللىنىلىدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كۆپرەك خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ، بەزىلەر ئۇيغۇر تىلى ياكى قازاق تىلىنى قوللىنىدۇ.

12. داغۇرلار قوللىنىدىغان تىل - يېزىق

17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى داغۇرلارنى 8 خوشۇن قاتارىغا كىرگۈزدى. 1763 - يىلى خېيلۇڭجياڭدىكى «سولون لاگېرى» نى ساقلاۋاتقان داغۇر كوماندىر - ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بىر نەچچە مىڭ كىشى ئىلى رايونىنى قوغداش ئۈچۈن غەربكە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. شىنجاڭدىكى داغۇرلارنىڭ تىلى بار، يېزىقى يوق. چۆچەك شەھىرىگە قاراشلىق ئاشىر داغۇر يېزىسى داغۇر تىلى قوللىنىلىدىغان دائىرە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكى داغۇرلار خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ، بەزىلىرى قازاق تىلى ياكى ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ.

13. تاتارلار قوللىنىدىغان تىل - يېزىق

19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىلىق بەزى تاتارلار شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ھازىرقى غۇلجىنىڭ نامىيىسىنىڭ داچۇەنگۇ تاتار يېزىسى مەملىكەت بويىچە تاتارلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىردىنبىر جاي، شۇنداقلا تاتار تىلى قوللىنىلىدىغان دائىرە. تاتار تىلى تۈرك تىلى ئائىلىسىگە كىرىدۇ، ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى قاتارلىق تۈركىي تىللارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ ياكى ئاساسەن ئوخشايدۇ.

تاتار تىلى بىرلا مىللەت قوللىنىدىغان تىل بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرايدۇ، شۇڭا، تاتارلار ئارىسىدا ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىنى قوللىنىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ.

10 - ئەسىردىن كېيىن، تاتارلار تاتار تىلىنى ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن ئىپادىلەشكە باشلىغان ھەم يەيدىنىيەي تاتار ئېلىپبەسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. تاتار ئېلىپبەسى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇكەممەللىشىشكە يۈزلەنگەن، 1996 - يىلى ئاخىرقى ھېسابتا بېكىتىلدى. تاتارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتە تاتار يېزىقىنى قوللىنىدۇ، ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنى قوللىنىدىغانلارمۇ بار.

چېن يۈنخۇا

## مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك يۈتۈڭخۇانى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى

بۇ پائالىيەت 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. تەشۋىقات ھەپتىلىكى مەزگىلىدە، ش ئۇ ئا ر

## پۇتۇڭخۇا سەۋىيەسىنى سىناش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىكى پۇتۇڭخۇا سەۋىيەسىنى سىناش خىزمىتى پونكىتلىرى ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەر (جۈملىدىن باللار باغچىلىرى) نىڭ 20 مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سەۋىيەسىنى سىناپ كۆردى. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى دۆلەت دەرىجىلىك پۇتۇڭخۇا سەۋىيەسىنى سىناش خادىملىرىنى تەشكىللەپ، قەشقەر ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرىنى ۋە مايتاغدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەرنىڭ 4000 دىن كۆپرەك ئوقۇتقۇچىسىنىڭ، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 2600 نەچچە كىشىنىڭ، ھەمشىرەتتىكى خادىملاردىن 887 كىشىنىڭ پۇتۇڭخۇا سەۋىيەسىنى سىناپ كۆردى.

چېن شاۋچىڭ




2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك پۇتۇڭخۇانى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بېيجىڭ كوچا ھەر رايونى مەسلىھەت بېرىش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، «دۆلەت ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىق قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» نى تەشۋىق قىلدى.

سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تەمىنلىگەن

مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى بىلەن ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىرلىكتە «ماۋتەي لوڭقىسى» ناملىق «6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك پۇتۇڭخۇا رادىئو مۇسابىقىسى شىنجاڭ رايونى بويىچە تاللاش مۇسابىقىسى» ۋە «گۇاڭخۇي لوڭقىسى» ناملىق «2 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى رادىئو- تېلېۋىزىيە خەنزۇ تورتاق تىل مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزدى؛ 9- ئاينىڭ 15- كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىغا 40 نەچچە لوزۇنكا ئېسىلدى، 400 نەچچە پارچە تەشۋىقات رەسىمى چاپلاندى، 5 مەسلىھەت بېرىش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، «دۆلەت ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىل- يېزىق قانۇنى» نى ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» نى تەشۋىق قىلىش - ئىزچىللاشتۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان 5 مەيدان ئاممىۋى سەنئەت ئويۇنى قويۇلدى، 10 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى. ئىلى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى خىلمۇخىل تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرى تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيەتلىرىنى تەشۋىق - خەۋەر قىلدى.

چېن شاۋچىڭ

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا - تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە سەۋىيە سىناش خىزمىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، مائارىپ نازارىتى، كادىرلار نازارىتى، رادىئو كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت نازارىتى بىرلىكتە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە سەۋىيە سىناشنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدە قارار» تارقاتتى ھەم ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىنىڭ ئىملا - تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە سەۋىيە سىناش ھەيئىتى قۇردى، مۇناسىۋەتلىك ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئىدارىلارمۇ سەۋىيە سىناش ھەيئىتى تەسىس قىلدى. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا - تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە سەۋىيە سىناش پروگراممىسى» نى تۈزۈپ چىقتى ۋە نەشر قىلدۇردى. سەۋىيە سىناش چارىسى، سىناش دەرىجە ئۆلچىمى، سىناق سوئاللىرى ۋە نومۇر قويۇش چارىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقتى، شۇنداقلا سىناق سوئاللىرى ئامبىرى تەسىس قىلدى.

2002 - يىل 8 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تۇنجى قېتىم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر

ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ـ تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە سەۋىيە سىناش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا پروگرامما رىياسەتچىلىرى، دىكتورلاردىن بولۇپ 40 نەچچە كىشى قاتناشتى، كۇرستا ئۇلارنىڭ ئىملا ـ تەلەپپۇز سەۋىيىسى سىناپ كۆرۈلدى. ئارقىدىنلا ش ئۇ ئا ر تىل ۋە تەرجىمە تەربىيىلەش مەركىزى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ـ تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە سەۋىيە سىناش خادىملىرى كۇرسى ئېچىشقا رەسمىي كىرىشتى ۋە 170 نەچچە كىشىنى تەربىيىلىدى. قەشقەر شەھىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ـ تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە، چۆچەك شەھىرى قازاق تىلىنىڭ ئىملا ـ تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە كۇرس ئېچىپ، 261 كىشىنى تەربىيىلىدى. ئۈرۈمچى، سانجى شەھەرلىرىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىملا ـ تەلەپپۇز ئىمتىھانىغا قاتناشتى.

تۇڭجىيا. چىڭفۇ

## «ھازىرقى زامان قازاق تىلى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئۈستىگە ئالغان ئاپتونوم رايوننىڭ 8 ـ بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى — «ھازىرقى زامان قازاق تىلى» 2002 ـ يىل 9 ـ ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، مەزكۇر كىتابنىڭ مۇھەررىرلىكىنى مىللەت دايىر بايىق ئۈستىگە ئالغان. بۇ كىتاب فونېتىكا، لېكسىكولوگىيە، گرامماتىكىدىن ئىبارەت 3 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. سۆز تۈركۈمى توغرىسىدىكى قىسمىغا مىقدار سۆز كۆپەيتىلگەن، ئۇنىڭدا مىقدار سۆزلەرنى توپلاپ تۈرگە ئايرىش، كۆرۈۋېلىپ تۈرگە ئايرىش، مىقدار سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك، سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن بولغان پەرقى، سىنتاكسىلىق رولى، تۈرى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىنغان. بۇ نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز بويىچە كولېكتىپ تۈزۈلگەن ھازىرقى زامان قازاق تىلىغا دائىر بىردىنبىر مەخسۇس ئەسەردۇر.

نۇرخابى

## خەنزۇچە ـ ئېنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە پەن ـ تېخنىكا چوڭ لۇغىتى

بۇ لۇغەتنى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى مەملىكەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ۋە ئېلان قىلغان خەنزۇچە ـ ئېنگلىزچە پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرىغا ئاساسەن تۈزگەن بولۇپ، 2002 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، مەزكۇر لۇغەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى مەمتىبىلى ئابدۇرېھىم ئۈستىگە ئالغان. لۇغەت ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ئېلېكترون ئىلمى، كومپيۇتېر ئىلمى، مېدىتسىنا، دېھقانچىلىق، تۇپراقشۇناسلىق، ئورمانچىلىق، ئاسترونومىيە، ئاتموسفېرا ئىلمى، جۇغراپىيە، بوتانىكا، ئاپتوماتلاشتۇرۇش، نېفىت قاتارلىق 15 پەندىن بولۇپ 60 مىڭدىن كۆپرەك ئاتالغۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن بىرنەچچە ئون مۇتەخەسسىس قاتناشتى.

ئالىم خەسەنى

## خەنزۇچە ـ ئېنگلىزچە ـ قازاقچە قېلىپلاشتۇرۇلغان پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى لۇغىتى

بۇ لۇغەت ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 2002 ـ يىل 1 ـ ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى مۇرات سۇلتان ئۈستىگە ئالدى. مەزكۇر لۇغەتكە مەملىكەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى ئېلان قىلغان «كومپيۇتېر پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى»، «ئاسترونومىيە ئاتالغۇلىرى» ۋە «جۇغراپىيە ئاتالغۇلىرى» دېگەن كىتابلاردىكى ھەممە سۆزلۈك بولۇپ، 6500 دىن ئارتۇق ئاتالغۇ كىرگۈزۈلدى. بۇ جۇڭگو قازاقلىرى تارىخىدىكى تۇنجى كۆپ تىللىق پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى لۇغىتى ھېسابلىنىدۇ.

مۇرات سۇلتان

## «ئاز سانلىق مىللەتلەر كىشى ئىسىملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ يېزىش قائىدىسى» يولغا قويۇلدى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى (تۆۋەندە قىسقارتىپ «مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتى» دېيىلىدۇ) ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە تەرجىمە خادىملىرىنى تەشكىللەپ تەكرار مۇھاكىمە قىلىش، ھەرقايسى تەرەپتىن پىكىر ئېلىش ئارقىلىق، «ئاز سانلىق مىللەتلەر كىشى ئىسىملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ يېزىش قائىدىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. مەزكۇر «قائىدە» گە ئاساسەن «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ يېزىشنىڭ ئاھاڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى» نى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە نۇرغۇن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى توپلىدى، «قائىدە» بويىچە تەرجىمە قىلدى، ئۈلگە سۈپىتىدە «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ يېزىش قائىدىسى، نى قوللىنىش قوللانمىسى» (يۇمشاق دېتالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى تۈزۈپ

چىقىپ نەشر قىلدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر كىشى ئىسىملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ يېزىش قائىدىسى»نى يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش - قوللىنىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش»نى جايلارغا تارقاتتى.

«ئۇقتۇرۇش» تا مۇنۇلار بەلگىلەندى: 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆلدىن باشلاپ يېڭى تۇغۇلغان ئۇيغۇر بوۋاقلارنى نوپۇسقا ئېلىشتا، ئىسىم - فامىلىسىنى چوقۇم «قوللانما» ۋە «ئاھاڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى» بويىچە تەرجىمە قىلىپ يېزىش كېرەك. ئوقۇش يېشىغا توشمىغان ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى 2003 - يىل 9 - ئايدىن ئىلگىرى بالىلىرىنىڭ نوپۇسىنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى ساقچىخانىغا ئاپىرىپ، ئىسىم - فامىلىسىنى قائىدە بويىچە تەرجىمە قىلدۇرۇپ يېزىش ئىشىنى بېجىرىشى لازىم. 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، 16 ياشقا توشقان ئۇيغۇرلار كىملىك ئالماقچى بولسا، كىملىك بەرگۈچى ئورگان ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى «قوللانما» ۋە «ئاھاڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى» بويىچە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ يازىدۇ. باشقا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئەسلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە قوللىنىشقىمۇ، كىملىك ئالماشتۇرغاندا «قوللانما» ۋە «ئاھاڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى» بويىچە باشقىدىن تەرجىمە قىلىپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ.

«ئۇقتۇرۇش» تا مۇنداق دېيىلدى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۆز كىشى ئىسىملىرىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىپ كېلىۋاتقان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر كىشى ئىسىملىرىنى مۇشۇ «قائىدە» ۋە «ئاھاڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى» دىن پايدىلىنىپ، خەنزۇچىغا قېلىپلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىپ يازسا بولىدۇ.

چى جيەنجۈن

# دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

## دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر دىن ئىشلىرى ئىدارىسى پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇردى، ئىجرا قىلدى، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، دىن ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەر كۈچەيدى، ئاساسىي قاتلامدا دىنىي ئىسىيى كۈچلەر ئەدەپ كېتىش ۋەزىيىتى ئۈنۈملۈك توسۇپ قېلىندى.

1. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش، «قوش بەشتە ياخشى» لارنى باھالاش - تەقدىرلەش قانارلىق پائالىيەتلەر ۋاستە قىلىنىپ، دىنىي زاتلار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك باھالاپ چىقىلدى، قائىدە - تۈزۈملەر تولۇقلاندى، مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق «قوش بەشتە ياخشى» لارنى باھالاش - تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلىپ، 80 دىنىي پائالىيەت سورۇنى، 200 دىنى زات تەقدىرلەندى.

2. قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر قەتئىي چەكلەندى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت (قانۇنسىز تەبلىغ) لەر، باشقىلارنى دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىشقا زورلاش، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇنسىز سېلىش، خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئېچىش، خۇسۇسىي «تالىپ» قوبۇل قىلىش قاتارلىق قىلمىشلار قاتتىق بىرتەرەپ قىلىندى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا قانۇن - نىزاملار بويىچە دائىرىدە پائالىيەت قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىلدى. سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر شايكىلىرى، مەخپىي دىنىي مەكتەپ ۋە جامائەتچىلىك مەشىق نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشىغا ھەم ئۇلارغا زەربە بېرىشكە پائال مەدەت بېرىلدى ۋە ماسلاشتۇرۇلدى.

3. ۋەتەنپەرۋەر ۋە زاتلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرنى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇۋاپىق شەرھلەشكە مەدەت بېرىلدى، دىنىي مائارىپ، دىنىي قائىدىلەر، دىن مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئەخلاقتىكى ئىجابىي ئامىللار قېزىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما تەربىيىلەندى ۋە يېتەكلەندى. ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر ۋە دىنىي زاتلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ۋەز ئېيتىشقا تەشكىللەندى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئىچكىرىدىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەندى، دىن ساھەسىدىكى ۋەكىل زاتلارغا بىۋاستە ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، مىللىي سىياسەت، دىن سىياسىتى جەھەتلەردە رېئال تەربىيە بېرىلدى.

4. دىنىي كەسپدارلارنى تەربىيىلەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. 2002 - يىل 7182 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات تەربىيىلەندى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ تالىپ تەربىيىلەش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىسلام دىنىدىكى 579 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات 1699 نەپەر تالىپ تەربىيىلىدى.

5. چەت ئەلگە چېتىلىدىغان دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. دىن ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ خەلقئارا

ئىلىم ئالماشتۇرۇش، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش، چەت ئەل دىن ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ۋە دىنىي ئىشلار ئۆمەكلىرىنىڭ زىيارەتكە كېلىشى، چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ مەملىكىتىمىزدە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ چەت ئەلگە ھەج - تاۋاپقا چىقىشى قاتارلىق چەت ئەلگە چېتىلىدىغان دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش كۆچەيتىلدى. «ھەج - تاۋاپ خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىر» تۈزۈپ چىقىلدى، ھەج - تاۋاپ خىزمىتىدە كۆرۈلگەن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خۇسۇسىي مەنپەئەتكە ييرىلىش قاتارلىق ئايرىم مەسىلىلەر قاتتىق تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى.

ۋاڭ يىڭ

## دىنىي سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق دىن ساھەسىدىكى قوش «بەشتە ياخشى» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتى قاتارلىق 80 دىنىي پائالىيەت سورۇنىغا ئاپتونوم رايون بويىچە «بەشتە ياخشى» دىنىي پائالىيەت سورۇنى دەپ، 200 نەپەر دىنىي زاتقا «بەشتە ياخشى» دىنىي زات دەپ نام بېرىلدى.

ما شىنچىڭ

## غەربىي قىسمىدىكى 6 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 — 31 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. مۇھاكىمە يىغىنىنى گوۋۇيۈەننىڭ دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئاچتى. يىغىندا چوڭ - چوڭ دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ چېكىنى بېكىتىش ۋە مۇنداق پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش، دىنىي مەكتەپ ۋە دىنىي كۇرسلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە باشقۇرۇش، دىنىي نەشر بۇيۇملىرى، تور - پونكىتلارنى باشقۇرۇش، دىنىي ئىشلار تارماقلىرى بىلەن باشقا ئىشلار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى جىپسىلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

ما شىنچىڭ

## ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئىچكى ئۆلكىلەردە تەكشۈرۈشتە بولدى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) تەشكىللىگەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تەكشۈرۈشكە باردى. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن كەلگەن 20 نەچچە «بەشتە ياخشى» دىنىي زاتتىن تەركىب تاپتى. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى شىئەن، بېيجىڭ، سۇجۇ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردە تەكشۈرۈشتە بولدى.

ما شىنچىڭ

## تۇنجى قېتىملىق دىنىي زاتلار ساغلاملىق تەربىيىسى كۇرسى

بۇ كۇرس 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جۇڭگو پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئېچىلدى. كۇرستا بىنگال دۆلەتلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى، مىسىر دىن ئىنستىتۇتىنىڭ ئالاقىدار ئەربابلىرى تەكلىپكە بىنائەن دەرس ئۆتتى. كۇرسقا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 50 نەچچە دىنىي زات قاتناشتى. كۇرس دىنىي زاتلار ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كۆپەيتىش، ساغلاملىق تەشۋىقات تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش ھەم ئۇلارنى ئالاقىدار مۇلازىملىق بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە ئېچىلدى.

ما شىنچىڭ

## ھەج - تاۋاپ خىزمىتى

شىنجاڭدىن ھەجگە بارىدىغانلار 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن باشلاپ 4 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ چېگرىدىن چىقىپ، ھەج پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا باردى. ھەجگە 1022 كىشى باردى ۋە 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ھەممىسى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

ما شىنچىڭ

## 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «ۋەز» ئېيتىش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدىن مۇسابىقىگە 12 كىشى تاللاپ قاتناشتۇرۇلدى. مۇسابىقىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ھەبىبۇل ھىمىتقارى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قەشقەر ۋىلايىتىدىن مەتتىمىن سېيىت 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئابدۇكېرىم 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، خوتەن ۋىلايىتىدىن ئابدۇل ھىمىت داموللا بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىدىن ئاقان ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ما شىنچىڭ

## بۇددا دىنىي زاتلىرى تەربىيىلەندى

ش ئۇ ئا ر بۇددا دىنى جەمئىيىتى 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە قوبۇقسار

ناھىيىسىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە تىبەت بۇددا دىنى 2 - قارارلىق راھىبلىققا ئۆتكۈزۈش كۆرىكى ئاچتى، كۆرىكقا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىبەت بۇددا دىنى ساھەسىدىن كەلگەن 58 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات قاتناشتى. ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق، 17 كىشى گېبلىن (ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان، كۆندىلىك بۇددا دىنىي پائالىيەتلىرىنى مۇستەقىل بىجىرەلەيدىغان كىشى) لىققا، 34 كىشى گېتسىل (ئىپتىدائىي ئۇنۋان) لىققا ئۆستۈرۈلدى، 7 كىشىگە رەسمىي مانجى ئۇنۋانى بېرىلدى. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر بۇددا دىنى جەمئىيىتى 11 نەپەر پاش لاما، مانجىنى تاللاپ بېيجىڭ مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا تەربىيىلىدى.

قومبا

## ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 - سانلىق دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئاساسەن ج ك پ 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي خىزمەت يىغىنلىرىنىڭ روھى، جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھى، جەمئىيەتنىڭ خىزمەت دوكلاتى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى، ش ئۇ ئا ر بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى نامزاتى «پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئۆگىنىپ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە پائال ئۇيغۇنلىشىش توغرىسىدا قارار» مۇزاكىرە قىلىندى، ماقۇللاندى.

قومبا

## دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات جايلارغا داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئىئانە قىلدى

2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات جايلارنىڭ شىپاخانىلىرىغا داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئىئانە قىلىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى. ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى جۇڭگو ئىسلام دىنى دىن ئىشلىرى يېتەكچىلىك كومىتېتى تەشەببۇس قىلغان، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى تەشكىللىگەن، جېجياڭ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ئىسلام دىنى، كاتولىك دىنى، خرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى، تەرىقەت دىنىدىن ئىبارەت 5 چوڭ دىن ساھەسىدىكى زاتلار بىرلىكتە مەبلەغ چىقارغان. بۇ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى 9 ناھىيىگە قاراشلىق 77 يېزا - بازارلىق شىپاخانىغا ۋە بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 14 - شىسىغا قاراشلىق 3 تۇەن - مەيدانغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدۇ.

جانار

شىنجاڭدىكى مىللىي يېزىلارنىڭ 2002 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

| مىللىي يېزا نامى | يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى | يېزىنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى | يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | يېزىنىڭ ئىچىدە: سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر (گېكتار) | ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پىچان ناھىيىسى دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى | 3572 | 3404 | 3034 | 373 | 700 | 315.1 | 1590 | 141 | 131 | 3161 |
| قۇمۇل شەھىرى دەۋلەدۆرۈك قازاق يېزىسى | 2449 | 2350 | | | | 152.9 | 179 | 98.9 | 98.9 | 1595 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى ئۇلاتاي قازاق يېزىسى | 710 | 710 | | | | 139.3 | 258.9 | 47.9 | 47.9 | 1438 |
| ئارانئۇرۇك ناھىيىسى ئېرىنكىر قازاق يېزىسى | 3392 | 3085 | 1865 | | | 500 | 165 | 16 | 191 | 1130 |
| سانجى شەھىرى ئاشلىسى قازاق يېزىسى | 7783 | 7549 | 1900 | | | 1357 | 3667 | 31 | 423 | 2756 |
| فۇكاڭ شەھىرى سەنگوڭخې قازاق يېزىسى | 3920 | 3056 | 3745 | 1103 | 1058 | 380 | 1420 | 144 | 144 | 3868 |
| فۇكاڭ شەھىرى شاڭخوگو قازاق يېزىسى | 11500 | 7158 | 4853 | 3284.6 | 3855 | 3005 | 16083 | 349.5 | 349.5 | 3868 |
| مىچۈەن شەھىرى بەيياڭخې قازاق يېزىسى | 3688 | 2717 | 6469 | 3758 | 2404 | 833 | 1189 | 452 | 452 | 2710 |
| تۇتۇبى ناھىيىسى ئاش پەللەبەي قازاق يېزىسى | 6236 | 5035 | 3395 | 1065 | 8327 | 2390 | 8252 | 389 | 389 | 3128 |
| ماناس ناھىيىسى چىڭشۈيخې قازاق يېزىسى | 8225 | 7024 | 1600 | 500 | 3048.7 | 1200 | 3766 | 589 | 592 | 2212.2 |
| ماناس ناھىيىسى تاسىرقاي دەرياسى قازاق يېزىسى | 4381 | 3855 | 1714 | 1153 | 3474 | 890 | 621.5 | 18.6 | 260 | 2280 |
| ماناس ناھىيىسى خەنكازتەن قازاق يېزىسى | 4385 | 3069 | 430 | 212 | 2600 | 12000 | 4800 | 30.1 | 199 | 1700 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى ۋۇماچاڭ قازاق يېزىسى | 7338 | 5137 | | | 3365 | 3380 | 15 | 27 | 413 | 2506 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى چورىن قازاق يېزىسى | 3097 | 2537 | 666 | 179 | | 966 | 4449 | 221 | 221 | 2248 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى داچۈەن تاتار يېزىسى | 3904 | 3677 | 4 | 4 | 1728 | 1543 | 402 | 233 | 233 | 2446 |
| مورى ناھىيىسى دانەنگو ئۆزبېك يېزىسى | 3093 | 2562 | | | 820 | 595 | 496 | 66 | 61 | 1967 |
| خوشۇت ناھىيىسى ئۆششاقتال خۇيزۇ يېزىسى | 9151 | 5839 | 48 | 48 | 7291 | 2988.3 | 10338 | 511 | 511 | 3568 |
| لونتەي ناھىيىسى بوزدۇڭ قىرغىز يېزىسى | 4377 | 4360 | 22.5 | | 400 | 14760 | 150 | 19 | 340 | 720 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈچتۇرپان ناھىيىسى يامانسۇ قىرغىز يېزىسى | 8280 | 8242 | | | 2273 | 1182 | 6350 | 246 | 230 | 1185 |
| ئاقتۇ ناھىيىسى تار تاجىك يېزىسى | 4160 | 4160 | 5.3 | | 26 | 126 | 657 | 110 | 110 | 482 |
| پوسكام ناھىيىسى بۇيلۇق تاجىك يېزىسى | 3113 | 2232 | 11 | | 1189 | 593 | 3990 | 9 | 34 | 867 |
| يەكەن ناھىيىسى زەرەپشات تاجىك يېزىسى | 7169 | 7167 | | | 1300 | 1971 | 7043 | 71 | 71 | 812 |
| تاشقورغان ناھىيىسى كۆكيار قىرغىز يېزىسى | 1006 | 996 | | 6 | 1150 | 134 | 134 | | | 850 |
| گۇما ناھىيىسى نەۋئابات تاجىك يېزىسى | 842 | 842 | | | 121 | 125 | 45 | 1.9 | 1.9 | 977 |
| گۇما ناھىيىسى كەكقسەر قىرغىز يېزىسى | 1613 | 1613 | | | 260 | 128.9 | 466 | 10 | 10 | 712 |
| غۇلجا ناھىيىسى ئۈچچۈن خۇيزۇ يېزىسى | 42071 | 38971 | 17320 | 5210 | 6796.7 | 7387 | 54277 | 32 | 45 | 2753 |
| چاپچال ناھىيىسى سىلياڭچۇەن خۇيزۇ يېزىسى | 4356 | 3866 | 3100 | 1200 | 1730 | 2933 | 5800 | 9 | 9 | 2608 |
| قورغاس ناھىيىسى ئىچگەشەن شىبە يېزىسى | 13000 | 4690 | 5347 | 412 | 4401 | 3933 | 7875 | 66.7 | 320.7 | 2219 |
| قورغاس ناھىيىسى سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسى | 13312 | 11417 | 2415 | 1020 | 2988 | 1913 | 8363 | 25 | 25 | 1566 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى چاغانتۇسۇ موڭغۇل يېزىسى | 9825 | 7890 | 4770 | 1730 | 832 | 3866.7 | 67400 | 150.8 | 150.8 | 2556 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى شات قىرغىز يېزىسى | 12300 | 11077 | 1750 | 730 | 2460 | 5333 | 608 | 794 | 517 | 2371 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى خۇسۇنتۇغارسۇن موڭغۇل يېزىسى | 8900 | 7564 | 1760 | 131 | 3133 | 418 | 3900 | 158 | 158 | 2380 |
| تېكەس ناھىيىسى خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى | | | | | 1826.7 | 10600 | 1242 | 19.6 | 19.6 | 2219 |
| تېكەس ناھىيىسى كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى | 11722 | 9936 | 460 | 460 | 3208.2 | 21600 | 1987 | 37 | 37 | 1786 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| نىلقا ناھىيىسى كۆككوتخور موڭغۇل يېزىسى | 13902 | 8784 | 6930 | 1000 | 3644 | 1670 | 3559 | 36 | 36 | 2503 |
| چۆچەك شەھىرى ئاشلى دافۇر يېزىسى | 9182 | 4029 | 4145 | 1649 | 7195. 3 | 8666. 7 | 33064 | 653 | 653 | 3587 |
| شىخۇ شەھىرى جىرغىلتغۇلىن موڭغۇل يېزىسى | 5210 | 1739 | 3898 | 3878 | 3187 | 1491 | 4723 | 285 | 285 | 3768 |
| شىخۇ شەھىرى تاپۇلغات موڭغۇل يېزىسى | 2193 | 1951 | | | 852 | 333 | 703 | 308 | 308 | 3150 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى ئېمالغۇلىن موڭغۇل يېزىسى | 4727 | 2127 | 2243 | 1132 | 2110 | 1921 | 4647 | 285 | 285 | 3201 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى خۇجىرىت موڭغۇل يېزىسى | 4394 | 2870 | | | 895. 5 | 1420 | 1163 | 26 | 326 | 1478 |
| ئالتاي شەھىرى قاندىغايتى موڭغۇل يېزىسى | 4023 | 3000 | 1500 | 1500 | 950 | 8033 | 105. 4 | 390 | 390 | 2048 |
| بۇرچىن ناھىيىسى قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسى | 1830 | 1820 | 2 | | 177 | 187 | | 26 | 33 | 1297 |

ئىزاھ: قۇتۇبى ناھىيىسى مايتاغ قازاق يېزىسىنىڭ ماتېرىيالى كەم.

ش ئۇ ئا ر خەلق ئىشلىرى كومىتېتى

# نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت

## نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

1. مەركەزنىڭ «قارار»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى. 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 89 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلاردىن «ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى» ۋە مۇناسىپ يۈرۈشلەشكەن قائىدىلەرنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ، ئوتتۇرىغا قويۇش؛ «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىش؛ مالىيە سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش ۋە ھەر دەرىجىلىك مالىيە سېلىنما نىسبىتىنى بېكىتىش؛ ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئورگان ئىسلاھاتىدا پىلانلىق تۇغۇت ئاپپاراتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، پىلانلىق تۇغۇت كادىرلار قوشۇنىنى تولۇقلاپ، يېزا - بازارلىق پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتى بىلەن شىپاخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىندى. 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەزا ئورۇنلىرىنىڭ، بىرلەشمە يىغىنىنى چاقىردى.

2. نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات تەربىيىسى. دۆلەت «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى» ۋە «پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش نىزامى»نى ئېلان قىلىپ يولغا قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر خىل شەكىلدىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى ھەم 2002 - يىل 8 - ئاي «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى»تەشۋىقات ئېيى قىلىندى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى ۋە پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرى، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى نۇقتىلىق كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق 13 بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت (ئىدارە) بىلەن بىرلىشىپ، «مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق 10 بۆلۈم ۋە كومىتېتنىڭ نىكاھ، پەرزەنت كۆرۈش يېڭى ئىستىلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە ئېلىپ كىرىش پائالىيىتىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، كۆپ خىل يېزىقتىكى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ، نىكاھ، پەرزەنت كۆرۈش يېڭى ئىستىلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە ئېلىپ كىرىش پائالىيىتى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - يېزىلاردا چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى.

3. پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش چارىسىدىكى «سىرداش تاللاش» ئۇسۇلى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈنۈمدارلىقى بىلەن ۋاقتىدا ساقلىنىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئېلانلىرىنى باشقۇرۇش ۋە شەخسىي ئامبۇلاتورىيىلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى بازىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ ۋە تەرتىپكە سېلىنىپ، يۈرۈشلەشكەن قائىدە ۋە تەدبىرلەر تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى باھالاپ كىنىشكا تارقىتىش ۋە تېخنىكلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى تاماملاندى.

4. ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساس خىزمىتى. ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا، ئاساسىي قاتلام پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش، خادىملار شتاتى، خىراجەت سېلىنمىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنى ئۇچۇرلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئەمەلىي سىستېمىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى. دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى ئارقىلىق، ئامرات، چەت ناھىيە (شەھەر)لەرگە پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمىتى سەييارە ماشىنىسىدىن 36سى سەپلەپ بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك مالىيە دەرىجە بويىچە ئۈستىگە ئېلىش پرىنسىپى بويىچە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ھەقسىز ئوپېراتسىيە ھەققى دەرىجىلەر بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتى ھەقىقىي قوغدالدى.

5. سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتى. 2002 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن

زاكىر ئۈمەك باشلاپ شەندوڭ ئۆلكىسىگە تەكشۈرۈشكە بېرىپ، ئىككى ئۆلكىنىڭ سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى. 8 ـ ئايدا شەندوڭ ئۆلكىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ئەۋەتكەن پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكىسى لېكتورلار ئۈرۈمچى شىنجاڭغا كېلىپ سەييارە لېكسىيە سۆزلەپ، تېخنىكلارنى تەربىيىلىدى. 9 ـ ئايدا شەندوڭ ئۆلكىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ساھەسى بويىچە ياردەم بېرىش تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا 12 دانە كومپيۇتېر ياردەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى تەرەپ ۋەزىپە بىلەن ئۆگىنىشكە ئۆز ئارا كادىر ئەۋەتتى. سىستېما بويىچە ياردەم بېرىدىغان بىر قىسىم شەھەر، ناھىيىلەرمۇ ئۆز ئارا ئۆمەك تەشكىللەپ، نەق مەيداننى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى.

6. نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى. 2002 ـ يىلى 2 ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) ۋە 5 ناھىيە (شەھەر) دە «قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش، سىياسەت ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇنىۋېرسال تۈزەش»تەك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدىغان ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى باشلاندى.

7. ھەمكارلىشىش بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش كۈچەيتىلدى. مەملىكەت بويىچە بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەرلەردىكى كۆچمە نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى ۋە مەملىكەت بويىچە بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىستېمال قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسى نەتىجىسىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

بەي يۇلىڭ

## نوپۇس پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 19 مىليون 51 مىڭ 900 گە، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.3 كە، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.9 كە يېتىپ، دۆلەت چۈشۈرۈپ بەرگەن نوپۇس 19 مىليون 150 مىڭ، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰22.02، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰14.74 بولۇش پىلانى نىشانى ئورۇندالدى.

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 235 مىڭ 300 بالا تۇغۇلغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى %57.82 بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 0.59 پىرسەنت پۈتىنتى ئۆرلىگەن؛ 2 پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى %27.5 بولۇپ، 0.1 پىرسەنت پۈتىنتى ئۆرلىگەن؛ كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى %14.68 بولۇپ، 0.69 پىرسەنت پۈتىنتى تۆۋەنلىگەن. پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %99.37 بولۇپ، 0.35 پىرسەنت پۈتىنتى ئۆرلىگەن. گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتى %17.2 بولۇپ، 0.24 پىرسەنت پۈتىنتى ئۆرلىگەن. كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى %80.59 بولۇپ، 2.02 پىرسەنت پۈتىنتى تۆۋەنلىگەن.

بەي يۇلىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر ئېچىلىش مۇراسىمىگە قاتنىشىپ سۆز قىلدى. يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ «مەملىكەت بويىچە نىكاھ، پەرزەنتلىك بولۇش ئىشلىرىنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار»ى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «2001 ـ يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت مەسئۇلىيەت نىشانىنى ئورۇندىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئىدارىلەرنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى قارار»ى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «2001 ـ يىللىق پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش»نى ئىلغار ناھىيە ۋە لاياقەتلىك ناھىيىلەرگە نام بېرىش توغرىسىدىكى قارار»ى، ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ «2001 ـ يىللىق پىلانلىق تۇغۇت دورا ـ سايمانلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر ئورۇنلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار»ى ئوقۇپ ئۆتۈلدى ھەم مۇكاپات تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھەسەن ئايۇپ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى بىلەن 2002 ـ يىللىق «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت كەسپى بويىچە نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالىدى. يىغىن مەزگىلىدە يەنە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكچىلىك ئورۇنلىرىنىڭ باشلىقلار مۇھاكىمە يىغىنى ۋە پىلانلىق تۇغۇت دورا ـ سايمانلىرى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى.

بەي يۇلىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەزا ئورۇنلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق بىرلەشمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەزالىرى ۋە ئالاقىچىلاردىن بولۇپ 50 ئادەم بۇ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 2002 - يىللىق مەركەزنىڭ نوپۇس بايلىقى مۇھىتى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ پىلانلىق تۇغۇت قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەزا ئورۇنلىرىنىڭ 2001 - يىلى قانات يايدۇرغان نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتقا ئالاقىدار خىزمەتلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە 2002 - يىللىق خىزمەت پىلانىنىڭ دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. كادىرلار نازارىتى، مالىيە نازارىتى، سەھىيە نازارىتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ۋە رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى يىغىندا نۇقتىلىق سۆز قىلدى.

بەي يۈلەن



2002 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئەدلىيە نازارىتى بىرلىشىپ «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى» بىلىملىرىدىن تېلېۋىزىيە زىيارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە مۇسابىقە مەيدانىدىن كۆرۈنۈش
سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى تەمىنلىگەن

## نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىنىڭ خىراجەت سېلىنمىسى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېلىنغان پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى خىراجىتى 65 مىليون 158 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 65.17% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت قوشۇمچە ياردەم قىلغان مەخسۇس تۈردىكى كەسپىي خىراجەت سېلىنمىسى 23 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.43% ئاشتى؛ ئۆلكە دەرىجىلىك سېلىنما 37 مىليون 172 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 194.48% ئاشتى؛ كەسپىي كىرىم 4 مىليون 676 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 27.7% ئاشتى.

بەي يۈلەن

## پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى قۇرۇلدى

2002 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، سەھىيە نازارىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلەشمە لاۋازىمەت بۆلۈمى سەھىيە باشقارمىسى بىرلىشىپ ئالاقىدار خادىملارنى ئاجرىتىپ ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى قۇردى.

## ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە كورلا شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكى خۇلاسىلاندى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىگە شۇنىڭدەك كېيىنكى بىرىم يىلدىكى كۈچ چىقىرىپ چىڭ تۇتۇلىدىغان بىر قانچە تۈرلۈك خىزمەتلەرگە تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بايىنغولىن ئوبلاستى، قاراماي شەھىرى، سانجى شەھىرى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش ئۇسۇلى ۋە تەسىراتىنى تونۇشتۇردى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر يەنە لوپنۇر ناھىيىسى، قاراشەھەر ناھىيىسى ۋە باغراش ناھىيىسىنىڭ پايدا ئارقىلىق يېتەكلەش مېخانىزمى ئورنىتىش، كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ۋە سىرداش ئاللاش مۇلازىمىتى قاتارلىق ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمەت ئەھۋالىنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى.

بەي يۈلەن

بۇ كومىتېت 60 نەپەر مۇتەخەسسىستىن تەشكىل تاپتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىستى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىستى خىزمىتىدىكى ئەڭ ئالىي تېخنىكا نوپۇزىغا ئىگە تەشكىل، ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىستى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپپارات ۋە خادىملارغا تېخنىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىستىنى باشقۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىدۇ؛ «پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىستىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «تىببىي داۋالاش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش نىزامى»، «كېسەل، مېيىپ بالىلارنى تىببىي باھالاشنى باشقۇرۇش چارىسى»غا ئاساسەن ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىستى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپپاراتلارنى باھالاش ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەت خادىملىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش، تەكشۈرۈش، كېسەل، مېيىپ بالىلارنى تىببىي باھالاش، پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى ۋە كېيىنكى ئارقىنىش ھەم پىلانلىق تۇغۇتقا مۇناسىۋەتلىك باشقا تېخنىكىلىق باھالاشلارغا قاتنىشىدۇ؛ پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىستىگە ئالاقىدار يېڭى تەتقىقات تۈرىنى تەتقىق قىلىشنى تەشكىللەيدۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتىكى يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىپ قوللىنىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىستىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، خادىملارنى تەربىيىلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەت خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاشقا قاتنىشىپ، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىستىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرىدۇ.

بەي يۇلىڭ

## ئاپتونوم رايوننىڭ «دېھقان، چارۋىچىلارغا پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسىدە ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇش چارىسى»

2002 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بىلەن مالىيە نازارىتى بىرلىكتە بۇ «چارە»نى تارقىتىپ ئىجرا قىلدى. «چارە»دە ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە مالىيە ئەھۋالىغا ئاساسەن، دەرىجە ۋە تۈرگە ئايرىپ ئۈستىگە ئېلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەر 5 خىل تۈرگە ئايرىلىپ، ئوخشاشمىغان پىلانلىق تۇغۇت ھەقسىز خىراجىتىنىڭ مالىيە ئۈستىگە ئالىدىغان نىسبىتى بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھەقسىز مۇلازىمەت ئوبيېكتى، ھەقسىز مۇلازىمەت تۈرىنىڭ دائىرىسى، خىراجەتنىڭ كېلىش مەنبەسى، راسخوت ئۆلچىمى، راسخوت شەكلى، نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەشتۈرۈلۈپ، تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، پىلانلىق تۇغۇت ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىش ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى ۋە خىراجەت راسخوت ئومۇمىي جەدۋىلى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

بەي يۇلىڭ

## پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى باشقۇرۇش ئېلېكترونلۇق ھۆججەت، ئارخىپلىرى

«پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىستىنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ يۈرۈشلۈك ھۆججىتى «پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى باشقۇرۇش چارىسى»غا ئاساسەن، 2002 - يىلى شىنجاڭ مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسىدا تۇر ئىقتىدارىغا ئىگە تۇنجى ئېلېكترونلۇق ھۆججەت، ئارخىپنى تۇرغۇزۇپ، ئوبلاست، ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئابونېنتلار ئورتاق ئىشلەتتى. ئېلېكترونلۇق ھۆججەت، ئارخىپ ئارقىلىق پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەت ئاپپاراتىغا چېتىلىدىغان ئاپپارات ئىلتىماسى، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىجازەت بېرىش، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش، ئۆزگەرتىلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ سانلىرىنى تەھرىرلەش، سۈرۈشتە قىلىپ ستاتىستىكىلاش، ئىجازەتنامە نومۇرى ئاپتوماتىك ھاسىل بولۇش، ئىجازەتنامىنىڭ ئۆزى ۋە قوشۇمچىسىنى بېسىپ چىقىرىش ئىشلىرىنى قىلغىلى، ئېلېكترونلۇق يوللانما ئارقىلىق كەسپكار ئاپپاراتنىڭ ئۇچۇرلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئارماقلارغا يوللاپ بەرگىلى بولىدۇ. تەربىيىلەش ئارقىلىق يۇمشاق دېتال ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

بەي يۇلىڭ

## پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەت خادىملىرىدىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيەت ئىمتىھانى ئېلىندى

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەت خادىملىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيەت ئىمتىھانىنى ئۇيۇشتۇردى. ئىمتىھان نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي ماھارەت مەشغۇلاتى قىلىشتىن ئىبارەت 2 قىسىمغا بۆلۈندى، دائىرىسى پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىستىگە ئالاقىدار تىبابەت، دورا، كۆنتۈش ۋە تېخنىكىدىن ئىبارەت 4 چوڭ تۈردىكى

كەسىپكە چېتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 3500 تېخنىك بۇ ئىمتىھانغا قاتناشتى.

بەي يۇلىڭ

## مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت سەييارە مۇلازىمەت ئاپتوموبىلى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت سەييارە مۇلازىمەت ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرغان 6 كىشىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا سەييارە مۇلازىمەت ئاپتوموبىل تۈرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئىلى، بايىنغولىن، خوتەن، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ بۇ تۈرنى يولغا قويغان ناھىيىلەرگە بېرىپ نەق مەيداننى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مۇلازىمەت ئاپتوموبىلىنىڭ ئىشلەش ئەھۋالى ۋە ئاپتوموبىل ئەھۋالى، ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئىگىلىدى ھەم تۈرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن باھالاش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇلازىمەت ئاپتوموبىلى تۈرى خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

بەي يۇلىڭ

## سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتى

2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ياردەمگە ئېرىشكەن خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ 9 كىشى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر باشلامچىلىقىدا شەندوڭ ئۆلكىسىگە بېرىپ سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى، ئىككى تەرەپنىڭ يەنىمۇ مەسلىھەتلىشىشى ئارقىلىق «شەندوڭ ئۆلكىلىك پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى سىستېما بويىچە غەربىي رايونغا ياردەم بېرىش خىزمەت پىلانى» بېكىتىلدى. 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شەندوڭ ئۆلكىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ 10 كىشىلىك سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا 10 كومپيۇتېر ئىئانە قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە سىستېما بويىچە ياردەم بېرىشكە ئالاقىدار خىزمەتلەر توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

بەي يۇلىڭ

## پىلانلىق تۇغۇتقا ھەقسىز تېخنىكىلىق مۇلازىمەت قىلىشنىڭ يېزىلاردىكى ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش

2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى مالىيە نازارىتى، سەھىيە نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىن 4نى تەشكىللەپ، 40 ناھىيە، شەھەرگە بېرىپ، ھەقسىز مۇلازىمەتتىكى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى ۋە ھەر قايسى دەرىجىلىكلەرنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان ھەقسىز خىراجىتىنىڭ نەقلىشىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى. ئاساسلىقى ھەقسىز ئوپېراتسىيە چىقىمى، مەخسۇس كەسپىي قوشۇمچە ياردەم خىراجىتى، پىلانلىق تۇغۇت كەسپىي خىراجىتى ۋە ئاپتوموبىل، ئۈسكۈنىلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغىنىڭ نەقلىشىش ئەھۋالى ھەم 2002 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارغا پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسىدە ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىشنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ئۆقتىلىق تەكشۈرۈلدى ۋە سېلىشتۇرۇپ چىقىلدى.

بەي يۇلىڭ

# ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى

## ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە شتات باشقۇرۇش

### ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات شتاتى كومىتېتىنىڭ يىغىنى

بۇ يىغىن 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپپارات شتاتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ شېڭتاۋ، ۋاڭ جىنشياڭلار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ليۇ شياۋيەننىڭ مەملىكەتلىك شتات كومىتېتى ئىشخانا مۇدىرلىرى يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك ئاپپارات شتاتى سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرىگە دائىر دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ھەمدە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ ئەھمىيىتىنى سىياسىيغا، ئومۇمىيلىققا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك. مەركەزنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مەمۇرىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش قوشۇنىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىشتا ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىشنى يولغا قويۇش ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئاپپاراتى ئىسلاھاتى قاتارلىق 3 تۈرلۈك ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

شىي گۇاڭدې، لەي شاڭ

### ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ تارقاقلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مەركەز ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ۋەزىپىلىك تارقاقلاشتۇرۇش، نىشانلىق تەربىيىلەش، ئاساسىي قاتلامنى كۈچەيتىش، قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇشتىن ئىبارەت تۆت پرىنسىپىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئالدى بىلەن ئاپپاراتلارنى تەڭشەش، كېيىن خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، 2002 - يىلدىن باشلاپ خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشلىدى، تارقاقلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى ئومۇمەن 5 يىلدا تەدرىجىي ئورۇندىلىپ، ئىخچاملاش نىسبىتى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا تارقاقلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك 24 مىڭ 198 خادىم بار ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكلەر 2548، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكلەر 3237، ناھىيە، يېزىدىكىلەر 18 مىڭ 413. 2002 - يىل 12 - ئايغىچە 5618 ئادەم تارقاقلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 1903، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكى 1071، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىكى 2644.

شىي گۇاڭدې، لەي شاڭ

### ۋىلايەت، ناھىيە ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە سەپەرۋەر قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە يىغىننى خۇلاسىلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ جىنشياڭ، جۇ يۈەن، فۇ چياڭلار يىغىنغا قاتناشتى. بۇ قېتىمقى ئاپپارات

ئىسلاھاتىدا «ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرى» دىكى تەلەپكە ئاساسەن، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ موقۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە، بىرتۇتاش باشقۇرۇش بىلەن قايرىم باشقۇرۇش، مەمۇرىي قاتلاملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت راۋانلاشتۇرۇلدى. ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك تارماقلىرى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ كۈچى ئاشۇرۇلۇپ، كەسپىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئاپپاراتلارنى ئەڭشەش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قوشۇۋېتىش ۋە تەشكىللەش بىلەن بىللە، تارماقلارنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە ئىش تەخسىماتى مۇۋاپىق ئايرىلىپ، فۇنكسىيە ئارىلىشىپ كېتىش، كۆپ تەرەپتىن باشقۇرۇش، سىياسەت كۆپ بولۇش مەسىلىسى ھەقىقىي ھەل قىلىنىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەمۇرىي ھەرىكەت مېخانىزمى ئورنىتىلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە كۆندىلىك ئىشلارنى ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىنى 6 ئەتراپىدا تەسىس قىلىشقا بولىدۇ. ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكومنىڭ ئاپپاراتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7 ئەتراپىدا، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر ۋە چوڭراق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى 22 ئەتراپىدا، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى 18 ئەتراپىدا، كىچىكرەك ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى 14 ئەتراپىدا تەسىس قىلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئاپپاراتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاپپاراتى بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن ئويغۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، كۆپ تەڭشەلمەيدۇ، ئىچكى جەھەتتە ئاپپارات تەسىس قىلىشنى ئىخچاملاش مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ. يۇقىرى قاتلامنى ئىخچاملاش، ئاساسىي قاتلامنى تولۇقلاش، ناھىيىدىن يۇقىرى ئورگانلارنى كۆپرەك قىسقارتىش، ئاساسىي قاتلام ئورگانلارنى ئازراق قىسقارتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىر بار بولغان ئورگانلارنىڭ 98 مىڭ 128 مەمۇرىي شتاتى 83 مىڭ 409 غا قىسقارتىلدى. ئومۇمىي جەھەتتە ئىخچاملاش نىسبىتى 25% ئەتراپىدا ئىگىلىنىدۇ، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ شتاتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئىخچاملىنىش نىسبىتى 20% ئەتراپىدا، يېزا (بازار) دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي شتاتىنىڭ ئىخچاملىنىش نىسبىتى 13% ئەتراپىدا بولىدۇ.

شىي گۇاڭدې، دا جيەنمىن

## ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، جەنۇبىي، شىمالىي، شەرقىي شىنجاڭغا بارىدىغان 3 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە، ناھىيە، يېزىلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى تەكشۈردى، ئۇلار ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىگە خېلى ئەھمىيەت بەرگەن، تەشكىلاتچىلىق خىزمىتىدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان، ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتى پائال مۇقىم ئىشلەنگەن، چوڭ داۋالغۇش يۈز بەرمىگەن. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە خادىملار شتاتىنى ئىخچاملاشتا ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر تەستىقلىغان لايىھە قاتتىق ئىجرا قىلىنغان، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە خادىملار شتاتىنىڭ ئىخچاملىنىش نىسبىتى قاتارلىقلار ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئويغۇن كەلگەن. ھەرقايسى تارماقلار ئاپپاراتنى، شتاتنى، خادىمنى بېكىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىگەن، ئىچكى قىسمىدا تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلارنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا رىقابەتلىشىپ چىقىش ۋە ئورۇن ئالمىشىش دائىرىسى جەھەتتە ئاپتونوم رايون تەلەپ قىلغان ئىككى 50% قاتتىق ئىجرا قىلىنغان، ئىسلاھات ئارقىلىق كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭشەلگەن، خادىملارنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلگەن. ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر شۇكى، ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى تەكشى ئەمەس، خادىملارنى ئارقىلاشتۇرۇشتا قىيىنچىلىق نىسبەتەن زور.

دا جيەنمىن، لەي شىڭ

## كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى كەسپىي ئورۇنلارنى تۈرلەر بويىچە ئىسلاھ قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىدى. مەركىزىي ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىغا دائىر ھۆججىتىنىڭ روھىغا

ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي ئورۇنلارنى تۈرلەر بويىچە ئىسلاھ قىلىشنى يولغا قويۇش پىكرى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، كادىرلار نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپاراتى ۋە كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش توغرىسىدىكى يېتەكچى خاراكتېرلىك پىكرى» نى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى ھەمدە كادىرلار نازارىتى بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ ئىسلاھات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىشى ئۈچۈن تەييارلىق كۆردى.

دا جيەنمىن، لەي شاڭ

## كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ش ئۇ ئا ر كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 498 كەسپىي ئورۇننى تەسىس قىلىنىشى بويىچە، 428 كەسپىي ئورۇننى ئۆزگەرتىپ تىزىملىدى ھەمدە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» دە 3 تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دۆلەت كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ قانۇنىي ئىگىلىرىنى تۇنجى قېتىم يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىدى، 5736 كەسپىي ئورۇننىڭ قانۇنىي ئىگىسى تەكشۈرۈپ تىزىملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە لاياقەتلىك ۋە ئاساسەن لاياقەتلىك بولغىنى 5577، لاياقەتسىز بولغىنى 159.

شيې گۇاڭدې، دا جيەنمىن

## ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ چالىسىنى تۈگىتىش خىزمىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ چالىسىنى تۈگىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق تەشكىللەپ تاماملىدى. «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئورگىنىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پىكرى»، «ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئورگىنىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى توغرىسىدا پىكىر» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك، رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى توغرىسىدا پىكىر» قاتارلىق ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش سىستېمىسى ۋە ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مېيىپلار بىرلەشمىسى قاتارلىق 10 ئاممىۋى تەشكىلات ئورگىنىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىدى. ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج سىستېمىسىدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى 115 ئورۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سۈپەت نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى 107 ئورۇن، ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي دورا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى 79 ئورۇننىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ تارقاتتى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش ئورگىنىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت سىستېمىسىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

شيې گۇاڭدې، لەي شاڭ

## ئىلغارلار تەقدىرلەندى

مەركىزىي ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى 2002-يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك شتات كومىتېتى ئىشخانا مۇدىرلىرى يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك ئاپپارات شتاتى سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئۈرۈمچى شەھەرلىك شتات كومىتېتى ئىشخانىسى مەملىكەتلىك ئاپپارات شتاتى سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، سانجى شەھەرلىك شتات كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خەن پىڭ مەملىكەتلىك ئاپپارات شتاتى سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

شيې گۇاڭدې، دا جيەنمىن

## شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى قاتارلىق 7 ئاكادېمىيە - ئورۇننىڭ تۈزۈلمىسى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى پەن - تېخنىكا نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ

ئاشلىق ـ ياغ پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ كومپيۇتېر مەركىزى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى لايىھەلەش يۇرتى، شىنجاڭ كۆمۈركان سانائىتى لايىھەلەش تەتقىقات ئاكادېمىيىسىدىن ئىبارەت 7 ئاكادېمىيە ـ ئورۇننى كارخانىغا ئۆزگەرتتى.

لەي شاڭ

## مەركىزىي شتات كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ لەنمىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

مەركىزىي ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ لەنمىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، تۇرپان، سانجى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنى تەكشۈردى. مەركىزىي شتات كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى شىنجاڭنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

دا جيەنمىن، لەي شاڭ

# كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتى

## ئىختىساسلىقلارنىڭ يۆتكىلىشى ۋە ئىختىساسلىقلار بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىق ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدىن 8 قېتىم ئاچتى، يىغىنغا 35 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، 798 ئورۇن قاتنىشىپ، 13 مىڭ 744 ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى، 5724 ئادەم يۆتكىلىش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى. 115 قېتىم مەخسۇس تەكلىپ قىلىش يىغىنى، ئىختىساسلىقلار بازىرى ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭغا خادىم تەكلىپ قىلىدىغان 3413 ئورۇن قاتنىشىپ، 52 مىڭ 995 ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى، خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر 72 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. ئىختىساسلىقلارنى ئەۋەتىش كەسپى يولغا قويۇلۇپ، قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمىگە 150، قاتناش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمىگە 30 پۈكەي خادىمى ئەۋەتىلدى.

كادىرلار ئىشلىرى ۋاكالەتچىلىكى بويىچە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت كۈچەيتىلىپ، بىر يىلدا 1525 ۋاكالەتچى كۈچەيتىلدى. كۆچمە خادىملارنىڭ چەت ئەلگە چىقىش بويىچە 32 ئادەملى ھۆكۈمەت تەكشۈرۈش رەسمىيىتى بېجىرىلدى، 385 ئادەمگە كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى ئىمتىھانى ۋە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشكە ئىلتىماس قىلىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى. بىلتۇر، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىختىساسلىقلار مۇلازىمەت مەركىزى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئىختىساسلىقلارنى توردا ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئىختىساسلىقلار ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى بىرتۇتاش پىلانلاندى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىختىساسلىقلار بازىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى، كادىرلار ئىشلىرى مىنىستىرلىكىگە جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىق خادىملار بازىرى قۇرۇش ئىلتىماس قىلىندى، شىمالىي شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار مەركىزىي بازىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار مەركىزىي بازىرى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى.

كادىرلار مىنىستىرلىكى، دۆلەت سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسى تارقاتقان «ئىختىساسلىقلار بازىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» گە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىختىساسلىقلار ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» تارقىتىلىپ، ئىختىساسلىقلار ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، يىللىق تەكشۈرۈش، باشقۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئىختىساسلىقلار ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى ئېنىقلاندى ۋە تەرتىپكە سېلىندى.

چى يۇڭفۇ

## يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساسلىقلار ۋە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىقلارنى ئېچىش ئەھۋالى

كادىرلار مىنىستىرلىكى 2002 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، كورلا نەشپۈت پاي چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قاتارلىق 6 پوستدوكتور پەن تەتقىقات خىزمەت پونكىتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە پوستدوكتور پونكىتى 15 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 12 سى پوستدوكتور پەن تەتقىقات

جەمئىيەتنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ دوكلات بېرىش ئۆمىكىدىكى 21 دوكتورنىڭ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە، 33 مەيدان دوكلات بېرىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

2002 ـ يىللىق ئەتىياز پەسلىنىڭ كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 6420 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي تېخنىكوم كۇرسانتى 3770، تولۇق كۇرس كۇرسانتى 2650.

چى يۈگىنۇ

## ئۆنۈۋان تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر كادىرلار نازارىتى «نۆۋەتتىكى ئىختىساسلىقلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە دائىر بىرقانچە تەدبىر»، «نۆۋەتتىكى ئۇنۋان خىزمىتىگە دائىر يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى سالاھىيىتىنى باشقۇرۇشقا دائىر ۋاقىتلىق چارىسى»، «كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى جەھەتتە قۇرۇلما نىسبىتىنى باشقۇرۇشتا يولغا قويۇش ۋاقىتلىق چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاش ھەيئىتىنىڭ باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن تۈزۈپ چىقىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاش سالاھىيىتىنىڭ چەك ـ چېگرىسى، ئىش ئورنى كۆرسەتكۈچىنى باشقۇرۇش چەك ـ چېگرىسى، ئاق لىنىيىلىك تۈزۈمىنىڭ چەك ـ چېگرىسى، مۇلازىمچىلىك تۈزۈمىنىڭ چەك ـ چېگرىسى، ستېپىنىڭ چەك ـ چېگرىسى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش سالاھىيىتىنى باھالاشقا ئىلتىماس قىلىشقا بولماسلىقنىڭ چەك ـ چېگرىسى، رايون چەك ـ چېگرىسى، ئوقۇش تارىخى، خىزمەت ستاژىنىڭ چەك ـ چېگرىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، باھالاش بىلەن تەكلىپ قىلىشنى ئايرىۋېتىش ۋە ئىش ئورنى قۇرۇلمىسىنى نىسبەت بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، بۇ ئارقىلىق ئىشلەۋاتقان ئىختىساسلىقلارنىڭ ئاكتىپلىقى جارى قىلدۇرۇلدى ۋە ئۇلار ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلدى. كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى جاپالىق، چەت، يىراق رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى، قوش ۋەزىپە ئۆتەشكە، قوش مائاش ئېلىشقا رۇخسەت قىلىندى، ئىختىساسلىقلاردىن ئورتاق



2002 ـ يىلى ئەتىيازدا نازارىتى ئۈرۈمچى رايونى بويىچە ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. سۈرەتتە: يىغىن مەيدانى. سۈرەتنى كادىرلار نازارىتى تەمىنلىگەن.

خىزمەت پونكىتى، 3 ى پوستدوكتور پەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتىدىن ئىبارەت، بۇ پونكىتلار بىرزا ئىگىلىك مەسئۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش، تۆرەلمە كۆچۈرۈش، بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى، تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە، ماشىنىسازلىق، پۇل مۇئامىلە ـ ئاكسىيە قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. پونكىتتىكى پوستدوكتور تەتقىقاتچى 25.

ئاز سانلىق مىللەت پەن ـ تېخنىكا تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۈچەيتىلدى. 2002 ـ يىلى 188 ئاز سانلىق مىللەت پەن ـ تېخنىكا تايانچى نۇقتىلىق تەربىيىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇقىرى قاتلاملىق كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تاللاش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى.

مەملىكەتلىك كۆزگە كۆرۈنگەن كەسپىي تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى ۋە يېڭى ئەسىردىكى مىليون ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشىغا دۆلەت دەرىجىلىك خادىم كۆرسىتىش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى. باھالاپ تەقدىرلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شيا شۈنچياڭ مەملىكەتلىك كۆزگە كۆرۈنگەن كەسپىي تېخنىكا ئىختىساسلىق خادىمى بولۇپ باھالاندى. ۋەتەنگە (جۇڭگوغا كەلگەن) قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان مۇتەخەسسىسلەر دەم ئېلىش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگولۇق پروفېسسورلار

مەنپەئەتلىنىش يولىغا قويۇلدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەش، قىسقا مۇددەت مۇلازىملىق قىلىش، ھاۋالە قىلىنغان تۈرلەرنى ئۈستىگە ئېلىش، ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىش، تېخنىكىنى پاي قىلىپ قوشۇش، مۇددەتكە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ۋە مۇلازىملىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى.

چى يۈگېنى

## داۋاملىق تەربىيە ئەھۋالى

2002 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ئارىسىدا «يېڭى ئەسىردىكى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە كەلگۈسىگە نەزەر» ۋە «خەلقئارالاشقان رىقابەت ـ WTO ئېلىپ كەلگەن پۇرسەت ۋە خىرىس» توغرىسىدا داۋاملىق تەربىيىنى قانات يايدۇردى ھەمدە ئۇنى ئاممىۋى پەن قىلدى. يېڭى بىلىم، يېڭى نەزەرىيە، يېڭى تېخنىكا ۋە ئاممىۋى پەن ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان داۋاملىق تەربىيە بويىچە تەربىيىلەشنى قانات يايدۇردى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ داۋاملىق تەربىيە بويىچە 307 قارار كۇرس ئېچىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى، 3 قارار ئالىي دەرىجىلىك بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئاچتى، داۋاملىق تەربىيە بويىچە تەربىيىلەنگەنلەر 12 مىڭ 296 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. داۋاملىق تەربىيە بازىسىنى باشقۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 91 ئورۇن داۋاملىق تەربىيە بويىچە تەربىيىلەش بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى. «2003 ـ 2005 ـ يىللىقچە مەملىكەتلىك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش پىلان پروگراممىسى» نى ئاساس، «ئاپتونوم رايوننىڭ 2003 ـ 2005 ـ يىللىقچە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش پىلان پروگراممىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

چى يۈگېنى

## مەمۇرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى

2002 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەمۇرلارنىڭ رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىشى، ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن ئىلگىرى ئومۇمىي ئۆلچەپ، ۋەزىپە ئۆتەش چەكلىرىش ۋە نۆۋەت بىلەن ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمىنى پائال يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردا يولغا قويۇلغان رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن ئىلگىرى ئومۇمىي ئۆلچەپ تۇرۇش چەكلىرىشقا دائىر تەجرىبىلەر ئاساسىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى جەھەتتىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىپ خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇشنى پۇرسەت قىلىپ، تەشكىلات تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش، ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن ئىلگىرى ئومۇمىي ئۆلچەپ تۇرۇش چەكلىرىش ۋە نۆۋەت بىلەن ۋەزىپە ئالماشتۇرۇش، خادىملارنى ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى. رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش نىسبىتى پىرىنسىپ جەھەتتە %50 تىن تۆۋەن بولمىدى، ئۇزۇن مۇددەت كادىر، مالىيە، ماددىي ئەشيا، گۇۋاھنامە باشقۇرىدىغان ۋە قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئىش ئورنىدا خىزمەت قىلىدىغان خادىملارنىڭ نۆۋەت بىلەن ۋەزىپە ئۆتەش نىسبىتى %50 تىن يۇقىرى بولدى.

«ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 ـ 2005 ـ يىللىقچە دۆلەت مەمۇرلىرىنى تەربىيىلەش ئومۇمىي پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى مەمۇرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھازىرقى زامان ئىگىلىكى، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، قانۇن ۋە قائىدە ـ تۈزۈم شۇنىڭدەك زامانىۋى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىمنى يېڭىلاش بويىچە تەربىيىلەش كۈچەيتىلدى. بارلىق خادىملارنى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا دائىر ئاساسىي بىلىملەر جەھەتتىن تەربىيىلەش پائال يولغا قويۇلدى، بەزى ئالاھىدە تارماقلارغا قارىتا نۇقتىلىق تەربىيىلەش يولغا قويۇلدى. ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا WTO غا دائىر ئاساسىي بىلىملەر ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى ئوقۇتقۇچى ئاپانچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن 4 قارار ئېچىلىپ، 140 كىشى تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش بويىچە ئېچىلغان كۇرس بىر قارار (تەربىيىلەنگەنلەر 26 كىشى). ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرلارغا دائىر بىلىملەرنى يېڭىلاش بويىچە تەربىيىلەش ئىمتىھانى ۋە مەمۇرلارنى دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئاساسىي بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش ئىمتىھانى تەشكىللەندى، ئىمتىھانغا 160 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە دائىر تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلۇپ، مەمۇرلارنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە خەلقئارا قائىدە ـ يوسۇنغا ياتىدىغان قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. MPA ئاممىۋى باشقۇرۇشتا ماگىستىرلىق ئىمتىھانىغا تىزىملاتقان 40 كىشىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق كەلتۈرۈلۈپ، شەرقىي، غەربىي قىسىم مەمۇرلىرىنى سىستېما بويىچە تەربىيىلەش يولغا قويۇلدى، يېزا ئىگىلىكى ۋە يۇقىراۋى ئىگىلىككە مەسئۇل 67 نەپەر ناھىيە ـ باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر شەندۇڭ ئۆلكىسىدە

ئېچىلغان يېزا ئىگىلىك كۇرسى بىلەن جىياڭسۇ ئۆلكىسىدە ئېچىلغان يۇقىراۋى ئىگىلىك كۇرسىغا قاتناشتى. 5 ـ ئايدا بېيجىڭدىكى ئالىي مەمۇرلارنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى تۇنجى قارار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار ئىشلىرىغا مەسئۇل كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچقاندا ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى كادىرلار ئىشلىرىغا مەسئۇل 50 كادىر تەربىيىلەندى. 10 ـ ئايدا جاپالىق رايوندىكى ناھىيىلىك، شەھەرلىك كادىرلار ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ 6 نەپەر باشلىقى بېيجىڭدا ئېچىلغان غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ناھىيىلىك، شەھەرلىك كادىرلار ئىشلىرى ئىدارىسى باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا تاللاپ ئەۋەتىلدى. ئورگان كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇلۇپ، ئۆگىنىش تىپىدىكى ئورگان تىرىشىپ بەرپا قىلىندى. 3 ـ ئايدا ئورگاندىكى كادىرلار ئىشلىرى كادىرلىرى ئىش ئورنىغا چىقىش، قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش، ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە كادىرلار ئىشلىرى مەخسۇس كەسپىي بويىچە تەربىيىلەندى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش بويىچە تەربىيىلەش، قانۇن بىلىملىرى قاتارلىق جەھەتتە 3 قېتىم لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئورگان كادىرلىرى بىر قېتىم ئېنگلىز تىلى بويىچە تەربىيىلەندى، تەربىيىلەش نەتىجىسى كادىرلارنى سىناش، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىندى.

ئىش كىرىش ئۆتكىلىدىن باشلاپ تۇتۇلۇپ، ئىشچىلىقتىن كادىرلىققا ئۆتۈش پاكى ئىشچىلىق شتاتىدا تۇرۇپ كادىرلىق ۋەزىپىسى ئۆتەش ھادىسىلىرى قەتئىي توسۇلۇپ، مەمۇرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلىندى. «دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى» غا ئاساسەن، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ئاپتونوم رايوننىڭ ج خ، ئەدلىيە، سودا ـ سانائەت، باج قاتارلىق سىستېمىلىرىدىكى مەمۇرلارنى ئىمتىھان ئارقىلىق ئاشكارا قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 7841 ئادەم ئىمتىھانغا قاتناشتى. ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى 1996 ـ يىلدىن كېيىن ئورگانغا كىرگەن ئەمما سىناققا قاتناشمىغان خادىملاردىن سىناق ئېلىنىپ، خادىملارنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى تولۇقلاندى. ج خ نازارىتى، مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى، تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى، تېببىي دورا تەكشۈرۈش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مەمۇرلارنى سىناش ئىمتىھانى تەشكىللەندى ھەمدە سىناش رەسمىيىتى بېجىرىلدى. 4 قېتىم ھەرخىل مەمۇرلارنىڭ سالاھىيەت ئىمتىھانى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 1701 ئادەم مەمۇرلۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى بىلەن بىللە دۆلەتنىڭ مەمۇرىي فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈش، كەسپىي شتاتنى ئىشلىتىش، مەمۇرلار تۈزۈمى بويىچە باشقۇرىدىغان ئورۇنلار ئېنىقلاندى.

خەلق رازى بولغان مەمۇر ۋە مەمۇرلار كوللېكتىپىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ماسلىشىلىپ، خەلق رازى بولغان مەمۇرلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا 5 كوللېكتىپ، 10 شەخس تەقدىرلەندى. ش ئۇ ئا ر دۆلەت باج ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىللە كادىرلار مىنىستىرلىكى ۋە ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلارغا ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى كۆرسىتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى، ئۆلكە ـ مىنىستىرلىك دەرىجىلىك 26 ئەمگەك نەمۇنىچىسى مۇكاپاتلىنىپ، مائاشى ئۆستۈرۈلدى.

چى يۈگۈئو

## كادىرلار ئىشلىرى بويىچە ئىمتىھان ئېلىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر كادىرلار نازارىتى 32 تۈر بويىچە ھەرخىل ئىمتىھان تەشكىللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 22 تۈر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 10 تۈر. ئىمتىھان خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، ئىنگلىز، ياپون، رۇس تىلى قاتارلىق 12 خىل تىلدا ئېلىندى، ئىمتىھانغا 106 مىڭ 476 كىشى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 75 مىڭ 444، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 31 مىڭ 32. ئالامەتلىك سوئال ۋە پروپوزىتسىيە 236 يۈرۈش، تەرجىمە قىلىنغان ئىمتىھان قەغىزى 51 يۈرۈش، سوئال ئامبىرى گۇرۇپپىلاشتۇرغان سوئال 30 يۈرۈش. ھەرخىل ئىمتىھان قەغىزىدىن 47 مىڭ نۇسخا باستۇرۇلدى، 46 مىڭ 580 ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈلدى، 150 مىڭ كارتا ئوقۇلدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىمتىھان رايونىدا 1096 ئىمتىھان مەيدانى ئىجارىگە ئېلىندى، 136 ئادەم (قېتىم) كومىسسىيە ئەۋەتىلدى. مەملىكەتلىك چەت ئەل تىلى دەرىجە ئىمتىھانى دەرسلىكىدىن 9200 نەچچە نۇسخا، ئىقتىسادىي دەرسلىكتىن 7100 نەچچە نۇسخا مۇشتەرى توپلاندى ۋە تارقىتىلدى، ئۇيغۇرچە دەرسلىك «خەنزۇ تىلىدىن ئاساس» نى تەرجىمە قىلىش ـ تۈزۈش ئىشى تەشكىللەندى. «ئۈچتە ئاشكارا بولۇش، بىرنى نازارەت قىلىش» تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلۇپ،

ئىستېمالنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسى ئاشۇرۇلدى. 168 ئۇچۇر سۈرۈشتۈرۈش ئىستانسىسى ئارقىلىق ئىستېمال ئۇچۇرى ئېلان قىلىندى، تور، گېزىت ۋە تېلېۋىزىيە قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، كادىرلار ئىشلىرى ئىستېمالىنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنىپ، توردا مۇلازىملىق قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

چى يۈگفۇ

## ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 56 مىڭ 805 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاسپىرانت 362، تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 9711، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 11 مىڭ 318، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 657، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 757. بازارغا كىرىپ ئۆزى كەسىپ تاللىغىنى 52 مىڭ. ئىختىساسلىقلار جەھەتتە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك بولۇشتەك ئەھۋال نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئىختىساسلىقلار بازىرى تەمىنلىگەن ئىختىساسلىقلار بىلەن تەمىنلەش ۋە بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجغا دائىر ئۇچۇر ۋە ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ھەرخىل ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياج يۆنىلىشىگە ئاساسەن، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىش نىشان قىلىنىپ، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارى بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتى تور ۋە ساھەلەر بويىچە قانات يايدۇرۇلدى. ئالاقىدار سىياسەتلەر تۈزۈلۈپ، كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش، مائاش قاتارلىق جەھەتلەرگە مايىل بولۇپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار جاپالىق، چەت، يىراق رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خىزمەت فۇنكسىيىسى پائال ئۆزگەرتىلىپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك ۋە مۇلازىملىق قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ئىلگىرىكى پەقەت ئەۋەتىش، پىلانلىق تەقسىم قىلىش سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەش، مۇلازىملىق بىلەن تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلىپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىختىساسلىقلار مەنبەسىنى بازار ئارقىلىق تەقسىم قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. دوكلات يىغىنى، مۇھاكىمە يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، مەخسۇس تېمىدىكى لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ كەسىپ تاللاش جەھەتتىكى كۆز قارىشى ئۆزگەرتىلدى. ھەر يىلدا 5 قېتىم ئۆزى كەسىپ تاللاش، تەمىنلىگۈچى بىلەن ئېھتىياجلىقلار يۈز كۆرۈشۈش، قوش يۆنىلىشلىك مەكتەپ تاللاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش يىغىنى، 2 قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى.

چى يۈگفۇ

## كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى كادىرلار نازارىتى ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، يېزا - بازار كارخانىلىرى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن 26 كىشىگە ئالىي ئىقتىسادچى ئۇنۋانى، 29 كىشىگە ئىقتىسادچى ئۇنۋانى بەردى، 18 كارخانا مەسئۇلىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى. ئالىي ئۇنۋانلىقلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش سالاھىيىتىنى ئومۇمىي ئۆتكۈزۈش قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى تەكشۈرۈپ باھالاشنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇردى. ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۇنۋانى بىلەن ئىش ئورنى قۇرۇلمىسىنىڭ نىسبىتىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلىدى. كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ۋە كومپيۇتېر ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، «كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كومپيۇتېر ئىشلىتىش ئىقتىدارى ئىمتىھانىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر»نى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. 2003 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ئارىسىدا كومپيۇتېر ئىشلىتىش ئىقتىدارى ئىمتىھانى تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى ھەمدە ئىمتىھان نەتىجىسى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۇنۋانىنى ۋە ئۇلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش سالاھىيىتىنى باھالاشنىڭ شەرتلىرىنىڭ بىرى قىلىندى. ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بويىچە چەت ئەل تىلى ئىمتىھانى بىلەن دۆلەتنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بويىچە چەت ئەل تىلى ئىمتىھانىنى ئۆزئارا باغلاش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 2003 - يىلدىن باشلاپ 3 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىدىن ئىمتىھان بېرىش بىلەن چەت ئەل تىلىدىن ئىمتىھان بەرگەنلەرگە

سىياسەت خاراكتېرلىق نومۇر قوشۇپ بېرىش تەدبىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىغا دائىر ئۆچۈرلارنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ يۇمشاق دېتالى كەشىپ قىلىندى.

چى يۈگنۇ

## ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچىلار-نىڭ دەرىجە ئىمتىھانىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى كادىرلار نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ئىشچى مەسئۇل تېخنىكلارنى باھالاش كومىتېتى، باھالاش كومىتېتى ئىشخانىسى ۋە ھەرقايسى كەسپلەر بويىچە باھالاش گۇرۇپپىسى قۇردى. ئالدىن تەربىيىلەش، كېيىن سىناش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 13 مىڭ 557 ئىشچى كەسپىي ئەخلاق ئىمتىھانىغا قاتناشتى.

چى يۈگنۇ

## كادىرلار ئىشلىرى ئۇچۇرى

2002 - يىلى كادىرلار نازارىتى شىنجاڭ كادىرلار ئىشلىرى - ئىختىساسلىقلار ئۇچۇر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، تور بېكىتىنىڭ ئىقتىدارىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىرقىسىم كادىرلار ئىشلىرى كەسپىنى تور ئارقىلىق بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. شىنجاڭ كادىرلار ئىشلىرى - ئىختىساسلىقلار ئۇچۇر تورىنىڭ زىيارەت قىلىنىش مىقدارى 400 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ، شىنجاڭدىكى زىيارەت قىلىنىش مىقدارى ئەڭ كۆپ، ئەڭ دىققەت ئېتىبارغا ئېرىشكەن ھۆكۈمەت تور بېكىتىگە ئايلاندى. دۆلەت ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ستاتىستىكىلاش خىزمىتى تاماملاندى.

چى يۈگنۇ

## چەت ئەلدىن ئەقلىي ئىقتىدار كىرگۈزۈلدى

2002 - يىلى كادىرلار نازارىتى يېزا ئىگىلىكى، ئېنېرگىيە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش، ساياھەتچىلىك، ئۇچۇر قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا دائىر يېڭى تېخنىكىلارنى ۋە تۈزۈلۈك كەسپ جەھەتتىكى ئىختىساسلىقلارنى، WTO نىڭ پرىنسىپلىرىنى چۈشىنىدىغان ياراملىق ئىختىساسلىقلارنى ۋە كەمچىل بولۇۋاتقان ھەرخىل ئىختىساسلىقلارنى زور كۈچ بىلەن كىرگۈزۈپ، كىرگۈزۈلگەن ئىختىساسلىقلاردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تۈرىدىن 28 نى، 28 ئادەم (قېتىم) نى، پىلان ئىچىدىكى مۇتەخەسسىسلەر تۈرىدىن 93 نى، 135 ئادەم (قېتىم) نى ئىجرا قىلدى. چەت ئەلگە چىقىش بويىچە تەربىيىلەش نىسبىتى زور ھەججىدە ئۆستى، بىر يىلدا چەت ئەلگە ھەرخىل تېخنىكا، باشقۇرۇش تۈرىدىكى تەربىيىلەشكە 446 ئادەم ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 351، باشقۇرغۇچى 95. بازا قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئىگىلىكىدە ئەقلىي ئىقتىدار كىرگۈزۈپ كېڭەيتىش تۈرى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىدە ئەقلىي ئىقتىدار كىرگۈزۈش ئۈلگە بازىسى تۈرىدىن 2 سى مەلۇم قىلىندى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۈلگە بازىسى تۈرىدىن 15 ى تەستىقلاندى، 2003 - يىلى ماركا بېرىلىدۇ. بىر يىلدا يېزا ئىگىلىكىدە ئەقلىي ئىقتىدار كىرگۈزۈشنى كېڭەيتىش تۈرىدىن 4 ى تەستىقلاندى ھەمدە ئىجرا قىلىندى. ھۆكۈمەت چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇش ۋە چەت ئەل تىلى بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتىدە بۆسۈش بولدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە مائارىپ سىستېمىسىغا تەۋە بولمىغان 33 ئادەمنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشى تەستىقلاندى، بۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 83.3% كۆپ. چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققانلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 35 ياش بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر ئاز تۆۋەنلىدى. ئوقۇيدىغان پەنلەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، كەسپلەر تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتى. ئۆمەك تەشكىللىنىپ شىمالىي ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن 3 - نۆۋەتلىك سودا سۆھبىتى ۋە چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بويىچە ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىلدى، 30 نەچچە سۆھبەت تۈرى بىللە ئېلىپ كېلىندى، ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان دوكتور، پوستدوكتور قاتارلىق ئالىي ئىختىساسلىقلار بىلەن ئۇچرىشىلدى ۋە سۆھبەتلىشىلدى.

چى يۈگنۇ

## كادىرلار ئىشلىرى پىلانىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى كادىرلار ئىشلىرى نازارىتى دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ خادىملار پىلانىنى باشقۇرۇش ۋە بىرتۇتاش مائاش تارقىتىشقا دائىر بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، شتات توشۇپ كەتكەن، شتات ئېشىپ كەتكەن تۈزۈلۈق سىياسەتكە خىلاپ ھالدا ئادەم ئېلىش ھادىسىسىنى قەتئىي چەكلىدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 800 نەچچە ئورگان، كەسپىي ئورۇندىكى 70 نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ مائاش فوندىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. ۋىلايەت، ئوبلاستلار يوللىغان ئادەم، مائاش كۆپەيتىشكە دائىر ماتېرىياللا بىر بىرلەپ تەكشۈرۈلۈپ، 7 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ 6023 ئادەمنى يېڭىدىن كۆپەيتىشنى تەستىقلىدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى

ئىشخانىسى، مالىيە نازارىتىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن خىزمەتنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ يېڭىدىن خادىم كۆپەيتىش ئەھۋالىنى قەرەللىك ستاتىستىكا قىلىپ ۋە تەھلىل قىلىپ تۇردى. مائاش فوندىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى يۇمشاق دېتالىنى كەشىپ قىلدى. كادىرلار ئىشلىرى پىلانى، مائاش فوندىنى باشقۇرۇش بويىچە 2 قارار كۇرس ئاچتى، كۇرسقا 80 نەچچە كىشى قاتناشتى.

چى يۈگۇ

## كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار ئىشلىرى ئىسلاھاتى

2002 - يىلى كادىرلار ئىشلىرى نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن، ئاپپارات ۋە كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش پىكرى» نى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئىسلاھات رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. مائارىپ، سەھىيە، پەن تەتقىقات، ئاخبارات، نەشرىيات قاتارلىق ساھەلەردىكى 12 كەسپىي ئورۇن ئالدى بىلەن سىناق نۇقتىسى قىلىندى، تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمى يادرو قىلىنىپ، ئىش ئورنىنى ئىلمىي تەسىس قىلىش، تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تەرتىپىنى چىڭىتىش، قانۇن بويىچە تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش توختىمى ئىمزالاش قاتارلىق ھالقىلار ياخشى تۇتۇلدى، تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىلەن ئىش ئورنىنى باشقۇرۇش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلدى، سالاھىيەتنى باشقۇرۇش بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئىش ئورنىنى باشقۇرۇش، ئىشقا قاراپ ئورۇن تەسىس قىلىش، ئورۇنغا قاراپ شتات بەلگىلەش، رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش يولغا قويۇلدى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا ئالدىن ئېتىبار بېرىلدى. «كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش توختامىغا تامغا بېسىش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، «كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشكە دائىر ھۆججەت» باستۇرۇلدى، تەكلىپ قىلىش توختامىغا تامغا بېسىش خىزمىتى باشلىنىپ، تەكلىپ قىلىش مەشغۇلات تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى. تەكلىپ قىلىنمىغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە «ئالدىن يول ئېچىپ، كېيىن تارقاقلاشتۇرۇش»، ئىچكى قىسىمدا ھەزىم قىلىشنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ يېڭى كەسىپلەرنى يولغا قويۇش، ئىش ئورنىنى ئۆزگەرتىپ تەربىيىلەش، ئىچكى قىسىمدا ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئارتۇق خادىملار مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستىدا كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى.

سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار خادىملار 4 - ئايدا چۆچەكنىڭ، يۈننەنلەرگە بېرىپ ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، «كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا دائىر ھۆججەتلەر توپلىمى» ۋە «كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى قىسقا خەۋەرلىرى» تەھرىرلەندى ھەمدە شىنجاڭ كادىرلار ئىشلىرى - ئىختىساسلىقلار ئۇچۇر تورىدا كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى سەھىپىسى ئېچىلىپ، مەملىكەت بويىچە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئەھۋالى ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايوندىكى ئىسلاھات نۇقتىدا سىناق قىلىنغان ئورۇنلار ۋە ئالاقىدار رايون، ئورۇنلارنىڭ ئۇسۇل، تەجرىبىلىرى خەۋەر قىلىندى.

چى يۈگۇ

## ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى كادىرلار نازارىتى تۇنجى تۈركۈمدىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم، بەش خىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە 2001 - يىلى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن 450 نەپەر مۇنەۋۋەر جەڭچى (كەنجى ئوفىتسېر) نى تەربىيىلەش، تەقسىم قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى. 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن تاللاپ ئەۋەتىلىدىغان كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ تاماملىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلدى. ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن 350 ئوقۇغۇچى، بەش خىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 238 ئوقۇغۇچى تۇنجى تۈركۈمدە 5 - ۋە 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت - ئوبلاستتىكى يېزا - بازارلارغا خىزمەتكە باردى. 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن مۇنەۋۋەر جەڭچى (كەنجى ئوفىتسېر) لەرنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ تاماملىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. 2. تۈركۈمدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تاللاش ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايونغا يۈزلەنگەن بەش خىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش خىزمىتى تاماملاندى، شۇ قاراردا ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 595 ى، جەمئىيەتتىكى بەش خىل

# ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت

## ئىجتىمائىي كاپالەت

### ئىككىگە كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىككىگە كاپالەتلىك قىلىش (يېڭى كارخانىلاردىكى پېنسىيەگە، دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ يەنە بىرى، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنى تارقىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش) نى تۈرلۈك خىزمەتلەردە باشتىن-

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن 230ى قوبۇل قىلىندى. ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن مۇنەۋۋەر جەڭچى (كەنجى ئوفىتسېر) لاردىن كادىر تاللاپ ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتىش بويىچە ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلىش ۋە تەربىيىلەشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى تاماملاندى، جەمئىي 470 ئادەم قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن مۇنەۋۋەر جەڭچى 450، كەسىپ ئالماشتۇرغان كەنجى - ئوفىتسېر 20. «ئالاقىدار يېزا - بازار مەمۇرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلىپ، تاللاپ ئەۋەتىلگەن كادىرلارنىڭ ئىش ئورنى، شتاتى، مائاشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىندى. 2002 - يىلى يەنە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى تۈزۈش ئارقىلىق، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى ئورگانلاردىكى خىزمەتچى خادىملار جاپالىق، چەت، يىراق رايوندىكى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ھۆددىگە ئېلىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى.

چى يۈگنو

### مائاش، پاراۋانلىق ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار خىزمىتى

2002 - يىلى كادىرلار نازارىتى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مائاشىنى نورمال ئۆستۈرۈش ۋە يېڭى خىزمەتكە قاتناشقان، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان، چېكىنگەن ھەربىيلەر، يۆتكەلگەن خىزمەتچى خادىملارنىڭ مائاش تەمىناتىنى بېكىتىش ۋە زىيالىيلارنىڭ تۇراقسىز (تۇراقلىق) مائاشى، قوشۇمچە پاردىسىنى كۆپەيتىش لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق چېكىنى ھەرقايسى مەسئۇل تارماق ۋە ئورۇنلارغا چۈشۈرۈپ بەردى. مائاش بىرتۇتاش تارقىتىلغاندىن بۇيان كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتى ئىشخانىسى، مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە مۇكەممەللەشتۈرۈش چارىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. ش ۋ [2001] 5 - نومۇرلۇق ھۆججەتكە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگان، ئاپپارات ئىسلاھاتى مەزگىلىدە خىزمەتچى خادىملارنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن ئىش ئورنىدىن ئايرىلىش (يالغان دەم ئېلىشقا چىقىش)، مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيەگە چىقىش، خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىش ۋە مۇناسىپ مائاش تەمىناتى، پېنسىيە خىراجىتى، خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىش خىراجىتى قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. كېسەل سەۋەبى بىلەن پېنسىيەگە چىققۇچىنىڭ ماتېرىيالىدىن 228 ى قوبۇل قىلىنىپ باھالاپ بېكىتىلدى، ۋىلايەت، ناھىيىلەر تىك لىنىيە بويىچە باشقۇرىدىغان ئورۇنلاردىكى كېسەل سەۋەبىدىن پېنسىيەگە چىقىدىغان 259 كىشىنىڭ ماتېرىيالى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، كېسەل سەۋەبى بىلەن پېنسىيەگە چىققان، خىزمىتىدىن چېكىنگەن 434 ئادەم تەستىقلاندى؛ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن (ئىش ئۈستىدە) يارىدار- مېيىپ بولغان 57 كىشىنىڭ ماتېرىيالى باھالاپ بېكىتىلدى، ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن (ئىش ئۈستىدە) ئۆلگەنلەردىن 5 كىشى ئېتىراپ قىلىندى. ئاپپارات ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى كەسپىي خادىملار جەھەتتە بىرقەدەر زور ئۆزگىرىش بولۇشتەك ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە 4 قارارغا بۆلۈنۈپ ناھىيىدىن يۇقىرى تەشكىلات، كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مائاش، پاراۋانلىقى بويىچە كەسپىي خادىملار سىستېمىلىق تەربىيىلەندى، جەمئىي 899 ئادەم تەربىيىلەندى.

چى يۈگنو

ئاپاغ ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالەت تارماقلىرى خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، «ئۈچ ئۈچلۈك تۈزۈمى» (مالىيە، كارخانا، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى تەڭشەش پۇلىنىڭ ھەرقايسىسىدىن ئۈچتىن بىرى بولۇش) پرىنسىپى بويىچە پاتال مەبلەغ تەييارلاپ، مالىيە تارماقلىرىغا ماسلىشىپ چىقىم قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش، ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق رايون ۋە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنى نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ، تىزگىنلىدى، كارخانىلاردىكى پىنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ پاشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى تارقىتىش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، مەركەز مالىيىسىدىن قوشۇمچە ياردەم بېرىلگەن مەبلەغ بىلەن ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى بىر-بىرىگە باغلىنىپ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. بۇ بىر يىلدا ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن 516 مىليون يۈەن ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى توپلىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان 113 مىڭ 800 ئىشچى - خىزمەتچىگە تارقىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 293 مىليون 840 مىڭ يۈەن ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى، 222 مىڭ 160 مىڭ يۈەن پاشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، تىببىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى پۇلى ۋاكالىتەن تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت كارخانىلىرىدىن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئۈچ %100لىك نىشان داۋاملىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى. كارخانىلاردىن پىنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 362 مىڭ 829 خادىمغا 3 مىليارد 204 مىليون يۈەن پاشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى تارقىتىلىپ، پاشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى ئۇدا 5 يىل ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىپ بېرىلدى.

خۇاڭ يۈەن

## پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا 1 مىليون 155 مىڭ 353 ئادەم قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك كارخانىلاردىكىسى 567 مىڭ 282، سابىق مەركەزگە قاراشلىق كەسىپلەردىن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئورۇنلاردىكىسى 345 مىڭ 512، ئورگان- كەسپىي ئورۇنلاردىكىسى 75 مىڭ 743، باشقا ئورۇنلاردىكىسى 166 مىڭ 816. سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 2001 - يىلدىكىدىن 31 مىڭ 878 ئادەم كۆپىيىپ، %2.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %20.5كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.7 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى. سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرغانلار 1 مىليون 102 مىڭ 137 بولۇپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ %95.4نى ئىگىلەپ، 2001- يىلدىكىدىن %1.7 ئاشتى. بۇ بىر يىلدا يىغىۋېلىنغان فوند (مەركەزنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلى بۇنىڭ سىرتىدا) ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليارد 204 مىليون يۈەن بولۇپ، يىغىۋېلىش نىسبىتى %98.3كە يەتتى. شەخسلەرنىڭ ھېساباتىنى باشقۇرۇش ۋە خاتىرىلەشتە زور ئىلگىرىلەش بولدى، ئاپتونوم رايوندا پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى بويىچە شەخسىي ھېساب ئاچقانلار 1 مىليون 98 مىڭ 771گە يەتتى، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي ھېساب ئېچىش نىسبىتى %85.2كە يېتىپ، 13.5 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى. دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە ئاساسەن كارخانىلاردىكى پىنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ پاشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى تەڭشىلىپ، پاشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ سەۋىيىسى ئۆستى.

خۇاڭ يۈەن

## ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بويىچە شەخسلەر تاپشۇرغان ھەققىنى خاتىرىلەش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى كەسپىنى شۇ ئورۇنلار تۇرۇشلۇق جايدىكى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى. بايىنغولىن، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ئىشسىزلىق كاپالىتى فوند چىقىمىدا بوشلۇق كۆرۈلگەن ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا قوشۇمچە ياردەم بېرىلىپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئىشسىز خادىملارنىڭ ئىشسىزلىق پۇلىنى ۋاقتىدا ئېلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى پۇلىنى ئېلىش - تاپشۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، قەرزلەرنى ئېنىقلاش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 312 مىڭ 900 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ، 2001- يىلدىكىدىن 48 مىڭ 200 ئادەم كۆپىيىپ، كۆپىيىش نىسبىتى %3.8كە يەتتى. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان خادىملار كارخانىلاردا %65.3نى، كەسپىي ئورۇنلاردا %34.2نى، باشقا ئورۇنلاردا %0.5نى ئىگىلىدى، كارخانىلاردىكى سۇغۇرتىغا قاتناشقان خادىملار ئىچىدە دۆلەت كارخانىسىدىكىلەر %80.2نى، كوللېكتىپ كارخانىدىكىلەر %9.5نى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان

كارخانىلاردىكىلەر %2.1نى، باشقا كارخانىدىكىلەر %12.7نى ئىگىلىدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە يىغىلغان ۋە ئاپشۇرغان ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققى 414 مىليون 526 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، %14.2 ئاشتى. ئىشسىزلىق فوندىنى يىغىۋېلىش - ئاپشۇرۇش نىسبىتى %94.3 بولدى. بۇ بىر يىلدا ئىلگىرىكى يىللاردا قەرز بولۇپ قالغان 20 مىليون 331 مىڭ 300 يۈەن تولۇقلاپ يىغىۋېلىنىپ، قەرزلەرنى كېمەيتىش نىسبىتى %44كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11 پىرسەنت پونكىت يۇقىرى بولدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتا مەبلىغىدىن 266 مىليون 939 مىڭ 900 يۈەن چىقىم قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە تەئمىنلەپ ئىشلەتكەن مەبلەغ 157 مىليون 941 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ %59.2نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 63 مىڭ 368 نەپەر ئىشسىز خادىمغا 89 مىليون 478 مىڭ 500 يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى چىقىم قىلىندى.

خۇاڭ يۈەن

## داۋالىنىش سۇغۇرتىسى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتى خىزمىتىدە، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئاساسىنى باشقۇرۇش نۇقتىلىق تۇتۇلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالاش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرغان دورىلىرىنى تەييارلاش نىسبىتى، ئىشلىتىش نىسبىتىنىڭ نىسبىتى»، «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر» ۋە «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋەيران بولۇپ ناقالغان دۆلەت كارخانىلىرىدىكى پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشى توغرىسىدىكى پىكىر»نى تۈزۈپ تارقاتتى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى قىسمەن چىقىم قىلىش ئۆلچىمىنى، شۇنىڭدەك ئەمۇرلارنىڭ تىببىي داۋالىنىش قوشۇمچە ياردىمى ۋە كۆپ سومىلىق داۋالىنىش خىراجىتىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئۆلچىمىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى چىقاردى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، سەھىيە نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بىلەن داۋالىنىش تۈرلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى»، ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بىلەن داۋالىنىشقا مۇلازىمەت قىلىش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ تۈرلىرى»، دېگەن تۈرلەرنى كۆپەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى چىقىرىپ، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بىلەن داۋالىنىش تۈرىدىن 16نى، داۋالىنىش مۇلازىمەت مۇئەسسەسە تۈرىدىن 3نى كۆپەيتتى. داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى خىزمەت ئاپپاراتلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، 500گە يېقىن خادىم سەپلەندى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 480 مىڭ 400 (شىخەنزە شەھىرى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يېتىپ، سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ %75.16نى ئىگىلەپ، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى چۈشۈرگەن 1 مىليون 400 مىڭ ئادەمنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش نىشان ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

خۇاڭ يۈەن

## ئىش ئورنىدا زەخىملىنىش ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسى ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ئورنىدا زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئالتاي، قۇمۇل، تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدا يولغا قويۇلدى. بۇ بىر يىلدا ئىش ئورنىدا زەخىملىنىش سۇغۇرتىسىغا 294 مىڭ 482 ئادەم قاتنىشىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 10 مىڭ 864 ئادەم ئازايدى. تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئىش ئورنىدا زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى ھەققى 23 مىليون 960 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي تاپشۇرۇلغان ئىش ئورنىدا زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى ھەققى 23 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %96.9كە يەتتى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ئورنىدا زەخىملىنىش مۇئامىلىسىدىن 545 ئادەم، كەسپىي كېسەل مۇئامىلىسىدىن 161 ئادەم بەھرىمەن بولدى. بىۋاستە تۇغقانلىرىدىن 92 ئادەم بېقىلدى. 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە تۇغۇت سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاش يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇغۇت سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا 297 مىڭ 200 ئادەم قاتناشتى.

خۇاڭ يۈەن

# ئەمگەك ئىشلىرى

## ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالىتى تارماقلىرى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق 322 مىڭ 800 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۆلچەر پىلانىنى %105 ئورۇنداپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.8 ئاشۇردى. شەھەر - بازارلاردا تىزىملاتقان ئىشسىزلىق نىسبىتى %3.7 (بىڭتۇەن بۆلىكى سىرتىدا) بولدى. ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملارنىڭ تۈرى بويىچە ئايرىغاندا، شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئەمگەك كۈچىدىن 56 مىڭ 200ى، ئىشسىزلاردىن 47 مىڭ 200ى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىدىن 32 مىڭ 200ى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، كارخانىلاردىن ئارقىلاشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئارتۇقچە ئىشچى - خىزمەتچىدىن 26 مىڭ 600ى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 9600ى، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ۋە 5 ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 63 مىڭ 500ى، ئارمىيەدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىر، ھەربىي سەپتىن قايتقان، قوشۇندىن چېكىنگەن ھەربىيدىن 4400 ى، شەھەر - بازارلاردىكى ئارقاق ئەمگەك كۈچىدىن 83 مىڭ 100 ى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 29 مىڭ 900 بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنىڭ %9نى؛ كوللېكتىپ ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 54 مىڭ 700 بولۇپ، %17نى، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ۋە 3 تەرەپ مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 150 مىڭ بولۇپ، %47نى، باشقا ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 88 مىڭ 200 بولۇپ، %27نى ئىگىلىدى. كەسىپ بويىچە ئايرىغاندا، 1 - كەسىپكە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 25 مىڭ 300 بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنىڭ %7.84نى؛ 2 - كەسىپكە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 70 مىڭ 400 بولۇپ، %21.81نى؛ 3 - كەسىپكە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 227 مىڭ 100 بولۇپ، %70.35نى ئىگىلىدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئەمگەك كۈچلىرىدىن 110 مىڭ ئادەم سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى، سىرتتىن كەلگەن ئەمگەك كۈچلىرىدىن تەخمىنەن 280 مىڭ ئادەم شەھەر - بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتى.

خۇاڭ يۈەن

## دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش سىستېمىسىنى كۆپەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورۇنلىرىنى ئېچىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى يولغا قويۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. (1) ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشتا يۆلەك بولۇش تۈرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزى تارماق بانكىسى بىلەن بىرلىشىپ، ھەر قايسى سودا بانكىلىرىنى، ئاپتونوم رايون بويىچە كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈنۈمى ياخشى بولغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈرلىرىگە مەخسۇس سىياسەت خاراكتېرلىك ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق نۇقتىلىق يۆلەشكە تەشكىللىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈرلىرىگە 182 مىليون يۈەن ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭدىن ئەمەلىيەتتە 120 مىليون يۈەن ئەمەلىيلىشىپ، 80دىن ئارتۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈرى يۆلىنىپ، 13 مىڭ 700 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. (2) ئاز سوممىلىق كېپىللىك قەرز پۇلى تەسىس قىلىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالغانلارنىڭ ئۆزى خىزمەت تېپىشىغا ياردەم بېرىلدى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن بىرلىشىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئاز سوممىلىق كېپىللىك قەرز پۇلى بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى»نى تۈزۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتىدىن 20 مىليون يۈەن مەبلەغنى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشسىزلارغا ئاز سوممىلىق كېپىللىك قەرز پۇلى بېرىش مەبلىغى قىلىپ تەڭشەپ بېرىپ، ئۈرۈمچى

شەھەردە نۇقتىدا سىناق قىلدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، قەرز بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 125 نەپەر ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشسىز مۇشۇ تۈردىكى قەرز پۇل ئارقىلىق ئۆزى ئىگىلىك تىكلەش ۋە ئۆزى خىزمەت تېپىشنى ئىشقا ئاشۇردى. (3) ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەخسۇس مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىگە كەلگەن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە «131» مەخسۇس مۇلازىمىتى قىلىندى، يەنى، بىر قېتىمدىن ئارتۇق كەسپىي يېتەكچىلىك مۇلازىمىتى، 3 قېتىمدىن ئارتۇق ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇر مۇلازىمىتى، بىر قېتىم ھەقسىز تەربىيىلەش مۇلازىمىتى قىلىندى. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ۋاكالىتەن يۆتكەپ بېرىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر ئىشلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنلىگەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇرى 200 مىڭ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنى 170 مىڭ، سىياسەتتىن مەسلىھەت بېرىلگىنى 300 مىڭ ئادەم (قېتىم)، تەربىيىلەش ئۇچۇرى 130 مىڭ بولدى، ئىش ئورنىدىن قالغان ۋە ئىشسىزلار ئۈچۈن 250 مىڭ ئادەم (قېتىم) مەخسۇس ئەمگەك ئىشلىرى توغرىسىدا سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە كەسپىي يېتەكچىلىك قىلىندى. (4) ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن بولغان 40 ياش ئەتراپىدىكى ئاياللار بىلەن 50 ياش ئەتراپىدىكى ئەرلەرگە نۇقتىلىق ياردەم بېرىلدى. جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى ئەمگەك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقىرىپ، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى ئىش ئورۇنلىرى سېتىۋېلىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان 50 ياش ئەتراپىدىكى ئەرلەر، 40 ياش ئەتراپىدىكى ئىشسىز ئاياللار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 50 ياشلىق ئەرلەر، 40 ياشلىق ئاياللاردىن جەمئىي 3520 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچى 15 مىڭ 49 ئادەم بولۇپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىدە تەربىيىلىنىپ چىققان ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچى 26 مىڭ 509 غا يەتتى. 13 مىڭ 519 ئادەم قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى، مەركەزدە تەربىيىلىنىپ چىقىپ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %51كە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئەمەلىي ئىشچى - خىزمەتچى 43 مىڭ 33.

خۇاڭ يۈەن

## ئەمگەكچى ئەۋەتىش تەشكىلاتلىرى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەكچى ئەۋەتىش تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن ئۆز رايونىدا ئەمگەكچى ئەۋەتىش تەشكىلاتلىرىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەكچى ئەۋەتىش كارخانىسى 26گە يېتىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان 4700 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

خۇاڭ يۈەن

## كەسپكە تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپكە تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى 412 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئەمگەك، ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىنىڭ قارمىقىدىكىسى 288، خىزمەتچىسى 818. بۇ بىر يىلدا تىزىملاپ تەكلىپ قىلىنغانلار 293 مىڭ 622. خىزمەت تەلەپ قىلىپ تىزىملاتقانلار 284 مىڭ 816، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 137 مىڭ 596، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچى 78 مىڭ 515. كەسپىي سالاھىيەتكە ئېرىشكەنلەر 34 مىڭ 651، كەسپىي يېتەكچىلىكنى قوبۇل قىلغانلار 169 مىڭ 7. تونۇشتۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنى 169 مىڭ 316 ئادەم (قېتىم).

خۇاڭ يۈەن

## كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون ھەر خىل يوللار ئارقىلىق تۈرلۈك خادىمدىن 750 نەچچە مىڭنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىكتۈەن تەربىيىلىگىنى 294 مىڭ، يەرلىك ئورۇنلار تەربىيىلىگىنى 456 مىڭ. تەربىيىلەشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %90 دىن يۇقىرى بولدى، بىر يىلدا 450 مىڭ ئادەمنى كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەش نىشان ۋەزىپىسى %166.7 ئورۇندالدى. تەربىيىلەشكە قاتناشقان خادىملار ئىچىدە، خىزمەتتە تۇرۇپ تەربىيىلەنگەنلەر 302 مىڭ 200 بولۇپ، %40.3نى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتە تەربىيىلەنگەنلەر 333 مىڭ بولۇپ، %44.4نى ئىگىلىدى. باشقا خادىملار (يېزىلاردىكى ئارتۇق خادىملاردىن شەھەر - بازارلارغا كىرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن تەربىيىلەنگەنلەر بۇنىڭ ئىچىدە) دىن تەربىيىلەنگەنلەر 114 مىڭ 800 بولۇپ، %15.3نى ئىگىلىدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەربىيىلەش داۋامىدا ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن تەربىيىلەنگەنلەر 36 مىڭ 600، ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئىشسىز

بولۇپ قالغان خادىملاردىن تەربىيەلەنگەنلەر 70 مىڭ 600، شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئەمگەك كۈچلىرىدىن تەربىيەلەنگەنلەر 74 مىڭ 900، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن تەربىيەلەنگەنلەر 21 مىڭ 300، ئەمگەك تەييارلىق تۈزۈمىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن تەربىيەلەنگەنلەر 25 مىڭ 600، كارخانىلاردىكى ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە تارقاقلاشتۇرۇلغان خادىملاردىن تەربىيەلەنگەنلەر 30 مىڭ 600، مۇئەييەن بولمىغان ئىشقا ئورۇنلاشقانلاردىن تەربىيەلەنگەنلەر 65 مىڭ 600. تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، 261 مىڭ 900 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 78.6%كە يەتتى.

خۇاڭ يۈەن

## كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش

2002 - يىلى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى بايلىقلىرىنى بىرىكتۈرۈپ ۋە ئەلالاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى ئەسلىدىكى 72دىن 58گە ئازايتىلدى، ماھارەت يېتىشتۈرۈش بويىچە تەربىيەلەش ئىش تۈرى 231 بولدى. تەكشۈرۈلدىن كېيىنكى تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 7310 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 4345كە يېتىپ، 59.44%نى ئىگىلىدى، تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، يۇقىرى يېڭى تېخنىكا، 3 خىل كەسىپ، مۇرەككەپ كەسىپلەر كۆپەيتىلىپ، تېخنىكا تەركىبى تۈزۈن، ماھارىتى بىر خىللا بولغان كەسىپلەر يەنىمۇ ئاجىزلاشتى. 2002 - يىلى 58 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە 8000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىسبىتى 2001- يىلدىكىدىن 3.33% ئاشتى. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، شەخسلەر كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەشكە پائال قاتناشتۇرۇلۇپ، تەربىيەلەش شەرتلىرى كەڭ قويۇۋېتىلىپ، تەربىيەلەش نىشانى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئاۋۋال تەربىيەلەش خىزمىتىنى ئۇقتىلىق ياخشى ئىشلەشتىن پۈتۈن جەريانلىق ئومۇملۇق كەسپىي تەربىيەلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە كېڭەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان مەكتەپ 160قا يەتتى.

خۇاڭ يۈەن

## كەسپىي ماھارەتنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇش، مۇلازىمەت قاتارلىق 10 ساھەدە، كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بېرىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا رۇخسەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، 41 مىڭ 778 ئادەم كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى 12 مىڭ 583، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى 24 مىڭ 196، ئالىي دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى 4566، تېخنىكا ئۇستىسى 427، ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا ئۇستىسى 6؛ 5 كەسىپ (ئىش تۈرى) بويىچە مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا تەشكىللەندى، 2001 - يىلدىكىدىن 2 كەسىپ كۆپەيدى، ئىمتىھانغا 3323 ئادەم قاتناشتى، 1299 ئادەم سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالدى.

خۇاڭ يۈەن

## كەسپىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى

2002 - يىلى شىنجاڭدا 5 قېتىم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. ئۇلار: ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش سىستېمىسىنىڭ كەسپىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك مېيىپلار كەسپىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئائىلە ئېلېكتىرونلۇق مەھسۇلاتلىرى رېمونتچىلىرىنىڭ «خەيشىن لوڭقىسى» كەسپىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق سىستېمىسى كەسپىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «شىن يۈي لوڭقىسى» تۇنجى نۆۋەتلىك ئايوبىنتلار تېرمىنال رېمونتچىلىرىنىڭ كەسپىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى قاتارلىقلار. ئۈرۈمچى شەھىرى، ئالتاي ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە بىر قېتىمدىن ئاپتونوم رايونلۇق 2 - دەرىجىلىك مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان ئىش تۈرى 38، مۇسابىقىگە 91 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. 22 نەپەر تېخنىكا ماھىرى مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېخنىكا ماھىرى 4، ئۇلار: دۇڭ يىڭ، چېن جياشىڭ، ما ۋېيجياڭ، ۋاڭ ۋېيمىن، ھەر بىرى 10 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى، ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپ تېخنىكا ماھىرى 18، ئۇلار: جەن بىنلياڭ، فېڭ چىلۇ، ليۇ پېڭجى، لو جىنرۇڭ، ۋاڭ ئەيمىن، يې جيەنجۇڭ، ۋاڭ شىيىڭ، گې مىن، جاۋ ياڭ، رېن شىنۋاڭ، ۋاڭ جىخۇا، ما لىڭلىڭ، جۇي يىڭخۇا، تاڭ ۋېيدۇڭ، جيا شىلۇن، شەمشىدىن ئالىم، ھېزىمجان ئەبەي، ۋاڭ فېڭ، ھەر بىرى 3000 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى.

خۇاڭ يۈەن

## تەربىيلەش نەتىجىلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى

2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە زور كۆلەمدە تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى، ئىجتىمائىي تەربىيلەش ئاپپاراتلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. 80 نەچچە تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ۋە ئىجتىمائىي تەربىيلەش ئاپپاراتى، 215 قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش يېتەكچىلىك مەركىزى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى، 300دىن ئارتۇق ئىشچى ئىشلىتىشكە ئېھتىياجلىق ئورۇن يىغىنغا قاتناشتى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەربىيلەش ئاپپاراتلىرىنى يېڭىدىن يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار گۈل تىزىش، 7 قەۋەتلىك تورت ياساش، مىللىيچە يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇش، لاي قونچاق ياساش، ھۆسن تۈزەش، ئىرناق ياساش، ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنىڭ ئادەم تۇتۇش چامباشچىلىقى، لىفت ۋە ئىستانوكنى سىفىرلىق كونترول قىلىش قاتارلىق ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى. تەربىيلەش ئۇچۇرى ئېلان قىلىنىدى ھەمدە 7 خىل ئىش تۈرىدە نەق مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئىشسىزلار، شۇ قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن تېخى ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىغا تەربىيلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىدىن نەق مەيداندا مەسلىھەت بېرىلدى ۋە يېتەكچىلىك قىلىنىدى. كۆرگەزمە قىلىش - تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا 10 مىڭ 900 ئىش ئورنى ئۇچۇرى ئېلان قىلىنىدى، 3113 ئادەم ئەمگەك توختامى ئىمزالىدى، 6629 ئادەم بىلەن ئادەم ئىشلىتىش ئورۇنلىرى مۇددىئانامە ھاسىل قىلدى، 15 مىڭ ئادەم نەق مەيداندا تەربىيلەشكە قاتنىشىشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى، 39 مىڭ ئادەم مەسلىھەت سورىدى، 80 نەچچە مىڭ پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى.

خۇاڭ يۈن

## كارخانىلارنىڭ مائاش باشقۇرۇش خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىدىكى كارخانىلارنىڭ مائاش كىرىمى تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

1. كارخانىلارنىڭ مائاش كىرىمىنى ماكرولۇق تەڭشەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون 2002 - يىلى كارخانىلارنىڭ مائاش يېتەكچى سىزىقىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، تۇرپان ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى قاتارلىق جايلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز رايونىدىكى كارخانىلارنىڭ 2002 - يىللىق مائاش يېتەكچى سىزىقىنى بەلگىلەپ چىقىپ، كارخانىلارنى مائاشنى كوللېكتىپ مەسلىھەتلىشىشكە يېتەكلەپ، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مائاش سەۋىيىسىنى مۇۋاپىق بېكىتىشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، كۈيتۇڭ شەھىرى، كورلا شەھىرى قاتارلىق جايلار ئەمگەك كۈچلىرى بازار مائاش يېتەكچى باھاسى تۈزۈمىنى ئورناتتى ھەمدە جەمئىيەتكە 2002 - يىلدىكى قىسمەن ساھە، ئىش تۈرلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرى بازىرىدىكى مائاشىنىڭ يېتەكچى باھاسىنى ئېلان قىلىپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

2. كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مائاش تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى مالىيە نازارىتى، ئىقتىسادىي - سودا كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ، «دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مائاش تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پىكىر»نى تۈزۈپ چىقىپ، كارخانىلاردا ئىش ئورنى مائاشىنى ئاساس قىلغان ئاساسىي مائاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىش ئورنىغا قاراپ مائاش بېكىتىش، ئىش ئورنى ئۆزگەرسە مائاشىمۇ ئۆزگىرىشكە يېتەكچىلىك قىلدى؛ مائاش تەقسىماتىدا ئۈنۈملۈك رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كارخانا مائاش سەۋىيىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئەھۋالىغا ئاساسەن كۆپەيتىشكە ھەم ئازايتىشقا بولىدىغان قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي مائاش كىرىمىنى ئەمگەك تۆھپىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، كۆپەيتىشكە ھەم ئازايتىشقا بولىدىغان قىلدى.

3. كارخانىلارنىڭ مائاشىدىكى ئىچكى - تاشقى كىرىمنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. قاتناش - ترانسپورت، بىناكارلىق، ساياھەت، ئاشلىق - ياغ قاتارلىق ساھەلەردىكى كارخانىلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ مائاش چىقىم ئىشلىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ،

كىرىمىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، كىرىمنى تەقسىملەش يوللىرىنى ساپلاشتۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە كارخانىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىمىدى.

خۇاڭ يۈەن

## ئەمگەك توختامى بىلەن كوللېكتىپ توختاملارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 33 رايونغا قاراشلىق ئورۇنلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ 14 مىڭ 162 كارخانىسىنىڭ ئەمگەك توختاملىرىنى ئىمزالاش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ئەمگەك توختامى ئىمزالاش نىسبىتى %88كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 1707، بۇنىڭغا چېتىشلىق ئادەم 544 مىڭ 396، ئەمگەك توختامى ئىمزالىغانلار 535 مىڭ 214؛ كوللېكتىپ كارخانا 1511، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان ئادەم 87 مىڭ 160، توختام ئىمزالىغانلار 84 مىڭ 201، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 1877، بۇنىڭغا چېتىشلىق ئادەم 113 مىڭ 90، توختام ئىمزالىغانلار 101 مىڭ 961، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 14، بۇنىڭغا چېتىشلىق ئادەم 714، ئەمگەك توختامى ئىمزالىغانلار 656؛ خۇسۇسىي كارخانا 6982، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان ئادەم 162 مىڭ 209، توختام ئىمزالىغانلار 94 مىڭ 970، يېزا - بازار كارخانىسى 1194، بۇنىڭغا چېتىشلىق ئادەم 23 مىڭ 659، توختام ئىمزالىغانلار 11 مىڭ 732؛ باشقا كارخانا 877، بۇنىڭغا چېتىشلىق ئادەم 24 مىڭ 661، توختام ئىمزالىغانلار 16 مىڭ 340. تەكشۈرۈلگەن 14 مىڭ 162 كارخانا ئىچىدە، 3952 كارخانا كوللېكتىپ توختام ئىمزالىغان. تەكشۈرۈلگەن كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەك توختاملىرىنى باشقۇرۇش قائىدە - تۈزۈملىرىنى تۈزگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 12 مىڭ 630 كارخانا ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇش خاتىرىسى ئورناتقان، 1900 كارخانا كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويغان، 3554 كارخانا ستاتىستىكا قىلىش تۈزۈمىنى ئورناتقان. 2274 كارخانا ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئالدىن مەلۇم قىلىش مېخانىزمىنى ئورناتقان. 950 كارخانا باشقا شەكىللەرنى قوللىنىپ ئەمگەك توختامىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرغان.

خۇاڭ يۈەن

## ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى ئۈچ تەرەپنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى

2002 - يىل 8 - ئايدا، ئاپتونوم رايوندا ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى ئۈچ تەرەپنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇ ئايدا، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، ئىقتىسادىي - سودا كومىتېتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن تەركىب تاپقان ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى ئۈچ تەرەپنى ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە قىسمەن ناھىيە (شەھەر، رايون) لەردە ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى، ئىقتىساد - سودا تارماقلىرى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىدىن تەركىب تاپقان ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى ئۈچ تەرەپنى ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى.

خۇاڭ يۈەن

## ئۇنۋان باھالاش خىزمىتى

2002 - يىلى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئادەم كۈچى بايلىقى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىدىن بولۇپ 175 ئادەمنى داۋاملىق تەربىيىلىدى. بۇ بىر يىلدا ئۇنۋان باھالاش ماتېرىيالىدىن 152 نۇسخا تاپشۇرۇۋېلىنىپ تەكشۈرۈلدى. باھالاش ھەيئەتلىرىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسىدىن 63 ى ئالىي ئۇنۋان سالاھىيىتىگە، 36 ئوقۇتقۇچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان سالاھىيىتىگە، 4 ئوقۇتقۇچى باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋان سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. ئەمگەك ئىقتىسادىي كەسپى بويىچە 22 ئادەم ئالىي ئۇنۋان سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

خۇاڭ يۈەن

# ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى

## قانۇننى ئىجرا قىلىش مەمۇرىي تەپتىشلىكى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تەپتىشلىكى ئاپپاراتلىرى تۈرلۈك ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن 18 مىڭ 100نى تەكشۈردى، بۇ 1 مىليون 239 مىڭ ئەمگەكچىگە چېتىلدى. 2860 دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، 2725 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %95.3كە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سوزۇۋېتىلگەن مائاشىدىن 39 مىليون 600 مىڭ يۈەن سورۇشتە قىلىنىپ قولىغا تەككۈزۈلدى، 43 مىڭ نۇسخا ئەمگەك توختامى تولۇقلاپ ئىمزالاندى، 37 مىليون

600 مىڭ يۈەن پاشالاندا كۆتۈرۈش، ئىشسىزلىق فوندى ئولۇقلاپ تاپشۇرۇلدى. يەككە سودا ـ سانائەتچى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلۈپ، 192 قېتىملىق 273 بالا ئىشچىغا چېتىلىدىغان قانۇنسىز بالا ئىشچى ئىشلىتىش قىلمىشى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، 16 مىڭ 700 تۈرلۈك ئادەم ئىشلىتىش ئورنى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تەپتىشلىكى بويىچە يىللىق تەكشۈرۈلدى، ئادەم ئىشلىتىدىغان 2697 ئورۇنغا 6500 نەچچە تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىش پىكرى بېرىلدى، يىللىق تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز بولغان 720 ئورۇن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ئادەم ئىشلەتكۈچى 154 ئورۇننىڭ قانۇنسىز قىلمىشى مەمۇرىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىندى ياكى مەمۇرىي چارە كۆرۈلدى. بۇ بىر يىلدا مائاشنى سۈرۈشتۈرۈش تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن تۇيۇقسىز ۋەقەدىن 16 قېتىملىقى بىر تەرەپ قىلىندى، 192 كەسپكە تونۇشتۇرۇش ۋاستىچىلىك تەشكىلاتى 58 ۋاستىچىلىك تەشكىلاتىغا بەلگىلەنگەن قەرەل ئىچىدە تۈزىتىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى. 34 ئورۇن تەكشۈرۈپ بېجىرىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر ئەمگەك تەپتىش چوڭ ئەترىتى تۈرلۈك ئادەم ئىشلەتكۈچى 1346 ئورۇننى تەكشۈردى، بۇ 271 مىڭ 437 ئەمگەكچىگە چېتىلدى، 700 نەچچە دېلو قوبۇل قىلىنىپ، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %95كە يەتتى. 4 مىليون 780 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى سۈرۈشتە قىلىپ تاپشۇرتقۇزۇلدى، 29 مىڭ 945 نۇسخا ئەمگەك توختامى تولۇقلاپ ئىمزالاندى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىلار سۆرەپ كەلگەن 4 مىليون 467 مىڭ يۈەن مائاشى قايتۇرۇۋېلىندى، كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ 306 مىڭ يۈەن خېيىمخەتەر رەنە پۇلى ئېنىقلاپ قايتۇرۇلدى. ئەمگەك كۈچلىرى بازىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش مەخسۇس تەكشۈرۈشىدە، قانۇنسىز ۋاستىچىلىك تەشكىلىدىن 47 ئورۇن (قېتىم) ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 271 نۇسخا ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى سۈرۈشتۈرۈش ئۇقتۇرۇشى 46 نۇسخا ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى بويىچە مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلۈپ، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت قانۇن، قائىدە، نىزاملىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

خۇاڭ يۈەن

## ئەمگەك ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش

2002 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ماجىرالىرىغا كېسىم قىلىش كومىتېتلىرى ئەمگەك ماجىراسى دېلوسىدىن 3413نى قوبۇل قىلدى. 2001 ـ يىلى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆتكۈزۈلگەن دېلو 125 بولۇپ، جەمئىي 3538گە يەتتى، بۇ دېلولار 6886 ئادەمگە چېتىلىدۇ، بۇ بىر يىلدا 3397 دېلو تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2002 ـ يىلدىكى ئەمگەك ماجىراسى دېلولىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى: 1) دېلولار كۆپىيىپ، كۆپىيىش نىسبىتى %29.3كە يەتتى. 2) دۆلەت ئىگىلىكىدە بولمىغان كارخانىلاردىكى ئەمگەك ماجىراسى دېلولىرى روشەن كۆپىيىپ، كۆپىيىش نىسبىتى %82.5كە يەتتى. 3) كوللېكتىپ ئەمگەك ماجىراسى دېلولىرىدىكى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ سانى زور دەرىجىدە كۆپەيدى ھەمدە ئاساسلىق دۆلەت كارخانىلىرىغا مەركەزلەشتى. كوللېكتىپ ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرىنىڭ %43.3ى دۆلەت كارخانىلىرىدا يۈز بەرگەن، بۇنىڭغا چېتىشلىق ئەمگەكچىلەر كوللېكتىپ ئەمگەك ماجىراسىدىكى ھەقدارلار سانىنىڭ %56نى ئىگىلىدى. 4) ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرىدا ئەمگەك ھەققى، سۇغۇرتا، پاراۋانلىق، ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش، ئەمگەك توختامى (مۇناسىۋىتى)نى بىكار قىلىش ماجىرالىرىنى ئاساس قىلىدۇ، يۇقىرىدىكى 4 تۈر قوبۇل قىلىنغان دېلو ئومۇمىي سانىنىڭ %85نى ئىگىلىدى.

خۇاڭ يۈەن

# مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

## مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى جايلار ۋە ئارمىيىلار دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسى» ۋە جياڭ زېمىننىڭ 1 - ئىيۇلدا قىلغان مۇھىم سۆزى، «31 - ماي» سۆزى شۇنىڭدەك 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى ھەمدە ئام كېڭەيتتى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۆگىنىشكە ماسلاشتى. «فالۇن گۇڭ»غا چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشنى مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىگە كىرگۈزدى، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سىناق سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «فالۇن گۇڭ»غا قاتناشقان - قاتناشمىغانلىقىنى، فالۇن گۇڭچىلارغا قاتناشقانلار بار - يوقلۇقىنى مەدەنىي ئورۇنلارنى باھالاشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلدى. «يۇقىرى ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيى» دىن ئىبارەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى تەشۋىق قىلىشنى چىڭ تۇتتى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش يېتەكچىلىك كومىتېتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا مەدەنىي ساھە ۋە مەدەنىي ئورۇنلار ئاپتونوم رايوندىكى ئورۇنلارغا «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى ئۆگىنىش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە چىقاردى. بىر يۈرۈش ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقاردى، پەن - مائارىپ، قانۇنچىلىق، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە، سەھىيە - تىببىي داۋالاش بويىچە تۆتتە ئىلغار مەھەللە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئۈلگە يېزا - بازار، مەدەنىي ئۈلگە كوزنەكلەرگە نام بەردى. سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئاپتونوم رايوندىكى 18 شەھەر، 9 شەھەر رايونى ۋە 28 ناھىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى. غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتتى. ج خ نازارىتى، قاتناش نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتىنى ماسلاشتۇرۇپ مەملىكەت بويىچە «بىخەتەر يول» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى ھەمدە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر) نى تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە تەقدىرلىدى. مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن 3 پارچە ئەسەرنى تاللاپ شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك «نۆۋەتتە ئىلغار مەھەللە» ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتۇردى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇكاپاتلاندى.

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى 2 شەھەر مەملىكەتلىك مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى، مەملىكەتلىك مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى 10 ناھىيە، بازار، يېزا، مەملىكەتلىك مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى 7 ئىلغار ئورۇن، مەملىكەتلىك مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىشتىكى 12 ئىلغار ئورۇن مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشتىكى بىرتۈركۈم ئىلغار ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (رايون، ناھىيە)، مەدەنىي شەھەر (رايون، ناھىيە، ناھىيە بازىرى) نى تەقدىرلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بىر تۈركۈم ئورۇنلارنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن دېگەن نامىنى بىكار قىلدى (قوشۇمچە 1، 2، 3، 4 لەرگە قاراڭ).

شۈي چاڭجۇن

### قوشۇمچە: 1

2002 - يىلى مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش يېتەكچىلىك كومىتېتى تەقدىرلىگەن ئورۇنلار

مەملىكەتلىك مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەرلەر: قاراماي شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى.

مەملىكەتلىك مەدەنىي كەنت، بازار بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر)، بازار، كەنتلەر: ساۋەن ناھىيىسى، كۈنەس ناھىيىسى ئارالتۆبە بازىرى، خېجىڭ ناھىيىسى بارۇنخارمۇدۇن بازىرى، قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى شۇيشىگو يېزىسى، سانجى شەھىرى لىيۇگۇڭ بازىرى، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسى

پالۋانتۇر كەنتى، كۆكتوقاي ناھىيىسى قۇرغېرتىش بازىرى، كۇچا ناھىيىسى چىمەن بازىرى، تۇرپان شەھىرى ئۈززۈمچىلىك يېزىسى ئازنەمېھىت كەنتى.

2002 - يىللىق مەملىكەتلىك مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇنلار (7): ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋاقىتلىق باشقارمىسى، ئۈرۈمچى دۆلەت باج ئىدارىسى باج ئېلىشنى باشقۇرۇش 6 - ئىدارىسى، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، بورتالا ئوبلاستلىق پوچتا ئىدارىسى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ شىخەنزە شەھەرلىك شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ كۈيتۇڭ شەھەرلىك شۆبە شىركىتى.

2002 - يىللىق مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار (12): تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى تەكشۈرۈش - تەرەققىيات قوماندانلىق شتابى، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى تەكشۈرۈش - تەرەققىيات تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ نېفىتلىك قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، چاغانتوقاي ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تيەنشەي پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى داۋان ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، قورغاس ناھىيىلىك يولۇچى توشۇش مەركىزى، كورلا شەھەرلىك قۇرۇلۇش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورتى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى، شىخەنزە شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك دۆلەت باج ئىدارىسى.

## قوشۇمچە: 2

2001 — 2002 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ۋىلايەت، ئوبلاست، مەدەنىي شەھەر (رايون، ناھىيە، ناھىيە بازىرى)، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەھەر (رايون، ناھىيە) لەر

ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ۋىلايەت، ئوبلاستلار (5): تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي شەھەر رايونى (18): قاراماي، شىخەنزە، ئۈرۈمچى، سانجى، كۈيتۇڭ، ئاقسۇ، كورلا، قەشقەر، قۇمۇل، تۇرپان؛ ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى، سايباغ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى، شىمىگو رايونى، تۇدۇنخابا رايونى؛ قاراماي شەھىرى قاراماي رايونى، مايتاغ رايونى، جەرەنبۇلاق رايونى.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ناھىيە (4): ساۋەن ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسى، ماناس ناھىيىسى، كۈنەس ناھىيىسى.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى مەدەنىي ناھىيە بازىرى (4): باي ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى، قۇتۇبى ناھىيىسى.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەھەر، ئىلغار رايون (9): غۇلجا، بورتالا، چۆچەك، ئالتاي، شىخو، فۇكاڭ، ئاتۇش، خوتەن شەھەرلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى دۆڭشەن رايونى.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (22): ئۈرۈمچى ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، گۈچۈڭ ناھىيىسى، چاغانتوقاي ناھىيىسى، كۆكتوقاي ناھىيىسى، جىڭ ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسى، دۆربىلجىن ناھىيىسى، تېكەس ناھىيىسى، بۆرۈلتوقاي ناھىيىسى، بۇرچىن ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى، ئونسۇ ناھىيىسى، بۈگۈر ناھىيىسى، شايار ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، ئاۋات ناھىيىسى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، يوپۇرغا ناھىيىسى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، ئۆلۈغچات ناھىيىسى.

## قوشۇمچە: 3

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون مەدەنىي پويىز دەپ نام بەرگەن پويىزلار:

ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى بېيجىڭ پويىز ئەترىتى 69/70 قېتىملىق پويىز، ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى شاڭخەي پويىز ئەترىتى 53/54 قېتىملىق پويىز، ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى چېڭدۇ پويىز ئەترىتى 1043/1044 قېتىملىق پويىز، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى شىئەن پويىز ئەترىتى 1012/1013 قېتىملىق پويىز.

## قوشۇمچە: 4

2002 يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن دېگەن شەرەپ نامى بىكار قىلىنغان ئورۇنلار:

ئۈرۈمچى «شىنخۇا» كىتابخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك باغ - ئورمان ئىدارىسى ئورگىنى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئاكادېمىيىسى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، شايار ناھىيىلىك خەلق بانكىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك يول ئاسراش باش ئۇچاستكىسى، خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرى، قاراقاش ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، خوتەن ۋىلايەتلىك

يىمەكلىك 1 - زاۋۇتى، خوتەن شەھىرى «شەرق شامىلى» سودا سارىيى، نىيە ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسى، خوتەن ناھىيىسى باغچە بازىرى بۇقەمبەر كەنتى، غۇلجا شەھەرلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، تۇقۇزتارا ئورمانچىلىق سەيدانى، مەدەنىيەت نازارىتى ئورگىنى.

شۈي چاڭچۈن

## يۇقىرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئۈلگىسى

«يۇقىرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ مەخسۇس تېمىدا مۇھاكىمە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى ھەمدە ھەر يىلى 3 - ئاينى يۇقىرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئۈلگە قىلىشنى قارار قىلدى. 2002 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يۇقىرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېيىدا «ئالدىنقى ئون كۈندە سەپەرۋەر قىلىشنى تۇتۇش، ئوتتۇرىدىكى ئون كۈندە تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ئاخىرقى ئون كۈندە ئەمەلىيەتنى تۇتۇش» نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلەپ ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدا بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 1000 نەچچە مەيدان (قېتىم) سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى، «يۇقىرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىغا 500 نەچچە مىڭ ئادەم قاتناشتى، ۋوگزال، ئايرودروم، ئېگىز بىنا، يول ئېغىزلىرىغا چوڭ تىپتىكى مۇستەھكەم تەشۋىقات تاختىسىدىن 500 نەچچىسى ئورنىتىلدى، 600 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم) تەشۋىقات ئاپتوموبىلى چىقىرىلدى، مۇھىم تېما ئۇششاق پائالىيەتكە قاتناشقان ئادەم 1 مىليونغا يەتتى، 1000 مەيدان (قېتىم) دىن ئارتۇق سەييارە نۇتۇق سۆزلەندى ۋە دوكلات بېرىلدى. جايلار ئۇيۇشتۇرغان ھەرخىل ئەخلاق ئەمەلىيىتى پائالىيىتىگە 4 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تەشۋىقات جەھەتتىكى رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. ئاخبارات ئورۇنلىرى ئامما ياخشى كۆرىدىغان سەھىپىلەرنى تەسىس قىلىپ، يۈرۈشلۈك ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەخلاققا دائىر قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى، يۇقىرالار ئەخلاقى ئەمەلىيىتىدىكى ئون چوڭ ئىلغار شەخس، كۆزگە كۆرۈنگەن ئون چوڭ ياش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاقىدىكى ئون چوڭ ئۈلگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاقىدىكى ئون چوڭ ئىلغار

كوللېكتىپنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى مەركەزلىك تەشۋىق قىلدى، بۇنىڭ بىلەن يۇقىرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى جەھەتتە جامائەت پىكرى كەيپىياتى شەكىللەندى.

كادىرلار ۋە ئامما پاش پىدائىيلار ھەرىكىتى بويىچە 10 مىڭ كىشى ئىمزا قويۇش، قول تۇتىشىپ ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، ھەقسىز قان تەقدىم قىلىش، ئۈمىد قۇرۇلۇشى، ئاجىزلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئەخلاق ئەمەلىيىتى پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا يېتەكلەندى. مىخانىزم مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مەدەنىي ئورۇنلارنىڭ مەدەنىي مەكتەپ قۇرۇپ، ھەبىر ئاساسىي قاتلام ئورۇن ئەزالىرىنى تەربىيىلەپ ۋە سىناپ، يۇقىرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا دائىر 20 سۆزنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە 60 سۆزلۈك تەلەپنى مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي مەھەللە، مەدەنىي ساھە، مەدەنىي كەنت - بازار بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

شۈي چاڭچۈن

## ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇنلار باشلامچى بولۇپ مۇقىملىقنى قوغدىدى

پارتىيىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيى ئېچىلىش ھارپىسىدا شىنجاڭدىكى رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، مەدەنىي ساھە بولۇش جەھەتتە باشلامچىلىق ۋە ئۈلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقى، تەرەققىيات، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى قوغداپ، پارتىيىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋالدى.

1. قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى تۇتتى. ئاپتونوم رايون تىنچ، ئىتتىپاق سىياسىي مۇھىت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىكى 102 پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە ئورۇندىن 343 خادىم ئاجرىتىپ قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا ياردەم بېرىدىغان 31 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپا ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق قىيىنچىلىقى بار 31 دۆلەت كارخانىسىغا ئورۇنلاشتى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۆز جايىدىكى نۇقتىلىق كارخانىلارغا 86 خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى.

2. نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم

بېرىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش داۋامىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى ھۆججەت تارقىتىپ، مەدەنىي ئورۇن بىلەن مەدەنىي بولمىغان ئورۇن، مەدەنىي ئورۇن بىلەن بازار، كەنتلەر جۈپ بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭدا يولغا قويۇلغان ئارمىيە بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى، ساقچىلار بىلەن خەلق بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مىڭ چاقىرىملىق تۆمۈريولدا مەدەنىي لىنىيە بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدا تۆمۈريول، ھەربىي قىسىم، قوراللىق ساقچى، بىڭتۈەن يەرلىك بىلەن 400 نەچچە جۈپ بولۇپ، لىنىيە بويىدىكى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، تۆمۈر يولنىڭ بىخەتەر، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدەنىي ئورۇنلار مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسىنىڭ نامرات ستۇدېنتلارغا مەبلەغ ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئارقا-ئارقىدىن مەبلەغ ياردەم قىلدى.

3. خەلقنىڭ ھالىغا يېتىش بويىچە يۈرۈشلۈك پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى. جايلار خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش بويىچە كۆزىتىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس خادىم ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلار ھېيت-بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ دەم ئالماي ئامما ئۈچۈن پۈتۈن كۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى ۋە كەلگەن خەت-چەكلەرنى قوبۇل قىلدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر شۇ جايدىكى كۆزىتىش ئىشخانىسىدا نۆۋەت بىلەن نۆۋەتچىلىك قىلىپ، ئامما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار «پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ خەلق ئەھۋالىنى ئىگىلەش كارتىسى»نى تۈزۈپ، ناھىيە، يېزا ئورگىنىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر نۇسخىدىن تارقاتتى، كارتىغا ئاساسەن شۇ كىشىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، ئاممىنىڭ غەم-ئەندىشىسىنى ئۆگىنىپ، ئاممىنى بېيىشقا يېتەكلەش جەھەتتىكى نەتىجىسى يېزىلدى، ئۇ يىل ئاخىرىدىكى باھالاشتا ئاساس قىلىنىدى. «يېزا، كەنتلەردە كېچىدە زىيارەت قىلىپ خەلق ئەھۋالىنى ئىگىلەش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئورگان كادىرلىرى كېچىدە زىيارەت قىلىشتىن پايدىلىنىپ، ئامما بىلەن سىردىشىپ، خەلق ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. خەلق ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە دائىر بىر يۈرۈش پائالىيەتلەر ئارقىلىق، خىزمەت ئۇسلۇبى ئۆزگەردى، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى بېلىق بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىدەك قويۇقلاشتى.

شۈي چاڭجۈن

## غەربىنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى

2002-يىلىنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى غەربىنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى. 2002-يىلى ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى بويىچە مەبلەغ ياردەم قىلىنىدىغان كۆرسەتكۈچ 125 ئىدى. ئاپتونوم رايون ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتە ھەققەتەن ياخشى، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنى تاللاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن ئىمتىھاندىن ئىلگىرى تاللاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، قەتئىي تۈردە تەرتىپ بويىچە قېلىپلاشقان مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنى، خىزمەتنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. جايلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىلىرى ۋە مائارىپ تارماقلىرى ئاساسىي قاتلامغا خادىم ئەۋەتىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلىدى. مەبلەغ ياردەم بېرىلىدىغان 125 ئوقۇغۇچى ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 67، ئاز سانلىق مىللەت 95.

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، مائارىپ مىنىستىرلىكى 2002-يىل 6-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان غەربىنى كەڭ ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇ جېنمىن، مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى يۈەن گۈيرېن شىنجاڭغا كېلىپ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. 23 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىن كەلگەن تەشۋىقات، مائارىپ تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى يىغىندا شىنجاڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ۋە غەربىنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

2002-يىل 10-ئايدا 2002-يىللىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ غەربىنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىدا ياردەمگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش ياردەم پۇلى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، 85 ئالىي مەكتەپ

ئوقۇغۇچىسىغا ئوقۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى.

شۈي چاڭجۇن

## شىنجاڭدا فالۇن گوڭپىسىغا چېتىشلىق مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە كىرگۈزۈلدى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى مەركەز ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ فالۇن گوڭپىسىغا چېتىشلىق مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىنىڭ روھى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، فالۇن گوڭپىسىغا چېتىشلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىگە كىرگۈزۈپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، جەمئىيەتنى بىدئەتچىلىكنى ئاڭلىقلىق بىلەن توسۇشقا يېتەكلىدى.

1. مەدەنىي شەھەرلەر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندا فالۇن گوڭپىسىغا چېتىشلىق مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش مۇھىم مەزمۇن قىلىنىپ، نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى. 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قىزىق نۇقتا ھەققىدە سۆھبەت» پروگراممىسىدا خەۋەر قىلىنغان شىخۇ شەھىرىدىكى فالۇن گوڭپىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇنسۇرلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى نۇقتىلىق ئىگىلىدى. باشقا ناھىيە، شەھەرلەرگە بېرىپ تەكشۈرگەندىمۇ شۇ جايدىكى پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ فالۇن گوڭپىسىغا چېتىشلىق مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى.

2. مەدەنىي ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندا فالۇن گوڭپىسىغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلىپ تەكشۈردى.

3. فالۇن گوڭپىسىغا چېتىشلىق مەسىلە كۆرۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي ئورۇنلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ شەرەپ نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ياكى ئۇلار چەكلىك مۇددەتتە ئۆزگەرتىپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋە 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى «شىنجاڭ ئورمانچىلىق تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن دېگەن شەرەپ نامىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا قارار» بىلەن «خەۋپسىزلىك نازارىتىنى چەكلىك مۇددەتتە ئۆزگەرتىش توغرىسىدا قارار» نى چىقاردى.

4. مەنىۋى مەدەنىيلىك مۇكاپاتى تارقىتىشنىڭ دائىرىسىنى بېكىتتى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى دەم ئېلىشتا، پېنسىيىگە چىققان خادىملار فالۇن گوڭپىسى مەشىقىگە قاتناشقان بولسا، تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىسە مۇكاپات بەرمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.

5. «ئىلىم - پەننى، مەدەنىيلىكنى ھۆرمەتلەپ، خۇراپاتلىق، نادانلىققا قارشى تۇرۇش» تىن ئىبارەت چوڭ تىپتىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەمدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە سەييارە كۆرگەزمە قىلىندى، كۆرگەزمىنى 1 مىليوندىن ئارتۇق كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى، ئوقۇغۇچى كۆردى.

شۈي چاڭجۇن

## شىنجاڭدا تۇنجى نۆۋەتلىك «ئۇلۇغۋار غايىلىكلەر سىنىپى» ئېچىلدى

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا 2002 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ «ئۇلۇغۋار غايىلىكلەر سىنىپى» ئېچىلدى. تۇنجى نۆۋەتلىك «ئۇلۇغۋار غايىلىكلەر سىنىپى» ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا بىر سىنىپ، خەنزۇ تىلىدا بىر سىنىپ تەسىس قىلىندى، ھەربىر سىنىپتا 50 ئوقۇغۇچى بار. مائارىپ نازارىتى بىلەن شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى (ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى سىنىپ)، ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى (خەنزۇ تىلىدىكى سىنىپ) بىرلىكتە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشىنى ئاپتونوم رايونغا يۈزلىنىپ تەشكىللەپ، ئېچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىلەن تەڭ قەدەمدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىدىن 50 نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 29، بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىمتىھان نەتىجىسى 491. مۇتلەق كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان چەت، يىراق نامرات رايوندىن كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتى 17، نامرات ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتى 8، ئىشتىن قالغان ئىشچىلارنىڭ پەرزەنتى 8، مۇقىم كەسپى يوق ئائىلىنىڭ پەرزەنتى 15.

ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى خەنزۇ تىلى بويىچە 50 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچى 27، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل، جۇاڭزۇ، رۇس قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئوتتۇرىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى 551.9.

شۈي چاڭجۇن

# ئىجتىمائىي تۇرمۇش

## ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئەھۋالى

### شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى سالماق قەدەم بىلەن ئاشتى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6939.68 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %13.11 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىچە مائاش كىرىمى 5722.5 يۈەنگە يېتىپ، %13.09 ئاشقان؛ تىجارەت خاراكتېرىدىكى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 238.45 يۈەن بولۇپ، %0.03 ئازايغان؛ مال - مۈلۈك خاراكتېرىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 57.41 يۈەنگە يېتىپ، %5.05؛ يۆتكىلىش خاراكتېرىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 1485.37 يۈەنگە يېتىپ، %19.09 ئاشقان.

پاڭ يەن

### شەھەرلەردىكى ئېنگېل كوئېففىتسېنتى ئازايدى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئېنگېل كوئېففىتسېنتى (يېمەكلىك چىقىمى بىلەن ئىستېمال ئومۇمىي چىقىمىنىڭ نىسبىتى) 0.34 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن بىر پىرسەنت پوئېنتى ئازايغان. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئېنگېل كوئېففىتسېنتى داۋاملىق تۆۋەنلىگەن، 1999 - يىلى 0.39، 2000 - يىلى 0.36، 2001 - يىلى 0.35، 2002 - يىلى 0.34 بولغان. خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئۆلچەم بويىچە ئۆلچىگەندە، ئېنگېل كوئېففىتسېنتىنىڭ تۆۋەنلىشى 0.4 لىك ئۆلچەمنى بۇزۇپ تاشلىغان، بۇ، بىر قەدەر پاراۋان بولغان تۇرمۇش باسقۇچىغا قەدەم قويۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئېنگېل كوئېففىتسېنتىنىڭ پەيدىنپەي تۆۋەنلىگەنلىكى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تېخىمۇ پاراۋان بولغان ھاللىق تۇرمۇشقا قاراپ قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ساۋ جىيائېن

### شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال چىقىمى كۆرۈنەرلىك ئاشتى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال چىقىمى كۆرۈنەرلىك ئاشقان، ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5638.96 يۈەنگە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن %11.4 ئاشقان. ئىستېمال چىقىمىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، يېمەكلىك چىقىمى يەنىلا ئاھالىلەر ئىستېمالىنىڭ مۇھىم تەرىپى بولۇپ، %34.1 نى ئىگىلىگەن، ئاندىن قالسا، مائارىپ، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، مۇلازىمەت تۈرلىرى %15.7 نى، كىيىم - كېچەك تۈرلىرى %13.9 نى، قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش %11.4 نى، تۇرالغۇ تۈرلىرى %8.7 نى، ئۆي جاھازلىرى، لازىمەتلىكلەر ۋە مۇلازىمەت تۈرلىرى %6.5 نى، تېببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش تۈرلىرى %6.2 نى، تۈرلۈك تاۋار ۋە مۇلازىمەت تۈرلىرى %3.5 نى ئىگىلىگەن.

ساۋ جىيائېن

### شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ يېمەك- ئىچمەك قۇرۇلمىسى ئۆزگەردى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېمەكلىك ئىستېمال چىقىمى 1923.57 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.2 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىچە ئاشلىق ئىستېمال چىقىمى 188.89 يۈەن بولۇپ، %8.2 ئازايغان؛ گۆش، تۇخۇم 516.42 يۈەنگە يېتىپ، %5.6 ئاشقان؛ كۆكتات 158.65 يۈەن بولۇپ، %3.5 ئازايغان؛ سۇ مەھسۇلاتلىرى 52.73 يۈەنگە يېتىپ، %16.7؛ سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى 88.44 يۈەنگە يېتىپ، %12.6؛ قەنت - گېزەك، تاماكا، ھاراق 142.11 يۈەنگە يېتىپ، %19.4؛ قۇرۇق - ھۆل مېۋە- چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز 183.94 يۈەنگە يېتىپ، %32.1 ئاشقان. شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك

قۇرۇلمىسى مۇۋاپىقلىشىشقا يۈزلەنگەن.

تەي جۇخەي

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سىرتتا غىزالىنىش ئىستېمالى ئاشتى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سىرتتا غىزالىنىش ئىستېمالى 377.27 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %23.5 ئاشقان.

تەي جۇخەي

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھاراق - پىۋا ئىستېمالى ئاشتى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ھاراق - پىۋا ئىستېمالى 13.5 كىلوگرامغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3.3 كىلوگرام ئاشقان، چىقىمى 150.03 يۈەنگە يېتىپ، %22.1 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئائىلە بويىچە ئوتتۇرىچە ئاق ھاراق ئىستېمالى 4.4 كىلوگرام، چىقىمى 101.63 يۈەن؛ مېۋە ھارىقى ئىستېمالى 1.7 كىلوگرام، چىقىمى 21.87 يۈەن؛ پىۋا ئىستېمالى 7.1 كىلوگرام، چىقىمى 25.18 يۈەن؛ باشقا ھاراق - شاراب ئىستېمالى 0.3 كىلوگرام، چىقىمى 1.35 يۈەن.

لى جىن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر ۋە سىرتقى كۆرۈنۈش چىقىمى ئاشتى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت زىبۇزىننەتلىرى ئىستېمالى 22.72 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %46.6، ئوتتۇرىچە گىرىم بۇيۇملىرى ئىستېمالى 61.42 يۈەنگە يېتىپ، %24، ئوتتۇرىچە پەرداز قىلىش خىراجىتى 12.7 يۈەنگە يېتىپ، %77.1 ئاشقان.

ساۋ شياۋفېڭ

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ چىقىمى ئاشتى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئىستېمالى 492.85 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.8 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، تۇرالغۇنى بېزەشكە قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 136.38 يۈەنگە يېتىپ، %48.84 ئاشقان.

ساۋ شياۋفېڭ

## تۇرالغۇ شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئىشلىتىدىغان تۇرۇبا سۈيى نىسبىتى 2001 - يىلدىكى %97.7 تىن %98.2 كە، پار ئارقىلىق ئىسسىتىش ئۈسكۈنىسى بار ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى %85.3 تىن %86.3 كە، تۇرۇبىلىق گازدىن پايدىلىنىۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى %8.8 تىن %10.5 كە، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىدىن پايدىلىنىۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى %78.3 تىن %82.5 كە، مۇقىم تېلېفون ئابونىتلىرىنىڭ نىسبىتى %76.4 تىن %91.9 كە ئۆرلىگەن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 ئائىلە شەھەر ئاھالىسى ئىچىدە، 5 ئائىلە كەڭ بەلۋاغ تورى ياكى نومۇر ئارقىلىق تورغا چىقىش ئۈسكۈنىسى قوللىنىپ، ئىنتېرنېت تورىدىن پايدىلىنىدىغان بولغان. تۇرالغۇ شارائىتى ياخشىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆي ۋە ماكانلىشىش مۇھىتىمۇ كۈنسېرى گۈزەللەشكەن. تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، %55 شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئائىلىسى ھازىر تۇرۇۋاتقان ئۆيىنى بېزىگەن.

ساۋ جياگيەن

## تۇرالغۇنى يۈرۈشلەشتۈرۈش نىسبىتى تېز سۈرئەتتە ئۆستى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، تۇرالغۇ ئىسلاھاتى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئۆيلەرنىڭ نىسبىتى %76.6 كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 10.1 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن. كونا پاسوندىكى بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر، ئادەتتىكى بىنا ئۆيلەر ۋە بىر ئېغىزلىق سېكسىيە شەكلىدىكى ئۆيلەرنىڭ نىسبىتى 2001 - يىلدىكى %20.4 تىن %18.3 كە ئازايغان، 2، 3، 4 ئېغىزلىق ۋە ئۇنچە تۇرالغۇلارنىڭ نىسبىتى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆسكەن.

ساۋ جياگيەن

## شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ قاتناش، ئالاقىلىشىش چىقىمى ئاشتى

شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش چىقىمى 644.03 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %33.3 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىچە قاتناش چىقىمى 302.6 يۈەنگە يېتىپ، %31.7، ئوتتۇرىچە ئالاقىلىشىش چىقىمى 341.43 يۈەنگە يېتىپ، %34.8 ئاشقان.

تەي جۇخەي

## يان تېلېفون تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى

شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىدىن ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن يان تېلېفون 53.58 گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %237.19 ئاشقان.

پاڭ يەن

## ئائىلىلەردىكى كومپيۇتېر خېلى تېز كۆپەيدى

شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلىدە پايدىلىنىدىغان كومپيۇتېر سېتىۋېلىشقا قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 47.85 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %27.4 ئاشقان. ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن كومپيۇتېر 14.55 كە يېتىپ، %45.94 ئاشقان.

پاڭ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، كۆڭۈل ئېچىش چىقىمى ئاشتى

شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ چىقىمى 882.57 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %31.5 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى 44.3 يۈەن بولۇپ، %15، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، مۇلازىمەت چىقىمى 142.92 يۈەن بولۇپ، %73.2، مائارىپ چىقىمى 95.32 يۈەن بولۇپ، %31.6 ئاشقان.

تەي جۇخەي

## چوڭلار مائارىپى خىراجىتى تېز كۆپەيدى

شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ چوڭلار مائارىپىنى قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىچە چىقىمى 66.47 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %31.1 ئاشقان.

ساۋ شياۋفېڭ

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تىببىي داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش ئىستېمالى ئاشتى

شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تىببىي داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش خىراجىتى 352 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.1 ئاشقان، بۇ، ئومۇمىي ئىستېمال چىقىمىنىڭ تەخمىنەن %6.2 ىنى ئىگىلىگەن.

لى جىن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تاماكا ئىستېمال چىقىمى ئاشتى

شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 860 ئائىلە شەھەر ئاھالىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تاماكا ئىستېمال چىقىمى 165 مىڭ 145.8 يۈەنگە يەتكەن، بۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئادەمگە 64.01 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %32.3 ئاشقان. ھەربىر ئائىلە شەھەر ئاھالىسىنىڭ تاماكا چېكىشكە سەرپ قىلغان پۇلى 192.03 يۈەن بولۇپ، ئاشلىق، كالا - قوي گۆشى، چوشقا گۆشى، قۇشلار، كۆكتات، ھۆل مېۋە، سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى ئىستېمال چىقىمىدىن قالسىلا، 8 - ئورۇندا تۇرغان، بۇ، ئاھالىلەر ئائىلىسىدە ساغلاملىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمىنىڭ 16.6 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

لى جىن

## ئاساسلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ سانى ئاشتى

شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىدىن ھەر 100 ئائىلىگە ئاساسلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ توغرا كېلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە بولغان: مىكرو دولقۇنلۇق

دوخوپكا 12.91 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %92.97؛ لازېر نۇرلۇق سىنقويغۇ 54.81 بولۇپ، %27.58؛ ھاۋا تەڭشىگۈچ 5.29 بولۇپ، %83.68؛ ساقلاملىق سايمانلىرى 3.73 يۈرۈش بولۇپ، %17.67؛ مونچا ئىسسىتقۇ 61.94 بولۇپ، %13.48؛ موتسىكلىت 11.77 بولۇپ، %17.16؛ سوغۇق ساقلاش ئىشكاپى 3.68 بولۇپ، %22.55؛ سىنئالغۇ، سىنقويغۇ 19.6 بولۇپ، %5.95؛ بىرىكمە ئاۋاز ياڭراتقۇ 18.16 يۈرۈش بولۇپ، %5.94؛ فوتو ئاپپارات 43.71 بولۇپ، %6.85؛ بوش تارتقۇ 80.56 بولۇپ، %8.14 ئاشقان.

پاڭ يەن

## توڭلاتقۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور، كىرئالغۇلار تويۇنۇشقا قاراپ يۈزلەندى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى توڭلاتقۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور، كىرئالغۇ سانى تويۇنۇشقا يۈزلەنگەن، شۇڭا ئىستېمالنىڭ ئېشىشى يۇقىرى بولمىغان. شەھەر ئاھالىلىرىدىن ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن رەڭلىك تېلېۋىزور 111.83 كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4.13؛ توڭلاتقۇ 87.49 غا يېتىپ، %3.58 ئاشقان؛ كىرئالغۇ 90.92 بولۇپ، %3.98 ئازايغان.

پاڭ يەن

## مائاش كىرىمىنىڭ شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمىدىكى سالمىقى چوڭراق بولدى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مائاش ۋە ياردەم پۇل شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلە كىرىمىدىكى ئاساسلىق مەنبە بولۇپ قالغان. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائاش كىرىمى 5722.5 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %13.09 ئاشقان، بۇ، ئاھالىلەر ئائىلىلىرى ئىلكىدىكى كىرىمنىڭ %82.46 نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرىچە مائاش ۋە ياردەم پۇل كىرىمى 5584.75 يۈەن بولۇپ، مائاش كىرىمىنىڭ %97.59 نى ئىگىلىگەن؛ باشقا ئەمگەكلەردىن قىلىنغان ئوتتۇرىچە كىرىم 137.75 يۈەن بولۇپ، مائاش كىرىمىنىڭ %2.41 ىنى ئىگىلىگەن.

پاڭ يەن

## شەھەرلەردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ كىرىمى خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش كىرىمى 1194.82 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 117.97 يۈەن، يەنى %11 ئاشقان، بۇ ئائىلىلەر ئىلكىدىكى كىرىمنىڭ %17.2 نى ئىگىلىگەن.

لى جىن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى كۆپ مەنبەلىشىشكە يۈزلەندى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلە ئومۇمىي كىرىمىدە پۇختا قەدەم بىلەن ئېشىش ھالىتى بارلىققا كەلگەن، كىرىم مەنبەسىدە كۆپ مەنبەلىشىش شەكىللەنگەن. شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى مائاش كىرىمىنىڭ سىرتىدا، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە نەپكە ئېرىشكەن: ئوتتۇرىچە ئۆسۈم كىرىمى 10.35 يۈەن، ئوتتۇرىچە پاي ئۆسۈمى ۋە پايدا كىرىمى 3.99 يۈەن، ئوتتۇرىچە ئۆي ئىجارىگە بېرىش كىرىمى 42.24 يۈەن، ئوتتۇرىچە ئىجتىمائىي ياردەم كىرىمى 50.41 يۈەن، ئوتتۇرىچە سۇغۇرتا كىرىمى 6.04 يۈەن، ئوتتۇرىچە بېقىش كىرىمى 51.2 يۈەن، ئوتتۇرىچە ھەدىيە كىرىمى 90.15 يۈەن، ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ جامائەت فوندى كىرىمى 17.04 يۈەن بولغان.

پاڭ يەن

## ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىرىم مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا تۇرىدۇ

مەملىكەت بويىچە 35 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2002 - يىلى مەملىكەت بويىچە 35 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسى 785.16 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %12.3 ئاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىم 674.35 يۈەنگە يېتىپ، %9.56 ئاشقان، بۇ، ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 110.81 يۈەن ئاز بولۇپ، 35 شەھەر ئىچىدە 17 - ئورۇندا

تۇرغان.

2002 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرى ئىلكىدىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىم جەھەتتە 1 - ئورۇندىن 5 - ئورۇنغىچە تۇرغان شەھەرلەر تۆۋەندىكىچە: شىنجىڭنىڭ 1826.19 يۈەن، گۇاڭجۇنىڭ 1113.42 يۈەن، شاڭخەينىڭ 1104.15 يۈەن، نىڭبونىڭ 1080.82 يۈەن، بېيجىڭنىڭ 1038.54 يۈەن. شەھەر ئاھالىلىرى ئىلكىدىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىم ئاخىرىدىن سانىغاندا 5 - ئورۇندىن 1 - ئورۇنغىچە تۇرىدىغان شەھەرلەر تۆۋەندىكىچە: كۆكخوتنىڭ 583.02 يۈەن، چاڭچۈننىڭ 580.28 يۈەن، يىنچۇەننىڭ 570.44 يۈەن، لەنجۇنىڭ 546.23 يۈەن، شىنىڭنىڭ 536.05 يۈەن. غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلەر ئىلكىدىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىم جەھەتتە رەتكە تۇرغۇزۇلۇشى تۆۋەندىكىچە: ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 674.35 يۈەن، شىئەن شەھىرىنىڭ 598.63 يۈەن، يىنچۈەن شەھىرىنىڭ 570.44 يۈەن، لەنجۇ شەھىرىنىڭ 546.23 يۈەن، شىنىڭ شەھىرىنىڭ 536.05 يۈەن.

پاڭ يەن

## بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇل يەنىلا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلە مالىيىسىنى باشقۇرۇشىدىكى بىرىنچى تاللىشى ھېسابلىنىدۇ

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئېشىندا پۇلنى بانكىغا ئامانەت قويۇش، پاي چېكى سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىش، سۇغۇرتىغا ئىشلىتىش قاتارلىق مەبلەغ سېلىش شەكىللىرىنى تاللاش ۋاقتىدا بانكىغا ئامانەت قويۇش يەنىلا بىرىنچى تاللاش ھېسابلانغان. 2002 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان ئوتتۇرىچە پۇل 1423.08 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 26.8% ئاشقان، بۇ، ھەرخىل مەبلەغ سېلىش چىقىملىرىنىڭ 88.5% نى ئىگىلىگەن. بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلدىن ئوتتۇرىچە ئېلىنغىنى 1328.51 يۈەن بولۇپ، 15.2% ئاشقان، بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇل يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 94.57 يۈەن ساپ ئاشقان.

ساۋ جياگيەن

## كىرىمدىن ئىستېمال شەھەر ئاھالىلىرى ئىستېمالىدىكى يورۇق نۇقتا بولۇپ قالدى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرى تۇرالغۇ ئۈچۈن ئالغان ئوتتۇرىچە قەرز پۇل 1.22 يۈەن، باشقا قەرز پۇللار 10.87 يۈەن بولغان، تۇرالغۇ ئۈچۈن ئېلىنغان قەرز پۇلدىن ئوتتۇرىچە قايتۇرۇلغىنى 200.28 يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 85.5% ئاشقان.

ساۋ جياگيەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت چىقىمى ئاشتى

شىنجاڭ شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىجتىمائىي كاپالەت چىقىمى 501.43 يۈەندىن توغرا كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ياشانغاندا كۈتۈنۈش فوندى 152.41 يۈەن، تۇرالغۇ فوندى 249.1 يۈەن، تېببىي داۋالاش فوندى 67.64 يۈەن، ئىشسىزلىق فوندى 30.27 يۈەن، باشقا ئىجتىمائىي كاپالەت چىقىمى 2.01 يۈەن.

ساۋ شياۋفېڭ

## يېزىلاردىكى ئۇل مۇئەسسەسەلەر يەنىمۇ ياخشىلاندى

شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىغا قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزىلاردا تۇرۇبا سۈيىدىن پايدىلىنىدىغان كەنت سانى 6402 گە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن 331 ى ئاشقان، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ 67.6% نى ئىگىلىگەن؛ ئاپتوموبىل قاتنىغان كەنت سانى 9205 كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 35 ى ئاشقان، بۇ، ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ 97.2% نى ئىگىلىگەن؛ تېلېفون ئۇلانغان كەنت سانى 6846 گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 288 ى ئاشقان، بۇ، ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ 72.3% نى ئىگىلىگەن.

ياڭ جياڭتاۋ

## دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى ئاشتى

شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 1550 دېھقان ئائىلىسىنى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1863 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 153 يۈەن، يەنى 8.9% ئاشقان. شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئومۇمىي كىرىمى 3239 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3.5% ئاشقان. بۇنىڭ

ئىچىدە، ماشا خاراكتېرلىك كىرىم 142 يۈەنگە يېتىپ، 7.8%؛ ئائىلە تىگىلىكى كىرىمى 3010 يۈەنگە يېتىپ، 2.5%؛ مال ـ مۈلۈك خاراكتېرىدىكى يۆتكىلىشچان كىرىم 87 يۈەنگە يېتىپ، 1% ئاشقان؛ ئوتتۇرىچە ئائىلە تىگىلىكى كىرىمى ئىچىدە، دېھقانچىلىق كىرىمى 2083 يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 1.2%؛ ئورمانچىلىق كىرىمى 39 يۈەنگە يېتىپ، 36.7%؛ چارۋىچىلىق كىرىمى 605 يۈەنگە يېتىپ، 15% ئاشقان.

جۇ شىجۈەن

## يېزىلاردىكى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ كۆپ مەنبەلىك ئاشتى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدا يېزىلاردىكى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ داۋاملىق مۇقىم ئاشتى، مەبلەغ سېلىش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

1. خۇسۇسىي ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ يۇقىرى قەدەم بىلەن ئاشتى. 2002 ـ يىلى خۇسۇسىي ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 33 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 231 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇ، يېزىلاردا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 61.46% نى ئىگىلىدى.

2. يېزىلاردىكى 3 خىل كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ مۇتلەق كۆپ سالماقنى ئىگىلىدى. مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، 1 ـ كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 649 مىليون يۈەن بولۇپ، مەبلەغ سېلىش سالمىقىنىڭ 40.37% نى، 2 ـ كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 787 مىليون يۈەن بولۇپ، 11.99% نى، 3 ـ كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 126 مىليون يۈەن بولۇپ، 47.64% نى ئىگىلىدى.

3. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يېزىلاردىكى تۇراقلىق مۈلۈككە مەدەت بېرىش سالمىقى ئاشتى، ھەرخىل بانكىلار، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى قاتارلىق ئورۇنلار بەرگەن قەرز پۇل 545 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 315 مىليون يۈەن ئاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزىلاردىكى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان بارلىق مەبلەغ ئىچىدە جايلار ئۆزلىرى تەييارلىغان مەبلەغ 4 مىليارد 730 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 1.35% ئاشتى، بۇ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 72.08% نى ئىگىلەيدۇ؛ دۆلەت سالغان مەبلەغ 939 مىليون يۈەن بولۇپ، 61.97% ئاشتى، بۇ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 14.31% نى ئىگىلەيدۇ.

گو ئەنىڭ

## دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسى ئازايدى

شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 1550 دېھقان ئائىلىسىنى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا سالغان ئوتتۇرىچە سېلىنمىسى 1285 يۈەن بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 3.2% ئازايغان.

ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسى ئىچىدە، ئائىلە ئىگىلىكى خىراجىتىگە قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 1122 يۈەن بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 4.1% ئازايغان؛ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك سېتىۋېلىشقا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 162 يۈەنگە يېتىپ، 3.1% ئاشقان.

ئائىلە ئىگىلىكىدىكى ھەرخىل خىراجەتلەرگە قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم تۆۋەندىكىچە: دېھقانچىلىق چىقىمى 781 يۈەن بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 6.7% ئازايغان؛ ئورمانچىلىق چىقىمى 5 يۈەنگە يېتىپ، 22.5%؛ چارۋىچىلىق چىقىمى 245 يۈەنگە يېتىپ، 13.5% ئاشقان.

جۇ شىجۈەن

## دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى ئاشتى

شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 1550 دېھقان ئائىلىسىنى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 ـ يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1412 يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 4.6% ئاشقان. ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى ئىچىدە، يېمەكلىك چىقىمى 691 يۈەنگە يېتىپ، 1.63%؛ كىيىم ـ كېچەك چىقىمى 128 يۈەنگە يېتىپ، 6.4%؛ تۇرالغۇ چىقىمى 220 يۈەنگە يېتىپ، 17.1%؛ ئۆي جاھازلىرى، لازىمەتلىكلەر ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 48 يۈەنگە يېتىپ، 0.4 يۈەن، يەنى 0.8%؛ تىببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش چىقىمى 100 يۈەنگە يېتىپ، 15.5%؛ قاتناش، ئالاقىلىشىش چىقىمى73 يۈەنگە يېتىپ، 12.1%؛ مەدەنىيەت، مائارىپ، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 106 يۈەنگە يېتىپ، 3.6% ئاشقان؛ باشقا تاۋارلار ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 46 يۈەن بولۇپ، 23.9% ئازايغان.

جۇ شىجۈەن

## يېزا ئاھالىلىرىنىڭ چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئىگە بولۇش مىقدارى ئاشتى

شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا،

2002 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ھەر 100 ئائىلە ئىگە بولغان كىرئالغۇ 23.9 غا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %8؛ توك شامالدۇرغۇچ 17.6 گە يېتىپ، %10.4؛ توڭلاتقۇ 13.1 گە يېتىپ، %16؛ موتوسىكلىت 23.3 گە يېتىپ، %14.7؛ رەڭلىك تېلېۋىزور 38.9 غا يېتىپ، %7.3؛ رادىئولۇق ئۈنئالغۇ 56.1 گە يېتىپ، %5.6 ئاشقان؛ ۋېلسىپىت 121.5 بولۇپ، %0.6 ئازايغان.

تۇڭ دېڭ

## دېھقانلارنىڭ داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش چىقىمى ئاشتى

شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە تىببىي داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش چىقىمى 100 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %15.4 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە تىببىي داۋالاش، سەھىيە، ساقلىق ساقلاش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 48 يۈەنگە يېتىپ، %31.1؛ تىببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش مۇلازىمىتىگە قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 42 يۈەنگە يېتىپ، %1.1؛ باشقا ئوتتۇرىچە چىقىملار 10 يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشقان.

ئالىم

## دېھقانلارنىڭ مائاش خاراكتېرلىك كىرىمى ئاشتى

شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1550 دېھقان ئائىلىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە مائاش خاراكتېرلىك كىرىمى 142 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 10 يۈەن، يەنى %7.7 ئاشقان.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ مائاش خاراكتېرلىك كىرىمىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، غەيرىي كارخانا تەشكىلاتلىرىدىن قىلغان كىرىمى 60 يۈەن بولۇپ، %6؛ شۇ جايدىكى كارخانىلاردىن قىلغان كىرىمى 7 يۈەن بولۇپ، %8.2 ئازايغان؛ دائىملىق نوپۇسلارنىڭ سىرتتا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ قىلغان كىرىمى 18 يۈەنگە يېتىپ، %148.4 ئاشقان. دائىملىق نوپۇسلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ قىلغان مائاش كىرىمىدە 3 - كەسىپتىن قىلغان كىرىم يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان.

ئالىم

## دېھقانلارنىڭ قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش چىقىمى ئاشتى

شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 1550 دېھقان ئائىلىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش جەھەتتە قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 73.1 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %12.2 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، قاتناش قوراللىرى جەھەتتە قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 20.3 يۈەنگە يېتىپ، %3.6؛ ئالاقىلىشىش قوراللىرى جەھەتتە قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 4.6 يۈەنگە يېتىپ، 4 ھەسسە؛ قاتناش خىراجىتىگە قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 25.5 يۈەنگە يېتىپ، %4.4؛ پوچتا - تېلېگراف خىراجىتىگە قىلىنغان چىقىم 14.2 يۈەنگە يېتىپ، %28.1 ئاشقان.

ئالىم

## دېھقانلارنىڭ يېمەكلىك ئىستېمال قۇرۇلمىسى سەرخىللىشىشقا يۈزلەندى

شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 1550 دېھقان ئائىلىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېمەكلىك ئىستېمال چىقىمى 691 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %1.7 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي ئوزۇقلۇق جەھەتتىكى ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 266 يۈەن بولۇپ، %2.6 ئازايغان؛ قوشۇمچە يېمەكلىك جەھەتتىكى ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 281 يۈەنگە يېتىپ، %2.8؛ باشقا يېمەكلىك جەھەتتىكى ئوتتۇرىچە چىقىم 87 يۈەنگە يېتىپ، %4؛ سىرتتا غىزالىنىش جەھەتتىكى ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 46 يۈەنگە يېتىپ، %24 ئاشقان.

يېمەكلىكنىڭ ئىستېمال قىلىنىش مىقدارىدىن قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئاق ئاشلىق ئىستېمالى 200 كىلوگرامغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.7؛ كۆكتات ئىستېمالى 88 كىلوگرامغا يېتىپ، %13.8، ياغ ئىستېمالى 10 كىلوگرامغا يېتىپ، %19.2؛ كالا، قوي گۆشى ئىستېمالى 10 كىلوگرامغا يېتىپ، %11؛ سۈت ئىستېمالى 4 كىلوگرامغا يېتىپ، %36 ئاشقان. بۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرىچە بېلىق، راك ئىستېمالى تۈرلۈك دەرىجىدە ئاشقان.

ئالىم

## دېھقانلارنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىن كىرگۈزگەن نەق پۇل كىرىمى كۆپىيىپ ئاشتى

شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا،

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىن كىرگۈزگەن ئوتتۇرىچە نەق پۇل كىرىمى 503 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %19.1 ئاشقان، بۇنىڭ ئائىلە ئىگىلىكى كىرىمىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 2001 - يىلدىكى %19.9 تىن %22.1 كە يەتكەن. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىش مىقدارىدىن قارىغاندا، سېتىلغان قوي 2001 - يىلدىكىدىن %20، چوشقا %100، تۇخۇم %9.8، يۇڭ %35.7، كالا، قوي سۈتى %39.8، كالا تېرىسى %4.4 ئاشقان.

ئالىم

## يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن يۆتكەلگەنلەرنىڭ سانى 2 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى

شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 30 ناھىيىنىڭ 310 كەنتىدىكى 1550 دېھقان ئائىلىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يۆتكەلگەن يېزا ئەمگەك كۈچى 500 مىڭغا يېتىپ، 2.1 ھەسسە ئاشقان.

يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرى يۆتكەلگەن رايونلاردىن قارىغاندا، يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرى يەنىلا ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە يۆتكىلىشنى ئاساس قىلغان. 2002 - يىلى مەركىزىي شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلەرگە يۆتكەلگەن ئەمگەك كۈچى 38 مىڭغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11 مىڭ ئادەم؛ ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرگە يۆتكەلگەن ئەمگەك كۈچى 22 مىڭغا يېتىپ، 6000 ئادەم؛ شىتاتلىق بازارلارغا يۆتكەلگەن ئەمگەك كۈچى 6000 غا يېتىپ، 3000 ئادەم؛ ناھىيىلەرگە ۋە ناھىيىلەر قارىمىقىدىكى يېزىلارغا يۆتكەلگەن ئەمگەك كۈچى 434 مىڭغا يېتىپ، 320 مىڭ ئادەم ئاشقان.

يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكەلگەن ساھەسىدىن قارىغاندا، 1 - كەسىپكە يۆتكەلگەنلەر %80.7 نى، 2 - كەسىپكە يۆتكەلگەنلەر %2.4 نى، 3 - كەسىپكە يۆتكەلگەنلەر %16.9 نى ئىگىلىگەن.

ليۇ خۇڭمىڭ

## ياغلىق دان زىرائىتى تېرىش ئۈنۈمى ئاشتى

شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ياغلىق دان زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 215 مىڭ گېكتار بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2600 گېكتار ئازايغان، ئېلىنغان ئومۇمىي مەھسۇلات 443 مىڭ 669 توننىغا يېتىپ، 17 مىڭ 311 توننا ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە، خاسىڭ 8762 توننا، قىچا 128 مىڭ 988 توننا، كۈنجۈت 310 توننا، زىغىر 36 مىڭ 949 توننا، ئاپتاپپەرەس 232 مىڭ 639 توننا. ئېلىنغان بىرلىك مەھسۇلاتنى 2001 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، خاسىڭ %6.02 ئازايغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قىچا %10.08، كۈنجۈت %35.52، زىغىر %7.11، ئاپتاپپەرەس %3.08 ئاشقان.

ئىمپورت قىلىنغان سېرىق پۇرچاق خام ئەشياسى باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قىچا تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ جىددىي ئازىيىپ كەتكەنلىكىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، 2002 - يىلى مەملىكەت ئىچىدە ياغ باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلەپ كەتتى، شىنجاڭدىمۇ ياغ باھاسى بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا، بىر كىلوگرامى 6 يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە، ياغلىق داننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بىر كىلوگرامىنىڭ 1.85 يۈەندىن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ياغلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ بىر كىلوگرامى 1.85 يۈەندىن 2.5 يۈەنگىچە بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 0.1 يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى، مۇشۇ بىر تۈردىنلا شىنجاڭدىكى دېھقانلارنى كىرىمىنى ئاز دېگەندە 23 مىليون 264 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

ياڭ جياڭتاۋ

## يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئاز كەم %90 ى 1 - كەسىپكە مەركەزلەشتى

شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى كەسىپكار 3 مىليون 734 مىڭ 100 گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 3 مىليون 259 مىڭ 900 بولۇپ، ئومۇمىي كەسىپكارنىڭ %87.3 نى؛ 2 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 158 مىڭ 700 بولۇپ، %4.25 نى؛ 3 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 315 مىڭ 500 بولۇپ، %8.45 نى ئىگىلىگەن.

1 - كەسىپتىكى كەسىپكارلار ئىچىدىكى 2 مىليون 880 مىڭ ئادەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، بۇلار 1 - كەسىپتىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ %88.35 نى ئىگىلىگەن؛ 330 مىڭ ئادەم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، بۇلار %10.12 نى ئىگىلىگەن. 2 - كەسىپتىكى كەسىپكارلار ئىچىدە، 94 مىڭ 500 ئادەم سانائەت بىلەن شۇغۇللانغان، بۇلار

قەيرى يېزا ئىگىلىك كەسىپىدىكى كەسىپكارلار ئومۇمىي سانىنىڭ %19.93 نى ئىگىلىگەن؛ 64 مىڭ 200 ئادەم بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللانغان، بۇلار %13.54 نى ئىگىلىگەن.

ياڭ جياڭتاۋ

## يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەلۇماتى ئۆستى

شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 30 ناھىيە (شەھەر) نى ئاربلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدا يېزىلاردىكى ھەر 100 ئەمگەك كۈچى ئىچىدە ساۋاتسىزلارنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 1990 - يىلدىكى 25.16 ئادەمدىن 7.08 ئادەمگە چۈشكەن، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەرنىڭ سانى 43.43 ئادەمدىن 44.39 ئادەمگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەرنىڭ سانى 24.58 ئادەمدىن 39.4 ئادەمگە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەرنىڭ سانى (ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 6.83 ئادەمدىن 9.13 ئادەمگە يەتكەن. يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆسكەن.

گۈلباھار

## دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇغا سالغان سېلىنمىسى ئاشتى

شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 1550 دېھقان ئائىلىسىنى ئاربلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇغا قىلغان ئوتتۇرىچە نەق پۇل چىقىمى 126 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %44.4؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 18.6 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %2.3 ئاشقان.

تۇرالغۇ چىقىمىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىشقا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 80 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %49.5؛ تۇرالغۇنى ياسىتىش، رېمونتلاشقا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 16 يۈەنگە يېتىپ، %49.4 ئاشقان. تۇرالغۇ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يېڭى ئۆي كۆلىمى 0.73 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %284.2؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان خىش - كاھىش بىلەن سېلىنغان بېتون قەۋەتلىك ئۆي كۆلىمى 4.19 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %5.3 ئاشقان؛ باشقا ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى %1.2 ئازايغان.

ئالىم

## يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم پەرقىدىكى ئۆزگىرىش مۇقىملىشىشقا يۈزلەندى

شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاربلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم پەرقى ئۇدا كۆپ يىل چوڭايغان ئەھۋالدىن كېيىن، مۇقىملىشىش ھالىتى بارلىققا كەلگەن. گىنىي كوئېففىتسېنتى 0.3746 گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %0.7 ئاشقان، ئۆزگىرىش ئانچە چوڭ بولمىغان. بۇ ھال يېزا ئاھالىلىرى كىرىم پەرقىنىڭ بىرقەدەر مۇۋاپىق دائىرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يى بىن

## دېھقانلارنىڭ باج، خىراجەت يۈكى ئازايدى

شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاربلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلار تاپشۇرغان ئوتتۇرىچە باج، خىراجەت 110.69 يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.07 ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە، تاپشۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش بېجى 37.86 يۈەن بولۇپ، %2.12؛ تاپشۇرۇلغان باشقا بىۋاسىتە باجلار 0.02 يۈەن بولۇپ، %33.3؛ كەنتكە تاپشۇرۇلغان قالدۇرۇق ۋە يېزىغا تاپشۇرۇلغان بىر تۇتاش ھەمەلەش خىراجىتى 57.91 يۈەن بولۇپ، %6.3؛ باشقا خىراجەتلەر 14.91 يۈەن بولۇپ، %13.96 ئازايغان.

گۈلباھار

## يېزىلاردا تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەھلىل

شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاربلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلاردا تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى ئاساسەن تۆۋەندىكىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان:

1. مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى، ئاساسەن، ئۆي - ئىمارەت ۋە ئۈسكۈنىلەرگە مەبلەغ سېلىشقا مەركەزلەشكەن. 2002 - يىلى يېزىلاردىكى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە ئۆي - ئىمارەتكە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 15 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %30.71 نى ئىگىلەپ، 2001 - يىلدىكىدىن %16.6 ئازايغان؛ ئۈسكۈنىلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 27 مىليون يۈەن بولۇپ، %30.89 نى ئىگىلەپ، %14.54 ئاشقان.

2. يول، كۆۋرۈك، سۇچىلىق ۋە باشقا ئىشلارغا مەبلەغ

سېلىش سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك ئاشقان. يېزىلاردا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە، يولغا سېلىنغان مەبلەغ 336 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %27.39؛ كۆۋرۈككە سېلىنغان مەبلەغ 17 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %153.2؛ سۇچىلىققا سېلىنغان مەبلەغ 634 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %180.5؛ باشقا ئىشلارغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 533 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.79 ئاشقان.

چېن شياۋرۇڭ

## 22 كارخانا گۇرۇھىنىڭ مۈلكى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشتى

ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنى تېز قوغلاپ كۆزىتىپ تەكشۈرۈش داۋامىدىكى ئەڭ يېڭى ستاتىستىكا تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى 72 كارخانا گۇرۇھى ئىچىدە، مۈلكى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشقان كارخانا گۇرۇھى 1998 - يىلدىكى 6 دىن 22 گە كۆپەيگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 20 كارخانا گۇرۇھى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا جايلاشقان، بۇلار، ئاساسەن، ئۈرۈمچى، سانجىدىن ئىبارەت 2 جايغا مەركەزلەشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا گۇرۇھى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانا گۇرۇھى 13، يۇقىراۋى كارخانا گۇرۇھى 9. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 22 كارخانا گۇرۇھى سان جەھەتتە كارخانا گۇرۇھلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ ئاران %30 نى ئىگىلىگەن، ئەمما، بۇلارنىڭ ئىلكىدىكى مۈلكى 77 مىليارد 917 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %21.2 ئاشقان، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گۇرۇھلار مۈلكى ئومۇمىي سانىنىڭ %83 نى ئىگىلىگەن؛ تىجارەت كىرىمى 39 مىليارد 860 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14 ئاشقان، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گۇرۇھلار تىجارەت كىرىمىنىڭ %83 نى ئىگىلىگەن؛ ئېلىنغان پايدا 1 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %83 ئاشقان، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گۇرۇھلار ئالغان پايدىنىڭ %97 نى ئىگىلىگەن. 22 چوڭ كارخانا گۇرۇھىنىڭ ئوتتۇرىچە مۈلكى 3 مىليارد 540 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گۇرۇھلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 2.72 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن؛ ئوتتۇرىچە تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 800 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گۇرۇھلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 2.7 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن؛ ئېلىنغان ئوتتۇرىچە پايدا 82 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گۇرۇھلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 3.1 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن.

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانا گۇرۇھلىرى ئىچىدە، مۈلكى ۋە يىللىق تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن كارخانا 2001 - يىلدىكى 8 دىن 11 گە يەتكەن.

خۇاڭ لىڭدى

## كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

شىنجاڭ كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 700 دىن ئارتۇق كارخانىنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2002 - يىلى ئىچكى - تاشقى شارائىتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىلىپ، ئىگىلىك قۇرۇلمىسى پائال تەڭشىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئىزچىل مۇقىم راۋاجلىنىشى ساقلاپ قېلىنغانلىقتىن، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالى جەھەتتە 2001 - يىلى باشتىلا نەتىجە يارىتىش ئاساسىدا، بىرقەدەر ياخشى ھالەت داۋاملىق ساقلاپ قېلىنغان.

كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچى مۇقىملاشقان. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىچىلار ماكرولۇق ئىگىلىك شارائىتى ھەققىدە، ياخشى تەسىراتقا ئىگە بولغاچقا، كارخانىنىڭ تەرەققىيات تاكتىكىسىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان ۋەزىيەتتە مۇقىم روھىي ھالىتىنى ئىپادىلىگەن. كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ جەھەتتە بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىنى ساقلىشى يىل بويى 108.6 دىن 115.1 گىچە ئارىلىقتا بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە سودا، تاشقى سودا، يېمەك - ئىچمەك كەسپىدىكى كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن.

كارخانىلارنىڭ گۈللىنىشى ئەڭ ياخشى سەۋىيىگە يېقىنلاشقان. ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاۋات مەزگىلگە قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ گۈللىنىشى كۆرۈنەرلىك ھالدا قايتا ئۆرلىگەن، مۇشۇ بىر يىلدا 1 - پەسىلدە كاساتلىشىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ سىرتىدا، 2 - پەسىلدىن 4 - پەسىلگىچە بولغان ئارىلىقتا 2001 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكى سەۋىيىگە يېقىنلىشىپ، 111.7 دىن 116.1 گىچە بولغان بىرقەدەر يۇقىرى گۈللىنىش سەۋىيىسى ساقلاپ قېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - پەسىلدە 0.3 نۇقتىلىق ئاجىز پەرق بىلەن 116.3 لىك تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيىگە يېقىنلاشقان. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە: 1. چوڭ كارخانىلارنىڭ ئەۋزەللىكى روشەن ئىپادىلەنگەن. پەۋقۇلئاددە چوڭ كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 144 تىن 164 كىچە يەتكەن، كىچىك كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى بولسا،

93 تىن 106 گىچە بولغان. 2. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارنىڭ ئەۋزەللىكى روشەن ئىپادىلەنگەن. گۈللىنىش سەۋىيىسى جەھەتتە 1 - دىن 3 - گىچە بولغان كارخانىلارنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق بولغان: پاي چەكلىك شىركىتى (150 تىن 167.4 گىچە)، پاي ھەمكارلىق شىركىتى (125 تىن 137.5 گىچە) ۋە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (102.3 تىن 123 گىچە). دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ۋە كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 83.3 تىن 115.2 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى كارخانىلارنىڭكىدىن روشەن تۆۋەن بولغان. 3. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، پايدا، ئېشىپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. 3 خىل گۈللىنىش ئىندېكسى كۆرۈنەرلىك ئۆرلىگەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە گۈللىنىش ئىندېكسى 131.3، پايدا جەھەتتە گۈللىنىش ئىندېكسى 113.2، ئېشىپ ئىشلىتىش جەھەتتە گۈللىنىش ئىندېكسى 99.6 دىن ئىبارەت تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيىگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە گۈللىنىش يۇقىرى ئۆرلىگەن، پايدا جەھەتتە گۈللىنىش بويىچە قايتىدىن يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان، ئېشىپ ئىشلىتىش جەھەتتە گۈللىنىش سەۋىيىسى 100 نۇقتىلىق گۈللىنىش كرىتىك قىممىتىگە يېقىنلاشقان.

ۋاڭ شۈەن

## سانائەتنىڭ گۈللىنىشىدە بىرقەدەر ياخشى سەۋىيە ساقلاپ قېلىندى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى يىل بويى 103.9 دىن 118.9 غىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرۇپ كەلدى، سەل تۆۋەنلەش كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بىرقەدەر ياخشى سەۋىيە ساقلاپ قېلىندى. 1 - پەسىلدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى 18.2 نۇقتا چەندىي تۆۋەنلەپ كەتتى، 2 - پەسىلدە قايتىدىن 118.9 غا يېتىپ، مۇشۇ يىلدىكى ئەڭ يۇقىرى نۇقتا بولۇپ قالدى، ئەمما، 2001 - يىلدىكى 121.39 دىن ئىبارەت تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن بۆسۈپ ئۆتەلمىدى. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 2 پەسىلدە 127 دىن يۇقىرى بولدى ھەمدە 130.8 بىلەن تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى؛ كارخانىلارنىڭ ئېشىپ ئىشلىتىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 2001 - يىلدىكى 9 دىن 17.8 گىچە بولغان سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى ھەمدە 95.5 بىلەن تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى.

33 ساھە ئىچىدە 16 ساھە يىل بويى ياكى 3 پەسىلدە گۈللىنىش سەۋىيىسى (100 دىن يۇقىرى) گە يەتتى، بۇ ساھەلەر تەكشۈرۈلگەن بارلىق كارخانىلارنىڭ 48.5% نى ئىگىلىدى؛ 9 ساھە يىل بويى ياكى 3 پەسىلدە كاساتچىلىق سەۋىيىسى (100 دىن تۆۋەن) دە تۇرۇپ كەلدى، بۇ، تەكشۈرۈلگەن كارخانىلارنىڭ 27.3% نى ئىگىلىدى. كارخانىنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى يۇقىرىراق بولغان 10 ساھە تۆۋەندىكىچە: نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئۆزلەشتۈرۈش - ئېلىش ساھەسى (164.6 دىن 186.4 گىچە)، قارا مېتال تاۋلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەسى (125 تىن 166.7 گىچە)، ئۆي جاھازلىرى ئىشلەش ساھەسى (120 دىن 180 گىچە)، رەڭلىك مېتال تاۋلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەسى (100 دىن 180 گىچە)، كۆمۈر قېزىش - تاللاش ساھەسى (82.7 دىن 160 قىچە)، قەغەز ياساش ۋە قەغەز ياسالمىلىرى ساھەسى (84.3 تىن 149.2 گىچە)، غەيرىي مېتال، مىنېرال ياسالمىلىرى ساھەسى (102.4 تىن 137.6 گىچە)، يېمەكلىك ئىشلەش ساھەسى (116.7 دىن 129.7 گىچە)، ئىچىملىك ئىشلەش ساھەسى (105.4 تىن 128.9 غىچە)، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، پار - ئىسسىق سۇ ئىشلەپچىقىرىش - تەمىنلەش ساھەسى (103.1 دىن 123.8 گىچە). گۈللىنىش سەۋىيىسى ھەممىدىن تۆۋەن بولغان ساھە توقۇمىچىلىق ساھەسى (43.9 دىن 82.6 گىچە)، كاۋچۇك ياسالمىلىرى ساھەسى، باشقا ياسىمىچىلىق ساھەلىرى، گاز ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش ساھەسى (ھەممىسى 0 دىن 100 گىچە).

ۋاڭ شۈەن

## بىناكارلىق ساھەسىدىكى گۈللىنىش يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى

2002 - يىلى شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق ساھەسىدە 2001 - يىلدىكى بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. 2 - پەسىل كىرگەندىن كېيىن، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش كۈچى ئېشىپ، گۈللىنىش سەۋىيىسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 2 - پەسىلدە گۈللىنىش ئىندېكسى بىردىنلا 45.1 نۇقتا ئۆرلەپ، 117.6 گە يەتتى، بۇ، 5 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى سەۋىيە بولدى؛ 3 - پەسىلدە گۈللىنىش ئىندېكسى داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ، 121.6 گە يېتىپ، يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. شۇ يىلى گۈللىنىش ئىندېكسى 72.5 تىن 121.6 گە يەتتى، 1 - پەسىلدىكىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 3 پەسىلدە روشەن ھالدا ئۆسۈپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11 نۇقتىدىن 13.4 نۇقتىغىچە يۇقىرى بولدى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 2001 - يىلدىكىدىن 15.1% ئاشتى. كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچى مۇقىملاشتى،

كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى ئەسىرگە ئۇچرىمىدى، شۇ يىلى 4 پەسلىدە بىردەك گۈللىنىش ھالىتىگە يەتتى (100.7 دىن 108.5 كىچە). 6 خىل ئاساسلىق گۈللىنىش كۆرسەتكۈچىنىڭ 5 ى 2001 - يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ پايدىسى، كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسىنىڭ ئۆسۈشى كۆرۈنەرلىك بولدى، پايدا جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 14.6 نۇقتىدىن 25.3 نۇقتىغىچە، ئىشچى ئىشلىتىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 7.3 نۇقتىدىن 25.2 نۇقتىغىچە ئۆستى. كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى قۇرۇلۇشنىڭ ئاۋات مەزگىلىدە 120.9 دىن 140.6 كىچە بولغان يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. كارخانىلاردا قەرز پۇلنى ئارقىغا سوزۇش جەھەتتىكى گۈللىنىش ھالىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى، شۇ يىلى 3 پەسلىدە 2001 - يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - پەسلىدە 106 گە يەتتى.

ۋاڭ شۇەن

## ئۈچ - زېمىن كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى تۆۋەنلىدى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ئۈچ - زېمىن كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا، 100 نۇقتىلىق گۈللىنىش كرىتىك قىممىتىگە يېقىنلىشىپ (102.3)، 2001 - يىلدىكىدىن 9.9 نۇقتىدىن 38.5 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى. 1 - پەسلىنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 102.3، 2 - پەسلىنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 107.7، 3 - پەسلىنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 112.6، 4- پەسلىنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 108.1 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، 1 - پەسلىدىن 4 - پەسلىگىچە 2001 - يىلدىكىدىن 9.8 نۇقتىدىن 43.8 نۇقتىغىچە تۆۋەن بولدى. يېڭىدىن قۇرۇلۇش باشلانغان يەر كۆلىمى، ئاۋار ئۆيلەرنىڭ ئالدىن سېتىلىش كۆلىمى، ئاۋار ئۆيلەرنىڭ سېتىلىش باھاسىدىن ئىبارەت 3 تۈردىكى گۈللىنىش ئىندېكسى يىل بويى كاساتلىشىش ئارىلىقىدا بولدى. پايدا جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 1 - پەسلىدە 69.2، 2 - پەسلىدە 72.9، 3 - پەسلىدە 94.6، 4 - پەسلىدە 99.5 بولدى، كاساتلىشىش ئارىلىقىدا تۇرغان بولسىمۇ، پەسىلمۇ پەسىل يۇقىرى ئۆرلىدى. پۈتكەن ئۆي كۆلىمى جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 1 - پەسلىدە 76.44، 2 - پەسلىدە 73.87، 3 - پەسلىدە 102.56، 4 - پەسلىدە 121.62 بولدى.

كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، 1 - پەسلىدە 120.51، 2 - پەسلىدە 92.07، 3 - پەسلىدە 112.34، 4 - پەسلىدە 107.6 بولدى، ئاساسەن گۈللىنىش ئارىلىقىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما، 2001 - يىلدىكىدىن 9.8 نۇقتىدىن 50.9 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى.

ياڭ لىيى

## ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ساھەسىدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى تۆۋەنلىدى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ساھەسىنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى 1 -، 4 - پەسىللەردە تۆۋەن، 2 -، 3 - پەسىللەردە يۇقىرى بولدى. شۇ يىلى ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ساھەسىدە كاساتچىلىق مەزگىلىدە تېخىمۇ كاسات بولۇش، ئاۋات مەزگىلدە ئاۋاتلاشمىسلىقتەك ئالاھىدىلىك شەكىللىنىپ، كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى يېقىنقى 3 يىل ئىچىدە ھەممىدىن تۆۋەن بولدى. جامائەت مۇئەسسەسىلىرى مۇلازىمەت ساھەسى، ساياھەتچىلىك ساھەسى، مېھمانساراي ساھەسى قاتارلىق ئاساسلىق ساھەلەردىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى تۆۋەنلىگەنلىكنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئەھۋالى بىرقەدەر تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇپ كەلدى. يىللىق گۈللىنىش ئىندېكسى 65.5 تىن 111.1 كىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 0.1 نۇقتىدىن 23.6 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى. كارخانىچىلارنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ، 2001 - يىلدىكىدىن 17.9 نۇقتىدىن 23.7 نۇقتىغىچە تۆۋەن بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئىشەنچ ئىندېكسى يىل بويى 82.3 تىن 100.3 كىچە بولغان كاساتلىشىش ئارىلىقىدا ئايلىنىپ يۈردى.

ساھەلەر بويىچە قارىغاندا، تەكشۈرۈلگەن 5 چوڭ ساھەنىڭ ھەممىسى ئايلىنىپ يۈرۈش ياكى تۆۋەنلەش ھالىتىدە تۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت مۇئەسسەسىلىرى مۇلازىمەت ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئەھۋالى 2001 - يىلى 166.7 لىك بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن، 2002 - يىلى تۆۋەنلەپ 81.6 دىن 118.2 كىچە بولغان ئارىلىقتا تەۋرىنىشلىگەن. مېھمانساراي ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 53.6 دىن 121.4 كىچە، ساياھەتچىلىك ساھەسىدىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 100 دىن 116.7 كىچە بولغان ئارىلىقتا بولغان، ئاھالىلەر مۇلازىمەت ساھەسى ۋە ئۇچۇر، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت ساھەسىدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى كاساتچىلىق ئارىلىقى بىلەن 100 لىك كرىتىك نۇقتا ئارىلىقىدا ئايلىنىپ يۈرگەن.

كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 6 تۈرلۈك گۈللىنىش كۆرسەتكۈچىدە بىردە ئەڭ

بولۇش، 5 تە تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 76.9 دىن 115.1 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ كەسىپ مەسئۇلدارى جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 65.4 تىن 128.8 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2 نۇقتىدىن 18 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى؛ ئېلىنغان پايدا جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 53.4 تىن 103.6 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 5.2 نۇقتىدىن 29.6 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى؛ كۆچمە مەبلەغ جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 56.3 تىن 61.1 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 9 نۇقتىدىن 19 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى؛ كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 54.3 تىن 111.4 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 1.8 نۇقتىدىن 15.1 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى؛ تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 107.3 تىن 116 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، بىر نۇقتىدىن 17.2 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى.

ۋاڭ شۈەن

## ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف ساھەسىدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى تەخشەش باسقۇچىغا قەدەم قويدى

شىنجاڭنىڭ ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف ساھەسىدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى 2001 - يىلى 4 - پەسىلدىن ئارتىپ ئۇدا 3 پەسىل تۆۋەنلىدى، 2002 - يىل 2 - پەسىلدە تۆۋەنلەپ 100 نۇقتىلىق گۈللىنىش ئىندېكسى كرىتىك قىممىتىدىن يۇسۇپ ئۆتۈپ، 97.6 گە چۈشتى، 3 - پەسىلدىن ئارتىپ جىددىي ئەسلىگە قايتىپ، 14.5 نۇقتا ئۆسۈپ، 112.1 گە يەتتى، 4 - پەسىلدە يۇقىرى ئۆرلەش يۈزلىنىشىنى داۋاملىق ساقلاپ، 112.7 گە يەتتى، بۇ، مۇشۇ يىلدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە بولۇپ قالدى. كارخانىلارنىڭ گۈللىنىش ئىندېكسى 4 پەسىلدە 97.7 دىن 112.7 گىچە بولغان ئارىلىقتا تۇردى، ئەمما 2001 - يىلدىكىدىن 7.2 نۇقتىدىن 9 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب تۆمۈريول ترانسپورتى، ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى ۋە پوچتا - تېلېگراف، ئالاقىلىشىشتىن ئىبارەت 3 چوڭ ساھەنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەنلىكى بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىز 2002 - يىلى ئۆل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى بەرپا قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچ ئىندېكسى 1 - پەسىلدە 112.1، 2 - پەسىلدە 107.2، 3 - پەسىلدە 115، 4 - پەسىلدە 117.1 بولدى.

ساھەلەر بويىچە قارىغاندا، 6 چوڭ ساھەنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسى بىردە تەڭلەشتى، 2 دە ئۆرلىدى، 3 تە تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تاشيول ترانسپورتى جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 93.4 تىن 100.4 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7.4 نۇقتىدىن 20.8 نۇقتىغىچە ئۆستى؛ تۇرۇبا ترانسپورتى جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 4 پەسىلدە بىردەك 150 بولۇپ، ئۆل نۇقتىدىن 50 نۇقتىغىچە ئۆستى؛ تۆمۈريول ترانسپورتى جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 93.2 دىن 142.8 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 7.6 نۇقتىدىن 49.9 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى؛ ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 2001 - يىلىنىڭ 3 پەسىلدە 200 گە يېتىشتىن بىر پەسىلدە 200 گە يېتىشكە چۈشۈپ قالدى؛ پوچتا - تېلېگراف، ئالاقىلىشىش جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 100.1 دىن 135.2 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 6.7 نۇقتىدىن 38.6 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى.

كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 6 تۈردىكى ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەر بىردە تەڭلەشتى، 2 دە ئۆستى، 3 تە تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 104.8 دىن 139.3 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.6 نۇقتىدىن 10.1 نۇقتىغىچە ئۆستى؛ كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىشى جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 76 دىن 86 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، بىر نۇقتىدىن 22 نۇقتىغىچە ئۆستى؛ ئېلىنغان پايدا جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 85.9 دىن 111.4 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 3.5 نۇقتىدىن 21.3 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى؛ كۆچمە مەبلەغ جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 37.7 دىن 46.8 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 3.3 نۇقتىدىن 16.7 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى؛ تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ جەمئىيەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 95.3 تىن 121.9 غىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 2.8 نۇقتىدىن 9.5 نۇقتىغىچە تۆۋەنلىدى.

ۋاڭ شۈەن، ليۇ شۈيىڭ

## سودا، تاشقى سودا ئوبوروتى ھەم يېمەك - ئىچمەك ساھەسىدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستى

2002 - يىلى شىنجاڭدا «دەم ئېلىش كۈنى ئىستېمالى» ئېففېكتى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتى قىزغىنلىقى ۋە «كۆزگە زىمە قىلىش ئىگىلىكى» نىڭ ئىلگىرى سۈرۈش رولى ئارقىسىدا، كارخانىچىلارنىڭ

ئىشەنچى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، يەنى، 2001 - يىلدىكىدىن 3.3 نۇقتىدىن 27.5 نۇقتىغىچە يۇقىرى بولۇپ، ھەر يىلنىڭ 4 پەسلىدە ھەردەك گۈللىنىش سەۋىيىسىگە يەتكەن ياخشى ھالەت (103.9 دىن 114.1 كىچە) تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلدى. سودا ۋە تاشقى سودا ئوبوروتى ھەم يېمەك - ئىچمەك ساھەسىدىكى گۈللىنىش سەۋىيىسى جەھەتتە 2001 - يىلى نۆل نۇقتىدىن بۆسۈپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، داۋاملىق پۇختا قەدەم بىلەن يۈكسىلىش بارلىققا كېلىپ، يىل بويى گۈللىنىش سەۋىيىسى (100 دىن يۇقىرى) دە تۇرۇشتەك ئەڭ ياخشى ھالەتكە يېتىلدى، 1 - پەسلىدە گۈللىنىش ئىندېكسى 103.8، 2 - پەسلىدە 106.7، 3 - پەسلىدە 109.4، 4 - پەسلىدە 112 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.8 نۇقتىدىن 15.7 نۇقتىغىچە ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 - پەسلىدە تارىختا ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى.

ساھەلەر بويىچە قارىغاندا، يېمەك - ئىچمەك ساھەسىدە تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىش ھالىتى ساقلاپ قېلىنىپ، گۈللىنىش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى، يىل بويى 111.1 دىن 166.7 كىچە بولغان ئارىلىقتىكى سەۋىيىگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 9.5 نۇقتىدىن 65.7 نۇقتىغىچە ئۆسۈپ، گۈللىنىش ئىندېكسىنىڭ ئۆسۈشى ئەڭ تېز بولغان ساھەگە ئايلاندى. پارچە سېتىشتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 111.9 دىن 122.6 كىچە بولغان ئارىلىقتىكى سەۋىيىگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3.5 نۇقتىدىن 24.5 نۇقتىغىچە ئۆستى؛ يېمەكلىك، ئىچىملىك، تاماكا قاتارلىقلارنى توپ سېتىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 99.4 تىن 115.5 كىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7 نۇقتىدىن 17.9 نۇقتىغىچە ئۆستى؛ باشقا توپ سېتىش ساھەلىرىنىڭ 87 دىن 104.3 كىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.7 نۇقتىدىن 14.7 نۇقتىغىچە ئۆستى.

كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 6 تۈردىن 4 ى ئۆستى. تاۋارلارنى سېتىش ئىندېكسى جەھەتتە يىل بويى گۈللىنىش سەۋىيىسى 101.6 دىن 111.7 گىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.4 نۇقتىدىن 17.1 نۇقتىغىچە ئۆستى؛ كۆچمە مەبلەغ جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 2001 - يىلدىكىدىن 5.3 نۇقتىدىن 12.5 نۇقتىغىچە يۇقىرى بولدى؛ كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 2001 - يىلدىكىدىن 3.5 نۇقتىدىن 9.9 نۇقتىغىچە يۇقىرى بولدى؛ كارخانىلارنىڭ ئۇزاقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى گۈللىنىش ئىندېكسى 2001 - يىلدىكىدىن 1.1 نۇقتىدىن 3.5 نۇقتىغىچە يۇقىرى بولدى.

ۋاڭ شۈەن

# ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش

## ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى

1. ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى داۋاملاشقان، قېلىپلاشقان، ئىجتىمائىيلاشقان تەرەققىيات ئىزىغا چۈشتى. 2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. باھار بايرىمى، «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئۆمەككە يېتەكچىلىك قىلىپ زىيارەتكە بېرىپ، قىسىملاردىن ھال سورىدى. جايلار ۋە قىسىملار ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىش كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ تۇتتى. يىلنىڭ بېشىدا پىلان بولۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش، يىل ئاخىرىدا تەكشۈرۈش، خۇلاسىلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ھەربىي ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى، دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى ۋە زاپاس ئەسكەرلەر قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىندى. يىل بېشىدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى «تىيانشان» رايونىنىڭ «بەخت» كوچىسى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى 103 ئىلغار ئورۇن ۋە جۇ شۈەن قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى 104 نەمۇنىچى شەخسنى تەقدىرلىدى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار تەجرىبىسى يەكۈنلەندى ۋە كېڭەيتىلدى؛ 12 - ئايدا ئاقسۇدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئىش ئورنى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاساسىي قاتلام ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئىشخانىلار ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى. مەركەز دەرىجىلىك ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى تىپىك تەجرىبىلىرىنى تەشۋىق قىلدى ۋە خەۋەر قىلدى. بارلىق ناھىيە، شەھەر، رايونلاردا ۋە يېزا - بازار، كوچا، مەھەللىلەردە ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئورگان، قىسىم،

كارخانىلار ۋە مائارىپ، پۇل مۇئامىلە، سەھىيە قاتارلىق تارماقلاردا بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى تەشكىلىي ئاپپاراتى بارلىققا كەلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 490 تەپچە ئورۇندا ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، 12 مىڭ 600 دىن ئارتۇق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش مۇلازىمەت تەشكىلاتى ۋە 3800 دىن ئارتۇق ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئارمىيە (ساقچى ئورۇنلىرى) - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلغان نۇقتىلار 5100 دىن كۆپرەككە يەتتى، 240 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يىل بويى ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

2. ھەر مىللەت ئارمىيە - خەلقىنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش ئېڭى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى كۆزقارىشى يەنىمۇ كۈچەيدى. جايلار ۋە قىسىملار قىزىل ئارمىيىنىڭ پىشقەدەم كوماندىر - جەڭچىلىرى، 8 - ئارمىيىنىڭ پىشقەدەم كوماندىر - جەڭچىلىرى، پىشقەدەم قەھرىمانلارنىڭ دوكلات بېرىش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈش، قىسىمنىڭ تارىخ سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىسىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈش، كىنو - تېلېۋىزىيە كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈش، ئويۇن قويۇش، دۆلەت مۇداپىئەسى بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىككىنى ھىمايە قىلىش تەشۋىقاتى ۋە ئومۇمىي خەلق دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن ھەربىيلەر ۋە خەلق ئاممىسى دۆلەت مۇداپىئەسى كۆزقارىشى ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار كوماندىر - جەڭچىلەرگە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتتى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى، قىسىملارنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى توغرىسىدىكى تەربىيە ۋە ئاممىۋى ئىنتىزام تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى، مىللىي، خەنزۇ كوماندىر - جەڭچىلەر ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاخبارات ۋاسىتىلىرى جامائەت پىكرىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ۋە مۇھىم رولىنى، ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدە بارلىققا كەلگەن ئىلغار تىپلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرخىل گېزىت، ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا ئىككىنى ھىمايە قىلىشقا ئائىت 1000 دىن ئارتۇق خەۋەر - ماقالە ئېلان قىلىندى، ئاڭلىتىلدى ۋە كۆرسىتىلدى. 7 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئىش - ئىزلىرى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كۆرسىتىلدى. ئۈرۈمچى، قاراماي، سانجى، ئاقسۇ، شىخەنزە، قەشقەر شەھەرلىرى ۋە ش ئۇ ئا ر ئىككىنى ھىمايە قىلىش ئىشخانىسى تۇنجى نۆۋەتلىك ئەمىلىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىش نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى، شىنجاڭ مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قىسىملارغا 120 دىن ئارتۇق تېلېۋىزور، 170 تىن ئارتۇق VCD ئاپپاراتى، 190 دىن ئارتۇق كومپيۇتېر، 90 دىن ئارتۇق كىرئالغۇ، 380 مەدەنىيەت - تەنتەربىيە سايمىنى، 11 مىڭدىن ئارتۇق كىتاب تەقدىم قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار، يېزا - كەنتلەر ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى قىسىملار ۋە نەپىقە ئوبيېكتلىرىدىن ھال سوراشقا سەرپ قىلغان خىراجەت 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

جايلار ۋە قىسىملار ئارمىيە بىلەن يەرلىك ئورۇنلارنىڭ بىرلەشمە يىغىنى، ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورناتتى، توپلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاسايىشنى قوغداش، بىرلىكتە قوغداش ... ئاپەتكە قارشى قۇتقۇزۇش ۋەقەلەرنى بىر ياقلىق قىلىش تەدبىرلىرىنى بەلگىلىدى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئاخبارات تورى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى خىزمەتتىكى تۈركۈم - تۈركۈملىگەن تايانچلارنى تەربىيىلىدى. جايلار ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە جۇپلەرنى بەرپا قىلىشنى ئىلگىرىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلاردىن پەيدىنپەي مەھەللىلەر ۋە ئامرات يېزا، كەنتلەرگە كېڭەيتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە 1000 دىن ئارتۇق پارتىيە ياچېيكىسى، 780 دىن ئارتۇق مەدەنىي كەنت - بازار، 2300 دىن ئارتۇق مەدەنىي كۆزنەك قۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 450 تىن ئارتۇق ئارمىيە (ساقچى ئورۇنلىرى)، خەلق بىرلەشمە مۇداپىئە تەشكىلاتى مۇقىملىقنى قوغداش داۋامىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

3. ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. جايلار ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى پائال قوللاپ، قىسىملار جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. مۇشۇ بىر يىلدا جايلار قىسىملارغا يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ھەم ھەربىي تەلىم - تەربىيە بازىسى قىلىش ئۈچۈن 666.7 گېكتار يەر ئاجرىتىپ بەردى، قىسىملارنىڭ

ئۆل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن 15 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى. نەپىقە بېرىش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن بوشانغان پىشقەدەم ھەربىيلەرگە نورمىلىق ياردەم بېرىش كۆلىمى 93% كە يەتتى. شۇ يىلى ھەربىي خىزمەتتىن بوشانغان 4868 ئەسكەر قوبۇل قىلىندى، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن 2989 مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەر شەھەر ـ بازارلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 1550 ئادەم ئىش ئورنىغا چىقتى. 700 دىن ئارتۇق ھەربىيلەر پەرزەنتىنىڭ مەكتەپكە، يەسلىگە كىرىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ھەرخىل رايون ھالقىپ ئوقۇش خىراجىتىدىن 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك كەچۈرۈم قىلىندى ۋە كېمەيتىلدى؛ ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 400 نەچچە ئائىلىگە تۇرالغۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلدى، 900 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىش تۈرى ۋە ئىمپىنا تۆۋىتى تەڭشەپ بېرىلدى. شۇ يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار 1 مىليوندىن ئارتۇق ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىپ، 10 مىڭ دانە (قېتىم) دىن ئارتۇق ماشىنا ـ ئاپتوموبىلنى ئىشقا سېلىپ، «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىلىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاقىلىشىش ئوپتىك كابېل قۇرۇلۇشى، تاغ ـ دەريالارغا قايتا گۈزەللىك بەخش ئېتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق 49 نۇقتىلىق قۇرۇلۇشقا ۋە 680 دىن ئارتۇق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى. ھەر مىللەت ئاممىدىن 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلى داۋالاندى ۋە كېسەللىكىنىڭ ئالدى ئېلىندى، 4 مىليون تۈپتىن ئارتۇق مەجبۇرىيەت كۆچەت تىكىلدى، خەۋپ ـ خەتەردىن ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 70 نەچچە قېتىم قاتنىشىپ، خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىغان ئاممىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) قۇتقۇزۇپ قېلىندى، دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىغا يەتكەن ئاز كەم 100 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇلدى. «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» غا 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلىندى، پۇلغا سۇندۇرغاندا 2 مىليون 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ماددىي ئەشيا ياردەم قىلىندى، قىيىنچىلىقى ئېغىر توپتىكىلەرگە 10 مىليون يۈەن پۇل ئىئانە قىلىندى.

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدە، ئىچكى جايلاردىكى بەزى ئىلغار رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنە خېلى زور پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەر ساقلاندى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە: ئايرىم جايلار ۋە ئورۇنلاردىكى رەھبەرلەرنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تونۇشى يېتەرسىز بولدى، خىزمەتنى تۇتۇش ئۆلچىمى يۇقىرى بولمىدى، تەشەببۇسكارلىق، ئاكتىپلىق ۋە ئىجادچانلىق كۈچلۈك بولمىدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى دېگەندەك تەكشى بولمىدى، ئايرىم رايونلار قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر بىلەن قانائەتلىنىپ قالدى، خىزمەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش روھى كەمچىل بولدى، شۇ رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى شەكىللەنمىدى؛ قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لەردە يېڭى ۋەزىيەتتە ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يېتەرلىك بولمىدى، ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سالمىقى چوڭ بولمىدى؛ ئىككىنى ھىمايە قىلىشتا نەمۇنىچى بولغان ئايرىم ناھىيە (شەھەر) لەردە بىر قېتىملىق ئەجىر بىلەن ھەممە ئىشنى پۈتتۈرۈش ئىدىيىسى ساقلانغاچقا، خىزمەتتە بوشىشىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

جاڭ جۈنخۇي

## ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

2002 ـ يىلى شىنجاڭدا 1089 كادىر ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، پىلان بويىچە تەقسىم قىلىنغىنى 363 (تۈەن دەرىجىلىك كادىر 25، يىڭ دەرىجىلىك كادىر 134، لىيەن، پەي دەرىجىلىك كادىر 149، تېخنىك كادىر 55)؛ ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغىنى 726 (تۈەن دەرىجىلىك كادىر 340، يىڭ دەرىجىلىك كادىر 200، تېخنىك كادىر 186) بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 104 ئادەم كۆپەيدى. ئۇلار بىلەن بىللە يۆتكىلىپ كەلگەن ئائىلە تاۋابىئات 47 ئادەم. كادىرلار نازارىتى پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى پائال ئېچىپ، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى بىلەن ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلاردىن ئىبارەت تەمىنلىگۈچى تەرەپ بىلەن ئېھتىياجلىق تەرەپنى يۈز كۆرۈشتۈرۈش، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا تاللاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 85% تىن ئارتۇق كادىر قانائەتلىنەرلىك ئورۇن تاپتى. ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنىڭ كەسىپ تاللىشىغا بولغان يېتەكچىلىك

كۆچەيتىلدى، ئىلمىي باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) ۋە ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك باشقۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭغا مۇناسىپ ئاپپاراتلار قۇرۇلدى، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللايدىغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنىڭ ئەھۋالىنى باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. زىيارەت قىلىپ ھال سوراش، مەخسۇس تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈش، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش، ئىلغار ئىش - ئىزلارنى تەشۋىق قىلىش قاتارلىق چارىلەر ئارقىلىق كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن بوشىغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرى ھەل قىلىندى.

چى يۈڭفۇ

## ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى، پېنسىيىگە چىققان كەنجى ئوفىتسېرلارنى ۋە پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

1. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، 2002 - يىلى شىنجاڭدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىن، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ۋە مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىردىن 66 سى قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى، باش قورال - ياراغ بۆلۈمىنىڭ 20 -، 21 - بازىلىرىدىن پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىدىن 139 ى قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2. ئاپتونوم رايوندىن 2002 - يىلى ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار، پېنسىيىگە چىققان كەنجى ئوفىتسېرلار ۋە پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ھەم باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 65 مىليون 220 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى.

3. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئازادلىق ئارمىيە باش شتابى، باش سىياسىي بۆلۈمى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن كادىرلار، پېنسىيىگە چىققان كەنجى ئوفىتسېرلارغا دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلى قوشۇپ بېرىلدى.

خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن كادىرلارغا ۋەزىپە ئۆتەش خىراجىتى، كۈتۈنۈش خىراجىتى ئۆلچىمى تەڭشەپ بېرىلدى.

4. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ساناتورىيىسىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - ساناتورىيىلىرىگە 2002 - يىلى خەلق ئىشلىرى نازارىتى تەرىپىدىن «مەدەنىي ھەربىي ساناتورىيە» دېگەن نام بېرىلدى.

چېن يۇدۇڭ

# پاراۋانلىق ئىشلىرى

## ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا يىغىۋېلىش خاراكتېرىدىكى ياشانغانلار پاراۋانلىق ئاپپاراتى 38 (ئەسلىدىكى شەخسلەر ياكى جەمئىيەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان ياشانغانلار ياتاق بىناسى 13)، ئىشچى - خىزمەتچىسى 540، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر، سېستىرا 197، كارىۋات 2791. بۇ ساناتورىيىلەردىكى يىل ئاخىرىدىكى ئادەم 1726، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 37، «ئۈچى يوق» ئوبيېكت 1052، ئۆزى پۇل تۆلەيدىغىنى 637. قۇرۇلغان روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى 7، ئىشچى - خىزمەتچىسى 462، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر، سېستىرا 267، كارىۋات 1428. بۇ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىلىرىدىكى يىل ئاخىرىدىكى ئادەم 1136، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 9، «ئۈچى يوق» ئوبيېكت 745، ئۆزى پۇل تۆلەيدىغىنى 382. قۇرۇلغان بالىلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 35، كارىۋات 3042، يىل ئاخىرىدا يىغىۋېلىنغان يېتىم، مېيىپ بالا 2354.

سۇن خەيۇ

## ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى پاراۋانلىق كارخانىسى 211،

يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 5648، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچى 2708. ئومۇمىي مۈلۈك قىممىتى 854 مىليون 286 مىڭ يۈەن، تاپشۇرغان بېجى 44 مىليون 977 مىڭ يۈەن، ئالغان پايدىسى 25 مىليون 652 مىڭ يۈەن، تارتقان زىيىنى 4 مىليون 191 مىڭ يۈەن.

سۇن خېيۇ

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىزمىتىدە، كاپالەتلىك قىلىشقا تېگىشلىكلىرىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش جەھەتتە زور يۈسۈش ۋە تەرەققىيات بولدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر - بازارلاردىكى 534 مىڭ نامرات ئاھالە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى، ئۇلار غەيرىي يېزا ئىگىلىكى نوپۇسىنىڭ %8 نى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن كاپالەتلىك قىلىشقا تېگىشلىكلىرىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

جاڭ زىدې

## يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىرىدىكى يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش پونكىتلىرى سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلەردىن 49 مىڭ 407 ئادەم (قېتىم) نى يىغىۋالدى، 8265 ئادەمنى ئۆز جايىغا قايتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش پونكىتى يىغىۋالغىنى 13 مىڭ 642 ئادەم (قېتىم)، ئۆز جايىغا قايتۇرغىنى 795 ئادەم. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون گۇاڭجۇ، بېيجىڭ، نەنجىڭلاردىن 7 قېتىمدا قايتۇرۇلغان 450 نەچچە ئادەمنى قوبۇل قىلىپ ئۆز جايىغا قايتۇردى.

تۇرسۇن لېتىپ

## سەرگەردان ئۆسمۈرلەر، بالىلارنى يىغىۋېلىپ، قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم بېرىش خىزمىتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىرىدىكى يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش پونكىتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك سەرگەردان ئۆسمۈرلەر، بالىلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم بېرىش مەركەزلىرى سەرگەردان ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلاردىن 3284 ئادەم (قېتىم) نى قۇتقۇزدى، ئۇلارغا ياردەم بەردى ۋە ئۇلارنى ئاسرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3117 سى ئائىلىسىگە قايتۇرۇلدى، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 167 ئۆسمۈر، بالىنى ئورۇنلاشتۇردى.

تۇرسۇن لېتىپ

## بېقىۋېلىشنى تىزىملاش خىزمىتى

2002 - يىلى شىنجاڭدا بېقىۋېلىشنى تىزىملاش رەسمىيىتىدىن 607 سى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو پۇقرالىرى بېجىرگەن بېقىۋېلىشنى تىزىملاش رەسمىيىتى 582، چەتكە چېتىشلىق بولغان بېقىۋېلىشنى تىزىملاش رەسمىيىتى 25. بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش يۈزىسىدىن كېلىشىم ھاسىل قىلىنغانلىقى توغرىسىدا 9 تىزىملاش رەسمىيىتى بېجىرىلدى (ھەممىسى دۆلەت ئىچىدىكى پۇقرالارنىڭ).

مې چې

## بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرى باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش ئەھۋالى

خەلق ئىشلىرى نازارىتى بىلەن ئەنگلىيە «ئۈزۈل تاش» فوند جەمئىيىتى ھەمكارلىق ئىشخانىسى 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 — 12 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر قىسىم بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرى باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزدى، كۇرسقا ئاتلانغانلاردا، تەربىيىلەشكە بېرىش قانات يايدۇرۇلغان بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتى. كۇرستا يېتىم، مېيىپ بالىلارنى ئائىلىلەردە تەربىيىلەشكە بېرىش چارىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىپ، تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى، بالىلار پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرىدا تەربىيىلىنىۋاتقان يېتىم بالىلار، تاشلىۋېتىلگەن بالىلارغا ھەرخىل شەكىلدىكى ئائىلىدە تەربىيىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق يېتىم بالىلار، تاشلىۋېتىلگەن بالىلارنى ئائىلىگە قايتۇرۇش، جەمئىيەتكە سىڭدۈرۈش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

جاڭ لېيرۇڭ

شىنجاڭدىكى بالىلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىنىڭ 2002 - يىلدىكى ئەھۋالى

| تۈرى / رايون نامى | پاراۋانلىق ساناتورىيىسى سانى | ئىشچى - خىزمەتچى: دوختۇر، سېستىرا | ئىشچى - خىزمەتچى: باشقا ئىشچى - خىزمەتچى | كارىۋات سانى | ساناتورىيىدىكى يىل ئاخىرىدىكى ئادەم سانى | بۇنىڭ ئىچىدە «ئۈچ يوق» ئوبيېكتلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1 | 8 | 69 | 100 | 66 | 43 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 104 | 104 | 112 | 7 | 1 | 1 | «SOS بالىلار كەنتى» |
| 89 | 89 | 100 | 12 | 8 | 1 | ئاقسۇ ۋىلايىتى |
| 78 | 78 | 80 | 9 | 10 | 1 | كۇچا ناھىيىسى |
| 120 | 120 | 120 | 6 | 9 | 1 | قەشقەر ۋىلايىتى |
| 92 | 92 | 100 | 4 | 8 | 1 | پوسكام ناھىيىسى |
| 61 | 61 | 65 | 5 | 10 | 1 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى |
| 60 | 60 | 100 | 2 | 5 | 1 | مارالبېشى ناھىيىسى |
| 75 | 75 | 100 | 2 | 6 | 1 | قاغىلىق ناھىيىسى |
| 61 | 61 | 65 | 5 | 10 | 1 | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى |
| 40 | 40 | 60 | 4 | 4 | 1 | مەكىت ناھىيىسى |
| 50 | 50 | 96 | 2 | 13 | 1 | پەيزاۋات ناھىيىسى |
| 82 | 82 | 82 | 2 | 4 | 1 | يوپۇرغا ناھىيىسى |
| 87 | 87 | 100 | | 4 | 1 | يېڭىسار ناھىيىسى |
| 60 | 60 | 100 | 2 | 2 | 1 | يەكەن ناھىيىسى |
| 55 | 55 | 80 | 1 | 3 | 1 | تاشقورغان ناھىيىسى |
| 76 | 76 | 200 | 1 | 9 | 1 | خوتەن شەھىرى |
| 80 | 80 | 110 | 7 | 3 | 1 | خوتەن ناھىيىسى |
| 105 | 105 | 105 | | 14 | 1 | گۇما ناھىيىسى |
| 163 | 163 | 240 | 24 | 5 | 1 | قاراقاش ناھىيىسى |
| 82 | 82 | 82 | 4 | 8 | 1 | لوپ ناھىيىسى |
| 86 | 86 | 100 | 1 | 9 | 1 | چىرا ناھىيىسى |
| 86 | 86 | 100 | 14 | 6 | 1 | كېرىيە ناھىيىسى |
| 16 | 16 | 38 | 5 | 1 | 1 | نىيە ناھىيىسى |
| 96 | 96 | 96 | 2 | 22 | 1 | ئاتۇش شەھىرى |
| 77 | 77 | 60 | 14 | 1 | 1 | ئاقتۇ ناھىيىسى |
| 48 | 48 | 46 | 5 | 1 | 1 | ئۇلۇغچات ناھىيىسى |
| 46 | 46 | 48 | 2 | 8 | 1 | ئاقچى ناھىيىسى |
| 47 | 47 | 47 | 25 | 2 | 1 | قۇمۇل ۋىلايىتى |
| 20 | 20 | 30 | 1 | 2 | 1 | پىچان ناھىيىسى |
| 47 | 47 | 60 | 3 | | 1 | توقسۇن ناھىيىسى |
| 10 | 10 | 20 | 1 | 4 | 1 | بورتالا شەھىرى |
| 23 | 23 | 50 | 2 | 8 | 1 | سانجى شەھىرى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار | 1 | 8 | 2 | 70 | 64 | 64 |
| شىخەنزە شەھىرى | 1 | 12 | 2 | 80 | 2 | 2 |
| جەمئىي | 35 | 228 | 247 | 3042 | 2354 | 2331 |

## ئاپتونوم رايونىمىزدا «يۈلتۇز پىلانى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

«يۈلتۇز پىلانى» — «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ياشانغانلار خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەھەللەر ياشانغانلار پاراۋانلىقى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى زور تەدبىر.

2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايوندا 2 - تۈركۈمدىكى «يۈلتۇز پىلانى» خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا شىخەنزە، قاراماي، سانجى، سىچۈەن، فۇكاڭ، چۆچەك، شىخو، غۇلجا، كۈيتۇڭ، ئالتاي، تۇرپان، قۇمۇل، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش، بورتالا شەھەرلىرى. نىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون يىچان، ساۋەن، توققۇزتارا، نىلقا، قورغاس، كۆكتوقاي، كۇچا، يەكەن، چىرا، خوشۇت ناھىيىلىرىنى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە قىلىپ تاللاپ، «يۈلتۇز پىلانى» نى مۇددەتتىن بۇرۇن باشلىدى. بۇ ناھىيىلەر بەلگىلىك تۈرلەرنى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا تاللاپ، 3 - تۈركۈمدىكى تۈرلەر قۇرۇلۇشىنى ئۈلگە بىلەن تەمىن ئەتتى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 103 تۈر كېيىنى - كەينىدىن تاماملاندى، بەزىلىرى ۋۇجۇدقا كېلىپ ئىشقا كىرىشتى. ئاپتونوم رايون خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ئاجرىتىپ بەرگەن 30 مىليون يۈەن «يۈلتۇز پىلانى» مەبلىغىنى ۋە مۇشۇ دەرىجىلىك 11 مىليون 400 مىڭ يۈەن پاراۋانلىق پۇلىنى تۈرلەرنى يولغا قويغان ئورۇنلارغا بۆلۈپ بەردى.

جاڭ لەيرۇڭ

### شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئەھۋالى

| رايونلار | ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىدىكى ئائىلە سانى | ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىدىكى ئادەم سانى: كىچىك جەمئىي | خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى | «مەركەز» دىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچى | ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان خادىم | دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىم | ئىشسىزلار | «ئۈچى يوق» خادىم | باشقا خادىم | 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە چىقىم قىلىنغان ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى مەبلىغى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 8373 | 23840 | 1227 | 4899 | 2199 | 741 | 5973 | 1607 | 7194 | 2361.78 |
| قاراماي شەھىرى | 523 | 1232 | 44 | 443 | | 29 | 4 | 427 | 285 | 163.79 |
| شىخەنزە شەھىرى | 1850 | 4537 | 475 | 528 | 1088 | 220 | 1581 | 147 | 498 | 405.1 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار | 21434 | 86141 | 1673 | 9540 | 15335 | 1960 | 22725 | 5356 | 29551 | 7948 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 10079 | 27391 | 466 | 4144 | 3283 | 566 | 6051 | 4326 | 8555 | 2097.2 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 11191 | 33897 | 540 | 7269 | 4600 | 710 | 4161 | 951 | 15666 | 2162.1 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 3734 | 11568 | 145 | 1362 | 1723 | 173 | 5418 | 593 | 2154 | 1072.74 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 7067 | 19850 | 1555 | 1662 | 3031 | 871 | 2397 | 617 | 9717 | 1285.2 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانجى ئوبلاستى | 8698 | 21010 | 534 | 1879 | 1913 | 390 | 2091 | 1689 | 12514 | 1034.78 |
| بورتالا ئوبلاستى | 2417 | 9116 | 311 | 4472 | 1146 | 189 | 2098 | 248 | 652 | 902.4 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 11347 | 28571 | 1038 | 5332 | 2328 | 1044 | 2333 | 2069 | 14427 | 2627.2 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 22855 | 62345 | 1463 | 10120 | 6306 | 783 | 23399 | 4136 | 16138 | 5943.3 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 5942 | 18315 | 791 | 1206 | 2377 | 1395 | 2874 | 817 | 8855 | 1463.3 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 57879 | 129789 | 9799 | 23763 | 3766 | 2754 | 16130 | 7319 | 66258 | 8645.7 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 26818 | 56727 | 3466 | 6021 | 6457 | 1732 | 11965 | 3995 | 23091 | 4605.3 |
| جەمئىي | 200207 | 534329 | 23527 | 82640 | 55552 | 13558 | 109200 | 34297 | 215555 | 42717.89 |

# مېيىپلار ئىشلىرى

## مېيىپلار مائارىپى

مائارىپ مىنىستىرلىكى، جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسى 2002 - يىلدىن ئېتىبارەن قىيىنچىلىقى ئېغىر مېيىپ بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىشىغا ئۇدا 5 يىل ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى مائارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىكتە يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئادەم سانىنى تەقسىم قىلىپ، مېيىپلار پاراۋانلىق فوندى جەمئىيىتى ئىئانە قىلغان پۇلدىن 34 مىڭ 300 يۈەنلىك كەم مەبلەغنى ھەل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياردەم بېرىلىدىغان مېيىپ بالىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان مېيىپ ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش خىزمىتى داۋاملىق چىڭ تۇتۇلدى، 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمتىھانغا قاتناشقان مېيىپ ئوقۇغۇچىدىن 133 نىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى نومۇر چېكىگە يەتتى، ئەمەلىيەتتە 109 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 82% بولدى.

گاۋ جىجۈڭ

## مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 2002 - يىلى «كۆرۈش سېزىمى بېرىنچى — جۇڭگو ھەرىكىتى» تۈرىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، تۆۋەنگە 2 تۈركۈم تېببىي داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتتى، تېببىي داۋالاش ئەترىتى ئاقسۇ ۋە ئالتاي ۋىلايىتىگە بۆلۈنۈپ بېرىپ، كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىدىن 800 نى تاماملىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىزىلسۇ، ئىلى، بايىنغولىن ئوبلاستلىرى تەشكىللەپ ئەۋەتكەن تېببىي داۋالاش ئەترەتلىرى كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىدىن 600 نى تاماملىدى. شياڭگاڭ ئەمالار يېتەكچىلىك ئۇيۇشمىسى، شياڭگاڭ شادلىق جىلغىسى شىرى ئۇيۇشمىسى خوتەن ۋىلايىتىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك 6 دوختۇرخانىنىڭ كۆز كېسەللىكلىرى ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلىشى ھەم كۆز كېسەللىكلىرى تېخنىكىدىن 20 نى تەربىيىلىشى ئۈچۈن 1 مىليون شياڭگاڭ پۇلى ياردەم قىلدى.

ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى مەھەللىلەردىكى مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە بىر قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈپ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىدىن 80 نى تەربىيىلىدى؛ كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىزلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە بىر قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈپ، كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىزلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىدىن 35 نى تەربىيىلىدى؛ ئاساسىي قاتلامدىكى سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كادىرلىرى ھەم مېيىپلار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدىكى كادىردىن 70 نى تەربىيىلىدى. مېيىپلار لازىمەتلىكلىرى ۋە قورال - سايمانلىرى تىجارىتى 99 خىلغا يەتتى، ئەمەلىيەتتە ئورۇندالغىنى 7690 بولۇپ، ئومۇمىي سېتىش سوممىسى 500 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. شۇ يىلى ئومۇملاشتۇرۇش تىپىدىكى سۈنئىي پۇت - قولدىن 363 ى سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسكىلىت شەكىلدىكى سۈنئىي پۇت - قول 20، سۈنئىي قول ۋە سۈنئىي پۇتا 31. گاس بالىلارغا قارىتىلغان تىل مەشىق خىزمىتىگە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش كۈچەيتىلىپ، 9 ئاساسىي قاتلامدىكى تىل مەشىق ئورنىدا مەشىق قىلدۇرۇلغان 100 دىن ئارتۇق گاس بالىنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالىغا يېتەكچىلىك قىلىندى ۋە ئۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق



ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى بىلەن بىرلىكتە 2002-يىل 6-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 7-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە مېيىپلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە: مۇسابىقە مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش.
سۈرەتنى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى تەمىنلىگەن.

قىلىندى. 2002-يىلى گاس بالىلار تىل مەشقى ئورنىدىن 2 سى قۇرۇلدى، گاس بالىلارنىڭ تىل مەشقى ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى مەھەللىلەرنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يېتەكچىسىدىن 30 نەپىرى تەربىيىلەندى، ئاساسىي قاتلامدىكى تىل مەشقى ئوقۇتقۇچىسىدىن 5 ى نۇقتىلىق تەربىيىلەندى. گاس بالىلار ئاتا-ئانىلار مەكتىپى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈپ، مەھەللىلەردىكى گاس بالىلارنىڭ سالامەتلىكنى ئائىلىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى. مەملىكەتلىك قۇلاقنى ئاسراش كۈنى پائالىيىتى داۋامىدا نامرات گاس بالىلارنى قۇتقۇلدۇرۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاندى، ئاڭلاش ئىقتىدارى ئاجىز مېيىپلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

گاۋ جىجۇڭ

## مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش خىزمىتى

2002-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر-بازارلاردا 2800 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نىسبەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 1150، مەركەزلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 400، يەككە ئوقەت قىلغىنى 1250. شۇ يىلى 24 مىليون يۈەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالەت پۇلى يىغىۋېلىندى. 8000 مېيىپ تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر-بازارلاردىكى 2600. شۇ يىلى 1300 دىن ئارتۇق مېيىپ كەسىپ سالاھىيەتنامىسىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئىمتىھانلىق كەسىپ سالاھىيەتنامىسىگە ئېرىشكىنى 172. يېزىلاردىكى 5400 مېيىپ دېھقانچىلىق، باقمىچىلىق قاتارلىق ئەمەلىي تېخنىكا بويىچە تەربىيىلىنىشكە قاتناشتى. بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىدىكى 15 تايانچ خادىم جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسى ۋە ئەمگەك مىنىستىرلىكى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن مەملىكەت بويىچە مېيىپلارنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ 12 رەھبىرى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە چەت ئەللەرگە بېرىپ، مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۆزىتىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ھەر دەرىجىلىك مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىدىكى 45 ئادەم كەسىپ جەھەتتە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيەتنامىسىگە ۋە مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت-باشقۇرۇش ئىش ئورنى سالاھىيەتنامىسىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 ئادەم ئالىي دەرىجىلىك كەسىپ جەھەتتە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيەتنامىسىگە ئېرىشتى. 2002-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 420 ئەما ئۇۋۇلاش تېخنىكىسى جەھەتتە تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېبابەت داۋالاش بويىچە تەربىيىلەنگىنى 60، ساقلىق ساقلاش بويىچە تەربىيىلەنگىنى 360، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 10 ئەما ئۇۋۇلىغۇچى ۋە 2 ساغلام ئۇۋۇلاش ئۇستىسى جۇڭگو بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ساقلىق ساقلاش جەھەتتىكى ئۇۋۇلاش ماھارىتى مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەما ئۇۋۇلاش ئۇستىلىرىنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاش تۇنجى قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇۋۇلاش ئۇستىسىدىن 4 ى، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇۋۇلاش ئۇستىسىدىن 41 ى باھالاندى.

گاۋ جىجۇڭ

## نامرات مېيىپلارنى يۆلەش خىزمىتى

2002-يىلى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى ش ئۇ ئا ر

نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق نامرات مېيىپلارنى يۆلەش، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نامرات مېيىپلارنى يۆلەش خىزمىتىنى يەكۈنلىدى، نامرات مېيىپلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى 22 ئىلغار ئورۇن ۋە نامرات مېيىپلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى 22 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى نامرات مېيىپلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. يىغىندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندىكى 5 تارماق بىرلىكتە «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامرات مېيىپلارنى يۆلەش، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى (2002 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە)» نى ئوتتۇرىغا قويدى. 2002 - يىلى دۆلەت شىنجاڭغا مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مېيىپلارنى يۆلەش يۈزىسىدىن 30 مىليون يۈەن قەرز پۇل پىلانىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئەمەلىيلەشكەن قەرز پۇل 22 مىليون يۈەن بولۇپ، پىلاننىڭ 73% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈر قەرز پۇلى 15 مىليون يۈەن، ئاز ئۆسۈملۈك كرېدىت 7 مىليون يۈەن. مۆلچەرلىنىشىچە، 1400 ئائىلىدىكى 2700 مېيىپ بۇنىڭدىن نەپ ئالىدىكەن. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 22 مىڭ 802 مېيىپ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولدى، بۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولغان ئادەم سانىنىڭ 6.12% نى ئىگىلەپ، 2001 - يىلدىكىدىن 14 مىڭ 2 ئادەم ئاشتى. شەھەر - بازارلاردىكى مېيىپلار كاپالەتلىك قىلىشقا تېگىشلىكلەرگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك ئىقتىدارى بولمىغان قىيىنچىلىقى ئېغىر 100 گە يېقىن مېيىپ يېزا نوپۇسىدىن شەھەر - بازار نوپۇسىغا ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن قىلىندى. دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى جەھەتتىكى ياردەم ئۆسۈم سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، 2001 - يىللىق نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىغا قوشۇپ بېرىشكە تېگىشلىك 811 مىڭ 500 يۈەن ياردەم ئۆسۈم پۈتۈنلەي ۋاقتىدا نەقلەشتۈرۈلدى.

گاۋ جىجۈڭ

## «قەلبىمدە باھار» ناملىق سەنئەت نومۇرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون تاللاپ ئەۋەتكەن مېيىپلار سەنئەت نومۇرى «قەلبىمدە باھار» 1 - نۆۋەتلىك غەيرەتكە كېلىش، مەدەنىيلىك، ئىلغارلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 3 ئارتىس جۇڭگو مېيىپلار سەنئەت ئۆمىكىگە تاللىنىپ، 10 نەچچە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا بېرىپ ئويۇن كۆرسەتتى ھەمدە 7 دۆلەتكە زىيارەتكە چىقتى، ئۇلار جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

گاۋ جىجۈڭ

## مېيىپلار ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرى ئامبىرى بەرپا قىلىندى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيەدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك مېيىپلار بىرلەشمىلىرى مېيىپلار ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرى ئامبىرىنى بەرپا قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان، ئورۇندىكى 50 نەپەر مۇنەۋۋەر مېيىپنىڭ ئامبىرىنى بەرپا قىلىش خىزمىتى تاماملاندى، 20 نەپەر مۇنەۋۋەر مېيىپنىڭ ماتېرىيالى ئىختىساس ئىگىلىرى ئامبىرىغا كىرگۈزۈلدى ھەمدە ۋاقتىدا جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسىگە يوللاندى.

گاۋ جىجۈڭ

## مېيىپلارغا قانۇن ئارقىلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى ئەدلىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «مېيىپلارغا قانۇن ئارقىلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ش ئۇ ئا ر قانۇن ئارقىلىق ياردەم بېرىش مەركىزىنىڭ ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى خىزمەت باشقارمىسىنى قۇرۇپ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار، قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغان مېيىپلارنى ئالدى بىلەن، سۈپەتلىك ۋە ئېتىبار بېرىلگەن ئاساستىكى قانۇنىي مۇلازىمەت ۋە قانۇن ئارقىلىق ياردەم بىلەن تەمىن ئەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا قانۇن ئارقىلىق ياردەم بېرىش دېلوسىدىن 4 ى قاراپ چىقىشقا قوبۇل قىلىندى، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن 240 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ئاممىدىن كەلگەن 60 تىن ئارتۇق خەت - چەك بىر ياقلىق قىلىندى.

گاۋ جىجۈڭ

## مېيىپلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 2002 - يىلى شىخەنزە شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە مېيىپلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە كىيىم - كېچەك پىچىش، ئېلېكترونلۇق سايمانلارنى قوراشتۇرۇش، ئۈنچە - مەرۋايىت ئىشلەش، كەشتە تىكىش، تور توقۇش، موم بىلەن گۈل يېسىش، كومپيۇتېر

پروگراممىسىنى لايىھىلەش، WWW بېتىنى ئىشلەش، مودا كىيىملەرنى لايىھىلەش، ئېلان لايىھىلەش، فوتو سۈرەت، سۇ بوياق رەسىم، ماي بوياق رەسىم، بېيەككە رەسىم سىزىش قاتارلىق 20 تۈر تەسىس قىلىندى. 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرىدىكى 314 مېيىپ مۇسابىقىگە قاتناشتى. جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى، نەشىيا مېيىپلار بىرلەشمىسى، شەنشى مېيىپلار بىرلەشمىسى، بەگتۈەن مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. شىخەنزە شەھىرى كوماندىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى كوماندىسى، بايىنغولىن ئوبلاستى كوماندىسى كوللېكتىپ بويىچە 1 - لىكتىن 3 - لىككىچە ئېرىشتى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە شەھەرلىرى ئاقسۇ، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى، ش ئۇ ئا ر مېيىپلار كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى كوماندىسى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، ئۈرۈمچى شەھىرى كوماندىسى ئەخلاق - پەزىلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 172 ماھىر ئالىي ئىنژېنېرلىق كەسپ سالاھىيىتىنامىسىگە، 54 ماھىر كەسپ سالاھىيەتنامىسىگە، 18 ماھىر «ئاپتونوم رايون بويىچە مېيىپلار ئىچىدىكى تېخنىكا ماھىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

گاۋ جىجۇڭ

# قىزىل كرېست جەمئىيىتى خىزمىتى

## ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش ئەھۋالى

2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - ئايغىچە شىنجاڭدا 64 ناھىيە (شەھەر) دىكى 276 يېزا - بازار ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى. شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا قىممىتى 3 مىليون 870 مىڭ يۈەن كېلىدىغان پۇل ۋە ماددىي ئەشيا تولۇلاپ بەردى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى. شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى قىزىل كرېست جەمئىيىتى شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى تەسىلىگەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۇچۇرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاپەت يۈز بەرگەن جايلارنى كۆزىتىشكە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، 11 ناھىيىگە 980 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مەبلىغى ياردەم قىلدى، بۇ مەبلەغدىن 380 مىڭ يۈەنى قەشقەر ۋىلايىتىگە، 300 مىڭ يۈەنى قىزىلسۇ ئوبلاستىغا تەقسىم قىلىندى، بۇ مەبلەغنىڭ ھەممىسى ئۆي سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن 53 مىڭ كىشى بىۋاسىتە نەپكە ئېرىشتى.

4 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئىلى، سانجى، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا سۇ بېسىپ كېتىش، تاغ گۈمۈرۈلۈش، كەلكۈن بىلەن لاتقا - شېغىللىق ئېقىن كېلىش ۋە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش، قار بېغىش قاتارلىق ئاپەتلەر يۈز بەردى، شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا قىممىتى 660 مىڭ يۈەن كېلىدىغان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشياسى تولۇلاپ بەردى ھەمدە ئىلى ئوبلاستىدىكى ئاپەت ئېغىر بولغان جايلارغا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى بەرگەن 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق ياردەمنى يەتكۈزۈپ بەردى، بۇ ياردەم پۇلغا ئىشانە قىلغۇچىنىڭ ئارزۇسى بويىچە 180 توننا ئۇن ۋە 1000 يوتقان سېتىۋېلىندى.

7 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتىدە كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى، شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى توپلىغان ۋە جۇڭگو قىزىل كرېست باش جەمئىيىتى، شياڭگاڭ چېن تەڭخۇا فوند جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئىئانە قىلغان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشياسىنىڭ قىممىتى 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جۇڭگو قىزىل كرېست باش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۈن ئەيمىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى باش جەمئىيەتنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا ئىئانە قىلغان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيار يېزىسىغا بېرىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى كۆزەتتى.

2002 - يىلى شىنجاڭ قىزىل كرېست سىستېمىسى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ۋە نامرات ئائىلىنى قۇتقۇزۇش ھەم ئۇلارغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن، 180 نەپەر تىببىي داۋالاش-قۇتقۇزۇش خادىمىدىن تەركىب تاپقان 29 تىببىي داۋالاش-قۇتقۇزۇش ئەترىتىنى ئەۋەتتى، تىببىي داۋالاش - قۇتقۇزۇش ئەترىتى 2324 ئادەم (قېتىم) نى قۇتقۇزدى ۋە داۋالىدى.

نىڭ يىڭمو

## ساقلىق ساقلاش - قۇتقۇزۇش خىزمىتى

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2002 - يىلى «ساقلىق ساقلاش - قۇتقۇزۇش ھۆججەتلىرى توپلىمى» نى تۈزۈپ، 1000 نۇسخا باستۇرۇپ تۆۋەنگە تارقاتتى، بۇ توپلامغا ساقلىق ساقلاش - قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى 16 ھۆججەت كىرگۈزۈلدى. ساقلىق ساقلاش-

يەتكۈزۈش پائالىيىتى داۋامىدا، جەمئىيەتتىكى ئاجىزلار توپىغا قىممىتى 550 مىڭ يۈەن كېلىدىغان ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلىندى.

2002 - يىلى شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى سىتېمىسى مەھەللە مۇلازىمىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئاساسىي قاتلامدا مەھەللە قىزىل كرېست جەمئىيىتىدىن 62 نى، مەھەللە مۇلازىمەت پونكىتىدىن 178 نى قۇردى، مەھەللىلەردىكى پىدائىيلار 1310 غا يەتتى، 10 مىڭ 150 ئادەم (قېتىم) نىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى، 55 قېتىم مەھەللە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، مەھەللىلەردە 115 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش سوممىسى تارقىتىلدى.

نىڭ يېڭخو

## ئەيدىز كېسەللىكى ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئەھۋالى

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2002 - يىلى ئاۋستىرالىيە قىزىل كرېست جەمئىيىتى، دۇنيا بانكىسى، ئاۋستىرالىيە خەلقئارا تەرەققىيات مەھكىمىسى، ب د ت نىڭ زەھەر چەكلەش مەھكىمىسى ھەم ليۇكسېمبورگ ھۆكۈمىتىنىڭ تېخنىكا ۋە مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشى ئارقىسىدا، خىلمۇخىل شەكىلدىكى ئەيدىز كېسەللىكى ئالدىنى ئېلىش تۈرلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، 500 مىڭ يۈەنلىك تۈر مەبلىغىنى قولغا كەلتۈردى.

ئەيدىز كېسەللىكى ئالدىنى ئېلىش بويىچە ياش ھەمراھلار تەربىيىسى تۈرى  شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئاۋستىرالىيە قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ تېخنىكا ۋە مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشى ئارقىسىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئەيدىز كېسەللىكى ئالدىنى ئېلىش بويىچە ياش ھەمراھلار تەربىيىسى كۇرسىدىن 80 قارار ئۆتكۈزۈپ، 1441 نەپەر ياشنى تەربىيىلىدى؛ ئاۋستىرالىيە خەلقئارا تەرەققىيات مەھكىمىسى/دۇنيا بانكىسى سەھىيە XI غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتى پۇل ئىئانە قىلىش تۈرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، ئىلى ئوبلاستىدا ئەيدىز كېسەللىكى ئالدىنى ئېلىش بويىچە ياش ھەمراھلار تەربىيىسى تۈرىنى قانات يايدۇردى، 14 نەپەر ياش تەربىيىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەيدىز كېسەللىكى ئالدىنى ئېلىش بويىچە ياش ھەمراھلار تەربىيىسىگە رىياسەتچىلىك قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى، بۇ ياشلار 45 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈپ، 870 نەپەر ياشنى تەربىيىلىدى؛ سانجى ئوبلاستىدىكى 16 رىياسەتچى ئاساسىي قاتلامدىكى مەھەللىلەر،



شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2002 - يىلى ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا پۇل ۋە ماددىي ئەشيا توپلاپ بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى قۇتقۇزدى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەردى. سۈرەتتە: شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى خادىملىرى 4 - ئايدا قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى ئاجىك يېزىسىدا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈنىسى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە تارقىتىپ بەرمەكتە.

ليۇ شىنجياڭ فوتوسى

قۇتقۇزۇش ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن 4 قارار ئۆتكۈزۈلۈپ، 52 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، قۇتقۇزۇش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش لېكسىيىسى 269 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلدى، لېكسىيىنى 18 مىڭ 522 ئادەم ئاڭلىدى، 24 مىڭ 343 قۇتقۇزۇش خادىمى تەربىيىلەندى. قىزىل كرېست جەمئىيىتى قانات يايدۇرغان ساقلىق ساقلاش - قۇتقۇزۇش خىزمىتى مەھەللىلەر ۋە ج خ، بىناكارلىق، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى ھەيدەش، ساياھەتچىلىك، كۆمۈرچىلىك، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قاتارلىق ساھەلەردە ئىشلىنىپ، دوختۇرخانا سىرتىدا جىددىي قۇتقۇزۇش دائىرىسى پەيدىنپەي كېڭەيتىلدى.

نىڭ يېڭخو

## مەھەللە مۇلازىمىتى

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2002 - يىلى ھەر دەرىجىلىك قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرىنى يېڭى يىل، باھار بايرىمى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت، دۆلەت بايرىمى، ئاۋۇز چاغلىرى ھەم دۇنيا قىزىل كرېست كۈنى (5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) مۇناسىۋىتى بىلەن خىلمۇخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئائىلىلەرنى ئارىلاپ، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش ۋە مەھەللە مۇلازىمىتى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، مەھەللىلەردىكى نامرات ئائىلىگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈشكە چاقىردى. قىزىل كرېست مېھرىبانلىقى ھەممە ئائىلىلەرگە

يېزا - كەنتلەردە 15 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈپ، 303 نەپەر ياشنى تەربىيىلىدى. شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئەيدىز كېسىلى/جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەسلىھەت بېرىش، تەربىيىلەش مەركىزىدىكى 50 رىياسەتچى ئاساسىي قاتلامدىكى مەھەللىلەردە 133 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈپ، 2452 نەپەر ياشنى تەربىيىلىدى.

«زەھەرنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش — ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» تۈرى شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ب د ت زەھەر چەكلەش مەھكىمىسىنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشى ئارقىسىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەزكۇر تۈرنى قانات يايدۇردى. زەھەر چەككۈچىلەر ئارىسىدىن 26 نەپەر ياش قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ پىدائىي خادىملىقىغا تەربىيىلەندى. ئۇلار زەھەر چەككۈچى ياشلار ئارىسىدا 15 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈپ، 200 چە ئادەمنى تەربىيىلىدى.

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2002 - يىلى ئاۋستىرالىيە قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ تېخنىكا ۋە مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشى ئارقىسىدا، ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان 12 ئادەم ئۈچۈن ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئېلىشى بويىچە بىر قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزدى؛ لىيۇكسېمبورگ ھۆكۈمىتىنىڭ تېخنىكا ۋە مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشى ئارقىسىدا، ئىلى ئوبلاستىدا ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغۇچى ھەمراھلار تەربىيىسى تۈرىنى قانات يايدۇرۇپ، 12 نەپەر يۇقۇملانغۇچىنى قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ پىدائىي خادىملىقىغا تەربىيىلىدى، ئۇلار 1543 نەپەر يۇقۇملانغۇچى، زەھەر چەككۈچى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئالاقىدار بىلىملەرنى ئۆگەتتى؛ ئەنگلىيە barry Martin فوند جەمئىيىتىنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشى ئارقىسىدا، ئەيدىز كېسىلىنى تەكشۈرۈش-ئۆلچەشنىڭ ئالدى - كەينىدە 2 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈپ، 30 ئادەمنى تەربىيىلىدى.

2002 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش فوندى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى 138 مىڭ يۈەن فوند توپلاندى.

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2002 - يىلى تۈر مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ياش ھەمراھلار دەرسلىكىدىن 500 نۇسخىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلىدى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەت يېزىلغان ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقاتىغا ئائىت مايكىدىن 1000 نى تەييارلىدى، تەشۋىقات قوللانمىسىدىن 10 مىڭ نۇسخا باستۇردى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە يېزىقتىكى 15 مىڭ نۇسخا تەشۋىقات پۈكلىمە بېتىنى باستۇردى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى — دۇنيا ئەيدىز كېسىلى كۈنى، شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى بۇ كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا «ئەيدىز كېسىلىگە جىددىي قارايلى، ھەممەيلەن خەۋەر تاپسۇن — قىزىل كرېست ھەرىكەتتە» دېگەن تېمىدا چوڭ تىپتىكى تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، ئالىي مەكتەپلەردىكى 1000 ئوقۇغۇچىنى ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشكە ۋە 10 مىڭ ئادەم ئىمزا قويۇش پائالىيىتىگە تەشكىللىدى ھەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قىزىل لېنتا ياش پىدائىيلار پونكىتى قۇردى، ش ئۇ ئا ر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەكتىپىدە 600 دىن ئارتۇق زەھەر چەككۈچى ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان خادىم ئۈچۈن ئۆز ئارا كۆيۈنۈش، ھايات لەززىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش مەزمۇنىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنىنى ئويۇشتۇردى.

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئەيدىز كېسىلى/جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە مەسلىھەت بېرىش ئامبۇلاتورىيىسى شۇ يىلى تېرە كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك كېسەللىكلىرىنى دىئاگنوز قويۇپ داۋالىغان ۋە ساغلاملىق ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەنلەر 5000 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋالانغانلار 2000 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، ساقىيىش نىسبىتى 86.2% كە يەتتى، HIV (ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى) دەسلەپكى قەدەمدە ئۆلچەنگەنلەر 600 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، مۇسبەت مىسال 12.

نىڭ يېڭسو

## ھەقسىز قان بېرىش ۋە جەسەت تەقدىم قىلىش ئەھۋالى

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگو «ئامانلىق» سۇغۇرتا شىركىتى تەقدىم قىلغان بىر «ئامانلىق» قان ئېلىش ئاپتوموبىلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈرۈمچى قان پونكىتىغا بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 75 مىڭ 702 ئادەم ھەقسىز قان بەردى، ئۇلاردىن 15 مىليون 140 مىڭ 400 مىللىلىتىر قان ئېلىندى، 168 مىڭ نۇسخا تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى، 372 قېتىم ھەقسىز قان بېرىش بويىچە تەربىيە - مەسلىھەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2002 - يىلى تىزىمغا ئالدۇرغان 159 ئادەمنىڭ جەسەت تەقدىم قىلىش

ئارزۇسىنى قوبۇل قىلدى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن 6 ئادەم جەسىتىنى تەقدىم قىلدى، بىر ئادەم بەدەن ئەزاسىنى (مۇڭگۈز پەردىنى) تەقدىم قىلىشنى تىزىمغا ئالدۇردى، بىر قېتىم جەسەت تەقدىم قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

نىڭ يىڭمو

## ئالماشتۇرۇش ۋە تۈر ھەمكارلىقى

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى 2002 - يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كانادا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ تۈر ئەمەلدارى جاڭ يۇنخۇاڭ خانىم شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلىپ، شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى بىلەن مۇددىتى 3 يىل بولغان 2 - قېتىملىق 3 كىچىك تۈر مەبلىغىنى ھەقسىز ياردەم قىلىش پىلانى (يەنى ماناس ناھىيىسىدىكى بېيۇۋچا بازىرى شىپاخانىسى تۈرى، لوپ ناھىيىسىدىكى جىيا يېزىلىق شىپاخانا تۈرى، توقسۇ ناھىيىسىدىكى پەيشەنبە بازار يېزىلىق شىپاخانا تۈرى) ئۈستىدە كېلىشىم ئىمزالىدى، تۈرلەرگە سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 90 مىڭ كانادا دوللىرى (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا تەخمىنەن 471 مىڭ يۈەن).

7 - ئايدا شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى قىزىل كرېست جەمئىيىتى شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى بىلەن ئاپتونوم رايوندا مۇستەقىل تەسىس قىلىنغان ناھىيە دەرىجىلىك قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرىگە فاكس ئاپپاراتى سەپلەپ بېرىش تۈرى ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە 39 ناھىيە دەرىجىلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتىگە 39 فاكس ئاپپاراتى سەپلەپ بېرىلدى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 77 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىدۇ.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى تۈر خادىملىرىنى ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شتاتىدىكى Gonzaga ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنگلىز تىلى بويىچە قىسقا مۇددەت تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتتى.

9 - ئايدا قىزىل كرېست خەلقئارا كومىتېتىنىڭ شەرقىي ئاسىيا رايونىدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ مارك ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭغا كۆزىتىشكە كېلىپ، شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇنى ۋە قىزىل كرېست ھەرىكىتىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى كەڭ تارقاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ئوقۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قول كومپيۇتېرىدىن بىرنى تەقدىم قىلدى.

شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى خادىملىرى تەكلىپكە بىنائەن تايلاند پايتەختى باڭكوكقا بېرىپ، ئاۋستىرالىيە قىزىل كرېست جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ئېيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ياش ھەمراھلار تەربىيىسى تۈرى ئۈستىدىكى تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا قاتناشتى.

11 - ئايدا شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئەۋەتكەن ئۆمەك گېرمانىيىدىكى ھامبۇرگ شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى ۋە فرانسىيىدىكى پارىژ شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتىگە بېرىپ كۆزەتتى.

نىڭ يىڭمو

## تەشكىلىي قۇرۇلۇش ۋە تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتى

شىنجاڭدا 2002 - يىلى 12 ۋىلايەت دەرىجىلىك، 38 ناھىيە دەرىجىلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئاپپاراتى مۇستەقىل تەسىس قىلىندى.

شۇ يىلى شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى ھەرخىل گېزىت، ژۇرناللاردا 227 خەۋەر، تېلېۋىزىيە، رادىئودا 286 خەۋەر (قېتىم)، ھۆكۈمەت تور بېكىتىدە 15 خەۋەر (قېتىم) ئېلان قىلدى، 70 سان قىزىل كرېست ئۇچۇرى، قىسقا خەۋەرلەر گېزىتىنى تۈزۈپ تارقاتتى. ئاساسىي قاتلام قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرى 4 قېتىم تەشۋىقات كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى، 6 قېتىم تەشۋىقات ئويۇنى كۆرسەتتى، 24 قېتىم تەشۋىقات مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى، قىزىل كرېست جەمئىيىتىگە ئائىت ھەرخىل تەشۋىقات، تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى 12 قارار ئۆتكۈزدى.

نىڭ يىڭمو

# ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

## تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا قار ئاپىتى، بوران ئاپىتى، قۇم-بوران، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىش، يامغۇرلۇق كۈن، مۆلدۈر، قۇرغاقچىلىق، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى، كەلكۈن، تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بەردى. يىل بېشىدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا ئادەتتىكى يىللاردا ئاز كۆرۈلىدىغان قار ئاپىتى يۈز بەردى. ئەتىياز پەسلىدە، ئاپتونوم رايون مىقياسىدا كۆرۈلگەن بوران، قۇم - بوران، قۇرغاقچىلىق ھەم 4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ئىلى ۋادىسىدىكى جايلاردا كۆرۈلگەن ئۇزاق مۇددەتلىك يامغۇرلۇق كۈن ھاۋارايى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قىسمەن جايلىرىدا يۈز بەرگەن مۆلدۈر، كەلكۈن ئاپەتلىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى كەڭ، يەتكۈزگەن زىيىنى بىرقەدەر

ئېغىر بولدى. كەلكۈن كۆپ كېلىدىغان مەزگىلگە قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، بىرمۇنچە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان مۆل - يېغىنلىق هاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، قىسمەن رايونلار قارا يامغۇر ۋە كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بۇ، تاغ گۈمۈرۈلۈش، لاتقا - شېغىللىق ئېقىن كېلىش قاتارلىق گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە خەلقنىڭ هاياتى، مال - مۈلكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 2002 - يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن 493 مىڭ 400 گېكتار يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپەت بولغان يەر كۆلىمى 333 مىڭ 700 گېكتار، هوسۇل چىقمىغان يەر كۆلىمى 46 مىڭ گېكتار بولغان؛ 3 مىليون 65 مىڭ نوپۇس ئاپەتكە ئۇچرىغان، 1 مىليون 962 مىڭ 300 نوپۇس ئاپەت ئىچىدە قالغان، 54 ئادەم ئاپەت تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن؛ 383 مىڭ ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ۋە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن؛ 92 مىڭ 100 ئېغىز - قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، 335 مىڭ تۇياق چارۋا ئۆلگەن؛ قىسمەن سۇ ئىنشائات، قاتناش، خەۋەرلىشىش، توك يولى تەمىنلەش قاتارلىق ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 4 مىليارد 230 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىگە يەتكەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليارد 508 مىليون يۈەن.

ئىسهاق

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەبىئىي ئاپەتنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش ئەھۋالى

| تۈرلەر / ۋىلايەت، ئوبلاستلار | ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى (گېكتار) | ئاپەت بولغان زىرائەت كۆلىمى (گېكتار) | هوسۇل چىقمىغان يەر كۆلىمى (گېكتار) | زىيان بولغان، كېسەلگەن ئاشلىق (توننا) | ئۆلگەن چارۋا | ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆي (ئېغىز) | بۇزۇلغان ئۆي (ئېغىز) | ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس (ئادەم) | ئاپەت ئىچىدە قالغان نوپۇس (ئادەم) | ئاپەتتە ئۆلگەن ئادەم | ئاپەتتە زەخىملەنگەن، ئاغرىغان ئادەم | يېزا ئىگىلىكىگە يەتكەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 493350 | 333741 | 46210 | 230978 | 335005 | 135242 | 248124 | 3064986 | 1962335 | 54 | 573 | 250841 |
| ئىلى ئوبلاستى | 125595 | 54402 | 21096 | 49963 | 166894 | 107609 | 203031 | 887518 | 593320 | 20 | 33 | 84284 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 46267 | 31457 | 2100 | 66000 | 25123 | 2979 | 4350 | 285322 | 163629 | 2 | 13 | 23831 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 14577 | 13162 | 502 | 16506 | 12528 | 1969 | 3149 | 344996 | 188418 | 2 | 136 | 12969 |
| بورتالا ئوبلاستى | 4301 | 3366 | 861 | 752 | 3558 | 403 | 200 | 81537 | 54924 | 3 | | 2216 |
| سانجى ئوبلاستى | 73201 | 63618 | 2547 | 1016 | 852 | 71 | 471 | 206488 | 148932 | | 1 | 1243 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 18563 | 14496 | 3796 | 19151 | 8289 | 205 | 548 | 212247 | 180721 | | 367 | 2765 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 46754 | 21360 | 3127 | 385 | 32461 | 1142 | 4568 | 120582 | 77915 | 3 | 20 | 11322 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 42475 | 33052 | 4523 | 4472 | 1523 | 4332 | 6836 | 393835 | 279082 | 19 | | 69374 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 41536 | 36980 | 2890 | | 26326 | 1441 | 2583 | 93800 | 51282 | | | 4621 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 46328 | 36357 | 900 | 7988 | 6464 | 7998 | 13987 | 367875 | 176556 | 5 | 3 | 7077 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 27480 | 21952 | 2880 | 64745 | 48468 | 5807 | 7441 | 38706 | 24180 | | | 11305 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 6273 | 3539 | 988 | | 2519 | 1286 | 960 | 32080 | 23076 | | | 19834 |

## پەۋقۇلئاددە ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەر

1. قار ئاپىتى. 2002 - يىلىنىڭ بېشىدا قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلاردا ئۇدا قېلىن قار يېغىشتەك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلۈپ، تېمپېراتۇرا جىددىي تۆۋەنلەپ كەتتى، ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، سانجى ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلارمۇ كۈچلۈك سوغۇق ئېقىمنىڭ توختىماي ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، بۇ جايلاردىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى زور قىيىنچىلىق يەتتى. قار ئاپىتى تۈپەيلىدىن 332 مىڭ ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 230 مىڭ ئادەم ئاپەت ئىچىدە قالدى، 28 مىڭ 400 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 154 مىڭ 400 تۇياق چارۋا ئۆلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 430 مىليون يۈەنگە، يېزا ئىگىلىكىدىكى بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 184 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2. بوران، قۇم - بوران ۋە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىشنىڭ زىيىنى. ئەتىياز كىرگەندىن كېيىن، ئۇرال تاغلىرىدىن كەلگەن سوغۇق ئېقىمنىڭ تەسىرى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا تېمپېراتۇرا جىددىي تۆۋەنلەپ كېتىش، بوران چىقىش، قۇم - بوران قاپلاشتەك ھاۋارايى جەريانى ئۇدا 3 قېتىم كۆرۈلدى، تارباغاتاي، ئالتاي، سانجى، تۇرپان، قۇمۇللاردا ئەڭ يۇقىرى بوران كۈچى 7 بالدىن 12 بالغىچە يەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم جايلاردا بوران ۋە قۇم - بوران كۆرۈلدى، ئاقسۇ، تارباغاتاي، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى قىسمەن ناھىيە، شەھەرلەردە كۆپ قېتىم مۆلدۈر يېغىپ، بوران چىقىپ، زىرائەتلەرگە، بولۇپمۇ كېۋەز، مېۋىلىك دەرەخ، كۆكتاتلارغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. تۇرغۇن دەل - دەرەخلەر، سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرى بوراندا ئۆرۈلۈپ كەتتى، بىر قىسىم دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇسى ۋە ئېغىل - قوتانلىرى بوراندا بۇزۇلۇپ كەتتى ياكى ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كەتتى. بوران، قۇم - بوران ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرا تۈپەيلىدىن 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 530 مىڭ ئادەم ئاپەت ئىچىدە قالدى، 6 ئادەم زەخمىلەندى، 170 مىڭ 300 گېكتار يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى، 111 مىڭ 300 گېكتار يەردىكى زىرائەت ئاپەت ئىچىدە قالدى، 147 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 1600 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي بۇزۇلۇپ كەتتى، 1184 گېكتار پارنىكتىكى كۆكتات نابۇت بولدى، 34 مىڭ 900 تۇياق چارۋا ئۆلدى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 990 مىليون يۈەنگە، يېزا ئىگىلىكىدىكى بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 730 مىليون يۈەنگە يەتتى.

3. قۇرغاقچىلىق ئاپىتى. ئەتىيازدا قەشقەر، خوتەن، سانجى، بورتالا، تارباغاتاي ۋە قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ھەرخىل دەرىجىدە قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى كۆرۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى ئاساسلىق دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۈيى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن ئازىيىپ كەتتى، ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى كۆرۈنەرلىك ئاز بولدى، بولۇپمۇ قەشقەردە 4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە دەرياغا كەلگەن سۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن 24.9% ئازايدى، قۇمۇلدا 6 - ئايدىن 7 - ئايغىچە تېمپېراتۇرا داۋاملىق ئۆرلەپ، قۇرغاقچىلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا 143 مىڭ گېكتار يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىغان، 120 مىڭ 500 گېكتار يەر، ئاپەت بولغان، 12 مىڭ 200 گېكتار يەردىن ھوسۇل چىقمىغان، 499 مىڭ ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىغان، 341 مىڭ ئادەم ئاپەت ئىچىدە قالغان، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 540 مىليون يۈەنگە، يېزا ئىگىلىكىدىكى بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 190 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

4. كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى. ئاپتونوم رايونىمىزدا شۇ يىلى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى 2001 - يىلدىكىدىن بالدۇر كۆرۈلدى. كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلاردا كېۋەز پىتى، غوزا قۇرتى، چېكەتكە قاتارلىق ئاپەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن 21 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق يەردىكى زىرائەت كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئۇچرىدى، 11 مىڭ 800 گېكتار يەر، ئاپەت بولدى، 2900 گېكتار يەردىن ھوسۇل چىقمىدى، 200 مىڭ 300 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 119 مىڭ ئادەم ئاپەت ئىچىدە قالدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 480 مىليون يۈەنگە، يېزا ئىگىلىكىدىكى بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 187 مىليون يۈەنگە يەتتى.

5. كەلكۈن، مۆلدۈر، لاتقا - شېغىللىق ئېقىن ۋە تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش ئاپەتلىرى. يازدا ئاپتونوم رايونىمىزدا 4 قېتىم كەڭ دائىرىدە يامغۇر، مۆلدۈر يېغىشتەك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى. 4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، تەڭرىتاغ تاغلىق رايونلىرىدا ئوتتۇراھال دەرىجىدىن قاتتىق دەرىجىگىچە يامغۇر ياغدى، قىسمەن جايلاردا قارا يامغۇر ياغدى. ئىلى، تارباغاتاي، سانجى قاتارلىق جايلاردا، بولۇپمۇ ئىلى ۋادىسىدا يامغۇرنىڭ ئۈزۈلمەي ياغقان ۋاقتىنىڭ ئۇزاقلىقى، ياغقان يامغۇرنىڭ كۆپلۈكى تارىختىكى يۇقىرى پەللە قىممىتىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئېغىر دەرىجىدىكى ھۆلچىلىك ۋە تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش، لاتقا - شېغىللىق ئېقىن كېلىش قاتارلىق ئاپەتلەرنى پەيدا قىلدى، بۇ ئاپەتلەر شۇ جايلارغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ۋە 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا 2 قېتىم بىرقەدەر كۈچلۈك يامغۇر ياغقان ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، ئىلى، بورتالا،

سانجى، تارباغاتاي، تۇرپان، ئاقسۇ، بايىنغولىن، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا تۈرلۈك دەرىجىدە قارا يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كېلىش ۋە شۇنىڭ بىلەن تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش، لاتقا - شېغىللىق ئېقىن كېلىش قاتارلىق ئاپەتلەر كۆرۈلدى. 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئۇرال تاغلىرىدىكى تۆۋەن ئوتتۇرىنىڭ ئاستا - ئاستا شەرققە سۈرۈلۈشىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا كەڭ كۆلەملىك قاتتىق يامغۇر ياغقان ھاۋارايى جەريانى يەنە بىر قېتىم كۆرۈلدى، 20 دىن ئارتۇق دەريا - ئېقىننىڭ ئېقىم مىقدارى ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقىدىن ئېشىپ كەتتى، ئالتاي، ئاقسۇ، قەشقەر، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ياغقان يامغۇر قاتتىق دەرىجىدىن قارا يامغۇر دەرىجىسىگە يېتىپ، تۇيۇقسىز كەلگەن كەلكۈن ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، قىسمەن ئېتىزلار، ئاھالىلەر ئۆيلىرى، ئىنشائات مۇئەسسەسەلىرىنى سۇ بېسىپ كەتتى، سۇ ئىنشائاتى، قاتناش، ئېلېكتر ئېنېرگىيە ۋە شەھەرلەردىكى ئۇل مۇئەسسەسەلەر، سانائەت رايونلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. مۇشۇ بىر يىلدا 13 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 64 ناھىيە (شەھەر) گە قاراشلىق 276 يېزا (بازار) دا 1 مىليون 17 مىڭ 800 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 763 مىڭ ئادەم ئاپەت ئىچىدە قالدى، 43 ئادەم ئۆلدى، 121 مىڭ 600 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 68 مىڭ ئېغىز ئۆي بۇزۇلۇپ كەتتى؛ 160 مىڭ گېكتارغا يېقىن يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى، 63 مىڭ 700 گېكتار يەر، ئاپەت بولدى، 32 مىڭ گېكتار يەردىن ھوسۇل چىقمىدى، 154 مىڭ تۇياق چارۋا ئۆلدى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 730 مىليون يۈەنگە، يېزا ئىگىلىكىدىكى بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 211 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئىسھاق

## ئاپەتتىن ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇشقا مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدا تەبىئىي ئاپەتلەردىن قۇتقۇزۇشقا بېرىلگەن 109 مىليون 380 مىڭ يۈەن ياردەم خىراجىتى تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزدىن پەۋقۇلئاددە زور تەبىئىي ئاپەتلەردىن قۇتقۇزۇشقا بېرىلگەن ياردەم خىراجىتى 101 مىليون 280 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك مالىيە تارماقلىرىنىڭ تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئاجراتقان كەسپىي خىراجىتى 8 مىليون 100 مىڭ يۈەن.

ئىسھاق

## دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئاشلىق ساقلاش جەمئىيىتى ۋە ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىسىنىڭ ئەھۋالى

2002 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىسى 1171 بولۇپ، كاسسىغا 651 مىڭ 36 ئائىلىلىك دېھقان ئەزا بولدى. ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىدىكى ئومۇمىي سومما 30 مىليون 681 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاسما قوشقان پاي مەبلىغى 16 مىليون 280 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ قوشقان پاي مەبلىغى 6 مىليون 242 مىڭ يۈەن، دۆلەت ياردەم قىلغان مەبلەغ 6 مىليون 966 مىڭ يۈەن، جەمئىيەت ئىئانە قىلغان پۇل 365 مىڭ يۈەن، مەبلەغنىڭ قوشۇلما قىممىتى 828 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 22 مىليون 962 مىڭ يۈەن ئۆتنە بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتنە بېرىلگىنى 13 مىليون 132 مىڭ يۈەن، تۇرمۇشقا ئۆتنە بېرىلگىنى 5 مىليون 776 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا ئۆتنە بېرىلگىنى 4 مىليون 54 مىڭ يۈەن، 90 مىڭ 35 ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچىنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئاشلىق ساقلاش جەمئىيىتىدىن 777 سى قۇرۇلدى، جەمئىيەتكە 1 مىليون 64 مىڭ 945 ئائىلە ئەزا بولدى، يىل ئاخىرىدا ساقلانغان ئاشلىق 21 مىڭ 543.36 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ساقلىغان ئاشلىق 1793.36 توننا، ئامما ساقلىغان ئاشلىق 19 مىڭ 750 توننا. شۇ يىلى ھەمكارلىشىپ ئاشلىق ساقلاش جەمئىيەتلىرى 12 مىڭ 863.67 توننا ئاشلىق ئۆتنە بېرىپ، 65 مىڭ 958 ئۆيلۈك ئاممىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

ئىسھاق

## دائىملىق ئىجتىمائىي تەقدىم قىلىش خىزمىتى

شىنجاڭدا 2001 - يىل 11 - ئايدا ۋە 2002 - يىل 4 - ئايدا ئۈرۈمچىدە نامراتلارنى يۆلەش، يوقسۇللارغا ياردەم بېرىش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش يۈزىسىدىن دائىملىق ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ۋە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدا دائىملىق ئىجتىمائىي ياردەم خىزمەت پونكىتى (نۇقتىسى) دىن 780 ى قۇرۇلۇپ، رەسمىي ۋىۋىسكا ئېسىپ، تەقسىم قىلىنغان پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشقا كىرىشتى.

2002 - يىلى شىنجاڭدا جەمئىيەتتىن ئىئانە قىلىنغان

39 مىليون 986 مىڭ يۈەن پۇل قوبۇل قىلىندى، ھەرخىل ئىئانە قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنى پۇلغا سۇندۇرغاندا، 9 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى ھەمكەسىپ ئورۇنلار شىنجاڭغا تەقدىم قىلغان 1 مىليون 740 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك قوبۇل قىلىندى، ئاپەتكە ئۇچرىغان 1 مىليون 333 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) ۋە ئىجتىمائىي ياردەم ئوبيېكتى ئاشلىق، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە قاتارلىق ياردەملەرگە ئېرىشتى.

ئىسھاق

# ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

## خەلق تەشكىلاتلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

خەلق ئىشلىرى نازارىتى 2002 - يىل 3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى يىللىق تەكشۈردى، يىللىق تەكشۈرۈلۈشكە تېگىشلىك 429 ئىجتىمائىي تەشكىلاتتىن 369 ى يىللىق تەكشۈرۈلدى، يىللىق تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 86.5% كە يەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئىجتىمائىي تەشكىلات 2064، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەشكىلات 469، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە قاراشلىق ئىجتىمائىي تەشكىلات 990، ناھىيە (شەھەر) گە قاراشلىق ئىجتىمائىي تەشكىلات 605. شۇ يىلى 213 ئىجتىمائىي تەشكىلات قۇرۇلدى، 127 ئىجتىمائىي تەشكىلات ھېسابتىن ئۆچۈرۈلدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

گۈلگىنە

## 2002 - يىلى رويخەتكە ئېلىنغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

خەلق ئىشلىرى نازارىتى 2002 - يىلى رويخەتكە ئېلىشنى تەستىقلىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭ پاختىچىلىق جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى)

شىنجاڭ بانكا ساھەسى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى تارماق بانكىسى)

شىنجاڭ چاي مەدەنىيىتى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى)

شىنجاڭ مەسئۇل باجگىرلارنى رويخەتكە ئېلىش جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر دۆلەت باج ئىدارىسى)

شىنجاڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ئىشخانىسى)

شىنجاڭ گولف توپ جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى)

شىنجاڭ قۇمۇل - تۇرپان قوغۇن جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: دېھقانچىلىق نازارىتى)

شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش ئىلمىي جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى)

شىنجاڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى قانۇنچىلىق جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى)

شىنجاڭ - فۇجيەن كارخانىلار بىرلەشمىسى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى)

شىنجاڭ يىپەك سانائەت ساھەسى جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى)

شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيىسى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: مائارىپ نازارىتى)

شىنجاڭ ياۋا چۈچۈكبۇيا - چاكاندا ئاسراش جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: چارۋىچىلىق نازارىتى)

شىنجاڭ كىچىك شەھەر - بازارلار قۇرۇلۇشى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: قۇرۇلۇش نازارىتى)

شىنجاڭ ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى)

شىنجاڭ سۈپەت - تېخنىكا جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى)

شىنجاڭ تاغ جىنسى مېخانىكىسى ۋە ئىنشائات جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى)

شىنجاڭ ساياھەتچىلىك تەربىيىسى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى)

شىنجاڭ ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەر جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى)

شىنجاڭ قۇرۇلۇش - ئىنشائات بىخەتەرلىكى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: قۇرۇلۇش نازارىتى)

شىنجاڭ مەنزىرە تاش جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: زېمىن بايلىقى نازارىتى)

شىنجاڭ ۋراچلار جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: سەھىيە نازارىتى)

شىنجاڭ خەلقئارا باج تەتقىقات جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر دۆلەت باج ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى).

گۈلگىنە

### خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگە قەدەر، شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش تەشكىلىي ئاپپاراتى بەرپا قىلىندى، ئاپتونوم رايون بويىچە 50 مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىم ۋە 86 قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىم بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى. خەلق باشقۇرۇشىدىكى ھەرخىل غەيرىي كارخانا ئورنىدىن 778 ى تىزىملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇنىي ئىگە تىزىملاتقىنى 531، شېرىكلىشىپ تىزىملاتقىنى 10، يەككىلەر تىزىملاتقىنى 171. تىزىملانغان ئورۇنلاردىكى كەسىپكار 8700، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 4900.

لى يىنشىن

# ياشانغانلار خىزمىتى

### ياشانغانلار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ياشانغانلار خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئاپپارات - شتات كومىتېتى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىكى ياشانغانلار ئاپپاراتى، شتاتى مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتى ئاساسەن ئىزغا چۈشتى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلار ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان تېزىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياشانغانلار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى جەمئىيەتنىڭ ئىجمال تەرەققىي قىلىش ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزدى، ياشانغانلار خىزمىتى پىلان بويىچە تەرەققىي قىلىش ئىزىغا چۈشتى. 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئالاقىچىلار خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى يېتەكچىلىك قىلىش، جەمئىيەت قاتنىشىش، ئومۇمىي خەلق كۆڭۈل بۆلۈش» تىن ئىبارەت ياشانغانلار خىزمىتى فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار تەڭشەلدى، خىزمەت تۈزۈمى ۋە خىزمەت مەسئۇلىيىتى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيە (شەھەر) دە ياشانغانلارغا ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە يولغا قويۇلدى، 140 مىڭ ياشانغان كىشى ھەرخىل ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولدى.

لى جيەنرۇڭ

### ياشانغانلار توغرىسىدىكى تەشۋىقات خىزمىتى

ياشانغانلارغا ئالاقىدار ئاخبارات - تەشۋىقات مەنبەسىنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە تولۇقلاپ، ياشانغانلار توغرىسىدىكى تەشۋىقات، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، 2002 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ياشانغانلار، ئىلغار ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ياشانغانلار، ئىلغار كادىرلار ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، 37 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 31 مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر تەقدىرلەندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، «ياشانغانلار شاتلىقى گېزىتى» ئىدارىسى مۇقىم گېزىت چىقىرىش ئورنىغا ئىگە بولدى. «ياشانغانلار شاتلىق گېزىتى» نىڭ يىللىق تىراژى 113 مىڭغا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پوچتىخانا ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان گېزىت - ژۇرناللار ئىچىدە ئۇدا 8 يىل ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى ھەمدە ماقالىلىرىنىڭ ئىنچىكىلىكى، ئۇچۇرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە كۆپلۈك رايون ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا تارقىتىش بازىرى ئېچىپ، مەملىكەتلىك ياشانغانلار تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى باشقۇرىدىغان «شىنجاڭ ياشانغانلار خىزمىتى» ۋە «ياشانغانلار خىزمىتى قىسقا خەۋەرلىرى گېزىتى» ياشانغانلار خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ياشانغانلار خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى بىر قەدەر ياخشى جارى قىلدۇردى.

لى جيەنرۇڭ

### ياشانغانلار مائارىپى

شىنجاڭ ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتلىرى جەمئىيىتى 2002 - يىلى 3 - قېتىملىق ئەزالار ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، «ياشانغانلار مائارىپىغا ئەھمىيەت بېرىش، ياشىنىپ قالسىمۇ ئۆگىنىش، ياشانسىمۇ بىرەر ئىش قىلىش»

خىزمەت قاتلىمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشانغانلار مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا چاقىردى. ھەرخىل ياشانغانلار مەكتەپلىرى 1992 - يىلدىكى 12 دىن 160 قا، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شۇبە مەكتىپى 9، ئوقۇتۇش سىنىپى (نۇقتىسى) 82، ئوقۇغۇچىسى 5862، بۇ ئۇنىۋېرسىتېت بىر ئورۇندا مۇقىم مەكتەپ باشقۇرۇش ئورنىغا ئىگە بولدى. بورتالا ئوبلاستىدا يېزا دەرىجىلىك ياشانغانلار مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 68.42% كە يېتىپ، شىنجاڭدا ياشانغانلار مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى ئوينىدى.

لى جيەنرۇڭ

## ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى 2002 - يىلى «ئاپتونوم رايونىمىزدا ‹ياشانغانلار قانۇنى›نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى تاماملاپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە 8 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا «جۇڭگو WTO غا كىرگەندىن كېيىن ‹ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامى›نى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا دوكلات»نى سۇندى؛ «نىزام يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ، جايلارغا تارقاتتى؛ ش ئۇ ئا ر «ياشانغانلار قانۇنى» ۋە «نىزام»نى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىنى تەڭشىدى؛ ش ئۇ ئا ر قانۇن ئارقىلىق ياردەم بېرىش مەركىزىنىڭ ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى خىزمەت ئورنىنى قۇردى ھەمدە نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى تۈنجى قېتىم ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە «ياشانغانلار قانۇنى» ۋە «نىزام» جەھەتتە قانۇننى ئىجرا قىلىش - تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىلى، بورتالا ئوبلاستلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ دوكلاتلىرىنى ئاڭلاش ئاساسىدا، ياشانغانلار خىزمىتىگە ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە ھەر مىللەت ياشانغانلار قاتناشقان سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى؛ بەخت سارىيى ياشانغانلار پائالىيەت ئۆيى قاتارلىق مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئاڭلىدى، بايقالغان مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىق ۋە تەكلىپ بەردى ھەمدە بەلگىلىك مۇھلەت ئىچىدە تۈزىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ھوقۇق - مەنپەئەتنى قوغداش خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.

لى جيەنرۇڭ

## ياشانغانلار خىزمىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى «‹10 - بەش يىللىق پىلان تېزىسى›، كۆرسەتكۈچ سىستېمىسىنى باھالاش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالە 2002 - يىلى ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش تەدبىرلىرى توغرىسىدىكى مەملىكەتلىك مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە «ياشانغانلار مەسىلىسى تەتقىقاتى»غا تولۇق تېكىستى بىلەن بېسىلدى. «شىنجاڭ نوپۇسىدا ياشانغانلار كۆپىيىشىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى، تەسىرى ۋە تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن تېما تەستىقلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاساس تەتقىقات تۈرى تۈنجى قېتىم زىممىگە ئېلىندى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان 5 - قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتلىرى ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونىمىز نوپۇسىدىكى ياشانغانلار كۆپىيىش ئەھۋالى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە تەھلىل ئېلىپ بېرىلدى، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياشانغانلار نوپۇسى 1 مىليون 577 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 8.2% نى ئىگىلەيدۇ. 2010 - يىلغا بارغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز نوپۇس تەركىبىدە ياشانغانلار كۆپەيگەن جەمئىيەتكە قەدەم قويىدۇ. «ئائىلىدە بېقىش كېلىشىمى» ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە سىناق قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. 7 - ئايدىن 11 - ئايغىچە شەھەر - يېزىلاردىكى نامرات ياشانغانلار نوپۇسى ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىلىرى ھەر تەرەپلىمە ھەمكارلىشىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ناھىيە (شەھەر) لەر، يېزا (بازار، مەھەللە) لار ۋە كەنت (ئاھالە) كومىتېتلىرى ئۆز تەۋەسىدىكى نامرات ياشانغانلارنى دەرىجىمۇ دەرىجە تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلدى. ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، سانجى ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 3 ناھىيىسىدىكى 6 يېزا (بازار) دا ئارىلاپ تەكشۈردى، مۇشۇ



2002 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا ياشانغانلار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇ شېڭخاۋ ئارتىسلارنى سەمىمىي قوبۇل قىلماقتا ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇنلارغا مۇكاپات بەرمەكتە.

شۇ جيەنجۇڭ فوتوسى

ئاساسا شەكىللەنگەن «شىنجاڭدىكى نامرات ياشانغانلار نوپۇسى ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش دوكلاتى» دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى ۋە بورتالا ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ھەم بىنگتۇەندىكى ئالاقىدار تارماقلار 2002 - يىلى مەملىكەتلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىغا ياردەملىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ياشانغان مۇتەخەسسىسلەر، ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياج ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، شائىخەي شەھىرىدىكى پېشقەدەم زىيالىيلارنىڭ ھەمكەسىپ ئورۇنلار بويىچە شىنجاڭغا ياردەم بېرىشى ھەققىدە پۈتۈشۈپ، «پېشقەدەم زىيالىيلارنىڭ غەربىي قىسىمغا ئەقلىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى» نىڭ ئېپتىدائىي شەكلىنى شەكىللەندۈردى.

لى جيەنرۇڭ

## ياشانغانلار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى 2002 - يىلى تۇنجى قېتىم ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، مەدەنىيەت نازارىتى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە ياشانغانلار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزدى. كۆرەككە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1674 ياشانغان كىشى قاتناشتى. كۆرەكتە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە قىسمەن نازارەت، ئىدارىلەر، ئالىي مەكتەپلەر، كارخانا، كەسىپىي ئورۇنلار ئاللاپ ئەۋەتكەن 165 ئويۇن كۆرسىتىلدى. كۆرەكتە 19 ئالتۇن مېدال، 29 كۈمۈش مېدال، 38 مىس مېدال ۋە 79 مۇنەۋۋەر ئويۇن مۇكاپاتى باھالاپ چىقىلدى، 8 ئورۇن مۇنەۋۋەر تەشكىللىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 12 مۇنەۋۋەر ئويۇن ئاللىنىپ، مەملىكەتلىك ياشانغانلار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلدى، بۇ ئويۇنلاردىن 2 سى ئالتۇن مېدالغا، 3 ى كۈمۈش مېدالغا، 7 سى مىس مېدالغا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «پارلىغان ھايات» ياشانغانلار سەنئەت ئۆمىكى ۋە تيانشان رايونلۇق ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياشانغانلارغا ۋاكالىتەن بېيجىڭغا بېرىپ دوكلات ئويۇنى كۆرسىتىپ، خۇ جىنتاۋ قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ سەمىمىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

لى جيەنرۇڭ

## ياشانغانلار فوندى

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار فوند جەمئىيىتى 2002 - يىلى 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 3 - يىغىنىنى ئېچىپ، ئىچكى قىسىمدىكى ئۇل قۇرۇلۇشى ۋە بازارنىڭ يۈرۈشۈشىنى كۈچەيتتى، 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە ياشانغانلار فوندىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

لى جيەنرۇڭ

# مەھەللە مۇلازىمىتى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى

## مەھەللە قۇرۇلۇشى

1. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر مەھەللە قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. 2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە مەھەللە قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلدى، مەھەللە قۇرۇلۇشى يىغىنى ئېچىلىپ، شۇ رايوننىڭ مەھەللە قۇرۇلۇش لايىھىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش پىكرى مۇھاكىمە قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى، كۆپ قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست،

شەھەرلەردە مەھەللە قۇرۇلۇشىنىڭ 5 يىللىق ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلۈپ، مەھەللە قۇرۇلۇشى جايلاردىكى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

2. ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئادا قىلىپ، زىچ ماسلىشىپ، مەھەللە قۇرۇلۇشىغا پائال قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى مەھەللىلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە مەھەللىلەردىكى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن 2 قارار ئۆتكۈزدى؛ ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى مەدەنىي مەھەللە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى؛ ج خ نازارىتى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرىدىن مەھەللىلەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى، كۆپ قىسىم مەھەللىلەردە مەھەللە ساقچى بۆلۈمى قۇرۇلدى؛ ش ئۇ ئا ر پىلان - تەرەققىيات كومىتېتى «مەھەللىلەردىكى مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى» نى تۈزۈپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشىنى پائال قولغا كەلتۈردى؛ سەھىيە نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 55 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى، 328 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇپ، مەھەللىلەردىكى سەھىيە ئىشلىرىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىش يولى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى؛ ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ مېيىپلار خىزمىتى بويىچە بەش يىللىق تەرەققىيات تىزىسى» نى تۈزۈپ چىقتى؛ ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى «مەھەللىلەردىكى ئاقما نوپۇسلار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئوتتۇرىغا قويدى.

3. مەھەللىلەرنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى يادرو قىلىنىپ، مەھەللىلەرنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. جايلار مەھەللىلەرنى مۇۋاپىق ئايرىپ، ئەسلىدىكى ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ كۆلىمىنى تەڭشىدى ۋە يېڭىۋاشتىن تەشكىللىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 95% تىن يۇقىرى مەھەللىدە «بىر مەھەللىدە بىر ياچېيكا بولۇش» نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. جايلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە تەشكىلاتىنى مەھەللىلەرگە ئېلىپ كىرىش، پارتىيە تەربىيىسىنى مەھەللىلەرگە ئېلىپ كىرىش، پارتىيە پائالىيىتىنى مەھەللىلەرگە ئېلىپ كىرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈش، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەت قىلىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىلىپ ۋە ئۇ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، مەھەللىلەرنى باشقۇرۇشنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىپ، مەھەللىلەردىكى ئاھالە كومىتېتى خادىملىرىنىڭ ياش قۇرۇلمىسى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى. يېڭىدىن سايلانغان مەھەللە خادىملىرى ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 70% نى، يېشى 40 ياشتىن تۆۋەنلەر 85% نى ئىگىلىدى.

4. ئىش خادىملارنى سەپلەش ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىن باشلىنىپ، مەھەللە قۇرۇلۇشىنىڭ يۇمشاق، قاتتىق دېتاللىرى جەھەتتىكى مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. جايلار مەھەللىلەردىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كادىرلار مەنبەسىنى كېڭەيتىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ئاشكارا تەكلىپ قىلىپ، نۆۋەتتە ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى، ئارمىيىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار، كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ۋە ئارقاقلاشتۇرۇلغان خادىملارنى مەھەللىلەردىكى ئاھالە كومىتېتلىرىغا تونۇشتۇردى ھەمدە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەر بويىچە تەكلىپ قىلىپ، مەھەللە كادىرلار قوشۇنىغا ھاياتىي كۈچ قوشتى.

2002 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايوندا مەھەللە كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇلدى، مۇشۇ بىر يىلدا 3 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلۈپ، 500 ئادەم تەربىيىلەندى.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەھەللىلەرنىڭ ئۇل قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، مەھەللىلەردىكى ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ ئىشخانىسى ۋە خىزمەت خىراجىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. بىرمۇنچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يەنە مەھەللىلەردىكى ئاھالە كومىتېتلىرىغا كومپيۇتېر ۋە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلەپ بېرىپ، مەھەللىلەرنىڭ ئۆگىنىش، مائارىپ ۋە كۆڭۈل ئېچىش فۇنكسىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى.

5. ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، مەھەللە قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشقا قاراپ راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ «مەملىكىتىمىز شەھەرلىرىدىكى مەھەللە قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتى تىزىسى» ۋە «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەھەللە قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش چارىسى» گە ئاساسەن، ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى، بەزى شەھەرلەر مەھەللە قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە

كۆرسىتىش پائالىيىتى لايىھىسىنى كەينى ـ كەينىدىن تۈزۈپ چىقىپ، تۈزۈلمىنى يېڭىلاش، قوشۇن قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇش ۋە مەھەللە مۇلازىمىتىنى كېڭەيتىش جەھەتلەردە چوڭقۇر ئىزدەندى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر رايونى، قاراماي شەھىرىنىڭ قاراماي رايونىغا 2002 ـ يىل 9 ـ ئايدا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مەھەللە قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە رايون» دەپ نام بېرىلدى.

ياڭ زوچىڭ

## كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى

ئاپتونوم رايونىمىزدا 5 ـ نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتى 2002 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئاساسەن ئاياغلاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 9532 كەنت ئاھالە كومىتېتىدىن 8013 ىدە نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى تاماملاندى، بۇ، ئومۇمىي كەنت ئاھالە كومىتېت سانىنىڭ %84 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قېتىملىق سايلامدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىققىنى 7370 بولۇپ، %92 نى ئىگىلىدى. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ 7354 مۇدىرى سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 187، ج ك پ ئەزاسى 4420؛ 27 مىڭ 620 مۇئاۋىن مۇدىر ۋە كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 8253، ج ك پ ئەزاسى 10 مىڭ 48.

يېڭى نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتى بەنزىسى تەركىبىدە تولۇق ئوتتۇرا، ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىگىلەر %38 نى، 40 ياشتىن تۆۋەنلەر %72 نى ئىگىلەپ، كەنت دەرىجىلىك كادىرلارنى بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

جاڭ زىجۈن

# نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى

## نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

شىنجاڭدىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 2002 ـ يىلى 145 مىڭ 419 جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ نىكاھ رەسمىيىتىنى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت ئىچىدە نىكاھلانغانلار 145 مىڭ 261 جۈپ، چەتكە چېتىشلىق نىكاھلانغانلار 158 جۈپ. شۇ يىلى 27 مىڭ 764 جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتى بېجىرىلدى.

بى چى

## دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 7 دەپنىخانىدا 16 مىڭ 434 جەسەت كۆيدۈرۈلدى، 2001 ـ يىلدىكىدىن 842 جەسەت كۆپ كۆيدۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 7456، شىخەنزە شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 3257، كۈيتۇڭ شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1310، كورلا شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1570، ئاقسۇ شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1327، قۇمۇل شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 850، غۇلجا شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 664. شۇ يىلى قۇتۇبى، فۇكاڭ، جىمسار، پىچان، تۇرپان قاتارلىق نامىيە، شەھەرلەردە دەپنىخانا سېلىندى. قۇمۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەت 5 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 53.33 گېكتار يەردە قۇرغان، 60 مىڭ قەبرە سىغىدىغان مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى ھەم دەپنىخانا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 2002 ـ يىلى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى گۈلساي مۇسۇلمانلار دەپنىخانىسىنى كېڭەيتتى ۋە ئۆزگەرتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك دەپنىخانا دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك دەپنىخانا بولۇپ باھالاندى.

تۇرسۇن لېتىپ

# ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

## ئۈرۈمچى شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق رايون 7، ناھىيە بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 757 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 465 مىڭ 900)، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1 مىليون 410 مىڭ 100؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.65%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.79%. شەھەر بويىچە 53 مىڭ 270 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 41 مىڭ 950 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 14 مىڭ 450 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمى 17 مىڭ 560 گېكتار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ گاڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: شۆھرەت زاكىر، چېن شۇچېن (ئايال)، گو لېيەنشەن، خەمىت ئىسمائىل، خې يىمىن، ما سەيمىن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: رىشات ئىنايەتۇللا؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جۇ ئېنلياڭ، جاڭ رۇي (خوتۇن)، مۇرات يۇنۇس، ئەبەي سەكەي (قازاق)، يۈ داۋخۇ، چېڭ لىشيەن (ئايال).

شەھەر باشلىقى: شۆھرەت زاكىر؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: گو لېيەنشەن، ۋاڭ جۇڭشياۋ (خوتۇن)، سۇي جىبىڭ، گو يىكۇن، سۇن ۋېنجى، دۇ چىنرۇي (ئايال)، جاڭ خۇڭ.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ يۇنخې؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ماناپقان نۇرقوجا (قازاق)، جياۋ سۇيجېڭ، زەينەپ ماخمۇت، لى جۇنفېڭ، تەلئەت مۇيدىن، شېرىپجان داموللا، جاڭ كەيخۇا، ليۇ جۇەن، يۈ جىباۋ.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 35 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 9.5% ، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 11 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.7% ، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 23 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 943 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 17.77% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 532 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 26 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 365 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 20 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 67 مىڭ 169 توننا ئاشلىق، 2332 توننا ياغلىق دان، 5052 توننا قىزىلچا، 735 مىڭ 264 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 652 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى، 426 مىڭ 400 تۇياق چارۋا چىقىم قىلىندى. 19 مىڭ 34 توننا گۆش، 29 مىڭ 811 توننا سۈت، 4252 توننا تۇخۇم، 3059 توننا سۇ مەھسۇ-

---

ئىزاھ: 1. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (رايون) لەرنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىسى، بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، لېكىن تۈرلۈك ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتنى ئەسكەرتىلگەندىن باشقىلىرى رايون خاراكتېرلىك سانلاردۇر. 3. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ مۇتلەق سانى ھازىر يۈرگۈزۈلىۋاتقان باھا بويىچە، ئېشىش نىسبىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. 4. ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى قىسقارتىلىپ ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى دېيىلدى. 5. مۇقىم تېلېفون ئابونتىنى دۆلەتنىڭ ئاممىۋى تېلېفون تورىدىكى ئابونتىنى كۆرسىتىدۇ.


لاتى ئېلىندى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 165 مىڭ 897 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 7.35% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 8 مىلياد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7% ئاشتى. شەھەر بويىچە چەكلىك سوممىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسى 298 بولۇپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليارد 392 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 100.33% بولدى. بىر يىلدا 7 مىليارد 200 مىليون كىلوۋات سائەت توك (سانائەتكە ئىشلىتىلگەن توك 2 مىليارد 617 مىليون كىلوۋات سائەت)، 7 مىليون 20 مىڭ توننا كۆمۈر، 2 مىليون 540 مىڭ توننا سېمونت، 1 مىليون 700 مىڭ توننا تەييار پولات ماتېرىيال، 810 مىڭ توننا بىرىكمە ئاسىيالىق ئىشلەپچىقىرىلدى، 3 مىليون 560 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاندى، 57 مىڭ 21 توننا سۇلياۋ ياسالما، 48 مىليون 190 مىڭ مېتىر رەخت، 8459 توننا سىر، 111 مىڭ 162 توننا ئىچىملىك ـ ھاراق، 1907 كومبايىن، 50 مىڭ توننا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى. ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 35 مىڭ 100 يۈەن بولدى.

بىر يىلدا شەھەر بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 15 مىليارد 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 7 مىليارد 131 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 2 مىليارد 429 مىليون يۈەن، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 4 مىليارد 998 مىليون يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغىنى 464 مىليون يۈەن. بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قىممىتى 14 مىليارد 886 مىليون يۈەن. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 11 مىليون 577 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر (تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 6 مىليون 297 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر)، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 5 مىليون 537 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر (تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 897 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر). پۈتكۈزۈلگەن ئاۋار ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 745 مىڭ كۋادرات مېتىر، سېتىلغان ئۆي كۆلىمى 2 مىليون 396 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، سېتىش سوممىسى 5 مىليارد 598 مىليون 160 مىڭ يۈەن (شەخسلەرگە سېتىلغىنى 5 مىليارد 2 مىليون 420 مىڭ يۈەن). بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 18 مىليارد 991 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 9 مىليارد 188 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 203 مىليون يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليارد 883 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 170 پوچتا ئىدارىسى ـ پوچتا پونكىتى بار. پوچتا ئىدارىلىرى ئىشلىتىدىغان كومپيۇتاتور سىغىمچانلىقى 1 مىليون 173 مىڭ 500 تۇچكىغا، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 730 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 980 مىڭغا، ئاممىۋى تېلېفون 48 مىڭ 709 غا يەتتى. شەھەر بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش جەھەتتە 100 ئادەمگە 51.62 دىن تېلېفون توغرا كەلدى. ماللارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 26 مىليارد 668 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش سوممىسى 31 مىليارد 190 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى (توپ سېتىلغىنى 25 مىليارد 211 مىليون 540 مىڭ يۈەن). ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 15 مىليارد 204 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ 6 مىليارد 453 مىليون 750 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 1 مىليارد 293 مىليون 10 مىڭ يۈەن. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسى 640 مىليون 770 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىمپورت سوممىسى 148 مىليون 430 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 492 مىليون 340 مىڭ دوللار. ئىچكى سودا ۋە ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 136 سى ئىمزالاندى (ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 125، ئىچكى سودا تۈرى 11)، پۈتۈشۈش سوممىسى 8 مىليارد 160 مىليون يۈەن. 2002 ـ يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ئۈرۈمچى سودا ئۆمىكى تاشقى ئىقتىساد ـ سودا توختامىدىن 28 نى ئىمزالىدى (ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 22، تاشقى سودا توختامى تۈرى 6)، توختام سوممىسى 84 مىليون 121 مىڭ 900 دوللار. بىر يىلدا 3 مىليون 952 مىڭ 500 ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى (خەلقئارا ساياھەتچى 102 مىڭ 700)، ساياھەتچىلىك ۋە مال سېتىۋېلىشتىن قىلىنغان كىرىم 4 مىليارد 816 مىليون 580 مىڭ يۈەن (خەلقئارا ساياھەتچىلىك ۋە مال سېتىۋېلىشتىن قىلىنغان كىرىم 244 مىليون 620 مىڭ يۈەن). يەرلىك مالىيە كىرىمى 4 مىليارد 11 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 15.13%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 3 مىليارد 618 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 29.53% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 83 مىليارد 515 مىليون يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 87 مىليارد 505 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 34 مىليارد 963 مىليون يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 ـ يىلى شەھەر بويىچە شەھەر دەرىجىلىك 66 پەن ـ تېخنىكا تۈرى يولغا قويۇلدى. 2 تۈر دۆلەت دەرىجىلىك پەن ـ



2002 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى مەھەللە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. سۈرەتتە: «كۈن - ئاي - يۇلتۇز نۇرى» ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدا مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلمەكتە.

چېن شۈخۇا فوتوسى

تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىر تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 5 تۈر شەھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 7 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 13 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شەھەردىكى ئالىي مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 86 مىڭ 300، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 5423؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 144، ئوقۇغۇچىسى 112 مىڭ 781 (مىللىي 33 مىڭ 97)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 7574؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 179، ئوقۇغۇچىسى 152 مىڭ 351 (مىللىي 40 مىڭ 934)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 9142؛ بالىلار باغچىسى 179، باغچىدىكى بالا 34 مىڭ 581 (مىللىي 5456)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1994؛ ئەما، گاس - گاچىلار مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 398 (مىللىي 76)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 73. شەھەر بويىچە بالىلارنىڭ باغچىغا كىرىش نىسبىتى %82.1، مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %98.9، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۈرلەپ ئوقۇش نىسبىتى شەھەردە %95.2، يېزىدا %49.88 بولدى. 2002 - يىلى شەھەر بويىچە مائارىپ ئىشلىرىغا 480 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە پۈتكۈزۈلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 110 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، مەكتەپلەرگە زامانىۋىلاشقان ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىشقا 15 مىليون يۈەن ئىشلىتىلدى. يىل ئاخىرىدىكى مەدەنىيەت ئىشلىرى ئاپپاراتى 104 (سەنئەت ئۆمىكى 9). 2002 - يىلى ئاخبارات ئەدەبىياتى «پامىرغا سەپەر» بىلەن «باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە دائىر تارىخىي خاراكتېرلىك ئەسىرى» مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى، بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە «بەش بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى» بولماسلىقتەك ۋەزىيەت بۇزۇپ تاشلاندى.

شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى دوختۇرخانا 95، شىپاخانا 20، ئامبۇلاتورىيە 66، ساناتورىيە 5، مەخسۇس تۈر بويىچە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئورنى 2، يۇقۇمدىن ساقلىنىش - كونترول قىلىش مەركىزى 7، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى (ئورنى) 5، سەھىيە كارانتىن قىلىش ئورنى 3، تىببىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 2، باشقا سەھىيە ئىشلىرى ئاپپاراتى 2، ئامبۇلاتورىيە، داۋالاش ئۆيى، ساقلىق ساقلاش ئورنى 464؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 10 مىڭ 374؛ سەھىيە تېخنىكا خادىمى 13 مىڭ 127 (دوختۇر 5571).

2002 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى كوماندىسى مەملىكەتلىك 8 تۈرلۈك مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 8 ئالتۇن مېدال، 7 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى؛ بىر ئادەم ئۆسمۈرلەرنىڭ ماھىر تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق 13 تۈرلۈك مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 124 ئالتۇن مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 8653 يۈەنگە، ئىستېمال چىقىمى 6636 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3832 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 656 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20.62 كۋادرات مېتىرغا، تۇرۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %99.98كە، گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %99كە، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىلىدىغان كۆلەم 35 مىليون 210 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن

مەبلەغ سېلىنىپ، 10 مىڭ 548 مېتىر سۇ بېلەن تەمىنلەش تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 1182 مېتىر يۇندا تورۇبىسى ئۆزگەرتىلدى ۋە كېڭەيتىلدى. يىل ئاخىرىدا تورۇبا سۇيى زاۋۇتى 6 گە، سۇ بېلەن تەمىنلەش تورۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 650 كىلومېتىرغا؛ يۇندا بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى 5 كە، يۇندا تورۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 419 كىلومېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قاتناۋاتقان كوچا ئاپتوبۇسىدىن 2523 ى، 6454 تاكسى بار بولدى. يىل ئاخىرىدا يېڭىدىن كۆكەرتىلگەن يەر 552.23 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %21.13 كە، يېشىللىق نىسبىتى %2.18كە يەتتى. شەھەر بويىچە 109 يول كۆۋرۈكى، 352 ئاممىۋى ھاجەتخانا، 82 مۇھىت ئاسراش ھاجەتخانىسى، 778 ئەخلەت پونكىتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان خالتىلىق ئەخلەت پونكىتى 87، سۇ بىلەن يۇيۇلىدىغان ھاجەتخانىدىن 5ى، مۇھىت ئاسراش ھاجەتخانىسىدىن 55ى يېڭىدىن سېلىندى. بىر يىلدا 3.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 16 شەھەر يولى يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، يېڭىدىن بىر پىيادىلەر كۆتۈرمە كۆۋرۈكى سېلىندى، 13.24 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 7 يۇندا تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 17.24 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ تورۇبىسى ئۆزگەرتىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى شىدۇنزى تېغىغا قۇرۇلغان، كۈنىگە 200 مىڭ توننا سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ سۇ سۈزۈلەندۈرۈش كۆلچىكى، V شەكىللىك سۈزگۈچ كۆلچەك ۋە ئىچكى قىسمىنى يورۇتۇشلەشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتتۈنلەي پۈتتى. 229 پارقازاننى تورلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى، 894 كىچىك پارقازان چۇۋۇۋېتىلدى، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى يېڭىدىن 3 مىليون 300 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆپەيتىلدى. گاز چىقىرىشى لاياقەتسىز ئاپتوموبىلدىن 7278 ى ئۆزگەرتىلدى. ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون كۆلىمى 112.87 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بىر يىلدا سائىتىگە كېرەكسىز گازنى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 1 مىليون 346 مىڭ 100 كۇب مېتىرغا يەتتى، كۈنلۈك يۇندا بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 4284 توننا كۆپەيدى. بىر يىلدا ھاۋا بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى 3 - دەرىجىدىن تۆۋەن بولغان كۈن بىر يىلدىكى كۈن سانىنىڭ %89.04 نى ئىگىلىدى.

★ 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى شىمىن ساقچىخانىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى جياۋ شىنمىن بەدىنىگە پارتلاتقۇچ تېڭىۋېلىپ ۋەقە تۇغدۇرماقچى بولغان بىر جىنايەت گۇماندارىنى بىرتەرەپ قىلىش ۋاقتىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

★ 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونى قۇرۇلدى.

★ 11 - ئايدا قىزىلتاغ تەنتەربىيە سارىيى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، مەملىكەتلىك ئەرلەر ۋاسكېتبول ئا دەرىجىلىكلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ئايشەم

# تىيانشان رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تىيانشان رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. 2002 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 13، يېزا بىر، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 124، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 495 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 139 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 42 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.56‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.51‰. رايون بويىچە 1350 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 430 گېكتار، كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 190 گېكتار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

تىيانشان رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە، سودا، مەدەنىيەت، مائارىپ مەركىزى. رايون تەۋەسىدىكى قارلىغاچلىق ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ داخلىق مەنزىرە رايونى بولۇپ، ئۇ شەھەر رايونىنىڭ جەنۇبىي ئەتراپىغا جايلاشقان.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تىيانشان رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇ خېلىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمتىمىن سادىق.

رايون باشلىقى: ئەخمەتجان ئاقنىياز.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ ياۋشېڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى تىيانشان رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 456 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 10 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %12.04 ئاشتى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1

مىليارد 320 مىليون يۈەن بولۇپ، %9.33 تۆۋەنلەپ كەتتى، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 126 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.27 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 617 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %13.98 تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 638 مىڭ 100 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 399 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 14 مىليون 897 مىڭ 200 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون 682 مىڭ 200 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: دانلىق زىرائەت 1013 توننا، كۆكتات 8191 توننا. يىل ئاخىرىدا قولدا 32 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 421 توننا گۆش، 4613 توننا سۈت، 363 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 30 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 5597 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 676 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: تارقىتىلغان توك 3 مىليارد 978 مىليون 870 مىڭ كىلوۋات سائەت، تەييار جۇڭيى دورىسى 73 توننا، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل 1077، سېمونت قۇيۇلما 730 كۇب مېتىر، كىيىم - كېچەك 4 مىليون 270 مىڭ قۇر، ئۆي جاھازىسى 42 مىڭ 200، سۇلياۋ ياسالما 900 توننا. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98.78 بولدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 568 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 626 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 347 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد 131 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 3 مىليارد 139 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 208 مىليون يۈەن، ئۆي-زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 2 مىليارد 773 مىليون يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغىنى 11 مىليون يۈەن. تىيانشان رايونىدىكى چوڭ تىپتىكى مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىدىن خۇڭگيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى ۋە كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشى، خەلقئارا چوڭ بازار، ئۈرۈمچى كېمىر ئۆلكە دەرىجىلىك خەۋەرلىشىش - يەتكۈزۈش غول لىنىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. بىر يىلدا ھەرخىل قاتناش قوراللىرىدا توشۇلغان يۈك ئومۇمىي مىقدارى 195 مىليون 269 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليارد 640 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ 3 مىليارد 570 مىليون يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 480 مىليون يۈەن، ياسىمىچىلىقنىڭ 120 مىليون يۈەن، باشقا كەسىپنىڭ 464 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىغىچە رايون بويىچە ئىستېمال بازىرى 54 بولۇپ، يىللىق پۇتتۇشۇش سوممىسى 1 مىليارد 953 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 166 مىليون 513 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 126 مىليون 326 مىڭ 500 دوللار، ئىمپورت سوممىسى 40 مىليون 186 مىڭ 500 دوللار. يەرلىك مالىيە كىرىمى 260 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %2.72، يەرلىك مالىيە چىقىمى 239 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.96 ئاشتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

رايون بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2371، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 967. بىر يىلدا مائارىپ ئىشلىرىغا 61 مىليون 600 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 4، باشلانغۇچ مەكتەپ 26. ھەرخىل مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1760 (مىللىي 770). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى%100كە، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈش نىسبىتى، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئومۇملىشىش، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى %100 كە، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش، مۇستەھكەملەش نىسبىتى %99 كە، رايون تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. بىر مەكتەپتە مەكتەپ باغچىسى تورى قۇرۇلدى.

رايون تەۋەسىدە مەملىكەتلىك ئاخبارات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 45 مۇخبىرلىق پونكىتى، 12 كىنو - تىياتىرخانا، 7 نەشرىيات، 59 قەرەللىك ژۇرنال تەھرىراتى بار. بىر يىلدا 24 خىل گېزىت ئاشكارا تارقىتىلدى. رايون تەۋەسىدە 3 تارىخىي ئاسار ئەتىقە ئورنى، 4 خاتىرە سارىيى، 4 داڭلىق مەسچىت بار.

يىل ئاخىرىدا رايون بويىچە 20 مەھەللە مەدەنىيەت ئۆيى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئالاھىدە دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە، 2 مەدەنىيەت ئۆيى 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى. بىر يىلدا مەدەنىيەت تىجارەت ئورنىدىن 742 سى تەكشۈرۈلدى، 272

ئورۇنغا يېقىندىن مەدەنىيەت ئىجازەتنامىسى بېجىرىپ بېرىلدى.

رايون تەۋەسىدىكى يېمەكلىك نازىلىقى تىجارەت ئورنى ۋە ھەرخىل ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تازىلىقىنى نازارەت قىلىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى 99% كە، تازىلىق ئىجازەتنامىسى تارقىتىش نىسبىتى 100% كە، كەسىپكارلارنىڭ بەدىنىنى تەكشۈرتۈش نىسبىتى 100% كە، باللارنى ئىممۇنىتېتلاش بويىچە كارتا تۇرغۇزۇش نىسبىتى 100% كە، «تۆت خىل ۋاكسىنا» نىڭ قاپلاش نىسبىتى 95% تىن كۆپرەككە، تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنى داۋالاشنىڭ باشقۇرۇلۇش نىسبىتى 98% كە يەتتى.

2002 - يىلى تىيانشان رايونى كوماندىسى لەنجۇغا بېرىپ مەملىكەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر (غەربىي شىمال 2 - رايونى) پۇتبول مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ «15 - U ياش گۇرۇپپىسى» بويىچە چېمپىيون بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدا تىيانشان رايونىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ 1000 مېتىرغا تېز مۇز تېيىلىش رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. تىيانشان رايونى بويىچە ھەر كۈنى تەخمىنەن 120 مىڭ ئادەم ئەتىگەنلىك يۈگرەش ۋە ھەرخىل ساغلاملىق پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى تىيانشان رايونىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6166 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 16 مىڭ 629 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلى پاشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى فوندى ۋاقتىدا تولۇق تارقىتىلدى. بىر يىلدا 10 مىليون 570 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى فوندى تارقىتىلىپ، 112 مىڭ 909 ئادەم (قېتىم) قۇتقۇزۇلدى. سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىكلەر سۇغۇرتىغا تولۇق قاتنىشىش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشتى، كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

رايوننىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 22.6% كە يەتتى. 5.6 كۋادرات كىلومېتىرلىق شاۋقۇننى تىزگىنلەش ئۆلچىمىگە يەتكەن بىر رايون بەرپا قىلىنىپ، رايون بويىچە ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوننىڭ كۆلىمى 18.4 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. رايون تەۋەسىدە پاكىز ئېنېرگىيە ئىشلىتىش نىسبىتى 98% تىن ئاشتى، 72 مىڭ 986 ئائىلە تەبىئىي گاز ئىشلەتتى.

## مەھەللە قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2002 - يىلى تىيانشان رايونى ئۈنجى قېتىم مەھەللە قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 2 مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئۈلگە كۆرسىتىش ئورنى قىلىندى، 32 ئورۇن ئۈلگە كۆرسىتىشتىن مەھەللە ئۆلچىمىگە يەتتى. مەھەللە مۇلازىمىتى مۇئەسسەسلىرى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى. يىل ئاخىرىغىچە رايون بويىچە مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزىدىن 13 ى، ۋاستىچى تەشكىلاتتىن 112 سى، مۇلازىمەت تور - نۇقتىسىدىن 1392 سى بارلىققا كېلىپ، رايون ئىچىدىكى مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى، كىچىك ئولتۇراق رايون، ئاھالىلەر قورۇسى ۋە ئورۇنلارنى قاپلىدى. رايون تەۋەسىدىكى 13 مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى ئاھالىلەر ياردەم سوراش تېلېفونىنى يولغا قويدى، بارلىق مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتلىرىدا مەھەللە ئەزالىرىنىڭ پىدائىيلار ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 2002 - يىلى «مەھەللە پاشانغانلار پاراۋانلىقى مۇلازىمىتى بويىچە يۇلتۇز پىلانى» تۈرىدىن 25 ى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن شەھەر بىلەن رايون 2 مىليون 150 مىڭ يۈەندىن مەبلەغ سالدى. يىل ئاخىرىغىچە 11 تۈر پۈتتى، 10 تۈرنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 4 تۈرنىڭ قۇرۇلۇشى قىلىنىۋاتىدۇ.

★ 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تىيانشان رايونىنىڭ ئۆلانباي مەھەللە ئىش باشقارمىسى داۋانچىڭ رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

★ 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تىيانشان رايونى 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان تىيانشان رايونى مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيە بازىسى قۇرۇلدى. بۇ ئۈرۈمچى رايونىدىكى بىردىن بىر مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيە بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

قېلىڭ مىن

# سايباغ رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

سايباغ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. 2002 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 10، كەنت 2. ئۇلار سائىفاڭگۇ، جيۇجياۋەن؛ مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 114. رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 439 مىڭ 252 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 99 مىڭ 330)، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 364 مىڭ 869، دائىملىق نوپۇسقا تىزىملىتىلمىغانلار 46 مىڭ 73؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.07‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى

5.38%. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سايباغ رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋېي يى.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چېن يۈجۇ (ئايال).

رايون باشلىقى: ئابدۇسالام ئىمىرباقى.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خۇاڭ جىيۇڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى سايباغ رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 608 مىليون 593 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 39 مىليون 169 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن 14.8%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 815 مىليون 769 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 3.3%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 753 مىليون 654 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 19.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 84 مىليون 203 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 14.88% ئاشتى. بىر يىلدا 2329 توننا ئاشلىق، 70 توننا پۇرچاق، 278 توننا ياغلىق دان، 26 مىڭ 609 توننا كۆكتات، 27 مىڭ 3 توننا ياڭيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 100 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 2245 توننا گۆش، 2234 توننا سۈت، 213 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 133.33 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 12 مىڭ 18 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 592 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.37%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 564 مىليون 175 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.23% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: توك 377 مىليون 419 مىڭ 500 كىلوۋات سائەت، كۆمۈر 427 مىڭ 600 توننا، بۇغداي ئۇنى 9000 توننا، كىيىم - كېچەك 154 مىڭ 300 قۇر، تۇز كىسلاتاسى (تەركىبى 31% تىن يۇقىرى) 52 مىڭ 183 توننا، ناترىي گىدروكسىد (ئويغۇچى ئىشقار) 55 مىڭ 685 توننا، ناترىي كاربىد (كالتسىي كاربىد) 73 مىڭ 651 توننا، سۇلياۋ دېۋۇرقاي ۋە ئورتاق پولىمېرلىنىدىغان ماددا 51 مىڭ 499 توننا، سۇلياۋ ياسالما 7704 توننا، سېمونت 1 مىليون 199 مىڭ 700 توننا، نېفىت پۈركىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سەپلىمىسى 7136 توننا، تراكتور 4096، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل 213، ترانسفورماتور 176 مىڭ 784 كىلوۋولت ئامپېر، ئەسلى باتارېيە (قۇرۇق باتارېيە) 31 مىليون 290 مىڭ 200 دانە، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 8 مىليون 898 مىڭ 100 كىلوجوئۇل، تۇرۇبا سۈيى 136 مىليون 594 مىڭ 300 توننا. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 97.73% كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 368 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 542 مىڭ 471 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 599 مىڭ 216 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 965 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 3 مىليارد 27 مىليون 480 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 988 مىليون 210 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 901 مىليون 440 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا شەھەر قۇرۇلۇشىغا 21 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئومۇمىي كۆلىمى 16 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 9 تاشيول ياسالدى؛ ئومۇمىي كۆلىمى 41 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 13 يول ئۆزگەرتىلدى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 157 مىليون 470 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليارد 549 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 3 مىليارد 100 مىليون 930 مىڭ يۈەن. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 99 مىليون 280 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 90 مىليون 250 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 9 مىليون 30 مىڭ دوللار. 1 مىليون 978 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 579 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 207 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 23.08%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 205 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.66% ئاشتى. رايون بويىچە 85 بازار بار (يېڭىدىن كۆپەيگىنى 8)، بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق تىجارەت سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 13، يىللىق پايدا، باج 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 12؛ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى 24، مەخسۇس توپ سېتىش بازىرى 27.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلى 1 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «رايوننى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. رايون بويىچە 14 مەھەللە پەن - تېخنىكا - مەدەنىيەت تەشۋىقات مەركىزى قۇردى. بىر يىلدا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 18 مەيدان لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇلدى، 2 يۇقىراۋى پەن - تېخنىكا كارخانىسى، 3 يېڭى تۈر، 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. رايوندىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى (رايونغا تەۋە ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ۋە تەكلىپ قىلىنغان) 2832، يۇقىرى ئوتتۇرا مەكتەپ 1، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇتۇش ئورنى 28 (مائارىپ تارماقلىرىدىكىسى 26)، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنىۋانى بارلار 554 (مائارىپ تارماقلىرىدىكىسى 500). رايوندىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 7415 (مىللىي 2257)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 894 (مىللىي 3674). 9 ئوتتۇرا مەكتەپتە مەكتەپ باغچىسى تورى قۇرۇلۇپ، 1579 كومپيۇتېر سەپلەندى. مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 26 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 486 (مىللىي 8182). 6 باشلانغۇچ مەكتەپتە مەكتەپ باغچىسى تورى قۇرۇلۇپ، 713 كومپيۇتېر سەپلەندى. باللار باغچىسى 41، باغچىدىكى بالا 7736. 2002 - يىلى 1 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى يېڭىلاندى. رايون بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى، باشلانغۇچ مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى ۋە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %100 بولدى؛ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %100، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى %99، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى %95.5، باغچا باللىرىنىڭ باغچىغا كىرىش نىسبىتى %88 بولدى. ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش نىسبىتى %84.55 كە يەتتى.

بىر يىلدا مەدەنىيەت خىزمىتىگە 1 مىليون 86 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 68 مەيدان (قېتىم) ھەرخىل ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرى قويۇلۇپ، 3550 نومۇر ئورۇندالدى. 2002 - يىلى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللەندى، بۇ ئۆمەك بېيجىڭ، شېنياڭ، ۋۇشى قاتارلىق دوست شەھەر (رايون) لاردا ھال سوراش ئويۇنى قويدى. ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنى مەزگىلىدە رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكى جۇڭگوغا ۋاكالىتەن كورېيىنىڭ قۇشەن دېگەن يېرىدە مىللىي ئۆرپ - ئادەت ئويۇنى قويدى. بىر يىلدا سەھىيە خىزمىتىگە 3 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى سايباغ رايونىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 643 يۈەنگە يەتتى. تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئوبيېكتى 37 مىڭ 820 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، ئۇلارغا جەمئىي 2 مىليون 550 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى فوندى تارقىتىلدى. 3200 ئادەم، 124 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 204 ئادەم قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەندى.

شەھەر رايونىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېڭىدىن 155.94 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يامالىق تېغىدا يېڭىدىن كۆكەرتىلگەن يەر 133.33 گېكتار. رايون ئىس - تۈتەك، شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە ئۆلچەمگە يەتتى، پاكىز ئېنېرگىيە ئىشلىتىلىش نىسبىتى %98 گە، شاۋقۇننىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %100 گە يەتتى. ھاۋا سۈپىتى 3 - دەرىجە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان كۈن سانى پۈتۈن يىللىق كۈن سانىنىڭ %87.12 نى ئىگىلىدى.

## مەھەللە قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى سايباغ رايونى 10 مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى، 114 مەھەللىدە مەھەللە مۇلازىمەت پونكىتى قۇردى، بۇنىڭ بىلەن سايباغ رايونى مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى باشلامچى، كوچا مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى تايانچ، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى مۇلازىمەت تور - نۇقتىسى ئاساس قىلىنغان مەھەللە مۇلازىمەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. بىر يىلدا مەھەللە مۇلازىمەت تور - نۇقتىسىدىن 700 ى كۆپەيدى، 3200 دىن ئارتۇق ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پايدا يارىتىلدى. مەھەللە پىدائىيلىرى مۇلازىمەت تەشكىلاتىدىن 140 ى قۇرۇلدى، پىدائىي 1660 قا يەتتى؛ شۇ جايدىكى چوڭ دوختۇرخانىلار يۆلەك قىلىنىپ، تېببىي داۋالاش مۇلازىمىتىنى مەھەللىگە كىرگۈزۈش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى؛ ھەرخىل ئاممىۋى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئويۇن قويۇش قوشۇنىدىن 115 ى تەشكىل قىلىنىپ، كۆپ قاتلاملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداش ۋە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تۈزۈرى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ



سۈرەتتە كۆكەرتىلگەندىن كېيىنكى يامالىق تېغى.
سۈرەتنى سايباغ رايونلۇق تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

پائالىيىتىگە 2000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. رايون تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش مۇئەسسەسەلىرى تەدرىجىي مەھەللىگە ئېچىۋېتىلدى. مەھەللىنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، 114 مەھەللە ئەمگەك كاپالىتى خىزمەتچىسى ۋە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىزمەتچىلىرىنى سەپلەپ، ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش، كەسىپ تونۇشتۇرۇش، سىرتقا ئەمگەك كۈچى چىقىرىش ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. رايون بويىچە 114 مەھەللە بىردىن دائىرە ساقچىسى ۋە بىردىن مەخسۇس كادىر سەپلىدى، مەھەللە كىچىك بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى تەشكىللەپ، 650 ئەترەت ئەزاسى سەپلىدى. بىر يىلدا رايون دەرىجىلىك مەدەنىي مەھەللىدىن 30 ى، شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىي مەھەللىدىن 13 ى بارلىققا كەلدى.

2002 - يىلى سايباغ رايونلۇق ھۆكۈمەت «مەھەللە پاشانغانلار مۇلازىمىتى بويىچە يۇلتۇز پىلانى» تۈرىدىن 27 نى قولغا كەلتۈرۈپ، 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنلىك خەلق ئىشلىرى پاراۋانلىق مەبلىغىگە ئېرىشتى، رايون مالىيىسى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنلىك مەبلەغنى يۈرۈشلەشتۈردى. بۇ قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ كۆلىمى كىچىكلىرى 100 نەچچە كۋادرات مېتىر، چوڭلىرى 1000 كۋادرات مېتىر، كۆپىنچىسى 200 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ھەممىسى ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلاردۇر، بەلگە ۋە ئىشىك بېشىنى بېزەشتە بىر تۇتاش خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى لايىھىلىگەن نەقىش ئىشلىتىلگەن. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 15 تۈر

يۈنكوزرۇلۇپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى ۋە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇشقا تەييارلاندى، 11 تۈرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتتى، بىر تۈرنىڭ قۇرۇلۇشى قىلىنىۋاتىدۇ.

## يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى سايباغ رايونى 612 ئورۇننى سەپەرۋەر قىلدى، 12 مىڭ 400 ئاپتوموبىل (قېتىم) چىقاردى، 180 مىڭ ئادەم (قېتىم) يامالىق تېغىدا ئورمان بەرپا قىلىش - كۆكەرتىش ئىشىغا قاتناشتى. يېڭىدىن 133.33 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 120 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، كۆچەتلەرنىڭ 92% ى ئۆستى، دەل - دەرەخنىڭ ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى. 40 گېكتار يەردە چىملىق بەرپا قىلىندى. 133.33 گېكتار كۆكەرتىلىدىغان يەر تۈزلەندى. 133.33 گېكتار يەرگە يۇركۇپ سۇغىرىش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلدى. 1484 مېتىر ئاسفالت - بېتون يول ياسالدى. 3000 كۇب مېتىرلىق سۇ ساقلاش كۆلچىكىدىن بىرى، 5000 كۇب مېتىرلىق سۇ ساقلاش كۆلچىكىدىن بىرى ياسالدى.

يىل ئاخىرىغىچە يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش، ئېچىش ۋە ئۆزگەرتىشكە 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 440 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى، 260 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، دەل - دەرەخ تۈرى 48 خىلغا يەتتى. 3000 كۇب مېتىرلىق سۇ ساقلاش كۆلچىكىدىن 2 سى، 122 كۇب مېتىرلىق سۇ ساقلاش كۆلچىكىدىن بىرى (ھازىر ئاساسەن ئىشلىتىلمىدى)، 5000 كۇب مېتىرلىق سۇ ساقلاش كۆلچىكىدىن بىرى ياسالدى. 3080 مېتىر سۇ باشلاش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 100 گېكتار يەرگە تېمىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 180 گېكتار يەرگە يۇركۇپ سۇغىرىش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلدى. يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. رايوننىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1977 - يىلدىكى 16% تىن 2002 - يىلى 20% كە يەتتى.

ما لىكۇن

# يېڭىشەھەر رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

يېڭىشەھەر رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. 2002 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش

باشقارمىسى 11، يېزا 2، كەنت كومىتېتى 8، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 89. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 364 مىڭ 763 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 75 مىڭ 641). غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 308 مىڭ 674. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.29‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.87‰. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ يەر 2930 گېكتار، دېھقانچىلىق زىرائەتتى تېرىلغان يەر 2400 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يېڭىشەھەر رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى گۇاڭخۇي.

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لىيۇ جىجياڭ.

رايون باشلىقى: لى يۈن.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرازاق نامەت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 5 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 16.24%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 4%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 376 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.78% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 63 مىليون 470 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن 5.21% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 292 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 473 مىڭ 100 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 26 مىليون 705 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6663 توننا دانلىق ئاشلىق، 4016 توننا بۇغداي، 290 توننا ياغلىق دان، 3948 توننا قىزىلچا، 40 مىڭ 895 توننا كۆكتات، 9188 توننا مېۋە - چېۋە، 1441 توننا تۇخۇم، 1021 توننا سۈت ئىشلەندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 8100 تۇياق چارۋا قالدى.

رايون بويىچە سانائەت كارخانىسى (يېزا ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى) دىن 219 ى بار، ئۇلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 161 مىليون يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 10.87% تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ 1 مىليارد 96 مىليون يۈەن بولۇپ، 23.14%، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 141 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولۇپ، 21.32%، شېرىك كارخانىلارنىڭ 14 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولۇپ، 42.08%، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ 259 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولۇپ، 4.55% تۆۋەنلىدى، چەت ئەل سودىگەرلىرى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ 268 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.34% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: يىپ 5310 توننا، سۇلياۋ ياسالما 5493 توننا، تاختا ئەينەك 90 مىڭ 354 ساندۇق، ئالىيۇمىن 21 مىڭ 344 توننا، ھوسۇل يىغىش ماشىنىسى 1907، ياسالغان ئاپتوموبىل 3875، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل 5، يۇڭ توقۇلما 225 مىڭ 500 مېتىر، ئىلمە توقۇلما كىيىم - كېچەك 2 مىليون 483 مىڭ 600 قۇر، بېتون قۇيۇلما 6448 كۇب مېتىر، ئالىيۇمىن قېتىشمىسى 3607 توننا. رايون بويىچە 40 بىناكارلىق كارخانىسى بار بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 422 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 102 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 706 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 702 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 832 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 484 مىليون يۈەن. بىر يىلدا 11 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 8 يولنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. توشۇلغان يۈك 42 مىليون 210 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 7 مىليارد 520 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 22 مىليون 236 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 107 مىليون 865 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. ئۇنىۋېرسال بازاردىن 60 ى بولۇپ، بازار سودىسى كىرىمى 2 مىليارد 852 مىليون يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 94 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ 2 مىليارد 822 مىليون يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 272 مىليون يۈەن. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 57 مىليون 560 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 37 مىليون 350 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 20 مىليون 210 مىڭ دوللار. ساياھەتچىدىن 10 مىڭ 300 ى

كۆتۈرۈلگەندى. ساپاھەتچىلىك كىرىمى 37 مىليون يۈەنگە يەتتى. پەرلىك مالىيە كىرىمى 137 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.43%. پەرلىك مالىيە چىقىمى 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 31.43% ئاشتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، ئەنتەربىيە ئىشلىرى

رايون بويىچە 2002 - يىلدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى پەن دەتقات تۈرى 13، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۆتۈلگەن پەن - تېخنىكا خادىمى 5550. بىر يىلدا پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 10 ى ئەمەلىيلەشتى. رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 35، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 350، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1585؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 703، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1695. خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 7، باشلانغۇچ مەكتەپ 2. باللار باغچىسى 48، باغچىدىكى بالا 7774، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 930.

رايون بويىچە 187 ھەرخىل تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا (100 دىن ئارتۇق كارىۋات بار) 19، ئامبۇلاتورىيە 8، داۋالاش پونكىتى 92، پەككە، خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيە 168.

## خەلق تۇرمۇشى

پېڭشەھەر رايونى بويىچە 2002 - يىلدىكى جەمئىيەتتىكى كەسپكار 84 مىڭ 400، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 10 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلى رايون بويىچە 32 مىڭ 861 ئادەم (قېتىم) ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولدى، ئۇلارغا 2 مىليون 744 مىڭ 600 يۈەن كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى.

پېڭشەھەر رايونىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 32.68% كە، پاكىز ئېنېرگىيە ئىشلىتىش نىسبىتى 80% كە يەتتى.

★ پېڭشەھەر رايونىدا 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «خاڭجۇ» كوچىسى، «يەنچۈەن» كوچىسى، «تيەنجىن» كوچىسى، «جەنۇبىي پاراللېل» كوچىسىدىن ئىبارەت 4 مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

## سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى

2002 - يىلى پېڭشەھەر رايونى 44 تۈر، 2 مىليارد 32 مىليون يۈەن ئىچكى مەبلەغ، 1 مىليون 450 مىڭ دوللار تاشقى مەبلەغ كىرگۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەستىقلىغان، شەھەر بويىچە تۇنجى ماكانلاشتۇرۇش ئۆلگە قۇرۇلۇشى — خۇامېي. ۋېنشۈەن ماكانى ۋە ئاسىيا - ياۋروپا ماددىي ئەشيا ئوبوروت مەركىزى تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى قىلىنىۋاتىدۇ؛ دۇنيا پارچە سېتىش ساھەسىدىكى چوڭ سودىگەر ئامېرىكا ۋولبىماتقا ئەزا تومات مال سېتىۋېلىش مەركىزى غەربىي قىسىم خەلقئارا تاللا بازىرىغا ئورۇنلاشتى، ئۇ ئىش باشلاش ئالدىدا تۇرماقتا؛ ياپونىيە تويوتا ئاپتوموبىل (جۇڭگو) مەبلەغ سېلىش شىركىتى بىلەن رايوندا تۇرۇشلۇق كارخانا شېرىك قۇرغان شەھەر بويىچە تۇنجى جۇڭگو — ياپونىيە شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا — «خۇاتولى» تويوتا ئاپتوموبىل رېمونت چەكلىك شىركىتى تىجارەت باشلىدى.

## پېڭشەھەر رايونى مەملىكەت بويىچە مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە رايون قاتارىغا كىرگۈزۈلدى

خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى 2002 - يىل 9 - ئايدا پېڭشەھەر رايونىغا مەملىكەت بويىچە مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە رايون دېگەن نام بېرىشنى تەستىقلىدى. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مەركىزىي مەدەنىيلىك كومىتېتى «ئىلىم - پەن» شىمالىي كوچا مەھەللىسىنى مەدەنىي مەھەللە بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى. 2002 - يىلى پېڭشەھەر رايونى ئاپتونوم رايوننىڭ مەھەللە قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى، ئەرگۈڭ ئىش باشقارمىسىنىڭ نۇقتىدا سىناق قىلىشقا دائىر تەجرىبىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك كېڭەيتتى. رايون بويىچە ئەسلىدىكى 67 مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 89 غا كۆپەيتىلىپ، شەھەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. رايون بويىچە 6 مەھەللە باشقارمىسى ۋە 59 مەھەللە ئۈلگە كوچا ۋە مەھەللە تەلىپىگە يەتتى. مەھەللە كادىرلىرى ئاساسەن ياشلاشتى، بىلىم ئەھلىگە، كەسپ ئەھلىگە ئايلاندى. 1996 - يىلدىن باشلاپ 30 نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، رايون دەرىجىلىك مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى بىناسى سېلىپ، پېڭشەھەر ساغلاملىق باغچىسى، مېيىپلارنى تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇپ، مەھەللە مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلىدى. «يۈلتۇز پىلانى» نى داۋاملىق يولغا قويۇپ، 4 مىليون 495 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ياشانغانلار پائالىيەت مەيدانى ۋە يۇرۇشلەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش مۇئەسسەسەلىرىنى قۇردى ھەمدە مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش سورۇنىنى ھەل قىلدى. مەھەللە مۇلازىمىتى چوڭقۇرلۇقتا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، تىببىي داۋالاش - ساقلىق ساقلاش، ئۆي ئىشلىرى مۇلازىمىتى قاتارلىق 32 يۈرۈش، 328 تۈرلۈك مۇلازىمەت مەزمۇنى، 980 نەچچە مۇلازىمەت تور - نۇقتىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلانغان بىر تۈركۈم مۇلازىمەت كارخانىلىرى بارلىققا كەلدى.

### بازار تورى سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئەھۋالى

2002 ـ يىلى يېڭىشەھەر رايونى بويىچە بازار 60 تا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، پارچە سېتىش بازىرى 34، ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرى 5، كەسپىي بازار 21. بازارلارغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 468 مىليون 376 مىڭ يۈەن، يىللىق تىجارەت سوممىسى 2 مىليارد 909 مىليون 680 مىڭ يۈەن، يىللىق باج 47 مىليون 927 مىڭ يۈەن. دېمەك چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكىلىرى، پارچىلىرى، نۇقتا بىلەن دائىرە بىرلەشكەن، تۈرلىرى تولۇق، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كۆنسايىن مۇۋاپىقلىشىۋاتقان ئەندىزە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى ھەمدە كۆلەملىشىشكە، قېلىپلىشىشقا، ئالىي دەرىجىلىك بولۇشقا، كەسىپلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات قەدىمى زور، سۈرئىتى تېز بولۇپ، 12 چوڭ بازار (باجياخۇ پولات ماتېرىيال ۋە مېتال ماتېرىيال بازىرى، شىنجاڭ ماشىنا ـ ئېلېكتر بازىرى، شىمالىي ۋوگزال پولات ماتېرىيال بازىرى، شىنجاڭ ئاپتوموبىل ۋە ماشىنا ـ ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى، «شىنبېي» ماددىي ئەشيا ئۇنىۋېرسال سودا بازىرى ۋە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل بازىرى، شىنجاڭ «شۇاڭشىڭ» كونا مال بازىرى، يېڭىشەھەر رايونى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى توپ سېتىش بازىرى، جۇڭخۇا بازىرى، شىنجاڭ بىرلەشمە بازىرى، يېڭى نېفىت يېزىسى بۆلەك رايونى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بازىرى، «ۋېنگۇاڭ» ۋوگزالى بازىرى، «سۇجيۇ» كوچىسى كالا، قوي گۆشى توپ سېتىش بازىرى) باشلامچىلىقىدا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاستىلىرى بازىرى، كەسپىي بازار، ئۆزگىچە بازار ۋە ماددىي ئەشيالار توپلىنىدىغان، تارقىتىلىدىغان جاي تولۇقلىما قىلىنغان خىلى مۇكەممەل بازار تورى سىستېمىسى شەكىللەندى.

چېن يەن

## شىمىگۇ رايونى

### ئاساسىي ئەھۋالى

شىمىگۇ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. 2002 ـ يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 6، يېزا بىر، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 59. يىل ئاخىرىدىكى دائىملىق نوپۇس 151 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 9315؛ نوپۇسنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى 10.6‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.1‰. رايون بويىچە 686.5 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 78 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 614 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 299 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

رايون تەۋەسىدە شىنجاڭ «1 ـ ئىيۇل» توقۇمىچىلىق گورۇھى شىركىتى، ۋېيخۇلياڭ كۆمۈر كېنى، ليۇداۋان كۆمۈر كېنى، ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار، نۆۋەتتە غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بازىرى — شىنجاڭ «خۇالىڭ» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بازىرى بار. يەر ئاستىغا مول كۆمۈر، مايلىق سلانىتس، سېغىز تۇپا يوشۇرۇنغان. 2002 ـ يىلى شىمىگۇ داڭلىق مەنزىرە رايونى دۆلەتلىك ئا ئا ئا دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرە رايونى قىلىپ بېكىتىلدى. مەنزىرە رايونى قىزىلتاغ، سۇ مۇنارىسى تېغى، سوزۇق بۇلاق تېغى، خۇڭجياۋ تېغى، ئارشاڭ تېغى، قار لەيلىسى تېغى ۋە شىمىگۇ دەرياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلار ئۈچۈن 3.7 كۋادرات كىلومېتىر يەر ئىشلىتىلدى. مەنزىرە رايونىدا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ خەنچۇەن بۇددا سوزۇق بۇلاق ئىبادەتخانىسى، ئارشاڭ ساناتورىيىسى، قار لەيلىسى تېغى گولۇف توپ مەيدانى قاتارلىق ئارامگاھ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىمىگۇ رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ شاڭچېڭ.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لى رۇڭزۇڭ.

رايون باشلىقى: يۈەن باۋشىن.

سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شاۋ مېي (ئايال).

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى شىمىگۇ رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 661 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 11 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولۇپ، 4.17% تۆۋەنلىدى؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 695 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.08%، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 953 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.71% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات

قىممىتى 17 مىليون 41 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.17% تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 894 مىڭ 600 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 246 مىڭ 100 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 5 مىليون 900 مىڭ 500 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 389 توننا ئاشلىق، 31 توننا ياغلىق دان، 29 مىڭ 432 توننا كۆكتات، 60 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3501 تۇياق چارۋا قالدى. 857 توننا گۆش، 0.5 توننا يۇڭ، 120 توننا سۈت، 46 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 6 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 4867 گە، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 211 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 189 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە. رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 6200 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 989 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 14.85%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 472 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.82% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 891 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 1 مىليارد 310 مىليون 410 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، 3 مىليون 899 مىڭ كىلوجوئۇل ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى، 1 مىليون 850 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 39 مىڭ 867 توننا يىپ، 46 مىليون 670 مىڭ مېتىر رەخت، 23 مىڭ 257 توننا قەغەز بوتقىسى، 12 مىڭ 850 توننا فابرىكا قەغىزى، 1449 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 52 مىڭ 504 ساندۇق ئاختا ئەينەك، 67 مىليون 735 مىڭ دانە (ئۆلچەملىك) خىش، 4906 كىلومېتىر ئېلېكتر كابېلى، 5675 توننا سىر، 18 مىڭ 116 دانە ياغاچ ئۆي جاھازىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 102.07% كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 377 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 277 مىڭ 361 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 151 مىڭ 778 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 728 مىليون 470 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 265 مىليون 240 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا 5.94 كىلومېتىر ئاشيول ياسالدى، 2.83 كىلومېتىر ئاشيول ئۆزگەرتىلدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: شەھەرنى ئايلىق تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 1 مىليون توننا، كۈنىگە يۇندا بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 30 مىڭ توننا، يىللىق كۆمۈر يۇيۇش ئىقتىدارى 200 مىڭ توننا، شەھەرنى سائەتىگە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 80 توننا، سائەتىگە ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 58 جوئۇل ۋات. پۇچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 414 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە ھەرخىل تاۋار سودا بازىرىدىن 26 سى بار، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان توپ سېتىش بازىرىدىن 2 سى بار. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 32 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى (ھەممىسى ئېكسپورت). بىر يىلدا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 13ى ئىمزالاندى، 511 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. 600 نەچچە مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى (قىزىلتاغ باغچىسى بۇنىڭ سىرتىدا)، ساياھەتچىلىكتىن 23 مىليون 802 مىڭ 800 يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 126 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 19.55%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 129 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.58% ئاشتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلى شىمكۇ رايونىغا قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 844، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 390. شۇ يىلى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 17 سى ئورۇنلاندى. رايوندىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 1699 (مىللىي 602)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 5712 (مىللىي 1325)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 739 (مىللىي 2514). مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1388 (مىللىي 363). شۇ يىلى مائارىپقا 18 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (ئاساسىي قۇرۇلۇشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بالىلار باغچىسى 28، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 240. شىمكۇ رايونى بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، 2 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 2 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 100% كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 95% كە يەتتى.

رايون بويىچە 217 سەھىيە ئاپپاراتى، 1779 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 19) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 774 (مىللىي 15)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1151، يېزا، كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 10.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى شىمكۆ رايونى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6538 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 4281 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 875 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 31 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە 2 مىليون 650 مىڭ يۈەن شەھەرلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىلدى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 17.8 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 38.7 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 32 مىڭ 618 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 20 مىڭ 687 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى، بۇنىڭغا 61 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 14.85 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى؛ 14.85 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچىمىگە يەتكەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى.

★ 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە شىمكۆ رايونى ئۈنجى نۆۋەتلىك بەيۈەنجۇاڭ ماشىنا مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى بويىچە مال زاكاز قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. مال زاكاز قىلىش يىغىنىدا ھاسىل قىلىنغان مۇددىئا خاراكتېرلىك پۈتۈشۈش سوممىسى 20 نەچچە مىليون يۈەنگە يەتتى.

★ 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «زەبىرەڭ غەلىبىسى» مەيدانىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمى ۋە 2002 - يىللىق ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلقئارا كېيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى مۇ مۇنارىسى تېغى باغچىسىدىكى «زەبىرەڭ غەلىبىسى» مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

★ 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىمكۆ رايونى شىمالىي يېڭەنكۆل كوچىسى مەھەللە باشقارمىسى قۇرۇلدى.

★ 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىمكۆ رايونى خۇڭچياۋ يولىدا بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتى. بۇ زاۋۇتقا 61 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، كۈنىگە 30 مىڭ توننا يۇندىنى بىرتەرەپ قىلالايدۇ.

جۇ جىڭ

# تۇدۇڭخابا رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇدۇڭخابا رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. 2002 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، خېنەن جۇاڭزى كەنتى بىلەن ئەنىن چارۋىچىلىق فېرمىسى قارايدۇ، مەھەللە كومىتېتى 39. يىل ئاخىرىدىكى دائىملىق نوپۇس 131 مىڭ 434 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 462)، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 86 مىڭ 954؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.87‰. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

رايون تەۋەسىدە پولات - تۆمۈر، نېفىت ماددىي ئەشيالىرىنى توپلاش - تارقىتىش، تۆمۈريولدا يولۇچى ۋە يۈك توشۇش، سېمونت، ئىلمە توقۇلما قاتارلىق سانائەت كارخانىلىرى بار؛ تۇدۇڭخابا، ۋاڭجياگۇدىن ئىبارەت 2 سانائەت باغچا رايونى بار؛ بىڭتۇەننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇدۇڭخابا رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى جيەنگو.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇ لۇچياڭ.

رايون باشلىقى: لۇ خەيلياڭ.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇراخمان قادىر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى تۇدۇڭخابا رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 799 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 101 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 772 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.03%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 926 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.8% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 259 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 12.75% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 189 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 13 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 57 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا رايون

بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 34 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 67 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 13 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 12 مىڭ 723 توننا مېۋە - چېۋە، 3867 توننا گۆش، 5389 توننا سۈت ئېلىندى.

يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسىدىن 90 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 6، كوللېكتىپ كارخانا 23، پاي ھەمكارلىق كارخانىسى 3. بىر يىلدا سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 704 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %27.99 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 674 مىڭ 100 توننا پولات، 1 مىليون 656 مىڭ 200 توننا تەييار پولات ماتېرىيال، 506 مىڭ 400 توننا سېمونت، 109 مىڭ ساندۇق تاختا ئەينەك، 12 مىڭ توننا سىلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 120 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 83 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 626 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 456 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 156 مىليون يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغىنى 14 مىليون 900 مىڭ يۈەن. 2002 - يىلى 537 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 192 مىليون 220 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 190 مىليون يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 502 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 70 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %8.46، يەرلىك مالىيە چىقىمى 67 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.86 ئاشتى. بانكىلاردىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 552 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 919 مىليون يۈەن؛ بانكىلاردىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 231 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 53 مىليون يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

رايون بويىچە 2001 - يىلدىكى پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى 5، كەسپىي تېخنىكا خادىمى 6313. رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 10، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1350، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5090؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 11مىڭ 201. باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى، ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %100 بولدى. رايون بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، 4 مەدەنىيەت پونكىتى بار. «1 - ئاۋغۇست» پولات-تۆمۈر (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «تەڭرىتاغ» خور ئۆمىكى 2 - نۆۋەتلىك كورىيە جىنشەن ئولىمپىك خور مۇسابىقىسىدا ئالتۇن، كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى مۇزىكا سۆيەر خور ئۆمىكى مەملىكەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر سەنئەت بايرىمىدا مۇنەۋۋەر ئورۇنداش ۋە تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تۇدۇڭخابا رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، «1 - ئاۋغۇست» پولات-تۆمۈر شىركىتى تەنتەربىيە جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

رايون بويىچە 61 تېببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 750 ھەرخىل سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىمى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 428)، داۋالاش ئورۇنلىرىدا 657 كارىۋات (دوختۇرخانىدىكىسى 527) بار.

### خەلق تۇرمۇشى

تۇدۇڭخابا رايونى بويىچە يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 37 مىڭ 109، ئىشچى - خىزمەتچى 35 مىڭ 436 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 14 مىڭ 827 يۈەنگە يەتتى.

2002 - يىلى رايون قۇرۇلۇشقا 111 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا سېلىنغان مەبلەغ 109 مىليون يۈەن، بۇ مەبلەغ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يوللىرىنى كېڭەيتىشكىمۇ ئىشلىتىلدى. بىر يىلدا 100 نەچچە كىلومېتىر تاشيول كېڭەيتىلدى، 15 مىڭ كۋادرات مېتىر يول رېمونت قىلىندى؛ يېڭىدىن 72 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى. باغچىسىمان ئورۇندىن 9 ى، كۆكەرتىشتە لاياقەتلىك ئورۇندىن 3 ى بەرپا قىلىندى.

2002 - يىلى تۇدۇڭخابا رايونى بويىچە كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئورنىدىن بىرى، ئەمگەك باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتىدىن 2 سى بار بولدى. ئەمگەك مۇلازىمىتى بازىرى ئارقىلىق 1567 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىر يىلدا 4023 ئادەم (قېتىم) شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى.

### تۇدۇڭخابا سانائەت رايونى قۇرۇلۇشى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇدۇڭخابا سانائەت

رايونىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى بويىچە 112.87 گېكتار يەر ۋە 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى بويىچە 168.27 گېكتار يەرنى ئېچىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 35 كارخانا كىرگۈزۈلدى، بىر كارخانا دۆلەت ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك «مەشئەل پىلانى» غا كىرگۈزۈلدى. 2002 - يىلى شىنجاڭ بىئوخىمىيە دورا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنكاڭ» چارۋىچىلىق بىئولوگىيە تېخنىكىسى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنشۈ» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى، «جىنشىنخەي» ماي چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى غەربىتىكى مەرۋايىت سودا - سانائەت چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «شېنيۈي» كىران ترانسپورت ماشىنىلىرى چەكلىك شىركىتى، غەربىي قىسىم «جاس» ئالاھىدە دورىگەرلىكى، «كېدى» رەڭلىك باسما ئوراش - قاچىلاش زاۋۇتى، شىنجاڭ «تاغ چوققىسى» پولات تۇرۇبا ياساش چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت 11 كارخانا مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگۈزۈلدى، 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش جەھەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

2002 - يىلى تۇدۇڭخابا سانائەت رايونى ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ يول تورى، سۇ تورى قۇرۇلۇشى قىلدى، 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ سانائەت رايونى خىزمەت بىناسى سالدى، 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ پىلانلاش، كۆكەرتىش ۋە ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى قىلدى. خەۋەرلىشىش سىم يوللىرى ئاساسىي جەھەتتىن تارتىلىپ بولدى، ئېلېكتر ئىدارىسى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ تارتىدىغان ئېلېكتر قۇۋۋىتى قوش قايتما يوللۇق 100 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرلىق سىم يولى قۇرۇلۇشى باشلاندى. پوچتا كەسپى نورمال تىجارەت باشلىدى. 3 ئاممىۋى قاتناش لىنىيىسى ئېچىلدى.

### يۈندا بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

تۇدۇڭخابا رايونى يۈندا بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ 2. قارارلىق قۇرۇلۇشى 2002 - يىل 12 - ئايدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ زاۋۇت ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 40 مىڭ كۋادرات مېتىر، كۈندىلىك يۈندا بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 14 مىڭ كۇب مېتىر، زاۋۇت قۇرۇلۇشىغا 44 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (1 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). يۈندا بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى پۈتكەندىن كېيىن رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ياخشىلاندى، بۇنىڭ بىلەن تۇدۇڭخابا دەرياسى بويىغا قويۇپ بېرىلىدىغان تۇرمۇش ۋە سانائەت يۈندىلىرىنىڭ دەريا سۈيىنى بۇلغاش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

جاۋ جيەنگاڭ

# داۋانچىڭ رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

داۋانچىڭ رايونى (ئەسلىدىكى نەنشەن كان رايونى، نەنجۇەن رايونى) ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ رايوننىڭ مەمۇرىي مەركىزى داۋانچىڭ بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 86 كىلومېتىر كېلىدۇ. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى، دۆلەت يولى 312 - لىنىيىسى ۋە تۇرپان - ئۈرۈمچى داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى رايون تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. بۇ رايون قەدىمدىن ھازىرغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئالاقىسى شۇنىڭدەك ئىچكى - تاشقى ئالاقە جەھەتتىكى مۇھىم جاي بولۇپ كەلدى. 2002 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، بازار بىر، يېزا 4، ئاھالىلەر كومىتېتى 8، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 47 مىڭ 137 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 22 مىڭ 394)؛ كۆچمە نوپۇس 3499، يېزا نوپۇسى 21 مىڭ 302؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.55‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.6‰. رايون بويىچە 4384.13 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 4046.97 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 2430.76 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 1630.15 گېكتار (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 66.67 گېكتار). كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

داۋانچىڭ رايونى تەۋەسىدە سۇ بايلىقى مول، ئاق تېرەك دەرياسى سۇ ئامبىرى، سايئوپا كۆلى، تۇزكۆل بار. رايون تەۋەسىدە قېزىلما بايلىق مول، كۆمۈر، ھاك تېشى، تۆمۈر، مىس، مانگان، ئوتقا چىدامىلىق توپا، مىنېرال سۇ قاتارلىقلار بار. رايون تەۋەسىدە دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قار سىزىقىنىڭ ئاستىدىكى تاغلىق يەرلەر سوغۇق چىملىق بەلۋاغ بولۇپ، ياخشى تەبىئىي ئوتلاقتۇر. بۇ رايوندا ياۋايى ھايۋان كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، قارا لەيلەك ۋە چولڭ دوغداق، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، سىلەۋسۇن، بۇغا، ئۇلار، قاپلان، ئاق بوغۇز بۆكەن، كۆلرەڭ تۇرنا قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلار پىلانلىنىۋاتىدۇ ۋە قۇرۇلۇۋاتىدۇ. نەم يەر باغچىسى، غەلىتە دەرەخ باغچىسى، چاقپەلەك باغچىسى، مەركىزىي مەيدان، ۋاڭ لوبىڭ مۇزېيى سەنئىتى شەھەرچىسى،

تۇزكۆل ساياھەت شەھەرچىسى، بەشۇجيەن قەدىمىي شەھىرى، سايئوپا سەيلىگاھ مەنزىرە رايونى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ داۋانچىڭ رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جيەنلىڭ (ئاپال).

1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما يۇڭفېڭ (ئاپال، خۇيزۇ).

رايون باشلىقى: ياڭ جېشىن.

سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چياۋ شياڭجىن (خۇيزۇ).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى داۋانچىڭ رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 303 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 52 مىليون 700 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 235 مىليون 790 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 14 مىليون 620 مىڭ يۈەن.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليون 802 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 636 مىڭ 900 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 238 مىڭ 900 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 45 مىليون 879 مىڭ 500 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 47 مىڭ 100 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 9244 تونna ئاشلىق (بۇنىڭ ئىچىدە، پۇرچاق تېرىلغىسى 4437 تونna)، 26 مىڭ 274 تونna كۆكتات، 741 تونna ياغلىق دان، 3600 تونna يېدە، 156 تونna مېۋە - چېۋە ئېلىندى. بىر يىلدا 6.33 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 8.382 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئوتلاق بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 151 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 2343 تونna گۆش، 124 تونna يۇڭ، 66.20 تونna ئۆچكە تىۋىتى، 71 مىڭ 905 پارچە كالا تېرىسى، 115 تونna تۇخۇم، 1375 تونna سۈت، 10 تونna سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 33.429 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 1400 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 114 ئىسسىق قوتان ياسالدى. بىر يىلدا باقمىچىلىق ئۈچۈن 8 مىليون 80 مىڭ يۈەن ياردەم ئۆسۈمىلۈك قەرز پۇل تارقىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات

---

قىسقا ماتېرىيال

# سايئوپا كۆلى

سايئوپا كۆلى ئۈرۈمچى شەھەر رايونىغا تەخمىنەن 40 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئەڭ زور ئاتلىق سۇلۇق كۆل. سۇ مەنبەسى ئاساسلىق ئايرىم ئاقىدىغان بىرنەچچە تاغ جىلغىسى سۈيىنىڭ سايئوپا كۆلىگە قۇيۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان يېپىق شەكىللىك سۇ مەنبەسىدىن ئىبارەت. كۆل يۈزى ئېللىپىس شەكىللىك بولۇپ، كۆلىمى 31 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 4.2 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 6 مېتىر، ساقلىنىدىغان سۇ 126 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، كۆل سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە مىنېراللىشىش دەرىجىسى 3.92 گىرام / لىتىر. كۆل ۋە سازلىقتىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى بىلەن تاغدىن كەلگەن سۇ نىسبىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ تۇرىدۇ، كۆلدىكى سۇ ئورنىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىش پەرقى 0.47 — 07 مېتىر. كۆل بويىدا ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن، كۆپ يىل ئۆسكەن قومۇش ۋە يېتىشتۈرۈلگەن قارىياغاچ ئورمىنى بار. كۆلدە چايكا، ياۋا ئۆردەك قاتارلىقلار بار، قىسقۇچ پاقا، ھاۋز ئەركەك بېلىقى قاتارلىق سۇ مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ، كۆلنىڭ شەرق، غەرب، شىمال تەرەپلىرى يايلاق. كۆل رايونىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ساياھەت رايونى ئېچىلدى، بېلىق تۇتۇش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش تۈرلىرى بار.

# تۇزكۆل

تۇزكۆل ئۈرۈمچى شەھەر رايونىغا 72 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ جەنۇب تەرەپتىكى تاغلىق بەلۋاغقا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، سايئوپا كۆلى بىلەن بولغان ئارىلىقى 14 كىلومېتىر كېلىدۇ، كۆل شەرقتىن غەربكە قاراپ ئۇزۇنچاق سوزۇلغان. سۈيى ئاساسەن ئەتراپتىكى يەر ئۈستى سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيىدىن توپلانغان، سايئوپا كۆلىنىڭ سۈيىمۇ ئاز مىقداردا كىرىدۇ. تۇزكۆل ئەسلىدىكى بىر كۆلدىن تەدرىجىي شەرقىي ۋە غەربىي كۆلگە ئايرىلدى، شەرقىي كۆلنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 17.7 كۋادرات كىلومېتىر، غەربىي كۆلنىڭ كۆلىمى 6 كۋادرات كىلومېتىر. شەرقىي ۋە غەربىي كۆللەر ئوخشاشلا تۇزلۇق كۆل بولۇپ، سۇ تەركىبىدىكى تۇز مىقدارى %25 كە يېتىدۇ، كۆلدە ناترىيلىق تۇز ۋە شور مول بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇھىم تۇز ئىشلەپچىقىرىش رايونىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ كۆل بىئولوگىيىلىك تىپتىكى تۇزكۆل بولۇپ، گالوگېنلىق قۇرۇتلار ياشايدۇ. كۆلنىڭ 3 كىلومېتىر شىمالىي قىرغىقىدا بىر پارچە نەم يەر بولۇپ، شىمالىي سازلىق دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ شىگۇ يېزىسىنىڭ يايلىقىدۇر.

ۋېي چياڭ

قىممىتى 49 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 25 مىڭ 25، 285 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 629 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 236 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 1 مىليون 180 مىڭ توننا كۆمۈر، 92 مىڭ توننا كوكس، 560 مىڭ توننا يۇيۇلغان كۆمۈر، 70 مىڭ توننا ناترىي سۇلفىد، 155 مىڭ توننا ئورىيە، 16 مىڭ 900 توننا بىرىكمە سوپۇن پاراشوكى، 92 مىڭ توننا تۇز، 116 مىليون 610 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون توننا ھاك تېشى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 75 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى (ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى). بىر يىلدا 2.2 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 5 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 32 مىڭ 500 ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 291 مىڭ 400 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 183 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 860 قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونتى 428، شەھەردىكى تېلېفون ئابونتى 432. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 32 مىليون 138 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 5 مىليون 620 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 26 مىليون 518 مىڭ 200 يۈەن. ھەرخىل تاۋار سودا بازىرىدىن 6 سى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 16 مىليون 64 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، يەككە سودا - سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 11 كارخانا بىلەن مەبلەغ سېلىش مۇددىئانامىسى ئىمزالاندى، ئىمزالانغان مەبلەغ ئازكەم 400 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 10 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، يەرلىك مالىيە چىقىمى 38 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 26 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 65 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلى داۋانچىڭ رايونىدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1068، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 514. رايوندىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 266 (مىللىي 138)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 1754 (مىللىي 1042)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 3789 (مىللىي 1964). باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99 كە، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى %100 كە، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى %100 كە يەتتى. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 556 (مىللىي 301). ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %85 كە يەتتى. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 1200 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى يېڭىدىن سېلىندى ۋە رېمونت قىلىندى؛ 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىلاندى. ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق يېزا، بازار، مەيدان ۋە مەكتەپلەرگە قىممىتى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان 1500 نۇسخىدىن ئارتۇق كىتاب ئىئانە قىلىندى. رايون بويىچە بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 500 گە يەتتى. رايون بويىچە 26 سەھىيە ئاپپاراتى، 272 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (كارخانىلاردىكىسى 215، يېزا - بازارلاردىكىسى 57) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 26. دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 228 (كارخانىلاردىكىسى 187، يېزا - بازارلاردىكىسى 41). 17 يېزا، كەنت داۋالاش نۇقتىسى، 17 يېزا، كەنت دوختۇرى ۋە سەھىيە خادىمى بار. بىر يىلدا پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ كىشى بېشىغا 4 يۈەندىن توغرا كەلدى. 2788 بالا پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاشقا قاتناشتۇرۇلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى داۋانچىڭ رايونىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7000 يۈەنگە يەتتى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2438 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 207 يۈەن كۆپەيدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 17 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى، بىر يىلدا ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلىدىن 240 مىڭ يۈەن تارقىتىلىپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئاھالىنىڭ قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ غەملىنىپ، بازارلىق ياشانغانلار سانائورىيىسى كېڭەيتىلدى. بىر يىلدا ئاجىز - ئورۇق توپلارغا 110 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى.

بىر يىلدا نۇقتىلىق بۇلغاش كارخانىسىدىن بىرى

بىرتەرەپ قىلىنىدى (ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى)، بۇنىڭغا 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى.

## داۋانچىڭ رايونى قۇرۇلدى

2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئەسلىدىكى نەنشەن كان رايونى، كېيىن نامى ئەنچۈەن رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن ئەنچۈەن رايونى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ئارقىلىق داۋانچىڭ رايونى قىلىپ قۇرۇلدى.

ئۈرۈمچى شەھەر رايونى بىلەن بولغان ئارىلىقى 270 كىلومېتىر كېلىدىغان، توقسۇننىڭ غەربىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان نەنشەن كان رايونى 1971 - يىلى قۇرۇلغانىدى، رايونغا ئايرىلىش كۆلىمى 1200 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاساسلىقى، 10 نەچچە كارخانا، ئىدارە - ئورۇندىن تەركىب تاپقانىدى، نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان چاغدا 80 مىڭدىن ئاشقانىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشى ۋە تۆمۈريولنىڭ غەربكە سوزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، نەنشەن كان رايونىدىكى 4 دۆلەت كارخانىسى سىرتقا كۆچۈپ كەتتى، نەتىجىدە دائىملىق نوپۇس بىراقلا ئازىيىپ، 10 مىڭغىمۇ توشمىغىدەكلا ئادەم قېلىپ قالدى، مالىيە، باج مەنبەسى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەنشەن كان رايونى چەت، يىراق جايغا جايلاشقان بولغاچقا، ئۇ ئۈرۈمچىدىكى مالىيە ئەھۋالى ئەڭ ناچار رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ خىل ئەھۋالنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، ئەنچۈەن رايونىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ داۋانچىڭغا كۆچۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ داۋانچىڭ رايونى قىلىپ قۇرۇشنى پىلانلىدى، 2002 - يىلىنىڭ بېشىدا گوۋۇيۈەننىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىدى. 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى داۋانچىڭ رايونى قۇرۇلدى.

## يېزا - بازار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يورۇق نۇقتىسى

شىنجاڭ «ئالتۇن ئۈزۈم» بىئولوگىيە پاي چەكلىك شىركىتى داۋانچىڭ رايونىنىڭ دۇڭگۇ يېزىسى ۋاڭجيامياۋ كەنتىدە قۇرىدىغان نەسىللىك كالا فېرمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى 2002 - يىل 11 - ئايدا باشلاندى. بۇ فېرما ئىگىلەيدىغان يەر كۆلىمى تەخمىنەن 18 گېكتار، بۇ «ئالتۇن ئۈزۈم» شىركىتى قۇرغان 5 - نەسىللىك كالا بازىسىدۇر. ئىلگىرى دۇڭگۇ يېزىسى ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق (بۇغداي، دادۇر) قىلا تايىناتتى، مەھسۇلات سېتىش بازىرى ئېچىش ناھايىتى تەس ئىدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. نەسىللىك كالا بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى دۇڭگۇ يېزىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «ئالتۇن ئۈزۈم» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 6 - باقمىچىلىق فېرمىسى شىگۇ يېزىسىدا قۇرۇلدى.

ۋېي چياڭ

# دۇڭشەن رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

دۇڭشەن رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. 2002 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە باشقارمىسى 3، يېزا بىر، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 20، كەنت كومىتېتى 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (مەمۇرىي رايونغا ئايرىش جەھەتتە ئۆزگىرىش بولغاچقا، شىمىگۇ كەنتىنىڭ نوپۇسى چىقىرىۋېتىلدى، كازۇەن كەنتىنىڭ نوپۇسى قوشۇلدى) 96 مىڭ 45 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 20 مىڭ 395)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 13 مىڭ 146؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 6.69‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.61‰. رايون بويىچە 2470 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1800 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 760 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 210 گېكتار يەرگە ياغلىق دان زىرائىتى، 600 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

دۇڭشەن رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇھىم سانائەت رايونى بولۇپ، نېفىت خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، پولات - تۆمۈر ئاساس قىلىنىدۇ. رايون تەۋەسىدە مول كۆمۈر، ھاك تېشى، گەج، گىل، مايلىق سلانتس، تۆمۈر رۇدىسى قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بولغاندىن باشقا، يەنە تەبىئىي سۇيۇقلۇق مىنېرال سۇ بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئېيىق، بۇغا، ئۇلار؛ ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قانتېپەر، سوغنگۈل، قار لەيلىسى، رەۋەن قاتارلىقلار بار. 34 ئورۇندا ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان سەيلىگاھ بار، بۇنىڭ ئىچىدە بالبال ساياھەت تاغلىق كەنت مەنزىرە رايونى سىرتقا تىجارەت قىلىشقا باشلىدى. لۇساۋگۇ يېزىسى يېڭىدىن ئاچقان بەيجۈەنگۇ مەنزىرە رايونى، دولانا ئورمانلىقى ئارامگاھى، خۇاگوشەن باغ - ئورمان ئارامگاھى، ئالتۇنتاغ ساياھەت تاغلىق كەنتى، لوڭفېڭ تاغلىق كەنتى، «غارايىپ تاشلار» مەنزىرە رايونىدىن ئىبارەت 6 سەيلىگاھمۇ تەدرىجىي سىرتقا ئېچىۋېتىلدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ دۇڭشەن رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ

شۇجىسى: ۋاڭ خۇيشۇەن.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بەكرى قادىر.

رايون باشلىقى: گۇەن فېڭ.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇ جىڭگو.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى دۇڭشەن رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 396 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.88، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 303 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.97، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 74 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.86 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 32 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.96 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 310 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 450 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 12 مىليون 950 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 60 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3186 توننا ئاشلىق (بۇغداي 2116 توننا)، 216 توننا يۇرچاق، 346 توننا ياغلىق دان، 29 مىڭ 550 توننا كۆكتات، 108 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 29 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 1124 توننا گۆش، 45 توننا تۇخۇم، 290 توننا كالا سۈتى، 20 توننا قوي - ئۆچكە سۈتى ئېلىندى. رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 26 مىڭ 460 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 265 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %2.99 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.1 ئاشتى. رايون بويىچە يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسىدىن 81 ى بار (دۆلەت كارخانىسى 11، كوللېكتىپ كارخانا 18، باشقا ئىقتىسادىي تىپتىكى كارخانا 52)، بۇ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 201 مىليون 520 مىڭ يۈەن (دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ 162 مىليون 30 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 31 مىليون 180 مىڭ يۈەن، باشقا ئىقتىسادىي تىپتىكى كارخانىلارنىڭ 8 مىليارد 8 مىليون 310 مىڭ يۈەن) گە، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 8 مىليارد 232 مىليون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %100.37 كە يەتتى. چەكلىك سوممىلىقتىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسى 16 بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 108 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 8 مىليارد 144 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %100.45 كە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 4 مىليون 90 مىڭ توننا، توك 824 مىليون 320 مىڭ كىلوۋات سائەت، سېمونت 120 مىڭ 100 توننا، خىمىيىۋى تالا 21 مىڭ 893 توننا، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت 540 مىڭ 849 توننا، بىرىكمە ئامىياك 668 مىڭ 609 توننا، سۇلياۋ ياسالما 8887 توننا، سىر 2383 توننا، پىششىقلانغان نېفىت 3 مىليون 539 مىڭ 852 توننا، بېنزىن 728 مىڭ 489 توننا، كىروسىن 90 مىڭ 883 توننا، دىزېلىن 1مىليون 505 مىڭ 135 توننا، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال بۇيۇم 1042 توننا، خىش 200 مىليون 70 مىڭ دانە. رايون بويىچە يىللىق بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 496 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 92 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 105 مىڭ 490 كۋادرات مېتىر (تۇرالغۇ ئۆي 44 مىڭ 127 كۋادرات مېتىر) غا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 82 مىڭ 504 كۋادرات مېتىر (تۇرالغۇ ئۆي 35 مىڭ 765 كۋادرات مېتىر) غا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 401 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 201 مىليون 370 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 185 مىليون 430 مىڭ يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغىنى 14 مىليون 230 مىڭ يۈەن. پۈچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 16 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر - يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 27 مىڭ 204 كە يەتتى. بىر يىلدا 20 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 600 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن 30 ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى پۈتۈنلەي ئەمەلىيلەشتى، پۈتۈشۈش سوممىسى 399 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى (چەت ئەل مەبلىغى 480 مىڭ دوللار). شىنجاڭ سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 86 مىليون 100 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىراۋى كارخانا شىنجاڭ «جۇڭنا» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىرلىكتە قۇرغان شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېڭى مەكتەپ رايونى تۈرىگە 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 109 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 69 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە



دۆڭشەن رايونىدىكى شىرىنزا جىلغىسى مەنزىرە رايونى.

خې جۇڭ فوتوسى

يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 32.02%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 89 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 52.61% ئاشتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلى دۆڭشەن رايونىدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش تۈرى 2. ئالىي مەكتەپ بىر، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 183، ئوقۇغۇچىسى 5700؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 134، ئوقۇغۇچىسى 2314؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 11، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 286، ئوقۇغۇچىسى 3533؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 10، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 425، ئوقۇغۇچىسى 6188. رايون بويىچە 5 سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار.

رايون بويىچە 43 داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 7)، دوختۇرخانىلاردا 570 كارىۋات، 617 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 285)، بىر يېزا-بازار شىپاخانىسى، 6 كەنت دەرىجىلىك داۋالاش نۇقتىسى، 23 يېزا، كەنت دوختۇرى ۋە سەھىيە خادىمى بار.

2002 - يىل 10 - ئايدا دۆڭشەن رايونى ئېغىت خىمىيە «شىغىلىڭ» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ۋاڭ پەنخۇڭ كورېيىنىڭ فۇشەن دېگەن يېرىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىراق شەرق ۋە جەنۇبىي تىنچ ئوكيان رايونى 8 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ئاياللارنىڭ يەككە توقيا ئېتىشتا چېمپىيون بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى دۆڭشەن رايونى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 14 مىڭ 392 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4033 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە رايون بويىچە 28 مىڭ 809 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 22 مىڭ 424 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5877 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

رايون بويىچە كۆلىمى 7.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى، كۆلىمى 7.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى.

## سۇ يۆتكەش، سۇ ساقلاش قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلغان ۋە ئىش باشلانغان، 7 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان دۆڭشەن رايونى گەنگۇ ئېقىن توسۇش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىش باشلانغان، ئومۇمىي سىغىمى 1 مىليون 920 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدىغان شىرىنزا جىلغىسى سۇ ئامبىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى 2002 - يىل 11 - ئايدا پۈتتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن دۆڭشەن رايونىدا سۇ كەمچىل بولۇش ئەھۋالى ياخشىلاندى.

## يىپەك يولىدىكى «نۇر» قۇرۇلۇشى

2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۆڭگو بىلەن گوللاندىيە ھەمكارلاشقان خەلقئارا ئامراتلارنى يۆلەش تۈرى — شىنجاڭ «يىپەك يولى نۇر قۇرۇلۇشى» قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش سىستېمىسى لۇساۋگۇ يېزىسىنىڭ لاۋباگۇ كەنتى بىلەن گېجياگۇ كەنتىدىكى 39 چارۋىچىنىڭ ئائىلىسىگە ئورنىتىلدى ۋە تەڭشىلىپ ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، چارۋىچىلارنىڭ يورۇتۇش ۋە تېلېۋىزور كۆرۈش، رادىئو (ئۈنئالغۇ) ئاڭلاش قاتارلىق تۇرمۇشتا توك ئىشلىتىش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى. بۇ تۈرگە دۆڭشەن رايونىدا 1 - قاتارلىق قۇرۇلۇش ئۈچۈن 12 مىڭ 500 دوللار مەبلەغ سېلىندى. ھەربىر يورۇش قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش سىستېمىسىنىڭ

ئائىلىلەرگە كىرىش باھاسى گوللاندىيە ھۆكۈمىتى ئىئانە قىلغان، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يۇرۇشتۇرغان ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت قوشۇمچە ياردەم بەرگەن پۇلنى چىقىرىۋەتكەندە 500 يۈەن بولدى.

★ 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۇزۇنلۇقى 2527 مېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر كېلىدىغان، پۈتۈش باھاسى 8 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولغان دۆڭشەن رايونى يولى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى.

لىيۇ سۇيخۇا

# ئۈرۈمچى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي، غەربىي، شىمالىي قىسىملارغا تارقالغان. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 79 مىڭ 787 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 44 مىڭ 865)، يېزا نوپۇسى 66 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.91‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.32‰. ناھىيە بويىچە 19 مىڭ 825.7 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 17 مىڭ 219.8 گېكتار يەر تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق زىرائەتنى تېرىلغۇ كۆلىمى 7227.8 گېكتار، ياغلىق دان زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 280.4 گېكتار، كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 3486.5 گېكتار، ياۋيۇ تېرىلغۇ كۆلىمى 2305.6 گېكتار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە بىر دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى، بىر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى، 14 ئورۇندا تەبىئىي مەنزىرە رايونى، 83 ئورۇندا ئارامگاھ، 38 ئورۇندا چاڭغا تېيىلىش مەيدانى، 70 نەچچە «دېھقانلار شادلىقى» ساياھەتچىلىك كۆتۈرۈلۈش نۇقتىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈرۈمچى ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ بىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بايمۇرات مۇقان (قازاق).

ھاكىم: چېن يۇڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خەن فۇشىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 516 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 209 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11.2%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 82 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.46%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 224 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.84% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 144 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 89 مىليون 900 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 2 مىليون 170 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 43 مىليون 330 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 9 مىليون 50 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە 31 مىڭ 942 توننا ئاشلىق، 527 توننا ياغلىق دان، 166 مىڭ 600 توننا كۆكتات، 63 مىڭ 424 توننا ياۋيۇ، 405 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. ئالاقىدار ئورۇنلار ئاپتونوم رايون، شەھەر، ناھىيىنىڭ نۇقتىلىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 25 نى ئۈستىگە ئالدى، بۇ تۈرلەر ئاساسلىقى زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش، ئوچۇق يەردە قوغۇۋەتلىك كۆكتات ئۆستۈرۈش ۋە داڭلىق، ئالاھىدە سورتلارنى كىرگۈزۈش، كۆكتات ئالاچىپار قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش، مېۋە - چېۋىنى پارنىكتا ستېرېئولۇق ئۆستۈرۈش تەجرىبىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ تۈرلەرنىڭ قاپلاش نىسبىتى 16 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى. بىر يىلدا 615.2 گېكتار بەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ بەرپا قىلىنغان ئورمانمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). يىل ئاخىرىدا قولدا 257 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 6291 توننا گۆش، 5947 توننا سۈت، 380 توننا يۇڭ، 8.72 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 27 مىڭ 514 پارچە تېرە، 928 توننا تۇخۇم، 2140 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 4016 گە، مەھسۇلات قىممىتى 304 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 111 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 77 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 180 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 0.22% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 63 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، 7.34% كېمەيدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 776 مىڭ توننا كۆمۈر، 276 مىليون 150 مىڭ دانە خىش، 9680 توننا فابرىكا ئەخلىتى، 127 مىڭ 200 توننا سېمونت، 2678 توننا بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان

مېتال بۇيۇم، 7900 قۇر كىيىم - كېچەك، 165 توننا سىز يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.8 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 54 مىڭ 314 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 38 مىڭ 795 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە ئوراقلىق مۇلۈككە 67 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 25 مىليون 760 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 42 مىليون 100 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا 50.2 كىلومېتىر يول يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭغا 32 مىليون 258 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پارچە كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 948 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 20 مىڭ 148 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 35 كە يەتتى. 2002 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى مەزگىلىدە ئۈرۈمچى ناھىيىسى 21 تۈرنى ئىمزالىدى، بۇنىڭغا سېلىنىدىغان مەبلەغ 329 مىليون 285 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە، توختام تۈزۈلگىنى 16 تۈر بولۇپ، سېلىنىدىغان مەبلەغ 91 مىليون 285 مىڭ يۈەن؛ كېلىشىم ھاسىل قىلىنغىنى 4 تۈر بولۇپ، سېلىنىدىغان مەبلەغ 208 مىليون يۈەن؛ مۇددىئانامە ھاسىل قىلىنغىنى بىر تۈر بولۇپ، سېلىنىدىغان مەبلەغ 30 مىليون يۈەن. 321 مىليون 485 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەمكارلىشىپ يۈرۈشتۈرۈلگەن مەبلەغ 20 مىليون دوللار. بىر يىلدا 81 مىڭ 974 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 7 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 23 مىليون 390 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %20.28، يەرلىك مالىيە چىقىمى 151 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولۇپ، %11.97 كېمەيدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 732 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، بازار - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 168 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 16 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، تۆرلۈك تۆلەم سوممىسى 9 مىليون 595 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 1521. بىر يىلدا ھەرخىل پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 26 سى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنى كەسپىيلەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ئۇقتىسلىق تۈرى 24، «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرى 2، دۆلەت دەرىجىلىك تۈر 12، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈر 2، شەھەر دەرىجىلىك تۈر 6.

ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 41، ئوقۇغۇچىسى 6802 (مىللىي 3917)؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 693 (مىللىي 437)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 3754 (مىللىي 2617)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 388 (مىللىي 231)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 69 (مىللىي 44)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 15 (مىللىي بىر)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 576 (مىللىي 151)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 18 (مىللىي 2). ناھىيە بويىچە مەدەنىيەت بازىرى تىجارەت ئورنىدىن 16 سى بار. بىر يىلدا مەدەنىيەت بازارلىرى 40 قېتىم تەكشۈرۈلدى، 9 قېتىم مەركەزلىك تۈزەلدى.

ناھىيىدىكى تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى 2، يېزا - بازار شىپاخانىسى 12، كەنت دەرىجىلىك سەھىيە ئۆيى 52 (ئا دەرىجىلىكى 33، يەككە ئامبۇلاتورىيە 19). سەھىيە سىستېمىسىدىكى ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 248، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 185؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 70. بىر يىلدا دوختۇرخانا (شىپاخانا) قۇرۇلۇشىغا ۋە ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشقا 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

2002 - يىلى ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ئاپتونوم رايونلۇق تېز سۈرئەتلىك مۇز تېيىلىش يىللىق مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 2 تۈردە 2-، 3 تۈردە 3 - بولدى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك تېز سۈرئەتلىك مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى، ناھىيىلىك 25 - نۆۋەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى، 23 - نۆۋەتلىك دېھقان، چارۋىچىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر شاھمات مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 2 نەپەر مېيىپ تەنھەرىكەتچى ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، بىر ئالتۇن مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى. يىل ئاخىرىدا ئۈرۈمچى ناھىيىسى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى تەرىپىدىن 2002 - يىللىق ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق ھەرىكىتىلىكى پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ بازارلىرىدىكى خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 5635 بولۇپ، مائاشى 88 مىليون 264 مىڭ يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2876 يۈەنگە يەتتى. جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى مەركىزىي ياشانغانلار ساناتورىيىسى پۈتتۈپ ئىشلىتىلىشكە




2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ غەربىي ئاقتېرەك جىلغىسى مەنزىرە رايونىدا تۇنجى نۆۋەتلىك مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيەت ساياھەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. 9 ئويۇن قويۇش تۈرى، 5 مۇسابىقە تۈرى ئەسىس قىلىندى ھەمدە قىسمەن ساياھەت مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىلدى. پائالىيەتكە ناھىيە بويىچە 800 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

سۈرەتنى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

باشلىدى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا ناھىيىدىكى قىيىنچىلىقى بار، ئاپەتكە ئۇچرىغان، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە 917، ئادەم 3416 بولۇپ، 514 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئوبيېكتى 1516 بولۇپ، كاپالەت پۇلى تارقىتىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. بىر يىلدا 4 پاراۋانلىق كارخانىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش كىرىمى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 53 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان شۈيشىگو بازىرى

ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شۈيشىگو بازىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 27.530 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شۈيشىگونىڭ غەرب تەرىپىدە قۇرۇپ كەتكەن بىر قەدىمىي دەريا بولۇپ، ئۇزاق دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق چوڭ بىر جىلغىغا ئايلانغان، قارلىق چوققىلارغا توپلانغان قارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان قار سۇلىرىنىڭ جىلغىدىن ئېقىپ ئۆتۈشى نەتىجىسىدە، شۈيشىگو دېگەن نام كېلىپ چىققان.

2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شۈيشىگو يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بازار قۇرۇلدى. 2002 - يىلى شۈيشىگو بازىرىغا قاراشلىق مەمۇرىي كەنت 9، چارۋىچىلىق ئەترىتى بىر. بازارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى (بازاردا نورۇقلۇق تۇرۇشلۇق نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) 12 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 6015)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 6780.

شۈيشىگو يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بازار. 2002 - يىلى بازار بويىچە 1877.5 گېكتار يەر تېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 308 گېكتار، بۇرچاق 192 گېكتار، ياڭيۇ 163.3 گېكتار، لاپاسقا ۋە ئوتۇق يەرگە تېرىلغان كۆكتات 149.4 گېكتار، ئوت - چۆپ 588.5 گېكتار، تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر 120 گېكتار. پارنىك ئىشلەپچىقىرىش شۈيشىگو بازىرىنىڭ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، بازار بويىچە 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كىرگۈزۈلۈپ كۆكتات بازىسى ئېچىش ۋە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىلدى ھەمدە زور كۆلەمدە پەسىلسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىلدى. پارنىك ۋە لاپاس 1992 - يىلدىكى 9 دىن 2002 - يىلى 1560 قا يەتتى، بۇلار ئارقىلىق يىلىغا 6000 توننىدىن ئارتۇق يېڭى، ياخشى، خىل كۆكتات بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. بىر يىلدا 70.7 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي ئورمان ۋە سەيلى - ساياھەت ئورمىنى تىكىلدى. بازار بويىچە يىل ئاخىرىدا قولدا 32 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى، 67 مىڭ پەرلىك توخۇ ۋە مەرۋايىت توخۇسى بېقىلدى. يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 41 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازاردا 16 ئاساسىي قۇرۇلۇش، پولات ئىشىك - دېرىزە ياساش، ماشىنىگەر، پىششىقلاش كوللېكتىپ كارخانىسى بار. 2002 - يىلى بازار بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 69 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2841 يۈەنگە يەتتى.

بازار تەۋەسىدە كۆمۈر زاپىسى مول بولۇپ، تەخمىنەن 30 مىليون توننىغا يېتىدۇ، كۆمۈرنىڭ سۈپىتى ياخشى.

شۈيشىگونىڭ ساياھەت ئورنى بايلىقى مول، بازارنىڭ جەنۇبى تاغلىق بولۇپ، بۇ يەردە جىلغىلار كېسىلىشىپ كەتكەن، تاغ تىزمىلىرى ئېگىز - پەس سوزۇلۇپ ياتىدۇ، ئورمانلار كۆك بىلەن بوي تالىشىپ تۇرىدۇ، ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن، دېمەك بۇ جاي تەبىئىي سەيلىگاھ بولۇپ شەكىللەنگەن. ھازىر مياۋئېرگو، پىڭشىليالڭ، قوي قوتىنى جىلغىسى قاتارلىق 18 سالقىنداش ئورنى، 13 ئارامگاھ ۋە

ئەرھىيلەش مەركىزى، 22 قىش پەسىللىك چاڭغا تېيىلىش مەيدانى بار. «دادى» ئوقەتچىلىك شىركىتى، «شىنگۇاڭ» ئۈچ - زېمىن شىركىتى قاتارلىق 29 ئورۇن ۋە كارخانا 1 مىليارد 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ساياھەتچىلىك، ئۈچ - زېمىن قۇرۇلۇشى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىقچىلىقى، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش قاتارلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن شۇغۇللىنىپ، بازارنىڭ 2.، 3 - كەسىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

شۈيشىگۇ بازىرى 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ گەنجىزى كۆۋرۈكىنى ياسىدى؛ 29 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى قىلدى؛ 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 5.8 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى نەشەن ئايلانما تاشيولىنى ياسىدى؛ 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ بازاردىكى 6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاساسىي قول يول، پىيادىلەر يولىنى ئۆزگەرتتى؛ 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى يولۇچىلار بېكىتى سالدى، ئورۇنلار ئۆزلىرى قۇرۇۋالغان پارقازاندىن 13 نى چۇۋۇۋەتتى؛ 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ بىر ئىسسىقلىق پونكىتى قۇردى؛ 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 5000 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون ئۈسكۈنىسى ۋە سىملىق تېلېۋىزىيە ئورناتتى.

بازار بويىچە پەن - تېخنىكىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتىدىن 3 ى، پارتىيە ئەزالىرى ئېلېكتىرلەشكەن مائارىپ بويىچە پەن - تېخنىكىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدىن 2 سى، زىيانسىز كۆكتات ئۈلگە بازىسىدىن بىرى، پەن - تېخنىكىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسىدىن 253 ى، تېخنىكتىن 71 ى بار. 2002 - يىلى بازار دۆلەت دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك بويىچە ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر نۇقتىلىق ئۈلگە يېزا - بازار ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار يېزا - بازار بولۇپ باھالاندى.

★ 2 - ئايدا پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى. دۆلەت پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئەنجۈيەدىكى 200 گېكتارلىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك، خىل، ئۆزگىچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پەن - تېخنىكا ئۈلگە بازىسىغا مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئۈلگە بازا دەپ نام بەردى.

★ 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋانچىڭ بازىرى، دۇڭگۇ، شىگو، ئاقسۇ، سايئوپا يېزىلىرىنى، گاۋيەنزى چارۋىچىلىق فېرمىسىنى ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىشنى تەستىقلىدى.

★ ئۈرۈمچى ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۈستىگە ئالغان 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك 15 شەھەر رايونى (شەھەر ئەتراپى ناھىيىسى) نىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 5- كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىندا 38 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى ئۈستىدە كېڭەشىلدى.

يۇ شىنخۇا

# قاراماي شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراماي شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، غەربىي - شىمالىي تەرىپى جايىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، جەنۇب تەرىپى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، شەرق تەرىپى قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تۇتىشىدۇ. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 313 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق رايون 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 290 مىڭ 43 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 64 مىڭ 936). يېزا نوپۇسى 2935؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.25‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.96‰. شەھەر بويىچە 5480 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 410 گېكتار، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 2800 گېكتار، كۆكتات، مېۋە - چېۋە تېرىلغۇ كۆلىمى 250 گېكتار، قارا گازىر، بېدە، دورىلىق ئۆسۈملۈك ۋە باشقا زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 1850 گېكتار. كىلىماتى تىپىك قۇرغاقلىق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

نېفىت بىلەن تەبىئىي گاز قاراماي شەھىرىنىڭ ئاساسلىق قېزىلما بايلىقى بولۇپ، زاپىسى كۆپ، نېفىت قاتلىمى تېيىز، نېفىتنىڭ سۈپىتى ياخشى، كۆپ خىل ئاۋىئاتسىيە، ئالەم قاتنىشى مايلىرىنى، تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا ئەڭ چىداملىق دىزېلىن ۋە كۆپ خىل سىلىقلاش مايلىرىنى، سۈپەتلىك ئاسفالت ئايرىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تەبىئىي ئاسفالت، كۆمۈر، گەج، ھاك تېشى، شور، خرۇستال قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن مايتاغ، شەيتانكەرش، ئەلىك كۆلى، قاراماي 1 - نومۇرلۇق قۇدۇق، جىيۇلوڭتەن، ئاقتېرەك دەرياسى چوڭ جىلغىسى، مايتاغدىكى گىلتاغ قاتارلىقلار بار. يېڭى ئېچىلغان مەنزىرە رايونلىرىدىن مايگىل ئارامگاھى، يېزا ئىگىلىكىنى

گۇللەندۇرۇش كۆلى ساياھەت رايونى، مايتاغ قار - مۇز ساياھەت رايونى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراماي شەھەرلىك، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ يىلىن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: تاڭ جيەن، ھېزىم ئابدىسلىم، جاڭ دېيۇن.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ يىلىن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ جۇنشياڭ، شاۋ چاڭدېن، چېن جۈەن (ئايال)، ئىبراھىم مۇقىيت، نۇرمۇھەممەت ئامان، شى يۈچۈن.

شەھەر باشلىقى: تاڭ جيەن؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: ۋاڭ شىنمىڭ، لىي خۇڭشيا (ئايال)، جاۋ ۋۇشياڭ، ياڭ شياۋبى، ئابدۇراخمان كېرىم.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يۈسۈپجان ئابدۇرېشىت؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۇ سۇڭگون، ليۇ شىنرۇڭ، ۋاڭ باۋيۈ، دېڭ گولياڭ، قاباش خاۋائىبىن (قازاق)، ۋېن يۈگۈي.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 16 مىليارد 940 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 14 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 106 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 2446 توننا ئاشلىق، 3557 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 56 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 1637 توننا گۆش، 1600 توننا سۈت ئېلىندى. يېرىك يېزا ئىگىلىكىنى ئېچىش ئىشى مۇقىم ئىلگىرىلىدى. ئورمان قەغەز بازىسىدا 4065 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى بەرپا قىلىنغىنى 1673.3 گېكتار. 7666.7 گېكتار يەر ئېچىلدى، 2551 گېكتار يەرگە ھەرخىل زىرائەت تېرىلدى. 2002 - يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون قاراماي شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش تۈرىدىن 5 نى تەستىقلىدى، بۇ تۈرلەرگە 19 مىليون 790 مىڭ يۈەن مالىيە مەبلىغى ئاجرىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليارد 854 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4.07 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 694 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ سانائەتنىڭ 364 مىليون يۈەن. بىر يىلدا نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليارد 110 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.7 ئاشتى. شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 26 مىليون 281 مىڭ توننىغا، ئېچىشقا بولىدىغان زاپىسى 6 مىليون 178 مىڭ توننىغا؛ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 9 مىليارد 911 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. 10 مىليون 100 مىڭ توننا خام نېفىت، 2 مىليارد 20 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى. جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم رايونىدىكى تۇنجى 10 مىليون توننىلىق چوڭ نېفىتلىك پۈتتى. 6 مىليون 180 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەندى، ئېتىلېن زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى ھەم 155 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىلدى. نېفىت قۇرۇلۇشى تېخنىكا مۇلازىمەتچىلىكى بويىچە تىجارەت كىرىمى 5 مىليارد 976 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۇدا 3 يىل پايدا - زىيان تەڭپۇڭلىشىشتىن ئىبارەت ئىگىلىك باشقۇرۇش نىشانى ئەمەلگە ئاشتى.

يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى يەرلىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 243 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 457 مىليون يۈەن، چەكلىك مەسئۇلىيەت كارخانىسى ۋە پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ 1 مىليارد 416 مىليون يۈەن، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلار، شياڭگاڭلىق ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ 158 مىليون يۈەن. بىر يىلدا 18 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 14 مىڭ 114 توننا بوتۇلكىلىق سۇ، 17 مىڭ 400 توننا سۇلياۋ ياسالما، 92 مىليون 350 مىڭ دانە خىش، 7250 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 12 مىڭ 52 كۇب مېتىر ھاۋا قوشۇلغان بېتونسىت، 11 مىڭ 341 توننا مېتال مەھسۇلاتلارنى ئوراش بۇيۇمى، 7184 توننا سۇيۇقلۇق ساقلىنىدىغان مېتال باك، 2897 دانە پومپا، 2134 كىلوۋولت ئامپېر سائەت ئاككومۇلياتور ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98.07 بولدى. شەھەر بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ھىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 593 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 583 مىليون يۈەن.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 8 مىليارد 453 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت سانائىتىگە سېلىنغىنى 7 مىليارد 347 مىليون يۈەن، شەھەر مەمۇرىيىتىگە ۋە باشقا ئىشلارغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 106 مىليون يۈەن. شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى 5 مىليارد 493 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. يېڭىدىن يىلىغا 1 مىليون 603 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، يېڭى قۇدۇقلاردىن 860 مىڭ توننا نېفىت ئېلىندى؛ 6 گاز قۇدۇقى بۇرغىلاندى، بۇ قۇدۇقلارنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 158 مىليون كۇب مېتىر. قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ يىلىغا 450 مىڭ توننا بېنزىن ۋە دىزېلىنغا ھىدروگېن قوشۇش قۇرۇلمىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ مايتاغدىكى يىلىغا 220 مىڭ توننا ئېتىلىن ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى. شەھەر ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلەشتى. قاراماي - چۆچەك تاشيولىنىڭ قاراماي تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان قىسمىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، قاراماي-چۆچەك تاشيولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئاپتوموبىل قاتنىدى. قىسمەن يوللارنى ئۆزگەرتىش ۋە يوندا بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى پۈتتى. 2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئۆي - زېمىن قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %66.6 ئاشتى. 3200 يۈرۈشتىن ئارتۇق تۇرالغۇ ئۆي پۈتكۈزۈلدى، بۇنىڭ كۆلىمى 389 مىڭ كۋادرات مېتىر. تاۋار ئۆي سېتىش سوممىسى 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.3 ئاشتى.

بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە توشۇلغان يۈك 9 مىليون 160 مىڭ توننىغا، يولۇچى 41 مىليون 100 مىڭغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 32 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 155 مىليون يۈەنگە يەتتى. كۆچمە خەۋەرلىشىش تورى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى تېز بولدى. بىر يىلدا كۆچمە خەۋەرلىشىشنىڭ تىجارەت سوممىسى 456 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 164 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 117 مىڭغا يەتتى. تېلېفوننىڭ 100 ئادەمگە توغرا كېلىشى داۋاملىق شىنجاڭ بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 464 مىليون يۈەنگە يەتتى. 153 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 98 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 1 مىليارد 208 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001-يىلدىكىدىن %17.08، يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 295 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26.8 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 14 مىليارد 243 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئائىلىلىرى ئامانەت قويغان پۇل قالدۇقى 7 مىليارد 684 مىليون يۈەن؛ ھەرخىل قەرز پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 654 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 354 مىليون يۈەنگە، ھەرخىل تۆلەم سوممىسى 51 مىليون 747 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلى شەھەر ۋە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى 113 پەن - تېخنىكا تۈرىنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تۈر 4، ئۆلكە دەرىجىلىك تۈر 11، شەھەر - ئىدارە دەرىجىلىك تۈر 98. بىر يىلدا پەن - تېخنىكا مەخسۇس خىراجىتىگە 174 مىليون 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 131 تۈرلۈك ھەرخىل پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون، نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتى دەرىجىلىك مۇكاپات 22. يىل ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە يۇقىرى پەن - تېخنىكا كارخانىسى 43 كە، يىللىق كىرىمى 656 مىليون يۈەنگە، ئالغان پايدىسى 31 مىليون 246 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر - ئىدارىدىكى باللار باغچىسى 27، باغچىدىكى بالا 7498؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 29، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 375؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 751؛ كەسپىي تېخنىكوم ۋە كاس - كاچىلار مەكتىپى بىر؛ ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 2033؛ شەھەر بويىچە بىر ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، بىر ئۆسمۈرلەر سارىيى، بىر ئۆسمۈر - باللار پائالىيەت مەركىزى، بىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزى، بىر كۈتۈپخانا، بىر كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى، بىر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى، بىر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت مەكتىپى بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.9 كە يەتتى. بىر يىلدا شەھەر بويىچە 20 قېتىم چوڭ تىپتىكى مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى؛ 10 نەچچە قېتىم ھەرخىل مەدەنىيەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئىشى تەشكىللىنىپ، 243 تۈردە مۇكاپات قولغا كەلتۈرۈلدى؛ 414 قېتىم بىرقەدەر چوڭ كۆلەملىك مەيدان مەدەنىيىتى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. يېزىلارغا 17 مىڭ 341 كىتاب يەتكۈزۈپ بېرىلدى، 32 مەيدان ئويۇن، 87 مەيدان كىنو يېزىغا يۆزلەندۈرۈلدى؛ شەھەرلىك كۆرگەزمىخانا بىر يىلدا 9618 ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچى (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى؛ 12 قېتىم ھەرخىل مەدەنىيەت كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. «قاراماي يىلنامىسى» (2002-يىللىق توم) ۋە «سۇڭ خەنلياڭ ۋە شىنجاڭ نېفىتى»،



قاراماي شەھىرىدىكى مەيدان.

جاۋ جۇنشەن فوتوسى

«نېفىتلىك قەھرىمانلار شەجەرىسى» ناملىق شەخسكە بېغىشلانغان 2 كىتاب تۈزۈپ نەشر قىلىندى. بىر يىلدا «شىنخۇا» كىتابخانىسى 4 مىليون 57 مىڭ نۇسخا كىتاب تارقاتتى؛ پوچتا ئىدارىسى 12 مىليون 280 مىڭ نۇسخا گېزىت، 1 مىليون 180 مىڭ نۇسخا ژۇرنال تارقاتتى؛ كۆنتۆپخانا بىر يىلدا 125 مىڭ ئادەمنى كۈتۈۋالدى، 330 مىڭ كىتاب (قېتىم) ئارىيەت بەردى.

يىل ئاخىرىدا شەھەر بويىچە 4 ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا، 2 ئىزا دەرىجىلىك شىپاخانا، 4 سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى، دوختۇرخانىلاردا 1602 كارىۋات بار؛ 2221 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 743، تىزىملانغان سېستىرا 939. شەھەر بويىچە 14 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى، 21 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلدى.

بىر يىلدا شەھەر - ئىدارە بويىچە 560 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 160 نەچچە مىڭ ئادەم قاتناشتى. شۇ يىلى شەھەر - ئىدارە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ يىللىق مۇسابىقىسىدا 2 كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى، بىر تۈردە كوللېكتىپ 2 - لىككە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 3 - لىككە ئېرىشتى، 13 ئالتۇن مېدال، 6 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى. مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك «نېفىت لوڭقىسى» تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بىر ئادەم بىر تۈردە 1 - لىككە، بىر تۈردە كوللېكتىپ 2 - لىككە، بىر تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى قاراماي شەھىرىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 9483.8 يۈەنگە، يىللىق ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 7084.8 يۈەنگە، شوگەي، ئورقۇ يېزىلىرىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3861 يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى بەنىمۇ مۇكەممەللەشتى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى %100 بولدى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ يىغىلىش نىسبىتى %93 كە، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ يىغىلىش نىسبىتى %94كە، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ يىغىلىش نىسبىتى %98 كە يەتتى. بىر يىلدا 12 مىڭ 64 ئادەمگە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى فوندى بويىچە 1 مىليون 712 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى.

بىر يىلدا كارخانىلار يۆلەنمىشنى تۈزەشكە سالغان مەبلەغ 100 مىليون يۈەندىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى سالغىنى 35 مىليون يۈەن، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى سالغىنى 31 مىليون 900 مىڭ يۈەن، قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى سالغىنى 38 مىليون يۈەن. بىر يىلدا 2 مىليون 920 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 118 گېكتار كۆكلەمەيدان كۆپەيتىلدى، قۇرۇلۇش قىلىنغان رايوننىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %27.8، ھاۋا مۇھىتىنىڭ سۈپىتى I ، II دەرىجىلىك بولغان كۈن %100 كە يەتتى، ئاق ئېرەك دەرياسىنىڭ يەر ئۈستى سۈيى بىلەن ئاق يۇلاقنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتى دۆلەتنىڭ II دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتتى، مۇھىتتىكى شاۋقۇننىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى بىلەن ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوننىڭ قاپلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

## جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۇنجى 10 مىڭ توننىلىق نېفىتلىك دۇنياغا كەلدى

2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سائەت 12 دە جۇڭغار ئويمانلىقىغا جايلاشقان قاراماي نېفىتلىكى يىلىغا ئىشلەپچىقىرىدىغان خام نېفىت 10 مىليون توننىغا يەتتى، 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە قاراماي نېفىتلىكى بىر يىلدا 10 مىليون 100 مىڭ توننا خام نېفىت ئىشلەپچىقاردى.

1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قاراماي 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت چىقىپ

يېڭى جۇڭگونىڭ تۇنجى نېفىتلىكى قاراماي دۇنياغا كەلگەندىن بۇيانقى 47 يىلدا، نەچچە ئەۋلاد نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت جاپالىق تىرىشىشى ئارقىسىدا، نېفىتلىك - گازلىق تەكشۈرۈشتە بىرقاتار زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، 130 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى نېفىت - گاز زاپىسى قۇرۇلمىسى ئېنىقلاندى، 25 نېفىتلىك - گازلىق بايقالدى ۋە ئېنىقلاندى، ئېنىقلانغان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى تەخمىنەن 1 مىليارد 800 مىليون توننىغا، تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 63 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتتى، ئازكەم 200 مىليون توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى، خام نېفىت مەھسۇلاتى ئۇدا 12 يىل قۇرۇقلۇق نېفىتلىكى بويىچە 4 - ئورۇندا تۇردى، ئۇدا 22 يىل مۇقىم، ئۇدا ئېشىشتەك ياخشى ۋەزىيەت قولغا كەلتۈرۈلدى.

قاراماي نېفىتلىكىنىڭ يىللىق نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ 10 مىليون توننىدىن ئېشىشى يېڭى جۇڭگودىكى تۇنجى چوڭ نېفىتلىكتە تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈشنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىدىن شۇنىڭدەك جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جۇڭگو نېفىتى بويىچە مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## قاراماي شەھىرى مەملىكەتلىك مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى

2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى قاراماي شەھىرىگە مەملىكەت بويىچە مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر دەپ نام بەردى. مۇشۇ شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن 63 شەھەر ئىچىدە قاراماي شەھىرى بىردىنبىر نېفىتلىك شەھەردۇر.

1997 - يىلى قاراماي شەھىرى مەملىكەتلىك مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش نىشان قىلىنغان «1615» قۇرۇلۇشىنى يەنى مەملىكەتلىك مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش نىشانىنى كۆزلەش؛ يادرو قۇرۇلۇشى، ئوبراز قۇرۇلۇشى، گۈللىنىش قۇرۇلۇشى، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، بىخەتەرلىك قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 6 چوڭ قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش؛ ئادەمنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت بىرنى ئاساس قىلىشتا، ئاساسىي مەقسەت جەھەتتە خەلقنى كۆزلەشنى؛ ئىدىيىۋى تونۇشنى، تەشكىلىي قۇرۇلمىنى، تەدبىرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، مەبلەغ - سېلىنمىنى، سىناش - تەكشۈرۈشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت 5 نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشقا باشلىغانىدى. «1615» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، شەھەر قىياپىتى ئۆزگەردى. 650 مىليون يۈەن ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى خىراجىتى سېلىنمىسى سېلىش ئارقىلىق، شەھەر فۇنكسىيىسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىلدى؛ شەھەر باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئۆزگەردى، قاراماي شەھىرى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى نىسپىي مەركەزلەشتۈرۈش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان شەھەر قىلىپ بېكىتىلدى؛ كىشىلەرنىڭ ساپاسى ئۆزگەردى، كەسپىي ساپاسى، مەدەنىيەت ساپاسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى؛ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆزگەردى، كان رايونى خەلقى تەدرىجىي جەمئىيەت ئادىمىگە ئايلاندى، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خادىملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەدرىجىي زامانىۋى شەھەر خەلقى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئايلاندى، مەھەللە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىدا ماڭدى.

مەملىكەتلىك مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش مۇساپىسىدە، قاراماي شەھىرى مەملىكەت بويىچە پاكىز شەھەر، مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇتتىكى ئىلغار شەھەر، مەملىكەتلىك مۇھىتنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەشتىكى مۇنەۋۋەر شەھەر دېگەن ناملارغا ئېرىشتى.

★ 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، مايتاغدىكى شىنجاڭ نېفىت مەكتىپىنىڭ دەرىجىسى ئالىي تېخنىكوم ئىنستىتۇتىغا ئۆستۈرۈلۈپ، قاراماي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى دەپ ئاتالدى. بۇ قاراماي شەھىرىدىكى تۇنجى ئالىي مەكتەپ.

★ 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قاراماي ئورمان - قەغەز بازىسى يۇقىرىغا يوللىغان 1346.67 گېكتار ئورمان كۆلىمى ئورمانچىلىق نازارىتى تەشكىللىگەن قاقاس تاغ، چۆلدە ئورمان بەرپا قىلىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 95% كە يەتتى. بۇ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش قاراماي ئورمان - قەغەز بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانچىلىق كەسپىي قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ياڭ يۈەنجىن، چېن پىڭ

# مايتاغ رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مايتاغ رايونى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى

شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 250 كىلومېتىر، قاراماي شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 150 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئارىلىقنى كۆيتۇڭ شەھىرى بىلەن بېكىتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ تۈەن - مەيدانلىرى ئايرىپ تۇرىدۇ. 2002 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتى 12. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 64 مىڭ 500 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 14 مىڭ 200)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %8، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %7.3. رايوننىڭ قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلىمى 20 نەچچە كۋادرات كىلومېتىر. رايون بويىچە 143 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 72 گېكتار يەرگە كېۋەز، 86.2 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

مايتاغ رايونى تەڭرىتاغ ساياھەتچىلىكىنىڭ «ئىستىھكامى» ۋە شىنجاڭدىكى ئۆزگىچە سانائەت ساياھەت بازىسى. رايون تەۋەسىدە دۇنيا بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان كىلتاغ ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرىسى (لاۋا ئېتىلىپ چىققان ئېغىز) ۋە شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ باشلىنىشىغا دائىر تارىخىي يادىكارلىق بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مايتاغ رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فۇ دېشىن.

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇلتان ئەسپار (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، نۇرمەھەممەت ئامان (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

رايون باشلىقى: شۈي فۇگۈي.

سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ جىڭگاڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى مايتاغ رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 631 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %0.75 ئاشتى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 378 مىليون يۈەن بولۇپ، %4.1 كېمەيدى، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 248 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.8 ئاشتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 504 مىليون يۈەن. 3 مىليون 580 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاندى، 157 مىڭ توننا ئېتىلېن، 33 مىڭ 608 توننا پولىپروپىلېن، 7265 توننا پولىپروپىلېن دانىچە ماتېرىيالى، 9306 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 72 مىڭ 166 توننا ھەرخىل ئاسفالت ئىشلەپچىقىرىلدى. دۆلەت ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ زور مېتىل ئېتىل كېتون تۈرى قۇرۇلدى، شۇ يىلى 822 توننا مېتىل ئېتىل كېتون، 2186 توننا مېتىل ئېرتىئارى بوتىل ئېتالولامىن ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇ مەھسۇلات شىنجاڭنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇردى. توقۇلمىسىز رەخت زاۋۇتى كېڭەيتىلىپ، غەربىي شىمالدىكى ئەڭ زور توقۇلمىسىز رەخت ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى، بىر يىلدا 967 توننا توقۇلمىسىز رەخت ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %99.4 كە يەتتى. بىر يىلدا 57 مىڭ 800 توننا خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى ئېكسپورت قىلىندى.

نېفىت خىمىيە سانائىتىدىن ئىبارەت ئاساسىي كەسىپ داۋاملىق تېز تەرەققىي قىلدى، يىلىغا 100 مىڭ توننا گازنى گۈڭگۈرتسىزلەشتۈرۈش، 30 مىڭ توننا تىئوسۇلغون يېغىۋېلىش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ مايتاغ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 6 مىليون توننا نېفىت چەككىلەشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ ماھىيەتلىك قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. 450 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان دەستىللەنگەن مايغا ھىدروگېن قوشۇش تۈرىنى جۇڭگو نېفىت پاي شىركىتى تەستىقلىدى. 2002 - يىلى نېفىت سانائىتى شۆبە شىركىتى 120 مىليون يۈەن پايدا ئالدى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ سېتىش كىرىمى 303 مىليون يۈەنگە، «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا شىركىتىنىڭ مۆلچەرىي سېتىش كىرىمى 550 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا نېفىت سانائىتىدىن ئىبارەت ئاساسىي كەسىپنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 13 مىليارد يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 400 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 250 مىليون يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىي كىرىمى 31 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 111 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %60.5، يەرلىك مالىيە چىقىمى 117 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %55.4، يەرلىك باج كىرىمى 77 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 10 مىليون يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 18 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 33 مىليون يۈەنگە، تۆلەم

سوممىسى 13 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا يەككە سودا - سانائەت ئورنى 2556 گە، خۇسۇسىي كارخانا 135 كە يەتتى، يەككە ۋە خۇسۇسىي سودا - سانائەت كارخانىلىرى تاپشۇرغان باج 19 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20% ئاشتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلى ماياتاغدىكى نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ھەرخىل پەن تەتقىقات تۈرىدىن 52 نى تاماملىدى، 12 تۈرنى دۆلەت پاتېنتىغا ئىلتىماس قىلدى. I كاتالىزلاشنى ئۇنىۋېرسال ئۆزگەرتىش ۋە SF10W/30 بېنزىن، ئاپتول تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. نامى كۆمۈرى، كېيتوقاشا، خرۇم سىنتېپىسىدىكى پولى ۋىنىلدىن ئىبارەت مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان 3 خىل ماتېرىيال زاۋۇتلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىلدى. 6 چوڭ تۈر 18 خىل خۇرۇچنىڭ بىرىكمە رېتسېپى كەشىپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە گۈڭگۈرتلەشكەن ئىلكىل كالتسىي فېنول مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتى، شەرقىي جۇڭگو تەبىئىي پەن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسى ۋە ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىلغار تېخنىكا كەشىپ قىلىندى، پارافىن مىكرو ماددىسىدىن گۈڭگۈرتسىزلەندۈرۈش زەمبۇرۇغى ئايرىش قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش تۈرى دۆلەتنىڭ «863» پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 3، باشلانغۇچ مەكتەپ 6، بالىلار باغچىسى 9، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېت بىر، كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى بىر. بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 29 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوقۇتۇش كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات مېتىر كېڭەيتىلدى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قاپلىغان مەكتەپ باغچىسى تورى قۇرۇلدى. رايون بويىچە مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100% كە يەتتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش نىسبىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار سەۋىيىنى ساقلاپ كەلدى.

بىر ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا (2 ئا دەرىجىلىك)، 7 مەھەللە داۋالاش - ساقلىق ساقلاش پونكىتى، 400 نەچچە داۋالاش - سەھىيە ساقلىق ساقلاش خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 300 نەچچە كارىۋات بار. شاڭخەي «جۇڭشەن» دوختۇرخانىسى، «خۇاشەن» دوختۇرخانىلىرى بىلەن يىراق مۇساپىلىك توردا كېسەل كۆرۈش ئىشقا ئاشتى. بىر سەھىيە يۇقۇمىدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بار.

«مەملىكەتلىك مەھەللە مائارىپى تەجرىبە رايونى» خىزمىتى جۇش ئۇرۇپ قانات يايدى، مەھەللە مائارىپى، مەھەللە مەدەنىيەت پائالىيىتىنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرى ماياتاغقا كېلىپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلىندى. كىتاب بازىرى، تور مۇسابىقىسى، ئۇنىۋېرسال سەنئەت كېچىلىكى، مەھەللە مەدەنىيەت مەيدانى، پانۇس سەيلىسى قاتارلىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. ئۆزى ئىشلىگەن، ئۆزى تەييارلىغان، ئۆزى ئورۇندىغان ئۇسسۇل «جانلانغان باھار»، «زېمىن ناخشىسى» شەندۇڭنىڭ ۋېيخەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «خۇشاللىققا تولغان 2002 - يىللىق جۇڭگو (ۋېيخەي) كۆچمە خەۋەرلىشىش لوڭقىسى» نوتىلار ناخشىسى مۇسابىقىسىدا ئالاھىدە مۇكاپات ۋە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ماياتاغ رايونى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىلكىدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 11 مىڭ 648 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 23.18 كۋادرات مېتىرغا، ئېنگىل كوئېففىتسېنتى 27.8% كە يەتتى. ھەرخىل ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچ جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ھاللىق تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يەتكەن شەھەر - بازارلار قاتارىغا كىردى. رايون تەۋەسىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنىڭ يىغىلىش نىسبىتى 100% كە، سۇغۇرتا پۇلىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

رايوم مەبلىغىدىن 18 مىليون يۈەن ئىشلىتىلىپ، تۇرمۇش يۈندىسىنى بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ 2 - قارارلىق ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، يۈندىنى بىرتەرەپ قىلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى. شەھەر رايونىدىكى كۆكۈلمەيدان 466.5 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 35.47% كە، يېشىل يەر نىسبىتى 33.2% كە، ئوتتۇرىچە كۆكۈلمەيدان 9 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. رايون ئاپتونوم رايون بويىچە باغچىلاشقان شەھەر رايونى دېگەن نامغا، ئاپتونوم رايونلۇق شەھەرلەرنىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدا مۇنەۋۋەر شەھەر رايونى دېگەن نامغا ئېرىشتى. شەھەرنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى تورى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش شارائىتى بويىچە ئۈلگە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## يۇغۇرۇلما ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى ماياتاغ رايونى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە جەھەتتە

يېڭىلىق يارىتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، كۈيتۇڭ شەھىرى، بەكتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى بىلەن «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى. ئورتاق بەرپا قىلىش لايىھىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار نازارەت - ئىدارىلىرى تەكشۈرگەندىن كېيىن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاندى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە رايون سىرتىدىكى كارخانا، شەخسلەرنىڭ مەبلىغىدىن 26 مىليون 500 مىڭ يۈەن قوبۇل قىلىندى. مايتاغ شىمالىي كەنت ئىقتىسادىي تەرەققىيات بەلۋېغىنىڭ دەسلەپكى شەكلى ئاساسەن شەكىللەندى ھەمدە دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. سودا شەھەرچىسىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى، ئىگىلىك باشقۇرۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئەتراپتىكى رايونلار بىلەن بولغان مۇلازىمەت، ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش ساھەسىدىكى ھەمكارلىق يەنىمۇ كۈچەيتىلدى؛ شەھەر مەمۇرىيىتى پاراۋانلىق ئىشلىرى جەھەتتە پەقەت نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ۋە رايونلۇق ھۆكۈمەت ئىگىلىك باشقۇرىدىغان ئەندىزە بۇزۇپ تاشلىنىپ، «كىم مەبلەغ سالسا شۇ مەنپەئەتدار بولۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەرخىل مەبلەغ پائال قوبۇل قىلىنىپ، بۇ مەبلەغ پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى، ئىجتىمائىي خاراكتېردىكى، ئاساس خاراكتېرىدىكى ساھەلەرگە سېلىندى.

★ 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 2001 — 2002 - يىللىق «قىلىپ» جۇڭگو ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەييارلىق مۇسابىقىسى مايتاغ ئەنتەربىيە مەركىزىدە داغدۇغىلىق باشلاندى.

★ 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يىلىغا 100 مىڭ توننا گاز جىسمىنى ھىدروگېنسىزلاندۇرۇش ۋە يىلىغا 3000 توننا تىئوزسۇلفون يىغىۋېلىش تۈزۈرنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

★ 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 1 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان مايتاغ 220 مىڭ توننىلىق (يىللىق مەھسۇلاتى) ئېتىلېن زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى بىر قېتىم ماتېرىيال سېلىپ سىناشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، زاۋۇتنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 80 مىڭ توننا كۆپەيدى.

★ 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مايتاغ لىنىيە رەقەملىك كۆتۈپخانا قۇرۇلدى، ئۇ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئېلېكترونلۇق كۆتۈپخانا، مەملىكەت بويىچە تۇنجى مەھەللە رەقەملىك كۆتۈپخانىسى.

ياڭ يەنشۈن

# قاراماي رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراماي رايونى قاراماي شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. 2002 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 6، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 160 مىڭ 138 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 33 مىڭ 704)؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.8‰. كىلىماتى تىپىك قۇرغاقلىق كىلىماتقا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراماي رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ ۋېيدۇڭ.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما ۋېنخۇ.

رايون باشلىقى: تيەن چىڭشىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى قاراماي رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 7 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 35 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.1%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 865 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18% ئاشتى.

2,761 گېكتار يەرگە ھەرخىل زىرائەت تېرىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 22 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. چارۋا، قۇش بېقىش بازىسىغا 232 ئائىلىلىك باقمىچى ئائىلە ئورۇنلاشتى. قولدا قالغان چارۋا 8914 تۇياققا يەتتى.

يەرلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 56 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2%، يەرلىك مالىيە كىرىمى 389 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11.7%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 389 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.23% ئاشتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 920 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8% ئاشتى. قاراماي رايونىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلدى. باج تاپشۇرۇشتىكى ئىلغار ۋە باج جەھەتتە تۆھپە قوشقان يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلار نۇقتىلىق يۆلەندى، يۇقىرى يېڭى - تېخنىكىلىق كارخانىلار زور كۈچ بىلەن يۆلەندى. 2002 - يىلى رايوندىكى خۇسۇسىي كارخانا 495 كە يېتىپ،

2001 - يىلدىكىدىن %18.7، پەككە سودا - سانائەت ئورنى 7665 كە يېتىپ، %8.2 كۆپەيدى. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك-تىن باشقا ئىگىلىك كۆلەم، نىسبەت، ساھە جەھەتتە زور يۈسۈش ھاسىل قىلدى، تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلار داۋاملىق تېز راۋاجلىنىپ، ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تەدرىجىي نامايان قىلدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلى قاراماي رايونى «رايوننى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاق تەربىيىسى پائالىيىتىنى پائال يولغا قويدى، ئاساس مائارىپى دەرسلىكى ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىۋەتتى. ئېنگلىز تىلى تەربىيىسى مەزمۇن قىلىنغان ئۆزگىچە مائارىپ داۋاملىق، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساس مائارىپى خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى؛ ئەخلاق تەربىيىسى ئاساس قىلىنغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى ۋە ئەمەلىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان ساپا مائارىپى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 2002 - يىلى قاراماي رايونلۇق 5 - باشلانغۇچ مەكتەپ، 6 - باشلانغۇچ مەكتەپ 1 - خىلدىكى مەكتەپ مۇپەتتىشلىكى بويىچە قايتا باھالاشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى، 8- باشلانغۇچ مەكتەپ رايوندىكى 2 - قېلىپلاشقان مەكتەپ، «قىزىل بايراق بالىلار باغچىسى» رايوندىكى 3 - قېلىپلاشقان بالىلار باغچىسى بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى قاراماي رايونىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4026 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %22.2 ئاشتى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 9510 يۈەن (3 خىل فوند چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىنكى ساپ كىرىم، ئىلگىرىكى يىللاردا 3 خىل فوند چىقىرىۋېتىلمىگەن) گە يەتتى؛ ئېنگەل كوئېففىتسىېنتى %30.2 كە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن 2.2 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى.

ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى يېيىش ۋە ئەلگە تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى فوندىنى تارقىتىش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى. خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈندى، رايونلۇق ھۆكۈمەت خەير - ساخاۋەت باش جەمئىيىتىگە 100 مىڭ يۈەن، كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر 109 مىڭ 300 يۈەن ئىئانە قىلدى. شەھەر - ئىدارىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئەمەلىيلەشتى. ياراۋانلىق كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئورۇنلار مېيىپلارنى نىسبەت بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى يول ئارقىلىق 1202 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، مېيىپلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %90 كە يەتتى. بىر يىلدا ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقاتقان، تۇرمۇش مەنبەسى يوق 280 نەپەر مېيىپقا 650 مىڭ يۈەن تۇرمۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى؛ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئۆتكەن 8 مېيىپ ئوقۇغۇچىغا 34 مىڭ يۈەن ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئوقۇش مۇكاپاتى تارقىتىپ بېرىلدى؛ 120 نەپەر ئېغىر دەرىجىدىكى مېيىپقا 50 مىڭ يۈەن يىللىق ھال سوراش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. قاراماي شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك مېيىپلار مۇسابىقىسىدا، قاراماي رايونى ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. 2002 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبىرى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى قارامايغا ئالاھىدە مۇخبىر ئەۋەتىپ، قاراماي رايونىنىڭ مەھەللە مېيىپلار خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە مەخسۇس خەۋەر قىلدى، جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبىرى قاراماي رايونىنىڭ مېيىپلار خىزمىتىگە يۈكسەك باھا بەردى.

## شەھەر رايونى قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى قاراماي رايونى «مۇھىت ئارقىلىق رايون ئوبرازىنى يارىتىش» ئىستراتېگىيىسىگە ئاساسەن، شەھەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىتىنى پائال ياخشىلىدى. كىچىك رايونلارنى ئۆزگەرتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شەھەر رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، 12 مەھەللىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى؛ سىرتتىن كەلگەن نوپۇسنىڭ ياتقىنىنىڭ لايىھىسىنى باھالاش - تەكشۈرۈش ۋە سودىگەر چاقىرىش خىزمىتىنى تاماملىدى؛ قاراماي مەركىزىي مەنزىرە رايونىدىكى ھەيكەل مەيدانى، مەدەنىيەت كوچىسىدىكى قاپارتما نەقىشلىك تام قۇرۇلۇشى قاتارلىق يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى؛ كېرەكسىز بۇيۇملارنى يىغىۋېلىش، كونا مال سودا بازىرى قۇرۇلۇشىنى باشلىدى؛ «جەنۇبىي ئورمان» يېرىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى قۇرۇلۇشى قەدەمدە پۈتكۈزۈلۈپ تىجارەت باشلاندى؛ يۇقىراۋى پەن - تېخنىكا باغچىسى ئومۇمىي پىلان لايىھىسى ۋە «جىنلوڭ» بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى؛ كۆكەرتىش

خىزمەت ۋەزىپىسى تاماملاندى، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئاھالىلەر كىچىك رايونىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 30% تىن ئاشتى. ئورمان - قەفەز بازىسى ئېچىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. بىر يىلدا 256 مىڭ 800 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 200 مىڭ تۈپ گۈل - گىياھ ئىشلەپچىقىرىلدى، يېڭىدىن 118.08 گېكتار كۆكۈلمەيدان كۆپەيتىلدى، ئوتتۇرىچە كۆكۈلمەيدان 7.3 كۋادرات مېتىرغا، قۇرۇلۇش قىلىنغان رايونىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 25.13% كە يەتتى. شەھەر رايونىنى باشقۇرۇش سالىقى ئاشۇرۇلۇپ، مۇھىت تازىلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، شەھەر رايونىنىڭ تەرەققىيات شارائىتى ياخشىلاندى. ئۇزۇندىن بۇيانقى ئەخلەتنى قالايمىقان دۆۋىلەپ قويۇش ھادىسىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك تور تارتىپ قويۇش شەكلى ئارقىلىق تۈزەش يولغا قويۇلدى، ھەرخىل ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈش ئارقىلىق، مەدەنىيەتسىزلىك ھادىسىلىرى ئۈنۈملۈك توسۇلدى؛ ساھەلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش سالىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئەتىگەنلىك بازار، كەچلىك بازار، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، 40 نەچچە تورخاننى ساھەلەر بويىچە تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەندى.

## مەھەللە قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى قاراماي رايونى مەھەللە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، مەھەللە فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش، مەھەللە تەشكىلىي تۈزۈمىنى ئۆزى باشقۇرۇش، مەھەللىدىكى ئورۇنلار ۋە ئاما ئۆزلۈكىدىن قاتنىشىشتىن ئىبارەت مەھەللە باشقۇرۇش ئالاھىدىلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. مۇلازىمەت تىپىدىكى، ئېكولوگىيە تىپىدىكى، رەقەم تىپىدىكى، ئۆگىنىش تىپىدىكى مەھەللە بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ، «مۇلازىمەت ئوبيېكتىنى ئاممىۋىلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت تور - نۇقتىلىرىنى مەھەللىلەشتۈرۈش، مۇلازىمەت قوشۇنىنى كەسپىيلەشتۈرۈش، مۇلازىمەت ۋاسىتىلىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش، مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تورلاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت مۇلازىمەت تىپىدىكى مەھەللىنى تىرىشىپ بەرپا قىلدى. مەھەللە ئاھالىلىرىنى كىچىك رايون مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش پائالىيىتىگە ئۆزلۈكىدىن قاتنىشىشقا پائال يېتەكلىدى ۋە تەشكىللىدى. رايون بويىچە 32 ئورۇن باغچا شەكىللىك ئورۇن ئۆلچىمىگە يەتتى، 80% تىن ئارتۇق مەھەللە «ئىشىك ئالدىدىكى يېشىللىقنى ئاسراش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭ بىلەن مەھەللىدىكى 345 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر كۆكۈلمەيدان خالىس ئاسرالدى. رەقەم تىپىدىكى مەھەللە بەرپا قىلىش خىزمەت نىشانىنى چۆرىدەپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ «ئۈچ تور، بىر ئامبار» دىن ئىبارەت قۇرۇلما ئەندىزىسىگە ئاساسەن، قاراماينىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە «ئىككى پونكىت، ئىككى تور، بىر ئامبار، بىر مەركەز» دىن ئىبارەت رەقەملىك مەھەللە ۋە ھۆكۈمەت ئۇچۇر سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، رايون، كوچا، مەھەللە كومپيۇتېر 3 دەرىجىلىك كەڭ بەلۋاغلىق بىرلەشمە تورىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، رەقەملىك شەھەر رايونى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالدى. مەھەللە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا ئاساسەن، «مەھەللە ئاۋانگارتى، مەھەللە مەدەنىيىتى، مەھەللە بىخەتەرلىكى، مەھەللە ساغلاملىقى» دىن ئىبارەت 4 چوڭ قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلاملارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى پائال قوزغىدى. مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش نىشان قىلىنغان مەھەللە مائارىپى ۋە تەربىيىسىنى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك قانات يايدۇرۇپ، قاراماي شەھىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. 2002 - يىل 9 - ئايدا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى قاراماي شەھىرىنى مەملىكەتلىك مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە شەھەر رايونى دەپ بېكىتتى، دېمەك، قاراماينىڭ مەھەللە قۇرۇلۇشى خىزمىتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

★ 2002 - يىلى قاراماي رايونى مەملىكەتلىك مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىلغار رايون، مەملىكەتلىك مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە رايون، مەملىكەتلىك مەھەللە مېيىپلار خىزمىتىدىكى ئۈلگە رايون ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي شەھەر رايونى، شىنجاڭنى يەن - تېخىمۇ ئارقىلىق گۈزەللەندۈرۈشتىكى ئىلغار رايون، تازىلىقتا قىزىل بايراقدار شەھەر رايونى، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار رايون قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

شاڭ دېۋېن

# چەرەنبۇلاق رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چەرەنبۇلاق رايونى قاراماي شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 360 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 66 مىڭ 963 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 14

مىڭ 469) ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 5.4‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.6‰. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

جەرەنبۇلاق رايونىدا قېزىلما بايلىق مول، ئاساسلىقلىرىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز بار، ئۇنىڭدىن قالسا كۆمۈر، تاش تۇزى، ياپلاق تاش، شېغىل، شىپات قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جەرەنبۇلاق رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي ئەيخۇا.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاڭ شاڭلياڭ.

رايون باشلىقى: سۇن جىنجياڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى جەرەنبۇلاق رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.3% ئاشتى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 600 مىليون يۈەن بولۇپ، 3.1% كېمەيدى، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 485 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 27.6% ئاشتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 675 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 1.9% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 580 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.28% ئاشتى. 2 مىليون 110 مىڭ توننا خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى، 1 مىليون 300 مىڭ مېتىر قۇدۇق بۇرغىلاندى، 960 مىليون كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 122 قاتلامدىكى نېفىت سىنالدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 99.8% كە يەتتى. رايون بويىچە خۇسۇسىي كارخانىدىن 62 سى بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 15 ى كۆپەيدى، كەسپكارى 496 گە يەتتى. بىر يىلدا مەبلەغ سېلىش تۈرىدىن 16 سى كىرگۈزۈلدى، سېلىنغان مەبلەغ 60 مىليون يۈەندىن ئاشتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 360 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى (نېفىتكە قاراشلىق رايونلاردىكى كارخانىلار بۇنىڭ سىرتىدا) . بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 60 مىليون يۈەن، تۈپ - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 40 مىليون يۈەن. بىر يىلدا 862 مېتىر تاشيول ياسالدى، 117 كىلومېتىر شەھەر رايونى يولى ئۆزگەرتىلدى. شەھەرنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى 100% كە يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 31 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 30 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 2600 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 298 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 267 مىليون يۈەن. ھەرخىل تاۋار سودا بازىرىدىن 5 ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 200 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 105 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.7% ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 103 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.78% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەرخىل ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 139 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۈغۇرتا ھەققى كىرىمى 29 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۈغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 740 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۈغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 28 مىليون 100 مىڭ يۈەن؛ ھەرخىل تۆلەم سوممىسى 6 مىليون 816 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۈغۇرتىسى تۆلەم سوممىسى 6 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۈغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 366 مىڭ يۈەن.

2002 - يىلى جەرەنبۇلاق رايونى 10 تۈرلۈك ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي ئىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئازكەم 4000 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول تورىنى ئۆزگەرتىش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، 13 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرلىق كىچىك رايوننى ئۆزگەرتىش سىستېما قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ 100 مو (6.67 گېكتار) ئېكولوگىيە ئورمىنى 2 - قاتارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر قاتار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى ئازكەم 8 گېكتار؛ رايوندىكى مېيىپلارنىڭ تۇنجى ئۇنىۋېرسال چوڭ تىپتىكى پائالىيەت سورۇنى بولغان مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ بىناسى پۈتتى؛ شەھەر رايونىدا دېھقانخانا سېلىندى؛ ئومۇمىي كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان بىر مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى، 3 مەھەللە مۇلازىمەت پونكىتى ۋە ئاھالىلەر كومىتېتى ئىش بېجىرىش ئورنى ئۆزگەرتىلىپ يۈرۈشلەشتۈرۈلدى ۋە يېڭىدىن سېلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلى جەرەنبۇلاق رايونى بويىچە پەن - تېخنىكا

نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىلىش نىسبىتى %90 تىن، مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇلۇش نىسبىتى %75 تىن، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپە نىسبىتى %50 تىن ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار رايون دېگەن نامنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى.

جەرەنبۇلاق رايونى بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5188، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2500. رايوندىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 234 (مىللىي 209)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 3، مەكتەپتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 994 (مىللىي 132)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2056؛ ئادەتتىكى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 444، مەكتەپتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 605، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 806؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 4045 (مىللىي 563). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 790 (مىللىي 247). ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بالىلار باغچىسى 5، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 76؛ خۇسۇسىيلار قۇرغان بالىلار باغچىسى 4. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رايون بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، 5 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 20 مىڭ 450 كە يەتتى. رايوندا 8 ھەر دەرىجىلىك سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى 3، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى 3)، 428 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 89) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 203 (مىللىي 53)؛ دوختۇرخانىلاردا 280 كارىۋات بار.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى جەرەنبۇلاق رايونىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 9483 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 7084 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 374 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 17 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 17 مىڭ 161 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 17 مىڭ 161 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 6670 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 6670 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 3 ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 11 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 9 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن 2 سى، كۆلىمى 9 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن - سۈرەن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 2 سى بەرپا قىلىندى؛ رايون بويىچە 315 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى، رايوننىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %36.9 كە يەتتى. رايون بويىچە ھاۋا سۈپىتى دۆلەتنىڭ I دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتى II دەرىجىلىك ئۆلچەمگە، مۇھىتتىكى شاۋقۇن - سۈرەننىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. جەرەنبۇلاق رايونى ئاپتونوم رايون بويىچە تازىلىقتا قىزىل بايراقدار شەھەر رايونى بولۇپ باھالاندى ھەمدە، ئاپتونوم رايون بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» شەھەرلەر مۇسابىقىسى ئۈنۈۋېرسال لوڭقىسىغا ۋە ئىلغار شەھەر رايونى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جەرەنبۇلاق رايونى پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئۈچىنچى قۇرۇلتىيىنى ئاچتى، قۇرۇلتايدا 1 - نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

★ 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جەرەنبۇلاق رايونى خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىك جەمئىيىتىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيىنى ئاچتى، قۇرۇلتايدا 1 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى.

بو فاڭ

## ئورقۇ رايونى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئورقۇ رايونى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىدە، قاراماي شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىق مۇساپىسى 390 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ئورقۇ رايونىغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىر، يېزا بىر؛ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 6962 (بىر قىسىم نوپۇس كۆچۈپ كەتتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2612)، يېزا نوپۇسى 1378؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15.5، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰14.21. رايون بويىچە 334 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 143 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 160 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقچىلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

رايون تەۋەسىدە سۇ مەنبەسى مول، ئاق تېرەك دەرياسى

سۇ ئامبىرى، چەرچەنبۇلاق سۇ ئامبىرى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى — شەيتانكەرىش ئېگىزلىكى سۇ ئامبىرى يۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. رايون تەۋەسىدە، 212.6 كۋادرات كىلومېتىر تەبىئىي ئوتلاق، 66.3 كۋادرات كىلومېتىر تەبىئىي ئورمان بار. قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، گەج، تەبىئىي گاز، شور، كۆمۈر، چىرىستال قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن يارداڭلىق يەر شەكلى — شەيتانكەرىش، ئاق تېرەك دەرياسى جىلغىسى، تەبىئىي ئاسفالت كېنى، ماي تۆمتاغ، ئىپتىدائىي توغراقلىق قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئورقۇ رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چيەن خەيجياڭ.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىبراھىم مۇقىيىت (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چيەن خەيجياڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

رايون باشلىقى: جىن ۋۇلىن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ شۇۋېن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ئورقۇ رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 1 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 17 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 929 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 54 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 62.87% ئاشتى. 2.810 توننا ئاشلىق، 8.481 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 11 مىڭ 679 تۇياق چارۋا قالدى. يېزا، بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

نېفىت - گاز مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 169 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 1 مىليون 23 مىڭ توننا نېفىت، 177 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى. يەرلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 72 مىليون 27 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئازكەم 800 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەملىيلىشىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 25 مىليون يۈەنگە يەتتى. مالىيە كىرىمى 19 مىليون 410 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى تولۇقلاپ بەرگىنى 11 مىليون 830 مىڭ يۈەن) گە، يەرلىك مالىيە چىقىمى 19 مىليون 410 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتى 8 مىليون 390 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 190 مىليون يۈەنگە، ھەرخىل قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 400 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، شەھەر - يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 2900گە يەتتى. 120 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

رايون بويىچە يەككە سودا - سانائەت ئورنى 638 گە، كەسپكار 1087 گە، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 22 مىليون

---

قىسقا ماتېرىيال

## شەيتانكەرىش

شەيتانكەرىش قاراماي شەھىرى ئورقۇ رايونلۇق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ 7 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا، دۆلەت يولى 217 - لىنىيىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان، دائىرىسى 120 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئورنى دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 350 مېتىر ئېگىز. بۇ جاي ئۆزگىچە يېمىرىلگەن يەر شەكلى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شامال ئېغىزىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بوران تاغ جىلغىسى ئارىسىدا ئايلىنىپ، ھوشقىرىتىپ، ئالۋاستى يىغلىغاندەك ئاڭلىنىدۇ، شۇڭا بۇ جاينى كىشىلەر شەيتانكەرىش دەپ ئاتىغان.

شەيتانكەرىش مەملىكەت بويىچە 8 چوڭ كىنو بازىسىنىڭ بىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ مەنزىرە رايونىدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «پادىچى سۆزى»، «ئالتۇن چايقىغۇچى»، «جاھانكەزدى ئەزىمەت» قاتارلىق فىلىملەر سۈرەتكە ئېلىندى. شەيتانكەرىش ھەقىقەتەن چوقچىيىپ تۇرغان، غەلىتە، سىرلىق مەنزىرە رايونى بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا.

جياڭ كېۋېن

837 مىڭ 700 يۈەنگە، يەككە كارخانا 5 كە، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بارلىق سودا - سانائەت ئورنى، خۇسۇسىي كارخانىلار دۆلەتكە تاپشۇرغان باج 2 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ 22% نى ئىگىلىدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلى ئورقۇ رايونى پەن - تېخنىكا ئۈچۈن 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 200، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 70. رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 728، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 102؛ ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 85، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 12؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 271، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 10. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90% تىن ئاشتى.

رايون بويىچە 3 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، بىر سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، 140 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 100 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئورقۇ رايونى بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 10 مىڭ 325 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 8703 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3653.8 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2345 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 14 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 24.3 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 32.4 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 126 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 141 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشتا، پېنسىيىگە چىققان 10 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 268 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. رايون بويىچە يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 1 مىليون 257 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جياڭ كېۋېن

# تۇرپان ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرپان ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەركىزى تۇرپان شەھىرىدە. 2002 - يىلدىكى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 566 مىڭ 854 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 429 مىڭ 921)، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.49‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.94‰. ۋىلايەت بويىچە 35 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 25 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5400 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. 26 مىڭ گېكتار يەرگە ئۈزۈم كۆچىتى تىكىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىگە كىرگەن كۆلەم 15 مىڭ 300 گېكتار. كىلىماتى قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 933 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 239 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 127 مىڭ 500 گېكتار ئورمان، 768 مىڭ 200 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئۇلار، يىلپىز، جەرەن، ياۋا تۆگە قاتارلىقلار، ئاساسلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن كىرەش، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، سوغىگۈل، يانتاق شېكىرى، غۇنچە ئۈزۈم، شۇمبۇيا قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، تۇز، شور، ئالتۇن، مىس، گرانىت تاش، كالىيلىق سېلىترا، ناترىي سېلىترا، سېرپېنتىن، بېنتونىت، ھاك تېشى قاتارلىقلار بار.

يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئۈزۈم، قوغۇن، ئۇزۇن تالالىق پاختا قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئۈزۈم ھارىقى، مەرگىمۇش قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇرپان ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇڭ ئەيرۇڭ (ئاپال)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابلا قاسىم، سۇن چاڭخۇا، لى مىڭ، كېرىم ئىبراھىم.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا يۈسۈپ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەمەت يۈسۈپ (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: مۇھەممەت روزى، دۇڭ خېمىڭ.

ۋالىي: ئابلا قاسىم؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: ليۇ شىنمىن، خۇاڭ ليۇچۈەن، لىن ئەندى (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، خۇاڭ جىجۇڭ، جۈرئەت ئىمىن، جاپپار ئىبراھىم (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خاۋ چاڭشۇن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: مۇمىن رۇستەم

(12 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، شىن رۇيشاڭ، توختى روزى، باھادىر ئابدۇلھېلىم (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 7 مىليارد 352 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %10.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىككە تەۋە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 10 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %11 ئاشتى. 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 804 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.9، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 823 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.8، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 725 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.6 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 391 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %14.45 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 81 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، ئورمانچىلىقنىڭ 22 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، چارۋىچىلىقنىڭ 284 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 108 مىڭ 920 توننا ئاشلىق، 6775 توننا پاختا، 1677 توننا ياغلىق دان، 529 مىڭ توننا ئۈزۈم، 135 مىڭ 700 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز، 115 مىڭ 300 توننا كۆكتات، 6957 توننا زىرە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 42 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 29 مىڭ 982 توننا گۆش، 2010 توننا يۇڭ، 14 مىڭ 395 توننا سۈت، 321 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شۇ يىلى 7892.4 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) . قوشۇلما قىممىتى 356 مىليون يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 491 مىڭ 450 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 20 مىڭ 999غا، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 273 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 356 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 123 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 764 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %11.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىككە تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 613 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.5، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 793 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىككە تەۋە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 940 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.15 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 107 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 2 مىليون 510 مىڭ توننا نېفىت ئېلىندى، 62 مىڭ 400 توننا نېفىت پىششىقلاندى، 1 مىليارد 142 مىليون 640 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 256 مىڭ 500 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 64 مىڭ 600 توننا گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر رۇدىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. 39 مىليون 550 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 777 مىليون 370 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى، 18 مىليون 991 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 2580 توننا مىس، 463 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا، 9253 توننا ئىچىملىك ـ ھاراق (4809 توننا ئۈزۈم ھارىقى) ، 720.5 كىلوگرام ئالتۇن، 240 مىڭ 300 توننا سېمونت، 12 مىڭ 662 توننا پاختا يىپ، 337 مىليون 800 مىڭ دانە ئۆلچەملىك خىش، 15 مىڭ 880 توننا ئەينەك پاسالمىلىرى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98.28كە يەتتى. بىناكارلىق كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 164 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 236 مىڭ 88 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 101 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 653 مىليون 150 مىڭ يۈەن (يەرلىكنىڭ سالغىنى 1 مىليارد 171 مىليون 900 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 833 مىليون يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە توشۇلغان يولۇچى 11 مىليون 710 مىڭ ئادەمگە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 583 مىليون 650 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 8 مىليون 450 مىڭ تونناغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 559 مىليون 840 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 28 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 87 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 144 مىڭ 372 توچكىغا، مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 85 مىڭ 671گە، كىچىك زىرەك ئابونىتى 14 مىڭ 595كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 70 مىڭ 369غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 45 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %94.80كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە يىللىق تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 942 مىڭ 100 دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 427 مىڭ 500

دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 514 مىڭ 600 دوللار. سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 114ى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، نەقلەشكەن مەبلەغ 1 مىليارد 820 مىليون يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 1 مىليون 570 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 380 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 442 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001-يىلدىكىدىن %0.64؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 678 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.1 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 4 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 584 مىليون يۈەن؛ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 290 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 150 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال-مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 64 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 85 مىليون 850 مىڭ يۈەن. 37 مىليون 600 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە پۇل بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 27 مىليون 570 مىڭ يۈەن. ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 10 مىليون 30 مىڭ يۈەن.

## پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002-يىلى ۋىلايەت بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەن-تەتقىقات تۈرى 18گە، سېلىنغان تەتقىقات خىراجىتى 1 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئۈزۈمنى يېڭى پېتى ساقلاش، ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كېۋەز، مېۋە-چېۋە، كۆكتات، ئۆي قۇشلىرىنىڭ سورت-نەسلىنى ياخشىلاش ۋە سۇ تېجەپ تېرىقچىلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. يېڭى تاۋۇز سورتى، سۇ تېجەشتىكى ئۆلگە رايون قۇرۇلۇشى، ئۈزۈمگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئارىلاشما ئوغۇتنى تەجرىبە قىلىش، يېڭى سورتلۇق ئاق قوناق يېتىشتۈرۈش قاتارلىق تۈرلەر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا تۈرلىرىنى ياخشى تەرەققىيات ئىزىغا سېلىش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ھەر خىل ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1429، ئوقۇتقۇچىسى 324، ئوتتۇرا مەكتەپ 103، ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ 640، ئوقۇتقۇچىسى 3407، باشلانغۇچ مەكتەپ 128، ئوقۇغۇچىسى 59 مىڭ 954، ئوقۇتقۇچىسى 4402، باللار باغچىسى 5، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 99. ۋىلايەت بويىچە 2 سەنئەت ئۆمىكى، 3 مەدەنىيەت يۇرتى، 3 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %86.94كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %61.94كە يەتتى، رادىئو-تېلېۋىزىيىنى ھەممە كەنتكە يەتكۈزۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى. تۈرلۈك كىنو قويۇش ئورنىدىن 15ى بار.

يىل ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە 214 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 41، سەھىيە-يۇقۇمدىن ساقلىنىش ۋە ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى 8، ئامبۇلاتورىيە 161 (خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيە 157)، باشقا سەھىيە ئاپپاراتى 4. 3411 سەھىيە خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2812، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1963.

2002-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 10 تۈرلۈك يىللىق مۇسابىقىلارغا ۋىلايەت بويىچە 197 تەنھەرىكەتچى قاتنىشىپ 4 ئالتۇن مېدال، 8 كۈمۈش مېدال، 13 مىس مېدال ئالدى. ئاپتونوم رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بىر كۈمۈش مېدال ئالدى. گۈلەنگۈچتە كوللېكتىپ 3-لىككە ئېرىشتى ۋە تەنتەربىيە ئەخلاق پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2002-يىلى ۋىلايەت ئىسكىتاك توپ، ۋاسكېتبول، پۇتبول ۋە يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى، ئەنئەنىۋى چېلىشىش مۇسابىقىسى، چانبازلىق قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002-يىلى تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 643 يۈەنگە، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2801 يۈەنگە يەتتى. 2002-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 16 مىڭ 625 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 46 مىڭ 763 كىشى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. ئىش ئورنىدىن قالغان 314 ئىشچى-خىزمەتچىگە 1 مىليون 660 مىڭ يۈەن ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى تارقىتىلدى. كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 7653 كىشىگە 49 مىليون 940 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى پۇلى تارقىتىلدى، 11 مىڭ 696 كىشى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە ئېرىشتى، تارقىتىلغان ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى سوممىسى 5 مىليون 932 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك پاراۋانلىق ساناتورىيىسى، ياشانغانلار ساناتورىيىسى 9، كارىۋات 212. بېقىلىۋاتقانلار 109.

## ئالتۇن ھەل بېرىلگەن «تۇرپان» دېگەن ۋىۋىسكا ئارقىلىق سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈشتە ياخشى نەتىجە يارىتىلدى

2002 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتى ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھىتى بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن «تۇرپان» ۋىۋىسكىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى، ئۈزۈم سەيلىسى مەزگىلىدە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى ئاشۇردى، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ بىلەن بىر تۈركۈم تۈرلەرنى تاماملىدى. شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ تۇرپان شەھىرىدىكى بېزەكلىك يولىنى تۈزلەش ۋە كېڭەيتىپ ياساش، يول ياقىسىدىكى ئۆيلەرنى رەتلەش ئارقىلىق يېڭى سودا كوچىسى قۇرىدىغان بولدى. شىنجاڭ تەڭرىتاغ پاي چەكلىك شىركىتى 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، داخېيەندە سېمونت پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى قۇردى ۋە 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشتىمۇ ئىش باشلىدى. ش ئۇ ئا ر ئېلېكتر قۇۋۋىتى باش شىركىتى 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ قۇرغان توقسۇن ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى يېقىندا تاماملاندى. بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن توقسۇن ناھىيىسىنىڭ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. شىنجاڭ «دېلوڭ» شىركىتى 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ كارىز شاتلىق باغچىسى قۇرۇپ تۇرپان ساياھەتچىلىكىدە يېڭى مەنزىلگاھ شەكىللەندۈردى. بېيىۋەنچۈن كارخانا گۇرۇھى ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ تۇرپاننىڭ ئاۋات يېرىدە سودا - تۇرالغۇ ئۆي بىناسى سالدى. تۇرپان شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى 23 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈپ تۇرپان ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى قۇردى. خېبەن يىما كۆمۈرچىلىك گۇرۇھى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يىلىغا 300مىڭ توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش تۈر قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سالدى.

يېقىنقى 2 يىلدا تۇرپان ۋىلايىتى سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 114نى ئەمەلىيلەشتۈردى، نەقلەشكەن مەبلەغ 6 مىليارد يۈەنگە يېقىنلاشتى، باج كىرىمى 60 مىليون يۈەنگە يەتتى، 5000 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

★4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 20 مىليون يۈەنلىك سەرخىل مۈلۈككە ئىگە تۇرپان ئىدىقۇت - يارغول مەدەنىيەت ساياھەت تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى.

★ 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇرپاندىن دۇنخۇاڭغا بارىدىغان ئاپتوبۇستا يولۇچى توشۇش ساياھەت لىنىيىسى ئېچىلدى، مۇساپىسى 850 كىلومېتىر كېلىدۇ.

★ 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تۇرپان ۋىلايىتى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش ياردەم پۇلى ۋە مۇكاپات بېرىش يىغىنى ئاچتى. 2002 - يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن 58 ئوقۇغۇچى 10 مىڭ يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە ئوخشاش بولمىغان مۇكاپات ۋە ياردەم پۇلىغا ئېرىشتى (ئومۇمىي سوممىسى 395 مىڭ يۈەن). بۇ تۇرپان ۋىلايىتىدە تۇنجى قېتىملىق ئىش.

بەي شاۋ

# تۇرپان شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرپان شەھىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 182 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 143 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2، بازار 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 250 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 197 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 175 مىڭ. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.45‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.34‰. شەھەر بويىچە 9490 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6960 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى 3350 گېكتار)، 21 مىڭ 659 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئۈزۈم كۆچىتى تىكىلگەن يەر كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تۇرپان شەھىرى شىنجاڭ بويىچە ئۈزۈم چىقىدىغان ئاساسلىق رايون، ئۈزۈمنىڭ 120 دىن كۆپرەك سورتى بار. ئۇ يەنە مەملىكەت بويىچە ئۈزۈن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 357 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 97 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 6966.67 گېكتار ئورمان بار. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.44%كە يېتىدۇ. 210 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئارقار، ئۆلار قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن يانتاق، چۈچۈكبۇيا، ئۆجمە، غۇنچە ئۈزۈم قاتارلىق 180 نەچچە خىلى بار. تۇز، كۆمۈر، نېفىت، ھاك تېشى، گەج، كۋارتس

قۇمى، تۆمۈر، مانگان، بور، شۈلتا، شور، ساپال توپىسى قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. تۇرپان قەدىمكى يىپەك يولىغا جايلاشقان مۇھىم بازار، يەنە كېلىپ گۇمانىتارلىق مەنزىرە بىلەن تەبىئىي مەنزىرە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى، كۆپ مىللەتنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى مۇجەسسەملەشكەن ساياھەت شەھىرى. بۇ يەردە سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن سەيلىگاھلاردىن ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، يالقۇنتاغ، ئايدىڭكۆل، كارىز، ئۈزۈملۈك، قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى باغچىسى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلار بار. شەھەر تەۋەسىدە دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 5ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 14ى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇرپان شەھەرلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جيەنيۇڭ.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇرىدىن نىياز.

شەھەر باشلىقى: پەرھات ئىبراھىم.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قادىر قۇربان.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 548 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 349 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.3 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 395 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، %2.1 كېمەيدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 803 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 564 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %10.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 454 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، چارۋىچىلىقنىڭ 95 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 32 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 1987 توننا پاختا، 152 توننا ياغلىق دان، 283 مىڭ توننا ئۈزۈم، 260 مىڭ توننا باشقا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 333 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 16 مىڭ 200 توننا گۆش، 5805 توننا سۈت، 148 توننا تۇخۇم، 54 توننا يۇڭ، 130 مىڭ پارچە كالا، قوي تېرىسى، 219 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3168 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 38 مىليون 867 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 11 ئورۇندىكى سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، 11 مىڭ ئادەم ۋە 23 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى، 216.67 گېكتار تېپىپ سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 19.3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆۋەن بېسىملىق تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 316 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 96 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 140 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 663 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.7، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 207 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.8 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 10 مىليون 240 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 497 مىڭ توننا كۆمۈر، 137 مىڭ توننا سېمونت، 26 مىليون 140 مىڭ توننا ئۈزۈم ھارىقى، 742 توننا كونسېرۋا، 4089 توننا ئىچىملىك، ھاراق، 1100 توننا سۇ يېغى، 29 مىڭ 905 توننا قۇرۇق ئۈزۈم، 1198 توننا ساپ پاختا، 4113 توننا پاختا يىپ، 14 مىڭ 301 توننا قايتا ئىشلەنگەن تۇز، 544 توننا سۇلياۋ ياسالما، 19 مىڭ 158 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 127 مىليون 700 مىڭ دانە خىش، 15 مىڭ 880 توننا ئەينەك، 187 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 8000 كۋادرات مېتىر گرانت تاش تاختا، 2580 توننا خام مىس، 101 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان نېپىز سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.8كە يەتتى. سالاھىيىتى 4 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 54 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 22 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 608 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 335 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 31 مىليون 940 مىڭ يۈەن. پۈتكەن تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 79 مىڭ كۋادرات مېتىرغا،

ئاۋار ئۆيلەرنىڭ سېتىلىش كۆلىمى 69 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 237 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 770 مىڭ تونىنا پىششىق سېمونت ماتېرىيالى ئىشلەش بازىسى قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، 125 مىليون 666 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۇرپان شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى قۇرۇلۇشى؛ يار بېزىلىق شائخو باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ سىنىپ قۇرۇلۇشى تۈرى؛ تۇرپان شەھىرىنىڭ يېزا - بازار ساقچىخانىلىرى قۇرۇلۇشى تۈرى؛ 14 مىليون 295 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 2489.6 مېتىرلىق شەرقىي ئايلانما يولنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى؛ 29 مىليون 626 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 2.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا شەھەر رايونىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۇبىسى ياتقۇزۇش ھەمدە سۇ مەنبەسىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياساش قۇرۇلۇشى؛ 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يۈندا چىقىرىۋېتىش بويىچە ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى؛ 40 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق «گۇاڭخۇي» مەدەنىي كىچىك رايونىدىكى كوناشەھەرنى ئۆزگەرتىش تەرەققىيات قۇرۇلۇشى؛ 41 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، بۇيلۇق سۇ ئامبىرىنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى ۋە كۆمۈرلۈك جىلغىدىكى چوڭ سۇغىرىش رايونىنىڭ چالىسىنى تۈگىتىش قۇرۇلۇشى؛ 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 11 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق بېيىۋەنجۈن ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش سودا سارىيى قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى تاماملاندى.

30.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ناھىيە - يېزا تاشيولى ياسالدى. 6.3 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىلدى، 834 مىڭ كۋادرات يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. 49 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۈندا چىقىرىۋېتىش تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى. تاشيولدا 8 مىليون 450 مىڭ يولۇچى، 583 مىليون 650 مىڭ تونىنا يۈك؛ تۆمۈريولدا 566 مىڭ يولۇچى، 603 مىڭ تونىنا يۈك توشۇلدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 13 مىليون 206 مىڭ 800 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 66 مىليون 161 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 44 مىڭ 300گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 42 مىڭ 358 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 9170گە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 582 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ پارچە ساتقىنى 70 مىليون 550 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ پارچە ساتقىنى 16 مىليون 240 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە ساتقىنى 424 مىليون 980 مىڭ يۈەن، بىرلىكتە باشقۇرغان ئىگىلىكنىڭ پارچە ساتقىنى 3 مىليون 180 مىڭ يۈەن، باشقا ئىگىلىكنىڭ 67 مىليون 690 مىڭ يۈەن. شەھەر بويىچە ھەر خىل سودا بازىرىدىن 23ى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 727 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 942 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 427 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 515 مىڭ دوللار. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 2 سى ئىمزالاندى، سوممىسى 8 مىليون 100 مىڭ دوللارغا يەتتى. 14 ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى ئىمزالىنىپ، 528 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. 278 مىڭ 900 ساياھەتچى (چەت ئەللىك ساياھەتچى 20 مىڭ) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 390 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 118 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %15.55 ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 191 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.51 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 517 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 772 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 147 مىليون 490 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 98 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 61 مىليون 968 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 36 مىليون 642 مىڭ يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 36 مىليون 745 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 27 مىليون 525 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 9 مىليون 220 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5777، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1367. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 6سى تاماملاندى. 14 تۈر داۋاملاشتۇرۇلدى. شەھەر بويىچە تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسال مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 1743 (مىللىي 326)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 1647 (مىللىي 987)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 63 (مىللىي 52)؛ ئادەتتىكى

ئوتتۇرا مەكتەپ 45، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 274 (مىللىي 14 مىڭ 323)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3454 (مىللىي 3139)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 55، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 601 (مىللىي 22 مىڭ 177)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 3119 (مىللىي 2140)؛ ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3466 (مىللىي 2819). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە 2 سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، 2 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 12 مىڭغا يەتتى.

شەھەر بويىچە 24 سەھىيە ئاپپاراتى، 1232 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 422، ياردەمچى ۋراچ 129، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1074.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا تۈرلىرى مۇسابىقىسىدە شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى بىر تۈردە 2 -، بىر تۈردە 3 -؛ تەيچۈەنداۋ تۈرىدە بىر تۈردە 2 -، بىر تۈردە 3 -؛ سۇ ئۈزۈش تۈرىدە بىر تۈردە 2 -، بىر تۈردە 3 - بولدى. شۇ يىلى شەھەر بويىچە 10 - نۆۋەتلىك دېھقان-چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2850 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 657 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 14 مىڭ 678 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 8335 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 26 مىڭ 680 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 5ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 1.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 3ى بەرپا قىلىندى. شاۋقۇننى تىزگىنلەش بويىچە ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 2 بولۇپ، كۆلىمى 4.4 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شەھەر رايونىنى كۆكەرتىشتە 10 مىڭ 564 تۈپ ياغاچ غوللۇق دەرەخ، 11 مىڭ 917 تۈپ چاتقال تىكىلدى. ئۆيلەرنى بۇزۇپ كۆكەرتىش، تاملارنى چېقىپ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ئىزچىل يولغا قويۇلۇپ، كۆكەرتىلگەن كۆلەم 4895.6 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلى تۇرپان شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە پاكىز شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شەھەر بويىچە سۈيۈقلاندۇرۇلغان گاز بىلەن يىللىق تەمىنلەش مىقدارى 1800 توننىغا، شەھەرنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 968 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 60 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى.

## تۇرپان شەھىرى 3 چوڭ كەسىپنى ئىلگىرى سۈردى

2002 - يىلى تۇرپان شەھىرى يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ئۈزۈمچىلىك، چارۋىچىلىق، كۆكتاتچىلىق كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يۈرۈش ھاسىل قىلدى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىش دەرىجىسىنى پائال ئىلگىرى سۈردى.

1. باغۋەنچىلىك مەيدانى، يار يېزىسى نۇقتا قىلىنغان ئەلا سورتلۇق ئۈزۈم بازىسى قۇرۇلدى. شەھەر بويىچە زىيانسىز ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن 9ى قۇرۇلدى، كۆلىمى 12 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى. يېزا - بازارلارنىڭ ھەممىسىدە دۆلەتنىڭ زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئۆلگە بازىسىغا بولغان گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى تاماملاندى، زىيانسىز ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلات تەرتىپى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئۈزۈمنىڭ سۈپىتى تېرىشىپ ئۆستۈرۈلدى. ھەر گېكتار يەردىكى ھۆل ئۈزۈمنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 40.5 توننىغا، سېتىلغان ھۆل ئۈزۈم 41 مىڭ توننىغا، ئۈزۈم سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 73 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. يار يېزىسى نۇقتا قىلىنغان پەسىلسىز كۆكتات ئۆستۈرۈش بازىسى ۋە قاراغوجا، ئاستانە، چاتقال يېزىلىرى نۇقتا قىلىنغان چىلگە قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى. تۇرپان شەھىرىنىڭ چوڭ لاپاس كۆكتاتچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، مەبلەغ سالغۇچىلار كۆكتات بازىلىرىغا بېرىپ مەبلەغ سېلىپ كۆكتات پارنىكى ياساشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى. 2 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 146.2 گېكتار يەردە كۆكتات پارنىكى قۇرۇلدى، ئىشلەپچىقىرىلغان كۆكتات 5483 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

3. ئايدىڭكۆل، يار، چاتقال يېزىلىرى نۇقتا قىلىنىپ كالا، قوي بورداش ئائىلىلىرى بازىسى قۇرۇلدى. كالا، قوي بورداشقا 45 مىليون 80 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1 مىليون دوللارلىق دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى ۋە 1 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك دۆلەتنىڭ زىرائەت شاخ - شۇمبىسىدا مال بورداش ئۆلگە مەبلىغى تۈرى قولغا كەلتۈرۈلدى. 770 مىڭ تۇياق كالا، قوي بوردالدى. كالا، قويلارنى توشۇش، سېتىش

بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم چوڭ ئائىلىلەر دەسلەپكى قەدەمدە يېتىشتۈرۈلدى. چارۋىچىلىقتىن قىلىنغان كىرىم 101 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 2.364 يۈەنگە يەتتى.

★ 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 13 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 6.94 گېكتار كېلىدىغان تۇرپان شەھەرلىك «غەربىي دىيار» مىللىي ئۈزۈم - ئادەت باغچىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

★ 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تۇرپان شەھەرلىك ھۆكۈمەت قارار چىقىرىپ «غەربىي يۇرت ناخشا ئىجادچىسى» دەپ نام ئالغان مەرھۇم ۋاڭ لوبىڭغا تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرەپلىك ئاھالىسى دەپ نام بەردى.

★ 9 - ئايدا تۇرپان «كېمەي» يېمەكلىك شىركىتى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى. بۇ تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە تۇرپان شەھىرى ئاھالىلىرى بىلەن تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سېلىپ باشقۇرغان قۇرۇق ئۈزۈمنى ئىنچىكە پىششىقلاشنى ئاساس قىلغان تۇنجى يېمەكلىك پىششىقلاش كارخانىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

★ 12 - ئايدا شەھەر بويىچە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشسىز خادىملارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تۇنجى بازا قۇرۇلدى.

ياڭ لىخۇا

# پىچان ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

پىچان ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 287 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 283.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 210 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 144 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 140 مىڭ (قىسمەن نوپۇس كۆچۈپ كەتتى). نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.72. ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 380 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6440 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتى (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 3820 گېكتار)، 2000 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

پىچان ناھىيىسى ئۈزۈم، پاختا ۋە قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش ئاساس قىلىنغان ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائەت رايونىدۇر. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، ئالتۇن، تۆمۈر، كۆمۈر، بېنتونىت، ناترىي سېلىترا، گرانىت تاش، شور قاتارلىقلار بار. مەملىكەت بويىچە قېزىلما بايلىقى مول 10 چوڭ ناھىيىنىڭ بىرى ۋە دۇنيا بويىچە ناترىي سېلىترا بايلىقى مول 2 - ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. «چوغلۇق پىچان» گرانىت تېشى دۆلەتنىڭ دائىلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى. سەيلىگاھلاردىن قۇمباغ باغچىسى، كۆكيار مىڭ ئۆيى، تۇيۇق مىڭئۆيى، چىقتىم خارابىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پىچان ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇ يۇ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئاسىيە سېيىت.

ھاكىم: پەرھات توختى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت ئەخمەت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 610 مىليون يۈەنگە يەتتى (1 مىليارد 267 مىليون يۈەن ناھىيىگە تەۋە). بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 310 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %7؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 730 مىليون يۈەنگە يېتىپ (387 مىليون يۈەن ناھىيىگە تەۋە)، %9.5 (ناھىيىگە تەۋەسى %8.48) ئاشتى)؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 570 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 541 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %21.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 445 مىليون 60 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 80 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 91 مىليون 250 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 300 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 26 مىڭ 208 توننا ئاشلىق، 2398 توننا پاختا، 219 مىڭ 800 توننا ئۈزۈم، 77 مىڭ 800 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 46 مىڭ 800 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 357 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 350 مىڭ 800 تۇياق چارۋا چىقىم قىلىندى. 6686 توننا گۆش، 760 توننا يۇڭ، 203 مىڭ 200 پارچە قوي تېرىسى، 7800 پارچە كالا

تېرىسى، 103 توننا سۈت، 67 توننا تۇخۇم، 34 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1915 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 49 مىليون 177 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 8297گە، مەھسۇلات قىممىتى 718 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 196 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 75 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 237 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 837 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ 4 مىليارد 151 مىليون 90 مىڭ يۈەن) يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 13.2%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 70 مىليون يۈەن (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ 2 مىليارد 853 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 10.1% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 173 مىڭ توننا كۆمۈر، 2 مىليون 439 مىڭ توننا نېفىت، 1 مىليارد 143 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 720 كىلوگرام ئالتۇن، 109 مىڭ توننا سېمونت، 256 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 270 مىڭ توننا ساپ تۆمۈر ئۆزۈندىسى، 40 مىڭ كۇب مېتىر گرانىت تاش ماتېرىيالى، 450 مىڭ كۇب مېتىر گرانىت تاش تاختا، 33 مىڭ توننا ئادالانغان قورۇق ئۈزۈم، 2195 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 23 مىڭ 500 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 98.7%كە، بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 86 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 214 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 158 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 1 مىليارد 858 مىليون 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 402 مىليون 250 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 28 مىليون 220 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 396 مىليون 630 مىڭ يۈەن. ئاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 246 مىڭ 500 ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 26 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 17 مىڭ 817 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 20 مىڭ 436گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 28 مىڭ 195كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 2332گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 283 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 18 مىليون 480 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 149 مىليون 670 مىڭ يۈەن. نېفىت خىمىيە سانائىتى تاش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاش، ئالاھىدە سېمونت، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى، شەھەرنى ئىسسىقلىق بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەش، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قاتارلىق ساھەلەر بويىچە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش يولى بىلەن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 836 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە بازار - يېزىلاردا ھەر خىل سودا بازىرىدىن 17سى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 109 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 36 مىڭ ساياھەتچى - قېتىم كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 33 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 216 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 9.18%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 236 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولۇپ، 4.4% كېمەيدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 448 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 497 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 130 مىليون 780 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 59 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 33 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 26 مىليون 180 مىڭ يۈەن، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 14 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 12 مىليون 290 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 120 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4756، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 898. شۇ يىلى ۋىلايەت دەرىجىلىك 5 پەن تەتقىقات تۈرى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە ھەر خىل مەكتەپتىن 83ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 35، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 608 (مىللىي 13 مىڭ 653)، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 527، باشلانغۇچ مەكتەپ 45،

ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 921 (مىللىي 15 مىڭ 744)، ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3213 (مىللىي 2131). چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 2، ئوقۇغۇچىسى 652، بالىلار باغچىسى 13، باغچا ئوقۇغۇچىسى 83. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 دوختۇرخانا، شىپاخانا، بىر سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى، بىر ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى، 83 خۇسۇسىي يەككە ئامبۇلاتورىيە، 991 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، (كەسپىي ۋراچ 350)، دوختۇرخانىلاردا 565 كارىۋات، يېزا - كەنتلەردە 68 داۋالاش نۇقتىسى بار.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە يىچان كوماندىسى كوللېكتىپ تومۇمىي نومۇردا 6 - بولدى. ئوغۇللار A گۇرۇپپىسى ۋە B گۇرۇپپىسىنىڭ 100 مېتىرلىق قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈشىدە بىر تۈردە 3 -، 2 تۈردە 5 - بولدى. ئېگىزگە سەكرەش تۈرىدە 2 تۈردە 3 - بولدى. 100 × 4 مېتىرلىق كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ A گۇرۇپپىسىدا 3 -، B گۇرۇپپىسىدا 4 - بولدى، 100 مېتىرغا توساقتىن ئاتلاپ يۈگۈرۈشتە 3 - بولدى. چويۈن توپ ئېتىشتا 8 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى يىچان ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2948 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 11 مىڭ 92 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 7398 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4611 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 155 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى. ئۇنىڭغا 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىنجاڭنىڭ «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى مەبلەغ سېلىپ قۇرماقچى بولغان سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز تۈرىنىڭ ئۇل سېلىش مۇراسىمى يىچان ناھىيىسىدىكى يىچان بوينىز ئىستانسىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ تۈرگە سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد يۈەن بولۇپ، 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 570 مىليون يۈەن، ئۇ كۈنىگە 1 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گازنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ. 5 يىل ئىچىدە 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئەڭ ئاخىرىدا كۈنىگە 3 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گازنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان كۆلۈمگە ئىگە بولىدۇ.

★ 6 - ئايدا يىچان ناھىيىسى بىلەن شىنجاڭ غەربىي دىيار ساياھەتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى قۇمتاغ مەنزىرە رايونىنى ئېچىش ساياھەت تۈرىنى ئىمزالىدى. 5 يىلغىچە 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇمتاغ مەنزىرە رايونىدا ئۇنىۋېرسال ئېكولوگىيە ساياھەتچىلىكىنى يولغا قويۇش، قۇمتاغ مەنزىرە رايونىنى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ تىپىك چۆللۈك ئېكولوگىيە ساياھەت رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پىلانلاندى.

★ 9 - ئايدا «دېلۇڭ» گۇرۇھى 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان 50 مىڭ توننا تۇز كاندوكلىرى خام ئەشيا سىستېمىسى ۋە 20 توننا دانىچە ناترىي نىترات پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى يىچان ناھىيىسىنىڭ شاۋساۋغۇ كانىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

جياڭ يۈمىي

# توقسۇن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

توقسۇن ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇربان ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 162 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس106 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 88 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 82 مىڭ 200. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.85، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.38. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 60 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 12 مىڭ 493.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 7110 گېكتار)، 10 مىڭ 660 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 6240 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق بولغان ئىچكى قۇرۇقلۇق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

توقسۇن ناھىيىسىدە 6 دەريا - ئېقىن بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 364 مىليون كۇب مېتىرغا؛ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 426 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. كۆمۈر، بېنتونىت، سېمېكتىت، مەرمەر تاش، گرانىت تاش، كالسىيلىق سېلىترا قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار.

بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆمۈر زاپىسى 5 مىليارد توننىدىن ئاشىدۇ. نېفىت زاپىسى 115 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە 40 تىن ئارتۇق ئورۇندا قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالدى. غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان قۇرۇقتاغ ئېلى خارابىسى، ئالغۇيدىكى تىك قېزىلىپ ياغاچ بىلەن جازىلانغان قەدىمىي قەبرە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە تۇر، ياردائىلىق قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توقسۇن ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ ۋېنۋۇ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىمىت خوجابدۇللا.

ھاكىم: ئەخمەت رازاق (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئۆمەر ئېلى (11 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: پەداي مۇئۇپ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 633 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 160 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.24%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 228 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.21%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 244 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.53% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 285 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.74% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 182 مىليون 80 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 800 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 98 مىليون 120 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 550 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 50 مىڭ 212 توننا ئاشلىق، 2390 توننا پاختا، 1525 توننا ياغلىق دان، 4074 توننا زىرە، 18 مىڭ 359 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 9805 توننا ئۈزۈم، 10 مىڭ 838 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 351 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 7050 توننا گۆش، 705 توننا يۇڭ، 194 مىڭ 160 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 8487 توننا سۈت، 139 توننا تۇخۇم، 63 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2560 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، گېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 25 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 3431 گە، مەھسۇلات قىممىتى 245 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 59 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 20 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 123 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 285 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 10.36%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 112 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.02% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2969 توننا ئاق ھاراق، 6116 توننا پاختا يىپ، 21 مىڭ 618 توننا گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، 30 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر مەرمەر تاش، 64 مىڭ 628 توننا گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر رۇدىسى، 797 توننا ساپ مىس ئۈزۈندىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 89.24%كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 20 مىڭ 820 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 20 مىڭ 820 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 185 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 97 مىليون 130 مىڭ يۈەن. ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن. شۆبىن مىس سۈلفات ئېچىش باش زاۋۇتىنىڭ سۈلفات كىسلاتاسىغا رۇدا تاللاشنى كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈرىگە 32 مىليون 390 مىڭ يۈەن، 125000 × 2 كىلوۋاتلىق ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى تۈرىگە 57 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 723 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار - يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 12 مىڭ 986گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 5315كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بويۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 178 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 10 مىليون 803 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 115 مىليون 7000 يۈەن. ھەر خىل سودا بازىرىدىن 6سى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 58 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى، تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسىدە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش

تۈرىدىن 17سى تاماملاندى. بۇ تۈرلەرگە 322 مىليون 289 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ۋەدىگە ئەمەل قىلىش نىسبىتى %53كە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 29 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %29.65؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 113 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.34 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 324 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 422 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 305 مىليون 680 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 16 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 7 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 9 مىليون 670 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 7 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 6 مىليون 60 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 860 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4408. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1314. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن بىرى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 76 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 2314 (مىللىي 1953)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 5950 (مىللىي 4576)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 41، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 632 (مىللىي 6899). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2429 (مىللىي 1674). بالىلار باغچىسى 8، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 91. ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر كۇتۇپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %95كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %14كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 29 سەھىيە ئاپپاراتى، 438 كەسپىي تېخنىكا خادىمى (مىللىي 323) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 156 (مىللىي 106). يېزىلاردا 43 داۋالاش نۇقتىسى، 88 سەھىيە خادىمى بار.

2002 - يىلى ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ سۇ ئۈزۈش، بوكسيورلۇق، يېنىك ئاتلېتىكا تۈرلىرىدە بىر تۈردە 1 -، 3 تۈردە 2 -، 3 تۈردە 3 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2443 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 57 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 2604 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 7929 كىشى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

يېزا - بازارلاردىكى كادىرلار مائاش كارتوچكىسىنى رەنىگە قويۇپ دېھقانلارغا كېپىل بولۇپ بەردى.

2002 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار رەھبەرلىرى باشلامچى بولۇپ ئورگان كادىرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مائاش كارتوچكىسىنى رەنىگە قويۇپ دېھقانلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىشىغا كېپىل بولدى. نەتىجىدە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كادىرلار بىلەن ئامما مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى، دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا بولغان ئىشەنچى ئاشتى.

توقسۇن ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار ئورگان كادىرلىرى مائاش كارتوچكىسىنى ئېلىپ يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىنى بەلگىلىدى ھەمدە ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ گۇۋاھلىق خېتى چىقىرىپ قانۇننىڭ نازارەتچىلىكىدىن ئۆتكۈزدى. 2002 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەر قايسى يېزا - بازار كادىرلىرى مائاش كارتوچكىسىنى ئىشلىتىپ دېھقانلار ئۈچۈن 3 مىليون 170 مىڭ يۈەن قەرز پۇلغا كېپىل بولدى. شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن ماسلىشىپ يېزا كوللېكتىپى ئۈچۈن 7 مىليون 300 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئېلىپ بېرىپ، يېزا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى.

★ 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى توقسۇن ناھىيىسى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى بىڭتۈەنگە بېرىپ خىزمەت قىلىش توغرىسىدا ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىش سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. ناھىيە بويىچە ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن 339 ئوقۇغۇچى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىغا قاراشلىق 5 تۈەن - مەيدان بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى.

★ 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى 49 مىليون يۈەن مەبلەغ بىلەن قاراتاغ كۆمۈر كېنىنى 20 يىل قېزىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

چېن خۇيچىن

# قۇمۇل ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇمۇل ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، مەمۇرىي مەھكىمە قۇمۇل شەھىرىدە. 2002 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 519 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 161 مىڭ 900). بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 256 مىڭ 300. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.92‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.8‰. ۋىلايەت بويىچە 47 مىڭ 970 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار، 37 مىڭ 370 گېكتار يەر تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 17 مىڭ 250 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4940 گېكتار يەرگە كېۋەز، 1050 گېكتار يەرگە ياغلىق دان، 2000 گېكتار يەرگە كۆكتات، 6412 گېكتار يەرگە مېۋە - چېۋە، 2970 گېكتار يەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى سۇ بايلىقى ئاساسەن تەڭرىتاغدىن ئېقىپ چۈشكەن قار - مۇز سۇلىرى ۋە يەر ئاستى سۈيىنى ئاساسلىق مەنبە قىلىدۇ. 2002 - يىلى 3600 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋاندىن 35 خىلى بولۇپ، تاغ ئۆچكىسى، قۇلان، يىلپىز، ياۋا تۆگە، بۇغا، ئارقار، ئاق بوغۇز بۆكەن، بۈركۈت قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، قانتېپەر، پەربۇن، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. 76 خىل قېزىلما بايلىق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، مىس، نىكېل، ئالتۇن، تاش ماتېرىيال، شور، كالىي تۇزى، چىرىندى كىسلاتاسى قاتارلىق ئەۋزەللىككە ئىگە بايلىقلار بار. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن ئالۋاستى شەھىرى، ئاق تاش، ئاۋازلىق قۇمتاغ، سۈڭگۈچتام، قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى (ئالتۇنلۇق)، غەربىي يول ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن ئەسكەرلەر خاتىرە بېغى، ۋىلايەتلىك مۇزېي قاتارلىقلار بار.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىن قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، چىلان قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: بەي جىجيې؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: كۇرەش مەخسۇت، جاڭ شېڭدې، جاڭ چۇنخۇا، گۇ خېيۇ، چېن كاڭتۇەن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لىن گوشيەن (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئايۇپ قۇربان (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، توختىخان ئىسمائىل (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: بەكرى ئىلياس، چىن پېيرۇڭ، لى گوبىن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىي: كۇرەش مەخسۇت؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: جاڭ شېڭدې، زەكەن قايسا (قازاق)، ۋۇ تيەنجى، يۈسۈپ ياقۇپ، شېن يۈڭشې.

سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: فېڭ شىجۈن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: توختىخان ئىسمائىل (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ھېمىت ئىسمائىل، ۋاڭ سۇنلۇ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، توختىمەمەت ئالمىقان (قازاق، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 10 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 690 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.9%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 440 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.2%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 880 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 746 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.05% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 432 مىليون 710 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 22 مىليون 470 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 284 مىليون 740 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 6 مىليون 250 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 73 مىڭ 349 توننا ئاشلىق، 7570 توننا پاختا، 2217 توننا ياغلىق دان، 79 مىڭ 529 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 71 مىڭ 479 توننا كۆكتات، 39 مىڭ 235 توننا مېۋە - چېۋە، 33 مىڭ 251 توننا ئۈزۈم، 1736 توننا چىلان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 147 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 21 مىڭ 345 توننا گۆش، 1225 توننا يۇڭ، 36 مىڭ 767 پارچە كالا تېرىسى، 632 مىڭ 100 پارچە قوي تېرىسى، 11 مىڭ 605 توننا سۈت، 2048 توننا تۇخۇم، 817 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3600 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا بازار

كارخانىسى 10 مىڭ 208 گە، مەھسۇلات قىممىتى 609 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 160 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 36 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 234 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 956 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 9.4%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 868 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.2% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3 مىليون 299 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 1 مىليون 346 مىڭ 900 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 666 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 320 مىڭ توننا سېمونت، 52 مىڭ كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا ماتېرىيال، 85 مىڭ 300 توننا ساپ شۆلتا، 78 مىڭ 700 توننا گۈڭگۈرتلۈك شۆلتا، 168 مىڭ توننا تۇز، 14 مىڭ 400 توننا پاختا يىپ، 1 مىليون 350 مىڭ دانە ئۈچەي، 1007 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 1321 توننا سۈت ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 101.5%كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 364 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 480 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 332 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 501 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 137 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 193 مىليون يۈەن. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: تۆمۈر رۇدىسىنىڭ يىللىق قېزىلىش مىقدارى 300 مىڭ تونىنغا، ئوت كۈچىدىن ھاسىل قىلىنغان توك 125 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمچانلىقى (ئومۇمىي ئامبار سىغىمى) 670 مىڭ كۇب مېتىرغا، كېڭەيتىپ ياسالغان شەھەر يوللىرى 1 مىليون 161 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىلنىڭ بېشىدا بەلگىلەنگەن 64 نۇقتىلىق تور ئوخشۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ كونترول خاراكتېرىدىكى سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىدىن قارائول، تۇرگەنئول، ئېدىر سۇ ئامبارلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۈۋۈز مىس كېنىنىڭ خىيىمخەتىرىنى تەكشۈرۈش ۋە سۇ، توك يولى قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. «تيەنگۇاڭ» توك تارقىتىش شىركىتىنىڭ 5 - نومۇرلۇق گېنېراتور گورۇپپىسى قۇراشتۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. قۇمۇل — باركۆل، قوۋۇق ئېغىز — ئارا تۈرۈك، باركۆل — مورى تاشيول قۇرۇلۇشى ئوخشۇشلۇق ئىشلەندى. يۇندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى زورايتىلدى. ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 20 مىليارد 119 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليارد 638 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 238 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 173 مىڭ 700 توچكىغا، ۋىلايەت بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 138 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 40 مىڭ 600گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 10 مىڭ 473 كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 336 مىليون يۈەنگە، ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 5 مىليون 590 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىمپورت سوممىسى 370 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 220 مىڭ دوللار. ئىمزالانغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى (كېلىشىم) ۋە سېتىۋېلىش ۋە سېتىش سودا توختامىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 714 مىليون يۈەنگە يەتتى، ۋەدىگە ئەمەل قىلىش نىسبىتى 75%تىن ئاشتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 600 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 125 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 218 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن 8.3%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 622 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.8% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 4 مىليارد 582 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 7 مىليارد 757 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 4 مىليارد 938 مىليون 190 مىڭ يۈەن. ۋىلايەت بويىچە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 135 مىليون 918 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 21 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 114 مىليون 418 مىڭ يۈەن. تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 14 مىليون 334 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 11 مىليون 310 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 24 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 11 مىڭ 894، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا

دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 3300. شۇ يىلى ئىلتىماس قىلىنغان پەن - تېخنىكا تۈرى 10. ۋىلايەت بويىچە چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 1345؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 1581، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 262، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 9163، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 47، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 740، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 73، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 686، ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 5956، بالىلار باغچىسى 14، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 150. ۋىلايەت بويىچە 3 سەنئەت ئۆمىكى، 2 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 4 مەدەنىيەت يۇرتى، 3 مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كەسپىي ئاپپاراتى بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 83 سەھىيە ئاپپاراتى، 3330 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 1430، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 2520.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە 3 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ 4 تۈردە 1 -، 7 - تۈردە 2 -، 3 تۈردە 3 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2143 يۈەنگە يەتتى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى 57 مىڭ 825 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 44 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 32 مىڭ 900 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 44 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. شۇ يىلى پېنسىيىگە ۋە دەم ئېلىشقا چىققان 8903 كىشىگە 67 مىليون 250 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش - كۆزىتىش پونكىتى دۆلەتلىك ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش تور - پونكىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ يىلى كۆزىتىش خادىمىدىن 6624 (قېتىم)نى ئاجرىتىپ ئاتموسفېرا، سۇ سۈپىتى، شاۋقۇن - سۈرەن قاتارلىقلارنى دائىملىق كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى. 13 نۇقتىلىق بۇلغىما چىقىرىش كارخانىسىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش كۈچەيتىلدى. نۇقتىلىق كارخانىلارغا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش بويىچە 50 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سەرپ قىلىندى. ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، مەكتەپ، دوختۇرخانا، ئاھالىلەر تۇرالغۇ رايونلىرى ئەتراپىدا ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايون ۋە شاۋقۇننى تىزگىنلەش ئۆلچىمىگە يەتكەن رايون بەرپا قىلىندى.

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى، نوپۇس سانى بىلتۇرىن يېزا ئىگىلىك 13 - شىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باشقا سانلىق مەلۇماتلار يېزا ئىگىلىك 13 - شىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

★ 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قۇمۇل، تۇرپان بىرلىكتە ئىلتىماس قىلغان قوغۇننىڭ ئەسلى ماكانىنى ئىسپاتلايدىغان ماركىغا ئىمزا قويۇش مۇراسىمى قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلدى. ئىككى تەرەپ قوغۇن ماركىسىنى ئورتاق قوغداشتا بىردەك توختام ھاسىل قىلدى.

★ 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى 23 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 82.5 كىلومېتىرلىق قۇمۇل - باركۆل تاشيولىنىڭ يېڭى لىنىيىسىدە قاتناش باشلاندى.

★ 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قۇمۇل 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى 1 - نومۇرلۇق گېنېراتور گۇرۇپپىسى (125000 × 1 كىلوۋاتلىق) تورلاشتۇرۇلۇپ توك تارقىتىشقا باشلىدى.

سۇ كۆيجۈن

# قۇمۇل شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 595 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 574 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 4، يېزا 15. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 391 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 114 مىڭ 900). يېزا نوپۇسى 162 مىڭ 100؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.46‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.43‰. شەھەر بويىچە 15 مىڭ 420 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6080 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېكىن تېرىلغۇ كۆلىمى 1050 گېكتار)، 10 مىڭ 980 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېكىن تېرىلغۇ كۆلىمى 2080 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ. شەھەر تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى

464 مىليون 380 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 346 مىليون 220 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 426 مىڭ 700 گېكتار ئورمان بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان يېرى 211 مىڭ 400 گېكتار. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.63%. 131 خىل قۇش بار بولۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇشلاردىن ئاق توقام بۈركۈت، ئاق قۇ، مۈشۈككىياپىلاق، ئاق قۇيرۇق بۈركۈت، بۈركۈت، تۇلار قاتارلىقلار بار. دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، موڭغۇلىيە - شىنجاڭ قۇلانى، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، تەڭرىتاغ بۇغىسى، يىلپىز، ئېيىق، سىلەيسۇن، توشقانسىمان سىلەيسۇن، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئاق ئاغمىخان، قىزىل تۈلكە قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن 178 خىلى بار. ئاساسلىقى پالغان ئادەمگىياھ، ھىلىڭ، قار لەيلىسى، كىرەش، قانتېپەر، پەربۇن، ياليۇز، پىچەككۈل، زاراڭزا، لوپنۇر كەندىرى، چاكاندا، قۇچاقۇل، كەتىرە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شەھەر تەۋەسىدە بايقالغان ۋە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلار 76 خىل بولۇپ، ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، نىكېل، ئالتۇن، تۇز، گرانىت تاش، مەرمەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن قۇمۇل تەڭرىتاغ مەنزىرە رايونى، قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى (ئالتۇنلۇق)، ئالۋاستى شەھىرى قاتارلىقلار بار.

قۇمۇلدا قوغۇننىڭ سورتى 31 خىلدىن ئاشىدۇ، قۇمۇل چوڭ چىلىنىنىڭ دانىسى يوغان، پوستى نېپىز، گۆشى قېلىن، شىرنىسى تاتلىق، ئۇرۇقى كىچىك بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق. ئۇ ئەسلى مەھسۇلات چىققان يەر تاۋار ماركىسىغا ئېرىشتى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇمۇل شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: مىي داچۇەن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، گۇەن پېڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ شىزېن (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: ئابدۇرېھىم ئابلىز.

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەخمەت پەيزۇللا.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 505 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 420 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.5% ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 272 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.3%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 812 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 397 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 9.2% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 286 مىليون 280 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 10 مىليون 670 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 94 مىليون 390 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 790 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 31 مىڭ 543 توننا ئاشلىق، 7507 توننا پاختا، 1957 توننا ياغلىق دان، 68 مىڭ 31 توننا كۆكتات، 36 مىڭ 35 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 430 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 229 توننا گۆش، 407 توننا يۇڭ، 345 مىڭ 300 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 3420 توننا سۈت، 1372 توننا تۇخۇم، 750 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 11 مىڭ 100 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 33 مىليون 198 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 7419 غا، مەھسۇلات قىممىتى 408 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 97 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 31 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 100 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 540 مىليون 348 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6.7% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 86 مىليون 804 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 212 مىڭ 410 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 370 مىڭ 988 توننا ساپ تۆمۈر، 484 توننا ساپ مىس، 867 توننا تۇرۇبا سۇيى، 408 كىلوگرام ئالتۇن، 4112 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 784 توننا سۇلياۋ ياسالما، 22 مىڭ 200 توننا سېمونت، 65 مىڭ توننا تۇز، 918 توننا قۇرغاق يەر ئەجدىھاسى (ئۆسۈملۈكلەرنى قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ ئۆستۈرىدىغان ئوزۇقلۇق دورا)، 121 توننا يار يېلىم، 7300 قۇر كىيىم - كېچەك، 600 توننا خىمىيۋى ئوغۇت، 2702 تۇڭ تۇزلانغان ئۈچەي، 546 توننا ئاق ھاراق، 4026 توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرىلدى. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 98.98% كە يەتتى. بىناكارلىق كەسىپنىڭ

مەھسۇلات قىممىتى 439 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 86 مىڭ 329 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 50 مىڭ 523 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە ئوراقلىق مۈلۈككە 313 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 184 مىليون 750 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 117 مىليون 460 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 11 مىليون 710 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن 3.107 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى. شەھەرنى كۈندىلىك تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 149 مىڭ كۇب مېتىر ئاشۇرۇلدى. توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 20 مىليارد 30 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 768 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 19 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 91 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 123 مىڭ 400گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 75 مىڭ 613كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 10 مىڭ 699غا يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 223 مىليون 190 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردە سېتىلغىنى 1 مىليارد 188 مىليون 550 مىڭ يۈەن، يېزىدا سېتىلغىنى 34 مىليون 640 مىڭ يۈەن. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 512 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى؛ ساياھەتچىلىكتىن 200 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 155 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.5؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 229 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەر خىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 4 مىليارد 582 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، تۇرلۇق ئامانەت پۇل قالدۇقى 7 مىليارد 757 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 143 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 21 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 7290، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1776. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 240 (مىللىي 46)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئۆتكىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 14، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 88 (مىللىي 4007)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3020 (مىللىي 1527)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 200 (مىللىي 7988). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3542 (مىللىي 2258). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، 2 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيەنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 26 سەھىيە ئاپپاراتى، 680 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 257)، دوختۇرخانىلاردا 317 كارىۋات، يېزىلاردا 105 داۋالاش نۇقتىسى بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى قۇمۇل شەھىرىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2480 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 42 يۈەنگە يەتتى. يىل بېشىدىن 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 8624 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4294 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1477 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 13 مىڭ 620 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىگە 13 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى

## قۇمۇل شەھەرلىك تۆۋۈز مىس كېنى كان تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بەردى

تۆۋۈز مىس كېنى قۇمۇل شەھىرى بوغاز يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، تۆۋۈز ۋە يەندۈڭ مىس كېنىنىڭ كۆلىمى 7.97 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىل 3 - ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ش ئۇ ئا ر كانچىلىق ئىدارىسى بىرلىكتە قۇمۇل تۆۋۈز مىس كېنىنىڭ تەكشۈرۈش ئەھۋالى بىلەن قېزىلىش ئىستىقبالى توغرىسىدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش ئۇچۇرىنى ئېلان قىلدى. 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تۆۋۈز مىس كېنىنىڭ كان تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامىغا ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شاڭخەي «شىنفېڭنىڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى 35 مىليون يۈەن بىلەن كان تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. 4 - ئاينىڭ

6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو شەرق ـ غەرب ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش سودىسى يەرمەنكىسىدە، قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن شاڭخەيدىكى «شىنفېڭنىڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى تۆۋۈز مىس كېنىنى ئېچىشنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش توختامىنى ئىمزالىدى. توختام سوممىسى 1 مىليارد يۈەن بولۇپ، بۇ كان يىلىغا 50 مىڭ توننا ساپ مىس ئىشلەپچىقىرىدۇ.

ئايشەم ياقۇپ

# باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، شەرقىي شىنجاڭنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 570 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەن نوپۇسىمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە) 100 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 33 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 79 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.24‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.91‰. ناھىيە بويىچە 28 مىڭ 760 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9980 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1247 گېكتار يەرگە ياغلىق دان، قوغۇن قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، 5787 گېكتار يەرگە يەم ـ خەشەك زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

باركۆل ناھىيىسىدە 1 مىليون 331 مىڭ 900 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار. چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. «تۆمەن تۆگىلىك ناھىيە» دېگەن نامى بار. باركۆل ئېتى ۋە ئىلى ئېتى، يەنجى ئېتى شىنجاڭدىكى 3 داڭلىق ئات ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 302 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 170 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، موڭغۇلىيە قۇلانى، يىلپىز، ئارقار، بۇغا، كۆكمەت، ئوتلاق تۈلكىسى قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقلىرىدىن چاكاندا، توشقان زەدىكى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىق كۆمۈر، قانتىق شور، ئىشقارىي سۇلفىد، ئالتۇن، نېفىت، تۆمۈر، مىس قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن ئەنگۈەن باغچىسى، قەدىمىي شەھەر خارابىسى، قەدىمىي ئۆر خارابىسى، لەنجۇ ۋەنزى پولېپ كەنتى، تاڭ دەۋرىگە ئائىت داخې قەلئەسى، خارابىپ ئاشتاغ كەنتى، يۇپاۋۈەن قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يۈ جوڭلياڭ.

14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: باچاۋ خەمىت (قازاق).

ھاكىم: نۇرشارىپ (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: توقان ماشايى (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 481 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 207 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 3.03%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 128 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.65%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 145 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.31% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 281 مىليون 884 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 8.06% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 110 مىليون 816 مىڭ 600 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 8 مىليون 879 مىڭ 600 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 161 مىليون 753 مىڭ 600 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 435 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 38 مىڭ 219 توننا ئاشلىق، 35 توننا پاختا، 154 توننا ياغلىق دان، 2453 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 532 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 8471 توننا گۆش، 573 توننا يۇڭ، 244 مىڭ 267 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 7585 توننا سۈت، 646 توننا تۇخۇم، 65 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. 1259 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 27 مىليون 150 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 182 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 61 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 121 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %7.3 ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 68 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.92 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 222 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 75 مىڭ توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 20 مىڭ توننا ئۇن، 360 توننا سۇ يېغى، 6200 توننا سېمونت، 290 مىڭ توننا شور، 20 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %91.48كە يەتتى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 63 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 18 مىڭ 841 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 6160 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 86 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 51 مىليون 120 مىڭ يۈەن. 1.46 كىلومېتىر تاشيول يېڭىدىن ياسالدى (ناھىيە تەۋەسىدە)، 7.4 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى (ناھىيە تەۋەسىدە). ناھىيە بازىرى كۈندىلىك تەمىنلىنىدىغان تۇرۇبا سۈيى 2500 كۇب مېتىر ئاشۇرۇلدى. باركۆل ناھىيىسىدىكى خەنزۇ بازىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي كوچا يوللىرىنى كېڭەيتىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى، بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 977.4 مېتىر، كەڭلىكى 32.66 مېتىر بولۇپ، 4 مىليون يۈەن سەرپ قىلىندى. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 19 مىليون 53 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 11 مىڭ 164كە، يېزىدىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 6278گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 91 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 50 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ھەر خىل سودا گورۇھىدىن 6 سى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 7 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 273 مىڭ 500 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 35 مىليون 560 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %16.83؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 129 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %26.37 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 244 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 362 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 8 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 7 مىليون 340 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 300 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3212. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 940. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 22؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 22؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 879؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 5183 (مىللىي 418). باشلانغۇچ مەكتەپ 42، ئوقۇغۇچىسى 8128 (مىللىي 3508). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1894 (مىللىي 735). بالىلار باغچىسى 4، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 30. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %94كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 4200گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 24 سەھىيە ئاپپاراتى، 354 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 109). دوختۇرخانىلاردا 178 كارىۋات، . يېزا - كەنتلەردە 68 داۋالاش نۇقتىسى بار.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ يەردىن تەڭگە ئېلىش تۈرىدە ناھىيە كوماندىسى 2 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى باركۆل ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1735 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1519 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 119 يۈەنگە، بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4322 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 22.82 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 24 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 4530 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2126 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم

بىلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 976 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 6115 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 10ى تاماملاندى.

★ 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى باركۆل ناھىيىسىدە، تۈنجى ئۆي - زېمىن شىركىتى — «جيايې» ئۆي - زېمىن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ باركۆل ناھىيىسىدە ئۆي- زېمىن ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتى ۋە مال - مۈلۈك كەسپىي مۇلازىمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

★ 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ باركۆل تەۋەسىدە تېمپېراتۇرا داۋاملىق ئۆرلەپ يامغۇر ياغماسلىقتەك ئەھۋال كۆرۈلۈپ، ناھىيە بويىچە تۈرلۈك زىرائەتلەر زور كۆلەمدە ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 28 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقتى.

★ 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن دوست ناھىيە بولدى.

★ 10 - ئايدا قابا — باركۆل — مورى — ئۈرۈمچى تاشيولى ئوتاشتۇرۇلدى.

نى زېلۇن، چيۇ يۇشېي

# قاراتۇرۇك ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراتۇرۇك ناھىيىسى شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 761 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002-يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 19 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 13 مىڭ 300). يېزا نوپۇسى 13 مىڭ 900. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.7. ناھىيە بويىچە 4661 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1190 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1490 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراتۇرۇك ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ فاشۇي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇەسسەت ھېيتنىياز.

ھاكىم: ھەسەن نىياز.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يۈنۇس ھەرەم.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 130 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %30.5؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 32 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %26.4؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 48 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %26.3 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 67 مىليون 150 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %21.74 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 610 مىڭ 600 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 2 مىليون 927 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 28 مىليون 595 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 180 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3587 توننا ئاشلىق، 28 توننا پاختا، 106 توننا ياغلىق دان، 747 توننا مېۋە - چېۋە، 26 مىڭ 460 توننا قوغۇن ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 185 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 1645 توننا گۆش، 245 توننا يۇڭ، 79 مىڭ 300 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 600 توننا سۈت، 30 توننا تۇخۇم، 2 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 707 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 4 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 12 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون 86 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %51.06، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 11 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %137.79 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3950 توننا كۆمۈر، 4 مىليون 350 مىڭ كىلوۋات سائەت سېتىۋېلىنغان توك، 1 مىليون 800 مىڭ كىلوۋات سائەت ئۆزى تارقاتقان توك، 174 مىڭ كۇب مېتىر ئۈرۈمچى سۈيى، 860 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى (66 مىڭ توننا رۇدا، 20 مىڭ توننا ساپ تۆمۈر)، 45 توننا ئالىيۇمىن سۇلفات ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى

13 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىڭ 520 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 13 مىڭ 640 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 86 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 81 مىليون 810 مىڭ يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغىنى 4 مىليون 420 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن ياسالغان تاشيول 3.2 كىلومېتىرغا، ئۆزگەرتىپ ياسالغان تاشيول 97 كىلومېتىرغا يەتتى. تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 11 مىليون 605 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 670 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 3340غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 2019غا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 1960غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 36غا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 22 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 19 مىليون 600 مىڭ يۈەن. 7995 سايامەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، سايامەتچىلىكتىن 670 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 3 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %74.4؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 78 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %33.55 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 62 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 99 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 20 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 691. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 24. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 345 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 978 (مىللىي 788)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 1596 (مىللىي 1049). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 540 (مىللىي 421)، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 375. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %95كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 2140غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 8 داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 149 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 98) بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 84 (مىللىي 56). دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 120.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيەسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1666 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1234 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 638 يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 25 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 25 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە 1748 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 469 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 148 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 3180 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاراتۇرۇك ناھىيەسى تىزىمغا ئالدۇرغان «نوم» ماركىلىق جاغدا قوغۇن 11 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىدە داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. 9 - ئاينىڭ بېشىدا نومدىكى جاغدا زىيانسىز قوغۇن بازىسى ۋە مەھسۇلاتى شىنجاڭ دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ گۈزەللىك بېرىشكە ئېرىشتى.

★ 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆلەتنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ئاراتۇرۇك ناھىيەسى نېرىنكىر يېزىسىدىكى 10 مىڭ مو (666.67 گېكتار) تەبىئىي ئوتلاقنى قوغداش ۋە ئۈنى قۇرۇش قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ تۈرگە سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليون يۈەندىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز مالىيەسىدىن ئاجرىتىلغىنى 7 مىليون 30 مىڭ يۈەن.

★ 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 13 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئامبار سىغىمچانلىقى 1 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىرلىق تۇرگەنغول سۇ ئامبىرىنىڭ ئاقىنى چۈشۈرۈلۈپ سۇ قاچىلاندى.

دۇ ياۋگۇاڭ، ياڭ يۈنلۇڭ

## سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى

### ئاساسىي ئەھۋالى

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان.

ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت سانجى شەھىرىدە. 2002 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر 3، ناھىيە 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 527 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 385 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 921 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.07، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.91. ئوبلاست بويىچە 308 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 303 مىڭ 200 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق زىرائىتى 153 مىڭ 300 گېكتار، ئوت - چۆپ 23 مىڭ گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت 126 مىڭ 900 گېكتار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئوبلاست تەۋەسىدە 1319 مۇزلۇق، 57 ئىچكى دەريا - ئېقىن بار. بۇلارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 510 مىليون كۇب مېتىرغا؛ ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيى تەخمىنەن 1 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئوبلاست بويىچە 141 مىڭ 600 گېكتار ئورمان، 5 مىليون 780 مىڭ 100 گېكتار ئوتلاق بار. يىلپىز، قۇلان، بۇغا، ئارقار، تۈلكە، دوغداق، قوڭغۇر ئېيىق، ئاق بوغۇز بۆكەن، قارا لەيلەك، ئاق لەيلەك، بۈركۈت، قۇماي، سار قاتارلىق 130 نەچچە خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغىنى 14 خىل، دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغىنى 41 خىل. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن زارائىزا، قار لەيلىسى، سوغىگۈل، ئالقات، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 100 نەچچە خىلى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، نېفىت، مايلىق سىلانتىس، تۆمۈر، خروم، مىس، سىنك، ئالتۇن، ھاك تېشى، قاش تېشى، كۆل تۇزى قاتارلىق 37 خىلى بار. بوغدا كۆلى مەنزىرىلىك رايونى، نوم شەيتانكەرىش شەھىرى، ئىپتىدائىي توغراقلىق، ئاۋازلىق قۇمتاغ، كاڭجيا شىمگزا قىياتاش رەسىملىرى، بەشبالىق قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق 118 سەيلىگاھ بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چيەن جى؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: لى فۇيۈەن (خۇيزۇ)، پېڭ جيارۇي، مۇ جېنجياڭ، ماسىڭچېڭ (خۇيزۇ)، يەن چىن، ۋۇ يۇخۇي (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جۇ جيەنخۇا (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ دېتەي، بەيمارا (ئايال، قازاق)، ۋاڭ پېيخۇا (ئايال، خۇيزۇ)، جاڭ يىڭ، روزى ناسىر، جۇ ۋېنكۈي (خۇيزۇ)، ۋاڭ شۈگېن، ۋاڭ خۇاپىڭ.

ئوبلاست باشلىقى: لى فۇيۈەن (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: پېڭ جيارۇي، قانىدات سابىرقاي (قازاق)، مېڭ جاۋتاڭ، مەمەت داۋۇت، ما دېڭفېڭ (خۇيزۇ)، ياڭ جۈنفېڭ.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ شۈگلىن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى)، چېن چىڭيۇڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لۇ شېڭزۇ، يۇ شائجى، ئابدۇزىبەشت، لى يۈگلىن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى)، رۇڭ چىڭشۈەن، سەلىم (قازاق)، خەي چېڭزۇ (خۇيزۇ)، لى چېڭيۈەن (خۇيزۇ)، شۇ فۇچىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 15 مىليارد 3 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 787 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %11.3؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 869 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.5؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 347 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 472 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %9.85 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 3 مىليارد 592 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 135 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 2 مىليارد 669 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 76 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 900 مىڭ توننا ئاشلىق، 83 مىڭ 800 توننا پاختا، 36 مىڭ 500 توننا ياغلىق دان، 474 مىڭ 800 توننا قىزىلچا، 13 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە، 1 مىليون 237 مىڭ 200 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3 مىليون 825 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 174 مىڭ 500 توننا گۆش، 7264 توننا يۇڭ، 169 مىڭ 500 توننا سۈت، 37 مىڭ توننا تۇخۇم، 11 مىڭ 700 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 16 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىندى، 23 مىڭ 600 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 113 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 47 مىڭ 804كە، مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 994 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 395 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 608 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي

قۇۋۋىتى 1 مىليون 280 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %16.3؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 65 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.5 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 74 مىڭ 900 توننا شوخلا قىيامى، 1 مىليون 837 مىڭ 900 توننا سېمونت، 11 مىليون 494 مىڭ 500 كىلوۋولت ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 33 مىڭ 815 توننا پاختا يىپ، 299 مىڭ 969 توننا ئارىلاشما يەم ـ خەشەك، 45 مىڭ 749 توننا پولىئېتىلېن، 5 مىليون 824 مىڭ توننا كۆمۈر، 26 مىڭ توننا سۈت، 379 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 46 مىڭ توننا شېكەر ئىشلەپچىقىرىلدى. بارلىق دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ۋە يىللىق سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سېتىش نىسبىتى %98.18 كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 369 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 15 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 121 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 3 مىليارد 928 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 639 مىليون يۈەن، ئۆي-زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 704 مىليون يۈەن. شۇ يىلى تاماملانغان ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، سېلىنغان مەبلەغ 79 مىليون يۈەن؛ سانجى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ تەبىئىي گاز قۇرۇلۇشى، سېلىنغان مەبلەغ 67 مىليون 580 مىڭ يۈەن؛ شىنجاڭ تۆنخې بىناكارلىق ماتېرىياللىرى شىركىتىنىڭ تېمىتېپ سۇغىرىش ئاسمىسى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 95 مىليون يۈەن؛ شىنتيەن شىركىتىنىڭ يىلىغا 30 مىڭ توننا ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 143 مىليون 670 مىڭ يۈەن؛ شىنجاڭ تۆنخې ھېرىكمە قېلىپلاشقان ماتېرىيال ـ تۇرۇبا ماتېرىيال تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 93 مىليون 440 مىڭ يۈەن؛ فۇكاڭ شەھىرىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشى، سېلىنغان مەبلەغ 59 مىليون 320 مىڭ يۈەن؛ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى شىركىتىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق چوڭ ترانسفورماتورنى تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 43 مىليون 980 مىڭ يۈەن؛ شىنجاڭ ۋېيۋېي سۈت شىركىتىنىڭ يېڭى سۈت ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 48 مىليون 800 مىڭ يۈەن.

18.26 كىلومېتىر تاشيول كېڭەيتىلدى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 509 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 710 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 56 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 271 مىليون يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدا شەھەرلەردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 180 مىڭ 300گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 126 مىڭ 400 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 263 مىڭ 300 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 16 مىڭ 733 كە يەتتى. ئوبلاست بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 534 مىليون يۈەنگە يەتتى. 100 مىليون يۈەنلىك تاۋار سودىسى بولىدىغان بازاردىن 2 سى بار، ئۇلارنىڭ يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 450 مىليون يۈەن بولدى. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 88 مىليون 920 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 68 مىليون 950 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 19 مىليون 970 مىڭ دوللار. شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش بويىچە 20 توختام ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 440 مىليون دوللار، ئەمەلىيەتتە چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان 1 مىليون 236 مىڭ دوللارلىق مەبلەغدىن پايدىلىنىلدى. 2 مىليون 653 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 410 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 748 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001-يىلدىكىدىن %23.1، يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 341 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.96 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 15 مىليارد 727 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 14 مىليارد 724 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانىتى 944 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 556 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 130 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 426 مىليون يۈەن؛ تۆلەم سوممىسى ۋە بېرىلگەن پۇل 154 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 82 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 72 مىليون يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاست بويىچە 2002 ـ يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي

تېخنىكا خادىمى 30 مىڭ 122، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 12 مىڭ 703. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 75ى تاماملاندى. ئوبلاست بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 9603 (مىللىي 1871)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 4775 (مىللىي 1687)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 1703 (مىللىي 346)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 35، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 152 (مىللىي 5663)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 101، ئوقۇغۇچىسى 63 مىڭ 298 (مىللىي 19 مىڭ 482)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 362، ئوقۇغۇچىسى 112 مىڭ 864 (مىللىي 36 مىڭ 954). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 17 مىڭ 687 (مىللىي 5513). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 129 مىليون 126 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بالىلار باغچىسى 92، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 791. ئوبلاست بويىچە 3 سەنئەت ئۆمىكى، 8 مەدەنىيەت يۇرتى، 9 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 4 مۇزېي، 9 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95.6% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 97% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 110 مىڭغا يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 1439 سەھىيە ئاپپاراتى، 6219 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 860) بار، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ۋراچ، ياردەمچى كەسپىي ۋراچ 2599 (مىللىي 359)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 3968، يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 409، يېزا - كەنتلەردىكى دوختۇر - سېستىرا 441.

2002 - يىلى ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بوكس، قارىغا ئېتىش قاتارلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە 7 ئالتۇن مېدال (ئۇنىڭ 2 سى دۆلەت دەرىجىلىك)، 13 كۈمۈش مېدال، 16 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئوبلاست بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3751 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 861 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 74 مىڭ 250 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 77 مىڭ 491 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 22 مىڭ 485 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش غەملەشكە، 124 مىڭ 191 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. 12 مىڭ 500 كىشى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، ئۇلار ئېلىشقا تېگىشلىك كاپالەت سوممىسىنى تولۇق ئالدى.

بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 21 ى تاماملاندى. ئوبلاست بويىچە شەھەر ئىچىدىكى 113 كىچىك پار قازان چېقىۋېتىلدى، بۇلارغا 830 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 3 ى بەرپا قىلىندى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 23.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 3 كە، كۆلىمى 19.01 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

## سانجى ئوبلاستىدا كادىرلار يېزا - كەنتلەرگە چۈشتى

سانجى ئوبلاستى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، سانجى ئوبلاستىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىگە دائىر قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئوبلاست تەۋەسىدە «كادىرلارنى تەربىيىلەش، ئاممىنى نەپكە ئېرىشتۈرۈش» ئاساسىي تېما قىلىنغان كادىرلارنى يېزا - كەنتلەرگە چۈشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ھەمدە ئۇلاردىن ئۆز ئورۇنلىرىدا ئۇزۇن مەزگىل چىڭ تۇرۇش، دەسلەپكى بېكىتكەن بويىچە 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.

1 - تۈركۈمدە 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ، ھەردەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كەسپىي ئورۇنلاردىن 8928 كادىر ئاجرىتىلىپ، 8 خىزمەت ئۆمىكى، 80 خىزمەت ئەترىتى، 1123 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى، ئۇلار 1050 مەمۇرىي كەنتكە چۈشۈپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 1 - باسقۇچلۇق ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ ھەممىسى قايتىپ كەلدى. 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ بېشىدا يەنە ھەرقايسى ئورۇنلاردىن 4640 كادىر ئاجرىتىلىپ، 2 - تۈركۈم خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى، ئۇلار 1046 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەمۇرىي كەنتكە چۈشۈپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. بۇ 2 تۈركۈمدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى نامرات ئائىلىلەرگە 6 مىليون 840 مىڭ يۈەن قىممىتىدە بۇيۇم ۋە پۇل ئىئانە قىلدى؛ 31 مىڭ 600 زاكاز توختامىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، توختام سوممىسى 850 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ؛ ئائىلىلەرگە 581 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ئۇلاپ، 202 مەمۇرىي كەنتتىكى 19 مىڭ 269 ئائىلىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى؛ كەنت ئاھالىلىرىنى 9515 ئۆچۈر، 1793

بېيىش تۈرى بىلەن تەمىنلىدى. 6100 نەچچە قارار كۇرس ئېچىپ، 350 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان، چارۋىچى (قېتىم) نى تەربىيىلىدى؛ 1270 نەچچە مەيدان يېزا پەن - تېخنىكىسى دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈشتۈردى، بۇلارغا 140 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ 178 مەيدان كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈشتۈردى؛ 17 مىڭ ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسەللىكىنى كۆرۈشنى ئۆتكۈزۈشتۈردى، ئاساسىي قاتلاملارغا 474 مىڭ يۈەن قىممەتتىكى تىببىي دورا، داۋالاش سايمانلىرىنى ھەقسىز بەردى، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق تىببىي دورا ھەققىنى كەچۈرۈم قىلدى؛ 26 مىڭ دېھقان، چارۋىچى (قېتىم) نى سىرتقا چىقىپ كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللىدى؛ 104 كورپۇس مەدەنىيەت ئۆيى سېلىپ بەردى؛ مەكتەپتىن توختاپ قالغان 470 تىن ئارتۇق بالىنى مەكتەپكە قايتۇردى؛ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 13 مىليون 946 مىڭ 900 يۈەنلىك كونا قەرزىنى يىغىشقا ياردەملەشتى؛ 191 مىڭ 900 نەسىللىك چارۋا كىرگۈزدى. كادىرلارنىڭ يېزا - كەنتلەرگە چۈشۈش خىزمىتى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ چوڭقۇر ئالقىشىغا ئېرىشتى.

★ 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك بوغدا كۆلى قار - مۇز سەنئىتى بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدا ئېچىلدى.

★ 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش ۋە ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. سانجى شەھىرىدىكى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ مائارىپ شەھەرچىسىگە ئورۇنلاشقان بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت باشلامچىلىق قىلىدىغان، كارخانىلار مەبلەغ سالىدىغان، سانجى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپى بىرلىكتە باشقۇرىدىغان ئالىي دەرىجىلىك يېڭىچە مەكتەپ. بۇ مەكتەپكە جەمئىي 220 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش مۆلچەرلەندى. مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن، 4550 ئوقۇغۇچى سىغىدۇ. 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تۇنجى تۈركۈمدە 300 نەچچە ئوقۇغۇچى مەكتەپكە كىردى.

فەن چۈەنغۇ

# سانجى شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

سانجى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاتىيول مۇساپىسى 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، بازار 6، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 375 مىڭ 159 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 84 مىڭ 448)، يېزا نوپۇسى 98 مىڭ 279؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.7‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.9‰. شەھەر بويىچە 43 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر (ئېگىزگە كىرىشتۈرۈپ تېرىلغىنى 4400 گېكتار) بولۇپ، 16 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 26 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

شەھەر تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 435 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 120 مىليون كۇب مېتىردىن 150 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 36 مىڭ 200 گېكتار ئورمان، 546 مىڭ 100 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق 484 مىڭ 100 گېكتار. يىلپىز، موڭغۇلىيە قۇلىنى، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان 12 خىل ھايۋان؛ قوڭۇر ئېيىق، ئاق تۆش بۆلغۈن، ئارقار قاتارلىق دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان 42 خىل ياۋايى ھايۋان بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىسگۈل، قانتېپەر، قارلەيلىسى، چۈچۈكبۇيا، ھىڭ، يەرمەدىكى، توشقان زەدىكى، چاكاندا، ئالقات، بۇدۇشقاق قاتارلىق 100 نەچچە خىلى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، كېپەك ئالتۇن، گۈڭگۈرت، زەمچە، شور، ھاك تېشى، ساپال توپىسى قاتارلىقلار بار. كۆمۈرنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى تەخمىنەن 5 مىليارد توننىغا، ھاك تېشىنىڭ زاپىسى 22 مىليون 310 مىڭ توننىغا يېتىدۇ. شەھەر تەۋەسىدە 10 نەچچە ئارشاڭ بار؛ سەيلىگاھلاردىن سۇرباستاۋ ئوتلىقى، ئالتۇن كۆل، نۇرجا، مياۋئېرگۇ، چىڭگىدا كۆلى، مىللىي تۇرپ - ئادەت باغچىسى، دۇ جەمەتى ئارامگاھى قاتارلىقلار بار.

يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن شاپتۇل، ئۈزۈم، مۇچ، قول پىياز؛ داڭلىق مەھسۇلاتلاردىن «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئۈن، «مەيچۇر» ماركىلىق سۈت مەھسۇلاتلىرى، «شىنتې» ماركىلىق ترانسفورماتور بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سانجى شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يەن كېيبىي.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

مۇدىرى: خەن شېڭلۇ (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: ما جۇڭچاڭ (خۇيزۇ، 11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ما شيۇڭچىڭ (خۇيزۇ، 11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: فېڭ خەيمىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 839 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 815 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %8.5؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 752 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22.6؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 272 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (شەھەرگە تەۋەسىنىڭ) 1 مىليارد 277 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %2.32 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىقنىڭ 676 مىليون 840 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 37 مىليون 200 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 520 مىليون 10 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 43 مىليون 180 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 106 مىڭ 436 توننا ئاشلىق، 10 مىڭ 100 توننا پاختا، 3533 توننا ياغلىق دان، 126 مىڭ 650 توننا قىزىلچا، 18 مىڭ 630 توننا مېۋە (ئۈزۈم 18 مىڭ 180 توننا)، 438 مىڭ توننا كۆكتات (قىيام شوخلىسى 221 مىڭ 500 توننا)، 1240 توننا قۇلماق، 187 مىڭ 245 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 355 توننا قارا گازىر، 9468 توننا ياڭيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 517 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 30 مىڭ 227 توننا گۆش، 920 توننا يۇڭ، 51 مىڭ 650 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 45 مىڭ 638 توننا سۈت، 4000 توننا تۇخۇم، 6800 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2526 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان 1891 گېكتار يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 27 مىليون 181 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى (سودا - سانائەت بازارلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 5908گە، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 488 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 379 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 118 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 166 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 208 مىليون 320 مىڭ يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 2 مىليارد 404 مىليون 130 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %18.32 (شەھەرگە تەۋەسىنىڭ %26.65) ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 141 مىليون 500 مىڭ يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 541 مىليون 660 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %21.23 (شەھەرگە تەۋەسىنىڭ %32.14) ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 647 مىڭ توننا كۆمۈر، 11 مىڭ 660 توننا سۈت، 71 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 193 مىڭ 354 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 26 مىڭ 438 توننا شېكەر، 25 مىڭ 331 توننا سۇ يېغى، 43 مىڭ 124 توننا كونسېرۋا، 7637 توننا ئىچىملىك - هاراق، 257 مىڭ 419 دانە ئۆي جاھازىسى، 18 مىڭ 936 توننا سۇلياۋ ياسالما، 1 مىليون 80 مىڭ توننا سېمونت، 11 مىليون 490 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 45 مىڭ 749 توننا پولىئېستېر ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %100.5 بولدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 578 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 989 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 598 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 632 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 480 مىليون 520 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 516 مىليون 970 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن 6.02 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 9.86 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى؛ قول سۇ ئۆرۈبىسى 18.8 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى، شەھەرنى كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 1.23 توننا كۆپەيتىلدى، قول يۇندا ئۆرۈبىسى 8.08 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى، ئۆرۈبا تورىنىڭ زىچلىقى ھەر كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە 3.24 كىلومېتىرغا يەتتى؛ 35 مىڭ ئائىلىنى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۆپەيتىلدى، 26 مىڭ ئائىلىگە گاز يەتكۈزۈلدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 609 مىليون 990 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 515 مىليون 480 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 21 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 225 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 101 مىڭ 68 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 18 مىڭ 732 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 51 مىڭ 159 غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 6500 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 894



**2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سانجى شەھىرىنىڭ يېڭىدىن شەھەر قىلىنغان رايونىنى كېڭەيتىش جەھەتتىكى بەلگە قۇرۇلۇش — يەنجۇەن يولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى، بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭغا جەمئىي 53 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.**

ۋاڭ جېچېڭ فوتوسى

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4187، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1518. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 6 سى تاماملاندى. شەھەر بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 9603 (مىللىي 1871)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 4775 (مىللىي 1687)؛ جۇڭلار كەسپىي تېخنىكا مائارىپى مەركىزى بىر، ئوقۇغۇچىسى 617 (مىللىي 102)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 9760 (مىللىي 3181)، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 8152، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1608؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 51، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 24 (مىللىي 6102)، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2344 (مىللىي 623)، بالىلار باغچىسى 26، باغچىدىكى بالا 3748. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە 9 سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، 2 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، 3 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 45 مىڭغا، كىنو قويۇش ئورنى 9 غا يەتتى.

شەھەر بويىچە 367 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 2294 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 995)، دوختۇرخانىلاردا 2149 كارىۋات بار. يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 35.

2002 - يىلى سانجى شەھەر كوماندىسى سانجى ئوبلاستلىق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 - بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 تۈرنىڭ نەتىجىسى دۆلەت رېكورتى بىلەن تەڭلەشتى. سانجى ئوبلاستلىق تۇنجى نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 - بولدى، 9 تۈردە 1 -، 8 تۈردە 2 -، 3 تۈردە 3 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى شەھەر بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ

مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا بازىرىدىن 21 ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 923 مىليون 954 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 87 مىليون 100 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 68 مىليون 70 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 19 مىليون 30 مىڭ دوللار. شۇ يىلى سىرت بىلەن بىرلىشىش تۈرىگە دائىر توختامدىن 4 ى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 222 مىليون يۈەن، ئۇنىڭدىن 3 ى ئەمەلىيلىشىپ، 5 مىليون 100 مىڭ يۈەن نەقلەشتى. 520 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 31 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 216 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %7.56؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 199 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.12 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 6 مىليارد 922 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 5 مىليارد 53 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 2 مىليارد 922 مىليون 620 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 161 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 55 مىليون 830 مىڭ يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 7 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 5 مىليون 570 مىڭ يۈەن.

ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7208.64 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5217.88 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4168 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە يۇل مائاشى 10 مىڭ 745 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 23 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 21.5 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 6878 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 7875 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، كارخانىلاردىن پېنسىيىگە چىققان 2051 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش توپلاشقا، 15 مىڭ 778 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 35 ى تاماملاندى. 15 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەندى، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوننىڭ كۆلىمى 12.6 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

## سانجى شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا كىردى

2002 - يىلى سانجى شەھىرى شەھەرنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاپ، شەھەر قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 380 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇ ئالدىنقى 5 يىللىق ئومۇمىي سېلىنمىغا باراۋەر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە،

قىسقا ماتېرىيال

## سانجى شەھىرىدىكى «دېھقانلار شادلىقى» سەيلىگاھلىرى

1998 - يىلى سانجى شەھىرىدە «دېھقانلار شادلىقى» سەيلىگاھىدىن 10نى بارئىدى، ساياھەتچىلىكتىن يىلىغا 250 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىناتتى. سانجى شەھىرى 2001 - يىلدىن بۇيان، بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ساياھەتچىلىكنى 3 - كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى كۈچ چىقىرىش نۇقتىسى ۋە كىرىش نۇقتىسى قىلىپ، شەھەر ئەتراپىنىڭ مەھەللىۋى ئەۋزەللىكىنى ۋە دېھقانچىلىق جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، «دېھقانلار شادلىقى» ئۆرۈپ - ئادەت ساياھىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىدى ھەمدە خىراجەتنى ئازايتىش، كەچۈرۈم قىلىش، ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقىرىپ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزدى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، سانجى شەھىرى بويىچە «دېھقانلار شادلىقى» سەيلىگاھىدىن چوڭ - كىچىك 52 سى، ساياھەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىدىن 102 سى بار بولدى، ساياھەتچىلىك بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىدىغان كەسپكار 1200 دىن، ۋاسىتىلىك شۇغۇللىنىدىغان كەسپكار 5300 دىن ئاشتى. 2002 - يىلى 520 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچى 5 يىلدا 12 ھەسسە كۆپەيدى؛ ساياھەتچىلىك كىرىمى 40 مىليون يۈەندىن ئاشتى؛ ھەربىر ساياھەت تىجارەتچىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 100 مىڭ يۈەن ئۆپچۆرىسىدە بولدى، ساپ كىرىمى 50 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

سانجى شەھىرىدىكى «دېھقانلار شادلىقى» ساياھەتچىلىكى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تىجارەت ئەندىزىسى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك 3 خىل بولماقتا:

بىرىنچىسى، نوقۇل «دېھقانلار شادلىقى» شەكلىدىكىسى، بۇنىڭدا ئاساسەن شەھەر ئاھالىلىرى يېزىلارغا كېلىپ، ئېتىز - ئېرىق، باغۋاران مەنزىرىلىرىدىن بەھرە ئېلىشقا، دېھقانلار بىلەن تاماقتا، ياتاقتا، ئىش - ئەمگەكتە بىللە بولۇپ، يېزا تۇرمۇشىنى ھېس قىلىشقا جەلپ قىلىنىدۇ؛ ئىككىنچىسى، يېزا ئىگىلىكىگە دائىر كۆڭۈل ئېچىش تىپىدىكىسى، بۇنىڭدا ئاساسەن ساياھەتچىلەر يېزىلاردىكى باغۋارانلاردا مېۋە - چېۋىلەردىن خالىغانچە يېيىش، كۆكتات تېرىش، بېلىق تۇتۇش، دالىدا غىزالىنىش، باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش قاتارلىقلارغا جەلپ قىلىنىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، يېزا - كەنتلەردە ئارام ئېلىش تىپىدىكىسى، بۇنىڭدا ئاساسەن سەيلە - ساياھەت، كۆڭۈل ئېچىش، غىزالىنىش بىرلەشتۈرۈلىدۇ، ساياھەتچىلەر يېزا ئۆرۈپ - ئادىتىنى ھېس قىلىشقا جەلپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سانجى شەھىرى يەنە ساياھەتچىلىك جەھەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنى قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، 1 - تۈركۈمدە، ئەرلىيۈگۈڭ يېزىسىدا خۇيزۇ مەدەنىيەت باغچا رايونى، قازاق ئۆرۈپ - ئادەت باغچىسى ۋە مياۋئېرگۇ تەگىرتاغ مەنزىرىلىك ساياھەت رايونىدىن ئىبارەت نۇقتىلىق ساياھەت تۈرلىرىنى ئېچىپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق ساياھەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ساياھەتنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىنى ئۆستۈردى.

ھازىر ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە «دېھقانلار شادلىقى» سەيلىگاھلىرىغا ساياھەتچىلەر ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ.

ۋاڭ جىجياڭ

# 16 - قۇرۇلتاي روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، سانجى شەھىرى ئىقتىسادىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

ج ك پ سانجى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يەن كېبېي



2002 - يىلى سانجى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەردىكى ھەر مىللەت كادىر ئاممىسىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى، شەھەر قۇرۇلۇش سالمىقى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەرىجىسى، تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش نىسبىتى جەھەتتە تارىختا يېڭى سەۋىيە ياراتتى. 2002 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 839 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %15.5 ئاشتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى كىشى بېشىغا 1249 دوللاردىن توغرا كەلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.32؛ چارۋىچىلىق كىرىمى 259 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %32 ئاشتى. مالىيە كىرىمى 217 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.56؛ تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %54.7؛ تاشقى سودا ئىمپورت، ئېكسپورت سوممىسى 78 مىليون 100 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %96.42؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 894 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.8؛ دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4168 يۈەنگە يېتىپ، %6.9 ئاشتى.

1. ئىشلەنگەن ئاساسلىق خىزمەتلەر

1) كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ شەھەر ئىقتىسادى چىڭ تۇتۇلدى.

(1) ئۈستۈنلۈككە ئىگە، كۈچلۈك كارخانىلارغا مەدەت بېرىلىپ، ئۇلار چوڭ ئەۋزەللىككە ئىگە تايانچ كارخانىلاردىن قىلىندى. كارخانىلارنى گۇرۇھلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. شەھەر بويىچە كارخانا گۇرۇھى 11گە يەتتى. ئالاھىدە، ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى، ئەگرىتاغ ئۈنى، مەجبۇر قاتارلىق نۇقتىلىق نازارەت - كونترول قىلىنىدىغان 11 كارخانىنىڭ كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى، ئۇلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى شەھەر بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %71.5 نى ئىگىلىدى.

(2) ياخشى ئىقتىسادىي شارائىت ھازىرلىنىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك تېز ئاشۇرۇلدى. 2002 - يىلى شەھەر بويىچە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 790 مىليون يۈەنگە يەتتى، يەككە، خۇسۇسىي كارخانا 9675 كە يېتىپ، %4.9 كۆپەيدى.

(3) مەبلەغ سېلىش شارائىتى ياخشىلىنىپ، خېرىدار چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. 2002 - يىلى 93 توختام ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 2 مىليارد 480 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2001 - يىلى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ئىمزالانغان توختامدىكى تۈرلەرنىڭ توختامغا ئەمەل قىلىنىش نىسبىتى %92 كە، توختامغا ئەمەل قىلىنغان مەبلەغ 920 مىليون يۈەنگە، مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى %78 كە يەتتى.

(4) تېلېگراف، سۇغۇرتا، ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق يېڭى گۈللەنگەن 3 - كەسىپ تېز تەرەققىي قىلدى. ساياھەتچىلىكتىن بىر يىلدا 30 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمنى ئاشۇرىدىغان يېڭى يورۇق نۇقتىغا ئايلاندى. ئۆي - زېمىن كەسپىگە 560 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 623 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق كۆلەم بىر تەرەپ قىلىندى، ئۆي - زېمىن كەسپى مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنى 672 مىليون يۈەن ئىلگىرى سۈردى.

(5) كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى ۋە يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىشى چىڭ تۇتۇلدى. يېڭى تۈرلەرنى يولغا قويۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش بويىچە 50 تۈر

ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇ تۈرلەرگە 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مەھسۇلات قىممىتى 503 مىليون يۈەنگە يەتتى.

(6) بازار ئىقتىسادى تەرتىپى زور كۈچ بىلەن تەرتىپكە سېلىندى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى. كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتىكى بىخەتەرلىك مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق كارخانىلار ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، بىخەتەرلىك ھادىسىلىرىنىڭ ئالدى ئېلىندى. ساختا، ناچار مەھسۇلاتلارنى ياساش ۋە سېتىشقا قاتتىق زەربە بېرىلىپ، بازار ئىقتىسادى تەرتىپى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى.

(7) ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سالمىقى زورايتىلىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى مۇستەھكەملەندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئىجتىمائىي ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت جەھەتتە شەھەر، مەھەللە باشقارمىسى، ئاھالە كومىتېتىدىن ئىبارەت 3 دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرى ۋە ئەمگەك كۈچى بازىرى قۇرۇلدى، ئەمگەك كۈچى ئۆتۈش شىركىتى تەشكىللەندى، مەبلەغ قەملىنىپ ھاۋالە خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش يولغا قويۇلدى، شەھەر بويىچە 600 ئىش ئورنى بوشىتىلىپ، شەھەر - بازارلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شەھەر بويىچە 1860 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ياكى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

(8) باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ مۇقىم ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. باج يىغىش، باج ئېلىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مالىيە چىقىمى قۇرۇلمىسى ئەلالاشتۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش، بوغالتىر ئەۋەتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، مەبلەغنى ئىشلىتىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. كرېدىت قۇرۇلمىسى ئەلالاشتۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى، بىر يىلدا 500 مىليون يۈەن تۈرلۈك قەرز پۇل ئارقىتىلدى.

2) يېزا ئىقتىسادى پۈتۈن كۈچ بىلەن تۇتۇلدى.

چارۋىچىلىق چۆرىدىلىپ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ئاشلىق، ئىقتىسادىي زىرائەت، ئوت - چۆپتىن ئىبارەت 3 مەنبە قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلدى. ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، شوخلا قاتارلىق ئەۋزەل كەسىپلەرنىڭ كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى، يۇقىرى، يېڭى دېھقانچىلىق تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى، شەھەر بويىچە سورتلۇق ئۇرۇقنىڭ قاپلاش نىسبىتى 90% كە، زاكاز يېزا ئىگىلىكىنىڭ نىسبىتى 78% كە يېتىپ، شىركەت + دېھقانلار ئائىلىسىدىن ئىبارەت كەسىپلىشىش ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى، ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىيات قولغا كەلتۈرۈلدى، 5800 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، شەھەر بويىچە 12 ئاھالىلەر نۇقتىسى يېڭىدىن كۆچۈرۈلدى.

سانجى شەھىرىنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ سۈت بازىسى، چارۋىچىلىقتا كۈچلۈك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش نىشان قىلىنىپ، باشلامچى كارخانىلارغا تايىنىپ، سۈت بازىسى، گۆش يېمەكلىكلىرى بازىسى، تۈۋىت - يۇڭ بازىسى، ئالاھىدە، باقمىچىلىق بازىسى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. شەھەرلىك مالىيە 3 مىليون يۈەن ئىش باشلاش مەبلىغى ئاجرىتىپ، ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق 99 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قەرز مەبلىغى ھەل قىلىپ، باقمىچىلىق رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى. «نەسىل ياخشىلاش يىلى» پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، نەسىللىك سۈت كالىسىنى كۆپەيتىش تېزلىتىلدى، 14 مىڭ 700 ئىنەك توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلدى، بېقىلىۋاتقان ئىنەك 10 مىڭ 16گە يەتتى. دۆلەت مالىيىسىدىن ئاجرىتىلغان مەبلەغ بىلەن قۇرۇلغان ھايۋانلاردىكى كېسەللىكنى يۇقىرى ئۆلچەملىك تەكشۈرۈپ ئەلۇم قىلىش پونكىتى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 2002 - يىلى شەھەر بويىچە بېقىلغان چارۋا 1 مىليون 221 مىڭ 500 گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 12.1%؛ قولدىن چىقىم قىلىنغان چارۋا 680 مىڭ 300گە يېتىپ، 16.9%؛ گۆش 30 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، 11.29%، سۈت 45 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 41.91% ئاشتى، تۇخۇم 4000 توننا بولۇپ، 0.52% ئازايدى.

3) «ئۈچ يۇقىرى» تەلەپدە چىڭ تۇرۇلۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشى پۈتۈن كۈچ بىلەن تۇتۇلدى.

«يۇقىرى نۇقتىدىن پىلانلاش، يۇقىرى ئۆلچەملىك قۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، شەھەر ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى. دۆلەت يولى 312 - لىنىيىسىنىڭ شەھەردىن ئۆتىدىغان بۆلىكى، تيەنچۈەن يولى، غەربىي نىڭبيەن يولى قاتارلىق نۇقتىلىق يوللار پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. شەھەردە كۆل - دەريا بويىنى ئۆزگەرتىش، تەبىئىي گاز تورۇبىسى قۇرۇلۇشى، ئەخلەتنى ئۈنۈۋېرسال بىر تەرەپ قىلىش، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش، قورۇ تاملىرىنى چېقىپ كۆكەرتىش قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەر ئارقا - ئارقىدىن يولغا قويۇلدى، شەھەرنى كۆكەرتىش، يورۇتۇش، گۈزەللەشتۈرۈش، پاكىزلاش سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى. شەھەر باشقۇرۇش ئىدىيىسى تىكلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى بولۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش شىركىتى قۇرۇلدى.

4) مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار چوڭقۇر ھەم ئۇدا چىڭ تۇتۇلدى.

دۆلەت دەرىجىلىك پاكىز شەھەر، مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتا نەمۇنە شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. لىيۇگۇاڭ بازىرى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي يېزا - بازار بەرپا قىلىش خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. سانجى

شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچىلىك نەتىجىسى بىلەن مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئىلغار ناھىيە (شەھەر) نى قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئۈلگە شەھەر، ياسىمچىلىقنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە شەھەر، پەن - تېخنىكا ئالاھىدە خادىمى خىزمىتى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان شەھەر قىلىپ بېكىتىلدى. شەھەرگە يەنە «مەملىكەت بويىچە خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدە ئىلغار شەھەر»، «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي شەھەر» دەپ نام بېرىلدى. پىلانلىق تۇغۇت، بايلىقنى قوغداش، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق دۆلەتنىڭ توپ سىياسىتى ئومۇمیۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

5) ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىق قىلچە بوشاشتۇرۇلماي چىڭ تۇتۇلدى.

«قاتتىق زەربە بېرىش» بويىچە تۈزەش كۈرىشى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، جىنايى ئىشلار، ئامانلىق ساقلاشقا دائىر دېلولارنىڭ ئۆرلەش ھالىتى ئۈنۈملۈك توسۇلدى. دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن بويىچە تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلدى. ئەرزىيەت خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلدى، بىر تۈركۈم مۇرەككەپ ئەرز، چىگىش دېلولار مۇۋاپىق ھەل قىلىندى.

6) پارتىيە قۇرۇلۇشى بوشاشتۇرۇلماي چىڭ تۇتۇلدى.

نازارەت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، چوڭ ئەرزىيەت ئەندىزىسى بەرپا قىلىش، سىڭدۈرۈلگەن كىشىنى يېزا - كەنتكە چۈشۈرۈش، كەنت دەرىجىلىك «دېموكراتىيە كۈنى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، شەھەردىكى قىيىنچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە سۆھبەتلىشىش تۈزۈمىدىن ئىبارەت 6 تەدبىر چوڭقۇر يولغا قويۇلۇپ، كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. مەھەللىلەرنىڭ پارتىيە خىزمىتى كۈچەيتىلدى، پارتىيە ئەزالىرى مەھەللىلەردە پارتىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئورگان ئىسلاھاتى ۋەزىپىسى پائال، پۇختا ئورۇندالدى.

2. سانجى شەھىرى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش پىكىر يولى ۋە ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرىنى 3 باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ: ئۇلنى مۇستەھكەملەش باسقۇچى. 2005 - يىلىغا بارغاندا، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 2000 - يىلدىكى ئاساستا 1.25 قاتلىنىپ، يىلىغا 19% تىن ئاشۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ: ئادەتتىن تاشقىرى، ھالقىما تەرەققىيات باسقۇچى. 2005 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە بولغان 5 يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 16 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 2000 - يىلدىكى ئاساستا 2.52 قاتلىنىپ، يىلىغا 19% تىن ئاشۇرۇلىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچ: داۋاملىق تېز ئېشىش باسقۇچى: 2020 - يىلىغا بارغاندا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 50 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 2000 - يىلدىكىدىن 4.53 قاتلىنىدۇ، كېيىنكى 10 يىلدا يىلىغا 12% تىن، 20 يىلدا يىلىغا 15.4% تىن ئاشۇرۇلىدۇ. يۇقىرىقى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە تۆۋەندىكى 8 نۇقتىلىق خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

1) ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش چىڭ تۇتۇلۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى تېز ئۆستۈرۈلىدۇ. 1 - كەسىپنى ئەلالاشتۇرۇش، 2 - كەسىپنى زورايتىش، 3- كەسىپنى تېزلىتىش نىشانى چۆرىدىلىپ، 2 .، 3 - كەسىپ يېتەكچىلىكىدىكى شەھەر ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، 1 -، 2-، 3 - كەسىپلەرنىڭ بىرلەشمە ھەرىكەت قاتلىمى ۋە سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ. ماشىنا - ئېلېكتر، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، ئۆرۈكچىلىك، ئىشخانا - ئۆي جاھازلىرى ياساش، كۆمۈرچىلىك، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ئۆي - زېمىن، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا، مائارىپ - مەدەنىيەت، تەنتەربىيىدىن ئىبارەت 9 ئەۋزەل كەسىپ تېز يېتىشتۈرۈلۈپ ۋە زورايتىلىپ، ئۇلار شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى يادروغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

2) كۆلەملەشكەن ئۆزگىچە ئىگىلىكنى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى يېتىشتۈرۈش ۋە يۆلەش چىڭ تۇتۇلۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچى ئۆستۈرۈلىدۇ. «ئەلالىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش» ۋە «گۇرۇھلاشتۇرۇش» ئىستراتېگىيىسى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ تۆت قاتلاملىق كارخانا گۇرۇھى يېتىشتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇ زورايتىلىدۇ. يەنى ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى گۇرۇھى ۋەكىللىكىدىكى يىللىق سېتىش كىرىمى 10 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانىدىن 2سى يېتىشتۈرۈلىدۇ؛ باجۇاڭ گۇرۇھى، غەربىي دىيار يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى گۇرۇھى، تەڭرىتاغ ئۈزۈمچىلىك گۇرۇھى، مەيجۇر گۇرۇھى ۋەكىللىكىدىكى يىللىق سېتىش كىرىمى 2 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانىدىن 10ى يېتىشتۈرۈلىدۇ؛ خۇاياڭ شىركىتى، خۇەنيۇ شىركىتى، جىرۋېيشياڭ گۇرۇھى ۋەكىللىكىدىكى يىللىق سېتىش كىرىمى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانىدىن 10 ى يېتىشتۈرۈلىدۇ؛ يىللىق سېتىش كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانىدىن 30 ى يېتىشتۈرۈلىدۇ.

3) ئېچىۋېتىش چىڭ تۇتۇلۇپ، يۆنۈلۈشلۈك ئىگىلىك زورايتىلىدۇ ۋە كۈچەيتىلىدۇ. سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا باغچا رايونى تايانچ، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بىلەن سانجى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ بىرلەشمىسى بۆسۈش ئېغىزى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى، يۇشۇگۇ سانائەت رايونى ۋە لاۋلۇڭخې يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قانات، تۈرلەر ۋاستە قىلىنىپ، رايونلارنىڭ مۇھىم

پايلىنىشىنىڭ سەرخىل ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە يۇقىرى قۇرۇلما ئىگىلىكىنىڭ ساغلام، تېز راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

4) شەھەرلىشىش زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن مۇستەھكەم سورۇن ھازىرلىنىدۇ. ئومۇمىي تەسەۋۋۇر «ئۈچ يىلدا ئاساس سېلىش، ئون يىلدا كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلىش، 20 يىلدا يېڭى سانجى قۇرۇش» تىن ئىبارەت. 2010 - يىلىغا بارغاندا سانجى شەھىرى 500 مىڭ نوپۇسى بار، قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلىمى 60 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، ئېكولوگىيە تېپىدىكى، باغۋارانلىق، زامانىۋى رايون خاراكتېرىگە ئىگە ئوتتۇراھال شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ. 2020 - يىلىغا بارغاندا، شەھەرلىشىش سەۋىيىسى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلىدۇ.

5) ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىش چىڭ تۇتۇلىدۇ. مۇھىمى دۆلەت مۈلكى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى، مەبلەغ غەملەش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى، كارخانا ئىسلاھاتى، مالىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى تېز ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مالىيە، پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرىنىڭ تەڭشەش، تىزگىنلەش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىدۇ. كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسى ئۆزگەرتىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش تېپىدىكى، كاپالەت تېپىدىكى، باشلامچى تىپتىكى، مۇلازىمەت تېپىدىكى ھۆكۈمەت قۇرۇشتا كۈچ چىقىرىلىدۇ.

6) پەن - مائارىپ ئارقىلىق شەھەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش چىڭ تۇتۇلۇپ، پەن - مائارىپ ئارقىلىق شەھەرنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، شەھەردىكى ھەر مىللەت كادىر ئاممىسىنىڭ پەن - تېخنىكا ئېڭى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىلىدۇ ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. يېزا ئىگىلىكىنى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ.

7) ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، مەبلەغ سېلىشتىكى قاتتىق مۇھىت ياخشىلىنىدۇ. يۇمشاق مۇھىت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئىناق گۇمانىتارلىق مۇھىتى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت مۇھىتى، ياخشى قانۇن - تۈزۈم مۇھىتى، ئادىل رىقابەت مۇھىتى، ئىشەنچلىك مۇھىت، ئېتىبار سىياسەت مۇھىتى زور كۈچ بىلەن بەرپا قىلىنىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە «يۇقىرى ئورۇن» لۇق قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

8) ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈلىدۇ. تور ئېڭى كۈچەيتىلىپ، چەت ئەل مەبلىغى، خۇسۇسىلار مەبلىغى، قانۇنىي ئىگە كاپىتالى تەڭلا ئىشلىتىلىدۇ، ئەنئەنىۋى تور بىلەن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق تورلار تەڭ ئىشلىنىدۇ، 1، 2، 3 - كەسىپنىڭ تورلىرى تەڭ ئىشقا سېلىنىدۇ، كۈچ ئۇلاپ تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى ئۈزلۈكسىز شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

111 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تيەنچۈەن يولى، غەربىي نىڭبيەن يولى، جۇڭگەن يولىنىڭ پۈتۈشى بىلەن شەھەر يولى 1999 - يىلدىكى 63 كىلومېتىردىن 79 كىلومېتىرغا ئۆزگەردى، يول يۈزى 933 مىڭ 400 كۋادرات مېتىردىن 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى؛ 63 مىليون 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سانجى شەھەرلىك تۇرمۇش ئەخلىتىنى بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى؛ 20 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، دۆلەت يولى 312 - لىنىيىسىنىڭ سانجىدىن ئۆتىدىغان بۆلىكى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلدى؛ 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كۆل - دەريا بويى ئېكولوگىيىلىك مەنزىرە قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ 12 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شەھەرنى كۆكەرتىش، يورۇتۇش، گۈزەللەشتۈرۈش، پاكىزلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى، شەھەر بويىچە يېشىللىق بىلەن قاپلانغان كۆلەم 801.23 گېكتارغا، شەھەر قۇرۇلغان رايوننىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 38.19% كە يەتتى. تەبىئىي گاز غول تۇرۇبىسىدىن 28 كىلومېتىر ياتقۇزۇلۇپ، 35 مىڭ ئائىلىنى گاز بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ھازىرلاندى، 26 مىڭ ئائىلىگە گاز تۇرۇبىسى ئۇلاندى. سانجى شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى بولۇپ شەھەر قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشى بويىچە مەبلەغ سېلىش ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلدى.

★ 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سانجى شەھىرى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ پەن - تېخنىكا ئالاھىدە خادىمى تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئالىي ئۇنۋانى بار 38 خادىمنى تاللاپ، 1 - تۈركۈمدىكى پەن - تېخنىكا ئالاھىدە خادىمى سۈپىتىدە كەنت، كارخانىلارغا چۈشۈرۈپ، يېزا ۋە كارخانىلارنى تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

★ 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سانجى شەھىرىنىڭ ئەرلىيۇگۇڭ، داشىجۇ يېزىلىرى بازار قىلىندى.

★ 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭدىكى دۆلەتنىڭ ئولتۇراقلاشتۇرۇش بويىچە تۇنجى ئۈلگە قۇرۇلۇشى — ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى «ئەسىر باغچىسى ئائىلىلىك رايونى» نىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا 48 كورپۇس ئولتۇراق بىنا پۈتتى. بۇ ئائىلىلىك رايوننىڭ كۆلىمى 25.3 گېكتار كېلىدۇ. ئۇنىڭ لايىھىلىنىش سەۋىيىسى، پەن - تېخنىكىلىق مىقدارى يۇقىرى، پىلانى يېتەكچىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

دۇ خۇيىەن

# فۇكاڭ شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

فۇكاڭ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 57 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار 4، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى شەھەرگە تەۋە نوپۇس 112 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 200) . يېزا نوپۇسى 63 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى‰9.97، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.55. شەھەر بويىچە 19 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 12 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 10 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

فۇكاڭ شەھىرىدىكى ئېگىز تاغلىق رايوندا 54 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 50 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 194 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 187 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 52 مىڭ 500 گېكتار ئورمان، 775 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. يىلپىز، ئۈلار، سۈلەيسۇن، بۇغا قاتارلىق 70 نەچچە خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاسالقى، قارلەيلىسى، كىرەش، قانتېپەر، سوغىگۈل، ھىلىڭ، يەرمەدىكى، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار بار. نېفىتنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى نەچچە 10 مىليارد توننىغا، تەبىئىي گاز زاپىسى نەچچە يۈز مىليارد توننىغا، كۆمۈر زاپىسى 6 مىليارد 900 مىليون توننىغا يېتىدۇ. دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن تەڭرىتاغدىكى بوغدا كۆلى مەنزىرىلىك رايونى بار، ئۇنىڭ كۆلىمى 15 مىڭ 800 گېكتار كېلىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ فۇكاڭ شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جېندې.

3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يىن گۇاڭلىڭ.

شەھەر باشلىقى: جاڭ خۇڭۋېي.

سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: گو چيېڭخۇا (ئايال) .

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەرگە تەۋە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 802 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 249 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.2%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 235 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 28.1%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 318 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 444 مىليون 961 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 9.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 209 مىليون 814 مىڭ 400 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون 909 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 219 مىليون 699 مىڭ 900 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 538 مىڭ 500 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 85 مىڭ 687 توننا ئاشلىق، 1180 توننا پاختا، 4804 توننا ياغلىق دان، 2100 توننا قىزىلچا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 360 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 15 مىڭ 645 توننا گۆش، 553 توننا يۇڭ، 4551 توننا سۈت، 2220 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 320 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 2031 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) . يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 365 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 15.62% ئاشتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 110 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 800 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11.44%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 156 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.44% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 182 مىليون 370 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 80 مىڭ توننا كۆمۈر، 39 مىڭ 500 توننا بۇغداي ئۇنى، 15 مىڭ 500 توننا سۇ يېغى، 4689 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم - خەشەك، 1981 توننا ئېلېكتروللىز - لانغان نىكېل، 3852 توننا ئېلېكتروللىزلانغان مىس، 5719 توننا ئېلېكتروللىزلانغان ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 100.9% كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 57 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 124 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 73 مىڭ 800 كۋادرات

مېتىرغا يەتتى.

ھەممىسى بويىچە ئوراقلىق مۇلۇككە 452 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 252 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئۆي-زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 22 مىليون 950 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى فۇكاڭ شەھىرىدىكى ئاساسلىق قول يوللار ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىلىپ ھۆرۈشلەشتۈرۈلدى، 15 كىلومېتىر يول ياسالدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يول 6.2 كۋادرات مېتىردىن 12 كۋادرات مېتىرغا كۆپەيدى. يۇندا بىرتەرەپ قىلىش ئۆل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى پۈتتى، چاڭجىيۈەن قاتارلىق بەلگە قۇرۇلۇشى ياسالدى. 11 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، فۇكاڭ شەھەرلىك شىياڭبىن جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى، زىنجۇەنزى بازارلىق شىپاخانا پۈتكۈزۈلدى. ئاشىيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 379 مىليون 700 مىڭ تونىا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 242 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 35 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىكى تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 43 مىڭ 183 كە، مۇقىم تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 38 مىڭ 251 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 28 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 4219 غا يەتتى. 2002 - يىلى فۇكاڭ شەھىرى خېرىدار چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش بويىچە 44 توختام ئىمزالىدى، توختامدىكى ئورلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 443 مىليون يۈەنگە يەتتى، 390 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 554 مىليون يۈەنگە يەتتى. 473 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 116 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 116 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %25.7؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 120 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئورلۇك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 978 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، ئورلۇك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 969 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 670 مىليون 640 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 30 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 100 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 25 مىليون 900 مىڭ يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 15 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 880 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 13 مىليون 290 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3328، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1163. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بىر پەن تەتقىقات تۈرى تاماملاندى. شەھەردىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 804 (مىللىي 143)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 2135 (مىللىي 472)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 5757 (مىللىي 1682)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 40، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 205 (مىللىي 3131)؛ ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1696 (مىللىي 569). باللار باغچىسى 15، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 101. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 7000 غا يەتتى.

شەھەر بويىچە 11 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى؛ 696 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 102) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 277 (مىللىي 43)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 619. يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش ئورنى 35، يېزا - كەنت دوختۇرى ۋە سەھىيە خادىمى 51.

2002 - يىلى فۇكاڭ شەھىرى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرى ئارا ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكتە مىس مېدال ئالدى، ئاپتونوم رايونلۇق يۈز كۈنلۈك مەيدان مەدەنىيىتى پائالىيىتىدە ئىلغار شەھەر بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 4833 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4777 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3920 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 448 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 22.72 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 23.21 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شەھەر بويىچە 8315 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3375 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 9927 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ،

مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى. ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى، كۆلىمى 4.62 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى، ئۇنىڭ كۆلىمى 4.62 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

## ئورگان كادىرلىرىنى يېزا - كەنتلەرگە چۈشۈرۈش

غۇلجا شەھىرى 2001 - يىل 9 - ئايدا شەھەرلىك، يېزا، بازارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىن 625 كىشىنى ئاجرىتىپ، 8 خىزمەت ئەترىتى، 125 خىزمەت گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللەپ، 125 مەمۇرىي كەنتكە چۈشۈرۈپ، «كادىرلار تەربىيە ئېلىش، ئامما نەپ ئېلىش» ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان ئورگان كادىرلىرىنى يېزا، كەنتلەرگە چۈشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. خىزمەت گۇرۇپپىسى 2002 - يىل 9 - ئايغىچە 124 كەنت كومىتېتىغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش سايلىمىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى؛ يېزىلاردا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، تەربىيە پائالىيىتىنى تەشكىللىدى؛ 125 كەنتنىڭ كەنت دەرىجىلىك قەرزىنى 26.8% تۆۋەنلەتتى؛ كەنت دەرىجىلىك جامائەت جۇغلانمىسى نۆلگە چۈشۈپ قالغان 34 كەنتنىڭ جامائەت جۇغلانمىسى ئەھۋالىنى ئۆزگەرتتى، ئۆزگىرىش نىسبىتى 41% كە يەتتى؛ ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئېتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن 24 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ بەردى؛ ئامما ئۈچۈن 356 ئەمەلىي، ياخشى ئىش قىلىپ بەردى؛ 259 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ، كەنتلەرگە ياردەملىشىپ مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى ياساپ بەردى، 27 نامرات ئائىلىدىكى 135 كىشىنى قۇتقۇزدى؛ ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى 31 شىركەت بىلەن ھەمكارلىشىپ، تېرىقچىلىق بويىچە 11 مىڭ 500 گېكتار زاكاز كۆلىمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى؛ 1128 بېيىش ئۇچۇرى، 654 بېيىش تۈرى بىلەن تەمىنلىدى؛ 164 قارار كۇرس ئېچىپ، 56 مىڭ دېھقان، چارۋىچى (قېتىم)نى تەربىيىلىدى؛ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىغا دائىر 86 مەيدان دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردى، بۇ دوكلات يىغىنلىرىغا 37 مىڭ دېھقان، چارۋىچى (قېتىم) قاتناشتى؛ تېببىي داۋالاش بويىچە 2136 ئادەم (قېتىم)نىڭ كېسىلىنى كۆردى، دېھقان، چارۋىچىلارغا 10 مىڭ 755 يۈەن قىممىتىدىكى داۋالاش ئۈسكۈنىسى ۋە دورىنى ھەقسىز بەردى؛ باقمىچىلار ئۈچۈن 971 مىڭ يۈەنلىك قەرز پۇلغا كېپىل بولدى.

## شەھەرنى گۈزەللەندۈرۈش قۇرۇلۇشى

2002 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش سالمىقى زورايتىلىپ، ئاساسلىق تۆۋەندىكىدەك قۇرۇلۇش تۈرلىرى يولغا قويۇلدى:

شەھەر مەمۇرىيىتى بويىچە ئويراز قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، بۇندا چوقىنى كوچىسىدىن شەرقىي جۇڭغار نېفت بازىسىغىچە، دۆلەت يولى 216 - لىنىيىسىدىن شەرقىي جۇڭغار يولىغىچە بولغان بۆلەكنى ئۆزگەرتىش تۈرى تاماملاندى؛ 14 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چاڭسۇيىيۈەن مەركىزىي سەيلىگاھ قۇرۇلۇشى تۈرى تاماملاندى، بۇ سەيلىگاھ غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، كۆلىمى 56 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆكەرتىلگەن كۆلەم 40 مىڭ كۋادرات مېتىر.

شەھەر مەمۇرىيىتى بويىچە ئەلگە پايدىلىق قۇرۇلۇش يولغا قويۇلدى. تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش تۈرىگە جەمئىي 55 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭدىن بۇ يىل سېلىنغىنى 9 مىليون يۈەن؛ شەرقىي جۇڭغار توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش تۈرىگە جەمئىي 78 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭدىن بۇ يىل سېلىنغىنى 71 مىليون 250 مىڭ يۈەن؛ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش تۈرىگە جەمئىي 60 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شۇ يىلى تۇرۇبا ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى پۈتتى.

كارخانىلاردا تېخنىكا ئۆزگەرتىپ، شەھەرنى قۇدرەت تاپقۇزۇش قۇرۇلۇشى. شىنجاڭ تيەنلۇڭ كانچىلىق گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ئېلېكترولىزلانغان ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى بىلەن ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە جەمئىي 168 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شۇ يىلى سېلىنغىنى 48 مىليون يۈەن؛ شىنفۇسالىڭ دورا ياساش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 2 - قارارلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە جەمئىي 28 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شۇ يىلى سېلىنغىنى 2 مىليون 430 مىڭ يۈەن.

مائارىپ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق مائارىپنى گۈزەللەندۈرۈش قۇرۇلۇشى باشلاندى. غۇلجا شەھەرلىك كەسپىي تېخنىكا ئوتتۇرا تېخنىكومىنىڭ دەرسخانا بىناسى تۈرىگە جەمئىي 2 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (1 مىليون 900 مىڭ يۈەن زايوم مەبلىغىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، غۇلجا شەھىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش تۈرىگە جەمئىي 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (مەركەزنىڭ 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلىغىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

تەبىئىي ئوتلاقلارنى قاشالاپ ئوت ئارىلىتىپ مال بېقىش

قۇرۇلۇشى تۈرى باشلاندى. بۇ تۈرنى دۆلەت پىلان كومىتېتى تۈرغۇزدى، ئۇنىڭغا جەمئىي 12 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇنى قۇرۇشنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىنلۇيۈەن ئوتلاقچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالدى. بۇ تۈر ئارقىلىق فۇكاڭ شەھىرىدىكى 27 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق رايونلارغا ئايرىلىپ قاشالىنىدۇ، ئوت ئارىلىتىپ مال بېقىش ئارقىلىق ئوتلاقنىڭ ئەسلىدىكى بىپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق قوغدىلىپ، تەبىئىي ئوتلاقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش مەقسىتىگە يېتىلىدۇ.

★ 6 - ئايدا فۇكاڭ شەھەرلىك بوغدا كۆلىنى باشقۇرۇش كومىتېتى دۆلەت ISO9001 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە ISO4000 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە گۇۋاھنامە ئالدى.

★ 6 - ئايدا بوغدا كۆلىدىكى ۋاڭمۇ مېھمانسارىيى 3 يۇلتۇزلۇق چەت ئەل ساياھەت مېھمانخانىسى بولۇپ باھالاندى، ئۇ شىنجاڭ بويىچە ساياھەت رايونلىرىدىكى تۇنجى 3 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا ھېسابلىنىدۇ.

★ 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە فۇكاڭ شەھىرى ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

دۇەن جيافېن

# مىچۈەن شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مىچۈەن شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 17 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە باشقارمىسى 3، بازار 5، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 178 مىڭ 898 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 65 مىڭ 807)، يېزا نوپۇسى 109 مىڭ 568؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.69، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.36. شەھەر بويىچە 13 مىڭ 943 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7967 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىزغا تېرىلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 6442 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

مىچۈەن شەھىرى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ، شىنجاڭ بويىچە ئاساسلىق شالچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن شياشىۋگۇ سەيلىگاھى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مىچۈەن شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى فېڭچياڭ.

3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يې جىلىن (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: جاڭ چېڭيى (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ساڭ فېڭجۈن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 668 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 292 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %11.06، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 875 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.08، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 499 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.03 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 502 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %11.09 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 249 مىليون 740 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 241 مىليون 980 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 8 مىليون 340 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 69 مىڭ 899 توننا ئاشلىق (شال 58 مىڭ 865 توننا)، 469 توننا پاختا، 1723 توننا ياغلىق دان، 7039 توننا قىزىلچا، 128 مىڭ 577 توننا كۆكتات، 393 توننا ياڭيۇ، 27 مىڭ 897 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 1133 توننا ئۈزۈم ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 219 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 21 مىڭ 709 توننا گۆش، 310 توننا يۇڭ، 11.02 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 4035 پارچە كالا تېرىسى، 26 مىڭ 750 پارچە قوي تېرىسى، 11 مىڭ 91 توننا كالا سۈتى، 436 توننا ئۆچكە سۈتى، 2.74 توننا تۆگە يۇڭى، 5622 توننا تۇخۇم، 1400 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 208 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 25 مىڭ 7 گېكتار تاغ قاشالىنىپ ئورمان بەرپا قىلىندى، 1500 گېكتار يەردىكى نوتا دەرەخ ئاسرالدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 40 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 418 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 830 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 103 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 718 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 19.72% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 417 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2 مىليون 290 مىڭ توننا كۆمۈر، 353 مىڭ 953 توننا سېمونت، 28 مىڭ 985 توننا پولات ماتېرىيال، 600 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر چاقچۇق، 67 مىڭ 690 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم - خەشەك، 903 توننا بىرىكمە سۈيۈق سوپۇن، 18 مىڭ 164 توننا قاتتىقلاشتۇرۇلغان ئەينەك ياسالمىلىرى، 9018 توننا سۇلياۋ ياسالما، 66 مىڭ 855 توننا قەغەز بوتقىسى، 9138 توننا سىم يولى ئۈسكۈنىسى، 68 مىڭ 956 كۇب مېتىر بېنزول تاختا، 1 مىليون 550 مىڭ دانە ئىسسىق ساقلايدىغان ئەينەك قاچا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 95.6% كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 465 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 477 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 301 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

شۇ يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە 651 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 344 مىليون 530 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىش، يېڭىلاشقا سېلىنغىنى 79 مىليون 490 مىڭ يۈەن، 8 ئۆي- زېمىن تەرەققىيات كارخانىسى سالغىنى 130 مىليون 400 مىڭ يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغىنى 97 مىليون 390 مىڭ يۈەن. تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 12 مىليون 450 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 127 مىليون 520 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 74 مىليون 710 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 30 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر بويىچە ئورنىتىلغان تېلېفون 31 مىڭ 682 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 4300 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 2021 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 700 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەت رايونلىرىدا 350 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەت تىجارىتىدىن 30 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 89 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 10.89%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 126 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.64% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 168 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 821 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 339 مىليون 310 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 54 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 9 مىليون 400 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 42 مىليون 760 مىڭ يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 7 مىليون 810 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 4 مىليون 750 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 60 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلى شەھەردىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1013، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 302، ئالىي ئۇنۋانى بارلار 34. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرىدىن 2 سى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرىدىن 2 سى، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىن 2 سى، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات تۈرىدىن بىرى، شەھەر دەرىجىلىك تۈردىن 35 ى تاماملاندى. پەن - تېخنىكا 3 خىل خىراجىتىدىن 1 مىليون 265 مىڭ يۈەن نەقلەشتى. شەھەر بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 184 (مىللىي 43) ؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 4275 (مىللىي 937) ؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 9265 (مىللىي 3097) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 56، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 761 (مىللىي 6972) . ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2245 (مىللىي 782) . بالىلار باغچىسى 23، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكىسى بىر، يەككىلەر ئاچقىنى 22، باغچىدىكى بالا 2710، باغچا ئوقۇتقۇچىسى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 257 (مىللىي 35) . شەھەر بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96% كە يەتتى، 12 مىڭ ئائىلىگە سىملىق تېلېۋىزىيە ئۇلاندى.

شەھەر بويىچە 196 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانا 2، سەھىيە بۇلۇمىدىن سالامەتلىكنى ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، يېزا - بازار شىپاخانىسى 6، يەككە ئامبۇلاتورىيە 187؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 332، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 848.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلىكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6579 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5221 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9605 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4025 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20.39 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18.66 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شەھەر بويىچە 5990 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4098 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى 1 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھىت بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 13 ى تاماملاندى. گىس، تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 8 ى بەرپا قىلىندى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 12.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 7 گە يەتتى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 8.8 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

★ 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مىچۈەن شەھىرى يۈەنتۇڭ كانچىلىق مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتىنىڭ 1 - شۆبە كېنىدا ئېغىر بىخەتەرلىك ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 9 ئادەم ئۆلدى، 24 ئادەم يارىلاندى.

★ 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چايدان ئىشلەپچىقىرىش تۈرى مىچۈەن شەھىرىدە رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

★ 12 - ئايدا مىچۈەن شەھىرى 2001 — 2002 - يىللىق مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار شەھەر بولۇپ باھالاندى.

لىۇ يىڭ، جاڭ دېڭخۇا

# قۇتۇبى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇتۇبى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 76 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 130 مىڭ 500 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 44 مىڭ 400)، يېزا نوپۇسى 84 مىڭ 300؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.91، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.46. ناھىيە بويىچە 42 مىڭ 648 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 13 مىڭ 405 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان كۆلەم 257 گېكتار)، 20 مىڭ 596 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان كۆلەم 203 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 458 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەبىئىي تولۇقلىنىش مىقدارى 220 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 24 مىڭ گېكتار ئورمان، 745 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاق بار. زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، كېپەك ئالتۇن، ئاق ئالتۇن، قاشتېشى، تۆمۈر، ئاليۇمىن قاتارلىق 10 نەچچە خىلى بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، جەرەن، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئۇلار، ئاق قۇلار بار. سوغىكۆل، قارلەيلىسى، قانتېپەر، ئالقات، زاراڭزا، چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى قاتارلىق 100 نەچچە خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار. سەيلىگاھلاردىن كاڭجيا شىمىڭزا قىياتاش رەسىملىرى، قىزىلتاغ ساياھەت ئارامگاھى، تاش قەلئە، شياۋشىگۇ، ۋېيزىگۇ قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇتۇبى ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇ بياۋ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جىن يۇشۇ (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۇ بياۋ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: شى يەنلىڭ (ئايال، 11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چيۇ شۇخۇا (ئايال، 11 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ياڭ ۋېيجۇڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 401 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 568 مىليون

700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 16.2%، 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 385 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25.1%، 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 447 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 991 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6.56% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 563 مىليون 820 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 20 مىليون 630 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 391 مىليون 370 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 15 مىليون 930 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 98 مىڭ 196 توننا ئاشلىق، 21 مىڭ 489 توننا پاختا، 1408 توننا ياغلىق دان، 116 مىڭ 470 توننا قىزىلچا، 2675 توننا مېۋە، 1221 توننا كۆك تاماكا، 440 توننا دورا ماتېرىيالى، 9650 توننا پاخپۇ، 119 مىڭ 317 توننا كۆكتات (قىيام شوغلىسى 63 مىڭ 865 توننا)، 31 مىڭ 586 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 644 توننا قارا گازىر، 765 توننا قۇلماق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 547 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 19 مىڭ 208 توننا گۆش، 1026 توننا يۇڭ، 119 مىڭ 224 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 60 مىڭ 591 توننا سۈت، 803 توننا تۇخۇم، 2250 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1113 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 296 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 5528 گە، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 198 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 308 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 71 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 183 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى.

ساناھەت مەھسۇلات قىممىتى 884 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 15.8%، ساناھەت قوشۇلما قىممىتى 281 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25.6% ئاشتى. ئاساسلىق ساناھەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 717 مىڭ 802 توننا كۆمۈر، 172 مىڭ توننا تۇز، 10 مىڭ 247 توننا سۇ يېغى، 140 توننا توڭلىتىلغان يېڭى گۆش، 960 توننا سۈت پاسالمىسى، 7684 توننا كىراخمال، 2932 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 4846 توننا يۇمشاق ئىچىملىك، 14 مىڭ 189 توننا سۈت، 16 مىڭ 385 توننا ساپ پاختا، 19 مىڭ 827 توننا يىپ، 51 مىڭ 500 پار ئاياغ كىيىم، 6289 توننا سۇلياۋ پاسالما (سۇلياۋ يوپۇق 1475 توننا)، 106 مىڭ توننا سېمونت، 85 مىليون 470 مىڭ دانە ئۆلچەملىك خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. ساناھەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 97.35% كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 81 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 144 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 113 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 330 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 185 مىليون 710 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 16 مىليون 810 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا شەھەر - بازار يوللىرىنى ئۆزگەرتىش تۈرىگە 52 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ۋېيزۇي سۈت چەكلىك شىركىتىنىڭ يېڭى سۈت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بىلەن سۈت كالىسى بازىسىغا 48 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ دېلۇڭ گۇرۇھىنىڭ سۈت كالىسى بازىسىغا 19 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ قۇتۇبى دەرياسى باشقارمىسى داخەيزى سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىش - ئۆزگەرتىش تۈرىگە 10 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 78 مىليون 600 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 67 مىليون 60 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 93 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 22 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 15 مىڭ 529 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 22 مىڭ 514 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 15 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 1744 كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 357 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل سودا بازىرىدىن 9 ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 84 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 36 سى ئىمزالاندى، ھەمكارلىق مەبلىغى 818 مىليون يۈەن بولۇپ، شۇ يىلى 818 مىليون يۈەن توختام سوممىسى ئىجرا قىلىندى، ئەمەلىيەتتە 410 مىليون يۈەن نەقلەشتى. 235 مىڭ 100 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 19 مىليون 790 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 76 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 24.28%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 131 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 39.88% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 662 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 78 مىليون 980 مىڭ

يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 796 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 29 مىليون 667 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 700 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 24 مىليون 967 مىڭ يۈەن؛ تۆلىگەن تۆلەم ۋە بەرگەن پۇل 8 مىليون 185 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلىگەن تۆلەم 2 مىليون 585 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بەرگەن پۇل 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2703، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1246. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات نەتىجىسى 5 نى تاماملاندى. ناھىيەدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 159 (مىللىي 27)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1766 (مىللىي 217)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 6008 (مىللىي 1594)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 42، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 655 (مىللىي 4423). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1964 (مىللىي 562). بالىلار باغچىسى 6، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 70. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيەنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99.6 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 11 مىڭغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 27 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 610 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 134) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 253؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 692. يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 36، دوختۇر ۋە سەھىيە خادىمى 37.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى قۇتۇبى ناھىيەسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4425 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9995 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12.5 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 25 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 5137 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 6400 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 2900 كىشى پېنسىيە پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى، 13 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ۋېيۇېي گۇرۇھىنىڭ كۈنىگە 100 توننا يېڭى سۈت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە 30 سۈت پونكىتى، 1000 سۈت كالىسىنى ئۈلگە قىلىپ بېقىش فېرمىسى تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى قۇتۇبى ناھىيەسىدە رەسمىي باشلاندى.

★ 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ يىلىغا 20 مىڭ توننا قېتىشقان نېفىت پىششىقلاش، BTX سانائەت خاراكتېرلىك ئۈلگىلىك قاپلاش قۇرۇلمىسى دۆلەتنىڭ «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. بۇ تۈرگە 49 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 2002 - يىلى قۇتۇبى ناھىيىلىك شىنىنبى سەۋزە شەربىتى زاۋۇتىنىڭ ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش تۈرى دۆلەت تەرىپىدىن تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتىكى نۇقتىلىق تۈر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

★ 2002 - يىلى قۇتۇبى ناھىيىسى ئەرشىلىدەن بازىرىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى 33.1333 گېكتار قاقاس يېرىنى رەسمىي يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۇپەتلىك سۈت كالىسى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قىلىپ بېكىتتى.

شۇ مىڭشىڭ، جۇ دۇڭمېي

## ماناس ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ماناس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 134 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 7، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 133 مىڭ بىر (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 29 مىڭ 616). يېزا نوپۇسى 90 مىڭ 570؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %11.09، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %8.14. ناھىيە بويىچە 47 مىڭ 652.13 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9651.6 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 35 مىڭ 778.64 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ماناس ناھىيىسى دۆلەت دەرىجىلىك ئاشلىق - پاختا بازا

ناھىيىسى ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇ بايلىقى 501 مىليون 530 مىڭ 400 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، 60 مىڭ 86 گېكتار ئورمان، 580 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، ئۇلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى قار لەيلىسى، رەۋەن، قانتېپەر، كەترا، پەربون، سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 280 نەچچە خىلى بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن سانائەتتە ئېچىپ پايدىلىنىش قىممىتى بولغانلىرىدىن پېرت، مىس، ئالتۇن، قاشتېشى، كۆمۈر قاتارلىقلار بار، ئۇلاردىن كۆمۈرنىڭ ئومۇمىي زاپىسى 1 مىليارد 600 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن تاسىرقاي دەرياسى شىمېغىزا سۇلۇقسايدىكى قىياتاش رەسىملىرى، سارچوقتا قىياتاش رەسىملىرى، كىرىمنىملىق ياغاچ ساياھەت نۇقتىسى، تاسىرقاي دەرياسى شاقىراتمىسى، تاسىرقاي دەرياسى دۈمۈلاق تۆپە قەدىمكى قەبرىستانلىقى (ساكلار دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق)، ئون تۆتۈن گەمىسى مەنزىرە رايونى، چېلۇكۈ مەنزىرە رايونى، بېيۇۋچا قۇملۇق مەنزىرە رايونى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ماناس ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ ۋېي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يې جىنجى.

ھاكىم: جۇ بىڭۋېن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى جىشىڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 806 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 769 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %23.5؛ 2- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 483 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.5؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 553 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %23.66 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 863 مىليون 758 مىڭ 300 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 19 مىليون 407 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 413 مىليون 822 مىڭ 200 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 12 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 63 مىڭ 13 توننا ئاشلىق، 50 مىڭ 250 توننا ساپ پاختا، 2136 توننا ياغلىق دان، 39 مىڭ 653 توننا ئۈزۈم، 162 مىڭ 468 توننا شوخلا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 422 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 21 مىڭ 631 توننا گۆش، 906 توننا يۇڭ، 120 مىڭ پارچە كالا - قوي تېرىسى، 25 مىڭ 20 توننا سۈت، 16 مىڭ 200 توننا تۇخۇم، 500 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3165 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 64 مىليون 973 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 911 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 350 مىليون يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 184 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 969 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %20.63؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 252 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.24 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3 مىليارد 493 مىليون 830 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 596 مىڭ توننا كۆمۈر، 4797 توننا پاختا يىپ، 18 مىڭ 525 توننا پاختا تىرىپى، 21 مىڭ 561 توننا شوخلا قىيامى، 52 مىڭ 400 توننا ئۇن، 6096 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 267 توننا ئاق ھاراق، 52 مىڭ 549 توننا ساپ پاختا، 12 مىڭ 708 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98.78 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 103 مىڭ 332 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 75 مىڭ 537 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە ئوقۇرلىق مۇلۇككە 567 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 200 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 4 مىليون يۈەن. 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: بەيتوكېلىڭ سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى، بۇنىڭغا جەمئىي 25 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغاندى، شۇ يىلى 9 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، سېلىش پىلانلانغان 48 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغنىڭ ھەممىسى شۇ يىلى سېلىنىپ

بولدى؛ بازارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش-كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، بۇنىڭغا 11 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، شۇ يىلى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن سېلىندى؛ دېلۇڭ شىركىتىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان سۈت كالىسى فېرمىسىغا جەمئىي 28 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ شىنتيەن شىركىتىنىڭ ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى يىلىغا 33 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرالايدىغان قىلىپ كېڭەيتىش تۈرىگە 143 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ دېلۇڭ شىركىتىنىڭ كۈنىگە 200 توننا يېڭى سۈتنى بىر تەرەپ قىلىش تۈرىگە 96 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ شىنخۇيىنىڭ سۇ ئامبىرىنىڭ خەتەرنى تۈگىتىپ مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى، بۇنىڭغا 27 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، شۇ يىلى 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ شىمېڭزا سۇ ئامبىرىغا 249 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، شۇ يىلى 18 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 248 مىليون 320 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 125 مىليون 100 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 722 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 44 مىليون 258 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 14 مىڭغا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 23 مىڭ 800 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 22 مىڭ 100 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 2760 قا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 371 مىليون يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل سودا بازىرىدىن 11 ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 85 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 39 ھەمكارلىق تۈرى كىرگۈزۈلدى، شۇ تۈرلەر بويىچە 424 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى. 190 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 12 مىليون 6000 يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 84 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %13.9، يەرلىك مالىيە چىقىمى 122 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %2.63 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 536 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 570 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 60 مىليون 460 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 41 مىليون 609 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 12 مىليون 460 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3291، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1067. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 4 ى تاماملاندى. ناھىيىدىكى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 70 (مىللىي 2)، ئوقۇتقۇچىسى 48 (مىللىي بىر)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 8407 (مىللىي 2154)، ئوقۇتقۇچىسى 660 (مىللىي 198)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 684 (مىللىي 2976)، ئوقۇتقۇچىسى 889 (مىللىي 309)؛ بالىلار باغچىسى 14، باغچىدىكى بالا 1726 (مىللىي 143). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 15 مىڭ 300 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2 ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانا، 2 يۇقۇمدىن ساقلىنىش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى، 11 يېزا دەرىجىلىك شىپاخانا، 101 كەنت دەرىجىلىك سەھىيە پونكىتى، 55 يەككە ئامبۇلاتورىيە؛ 516 كەسپىي تېخنىكا خادىمى (مىللىي 78) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 196 (مىللىي 38)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 339.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ناھىيىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5318 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9820 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 7772 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 11 مىڭ 287 ئىشچى-خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى 8 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى. ناھىيە بازىرىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى %20.4 كە يەتتى.

## چارۋىچىلىق زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى

2002 - يىلى ماناس ناھىيىسى چارۋىچىلىقنى يېزا ئىگىلىكىدىكى يېتەكچى كەسىپ قاتارىدا تۇتۇپ، چارۋىچىلىقنى چۆرىدەپ تېرىقچىلىقنى تەڭشىدى. چارۋىچىلىق تەرەققىيات فوندى تەسىس قىلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى، ئىشچى -

خىزمەتچىلەر ۋە كارخانا، كەسىپىي ئورۇنلارنى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەبلەغ ئۆتنە بېرىشكە پائال سەپەرۋەر قىلىپ، ناھىيە بويىچە 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئۆتنە ئالدى. دۆلەت گورۇھى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاتنىشىپ، 140 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. 2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىققا 290 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چارۋىچىلىقنى كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى. 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە باقمىچىلىق ئائىلىسى 3650 كە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ قۇرامىلىرى 160). چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 441 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 30.2% نى ئىگىلىدى.

چارۋىچىلىقتا ياخشى نەسىل قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. دۇنياغا مەشھۇر گۆش قويى نەسلى — سافۇق قويى بىلەن مۈڭگۈزسىز دورسىت قويى ماناس ناھىيىسىدە ساپ نەسلى بويىچە يېتىشتۈرۈلۈپ ھەم يەرلەشتۈرۈلۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. بۇ 2 نەسىللىك قويىنىڭ گۆش قويى ساپ نەسىل بويىچە 4 ـ 6 ئەۋلادقىچە كۆپەيتىلىپ، ئەسلى نەسلى ساقلاپ كېلىنمەكتە. نۆۋەتتە ماناس ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە سافۇق ۋە مۈڭگۈزسىز دورسىت گۆش قويى ساپ نەسلى بويىچە كۆپەيتىلىدىغان ئەڭ چوڭ بازىغا ئايلاندى، سۈپەتلىك، ساپ نەسىللىك 2000 دىن ئارتۇق گۆش قويى مەملىكەت بويىچە كېڭەيتىلدى.

★ 2002 ـ يىلى ماناس ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى شىنجاڭ بويىچە 1 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىقچىلىق كىرىمى 3512 يۈەن، چارۋىچىلىق كىرىمى 1006 يۈەن.

★ 2002 ـ يىلى ماناس ناھىيىسى «جۇڭگودىكى سۈپەتلىك ياختا ماكانى»، «جۇڭگودىكى سۈپەتلىك شوخلا ماكانى»، «جۇڭگودىكى سۈپەتلىك هاراق ئۈزۈمى ماكانى» دەپ نام ئالدى. مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا تورۇپا سۈيىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن، مەملىكەت بويىچە ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە، مەملىكەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاياللارنىڭ «ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىدە ئىلغار ناھىيە، مەملىكەت بويىچە «مىڭ ناھىيە قۇرۇلۇشى» ھەمكارلىق گەۋدىسىدە ئىلغار ئورۇن، مەملىكەت بويىچە «ئالاھىدە مەھسۇلات ماكانى» تەرەققىيات قۇرۇلۇشى تەشۋىقاتىدا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. «ئاپتونوم رايون بويىچە تازىلىقتا قىزىل بايراقدار ناھىيە» دەپ نام ئالدى.

جاڭ يەنچۈن

# گۈچۈڭ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

گۈچۈڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغدىكى بوغدا تېغى تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 207 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 192 مىڭ 55 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 48 مىڭ 469)، يېزا نوپۇسى 144 مىڭ 650؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.81‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.71‰. ناھىيە بويىچە 73 مىڭ 80 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 48 مىڭ 430 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 24 مىڭ 990 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 500 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 250 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 37 مىڭ 793 گېكتار ئورمان بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار 40 خىلدىن ئاشىدۇ، ئۇلار ئىچىدە دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، موڭغۇلىيە قۇلانى، سايگا بۆكىنى، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئوتلاق مۈشۈكى، سىلەيسۇن، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئوتلاق بۈركۈتى قاتارلىقلار بار. 316 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار، ئاساسلىقى سوغىگۈل، توشقان زەدىكى، ئالقات، چۈچۈكبۇيا، قارىلەيلىسى قاتارلىقلار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، ھاك تېشى، شور، سۈزمە تاش، يېشىل يالتىراق تاش، خروم، تۆمۈر قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار. سەيلىگاھلاردىن ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى «گېنېرال» سېيىغا جايلاشقان «دىنوزاۋر ماكانى» — ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ، دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان تاشقا ئايلانغان دىنوزاۋر (بەدىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 نەچچە مېتىر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 50 توننا)؛ تاش ئورمان جىلغىسى — ئاسىيا بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان كىرېمنىيلىق ياغاچلار؛ شىچيەنتەن — تاشقا ئايلانغان دېڭىز جانلىقلىرى؛ ياردائىلىق — «نوم شەھىرى» (شەيتانكەرش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، نەنشەن جامبۇلاق مەنزىرە رايونى بار. ناھىيە تەۋەسىدىكى خەن دەۋرىگە ئائىت سۇلى قەلئەسى خارابىسى، تاڭ

دەۋرىگە ئائىت قەلئە خارابىسى، چىڭ دەۋرىگە ئائىت شەرقىتىكى چوڭ بۇتخانا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ گۇچۇڭ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى تيېمىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جىن ۋەنجاۋ.

ھاكىم: جۇ فالىن (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ شۇيۈڭ (11 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ما جىلى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 967 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 493 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %9.73؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 173 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %24.32؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 300 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 915 مىليون 869 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %11.34 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 539 مىليون 258 مىڭ 500 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 19 مىليون 849 مىڭ 800 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 356 مىليون 481 مىڭ 100 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 280 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 303 مىڭ 645 تونна ئاشلىق، 11 مىڭ 71 تونна ياغلىق دان، 197 مىڭ 361 تونна قىزىلچا، 873 تونна مېۋە، 87 مىڭ 449 تونна كۆكتات، 11 مىڭ 514 تونна قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 671 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 29 مىڭ 800 تونна گۆش، 1300 تونна يۇڭ، 221 مىڭ 199 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 12 مىڭ 230 تونна سۈت، 2604 تونна تۇخۇم، 40 تونна سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 5473 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 33 مىليون 899 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 5512 گە، مەھسۇلات قىممىتى 527 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 139 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 52 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 309 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى.

ساناەت مەھسۇلات قىممىتى 430 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %9.5، ساناەت قوشۇلما قىممىتى 126 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.3 ئاشتى. ئاساسلىق ساناەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 8 مىليون 70 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 298 مىڭ 97 تونна كۆمۈر، 2176 تونна تۇز، 60 مىڭ 800 تونна ئۇن، 4214 تونна سۇ يېغى، 19 مىڭ 306 تونна شېكەر، 3917 تونна ئارىلاشما يەم - خەشەك، 2283 тонна ئاق ھاراق، 110 مىڭ تونна سېمونت، 24 مىڭ 566 تونна ئارپا ئۈندۈرمىسى، 3 مىليون 110 مىڭ تونна تورۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. ساناەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %91.33 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 79 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 120 مىڭ 985 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 76 مىڭ 159 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 145 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 129 مىليون 130 مىڭ يۈەن. بازار بولۇشى قۇرۇلۇشى ۋە بازار پىلانلاش تۈرىگە 31 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ كەيكېن دەرياسى سۇغىرىش رايونىنى 1 - قارارلىق ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى بىلەن دۆڭتالڭ سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ مائارىپ سىستېمىسىنىڭ بازار - يېزىلاردىكى خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىشكە 11 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 25 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى؛ سىغىمى 40×1 مېگاۋولت ئامپېرلىق 110 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتىدىن بىرى كۆپەيتىلدى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 409 مىليون 410 مىڭ تونна - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 245 مىليون 340 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 22 مىليون 852 مىڭ 300 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 15 مىڭ 291 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 20 مىڭ 615 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 25 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 2200 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 277 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 17 مىليون 377 مىڭ 800 يۈەن،

پەككە ئېگىلىكىنىڭ 173 مىليون 32 مىڭ 900 يۈەن. تۈرلۈك سودا بازىرىدىن 12 سى بولۇپ، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 150 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 90 مىليون 856 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 86 مىليون 732 مىڭ يۈەن، ئىمپورت سوممىسى 4 مىليون 124 مىڭ يۈەن. 180 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 10 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 34 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %1.81؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 134 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.79 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 668 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 16 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 807 مىليون 630 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 33 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 470 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 30 مىليون يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 5 مىليون 813 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 513 مىڭ 600 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5008، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2584. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 6 سى تاماملاندى. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 211 (مىللىي 23)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 4276 (مىللىي 921)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 49 (مىللىي 3088)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 63، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 690 (مىللىي 4942). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2363 (مىللىي 931). بالىلار باغچىسى 6، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 68. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە

ئابونىتى 10 مىڭغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3 دوختۇرخانا (خۇسۇسىيلار دوختۇرخانىسى بىر)، 14 يېزا - بازار شىپاخانىسى، بىر سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى، بىر ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى، بىر پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى، بىر قان پونكىتى، دوختۇرخانىلاردا 415 كارىۋات، 567 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 91) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 351 (مىللىي 82)، 111 يەككە ئامبۇلاتورىيە، 153 تىببىي خادىم، 111 يېزا - كەنت شىپاخانىسى، 105 يېزا - كەنت دوختۇرى، 20 سەھىيە خادىمى بار.

2002 - يىلى ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا نەيزە ئېتىش، چويۇن توپ ئېتىش، يەي توپ، يىراققا سەكرەش قاتارلىق تۈرلەردە بىر تۈردە 1 - لىكنى، 2 تۈردە 2 - لىكنى، 4 تۈردە 3 - لىكنى قولغا كەلتۈردى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3006 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 2025.5 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 984 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 13.8 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20.71 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 4301 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4418 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 1543 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىرتۇتاش غەملەشكە، 6020 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كۆلىمى 8.86 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن 36 سى بەرپا قىلىندى، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 36 سى بەرپا قىلىندى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 8.86 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

شۇ ۋېيلىڭ

## تەڭرىتاغ چۆپ توخۇسى بېقىش

تەڭرىتاغ چۆپ توخۇسى بېشىل يېمەكلىك نەسلى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئاساسلىقى ئوت - چۆپ يەيدۇ، قاتتىق - يىرىك دەپ ئايرىمايدۇ، بېقىلىش تەننەرخى تۆۋەن، پايدىسى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. 2001 - يىلى گوجۇڭ

ناھىيىسى ئەيكۈن گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تەگرىتاغ چۈپ توخۇسى بېقىش تۈرىنى كېڭەيتتى. شۇ يىلى سىناق تەرىقىسىدە بېقىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، ھەر بىردىن 2.5 يۈەن ئەتراپىدا پايدا قالدى. 2001 - يىلى ناھىيە بويىچە 86 مىڭ ئەيكۈن چۈجىسى كىرگۈزۈلدى، 1 مىليون 710 مىڭ چۈپ توخۇسى بېقىلدى. 2002 - يىلى ناھىيە بويىچە 1 مىليون ئەيكۈن چۈجىسى كىرگۈزۈلدى، 3 مىليون 670 مىڭ چۈپ توخۇسى بېقىلدى، ھەر بىردىن 3 يۈەن ئەتراپىدا پايدا قالدى. 2002 - يىل 10 - ئايدا شىبېيۈەن يېزىسىنىڭ شياۋتۇن كەنتى بىلەن شىدىجېن بازىرىنىڭ شياۋچۈزى كەنتىدە بىردىن يىلىغا 50 مىڭ تەگرىتاغ چۈپ توخۇسى چىقىرىلىدىغان باقمىچىلىق ئۈلگە بازىسى قۇرۇلۇشقا مەدەت بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن گۇچۇڭ ناھىيىسىدە تەگرىتاغ چۈپ توخۇسى باقمىچىلىقىدا ئاساسىي جەھەتتىن كۆلەم شەكىللەندى.

ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

## تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى

2002 - يىل 4 - ئايدا گۇچۇڭ ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش سىناق قىلىنىدىغان 174 ناھىيىنىڭ بىرى قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ گۇچۇڭ ناھىيىسى يەنە دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى 6 ئىدارە رەھبىرىنىڭ پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قىلىندى. 2000 - يىل 4 - ئايدا تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن بۇيان، 18 مىڭ 600 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىش ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، پىلان %100 ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر 4100 گېكتار، «تۆت قاقاسلىق»قا بەرپا قىلىنغىنى 14 مىڭ 500 گېكتار. 3 يىلدىن بۇيان، گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغا دۆلەت جەمئىي 31 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. قۇرۇلۇش دائىرىسىدىكى يەرلەردە يېپىنچا ئۆسۈملۈك ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. بۇ قۇرۇلۇشتا باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلتۈرۈلدى.

جىي جۈنۋېن

★ 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى تيەنخې مەركىزىي بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ بازارنىڭ كۆلىمى 26.67 گېكتار كېلىدۇ، ئۇنىڭغا جەمئىي 130 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بازار قۇرۇلۇشى 3 قارارغا بۆلۈپ 3 يىلدىن 5 يىلغىچە پۈتكۈزۈلىدۇ. بۇ بازار ئاپتوموبىل، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودىسى، ماشىنا - ئېلېكتر، كىيىم - كېچەك، تۈرلۈك ماللار ۋە يېمەك - ئىچمەك، ئويۇن - تاماشا، سەيلە - ساياھەت بىر گەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرىدۇر.

★ 2002 - يىلى گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى تەبىئىي ئوتلاقنى قاشالاش قۇرۇلۇشى تۈرى باشلاندى. بۇ تۈرگە جەمئىي 12 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 10 مىليون يۈەن، ناھىيە ئۆزى تەييارلىغىنى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن. بۇ تۈردە، قاشالاپ ئوت - چۆپ يېتىشتۈرۈش، قاشالاپ ئوت ئارىلىتىپ مال بېقىش ئاساس قىلىنغان.

★ 2002 - يىلى گۇچۇڭ ناھىيىسى 2 - تۈركۈمدە مەملىكەت بويىچە سۇ تېجەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرغان 300 نۇقتىلىق ناھىيىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇنداق ناھىيىدىن شىنجاڭدا 14 ى بار بولدى.

شۇ ۋېيلىڭ

# جىمسار ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

جىمسار ناھىيىسى تەگرىتاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 165 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ نوپۇسى سىرتىدا) 115 مىڭ 478 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 36 مىڭ 439). يېزا نوپۇسى 89 مىڭ 358؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.61، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.1. ناھىيە بويىچە 31 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 17 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى (ئېگىزگە تېرىلغىنى 2774 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 450 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 98 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 35 مىڭ 800 گېكتار ئورمان، 243 مىڭ 900 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار. قۇلان، جەرەن، ئۇلار، ئىتالغا، مۈشۈكياپىلاق

قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانلار، سوغىكۆل، قارلەيلىسى، توشقان زەدىكى، زاراڭزا قاتارلىق 170 نەچچە خىل ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈك، كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، ئالتۇن، مىس، قوغۇشۇن، ھاك تېشى، پىروفىلليت، پېرلىيىت قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن ۋۇسەيۋەندىكى يارداڭلىق، قارامايلى تېغى تۇياقلىق ياۋايى ھايۋانات تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، جۇڭگو پىرژىۋالسكى ياۋا ئېتىنى كۆپەيتىش مەركىزى، تاڭ دەۋرىدىكى بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قەلئەسى خارابىسى، مەڭتۈي، ئارىشاڭ، قاڭقىللار يولى، دۆلەت ئىچىدىكى بىردىنبىر قۇملۇق ئوۋ مەيدانى قاتارلىقلار بار.

ناھىيىنىڭ ساماق، زاراڭزا، بۆلجۈرگەن، ياڭيۇ، كانىماش، قىزىل يېسىمۇق قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ خېلى داڭقى بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شوخلا، قاراقات، سەۋزە، توشقان زەدىكى قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلار سىناق تەرىقىسىدە تېرىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىمسار ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ فېڭشەن.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لىن دېگۈي.

ھاكىم: ۋاڭ ۋېنخەي.

سىياسىي كېڭەش 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ فېڭشەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 781 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 365 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %8.3؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 188 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.9؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 227 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 313 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %8.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 168 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 9 مىليون 480 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 133 مىليون 730 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 540 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 91 مىڭ 527 توننا ئاشلىق، 330 توننا پاختا، 10 مىڭ 171 توننا ياغلىق دان، 17 مىڭ 554 توننا قىزىلچا، 166 مىڭ 213 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 488 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى، 16 مىڭ 368 توننا گۆش، 821 توننا يۇڭ، 122 مىڭ 624 پارچە كالا ـ قوي تېرىسى، 8100 توننا سۈت، 4500 توننا تۇخۇم، 407 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3572 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 36 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 300 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 91 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 129 مىڭ 468 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 236 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %15.1 . سانائەت قوشۇلما قىممىتى 114 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.1 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 962 توننا ئاق ھاراق، 143 مىڭ 100 توننا كۆمۈر، 27 مىليون 980 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3815 توننا ئەينەك ياسالما، 8452 توننا شوخلا قىيامى، 7316 توننا سۇ يېغى، 4727 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 111 مىڭ 403 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 105 مىڭ 538 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 174 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 96 مىليون 950 مىڭ يۈەن، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 7 مىليون 590 مىڭ يۈەن. 2002 ـ يىلى شەرقىي دالۇڭكۇ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون 350 مىڭ يۈەن پۇل مەبلىغى سېلىندى، بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 86 مىليون 430 مىڭ يۈەن پۇل مەبلىغى سېلىنىپ بولدى، 31 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى، يېڭىدىن 1 مىليون 110 مىڭ توننا ئوزۇقا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 16 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 53 مىليون 800 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 8911 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 10 مىڭ 257 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 6400 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 1008 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال

يۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 249 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك سودا بازىرىدىن 6 سى بولۇپ، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 139 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 201 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 24 مىليون 120 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 54 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 14.97%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 114 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.91% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 283 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 470 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - بېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 375 مىليون 100 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 21 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 40 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 18 مىليون 390 مىڭ يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 410 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1955، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 765. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 5 ى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1913 (مىللىي 181)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 5059 (مىللىي 718)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 53، ئوقۇغۇچىسى 9972 (مىللىي 3798)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 165 (مىللىي 14)؛ مەركىزىي بېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ چىمسار شۆبىسى بىر، كۇرسانتى 120 (مىللىي 6). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1685 (مىللىي 520). بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 96% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 7000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 143 سەھىيە ئاپپاراتى، 3014 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 87) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 158 (مىللىي 47)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 246؛ بېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 73.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ناھىيىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2885 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 481 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 24.11 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، 2602 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 6544 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى، ئۇنىڭ كۆلىمى 7.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى، ئۇنىڭ كۆلىمى 7.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

نىڭ گوفۇ

# مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 270 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 86 مىڭ 670 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 26 مىڭ 983)، يېزا نوپۇسى 70 مىڭ 842؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.39‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.16‰. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 62.4 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 29 مىڭ 836 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى، 918.9 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 103 مىليون 420 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 45 مىليون 150 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 97 مىڭ 700 گېكتار ئورمان بار، ناھىيە تەۋەسىنىڭ چاتقال بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1.14% كە يېتىدۇ. دۆلەتلىك 1 - ، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن موگۇغۇلىيە قۇلانى، يىلپىز، ئاق بوغۇز بۆكەن، قوڭۇر ئېيىق، بۇغا، ئۈلار قاتارلىقلار بار. دورىلىق

ئۆسۈملۈكلەر 400 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقى قار لەيلىسى، بىنەپشە گۈللۈك سوغىگۈل، توشقان زەدىكىدىن ئىبارەت. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، تۇز، خروم - تۆمۈر، ۋولفىرام، زېئولىت، مىس، كېپەك ئالتۇن، ھاك تېشى قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن ئىھتىدائىي توغراقلىق، ئاۋازلىق قۇمتاغ، كىرېمنىيلىق ئورمانلىق، قايىنار بۇلاق، خوجىلار قەبرىستانلىقى، ماچۇەنۇەن، نەنسەندىكى شىرېنزى ئارامگاھى بار.

ناھىيىنىڭ داڭلىق، ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتىدىن ھاڭ موگۇسى، ياڭيۇ، تەگرىتاغ ئاقاشۇل كۆك يۇرچىقى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ قۇچىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جانىس (قازاق).

ھاكىم: قابىل (قازاق، 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سىدىق (قازاق، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شۆي يۈگېجۈن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 435 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 240 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %13.5؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 62 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 131 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.3 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 442 مىليون 76 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4.6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىقنىڭ 165 مىليون 653 مىڭ 400 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 214 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 269 مىليون 88 مىڭ 600 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 120 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 80 مىڭ 480 توننا ئاشلىق (بۇنىڭ ئىچىدە ئارپا 6169 توننا، كۆممىقوناق 30 مىڭ 975 توننا، يۇرچاق 21 مىڭ 930 توننا)، 1659 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 638 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 19 مىڭ 939 توننا گۆش، 1305 توننا يۇڭ، 303 مىڭ 700 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 3325 توننا سۈت، 1047 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 1995 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون 789 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 2834 كە، مەھسۇلات قىممىتى 195 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 66 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 98 مىڭ 849 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 85 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %17.2، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.5 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 192 مىڭ توننا كۆمۈر، 600 توننا تۇز، 400 توننا ئۇن، 421 توننا ئاق ھاراق، 63 مىڭ قۇر يۇڭ يوپايكا، 51 مىڭ پار لاتا خەي، 17 مىليون 900 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %57.8 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 23 مىڭ 770 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 12 مىڭ 271 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 53 مىليون 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 26 مىليون 430 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 25 مىليون يۈەن. بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 133 مىليون 920 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 809 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 6390 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 4531 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 5300 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 1000 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 130 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ھەرخىل سودا بازىرىدىن 3 ى بولۇپ، يىللىق يۈرۈلۈش سوممىسى 56 مىليون 99 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 31 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 35 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %39.5؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 105 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.32 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ئۇرلۇك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى

قالدۇقى 479 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، تۇرلۇق ئامانەت پۇل قالدۇقى 307 مىليون 782 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سوغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سوغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 420 مىڭ يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سوغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 740 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سوغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 780 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2180، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 742. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى. 3 - ئايدا سورى ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1264 (مىللىي 415)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 5332 (مىللىي 2061)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 38، ئوقۇغۇچىسى 7931 (مىللىي 3200). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1480 (مىللىي 589). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 3800 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى، 278 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 65) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 145 (مىللىي 38)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 140. يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش تور - نۇقتىسى 131.

سورى كوماندىسى سانجى ئوبلاستلىق ئازسانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا كوللېكتىپ نومۇردا 2 - بولدى، چېلىشىش، ئات مىنىش مۇسابىقىلىرىدە 4 ئالتۇن مېدال ئالدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2571 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 926 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە 103 ئورۇندىن 5613 كىشى داۋالىنىش سوغۇرتىسىغا، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن 1741 كىشى (پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققانلار 709) پاشانغاندا كۈتۈنۈش سوغۇرتىسىغا، 2726 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سوغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 7 - ئايدا سورى ناھىيىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قۇمېيەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭلې شەھىرى ۋە شىنجاڭنىڭ باركۆل، ئاراتۇرۇك، ئۈرۈمچى ناھىيىلىرى بىلەن دوستلۇق ئورناتتى.

چېن ئەيچىن، ۋاڭ شېڭبىڭ

# بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

### ئاساسىي ئەھۋالى

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت بورتالا شەھىرىدە. 2002 - يىلى ئوبلاستتا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 424 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 138 مىڭ 500). يېزا نوپۇسى 308 مىڭ 300. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.43، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.47. ئوبلاست بويىچە 70 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 22 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 25 مىڭ 800 گېكتار يەرگە كېۋەز، 11 مىڭ 800 گېكتار يەرگە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ئوبلاست تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 478 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 75 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، 209 مىڭ گېكتار ئورمان، 1 مىليون 669 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ئوبلاست تەۋەسىدە 39 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن قارا بۆكەن، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، قۇندۇز، سېرىق بۈركۈت قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن قوڭۇر ئېيىق، قاما، بۇغا، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. ئوبلاست تەۋەسىدە دۇنيا بويىچە خەۋپ - خەتەر ئاستىدا قالغان ھايۋاندىن شىنجاڭ سالاماندراسى بار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 413 خىل بولۇپ، ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، جىغان، ئالقات، لوپنۇر كەندىرى،

سوغكۆل قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۇز، فوسفور، پېرلىيت، مەرمەر، گرانىت تاش، ھاك تېشى، گەج، ۋولفىرام، مىس قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئېگىز تاغ كۆلى — سايرام كۆلى، خاپتوغاي قارايىپ تاش جىلغىسى، خارتوراگ ئورمانچىلىق رايونى، بۆگدۆر ئارشىڭى، مىلىچكا يايلىقى قاتارلىقلار بار.

بەرلىك ئەۋزەللىككە ئىگە بايلىقلاردىن پاختا، ئېبىنۇر كۆلى ئارتېمىيە قوڭغۇزى، ئالقات، چاكاندا، «ساپالىق» ئىنجىكە يۇڭلۇق قوي قاتارلىقلار بار. ئالاھىدە كەسىپ تۈرلىرىدىن ئالاتاۋ پورتى ياغاچ ماتېرىياللارنى ئىمپورت قىلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى، سايرام كۆلىدە سوغۇق سۇدا بېلىق بېقىش كەسپى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى جې؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: چاۋجىپ (موڭغۇل)، ئەركىن ئابدۇقادىر، شى شاۋلىن، شاۋ خەنشىڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دولقۇن ئابدۇرسۇن (قازاق، 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ گوشياڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، فۇ لىمىن (7- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سىرە (موڭغۇل)، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شېن شۇچىڭ، نۇر ئابباس شېرىپ (قازاق)، ب. سانجى (موڭغۇل)، شى گۇاڭفۇ، شى لېندې، ئابدۇراخمان ھەسەن.

ئوبلاست باشلىقى: چاۋ جىب (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: شى شاۋلىن، ماغاۋ سەيىتقامىزا (قازاق، 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، بايىنغولىن (موڭغۇل)، خۇاڭ سەنپىڭ، ئىنام نەسىردىن.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: گو چىليۇ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ۋۇ لىدې (موڭغۇل)، ما يۇگۇي، يۇ داچىڭ، چىڭ دېلى (موڭغۇل)، چېن گوفاڭ (ئايال)، ئابلەت ھېلىم.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 935 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 693 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.2، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 463 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 779 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 300 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %10.28 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 842 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ئورمانچىلىقنىڭ 16 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، چارۋىچىلىقنىڭ 437 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 192 مىڭ 600 توننا ئاشلىق، 47 مىڭ 400 توننا پاختا، 20 مىڭ 900 توننا ياغلىق دان، 199 مىڭ توننا قىزىلچا، 17 مىڭ 900 توننا مېۋە - چېۋە، 7900 توننا ئالقات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 165 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 685 مىڭ 900 تۇياق چارۋا چىقىم قىلىندى. 20 مىڭ 300 توننا گۆش، 2191 توننا يۇڭ، 492 مىڭ 500 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 24 مىڭ 500 توننا سۈت، 15 مىڭ توننا تۇخۇم، 703 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 44 مىڭ 535 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 29 مىڭ 475 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 72 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 116 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 248 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 43 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 242 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 78 مىليون 878 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %16.15، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 222 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.5 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 138 مىليون 840 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 373 مىليون 80 مىڭ دانە خىش، 11 مىڭ 931 توننا پاختا يىپ، 45 مىڭ 11 توننا ساپ پاختا، 790 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 30 مىڭ 912 توننا ماشىنا قەنتى، 1181 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 3257 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 41 مىڭ 822 توننا تۇز، 105 مىڭ 700 توننا سېمونت، 5201 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 23 مىڭ 278 توننا سۇ يېمى، 920 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %94كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 189 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 324 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 193 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 858 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 552 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 79 مىليون يۈەن. نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە 236 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە جىڭدىكى تۆۋەنكى تېيەنجى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا 23 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە كەڭ بەلۋاغلىق تور قۇرۇلۇشىغا 17 مىليون 670 مىڭ يۈەن، سۇيىەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 620 مىڭ يۈەن، جىڭ ناھىيىسىنىڭ داخېيەنزى كىچىك بازىرى قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 570 مىڭ يۈەن، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش تۈرىگە 76 مىليون 870 مىڭ يۈەن، تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغا 29 مىليون 210 مىڭ يۈەن، ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا 67 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيول ئۆزگەرتىلدى. ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرى ئارقىلىق توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 495 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 306 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 19 مىليون يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 185 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونىنتى 96 مىڭ 200 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا مۇقىم تېلېفون ئابونىنتى 43 مىڭ، كۆچمە تېلېفون ئابونىنتى 73 مىڭ. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 763 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 416 مىليون يۈەن، يېزىلاردىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 347 مىليون يۈەن. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرىدىن 40 ى بار بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 156 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 181 مىليون دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 22 مىليون دوللار، ئىمپورت سوممىسى 159 مىليون دوللار. 2002 - يىلى 15 ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توختامى ئىمزالاندى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 292 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. بىر يىلدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 274 مىڭ 500 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 29 مىليون 930 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. تولۇق ئۆلچەملىك يەرلىك مالىيە كىرىمى 173 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 21.5% ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 530 مىليون يۈەنگە يېتىپ (مەخسۇس تۈر چىقىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ، 18.53% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 3 مىليارد 363 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 4 مىليارد 455 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 644 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 83 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 22 مىليون 160 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 61 مىليون 440 مىڭ يۈەن، ھەر خىل تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 15 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 11 مىليون 430 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 970 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاست بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 11 مىڭ 880، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2852. جەمئىيەت بويىچە پەن - تېخنىكا تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 110 مىليون يۈەنگە يەتتى. دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 2 سى يولغا قويۇلدى، بۇلار بورتالا شەھىرى بىلىن خارمۇدۇن يېزىسىنىڭ تۆۋەن مولۇق (666.67 گېكتار) سۇ تېجىلىدىغان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە رايون قۇرۇلۇشى (ئۇچقۇن پىلانى) ، سايرام كۆلىدە سوغۇق سۇدا بېلىق بېقىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش (نەتىجىنى قوندۇرۇپ ئايلاندۇرۇش) تۈرىدىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 9ى يولغا قويۇلدى. 8 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئوبلاستنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئوبلاستتىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر (رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى) ، ئوقۇغۇچىسى 2468؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 3، ئوقۇغۇچىسى 725 (مىللىي 476) ، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 622 (مىللىي 92) . ئوبلاست بويىچە 40 ئوتتۇرا مەكتەپ بار، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 4، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 20، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 12. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6347 (مىللىي 2750) ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 566 (مىللىي 7486) . باشلانغۇچ مەكتەپ 108، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 982 (مىللىي 14 مىڭ 203) . ھەر خىل مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 5637 (مىللىي 2864) . بالىلار باغچىسى 10، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 237. شۇ

يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 22 مىليون 689 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوبلاست بويىچە 2 كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى، 3 مەدەنىيەت يۇرتى، 4 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، 5 ئارخىپخانا، 17 يېزا - بازار مەدەنىيەت پونكىتى، 306 كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيى بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 23 مىڭ 800گە، تورلۇق كىنو قويۇش ئورنى 4 كە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 54 سەھىيە ئاپپاراتى، 1401 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 544)، دوختۇرخانىلاردا 886 كارىۋات بار.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا چويۇن توپ، دىسكا، نەيزە ئېتىش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، ئۇززۇنغا يۈگۈرۈش قاتارلىق تۈرلەردىكى مۇسابىقىلەردە، ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى 4 ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى. ئاپتونوم رايونلۇق ياش - ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدا ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى 2 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى بورتالا ئوبلاستى بويىچە يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3167 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 9257 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20.5 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15.3 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 25 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 15 مىڭ 700 ئىشچى- خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 2644 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا، 36 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. ئوبلاست بويىچە 9770 كىشى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى قوغدۇزۇش ياردىمىگە ئېرىشتى، دۆلەت نەپىقە، قوشۇمچە ياردەم بېرىدىغان ئوبيېكت 6277گە يەتتى.

## جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تەكشۈردى

2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە يېڭى زېلاندىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيەدىن كەلگەن 6 مۇتەخەسسىس ۋە جۇڭگولۇق 14 مۇتەخەسسىس ئېبىنۇر كۆلى ئەتراپىنىڭ مۇھىتىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى. ئېبىنۇر كۆلى ئالاتاۋ پورتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، تېمىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى ھېسابلىنىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 189 مېتىر ئېگىز بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە 2 - پەس يەردۇر. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا ئېبىنۇر كۆلىنىڭ شەكىللىنىشى 4 - ئېراغا تەۋە تاغ ئۈستىدىكى قار- مۇزلارنىڭ كۆپلەپ ئېرىگەن مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ. كۆل يۈزى تەخمىنەن 3000 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ياخشى ئاتلىق سۇلۇق كۆلدۇر. مۇز دەۋرى ئاخىرلاشقانلىقتىن، كىلىماتنىڭ ئىللىقلىقتا ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە، كۆلگە كىرىدىغان سۇ ئازىيىپ، كۆل يۈزى تارىيىپ، كۆل سۈيى مىنېراللىشىپ، تۇزلۇق سۇلۇق كۆلگە ئايلانغان. كۆلنىڭ سۇ يۈزى كۆلىمى 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا 1070 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى، ھازىر 600 كۋادرات كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالدى. كۆل سۈيى تەركىبىدىكى تۇز مىقدارى %14تىن ئاشىدۇ، يېمەكلىك تۇز زاپىسى 125 مىليون توننىغا، شور 100 مىليون توننىغا يېتىدۇ. كۆل بويىدا بۈك - باراقسان توغراق، سۆكسۆكتىن شەكىللەنگەن ئىپتىدائىي ئېكولوگىيىلىك رايون بار، بۇ بۇغا، جەرەن، ياۋا توشقان ۋە ياۋا ئۆردەك قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ئارامگاھىدۇر. ئاسىيا، ياۋروپا 2 - قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى كۆل بويىدىن ئۆتىدۇ. 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئېبىنۇر كۆلى نەم يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تېز ناچارلىشىپ كېتىشى ئېبىنۇر كۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى مەملىكىتىمىزدىكى 4 چوڭ قۇم - بوران مەنبەسىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى. جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەش ھەققىدە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## ئالاتاۋ پورتى

بۇ پورت بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدە بولۇپ، دۇنيا كۆز تىككەن يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ جۇڭگو بۆلىكىدىكى غەربىي ئىستىھكام ھېسابلىنىدۇ، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىردىنبىر تۆمۈريول، تاشيول بىللە مەۋجۇت بولغان دۆلەتنىڭ 1 - خىلدىكى پورتىدۇر. يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى شەرقتە مەملىكىتىمىزنىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى ليەنيۈنگاڭ پورتىدىن باشلىنىپ، غەربتە شىنجاڭنىڭ ئالاتاۋ پورتىدىن چىقىپ، ئاخىرقى نۇقتا گوللاندىيىنىڭ روتتېردام پورتىغا بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10 مىڭ 800

كىلومېتىر.

ئالاتاۋ پورتى دۆلەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1990 - يىل 6 - ئايدا قۇرۇلۇشقا باشلىغانىدى، 1992 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۆلەت پورت ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، 3 - دۆلەتكە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. تاشيول پورتى 1992 - يىل 5 - ئايدا ۋاقىتلىق ئېچىلغانىدى، 1995 - يىل 12 - ئايدا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. پورتقا قاراشلىق رايوننىڭ كۆلىمى 155 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر - بازار قۇرۇلۇشىنىڭ پىلانلانغان كۆلىمى 15 كۋادرات كىلومېتىر، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ قاپلاش كۆلىمى 7.29 كۋادرات كىلومېتىر. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە پورتقا 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ پورتنىڭ سودا، پۇل مۇئامىلە، قاتناش - ترانسپورت، ئامباردا ساقلاش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلىرى تولۇق بولۇپ، پىچىدىن گۈللىنىپ بۇ پورت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا.

ئالاتاۋ پورتىدا تۆمۈريولدا ۋاقىتلىق مال توشۇش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئۆتكۈزۈلگەن مال مىقدارى يىلمۇ يىل ئاشتى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئوتتۇرىچە يىللىق ئېشىش ھەجمى %25تىن يۇقىرى بولدى. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 27 مىليون 800 مىڭ توننىدىن ئارتۇق مال ئۆتكۈزۈلدى، ئۆتكۈزۈلگەن مال شىنجاڭدىكى 16 پورت ئۆتكۈزگەن مال مىقدارىنىڭ %90نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە ئوخشاش تۈردىكى پورتلار ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن مال مىقدارى جەھەتتە 2 - ئورۇندا تۇردى. دۆلەتكە تاپشۇرغان تاموژنا بېجى ۋە ۋاكالىتەن ئېلىنغان باج سوممىسى 6 مىليارد 270 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مال مىقدارى 5 مىليون 840 مىڭ توننىغا، تاموژنا بېجى ۋە ۋاكالىتەن ئېلىنغان باج 1 مىليارد 356 مىليون يۈەنگە، سودا مال قىممىتى 1 مىليارد 517 مىليون دوللارغا يەتتى. 2002-يىلى ئالاتاۋ پورتى يارىتقان مالىيە باج كىرىمى 37 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوبلاست بويىچە يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ %21.7نى ئىگىلىدى.

ئالاتاۋ پورتى سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى پائال ياخشىلىدى. ھەر خىل مەبلەغ سېلىش تۈرىدىن 37نى كىرگۈزدى، سېلىنغان مەبلەغ سوممىسى 390 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەدىگە ئەمەل قىلىنغان تۈر 24 بولۇپ، تۈرلەرگە 86 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مىلى، شىنتىيەن خەلقئارا ئىقتىساد تېخنىكا ھەمكارلىق شىركەتلىرىنىڭ ئالاتاۋ پورتى چېگرا سودىسى شىركىتى قاتارلىق تونۇلغان كارخانىلار بۇ پورتقا كېلىپ ماكانلىشىپ مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىندى. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە پورت بويىچە 265 كارخانا تىزىملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا سانائەت كارخانىسى 146، خۇسۇسىي كارخانا 119. تىزىمغا ئالدۇرۇلغان يەككە سودا سانائەت ئورنى 466.

ئاۋلا

# بورتالا شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بورتالا شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 524 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋ پورتىغا بارىدىغان شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى شەھەر تەۋەسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، تۆمۈر يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 462 كىلومېتىر. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار 3، يېزا 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 148 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 63 مىڭ 500)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 86 مىڭ 800. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.61، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.46. شەھەر بويىچە 27 مىڭ 614 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 9943 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمى 315 گېكتار)، 16 مىڭ 124 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ بېرىم چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شەھەر تەۋەسىدە سۇ بايلىقى مول، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 212 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 289 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا 65 مىڭ 201 گېكتار ئورمان، 567 مىڭ 500 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان 38 خىلغا يېتىدۇ، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن قارا بۆلغۈن، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق 9 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن قوڭۇر ئېيىق، قاما، چوڭ ئاق قۇ، لاچىن قاتارلىق 26 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقى چاكاندا، سوغىكۆل، چۈچۈكبۇيا، ئالقات قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ھاك تېشى، گرانىت تاش، پېرلىت قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن سايرام كۆلى، قارايىپ تاش جىلغىسى ۋە خارتوراگ مەنزىرە رايونى بار.

سايرام كۆلى بورتالا شەھىرىنىڭ 95 كىلومېتىر غەربىي

جەنۇبىغا جايلاشقان، كۆلنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2073 مېتىر، سۇ كۆلىمى 458 كۋادرات كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 92 مېتىر كېلىدۇ، بۇ كۆل شىنجاڭدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز، كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئېگىز تاغ كۆلى ھېسابلىنىدۇ، بۇ كۆلنىڭ ئاجايىپ گۈزەل، سىرلىق تەبىئىي مەنزىرىسى قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق، ھەر يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بۇ جايدا نادام بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بورتالا شەھەرلىك 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چى جۇڭيۈەن.

5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز ئەمەت.

شەھەر باشلىقى: بادمارا (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نوغاي جۇماقان (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 792 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 333 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %5.5، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 151 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.9، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 307 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 578 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %11.31 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 369 مىليون 190 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 11 مىليون 800 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 194 مىليون 420 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 30 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 99 مىڭ 19 توننا ئاشلىق، 22 مىڭ 113 توننا پاختا، 4226 توننا ياغلىق دان، 113 مىڭ 288 توننا قىزىلچا، 3212 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 442 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 10 مىڭ 201 توننا گۆش، 874 توننا يۇڭ، 218 مىڭ 654 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 9284 توننا سۈت، 12 مىڭ 673 توننا تۇخۇم، 400 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1325 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، تېرىلغۇ يەر بوشتىلىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىنغان كۆلەم 2511.6 گېكتارغا يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 2536 غا، مەھسۇلات قىممىتى 628 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 155 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 98 مىڭ 93 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 452 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %10.85، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 67 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.1 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6 مىليون 350 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 105 مىڭ 700 توننا سېمونت، 1044 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 222 مىليون 350 مىڭ دانە خىش، 4 مىليون 180 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 1125 توننا ئاق ھاراق، 1169 توننا سۇ يېغى، 23 مىڭ توننا ئۇن، 3300 توننا گۈرۈچ، 11 مىڭ 207 توننا ساپ پاختا، 41 مىليون 980 مىڭ قۇر كىيىم ـ كېچەك، 3200 پار ئاياغ كىيىم، 3803 توننا سۇلياۋ ياسالما، 327 توننا قەغەز ياسالما، 13 مىڭ 936 يۈرۈش ئۆي جاھازىسى ئىشلەپچىقىرىلدى، 200 مىڭ جوتۇل كىلوكالورىيە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %103.23 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 72 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 102 مىڭ 936 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ئىمارەت كۆلىمى 79 مىڭ 340 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 247 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 133 مىليون 870 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىش تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 65 مىليون 360 مىڭ يۈەن، بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: 25 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيول كېڭەيتىلدى؛ شەھەرنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈنىگە 25 مىڭ كۇب مېتىر ئاشۇرۇلدى، بورتالا ـ لەنجۇ سېمونت پاي شىركىتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە 8 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ بورتالا پاختا شىركىتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 346 مىليون 810 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك مىقدارى 3 مىليون 45 مىڭ تونىغا؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 214 مىليون 260 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 3 مىليون 82 مىڭ 500 گە، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 12 مىليون 619 مىڭ 300 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 124 مىليون

450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدا شەھەردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 35 مىڭ (5000 كىچىك زېرەك ئابونېنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 20 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 61 مىڭغا؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 4000غا يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 475 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرىدىن 25ى بولۇپ، يىللىق يۆتكىلىش سوممىسى 887 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 800 مىڭ دوللارغا يەتتى. شۇ يىلى سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن يۇقىرىقى كارخانىلارنىڭ بورتالا شەھىرىگە سالغان مەبلىغى 97 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 115 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 16 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 80 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 12.9% ئاشتى. يەرلىك مالىيە چىقىمى 165 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 20.52% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 258 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى 3 مىليارد 287 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 731 مىليون 400 مىڭ يۈەن، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 57 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 43 مىليون 590 مىڭ يۈەن، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 13 مىليون 410 مىڭ يۈەن، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 10 مىليون 99 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 6 مىليون 999 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 100 مىڭ يۈەن.

## يېڭى تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2002 - يىلدىكى كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4309، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1057. بىر يىلدا 3 تۈرلۈك ... پەن-تېخنىكا خىراجىتىگە 1 مىليون 520 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى. ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات نەتىجىسىدىن 3ى ئورۇندالدى. شەھەرگە قاراشلىق كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 142 (ھەممىسى مىللىي)، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1843 (مىللىي 296)، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1211 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 8692 (مىللىي 3928)، باشلانغۇچ مەكتەپ 43، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 168 (مىللىي 6917)، شەھەرگە قاراشلىق ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2396 (مىللىي 1487). باللار باغچىسى 6، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 122. شەھەر بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى (كۇتۇپخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 2 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98%كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 79%كە يەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى ئۆسمۈرلەر، دېھقان، چارۋىچىلار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىدە بورتالا شەھىرى ۋەكىللەر ئەترىتى بىر ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال ئالدى.

شەھەر بويىچە شەھەرگە قاراشلىق سەھىيە ئاپپاراتى 2 (سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى)، يېزا، بازار شىپاخانىسى 6، يەككە داۋالاش ئورنى 65، پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى 4؛ 491 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 257) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 312 (مىللىي 145)، دوختۇرخانىلاردا 91 كارىۋات بار. كەنت دەرىجىلىك شىپاخانا 102، يېزا، كەنت دوختۇرى ۋە سەھىيە خادىمى 105.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 5 - ئۆسمۈرلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ چېلىشىش تۈرىدە، ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى 2 تۈردە 2 - لىككە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسىدە بورتالا شەھىرى كوماندىسى 2 - لىككە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بىر تۈردە 2 - لىك، بىر تۈردە 3 - لىك قولغا كەلتۈرۈلدى. 4 - ئايدا بورتالا شەھىرى گۈللۈمتۇ مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار مەھەللە بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى بورتالا شەھىرىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3437 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9527 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12.64 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 11 مىڭ 209 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 9297 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، پېنسىيىگە، دەم

ئېلىشقا چىققان 1603 ئادەم پاشائىغاندا كۆتۈنۈش ئاساسى سۇغۇرتىسىغا، 15 مىڭ 679 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 5 ى تاماملاندى، بۇ تۈرگە 5558 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇھىتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىغان «15 كىچىك» كارخانا قانۇن بويىچە تاقالدى.

## شويىڭپەن بازىرى توخۇ باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇردى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بورتالا ئوبلاستى مول ئاشلىق بايلىقىغا تايىنىپ، توخۇ باقمىچىلىقىنى شويىڭپەن بازىرىنىڭ ئەۋزەل ۋە تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندۇردى. «شىركەت + جەمئىيەت + دېھقان ئائىلىسى»دىن ئىبارەت ئاساسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى، بازىلاشتۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش، كۆلەملەشكەن تەرەققىيات، نەسىل كىرگۈزۈش، چۈجە چىقىرىش، بېقىش، يۇقۇمدىن ساقلىنىش داۋالاش، سېتىش، توخۇ گۆشى، تۇخۇم تەخسىس ئىشلەپچىقىرىش، توخۇ گەندىسىدىن بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەش قاتارلىقلار بىرگەۋدە قىلىنغان كەسپلەشكەن ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇنى بۇ بازارنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى مۇھىم بۆسۈش ئېغىزى قىلدى. 2002 - يىلى توخۇ باقمىچىلىقىدىن 54 مىليون 650 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، بۇ سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 22%نى، چارۋىچىلىق كىرىمىنىڭ 59%نى ئىگىلىدى. بازار بويىچە 1000 نەچچە ئادەم توخۇ باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىدى، 300 دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى توخۇ باقمىچىلىق كەسپىدە ئىشقا ئورۇنلاشتى. 2002 - يىلى «يىنپەن» ماركىلىق يېڭى تۇخۇم دېھقانچىلىق نازارىتى، داڭلىق ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بېكىتىش كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭنىڭ 2002 - يىللىق داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى دەپ بېكىتىلدى. «يىنپەن» يېڭى تۇخۇمى بورتالا شەھىرىنى تەمىنلەپلا قالماي، يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بازارنىڭ 3 تىن بىر ئۈلۈشىنى ئىگىلىدى. ھازىر شويىڭپەن بازىرى شىنجاڭدىكى 3 چوڭ تۇخۇم يىغىپ تارقىتىش بازىسىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، باقمىچىلىق كۆلىمى 1 مىليون 200 مىڭغا، كۈننگە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان تۇخۇم 38 تونناغا يەتتى.

★ 2 - ئايدا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى بورتالا شەھىرىگە «خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر» دەپ نام بەردى. شۇ يىلى 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بورتالا شەھىرىگە «خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر» دەپ نام بەردى.

★ 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بورتالا شەھىرىدىكى غەربىي قىسىم مەدەنىيەت مەيدانى پۈتتى، مەيدان قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مەيداننىڭ كۆلىمى 4 گېكتار بولۇپ، 10 مىڭ ئادەم سىغىدۇ. بۇ مەيدان غەربكە كۆچۈش، شەرققە قايتىش، دۆلەت بايرىقى، تىنچلىقتىن ئىبارەت 4 كىچىك مەيداننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

★ 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 2002 - يىللىق جۇڭگو خەلق سەنئىتى ساياھىتى بورتالا نادام ئوتلاق بايرىمى بورتالا شەھىرىدىكى بەيگە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى.

جاڭ ئىي

# جىڭ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

جىڭ ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە، ئەبىرناغىنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان بولخىنۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 423 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 412 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 3، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 124 مىڭ 557 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 37 مىڭ 603)، يېزا نوپۇسى 77 مىڭ 374؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.21‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.83‰. ناھىيە بويىچە 22 مىڭ 820 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 3220 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 19 مىڭ 883 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى تىپىك قۇرغاقلىق ئىچكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

جىڭ ناھىيىسىنىڭ تەۋەلىكىدە ئىگىلەنگەن مىنېراللاردىن ئالتۇن، پاختا، ئاش تۇزى، ئارتېزىيە قۇدۇقى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، كۆمۈر، مولىبدېن، فوسفور قاتارلىقلار بار. زاپىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. سەيلىگاھلاردىن گەنجاغۇ كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ئېبىنۇر كۆلى، شياۋخەيزى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىڭ ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ

شۇجىسى: گو شياگېي.

12 - ئۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ن. جاۋا (موڭغۇل).

ھاكىم: تىلەۋگەبېن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - ئۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: (ۋاقىتىنچە ئورنى بوش).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 614 مىليون 90 مىڭ يۈەن (ھېگتۇۋەتنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 259 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7.9%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 106 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.8%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 248 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.1% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 472 مىليون 433 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.93% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 347 مىليون 435 مىڭ 200 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 795 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 121 مىليون 663 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 540 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 35 مىڭ 824 توننا ئاشلىق، 25 مىڭ 262 توننا پاختا، 219 توننا ياغلىق دان، 7613 توننا ئالقات، 1700 توننا قىزىلچا، 7613 توننا دورا ماتېرىياللىرى، 370 توننا ياڭيۇ، 14 مىڭ 220 توننا كۆكتات، 15 مىڭ 652 توننا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 321 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 5130 توننا گۆش، 617 توننا يۇڭ، 118 مىڭ 450 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 9953 توننا سۈت، 1420 توننا تۇخۇم، 280 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 329 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 3205كە، مەھسۇلات قىممىتى 315 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 60 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 13 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 84 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 289 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11.1%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.3% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 41 مىڭ 822 توننا تۇز، 24 مىڭ 50 كىلوۋات سائەت توك، 126 مىڭ 500 كىلوجوئۇل ئىسسىقلىق، 908 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 5169 توننا سىز يېغى، 23 مىڭ 293 توننا ساپ پاختا، 4235 توننا پاختا يىپ، 410 توننا يەم - بوغۇز، 33 مىڭ 300 قۇر كىيىم - كېچەك، 4041 يۈرۈش ئۆي جاھازىسى، 967 توننا بىرىكمە خىمىيىۋى ئوغۇت، 32 توننا سۇلياۋ ياسالما، 150 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 27 مىليون 400 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 62.3%كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 104 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 74 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 152 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 136 مىليون 30 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 4 مىليون 890 مىڭ يۈەن. يۈك ئوبوروت مىقدارى 477 مىڭ 900 توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 353 مىڭ 100 ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 16 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 8351گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 15 مىڭ 37گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 680گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 150 مىليون 558 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 16 مىليون 100 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 37 مىليون 10 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 10ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 39 مىليون يۈەنگە يەتتى. 31 مىڭ 60 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 580 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 36 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 9.35%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 120 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.85% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 772 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 776 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 617 مىليون 480 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 18 مىليون 860

مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 298 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1702، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 457. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 480، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1921 (مىللىي 555)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 5877 (مىللىي 1881)، باشلانغۇچ مەكتەپ 42، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 996 (مىللىي 4384)، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1702 (مىللىي 733). بالىلار باغچىسى 6 (خۇسۇسىيلار قۇرغان بالىلار باغچىسى بۇنىڭ سىرتىدا). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 8500گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى، 333 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 155) بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 79 (مىللىي 20)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 248، يېزا، كەنتلەردىكى تىببىي داۋالاش نۇقتىسى 114.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى جىڭ ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3197 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7227 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 6337 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3812 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 546 خادىم پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ سۇغۇرتا پۇلى ئالدى، 8576 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 5ى ئاماللاندى، بۇ تۈرلەرگە 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ئىزاھ: يۇقىرىدىكى تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتلار ئىچىدىكى ئىزاھلانمىغاندىن باشقىلىرى بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

يۈەن يۈن

★ 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جىڭ ناھىيىسى باجىياخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى دېھقانچىلىق 6 - ئەترىتى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى «ئىشەنچلىك كەنت» بولدى. ئەترەت بويىچە 45 دېھقان ئائىلىسى نەق مەيداندا ئامانەت قەرز كوپېراتىپى تارقاتقان دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز ئېلىش كىنىشكىسىنى ئالدى.

★ 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جىڭ ئالقىتىنىڭ ئەسلى چىققان جايىنى ئىسپاتلاش تاۋار بەلگىسى بويىچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى جىڭ ناھىيىسىدە ئېچىلدى. ئالقات تېرىش جىڭ ناھىيىسىدە 30 يىللىق تارىخقا ئىگە. جىڭ ئالقىتىنىڭ ئەسلى چىققان جايىنى ئىسپاتلاش تاۋار بەلگىسىگە ئېرىشىشى شىنجاڭنىڭ كورلا نەشپۈتى، قۇمۇل چوڭ چىلانىدىن كېيىنكى 3 - بولۇپ ئەسلى چىققان جايىنى ئىسپاتلاش تاۋار بەلگىسىگە ئېرىشكەنلىكى ھېسابلىنىدۇ.

تاۋلا

## ئارىشاڭ ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئارىشاڭ ناھىيىسى بورتالا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 625 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 62 مىڭ 346 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 26 مىڭ 636). يېزا نوپۇسى 46 مىڭ 781، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.74، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.26. ناھىيە بويىچە 19 مىڭ 970 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 9080 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 8240 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 800 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 312 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 3 ئورۇندا ئارىشاڭ بار، سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 45℃ ئەتراپىدا. ناھىيە بويىچە 43 مىڭ گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %7.3كە يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە دۇنيا بويىچە ئەتىۋارلىق ھايۋان — شىنجاڭ سالاماندىراسى بار. باشقا ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، جەرەن، تاغ ئۆچكىسى، سۇغۇر، ئېيىق، ئۆلار، يىلپىز قاتارلىقلار بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى سوغىگۈل، چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، پەربون، چاكاندا، قانتېپەر، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن

ۋولفىرام، تۆمۈر، مىس، تۇز تاش، گەچ، ئالتۇن، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن ئارشاڭ ناھىيىسى ئورمان باغچىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جكپ ئارشاڭ ناھىيىلىك 11- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ زىجۇڭ.

12- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئورمان غازى (قازاق).

ھاكىم: دا. گاڭبۇ (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 10- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليې شيەنچاڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002- يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 286 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 132 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن %13.6؛ 2- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9؛ 3- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 99 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 249 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن %3.44 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 125 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 120 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 100 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 57 مىڭ 434 توننا ئاشلىق، 94 مىڭ 113 توننا قىزىلچا، 360 توننا مېۋە- چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 401 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 4956 توننا گۆش، 5391.6 توننا سۈت، 700 توننا يۇڭ، 155 مىڭ 391 پارچە تېرە، 920 توننا تۇخۇم، 22 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3440.8 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەمنى شۇنىڭ ئىچىدە)، ئېتىز- ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 390 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 65 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 170 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 31 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 96 مىليون 317 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001- يىلدىكىدىن %4.25 تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 13 مىليون 400 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 19 مىڭ توننا ئۇن، 6418 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 3 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 14 مىڭ 749 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى شۇ يىلى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 63 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى تاماملانغان ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: يېزىلاردىكى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ياخشىلاش، كېسەللىكتىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 170 مىڭ يۈەن؛ تەبىئىي ئوتلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 710 مىڭ يۈەن؛ تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان ۋە ئوتلاق بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 24 مىليون توننا- كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 100 مىڭ ئادەم- كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3779غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 7792گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2000غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 239غا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 89 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 35 مىليون 60 مىڭ يۈەن، تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرىدىن 9ى بار بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 21 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سەيلى- ساياھەتچى 55 مىڭغا يەتتى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 80 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن %11.45، يەرلىك مالىيە چىقىمى 89 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.96 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 255 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 246 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 185 مىليون 520 مىڭ يۈەن. سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال مۈلۈك سوغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 590 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سوغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 100 مىڭ يۈەن.

تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 295 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 995 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 300 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1903، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 477. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 4ى تاماملاندى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 22، ئوقۇغۇچىسى 5659 (مىللىي 1836)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 3669 (مىللىي 1043)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 803 (مىللىي 248). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1059 (مىللىي 527). بالىلار باغچىسى 3، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 57. 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئارشاڭ ناھىيىلىك بازار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى پۈتتى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93.4كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %35كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 8 تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 2، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 229 (مىللىي 151)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 151 (مىللىي 97)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 132.

2002 - يىلى 5 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، 8 قېتىم ساغلاملىق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، بۇلارغا 3460 ئادەم قاتناشتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 6 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، 7 مىس مېدال ئالدى. شۇ يىلى 3 تەنھەرىكەتچى دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى دەرىجىسىگە يەتتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئارشاڭ ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2463 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7223 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 9 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 1751 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا، 5285 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا، پېنسىيىگە دەم ئېلىشقا چىققان 398 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا، 3789 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

ۋاڭ يىڭ، جاڭ فەن، لى شىجيې

# بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

### ئاساسىي ئەھۋالى

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت كورلا شەھىرىدە. 2002 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 88 مىڭ 700 (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 198 مىڭ 500 نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 465 مىڭ 700، يېزا نوپۇسى 654 مىڭ 300؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.41، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.35. ئوبلاست بويىچە 221 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ تېرىلغۇ يېرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، 57 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 164 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئوبلاست تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 10 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 3 مىليارد 41 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 604 مىڭ گېكتار ئورمان بار. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %1.25. 11 مىليون گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار. بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق 8 مىليون 200 مىڭ گېكتار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك 400 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يوغان باش بېلىق، ياۋا تۆگە، قۇلان قاتارلىق 11 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن بۇغا، يىلپىز، سۈلەيسۈن، ئارقار،

كۆكمەت، ئاغ ئۆچكىسى، ئىيەت بۆكىنى، ئاق قۇ قاتارلىق 12 خىلى بار. 147 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار. بۇنىڭ ئىچىدە چۇچۇكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى، قار لەيلىسى، مەرزەنجۇش، سوغىگۈل، پەربون قاتارلىقلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز، كالىي تۇزى، ۋېرمىكۇلىت، ساپال توپىسى، ھاك تېشى، قاش تېشى قاتارلىقلار بار. ئوبلاست تەۋەسىدە باغراش كۆلى، بايىنبۇلاق يايلىقى قاتارلىق ئورغۇن سەيلىگاھلار بار.

يەرلىك داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن كورلا نەشپۈتى، بۈگۈرنىڭ ئاق كىشمىش ئۈزۈكى، چەرچەن ۋە چاقىلىقنىڭ چىلىنى، قاراشەھەرنىڭ يېسىۋىلىكى، قىزىل مۇچى، سامساقى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىخېڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: بادەي (موڭغۇل)، مو جۈەن (ئاپال)، ئوبۇلقاسىم زۇنۇن، جۇ چاڭجيې، جاڭ بو، شېن جەنخۇا (8. ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بۇلگا (ئاپال، موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى جۈپىڭ، مۇسا كېرەم، خې لىنشياۋ، گاردى (موڭغۇل)، ياڭ فاگۇاڭ (خۇيزۇ)، ليۇ كېيى، توختى نۇر.

ئوبلاست باشلىقى: بادەي (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: جاڭ خەندۇڭ، چېن شىنيۇ، شۇ جىنجۈەن (10. ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مەمەت ئېزىز، ليۇ جىيۇڭ (خۇيزۇ)، باۋرى (موڭغۇل)، جاۋ شاۋۋېي.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شەن گوجۇ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: سۇن يۈنشۈەن، ئوسمان ئۆمەر، دا مىڭجاڭ (خۇيزۇ)، ۋاڭ چۈەن، بارات ئابىردامولا، لى زۇختاڭ، باتەي (موڭغۇل)، جاۋ دېشەن، ئو. زۇگگۇلۇپ (موڭغۇل).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 14 مىليارد 854 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 680 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %7.9؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 805 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 369 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 825 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 596 مىليون 900 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 94 مىليون 760 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 1 مىليارد 97 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 36 مىليون 210 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 344 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 144 مىڭ 200 توننا پاختا، 10 مىڭ توننا ياغلىق دان، 744 مىڭ 400 توننا قىزىلچا، 226 مىڭ 100 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3 مىليون 327 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 78 مىڭ 600 توننا گۆش، 5132 توننا يۇڭ، 1 مىليون 593 مىڭ 300 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 38 مىڭ 300 توننا سۈت، 12 مىڭ 800 توننا تۇخۇم، 7673 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى.

5885 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 204 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 871 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 770 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 214 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %10.34، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 5 مىليون 230 مىڭ توننا نېفىت ئېلىندى، 309 مىڭ 600 توننا نېفىت پىششىقلاندى، 1 مىليارد 138 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 1 مىليارد 709 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 769 مىڭ 800 توننا سېمونت، 41 مىڭ 800 توننا پاختا يىپ، 95 مىڭ 700 توننا كونسېرۋا، 839 مىڭ توننا كۆمۈر، 48 مىڭ 800 توننا ئاشپاختا، 77 مىڭ 300 توننا شېكەر، 5980 توننا سۇلياۋ ياسالما، 4271 توننا سۈت ياسالمىسى، 2152 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 39 مىليون 960 مىڭ مېتىر رەخت ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %99.3 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 848 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 260 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 523 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 9 مىليارد 457 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 7 مىليارد 267 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 582 مىليون يۈەن. يېڭىدىن

كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: 1 مىليون 40 مىڭ توننا تەبىئىي نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى، پاختا يىپ ئۇرچۇقى 9360، يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پىۋا 10 مىڭ توننا، ئاق ھاراق 10 مىڭ توننا، توك يوللاش سىمى 85 كىلومېتىر، 110 مىڭ ۋولتتىن يۇقىرى، 5.35 ئۈزەڭ كىلومېتىر ئوپتىك تالالىق ئالاقە سىمى ئىشلەپچىقىرىلدى، 112 كىلومېتىر 2 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى (دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى بۇنىڭ سىرتىدا)، شەھەرنى كۈنىگە تۇرۇبا سۇيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 270 مىڭ توننا.

ھەرخىل قاتناش ۋاسىتىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 761 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 55 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 600 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 23.7 دىن توغرا كەلدى. ئوبلاست بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 818 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرىدىن 95 ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 2 مىليارد 942 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 55 مىليون 675 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 47 مىليون 667 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 8 مىليون 8000 دوللار. 1 مىليون 650 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 172 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 861 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 13.6% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 619 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.98% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 11 مىليارد 553 مىليون يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 17 مىليارد 59 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 8 مىليارد 815 مىليون يۈەن. يىللىق سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 476 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 163 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 313 مىليون 30 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 122 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 81 مىليون 250 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 40 مىليون 770 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلى ئوبلاست بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 38 ى تاماملاندى. ئوبلاست بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 856، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 51، ئوقۇغۇچىسى 51 مىڭ 811؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 314، ئوقۇغۇچىسى 95 مىڭ 295. مىللىي ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ 49.74% نى ئىگىلەيدۇ. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 16 مىڭ 195 (مىللىي 9511)، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 14 مىڭ 278 (مىللىي 8481). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 42 مىليون 788 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوبلاست بويىچە 6 سەنئەت ئۆمىكى، 10 مەدەنىيەت يۇرتى، 81 مەدەنىيەت پونكىتى، 3 مۇزېي، 10 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 98% كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 33% كە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 164 سەھىيە ئاپپاراتى؛ 6272 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 3023 (مىللىي 2017)؛ دوختۇرخانىلاردا 5057 كارىۋات بار. داۋالاش نۇقتىلىرى تەسىس قىلىنغان يېزا - كەنت پۈتكۈل يېزا، كەنتنىڭ 83.2% نى ئىگىلەيدۇ. يېزا - كەنت دوختۇرى ۋە سەھىيە خادىمى 503.

2002 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى 2 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 30 ئالتۇن مېدال، 25 كۈمۈش مېدال، 30 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7687 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3008 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2086.5 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 470 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 81 مىڭ 700 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 66 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 91 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 32 سى تاماملاندى،

يۈتكەندە 45 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، كۆلىمى 38 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 3 ى؛ كۆلىمى 24.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن - سۈرەن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 2 سى بەرپا قىلىندى.

★ 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە تۇنجى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بايىنغولىن كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 520 گە، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى.

لى شىتاڭ

# كورلا شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كورلا شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 471 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 603.55 كىلومېتىر، ئاۋىئاتسىيە مۇساپىسى 347 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 2، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 389 مىڭ 411. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 118 مىڭ 338. يېزا نوپۇسى 158 مىڭ 42؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.07%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.05%. شەھەر بويىچە 29 مىڭ 61.87 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7306.4 گېكتار يەرگە (ئېگىز تۈرنى تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 14 مىڭ 638.8 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كلىماتىغا كىرىدۇ.

شەھەر تەۋەسىدە تارىم، كۆنچى دەريالىرى بار. تاغلىق رايونلاردا 71 مىڭ 200 گېكتار ئوتلاق، تۈزلەڭلىكتە 85 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاق بار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن شىنجاڭ خاپانباش بېلىقى، باۋا تۆگە قاتارلىقلار؛ دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن بۇغا، تاغ ئۆچكىسى، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى، سۇغىنگۈل، ئالقات، پەربۇن، چاكاندا قاتارلىقلار بار. ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، گرانىت تاش، مەرمەر، سلانتس، گەج، ئالتۇن، دولومىت، نېفىت، تەبىئىي گاز، ساپال توپىسى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن تېلۈپەر كۆلى، باشئەگىم، ئاخۇن كۆل قاتارلىقلار بار.

كورلا شەھىرىدىن پاختا كۆپ چىقىدۇ. مېۋە - چېۋىلەردىن نەشپۈت پىلەن ئاق ئۈزۈم داڭلىق.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كورلا شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنشىن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمەت يۈسۈپ.

شەھەر باشلىقى: مۇتەللىپ يۈسۈپ.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇن جيەنشىن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ شىمو (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 11 مىليارد 24 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 785 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7.4%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.7%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 339 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.9% ئاشتى.

شەھەرگە تەۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 949 مىليون 827 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.18% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 666 مىليون 549 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 14 مىليون 583 مىڭ 900 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 262 مىليون 255 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 6 مىليون 439 مىڭ 200 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 36 مىڭ 811 توننا ئاشلىق، 26 مىڭ 30 توننا پاختا، 10 توننا ياغلىق دان، 65 مىڭ 174 توننا مېۋە - چېۋە (نەشپۈت 64 مىڭ 144 توننا)، 109 مىڭ 212 توننا كۆكتات، 19 مىڭ 363 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 304 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 19 مىڭ 835 توننا گۆش، 826 توننا يۇڭ، 3.21 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 181 مىڭ 164 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 5283 توننا سۈت، 60 كىلوگرام يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، 5562 توننا تۇخۇم، 3 توننا ھەسەل، 808 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 552 گېكتار يەردە ئورمان

بەرپا قىلىندى، 2000 گېكتار يەردە تاغ قورشىلىپ ئورمان بەرپا قىلىندى، 357 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 490 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 586 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 163 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى.

شەھەرگە تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 521 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %34.5 ئاشتى. شەھەر تەۋەسىدىكى سانائەت قوشۇلما قىممىتى 116 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەر تەۋەسىدىكى ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليارد 655 مىليون 10 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 1 مىليارد 79 مىليون 260 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون 130 مىڭ كىلوجوئۇل ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى، 504 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 5 مىليون 20 مىڭ توننا نېفىت، 283 مىڭ توننا پىششىقلانغان نېفىت، 1 مىليارد 88 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 8000 توننا نېفىت ئېچىشتا پايدىلىنىلىدىغان خىمىيىلىك ياردەمچى خۇرۇچ، 4704 توننا سۇ يېغى، 2949 توننا پەمىدۇر كونسېرۋاسى، 3300 توننا پۇرچاق پىشلىقى، 38 مىليون 360 مىڭ كۇب مېتىر سۇ، 1014 توننا پىۋا، 37 مىڭ 656 توننا ساپ پاختا، 41 مىڭ 807 توننا پاختا يىپ، 39 مىليون 960 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 310 مىڭ 100 قۇر كىيىم - كېچەك، 20 مىڭ پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 5080 كۇب مېتىر تىلىنغان ياغاچ ماتېرىيال، 21 مىڭ 987 دانە ئۆي جاھازىسى، 4700 توننا سۇلياۋ ياسالما، 235 مىڭ توننا (شەھەرگە تەۋە) سېمونت، 42 مىڭ 300 توننا قەغەز بوتقىسى، 4469 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما، 11 مىڭ 463 توننا سېمونتتىن ياسالغان يۇندا تۇرۇبىسى، 23 مىڭ 353 توننا فابرىكا قەغىزى، 47 مىليون 950 مىڭ دانە خىش، 1784 كۋادرات مېتىر مەرمەر تاختا ماتېرىيال، 6135 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا ماتېرىيال، 233 توننا سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان فارفور، 386 توننا بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال بۇيۇم، 8140 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %99 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 693 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 7 مىليارد 308 مىليون 150 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 4 مىليارد 69 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە شەھەرگە تەۋە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 416 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 447 مىليون 10 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 437 مىليون 640 مىڭ يۈەن، باشقىلىرىغا سېلىنغىنى 531 مىليون 420 مىڭ يۈەن. نۇقتىلىق تۈرلەردىن شەھەرگە سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىغا 165 مىليون يۈەن، كۆنچى دەرياسىنى كۆكەرتىش مەنزىرە بەلۋېغى قۇرۇلۇشىغا 34 مىليون يۈەن، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 241 مىليون يۈەن، يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىشكە 261 مىليون يۈەن، پوچتا - ئالاقە مۇئەسسەسەلىرىگە 132 مىليون يۈەن، شەھەر مەمۇرىيىتى ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىگە 394 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 23 كىلومېتىر شەھەر يولى كېڭەيتىلدى، 41 . 66 كىلومېتىر يول ئۆزگەرتىلدى. 23 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئۇزۇنلۇقى 6 . 13 كىلومېتىر كېلىدىغان قاقاس تاغقا سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 27 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يۇخۇي تاشيولى قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ھەرخىل قاتناش ۋاستىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 38 مىليون 460 مىڭ توننا. كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 12 مىليون 431 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ يىللىق تىجارەت سوممىسى 26 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 484 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 99 مىڭ 300 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 89 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 13 مىڭ 800 گە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 298 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك سودا بازىرىدىن 1371 ى بار بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 2 مىليارد 14 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 49 مىليون 944 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 6 مىليون 262 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 43 مىليون 682 مىڭ دوللار. شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 5 ى ئىمزالاندى، سوممىسى 10 مىليون 90 مىڭ دوللار، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 3 مىليون 980 مىڭ دوللارغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىچكى جەھەتتە كىرگۈزۈش - سىرت بىلەن بىرلىشىش تۈرىدىن 16 سى ئىمزالاندى، تۈر سوممىسى 503 مىليون يۈەنگە يەتتى. شىمەن يەرمەنكىسى ۋە ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىپ 32 تۈردە توختام ئىمزالاندى، كېلىشىم بويىچە كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغ 2 مىليارد 264

مىليون يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 30 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 98 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 495 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 12.47% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 515 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.99% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 7 مىليارد 668 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 13 مىليارد 75 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 5 مىليارد 437 مىليون 490 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 343 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 67 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلى كورلا شەھىرىدە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 52 سى يولغا قويۇلدى، 24 تۈر پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى بويىچە باھالاپ بېكىتىلدى، 23 تۈر شەھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا، 5 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شەھەر بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 6183، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1992. شەھەرگە تەۋە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 2 (مىللىي 6952)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 76، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 3، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 663 (مىللىي 10 مىڭ 866). ھەرخىل مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3618 (مىللىي 2029). باللار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 3704، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 191 (مىللىي 59). شەھەر بويىچە مائارىپقا 98 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، 3 مەكتەپتە ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى، 5 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئىشى تاماملاندى. شەھەر بويىچە 4 سەنئەت ئۆمىكى، 5 مەدەنىيەت يۇرتى، 3 كۇتۇپخانا، بىر ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، 2 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، شەھەردە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، يېزىلاردا تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 66 مىڭغا يەتتى. ھەممە كەنتلەرگە رادىئو، تېلېۋىزىيىنى ئۇلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شەھەر بويىچە 4 كىنوخانا، 5 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بار. خىلمۇخىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى، پائالىيەتكە 1 مىليون ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

شەھەر بويىچە 53 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 2، يېزا - بازارلاردىكى شىپاخانا 11؛ ئىشچى - خىزمەتچىسى 3275، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2703؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 2195.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى كورلىدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6800 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5869 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3496 يۈەنگە يەتتى. شەھەرگە تەۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 495 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19.21 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شەھەردىكى قۇرۇلۇش قىلىنغان رايوننىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 35.18% كە، يېشىللىق نىسبىتى 33.24% كە يەتتى. كورلا شەھىرى يەنە بىر قېتىم شەھەر قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدا 1 - لىككە ئېرىشتى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر شەھەر بويىچە 34 مىڭ 699 ئىشچى- خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 38 مىڭ 523 ئىشچى- خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 11 مىڭ 926 ئادەم داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. شەھەر بويىچە مەھەللە مۇلازىمەت مۇئەسسەسەسىدىن 172 سى بار. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى چېكىدىن تۆۋەن ئادەم 7852 بولۇپ، بۇلار ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن قىلىندى.

★ 2002 - يىلى كورلا شەھىرى شۋېتسىيىنىڭ «لىلى» شىركىتىدىن ئۇلترا يۇقىرى تېزلىكتە مىكروب ئۆلتۈرۈش ۋە مىكروبسىز قاچىلاش ئۈسكۈنىسىنى كىرگۈزۈپ، كورلىنىڭ ئۇلترا يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا مىكروبسىزلاندۇرۇپ سۈتنى يېڭى پېتى ساقلاشتەك بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ ئۈسكۈنىنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 560 توننا.

★ 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كورلا شەھىرىنىڭ بىر قىسىم يېزا - بازارلىرى مۆلدۈرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، 2 يېزا - بازار، 5 مەمۇرىي كەنتنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم ئازكەم 667 گېكتار بولدى.

★ 11 - ئايدا كورلا شەھىرىنىڭ تاشقىن رايونىدا نامراتلارنى يۆلەش - قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى. دوختۇرخانا قىيىنچىلىقى ئېغىر كېسەللەر داۋالانغىلى كەلگەندە نومۇر ئېلىش ھەققى، داۋالىنىش ھەققى، دوختۇرخانىدا يېتىش ھەققى، جىددىي قۇتقۇزۇش

ھەققى، كۆتۈش ھەققى، ئوپېراتسىيە ھەققى، بىر تەرەپ قىلىش ھەققى، تەكشۈرۈش ھەققى قاتارلىق ھەققلەرنى ئالماسلىق، تۇرلۇك قوشۇمچە تەكشۈرۈشلەردە، ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان داۋالىنىش ھەققى ئۆلچىمىنىڭ 50% ى بويىچە ھەق ئېلىش، دورا ھەققىنى باھا تارماقلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن باھادىن 30% تۆۋەن باھا بويىچە ئېلىشنى بېكىتتى.

تيەن فاشيالڭ

# بۈگۈر ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بۈگۈر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 633 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 645 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 8، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 92 مىڭ 856 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 79 مىڭ 453)، يېزا نوپۇسى 71 مىڭ 153؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.18‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.6‰. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 8500 گېكتار ئاق يەرگە ۋە ئېگىز ئورۇنغا تاشلىق زىرائەت، 9500 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

بۈگۈر ناھىيىسى دۆلەتنىڭ ئاشلىق، پاختا بازا ناھىيىلىرىنىڭ بىرى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 560 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 283 مىڭ گېكتار ئورمان، 1 مىليون 15 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. دۆلەتلىك 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى قوڭغۇر ئېيىق، يىلپىز، سۇلەيسۇن، ئارقار، بۇغا، ئۆلار، ئاق قۇ قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، قانتبېيەر، كىرەش، چاكاندا قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، كرىستال تۇز، كۆمۈر، چىرىمتال، گەج، مىس قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن جەنۇبىي بۈگۈر نېفىتلىك كىچىك رايونى، قۇملۇق توغراقلىق باغچىسى، سوخۇ مەنزىرە رايونى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۈگۈر ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جىنفېڭ.

14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھوشۇر ئىمەت.

ھاكىم: مەمتىمىن قادىر.

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېڭ جيەنشى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 511 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 245 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 9.8%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 101 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 38.5%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 164 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.1 % ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 391 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 13.04% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 303 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 340 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 79 مىليون 540 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 800 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 70 مىڭ 867 توننا ئاشلىق، 16 مىڭ 289 توننا پاختا، 500 توننا ياغلىق دان، 30 مىڭ 377 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 322 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 5607 توننا گۆش، 241 مىڭ پارچە كالا، قوي تېرىسى، 80 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4004 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 114 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 66 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 131 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 281 مىڭ توننا كۆمۈر، 6765 توننا تۇز، 3519 توننا ئىنچىكە ئىشلەنگەن تۇز، 1099 توننا كۆمۈر قارىسى، 1 مىليون 233 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 11 مىليون 370 مىڭ دانە خىش، 9200 توننا ساپ پاختا، 5747 توننا ئۇن، 174.3 توننا پالاق ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 46 مىڭ 932 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 44 مىڭ 38 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 188 مىليون 600

مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 150 مىليون 280 مىڭ يۈەن. 6000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېڭى يول ياسالدى، 2000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول قايتىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالدى. تۈرلۈك قاتناش ۋاسىتىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 109 مىليون 350 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 28 مىليون 30 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 12 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 188 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 98 مىليون 890 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا ئازكەم 100 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 100 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 118 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.68%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 125 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.46% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 802 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 680 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 378 مىليون 630 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 13 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 10 مىليون 180 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 60 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2676، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 661. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 7140 (مىللىي 6518)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 59، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 512 (مىللىي 9352)، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1700 (مىللىي 1400). مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ خىراجىتىگە 27 مىليون 900 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا (سېلىنىۋاتىدۇ) بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 99% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 4000 نەپەرگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 13، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر؛ 296 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 194)، دوختۇرخانىلاردا 313 كارىۋات بار.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى بۈگۈر ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2740 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 276 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 2600 دىن كۆپ ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا، 4000 دىن كۆپ ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 560 نەپەر كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى.

★ 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تارىم توغراق بايرىمى ۋە فوتو سۈرەت مۇسابىقىسى توغراق باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

★ 11 - ئايدا تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشكە ماسلىشىش ئۈچۈن سوغۇ يېزىسىدىكى 100 ئائىلىلىك دېھقان يېڭى جايغا كۆچۈرۈلدى.

جاۋ شىنچېڭ

## لوپنۇر ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

لوپنۇر ناھىيىسى ئەگرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاتىيول مۇساپىسى 530 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 104 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 29 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 81 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.44‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.62‰. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1770 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 440 گېكتار)، 20 مىڭ 570 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 10 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىدە 234 مىڭ 700 گېكتار ئېچىشقا بولىدىغان يەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە سۇيەتلىك يەر 60 مىڭ گېكتار. 170 مىڭ گېكتار ئورمان بار، بۇنىڭ ئىچىدە توغراقلىق كۆلىمى 67 مىڭ گېكتار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئېپتىدائىي توغراق مۇھاپىزەت رايونىدۇر. ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 37 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 420 مىڭ گېكتار. قېزىلما بايلىقى مول بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋېرمىكۇلىتنىڭ زاپىسى 14 مىليون 800 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي ۋېرمىكۇلىت زاپىسىنىڭ %93 نى ئىگىلەيدۇ، جەنۇبىي ئافرىقىدىن قالسا دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقى مول، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋا چۈچۈكبۇيا 200 مىڭ گېكتار، ياۋا لوپنۇر كەندىرى 87 مىڭ گېكتار بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىگە كەڭ تارقالغان. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن لوپنۇرلۇقلار كەنتى، لوپنۇرلۇقلار ئۆرپ - ئادەت باغچىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يىن مەيفا.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھاۋاخان سۇلايمان.

ھاكىم: جېلىل ناسىر (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەركىن قاسىم (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چۇ جىڭگو

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 831 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 435 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %14.3؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 139 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %32.49؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 257 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 391 مىليون 586 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.59 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 345 مىليون 420 مىڭ 200 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 537 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 40 مىليون 965 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 664 مىڭ 300 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 8660 توننا ئاشلىق، 36 مىڭ 126 توننا پاختا، 8534 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 286 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 4507 توننا گۆش، 97 توننا يۇڭ، 160 مىڭ پارچە ھەرخىل تېرە، 600 توننا سۈت، 185 توننا تۇخۇم، 110 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1172 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 358 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 63 مىليون 710مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 63 مىڭ 773 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 262 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %83.5، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %64.7 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 38 مىڭ 794 توننا پاختا، 29 مىليون 70 مىڭ دانە خىش، 61 مىڭ 469 توننا ۋېرمىكۇلىت، 402 توننا چۈچۈكبۇيا كىسلاتاسى، 46 توننا لوپنۇر كەندىرى يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتى، 5616 توننا سۇ يېغى، 172 توننا تورپاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %83.66 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 109 مىڭ 65 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 58 مىڭ 617 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 110 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 73 مىليون 420 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 22 مىليون 200 مىڭ يۈەن. 14.9 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. يۈك توشۇش مىقدارى 71 مىليون 390 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 19 مىليون 500 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار - يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 5277 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 2659 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 3769 غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 68 گە، ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 57 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۇرمۇش سودا بازىرىدىن 9 ى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 55 مىليون 630 مىڭ

يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 8 مىليون 974 مىڭ دوللارغا يەتتى. 153 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 5 مىليون 200 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 39 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 49%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 101 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 22.9% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 588 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 496 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 383 مىليون 730 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 19 مىليون 149 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 6 مىليون 549 مىڭ 300 يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 12 مىليون 600 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 5 مىليون 557 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 2 مىليون 837 مىڭ 200 يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 720 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1989، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 416. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 2 پەن تەتقىقات تۈرى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 4275 (مىللىي 2452)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 35، ئوقۇغۇچىسى 6923 (مىللىي 3094). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 885 (مىللىي 593). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە 2 سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 9000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى؛ 246 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 99) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 122 (مىللىي 57)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 220. يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 21.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3050 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 565 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 43.10 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 23 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 3402 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3022 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 286 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 4428 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

3 مىليون 723 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مۇھىتنى تۈزەش تۈرىدىن 8 ى تاماملاندى.

★ 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرى رەسمىي قۇرۇلدى شۇنداقلا ئىش باشلاندى.

★ 11 - ئايدا لوپنۇر ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ لوپنۇر ساياھەت - مەدەنىيەت سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى، بايرام مەزگىلىدە يەنە لوپنۇر مۇزېيى ئېچىلدى.

زۇ خۇڭلياڭ، لى گورۇڭ

## چاقىلىق ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

چاقىلىق ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 894 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 3، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 30 مىڭ 92 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 12 مىڭ 490)، يېزا نوپۇسى 12 مىڭ 167؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.19‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.17‰.

ناھىيە بويىچە 2213.33 گېكتار يەر بار. بۇنىڭ ئىچىدە 1500 گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 1440 گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى چۆل قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 310 مىليون كۇب مېتىرغا

يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 11.27 گېكتار ئورمان بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.56% كە يەتتى. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ئالتۇنتاغ ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، كروران قەدىمكى شەھىرى، ئىدۇن قەدىمكى شەھىرى، ۋاششەرى قەدىمكى شەھىرى خارابىسى قاتارلىقلار بار. تاشپاختا، قاشتېشى، ئالتۇن، كالىيلىق تۇز قاتارلىق 40 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بايقالدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ ياپىڭ

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گايىت ئەخمەت

ھاكىم: جېلىل ئابدۇرېھىم (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياسىن ئابدۇرېھىم (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇن شۈدۇڭ

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 228 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 68 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 13.6%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 73 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.8%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 87 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 62 مىليون 297 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 724 مىڭ 500 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 181 مىڭ 300 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 24 مىليون 392 مىڭ 100 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 8894 توننا ئاشلىق، 1778 توننا پاختا، 313 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 106 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 1495 توننا گۆش، 114 توننا يۇڭ، 95 توننا سۈت، 93 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 1800 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 396 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 591 گە، مەھسۇلات قىممىتى 43 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 17 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 21 مىڭ 783 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 49.5% كېمەيدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 12 مىڭ 114 توننا تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىلدى، 7 مىليون 180 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، ناھىيە بازىرى 790 مىڭ كۇب مېتىر تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى، 87 توننا تاشپاختا ياسالمىسى، 11 مىڭ 764 توننا شېغىل، 43 توننا قاشتېشى، 2 مىليون 550 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 85.8% كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 84 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 31 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 115 مىڭ 546 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 105 مىڭ 806 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 170 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 162 مىليون 580 مىڭ يۈەن. يۈك ئوبوروت مىقدارى 36 مىليون 690 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 20 مىليون 540 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار - يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 7001 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 46 مىليون 624 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك سودا بازىرىدىن 5 ى بولۇپ، يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 28 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 15 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 580 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 13 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 49.8%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 72 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26.58% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 64 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 174 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 107 مىليون 860 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 822، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 229. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2، باشلانغۇچ مەكتەپ 9؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 226 (مىللىي 168)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1339 (مىللىي 553)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2224 (مىللىي 1354)؛ ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 410 (مىللىي 224). باللار باغچىسى بىر. باغچىدىكى بالا (تەييارلىق سىنىپىدىكى باللارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 189 (مىللىي 97). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 97.6% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99.4% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 2680 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 7 سەھىيە ئاپپاراتى (يەككە ئامبۇلاتورىيە بۇنىڭ سىرتىدا)؛ 124 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 80) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 77 (مىللىي بىر)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 77. يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 13.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2456 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 1604 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 610 ئادەم پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 2332 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شى خۇڭمېي

## چەرچەن ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

چەرچەن ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغى بىلەن ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1200 كىلومېتىر، ئاۋئاتىسىيە مۇساپىسى 740 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار بىر، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 56 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 42 مىڭ). يېزا نوپۇسى 37 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.8‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.19‰. ناھىيە بويىچە 9539 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5987 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 5376 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تېپىدىكى ئىنتايىن قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 650 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 391 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 7545.27 گېكتار ئورمان بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن تىبەت بۆكىنى، ئاق بوغۇز بۆكەن، جەرەن، قىزىل تۈلكە قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، مىس، قاشتېشى، تاشپاختا، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق 21 خىلى بار. بولۇپمۇ نېفىت، تاشپاختا، قاشتېشى، ئالتۇننىڭ زاپىسى مول. ناھىيە تەۋەسىدە، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى رەسمىي تەستىقلانغان مۆتىۋەر ياۋايى ھايۋان ئوۋلاش مەيدانى — ئالتۇنتاغ ئوۋچىلىق رايونىنىڭ چەرچەن ئوۋچىلىق مەيدانى، يەنە مۆلچەر دەرياسى جىلغىسىدىكى قىياتاش رەسىملىرى، لەڭگەر - غازلىق قەدىمكى شەھەر خارابىسى، زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق سەيلى - ساياھەت ئورۇنلىرى بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چەرچەن ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شياۋبىڭ

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى ئىمىن.

ھاكىم: مۇختار زىكرىيار.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن شياۋگەن (خۇيزۇ).

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 286 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 126 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.5%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.9%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 110 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق

مەھسۇلات قىممىتى 202 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %11.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 148 مىليون 460 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 280 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 45 مىليون 670 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 960 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى مىقدارى مۇنداق بولدى: 31 مىڭ 21 توننا ئاشلىق، 8511 توننا پاختا، 339 توننا ياغلىق دان، 3007 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 338 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 5680 توننا گۆش، 327 توننا يۇڭ، 36 مىڭ 590 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 1322 توننا سۈت، 220 توننا تۇخۇم، 96 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 868 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 32 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 11 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 36 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.3؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 15 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، %3.8 كېمەيدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 11 مىڭ 154 توننا كۆمۈر، 12 مىڭ 423 توننا سېمونت، 50 توننا قاشتېشى، 17 مىليون 930 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 7480 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %85.6 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 146 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 137 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 38 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 178 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 152 مىليون 940 مىڭ يۈەن. 165 كىلومېتىر يول ئۆزگەرتىپ ياسالدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 118 مىليون 250 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 50 مىليون 750 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 8939 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 3500 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 87 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 77 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 17 مىليون 720 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك سودا بازىرىدىن 4 ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 29 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 23 مىڭ 617 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 250 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 125 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %19، يەرلىك مالىيە چىقىمى 151 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.55 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 164 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 221 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 136 مىليون 470 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 590 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 800 مىڭ يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 270 مىڭ يۈەن.


## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2001 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 924. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 175. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 8433 (مىللىي 5601)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13، بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 4، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4459 (مىللىي 3363)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 901 (مىللىي 647). ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، 2 كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 3200 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 17 سەھىيە ئاپپاراتى، 361 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 294 كارىۋات بار. يېزىلاردىكى داۋالاش نۇقتىسى 48.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى چەرچەن ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2378 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچى-



2001 - يىلى باشلانغان چەرچەن كوئېنلۇن مەيدانى — مەدەنىيەت مەيدانى، ئارام ئېلىش مەيدانى، بايراق چىقىرىش مەيدانى، مۇزىكا مەيدانى دەپ 4 بۆلەككە ئايرىلغان. بۇ قۇرۇلۇش ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 - يىللىق شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى بويىچە سوۋغاتلىق قۇرۇلۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ھەمدە قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ جۇڭگو ئالتۇن لوڭقا ئۈلگە كۆرسىتىش مۇكاپاتىغا كۆرسىتىلدى.

جياڭ جيەنلياڭ فوتوسى

لەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل ساقلىشى 14 مىڭ 326 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 26 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 3539 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1352 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 329 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 4620 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

2002 - يىلى 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى.

## زەنخۇاڭ چوڭ چىلىنى كىرگۈزۈلدى

چەرچەن ناھىيىسى 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ زەنخۇاڭ ناھىيىسىدىن زەنخۇاڭ چوڭ چىلىنى كىرگۈزدى شۇنداقلا 9 تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئالدىنقى قاراردا 1333 گېكتار يەرگە تىكىلگەن چىلان ناھايىتى ياخشى ئۆتتى، ئۆتۈش نىسبىتى %93 تىن ئاشتى، بۇنىڭدىن باشقا 26.67 گېكتار چىلان كۆچىتى يېتىشتۈرۈش بازىسى بەرپا قىلىندى. چەرچەن ناھىيىسى 2006 - يىلغىچە چىلان كۆلىمىنى 6666.67 گېكتارغا يەتكۈزۈپ، چىلان ئۆستۈرۈشنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدىغان ئاساسلىق كەسىپكە ئايلاندۇرماقچى.

## چەرچەن - ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق تاشيولى يۆتۈپ قاتناش باشلاندى

شىنجاڭ بويىچە تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان 2 - تاشيول، ئاپتونوم رايوننىڭ «ئاسفالت يولىنى ناھىيىلەرگىچە تۇتاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىنىڭ بىرى بولغان چەرچەن - ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق تاشيولى يۆتۈپ 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قاتناش باشلاندى، بۇنىڭ بىلەن چەرچەندىن كورلىغىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 315 كىلومېتىر قىسقاردى. بۇ قۇرۇلۇشقا 126 مىليون 837 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ تاشيولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 118.48 كىلومېتىر.

## شىنجاڭ قوغۇر كالىسى كىرگۈزۈلۈپ چارۋىچىلىق ئىشلىرى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى

2002 - يىلى چەرچەن ناھىيىسى 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىق كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، بىر تۈركۈم باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرى، كەسپىي ئائىلىلەر، كەسپىي كەنتلەر ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. نۆۋەتتە ئالدىنقى قاراردا ئىلىدىن 2300 تۇياق شىنجاڭ قوغۇر كالىسى كىرگۈزۈلۈپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى 11 يېزا، 2 مەيدان، بىر بازاردىكى چارۋىچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

زىلاڭ جاۋمىڭ

# يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 423 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 123 مىڭ 153 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 67 مىڭ 12)، يېزا نوپۇسى 81 مىڭ 424؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى

10.19%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.86‰. ناھىيە بويىچە 17 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5966 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 1147 گېكتار)، 15 مىڭ 802 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 4771 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۇيى بايلىقى ئاساسەن قاراشەھەر دەرياسىدىن كېلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 340 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. يەر ئاستى سۇيى مول، ئۆزۈن مۇددەت ئېچىشقا بولىدىغان 500 مىليون كۇب مېتىر سۇ بار. ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 800 گېكتار ئورمان بار، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەرتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئاق يەلكىلىك بۈركۈت، تاغ ئۆچكىسى، ئاق لەيلەك، بۇغا، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئارقار، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىق 24 خىلى بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، كىرەش، قان ئېپەر، سوغىگۈل، كەتىرا، پەربۇن قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل قوۋزاقلىق چۈچۈكبۇيا خېلى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ش ئۇ ئا ر تىببىي دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنجى چۈچۈكبۇيىسى دەپ نام بەردى. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى نېفىت، كۆمۈر، كۋارتس، خرۇستال، ئاز ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلار، چېرىمتال، قىزىل - يېشىل ئۆلتاش قاتارلىقلار بار. باۋلياڭ نېفىتلىكى يەنجى ناھىيىسى تەۋەسىدە. ناھىيە تەۋەسىدە ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن شىكشىن بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى (جىن - سۇڭ دەۋرلىرىگە تەۋە)، شاۋشىخۇ كۆلى ئارامگاھى قاتارلىقلار بار.

يەنجى ناھىيىسى قىزىلمۇچ، پەمىدۇر، ئارپىبەدىيان، قىزىلچا قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تېرىشقا ماس كېلىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى مېڭخۇي.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خې شيۇفاڭ (ئايال، خۇيزۇ).

ھاكىم: ما چاڭچىڭ (خۇيزۇ، 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ما شۇفېڭ (خۇيزۇ، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى:

ئېرىز سايىت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 857 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 288 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 91%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 330 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 237 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.6% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 453 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 10.5% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 311 مىليون 510 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 13 مىليون 260 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 124 مىليون 500 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون 260 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 36 مىڭ 788 تونना ئاشلىق، 3498 توننا ياغلىق دان، 155 مىڭ 414 توننا قىزىلچا، 5034 توننا مېۋە، چېۋە، 3921 توننا ئاق كاۋىر، 2376 توننا ئارپىبەدىيان، 157 مىڭ 896 توننا كۆكتات، 79 مىڭ 394 توننا قىيام پەمىدۇرى ئىشلەپچىقىرىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 275 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 8313 توننا گۆش، 804 توننا يۇڭ، 83 مىڭ 662 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 18 مىڭ 477 توننا سۈت، 2375 توننا تۇخۇم، 453 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1693 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشتىلىپ بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 26مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا، بازار كارخانىسى 2381 گە، مەھسۇلات قىممىتى 574 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 270 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدا 28 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 73 مىڭ 872 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ناھىيىگە تەۋەسى) 194 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 9.8% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 64 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 32 مىڭ 121 توننا ئاق شېكەر، 2157 توننا ئىسپىرت، 908 توننا سۈت پاراشوكى، 7 مىليون 440 مىڭ دانە باتارېيە ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 97% كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 498 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن ئۆي -

ئىمارەت كۆلىمى 66 مىڭ 803 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 394 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 341 مىليون 760 مىڭ يۈەن. يۈك ئوبوروت مىقدارى 112 مىليون 100 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 79 مىليون 350 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 205 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 106 مىليون 560 مىڭ يۈەن. ھەرخىل سودا بازىرىدىن 5 ى بار بولۇپ، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 66 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئېكسپورت سوممىسى 440 مىڭ دوللارغا يەتتى. شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن بىر تۈر ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 1 مىليون 720 مىڭ دوللار، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان 1 مىليون 720 مىڭ دوللار مەبلەغدىن پايدىلىنىلدى. 46 مىڭ 300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 981 مىڭ 100 يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 46 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 13.23%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 126 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.53% ئاشتى. پۇل - مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 551 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 978 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 646 مىليون 640 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 35 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 6 مىليون 880 مىڭ يۈەن؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 28 مىليون 450 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 6 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 3 مىليون 580 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 620 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2971، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 864. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 119 (مىللىي 66)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1306 (مىللىي 790)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 6034 (مىللىي 2933)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 35، ئوقۇغۇچىسى 9940 (مىللىي 6534)، بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 893 (مىللىي 410)، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1681 (مىللىي 1006). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. ناھىيە بويىچە 2 سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ توپۇشنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 100% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 7600 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 11 سەھىيە ئاپپاراتى، 343 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 181) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 117 (مىللىي 62)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 260. يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 44.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى يەنجى ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6548 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5614 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3533 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 2114 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 647 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20.91 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 28.98 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە 5100 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3529 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1813 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىدىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىدى. 6116 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى.

## بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتىكى ئۈلگە بازار — شىگشىن بازىرى

شىگشىن بازىرى يەنجى ناھىيە بازىرىغا 37 كىلومېتىر كېلىدۇ. بازارغا قاراشلىق مەمۇرىي كەنت 9، ئاھالە كومىتېتى بىر. بازاردا خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق 8 مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 15 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 7236).

شىگشىن بازىرى تىپىك بوستانلىق سۇغىرىلىدىغان يېزا

ئىگىلىك رايونى، دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن، كۆپ خىل ئىگىلىك يولغا قويۇلغان. بازار بويىچە 3866 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار، ئاساسلىق زىرائەتلەردىن بۇغداي، كۆممىقوناق تېرىلىدۇ، يىلدا دۆلەت سېتىۋالىدىغان ئاشلىق 5000 توننىدىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتكۈل ناھىيە ئاشلىقىنىڭ 2 دىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز، قىچا، مايلىق گازىر، زىغىر، سېرىق پۇرچاق، قىيام پەمىدۇرى قاتارلىقلار بار. بولۇپمۇ ھەر 100 گرام قىيام پەمىدۇرنىڭ تەركىبىدىكى قىزىل پىگمېنت مىقدارى 62 مىللىگرامغا يېتىدۇ، بۇ خەلقئارالىق ئۆلچەمدىنمۇ يۇقىرى.

شىگشىن بازىرىنىڭ يەر ئاستى سۈيى مول، يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 4.5 مېتىردىن 18 مېتىرغىچە كېلىدۇ. سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 0.5 گرام/لىتىر، ئېچىشقا بولىدىغان زاپىسى 80 مىليون كۇب مېتىر. ناھىيە تەۋەسىدىكى خورو جىلغىسىدىكى تەبىئىي مىنېرال سۇ ئېچىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى شۇنداقلا «شىگشىن» ماركىسى بىلەن تىزىملىتىلدى.

1997 - يىلى شىگشىن باغۋەنچىلىك مەيدانىدا ئۈزۈم يېتىشتۈرۈش بويىچە پەن - تېخنىكا ئۈلگە باغچا رايونى قۇرۇلدى، 20 نەچچە گېكتار يەرگە خىلمۇخىل سورتتىكى ئۈزۈم تىكىلدى. ئەۋزەل ھاۋا كىلىماتى ۋە تۇپراق شارائىتى زور بىر تۈركۈم كارخانىلارنى مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشقا جەلپ قىلدى. 1988 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە ئېل يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات شىركىتى شىگشىن بازىرىنىڭ شىگبېي يېزىسىدا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق سۇ تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 2660 گېكتار يەردە يېڭى پىتى يېتىلىدىغان ۋە ھاراق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئۈزۈم يېتىشتۈردى. 2002 - يىلى يەنە فرانسىيەدىن ئىلغار ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى كىرگۈزۈپ، جۇڭگو — فرانسىيە شېرىكچىلىكىدىكى يەنجى شاڭدۇ ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى قۇردى، ھازىر يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 10 مىڭ توننىلىق ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى شەكىللەندى، 3000 توننىلىق ھاراق ئورىسى ياسالدى.

2002 - يىلى شىگشىن بازىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 187 مىليون يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3967 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرۇپ، بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن ئۈلگە بازارلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بازار بويىچە 96% تىن يۇقىرى ئائىلە تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىدۇ، پروگراممىلىق تېلېفوننىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 47.7% كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 82% كە يەتتى. قاتناش قولايلىق بولۇپ، دۆلەت يولى 218 - لىنىيىسى بازارنى كېسىپ ئۆتىدۇ. پوچتا، تېلېگراف، ئېلېكتر قاتارلىق ئاساسلىق مۇئەسسەسەلەر تولۇق.

لى چىڭخۇي

# خېجىڭ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خېجىڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 421 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 512 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 127 مىڭ 928 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 71 مىڭ 662)، يېزا نوپۇسى 90 مىڭ 786؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.17‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.16‰. ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 415 گېكتار يەر تېرىلدى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 3758 گېكتار)، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 8643 گېكتار (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 2000 گېكتار). كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

خېجىڭ ناھىيىسى قېزىلما بايلىق، ساياھەتچىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، سۇ ئېنېرگىيىسى، دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئەۋزەل بايلىق مەنبەسىگە ئىگە. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ماگنېزىت، دولومىت، ھاك تېشى ۋە مەرمەر قاتارلىقلار بولۇپ، سۈپىتى يۇقىرى، زاپىسى كۆپ، بولۇپمۇ ھاك تېشىنى ئېچىش مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بولدى. خېجىڭ ناھىيىسى بايىنغولىن ئوبلاستى تەرىپىدىن بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ساياھەتچىلىك جەھەتتە بايىنبۇلاق ئاق قۇ ئېكولوگىيىلىك مەنزىرە رايونى، كۆنەس ئورمان باغچىسى، ئارشاڭ ئارامگاھى، بالغۇنتاي خۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى سالقىنداش تاغلىق كەنتىنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات ئەندىزىسى شەكىللەندى، ئاق قۇ كۆلى، بايىنبۇلاق يايلىقى، كۆنەس ئورمان باغچىسى تەبىئىي مەنزىرە رايونى ۋە خۇاڭمياۋ بۇتخانىسى، ۋاڭ خوجام مەھكىمىسى قاتارلىق تەبىئىي گۇمانىتارلىق سەيلى - ساياھەت لىنىيىسى بەرپا قىلىندى.

خېجىڭ ناھىيىسى چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان ناھىيە، بايىنبۇلاق يايلىقى مەملىكەت بويىچە 2 - چوڭ ئېگىزتاغ

پايلىقى. قاراشەھەر دەرياسى ۋە شارتۇسەن جىلغىسى، كۈنەس دەرياسى قاتارلىق نەچچە ئون دەريا تەگرىتاغدىكى جىلغىلاردىن باشلىنىدۇ، ئىككى گورىزونتال سىزىقنىڭ ئارىلىقى 1000 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. قاراشەھەر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا قۇرۇلغان تاغ ئاقىزى سۇ - ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى 80 مىڭ كىلوۋات، باشقا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان سۇ بايلىقلىرى مەنبەلىرىنىڭمۇ ئىستىقبالى زور. تاغلىق رايوندىكى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 700 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ ئاساسلىقى چاكاندا، قانتېپەر، قار لەيلىسى، پەربون، كىرمىش قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خېجىڭ ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي چاڭفېڭ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: با. چاغان (ئايال، موڭغۇل).

ھاكىم: سارىن لاجاپ (موڭغۇل، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇ جيەنشى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 15 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 474 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6.7%؛ 2- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 210 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.7%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 330 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.89% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 483 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.22% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 221 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 246 مىليون يۈەن، باغ - ئورمانچىلىقنىڭ 16 مىليون 160 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 28 مىڭ 216 توننا ئاشلىق، 344 توننا پاختا، 76 مىڭ 596 توننا قىزىلچا، 11 مىڭ 487 توننا ئۈچلۈق مۈچ، 1575 توننا زىرە، 1294 توننا قاراگازىر، 29 مىڭ 995 توننا قىيام پەمىدۇرى، 412 توننا ئۈزۈم، 2160 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 978 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 17 مىڭ 333 توننا گۆش، 35 .1146 توننا يۇڭ، 256 مىڭ 100 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 5500 توننا سۈت، 998 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 1847 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇغىرىش قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 768 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 932 گە، مەھسۇلات قىممىتى 155 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 90 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 235 مىليون 547 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 19.42%. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 64 مىليون 893 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.8% ئاشتى. يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، يەككە سودا - سانائەتچى 4749 غا، خۇسۇسىي كارخانا 93 كە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 345 مىڭ 400 توننا سېمونت، 8700 توننا پەمىدۇر قىيامى، 470 مىڭ 479 ساندۇق تاختا ئەينەك، 745 توننا يەم - خەشەك، 24 مىڭ 700 توننا بۇغداي ئۇنى، 3 مىليون پارچە پار يايراقچىسى، 1000 توننا ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 88.89% كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 102 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 65 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 128 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 54 مىليون 370 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 12 مىليون يۈەن. 45 كىلومېتىر دۆلەت يولى ئۆزگەرتىپ ياسالدى، 8 كىلومېتىر ناھىيە - يېزا يولىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. ھەرخىل قاتناش ۋاسىتىلىرىدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 92 مىليون 760 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى تېلېفون ئابونىتى 9958 گە (ئۆمۈرلۈك خەۋەرلىشىش بۇنىڭ سىرتىدا)، يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونىتى 13 مىڭ 610 غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 503 كە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 166 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 3 مىليون 30 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 106 مىليون 290 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك سودا بازىرىدىن 9 ى بار بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 72 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 92 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 760 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە

كىرىمى 39 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 22.05% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 142 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.72% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 538 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 757 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 527 مىليون 110 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 31 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 730 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 25 مىليون 440 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 28 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 3 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 25 مىليون 660 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4321، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 909 (ئالىي دەرىجىلىكى 67). ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 4 پەن تەتقىقات تۈرى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1439 (مىللىي 1409)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 7228 (مىللىي 4096)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 41، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 998 (مىللىي 8255). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2846 (مىللىي 1866). باللار باغچىسى 12، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 82. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 98% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 14 مىڭ 161 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 18 سەھىيە ئاپپاراتى بار، كەسپىي تېخنىكا خادىمى 426 (مىللىي 110)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 430، يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 54.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى خېجىڭ ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2851 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7840 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 6983 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3712 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1376 ئىشچى - خىزمەتچى پاشاڭغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7931 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، 15 مىڭ 180 ئائىلە (قېتىم) دىكى 44 مىڭ 54 ئادەم (قېتىم) گە 2 مىليون 58 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى.

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدىن باشقا تۈرلۈك ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار ناھىيىگە تەۋە ستاتىستىكىلىق مەلۇمات دائىرىسىگە كىرىدۇ.

★ 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ گۈلجەت ئۆل يېزىسىدا 2 مىليون 253 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قۇياش ئېنېرگىيە ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، شۇنداقلا توك تارقىتىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن 110 نەچچە ئائىلىلىك چارۋىچىنىڭ توك ئىشلىتىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى.

★ خېجىڭ ناھىيىسىدىكى مىللەتلەر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىي بۇيۇملار 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن قەھرىمان تورغاۋۇتلارنىڭ ۋەتىنىگە قايتىشى دېگەن كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى.

يالڭ يۇفېڭ

# خوشۇت ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوشۇت ناھىيىسى ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 384 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 41 مىڭ 140 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 17 مىڭ 689). يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 228؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.16‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.23‰. ناھىيە بويىچە 11 مىڭ 740 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3287 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4308.8 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

خوشۇت ناھىيىسى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. ناھىيە تەۋەسىدە 28 مىڭ 840 گېكتار تەبىئىي ئورمان، 459 مىڭ

800 گېكتار (ناھىيىگە تەۋە پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق 285 مىڭ 700 گېكتار) تەبىئىي ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، ئۇلار قاتارلىقلار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، چاكاندا، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى مەرمەر، گرانىت تاش، تۇز قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە گرانىت تاشنىڭ ئېچىلىش مىقدارى بىرقەدەر زور بولۇپ، مەھسۇلاتلىرى بازار تاپتى. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن ئالتۇن ساھىل ئىستىراھەت رايونى (٨٨٨ دەرىجىلىك سەيلىگاھ)، جىنستېي سالقىنداش تاغلىق كەنتى، قىزىل كېپىنەك جىلغىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوشۇت ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى جۈن.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بادمان (موڭغۇل).

ھاكىم: جاساي (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ما شىندەن.

## يېقىنقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 456 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 178 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 0.4%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 90 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.3%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 188 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.7% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 211 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.5% كېمەيدى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 31 مىڭ 915 توننا ئاشلىق، 5508 توننا پاختا، 477 توننا ياغلىق دان، 12 مىڭ 949 توننا قىزىلچا، 29 مىڭ 293 توننا كۆكتات، 35 مىڭ 187 توننا سانائەت پەمىدۇرى، 8294 توننا سانائەت مۇچى ئىشلەپچىقىرىلدى. 2002 - يىلى 2258 كۆكتات لاپىسى (ئاق بەرگە ۋە ئېگىز ئورنىغا تېرىلغىنى 7. 277 گېكتار) ياسالدى، ھوسۇلى 20 مىڭ 815 تونىنغا، مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 231 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 189 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 2771 توننا گۆش، 155 توننا يۇڭ، 419 توننا سۈت، 824 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 1465 گېكتار

بەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 29 مىليون 488 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆزگەرتىلگەن تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز 1000 گېكتار. يېزا - بازار كارخانىسى 2509 غا، مەھسۇلات قىممىتى 237 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 77 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 14 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 50 مىڭ 386 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 179 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 9.7%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 20.5% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 45 توننا ئېفېدرىن، 169 مىڭ 253 كۋادرات مېتىر گرانىت تاختا ماتېرىيال، 22 مىليون 950 مىڭ دانە خىش، 10 مىڭ 99 توننا پەمىدۇر قىيامى، 2700 توننا قىزىلمۇچ قىيامى، 205 توننا ئاق ھاراق، 365 توننا چۈچۈكبۇيا ياسالمىسى، 7845 توننا ساپ پاختا، 7000 توننا ئۇن، 3000 توننا گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 128% كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 18 مىڭ 9. 310 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 9078 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 136 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 31 مىليون 510 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 270 مىڭ يۈەن. يۈك ئوبوروت مىقدارى 910 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 900 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 12 مىڭغا، يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 6990 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 8600 گە؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 160 قا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 103 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 282 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 46 مىليون 572 مىڭ 600 يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 19 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن

%13.9؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 81 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.29 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 274 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 347 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 270 مىليون 840 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 19 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 50 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 14 مىليون 830 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 920 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 880 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1435، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 571. ئوبلاست بويىچە ئۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 3 ى ئاماللاندى، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئوبلاستنى گۈللەندۈرۈش تۈرىدىن بىرى باشلاندى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 2915 (مىللىي 1189)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 6200 (مىللىي 2289). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 906 (مىللىي 350). باللار باغچىسى 3. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. 2002 - يىلى خوشۇت ناھىيىلىك ئارخىپخانىنىڭ دەرىجىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 1. دەرىجىلىك ئارخىپخانا قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 سەھىيە ئاپپاراتى بار. كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 136 (مىللىي 80)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 75 (مىللىي 64)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارۋات 125. يېزا، كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 17.

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە 49 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 8000 دىن كۆپ ئادەم قاتناشتى. تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ موتسىكلىت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 2002 - يىللىق قۇملۇق قار - مۇز بايرىمى، قۇم ئويما بايرىمى، 1 - نۆۋەتلىك ئالتۇن ساھىل شىنجاڭ ئۆرپ - ئادەت سەيرى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، ساياھەت بايرىمىدا سۇ ئۈستىدە ئارغامچا تارتىشىش ۋە قۇملۇق ۋالىبولى مۇسابىقىسى، 7 - نۆۋەتلىك بايىنغولىن ئوبلاستلىق ياشانغان ئەرلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى خوشۇت ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3361 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 680 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 2510 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2722 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 2917 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدىن باشقا تۈرلۈك ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلار ناھىيىگە تەۋە ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار دائىرىسىدىن ئېلىندى.

★ 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە خوشۇت ناھىيىسىدە 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئالتۇن ساھىل قار - مۇز سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. سەنئەت بايرىمىدا ئاساسلىقى ئاممىۋى خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان تەنتەربىيە چېنىقىش پائالىيەتلىرى، مۇز ئۈستىدە قىزىقارلىق ئويۇن ئورۇنداش، مۇز ئويما، مەدەنىيەت - تارىخ كۆرگەزمىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى.

★ 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە خوشۇت ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك ئالتۇن ساھىل موتسىكلىت ساياھەت - مەدەنىيەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى.

★ 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ناھىيە دەرىجىلىك ئەمگەك بازىرى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئار دائىرىلىك تورى خوشۇت ناھىيىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شۇ خەيفاڭ

## باغراش ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

باغراش ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 430 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەن بۇنىڭ سىرتىدا) 47 مىڭ 592 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 17 مىڭ 890)، يېزا نوپۇسى 37 مىڭ 628؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.24، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى

7.31%. ناھىيە بويىچە 9900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3247.6 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 7082.5 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

باغراش ناھىيىسىنىڭ چېگرا بوستانلىقى دېگەن چىرايلىق نامى بار. بۇ بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ داڭلىق بېلىقچىلىق ماكانى ۋە ساياھەت بازىسىدۇر. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن يېسىۋىلەك، مۇچ، پەمىدۇر قاتارلىقلارنىڭ خېلى ئۇزۇندىن بۇيان داڭقى بار. باغراش ناھىيىسىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇلۇق كۆلى — باغراش كۆلى بار. بۇ كۆلنىڭ سۇ كۆلىمى 1200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلدە سۇنئىي ئۇسۇلدا بېقىلغان ۋە تەبىئىي كۆپەيگەن كارپ بېلىقى، ھاۋز ئەركەك بېلىقى، ئوتخور بېلىق، لاققا بېلىق، قىزىل سالسان بېلىقى قاتارلىق 20 نەچچە خىل بېلىق بار. باغراش ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ بېلىقچىلىق بازىسى ھېسابلىنىدۇ. كۆل رايونىدىكى قومۇشلۇق كۆلىمى 26 مىڭ 700 گېكتار، قومۇشنىڭ يىللىق زاپىسى 20J مىڭ توننىدىن ئاشىدۇ. بۇ قومۇشلۇق مەملىكەت بويىچە 4 چوڭ قومۇش رايونىنىڭ بىرى. باغراش كۆلىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل، كۆل بويىدا قۇشلار ئارىلى، ئاغۇن كۆل، نىلۇپەر كۆلى، قىسرو قولتۇقى، دەريا ئېغىزى قاتارلىق داڭلىق سەيلىگاھلار بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، تۇز، شور، تورف، ئالتۇن، مىس قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باغراش ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جيا چۈنلىن.

8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: باشىلاڭ (موڭغۇل).

ھاكىم: ئەرىنچارا (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇن چاۋجۇن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 388 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 149 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.6%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 89 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 34.8%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 150 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 198 مىليون 88 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7.56% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 153 مىليون 79 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 2 مىليون 20 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 31 مىليون 786 مىڭ 100 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 10 مىليون 501 مىڭ 200 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 19 مىڭ 957 توننا ئاشلىق، 1465 توننا ياغلىق دان، 102 مىڭ 177 توننا سانائەت پەمىدۇرى، 454 توننا پاختا، 6800 توننا قومۇش ئېلىندى. ناھىيە بويىچە 2075.3 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 106 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 2177 توننا گۆش، 265 توننا يۇڭ، 417 توننا سۈت، 4090 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 102 گېكتار بېلىق باقىمچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بەلۋېغى بەرپا قىلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 1439 غا، مەھسۇلات قىممىتى 116 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 68 مىڭ 479 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 171 مىليون 75 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.3% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 25 مىڭ 92 توننا پەمىدۇر قىيامى، 667 توننا مۇچ قىيامى، 30 مىڭ 163 كۇب مېتىر سۇنئىي تاختا، 5253 توننا ئۇن، 1360 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 165.9% كە يەتتى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 118 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 46 مىڭ 578 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 21 مىڭ 997 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 118 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پىيادىلەر مال سېتىۋېلىش كوچىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مىللىيلار - خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئوقۇتۇش بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە كىرىشتۈرۈلدى. ناھىيە بازىرىدىكى 3.64 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 7 يولنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. قۇشلار ئارىلىنىڭ مەنزىرىلىك ساياھەت يوللىرىنى ياساش، توك بىلەن تەمىنلەش، يۈرۈشلەشكەن خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئورنىتىش ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى. ئالتۇن قولتۇق

مەنزىرە رايونىغا 38 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يۈك توشۇش مىقدارى 39 مىليون 130 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 800 مىڭغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4150 كە، يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونىتى 6850 كە يەتتى. 2002 - يىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 380 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 9 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 92 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 21 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %18.14 ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 79 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %24.4 ئاشتى. پۇل - مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 656 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 174 مىليون 80 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 230 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بار كەسپىي تېخنىكا خادىمى 399 (ئالىي دەرىجىلىكى 25). باشلانغۇچ مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 5247 (مىللىي 997)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 4164 (مىللىي 765)؛ باللار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 445. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1095 (مىللىي 432). باغراش ئوتتۇرا مەكتىپىنى قۇرۇش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق تاماملاندى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى تورى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 3500 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 13 سەھىيە ئاپپاراتى، دوختۇرخانىلاردا 152 كارىۋات، 228 سەھىيە خىزمەتچىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 195. يېزىلاردا 23 داۋالاش نۇقتىسى، 26 يېزا - كەنت دوختۇرى بار. ناھىيىلىك موڭغۇل تېبابىتى ئۇنىۋېرسال بىناسى، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى جىددىي قۇتقۇزۇش بىناسى سېلىنىپ، سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتىكى دەسلەپكى نەتىجىلەر مۇستەھكەملەندى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

2002 - يىلى باغراش ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىدا ناھىيىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى بىر ئالتۇن مېدالغا، 3 كۈمۈش مېدالغا، 2 مىس مېدالغا ئېرىشتى. ئوبلاستلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بېشىنچى ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى كوللېكتىپ بويىچە ئومۇمىي نومۇردا 4 - لىككە ئېرىشتى. بىر تۈردە ئوبلاستنىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇ يىلى تەنتەربىيە مەيدانى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى باغراش ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2856 يۈەنگە يەتتى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سېلىقى 46 يۈەن يېنىكلىتىلدى. ناھىيە بويىچە ناھىيە بازىرىدىكى كەسپكار 4254. يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 370 يۈەن. ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

★ 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى باغراش ناھىيىسىنىڭ بۇمبۇت يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بازار قۇرۇلدى.

★ 2002 - يىلى باغراش كۆلى مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق داڭلىق مەنزىرە رايونى قىلىندى.

خەن خۇڭۋېي

## ئاقسۇ ۋىلايىتى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقسۇ ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا، تەڭرىتاغ تىزمىسى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە ئاقسۇ شەھىرىدە. 2002 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 2 مىليون 144 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 589 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 1 مىليون 435 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.26، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.15. ۋىلايەت بويىچە 339 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 179 مىڭ 200

گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 47 مىڭ 100 گېكتار)، 159 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2660 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ۋىلايەت تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 12 مىليارد 940 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 10 مىليارد 620 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 601 مىڭ 700 گېكتار ئورمان، 3 مىليون 569 مىڭ 500 گېكتار ئوتلاق بار. دۆلەتلىك 1-، 2-دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋاندىن 72 خىلى بار. ۋىلايەت بويىچە 53 خىل قېزىلما بايلىق بارلىقى بايقالدى، 395 ئورۇندىن قېزىلما بايلىق چىقىدۇ، چوڭ، ئوتتۇرا كان ياتىقىدىن 52سى بار. ئېنېرگىيە، مېتال، قىممەتلىك مېتال، قەيرىي مېتال، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال، ياقۇت ۋە بىناكارلىق ماتېرىياللىرىغا دائىر قېزىلما بايلىقتىن 7 خىلى بار. دۆلىتىمىزنىڭ غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدىكى گاز مەنبەسىنىڭ 80%ى ۋىلايەت تەۋەسىدە. كۆمۈر زاپىسى 10 مىليارد 700 مىليون توننىغا، تاشتۇز 22 مىليارد توننىغا، ھاك تېشى 10 مىليون توننىغا، گەج 3 مىليارد 200 مىليون توننىغا، فوسفور 30 مىليون توننىغا يېتىدۇ. گرانىت تاش، بازالت، كۋارتس تاش، مىس، سۈرمە، قوغۇشۇن، مانگان قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار ناھايىتى ئەۋزەللىككە ئىگە. سەيلىگاھلاردىن قىزىل مىڭئۆي، قىزىل قاغا مىڭئۆي، قۇمتۇرا مىڭئۆي، قىزىل قاغا تۇراسى، يانتاق قۇدۇق تۇراسى، كۇچا مەسچىتى، كۆسەن قەدىمىي شەھىرى، قارا يۇلغۇن خارابىلىكى، تەڭرىتاغ سىرلىق چوڭ جىلغىسى، تەڭرىتاغ سىرلىق ئورمان باغچىسى قاتارلىقلار بار.

داڭلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن قىزىل ئالما، كۇچا ئاق كىشمىشى، مۇناقى ئۈزۈمى، يېشىل ئۈزۈمى، ئونسۇ لېپار گۈرۈچى، قەغەز ياڭاق، قۇم ئامۇت قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ چاڭئەن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئۆمەرجان مىرزائەخمەت، ۋۇ ياۋشىن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئىبرىز قېيۇم، ياڭ دىخەي، گاۋ لىيجېن، لى چيەنئەن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جىن شىخۇا (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇنىياز مەھەممەت (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابلا ئايپاق (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ جىنشەن، خۇ ۋەندې، مەھەممەت ھوسەن.

ۋالىي: ئۆمەرجان مىرزائەخمەت، مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: لۇ فاجياڭ، ليۇ جىنشى، ۋاڭ جىنپېن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېن چۈەنجىن (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، دىلبەر رېشىت، ئابلىز ئابدۇرېھىم، جۇجياڭ، فۇ جېنكۈي.

سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا ئايپاق (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جى شيۇئەنئەن، راخمان ۋاھاپ، چېن گوجۈن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (ۋىلايەت تەۋەسىدىكى يېزا ئىگىلىك 1 - شى ۋە نېفىت ئېلىش مەشغۇلات رايونىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 13 مىليارد 920 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىككە تەۋە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 9 مىليارد يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 530 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.94%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 289 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6.64% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 930 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 270 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 1 مىليارد 45 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 45 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 198 مىڭ 102 توننا ئاشلىق، 238 مىڭ 56 توننا پاختا، 25 مىڭ 324 توننا ياغلىق دان، 314 مىڭ 890 توننا كۆكتات، 190 مىڭ 922 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 291 مىڭ 735 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 5 مىليون 14 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 90 مىڭ 92 توننا گۆش، 4943 توننا يۇڭ، 595 توننا ئۆچكە چۈپۈرى، 1 مىليون 649 مىڭ 400 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 23 مىڭ 10 توننا سۈت، 13 مىڭ 289 توننا تۇخۇم، 4804 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 285 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 21 مىڭ 385 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 384 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي

مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 589 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 454 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 856 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 21.59%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 187 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.5% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2 مىليون 469 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 64 مىڭ 800 توننا كوكس، 840 مىليون 361 مىڭ 600 كىلوۋات سائەت توك، 58 مىڭ 500 توننا سۇ يېغى، 272 مىڭ 800 توننا بۇغداي ئۇنى، 40 مىڭ 700 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 12 مىڭ 300 توننا تۇز، 20 مىڭ 100 توننا ماشىنا شېكىرى، 13 مىڭ 300 توننا ئىچىملىك ھاراق، 6 مىليون 930 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 18 مىڭ 900 توننا پاختا يىپ، 176 مىڭ 900 توننا ساپ پاختا، 491 مىڭ 900 توننا پىششىقلانغان نېفىت، 14 مىڭ 800 توننا پارتلاتقۇچ دورا، 6900 توننا سۇلياۋ پاسالما، 675 مىڭ 400 توننا سېمونت، 514 مىليون دانە خىش، 27 مىڭ 300 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 7800 توننا تۆمۈر قېزىشمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 101.19% بولدى، ۋىلايەت بويىچە 4 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى (4 - دەرىجىلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بىناكارلىق كارخانىلىرى ئورۇندىغان بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 175 مىليون يۈەنگە، مەھسۇلات قىممىتى 931 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 198 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 804 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 698 مىليون يۈەن (يەرلىك سالغان مەبلەغ 2 مىليون 616 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 567 مىليون يۈەن، يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 197 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 448 مىليون يۈەن، شەھەر - بازار، سانائەت، كان رايونلىرىدىكى شەخسلەر تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 120 مىليون يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغىنى 366 مىليون يۈەن. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: يىللىق كۆمۈر قېزىش ئىقتىدارى 900 مىڭ توننا، 211 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا توك سىمى (110 مىڭ ۋولتتىن يۇقىرى) تارتىلدى، بېسىم ئۆزگەرتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى 720 مىڭ كىلوۋات ئامپېر (110 مىڭ ۋولتتىن يۇقىرى) غا يەتتى، يىللىق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 47 مىڭ 200 توننا، پاختا توقۇمىچىلىق ئۇرچۇقى 18 مىڭ 640، كۈندىلىك سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 11 توننا (ئىنچىكە چەككىلەنگەن ياغ)، يېڭىدىن ياسالغان تاشيول 54.91 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىلگەن تاشيول 153.5 كىلومېتىر، بەرپا قىلىنغان ئورمان 13 مىڭ 600 گېكتار، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 12 مىڭ 600 گېكتار، ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 2500 توننا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پارتىسى 9020، شەھەر يولىنىڭ كېڭەيتىلگەن كۆلىمى 54 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر. شۇ يىلى تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 7 مىليون 390 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 574 مىليون 240 مىڭ ئادەم. كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 6 مىليون 800 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 813 مىليون 10 مىڭ توننا. كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 52 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 194 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 341 مىڭ 200 توچكىغا، مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 217 مىڭ 100گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - تېلېفونى ئابونېنتى 149 مىڭ 400، يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 67 مىڭ 700. يىل ئاخىرىدىكى كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 98 مىڭ 100گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 11 مىڭ 400گە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 251 مىليون يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئېكسپورتىدا 1 مىليون 317 مىڭ دوللار پېرېۋوت يارىتىلدى. مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 772 مىڭ 500 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 50 مىليون 370 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 200 مىڭ دوللار پېرېۋوت يارىتىلدى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 619 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 25.92%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 818 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 22.41% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 7 مىليارد 640 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت قالدۇقى 15 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 9 مىليارد 163 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا كىرىمى 196 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 62 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 134 مىليون 370 مىڭ يۈەن. تۆلەنگەن تۆلەم سوممىسى 60 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە

يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال مۈلۈك سۇغۇرتىسى ئۈلىسى 53 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 7 مىليون 400 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 43 مىڭ 341، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 7658. ۋىلايەت بويىچە پەن تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 2، پەن - تېخنىكا ئۆلگە بازىسىدىن 34ى بەرپا قىلىندى، بىر يىلدا پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 38ى يولغا قويۇلدى، پەن - تېخنىكا بويىچە 600 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ۋىلايەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 21ى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە مۇكاپات 2، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات 2، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات 8، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 8؛ بىر تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ۋىلايەتتىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 7، ئوقۇغۇچىسى 5033 (مىللىي 3968)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 2887 (مىللىي 2716)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 144 (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 40)، ئوقۇغۇچىسى 148 مىڭ 127 (مىللىي 12 مىڭ 695)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 1003، ئوقۇغۇچىسى 266 مىڭ 801 (مىللىي 226 مىڭ 121). تۈرلۈك ئوقۇتقۇچى 22 مىڭ 381. باللار باغچىسى 14، باغچىدىكى بالا 12 مىڭ 33، مەخسۇس باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىسى 275. ۋىلايەت بويىچە 10 سەنئەت ئۆمىكى، 10 سەنئەت سارىيى، مەدەنىيەت يۇرتى، 10 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 3 مۇزېي، 8 مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، 10 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.5%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96.38%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 80 مىڭغا يەتتى. تۈرلۈك كىنو قويۇش ئورنى 73 (يېزىلاردىكى 16 مىللىمېتىرلىقى 68). شۇ يىلى يېزىلاردا 11 مىڭ 909 مەيدان كىنو قويۇلدى.

ۋىلايەت بويىچە 249 سەھىيە ئاپپاراتى، 6562 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 6594 كارىۋات بار، 74 يېزا - بازار شىپاخانىسى، 1328 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

2002 - يىلى ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە 101 مېدال ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن مېدال 24، كۈمۈش مېدال 34، مىس مېدال 43. ئاپتونوم رايونلۇق 2002 - يىللىق تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە ئومۇمىي نومۇردا 3 - ئورۇندا تۇردى. ۋىلايەت دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن 7 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 6000 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى (ناھىيە دەرىجىلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن 50 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 420 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، ۋىلايەت بويىچە مەخسۇس تىرىنېردىن 98ى، مەشىقتىكى تەنھەرىكەتچىدىن 1300ى بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئىدارە ئورۇنلاردىكى كەسپكارلارنىڭ يىللىق مائاشى 10 مىڭ 768 يۈەنگە، ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق مائاشى 10 مىڭ 911 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2114 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 65 مىڭ 782 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 61 مىڭ 536 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 11 مىڭ 996 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 98 مىڭ 462 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 46سى تاماملاندى، بۇنىڭغا 180 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئومۇمىي كۆلىمى 42.4 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 12سى، كۆلىمى 21.4 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 2سى بەرپا قىلىندى.

## سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈش ئارقىلىق يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى

2002 - يىلى ۋىلايەت بويىچە سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 107سى ئىمزالاندى، 90 تۈردە ۋەدىگە ۋاپا قىلىندى. ئىمزالانغان توختام سوممىسى 3 مىليارد 955 مىليون يۈەنگە، ئەمەلىيەتتە نەقلەشكەن سومما 733 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئاقسۇ بايلىقى مول چوڭ رايون بولۇپ، نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈرنىڭ زاپاس مىقدارى، پاختا، مېۋە - چېۋە قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بايلىق ئەۋزەللىكىنى تېزراق ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، «كىرەلەيدىغان ھەم چىقالايدىغان» ئۇسۇل قوللىنىلىپ،

ئېتىبار سىياسەتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىلىپ، ئەۋزەل بولغان مەبلەغ سېلىش مۇھىتى بەرپا قىلىندى. 2002 - يىلى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان گۇاڭجۇ يىرىك خىمىيە سانائىتى تۈرى مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگۈزۈلۈپ، كۇچاغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ تۈر 3 يىلدا پۈتكۈزۈلگەندىن كېيىن، يىلىغا 520 مىڭ توننا ئورىيە، 300 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك ئىشلەپچىقارىدۇ؛ شۇجىۇ كانچىلىق ئىدارىسى مەبلەغ سېلىپ ئاچقان ئوقۇربۇلاق كۆمۈركان تۈرى كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چوڭ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، يىراق مەزگىللىك ئومۇمىي مەبلەغ سېلىش كۆلىمى 1 مىليارد نەچچە يۈز مىليون يۈەن؛ شىنجاڭ پىۋىسى گۇرۇھىنىڭ 10 مىليون يۈەن مەبلىغى كىرگۈزۈلۈپ، تومۇر چوققىسى پىۋىسىنىڭ تېخنىكىسى ئۆزگەرتىلىپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 10 مىڭ توننىدىن 30 مىڭ تونىغا يەتكۈزۈلدى؛ باي ناھىيىسىگە «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ تۈرى كىرگۈزۈلۈپ، يىللىق باج كىرىمى بىۋاستە 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى؛ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ 30 مىليون يۈەن مەبلىغى كىرگۈزۈلۈپ، تىۋىت ئۆچكىسى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بېيىش يولى كېڭەيتىلدى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئاقسۇ ۋىلايىتى پائال تۈردە شىنجاڭ «دېلوڭ» گۇرۇھى بىلەن ۋىلايەتنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق كەسپىنى بىرىكتۈرۈپ، 3 يىلدىن 5 يىلغىچە مەھسۇلات مىقدارىنى 300 مىڭ ئۆرچۈككە، مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزمەكچى، باج قىممىتىنى 120 مىليون يۈەن ئاشۇرماقچى، جەمئىيەتتىكى 5000 كىشىلىك ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىمەكچى بولدى.

ۋىلايەت سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈپ قۇرۇپ چىققان «ئەسىر» سودا سارىيى، «غۇانباڭ» سودا شەھەرچىسى، «ئالتۇن كۆۋرۈك» سودا شەھەرچىسى، پىيادىلەر كوچىسى، يەر ئاستى كوچىسى قاتارلىق سودا تۈرلىرىگە 300 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى، بۇ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە سودا مەركىزى بولۇش ئورنىغا ئاساس سېلىپلا قالماي، بەلكى شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە مۇلازىمەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاقسۇنىڭ شەھەر ئىقتىسادىنى گۈللەندۈردى.

يېقىنقى 3 يىلدا ۋىلايەت بويىچە سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش جەريانىدا نەقلەشكەن مەبلەغ 1 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ھەم يەرلىكنىڭ چوڭ تۈرلىرىنىڭ مەبلەغ مەنبەسى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، ھەم يەرلىككە يېڭى باج مەنبەسى يارىتىپ بېرىلىپ، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

## ئاقسۇ ۋىلايىتى يەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى

2002 - يىل 7 — 8 - ئايلاردا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ئۇدا قاتتىق يامغۇر ياغدى، بىر قىسىم جايلاردا قارا يامغۇر ياغدى، بۇنىڭ بىلەن كەلپىن، ئۈچتۇرپان، ئونسۇ، ئاقسۇ شەھىرى، باي، كۇچا، توقسۇدىن ئىبارەت 7 ناھىيە، شەھەر كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بولۇپمۇ 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۆگەن دەرياسى ۋادىسىدىكى تاغلىق رايونلاردا زور ھۆل - يېغىن كۆپ بولدى. ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى 5 تارماق ئېقىنغا يەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 ئېقىنغا كەلگەن كەلكۈن يەللىسىنىڭ ئېقىم مىقدارى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۇچا دەرياسى، توشقان دەرياسى، قۇمئېرىق دەرياسىدا ئارقا - ئارقىدىن يەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى چوڭ توسمىمۇ كەلكۈننىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى. ۋىلايەت بويىچە يۈز بەرگەن 100 يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلىدىغان يەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 649 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 300 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئارمىيە، خەلق جان تىكىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، قىزىل سۇ ئامبىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە، مۇھىم ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت خەتەردىن قۇتقۇزۇش نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى باشتىن ئاخىر يېقىندىن غەمخورلۇق قىلدى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىدى. قىممىتى 200 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشياسى ئاجراتتى. شائەنشى، خېنەن قاتارلىق جايلارمۇ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ياردەم قولىنى سۇندى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەت بويىچە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇش بويىچە خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش بويىچە 26 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 67 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

★ 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ «كۈنتو» گۈرۈچچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى.

★ 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاقسۇ مەدەنىيەت - سەنئەت مەركىزى، تارىم مەدەنىيەت - سەنئەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

★ 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەسلىدىكى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا - ئىگىلىك مەكتىپى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق مەكتىپى، مالىيە سودا مەكتىپى، تېببىي مەكتەپلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئىنستىتۇتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 463كە، ئوقۇغۇچىسى 1835كە يەتتى.

★ 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى كۆكيار تومسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

★ 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقان - چارۋىچىلار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى، 8 ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 400دىن ئارتۇق ئارتىس ئويۇن كۆرسەتتى.

★ 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شاڭخەي شەھىرى 5 مىليون يۈەن، ئاقسۇ ۋىلايىتى 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرىدىغان، ئاقسۇ - شاڭخەي كۈتۈپخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

★ 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تارىم دەرياسى ۋادىسىنى تۈزەشتىكى سىموۋول خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش قۇمبېرىق دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى غول ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

★ 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 6400 نەچچە كۋادرات مېتىر كېلىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى كەسپىي بالىلار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

ما شىنجۈن

# ئاقسۇ شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقسۇ شەھىرى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1010 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 1126 كىلومېتىر، ھاۋا يولى مۇساپىسى 1000 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 561 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 221 مىڭ 400). يېزا نوپۇسى 310 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.76‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.83‰. شەھەر بويىچە 36 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلغان كۆلەم 47 مىڭ 400 گېكتار (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمى 8700 گېكتار)، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 18 مىڭ 800 گېكتار، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 18 مىڭ گېكتار، باشقا زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىڭ 700 گېكتار (ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 7200 گېكتار). كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شەھەر تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 11 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپاس مىقدارى 500 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شەھەر بويىچە 89 مىڭ 553.69 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1.89%. 13 مىڭ 297.04 گېكتار ئورمان يېرى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 20 خىلدىن ئاشىدۇ. ئاساسلىقى، چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، توشقان زەدىكى، ھالق، كىرەش، قىزىل چوغلۇق، ئوسما يىلتىزى، كەتىرا، رەۋەن، چاكاندا، يەر مەدىكى، قىياق قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى، گەج، تۆمۈر، ئالىيۇمىن توپىسى، كۆمۈر، ھاك تېشى، فوسفورلۇق تاش، كۋارتس، سىماب، بارىت قاتارلىقلار بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن، بۇغا، توشقانسىمان سۆلەيسۈن، قىزىل تۈلكە، ئاق بوينۇز بۆكەن قاتارلىقلار بار.

ئاقسۇ شەھىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ، بولۇپمۇ پاختا كۆپ چىقىدۇ، ئۇزۇن تالالىق پاختا ھوسۇلى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. شەھەر دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسلىق تاۋار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدۇر. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن قەغەز ياڭاق، دىلشات ئالمىسى، نەشپۈت قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقسۇ شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يۈ شيۇجېڭ.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ياڭقۇن ھەلىمىدىن.

شەھەر باشلىقى: مۇھەممەتجان ئابلا.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: دەي زۇڭكې.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 442 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 577 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4.1، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 571 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %36.1، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 293 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 66 مىليون 498 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %9.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 888 مىليون 52 مىڭ 700 يۈەنگە، ئورمانچىلىقنىڭ 21 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، چارۋىچىلىقنىڭ 143 مىليون يۈەنگە، بېلىقچىلىقنىڭ 13 مىليون 905 مىڭ 30 يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 125 مىڭ 631 توننا ئاشلىق (29 مىڭ 338 توننا شال، 57 مىڭ 956 توننا بۇغداي)، 36 مىڭ 449 توننا پاختا، 1006 توننا ياغلىق دان، 36 مىڭ 466 توننا قىزىلچا، 59 مىڭ 352 توننا مېۋە - چېۋە، 41 مىڭ 731 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 162 مىڭ 166 توننا كۆكتات، 427 توننا ياڭاق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 491 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 18 مىڭ 38 توننا گۆش، 3106 توننا سۈت، 4665 توننا تۇخۇم، 541 توننا يۇڭ، 1402 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 29.77 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. شۇ يىلى 2165.06 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە). 2100 گېكتار يەردە يېڭىدىن باغ بەرپا قىلىندى، باغ - ئورمان تېرىقچىلىق كۆلىمى 7600 گېكتارغا يەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 68 مىليون 409 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (ئەمگەك مۇلازىمىتىگە سۇندۇرۇلغان 24 مىليون 631 مىڭ يۈەن مەبلەغمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 114 مىڭ 788 كىلوۋاتقا يەتتى. خۇسۇسىي كارخانا 551، يەككە سودا - سانائەتچى ئائىلىسى 10 مىڭ 233 بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 526 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 595 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %20.48 ئاشتى. سانائەت (تولۇق ئۆلچەملىك) قوشۇلما قىممىتى 228 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %41.7 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 9466 توننا سۇ يېغى، 36 مىڭ 700 توننا ئۇن، 39 مىڭ 266 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 20 مىڭ 284 توننا ساپ پاختا، 5743 توننا پاختا يىپ، 4 مىليون 382 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 110 مىليون 290 مىڭ دانە خىش، 524 مىڭ 600 توننا سېمونت، 3027 توننا سۇلياۋ پاسالما، 683 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 20 مىڭ 99 توننا ماشىنا شېكىرى، 15 مىليون 560 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت (تولۇق ئۆلچەملىك) مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 1 مىليارد 46 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %105.2كە يەتتى. شەھەر بويىچە 4 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 489 مىليون 996 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 83 مىليون 290 مىڭ 400 يۈەنگە، پايدا ۋە بېجى 22 مىليون 38 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ (تولۇق ئۆلچەملىك) قوشۇلما قىممىتى 342 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 397 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 203 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە ئوراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 509 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 749 مىليون 570 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 127 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ئۆي - مۈلۈك تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 375 مىليون 680 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 54 مىڭ كۋادرات مېتىر شەھەر يولى كېڭەيتىلدى، 16 مىڭ كۋادرات مېتىر يول ئۆزگەرتىلدى. ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر كېلىدىغان ئايكۆل بازىرىدىن خۇاڭگۇڭلاڭ كەنتىگە بارىدىغان تاشيول پۈتتۈپ، قاتناش باشلاندى. شەھەرنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ئۇزۇنلۇقى 4855 مېتىر كېلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەش غول تۇرۇبىسى، 6158 مېتىر يۇندا غول تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. دولان غول ئۆستىڭى، توقاي غول ئۆستىڭى قاتارلىق نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى تاماملاندى. يېزا ئىگىلىكنى ئۇنۇملۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن 8 مىليون 195 مىڭ 300 يۈەن، دۇنيا بانكىسى ئۆرى مەبلىغى بويىچە 53 مىليون 547 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئەخلەتنى زىيانسىزلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. شەھەرنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈنىگە 100 مىڭ توننىغا، يۇندا چىقىرىۋېتىش ئىقتىدارى كۈنىگە 60 مىڭ توننىغا، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 900 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ھەر

خىل قاتناش ۋاستىلىرىدا توشۇلغان يۈك مىقدارى 3 مىليون 185 مىڭ توننىغا، توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 831 مىڭ 200گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 261 مىليون 930 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 131 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.7% ئاشتى. شەھەر تېلېفونى ئومۇمىي كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 120 مىڭ تونۇچكىغا، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون 80 مىڭ 823كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلىلەر ئولتۇراق ئۆي تېلېفونى 67 مىڭ 140. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 874 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل سودا بازىرىدىن 57سى بار بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 498 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش توختامى (كېلىشىمى) بويىچە 17 تۈرلۈك توختام ئىمزالاندى، سوممىسى 730 مىليون يۈەن، ئەقلەشكەن مەبلەغ 300 مىليون يۈەن. ئېكسپورت ئارقىلىق 1 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى. بىر يىلدا 141 مىڭ 700 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 870 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 238 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 26.7%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 285 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.1% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 3 مىليارد 289 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى سوممىسى 7 مىليارد 253 مىليون يۈەنگە يەتتى، تۈرلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 84 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۈرلۈك تۆلەم سوممىسى 14 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2002 ـ يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىم 5581، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 920. شۇ يىلى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى فوندى ئۈچۈن 900 مىڭ يۈەن سېلىنما سېلىندى، پەن ـ تېخنىكا 3 تۈرلۈك خىراجىتى 3 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە كۆپەيتىلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 16سى تاماملاندى. شەھەر بويىچە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 747 (مىللىي 226)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 735 (مىللىي 14 مىڭ 229)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 96، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 587 (مىللىي 25 مىڭ 697). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2665 (مىللىي 2185). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش بويىچە 10 مىڭ 628 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش يېڭىدىن پۈتكۈزۈلدى ياكى قىلىنىۋاتىدۇ. شەھەر بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئامما كۈتۈپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيى 121گە يېتىپ، ئومۇملىشىش نىسبىتى 100%كە يەتتى. مەھەللىلەردە مول مەزمۇنلۇق يۈز كۆزنلۈك مەيدان مەدەنىيىتى پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، 164 مەيدان ئويۇن قويۇلۇپ، 1206 نومۇر ئورۇندالدى. يېزىلارغا مەدەنىيەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، 62 مەيدان ئويۇن قويۇلدى، 150 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئويۇن كۆردى. يېزىلارغا 240 تىن ئارتۇق كىتاب يەتكۈزۈلدى، بۇنىڭ قىممىتى 2200 يۈەن. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 97%كە يەتتى. ھەممە يېزىلارغا رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 40 مىڭغا يەتتى.

شەھەر بويىچە 134 تىببىي داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلىق شىپاخانا 8، كەنت شىپاخانىسى 122. كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 533 (مىللىي 222)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 187 (مىللىي 86). دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 455، يېزا، كەنت تىببىي داۋالاش نۇقتىسى 129.

2002 ـ يىلى 5 ـ نۆۋەتلىك دېھقان، چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. 1000 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىدە شەھەر كوماندىسى ئەركىن چېلىشىش، مىللىيچە چېلىشىش تاللاش مۇسابىقىسىدا 1 ـ، قەدىمچە چېلىشىشتا 3 ـ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋالېيبول، ۋاسكېتبول مۇسابىقىلىرىدە 2 ـ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 3 ـ بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 ـ يىلى ئاقسۇ شەھىرى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2552.96 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 12 مىڭ 32 يۈەنگە، شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 18 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاقسۇ شەھىرى بويىچە 15 مىڭ 756 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 6781 كىشى

ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 11 مىڭ 164 كىشى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. شەھەر-يېزىلاردا قىيىنچىلىقى ئېغىر تۇپقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، «ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش مەبلىغى مەخسۇس ھېسابى» تەسىس قىلىندى، شەھەر بويىچە ھەر مىللەت كادىر، ئامما سەپەرۋەر قىلىنىپ، شەھەر-يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر تۇپقا 2 مىليون 177 مىڭ 800 يۈەن ئىئانە قىلىندى، ئورۇن ۋە شەخسلەر قىيىنچىلىقى بار 1472 ئوقۇغۇچىغا ياردەم بەردى، مەركەز مالىيىسى مەخسۇس تۈر بويىچە ئوقۇش ياردەم پۇلى بەرگەن شەھەر-يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6312گە يەتتى، يېزىلاردىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىشتا باسقۇچ خاراكتېرلىك ئۇتۇق قولغا كەلتۈرۈلدى.

شەھەر بويىچە شەھەر رايونىنىڭ ئومۇمىي كۆكەرتىلىش كۆلىمى 1079.04 گېكتارغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاممىۋى كۆكلۈك مەيدان 7.1 كۋادرات مېتىرغا، شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %38كە، دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %24.88كە يەتتى.

## ئاقسۇ شەھىرى شىنجاڭ بويىچە زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈلگە ناھىيە (شەھەر)گە ئايلاندى

2002-يىلى ئاقسۇ شەھىرى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى زىيانسىزلاشتۇرۇش ھەرىكەت پىلانىنى پائال يولغا قويۇپ، زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىسى قۇرۇلۇش كۆلىمىنى كېڭەيتتى. شۇ يىلى ئىگەچى يېزىسىنىڭ تەرخەمەكى، پەمىدۇرى، ئالمىسى، بەشتوغمەن يېزىسىنىڭ بۇغدىيى، قاراتال بازىرىنىڭ كۆممىقۇنىقى، توپلۇق يېزىسىنىڭ ئانىرى، قۇمباش يېزىسىنىڭ كاۋىسى، ئۈرۈكچىلىق مەيدانىنىڭ مۇچى، كەرپىشىسى ئاپتونوم رايوننىڭ زىيانسىز مەھسۇلات سالاھىيىتىنى دەلىللەشتىن ئۆتتى. نۆۋەتتە ئاقسۇ شەھىرى شىنجاڭ بويىچە زىيانسىز دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىردىنبىر ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) بولۇپ قالدى.

لو شىنلىڭ

★ 1-ئاينىڭ 18-كۈنى شياڭگاڭ «كىبىنلەي» ئوقەتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 200 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان ئاقسۇ شەھىرى «ئەسىر» سودا سارىيىنىڭ 1-قارارلىق قۇرۇلۇشىدا تىجارەت باشلاندى.

★ 5-ئاينىڭ 11-كۈنى ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان 5808-قېتىملىق يولۇچىلار پويىزى قاتنىدى.

★ «غۇنچىلار پىلانى» يېزا، ئاساسىي قاتلام، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەر، ئوقۇشسىز قالغان قىيىنچىلىقى ئېغىر يېتىم-يېسىر، ئۆسمۈر قىزلارغا يۈزلەندى. 5-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاقسۇ شەھىرى بويىچە قىيىنچىلىقى ئېغىر 470 ئۆسمۈر قىزغا 21 مىڭ 750 يۈەن ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى.

★ 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئاقسۇ شەھىرى يېزىلاردا چولڭ كانايىنى ئومۇملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى.

★ دۆلەتنىڭ مۇھىت ئاسراشتا نۇقتىلىق قوللىنىلىدىغان تېخنىكىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش يىغىنى 9-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 11-كۈنىگىچە ئاقسۇ شەھىرىدە ئېچىلدى.

★ 10-ئاينىڭ 19-كۈنى شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» ئىشخانىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شىنجاڭ بويىچە 3-«ئۈمىد قۇرۇلۇشى» ئىئانە توپلاش ساندۇقى ئاقسۇ شەھىرىگە قويۇلدى.

★ 10-ئاينىڭ 22-كۈنى «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە مۇكاپاتلاش چارىسى» تۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

★ 2002-يىلى ئاقسۇ شەھىرى مەملىكەت بويىچە ئائىلىلەر ئولتۇراق مۇھىتى بويىچە ئۈلگە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، مەملىكەت بويىچە كەسپىي تېخنىكا مائارىپىدىكى ئىلغار ئورۇن، مەملىكەت بويىچە ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى؛ شەھەر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي شەھەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

جاڭ پىڭ

# ئونسۇ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئونسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى تۇمۇر چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1019 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002-يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 185 مىڭ 900 (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا). (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 156

مىڭ 900)، يېزا نوپۇسى 139 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي ئۆسۈش نىسبىتى 11.32‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.88‰. ناھىيە بويىچە 45 مىڭ 380 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 21 مىڭ 320 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 3220 گېكتار)، 28 مىڭ 390 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 900 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا 197 قار - مۇزلۇق بولۇپ، مۇز زاپىسى 158 مىليارد 202 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ چوڭ، كىچىك دەريا - ئېقىندىن 43ى بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 9 مىليارد 640 مىليون كۇب مېتىرغا؛ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 618 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 105 مىڭ 890.26 گېكتار ئورمان، 392 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاق بار. كەتۋارلىق ياۋايى ھايۋان 64 خىلغا يېتىدۇ، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، يىلپىز، جۇڭخۇا سالاماندىراسى، قارا بويۇن تۇرنا قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن قارا ئېيىق، سىلەيسۇن، بۇغا، ئېيىق قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 200 خىلدىن ئاشىدۇ. ئاساسلىقلىرىدىن قوچاقتول، قانتېپەر، كەتىرا، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، چاچراتقۇ، كىرەش، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن، ئاساسلىقى كۆمۈر، گەج، تاشتۇز، فوسفور، تۆمۈر، ئۇران، سۈرمە، سېغىز توپا، ھاك تېشى قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار. سەيلىگاھلاردىن تەڭرىتاغ سىرلىق ئورمان باغچىسى ۋە تۆمۈر چوققا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغ ئورمان باغچىسى بار.

ئونسۇ ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ ناۋار ئاشلىق بازىلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭغا «جۇڭگو ئونسۇ گۈرۈچ ماكانى» دەپ نام بېرىلدى. ناھىيىنىڭ شالچىلىق مەيدانى مەملىكەت بويىچە «يېشىل يېمەكلىك» (سۈپەتلىك گۈرۈچ) بازىلىرىنىڭ بىرى، «كۆنتو» ماركىلىق يۈرۈشلۈك گۈرۈچلەر شىنجاڭدىكى داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ، شىنجاڭدىكى بىردىنبىر ئا ئا دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئونسۇ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ فېڭ.

9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كەنجى ھاپىز.

ھاكىم: ئەخمەت مۇھەممەت (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئىنۋەر ئايىت (10 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇردى سادىق (3 - ئايدا ۋەزىپىدىن يۆتكەلدى)، يۈەن جىنجۇڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 854 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 473 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3.5%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 181 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.4%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 199 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 856 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.32% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 692 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، ئورمانچىلىقنىڭ 45 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، چارۋىچىلىقنىڭ 114 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 171 مىڭ 400 توننا ئاشلىق (82 مىڭ 100 توننا شال)، 1497 توننا ياغلىق دان، 60 مىڭ 497 توننا قىزىلچا، 39 مىڭ 31 توننا پاختا، 23 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى، يىل ئاخىرىدا قولدا 648 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 9673 توننا گۆش، 781 توننا يۇڭ، 119 مىڭ 300 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 5860 توننا سۈت، 565 توننا تۇخۇم، 580 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 5678.8 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە). شۇ يىلى ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 46 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 3586گە، مەھسۇلات قىممىتى 145 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 45 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 10 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 121 مىڭ 778 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 355 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 9.6%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 85 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.24% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 76 مىليون 530 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 294 مىڭ 997 توننا

كۆمۈر، 9749 توننا تۇز، 5075 توننا سۇ يېغى، 4904 توننا گۈرۈچ، 12 مىڭ 66 توننا ئىچىملىك ـ ھاراق، 125 توننا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %90كە يەتتى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 61 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 30 مىڭ 559 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 12 مىڭ 189 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 145 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 113 مىليون 860 مىڭ يۈەن. تاماملانغان ئاساسلىق چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: 28 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يەر تۈزەش تۈرى، 14 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى تۈرى، 55 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تېرەن دەرياسى غول ئۆستىڭىنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 193 مىليون 420 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 600 مىليون 300 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 975 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 8220گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5542گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 7400گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 653كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 168 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 37 مىليون 620 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 53 مىليون 620 مىڭ يۈەن. ھەرخىل سودا بازىرىدىن 3ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 55 مىليون 984 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش بويىچە 12 توختام ئىمزالاندى، سوممىسى 163 مىليون 550 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە سالغان مەبلەغ 43 مىليون 800 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 50 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 36 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %41.01. يەرلىك مالىيە چىقىمى 149 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.93 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 484 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇق سوممىسى 785 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىسى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇق سوممىسى 520 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 13 مىليون 462 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 762 مىڭ 700 يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 10 مىليون 700 مىڭ يۈەن، تۆلەنگەن تۈرلۈك تۆلەم سوممىسى 2 مىليون 44 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 1 مىليون 484 مىڭ 500 يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 560 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3576، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 679. ئونسۇ ناھىيەسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 259 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 335 (مىللىي 130)، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 184 (ھەممىسى مىللىي). ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 2134 (مىللىي 1711)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 953 (مىللىي 12 مىڭ 481)، باشلانغۇچ مەكتەپ 90، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 569 (مىللىي 23 مىڭ 405). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2291 (مىللىي 2028). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 764 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت سارىيى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99.2كە، تېلېۋىزىيەنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99.1كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 3930غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 41 سەھىيە ئاپپاراتى، 463 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 408) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 105 (مىللىي 82). دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 315، يېزا، كەنت تىببىي داۋالاش نۇقتىسى 86.

2002 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا بىر تۈردە 1 ـ، بىر تۈردە 3 ـ، يەككە تۈر بويىچە 5 تۈردە 1 ـ، 8 تۈردە 2 ـ، 6 تۈردە 3 ـ بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئونسۇ ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2420 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8188 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 3970 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4595 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە پېنسىيەگە، دەم ئېلىشقا چىققان 1221 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 9235 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 10ى تاماملاندى، بۇ تۈرلەرگە 2 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى، كۆلىمى 10 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 10ى بەرپا قىلىندى.

## ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ شال، بۇغدايدىن ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالىدىغان تونىنلىق ئېتىز تۈرىنىڭ 1 - باسقۇچلۇق تەجرىبىسى تاماملاندى

ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ «شال، بۇغدايدىن 2 قېتىم ھوسۇل ئالىدىغان تونىنلىق ئېتىز» تۈرىنىڭ 1 - باسقۇچلۇق تەجرىبىسى تاماملاندى. بۇ، ئونسۇ ناھىيىسى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئىمزالىغان تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن ئىبارەت. بۇ تۈرنىڭ 2002 - يىلدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى مۇنداق: تونىنلىق ئېتىز ئاللاشتا ئالدى بىلەن سورت بىلەن ئورۇن تاللاش، تۈرگە ئاساسەن دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلگەن ئۆستۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى بويىچە مەشغۇلات قىلىش ھەمدە نۆۋەتتىكى ھوسۇلنىڭ مىقدارىنى بېكىتىشتىن ئىبارەت. تەجرىبە قىلىش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسى ۋە يوللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مۇشۇ تۈرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۆستۈرۈش تېخنىكا قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلىدۇ. بۇ تۈردە يېزا ئىگىلىكىگە دائىر 2 تۈرلۈك ئىلغار پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسال قوللىنىلدى. بىرىنچىدىن، چوڭ بىداياقنىڭ DNA سىدىن پايدىلىنىپ گۈل چېڭى نەيچىسى ئارقىلىق بۇغداينى ئۆزگەرتىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى؛ ئىككىنچىدىن، ناشى 778 گېنىنى قوللىنىش ئارقىلىق يېتەكلەش تېخنىكىسى.

بۇ تۈر ئارال بازىرىنىڭ 14 - چوڭ ئەترىتى 7 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە، 4.67 گېكتار يەردە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. بۇ تۈردە، ئاۋۋال تېرىلغان زىرائەت بۇغداي بولۇپ، سورتى «كۆيتۇڭ كۈزگىسى 50». 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يېزا ئىگىلىك ۋە پەن - تېخنىكا تارماقلىرى بىرلىشىپ تەشكىللىگەن بۇغداينى باھالاپ بېكىتىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى بۇغداينىڭ مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلىنىڭ 491.8 كىلوگرامغا يېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. كېيىن تېرىلىدىغان زىرائەت ئۈچۈن ناشى 778 گېن يېتەكلەش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، شال ئۇرۇقىنى چىلاپ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، بۇ سورتنىڭ ئونسۇ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرى يېتىشتۈرۈپ چىققان چىلگە شال سورتى «شياۋيۈگۇاڭ» بولىدىغانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى. ئالدى بىلەن ناشى 778 يېتەكلەش دورىسىغا چىلىنىپ مايسا يېتىشتۈرۈلدى، 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بۇغداي ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يەر تۈزلىنىپ، 23 - كۈنى شال مايسىسى كۆچۈرۈلدى. ناشى 778 گېن يېتەكلەش تېخنىكىسىنى قوللىنىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، شالنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئادەتتىكى شاللىقتىكىدىن 45 كۈن ئەتراپىدا بالدۇر بولدى. 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تۈرنى باھالاپ بېكىتىش - تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى شالنىڭ مو بېشى (0.07 گېكتار) ھوسۇلىنىڭ 533.9 كىلوگرامغا، 2 خىل زىرائەت ھوسۇلىنىڭ 1025.7 كىلوگرامغا يەتكەنلىكىنى، مو بېشى (0.07 گېكتار)دىن بىر توننا ئاشلىق ئېلىش نىشانىنىڭ ئىشقا ئېشىپ، 2002 - يىللىق سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ تاماملانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ شالچىلىقى

ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ شالچىلىقى 2000 يىلدىن ئۇزۇنراق تارىخقا ئىگە، بۇ جاي چېگرا بوستانلىقىدىكى بېلىق، گۈرۈچ ماكانى دەپ ئاتالغان. ئونسۇ گۈرۈچىنىڭ دانىسى خرۇستالدەك پاقىراق، سۈزۈك، تەمى ناھايىتى مېزىلىك، يۇمشاق، ئېلاستىكىلىقى كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئېسىل سورتلىرى تارىختا ئىزچىل تۈردە ئوردىغا تارتۇق قىلىنىپ كەلگەن.

ئونسۇ گۈرۈچىنىڭ بۇنداق ئېسىل بولۇشى بۇ يەرنىڭ گۈزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە بولغانلىقىدا، ئونسۇ ناھىيىسى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغدا بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي باغرىغا جايلاشقان. بۇ يەردە ھاۋا ئوچۇق كۈن كۆپ، تۇتۇق كۈن ئاز بولىدۇ. كېلىماتى قۇرغاق ئىسسىق، قۇياش نۇرى ئىنتايىن تولۇق چۈشىدۇ. ئونسۇ گۈرۈچى چىقىدىغان جاي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى يەلپۈگۈچسىمان لاتقا بۆلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، تۇپا قاتلىمى قېلىن، يەر ئۈستى، يەر ئاستى سۈيى مول، نۇرغۇن تەبىئىي بۇلاقلار ۋە تەڭرىتاغدىن كېلىدىغان مۇز سۈيى شالچىلىقنىڭ ئېتىيازلىق قۇرغاقچىلىقنىڭ تەسىرىگە

ئۈچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇنداق تەبىئىي ئامىللار شال ئۆستۈرۈشنى ئەۋزەل بولغان قۇياش نۇرى، ئىسسىقلىق، سۇ، تۇپراق شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شۇڭا گۈرۈچنىڭ ھوسۇلى يۇقىرى، سۈپىتى ئېسىل. 2002 - يىلى ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ شال تېرىلغۇ كۆلىمى 8140 گېكتارغا، ئومۇمىي ھوسۇلى 82 مىڭ 100 توننىغا يەتتى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 2001 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ «كۈنتو» گۈرۈچچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. ئۇنى ئونسۇ ناھىيىلىك شال دېھقانچىلىق مەيدانى تەشەببۇس قىلغان، بۇ، ئونسۇ ناھىيىلىك «تۆمۈر چوققىسى» گۈرۈچچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئونسۇ ناھىيىلىك «جىنيۇ» ئۇرۇقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ۋۇشى يىڭنىڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات قۇرۇلۇش باش شىركىتى ۋە 2 تەبىئىي شەخس قاتارلىق 6 پايچەك بىرلىكتە تەشەببۇس قىلىپ قۇرۇپ چىققان يېشىل يېمەكلىك ھېسابلىنىدىغان سۈپەتلىك گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىش، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، شال تېرىش، گۈرۈچ ئاقلاش، گۈرۈچ سېتىش ۋە باشقا قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلغان پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2002 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ «كۈنتو» گۈرۈچچىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنى شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى نۇقتىلىق باشلامچى كارخانا دەپ ئېتىراپ قىلدى. شىركەتنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 50 مىليون يۈەن. بۇ شىركەتنىڭ كۈنىگە 300 توننا سۈپەتلىك گۈرۈچ پىششىقلاش لىنىيىسى، يىلىغا 15 مىڭ توننا سۈپەتلىك شال ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش بازىسى

قىسقا ماتېرىيال

## ئونسۇ ناھىيىسىدىكى گۈرۈچنىڭ ئاجايىپ سورتى — قارا گۈرۈچ ۋە ئېپار گۈرۈچى

ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ قارا گۈرۈچ تېرىش تارىخى ئۇزۇن، بۇ گۈرۈچنىڭ سىرتقى پوستىنىڭ رەڭگى قاپقارا، پارقىراق، سىلىق، دېنى چىڭ بولغاچقا، «قارا مەرۋايىت» دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. قارا گۈرۈچنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى مول بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، ماي ماددىسى مول، بولۇپمۇ لىزىن، ئارگىنىن كىسلاتاسى ھەمدە ئادەم بەدىنىگە ئېھتىياجلىق بولغان كۆپ خىل مىكرو ئېلېمېنتلار كۆپ، شۇڭا ئۇ تەبىئىي زىرائەتلەر ئىچىدە قۇۋۋەتلىك ئېسىل يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلغاندا قان ماددىسى بىلەن قان قىزىل ئاقسىلى كۆرۈنەرلىك كۆپىيىپ، ئادەم بەدىنىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىنى تەڭشەيدۇ.

ئونسۇ ناھىيىسى ئېپار شال ماكانى، سۇ شىيۇلىڭ «غەربىي يۇرت ھەققىدە نەزمىلەر»دە «(ئونسۇ) دا سۇلۇق ئېتىزلار كۆپ بولۇپ، شال تېرىلىدۇ، گۈرۈچى سوقۇلچاق، چوڭ ھەم ئاپئاق بولۇپ، پىشقاندا ئاجايىپ پۇراق چىقىرىدۇ ۋە يۇمشاق، تەملىك پىشىدۇ، قوناق شېخىدەك تۈز ئۆسىدۇ، ئۇنىڭ تەمى چەت ئەل گۈرۈچىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دەپ يازغان. ئېپار گۈرۈچ ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئات، تۆگە، ئېشەك بىلەن بېيجىڭغا توشۇلۇپ تارتۇق قىلىناتتى، «ئاۋام خەلقنىڭ يېيىشىگە يول قويۇلمايتتى»، چۈنكى «ئەمەلىي ھوسۇلى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، پەقەت يېتىشمەيتتى»، نەتىجىدە ئاخىرى ئۇرۇقى قۇرۇپ كەتكەنىدى، ھازىرقى ئېپار شال سورتى 1984 - يىلى خۇنەننىڭ لىيەنيۈەن ناھىيىسىنىڭ «لىيەنيۈەن پۇراقلىق شېلى —1» دىن يېتىشتۈرۈلگەن. ئاق ئېپار شالنى يەنىمۇ تاللاش ئارقىلىق قىزىل ئېپار شال، نومى گۈرۈچىنىڭ يېڭى سورتلىرى يېتىشتۈرۈلدى.

ئېپار گۈرۈچ ئىسمى - جىسمىغا لايىق گۈرۈچ بولۇپ، ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى مۇقىم، ساپ، كۈچلۈك كېلىدۇ. تاماق ئەتكەندە ئادەتتىكى بىر كىلوگرام گۈرۈچكە 200 گرام ئېپار گۈرۈچ ئارىلاشتۇرۇلۇپ تاماق ئېتىلسە تەمى ئادەمگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ. ئەگەر تاماق پۈتۈنلەي ئېپار گۈرۈچتە ئېتىلسە، ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى ھەممە جايىنى بىر ئالىدۇ. شۇڭا «چېچەكلىگۈندى بىر يەردە ئېپار شال، قاپلىدى خۇشپۇراق ھەممە يەرنى، ئېتىلگۈندى بىر ئائىلە ئېپار گۈرۈچتىن تاماق، تارقالدى قوشنا - قولۇملارغا خۇشپۇراق» دېگەن مەدھىيە سۆزى تارقالغان. ئېپار گۈرۈچ مىزىلىك پۇرىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۇنىڭ دېنى ۋە يوپۇرمىقى تەركىبىدە «گۇمالىن» دىن ئىبارەت پارلىنىشچان ئورگانىك ماددىنىڭ بولغانلىقىدۇر. بۇنداق ئورگانىك ماددىنىڭ شەكىللىنىشى نەم ئىسسىق ھاۋا كىلىمات شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شاللار ئارىسىدىكى بۇ خىل پەرق كىشىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت تاللاپ يېتىشتۈرۈشى ۋە كۆپەيتىپ راۋاجلاندۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان.

لو چىڭپىڭ

ۋە 13 مىڭ 333 گېكتار شال ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بار. بۇ بازىدا ئىشلەپچىقىرىلغان گۈرۈچنىڭ ئورگانىك ماددىسى تولۇق، ئوزۇقلۇق ماددىسى مول، تەركىبىدىكى لىزىن، كالتسىي، فوسفورنىڭ مىقدارى ئادەم بەدىنىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. فىزىكىلىق - خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ تازىلىق سۈپىتىنىڭ GB2715—81 بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى بېكىتىلدى، ھەر 100 گرام ئونسۇ گۈرۈچىنىڭ تەركىبىدە 417.7 مىللىگرام لىزىن، 45.7 مىللىگرام فوسفور، 8.8 مىللىگرام كالتسىي، 0.15 مىللىگرام ۋىتامىن، 1.3% ماي، 8.9% ئاقسىل بار. شىركەتنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن «يۈگۇاڭ» گۈرۈچى، چيۇتيەنشياۋدىڭ گۈرۈچ ۋە ئالاھىدە سورتلۇق قارا گۈرۈچ، ئاق ئېپار گۈرۈچ، قىزىل ئېپار گۈرۈچ، ئېپار گۈرۈچ قاتارلىق «كۆنتو» ماركىلىق يۈرۈشلۈك گۈرۈچلىرى بار. «كۆنتو» ماركىلىق سۈپەتلىك گۈرۈچلەر شىنجاڭدىكى داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 2000 - يىلى جۇڭگو يېشىل يېمەكلىكلەر تەرەققىيات مەركىزى «كۆنتو» گۈرۈچىنى «يېشىل» يېمەكلىك دەپ بېكىتتى، شىنجاڭ داڭلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بېكىتىش كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭنىڭ 2001 - يىلدىكى داڭلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى دەپ بېكىتىلدى، ئۇ شىنجاڭدىكى بىردىنبىر ئا ئا دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك گۈرۈچتۇر. جۇڭگو يېمەكلىك سانائىتى جەمئىيىتى 2001 - يىل 7 - ئايدا بۇ خىل مەھسۇلاتنى جۇڭگونىڭ داڭلىق يېمەكلىكى دەپ بېكىتتى، بۇ مەھسۇلات 10 تۈرلۈك شەرەپكە ئېرىشتى. بۇ مەھسۇلات نۆۋەتتە شاڭخەي، بېيجىڭ، دالىيەن، چىڭداۋ، گۇيياڭ، شېنجېن قاتارلىق جايلارغا سېتىلماقتا.

★ 2 - ئايدا ئونسۇ ناھىيىسى 5 - نۆۋەتلىك دېھقان، چارۋىچىلار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزدى، كۆرەكنىڭ مۇددىتى 3 كۈن بولدى، ئاساسىي قاتلامدىكى 300 دېھقان، چارۋىچى ئۆزلىرى تەييارلىغان 105 نومۇرنى ئورۇندىدى.

★ 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ئەگرىتاغدىكى سىرلىق ئورمان باغچىسى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى تەرىپىدىن دۆلەتلىك ئائا دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بولۇپ باھالاندى.

★ 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بازار تەسىس قىلىندى.

★ 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە ئونسۇ ناھىيىسىدە 100 كۈنلۈك مەيدان مەدەنىيىتى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتتە 40 مەيدان ئويۇن قويۇلدى، 600 دىن ئارتۇق نومۇر كۆرسىتىلدى.

★ 7 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئونسۇ ناھىيىسىگە «2001 - يىللىق ھايۋانات كارانتىن قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى.

★ 9 - ئايدا ئونسۇ ناھىيىلىك ياغاچ غوللۇق ئاشلىق، ياغلىق دان، ئورمانچىلىق مەيدانى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئۈزگىچە كۆچەت يېتىشتۈرۈش (ياڭاق) بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى. ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ كۆچەتخانىسى مەملىكەت بويىچە سۈپەت جەھەتتە ئىشەنچلىك كۆچەتخانا بولۇپ باھالاندى.

لو چىڭبىڭ

# كۇچا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۇچا ناھىيىسى ئەگرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 750 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 883 كىلومېتىر، ھاۋا يولى مۇساپىسى 400 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 9، يېزا 6. يىل ئاخىردىكى نوپۇس 395 مىڭ 601 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 349 مىڭ 865)، يېزا نوپۇسى 264 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى 14.64‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.95‰. ناھىيە بويىچە 52 مىڭ 667 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 35 مىڭ 40 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 14 مىڭ 407 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 17 مىڭ 67 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كۇچا ناھىيىسى دۆلەتنىڭ غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدىكى گاز مەنبەيى. بۇ جايدا 700 مىليون توننىدىن ئارتۇق نېفىت، 200 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز زاپىسى بارلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. ناھىيە تەۋەسىدە كۋارتس، تاش تۇز، گەج، ساپال توپىسى، ھاك تېشى، مەرمەر تاش، تۆمۈر، مانگان قاتارلىق 10 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق مۇئەييەن زاپاس مىقدارىغا ۋە ئېچىش قىممىتىگە ئىگە. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 480 مىليون كۇب مېتىرغا (تارىم دەرياسى سۈيىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئاز بولغاچقا ھېسابقا كىرگۈزۈلمىدى)، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق تولۇقلىنىش مىقدارى 714 مىليون

كۆپ مېتىرغا، سۇ ئېلېكتىر بايلىقىنىڭ زاپاس مىقدارى 117 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 260 مىڭ 300 گېكتار ئورمان بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ياۋا ئۆچكە، تاغ ئۆچكىسى، ئاق لەيلەك، سېرىق بۈركۈت، قوڭغۇر ئېيىق، ئوتلاق ئالا مۈشۈكى قاتارلىق 40 نەچچە خىلى بار. سەيلىگاھلاردىن قۇمتۇرا مىڭئۆيى، سىم - سىم مىڭئۆيى، قىزىلقاغا مىڭئۆيى، تۇزلۇق سۇ جىلغىسى، ئەگىرتاغ سىرلىق جىلغىسى، چولاق كۆل، كىچىك كۆل، سۇ بېشى قەدىمكى شەھىرى، قىزىلقاغا تۇرى، كۇچا خانىقاسى، مەۋلانە ئەرشىدىن مازىرى قاتارلىقلار بار.

ئاق كىشمىش ئۈزۈمى، دوپپا، گىلەم، قەلەمتىراچ، كۆرپە قۇلاقچا، مىس چۆگۈن قاتارلىق داڭلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۇچا ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى گاڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېھىم ئايۇپ.

ھاكىم: ئېزىز مۇسا.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ جۈنشەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 152 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 612 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %13.5، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 649 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %83.14، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 891 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.22 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 143 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %8.04 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 863 مىليون 990 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 57 مىليون 920 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 219 مىليون 960 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 540 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 220 مىڭ 264 تونna ئاشلىق، 37 مىڭ 107 توننا پاختا، 1686 توننا ياغلىق دان، 97 مىڭ 961 توننا مېۋە - چېۋە، 53 مىڭ توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 918 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 20 مىڭ 274 توننا گۆش، 1064 توننا يۇڭ، 665 مىڭ پارچە كالا، قوي تېرىسى، 3850 توننا سۈت، 2850 توننا تۇخۇم، 162 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4054 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇئىچىلىق قۇرۇلۇشىغا 43 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 280 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 167 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 88 مىليون 964 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %29.98، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 294 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %27.98 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 978 مىڭ 738 توننا كۆمۈر، 9755 توننا مانگان رۇدىسى، 39 مىليون 300 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4 مىليون 90 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى، 68 مىڭ 300 توننا بۇغداي ئۇنى، 5941 توننا سۇ يېغى، 6 توننا پىچىنە، پىرەنىك، 939 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 78 توننا ئاق ھاراق، 238 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 623 توننا مېۋە شەربىتى، 20 مىڭ 458 توننا ساپ پاختا، 200 مىڭ مېتىر رەخت، 35 مىڭ پار ئاياغ كىيىم، 1 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر سۇنئىي تاختا (چاپلىما تاختا)، 489 مىڭ 766 توننا خام نېفىت، 4425 توننا بېنزىن، 29 مىڭ 137 توننا ئېرىتكۈچ ماي، 121 مىڭ 234 توننا دىزېلىن، 22 مىڭ 850 توننا يېقىلغۇ ماي، 279 مىڭ 237 توننا نېفىت ئاسفالتى، 6830 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى، 5600 توننا كوكس، 4459 توننا كۆمۈر قارىسى، 14 مىڭ 802 توننا پارتلاتقۇچ دورا، 34 توننا تەييار جۇڭگوچە دورا، 238 توننا سۇلياۋ ياسالما، 65 مىڭ 100 توننا سېمونت، 2170 توننا سېمونت ستولبا، 348 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 650 توننا سېمونت يوندا تورۇبىسى، 228 مىليون 460 مىڭ دانە خىش (ئۆلچەملىك خىشقا سۇندۇرۇلدى)، 602 توننا مېتال قۇرۇلما ۋە مېتال ئوراش ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 145 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 227 مىڭ 162 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 104 مىڭ 106 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 314 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 233 مىليون 480 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 58 مىليون 380

مىڭ يۈەن. شۇ يىلى تاماملانغان چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: 75 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، 91 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرى ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، 38 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى قۇرۇلۇشى، 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كۆسەن سودا شەھەرچىسى قۇرۇلۇشى، 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەرنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى، 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەرنىڭ يۇندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى، 123 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بازار رايونى يولى قۇرۇلۇشى، 19 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەرقىي بازار سۇ زاۋۇتى قۇرۇلۇشى، 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشى، 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سودا پىيادىلەر كوچىسى، 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كۆسەن مەيدانى قۇرۇلۇشى، 11 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئوقۇربۇلاق كۆمۈركېنى يولى، 13 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «شىنيۇ» سېمونت لاي ئېتىش پونكىتى، 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «بوستان» مېۋە ئىچىملىكى زاۋۇتى قۇرۇلۇشى، 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «خۇڭچىياۋ» پاراففىن زاۋۇتى قۇرۇلۇشى، 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىمالىي تارىم سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز زاۋۇتى قۇرۇلۇشى. بىر يىلدا 56.8 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 20.3 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 25 مىڭ كىلوۋات ئاشۇرۇلدى. تۈرلۈك قاتناش ۋاسىتىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 161 مىڭ توننىغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 60 مىڭغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 44 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، بازارلاردىكى يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 23 مىڭغا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4460قا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 23 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 1500گە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 412 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 29 مىليون 60 مىڭ يۈەن. يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 63 مىليون 270 مىڭ يۈەن. ھەرخىل سودا بازىرىدىن 18ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 174 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 180 مىڭ 800 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 11 مىليون 20 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 166 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.37، يەرلىك مالىيە چىقىمى 307 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25.62 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 760 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 673 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 177 مىليون 670 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 29 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 12 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 17 مىليون يۈەن، تۆلەنگەن تۈرلۈك تۆلەم سوممىسى 9 مىليون 715 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 7 مىليون 40 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 675 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 7629، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1342. شۇ يىلى ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 9ى تاماملاندى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 213 (ھەممىسى مىللىي). كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 297 (ھەممىسى مىللىي). ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 3389 (مىللىي 2289). ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 949 (مىللىي 26 مىڭ 156). باشلانغۇچ مەكتەپ 203، ئوقۇغۇچىسى 51 مىڭ 762 (مىللىي 46 مىڭ 711). تۈرلۈك ئوقۇتقۇچى 4701 (مىللىي 2959). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 559 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە 3 سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە يەتتى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى ئاز كەم 10 مىڭغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 27 سەھىيە ئاپپاراتى، 1228 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 370). دوختۇرخانىلاردا 1095 كارىۋات بار.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى بىر ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى كۇچا ناھىيىسىدە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2236.9 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 944 يۈەنگە يەتتى. بازار ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئۆي كۆلىمى 19.95 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىسىنىڭ 16.43 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 10 مىڭ 910 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 385 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 9819 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 10 مىڭ 160 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىتتىكى بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 16سى تاماملاندى، بۇ تۈرلەرگە 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 23 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 4ى، كۆلىمى 93 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 7 سى بەرپا قىلىندى.

★ 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە كۇچا ناھىيىسى بويىچە 2 - نۆۋەتلىك كىشمىش ئۈزۈم مەدەنىيەت سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى.

★ 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قاتناش توختىتىلغىنىغا 4 يىل 3 ئاي بولغان كۇچا ئايرودرومىدا قاتناش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كۇچا ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 27 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى زاپاس مىقدارى 1 مىليارد توننا كېلىدىغان تەييار كۆمۈرلۈك — كۇچا ئوقۇر بۇلاق كۆمۈر كېنى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئوقۇر بۇلاق كۆمۈر كېنى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

★ 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى — كۇچا ئېلېكتر ئىستانسىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ بىرىنچى قارارلىق (2×125 مىڭ كىلوۋات) ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى كۇچا ناھىيىسىنىڭ شاماللىق كەنتىدە ئۆتكۈزۈلدى.

لى فاڭ، ياڭ رۇڭ

# شايار ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

شايار ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا، ئۆگەن دەرياسى بوستانلىقى تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 832 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 4، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 202 مىڭ 174 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 172 مىڭ 363)، يېزا نوپۇسى 162 مىڭ 957. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.81‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.5‰. ناھىيە بويىچە 55 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 27 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 27 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

شايار ناھىيىسى شىنجاڭدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى، شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيى ئاساسلىقى تارىم دەرياسى ھەمدە ئۆگەن دەرياسىدىن كېلىدۇ، يەر ئاستى سۇ بايلىقى نىسبەتەن كەمچىل. ناھىيە تەۋەسىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا 52 مىڭ گېكتار توغراقلىق بار. تارقاق ئۆسكەن توغراقلىق 14 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، ياۋا تۆگە، ساقا قۇش، كۆلرەڭ تۇرنا، لەيلەك قاتارلىقلار بار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى بار. ناھىيە تەۋەسىدە نېفت زاپىسى بىر قەدەر مول، باشقا قېزىلما بايلىق زاپىسى ئازراق.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شايار ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن شىڭجيې.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مىجىت مۆمىن.

ھاكىم: توختى بەكرى (10 - ئايدا ۋەزىپىدىن يۆتكەلدى)، مۇتەللىپ روزى (11 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئوسمان ساماق.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش

قىممىتى 879 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 470 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.2، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 98 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.7، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 310 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.3 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 841 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 708 مىليون 270 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 23 مىليون 942 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 104 مىليون 702 مىڭ 400 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون 82 مىڭ 600 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 182 مىڭ توننا ئاشلىق، 50 مىڭ 200 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 649 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 8312 توننا گۆش، 267 توننا يۇڭ، 153 توننا چۈپۈر، 45.86 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 6400 پارچە كالا تېرىسى، 72 مىڭ 300 پارچە قوي تېرىسى، 420 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4933.33 گېكتار يەردە (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەمنى شۇنىڭ ئىچىدە) ئورمان بەرپا قىلىندى. كېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 146 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 240 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 115 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

ساناەت مەھسۇلات قىممىتى 196 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %15.9، ساناەت قوشۇلما قىممىتى 60 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.9 ئاشتى. ئاساسلىق ساناەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3900 توننا پاختا يىپ، 45 مىڭ توننا ساپ پاختا، 7250 توننا سۈت يېغى، 260 توننا چۈچۈكبۇيا كىسلاتاسى، 600 توننا سۇلياۋ بويۇق، 24 مىڭ توننا ئۇن، 1 مىليون 70 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. ساناەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 53 مىڭ 402 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 21 مىڭ 991 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 146 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 62 مىليون 980 مىڭ يۈەن، ئۆي، زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليون يۈەن. بىر يىلدا 11 يولنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ناھىيە بويىچە 4 يېزا، 4 بازار، بىر مەيداننىڭ يولىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، 12 سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى، 12 سۇ مۇنارى ياسالدى، 79.2 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلۇپ، 56 مىڭ ئادەم، 125 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيە بويىچە ھەرخىل سودا بازىرىدىن 12سى بار. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 212 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 13 مىليون 830 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 88 مىليون 620 مىڭ يۈەن. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 650 مىڭغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 135 مىڭ توننىغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 7651گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3622گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 7500 نەچچىگە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 351گە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 46 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %22.5، يەرلىك مالىيە چىقىمى 155 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.04 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 665 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى 672 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى 430 مىليون 490 مىڭ يۈەن، سۇغۇرتا كەسپى كىرىمى 9 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 6 مىليون 520 مىڭ يۈەن، تۆلەنگەن تۈرلۈك تۆلەم 1 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 300 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 960 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3380، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 36، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 635. ناھىيىدىكى ھەر خىل مەكتەپ 153، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى

ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 139، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1489 (مىللىي 1421)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 155 (مىللىي 12 مىڭ 253)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 466 (مىللىي 26 مىڭ 137)، ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2175 (مىللىي 1765). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. 2002 - يىلى شايار ناھىيىلىك ئارخىپخانىنىڭ دەرىجىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 1- دەرىجىلىك ئارخىپخانا بولدى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.5كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97.9كە يەتتى، سىملىق تېلېۋىزىيە 3000 ئائىلىگە كىردى.

ناھىيە بويىچە 13 دوختۇرخانا، شىپاخانا، بىر سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى، دوختۇرخانىلاردا 485 كارىۋات، 336 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، يېزا، كەنتلەردە 147 تېببىي داۋالاش نۇقتىسى بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى شايار ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2295.18 يۈەنگە، ئىدارە - ئورۇنلاردىكى كەسپكارلارنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 10 مىڭ 225 يۈەنگە يەتتى، ناھىيە بويىچە 4471 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى %91كە يەتتى، كارخانىلاردىن پېنسىيەگە، دەم ئېلىشقا چىققان 865 كىشىگە ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. سۇغۇرتا پۇلىنىڭ تارقىتىپ بېرىلىش نىسبىتى %100 بولدى. داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى %98.2كە يەتتى، 5496 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، بۇ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %95كە يەتتى. 2002 - يىلى ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش، تۇغۇت سۇغۇرتىسى رەسمىي يولغا قويۇلدى، بۇ سۇغۇرتىغا 580 ئادەم قاتناشتى.

ناھىيە بويىچە كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 2 سى، كۆلىمى 0.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 2 سى بەرپا قىلىندى. بازارلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ناھىيە بويىچە سۇ بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەشنىڭ قاپلاش نىسبىتى %86كە، يۇندا چىقىرىۋېتىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى %71كە يەتتى.

★ 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شايار ناھىيىسىنىڭ توپبولدى، يېڭى مەھەللە، قىزىل بايراق يېزىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بازار قۇرۇلدى.

★ 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شايار ناھىيىسى 100 يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلىدىغان يەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان تەخمىنەن 40 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ شىندۇڭ

# توقسۇ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

توقسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 794 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 779 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 140 مىڭ 662 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 131 مىڭ 987)، يېزا نوپۇسى 107 مىڭ 863، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.6، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.78. ناھىيە بويىچە 31 مىڭ 666 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 15 مىڭ 833 گېكتار يەرگە (ئېكىلمە تېرىلغۇ كۆلىمى 6573 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 15 مىڭ 366 گېكتار يەرگە (ئېكىلمە تېرىلغۇ كۆلىمى 360 گېكتار) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 635 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 290 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 116 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاق بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، يەرمەدىكى، قىياق قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز بار، زاپىسى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. سەيلىگاھلاردىن ئۈچقات قەدىمكى شەھىرى، توڭگۇز باش قەدىمكى شەھىرى، غەربىي يۇرتتىكى داڭلىق شەھەر - داۋانقۇم شەھىرى، توغراق ئېقىن مىڭئۆيى، تاڭ دەۋرىگە ئائىت «جىبجوگوەن» خارابىسى بار.

توقسۇ ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن مۇناقى ئۈزۈم، نەشپۈت، سۆرەلىگەن كەپتەر گۆشى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جكپ توقسۇ ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ باۋشېڭ.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇردى نىياز.

ھاكىم: ئەنۋەر مۆمىن.

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ چۈنشېڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 528 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 344 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %15 ئاشتى، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 70 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، %25.8 تۆۋەنلەپ كەتتى، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 113 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %38.6 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 574 مىليون 390 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %21 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 437 مىليون 720 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 58 مىليون 300 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 77 مىليون 650 مىڭ 600 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 720 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 90 مىڭ 700 توننا ئاشلىق، 22 مىڭ 400 توننا پاختا، 1116 توننا ياغلىق دان، 15 مىڭ 384 توننا مېۋە ـ چېۋە، 1325 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 302 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 4636 توننا گۆش، 336 توننا يۇڭ، 28 مىڭ 203 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 1690 توننا سۈت، 910 توننا تۇخۇم، 90 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 59 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. ناھىيە بويىچە 14 مىڭ ئائىلىدە كەپتەر بېقىلدى، يىل ئاخىرىدا قولدا 422 مىڭ 800 كەپتەر قالدى. تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەم 1330 گېكتارغا يەتتى. 1330 گېكتار بوز يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 800 گېكتار كۆلەمدە «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى بويىچە 4 ـ قارارلىق ئورمان بەرپا قىلىندى، 1330 گېكتار يەردە چۆل تىزگىنلىنىپ ئورمان يېتىشتۈرۈلدى، قىزىل بايراق تومىسىدىن ساۋۇتامغىچە بولغان 70 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ئورمىنى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 80 مىليون 323 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 2101گە، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 116 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 28 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 56 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 86 مىليون 92 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %10.6، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 29 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.2 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 14 مىڭ 400 توننا ئۇن، 760 توننا گۈرۈچ، 92 توننا ئاق ھاراق، 4725 توننا سۇ يېغى، 16 مىليون دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98كە يەتتى. شۇ يىلى بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 76 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 62 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 95 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 23 مىليون 130 مىڭ يۈەن، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 9 مىليون 120 مىڭ يۈەن. 44 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ يول ياسالدى، 45.84 گېكتار كۆلەمدىكى بازار رايونى كۆكەرتىلدى، سۇ بىلەن تەمىنلەش، يوندا چىقىرىۋېتىش، خەۋەرلىشىش تورلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 9 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. ھەر خىل قاتناش ۋاسىتىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 98 مىڭ 700 توننىغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 472 مىڭ 900گە، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5947گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 1329غا يەتتى. 2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يەككە سودا ـ سانائەتچى 2792، خۇسۇسىي كارخانىچى 38گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 150 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل سودا بازىرىدىن 8ى بار بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 35 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش بويىچە 52

مىليون 186 مىڭ يۈەن مەبلەغ، 11 تۈر كىرگۈزۈلدى، 9 مەھسۇلات ماركىسى تىزىمغا ئېلىندى. شۇ يىلى يەرلىك مالىيە كىرىمى 16 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %9.8، يەرلىك مالىيە چىقىمى 119 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 230 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 374 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى 268 مىليون 740 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 60 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 400 مىڭ يۈەن. تۆلەنگەن تۈرلۈك تۆلەم 5 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 2 مىليون 520 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 710 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3440، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 327، شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن بىرى تاماملاندى.

ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 10، باشلانغۇچ مەكتەپ 84، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 414 (مىللىي 10 مىڭ 857)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 871 (مىللىي 18 مىڭ 382). ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 644 (مىللىي 595). باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1214 (مىللىي 1113). شۇ يىلى 1 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 5 ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش تۈرى ۋە قوشۇمچە مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى (ئاممىۋى كۇتۇپخانا)، بىر ئارخىپخانا بار. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 1560قا يەتتى. ھەممە يېزىدا رادىئو، تېلېۋىزىيە بولۇش نىشانى ئاساسەن ئىشقا ئاشتى.

ناھىيە بويىچە 10 تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 401 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 332 كارىۋات، 21 يېزا، كەنت تىببىي داۋالاش نۇقتىسى بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى توقسۇ ناھىيىسى بويىچە بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2136 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى 1934 يۈەنگە، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1737.62 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1577 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 619 يۈەنگە، بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 19.03 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 5515 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2992 ئىشچى- خىزمەتچى ۋە پېنسىيىگە دەم ئېلىشقا چىققان 430 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7815 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

2002 - يىلى مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 3ى تاماملاندى، بۇ تۈرلەرگە 29 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 37 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 4ى بەرپا قىلىندى.

ئىمىنجان مەمەت

# باي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

باي ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، چۆلتاغنىڭ شىمالىي چېتىدىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىم ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 860 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 200 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 175 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 163 مىڭ 100، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.51، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.95. ناھىيە بويىچە 46 مىڭ 662.13 گېكتار يەر بار بولۇپ، 24 مىڭ 753.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 17 مىڭ 465.2 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1600 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

باي ناھىيىسى — شىنجاڭنىڭ ياغلىق دان بازىسى. ناھىيە تەۋەسىدە 5 ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بار. ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 729 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىگە دۆلەتلىك 1 -، 2 - دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋانلار ۋە قۇش

ئۆرلەردىن 81 خىلى تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، سېرىق بۆركۈت، قوناي، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، ئاق تورنا، قارا تورنا قاتارلىق 8 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، ئارقار، ئاق بوغۇز بۆكەن، قىزىل تۈلكە، ئۈلار، چوڭ ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى قۇرت ئوت، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، قار لەيلىسى، سوغىگۈل قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۇز، مەرمەرتاش، نېفىلىن، ئاندالوزىت قاتارلىق 58 خىلى بار، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈرنىڭ زاپاس مىقدارى ئەڭ كۆپ، كۆمۈرنىڭ كەلگۈسى زاپىسى 2 مىليارد توننىغا يېتىدۇ، باي ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆمۈر مەركىزى. «غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»تىكى ئاساسىي گاز مەنبەسى بولغان قارا 2 - تۈزۈلمىسى بىلەن شىمالىي باي تۈزۈلمىسى باي ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان.

باي ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول، بۇنىڭ ئىچىدە 7 سەيلىگاھ ئۆزگىچىلىككە ئىگە، ئۇلار: مەملىكىتىمىز بويىچە 4 چوڭ تاش غارنىڭ بىرى بولغان قىزىل مىڭئۆيى، شىنجاڭدىكى ئادەم كۈچى بىلەن ياسالغان ئەڭ چوڭ سۇ ئامبىرى — قىزىل سۇ ئامبىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈنچى ئارشاڭ — تېرەك ئارشىڭى، قارا باغ، قېيىر تاغ خەلقئارا ئوۋچىلىق مەيدانى، قىزىل ئالۋاستى شەھىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىردىنبىر داڭلىق سالقىن جاي — باي ناھىيىسى بازىرى قاتارلىقلار. قىزىل مىڭئۆيى، قىزىل سۇ ئامبىرى ئارامگاھى، تېرەك ئارشىڭى، ۋە تېرەك ئورمان باغچىسى قاتارلىقلار باي ناھىيىسىدىكى 4 چوڭ ئۆزگىچە سەيلىگاھتۇر.

ئاق گازىر، پاڭيۇ ۋە ساماق قاتارلىقلار باي ناھىيىسىنىڭ 3 گۆھىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جياڭ خۇي.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەمەت يۈسۈپ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: ئەمەت يۈسۈپ (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دىلشات كېرەم (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).


سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرۇسۇل گايىت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 787 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 305 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.02%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 238 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 46.4%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 244 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 535 مىليون 318 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 359 مىليون 596 مىڭ 300 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 29 مىليون 462 مىڭ 300 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 125 مىليون 868 مىڭ 400 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 20 مىليون 391 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 173 مىڭ 171 توننا ئاشلىق، 3980 توننا پاختا، 13 مىڭ توننا ياغلىق دان، 54 مىڭ 400 توننا قىزىلچا، 17 مىڭ 200 توننا مېۋە - چېۋە، 33 مىڭ 333 توننا كۆكتات، 19 مىڭ 423 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 808 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 502 توننا گۆش، 1095 توننا يۇڭ، 89 مىڭ 600 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 980 توننا سۈت، 415 توننا تۇخۇم، 1300 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2981.5 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەمنى شۇنىڭ ئىچىدە). شۇ يىلى ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 4810 غا، مەھسۇلات قىممىتى 282 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 100 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 101 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 406 مىليون 464 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 23.2%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 166 مىليون 525 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 41.2% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 195 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 59 مىڭ توننا كوكس، 670 مىليون 910 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 190 توننا يېقىلغۇ ماي، 1157 توننا دىزېلىن، 3549 توننا سۇ يېغى، 29 مىڭ 200 توننا ئۇن، 791 توننا گۈرۈچ، 100 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 7800 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 6500 توننا ساپ پاختا، 1200 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 920 مىڭ توننا تۇزۇبا سۈيى، 25 مىڭ توننا سېمونت، 13 مىليون 600 مىڭ دانە خىش، 2676 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما،



قىزىل مىڭئۆيىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى.

جاۋ جۇنشەن فوتوسى

2518 توننا تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 98.68% كە، بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 216 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 107 مىليون 360 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليون 50 مىڭ يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 89 مىليون 420 مىڭ يۈەن. يۈك توشۇش مىقدارى 90 مىليون توننا كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 143 مىليون 760 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 8194 كە، يېزا تېلېفون ئابونتى 3683 كە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 193 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل سودا بازىرىدىن 15 ى بولۇپ، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 36 مىليون 576 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 100 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 4 مىليون 80 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 35 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 16.78% ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 180 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 27.48% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 302 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى 761 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، بازار ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى 524 مىليون 380 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 14 مىليون 519 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 429 مىڭ 500 يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 90 مىڭ 400 يۈەن؛ بېرىلگەن ھەر خىل تۆلەم سوممىسى 6 مىليون 736 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 5 مىليون 429 مىڭ 800 يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 306 مىڭ 700 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5004 (تەكلىپ قىلىنغان 1199 كىشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 44، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 757.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل مەكتەپ 186، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بىر، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 154 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 137)، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 10؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1567 (مىللىي 1213)، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 115، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 733 (مىللىي 14 مىڭ 227)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 676 (مىللىي 26 مىڭ 538)، تەييارلىق سىنىپتىكى بالا 998 (مىللىي 368)؛ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى 3400، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2479. بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 157. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 367 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 87% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 93% كە، سىملىق

تېلېۋىزىيە ئابونتلىقى 4300گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 16 دوختۇرخانا، شىپاخانا، بىر سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ۋە ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى، 515 (مىللىي 394) كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 318 (مىللىي 247)، دوختۇرخانىلاردا 455 كارىۋات بار. ناھىيە بويىچە كەنت دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش نۇقتىسىدىن 78ى تەسىس قىلىندى.

ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا، پۇتبول، ۋالېيبول مۇسابىقىلىرىدە ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 3 تۈردە 1 -، بىر تۈردە 2 -، 8 تۈردە 3 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى باي ناھىيىسىدىكى ئىدارە - ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 11 مىڭ 824 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1888 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 832 ئائىلىدىكى 4160 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 6576 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىغا، 3400 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 982 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 10 مىڭ 450 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 33ى تاماملاندى.

## پائال تۈردە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا باغچا رايونى قۇرۇلدى

يېقىنقى 2 يىلدا باي ناھىيىسى بىر تۈركۈم باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى، يۇقىرى ئۈلگىلىك، يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان يېزا - ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ئۈلگە باغچا رايونى قۇرۇش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

### تۈمەن يۈەنلىك ئېتىز ئۈلگە باغچىسى

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە 407 پارنىك، لاپاس ياسالدى، «ئالوي بىلەن ئۈزۈمنى، بۆلجۈرگەن توغاچ بىلەن ئۈزۈمنى، تاۋۇز، توغاچ بىلەن ئۈزۈمنى بىللە ئۆستۈرۈش» قاتارلىق گۇرۇپپىلاشتۇرۇلغان، ستېئورولۇق ئۆستۈرۈش ئەندىزىسى قوللىنىلىپ، چەكلىك بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىلدى، بۇ ئەندىزە ناھايىتى ياخشى كېڭەيتىش قىممىتىگە ئىگە بولدى. 2002 - يىل 6 - ئايغىچە ناھىيە بويىچە تۈرلۈك پارنىك، لاپاس 574كە، پارنىك كۆلىمى 24.56 گېكتارغا، ھوسۇلى 31 مىڭ 100 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### بېلىقچىلىق، شالچىلىق، سۇچىلىق يېزىسى ئۈلگە باغچىسى

بۇ باغچا رايونى باي ناھىيىسىنىڭ سىمىخ يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىرقى كۆلىمى 1666 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شال تېرىش 1333 گېكتار، بېلىقچىلىق قىلىنىدىغان سۇ كۆلىمى 333 گېكتار. بۇ ئۈلگە باغچىدا سورت يېتىشتۈرۈش، مايا كۆچۈرۈش يېڭى تېخنىكىسى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىش بىلەن بىللە «چيۇتيەن شياۋدىڭ» سورتى قاتارلىق يېڭى سورتلار كەڭ كۆلەمدە تېرىلىپ، گۈرۈچ ھوسۇلى توننىلىق ئېتىز ئۆلچىمىگە يېقىنلاشتۇرۇلدى، سۇ مەھسۇلاتى مىقدارى 2500 توننىدىن ئاشتى، سۇ مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون يۈەنگە يەتتى.

### ئاشلىق، پاختا ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائەت ئۈلگە باغچىسى

ئاشلىق زىرائىتى بىلەن ئۈلگە باغچىسى، ئۈلگە نۇقتىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، يېزا - بازار، مەيدانلاردا ئۈلگە كىچىك رايونلىرى قۇرۇلدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كەنتلەردە پەن - تېخنىكا ئۈلگە ئائىلىلىرى بېكىتىلدى. ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش ئارقىلىق، ئاشلىق ھوسۇلىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. 2002 - يىلى ئاشلىق، پاختىدا ھوسۇلنى ئاشۇرۇش، كىرىمنى كۆپەيتىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. باغچا رايونىدا ھەر گېكتار يەردىن 37.5 توننا ھوسۇل ئېلىنىپ، ئۈنۈم كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. باينىڭ ئۈچ گۆھىرى بولغان پاڭيۇ، سامساق، ئاق گازىرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 3330 گېكتارغا كېڭەيتىلدى، نوقۇت كۆلىمى 400 گېكتارغا مۇقىملاشتى، ھوسۇلى 27 توننىغا يەتتى، «جىيايەن» داڭلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى بولۇپ قالدى. ئۆزگىچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى.

### ئۇرۇقچىلىق ئۈلگە باغچىسى

2002 - يىلى باي ناھىيىسى كېۋەز ئۇرۇقلۇق ئېتىزى، كۆممەقوناق ئۇرۇقلۇق ئېتىزى، بۇغداي ئۇرۇقلۇق ئېتىزى قاتارلىقلارغا تاختا تېرىپ ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقارغۇچى ئائىلىلەرگە ئۇرۇق كارتىسى تارقىتىپ بەردى، قاتلام - قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى كۈچەيتتى. 2002 - يىلى ناھىيە بويىچە 203 گېكتار يەردە كۆممەقوناق ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈلدى.

چارۋىچىلىق، پەن - تېخنىكا ئۈلگە باغچىسى

2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا باي ناھىيىسىدە چارۋىچىلىق پەن- تېخنىكا ئۈلگە باغچا رايونىدا 60 تۇياق نەسىللىك سېممىنتال كالىسى (15 ئەركەك موزاي سېتىلدى) قالدى، بايىنىڭ نەسىللىك مايلىق توخۇسى 350كە يەتتى. شۇ جايدىن تۇرەلمە كۆچۈرۈلگەن ئىنەكتىن 24ى سېتىۋېلىندى، 15 ئىنەككە تۇرەلمە كۆچۈرۈلدى. 2002 - يىلى باي ناھىيىسى ئەسلىدىكى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش ئاساسىدا سېلوس ئورىسى ياساشقا، نەسىللىك كالا، ئۆسكۈنە، ماشىنا سېتىۋېلىشقا يەنە 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. ماشىنىدا يۇڭ قىرقىش ئارقىلىق يۇڭ سۈپىتى ۋە يۇڭ مەھسۇلات مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلدى. 2002 - يىل 6 - ئايغىچە باي ناھىيىسىدە 55 مىڭ تۇياق قوينىڭ يۇڭى ماشىنىدا قىرقىلدى، «ساپالى» ماركىلىق قوي يۇڭى 90 توننىغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 14 توننا ئاشتى.

★ 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن يۇبان باي ناھىيىسىدە ئۇدا قارا يامغۇر ياغدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى 5 ئاساسىي دەريا- ئېقىنغا كەلگەن سۇ مىقدارى تارىختىكى ئەڭ زور كەلكۈن ئېقىم مىقدارىدىن ئېشىپ كەتتى. 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە تۇرلۇك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 215 مىليون يۈەنگە، ئۆلگەن ئادەم 19غا يەتتى.

★ 10 - ئايدا 46 مىليون 369 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىنغان باي ناھىيىسى مۇزارت دەرياسىنىڭ ئاقىۋىلىڭ سۇغىرىش، سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دۇنيا بانكىسى نۇرى ئىشخانىسى تەشكىللىگەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن باي ۋە ئونسۇ ناھىيىلىرى سۇغىرىش كۆلىمىنى 23 مىڭ 300 گېكتار كۆپەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

★ 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى باي ناھىيىلىك خۇڭشىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى سودا مەركىزى تىجارەت باشلىدى. سودا مەركىزىنىڭ كۆلىمى 28 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئۇنىڭغا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ ئاشلىق، ياغ، كۆكتات، گۆش، ئۆي قۇشلىرى قاتارلىق يېزا - ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى سودىسى بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرىدىن ئىبارەت.

جۇ باۋئەن، خې شىن

## ئۇچتۇرپان ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1111 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (يىگىتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 176 مىڭ 771 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 171 مىڭ 481)، يېزا نوپۇسى 152 مىڭ 84؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %22.17، كۆپىيىش نىسبىتى %10.86. 33 مىڭ 513 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 19 مىڭ 730 گېكتار (تېرىلغۇ كۆلىمى 1400 گېكتار)، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ 230 گېكتار (ئېچىز تېرىلغۇ كۆلىمى 6090 گېكتار). كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 221 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 875 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 74 مىڭ 802 گېكتار ئورمان، 463 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، جەرەن، ئارقار، ئاق قۇ، ئۇلار، سۇغۇر قاتارلىق 25 خىلى بار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، قار لەيلىسى، قانتېپەر، مامۇرانچىن، سېرىق يۇگەي قاتارلىق 13 خىلى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، فوسفور، ھاك تېشى، گەج، مەرمەر تاش، قوغۇشۇن - سىنىك ۋە زاپاس مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىدىن بارىت، سۇرمە، ھاك تېشى، ساپال توپىسى، ئالتۇن، سىماپ قاتارلىقلار بار.

ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تاغلىق، بۇلاقلىق يۇرت بولۇپ «چېگرا بوستانلىقى» دېگەن چىرايلىق نامى بار. ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ توققۇز بۇلاق باغچىسى شىنجاڭغا داڭلىق. ناھىيە تەۋەسىگە نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارقالغان بولۇپ، سوۋېتقا بۇلاق، شىمالىي تۆپىلىك قىياتاش رەسىملىرى ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن يېڭى ئايماق كونا شەھىرى ۋە سالام مىڭئۆيى، تالڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەلئە، مەككىز دۆڭ، پەشلى تۇراسى، لىن جىلۇ ئىش بېجىرگەن ئورۇن قاتارلىقلار بار.

يەرلىك داڭلىق، سۈپەتلىك مەھسۇلاتلاردىن ئۇچتۇرپان ياڭيىقى، نوقۇت قاتارلىقلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك

كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ مىڭ.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن مامۇت (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تۇرسۇن ئىسلام (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: ئابلىز تۇنىياز.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋۇ چىڭخەي.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 405 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 248 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 118 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 432 مىليون 492 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %2.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 308 مىليون 499 مىڭ 800 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 19 مىليون 981 مىڭ 300 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 103 مىليون 890 مىڭ 900 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 120 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 129 مىڭ 651 توننا ئاشلىق، 3650 توننا پاختا، 5284 توننا ياغلىق دان، 45 مىڭ توننا قىزىلچا، 41 مىڭ 200 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 543 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 8295 توننا گۆش، 378 توننا يۇڭ، 236 مىڭ 400 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 2630 توننا سۈت، 311 توننا تۇخۇم، 10 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2493 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەمنى شۇنىڭ ئىچىدە). ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 105 مىليون 600 مىڭ يۈەن (دۇنيا بانكىسىدىن قەرز ئېلىنغان 49 مىليون 800 مىڭ يۈەننى شۇنىڭ ئىچىدە) مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 2411گە، مەھسۇلات قىممىتى 95 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 9 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 62 مىڭ 937 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 42 مىليون 58 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %27.6 ئاشتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 14 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.1 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 9 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 37 مىڭ 392 توننا ئۇن، 1400 توننا سۇ يېغى، 6 توننا ئاق ھاراق، 2396 توننا پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 15 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيىلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش قۇرۇشتۇرۇش پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ياراتقان بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 64 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بازارلاردا ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 14 مىليون 50 مىڭ يۈەن. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 25 مىليون 510 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4712گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 3134كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 2500گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 59 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل سودا بازىرىدىن 10ى بار بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 55 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 1803 يەككە سودا سانائەتچى تىزىمغا ئالدۇردى، ئۇلارنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 8 مىليون 544 مىڭ يۈەن. 43 مىڭ 500 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 480 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 8 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %19.4، يەرلىك مالىيە چىقىمى 95 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.3 ئاشتى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 237 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 312 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى 199 مىليون 220 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۈرلۈك تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 332 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 1 مىليون 210 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 122 مىڭ 300 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2466، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 561. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 799 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا

مەكتەپ (مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ) 2، ئوقۇغۇچى 801 (مىللىي 733)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 326 (مىللىي 12 مىڭ 24)، باشلانغۇچ مەكتەپ 102، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 626 (مىللىي 25 مىڭ 12). بالىلار باغچىسى 2 (شەخسلەر قۇرغان بالىلار باغچىسى بۇنىڭ سىرتىدا). باغچا ئوقۇتقۇچىسى 34، تولۇق ئوقۇتقۇچى 2054 (مىللىي 1878). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %70كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 2109غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 13 سەھىيە ئاپپاراتى، 314 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 269) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 119 (مىللىي 82). دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 268. ناھىيە ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن» بويىچە مائارىپنى قايتا تەكشۈرۈشتە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1292.5 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۇل مائاشى 11 مىڭ 838 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 17 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 3984 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1158 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5115 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 7 - ئايدا ئۇچتۇرپان ناھىيىسى دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە، دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 2002 - يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىش بويىچە 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 42 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، %80تىن ئارتۇق ئېلېكتىر تورى ئۆزگەرتىلدى.

★ 2002 - يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى دۆلەت دەرىجىلىك شاخ - شۇمبىدا قوي بېقىش ئۈلگە تورى بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

★ 2002 - يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا چولڭ كاناي قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى ھەمدە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، يېزىلارنىڭ چولڭ كاناي بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %98كە يەتتى.

★ 2002 - يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە بىر بازار، 8 يېزا ئوخشىمىغان دەرىجىدە قارا يامغۇر، شىددەتلىك بوران، تاغ كەلكۈنىنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 54 مىليون 128 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىلدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان 120 ئائىلىنىڭ ئۆيى رېمونت قىلىندى.

لىيۇ پېيشىن، ئەن خۇئلى

# ئاۋات ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاۋات ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1077 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 190 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 163 مىڭ 400)، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ نوپۇسى 138 مىڭ 500. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.29‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.32‰.

ناھىيە بويىچە 44 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 15 مىڭ 100 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 28 مىڭ گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە 162 مىڭ گېكتار ئوتلاق، 33 مىڭ 300 گېكتار ئېپتىدائىي توغراقلىق، جىغانلىق، يۇلغۇنلۇق بار. ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن دەريالىرى ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا بىرلىشىپ تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ شەرققە ئېقىپ ناھىيە تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئاقسۇ كونا دەرياسى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا ئېقىپ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ سۇغىرىش رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، بۇ دەريا ناھىيىنىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىدىغان بىردىنبىر دەريادۇر، يىللىق باشلىنىدىغان سۇ مىقدارى 1 مىليارد 387 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 703 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، ياۋا ئېشەك، بۆكەن، ئاق قۇ، ئېبار چاشقان، ئاق لەيلەك قاتارلىقلار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، سوغىگۈل، توشقان زەدىكى، كىرىش، يەرمەدىكى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاۋات ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ

شۇجىسى: لىۇ بىن.

12 - ئوۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئاۋۇت داۋۇت.

ھاكىم: ئەنۋەر سېيىت.

سىياسىي كېڭەش 12 - ئوۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلەت ياقۇپ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 854 مىليون 24 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 462 مىليون 969 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 162 مىليون 546 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 6%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 228 مىليون 508 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 20% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 783 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7.8% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 679 مىليون 380 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 9 مىليون 690 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 93 مىليون 820 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 850 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 88 مىڭ 911 توننا ئاشلىق، 44 مىڭ 650 توننا پاختا، 26 مىڭ 815 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرغىچە 11 مىڭ 800 گېكتار يەردە (تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەمنى شۇنىڭ ئىچىدە) ئورمان بەرپا قىلىندى، ئېتىز - ئېرىق بويلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش سەۋىيىسى 92%كە يەتتى. مېۋىلىك باغ كۆلىمى 7900 گېكتارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، نەشپۈتلۈك 3400 گېكتار، ئانارلىق 700 گېكتار، قىزىل ئۈزۈملۈك 500 گېكتار، مۇناقى ئۈزۈملۈك 800 گېكتار. يىل ئاخىرىدا قولدا 470 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 7360 توننا گۆش، 514 توننا يۇڭ، 83 مىڭ 800 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 2900 توننا سۈت، 1035 توننا تۇخۇم، 120 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 80 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 4037گە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 154 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 32 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 127 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 242 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 10.4%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 84 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.5% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4204 توننا پاختا يىپ، 20 مىڭ 600 توننا بۇغداي ئۇنى، 7843 توننا سۇ يېغى، 43 مىڭ 502 توننا ساپ پاختا، 1128 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 8 مىليون 30 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 78 مىليون 316 مىڭ 400 يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 74 مىڭ 330 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 65 مىڭ 330 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 207 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 161 مىليون 500 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە ئاھالىلەر ئاپتوموبىلى 878گە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 69 مىليون 580 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 79 مىليون 200 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 13 مىڭ 232گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 1848گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 624كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 160 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 32 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 16%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 145 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 29.8% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 698 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 798 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 567 مىليون 720 مىڭ يۈەن، سۇغۇرتا ھەقىقى كىرىمى 14 مىليون 220 مىڭ يۈەن، تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 960 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3820، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 629. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 143 (مىللىي 12 مىڭ 416)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 671 (مىللىي 534)، باشلانغۇچ مەكتەپ 116، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 963 (مىللىي 26 مىڭ 874)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1710 (مىللىي 1277). شۇ يىلى

ماتارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99.6كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 23 تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، دوختۇرخانىلاردا 449 كارىۋات، 653 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 353) بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىل ئاۋات ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2631.6 يۈەنگە يەتتى. بازاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 183 بولۇپ، مائاش سوممىسى 111 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 23 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 6957 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 39 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى پۇلى ئالدى، 2543 ئادەم پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا، 10 مىڭ 549 كىشى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. بازار، يېزا ئاھالىسىدىن 5490 كىشى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئوبيېكتى قىلىندى، ئۇلارغا 2 مىليون 210 مىڭ يۈەن كاپالەت پۇلى بېرىلدى. ناھىيە بويىچە 7 مەھەللە مۇلازىمەت ئاپپاراتى قۇرۇلدى.

★ 5 - ئايدا ئاۋات ناھىيىلىك ئۇچۇر مەركىزى قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە ئۇچۇر تار دائىرىلىك تور قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى، ئىشخانا تار دائىرىلىك تورى يولغا قويۇلدى. ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، 3 - مەيدان ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق 3 مەكتەپتە مەكتەپ باغچىسى تورى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە تورلۇق تور-پونكىتىدىن 18ى تەسىس قىلىندى، «جۇڭگو پاختا شەھىرى»، «قۇملۇقتىكى مەرۋايىت» قاتارلىق 4 تور نامىنىڭ ئىشلىتىلىش ھوقۇقى ئەنگە ئېلىندى.

★ 5 - ئايدا ئاۋات ناھىيىسى قېزىپ رەتلەپ چىققان دولان مۇقامىنىڭ سانلاملىق گىمناستىكىسى ش ئۇ ئا ر نەشر ھوقۇقى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتۈپ، نەشر ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

★ 7 - ئايدا ئاۋات ناھىيىسى يۇلتۇز دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى يولغا قويدى. ئۆلچەمگە يەتكەن كەنت كادىرلىرى ئاي بويىچە مائاش ئالدى. ناھىيە بويىچە كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىدىن 7سى مائاش كارتوچكىسى ئالدى، كارتوچكا ئالغانلار ئاي بويىچە مائاش ئالدى.

★ 9 - ئايدا «شىنخەي 16 - نومۇرلۇق» دەرىجىدىن تاشقىرى ئۇزۇن تالالىق پاختا ئاۋات ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلدى، بۇ سورتنىڭ ھوسۇلى كونا سورتنىڭ ئوتتۇرىچە ھوسۇلىدىن %10 — %15 ئاشتى.

گېڭ چىنجىن

# كەلپىن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كەلپىن ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1146 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 40 مىڭ 270 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 38 مىڭ 674)، يېزا نوپۇسى 32 مىڭ 394، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.42، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰14.96. ناھىيە بويىچە 3980 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 2740 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 713 گېكتار)، 1340 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 260 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 98 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 300 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 2002 - يىللىق مەلۇماتقا قارىغاندا ناھىيە بويىچە 36 مىڭ 847 گېكتار ئورمان، 161 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار، كۆپىنچىسى چۆل ئوتلاق. ناھىيە تەۋەسىدە 18 خىل قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە گۈڭگۈرت، فوسفور، قوغۇشۇن، مىس ئېچىلىش ئىستىقبالىغا ئىگە. دورىلىق ئۆسۈملۈك 170 خىلدىن ئاشىدۇ، بۇلاردىن چاكاندا، قانتېپەر، سانجىق ئوت قاتارلىقلارنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى. قۇرام دۆڭە رايونى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرە رايونىدۇر.

ناھىيىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن ئۈرۈك، چامغۇر، تۆگە يۇڭى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: نيۇ خەنشىن.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى ئىسمائىل.

ھاكىم: مۇتەللىپ نىياز (11 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەخمەت مەھەممەت (11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىلى شىيىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 94 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %0.7، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 9 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.6، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 51 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون 579 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %2.6 تۆۋەنلەپ كەتتى. 16 مىڭ 724 توننا ئاشلىق، 565 توننا پاختا، 171 توننا ياغلىق دان، 2577 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىنندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 178 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 2205 توننا گۆش، 150 توننا يۇڭ، 52 مىڭ 700 دانە كالا، قوي تېرىسى، 106 توننا سۈت، 68 توننا تۇخۇم ئېلىنندى. 108 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنندى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 796 گە، مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 1 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 18 مىڭ 861 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 203 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %13.08، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 23 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.2 ئاشتى. شۇ يىلى 1 مىليون 800 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %95 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 7563 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 6163 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 35 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنندى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 560 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 440 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 410 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 1768 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 361 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 20 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 11 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەر خىل سودا بازىرىدىن 5 ى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 8 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 2 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %55، يەرلىك مالىيە چىقىمى 68 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 51 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 95 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 745 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 100 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 776، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 281. ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 65 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 507 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 2753 (مىللىي 2712)، باشلانغۇچ مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 6788 (مىللىي 6704)؛ ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 769 (مىللىي 740). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %20 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 7 سەھىيە ئاپپاراتى، دوختۇرخانىلاردا 104 كارىۋات، 135 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 106) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 76 (مىللىي 60).

## خەلق تۇرمۇشى

2002 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1320 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 726 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 180.5

يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 13 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 16 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شۇ يىلى قىيىنچىلىقى بار 66 نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 703 يۈەنگە يېتىپ، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 1639 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 403 كىشى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 3308 كىشى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## چىلان يېزىسى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات رايونىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2002 - يىلى چىلان يېزىسى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات رايونىدا 1343 گېكتار يەرگە بۇغداي تېرىلىپ، 6323 توننا ھوسۇل ئېلىندى. 258 گېكتار يەرگە كېۋەز، 491 گېكتار يەرگە شال، 237 گېكتار يەرگە قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات تېرىلدى. 958.4 گېكتار يەرگە كۆچەت تىكىلدى، 66.67 گېكتار يەرگە تولۇقلاپ كۆچەت تىكىلدى، جەمئىي 500 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. شۇ يىلى 70 كىلومېتىر ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى.

## سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش بولماسلىقتا خاتىمە بېرىلدى

1. 2002 - يىلىنىڭ بېشىدا كەلپىن ناھىيىسى ئامرات ئورۇنلارنى يۆلەش بويىچە غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ ياردەم بېرىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەر سالغان 22 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغنى كىرگۈزۈپ، يىلىغا 100 مىڭ توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئاسفالت زاۋۇتى قۇردى، بۇ كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تارىخىدىكى تۇنجى زامانىۋى سانائەت كارخانىسى ھېسابلىنىدۇ. يىل ئاخىرىغىچە بۇ زاۋۇتنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، زاۋۇتنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى.

2. شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقات ئورنى تېخنىكا بىلەن تەمىنلىگەن، ئاقسۇدىكى خۇسۇسىي كارخانىچى مەبلەغ سالغان چامغۇرنى ئىنچىكە پىششىقلاش زاۋۇتى 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇشقا باشلانغاندىن بۇيان، ئاز كەم 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى پۈتۈنلەي قۇراشتۇرۇلۇپ تەڭشىلىپ تاماملاندى، تۇنجى تۈركۈمدىكى مەھسۇلات — ئۆپكە ئاسراش چامغۇر مەلھىمى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

3. شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودىگەرلەرنىڭ 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلىغى كىرگۈزۈلۈپ، كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئىلگىرى پۈتمەي كۆپ يىل تاشلىنىپ قالغان چىلان پاختا زاۋۇتى بىلەن گەزلىك پاختا زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى داۋاملاشتۇرۇلدى، بەككە كارخانىچىلار ئۆزلىرى مەبلەغ چىقىرىپ پاختا سېتىۋالدى. شۇ يىلى ناھىيە مالىيىسى پاختا سېتىۋېلىشتىن 100 مىڭ يۈەن باج ئالدى.

ئابدۇساتتار ھامىدىن

# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئاتۇش شەھىرىدە. 2002 - يىلى ئوبلاستتا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 451 مىڭ 946 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 425 مىڭ 56)، يېزا نوپۇسى 348 مىڭ 929؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.1‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11‰. ئوبلاست بويىچە 46 مىڭ 100 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 35 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئوبلاست بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 7 مىليارد 963 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، لېكىن دەريا - ئېقىنلارنىڭ كۆپىنچىسى تاغلىق رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، سۇ باشلاش قىيىن، پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن، تاغلىق رايون ۋە دەريا جىلغىلىرىغا تەبىئىي ئورمانلار تارقالغان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 37 مىڭ 800 گېكتار كېلىدۇ. 3 مىليون 339 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆچتاش يايلىقى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ يايلاق ھېسابلىنىدۇ. ئوبلاست تەۋەسىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇشلاردىن قارا لەيلەك، ئاق لەيلەكتىن ئىبارەت 2 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئارقار، ئۇلار قاتارلىق 9 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، ئەڭلىك ئوت، ھىلىڭ، چاكاندا، يەر سەدىكى، قومۇش يىلتىزى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، مانگان، خروم، قوغۇشۇن، سىنىڭ، قەلەي،

كوبالىت، كۆمۈر، نېفىت، ھاك تېشى، گەج، سېغىز تۇپا، مەرمەر، خرۇستال قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە، قوغۇشۇن، سىنكنىڭ زاپىسى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. قاراجول قوغۇشۇن، سىنىك كېنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكىلى 2 يىل بولۇپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. پېيزوكرىستال خرۇستال زاپىسى شىنجاڭ بويىچە خرۇستال زاپىسىنىڭ %90 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن ئەنجۈر، ئانار، مۇناقى ئۈزۈم، بارىن ئۆرۈكى كۆپ چىقىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شىنخۇيى. مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مەمەت ھەسەن توختالى (قىرغىز)، مەمەت نۇر، ليۇ باۋجيەن، ۋاڭ گوشىن، ياڭ جيەنگو (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ شىنخۇيى. مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ چېڭشيەن، ئەلى ئىسمائىل، سادىر روزى، ئىمام ھەسەن، جاڭ روڭيەن.

ئوبلاست باشلىقى: مەمەت ھەسەن توختالى (قىرغىز)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: شياۋ چىڭخۇا، لى گېخۇا، ليۇ جاڭجۇن (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مەمەت مۇسا سارىق (قىرغىز، 8 - ئايدا ۋاپات بولدى)، ۋاڭ شيەنپېي، ئىمام نامەت، سۇن شياۋشەن (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دولڭ شياڭجۇن.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ھامۇت ياقۇپ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۇ شىنمىن، ئامىنە ئابدۇراخمان، خې رېنيۇ، جۇماق قادىر (قىرغىز)، نىياز قارى (قىرغىز).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 103 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 358 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4.1؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 183 مىليون يۈەنگە يېتىپ %23.8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 562 مىليون يۈەنگە يېتىپ %7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 675 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.73 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 376 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 14 مىليون 470 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 283 مىليون 20 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 410 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 176 مىڭ 200 توننا ئاشلىق، 4675 توننا پاختا، 2550 توننا ياغلىق دان، 26 مىڭ 482 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 483 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 20 مىڭ 589 توننا گۆش، 1658 توننا يۇڭ، 760 مىڭ پارچە كالا - قوي تېرىسى، 22 مىڭ 995 توننا سۈت، 598 توننا تۇخۇم، 154 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4446.67 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، يېزىلاردا 10 مىڭ 400 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى. ئېتىز- ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 46 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 116 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 124 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %1.05 تۆۋەنلىدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 192 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %1.5 تۆۋەنلىدى. ئوبلاستقا قاراشلىق سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 70 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، %7.4 تۆۋەنلىدى. 37 مىليون 690 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 111 مىڭ 300 توننا كۆمۈر، 44 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.15 كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 169 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %84.7 ئاشتى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 177 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 128 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 309 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 267 مىليون 880 مىڭ يۈەن، ئۆي- زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 26 مىليون 780 مىڭ يۈەن. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق جەھەتتىكى ئاساسلىق تۈرلەرگە 51 مىليون 88 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 360 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن 1.2 ھەسسە ئاشتى؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 250 مىليون 230 مىڭ توننا - كىلومېتىر بولۇپ، %10.7 تۆۋەنلىدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 50 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتلىرى 35 مىڭ 600 گە، كۆچمە تېلېفون



2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت مەركىزى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۇنىڭ كۆلىمى 1060 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. چوڭ - كىچىك 2 كىنوخانا، 2 كۆرگەزمە زالىدىن تەركىب تاپقان. 1400 دىن ئارتۇق ئادەم سىغىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشقا 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى.

جېڭ خەيشۇ فوتوسى

ئابونتى 24 مىڭ 891 گە يەتتى. 44 مىڭ 38 ئىچكى ساياھەتچى (قېتىم)، 7683 خەلقئارا ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 15 مىليون 200 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. ئوبلاست بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 268 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 22 سى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 118 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە يەككە سودا - سانائەتچى 6010غا، خۇسۇسىي كارخانا 65كە، كەسىپكار 11 مىڭ 603كە يەتتى. 2002 - يىلى ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 21 مىليون 470 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 17 مىليون 490 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 980 مىڭ دوللار. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 31 ى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 51 مىليون 88 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 27 مىليون 878 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 54 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 38.3% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 742 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.7% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 780 مىليون يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 636 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 905 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەقلىق كىرىمى 26 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 8 مىليون 680 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى- نىڭ 17 مىليون 960 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 16 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 6 مىليون 860 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 9 مىليون 650 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاست بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 15 مىڭ 333، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 5720. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 28 پەن تەتقىقات ئورنى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئوبلاستتىكى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شۆبىسى بىر، ئوقۇغۇچىسى 396 (مىللىي 284)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1841 (مىللىي 1610)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 58، ئوقۇغۇچىسى 36 مىڭ 939 (مىللىي 29 مىڭ 940)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 237، ئوقۇغۇچىسى 68 مىڭ 181 (مىللىي 64 مىڭ 430). باللار باغچىسى 8، ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 7800. ئوبلاست بويىچە 5 سەنئەت ئۆمىكى، 4 مەدەنىيەت يۇرتى، 3 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 5 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 87% كە يەتتى. ھەر خىل كىنو قويۇش ئورنىدىن 5 ى بار.

ئوبلاست بويىچە 92 سەھىيە ئاپپاراتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 43، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 5، ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 5؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1341، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2274 (مىللىي 1827).

مەملىكەت ئىچىدىكى تۈرلۈك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدا ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى 15 ئالتۇن مېدال، 13 كۈمۈش مېدال، 14 مىس مېدال ئالدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1167 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 739 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئوبلاست بويىچە 18 مىڭ 315 نەپەر نامرات شەھەر ئاھالىسى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمان بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 16 مىڭ 20 ئادەم كۆپەيدى. شەھەر - بازارلاردىكى 36 مىڭ 624 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، قاتنىشىش نىسبىتى %90 كە يەتتى، 4922 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قىزىلسۇ ئوبلاستى «سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈش جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قۇرۇلۇش، مالىيە، باج، تاشقى ئىقتىساد - سودا، بايلىق ئېچىش، يەر خىل ھەق ئېلىش، نوپۇس روېخىتى، مائارىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈش، تۈر كىرگۈزۈش، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 64 ماددىلىق ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى.

★ 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» ھال سوراش ئۆمىكى ئاپتونوم ئوبلاستقا كېلىپ ھال سوراش ئويۇنى قويدى.

سۇ جىڭبو

## ئاتۇش شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئاتۇش شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1430 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 1553 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 203 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 186 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 147 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰17.7، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰13.2. شەھەر بويىچە 11 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 880 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شەھەر تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 423 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 315 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 27 مىڭ 100 گېكتار ئورمان بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %2.96 كە يېتىدۇ. 1 مىليون 390 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ئەنئەنىۋى يائۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، ئۇلار قاتارلىق 10 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى قانتېپەر، قوزىچاقتۇل، مەرزەنجۇش، ھىڭ، ئەڭلىك ئوت، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، تىتان، ۋانادىي، ئالتۇن، قوغۇشۇن، سىنك، كۆل تۇزى، فوسفور، ھاك تېشى، مەرمەر، چىرمىتال، گەج، خرۇستال قاتارلىقلار بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، ئۈچ بۇرخان غارى، مورا بۇددا مۇنارى، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ خارابىسى بار. ئەنجۇر، مۇناقى ئۈزۈم ئاتۇشنىڭ خېلى داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتىدۇر.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاتۇش شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جيا لىشىن.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇراخمان ھاجى.

شەھەر باشلىقى: ئەنۋەر تۇردى.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سوپۇر ئابىت.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 521 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 154 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.2؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 80 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ %21.6؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 286 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ %8 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 270 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4.62 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 174 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 650 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 89 مىليون 910 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 370 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 62 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 1268 توننا پاختا، 1058 توننا ياغلىق دان، 9968

توننا كۆكتات، 13 مىڭ 102 توننا مېۋە، 3453 توننا باشقا ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەت ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 412 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 6319 توننا گۆش، 503 توننا يۇڭ، 169 مىڭ 300 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 6902 توننا سۈت، 250 توننا تۇخۇم، 150 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 820 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 128 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 48 مىڭ 95 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 83 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.31% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ 8.3% تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1245 توننا قوغۇشۇن رۇدىسى، 400 توننا ئورۇبا سۈيى، 13 مىڭ 80 توننا تۇز، 10 مىڭ توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 95.86% كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 119 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 127 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 79 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 182 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 144 مىليون 110 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن. 20 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 13 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. ھەر خىل قاتناش قوراللىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 187 مىليون 670 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 270 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 19 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 24 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 13 مىڭ 197 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 1122 گە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 159 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت، ئېكسپورت سوممىسى 21 مىليون 470 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 980 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 17 مىليون 490 مىڭ دوللار. 7899 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 230 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 24 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 16.33%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 179 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 8.62% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 198 مىليون600 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 647 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 453 مىليون 250 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 22 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 10 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 8715، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 5210. شەھەرگە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپ 17 (ھەممىسى مىللىي مەكتەپ)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 852، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2882؛ شەھەرگە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ 85 (مىللىي مەكتەپ 84)، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 235 (مىللىي 24 مىڭ 935). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3926 (مىللىي 3109). شەھەر بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، 2 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95% كە، تېلېۋىزىيەنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 89% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 330 غا يەتتى.

شەھەر بويىچە 18 سەھىيە ئاپپاراتى (شەخسىي ئامبۇلاتورىيىلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، 561 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 503) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 450 (مىللىي 421)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 764.

2002 - يىلى شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق «قول تۇتۇشۇش لوڭقىسى»نى تالىشىش ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسىدا 2 - بولدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ چېلىشىش تۈرىدە 5 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئاتۇش شەھىرى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1363 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 970 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 612 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 1007 ئىشچى - خىزمەتچى

ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2424 ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 369 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 10 مىڭ 623 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

جۇ جيالىڭ

# ئاقتۇ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقتۇ ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1545 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 169 مىڭ 605 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 165 مىڭ 351)، يېزا نوپۇسى 150 مىڭ 705؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.57، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.93. ناھىيە بويىچە 17 مىڭ 953 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 19 مىڭ 959.2 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 8215 گېكتار)، 3757.1 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 311 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 334 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 25 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 2151.9 گېكتار ئورمان، 69.1 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، ئارقار، جەرەن، ئۇلار، ئاقتۇ قاتارلىقلار بار. 10 نەچچە خىل ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا ئاساس قىلىنىدۇ. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۆمۈر، قوغۇشۇن، سىنىك، مىس، ئالتۇن قاتارلىق 15 خىل مېتال كېنى ۋە كۆمۈر، خرۇستال قاتارلىق 18 خىل مېتاللوئىد كېنى بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن مۇزتاغ چوققىسى، قوڭۇر چوققىسى، قوڭۇر تۆپە چوققىسى ۋە قاراكۆل بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقتۇ ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ فېڭدې.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمەت پالتا.

ھاكىم: مۇختەر ھېبىت.

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇن قۇربان.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 291 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 122 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 7.67%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 19.4%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 131 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 10.4% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 270 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 10% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 167 مىليون 400 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 6 مىليون 280 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 97 مىليون 570 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 40 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 102 مىڭ توننا ئاشلىق، 3405 توننا پاختا، 758 توننا ياغلىق دان، 17 مىڭ 845 توننا مېۋە، 466 توننا باشقا ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەت ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 532 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 7513 توننا گۆش، 470 توننا يۇڭ، 303 مىڭ پارچە كالا ـ قوي تېرىسى، 4384 توننا سۈت، 160 توننا تۇخۇم، 4 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2276 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 2670 كە، مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 16 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 4 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 53 مىڭ 417 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 3.5%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 14 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.4% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 23 مىليون كىلوۋات ـ سائەت توك، 53 مىڭ توننا كۆمۈر، 17 مىڭ توننا سېمونت، 41 مىليون دانە خىش، 510 توننا تۇز، 2400 توننا ئۇن، 2527 توننا پاختا

ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %92.1 كە يەتتى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 10 مىڭ 768 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 4988 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 48 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 47 مىليون 510 مىڭ يۈەن. 10 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 27 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى، 54 كىلومېتىر يېزا - كەنت يولى ياسالدى، ناھىيە بازىرىنى تۇرۇبا سۇيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 250 مىڭ كۇب مېتىر كۆپەيدى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 345 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 13 مىليون 58 مىڭ 900 ئادەم. كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 684 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4114 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 1441 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2000 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 2345 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 52 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ 1 مىليون 60 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ 10 مىليون 570 مىڭ يۈەن. ھەر خىل سودا بازىرىدىن 5 ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 396 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 30 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

يەرلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.5 ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 119 مىليون يۈەن بولۇپ، %2.15 تۆۋەنلىدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 208 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 226 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 1 مىليون 220 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 820 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 970 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2250، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 420. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 4 پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1033 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 22، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 900 (مىللىي 15 مىڭ 640)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 100، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 971 (مىللىي 28 مىڭ 324). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1796 (مىللىي 1728). باللار باغچىسى 3، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 20. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 869 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85.4 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %83.7 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2000 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 سەھىيە ئاپپاراتى، 347 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 291) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 121 (مىللىي 104)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارۋات 395. يېزا - كەنتلەردە 18 داۋالاش نۇقتىسى بار. ئاقتۇ ناھىيىسى 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى «ئۈچنى ئاساس قىلىش» بويىچە ئىلغار ناھىيىلەرنىڭ ئۆلچىمىگە يېتىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

2002 - يىلى ناھىيە كوماندىسى قىزىلسۇ ئوبلاستى بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چېلىشىش مۇسابىقىسىنىڭ قەدىمىي چېلىشىش ۋە ئەركىن چېلىشىش تۈرلىرىدە كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئايرىم 1 - بولدى. قىزىلسۇ ئوبلاستى بويىچە ياش - ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدا كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 2 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1004.85 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى 14 مىڭ 182 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 18 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 2432 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 557 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان

606 ئادەم پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7752 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى ئاماللاندى، بۇنىڭغا 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

## نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى

2002 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى كەنت دەرىجىلىك ئائىلىلەرگە يۈزلەنگەن نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 32 نى يولغا قويۇشنى پىلانلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاممىۋى پاراۋانلىق تۈرى 12، كەنتلەرگە كىرىپ ئائىلىلەرگە يۈزلىنىدىغان تۈر 20، بۇلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغ 11 مىليون 380 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 9 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كەنتلەرگە كىرىپ ئائىلىلەرگە يۈزلىنىدىغان تۈردىن 29 ى يولغا قويۇلدى، ھەم كادىرلارغا كەنت ۋە ئائىلىلەرنى ھۆددىگە بېرىشتەك نامراتلارنى يۆلەش چارىسى يولغا قويۇلدى. ناھىيە بويىچە 1946 نامرات ئائىلە 2737 كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى بىلەن جۈپ بولدى، كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر نامرات ئائىلىلەرگە 410 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرگە چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم قىلدى. ئاقتۇ ناھىيىسى 25 مىليون 720 مىڭ يۈەنلىك نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ۋە ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سەرپ قىلىپ، 38 ئائىلىلىك 228 نامرات چارۋىچىنى شارائىتى ياخشى جايغا كۆچۈردى.

## ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم كۆرۈلدى

2002 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى بىر قىسىم ئاساسلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىغا 119 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. يەنى، 1) قىزىل نۇر ئۆستىڭى، كۆسەن غول ئۆستىڭى، قوغۇنچى سۇ تەڭشەش ئۆستىڭى قاتارلىق چوڭ ئۆستەڭلەر قۇرۇلۇشى ئاماللاندى. 2) تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش كۈچەيتىلدى. 3) يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىش ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قۇياش ئېنېرگىيىسى، شامال ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلدى. بۇلۇڭكۆل، مۇجى، ئار تاجىك يېزىسى، كوسراپ، چارلوڭ قاتارلىق 5 چارۋىچىلىق يېزىسىدىكى 30 ئاھالىلار رايونىغا قۇياش ئېنېرگىيىسى ۋە شامال ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئېگىزلىكتىكى يېزىلىرى ۋە بىر قىسىم كەنتلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 4) ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 10 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق مەكتەپ ئۆيى قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى. 5) شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىدا ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندا چىقىرىش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ 32 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق مەدەنىيەت مەيدانى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى، ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇب، شىمال، شەرق - غەرب يۆنىلىشلەردىكى 3.3 كىلومېتىرلىق ئاساسىي غول يولىنى كېڭەيتىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاماللاندى.

★ 8 - ئاينىڭ 1 — 2 - كۈنلىرى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ يېزا - بازارلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، 16 مىليون 340 مىڭ يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياننى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

★ 2002 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا 3 مىليون 596 مىڭ يۈەن باجنى قايتۇردى، يېزا، كەنتلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 3 مىليون 560 مىڭ يۈەن كىتاب پۇلىنى بىكار قىلدى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سېلىقى يىللىق ساپ كىرىمىنىڭ 2.4% نى ئىگىلىدى.

گۈلھەسەل قادىر

# ئاقچى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقچى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، توشقان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1180 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 34 مىڭ 728 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 20 مىڭ 85)، يېزا نوپۇسى 24 مىڭ 876؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.84‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.74‰. ناھىيە بويىچە 3350 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1590 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئاق يەر ۋە ئېگىزغا تېرىلغىنى)، 490 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئاق يەر ۋە ئېگىزغا تېرىلغىنى) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئەڭ كۆپ يىللىق ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 740 مىليون كۇب مېتىرغا، ئەڭ ئاز يىللىق ئېقىم مىقدارى 73 مىليون 70 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليون 825 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 8686.37 گېكتار ئورمان، 844 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى

ھايۋانلاردىن دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، جۇڭخۇا كۆز كېزەر ئۆردىكى، سېرىق بۈركۈت، قۇماي، خاپانباش بېلىق قاتارلىق 7 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قوڭغۇر ئېيىق، جەرەن، كۆكمەت، ئارقار، تارىم توشقىنى، ئۇلار، ئاق بوغۇز يۆكەن قاتارلىق 13 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن 25 خىلى بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، ئارپىبەديان، ئەڭلىك ئوت، چاكاندا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغىنى 10 خىل بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن سېرپېنتىن، گەج، مەرمەر، چىنە توپىسى، ئىسلاندىيە شپاتى، تۆمۈر - مانگان، تۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقچى ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: باۋ گۇاڭتۇ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توقان ئىگەمبەردى (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەمەتتۇرسۇن قۇرمانباي (قىرغىز).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 109 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 35 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %0.2؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 17 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3.45؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 56 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.6 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 65 مىليون 273 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4 كېمەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 723 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 30 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 47 مىليون 670 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4890 توننا ئاشلىق، 510 توننا ياغلىق دان، 150 توننا ياڭيۇ، 450 توننا كۆكتات، 293 توننا مېۋە، 3787 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 234 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 3191 توننا گۆش، 4177 توننا سۈت، 390 توننا يۇڭ، 15 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 70 توننا تۇخۇم، 135 مىڭ 300 پارچە كالا، قوي تېرىسى ئېلىندى. 167 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى، 302.47 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىندى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا، بازار كارخانىسى 17 گە، مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 5 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 1 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 9915 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 110 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %16 كېمەيدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليون 82 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 2 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات - سائەت توك، 3700 توننا ئۇن، 262 توننا سۇ يېغى، 4000 توننا ھارىت، 3 كىلوگرام ئالتۇن، 31 توننا پولات دېرىزە، 850 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 10 مىڭ كۇب مېتىر قۇم شېغىل، 600 لىڭ بىر خىل رەڭلىك باسما بۇيۇم، 2 توننا ئاق ھاراق، 4 مىليون دانە خىش، 9 توننا بالقاق، 9000 قۇر كىيىم ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98.92 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 27 مىڭ 900 كۇب مېتىرغا يەتتى، يىل ئاخىرىغىچە بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 54 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 26 مىليون 420 مىڭ يۈەن. 130.2 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى ۋە كېڭەيتىلدى، 65 كىلومېتىر يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا بېسىملىق توك لىنىيىسى ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە بازىرىنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن يىللىق تەمىنلەش ئىقتىدارى 320 مىڭ كۇب مېتىر ئاشتى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 960 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 850 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 500 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 1873 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 399 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 1000 غا؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 65 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 25 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 19 مىليون 990 مىڭ يۈەن. ھەر خىل بازاردىن بىرى بولۇپ، يىللىق

يۈزلەنگەن سوممىسى 1 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 3 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 12.2% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 72 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.72% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 51 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 90 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 90 مىليون 110 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 500 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 400 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 217 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ تۆلىمى 157 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 60 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1243، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 209. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئوقۇغۇچىسى 2908 (مىللىي 2431)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 4698 (مىللىي 4334). بالىلار باغچىسى بىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 17، باغچا ئوقۇغۇچىسى 3. ھەر خىل ئوقۇغۇچى 789 (مىللىي 721). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 45% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 86.76% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 1110 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 23 سەھىيە ئاپپاراتى، دوختۇرخانىلاردا 159 كارىۋات، 291 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 117) بار.

2002 - يىلى ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ياش - ئۆسمۈرلەر چېلىشىش مۇسابىقىسىدا قەدىمچە چېلىشىشنىڭ بىر تۈرىدە 1 -، ئەركىن چېلىشىشنىڭ 5 تۈرىدە 2 -، 4 تۈرىدە 3 - بولدى. ئوبلاستلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە بىر تۈرىدە 1 -، بىر تۈرىدە 2 -، بىر تۈرىدە 3 - ۋە كوللېكتىپ بويىچە 4 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئاقچى ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 942 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 350 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ

قىسقا ماتېرىيال:

## ئاقچى ناھىيىسىنىڭ جىغىنى ۋە ئاق ئامىسقى

ئاقچى ناھىيىسىدە جىغان ئۆستۈرۈش ئاسان، جىغاننىڭ ئۈنۈش نىسبىتى يۇقىرى، بىخلىنىش كۈچلۈك، 3 يىلدىلا يېتىلىدۇ. شامالدىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان، سۇ - تۇپراقنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئەلا سۈپەتلىك دەرەخ سورتى. تېخىمۇ ئاجايىپ يېرى شۇكى، ئۇ يۇرچاق ئاتىلىشقا تەۋە بولمىغان ئۆسۈملۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدە يىلتىز ھۆرىكى بولۇپ، ئازوتنى مۇقىملاشتۇرۇش جەھەتتە دادۇرىدىنمۇ بىر ھەسسە يۇقىرى ئىقتىدارى بار. جىغاننىڭ ھەممە يېرى گۆھەر بولۇپ، يىلتىزى، غولى، يوپۇرمىقى قاتارلىقلاردىن پايدىلانغىلى بولىدۇ. جىغان مېۋىسىدە ۋىتامىن ناھايىتى مول، بولۇپمۇ ۋىتامىن C نىڭ مىقدارى يۇقىرى بولغاندىن باشقا يەنە ياغ، ئاقسىل ۋە كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى بولۇپ، ئالىي دەرىجىلىك يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك ياساشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك ماتېرىيال، شۇڭا بىلەن تەڭ دورىلىق قىممىتىگىمۇ ئىگە. 2002 - يىلى ئاقچى ناھىيىسىنىڭ جىغانلىق ئورمان كۆلىمى 1460.13 گېكتارغا يەتتى.

ئاقچى ناھىيىسىنىڭ داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتى شىنجاڭ ئاق ئامىسقى، يەنى ئاقچى ئاق ئامىسقى مەملىكىتىمىز بويىچە 4 چوڭ داڭلىق ئامساق ئىچىدىكى بىردىن بىر ئەتىيازلىق ئامساق، ئۇ، دانىسى يوغان، رەڭگى ئاق، چىشلىرى زىچ، چۈرۈك ۋە يۇمشاق، تەمى ئاچچىق، ساقلاشقا چىدامىلىق، ئامساق بىگمىنتى مىقدارى يۇقىرى، ئامىنو كىسلاتالىرىنىڭ خىللىرى تولۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. 2002 - يىلى ئاقچى ناھىيىسى بويىچە بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تېرىلغان ئاق ئامساقنىڭ كۆلىمى 12 گېكتارغا يەتتى (دېھقانلارنىڭ پارچە - پۇرات يەرلەرگە تېرىغان كۆلىمى ستاتىستىكىلانمىدى).

پىڭ جۈن

كۆلىمى 9.04 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 2127 كىشى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 786 كىشى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيەگە چىققان 129 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا، 4766 كىشى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

پېڭ جۈن

# ئۇلۇغچات ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۇلۇغچات ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى بىلەن كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تاغ تىزمىسىنىڭ تۇتاشقان يېرىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1500 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيەگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 9، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 44 مىڭ 603 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 40 مىڭ 987)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 813؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.82‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.06‰. ناھىيە بويىچە 2954 گېكتار يېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1989.6 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 213.8 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 710 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 41 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 149.57 گېكتار ئورمان، 900 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئۇلار، قوڭغۇر ئېيىق قاتارلىق 10 نەچچە خىلى بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى قانتېپەر، ھىلىڭ، رەۋەن، كىرىش، يەر مەدىكى، كەتىرا، چاكاندا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، كېپەك ئالتۇن، گۈڭگۈرت، گەج قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئۈچتاش بايلىقى، جالغىزدۆڭ يازلىق ئارامگاھى، شاڭخەي ئورمان چارۋىچىلىق فېرمىسى، سىمخانا تېغى مەنزىرىلىك رايونى، كانسۇ خەلىتە تاش جىلغىسى، بايقۇرۇت مىللىي ئۆرپ - ئادەت ئارامگاھى قاتارلىقلار بار. تورغات پورتى بىلەن ئەركەشتام پورتىدىن ئىبارەت دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك پورتتىن 2 سى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۇلۇغچات ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ چۈنشەن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختىمەمەت مادەن (قىرغىز).

ھاكىم: پەرھات تۇلىش (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن جيەنشىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 154 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 39 مىليون 709 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.31%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 33 مىليون 343 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26.43%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 81 مىليون 158 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.63% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 39 مىليون 910 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 1.51% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 852 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 879 مىڭ 400 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 29 مىليون 179 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4722 توننا ئاشلىق، 224 توننا ياغلىق دان، 326 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 288 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 3749 توننا گۆش، 351 توننا يۇڭ، 152 مىڭ 763 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 1984 توننا سۈت، 5.7 توننا تۇخۇم، 46.4 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 9623.3 گېكتار يەرگە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا، بازار كارخانىسى 1914 كە، مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 10 مىڭ 939 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 878 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 0.8%. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليون 406 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.47% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق

بولدى: 8300 توننا كۆمۈر، 133 مىڭ توننا سېمونت، 33 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 43% كە يەتتى، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 7185 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 7185 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 51 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 17 مىليون 600 مىڭ يۈەن. 2.2 كىلومېتىر توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى، 4.45 كىلومېتىر تاشيول ۋە كوچىلار رېمونت قىلىندى، 2 كۆۋرۈك رېمونت قىلىندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 816 مىڭ 400 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 579 مىڭ 800 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 1964 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 1806 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 2511 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 6 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 29 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 3 مىليون 260 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 2 مىليون 90 مىڭ يۈەن. ھەر خىل بازاردىن 3ى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 6 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 48.8% ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 73 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولۇپ، 14% تۆۋەنلىدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 70 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 116 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 63 مىليون 760 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ تۆلىمى 346 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 291 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2067، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 194. ئاپتونوم ئوبلاست دەرىجىلىك بىر پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇنلاندى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 524 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 2593 (مىللىي 2487)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 6312 (مىللىي 5941). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 883 (مىللىي 781). بالىلار باغچىسى بىر، باغچا ئوقۇغۇچىسى 14. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 450 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى رېمونت قىلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 2 مۇزېي، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 87% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 1458 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى بار (يەككە ئامبۇلاتورىيىلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، يېزا - بازارلىق شىپاخانا 10، سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ 238 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 196)، دوختۇرخانىلاردا 252 كارىۋات، يېزا - كەنت داۋالاش نۇقتىسىدىن 56 سى بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئولۇغچات ناھىيە بازىرى ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىلكىدىكى كىرىمى 4128 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 1992 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1100.4 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 620 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 682 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 18.9 كۋادرات مېتىرغا، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 13.6 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە 1712 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4691 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 4618 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 924 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى. كۆلىمى 6.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 3 ى، كۆلىمى 1800 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 9 ى بەرپا قىلىندى.

★ 10 - ئايدا ئۈلۈغچات ناھىيىسى ئۈلۈغچاتنى تەشۋىق قىلىش ۋە ۋۇ دېڭيۇننىڭ جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، «15 يىللىق يېڭى شەھەر قۇرۇلۇشى»نى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى ۋە 100 كۆڭۈللۈك مەيدان مەدەنىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

★ 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈلۈغچات ناھىيىسىدە 5.7 بال يەر تەۋرەپ، 26 مىليون 537 مىڭ 300 يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياننى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

لى چاڭ

# قەشقەر ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرىدە. 2002 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 3 مىليون 487 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 3 مىليون 158 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 2 مىليون 781 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.4‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.3‰. ۋىلايەت بويىچە 631 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 311 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 163 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ۋىلايەت تەۋەسىدە يىللىق ئېقىم مىقدارى 600 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان 5 دەريا - ئېقىن بار بولۇپ، يىللىق سۇ بايلىقى مىقدارى 12 مىليارد 217 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 8 مىليارد 787 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 438 مىڭ 500 گېكتار ئورمان بار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋاندىن 16 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋاندىن 53 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى، زاراڭزا، سېرىق يۇگەي قاتارلىقلار. قېزىلما بايلىقلاردىن تۆمۈر، چىرىستال، تاشپاختا، قاشتېشى، ئالماس، كۆمۈر، فوسفور، بېرىللىي، تانتال، مىس قاتارلىق 38 خىلى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى: ياۋ يۇخېبىڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: كامىل ئابدۇللا، زىننەت ئۆمەر، شى داگاڭ، شى زۇنخېبىڭ (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لىيۇ شۇخۇ، گۇاڭ شىن (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جاڭ شۇنسۇ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەھەممەت ئەقلەت (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، زىننەت ئۆمەر (12- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تيەن ۋېيگو، ئابدۇكېرىم سەلەي، ئېلى مەھەممەت، شياۋ مىڭداۋ.

ۋالىي: كامىل ئابدۇللا؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: مەمتىمىن ئوسمان (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يەن فېنشىن، ياڭ گۇيشىن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مەمتىمىن پىردەۋس، جەرۇللا ھېبىامىدىن، ۋۇ بىڭشى (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋۇ دىمىڭ، گاۋ جيەنجۇن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمتىمىن ئوسمان (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: زىننەت ئۆمەر (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ شىبىجۇ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مەمتىمىن ھەلىمىدىن (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جياڭ باۋخېبىڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم، ۋۇ چياچاڭ، مەھەممەت ئىبزىز (11- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى.)

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 9 مىليارد 241 مىليون يۈەنگە يەتتى (نېفىت بۆلىكى سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.7%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 101 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 786 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 582 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 212 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 1 مىليارد 962 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 30 مىليون يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 762 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 213 مىڭ 800 توننا پاختا، 14 مىڭ 500 توننا ياغلىق دان، 486 مىڭ 300 توننا كۆكتات، 807 مىڭ 800 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 358 مىڭ 200 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 6 مىليون 900 مىڭ تۇياق

چارۋا قالدى. بىر يىلدا 162 مىڭ 400 توننا گۆش، 103 مىڭ 700 توننا سۈت، 7870 توننا يۇڭ، 30 مىڭ توننا تۇخۇم، 3719 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 47 مىڭ 800 گە، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 822 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 213 مىليون يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 817 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە يېزا - يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 369 مىليون يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 15.47% كېمەيدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 14 مىڭ 200 توننا يىپ، 1390 توننا ئىچىملىك - هاراق، 170 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 912 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 2664.5 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. سالاھىيىتى 4 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 218 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 25.57% ئاشتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 3 مىليارد 36 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 172 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 149 مىليون يۈەن، ئۆي-زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 265 مىليون يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغىنى 300 مىليون يۈەن، خۇسۇسىي ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 157 مىليون يۈەن. كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، 1 - كەسىپكە سېلىنغىنى 50 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 43.1% ئاشتى، 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 758 مىليون يۈەن بولۇپ، 3.35% كېمەيدى، 3 - كەسىپكە سېلىنغىنى 2 مىليارد 228 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26.47% ئاشتى. قاتناش ترانسپورتى بويىچە توشۇلغان يۈك 3 مىليون 440 مىڭ توننىغا، تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 9 مىليون 530 مىڭغا، تۆمۈر يولدا توشۇلغان يولۇچى 720 مىڭغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 310 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 28.63% ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 215 مىڭ 400 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 167 مىڭ 300 گە؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 975 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا تاشقى سودا ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 67 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 10.11% ئاشتى، ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليون 360 مىڭ دوللار بولۇپ، 50.17% كېمەيدى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 663 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.09%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 2 مىليارد 358 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 19.98% ئاشتى. بىر يىلدا 232 مىڭ 700 ئىچكى - تاشقى ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ۋىلايەت بويىچە سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 265 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سوغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 122 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سوغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 143 مىليون يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2002 - يىلدىكى ئۇنۋانى بارلار 58 مىڭ 743، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىمى 5072، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 11 مىڭ 713، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىمى 3217، پەن - تېخنىكا خادىمى 123، ئىلىم - پەن خادىمى 38 مىڭ 617. ۋىلايەتتىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 57؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 9356؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 700؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 600؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 208 مىڭ 700؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 555 مىڭ 100. ۋىلايەت بويىچە 13 سەنئەت ئۆمىكى، 13 مەدەنىيەت يۇرتى، 8 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو يەتكۈزۈلگەن يېزا 164 كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94.4% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 93.1% كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ھەرخىل كىنو قويۇش ئورنىدىن 17 سى بار.

ۋىلايەت بويىچە 976 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 218، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى 18، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 12؛ داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىكى كارىۋات 8227، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانىلاردىكىسى 7877؛ سەھىيە تېخنىكا خادىمى 9563. يېزا، كەنت داۋالاش ئورنى 130، يېزا، كەنتلەردىكى سەھىيە تېخنىكا خادىمى 3033.

2002 - يىلى ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا، چېلىشىش، بوكسيورلۇق، رۇداۋچە چېلىشىش، قارىغا ئېتىش، تەيجۇەنداۋ، تىكتاك توپ، ۋاسكېتبول، پۇتبول، ۋالېبول قاتارلىق 10 تۈرلۈك مۇسابىقىدا 36 ئالتۇن مېدال، 37 كۈمۈش مېدال، 34 مىس مېدال ئالدى، كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئاپتونوم رايون

بويىچە 2 - بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6000 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4678 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1293 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 196 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 87 مىڭ 500 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 41 مىڭ 100 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دېھقان ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 21 مىڭ 600 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 148 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. 114 مىڭ شەھەر - يېزا ئاھالىسى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى بويىچە قوغدىلىپ قۇتقۇزۇلدى، دۆلەت نەپىقە ۋە قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان ئوبيېكت 2154 كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ھەرخىل پاراۋانلىق ساناتورىيىسىدىن 146 سى، ساناتورىيىلەردە 3397 كارىۋات بولۇپ، 2566 ئادەم يىغىپ بېقىلدى. بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە 13 مىليون 200 مىڭ يۈەنلىك پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى سېتىلىپ، 1 مىليون 123 مىڭ 300 يۈەنلىك پاراۋانلىق مەبلىغى توپلاندى.

★ 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى ئەڭ زور ترانسپورت كارخانىسى — شىنجاڭ «شىنئەن» ترانسپورت (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى.

★ 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شەندۇڭ ئۆلكىسى، تيەنجىن شەھىرى تاللاپ ئەۋەتكەن 4 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلار قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

★ 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەشقەر ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. قەشقەر ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق تۈر بولۇپ، ئۇنىڭغا 504 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇ، نۆۋەتتە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گېنېراتور سىغىمى ئەڭ چوڭ ئوت كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىنىدىغان گېنېراتور گۇرۇپپىسىدۇر. 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قۇرۇلۇش باشلانغاندىن بۇيان پەقەت بىر يىل 8 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىش ئارقىلىق «ئىككىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش» نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

★ 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 175 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان جۇڭگو - پاكىستان ئاشيولى قەشقەر بۆلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

ياڭ جىجۇن

## قەشقەر شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر شەھىرى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1473 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 1588 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ شەھەرنىڭ شىمالىدا قەشقەر ئايرودرومى بار، ئۈرۈمچىگىچە بولغان ھاۋا يولى مۇساپىسى 1311 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 349 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 276 مىڭ 800)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 96 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.23‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.05‰. شەھەر بويىچە 6350 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 5073 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 2140 گېكتار يەرگە كۆكتات (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى، 187.4 گېكتار يەرگە مېۋىلىك دەرەخ تىكىلدى، 193 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قەشقەر شەھىرىدىن ئانار، ئەنجۈر، بېھى، بادام، پىستە قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار، نان، مىقلىما ساندۇق، بۆشۈك، دوپپا، كەشتە تىكىلگەن كىيىم - كېچەك، قىنجاق، دۇتار، راۋاپ، داپ قاتارلىق داڭلىق مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى چىقىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جيەن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئايدۇللا ھاست.

شەھەر باشلىقى: پەرھات خالىق.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: (لورنى بوش).

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 602 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 113 مىليون يۈەنگە يېتىپ،



يوللارنىڭ راۋاجلىنىشى قەدىمىي تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر قەشقەرگە ياشلىق باھار ئاتا قىلدى. سۈرەتتە: قەشقەر شەھىرىدىكى «ئەسىرە» يولى

لى گەنجياڭ فوتوسى

2001 - يىلدىكىدىن 11.9%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 417 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.2%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 72 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 27.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 148 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 10.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 96 مىليون 420 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 48 مىليون 600 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 850 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: ئاشلىق 39 مىڭ توننا، كۆكتات 180 مىڭ توننا، ساپ پاختا 300 توننا. يىل ئاخىرىدا قولدا 198 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 8106 توننا گۆش، 3230 توننا تۇخۇم، 3691 توننا سۈت، 588 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەت ۋە مېۋىلىك دەرەخمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، پارچە - بۇرات يەرلەرگە 189 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. شەھەر بويىچە يېزا-بازار كارخانىسى 8053 (بۇنىڭ ئىچىدە، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى 78، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكىسى 178، يەككە ئىگىلىكتىكىسى 7097)، كەسىپكار 18 مىڭ 468 (بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ كارخانىلاردىكىسى 2185، خۇسۇسىي كارخانىلاردىكىسى 1448، يەككە كارخانىلاردىكىسى 14 مىڭ 834) كە، كىرىمى 723 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 74 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 23 مىڭ 992 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 824 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 12.4% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 113 مىليون يۈەن بولۇپ، 23.6% كېمەيدى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 239 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.7% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: پاختا يىپ 7681 توننا، پاختا رەخت 11 مىليون 280 مىڭ مېتىر، توك 739 مىليون 880 مىڭ كىلوۋات سائەت، سېمونت 221 مىڭ 100 توننا، ئورۇۋا سۈيى 13 مىليون 140 مىڭ توننا، سۇلياۋ بويۇق 32 توننا.

شەھەر بويىچە بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 178 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 815 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 413 مىليون يۈەن) گە، پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 733 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 365 مىليون يۈەن) گە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 667 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر (شەھەرگە تەۋەسى 907 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر) غا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 828 مىڭ 247 كۋادرات مېتىر (شەھەرگە تەۋەسى 479 مىڭ 256 كۋادرات مېتىر) غا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 305 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى (شەھەرگە تەۋەسى 722 مىليون يۈەن)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 916 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 436 مىليون يۈەن)، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 54 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 258 مىليون يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغىنى 77 مىليون يۈەن. تۆتىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش 50000×2 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ تورلاشتۇرۇلۇپ توك تارقىتىلدى، بۇنىڭغا 490 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك 780 مىڭ تونىنغا، يولۇچى 720 مىڭغا؛ تاشيولدا توشۇلغان يۈك 65 مىڭ 600 تونىنغا، يولۇچى 114 مىڭغا؛ شەھەر تېلېفونى ئابونتى 87 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 72 مىڭغا يەتتى. شەھەر بويىچە خۇسۇسىي كارخانا 207 گە، يەككە كارخانا 13 مىڭ 600

# پۇرسەتنى تۇتۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

— قەشقەر شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن شەھەر تەرەققىياتى مۇنبىرىدە سۆزلەنگەن سۆزى (قىسقارتىلمىسى)

## قەشقەر شەھىرىنىڭ باشلىقى: پەرھات خالىق



قەشقەر قەدىمدە دەۋرلەردە سۇلى دەپ ئاتالغان بولۇپ، 2100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، ئۇ شىنجاڭدىكى بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەت داڭلىق شەھەر بولۇپ، ب دەرىجىلىك ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر قاتارىغا كىرگەن. 2001 - يىلدىكى نوپۇسى 340 نەچچە مىڭ، بۇ يەردە ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق 13 مىللەت ئولتۇراقلاشقان. قەشقەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى پارلاق، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى قويۇق، جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك زاتلار قەشقەرگە كەلمىسە شىنجاڭغا كەلگەنلىك ھېسابلانمايدىغانلىقتى ئورتاق ئېتىراپ قىلدى.

50 يىلدىن بۇيان قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدى، شەھەر قىياپىتى كۆزنى يېڭى ئۆزگەردى. بولۇپمۇ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 917 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شەھەرنىڭ يول، رادىئو، تېلېۋىزىيە، پوچتا - تېلېگراف، خەۋەرلىشىش قاتارلىق مۇئەسسەسەلىرى كەڭ كۆلەمدە يېڭىلاندى ۋە ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاساسىي

(بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىسى 819) گە، كەسپكار 17 مىڭ 900 (بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كەسپكارى 1140) گە يەتتى. ھەرخىل بازاردىن 38 ى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى ئازكەم 800 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 890 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ سېتىش سوممىسى 8 مىليون 20 مىڭ يۈەن، يەككە كارخانىلارنىڭ سېتىش سوممىسى 271 مىليون 520 مىڭ يۈەن. 12 توختام تۈرى يېڭىدىن ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 420 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل مەبلىغى تۈرى 2، سوممىسى 70 مىليون يۈەن. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 13 مىليون 430 مىڭ دوللارغا يەتتى. بىر يىلدا قەشقەرگە كەلگەن 249 مىڭ 600 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، چەت ئەللىك ساياھەتچى 36 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم)، ساياھەتچىلىكتىن 82 مىليون 230 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە خام چوت كىرىمى 182 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %12.8، يەرلىك مالىيە خام چوت چىقىمى 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.6 ئاشتى. بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ مەۋسۇم ئاخىرىدىكى قالدۇقى 5 مىليارد 152 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەر ئامانەت قويغان پۇلنىڭ

مۇئەسسەسىلىرى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. قەشقەر شەھىرىنىڭ جەمئىيىتى ئۇدا مۇقىم بولدى، ئىقتىساد تېز تەرەققىي قىلدى، مالىيە كىرىمى يىلمۇيىل ئاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. شەھەر مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر، مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر، مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش - گۈزەللەشتۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر، ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي شەھەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ ياخشى پاكىز شەھەر، ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگە شەھەر دېگەندەك ناملارغا ئېرىشتى.

1. شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يۆنىلىشى

2001 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن قەشقەردە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: قەشقەر شەھىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مەركىزىي شەھەر ۋە خەلقئارا سودا شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىستىھكامغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلىش قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىدا زور ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ بىر ئىستراتېگىيىگە ئاساسەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىلدا قەشقەر شەھىرىنى «ئالتە شەھەر» قىلىپ قۇرۇپ چىقىش نىشانى يەنى «شەھەرنى سودا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، قەشقەر شەھىرىنى خەلقئارا سودا شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش؛ ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، قەشقەر شەھىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى قاتناش تۈگۈنى شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش؛ ساياھەتچىلىكنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قەشقەر شەھىرىنى غەربىي قىسمىدىكى سەيلى - ساياھەت شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش؛ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، قەشقەر شەھىرىنى ئېكولوگىيىلىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش؛ مەركىزىي شەھەر بولۇشتىن ئىبارەت تەسىر كۆرسىتىش فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەر شەھىرىنى زامانىۋىلاشقان ئۆچۈر مەركىزىي شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش؛ مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قەشقەر شەھىرىنى ھەقىقىي مەدەنىي شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

مەۋسۇم ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 778 مىليون يۈەن، بانكىدىكى قەرز پۇلنىڭ مەۋسۇم ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 662 مىليون يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە (شەھەرگە تەۋەسى) 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 7369، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1544. شەھەردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 57؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 9، ئوقۇغۇچىسى 9356؛ شەھەرگە تەۋە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 185 (مىللىي 20 مىڭ 180)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 71، ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 73 (مىللىي 36 مىڭ 699). شەھەرگە تەۋە ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3481 (مىللىي 3112). شەھەرگە تەۋە بالىلار باغچىسى 3 (خۇسۇسىلارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 131. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 967 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز قوشۇمچە ياردەم بەرگىنى 3 مىليون 30 مىڭ يۈەن). شەھەر بويىچە 3 سەنئەت ئۆمىكى، بىر ئامما سەنئەت سارىيى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، 3 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، 3 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 100% كە يەتتى، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 60% تىن ئاشتى.

شەھەر بويىچە 34 سەھىيە ئاپپاراتى، دوختۇرخانىلاردا 2213 كارىۋات، 2568 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (يەككە سەييارە تېۋىپلار بۇنىڭ سىرتىدا) بار، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە تەۋە تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىكى سەھىيە تېخنىكا خادىمى 552 (مىللىي 436). كەنتلەردە 20 داۋالاش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى.

2002 - يىلى قەشقەر شەھىرى كوماندىسى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، يېنىك ئاتلېتىكىدا ئومۇمىي نومۇردا 1 - لىككە، پۇتبول مۇسابىقىسىدا 2 - لىككە ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6000 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4678 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2096 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 178 ئورۇندىكى 14 مىڭ 400 ئادەم پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇر-

2. شەھەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تەدبىرلەر

1) مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئەلالىرى ۋە كۈچلۈكلىرى يۆلىنىپ، تۈۋرۈك كەسىپ ۋە ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈلىدۇ.

(1) ئەلا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلىدۇ. قەشقەر كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىق قىلىنىدۇ، بازار قويۇۋېتىلىپ، سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە قىلىنىدۇ، «ھەممە ئادەم قەشقەر ئوبرازى بولۇش، ھەممە ئادەم سودىگەر چاقىرىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش» ئېڭى تىكلىنىپ، ئومۇمىي خەلق ۋە يۈتكۈل جەمئىيەت سودىگەر چاقىرىش گەۋدىسى شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

(2) ئەلالىرى ۋە كۈچلۈكلىرى يۆلىنىپ، يەككە، يۇقىراۋى ئىگىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىت ۋە شەرت - شارائىت يارىتىلىپ، ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىنىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك 1 -، 2 - كەسىپكە قاراپ راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقى چوڭراق تۈرلەر سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش جەھەتتە ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمان قىلىنىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شارائىت يارىتىلىدۇ.

(3) ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، يىرىك ساياھەتچىلىك بەرپا قىلىنىدۇ. قەشقەر شەھىرى مەركەز قىلىنغان تارىخىي مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكى مەنزىرە رايونلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مىۋە - چېۋە ماكانى، ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى، قۇملۇق مەنزىرىسى ئاساس قىلىنغان غەربىي يۇرت مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكى مەنزىرە رايونى ۋە پامىر ئېگىزلىكى مەدەنىيىتى ساياھەت مەنزىرە رايونى ئېچىلىدۇ ۋە قۇرۇلىدۇ. ساياھەتچىلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان 3 - كەسىپ پائال يولغا قويۇلۇپ، ساياھەتچىلىك زورايتىلىپ ۋە كۈچەيتىلىپ، ساياھەتچىلىك تەدرىجىي تۈۋرۈك كەسىپكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ.

(4) تاشقى سودا بازىرى پائال ئېچىلىپ، چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. قەشقەرنىڭ قوشنا 6 دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەن شەھەر بولۇش، سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 4 پورت بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىلىپ، ئالاقىدار ئورۇن ۋە كارخانىلار دۆلەت سىرتىغا چىقىشقا ئۈندۈشتۈرۈلۈپ، ئەتراپتا خەلقئارا بازار ئېچىلىدۇ. 2 - خىلدىكى پورت قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، ئەمەلىي كۈچى بار كارخانىلارنىڭ 2 - خىلدىكى پورت قۇرۇشىغا مەدەت بېرىلىپ، چېگرا سودىسى، تاشقى سودا زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، قەشقەر شەھىرى شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىلىدىغان، غەربتىن كىرگۈزۈلۈپ شەرققە سېتىلىدىغان تاۋارلار توپلىنىدىغان ۋە تارقىلىدىغان جايغا شۇنىڭدەك مال سېتىۋېلىش مەركىزىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

تىسىغا، 445 ئورۇندىكى 34 مىڭ ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىت يۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 4 ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 48 مىڭ 810 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 3.22 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن 3 ى، كۆلىمى 15.38 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 16 سى بەرپا قىلىندى.

## قەشقەر شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى

2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر شەھىرى قۇرۇلغانلىقىغا 50 يىل توشقان كۈن. بۇ كۈنى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىرقاتار پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، شەھەر قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىدى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت «شەھەر تەرەققىيات مۇنبىرى» ئۆتكۈزدى ھەمدە «قەشقەر شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش بويىچە شەھەر تەرەققىيات مۇنبىرىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نى بېسىپ تارقاتتى. 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت قەشقەر شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا «قەشقەردە شادلىق» ناملىق تېما قىلىنغان كاتتا سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزدى، شەھەردە تۇرۇشلۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئەترىتى ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەنتەربىيە نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن قەشقەر شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى شەھەرلىك خەلق باغچىسىدىكى مەدەنىيەت سارىيىدا ئېچىلدى، كۆرگەزمىدە شەھەر قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ 1978 - يىلى يولغا قويۇلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن

(5) ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئەلالىرى كىرگۈزۈلۈپ، ناچارلىرى چىقىرىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلار پۈتۈنلەي بازارغا يۈزلەندۈرۈلىدۇ. كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى پاتال، مۇقىم تېزلىتىلىدۇ. قانۇنىي ئىگە قۇرۇلمىسى تۈزەش يادرو قىلىنغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىلىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. كۈچلۈكلەر بىرلىشىش، ئەۋزەللىككە ئىگىلەر بىر - بىرىنى تولۇقلاش كەڭ يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىلىدۇ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرى كېڭەيتىلىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

2) نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار ھەقىقىي ياخشى تۇتۇلۇپ، شەھەرنىڭ ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئىقتىدارى تېز مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ ۋە جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ياخشى تۇتۇلۇپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ئەلالاشتۇرۇلۇپ، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىنىدۇ. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى كونا شەھەر رايونىنى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ پۇختىلاش، ئۆزگەرتىش ۋە تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرنى ئاسراشتىن ئىبارەت. زېمىن بايلىقى، بوشلۇق بايلىقىدىن مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىلىدۇ. تەبىئىي مۇھىت بەرپا قىلىش، ئېچىش ۋە ئۇنى ئاسراش كۈچەيتىلىدۇ. شەھەرنى كۆكەرتىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، پۇرسەت تۇتۇلۇپ، ئەسكى تاملار ئۆرۈلۈپ ئورنى كۆكەرتىلىپ، شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ.

3) يېزىلارنىڭ شەھەرلىشىش مۇساپىسى تېزلىتىلىپ، شەھەر ئەتراپى يېزا ئىگىلىكىنىڭ شەھەر ئىگىلىكىگە قوشۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى زورايتىش ۋە كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت 3 چوڭ نىشان چۆرىدىلىپ، شەھەر ئەتراپى يېزا ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى تېزلىتىلىدۇ. 4 يېزىنىڭ پاكىز شەھەر - بازار بولۇش قۇرۇلۇشى ۋە دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، يېزىلارنىڭ يەر ئوبوروتى مۇساپىسى تېزلىتىلىپ، يەردىن پايدىلىنىش نىسبىتى ۋە ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلۈپ، كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى بىلەن شەھەر قۇرۇلۇشى تۇتاشتۇرۇلۇپ، شەھەردىكى بوشلۇق تولۇق كېڭەيتىلىدۇ. يېزىلاردا ئۆي - زېمىن كەسپى پاتال يولغا قويۇلۇپ، ئۈلگە كۆرسىتىش، سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇراقلىشىش قارىشى ئۆزگەرتىلىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى ياخشىلىنىدۇ، شەھەر ئەتراپى يېزا ئىگىلىكى شەھەر ئىگىلىكىگە ئىمكانقەدەر تېز سىڭدۈرۈلىدۇ.

4) مەركىزىي شەھەرنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، «بىر شەھەر، ئىككى ناھىيە» (قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىرى) نىڭ رايون ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىدۇ.

قەشقەر شەھىرى ۋىلايەتنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن رايون ئەۋزەللىكى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئېنىق تونۇپ، شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانى، ئىگىلىك قۇرۇلمىسى، كەسىپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت، سەھىيە، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەنىۋى مەدەنىيلىك جەھەتتە يېڭى ئىزدىنىش، تونۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى يولغا قويىدۇ. «بىر شەھەر، ئىككى ناھىيە» نىڭ رايون خاراكتېرلىك ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ، ھەرقايسى ناھىيىلەر بىلەن بولغان توغرا لىنىيىلىك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، قەشقەر شەھىرى ئىگىلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ۋىلايەت نۇقتىسىدىن بېكىتىدۇ ۋە تەڭشەيدۇ.

---

بۇيان قەشقەر شەھىرىنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر سۈرەت شەكلى ئارقىلىق نامايان قىلىندى. كۆرگەزمە 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى، كۆرگەزمىنى 30 نەچچە مىڭ ئادەم كۆردى. 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت قەدىمىي تارىخىي مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەر — قەشقەر شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە قەشقەر شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا كاتتا ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى، قەشقەر ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە چوڭ زاۋۇت، كان - كارخانىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئويۇن قويدى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەچتە قەشقەر شەھىرىدىكى تۈمەن كۆل باغچىسىدا كاتتا ساليوت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى.

★ 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئىھاتە ئورمىنى 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى باشلاندى. ئىھاتە ئورمىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6000 مېتىر، كەڭلىكى 100 مېتىر، قۇرۇلۇشقا 60 مىليون يۈەن مەبلەغ

سېلىش مۇلچەرلەندى، قۇرۇلۇش 5 يىلدا تاماملىنىدۇ.

★ 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان ئالتۇن يول — قەشقەر «شىنيېغا» 2 - خىلدىكى پورتى ئېچىۋېتىلدى.

★ 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنىڭ قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان بۆلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ بۆلەكنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25.6 كىلومېتىر بولۇپ، 1 - دەرىجىلىك سېمونت يول قىلىنىدۇ.

★ 2002 - يىلى قەشقەر شەھىرى مەملىكەتلىك نوپۇسنى 5 - قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تازىلىقتا قىزىل بايراقدار شەھەر بولۇپ باھالاندى.

ئابدۇرېشىت ھاجى

# قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1482 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 16. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 362 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 350 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 333 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.73‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.07‰. ناھىيە بويىچە 37 مىڭ 320 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 22 مىڭ 710 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 15 مىڭ 210 گېكتار)، 12 مىڭ 150 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1660 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ نورمال ئەھۋالدىكى يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 90 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، جەرەن قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، نېفىت، گەج، ھاك تېشى، كۆمۈر، تاش تۇز قاتارلىقلار بار. باغ - ئورمانچىلىق بۇ جاينىڭ ئەۋزەل كەسپى ھېسابلىنىدۇ. داڭلىق مەھسۇلاتلىرىدىن پىستە، مۇكا ياغلىق ئۈزۈك، ئانار، توغاچ، مۇناقى ئۈزۈم بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ شىنۋېي.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇربان سۇلايمان.

ھاكىم: تۇرسۇن توختى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت ئابدۇللا.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 700 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 437 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 20.7%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 78 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.5%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 185 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.1% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 902 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 20.7% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 617 مىليون 110 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 420 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 275 مىليون 620 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 650 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 200 مىڭ توننا ئاشلىق، 12 مىڭ توننا پاختا، 1392 توننا ياغلىق دان، 79 مىڭ 512 توننا مېۋە - چېۋە، 67 مىڭ 575 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 830 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 21 مىڭ توننا گۆش، 805 توننا يۇڭ، 145 مىڭ 489 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 11 مىڭ 608 توننا سۈت، 4441 توننا تۇخۇم، 309 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3380 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 24 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 76 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 21 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 113 مىڭ 624 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11.3%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 40 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.8% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 29 مىليون 660 مىڭ كىلوۋات سائەت توك (سۇ ئېلېكتىرى)، 700 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 4500 توننا بۇغداي ئۇنى، 200 توننا سۇ يېغى، 2100 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 1473.5 توننا يىپ، 2 مىليون 114

مىڭ 100 مېتىر پاختا رەخت، 1800 توننا ساپ پاختا، 89 مىليون 580 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى، 50 مىڭ 400 كىلوجوئۇل ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى، 30 توننا سۈت ياسالمىسى، 15 مىڭ 300 دانە ئۆي جاھازى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 123 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 17 مىڭ 315.49 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 15 مىڭ 98.49 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 126 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 74 مىليون 650 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا 13.58 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 22.3 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 700 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 12 مىڭ 276 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 7452 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2000 غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 130 غا، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 31 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 145 مىڭ 300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 615 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 21 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6.73% ئېشىپ، يەرلىك مالىيە چىقىمى 195 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.67% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 348 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 422 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 268 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 9 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 320 مىڭ يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 4 مىليون 155 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 3 مىليون 680 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 475 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5283، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1215. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 441 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1278 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 485 (مىللىي 30 مىڭ 136)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 180، ئوقۇغۇچىسى 59 مىڭ 713 (مىللىي 58 مىڭ 772). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 4520 (مىللىي 4383). ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 60% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 80% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 3000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 سەھىيە تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى (يەككىلەرنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، 509 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 455) بار، بۇنىڭ ئىچىدە، دوختۇر 195 (مىللىي 176)، دوختۇرخانىلاردا 463 كارىۋات بار.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5009 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2213 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1262 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 887 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردا ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15.5 كۋادرات مېتىرغا، يېزىلاردا 15 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 8476 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2342 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 691 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 801 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2002 - يىلى ئۇزۇنلۇقى 26.3 كىلومېتىر كېلىدىغان، 198 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە، يولنىڭ قەشقەر كوناشەھەر تەۋەسىدىكى بۆلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 180 مىليون يۈەن.

ليۇ چۈن

## قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي

چېتىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، قەدىمىي قەشقەر دەرياسىدىن ھاسىل بولغان لاتقا تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1484 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 12. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 288 مىڭ 78 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 269 مىڭ 832)، يېزا نوپۇسى 239 مىڭ 536. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 22.2‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 15.8‰. ناھىيە بويىچە 36 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 27 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 16 مىڭ 300 گېكتار)، 14 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 580 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 541 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 213 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن 7 خىلى، دۆلەتنىڭ 1-، 2- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن مۈشۈك ياپىلاق، ئۈۋ لاچىنى، كۆككۇتان، ئاق لەيلەك بار. دورىلىق ئۆسۈملۈك جەھەتتە چۈچۈكبۇيا ئاساس قىلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ گاڭ.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىسمەت بارات.

ھاكىم: ئەختەر سېيىت (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇتەللىپ توختى (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سېيىت سادىر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 575 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 358 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.2%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 53 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.7%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 163 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 431 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 18.7% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 329 مىليون 40 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 830 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 95 مىليون 910 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 138 مىڭ تونىنا ئاشلىق، 23 مىڭ 500 تونىنا پاختا، 28 مىڭ 400 تونىنا مېۋە - چېۋە، 55 مىڭ 983 تونىنا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 643 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قىلىندى. 13 مىڭ 463 تونىنا گۆش، 782 تونىنا يۇڭ، 256 مىڭ 100 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 7300 تونىنا سۈت، 2160 تونىنا تۇخۇم، 267 تونىنا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شۇ يىلى بەرپا قىلىنغان ئورماننىڭ لاياقەتلىك بولۇش كۆلىمى 3000 گېكتارغا يەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 27 مىليون 534 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 127 گە، مەھسۇلات قىممىتى 85 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 27 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 2 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 84 مىڭ 851 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 119 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.6%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 939 مىڭ يۈەن بولۇپ، 21% كېمەيدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: توك 2 مىليون 650 مىڭ كىلوۋات سائەت، ئوزۇقا سۈيى 980 مىڭ تونىنا، بۇغداي ئۇنى 4900 تونىنا، كونسېرۋا 615 تونىنا، سۇ يېغى 4354 تونىنا، يۇمشاق ئىچىملىك - ھاراق 1333 تونىنا، ئاق ھاراق 1261 تونىنا، يۇمشاق ئىچىملىك 6186 تونىنا، ساپ پاختا 15 مىڭ 245 تونىنا، يىپ 421 تونىنا، سۈنئىي تاختا (قاتۇرما تاختا) 2359 كۋادرات مېتىر، ئۆي جاھازىسى 4720 دانە، سوپۇن 11 تونىنا، سۇلياۋ يوپۇق 349 تونىنا، سېمونت 118 مىڭ 600 تونىنا، سېمونت ستولبا 816 تونىنا، خىش 49 مىليون دانە، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال بۇيۇم 36 تونىنا، پولات ئۆزەكلىك ئاليۇمىن سىم 1485 تونىنا، ترانسفورماتور 35 مىڭ 37 كىلوۋولت ئامپېر. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 47 مىڭ 322 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 34 مىڭ 589 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 103 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي

قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 88 مىليون 700 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى 3 مىليون 150 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 40 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 881 مىڭ 600 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 435 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 8399 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2783 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 9800 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 158 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 124 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 7 مىليون 110 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 92 مىليون 340 مىڭ يۈەن. ھەرخىل ئىستېمال بازىرىدىن 13 ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 73 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 11 ى ئىمزالاندى، سوممىسى 134 مىليون 150 مىڭ يۈەن. يەرلىك مالىيە كىرىمى 18 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001. يىلدىكىدىن %1.4، يەرلىك مالىيە چىقىمى 141 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.8 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەرخىل قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 628 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 897 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 510 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 10 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 400 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 800 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 5 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 2 مىليون 390 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 60 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4210، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 982. ناھىيىدىكى كەسپىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 244 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1847 (مىللىي 1441)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 476 (مىللىي 18 مىڭ 742)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 93، ئوقۇغۇچىسى 46 مىڭ 567 (مىللىي 44 مىڭ 654). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3051 (مىللىي 2868). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 1 مىليون 537 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، 2 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 3500 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 65 سەھىيە ئاپپاراتى، 526 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 388)، دوختۇرخانىلاردا 375 كارىۋات، يېزا، كەنتلەردە 222 تېببىي داۋالاش نۇقتىسى بار. 2002 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3129.14 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1248 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 954.18 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 11 مىڭ 942 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى يۆلەندى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 21.95 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە 780 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2741 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 952 ئادەم باشانىدا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 8931 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

ۋاڭ لۇ، گۈلباھار خېلىل

# يېڭىسار ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

يېڭىسار ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، كوئېنلۇن تاغ سىستېمىسىدىكى توقۇز چوققىسىنىڭ شەرقىي-شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1541 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 13. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 225 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 220 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 192 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰17.08، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.3. ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 720

گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 19 مىڭ 660 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 9000 گېكتار)، 8690 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1860 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تېمپېراتۇرا قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 376 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 44 مىليون 980 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 24 مىڭ 400 گېكتار ئورمان، 35 مىڭ 800 گېكتار ئوتلاق بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ھاك تېشى، مىس، قوغۇشۇن، سىنىڭ، تۆمۈر، گەج قاتارلىقلار بار. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن بادام، سەمەت ئۆرۈكى، ساپال بۇيۇم، شاتۇۋا سەگىز قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يېڭىسار ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ تيېبىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: غۇلام ئابلىكىم.

ھاكىم: مۇتەللىپ ئابدۇرېشىت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت جۇرۇپ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 485 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 286 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %9.1 ئاشتى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 59 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، %2 كېمەيدى، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 139 مىليون 350 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 428 مىليون 450 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %18.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 284 مىليون 756 مىڭ 500 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 25 مىليون 693 مىڭ 600 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 117 مىليون 787 مىڭ 800 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 213 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 127 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 3800 توننا پاختا، 2500 توننا ياغلىق دان، 72 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 358 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 9565 توننا گۆش، 414 توننا يۇڭ، 45 مىڭ پارچە كالا - قوي تېرىسى، 7697 توننا سۈت، 964 توننا تۇخۇم، 25 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 38 مىڭ 740 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 39 مىليون 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 27 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 43 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 38 مىليون 999 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %7 كېمەيدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 17 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1675 توننا كۆمۈر، 1 مىليون 820 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى، 22 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 54 مىڭ 100 توننا سېمونت، 46.2015 توننا ساپ پاختا، 57 مىليون 40 مىڭ دانە خىش، 293 توننا سۇلياۋ بويۇق ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %89 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىڭ 577 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 14 مىڭ 368 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە ئوراقلىق مۈلۈككە 79 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ساغان يېزىسىنىڭ سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمىنى ئاشۇرۇش، يوختىلاش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، كۆسەن دەرياسىنىڭ ئۆستەڭ يېشى قۇرۇلۇشى، كاتتا ئۆستەڭنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، ساغان، يېڭىيەر - سىيىتلە يېزىلىرىنىڭ زەيكەش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 3 چوڭ تىپتىكى 3 سۇچىلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى. 30 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 17 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. گېنېراتورلار گورۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 3000 كىلوۋات، بازارلارنى يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 980 مىڭ توننا، يىللىق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 360 مىڭ توننا كۆپەيتىلدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 724 مىڭ 800 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5050 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 2100 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 3600 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 20 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 74 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 21 مىليون 450

مىڭ يۈەن. يەرلىك مالىيە كىرىمى 15 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 14%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 123 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.59% ئاشتى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەر خىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 243 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 287 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تۆلەم سوممىسى 2 مىليون 368 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 410 مىڭ يۈەنگە، بېرىلگەن پۇل 766 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2209، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 410. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 870 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1106 (مىللىي 1070)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 285 (مىللىي 16 مىڭ 86)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 70، ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 355 (مىللىي 40 مىڭ 932). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2176 (مىللىي 2098). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 3000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 33 سەھىيە ئاپپاراتى، 369 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 300) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 151 (مىللىي 112)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 363. يېزا، كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 6.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىدا بىر تۈردە 1 - لىك، بىر تۈردە 3 - لىك قولغا كەلتۈرۈلدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 4100 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3273 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 941 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 938 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 500 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 17 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 4414 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1277 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 756 ئادەم باشانىدا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7363 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى، بۇنىڭغا 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يېڭىسار ناھىيىسى مەملىكەتلىك 8 - قېتىملىق ئالوچا - ئۆرۈك يىغىنىنى داغدۇغىلىق ئاچتى، مەملىكەتنىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن 200 نەچچە مۇتەخەسسىس يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ سەمەت ئۆرۈكىگە يۇكسەك باھا بەردى ۋە ئۇنى ماختىدى.

★ 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يېڭىسار ناھىيىسى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېيفاڭ شەھىرى خۇەيچېڭ رايونى، شەندۇڭ ئۆلكىسى شۇگۇاڭ شەھىرى بىلەن دوست ناھىيە - شەھەر (رايون) بولدى. شەندۇڭ ئۆلكىسى ۋېيچېڭ رايونى يېڭىسار ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىگە 26 كومپيۇتېر ئىئانە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن كۆپ مۇھىتلىق سىنىپ قۇرۇلدى؛ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شۇگۇاڭ شەھىرى 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يېڭىسار ناھىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ كۆكتات، مېۋە - چېۋە يۇقىرى تېخنىكا ئۈلگە باغچىسى قۇردى.

★ 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يېڭىسار ناھىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى بىلەن دوست ناھىيە - رايون بولدى. سايباغ رايونى يېڭىسار ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا بىر دانە سانتانا ماركىلىق ئاپتوموبىل، يېڭىسار ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە 20 كومپيۇتېر ئىئانە قىلدى ھەمدە 100 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، نامرات ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىشىگە ياردەم بەردى.

★ 2002 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسى ئۆزگىچە كەسىپ — سەمەت ئۆرۈكچىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى، بىر يىلدا 6660 گېكتار يەرگە سەمەت ئۆرۈكى كۆچىتى تىكتى، سەمەت ئۆرۈكىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 15 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى.

جاۋ شىمىڭ، فېڭ چيالىڭ، فۇ جىمىن، ياڭ پېيشۇ

## پوسكام ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

پوسكام ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، يەكەن

دەرياسىدىن ھاسىل بولغان لاھا قاناتنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1692 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 2، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 178 مىڭ 433 (كۆكياغ بازىرىدا تۇرۇشلۇق غەربىي - جەنۇبىي تارىم نېفىت تەكشۈرۈش تەرەققىيات شىركىتىگە قاراشلىق 15 مىڭ 745 نوپۇسمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 137 مىڭ 988، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 98 مىڭ 585؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.7‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.8‰. ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 350 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 19 مىڭ 470 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 7921 گېكتار)، 9970 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 8937.6 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

پوسكام ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى، ھەرخىل كۆكتات ۋە قۇرۇق مېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ. 5200.5 گېكتار ئوتلاق بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى، زاراڭزا، چاكاندا، ئالقات، پاۋا بالپۇز قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: زىلاڭ سۇن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىر سايىم.

ھاكىم: پالقۇن مەخمۇت.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلەت سايىت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (غەربىي - جەنۇبىي تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - تەرەققىيات شىركىتىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1 مىليارد 100 مىليون يۈەن (ناھىيىگە تەۋەسى 562 مىليون 490 مىڭ يۈەن) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 246 مىليون 780 مىڭ يۈەن (ناھىيىگە تەۋە) گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 16.88%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 611 مىليون 150 مىڭ يۈەن (ناھىيىگە تەۋەسى 92 مىليون 780 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 8.5% (ناھىيىگە تەۋەسى 4.83% كېمەيدى)، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 242 مىليون 70 مىڭ يۈەن (ناھىيىگە تەۋەسى 222 مىليون 930 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 21.27% ئاشتى (ناھىيىگە تەۋەسى 4.59% ئاشتى).

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 520 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 12.36% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 362 مىليون 170 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 13 مىليون 740 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 139 مىليون 270 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 90 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 131 مىڭ 900 توننا ئاشلىق، 15 مىڭ توننا پاختا، 494 توننا ياغلىق دان، 7477 توننا مېۋە-چېۋە، 22 مىڭ 555 توننا كۆكتات، 329 توننا ياڭيۇ، 16 توننا يىپەكلىك زەمبۇرۇغى، 70 توننا زىرە، 51 مىڭ 606 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 334 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 9699.4 توننا گۆش، 240 توننا يۇڭ، 211 مىڭ 100 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 5300 توننا سۈت، 1880 توننا تۇخۇم، 710 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 3749 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 901 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 3427 گە، مەھسۇلات قىممىتى 105 مىڭ 640 يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 15 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 53 مىڭ 410 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ناھىيىگە تەۋەسى) 55 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 38.52%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 21 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولۇپ، 24.6% كېمەيدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 49 مىڭ 763 توننا كۆمۈر، 45 مىليون 250 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، 53 مىليون 140 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى، 38 مىڭ 700 توننا سېمونت، 1 مىليون 700 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 352 توننا سۇلياۋ ياسالما (سۇلياۋ يوپۇق 175 توننا)، 925 توننا سۇ يېمى، 2995 توننا كۈنجۈرە، 8070 توننا پاختا، 117 مىليون 280 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 89.9% كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق

كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 75 مىڭ 645 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 38 مىڭ 19 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 172 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ مەبلەغنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى. بىر يىلدا «لياۋخې» تەبىئىي گاز شىركىتى 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشى، قەشقەر بىناكارلىق گۇرۇھى 20 نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان تۇرالغۇ ئۆي كىچىك رايونى تۈرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، قەشقەر «شەنلۇلىن» شىركىتى 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان ئۇنىۋېرسال بازار قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، تېرموئېلېكتر بىرلەشمە ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى ۋە شەھەرنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئورۇبا تورى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى پۈتتى. بىر يىلدا ئاشىيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 297 مىڭ توننا. كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 655 مىڭ 500 ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 6100 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 2300 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 5500 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 230 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 106 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 765 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 43 مىليون 765 مىڭ يۈەن. ھەرخىل ئاۋاز سودا بازىرىدىن 10 ى بولۇپ، يىللىق يۆتكۈلۈش سوممىسى 107 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 15 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 150 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 52 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %16.62، يەرلىك مالىيە چىقىمى 112 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.9 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەر خىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 436 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 107 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 887 مىليون 680 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 18 مىليون 804 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 14 مىليون 604 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 483 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 2 مىليون 237 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 246 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2874، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 505 (ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 20). ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 318 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1827 (مىللىي 1140)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 675 (مىللىي 11 مىڭ 748)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 68، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 875 (مىللىي 24 مىڭ 39). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2188 (مىللىي 1729). بالىلار باغچىسى 4، باغچا ئوقۇغۇچىسى 40. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 846 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 3500 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 95 سەھىيە ئاپپاراتى، 396 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 359) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 164 (مىللىي 124). دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 379، يېزا، كەنتلەردىكى داۋالاش ئورنى 126.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون پوسكام ناھىيىسىگە مەدەنىي ناھىيە بازىرى دەپ نام بەردى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1931 يۈەنگە، ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 259 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 5195 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2386 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 645 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7402 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## توغراقلىق مەنزىرە ساياھەت رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى

توغراقلىق مەنزىرە ساياھەت رايونى پوسكام ناھىيىسى ياسىدۇن ئورمانچىلىق مەيدانى تەۋەسىگە جايلاشقان، ناھىيە

بازىرىغا 37 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەنزىرە رايونىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت قىلىش كۆلىمى 1654.3 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي توغراقلىق كۆلىمى 1221.3 گېكتار. مەنزىرە رايونى 2002 - يىل 7 - ئايدا قۇرۇلۇشقا باشلىغاندى، 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قىسمەن ئېچىۋېتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. 1- قارارلىق قۇرۇلۇشقا تەخمىنەن 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

مەنزىرە رايونى يەكەن دەرياسىدىن ھاسىل بولغان لاتقا قاناتقا جايلاشقان بولۇپ ئۈچ تەرىپى سۇ. مەنزىرە رايونىدىكى ئاساسلىق گۈمانىتارلىق ۋە تەبىئىي مەنزىرىلەردىن ئامانىسالدى قەدىمىي قەبرىستانلىقى (دەلىللەشكە ئاساسلانغاندا بۇ يۇردا دىنى شىنجاڭغا كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ، خەن دەۋرىگە ئائىت خارابە ئىكەن)، ياسىدۇن مازىرى، توغراق پادىشاھى (بۇ ئاتىلىق توغراق دەپ بېكىتىلدى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 10.05 مېتىر، ئايلانمىسى 6.3 مېتىر بولۇپ، ئازكەم 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە)، مۇقەددەس دەرەخ (بۇ تېرەك بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 6.2 مېتىر، ئاستىنىڭ ئايلانمىسى 9.2 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 30 مېتىر بولۇپ، تەخمىنەن 150 — 200 يىللىق تارىخقا ئىگە) بار.

★ 3 - ئايدا زىلزىلە سۇن، يالقۇن ماخمۇتلار ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى يەن - تېخىمۇ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

★ 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جۇڭگونىڭ «سىنشىڭ» تەبىئىي گاز (يۇقىراۋى شىركەت) شىركىتى 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان تەبىئىي گاز قۇرۇلۇشى يۈتۈپ گاز بېرىلىشكە باشلىدى. يىل ئاخىرىدا پوسكام ناھىيە بازىرىدىكى 1000 ئائىلە تەبىئىي گاز ئىشلەتتى.

★ 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ غەربىي قىسىم تېرمو ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى ھاۋالە مەبلەغ سېلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەبلەغ سالغان پوسكام تېرمو ئېلېكتىر بىرلەشمە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ توپا - تاش ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى. قۇرۇلۇشنىڭ لايىھەدىكى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 4×6000 كىلوۋات، خام چوت بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 170 مىليون يۈەن.

تيەن فاسىڭ

## يەكەن ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

يەكەن ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ باغرىغا، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن بۆگرى قۇملۇقىنىڭ ئارىسىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى لاتقا تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1666 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە 7، بازار 7، يېزا 22. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 646 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 618 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 537 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.57، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.97. ناھىيە بويىچە 83 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 60 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 26 مىڭ گېكتار)، 42 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 7 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 52 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ 504.37 گېكتار ئورمان، 130 مىڭ 600 گېكتار پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق بار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، ئاق قۇ قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، كۆلرەڭ تۇرنا، جەرەن، ئۆلار، ياۋا توڭگۇز، تارىم توشقىنى، قىرغاۋۇل قاتارلىقلار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، سوغىگۈل، قانتېپەر قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ھاك تېشى، گەج، تاشپاختا، كۆك قاشتېشى، چىرىمتال، خرۇستال، گۈڭگۈرت، ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنك، نىكېل قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن قاراسۇ رايونىدىكى قۇملۇق سەيلىگاھى، داموس يېزىسىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىق، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كلاسسىك مۇقامشۇناس ئامانىساخاننىڭ مەقبەرىسى بار.

يەكەننىڭ بادىمى شىنجاڭغا داڭلىق، «يەكەن» ماركىلىق پاختىنىڭ ھوسۇلى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى، قەلەمتۇراچ، دوپپا، گىلەملەرنى ساياھەتچىلەر ئالاھىدە ياقتۇرىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يەكەن ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي يۈەنجى.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇدرەت ئېزىز.

ھاكىم: ئابدۇغېنى ئىگەمبەردى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇسىيىن يۈسۈپ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 108 مىليون 270 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 703 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.8%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 95 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.1%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 309 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.3% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 270 مىليون 700 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 964 مىليون 900 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 75 مىليون 300 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 223 مىليون 400 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 7 مىليون 150 مىڭ 500 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 387 مىڭ توننا ئاشلىق، 40 مىڭ توننا پاختا، 5000 توننا ياغلىق دان، 21 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە، 40 مىڭ توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 163 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 25 مىڭ توننا گۆش، 11 مىڭ توننا سۈت، 931 توننا يۇڭ، 640 مىڭ 800 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 5540 توننا تۇخۇم، 1114 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1000 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 52 مىليون 660 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 10 مىڭ 590 گە، مەھسۇلات قىممىتى 280 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 45 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 140 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 242 مىليون 380 يۈەن بولۇپ، 2001- يىلدىكىدىن 7% كېمەيدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 208 مىليون 440 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 83 مىڭ 930 توننا كۆمۈر، 7782 توننا پىرىكمە ئوغۇت، 814 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 2573 توننا پاختا يىپ، 112 مىڭ توننا ئۇن، 2100 توننا سۇ يېغى، 35 مىڭ 169 توننا ساپ پاختا، 29 مىليون 200 مىڭ دانە خىش، 5 مىليون 823 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 57 توننا ئاق ھاراق، 8000 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 93 مىڭ 810 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يىلى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە ئۇزاقلىق مۈلۈككە 299 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 153 مىليون 660 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا 27 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، «لوڭجى» سېمونت زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 100 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تولۇق پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 19 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «كەيۈەن» ئەسىر سودا سارىيى پۈتتى، 65 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تەبىئىي گاز تۇرۇبا قۇرۇلۇشى ئاساسەن پۈتتى. سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتىرى قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون 620 مىڭ يۈەن، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قۇدۇق قېزىشقا 7 مىليون 985 مىڭ 400 يۈەن، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە 37 مىليون 265 مىڭ 300 يۈەن، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە 30 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتوموبىل قاتنىغان تاشيول 2239 كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 109 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 106 مىليون 717 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 18 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 25 مىڭ 680 (بازارلاردىكىسى 18 مىڭ 950) گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 12 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 800 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 164 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەر خىل ئاۋار سودا بازىرىدىن 39 ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 101 مىليون 175 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 70 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 34.9%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 298 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26.4% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەر خىل ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 336 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 15 مىليون 600 مىڭ يۈەن؛ ھەر خىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 755 مىليون 800 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 34 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 14 مىليون 20 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 20 مىليون 410 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن

تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 13 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 9 مىليون 560 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 840 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 8041، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1446. شۇ يىلى ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تۈرىدىن 3 ى تاماملاندى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 911؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 84 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 2449 (مىللىي 1985)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 33، ئوقۇغۇچىسى 50 مىڭ 85 (مىللىي 48 مىڭ 22)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 217، ئوقۇغۇچىسى 113 مىڭ 722 (مىللىي 109 مىڭ 619). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 5429 (مىللىي 5063). بالىلار باغچىسى 17، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 120. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 391 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە 4 سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99.8 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 8000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 37 سەھىيە ئاپپاراتى، 1066 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 879) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 624 (مىللىي 541)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1150.

2002 - يىلى يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى 129 مەيدان ئويۇن قويدى. ناھىيە ۋە يېزا - بازارلار 57 قېتىم دېھقان، چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1357.82 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 47 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 14.8 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15.1 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 4842 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4934 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1732 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 19 مىڭ 479 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 7 سى تاماملاندى، بۇنىڭغا 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 7 - ئايدا تاشقورغان - يەكەن تاشيولى رېمونت قىلىنىپ قاتناش باشلاندى. دۆلەتنىڭ 40 نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن ياسالغان بۇ تاشيولنى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەنىدى، 2000 - يىلى دۆلەت يەنە 60 نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇ مەبلەغ تاشيول لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىلدى.

★ 9 - ئايدا جىياڭشىلىق سودىگەر 30 نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان يەكەن ناھىيىسى بويىچە تۇنجى پىيادىلەر كوچىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر.

ياڭ پىڭفاڭ

# قاغىلىق ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاغىلىق ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە، تىزناپ، ئۇلۇغئۆستەڭ، كۆكيار ئۆستەڭ دەريالىرىدىن ھاسىل بولغان لاتقا قاناتقا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1513 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 17. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 375 مىڭ 258 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 350 مىڭ 856)، يېزا نوپۇسى 315 مىڭ 19؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.7، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.11. ناھىيە بويىچە 47 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 37 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 12 مىڭ 800 گېكتار)، 10 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىڭ گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 900 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 140 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئېيىق، ئۆلار، ئاق قۇ قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چوڭ بويۇرماقلىق جىنتىيانا، چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، ئۈچقات قاتارلىق 237

خىلى، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قاشتېشى، مەرمەر تاش، كۆمۈر، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن ئەجەللىي مەقبەرىسى، شېھىتياغاقان قەدىمىي شەھىرى، بۆتتۈگكۆر بۇددا غارى، زوڭلاڭ مازىرى ۋە پۇلۇلاڭ ئورمان باغچىسى قاتارلىقلار بار.

بۇ جايدىن قارا يوپۇرماقلىق تۇرۇلا، ئانار، ياڭاق، چىلان، ئۈزۈم، پىستە، گىلاس، بادام قاتارلىق مېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاغىلىق ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ كاشياڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خۇدابەردى ئىسمائىل.

ھاكىم: كۇرەش تۇرسۇن (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئوسمان داۋۇت (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت توختى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 742 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 497 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 18.62%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 63 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 46.05%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 181 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.06% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 960 مىليون 470 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.45% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 565 مىليون 461 مىڭ 200 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 59 مىليون 25 مىڭ 100 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 332 مىليون 864 مىڭ 400 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 120 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 237 مىڭ توننا ئاشلىق، 13 مىڭ توننا پاختا، 2544 توننا ياغلىق دان، 45 مىڭ 610 توننا مېۋە - چېۋە، 16 مىڭ 800 توننا كۆكتات، 7760 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 400 توننا زىرە، 685 توننا يۇرچاق، 4000 توننا يېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 55 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 23 مىڭ 140 توننا گۆش، 1182 توننا يۇڭ، 515 مىڭ 600 پارچە كالا- قوي تېرىسى، 22 مىڭ 300 توننا تۇخۇم، 312 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1152 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 723 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 171 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 84 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 86 مىليون 303 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 28.11% كېمەيدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 43 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 40 مىڭ 950 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ 582 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 115 مىليون يۈەن. 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «مەدەنىيەت» يولى، «ئىتتىپاق» يولى پۈتتى. 4.33 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى، بازارلارنى يىللىق تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 1 مىليون 460 مىڭ توننا كۆپەيدى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 36 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 120 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 352 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 647 مىڭ 500 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 15 مىڭ 500 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 2000 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 9300 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 30 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 162 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 98 مىليون 3000 يۈەنگە، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 19 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھارخىل تاۋار سودا بازىرىدىن 25 ى بار بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 59 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 32 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.18%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 201 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 33.62% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەر خىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 498 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 791 مىليون 340

مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 13 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 9 مىليون 560 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 5 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 740 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2964، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 754. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 272 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 264 (مىللىي 28 مىڭ 661)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 147، ئوقۇغۇچىسى 65 مىڭ 491 (مىللىي 62 مىڭ 30). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3132 (مىللىي 2776). شۇ يىلى مائارىپقا 4 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %86 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 3000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 32 سەھىيە ئاپپاراتى، 632 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 481 كارىۋات بار.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1215 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 100 يۈەنگە، بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15.72 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 2981 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2786 ئىشچى- خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 816 خادىم پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 13 مىڭ 284 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى، بۇنىڭغا 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

### ئۆچقاتنى كۈزدە تېرىش نەق مەيدان يىغىنى

2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ پارتكوم، ناھىيىسىنىڭ خەلق ھۆكۈمىتى ئاقتاش تەرەققىيات رايونىدا ئۆچقاتنى كۈزدە تېرىش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. قاغىلىق ناھىيىسى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ فېنچيۇ ناھىيىسىدىن 667 گېكتار يەرگە تېرىشلى بولىدىغان 2 مىليون 200 مىڭ تۈپ ئۆچقاتنى كىرگۈزۈپ، تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەق مەيداندا تېرىدى. ئۇ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئۈنۈمنى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى زاپاس كەسىپ بولۇپ قالدى.

★ 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭ سۇچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى لايىھىلىگەن، قاغىلىق ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسى قۇرغان 133 گېكتار كۆلەمدىكى تۆۋەن بېسىملىق تۇرۇبا ئارقىلىق تېمىتىپ سۇغىرىش تۈرى جايتېرەك يېزىسى 2 - كەنتىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

★ 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىلىك «لوڭجى» سېمونت زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

كۆڭ شيەنىڭ

# مەكىت ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مەكىت ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمى ۋە تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1410 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 167 مىڭ 762 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 153 مىڭ 298)، يېزا نوپۇسى 119 مىڭ 902؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.7‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 15.96‰. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 450 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 17 مىڭ 720 گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 22 مىڭ 633 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە بويىچە 27 مىڭ 200 گېكتار تەبىئىي چىملىق بار. قاز ئۆچرايدىغان قۇشلاردىن قىزىل لاچىن بار. ئۇ دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدۇ. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى ئاساس قىلىنىدۇ.

مەكىت ناھىيىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا

بازىسى، مەكىت ناھىيىسىدىن چىقىدىغان دولان قويى ۋە توغراق سوگۈسى شىنجاڭغا داڭلىق.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مەكىت ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ جيەنجۇن (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىدى)، يەن جيەن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەكبەر ئەدىر (ئۆزبېك).

ھاكىم: ئابدۇكېرىم ئابدۇۋايىت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئامان ئەيسا.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 491 مىليون 370 مىڭ يۈەن (بىڭتۇەننىڭ 71 مىليون 201 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 378 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 21% ئاشتى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 21 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولۇپ، 3.4%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 91 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، 17.38% كېمەيدى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 642 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11.1% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 521 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 3 مىليون 330 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 117 مىليون 720 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 350 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 103 مىڭ 600 توننا ئاشلىق، 30 مىڭ توننا پاختا، 4800 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 542 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 10 مىڭ 479 توننا گۆش، 595 توننا يۇڭ، 105 مىڭ پارچە كالا - قوي تېرىسى، 5969 توننا سۈت، 1385 توننا تۇخۇم، 40 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1002 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 2550 كە، مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 15 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 5 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 61 مىڭ 690 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 16.47% كېمەيدى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.4% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 131 توننا سۇ يېغى، 462 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 21 مىڭ 700 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 76% كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 16 مىڭ 366 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 13 مىڭ 59 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 55 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 33 مىليون 800 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا پۈتتۈرۈلگەن ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋە سېلىنغان مەبلەغ: 4 يېزىنىڭ ئۆستەڭ يېشىنى بىرلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، ئۇزۇنلۇقى 20.29 كىلومېتىر، سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليون 569 مىڭ 100 يۈەن؛ خانكۆل سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىش قۇرۇلۇشى، ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 7 مىليون 981 مىڭ يۈەن؛ ناھىيە بويىچە ئەسلى كېيىم ئورۇقى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليون يۈەن. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 200 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 962 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 398 مىڭغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5846 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 6176 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 8000 غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 120 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 107 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 28 مىليون 611 مىڭ يۈەن. ھەرخىل تاۋار سودا بازىرىدىن 13 ى بار بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 24 مىليون 907 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 26 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7.5%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 122 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.66% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەر خىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 192 مىليون 223 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 842 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ

ئامانەت پۇل قالدۇقى 432 مىليون 910 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 4 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 2 مىليون 440 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 950 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3308، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي ئۇنۋانى بارلار 707. شۇ يىلى ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 21 ى تاماملاندى. ناھىيىدىكى كەسپىي تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 105 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1134 (مىللىي 825)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 220 (مىللىي 9928)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 83، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 691 (مىللىي 26 مىڭ 362). ھەرخىل ئوقۇتقۇچىسى 2299 (مىللىي 1931). بالىلار باغچىسى 7، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 72. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئاممىۋى ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95.4 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96.1 كە، بازارلاردا سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %98 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2 دوختۇرخانا، 8 يېزىلىق شىپاخانا، 60 يەككە، خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيە، 393 ھەرخىل سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 303) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 151 (مىللىي 98). دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 442، يېزا، كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 26.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 3861 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3088 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1719 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 290 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 4409 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2152 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1240 خادىم پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7667 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

ئىزاھ: يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار يېڭىتۇۋەنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

جېن چېيىن، ۋاڭ شىنمىن

# يوپۇرغا ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

يوپۇرغا ناھىيىسى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە، گەز دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1560 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 134 مىڭ 524 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 126 مىڭ 155)، يېزا نوپۇسى 112 مىڭ 120؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰14.75، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.53. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 397.7 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 12 مىڭ 760 گېكتار يەرگە (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 7700 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 14 مىڭ 160 گېكتار يەرگە (ئېكىنز تېرىلغۇ كۆلىمى 7333 گېكتار) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى تىپىك قۇرغاقلىق تېپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

يوپۇرغا ناھىيىسى دۆلەتنىڭ سۈپەتلىك ئىنچىكە تاللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. مېۋە - چېۋىلەردىن يوپۇرغا قوغۇنى، سەيلى ئۆرۈكى، مۇناقىسى ئۈزۈمى، ئانار، ئەنجۈر قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق چارۋا نەسلىدىن «شىنجاڭ يوپۇرغا ئېشىكى»، كىچىك قۇيرۇقلۇق قوي قاتارلىقلار بار. يېرى يەكەن، گەز، قىزىل دەريالىرىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ، 3 دەريادىن كېلىدىغان يىللىق ئېقىم مىقدارى 430 مىليون كۇب مېتىردىن 470 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 236 مىليون كۇب مېتىردىن 250 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 100 گېكتار ئورمانغا باب يەر بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى، ئالقات قاتارلىقلار، سەيلىگاھلاردىن ئاخۇنلۇقۇم مازىرى، 1000 يىللىق توغراق پادىشاھى، سۆگەت پادىشاھى، داۋاكۆل قۇملۇق ساياھەت مەنزىرە رايونى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يوپۇرغا ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خې خەييۈەن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇنىسا تۇرادىن.

ھاكىم: غۇلامجان ئابدۇرۇسۇل.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەخمۇت ئەخمەت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 327 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 158 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 12.62%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 39 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.88%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 129 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.41% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 285 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.41% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 230 مىليون 960 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 3 مىليون 420 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 50 مىليون 280 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 400 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 66 مىڭ توننا ئاشلىق، 11 مىڭ 500 توننا پاختا (سېتىۋېلىنغىنى)، 1281 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 269 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 5356 توننا گۆش، 540 توننا يۇڭ، 82 مىڭ 800 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 3195 توننا سۈت، 458 توننا تۇخۇم، 60 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. «شىنجاڭ يوپۇرغا ئېشىكى» بازىسىدا 470 نەسىللىك ئېشەك، مۇقىم نەسىللەندۈرۈش نۇقتىسىدىن 183 ى، 5 تىن كۆپ «شىنجاڭ يوپۇرغا ئېشىكى» باققان دېھقان ئائىلىسىدىن 145 ى بار. يىل ئاخىرىدا كىچىك قويرۇقلۇق قوي كۆپەيتىش ئۈلگە بازىسىدىكى قوي 4000 غا، كىچىك قويرۇقلۇق قوي كۆپەيتىشنى كېڭەيتىش بازىسى 14 كە يەتتى. شۇ يىلى 712 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزىلاردا سۇنى ياخشىلاش- كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 36 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 5 سۇ زاۋۇتى ياسالدى، 2 قۇدۇق قېزىلدى، 71.69 كىلومېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، بۇنىڭ بىلەن 7960 ئادەم ۋە 21 مىڭ 500 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇيى ھەل قىلىندى. يېزا بازار كارخانىسى 3078 گە، مەھسۇلات قىممىتى 42 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 23 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 8 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 34 مىڭ 692 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 43 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 28.25%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليون 178 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 61.2% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4195 توننا ئۇن، 1023 توننا سۇ يېغى، 6000 توننا پاختا، 550 توننا قىسقا تىۋىت، 760 مىڭ توننا تورۇبا سۇيى، 2 مىليون 200 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 30



جۇڭگو قۇملۇق مەنزىرىسى ساياھەت يۇرتى يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى داۋاكۆلدە ئۆتكۈزۈلگەن يورۇشلۇق پائالىيەتلەرنىڭ بىرى — چاچ مۇسابىقىسى.

سۈرەتنى: يوپۇرغا ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

مىڭ 745 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يىلى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 66 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 48 مىليون 940 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا 13 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 5 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 862 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 152 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3563 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 1827 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 5400 نەچچىگە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 128 گە، توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 51 مىليون 386 مىڭ 200 ئادەم. كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 27 مىليون 957 مىڭ 600 توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلى سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرى بويىچە 14 تۈختام ۋە كېلىشىم ئىمزالاندى، ھەمكارلىق مەبلىغى 57 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. داۋاكۆل ساياھەت مەنزىرە رايونى بىر يىلدا 100 نەچچە مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) نى كۈتۈۋېلىپ، 10 نەچچە مىليون يۈەن كىرىم قىلدى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 69 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ۋە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 31 مىليون 800 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە ھارخىل سودا بازىرىدىن 7 سى بار بولۇپ، يىللىق يۈزتۇتۇش سوممىسى 20 مىليون يۈەندىن ئاشتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 9 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %0.32، يەرلىك مالىيە چىقىمى 113 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.29 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەرخىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 307 مىليون 948 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 223 مىليون 169 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 148 مىليون 480 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 723 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 790 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 933 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 264 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 940 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 324 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3179، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 440. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (ھەربىر يېزىدا 8 كەسپىي سىنىپ بار)، ئوقۇغۇچىسى 1149 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 8187 (مىللىي 7873)، بۇنىڭ ئىچىدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 838 (مىللىي 737)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 78، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 36 (مىللىي 20 مىڭ 552)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 113. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2053 (مىللىي 1932). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2500 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 27 سەھىيە ئاپپاراتى، 369 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 308) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 189 (مىللىي 149)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 352، يېزا، كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 75.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى يوپۇغا ناھىيىسى بويىچە بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5000 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1222.6 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 698 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 10.2 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 2840 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 889 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 474 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 6919 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## داۋاكۆل ساياھەت مەنزىرە رايونى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 2667 گېكتار قۇملۇق ساياھەت رايونى ئېچىلدى، كۆل يۈزى ساياھەت رايونىنىڭ كۆلىمى 90 گېكتار، 1800 يىللىق توغراق پادشاھى، 1500 يىللىق سۆگەت پادشاھى، ياغاچئايۋان قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى، خوجاھاشىم خوجا مازىرى قاتارلىق 13 ساياھەت نۇقتىسى بار. سىرت ناھىيىلەردىن 4 كارخانا كىرگۈزۈلدى، بۇ كارخانىلار 8 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى. مەنزىرە رايونىدا 50 نەچچە يەككە ئائىلە بار، ئۇلار يېمەك - ئىچمەك، مىللىيچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنى ياساش، يەرلىك ئۆزگىچە مەھسۇلاتلار سودىسى، دېھقانلار

ئائىلىسى ساياھەت باغچىسى قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە تىجارەت قىلىدۇ. ناھىيىلىك ساياھەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ كىرىمى 500 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، بىر يىلدا 100 مىڭدىن ئارتۇق ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كەلگەنلەر %30 نى ئىگىلەيدۇ. ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان ئۇنۇۋېرسال كىرىم 10 نەچچە مىليون يۈەنگە يەتتى.

★ 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يوپۇرغا ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى. خې خەيۈەن، غۇلامجان ئابدۇرۇسۇل، شېن گۇاڭخۇالار شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى تۆھپىكارلار مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يۈ جىبىن

# پەيزاۋات ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

پەيزاۋات ناھىيىسى قەشقەر دەرياسىدىن ھاسىل بولغان لاتا تۈزلەڭلىكنىڭ تۆۋەن قىسمىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1338 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 307 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 302 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 280 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.89، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.74.

ناھىيە بويىچە 40 مىڭ 570 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 28 مىڭ 730 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئىككىنچى تېرىلغۇ كۆلىمى 12 مىڭ گېكتار)، 12 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئىككىنچى ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 2870 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 870 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، مانگان، نىكېل، ھاك تېشى، ئىسلاندىيە شپاتى، جۇلاتاش، بارىت، تاشپاختا، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پەيزاۋات ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ جىملىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: داۋۇت ئاۋۇت.

ھاكىم: مۇتەللىپ ئوبۇل.

سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇكېرىم ئەمەت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 796 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 508 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.54، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %31.39، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 233 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.01 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 899 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.68 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 655 مىليون 330 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 14 مىليون 880 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 228 مىليون 70 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 169 مىڭ 519 توننا ئاشلىق، 17 مىڭ 200 توننا پاختا، 800 توننا ياغلىق دان، 47 مىڭ 160 توننا مېۋە - چېۋە، 225 مىڭ توننا قوغۇن ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 850 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 17 مىڭ 800 توننا گۆش، 1300 توننا يۇڭ، 319 مىڭ 300 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 6689 توننا سۈت، 1559 توننا تۇخۇم، 158 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3081 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 112 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 3 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 59 مىڭ 236 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %28.56، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 11 مىليون 190 مىڭ يۈەن بولۇپ، %27.99 كېمەيدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4800 توننا ئۇن تارتىلدى، 16 مىليون 990 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى، 3405 توننا پاختا، 30 مىليون 350 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى،

290 مىڭ توننا سۇ بىلەن تەمىنلەندى، 5 توننا قارىشۇرۇق پىششىقلاندى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 99.4% بولدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 83 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 32 مىڭ 157 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 32 مىڭ 157 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 141 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 107 مىليون 770 مىڭ يۈەن. 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 86 مىڭ كۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلىگەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئارامگاھ مەيدانى ۋە تەنتەربىيە ئارامگاھ مەيدانى پۈتتى. بىر يىلدا 48 كىلومېتىر ناشيول ئۆزگەرتىلدى، بازارلارنى تۇرۇبا سۇيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 290 مىڭ توننا ئاشتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 565 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 4900 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3600 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 5500 گە، كومپيۇتېر ئابونېنتى 194 كە يەتتى. 2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يەككە سودا ـ سانائەت ئورنى 2609 غا يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 13% كۆپەيدى؛ كەسپكار 2925 كە يەتتى؛ خۇسۇسىي كارخانا 19 غا يېتىپ، 40% كۆپەيدى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 23 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17% ئاشتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 87 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 28 مىليون 190 مىڭ يۈەن. ھەرخىل سودا بازىرىدىن 16 سى بار. يەرلىك مالىيە كىرىمى 17 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 40.2%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 136 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.48% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەرخىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 365 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 408 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا سۈزۈرنا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 64 مىڭ يەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 190 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 874 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 11 مىليون 383 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 10 مىليون 633 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 750 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 ـ يىلدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2084، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 807. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 404 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 2490 (مىللىي 2351)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 752 (مىللىي 13 مىڭ 603)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 121، ئوقۇغۇچىسى 57 مىڭ 106 (مىللىي 56 مىڭ 841). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3769 (مىللىي 3684). ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 93% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2500 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 16 سەھىيە ئاپپاراتى، 560 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 401) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 269 (مىللىي 243)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 368، يېزا، كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 155.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1317.68 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋە ـ چېۋە كىرىمى 26.5% نى، چارۋىچىلىق كىرىمى 17.3% نى ئىگىلىدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى 12 مىڭ 190 يۈەنگە يەتتى. 2002 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 6327 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1462 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 8375 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2002 ـ يىلى پەيزاۋات قوغۇنى تېرىلغۇ كۆلىمى 9667 گېكتارغا، ھوسۇلى 225 مىڭ تونناغا يېتىپ، ھوسۇلى 2001 ـ يىلدىكىدىن 85.1% ئاشتى؛ باغ ـ ئورمان كۆلىمى 11 مىڭ 413 گېكتارغا، مېۋە ـ چېۋە ھوسۇلى 47 مىڭ تونناغا يېتىپ، 27% ئاشتى. بىر يىلدا ناھىيە بويىچە مېۋە ـ چېۋە كىرىمى 98 مىليون 629 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 85.7% ئاشتى.

لياڭ يۇڭ

# مارالبېشى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مارالبېشى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي - شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1255 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ناھىيە بازىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 260 مىڭ 196 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 245 مىڭ 440)، يېزا نوپۇسى 201 مىڭ 742؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.57، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.55. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ 580 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6555 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1600 گېكتار)، 28 مىڭ 670 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

مارالبېشى ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان چوڭ ناھىيە. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 984 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 65 مىڭ 400 گېكتار ئورمان، 50 نەچچە مىڭ گېكتار توغراقلىق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان 35 خىل بولۇپ، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، كۆچمە چايكا قاتارلىق 3 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن لاچىن، قۇماي، كۆك قوتان، كۇلرەڭ تۇرنا، توشقانسىمان سۈلەيسۈن، تارىم توشقىنى، بۇغا، سېرىق بۈركۈت قاتارلىق 9 خىلى بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، فوسفور، ئالتۇن، ئالماس، تاش تۇز قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن تاڭ دەۋرىگە ئائىت يادىكارلىق توققۇز ساراي، چالمىدارىبەگ قەبرىستانلىقى، ئالتاغ، شاخ ئىپتىدائىي ئورمانلىقى، سېرىقبۇيا بازىرى، ئاناركۆل سۇ ئامبىرى، غەربىي قولتۇق قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مارالبېشى ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ مىڭگۇاڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن قاسىم.

ھاكىم: مەردان مۇقەببەت.

سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەتىمىن توختى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 15 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 649 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.90، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 124 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.58، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 241 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25.6 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 930 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %11.6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 753 مىليون 8600 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 439 مىڭ 700 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 172 مىليون 202 مىڭ 700 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 69 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 170 مىڭ 600 توننا ئاشلىق، 47 مىڭ 500 توننا پاختا، 25.1060 توننا مېۋە - چېۋە، 9000 توننا بېدە، 43 مىڭ توننا ئوت - چۆپ، 25 مىڭ توننا ياغاچ ماتېرىيال ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 511 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. ھەر يىلدا 14 مىڭ توننا گۆش، 137 توننا چۈپۈر، 150 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 815 توننا يۇڭ، 251 مىڭ 800 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 5500 توننا سۈت، 1500 توننا تۇخۇم، 137 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2558.8 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 104 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 80 مىڭ 540 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 70 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.47، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 14 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولۇپ، %0.9 كېمەيدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 19 مىڭ 946 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 13 مىڭ 50 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 247 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي

قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 204 مىليون يۈەن. بىر يىلدا پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىنتى 22 مىڭ 770 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىنتى 12 مىڭ 406 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىنتى 538 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 152 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 97 مىليون 220 مىڭ يۈەن. يەرلىك مالىيە كىرىمى 27 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11.56% كېمەيدى، يەرلىك مالىيە چىقىمى 193 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 30.96% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 570 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 908 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، بازار، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 646 مىليون يۈەن. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 17 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 360 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 11 مىليون 700 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 50 مىڭ 300 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 2 مىليون 563 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 487 مىڭ 300 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4884، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 689 (ئالىي ئۇنۋانى بارلار 30). ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1476 (مىللىي 1090)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 620 (مىللىي 19 مىڭ 858)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 112، ئوقۇغۇچىسى 49 مىڭ 82 (مىللىي 46 مىڭ 52). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3126 (مىللىي 2754). ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 100% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىنتى 4600 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 4 ناھىيە دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 12 يېزىلىق شىپاخانا، 61 يەككە تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 726 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 610) بار، بۇنىڭ ئىچىدە، دوختۇر 320 (مىللىي 238)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 423.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش، بوكس، تەيجۇەنداۋ، ئەركىن مۇشتلىشىش قاتارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرىدىكى مۇسابىقىلەردە 7 تۈردە 1 - لىك، 9 تۈردە 2 - لىك قولغا كەلتۈرۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1278 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 168 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 7853 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2407 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 978 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 11 مىڭ 915 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 11 ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 0.5 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدە ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى، 2 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدە مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 4 ى بەرپا قىلىندى.

★ 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر يېزىسى زاكاز تاۋار قوغۇنىنى ئاپتونوم رايون سىرتىغا سېتىش بويىچە تۇنجى يۆتكەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، 1 - تۈركۈمدە 180 توننا تاۋار قوغۇن گۇاڭجۇغا يۆتكەلدى.

★ 9 - ئايدا 11 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ رەڭلىك پاختىسى، لوپنۇر كەندىرى چېيى، جۇجۇكبۇيىسى، «بۇغا» ماركىلىق قەلەمتۇرىچىسى قاتارلىق 11 خىل روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەھسۇلات چەت ئەللىك ۋە جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. شۇ قېتىمقى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ناھىيە بويىچە 14 تۈردە توختام ئىمزالاندى، 6 تۈردە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، جەمئىي 256 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

يالڭ يىدۇڭ

# تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە

جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1765 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 33 مىڭ 489 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 31 مىڭ 231)، يېزا نوپۇسى 24 مىڭ 430؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.84‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.04‰. ناھىيە بويىچە 3672 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 3188 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 130 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 142 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 9133 گېكتار ئورمان، 424 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋاندىن 28 خىلى بار بولۇپ، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، تىبەت بۆكىنى، تاغ ئۆچكىسى، سېرىق بۈركۈت، ياۋا قوتاز، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، خاپاباش بېلىق قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئارقار، كۆكمەت، جەرەن، قوڭۇر ئېيىق، لاچىن، تىبەت بۆكىنى، ئاق بوغۇز بۆكەن قاتارلىقلار بار؛ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، قانتېپەر، پەربون، قۇرۇمتى، مەرزەنجۇش، چاكاندا، قۇچاقتول قاتارلىقلار ئاساس قىلىنىدۇ. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى قاشتېشى، گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر، ۋولفرام، چىرمىتال، دولومىت قاتارلىق 10 نەچچە خىلى بار. ناھىيە تەۋەسىدە تەبىئىي سۈيەتلىك مىنېرال سۇ ئەۋزەل بايلىققا ئايلاندى. سەيلىگاھلاردىن جۇڭگودىكى 3 چوڭ تاش قەلئەنىڭ بىرى — تاشقورغان قەلئەسى (دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى)، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابىسى — شامبابا قەبرىستانلىقى، ئېگىزلىك ئىمارىتى — مەلىكە قورغىنى، بىپەك بولىدىكى گۈمبەز — جىرغىل قەدىمكى رابات قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ جۇيى.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇنى تاھىلدى (تاجىك).

ھاكىم: روزى گۈلباي (تاجىك).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سىجاك ۋەزىر (تاجىك).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 88 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 23 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 70.2% كېمەيدى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 18 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.9%، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 47 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.54% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 652 مىڭ 400 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 918 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 36 مىليون 469 مىڭ 400 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 5502 توننا ئاشلىق، 76 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 172 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 2724 توننا گۆش، 191 توننا يۇڭ، 6462 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 2186 توننا سۈت ئېلىنىدى. بىر يىلدا 413 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 195 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 490 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 4810 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 812 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 0.25%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 588 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.84% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 69 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 5 مىليون 980 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 132 توننا قاشتېشى، 1023 توننا مىنېرال سۇ ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2854 كۋادرات مېتىر بولۇپ، شۇ يىلى ھەممىسى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە ئۇزاقلىق مۈلۈككە 23 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدى. بىر يىلدا 12 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 164 مىڭ 800 توننا كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 360 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 600 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 1724 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 167 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 740 قا يەتتى.



تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت پائالىيىتى — قوتازغا مىنىپ ئوغلاق تارتىش ئويۇنى.

جاڭ شىيۇڭ فوتوسى

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 12 مىليون 130 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليون يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 9 مىليون يۈەن. بىر يىلدا 82 مىڭ 300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىدى، ساياھەتچىلىكتىن 34 مىليون 600 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىدى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %23.7، يەرلىك مالىيە چىقىمى 88 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.48 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەرخىل قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 39 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 62 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 862، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 315. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 452 (مىللىي 449)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1155 (مىللىي 1101)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 5502 (مىللىي 5309). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 418 (مىللىي 394). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 800 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 184 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 159)، بۇنىڭ ئىچىدە، دوختۇر 140 (مىللىي 136)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 168، بىزا، كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 18.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 850 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 17 مىڭ 400 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 11.09 كۋادرات مېتىرغا، بىزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 1354 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 602 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 104 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 3561 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

3 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدە مۇھىتتىكى شاۋقۇن تۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىنىدى.

قەيسەر دۆلەتبېك قۇربانباي سايىتقادام

# خوتەن ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمى قاراقورۇم، كوئېنلۇن تاغلىرى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇب تەرىپى ھىندىستان - پاكىستان ئەمەلىي كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونى بىلەن قوشنا، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. مەمۇرىي مەھكىمە خوتەن شەھىرىدە. 2002 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 717 مىڭ 872 (ئاز سانلىق

مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 666 مىڭ 988)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق (بىزدا: ...) — [چۈشۈرۈلمىدى]

مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 666 مىڭ 988) ، يېزا لىكلىنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 492 مىڭ 976؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.74‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.36‰. ۋىلايەت بويىچە 141 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 16 مىڭ 900 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى روشەن ۋېرتىكال شەكىلدە ئايرىلغان بولۇپ، جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلار مۆتىدىل بەلۋاغ پاكى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغقا، بوستانلىق، تۈزلەڭ رايونلار ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ، شىمالىي قىسمىدىكى قۇملۇق تىپىك قۇرغاقلىق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدە چوڭ - كىچىك 36 دەريا - ئېقىن بار. ئۇلارنىڭ ئېقىم مىقدارى 7 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىرغا، بوستانلىقلاردىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان مىقدارى 2 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ۋىلايەت بويىچە 48 مىڭ 800 گېكتار ئورمان، 1 مىليون 205 مىڭ 500 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا قوتاز، تىبەت قولانى، تىبەت بۆكەنى، كۆكمەت، ئۇلار قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، قار لەيلىسى، چاكاندا، چۆچۈكبۇيا، يەر مەدىكى، ئالقات قاتارلىقلار بار. 46 خىل قېزىلما بايلىق بار، ئاساسلىقلىرى قاشتېشى، ئالماس، ھېقىق، ئۆيۈل ئالتۇن، نېفىت، گەج، گۈڭگۈرت، لىتىيلىق پىروكسېن، مەرمەرتاش، كۆمۈر، تۇز ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتال قاتارلىقلار بار.

خوتەن ۋىلايىتىدىن قەغەز ياڭاق، ئۈرۈك، ئانار، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ، بۇ مېۋىلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى، سورتى كۆپ. داڭلىق، سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئېسىل يىپەك، خوتەن گىلىمى، خوتەن قاشتېشى بۇيۇملىرى، ئەتلەس، خوتەن مىللىي دورىلىق چايلىرى، ئارپىبەدىيان، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جىڭچېن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئۆمەر ئابدۇللا، دېڭ فېي (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى) ، ئابدۇراخمان قۇربان (7- ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى) ، ليۇ شىنشېڭ، لى گوجياڭ، جۇ خەيلۇن، شېن جېنجاۋ، زەينەپخان ئابدۇللا (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، چېن جېنبياۋ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇقادىر توختى (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى) ، ئابدۇراخمان قۇربان (7- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ گۇاڭياۋ، جاپپار مەھەممەت، لى شىڭجېڭ، ھەمدۇللا مامۇت.

ۋالىي: ئۆمەر ئابدۇللا؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: لى سۇنتيەن، يالقۇن قادىر، شۇ جيازېڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى) ، ۋاڭ شياۋۋېن، مەھەممەت ئەيسا، لۇ پىڭ، ليۇ چاڭلى (7- ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاۋ شۇمىڭ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئەبەيدۇللا ھاشىم، نۇرسۇنتوختى باسىت، زى شىلەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ۋىلايەت بويىچە (بىڭتۇەننىڭ خوتەندىكى ئورۇنلىرى يوقنىڭ سىرتىدا) ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 369 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 727 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.3% ؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 434 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.2%؛ 3- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 208 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 398 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.62% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 542 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 187 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 662 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 6 مىليون 450 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: ئاشلىق 865 مىڭ 95 توننا، 21 مىڭ 489 توننا پاختا، 1865 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 16 مىڭ 500 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3 مىليون 928 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 45 مىڭ 635 توننا گۆش، 5861 توننا يۇڭ، 10 مىڭ 512 توننا سۈت، 6814 توننا تۇخۇم، 821 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 364 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 34 مىڭ 743كە، مەھسۇلات قىممىتى 957 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 251 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 55 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 438 مىليون 355 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7.27% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 115 مىليون 302 مىڭ يۈەن

بولۇپ، %5.5 ئازايدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 252 مىليون 980 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 555 مىڭ 996 توننا كۆمۈر، 5682 توننا پاختا يىپ، 195 مىڭ 600 توننا سېمونت، 2 مىليون 50 مىڭ مېتىر يىپەك توقۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %89.15كە يەتتى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 265 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 453 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 252 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 145 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001-يىلدىكىدىن %85.99 ئاشتى. سېلىنغان مەبلەغ ئاساسلىقى ئېلېكتر قۇۋۋىتى، قاتناش-ترانسپورت، سۇچىلىق قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەرگە ئىشلىتىلدى، بۇلارغا 835 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۇلۇغئاتا سۇ باشلاش تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشىغا 34 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى؛ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 285 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ تۈرنىڭ 1-، 2-قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ %80ى پۈتتى؛ دۆلەت يولى 315-لىنىيىسىنىڭ خوتەن شەھىرى، قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىدىن ئۆتىدىغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش-كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 158 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يول ئۇلى ۋە كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى؛ خوتەن ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش-كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئايرودرومنىڭ ئاساسلىق ئۇچۇش-قونۇش يولى پۈتتۈرۈلدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: 110 مىڭ ۋولت ئاپېردىن يۇقىرى توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى 405 كىلومېتىر، بېسىم ئۆزگەرتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 800 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش-قونۇش يولى بىر، ئۇزۇنلۇقى 3200 مېتىر، ئاشلىق ئامبىرى سىغىمچانلىقى 3500 توننا، ھەر خىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار پارتىسى 14 مىڭ 699، كۈندىلىك تەمىنلىنىدىغان سۇ 10 مىڭ توننا، شەھەر ئاممىۋى قاتناش ئاپتوبۇسىدىن 16سى سېتىۋېلىندى. 12 كىلومېتىر شەھەر يولى كېڭەيتىلدى. تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 13 مىليون 590 مىڭغا، توشۇلغان يۈك 2 مىليون 530 مىڭ تونىغا؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 413 مىليون 630 مىڭ ئادەم-كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 842 مىليون 50 مىڭ توننا-كىلومېتىرغا، پوچتا-تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 202 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، ئىدارە ئىشلىتىدىغان كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 91 مىڭ 400 توچكىغا يەتتى. مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 73 مىڭ 400گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا تېلېفون ئابونىتى 20 مىڭ 100، شەھەر-بازار تېلېفون ئابونىتى 53 مىڭ 300. كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 44 مىڭ 768 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 3392گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 551 مىليون 495 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 485 مىليون 625 مىڭ 500 يۈەن. ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك سودا بازىرىدىن 77 سى بار بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 388 مىليون 416 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. 2002-يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە خوتەن ۋىلايىتى 30 توختام ئىمزالىدى، بۇ توختاملارنىڭ سوممىسى 326 مىليون 820 مىڭ يۈەن. ئىجرا قىلىنغان توختام 16 بولۇپ، سوممىسى 114 مىليون 600 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا 156 مىڭ 100 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 10 مىليون 700 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 142 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.24؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 287 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.09 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 352 مىليون يۈەنگە، ئامانەت پۇل قالدۇقى 4 مىليارد 27 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 61 مىليون 20 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 64 مىليون 63 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 30 مىليون 380 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 33 مىليون 683 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 21 مىليون 16 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 13 مىليون 480 مىڭ يۈەن؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسىدا قەرەلى توشۇپ بېرىلگەن پۇل ۋە تۆلەم سوممىسى 7 مىليون 536 مىڭ يۈەن.

## پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2002-يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 30 مىڭ 564، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 6301. خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 4860

(ھەممىسى مىللىي)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 5، ئوقۇغۇچىسى 4281 (ھەممىسى مىللىي)؛ چوڭلار ئالىي مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 2131 (مىللىي 1897)، باشلانغۇچ مەكتەپ 871، ئوقۇغۇچىسى 243 مىڭ 210 (مىللىي 237 مىڭ 750)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 149، ئوقۇغۇچىسى 101 مىڭ 510 (مىللىي 98 مىڭ 5)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 4194 (ھەممىسى مىللىي)؛ تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 398 (ھەممىسى مىللىي)، ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 19 مىڭ 401 (مىللىي 5161). ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بالىلار باغچىسى 8، يەسلى ئوقۇتقۇچىسى 113 (مىللىي 49)، باغچىدىكى بالا 4638 (مىللىي 1329)؛ شەخسىي يەسلى 3. ۋىلايەت بويىچە 7 سەنئەت ئۆمىكى، 9 مەدەنىيەت يۇرتى، 6 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 3 مۇزېي، 9 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95.28%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 17 مىڭ 600گە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 168 سەھىيە ئاپپاراتى، 4348 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ۋراچ (ياردەمچى ۋراچلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 2087، تىزىملانغان سېستىرا 1067، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 4538 (شتاتتىكى كارىۋات 4702). يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 232.

2002 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا 6 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال، 4 باشقا مۇكاپات ئالدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6884.04 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5562 يۈەنگە، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 903 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 321 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 16.65 كۋادرات مېتىرغا، كەنت - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 6.88 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 53 مىڭ 324 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 21 مىڭ 412 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 6293 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 21 مىڭ 667 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا كۆلىمى 300 گېكتار كېلىدىغان قۇم - تۇپراق تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچىمىگە يەتكەن رايوننىڭ كۆلىمى 800 گېكتارغا يەتتى.

★ «خوتەن ئۈچۈر كوچىسى» 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سىرتقا ئېچىۋېتىلدى.

★ مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك توشقان زەدىكى ۋە ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خوتەندە ئېچىلدى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 100 نەچچە مۇتەخەسسىس، ئالىم شۇنىڭدەك ھەر ساھە ۋەكىللىرى خوتەنگە جەم بولۇپ، توشقان زەدىكى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كەسپىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى ھەققىدە كېڭەشتى.

★ خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تەيۋەنلىك سودىگەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان تۇنجى شېرىك شىركەت — خوتەن «تيەنلى» ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئېچىش چەكلىك شىركىتى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قۇرۇلدى.

★ خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىدىن پۇقراۋى كارخانىغا ئۆزگەرتىلگەن تۇنجى كارخانا — خوتەن ئەتىرگۈل ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا «خوتەن ئۈزۈم ھارىقى» دېگەن تاۋار ماركىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن داڭلىق تاۋار ماركىسى بولۇپ باھالاندى.

★ جۇڭگو نېفىتى خوتەن گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشىدا 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىش باشلاندى.

يۈەن لىشىن

## خوتەن شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن شەھىرى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. خوتەن شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1513 كىلومېتىر، ھاۋا يولى مۇساپىسى 1050 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، بازار بىر، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 176 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 147 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 86 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.91‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.14‰. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5080

گېكتار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

يەرلىك داڭلىق مەھسۇلاتلىرىدىن گىلەم، خوتەن قاشتېشى، ئەتلەس، تاۋۇز، قوغۇن، ئەتىرگۈل بار. سەيلىگاھلاردىن راۋاق بۇددا مۇنارى، ئىمام ئاسىم قەدىمىي قەبرىستانلىقى، يوتقان خارابىلىكى، كۆك مارىم تاش غارى، مەلىكىئاۋات قەدىمىي شەھىرى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى بىن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەتنىياز توختى.

شەھەر باشلىقى: سادىر نۇرمۇھەممەت.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇھەممەت توختى تۇرسۇن توختى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 514 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 69 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %7.22 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 137 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولۇپ، %10.53 ئازايدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 307 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.35 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون 444 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %22.75 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 128 مىليون 830 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 322 مىڭ 400 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 23 مىليون 610 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 682 مىڭ 300 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 34 مىڭ 518 توننا ئاشلىق، 81 توننا ياغلىق دان، 8492 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 122 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 3983 توننا گۆش، 95 توننا يۇڭ، 117 مىڭ 927 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 864 توننا سۈت، 592 توننا تۇخۇم، 341 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 345 گېكتار پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 1332گە، مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 9 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ساناۋەت مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4.57 ئاشتى. ئاساسلىق ساناۋەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 46 مىليون 570 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 7 مىليون 330 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 26 مىڭ 100 توننا بۇغداي ئۇنى، 2538 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 5 توننا كەمپۈت، 8 توننا پىرەنىك، 5682 توننا يىپ، 7 مىليون 690 مىڭ مېتىر رەخت، 90 توننا يىپەك، 2 مىليون 50 مىڭ كۋادرات مېتىر يىپەك توقۇلما بۇيۇم، 161 توننا تەييار جۇڭگو تىبابىتى دورىسى، 5750 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 5424 توننا سېمونت ستولبا، 1381 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى. ساناۋەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %82.65كە يەتتى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 133 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 215 مىڭ 430 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 140 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 208 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 180 مىليون 870 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 46 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 35 مىڭغا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5598گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 1446گە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 254 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يەككە تىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 61 مىليون 130 مىڭ يۈەن. 395 مىڭ 600 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 13 مىليون 200 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 57 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %24؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 339 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.4 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 753 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 909 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 16 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 13 مىليون 800 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 130 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلىگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلىگەن تۆلەم 4 مىليون 340

مىڭ يۈەن، ئۇنىڭ سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 320 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2002 - يىلدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1543. شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 4860؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 4679؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 228؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 2613؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 8190؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 50، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 757. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلار 89%نى ئىگىلەيدۇ. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2610. شەھەر رايونىدا بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، 2 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، 3 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 100%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 12 مىڭغا يەتتى.

شەھەردە 10 سەھىيە ئاپپاراتى، 439 سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىمى (مىللىي 326) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 181 (مىللىي 178)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 254. يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 23.

2002 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق چېلىشىش مۇسابىقىسىدا خوتەن شەھىرى كوماندىسى بىر تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى خوتەن شەھىرى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6356 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5562 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1323 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 17.25 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 16 مىڭ 937 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 12 مىڭ 21 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 10 مىڭ 765 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 18 مىڭ 696 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى. كۆلىمى 1.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى؛ كۆلىمى 0.8 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى.

مياۋ يۇنبو

## خوتەن ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خوتەن شەھىرىدە. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 267 مىڭ 102 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 265 مىڭ 640، بازار نوپۇسى خوتەن شەھىرىگە قوشۇۋېتىلدى)، يېزا نوپۇسى 248 مىڭ 795؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 19.99%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.9%. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 142.3 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 22 مىڭ 946.6 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېكىز تېرىلغۇ كۆلىمىنى شۇنىڭ ئىچىدە)، 8813.9 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە قاراقاش، يۇرۇڭقاش دەريالىرى بار. قوي مېيى رەڭگىدىكى داغلىق ئاق قاش تېشى يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدۇ. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبويا، ئالقات، يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئۆلار، تۈلكە، ياۋا توخۇلار قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن باغچا بازىرىدىكى 1000 يىللىق ياڭاق پادىشاھى، لايقا يېزىسىدىكى 100 يىللىق ئەنجۈر پادىشاھى، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ دەريا بېشى بار. قەغەز ياڭاق خوتەن ناھىيىسىنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتىدۇر.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى شىنجېن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېھىم ساۋۇت.

ھاكىم: تۇرغۇن ئىبراھىم.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئېزىزنۇر.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش

قىممىتى 525 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 350 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %1.14؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.8؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 13 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 659 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %33 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 493 مىليون 680 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 61 مىليون 410 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 103 مىليون 930 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 450 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 151 مىڭ 613 توننا ئاشلىق، 3187 توننا پاختا، 340 توننا ياغلىق دان، 38 مىڭ 698 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 707 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 7131 توننا گۆش، 1036 توننا يۇڭ، 298 مىڭ 60 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 1800 توننا سۈت، 888 توننا تۇخۇم، 57 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4861 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 72 مىڭ 87 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %4.9، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 18 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.8 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 89 مىڭ توننا كۆمۈر، 121 مىليون 560 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، 112 مىليون 760 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى، 2430 توننا ساپ پاختا، 22 توننا يىپەك، 9838 كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.4 كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 37 مىڭ 949 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 18 مىڭ 490 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 178 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 177 مىليون 850 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە 193 كەنتكە تېلېفون، 104 كەنتكە تاشيول، 148 كەنتكە تۇرۇبا سۈيى ئۈتكۈزۈلدى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 53 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 10 سودا بازىرى بار بولۇپ، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 91 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 68 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 520 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 18 مىليون 698 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %46.54؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 149 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.7 ئاشتى. پېزىلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 87 مىليون 51 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلىلەرنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 73 مىليون 140 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2780، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 719. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1391 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 711 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 526 (ھەممىسى مىللىي)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 163، ئوقۇغۇچىسى 46 مىڭ 9 (مىللىي 45 مىڭ 335). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2260 (مىللىي 2196). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 801 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيىدە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %12كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 يېزا ـ بازار شىپاخانىسى، بىر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، بىر ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، بىر ناھىيىلىك ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، بىر ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى، 521 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 438). دوختۇرخانىلاردا 523 كارىۋات بار.

ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ناھىيە كوماندىسى 3 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى. ناھىيىدە 4 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 1300 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

خوتەن ناھىيىسى بويىچە 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى خىزمەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 8450 بولۇپ، مائاشى 107

مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 981 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 6427 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1367 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 318 كىشى پاشانغىدا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7517 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 2002 - يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ مەلىكىئاۋات دېگەن يېرىدە 24 كىلومېتىرلىق ئېكولوگىيىلىك ئىھاتە ئورمىنى ۋە چېگىلىك دېگەن يېرىدە 7 كىلومېتىرلىق «ئېكولوگىيىلىك تام» قۇرۇلدى.

★ 2002 - يىلى خوتەن ناھىيىسى يېزا - بازارلارنىڭ «ئۈچ پونكىت» (دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، ئورمانچىلىق پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى) قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 881 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سالدى.

پاۋ نەيۈەن، لى جىنشىڭ

# قاراقاش ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراقاش ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە، قاراقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1440 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 15. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 422 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 417 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 386 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰19.47، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰13.57. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 34 مىڭ 874 گېكتار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قاراقاش ناھىيىسىدە ئاساسلىق مادىي بايلىقلاردىن چۈچۈكبۇيا، يىلپىز، ياغاچ، نېفىت، تەبىئىي گاز بار. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن شاھلىق فېئودال يومبېشچىكلار قورۇقى (ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى)، مازار تاغ قەدىمكى قەلئەسى، ئۈلۈغئاتا سۇ ئامبىرى، ئاقساراي يېزىسىدىكى قەدىمىي چىنارلىق باغ بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراقاش ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جېنشياۋ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدىباقى ئېلمەتشاھ.

ھاكىم: ئەركىن ئابدۇرازاق.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئاباپەكرى جۇمە.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 663 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 438 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %1.7 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 40 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولۇپ، %9.2 ئازايدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 184 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %28.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 829 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %1.54 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 315 مىليون 650 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 21 مىليون 880 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 85 مىليون 480 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 430 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 220 مىڭ 30 توننا ئاشلىق، 3979 توننا پاختا، 2068 توننا ياغلىق دان، 26 مىڭ 523 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 821 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 9853 توننا گۆش، 1208 توننا يۇڭ، 92 مىڭ 565 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 2602 توننا سۈت، 1774 توننا تۇخۇم، 105 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 6322 گېكتار يەردە ۋە تېرىقچىلىقتىن بوشىتىلغان 1113 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 8482گە، مەھسۇلات قىممىتى 166 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 44 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 9 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 75 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %30، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 12 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولۇپ، %43 ئازايدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 17 مىليون 950 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 40 مىڭ توننا تۇزۇپا سۇيى، 4395 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش



2002 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تۇنجى قارارلىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى باشلاندى، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسى 13 مىليون يۈەن، جەمئىي 90 يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆي، 36 يۈرۈش دۇكان بار.

سۈرەتنى قاراقاش ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن

نىسبىتى %96كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 49 مىڭ كۋادرات مېترغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 37 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى. جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 75 مىليون 610 مىڭ يۈەن بولۇپ، ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى. شۇ يىلى تاماملانغان چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: يېزا - بازارلاردا ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاشقا 17 مىليون 40 مىڭ يۈەن، يېزا - بازارلاردا سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىغا 28 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: يېڭىدىن 1.2 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، بازارلار تەمىنلىگەن تورۇبا سۈيى 1 مىليون 80 مىڭ توننا. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 609 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5436گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 3807گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى (يىرلەشمە خەۋەرلىشىش ئابونىتلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) 2700گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 48گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 52 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 4 مىليون 840 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە ھەر خىل سودا بازىرىدىن 13ى بار. يەرلىك مالىيە كىرىمى 21 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %40.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 204 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.93 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 472 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 466 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 764 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 464 مىڭ 500 يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلىگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 368 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلىگەن تۆلەم 3 مىليون 80 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 288 مىڭ 100 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5188، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1141. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات تۈرىدىن بىرى تاماملاندى. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 400 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1416 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 896 (مىللىي 25 مىڭ 770)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 186، ئوقۇغۇچىسى 57 مىڭ 907 (مىللىي 57 مىڭ 573). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 3902 (مىللىي 3857). بالىلار باغچىسى 2، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 22. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 2200گە يەتتى.

ناھىيىدە 20 سەھىيە ئاپپاراتى، 1123 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 522) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 546؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 755. ناھىيىدە 365 مەمۇرىي كەنت بار بولۇپ، 365 يېزا - كەنت دوختۇرى، 365 ساقلىقنى ساقلىغۇچى بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ

ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 804.52 يۈەنگە، كىشى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 94 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 7413 كىشى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1426 كىشى - خىزمەتچى ۋە پېنسىيەگە چىققان 584 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 10 مىڭ 900 كىشى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

جياڭ دۇڭۋېي

# گۇما ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

گۇما ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، قاراقورۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1811.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 13. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 218 مىڭ 281 (ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 215 مىڭ 357)، يېزا نوپۇسى 155 مىڭ 893؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.5‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.31‰. ناھىيە بويىچە 30 مىڭ 241.33 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 17 مىڭ 351.07 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4786.73 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارىنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قىممىتى 740 مىليون كۇب مېتىر (90 مىليون كۇب مېتىر بۇلاق سۈيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولىدۇ. ناھىيە بويىچە پايدىلىنىشقا بولىدىغان 510 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئۈلار، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، زاراڭزا، يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، گەج، ھاك تېشى، چەرىستال، قاشتېشى، سىنىك، مانگان قاتارلىقلار بار.

بۇ يەردىن چىقىدىغان ئانارنىڭ دانىسى چوڭ، قەنت مىقدارى يۇقىرى، داڭلىق.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ گۇما ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋېي شىنخۇي.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تاش ئوسمان.

ھاكىم: دولقۇن ئابدۇرېھىم.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابباس يۈسۈپ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 333 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 184 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.6% ، 2 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.4% ، 3 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 106 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.1% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 341 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11.7% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 255 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئورمانچىلىقنىڭ 23 مىليون 10 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 62 مىليون 720 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 370 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 106 مىڭ 569.35 توننا ئاشلىق، 2963.35 توننا ساپ پاختا، 489.01 توننا ياغلىق دان، 74.92 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 424 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 4300 توننا گۆش، 450 توننا سۈت، 520 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 2119.59 گېكتار ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىندى. كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشقا 1 مىليون 104 مىڭ 800 يۈەن، قۇدۇق قېزىش، تورۋا ياتقۇزۇش قاتارلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىغا 6 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 62 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى يېزا - بازار كارخانىسى، يەككە سودا - سانائەت ئائىلىسى 4250، كەسپكارى 6012. ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 37 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 79 مىليون 880 مىڭ يۈەن (گۇما ناھىيىلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 17.3% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 21 مىليون 320 مىڭ يۈەن بولۇپ، 17.6% ئازايدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 112 مىڭ 30 توننا كۆمۈر، 22 مىليون 840 مىڭ كىلوۋات سائەت توك (سۇ ئېلېكتر توكى 14 مىڭ 930 مىڭ كىلوۋات سائەت)، 831 توننا سۇ يېغى،

32 مىليون 900 مىڭ دانە خىش، 1659 توننا ساپ پاختا، 2874 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 71.95%كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 16 مىڭ 768 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 8071 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 24 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 190 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 120 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 25 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 12 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7.6%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 140 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 151 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 296 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 143 مىليون 160 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 760 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 660 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 252 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 940 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 312 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2476، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 576. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 238 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1024 (ھەممىسى مىللىي)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 671 (مىللىي 12 مىڭ 509)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 137، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 872 (مىللىي 28 مىڭ 579). ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1982 (مىللىي 1879). ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر قارىخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 91.78%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92%كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى 1%كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك دوختۇرخانا بىر، مىللىي شىپاخانا بىر، يېزا، بازار شىپاخانىسى 15، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بىر، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى بىر؛ 329 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (مىللىي 262)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 499.

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە 122 مەيدان (قېتىم) ھەر خىل ئاممىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىلەرگە 64 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى گوما ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 898 يۈەنگە، ئىشچى، خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 524 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يەككە سودا، سانائەت ئورنىدىن 66 كىشى ۋە 24 يەرلىك كارخانىدىن 1118 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا؛ 4381 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

جىن كېخۇا

# لوپ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

لوپ ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1489 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 245 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 243 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 218 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 18.8‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.58‰. ناھىيە بويىچە 25 مىڭ 390 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 36 مىڭ 360 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىڭ 390 گېكتار)، 6280 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 80 گېكتار). كىلىماتى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئۇلار قاتارلىقلار بار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قانتىپەر، كەندىر، خۇشپۇراق پەرەڭگۈلى، قىزىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، رەۋەن، مەرزەنجۇش قاتارلىقلار. قېزىلما بايلىقلاردىن قاشتېشى، ھاك تېشى، گەچ، قىزىل قۇمتاش، قىزىل سېغىز توپا، قوغۇشۇن، سىنىك، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش، مەرمەرتاش، چەرمىتال قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ زاپىسى مول. سەيلىگاھلاردىن ئاقسىپىل قەدىمىي شەھىرى ۋە باغدات مازىرى، سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقى، راۋاق بۇددا مۇنارى خارابىلىكى قاتارلىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى بار.

لوپ ناھىيىسىدىن ئۈرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، چىلان، ياڭاق قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ. داڭلىق، سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرىدىن قولدا توقۇلغان گىلەم، ئەتلەسلەر بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپ ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىنبياۋ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەخمەتتوختى مەتتوختى.

ھاكىم: ئوسمان بۇرھان.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلا تۇردى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 455 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 226 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.2؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 77 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %36.8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 151 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.04 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 511 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %2.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 383 مىليون 510 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 24 مىليون 570 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 102 مىليون 300 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 136 مىڭ 402 توننا ئاشلىق، 5866 توننا پاختا، 1772 توننا ياغلىق دان، 9836 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 489 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 6782 توننا گۆش، 789 توننا يۇڭ، 257 مىڭ 320 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 2160 توننا سۈت، 763 توننا تۇخۇم، 145 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 702.5 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 3440 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئىچىملىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 176 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 52 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 61 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 77 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %7.9 ئازايدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 20 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 133 مىڭ 450 توننا سېمونت، 75.4 توننا خام يىپەك، 5100 كۋادرات مېتىر گىلەم، 19 مىليون 450 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 730 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 6950 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %106.7كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 27 مىڭ 911 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 26 مىڭ 526 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 48 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ مەبلەغ پۈتۈنلەي ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى. 2.4 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 47 مىڭ 862 توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 504 مىڭ 700 ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتلىرى 6500گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتلىرى 2769غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونتلىرى 122گە يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 32 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك سودا بازىرىدىن 12سى بار بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 91 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 13 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %2.3 ئازايدى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 146 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.6 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 235 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل

قالدۇقى 371 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - بېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 218 مىليون 520 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 860 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 760 مىڭ يۈەن؛ سۇغۇرتا كەسپى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 840 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3480، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 531. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 379 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 977 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 295 (مىللىي 16 مىڭ 85)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 137، ئوقۇغۇچىسى 36 مىڭ 361 (مىللىي 35 مىڭ 910). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2739 (مىللىي 2657). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %8 .99كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 1800گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 14 تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى (يەككە ئامبۇلاتورىيە بۇنىڭ سىرتىدا)، 442 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 351) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 237 (مىللىي 216)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 470. يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 240.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى لوپ ناھىيىسىدىكى بازار ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6590 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4857 يۈەنگە، يېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 950 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 928 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 13 مىڭ 52 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 26.2 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 6565 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1624 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دېم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 563 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7727 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

خۇ چېڭرۇ

# چىرا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چىرا ناھىيىسى كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى (قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق) 1415 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 134 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 132 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 116 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰39 .16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰36 .9. ناھىيە بويىچە 17 مىڭ 2 .253 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 12 مىڭ 6 .496 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1 .3122 گېكتار)، 2 .2464 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2136 گېكتار). كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆل قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 640 مىليون كۇب مېتىرغا (كۆپ قىسمى 6 .، 7.، 8 - ئايلارغا مەركەزلەشكەن) يېتىدۇ. 34 مىڭ گېكتار ئورمان، 325 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى جەرەن، تۈلكە، سۇغۇر، بۆرە قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى قار لەيلىسى، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى، زارائىزا، ئالقات، يەرمەدىكى قاتارلىقلار بار. مۇئەييەن زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۆمۈر رۇدىسى، ھاك تېشى، چىرىستال، تاشپاختا، گەج، گۈڭگۈرت، ئاشتۇزى، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چىرا ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: رەن چىڭلاڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇغېنى ئىبراھىم.

ھاكىم: ئابلا قۇربان.

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇلايمان ئىبراھىم.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 269 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 127 مىليون 430 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %6.67 ئازايدى؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 29 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.73؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 113 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.81 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 136 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %0.35 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 290 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 6 مىليون 550 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 47 مىليون 410 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 40 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 70 مىڭ 44 توننا ئاشلىق، 1146 توننا پاختا، 623 توننا ياغلىق دان، 428 توننا ياڭاق، 8162 توننا مېۋە ـ چېۋە، 59.6 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 464 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 4942 توننا گۆش، 573 توننا يۇڭ، 737 توننا تۇخۇم، 15 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2091.2 گېكتار يەردە لاياقەتلىك ئورمان، 1750.5 گېكتار مېۋىلىك باغ، 162.6 گېكتار ئانار بازىسى، 423 گېكتار ئۈزۈم بازىسى، 74.8 كىلومېتىر ياڭاق كارىدورى بەرپا قىلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 32 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ باشلاش ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا 32 مىليون 910 مىڭ يۈەن، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 92 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 3 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 32 مىڭ 713 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %10.7 ئازايدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6000 توننا بۇغداي ئۇنى، 85 توننا سۇ يېغى، 929 توننا ساپ پاختا، 5000 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 2 مىليون 730 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 9430 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 5226 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 60 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (ھەممىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىندى). 35 كىلومېتىر ئاشيول ئۆزگەرتىلدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 15 مىليون 810 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 156 مىليون 560 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3000غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 1500گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 45 مىليون يۈەنگە يەتتى. ھەر خىل سودا بازىرىدىن 9ى بار بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 31 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 7 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %10.78؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 105 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.39 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 165 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 225 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 220 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2829، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 754. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 207 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 547 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 8771 (مىللىي 8656)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 85، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 333 (مىللىي 19 مىڭ 116). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1553. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 296 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە، تېلېۋىزىيەنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2340غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى، 329 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مەللىي 276) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 173 (مەللىي 151)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 368.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 ـ يىلى چىرا ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 774.54 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 9 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 23 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 3966 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 993 ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 412 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 4240 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

ناھىيە بازىرىدىكى كۆكەرتىلگەن كۆلەم 1 مىليون 829 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

سۈن شىنماۋ، گو خېجۈن

# كېرىيە ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كېرىيە ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقتە نىيە ناھىيىسىدىن چىقىپ قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1300 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 13، كوناشەھەر رايونلۇق مەھەللە ئىش باشقارمىسى بار. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 218 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 214 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 197 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %16.67‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %10.23‰. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 431 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 21 مىڭ 24 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمى 8800 گېكتار). كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كېرىيە ناھىيىسى تەۋەسىدە 11 دەريا ـ ئېقىن بار، يىللىق ئېقىم مىقدارى 997 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. چوڭ ـ كىچىك مۇزلۇقتىن 425ى بار، زاپاس سۇ مىقدارى 49 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ تۈزلەڭلىكتە چوڭراق بۇلاق جىلغىسىدىن 8 ى بار بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 304 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ

ھەرىكەتچان زاپىسى 288 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئېچىلىۋاتقان قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ئاق قاشتېشى بىلەن كۆل تۇزى بار، بۇنىڭ ئىچىدە، كېرىيە ئاق قاشتېشى جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە داڭلىق. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن دەريا بويى يېزىسىدىكى ئىپتىدائىي توغراقلىق ساياھەت رايونى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كېرىيە ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شيۇجياڭ.

14 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: رېھىم نىياز.

ھاكىم: مەتسەيدى خۇدابەردى.

سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەتجان غوپۇر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 408 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 251 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %4.61؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 45 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.93؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 111 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.37 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 519 مىليون 941 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %7.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 379 مىليون 871 مىڭ 300 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 17 مىليون 208 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 122 مىليون 74 مىڭ 700 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 786 مىڭ 600 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 129 مىڭ 883 توننا ئاشلىق، 3426 توننا پاختا، 1204 توننا ياغلىق دان، 47 مىڭ 816 توننا مېۋە ـ چېۋە، 5716 توننا كۆكتات، 1878 توننا ئابدىسىلىك ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 688 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 7035 توننا گۆش، 1037 توننا يۇڭ، 308 مىڭ 700 پارچە كالا ـ قوي تېرىسى، 1134 توننا سۈت، 1645 توننا تۇخۇم، 100 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1946 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا، بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 97 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 51 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %20.94، سانائەت قوشۇلما



كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بۆرە ساپسىقى ئۆستۈرۈش مەيدانىدا يۇلغۇن تۈۋىدە ئۆستۈرۈلگەن بۆرە ساپسىقى (بۆرە ساپسىقىنىڭ ئىلمىي نامى توشقان زەدىكى).
ليۇ مىڭخىڭ فوتوسى

قىممىتى 4 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولۇپ، 17.35% ئازايدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 15 مىليون 470 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3100 توننا ساپ پاختا، 2 توننا قاشتېشى، 6 مىليون 840 مىڭ دانە خىش، 404 توننا تۇز، 1950 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 99.7%كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 60 مىڭ 148 كۇۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 9083 كۇۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 124 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 44 مىليون 570 مىڭ يۈەن. ئاساسىي قۇرۇلۇش بويىچە 31 مىليون 400 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى كۆپەيدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 11 مىليون 674 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 393 مىڭ 300 ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5000غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2500گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 4590گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 200گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 65 مىليون 637 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 7سى بار. يەرلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 13.14%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 137 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.19% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 170 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 276 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 144 مىليون 760 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 133 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 68 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 522 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 73 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 2 مىليون 660 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 290 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3212، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 797. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 8100 (مىللىي 7860)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 97، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 492 (مىللىي 31 مىڭ 212)؛ باللار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 349. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 2271 (مىللىي 2197). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 919 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85.2%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 66%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 1800گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 سەھىيە ئاپپاراتى (يەككە ئامبۇلاتورىيىلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، 434 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 341) بار؛ بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 292 (مىللىي 246). دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 436، يېزا - كەنت شىپاخانىسى 142.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ

ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 838.93 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 956 يۈەنگە يەتتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18.5 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 1829 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5743 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك توشقان زەدىكى ۋە قۇملۇقتا ئۆسىدىغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بۆرە سامىسقى (توشقان زەدىكى) تەتقىقات ئورنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش - تەكشۈرۈش بازىسى قىلىپ تاللاندى، 100 نەچچە ۋەكىل كېرىيىگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

★ 8 - ۋە 9 - ئايلاردا كېرىيە ناھىيىسىگە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلات بازىلىرىنى تونۇشتۇرۇش كومىتېتى جۇڭگونىڭ بۆرە سامىسقى (توشقان زەدىكى) ماكانى، جۇڭگو چوڭ يوپۇرماقلىق سۆسۈن چېچەكلىك بېدە ماكانى، جۇڭگو ساياھەتچىلىك ئېكسپېدىتسىيە ماكانى دېگەن ناملارنى بەردى.

قەن ۋېيدۇڭ

# نىيە ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

نىيە ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى (قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق) 1230 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس34 مىڭ 839 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 31 مىڭ 76)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 577؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.12‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.86‰. ناھىيە بويىچە 5045.4 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3066.67 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2600.01 گېكتار)، 667 گېكتار يەرگە كېۋەز، 115.9 گېكتار يەرگە ياغلىق دان زىرائىتى، 70.73 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

نىيە ناھىيىسى چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن ناھىيە. ناھىيە تەۋەسىدە نىيە دەرياسى قاتارلىق 5 پەسىللىك دەريا - ئېقىن بار. ئوتلاق كۆلىمى 513 مىڭ گېكتار (تەبىئىي ئورمانلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قا يېتىدۇ. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا بار. قېزىلما بايلىقلاردىن تەكشۈرۈپ زاپىسى ئېنىقلانغانلىرىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، ئالىيۇمىن، سىنىك، خرۇستال، ھاك تېشى، چەرستال ۋە ئىسلاندىيە شپاتى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — نىيە خارابىلىكى ۋە خەن، تاڭ دەۋرلىرىگە ئائىت شاياتاق قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نىيە ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: تۇڭ ۋېيدۇڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توقسۇن مەتيۇسۇپ.

ھاكىم: ئالىمجان مەتىمىن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇلايمان تۇردى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 94 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 52 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 26.1%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 9 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 46.7% ئاشتى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 32 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولۇپ، 12.7% ئازايدى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 114 مىليون 389 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 15.17% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 79 مىليون 230 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 420 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 30 مىليون 590 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 149 مىڭ 500 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 20 مىڭ 85 توننا ئاشلىق، 922 توننا پاختا، 222 توننا ياغلىق دان، 1846 توننا كۆكتات، 10 مىڭ 855 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 2586 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 209 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 1938 توننا گۆش، 336 توننا يۇڭ، 220 توننا سۈت، 336 توننا تۇخۇم، 19 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 971.16



2002 - يىلى نىيە ناھىيىسىنىڭ ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلدى. سۈرەتتە: سالغۇزەك يېزىسىنىڭ سۇ سىخەمس ئۆستىڭى.

ما خۇفجېەن فوتوسى

گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا بازار كارخانىسى 1305 كە، تىجارەت كىرىمى 53 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 13 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 11 مىڭ 284 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 198 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 18.1% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 7 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 41.8% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 4 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 270 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 2 مىليون دانە خىش، 842 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 95% كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 72 مىليون 470 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 35 مىليون 240 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 19 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 18 مىليون 890 مىڭ يۈەن، شەخسلەرنىڭ ئۆي سېلىشىغا سېلىنغىنى 850 مىڭ يۈەن. 18 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 340 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 850 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 840 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 2600گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 301گە يەتتى، 75% مەمۇرىي كەنتكە تېلېفون ئورنىتىلدى؛ كۆچمە تېلېفون ئابونتى 2556گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 72گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 22 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي، يەككە تىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 9 مىليون 600 مىڭ يۈەن. ھەر خىل سودا بازىرىدىن 6سى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 44 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 4557 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 15 مىڭ 600 يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 4 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 31%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 63 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.56% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 60 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 107 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 74 مىليون 250 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 700 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 110 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 345 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 340 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 5000 يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 727، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 148. ناھىيىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 67 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 265 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 2399 (مىللىي 2209)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ

25، ئوقۇغۇچىسى 3868 (مىللىي 3561). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 755 (مىللىي 706). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقۇرۇش ئورنى، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 1500گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى (يەككە ئامبۇلاتورىيىلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، 114 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 168 كارىۋات، يېزا - كەنتلەردە 16 داۋالاش نۇقتىسى بار.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە نىيە كوماندىسى بىر تۈردە 1 -، 2 تۈردە 2 -، 4 - تۈردە 3 - بولدى، 2 تۈردە ئىلغار كوللېكتىپ مۇكاپاتى ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى نىيە ناھىيىسىدىكى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6884 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1201.66 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 15 مىڭ 229 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 17 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 25 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيىدىكى 485 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 86 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۆلاشقا، 2000 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2856 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا، پېنسىيىگە چىققان 460 كىشى داۋالىنىش خىراجىتىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۆلاشقا قاتناشتى.

خوجا ئابدۇللا تۇرسۇن، يەن شۈن

# ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت غۇلجا شەھىرىدە. 2002 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق ۋىلايەت 2، شەھەر 5، ناھىيە 19. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 4 مىليون 17 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 201 مىڭ 400)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق نوپۇس 2 مىليون 477 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 469 مىڭ 700). ئوبلاست بويىچە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 2 مىليون 521 مىڭ 300. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.97‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.35‰. ئوبلاست بويىچە 701 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 694 مىڭ 400 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە 321 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە)، 98 مىڭ گېكتار يەرگە ياغلىق دان زىرائىتى، 60 مىڭ 800 گېكتار يەرگە كېۋەز، 20 مىڭ 400 گېكتار يەرگە كەندىر، 37 مىڭ 300 گېكتار يەرگە قىزىلچا تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئىلى ئوبلاستىنىڭ تاغلىرى ئېگىز، دەريالىرى كۆپ، ئورمىنى قويۇق، بايلىقى مول. تاغ ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىك ۋە دەريا ۋادىسىدىكى قىيپاش ئويمانلىق ھەممىلا جايدا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئوبلاست تەۋەسى تىپىك بوستانلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئالتاي تېغى ئورمانلىق رايونى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئورمانلىق رايونى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئىككى ئورمانلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. ئوبلاست بويىچە تاغلىق جايلاردىكى ئورمانلىقتىكى ئۆسۈۋاتقان ياغاچ زاپىسى 154 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە 75.4%نى ئىگىلەيدۇ. ئوبلاست تەۋەسىدە كەڭ كۆلەملىك ياۋا ئالمىلىق، ياۋا بادامىلىق، ياۋا ياڭاقلىق، ياۋا قىزىل گۈللەر بار. ئوبلاست تەۋەسىدە مۇزلۇقلار يېتىلگەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى مۇزلۇق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 31%نى ئىگىلەيدۇ. چوڭ - كىچىك 208 دەريا - ئېقىن بار، ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 36 مىليارد 320 مىليون كۇب مېتىرغا؛ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 7 مىليارد 912 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئوبلاست بويىچە سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 12 مىليون 486 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يېتىدۇ. ئوبلاست تەۋەسىدىكى ئىلى دەرياسى شىنجاڭدىكى ئېقىم مىقدارى ئەڭ چوڭ دەريا، ئېرتىش دەرياسى مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر سۈيى شىمالىي مۇز ئوكيانىغا قۇيۇلىدىغان دەريا ھېسابلىنىدۇ. ئوبلاست بويىچە 20 مىليون گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، ئۇ شىنجاڭدىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاقنىڭ 42%نى ئىگىلەيدۇ. ئوبلاست دۆلىتىمىزنىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، تازار كالا ۋە ئېسىل چارۋا نەسلى كۆپەيتىلىدىغان مۇھىم بازا. ئوبلاست تەۋەسىدە 97 خىل

ياۋايى ھايۋان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، بۇغا، ئارقار، كۆكمەت، ئاق بوغۇز بۆكەن قاتارلىقلار دائىلىق ھايۋانلاردىكى ئاساسلىق جانلىقلار توپى ھېسابلىنىدۇ. ئايغان بۇغا بىلەن يۇمران بۇغا مۇڭگۈزى دۆلەت بويىچە ئەڭ كۆپ. يۇلغۇن، ئىيار چاشقىنى، قاما، ئاق سۇسەر، سۇغۇر قاتارلىق يۇڭلۇق ھايۋانلار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئىلى قارا ھەرىسى مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى داڭلىق ئېسىل ھەرىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. قېزىلما بايلىقلارنىڭ تۈرى تولۇق، 86 خىل قېزىلما بايلىق بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشىن ئالتۇن كېنى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئالتۇن كان ھېسابلىنىدۇ. چوڭ تىپتىكى سارتوقاي خروم - تۆمۈر كېنىنىڭ زاپىسى مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىلى ئوبلاستى قازاقىستان، روسىيە فېدېراتسىيىسى، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. دۆلەتلىك 1 - خىلدىكى پورتتىن 8ى، 2 - خىلدىكى پورتتىن 4ى بار. بۇنىڭ ئىچىدە قورغاس پورتى غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق يولىدىكى سودا پورتى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسىدىكى مۇھىم پورتلارنىڭ بىرى.

ئىلى ئوبلاستىدا 348 سەيلىگاھ بولۇپ، 6 چوڭ تىپقا بۆلۈنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك سەيلىگاھ 19، 2- دەرىجىلىك سەيلىگاھ 57. تەۋەسىدە يەنە دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن 17سى تارقالغان.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىن يېنشى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى: نۇرلان ئەبىلمەجىن (قازاق)، جاڭ گولياڭ، توقتار ئەلىباتىر (قازاق)، يۈ كوجى، زوردۇن خوجا، ۋۇ چېڭدې، چېن بىن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۈي مىڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: زەكەن ئومار (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ دېنجۇڭ، بايقوجا مىركىتباي (قازاق)، گۈەن يىمبې (ئاپال، شىبە)، ما گودېن (خۇيزۇ)، تىلىۋالدى تۇرە، يى كوجۇن، تۇرسۇن تۇردى.

ئوبلاست باشلىقى: نۇرلان ئەبىلمەجىن (قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: ياڭ يۇجۇن، گەن زاڭچۇن (2001 - يىل 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، گۇ يىندې، سەۋىردىن ئۆمەر، تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت (قازاق)، ساۋۇتبېك نۇرلان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قۇربانجان مەمەت؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: يې شېنجيا، ئابدۇۋەلى ئىبراھىم، قاجىئەكبەر قوكىر (قازاق)، ئابدۇكېرىم ئەيسايوف، چىرىڭ قوبۇجاپ (موڭغۇل)، لى شىڭخۇا، داباي نۇراكىن (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 24 مىليارد 281 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 674 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 4.2%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 43 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.6%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 564 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.9% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 874 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.45% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 34 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 251 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 4 مىليارد 501 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 88 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليون 849 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 105 مىڭ 200 توننا پاختا، 190 مىڭ 100 توننا ياغلىق دان، 1 مىليون 987 مىڭ توننا قىزىلچا، 109 مىڭ 200 توننا كەندىر، 97 مىڭ 500 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 14 مىليون 163 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 304 مىڭ 100 توننا گۆش، 26 مىڭ 800 توننا يۇڭ، 7 مىليون 40 مىڭ پارچە كالا، قوي تېرىسى، 426 مىڭ 900 توننا سۈت، 75 مىڭ 100 توننا تۇخۇم، 15 مىڭ 300 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 93 مىڭ 244كە، مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليارد 547 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 741 مىليون يۈەنگە. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1 مىليون 982 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 578 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 17.6%؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 640 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.4% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 1 مىليارد 662 مىليون 880 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 6 مىليون 300 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 1 مىليون 350 مىڭ توننا سېمونت، 54 مىڭ 722 توننا چويۇن، 14 مىڭ 446 توننا سۇلياۋ ياسالما، 21 مىڭ 549 توننا يىپ، 120 مىڭ ساندۇق پاپىروس، 254 مىڭ 100


توننا شېكەر، 95 مىڭ 400 توننا ئىچىملىك ـ ھاراق، 2112 كىلوگرام ئالتۇن، 261 مىڭ 900 توننا ئارىلاشما يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 292 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 291 مىڭ 700 كۋادرات مېترغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 144 مىڭ 800 كۋادرات مېترغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 6 مىليارد 433 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 3 مىليارد 901 مىليون يۈەن، ئۆي-زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 625 مىليون يۈەن، يېڭىلاش-ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 861 مىليون يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 46 مىليون يۈەن. شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارلىرى مۇنداق بولدى: يىلىغا قېزىلىغان كۆمۈر 570 مىڭ توننىغا، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا تارقىتىلغان توك 16 مىڭ 100 كىلوۋاتقا، يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلغان سېمونت 500 مىڭ توننىغا، شەھەرنى كۈنلۈك تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 54 مىڭ توننىغا، شەھەرنى سائىتىگە پار بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 265 توننىغا، ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى سائىتىگە 140.1 جوئۇل ۋاتقا، شەھەرنىڭ يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۈنىگە 32 مىڭ توننىغا يەتتى. شۇ يىلى تاماملانغان چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى: 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئىلى ئاماكا شىركىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى؛ 126 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئىلى گېنېرال شۇاڭجىن مېھمانسارىيى، 55 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان غۇلجا شەھىرى ئىقتىساد-تەرەققىيات رايونى شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى؛ 45 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كۈيتۇڭ يۇندا بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشى؛ 34 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چاپچال ناھىيە بازىرى شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى؛ 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان جۇڭجو يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق نەسىللىك كالا يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشى پۈتتى.

ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 108 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 861 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 604 مىڭ 200گە يەتتى، كۆچمە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 10.4 دىن توغرا كەلدى. ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 35 مىڭغا، ئوبلاست بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 7 مىليارد 113 مىليون يۈەنگە يەتتى، تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرىدىن 247 سى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 859 مىليون يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 326 مىليون 740 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 99 مىليون 870 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 226 مىليون 870 مىڭ دوللار. شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 8ى ئىمزالاندى، سوممىسى 17 مىليون 190 مىڭ دوللار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە سالغان مەبلەغ 3 مىليون 880 مىڭ دوللار. 3 مىليون 418 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 512 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 1 مىليارد 104 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %13.1؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 4 مىليارد 206 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.35 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 19 مىليارد 530 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 25 مىليارد 802 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 17 مىليارد 43 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 713 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 145 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 568 مىليون يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 117 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 76 مىليون 800 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 40 مىليون 330 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 ـ يىلى ئوبلاست بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 21ى، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 54ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پەن ـ تېخنىكا پائالىيەتلىرىگە 15 مىليون 238 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى. بىر يىلدا 87 پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى روبىخەتكە ئېلىندى، 24 پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 74 تۈر پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىندى، دۆلەت 44 تۈرنى تەستىقلىدى. ئوبلاست بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 6648 (مىللىي 4216)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 14، ئوقۇغۇچىسى 8927؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 1051 (مىللىي 251)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 116، ئوقۇغۇچىسى 64 مىڭ 100



ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئوبلاستلىق رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسى باشقۇرغان شاڭخەي، شەندۇڭ، شىنجاڭ ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بىرلىشىپ ئىشلىگەن «گۈزەل ئىلى» ناملىق كاتتا ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

جېۋ خەي فوتوسى

(سىللىي 31 مىڭ 800)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 367، ئوقۇغۇچىسى 191 مىڭ 900 (سىللىي 118 مىڭ 300)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 1098، ئوقۇغۇچىسى 415 مىڭ 900 (سىللىي 282 مىڭ 800). ئادەتتىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 47 مىڭ 902 (سىللىي 29 مىڭ 643). جوڭلار ئالىي مەكتىپى 4، ئوقۇغۇچىسى 9510؛ جوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 5، ئوقۇغۇچىسى 644. ئوبلاست بويىچە 15 ناھىيە، شەھەردە 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بالىلار باغچىسى 124 (رويخەتتىكى شەخسلەر قۇرغان بالىلار باغچىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 1116.

ئوبلاست بويىچە 27 سەنئەت ئۆمىكى، 25 مەدەنىيەت يۇرتى، 23 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 3 مۇزېي، 27 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 89.75%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90.41%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 206 مىڭ 200گە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە 782 سەھىيە ئاپپاراتى، 19 مىڭ 700 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 5843؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 13 مىڭ 100. ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەر، كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 201.

شۇ يىلى ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ 89 تۈردە 1-، 79 تۈردە 2-، 62 تۈردە 3 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى ئىلى ئوبلاستى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6117 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5058 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2707 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1650 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 409 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18.94 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15.72 كۋادرات مېتىرغا، ئوبلاست بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى خۇسۇسىي ۋە يەككە كەسىپكار 119 مىڭ 900گە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر - بازارلاردا 22 مىڭ كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىش ئورنىدىن قالغان 5304 كىشىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىلدى، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 47.2%كە يەتتى.

شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 27سى تاماملاندى، بۇنىڭغا 81 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 57.97 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 15ى بەرپا قىلىندى، مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 13 بولۇپ، كۆلىمى 54.02 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن 17سى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 2، مۇھاپىزەت رايونىنىڭ كۆلىمى 439 مىڭ 600 گېكتار.

★ 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىلى سىفاڭ شېكەرچىلىك (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى جياڭسۇ ئۆلكىلىك شېكەر - تاماكا - ھاراق باش شىركىتى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك شەرق شېكەرچىلىك چەكلىك شىركىتى، ئىچكى موڭغۇل يىلى ئوقەتچىلىك گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى، بېيجىڭ شەھەرلىك شېكەرچىلىك - تاماكا - ھاراق شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي

زىرائەت تەتقىقات ئورنى ۋە تەبىئىي شەخس خۇاڭ جىڭۋاڭ قاتارلىق 10 كارخانىچى تەشەببۇس قىلغان، ئۇلار 50 مىليون يۈەن مەبلەغنى روبخەتكە ئالدۇرۇپ بىرلىشىپ قۇرغان شىنجاڭ «سىفاڭ» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى.

★ 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىلى ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق مەكتىپى، يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىلى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قىلىپ قۇرۇلدى.

★ 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك «ئىلى دائىلىق تاۋار ماركىسى»نى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى باشلاندى، بۇ ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت ئوبلاستلار بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئىش.

★ 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئىلى ئوبلاستلىق تەنتەربىيە مەركىزىدە باشلاندى.

ليۇ ئەيجۇن

## كۈيتۇڭ شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

كۈيتۇڭ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇسابىسى 253 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇسابىسى 247 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 134 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 9727)، يېزا نوپۇسى 15 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.57‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.02‰. شەھەر بويىچە 9600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كۈيتۇڭ — شىنجاڭنىڭ سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە تۈرلىرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى. شەھەر تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 120 مىليون كۇب مېتىردىن 140 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۈيتۇڭ شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شىنجېڭ.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يۈ گاۋ.

شەھەر باشلىقى: ئېركىن سەيپەنباي (قازاق، 11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تاڭئاتار كەلىماغۇن (قازاق، 11 - ئايدا مۇۋەققەت شەھەر باشلىقى بولدى).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ داۋخۇا

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 355 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 95 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.7%؛ 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 610 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.8%؛ 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 650 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 190 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 13.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 158 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 350 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 30 مىليون 200 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 750 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 6265 توننا ئاشلىق، 8286 توننا پاختا، 2250 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 42 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 947 توننا گۆش، 4465 توننا سۈت، 1667 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 296 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 10.3%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.9% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 120 مىڭ ساندۇق تاماكا، 266 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 25 مىڭ توننا پاختا يىپ، 24 مىڭ توننا پەمىدۇر قىيامى، 1848 توننا سۇ سىڭمەس سۇلياۋ يوپۇق، 22 مىڭ توننا شېكەر ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 97.16% كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 532 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 223 مىڭ 500 كۋادرات

مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 152 مىڭ 600 كىۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 684 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 298 مىليون 370 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 96 مىليون 740 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 241 مىليون 900 مىڭ يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغىنى 47 مىليون 380 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، يۇندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 7 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىغا تەۋە قۇرۇلۇش بىلەن 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - قاتارلىق قۇرۇلۇشى، ئاشلىق - ياغلىق توپ سېتىش بازىرىنىڭ 1 - قاتارلىق قۇرۇلۇشى، 2 - يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، سەنئەت مەيدانى، سەيتې مەيدانى، ئۆتكەل سودا شەھەرچىسى، ئەسىر مەيدانى قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ ئىشلىتىلدى. كۈيتۇڭ — سايرام ئالىي تاشيولى ۋە دۆلەت يولى 217 - لىنىيىسى (كۈيتۇڭ بۆلىكى) نى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇش تۈرىدە ئىش باشلاندى. 2002 - يىلى كۈيتۇڭ شەھىرى سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇققا ئىگە بولدى. كەيجى پولات تۇرۇبىلىرى، «تەيتيەن» تازلىق سايمانلىرى، يېزا ئىگىلىكىدە تۇجۇپىلەپ تامچىلىتىپ سۇغىرىش بەلۋېغى، XPS يېڭى تىپتىكى تام ماتېرىياللىرى قاتارلىق تۈرلەردە ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇش باشلاندى، «رىنزى» سانائەت باغچىسىدا ئىش باشلاندى. چىگىت يېغى تارتىش، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق پەمىدۇر قىيامى ياساش، «يۇنسېن» گاز ئېقىملىق يىپ ئېگىرىش قاتارلىق يېڭىدىن قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان، داۋاملاشتۇرۇلغان ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان تۈرلەر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بىر تۈركۈم سودا، مۇلازىمەت تۈرلىرى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى.

ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 235 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 910 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 15 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 193 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 62 مىڭ 600 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 17 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 65 مىڭ 700گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 13 مىڭ 500گە يەتتى، شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 651 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 180 مىليون 630 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 299 مىليون 780 مىڭ يۈەن. شەھەردە ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 24ى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 68 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 220 مىڭ 600 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 20 مىليون 891 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 145 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %11.9، يەرلىك مالىيە چىقىمى 128 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21 ئاشتى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 565 مىليون يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 4 مىليارد 368 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 571 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 102 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 25 مىليون 740 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 76 مىليون 890 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 22 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 15 مىليون 850 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 6 مىليون 880 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 8844. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 2854. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات تۈرىدىن 7سى تاماملاندى. كۈيتۇڭ شەھىرىدىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2017؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 8، ئوقۇغۇچىسى 1886؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 9288؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 338. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1735. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 8 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (شەھەرگە تەۋە). شەھەر بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئامما كۇتۇپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 39 سەھىيە ئاپپاراتى (يەككە ئامبۇلاتورىيىلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، 2498 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 882)، دوختۇرخانىلاردا 1830 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى كۈيتۇڭ شەھىرىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6020 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5113 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1448 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 233 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆيى كۆلىمى 15.1 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 33 مىڭ 803 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 34 مىڭ 930 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 42 مىڭ 581 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 3ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 20.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى، مۇھىتتىكى شاۋقۇننى تىزگىنلەش بويىچە بىر رايون ئۆلچەمگە يەتتى، كۆلىمى 17.4 كۋادرات كىلومېتىر.

★ 1 - ئايدا كۈيتۇڭ شەھىرىگە پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) دەپ نام بېرىلدى.

★ 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كۈيتۇڭ شىمالىي تەڭرىتاغ يېڭى رايونى قۇرۇلدى. شىمالىي تەڭرىتاغ يېڭى رايونىنىڭ كۆلىمى 60.78 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى يېڭى رايوننىڭ مەبلەغ سېلىش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

★ 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى 650 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان دۆلەت يولى 312 - لىنىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ بۆلىكىدىكى تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ، ئومۇمىي لىنىيىدە قاتناش باشلاندى.

چيەن شياۋچىن

# غۇلجا شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

غۇلجا شەھىرى ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، جەنۇب تەرىپى ئىلى دەرياسىغا يېقىن، شىمال تەرىپى غەربىي تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسى — كۆككىرچىن تېغىغا تۇتىشىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاۋىئاتسىيە مۇساپىسى 509 كىلومېتىر، تاشيول مۇساپىسى 702 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 8، بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 365 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 225 مىڭ 100)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.63‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.56‰. شەھەر بويىچە 9830 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6450 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 6130 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

غۇلجا شەھىرى تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 228 مىليون كۇب مېتىر (ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيى بۇنىڭ سىرتىدا) غا يېتىدۇ. كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، مىس قاتارلىق 63 خىل قېزىلما بايلىق كۆمۈلۈپ ياتىدۇ. سەيلىگاھلاردىن لىن زېشۈي خاتىرە سارىيى، ئىلى دەرياسى باغچىسى، خەنبىڭ يېزىسىدىكى راۋاق، تاشكۆۋرۈك يېزىسىدىكى شىپاڭ، يېڭىيەر يېزىسىدىكى ئالمۇتا بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ غۇلجا شەھەرلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جياۋ باۋخۇا.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن ئىبراھىم.

شەھەر باشلىقى: تۇرغان پىدا.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىن سۇڭنيەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 55 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 208 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.6% تۆۋەنلىدى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 790 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.5%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 55 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.7% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 331 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 1.89% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 207 مىليون 30 مىڭ يۈەن،

ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 470 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 108 مىليون 70 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 10 مىليون 510 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 43 مىڭ 347 توننا ئاشلىق، 6 توننا پاختا، 2096 توننا ياغلىق دان، 90 مىڭ 821 توننا قىزىلچا، 12 مىڭ بىر توننا مېۋە - چېۋە، 588 توننا كەندىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 198 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 6461 توننا گۆش، 24 مىڭ 257 توننا سۈت، 1742 توننا تۇخۇم، 2411 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 454 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 339 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 29 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 957 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %11.14. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 279 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.02 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 109 مىڭ توننا كۆمۈر، 15 مىليون 130 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 244 مىليون 210 مىڭ دانە خىش، 71 مىڭ 200 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 126 مىليون 753 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 427 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 309 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 425 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 199 مىليون 240 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 173 مىليون 910 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 14.6 كىلومېتىر شەھەر يولى، 7.6 كىلومېتىر يېزا يولى ئۆزگەرتىپ ياسالدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 19 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 108 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 94 مىڭغا، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 46 مىڭ 179غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 9065كە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 782 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 35 مىليون 510 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 154 مىليون 920 مىڭ يۈەن. ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 36سى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 393 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 7 مىليون 360 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 6 مىليون 580 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 780 مىڭ دوللار. تاشقى سودا توختامىدىن 2سى ئىمزالاندى، سوممىسى 4 مىليون 449 مىڭ 600 دوللارغا، ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 1 مىليون 280 مىڭ دوللارغا يەتتى. 1 مىليون334 مىڭ 700 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 58 مىليون 765 مىڭ 300 يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 179 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %36.1؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 277 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25.37 ئاشتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5881. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1516 (ئالىي ئۇنۋانلىقلار 128). شەھەر بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 286 (مىللىي 83)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 7571 (مىللىي 4527)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 751 (مىللىي 10 مىڭ 311)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 53. ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 825 (مىللىي 24 مىڭ 312) ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 4043 (مىللىي 2745). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 35 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر كۈتۈپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيەنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 36 مىڭغا يەتتى.

شەھەر بويىچە 630 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 268) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 287 (مىللىي 158)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 458، يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 39.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5558 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4912 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2774 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18.28 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002-

يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 11 مىڭ 198 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 11 مىڭ 875 ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 2801 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 17 مىڭ 302 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

خۇ گۈيىڭ

# غۇلجا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

غۇلجا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 730 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 18. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 399 مىڭ 904 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 325 مىڭ 380)، يېزا نوپۇسى 359 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.2‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.57‰. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 66 مىڭ 920 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 51 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 5800 گېكتار)، 45 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 6500 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 4 مىليارد 296 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 240 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 12 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئورمانلىق، 278 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ئاساسلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن بۇغا، قوڭغۇر ئېيىق، جەرەن، سىلەۋسۇن، ئاق قۇ، ئۇلار قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈك 521 خىلدىن ئاشىدۇ. ئاساسلىقى توشقانقۇلاق، يۇمىلاق يوپۇرماقلىق بۆۋانە، قىزىلبوغۇم، چاكاندا، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، سېسىق ھىڭ قاتارلىقلار بار. سېسىق ھىڭ قاش يېزىسىنىڭ چوڭبۇلاق ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، ئۇ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ھىڭلىقنىڭ بىرى. ناھىيە تەۋەسىدە قېزىلما بايلىق مول، كۆمۈر، ئالتۇننىڭ زاپىسى خېلى مول، دۆلەت چوڭ ئالتۇن كېنى بولغان ئاشىل ئالتۇن كېنى غۇلجا ناھىيىسى تەۋەسىدە، مىس، ئاليۇمىن، كۈمۈش، ھاك تېشى، كۋارتس، بارىت، چىنە توپىسى، چىنە تېشى قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى ئىنتايىن مول. سەيلىگاھلاردىن ئايىرۇۋق شەھىرى ئۆرپ ـ ئادەت باغچىسى، ياماتۇ قارارگاھى، سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى مەنزىرە رايونى، چىڭگالڭ ئورمان ئارامگاھى، ئاق ئۆزۈن ئورمان باغچىسى، ئىلى دەرياسى ئۆتۈش ئارىلىدىكى ئىككىلەمچى ئورمان باغچىسى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئايىرۇۋق شەھىرى ئۆرپ ـ ئادەت باغچىسى ۋە سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى مەنزىرە رايونى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ غۇلجا ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چېن جيەنخۇا.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھاكىمجان مەخسۇت.

ھاكىم: نۇرمۇھەممەت ئىبراھىم.

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: توختەم تېيىپ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 474 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 638 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 1.8%؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 444 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.9%؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 390 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.6% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 98 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 1.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 611 مىليون 880 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 22 مىليون 960 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 433 مىليون 540 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 30 مىليون 340 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 349 مىڭ 60 توننا ئاشلىق (بۇغداي 80 مىڭ 132 توننا)، 59 توننا پاختا، 19 مىڭ 518 توننا ياغلىق دان، 379 مىڭ 976 توننا قىزىلچا، 12 مىڭ 360 توننا كەندىر، 46 مىڭ 195 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە، 26 مىڭ 469 توننا گۆش، 46 مىڭ 275 توننا سۈت، 4602 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 838 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. شۇ يىلى 1 مىليون 500 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 2143.47 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ناھىيە

بويىچە سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 48 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تۈرىدىن 68 ى تاماملاندى. سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدىن 12 سى تاماملاندى، بۇنىڭغا 9 مىليون 925 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 667 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 13 مىڭ 700 ئادەم ۋە 37 مىڭ 900 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇيى ھەل قىلىندى. 2002 - يىلى غۇلجا ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسىغا سۇچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە يېزىلاردىكى ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دەپ، غۇلجا ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى»نى ئالىشىش بويىچە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بېرىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 6569 غا، مەھسۇلات قىممىتى 994 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 204 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 86 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 653 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %17.55، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 135 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.4 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 720 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 351 مىڭ 300 توننا كۆمۈر، 36 مىڭ 100 توننا سېمونت، 85 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 262 توننا سۈت پاپالىسى، 81 مىڭ 500 توننا بۇغداي ئۇنى، 40 مىڭ 800 توننا ئارىلاشما يەم خەشەك، 23 مىڭ 419 توننا سۇ يېغى، 435 مىليون 560 مىڭ دانە خىش، 1390 كىلوگرام ئالتۇن، 100 توننا شېكەر، 262 توننا سۈت پاراشوكى، 132 مىڭ 400 قۇر كىيىم - كېچەك، 76 مىڭ 580 كۇب مېتىر تىلىنغان تاختاي، 1700 كۇب مېتىر سۇنئىي تاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %93كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، شۇ يىلى پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 26 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 174 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي

قىسقا ماتېرىيال

## كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى تەبىئىي مەنزىرە مۇھاپىزەت رايونى

غۇلجا ناھىيىسى دۆڭمازار بازىرى قاش دەرياسىنىڭ ئۆزەنگى ئېقىمىدىكى مەركىزىي ساھىلدا كۆلىمى 4 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى ئورمىنى ئۆسىدۇ. بۇ يەر مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر كىچىك يوپۇرماقلىق ياۋا ياسىن دەرىخى مەركەزلىك تارقالغان جاي ھېسابلىنىدۇ. 1983 - يىلى بۇ يەر ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىلىپ بېكىتىلدى.

كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى 3 - ئىراغا تەۋە، كەڭ يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخىنىڭ قالدۇق سورتى بولۇپ، كەڭ يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخىنىڭ تىرىك تاشقاتمىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ. كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى يەنە «ئاچچىق دۇپ دەرىخى»، «قاتتىق دۇپ دەرىخى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئەرمىدۇن ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ يوپۇرماق تاشلايدىغان غوللۇق دەرەخ تۈرىگە كىرىدۇ. بۇ دەرەخ باش ياز مەزگىلىدە چېچەكلەيدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل رەڭدە بولىدۇ، مېۋىسىدىن ياغ چىقارغىلى بولىدۇ، بۇ خىل ياغ سوزۇلۇڭ ھەم پۇراقلىق بولۇپ، ئالاھىدە سانائەت خام ئەشياسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى جۇڭگو تىبابىتىدە قىزىتما قايتۇرىدىغان دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخى ئورپەرەس، ئىسسىققا، سوغۇققا چىدامىلىق، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 35℃قا چۈشكەندىمۇ ئۆز پېتى تۇرۇۋېرىدۇ. قاش دەرياسى بويىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 700 — 1800 مېتىر ئېگىز بولغان قاش دەرياسى ۋادىسىدىكى تاغ قاپتىلى، جىلغا، ساھىللاردىمۇ بىمالال ئۆسۈۋېرىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ ياغىچى چىڭ، پۇختا بولغاچقا ئاسان سۇنمايدۇ، ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا كۆپ ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا ئۇ بىناكارلىق، توقۇمىچىلىق، ھەربىي، سانائەت ۋە ئۆي جاھازىسى ياساشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۈپەتلىك ياغاچ ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. كىچىك يوپۇرماقلىق ياسىن دەرىخىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى تېرىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەندىن سىرت، كېسىۋېتىلگەن نۇرغۇن دەرەخ كۆتىكىنىڭ ئەتراپىدىمۇ 4 — 5 تال نوتا ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇ ئىنتايىن تېز ئۆسىدۇ. ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ خىل دەرەخكە ئالىملار ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. شۇڭا ئۇ ئىلمىي تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

فەن قۇشۇن، روشەنگۈل

قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 67 مىليون 990 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 34 مىليون 330 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 25 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى، ناھىيە بازىرىنى ئۆرۈۋبا سۇيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 900 مىڭ توننا كۆپەيتىلدى، توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 840 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 67 مىليون 200 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 356 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 19 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە تېلېفون ئابونىتى 25 مىڭ 400گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 245 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 75 مىليون 220 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 23ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 32 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 488 مىڭ دوللار (ھەممىسى ئېكسپورت قىلىنغىنى)غا يەتتى. 50 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 275 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 47 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 223 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.2 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 384 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 263 مىليون 340 مىڭ يۈەن؛ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 708 مىليون 100 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 13 مىليون 16 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 664 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 9 مىليون 352 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 847 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 710 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 137 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت - سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1263، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 188. ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى (كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى) بىر، ئوقۇغۇچىسى 520 (مىللىي 340)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 21 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 8)، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 553 (مىللىي 14 مىڭ 965)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 133 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 61)، ئوقۇغۇچىسى 51 مىڭ 582 (مىللىي 45 مىڭ 162)؛ بالىلار باغچىسى 5، باغچىدىكى بالا 1239 (مىللىي 584). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 5672 (مىللىي 4119)، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 4516. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %10كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 217 سەھىيە ئاپپاراتى، 943 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 672) بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 320 (مىللىي 186)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 520. كەنت دەرىجىلىك داۋالاش ئۇرنى 118.

شۇ يىلى 5 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 4856 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2582 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى چىقىمى 1726 يۈەنگە، ناھىيە بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 22 مىڭ 800گە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7826 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 8769 ئىشچى - خىزمەتچى (دۆلەت كارخانىسىدىكىلەر) ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2639 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1319 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا، 17 مىڭ 624 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. ناھىيە بويىچە يىل بېشىدىكى نامرات ئائىلە 7249، ئادەم 34 مىڭ 42 ئىدى، يىل ئاخىرىدا 2468 ئائىلىدىكى 11 مىڭ 796 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

فەن فۇشۇەن، روشەنگۈل

# چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا، دىئلوڭ تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 695 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 131 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 99 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 101 مىڭ 500. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.78‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.75‰. ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 220 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 20 مىڭ 590 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1120 گېكتار)، 6560 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمى 680 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

چاپچال ناھىيىسىدە دۆلەت دەرىجىلىك يۇراقلىق ئاماكا بازىسى بار. شەنىيىن خادا يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، ئىلى ئۈنچىسى ماركىلىق گۈرۈچ ئىلىنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەۋسىدە كۆمۈر زاپىسى مول، سۈپىتى ياخشى. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن چولاق بۇغرا ئورمان باغچىسى، بەيشەنباڭ سەيلىگاھى، ئىلى دەرياسى ئىككىلەمچى ئورمان باغچىسى، جىڭيۈەن ئىبادەتخانىسى، شىبەلەر ئۆرپ - ئادەت كەنتى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ شىڭخۇي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گۈەن شۇشىڭ (شىبە).

ھاكىم: ئەن ۋېي (شىبە).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۆپباي ئاسلىبەك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2001 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 522 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 259 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3.5%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 101 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.2%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 162 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.7% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 338 مىليون 864 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 221 مىليون 733 مىڭ 500 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 10 مىليون 468 مىڭ 400 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 104 مىليون 221 مىڭ 900 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 451 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 138 مىڭ 901 توننا ئاشلىق، 1311 توننا پاختا، 3200 توننا ياغلىق دان، 1094 توننا زاراڭزا، 62 مىڭ 836 توننا قىزىلچا، 4610 توننا مېۋە - چېۋە، 238 توننا ئاماكا، 22 مىڭ 855 توننا كۆكتات ئېلىندى، يىل ئاخىرىدا قولدا 423 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 7645 توننا گۆش، 993 توننا يۇڭ، 211 مىڭ پارچە كالا، قوي تېرىسى، 18 مىڭ 428 توننا سۈت، 935 توننا تۇخۇم، 539 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2482 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 87 مىليون 190 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 3920غا، مەھسۇلات قىممىتى 443 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 135 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 30 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 61 مىڭ 707 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 177 مىليون 893 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 53 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 660 مىڭ توننا كۆمۈر، 149 مىليون 350 مىڭ دانە خىش، 35 مىڭ 800 توننا يۇغداي ئۇنى، 1871.2 توننا سۇ يېغى، 25 مىڭ 200 توننا گۈرۈچ، 513 توننا ئالدونىك، 1023 توننا سۈت ياسالمىسى، 350 توننا ساپ پاختا، 22 مىڭ 949 كۇب مېتىر تىلىنغان تاختاي، 8202 توننا سۇنئىي تاختا، 639 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 94.84%كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 59 مىڭ 99 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 28 مىڭ 895 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 220 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 176 مىليون 750 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 6 مىليون 100 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ تاماملانغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى: تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش، «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 10 مىڭ يۈەن؛ ئىلى «جۇڭجو» يۇقىرى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ نەسىللىك سېمىز كۆپەيتىش بازىسىغا 15 مىليون يۈەن؛ چاپچال ناھىيە غەربىي تەگرىتاغ ئالاھىدە سېمونت چەكلىك شىركىتى ئالاھىدە سېمونت زاۋۇتىغا 30 مىليون يۈەن؛ چاپچال شىبەلەر مىللىي ئۆرپ - ئادەت باغچىسىغا 15 مىليون 970 مىڭ يۈەن؛ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 2000 گېكتارلىق سۈپەتلىك ئوت - چۆپ بازىسىغا 28 مىليون 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ھەر خىل قاتناش ۋاسىتىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 59 مىليون 610 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 27 مىليون 30 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 955 مىڭ 400 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 14 مىليون 350 مىڭ 300 يۈەنگە، ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 23 مىڭ 412 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 9655كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 199 غا يەتتى، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 104 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 26 مىليون 180 مىڭ يۈەن. ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 5 ى بولۇپ، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 18 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 52 مىليون 420 مىڭ دوللارغا يەتتى (ھەممىسى ئېكسپورت قىلىنغان مال سوممىسى). 262 مىڭ 300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 7 مىليون 120 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 19 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %16.53؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 143 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16.5 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 215 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 288 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 209 مىليون 390 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 920 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 200 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 430 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3616، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 748. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 30، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 11 (مىللىي 9398)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 47، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 587 (مىللىي 13 مىڭ 970). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2258 (مىللىي 1849). ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، 16 ناھىيە ۋە يېزا - بازارلىق مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت ئۆيى (ھەر بىر مەدەنىيەت يۇرتى ۋە مەدەنىيەت ئۆيىدە كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا تەسىس قىلىنغان)، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا

قىسقا ماتېرىيال

## تۇگۇزلۇڭ ئىبادەتخانىسى

تۇگۇزلۇڭ ئىبادەتخانىسى چاپچال ناھىيىسىنىڭ ناداچىنىرۇ يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئىبادەتخانا ئەسلىدە چاپچال چوڭ ئۆستەڭنىڭ بېشىغا سېلىنغان، كېيىن ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن. 1808 - يىلى سېلىنغان. تۇگۇزلۇڭ شىبە مىللىتىنىڭ قەھرىمانى، ئۇنىڭ ئىسمى توبۇت، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ يىللىرى ئۇ شىبە خەلقىنى باشلاپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا چاپچال چوڭ ئۆستىڭىنى چاپتۇرغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىبەلەر باياشات ياشاپ، خاتىرجەم بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرىنى قوغدىغان. كېيىنكىلەر توبۇتنىڭ ئۆستەڭ چېپىشقا باشلامچىلىق قىلغان تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تۇگۇزلۇڭ ئىبادەتخانىسىنى سالغان.

ۋۇ يۈلى

رادىئونىڭ نوپۇسىنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 2000غا يەتتى. ناھىيە بويىچە 130 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىكى 3، يېزا دەرىجىلىكى 14، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دوختۇرخانا 2، كەنت شىپاخانىسى 24، يەككە ئامبۇلاتورىيە 87؛ 476 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ۋراچ (ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ياردەمچى ۋراچمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 153؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 279، يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 113.

2002 - يىلى ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا 4 تۈردە 1 -، 2 تۈردە 2 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى چاپچال ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1972 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ ساپ كىرىمى 1979.66 يۈەن، چارۋىچىلارنىڭ 1821.16 يۈەن. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 995 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12.25 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 5000 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1553 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 521 كىشى پاشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىدىن بەھرىمەن بولدى، 8611 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

يۇندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 4.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى. ناھىيە مۇھىتتىكى شاۋقۇننى تىزگىنلەش بويىچە دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتتى.

ئىزاھ: يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

★ 9 - ئايدا كۆلىمى 40 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان شەھەر مەمۇرىيىتى مەيدانى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇڭگودىكى ئۇقتىلىق ئوقيا ئېتىش تەنتەربىيە مەكتىپى چاپچال ناھىيىسىدە قۇرۇلدى.

★ 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چاپچال چوڭ ئۆستەڭ چېپىلغانلىقىنىڭ 200 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە تۈگۈك ئىبادەتخانىسى تۈگۈك خاتىرە مۇنارىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى چاپچال چوڭ ئۆستىڭى توسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

ۋۇ يۈلى

# قورغاس ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قورغاس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىگە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 655 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 351 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 190 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 272 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.58، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.15. ناھىيە بويىچە 31 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 19 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 15 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، كۆلىمى كەڭ قىممەتلىك ياۋا ئۆسۈملۈكتىن كىلاسسىمان ئالۇچا، داڭلىق مەھسۇلاتلاردىن «دۇڭبېڭلىيۇ» يۇرۇشلۇك ئىچىملىكى قاتارلىقلار بار.

ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى، كۆرەدىكى قوڭغۇراق راۋىقى، سايرام كۆلى، كەڭساي مەنزىرە رايونى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى، ئالمىلىق شەھىرى خارابىسى، داشىڭ ئىبادەتخانىسى، سەنگۇڭ سۇ ئامبىرى، كۆرە ئىلى دەرياسى مەنزىرە رايونى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قورغاس ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ زورەن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شياڭ شۈلۇڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەھەت ماخمۇت.

ھاكىم: راشىدىن زىكرىيا.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مېڭ شيەندۇڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش

زەينەپ ئۆمەرجان.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 542 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 252 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.7؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %44.1؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 150 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 417 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %10.05 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 220 مىليون 890 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 740 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 188 مىليون 550 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 880 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 123 مىڭ 412 توننا ئاشلىق، 5933 توننا ياغلىق دان، 52 مىڭ 232 توننا قىزىلچا، 6987 توننا مېۋە - چېۋە، 18 مىڭ توننا كەندىر، 26 مىڭ 673 توننا سېرىق پۇرچاق، 17 مىڭ 560 توننا كۆكتات ئېلىندى، يىل ئاخىرىدا قولدا 596 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 16 مىڭ 781 توننا گۆش، 1484 توننا يۇڭ، 315 مىڭ پارچە كالا، قوي تېرىسى، 28 مىڭ 912 توننا سۈت، 2352 توننا تۇخۇم، 302 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شۇ يىلى 1872 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە). پارچە - يۇرات يەرلەرگە 200 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 5300 گە، مەھسۇلات قىممىتى 375 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 100 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 23 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 71 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 166 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %14.39، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 56 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22.35 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 69 مىڭ توننا سېمونت، 3341 توننا سۇ يېغى، 26 مىڭ 500 توننا بۇغداي ئۇنى، 56 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 20 مىليون 50 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 190 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 1972 توننا چىگە، 3886 كۇب مېتىر تىلىنغان ياغاچ ئىشلەپچىقىرىلدى.

سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %87.92كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 17 مىڭ 350 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 4771 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 290 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 229 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 11 مىليون 300 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى ئىلى تاش سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 200 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ تۈرگە 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 26 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ «يۈەندىڭ باغچىسى» كىچىك رايونى، 16 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «قېڭخۇا» ياغ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «دېڭخەي» ئۇرۇقچىلىق چەكلىك شىركىتى توققۇزتارا شۆبە شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئارقا - ئارقىدىن باشلاندى. 29.2 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى. توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 102 مىليون 100 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 122 مىليون 790 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 786 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 994 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 6227گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 6563كە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 11 مىڭ 500گە؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 830غا، ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 151 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 8 مىليون 340 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 34 مىليون 330 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرىدىن 8ى بولۇپ، بازار كۈنى بازار بولىدىغان بازار 14 كە، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 21 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلى توققۇزتارا ناھىيىسىدە سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش بويىچە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توختامىدىن 12سى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 171 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىغىچە ئىجرا قىلىنغان توختام سوممىسى 61 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 68 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 8 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 22 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %22.27؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 132 مىليون

430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.38% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 334 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 492 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 202 مىليون 150 مىڭ يۈەن. ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 10 مىليون 531 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 619 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

قىسقا ماتېرىيال

## غەربىي تەڭرىتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى

بۇ رايون ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى توققۇزتارا ناھىيىسى تەۋەسىدىكى كۆلدەنىڭ تېغىغا جايلاشقان. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون كۆلدەنىڭ تېغى رايونىدا شەمشاد تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇشنى تەستىقلىغانىدى. كېيىن 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى غەربىي تەڭرىتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى رەسمىي بېكىتتى. مۇھاپىزەت رايونىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 14 كىلومېتىر، كۆلىمى 28 مىڭ گېكتار كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان كۆلىمى 9520 گېكتار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 34%كە يېتىدۇ. شەمشاد ئورمىنى ئورمان كۆلىمىنىڭ 75%ىنى، ئورمان زاپىسى 86.4%نى ئىگىلەيدۇ. بۇ مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئاساسلىق قوغداش ئوبيېكتى شەمشادنى ئاساس قىلغان ھەر خىل ئورمان ۋە تىك بەلۋاغلىق مەنزىرىلەر ھەمدە ئورمانلىقتىكى ياۋايى ھايۋانلاردىن ئىبارەت.

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بۇ رايوندا 3 - ئېراغا تەۋە نۇرغۇن قالدۇق ھايۋان تۈرلىرى ساقلىنىپ قالغان. رايون تەۋەسىدە مۇكەممەل ئىپتىدائىي تاغ ئورمىنى ۋە يەيپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان تىك بەلۋاغلار پۈتكۈل تەڭرىتاغ ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىكى شەمشادنىڭ تۈرلىرى تولۇق، ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رايون سىستېمىسى تەركىبى مۇرەككەپ، سورت خىلى مول بولغاچقا، بۇ رايون ئاسيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىدىكى ياۋا جانلىقلار تۈرىنىڭ تەبىئىي گېن ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ.

دەسلەپكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇھاپىزەت رايونىدىكى ئۆسۈملۈكلەر تەخمىنەن 97 ئائىلە، 270 ئۇرۇقداش، ئاز كەم 1000 تۈرگە يېتىدىكەن. بۇ رايون شىنجاڭنىڭ تاغلىق يەر ئورمانلىقلىرىدىكى ئۆسۈملۈك تۈرلىرى ئەڭ كۆپ رايون ھېسابلىنىدۇ. ياۋا دورىلىق ماتېرىياللىرى ناھايىتى كۆپ، بىر قەدەر داڭلىقلىرىدىن مېھرىگىياھ، قانتېپەر، سوفىگۈل، بۆۋانە، كەتىرا قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلار مول، دەسلەپكى مەلۇماتقا قارىغاندا قۇرۇقلۇقتا ياشىغۇچى ئومۇرتقىلىق ھايۋان 146 خىل، بۇنىڭ ئىچىدە 24 خىلى دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن قارابېلەڭ، سېرىق بۈركۈت، ئاق يەلكىلىك بۈركۈت، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسىدىن ئىبارەت 5 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن سار، قارا قۇرغۇي، ئادەتتىكى بۆتېلو، جاغالماي، ئېگىز تاغ ئۆلارى، ئالا قۇيرۇق ئورمان كەپتىرى، ترۇمپېتېر قۇرغۇيى، قوڭغۇر ئېيىق، ئوتلاق چىپار مۈشۈكى، چولۇڭ بۆتېلو، ئارقار، قىزىل لاچىن، مۈشەر، سۈغۈر، مولۇن، بۇغا، تاز قارا، سۆلەيسۈن، كۆلرەڭ لاچىندىن ئىبارەت 19 خىلى بار. ياۋا مېۋىلىك دەرەخ خىللىرى كۆپ، شىنجاڭ ياۋا ئالمىسى، ياۋا ئۆرۈك، ياۋا دولانا، قارىقات قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ياۋا ئالمىسى، ياۋا ئۆرۈكى قاتارلىقلار «دۆلەتلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر كاتالوگى»غا كىرگۈزۈلدى. ئورمانلىقتىكى ئۆسۈملۈك تۈرلىرى ئىچىدە، تىپىكلىرىدىن قارلىق چوققا شەمشادى، ياۋروپا تاغ تېرىكى، تەڭرىتاغ قېيىنى، زىغ يوپۇرماقلىق تېرەك، شىنجاڭ ياۋا ئالمىسى قاتارلىقلار بار.

غەربىي تەڭرىتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا دېڭىز - ئوكيان خاراكتېرلىك تاغلىق يەر يەيپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئېكولوگىيىلىك شارائىت ھازىرلانغان، بۇ يەرنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە گۈزەل ھاۋا كىلىماتى ئورمان، يەيپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياراقسان ئۆسۈشىنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن.

غەربىي تەڭرىتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا جانلىقلار بايلىقى مول بولۇپلا قالماي، بۇ يەر يەنە مەشھۇر سەيلىگاھ ھېسابلىنىدۇ. بىپايان ئىپتىدائىي شەمشادلىق، كەڭرى كەتكەن گۈللۈك ۋە چۆپلۈكلەر، خىلۋەت تىك تاغ جىرا مەنزىرىلىرى، مول ياۋايى ھايۋانلىرى ۋە قازاقلارنىڭ قويۇق مىللىي ئۆرپ - ئادىتى بۇ يەردە مول ساياھەت بايلىقىنى شەكىللەندۈرگەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3149، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 576. ناھىيە بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 1829 (مىللىي 1111)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 8260 (مىللىي 5715)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 49، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 609 (مىللىي 15 مىڭ 114). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2236 (مىللىي 1536). بالىلار باغچىسى 7. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 527 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %94كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 5000غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3 ناھىيە دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 9 يېزا - بازارلىق تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، مەمۇرىي كەنتلەردە 56 شىپاخانا، 78 يەككە ئامبۇلاتورىيە، مەكتەپلەردە 3 داۋالاش ئۆيى، 640 كەسپىي تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 300 كارىۋات بار.

2002 - يىلى ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بىر تۈردە 1 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى توققۇزتارا ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5246 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2409 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 292 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 9.7 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالە-

## ياۋا ياڭاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى

بۇ مۇھاپىزەت رايونى توققۇزتارا ناھىيە بازىرىنىڭ 13 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى ئىشكىلىك تېغىنىڭ شەرقىي يۆلىكىگە جايلاشقان. بۇ جاي قازاقچە جاڭغىت ساي دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى ياڭاقلىق جىلغا دېگەنلىكتۇر. ياڭاقلىق جىلغا دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان، جۇڭگودا بىردىنبىر ياپپا ئورمان ھالىتىدە تارقالغان ياۋا ياڭاقلىقتۇر. بۇ جايدىكى ياۋا ياڭاقلار 3 - ئىراننىڭ ئاخىرى 4 - ئىراننىڭ باشلىرىدىكى ئىپتىدائىي ياڭاق دەرىخى سورتىنىڭ قالدۇقى، ئۇ 4 - ئىرادىكى مۇز دەۋرىدە، تاغلىقلاردىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت يەسىيىپ كېتىش زەربىسىگە ئۇچرىماي، ئەڭ ياخشى بولغان تەتۈر تېمپېراتۇرا قاتلىمىنىڭ قوغدىشى نەتىجىسىدە، ئۆزگىچە ئېكولوگىيىلىك سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۇ نۇر ۋە سورت مەنبەسى جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. 1976 - يىلى توققۇزتارا ناھىيىسى بۇ جايدا ياۋا ياڭاق ئورمانچىلىق مەيدانى قۇردى. 1984 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، بۇ جاي ئاپتونوم رايون دەرىجىدىن تەبىئىي بايلىقى نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان رايونلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ياڭاقلىق جىلغا ئاساسىي جىلغا، ئوتتۇرا جىلغا، شەرقىي جىلغا، غەربىي جىلغىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ياۋا ياڭاق 44.67 گېكتار يەرگە تارقالغان، 10 مىڭ تۈپتىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يېتىلگەن ياڭاق 3100 تۈپتىن ئاشىدۇ، تۈپى ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدىغان 19 - نومۇرلۇق ياڭاقنىڭ غول دىئامېتىرى 113.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 16 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆسۈۋاتقىنىغا 200 يىلدىن ئاشقان. ياۋا ياڭاق چاتقال ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، دەرەخ تاجىسى كۈنلۈك شەكلىدە، نەچچە 10 مېتىر جايغا سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. 4 — 5 - ئايلاردا چېچەكلەيدۇ، 9 — 10 - ئايلاردا مېۋىسى پىشىدۇ، مېۋىسى كۆپىنچە ئېللىپس شەكىلدە بولىدۇ، پوستى نېپىز ھەم مېغىزى توق، تەمى ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتى ئادەتتە ئۆستۈرۈلىدىغان ياڭاقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ياڭاقلىق جىلغىسىنىڭ ھاۋاسى نەم ھەم ئىللىق بولغاچقا، بۇ جايدا ياۋا ياڭاق بىلەن بىللە كۆپ مىقداردىكى ئۆسۈملۈك تۈپى يېتىلگەن ۋە ساقلىنىپ قالغان. بۇ جايدا ياۋا ئالما، ياۋا ئۆرۈك، دولانا، ياۋا تال، قارىغاي، يىرىك تۈكلۈك ئۈچقات، تاغ تېرەكى، تەڭرىتاغ چېتىنى، تەڭرىتاغ قېيىنى، دورىلىق ئىت بۇرۇن، ئالقات، ئازغان قاتارلىق چاتقاللار بار. ئوت - چۆپ، مۇخلار كۆپ، بولۇپمۇ بۇ يەرگە بۇغداينىڭ بۇرۇقى ياۋا سورتى تارقالغان بولۇپ، بۇ جاي ئىلىدىكى ئوتتۇرا ھايانلىق ئۆسۈملۈك تۈپى مۇزېيى دەپ ئاتىلىدۇ.

چېڭ دىبو، جاۋ لى، ما شاۋيەن

ئېرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 16 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 4959 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1600 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1641 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 8936 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن بىرى تاماملاندى، بۇنىڭغا 5 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى.

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، پوچتا، تېلېگراف قاتارلىقلارغا ئەۋە سانلىق مەلۇماتلار بىڭتۇەننىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باشقىلار بىڭتۇەننىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

★ 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى توققۇزتارا ناھىيىسى بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق «ۋۇنيۇ» سودا چەكلىك شىركىتى بىرلىكتە كۈندەنىڭ تېغىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك غەربىي تەڭرىتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇش تۈرىدە ئىش باشلىدى، بۇ تۈرگە 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە توققۇزتارا ناھىيىسى سالغان 10 مىليون يۈەن ساياھەت مەنزىرە رايونىنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا، ئىلى ئوبلاستلىق «ۋۇنيۇ» سودا چەكلىك شىركىتى سالغان 15 مىليون يۈەن مەنزىرە رايونىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى، شۇ يىلى 17 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

چېڭ دېيو، جاۋ لى، ما شاۋيەن

# كۈنەس ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۈنەس ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ غەربىگە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى غەربىي لىنىيىنىڭ 900 كىلومېتىر، شەرقىي لىنىيىنىڭ 500 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 4. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 292 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 173 مىڭ 800)، بۇنىڭ ئىچىدە، ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 252 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 164 مىڭ 400)، ناھىيىگە تەۋە نوپۇس ئىچىدە يېزا نوپۇسى 77 مىڭ 300. ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.76‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.06‰. ناھىيە بويىچە 37 مىڭ 213 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 680 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 19 مىڭ 420 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق ئېيىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 10 مىليارد 142 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 917 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 66 مىڭ 900 گېكتار ئورمان، 558 مىڭ 900 گېكتار ئوتلاق بار. 59 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 9 خىل، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 50 خىل. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 200 نەچچە خىل بولۇپ، ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، سوغىگۈل، چاكاندا، قانتېپەر، بۆۋانە، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۆمۈر، ئالتۇن، مىس، مانگان، سىنك، كوبالت قاتارلىق مېتال كانلىرى ھەمدە كۆمۈر، گرافىت، گرانىت تاش، مەرمەرتاش، بارىت، تالك، پىروفىللىت، سىلىتسىيلىق تاش، سېغىز توپا، ھاك تېشى، گەج قاتارلىق غەيرىي مېتال كانلىرى بولۇپ 24 خىلغا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە كەڭ كەتكەن ئىپتىدائىي ئورمانلىق ۋە گۈزەل كۈنەس يايلىقى بار. مەشھۇر سەيلىگاھلاردىن ناراتى سەيلىگاھى (دۆلەتنىڭ AAA دەرىجىلىك ئۆلچەمگە توشقاز سەيلىگاھ)، ئورمان باغچىسى (دۆلەتنىڭ AA دەرىجىلىك ئۆلچەمگە توشقان سەيلىگاھ)، ياۋا مېۋىزارلىق سەيلىگاھى، ئاق جىلغا قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۈنەس ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دېڭ جاڭزۇ.

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇرمان دەۋكېن (قازاق).

ھاكىم: نۇرزۇم سمايىلقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كۆبېكېن ئاسلجان (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 603 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 626 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.15%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما

قىممىتى 509 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.21؛ 3- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 468 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.08 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 839 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن %4.75 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 418 مىليون 400 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 10 مىليون 760 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 408 مىليون 510 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 100 مىڭ 281 توننا ئاشلىق، 13 مىڭ 482 توننا ياغلىق دان، 432 مىڭ 300 توننا قىزىلچا، 26 مىڭ 400 توننا كەندىر، 63 مىڭ 900 توننا ياڭيۇ، 23 مىڭ 700 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 1 مىليون 52 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 23 مىڭ 300 توننا گۆش، 2266 توننا يۇڭ، 45 مىڭ 100 توننا سۈت، 59 مىڭ پارچە كالا تېرىسى، 407 مىڭ 900 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. 1720 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 117 مىليون 859 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 75 مىليون 627 مىڭ 300 يۈەن، كوللېكتىپ سالغىنى 42 مىليون 232 مىڭ 400 يۈەن. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 818 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 212 مىليون يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 61 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 177 مىليون 520 مىڭ يۈەن (ناھىيىگە تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 681 مىليون 151 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن %6.13 (ناھىيىگە تەۋە سانائەتنىڭ %14.36)؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 456 مىليون 870 مىڭ يۈەن (ناھىيىگە تەۋە سانائەتنىڭ 158 مىليون 320 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %5.35 (ناھىيىگە تەۋە سانائەتنىڭ %6.57) ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 86 مىڭ توننا ئاق شېكەر، 16 مىڭ توننا مۇز يېغى، 66 مىڭ 700 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 8950 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 2043 توننا ئىچىتىلگەن ئىسپىرت، 10 مىڭ 900 كۇب مېتىر تاالىق تاختا، 10 مىڭ 900 توننا كراخمال، 41 مىڭ 300 توننا پۇرچاق تىرىپى، 61 مىليون 250 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 29 مىڭ 700 توننا سېمونت، 2700 توننا چىگە، 1600 توننا چىگە - پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %95.3 كە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 100 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 61 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 160 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 70 مىليون 960 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى ناھىيە بازىرىنى تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى يېڭىدىن 1 مىليون 567 مىڭ توننا كۆپەيتىلىپ، ناھىيە بازىرىنى يىللىق تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 3 مىليون 887 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلدى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 117 مىليون 280 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 336 مىليون 220 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 35مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتىتى 11 مىڭ 676 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتىتى 20 مىڭ 733 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونتىتى 14 مىڭ 310 غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 333 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە تۈرلۈك ئاۋار سودا بازىرى 27 (چارۋا سودا بازىرى 14) كە يەتتى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 85 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 17 مىليون 220 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىپ، 2001- يىلدىكىدىن %102.6؛ يەرلىك مالىيە كىرىمى 54 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %28.57؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 177 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.86 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 857 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 883 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 24 مىليون 237 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 10 مىليون 172 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002- يىلدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 7893 (مىللىي 2309)، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 4518 (ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1009). ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 1200 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 2127 (مىللىي 956)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 28،

ئوقۇغۇچىسى 5469 (مىللىي 3345)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 92، ئوقۇغۇچىسى 36 مىڭ 909 (مىللىي 24 مىڭ 817)؛ ناھىيىدىكى باللار باغچىسى بىر. ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 3807. بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپتىكىسى 2178، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكىسى 1442، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكىسى 187. شۇ يىلى لىياۋنىڭ ئۆلكىسى 1 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلۇشقا ياردەم بەرگەن كۈنەس ناھىيە نارات بازىرىدىكى قازاق مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسى 1 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە بىر ناھىيە دەرىجىلىك كۇتۇپخانا، 11 يېزا - بازار دەرىجىلىك قىرائەتخانا، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە، تېلېۋىزىينىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3 ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانا، بىر سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، بىر ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، 10 يېزىلىق شىپاخانا، 6 چارۋىچىلىق داۋالاش پونكىتى، دوختۇرخانىلاردا 355 كارىۋات بار. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دوختۇرخانىسىدا تەسىس قىلىنغان كارىۋات 237؛ 519 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 138) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 219 (مىللىي 70). خۇسۇسىي، يەككە ئامبۇلاتورىيە ئورنى 104.

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەر خىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 122 قېتىم، شاھمات تۈرىدىكى مۇسابىقە 2 قېتىم، ئات مۇسابىقىسى 13 قېتىم، ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى 23 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى؛ مۇسابىقىگە 32 مىڭ كىشى قاتناشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى كۈنەس ناھىيىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاش كىرىمى 10 مىڭ 411 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2402 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 7333 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2926 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1127 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 13 مىڭ 73 كىشى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كۈنەس ناھىيىسىنىڭ «تيەنشىن» يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتى كەندىر ئېسىل سورتىنىڭ ئەسلى غولىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى بىلەن ئومۇمىي ئۆسۈش نىسبىتىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ يېڭى رېكورت يارىتىلدى. مۆلچەرىي ھېساب ئارقىلىق، كەندىرنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى بۇرۇنقى ئەڭ يېڭى سورت «فەنتى» دىن 5 پىرسەنت پولېنتى، ئومۇمىي ئۆسۈش نىسبىتى 5 پىرسەنت پولېنتىن 10 پىرسەنت پولېنتقىچە يۇقىرى بولۇپ، دۇنيا بويىچە كەندىر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتى. دېھقانلارنىڭ ھەر گېكتار يەردىكى كەندىردىن قىلغان ساپ كىرىمى 2304.75 يۈەن كۆپەيدى.

★ 2002 - يىلى ئوت - چۆپ، شاخ - شۇمبىلارنى IPEX تېخنىكىسى ئارقىلىق سىلوسلاشنى كېڭەيتىش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇ تۈرلۈك تېخنىكىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. مۇشۇ تېخنىكا ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان ئوت - چۆپلەرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى، چارۋىلارغا ماسلىشىش نىسبىتى يۇقىرى، بۇنىڭ بىلەن ئوت - چۆپلەردىن پايدىلىنىش نىسبىتى %20، چارۋىلارنىڭ ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىشى %15 ئاشتى. بۇ خىل ئوت - چۆپلەرنى 2 يىل ساقلىغىلى بولىدۇ. يۇرچاق ئائىلىسىدىكى ھەر گېكتار يەرنىكى ئوت - چۆپتىن 600 يۈەندىن 750 يۈەنگىچە كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

گې چاڭ

## موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى تېكەس دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 879 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 113 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 88 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 86 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.13‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.13‰. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 133.33 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 24 مىڭ 629.7 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 18 مىڭ 926.66 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ تاغلىق رايون قۇرغاق، يېرىم نەم، سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە چوڭ - كىچىك 23 دەريا - ئېقىن بار، يەنە زور مىقداردا بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ. يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 512.2 مىللىمېتىر، ئەمما ھۆل - يېغىن تەكشى تارقالغان بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ھۆل - يېغىن ئەڭ

كۆپ. تۆپىرىقى مۇنبەت، مەملىكەت بويىچە ئوتلاقلارنى باھالاپ تۈرگە ئايرىغاندا، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ئوتلىقى ئېسىل ئوتلاقنىڭ 94.97%نى ئىگىلەيدۇ. ئوتلاق كۆلىمى ۋە ئوت-چۆپنىڭ دەرىجىسى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. 13 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، ئاق لەيلەك، سىبىرىق بۈركۈت، تاز قارا قاتارلىقلار بار. قار لەيلىسى، چاكاندا، سوغىكۆل قاتارلىق 59 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن چىرىمتال، يېشىل قاشتېشى، كۈمۈش، ئالتۇن قاتارلىق 10 نەچچە خىلى بار. سەيلىگاھلاردىن ئوتلاقتىكى بالباللار، شىنيۈلاما ئىبادەتخانىسى، گېدبەك ئابىدىسى، شوتا قەدىمىي شەھىرى، ئاقياز قىياتاش رەسىملىرى، ئۈسۈن قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرى، يەنە مۇز ئارت مۇزلۇقى، كۆلقىرىدىق سۇغارى، شوتا ئارىشىڭى قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار بار. نۆۋەتتە چوڭ - كىچىك 30 سەيلىگاھ، 4 ئارامگاھ بار.

«تۇلپار» دەپ ئاتىلىدىغان ئىلى ئېتىنىڭ ماكانى — موڭغۇلكۈرە، ھەربىيلەر ئېتى ۋە پوقرالار ئېتىنى يېتىشتۈرۈشتە مەملىكەتكە داڭلىق. ناھىيە ئاز كەم 10 يىل ئىزدىنىش ئارقىلىق يېڭى دەۋرە يېڭى بىر ئەۋلاد مىنىشكە ئىشلىتىلىدىغان سۈپەتلىك ئات يېتىشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىغا ساتتى.

يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ياڭيۇ، دادۇر، قىزىل ساسماق، كەندىر، زىغىر قاتارلىقلار، داڭلىق مەھسۇلاتلاردىن «ئۈسۈن» ماركىلىق سۈزۈلەنگەن ئات گۆشى، «بېشى» ماركىلىق سالات يېغى، يېشىل قاشتېشى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ شۇساڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خۇ ياشېڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ماخمۇتجان غېنى (قازاق).

ھاكىم: باقتىيوف غىنايات (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تاڭسەھەر باكىن (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 551 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 292 مىليون 189 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 10.89%، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 66 مىليون 156 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.5%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 192 مىليون 955 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.16% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 216 مىليون 952 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3.45% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 206 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 298 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 10 مىليون 464 مىڭ 900 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 188 مىڭ 900 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 26 مىڭ 440 توننا ئاشلىق، 30 مىڭ 922 توننا ياغلىق دان، 9603 توننا كەندىر، 97 توننا دادۇر، 12 مىڭ 240 توننا ياڭيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 861 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 418 توننا گۆش، 1152 توننا يۇڭ، 366 مىڭ 287 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 19 مىڭ 324 توننا كالا - قوي سۈتى، 327 توننا تۇخۇم، 46 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 18 توننا ھەسەل ئېلىندى. 160 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 8 مىليون 260 مىڭ يۈەن). يېزا - بازار كارخانىسى 2485كە، مەھسۇلات قىممىتى 302 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 57 مىليون 985 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 13 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 57 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 94 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 12.4%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.39% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 81 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 15 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 6000 توننا سېمونت، 7861 توننا سۇ يېغى، 76 مىليون 340 مىڭ دانە خىش، 254 توننا سۈت پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 98.86%كە. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 36 مىڭ 367 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 18 مىڭ 684 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 69 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي

قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 17 مىليون 680 مىڭ يۈەن. 5 كىلومېتىر تاشيول يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى، سىغىمچانلىقى 4500 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى كۆپەيتىلدى. توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 210 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 179 مىليون 50 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 7984كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 10 مىڭ 892گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 6985كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 283كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 141 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەر خىل ئاۋاز سودا بازىرىدىن 5ى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 22 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 9ى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 236 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، نەقلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ تەخمىنەن 60 مىليون يۈەنگە يەتتى. 56 مىڭ 980 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 4 مىليون 300 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 14 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %17.32، يەرلىك مالىيە چىقىمى 124 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 420 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 389 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 281 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 330 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 6 مىليون 50 مىڭ يۈەن، تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 800 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 320 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2986، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 710. ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 113 (مىللىي 96)، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 1906 (مىللىي 1298)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 28، ئوقۇغۇچىسى 7535 (مىللىي 5844)، باشلانغۇچ مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 266 (مىللىي 14 مىڭ 922). ھەر خىل ئوقۇتقۇچىسى 722 (مىللىي 568). باللار باغچىسى 4. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئامما كۈتۈپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 2340قا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 23 سەھىيە ئاپپاراتى، 355 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 134) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 119، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 324، يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 88.

2002 - يىلى ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، ئوغلاق تارتىشىش، ئات چاپتۇرۇش تۈرىدە 4 ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2284 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1636.9 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9615 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 9 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12.3 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 2520 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4273 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1124 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 10 مىڭ 940 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

## پەن - تېخنىكا ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ئاپەت بولغان 2002 - يىلدىكى چارۋىچىلىق كىرىمى ئاشتى. موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى چوڭ چارۋىچىلىق ناھىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن 138 ئائىلىلىك چارۋىچىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە ئولتۇراقلاشتۇردى، ئائىلىۋى چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن 50نى قۇردى، «ئالتۇن ئۆكۈز» شىركىتى، شىنجاڭ سىرىنۇس ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي

پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى موڭغۇلكۈرە بازا شىركىتىنىڭ پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر ئەۋزەللىكى ۋە ئۈلگىلىك باشلامچىلىق رولىغا تايىنىپ، گۆش ئېتى، نەسىللىك سېرىق ۋە شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، باققان كالىسى 50 تۇياقتىن ئاشىدىغان پەن - تېخنىكا ئۈلگە ئائىلىسىدىن 50 نەچچىنى، گۆش ئېتى يېتىشتۈرۈش بازىسىدىن 10نى بەرپا قىلىپ، «شىركەت + چارۋىچى ئائىلىسى + بازا»دىن ئىبارەت كەسىپلەشكەن ئەندىزىنى ئاساسەن شەكىللەندۈردى.

ناھىيە بويىچە پەن - تېخنىكا باشلامچى قىلىنىپ، چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش قەدىمى تېزلىتىلدى. 2 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، توڭلىتىلغان كالا ئىسپېرمىسى بىلەن نەسىللەندۈرۈش پونكىتىدىن 53ى قۇرۇلدى، كۆچۈرۈلگەن كالا تۆرەلمىسىنىڭ بوغاز بولۇش نىسبىتى 44% بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا موڭغۇلكۈرە «تۇلپار» دائىلىق ماركا ئەۋزەللىكىدە، چىلاڭ تورۇپ، گۆش ئېتىدىن 12نى كىرگۈزۈپ، 500 نەچچە ئاتنى نەسىللەندۈردى. بوغاز پەسلىنى ئۆزگەرتىش، قوش كېزەك ۋە تۆت كېزەك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى كىرگۈزۈلۈپ، 2002 - يىلى قىشتىن 2 - يىلى ئەتىيازغىچە قىشلىق، ئەتىيازلىق تۆلدىن 367 مىڭى كۆپەيتىلدى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنجى تۈركۈمدە نەسىللىك كالىدىن 203 تۇياق كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خېبستان كالىسى، سىممېنتال كالىسى، شۋېتسىيە قوڭۇر كالىسى، ئەنگىس كالىسى بار، بۇ كالىلار يېزا - بازارلارغا تەقسىم قىلىندى ھەمدە تۆرەلمە كۆچۈرۈش ۋە كېلونلاش قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلدى. بىر يىلدا نەسىللىك كالىدىن 670 تۇياق سېتىۋېلىندى.

★ ناھىيە 4 — 5 - ئايلاردا 50 يىلدىن بۇيان يۈز بەرمىگەن قار - يامغۇر، مۆلدۈر قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىدى، ئۆيلەر كۆپلەپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى، يوللار بۇزۇلۇپ كەتتى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىنى قىلغىلى بولمىدى، كېلىپ چىققان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 147 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 2362 كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىنى ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش ئىشىغا ياردەملەشتۈردى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ناھىيە بويىچە ئۆي - ماكانىنى قايتا قۇرغان ئائىلە 5717گە، سېلىنغان ئۆي 12 مىڭ 365 ئېغىزغا يەتتى.

★ 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ناھىيىلىك قوي فېرمىسى بىلەن ئۈزۈمبۇلاق يېزىسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى.

★ 2002 - يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئۇنجى قېتىم 2533.34 گېكتار يەرگە كەندىر تېرىدى ھەمدە سامساق ۋە باقىيۇ قاتارلىق ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتتى، بۇنىڭ بىلەن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى كېڭەيدى.

★ 2002 - يىلى بىر خىل دائىلىق مول ئوت - چۆپلەرنى ۋاكوئۇملۇق ئوراش - قاچىلاش يېڭى تېخنىكىسى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدا قوللىنىلدى، بۇ تېخنىكىدا ئىتالىيىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۈسكۈنىدىن پايدىلىنىپ مول ئوت - چۆپلەر ۋاكوئۇملۇق ئوراپ قاچىلىنىدۇ، بۇنداق ئوراپ قاچىلانغاندا ئوت - چۆپلەرنىڭ سۇ تەركىبى ۋە ئوزۇقلۇق تەركىبى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ساقلىنىدۇ. ئوت - چۆپلەرنى ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدۇ.

جاڭ شياڭ

# تېكەس ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تېكەس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تېكەس - موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 852 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 153 مىڭ 325 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 136 مىڭ 12)، يېزا نوپۇسى 118 مىڭ 688؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.11‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.67‰. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 880 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6260 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1221 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان، ئوت - چۆپ بەرپا قىلىنغانلىقتىن، تېرىلغۇ يەر زور ھەجىمدە ئازايدى)، كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

تېكەس دەرياسى ناھىيە تەۋەسىنى غەربتىن شەرققە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك 17 تارماق ئېقىنى بار، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 6 مىليارد كۇب مېتىر. ناھىيە بويىچە 89 مىڭ 120 گېكتار ئورمان، 502 مىڭ 800 گېكتار ئوتلاق بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، يىلپىز، ئېيىق، ئارقار قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، قانتېپەر، كىرەش، پەربۇن قاتارلىقلار بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، مىس، نىكېل، ھاك تېشى قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تېكەس ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ

ئۆچىسى: ۋاڭ شىنلى (10 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى)، ما يۈمىڭ (10 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلاي قادىر قوجا (قازاق).

ھاكىم: ئۆلۈنتاي تۇرسۇنباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇن ئەمەت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 451 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 232 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %2.8؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 72 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.4؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 146 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 332 مىليون 461 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %2.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 131 مىليون 745 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 9 مىليون 73 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 191 مىليون 371 مىڭ 800 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 270 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 39 مىڭ 634 توننا ئاشلىق، 12 مىڭ 20 توننا ياغلىق دان، 3485 توننا مېۋە ـ چېۋە، 32 مىڭ توننا كەندىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 701 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 12 مىڭ 486 توننا گۆش، 1640 توننا يۇڭ، 20 مىڭ 929 توننا سۈت، 2741 توننا تۇخۇم، 27 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شۇ يىلى «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى 4 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىدا 1000 گېكتار يەردە، دەريا ساھىلىدا قاشالانغان 1800 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى تېرىلغۇ يەر بوشتىلىپ 1333.3 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 40 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 29 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 2214كە، مەھسۇلات قىممىتى 364 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 23 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 40 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 150 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %6.8، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 42 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.7 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 10 مىليون 310 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 48 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 27 توننا سۈتتىن ياسالغان ئىچىملىك، 78 توننا سۈت پاراشوكى، 420 توننا ھاراق، 400 توننا ئۇن، 2004 توننا ياغلىق دان، 1460 توننا ئارىلاشما يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 128 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 29 مىليون 220 مىڭ يۈەن. ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 16 مىليون يۈەندىن كۆپرەك، كونا ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 33 مىليون يۈەن. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 43 مىليون 20 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 68 مىليون 750 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 664 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 6007گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 4233كە؛ كۆچمە تېلېفون ئابونتى 3000غا يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 173 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە تىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 80 مىليون 790 مىڭ يۈەن. تۇرلۇك تاۋار سودا بازىرىدىن 5ى بولۇپ، يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 27 مىليون 778 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 12 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %28.9؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 140 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.03 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 313 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 265 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 194 مىليون 840 مىڭ يۈەن. 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە سۇغۇرتىلانغان سومما 340 مىليون يۈەنگە يەتتى، 2002 ـ يىلى تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2895، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 746. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 1386 (مىللىي 857) ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3619 (مىللىي 1813) ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 8338 (مىللىي 5123) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 63، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 723 (مىللىي 13 مىڭ 576) . ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2723 (مىللىي 1576) . بالىلار باغچىسى 5، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 40. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 90%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 5082گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك 12 تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 522 دوختۇر - سېستىرا، دوختۇرخانىلاردا 200 كارىۋات، كەنت - گۇرۇپپىلاردا 54 داۋالاش نۇقتىسى، 58 يەككە ئامبۇلاتورىيە، 5 يەككە دورىخانا بار.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا تېكەس ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرى 10 مىڭ مېتىرغا ئات يورغىلىتىشتا ئالتۇن مېدال ئالدى؛ ئوغلاق تارتىشىش، ئات چاپتۇرۇش تۈرىدە ئىلى ئوبلاستى بويىچە بىۋاسىتە تاللاش مۇسابىقىسىدا 2 - بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى تېكەس ناھىيىسى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2223 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1409 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 495 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە 6413 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2706 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1532 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 10 مىڭ 277 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 4 — 5 - ئايلارنىڭ بېشىدا تېكەس ناھىيىسىدە ئۇدا يامغۇر ياغدى، ئۇدا يېغىش ۋاقتى ۋە يېغىن مىقدارى تارىختىكى رېكورتتىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى، لاپاس - قوتانلار كۆپلەپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى، چارۋىلار زەخىملەندى ۋە ئۆلدى، مەكتەپ ئۆيلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، ئەتىيازلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىشلىكى كەينىگە سۈرۈلدى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 180 مىليون يۈەن بولدى.

★ 2002 - يىلى تېكەس ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 50 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى ئېھتىياتىي ئورمانلىقتا بىر ئۆڭكۈر — كېسەن ئۆڭكۈرى بايقالدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1800 مېتىر، ئۆڭكۈر ئېغىزىنىڭ كەڭلىكى 4 مېتىر، ئۆڭكۈر ئىچىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 12 مېتىر كېلىدۇ، تار يېرىنىڭ بەزى جايلىرى 5 مېتىر، بەزى جايلىرى 6 مېتىر كېلىدۇ. ئۆڭكۈر ئىچىدە زور مىقداردا ستالاكتىت ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مارجان تاش بار. نۆۋەتتە بۇ ئۆڭكۈر شىنجاڭ بويىچە بىردىن بىر ئۆڭكۈر، غەربىي شىمال بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان چوڭ ئۆڭكۈر ھېسابلىنىدۇ.

فەن شاۋبىن

# نىلقا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

نىلقا ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا، ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى قاش دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 559 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 149 مىڭ 617 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 105 مىڭ 854) ، يېزا نوپۇسى 115 مىڭ 411؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰98.9، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰87.10. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9900 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 9700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 4 مىليارد 76 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 314 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 65 مىڭ 100 گېكتار ئورمان، 657 مىڭ 900 گېكتار پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار 40 خىلدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن بىلپەز، تاغ ئۆچكىسى، سېرىق بۈركۈت، ئاق يەلكىلىك بۈركۈت، ئالا قۇيرۇق بۈركۈت، تاز قارا قاتارلىق 9 خىلى، دۆلەتلىك 2- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن 16 خىلى بار. سوغىكۆل، قار

لەيلىسى، بۇمىران بۇغا مۈڭگۈزى، ئۇلار ئىلتىنىڭ 4 چوڭ قىممەتلىك ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتىدۇر. ناھىيە تەۋەسىدە 30 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بار. ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، قوغۇشۇن، سىنك قاتارلىقلار. 10 نەچچە سەيلىگاھ بولۇپ ئاساسلىقى ناگىبۇرا، ئاقتاش، كېلەڭ ئىككىلەمچى ئورمان باغچىسى، بۇلۇڭ ئارىشىڭى، بەرگىت ئارىشىڭى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئىلىقا ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى شىنجۈن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇر ئەلى مۇساقان (قازاق).

ھاكىم: ئەبىلمەجىت جۈنۈسقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كېرىمبېك جۇرۇنبېك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 473 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 212 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %1.1؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 95 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %27؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 165 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 332 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 114 مىليون 580 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 250 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 210 مىليون 560 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 40 مىڭ 423 توننا ئاشلىق، 8317 توننا ياغلىق دان، 8581 توننا قىزىلچا، 1857 توننا مېۋە - چېۋە، 1933 توننا يوپۇرماق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 808 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 17 مىڭ 716 توننا گۆش، 1735 توننا يۇڭ، 380 مىڭ 800 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 48 مىڭ 400 توننا سۈت، 993 توننا تۇخۇم، 186 توننا ھەسەل ئېلىندى، شۇ يىلى 1562 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەمنى شۇنىڭ ئىچىدە). ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 803 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 4606گە، مەھسۇلات قىممىتى 376 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 110 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 34 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 50 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 141 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.5، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 37 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.6 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 208 مىڭ 606 توننا كۆمۈر، 12 مىڭ 500 توننا سېمونت، 56 مىليون دانە خىش، 29 مىڭ 100 توننا ئۇن، 3414 توننا سۇ يېغى، 1241 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 907 توننا سۈت ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %88.9كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 83 مىڭ 590 كۋادرات مېتىرغا، شۇ يىلى پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 52 مىڭ 66 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 478 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 429 مىليون 740 مىڭ يۈەن (جىرىنتاي ئېلېكتر ئىستانسىسىغا سېلىنغىنى 390 مىليون 240 مىڭ يۈەن). شۇ يىلى 3.83 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 71.3 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە بازىرىنى تورۇبا سۇيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈنىگە 2000 كۇب مېتىر كۆپەيتىلدى. توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 13 مىليون 340 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 111 مىليون 980 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 612 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونتى 16 مىڭ 69غا يەتتى. شۇ يىلى 3748 ئابونت كۆپەيدى، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 3000غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 488گە يەتتى، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 125 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 3 مىليون 757 مىڭ 100 يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 94 مىليون 20 مىڭ يۈەن. ناھىيىدە تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرىدىن 3ى بار. سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 16سى ئىمزالاندى، سوممىسى 134 مىليون 653 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 16 تۈر ئىجرا قىلىندى، 66 مىليون 153 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ساياھەت مەنزىرە رايونىنىڭ

مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 30 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. ناھىيە بويىچە يەرلىك مالىيە كىرىمى 17 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %28.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 130 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.9 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 408 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 557 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 305 مىليون 560 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 11 مىليون 720 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 655 مىڭ 700 يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 10 مىليون 64 مىڭ 700 يۈەن؛ ھەر خىل تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 997 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 784 مىڭ 800 يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 212 مىڭ 300 يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3749، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1239. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 3ى ئورۇندالدى.

ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 1487 (مىللىي 1125)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 32، ئوقۇغۇچىسى 8945 (مىللىي 6461)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 52، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 435 (مىللىي 15 مىڭ 568). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2561 (مىللىي 1857). باللار باغچىسى 9. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 79 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مەدەنىيەت پونكىتى، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88.5كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.5كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 3000غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 19 سەھىيە ئاپپاراتى (يەككە ئامبۇلاتورىيە بۇنىڭ سىرتىدا)؛ 333 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 115؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 335. يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 80.

2002 - يىلى نىلقا ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئىلى ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 10 تۈردە 1 - لىككە، 7 تۈردە 2 - لىككە، 13 تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى نىلقا ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 2899 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2081 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 301 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 6086 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3285 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا - پېنسىيىگە چىققان 1354 كىشى باشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 10 مىڭ 22 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى نىلقا ناھىيىسىدىكى يەككە تىجارەتچى ما شاۋشۇ كەشىپ قىلغان پارچىلىنىدىغان كۆپ كامېرلىق ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىتىلىدىغان پار قازان دۆلەت پاتېنتىغا ئېرىشتى.

دېي ياۋبىن

## تارباغاتاي ۋىلايىتى

### ئاساسىي ئەھۋالى

تارباغاتاي ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە چۆچەك شەھىرىدە. 2002 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر 2، ناھىيە 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 863 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 388 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 364 مىڭ 200؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.33، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.73. ۋىلايەت بويىچە 303 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 120 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 183 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 5 مىليارد 279 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېھتىقا

بولىدىغان يەر ئاستى سۇ مىقدارى 1 مىليارد 235 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 42 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بولۇپ، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، سايگا بۆكىنى، قۇلان، ئاق لەيلەك، سېرىق بۈركۈت قاتارلىقلار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئاق بوغۇز بۆكەن، بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، توشقان، چوڭ ئاق قۇ، بوز، ئۇلار قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، قانتېپەر، توشقان زەدىكى، كىرەش، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن تۆمۈر، ئالتۇن، كۆمۈر، ھاك تېشى، كۆل تۇزى، ئاشباختا، بېنتونىت، سېغىز قاتارلىقلار بار. تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىرىدە نۇرغۇن ئەتىۋارلىق قىياتاش رەسىملىرى بايقالدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن چاغانتوقاي سوغىگۈلى، ياۋا بادام، باسباي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، زىرائەت يېغى، شىخۇ پىۋىسى، شىخۇ سۈت پاراشوكى، تولى گرانت تېشى، چۆچەك ئاق قويى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ئالڭ دىڭبالڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى قىزايجان سېرقوجا (قازاق) ، ئالىم كارامەت (قازاق) ، ليۇ گۇاڭجيې (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، لۇ يوڭشىن، لياۋ يۇنجيەن، جالڭ چىجۇ، جالڭ يانەن (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

ئېلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بايغوجا مىركىتباي (قازاق) ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شۇ جيابىن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، جىن جاۋدې، قاۋكېن ئالىم (قازاق) .

ۋالىي: قىزايجان سېرقوجا (قازاق) ؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: يۇ شېڭدې، ئابلاجان ئىمىن، جۇڭگو دورجالا (موڭغۇل) ، لى پىڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، چېن گۇاڭمىڭ (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئالڭ دىڭبالڭ (قوشۇمچە، 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، شۇ جيابىن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: كۈلەن مامۇربېك (ئايال، قازاق) ، زۇ دېشى، ۋالڭ ياجۇن، لى يۇڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 7 مىليارد 659 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 652 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.1؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 183 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.38؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 824 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.56 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 446 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %9.15 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 884 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 83 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 1 مىليارد 462 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 17 مىليون يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 649 مىڭ توننا ئاشلىق، 102 مىڭ 100 توننا پاختا، 64 مىڭ 400 توننا ياغلىق دان، 540 مىڭ 700 توننا قىزىلچا، 9975 توننا زىرائەت، 17 مىڭ 600 توننا قارا گازىر، 216 مىڭ 700 توننا پەمىدۇر، 1 مىليون 519 مىڭ 100 توننا باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 4 مىليون 572 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 93 مىڭ 500 توننا گۆش، 8500 توننا يۇڭ، 126 توننا چۇپۇر، 83 مىڭ 100 توننا سۈت، 18 مىڭ 500 توننا تۇخۇم، 2280 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 20 مىڭ 400 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە) . ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 206 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 27 مىڭ 184 كە، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 830 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 252 مىليون يۈەنگە، ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1 مىليون 41 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 168 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %23.1؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 301 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.5 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3 مىليون 527 مىڭ توننا كۆمۈر، 450 مىليون 4000 كىلوۋات سائەت توك، 735 مىڭ توننا سېمونت، 473 مىليون 550 مىڭ دانە خىش، 1301.1 توننا ئاق ھاراق، 53 مىڭ 740 توننا پىۋا، 190 مىڭ توننا ئۇن، 41 مىڭ 300 توننا پەمىدۇر قىيامى، 156 مىڭ توننا تۇز، 34 مىڭ توننا شېكەر، 80 مىڭ 300 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %87.22 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى374 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق

كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 479 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 263 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 333 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 13 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 138 مىليون يۈەن. شۇ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە ئۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن 140 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان قارىتۆگكۈر سۇ ئامبىرىنىڭ تۈگۈن قۇرۇلۇشىغا 121 مىليون يۈەن؛ 180 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان قارىتۆگكۈر دەريا سۇغىرىش رايونىدا داۋاملاشتۇرۇلىدىغان يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە سۇ تېجەش ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 560 مىڭ يۈەن؛ 158 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان چاختى يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش تۈرىگە 21 مىليون 650 مىڭ يۈەن؛ 111 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سۇيەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 400 مىڭ يۈەن؛ تولى - چۆچەك ئاچال تاشيولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 94 مىليون 500 مىڭ يۈەن؛ 27 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان چۆچەك دۆلەت ئاشلىق ئامبىرىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 26 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن 178.8 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 90 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى، گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمى 16 مىڭ 100 كىلوۋات، شەھەرلەرنى كۈنگە تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 9000 توننا كۆپەيدى. ھەر خىل قاتناش ۋاسىتىلىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 843 مىليون 570 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 1 مىليون 930 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 28 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 134 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونىنتى 160 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا تېلېفون ئابونىنتى 6700؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونىنتى 5770. ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 395 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 259 مىليون 240 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 994 مىليون 280 مىڭ يۈەن. ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 64 ى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 590 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 185 مىليون 270 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىمپورت سوممىسى 181 مىليون 240 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليون 30 مىڭ دوللار. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 136 سى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 1 مىليارد 830 مىليون يۈەنگە، ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە سالغان مەبلەغ 680 مىليون يۈەنگە يەتتى. 720 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 63 مىليون 866 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 357 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 18.49% ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26.46% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 5 مىليارد 236 مىليون يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 535 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 4 مىليارد 658 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 11 مىليارد 432 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليارد 432 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 8 مىليارد يۈەن؛ ھەر خىل تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 28 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 19 مىليون 340 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 9 مىليون 40 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 25 مىڭ 186، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 5138. ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 1509؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 139 (مىللىي 25)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 28، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 222 (مىللىي 6073)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 94، ئوقۇغۇچىسى 46 مىڭ 422 (مىللىي 21 مىڭ 470)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 333، ئوقۇغۇچىسى 92 مىڭ 715 (مىللىي 45 مىڭ 175). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 13 مىڭ 647 (مىللىي 6768). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون 825 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە 6 سەنئەت ئۆمىكى، 8 مەدەنىيەت يۇرتى، 8 ئاممىۋى كۈتۈپخانا، 8 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 91% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىنتى 12 مىڭغا يەتتى. ھەر

ھىل كىملو قوبۇش ئورنىدىن 8 ى بار.

ۋىلايەت بويىچە 220 سەھىيە ئاپپاراتى، 3552 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 1503؛ دوختۇرخانىلاردا 2418 كارىۋات بار.

2002 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تېز مۇز تېيىلىش، تەپچۈرنداۋ گىمنىسى، رۇداۋچە چېلىشىش، چېلىشىش، يېنىك ئاتلېتىكا، بوكىس قاتارلىق مۇسابىقىلەردە 19 تۈردە 1 ـ، 18 تۈردە 2 ـ، 24 تۈردە 3 ـ بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشىلىك ئوتتۇرىچە كىرىمى 6829.68 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4998.84 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3605 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9794 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە 55 مىڭ 631 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 36 مىڭ 326 ئىشچى ـ خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 79 مىڭ 387 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

8 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مۇھتاجلىقنىڭ يۆلىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 3 ى تاماملاندى.

ئىزاھ: يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىكى مەلۇماتلار ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## قارىئۆڭگۈر سۇ ئامبىرى پۈتتى

2002 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ سۇ ئامبىرى — قارىئۆڭگۈر سۇ ئامبىرىغا سۇ قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ سۇ ئامبىرىغا 140 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، سۇغىرىشنى ئاساس قىلغان، قوشۇمچە توك چىقىرىش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، باقمىچىلىق قىلىش قاتارلىق ئۈنۈمگە ئىگە ئوتتۇرا ھال سۇچىلىق قۇرۇلۇشى. 1991 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلانغانىدى، 1996 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ قۇرۇلۇشقا 22 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1997 ـ يىلى مەبلەغ مەسىلىسى تۈپەيلىدىن قۇرۇلۇش توختاپ قالدى. 2000 ـ يىل 7 ـ ئايدا قارىئۆڭگۈر سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ئەسلىگە كېلىپ داۋاملاشتۇرۇلدى. 2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسىدا ۋاقىتدا ئېقىن توسۇلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى سۇ باشلاش، كەلكۈن ئاققۇزۇش سۇڭگۈچى ۋە پەۋقۇلئاددە چۈشۈرگە قۇرۇلۇشى پۈتتۈلەي تاماملاندى، پاسالغان توسما لايىھەدىكى ئېگىزلىكنىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى، پۈتكۈزۈلگەن بۆلەك قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. 2002 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى ئاساسەن پۈتتى.

قارىئۆڭگۈر سۇ ئامبىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 39 مىليون كۇب مېتىر، پايدىلىنىش سىغىمى 35 مىليون كۇب مېتىر، ھەر يىلى تۆۋەن ئېقىمنى 86 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەپ، 14 مىڭ 600 گېكتار يەرنى سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. تۆۋەن ئېقىمدىكى شەھەر ۋە ساناەتنى 32 مىليون 850 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن، تۆۋەن ئېقىمنى 10 مىليون كۇب مېتىر ئېكولوگىيە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ كەلكۈن توسمىسى، سۇ باشلاش، كەلكۈن ئاققۇزۇش سۇڭگۈچى، پەۋقۇلئاددە چۈشۈرگە، توسما ئارقىسىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسى (2 ـ قاتارلىق قۇرۇلۇش) قاتارلىق تۆگۈن قۇرۇلۇشلىرى بار. ئەڭ چوڭ توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 61.5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 565.4 مېتىر، ئەڭ چوڭ كەلكۈن ئاققۇزۇش مىقدارى سېكۇنتىغا 179 كۇب مېتىر.

★ 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تارباغاتاي ئاموۋتىسى ئەنگەسچىلىك جىنايىتىنى رازۋېدكا قىلىش تارماق ئىدارىسى قۇرۇلدى.

★ 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىنجاڭ چۆچەك ـ قاراماي ـ ئالتاي مەملىكەت بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك ئالاقە ئوپتىك كابېل قۇرۇلۇشى ئومۇمىي لىنىيە بويىچە ئۇتاشتۇرۇلدى، ئۇزۇنلۇقى 696.354 كىلومېتىر كېلىدۇ.

گۈلزار نىياز

# چۆچەك شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چۆچەك شەھىرى چۆچەك ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تارباغاتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 ـ يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 138 مىڭ 624 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 55 مىڭ 397)، يېزا نوپۇسى 74 مىڭ 456؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.43‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.17‰. شەھەر بويىچە 70 مىڭ 936 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 30 مىڭ 713.33 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 24 مىڭ 633.3 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا

مۇتەدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

شەھەر تەۋەسىدە چوڭ - كىچىك 14 دەريا - ئېقىن بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 755 مىليون كۇب مېتىرغا؛ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 385 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شەھەر بويىچە 4700 گېكتار ئورمان، 239 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، چاكاندا، ئاق چوغلۇق، گۈلساساق قاتارلىقلار، ئىقتىسادىي ئۆسۈملۈكلەردىن قومۇش، ياۋا ئازغان ۋە ياۋا باداملار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ھاك تېشى، گرانىت تاش، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن باقتۇ پورتى، بېلىق تۇتۇش باغچىسى، داھى تېغى، شاتلىق ئورمىنى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چۆچەك شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ كېلىن.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چارشاقان قالىم (قازاق).

شەھەر باشلىقى: نۇرلان سەيىت (قازاق).

سىياسىي كېڭەش شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ياڭ ۋېيجاڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 288 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 337 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.19%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 279 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.63%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 672 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.9% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 336 مىليون 597 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.2% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 226 مىليون 802 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 453 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 101 مىليون 618 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 724 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 192 مىڭ 675 توننا ئاشلىق، 19 مىڭ 103 توننا ياغلىق دان، 75 مىڭ 72 توننا قىزىلچا، 34 مىڭ 203 توننا كۆكتات، 5302 توننا قارا گازىر ئېلىندى. شەھەر بويىچە كالا بېقىش كەسپىي بېزىسىدىن 4 ى، كالا بېقىشتا ئۈلگە كەنتتىن 10 ى، كالا بېقىش كەسپىي ئائىلىسىدىن 57 سى بار. يىل ئاخىرىدا قولدا 745 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 9621 توننا گۆش، 1268 توننا يۇڭ، 260 مىڭ 200 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 11 مىڭ توننا سۈت، 4651 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 646.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 179 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 5778 گە، مەھسۇلات قىممىتى 488 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 119 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 193 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 170 مىليون 43 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 24.2%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 86 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.4% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 31 مىڭ توننا سېمونت، 69 مىليون 220 مىڭ دانە خىش، 50 مىڭ 792 توننا ئۇن، 10 مىڭ 515.7 توننا سىز يېغى، 399.7 توننا ئاق ھاراق، 21 مىڭ 100 قۇر كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 430 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 140 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 78 مىڭ 794 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 181 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 132 مىليون 660 مىڭ يۈەن. يۈك ئوبوروت مىقدارى 150 مىليون 560 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 310 مىليون 380 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 42 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 36 مىڭ 161 گە؛ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ چۆچەك شەھىرىدىكى ئابونتى 20 مىڭغا، بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ چۆچەك، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي، قوبۇقسارىدىن ئىبارەت 4 ناھىيە (شەھەر) دىكى ئابونتى 15 مىڭ 600 گە؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 1536 گە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 485 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 125 مىليون 721 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 797 مىڭ

400 دوللار، ئىمپورت سوممىسى 124 مىليون 923 مىڭ 600 دوللار. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 34 ى ئىمزالاندى، سوممىسى 320 مىليون 238 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجرا قىلىنغان تور 31، ئەقلەشكەن مەبلەغ 162 مىليون 534 مىڭ يۈەن. 290 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 5 مىليون 300 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. شەھەر بويىچە يەرلىك مالىيە كىرىمى 67 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 12.56% ئۆستى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 166 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 27.59% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 896 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 622 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 1 مىليون 780 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 47 مىليون 519 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 6 مىليون 260 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 41 مىليون 259 مىڭ 900 يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 10 مىليون 140 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 5 مىليون 480 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 4 مىليون 660 مىڭ 900 يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3692، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 801. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 3 ى ئورۇندالدى. شەھەر بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 6111؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 84، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 293. بالىلار باغچىسى 22، باغچا ئوقۇغۇتقۇچىسى 94. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2164 (مىللىي 942). 78 قېتىم چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك كۆلەملىك مەدەنىيەت پائالىيىتى، 13 قېتىم شەھەر دەرىجىلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى، 5 قېتىم مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، يېزىلاردا 240 نەچچە مەيدان (قېتىم) كىنو قويۇلدى، 13 مەيدان كۆتۈۋېلىش ئويۇنى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

شەھەر بويىچە 184 سەھىيە ئاپپاراتى، دوختۇرخانىلاردا 321 كارىۋات، 611 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى چۆچەك شەھىرىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6674.76 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3412.49 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە 3456 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7521 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1175 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

2002 - يىلى چۆچەك شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەھەر ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جياۋ زېخەن

## شىخو شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

شىخو شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 268 كىلومېتىر. شىخو ۋوگزالىدىن ئۈرۈمچى جەنۇبىي ۋوگزالىغىچە بولغان تۆمۈر يول مۇساپىسى 236 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 10، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 201 مىڭ 667 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 75 مىڭ 226)، يېزا نوپۇسى 139 مىڭ 935؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.77‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.83‰. شەھەر بويىچە 49 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 13 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمى 500 گېكتار)، 39 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شەھەردىكى ئاساسلىق دەريا - ئېقىن ۋە كەلكۈن جىلغىلىرىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 450 مىليون كۇب مېتىرغا، ھەرقايسى دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇ باشلاش مىقدارى 326 مىليون كۇب مېتىرغا؛ يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش مىقدارى 723 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان مىقدارى 434 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىپ پايدىلىنىلغان يەر ئاستى سۈيى 167 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شىخو شەھىرىدە دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، كېپەك

# مەۋقەنى بايلىق ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، شەھەرنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، خەلقنى بېيىتايلى

ج ك پ شىخو شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ چېڭيۇەن



شىخو شەھىرى شىمالىي شىنجاڭنىڭ مەركىزىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، نوپۇسى 202 مىڭ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات بەلۋېغىدىكى مۇھىم رايون، شەھىرىمىز كۈيتۇڭ، مايتاغلار بىلەن بىرلىشىپ شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» ھاسىل قىلغان، ئۇ شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل. شىخو شەھىرى بويىچە 100 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق تېرىغىلى بولىدىغان يەر، 53 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر، 800 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. مول سۇ، تۇپراق، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى كېۋەز، ئاشلىق، پەمىدۇر، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىش ۋە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەر ئاستى بايلىق مول، دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلانغانلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، كېپەك ئالتۇن، نېفىت قاتارلىقلار بار. بولۇپمۇ كۆمۈر بايلىقى ھەممىدىن مول بولۇپ، كەلگۈسى زاپىسى 500 مىليون توننىغا يېتىدۇ. شىخو شەھىرى جەنۇبتا ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغى بىلەن، شىمالدا مىيايان قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئوتتۇرا قىسمى تەكشى كەتكەن ئېتىزلىق ۋە مۇنبەت يەر. بۇ يەردە بايلىق مول. ئۇزاق تارىخى، مول بايلىقى ۋە ئۆزگىچە گۈمانىتارلىق مەنزىرىسى شىخو شەھىرىنى كەڭ ئېچىش، كەڭ كۆلەملىك تەرەققىيات شارائىتىغا ئىگە قىلغان. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان شىخو شەھىرى مەۋقەنى بايلىق ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، شەھەردىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى يېتەكلەپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، پۇختا، جاپالىق ئىشلەپ، شەھەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. 2002 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 980 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 23 ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 680 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 31 ھەسسە؛ 2 - كەسىپنىڭ 670 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 30 ھەسسە؛ 3 - كەسىپنىڭ 630 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 24 ھەسسە ئاشتى. شۇ دەرىجىلىك مالىيە كىرىمى 83 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 11 ھەسسە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 4239 يۈەنگە يېتىپ، 31 ھەسسە ئاشتى.

ئالتۇن، نېفىت، قوغۇشۇن، سۈرمە، ھاك تېشى، گەچ، بېنتونىت، گرانىت تاش قاتارلىقلار بار، كۆمۈرنىڭ كەلگۈسى زاپىسى 500 مىليون توننا كېلىدۇ. ئورمان كۆلىمى 390 مىڭ 400 گېكتار، تەڭرىتاغدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا ئەتىۋارلىق دەرەخلەر ۋە قىممەتلىك دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ، ئېيىق، بۇغا، جەرەن، يىلپىز، ئۇلار، سۈغۇر، ئارقار، بۆلغۇن، بۇغا، ئاق قۇ، لاچىن قاتارلىق ئەتىۋارلىق قۇشلار ۋە ياۋايى ھايۋانلار بار. شىمال تەرىپى دۆلەت دەرىجىلىك سۆكسۆك ئورمىنى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى. سەيلىگاھلاردىن تەڭرىتاغ تىزمىسىدىكى مۇز داۋان، جەنۇبىي تاغ ئارىشىغى، ئىپتىدائىي سۆكسۆك ئورمانلىقى، باياندۇز شېنجېن ساياھەت ئارامگاھى، ئۇلانسادىغنور كۆلى، سارىسىم لاما بۇتخانىسى، ئويسۇن قەبرىستانلىقى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىخو شەھەرلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ چېڭيۈەن.

1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ئىمىن.

شەھەر باشلىقى: توقمۇھەممەت ئىسرائىل (قازاق).

كۆپ يىللاردىن بېرى شىخو شەھىرى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، بازار رىقابەت كۈچىگە ئىگە پەمىدۇر، ئالقات، جىغان، ئۈسۈملۈك دورا قاتارلىق ئۆزگىچە زىرائەتلەر ۋە كالا باقمىچىلىقى ئاساس قىلىنغان زامانىۋى چارۋىچىلىق كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىقتىسادى ئۈزلۈكسىز گۈللىنىپ تەرەققىي قىلدى، يېزىلارنىڭ قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگەردى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 2002 - يىلى شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 18 ھەسسە؛ پاختا 50 مىڭ توننىغا يېتىپ، 103 ھەسسە ئاشتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 758 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 2.3 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭدىن كېيىن زامانىۋى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زىچ چۆرىدىلىپ، كالا باقمىچىلىق ئالاھىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقنى ئۆزگەرتىش سالمىقى ئاشۇرۇلىدۇ؛ مو (0.07 گېكتار) بېشىدىن 150 كىلوگرامدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئەندىزىسى ۋە سۈپەتلىك ئوتتۇرا، ئۇزۇن تالالىق پاختا سورتى كېڭەيتىلىپ، سۈپەتلىك پاختا ماركىسى يارىتىلىدۇ؛ پەمىدۇر، ئالقات، جىغان، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، سىياسەت، مەبلەغ، پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر جەھەتلەردىكى يۆلەش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئۆزگىچە كەسىپلەر زورايتىلىدۇ ۋە كۈچەيتىلىدۇ.

شىخو شەھىرى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدەپ، كارخانا ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كەسىپ ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، كۆمۈر، توقۇمىچىلىق، پىۋا ئاساس قىلىنغان تۈۋرۈك كەسىپ ۋە ئەۋزەل مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆلەم ئۈنۈمى ۋە بازار رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە بىر تۈركۈم يېڭىدىن گۈللەنگەن كارخانىلارنى ۋە كارخانا گۇرۇھلىرىنى تەدرىجىي بارلىققا كەلتۈردى. 2002- يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 229 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 47 ھەسسە ئاشتى. بىز پاختا - چىگە گۇرۇھى، شىخو پىۋىسى گۇرۇھى، كۆمۈرچىلىك گۇرۇھىنىڭ تەرەققىياتىغا نۇقتىلىق ياردەم بېرىپ، نېفىت تەكشۈرۈش، ئېچىش خىزمىتىگە مەدەت بېرىپ، يېڭىدىن گۈللەنگەن نېفىت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سانائەتلىشىش سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

شىخو شەھىرى مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىر كۆرسىتىش كۈچىنى كۈچەيتىشنى نىشان قىلىپ، 15 كۋادرات كىلومېتىرلىق سانائەت باغچا رايونى بەرپا قىلدى ھەم بۇ رايوننىڭ يول ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى. ھازىر بۇ سانائەت باغچا رايونىدا شىخو پىۋىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىخو شۆبە شىركىتى، تۈنخې پەمىدۇر ياسالمىلىرى شىخو شۆبە شىركىتى، ماركېت پاختا توقۇمىچىلىق شىخو چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 20 نەچچە كارخانا بار، بىر تۈركۈم تايانچ كارخانا ۋە داڭلىق سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، شىخونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشتى. بىز بۇ سانائەت باغچا رايونىنى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نۇقتىسىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى قىلىپ، باغچا رايونى ئىچىدىكى ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، شىخونىڭ بۇ سانائەت باغچا رايونىنى كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، تەسىر كۈچى

---

سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ ۋۈشۈ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 973 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 677 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4.4؛ 2- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 667 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.52؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 628 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.65 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 43 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 828 مىليون 390 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 24 مىليون 840 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 187 مىليون 720 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 250 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 10 مىڭ 737 توننا ئاشلىق، 50 مىڭ 80 توننا پاختا، 3982 توننا ياغلىق دان، 4822 توننا قىزىلچا، 2582 توننا مېۋە - چېۋە، 168 مىڭ

كۆچلۈك سانائەت بافچا رايونىغا ئايلاندۇرىمىز.

شىخۇ شەھىرىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول بولۇپ، مەنزىرىلىك جايلىرى كۆپ. يېقىنقى بىرنەچچە يىللىق ئېچىش ئارقىلىق سارىسىم لاما ئىبادەتخانىسى، ئۇيسۇن قەدىمىي قەبرىستانلىقى، مانى خان ئوردىسى خارابىسى، چېگىخۇا ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى، يايلاق بالبىلى قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىر تۈركۈم سەيلىگاھلار خېلى تونۇلدى. تەڭرىتاغ تىزمىسىدىكى مۇز داۋان، جەنۇبىي تاغ ئارىشىڭى، جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ لاي - لاتقا ۋولقان ئاقلىرى، دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان ئاق سۆگەتلىك ئورمىنى، بايانغۇ شىنجىېن ساياھەت ئارامگاھى، ئۈلانسادىقنۇر قاتارلىقلار جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر سەيلە - ساياھەت قىلىدىغان ئەڭ ياخشى جايغا ئايلاندى. ھازىر 7 چوڭ تۈر بويىچە 78 مەنزىرە نۇقتىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك مەنزىرە نۇقتىسى 2، ساياھەت تىجارەت نۇقتىسى 60 نەچچە.

2002 - يىلى شەھەر بويىچە يەككە سودا - سانائەت ئورنى 7136 گە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 93 ھەسسە كۆپەيدى، كەسىپكار 9594 كە يەتتى؛ خۇسۇسىي كارخانا 124 كە، كەسىپكارى 2914 كە يەتتى. بىز تېخىمۇ ئېتىبار بېرىش سىياسىتى، تېخىمۇ مۇكەممەل مۇلازىمەت، تېخىمۇ ياخشى مەبلەغ سېلىش شارائىتى بىلەن يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا يار - يۆلەك بولىمىز.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شىخۇ شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى كۆلىمى يىلسېرى كېڭىيىپ، قۇرۇلۇش سەۋىيىسى يىلسېرى ئۆسۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ھەسسىلەپ كۈچەيتىلىپ، شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. بولۇپمۇ شىخۇ شەھىرىنىڭ پاۋدەيلياڭ ئېكولوگىيىلىك كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلاندىكى كۆلىمى 13 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئىسرائىلىيىنىڭ ئىلغار تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى قوللىنىلدى، نۆۋەتتە 24 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، 1333 گېكتار پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 2001 - يىلى شىخۇ شەھىرى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن چەت ئەللىكلەرگە ئېچىۋېتىلگەن شەھەر بولۇپ تەستىقلانغاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمى تېزلەشتى. بىز بازار مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، كۆپ تەرەپلەپ مەبلەغ توپلاپ، شەھەر فۇنكسىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەرنىڭ دەرىجىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىمىز ۋە نامىنى چىقىرىمىز.

پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش كۆرەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شىخۇ شەھىرى بايلىقنى تايانچ، قۇرۇلما تەڭشەشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەۋزەل بايلىقنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، كەسىپلەشتۈرۈش، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش، سانائەتلەشتۈرۈش، ئېكولوگىيىلەشتۈرۈش مۇساپىسىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى ئارقىلىق شەھەرنى بېيىتىش، سانائەت ئارقىلىق شەھەرنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، پەن - مائارىپ ئارقىلىق شەھەرنى گۈللەندۈرۈش، سودا ئارقىلىق شەھەرنى جانلاندۇرۇشتەك ئورگانىك ئەندىزىنى بەرپا قىلىپ، شىخۇ شەھىرىنى شىنجاڭدىكى ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، ئۇل مۇئەسسەسەلىرى بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن، خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، مۇھىتى گۈزەل، فۇنكسىيىسى مۇكەممەل نامىيە دەرىجىلىك قۇدرەتلىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

---

500 توننا كۆكتات (بۇنىڭ ئىچىدە پەمىدۇر 104 مىڭ 900 توننا) ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 758 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 19 مىڭ 904 توننا گۆش، 1397 توننا يۇڭ، 391 مىڭ 900 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 6300 توننا سۈت، 2101 توننا تۇخۇم، 866 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4.934 گېكتار پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 51 مىليون 627 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 978 مىليون يۈەنگە، شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 242 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 233 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 29.8%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 450 مىليون 766 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.9% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 985 مىڭ توننا كۆمۈر، 50 مىڭ 520 توننا پىۋا، 123 مىليون 230 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 34 مىڭ توننا سېمونت، 5573 توننا پاختا يىپ، 44 مىڭ 779 توننا پىششىقلانغان ساپ پاختا، 18 مىڭ 177 توننا پەمىدۇر قىيامى، 81 مىڭ 981 ساندۇق تاختا ئەينەك، 28 مىڭ 200 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 87.9% كە يەتتى.

بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 620 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 217 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 141 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 127 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 657 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 106 مىليون 280 مىڭ يۈەن، ئۆي- زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 11 مىليون 800 مىڭ يۈەن. گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمى 31 مىڭ 600 كىلوۋات كۆپەيدى، شەھەرنىڭ كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 32 مىڭ توننا ئاشتى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 165 مىليون 710 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 309 مىليون 480 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 186 مىڭ 900 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 42 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر تېلېفونىنىڭ سىغىمى 46 مىڭ 700 تۇچكىدىن ئاشتى، شەھەر تېلېفونى ئابونتى 20 مىڭ 943 كە، يېزا تېلېفون ئابونتى 22 مىڭ 116 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 16 مىڭ 52 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 2081 گە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 653 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 119 مىليون 80 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 277 مىليون 490 مىڭ يۈەن. ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 21 ى بار بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 255 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 197 مىڭ 900 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 7 مىليون 943 مىڭ 400 يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 148 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %19.2؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 166 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %30.47 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 269 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 350 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 33 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 10 مىليون 590 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 23 مىليون 160 مىڭ يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 7 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 5 مىليون 840 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 890 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 7166، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1341. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 7 پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى. شەھەر بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپتىن 91 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 64، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 123؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 27، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 208، بالىلار باغچىسى5، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 57، باغچىدىكى بالا 677. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 227 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97 كە، تېلېۋىزىيەنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 20 مىڭغا يەتتى.

شەھەر ماھىرلىرى 6 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئۆسمۈرلەر دراما ۋە ئەلنەغمە كىچىك مېيخۇا گۈللىرى ئېكرانى بويىچە «سامسۇڭ لىپتىنىڭ قىياپىتى» كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە قاتنىشىپ بىر ئالتۇن مېدالغا، «تاتلىق بولاق، مۆھۈرلۈك رومكا» مەملىكەتلىك ھۆسنخەت، رەسىم مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، بىر كۈمۈش مېدالغا، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر ئۇسسۇل مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ بىر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 6 مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شەھەر بويىچە 137 سەھىيە ئاپپاراتى، 777 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 196) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 321 (مىللىي 91)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 529، يېزا - كەنتلەردىكى تېببىي داۋالاش نۇقتىسى 44.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى شىخو شەھىرىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4239 يۈەنگە، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3342 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8256 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 11 مىڭ 954 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 8908 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيەگە چىققان 2813 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 19 مىڭ 94 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا

قاتناشتى.

11 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مۇھەببەتنىڭ يۇلغۇنشىنى تۈزۈش تۈرىدىن 5 ى تاماملاندى. ئىس - تۈزەڭ تىزگىنلەنگەن رايون كۆلىمى 16 كۋادرات كىلومېتىرغا، مۇھەببەتكى شاۋقۇن ئۆلچىمىگە يەتكەن رايون كۆلىمى 16 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

گېڭ جۇڭفېڭ

# دۆربىلجىن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

دۆربىلجىن ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، دۆربىلجىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 580 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 141 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 83 مىڭ 300). بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ نوپۇسى 97 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى 12.16‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.73‰. ناھىيە بويىچە 60 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 19 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 24 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

دۆربىلجىن ناھىيىسىدە يىللىق ئېقىم مىقدارى 10 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان 18 دەريا - ئېقىن بار، ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۇ زاپىسى 250 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 686 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى سوغىگۈل، پەرپۇن، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، قىزىل چوغلۇق، رەۋەن، يەر مەدىكى، قانتېپەر قاتارلىقلار؛ ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى يىلپىز، سايگا بۆكىنى، ئاق بوغۇز بۆكەن، بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، ئارقار، سىلەيسۇن، چوڭ دوغداق، ئاق قۇ، قۇر، قارا قورساق چۆل توخۇسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، ئالتۇن، چىنە توپىسى، بور توپىسى، شور، ھاك تېشى قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن ئاساسلىقى قايىڭلىق، مىڭبۇلاق يايلىقى قارا ئېمىل ئورمان مەيدانى ۋە ئاقسۇ سۇ ئامبىرى بار.

زاراڭزا، قاراقات، كالا كۆزى، دۆربىلجىن ئاق قۇسى قاتارلىقلار دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ئۆزگىچە كەسپلىرى قاتارىدا كىرگۈزۈلدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ دۆربىلجىن ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چېن جيەنگو (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، فەن جۈن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كەۋكەن قالىم (قازاق).

ھاكىم: ئابدىش تورغۇش (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: بازارغالى ئايتان (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 986 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 418 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3.9%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 187 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 42.7%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 381 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.4% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 716 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.74% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 302 مىليون 983 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون 16 مىڭ 300 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 398 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 77 مىڭ 758 توننا ئاشلىق، 16 مىڭ 115 توننا ياغلىق دان، 323 مىڭ 70 توننا قىزىلچا، 9438 توننا قارا گازىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 770 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 22 مىڭ 67 توننا گۆش، 2227 توننا يۇڭ، 446 مىڭ 500 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 19 مىڭ 50 توننا سۈت، 4200 توننا تۇخۇم، 320 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2642 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەمنى شۇنىڭ ئىچىدە). ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 21 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 404 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 44 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 24 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 155 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 375 مىليون 287 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4.4. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 106 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %33.7 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 118 مىڭ توننا كۆمۈر، 139 مىڭ توننا سېمونت، 331 توننا يۇڭ يىپ، 87 توننا ئاق ھاراق، 34 مىڭ توننا شېكەر، 30 مىڭ توننا ئۇن، 4660 توننا سۆ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %94.4 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 35 مىڭ 742 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 25 مىڭ 478 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 299 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 66 مىليون 610 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 43 مىليون 820 مىڭ يۈەن. 891 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 114 كىلومېتىرلىق لىنىيە ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ بىلەن بارلىق كەنتلەرگە توك ئۇلاندى؛ 51 كىلومېتىر ناھىيە، يېزا تاشيولى ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى؛ 101.2 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 21 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 79 مىليون 950 مىڭ توننا كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 87 مىليون ئادەم كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 719 مىڭ 200 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 18 مىليون 228 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 14 مىڭ 940 قا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 12 مىڭ 243 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 22 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 907 گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 399 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 53 مىليون 700 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 155 مىليون 560 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرىدىن 8 ى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 45 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %23.9؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 161 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %30.18 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 231 مىليون يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 309 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 886 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 32 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 580 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 29 مىليون 480 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 224 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 710 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 514 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 4206، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 836. ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 28، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 627 (مىللىي 6115)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 67، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 647 (مىللىي 10 مىڭ 404). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2726 (مىللىي 1816). بالىلار باغچىسى 18، باغچىدىكى بالا 1028، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 118. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 3697 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى كۆپەيتىلدى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە 400 دانە كومپيۇتېر سەپلەپ بېرىلدى. ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 7500 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 70 ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كەسپىي يەككە تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى؛ 499 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 289) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 240 (مىللىي 141)؛ دوختۇرخانىلاردا 225 كارىۋات بار. يېزا - كەنتلەردىكى تىببىي داۋالاش نۇقتىسى 65.

30 قېتىم تۈرلۈك ئاممىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

2002 - يىلى دۆربىلجىن ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى دېھقان -

چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2766 يۈەنگە، تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1655 يۈەنگە يەتتى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 670 يۈەنگە يەتتى. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18.2 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 6202 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2715 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا پېنسىيىگە چىققان 748 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 9736 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شياڭ يىتىڭ

# ساۋەن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ساۋەن ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، جەنۇبتا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى بىلەن، شىمالدا قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 185 كىلومېتىر، تۆمۈر يول مۇساپىسى 185 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 9، يېزا 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 200 مىڭ 953 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 61 مىڭ 269). يېزا نوپۇسى 142 مىڭ 976؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.27، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.4. ناھىيە بويىچە 67 مىڭ 716 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 19 مىڭ 396.5 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسى 178 گېكتار)، 48 مىڭ 319 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسى 3455 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ساۋەن ناھىيىسىدە سۇغىرىش سۈيى بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان چوڭ - كىچىك دەريا - ئېقىندىن 6 سى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 58 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى تەخمىنەن 140 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 553 مىڭ 300 گېكتار. سۇ مەنبەسىنى ساقلايدىغان شەمشاد ئورمىنى 14 مىڭ 300 گېكتار. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن قارا لەيلەك بىلەن يىلپىزدىن ئىبارەت 2 خىلى، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئاق قۇ، قوڭۇر ئېيىق، بۇغا قاتارلىق 17 خىلى بار. 100 خىلدىن ئارتۇق ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈك بار بولۇپ، ئاساسلىقى سوغىگۈل، ئادەمگىياھ، قارىلەيلىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تەخمىنەن 50 خىل قېزىلما بايلىق بار، خۇتۇگۇ كۆمۈر كېنىنىڭ كۆمۈر زاپىسى 700 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. قىممەتلىك مېتاللاردىن ئاساسلىقى ئالتۇن بىلەن پلاتىنا بار، زۇمرەت گۈزەل سەنئەت خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. سەيلىگاھلاردىن ئارشاڭ ساياھەت رايونى، شەرقىي چوڭ كۆل، شۈيگۇ، بۇغا مۈڭگۈز قولتۇقى، موڭغۇل يۇرتخانىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ساۋەن ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۈي جېجياڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھامۇت ساۋۇت.


ھاكىم: تۇردىقان تۇرسىبېك (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن كېدىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 438 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 876 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.6؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 719 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22.1؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 751 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 480 مىليون 192 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %10.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 618 مىليون 289 مىڭ 800 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 11 مىليون 122 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 159 مىليون 515 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 467 مىڭ 500 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 182 مىڭ 6 توننا ئاشلىق، 50 مىڭ 47 توننا پاختا، 59 مىڭ 601 توننا ياغلىق دان، 148 مىڭ 109 توننا قىزىلچا، 2371 توننا مېۋە، 101 مىڭ 810 توننا پەمىدۇر ئېلىنىدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 765 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 25 مىڭ 272 توننا گۆش، 1811 توننا يۇڭ، 259 مىڭ پارچە كالا، قوي تېرىسى، 26 مىڭ 765 توننا سۈت، 6219 توننا تۇخۇم، 388 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. 3570 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ بەرپا قىلىنغان ئورمان



ساۋەن ناھىيىسىدىكى جاۋ قۇچىقىنىڭ «تۈلپارغا مۇھەببەت» ناملىق قەغەز قىيمىسى 6 - نۆۋەتلىك دۇنيادىكى جۇڭگولۇقلار سەنئەت كۆرگەزمىسىنىڭ خەلقئارا مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

سۈرەتتە ساۋەن ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت يۇرتى تەسلىكەن.

كۆلىمى 961.8 گېكتار). ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 77 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 15 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 20.36 كىلومېتىرلىق توپىلى غول ئۆستەڭنى يۈتكۈزۈلۈپ 3 بازار، بىر يېزىنىڭ سۇ تېجەپ سۇغىرىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 7111گە، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 813 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 424 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 83 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 306 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 844 مىليون 842 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 22.6%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 470 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.2% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 55 مىليون 890 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 14 مىڭ توننا كۆمۈر، 386 مىڭ توننا سېمونت، 252 مىليون 630 مىڭ دانە خىش، 323 توننا ئاق ھاراق، 23 مىڭ 167 توننا پەمىدۇر قىيامى، 3220 توننا پىۋا، 43 مىڭ 264 توننا سۇ يېغى، 60 مىڭ 561 توننا ئۇن، 22 مىڭ 600 توننا يەم - خەشەك، 50 مىڭ 47 توننا پاختا، 6569 توننا پاختا يىپ، 4 مىليون 40 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 2775 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 84.8% كە يەتتى. سالاھىيىتى 4 - دەرىجىدىن يۇقىرى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 148 مىڭ 992 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 47 مىڭ 133 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 768 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 280 مىليون 980 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 227 مىليون 980 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 26 مىليون 80 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن 6 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 121 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە بازىرىنى تورۋا سۈيى بىلەن كۆندىلىڭ تەمىنلەش ئىقتىدارى 24 مىڭ كۇب مېتىر ئاشتى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 269 مىليون 170 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 159 مىليون 960 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 216 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 39 مىليون 934 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 20 مىڭ 976 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 17 مىڭ 739 غا، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 15 مىڭ 99 غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 1013 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 597 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 56 مىليون 540 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 206 مىليون 90 مىڭ يۈەن. ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 11 ى بار بولۇپ، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 153 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 38 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە (ھەممىسى ئېكسپورت سوممىسى) يەتتى. 250 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 35 مىليون 130 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 89 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11.3%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 187 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.5% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 277 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە؛ ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 389 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 110 مىليون

590 مىڭ يۈەن. سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 34 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆمۈر سوغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 30 مىليون 10 مىڭ يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 11 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆمۈر سوغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 9 مىليون 630 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5631، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 662. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 7 پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى. ساۋەن ناھىيىسى بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم 2؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 25؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچىسى 5023 (مىللىي 873)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 9198 (مىللىي 2942)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 55، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 82 (مىللىي 6254). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2950 (مىللىي 920). بالىلار باغچىسى 16، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 183. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 20 مىڭغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 358 ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل سەھىيە ئاپپاراتى؛ 1042 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 156) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 660 (مىللىي 61)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 536. يېزا ـ كەنتلەردىكى تىببىي داۋالاش نۇقتىسى 242.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 ـ يىلى ساۋەن ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4971 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9751 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 26 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 286 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سوغۇرتىسىغا، 7350 ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 1307 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سوغۇرتىسىغا، 13 مىڭ 727 ئىشچى ـ خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سوغۇرتىسىغا قاتناشتى.

22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مۇھەببەتنىڭ بولغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 3 ى تاماملاندى. «ئىككىدە ئۆلچەمگە يېتىش» بويىچە لىس ـ تۆتەك، چالا ـ توزان ۋە شاۋقۇن تىزگىنلەنگەن رايوندىن 5 ى بەرپا قىلىندى.

★ 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ساۋەن ناھىيىسىدە كالا بېقىش ۋە چارۋىچىلىق خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلىپ، كۆرەش نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ ۋە كونكرېت تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلىپ، كالا بېقىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ھەم ناھىيە بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىن 3200 كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاجرىتىلىپ (بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەر 349)، «بىرى بىرىگە ياردەم بېرىش» تە كالا بېقىش ئائىلىسىنى سىستېما بويىچە يۆلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

★ 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ساۋەن ناھىيىسىدىكى 6 يېزا، بازار (مەيدان) كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

★ 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قۇرۇلۇش كۆلىمى 2200 كۋادرات مېتىرلىق ساۋەن ناھىيىلىك يېڭى كۇتۇپخانا بىناسى پۈتتى، بۇ كۇتۇپخانىدا 2 مىليون دانە كىتابنى ساقلىغىلى بولىدۇ، ھازىر 550 مىڭ دانە كىتاب بار.

★ 2002 ـ يىلى ساۋەن ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي كەنت، بازار قۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە، 5 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، مەملىكەتلىك خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە يۈز كۈنلۈك مەدەنىيەت مەيدانى پائالىيىتىدىكى ئىلغار ناھىيە دېگەنناملارغا ئېرىشتى.

يالڭ گۈي

# تولى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تولى ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپىگە، چۆچەك ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 512 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس

86 مىڭ 507 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 61 مىڭ 831)، يېزا نوپۇسى 54 مىڭ 725؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.59‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.73‰. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 790 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 8133 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4400 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كېلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ ئىچكى قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تولى ناھىيىسى ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق ناھىيىسى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 143 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 109 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 82 مىڭ 100 گېكتار ئورمان، 1 مىليون 666 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. 51 خىل ئەتىۋارلىق ھايۋان بار. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ 1-دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، قارا بۇلغۇن قاتارلىقلار، دۆلەتنىڭ 2-دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئاق قۇ، ئۇلار، بۇغا، جەرەن، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقلىرى سۇغىكۆل، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، يەرمەدىكى قاتارلىقلار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ئالتۇن، خروم، كۆمۈر، مىس، تۆمۈر، ھاك تېشى، گرانىت تاش قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن شامال ئۆڭەك باۋۇ مېۋىزارلىقى ۋە سۇلاشا، تاستى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تولى ناھىيىلىك 8-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دۇ ۋېنگۈي

12-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇۋانبېك چاقايدۇللا (قازاق).

ھاكىم: ئەدىلقان ئابدۇللا (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى قىزايدۇللا بولىقباي (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002-يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 322 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1-كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 91 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001-يىلدىكىدىن 5.4%؛ 2-كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 77 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.96%؛ 3-كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 154 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 18.5% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 166 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001-يىلدىكىدىن 11.2% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 56 مىليون 940 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 26 مىليون 820 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 82 مىليون 800 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 25 مىڭ 728 توننا ئاشلىق، 71 توننا پاختا، 1060 توننا ياغلىق دان، 257 توننا مېۋە، 160 توننا زاراڭزا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 603 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 7473 توننا گۆش، 760 توننا يۇڭ، 198 مىڭ پارچە كالا، قوي تېرىسى، 8939 توننا سۈت، 159 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 2829 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز-ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا-بازار كارخانىسى 1461 گە، مەھسۇلات قىممىتى 148 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 61 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 7 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 40 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 121 مىليون 436 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001-يىلدىكىدىن 11.9%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 55 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.6% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 175 مىڭ توننا كۆمۈر، 7143 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش ماتېرىيال، 4891 توننا خروم رودىسى، 105 مىڭ توننا ھاك تېشى، 14 مىڭ 897 توننا تۆمۈر رودىسى، 170 مىڭ كۇب مېتىر تاش ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 94.6% كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 61 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 26 مىڭ 347 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 13 مىڭ 458 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 81 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 29 مىليون 870 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن 7.2 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 10.5 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە بازىرىنى ئايلىق تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 97 مىڭ توننا ئاشتى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 90 مىليون 410 مىڭ توننا-كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 29 مىليون 350 مىڭ ئادەم-كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 457 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5

مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5073 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 1984 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 1043 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 109 غا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 110 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليون 940 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 9 مىليون 930 مىڭ يۈەن. ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 5 ى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 16 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 25 تۈردە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامى ئىمزالاندى، ئۇنىڭ سوممىسى 310 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە سالغان مەبلەغ 74 مىليون يۈەن بولدى. 52 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 757 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 20 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %22.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 100 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %34.5 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 190 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە؛ ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 293 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 201 مىليون 170 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 870 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 450 مىڭ يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 479 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 720 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 759 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2630، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 479. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 4 پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 672 (مىللىي 439)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 4589 (مىللىي 3174)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 33، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 974 (مىللىي 10 مىڭ 859). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1508 (مىللىي 1209). بالىلار باغچىسى 6، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 14. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە 2 مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %87 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %14.8 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 9 تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى (يەككە ئامبۇلاتورىيىلەر بۇنىڭ سىرتىدا)؛ 296 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 249) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 203 (مىللىي 170)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 174.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى تولى ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1503 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7209 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 7.04 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 11 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 2002 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 7015 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 405 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا، 7003 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 3 ى تاماملاندى.

چېن مىڭشىن

## چاغانتوقاي ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

چاغانتوقاي ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 589 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 47 مىڭ 253 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 19 مىڭ 421)، يېزا نوپۇسى 34 مىڭ 757؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.5،

تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.1‰. ناھىيە بويىچە 27 مىڭ 370 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 10 مىڭ 828 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 14 مىڭ 919 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ ئوتلاقلىرىدا ئوت - چۆپلەر بولۇق، ئورمانلىرى بىپايان بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان، كۆپ خىل ئۆسۈملۈكتىن تەركىب تاپقان تەبىئىي گېن ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. ناھىيىدىكى ئۆسۈملۈك مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دورىلىق ئۆسۈملۈك 300 خىلدىن كۆپرەك بولۇپ، كۆك چېچەكلىك چاغانتوقاي سوغىگۈلى ھەممىدىن داڭلىق. يۇلغۇن دەريا ۋادىسىدىكى 750 نەچچە گېكتار يەردە ياۋا بادام ئۆسكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يايپا ياۋا باداملىق 375 گېكتار بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭلەر قاتارىغا كىردى. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن تاستى مەنزىرىلىك رايونى ۋە 3600 يىللار ئىلگىرى ئويۇلغان قەدىمىي قىيا تاش رەسىملىرى بار.

چاغانتوقاي ناھىيىسىدە داڭلىق سۈپەتلىك مەھسۇلاتلاردىن زاراڭزا يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرى ۋە باسباي پاقلان گۆشى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاغانتوقاي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىيۇ كېخۇا.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋۇ زۇنمىڭ.

ھاكىم: مۇختار قامقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: باقىتقان نۇرخەممەت (ئايال، قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 223 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 102 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 13.4%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 31 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.9%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 89 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.8% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 224 مىليون 353 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 26.7% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 118 مىليون 587 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 13 مىليون 226 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 92 مىليون 342 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 198 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 54 مىڭ 487 توننا ئاشلىق، 9731 توننا ياغلىق دان، 157 توننا مېۋە، 2066 توننا قارا گازىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 426 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 4129 توننا گۆش، 880 توننا يۇڭ، 135 مىڭ 591 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 3250 توننا كالا، قوي سۈتى، 250 توننا تۇخۇم، 26 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3677 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 917 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 104 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 31 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 16 مىڭ 890 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 69 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 15%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.3% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 229 توننا ئاق ھاراق، 15 مىڭ 144 توننا ئۇن، 972 توننا سۇ يېغى، 1090 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 299 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 23 مىڭ 909 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 10 مىڭ 279 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 45 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 18 مىليون 880 مىڭ يۈەن، يېڭىدىن 44 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 9 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى، ناھىيە بازىرنى ئايلىق تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 75 مىڭ توننا ئاشتى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 108 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 63 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5119 غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 802 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 4657 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 221 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ

پارچە سېتىلىش سوممىسى 72 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 3 مىليون 310 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 36 مىليون 20 مىڭ يۈەن. ئاۋاز سودا بازىرى بىر بولۇپ، يىللىق يۆتكىشىش سوممىسى 12 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1712 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 160 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 9 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11.6% ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 92 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 27.62% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 189 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 230 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 185 مىليون 90 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 210 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 680 مىڭ يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 630 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 110 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1303، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 285. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 400 (مىللىي 271)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، ئوقۇغۇچىسى 2951 (مىللىي 638)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 26، ئوقۇغۇچىسى 5238 (مىللىي 2641). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 750 (مىللىي 302). بالىلار باغچىسى 4، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 17. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئامممۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 2500 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 38 سەھىيە ئاپپاراتى؛ 256 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 104) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 103 (مىللىي 74)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 118، يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 32.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى چاغانتوقاي ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ

قىسقا ماتېرىيال

## چاغانتوقايدىكى بوغدا كۆلى — قۇرىمدى كۆلى

قۇرىمدى كۆلى ئېگىز تاغقا جايلاشقان كۆل، دېڭىز يۈزىدىن 2480 مېتىر ئېگىز بولۇپ، چاغانتوقايلىقلار ئۇنى كىچىك بوغدا كۆلى دەپ ئاتىشىدۇ.

بۇ كۆل تۈز سىزىق بويىچە ناھىيە بازىرىنىڭ 28 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى بارلىق تېغىغا جايلاشقان بولۇپ، قارا بۇرا دەرياسىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. كۆلنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 1.8 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 0.4 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 20 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 28 مېتىر. كۆلنىڭ سۈيى سۈپسۈزۈك بولۇپ، يىل بويى قۇرۇپ قالمايدۇ. ياز ۋە كۈز پەسىللىرى كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى چوققىلار ئارىسىغا جايلاشقان ھازىرقى زامان مۇزلۇقى كۈن نۇرىدا چاقناپ كۆمۈشتەك يالتىراپ، ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. قۇرىمدى كۆلىنىڭ سۈيى مۇشۇ مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىگەن سۈيىدىن تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ.

كۆلنىڭ غەرب تەرىپى چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى داڭلىق ئاقچوققا يايلىقى، بۇ يەردە گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان، ھەر ۋە كېپىنەكلەر ئەركىن ئۇچۇشۇپ يۈرۈشىدۇ. گۈل - گىياھ ۋە بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۆي يەر، بۇ يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق كىگىز ئۆيلەر قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

تارىختا كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەر قۇرىمدى كۆلىنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن تارىخىي ئىزنالارنى قالدۇرۇپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر داڭلىقلىرىدىن 3600 يىل ئىلگىرى بەرپا قىلىنغان بارداقۇل قەدىمىي قىياتاش رەسىملىرى، جالپاختال قەدىمىي قەبرىستانلىقى، كۆل تاش ئۆيلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ يىللىرىدا ياسالغان ئىساھاجى مەسچىتى قاتارلىقلار بار.

لى مىن

ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5012 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2752 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1939 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 780 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7504 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 17.5 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20.6 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 3963 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1965 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 252 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5100 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

2002 - يىلى چاغانتوقاي ناھىيىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بويىچە ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## چاغانتوقاينىڭ باداملىرى قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشتى

2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 — 8 - كۈنلىرى چېكىدىن ھالقىغان بىر مەيدان ئوت ئاپىتى چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى 840 گېكتارلىق ياۋا بادام ئورمىنىنى بىردەمدىلا ۋەيران قىلىۋەتكەندى.

ئاپەتتىن كېيىن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، مۇھاپىزەت رايونىنى يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، ئوتنى ئورمانلىققا ئېلىپ كىرىشنى قەتئىي توسىدى، ئورمانلىقتا چارۋا بېقىش ۋە ئەتراپتا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشنى چەكلىدى. مۇھاپىزەت رايونىدىكى بارلىق كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر نۆۋەت بىلەن چارلاپ، كۈندە 24 سائەت نازارەت قىلىپ، بىكارچىلارنىڭ مۇھاپىزەت رايونىغا كىرىشىنى توسىدى.

2 يىلدىن كۆپرەك باشقۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەتىجىسىدە، بادام ئورمانلىقىدىكى كۆچەتلەر ياخشى ئەسلىگە كەلدى، ئاساسلىق ئورمان رايونى باراقسانلىشىپ، ھاياتلىققا تولدى.

لى مىن

# قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 495 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 49 مىڭ 518 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 391)، يېزا نوپۇسى 26 مىڭ 190؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.02‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.47‰. ناھىيە بويىچە 8746 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 6333 گېكتار يەر تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1680 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2400 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 120 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ مەركەزچان زاپىسى 100 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 128 مىڭ 500 گېكتار ئورمان بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.43% كە يەتتى. 1 مىليون 583 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاق بولۇپ، پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 435 مىڭ گېكتار. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن بۈركۈت، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاق بوغۇز بۆكەن، سۆسەر، توشقان، ئۇلار قاتارلىقلار بار. 200 نەچچە خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چاكاندا، سوغىگۈل، يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى، كەتىرا، پەرپۇن قاتارلىقلار بىر قەدەر كەڭ تارقالغان. قېزىلما بايلىق مول بولۇپ، كۆمۈر، تاشتۇز، بېنتونىت، ھاك تېشى، كۋارتس، نېفىت، خروم، تۆمۈر، شور، چىنە تۇپىسى قاتارلىق 10 خىلى ئېچىپ پايدىلىنىلىۋاتىدۇ. سەيلىگاھلاردىن خارقاتۇ مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى، دورېيىن ئېلىۋېتىپىنمۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسى، شاھزادە مەھكىمىسى، ئوبۇت ئىبادەتخانىسى (يۈزبىن ئىبادەتخانىسى) قاتارلىق 8 ى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۈن يەنجې.

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سامۇدۇن (موڭغۇل).

ھاكىم: پ. تۇنجىجاپ (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئىسلامجان مەتتەلىم (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 311 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 99 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %6.49؛ 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 110 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.41؛ 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 101 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.99 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 189 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %11.37 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 670 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 230 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 128 مىليون 530 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 80 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 8088 توننا ئاشلىق، 2234 توننا پاختا، 394 توننا ياغلىق دان، 290 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 504 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 7184 توننا گۆش، 596 توننا يۇڭ، 28.12 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 103 مىڭ 300 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 8100 توننا سۈت، 236 توننا تۇخۇم، 8 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 87.29 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 148 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 49 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 17 مىڭ 508 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 220 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %23.24، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 83 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.6 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 40 مىليون 880 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 964 مىڭ توننا كۆمۈر، 156 مىڭ توننا تۇز، 145 مىڭ توننا سېمونت، 30 مىليون دانە خىش، 300 مىڭ توننا ھاك تېشى، 2500 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %88.9 كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 26 مىڭ 777 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 10 مىڭ 302 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 103 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 19 مىليون 70 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 7 مىليون 300 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 55 مىليون 480 مىڭ يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغىنى 22 مىليون 70 مىڭ يۈەن. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 780 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 38 مىليون 110 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 756 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 744 مىڭ 400 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 6482 گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتى 3015 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونتى 6200 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونتى 218 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 66 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 150 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 22 مىليون 410 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 2 سى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 21 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 19 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 64 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %30؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 123 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.8 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 169 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 290 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 189 مىليون 760 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 8 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 150 مىڭ يۈەن؛ تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 2 مىليون 320 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 470 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2507، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 319. ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، باشلانغۇچ مەكتەپ تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرى كۇرسىدىكى كۇرسانت 47 (ھەممىسى موڭغۇل)؛ پارتىيە مەكتىپى بىر، شۇ يىلى تەربىيىلەنگەنلەر 1828 ئادەم - قېتىم (مىللىي 914 ئادەم - قېتىم)؛ يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى بىر، شۇ يىلى تەربىيىلەنگەنلەر 800 ئادەم - قېتىم (مىللىي 380 ئادەم - قېتىم)؛ چوڭلار مائارىپىنىڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش سىنىپى 2، جەمئىي قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 112 (مىللىي 54)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 610 (مىللىي 536)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى 3113 (مىللىي 2395)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 5806 (مىللىي 4002). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1543 (مىللىي 1143). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 25 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 95% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 7000 غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 28 سەھىيە ئاپپاراتى؛ 336 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 256) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 222 (مىللىي 155)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 208. يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 22.

2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ چېلىشىش تۈرىدە ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى بىر ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال ئالدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى قوبۇقسار ناھىيىسى بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2395 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 2228 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8076 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19.8 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 11.3 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 5421 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4046 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 671 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 6853 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قوبۇقسار ناھىيىلىك كۇتۇپخانىدىكى قۇرۇش كەشىپ قىلغان «يەر شارى — ئاي سىستېمىسىنىڭ ئايلىنىش مودېلى» مەملىكەتلىك ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يېڭى تېپىلىق پاتېنت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

ئۆرۈزمەن باتىر

## ئالتاي ۋىلايىتى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، شىنجاڭنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە ئالتاي شەھىرىدە. 2002 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 602 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 340 مىڭ 200، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى 59 مىڭ 900)، يېزا نوپۇسى 343 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.79‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.41‰. ۋىلايەت بويىچە 103 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 47 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 14 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ سوغۇق رايوننىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئالتاي ۋىلايىتىدە چوڭ - كىچىك 56 دەريا - ئېقىن بار، جۇڭگو بويىچە 2 - چوڭ ئىچكى قۇرغاقلۇق كۆلى — ئۇلۇڭغۇر كۆلى، شۇنىڭدەك قاناس كۆلى، ئاقكۆل، تاۋچانغول كۆلى قاتارلىق ئېگىز تاغ كۆللىرى بار. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 19 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 578 مىڭ 900 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 4.95%. 9 مىليون 870 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. 85 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن موڭغۇلىيە - شىنجاڭ قۇلانى، قۇندۇز، قاڭشارلىق بۆكەن، تاغ ئۆچكىسى، قارا بۇلغۇن قاتارلىق 19 خىلى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن قوڭۇر ئېيىق، ئاق تۆش بۇلغۇن، قاما،

سۇلىيۇن، مولىۇن، ئاق قۇ، قارالىرا قۇشى، ئاغۇنەك قاتارلىق 54 خىل بار. كېيىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئاساسلىق ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قۇرت ئوت، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، توشقان زەدىكى، پەربۇن، قىزىل چوغلۇق، سوغىگۈل، چاغىرچاي قاتارلىقلار بار. ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئالتاي تېغى ئالتۇن كۆپ چىققانلىقى بىلەن مەشھۇر. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مانگان، خروم، مىس، نىكېل، قوغۇشۇن، سىنك، موليبدېن، كوبالت، ۋىسمۇت، قەلەي، ئۆيۈل ئالتۇن، بىللە ھاسىل بولغان ئالتۇن، كېپەك ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ئالتاي ۋىلايىتىدىكى تاغلىق رايونلاردا زور مىقداردا تاش ئويما، تاش سىزما، ئۆڭكۈر رەڭلىك رەسىملىرى، بالبال قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەم قاناس كۆلى تەبىئىي مەنزىرە مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىق نۇرغۇن ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىشۇن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مۇقاتبەك ئادىلبېك (قازاق)، چېن يۈيساڭ، تيەن شۈيساڭ، لى جىدۇڭ (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ماۋكەن سېيىتقامزا (قازاق، 5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جۇ خۇيلاڭ (شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر، 8 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، يۈەن زىميڭ (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، قۇبايدۇللا قۇسايىن (قازاق، 5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خې زۇدا (6 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تاۋ لۇسۇڭ (11 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئۇلالقان ئىماش (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى بېنرۇي، يۇ جياخې، ئاقات قابۇسەمەت (قازاق).

ۋالىي: مۇقاتبەك ئادىلبېك (قازاق)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: ۋاڭ يۇچياڭ (7 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋەن شۇ (8 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جۇمابېك باتال (قازاق)، دەي جيەنشىن (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ماۋلىتبېك ئالىسباي (قازاق، 12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ماۋكەن سېيىتقامزا (قازاق، 5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى جىدۇڭ (12 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاۋ گومىن (مانجۇ، 12 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىر ئاراپات (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ دېشياڭ، ئابىقان قاجىكەي (قازاق)، ياڭ ۋېنلياڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 918 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 326 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %5.1؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 195 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.5؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 397 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.9 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 781 مىليون 738 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %5.16 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 692 مىليون 793 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 72 مىليون 266 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 994 مىليون 520 مىڭ 200 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 22 مىليون 158 مىڭ 900 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 207 مىڭ 800 توننا ئاشلىق، 72 مىڭ 600 توننا قىزىلچا، 29 مىڭ 400 توننا ياغلىق تۇرىدىكى مەھسۇلات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 3 مىليون 333 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 67 مىڭ 400 توننا گۆش، 69 مىڭ 900 توننا سۈت، 143 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 2200 توننا تۇخۇم، 4600 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 28 مىڭ 600 گېكتار (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئورمان بەرپا قىلىندى. گېتىنز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 111 مىليون 609 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 911 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 442 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 297 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 874 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %7.76، سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 316 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.25 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 84 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 418 مىڭ توننا ئەسلى تۆمۈر رۇدىسى، 56 مىڭ 900 توننا تەييار تۆمۈر رۇدىسى، 298 مىڭ توننا سېمونت، 398 مىليون 390 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 17 مىليون 315 مىڭ 900 توننا ئىچىملىك ـ ھاراق، 40 مىڭ 300 مېتىر سوكنو، 10 مىڭ 200 توننا قەغەز بوتقىسى، 586 توننا سۈت مەھسۇلاتى، 7372 توننا سۇ يېمى، 15 مىڭ 500 توننا شېكەر ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ

سېتىلىش نىسبىتى %97.79كە يەتتى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 242 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 386 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 295 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 419 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 313 مىليون 260 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 28 مىليون 580 مىڭ يۈەن. ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئىچىدە، دۆلەت قەرز بەرگەن تۈر 64، بۇنىڭغا 427 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %30.18نى ئىگىلىدى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 847 مىليون 370 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 679 مىليون 810 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 19 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 90 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 63 مىڭ 303كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 25 مىڭ 76گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 47 مىڭ 329غا؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 3600گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 202 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 50 مىليون 991 مىڭ 500 يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 359 مىليون 101 مىڭ 300 يۈەن. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرىدىن 38ى بولۇپ، يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 178 مىليون 81 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 63 مىليون 442 مىڭ 700 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 36 مىليون 618 مىڭ 200 دوللار، ئىمپورت سوممىسى 26 مىليون 824 مىڭ 500 دوللار. شۇ يىلى ئىمزالانغان ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 54كە، توختام سوممىسى 1 مىليارد 498 مىليون يۈەنگە يەتتى. 580 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 210 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 170 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %39.19؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 955 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.61 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 958 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 4 مىليارد 213 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 561 مىليون يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 111 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 17 مىليون 920 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 93 مىليون 920 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 14 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 11 مىليون 790 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 30 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 21 مىڭ 200، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 5042. بىر تۈر پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ شۇ يىللىق غەربىي قىسىمنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەخسۇس تۈرىگە كىردى، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىيات تۈرىدىن 3ى يولغا قويۇلدى. تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 880 (مىللىي 460)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1332 (مىللىي 867)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 303 (مىللىي 91)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 8283 (مىللىي 4739)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 85، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 536 (مىللىي 23 مىڭ 64)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 215، ئوقۇغۇچىسى 64 مىڭ 32 (مىللىي 46 مىڭ 303). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 8923 (مىللىي 6094). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 39 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە 7 سەنئەت ئۆمىكى، 7 مەدەنىيەت يۇرتى، 7 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 2 مۇزېي، 8 ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95.64كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %91.38كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 30 مىڭ 900گە يەتتى. ھەر خىل كىنو قويۇش ئورنىدىن 7سى بار.

ۋىلايەت بويىچە 153 سەھىيە ئاپپاراتى؛ 2891 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 2186؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1593. يېزا - كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 221.

2002 - يىلى ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تېز سۈرئەتتە مۇز تېيىلىش، چېلىشىش، بوكس، پۇتبول، قارىغا ئېتىش، يېنىك ئاتلېتىكا

مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ 25 تۈردە 1 ـ، 13 تۈردە 2 ـ، 11 تۈردە 3 ـ بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 ـ يىلى ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2589 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 10 مىڭ 586 يۈەنگە يەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە ۋىلايەت بويىچە شەھەر ـ بازارلاردىكى 23 مىڭ نامرات ئائىلە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 39 مىڭ 412 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 23 مىڭ 893 ئىشچى ـ خىزمەتچى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 7668 كىشى ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا، 62 مىڭ 630 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 5 ى ئاياغلاندى، بۇنىڭغا 16 مىليون 679 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 7.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 7 سى بەرپا قىلىندى؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە، كۆلىمى 1.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان 8 رايون ئۆلچەمگە يەتتى.

★ 1935 ـ يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، «ئالتاي گېزىتى» (قازاقچە) نىڭ 10000 ـ سانى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى.

★ شىنجاڭ ئالتاي ئارمان سۈتچىلىك، يېمەكلىك، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تىجارەت باشلىدى. بۇ شىركەتكە شۇ جايدىن 50 نەپەر خىزمەتچى قوبۇل قىلىندى.

مارات قىنايات

# ئالتاي شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئالتاي شەھىرى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇسابىسى 216 ـ لىنىيە بويىچە 666 كىلومېتىر، 217 ـ لىنىيە بويىچە 705 كىلومېتىر، ئاۋىئاتسىيە مۇسابىسى 450 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 ـ يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، بازار 3، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 188 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 83 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 84 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.59‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.08‰. شەھەر بويىچە 19 مىڭ 194 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7530 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2912 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

شەھەر تەۋەسىدە ئېرتىش دەرياسى، سۇمدەيراق دەرياسى، قىران دەرياسىدىن ئىبارەت 3 چوڭ سۇ سىستېمىسى بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 6 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 134 مىڭ 800 گېكتار ئورمان، 648 مىڭ گېكتار پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق بار. شەھەر تەۋەسىدە دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قارا بۆلغۈن، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسىدىن ئىبارەت 3 خىلى، دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قوڭغۇر ئېيىق، ئاق تۆش بۆلغۈن، قاما، سولۇن، بۇغا، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئارقار، توشقان قاتارلىق 8 خىلى بار؛ دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇشلاردىن بۈركۈت، ئاق تۇقام بۈركۈت، ئالا قۇيرۇق بۈركۈت، ئاق قۇيرۇق بۈركۈت، ساقاللىق بۈركۈت، ئىنچىكە تۇمشۇق كەرىقۇر، قارا بويۇن تۇرنا، چوڭ دوغداق قاتارلىق 8 خىلى بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاز كەم 300 خىلى بار، دائىم ئۇچرايدىغانلىرىدىن چاكاندا، قىزىل چوغلۇق، قۇرت ئوت، پەربون، سوغىگۈل، قان تېپەر قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنك، ئالتۇن (كېپەك ئالتۇن ۋە تومۇل ئالتۇن)، ئاق چېرىمتال، كۋارتس قۇم قاتارلىق 17 خىلى بار، ئالتۇن، ياقۇت ئەۋزەللىككە ئىگە قېزىلما بايلىق ھېسابلىنىدۇ. سەيلىگاھلاردىن قىيىن بانچىسى، شەرقىي كىچىك جىلغا، بەش بۇلاق، ئاقبا كۆلى، جياڭجۈن تېغى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئالتاي شەھەرلىك 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنگو.

6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ماۋزىقان قاسىم (قازاق).

شەھەر باشلىقى: قادىم راقىمباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەخمەت ھەيدەر (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 ـ يىلى شەھەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش

قىممىتى 1 مىليارد 243 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 323 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.3؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 265 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3.6؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 654 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.4 ئاشتى.

شەھەرگە تەۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 353 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.69 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 171 مىليون 260 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 950 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 175 مىليون 520 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 340 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 30 مىڭ 9 توننا ئاشلىق، 3781 توننا ياغلىق دان، 34 مىڭ 268 توننا قىزىلچا، 29 مىڭ 209 توننا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 542 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. بىر يىلدا 11 مىڭ 712 توننا گۆش، 1037 توننا ئىنچىكە قوي يۇڭى، 241 مىڭ 400 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 24 مىڭ 57 توننا سۈت، 496 توننا تۇخۇم، 410 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 3464 گېكتار (تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەمنى شۇنىڭ ئىچىدە) ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 5231گە، مەھسۇلات قىممىتى 295 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 96 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 17 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 57 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى.

شەھەرگە تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 174 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %14.08 ئاشتى. يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 36 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %21.83 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 3393.75 توننا فابرىكا قەنتى، 12 مىڭ 209.86 توننا قەغەز بوغقىسى، 56 مىڭ 943 توننا تەييار تۆمۈر رۇدىسى، 47 مىڭ 500 توننا سېمونت، 1.350 توننا سۈت ياسالمىسى، 8 كىلوگرام ئالتۇن، 1 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 59 مىليون 890 مىڭ دانە قىزىل خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %95كە يەتتى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 66 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي- ئىمارەت كۆلىمى 77 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ئىمارەت كۆلىمى 74 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 260 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 231 مىليون 440 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 9 مىليون يۈەن. 2760 مېتىر تاشيول كېڭەيتىپ ياسالدى. توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 254 مىليون 210 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 169 مىليون 950 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى 100 توننا يۈك، 34 مىڭ 966 يولۇچى توشىدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 96 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 43 مىڭ 100گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4814كە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 34 مىڭ 400گە؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 2826گە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 386 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 58 مىليون 710 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 101 مىليون 420 مىڭ يۈەن. ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 19ى بار بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 34 مىليون 836 مىڭ 800 يۈەن (بېيتۈن بازىرى بۇنىڭ سىرتىدا)گە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 62 مىليون 540 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 36 مىليون 450 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 26 مىليون 90 مىڭ دوللار. 160 مىڭ 300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 14 مىليون 284 مىڭ 300 يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 39 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %14.8؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 190 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.89 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 757 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 753 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 157 مىليون 310 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 74 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 9 مىليون 760 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 64 مىليون 490 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 13 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك

سوغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 5 مىليون 650 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سوغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 7 مىليون 850 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە 2002 - يىلدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 443؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 8426 (مىللىي 5139)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 63، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 456 (مىللىي 8431). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2689 (مىللىي 1655). بالىلار باغچىسى 6. باغچا ئوقۇتقۇچىسى 130. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 5000 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش قىلىندى. شەھەر بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.9كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، سىملىق تېلېۋىزور ئابونىتى 11 مىڭ 500 گە يەتتى.

شەھەر بويىچە 19 سەھىيە ئاپپاراتى (ئامبۇلاتورىيە، ساناتورىيە، شىپاخانا، داۋالاش ئۆيى قاتارلىقلار بۇنىڭ سىرتىدا)، 777 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1002.

2002 - يىلى شەھەرنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ۋىلايەتتىكى چېلىشىش مۇسابىقىسىدا ئومۇمىي نومۇر بويىچە 1 - بولدى، مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدا كوللېكتىپ نومۇر بويىچە 3 - بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2577 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 280 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 14.96 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر تەۋەسىدىكى 20 مىڭ 839 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سوغۇرتىسىغا، 16 مىڭ 88 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانىغاندا كۈتۈنۈش سوغۇرتىسىغا، 46 مىڭ 66 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سوغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 5ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 25 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 7.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 7سى بەرپا قىلىندى؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە كۆلىمى 1.28 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان 8 رايون ئۆلچەمگە يەتتى.

تيەن يېڭلى

# بۇرچىن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بۇرچىن ناھىيىسى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگە بولغان تاشيول مۇساپىسى 620 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 63 مىڭ 492 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 43 مىڭ 364)، يېزا نوپۇسى 42 مىڭ 822؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.06، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.77. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 8013 گېكتار يەرگە يەم - خەشەك، 800 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى سوغۇق كىلىماتقا كىرىدۇ.

بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ سۇ بايلىقى مول، ئېرتىش دەرياسى ۋە بۇرچىن دەرياسىنى ئاساس قىلغان نۇرغۇن دەريا ئېقىنلار بار، يىللىق ئېقىم مىقدارى 7 مىليارد 472 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇ بايلىقىنىڭ زاپىسى 514 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. بۇرچىن ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرسى، ناھىيە بويىچە 147 مىڭ 900 گېكتار ئورمان بار. ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، قوڭغۇر ئېيىق، سۆلەيسۇن، قارا بۇلغۇن، ئورمان چىلى قاتارلىقلار بار. ئوستېر بېلىقى (سېرىق بېلىق)، يوغان ئاق بېلىق، براخىمىستاكس بېلىقى (كىچىك قىزىل بېلىق)، تايمېن بېلىقى (چوڭ قىزىل بېلىق)، ياپلاق بېلىق قاتارلىق 20 نەچچە خىل تەبىئىي بېلىق بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قىزىل مېھرىگىياھ، قۇرتئوت، قان تېپەر، سوغىگۈل قاتارلىق 300 نەچچە خىلى بار. 20 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كېيەك ئالتۇن، تالك، سىلىتسىي، ھاك تېشى، شور، چىرىمتال قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن قاناس مەنزىرىلىك رايونى، پاراخلىق (ئاقتۇبېك ۋوسەي دەرياسى بويىدا)، ئوتلاقتىكى بالبال ۋە قەدىمكى قىيا تاش

رەسىملىرى توپى، تۇغقۇنتاي سۇ ئامبىرى، دەريا ساھىلى ئارامگاھى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۇرچىن ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ يۇچياڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ جيەن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مىزان نۇكەي (قازاق).

ھاكىم: جۇماش شاخىدات (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسىنبېك سادىقان (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 425 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 143 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.5؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 155 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.8؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 127 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.5 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 208 مىليون 795 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.43 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 93 مىليون 814 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 276 مىڭ 100 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 109 مىليون 210 مىڭ 100 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 495 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 40 مىڭ 310 توننا ئاشلىق (ماش - پۇرچاق 25 مىڭ 95 توننا)، 1302 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 385 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 8780 توننا گۆش، 582 توننا يۇڭ، 190 مىڭ 500 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 7650 توننا سۈت، 287 توننا تۇخۇم، 205 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا «تۆۋج شىمال» ئىھاتە ئورمىنى 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا 41.480 گېكتار، قاقاس تاغ، بوز يەرلەردە 1735 گېكتار، تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ 1365.4 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 153 مىڭ تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 1609غا، مەھسۇلات قىممىتى 205 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 57 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 8 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 48 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.28، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %2.24 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 49 مىليون 610 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 71 مىليون 960 مىڭ دانە خىش، 7100 توننا ئۇن، 863 توننا سۇ يېغى، 4129 توننا تالك تالقىنى، 465 توننا ئاق هاراق، 40 مىڭ 300 مېتىر يۇڭ توقۇلما، 425 توننا ساپ سۇ، 29 مىليون پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 107 مىڭ 400 توننا سېمونت، 201 توننا سۈت پاراشوكى، 320 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %96.23كە يەتتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 27 مىڭ 140 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 7660 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 142 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 127 مىليون 350 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى ۋە خۇسۇسىلارنىڭ ئۆي سېلىشىغا سېلىنغىنى 13 مىليون 810 مىڭ يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغىنى 1 مىليون 10 مىڭ يۈەن. تاماملانغان ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنداق: تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش تۈرىگە 17 مىليون 720 مىڭ يۈەن، تۇغقۇنتاي سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور سىغىمىنى 5000 × 2 كىلوۋاتقا كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 650 مىڭ يۈەن، جيادېڭيۈ جىلغىسى ئۆل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 950 مىڭ يۈەن، قاناس مەنزىرىلىك رايونىنىڭ ساياھەتچىلىك مۇلازىمەت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 28 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 35 كىلومېتىر كۆچ يولى ئۆزگەرتىلدى، تۇغقۇنتاي سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور سىغىمىنى 5000 × 2 كىلوۋاتقا كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ناھىيە بازىرىنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 91 مىڭ 250 كۇب مېتىر كۆپەيدى.

پوچتا كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 8002گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2586گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 4510غا، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 220گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال

يۈزۈملەرنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 183 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازارلاردا ئاۋار سودا بازىرىدىن 2سى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 10 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 200 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 160 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 20 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %20.75؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 96 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3.42 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 247 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 300 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 206 مىليون 500 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 8 مىليون 40 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 389 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 760 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 629 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1810 (كارخانىدىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 580. ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 48 (مىللىي 34)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 927 (مىللىي 493)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 3869 (مىللىي 2925)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 22، ئوقۇغۇچىسى 6294 (مىللىي 4731). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1033 (مىللىي 747). بالىلار باغچىسى 3، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 22. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 4000غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى؛ 239 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 187) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 253؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 185. يېزىلاردىكى تېببىي داۋالاش نۇقتىسى 42.

2002 - يىلى بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تېز مۇز تېيىلىش كوماندىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەنئەنىۋى تۈرلەر مەكتەپلىرىنىڭ مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدا كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 2 - بولدى، 3 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدا بۇرچىن ناھىيىسى ئەۋەتكەن 2 تەنھەرىكەتچى ئالتاي ۋىلايىتىگە ۋەكىل بولۇپ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 2 ئالتۇن مېدال ئالدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئېغىر دەرىجىلىكلەر بويىچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدا 2 ئالتۇن مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى بۇرچىن ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2688 يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 410 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە 3581 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2638 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 721 خادىم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا، 6390 ئىشچى-خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

2002 - يىلى مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 2سى تاماملاندى، بۇنىڭغا 11 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشى 2002 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدا مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

★ 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بۇرچىن ناھىيە بازىرىدىن قاناس مەنزىرىلىك رايونىغا بارىدىغان 161.9 كىلومېتىر تاشيولنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا 230 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قارازاقتى تاغ ئالدى چاتقاللىق ئوتلاقتا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئوت 24.5 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمگە يەتتى، 7 كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئوت ئۈزۈل - كېسىل ئۆچۈرۈلدى.

★ 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ «تۇنخې» شىركىتى بۇرچىن سېمونت شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «تۇنخې» ماركىلىق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت جۇڭگو بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بازىرى جەمئىيىتى تارقاتقان يېشىل قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

★ 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بۇرچىن ناھىيىسى

ئەھلىيەتتە، 2 كۋادرات كىلومېتىر يەرنى ئىگىلىگەن بىر قەدىمكى قەبرىلەر توپى بايقالدى. ئۇنىڭ تۆت تەرىپى سىز بىلەن ئورالغان، 16 قەدىمكى قەبرىلەر ھالقىسىنىڭ ھەربىكىشىدىن تەركىب تاپقان، ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 26 مېتىر، ئېگىزلىكى 2 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئەڭ كىچىكىنىڭ دىئامېتىرى 7 مېتىردىن 8 مېتىرغىچە كېلىدۇ.

چېڭ خۇاڭ

# كۆكتوقاي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۆكتوقاي ناھىيىسى ئالتاي تېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 480 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 81 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 61 مىڭ 200)، بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا نوپۇسى 54 مىڭ 300؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.08، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.63. ناھىيە بويىچە 14 مىڭ 170 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7410 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1032 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرغاقلىق تىپىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كۆكتوقاي ناھىيىسى تەۋەسىدە ئاساسلىق دەريا - ئېقىندىن ئېرتىش دەرياسى بىلەن ئۇلۇڭگۇر دەرياسى بار. يىللىق ئېقىم مىقدارى 4 مىليارد 354 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 40 مىليون 440 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 103 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق، 4 مىليون 789 مىڭ گېكتار پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق بار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن موڭغۇلىيە. شىنجاڭ قۇلانى، قاڭشارلىق بۆكەن، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئارقار، ئاق بوغۇز بۆكەن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا، گۈلسامساق، قۇرتئوت، مىڭ موگۈسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، ياقۇت، خرۇستال، مىس، نىكېل، تۆمۈر، نىئوبىي، لىتىي، تانتال، چىرىستال قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن قارامايلى تېغى تۇياقلىق ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، تېرەكساي يەر تەۋرەش ئۈزۈلمە بەلۋېغى — «رەڭدار شەھەر»، كۆكتوقاي گېئولوگىيە 3 - نومۇرلۇق كېنى قاتارلىقلار بار. كۆكتوقاي ناھىيىسىدە، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئاپا تۇياقلىق دىنوزاۋۇر «قارامايلى دىنوزاۋۇرى» نىڭ تاشقاتمىسى تۇنجى قېتىم بايقالدى.

كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن مىڭ موگۈسى، كۆكتوقاي پاخلان گۆشى، ئالتۇن، ياقۇت قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۆكتوقاي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي چېڭجى.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوقاز تاپان (قازاق).

ھاكىم: سارقات ئاقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: رامزان ئىساق (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 683 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 233 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %4.2؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 286 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %28.2؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 162 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.2 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 326 مىليون 205 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.54 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 96 مىليون 255 مىڭ 800 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 420 مىڭ 700 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 224 مىليون 232 مىڭ 200 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 216 مىڭ 300 يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 33 مىڭ 945 توننا ئاشلىق، 1004 توننا ياغلىق دان، 20 توننا مېۋە، 14 مىڭ 37 توننا ياڭيۇ ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 720 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 13 مىڭ 161 توننا گۆش، 1063 توننا يۇڭ، 434 مىڭ 900 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 16 مىڭ 373 توننا سۈت، 362 توننا تۇخۇم، 33 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1815 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 928 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 300 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 62 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق،



كۆكتوقاي ناھىيە بازىرىنىڭ يېڭى قىياپىتى

جاۋ جۇنشەن فوتوسى

چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 42 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 452 مىليون 461 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %65.25، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 124 مىليون 458 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، %1.33 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 414 مىڭ 180 تونىنا تۆمۈر رۇدىسى، 1000 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال، 1800 تونىنا ئۇن، 65 تونىنا كراخمال، 108 تونىنا ئاق هاراق، 66 مىڭ 200 تونىنا سېمونت، 3700 تونىنا چويۇن، 3704 تونىنا ئالىيۇمىن، 44.134 تونىنا قۇرۇلۇش مېتال بۇيۇملىرى، 118 مىليون 920 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، 250 مىڭ 900 كىلوجوئۇل ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى، 658 مىڭ تونىنا تورۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 160 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شۇ يىلى ھەممىسى پۈتكۈزۈلدى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 199 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 134 مىليون 990 مىڭ يۈەن. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 522 مىڭ 100 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 5759غا، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 4528گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 5000غا؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 528گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 173 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 3 مىليون 570 مىڭ يۈەن. يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 83 مىليون 380 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك سودا بازىرىدىن 3ى بار. 145 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 6 مىليون 350 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 28 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %33.98؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 113 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %16 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 260 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 352 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 658 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 8 مىليون 458 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 610 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2552، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 660. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1015 (مىللىي 592)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 5166 (مىللىي 3948)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 694 (مىللىي 8727). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1231 (مىللىي 963). ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.63كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95.27كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 6477گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 11 سەھىيە ئاپپاراتى (يەككە ئامبۇلاتورىيە بۇنىڭ سىرتىدا)؛ 342 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 217) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 203 (مىللىي 154)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 187. يېزا - كەنتلەردىكى تېببىي داۋالاش ئورنى 46.

2002 - يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى

ئالتاي ۋىلايىتىگە ۋەكىل بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، بىر تۈردە 2 - بولدى، ئاپتونوم رايونلۇق چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، بىر ئالتۇن مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2782 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9351 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە 4648 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 3212 ئىشچى- خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 982 ئادەم ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 7179 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالاش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بۇ بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 4 ى تاماملاندى، ئۇنىڭغا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كۆكتوقاي ناھىيىسى دۆلەت پىلان كومىتېتى يېزا ئىقتىسادىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن شىنجاڭدىكى 3 ئۈچۈر ئالاقە نۇقتىسىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى.

★ 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كۆكتوقاي ناھىيىسىدە 2 - نۆۋەتلىك ئېرتىش دەرياسى مەنبەسى مەدەنىيەت، سەنئەت بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

جاۋ خۇڭمەي

# بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 52 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 28 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 49 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى 13.45‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.25‰. ناھىيە بويىچە 14 مىڭ 210 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2151 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 9082 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە داڭلىق ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى (بۇرۇلتوقاي قويى) بار. ناھىيە تەۋەسىدە سۇ يۈزى 100 مىڭ گېكتاردىن ئاشىدىغان ئۇلۇڭگۇر كۆلى بار. ئۇنىڭدىن بايقال لېئوتىسكۇس بېلىقى قاتارلىق 20 نەچچە خىل بېلىق چىقىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن 16 خىلى بار. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قۇلان، سايىگا بۆكەنى قاتارلىق 4 خىلى بار، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن بۇغا، يىلپىز، قۇندۇز قاتارلىق 12 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن 200 نەچچە خىلى بار. ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، قان تېپەر، توشقان زەدىكى، سوغىگۈلدىن ئىبارەت. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، مانگان، لىتىي رۇدىسى، نېفىت، ئاق چېرىمتال، ياقۇت قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار. ناھىيە تەۋەسىدە ئۇلۇڭگۇر كۆلى ۋە ئالتاي تېغىدىن ئىبارەت 2 چوڭ تەبىئىي مەنزىرىلىك رايون بار؛ كۆل بويىدا سۇ ئۈزۈش مەيدانى، قۇش ئارىلى، بۇرۇلتوقاي ئارامگاھى بار، تاغلىق رايوندا كېپىنەك ئارشاڭ جىلغىسى، غەلىتە تاشلار جىلغىسى، يايلاق، قىزىلتاغ ئېغىزى يۇرتى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭدىن باشقا، ئاجايىپ - غارايىپ ياردائلىق، بىپايان چۆللۈك قاتارلىق مەنزىرىلەر بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ جىدۇڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىسلامغان ئابلاق (قازاق، 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، بازان قۇمار (قازاق، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: مۇراتبېك نۇرغالى (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قايسا ئابدۇماجىن (قازاق 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئىسلامغان ئابلاق (قازاق، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 523 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 194 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 6.4%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 139 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 47.3%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 189 مىليون

310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.2% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 290 مىليون 713 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 13.23% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون 594 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 23 مىليون 997 مىڭ 700 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 169 مىليون 606 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 16 مىليون 516 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 14 مىڭ 480 توننا ئاشلىق، 3106 توننا ياغلىق دان، 18 مىڭ 905 توننا قىزىلچا، 53 توننا مېۋە - چېۋە، 535 توننا ماش - يۇرچاق، 47 مىڭ 989 توننا بېدە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 415 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 9066 توننا گۆش، 867 توننا يۇڭ، 171 مىڭ 400 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 3763 توننا سۈت، 520 توننا تۇخۇم، 3513 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 5762 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 21 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 338 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 67 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

ناھىيىگە تەۋە سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11.3%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 29 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.3% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 10 مىليون 300 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1.03 توننا تەييار جۇۋېيى دورىسى، 29 مىڭ 900 توننا سېمونت، 2020 توننا تۇز، 20 مىليون 430 مىڭ دانە خىش، 15 مىڭ 512 توننا شېكەر، 900 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى، 173 مىڭ 400 كىلوجوئۇل ئىسسىقلىق بىلەن، 540 مىڭ توننا ئورۇۋا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 80.6%كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 44 مىڭ 906 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 39 مىڭ 572 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 84 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 63 مىليون 230 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 4 مىليون 960 مىڭ يۈەن، 4.73 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى. توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 10 مىڭ 44.168 توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 490 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5731گە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 3183كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 4313كە؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 817گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 204 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ھەر خىل سودا بازىرىدىن 3ى بولۇپ، يىللىق يۆتكۈشۈش سوممىسى 27 مىليون 888 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 76 مىڭ دوللار (ھەممىسى ئېكسپورت قىلىنغىنى) غا يەتتى. شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 4ى ئىمزالاندى، سوممىسى 1 مىليون دوللار، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 1 مىليون دوللار. 55 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 8 مىليون 250 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 28 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 40.01%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 104 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.54% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 365 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 323 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 235 مىليون 510 مىڭ يۈەن، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 8 مىليون 694 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 900 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 7 مىليون 794 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 653 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 553 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2454، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 482. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 288 (مىللىي 76)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 881 (مىللىي 441)؛ ئادەتتىكى

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 3932 (مىللىي 2110)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 5808 (مىللىي 3266). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1062 (مىللىي 572). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 91%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 72%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 3000غا يەتتى.

ناھىيە بويىچە 12 سەھىيە ئاپپاراتى؛ 368 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 173) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 223 (مىللىي 123)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 165. يېزا - كەنتلەردىكى تىببىي داۋالاش نۇقتىسى 60.

شۇ يىلى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرىدىن ئولانبېك شىنجاڭ كوماندىسىغا ۋەكىل بولۇپ مەملىكەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر چېلىشىش مۇسابىقىسىدا بىر مىس مېدال ئالدى. ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇساپىغا يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسى گۇ مىڭ دۆلەتلىك ماھىر تەنھەرىكەتچى نامىغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2798.74 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 351 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 16.4 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15.59 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 4890 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2975 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشتىكى، پېنسىيىگە چىققان 722 ئادەم پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5255 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

مۇھتاج بولغىنىنى تۈزەش تۈرىدىن 2سى ئاماللاندى، بۇنىڭغا 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇش تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

★ 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە ئۈنجى نۆۋەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى.

★ 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە، تەبىئىي ئوتلاقلارنى قاشالاشتا خەبەردار چاقىرىش يىغىنى ئېچىلدى. خەبەردار چاقىرىلغان تۈرلەر بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ سارقۇم، چىپار ئۆي، ئاقدالا، سار بۇلاق قاتارلىق رايونلارغا جايلاشقان. قاشالاش كۆلىمى 26 مىڭ 400 گېكتار، بۇنىڭغا 12 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. خەبەردار بولۇشقا قاتناشقان ئورۇن 18. خەبەردار چاقىرىلغان قۇرۇلۇش 5 بۆلەككە بۆلۈنگەن، 1 - بۆلەككە بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك جىيەنئەن چەكلىك شىركىتى خەبەردار بولدى، قالغان 4 بۆلەككە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 4 شىركەت خەبەردار بولدى.

★ 2002 - يىلى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

چېن گاڭ

# قابا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قابا ناھىيىسى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 673 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 75 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 53 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 52 مىڭ 100؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.96‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.58‰. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 880 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 370 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1460 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق سوغۇق كىلىماتقا كىرىدۇ.

قابا ناھىيىسىنىڭ سۇ بايلىقى مول، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 10 مىليارد 38 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 528 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. قابا ناھىيىسى شىنجاڭدىكى مۇھىم ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى، ناھىيە بويىچە 119 مىڭ 400 گېكتار ئورمان، 540 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، بۇغا، قارا بۆلغۈن، ئىپار چاشقىنى، قانداغاي، قۇندۇز قاتارلىقلار بار. تەبىئىي بېلىقلاردىن سىبىرىيە ئوستىر بېلىقى (سىبىرىق بېلىق)، تايمېن بېلىقى (چولاق قىزىل بېلىق)،

براخىسستاكىس بېلىقى (كىچىك قىزىل بېلىق)، چوڭ ئاق بېلىق ئېرتىش دەرياسىدىكى داڭلىق بېلىق خىللىرى ھېسابلىنىدۇ. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، قۇرتئوت، سوغىكۆل، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 200 نەچچە خىلى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، ئالتۇن، كۆمۈش، قوغۇشۇن، سىنك قاتارلىقلار بار. ئاشلى مىس كېنىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان مىس زاپىسى 1 مىليون 80 مىڭ توننا، قوغۇشۇنلۇق سىنك 430 مىڭ توننا، بىللە ھاسىل بولغان ئالتۇن 26 توننا. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن ئاق قابا دۆلەت ئورمان باغچىسى، ئاق قېيىنزارلىق، قۇم كۆل قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قابا ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىنيۇ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كېرىمولىك نۇرغالى (قازاق).

ھاكىم: قابەۋل ماكمۇن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نۇغمار سانسىزباي (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 352 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 181 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %8.5؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 79 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %44.7؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 92 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.1 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 241 مىليون 245 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %10 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 122 مىليون 800 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 19 مىليون 256 مىڭ 300 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 98 مىليون 660 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 528 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 46 مىڭ 260 توننا ئاشلىق، 3504 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 449 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى، 11 مىڭ 414 توننا گۆش، 582 توننا يۇڭ، 242 مىڭ 300 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 11 مىڭ 25 توننا سۈت، 331 توننا تۇخۇم، 90 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 4673 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ، ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا بازار كارخانىسى 4122گە، مەھسۇلات قىممىتى 275 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 76 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 19 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 42 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 157 مىليون 651 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %9.6، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 33 مىليون 354 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.93 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 225.88 كىلوگرام ئالتۇن، 10 مىڭ توننا سېمونت، 24 مىليون دانە خىش، 880 توننا ئاق ھاراق، 2200 توننا يۇغداي ئۇنى، 2 مىليون 793 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98.5كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 55 مىڭ 201 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 71 مىڭ 773 كۋادرات مېتىرغا (2001 - يىلى پۈتمەي قالغان تۈرلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 166 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 156 مىليون 650 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 4 مىليون 910 مىڭ يۈەن. ھەر يىلدا زايوم مەبلىغى سېلىنغان تۈرلەردىن، چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 390 مىڭ يۈەن، تەبىئىي ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇشقا 6 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تۈزەش تۈرىگە 6 مىليون 200 مىڭ يۈەن، تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ، ئورمان بەرپا قىلىش، قاقاس تاغدا ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن 27 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى. توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 636 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 19 مىليون 5000 ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە ، يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 6851گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 6300گە؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 156گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 113 مىليون 640

مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 49 مىليون 793 مىڭ يۈەن. ھەر خىل تاۋار سودا بازىرىدىن 4 ى بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 9 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 29 مىڭ 600 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 550 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 16 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %23.4؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 108 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15 ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 237 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە؛ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 340 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 160 مىليون 30 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 6 مىليون 300 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 760 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 480 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 - يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2991 (كارخانىلاردىكى تېخنىكا خادىملىرى بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 511. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 2505 (مىللىي 1417)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 3675 (مىللىي 2930)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 45، ئوقۇغۇچىسى 8680 (مىللىي 6355). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1346 (مىللىي 1003). بالىلار باغچىسى 5، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 20. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96.94كە، تېلېۋىزىيەنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90.05كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتى 2700گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 21 سەھىيە ئاپپاراتى، 441 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 330) بار. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 247 (مىللىي 185)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 152، يېزا - كەنتلەردىكى تىببىي داۋالاش نۇقتىسى 65.

### خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى قابا ناھىيىسىدىكى يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2697 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 190 يۈەنگە يەتتى. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 5340 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 2544 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشتا، پېنسىيىگە چىققان 738 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 6032 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 5 ى تاماملاندى. بۇنىڭغا 1 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 0.24 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 2 سى بەرپا قىلىندى، مۇھىتنىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون بىر بولۇپ، كۆلىمى 48 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ئىزاھ: يۇقىرىقى سان - سانائلاردىن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدىن باشقىلار، بىڭتۈەن 186 - تۈەن مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

★ 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 30 مىنۇت قاتتىق مۆلدۈر يېغىپ، قابا ناھىيىسى ساربۇلاق ۋە كۆلبويى يېزىلىرىدىكى 23 مەمۇرىي كەنتنىڭ 1733 گېكتار يېرىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئاپەتكە ئۇچراپ پەقەت ھوسۇل ئېلىنمىدى، 13 مىليون يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

★ 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىدا بۇرچىن - قابا تاشيولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى. بۇ قۇرۇلۇش شۇ يىلى 4 - ئايدا باشلانغانىدى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، «S227» لىنىيىسىنىڭ يول يۈزى ئەسلىدىكى 3 - دەرىجىدىن 2 - دەرىجىلىك قاراماي يولغا كۆتۈرۈلدى، قۇرۇلۇشقا 81 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 2002 - يىلى قابا ناھىيىسىدە، بازار ئېھتىياجىغا قاراپ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ناھىيە بويىچە 4000 گېكتار يەرگە سېرىق پۇرچاق تېرىلدى، مەھسۇلاتى 12 مىڭ توننىدىن ئاشتى. سېرىق پۇرچاقتىن ئىبارەت بىر تۈردىلا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 252 يۈەن كۆپەيدى.

ۋاڭ جىشىن

## چىڭگىل ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

چىڭگىل ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكىگە

جاپلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 530 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 54 مىڭ 961 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 44 مىڭ 944)، يېزا نوپۇسى 44 مىڭ 690؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.68%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.19‰. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 194.6 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9868.8 گېكتار يەرگە زىرائەت تېرىلدى، 4815.7 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 329 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت، 4723.6 گېكتار يەرگە يەم - خەشەك تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى سوغۇق قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

چىڭگىل ناھىيىسى تەۋەسىدە 20 نەچچە خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن قۇندۇز، تاغ ئۆچكىسى، قارا بۇلغۇن، قار بويۇن تۇرنا، ئاق لەيلەك قاتارلىقلار؛ دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن جەرەن، بۇغا، ئاق توشقان، سۇلەيسۇن قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقى چاكاندا، قار لەيلىسى، گۈلساساق، چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، قۇچاقۇل، توشقان زەدىكى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، چىرىمتال، كېپەك ئالتۇن، ياقۇت، ھاك تېشى، مەرمەر، گرانىت تاش، سېرىپېنتىن قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە سېرىپېنتىن رۇدىسىنىڭ زاپىسى شىنجاڭ بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە بۈرگىن قۇندۇز تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، بەيتىك تېغى توم تۇياقلىق ھايۋاناتلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن ئىبارەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان 2 رايون بار. سەيلىگاھلاردىن سەنداۋخەيزى قەدىمىي قەبرىستانلىقى، ئەرتەي يەر تەۋرەش ئۈزۈلمە بەلۋىغى، سېرىق لاتقىلىق ساھىلدىكى تاشقا ئايلانغان كىرىمنېيلىق ياغاچ قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چىڭگىل ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ يۈيجۇڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوڭغاربېك قاشىلەن (قازاق، 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، قۇرمانبېك نايمانبېك (قازاق، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: بايموڭغۇل رىيىسقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قۇرمانبېك نايمانبېك (قازاق، 12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئوڭغاربېك قاشىلەن (قازاق، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 278 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 126 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 5.1% تۆۋەنلىدى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 51 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 44%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 99 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11% ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 155 مىليون 135 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن 3.31% تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليون 691 مىڭ 500 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 5 مىليون 561 مىڭ 500 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 102 مىليون 776 مىڭ 600 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 106 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 22 مىڭ 575 توننا ئاشلىق، 195 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 399 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 6666 توننا گۆش، 368 توننا يۇڭ، 169 مىڭ پارچە كالا، قوي تېرىسى، 3850 توننا سۈت، 42 توننا تۇخۇم، 15 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 2271 گېكتار (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ، ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 2379 غا، مەھسۇلات قىممىتى 164 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 29 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 14 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 25 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 7.7%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 11 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.7% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 9 مىليون 800 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 15 مىڭ توننا كۆمۈر، 24 توننا يېڭى توڭلىتىلغان گۆش، 2800 توننا بۇغداي ئۇنى، 27 مىڭ كۇۋادرات مېتىر تاش تاختا ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 89.7% كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 25 مىڭ 650 كۇۋادرات

مېتىرغا يەتتى، بۇ ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يىلى پۈتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 69 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 57 مىليون 610 مىڭ يۈەن. 86.5 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 33 مىليون 40 مىڭ توننا. كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 22 مىليون 70 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 5350كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 1835كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 2982گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 147گە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 77 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا بازىرى بىر بولۇپ، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 801 مىڭ دوللارغا يەتتى. شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 4نى ئىمزالاندى، سوممىسى 1 مىليون 244 مىڭ دوللار. ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 1 مىليون 244 مىڭ دوللار. 16 مىڭ 347 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 250 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 5 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 18.8%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 87 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.17% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 150 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 127 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 100 مىليون 770 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 770 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 690 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 280 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2112، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 451. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 837 (مىللىي 550)؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 4534 (مىللىي 3807)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 7578 (مىللىي 6436). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 914 (مىللىي 701). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بالىلار باغچىسى 2، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 36. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 91.67%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 86.67%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2500گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى (يەككە ئامبۇلاتورىيەلەر بۇنىڭ سىرتىدا)؛ 226 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 196) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 110 (مىللىي 85)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 160. يېزا ـ كەنتلەردىكى داۋالاش نۇقتىسى 23.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 ـ يىلى چىڭگىل ناھىيىسى بويىچە بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3083 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2968 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2247 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 2010 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 13 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 3927 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1828 ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 490 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 5033 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

★ 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە نىكاھ، پەرزەنتلىك بولۇش يېڭى ئىستىلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە ئېلىپ كىرىشتىكى ئىلغار يېزا دېگەن نام بېرىلدى.

★ 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چىڭگىل ناھىيىلىك تاشيول ئۇچاستىكىسىنىڭ ۋېيدۇڭ يول ئاسراش پونكىتى دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار ئورنى بولۇپ باھالاندى.

★ 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ

جۇڭگو - موڭغۇلىيە پورتىدىكى سودا شەھەرچىسى يۈتتى. يۈنىڭغا 4 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدى، بۇ مال سېتىۋېلىش، ئىش بېجىرىش، ئاۋار ئۆي بىر گەۋدە قىلىنغان خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئۇنىۋېرسال مال سېتىۋېلىش مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

دۇ خۇا

# جىمنەي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

جىمنەي ناھىيىسى ساۋۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 628 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2002 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 - شىسىنىڭ 186 - تۇەن - مەيدانى ناھىيىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 36 مىڭ 957 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 23 مىڭ 430)، يېزا نوپۇسى 21 مىڭ 662؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.92‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.65‰. ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2800 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1033 گېكتار يەرگە ياغلىق دان زىرائىتى، 3670 گېكتار يەرگە باشقا زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تېپىدىكى سوغۇق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 96 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 72 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 23 مىڭ 957.3 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2.91%. 595 مىڭ 800 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن 34 خىلى بار. دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن يىلپىز، قارا بۈلغۈن، ياۋا تۆگە، ئاق لەيلەك قاتارلىقلار، دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن ئوتلاق مۈشۈكى، سىلەۋسۈن، مولۇن، بۈغا، ئارقار، كۆكمەت قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈك 157 خىل، ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، سوغىگۇل، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار. قېزىلما بايلىقلاردىن 10 تۈر 28 خىلى، 107 كان ئورنى بار. ھازىر ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقانلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، تەبىئىي شۈلتا، مەرمەر، سېغىز، شور، گەج قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە 10 نەچچە سەيلىگاھ، گۇمانىستارلىق ئاسار ئەتىقە مەنزىرە رايونى (ئۆلكىسى)، توقاي قوراس قىياتاش رەسىملىرى، سىتتاس كۆلى، قىزىل قايىن كىچىك بوھۇزماقلىق قىزىل قىيىن ئورمانلىقى، لاستى دەرياسى ۋادىسى سالقىنداش ساياھەت رايونى، مۇزتاغ قاتارلىقلار بار. چېگرا رايوندا دۆلەتنىڭ 1 - خىلدىكى پورت — جىمنەي پورتى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىمنەي ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دەي جيەنشىن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۆلەمقان جاپپارباي (قازاق).

ھاكىم: پولات بېكدۇللا (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مىڭغالى ئومار (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 290 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 83 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %8.3؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 67 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.1؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 139 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 61 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %17.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 739 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 3 مىليون 62 مىڭ 800 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 76 مىليون 154 مىڭ 300 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 105 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 14 مىڭ 988 توننا ئاشلىق، 2360 توننا ياغلىق دان، 45 توننا كۆكتات، 28 توننا قارا گازىر، 65 توننا تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 279 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 4739 توننا گۆش، 329 توننا يۇڭ، 126 مىڭ 800 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 2780 توننا سۈت، 178 توننا تۇخۇم، 14 توننا بېلىق ئېلىندى. 1686.67 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ، ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەمنى شۇنىڭ ئىچىدە). ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 681گە، مەھسۇلات قىممىتى 81 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، ساپ

پايدىسى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 14 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 71 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 6.9% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 11 مىليون 216 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1.28% تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 7 مىليون 330 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 49 مىليون 401 مىڭ 600 توننا (نوھاي كۆمۈر كېنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) كۆمۈر، 28 مىڭ 400 توننا سېمونت، 6 مىليون دانە خىش، 400 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى، 80 توننا ئاق هاراق، 2700 توننا ئۇن، 90 توننا مۇز يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 94.5% كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 821 مىڭ 500 يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 11 مىڭ 247 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 11 مىڭ 256 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 164 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 141 مىليون 700 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن 8.06 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 65 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 645 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 804 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 974 مىڭ 600 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 2353 كە، يېزىلاردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 1674 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 4100 گە؛ ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 100 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 64 مىليون 12 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 24 مىليون 491 مىڭ يۈەن، ئاۋار سودا بازىرى بىر بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 10 مىليون 61 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 21 مىڭ 900 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 17 مىڭ دوللار. 10 مىڭ 300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 137 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 5 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 12.3% ؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 85 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.2% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 68 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 152 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 108 مىليون 70 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 468 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 780 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 688 مىڭ يۈەن؛ تۈرلۈك تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 328 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 995 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 333 مىڭ يۈەن.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2002 ـ يىلدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1692، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 478. ئوتتۇرا مەكتەپ 8 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 6)، ئوقۇغۇچىسى 6640 (مىللىي 4861)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 7 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 3649 (مىللىي 2785)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 192. ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 742 (مىللىي 544). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 1 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 11. ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جېمسەنەي ناھىيىسىنىڭ باشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 95% كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتى 2400 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 10 سەھىيە ئاپپاراتى: 188 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 165) بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 109 (مىللىي 62)؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 84. يېزا ـ كەنتلەردىكى تېببىي داۋالاش نۇقتىسى 23.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 ـ يىلى جېمسەنەي ناھىيىسى بويىچە بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 3627.3 يۈەنگە، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1978 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8167 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىلىرىنىڭ

ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19.7 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 14.4 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 3059 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 1570 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 621 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 4535 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

ئىزاھ: نوپۇس سانى، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 186 - تومن - مەيدانىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قالغان تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

★ 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جېمىنەي پورتى 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلدى.

★ 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جېمىنەي ناھىيىسى قازاقىستاننىڭ زايسان ناھىيىسى بىلەن دوست ناھىيە قۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىدى ھەم ساياھەت - سودا، يېڭى تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى قاتارلىق ئىقتىسادىي كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى.

★ جېمىنەي پورتىنى 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىش ھەم ئىقتىساد - سودا سۆھبىتى تاۋار يەرمەنكىسى جېمىنەي ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. يەرمەنكە زالىدا 80 كۆرگەزمە ئورنى تەسىس قىلىنىپ، قازاقىستان، روسىيىلەر ئېھتىياجلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىدىن 22 خىلى، 8 خىل ماشىنا ۋە باشقا تاۋارلارنىڭ رەسىملىرى كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

★ 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جېمىنەي ناھىيىسىدە ئالاھىدە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، 70 مىليون 800 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

ليۇ شيۇشيا، ۋاڭ لىگجى

## شىخەنزە شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

شىخەنزە شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ماناس دەرياسى بويىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 150 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 145 كىلومېتىر كېلىدۇ.

2002 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار بىر، يېزا بىر. شەھەر رايونىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 299 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 23 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 61 مىڭ 100؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %8.06، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %4.91. شەھەر بويىچە 33 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 4100 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 17 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

شىخەنزىنىڭ سۇ بايلىقى بىر قەدەر مول، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 530 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان مىقدارى 300 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شەھەرنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى %40، ئوتتۇرىچە جامائەت كۆكلەمزارلىقى 8 كۋادرات مېتىر. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن شىخەنزىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق جايدا قازاق قارلىق تاغ ئوتلىقى ساياھەت رايونى، بايىن تاغلىق كەنتى ئېكولوگىيىلىك مەنزىرە رايونى، 2002 - يىلى قۇرۇلغان دۆلەتلىك AA دەرىجىلىك ساياھەت رايونى — شىخەنزە شىمالىي كۆل باغچىسى، جۇڭبىنلەي زۇڭلى خاتىرە مۇنارى، «ئاق تېرەك تاغلىق كەنتى» ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ساياھەت رايونى قاتارلىقلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىخەنزە شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ما رۇڭ.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما رۇڭ.

شەھەر باشلىقى: سۇڭ جىگو.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قېدىرقان ئاقمەت (قازاق).

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2002 - يىلى شەھەر بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 243 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 302 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %17.5؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.3؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 540 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.7 ئاشتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 609 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 580 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %20.8 ئاشتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 27 مىڭ 700 تونna ئاشلىق، 29 مىڭ 200 تونna پاختا، 1886 تونna ياغلىق دان،

4051 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 85 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 6126 توننا گۆش، 49 توننا يۇڭ، 1184 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 7238 توننا سۈت، 2584 توننا تۇخۇم، 2429 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 262 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 81 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 170 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 11.7%، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 46 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.5% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 888 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 30 مىڭ 300 توننا ئۇن، 20 مىليون 899 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 2999 توننا تەييار يېمەكلىك، 21 مىڭ 549 توننا سۇ يېغى، 295 توننا سۈت ياسالمىسى، 65 مىڭ 689 توننا كونسېرۋا، 22 مىڭ 396 توننا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 93.5%كە، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 102 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 462 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 316 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 212 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 295 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 431 مىليون يۈەن. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: 9.94 كىلومېتىر شەھەر يولى كېڭەيتىلدى، 20 مىڭ توننا سۇلياۋ ياسالما، 4900 توننا سۇلياۋ تۇرۇبا شەكىللىك ماتېرىيال، 150 مىڭ توننا سېمونت، 20 مىڭ توننا كۆيەدۇرگۈچى ئىشقار، 30 مىڭ توننا فابرىكا قەغىزى ئىشلەپچىقىرىلدى. گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمى 72 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى. شەھەر 55 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى، تۇرۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100%كە، شەھەر رايونىنى كۈنىگە سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى 218 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى. سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەتكۈچىلەر 64 مىڭ 900 ئائىلىگە، گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 4560 توننىغا، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 5 مىليون 760 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ھەر خىل قاتناش ۋاسىتىلىرىدا توشۇلغان يۈك 7 مىليون 630 مىڭ توننىغا، توشۇلغان يولۇچى 6 مىليون 200 مىڭغا، ئاممىۋى قاتناش ئاپتوموبىلى 305كە، شەھەردىكى كىرا ئاپتوموبىلى 1369غا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 32 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 147 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەردىكى مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 112 مىڭ 200گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 137 مىڭ 100 گە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 9109غا، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 340 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 80 مىليون 770 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 29 مىليون 70 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 51 مىليون 700 مىڭ دوللار. شۇ يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 4ى ئىمزالاندى، سوممىسى 28 مىليون 50 مىڭ دوللار، ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاستە سالغان مەبلەغ 24 مىليون 450 مىڭ دوللار. شۇ يىلى 1 مىليون 233 مىڭ 300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 105 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 222 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن 1.8%؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 290 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.21% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 5 مىليارد 287 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 8 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 51 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 105 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 21 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە بېرىلگەن پۇل 9 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىخەنزىدىكى دۆلەت كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 29 مىڭ 900 (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىدىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يەتتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 ئادەم ئىچىدە ئۇنۋانى بار ئادەم 5. شۇ يىلى 60 پارچە پاتېنت ئىلتىماس سۇنۇلدى، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا 747 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. يىل ئاخىرىدىكى ھەر خىل مەكتەپ 118، ئادەتتىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 114 مىڭ 185، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 738، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5024، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 36 مىڭ 467، باشلانغۇچ مەكتەپ

ئوقۇغۇچىسى 57 مىڭ 956. بالىلار باغچىسى 44، باغچىدىكى بالا 14 مىڭ 200. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 791. مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھەر خىل مۇسابىقە پائالىيەتلىرىدە ھەر دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلار 155 تۈردە، ئوقۇغۇچىلار 2101 تۈردە مۇكاپات ئالدى. شەھەر بويىچە 2 سەنئەت ئۆمىكى بار، شۇ يىلى تۈرلۈك شەكىلدە 170 قېتىم ئويۇن قويۇلدى، 310 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئويۇن كۆردى. شەھەر بويىچە بىر مەدەنىيەت سارىيى، بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، بىر ئارخىپخانا بار. يىل ئاخىرىدا رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 35 دوختۇرخانا، 8 ئامبۇلاتورىيە، 4465 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 4050 كارىۋات بار.

شۇ يىلى دۆلەت، ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەندە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى 17 ئالتۇن مېدال، 22 كۈمۈش مېدال، 17 مىس مېدال ئالدى. بىر ئادەم دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى، 45 ئادەم دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى، 35 ئادەم دۆلەتلىك 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2002 - يىلى شىخەنزە شەھىرى بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6666 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4392 يۈەنگە؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3905 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 182 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15.4 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 54 مىڭ 900 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 67 مىڭ 300 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 148 مىڭ 500 ئادەم ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى، بۇنىڭغا 6 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون بىر بولۇپ، كۆلىمى 23.4 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. شەھەر رايونىدا گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدى، نىترىتلار - ئوكسىدلار، دانىچە ماددىلار، تەبىئىي چاڭ - توزاندىن ئىبارەت 4 چوڭ كۆرسەتكۈچ ۋە مۇھىت شاۋقۇنىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى، قاتناش شاۋقۇنىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلدى.

★ 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىخەنزە شەھىرى تۇنجى نۆۋەتلىك دۆلەتلىك ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

★ 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى شىخەنزىگە دۆلەت بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر دەپ نام بەردى.

★ 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىخەنزە شەھىرىگە مەملىكەت بويىچە خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر دەپ نام بېرىلدى.

★ 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىخەنزە شەھىرى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار شەھەر دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

جۇ مېيلىڭ

# شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ مەسئۇللىرى

پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: ۋاڭ لېچۈەن (قوشۇمچە).

شۇجىسى: چېن دېمىن.

مۇئاۋىن شۇجىسى: جاڭ چىڭلى.

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: ۋاڭ لېچۈەن، چېن دېمىن، جاڭ چىڭلى، قۇربان ئەرشىدىن، جۇ جيەنفەن، خۇ جاۋجاڭ، كاڭ كېجيەن، مەتتىمىن ئابدۇرېھىم، خۇا شىفېي، جياڭ شەن (ئاپال)، خۇاشى، ئالپىسباي راقىم (قازاق)، ليۇ شىنچى، جەي شياۋخېڭ، ۋاڭ جۇڭجيۇ، ما رۇڭ.

قوماندان: جاڭ چىڭلى.

بىرىنچى سىياسىي كومىسسارى: ۋاڭ لېچۈەن (قوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسارى: چېن دېمىن.

مۇئاۋىن قوماندانلار: قۇربان ئەرشىدىن، جۇ جيەنفەن، خۇ جاۋجاڭ، كاڭ كېجيەن، خۇاشى، ئالپىسباي راقىم (قازاق)، ليۇ شىنچى.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: مەتتىمىن ئابدۇرېھىم، خۇا شىفېي، جياڭ شەن (ئاپال).

ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىڭتۇەن شۆبىسىنىڭ باشلىقى: سۇن شۈچى (رۇس)

مۇئاۋىن باشلىقلىرى: يۈ يۈتاڭ، ئىسمائىل قۇربان، لى چىڭ، خې لىجياڭ

بىڭتۇەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: لۇ ۋېندې؛ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى: ئوراز قالى (قازاق)، جاڭ جيەنگو، لى دورېن.

### ئومۇمىي ئەھۋالى

2002 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە تۇغۇلغان نوپۇس 18 مىڭ 200، تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.4‰، ئۆلگەنلەر 9800، ئۆلۈش نىسبىتى 4‰، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3.4‰ بولدى. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 2 مىليون 501 مىڭ 200. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 691 مىڭغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 0.5% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 629 مىڭ 500 بولۇپ، 1.7% ئازايدى. يىل ئاخىرىدا ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئايرىلغان، لېكىن ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغان ئىشچى - خىزمەتچى 66 مىڭ 800. شەھەر - بازارلاردا تىزىمغا ئېلىنغان ئىشسىزلىق نىسبىتى 3.1%.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 22 مىليارد 255 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 13.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 636 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.3%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 599 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.1%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.5% ئاشتى. 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 34.3%، 2 - كەسىپنىڭ 29.7%، 3 - كەسىپنىڭ 36% بولدى.

1. يېزا ئىگىلىكى ئۇ يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليارد 331 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 18.7% ئاشتى.

تېرىقچىلىق دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلغان يەر كۆلىمى 924 مىڭ 900 گېكتارغا يېتىپ، 0.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 221 مىڭ 900 گېكتارغا يېتىپ، 2.4% ئاشتى؛ كېۋەز كۆلىمى 437 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، 3.4% ئازايدى؛ ياغلىق دان كۆلىمى 57 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ، 4.9% ئاشتى؛ قىزىلچا كۆلىمى 24 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، 10.3% ئازايدى؛ ئېلىنغان ئاشلىق 1 مىليون 309 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 11.6%؛ پاختا 796 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، 24.6%؛ ياغلىق دان 131 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 12% ئاشتى؛ قىزىلچا 1 مىليون 465 مىڭ 100 توننا بولۇپ، 7.3% ئازايدى؛ كۆكتات 2 مىليون 235 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 74.1% ئاشتى.

باغ - ئورمان كەسپى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 49 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 158.7% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ بەرپا قىلىنغان ئورمان 26 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، 4.3 ھەسسە، ئېلىنغان مېۋە - چېۋە 303 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 21.4% ئاشتى.

چارۋىچىلىق    يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 5 مىليون 614 مىڭ 200 تۇياققا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %11.8 كۆپەيدى؛ چىقىم قىلىنغان چارۋا 3 مىليون 723 مىڭ 500 تۇياققا يېتىپ، %12.1 ئاشتى. گۆش 156 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %12.4؛ يۇڭ 10 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %7.9؛ سۈت 111 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %14.2؛ تۇخۇم 32 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %10.6 ئاشتى.

بېلىقچىلىق    سۇ مەھسۇلاتى 16 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %19.7 ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش    بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2 مىليارد 30 مىليون ۋاتقا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %7.3 ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 18 مىڭ 700 گە يېتىپ، %3.4؛ كىچىك تراكتور ۋە قول تراكتورى 27 مىڭ 100 گە يېتىپ، %8.9 ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 8826 گە يېتىپ، %33.9؛ كومبايىن 1422 گە يېتىپ، %11 ئاشتى. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلگەن خىمىيۋى ئوغۇت 666 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %1.2؛ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلگەن توك 1 مىليارد 189 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %9.2 ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 972 مىڭ 200 گېكتار بولۇپ، %3.8 ئازايدى.

بىڭتۇەنگە قاراشلىق شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئايروپىلانى 35 كە يەتتى، بىر يىلدا ئورۇندالغان ئۇچۇش ۋەزىپىسى 5605 سائەت بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %10.3 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئۇچقان ۋاقىت 4313 سائەت بولۇپ، %13.7 ئازايدى؛ 33 مىڭ 900 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچتى ۋە قوندى. ئايروپىلان بىلەن ئورۇندالغان مەشغۇلات كۆلىمى 243 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى.

سۇچىلىق    سۇچىلىق، سۇ ئېلېكترى قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 257 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 95 مىڭ 291 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مىڭ 87 كىلومېتىر. يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنىلاشقان قۇدۇق 494. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 11 مىليارد 615 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكى تەمىنلەنگەن سۇ مىقدارى 11 مىليارد 452 مىليون كۇب مېتىر، سانائەت تەمىنلەنگەن سۇ مىقدارى 76 مىليون كۇب مېتىر. سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق تەمىنلەنگەن سۇ مىقدارى 6 مىليارد 246 مىليون كۇب مېتىرغا، سۇ ساقلاش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق تەمىنلەنگەن سۇ مىقدارى 4 مىليارد 160 مىليون كۇب مېتىرغا، ماشىنىلاشقان، ئېلېكترلەشكەن قۇدۇق ئارقىلىق تەمىنلەنگەن سۇ مىقدارى 1 مىليارد 105 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

2. سانائەت    يارىتىلغان سانائەت قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 198 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %10.5 ئاشتى؛ ئورۇندالغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 401 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يېنىك سانائەتنىڭ 7 مىليارد 241 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.5؛ ئېغىر سانائەتنىڭ 4 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.8؛ دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ 6 مىليارد 782 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.1؛ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ 376 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26.1؛ يەككە ئىگىلىكىنىڭ 896 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12؛ باشقا ئىگىلىكنىڭ 3 مىليارد 347 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.2 ئاشتى.

ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 3 مىليون 712 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %10.2؛ تارقىتىلغان توك 1 مىليارد 919 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %6.9؛ بوغداي ئۇنى 291 مىڭ توننىغا يېتىپ، %32.5 ئاشتى. سۈزۈك يېغى 157 مىڭ 100 توننا بولۇپ، %2.3 ئازايدى؛ زاۋۇت شېكىرى 135 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %1.5 ئاشتى؛ ئارىلاشما يەم - خەشەك 273 مىڭ 500 توننا بولۇپ، %2.9 ئازايدى؛ پەمىدۇر قىيامى 209 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 1.58 ھەسسە ئاشتى؛ ئىچىملىك ھاراق 53 مىڭ 300 توننا بولۇپ، %0.7 ئازايدى؛ ئۈزۈم ھارىقى 8200 توننىغا يېتىپ، %20.5؛ سۇيۇق ئىسمولىس 11 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %58.5؛ ساپ پاختا 807 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %34.2 ئاشتى؛ پاختا يىپ 106 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %1.7، رەخت 89 مىليون مېتىر بولۇپ، %26.2 ئازايدى؛ كىيىم - كېچەك 3 مىليون 957 مىڭ 700 قۇرغا يېتىپ، %14.1 ئاشتى؛ يۇڭ يىپ 60 توننا بولۇپ، %61 ئازايدى؛ قەغەز بوتقىسى 39 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %21.8؛ فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەندىركە 56 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، %23.6؛ كوكس 174 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %15.7 ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان خىمىيۋى ئوغۇت 192 مىڭ توننا بولۇپ، %25.7 ئازايدى؛ تەييار جۇڭيى دورىسى 1340 توننىغا يېتىپ، %34.8 ئاشتى؛ سۇلياۋ پاسالما 84 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %22 ئازايدى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان

سۇلياۋ يوپۇق 36 مىڭ توننا بولۇپ، %34.8 ئازايدى؛ سېمونت 2 مىليون 282 مىڭ 300 تونىغا يەتتى، %17.4 ئاشتى؛ خىش 1 مىليارد 613 مىليون دانە بولۇپ، %10.9 ئازايدى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يەتتى، %14.9؛ تىجارەت كىرىمى 5 مىليارد 246 مىليون يۈەنگە يەتتى، %21.2 ئاشتى؛ قوشۇلما قىممەت 1 مىليارد 769 مىليون يۈەنگە يەتتى، %14.4؛ پايدا، باج 833 مىليون يۈەنگە يەتتى، %7 ئاشتى.

3. قاتناش - ترانسپورت 2002 - يىلى توشۇلغان يولۇچى 63 مىليون 28 مىڭغا يەتتى، 2001 - يىلدىكىدىن %6.2 ئاشتى؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 820 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى، %3.5؛ توشۇلغان يۈك 72 مىليون 291 مىڭ تونىغا يەتتى، %53.3؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 330 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يەتتى، %4.1. ئاھالىلەر ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىل 37 مىڭ 186 گە يەتتى، %6.2 ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوبۇس 16 مىڭ 968 گە يەتتى، %14.6؛ يۈك ئاپتوموبىلى 19 مىڭ 59 غا يەتتى، %3.7 كۆپەيدى.

تاشيول ترانسپورتىدىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليارد 770 مىليون يۈەنگە يەتتى، 2001 - يىلدىكىدىن %3.8 ئاشتى؛ دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ %36.8 ئازايدى، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ %11.8، ياي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ 1.2 ھەسسە ئاشتى. بەككە تاشيول ترانسپورت كەسپى مۇقىم تەرەققىي قىلدى، ئۇنىڭ بازاردىكى ئۈلۈشى سەل ئاشتى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى بىڭتۇەن بويىچە %61.6 نى ئىگىلەپ، 4.3 پىرسەنت يۇقىرىلىدى، يۈك ئوبوروت مىقدارى %86.2 نى ئىگىلەپ، 7 پىرسەنت يۇقىرىلىدى ئاشتى، توشۇلغان يولۇچى 50 مىليون 820 مىڭغا يەتتى، %12.8؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 740 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى، %11.3؛ توشۇلغان يۈك 41 مىليون 247 مىڭ تونىغا يەتتى، %12.1؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 870 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يەتتى، %13.4؛ ترانسپورت كىرىمى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى، %11.8، ساپ كىرىمى 540 مىليون يۈەنگە يەتتى، %22.9 ئاشتى.

4. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى ۋە بىناكارلىق تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليارد 461 مىليون يۈەنگە يەتتى، 2001 - يىلدىكىدىن %19.6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليارد 235 مىليون يۈەنگە يەتتى، %12.4 ئاشتى؛ كوللېكتىپ ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون يۈەن بولۇپ، %78 ئازايدى؛ يەككە ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 620 مىليون يۈەنگە يەتتى، %101.2؛ باشقا ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 604 مىليون يۈەنگە يەتتى، %45.6 ئاشتى. سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد 872 مىليون يۈەنگە يەتتى، %26.5؛ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 454 مىليون يۈەنگە يەتتى، %2.7؛ ئۆي - زېمىنغا سېلىنغان مەبلەغ 550 مىليون يۈەنگە يەتتى، %6.8 ئاشتى.

مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرىغا سېلىنغان مەبلەغ 350 مىليون يۈەنگە يەتتى، %20.7؛ تاشيول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 403 مىليون يۈەنگە يەتتى، %61.3؛ ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 257 مىليون يۈەنگە يەتتى، %22؛ يېزا ئىلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 732 مىليون يۈەنگە يەتتى، %38.1 ئاشتى؛ سودا، ئاشلىق سودا قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 287 مىليون يۈەن بولۇپ، %25.3؛ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 905 مىليون يۈەن بولۇپ، %23.5 ئازايدى.

2002 - يىلى دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. كارخانىلارنىڭ ئۆزى مەبلەغ غەملىشى يەنىلا مەبلەغ سېلىشتىكى ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدى، پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى كۆپەيدى. شۇ يىلى قۇرۇلۇش مەبلىغى سوممىسى 10 مىليارد 432 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت خام چوتىدىكى مەبلەغ 2 مىليارد 573 مىليون يۈەن، ئىچكى قەرز پۇل 1 مىليارد 274 مىليون يۈەن، زايوم 138 مىليون يۈەن، پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 830 مىليون يۈەن، ئۆزى غەملىگەن مەبلەغ 4 مىليارد 377 مىليون يۈەن، باشقا مەبلەغ 1 مىليارد 987 مىليون يۈەن.

ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1 - كەسىپكە سېلىنغان سېلىنما 2 مىليارد 399 مىليون يۈەنگە يەتتى، 2001 - يىلدىكىدىن %12.5؛ 2 - كەسىپكە سېلىنغان سېلىنما 2 مىليارد 791 مىليون يۈەنگە يەتتى، %49.8؛ 3 - كەسىپكە سېلىنغان سېلىنما 5 مىليارد 271 مىليون يۈەنگە يەتتى، %10.9 ئاشتى.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. چوڭ، ئوتتۇرا سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ سۇ تېجەش، ئۆزگەرتىش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، نۇقسانلىق، خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىدا خەتەرنى تۈگىتىش، يۇختىلاش

قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى تۈزەش، تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش، ئادەم، چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، 1 -، 2 - قاتارلىق يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، يۆلىنىدىغان نامرات ئۇن - مەيدانلارنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىنىڭ ئول يول قۇرۇلۇشى، ناھىيىگە تۇتىشىدىغان تاشيول، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئامبىرى، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى كېڭەيتىش، غەربىي قىسىم مائارىپى، ساياھەتچىلىك، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش، قان پونكىتى قۇرۇلۇشى، شەھەرلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە، تۈرمە، ئىجتىمائىي ئىشلار تۈرلىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم زايوم تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن شۇ يىلى پۈتتۈرۈلدى. بىر تۈركۈم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە ئۈنۈم يېڭىدىن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تېجەلگەن سۇ 380 مىليون كۇب مېتىر، يېڭىدىن چېپىلغان سۇغىرىش، سۇ چىقىرىۋېتىش ئېرىقى 2276 كىلومېتىر، سۇ سىڭمەس ئېرىق، ئۆستەڭ 1455 كىلومېتىر، يۇقىرى - تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى 3948 كىلومېتىر. يېمەكلىك، توقۇمىچىلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، سۇ تېجەش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق تۈرلۈك كەسىپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىلى ئالىي ھارىقى، «شىنتيەن» باشچىلىقىدىكى ھاراقچىلىق گۇرۇھى، «جۇڭجى» باشچىلىقىدىكى پەمىدۇر ياساملىرى گۇرۇھى، «تيەنكاڭ» بىئولوگىيىسى، «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش» سۈتچىلىكى، «شائىبارا» ۋە «شىنلۇ» باشچىلىقىدىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش گۇرۇھى، «فاڭشىڭ»، «چېڭنيۇ» باشچىلىقىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق گۇرۇھى، چىڭخۇاڭ بىناكارلىق - خىمىيە، تەنگاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى باشچىلىقىدىكى سېمونت - بىناكارلىق ماتېرىياللىرى گۇرۇھى ۋە «تيەنيې» باشچىلىقىدىكى سۇ تېجەش ئۈسكۈنىلىرى گۇرۇھى بارلىققا كەلدى. «شىنجۇڭجى» گۇرۇھى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە پەمىدۇر ياساملىرى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىن 6 نى كىرگۈزدى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 180 مىڭ توننىغا يەتتى. «تيەنرۇڭ» نىڭ يىلىغا كالىنىڭ 30 توننا ئوغۇز سۈت ماددىسى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى پۈتتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، غەربىي شىمال رايونىدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى. «سامان يولى»، «كۆيمىيەن»، «چاڭخىڭ» نىڭ ئۆرچۈقلىرى قىسقارتىلىپ ۋە ئۆزگەرتىلىپ، پاختا توقۇمىچىلىق تۈرلىرى قايتا تەشكىللەندى، پاختا توقۇمىچىلىق ئۆرچۈقىدىن 57 مىڭى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. «شىننۇڭ» نىڭ ئېچىش، سېتىۋېلىش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يىلىغا 10 مىڭ توننا پاختا يوتقىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتى شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ ئۈنۈمى كۆرۈلدى. «جۇڭجى» نىڭ قىزىل كەسىپ يەن - تېخنىكا باغچا رايونى، قۇمۇل مىس - نىكېل كېنى، «تيەنيې» نىڭ 25 مىڭ توننا پولىۋىنىل خلورىد قۇرۇلۇشى شۇ يىلى پۈتتۈرۈلۈپ ۋە ئارقا - ئارقىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئۈنۈمى كۆرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ۋۇجياچۈ، ئارال، تۇمشۇقتىن ئىبارەت 3 شەھەر تەسىس قىلىنىپ قۇرۇلدى، شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 285 مىڭ توننا كۆمۈر، 1 مىليون 500 مىڭ توننا مىس رودىسى، 130 مىڭ توننا تاش پاختا تاللانما رودىسى قېزىلدى. 70 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى، ئېلېكتر گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمى 6220 كىلوۋاتقا، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى 4142 كىلومېتىرغا، تېلېفون لىنىيىسى 27 كىلومېتىرغا يەتتى، دوختۇرخانىلارنىڭ كۆلىمى 17 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، كارىۋات 319 غا، مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمى 134 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، ئوقۇغۇچىلار پارتىسى 40 مىڭ 982 گە، تاشيول 1977 كىلومېتىرغا يەتتى.

2002 - يىلى بىناكارلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 401 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %9.5، بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 330 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %34.3 ئاشتى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 6 مىليون 716 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %13.6، شۇ يىلى يېڭىدىن باشلانغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 4 مىليون 770 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %18.4؛ پۈتتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 4 مىليون 618 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %17.3 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتتۈرۈلگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 95 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %22.3 ئازايدى. تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنىڭ نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى يەنە بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى. بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش ئوتتۇرىچە نىسبىتى 5475 يۈەنگە يېتىپ، %18.4، ھەربىر ئادەمنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 63 مىڭ

906 يۈەنگە يېتىپ، %14.5 ئاشتى. شۇ يىلى خەۋەردار بولۇپ ھۆددىگە ئېلىنغان قۇرۇلۇش 2107 گە يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن %1.6 ئاشتى، خەۋەردار بولۇپ ھۆددىگە ئېلىنغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 4 مىليون 543 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %9.2 ئازايدى.

5. سودا، تاشقى سودا ۋە تاشقى سودىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى شۇ يىلى ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 7 مىليارد 214 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %13.7 ئاشتى. باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە %16.1 ئاشتى. شەھەر، يېزىلارنى ئايرىپ قارىغاندا، شەھەرلەرنىڭ 3 مىليارد 792 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.1 ئېشىپ، %52.5 نى، ناھىيىلەرنىڭ 185 مىليون يۈەن بولۇپ، %55.3 ئازىيىپ، %2.6 نى، ناھىيىدىن تۆۋەن ئورۇنلارنىڭ 3 مىليارد 237 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.6 ئېشىپ، %44.9 نى ئىگىلىدى. ساھەلەر بويىچە ئايرىپ قارىغاندا، توپ، پارچە سېتىش سودا ساھەسىنىڭ 4 مىليارد 443 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.2؛ يېمەك - ئىچمەك ساھەسىنىڭ 742 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.4، باشقا ساھەلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 2 مىليارد 29 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.3 ئاشتى. شۇ يىلى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 21 مىليارد 53 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.2؛ تاۋار سېتىش سوممىسى 22 مىليارد 775 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.9؛ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق تاۋارلارنىڭ سوممىسى 5 مىليارد 215 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.8 ئاشتى. چەكلىك سوممىدىن يۇقىرى توپ، پارچە سېتىش سودا ساھەسىنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 15 مىليارد 829 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.5؛ تاۋار سېتىش سوممىسى 17 مىليارد 726 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.2 ئاشتى؛ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق تاۋارلارنىڭ سوممىسى 3 مىليارد 921 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.2 ئاشتى.

ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 206 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %84.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 532 مىليون دوللارغا يېتىپ، %77.4؛ ئىمپورت سوممىسى 674 مىليون دوللارغا يېتىپ، %90.5 ئاشتى. ئادەتتىكى سودىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 302 مىليون دوللارغا يېتىپ، بىر ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 229 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1.6 ھەسسە ئاشتى. پاختا ئېكسپورت سوممىسى 104 مىليون دوللارغا يېتىپ، %1.9 ھەسسە؛ پەمىدۇر قىيامى ئېكسپورت سوممىسى 74 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1.4 ھەسسە ئاشتى. ئىمپورت سوممىسى 73 مىليون دوللار بولدى. پۈتۈن ساھەنىڭ پايدا سوممىسى 239 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بىر ھەسسە ئاشتى.

126 توختام تۈرى ئىجرا قىلىندى، توختام بويىچە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 292 مىليون يۈەنگە يەتتى. 105 توختام تۈرى ئىمزالىنىپ ئىجرا قىلىندى، سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 869 مىليون يۈەنگە يەتتى. باشقا ئۆلكىلەردىن 388 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. 40 ئىقتىسادىي بىرلەشمە توختام تۈرى يېڭىدىن ئىمزالاندى. توختام سوممىسى 1 مىليارد 109 مىليون يۈەنگە يەتتى، 51 توختام تۈرى ئىجرا قىلىندى، توختام سوممىسى 1 مىليارد 319 مىليون يۈەنگە يەتتى. 10 مىليون يۈەندىن يۇقىرى مەبلەغ سېلىنغان تۈر 48، بۇنىڭ ئىچىدە 2001 - يىلدىكىدىن مىسرال قىلىنغىنى 12. توختام پىلانى بويىچە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 779 مىليون يۈەن، ئىجرا قىلىنغان تۈر سوممىسى 2 مىليارد 41 مىليون يۈەن. مۇشۇ قاراردا ئىجرا قىلىنغىنى 1 مىليارد 656 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، باشقا ئۆلكىلەر سالغان مەبلەغ 319 مىليون يۈەن.

2002 - يىل ئاخىرىدا بىڭتۇەندىكى ساياھەت كارخانىسى 65 بولۇپ، ئىچكى ساياھەتچىلىك كىرىمى 618 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.1، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 119 مىليون دوللارغا يېتىپ، %6 ئاشتى. كۈتۈۋېلىنغان ئىچكى ساياھەتچى 1 مىليون 241 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %3.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېھمانخانا كۈتۈۋالغىنى 951 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم)، ساياھەت كوپېراتىپلىرى كۈتۈۋالغىنى 48 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم). كۈتۈۋېلىنغان چەت ئەللىك ساياھەتچى 70 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %7.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مېھمانخانىلار كۈتۈۋالغىنى 2200 ئادەم (قېتىم)، ساياھەت كوپېراتىپلىرى كۈتۈۋالغىنى 68 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم). جۇڭگو يۇقىرىلىرىدىن چەت ئەلنى ساياھەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلغانلار 3980 ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، 2.3 ھەسسە ئاشتى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانا 23 كە، ياتاق 2976 ئېغىزغا، كارىۋات 6689 غا، كەسپكار 3662 گە يەتتى. شۇ يىلى ساياھەتچىلىكتە چەت ئەلگە چېتىلمىدىغان يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانا ئۆيلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىجارىگە بېرىلىش نىسبىتى %57.12 كە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 8.3 پىرسەنت پونكىت ئۆستى.

6. پەن - تېخنىكا 2002 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىم 121 مىڭ 400 گە، تۆۋەن (زاۋۇت) دىن يۇقىرى پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 152 گە، ئالىي مەكتەپلەر قۇرغان پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 2 گە، چولاق، ئوتتۇرا

ساناەت كارخانىلىرى قۇرغان يەن تەتقىقات ئاپاراتى 17 گە، يەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2119 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، تەتقىقات بىلەن تەجرىبە قىلىشنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلار 611.

يەن - تېخنىكا خىراجىتى مۇسىسى 134 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەن مالىيىسىدىن ئاجرىتىلغىنى 14 مىليون 710 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 25.8% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەن دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىنىڭ ھەربىر تۈرىگە 63 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. بىڭتۇەننىڭ «مەشئەل پىلانى» تۈرى 33 بولۇپ، بۇنىڭغا 402 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرز پۇل 244 مىليون 120 مىڭ يۈەن. بىڭتۇەننىڭ «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرى 33 بولۇپ، بۇنىڭغا 508 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرز پۇل 212 مىليون 160 مىڭ يۈەن.

47 تۈرلۈك يەن - تېخنىكا نەتىجىسى بىڭتۇەننىڭ يەن-تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 17 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 29 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 34 تۈرلۈك يېڭى سورت، يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىلدى، بۇنىڭغا 1 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، مەھسۇلات قىممىتى 196 مىليون يۈەن ئاشتى.

7. مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرى

بىڭتۇەن بويىچە 2002 - يىلدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، چوڭلار ئالىي مەكتىپى 3، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 8، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 21، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 285، باشلانغۇچ مەكتەپ 370. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر تولۇق، مەخسۇس كۇرسلارغا قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچى 7068 گە يېتىپ، 24.2% ئاشتى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 2608 بولۇپ، 0.7% ئازايدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 19 مىڭ 480 گە يېتىپ، 34.4% ئاشتى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 2570 كە يېتىپ، 30.72% ئاشتى. مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 2331 بولۇپ، 16.4% ئازايدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 6856 گە يېتىپ، 9.4% ئاشتى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 65 مىڭ 521 گە يېتىپ، 14%، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 38 مىڭ 724 كە يېتىپ، 17.2%، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 169 مىڭ 969 غا يېتىپ، 14.9% ئاشتى؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 45 مىڭ 291 گە يېتىپ، 0.4%؛ مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 47 مىڭ 114 كە يېتىپ، 5.8%، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 291 مىڭ 955 كە يېتىپ، 0.1% ئاشتى. «ئىككى ئاساسەن» گە سېلىنىدىغان سېلىنما ئاشۇرۇلدى. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى مۇستەھكەملەندى. يىل ئاخىرىدا بىڭتۇەن بويىچە 136 تۈەن - مەيدان «ئىككى ئاساسەن» بويىچە ئۆلچەمگە يېتىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدا «ئىككى ئاساسەن» بويىچە نوپۇسنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 86.9% كە يېتىپ، ئاساسىي جەھەتتىن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بىلەن تەڭلەشتى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.6% كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 88.6% كە يەتتى، ئوقۇشتىن قېلىش نىسبىتى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 0.2%، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1% بولدى. مېيىپ بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 82.6% كە؛ باش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 98% تىن كۆپرەككە يەتتى، قايتا ساۋاتسىز بولۇش نىسبىتى 5% ئىچىدە تىزگىنلەندى.

بىڭتۇەن «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكى 1 - شى، 10- شى قاتارلىق تۈەن - مەيدانلارغا بېرىپ ھال سوراش ئويۇنى قويۇشقا تەشكىللەندى؛ بىڭتۇەن ئىشتىن سىرتقى خور ئۆمىكى سەنشى، بېيجىڭغا بېرىپ مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى ناخشا ئېيتىش يىغىنىغا قاتنىشىشقا تاللاندى ھەمدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «مەدھىيە ناخشىمىزنى پارتىيىگە تەقدىم قىلىمىز — جۇڭگو مۇزىكا ئەسەرلىرى كېچىلىكى» گە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكىگە قاتناشتى؛ ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىڭتۇەننىڭ يېڭى دەۋردە مۇكاپاتلانغان نومۇرلىرىنى نامايان قىلىشقا ۋە يېڭى تىياتىر كۆرىكىگە قاتناشتى؛ مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ 12- نۆۋەتلىك «چولپانلار مۇكاپاتى» پائالىيىتىگە قاتناشتى؛ 2- نۆۋەتلىك جۇڭگو چىڭچياڭ سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 25 تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بىڭتۇەن بويىچە 9 سەنئەت ئۆمىكى، 2 ئارخىپخانا، بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شى دەرىجىلىك 10 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 2 رادىئو ئىستانسىسى، 188 تۈەن دەرىجىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (ئۆزەك) بار. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 89.8% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 93.3% كە يەتتى. شۇ يىلى 68 مىليون 984 مىڭ نۇسخا تۈرلۈك گېزىت، 707 مىڭ 600 نۇسخا تۈرلۈك ژۇرنال نەشر قىلىنىدى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۇەندىكى تۈرلۈك سەھىيە

ئاپپاراتى 643 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دوختۇرخانا 222، سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى 71. دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 16 مىڭ 284. سەھىيە خادىمى 23 مىڭ 470. بۇنىڭ ئىچىدە، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 19 مىڭ 390. ھەر 1000 ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7 كارىۋات، 8 سەھىيە تېخنىكا خادىمى توغرا كەلدى. 100 مىڭ ئادەم بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىك قوزغىلىش نىسبىتى 215.73 بولدى، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى %14.39 كە تۆۋەنلىدى، ھامىلىدار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 100 مىڭدە 90.86 بولدى. داۋالاش، سەھىيە شارائىتى ياخشىلاندى، ئاممىۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى.

2002 - يىلى بىڭتۇەننىڭ تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرى دۆلەت ئىچىدىكى بىرقاتار چوڭ - چوڭ مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى. شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكىنىڭ ياشلار قارىغا ئېتىش بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئەرلەر گاز سىلىتىق ۋە گاز تاپانچا ئېتىشتا بىر تۈردە 2 - ۋە 2 تۈردە 3 - بولدى. جىنەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە مىبىپلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە ۋە دۇنيا لەۋھە تالىشىش تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، بىر تۈردە 1 -، 2 تۈردە 2 - بولدى؛ فۇجيەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە ياشلار بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، بىر تۈردە 1 -، بىر تۈردە 2 - بولدى؛ 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقىنى نامايان قىلىش مۇسابىقىسىدە، بىڭتۇەن ۋەكىللەر ئۆمىكى تەنتەربىيە ئەخلاقى مۇكاپاتى ۋە بىر مىس مېدال ئالدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 2 ئالتۇن مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى ۋە 3 تۈردە 4 -، 4 تۈردە 5 -، 3 تۈردە 6 - بولدى. دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى غەربىي قىسمىدا قانات يايدۇرغان «جانغا ئەسقېتىش قۇرۇلۇشى» ۋە ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق بولى قۇرۇلۇشى بويىچە ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق پىلانى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى.

8. مۇھىت ئاسراش بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش بىلەن ئېكولوگىيىنى قوغداشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، مۇھىت ئاسراش نىشان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە «مۇھىت ئاسراش قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈش، بۇلغىنىشنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنى چەكلەش» تىن ئىبارەت مەخسۇس ھەرىكەت چۈرۈندىلىپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، ئېكولوگىيىنى قوغداش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر ئىشلىنىپ، مۇھىتنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا بىڭتۇەننىڭ مۇھىت ئاسراش سىستېمىسىدا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار 110 غا يەتتى. شۇ يىلى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 20 سى ئورۇنلاندى، بۇنىڭغا 21 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

2002 - يىلى بىڭتۇەن ئۈنجى قېتىم شىلار بىلەن بىڭتۇەننىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمەت نىشانى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىمزالىدى. بۇ، مۇھىت ئاسراشتىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم تەدبىر.

ئۇقتىلىق بۇلغىما مەنبەسىنى تىزگىنلەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا سانائەت كارخانىلىرى قويۇپ بەرگەن ئىس - تۈتەك مىقدارى 6384 توننىغا، قويۇپ بەرگەن سۇلفۇر دىئوكسىدى 21 مىڭ 370 توننىغا، COP 57 مىڭ 848 توننىغا، سانائەت يۇندىسى قويۇپ بېرىشتە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %62.75 كە يەتتى.

قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن مۇھىتقا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىرىنى باھالاش دوكلاتنامىسى، تىزىملاش جەدۋىلىدىن 67 سى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى ۋە تەكشۈرۈلدى. تۈرلۈك قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن مۇھىتقا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىرىنى باھالاشنى ئىجرا قىلىش نىسبىتى %90 تىن، قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە «ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشقا ئاشۇرۇش» نى ئىجرا قىلىش نىسبىتى %80 تىن يۇقىرى بولدى.

9. پۇل مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا كەسپى 2002 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 22 مىليارد 547 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %16.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، كارخانىلار ئامانەت قويغان پۇل 4 مىليارد 794 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.4؛ ئاھالىلەر ئامانەت قويغان پۇل 10 مىليارد 874 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.5 ئاشتى. تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 14 مىليارد 708 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل 9 مىليارد 151 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.2؛ ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل 4 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.2 ئاشتى.

بىڭتۇەن سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ نامى جۇڭخۇا بىرلەشمە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۆلكە، شەھەر ھالقىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇ يىلى سۇغۇرتىلاش سوممىسى 162 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتتى، سۇغۇرتا

ھەققى كىرىمى 628 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %33 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 197 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.2؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 319 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %54.8؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 112 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %36.9 ئاشتى. 3 چوڭ سۇغۇرتا تۈرى كەسپىنىڭ كىرىم قۇرۇلمىسى 31:18:51 بولۇپ، سودا خاراكتېرلىك سۇغۇرتىغا قاراپ يەنىمۇ ئۆزگەردى. شۇ يىلى تۈرلۈك سۇغۇرتا تۆلەم دېلوسى 111 مىڭغا يەتتى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %98.1 كە يەتتى؛ تۈرلۈك سۇغۇرتا تۆلەم سوممىسى ئاز كەم 300 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئۇنىۋېرسال تۆلەم نىسبىتى %48 بولۇپ، 8 پىرسەنت پوئېنتى ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك تۆلەم سۇغۇرتىسى سوممىسى 122 مىليون يۈەن بولۇپ، تۆلەم نىسبىتى %38 كە؛ جىسمانىي سۇغۇرتا تۆلەم سوممىسى 42 مىليون يۈەن بولۇپ، تۆلەم نىسبىتى %38 كە، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتا تۆلەم سوممىسى 135 مىليون يۈەن بولۇپ، تۆلەم نىسبىتى %69 كە يەتتى.

10. ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇشى 2002 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاش سوممىسى 5 مىليارد 942 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %13 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ 5 مىليارد 247 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.5؛ ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 8094 يۈەنگە يېتىپ، %16.1 ئاشتى؛ باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە %16.8 ئاشتى.

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. «ئىككىگە كاپالەتلىك قىلىش» داۋاملىق مۇستەھكەملەندى. يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 42 مىڭ 700 بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغىنى 25 مىڭ 900)، 2001 - يىلدىكىدىن %32.9 ئازايدى (شەھەر - بازارلاردا %21.4 ئازايدى). شۇ يىلى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان %48 ئىشچى - خىزمەتچى مەركەزدىن چىقىپ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى مەبلىغى ئۈچۈن 282 مىليون يۈەن غەملەندى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلار غەملىگىنى 19 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا خىراجىتىنى تولۇق تارقىتىش ۋە ۋاكالىتەن تولۇق تاپشۇرۇش، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا پۇلىنى چىقىم قىلىش نىسبىتى ۋە ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى %100 بولدى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 538 مىڭ 800 گە يەتتى، شۇ يىلى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندى كىرىمى 101 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10 ئاشتى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 669 مىڭ 500 گە يەتتى. ئەمەلىي سۇغۇرتا پۇلى تاپشۇرغانلار 630 مىڭ 800 گە، فوندقا تاپشۇرۇلغان كىرىم 1 مىليارد 389 مىليون يۈەنگە يەتتى، تاپشۇرۇش نىسبىتى %97.22 گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 2.2 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى. بىڭتۇەندىكى 14 بىر تۇتاش غەملەش رايونى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى. ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 875 مىڭ 700 گە، يىغىلغان، تاپشۇرۇلغان ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى خىراجىتى 371 مىليون يۈەنگە يەتتى.

بىڭ تۇڭ

# يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: خۇ چاڭئەن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ۋاڭ يىڭخەي؛ سىياسىي كومىسسار: ليۇ جەنشىن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: لى زېيكاڭ، جۇ شىنجۈن، چېڭ شياۋشەن، جۇڭ يۇڭيى؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جاڭ شىنرۇڭ (ئاپال)، ئەمەت سابىر.

شى شتابى ئاقسۇ شەھىرىدە، شىنىڭ 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 275 مىڭ 500، بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلە 124 مىڭ 400، ئاز سانلىق مىللەت 17 مىڭ 908. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰2.67 بولدى.

كەسپكار 113 مىڭ 800، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارە - ئورۇنلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچى 79 مىڭ 500. شىغا قاراشلىق مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇن 35، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 16، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت (شىنجاڭ تارىم يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش پاي چەكلىك شىركىتى) بىر، سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىسى 18.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 695 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 302 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 606 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 787 مىليون يۈەن. شى بويىچە ئېلىنغان پايدا 121 مىليون يۈەنگە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 767 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىقچىلىقنىڭ 2 مىليارد 568 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 25 مىليون 370 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 164 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 9 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ يەر 137 مىڭ 500 گېكتار، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 232 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى. شۇ يىلى 55 مىڭ 200 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى)، 1370 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 8074 توننا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى. ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 131 مىڭ گېكتارغا، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىشلەتكەن توك 111 مىليون 546 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى. شۇ يىلى ئېتىز- ئېرىق قۇرۇلۇشىغا 119 مىليون 427 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. دېھقانچىلىق زىرائەتنى تېرىلغۇ كۆلىمى 124 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى. 163 مىڭ توننا ئاشلىق، 180 مىڭ 400 توننا پاختا ئېلىندى. 3219 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 44 مىڭ 400 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 425 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى، 318 مىڭ تۇياق چارۋا چىقىم قىلىندى. 12 مىڭ 877 توننا گۆش، 618 توننا يۇڭ، 2119 توننا سۈت، 1752 توننا تۇخۇم، 1285 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەھسۇلات قىممىتى 57 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، كىرىمى 620 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 247 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزى باشقۇرغان ئىگىلىكنىڭ يىللىق كىرىمى 430 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 1803 يۈەن ساپ كىرىم توغرا كەلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 116 مىليون يۈەنگە، دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 986 مىليون يۈەنگە، سانائەت ئورۇنلىرى ساتقان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 129 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 109 مىڭ توننا، تارقىتىلغان توك 240 مىليون كىلوۋات سائەت، سېمونت 698 مىڭ توننا، پاختا يىپ 17 مىڭ 600 توننا، رەخت 3 مىليون 390 مىڭ مېتىر، سۇلياۋ ياسالما 11 مىڭ 800 توننا، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى 8441 توننا، خىش 180 مىليون دانە، ئاق ھاراق 1560 توننا، ساپ پاختا 214 مىڭ توننا، گۈرۈچ 35 مىڭ 700 توننا، ئۇن 4100 توننا، سۇ يېغى 24 مىڭ توننا، يەم - خەشەك 27 مىڭ 600 توننا. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 8 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 688 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 554 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 567 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 391 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كەسپىدە، تۇنجى قېتىم 16 مىليون 880 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 972 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغنىڭ %94.4 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 804 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 154 مىليون يۈەن، شەھەر - يېزىلاردىكى شەخسلەر سالغان مەبلەغ 40 مىليون 260 مىڭ يۈەن، ئۆي- زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 17 مىليون 220 مىڭ يۈەن.

ئارال شەھىرىنى قۇرۇش خىزمىتىدە ماھىيەتلىك بۆسۈش بولدى، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتى. شۇ يىلى شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىغا 300 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى.

قاتناش ترانسپورت كەسپىدە يەنىلا يەككىلەر ئاساس قىلىندى، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئاپتوموبىلى 2251 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۈك ئاپتوموبىلى 879، تونناژى 5811؛ ئاپتوبۇسى 1221 بولۇپ، 10 مىڭ 73 ئورۇندۇق بار. شۇ يىلى ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 59 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، توشۇلغان يۈك 2 مىليون 936 مىڭ تونناغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 351 مىليون 528 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى 2 مىليون 79 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 205 مىليون 21 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 478 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەرلەردە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 69 مىليون يۈەن، ناھىيە ۋە ناھىيىدىن تۆۋەن ئورۇنلارنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 409 مىليون يۈەن. سودا كەسپىنىڭ توپ، پارچە سېتىش سوممىسى 268 مىليون يۈەنگە، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 58 مىليون يۈەنگە، باشقا كەسپلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 152 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 68 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى (ۋاكالىتەن) 67 مىليون دوللار.

سۇغۇرتا كەپىللىك كىرىمى 65 مىليون 375 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15 ئاشتى، سۇغۇرتا تۆلەم دېلوسىدىن 5875 ى بىر تەرەپ قىلىندى، 29 مىليون 535 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. يېزا ئىگىلىكىدە سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان يەر كۆلىمى 106 مىڭ گېكتارغا يەتتى.

شى بويىچە پەن - تېخنىكا تەتقىقات تېمىسىدا 48 تۈر تۇرغۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىققا ئائىت تۈر 27، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىغا ئائىت تۈر 6، چارۋىچىلىققا ئائىت تۈر 5، داۋالاشقا ئائىت تۈر 5، باشقا تۈر 5. بىڭتۈەنگە تۈر تۇرغۇزۇشنى تەستىقلاشقا يوللانغان پىلاندىكى تەتقىقات تېمىسى 8، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تۈر تۇرغۇزۇشنى تەستىقلىغان پىلاندىكى تەتقىقات تېمىسى بىر. پەن - تېخنىكا خىراجىتى 1 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئارال شەھىرىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر (تارىم بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى)، شىغا قاراشلىق ھەرخىل مەكتەپ 93، ئوقۇغۇچىسى 63 مىڭ 766، بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 4، ئوقۇغۇچىسى 103، ئوتتۇرا مەكتەپ 34، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 477، باشلانغۇچ مەكتەپ 55، ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 186. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3044.

شى بويىچە بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بىر رادىئو ئىستانسىسى، 14 چاستوتىسى تەڭشىلىدىغان رادىئو ئۆزېلى، 17 سىملىق رادىئو ئۆزېلى بار. 26 مىليون يۈەن مەبلەغ غەملىنىپ، ئارال تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا سىملىق تېلېۋىزىيە تورى ئېچىلدى، بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ پروگراممىلىرى ۋە ئۆزى تەييارلىغان 40 يۈرۈش پروگراممىنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ. «تارىم گېزىتى» نىڭ بەتلىرى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، تارقىتىلىش مىقدارى ئاشتى. 208 سان گېزىت نەشر قىلىنىپ، 2 مىليون 500 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى.

شى بويىچە 500 ھەرخىل سەھىيە، داۋالاش ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا 20، مەخسۇس دوختۇرخانا بىر، سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش ساقلىق ساقلاش پونكىتى 18، ئامبۇلاتورىيە 3، شىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى داۋالاش ئۆيى 41، ليەندۈيلەردىكى سەھىيە ئۆيى 389، يەككە سەھىيە ئاپپاراتى 28. سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2553، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 2041. ھەر 1000 ئادەمگە 9.3 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 7.4 كارىۋات توغرا كەلدى.

پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %99.5 كە، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى %93.27 كە، كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى %81.95 كە، يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇشقا كىنىشكا ئېلىش نىسبىتى %23.72 كە يەتتى.

ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 822 مىليون يۈەنگە، ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىل مائاش كىرىمى 9341 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 2498 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشتىن قالدۇرۇلدى، ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى خىراجىتى قاتارلىقلار ئۈچۈن 22 مىليون 140 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ تاپشۇرۇلۇش نىسبىتى %93 كە، داۋالىنىشنىڭ %100 كە، ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىشنىڭ %98 كە، تۇغۇتنىڭ %99 كە، ئىشسىزلىقنىڭ %99.53 كە يەتتى؛ داۋالىنىش، ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش، تۇغۇت، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ئۈچۈن 64 مىليون 370 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 45 مىڭ 250 كىشىگە 287 مىليون 750 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۆتۈنۈش پۇلى تارقىتىلدى، تارقىتىلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

ۋاڭ گۈەنجۈن

## يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ جىنبىڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: شى شىنمىن؛ سىياسىي كومىسسار: سۇڭ جيەنيې؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: جاڭ شيۇلىياڭ (ئايال، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ يىلۇ (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، گو شاڭگۇاڭ، لى جياڭجياڭ، زو ياۋبىن؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جۇ دېجېن، راخمان كېرەم.

شى شتابى كورلا شەھىرىدە. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇس 198 مىڭ 500، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 93 مىڭ 400. ئاز سانلىق مىللەت 6350. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 108 مىڭ 331. شۇ يىلى نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰5.29، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰3 ئىچىدە تىزگىنلەندى. پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %99.06 كە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى كەسىپكار 74 مىڭ 200 گە يېتىپ، %1.34 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 55 مىڭ 100. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 17، دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىسى 11، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىسى 2، ترانسپورت كارخانىسى بىر،

سودا كارخانىسى 6.

2002 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 803 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 696 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 476 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 631 مىليون يۈەن. شى بويىچە ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 33 مىڭ 81 يۈەنگە، شى بويىچە ئېلىنغان پايدا 36 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك قوشۇلما قىممىتى 671 مىليون يۈەنگە، پايدا 37 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە، دېھقانچىلىق زىرائەتنى تېرىلغۇ كۆلىمى 65 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى. 76 مىڭ 35 توننا ئاشلىق، 47 مىڭ 220 توننا پاختا، 402 مىڭ 600 توننا قىزىلچا، 343 مىڭ توننا پەمىدۇر، 10 مىڭ توننا ئۈزۈم ئېلىندى. 2267 گېكتار يەردە ئورمان، باغ بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 1498 گېكتار، ئىقتىسادىي ئورمان 751 گېكتار. 110.6 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. شى بويىچە 82 مىڭ 200 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەنبۇت 44 مىڭ 25 توننا. يىل ئاخىرىدا قولدا 333 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 9552 توننا گۆش، 479 توننا يۇڭ، 5171 توننا سۈت، 1341 توننا تۇخۇم، 1781 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 91 مىڭ 300 كىلوۋاتقا، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 1335 كە، كىچىك تراكتور 698 گە يەتتى. 222 ئۆلچەملىك كىلومېتىر ئۆزۈلۈقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، يېڭىدىن 27 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 71.6 كىلومېتىر سۇغىرىش ئېرىقى، 156.9 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 726.6 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭنىڭ لاتقىلىرى تازىلاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 457 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، پايدا، باج 83 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدا 61 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 762 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ 566 مىليون يۈەن. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 663 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 336 مىڭ 300 توننا، ئاشپاختا 37 مىڭ 900 توننا، زاۋۇت شېكىرى 45 مىڭ 100 توننا، ئىسپىرت 2933 توننا، پاختا يىپ 12 مىڭ 232 توننا، پاختا رەخت 14 مىليون 160 مىڭ مېتىر، ساپ پاختا 53 مىڭ 200 توننا، پەمىدۇر قىيامى 44 مىڭ 100 توننا، سۇ يېغى 8141 توننا، سېمونت 115 مىڭ توننا. سانائەتتە 12 مىليون 890 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلدى.

بىناكارلىق كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 423 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 365 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 343 مىليون يۈەنگە، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 342 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 250 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، پايدا 3 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىدا ئاھالىلەر ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىل 2185 كە يەتتى. قاتناش - ترانسپورت كەسپىدە توشۇلغان يولۇچى 4 مىليون 855 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 102 مىليون 685 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 4 مىليون 165 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 24 مىڭ 383 توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. ترانسپورت كەسپىي كىرىمى 126 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 149 مىليون يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 609 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 731 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 985 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 746 مىڭ دوللار.

سۇغۇرتا سوممىسى 3 مىليارد 676 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 57 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى كەسپىي كىرىمى 18 مىليون 70 مىڭ يۈەن. تۈرلۈك سۇغۇرتا تۆلەم دېلوسىدىن 5208 ى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 25 مىليون 817 مىڭ 800 يۈەن تۆلەم تۆلەندى، ئومۇمىي تۆلەم نىسبىتى 45.26% كە يەتتى.

ئۇراقلىق مۈلۈككە 801 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 608 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 86 مىليون يۈەن. 611 مىليون يۈەنلىك ئۇراقلىق مۈلۈك يېڭىدىن كۆپەيتىلدى.

شى بويىچە تۆۋەن - مەيداندىن يۇقىرى پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 19 غا، تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 534 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار 236. شۇ يىلى پەن - تېخنىكىغا 11 مىليون 340 مىڭ يۈەن سېلىنما سېلىندى. دۆلەت، بىڭتۇەن، شىنىڭ پەن تەتقىقات تۈرىدىن 76 سى تەتقىق قىلىندى، پەن تەتقىقات نەتىجىسىدىن 17 سى ئومۇملاشتۇرۇلدى، 5 تۈر بىڭتۇەننىڭ 2001 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى

مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شىدىكى چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 2، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، كەسپىي تېخنىكوم بىر، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 4، باشلانغۇچ مەكتەپ 32، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 26. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 630، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 721، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ماتارىپى باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچى 4368. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 2981، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 2374. بالىلار باغچىسىدىكى بالا 4057 (تەييارلىق سىنىپىدىكى بالىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

شى بويىچە تېلېۋىزىيە ئۇلاپ كۆرسىتىش ۋە كۈچەيتىش ئىستانسىسىدىن 24 ى، چاستوتىسى تېزگىنلەنگەن ۋە سىملىق رادىئو ئۇزېلىدىن 17 سى بار. تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %96 كە، رادىئونىڭ قاپلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى. 223 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تېلېۋىزىيە ئوپتىكىلىق كابېلى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. شىنىڭ «بېشىل تۈزلەڭلىك گېزىتى» شۇ يىلى 155 سان نەشر قىلىنىپ، 12 مىليون نۇسخا تارقىتىلدى.

شى بويىچە 44 ھەرخىل سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 25، شىپاخانا 16. دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1434، سەھىيە خادىمى 1987، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1672. قانۇندا دوكلات قىلىش بەلگىلەنگەن يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى ‰1.37، يەرلىك كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى ‰0.25 بولدى.

ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 422 مىليون يۈەنگە، ئوتتۇرىچە مائاشى 7647 يۈەنگە، شى بويىچە ھويلا - ئارام ئىگىلىكىنىڭ ساپ كىرىمى 54 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھويلا - ئارام ئىگىلىكىدىن قىلغان ساپ كىرىمى 990 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە كىرىمى 8668 يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە ئەمەلىي تاپشۇرۇلغان ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا پۇلى 119 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 55 مىڭ 200 گە، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %98.55 كە، ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى %100 كە يەتتى؛ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش غەملەشكە قاتناشقانلار 97 مىڭغا، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %100 كە؛ ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 51 مىڭ 741 گە، ئىشسىزلىق فوندىنى يىغىش، تاپشۇرۇش نىسبىتى %100 كە، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلىنى ئۇنىۋېرسال يىغىش، تاپشۇرۇش نىسبىتى %100 كە يەتتى، تاپشۇرۇلماي قالغان 5 مىليون 700 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى ئېنىقلىنىپ يىغىۋېلىندى.

ئىشخانا

# يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ياۋ يۇڭفېڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: لىيۇ دېڭبىڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ۋۇ جىندۇڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: يەن شيۇبې، خې ۋېي، لى جىنرۇڭ، سۇڭ گۇاڭجيې، پەرھات سەئىدى؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جېڭ لىبىڭ (ئايال)، زۇنۇن ياسىن، سۇڭ زۇدې (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شى شتابى قەشقەر شەھىرىدە. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 185 مىڭ 574، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 84 مىڭ 740. ئاز سانلىق مىللەت 94 مىڭ 877. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 143 مىڭ 358. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.89 كە، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.75 كە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى كەسىپكار 73 مىڭ 172. شى بويىچە كارخانا، كەسپىي ئورۇندىن 195 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا ئورنى 37 (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىسى 18)، كەسپىي ئورۇن 158.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 527 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 245 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 308 مىليون يۈەن. شى بويىچە پايدا سوممىسى 26 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 235 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 1 مىليارد 4 مىليون 890 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 21 مىليون 650 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 200 مىليون 220 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 8 مىليون 960 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر 72 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلغان يەر كۆلىمى 68 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى. 66 مىڭ 546 توننا ئاشلىق، 72 مىڭ 508 توننا پاختا، 318 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي مېۋىلىك باغ كۆلىمى 5081 گېكتار بولۇپ، 41 مىڭ 926 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 3951 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا

قىلىنغان يەر 1502 گېكتار) ، پارچە - يۇرات يەرلەرگە تىكىلگەن كۆچەت 814 مىڭ تۈپ، يىل ئاخىرىدا كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن ئەمەلىي كۆلەم 117 گېكتار. شى بويىچە يىل ئاخىرىدا قولدا 655 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 13 مىڭ 691 تونna گۆش، 610 توننا يۇڭ، 5621 توننا كالا سۈتى، 1534 توننا قوي (ئۆچكە) سۈتى، 4291 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، 1976 توننا تۇخۇم، 26 توننا ھەسەل، 800 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 117 مىڭ كىلوۋاتقا، يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك 45 مىليون 844 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى، يېزا ئىگىلىكىدە 46 مىڭ 300 توننا (ناتۇرا مىقدارى) خىمىيىۋى ئوغۇت، 11 مىڭ 501 توننا دىزېلىن 746.87 توننا (ناتۇرا مىقدارى) دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 254 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 168 مىليون 730 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 85 مىليون 890 مىڭ يۈەن. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش، سېتىلىش نىسبىتى 101.30% كە يەتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 93.40% نى ئىگىلىدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: تارقىتىلغان توك 1 مىليون 455 مىڭ كىلوۋات سائەت، ئۇن 20 مىڭ 500 توننا، سۇ يېغى 13 مىڭ 474 توننا، ساپ پاختا 71 مىڭ 427 توننا، ئىچىملىك - ھاراق 285 توننا، خىش 129 مىليون 90 مىڭ دانە، سېمونت 4030 توننا، سۇلياۋ پاسالما 2147.09 توننا، چۈچۈكبۇيا مەلھىمى 924 توننا.

قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 406 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 350 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلەم 418 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 204 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

توشۇلغان يولۇچى 853 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 59 مىليون 467 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 1 مىليون 296 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 156 مىليون 572 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. يەككە ترانسپورت كەسپى شى بويىچە ترانسپورت كەسپىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 480 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 392 مىليون 750 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 69 مىليون 840 مىڭ يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغىنى 17 مىليون 410 مىڭ يۈەن. 401 مىليون 890 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيتىلدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى (پاكى ئۈنۈم) ئاساسلىقى مۇنداق بولدى: يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىدىن 79 ى سېتىۋېلىندى، قۇۋۋىتى 3932 كىلوۋات؛ يۇركۇپ سۇغىرىش كۆلىمى 600 گېكتار، چارۋا مال قوتىنى ۋە ئۆي قۇشلىرى كاتىكى 33 مىڭ كۋادرات مېتىر، تۇرالغۇ ئۆي 116 مىڭ كۋادرات مېتىر، توك سىمى 95 كىلومېتىر، ياسالغان تاشيول 192 كىلومېتىر.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 286 مىليون يۈەنگە، شى بويىچە تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 974 مىليون يۈەنگە يەتتى. شى پاختا - چىگە شىركىتى 83 مىڭ 500 توننا پاختا سېتىپ، 653 مىليون يۈەن؛ يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيا شىركىتى 63 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىپ، 117 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى. شى بويىچە يەككىلەرنىڭ پارچە سېتىش سودا تور - نۇقتىسى ۋە يېمەك - ئىچمەك تور - نۇقتىسى 2221 گە، كەسپكارى 2986 گە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 6 مىليون 410 مىڭ دوللارغا يەتتى.

شى بويىچە سۇغۇرتا سوممىسى 2 مىليارد 127 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 36 مىليون 160 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك تۆلەم دېلوسىدىن 3634 ى بىرتەرەپ قىلىندى، 13 مىليون 484 مىڭ 600 يۈەن تۆلەم تۆلەندى، ئۇنىۋېرسال تۆلەم نىسبىتى 38.06% بولدى.

شى بويىچە ئوقۇغۇچى 45 مىڭ 198، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3374، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 135، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 29 مىڭ 689. شىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 62، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 25، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 58. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 2786 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2383، (باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1526، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 691، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 166) . بالىلار باغچىسى 15، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 107، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 39، باغچىدىكى بالا 1530.

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار دۆلەتنىڭ تۈرىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى «شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۆزگىچە

باغ - ئورمان بايلىقىدىن يۈكسەك ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە تەتقىقات» يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بادام ئۆستۈرۈش كۆلىمى 533 گېكتارغا، ئانۇت كۆلىمى ئازكەم 1300 گېكتارغا يەتتى؛ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىڭتۈەن تېمىسىدىن 5 تۈرنى، شى تېمىسىدىن 22 تۈرنى ئۈستىگە ئالدى. «پەن - تېخنىكا قىش» دىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك تېخنىكا تەربىيەلەش كۇرسىدىن 164 قارار ئېچىلىپ، 35 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيەلەندى. شى بويىچە پەن تەتقىقات ئاپپاراتىدىن 9 ى، پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن 112 سى بار. پەن - تېخنىكىغا 3 مىليون 819 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شى بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 6957 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 116، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 926.

«يەكەن گېزىتى» 104 سان نەشر قىلىنىپ، 520 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. تېلېۋىزىيە سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى كۆچۈرۈش ئىستانسىسىدىن 19 ى، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىدىن 10 ى بار. چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، ئوچۇق يوللۇق تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85 كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %40 كە يەتتى.

شى بويىچە داۋالاش ئاپپاراتىدىن 24 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا 18، شىپاخانا 6؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 909؛ سەھىيە تېخنىكا خادىمى 876، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 297. تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 100 مىڭدە 118.9 بولدى.

يىل ئاخىرىدىكى ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 36 مىڭ 576، يىللىق مائاش سوممىسى 249 مىليون 265 مىڭ يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 6731 يۈەنگە يېتىپ، %5.2 ئۆستى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى 20 مىڭ 232، ئۇلارنىڭ مائاشى 159 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، شى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 7678 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە كىرىمى 2965 يۈەنگە يەتتى.

يەن شىلىن

# يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ گولياڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: لۇ شياۋفېڭ؛ سىياسىي كومىسسار: خۇاڭ چىلۇڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: رېن مىنمىن، جاڭ يۇڭ، جاڭ چېڭلۇڭ، چېن شياۋلىيەن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: باي دۆلەت نۇسىيبېك (قازاق)، لى ۋېنيې.

شى شتابى غۇلجا شەھىرىدە. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇس 216 مىڭ 96، بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالە 103 مىڭ 956، ئاز سانلىق مىللەت 38 مىڭ 898. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰7.3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰2.83 بولدى. يىل ئاخىرىدا دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 73 مىڭ 692 گە يەتتى. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 21، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا 24.

شۇ يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 811 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 664 مىليون 850 مىڭ يۈەن؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 584 مىليون 670 مىڭ يۈەن؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 562 مىليون 430 مىڭ يۈەن. 38 مىليون 340 مىڭ يۈەن ئۇنىۋېرسال پايدا ئېلىندى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 284 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، شى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 180 مىڭ كىلوۋاتقا، دېھقانچىلىق زىرائەتنى تېرىلغۇ كۆلىمى 103 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى. 331 مىڭ 276 توننا ئاشلىق، 6141 توننا پاختا، 56 مىڭ 594 توننا ياغلىق دان، 376 مىڭ 452 توننا قىزىلچا، 24 مىڭ 933 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 6890 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر 2504 گېكتار. 2233 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 803 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. ئاساسلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: گۆش 17 مىڭ 748 توننا، سۈت 18 مىڭ 308 توننا، يۇڭ 2044 توننا، تۇخۇم 6200 توننا. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەھسۇلات قىممىتى 477 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، ئۆزى باشقۇرغان ئىقتىسادنىڭ كىرىمى 653 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 873 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 663 مىليون 850 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 209 مىليون 300 مىڭ يۈەن. دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىلارنىڭ 773 مىليون 310 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى:

كۆمۈر 516 مىڭ توننا، تارقىتىلغان توك 163 مىليون 447 مىڭ كىلوۋات سائەت، سېمونت 503 مىڭ 400 توننا، كوكس 47 مىڭ 800 توننا، كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان فارفور 4 مىليون 297 مىڭ دانە، كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك پاسالما 13 مىڭ 800 توننا، خورۇم ئاياغ كىيىم 6600 پار، خورۇم 323 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، زاۋۇت شېكىرى 28 مىڭ 876 توننا، ئاق هاراق 16 مىڭ 12 توننا، سۇ يېغى 3126 توننا، سۈت پاسالمىلىرى 404 توننا، گۈرۈچ 17 مىڭ 300 توننا، ئۇن 39 مىڭ 100 توننا، كراخمال 487 توننا، ئىسپىرت 3914 توننا.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 758 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 24 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 621 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 551 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

دۆلەت ئىلكىدىكى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 310 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ 150 مىليون 180 مىڭ يۈەن. پۈتكەن قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 236 مىليون 610 مىڭ يۈەن.

ترانسپورت كەسپىدە يەككىلەر ئاساس قىلىنىدۇ. شى بويىچە تۇرلۇك ئاپتوموبىل 2802 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككىلەرنىڭ 2245. 4 مىليون 990 مىڭ توننا يۈك توشۇلدى، يۈك ئوبوروت مىقدارى 388 مىليون 620 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 6 مىليون 670 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 243 مىليون 240 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

شى بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 536 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 734 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ 310 مىليون 880 مىڭ يۈەن، يەككىلەرنىڭ ۋە توپ، پارچە سېتىش سودىسىنىڭ 229 مىليون 670 مىڭ يۈەن. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 21 مىليون 460 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 990 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 20 مىليون 470 مىڭ دوللار.

يىللىق سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 53 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 23 مىليون 600 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 11 مىليون 650 مىڭ يۈەن. 25 مىليون 930 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 9 مىليون 320 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا تۆلىمى 4 مىليون 990 مىڭ يۈەن.

ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى يىغىش - تاپشۇرۇش نىسبىتى 98.56% كە، داۋالىنىشنىڭ 99.76% كە، ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىشنىڭ 95% كە، تۇغۇتنىڭ 95% كە، ئىشسىزلىقنىڭ 95% كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 43 مىڭ 453 كە، چىقىم قىلىنغان ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى 327 مىليون يۈەنگە، بۇ پۇلنىڭ تارقىتىلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى. سۇغۇرتا چىقىمى جەھەتتە داۋالىنىشنىڭ 35 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئىشسىزلىقنىڭ 930 مىڭ يۈەن، ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىشنىڭ 280 مىڭ يۈەن، تۇغۇتنىڭ 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولدى. 5164 ئادەم قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 85% كە يەتتى. 2172 ئائىلىدىكى 6853 نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئادەمگە ياردەم بېرىلدى. 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئىئانە تاپشۇرۇۋېلىندى، 7 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ شەھەر - بازارلاردىكى ئاھالىلەرگە 5 مىليون 860 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى، تارقىتىلغان ئادەم سانى 9018 گە يەتتى.

«كۆزگى يۇغداينىڭ يېنۇلى 18 - سورتىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش» تۈرى ۋە «شۋاڭدى چېگىز 14 - نومۇرنى كېڭەيتىپ قوللىنىش» تۈرى بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شى بويىچە 1826 كىشى پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىگە قاتناشتى، ئۆلگە تۈەن - مەيدان 14 كە، ئۆلگە لىيەندۈي 85 كە، ئۆلگە ئىمپىنا - گۇرۇپپا 560 قا، ئۆلگە ئائىلە 4417 گە يەتتى. پەننىي ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرسىدىن 1006 قارار ئېچىلدى. كۆرسقا 106 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ 99 مەيدان پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 10 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ پەننىي ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنىلى «ئىلى بويىدىكى ئۆزلەشتۈرۈش پەن - تېخنىكىسى» 20 مىڭ نۇسخا نەشر قىلىندى.

شىدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 11، 9 يىللىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 8، باشلانغۇچ مەكتەپ 31، كەسپىي تېخنىكوم 2. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 2980، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2331، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 307، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 593، شى

بويىچە «ئىككى ئاساسەن» نىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.8 كە يەتتى، ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى %3 تىن تۆۋەن تىزگىنلەندى.

شى بويىچە 89 داۋالاش ئاپپاراتى، 24 تۈەن - مەيدان دوختۇرخانىسى ۋە شىپاخانا، دوختۇرخانىلاردا 1383 كارىۋات، 1674 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار. شى بويىچە پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %100 كە، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى %92.3 كە يەتتى.

شى تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 2 ئالتۇن مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى، 3 تۈردە 4 -، 4 تۈردە 5 - بولدى. شى بويىچە رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسىدىن 22 سى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسىدىن 25 ى بار. «ئىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى گېزىتى» شىنجاڭ بويىچە «قوش ئون ياخشى گېزىت» لەرنى باھالاشتا ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر گېزىت بولۇپ باھالاندى، 148 سان نەشر قىلىنىپ، 9400 نۇسخا تارقىتىلدى. 15 ئەسەر بىڭتۈەن، ئاپتونوم رايون ۋە جۇڭگودىكى ۋىلايەت، شەھەر گېزىتلىرى بويىچە ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «سۆدەك شاپائەت» ناملىق فېليەتون مەملىكەت بويىچە گېزىتلەرنىڭ قوشۇمچە بەت ئەسەرلىرى مۇسابىقىسىدا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

10 - ئايغىچە يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى 27 تەزكىرە كىتابىنى تۈزۈش پىلانىنى ئورۇندىدى. تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى. 11 تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىقتى.

شىنىڭ مۇھىتنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىپ ئۆلچەش پونكىتى 87 قېتىم نازارەت قىلىپ تەكشۈردى. مۇھىتقا ئائىت 4 دېلونى بىرتەرەپ قىلدى. 12 كارخانىنىڭ بۇلغىما مەنبەسىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچىدى. 52 پار قازاننىڭ ئىس - تۈتەكلىرىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچىدى. مۇھىتنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەشنىڭ قاپلاش نىسبىتى %85 تىن ئاشتى.

شى بويىچە ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 480 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 7600 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مائاش خاراكتېرلىك كىرىم 6455 يۈەن. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4041 يۈەنگە، كەسپكارلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6536 يۈەنگە يەتتى.

شياۋ يېڭمىڭ

# يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: لى جې (قوشۇمچە)؛ شىجاڭى: يۈ جېجى؛ سىياسىي كومىسسار: جياڭ جيەنشۈن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: چېرنا (موڭغۇل)، يۈ داچىڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ زېدۇ (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، گو چاۋشۈن، لى گۇاڭشېن، ليۇ جىڭدې؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: لى جۇنشىيۇ (ئايال)؛ لۇ زېڭشۇ.

شى شتابى بورتالا شەھىرىدە. شىنىڭ 2002 - يىلدىكى نوپۇسى 105 مىڭ 840، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 50 مىڭ 862، ئاز سانلىق مىللەت 11 مىڭ 420. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 62 مىڭ 36. شى بويىچە نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.97، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.32 بولدى.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 878 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 418 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 200 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 260 مىليون يۈەن. ئۇنىۋېرال پايدا 37 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 916 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىقچىلىقنىڭ 818 مىليون 530 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون 450 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 82 مىليون 470 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 680 مىڭ يۈەن. 50 مىڭ گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 58 مىڭ 947 توننا ئاشلىق، 58 مىڭ 66 توننا پاختا، 3653 توننا ياغلىق دان، 114 مىڭ 210 توننا قىزىلچا، 1985 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 1519 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر 879 گېكتار. يىل ئاخىرىدا قولدا 300 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 6048 توننا گۆش، 409 توننا بېلىق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 126 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى، يېزا ئىگىلىكىدە 20 مىڭ 381 توننا (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) خىمىيىۋى ئوغۇت، 333 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 2509 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 365 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 130 مىليون 640 مىڭ

يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق ساناائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: تارقىتىلغان توك 174 مىليون 780 مىڭ كىلوۋات سائەت، سېمونت 110 مىڭ 200 توننا، پاختا 60 مىڭ 211 توننا، پاختا يىپ 4358 توننا، سۈ يېغى 11 مىڭ 418 توننا، بۇغداي ئۇنى 7508 توننا، سۇلياۋ يوپۇق 3125 توننا.

شى بويىچە تاشيول ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. توشۇلغان يۈك 503 مىڭ تونندا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 98 مىليون 870 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 350 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 106 مىليون 500 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

شى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 413 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئاساسلىق مەبلەغ سېلىش نىشانى تاشيول قۇرۇلۇشى، يۇركۆپ، تامچىلىتىپ سۇغىرىش، خەتەرلىك، كونا ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆيىدىن ئىبارەت بولدى.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 253 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ 97 مىليون 760 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 267 مىڭ كۋادرات مېتىر، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 257 مىڭ كۋادرات مېتىر.

توپ، پارچە سېتىش سودا كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 56 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 949 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 258 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئېكسپورتىدا 400 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلىپ، تاشقى سودا تارىخىدا ئۆزى باشقۇرغان ئېكسپورت بولماسلىقتا خاتىمە بېرىلدى. تاۋار ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 21 مىليون 587 مىڭ 400 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 19 مىليون 986 مىڭ 500 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 600 مىڭ 900 دوللار.

سۇغۇرتا كەسپى كىرىمى 39 مىليون 378 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. 5957 سۇغۇرتا تۆلەم دېلوسى بىرتەرەپ قىلىندى. 19 مىليون 383 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

يەن - تېخنىكا تېمىسىدىن 30 تۈر تۈرغۇزۇلدى. شى بويىچە يەن - تېخنىكىدا ئۈلگە ليەن 65 كە، يەن - تېخنىكىدا ئۈلگە ئائىلە 2235 كە، يەن - تېخنىكىدا ئۈلگە يەر كۆلىمى 5200 گېكتارغا يەتتى. شى بىزا ئىگىلىك يەن تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئورۇندىغان كۆممىقوناقنىڭ يېڭى سورتى «بودەن 6 - نومۇرنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش» بىڭتۇەننىڭ يەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، 9 يىللىق تولۇق مەكتەپ 9، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 5، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، باشلانغۇچ مەكتەپ 5، بالىلار باغچىسى 12. ئوقۇغۇچى 25 مىڭ 239، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 272، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 7340، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2627. يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 939، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 402. شى بويىچە ئۆلكىدىن يۇقىرى گېزىت، ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىغا ئەۋەتىلگەن ئاخبارات ماقالىسى 4928 پارچىگە يەتتى. شى شۆبە ئەپتىش مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

شى بويىچە 189 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 13، شىپاخانا 176، سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 12، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 911.

شى بويىچە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئورۇن 99 غا، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئورۇن 121 گە، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئورۇن 99 غا، ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئورۇن 61 گە، تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئورۇن 62 گە يەتتى، ئورۇنلارنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %100 بولدى. 5 چوڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى ئۇنىۋېرسال يىغىش، تاپشۇرۇش نىسبىتى %100، تاپشۇرۇلماي قالغانلىرىنى ئېنىقلاش نىسبىتى %100 بولدى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 32 مىڭ 749 غا، پېنسىيە پۇلى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىلغان پېنسىيىگە چىققان ئادەم 16 مىڭ 362 گە، ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى %100 كە؛ داۋالىنىش، ئىشسىزلىق، ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش، تۇغۇت قاتارلىق تۈرلۈك سۇغۇرتا ئەمىناتىنى چىقىم قىلىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. شى بويىچە ئاھالىلەر ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 492 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئامانەت پۇل كىشى بېشىغا 4654 يۈەندىن توغرا كەلدى. ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى 8336 يۈەنگە يەتتى.

شۇ فۇلي

# يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: چېن جې (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: لى يۈشيەن؛ سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ جىلياڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: چېن يىڭ (ئايال)، ياڭ فۇلىن (خۇيزۇ، 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ جاڭ لىنزې، سۇن چىڭيۇن، چېن شياۋلىيەن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: شۈي يىڭجۇ، جاڭ يۇڭ.

شى شتابى ۋۇجياچۈ شەھىرىدە. شىنىڭ 2002 - يىلدىكى نوپۇسى 285 مىڭ 400، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 137 مىڭ 300، ئاز سانلىق مىللەت 21 مىڭ 200، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 178 مىڭ 900، كۆچمە نوپۇس 11 مىڭ 300. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 6.39‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 2.39‰ بولدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئورنى 22 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 19، پاي شىركىتى بىر. بىۋاسىتە قاراشلىق سانائەت كارخانىسى 10، ترانسپورت كارخانىسى بىر، بىناكارلىق كارخانىسى بىر، تاۋار ئوبوروت كارخانىسى 7، پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئورنى 14. جەمئىيەتتىكى كەسىپكار 92 مىڭ 200 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچى 66 مىڭ 800، يەككە ئەمگەكچى 19 مىڭ 100. يىل ئاخىرىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانىدىكى ئادەم 76 مىڭ 100.

2002 - يىل 9 - ئايدا گوۋۇيۈەن شى شتابى ۋۇجياچۈنى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر قىلىشنى تەستىقلىدى. ۋۇجياچۈ شەھىرىنىڭ نوپۇسى 108 مىڭ، يەر كۆلىمى 710 كۋادرات كىلومېتىر.

2002 - يىلى شى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 958 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 851 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 452 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 655 مىليون يۈەن.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 940 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 1 مىليارد 591 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 35 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 301 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 13 مىليون يۈەن. 114 مىڭ 400 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. 182 مىڭ 661 توننا ئاشلىق، 105 مىڭ 10 توننا پاختا، 10 مىڭ 214 توننا ياغلىق دان، 45 مىڭ 670 توننا قىزىلچا، 398 مىڭ 261 توننا كۆكتات، 351 مىڭ 130 توننا پەمىدۇر قىيامى، 1834 توننا قۇلماق، 3853 توننا قارا گازىر، 4339 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 7637 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە پارچە - پۇرات بەرلەرگە (تۆت ئەتراپقا) تىكىلگەن كۆچەت 649 مىڭ 500 تۈپ. تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىنغان يەر 4106 گېكتارغا، ئۈزۈم كۆچىتى تىكىلگەن يەر 2691 گېكتارغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 679 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. 25 مىڭ 610 توننا گۆش، 7302 توننا سۈت، 1250 توننا يۇڭ، 2452 توننا تۇخۇم، 2007 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 339 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ئىگىلىكىدە 6156 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 34 مىڭ 700 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ مىقدارغا سۇندۇرۇلدى)، 16 مىڭ 800 توننا دىزېلىن، 818 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىشلەتكەن توك 239 مىليون 580 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى ئۆزى باشقۇرغان ئىگىلىكنىڭ (ھويلا - ئارام ئىگىلىكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) كىرىمى 789 مىليون يۈەنگە، چىقىمى 418 مىليون يۈەنگە، ساپ كىرىمى 308 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ ئۆزى باشقۇرغان ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6571 يۈەنگە، ھەر بىر كەسىپكارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2474 يۈەنگە يەتتى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 292 مىليون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 854 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 1 مىليون 260 مىڭ 500 توننا، كوكس 126 مىڭ 300 توننا، پاختا يىپ 8100 توننا، بۇغداي ئۇنى 29 مىڭ توننا، سۇ يېغى 19 مىڭ 100 توننا، پەمىدۇر قىيامى 15 مىڭ 800 توننا، ساپ پاختا 104 مىڭ 500 توننا، بىرىكمە يۇيۇش خۇرۇچى 1100 توننا، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى 1576 دانە، سېمونت 16 مىڭ 700 توننا، ماي قەغەز 414 مىڭ 200 يۈگەم، خىش 220 مىليون 500 مىڭ دانە، سۇلياۋ ياسالما 12 مىڭ 500 توننا.

شى بويىچە بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 160 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق كارخانىلىرى قىلغان قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 367 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 315 مىليون يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 364 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 279 مىڭ

600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 102 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 477 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 476 مىليون يۈەن، پارچە - پۇرات سېلىنغىنى 5 مىليون يۈەن، خۇسۇسىيلار سالغىنى 142 مىليون يۈەن.

ئاشىپول ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 79 مىليون يۈەنگە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 462 مىليون 780 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 333 مىليون 140 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. يەككە ترانسپورت كەسپى بويىچە توشۇلغان يولۇچى، يۈك ئوبوروت مىقدارى ئومۇمىي يولۇچى، يۈك ئوبوروت مىقدارىنىڭ 90.9% نى ئىگىلىدى.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 799 مىليون يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 751 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى شەھەردە 352 مىليون يۈەنگە، يېزىدا 399 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئالاقىدار ئورۇنلار تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 60 نى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ دېھقانچىلىق سانائەت ئۆلچىمى بېكىتىش تۈرى 2، دۆلەت دەرىجىلىك «ئۇچقۇن» تۈرى بىر، بىڭتۇەننىڭ تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تۈرى 12، شىنىڭ تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تۈرى 45. 2002 - يىلى 6 تۈر بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىڭتۇەننىڭ دوكتور مەبلەغ تۈرى «قوغۇندىكى باكتېرىيە خاراكتېرلىك داغ كېسەللىكى، ئۇرۇق ئېلىپ يۈرگەن باكتېرىيىنى مالېكۇلىلىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكىسى ۋە سورت بايلىقىنىڭ تاقابىلچانلىقىنى باھالاش»، بىڭتۇەننىڭ پەن تەتقىقات تۈرى «زىيانسىز قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش، ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش»، «قوغۇن - تاۋۇزنىڭ يېڭى سورتىنى ئاللاپ يېتىشتۈرۈش»، بىڭتۇەننىڭ نۇقتىلىق تۈرى «قوغۇندا بولىدىغان ئاساسلىق كېسەللىكنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش تېخنىكىسى تەتقىقاتى ۋە ئۇنى قوللىنىش»، بىڭتۇەننىڭ نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش تۈرى «قىزىل بايراق دېھقانچىلىق مەيدانىدا نامراتلار پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش» قاتارلىق تۈرلەر نۇقتىلىق يولغا قويۇلدى.

شەھەردىكى ھەرخىل چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 164، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 6، ئوقۇغۇچىسى 1457، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 36، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى 1779، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4529، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 602، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 49، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 11، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1941، ئوقۇغۇچى 32 مىڭ 710، باللار باغچىسى 22، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 254، باغچىدىكى بالا 4515.

445 داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 25، سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى 21، يەككە ئامبۇلاتورىيە 89. دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 1562، ھەرخىل سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1899، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ۋراچ 505، كەسپىي ياردەمچى ۋراچ 251.

ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 484 مىليون يۈەنگە، ئوتتۇرىچە كىرىمى 8161 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مائاش خاراكتېرلىك كىرىم 6627 يۈەن، ھويلا - ئارام ئىگىلىكىدىن قىلىنغان كىرىم 1534 يۈەن.

شى بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن مەيدانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 8237 يۈەنگە (ھويلا - ئارام ئىگىلىكىدىن قىلغان ساپ كىرىم 1782 يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئەمگەكتىن قىلىنغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 7857 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 3594 يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 2478 گە، پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 61 مىڭ 153 كە، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلاردىن پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 44 مىڭ 806 گە يەتتى. قىسمەن ئورۇنلار داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى، يىل ئاخىرىدا ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 14 مىڭ 410 غا يەتتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىدىن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى بويىچە قۇتقۇزۇلغانلار 5172 گە يەتتى.

ۋېن دىڭجۈي

# يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى

شىجاڭ: لى جىنگۋاڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ۋېن ژىپىڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: جۇي كەيىڭ، گو جۇڭلىن،

چېن جىنگۈي، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: دىڭ خەيسالىڭ، دۆيشەن توخۇجا (قازاق)، ليۇ گېيېۇ (ئايال).

شى شتابى كۆيتۈڭ شەھىرىدە. 2002 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇس 207 مىڭ 740. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 98 مىڭ 987. ئاز سانلىق مىللەت 6879. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3.55‰ بولدى. شى قارىمىقىدا 10 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى، 2 سۇ باشقۇرۇش ئورنى، 12 زاۋۇت، كان، ترانسپورت كارخانىسى، 2 بىناكارلىق كارخانىسى، 5 تاۋار ئوبوروت سودا كارخانىسى، بىر پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى، 16 پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە كەسپىي ئورنى ۋە 12 ئەدلىيە ۋە خەلق قوراللىق خىزمىتى ئورگىنى بار.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 95 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 901 مىليون 730 مىڭ يۈەن. 2 - كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 564 مىليون 630 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 628 مىليون 920 مىڭ يۈەن.

79 مىڭ 500 گېكتار يەر تېرىلدى. 110 مىڭ 54 توننا پاختا، 42 مىڭ 436 توننا ئاشلىق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 403 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 15 مىڭ 5 توننا گۆش، 1256 توننا يۇڭ، 22 مىڭ 131 توننا سۈت ئېلىندى. شى بويىچە 4060 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىش پىلانلاندى. شى بويىچە يىل ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 211 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. چوڭ، ئوتتۇرا تراكتوردىن 1882 سى بار. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ئات كۈچىگە ئىگە ماشىنا 95، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 620. يېڭى تىپتىكى پاختا يىغىش ماشىنىسى 13، ماشىنا بىلەن پاختا يىغىش كۆلىمى 1400 گېكتارغا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 885 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.4% ئاشتى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 176 مىڭ توننا، تارقىتىلغان توك 214 مىليون 210 مىڭ كىلوۋات سائەت، پاختا يىپ 27 مىڭ 900 توننا، رەخت 218 مىليون 940 مىڭ مېتىر. زاۋۇت شېكىرى 1331 توننا، پەمىدۇر قىيامى 16 مىڭ 41 توننا.

شىدا بىر ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى، بىر يولۇچى توشۇش شىركىتى قاراشلىق بولۇپ، يىللىق يۈك توشۇش مىقدارى 2 مىليون 950 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 349 مىليون 610 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى؛ توشۇلغان يولۇچى 4 مىليون 22 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 350 مىليون 70 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 710 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 670 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 606 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 225 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

شىدىكى باللار باغچىسى 18، باغچىدىكى بالا 7165؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 32، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 875؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 113، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 365، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 115، چوڭلار مائارىپى مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى (ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇۋېدىغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1629، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 210. شى بويىچە 314 ئوقۇغۇچى ئىمتىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپكە كىردى.

شى بويىچە 14 شى، تۇەن دەرىجىلىك دوختۇرخانا، دوختۇرخانىلاردا 1297 كارىۋات، 11 سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، 373 ئاساسىي قاتلام داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى، 1781 تېببىي خادىم بار. شى بويىچە بارلىق ئىشچى-خىزمەتچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ 70% ى ئىجتىمائىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

شى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى يېتىشتۈرگەن كېۋەزنىڭ يېڭى سورتى «شىنلو بالدۇر پىشار 9 - نومۇر» نىڭ ھوسۇلى كۆپ، ۋىرۇسقا تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

شى پارتكومىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك شى، مەدەنىيەت جەھەتتە چوڭ شى بەرپا قىلىش پىلانىغا ئاساسەن، شى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە قاراشلىق جەمئىيەتلەر تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، يېڭىدىن كۆيتۈڭ شېئىر ئىلمىي جەمئىيىتى، تيەنيا شېئىرىيەت جەمئىيىتى، «ئالتۇن ئۈزۈم بۇرجەك» خەتتاتلىق، رەسساملىق يۇرتى، تيەنيا شېئىرىيەت دېكلاماتسىيە سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى.

شى بويىچە ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 54 مىڭ 906 گە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 37 مىڭ 509 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 6810 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 8586 يۈەنگە يەتتى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيە پۇلى تولۇق، ۋاقتىدا تارقىتىلدى. تۇرمۇشىدا

قىيىنچىلىقى بار قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن تۇرمۇش كاپالىتىگە ئېرىشتى.

سۇن شەنشى

# يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى

شىجاڭ: سۇڭ جىگو؛ سىياسىي كومىسسار: ما رۇڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ساۋ شەنمىن، جاڭ رۇشۇ، ما شىنپىڭ، تەن جيەنشىن؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: چېڭ كېجياڭ، ليۇ شىن، ۋاڭ شىكې.

شى شىخەنزە شەھىرىدە. شى، شەھەرنىڭ 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 610 مىڭ 800، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 297 مىڭ 500، ئاز سانلىق مىللەت 32 مىڭ 700. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %7.52، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %3.16، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %99.79 بولدى. شىغا قاراشلىق مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇن 211، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 18، سانائەت كارخانىسى 67، بىناكارلىق كارخانىسى 14، ترانسپورت كارخانىسى 5، تop، پارچە سېتىدىغان سودا، يېمەك - ئىچمەك كارخانىسى 38.

شى (شەھەر) بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 5 مىليارد 410 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 422 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 919 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 70 مىليون يۈەن.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 970 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 179 مىڭ 700 گېكتار، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 367 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. 8462 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 873 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 50 مىڭ 500 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) ئىشلىتىلدى. ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 177 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى. تۇەن - مەيدان ۋە يېزىلار بىر يىلدا 258 مىليون كىلوۋات سائەت توك ئىشلەتتى. دېھقانچىلىق زىرائەتتى تېرىلغۇ كۆلىمى 162 مىڭ 200 گېكتارغا يەتتى. 148 مىڭ 600 توننا ئاشلىق، 193 مىڭ 200 توننا پاختا، 4017 توننا ياغلىق دان، 553 مىڭ 900 توننا كۆكتات ئېلىندى. 5900 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 9823 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا

قولدا 615 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 25 مىڭ 800 توننا گۆش، 24 مىڭ 600 توننا سۈت، 1086 توننا يۇڭ، 7540 توننا تۇخۇم، 3442 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 211 مىليون يۈەنگە، پايدا، بېجى 153 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شى (شەھەر) بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 455 مىليون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 960 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 574 مىڭ توننا، تارقىتىلغان توك 920 مىليون كىلوۋات سائەت، يىپ 33 مىڭ توننا، تېشتىقۇ 2132 توننا، پەمدۇر قىيامى 39 مىڭ توننا، ئىچىملىك - ھاراق 226 توننا، سۇ يېغى 50 مىڭ 100 توننا، يۇغداي ئۇنى 72 مىڭ توننا، يەم - خەشەك 26 مىڭ 200 توننا، فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەرگە 49 مىڭ توننا، سۇلياۋ ياسالما 41 مىڭ توننا، سېمونت 196 مىڭ توننا.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 464 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 69 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 377 مىليون يۈەنگە، تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 533 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 760 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، ئاھالىلەر ئىشلىتىدىغان ھەرخىل ئاپتوموبىل 10 مىڭ 800 گە يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 902 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۇقتىلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليارد 501 مىليون يۈەنگە، تاۋار سېتىش سوممىسى 2 مىليارد 467 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا ئامباردا قالغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 940 مىليون يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 80 مىليون 770 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 51 مىليون 700 مىڭ دوللار. 199 توختام ئىمزالاندى، توختامدا سېلىش پىلانلانغان مەبلەغ 1 مىليارد 336 مىليون يۈەن، ئىجرا قىلىنغان توختام 27، مۇشۇ مەزگىلدە ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ 497 مىليون يۈەن. 2 - نۆۋەتلىك 2002 - يىللىق جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتنىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق مۇنبىرى يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

شى (شەھەر) بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 897 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن ئىش باشلانغان ئاساسىي قۇرۇلۇش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرى 288 گە

بەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان قۇرۇلۇۋاتقان تۈر 100، پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈر 233. بۇنىڭ ئىچىدە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان تۈر 33. 2 مىليارد 83 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك يېڭىدىن كۆپەيتىلدى.

شى (شەھەر) دىكى ھەرخىل ئالىي مەكتەپ 118، ئادەتتىكى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 114 مىڭ 200. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 14 مىڭ 738، ئوتتۇرا تېخنىكومدىكى ئوقۇغۇچى 5024، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 36 مىڭ 500، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 58 مىڭ. بالىلار باغچىسى 44، باغچىدىكى بالا 14 مىڭ 200. چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 13 مىڭ 800. 170 مەيدان (قېتىم) ھەرخىل شەكىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى قويۇلدى، تاماشىبىن 310 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. 466 مەيدان (قېتىم) كىنو قويۇلدى، تاماشىبىن 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە يەتتى. «شىخەنزە گېزىتى» 12 مىليون 160 مىڭ نۇسخا، «شىخەنزە رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» 416 مىڭ نۇسخا، «شىخەنزە نوپۇس ۋە ئائىلە گېزىتى» 312 مىڭ نۇسخا، «يېشىل شامال شېئىرىيەت ژۇرنىلى» 18 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى.

يىل ئاخىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتى 55، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 35، ئامبۇلاتورىيە 8. دوختۇرخانا، ئامبۇلاتورىيەدىكى كارىۋات 4050، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 4465. 41 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 35 مىڭ 900 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. دۆلەت، ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەننىڭ تۈرلۈك مۇسابىقىلىرىدا 17 ئالتۇن مېدال، 22 كۈمۈش مېدال، 17 مىس مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى؛ 46 ئادەم دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى تېخنىكا دەرىجە ئۆلچىمىگە، 35 ئادەم 3 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى تېخنىكا دەرىجە ئۆلچىمىگە يەتتى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆلچەمگە يەتكەنلەر 23 مىڭ 100 گە، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %91.9 كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 29 مىڭ 900 گە يەتتى. ھەر 100 ئادەمگە 5 تىن كەسپىي تېخنىكا خادىم توغرا كەلدى.

شى (شەھەر) بويىچە ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9369 يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈزەن - مەيدانلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4183 يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازارلاردا يۈتكەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 820 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، سېلىنىۋاتقان ئەرزان، قولايلىق ئۆي كۆلىمى 176 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلدى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش، داۋالىنىش، ئىشسىزلىق، تۇغۇت ۋە ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى يىغىش، تاپشۇرۇش نىسبىتى %95.2 كە، ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 138 مىڭ 400. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 90 مىڭ 100 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 329 مىليون يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا پۇلى يىغىلدى، 682 مىليون يۈەن چىقىم قىلىندى. 228 مىڭ 500 ئادەم داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا، 130 مىڭ 700 ئادەم ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش، تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا، 54 مىڭ 900 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سوممىسى تارقىتىلغان ئادەم 11 مىڭ 752 گە يەتتى.

جۇ مېيلىڭ

# يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ئاڭ دىڭباڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: دىڭ سۇڭگو؛ سىياسىي كومىسسار: چېڭ جيابۇ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ياڭ خېڭ، جاڭ لىگۈي، ليۇ سىڭفۇ، ۋاڭ جۈن؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جاڭ ئېيمىن، تۇرسۇنبېك كەنجىبېك (قازاق).

شى شىتابى دۆربىلجىن ناھىيىسىدە. شىنىڭ 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 68 مىڭ 850، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 33 مىڭ 170، ئاز سانلىق مىللەت 3216. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.37، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.81، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى %88.8، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %100 بولدى.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 550 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 196 مىليون 300 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما

قىممىتى 105 مىليون 330 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 249 مىليون 300 مىڭ يۈەن. شۇ بويىچە 10 مىليون 640 مىڭ يۈەن ھەر تەرەپلىمە زىيان كۆرۈلەدى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 415 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىقچىلىقنىڭ 287 مىليون 290 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون 640 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 115 مىليون 490 مىڭ يۈەن. 58 مىڭ 700 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 115 مىڭ توننا ئاشلىق، 10 مىڭ 100 توننا ياغلىق دان، 300 مىڭ توننا قىزىلچا ئېلىندى.

4222 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر 3571 گېكتار، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 360 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي بار ئورمان كۆلىمى 8910 گېكتارغا يەتتى.

يىل ئاخىرىدا قولدا 383 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 7152 توننا گۆش، 795 توننا يۇڭ، 2510 توننا سۈت، 1058 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 115 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 57 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، كىرىمى 164 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، پايدا، باج 8 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 86 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ئىگىلىكىدە 16 مىڭ 326 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 3.111 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىشلەتكەن توك 23 مىليون 770 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى.

سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 35 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 40 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 221 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 68 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 107 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: زاۋۇت شېكىرى 39 مىڭ 521 توننا، ئىسپىرت 2983 توننا، بۇغداي ئۇنى 17 مىڭ 963 توننا، سۇ يېغى 1605 توننا، خىش 58 مىليون 620 مىڭ دانە، تارقىتىلغان توك 50 مىليون 490 مىڭ كىلوۋات سائەت.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 36 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، مەھسۇلات قىممىتى 130 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 110 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 89 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 314 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 143 مىليون 650 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 153 مىليون 700 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىيلار سالغىنى 17 مىليون 140 مىڭ يۈەن. 311 مىليون 190 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك يېڭىدىن كۆپەيدى. نۇقتىلىق تۈرگە دائىر سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 35 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ بويىچە تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش تۈرىگە 15 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر 3571 گېكتار، ئوتلاق بەرپا قىلىنغان يەر 5933 گېكتار.

ترانسپورت كەسپىدە، توشۇلغان يۈك 1 مىليون 160 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 123 مىليون 610 مىڭ توننا. كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 260 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 129 مىليون 580 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 123 مىليون 460 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 65 مىليون 30 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

سودىدا ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 250 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، جەمئىيەت بويىچە توپ، پارچە سېتىش سودا كەسپىنىڭ تاۋار سېتىش سوممىسى 276 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 230 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 560 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 670 مىڭ دوللار.

سۇغۇرتا كەسپى بويىچە سۇغۇرتىلاش سوممىسى 6 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپى كىرىمى 26 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 15 مىليون 330 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، ئومۇمىيۈزلۈك تۆلەم نىسبىتى 58.5% كە يەتتى.

شۇ بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئۆلگە ئائىلە (گۇرۇپپا) 1919 غا، ئۆلگە كۆرسىتىشكە قاتناشقان ئادەم 4405 كە يەتتى. 294 قارار پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 21 مىڭ 658 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. 13 مىڭ 641 نۇسخا پەن - تېخنىكىغا ئائىت ماتېرىيال تارقىتىلدى، 510 سېرىيە ئىلمىي تەربىيە فىلىمى قويۇلدى، ۋاقتى ئازكەم 1283 سائەتكە يەتتى. 47 قارار

مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، بۇنىڭغا 470 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى.

شىدىكى چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 4، يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى بىر، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 16، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا مەكتىپى بىر، باشلانغۇچ مەكتەپ 18. چوڭلار تولۇق كۇرسىغا 80 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇۋاتقان تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى 598، چوڭلار ئالىي تېخنىكومىغا 196 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇۋاتقان ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 1200. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5336، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 8753، باللار باغچىسىدىكى بالا 2716. شى بويىچە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن كەسپىي ئاساسىي بىلىم سىنىقى ئېلىندى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 97% كە يەتتى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش خىزمىتى تاماملاندى.

شى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك مەيدان مەدەنىيەت، سەنئەت بايرىمى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 18 كوماندا قاتناشتى، 175 نومۇر مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى، 18 مەيدان ئويۇن قويۇلدى. شى بويىچە 7306 پارچە ئاخبارات ماقالىسى ئىشلىنىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكى 6164 پارچە، ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىكى 1128 پارچە، مەركەز دەرىجىلىكى 14 پارچە. جاۋ جىنۇاڭ مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش تەربىيە پائالىيىتى ئالاقە باغلاش يىغىنى ئىشخانىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە تەشۋىق قىلىنغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتىكى 13 مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام كادىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

يىل ئاخىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتى 45، بۇنىڭ ئىچىدە داۋالاش ئاپپاراتى 33، سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 12، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 637، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 783. شى بويىچە ھەر 1000 ئادەمگە 11.3 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 5.42 دوختۇر، 3.98 سېستىرا، 9.25 كارىۋات توغرا كەلدى.

شى بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 22 مىڭ 43 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 18 مىڭ 901. ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 124 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 84 مىليون 980 مىڭ يۈەن. ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 6526 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 5426 يۈەن. شى بويىچە 20 مىڭ 160 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش خىراجىتىنى بىر تۇتاش غەملەشكە، 20 مىڭ 902 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. يىغىلغان ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى 32 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، چىقىم قىلىنغان پۇل 96 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى تولۇق، ۋاقتىدا تارقىتىشقا كاپالەتلىك قىلىندى، چىقىم قىلىش نىسبىتى 100% كە، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

جاڭ لىجياڭ

## يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ جىشۈن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ۋاڭ چۈەنشېڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ليۇ شياڭشۇڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: لى ۋېنيىڭ، ۋۇ شىجۈەن، ۋېي شۇچىڭ، ياڭ جىڭشېڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: تيەن چۈنشى (ئاپال)، سىزىمقان سائىمباي (قازاق).

شى شتابى ئالتاي شەھىرى بېيتۈن بازىرىدا. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇس 78 مىڭ 521، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.3‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.9‰ بولدى. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 11، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا، مۇلازىمەت كارخانىسى 20، كەسىپكار 30 مىڭ 326. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچى- خىزمەتچى 25 مىڭ 303، يەككە ئەمگەكچى 4968.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 562 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 180 مىليون 570 مىڭ يۈەن؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 168 مىليون 80 مىڭ يۈەن؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 213 مىليون 350 مىڭ يۈەن.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 577 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 371 مىليون 430 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 36 مىليون 360 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 158 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 11

مىليون 850 مىڭ يۈەن. 49 مىڭ گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. 57 مىڭ 104 توننا ئاشلىق، 39 مىڭ 54 توننا ياغلىق دان، 2415 توننا پاختا، 27 مىڭ 393 توننا قوغۇن، 3409 توننا قارا گازىر، 2564 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 6213 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەر بوشتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر 3266 گېكتار. 8259 توننا گۆش، 611 توننا يۇڭ، 2132 توننا سۈت، 2592 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 375 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 2117 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېرتىش دەرياسىدىكى ئالاھىدە بېلىق تۈرىدىن 1 مىليون 960 مىڭ بېلىق بېلىقچىلىقى يېتىشتۈرۈلدى، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 600 مىڭ دانە شاخۇا بېلىقىنى سېتىلدى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 85 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى. 9596 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى)، 235 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا 20 مىليون 154 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 305 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 362 مىڭ توننا، ئوتۇن 36 مىڭ 400 توننا، سۇ يېغى 13 مىڭ 200 توننا، تارقىتىلغان توك 50 مىليون 400 مىڭ كىلوۋات سائەت، سېمونت 55 مىڭ توننا، فابرىكا قەغىزى، قەغەز پەنەركە 600 توننا، خىش 70 مىليون 790 مىڭ دانە، سېغىزلىق ئېرىتمە توپا 28 مىڭ 26 توننا، ئاكتىپ ئاق توپا 4726 توننا، ئىچىملىك - ھاراق 230 توننا، ساپ پاختا 2192 توننا. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %99.8 كە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 521 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلار سالغىنى 501 مىليون 490 مىڭ يۈەن، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى سالغىنى 20 مىليون 260 مىڭ يۈەن.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 301 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 278 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 208 قۇرۇلۇش تۈرىدە قۇرۇلۇش قىلىندى، 196 قۇرۇلۇش تۈرى پۈتكۈزۈلدى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 250 مىڭ كۋادرات مېتىر، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 208 مىڭ كۋادرات مېتىر.

قاتناش - ترانسپورت كەسپى بويىچە توشۇلغان يۈك 1 مىليون 167 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 197 مىليون 362 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 3 مىليون 74 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 75 مىليون 148 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، ترانسپورت كىرىمى 81 مىليون 523 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 313 مىليون 197 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئىلكىدىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ ئاۋارلارنى توپ، پارچە سېتىش سوممىسى 85 مىليون 915 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 331 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 91 مىڭ دوللار.

يىللىق چوشۇرۇلگەن پەن تەتقىقات، ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى 30، تەتقىقات تېمىسى 33، پەن - تېخنىكا 3 تۈرلۈك خىراجىتى ئۈچۈن 260 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بىڭتۈەننىڭ ئامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش تۈرى 2 بولۇپ، بۇنىڭغا 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سانائەت پەن، تېخنىكا تەرەققىياتى قەرز پۇل تۈرى 5 (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرى 2) بولۇپ، بۇنىڭغا 13 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بىڭتۈەن «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرى 3 بولۇپ، بۇنىڭغا 15 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ھەرخىل تېخنىكا كۇرسىدىن 273 قارار ئېچىلىپ، 45 مىڭ 765 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، 33 مەيدان (قېتىم) پەن تېخنىكا لېكسىيىسى، دوكلات يىغىنى، پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە زىيەن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 5000 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچى 19 مىڭ 422 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 7148، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 242، كەسپىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 1032. باللار باغچىسىدىكى بالا 4246.

شى بويىچە 45 داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى، 848 سەھىيە خادىمى، دوختۇرخانىلاردا 566 كارىۋات بار.

«شىنجاڭ بىڭتۈەن گېزىتى» 152 سان نەشر قىلىنىپ، شى بويىچە 587 مىڭ 200 نۇسخا تارقىتىلدى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (پونكىتى) دىن 11 ى بار. تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى %98.27 كە يەتتى.

شى بويىچە ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئەمەلىي تارقىتىلغان مائاش سوممىسى 206 مىليون 397 مىڭ يۈەنگە، ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 8901 يۈەنگە يەتتى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ

خادىملارنىڭ پېنسىيە پۇلى ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلدى. يېڭىدىن 157 مىڭ 90 كۋادرات مېتىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆيى سېلىندى.

جاڭ جىمىن

# بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىسى (بىڭتۈەن قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)

شىجاڭ: ۋاڭ جياڭشىڭ؛ سىياسىي كومىسسار: فۇ يۈەنچاۋ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ بۇ يۇتاڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: جياڭ جىڭمۇن، گۇ جىجياڭ، ۋاڭ ۋېيجۇن، لىيۇ يى، لىيۇ شىڭخۇ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: خاۋ لېخۇ، جاۋ ۋېنيى (ئايال).

شى شتابى ئۈرۈمچى شەھىرىدە. شىنىڭ 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 65 مىڭ 867، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 30 مىڭ 473، ئاز سانلىق مىللەت 1986. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 5.54‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1.38‰، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 100% بولدى. كەسىپكار 32 مىڭ 700.

2002 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 781 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 33 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 669 مىليون 690 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 78 مىليون 890 مىڭ يۈەن. ئۇنىۋېرسال پايدا 11 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شى بويىچە خام چوت ئىچىدىكى 26 كارخانىنىڭ 10 ى تۈزۈلمە ئۆزگەرتتى. قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى 6 ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا كېڭەيدى، قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 180% ىگە توغرا كەلدى. 2003 - يىللىق قۇرۇلۇشقا مىمرال قىلىنغىنى 1 مىليارد 480 مىليون يۈەن.

شىدا ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك قۇرۇلۇش تۈرىدىن 2 سى، بىڭتۈەننىڭ «كوئېنلۇن لوڭقىسى» تۈرىدىن 8 ى بارلىققا كەلدى. يىللاردىن بېرى يىغىۋېلىنمىغان قۇرۇلۇش پۇلىدىن 104 مىليون 320 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى.

شى بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 95 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك قوشۇلما قىممىتى 33 مىليون يۈەنگە يەتتى. تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر 336 گېكتارغا، ئۇقتىسلىق ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىنغان يەر 86.7 گېكتارغا، ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىنغان يەر 81 گېكتارغا، ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 36.7 گېكتارغا، ئورمانغا ياپ قاقاس يەردە بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 133.5 گېكتارغا، يېڭىدىن كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتخانا كۆلىمى 1.5 گېكتارغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 25 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 864 توننا گۆش ئېلىندى.

خەتەرلىك، كونا ئۆيلەر داۋاملىق ئۆزگەرتىلدى. شى بويىچە خەتەرلىك ئۆيلىرى ئۆزگەرتىلگەن ئائىلە 1948 گە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 137 مىڭ 469 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. تۇراقلىق مۈلۈككە 221 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

شى پەن تەتقىقات ئورنى تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن بىناكارلىق قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكا تەتقىقات يۇرتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ پەن تەتقىقات يۇرتى پەن تەتقىقات تېمىسىدىن 3 نى كىرگۈزدى، 8 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تۈرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلدى، «كوئېنلۇن لوڭقىسى» پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا 7 تۈر مەلۇم قىلىندى. 2 تۈر بىڭتۈەن پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ سانائەت پەن تەتقىقات پىلانىدىكى تەتقىقات تېمىسىغا كىرگۈزۈلدى.

شىنىڭ «تەڭرىتاغ قۇرۇلۇش گېزىتى» مەملىكەت ئىچىدە ئاشكارا تارقىتىلدى، 50 سان نەشر قىلىنىپ، 125 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى.

شىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپ 23، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە مەكتىپى بىر، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 4، باشلانغۇچ مەكتەپ 17. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 372، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5037، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئوقۇغۇچىسى 344. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 627، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 501. بۇ شى ئوقۇتقۇچىلار مائاشىنى بىر تۇتاش تارقىتىشنى بىڭتۈەن بويىچە ئالدى بىلەن يولغا قويدى. 627 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىگە 7 مىليون 20 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي مائارىپ مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلاشقا 10 مىليون 464 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شى بويىچە 11 دوختۇرخانا، بىر ئامبۇلاتورىيە، 8 يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، 4 پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى،

دوختۇرخانىلاردا 975 كارىۋات، 335 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار. مەھەللىلەر داۋالاش، ساقلىق ساقلاش مۇلازىستى شى دائىرىسىدە يولغا قويۇلدى.

ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 2361 ئىشچى - خىزمەتچىگە 12 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى. شتاتى ئۆزگەرتىلگەن 1000 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ۋە بىڭتۈەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلاردىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن 560 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنى يۆتكەش رەسمىيىتى بېجىرىلدى. ئەمگەك توختامى بىكار قىلىنغان ھەمدە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان 1115 ئىشسىزنىڭ ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى ئېلىش رەسمىيىتى بېجىرىلدى. ئۆز ئالدىغا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان 1865 كىشىنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا رەسمىيىتى بېجىرىلدى. شى بويىچە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 16 مىڭ 701 كىشى ھەر ئايدا ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى تولۇق ئالدى، بۇنىڭغا 121 مىليون 740 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، چىقىم قىلىنىش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 9453 يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %15 ئاشتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىم سەۋىيىسى ئۆستى.

جاڭ زۇڭمىڭ

# يېزا ئىگىلىك 12 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ياڭ گاڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ۋۇ شىلىڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ليۇ جىنشياڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: خې جيەنمىڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، خۇاڭ جىنجۇڭ، ما شىڭخەي، لى جىڭۋېي، جاۋ يېپىڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: خې ۋېنيۇ، جاڭ لىخۇڭ (ئايال).

شى شتابى ئۈرۈمچى شەھىرىدە. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 64 مىڭ 300، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 31 مىڭ 400، ئاز سانلىق مىللەت 19 مىڭ 900. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰7.88، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.24 بولدى. كەسپكار 26 مىڭ 574، ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 925. 2002 - يىلى شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 6، بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇن 12. شى بويىچە 19 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 459 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 143 مىليون 470 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 135 مىليون 740 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 180 مىليون 680 مىڭ يۈەن. سېتىش كىرىمى 311 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، پايدا، باج سوممىسى 26 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 374 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 14 مىڭ 340 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، 13 مىڭ 769 توننا ئاشلىق، 347 توننا ياغلىق دان، 1043 توننا قۇلماق، 402 مىڭ 211 توننا كۆكتات (ياڭيۇمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئېلىندى.

908 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. دەل-دەرەخلەرنىڭ كېسىلىش مىقدارى 245 كۇب مېتىرغا يەتتى، 10 گېكتار يەردىكى ئورمان ئىزى يېڭىلاندى. يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي بار ئورمان كۆلىمى 3550 گېكتارغا، ئەمەلىي بار مېۋىلىك باغ 1880 گېكتارغا، ئېلىنغان مېۋە - چېۋە 13 مىڭ 152 توننىغا يەتتى.

يىل ئاخىرىدا قولدا 167 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 6681 توننا گۆش، 180 توننا يۇڭ، 15 مىڭ 844 تون سۈت، 1676 توننا تۇخۇم، 232 توننا بېلىق ئېلىندى.

يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 45 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يەتتى. 5014 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى)، 583 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 328 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ 199 مىليون يۈەن. يېزا - بازار كارخانىلىرى (يەككىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 129 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 347 مىڭ 100 توننا، ئۇن 3040 توننا، سۇ يېغى 432 توننا، ئارىلاشما يەم - خەشەك 3103 توننا، پاختا يىپ 5090 توننا، سۇلياۋ ياسالما 2759 توننا، خىش 82 مىليون 950 مىڭ دانە. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 305 مىليون يۈەنگە يەتتى.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 115 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى بىناكارلىق كەسپىنىڭ 97 مىليون 140

مىڭ يۈەن.

قاتناش - ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 62 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، توشۇلغان يۈك 7 مىليون 90 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 209 مىليون 890 مىڭ توننا كىلومېتىرغا، ترانسپورت كىرىمى 149 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. توپ، پارچە سېتىش سودىسى ۋە يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 56 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 318 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 231 مىليون 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى ئورۇنلار سالغىنى 187 مىليون 150 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىلار، يەككىلەر سالغىنى 44 مىليون 420 مىڭ يۈەن.

ھەر دەرىجىلىك، ھەرخىل پەن تەتقىقات تۈرىدىن 24 ى ئىجرا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك «ئۇچقۇن» تۈرىگە كىرگۈزۈلگىنى 3، بىڭتۇەننىڭ تەتقىقات، تەرەققىيات بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش ۋە نامراتلارنى يۆلەش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈر 8، بىڭتۇەننىڭ «مەشئەل» ۋە «ئۇچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈر 6 (قەرز ئېلىش پىلانى 13 مىليون 600 مىڭ يۈەن)، شەھەرنىڭ يېرىك يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش زور پەن - تېخنىكا تۈرىگە كىرگۈزۈلگىنى 3. سۈتچىلىك گۇرۇھى شىركىتىنىڭ «ئوغۇز سۈتى پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ ساقلىق ساقلاش ئىقتىدارى تەتقىقاتى» تۈرى بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ھەرخىل شەكىل، ھەرخىل تىپتىكى پەن - تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 358 قارار ئېچىلىپ، 24 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

شى بويىچە 120 داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 7، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 187. شىدىكى مەكتەپ 14، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭلار مەكتىپى بىر، ئوتتۇرا مەكتەپ 7، باشلانغۇچ مەكتەپ 6، باللار باغچىسى بىر. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 823، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 626، ئوقۇغۇچى 11 مىڭ 365، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4370، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6995. شى بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94.8% كە يەتتى. شى بويىچە دۆلەت ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللارغا بېسىلغان ماقالە 369 پارچىگە يەتتى.

شى بويىچە ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 925 بولۇپ، بىر يىلدا 100 مىليون 980 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. ھويلا - ئارام ئىگىلىكىدىن قىلىنغان ساپ كىرىم 19 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 8631 يۈەنگە يەتتى.

شۇي ئېر، چېڭ ۋېنجۇڭ

# يېزا ئىگىلىك 13 - شىسى

پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: بەي جىجيې (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: كۇاڭ شىڭلۇڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ۋۇ خۇيجۈن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ئىساق ياقۇپ، خې گىڭشەن، ما شىجيې، گې چاڭجياڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ياڭ يۇڭجياڭ، ياڭ فۇبىن.

شى شتابى قۇمۇل شەھىرىدە. 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇس 83 مىڭ 343، بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلە 39 مىڭ 401، ئاز سانلىق مىللەت 16 مىڭ 427. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.9‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.89‰ بولدى. كەسىپكار 31 مىڭ 609، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچى 21 مىڭ 384، يەككە ئىگىلىكچى 4633. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 12، سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا ۋە مۇلازىمەت كارخانىسى 7، كەسپىي ئورۇن 38.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 542 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 233 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 137 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 172 مىليون يۈەن. ئۇنىۋېرسال پايدا 10 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 464 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 20 مىڭ 380 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. 32 مىڭ 249 توننا ئاشلىق، 2496 توننا ياغلىق دان، 14 مىڭ 343 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي مېۋىلىك باغ كۆلىمى 8190 گېكتارغا، ئېلىنغان مېۋە - چېۋە 52 مىڭ 472 تونىنغا يەتتى. 823 گېكتار مېۋىلىك باغ كۆپەيتىلدى، 848 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 318 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 5630 توننا گۆش، 445 توننا يۇڭ، 3710 توننا سۈت، 586 توننا تۇخۇم، 65 توننا بېلىق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 77 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى. 19 مىڭ 984 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 229 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش، سېتىلىش نىسبىتى %93.9 كە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 129 مىڭ 664 توننا، تارقىتىلغان توك 5 مىليون 380 مىڭ كىلوۋات سائەت، ئۇن 4947 توننا، خىش 53 مىليون 770 مىڭ دانە، سۇلياۋ ياسالما 3371 توننا، سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات 588 توننا، مىس، نىكېل رۇدىسى 34 مىڭ 800 توننا، مېتال نىكېل 205 توننا. بىناكارلىق كەسپىنىڭ قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 166 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 53 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ترانسپورت كەسپىدە توشۇلغان ئوبوروت مىقدارى 115 مىليون 550 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 76 مىليون 480 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، ترانسپورت كىرىمى 65 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 372 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 52 مىليون 60 مىڭ يۈەن.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 179 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتىلاش سوممىسى 3 مىليارد 256 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپى كىرىمى 25 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى كەسپى كىرىمى 2 مىليون 860 مىڭ يۈەن. 13 مىليون 30 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، ئۇنىۋېرسال تۆلەم نىسبىتى %51 بولدى.

شىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ 30، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 678، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 700، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 5978. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1206، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1053. ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپ مەركىزى بىر، پارتىيە مەكتىپى بىر، يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى بىر، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىر. تېلېۋىزىيە سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى كۆچەيتىش ئىستانسىسى (پونكىتى) 13. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92 كە يەتتى. 21 داۋالاش ئاپپاراتى، 14 دوختۇرخانا، دوختۇرخانىلاردا 776 كارىۋات، 322 دوختۇر، بىر سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى بار.

شى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 8466 يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 7444 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 3676 يۈەنگە يەتتى. ھويلا - ئارام ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3432 يۈەنگە، كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 1131 يۈەنگە يەتتى.

جاڭ ئىڭبو

## يېزا ئىگىلىك 14 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار، پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: ۋاڭ جىڭچيەن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ، سىياسىي كومىسسار: ياڭ فۇلىن (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ئەبەي، لى گوجياڭ، ۋېن جېڭيۈەن، لى يەڭلياڭ، نى جيەن (ۋەزىپىلىك چېنىقىشقا كەلگەن)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: چېن چياڭ، جاۋ چۈنشياڭ (ئايال).

شى شتابى خوتەن شەھىرىدە. شىنىڭ 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 25 مىڭ 658، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 12 مىڭ 668. ئاز سانلىق مىللەت 21 مىڭ 810. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰17.88، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.66 بولدى. شى قارمىقىدا 3 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 10 سانائەت، قاتناش، سودا، بىناكارلىق، مۇلازىمەت كارخانىسى بار. يىل ئاخىرىدا كەسپكار 8477 گە يەتتى.

شى بويىچە ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 118 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 42 مىليون 990 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 17 مىليون 700 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 58 مىليون 30 مىڭ يۈەن. شى مالىيىسىدە 670 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلدى.

يېزا ئىگىلىك قوشۇلما قىممىتى 42 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 26 مىليون 290 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 990 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 15 مىليون 710 مىڭ يۈەن. 4120 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. 14 مىڭ 69 توننا ئاشلىق، 1260 توننا پاختا ئېلىندى. 294 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 8751 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 115 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 1592 توننا گۆش، 170 توننا تۇخۇم، 203 توننا يۇڭ ئېلىندى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: چىقىرىلغان پاختا 1260 توننا، بۇغداي ئۇنى 1764 توننا، تارقىتىلغان توك 290 مىڭ كىلوۋات سائەت، توڭلىتىلغان ئىچىملىك 247 توننا.

ھۈناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 15 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ 34 قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 64 مىڭ 906 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

قاتناش - ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 910 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 60 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

سودا كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 33 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودىنىڭ 27 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ئىچكى سودىنىڭ 3 مىليون 970 مىڭ يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 33 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. «ياشىن» ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 185 مىليون 150 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 20 مىليون 330 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 164 مىليون 820 مىڭ دوللار، پايدا سوممىسى 5 مىليون 290 مىڭ يۈەن.

مۇقىم مۈلۈككە 197 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 103 مىليون 600 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 93 مىليون 780 مىڭ يۈەن. 167 مىليون 590 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈك يېڭىدىن كۆپەيتىلدى.

سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 2 مىليون 415 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا تۆلەم دېلوسىدىن 252 سى بىر تەرەپ قىلىندى، 833 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، ئۇنىۋېرسال تۆلەم نىسبىتى 34.49% بولدى.

شەھەردە مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 4890، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1251، باشلانغۇچ مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 3639 بولۇپ، 10.64% كۆپەيدى. 3 ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، 4 يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، دوختۇرخانىلاردا 156 كارىۋات، 103 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 21 ليەندۈي سەھىيە ئەترىتى بار.

شى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق مائاش سوممىسى 38 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 4883 يۈەنگە يەتتى.

جاڭ لياڭخۇا

# شەخسلەر

## ئىلغار شەخسلەر

2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى

**جاۋ لى** ئايال، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گورۇھى «1 - ئىيول» 1 - باختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى توقۇش سېخى بىرىنچى ئىسمېنىسىنىڭ نەۋبەتچىسى. ئۇ زاۋۇتقا كىرگەن 16



يىلدىن بۇيان مەشغۇلات تېخنىكىسىنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، يەككە ئۆزى بويىچە تەكشۈرۈشتە ئۈزۈش ئۈزۈلۈشىنى 51.8 سېكۇنتقا، ئارقاق ئۈزۈلۈشىنى 12.5 سېكۇنتقا، تۈگۈچنى 48 گە يەتكۈزۈپ، ئومۇمىي نومۇردا ئەلا سەۋىيىگە يەتكەن. ئۇ ھەر كۈنى بىر سائەت بالدۇر ئىشقا چىقىپ تازىلىق قىلىپ، توقۇش ماشىنىسىنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە قالدۇق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئايمۇ ئاي تولۇق ئورۇندىغان. بىرىنچى دەرىجىلىك باختا رەخت توقۇش نىسبىتىنى پىلاندىكىدىن 13.6% ئاشۇرۇپ، ئۈنۈمنى 95% تىن ئاشۇرغان، ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتى 100% بولغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەملىكەت بويىچە توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى، توقۇمىچىلىق گورۇھى شىركىتى بويىچە مەشغۇلات ئۈلگىسى، فابرىكا دەرىجىلىك مەشغۇلات ماھىرى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**گۈلنىسا ھاپىز** تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. بۈگۈر ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى تازىلىق ئەترىتىنىڭ ئىسمېنا - گۇرۇپپا باشلىقى.



ئۇ، 20 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە، ئورنىدىن تۇرۇپ يوللارنى سۈپۈرگەن، قەھرىتان سوغۇق كۈنلەردىمۇ، تومۇز ئىسسىق كۈنلەردىمۇ كوچا - كويلارنى ھەر كۈنى 2 قېتىمدىن سۈپۈرۈپ تۇرغان، 20 يىلدىن بۇيان بىر كۈنمۇ رۇخسەت سورىمىغان. مانا مۇشۇنداق ئىشچان تازىلىق ئەترىتى بولغاچقا، بۈگۈر ناھىيە بازىرى 1998 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك پاكىز ناھىيە بازىرى بولۇپ باھالاندى. ئۇدا 3 يىل ئاپتونوم رايون ئەرپىدىن شەھەرلەرنىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولۇپ باھالانغان. ئۇ 1999 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**ليۇ جەنلىڭ** ئايال، كومپارتىيە ئەزاسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى 83 - تۇەن - مەيدان بىرىنچى ليەنشىنىڭ ئىشچىسى. ئۇ 1.13 گېكتار يەرنى كۆتۈرە ئېلىپ كېۋەز تېرىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئىلمىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كېۋەز تېرىش ماھىرى بولۇپ يېتىشكەن. بىرنەچچە



يىلدا كېۋەزدىن 240 نەچچە توننا ھوسۇل ئېلىپ، 1 مىليون 90 مىڭ يۈەنلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ياراتقان. ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە، ليەندۈيدىكى 30 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى كېۋەز تېرىپ بېيىش يولىغا ماڭغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شى - تۇەن بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، «8 - مارت قىزىل بايراقدارى»، «نادىر ئىشچى - خىزمەتچى»، 2002 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**ۋاڭ ۋېنمېي** ئايال، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىكى 1 - شى 15 - تۇەن - مەيدانى 1 - لىيەنىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى. ئۇ 1997 - يىلى ئىجرى



بىلەن قوملۇقنىڭ چېتىدە 2.67 گېكتار يەر ئېچىپ، ئۆزى قۇدۇق كولاپ، 13 پارنىك، 25 لاپاس ياساپ، ھەر يىلى 20 توننىدىن ئارتۇق كۆكتات ئېلىپ، يىللىق كىرىمنى 10 نەچچە تۈمەنگە يەتكۈزگەن. ئەتراپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كۆكتات مايسىسى ۋە تېخنىكا بىلەن ھەقسىز تەمىنلىگەن، نامرات ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن جۈپ بولۇپ، ئۇلارنى 15 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بىڭتۇەن ۋە يېزا ئىگىلىك 1 - شى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئۆزى ئىگىلىك باشقۇرۇپ بېيىغان ماھىر، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىغان ئۈلگە، «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئۈلگىسى بولۇپ باھالانغان ۋە مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى.

**ئۇرسۇن ھوشۇر** تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى يول ئاسراش ئەترىتىنىڭ شوپۇرى. ئۇ ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، خالىس تۆھپە قوشۇپ، گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان، ھەر يىلى 800 كىلوگرامدىن ئارتۇق ماي، 6000



يۈەندىن ئارتۇق رېمونت ھەققى تېجەپ، 660 مىڭ كىلومېتىر يول بىخەتەر يۈرگەن، بىر كۈنمۇ ئارام ئالماي ئىشلەپ، خىزمەت مىقدارىنى باشقا شوپۇرلارنىڭكىدىن 30% ئاشۇرغان. ئۇ كۆپ قېتىم تىيانشان رايونى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 1993 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 1995 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى.

**ئەركىن روزى** كومپارتىيە ئەزاسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك باش شىركىتى بىرىنچى قۇرۇلۇش باشقارمىسى 2 - قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ مۇدىرى، ئىنژېنېر. 1985 - يىلى شىنجاڭ قاتناش مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەپ كەلگەن. ئىشچىلار بىلەن



چېدىردا بىللە يېتىپ - قوپۇپ، ئىشقا باشلامچى بولۇپ، سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ، خالىسانە تۆھپە قوشقان. قۇرۇلۇشتا ئۈنۈملۈك چارە ئىزدەپ، ئىسراپچىلىقنى توسۇپ، ھەر يىلى 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىيالى مەبلىغى تېجەپ قالغان. ئۇ يەنە يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونلارغا ۋە نامرات ئىشچىلارغا باشلامچىلىق بىلەن پۇل - ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلغان، ئاغرىق ئىشچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەرگەن. ئۇ كۆپ قېتىم قاتناش نازارىتى، يول - كۆۋرۈك باش شىركىتى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى.

**شاۋ گودۇڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى كىچىك تىپتىكى ماتېرىيال پولات پروكاتلاش زاۋۇتىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى. ئۇ 1997 - يىلى كىچىك تىپتىكى ماتېرىيال زاۋۇتىنى سىناپ



ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، تېخنىكىلىق ھۈنەر - سەنئەتكە دائىر نۇرغۇن قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئىلمىي تەتقىقات ۋە تېخنىكا بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ھازىرغا قەدەر تۈرلۈك چوڭ - كىچىك ئۆتكەل تۈرىدىن 300 نەچچىنى تاماملاپ، بىر قەدەر ياخشى

ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ، كارخانىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، شىركەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى.

**ئادىل ئابلىمىت** كومپارتىيە ئەزاسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى سۈلياۋ زاۋۇتى 2 - توقۇش سېخىنىڭ مۇدىرى، ئىنژېنېر. ئۇ



كارخانىنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدا ئۇزاق مۇددەت ئىشلەپ كەلگەن. كۆپ يىللاردىن بۇيان كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت نىشانى ۋە سېخ خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، يېڭىچە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تېپىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، تېخنىكا يېڭىلاش ۋە ئۇسكۈنە ئۆزگەرتىش ئىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسلىق ئىقتىسادىي - تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، سېختىكى ئىشچىلارنى تەشكىللەپ ۋە يېتەكلەپ، ئاددىي خىزمەت ئورنىدا كارخانىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشقان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ باش زاۋۇت ۋە شۆبە زاۋۇت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 10 نادىر سېخ مۇدىرىنىڭ بىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى.

**ۋاڭ شيۇچيۇڭ** ئايال، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4. دوختۇرخانىنىڭ سېستىرالار باشلىقى. ئۇ



1986 - يىلى ئۈرۈمچى تىببىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. خىزمەتكە قاتناشقان 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، كەسپىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، كەسپىي بىلىملىرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ ۋە تولۇقلاپ كەلگەن، نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپ قېتىم ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. خىزمەت داۋامىدا بىمارلارنى ئۆز تۇغقىنىدەك كۆرۈپ، بىمارلارنىڭ بالدۇرراق ساقىيىشىنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى قىلىپ، دائىم بىمارلارنى يۇيۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چاچ - ساقاللىرى ۋە تىرناقلىرىنى ئېلىپ قويۇپ، بىمارلار بىلەن سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، غەمدىن خالاس قىلغان. 1998 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن.

**فېي يۈئې** ئايال، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى پۇل مۇئامىلە فاكۇلتېتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، دوتسېنت. ئۇ ئوقۇتقۇچى بولغان 26



يىلدىن بۇيان، ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل، سەمىمىي، پۇختا ئىشلەپ، نام - مەنپەئەتكە بېرىلمەي، ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش باشقۇرۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى ئالاھىدە نەتىجىلىرى بىلەن كەڭ شۆھرەت قازانغان. 1985 - يىلدىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون بويىچە ۋە مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئۈچ جەھەتتىن ئادەم تەربىيىلەشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ، مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش سۈپىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاكتىپى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار شەخس قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «8. مارت قىزىل بايراقدارى» ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى.

**شى يۈخۇ** ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكرو ئورگانىزم تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى،

تەتقىقاتچى. ئۇ 40 يىلدىن بۇيان، مىكرو ئورگانىزم ئەمەلىي تەتقىقات ۋە تەرەق-



قىيات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 12 تۈرلۈك ئۇقتىلىق پەن تەتقىقات تېمىسىنى تاماملاپ، ئۇنىڭ 9 تۈرىدە مۇكاپاتلانغان، ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە ياكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ماتارىپ - تەتقىقات تۆھپىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**شۈي مىنخۇا** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شىنخۇا دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى ياردەمچىسى، چوڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى. 1981 - يىلى ئىلى تىببىي مەكتىپىنىڭ ئالىي



تېخنىكوم سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، تىببىي داۋالاش ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈپ، جاپالىق ئىشلەپ تاشقى كېسەللىكلەر بويىچە ئاتاقلىق مۇتەخەسسىس بولۇپ يېتىشكەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، پەن - تېخنىكا بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىسى، مەملىكەتلىك سەھىيە سىستېمىسى بويىچە ئىلغار شەخس. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان، 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**شۈي شۈچيەن** كومپارتىيە ئەزاسى، دوكتورلۇق بويىچە ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەن. شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇرغىلاش ھۈنەر - سەنئەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى، ئالىي ئىنژېنېر. ئۇ



1982 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېگرا رايونغا خىزمەتكە كەلگەن. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، نېفىت قۇدۇقى سېمونتى ۋە قوشۇمچە خۇرۇچ تەتقىقاتى ۋە ئۇنى ئەمەلىي قوللىنىش خىزمىتى، قۇدۇق مۇقىملاش ھۈنەر - تېخنىكىسى، يۆنىلىشلىك قۇدۇق ۋە تەكشى مۇقىملاش ھۈنەر - تېخنىكىسى، يۆنىلىشلىك قۇدۇق ۋە قۇدۇق بۇرغىلاش ھۈنەر - تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى يارىتىپ، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مۇنەۋۋەر كەشپىياتچى بولۇپ باھالانغان. نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ «ئۆمۈر ئادەم پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتى» بويىچە مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

**جۈي خۇا** ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ تەڭرىتاغ سېمونت پاي شىركىتىنىڭ تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مۇدىرى، ئالىي ئىنژېنېر. 1988 - يىلى نەنجاڭ خىمىيە سانائىتى ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن.



ئۇ 10 نەچچە يىلدىن بۇيان سېمونت ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى خىزمىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، يېڭى مەھسۇلات تەتقىق قىلىش ۋە يارىتىش ئىشىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، كارخانىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى باشتىن-ئاخىر ئوخشاش كەسىپ ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغۇزغان، يېڭى سېمونت مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەشكە تەشكىللىگۈچىلىك قىلىپ، «سېمونتنىڭ ئەۋلادىنى ئىشلەپچىقارغاندا، يەنە بىر ئەۋلادىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش، بىر ئەۋلادىنى زاپاس ساقلاش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بازار ئېھتىياجىنى زور دەرىجىدە قانائەتلەندۈرۈپ، كارخانىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى، 2001 - يىلى شىنجاڭ تەڭرىتاغ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى گۇرۇھى شىركىتى بويىچە

ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۈلگىسى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى.

**فەن شۇخۇا** ئايال، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى پەن تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى، مۇئاۋىن باش ئىنژېنېر. ئۇ 1978 - يىلى ئالىي



مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە يۇقىرى توك بېسىمى سىنىقى ۋە ترانسفورماتور ئۈسكۈنىلىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان بولۇمدىكى كەسپىي خادىملار بىلەن بىللە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەپ، 1 - قول ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئېختىنىكىسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە پۇختا ئاساس سالغان. ئۇنىڭ دادىل باشقۇرۇشى ۋە قاتتىق تەلەپ قويۇشى بىلەن يۇقىرى ساپالىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى بارلىققا كەلگەن. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ش ئۇ ئا ر ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى.

**ئىلھام ئوسمان** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالىي مۇخبىر. ئۇ ۋەتەننى، خەلقنى ۋە ئاخبارات ئىشلىرىنى




قىزغىن سۆيۈپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، خىيمەتەردىن قورقماي تەگرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى كېزىپ، تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى ۋە تېلېۋىزىيە مەخسۇس قىلىملىرىنى ئىشلەشكە تەشكىلاتچىلىق قىلغان. ئۇ تەۋرىنىەس سىياسىي مەيدانى، كۈچلۈك سىياسىي ئاڭغا ۋە گەۋدىلىك ئاخبارات سەزگۈرلىكىگە ئىگە بولۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغدايدىغان. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئاخبارات تېلېۋىزىيىسى ئارقىلىق ئېچىپ تاشلاپ، جامائەت پىكرىنىڭ ئىجابىي يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرغان. 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى 10 نادىر ياشنىڭ بىرى، 2001 - يىلى جۇڭگودىكى 10 نادىر ياشنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى.

**ليۇ شاۋجۇن** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. جىمسار ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى، ئالىي ئىنژېنېر. ئۇ 1974 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 20 نەچچە يىلدىن بېرى ئىزچىل تۈردە ئورمانچىلىق سېپىدە كۈرەش قىلىپ، ئۆز تەرەپتىن كېچىپ ئۇمۇم ئۈچۈن ئىشلەپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، ھەممىدە ئۆزى باشلامچى بولغان. بولۇپمۇ باشلىق بولغاندىن بۇيان جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئورمانچىلىق



نازارىتى بويىچە مۇنەۋۋەر كارخانا باشقۇرغۇچىسى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشتى.

**لى جىنشىن** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. ئۈرۈمچى — قۇمۇل نېفىتلىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئالىي سىياسىي خىزمەتچى. ئۇ ئۇزۇن مەزگىل رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھەممىدە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئۆزىگە



قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پارتكومنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكىنى، ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىدىغان يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان، ئۆزىنىڭ ۋە رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ساپاسى ۋە سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئومۇمىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، كارخانىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئىلمىي - پەن ۋە نەزەرىيە ئەتىقاتى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكى قايتىدىن تەشكىللىنىپ، تۈزۈمى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، باش قوماندان، پارتكوم شۇجىسى بولغان. ئۇ ئۇزۇن قىيىنچىلىق ۋە بېسىم ئالدىدا، بازارلارنى پائال ئېچىپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى تۈرلۈك ئامالار بىلەن يېتىلدۈرۈپ، چىقىمنى تۆۋەنلىتىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى بۆسۈش نىشانى قىلىپ، تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان. 1994 - يىلى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 1996 — 1998 - يىللىرىدا تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى بولۇپ باھالانغان. 2002 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى.

# ئىنقىلابىي قۇربانلار

**چېن چىڭشياڭ** گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەنشۈي شەھىرىدىن. 1963 - يىل 11 - ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1980 - يىل 3 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1991 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا يېڭىشەھەر



ناھىيىسى تازغۇن يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان. ئۇ 2001 - يىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، تازغۇن يېزىسى قاتار سۆڭەت سۇ ئامبىرىدا ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي سۇغا چۈشۈپ كەتكەن 2 كىشىنى قۇتقۇزۇش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان. 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**خەن شەن** گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گۇلاڭ ناھىيىسىدىن. 1974 - يىل 1 - ئايدا تۇغۇلغان. 1991 - يىل 11 - ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا غۇلجا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئالاھىدە ساقچىلار ئەترىتىنىڭ ساقچىسى ئىدى. 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچ سائەت 7 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، غۇلجا ناھىيىسى ئۈچچۈن خويزۇ يېزىسىدا زەھەر دېلوسىنى پاش قىلىش جەريانىدا، زەھەر ئەتكەسچىسى بىلەن ئېلىشىپ، ئوق تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**جاۋ شىنمىن** سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېنشۈي ناھىيىسىدىن. 1956 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تۇغۇلغان. 1974 - يىل 3 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1990 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى شىنمىن ساقچىخانىسىنىڭ يېتەكچىسى، ئىككىنچى دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى ئىدى. ئۇ 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن،




«110» قوماندانلىق مەركىزىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال ساقچىلارنى باشلاپ، ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ تۈرلۈك ماللار سودا بىناسى ئالدىغا كېلىپ، بەدەنگە پارتلىتىش دورىسى تېڭىۋېلىپ ئىش تېرىماقچى بولغان بىر جىنايەت گۇماندارىنى بويسۇندۇرۇش دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشقان، جىنايەت گۇماندارى پارتلىتىش دورىسىنى پارتلاتقاندا، جاۋ شىنمىن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**چېن ۋېي** جياڭسۇ ئۆلكە-سىنىڭ جېنجياڭ ناھىيىسىدىن. 1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۇغۇلغان. 2001 - يىل 6 - ئايدا ئىمتىھاق ئدراسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا




ماناس ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز 2 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. 2001 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دە سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئوقۇغۇچىنى قۇتقۇزۇش يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 20- كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**يىڭ كې** خۇنەن ئۆلكىسى-نىڭ جۇجۇ شەھىرىدىن، 1959 - يىل 7- ئاينىڭ 23 - كۈنى تۇغۇلغان. 1977- يىل 10 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان.



1990 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو كومپارتى-يىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ دوستلۇق (گۇرۇھ) چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇدىرى، مۇئاۋىن باش دىرېكتورى، دوستلۇق سودا ساربىيىنىڭ باش دىرېكتورى ئىدى. 1998- يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتە، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئادىل ئىش قىلغانلىقتىن، ئۆز ئۆيىدە جىنايەت گۇماندارى تەرىپىدىن قەستكە ئۇچرىغان. 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**مۇتەللىپ ئۆمەر** شىنجاڭ گۇما ناھىيىسىدىن، 1965 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تۇغۇلغان، 1983 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 2000 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا قوشتاغ



يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ مەركىزىي شۆبە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 17- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە ئۆز ئىشخانىسىدا 3 نەپەر خىزمەت خادىمىنى قوغداپ، چېكىدىن ئاشقان دىنىي ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن قەستكە ئۇچرىغان. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**خەن دېجياڭ** جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ تەيشىڭ شەھىرىدىن، 1959- يىل 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تۇغۇلغان. 1977 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1985- يىلى ئەدلىيە ساقچىسى بولغان. 1994- يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات



ۋاقتىدا بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى شىخەنزە تۈرمىسى 4 - نازارەت رايونىنىڭ بوغالتىرى، مەمۇرىي بۆلۈمچىنىڭ باشلىقى، 3 - دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى ئىدى. 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كەچ سائەت 21 دە، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 - شى 182 - تۇەندە ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا، 3 نەپەر قاراقچىنىڭ ئۇنى بېشىغا ئۇرۇپ پارىلاندۇرغان، بېشىدىن قان كۆپ چىقىپ كېتىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 15- كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**بەكرى قايىر** شىنجاڭ كورلا شەھىرىدىن، 1957 - يىل 1 - ئايدا تۇغۇلغان. 1991 - يىل 12 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا



بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى تاشەن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ

رېھوتچىسى ئىدى. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 8 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، كۆنچىسى دەرياسىغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى قۇتقۇزۇش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان. 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

# ۋاپات بولغانلار

**ۋاڭ ناخۇەن** (1919 — 2002) سەنشى ئۆلكىسىنىڭ پىڭياۋ ناھىيىسىدىن. 1946 - يىل 12 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيىگە قاتناشقان. 1947 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. كاتىپ، بوغالتىر،



بۆلۈمچە باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، ھەربىي رايون ئارقا سەپ - تەمىنات بۆلۈمى ماددىي ئەشيالار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى بولغان. ئازادلىق ئوردېنى، غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جاڭ يۈلىن** (1915 — 2002) شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرىدىن. 1937 - يىل 11 - ئايدا 8- ئارمىيىگە قاتناشقان. 1940 - يىل 2- ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، گەنسى، بۆلۈم باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى، مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. غەربىي جەنۇبىي شەنشى



جاھىللارنى يوقىتىش ئۇرۇشى، جىنەن، خۇەيخەي، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش ۋە شاڭخەينى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنى بېرىلگەن. 1981 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**جا تىڭمىڭ** (1930 — 2002) سەنشى ئۆلكىسىنىڭ كېلەن ناھىيىسىدىن. 1948 - يىل 9 - ئايدا



ئازادلىق ئارمىيىگە قاتناشقان. 1949 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، مەخپىي ھۆججەت كاتىپى، ياردەمچى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى كاتىبات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1985 - يىل 1 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لوڭ شاۋشەن** (1915 — 2002) گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ بىجيې ناھىيىسىدىن. 1935 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيە-



سىگە قاتناشقان. 1937 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، مۇھاپىزەتچى، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ، بۆلۈمچە باشلىقى، باشقۇرغۇچى، بۆلۈم باشلىقى، ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، ئەسكەرلەر


پونكىتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى باش دوختۇرخانىسىنىڭ شى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى بولغان. 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش، شىمالغا قايتىش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. «1 - ئاۋغۇست ئوردېنى»غا، مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنىغا، ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 2 - دەرىجىلىك قىزىل يۇلتۇز تۆھپىكارى ئوردېنى بېرىلگەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**شۇ كېلى** (1928 — 2002) شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېينەن شەھىرىدىن. 1949 - يىل 9 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيىگە قاتناشقان. 1954 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. كۈزەتچى، بۇغالتىر، ياردەمچى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم



باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ماددىي ئەشيالار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ماددىي ئەشيالار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1986 - يىل 10 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**گوڭ يىڭتىڭ** (1917 — 2002) خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋېنئەن ناھىيىسىدىن. 1937 - يىل 10 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان. 1939 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. بەنجاڭ، مۇئاۋىن پەيجاڭ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى،



ليەنجاڭ، خەلق ئەسكەرلىرى ئەترىتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، ئوقۇتۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى، يىڭجاڭ، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، ئارقا سەپ - تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى (شى دەرىجىلىك) قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، 100 تۈەن ئۇرۇشى، ئەيخاڭشەن ئۇرۇشى، ۋازىجېي ئۇرۇشى، پىڭخوابيەن ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنىغا، ئازادلىق ئوردېنىغا، غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1977 - يىل 7 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ۋۇ يىڭ** (1922 — 2002) خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋېيشەن ناھىيىسىدىن. 1943 - يىل 9 - ئايدا 8. ئارمىيىگە قاتناشقان، 1945 - يىل 7. ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. شتاب ئوفىتسېرى، بۆلۈم باشلىقى، شى شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن شىجاڭ، شىجاڭ، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر (قۇرۇقلۇق ئارمىيە) مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەسلىھەتچىسى بولغان. سۈييۈەن ئۇرۇشى، رىشى ئۇرۇشى، بېيپىڭ -



تيەنجىن ئۇرۇشى، گەنسۇ، چىڭخەي، سىچۈەندە بانditلارنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئازادلىق ئوردېنىغا، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1985 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ۋېن گېڭتۇڭ** (1923 — 2002) شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خۇاشەن ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل 6 - ئايدا 8- ئارمىيىگە قاتناشقان. 1945 - يىل 3- ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ليەنجاڭ، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى، سىياسىي يېتەكچى، پىيادە



ئەسكەرلەر مەكتىپىدە، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، ئەترەت باشلىقى، چوڭ ئەترەت باشلىقى، يىڭجاڭ، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۇەنجاڭ، ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، ئىلى شۆبە ھەربىي

رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا، ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق ـ ئەركىنلىك ئوردېنىغا، ئازادلىق ئوردېنىغا، غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 ـ يىل 3 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ئىسھاقجان مەھمۇد** (1922 — 2002) شىنجاڭ يەكەن ناھىيىسىدىن. 1946 — 1947 ـ يىللىرى «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1950 ـ يىلى يېڭى دېموكراتىك ئىتتىپاقىغا قاتناشقان، شۇ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.



يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەيئىتى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، يەكەن ۋالىي مەھكىمە سەھىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، يەكەن شىپاخانىسىنىڭ باشلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋالىي مەھكىمىسى سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىرى بولغان. ش ئۇ ئا ر يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ش ئۇ ئا ر ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ، 5 ـ، 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1995 ـ يىل 1 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لى چېڭگاۋ** (1906 — 2002) خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جىڭشەن ناھىيىسىدىن. 1931 ـ يىلى ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان. 1934 ـ يىل 5 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1932 ـ يىل 5 ـ ئايدا جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان. 1934 — 1935 ـ يىللىرى قىزىل ئارمىيە 2 ـ يۈرۈش ئارمىيىسى



تولۇقلىما تۈۋنى تەمىنات باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1935 — 1936 ـ يىللىرى قىزىل ئارمىيە 7 ـ شى قوماندانلىق شتابىدا خوجىلىق باشلىقى بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، 8 ـ ئارمىيە 120 ـ شىسى 358 ـ لۈي قوماندانلىق شتابىدا بۆلۈم باشلىقى، كونۋوي، مەركىزىي ئەسكەر پونكىتىنىڭ باشلىقى، تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى بولغان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە سەنشى ـ سۈيۈەن ھەربىي رايونى، 2 ـ جۇڭنىڭ 4 ـ شىسىدا پارتكوم ئەزاسى، تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. قىسىمدىن يەرلىككە ئالماشقاندىن كېيىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ سودا شىركىتى جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ماي شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، شىنجاڭ تاشقى ترانسپورت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**چېن كېۋېن** (1933 — 2002) خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شاۋياڭ ناھىيىسىدىن. 1951 ـ يىل 1 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1956 ـ يىل 4 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1951 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە دىخۇا 6 ـ جۇڭ تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتىدە ئوقۇغۇچى بولغان. 1952 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1953 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە قۇمۇل



6 ـ جۇڭ 14 ـ شى سىياسىي باشقارمىسىدا ئىشلىگەن. 1953 ـ يىل 3 ـ ئايدىن باشلاپ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىدە ئىشلەپ، تەنتەربىيە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، كۇلۇب خىزمەتچىسى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى تەمىنات پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1971 ـ يىل 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن، 1973 ـ يىل 11 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى

تەنتەربىيە ئەترىتىدە سىياسىي كومىسسار بولغان. 1982 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان، 1986 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 1992 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ نازىر دەرىجىلىك تەفتىشچىسى بولغان. 1994 - يىل 2 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**چېن چاڭكىياڭ** (1922 — 2002) خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جىنياڭ شەھىرىدىن. 1937 - يىل 10 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان. 1939 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، مۇئاۋىن پەيجاڭ، مۇئاۋىن لييەنجاڭ، لييەنجاڭ،



مۇئاۋىن يىڭجاڭ، سىياسىي يېتەكچى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، خوتەن شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يەنئەن مۇداپىئە ئۇرۇشى، ۋازىجېي ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك مېدالىغا، ئازادلىق مېدالىغا، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1978 - يىل 3 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لى فېڭجۇ** (1917 — 2002) چياڭزۇ، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ماۋشەن ناھىيىسىدىن. 1934 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل



ئارمىيىسىگە قاتناشقان. 1936 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. يەر ئىنقىلابى مەزگىلىدە 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە رازۋېدكا پەيجاڭى، لييەنجاڭ، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، تەيخاڭ خۇڭشۈي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتى 6 - شۆبە مەكتىپىنىڭ كۇرسانتى، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، جەنۇبىي خېبېي 4 - شۆبە رايونى قوراللىق خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى، جەنۇبىي خېبېي 2 - شۆبە رايونى 771 - تۇەن 2 - ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، 2 - يىڭنىڭ يىڭجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۇەنجاڭ بولغان. يەنئەن مۇداپىئە ئۇرۇشى ۋە چىڭخۇاييەن، ۋازىجېي ئۇرۇشلىرىغا ۋە لەنجۇ ئۇرۇشىغا قاتناشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مۇئاۋىن شىجاڭ، غەربىي شىمال ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيە ھەربىي - سىياسىي مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، چىڭخەي ئۆلكىسى يۈشۇ ئايرودرومىنى ياساش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 2 - ئاۋىئاتسىيە تەييارلىق مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ھاۋا ئارمىيە تېز مەدەنىيەت ئۆگىنىش 3 - ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ھاۋا ئارمىيە تېز مەدەنىيەت ئۆگىنىش 2 - مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مۇستەقىل شىنىنىڭ شىجاڭى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن قوماندانى، ش ئۇ ئا ر مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 3 - دەرىجىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنىغا، 3 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنىغا، 2 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىغا، 2 - دەرىجىلىك قىزىل يۇلتۇز تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1990 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**گو يۈنشەن** (1928 — 2002) سەنشى ئۆلكىسىنىڭ چىڭشۈ ناھىيىسىدىن. 1945 - يىل 8 - ئايدا



8 - ئارمىيىگە قاتناشقان. 1947 - يىل 7 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. خىزمەتچى، شتاب ئوفىتسېرى، كاتىپ، بۆلۈم باشلىقى، شى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، شىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يەنئەن مۇداپىئە ئۇرۇشى، ۋازىجېي ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. ئازادلىق مېدالى-

غا، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1984 - يىل 10 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېسەل بىلەن تەييۈەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

### فۇ خۇڭمىڭ (1925 — 2002)

خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يىتەن ناھىيىسىدىن. 1948 - يىل 1 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيىگە قاتناشقان. 1948 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، مۇئاۋىن



پەيجاڭ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، سىياسىي يېتەكچى، تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سىياسىي ھەمكارلاشقۇچى، تۈەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، كومىسسارى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ - تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن شى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئازادلىق ئوردېنىغا، غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 24- كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

### ۋاڭ جىڭلىبى (1925 — 2002)

جاڭشى ئۆلكىسىنىڭ شاڭيۇ ناھىيىسىدىن. 1951 - يىل 1 - ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان. 1956 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىنىڭ پروفېسسورى بولغان. 1994 - يىل 12- ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2002 - يىل 5- ئاينىڭ 4 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

### جاڭ جيۇلىڭ (1930 — 2002)

شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەنچىڭ ناھىيىسىدىن. 1949 - يىل 2 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1948 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.



1949 - يىل 2 - ئايدا شەنشى ئۆلكىسى دالى شۆبە رايونى ۋالىي مەھكىمىسىدە ئىشلىگەن. 1950 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسىدە كاتىپ، تەپتىش بولغان. 1953 - يىل 10 - ئايدا مايتاغ نېفىت مەخسۇس تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى بولغان. 1957 - يىل 6 - ئايدا قاراماي شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بولغان. 1965 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار تەپتىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1971 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 2 - كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1978- يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار تەپتىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1983 - يىل 7 - ئايدا پارتگورۇپپىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن باش تەپتىش بولغان. 1986 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولغان. 1993 - يىل 1 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

### خۇ دانيەن (1920 — 2002)

يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ جەنيى ناھىيىسىدىن. 1936 - يىل 2 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1937 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 2- ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى 2 - يۆنىلىش ئارمىيىسى 2 - جۈن 6 - شىسىدە جەڭچى بولۇپ، 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، 8 - ئارمىيە 120 - شى 358 - لۈيدە جەڭچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، يېتەكچى بولغان، خېبېيدىكى لىنگشۇ چېنجۇاڭ ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، تۈەن سەھىيە ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى بولغان، شىمالىي شەنشىدىكى شاجيادىيەن ئۇرۇشى ۋە باۋجىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە شىنجاڭدىكى گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسمىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 9 - جۈن 27- شى 80 - تۈەندە پوقراۋى ترانسپورت بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، قوغداش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، ياردەمچى خادىم بولغان. 1952 - يىل 6 - ئايدا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ شىنجاڭدىكى نېفىت كارخانىسىدا خىزمەت قىلغان، جۇڭگو — سوۋېت نېفىت پاي شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت شىركىتى بىناكارلىق ترېستى

كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تۇرالغۇ ئۆي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى بولغان. 1955 - يىل 8 - ئايدا شىئەن نېفىت كادىرلىرى مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1956 - يىل 2 - ئايدا نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكى شىئەن گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسى (شىمالىي جۇڭگو) بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئەترىتىگە ئارىيەتكە ئېلىنىپ، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1957 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قايتىپ كېلىپ، قاراماي كان ئىشلىرى ئىدارىسى مەمۇرىيەت - مۇلازىمەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى مەمۇرىيەت - مۇلازىمەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، قاراماي تېببىي مەكتىپى پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1984 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.

**جۇ يىخۇۇ** (1930 — 2002) گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋېيۈەن ناھىيىسىدىن. 1949 - يىل 8 - ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، 1952 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ھەربىي قىسىمدا جەڭچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، گەنشى بولغان. 1952 - يىل 12 - ئايدا ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە ئىشخانىسىدا تەرجىمان، دۇڭچۇەن كادىرلار مەكتىپىدە مۇئاۋىن لىيەنجاڭ بولغان. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى بولغان. 1979 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ توقسۇن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نۆۋەتتە شۇجىسى بولغان. 1983 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1984 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1985 - يىل 1 - ئايدا بېيجاڭ ئىش باشقارمىسى ئاساسىي قاتلام پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1987 - يىل 9 - ئايدا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللەتلەر نەشرىياتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، باش مۇھەررىرى بولغان. 1995 - يىل 3 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

**لو يۈجۇ** (1924 — 2002) سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭدۇ شەھىرىدىن. 1947 - يىل 10 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان، 1948 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، تەشۋىقاتچى، شتاب



ئوفىتسېرى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، شتاب باشلىقى، قىزىلسۇ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ۋازىچىي ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇش ۋە جەڭلەرگە قاتناشقان، ئازادلىق ئوردېنىغا، غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1980 - يىل 7 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەندە ۋاپات بولدى.

**نىياز بەشىر** (1924 — 2002) شىنجاڭ پىچان ناھىيىسىدىن. 1950 - يىل 2 - ئايدا دېھقانلار جەمئىيىتىدە ئىشلىگەن، دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان. شۇ يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.



تۇرپان 3 - رايون 1 - يېزىسىنىڭ باشلىقى، تۇرپان 3 - رايونىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، تۇرپان ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قاتناش نازارىتى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قاتناش نازارىتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر قاتناش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ش ئۇ ئا ر ئۆلچەم ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى بولغان. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 4 -، 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 9 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1986 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جاۋ باۋشياڭ** (1927 — 2002) خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ كېشەن ناھىيىسىدىن. 1946 - يىل 5 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان، 1946 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن، جەڭچى، بەنجاڭ،

كۆرسانت، مۇئاۋىن پەيجاڭ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن ليەنجاڭ، ليەنجاڭ، رايونلۇق ئەترەت باشلىقى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتۇش



تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، شتاب باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، مۇدىر، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى بولغان. لياۋشېن ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئازادلىق مېدالىغا، غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

### ليۇ ياۋمىڭ

(1917 — 2002) شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يەنچۈەن ناھىيىسىدىن. 1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1935 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.



1934 ـ يىلدىن 1947 ـ يىلغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەنشى ئۆلكىسى يەنچۈەن ناھىيىسى جەنۇبىي رايونى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ كۆزەتكۈچىسى، كەمبەغەل دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلار گەنشىسى، جەنۇبىي رايون ئىتتىپاق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ۋاياۋباۋدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ كۇرسانتى، يەنچۈەن ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئۆسمۈرلەر خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جەنۇبىي رايون ـ يۈڭشىڭ رايونى ـ چىڭيەن رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، يەنئەن غەربىي شىمال پارتىيە مەكتىپىنىڭ كۇرسانتى، يەنچۈەن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى بولغان. 1948 — 1949 ـ يىللىرى شەنشى ئۆلكىسى گۇلىن ناھىيىلىك خىزمەت ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، يىچۈەن ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، فۇشەن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، يەنئەن لىجياچۇ يېڭى رايونى كادىرلار سىنىپىنىڭ كۇرسانتى، خۇاشەن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، غەربىي شىمال بيۇروسى تەشكىلات بۆلۈمى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1950 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى تەشكىلات ـ كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، باشقارما باشلىقى قوشۇمچە كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت كادىرلار ـ قوغداش گۇرۇپپىسى مەخسۇس دېلو ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، پارتگۇرۇپپا شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرى، كادىرلار ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئەمگەك ـ كادىرلار نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

### ئەخمەتجان ئىبراھىم

(1929 — 2002) شىنجاڭ پەيزاۋات ناھىيىسىدىن. 1944 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى (1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوشۇلغان) گە قاتناشقان.



1950 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، كاتىپ، خوجىلىق باشلىقى، پەيجاڭ، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، گەنشى، مۇئاۋىن مۇدىر، بۆلۈمچە باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، تارباغاتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئازادلىق مېدالىغا، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

### جاڭ گويشېڭ

(1924 — 2002) خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شېنزې ناھىيىسىدىن. 1940 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 8 ـ ئارمىيىگە قاتناشقان، 1940 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.

جەڭچى، پەنجاڭ، خوجىلىق باشلىقى، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، لىيەنجاڭ، يىڭجاڭ، بۆلۈم باشلىقى، باشقارما باشلىقى، شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ




مۇئاۋىن قوماندانى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى گارنىزون 3 - شىسىنىڭ شىجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنىغا، ئازادلىق ئوردېنىغا، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1980 - يىل 11 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كېسەل بىلەن شىجياجۇاڭ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ پىڭ** (1921 — 2002) شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لەيشى ناھىيىسىدىن. 1939 - يىل 1 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان. 1941 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، پەيجاڭ، مۇئاۋىن



لىيەنجاڭ، لىيەنجاڭ، مۇئاۋىن جوڭ ئەترەت باشلىقى، يىڭجاڭ، شتاب باشلىقى، ئىشخانا مۇدىرى، قورۇقلۇق ئارمىيە 26 - ھەربىي سانائىتى رايونىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاساسىي قۇرۇلۇش قىسمى 1 - قۇرۇلۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. خۇەيخەي ئۇرۇشىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1977 - يىل 4 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن سۈجۇ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**جاۋ خەيچىڭ** (1914 — 2002) خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جەنلى ناھىيىسىدىن. 1932 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان. 1932 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. يەر ئىنقىلابىي ئۇرۇشى مەزگىلىدە، قىزىل ئارمىيە 3 - جۈتۈەننىڭ



9 - شىسىدا جەڭچى، 3 - قىزىل ئارمىيە 3 - جۈن 7 - شى 19 - تۇەنىدە پەنجاڭ، قىزىل ئارمىيە 2 - يۆتكىلىش ئارمىيىسى 11 - تۇەنىدە پەيجاڭ، قىزىل ئارمىيە 2 - يۆتكىلىش ئارمىيىسىنىڭ 11 - تۇەنىدە لىيەنجاڭ بولغان. خۇنەن - جياڭشى ئىنقىلابىي ئاياغ بازىدىكى قورشاپ يوقىتىشقا قارشى ئۇرۇش ئۇرۇشىغا، لوڭگاڭ ئۇرۇشىغا ۋە 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 8 - ئارمىيە 120 - شىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭىدا پەيجاڭ، 398 - لۈيىنىڭ 4 - تۇەنىدە يىڭجاڭ، 398 - لۈيىنىڭ ئوقۇتۇش يىڭىدا ئەترەت باشلىقى، سەنشى ئۆلكىسى لىنشەن ناھىيىلىك مۇستەقىل لۈيىنىڭ 11 - تۇەنىدە يىڭجاڭ بولغان. ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە، سەنشى ئۆلكىسى لۈلياڭ ھەربىي رايونى 10 - شۆبە رايونىنىڭ 59 - تۇەنىدە مۇئاۋىن تۇەنجاڭ بولغان. 1949 - يىل 9 - ئايدا ۋاڭ جېن، ۋاڭ ئېنماۋلارنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭغا كىرگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان ۋە شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ماشىنا ترانسپورت 1 - تۇەنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1953 - يىل 5 - ئايدا شەرقىي شىمال ھاۋا مۇداپىئە قىسمى ھاۋا بوشلۇقىنى كۆزىتىش 201 - تۇەنگە يۆتكىلىپ تۇەنجاڭ بولغان، 1956 - يىل 9 - ئايدا گۇاڭجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا مۇداپىئە زېنىت توپچىلار قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. 1957 - يىل 6 - ئايدا كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن خاڭجۇ ئېغىر تىپتىكى ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شۇجىسى بولغان. 1963 - يىل 8 - ئايدىن كېيىن شىنجاڭ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى، يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دائىمىي ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مەخسۇس دائىمىي ئەزاسى بولغان. 3 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنىغا، 3 - دەرىجىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنىغا، 3 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1980 - يىل 11 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جياۋ ۋېنجاڭ** (1933 — 2002) خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاربىن شەھىرىدىن. 1947 - يىل 7 -

ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1953 ـ يىل 9 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1988 ـ يىل 9 ـ ئايدا شى دەرىجىلىك شاۋجياڭ ھەربىي ئۇنۋانىغا



ئېرىشكەن. كۆرسانت، بۆلۈم ئەزاسى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى 3 ـ ئىدارىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى 3 ـ ئىدارىسى 3 ـ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، لەنجۇ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى تېخنىكىلىق رازۋېدكا 2 ـ ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا يېقىن جايلىرىنى رازۋېدكا قىلىشقا قاتناشقان. بىر قېتىم 2 ـ دەرىجىلىك، 2 قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن. غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1990 ـ يىل 9 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كېسەل بىلەن شاڭخەي شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**چى چېڭدې** (1914 — 2002) خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جەنلى ناھىيىسىدىن. 1929 ـ يىلى خۇڭخۇ كۆلى سوۋېت رايونىدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان. شۇ يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، ئىتتىپاق ياچېيكا شۇجىسى ۋە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1930 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1932 ـ يىلى جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان. قىزىل ئارمىيە 2 ـ جۈن




4 ـ شىسىنىڭ 10 ـ تۇەنىدە ئالاقىچى، كاتىپ بولغان. قىزىل ئارمىيە 2 ـ جۈن 6 ـ شى 18 ـ تۇەنىدە تۇرغان پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋە ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، غەربىي شىمال ۋە شەنشى ـ گەنسۇ رايونلىرىدا ئۇرۇش قىلغان. 8 ـ ئارمىيە 120 ـ شىسىنىڭ 358 ـ لۈيىدە لىيەن يېتەكچىسى، ئىلىم ـ تەربىيە ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، مائارىپ بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، سىياسىي يېتەكچى، لۈي ئەلىم ـ تەربىيە يىغىنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، لۈلياڭ ھەربىي رايونى مۇستەقىل 12 ـ تۇەنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 2 ـ زۇڭدۈي 4 ـ شى 12 ـ تۇەنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، 4 ـ شىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، قوشۇمچە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ تۇنجى شۇجىسى، شۈبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، سىياسىي كومىسسارى، قوشۇمچە 22 ـ تۇەن ئاتلىق قىسىم 8 ـ شىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان، 1956 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1977 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1983 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1987 ـ يىل 12 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ياڭ يوخو** (1959 — 2002) شەنشى ئۆلكىسىنىڭ زىياڭ ناھىيىسىدىن. 1976 ـ يىل 10 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1976 ـ يىل 12 ـ ئايدا ھەربىي قىسىمغا كىرگەن. ئۇنىڭ سىياسىي باشقارمىسىدا گەنسى، ئارقا سەپ ـ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ سىياسىي ياردەمچىسى، شى سىياسىي بۆلۈم كادىرلار بۆلۈمىدە گەنسى، بۆلۈم باشلىقى، شى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تۇەنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. 3 قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن. 2001 ـ يىل 9 ـ ئايدا گەنسۇ ئۆلكىلىك سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇشقا كىرگەن. 2002 ـ يىل 7 ـ ئايدا كېسەل بىلەن لەنجۇ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**نەن چىمىن** (1912 — 2002) خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خېجيەن ناھىيىسىدىن. 1938 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. خېجيەن ناھىيىسى دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ كاتىپى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۆرسانتى، گەنسى، مۇئاۋىن يېتەكچى، يېتەكچى، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى،

سىياسىي يېتەكچىسى، مائارىپ بۆلۈمچە باشلىقى بولغان. كېيىن پەنلۇڭدىكى



ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتى 7 - ئەترىتىدە ئوقۇغان. 1950 - يىل 3 - ئايدىن كېيىن ج ك پ بەكەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ باش كاتىپى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. 1986 - يىل 1 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ھاكىم جاپپار** (1925 — 2002) شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىدىن. 1941 - يىلى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان. 1948 - يىلى ئىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئىتتىپاقىغا قاتناشقان. 1945 - يىل 10- ئايدا ئىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كاتىپى بولغان. 1947 - يىل 1 - ئايدىن 1951 - يىلغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىدا گەنسى بولغان. 1952 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1951 - يىلدىن 1956 - يىل 6 - ئايغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1956 - يىل 6 - ئايدىن 1959 - يىل 9 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم مەدەنىيەت - مائارىپ



بۆلۈمىدە باشقارما باشلىقى بولغان. 1959- يىل 9 - ئايدىن 1962 - يىل 9- ئايغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1962 - يىل 9 - ئايدىن 1972 - يىل 9 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1972 - يىلدىن 1975 - يىل 10 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1975 - يىل 10 - ئايدىن 1979 - يىلغىچە ئىلى ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1979 - يىلدىن 1983 - يىل 9 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1983 - يىل 9 - ئايدىن 1988 - يىل 10 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىرى بولغان. 1989- يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جاۋ يىرۇ** (1910 — 2002) شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەنچېڭ ناھىيىسىدىن. 1936 - يىل 7 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1938 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1937 - يىل 10 - ئايدا شەنشى ئۆلكىسى يۈچۈەن ناھىيىلىك پارتكوم باشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇۋەققەت شۇجىسى بولغان. 1939 - يىل 7 - ئايدىن 1940 - يىل 5 - ئايغىچە يەنئەندىكى مەركىزىي تەشكىلات كادىرلىرى كۇرسىدا ۋە شىمالىي شەنشى ھۆكۈمەت مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1940 - يىل 6 - ئايدا شەنشى ئۆلكىلىك پارتكوم تەلىم - تەربىيە يىڭى 3 - لىيەنگە يۆتكىلىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچى، ياچېيكا شۇجىسى، لىيەن يېتەكچىسى بولغان. 1942 - يىلى قىسىمدا ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا يوشۇرۇن پارتىيە خىزمىتى ۋە ئاقلار ئارمىيىسى خىزمىتى ئىشلىگەن. 1948 - يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يەرلىك قىسمىغا قايتىپ كېلىپ، چوڭ ئەترەت باشلىقى، ئارماق ئەترەت شتاب باشلىقى بولغان. كېيىن شەنشى ئۆلكىسى دالى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن ھاكىم، شەنشى ئۆلكىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى سودا - سانائەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم (شۆبە بيۇرو) بىرلىك سەپ بۆلۈمى سودا - سانائەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىشخانا مۇدىرى بولغان. 1973- يىل 3 - ئايدا شەنشى ئۆلكىسىگە يۆتكەلگەن. 1975 - يىل 7- ئايدا شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1984 - يىل 2- ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن

شەنشىنىڭ شەنياڭ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**مەمەتتۇرسۇنسا سارىق** (1949 — 2002) قىرغىز، شىنجاڭ ئاتۇش شەھىرىدىن. 1970 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. ئاتۇش ناھىيىسى قاراجۇل يېزىسى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن



شۇجىسى، شۇجىسى، ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ئاتۇش شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى، قوشۇمچە ئوبلاستلىق تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ش ئۇ ئا ر 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئاتۇش شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**گاۋ پىڭ** (1918 — 2002) شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئەنسەي ناھىيىسىدىن. 1934 ـ يىل 8 ـ ئايدا جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان، 1935 ـ يىل 11 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. بەنجاڭ، ئەترەت باشلىقى، يېتەكچى، تۈەن سىياسىي كومىسسارى، تەشكىلات بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1945 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1952 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە، يەنئەن شۆبە رايونى سىياسىي بۆلۈمى، 6 ـ جۈن سىياسىي بۆلۈمىدە ئەترەت باشلىقى، سىياسىي يارد‍ەمچى

بولغان، يەنئەن مۇداپىئە ئورۇشى قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان.



1952 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1954 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، شىنجاڭ دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى) ۋالىي مەھكىمىسى قورۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1954 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1957 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە بورتالا ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان، 1956 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1957 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە شىئەن شەھەرلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1957 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1965 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە جىڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان. 1979 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1980 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە بورتالا ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولغان. 1980 ـ يىل 5 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كېسەل بىلەن شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئەنسەي ناھىيىسىدە ۋاپات بولدى.

**شۈي تۇڭچى** (1923 — 2002) خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ساڭخې ناھىيىسىدىن. 1938 ـ يىل 7 ـ ئايدا 8 ـ ئارمىيىگە قاتناشقان، 1939 ـ يىل 2 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، گەنسى، يېتەكچى، بۆلۈمچە باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىر، مۇدىر، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، باشقارما باشلىقى بولغان،

ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ شتاب باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش ـ قايتىش ئۇرۇشى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇھاسىرىنى



بۆسۈپ چىقىش ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق ـ ئەركىنلىك ئوردېنىغا، ئازادلىق ئوردېنىغا، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1985 ـ يىل 5 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**دۇ جۈخلەن** (1927 — 2002) ئايال، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مىجى ناھىيىسىدىن. 1944 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، 1946 ـ يىل 8 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە



كىرگەن. 1946 — 1947 ـ يىللىرى سۈيدې ۋالىي مەھكىمىسىدە ئىشلىگەن، 1948 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1949 ـ يىل

9 - ئايغىچە يەنئەن شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى باج ئىدارىسىدا، شىئەن غەربىي شىمال باج باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ئىشلىگەن. 1949 - يىل 10 - ئايدىن 1950 - يىل 11 - ئايغىچە شىنجاڭ سودا نازارىتىدە مەخپىي ھۆججەت كاتىپى بولغان. 1950 - يىل 11 - ئايدىن 1956 - يىل 7 - ئايغىچە جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىدا قوغداش بۆلۈمچە باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1956 - يىل 7 - ئايدىن 1972 - يىل 12 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر تاشقى سودا ئىدارىسىدا كادىرلار - قوغداش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1972 - يىل 12 - ئايدىن 1974 - يىل 7 - ئايغىچە شىنجاڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولغان. 1974 - يىل 7 - ئايدىن كېيىن، شىنجاڭ ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى بولغان. 1987 - يىل 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## ليۇ جىنجۇڭ

(1921 — 2002) خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ئەنپىڭ ناھىيىسىدىن. 1937 - يىل 10 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان، 1938 - يىل



12 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. يېتەكچى، بۆلۈمچە باشلىقى، شتاب ئوفىتسېرى، يېڭجاڭ، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، باشقارما باشلىقى، جىنەن ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە سەنشى - چاخار - خېبېيلاردىكى تازىلاشقا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان، ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، شىجياجۇاڭ، تيەنجىن، تەييۈەن ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش مەزگىلىدە، 1951 - يىلدىكى دۈشمەننى تارمار قىلىش يولىدىكى كۆزلۈك ھۇجۇم ئۇرۇشىغا قاتناشقان. چاۋشيەن خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەركىنلىك - مۇستەقىللىق ئوردېنىغا، دۆلەت بايرىقى ئوردېنىغا ئېرىشكەن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنىغا، ئازادلىق ئوردېنىغا، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1985 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن جىنەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## سەيدۇللا سەيپۇللايوف

(1918 — 2002) شىنجاڭ تۇرپان شەھىرىدىن. 1937 - يىل 8 - ئايدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە، ئېلى ئوتتۇرا مەكتىپىدە ۋە ئېلى 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1940 - يىلى شىنجاڭدىكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان. 1943 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇغان، 1944 - يىل 10 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مائارىپ



نازارىتى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، رەئىسى، ئېلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، چاپچال ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى بولغان. 1950 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ باشلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئېلى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1954 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى، ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بولغان. 1956 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1957 - يىلى قومۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان. 1979 - يىل 8 - ئايدىن كېيىن ش ئۇ ئا ر سىياسىي

كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر 5 - ۋە 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. ش ئۇ ئا ر 1-، 5-، 6 - ۋە 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە، ش ئۇ ئا ر 3- قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە، 1-، 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە، 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك ۋەكىللىكىگە سايلانغان. 2002 - يىل 9- ئاينىڭ 4 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.


**جاڭ ماۋشېڭ** (1949 — 2002) شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرىدىن. 1965 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، 1969 - يىل 4 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1986 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.



1975 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى كانچىلىق فاكۇلتېتىنىڭ گېئولوگىيە كەسپىنى پۈتتۈرگەن، 1982- يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى گېئولوگىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، سانائەت پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. دېھقان ئىشچى، كاتىپ، تېخنىك، بۆلۈم باشلىقى، تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى بولغان، 1996 - يىل 7 - ئايدا پروفېسسور دەرىجىلىك ئالىي ئىنژېنېر بولۇپ باھالانغان، 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون نادىر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى» باشلىقى بولۇپ باھالانغان، شۇ يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولغان، 2002 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولغان. 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ياڭ شېڭچۈن** (1935 — 2002) شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن. 1951 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىدە، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۇرسىدا ئوقۇپ خىزمەتكە قاتناشقان، 1953 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1952 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەمۇرىي تەپتىش كومىتېتىدا بۆلۈم ئەزاسى بولغان. 1955 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىنىڭ مەمۇرىي تەپتىش كۇرسىدا مۇدىر، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى بولغان، 1956 - يىل 3 - ئايدا مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىدە مەمۇرىي تەپتىش بولغان، 1960 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، 1965 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مەمۇرىي تەپتىش باشقارمىسىغا مەسئۇل بولغان. 1969 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 2 - كۇرستا، فاڭشاۋخۇ 7 - ماي كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1973 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر جۇڭگو تىبابىتى مەكتىپى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 1978 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر كادىرلار ئىدارىسى 2 - باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1983 - يىل 5 - ئايدا ئەمگەك - كادىرلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان، 1984 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پەن- تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە پەن- تېخنىكا كادىرلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1986 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1993 - يىل 3 - ئايدىن 1996- يىل 12 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولغان، 1996 - يىل 2- ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا سايلانغان. 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جۇ رېنۋېي** (1921 — 2002) گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ زېڭچېڭ ناھىيىسىدىن. 1939 - يىل 10 - ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، 1942 -



يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1940 - يىل 7 - ئايدا شەرقىي جەنۇبىي سەنشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 8 - ئارمىيە ئالدىنقى سەپ باش شتابى توپچىلار ئۆمىكى تەلىم - تەربىيە يېڭىغا تەقسىم قىلىنغان، 1941 - يىل 9 - ئايدا يەنئەن ھەربىي ئىنستىتۇتى توپچىلار بۆلۈمىدە ئوقۇغان، 1943 - يىل 1- ئايدىن 1950 - يىل 8-

ئايغىچە 359 - لۈيىنىڭ 718 - تۈەنىدە تويچىلار ئوقۇتقۇچىسى، گەنسى، سىياسىي يېتەكچى، سىياسىي تەربىيىچى بولغان. 1950 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ شۆبە بيۇرو كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1951 - يىل 9 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتىگە ئىجارە، ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە ئەۋەتىلگەن، شۇ چاغدا خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1952 - يىل 9 - ئايدا ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ كاتىپى بولغان، 1955 - يىل 3 - ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومغا يۆتكىلىپ، ئىشخانا مۇدىرى، مۇئاۋىن باش كاتىپ، باش كاتىپ قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، 1974 - يىل 10 - ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 1978 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1980 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان، 1983 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مەسلىھەتچىسى بولغان، 1986 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**يۈ سەيفۇ** (1933 — 2002) خوبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭمېي ناھىيىسىدىن. 1951 - يىل 7 - ئايدا



ھەربىي قىسىمغا كىرگەن، 1953 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. پەيجاڭ، شتاب ئوفىتسېرى، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن تۈەنجاڭ، تۈەنجاڭ، شى شتاب باشلىقى، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن. 1988 - يىل 7 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**خەن رۇجاڭ** (1919 — 2002) سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېنشۈي ناھىيىسىدىن. 1942 - يىل 3 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان، 1947 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.



خوجىلىق باشلىقى، گازارما باشقۇرغۇچىسى، مۇئاۋىن مۇدىر، بۆلۈم باشلىقى، مېھمانخانا باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ۋازىجېي، باۋجى ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1977 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جياڭ زىبەن** (1914 — 2002) جاڭشى ئۆلكىسىنىڭ لىيەنخۇا ناھىيىسىدىن. 1930 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان، 1932 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.



يەر ئىنقىلابى مەزگىلىدە خۇنەن - جياڭشى چېگرا رايونى شەرقىي جەنۇبىي خۇنەن مۇستەقىل شىمدا سىگنالچى، بەنجاڭ، قىزىل ئارمىيە 6 - جۈنتۈەنىدە لىيەنجاڭ، يىڭجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۇرسانت، ئەترەت باشلىقى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى، يەنئەن مەركىزىي كادىرلار ماتارىيى بۆلۈمىدە گەنسى، 359 - لۈي تەلىم - تەربىيە يىڭىنىڭ يىڭجاڭى، تۈەن شتاب باشلىقى، يەنئەن گارنىزون قوماندانلىق شتابىدا شتاب ئوفىتسېرلىرى مۇدىرى، شتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. نەنىنىۋەندىكى كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، يەنئەن يەنشۈ شۆبە ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ شتاب باشلىقى، سەنشى - سۈيۈەن 3 - زۇڭدۈيى 3 - لۈيىنىڭ شتاب باشلىقى، سەنشى - سۈيۈەن ھەربىي كادىرلار مەكتىپى تەلىم - تەربىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى، يۈنچېڭ شۆبە ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ شتاب باشلىقى، 1 - دالا ئارمىيىسى 2 - بىڭتۈەن 6 - جۈن 18 - شىسىنىڭ شتاب باشلىقى، غەربىي شىمال

ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى شتاب ئوفىتسېرلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، داجى ئۇرۇشى ۋە شىمالىي يەنداڭ رايونىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىي كومىتېت خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە باشقارما باشلىقى، ئىلى ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 2 - دەرىجىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنىغا، 2 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنىغا، 2 - دەرىجىلىك قىزىل يۇلتۇز تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 8 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كېسەل بىلەن يەنئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**گوڭ سەيخۇا** (1917 — 2002) جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ جىئەن ناھىيىسىدىن. 1930 - يىل 8 - ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، 1932 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1933 - يىل 1 -



ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1934 - يىل 4 - ئايدا 5 - جۈنتۈەن 13 - شى 38 - تۈەننىڭ سىياسىي باشقارمىسىدا گەنشى بولغان. 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، رادىئو ئىستانسىسىنىڭ رادىستى، ئەترەت باشلىقى، رايونلۇق ئەترەتنىڭ باشلىقى، ئالاقە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، رادىئو ئىستانسىسى ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى بولغان، 1949 - يىل 8 - ئايدا غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 1 - بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى خەۋەرلىشىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1952 - يىل 10 - ئايدىن 1957 - يىل 3 - ئايغىچە شىنجاڭ توكچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى بولغان، 1957 - يىل 3 - ئايدىن 1958 - يىل 9 - ئايغىچە شىئەن باشقۇرۇش ئىدارىسى كادىرلار كۇرسىدا ئوقۇغان، 1958 - يىل 9 - ئايدىن 1962 - يىل 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ئېغىر سانائەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان، 1978 - يىل 8 - ئايدىن 1979 - يىل 3 - ئايغىچە شىنجاڭ ئېغىر سانائەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان، 1979 - يىل 3 - ئايدىن 1981 - يىل 1 - ئايغىچە شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان، 1981 - يىل 1 - ئايدا غەربىي شىمال توك باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان، 1982 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**مۇسا سايىت** (1917 — 2002) شىنجاڭ توقسۇن ناھىيىسىدىن. 1947 - يىل 7 - ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، 1950 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1948 - يىل 3 - ئايدا بورتالا ناھىيىلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى بولغان، 1949 - يىل 9 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان، 1950 - يىل 5 - ئايدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان، 1954 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تاشقى سودا ئىدارىسى ئاۋار تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1955 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى مالىيە - سودا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1957 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئار باھا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1960 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر باھا سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1979 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەسلىھەتچىسى، پارتگۇرۇپپا ئەزاسى بولغان. 1987 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جاڭ شۈنباڭ** (1936 — 2002) جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇڭشياڭ ناھىيىسىدىن. 1952 - يىلى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1953 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە جېجياڭ ئۆلكىسى جاشىڭ دوختۇر-سېستىرالار مەكتىپىنىڭ داۋالاش كەسپىدە ئوقۇغان، 1954 - يىل 12 -



ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1956 - يىل 9 - ئايدىن 1962 - يىل 7 - ئايغىچە شاڭخەي جۇڭيى ئىنستىتۇتىنىڭ داۋالاش كەسپىدە ئوقۇغان، مەسئۇل ۋراچ، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ، مۇدىر ۋراچ بولغان. ش ئۇ ئا ر جۇڭيى دوختۇرخانىسىدا بۆلۈم مۇدىرى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى، شىنجاڭ جۇڭيى

ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 6 ـ ، 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مائارىپ ـ سەھىيە ـ تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس، مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولغان. 2002 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن شاڭخەيدە ۋاپات بولدى.

## لۈي جەنرېن (1908 — 2002)

شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چيەنشيەن ناھىيىسىدىن. 1927 ـ يىل 2 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا ئۆتكەن. 1952 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1978 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شۆبە بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر 1 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتكوروپپىسىنىڭ 2 ـ شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى، تەپتىش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، پارتكومنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل شۇجىسى بولغان. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. كېيىن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شەنشى ئۆلكىلىك 4 ـ ، 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ رەئىسى، پارتگورۇپپا شۇجىسى بولغان. ج ك پ 13 ـ ، 14 ـ ، 15 ـ قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەتلىك 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 2002 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## ۋاڭ ۋەنسىن (1933 — 2002)


خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنيې ناھىيىسىدىن. 1949 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئازادلىق ئارمىيىگە قاتناشقان، 1952 ـ يىل 3 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، مۇئاۋىن پەيجاڭ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن يېتەكچى، يېتەكچى، ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ئوقۇتقۇچى،



شتاب باشلىقى، باشقارما باشلىقى، قىزىلسۇ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. خېيباۋ ئۇرۇشىغا، چېگرىدىكى جېڭگە ۋە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىدىكى قوغدىنىش ـ قايتارما زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. قالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1990 ـ يىل 10 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## جۇ خەنجاڭ (1924 — 2002)

شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭراۋ ناھىيىسىدىن. 1939 ـ يىل 1 ـ ئايدا 8 ـ ئارمىيىگە قاتناشقان، 1939 ـ يىل 9 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، مۇئاۋىن پەيجاڭ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن ليەنجاڭ، ليەنجاڭ، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، يىڭجاڭ، شۆبە ھەربىي رايون شتاب باشلىقى، گارنىزوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، تۇرپان شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ شى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى



قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. لياۋشېن ئۇرۇشى، پىڭجىن ئۇرۇشى، گۇاڭجۇ، ۋۇخەن، خېيىنەنداۋ، نەنىڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق ـ ئەركىنلىك مېدالىغا، ئازادلىق ئوردېنىغا، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1982 ـ يىل 8 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كېسەل بىلەن يەنتەي شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## ما جۇنجيې (1932 — 2002)

شىنجاڭ توقسۇن ناھىيىسىدىن. 1950 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، 1953 ـ يىل 4 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.



1950 — 1951 ـ يىللىرى توقسۇن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدا گەنبۇ بولغان، 1952 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە شىنجاڭ كوپېراتىپ كادىرلار مەكتىپىنىڭ تەشكىلات بۆلۈمىدە گەنبۇ بولغان، 1957 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە شىنجاڭ

كوپېراتىپ ئىدارىسى ئىشخانىسىدا كاتىپ بولغان، 1960 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلغىچە سودا نازارىتى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1962 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1970 ـ يىلدىن 1974 ـ يىلغىچە شىزاڭ پۇلەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 1974 — 1975 ـ يىللىرى سودا نازارىتى تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان، 1975 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىياسىي باشقارمىسى ۋە پىلان باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1984 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى نازارەتچىلىك ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 1986 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلغىچە ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى كېڭەش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، 1991 — 1992 ـ يىللىرى ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان، 1992 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1998 ـ يىل 2 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2002 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ لىچۈەن** (1924 — 2002) خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىۋۇشەن ناھىيىسىدىن. 1939 ـ يىل 4 ـ ئايدا



ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان. 1940 ـ يىل 12 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا ھەربىيىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن خوشۇت ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسى مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، 1971 ـ يىلدىن باشلاپ بۈگۈر ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، كېيىن شىخەنزە ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، 1978 ـ يىل 10 ـ ئايدا مالىيە نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى بولغان، 1983 ـ يىل 5 ـ ئايدا پارتگورۇپپا شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر بولغان، 1986 ـ يىل 8 ـ ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 2 مەملىكەتلىك ئازادلىق تۆھپىكارى مېدالىغا، بىر شىمالىي جۇڭگو ئازادلىق خاتىرە مېدالىغا، بىر غەربىي شىمال ئازادلىق خاتىرە مېدالىغا ئېرىشكەن. 1994 ـ يىل 1 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2002 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

(ئىزاھ: قىسمەن ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە ۋاپات بولغانلارنىڭ سۈرىتىنى ئالالمىدۇق).

# يەرلىك نىزاملار

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى

(2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 26 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**1 - ماددا** بۇ چارە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى قانۇنى» (تۆۋەندە «ۋەكىللەر قانۇنى» دېيىلىدۇ) غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى (تۆۋەندە ۋەكىللەر دېيىلىدۇ) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى تەشكىل قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار تەكلىپ بېرىش ھوقۇقى، قاراپ چىقىپ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى، سۈرۈشتۈرمە قويۇش ھوقۇقى، سايلاش ھوقۇقى، قالدۇرۇۋېتىش ھوقۇقى، تەۋسىيە بېرىش ھوقۇقى، يىغىندا سىرتتىن قاتنىشىش ھوقۇقى، جىسمانىي جەھەتتە ئالاھىدە قوغدىنىش ھوقۇقى ۋە سۆزى سۈرۈشتۈرۈلمەسلىك ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە، ئۇلارنىڭ «ۋەكىللەر قانۇنى» ۋە مۇشۇ چارىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدىكى خىزمىتى ۋە يىغىن يېپىق مەزگىلدىكى پائالىيىتى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ۋەكىللەر ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن، نىزاملارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، ئۆزى قاتناشقان ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن، نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

**3 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش، مۇھىم خىزمەت ئەھۋالىدىن ۋەكىللەرنى خەۋەرلەندۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش، مەخسۇس تېما بويىچە تەكشۈرۈش ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە ۋەكىللەرنى تەشكىللەش، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتى) يىغىنىغا ۋەكىللەرنى سىرتتىن قاتناشتۇرۇش، ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىش، ۋەكىللەردىن كەلگەن خەت چەكلەرنى ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىش، ۋەكىللەرنى ئۆگىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەش، ۋەكىللەرنى زىيارەت قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتى تەركىبىدىكىلەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەلۇم ساندىكى ۋەكىلى بىلەن دائىملىق ئالاقە ئورنىتىشى كېرەك.

**4 - ماددا** ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى ھاۋالە قىلىنغان تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ئولتۇراقلاشقان رايونى، خىزمەت ئورنى ياكى ئۆزىنى سايلىغان ئورۇن بويىچە، ئۆز ئالدىغا ياكى بىرلىشىپ، بىر قانچە ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ پائالىيەت قىلىدۇ.

ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى ئادەتتە ھەر پەسىلدە بىر قېتىم پائالىيەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملار ۋە پارتىيىنىڭ

قائىدىن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش؛

(2) كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، قانۇن، نىزاملار، يۇقىرى دەرىجىلىك ۋە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار، بېكىتمىلىرىنىڭ ئىجراسىنى ئىگىلەش، خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ھەققىدە تەۋسىيە بېرىش؛

(3) ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش.

**5 - ماددا** بارلىق تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشىنى قوللىشى ھەمدە ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى ۋە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شۇ مەمۇرىي رايوندا ئولتۇراقلاشقان، ئىشلەيدىغان ۋەكىللىرىنى خىزمەت ئەھۋالىدىن ھەر يىلى ئاز دېگەندە بىر قېتىم خەۋەرلەندۈرۈشى كېرەك. ۋەكىللەر دوكلات ئاڭلىغاندىن كېيىن بەرگەن تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى بېجىرىشكە دوكلات بەرگۈچى ئورگان مەسئۇل بولۇشى ھەمدە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (بېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى) يىغىنىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى كېرەك.

ۋەكىللەر ئامما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەر ئۈستىدە شۇ دەرىجىلىك ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئالاقىدار دۆلەت ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تارماقنىڭ مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەكلىپ قىلغاندا، ئالاقىدار تارماق ئالاقىلىشىش، ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشى لازىم. كۆرۈشىدىغان دۆلەت ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تارماقنىڭ مەسئۇلى ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشى ھەمدە ۋەكىللەرگە مەسئۇللۇق بىلەن جاۋاب بېرىشى كېرەك.

ۋەكىللەرنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو سوتلىشىنى سىرتتىن ئاڭلىغاندىن كېيىن بەرگەن پىكىر، تەۋسىيەلىرىنى خەلق سوت مەھكىمىسى ئەستايىدىل ئاڭلىشى ھەمدە ۋەكىللەرگە مەسئۇللۇق بىلەن جاۋاب بېرىشى لازىم.

**6 - ماددا** ۋەكىللەر ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغاندا، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنى قولايلىق يارىتىپ بېرىشى، ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرىشى ھەمدە ئىشلىگەنلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشى، مائاشى، مۇكاپاتى ۋە تۈرلۈك تەمىناتىنى تولۇق بېرىشى كېرەك.

مۇقىم مائاش كىرىمى بولمىغان ۋەكىللەر ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغاندا، شۇ دەرىجىلىك مالىيە تارمىقى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، ئىش دەخلىسى ياردەم پۇلى بېرىدۇ.

ۋەكىللەر ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن ئاپتوموبىل بېلىتى، ئايروپىلان بېلىتى سېتىۋالغاندا، قاتناش تارماقلىرى ئاۋۋال بېجىرىپ بېرىشى كېرەك.

ھەر مىللەت ۋەكىللىرى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغاندا، ئالاقىدار تارماقلار ئۇلارغا تىل - يېزىق ۋە تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردە، مۇلازىملىق قىلىشى ۋە ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشىنى رەت قىلغان، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغان ياكى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلغان ۋەكىللەردىن ئۆچ ئالغان تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى ۋەكىللەر بىۋاسىتە ياكى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (بېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى) ئارقىلىق ئالاقىدار ئورۇن ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگىنىغا ئىنكاس قىلىشقا ھوقۇقلۇق. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (بېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى) ئالاقىدار تارماقلارنى «ۋەكىللەر قانۇنى»نىڭ 39 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا ۋاقتىدا بۇيرۇشى ھەمدە نازارەت قىلىشى كېرەك.

**7 - ماددا** شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رۇخسىتىسىز، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى قولغا ئېلىشقا، جىنايى ئىشلار بويىچە سوتلاشقا ۋە جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان تۆۋەندىكى زورلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ:

(1) جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇش، جىنايى ئىشلار بويىچە چاقىرتىش؛

(2) مەمۇرىي جەھەتتىن توختىتىپ قويۇش، ئەدلىيە جەھەتتىن توختىتىپ قويۇش؛

(3) ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش؛

(4) قانۇندا بەلگىلەنگەن جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان باشقا تەدبىرلەر.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ۋەكىلگە جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش تەدبىرىنى قانۇن بويىچە قوللىنىشقا رۇخسەت بېرىشنى ئاۋۋال مۇدىرلار يىغىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئاندىن مۇدىرلار يىغىنى

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ.

يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىگە جىنائىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش تەدبىرىنى قانۇن بويىچە قوللىنىشتىمۇ، ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ئالدى بىلەن شۇ يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ياكى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى كېرەك.

بىرلا ۋاقىتتا ئىككى دەرىجىلىك ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ۋەكىلگە جىنائىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش تەدبىرىنى قانۇن بويىچە قوللىنىشتا، ئىجرا قىلغۇچى ئورگان شۇ ۋەكىل قاراشلىق ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىشى كېرەك. شۇ ۋەكىل قاراشلىق يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن پىكىر ئالغاندىن كېيىن، رۇخسەت قىلىش - قىلماسلىق توغرىسىدا جاۋاب بېرىدۇ.

نەق جىنايەت گۇماندارى دەپ توختىتىپ قويۇلغان بولسا، بۇنى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان 12 سائەت ئىچىدە شۇ ۋەكىل قاراشلىق شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى) غا دوكلات قىلىشى كېرەك.

ۋەكىلنىڭ جىنائىي ئەركىنلىكى چەكلەنگەندە، ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىپادىلىشى كېرەك ھەمدە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى) غا ئەرز قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

ئىجرا قىلغۇچى ئورگان تەستىقلاشقا بولۇنغان پاكىت ماتېرىيالىدا زور پەرق بولۇپ، خاتا ئىجرا قىلىنغان بولسا، قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ئۈستىگە ئالىدۇ.

**8 - ماددا** «ۋەكىللەر قانۇنى»ۋە بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ۋەكىلگە جىنائىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش تەدبىرى رۇخسەتسىز قوللىنىلغان بولسا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى) ئالاقىدار ئورگاننى بىۋاستە جاۋابكارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ھەمدە بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى دوكلات قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؛ ۋەكىلگە زىيان يەتكۈزگەنلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم تۆلەيدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنائىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**9 - ماددا** «ۋەكىللەر قانۇنى»نىڭ 40 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىدا كۆرسىتىلگەن ئەھۋالنىڭ بىرى بولغان ۋەكىلنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى توختىتىپ تۇرۇشنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى) ئالاقىدار قانۇن ھۆججىتىگە ئاساسەن قارار قىلىشى كېرەك. قانۇندا بەلگىلەنگەن يۇقىرىقى ئەھۋال ۋەكىل ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە تۈگىگەندىن كېيىن، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى) ئۇنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلىشى كېرەك. لېكىن ۋەكىللىك سالاھىيىتى توختىتىلغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى توختىتىپ تۇرۇش ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار خىزمەت ئاپپاراتى ياكى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ۋەكىلنىڭ ئۆزىگە ۋە ۋەكىلنى ئەسلى سايلىغان ئورۇن ياكى سايلام رايونىغا يازما ئۇقتۇرىدۇ.

**10 - ماددا** ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىغا ۋاقتىدا قاتنىشىشى كېرەك. ئالاھىدە سەۋەب بىلەن قاتنىشالمايدىغان بولسا، يىغىنغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىش كۈنىدىن ئىلگىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى) دىن يازما رۇخسەت سورىشى كېرەك. بۇنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرى ياكى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسى تەستىقلايدۇ. بىر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدە، ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشالماسلىق ھەققىدە رۇخسەت سوراشقا توغرا كەلسە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئادەتتە ئىككى قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئادەتتە بىر قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ۋەكىل رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا ئىككى قېتىم قاتناشمىسا، ئۇنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى توختىتىلىدۇ.

**11 - ماددا** ۋەكىللەرنىڭ پائالىيەت خىراجىتى بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە ھەر يىلى شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلۈپ، ھەر يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا بېرىلىشى، جايىغا ئىشلىتىلىشى كېرەك.

ۋەكىللەرنىڭ پائالىيەت خىراجىتىنى خىزمەت ئېھتىياجى ۋە شۇ دەرىجىلىك مالىيە كىرىمىنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالىغا ئاساسەن تەدرىجىي كۆپەيتىش كېرەك.

**12 - ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. 1984 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» بىكار قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئو مۇھىت ئاسراش نىزامى

(2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 26 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام گېئو مۇھىتنى ئاسراپ ۋە ياخشىلاپ، گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە تىزگىنلەپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قېزىلما بايلىق قانۇنى» قاتارلىق قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان گېئو مۇھىت ئىنسانلار پائالىيىتى چېتىلىدىغان تاغ جىنسلىرى، تۇپراق، يەر ئاستى سۈيى، قېزىلما ۋە گېئو خارابە قاتارلىق گېئو ئېلېمېنتلارنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىق قېزىلما بايلىقلارنى چارلاش، ئېچىش، قۇرۇلۇش قىلىش، گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، گېئو خارابىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ھەمدە گېئو مۇھىتنى كۆزىتىش پائالىيىتىدە، مۇشۇ نىزامغا ئەمەل قىلىنىشى شەرت.

يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە باشقۇرۇش دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**4 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى گېئو مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مۇھىت ئاسراش مەسئۇل تارمىقىنىڭ نازارەتچىلىكى ۋە يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا ئالاقىدار تارماقلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىگە ئاساسەن، تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىنىڭ گېئو مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىغا ھەمكارلىشىدۇ.

**5 - ماددا** شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، دۆلەتنىڭ گېئو مۇھىت ئاسراشقا دائىر قانۇن، نىزاملىرى ۋە مۇشۇ نىزامغا ئاساسەن، بىڭتۇەننىڭ گېئو مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. بىڭتۇەننىڭ گېئو مۇھىت ئاسراش باشقۇرۇش ئاپپاراتى كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. بىڭتۇەننىڭ دىۋىزىيىلىرى گېئو مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ گېئو مۇھىت ئاسراش بىر تۇتاش پىلانىغا بويسۇنۇشى ھەمدە شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**6 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ گېئو مۇھىت ئاسراش پىلانىنى تۈزۈپ، ئۇنى مۇھىت ئاسراش پىلانىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈشى لازىم.

**7 - ماددا** ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخس گېئولوگىيىلىك مۇھىتقا ھەمدە ئۇنى كۆزىتىش، ئاسراش مۇئەسسەسەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش ۋە شىكايەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**8 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى گېئو مۇھىت ئاسراش، گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىدە، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ، مۇكاپاتلايدۇ.

I باب

## گېئو مۇھىتنى باھالاش ۋە كۆزىتىش

9 ـ ماددا شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانى ۋە رايون زېمىننى ھەر تەرەپلىمە ئېچىش پىلانىنى تۈزۈشتە گېئو مۇھىت تەسىرىنى باھالاش كېرەك.

10 ـ ماددا قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، مۇھىت تەسىرى دوكلاتى يېزىش ياكى دوكلات جەدۋىلى تۈزۈش توغرا كەلسە، شۇ دوكلاتتا ياكى دوكلات جەدۋىلىدە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى تەكشۈرگەن گېئو مۇھىت تەسىرىنى باھالاش مەخسۇس مەزمۇنى بولۇشى كېرەك.

11 ـ ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى گېئو مۇھىت كۆزىتىش تورى قۇرۇپ، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ گېئو مۇھىتىنى كۆزىتىشكە تەشكىللەيدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى گېئو مۇھىتنى كۆزىتىش ماتېرىيالىغا ئاساسەن، گېئو مۇھىت ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات تەييارلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئەھۋالى ئاخباراتىغا كىرگۈزۈپ، قەرەللىك ئېلان قىلىشى لازىم.

12 ـ ماددا ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ گېئو مۇھىتنى كۆزىتىش مۇئەسسەسەلىرى ۋە بەلگىسىنى ئىگىلىۋېلىشى، بۇزۇۋېتىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

Ⅱ باب

## قېزىلما چارلاش، قېزىشتا گېئو مۇھىتنى ئاسراش

13 ـ ماددا كان تەكشۈرۈش ھوقۇق ئىگىسى قېزىلما بايلىق چارلاشتا قېلىپ قالغان بۇرغىلاش تۆشۈكى، تەكشۈرۈش قۇدۇقى، تەكشۈرۈش ئوقۇرى، خالاڭ بولىنى تىندۇرۇۋېتىش ياكى يېپەتلىشى، شەكىللىنىپ قالغان خەتەرلىك قىيا، خەتەرلىك يانتۇلۇقنىڭ خەتىرىنى تەدبىر قوللىنىپ تۈگىتىپ، بىخەتەر ھالەتكە كەلتۈرۈشى كېرەك.

14 ـ ماددا كان ئېچىش ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلغۇچى گېئو مۇھىت ئاسراش لايىھىسىنى سۇنۇشى شەرت.

كان ئېچىش ھوقۇقى ئىگىسى كان ئاچقاندا، تەستىقلانغان گېئو مۇھىت ئاسراش لايىھىسى بويىچە، زۆرۈر گېئو مۇھىت ئاسراش مۇئەسسەسەلىرى ئورنىتىپ، كان ئېچىش پائالىيىتى سەۋەبىدىن بۇزۇلغان گېئو مۇھىتنى ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، كان ئېچىش پائالىيىتىنى توختاتقاندا گېئو مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك.

گېئو مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە كاپالەت پۇلى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. كونكرېت چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئايرىم تۈزۈپ چىقىدۇ.

15 ـ ماددا كان ئېچىش ھوقۇق ئىگىسى گېئو مۇھىتنى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىشى ھەمدە كۆزىتىش ماتېرىيالى ۋە گېئو مۇھىتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى شۇنىڭدەك ئاسراش ئەھۋالىنى قېزىلما قېزىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىغا قەرەللىك مەلۇم قىلىشى لازىم.

قېزىلما بايلىقنى قېزىش سەۋەبىدىن گېئو مۇھىت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا ياكى گېئو ئاپەت يۈز بەرسە، كان ئېچىلغان جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىش ھەمدە زۆرۈر تۈزەش تەدبىرى قوللىنىش كېرەك.

16 ـ ماددا كان ئېچىش ھوقۇقى ئىگىسى زەھەرلىك ۋە زىيانلىق ماددىلار قويۇلغان جايدا مەڭگۈلۈك مۇھاپىزەت تەدبىرى قوللىنىپ، گېئو مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك.

Ⅳ باب

## گېئو ئاپەتتىن مەلۇمات بېرىش، ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش

17 ـ ماددا بۇ نىزامدا ئېيتىلغان گېئو ئاپەت تەبىئەتنىڭ تەسىرى ۋە كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى پەيدا قىلغان گېئو مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشىدىن كېلىپ چىققان جىسمانىي ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان گېئو ھادىسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىقى گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش، سىيرىلىپ چۈشۈش، لاي ـ لاتقا، يەر ئويۇلۇپ چۈشۈش، يەر يېرىلىش، يەر ئولتۇرۇشۇپ كېتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

18 ـ ماددا گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە

ئۇنى تىزگىنلەشتە ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن تىزگىنلەشنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى بويىچە قويۇلىدۇ.

**19 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش پىلانىنى تۈزۈپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويۇشى كېرەك.

**20 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى گېئو ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، بىللىق گېئو ئاپەت زېمىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لايىھەسىنى تۈزۈپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويۇشى لازىم.

**21 - ماددا** گېئو ئاپەتكە دائىر ئۇزاق مەزگىللىك مەلۇمات ۋە مۇھىم ئاپەت ئۇقتۇرۇشىغا دائىر ئوتتۇرا مەزگىللىك مەلۇماتنى ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئېلان قىلىدۇ.

گېئو ئاپەتكە دائىر قىسقا مەزگىللىك مەلۇمات ۋە ئادەتتىكى ئاپەت ئۇقتۇرۇشىغا دائىر ئوتتۇرا مەزگىللىك مەلۇماتنى ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك)، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئېلان قىلىدۇ.

گېئو ئاپەت يۈز بېرىش ئالدىدىكى مەلۇماتنى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئېلان قىلىدۇ.

ھەر قانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ گېئو ئاپەت مەلۇماتىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئېلان قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**22 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ گېئو ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باھالىشى، تەكشۈرۈش، باھالاش نەتىجىسىگە ئاساسەن، گېئو ئاپەت ئاسان يۈز بېرىدىغان رايون ۋە خەتەرلىك رايوننى بېكىتىشى ھەمدە ئېلان قىلىشى كېرەك. گېئو ئاپەت خەتەرلىك رايونى چېگرىسىغا روشەن بەلگە ئورنىتىشى لازىم.

گېئو ئاپەت خەتەرلىك رايونىدا كان ئېچىش، پارتلىتىش، دەل - دەرەخ كېسىش، يوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ھەمدە نامۇۋاپىق ھالدا يانتۇلۇقنى تۈزلەش، ئورەك كولاش، تاش، توپا دۆۋىلەش، سۇ باشلاش، سۇ چىقىرىۋېتىش قاتارلىق گېئو ئاپەت پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**23 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسىگە مۇناسىپ تىزگىنلەش خىراجىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ، گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**24 - ماددا** گېئو ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى گېئو ئاپەتنى تىزگىنلەش لايىھەسىنى تۈزۈپ، ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ تىزگىنلىشى، ئاپەت تەھدىتىگە ئۇچرىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر تىزگىنلەشكە قاتنىشىشى كېرەك.

**25 - ماددا** گېئو ئاپەت سەۋەبىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى مەسئۇلىيەت ھوقۇق چېكى بويىچە ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ بېكىتىدۇ.

**26 - ماددا** قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن قۇرۇلۇش يېرى تاللىماس قىلىشتىن بۇرۇن، گېئو ئاپەت يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان قۇرۇلۇش ۋە گېئو ئاپەت ئاسان يۈز بېرىدىغان رايوندا قىلىنىدىغان قۇرۇلۇشنىڭ گېئو ئاپەت پەيدا قىلىش خەۋپىنى باھالىتىشى شەرت.

گېئو ئاپەت پەيدا قىلىش خەۋپىنى باھالاش نەتىجىسىنى ئوبلاست (ۋىلايەت)، شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى بېكىتىشى شەرت. بېكىتىشتىن ئۆتمىسە، قۇرۇلۇش يېرى ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

**27 - ماددا** گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىدا گېئو ئاپەت ئېھتىمالىنى چارلاش ھەمدە تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى لايىھەسى تۈزۈپ چىقىش شەرت.

گېئو ئاپەت ئېھتىمالىنى چارلاش دوكلاتى ۋە تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى لايىھەسىنى ئوبلاست (ۋىلايەت)، شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىش لازىم.

گېئو ئاپەتنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى لايىھەسىنى تەستىقلىغۇچى ئورگان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى كېرەك.

## ۷ باب

## گېئو خارابىنى مۇھاپىزەت قىلىش

**28 - ماددا** گېئو خارابە گېئو تارىخىي دەۋرلەردە ھەر خىل گېئو تەسىر تۈپەيلىدىن ھاسىل بولغان،

تەرەققىي قىلغان ھەمدە ساقلىنىپ كەلگەن قىسمەنلىك، قايتا پەيدا بولمايدىغان گېئو تەبىئىي مىراسنى كۆرسىتىدۇ.

29 - ماددا گېئو خارابىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا، مۇھاپىزەت قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ، مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن پايدىلىنىش بىرلەشتۈرۈلىدۇ.

30 - ماددا تۆۋەندىكى گېئو خارابىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك.

(1) ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە گېئو قۇرۇلما، گېئو كەسمە يۈز، ئىنسانىيەت تارىخىدىن بۇرۇنقى قەدىمىي جانلىقلار تاشقاتمىسى تارقالغان رايون؛

(2) ئىلمىي تەتقىقات ۋە ھوزۇرلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئۆزگىچە گېئومورفولوگىيىلىك مەنزىرە؛

(3) ئالاھىدە ئىلمىي تەتقىقات قىممىتى، ھوزۇرلىنىش قىممىتىگە ئىگە تاغ جىنىسلىرى، رۇدا، ياقۇت، قاشتېشى چىقىدىغان تىپىك جاي؛

(4) ئۆزگىچە داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش رولىغا ياكى ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئارشاڭ، مىنېرال بۇلاق، لاي بۇلاق،

(5) ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە تىپىك گېئو ئاپەت خارابىسى؛

(6) مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان باشقا گېئو خارابىلەر

گېئو خارابىلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى بېكىتىدۇ. گېئو خارابە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇش دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

31 - ماددا دۆلەت دەرىجىلىك گېئو خارابە مۇھاپىزەت رايونلىرى ئىچىدىكى گوۋۇيۈەننىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايوننى باشقۇرىدىغان تارمىقى باشقۇرىدىغانلىرىدىن باشقىلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى باشقۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېئو خارابە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايوننى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ياكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى باشقۇرىدۇ.

ئوبلاست (ۋىلايەت)، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك گېئو خارابە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايوننى شۇ مۇھاپىزەت رايوننى قۇرغان خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ياكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى باشقۇرىدۇ.

مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلمىغان باشقا گېئو خارابىلىرىنى گېئو خارابە بار جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى باشقۇرىدۇ.

32 - ماددا قۇرۇلۇپ بولغان باشقا تىپتىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا جايلاشقان گېئو خارابىنى شۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايوننى قۇرغان باشقۇرۇش ئاپپاراتى دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەلىپى بويىچە باشقۇرىدۇ. دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ۋە يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

33 - ماددا ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ گېئو خارابىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

گېئو خارابە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ۋە مۇشۇ نىزامغا رىئايە قىلىش كېرەك.

34 - ماددا باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلاتماي تۇرۇپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئۇقتىسلىق مۇھاپىزەت قىلىدىغان گېئو خارابىنى كولاش، يىغىش، توشۇشقا يول قويۇلمايدۇ.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۇقتىسلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان گېئو خارابىلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتىدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ.

## VI باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

35 - ماددا مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ؛ زىيان سالغانلارغا زىياننى تۆلىتىدۇ؛ قوشۇمچە 1000 يۈەندىن يۇقىرى 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

(1) گېئو مۇھىتنى كۆزىتىش، قوغداش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىگىلىۋېلىش ۋە بۇزۇۋېتىش؛

(2) كۆزىتىش ماتېرىيالىنى مەلۇم قىلماسلىق ياكى يالغان مەلۇم قىلىش؛

(3) مۇھاپىزەت ئىشىنى گېئو مۇھىت ئاسراش لايىھىسى بويىچە قىلماسلىق؛

(4) گېئو ئاپەت مەلۇماتىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئېلان قىلىش.

**36 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ؛ سۈرۈك توشقىچە ئەسلىگە كەلتۈرمىسە، دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەشكىللەيدۇ، خىراجىتىنى جاۋابكار ئۈستىگە ئالىدۇ. قىلمىشىغا قاراپ قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ كان ئاچقانلارنىڭ كان ئېچىش ئىجازەتنامىسىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلسا بولىدۇ:

(1) قېزىلما بايلىق چارلاشتا قېلىپ قالغان بورغا تۆشۈكى، چارلاش قۇدۇقى، چارلاش ئوقۇرى، خالىق يولىنى تىندۇرماسلىق ياكى پېچەتلىمەسلىك ياكى شەكىللىنىپ قالغان خەتەرلىك قىيا، خەتەرلىك يانتۇلۇقنى تەدبىر قوللىنىپ بىخەتەر ھالىتىگە كەلتۈرمەسلىك؛

(2) قېزىلما بايلىق ئېچىشتا بۇزۇۋەتكەن گېئو مۇھىتنى ئاسراش لايىھىسى بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرمەسلىك؛

(3) زەھەرلىك، زىيانلىق ماددا قويۇلغان جايلاردا مەڭگۈلۈك قوغداش تەدبىرى قوللانماسلىق؛

(4) گېئو مۇھىتنى بۇزىدىغان باشقا قىلمىشلار.

قېزىلما بايلىقنى قانۇنسىز چارلىغان، ئاچقانلار قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلغاندىن سىرت، بۇزۇۋەتكەن گېئو مۇھىتنى بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ياكى مۇناسىپ تۈزەش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى شەرت.

**37 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، گېئو ئاپەت خەتەرلىك رايوندا كان ئېچىش، پارتلىتىش، دەل - دەرەخ كېسىش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش شۇنىڭدەك ئامۇۋاپىق ھالدا يانتۇلۇقنى تۈزلەش، ئورەك كولاش، تاش - توپا دۆۋىلەپ قويۇش، سۇ باشلاش، سۇ چىقىرىۋېتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلار قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا ھەمدە تۈگىتىش تەدبىرى قوللىنىشقا بۇيرۇلىدۇ. قىلمىشىغا قاراپ 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ؛ گېئو ئاپەت پەيدا قىلغانلارغا 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

باشقا رايونلاردا يۇقىرىقى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، گېئو ئاپەت پەيدا قىلغانلار ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**38 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا، سۈرۈك ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياكى باشقا تۈگىتىش تەدبىرى قوللىنىشقا بۇيرۇيدۇ، قانۇنسىز ئاپارىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. قىلمىشىغا قاراپ قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ:

(1) گېئو خارابىلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش؛

(2) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىدىغان گېئو خارابىلەرنى ئەستىقسىز كولاش، يىغىش، توشۇش.

**39 - ماددا** دۆلەت زېمىن بايلىقى مەسئۇل تارمىقى ۋە باشقا ئالاقىدار باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ھەم ئۇنىڭ خادىملىرىدىن بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ؛ زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) بۇ نىزامدىكى بەلگىلەنگەن قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە توسىماسلىق، پاش قىلىنغان، شىكايەت قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلماسلىق؛

(2) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىدىغان گېئو خارابىلەرنى كولاش، يىغىش، توشۇشنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئەستىقلاش ياكى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن ھالقىپ ئەستىقلاش؛

(3) گېئو ئاپەتتىن ۋاقتىدا مەلۇمات بەرمەسلىك؛

(4) بەلگىلىمە بويىچە گېئو مۇھىت ئەھۋالىدىن دوكلات يوللىماي، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئەھۋالى ئاخباراتىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈش؛

(5) نەپسانىيەتچىلىك قىلىش؛ خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىش، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش قىلمىشلىرى.

## VI باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**40 ـ ماددا** بۇ نىزام 2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى

(2002 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 28 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان يەر ئاستى سۇ بايلىقى يەر ئاستىدىكى ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش، قوغداش ۋە باشقۇرۇش پائالىيىتىدە بۇ نىزامغا رىئايە قىلىش شەرت.

**4 ـ ماددا** يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداشتا تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك:

(1) ۋادا ياكى رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانىغا ئۇيغۇن بولۇش؛

(2) سۇ مەنبەسىنى ئېچىش بىلەن سۇ تېجەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، سۇنى پىلانلىق ۋە تېجەشلىك ئىشلىتىش؛

(3) ئېچىش بىلەن تولۇقلاشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، سۇ مەنبەسىنى ساقلاش، سۇ مەنبەسىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى ۋە يەر ئاستى سۇ بايلىقىنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش؛

(4) شەھەر، يېزا ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش سۇ ئېھتىياجىنى ئاۋۋال قاندۇرۇش، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئېكولوگىيە سۇ ئېھتىياجىغا تەڭ ئېتىبار بېرىش.

**5 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك)، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش ھوقۇق چېكى ۋە دائىرىسىگە ئاساسەن، مۇناسىپ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش، زېمىن بايلىقى، شەھەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە، يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداشقا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

## I باب

## يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش

**6 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋادا ياكى رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشقا باب رايون، ئېچىشقا چەك قويۇلغان رايون، زىيادە ئېچىلغان رايون ۋە ئېچىش مەنئى قىلىنغان رايونلارنى ئايرىشى لازىم.

ئاپتونوم ئوبلاست (ۋىلايەت)، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەر تۈزگەن ۋادا ياكى رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن يولغا قويۇلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ

پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن يولغا قويۇلىدۇ.

**7 - ماددا** ۋادا ياكى رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانىنى تۈزۈشتە يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈپ باھالاش نەتىجىسى ئاساس قىلىنىشى كېرەك.

ۋادا ياكى رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈپ باھالاش پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

**8 - ماددا** يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانىنى تۈزىدىغان، يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈپ باھالايدىغان ئورۇنلار مۇناسىپ سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشى شەرت.

**9 - ماددا** يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشتا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئىلتىماسى سۇنۇش كېرەك.

سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئىلتىماسىنى تەستىقلىشى ۋادا ياكى رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش يىرىك پىلانىغا ئۇيغۇن بولۇشى شەرت. سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئىلتىماسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىشقا توغرا كەلسە، ئىلتىماس سۇنغۇچى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يىرىك پىلان ماقۇللىمىسىنى قوشۇپ يوللىشى كېرەك.

تۇرمۇشتا، چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىشتا يەر ئاستى سۈيىدىن ئاز مىقداردا پايدىلىنىشقا توغرا كەلسە، سۇ ئېلىش ئىجازىتى سوراش ھاجەتسىز.

**10 - ماددا** يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، ئۆزگەرتىلىدىغان، كېڭەيتىلىدىغان سانائەت ئورۇنلىرىنى، شەھەر، بازارلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش تۈرىگە ۋە چوڭ - چوڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش تۈرىگە يەر ئاستى سۈيىنى ئېلىپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇمكىنلىك تەتقىقات دوكلاتىنى يوللىغاندا قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ بېكىتىلگەن سۇ بايلىقىنى دەلىللەش دوكلاتىنى قوشۇپ يوللاش كېرەك.

قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ سۇ بايلىقىنى دەلىللەش دوكلاتى يوللانمىغان بولسا، ئالاقىدار تارماق قۇرۇلۇش تۈرىنى تەستىقلىماسلىقى كېرەك.

**11 - ماددا** بىر گىدرو گېئولوگىيىلىك بىرلىك ئىچىدىكى قوشنا رايونلاردا يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشتا، ئاچقۇچى تەرەپ تۇرۇشلۇق جايدىكى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئىلتىماسىنى تەستىقلاشتىن ئىلگىرى، قوشنا تەرەپ تۇرۇشلۇق جايدىكى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك؛ پىكىر بىرلىكى بولمىسا، ئاچقۇچى تەرەپ تۇرۇشلۇق جايدىكى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشنى ئۆز ئالدىغا تەستىقلىسا بولمايدۇ. يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش ھەققىدە زۆرۈر بولسا، سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئىلتىماسىنى ئۇلارغا ئورتاق بىر دەرىجە يۇقىرى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قوبۇل قىلسا ۋە تەستىقلىسا بولىدۇ.

**12 - ماددا** سۇ ئېلىش ئىجازىتى ئىلتىماسى تەستىقلانغاندىن كېيىن، قۇدۇق قېزىشقا توغرا كەلسە، قۇدۇق قازغۇچى ئورۇن قۇدۇق قېزىش لايىھەسىنى قۇدۇق قېزىشتىن ئىلگىرى سۇنۇشى كېرەك. شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن قازسا بولىدۇ. قۇدۇق پۈتكەندىن كېيىن، سۇ ئالغۇچى ئورۇن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك دەپ قارىغاندىن كېيىن، ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

قۇدۇق قازغۇچى ئورۇنلار مۇناسىپ سالاھىيەت دەرىجىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

يوشۇرۇن ئېقىمنى توسۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن يەر ئاستى سۈيىنى ئىشلىتىشتە، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىش لازىم.

شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى 15 كۈن ئىچىدە رۇخسەت قىلىش - قىلماسلىق ياكى تەستىقلاش - تەستىقلىماسلىق ھەققىدە قارار چىقىرىشى لازىم.

**13 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش جەھەتتىكى تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى، گىدرولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلىشى، قۇدۇق قېزىش پائالىيىتىگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك.

## باب II

## يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى قوغداش

**14 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۇرمۇش ئىچىملىك سۇ مەنبەسى، مۇھىم سانائەت تۈرلىرى سۇ

مەنبەسى، بوستانلىق ئەتراپى ئېكولوگىيە سۇ مەنبەسىنى ئۇقتىلىق رايون قىلىپ، يەر ئاستى سۇ بايلىقى مۇھاپىزەت رايونىنى ئايرىشى كېرەك.

**15 ـ ماددا** يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشقا باپ رايوندا يەر ئاستى سۈيىنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن ئاكتىپ پايدىلىنىش كېرەك. يەر ئاستى سۇ ئورنى بەك يۇقىرى بولغانلىقتىن يەر شورلىشىپ كەتكەن رايوندا تەدبىر قوللىنىپ، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش مىقدارىنى كۆپەيتىپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنى كونترول قىلىش كېرەك.

**16 ـ ماددا** يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشقا چەك قويۇلغان رايوندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يىللىق ئېچىش پىلانىنى تۈزۈپ ۋە چۈشۈرۈپ، يەر ئۈستى سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيىنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، سۇ ئېلىش ئومۇمىي مىقدارىنى قاتتىق تىزگىنلىشى، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش دائىرىسىنى ئۆز مەيلىچە كېڭەيتىۋەتمەسلىكى، ئېچىش بىلەن تولۇقلاشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشى كېرەك.

شەھەرنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبا تورى قاپلىغان دائىرىدە يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىشقا چەك قويۇش، ئەسلىدىكى زاپاس سۇ مەنبەسىدىن سۇ ئېلىش مىقدارىنى يىلمۇ يىل ئازايتىش كېرەك.

**17 ـ ماددا** يەر ئاستى سۈيى زىيادە ئېچىلغان رايوندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش مىقدارىنى ئازايتىش نىشانىنى بېكىتىپ، يىللىق پىلانلىق ئېچىش مىقدارىنى، قۇدۇقلارنىڭ جايلىشىشى ۋە ئېچىش قاتلىمىنى تەڭشەش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويۇشى كېرەك.

**18 ـ ماددا** يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش مەنئى قىلىنغان رايوندا، يەر ئاستى سۈيىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ، ئەسلىدە سۇ ئېلىش قۇرۇلۇشى بولسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تاقىۋېتىش، توختىتىش لايىھەسى ۋە سۇ مەنبەسىنىڭ سەپلىمە لايىھەسىنى تۈزۈپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويۇشى كېرەك.

**19 ـ ماددا** چارلاش، كان قېزىش (نېفىت ئېلىش)، قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەردە، مۇھاپىزەت تەدبىرى قوللىنىپ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش مەسئۇل تارمىقى ۋە سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇلغىنىشىغا بولغان نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، يەر ئاستى سۈيىنى بۇلغاش قىلمىشىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

**20 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر ئاستى سۇ بايلىقىنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى كۆزىتىش پونكىت ـ تور قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى، سۈپىتى، تېمپېراتۇرىسىنى كۆزىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەتكە قەرەللىك ئېلان قىلىشى كېرەك. باشقا ئالاقىدار تارماقلار بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتى بويىچە يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى قوغداش ۋە سۇ سۈپىتىنى كۆزىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

بۇ نىزامنىڭ 10 ـ ماددا 1 ـ تارمىقىدا كۆرسىتىلگەن سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى كۆزىتىشى ھەم كۆزىتىش ماتېرىياللىرىنى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا قەرەللىك يوللىشى كېرەك.

## IV باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

**21 ـ ماددا** سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، سۇ ئېلىش ئىجازىتى بەرگەن، ئېچىش پىلانى چۈشۈرگەن بولسا، ئالاقىدار مەسئۇل تارماق جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا مەمۇرىي جازا كۆرىدۇ.

خىزمەتتە بىپەرۋالىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، يەر ئاستى سۈيىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئېچىش، يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى بۇزۇش، بۇلغاش قىلمىشىنى ۋاقتىدا توسماي ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلماي، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان بولسا، شۇنىڭدەك خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلانغان، ئەپسانىيەتچىلىك قىلغان بولسا، ئالاقىدار

تارماقتىكى جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**22 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز مەيلىچە قۇدۇق قېزىش، يوشۇرۇن ئېقىمنى توسۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن يەر ئاستى سۈيىنى ئالغان ئورۇنلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ باشقىلارغا زىيان سالغانلىرى تۆلەم تۆلىشى كېرەك.

قۇدۇق قازغۇچى ئورۇنلاردىن قۇدۇقنى رۇخسەت قىلىنغان لايىھە بويىچە قازمىغانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ؛ باشقىلارغا زىيان سالغانلىرى تۆلەم تۆلىشى كېرەك.

**23 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەر ئاستى سۈيى زىيادە ئېچىلغان رايوندا تەكشۈرۈلگەن پىلانلىق ئېچىش مىقدارى، قۇدۇقلارنىڭ جايلىشىشى ۋە ئېچىش قاتلىمىغا ئەمەل قىلماي سۇ ئاچقانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**24 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش مەنئى قىلىنغان رايوندا يەر ئاستى سۈيىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىنى توختىتىشقا، ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش مەنئى قىلىنغان رايوندىكى ئەسلىدىكى سۇ ئېلىش قۇرۇلۇشىنىڭ توختىتىش - تاقاش لايىھىسىنى ۋە سۇ مەنبەسىنىڭ سەپلىمە لايىھىسىنى ئىجرا قىلمىغانلارنى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**25 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ كېلىدىغان، مەمۇرىي جازا بېرىلىدىغان باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇچىلار ئالاقىدار قانۇن - نىزاملار بويىچە جازالىنىدۇ.

## ٧ باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**26 - ماددا** بۇ نىزام 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى قوغداش نىزامى»

(2002 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 28 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى قوغداش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، شەھەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قىياپىتى ۋە يەرلىك، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى قوغداش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر پىلانلاش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر شۇنىڭدەك بىر قەدەر يۇقىرى تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە كوچا، ئىمارەتلەرنى بېكىتىش، پىلانلاش، قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن

پايدىلىنىشتا بۇ نىزام تەدبىقلىنىدۇ.

**3 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى مۇشۇ نىزامغا ئاساسەن ئادا قىلىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

مەدەنىيەت يادىكارلىقى، يەر، مۇھىت، ساياھەت تارماقلىرى ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئۆز مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەبىئىي بايلىق، ئانتروپولوگىيىلىك بايلىقنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

**4 ـ ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى ئۈنۈملۈك قوغداش، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، ئىلمىي باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

**5 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى قوغداش، رېمونت قىلىش ۋە ئىلمىي تەتقىق قىلىش پائالىيىتى بىلەن قانۇن بويىچە شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى قوغداش خىزمىتىدە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشى كېرەك.

ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش، ئەرز قىلىش ۋە توسۇش ھوقۇقى بار.

## I باب

## تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى بېكىتىش

**6 ـ ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەرلەر دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دەپ ئايرىلىدۇ.

دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەرنى تەستىقلىتىش شەرتى ۋە تەرتىپى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەرنى بېكىتىشتە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى پىلان، مەدەنىيەت يادىكارلىقى تارماقلىرىنى تەشكىللەپ، تۆۋەندىكى شەرتلەر بويىچە تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلاپ ئېلان قىلىشىغا يوللايدۇ:

(1) قەدىمكى زاماندىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مىللەت تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم شەھەر ـ بازار ياكى يېقىنقى زاماندىكى زور تارىخىي ۋەقە يۈز بەرگەن جاي، مول تارىخىي مەدەنىيەت خارابىسى ۋە ئەمەلىي بۇيۇملار ساقلانغان بولۇش؛

(2) مەدەنىيەت ئاسار ئەتىقىلىرى مول، بىر قەدەر يۇقىرى تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە، شەھەرنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن بولۇش؛

(3) شەھەرنىڭ ئەنئەنىۋى قىياپىتى ۋە قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە بولغان، تارىخىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىمارەت، قۇرۇلما، يول، دەريا، دەرەخ قاتارلىق مۇھىت ئامىللىرى مۇكەممەل ساقلانغان بولۇش.

**7 ـ ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە كوچىنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان، مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى مەدەنىيەت يادىكارلىقى تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە باھالايدۇ، تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ ئېلان قىلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

(1) تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىمارەتلەر توپلاشقان بولۇش؛

(2) كوچىدا مول ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادەت ساقلانمىلىرى ۋە ئەنئەنىۋى قول ئىشچى ھۈنەر ـ سەنئەت ياسالمىلىرى بولۇش.

**8 ـ ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىمارەتنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلاش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى مەدەنىيەت يادىكارلىقى تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە باھالايدۇ، تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى شەھەرلىك،

نامىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ ئېلان قىلىدۇ:

(1) مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي، مەدەنىي، ئىلمىي، بەدىئىي قىممىتى بولۇش؛

(2) يەرلىك، مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئەنئەنىۋى قىياپىتى خېلى مۇكەممەل، ئېنىق گەۋدىلەنگەن بولۇش؛

(3) ئىمارەت تىپى، بوشلۇقتىكى شەكلى ۋە ئىمارەت سەنئىتى ئۆزگىچە بولۇش.

تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىمارەت قانۇن بويىچە بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ھوقۇق تەۋەلىكى ئۆزگەرمەيدۇ.

**9 - ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئىلگىرى، تەكشۈرۈپ باھالىغۇچى ئورگان مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتىنى تەشكىللەپ باھالىشى كېرەك.

**10 - ماددا** شەھەرلىك، نامىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچىلارنىڭ ئاساسلىق ئېغىزىغا ۋە تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىمارەتلەرگە قوغداش بەلگىسى ئورنىتىشى كېرەك. قوغداش بەلگىسىدە ئاساسلىقى، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا ۋە ئىمارەتنىڭ نامى، مەزمۇنى، دەۋرى، تەستىقلىغان ئورگان، بەلگە ئورناتقان ئورگان شۇنداقلا قوغداش مۇددىتى بولۇشى كېرەك.

ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ قوغداش بەلگىسىنى ئۆچۈرۈۋېتىشىگە، جىجىۋېتىشىگە، بۇزۇۋېتىشىگە ياكى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يۆتكىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**11 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پىلان، مەدەنىيەت يادىكارلىقى تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ، كوچا، ئىمارەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، تارىخىي ئانتروپولوگىيىلىك بايلىقلارنى قېزىپ، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى بېكىتىشكە يوللاش ۋە تەستىقلىتىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

## II باب

# تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى قوغداش

**12 - ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر تەستىقلىنىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شەھەرلىك، نامىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پىلان، مەدەنىيەت يادىكارلىقى، يەر، مۇھىت ئاسراش، ساياھەت تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەرنى قوغداش پىلانىنى بىر يىل ئىچىدە تۈزۈپ چىقىشى لازىم.

تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە كوچا تەستىقلىنىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شەھەرلىك، نامىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى 6 ئاي ئىچىدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە كوچىنى قوغداش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم.

**13 - ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر ۋە كوچىنى قوغداش پىلانىنى تۈزۈشتە، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پىلان تۈزۈش تەلىپى بويىچە ئىلمىي دەلىللەش، ئالاقىدار تارماقلار، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە جامائەتنىڭ كەڭ دائىرىدە پىكرىنى ئېلىش لازىم.

**14 - ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەرنى قوغداش پىلانى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹شەھەر پىلانلاش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە تەستىقلىتىلىدۇ.

تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە كوچىنى قوغداش پىلانىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قوشۇلغاندىن كېيىن شەھەرلىك، نامىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ.

**15 - ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر ۋە كوچىنى قوغداش پىلانى تەستىقلانغان ھامان، شەھەرلىك، نامىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئېلان قىلىشى لازىم، ئۇنىڭغا ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخس ئەمەل قىلىشى شەرت، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

**16 - ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچىنى قوغداش پىلانى دائىرىسىدە ئىشلىنىدىغان قۇرۇلۇش قوغداش پىلانىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەرنىڭ ئەنئەنىۋى قىياپىتى ۋە قۇرۇلمىسى ساقلاپ قېلىنىشى لازىم. قۇرۇلۇشنىڭ جايلىشىشى، شەكلى، ھەجمى، ئېگىزلىكى، رەڭگى قاتارلىقلار ئەتراپتىكى مەنزىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇشى لازىم.

**17 - ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچىنى قوغداش پىلانى دائىرىسىدە، يېڭى رايون قۇرۇش ۋە كونا شەھەرنى ئۆزگەرتىشتە، شەھەرلىك، نامىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، قۇرۇلۇش لايىھىسىنى دەلىللىشى ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەردىن كەڭ

دائىرىدە پىكىر ئېلىنىشى لازىم.

**18 ـ ماددا** شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىمارەتنىڭ ئەتراپىدا قۇرۇلۇش كونترول رايونىنى بېكىتىشى لازىم. كونترول رايونى ئىمارەتنىڭ تۈرى، كۆلىمى، ئەتراپىكى مۇھىتى ۋە قوشنىدارچىلىق قاتارلىق ئامىللارغا قاراپ مۇۋاپىق بېكىتىلىدۇ. قۇرۇلۇش كونترول رايونىنىڭ دائىرىسى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ئېلان قىلىنىدۇ.

كونترول رايونىدا قۇرۇلۇش قىلىشتا، يەر شەكلى ۋە قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىمارەتنى بۇزۇۋېتىشكە ياكى ئۇنىڭ مەنزىرە، ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

**19 ـ ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىمارەتنىڭ ئىگىدارى ياكى ئۇنى ئىشلەتكۈچى تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىمارەتتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشى، ئۇنى بۇزۇۋەتمەسلىكى ياكى ئۇنىڭ شەكلى، ئېگىزلىكى، ھەجمى، رەڭگىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكى كېرەك، ئاسراش، رېمونت قىلىشتا ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىشى شەرت.

تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىمارەتنى رېمونت قىلىش، بېزەشتە، لايىھە تەييارلاپ، قۇرۇلۇش قىلىش لايىھىسى تۈزۈپ، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان، مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئىش باشلاش كېرەك.

تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىمارەتنى چېقىش، ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش مەنئى قىلىنغانلىقتىن مۈلۈك ھوقۇقى ئىگىسىنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە تەسىر يەتسە، ئۇنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئايرىم ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئەسلىدىكى ئىمارەتنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى باھاغا سۇندۇرۇپ ئېلىۋېلىپ، دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

**20 ـ ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىمارەتنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چېقىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. ئالاھىدە ئېھتىياج بىلەن چېقىشقا توغرا كەلسە، شۇ ئىمارەت بار جايدىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قوشۇلغاندىن كېيىن، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ.

**21 ـ ماددا** شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى ئاسراشنى پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ئۇيۇشتۇرۇشى، خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە كوچا ۋە ئىمارەتنى جىددىي رېمونت قىلىش، تۈزەشنى ۋاقتىدا تەشكىللىشى لازىم.

**22 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى قوغداش خىراجىتىنى مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈشى، قوغداش خىراجىتى تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى قوغداش خىزمىتىگىلا ئىشلىتىلىشى لازىم.

تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرگە كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن مەبلەغ سېلىپ، ئېچىپ پايدىلىنىش، رېمونت قىلىش ۋە قوغداش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ.

**23 ـ ماددا** شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەت ئارخىپىنى تۇرغۇزۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، تارىخىي ئۆزگىرىشى، شەھەر ئورنى ئۆزگىرىشكە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى يىغىپ، قوغداش خىزمىتىنى تولۇق خاتىرىلىشى لازىم.

**24 ـ ماددا** تەستىقلانغان تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر ۋە كوچا ياخشى قوغدالمىغانلىقى ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەلگىلەنگەن شەرتكە توشماي قالسا، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىمارەت قوغداش قىممىتىنى يوقاتقان بولسا، ئەسلىي تەستىقلىغان ئورگان تەستىقلاش تەرتىپى بويىچە ئۇلارنىڭ نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

**25 ـ ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچىلاردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ. قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى دەپ بېكىتىلگەن ئىمارەت تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىمارەتلەر قاتارىدا قايتا باھالانمايدۇ

ۋە تىزىملانمايدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى مەدەنىيەت يادىكارلىقى تارمىقىغا ماسلىشىپ، ئالاقىدار قوغداش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

## IV باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

**26 - ماددا** شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر ياكى كوچىنى قوغداش پىلانىنى تۈزۈش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان، قوغداش پىلانىنى ئىجرا قىلمىغان، ئۆز مەيلىچە تەڭشىگەن، ياكى قۇرۇلۇش لايىھىسىنى دەلىللەتمەي تۇرۇپ، ئۆز مەيلىچە يېڭى رايون قۇرۇش ۋە كونا شەھەرنى ئۆزگەرتىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىش ھەققىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بېرىدۇ ھەمدە، سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىسە، باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە رەھبەرلىك جاۋابكارلىقى بار خادىمغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**27 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 10 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنسا، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، قوشۇمچە 50 يۈەندىن يۇقىرى، 500 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**28 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 16 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنسا، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا، ئوڭشاش تەدبىرى قوللىنىشقا بۇيرۇيدۇ؛ قوغداش پىلانىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈلسە، سۈرۈك ئىچىدە چېقىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ، ھەم 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**29 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 18 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنسا، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا، ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە، ئوڭشاش تەدبىرى قوللىنىشقا بۇيرۇيدۇ، ھەم 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**30 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 19 - ماددىسىنىڭ 1.، 2 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنسا، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا، ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ، ھەم 500 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىسا، بۇزۇۋېتىلگەن ئىمارەت قىممىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، 3ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ ئىگىدارغا زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**31 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 20 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنسا، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئەسلى ھالىتى بويىچە قايتا سېلىشقا بۇيرۇيدۇ، ھەم چېقىۋېتىلگەن ئىمارەت قىممىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، 3 ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ ئەسلى ھالىتى بويىچە قايتا سېلىشقا بولمىسا، ئىمارەت قىممىتىنىڭ 3 ھەسسىسىدىن يۇقىرى، 5 ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ ئىگىدارغا زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**32 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەھەر پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەرنى باشقۇرۇش، قوغداش ۋە نازارەت قىلىش جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان بولسا، تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر، كوچا، ئىمارەتلەر بۇزۇلۇش ئاقىۋىتىنى پەيدا قىلغان بولسا، ئاساسلىق مەسئۇلىغا ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

## V باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**33 - ماددا** تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە

ئىمارەتلەرنىڭ قىممىتىنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلان مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ئۆي - جاي تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ دەلىللەش ئارقىلىق بېكىتىدۇ.

**34 - ماددا** بۇ نىزام 2002 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاۋار سودا بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى

(2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام تاۋار سودا بازىرى تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تاۋار سودا بازىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بازار قۇرغۇچىلار، تىجارەتچىلەر ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش مەقسىتىدە، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان تاۋار سودا بازىرى مۇقىم سورۇنى ۋە مۇئەسسەسەلىرى بولغان، تىجارەتچىلەر بازارغا كىرىپ، توپلىشىپ، ئاشكارا ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، تۇرمۇش ۋاستىلىرى سودىسى قىلىدىغان ئاممىۋى سورۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە بازار قۇرۇش، بازاردا تاۋار سودىسى، ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتى، بازار مۇلازىمىتى قىلىش ۋە بازار باشقۇرۇشتا مۇشۇ نىزامغا رىئايە قىلىش شەرت.

**4 - ماددا** ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى تاۋار سودا بازىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتا مەسئۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى بەلگىلىگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تاۋار سودا بازىرىغا مۇناسىۋەتلىك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ج خ، باج، مۇھىت ئاسراش، سەھىيە، باھا، شەھەر قۇرۇلۇشى تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە، تاۋار سودا بازىرىغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ.

**5 - ماددا** تاۋار سودىسىدا قانۇن، نىزاملارغا رىئايە قىلىش، باراۋەر بولۇش، ئىختىيار قىلىش، ئادىل رىقابەتلىشىش، سەمىمىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

**6 - ماددا** تاۋار سودا بازىرى قۇرۇشتا كىم مەبلەغ سالسا، شۇ ئىگىدارلىق قىلىش، شۇ مەنپەئەتلىنىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ.

**7 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تاۋار سودا بازىرىنى باشقۇرۇشتا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار تارماقلارنى بازار باشقۇرۇش ۋە مۇلازىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە تەشكىللىشى، ماسلاشتۇرۇشى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

تاۋار سودا بازىرىنى پائال يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش، شارائىتى بار كارخانا، ئىجتىمائىي تەشكىلات ياكى شەخسلەرنى ئىختىيار قىلىش، ھەقلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، كۆپ خىل شەكىل بىلەن مەبلەغ سېلىپ تاۋار سودا بازىرى قۇرۇشقا ياكى بازار قۇرۇشقا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم.

## II باب

## بازار قۇرۇش

**8 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تاۋار سودا بازىرىنى قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىشنى شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش پىلانلاش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، تۇرمۇشقا قولايلىق بولۇش، ئوبوروتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش پرىنسىپىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

شەھەر قۇرۇلۇشى ئېھتىياجى بىلەن خەلق تۇرمۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاشلىق، ياغ، گۆش، كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىك بازىرىنى چېقىشقا توغرا كەلسە، پىلان بويىچە قايتا قۇرۇش ياكى يېقىن جايدا يېڭىدىن قۇرۇش

كېرەك.

**9 - ماددا** بازار قۇرۇشنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن تارماق تەستىقلايدۇ. كەسپىي بازار قۇرۇشتا قانۇن، نىزاملاردا ئالاقىدار مەسئۇل تارماقتا تەستىقلىتىش شەرت دەپ بەلگىلەنگەن بولسا، شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**10 - ماددا** بازار قۇرۇشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك:

(1) شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى پىلانىغا ۋە بازارنىڭ جايلىشىش پىلانىغا ئۇيغۇن بولۇش؛

(2) قۇرۇلىدىغان بازار كۆلىمىگە مۇناسىپ مەبلەغ، سورۇن ۋە مۇئەسسەسە بولۇش؛

(3) قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا شەرتلەر.

**11 - ماددا** بازار قۇرغۇچى شۇ جايدىكى ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا بازار نامىنى تەستىقلاپ تىزىمغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىشى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە تىزىملاش - تىزىملىماسلىقنى قارار قىلىشى كېرەك.

بازار نامىنى تىزىملاپ باشقۇرۇشتا كارخانا نامىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىدىن پايدىلىنىلىدۇ.

**12 - ماددا** بازار نامىنى تەستىقلاپ تىزىملاشنى ئىلتىماس قىلىشتا تۆۋەندىكى ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇش شەرت:

(1) بۇ نىزامنىڭ 9 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن بازار قۇرۇشنى تەستىقلاش ھۆججىتى؛

(2) پىلان تارمىقىنىڭ تەستىق ھۆججىتى (پۈتۈنلەي يۇرتنىڭ مۇئەسسەسىدىن پايدىلىنىپ بازار قۇرۇش بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە بازارنىڭ جايلىشىش سىخېمىسى؛

(3) ئۆي - زېمىن ھوقۇق تەۋەلىكى ياكى يەر ئىشلىتىش ھەققىدىكى ئىسپات ھۆججىتى؛

(4) بىرلىشىپ بازار قۇرۇش ھەققىدىكى كېلىشىمنامە؛

(5) قانۇن نىزاملاردا بەلگىلەنگەن شىركەت (كارخانا) نى تىزىملىتىشتا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باشقا ئالاقىدار ھۆججەتلەر.

**13 - ماددا** بازار نامى تەستىقلاپ تىزىملانغاندىن كېيىن، بازاردىكى ياپما، دۇكانلارغا خېرىدار چاقىرىشقا ۋە ئۇنى ئىجارىگە بېرىشكە بولىدۇ.

يېڭى بازار قۇرغۇچى بازاردىكى ياپما، دۇكانلارغا ئالدىن خېرىدار چاقىرىش ۋە ئۇنى ئىجارىگە بېرىشتە، قۇرۇلۇش ياكى ئۆي - زېمىن مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۇنى دۆلەتنىڭ شەھەر ئاۋات ئۆيلىرىنى ئالدىن سېتىشقا دائىر بەلگىلىمىسى بويىچە تەكشۈرگەندىن كېيىن خېرىدار چاقىرسا ۋە ئىجارىگە بەرسە بولىدۇ.

**14 - ماددا** بازار قۇرغۇچى قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئوت مۇداپىئەسى بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەققىدىكى لاياقەتلىك ئىسپات ھۆججىتى ۋە بازار نامىنى تىزىملاش ھۆججىتىگە ئاساسەن، ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا تىجارەت كىنىشكىسى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىشى شەرت. سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئىلتىماسنى قوبۇل قىلغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە تىزىمغا ئېلىشى كېرەك. تىجارەت كىنىشكىسى ئالغاندىن كېيىن بازاردا تىجارەت باشلاشقا بولىدۇ.

**15 - ماددا** بازارنى قوشۇۋېتىش، كۆچۈرۈش، ئاقاش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى باشقا مۇھىم ئىشلارنى ئۆزگەرتىشتە، بازار قۇرغۇچى قارار قىلغاندىن كېيىن 30 كۈن ئىچىدە ئەسلى تىزىملىغان ئورگانغا بېرىپ تىزىمنى ئۆزگەرتىش ياكى تىزىمدىن ئۆچۈرۈپ رەسمىيەتنى بېجىرىشى كېرەك.

**16 - ماددا** بازار قۇرغۇچى قانۇن بويىچە تۆۋەندىكى ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ:

(1) قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش؛

(2) تىجارەتچى بىلەن پۈتۈشكىنى بويىچە سورۇن، مۇئەسسەسە ئىجارە ھەققى ۋە باشقا ئالاقىدار مۇلازىملىق ھەققى ئېلىش؛

(3) قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنمىگەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىمىگەن ھەق ۋە سېلىقلارنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلىش؛

(4) قانۇن، نىزاملاردا بېرىلگەن باشقا ھوقۇقلار.

**17 - ماددا** بازار قۇرغۇچى بازار مۇلازىملىق باشقۇرۇش ئىشىدا، بازار مۇلازىملىق باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىشى ياكى بازار مۇلازىملىق باشقۇرۇش ئىشىنى قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتى بار بازار مۇلازىملىق باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا ھاۋالە قىلىشى كېرەك.

**18 - ماددا** بازار قۇرغۇچى ياكى بازار مۇلازىملىق باشقۇرۇش ئاپپاراتى تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشى كېرەك.

(1) بازارغا ئائىت قانۇن، نىزام ۋە قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش، بازار تىجارىتى، باشقۇرۇش، مۇلازىملىق ۋە ئامانلىق، ئوت مۇداپىئە، پىلانلىق تۇغۇت، مۇھىت تازىلىقى تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش، ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش

تارماقلىرىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىش؛

(2) بازاردىكى تىجارەت، بىخەتەرلىك، ئوت مۇداپىئە مۇئەسسەسىلىرىنى قۇرۇش، ئاسراش، يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىش، مۇناسىۋەتلىك ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىجىرىملىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛

(3) بازاردا ئەرز - شىكايەت نۇقتىسى تەسىس قىلىش؛ ھەقسىز قايتا تەكشۈرىدىغان قانۇنلۇق، لاياقەتلىك ئۆلچەش ئەسۋابى قويۇش؛

(4) تىجارەتچىلەرنى، ئىستېمالچىلارنى بازار ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەش؛

(5) ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خىزمەتچىلەرگە قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، مەدەنىي باشقۇرۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىش؛

(6) بازاردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ يالغان، ساختا، ناچار تاۋار ئىشلەش، سېتىش قىلمىشلىرى ۋە بازار تىجارىتى تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان باشقا قىلمىشلىرىنى توسۇش ياكى ئالاقىدار تارماقلارغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىش؛

(7) ئالاقىدار قانۇن، نىزام، سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش، تىجارەتچىلەرنى مەدەنىي تىجارەت قىلىشقا تەشكىللەش، بازاردىكى تاۋار سودىسىغا دائىر ستاتىستىكا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش.

(8) قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا مەسئۇلىيەت.

**19 - ماددا** بازار قۇرغۇچى بازارغا كىرىپ تىجارەت قىلغۇچىلار بىلەن سورۇن، مۇئەسسەسە ئىشلىتىش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالاپ، سورۇننىڭ كۆلىمى، ئىجارە مۇددىتى، ئىجارە ھەققى، خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى، ماجىرانى ھەل قىلىش ئۇسۇلى شۇنىڭدەك ئىككى تەرەپنىڭ باشقا ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى كېرەك.

**20 - ماددا** تىجارەتچىنىڭ سەۋەبىدىن ئىستېمالچى ياكى باشقىلار زىيان تارتسا، بازار قۇرغۇچى تىجارەتچىنىڭ ئۇلارنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم. تىجارەتچى قانۇنلۇق تىجارەت داۋامىدا بازار قۇرغۇچىنىڭ سەۋەبىدىن زىيان تارتسا، بازار قۇرغۇچى مۇناسىپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**21 - ماددا** بازار قۇرغۇچى شۇ سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ بازاردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ يوللۇق تىجارەت قىلىشىنى چەكلىسە بولمايدۇ؛ باشقا تىجارەتچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، بىرلىشىۋېلىپ ياكى باشقا ناتوغرا ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ توغرا رىقابەتنى چەكلىسە بولمايدۇ.

**22 - ماددا** بازار قۇرغۇچى ۋە بازار مۇلازىملىق باشقۇرۇش ئاپپاراتى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بازاردىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا پائال ھەمكارلىشىشى كېرەك. ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇشىغا ياكى ئالاقىدارلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشىغا، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ قانۇن بويىچە تەكشۈرۈشىنى ھەر خىل باھانە - سەۋەب بىلەن رەت قىلىشىغا ياكى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

## III باب

## بازار سودىسى

**23 - ماددا** تىجارەتچىلەر بازارغا كىرىپ تىجارەت قىلىشنى ئۆز ئالدىغا قارار قىلىشتا ھوقۇقلۇق ھەمدە تۆۋەندىكى ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ:

(1) تىجارەتنى باشلاش، ئۆزگەرتىش، توختىتىش، توختىتىپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش؛

(2) ئەستىقلانغان تىجارەت ئۇسۇلى ۋە دائىرىسىدە قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش؛

(3) تاۋار باھاسى ۋە مۇلازىملىق ھەققى ئۆلچىمىنى قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا بېكىتىش؛

(4) ئەستىقلانغان بازار نامىنى بازار قۇرغۇچى بىلەن پۈتۈشۈپ قوللىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش؛

(5) قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنمىگەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىمىگەن ھەق ۋە سېلىقلارنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلىش؛

(6) قانۇن، نىزاملاردا بېرىلگەن باشقا ھوقۇقلار.

**24 - ماددا** تىجارەتچىلەر قانۇن، نىزاملارغا ۋە بازارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلىشى، پۈتۈشكەن ئورۇن ياكى جايدا تىجارەت قىلىشى لازىم. ئۇلارنىڭ خالىغانچە يايما يېيىشىغا، يولنى ئىگىلەپ تىجارەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**25 - ماددا** تىجارەتچىلەر تىجارەت كىنىشكىسىنى تىجارەت ئورنىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە ئېسىشى كېرەك.

**26 - ماددا** تىجارەتچىلەر ئۆزى ساتىدىغان تاۋار ياكى قىلىدىغان مۇلازىملىقنىڭ باھاسىنى ئوچۇق يېزىشى كېرەك. تاۋارنىڭ سېتىلىش باھاسى ۋە مۇلازىملىق ھەققى ئۆلچىمى ھەققىدە، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بولسا، شۇ بەلگىلىمە ئىجرا قىلىنىدۇ.

**27 ـ ماددا** تىجارەتچىلەر دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۆلچەش ئەسۋابىنى ھازىرلىشى لازىم.

**28 ـ ماددا** تىجارەتچىلەر دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى ياكى سودا ئادىتىگە ئاساسەن، ئىستېمالچىلارغا مۇلازىملىق ھۆججىتى، تالون ياكى مال سېتىۋېلىش دوكۇمېنتى بېرىشى كېرەك.

**29 ـ ماددا** بازار قۇرغۇچى ۋە تىجارەتچىلەر قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇشى كېرەك.

**30 ـ ماددا** تاۋار سودا بازىرىدا تۆۋەندىكى تاۋارلارنى سېتىش مەنئى قىلىنىدۇ:

(1) كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە، جىسمانىي ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تاۋارلار؛

(2) يالغان، ساختا، ناچار تاۋار، دۆلەت شاللىۋەتكەن تاۋار، ۋاقتى ئۆتكەن، كۈچىدىن قالغان، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن تاۋارلار؛

(3) تەركىبىدە زەھەرلىك، زىيانلىق ماددىلار بولغان ياكى بۇلغانغان، چىرىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن يېمەكلىك شۇنىڭدەك يېمەكلىك تازىلىقى ئۆلچىمى ۋە بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان باشقا يېمەكلىكلەر؛

(4) كارانتىن قىلىنمىغان (تەكشۈرۈلمىگەن)، كارانتىن (تەكشۈرۈش) دىن ئۆتەلمىگەن ياكى كارانتىن (تەكشۈرۈش) نەتىجىسى ئويدۇرۇپ چىقىلغان چارۋا، قۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار.

(5) قانۇن، نىزاملاردا سېتىش مەنئى قىلىنغان ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار؛

(6) بىراك قىلىنغان ۋە قانۇنسىز قوراشتۇرۇلغان ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى؛

(7) زەھەر، ئەتكەس بۇيۇم، شەھۋانىي بۇيۇم ۋە باشقا قانۇنسىز نەشر بۇيۇمى؛

(8) قانۇن، نىزاملاردا سېتىش مەنئى قىلىنغان باشقا بۇيۇملار.

**31 ـ ماددا** تاۋار سودا بازىرىدا تۆۋەندىكى قىلمىشلار مەنئى قىلىنىدۇ:

(1) باشقا نەرسە، يالغان نەرسىنى ئارىلاشتۇرۇش، يالغىنىنى راست قىلىپ، ناچىرىنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش؛

(2) بازار زومىگەرلىكى، ئالدى ـ ساتتىدا زورلۇق قىلىش، باشقىلارنى تەڭسىز ياكى قانۇنسىز سودا شەرتىنى قوبۇل قىلىشقا زورلاش؛

(3) باھانى ھە ـ ھۇ بىلەن ئۆستۈرۈۋېلىش ياكى تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ تاۋار باھاسىنى كونترول قىلىش؛

(4) تاۋار سېتىشتا قىلىپلاشمىغان، لاياقەتسىز ئۆلچەم ئەسۋابىنى ئىشلىتىش ياكى كەم بېرىش؛

(5) يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانىيى ئىشلىتىش ياكى يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ خېرىدار جەلپ قىلىش؛

(6) تاۋارنى ساختا ئېلان قانارلىق ئالدامچىلىق ئۇسۇلى بىلەن سېتىش؛

(7) قانۇن، نىزاملاردا مەنئى قىلىنغان باشقا قىلمىشلار.

**32 ـ ماددا** تىجارەتچىلەر ئىستېمالچىلارنىڭ تاۋارنىڭ سۈپىتى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا دائىر سوئاللىرىغا ئېنىق، توغرا جاۋاب بېرىشى كېرەك.

## IV باب

## بازار باشقۇرۇش

**33 ـ ماددا** سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى تاۋار سودا بازىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتا تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدۇ:

(1) بازار باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن، نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش؛

(2) بازار قۇرغۇچى ۋە بازار مۇلازىمچىلىق باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ بازار باشقۇرۇش ۋە بازار ستاتىستىكا تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا نازارەتچىلىك قىلىش ھەمدە ئۇنى يولغا قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش؛

(3) ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرز ـ شىكايىتىنى قوبۇل قىلىش، بازار سودىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلمىشىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش؛

(4) توختام ئۈستىدە، قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك قىلىش، ئالاش ـ تارتىش قىلغۇچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە بازاردىكى ئىقتىسادىي ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىش؛

(5) مەدەنىي بازار بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش؛

(6) بازار قۇرغۇچىلارنى، تىجارەتچىلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا دائىر باشقا مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش.

**34 ـ ماددا** سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملىرى بازارنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشتە تۆۋەندىكى ھوقۇقلارنى

يۈرگۈزسە بولىدۇ:

(1) ئالاقىدار خادىملاردىن سوئال سوراش، ئۇلاردىن ئىسپات ماتېرىيال ياكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى تەكشۈرۈشكە ئالاقىدار باشقا ماتېرىياللىق ئەينەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىش؛

(2) قانۇنغا خىلاپ قىلمىشقا دائىر كېلىشىم، ئىسپات، ھېسابات دەپتىرى، دوكۇمېنت، تالون، ھۆججەت، خاتىرە، كەسپىي ئالاقە تېلېگراممىسى ۋە باشقا ماتېرىياللارنى سۈرۈشتۈرۈش، كۆپەيتىۋېلىش؛

(3) بازاردىكى تاۋارنى ئايرىلاپ تەكشۈرۈش؛

(4) قانۇنغا خىلاپ قىلمىشقا ئالاقىدار بۇيۇمنى تەكشۈرۈش. دەلىل - ئىسپات يوقاپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان ياكى ئۇنىڭغا كېيىن ئېرىشىش قىيىن بولغان ئەھۋالدا، ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى مەسئۇلىنىڭ تەستىقى بىلەن، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشقا مۇناسىۋەتلىك ئالاقىدار بۇيۇم تۇتۇپ قېلىنسا، پېچەتلەنسە بولىدۇ. بۇيۇم تۇتۇپ قېلىش، پېچەتلەشتە، پۇل - مال تىزىملىكىنى تەييارلاپ، ئۇبدان ساقلاش ھەمدە 15 كۈن ئىچىدە (كاراتىن، تەكشۈرۈش ۋاقتى ئۇنىڭ سىرتىدا) بىر تەرەپ قىلىش قارارى چىقىرىش كېرەك. ئاسان چىرىپ سېسىپ ئۆزگىرىپ كېتىدىغان بۇيۇملار ۋە پىشىق، تىرىك تاۋارلار ئاۋۋال بىر تەرەپ قىلىنسا بولىدۇ.

**35 - ماددا** ج خ ئورگىنى بازارنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ج خ ئوت مۇداپىئە ئورگىنى بازارنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ، يېڭىدىن سېلىنىدىغان، كېڭەيتىلىدىغان، ئۆزگەرتىلىدىغان ۋە بېرىلىدىغان بازارنى دۆلەتنىڭ ئوت مۇداپىئە تېخنىكا قائىدىسىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.

**36 - ماددا** باج، مۆلچەر ئۆلچەش، سەھىيە، باھا تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاۋار سودا بازىرىغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى، ئىش تەقسىماتىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، تاۋار سودا بازىرىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشى كېرەك. شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان بىرلەشمە تەكشۈرۈش ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق گۇمانى بىلەن قانۇن بويىچە ۋاقتىدا تەكشۈرۈشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر بازارنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش بىر يىلدا 2 قېتىمدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.

**37 - ماددا** سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلار تىجارەتچىلەرنى ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان تەشكىلات قۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش، ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇش ۋە ئۆز - ئۆزىگە مۇلازىمەت قىلىشقا يېتەكلىشى ھەمدە، بازار قۇرغۇچىلار ياكى بازار مۇلازىمەت باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ ھەر قايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، بازارنىڭ سودا، مۇلازىمەت ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشىلىشى كېرەك.

**38 - ماددا** ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قانۇن بويىچە مەمۇرىي، كەسپىي ھەق ئېلىشتا، باھا تارمىقى بەرگەن «ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسى»نى ئاساس قىلىشى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە، باھا مەسئۇل تارمىقى بېكىتكەن ھەق ئېلىش تۈرى ۋە ئۆلچىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە تارمىقى بىر تۇتاش باستۇرغان ھەق ئېلىش مەخسۇس تالونى بېرىشى ھەمدە مالىيە، باھا ۋە ئىقتىسادىي تەپتىش تارمىقىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۆز مەيلىچە ھەق ئېلىش تۈرى تەسىس قىلىشىغا، ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈشىگە ۋە ھەق ئېلىش چارىسىنى ئۆزگەرتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**39 - ماددا** تاۋار سودا بازىرىنى نازارەت قىلىدىغان، تەكشۈرىدىغان، باشقۇرىدىغان مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى باشقۇرۇشتا مەدەنىي بولۇشى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشى كېرەك. خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىپ، تىجارەتچىلەرنى تەڭلىكتە قويۇشقا، قاقتى - سوقتى قىلىشقا ياكى تاۋار باھاسىنى زورلۇق بىلەن چۈشۈرۈپ سېتىۋېلىشقا؛ تىجارەتچىلەرنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا، كۆرسىتىلگەن تاۋارنى سېتىۋېلىش، گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش، مەبلەغ توپلاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارغا شەكلىنى ئۆزگەرتكەن ھالدا سېلىق چېچىشقا؛ نەپسانىيەتچىلىك قىلىشقا، تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىنى قانات ئاستىغا ئېلىشقا؛ تاۋار سودا بازىرىدا تىجارەت قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تاۋار سودا بازىرىنى باشقۇرۇش دائىرىسىنى خالىغانچە كېڭەيتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**40 - ماددا** تىجارەتچىلەر ۋە ئىستېمالچىلار ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى ياكى بازار قۇرغۇچىلار ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ قانۇن - نىزامغا خىلاپ قىلمىشىنى پاش قىلىش ۋە شىكايەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**41 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تاۋار سودا بازىرىنى قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، بازار تەرتىپىنى ساقلاشتا، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى پاش قىلىشتا پاكى ئۇنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ھەمكارلىشىشتا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

## ٧ باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

**42 - ماددا** بازار قۇرغۇچىلار ياكى بازار مۇلازىمىتى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىدىن بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىنى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى جازالايدۇ:

(1) بۇ نىزامنىڭ 13 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، بازار نامىنى ئەستىقلاپ تىزىملاتماستىن ئىلگىرى بازاردىكى يايما، دۇكانلارغا خېرىدار چاقىرغان ۋە ئۇنى ئىجارىگە بەرگەنلەرنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛

(2) بۇ نىزامنىڭ 18 - ماددىسىنىڭ (1)، (3)، (5) تارماقچىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، بازارنىڭ سودا تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، سۆزلۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، سۆزلۈك تۈزىتىمىگەنلىرىگە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛

(3) بازار قۇرغۇچىلاردىن بۇ نىزامنىڭ 21 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ ياكى ناتوغرا ۋاستە قوللىنىپ، تىجارەتچىلەرنىڭ نورمال تىجارەت قىلىشى ياكى توغرا رىقابەتلىشىشىنى چەكلىگەنلەرنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قىلمىشى ئېغىرلىرىغا 5000 يۈەندىن يۇقىرى، 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛

(4) بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، بازاردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن ياكى ئۇنى قانات ئاستىغا ئالغان، مەيلىگە قويۇۋەتكەنلەرنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ھەم 5000 يۈەندىن يۇقىرى، 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**43 - ماددا** تاۋار سودا بازىرىدىكى تىجارەتچىلەردىن بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىنى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى جازالايدۇ؛

(1) بۇ نىزامنىڭ 24 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز مەيلىچە يايما يايغانلارنى سۆزلۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، سۆزلۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلىرىگە 50 يۈەندىن يۇقىرى، 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛

(2) بۇ نىزامنىڭ 25 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تىجارەت كىنىشكىسىنى ئېسىپ قويماي تىجارەت قىلغانلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، تۈزەتمىگەنلىرىگە 50 يۈەندىن يۇقىرى، 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛

(3) بۇ نىزامنىڭ 31 - ماددىسىنىڭ (2)، (3)، (6) تارماقچىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىدىن يۇقىرى، 5 ھەسسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ. قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى يوقلىرىغا 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنى تىجارىتىنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇيدۇ.

**44 - ماددا** بۇ نىزامدىكى باشقا بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، مەمۇرىي جازا بېرىشكە تېگىشلىك قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارغا ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىدۇ.

**45 - ماددا** بازار باشقۇرغۇچىلار ياكى تىجارەتچىلەردىن مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىنى رەت قىلغان، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغان ياكى ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپ باشقا قىلمىشنى سادىر قىلغانلىرىغا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**46 - ماددا** سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ ۋە بازارنى مەمۇرىي جەھەتتىن نازارەت قىلىپ باشقۇرغۇچى باشقا تارماقلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملىرىدىن تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىنى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگانلار تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە مەمۇرىي چارە

كۆرىدۇ؛ ئالاقىدارلارغا زىيان يەتكۈزگەنلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) ئالاقىدارلارنىڭ شەرتكە توشىدىغان ئىلتىماسلىرىنى قەستەن كېيىنگە سۈرۈپ تەڭلىكتە قويۇپ بىجىرمىگەنلەر؛

(2) تۈزى باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى بازاردا تىجارەت قىلغانلار؛

(3) كەلمە ـ كەلمەس جازا بەرگەن، زورمۇزور سېلىق چاچقان، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسىدىن ئاشقىرى ھەق ئالغانلار؛

(4) ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش مەخسۇس تالونىنى ئىشلەتمىگەن ياكى قانۇندا بەلگىلەنمىگەن تارماقنىڭ ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش تالونىنى ئىشلەتكەنلەر؛

(5) خىزمەتتە سەپەرۋاللىق قىلغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلمە ـ كەلمەس پايدىلانغانلار؛

(6) ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، تاۋارنى زورلۇق بىلەن باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىۋالغان ياكى پۇل ـ مال سورىغان، پارا ئالغان، ئەپسانىيەنچىلىك قىلغانلار؛

(7) ئالاقىدارلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا زىيان سالىدىغان باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلار.

**47 ـ ماددا** ئالاقىدارلار مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي جەھەتتە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلسا بولىدۇ، ئالاقىدارلار سۈرۈك ئۆتسىمۇ قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، دەۋا قىلمىسا، مەمۇرىي جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، مەمۇرىي جازا قارارى چىقارغان ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

## VI باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**48 ـ ماددا** دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان بېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشى، شەھەر، بازاردىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، مېيىپلار ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ تاۋار تىجارىتى قىلىشى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

**49 ـ ماددا** بۇ نىزام 2002 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. 1995 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر، يېزىلاردىكى سودا بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» بىكار قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى

**(2002 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 ـ يىغىنى قاراپ چىقىش ئارقىلىق، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى»غا تۆۋەندىكىچە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى:

1. 11 ـ ماددىنىڭ 4 ـ تارماقچىسى مۇنداق تۈزىتىلدى: «كەسىپ دائىرىسىگە لايىق كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچىلىرى بولۇش».

2. 12 ـ ماددىنىڭ 1 ـ تارمىقى مۇنداق تۈزىتىلدى: «تېخنىكا سودا ئاپپاراتى ياكى تېخنىكا دەللاللىق ئاپپاراتى قۇرۇشنى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى تەستىقلاپ تىزىمغا ئالىدۇ».

3. بىر ماددا قوشۇلۇپ، 13 ـ ماددا قىلىندى: «تېخنىكا دەللاللىرى قانۇن بويىچە سالاھىيەتكە ئېرىشىشى ۋە كەسپكارلىق گۇۋاھنامىسى ئېلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ».

4. 15 ـ ماددا چىقىرىۋېتىلدى. شۇنداقلا 23 ـ ماددىنىڭ 2 ـ تارماقچىسىمۇ چىقىرىۋېتىلدى.

5. 20 ـ ماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «تېخنىكا توختامىنى تۈزۈش، ئىجرا قىلىش، ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىش ۋە تالاش،

تارتىشنى ھەل قىلىش «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ».

6. 21 - ماددىنىڭ 2 - تارمىقى چىقىرۇېتىلدى. شۇنداقلا 23 -، 24 - ماددا ۋە 28 - ماددىنىڭ 1 - تارمىقىنىڭ 1 - تارماقچىسىدىكى «پاكى ئەنگە ئېلىنغان» دېگەن سۆزمۇ چىقىرۇېتىلدى.

7. 25 - ماددىنىڭ 3 - تارماقچىسى مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىچكى - تاشقى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈش، قوبۇل قىلىش جەھەتتە زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلار».

8. 28 - ماددىنىڭ 1 - تارمىقىنىڭ 2 -، 3 - تارماقچىسى چىقىرۇېتىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ماددىلارنىڭ تەرتىپى بۇ قارارغا ئاساسەن مۇناسىپ تەڭشەلدى. بۇ قارار 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى» مۇشۇ قارارغا ئاساسەن مۇناسىپ تۈزىتىلىپ، قايتا ئېلان قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى

(1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - يىغىنىدا ماقۇللانغان، 1997 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - يىغىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار»ىغا ئاساسەن تۈزىتىلگەن، 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 29 - يىغىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار»ىغا ئاساسەن 2 - قېتىم تۈزىتىلدى)

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، باشقا تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالارنىڭ تېخنىكا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىش، تېخنىكا بازىرىنى گۈللەندۈرۈش، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش، تېخنىكا سودىسى قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق تېخنىكا سودىسىدا مۇشۇ نىزام تەدبىقلىنىدۇ.

**3 - ماددا** تېخنىكا بازىرىنىڭ كەسىپ دائىرىسى تېخنىكا يارىتىش، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش، تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى ۋە مۇلازىمىتى (جۈملىدىن تېخنىكا سودىسى ۋاستىچىلىكى، تېخنىكا تەربىيىسى، تېخنىكا دەللاللىقى)، تېخنىكا ياپىچىلىقى، تېخنىكا بىرلەشمە تىجارىتى، تېخنىكا كىرگۈزۈش، تېخنىكا ئېكسپورتىنى، شۇنىڭدەك پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودا بىر گەۋدە قىلىنغان تىجارەت قاتارلىق تېخنىكا سودىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**4 - ماددا** تېخنىكا بازىرىدا «قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش، يۆلەش، يېتەكلەش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش، كۆپ تەرەپ تىجارەت قىلىش، باراۋەر رىقابەتلىشىش، ئاساسىي قاتلامغا قۇلايلىق يارىتىش، مۇلازىمەت قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق، كۆپ شەكىللىك تېخنىكا سودىسىغا ئىلھام بېرىلىدۇ.

**5 - ماددا** تېخنىكا سودىسىدا ئىختىيار قىلىش، باراۋەر بولۇش، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ھەقلىق بولۇش، سەمىمىي بولۇش، ئەۋزىيە تۇرۇش، كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش لازىم.

تېخنىكا سودىسى قىلغۇچى ئىككى تەرەپ ۋە ۋاستىچى تەرەپنىڭ ۋە تېخنىكا دەللاللىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

**6 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ھەقلىق تېخنىكا سودىسىغا مەدەت ۋە ئىلھام بېرىشى، تېخنىكا بازىرى خىزمىتىدە تۆھپە قوشقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشى كېرەك.

## I باب

## تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرۇش

**7 - ماددا** ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك

خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرغۇچى تارماق، ئۇ ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى:

(1) تېخنىكا بازىرىغا دائىر قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش؛

(2) تېخنىكا سودىسى ۋە تېخنىكا دەلاللىقىنى تەشكىللەش، ئىلگىرى سۈرۈش، ماسلاشتۇرۇش، باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش؛

(3) تېخنىكا توختامنى ئېتىراپ تىزىمغا ئېلىش، تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى شەكىلسىز مۈلكىگە باھا قويۇش، تېخنىكا بازىرىنى ستاتىستىكىلىق تەھلىل قىلىش خىزمەتلىرىنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش؛

(4) تېخنىكا بازىرىدىكى باشقۇرغۇچىلار، تىجارەتچىلەر ۋە تېخنىكا دەلاللىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە سىناش؛

(5) تېخنىكا بازىرى ئۇچۇر تورى قۇرۇش، ئۇچۇر يوللىرىنى ئېچىش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى تېزلىتىش؛

(6) تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر باشقا خىزمەتلەر.

**8 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سودا، سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تېخنىكا بازىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى:

(1) تېخنىكا سودا ئاپپاراتى، تېخنىكا دەلاللىق ئاپپاراتىنى تىزىملاپ ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش؛

(2) قانۇنغا خىلاپ تېخنىكا توختامنى بىر تەرەپ قىلىش؛

(3) سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن، نىزاملارغا خىلاپ باشقا قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش.

**9 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مالىيە، باج تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار تېخنىكا بازىرىغا دائىر خىزمەتلەرنى ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە ھەمكارلىشىپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**10 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك ساھە مەسئۇل تارماقلىرى ئۆز ساھەسىدىكى تېخنىكا سودىسىنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە تەڭ دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**11 - ماددا** تېخنىكا سودا ئاپپاراتى ۋە تېخنىكا دەلاللىق ئاپپاراتى قۇرۇشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك:

(1) ئۆزىنىڭ نامى، سورۇنى ۋە تەشكىلىي ئاپپاراتى، نىزامنامىسى بولۇش؛

(2) ئېنىق كەسپىي تېخنىكا ساھەسى ۋە تېخنىكا تىجارەت دائىرىسى بولۇش؛

(3) تېخنىكا سودىسىغا لايىق مۈلكى بولۇش؛

(4) كەسىپ دائىرىسىگە لايىق كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچىلىرى بولۇش.

**12 - ماددا** تېخنىكا سودا ئاپپاراتى ياكى تېخنىكا دەلاللىق ئاپپاراتى قۇرۇشنى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى تەستىقلاپ تىزىمغا ئالىدۇ.

تېخنىكا سودا ئاپپاراتى ۋە تېخنىكا دەلاللىق ئاپپاراتىنى ئۆزگەرتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا، ئەسلىدىكى تەستىقلىتىش تەرتىپى بويىچە تىزىمنى ئۆزگەرتىش ياكى تىزىمدىن ئۆچۈرۈش لازىم.

**13 - ماددا** تېخنىكا دەلاللىرى قانۇن بويىچە سالاھىيەتكە ئېرىشىشى ۋە كەسپكارلىق گۇۋاھنامىسى ئېلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

**14 - ماددا** تېخنىكا سودىسى ۋە تېخنىكا دەلاللىقى قىلغۇچى ئورۇنلار تېخنىكا سودىسىدا مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، دۆلەتنىڭ مالىيە، باج جەھەتتىكى قانۇن، نىزاملىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك.

كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەر تېخنىكا سودىسىدا باج تارمىقى باستۇرغان تېخنىكا سودىسى مەخسۇس تالونىنى بىر تۇتاش ئىشلىتىشى كېرەك.

**15 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارماقلىرى، تېخنىكا توختامنى تىزىملاش ئاپپاراتلىرى ۋە تېخنىكا سودىسى قىلغۇچى ئورۇن ۋە شەخسلەر دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى ئەينەن يەتكۈزۈپ بېرىشى، تېخنىكا بازىرىغا دائىر ستاتىستىكا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

## I باب

## تېخنىكا سودىسى

**16 - ماددا** تېخنىكا سودىسىدا تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى يەرمەنكىسى، خېرىدار چاقىرىش، كىم ئارتۇق

سودىسى، ئۇچۇر ئېلان قىلىش ياكى دائىملىق تېخنىكا سودا بىرژىسى شەكىللىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. پەن تەتقىقاتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى تېخنىكا ئۆتكۈنچى تۈرلىرىگە تېخنىكا بازىرىدىن ئاشكارا خېرىدار چاقىرىلسا بولىدۇ. خېرىدار ئاشكارا بولۇش، باراۋەر بولۇش ۋە ياخشىلىرىنى تاللاش پرىنسىپى بويىچە چاقىرىلىشى كېرەك.

**17 - ماددا** ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا پايدىلىق ئىچكى - تاشقى تېخنىكىلار تېخنىكا بازىرىغا سېلىنسا بولىدۇ. ئۇ رايون، تارماق، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

تېخنىكا بازىرىغا سېلىنغان تېخنىكا چىن، ئىشەنچلىك، قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. تەجرىبە ياكى سىناق باسقۇچىدىكى تېخنىكا ئۈستىدە سودىلاشقاندا ئىزاھات بېرىش كېرەك.

**18 - ماددا** تېخنىكا سودىسىدا باھا، ھەق ۋە ئىشلىتىش خىراجىتىنى ئالاقىدارلار تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى، تەتقىق قىلىپ يارىتىش تەننەرخى ۋە ئەقلىي ئەمگەك سىجىللىقى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى، سانائەتتە ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ قىيىن - ئاسانلىقى، بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق - مەنپەئەت ۋە ئۈستىگە ئالىدىغان جاۋابكارلىق قاتارلىقلارغا ئاساسەن كېڭىشىپ بېكىتىدۇ.

**19 - ماددا** تېخنىكا سودىسىدا دۆلەتنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر قانۇن، نىزاملىرىغا رىئايە قىلىش كېرەك.

دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە چېتىلىدىغان تېخنىكا سودىسى مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

## IV باب

## تېخنىكا توختامىنى باشقۇرۇش

**20 - ماددا** تېخنىكا توختامىنى تۈزۈش، ئىجرا قىلىش، ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىش ۋە تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېخنىكا توختام قانۇنى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**21 - ماددا** تېخنىكا توختامى پۈتكەندىن كېيىن، ئالاقىدارلار تېخنىكا توختامىنى تىزىملىغۇچى ئاپپاراتقا ئېتىراپ تىزىمىغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. تېخنىكا توختامىنى ئېتىراپ تىزىمىغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىشتا، تەتقىق قىلىپ ياراتقۇچى، ئۆتۈنۈپ بەرگۈچى، مەسلىھەتچى ۋە مۇلازىمەتلىق قىلغۇچى توختام پۈتكەن كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە شۇ جايدىكى تېخنىكا توختامىنى تىزىملاش ئاپپاراتىغا ئىلتىماس سۇنۇشى لازىم.

**22 - ماددا** ئېتىراپ تىزىمىغا ئېلىنغان تېخنىكا توختامىنى ئالاقىدارلار كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىپ ئۆزگەرتمەكچى، بىكار قىلماقچى بولسا ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ئەمەلدىن قالدۇرماقچى، ئىناۋەتسىز قىلماقچى بولسا، ئەسلى تىزىملاتقان ئورگانغا بېرىپ، تىزىمنى ئۆزگەرتىش ياكى تىزىمدىن ئۆچۈرۈش رەسمىيىتى بېجىرىشى كېرەك.

**23 - ماددا** تېخنىكا سودىسى قىلغۇچىلار ئېتىراپ تىزىمىغا ئېلىنغان تېخنىكا توختامىغا ئاساسەن، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە بويىچە، تۆۋەندىكى ئېتىباردىن بەھرىمەن بولىدۇ:

(1) پەن - تېخنىكا قەرز پۇلىنى ئاۋۋال ئېلىش؛

(2) دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە باجنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش ۋە باشقا ئېتىباردىن بەھرىمەن بولۇش.

**24 - ماددا** تېخنىكا توختامى ئېتىراپ تىزىمىغا ئېلىنمىغان بولسا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن مۇناسىۋەتلىك ئېتىبار تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا بولمايدۇ.

## V باب

## مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش

**25 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىنى ھازىرلىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ. زور تۆھپە قوشقانلارنى كاتتا مۇكاپاتلايدۇ:

(1) تېخنىكا بازىرىنى يېتىلدۈرۈش، ئېچىش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلار؛

(2) تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياكى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلەر؛

(3) دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈش، قوبۇل قىلىش جەھەتتە زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلار.

**26 - ماددا** تېخنىكىنى ھەقلىق ئۆتۈنگۈچى تېخنىكا سودىسىدىن ئاپقان ساپ كىرىمدىن مەلۇم نىسبەتتە مۇكاپات پۇلى ئاجرىتىپ، شۇ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىگە

بىۋاسىتە تۈەپە قوشقانلارنى مۇكاپاتلاش لازىم.

**27 - ماددا** تېخنىكىنى ھەقلىق قوبۇل قىلغۇچى شۇ تېخنىكىنى يولغا قويغان ۋاقىتتىن باشلاپ 3 يىل ئىچىدە، بىۋاسىتە ئىرىشكەن پايدىدىن مەلۇم نىسبەتتە مۇكاپات پۇلى ئاجرىتىپ، شۇ تېخنىكىنى يولغا قويۇشتا بىۋاسىتە تۆھپە قوشقانلارنى مۇكاپاتلاش لازىم.

**28 - ماددا** تۆۋەندىكى قىلمىشلاردىن بىرنى سادىر قىلغانلارغا ئەھۋالىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى ۋە سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىش، ئاگاھلاندۇرۇش، قانۇنسىز تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىش، ئىقتىسادىي زىياننى تۆلىتىش جازاسى بېرىدۇ، ھەمدە قانۇنسىز تاپاۋىتىنىڭ 2 ھەسسىدىن 5 ھەسسىگىچە جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ:

(1) ساختىلىق قىلغان، يالغان تېخنىكا توختامى تۈزگەنلەر ياكى ئېتىراپ تىزىمىغا ئېلىنمىغان تېخنىكا توختامىدىن پايدىلىنىپ، تېخنىكا سودىسىدا ئېتىباردىن بەھرىمەن بولۇۋالغانلار؛

(2) دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا مەخپىيىتىنى قانۇنسىز ساتقان، ئوتتۇرىغا بەرگەن ۋە ئاشكارىلاپ قويغانلار؛

(3) تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشىنى رەت قىلغانلار.

قانۇنغا خىلاپ بىر قىلمىشقا بىر تارماق جەرىمانە قويۇشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، باشقا تارماق قايتا جەرىمانە قويسا بولمايدۇ. جەرىمانە - مۇسادىرە پۇلى بىر تۇتاش دۆلەت مالىيىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

**29 - ماددا** تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرغۇچىلار ۋە تېخنىكا توختامىنى تىزىملىغۇچىلاردىن خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلمە - كەلمەس پايدىلانغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

## VI باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**30 - ماددا** بۇ نىزامنى كونكرېت يولغا قويۇشتىكى مەسىلىلەرنى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى چۈشەندۈرىدۇ.

**31 - ماددا** بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى

(2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - يىغىنى قاراپ چىقىش ئارقىلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»غا تۆۋەندىكىدەك تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

1. ئەسلى نىزامنىڭ 5 - ماددىسىنىڭ 3 - تارمىقى چىقىرۇۋېتىلدى. 2 - تارمىقى مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى تۈرلۈك بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا (مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئورۇنلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارغا تەۋە كەسپىي قۇرۇلۇشلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئوخشاش شەرت ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىناكارلىق قوشۇنىنى ئالدىن ئىشلىتىش كېرەك».

2. 9 - ماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە بېرىدىغان قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇننىڭ ھۆددىگە بېرىلىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇشقا لايىق كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچىلىرى بولۇشى ھەمدە، قۇرۇلۇش تۈرىنى باشقۇرۇش سالاھىيىتى بولۇشى كېرەك. مۇناسىپ سالاھىيەتنامە ئالمىغانلىرى مۇناسىپ سالاھىيەت دەرىجىسىگە ئىگە بولغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا خەبەردار چاقىرىش ۋاكالەت ئاپپاراتىنىڭ ۋاكالەتەن ھۆددىگە بېرىشىگە ھاۋالە قىلىشى كېرەك».

3. 11 ـ ماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «تۆۋەندىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا مۇددەتكە ئالغۇچى ئورۇننىڭ ياخشىسىنى قانۇن بويىچە خېرىدار چاقىرىپ مۇددەتكە بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تاللىۋېلىش شەرت».

1) چارلاش، لايىھىلەشكە خېرىدار چاقىرىش.

(1) شەھەرنىڭ مۇھىم يېرىدىكى ۋە كوچا ياقىسىدىكى ئاساسلىق بىنا، خاتىرە، ئىمارەت ۋە چوڭ ھەيكەل؛

(2) بەلگىلەنگەن چەكتىن ئاشىدىغان جامائەت بىناسى ۋە تۇرالغۇ بىنا؛

(3) چوڭ، ئوتتۇرا ئۇل مۇئەسسەسەلەر، جامائەت ئىشلىرى قاتارلىق جامائەت مەنپەئىتىگە ۋە ئومۇمنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇشلار؛

2) قۇرۇلۇش قىلىش، نازارەت قىلىش، شۇنىڭدەك قۇرۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئۈسكۈنە، ماتېرىيال قاتارلىق قوشۇمچە ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىشقا خېرىدار چاقىرىش.

(1) دۆلەت مەبلىغى سېلىنىدىغان ياكى دۆلەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرىدىغان بەلگىلەنگەن چەكتىن ئاشىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى؛

(2) باشقا يول بىلەن مەبلەغ سېلىنغان، چوڭ، ئوتتۇرا ئۇل مۇئەسسەسەلەر، جامائەت ئىشلىرى قاتارلىق جەمئىيەت مەنپەئىتىگە ۋە ئومۇمنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇشلار.

ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەنلىرىدىن باشقا بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى ۋە مەخپىيەتلىك ساقلاش تۈپەيلىدىن خېرىدار چاقىرىپ مۇددەتكە بېرىشكە بولمايدىغان قۇرۇلۇشلارنى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن بىۋاسىتە مۇددەتكە بەرسە بولىدۇ.

4. بىر ماددا قوشۇلۇپ 12 ـ ماددا قىلىندى: «قانۇن بويىچە خېرىدار چاقىرىشقا تېگىشلىك تۈرلەردىن پۈتۈنلەي دۆلەت مەبلىغى سېلىنىدىغان ياكى دۆلەت مەبلىغى پاينى كونترول قىلىدىغان ياكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىدا ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش كېرەك. گوۋۇيۈەننىڭ تەرەققىيات، پىلان تارمىقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن نۇقتىلىق بىناكارلىق قۇرۇلۇشى تۈرلىرىدىن ئاشكارا خېرىدار چاقىرىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىرىغا گوۋۇيۈەننىڭ تەرەققىيات ـ پىلان تارمىقى ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق تەكلىپ بىلەن خېرىدار چاقىرىلسا بولىدۇ، باشقا ھەر قانداق تارماق، ئورۇن ۋە شەخسنىڭ تەكلىپ بىلەن خېرىدار چاقىرىش دائىرىسىنى مەيلىچە كېڭەيتىشىگە ياكى بۇ نىزامنىڭ 11 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، خېرىدار چاقىرىپ مۇددەتكە بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشنى بىۋاسىتە مۇددەتكە بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ».

5. 13 ـ ماددا 14 ـ ماددا قىلىنىپ، (1) تارماقچىسى مۇنداق تۈزىتىلدى: «خېرىدار چاقىرغۇچى خېرىدار چاقىرىش ئېلانى ياكى خېرىدارلىققا چىقىش تەكلىپنامىسىنى ئېلان قىلىدۇ. سالاھىيەتنى ئالدىن تەكشۈرۈش ھۆججىتى، خېرىدار چاقىرىش ھۆججىتى تەييارلايدۇ ۋە قۇرۇلۇشنىڭ خېرىدارلىق چېكىنى بېكىتىدۇ، خېرىدار چاقىرىش ئۇچۇرىنى ئېلان قىلىدۇ. خېرىدارلىققا چىققۇچى ئورۇننىڭ سالاھىيىتىنى ئالدىن تەكشۈرىدۇ، نەق مەيدانغا بېرىپ چارلاشنى ئۇيۇشتۇرىدۇ».

6. 14 ـ ماددا 15 ـ ماددا قىلىنىپ، 1 ـ تارمىقى مۇنداق تۈزىتىلدى: «بىناكارلىق قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىشتا خېرىدارلارنى ئېلان قىلىش، باھالاش ۋە بېكىتىشنى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن قانۇن بويىچە تەشكىللەيدۇ ھەمدە قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ».

7. 16 ـ ماددا 17 ـ ماددا قىلىنىپ (3) تارماقچىسى مۇنداق تۈزىتىلدى: «خېرىدار چاقىرىپ مۇددەتكە بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشنى بىۋاسىتە مۇددەتكە بېرىش ياكى پۈتۈننى پارچىلاش ئۇسۇلى بىلەن خېرىدار چاقىرىشتىن قېچىش، ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ مۇددەتكە بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشنى خېرىدارلىققا تەكلىپ قىلىپ مۇددەتكە بېرىۋېتىش».

(4) تارماقچىسى مۇنداق تۈزىتىلدى: «خېرىدارلىققا چىققۇچىنىڭ لايىھىسى ۋە ئالاقىدار ماتېرىياللىرىنى باشقا خېرىدارلىققا چىققۇچىغا ئاشكارىلاپ قويۇش ياكى بېرىش، ياكى خېرىدارلىققا چىققۇچى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ خېرىدار چاقىرغان بولۇۋېلىش».

بىر تارماقچە قوشۇلۇپ، (8) تارماقچە قىلىندى: «تارماق، سىستېما، رايون ئايرىپ ياكى قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەردىن ھالقىپ، تەكشۈرۈش شەرتى قويۇپ، خېرىدارلىققا چىقىش ئېھتىمالى بولغانلارنى چەكلەش، چەتكە قېقىش ياكى كەمسىتىش»؛

8. 17 ـ ماددا 18 ـ ماددا قىلىنىپ، 3 ـ تارمىقى چىقىرىۋېتىلدى.

9. 21 ـ ماددا 22 ـ ماددا قىلىنىپ، (1) تارماقچىسى مۇنداق تۈزىتىلدى: «قۇرۇلۇشنى سالاھىيەت دەرىجىسى ۋە كەسىپ دائىرىسىدىن ھالقىپ مۇددەتكە ئېلىش ياكى باشقا ئورۇننىڭ سالاھىيەت دەرىجە گۇۋاھنامىسىنى ئىشلىتىپ مۇددەتكە ئېلىش، باشقىلارنىڭ قۇرۇلۇشنى ئۆز ئورنىنىڭ نامىدا مۇددەتكە ئېلىشىغا يول قويۇش»؛

(9) تارماقچە چىقىرىۋېتىلدى.

10. 24 ـ ماددا 25 ـ ماددا قىلىنىپ، مۇنداق

تۈزىتىلدى: «تۆۋەندىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە نازارەتچىلىك قىلىنىشى شەرت:

1) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرى؛

2) چوڭ، ئوتتۇرا جامائەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشلىرى؛

3) بەلگىلەنگەن چەكتىن ئاشىدىغان تۇرالغۇ قۇرۇلۇشلىرى؛

4) چەت ئەل ھۆكۈمىتى ياكى خەلقئارا تەشكىلاتلاردىن ئېلىنغان قەرز پۇل، ياردەم پۇل بىلەن سېلىنىدىغان قۇرۇلۇشلار؛

5) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نازارەتچىلىك قىلىنىشى شەرت دەپ بەلگىلىگەن باشقا قۇرۇلۇشلار.

11. 26 ـ ماددا 27 ـ ماددا قىلىنىپ، مۇنداق تۈزىتىلدى: «بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە بېرىش، ھۆددىگە ئېلىش ۋە ۋاسىتىچىلىك مۇلازىمىتى قىلىشتا، دۆلەت بېكىتكەن توختام نۇسخىسىنى ئىشلىتىپ ياكى ئۈلگىدىن پايدىلىنىپ، يازما توختام ئىمزالاش ھەمدە سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى، قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى باشقا ئالاقىدار تارماقلارغا ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك. ئەنگە ئالغان تارماق توختامدىن پايدىلىنىپ دۆلەت مەنپەئىتىگە، جەمئىيەت مەنپەئىتىگە زىيان سالىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك».

12. 27 ـ ماددا 28 ـ ماددا قىلىنىپ، ئۇنىڭدىكى: «نازارەتچىلىك قىلىنىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ھاۋالە نازارەتچىلىك توختامى ھۆددىگەرلىك توختامىغا خىلاپ بولماسلىقى كېرەك» دېگەن سۆز چىقىرىۋېتىلدى.

13. 30 ـ ماددا 31 ـ ماددا قىلىنىپ، مۇنداق تۈزىتىلدى: «بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇددىتىنى ھۆددىگە بەرگۈچى بىلەن ھۆددىگە ئالغۇچى قۇرۇلۇش مۇددىتى نورمىسىدىن پايدىلىنىپ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ھۆددىگەرلىك توختامىدا پۈتۈشىدۇ. قۇرۇلۇش مۇددىتىنى قىسقارتىش ئىلمىي، مۇۋاپىق بولۇش، قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىشى ھەمدە ھۆددىگە بەرگۈچى ھۆددىگە ئالغۇچىغا قۇرۇلۇش مۇددىتىنى قىسقارتىش تۈپەيلىدىن كۆپەيگەن خىراجەتنى بېرىشى كېرەك».

14. 31 ـ ماددا 32 ـ ماددا قىلىنىپ، مۇنداق تۈزىتىلدى: «ھۆددىگە بەرگۈچى بىلەن ھۆددىگە ئالغۇچى قانۇن بويىچە ئىمزالىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ھۆددىگەرلىك توختامىغا قاتتىق ئەمەل قىلىشى، خىلاپلىق قىلغۇچى خىلاپلىق جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

ھۆددىگە بەرگۈچى قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش پۇلىنى توختامدىكى پۈتۈم بويىچە ۋاقتىدا بېرەلمىسە، ھۆددىگە ئالغۇچى چارلاش، لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىق بىناكارلىق پائالىيەتلىرىنى توختىتىشقا ھوقۇقلۇق؛ ھۆددىگە بەرگۈچى قۇرۇلۇش پۇلىنى توختامدىكى پۈتۈم بويىچە بېرەلمىسە، ھۆددىگە ئالغۇچى ھۆددىگە بەرگۈچىگە قۇرۇلۇش پۇلىنى سورۇك ئىچىدە بېرىشنى ئۇقتۇرسا بولىدۇ؛ ھۆددىگە بەرگۈچى قۇرۇلۇش پۇلىنى سورۇك ئىچىدە بېرەلمىسە، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ خاراكتېرى بويىچە باھاغا سۇندۇرۇشقا، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشقا بولمايدىغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھۆددىگە ئالغۇچى ھۆددىگە بەرگۈچى بىلەن كېڭىشىپ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى باھاغا سۇندۇرسا بولىدۇ، خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى قانۇن بويىچە كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسىمۇ بولىدۇ. ھۆددىگە ئالغۇچى شۇ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ باھاغا سۇندۇرۇلغان، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلغان پۇلىدىن ئالدىن تۆلەم ئالىدۇ.

ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن ھۆددىگە ئالغان ۋەزىپىسىنى توختامدا پۈتۈشكەن سۈپەت ئۆلچىمى ۋە قۇرۇلۇش مۇددىتى بويىچە ئورۇنداپ بولالمىسا، ھۆددىگە بەرگۈچى قۇرۇلۇش پۇلىنى تۇتۇپ قېلىشقا ھوقۇقلۇق».

15. 32 ـ ماددا 33 ـ ماددا قىلىنىپ، مۇنداق تۈزىتىلدى: «بىناكارلىق قۇرۇلۇشى پۈتكەندە، توختام پۈتۈشكەن مۇددەتتە راسچوت قىلىپ بولۇش لازىم؛ مۇددەتتە پۈتۈشۈلمىگەن بولسا، قۇرۇلۇش پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن 3 ئاي ئىچىدە راسچوت قىلىپ بولۇش لازىم. ئىككى تەرەپ قۇرۇلۇش راسچوتىدا تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالسا، بۇنى قاراپ چىقىشنى ئىككى تەرەپ ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋاسىتىچىلىك ئاپپاراتىغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ؛ قاراپ چىقىش نەتىجىسى ئۈستىدىمۇ تالاش ـ تارتىش بولسا، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسىنى باشقۇرۇش تارمىقى بېكىتكەن راسچوتنى ئۆلچەم قىلىش لازىم. قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسىنى قاراپ چىقىش ئىشىغا بېكىتىلگەن راسچوت باھا پەرقى بويىچە ھەق ئېلىشقا ياكى مۇكاپات ئېلىشقا بولمايدۇ».

16. ئەسلى نىزامنىڭ 34 ـ ماددىسى چىقىرىۋېتىلدى.

17. 35 ـ ماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن قۇرۇلۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلۇش قىلىش چېرتيوژى ھۆججىتىنى تەكشۈرۈش، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى قانۇن بويىچە بېجىرىشى، لايىھىلىگۈچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارنى لايىھە مۆلچەرى ۋە چېرتيوژنى كوللېكتىپ قاراپ چىقىشقا، قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا قۇرۇلۇش سۈپىتىنى

تەكشۈرۈشكە تەشكىللىشى، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى پۈتكەنلىك ھەققىدىكى دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ۋاقتىدا تەشكىللىشى لازىم».

18. 39 - ماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشى سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى، لايىھىلەش ھۆججىتى ۋە ھۆددىگەرلىك توختامىدا بەلگىلەنگەن سۈپەت تەلىپىگە يەتكەن بولۇشى لازىم. تەكشۈرۈشتە سۈپىتى لاياقەتسىز چىققان ئىمارەتنى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ. ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن ئوڭشاپ بېرىشى لازىم، قۇرۇلمىسى بىخەتەرلىك تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىرى بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك. ئوڭشاش خىراجىتى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىياننى جاۋابكار تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئىمارەت پۈتكەندىن كېيىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تاپشۇرغاندا، ھۆددىگە ئالغۇچى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنغا مۇكەممەل قۇرۇلۇش تېخنىكا ئارخىپى، قۇرۇلۇش چېرتيوژى ۋە ئىمزا قويۇلغان قۇرۇلۇش رېمونت كاپالەتنامىسىنى ھەمدە ئىمارەتنى ئىشلىتىش، ئاسراش، قوغداش چۈشەندۈرمىسىنى بېرىشى كېرەك؛ قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ئىمارەت پۈتكەنلىكىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى قانۇن بويىچە بېجىرىپ، قۇرۇلۇش ئارخىپىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك».

19. 40 - ماددا مۇنداق تۈزىتىلدى: «بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا سۈپەت رېمونت كاپالىتى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. رېمونت كاپالەت مۇددىتى ،قۇرۇلۇش سۈپىتىنى باشقۇرۇش نىزامى، دىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ».

20. 4 - ماددا چىقىرىۋېتىلدى، 41 - ماددا تۈزىتىلىپ 40 - ماددىنىڭ 2 - تارمىقى قىلىندى: «بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى رېمونت كاپالەت مۇددىتى ئىچىدە رېمونت قىلىپ بېرىشكە قۇرۇلۇشنى ھۆددە ئالغۇچى مەسئۇل بولىدۇ، بۇنىڭ خىراجىتىنى جاۋابكار تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ».

21. 43 - ماددا چىقىرىۋېتىلدى.

22. 44 - ماددا 42 - ماددا قىلىنىپ، 1 - تارمىقى مۇنداق تۈزىتىلدى: «قۇرۇلۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن تۆۋەندىكى ھۆججەت - ماتېرىياللارنى ئېلىپ قۇرۇلۇش چۈشىدىغان جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىدىن قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازەتنامىسى ئېلىشى كېرەك».

(3) تارماقچە چىقىرىۋېتىلدى.

(5) تارماقچە مۇنداق تۈزىتىلدى: «قۇرۇلۇش قىلىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان چېرتيوژ، تېخنىكىلىق ماتېرىيالى قۇرۇلۇش قىلىش چېرتيوژى جەھەتتىن تەكشۈرۈشكە توغرا كەلسە، قۇرۇلۇش قىلىش چېرتيوژىنى تەكشۈرۈش تەستىقلاش رەسمىيىتىنى قوشۇپ قويۇش كېرەك».

2 - تارمىقى مۇنداق تۈزىتىلدى: «قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان قۇرۇلۇش قىلىش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازەتنامىسى بېرىشى كېرەك».

بىر تارماق قوشۇلۇپ، 3 - تارماق قىلىندى: «گوۋۇيۈەن بەلگىلىگەن ھوقۇق چېكى ۋە تەرتىپ بويىچە ئىش باشلاش دوكلاتى تەستىقلانغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازەتنامىسى ئېلىنمايدۇ».

23. 45 - ماددا 43 - ماددا قىلىنىپ، مۇنداق تۈزىتىلدى: «ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىناكارلىق بازىرىنى پائال يېتىلدۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك سودىسىنىڭ شەكىللىك بازىرىنى قۇرۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، قۇرۇلۇش ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشى لازىم. قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار شەكىللىك بازاردا بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش پائالىيەتلىرىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىشى لازىم».

24. 46 - ماددا چىقىرىۋېتىلدى.

25. ئەسلى نىزامنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىق قىسمىدىكى 51 - ماددىدىن 57 - ماددىغىچە بولغان ماددىلار 3 ماددا قىلىنىپ، نىزامنىڭ 48 -، 49 - ۋە 50 - ماددىسى قىلىندى:

48 - ماددا «ھۆددىگە بەرگۈچى بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، قۇرۇلۇشنى تىزىم رەسمىيىتىنى بېجىرمىگەن، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى چارلاش، لايىھىلەش، قۇرۇلۇش، نازارەتچىلىك ئورۇنلىرىغا بەرسە شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى چارلاش، لايىھىلەش، قۇرۇلۇش، نازارەتچىلىك ئورۇنلىرى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە بىناكارلىق پائالىيىتى قىلىشتا تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرمىسە، سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ، سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىسە، 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ».

49 - ماددا «بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، جازالىنىشقا تېگىشلىك باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلار ،بىناكارلىق قانۇنى،، ،خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىش قانۇنى،، ،بىناكارلىق قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى باشقۇرۇش نىزامى، قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازالىنىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە

جىنايى جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ».

50 - ماددا «بىناكارلىق پائالىيىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرغۇچى ئالاقىدار تارماق ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان تۈزىتىدۇ ياكى تۈزەتكۈزىدۇ، جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ؛ زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

(1) شەرتكە ئۇيغۇن ئىلتىماسلارنى سەۋەبسىز كېيىنگە سۈرەپ، قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ، بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئۆتسىمۇ بېجىرمەسلىك؛

(2) ئالاقىدارلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرى ياكى بىناكارلىق پائالىيىتىدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بولسىمۇ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلماسلىق؛

(3) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىپ، مۇناسىپ سالاھىيەت دەرىجە شەرتىنى ھازىرلىمىغان ئورۇنلارغا شۇ دەرىجە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بېرىش ياكى ئىش باشلاش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قۇرۇلۇشلارغا قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازەتنامىسى بېرىش ھەمدە لاياقەتسىز قۇرۇلۇشلارغا سۈپىتى لاياقەتلىك دەپ ھۆججەت چىقىرىپ بېرىش؛

(4) ھۆددىگە بەرگۈچى ئورۇنغا خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشنى كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا ھۆددىگە بېرىسەن دەپ چەك قويۇش، ياكى ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇنغا كۆرسىتىلگەن بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى، بىناكارلىق سەپلىمىلىرىنى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالسۇن دەپ بەلگىلەپ بېرىش ھەمدە كۆرسىتىلگەن زاۋۇت، سودىگەردىن سېتىۋالسۇن دەپ بەلگىلەپ بېرىش؛

(5) ۋەزىپىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ پۇل - مال سوراش، ئېلىش، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش؛

(6) خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىش، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىشتەك باشقا قىلمىشلار».

26. نىزامغا يەنە ئەدەبىي جەھەتتىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

بۇ قارار 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» مۇشۇ قارارغا ئاساسەن مۇناسىپ تۈزىتىلگەندىن كېيىن قايتا ئېلان قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى

**(1998 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2002 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 29 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 〈شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى〉غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن تۈزىتىلدى)**

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام بىناكارلىق بازىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، بىناكارلىق پائالىيىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئالاقىدارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، بىناكارلىق ئىشلىرىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىناكارلىق قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە بىناكارلىق بازار پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە ئۇنى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر مۇشۇ نىزامغا رىئايە قىلىشى كېرەك.

بۇ نىزامدا ئېيتىلغان بىناكارلىق بازىرى تۇپا - تاش قۇرۇلۇشى، تۇرۇبا لىنىيىسى - ئۈسكۈنە قۇراشتۇرۇش، بىناكارلىق بېزەكچىلىكى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى چارلاش، لايىھىلەش ۋە سېلىشتىكى ھۆددىگەرلىك، ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتى قاتارلىق قۇرۇلۇش تىجارىتى پائالىيىتى ۋە سورۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 ـ ماددا** بىناكارلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە بىناكارلىق پائالىيىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتا بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىچىۋېتىش، رىقابەتلىشىش، تەرتىپلىك بولۇش ۋە ئاشكارا، ئىللا، ئادىل بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش لازىم. جامائەت مەنپەئەتى ۋە باشقىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش مەنئىي قىلىنىدۇ؛ مەبلەغ سېلىش يولى، قۇرۇلۇشنىڭ كەسپىلىكى قاتارلىقلارنى باھانە قىلىپ باكى باشقا شەكىللەردىن پايدىلىنىپ بىناكارلىق بازىرىنى بۆلۈۋېلىش، قامال قىلىۋېلىش ۋە مونوپول قىلىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**4 ـ ماددا** بىناكارلىق پائالىيىتىدە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىكىنىڭ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**5 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەدبىر قوللىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال يۆلىشى كېرەك. قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلار ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئاشقى مۇھىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى تۈرلۈك بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى (مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئورۇنلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلىرىنىڭ كارخانىلىرىنىڭ كەسپىي قۇرۇلۇشلىرى)غا ئوخشاش شەرت ئاستىدا ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق قوشۇنىنى ئىشلىتىش كېرەك.

**6 ـ ماددا** مىللىي ئۇسلۇب ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قۇرۇلۇش لايىھىلەش، تەتقىق قىلىش پائالىيىتىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت بىناكارلىق تېخنىكا خادىملىرى پائال يېتىشتۈرۈلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىمارەت سېلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ.

**7 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق پائالىيىتىنى بىر تۇتاش نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ بىناكارلىق پائالىيىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ.

ئالاقىدار كەسپىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە، شۇ كەسپنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ۋە نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە مۇناسىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزىدۇ.

**8 ـ ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بىناكارلىق پائالىيىتىگە دەخلى ۋە توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بىناكارلىق پائالىيىتى ۋە ئۇنى باشقۇرۇشتىكى قانۇن، نىزاملارغا خىلاپ قىلمىشلارنى ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخس پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

## I باب

## بىناكارلىق قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىش

9 ـ ماددا بىناكارلىق قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىدىغان قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇننىڭ ھۆددىگە بېرىلمەيدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇشقا لايىق كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچىلىرى بولۇشى ھەمدە ئۇلار قۇرۇلۇش تۈرىنى باشقۇرۇش سالاھىيەتنامىسى ئېلىشى كېرەك. مۇناسىپ سالاھىيەتنامە ئالمىغانلىرى مۇناسىپ سالاھىيەت دەرىجىسىگە ئىگە بولغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش ۋاكالەت ئاپپاراتىنىڭ ھۆددىگە بېرىشكە ھاۋالە قىلىشى كېرەك.

**10 ـ ماددا** بىناكارلىق قۇرۇلۇشنى چارلاش، لايىھىلەش ۋە سېلىشنى ھۆددىگە بېرىشتە تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك:

1) چارلاش، لايىھىلەشنى ھۆددىگە بېرىش.

(1) بىناكارلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە ئائىت تەستىق ھۆججىتى بولۇش؛

(2) چارلاش، لايىھىلەشكە كېرەكلىك ئۇل ماتېرىيال بولۇش؛

(3) قۇرۇلۇش يېرىنى پىلانلاش ئىجازىتى ئالغان بولۇش؛

(4) قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا شەرتلەر.

2) قۇرۇلۇش قىلىشنى ھۆددىگە بېرىش.

(1) دەسلەپكى لايىھە ۋە تەخمىن چوت تەستىقلانغان بولۇش؛

(2) قۇرۇلۇشنى پىلانلاش ئىجازىتى ئالغان بولۇش؛

(3) قۇرۇلۇش سېلىشقا كېرەكلىك چېرتيوژ ۋە تېخنىكىلىق ماتېرىيال بولۇش؛

(4) ئالاقىدار تارماقنىڭ يىل ئاتلايدىغان قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ئاساسەن ئەمەلىيلەشكەنلىكى، شۇ يىلى پۈتتۈرۈلىدىغان قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ تولۇق ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى تەكشۈرگەن ھۆججىتى بولۇش؛

(5) قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا شەرتلەر.

**11 - ماددا** تۆۋەندىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا ھۆددىگە ئالغۇچىلارنىڭ ياخشىسىنى قانۇن بويىچە خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىش ئۇسۇلى بىلەن تاللىۋېلىش شەرت:

1) چارلاش، لايىھىلەشكە خېرىدار چاقىرىش.

(1) شەھەرنىڭ مۇھىم يېرىدىكى ۋە كوچا ياقىسىدىكى ئاساسلىق بىنا، خاتىرە ئىمارەت ۋە چوڭ ھەيكەل؛

(2) بەلگىلەنگەن چەكتىن ئاشىدىغان جامائەت بىناسى ۋە تۇرالغۇ بىنا؛

(3) چوڭ، ئوتتۇرا ئۇل مۇئەسسەسە، جامائەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق جامائەت مەنپەئەتىگە ۋە بىخەتەرلىككە مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇشلار.

2) قۇرۇلۇش قىلىش، نازارەت قىلىش شۇنىڭدەك قۇرۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئۈسكۈنە، ماتېرىيال قاتارلىق قوشۇمچە ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىشقا خېرىدار چاقىرىش.

(1) ئىشلىتىلگەن ياكى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن دۆلەت مەبلىغى بەلگىلەنگەن چەكتىن ئاشىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى؛

(2) باشقا پۇل بىلەن مەبلەغ سېلىنغان چوڭ، ئوتتۇرا ئۇل مۇئەسسەسە، جامائەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق جامائەت مەنپەئەتىگە ۋە بىخەتەرلىككە مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇشلار.

ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەنلىرىدىن باشقا بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە مەخپىيەتلىك ساقلاش تۈپەيلىدىن خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىشكە بولمايدىغان قۇرۇلۇشلارنى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن بىۋاسىتە ھۆددىگە بەرسە بولىدۇ.

**12 - ماددا** قانۇن بويىچە خېرىدار چاقىرىشقا تېگىشلىك تۈرلەردىن پۈتۈنلەي دۆلەت مەبلىغى سېلىنىدىغان ياكى دۆلەت مەبلىغى پاينى كونترول قىلىدىغان ياكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىدا ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش كېرەك. گوۋۇيۈەننىڭ تەرەققىيات - پىلان تارمىقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن نۇقتىلىق بىناكارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن ئاشكارا خېرىدار چاقىرىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىرىغا گوۋۇيۈەننىڭ تەرەققىيات - پىلان تارمىقى ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق تەكلىپ بىلەن خېرىدار چاقىرىلسا بولىدۇ. باشقا ھەرقانداق تارماق، ئورۇن ۋە شەخسنىڭ تەكلىپ بىلەن خېرىدار چاقىرىش دائىرىسىنى مەيلىچە كېڭەيتىشىگە ياكى بۇ نىزامنىڭ 10 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشنى بىۋاسىتە ھۆددىگە بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ.

**13 - ماددا** چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغى، چەت ئەل ھۆكۈمىتى ھەدىيە قىلغان پۇل، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل بىلەن سېلىنىدىغان ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى ئالاھىدە تەلەپ قويغان جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى، ھەمكارلىقىدىكى قۇرۇلۇشلار قانۇنغا ئاساسەن خەلقئارا ئادەت بويىچە خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىلىدۇ، بۇ نىزامدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

**14 - ماددا** خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىش تۆۋەندىكى ئاساسىي تەرتىپكە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم:

(1) خېرىدار چاقىرغۇچى خېرىدار چاقىرىش ئېلانى ياكى خېرىدار چىقىش تەكلىپنامىسىنى ئېلان قىلىش، سالاھىيەتنى ئالدىن تەكشۈرۈش ھۆججىتى، خېرىدار چاقىرىش ھۆججىتى تەييارلاش ۋە قۇرۇلۇشنىڭ خېرىدارلىق چېكىنى بېكىتىش، خېرىدار چاقىرىش ئۇچۇرىنى ئېلان قىلىش، خېرىدار چىققۇچى ئورۇننىڭ سالاھىيىتىنى ئالدىن تەكشۈرۈش، نەق مەيداننى چارلاشنى ئۇيۇشتۇرۇش؛

(2) خېرىدار چىققۇچى خېرىدار چىقىش ھۆججىتىنى تەييارلاش ۋە تاپشۇرۇش؛

(3) خېرىدار چاقىرغۇچى خېرىدارنى ئېلان قىلىش، باھالاش ۋە بېكىتىش، خېرىدار بولغۇچى بىلەن ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزۈش.

**15 - ماددا** بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا خېرىدار چاقىرىشتا خېرىدارنى ئېلان قىلىش، باھالاش ۋە بېكىتىشنى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن قانۇن بويىچە تەشكىللەيدۇ ھەمدە قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

خېرىدار چاقىرغۇچى خېرىدار چاقىرىش ھۆججىتىنى تەييارلاش ۋە قۇرۇلۇشنىڭ خېرىدارلىق چېكىنى بېكىتىشتە ئادىل، ئىلمىي، قانۇنلۇق ئىش قىلىشى كېرەك. باھالاش ۋە بېكىتىش ئىشىنى خېرىدار چاقىرىش ھۆججىتىدە بەلگىلەنگەن باھالاش ئۆلچىمى ۋە تەرتىپى بويىچە ئىشلەش، خېرىدار

چىققۇچى ئورۇن خەۋەردار نامىدا مەلۇم قىلغان باھا، قۇرۇلۇش مۇددىتى، ئاساسلىق ماتېرىيال سەرپىياتى، قۇرۇلۇش قىلىش لايىھىسى، سۈپەت نەتىجىسى، كارخانا ئىناۋىتى قاتارلىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ باھالاپ ۋە سېلىشتۇرۇپ، مۇناسىپ شەرتنى ھازىرلىغانلىرىدىن ياخشىسىنى تاللىۋېلىشى كېرەك.

**16 - ماددا** بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن ھۆددىگە ئېلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، پارچىلاپ ھۆددىگە بېرىش مەنئى قىلىنىدۇ.

ھۆددىگە بەرگۈچى چارلاش - لايىھەلەشنى چارلىغۇچى - لايىھىلىگۈچى بىرنەچچە ئورۇنغا تەڭ ھۆددىگە بېرىشتە، بىرىنى ئاساسلىق لايىھىلىگۈچى ئورۇن قىلىپ بېكىتىپ، پۈتۈن قۇرۇلۇش تۈرىنى چارلاش - لايىھەلەشنى ئومۇمىي جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل قىلىشى لازىم.

بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئايرىم لايىھىلىنىدىغان، ھۈنەر تېخنىكا تەلىپى يۇقىرىراق بولغان كەسپىي قىسمى ۋە بەلگىلەنگەن چەكتىن ئاشۇرۇپ بېرىلىدىغان قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھۆددىگە بەرگۈچىنىڭ بىر ئورۇن پۈتتۈرىدىغان يەككە قۇرۇلۇشنى بىرقانچە بۆلەككە پارچىلاپ، بىرقانچە ئورۇنغا ھۆددىگە بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**17 - ماددا** ھۆددىگە بەرگۈچىنىڭ مۇنداق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ:

(1) بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى مۇناسىپ سالاھىيەت دەرىجىسى ۋە كەسىپ دائىرىسى بولمىغان ئورۇنغا ھۆددىگە بېرىش؛

(2) پارا، ئۆستەڭ ياكى باشقا نەپ تەلەپ قىلىش، ئېلىش، ھۆددىگە ئالغۇچىدىن مەبلەغ سېلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ياكى قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىشتە باشقا نامۇۋاپىق شەرتلەرنى قويۇش؛

(3) خەۋەردار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشنى بىۋاسىتە ھۆددىگە بېرىش ياكى پارچىلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ خەۋەردار چاقىرىشتىن قېچىش، ئاشكارا خەۋەردار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشنى تەكلىپ بىلەن خەۋەردار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىش؛

(4) خەۋەردار چىققۇچىنىڭ لايىھىسى ۋە ئالاقىدار ماتېرىياللىرىنى باشقا خەۋەردار چىققۇچىغا ئاشكارىلاپ قويۇش ياكى بېرىش ۋە ياكى خەۋەردار چىققۇچى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ خەۋەردار چاقىرغان بولۇۋېلىش؛

(5) پۈتۈن ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇننى قۇرۇلۇشنى بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىشكە مەجبۇرلاش ياكى كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىسەن دەپ چەكلەپ قويۇش؛

(6) چارلاش، لايىھەلەش ھۆججىتىنى، چېرتيوژنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىش، ھۆددىگە ئالغۇچىغا، ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت ئاپپاراتىغا قانۇن، نىزاملارغا ۋە قۇرۇلۇش ئۆلچىمى، قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا چارلاش، لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتى قىلىش ھەققىدە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بېشارەت بېرىش؛

(7) توختامدىكى پۈتۈمگە خىلاپلىق قىلىپ، ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇنغا كۆرسىتىلگەن بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، دېتال - سەپلىمىلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بېشارەت بېرىش ياكى ئىشلەپچىقارغۇچىنى، تەمىنلىگۈچىنى بەلگىلەپ بېرىش؛

(8) تارماق، سىستېما، رايون ئايرىپ ياكى قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىدىن ھالقىپ شەرت قويۇپ، خەۋەردار چىقىش ئېھتىمالى بولغانلارنى چەكلەش، چەتكە قېقىش ياكى كەمسىتىش؛

(9) قانۇن، نىزاملاردا مەنئى قىلىنغان باشقا قىلمىشلار.

## II باب

## بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىش

**18 - ماددا** بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالىدىغان ئورۇنلار قانۇن بويىچە سالاھىيەتنامە ئالغان بولۇشى ھەمدە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى سالاھىيەت دەرىجىسى يول قويغان كەسىپ دائىرىسىدە ھۆددىگە ئېلىشى لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى چارلىغۇچى، لايىھىلىگۈچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى، نازارەت قىلغۇچى ئورۇنلاردىن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە بىناكارلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى ئالدى بىلەن سالاھىيەتنامىسىنى كۆرسىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تىزىملاتقان ھەمدە سودا - سانائەت، باج ئورۇنلىرىغا تىزىملىتىش رەسمىيەتلىرىنى قانۇن بويىچە بېجىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالسا بولىدۇ.

**19 - ماددا** چوڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى چارلاش، لايىھەلەش ۋە سېلىشنى مۇناسىپ سالاھىيەت ھازىرلىغان ئىككىدىن ئارتۇق ئورۇن بىرلىكتە ھۆددىگە ئالسا بولىدۇ. بىرلىكتە ھۆددىگە ئالغۇچىلار ھۆددىگەرلىك توختامىنى ئىجرا قىلىشتا چاتما جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى چارلاش،

لايىھىلەش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش ئورۇنلىرى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە ھۆددىگە ئېلىشتا، ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى ھۆددىگە ئالغۇچى بۇ نىزامنىڭ 18 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشى كېرەك.

20 ـ ماددا پۈتۈن ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن پۈتۈن ھۆددىگە ئېلىش توختامىدىكى پۈتۈم بويىچە ياكى ھۆددىگە بەرگۈچىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ھۆددىگە ئالغان قۇرۇلۇشنىڭ بىر قىسمىنى تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن بۆلۈپ ھۆددىگە بەرسە بولىدۇ:

(1) چارلاش ۋە لايىھىلەشنى پۈتۈن ھۆددىگە ئالغان ئورۇن پۈتۈن ھۆددىگە ئالغان قۇرۇلۇشنىڭ مەلۇم بىر كەسپىي قىسمى ياكى ئاساسىي گەۋدە بولمىغان قىسمىنىڭ چارلاش ۋە لايىھىلەش ئىشىنى مۇناسىپ سالاھىيەت دەرىجىسى بار ئورۇنغا ھۆددىگە بەرسە بولىدۇ؛

(2) قۇرۇلۇش قىلىشنى پۈتۈن ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن پۈتۈن ھۆددىگە ئالغان قۇرۇلۇشنىڭ ھۈنەر تېخنىكا تەلىپى يۇقىرىراق بولغان كەسپىي قىسمىنى ۋە بەلگىلەنگەن چەكتىن ئاشۇرۇپ بېرىلمىگەن قىسمىنى مۇناسىپ سالاھىيەت دەرىجىسى بار ئورۇنغا ھۆددىگە بەرسە بولىدۇ، لېكىن قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلمىسىنى ئۆزى پۈتتۈرۈشى شەرت.

21 ـ ماددا پۈتۈن ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن پۈتۈن ھۆددىگە ئېلىش توختامىدىكى پۈتۈم بويىچە ھۆددىگە بەرگۈچى ئورۇن ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ؛ بۆلۈپ ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش توختامىدىكى پۈتۈم بويىچە ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. پۈتۈن ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن بىلەن بۆلۈپ ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن بۆلۈپ ھۆددىگە ئالغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ھۆددىگە بەرگۈچى ئورۇن ئالدىدا چاتما جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

22 ـ ماددا ھۆددىگە ئالغۇچىنىڭ تۆۋەندىكىدەك قىلمىشىغا يول قويۇلمايدۇ:

(1) قۇرۇلۇشنى سالاھىيەت دەرىجىسى ۋە كەسىپ دائىرىسىدىن ھالقىپ ھۆددىگە ئېلىش ياكى باشقا ئورۇننىڭ سالاھىيەت دەرىجە گۇۋاھنامىسىنى ئىشلىتىپ ھۆددىگە ئېلىش شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ شۇ ئورۇننىڭ نامىدا ھۆددىگە ئېلىشىغا يول قويۇش؛

(2) قۇرۇلۇشنى قانۇن، نىزاملارغا خىلاپ ھالدا بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش ياكى ھۆددىگە ئالغان قۇرۇلۇشنى باشقىلارغا پۈتۈنلەي ھۆددىگە بېرىۋېتىش؛

(3) بۆلۈپ ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن قۇرۇلۇشنى يەنە بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش؛

(4) چارلىغۇچى، لايىھىلىگۈچى ئورۇن بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، دېتال ـ سەپلىمىلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى ئىشلەپچىقارغۇچىنى، تەمىنلىگۈچىنى كۆرسىتىپ بېرىش؛

(5) تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ خېرىدار چىقىش، خېرىدارلىق باھاسىنى ھە ـ ھۇ بىلەن ئۆستۈرۈش ياكى تۆۋەنلىتىش ۋە ياكى ئادىل رىقابەتلىشىشكە تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان پارا، ئۈستەك ياكى باشقا نەپ بېرىشتەك ۋاستىلەر بىلەن قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىۋېلىش؛

(6) بىناكارلىق قۇرۇلۇشنى سۈپەت، بىخەتەرلىك ئۆلچىمى بويىچە لايىھىلىمەسلىك ياكى لايىھە چېرتيوژى، قۇرۇلۇش قىلىش تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە سالماسلىق؛

(7) ئەسلى لايىھىنى ئەپلىچە تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش، ئىش ھالقىسىنى قىسقارتىش، ماتېرىيالنى كەم ئىشلىتىش ياكى سۈپەت ئۆلچىمىگە توشمايدىغان بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، دېتال ـ سەپلىمىلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىش؛

(8) قۇرۇلۇشنىڭ گەۋدىسىگە ياكى كۆتۈرۈش قۇرۇلمىسىغا چېتىلىدىغان ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش ۋە بېزەكچىلىك ئىشلىرىدا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش؛

(9) قانۇن، نىزاملاردا مەنئى قىلىنغان باشقا قىلمىشلار.

IV باب

## بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتى

23 ـ ماددا بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتى چارلاش. لايىھىلەش مەسلىھەتچىلىكى، باھا مەسلىھەتچىلىكى، خېرىدار چاقىرىش ۋاكالەتچىلىكى، قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى ئۆلچەش، ئۈسكۈنە ـ ماتېرىيال تەكشۈرۈش قاتارلىق ھەقلىق مۇلازىمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتى قىلغۇچى ئورۇنلار قانۇن بويىچە كەسىپ سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ۋە تىجارەت كىنىشكىسى ئالغاندىن كېيىن ئىش قىلسا بولىدۇ.

24 ـ ماددا بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتىدە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا رىئايە قىلىش، سەمىمىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش، ئادىل، ئىلمىي بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ھاۋالە توختامىدا پۈتۈشكەن

مەجبۇرىيىتى قاتتىق ئادا قىلىش كېرەك.

25 ـ ماددا تۆۋەندىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى نازارەت قىلىش شەرت:

(1) دۆلەت ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرى؛

(2) چوڭ، ئوتتۇرا جامائەت قۇرۇلۇشلىرى؛

(3) بەلگىلەنگەن چەكتىن ئاشقان تۇرالغۇ قۇرۇلۇشلىرى؛

(4) چەت ئەل ھۆكۈمىتى ياكى خەلقئارا تەشكىلاتلاردىن ئېلىنغان قەرز پۇل، ياردەم پۇل بىلەن سېلىنىدىغان قۇرۇلۇشلار؛

(5) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نازارەت قىلىشنى بەلگىلىگەن باشقا قۇرۇلۇشلار.

26 ـ ماددا ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت ئاپپاراتىنىڭ مۇنداق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ:

(1) سالاھىيەت دەرىجىسى ۋە مۇلازىمەت دائىرىسىدىن ھالقىپ ئىش قىلىش؛

(2) قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچى بىلەن ياكى ماتېرىيال، ئۈسكۈنە ئىشلەپچىقارغۇچى، تەمىنلىگۈچى بىلەن تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە باشقا مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بار تۇرۇپ، شۇ قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىش؛

(3) ھۆددىگە ئالغۇچى، ھۆددىگە بەرگۈچىنىڭ بىرى بىلەن مۇلۇك مەنپەئەتى مۇناسىۋىتى بار تۇرۇپ، يەنە بىرىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ۋاستىچىلىك مۇناسىۋىتى قىلىش؛

(4) تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش، ئالداش، پارىخورلۇق ۋاستىلىرى بىلەن ئىش ئېلىش؛

(5) ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش، قۇرۇلۇش ئۆچۈرىنى ئېلىپ ـ سېتىش، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت، ماتېرىيال، چېرتيوژنى ياسىۋېلىش، ئۆزگەرتىش؛

(6) قانۇن، نىزاملاردا مەنئى قىلىنغان باشقا قىلمىشلار.

## ٧ باب

## بىناكارلىق قۇرۇلۇش توختامى ۋە باھاسى

27 ـ ماددا بىناكارلىق قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىش، ھۆددىگە ئېلىش ۋە ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتىدە، دۆلەت بېكىتكەن توختام نۇسخىسىنى ئىشلىتىپ ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، يازما توختام تۈزۈش ھەمدە سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى، قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى باشقا ئالاقىدار تارماققا ئەنگە ئالدۇرۇش لازىم. ئەنگە ئالغان تارماق دۆلەت مەنپەئەتى، جامائەت مەنپەئەتىگە توختامدىن پايدىلىنىپ زىيان يەتكۈزىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

28 ـ ماددا خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىلىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا، ھۆددىگەرلىك توختامىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش ھۆججىتىنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىردەك بولۇشى لازىم. بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىشتە، بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش توختامى پۈتۈن ھۆددىگە ئېلىش توختامىغا خىلاپ بولماسلىقى لازىم.

29 ـ ماددا توختامدا پۈتۈشكەن ئىش مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن قۇرۇلۇش باھاسىنى تەڭشەش ياكى توختامدا پۈتۈشكەن باشقا ئىشلارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن توختامنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، توختاملاشقۇچىلار توختامنى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە ۋاقتىدا تۈزىتىشى ياكى تولۇقلىشى كېرەك.

30 ـ ماددا بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ باھاسىنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن قۇرۇلۇش مىقدارىنى ھېسابلاش قائىدىسى ۋە باھا ھېسابلاش سەرپىيات مىقدارى ۋە مۇناسىپ ھەق ئېلىش ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ ھېسابلاپ، ھۆددىگە بەرگۈچى بىلەن ھۆددىگە ئالغۇچى توختامدا پۈتۈشۈشى لازىم.

قۇرۇلۇش باھاسىنى باشقۇرۇش تارمىقى ئەمگەك، ماتېرىيال ۋە ماشىنا قاتارلىقلارنىڭ باھا ئۇچۇرى، قۇرۇلۇش باھاسىنى تەڭشەش كوئېففىتسىيېنتى ۋە ئۇسۇلىنى قەرەللىك ئېلان قىلىپ تۇرۇشى، ھۆددىگە بېرىش بىلەن ھۆددىگە ئالغۇچىنىڭ قۇرۇلۇش تەخمىن چوتى، خام چوتى ۋە نەق چوتىنى بېكىتىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى ھەمدە ئۇنىڭ ئىجراسىغا نازارەت قىلىشى لازىم.

31 ـ ماددا بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇددىتىنى ھۆددىگە بەرگۈچى بىلەن ھۆددىگە ئالغۇچى قۇرۇلۇش مۇددىتى نورمىسىدىن پايدىلىنىپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ھۆددىگەرلىك توختامىدا پۈتۈشىدۇ. قۇرۇلۇش مۇددىتىنى قىسقارتىش ئىلمىي، مۇۋاپىق بولۇش، قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىشى ھەمدە، ھۆددىگە بەرگۈچى ھۆددىگە ئالغۇچىغا قۇرۇلۇشنى بۇرۇن پۈتتۈرۈش تۈپەيلىدىن كۆپەيگەن خىراجەتنى بېرىشى كېرەك.

32 ـ ماددا ھۆددىگە ئالغۇچى بىلەن ھۆددىگە بەرگۈچى قانۇن بويىچە تۈزۈشكەن بىناكارلىق قۇرۇلۇشى توختامىغا قاتتىق ئەمەل قىلىشى، خىلاپلىق قىلغۇچى خىلاپلىق

جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

ھۆددىگە بەرگۈچى قۇرۇلۇش سۈرئىتى پۇلىنى توختامدىكى پۈتۈم بويىچە ۋاقتىدا بېرەلمىسە، ھۆددىگە ئالغۇچى چارلاش، لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىق بىناكارلىق پائالىيىتىنى توختىتىشقا ھوقۇقلۇق؛ ھۆددىگە بەرگۈچى قۇرۇلۇش پۇلىنى توختامدىكى پۈتۈم بويىچە بېرەلمىسە، ھۆددىگە ئالغۇچى سۈرۈك ئىچىدە بېرىشنى سۈيلىسە بولىدۇ؛ ھۆددىگە بەرگۈچى قۇرۇلۇش پۇلىنى سۈرۈك ئىچىدە بەرمىسە، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ خاراكتېرى بويىچە باھاغا سۈندۈرۈشقا، كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىشقا بولمايدىغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھۆددىگە ئالغۇچى ھۆددىگە بەرگۈچى بىلەن كېلىشىپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى باھاغا سۈندۈرسا بولىدۇ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى قانۇن بويىچە كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىۋېتىشنى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلسىمۇ بولىدۇ. ھۆددىگە ئالغۇچى شۇ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ باھاغا سۈندۈرۈلگەن، كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىلغان پۇلىنى ئاۋۋال ئالىدۇ.

ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن ۋەزىپىسىنى توختامدا پۈتۈشكەن سۈپەت ئۆلچىمى ۋە قۇرۇلۇش مۇددىتى بويىچە ئورۇندىسا، ھۆددىگە بەرگۈچى قۇرۇلۇش پۇلىنى تولۇق ئېلىشقا ھوقۇقلۇق.

33 - ماددا بىناكارلىق قۇرۇلۇشى پۈتكەندە، توختامدا پۈتۈشكەن مۆھلەتتە راسچوت قىلىپ بولۇش لازىم؛ مۆھلىتى پۈتۈشۈلمىگەن بولسا، قۇرۇلۇش پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن 3 ئاي ئىچىدە راسچوت قىلىپ بولۇش لازىم. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلۇش راسچوتىدا تالاش - تارتىش بولسا، تەكشۈرۈشنى ئىككى تەرەپ ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋاستىچىلىك ئاپپاراتىغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ؛ تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۈستىدىمۇ تالاش- تارتىش بولسا، قۇرۇلۇش باھاسىنى باشقۇرۇش تارمىقى بېكىتكەن راسچوتنى ئۆلچەم قىلىش لازىم. قۇرۇلۇش باھاسىنى تەكشۈرۈشتە، بېكىتىلگەن راسچوت باھا پەرقى بويىچە ھەق ئېلىشقا باكى مۇكاپات پۇلى ئېلىشقا بولمايدۇ.

## VI باب

## بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىكى

34 - ماددا بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى چارلاش، لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، ماتېرىيال - ئۈسكۈنىلەرنىڭ سۈپىتى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش بىخەتەرلىكى قانۇن، نىزاملار ۋە ئالاقىدار قۇرۇلۇش تېخنىكا ئۆلچىمى، سۈپەت باھالاش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى، لايىھەلەش مۇججىتىدە ۋە ھۆددىگەرلىك توختامىدا قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە، بىخەتەرلىكىگە قويۇلغان تەلەپكە يەتكۈزۈلۈشى كېرەك.

قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى، ئالاقىدار كەسپىي باشقۇرۇش تارمىقى ۋە قۇرۇلۇش سۈپىتى - بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، بىناكارلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇن، قائىدە بويىچە ئىش قىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىشى كېرەك. كونكرېت باشقۇرۇش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈزۈپ چىقىدۇ.

35 - ماددا قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن قۇرۇلۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلۇش قىلىش لايىھە مۇججىتىنى تەكشۈرۈش، قۇرۇلۇش سۈپىتى، بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش رەسمىيەتلىرىنى قانۇن بويىچە بېجىرىشى، لايىھىلىگۈچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارنى تەشكىللەپ لايىھە مۆلچەرى ۋە چېرتيوژنى كوللېكتىپ تەكشۈرۈشى، قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈشى، قۇرۇلۇش پۈتكەنلىك دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى لازىم.

36 - ماددا بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن ئىچكى قىسمىدا سۈپەت كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قۇرۇلۇشنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمى، قائىدىسى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش لايىھىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى، قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

37 - ماددا بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال، دېتال - سەپلىمە ۋە ئۈسكۈنىلەر مەھسۇلات سۈپىتى ئۆلچىمىگە ۋە لايىھەدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت. بىناكارلىق ماتېرىيالى ئىشلەپچىقارغۇچى، تەمىنلىگۈچى ئورۇن لاياقەتلىك مەھسۇلات بىلەن تەمىنلىشى ھەمدە مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، دېتال - سەپلىمىلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى ھۆددىگەرلىك توختامىدىكى پۈتۈم بويىچە تەمىنلەشكە مەسئۇل بولغان بولسا، سۈپىتىنى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

بىناكارلىق كارخانىلىرى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا

ئىشلىتىدىغان ماتېرىيال، دېتال ـ سەپلىمە ۋە ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈش شەرت، تەكشۈرۈلمىگەن ياكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەنلىرىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھۆددىگە ئالغۇچىنى كۆرسىتىلگەن زاۋۇتنىڭ بىناكارلىق ماتېرىيالى، دېتال سەپلىمىسى ۋە ئۈسكۈنىسىنى ئىشلىتىشكە زورلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

**38 ـ ماددا** بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە كۆتۈرۈش قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ قەۋەت قوشۇش، ئۆزگەرتىش ۋە بېزەش قۇرۇلۇشى باشلىنىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن بۇنىڭ لايىھىسىنى ئىشلەشنى ئەسلى لايىھىلىگەن ئورۇنغا ياكى مۇناسىپ سالاھىيەت شەرتىگە ئىگە لايىھىلەش ئورنىغا ھاۋالە قىلىشى كېرەك؛ لايىھىسى بولمىسا، ئىش باشلاشقا بولمايدۇ.

**39 ـ ماددا** ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشى سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى، لايىھىلەش ھۆججىتى ۋە توختامدا بەلگىلەنگەن سۈپەت تەلىپىگە يەتكۈزۈلگەن بولۇشى لازىم. تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەن بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ. قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن ئوتتۇشاپ بېرىشى، قۇرۇلمىسى بىخەتەرلىك تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشى كېرەك. ئوتتۇشاش خىراجىتى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىياننى جاۋابكار ئۈستىگە ئالىدۇ.

قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تاپشۇرغاندا، ھۆددىگە ئالغۇچى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنغا مۇكەممەل قۇرۇلۇش تېخنىكا ئارخىپى، پۈتكەن قۇرۇلۇش خەرىتىسى ۋە ئىمزا قويۇلغان قۇرۇلۇش رېمونت كاپالەتنامىسىنى ھەمدە ئىمارەتنى ئىشلىتىش، ئاسراش، قوغداش چۈشەندۈرمىسىنى بېرىشى كېرەك؛ قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن پۈتكەن قۇرۇلۇشنى ئەنگە ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى قانۇن بويىچە بېجىرىپ، قۇرۇلۇش ئارخىپىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك.

**40 ـ ماددا** بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا سۈپەت رېمونت كاپالىتى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. رېمونت كاپالىتى مۇھلىتى «قۇرۇلۇش سۈپىتىنى باشقۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى بەلگىلەنگەن رېمونت كاپالىتى مۇھلىتىدە رېمونت قىلىشقا ھۆددىگە ئالغۇچى مەسئۇل بولىدۇ، بۇنىڭ خىراجىتىنى جاۋابكار ئۈستىگە ئالىدۇ.

**41 ـ ماددا** بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالغۇچى تەدبىر قوللىنىپ، قۇرۇلۇش قىلىش تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان شاۋقۇن ۋە باشقا مۇھىت بۇلغىنىشىنى، زىياننى تىزگىنلەپ، قۇرۇلۇش مەيدانى دائىرىسىدىكى جامائەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە قوشنا ئىمارەت، قۇرۇلمىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىشى كېرەك. بۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ئۈستىگە ئالىدۇ.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تەستىق رەسمىيىتىنى بېجىرىشى كېرەك؛ ئەتراپتىكى ئورۇنلارغا ۋە ئاھالىگە تەسىر يېتىش ئېھتىمالى بولسا، ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويۇشى لازىم:

(1) پىلاندا تەستىقلانغان دائىرە سىرتىدىكى جاينى ئىگىلەپ ئورۇنشقا توغرا كەلسە؛

(2) يول، ئورۇنا لىنىيىسى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ۋە پوچتا ـ تېلېگراف خەۋەرلىشىش مۇئەسسەسەسى قاتارلىق جامائەت مۇئەسسەسەلىرىنى ئۈزۈپ قويۇش ئېھتىمالى بولسا؛

(3) سۇ، توك، يول قاتنىشىنى توختىتىپ ئورۇنشقا توغرا كەلسە؛

(4) پارتلىتىش مەشغۇلاتى قىلىشقا توغرا كەلسە؛

(5) قانۇن، نىزاملاردا تەستىقلىتىش رەسمىيىتى بېجىرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن باشقا ئىشلار.

## VII باب

## نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش

**42 ـ ماددا** بىناكارلىق قۇرۇلۇشى باشلىنىشتىن بۇرۇن، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن تۆۋەندىكى ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى ئېلىپ قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىدىن قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازەتنامىسى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك:

(1) بىناكارلىق قۇرۇلۇش يېرى تەستىق رەسمىيىتى؛

(2) بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش تەستىق رەسمىيىتى؛

(3) قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغان كارخانىنىڭ سالاھىيەتنامىسى ۋە تور باشقۇرغۇچىنىڭ سالاھىيەتنامىسى؛

(4) قۇرۇلۇش قىلىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن چېرتيوژ، تېخنىكا ماتېرىيالىنى تەكشۈرتۈشكە توغرا كېلىدىغانلىرىدا، قۇرۇلۇش قىلىش چېرتيوژىنى تەكشۈرۈش تەستىقلاش رەسمىيىتىنىمۇ قوشۇپ قويۇش كېرەك؛

(5) ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قۇرۇلۇش مەبلىغىنى تەكشۈرگەن ھۆججىتى ياكى بانكىنىڭ مەبلەغ ئىناۋىتى ئىسپاتى؛

(6) بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىلىدىغان تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئىجازىتى، خەۋەردار چاقىرىش - خەۋەردار چىقىشنى ئەنگە ئېلىش، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ئۆزى باشقۇرىدىغان قۇرۇلۇش تۈرى ۋە قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى، قۇرۇلۇش سۈپىتى، بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىشقا دائىر رەسمىيەتلەر؛

(7) قانۇن، نىزاملاردا بولۇش بەلگىلەنگەن باشقا ھۆججەت - ماتېرىياللار.

قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قۇرۇلۇش قىلىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلاردىن ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىگە ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە ئىجازەتنامە بېرىشى كېرەك.

گوۋۇيۈەن بەلگىلىگەن ھوقۇق دائىرىسى ۋە تەرتىپ بويىچە ئىش باشلاش دوكلاتى تەستىقلانغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئىجازەتنامە ئېلىش ھاجەتسىز.

**43 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىناكارلىق بازىرىنى پاك يېتىلدۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لەر قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكىدە، شەكىللىك بازار قۇرۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، قۇرۇلۇش ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشى لازىم. قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئالاقىدار تارماقلار شەكىللىك بازاردا بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار چىقىش پائالىيەتلىرىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىشى لازىم.

**44 - ماددا** قۇرۇلۇش مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلىرى قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشتە، مەمۇرىي جازا قانۇنى ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا قاتتىق رىئايە قىلىشى، كىنىشكا بىلەن ئىشقا چىقىشى لازىم.

**45 - ماددا** قۇرۇلۇش مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئىش تۈزۈمىنى ئاشكارىلاش، ئىش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، جەمئىيەت نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىش كېرەك.

قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىناكارلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئىلتىماسلىرىنى بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە بېجىرىپ بولۇشى ياكى يازما جاۋاب بېرىشى كېرەك؛ مۆھلىتى بەلگىلەنمىگەن بولسا، ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە بېجىرىپ بولۇشى ياكى يازما جاۋاب بېرىشى لازىم؛ ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن 30 كۈن ئىچىدە بېجىرىپ بولالمىسا ياكى جاۋاب بېرەلمىسە، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارماقنىڭ تەستىقى بىلەن بىر ئاي ئۇزارتسا بولىدۇ.

**46 - ماددا** قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىناكارلىق قۇرۇلۇش سۈپىتىگە دائىر ئەرز - شىكايەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، خەۋەردارلارنىڭ سۈپەت توغرىسىدىكى ئەرز - شىكايىتىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك.

بىناكارلىق پائالىيىتى ۋە ئۇنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار پاش قىلىنسا، قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئالاقىدار تارماقلار ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشى ھەمدە پاش قىلغۇچىغا يازما جاۋاب بېرىشى كېرەك.

**47 - ماددا** قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىناكارلىق پائالىيىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتا، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىدىن سىرت، باشقا ھەق ئالسا بولمايدۇ. بىناكارلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورۇن ۋە شەخسلەر قانۇنىي ئاساسى بولمىغان ھەقنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

## VIII باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

**48 - ماددا** ھۆددىگە بەرگۈچى بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، قۇرۇلۇشنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتىدىكى تىزىملاش رەسمىيىتى بېجىرمىگەن چارلاش، لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، نازارەتچىلىك ئورۇنلىرىغا بەرسە، بۇ ئورۇنلار ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە بىناكارلىق پائالىيىتى قىلىشتا تىزىملاش رەسمىيىتىنى بېجىرمىسە، سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ، سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىسە، 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**49 - ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، جازا بېرىلىدىغان باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارغا «بىناكارلىق قانۇنى»، «خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار چىقىش قانۇنى»، «قۇرۇلۇش سۈپىتىنى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**50 - ماددا** بىناكارلىق پائالىيىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرغۇچى ئالاقىدار تارماق ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، جاۋابكارلارغا مەمۇرىي جازا بېرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ زىيان سالغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ:

(1) شەرتكە ئۇيغۇن ئىلتىماسلارنى سەۋەبسىز كېيىنگە سۈرۈپ، قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ، بەلگىلەنگەن مۇھلەت ئۆتسىمۇ بېجىرمەسلىك؛

(2) ئالاقىدارلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرى ياكى بىناكارلىق پائالىيىتىدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ بىر تەرەپ قىلماسلىق؛

(3) خىزمەت ھوقۇقىدىن كېلىپ - كېلەمس پايدىلىنىپ، مۇناسىپ سالاھىيەت دەرىجە شەرتىنى ھازىرلىمىغان ئورۇنغا شۇ دەرىجىلىك سالاھىيەتنامە بېرىش ياكى ئىش باشلاش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قۇرۇلۇشقا قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازەتنامىسى بېرىش ۋە لاياقەتسىز قۇرۇلۇشقا سۈپەت لاياقەت ھۆججىتى چىقىرىپ بېرىش؛

(4) ھۆددىگە بەرگۈچى ئورۇنغا خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشنى كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا ھۆددىگە بېرىسەن دەپ چەك قويۇش ياكى ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇنغا كۆرسىتىلگەن بىناكارلىق ماتېرىيالى، دېتال - سەپلىمىسى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالىسەن، دەپ چەك قويۇش ھەمدە ئىشلەپچىقارغۇچىنى، تەمىنلىگۈچىنى بەلگىلەپ بېرىش؛

(5) ۋەزىپىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ پۇل - مال سوراش، ئېلىش، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش؛

(6) خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىش، خىزمەت ھوقۇقىدىن كېلىپ - كېلەمس پايدىلىنىشتەك باشقا قىلمىشلار.

## IX باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**51 - ماددا** خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مۇئەسسەسلىرى ۋە باشقا ۋاقىتلىق بىناكارلىق مۇئەسسەسلىرى، دېھقانلار ئۆزى سالىدىغان پەس قەۋەتلىك تۇرالغۇلارغا بۇ نىزام تەدبىقلانمايدۇ.

**52 - ماددا** بۇ نىزام 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى

(2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - يىغىنى قاراپ چىقىش ئارقىلىق، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» غا تۆۋەندىكىدەك تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى:

1. 1 - ماددىسى: «بۇ نىزام مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى قانۇنى» ۋە باشقا ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى» دەپ تۈزىتىلدى.

2. 5 - ماددىسى: «ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست (ۋىلايەت)، شەھەرنىڭ تىل - يېزىق باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تىل- يېزىق باشقۇرۇش ئاپپاراتى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ تىل- يېزىق باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ» دەپ

تۈزىتىلدى.

3. 6 - ماددىسى چىقىرىۋېتىلدى.

4. 7 - ماددىسى 6 - ماددا قىلىنىپ، ئۇ «ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياكى تىل - يېزىق باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى تىل - يېزىق خىزمىتىدە گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ» دەپ تۈزىتىلدى.

5. 9 - ماددا 8 - ماددا قىلىنىپ، ئۇنىڭغا «ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللىنىشتا، خەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ماسلاشقان بولۇشى، خەت قېلىپلاشقان بولۇشى، رەت تەرتىپى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولۇشى كېرەك» دېگەن بىر تارماق قوشۇلۇپ 8 - ماددىنىڭ 2 - تارمىقى قىلىندى.

6. 10 - ماددىسى 9 - ماددا قىلىنىپ: «جامائەت سورۇنى، جامائەت مۇئەسسەسەسى ۋە جامائەت مۇلازىمىتىدە يېزىق قوللىنىلىدىغانلىكى نام تاختىسى، جامائەت پاراۋانلىق ئېلانى، چېگرا تاختىسى، يول بەلگىسى، قاتناش بەلگىسى ۋە ئاپتوموبىللارغا يېزىلىدىغان ئورۇن نامى، بىخەتەرلىك شوئارى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەنگەن ھەمدە سېتىلىدىغان مەھسۇلاتنىڭ نامى، چۈشەندۈرمىسى قاتارلىقلاردا قېلىپلاشقان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللىنىش كېرەك» دەپ تۈزىتىلدى.

7. 11 - ماددىسى 10 - ماددا قىلىنىپ: «ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار يىغىن ئاچقاندا، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل تىل - يېزىق قوللىنىدۇ. مۇھىم يىغىنلارنىڭ پىلاكاتىدا ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللىنىش كېرەك» دەپ تۈزىتىلدى.

8. 17 - ماددىسى 16 - ماددا قىلىنىپ: «پوچتا، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى پوچتا يوللانمىلىرىنى قوبۇل قىلىش، يوللاش ۋە كىرىدىت، پۇل ئامانىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى لازىم» دەپ تۈزىتىلدى.

9. 23 - ماددىسى 22 - ماددا قىلىنىپ: «ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىق تەرجىمە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى كۈچەيتىشى شەرت» دەپ تۈزىتىلدى.

10. «ئاز سانلىق مىللەت تىلىنى خىزمەت تىلى قىلىدىغان دوكتور، رىياسەتچى، كىنو، تېلېۋىزىيە، تىياتىر ئارتىسى، ئوقۇتقۇچى، مۇھەررىر، تەرجىمان قاتارلىق ئالاقىدار كىشىلەر ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن تىل دەرىجە ئۆلچىمىگە يېتىشى كېرەك، ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىرىنى تەربىيىلەش كېرەك» دېگەن بىر ماددا قوشۇلۇپ 24 - ماددا قىلىندى.

11. 28 - ماددىغا «ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ئادەم ئىسمى، يەر نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ» دېگەن بىر تارماق قوشۇلۇپ 2 - تارماق قىلىندى.

12. «قانۇنىي جاۋابكارلىق» دېگەن بىر باب قوشۇلۇپ 5 - باب قىلىندى، بۇ جەمئىي 3 ماددا:

1) «30 - ماددا بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئورگان، تەشكىلات، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تامغىسى، ژۇنسكىسى، كىنىشكىسىدە ۋە ئورۇن نامى بېسىلغان كونۋېرتتا قېلىپلاشقان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللانمىغان ياكى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللىنىشتا، خەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ماسلاشتۇرمىغان، خەتنى قېلىپلاشتۇرمىغان شۇنىڭدەك رەت تەرتىپىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلمىغانلارنى تىل - يېزىق خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلەرنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەيدۇ. ھەم 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ».

2) «31 - ماددا بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، جامائەت سورۇنى، جامائەت مۇئەسسەسىلىرىنىڭ نام تاختىسى، يېزىق قوللىنىدىغان جامائەت پاراۋانلىق ئېلانى، چېگرا تاختىسى، يول بەلگىسى، قاتناش بەلگىلىرىدە قېلىپلاشقان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللانمىغانلارنى تىل - يېزىق خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئاگاھلاندۇرىدۇ ھەمدە سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ. سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلەرنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەيدۇ، قوشۇمچە 500 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ».

3) «32 - ماددا ئالاقىدارلاردىن مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىغانلىرى قانۇن بويىچە مەمۇرىي جەھەتتە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلسا بولىدۇ».

13. ئەسلى نىزامنىڭ 30 - ماددىسى چىقىرىۋېتىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا بۇ قارارغا ئاساسەن قىسمەن ماددىلار ئەدەبىي جەھەتتىن مۇناسىپ تۈزىتىلدى ھەمدە ماددا، بابلارنىڭ تەرتىپى مۇناسىپ تەڭشەلدى.

بۇ قارار 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» مۇشۇ قارارغا ئاساسەن مۇناسىپ تۈزىتىلگەندىن كېيىن، قايتىدىن ئېلان قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى

(1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2002 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 30 - يىغىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» غا ئاساسەن تۈزىتىلدى).

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى قانۇنى» ۋە باشقا ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** تىل - يېزىق خىزمىتىدە، مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشىنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ، تىل - يېزىقنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش شەرت.

**3 - ماددا** مىللەتلەرنىڭ تىل يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشى، باشقۇرۇلۇشى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتى كۈچەيتىلىدۇ، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ قېلىپلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

يېزىقنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، شۇ مىللەتتىكى كۆپ سانلىق ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئېھتىياتچانلىق، سالماقلىق بىلەن ئىش كۆرۈش كېرەك.

**4 - ماددا** يېزىقى ياكى ئورتاق قوللىنىدىغان يېزىقى يوق مىللەتنىڭ يېزىق مەسىلىسىنى شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولۇش، ئىختىيارىي تاللاش پرىنسىپى بويىچە، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. باشقا مىللەتنىڭ يېزىقىنى قوللانغان مىللەتنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست (ۋىلايەت)، شەھەرنىڭ تىل - يېزىق باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تىل - يېزىق باشقۇرۇش ئاپپاراتى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ تىل-يېزىق باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**6 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياكى تىل - يېزىق باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى تىل - يېزىق خىزمىتىدە گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

## II باب

## تىل - يېزىقنى قوللىنىش ۋە باشقۇرۇش

**7 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە ئورگىنى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىلەن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى تەڭ قوللىنىدۇ؛ باشقا مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى ئېھتىياجغا قاراپ تەڭ قوللانسىمۇ بولىدۇ؛ ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگىنى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا ئاپتونوم رايوندا ئورتاق قوللىنىدىغان ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىلەن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ، شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان باشقا مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى ئېھتىياجغا قاراپ تەڭ قوللانسىمۇ بولىدۇ؛ بىرنەچچە خىل تىل - يېزىقنى

تەلەپ قوللىنىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى ئاساس قىلىنسا بولىدۇ.

8 - ماددا ئورگان، تەشكىلات ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ نامىنى، ۋۇيسكىسى، كىنىشكىسىدە ۋە ئورۇن نامى يېزىلغان كونۇيرتتا شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە يۇقىرىغا يوللىنىدىغان، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلىدىغان ھۆججەت - ئالاقىلەردە، قېلىپلاشقان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللىنىش كېرەك. تارقىتىلىدىغان تۈگكىنىش ماتېرىياللىرى ۋە تەشۋىقات بۇيۇملىرىدا شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بىر خىل يېزىق ياكى بىرقانچە خىل يېزىقنى ئېھتىياجغا قاراپ قوللىنىش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللىنىشتا، خەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ماسلاشقان بولۇشى، قېلىپلاشقان خەت بولۇشى، رەت تەرتىپى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولۇشى كېرەك.

9 - ماددا جامائەت سورۇنى، جامائەت مۇئەسسەسى ۋە جامائەت مۇلازىمىتى قىلىدا يېزىق قوللىنىلىدىغانلىقى نام تاختىسى، جامائەت پاراۋانلىق ئېلانى، چېگرا تاختىسى، يول بەلگىسى، قاتناش بەلگىسى ۋە ئاپتوموبىللارغا يېزىلىدىغان ئورۇن نامى، بىخەتەرلىك شوئارى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەنگەن ھەمدە سېتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ نامى، چۈشەندۈرمىسى قاتارلىقلاردا قېلىپلاشقان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللىنىش كېرەك.

10 - ماددا ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار يىغىن ئاچقاندا، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ تەھۋالىغا قاراپ بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل تىل - يېزىق قوللىنىشى كېرەك. مۇھىم يىغىنلارنىڭ پلاكاتىدا ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللىنىش كېرەك.

11 - ماددا ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئوقۇغۇچى، ئىشچى، كادىر قوبۇل قىلىش ۋە تېخنىكا ئىمتىھانى ئېلىش، كەسپىي ئۇنۋان باھالاش، دەرىجە ئۆستۈرۈشتە، شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى بىلەن خەنزۇ تىل يېزىقىنى تەڭ ياكى ئايرىم قوللىنىش شەرت، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ياكى قاتناشقۇچىلار ئۆزى خالىغان بىر خىل تىل - يېزىقنى تاللاپ ئىشلەتسە بولىدۇ. دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايوننىڭ ئايرىم بەلگىلىمىسى بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

12 - ماددا ھەر مىللەت يۇقىرىلىرى دەۋا ئىشلىرىدا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ياكى مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا دېلونى سوت قىلىش ۋە تەپتىش قىلىشتا، شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىلنى قوللىنىشى، شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقنى بىلمەيدىغان دەۋا ئىشتىراكچىلىرىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىشى لازىم.

قانۇنغا دائىر ھۆججەتلەردە، ئېھتىياجغا قاراپ شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل يېزىقنى قوللىنىش كېرەك.

13 - ماددا ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى ھەر مىللەت پۇقرالىرىدىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ياكى ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىشتا، ئەرز قىلغۇچىلار پىششىق بىلىدىغان تىل - يېزىقتا جاۋاب بېرىشى ۋە مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشى ياكى تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىشى لازىم. ئۇلارنىڭ خادىملىرى ئۆزى پىششىق بىلمەيدىغان يېزىقتىكى خەت، ئالاقە، تەستىق ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى، بىسەپ قويماسلىقى ياكى كېچىكتۈرمەسلىكى لازىم.

14 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرى، قەدىمىي كىتابلارنى رەتلەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش لازىم. ئوقۇتۇش، رادىئو، سەنئەت نومۇرلىرى، دەرسلىك، گېزىت - ژۇرنال، كىتاب، كىنو - تېلېۋىزىيىدە قېلىپلاشقان تىل - يېزىقنى قوللىنىش شەرت.

15 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا خادىملىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىلمىي ماقالە، ئەسەر يېزىش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئويۇن قويۇشتا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

16 - ماددا پوچتا، يۇل مۇئامىلە ئارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى پوچتا يوللانمىلىرىنى قوبۇل

قىلىش، يوللاش ۋە كرېدىت، پۇل ئامانىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

## III باب

## تىل - يېزىق ئۆگىنىش ۋە تەرجىمە خىزمىتى

**17 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللەتلەرگە ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش ھەققىدە تەربىيە ۋە ئىلھام بېرىشى كېرەك. خەنزۇ كادىرلار شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشى كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكەت بويىچە ئورتاق قوللىنىلىدىغان خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسى ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنىمۇ ئۆگىنىشى كېرەك.

**18 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتىدىغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقى ھەققىدىكى ئاساس ماتېرىيىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدىن باشلاپ، خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىپ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە تەدرىجىي ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنىمۇ، خەنزۇ تىلىنىمۇ پىششىق بىلىدىغان قىلىش كېرەك. شارائىتى بار جايلار بۇرۇنراق تەسىس قىلسىمۇ بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملار ئاز سانلىق مىللەت تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىپ، قوش تىللىق ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

**19 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتىدىغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى دەرس مۇۋاپىق تەسىس قىلىنسا بولىدۇ.

**20 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتىدىغان باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇسا بولىدۇ. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا دەرس ئۆتىدىغان باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇسا بولىدۇ. مەكتەپلەر ئۇلارنى قوللىشى ۋە قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**21 - ماددا** سودا، پوچتا - تېلېگراف، قاتناش، سەھىيە، پۇل مۇئامىلە، باج، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى قارماقلىرى خادىملارغا ئاز سانلىق مىللەت تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىلنى ئىگىلەپ ۋە قوللىنىپ، ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا خىزمەت قىلىدىغان قىلىشى كېرەك.

**22 - ماددا** ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى تەرجىمە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى كۈچەيتىشى شەرت.

**23 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتابلار ۋە خەنزۇ يېزىقى، چەت ئەل يېزىقىدىكى كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**24 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەت تىلىنى خىزمەت تىلى قىلىدىغان دىكتور، رىياسەتچى، كىنو، تېلېۋىزىيە، تىياتىر ئارتىس، ئوقۇتقۇچى، مۇھەررىر، تەرجىمان قاتارلىق ئالاقىدار خادىملار ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن تىل دەرىجە ئۆلچىمىگە يېتىشى كېرەك. ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىرىنى تەربىيىلەش كېرەك.

**25 - ماددا** تىل - يېزىق مەسئۇل تارمىقى ۋە مائارىپ تارمىقى ھەرخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى تەرجىمانلىرى، مۇھەررىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى، پەن تەتقىقاتچىلىرى ۋە باشقۇرغۇچىلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

**26 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەت تىل يېزىقى تەرجىمانلىرى كەسپىي تېخنىكا خادىم ھېسابلىنىدۇ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بېرىلىدۇ، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

## IV باب

## تىل - يېزىق ئىلمىي تەتقىقاتى ۋە قېلىپلاشتۇرۇش

**27 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق مەسئۇل تارمىقى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى توغرىسىدىكى ئاساسىي نەزەرىيە، ئەمەلىي نەزەرىيە ئىلمىي تەتقىقاتى ۋە تىل - يېزىق ئۆلچەملىرىنى بىرتەرەپ قىلىش

ئىلمىي تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەت تىلىنىڭ ئەدەبىي تىل ئۆلچىمى، ئىملا قائىدىسى ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى قاتارلىقلارغا ئائىت بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش - بېكىتىش كومىتېتى ھەر خىل تىل، يەن، كەسپنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ، كەسپىي گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى تەتقىق قىلىش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە بېكىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

28 ـ ماددا ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق مەسئۇل تارمىقى بېكىتكەن ھەم ئېلان قىلغان ئىملا قائىدىسى، تەلەپپۇز قائىدىسى، ئاتالغۇ، ئادەم ئىسمى ۋە يەر نامى قاتارلىقلارنى قوللىنىش، تىل - يېزىقتا دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش شەرت.

ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ئادەم ئىسمى، يەر نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

29 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدىغان خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسى ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشى كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار زۆرۈر تەدبىر قوللىنىپ، خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسى ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قوللىنىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىشتا، دۆلەت ئېلان قىلغان ئاددىيلاشتۇرۇلغان خەت، دائىم قوللىنىلىدىغان خەت، ئورتاق قوللىنىلىدىغان خەت جەدۋىلىنى ۋە رەتلەنگەن باشقىچە خەت، ۋارىيانت سۆز جەدۋىلىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. مۇرەككەپ خەتلەرنى كەلسە - كەلمەس قوللىنىشقا ۋە ئاددىيلاشتۇرۇلغان خەتنى قالايمىقان ياساشقا بولمايدۇ.

## V باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

30 ـ ماددا بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئورگان، تەشكىلات، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تامغىسى، ۋىۋىسكىسى، كىنىشكىسىدە ۋە ئورۇن نامى يېزىلغان كونۋېرتتا قېلىپلاشقان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللانمىغان ياكى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللىنىشتا، خەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ماسلاشتۇرمىغان، خەتنى قېلىپلاشتۇرمىغان، شۇنىڭدەك رەت تەرتىپىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلمىغانلارنى تىل - يېزىق خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى سۆزلۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، سۆزلۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلەرنىي ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەيدۇ، قوشۇمچە 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

31 ـ ماددا بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، جامائەت سورۇنى، جامائەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ نام تاختىسى، يېزىق قوللىنىلىدىغان جامائەت پاراۋانلىق ئېلانى، چېگرا تاختىسى، يول بەلگىسى، قاتناش بەلگىلىرىدە قېلىپلاشقان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللانمىغانلارنى تىل - يېزىق خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئاگاھلاندۇرىدۇ ھەمدە سۆزلۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، سۆزلۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلەرنىي ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەيدۇ، قوشۇمچە 500 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

32 ـ ماددا ئالاقىدار مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىغانلىرى قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلسا بولىدۇ.

## VI باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

33 ـ ماددا بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى

**(2002 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 31 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

1 ـ ماددا بۇ نىزام نوپۇس بىلەن ئىقتىساد،

جەمئىيەت، بايلىق، مۇھىتنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، ئائىلىنىڭ بەختى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزام نوپۇس ياكى ئولتۇراقلىشىش جايى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە بولغان جۇڭگو پۇقرالىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى ئورگان، ئىجتىمائىي تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە باشقا تەشكىلاتلارغا تەتبىقلىنىدۇ.

**3 - ماددا** پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتى، ھەر بىر پۇقرا ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە تەشۋىق - تەربىيە، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش، دائىملىق خىزمەتلەرنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ، ئۇ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئامما ئەمگەك ئارقىلىق بېيىش، بەختلىك ئائىلە قۇرۇشقا ياردەم بېرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ؛ ھەر دەرىجىلىك تەدبىر قوللىنىلىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى، ھەر دەرىجىلىك مۇلازىملىق، مۇكاپات ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تايىنىپ، تۇغۇت نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، نوپۇس ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

**4 - ماددا** نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، ئورۇننىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىلى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى، تۇغۇت، تۇغۇت چەكلەش ۋە كۆپىيىش سىستېمىسى سافلاملىقىنى تولۇق باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

**5 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ۋە پىلانلىق تۇغۇتقا ئالاقىدار نوپۇس خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. مالىيە، خەلق ئىشلىرى، سەھىيە، ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت، ج خ، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە، ھەر دەرىجىلىك تۈزۈش پرىنسىپى بويىچە، ئالاقىدار نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**6 - ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە پۇقرالار خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەدەت بېرىشى ۋە ماسلىشىشى كېرەك.

**7 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلايدۇ.

## II باب

## نوپۇس تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش

**8 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى تۈزگەن نوپۇس تەرەققىياتى يىرىك پىلانىغا ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ نوپۇس تەرەققىياتى ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ نوپۇس تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزىدۇ ھەمدە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ۋە يولغا قويىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى يولغا قويۇشنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە كوچا باشقارمىسى تەۋەسىدىكى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

**9 - ماددا** ئورگان، ئىجتىمائىي تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىلى (مەسئۇلى) تۇرۇشلۇق جايدىكى پىلانلىق تۇغۇت باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىلەن نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، مۇكاپاتلاش ۋە ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. كەنت ئاھالە كومىتېتى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى كەنت ئاھالىلىرى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، پىلانلىق تۇغۇت

خىزمىتىدە كەنت ئىشلىرىنى، مەمۇرىي ئىشلارنى ئاشكارا ئىشلەش، دېموكراتىك باھالاش ۋە نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ياخشى ئىشلىشى كېرەك. شەھەرلەرنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە مەھەللىلەرگە تايىنىپ، ئائىلىلەرگە يۈزلىنىپ، پىلانلىق تۇغۇت ئۇنىۋېرسال مۇلازىمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك.

**10 - ماددا** پىلانلىق تۇغۇت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، خەلق ئىشلىرى، ئاخبارات - نەشرىيات، رادىئو - تېلېۋىزىيە تارماقلىرى ۋە مەكتەپلەر كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ، ساغلام تۇغۇش، ئوبدان بېقىش، فىزىئولوگىيىلىك گىگىيېنا، بالاغەت مەزگىلىدىكى ساغلاملىق ۋە جىنسىي ساغلاملىق تەربىيىسى قاتارلىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىق - تەربىيىسىنى قاراتمىلىق بولغان ھالدا قانات يايدۇرۇشى لازىم. ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتقا ئائىت ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار.

**11 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتىنى مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈپ، خىراجەت سېلىنمىسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى شۇ دەرىجىلىك مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى قىلىشى ھەمدە چەت - ياقا، نامرات جايلارنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە نۇقتىلىق يار-يۆلەك بولۇشى لازىم.

ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە باشقا تەشكىلاتلار زۆرۈر خىراجەت ئاجرىتىپ، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتىنى قىسىپ قېلىشى، تۇتۇپ قېلىشى، ئىشلىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**12 - ماددا** نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ستاتىستىكىسىدا قانۇن - نىزاملاردىكى ستاتىستىكىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش كېرەك. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت سانلىق مەلۇماتلىرىنى يالغان مەلۇم قىلىشى، يوشۇرۇشى، ئويدۇرۇپ چىقىشى، ئۆزگەرتىۋېتىشى ياكى يوللىماسلىقىغا يول قويۇلمايدۇ.

**13 - ماددا** پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارماقلىرى پىلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىلىرىنى ۋە ئىش تەرتىپىنى ئاشكارا قىلىشى، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشى، قانۇننى ئادەپلىك ئىجرا قىلىشى، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەسلىكى كېرەك.

## II باب

## تۇغۇت تەڭشەش

**14 - ماددا** پۇقرالارنىڭ تۇغۇش ھوقۇقى ۋە قانۇن بويىچە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش مەجبۇرىيىتى بار. كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنتلىك بولۇش، ئاز ۋە سۈپەتلىك تۇغۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

خەنزۇ پۇقرالىرىدىن ئوغۇللار 25 ياشقا، قىزلار 23 ياشقا، ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىدىن ئوغۇللار 23 ياشقا، قىزلار 21 ياشقا توشقاندا تۇنجى توي قىلغانلىرى كېچىكىپ توي قىلغان ھېسابلىنىدۇ. كېچىكىپ توي قىلىپ تۇنجى پەرزەنت كۆرگەنلەر كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەنلەر بولىدۇ.

**15 - ماددا** شەھەر - بازارلاردىكى خەنزۇ ئەر-خوتۇنلار بىر پەرزەنتلىك بولسا، ئاز سانلىق مىللەت ئەر-خوتۇنلار 2 پەرزەنتلىك بولسا بولىدۇ. خەنزۇ دېھقان، چارۋىچى ئەر - خوتۇنلار 2 پەرزەنتلىك بولسا، ئاز سانلىق مىللەت دېھقان، چارۋىچى ئەر - خوتۇنلار 3 پەرزەنتلىك بولسا بولىدۇ.

بۇ نىزامنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى ئەينى چاغدىكى تۇغۇت سىياسىتىدىكى سان بويىچە پەرزەنت كۆرگەن ئەر - خوتۇنغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە تەتبىقلانمايدۇ.

ئەر - خوتۇندىن بىرى ئاز سانلىق مىللەت بولسا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىسى بويىچە پەرزەنت كۆرىدۇ؛ ئەر - خوتۇندىن بىرى شەھەر، بازار ئاھالىسى بولسا، شەھەر، بازار ئاھالىسىگە قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىسى بويىچە پەرزەنت كۆرىدۇ.

**16 - ماددا** پۇقرالار قانۇن بويىچە نىكاھقا تىزىملاتقاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن پەرزەنت كۆرۈش شەرتىگە توشىدىغانلىرى پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلسا، ئەر - خوتۇننىڭ نوپۇسى بار جايدىكى يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى كوچا باشقارمىسىغا بېرىپ تۇغۇت رەسمىيىتى ئۆتەپ مۇلازىملىق كىنىشكىسى ئالغاندىن كېيىن پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ.

**17 - ماددا** تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىگە توشىدىغانلار ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن يەنە بىر پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ:

(1) A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مېيىپ ھەربىيلەر ياكى خىزمەت ئۈستىدە، شۇنىڭغا باراۋەر دەرىجىلىك مېيىپ بولغانلار؛

(2) نىكاھلىنىپ پەرزەنت كۆرمىگەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىگە توشىدىغان خەتەرلىك ئەر - خوتۇنلاردىن بىر بالا بېقىۋالغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت ئەر - خوتۇنلاردىن 2 بالا بېقىۋالغاندىن كېيىن ھامىلدار بولغانلىرى؛

(3) ئەر - خوتۇندىن بىرى قۇدۇق ئاستىدا 5يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەنلەر، ھازىرمۇ قۇدۇق ئاستىدا ئىشلەۋاتقانلىرى؛

(4) ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسى يالغۇز پەرزەنت بولغانلىرى؛

(5) ئەر - خوتۇندىن بىرى قۇربان بولغانلارنىڭ يالغۇز پەرزەنتى بولغانلىرى؛

(6) ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي ئارمىقى بەلگىلىمە بويىچە تۇغۇلغان پەرزەنتلىرى ئېچىدىكى كېسەل، مېيىپ پەرزەنتى بېتىلگەندىن كېيىنمۇ نورمال ئەمگەك كۈچى بولالمايدۇ دەپ بېكىتكەن، ئەمما تىببىي جەھەتتە قايتا پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ دەپ قارالغان ئەر - خوتۇنلار.

**18 - ماددا** قايتا نىكاھلانغان ئەر - خوتۇن (يارىشىۋالغانلار بۇنىڭ سىرتىدا) لاردىن، تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىگە توشىدىغانلىرى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي ئارمىقىنىڭ تەستىقى بىلەن يەنە بىر پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ.

(1) شەھەر - بازارلاردىكى قايتا نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن بىرلا پەرزەنت كۆرگەن خەنزۇ ئەر - خوتۇنلار؛ قايتا نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن ئىككىلا پەرزەنت كۆرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئەر - خوتۇنلار؛

(2) يېزىلاردىكى قايتا نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن جەمئىي ئىككىلا پەرزەنت كۆرگەن خەنزۇ ئەر - خوتۇنلار؛ قايتا نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن 3 لا پەرزەنت كۆرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئەر - خوتۇنلار؛

**19 - ماددا** 17 - 18 - ماددىدىكى بەلگىلىمىگە توشىدىغانلار يەنە بىر پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلسا، ئەستىقلىغۇچى ئورگان ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە قارار چىقىرىشى ھەمدە ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي ئارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.

**20 - ماددا** بەلگىلىمە بويىچە پەرزەنت كۆرسە بولىدىغان ئەر - خوتۇنلاردىن ئۆز پەرزەنتىنى قانۇنسىز ھالدا باشقىلارغا بېرىۋەتكەنلەر ياكى تاشلىۋېتىش، سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلىرىنىڭ قايتا پەرزەنت كۆرۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**21 - ماددا** قوشكېزەك ياكى كۆپ كېزەك پەرزەنت كۆرگەن ئەر - خوتۇنلاردىن پەرزەنتى بەلگىلەنگەن پىلانلىق تۇغۇت سانىغا يەتكەنلىرىنىڭ قايتا پەرزەنت كۆرۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**22 - ماددا** ئىككىدىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرىدىغانلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئارىلىقى 3 يىلدىن كەم بولماسلىقى لازىم.

قىسمەن چەت - ياقا چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئالدىنقى ئارماقتىكى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىشى قىيىن بولسا، ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي ئارمىقىنىڭ تەستىقى بىلەن مۇۋاپىق قويۇۋەتسە بولىدۇ.

**23 - ماددا** ئەر - خوتۇندىن بىرى شىياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداش ياكى چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى بولغانلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈشى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

## IV باب

## مۇكاپاتلاش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت

**24 - ماددا** ئاپتونوم رايون پاشانغانلار كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسى، تۇغۇت سۇغۇرتىسى ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇتقا تۈرتكە بولىدۇ.

يېزىلاردا ھۆكۈمەت يېتەكلەش، دېھقانلار ئۆزى ئىختىيار قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى پاشانغانلار كۈتۈنۈش كاپالىتى چارىسىنى يولغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ.

**25 - ماددا** دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن كېچىكىپ توي قىلغانلىرىغا دۆلەت بەلگىلىگەن توي دەم ئېلىش كۈنىگە يەنە 20 كۈن قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەنلىرىگە دۆلەت بەلگىلىگەن تۇغۇت دەم ئېلىش كۈنىگە يەنە 30 كۈن قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەرگە 15 كۈن قاراش دەم ئېلىشى بېرىلىدۇ. توي دەم ئېلىشى، تۇغۇت دەم ئېلىشى،

قاراش دەم ئېلىشى مەزگىلىدە مائاشى، مۇكاپات پۇلى تولۇق بېرىلىدۇ.

كېچىكىپ توي قىلغان، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەن دېھقان، چارۋىچى ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر يىللىق كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش، جامائەت پاراۋانلىق ئەمگىكى كېمەيتىلىدۇ، كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ياكى ئۇلارنى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى لايىقىدا مۇكاپاتلايدۇ.

**26 - ماددا** پۇقرالاردىن پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلارغا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە دەم ئېلىش بېرىلىدۇ، مائاشى ۋە مۇكاپات پۇلى تولۇق بېرىلىدۇ.

**27 - ماددا** ئەر - خوتۇنلاردىن ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىرلا پەرزەنت كۆرىدىغانلىرى ياكى ئۆمۈرۋايەت بىرلا بالا بېقىۋېلىپ قايتا پەرزەنت كۆرمەيدىغانلىرى پەرزەنتى 16 ياشقا توشۇشتىن بۇرۇن «يالغۇز پەرزەنتلىك ئاتا - ئانا شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەت ئەر - خوتۇنلاردىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆمۈرۋايەت 2لا پەرزەنت كۆرىدىغانلىرى ياكى 2 پەرزەنت بېقىۋېلىپ قايتا پەرزەنت كۆرمەيدىغانلىرى پەرزەنتى 16 ياشقا توشۇشتىن بۇرۇن «پىلانلىق پەرزەنت كۆرگەن ئاتا - ئانا شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

«شەرەپ گۇۋاھنامىسى» نى خوتۇن تۇرۇشلۇق جايدىكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى، كوچا باشقارمىسى بېرىدۇ.

**28 - ماددا** شەھەر، بازارلاردىكى «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان ئائىلىلەر تۆۋەندىكى تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ:

(1) گۇۋاھنامە ئالغان ئايدىن باشلاپ پەرزەنتى 16 ياشقا توشقىچە ھەر ئايدا 10 يۈەندىن كەم قىلماي سالامەتلىك ئاسراش پۇلى بېرىلىدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سالامەتلىك ئاسراش پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇش مۇددىتى جەمئىي 16 يىلدىن ئاشمايدۇ؛

(2) ئەر - خوتۇن پېنسىيىگە چىققاندا ئۆز ئورنى ھەر ئىككىسىنىڭ مائاشىنىڭ 5% ى بويىچە مۇكاپات پۇلى قوشۇپ بېرىدۇ ياكى ھەر ئىككىسىگە 2000 يۈەندىن كەم قىلماي بىر يولىلا مۇكاپات بېرىدۇ؛

(3) ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئوبيېكتىغا كىرگەن ئائىلىلەرگە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى ياكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ياردەم پۇلى ئالدىن بېرىلىدۇ.

**29 - ماددا** «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان دېھقان، چارۋىچى ئائىلىلەر 28 - ماددىنىڭ (3) تارماقچىسىدا بەلگىلەنگەن تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغاندىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكى تەمىناتتىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ:

(1) ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 2000 يۈەندىن كەم قىلماي بىر يولىلا مۇكاپات بېرىدۇ؛

(2) ئەر - خوتۇننىڭ بىر يىللىق كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە جامائەت پاراۋانلىق ئەمگىكى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛

(3) يەر ھۆددە بېرىش ۋە ئۆي يېرى بېرىشتە ئالدىن ئېتىبار بېرىلىدۇ؛

(4) گۇۋاھنامە ئالغان ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتى مېيىپ بولغان ياكى ئۆلۈپ كەتكەندە، قايتىدىن پەرزەنت كۆرمىگەن ياكى بالا بېقىۋالمىغان، يەنە كېلىپ تۇرمۇش مەنبەسى بولمىغان ياكى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان ئەر - خوتۇنلارنى شۇ جايدىكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ؛

(5) ئالدىن نۇقتىلىق يۆلەش ئوبيېكتى قىلىنىپ، تېخنىكا، ئۇچۇر، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى جەھەتتە ئاۋۋال مۇلازىمەتلىك قىلىنىدۇ؛

(6) نامرات ئائىلىلەرگە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ۋە قەرز پۇل ئاۋۋال بېرىلىدۇ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇلار ئەمەلىي پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلىنىدۇ؛ نامراتلارنى يۆلەشكە دائىر باشقا ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن ئاۋۋال بەھرىمەن بولىدۇ؛

(7) شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن ئېتىبار بېرىشكە دائىر باشقا تەمىناتلار.

يېزىلاردىكى پىلانلىق پەرزەنت كۆرگەن ئائىلىلەر ئالدىنقى تارماقنىڭ (5)، (6)، (7) تارماقچىسىدىكى بەلگىلىمىلەردىكى پىلانلىق پەرزەنت كۆرگەن ئائىلىلەرگە تەتبىقلىنىدىغان ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ.

**30 - ماددا** سالامەتلىك ئاسراش پۇلى ئالىدىغان ئەر - خوتۇننىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئىشلەيدىغان ئورنى بولسا، ئىككى تەرەپنىڭ ئورنى ئۆزى 50% تىن ئۈستىگە ئالىدۇ؛ بىر تەرەپنىڭ ئىشلەيدىغان ئورنى بولمىسا ياكى ئۆلۈپ كەتسە يەنە بىر تەرەپنىڭ ئىش ئورنى ھەممىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ يەككە تىجارەتچىلەرنىڭكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەققىدىن كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ؛ شەھەر ئاھالىسىدىن ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسىنىڭ ئىشلەيدىغان ئورنى بولمىغانلىرىغا شۇ جايدىكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى، كوچا باشقارمىسى بېرىدۇ.

**31 - ماددا** پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان

تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇش، تۇغۇش ۋە بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى ئەمگەك مۇھاپىزىتى، سالامەتلىك ئاسراش ۋە تۇغۇت تەمىناتى قاتارلىقلار دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

**32 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت مەخسۇس مۇكاپات خىراجىتى ئاجرىتىپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان پۇقرالارنى مۇكاپاتلاشقا ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىشلەتسە بولىدۇ؛ بۇ خىراجەت ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە سېلىنمىسى، ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى شۇنداقلا ئىجتىمائىي تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، باشقا تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر ئىئانىسىدىن كېلىدۇ.

## 5 ـ باب

## پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى

**33 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پىلانلىق تۇغۇت بويىچە كۆپىيىش سىستېمىسى ساغلاملىقى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەتلىك تورزۇمىنى ئورنىتىپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش، تۇغۇت چەكلەش، ساغلام تۇغۇش، ئوبدان بېقىش، كۆپىيىش سىستېمىسى ساغلاملىقىغا دائىر پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پىلانلىق تۇغۇت بويىچە كۆپىيىش سىستېمىسى ساغلاملىقى مۇلازىمىتىنى قىلىپ، پۇقرالارنىڭ كۆپىيىش سىستېمىسى ساغلاملىقى سەۋىيىسى ۋە بوۋاقلارنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

**34 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەتلىك تورىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، گوۋۇيۈەننىڭ «پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش نىزامى» دىكى تەلەپ بويىچە، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەتلىك ئاپپاراتى ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلىدىغان داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھازىرقى سەھىيە بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، مۇلازىمەتلىك شارائىتىنى ياخشىلاپ، مۇلازىمەتلىك ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، مۇلازىمەتلىك ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى لازىم.

**35 ـ ماددا** پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەتلىك ئاپپاراتى ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەتلىك قىلىدىغان داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى تۇغۇت يېشىدىكىلەرگە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئاساسىي بىلىملىرى بويىچە تەشۋىق تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش، تۇغۇت چەكلەش، تىببىي تەكشۈرۈش جەھەتتە قەرەللىك مۇلازىمەتلىك قىلىپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ۋە تۇغۇت چەكلەش بىخەتەرلىكى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. نىكاھلانغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىقىنى تەكشۈرۈپ، سەييارە مۇلازىمەتلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خالىمىغان ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى ئازايتىش لازىم.

**36 ـ ماددا** پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئەر ـ خوتۇنلار دۆلەت ھەقسىز تارقاتقان ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ سايمىنىنى ئىشلىتىدۇ.

شەھەردىكى پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئەر ـ خوتۇنلار دۆلەت بەلگىلىگەن ئاساسىي تۈردىكى پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، تەكشۈرۈش ۋە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش، تۇغۇت چەكلەش خىراجىتىنى تۇغۇت ياكى تىببىي داۋالاش قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىدىن بىر تۇتاش چىقىم قىلىشقا بولىدۇ. ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشمىغانلارنىڭكىنى ئۆز ئورنى ياكى كوچا باشقارمىسى پىلانلىق تۇغۇت كەسپىي خىراجىتىدىن چىقىم قىلىدۇ.

يېزىدىكى پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئەر ـ خوتۇنلار دۆلەت بەلگىلىگەن ئاساسىي تۈردىكى پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتىدىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدۇ.

**37 ـ ماددا** پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمەتلىك ئاپپاراتى ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلىدىغان داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى پۇقرالارنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ۋە تۇغۇت چەكلەشتە بىخەتەر، ئۈنۈملۈك مۇۋاپىق تەدبىرنى تاللىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى، ئوپېراتسىيە قىلدۇرغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم.

**38 ـ ماددا** تۇغۇت يېشىدىكى ئەر ـ خوتۇنلار ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش، تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى ئاڭلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. پەرزەنت كۆرگەن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەدبىر ئاساس قىلىنغان ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۇسۇلىنى تاللىۋېلىشىنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش لازىم. نىكاھلىنىشتىن بۇرۇنقى تىببىي تەكشۈرۈشتە ئېغىر ئىرسىيەت كېسىلى بولغانلىقتىن پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ دەپ قارالغانلار نىكاھلانغاندىن كېيىن ئۇزاق مۇددەتلىك ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرى قوللىنىشى كېرەك. خالىماي ھامىلدار بولۇپ قالغان ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن تۇغۇت شەرتىگە خىلاپ

ھالدا ھامىلدار بولۇپ قالغانلارغا ۋاقتىدا تۈزىتىش تەدبىرى قوللىنىش لازىم.

39 - ماددا پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلىدىغانلار قانۇن بويىچە «پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىملىق ئاپپاراتى كەسىپ ئىجازەتنامىسى» ياكى «داۋالاش ئاپپاراتى كەسىپ ئىجازەتنامىسى» (تۆۋەندە «ئىجازەتنامە» دېيىلىدۇ) ئېلىشى كېرەك. «ئىجازەتنامە» دە بەلگىلەنگەن مۇلازىملىق تۈرى دائىرىسىدىن ھالقىپ، پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

ھەرقانداق ئاپپارات ۋە شەخسنىڭ ئۇلترا ئاۋازلىق دىئاگنوز ئەسۋابى، خروموزوما تەكشۈرۈش ۋە باشقا زامانىۋى پەن - تېخنىكا ۋاسىتىسى ئارقىلىق تىببىي زۆرۈرىيىتى بولمىسا ھامىلىنىڭ جىنسىنى ئېنىقلىشى ۋە جىنس تاللاش مەقسىتىدە ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

40 - ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى ھەقسىز تارقىتىش، بازاردا پارچە سېتىش ۋە جىنسىي ساغلاملىق بۇيۇملىرىنى سېتىشنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم.

## VI باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

41 - ماددا بۇ نىزامنىڭ 15 -، 17 -، 18 -، 20 - ۋە 21 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، بىر پەرزەنتتىن ئارتۇق كۆرگەنلەردىن تۆۋەندىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن قانۇن بويىچە ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىنىدۇ:

(1) شەھەر، بازار ئاھالىلىرىدىن تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) ئالدىنقى يىلى ئېلان قىلغان ئاھالىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ بىر ھەسسىدىن 8 ھەسسىگىچە ئېلىنىدۇ.

(2) يېزا ئاھالىلىرىدىن تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) ئالدىنقى يىلى ئېلان قىلغان دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ بىر ھەسسىدىن 8 ھەسسىگىچە ئېلىنىدۇ.

42 - ماددا بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، نىكاھسىز پەرزەنت كۆرگەن ئالاقىدارلاردىن تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) ئالدىنقى يىلى ئېلان قىلغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى ياكى يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى ئۆلچەم قىلىنىپ، بىر ھەسسىدىن 8 ھەسسىگىچە ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىنىدۇ، ئالاقىدار ئىككى تەرەپتىن جەمئىي ئېلىنىدىغىنى 10 ھەسسىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

43 - ماددا مۇشۇ نىزامنىڭ 41 -، 42 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىشتا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئالاقىدارلارنىڭ ئەمەلىي كىرىمى شۇ جاينىڭ ئالدىنقى يىلدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولغانلىرىدىن بىر ھەسسىدىن 3 ھەسسىگىچە، شۇ جاينىڭ ئالدىنقى يىلدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسىگە تەڭ كېلىدىغانلىرىدىن 3 ھەسسىدىن 6 ھەسسىگىچە، شۇ جاينىڭ ئالدىنقى يىلدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولغانلىرىدىن 6 ھەسسىدىن 8 ھەسسىگىچە ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىنىدۇ.

قانۇنغا خىلاپ ھالدا 2دىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن پەرزەنت سانىغا قاراپ ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ھەسسىلەپ ئېلىنىدۇ.

44 - ماددا قانۇنغا خىلاپ ھالدا كۆپ پەرزەنت كۆرگەن ياكى نىكاھسىز پەرزەنت كۆرگەن ئىككى تەرەپ ياكى بىر تەرەپنىڭ ئەمەلىي كىرىمى شۇ جاينىڭ ئالدىنقى يىلدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، مۇشۇ نىزامنىڭ 41 -، 42 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىنغاندىن سىرت، ئېشىپ كەتكەن قىسمى ئۈچۈن بىر ھەسسىدىن 2 ھەسسىگىچە ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى قوشۇپ ئېلىنىدۇ.

45 - ماددا بۇ نىزامنىڭ 22 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، پەرزەنت كۆرۈش ئارىلىقى توشماي تۇرۇپ پەرزەنت كۆرگەن شەھەر ئاھالىسى ۋە يېزا ئاھالىسىدىن شۇ ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئالدىنقى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم ياكى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى ئۆلچەم قىلىنىپ پەرزەنت كۆرۈش ئارىلىقى توشقىچە، ھەر ئايدا ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىنىدۇ.

46 - ماددا قانۇنغا خىلاپ پەرزەنت كۆرگەنلەر-نىڭ نوپۇسى بىر ناھىيە (شەھەر) دە بولمىسا، ئالدىنقى يىلدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان تەرەپ تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) نىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئالىدۇ، بۇ نىزامنىڭ 42 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىككى تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىشتىن سىرت، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن بىرى تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) نىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى ئىجتىمائىي

تەربىيىلەش ھەققى ئالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپ تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) ئۇستىلەپ ئالسا بولمايدۇ.

47 ـ ماددا ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىشتا، قانۇنغا خىلاپ ھالدا پەرزەنت كۆرگەنلەر تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) نىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى يازما قارار چىقىرىدۇ؛ ناھىيە (شەھەر) نىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى ئالاقىدارلار تۇرۇشلۇق جايدىكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى ياكى كوچا باشقارمىسىنىڭ يازما قارار چىقىرىشىغا ھاۋالە قىلىشى بولىدۇ.

48 ـ ماددا ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققىنى ناھىيە (شەھەر) نىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى ئالسا ياكى ھاۋالە قىلىنغان ئورۇن، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى، كوچا باشقارمىسى ۋاكالىتەن ئېلىپ تاپشۇرسا بولىدۇ، بېكىتىلگەن بانكا ياكى يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ۋاكالىتەن ئېلىپ تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ. ئالغۇچى ئورۇن ئالاقىدارلارغا ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە تارمىقى بىر تۇتاش باستۇرغان ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى تالونى بېرىشى كېرەك. كونكرېت ئېلىش ـ تاپشۇرۇش ئۇسۇلىنى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە تارمىقى بەلگىلەيدۇ.

49 ـ ماددا بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ پەرزەنت كۆرگەنلەردىن بەلگىلىمە بويىچە ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققى ئېلىشتىن سىرت، ئۇلار يەنە تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك.

(1) دۆلەت ئورگىنى، ئىجتىمائىي تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۇغۇت ھەققىنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ. 3 يىل ئىچىدە دەرىجىسىنى، ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈشكە، ئىلغار سايلاشقا بولمايدۇ ھەمدە ئۆز ئورنى مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

(2) يېزا ئاھالىسى كوللېكتىپ پاراۋانلىقتىن 3 يىلغىچە بەھرىمەن بولسا بولمايدۇ.

(3) «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئېلىپ بولغاندىن كېيىن پەرزەنت كۆرگەنلەرگە پەرزەنت كۆرگەن ئايدىن باشلاپ بۇ نىزامدا بەلگىلەنگەن ئېتىبار ۋە مۇكاپات توختىتىلىدۇ ھەمدە «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ۋە ئىلگىرى بەھرىمەن بولغان سالامەتلىك ئاسراش پۇلى ۋە مۇكاپات پۇلى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

50 ـ ماددا تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى ياكى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى خىزمەت ھوقۇقىغا ئاساسەن تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئاگاھلاندۇرىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنى مۇسادىرە قىلىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلارغا، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ 2 ھەسسىسىدىن يۇقىرى، 6 ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بولمىغان ياكى قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى 10 مىڭ يۈەنگە يەتمىگەنلەرگە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ كەسپىكارلىق گۇۋاھنامىسىنى گۇۋاھنامە بەرگەن ئورگان بىكار قىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) قانۇنسىز ھالدا باشقىلار ئۈچۈن پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلىش؛

(2) تىببىي زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ باشقىلارغا ھامىلىنىڭ جىنسىنى ئېنىقلاپ بېرىش ياكى ھامىلىنى جىنس تاللاش مەقسىتىدە سۈنئىي ئۇسۇلدا چۈشۈرۈۋېتىش؛

(3) قانۇنلۇق سالاھىيىتكە ئېرىشمەي تۇرۇپ پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلىش؛

(4) ساختا تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلىش، ساختا تىببىي ئىسپات، ساختا پىلانلىق تۇغۇت ئىسپاتى چىقىرىپ بېرىش.

51 ـ ماددا پىلانلىق تۇغۇت ئىسپاتىنى ياسىۋالغان، ئۆزگەرتكەن، ئېلىپ ساتقانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى مۇسادىرە قىلىدۇ. قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى 500 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلارغا قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ 2 ھەسسىسىدىن يۇقىرى، ئون ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بولمىغان ياكى قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى 5000 يۈەنگە يەتمىگەنلەرگە 5000 يۈەندىن يۇقىرى، 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

نامۇۋاپىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ پىلانلىق تۇغۇت ئىسپاتى ئالغانلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىسپاتىنى تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى بىكار قىلىدۇ. ئىسپات چىقىرىپ بەرگەن ئورۇننىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇلىغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

52 ـ ماددا پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتىدىن قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلىپ ياكى ئۇتتۇزۇشنى، داۋالاشنى كېچىكتۈرۈپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرى ئالاقىدار قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە مۇناسىپ قانۇن جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

53 ـ ماددا دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى

سادىر قىلىپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلىرىگە قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتى بارلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1) بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ھالدا پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان ئەر - خوتۇنلارغا تۇغۇت مۇلازىمىتى گۇۋاھنامىسى بەرمەي ياكى قەستەن تەڭلىكتە قويۇپ، يۇقىرىلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا ۋە باشقا قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلار؛

(2) خىزمەت ھوقۇقىدىن ياكى خىزمىتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، پىلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىسىنى قايرىپ قويۇپ ھامىلدار بولغۇچى، پەرزەنت كۆرگۈچىلەرگە شارائىت يارىتىپ بەرگەنلەر ياكى ئۇلاردىن پارا سورىغان ۋە ئالغانلار؛

(3) پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتى، ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ھەققىنى قىسىپ قالغان، تۇتۇپ قالغان، باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋالغان ياكى جەرىمانە قويغانلار؛

(4) نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت سانلىق مەلۇماتىنى يالغان مەلۇم قىلغان، يوشۇرغان، ئويدۇرۇپ چىقارغان، ئۆزگەرتىۋالغان ياكى مەلۇم قىلمىغانلار؛

(5) قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى پاش قىلغان، شىكايەت قىلغان يۇقىرىلاردىن ئۆچ ئالغانلار؛

(6) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانغان، خىزمەتتە بىپەرۋالىق، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلار؛

**54 - ماددا** يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىشانى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان ئورۇنلارنى 2 يىلغىچە ئىلغار ئورۇن، ئۈلگە ئورۇن، مەدەنىي ئورۇن قىلىپ باھالاشقا بولمايدۇ، ئىلغار (مەدەنىي) ئورۇن دەپ باھالانغانلارنىڭ سالاھىيىتى بىكار قىلىنىدۇ؛ شۇ ئورۇننىڭ جاۋابكار مەسئۇلى ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىل قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ ياكى 3 يىلغىچە ۋەزىپىسىنى، دەرىجىسىنى ئۆستۈرمەيدۇ.

ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسىمۇ بۇ نىزامدىكى مۇكاپاتلاشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرمىگەنلەرنى ياكى پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇشقا ھەمكارلىشىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ياكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىدۇ؛ تۈزىتىشنى رەت قىلغانلارنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇلىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**55 - ماددا** تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي تارمىقى تەنقىد، تەربىيە بېرىدۇ ھەمدە توسىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغانلارغا قانۇن بويىچە ئامانلىق باشقۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىنى رەت قىلغان، توسقانلار؛

(2) پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، قۇترىتقۇلۇق قىلىپ جېدەل چىقىرىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلار؛

(3) پىلانلىق تۇغۇت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ھۆكۈمەت خادىمىنى ھاقارەتلىگەن، تۆھمەت قىلغان، ئۇرغان ياكى ئۇلاردىن ئۆچ ئالغانلار؛

(4) تۇغۇت سەۋەبىدىن ئاياللارنى ئېغىر خورلىغان ياكى قىز بوۋاق، مېيىپ بالىلارنى تاشلىۋەتكەنلەر؛

(5) پاش قىلغانلاردىن ئۆچ ئالغانلار؛

(6) باشقىلار ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرىنى قوللىنىشقا ئارىلىشىۋالغان، توسقۇنلۇق قىلغانلار؛

(7) پىلانلىق تۇغۇتقا خىلاپلىق قىلغانلارنى يوشۇرغان، قانات ئاستىغا ئالغانلار.

**56 - ماددا** يۇقىرىلار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلاردىن مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىمىزگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزدى دەپ قارىغانلىرى قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلسا بولىدۇ.

## VII باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**57 - ماددا** ئاقسۇ نوپۇسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتىنى باشقۇرۇش دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

**58 - ماددا** بۇ نىزام 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»نى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى

(2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 31 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**1 - ماددا** بۇ بەلگىلىمە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»نى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىلدى.

**2 - ماددا** بۇ بەلگىلىمە ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپلەر ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتىدا تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلارغا تەتبىقلىنىدۇ.

**3 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە، كادىرلار تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلىرى ئوقۇتقۇچىلارغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرگە ئۆز مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە مەسئۇل بولىدۇ.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ مائارىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» ۋە مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە بىڭتۈەن دائىرىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ مەمۇرىي تارمىقىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.

**4 - ماددا** ئوقۇتقۇچىلار خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇشى، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى، كەسپىي ئەخلاققا رىئايە قىلىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاكتىپ قوغدىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشى كېرەك.

ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**5 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەكتەپلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك.

**6 - ماددا** ئاپتونوم رايون ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتىدا تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغانلار قانۇن بويىچە ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشى شەرت. ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ تۇنجى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلارنىڭ سىناق مۇددىتى بىر يىل بولىدۇ.

بۇ بەلگىلىمە يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن، مەكتەپ ياكى باشقا مائارىپ ئاپپاراتىدا تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشمىگەنلەردىن بۇ بەلگىلىمە يولغا قويۇلغان كۈندىن باشلاپ 3 يىل ئىچىدە، ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشمىگەنلىرىنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش ئورنىدىن يۆتكىۋېتىش ياكى بوشىتىۋېتىش كېرەك.

كەسپىي مەكتەپ ۋە كەسپىي تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىقىنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇشنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ مۇناسىپ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ.

**7 - ماددا** ئاپتونوم رايون ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىشتە ئېھتىياجغا قاراپ ئورۇن تەسىس قىلىش، ئادىل رىقابەتلىشىش، ياخشىلىرىنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك. كونكرېت چارىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى گوۋۇيۈەن مائارىپ مەمۇرىي تارمىقىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە تۈزىدۇ.

**8 - ماددا** مەكتەپلەر ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ئىدىيىسى، كەسپىي سەۋىيىسى، خىزمەت پوزىتسىيىسى ۋە خىزمەت نەتىجىسىنى ھەر ئوقۇش يىلىدا بىر قېتىم سىناپ تۇرۇشى كېرەك. سىناش نەتىجىسى ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش، ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاشنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ.

سىناشتا ئۇدا 2 يىل لاياقەتسىز بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش ئورنىدىن يۆتكىۋېتىش ياكى تەكلىپتىن بىكار قىلىش كېرەك.

مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى ئوقۇتقۇچىلارنى سىناش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلىشى كېرەك.

**9 ـ ماددا** مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى، مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپا مائارىپى تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى تەجرىبە قىلىشىغا ۋە كېڭەيتىشىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك.

**10 ـ ماددا** ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئوقۇتقۇچىلارنى داۋاملىق تەربىيىلەش پىلانىنى تۈزۈشى ھەمدە تەشكىللەپ يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتى داۋاملىق تەربىيىلەش پىلانى ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئوقۇتقۇچىلارنى ھەر خىل شەكىلدىكى كۇرسلارغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ساپالىق تەربىيىلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى لازىم.

**11 ـ ماددا** ئوقۇتقۇچىلارنى داۋاملىق تەربىيىلەش خىراجىتى خىزمەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 2% دىن تۆۋەن بولمىغان ئاساستا، يىللىق مائارىپ كەسپىي خىراجىتىدىن مەخسۇس چىقىم قىلىنىدۇ.

**12 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ۋاقتىدا، تولۇق بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى شۇنداقلا بەلگىلىمە بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان قوشۇمچە پۇلى ۋە ياردەم پۇلىنى ھەرقانداق سەۋەب بىلەن تۇتۇپ قېلىشىغا، ئىشلىتىۋېلىشىغا ۋە نېسى قالدۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**13 ـ ماددا** ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا ياكى مەكتەپ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارغا مەكتەپنىڭ نورمال ئوقۇتۇش خىزمىتىدىن باشقا ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا؛ ئوقۇتقۇچىلار ياكى ئۇلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا پۇل ياكى ئەمگەك سېلىقى سېلىشىغا، ئوقۇتقۇچىلار ياكى ئۇلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، ئۆگىنىش ماتېرىيالىنى ۋە باشقا بۇيۇملارنى زورلاپ سېتىشى ۋە مۇشتەرى قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**14 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پېداگوگىكا مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، سېلىنمىسىغا ئاۋۋال كاپالەتلىك قىلىشى، مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇشىغا ئىلھام بېرىشى لازىم.

ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەت رايونى ۋە چەت ـ ياقا رايونلارغا ئوقۇتقۇچىلارنى نىشانلىق يېتىشتۈرۈپ بېرىشى لازىم.

**15 ـ ماددا** شەھەر ـ بازاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چەت ـ ياقا نامرات جايلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەزگىلدە ئەسلى ئورنىدىكى پاراۋانلىق تەمىناتى ئۆزگەرمەيدۇ ھەمدە ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە تۇرمۇش ياردەم پۇلى ۋە ئىش ئورنى قوشۇمچە پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

شەھەر ـ بازاردىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن چەت ـ ياقا، نامرات جايلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەكتەپلەردە بىر يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلىرىغا ئوخشاش شەرت ئاستىدا بىر دەرىجە يۇقىرى ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئاۋۋال بېرىلىدۇ.

**16 ـ ماددا** دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بېكىتكەن 3 ـ، 4 ـ خىل رايونلاردىكى ناھىيىدىن تۆۋەن مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلارغا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بېرىشتە ئېتىبار بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلار ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە مائاش، تۇرمۇش ياردەم پۇلى ۋە ئىش ئورنى قوشۇمچە پۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**17 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئوقۇتقۇچىلارنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش تۈزۈمى ئورنىتىپ، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشى؛ تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش خىزمىتىدە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارغا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى دەپ نام بېرىشى ھەمدە ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى قوشۇمچە پۇلى بېرىشى كېرەك.

چەت ياقا، نامرات جايلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى ئاۋۋال تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش ۋە ئۇلارغا ئاۋۋال شەرەپ نامى بېرىش كېرەك.

**18 ـ ماددا** كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، باشقا تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇن بويىچە قۇرۇلغان، ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلايدىغان فوند تەشكىلاتلىرىغا پۇل ئىئانە قىلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلايدىغان فوند تەشكىلاتى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە نازارەتچىلىكىدە، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرىدۇ.

**19 ـ ماددا** يىغىندى ستاژى 30 يىلغا توشقان ئەر ئوقۇتقۇچىلارغا، يىغىندى ستاژى 25 يىلغا توشقان ئايال ئوقۇتقۇچىلارغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۆمۈرلۈك ئوقۇتقۇچى شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىدۇ.

**20 ـ ماددا** ئالاھىدە مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ئالاھىدە مائارىپ ئىش ئورنى قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**21 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنى شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈشى كېرەك. شەھەر - بازاردىكى ئوقۇتقۇچىلار تۇرالغۇ جەھەتتە شۇ جايدىكى دۆلەت مەمۇرلىرىغا ئوخشاش ئەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ ھەمدە ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شەھەر - بازاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك.

يېزا - كەنتلەردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئۆزى ئۆي سالىدىغانلىرىغا شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر باشقۇرۇش قانۇن، نىزاملىرىغا بىنائەن، شۇ جايدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆي يېرى ئۆلچىمى بويىچە ئۆي يېرى بېرىدۇ ھەمدە ئۆي سېلىۋېلىشقا مۇۋاپىق ياردەم پۇل بېرىدۇ.

**22 - ماددا** ئوقۇتقۇچىلار داۋالىنىشتا شۇ جايدىكى دۆلەت مەمۇرلىرىغا ئوخشاش ئەمىناتتىن بەھرىمان بولىدۇ.

مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى قەرەللىك تەكشۈرتۈشى كېرەك. 45 ياشقا توشقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى 2 يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرتۈشى لازىم.

ئالاھىدە، ئوقۇتقۇچىلارغا داۋالاش، ساقلىق ساقلاش جەھەتتە ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك. ئازراق ۋاقىتنى ئىگىلەپ ئوقۇتقۇچىلارنى سىياسىي، كەسپىي ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەندىن سىرت باشقا ھەرقانداق تەشكىلات ۋە ئورۇننىڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەتىل ۋاقتىنى ئىگىلىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**23 - ماددا** ئوقۇتقۇچىلارغا دۆلەت بەلگىلىگەن قىشلىق، يازلىق تەتىلدە مائاش تولۇق بېرىلىدۇ، قىشلىق، يازلىق تەتىلدە مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتى ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ ئوقۇتقۇچىلارنى سىياسىي، كەسپىي ئۆگىنىشكە تەشكىللىسە بولىدۇ، باشقا ھەر قانداق تەشكىلات، ئورۇنلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەتىل ۋاقتىنى ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**24 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئوقۇتقۇچىلار ئەمىناتى جەھەتتە كونكرېت ئېتىبار سىياسىتى تۈزسە بولىدۇ.

**25 - ماددا:** كۆتۈپخانا، مۇزېي، پەن - تېخنىكا سارىيى، خاتىرە سارىيى قاتارلىق جامائەت مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلاردىن ئالىدىغان ھەققىنى كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش كېرەك.

**26 - ماددا** ئوقۇتقۇچىلاردىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلگەنلىرىگە ئىشلەيدىغان مەكتىپى، باشقا مائارىپ ئاپپاراتى ياكى مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ ياكى ئۇلارنى تەكلىپتىن بوشىتىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى سەۋەبسىز ئورۇندىماي ئوقۇتۇش خىزمىتىگە زىيان سالغانلار؛

(2) ئوقۇغۇچى ۋە ئاتا - ئانىلاردىن پۇل - مال سورىغان، ئالغان، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ئوقۇغۇچىلارغا پۇل - مال، ئەمگەك سېلىقى سالغانلار ياكى ئۆگىنىش ماتېرىيالى قاتارلىق بۇيۇملارنى زورلاپ ساتقان، مۇشتەرى قىلغانلار؛

(3) ئوقۇغۇچىلارنىڭ غورۇرىغا تەگكەن، ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بەرگەن ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن تەن جازاسى بەرگەنلەر؛

(4) ئەخلاق - پەزىلىتى ناچار بولۇپ، يامان تەسىر پەيدا قىلغانلار؛

(5) ئوقۇغۇچىلارنى ئازدۇرۇپ دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىشقا ئۈندىگەن، مەجبۇرلىغانلار؛

(6) مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىدىغان گەپ - سۆزلەرنى تارقاتقانلار.

**27 - ماددا** بۇ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى بېسىپ قالدۇرغان ياكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باشقا قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلارنى خەلق ھۆكۈمىتى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، بىۋاسىتە جاۋابكارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**28 - ماددا** ئوقۇتقۇچىلاردىن مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتى ياكى شۇ جايدىكى ئالاقىدار مەمۇرىي مەسئۇل تارماق قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىمىزگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزدى دەپ قارىغانلىرى ياكى مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتى چىقارغان بىرتەرەپ قىلىش قارارىغا قايىل بولمىغانلىرى «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئەرز قىلسا بولىدۇ، ئەرزنى قوبۇل قىلغان خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارمىقى قانۇن بويىچە ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشى كېرەك.

**29 - ماددا** مەكتەپ ياكى باشقا مائارىپ ئاپپاراتىدىن ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغانلارنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش خىزمىتىگە قويغانلىرىنى مائارىپ مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى مەكتەپ مەسئۇل تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىسە، مەكتەپ ياكى باشقا مائارىپ ئاپپاراتىنىڭ مەسئۇلىغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**30 - ماددا** بۇ بەلگىلىمە 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# قوشۇمچە

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2002 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستاتىستىكا ئاخباراتى

2002 - يىلى جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەن تۇنجى يىلى، شۇنداقلا 10 - بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغان مۇھىم بىر يىل. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت توغرىسىدىكى تۈرلۈك فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە رىقابەت مۇھىتىنىڭ يېڭى ئۆزگىرىشىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاقابىل تۇرۇپ، غەربىي ئېچىش تەرەققىياتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئىرغىتىپ كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، ئالاھىدە ئىگىلىكنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى 2 بازارنى پائال ئېچىپ، ئىقتىسادىي مۇقىم ھالدا ئاشۇرۇپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلەتتى.

### 1. ئومۇمىي ئەھۋال

خەلق ئىگىلىكى مۇقىم ئېشىپ، بۇ بىر يىللىق ماكرولۇق تەڭشەشتە كۆزلىگەن نىشان ئەمەلگە ئاشتى. دەسلەپكى مۆلچەرىي ھېساباتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 159 مىليارد 828 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %8.1 ئاشتى. ئېشىش كۆلىمى 2001 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 30 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 67 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.4 ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 47 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.6، بىناكارلىق كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 19 مىليارد 910 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.9، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 62 مىليارد 118 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.3 ئاشتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %19.1، 2 - كەسىپنىڭ %42، 3 - كەسىپنىڭ %38.9 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1- كەسىپنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.3 پىرسەنت پوئىنتى، 2- كەسىپنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.4 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، 3 - كەسىپنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.7 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 8382 يۈەنگە يېتىپ، %6.4 ئاشتى.

بۇ بىر يىلدا ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسى %0.6 تۆۋەنلىدى. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچىنى تۈرلەرگە ئايرىپ قارىغاندا، يېمەكلىكلەر باھاسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلىدى، بۇ مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل بولدى. كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلىدى، تۇرالغۇ ۋە مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى %2.7 تۆۋەنلىدى. تاماكا - ھاراق ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملارنىڭ %0.8 تۆۋەنلىدى، كىيىم - كېچەكنىڭ %0.5 تۆۋەنلىدى، ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى بۇيۇملىرى ۋە رېمونتچىلىق مۇلازىمىتىنىڭ %1.6، كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمىتىنىڭ %0.8 تۆۋەنلىدى، داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ۋە شەخسلەر ئىشلىتىدىغان بۇيۇملارنىڭ %1.4، قاتناش ۋە ئالاقىنىڭ %1.7، تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ %2.9 ئۆرلىدى. يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى ئىچىدە، ئاشلىقنىڭ %2.7 تۆۋەنلىدى، ياغنىڭ %3، گۆش، قۇش ۋە ئۇلاردىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ %0.6، تۇخۇمنىڭ %7.7، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ %7.2، يېڭى كۆكتاتلارنىڭ %17.2 تۆۋەنلىدى. بۇ بىر يىلدا تاۋارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى %2.1، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ زاۋۇت

باھاسى %2.7، خام ئەشيا، يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى، ئېنېرگىيىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى %5.1 تۆۋەنلىدى، مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسىنىڭ باھاسى %0.2 ئۆرلىدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى %0.4 تۆۋەنلىدى، يەر سودىسى باھاسى %0.7 ئۆرلىدى، ئۆيلەرنىڭ سېتىلىش باھاسى %0.9 تۆۋەنلىدى، ئۆي ئىجارىسى باھاسى %0.5 ئۆرلىدى.

يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 2 مىليون 422 مىڭ 600 بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %1.9 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ 1 مىليون 892 مىڭ 500 بولۇپ، %4.2، كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ 93 مىڭ 100 ئادەم بولۇپ، %20.1، باشقا ئورۇنلارنىڭ 437 مىڭ ئادەم بولۇپ، %15.5 كۆپەيدى. ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، يىل ئاخىرىدا دۆلەت كارخانىلىرىدىن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچى 78 مىڭ 400، ئىش ئورنىدىن قالغانلاردىن قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 32 مىڭ 200. يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي تىزىملانغان ئىشسىز 126 مىڭ 800، شەھەر - بازارلاردىكى تىزىملانغان ئىشسىزلارنىڭ نىسبىتى %3.7 بولغان. بۇ بىر يىلدا 322 مىڭ 800 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشقان ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقىنى 29 مىڭ 900، شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقىنى 54 مىڭ 700، خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىكتىكى ۋە ئۈچ تەرەپ مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا ئورۇنلاشقىنى 150 مىڭ 100، باشقا ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقىنى 88 مىڭ 100.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق ساقلانغان مەسىلىلەر: دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش يوللىرى كەڭ ئەمەس، يېزىلاردىكى 2-، 3- كەسىپنىڭ تەرەققىياتى ئاشتى؛ سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تۆۋەن، كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس، سېلىنمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتتىنكىدىن تۆۋەن، خەلق ئىچىدىكى مەبلەغ سېلىش تېخى جانلانمىدى؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى يەنىلا چوڭ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى زىددىيەت نىسبەتەن گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ.

## 2. يېزا ئىگىلىكى

بۇ بىر يىلدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 52 مىليارد 504 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %5.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليارد 277 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.9، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليارد 804 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.9، ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 109 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.5، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 315 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.1 ئاشتى. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى زورايتىلىپ، «ئالاھىدە، ئەلا، سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق» كەسىپلەر بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، ئاشلىق، كۆكتات، مېۋە - چېۋە ۋە باشقا ئالاھىدە يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپەيدى، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى ئازايتىلدى. بۇ بىر يىلدا ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 494 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، %7.1 ئاشتى. كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 944 مىڭ گېكتار بولۇپ، %16.4. ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 215 مىڭ 100 گېكتار بولۇپ، %1.1. قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 85 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، %0.3 ئازايدى، كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 164 مىڭ 200 گېكتارغا يېتىپ، %30.4 ئاشتى. بۇ بىر يىلدا 8 مىليون 758 مىڭ 700 توننا ئاشلىق ئېلىنىپ، %10 ئاشتى. بىر مىليون 500 مىڭ توننا پاختا ئېلىنىپ، %4.5 تۆۋەنلىدى. 443 مىڭ 700 توننا ياغلىق دان ئېلىنىپ، %4.1، 4 مىليون 668 مىڭ 100 توننا قىزىلچا ئېلىنىپ، %2.6، 6 مىليون 749 مىڭ 600 يوننا كۆكتات ئېلىنىپ، %38.7، 2 مىليون 334 مىڭ توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىنىپ، %49.3، بىر مىليون 982 مىڭ توننا مېۋە ئېلىنىپ، %28.5 ئاشتى.

يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 47 مىليون 817 مىڭ 700گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %3.9؛ قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 28 مىليون 783 مىڭ 900 گە يېتىپ، %9.3، 1 مىليون 54 مىڭ 400 توننا گۆش ئېلىنىپ، %8.7، 74 مىڭ 400 توننا يۇڭ ئېلىنىپ، %6.4، 948 مىڭ 700 توننا كالا سۈتى ئېلىنىپ، %17، 226 مىڭ 400 توننا تۇخۇم ئېلىنىپ، %11.1؛ 63 مىڭ 900 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىپ، %4.9 ئاشتى.

يېزا - بازار كارخانىلىرى 308 مىڭ بولۇپ، 2001 - يىلدىكىدىن %8 ئازايدى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 9 مىليارد 49 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.1 ئاشتى، تىجارەت كىرىمى 37 مىليارد 395 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.7 ئاشتى، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 1 مىليارد 267 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.3، 2 مىليارد 257 مىليون يۈەن پايدا يارىتىلىپ، %6.8 ئاشتى.

يىل ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 9 مىليون 196 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن %4.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ - ئوتتۇرا تراكتور 70 مىڭ 700گە يېتىپ، %7.8، كىچىك تراكتور

290 مىڭ 900گە يېتىپ، %5.8 ئاشتى. 843 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلىپ، %1.2. يېزىلاردا 2 مىليارد 826 مىليون كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلىپ، %11 ئاشتى، يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 3 مىليون 53 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، %2.7 تۆۋەنلىدى.

### 3. سانائەت ۋە بىناكارلىق كەسپى

ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 47 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %8.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.5، ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 39 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.8 ئاشتى.

بۇ بىر يىلدا 316 مىڭ 100 توننا يىپ ئېگىرىلىپ، %4.4، 518 مىڭ 400 توننا شېكەر ئېلىنىپ، %23.5 ئاشتى، 414 مىڭ 900 توننا كونسېرۋا ئىشلىنىپ، %99.2، 307 مىڭ 200 توننا ئىچىملىك، هاراق ئىشلىنىپ، %3.7، ياغاچ ئۆي جاھازىلىرى 2 مىليون 151 مىڭ 800گە يېتىپ، %12.7، 30 مىليون 986 مىڭ 700 توننا كۆمۈر ئېلىنىپ، %9.9، 20 مىليون 361 مىڭ 900 توننا نېفىت ئېلىنىپ، %4.6، 10 مىليون 586 مىڭ 800 توننا نېفىت پىششىقلىنىپ، %4.4، 21 مىليارد 224 مىليون كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلىپ، %7.4، 1 مىليون 754 مىڭ 500 توننا پولات ئېلىنىپ، %33.1، 1 مىليون 730 مىڭ 700 توننا تەييار پولات ماتېرىياللار ئىشلىنىپ، %28.8، 10 مىليون 297 مىڭ 100 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلىپ، %4.9، 766 مىڭ 300 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىلىپ %5.1 ئاشتى. 11 مىليون 968 مىڭ 300 كىلوۋولت ـ ئامپېرلىق ترانسفورماتور ياسىلىپ، %18.7 ئاشتى.

بۇ بىر يىلدا كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى %137.16 بولۇپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 7.2 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مال ـ مۈلۈك تۆھپە نىسبىتى 1.4 پىرسەنت پونكىتى، مال ـ مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتى ئېشىش نىسبىتى 3.7 پىرسەنت پونكىتى، مال ـ مۈلۈك قەرزدارلىق نىسبىتى 1.9 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى، تۇراقسىز مۈلۈكنىڭ ئوبوروت نىسبىتى 0.1 قېتىم تېزلەشتى، تەننەرخ خىراجىتىنىڭ پايدا نىسبىتى 3 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىق نىسبىتى بىر يىلدا ھەر بىر كىشىگە 4677.03 يۈەندىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

بۇ بىر يىلدا 4 ـ دەرىجىلىك ۋە 4 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى بىناكارلىق كارخانىلىرى 16 مىڭ 801 قۇرۇلۇشنى ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، خېرىدار بولۇپ ھۆددىگە ئالغان قۇرۇلۇش 9355، خېرىدار بولۇپ ھۆددىگە ئېلىش دائىرىسى %55.7كە يەتتى، بىناكارلىق كارخانىلىرى قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 25 مىليون 726 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %3.3 تۆۋەنلىگەن، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 14 مىليون 695 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %1 ئاشتى.

### 4. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 81 مىليارد 302 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن %15.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ئىگىلىكىگە سېلىنغىنى 56 مىليارد 231 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.5 ئاشتى؛ كوللېكتىپ ئىگىلىككە سېلىنغىنى 786 مىليون بولۇپ، %27 تۆۋەنلىدى؛ ياي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىككە سېلىنغىنى 12 مىليارد 191 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.4؛ خۇسۇسىي ۋە يەككە ئىگىلىككە سېلىنغىنى 669 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.8؛ باشقا ئىگىلىكتىكىلەرگە سېلىنغىنى 2 مىليارد 425 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.7 ئاشتى. قاراشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە ئايرىغاندا، يەرلىك ئورۇنلار ئورۇندىغان مەبلەغ 49 مىليارد 730 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %31 ئاشتى. مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلار ئورۇندىغان مەبلەغ 31 مىليارد 573 مىليون يۈەن بولۇپ، %3.3 تۆۋەنلىدى؛ مەبلەغ سېلىش تۈرى بويىچە ئايرىغاندا، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 50 مىليارد 369 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.8، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 11 مىليارد 535 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.6 ئاشتى، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 8 مىليارد 771 مىليون يۈەن بولۇپ، %10.4 تۆۋەنلىدى. كەسىپ بويىچە ئايرىغاندا 1 ـ كەسىپكە سالغان مەبلەغ 6 مىليارد 317 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.5؛ 2 ـ كەسىپكە سېلىنغىنى 31 مىليارد 183 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت سانائىتىنىڭ %0.3 تۆۋەنلىدى. ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتىنىڭ %93.5، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ %12.2؛ 3 ـ كەسىپكە سېلىنغىنى 43 مىليارد 802 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قاتناش ـ ترانسپورت كەسپىنىڭ %82 ئاشتى، پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ %28.9 تۆۋەنلىدى، سۇچىلىق كەسپىنىڭ %33.2، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپىنىڭ %16.2 ئاشتى، ئۆي ـ زېمىن كەسپىنىڭ %7.1 تۆۋەنلىدى.

بۇ بىر يىلدا قىلىنغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاپ، ئۆزگەرتىش تۈرى 4535، 2001 - يىلدىكىدىن 183ى كۆپەيگەن، بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ يىلى يېڭى ئىش باشلانغان تۈر 3584كە يېتىپ، 182 سى كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان 38 ئاساسىي قۇرۇلۇش نۇقتىلىق تۈرىدە 24 مىليارد 521 مىليون يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلىپ، يىللىق پىلاننىڭ %94.2نى ئىگىلىدى.

ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشتە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئۇرچۇقى 173 مىڭ، تەبىئىي نېفىت 3 مىليون 463 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 297 مىليون كۇب مېتىر، كۆمۈر 1 مىليون 605 مىڭ توننا، پولات ماتېرىياللار 490 مىڭ توننا، سېمونت 1 مىليون 280 مىڭ توننا، توك يەتكۈزۈش سىم يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (110 مىڭ ۋولتتىن يۇقىرى) 1595.01 كىلومېتىر، بېسىم ئۆزگەرتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى (110 مىڭ ۋولتتىن يۇقىرى) 2 مىليون 376 مىڭ كىلوۋولت - ئامپېر، ئوپتىك تالالىق ئالاقىلىشىش كابېلى 540 تال - كىلومېتىر، يېڭىدىن ياسالغان تاشيول 357.31 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىپ ياسالغان تاشيول 3224.87 كىلومېتىر، شەھەرلەرنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈنىگە 524 مىڭ 500 توننا.

گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: 13 نېفىت گازلىقى ۋە 7 غەيرىي نېفىت گاز كان مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش رايونىدا زور ئىلگىرىلەش بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، لوپنۇر كۆلىدىكى كالىيلىق تۇز كېنىدىكى كالىيلىق تۇز بايلىقىنىڭ مىقدارى 242 مىليون توننىغا كۆپەيدى، كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئوقۇر بۇلاق كۆمۈر كانىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان بايلىق زاپىسى 720 مىليون توننا. كۆكتوقاي ناھىيىسى مۇڭگو تۆمۈركانىدىكى 10 - تۆمۈرلۈكتىن 22 - تۆمۈرلۈكقىچە بولغان كان ياتىمىدىكى مۆلچەرى تۆمۈر رۇدىسى 46 مىليون توننا. يېڭىدىن بايقالغان تەبىئىي گازلىق بىر، نېفىت قۇدۇقى 2؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ خىزمەت ئىشلەش قىممىتىگە ئىگە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى نېفىت گازسىز كان ئورنى 7، بۇنىڭ ئىچىدە، كۆمۈركان 3، مىس كان بىر، ئالتۇن كان بىر، سىلانىتس كانى بىر، يەر ئاستى سۇ مەنبەسى بىر، يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئاساسلىق كان بايلىقلىرىدىن كۆمۈر 245 مىليون توننا، نېفىت 104 مىليون توننا، تەبىئىي گاز 104 مىليارد 65 مىليون كۇب مېتىر، تۆمۈر رۇدىسى 34 مىليون 60 مىڭ توننا، قوغۇشۇن، سىنك رۇدىسى 358 مىڭ توننا، كۈمۈش رۇدىسى 525 توننا، بېنتونىت 139 مىليون توننا، ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيى يىلىغا 34 مىليون 260 مىڭ كۇب مېتىر.

## 5. ئىچكى سودا

بۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 44 مىليارد 288 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %9 ئاشتى. ئېشىش سالمىقى 2001 - يىلدىكىدىن 0.5 پىرسەنت پوئېنت تېز بولدى. شەھەر - يېزىلارنى ئايرىپ قارىغاندا، شەھەرلەرنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 28 مىليارد 474 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11، يېزىلارنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 15 مىليارد 814 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.6 ئاشتى. شەھەرلەرنىڭ ئېشىشى يېزىلارغا قارىغاندا 5.4 پىرسەنت پوئېنت تېز بولدى. ساھەلەرگە ئايرىپ قارىغاندا، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليارد 304 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19؛ تۈپ، پارچە سېتىش سودىسى كەسپىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 29 مىليارد 613 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.2 ئاشتى؛ باشقا كەسپلەرنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 9 مىليارد 371 مىليون يۈەن بولۇپ، %1.7 تۆۋەنلىدى. چەكتىن يۇقىرى تۈپ، پارچە سېتىش سودا كارخانىلىرىنىڭ تاۋارلارنى سېتىشتىن قىلغان ساپ كىرىمى 50 مىليارد 749 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.9؛ 2 مىليارد 314 مىليون يۈەن پايدا يارىتىلىپ، %13.3 ئاشتى.

## 6. تاشقى ئىقتىساد

بۇ بىر يىلدا تاموژنىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 692 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2001- يىلدىكىدىن %52.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 308 مىليون دوللارغا يېتىپ، %95.8؛ ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 384 مىليون دوللارغا يېتىپ، %25.7 ئاشتى. ئېكسپورت سوممىسى ئىچىدە، ئادەتتىكى سودىنىڭ 544 مىليون دوللارغا يېتىپ، %84.3، پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنىڭ 155 مىليون دوللارغا يېتىپ، %27.4؛ ئاز سوممىلىق چېگرا سودىسىنىڭ 472 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1.6 ھەسسە، باشقا سودىلارنىڭ 137 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1 ھەسسە ئاشتى. ئىمپورت سوممىسى ئىچىدە، ئادەتتىكى سودىنىڭ 260 مىليون دوللارغا يېتىپ، %4.6؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنىڭ 29 مىليون دوللارغا يېتىپ، %15.6؛ ئاز سوممىلىق چېگرا سودىسىنىڭ 1 مىليارد 72 مىليون دوللارغا يېتىپ، %34.5 ئاشتى؛ باشقا سودىلارنىڭ 23 مىليون دوللار بولۇپ، %29.9 تۆۋەنلىدى. بۇ بىر يىلدا 130 مىليون 840 مىڭ دوللارلىق ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتى ئېكسپورت قىلىنىپ %18.4؛ 5 مىليون 420 مىڭ دوللارلىق يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتى

ئېكسپورت قىلىنىپ، %20.2 ئاشتى.

بۇ بىر يىلدا چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان 43 مىليون 340 مىڭ دوللار مەبلەغدىن ئەمەلىي پايدىلىنىپ، 1.1 ھەسسە ئاشتى. بۇ بىر يىلدا چەت ئەللەر بىلەن ئىمزالانغان مۇددىگەرلىك توختام، سوممىسى 18 مىليون 470 مىڭ دوللار بولۇپ، %13 تۆۋەنلىدى.

### 7. قاتناش، پوچتا - تېلېگراف ۋە ساياھەتچىلىك

2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆمۈريول تىجارەت مۇساپىسى 3009.7 كىلومېتىر بولۇپ، 2001 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەكشى؛ ئاپتوموبىل قاتنايدىغان تاشيول مۇساپىسى 59 مىڭ 500 كىلومېتىرغا يېتىپ، %3.1؛ خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قاتناش مۇساپىسى 132 مىڭ 500 كىلومېتىر بولۇپ، %18.1 ئاشتى. بۇ بىر يىلدا ھەر خىل قاتناش توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 75 مىليارد 962 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %6.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 42 مىليارد 530 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %6.6؛ تاشيولدا توشۇلغىنى 29 مىليارد 800 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %8؛ خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدە توشۇلغىنى 82 مىليون توننا- كىلومېتىرغا يېتىپ، %30.2؛ تۇرۇبا ئارقىلىق توشۇلغىنى 3 مىليارد 550 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %3.8. يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 33 مىليارد 80 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %6.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 10 مىليارد 600 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %1.8، تاشيولدا توشۇلغىنى 18 مىليارد 560 مىليون ئادەم- كىلومېتىرغا يېتىپ، %9، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئارقىلىق توشۇلغىنى 3 مىليارد 920 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %11 ئاشتى.

بۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 9 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %49.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 8 مىليارد 790 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %53.7؛ پوچتا كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 680 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.1 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %18كە، كۆچمە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %15.8كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 173 مىڭغا يەتتى.

بۇ بىر يىلدا دۆلەت ئىچىدىن كەلگەن 9 مىليون 679 مىڭ 400 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، %13.3 ئاشتى؛ ئىچكى ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 8 مىليارد 395 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.9 ئاشتى. 275 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) خەلقئارادىن كەلگەن ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، %0.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار 41 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %23.5 ئازلىدى. خەلقئارا ساياھەتچىلەردىن كىرگەن تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 99 مىليون 424 مىڭ 100 دوللارغا يېتىپ، %0.9 ئاشتى.

### 8. مالىيە، پۇل مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا كەسپى

بۇ بىر يىلدا پۈتۈن ئۆلكىنىڭ مالىيە كىرىمى 36 مىليارد 145 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %23.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيە كىرىمى 14 مىليارد 24 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.2، يەرلىك مالىيە چىقىمى 38 مىليارد 473 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %36.5 ئاشتى.

يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 222 مىليارد 531 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 25 مىليارد 140 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 70 مىليارد 582 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 871 مىليون يۈەن؛ يېزا - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 113 مىليارد 787 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14 مىليارد 385 مىليون يۈەن كۆپەيدى. يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 180 مىليارد 115 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 20 مىليارد 491 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل 4 مىليارد 18 مىليون يۈەن، ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل 15 مىليارد 542 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پېيىنى بازارغا سالغان شىركەت 23، ئومۇمىي پاي دەسمايىسى 6 مىليارد 310 مىليون پاي، جەمئىي توپلانغان مەبلىغى 8 مىليارد 663 مىليون يۈەن.

ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليارد 172 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %51.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليارد 647 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.1؛ جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليارد 525 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %76.4 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليارد 289 مىليون يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 780 مىليون يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە بېرىلگەن پۇل 509 مىليون يۈەن.

## 9. مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا

ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 24، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسقا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 42 مىڭ 800گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %1.2، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 132 مىڭ 300 گە يېتىپ، %22.5 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 60 مىڭ 900 بولۇپ، %46نى ئىگىلىدى. ئاسپىرانت تەربىيىلەش ئورنى 9. قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 1104كە يېتىپ، %33.5، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 2495كە يېتىپ، %42.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 152. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 87، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 83 مىڭ 900 بولۇپ، %13.8 ئازايدى، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 50 مىڭ 800گە يېتىپ، %6.5. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 507، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 113 مىڭ 400گە يېتىپ، %21.3، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 272 مىڭ 400گە يېتىپ، %20.8، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 1 مىليون 66 مىڭ 500گە يېتىپ، %6.3 كۆپەيدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 2 مىليون 359 مىڭ 800 بولۇپ، %3.1 ئازايدى.

ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %97.82، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش نىسبىتى %0.4، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %94.39؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %82.4، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش نىسبىتى %3.1 بولغان، تولۇقسىزدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %38.52 بولغان.

چوڭلار ئالىي مائارىپىنىڭ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 127 مىڭ 800گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %17 كۆپەيدى؛ چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 17 مىڭ 400. بۇ بىر يىلدا ياشلار، ئوتتۇرا ياشلار ئىچىدە 39 مىڭ 100 ئادەم ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە تولۇق كەسپىي تېخنىكا خادىمى 387 مىڭ 700گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %0.7 كۆپەيدى. تىزىملاتقان كاتتا پەن - تېخنىكا نەتىجىسى 207، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساس نەزەرىيىسى نەتىجىسى 9، ئەمەلىي تېخنىكا نەتىجىسى 193، يۇمشاق پەن نەتىجىسى 5. بۇ بىر يىلدا جەمئىي قوبۇل قىلىنغان پاتېنت ئىلتىماسى 1239، پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگەن تۈر 627. بۇ بىر يىلدا ئىمزالانغان تېخنىكا توختامى 1350 بولۇپ، %2.8، سودىدا پۈتۈشكەن سومما 1 مىليارد 7 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.2 ئاشتى.

## 10. مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە

ئاپتونوم رايون بويىچە 89 سەنئەت ئۆمىكى، 91 مەدەنىيەت سارىيى، 82 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 24 مۇزېي، 135 ئارخىپخانا بار. ئېچىۋېتىلگەن تۈرلۈك ئارخىپ 401 مىڭ 300 توم. رادىئو ئىستانسىسى 6، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 16، ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى 42، 1000 ۋاتتىن يۇقىرى تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى 60. ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %91.6كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %91.7گە يەتتى.

سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتى 1 مىليون 64 مىڭ 500گە يېتىپ، 2001 - يىلدىكىدىن %7.4 كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك كىنو قويۇش ئورۇنىدىن 98ى بار. بۇ بىر يىلدا بىر ھېكايە فىلىم، بىر ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەندى، ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھېكايە فىلىم 70. بۇ بىر يىلدا نەشر قىلىنغان ھەر خىل گېزىت، ژۇرنال 347 مىليون نۇسخا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكىسى %25.3نى؛ تۈرلۈك ژۇرنال 12 مىليون 720 مىڭ نۇسخا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى %49.7نى؛ كىتاب 72 مىليون نۇسخا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكىسى %42.1نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە ئاپپاراتى 10 مىڭ 297، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 1459، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش مەركىزى 226، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 96؛ ئاپتونوم رايون بويىچە دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 67 مىڭ 500، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانىلارنىڭ 64 مىڭ 900؛ سەھىيە تېخنىكا خادىمى 79 مىڭ 500. يېزا - بازار شىپاخانىسى 830، يېزا - بازار شىپاخانىلىرىنىڭ كارىۋىتى 12 مىڭ 400، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 44 مىڭ 800.

ئاپتونوم رايون تەنھەرىكەتچىلىرى 2 قېتىم دۇنيا چېمپىيونلۇقىغا، 3 قېتىم ئاسىيا چېمپىيونلۇقىغا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردا 13 قېتىم چېمپىيون، 14 تۈردە 2 -، 25 تۈردە 3 - بولدى.

## 11. مۇھىت ئاسراش

بۇ بىر يىلدا سانائەتتىن گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 296 مىڭ توننىدا تىزگىنلىنىپ، 2001 - يىلدىكىدىن 1.3%؛ ئىس - توزان قويۇپ بېرىش مىقدارى 191 مىڭ توننىدا تىزگىنلىنىپ، 3.6%؛ سانائەت چاڭ - توزانلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 94 مىڭ توننىدا تىزگىنلىنىپ، 4.7% تۆۋەنلىدى؛ سانائەتنىڭ قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلىرىنى چىقىرىش مىقدارى 689 مىڭ توننىدا تىزگىنلىنىپ، 10.2% ئاشتى، يۇندىدىكى خىمىيىدە كېرەكلىك كىسلارودنى چىقىرىش مىقدارى 205 مىڭ توننىدا تىزگىنلىنىپ، 2% كۆپەيدى. ئاپتونوم رايوندا ئاساسلىق بۇلغىمىلار ئىچىدە تۇرمۇش بۇلغىمىلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 2001 - يىلدىكىدىن سەل تۆۋەنلىگەن.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھاۋا سۈپىتى 1 -، 2 - دەرىجىلىك بولغان كۈنلەر 58.1%نى ئىگىلەپ، 7.1 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ 3 - دەرىجىلىك بولغان كۈنلەر 21.7%نى ئىگىلەپ، 0.7 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى ئۆرلىدى؛ 4 -، 5 - دەرىجىلىك بولغان كۈنلەر 20.2%نى ئىگىلەپ، 7.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلغان تۈرلۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 26، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك مۇھاپىزەت رايونى 5. تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ كۆلىمى 204 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 12.3%نى ئىگىلەيدۇ. تەستىقلانغان دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى 8، كۆلىمى 110 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر. ئىس - تۈتەكلەرنى تىزگىنلەش رايونى 70، كۆلىمى 351.1 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 1.8% كۆپەيدى؛ مۇھىت شاۋقۇنى ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 40، كۆلىمى 300.3 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 12% كۆپەيدى.

## 12. نوپۇس

2002 - يىللىق نوپۇس ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا: ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 19 مىليون 51 مىڭ 900گە يېتىپ، 1.6% ئاشقان. شەھەر - يېزىلارنى ئايرىپ قارىغاندا، شەھەر - بازار نوپۇسى 6 مىليون 447 مىڭ 200گە يېتىپ، 115 مىڭ 100 ئادەم كۆپىيىپ، 1.8% ئاشقان، شەھەر - بازارلىشىش نىسبىتى 33.8%كە يەتكەن. يېزا نوپۇسى 12 مىليون 604 مىڭ 700گە يېتىپ، 174 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، 1.4% ئاشقان. جىنس ئايرىمىسىدىن قارىغاندا، ئەر 9 مىليون 754 مىڭ 600، ئايال 9 مىليون 297 مىڭ 300، جىنس ئايرىما سېلىشتۇرمىسى 104.92. بۇ بىر يىلدا نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.3‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.4‰. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.9‰ بولدى.

## 13. خەلق تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئەھۋالى

نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 7454.80 يۈەنگە يېتىپ، ئۆزگەرمەس ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا، 2001 - يىلدىكىدىن 13.1% ئاشتى؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىم 5638.96 يۈەنگە يېتىپ، 11.4% ئاشتى. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1863.26 يۈەنگە يېتىپ، 8.9% ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1411.73 يۈەنگە يېتىپ، 4.6% ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي ئىشلىتىش كۆلىمى 7.85 كۋادرات مېتىر؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 18.56 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 2.9% ئاشقان. بۇ بىر يىلدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئېنگېل كوئېففىتسېنتى 34% بولۇپ، 2001- يىلدىكىدىن 1.5 پىرسەنت پوئىنتى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئېنگېل كوئېففىتسېنتى 49% بولۇپ، 1.4 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 29 مىليارد 154 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.9% ئاشقان؛ بۇ بىر يىلدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 605 يۈەنگە يېتىپ، 12.9%، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە 13.6% ئەمەلىي ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 312 مىڭ 900 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، بۇ 2001- يىلدىكىدىن 3% كۆپەيدى. 1 مىليون 155 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، بۇ 2.8% كۆپەيدى. پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 370 مىڭ كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، بۇ 3.9% كۆپەيدى. 1 مىليون 481

سالاڭ ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، بۇ 27.5% ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا، بازارلاردىكى ئاھالىلەردىن 537 مىڭ 800 ئادەم ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى قوغدىغۇزۇشقا ئېرىشتى. دۆلەت نەپىقە بېرىدىغان، قوشۇمچە ياردەم بېرىدىغان تۈرلۈك قەمخورلۇق ۋە نەپىقە ئوبيېكتى 18 مىڭ 800 ئادەم. ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنى 503، ئۇلارنىڭ 12 مىڭ 307 كارىۋىتى بار، 9 مىڭ 810 ئادەم بېقىلىۋاتىدۇ. بۇ بىر يىلدا جەمئىيەتكە پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتىدىن 413 مىليون دانە سېتىلىپ، 145 مىليون يۈەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەبلىغى توپلاندى. جەمئىيەتتىن 40 مىليون يۈەن ئىئانە قوبۇل قىلىندى.

ئىزاھ: ① ئاخباراتتىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتى ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچىدىكى مۇتلەق سان ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى، ئېشىش سۈرئىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى ۋە ئېشىش سۈرئىتى ھەممىسى ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى. سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرسەتكۈچلىرى ستاتىستىكا قىلىنىشتا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت سانائىتى ۋە يىللىق سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدە بولمىغان سانائەت ئۆلچەم قىلىندى.

② ئاخباراتتىكى سانلىق مەلۇماتلار يىللىق مەلۇمات ستاتىستىكىسىدىن ئېلىندى.

### شىنجاڭ خەلقىنىڭ 2002 - يىلدىكى ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ئەھۋالى

| تۈرلەر | 2002 - يىلى |
|---|---|
| ئىشقا ئورۇنلىشىش | |
| ھەربىر يېزا ئەمگەك كۈچى زىممىسىگە ئالغان ئادەم سانى (ئادەم) | 1.71 |
| شەھەر - بازارلاردىكى ھەر بىر ئىشقا ئورۇنلاشقۇچى زىممىسىگە ئالغان ئادەم سانى (ئادەم) | 1.91 |
| شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى (%) | 3.7 |
| كىرىم | |
| يېزا ئاھالىلىرى ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى (يۈەن) | 1863.26 |
| يېزا ئاھالىلىرى ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم ئىندېكسى (1978=100) | 1564.9 |
| شەھەر - بازار ئاھالىسى ئائىلىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم (يۈەن) | 7454.80 |
| شەھەر - بازار ئاھالىسى ئائىلىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم ئىندېكسى (1978=100) | 2336.7 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى (يۈەن) | 11605 |
| ئىستېمال سەۋىيىسى (يۈەن) | |
| ئاپتونوم رايون ئاھالىسى | 3150 |
| يېزا ئاھالىسى | 1525 |
| شەھەر - بازار ئاھالىسى | 6257 |
| يۇقىرىلار پۇل ئامانىتى | |
| شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 1137.87 |

| | |
|---|---|
| ھەر بىر ئادەمگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇل قالدۇقى | 5972 |
| تۇرالغۇ كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | |
| يېزىلاردىكى ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى | 18.56 |
| شەھەرلەردىكى ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى | 17.85 |
| قاتناش | |
| شەھەر ـ بازارلاردا ھەر 100 ئادەمگە توغرا كەلگەن ۋېلسىپىت (دانە) | 121.48 |
| شەھەرلەردە ھەر 10 مىڭ ئادەمگە توغرا كەلگەن تىجارەت ئاپتوموبىلى (دانە) | 11.4 |
| شەھەرلەردىكى جامائەت ئىشلىرى | |
| سۇ ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى (%) | 95.8 |
| گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى (%) | 87.2 |
| ھەر 10 مىڭ ئادەمگە توغرا كەلگەن كۆكلەملەيدان (گېكتار) | 41 |
| مەدەنىيەت | |
| شەھەر ـ بازارلاردا ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن رەڭلىك تېلېۋىزور (دانە) | 111.83 |
| يېزىلاردا ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن تېلېۋىزور (دانە) | 95.42 |
| رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش ئۇنىۋېرسال نىسبىتى (%) | 91.6 |
| تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش ئۇنىۋېرسال نىسبىتى (%) | 91.7 |
| مائارىپ | |
| مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى (%) | 97.82 |
| ھەر 10 مىڭ نوپۇس ئىچىدە ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى (ئادەم) | 70.77 |
| سەھىيە | |
| ھەر 10 مىڭ ئادەمگە توغرا كەلگەن دوختۇرخانا، شىپاخانىلاردىكى كارىۋات (دانە) | 34.1 |
| ھەر 10 مىڭ ئادەمگە توغرا كەلگەن دوختۇر | 19.7 |

ئىزاھ: شەھەرلەردىكى تۇرالغۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلىتىلىش كۆلىمى ۋە تۇرالغۇ كۆلىمى قۇرۇلۇش نازارىتى ستاتىستىكىلىغان سان.

## شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەھۋالى

| كۆرسەتكۈچلەر | 2002 ـ يىلى |
|---|---|
| تەبىئەت ئەھۋالى | |
| مېرىدىئان ۋە پاراللېل | |
| شەرقىي مېرىدىئان | 73°40′ ～ 96°23′ |
| شىمالىي پاراللېل | 34°25′ ～ 49°10′ |
| كىلىماتى | |

| | |
|---|---|
| يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى (℃) | 10.4 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 8.4 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 12.8 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 13.5 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) | 190.2 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 282.7 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 81 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 46.9 |
| قۇياشنىڭ ئوتتۇرىچە يورۇتۇش ۋاقتى (سائەت) | 2722.3 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 2648.8 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 2696.1 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 3118.9 |
| تەبىئىي بايلىق | |
| يەر بايلىقى | |
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى (تۈمەن كۋادرات كىلومېتىر) | 166.49 |
| تېرىلغۇ يەر كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | 411.59 |
| باغ كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | 22.21 |
| ئورمانلىق كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | 660.39 |
| ئوتلاق كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | 5135.75 |
| باشقا يېزا ئىگىلىك يېرى (تۈمەن گېكتار) | 67.43 |
| ئورمان بايلىقى | |
| تۆرە دەرەخنىڭ ئومۇمىي زاپىسى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 3.1 |
| ئورمان كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | 197.8 |
| زاپاس ئورمان مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 2.8 |
| ئورماننىڭ قاپلاش نىسبىتى (%) | 1.9 |
| سۇ بايلىقى | |
| يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 1074 |
| سۇ بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 1024.40 |
| يەر ئۈستى سۈيى بايلىقىنىڭ مىقدارى | 966.90 |
| يەر ئاستى سۈيى بايلىقىنىڭ مىقدارى | 692.31 |
| تەكرار ھېسابلانغان مىقدارى | 634.74 |
| ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلار زاپىسى | |
| تۆمۈر كېنى (تۈمەن توننا) | 77224 |

| | |
|---|---|
| خروم كېنى (تۈمەن توننا) | 147 |
| مىس كېنى (تۈمەن توننا) | 2304730 |
| قوغۇشۇن كېنى (تۈمەن توننا) | 665483 |
| سىناك كېنى (تۈمەن توننا) | 1399780 |
| ئالىيۇمىن كېنى (تۈمەن توننا) | 57 |
| نىكېل كېنى (تۈمەن توننا) | 981995 |
| كۆمۈر (تۈمەن توننا) | 9770329 |
| ئوتقا چىدامىلىق سېغىز (تۈمەن توننا) | 703 |
| ناترىيلىق سېلىترا (تۈمەن توننا) | 6226 |
| شور (تۈمەن توننا) | 31218 |
| تۇز (تۈمەن توننا) | 589120 |
| ناشپاختا (تۈمەن توننا) | 619 |
| چىرىمتال (توننا) | 50397 |
| ۋېرمىكۇلىت (تۈمەن توننا) | 1809 |
| سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان ھاك تاش (تۈمەن توننا) | 119590 |
| بېنتونىت (تۈمەن توننا) | 48912 |
| بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش (تۈمەن كۇب مېتىر) | 10626 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلدىكى ماتېرىياللاردىن زېمىن بايلىقى بىلەن قېزىلما بايلىققا دائىر مەلۇماتلارنى دۆلەت زېمىن - بايلىق نازارىتى، ئورمان بايلىقىغا دائىر مەلۇماتلارنى ئورمانچىلىق ئىدارىسى، سۇ بايلىقىغا دائىر مەلۇماتلارنى سۇچىلىق نازارىتى تەمىنلىگەن.

شىنجاڭ بويىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ 2002 - يىلدىكى تۈر ئىندېكسى

| تۈرلەر | ئاپتونوم رايون | شەھەر | يېزا |
|---|---|---|---|
| تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا ئىندېكسى | 97.9 | 97.5 | 99.3 |
| يېمەكلىك | 96 | 95.3 | 99.3 |
| ئاشلىق | 97.1 | 96.8 | 98.1 |
| ئاق ئاشلىق | 97.1 | 97 | 97.4 |
| قارا ئاشلىق | 96.9 | 93.8 | 102.8 |
| ياغ | 97.6 | 96 | 102 |
| گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم | 98.1 | 97.6 | 100.9 |
| سۇ مەھسۇلاتى | 95.9 | 95.6 | 97.1 |
| يېڭى كۆكتات | 85.9 | 84.5 | 94.9 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قۇرۇق كۆكتات | 101.7 | 102.8 | 98 |
| ھۆل مېۋە | 97.4 | 96.6 | 102.9 |
| قۇرۇق مېۋە | 102 | 101.6 | 104.2 |
| باشقا يېمەكلىكلەر | 99.7 | 100 | 98.4 |
| تەمخۇرۇچلار | 99.8 | 99.7 | 99.8 |
| شېكەر | 91.7 | 92.6 | 90.6 |
| كەمپۈت | 101.6 | 101.9 | 100.2 |
| پېچىنە - پىرەنىك | 99.6 | 99.5 | 100 |
| سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى | 100 | 100 | 100.1 |
| كونسېرۋا | 103.1 | 103.6 | 99.8 |
| يېمەك - ئىچمەك كەسپى | 100 | 99.8 | 100.5 |
| ئاساسىي يېمەكلىك | 99.6 | 99.9 | 98.3 |
| قورۇمىلار | 100.3 | 99.6 | 102.5 |
| يەرلىك تائاملار | 100.1 | 100.2 | 100 |
| ئىچىملىك، تاماكا، ھاراق | 99.7 | 99.6 | 99.8 |
| ئىچىملىك | 100.1 | 99.7 | 100.8 |
| تاماكا - ھاراق | 99.6 | 99.6 | 99.6 |
| كىيىم - كېچەك، ئاياغ - باش كىيىم | 100 | 99.7 | 101.4 |
| كىيىم - كېچەك | 99.8 | 99.4 | 102.2 |
| ئاياغ كىيىم | 100.4 | 100.1 | 101.3 |
| باشقا كىيىملەر | 100.5 | 101.1 | 98.7 |
| توقۇلمىلار | 97.7 | 97.5 | 98.6 |
| پاختا رەخت | 97 | 96.7 | 98.2 |
| پاختا ۋە خىمىيىلىك تالا ئارىلاش توقۇلغان رەختلەر | 99.6 | 99.5 | 99.7 |
| خىمىيىۋى تالالىق رەخت | 100 | 100.1 | 99.9 |
| يۇڭ توقۇلما | 91.9 | 91.1 | 98 |
| ئاۋار - دۇردۇن | 99.7 | 100 | 98.4 |
| باشقا توقۇلمىلار | 99.4 | 99.6 | 98.2 |
| جۇڭگوچە - غەربچە دورىلار | 98.4 | 98.4 | 98.6 |
| جۇڭگوچە دورا | 101.1 | 101 | 101.7 |
| غەربچە دورا | 96.6 | 96.6 | 96.9 |
| داۋالاش بۇيۇملىرى | 98.4 | 98.3 | 98.6 |
| گىرىم بۇيۇملىرى | 96.5 | 95.9 | 99.8 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| كىتاب، گېزىت - ژۇرنال | 101.5 | 100.3 | 108.3 |
| مەدەنىيەت - تەنتەربىيە بۇيۇملىرى | 99.4 | 99.5 | 98.8 |
| مەدەنىيەت بۇيۇملىرى | 99.4 | 99.5 | 98.3 |
| تەنتەربىيە بۇيۇملىرى | 99.5 | 99.2 | 100.1 |
| كۈندىلىك بۇيۇملار | 98.8 | 98.7 | 99.3 |
| ئادەتتىكى كۈندىلىك بۇيۇملار | 97.5 | 97.3 | 99.1 |
| ئۆي جاھازلىرى | 100.4 | 100.8 | 99.1 |
| كۈندىلىك سىلجمال | 101.6 | 101.9 | 100.7 |
| ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى | 96.8 | 97.2 | 95.2 |
| زىبۇ زىننەتلەر | 99 | 99.1 | 98.8 |
| يېقىلغۇ | 103.4 | 103.9 | 101.3 |
| بىناكارلىق - بېزەك ماتېرىياللىرى | 99.3 | 98.6 | 100.9 |
| ماشىنا - ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرى | 96.1 | 97 | 92.4 |

شىنجاڭ بويىچە ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ 2002 - يىلدىكى ئىندېكسى

| تۈرلەر | ئاپتونوم رايون بويىچە | شەھەر | يېزا |
|---|---|---|---|
| ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ ئومۇمىي ئىندېكسى | 99.4 | 98.9 | 100.9 |
| يېمەكلىك | 97.3 | 96.6 | 99 |
| ئاشلىق | 97.8 | 97 | 99.9 |
| گۈرۈچ | 97.8 | 96.6 | 101.4 |
| ئۇن | 97.7 | 96.5 | 100.3 |
| ئاشلىق ياسالمىلىرى | 98.2 | 99 | 95.8 |
| باشقىلار | 101.7 | 105.2 | 97.9 |
| كراخمال ۋە پاكيۇ | 98.4 | 97.4 | 101.6 |
| قۇرۇق پۇرچاق ۋە پۇرچاق ياسالمىسى | 95.4 | 94.9 | 97.6 |
| ياغ | 97 | 95.2 | 99 |
| گۆش ۋە گۆش ياسالمىلىرى | 99.4 | 99 | 100.8 |
| تۇخۇم | 92.3 | 91.6 | 95.6 |
| سۇ مەھسۇلاتى | 92.8 | 91.2 | 99.7 |
| كۆكتات | 83.3 | 82.2 | 86.5 |
| يېڭى كۆكتات | 82.8 | 80.8 | 90.2 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قۇرۇق كۆكتات ۋە كۆكتات ياسالمىسى | 106.1 | 106.8 | 99 |
| تەمخۇرۇچلار | 103.4 | 105.2 | 99.6 |
| قەنت | 100.8 | 101.3 | 99.1 |
| شېكەر | 96.4 | 95.1 | 99.2 |
| كەمپۈت | 100.6 | 100.9 | 99.6 |
| شاكىلات ياسالمىلىرى | 108.3 | 111 | 100 |
| شېكەر ياسالمىلىرى | 97.6 | 98.7 | 94.3 |
| چاي ۋە ئىچىملىك | 99 | 98.5 | 100.7 |
| ھۆل - قۇرۇق مېۋە ۋە قوغۇن - تاۋۇز ياسالمىسى | 100.6 | 100.1 | 100.6 |
| ھۆل مېۋە | 100.3 | 100.1 | 97.1 |
| قۇرۇق مېۋە ۋە قوغۇن - تاۋۇز ياسالمىسى | 101.9 | 100.5 | 106.5 |
| تورت، پىرەنىك، بولكا | 99.7 | 99.3 | 101.2 |
| سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى | 99.4 | 100.3 | 99.3 |
| دالا يېمەكلىكلىرى | 98.6 | 98.2 | 100.2 |
| ئاساسىي يېمەكلىك | 99.2 | 99.5 | 97.7 |
| قورۇمىلار | 98.1 | 97 | 102.9 |
| يەرلىك تائاملار | 99.5 | 100 | 98.5 |
| باشقا يېمەكلىكلەر ۋە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش مۇلازىمىتى | 100.5 | 101 | 99.4 |
| تاماكا - ھاراق ۋە لازىمەتلىكلەر | 99.2 | 99 | 99.7 |
| كۆك تاماكا | 98.9 | 98.7 | 99.2 |
| ھاراق | 99.7 | 99.7 | 99.9 |
| تاماكا چېكىش ۋە ھاراق ئىچىشكە كېرەكلىك لازىمەتلىكلەر | 98.7 | 98.2 | 100.9 |
| كىيىم | 99.5 | 99.5 | 99.8 |
| كىيىم - كېچەك | 99.5 | 99.4 | 100 |
| كىيىم ماتېرىياللىرى | 98.3 | 97.8 | 99.6 |
| پاختا رەخت | 97.6 | 97.7 | 98.2 |
| پاختا ۋە خىمىيىلىك تالا ئارىلاش توقۇلغان رەختلەر | 100.4 | 100.6 | 100.3 |
| خىمىيىۋى تالالىق رەخت | 98.1 | 96 | 101 |
| يۇڭ توقۇلما | 96.6 | 96.3 | 97.8 |
| يىپەك توقۇلما | 99.4 | 98.9 | 100.4 |
| يۇڭ يىپ | 99.4 | 99.5 | 99 |
| باشقىلار | 99.1 | 98.9 | 99.8 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاياغ، كىيىم، پايپاق، باش كىيىم | 100.3 | 100.6 | 99.6 |
| ئاياغ كىيىم | 100.5 | 100.6 | 100.1 |
| پايپاق | 100 | 99.9 | 99.7 |
| باش كىيىم | 96.4 | 100.2 | 93.3 |
| كىيىم تىكىش مۇلازىمىتى | 98.9 | 98 | 102.7 |
| ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى ۋە لازىمەتلىكلەر | 98.4 | 98.4 | 98 |
| چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى | 97.9 | 97.8 | 97.3 |
| ئۆي جاھازلىرى | 98.8 | 98.3 | 99.5 |
| ئۆي جابدۇقلىرى | 97.3 | 97.5 | 95.1 |
| ئۆي بېزەكلىرى | 99 | 99.1 | 98.6 |
| كارىۋات بۇيۇملىرى | 98.3 | 98.4 | 97.7 |
| كۈندىلىك ئائىلە سەلچىماللىرى | 97.8 | 98.1 | 97.1 |
| ئائىلە مۇلازىمىتى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، رېمونتچىلىق مۇلازىمىتى | 101.3 | 101 | 103.5 |
| داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ۋە شەخسلەر مۇلازىمەتلىكلىرى | 101.4 | 100.1 | 105.4 |
| داۋالاش، ساقلىق ساقلاش | 102.5 | 100.6 | 108.7 |
| داۋالاش سايمانلىرى ۋە بۇيۇملىرى | 98.7 | 97.8 | 100.8 |
| جۇڭگوچە دورا ماتېرىياللىرى ۋە جۇڭگوچە پىششىق دورا | 100.4 | 99.2 | 105 |
| غەربچە دورا | 100.8 | 102 | 97.2 |
| ساقلىقنى ساقلاش سايمانلىرى ۋە بۇيۇملىرى | 96.7 | 95.5 | 99.9 |
| داۋالاش، ساقلىق ساقلاش مۇلازىمىتى | 109.2 | 101 | 127.6 |
| شەخسلەر لازىمەتلىكلىرى ۋە مۇلازىمىتى | 98.8 | 98.6 | 99.2 |
| قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش | 101.7 | 102.7 | 97.1 |
| قاتناش | 103 | 104.2 | 98.4 |
| خەۋەرلىشىش | 99.3 | 100.1 | 94.7 |
| كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمىتى | 99.2 | 98.9 | 100 |
| مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىشتىكى چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى | 92.3 | 91.9 | 93.5 |
| مائارىپ | 101.8 | 102.3 | 100.6 |
| مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى | 101.5 | 101.4 | 102.1 |
| مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش | 99.9 | 99.7 | 101.3 |
| كىتاب، گېزىت، ژۇرنال | 101.7 | 101.5 | 103.3 |
| مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش خىراجىتى | 103 | 103.1 | 102.3 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ساياھەت ۋە چەتكە چىقىش | 88.5 | 85.7 | 99.2 |
| ئولتۇراقلىشىش | 102.9 | 101.3 | 105.5 |
| ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە رېمونت ماتېرىياللىرى | 99.2 | 98 | 100.9 |
| ئۆي ئىجارىگە ئېلىش | 100.2 | 99.9 | 101.9 |
| ئۆزىگە تەئەللۇق ئۆي | 98.2 | 97.1 | 103.6 |
| سۇ، توك، يېقىلغۇ | 109.6 | 106.5 | 114.9 |
| مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھا ئىندېكسى | 101.8 | 101.2 | 103.7 |

شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ 2002 ـ يىلدىكى جامائەت ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

| تۈرلەر | 2002 ـ يىلى |
|---|---|
| شەھەر ۋە قۇرۇلۇش كۆلىمى | |
| شەھەر رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات كىلومېتىر) | 521 |
| شەھەر نوپۇسىنىڭ زىچلىقى (ئادەم/كۋادرات كىلومېتىر) | 187 |
| سۇ، گاز ۋە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش | |
| يىللىق تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش مىقدارى (100 مىليون توننا) | 6.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ مىقدارى | 2.1 |
| تۇرمۇشتا ئىشلىتىلگەن سۇنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە مىقدارى (توننا) | 156.5 |
| سۇ ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى (%) | 95.8 |
| كۆمۈر گازى بىلەن تەمىنلەش مىقدارى (تۈمەن كۇب مېتىر) | 40650 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىش مىقدارى | 2196 |
| تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلىنىش مىقدارى (تۈمەن كۇب مېتىر) | 13792.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىش مىقدارى | 3667 |
| سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى بىلەن تەمىنلىنىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | 183902 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | 138519 |
| تەبىئىي گاز، كۆمۈر گازى تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | 938 |
| گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى (%) | 87.15 |
| مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى (تۈمەن كۇب مېتىر) | 8362 |
| شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى | |
| زىننەتلەنگەن يول ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | 3169 |
| ھەر تۈمەن ئادەمگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە يول (كىلومېتىر) | 6.67 |
| زىننەتلەنگەن يول كۆلىمى (تۈمەن كۇب مېتىر) | 4419 |
| ھەر بىر كىشىگە ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن يول (كۋادرات مېتىر) | 9.3 |

| | |
|---|---|
| 2261 | يولدا ئوروبۇسنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) |
| 4.8 | ھەر تۈمەن كىشىگە ئوتتۇرىچە توغرا كەلگىنى (كىلومېتىر) |
| | ئاممىۋى قاتناش |
| 6209 | يىل ئاخىرىدىكى ترانسپورت ئاپتوموبىلى (دانە) |
| 11.35 | ھەر تۈمەن كىشىگە ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن ئاپتوموبىل (ئۆلچەملىك دانە) |
| 22988 | كىرا ئاپتوموبىللىرىنىڭ سانى (دانە) |
| | شەھەر كۆكەرتىش |
| 19432 | باغۋارانلاشتۇرۇلغان، كۆكەرتىلگەن كۆلەم (گېكتار) |
| 41 | ھەر تۈمەن ئادەمگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە باغۋاران كۆلىمى (گېكتار) |
| 107 | خەلق باغچىسى ۋە ھايۋاناتلار باغچىلىرىنىڭ سانى |
| 2000 | خەلق باغچىسى ۋە ھايۋاناتلار باغچىلىرىنىڭ كۆلىمى (گېكتار) |
| | مۇھىت تازىلىقى |
| 321 | تازىلانغان ۋە توشۇلغان ئەخلەت (تۈمەن توننا) |
| 4.3 | تازىلانغان، توشۇلغان گەندە (تۈمەن توننا) |
| 4.1 | ھەر تۈمەن ئادەمگە توغرا كەلگەن ئاممىۋى ھاجەتخانا |

# «2003، شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىر - تەرجىمىسىگە قاتناشقۇچىلار

**باش مۇھەررىر:** سابىر ئەلى

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** ئابدۇرۇپ ئېلى

**مەسئۇل مۇھەررىرلەر:** جەمىلە ئابلا، ئابدۇرېھىم ياقۇپ

**تەھرىر - تەرجىمە خادىملىرى:** (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى).
ئابدۇرېھىم ياقۇپ، ئابلىز ئورخۇن، ئابدۇسەمەت تۇردى، ئابلىمىت ياقۇپ، ئەخمەت روزى، ئەخمەت ئىمىن ھاجى جۇبەيرى، بېلىقىز مۇھەممەت، پولات ھىمىت، تۇرسۇنئات دۆلەتى، جەمىلە ئابلا، غوجائەخمەت يۇنۇس، كېرەم يۇسۇپ، مەردان ئەخمەت، مەرھابا شاۋۇدۇن، مەتتىمىن ھاشىم، مۇھەممەت ھەسەن، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى، نۇرنىسا مۇقىت، ئۆمەر مامۇت، ئىسلام ھۇسەيىن، ياقۇپ سالىھ.

**مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى، خەتتات:** مۇرادىل ئابىت

**مەسئۇل كوررېكتورلار:** جەمىلە ئابلا
بېلىقىز مۇھەممەت
مەرھابا شاۋۇدۇن

«شىنجاڭ يىلنامىسى» (2003’) شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتىنىڭ 2003 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى، 2003 - يىل 9 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

《新疆年鉴》(2003 年刊)根据新疆年鉴社 2003 年 9 月第一版,2003 年 9 月第一次印刷版本翻译出版。

ISSN 1009-072X

0 1>

9 771009 072008

# «2003’ شىنجاڭ يىلنامىسى»

## (ئومۇمىي 19 - توم)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى

تۈزگۈچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ يىلنامىسى تەھرىراتى

(ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 12 - نومۇر)

تېلېفون نومۇرى: 4637126، پوچتا نومۇرى: 830063

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى

شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

رەڭلىك بېتى شىنجېن مونتاژ لايىھىلەش - ياساش چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16

باسما تاۋىقى: 84، قىستۇرما ۋارىقى: 4

2003 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى

2003 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى 1 — 500

ISSN 1009—072X

CN65—4001/Z—W

دۆلەت ئىچىدىكى باھاسى: 160.00 يۈەن

چەت ئەلگە سېتىلىش باھاسى: 60.00 دوللار

新 疆 年 鉴 2003
（维吾尔文总第 19 部）
新疆维吾尔自治区人民政府主办
新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会编辑

新疆年鉴社
（乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号）
电话：(0991)4637126　邮编：830063

新疆维吾尔自治区地方志编委会激光照排中心照排
新疆金版印务有限公司印刷
彩页印刷：深圳蒙太奇设计制作有限公司
787×1092 毫米　16 开本　84 印张　4 插页　1590 千字
2003 年 12 月第 1 版　2003 年 12 月第 1 次印刷

ISSN 1009－072X
CN65－4001/Z－W
国内定价：160.00 元人民币　国外定价：60.00 美元